# 2001

# شىنجاڭ يىلنامىسى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى

شىنجاڭ يىلنامە تەھرىراتى




دۆلەت چېگرىسى جۇڭگو خەرىتە نەشرىياتى 1992 ـ يىلى نەشر قىلغان
«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەرىتىسى» گە ئاساسەن سىزىلدى




شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلچەش- سىزىش ئىدارىسى تۈزۈپ بەستۇردى
خەرىتە نومۇرى: ش039(2001)S نومۇرلۇق ( ئۇيغۇرچە ) . خەرىتە تەكشۈرگۈچى: ياسىن

# شىنجاڭ يىلنامىسى

# 2001

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى

شىنجاڭ يىلنامە تەھرىراتى

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى

| | |
|---|---|
| مۇدىر: | ئابلەت ئابدۇرېشىت |
| مۇئاۋىن مۇدىرلار: | ئابدۇقادىر نەسىردىن، قادىس جانابىل، سەرجە، فېلىڭ داجېن، يەن چۇڭخۇ، ۋاڭ گويجېن، سۇي شۇجى (مەخسۇس)، ۋۇ شىڭدۇ (مەخسۇس)، سابىر ئەلى (مەخسۇس)، رېن مىڭجى (مەخسۇس) |
| ئەزالار: | لى يى، ئارىپ، جيۇ چيەن، خەن شۇچى، چېن زېيۇ، چېن تۇڭۇي، ئابدۇللا ھەمدۇللا، زۇنۇن قۇتلۇق، مىجىت ئابدۇرۇسۇل، خې فۇلىن، ئېلى زاھىد، سۇ دېگوي، لى زېشيەن، چېن خۇڭبو، جاقىپ مىرزاقان، خۇاڭ يۈەنسەي |

# «شىنجاڭ يىلنامىسى» (2001) ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ تەھرىرات خادىملىرى

| | |
|---|---|
| باش مۇھەررىر: | سابىر ئەلى |
| مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: | ئابدۇرۇپ ئېلى |
| مەسئۇل مۇھەررىرلەر: | ئابدۇرېھىم ياقۇپ، جەمىلە ئابلا |



2000 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 4 —
10 ـ كۈنلىرى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى جۇ رۇڭجى شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. سۈرەتتە جۇ رۇڭجى ئىلىدا ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق مۇئەسسەسە قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە.

لى ياڭ فوتوسى



جۇ رۇڭجى ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 1 ـ شىسىدا پاختا ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى ئىگىلىمەكتە.

لى ياڭ فوتوسى



2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى دۆلەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خۇ جىنتاۋ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئاسىيا، ياۋروپادىكى 5 دۆلەتكە زىيارەتكە چىقىش سەپىرىدە شىنجاڭدا قىسقا ۋاقىت توختاپ ئۆتتى. سۈرەتتە ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن قاتارلىقلار ئايرودرومغا چىقىپ خۇ جىنتاۋنى كۈتۈۋالماقتا.

لى ياڭ فوتوسى



2000 - يىل 8 - ئاينىڭ 17 — 22 - كۈنلىرى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى لى لەنچىڭ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. سۈرەتتە لى لەنچىڭ تۇرپان ۋىلايىتىدىكى ئامما بىلەن بىرلىكتە كۆڭۈل ئاچماقتا.

لى ياڭ فوتوسى



2000 - يىل 8 - ئاينىڭ 12 — 15 - كۈنلەرى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، شۇ جېچۇننىڭ شۇجىسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى دىڭ گۇەنگېن شىنجاڭنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. سۈرەتتە دىڭ گۇەنگېن ئاپتونوم رايونلۇق كۆتۈپخانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلماقتا.

لى ياڭ فوتوسى



2000 - يىل 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت كومىسسارى قوشۇمچە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى چى خاۋتيەن قازاقىستاندا 5 دۆلەت دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىرى ئۇچرىشىشىغا قاتنىشىپ، قايتىشىدا ئۈرۈمچىدە قىسقا ۋاقىت توختاپ ئۆتتى. سۈرەتتە چى خاۋتيەن شىنجاڭ گېئولوگىيە قېزىلما بايلىقلار كۆرگەزمىخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلماقتا.

لى ياڭ فوتوسى



2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 23 — 28 - كۈنلەرى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، دۆلەت كومىسسارى، مەركىزىي سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لو گەن شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى. سۈرەتتە لو گەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇقىملىق خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇھىم يوليورۇق بەرمەكتە.

لى يۇخۇاڭ فوتوسى



ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن سانجى ئوبلاستىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

لى يۈنخۇاڭ فوتوسى



ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت قوتۇبىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

لى يۈنخۇاڭ فوتوسى




2000 ـ يىللىق ئۈرۈمچى تاشقى ئىقتىساد ـ سودا يەرمەنكىسى 2000 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 8 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. سۈرەتتە بۇگۇر ناھىيىسىنىڭ يايمىسى.

جاۋ جۇنئەن فوتوسى



جۇڭگو ئىچكى ساياھەت ـ سودا يەرمەنكىسى 2000 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. سۈرەتتە يەرمەنكىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى.

جاۋ جۇنئەن فوتوسى



265.5 كىلومېتىرلىق ئۈرۈمچى — كۈيتۇن تېز سۈرئەتلىك تاشيول لىنىيىسىدە 2000 - يىل 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئومۇميۈزلۈك قاتناش باشلاندى.

**جاۋ جۇنئەن فوتوسى**



2000 - يىلى پويىز سۈرئىتىنى 3 - قېتىملىق تېزلىتىشتە، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى 2 مىليارد 470 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئىدارە بويىچە سۈرئەت تېزلىتىلىدىغان رايون بۆلىكىدىكى ئاساسىي لىنىيىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى 2846.3 كىلومېتىرغا يەتكۈزدى.

**لى چاڭشياۋ فوتوسى**

# تەھرىر ئىلاۋىسى

1. «شىنجاڭ يىلنامىسى» يەرلىك ئۇنىۋېرسال يىلنامە بولۇپ، 1985 ـ يىلدىن باشلاپ نەشر قىلىنىپ كەلدى. ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سىياسەت، ھەربىي ئىشلار، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئاساسىي قىياپىتى ۋە ئاساسىي ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق، ئەينەن تونۇشتۇرۇشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدۇ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىنى توغرا ۋە ئىشەنچلىك ئۇچۇر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى، ئىگىلىكىنىڭ گۈللىنىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، شۇنداقلا بارلىق كىتابخانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

2. «2001، شىنجاڭ يىلنامىسى» جەمئىي 32 قىسىمغا ئايرىلدى: (1) ئومۇمىي ئەھۋال، چوڭ ئىشلار؛ (2) يەرلىك نىزاملار؛ (3) شىنجاڭنى ئېچىش؛ (4) سىياسەت؛ (5) جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە؛ (6) ئاممىۋى تەشكىلاتلار؛ (7) ھەربىي ئىشلار؛ (8) ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە نازارەتچىلىك؛ (9) مالىيە، باج؛ (10) بانكا، سۇغۇرتا، ئاكسىيە؛ (11) يېزا ئىگىلىكى؛ (12) سانائەت؛ (13) قاتناش، ئالاقە؛ (14) شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى؛ (15) مۇھىت ئاسراش؛ (16) سودا؛ (17) ساياھەتچىلىك؛ (18) زېمىن بايلىقى؛ (19) گېئولوگىيە، يەر تەۋرەش، مېتېئورولوگىيە؛ (20) پەن ـ تېخنىكا؛ (21) مائارىپ؛ (22) مەدەنىيەت؛ (23) مەتبۇئاتچىلىق، نەشرىياتچىلىق، مەتبەئەچىلىك؛ (24) رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە، (25) سەھىيە، تىببىي دورىگەرلىك؛ (26) تەنتەربىيە؛ (27) مىللەت؛ (28) ئىجتىمائىيەت؛ (29) ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ناھىيىلەرنىڭ قۇرۇلۇشى؛ (30) شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى؛ (31) شەخسلەر؛ (32) قوشۇمچە.

«2001، شىنجاڭ يىلنامىسى» قىسىملار بىرلىك قىلىنىپ، تارماق ۋە ماقالىلەردىن تەركىب تاپتى، ماقالىلەرنىڭ ماۋزۇسى قارا ھەرپ بىلەن بېرىلدى.

3. «2001، شىنجاڭ يىلنامىسى» — «شىنجاڭ يىلنامىسى» نەشر قىلىنغاندىن بۇيانقى 17 ـ تومى، ئۇنىڭدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2000 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە ھەرقايسى ساھە ۋە كەسىپلەردە غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىدەك تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ئىسلاھاتنى تېزلىتىش، ئىشىكنى سىرتقا يەنىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش داۋامىدا قولغا كەلتۈرگەن يېڭى تەرەققىيات، يېڭى مۇۋەپپەقىيەت، يېڭى تەجرىبىلىرى تەپسىلىي ۋە ئېنىق بايان قىلىندى. «2001، شىنجاڭ يىلنامىسى» دا «زېمىن بايلىقى» ۋە «شىنجاڭنى ئېچىش» دېگەن 2 قىسىم يېڭى تەسىس قىلىندى؛ «مالىيە، پۇل مۇئامىلە» نىڭ نامى «بانكا، سۇغۇرتا، ئاكسىيە» گە، «ئاخبارات، نەشرىياتچىلىقنىڭ نامى «مەتبۇئاتچىلىق، نەشرىياتچىلىق، مەتبەئەچىلىك» كە، «قاتناش، پوچتا» نىڭ نامى «قاتناش، ئالاقە» گە؛ «ئىلىم ـ پەن» نىڭ نامى «پەن ـ تېخنىكا» غا ئۆزگەرتىلدى.

4. «2001، شىنجاڭ يىلنامىسى» گە كىرگۈزۈلگەن خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا دائىر ستاتىستىكىلىق ماتېرىياللاردا ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى ۋە جايلاردىكى ستاتىستىكا ئىدارىلىرىنىڭ ستاتىستىكىلىق ئاخباراتى ئاساس قىلىندى. ئوخشاش بولمىغان ئايرىم جايلاردا ستاتىستىكىلىق مەلۇماتنىڭ كېلىش مەنبەسى ئىزاھلاپ ئۆتۈلگەندىن باشقىسى ستاتىستىكىلىق ئاخبارات ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنكى تۈزىتىلگەن سان.

5. «2001، شىنجاڭ يىلنامىسى» گە كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەردىكى «مىللىي» سۆزى ئادەتتە خەنزۇدىن باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كۆرسىتىدۇ؛ ئۇيغۇرچە يىلنامىگە كىرگۈزۈلگەن شەخسلەردىن ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ مىللەت تەركىبى ئىزاھلانمىدى، باشقا مىللەت كىشىلىرىنىڭ مىللەت تەركىبى ئىزاھلاپ ئۆتۈلدى. ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ نامى، ئادەتتە، تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنغاندا تولۇق ئاتالدى، باشقا جايلاردا ئادەتلەنگىنى بويىچە قىسقارتىپ ئېلىندى.

6. «2001، شىنجاڭ يىلنامىسى» گە كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەرنى ئاپتونوم رايوندىكى تارماقلار، ئورۇنلار، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەر كۆرسەتكەن ماقالە يازغۇچىلار (ئۇيۇشتۇرغۇچىلار) مۇناسىۋەتلىك خادىملار ياكى كەسپىي خادىملارنى ئۇيۇشتۇرۇپ تەييارلىغان. بارلىق ماتېرىيال، سانلىق مەلۇماتلار نوپۇزغا ئىگە بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەن.

# مۇندەرىجە

## ئومۇمىي ئەھۋال. چوڭ ئىشلار


شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........................................ 1
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشى .......................... 14
2000 ـ يىلى شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ تارقىلىشى ۋە مىللىي تەركىبى .......................... 18
چوڭ ئىشلار ........................................................................ 23


## يەرلىك نىزاملار


شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش نىزامى.......................... 40
شىنجا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش نىزامى ......... 46
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۆلچەمنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش نىزامى .................. 52
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەلق ھاۋا مۇداپىئە قانۇنى»
نى يولغا قويۇش چارىسى ........................................................ 58
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قان تەقدىم قىلىش قانۇنى»
نى يولغا قويۇش بەلگىلىمىسى .................................................... 61


## شىنجاڭنى ئېچىش


شىنجاڭدا غەربىي قىسمىنى ئېچىش خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى ........................ 64
شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش جەريانىدىكى پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقى ئەھ-
ۋالى ................................................................................ 64
مېتېئورولوگىيىنىڭ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا مۇلازىمەت قىلىش ئەھۋالى ......... 65
غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش بويىچە شىنجاڭنى ئېچىش پىلانى .......................... 65
چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سالىدىغان ئەۋزەل كەسىپلەر مۇندەرىجىسى ..................... 82
غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش — شىنجاڭدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ دەسلەپكى مەز-
گىللىك تۈرلىرى .................................................................... 82

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سودىگەر چاقىرىپ، مەبلەغ كىرگۈزۈشكە دائىر بىرقانچە سىياسەت - بەلگىلىمىسى ........ 91
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چەت ئەللىك سودىگەرلەرنى مەبلەغ سېلىشقا ئىلھاملاندۇرۇشقا دائىر بىرقانچە سىياسەت - بەلگىلىمىسى ........ 96

## سىياسەت

پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى ........ 101
ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ........ 103
ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك خىزمىتى ........ 123
ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى ........ 128
ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ........ 134
سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر كومىتېتى ........ 152
دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ........ 158
مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ........ 162
تاشقى ئىشلار، مۇھاجىرلار ئىشلىرى ........ 164
تەيۋەنگە ئالاقىدار ئىشلار ........ 171

## جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە

جامائەت خەۋپسىزلىكى ........ 174
تەپتىشلىك ........ 178
سوت ........ 182
ئەدلىيە ........ 189

## ئاممىۋى تەشكىلاتلار

ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ........ 195
جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى ........ 200
ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ........ 210
ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) ........ 219

## ھەربىي ئىشلار

شىنجاڭ ھەربىي رايونى ........ 225

شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرى ...... 243
شىنجاڭ قوراللىق ساقچى قىسىملىرى ...... 247
قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى ...... 247
قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابى ...... 252
قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 2 - باش ئەترىتى ...... 255
قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى ...... 257
قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئوت ئۆچۈرۈش باش ئەترىتى ...... 258
خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى ...... 261

## ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە نازارەتچىلىك

ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش ...... 263
ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى ...... 274
ستاتىستىكا ...... 281
ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ...... 282
باھا خىزمىتى ...... 291
سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ...... 301
سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ...... 304
پورت باشقۇرۇش ...... 319
تاموژنا ...... 321
چېگرىدىن چىققان - كىرگەنلەرنى تەكشۈرۈش ۋە كارانتىن قىلىش ئەھۋالى ...... 323

## مالىيە، باج

مالىيە ...... 329
يەرلىك باج ...... 337
دۆلەت بېجى ...... 339

## بانكا، سۇغۇرتا، ئاكسىيە

بانكا ...... 342
خەلق بانكىسى ...... 342
سودا - سانائەت بانكىسى ...... 347
يېزا ئىگىلىك بانكىسى ...... 351

جۇڭگو بانكىسى ........ 352
قۇرۇلۇش بانكىسى ........ 356
قاتناش بانكىسى ........ 358
سۇغۇرتا ........ 359
جۇڭگو خەلق سۇغۇرتىسى ........ 359
تىنچ ئوكيان سۇغۇرتىسى ........ 360
ئامانلىق سۇغۇرتىسى ........ 360
ئاكسىيە ........ 361

## يېزا ئىگىلىكى

ئومۇمىي بايان ........ 365
تېرىقچىلىق ........ 378
چارۋىچىلىق ........ 381
ئورمانچىلىق ........ 392
پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، جاسارەت بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ، يېڭى ئەسىردە شىنجاڭنىڭ ئورمان-
چىلىق قۇرۇلۇشىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى ........ 393
دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش ........ 399
سۇچىلىق........ 403
يېزا - بازار كارخانىلىرى ........ 409
بېلىقچىلىق ........ 410
نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش ........ 412

## سانائەت

ئومۇمىي بايان ........ 415
نېفىت سانائىتى ........ 417
شىنجاڭ نېفىتلىكى ........ 417
تارىم نېفىتلىكى ........ 420
تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى ........ 423
غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى ........ 427
تارىم خېنەن تەكشۈرۈش شىركىتى ........ 431
ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى ........ 432
جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز ترانسپورت شىركىتى ........ 433
كۆمۈر سانائىتى ........ 434

ئېلېكتىر قۇۋۋىتى سانائىتى ........ 438
پولات - تۆمۈر سانائىتى ........ 443
رەڭلىك مېتال سانائىتى ........ 445
ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى ........ 446
بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى ........ 452
خىمىيە سانائىتى ........ 455
يېنىك سانائەت ........ 458
توقۇمىچىلىق سانائىتى ........ 461
تاماكىچىلىق ........ 464

## قاتناش، ئالاقە

تۆمۈريول ........ 466
تاشيول ........ 472
خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ........ 476
پوچتا ........ 481
تېلېگراف ........ 483

## شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى

شەھەر قۇرۇلۇشى ........ 487
كەنت - بازار قۇرۇلۇشى ........ 490
ئۆي - زېمىن كەسپى ........ 491
بىناكارلىق ........ 494

## مۇھىت ئاسراش

مۇھىت باشقۇرۇش ........ 503
مۇھىتنى كۆزىتىش - ئۆلچەش ۋە پەن - تېخنىكا ........ 505
تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ........ 508
مۇھىتنى تۈزەش ........ 509

## سودا

دۆلەت سودىسى ........ 513
ماددىي ئەشيا تىجارىتى ........ 519

تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى سودىسى ........ 521
ئاشلىق ـ ياغ سېتىۋېلىش ........ 525
تاشقى ئىقتىساد ـ سودا ........ 528

## ساياھەتچىلىك

ئومۇمىي بايان ........ 533
بازار ئېچىش ........ 534
مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ........ 534
كەسىپ باشقۇرۇش ........ 535

## زېمىن بايلىقى

يەر ........ 538
گېئولوگىيە ........ 539
كارتوگرافىيە ........ 558

## يەر تەۋرەش، مېتېئورولوگىيە

يەر تەۋرەش ........ 566
مېتېئورولوگىيە ........ 573

## پەن ـ تېخنىكا

شىنجاڭنى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئەھۋالى ........ 589
پەن ـ تېخنىكا پىلانى ........ 595
نەتىجە ۋە پاتېنت ........ 607
پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ـ كېڭەيتىش ئەھۋالى ........ 615
پەن ـ تېخنىكا خىزمىتى ........ 626
تەبىئىي پەن ........ 634
ئېكولوگىيە، بايلىق ........ 634
فىزىكا ........ 637

خىمىيە ........ 639
ئاسترونومىيە ........ 639
دېھقانچىلىق ........ 640
چارۋىچىلىق ........ 644
ئورمانچىلىق ........ 646
ئىجتىمائىي پەن ........ 647

## مائارىپ

مائارىپ خىزمىتى ........ 659
ئاساس مائارىپى ........ 666
كەسپىي مائارىپ ........ 667
ئالىي مائارىپ ........ 670
چوڭلار مائارىپى ........ 671
پېداگوگىكا مائارىپى ........ 672
مىللىي مائارىپ ........ 673
تەنتەربىيە، سەھىيە ۋە سەنئەت تەربىيىسى ........ 674

## مەدەنىيەت

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ........ 678
مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئارخېئولوگىيە خىزمىتى ........ 685
ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ........ 687
كۇتۇپخانىچىلىق ........ 690
مەدەنىيەت بازىرى ........ 690
تارىخ، تەزكىرە تۈزۈش ئەھۋالى ........ 691
ئارخىپچىلىق ........ 696

## مەتبۇئاتچىلىق، نەشرىياتچىلىق، مەتبەئەچىلىك

مەتبۇئاتچىلىق ........ 698

نەشرىياتچىلىق ........ 703
مەتبەئەچىلىك ........ 705

## رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە

رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........ 706
كىنو فىلىملىرىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئىشلەش ئەھۋالى ........ 714
تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىشلەش ئەھۋالى ........ 714

## سەھىيە، تېببىي دورىگەرلىك

سەھىيە ........ 716
تېببىي دورىگەرلىك ........ 726

## تەنتەربىيە

تەنتەربىيە خىزمىتى ........ 733
ماھارەت تەنتەربىيىسى ........ 734
ئاممىۋى تەنتەربىيە ........ 744
تەنتەربىيە كەسپى ........ 747

## مىللەت

مىللەتلەر ئىشلىرى ........ 749
مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى ........ 763

## ئىجتىمائىيەت

نوپۇس، پىلانلىق تۇغۇت ........ 766
كادىرلار ئىشلىرى ........ 770
ئاپپارات ئىسلاھاتى ۋە شتات باشقۇرۇش خىزمىتى ........ 774

ئەمگەك ئىشلىرى ........ 778
ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەكشۈرۈش ئەھۋالى ........ 785
ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش ئەھۋالى ........ 801
پاراۋانلىق ئىشلىرى ........ 804
مېيىپلار ئىشلىرى ........ 808
ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتى ........ 811
ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى باشقۇرۇش ئەھۋالى ........ 815
ياشانغانلار خىزمىتى ........ 816
دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى ........ 819
نىكاھ، دەپنە ئىشلىرى ........ 820


# ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ناھىيىلەرنىڭ قۇرۇلۇشى


ئۈرۈمچى شەھىرى ........ 822
تىيانشان رايونى ........ 826
سايباغ رايونى ........ 829
تۇدۇڭخابا رايونى ........ 832
شىمىگو رايونى ........ 834
يېڭىشەھەر رايونى ........ 837
نەنشەن كان رايونى ........ 839
دۇڭشەن رايونى ........ 841
ئۈرۈمچى ناھىيىسى ........ 844
قاراماي شەھىرى ........ 847
مايتاغ رايونى ........ 850
قاراماي رايونى ........ 853
جەرەنبۇلاق رايونى ........ 854
ئورقۇ رايونى ........ 856
شىخەنزە شەھىرى ........ 857
ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ........ 860
كۈيتۇڭ شەھىرى ........ 863
ئىلى ۋىلايىتى ........ 865
غۇلجا شەھىرى ........ 868
غۇلجا ناھىيىسى ........ 870
قورغاس ناھىيىسى ........ 873
نىلقا ناھىيىسى ........ 875

موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى ........ 877
تېكەس ناھىيىسى ........ 879
توققۇزتارا ناھىيىسى ........ 881
كۈنەس ناھىيىسى ........ 883
چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى ........ 886
تارباغاتاي ۋىلايىتى ........ 888
چۆچەك شەھىرى ........ 892
شىخو شەھىرى ........ 894
دۆربىلجىن ناھىيىسى ........ 897
چاغانتوقاي ناھىيىسى ........ 899
تولى ناھىيىسى ........ 901
ساۋەن ناھىيىسى ........ 904
قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى ........ 907
ئالتاي ۋىلايىتى ........ 909
ئالتاي شەھىرى ........ 913
قابا ناھىيىسى ........ 915
بۇرچىن ناھىيىسى ........ 918
جېمىنەي ناھىيىسى ........ 921
بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى ........ 924
كۆكتوقاي ناھىيىسى ........ 927
چىڭگىل ناھىيىسى ........ 929
بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ........ 931
بورتالا شەھىرى ........ 936
جىڭ ناھىيىسى ........ 939
ئارىشاڭ ناھىيىسى ........ 941
سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ........ 943
سانجى شەھىرى ........ 948
مىچۈەن شەھىرى ........ 951
فۇكاڭ شەھىرى ........ 954
ماناس ناھىيىسى ........ 957
قۇتۇبى ناھىيىسى ........ 959
جىمسار ناھىيىسى ........ 962
گۇچۇڭ ناھىيىسى ........ 965
مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى ........ 967
تۇرپان ۋىلايىتى ........ 969
تۇرپان شەھىرى ........ 972
توقسۇن ناھىيىسى ........ 976
پىچان ناھىيىسى ........ 979

پىچان ناھىيىسىنى شىنجاڭ بويىچە ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي كۈچى كۈچلۈك ناھىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقايلى..........
— ج ك پ پىچان ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇ يۇ ..........
— پىچان ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى: باھادىر ئابدۇلھېلىم .......... 980
قۇمۇل ۋىلايىتى .......... 984
قۇمۇل شەھىرى .......... 988
ئاراتۇرۇك ناھىيىسى .......... 989
بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى .......... 991
بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى .......... 993
كورلا شەھىرى .......... 996
خېجىڭ ناھىيىسى .......... 1000
خوشۇت ناھىيىسى .......... 1002
باغراش ناھىيىسى .......... 1005
بۈگۈر ناھىيىسى .......... 1007
لوپنۇر ناھىيىسى .......... 1009
چاقىلىق ناھىيىسى .......... 1011
چەرچەن ناھىيىسى .......... 1013
غەربىي رايوننى ئېچىشنى كۈتۈۋېلىپ، چەرچەن ناھىيىسىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتەيلى ..........
— ج ك پ چەرچەن ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ شياۋپىڭ .......... 1014
يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى .......... 1018
ئاقسۇ ۋىلايىتى .......... 1020
ئاقسۇ شەھىرى .......... 1023
ئونسۇ ناھىيىسى .......... 1026
باي ناھىيىسى .......... 1029
كۇچا ناھىيىسى .......... 1032
توقسۇ ناھىيىسى .......... 1034
شايار ناھىيىسى .......... 1037
ئۇچتۇرپان ناھىيىسى .......... 1038
ئاۋات ناھىيىسى .......... 1040
كەلپىن ناھىيىسى .......... 1042
قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى .......... 1044
ئاتۇش شەھىرى .......... 1047
ئاقچى ناھىيىسى .......... 1048
ئۇلۇغچات ناھىيىسى .......... 1051
ئاقتو ناھىيىسى .......... 1053
قەشقەر ۋىلايىتى .......... 1055
قەشقەر شەھىرى .......... 1058
قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى .......... 1061

قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى ........ 1062
مارالبېشى ناھىيىسى ........ 1064
ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى تېزلىتىپ، ناھىيە ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەيلى
— ج ك پ مارالبېشى ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ مىڭگۇاڭ ........ 1065
پەيزاۋات ناھىيىسى ........ 1070
يوپۇرغا ناھىيىسى ........ 1073
يېڭىسار ناھىيىسى ........ 1076
مەكىت ناھىيىسى ........ 1078
يەكەن ناھىيىسى ........
1080
پوسكام ناھىيىسى ........ 1082
قاغىلىق ناھىيىسى ........ 1084
تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى ........ 1086
خوتەن ۋىلايىتى ........ 1088
خوتەن شەھىرى ........ 1090
خوتەن ناھىيىسى ........ 1092
گۇما ناھىيىسى ........ 1094
قاراقاش ناھىيىسى ........ 1097
لوپ ناھىيىسى ........ 1099
كېرىيە ناھىيىسى ........ 1102
چىرا ناھىيىسى ........ 1104
نىيە ناھىيىسى ........ 1106

# شەرەپ تاختىسى

## ئىلغار شەخسلەر

ۋاڭ شياۋمىڭ ........ 1109
مۇقىيات زۇقاسىن ........ 1109
لى خۇيلەن ........ 1110
ۋۇ شياگرۇن ........ 1111
جاڭ يىگۇي ........ 1111
چېن خۇگېسن ........ 1112
مياۋ فېڭچۇن ........ 1112
توختىروزى سالى ........ 1113
ئابدۇللا ئابلاجان ........ 1113
قاسىم غازى ........ 1114

مەتتوختى تۇردى ........ 1114
چېن باۋجۇن ........ 1115
ئابلىز سەپەر ........ 1116
مەمەتجان يۈسۈپ ........ 1116
خۇ جيەنچىن ........ 1117

### ئىلغار كوللېكتىپلار

باركۆل ناھىيىلىك دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى ........ 1117
باركۆل ناھىيىلىك قۇرۇلۇش - مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى ........ 1118

## شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى

يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى ........ 1127
يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى ........ 1128
يېزا ئىگىلىك 3 - شىسى ........ 1130
يېزا ئىگىلىك 4 - شىسى ........ 1131
يېزا ئىگىلىك 5 - شىسى ........ 1133
يېزا ئىگىلىك 6 - شىسى ........ 1135
يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى ........ 1136
يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى ........ 1137
يېزا ئىگىلىك 9 - شىسى ........ 1139
يېزا ئىگىلىك 10 - شىسى ........ 1140
بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىسى ........ 1142
ئۈرۈمچى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ........ 1143
قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ........ 1144
خوتەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ........ 1145

## شەخسلەر

### ئىلغار - نەمۇنىچىلەر

جېڭ شۇگۇاڭ ........ 1146
ژاڭ لىبى ........ 1146
ليۇ چىن ........ 1146
چېن جۇن ........ 1147
گاۋ چىيىڭ ........ 1147

ئوسمان ئىسمائىل ........ 1147
دولقۇن جانى ........ 1148
سۇن خاۋ ........ 1148
ئابدۇمىجىت ھېمىت ........ 1148
تۇغلۇق ........ 1148
جۇ شياۋچىن ........ 1149
خالىدىن ئەبەيدۇللا ........ 1149
جاڭ شىن ........ 1149
ما جۇنلەن ........ 1149
جاڭ جۇگيەن ........ 1149
چۇي شۆجۇڭ ........ 1150
ليۇ جيەنجۇن ........ 1150
سۇڭ شۇلىڭ ........ 1150
ئەي چيۇگخۇا ........ 1150
سۇلتان قادىر ........ 1151
ھەبىبۇل ھەمدۇللا ........ 1151
مۇھەممەت قۇربان ........ 1151
ۋاڭ شيۇيىڭ ........ 1152
لۇ خەيچۈەن ........ 1152
جاڭ چىگخۇا ........ 1152
خۇ چىگمىڭ ........ 1152
ئىبرشات مالىك ........ 1152
غوپۇر قۇربان ........ 1153
خەيرىنىساخان غازى ........ 1153
لۇ شىنجياڭ ........ 1153
ئىبردۆلەت سىلاۋبېك ........ 1153
ما چى ........ 1153
ئەرشى شەرىپىدىن ........ 1154
ئىبراھىم ئارۇپ ........ 1154
كۇرلا ........ 1154
ئابدۇشۇكۇر مىجىت ........ 1154
شۈي يۆچىڭ ........ 1155
ئۆمەر ئىمىن ........ 1155
چېن رېنچۈەن ........ 1155
ئادىل ھوشۇر ........ 1155
ۋۇ مېيگۈەن ........ 1155
ياڭ چۇنرۇڭ ........ 1156
نۇر ئەخمەت ........ 1156
لياۋ يوگيۈەن ........ 1156
مەتتۇرسۇن ھەسەن ........ 1156
چىن جىڭ ........ 1157
لى يۇڭ ........ 1157
يى فېيخۇ ........ 1157

گو شۇەنجۇڭ ...... 1157

ۋۇ يۇەنشيۇ ...... 1158

رازاق مەتنىياز ...... 1158

لۇ گۈيىڭ ...... 1158

جاقىپ بىدۇللا ...... 1158

جۇ گوشىڭ ...... 1158

ئابدۇۋېلى مۇھەممەت ...... 1159

مىجىت ئەلى ...... 1159

مەلىكەم ...... 1159

ۋۇ دېگيۇن ...... 1159

ئاقماش زىكباي ...... 1159

مەمدۇمان باۋۇدۇن ...... 1160

شياۋ ليەنشىن ...... 1160


## ئىنقىلابىي قۇربانلار


جاڭ شىنپىڭ ...... 1160

خې لىپىڭ ...... 1160

تاش رازاق ...... 1161

مەھەممەتجان سادىق ...... 1161

شۈي يۇڭشىن ...... 1161

يۇ شىچياڭ ...... 1161

ماۋ باۋشەن ...... 1162

ۋۇ زۇڭلىن ...... 1162

ئەزىز ئابباس ...... 1162

ئابلەت تايىپ ...... 1162

ئوسمان ئاۋۇت ...... 1162

ئابدۇراخمان هامۇت ...... 1163

ياڭ شۇنچۈەن ...... 1163

شۆ شيۇلى ...... 1163

جياڭ مياۋشىن ...... 1163

تۇرسۇنتوختى ئەخمەت ...... 1164

سەيدىمەممەت سەيدىئەخمەت ...... 1164

پەن جياڭ ...... 1164

ئابدۇقەييۇم جۇمەنىياز ...... 1164

شيې سۇڭلۇڭ ...... 1164

ئابدۇقادىر غۇلام ...... 1165

مىن جيەنشياڭ ...... 1165

خۇدابەردى توختى ...... 1165

دۇڭ چاڭبىن ...... 1165

زىلەي ئابدۇرازاق ...... 1166

چېن دىجىن ...... 1166

شۈي خۇاشىڭ ...... 1166

يۇسۇپجان موللايوپ ...... 1166

يۇنۇس سىدىق ........ 1166

## ۋاپات بولغانلار

گەنزەن لىكشىت ........ 1167
شاۋ شىڭجۇ ........ 1167
لى فاڭ ........ 1167
ئابلابېك بەيپولاتىف ........ 1168
سادىق ئارۇپ ........ 1168
رەمىقان ھەيدەربېك ........ 1168
سۇن شىياڭ ........ 1168
سۇ جەنشۇ ........ 1168
چى شىڭشيەن ........ 1169
ياڭ يىچياڭ ........ 1169
لۇ ليەنلۇ ........ 1170
نۇراش بىلال ........ 1170
لى شىزۇڭ ........ 1170
ۋاڭ لىن ........ 1170
ئابدۇرېھىم لېتىپ ........ 1171
لى كېچىن ........ 1171
لىجېڭتاۋ ........ 1171
جاڭ ئېرچېڭ ........ 1171
سۇ چىڭجۇ ........ 1172
لى يۈن ........ 1172
ۋاڭ خېشېڭ ........ 1172
جاڭ مىڭ ........ 1173
سۈي ۋەنجىن ........ 1173
قالىم زىكرىيا ........ 1173
سۇڭ خەنلياڭ ........ 1173
شىن جۇڭخې ........ 1174
گو سۇڭرۇڭ ........ 1174
جۇ مىڭ ........ 1174
جاڭ يەن ........ 1175

## قوشۇمچە

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2000 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تە-
رەققىياتى توغرىسىدىكى ستاتىستىكىلىق ئاخباراتى ........ 1176

# ئومۇمىي ئەھۋال، چوڭ ئىشلار

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

### تارىخى، مۇھىتى ۋە تەبىئىي بايلىقى

#### ئورنى ۋە كۆلىمى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ياۋروپا ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ′40°73 — ′23°96، شىمالىي پاراللېل ′25°34 — ′10°40 ئارىلىقىدا، كۆلىمى 1 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تاغلىق كۆلىمى (ئېدىرلىق ۋە ئېگىزلىكلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تەخمىنەن 800 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، تۈزلەڭلىك كۆلىمى (تارىم ئويمانلىقى، جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە تاغ ئارىلىرىدىكى ئويمانلىقلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تەخمىنەن 800 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر. شىنجاڭ ئېلىمىزدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ئىچىدە كۆلىمى ئەڭ چوڭ ئاپتونوم رايون.

شىنجاڭنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبى ئېلىمىزنىڭ گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرى ۋە شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن قوشنا، شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقىچە موڭغۇلىيە، روسىيە فېدېراتسىيىسى، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرىلىنىدۇ. دۆلەت چېگرىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5600 كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، قۇرۇقلۇق دۆلەت چېگرىسىنىڭ تەخمىنەن تۆتتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. شىنجاڭ مەملىكىتىمىزدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ئىچىدە دۆلەت چېگرىسى ئەڭ ئۇزۇن ئاپتونوم رايون.

#### تەرەققىيات جەريانى ۋە رايونلارغا ئايرىلىشى

شىنجاڭ ئېلىمىزنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتالغان، بۇنىڭ مەنىسى غەربىي قىسىمدىكى چېگرا رايون دېگەنلىكتۇر. خەن سۇلالىسىدىن ئىلگىرىلا غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى رايونلار ئوتتۇرىسىدا سودا ـ ساياھەت ئالاقىسى بولغان. خەن سۇلالىسى خانى ۋۇدى جەنيۈەن 3 ـ يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 138 ـ يىلى) جياڭ چيەنني غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن، جاڭ چيەن 13 يىلدىن كېيىن غەربىي يۇرتتىن قايتقان، شۇندىن كېيىن غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقان. تەيچۇ 4 ـ يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 101 ـ يىلى) خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا پالۋاچ چېرىكچى تۇرغۇزۇپ، كورلا ۋە بۈگۈر رايونلىرىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن. شېنجۆ 2 ـ يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 ـ يىلى) غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇرلىدا (ھازىرقى بۈگۈر ناھىيىسى تەۋەسىدە) غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدىكى بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ رايوننى باشقۇرغان. شۇنىڭ بىلەن تەڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى جايلارغا ئەمەلدار تەيىنلەپ ئەۋەتكەن. شۇندىن كېيىن، غەربىي يۇرت خەن سۇلالىسى تېررىتورىيىسىگە رەسمىي كىرگەن. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى باشقۇرغان بەگلىكلەر 50 كە يەتكەن.

ۋېي، جىن سۇلالىلىرىدىن سۈي سۇلالىسىگىچە بولغان سۇلالىلەرنىڭ ھەممىسى غەربىي يۇرتتا مەمۇرىي باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ كەلگەن. 16 پادىشاھلىق دەۋرىدىكى ئالدىنقى لياڭ پادىشاھلىقى بۈگۈنكى تۇرپان رايونىدا قوجۇ ئايمىقىنى تەسىس قىلغان، بۇ شىنجاڭدا ۋىلايەت، ناھىيە تەسىس قىلىشنىڭ باشلىنىشى بولغان. سۈي سۇلالىسى پىشامشان، چالمادان ۋە ئىبۇرغول ئايماقلىرىنى تەسىس قىلغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى باشقۇرۇش دائىرىسى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكىدىن ئېشىپ ئوتتۇرا ئاسىياغىچە يەتكەن ھەمدە جايلاردا ھەرخىل باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى يولغا قويغان. غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىدە ئىبۇرغول، قوجۇ ۋە بېشبالىق ئايماقلىرىنى تەسىس قىلغان، بۇ 3 ئايماق قارمىقىدا 12 ناھىيە بولغان، باشقا جايلاردا

قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى ۋە تۆتۇقبەگ مەھكىمىسى تۈزۈمى يولغا قويۇلغان.

تالڭ سۇلالىسىدىن كېيىن غەربىي يۇرتتا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 3 قېتىم چوڭراق يەرلىك كۈچ يەنى قاراخانىيلار خانلىقى، ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن خانلىقى ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىن ئىبارەت 3 يەرلىك كۈچ پەيدا بولغان. بۇ يەرلىك كۈچلەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى 5 سۇلالە ۋە سۇڭ، لياڭ سۇلالىلىرىنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيىتىگە قارىغان.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا ۋاقىتلىق ۋازارەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سەمەرقەنتتە ئامۇ دەريا ۋاقىتلىق قارا دۆۋان ۋازارىتى تەسىس قىلىنغان، بۇ ماۋرائۇننەھردىكى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان؛ بۈگۈنكى قورغاس رايونىدا ئالمالىق ۋاقىتلىق قارا دۆۋان ۋازارىتى تەسىس قىلىنغان، بۇ ئىلىدىن بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىغىچە بولغان رايونلارنى باشقۇرغان. بۈگۈنكى جىمسارادا بېشبالىق ۋاقىتلىق قارا دۆۋان ۋازارىتى تەسىس قىلىنغان، بۇ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلارنى باشقۇرغان. كېيىن يەنە بېشبالىق ۋاقىتلىق ۋازارىتى قارمىقىدا بېشبالىق، قۇجۇ، ئۇدۇندىن ئىبارەت 3 ئايغاقچى مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ ھەمدە خوتەن رايونىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرى ئىدارە قىلىنغان.

شىنجاڭ رايونى مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «بېشبالىق» دەپ ئاتالغان، كېيىن «ئىلبالىق» قا ئۆزگەرتىلگەن. چاغاتاي ئەۋلادلىرى غەربىي يۇرتتا دائىم ئىچكى پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى مىڭ سۇلالىسىگە ئىتائەت قىلغان. غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىي قىسمىنى مىڭ سۇلالىسى بىر ئۇتاش باشقۇرۇپ، يوڭلې 4 ـ يىلى (1406 ـ يىلى) قۇمۇل لەشكەرگاھىنى قۇرغان.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، چيەنلۇڭنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە غەربىي يۇرت «شىنجاڭ» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. بۇ «قايتۇرۇۋېلىنغان قەدىمكى زېمىن» دېگەن مەنىدە. ئېرتىش دەرياسىنىڭ شەرقىي ۋە شىمالى قوبدۇ مەسلىھەتچى ئامبىلىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن؛ ئېرتىش دەرياسىنىڭ جەنۇبى ۋە غەربى ھەمدە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلارنىڭ ھەممىسى ئىلى جياڭجۈنىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان جايلار گەنسۇ پەرمانبەردارىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. گۇاڭشۇ 10 ـ يىلى (1884 ـ يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىسى رەسمىي قۇرۇلدى، ئۈرۈمچى ئۆلكە مەركىزى بولدى. گۇاڭشۇ 32 ـ يىلى (1906 ـ يىلى) ئالتاي ۋىلايىتى قوبدۇ مەسلىھەتچى ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇشىدىن مەركەزگە بىۋاسىتە قارايدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. مىنگونىڭ 8 ـ يىلى (1919 ـ يىلى) بۇ رايون شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئالتاي ۋىلايىتى تەسىس قىلىندى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە پائال يولغا قويۇلدى. 1955 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى. 2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايوندىكى بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر 3 (بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەر 2)، ۋىلايەت 8، ئاپتونوم ئوبلاست 5، ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر 9، ئوبلاستقا قاراشلىق شەھەر 7، ناھىيە 62، ئاپتونوم ناھىيە 6، شەھەرگە قاراشلىق رايون 11.

## نوپۇسى ۋە مىللەتلىرى

ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ مەملىكەتلىك 5 ـ نۆۋەتلىك ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتىكى مۇھىم سانلىق مەلۇمات توغرىسىدىكى ئاخباراتىغا ئاساسلانغاندا، 2000 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سائەت نۆل ئۆلچەملىك ۋاقىت قىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 18 مىليون 462 مىڭ 600 گە يەتكەن. ئائىلە 4 مىليون 826 مىڭ 500، ئائىلىدىكى نوپۇس 17 مىليون 764 مىڭ 200 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %96.22نى ئىگىلىگەن، ھەربىر ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3.68 دىن ئادەم توغرا كەلگەن. ئومۇمىي نوپۇستا ئەرلەر 9 مىليون 554 مىڭ 900 بولۇپ، %51.75نى، ئاياللار 8 مىليون 907 مىڭ 700 بولۇپ، %48.25نى ئىگىلىگەن؛ شەھەر، بازار نوپۇسى 6 مىليون 244 مىڭ 100 بولۇپ، %33.82نى، يېزا نوپۇسى 12 مىليون 218 مىڭ 500 بولۇپ، %66.18نى ئىگىلىگەن.

شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، نۇرغۇن قەدىمكى مىللەتلەر بۇ يەردە كۆپىيىپ، تىرىكچىلىك قىلىپ، بۇ يەرنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرغان. ئۇزاق ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدا، مىللەتلەر ئۆز ئارا قوشۇلۇپ تەدرىجىي ھالدا ھازىرقى زامان مىللىتىگە ئايلانغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندا بۇ يەردە ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، موڭغۇل، شىبە، تاجىك، مانجۇ، ئۆزبېك، رۇس، داغۇر، تاتاردىن ئىبارەت 13 مىللەت بار ئىدى. ھازىر شىنجاڭدا 40 تىن ئارتۇق مىللەت بار. 2000 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى سائەت نۆلدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 10 مىليون 964 مىڭ 900 بولۇپ، ئاپتونوم رايون ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %59.39نى ئىگىلىدى.

## جۇغراپىيىلىك مۇھىتى

شىنجاڭ دېڭىز ـ ئوكيانلاردىن يىراق، تۆت ئەتراپىنى

ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ، قاتمۇ قات مۇزلۇق چوققىلار، كۆز يەتكۈسىز قۇملۇقلار، بىپايان يايلاقلار، يۇلتۇزدەك تارقالغان بوستانلىقلار بار، تەبىئىي بايلىقى مول. 3 تاغ 2 ئويمانلىقنى ئوراپ تۇرىدۇ.

تاغ تىزمىلىرى شىمالدىكى ئالتاي تاغ تىزمىسى ئېرتىش دەرياسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، شىنجاڭ تەۋەسىدىكى قىسمى جەنۇبىي قاپتالىغا كىرىدۇ، ئۇ غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلۇپ ياتىدۇ. بۇ تاغ تىزمىسىدا ئاساسەن ئالتاي شەھىرى ۋە چىڭگىل ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ئالتاي تېغى، گۇچۇڭ ناھىيىسى، موري قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى بەيتىك تېغى ۋە چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئارمانتى تېغى بار. ئەڭ ئېگىز چوققا «دوستلۇق» چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 4374 مېتىر ئېگىز. ئۇ جۇڭگو، روسىيە، موڭغۇلىيىدىن ئىبارەت 3 دۆلەتنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان؛ غەربىي شىمال قىسمى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىدىكى تاغلىق يەر بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2000 مېتىردىن 3000 مېتىرغىچە كېلىدىغان نۇرغۇن پەس تاغلاردىن تەركىب تاپقان. شىمال تەرىپىدە تارباغاتاي تېغى، شەرق تەرىپىدە ساۋۇر تېغى، جەنۇب تەرىپىدە ئۇرىكساي تېغى، سېمىستەي تېغى، بارلۇق تېغى، مايلى تېغى قاتارلىق تاغلار بار. ئەڭ ئېگىز چوققا — ساۋۇر تېغىدىكى مۇزتاغ چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 3806 مېتىر ئېگىز. شىنجاڭنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن تەڭرىتاغ تىزمىسى جۇڭغار ئويمانلىقى بىلەن تارىم ئويمانلىقىنى ئايرىپ تۇرىدۇ، ئۇ غەربتىن شەرققە سوزۇلغان 3 تاغ تىزمىسىغا ئايرىلىدۇ: شىمالىي تاغ تىزمىسىدا ئالاتاۋ تېغى (ئارشاڭ ناھىيىسى، بورتالا شەھىرىنىڭ شىمالىي قىسمى)، كۆكىرچىن تېغى (جىڭ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى، نىلقا ناھىيىسىنىڭ شىمالى)، بولخىنۇر تېغى (جىڭ ناھىيىسىدىن شىخو ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىغىچە)، ئېرەنقابىرغا تېغى (كۈيتۇڭ شەھىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەنۇبىغىچە)، بوغدا تېغى (ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقى، فۇكاڭ شەھىرىنىڭ جەنۇبى، داخىيەن پويىز ئىستانسىسىنىڭ شىمالى) قاتارلىقلار بار؛ ئوتتۇرا تاغ تىزمىسىدا ئالاقار تېغى (چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى، موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا)، نارات تېغى (كۈنەس ناھىيىسى بىلەن خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا)، ئېرۋىنگىن تېغى (خېجىڭ ناھىيىسى تەۋەسىدە) قاتارلىقلار بار؛ جەنۇبىي تاغ تىزمىسىدا كۆكسار تېغى (تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي تىزمىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، غەربىي تەرەپتىكى دۆلەت چېگرىسىدا)، خالىق تېغى (موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى بىلەن باي ناھىيىسى ئوتتۇرىسىدا)، تېرسكەي تېغى (تېكەس ناھىيىسى بىلەن باي ناھىيىسى ئوتتۇرىسىدا)، كۆكتىكە تېغى (خېجىڭ ناھىيىسى بىلەن بۈگۈر ناھىيىسى ئوتتۇرىسىدا)، خورۇ تېغى (خېجىڭ ناھىيىسى بىلەن بۈگۈر ناھىيىسى ئوتتۇرىسىدا) قاتارلىقلار بار. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5000 مېتىردىن ئاشىدىغان چوققىلاردىن تۆمۈر چوققىسى (7435 مېتىر)، خانتەڭرى چوققىسى (6995 مېتىر)، بوغدا چوققىسى (5445 مېتىر) بار. جەنۇب تەرەپتىكى كۇئېنلۇن تاغ سىستېمىسى غەربتىن شەرققە سوزۇلغان بولۇپ، جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى پامىر ئېگىزلىكى، شىنجاڭ بىلەن كەشمىر ئوتتۇرىسىدىكى قاراقورۇم تاغلىرى ھەمدە ئاساسلىقى شىنجاڭ بىلەن شىزاڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۇئېنلۇن تاغ تىزمىسى (شەرقتە چىڭخەي چېگرىسى ئىچىگە سوزۇلغان) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شىمالىي تارمىقىدا ئالتۇن تاغ بولۇپ، شەرقىي شىمال تەرەپكە سوزۇلۇپ چىلىيەنشەن تېغىغا تۇتىشىدۇ. كۇئېنلۇن تاغ سىستېمىسىدا تاغ ئومۇرتقىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 5000 مېتىردىن ئاشىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7500 مېتىردىن ئاشىدىغان چوققىلاردىن دۇنيا بويىچە 2 - ئېگىز چوققا دەپ ئاتالغان چوگىر چوققىسى (8611 مېتىر)، قوڭۇرتۆپە چوققىسى (7595 مېتىر)، مۇزتاغ چوققىسى (7546 مېتىر)، قوڭۇر چوققىسى (7519 مېتىر) بار.

ئويمانلىقلىرى شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، شەرقتىن غەربكە 1700 كىلومېتىردىن كۆپرەك سوزۇلغان تەڭرىتاغ تىزمىسى شىنجاڭنى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭدىن ئىبارەت 2 چوڭ قىسىمغا ئايرىپ تۇرىدۇ. تەڭرىتاغ تىزمىسى بىلەن ئالتاي تېغى، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تاغلىق يەرلەرنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ كۆلىمى 180 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قۇربان تۇڭغۇت قۇملۇقى ئېلىمىزدىكى 2 - چوڭ قۇملۇق ھېسابلىنىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن تارباغاتاي ۋىلايىتى، ئالتاي ۋىلايىتى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى مەزكۇر ئويمانلىقنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان. تەڭرىتاغ تىزمىسى بىلەن كۇئېنلۇن تاغ سىستېمىسى ئارىسىغا جايلاشقان تارىم ئويمانلىقىنىڭ كۆلىمى 400 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقى (كۆلىمى 330 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر) ئېلىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ قۇملۇق، دۇنيا بويىچىمۇ 2 - چوڭ كۆچمە قۇملۇق ھېسابلىنىدۇ. بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، قەشقەر ۋە خوتەن

ۋىلايەتلىرى ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ جايلاشقان. تەڭرىتاغ ئىزمىسىنىڭ شەرقىدە تۇرپان، قۇمۇل ئويمانلىقلىرى بار.

**مۇزلۇقلىرى** بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن قارلىق چوققىلار، سانجاق - سانجاق قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مۇزلۇق چوققىلار شىنجاڭدا يېتىلگەن مۇزلۇقلارنى ھاسىل قىلغان. ئاپتونوم رايون بويىچە 18 مىڭ 600 دىن ئارتۇق چوڭ - كىچىك مۇزلۇق بار، بۇلارنىڭ كۆلىمى 24 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى مۇزلۇق كۆلىمىنىڭ %42نى ئىگىلەيدۇ، مۇزلۇقلارنىڭ سۇ زاپىسى 2 تىرىللىئون 580 مىليارد كۇب مېتىردىن ئاشىدۇ؛ مۇزلۇقلاردىن ئېرىگەن سۇ شىنجاڭدىكى دەريا - ئېقىنلارنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارىنىڭ %21نى ئىگىلەيدۇ (تەخمىنەن 17 مىليارد كۇب مېتىر). بۇ مۇزلۇقلار شىنجاڭنى خېلى مۇقىم سۇ مەنبەسى بىلەن تەمىنلەپ كەلگەچكە، قەدىمدىن تارتىپ «قاتتىق سۇ ئامبىرى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

**دەريا - ئېقىنلىرى** شىنجاڭ تەۋەسىدە 570 تىن ئارتۇق دەريا - ئېقىن بار (تاغ بۇلاقلىرى بۇنىڭ سىرتىدا). بۇنىڭ ئىچىدە سۇ يىغىلىش دائىرىسىنىڭ كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدىغان ياكى ئۇزۇنلۇقى 500 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان، يىللىق ئېقىم مىقدارى 1 مىليارد كۇب مېتىردىن ئارتۇق دەريا - ئېقىنلار: شىمالىي شىنجاڭدىكى ئېرتىش دەرياسى، ئۇلۇڭگۇر دەرياسى، ئىلى دەرياسى، تېكەس دەرياسى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قاراشەھەر دەرياسى، كۆنچى دەرياسى، ئۆگەن دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى، تارىم دەرياسى، قىزىل دەرياسى، يەكەن دەرياسى، قاراقاش دەرياسى، يۇرۇڭقاش دەرياسى، چەرچەن دەرياسى.

**كۆللىرى** ئاپتونوم رايوندا كۆلىمى بىر كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدىغان 139 تەبىئىي كۆل بار، بۇ كۆللەرنىڭ سۇ كۆلىمى تەخمىنەن 5500 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ. ئاساسلىق كۆللەردىن باغراش كۆلى، ئۇلۇڭگۇر كۆلى، سايرام كۆلى، ئېبىنۇر كۆلى، ئاياغقۇم كۆلى ھەمدە ئايدىڭكۆل بار؛ مەشھۇر لوپنۇر كۆلى قۇرۇپ كەتتى. تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئايدىڭكۆل دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر تۆۋەن بولۇپ، ئېلىمىز قۇرۇقلۇقىدىكى ئەڭ تۆۋەن جاي ھېسابلىنىدۇ. بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى باغراش كۆلىنىڭ سۇ كۆلىمى 1002.4 كۋادرات كىلومېتىر، ئۇ، ئېلىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق تاتلىق سۇ كۆلى ھېسابلىنىدۇ.

**ھاۋا كىلىماتى** شىنجاڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى مۆتىدىل ئىقلىمغا تەۋە بولۇپ، قىش پەسلى ئۇزۇن ھەم قاتتىق سوغۇق بولىدۇ، ياز پەسلى قىسقا، قاتتىق ئىسسىق بولىدۇ. ئەتىياز، كۈز پەسىللىرىدىكى كىلىمات ئۆزگىرىشى چوڭ بولىدۇ.

شىنجاڭدا خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىدىكى موخې ناھىيىسىدىن قالسىلا مەملىكەت بويىچە 2 - سوغۇق قۇتۇپ — كۆكتوقاي (-51.5℃) بار، مەملىكەت بويىچە ئەڭ ئىسسىق جايمۇ شىنجاڭدىكى تۇرپان (47.7℃). تەڭرىتاغ شىنجاڭنى جەنۇب، شىمال دەپ ئىككىگە بۆلۈپ تۇرغاچقا، جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ تېمپېراتۇرىسىمۇ كۆپ پەرقلىنىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا جەنۇبىي شىنجاڭدا 10℃، شىمالىي شىنجاڭدىكى جۇڭغار ئويمانلىقىدا 5℃ — 7.5℃، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدە 2.5℃ — 5℃ بولىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ 1 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى ئاپتونوم رايونىنىڭكىدىن 10℃ — 12℃ يۇقىرى بولىدۇ؛ 7 - ئايدا 2℃ — 3℃ يۇقىرى بولىدۇ. تاغلىق رايونلار بىلەن ئويمانلىقلارنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى ئېنىقمۇ كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا بىر يىل ئىچىدىكى ئەڭ ئىسسىق ئاي بىلەن ئەڭ سوغۇق ئاينىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا پەرقى كۆپىنچە 30℃ تىن ئاشىدۇ. جۇڭغار ئويمانلىقىدا 35℃ — 40℃قا يېتىدۇ، ئەمما تېمپېراتۇرىنىڭ كۈندىلىك سېلىشتۇرما پەرقى 12℃ — 15℃ بولىدۇ، پەرق ئەڭ چوڭ بولغاندا 20℃ — 30℃ بولىدۇ. شىنجاڭ قۇرغاق رايون بولۇپ، ھۆل - يېغىن مىقدارى ئازراق، تارقىلىشىمۇ تەكشى ئەمەس، شىمالىي شىنجاڭدا يېغىن مىقدارى 150 — 200 مىللىمېتىردىن ئاشىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدا 100 مىللىمېتىرغىمۇ يەتمەيدۇ، توقسۇن ناھىيىسىدە يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 10 مىللىمېتىرغا يەتمەيدۇ؛ غەربتىكى ئىلى ۋىلايىتىدىكى ھۆل - يېغىن مىقدارى شەرقتىكى قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ھۆل - يېغىن مىقدارىنىڭ 6 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ؛ تەڭرىتاغ تاغلىق رايونىدا، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تاغلىق رايوندا ۋە ئالتاي تاغلىق رايونىدا ھۆل - يېغىن مىقدارى 500 مىللىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، شىمالىي جۇڭگو تۈزلەڭلىكىدىكى ھۆل - يېغىن مىقدارى بىلەن تەڭ كېلىدۇ، ئىلى ۋادىسىدىكى كۈنەس ئورمانچىلىق مەيدانىدا يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 840 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ، بۇ ئېلىمىزنىڭ خۇەيخې ۋادىسىدىكى بىلەن تەڭ.

شىنجاڭدا قىش پەسلىدە قار كۆپ ياغىدۇ، شىمالىي شىنجاڭدىكى تۈزلەڭلىكلەردە قىش پەسلىدە قارنىڭ قېلىنلىقى ئادەتتە 20 — 30 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ، ئەڭ قېلىن بولغاندا 80 سانتىمېتىردىن ئاشىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدا 10 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، ئەڭ قېلىن بولغاندا 20 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ، تاغلىق رايونلاردا تۈزلەڭلىكلەردىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ قېلىن بولىدۇ. قىروسىز مەزگىل جەنۇبىي شىنجاڭدا 180 كۈندىن 220 كۈنگىچە، شىمالىي شىنجاڭدا

140 كۈندىن 185 كۈنگىچە بولىدۇ.

شىنجاڭدا ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋارايى بىر قەدەر كۆپ، دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ قۇرغاقچىلىق، سوغۇق ئېقىم، بوران، ئۈششۈك، قىرو ئۈششۈكى، مۆلدۈر، قارا يامغۇر كەلكۈنى خەلق ئىگىلىكىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ.

## تەبىئىي بايلىقى

شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، تەبىئىي بايلىقى مول، ئۇ ئېلىمىزنىڭ ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان گۆھەر زېمىنى.

**يەر بايلىقى** تۇپراقنى 2 - قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، ئاپتونوم رايوننىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن 1 مىليون 663 مىڭ 100 كۋادرات كىلومېتىر ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. ئومۇمىي يەر كۆلىمى ئىچىدە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىققا باب كېلىدىغان يەر كۆلىمى 71 مىليون 470 مىڭ گېكتار بولۇپ، %41.19نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدىغان يەر 7 مىليون 330 مىڭ گېكتار، تېرىلىۋاتقىنى 4 مىليون 125 مىڭ گېكتار؛ پايدىلىنىشقا بولىدىغان تەبىئىي ئوتلاق تەخمىنەن 48 مىليون گېكتار؛ بەرپا قىلىنغان ئورماننىڭ ساقلىنىپ قالغان كۆلىمى تەخمىنەن 700 مىڭ گېكتار، ياغاچ زاپىسى تەخمىنەن 276 مىليون كۇب مېتىر.

**سۇ ۋە ئېنېرگىيە بايلىقى** شىنجاڭ تاغلىرىدا مۇزلۇقلار يېتىلگەن، دەريا - ئېقىنلار گىرەلىشىپ كەتكەن، تاغ بۇلاقلىرى، كۆللەر ھەممە يەرگە تارقالغان، سۇ بايلىقى تۇراقلىق، تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە. سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %80تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 88 مىليارد 400 مىليون كۇب مېتىرغا، پايدىلىنىشقا بولىدىغان يەر ئاستى سۈيىنىڭ مىقدارى 25 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ؛ سۇ ئېنېرگىيە بايلىقىنىڭ نەزەرىيىۋى زاپىسى 33 مىليون 500 مىڭ كىلوۋات، بۇنىڭ ئىچىدە پايدىلىنىشقا بولىدىغان گېنېراتور سىغىمى 17 مىليون 960 مىڭ كىلوۋات، بۇنىڭدىن يىلىغا 84 مىليارد 500 مىليون كىلوۋات سائەت توك ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز زاپىسى مول، شىنجاڭ يەنە مەملىكەت بويىچە كۈن نۇرى ئەڭ كۆپ چۈشىدىغان ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ بىرى، ئۇنىڭ قۇياش ئېنېرگىيىسى، يەر ئىسسىقلىقى، شامال ئېنېرگىيىسى قاتارلىق بايلىق مەنبەلىرى مول. ئاپتونوم رايون بويىچە كۈن نۇرىنىڭ يىللىق چۈشۈش ۋاقتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2600 سائەتتىن 3400 سائەتكە يېتىدۇ، قۇياش ئېنېرگىيىسىنىڭ يىللىق رادىئاتسىيە مىقدارى ھەر كۋادرات مېتىرغا 5000 مېگا جوئۇلدىن 6490 مېگا جوئۇلغىچە توغرا كېلىدۇ. ئادەتتىكى رايونلاردا يىغىندى تېمپېراتۇرا 3000℃ تىن 4000℃قىچە بولۇپ، بۇ ⩾10℃ يىغىندى تېمپېراتۇرىسىغا تەڭ. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ 4000℃ تىن يۇقىرى، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ 4500℃تىن 5390℃قىچە، شىمالىي شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىن شىمالىغىچە 2500℃ تىن 3600℃قىچە بولىدۇ. تاغ ئېغىزلىرىدا شامال ئېنېرگىيىسى بايلىقى ئەڭ مول، يىللىق ئوتتۇرىچە ئۈنۈملۈك شامال ئېنېرگىيىسى 10 مىڭ 800 مېگا جوئۇل/كۋادرات مېتىر.

**ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك بايلىقى** شىنجاڭدا نەسىللىك كالا، قوي، ئات، تۆگە قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىدىن باشقا يەنە 699 خىل ياۋايى ھايۋان بار، بۇنىڭ ئىچىدە بېلىق 85 خىل، قوش ماكانلىقلار 7 خىل، ئۆمىلىگۈچى ھاۋيانلار 45 خىل، قۇشلار 425 خىل، يىرتقۇچ ھايۋانلار (سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار) 137 خىل. يەنە قاقشارلىق بۆكەن، ياۋا تۆگە، قۇلان، 4 پەنجىلىك قۇرۇقلۇق تاشپاقىسى، قۇندۇز، يىلپىز، ئاق لەيلەك، قارا لەيلەك، ئاق يەلكىلىك بۈركۈت، ئاق قۇ قاتارلىقلار بار. قۇشلارنىڭ خىللىرى دۆلىتىمىزدىكى قۇش خىللىرىنىڭ %35.8نى، سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار خىللىرى دۆلىتىمىزدىكى سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار خىللىرىنىڭ %33نى، ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلارنىڭ خىللىرى دۆلىتىمىزدىكى ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلار خىللىرىنىڭ %14.2نى ئىگىلەيدۇ. تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ياۋا ئۆسۈملۈكلەر ئاز كەم 4000 خىلغا يېتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە لوپنۇر كەندىرى، كاۋچۇك ئوت، ھىلىڭ، سوغىگۈل، ئالقات، چۈچۈكبۇيا، قار لەيلىسى قاتارلىق ئىقتىسادىي ۋە دورىلىق قىممىتى بارلىرى 1000 خىلدىن ئاشىدۇ.

**قېزىلما بايلىقى** شىنجاڭدا قېزىلما بايلىق مول، تۈرلىرى تولۇق، 1999 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە مەملىكەت بويىچە 171 خىل قېزىلما بايلىقتىن 138 خىلىنىڭ شىنجاڭدا بارلىقى بايقالدى، بۇ مەملىكەت بويىچە بايقالغان قېزىلما بايلىق خىللىرىنىڭ %80.70نى ئىگىلەيدۇ. مەملىكەت بويىچە زاپىسى ئېنىقلانغان 156 خىل رۇدا (2 - خىلدىكىسى 212) نىڭ شىنجاڭدا 78 خىلى (2 - خىلدىكىسى 96) ئېنىقلاندى. ئاپتونوم رايوننىڭ قېزىلما بايلىق زاپىسى جەدۋەلگە كىرگۈزۈلگەن رۇدا زاپىسى 75 خىل (2 - خىلدىكىسى 93، نېفىت، تەبىئىي گاز، ئۇران بۇنىڭ سىرتىدا). 2 - خىلى بويىچە ھېسابلىغاندا، ئاپتونوم رايوننىڭ قېزىلما بايلىق زاپىسى جەدۋەلگە كىرگۈزۈلگەن كان رايونى 853، ئاساسلىق (يەككە) كان رايونى 728، ئورتاق پەيدا بولغان، بىللە پەيدا بولغان كان رايونى 125، بۇنىڭ ئىچىدە ئېنېرگىيە قېزىلما بايلىقى 4 خىل، كان رايونى 236 (نېفىت، تەبىئىي گاز

بۇنىڭ ئىچىدە) ؛ قارا مېتال قېزىلما بايلىقى 5 خىل، كان رايونى 90؛ رەڭلىك مېتال قېزىلما بايلىقى 9 خىل، كان رايونى 80؛ قىممەتلىك مېتال قېزىلما بايلىقى 4 خىل، كان رايونى 43؛ ئاز ئۇچرايدىغان، تارقاق جايلاشقان، رادىئو ئاكتىپلىق ئېلېمېنت 11 خىل، كان رايونى 51 (ئۇران بۇنىڭ ئىچىدە) ؛ مېتال تاۋلاشقا ياردەمچى خام ئەشيا قىلىنىدىغان غەيرىي مېتال قېزىلما بايلىقى 7 خىل، كان رايونى 21؛ خىمىيە سانائىتىدە خام ئەشيا قىلىنىدىغان غەيرىي مېتال قېزىلما بايلىقى 13 خىل، كان رايونى 73؛ بىناكارلىق ماتېرىيالى قىلىنىدىغان غەيرىي مېتال قېزىلما بايلىقى 43 خىل، كان رايونى 259. شىنجاڭنىڭ دۆلەتنىڭ قېزىلما بايلىق زاپىسى جەدۋىلىگە كىرگۈزۈلگەن قېزىلما بايلىق زاپىسى ئىچىدە تەبىئىي گاز، بېرىللىي، ناترىيلىق سېلىترا، ئاق چېرمتال، ۋېرمىكۇلىت، سېغىز توپا، مېتال تاۋلاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۇيۇل كۋارتسى، سېمونتقا ئىشلىتىلىدىغان ئۇيۇل كۋارتسى، خىش - كاھىشقا ئىشلىتىلىدىغان سلانېتس، بېزەكچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان جۇلا تاشتىن ئىبارەت 10 خىل قېزىلما بايلىق زاپىسى 1 - ئورۇندا تۇرىدۇ. نېفىت، نىكېل، خروم، پاللادىي، تەبىئىي گۈڭگۈرت، كالىي تۇزى، ماگنىي تۇزى، دالا شپاتى، سېرپېنتىن، بېنتونىت، سېمونتقا ئىشلىتىلىدىغان مەرمەر، ھاك ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان ھاك تاش، خىش - كاھىشقا ئىشلىتىلىدىغان قۇم، خىش - كاھىشقا ئىشلىتىلىدىغان سېغىز توپا، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان يالتىراق تاشتىن ئىبارەت 15 خىل قېزىلما بايلىق زاپىسى 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ؛ پلاتىنا، قۇيما تاشقا ئىشلىتىلىدىغان دىئاباز، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان دىئابازدىن ئىبارەت 3 خىل قېزىلما بايلىق زاپىسى 3 - ئورۇندا تۇرىدۇ؛ كۆمۈر، لىتىي، ماگنېزىت، ۋېتېرىت، تاشپاختا، ئەينەك ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۇيۇل كۋارتسى، سېمونتقا ئىشلىتىلىدىغان گىلتاش، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان گرانىت تاش، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان مەرمەردىن ئىبارەت 9 خىل قېزىلما بايلىق زاپىسى 4 - ئورۇندا تۇرىدۇ؛ سېزىي، سېلېن، ھاك تاش، ساپال ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان سېغىز توپىدىن ئىبارەت 4 خىل قېزىلما بايلىق زاپىسى 5 - ئورۇندا تۇرىدۇ؛ ۋىسمۇت، كوبالت، ئادەتتىكى ۋېرمىكۇلىتتىن ئىبارەت 3 خىل قېزىلما بايلىق زاپىسى 6 - ئورۇندا تۇرىدۇ؛ ماي سلانېتسى، تىتان، شور، مېرگېل، سېمونتقا ئىشلىتىلىدىغان سېرىق توپا، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان قۇمدىن ئىبارەت 6 خىل قېزىلما بايلىق زاپىسى 7 - ئورۇندا تۇرىدۇ؛ مىس، بور، سېمونتقا ئىشلىتىلىدىغان سلانېتس، بېزەكچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان گرانىت تاشتىن ئىبارەت 4 خىل قېزىلما بايلىق زاپىسى 8 - ئورۇندا تۇرىدۇ؛ مانگان، تانتالدىن ئىبارەت 2 خىل قېزىلما بايلىق زاپىسى 9 - ئورۇندا تۇرىدۇ؛ تۇز زاپىسى 10 - ئورۇندا تۇرىدۇ. نېفىت، تەبىئىي گاز، خروم، بىسمۇت، بېرىللىي، تانتال، سېزىي، لىتىي، ماگنېزىت، تەبىئىي گۈڭگۈرت، گۈڭگۈرتلۈك تۆمۈر رۇدىسى، ناترىيلىق سېلىترا، شور، ئاق چېرمتال، دالا شپاتى، ۋېرمىكۇلىت، مېرگېل، ھاك ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان ھاك تاش، ئەينەك ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان قۇم، خىش - كاھىشقا ئىشلىتىلىدىغان قۇم، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان قۇم، خىش - كاھىشقا ئىشلىتىلىدىغان سلانېتس، خىش - كاھىشقا ئىشلىتىلىدىغان سېغىز توپا، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان گرانىت تاش، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان مەرمەر، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان يالتىراق تاش، بېزەكچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان گرانىت تاش، بېزەكچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان جۇلا تاش، ئەينەك ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۇيۇل كۋارتسى، ساپال توپىسى، سېمونتقا ئىشلىتىلىدىغان سلانېتس، بېنتونىت، قۇيما تاشقا ئىشلىتىلىدىغان دىئاباز، سېمونتقا ئىشلىتىلىدىغان گىلتاش، سېمونتقا ئىشلىتىلىدىغان ئۇيۇل كۋارتسى، سېمونتقا ئىشلىتىلىدىغان مەرمەر، مېتال تاۋلاشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۇيۇل كۋارتسىتىن ئىبارەت 37 خىل قېزىلما بايلىق غەربىي شىمال بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرىدۇ. كۆمۈر، نېفىتلىق سلانېتس، تۆمۈر، مانگان، تىتان، ئاليۇمىن، نىكېل، نىئوبىي، تاغ جىنسلىرى ۋە ئالتۇن، پلاتىنا، پاللادىي، گاللىي، سېلېن، شور، ۋېتېرىت، ئادەتتىكى فتورىت، كالىي تۇزى، بور، ماگنىي، تۇز، كالتسىت، كرېمنىيلىق ھاك، خىمىيۋى ئوغۇتقا ئىشلىتىلىدىغان سېرپېنتىن، سېمونتقا ئىشلىتىلىدىغان ھاك، سېمونتقا ئىشلىتىلىدىغان قۇم، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان دىئاباز، ساپال ياساشقا ئىشلىتىلىدىغان سېغىز توپا، سېپىئولىتتىن ئىبارەت 28 خىل قېزىلما بايلىق غەربىي شىمال بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ.

مەملىكەت بويىچە قېزىلما بايلىقلارنىڭ 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ساقلانغان زاپىسىنىڭ يوشۇرۇن قىممەت جەھەتتە ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) لاردىكى تارقىلىش جەدۋىلىدىن قارىغاندا، شىنجاڭدىكى ئاساسلىق قېزىلما بايلىقنىڭ ساقلانغان زاپىسىنىڭ يوشۇرۇن قىممىتى 5 تىرىللىئون 457 مىليارد 900 مىليون يۈەن بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 6 - ئورۇندا تۇرىدۇ، دېمەك شىنجاڭ ئېلىمىزدىكى قېزىلما بايلىق ئاساسلىق ئېچىپ پايدىلىنىلىدىغان چوڭ ئۆلكە - ئاپتونوم رايونلار، قېزىلما بايلىقلار ئىچىدە نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر، تۆمۈر، خروم، مىس، نىكېل، ئالتۇن، لىتىي، ناترىيلىق سېلىترا، كالىي تۇزى، تۇز، شور، تاشپاختا، ھاك تاش، ۋېرمىكۇلىت، بېنتونىت، گرانىت تاشلار بۇنىڭدىن كېيىن

ئېچىپ پايدىلىنىدىغان ئاساسلىق رۇدا تۈرلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ساياھەت ئورنى بايلىقى شىنجاڭ مول تەبىئىي ساياھەت ئورنى بايلىقى ۋە گۇمانىتارلىق ساياھەت ئورنى بايلىقىغا ئىگە. ھەيۋەتلىك ئېگىز تاغلار، كۆز يەتكۈسىز قۇملۇقلار، تاغلاردىكى گۈزەل كۆللەر، قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مەشھۇر ئاسار ئەتىقىلەر، رەڭگارەڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەر ۋە مەدەنىيەت - سەنئەت نۇرغۇنلىغان جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلماقتا. شىنجاڭ تەۋەسىدە دۇنيا بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرىدىغان ئېگىز چوققا چوگىر چوققىسى، دۇنيا بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرىدىغان تۆۋەن جاي ئايدىڭكۆل، «ھالاكەت دېڭىزى» دەپ ئاتالغان، دۇنيا بويىچە 2 - چوڭ قۇملۇق تەكلىماكان قۇملۇقى، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە مەشھۇر ئىدىقۇت، يارغول، كىروران قاتارلىق قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى، بوغدا كۆلى، بايىنبۇلاقتىكى ئاق قۇ كۆلى، قاناس كۆلى قاتارلىق ئېگىز تاغ كۆللىرى يەنە نۇرغۇنلىغان ئارشاڭ، ھور ئارشاڭ، مۇزلۇق قاتارلىق ئاجايىپ تەبىئىي مەنزىرىلىك جايلار بار.

شىن جيەن

## خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، يېزا ئىگىلىك ئاساسى كۈچەيتىلىپ، ئالاھىدە ئىقتىساد يېتىلدۈرۈلۈپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، ئىقتىسادىي ھەرىكەت سۈپىتى ئۆستۈرۈلۈپ، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىكى ئىقتىسادنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدەك ۋەزىيەت ئوڭشىلىپ، بىر يىللىق ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى مۆلچەردىكى ئاساسىي نىشانغا يەتكۈزۈلدى ۋە ۋەزىپە ئورۇندالدى.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 136 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %8.2 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ %4.8، 2 - كەسىپنىڭ %9، 3 - كەسىپنىڭ %10.4 ئاشتى.

يېزىلارنىڭ ئىقتىسادى مۇقىم تەرەققىي قىلدى، دېھقانچىلىقتىن ئومۇميۈزلۈك مول ھوسۇل ئېلىندى. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 48 مىليارد 720 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %5.3 ئاشتى، ئېلىنغان ئاشلىق 8 مىليون 200 توننا بولۇپ، %2.2 تۆۋەنلىدى؛ پاختا 1 مىليون 500 مىڭ توننىغا يېتىپ، %6.6 ئاشتى؛ قىزىلچا 2 مىليون 927 مىڭ توننا بولۇپ، %17.4 تۆۋەنلىدى؛ ياغلىق دان 601 مىڭ توننا بولۇپ، %0.5 تۆۋەنلىدى؛ قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە 3 مىليون 29 مىڭ توننىغا يېتىپ، %8.2 ئاشتى. چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى خېلى تېز ئاشتى. يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 45 مىليون 247 مىڭ تۇياققا يېتىپ، %2.9 ئاشتى، بىر يىلدا قولدىن چىقىرىلغان چارۋا 24 مىليون 560 مىڭ تۇياققا يېتىپ، %10.4 ئاشتى، ئېلىنغان گۆش 900 مىڭ توننىغا يېتىپ، %10.6؛ قوي يۇڭى 67 مىڭ توننىغا يېتىپ، %2.6؛ كالا سۈتى 725 مىڭ توننىغا يېتىپ، %11.9؛ تۇخۇم 185 مىڭ توننىغا يېتىپ، %11.1؛ سۇ مەھسۇلاتى 60 مىڭ توننىغا يېتىپ، %7.6 ئاشتى. بىر يىلدا 61 مىڭ 800 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىنىپ، %5 ئاشتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 7 مىليارد 460 مىليون يۈەن (بىڭتۈەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) گە يېتىپ، %9.7 ئاشتى، تىجارەت كىرىمى 30 مىليارد 720 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12 ئاشتى، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باج 1 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، %7.4، يارىتىلغان پايدا 1 مىليارد 920 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %16.3 ئاشتى.

سانائەت، قاتناش ئىشلەپچىقىرىشى مۇقىم ئېشىپ، ئۇدا 5 يىل پۈتۈنلەي زىيان تارتىشتەك ۋەزىيەت ئوڭشالدى. بىر يىلدا سانائەت قوشۇلما قىممىتى 42 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %9 ئاشتى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى: بىرىنچى، ئېغىر سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئېشىشى يېنىك سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئېشىشىدىن تېز بولدى. يېنىك سانائەت قوشۇلما قىممىتى 7 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.2، ئېغىر سانائەت قوشۇلما قىممىتى 34 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.9 ئاشتى. ئىككىنچى، خەلقئارا بازارلاردىكى خام نېفىت باھاسىنىڭ ئۆرلىشى ۋە پاختا توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىشىنىڭ جانلىنىشى سەۋەبلىك نېفىت سانائىتى مۇقىم ئاشتى، پاختا توقۇمىچىلىق كەسپىدە بىر قەدەر ياخشى ئېشىش ۋەزىيىتى مەيدانغا كەلدى، باشقا ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ بەزىلىرى ئاشتى، بەزىلىرى كېمەيدى. بىر يىلدا نېفىت 18 مىليون 484 مىڭ توننىغا يېتىپ، %6.3، پىششىقلانغان خام نېفىت 10 مىليون 13 مىڭ توننىغا يېتىپ، %6.8، يىپ 334 مىڭ توننىغا يېتىپ، %13.6، رەخت 280 مىليون مېتىرغا يېتىپ، %2.2، كۆمۈر 27 مىليون 989 مىڭ توننىغا يېتىپ، %0.8، تارقىتىلغان توك 18 مىليارد 300 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، %8.1، چويۇن 1 مىليون 64 مىڭ توننىغا

يېتىپ، 5.1%، پولات 1 مىليون 97 مىڭ توننىغا يېتىپ، 3.9%، پولات ماتېرىيال 1 مىليون 313 مىڭ توننىغا يېتىپ، 11.9%، سېمونت 8 مىليون 957 مىڭ توننىغا يېتىپ، 11.2% ئاشتى، ياغاچ ماتېرىيال 96 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، 59.2%، شېكەر 308 مىڭ توننا بولۇپ، 33.6%، ئىچىملىك، ھاراق 270 مىڭ توننا بولۇپ، 0.2% تۆۋەنلىدى، كونسېرۋا 297 مىڭ توننىغا يېتىپ، 77.8% ئاشتى. ئۈچىنچى، مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 1999 - يىلدىكى بىلەن ئاساسەن تەڭلەشتى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 97.6%كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 94.6%، يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 98.3% بولدى. تۆتىنچى، سانائەت ئىقتىسادىي ئۈنۈمى زور ھەجىمدە ئاشتى. سانائەت ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ئۈنىۋېرسال كۆرسەتكۈچى 147.6%كە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 73.5 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى، تەكشۈرۈلگەن 7 تۈرلۈك ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرسەتكۈچىنىڭ ھەممىسى 1999 - يىلدىكىدىن ياخشى بولدى. بىر يىلدا پايدا ئالغان سانائەت كارخانىلىرىنىڭ پايدا سوممىسى 11 مىليارد 280 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 3.1 ھەسسە ئاشتى، زىيان تارتقان كارخانىلارنىڭ زىيان سوممىسى 1 مىليارد 920 مىليون يۈەن بولۇپ، 21.7% تۆۋەنلىدى، پايدا بىلەن زىيان بالانىس قىلىنغاندىن كېيىنكى ساپ پايدا 9 مىليارد 370 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 27.4 ھەسسە ئاشتى. سانائەت كارخانىلىرىنىڭ پايدا ۋە باج سوممىسى 16 مىليارد 950 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1.6 ھەسسە ئاشتى.

بىر يىلدا تۈرلۈك قاتناش قوراللىرى ئارقىلىق توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 66 مىليارد 90 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 9.6% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريولدا توشۇلغىنى 35 مىليارد 500 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، 16.9%، تاشيولدا توشۇلغىنى 27 مىليارد 290 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، 1%، ئايروپىلاندا توشۇلغىنى 100 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، 11.4%، تۇرۇبىدا توشۇلغىنى 3 مىليارد 200 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، 14.3% ئاشتى. توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 29 مىليارد 280 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، 8.1% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريولدا توشۇلغىنى 9 مىليارد 740 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، 18.9%، تاشيولدا توشۇلغىنى 15 مىليارد 823 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، 0.7%، ئايروپىلاندا توشۇلغىنى 3 مىليارد 720 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، 17% ئاشتى. بىر يىلدا پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 35.4% ئاشتى.

تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ مۇقىم ئاشتى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 61 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 14.5% ئاشتى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى: 1) يەرلىكنىڭ مەبلەغ سېلىشى مەركەزنىڭ مەبلەغ سېلىشىدىن تېز بولدى. يەرلىكنىڭ تۈرلىرىگە سېلىنغان مەبلەغ 32 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 18.8% ئاشتى؛ مەركەزنىڭ تۈرلىرىگە سېلىنغان مەبلەغ 29 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، 9.9% ئاشتى. 2) ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ مۇقىم ئاشتى، سېلىنغان مەبلەغ 38 مىليارد 70 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 14.4% ئاشتى، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 7 مىليارد 590 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 24.2%، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغان مەبلەغ 5 مىليارد 740 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1.5 ھەسسە ئاشتى. ئىقتىسادىي تۈرلەر بويىچە ئايرىغاندا، دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان ئورۇنلار سالغان مەبلەغ 16 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 29.5%، دۆلەت ئىلكىدىكى ئىقتىسادىي ئورۇنلار سالغان مەبلەغ 44 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 9.7% ئاشتى. 4) مەبلەغ سېلىش قۇرۇلمىسى مەلۇم دەرىجىدە تەڭشەلدى. نېفىت سانائىتىگە سېلىنغان مەبلەغ 13 مىليارد 540 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 8.8%، كۆمۈر سانائىتىگە سېلىنغان مەبلەغ 210 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 59.9%، قاتناش، پوچتا - تېلېگراف كەسپىگە سېلىنغان مەبلەغ 8 مىليارد 440 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 32.9% ئاشتى، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىققا سېلىنغان مەبلەغ 3 مىليارد 530 مىليون يۈەن بولۇپ، 29.9%، ئېلېكتر قۇۋۋىتى، گاز ۋە سۇ ئىشلەپچىقىرىش شۇنىڭدەك تەمىنلەشكە سېلىنغان مەبلەغ 4 مىليارد 320 مىليون يۈەن بولۇپ، 3.1% تۆۋەنلىدى. نۇقتىلىق تۈرلەر ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىدى. بىر يىلدا پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان 27 نۇقتىلىق تۈرگە 20 مىليارد 500 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يىللىق پىلاننىڭ 94%ى ئورۇندالدى، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش پىلانلانغان 10 تۈرنىڭ 9ى ئورۇندالدى.

بازارلاردا ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ سېتىلىشى مۇقىم جانلاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 37 مىليارد 450 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 7.8% ئاشتى. بازار ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى: بىرىنچى،

ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى بىر قەدەر تېز بولدى، دۆلەت ئىلكىدىكى كوللېكتىپ ئىگىلىك يەنىلا تۆۋەنلەش يۈزلىنىشىدە تۇردى. خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 78.5%، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 12.5% ئاشتى، دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 4.6%، كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 4.8% تۆۋەنلىدى. ئىككىنچى، شەھەرلەردىكى پارچە سېتىشنىڭ ئېشىشى بىر قەدەر تېز بولدى، يېزىلاردىكى پارچە سېتىش يەنىلا بىر قەدەر تۆۋەن بولدى. شەھەرلەردە ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 9.2%، يېزىلاردا 5.5% ئاشتى. بازاردىكى مال باھاسى داۋاملىق تۆۋەنلىدى، 2000 - يىلى تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھا كۆرسەتكۈچى 1.7%، ئاھالىلەر ئىستېمالىنىڭ باھا كۆرسەتكۈچى 0.6% تۆۋەنلىدى. مال باھاسىنىڭ تۆۋەنلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، يېمەكلىك تۈرىدىكىلەرنىڭ باھاسى ئىچىدە ئاشلىق، ماي، تۇخۇم قاتارلىقلارنىڭ باھاسى زور ھەجىمدە تۆۋەنلەپ كەتتى.

تاشقى سودا داۋاملىق ئاشتى. بىر يىلدا تاموژنا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 2 مىليارد 260 مىليون دوللارغا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 28.2% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليارد 200 مىليون دوللارغا يېتىپ، 17.2%، ئىمپورت سوممىسى 1 مىليارد 60 مىليون دوللارغا يېتىپ، 43.6% ئاشتى، خەلقئارا بازارلاردا پاختا باھاسىنىڭ ئۆرلىشى سەۋەبلىك، پاختا ئېكسپورت مىقدارىنىڭ ئېشىشى ئېكسپورت مىقدارىنىڭ زور ھەجىمدە ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئاساسلىق سەۋەب بولۇپ قالدى. ساياھەتچىلىكتە بىر يىلدا كۈتۈۋېلىنغان خەلقئارا ساياھەتچى 256 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يېتىپ، 14%، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت كىرىمى 94 مىليون 940 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 10.6% ئاشتى. 2000 - يىللىق ئۆرۈمچى يەرمەنكىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى.

مالىيە، پۇل مۇئامىلە ۋەزىيىتى مۇقىم بولدى. تولۇق ستاندارتلىق مالىيە كىرىمى 14 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 22.2% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك مالىيە كىرىمى 9 مىليارد 550 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 28.2% ئاشتى، ئۆزگەرمەس باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە 12.5% ئاشتى. مالىيە چىقىمى 20 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 22.4% ئاشتى، ئۆزگەرمەس باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە 10% ئاشتى. يىل ئاخىرىدا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى تارقاتقان تۈرلۈك قەرز پۇلنىڭ قالدۇقى 140 مىليارد 310 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلنىڭ بېشىدىكىدىن 7 مىليارد 490 مىليون يۈەن كۆپەيدى، يىل ئاخىرىدا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىغا ئامانەت قويۇلغان تۈرلۈك پۇلنىڭ قالدۇقى 186 مىليارد 350 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلنىڭ بېشىدىكىدىن 30 مىليارد 320 مىليون يۈەن كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى 90 مىليارد 850 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 8 مىليارد 390 مىليون يۈەن كۆپەيدى.

شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشى داۋاملىق ياخشىلاندى. بىر يىلدا ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8717 يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 14.5% ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆزىگە تەئەللۇق كىرىمى 5817 يۈەنگە يېتىپ، 7.2%، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 4665 يۈەنگە يېتىپ، 8% ئاشتى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1618 يۈەنگە يېتىپ، 9.8% ئاشتى، ئوتتۇرىچە ئىستېمال خاراكتېرلىك چىقىمى 1237 يۈەن بولۇپ، 3.6% تۆۋەنلىدى. يىل ئاخىرىدا شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 15.3 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 4.5%، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 17.3 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 2.1% ئاشتى.

ژۇ جۈن

## ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەرنىڭ مەملىكەت بويىچە تۇتقان ئورنى

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ مەملىكەت بويىچە تۇتقان ئورنى بەزىلىرىنىڭ ئۆرلىدى، بەزىلىرىنىڭ تۆۋەنلىدى. بىر يىلدا ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 136 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، 1999 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى، ئېشىش سۈرئىتى مەملىكەت بويىچە 24 - ئورۇندا تۇرۇپ، 5 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى.

يېزا ئىگىلىكى بىر يىلدا دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 48 مىليارد 720 مىليون يۈەنگە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 19 - ئورۇندا تۇرۇپ، 1999 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى، ئېشىش سۈرئىتى جەھەتتە 6 - ئورۇندا تۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق 18 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. ئورمانچىلىق 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، 1999 - يىلدىكى بىلەن

تەڭلەشتى. چارۋىچىلىق 20 - ئورۇندا تۇرۇپ، 3 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. بېلىقچىلىق 26 - ئورۇندا تۇرۇپ، 3 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ھوسۇلى جەھەتتە ئاشلىق 8 مىليون 200 مىڭ تونناغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 23 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. پاختا 1 مىليون 500 مىڭ تونناغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە پاختا ھوسۇلىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەپ، پاختىنىڭ ئومۇمىي ھوسۇلى، بىرلىك ھوسۇلى، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ھوسۇلى جەھەتتە يەنىلا مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇننى ساقلاپ قالدى. ياغلىق دان 601 مىڭ توننا بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 13 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى.

سانائەت ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت كارخانىلىرى ۋە مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان كارخانىلارنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 85 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، ئومۇمىي مىقدار جەھەتتە مەملىكەت بويىچە 24 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كارخانىلىرى ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى پاي كونترول كارخانىلىرىنىڭ 76 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 21 - ئورۇندا تۇرۇپ، 4 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. كوللېكتىپ سانائەتنىڭ 2 مىليارد 950 مىليون يۈەنگە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 26 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. يېنىك سانائەت بىلەن ئېغىر سانائەتنى ئايرىپ قارىغاندا: يېنىك سانائەتنىڭ 15 مىليارد 780 مىليون يۈەنگە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 26 - ئورۇندا تۇردى. ئېغىر سانائەتنىڭ 69 مىليارد 220 مىليون يۈەنگە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 20 - ئورۇندا تۇردى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى جەھەتتە، يىپ 334 مىڭ تونناغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 7 - ئورۇندا تۇرۇپ، 1999 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. رەخت 280 مىليون مېتىر بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 24 - ئورۇندا تۇرۇپ، 8 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. بىرىكمە كىر يۇيۇش سۇيۇقلۇقى 8500 تونناغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. تۇز 317 مىڭ 800 توننا بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 15 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى، شېكەر 308 مىڭ توننا بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 5 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. فابرىكا قەغىزى ۋە قەغەز پەنەركە 97 مىڭ تونناغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 21 - ئورۇندا تۇرۇپ، 3 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. پاپىرۇس 105 مىڭ يەشىك بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 28 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى. كونسېرۋا 297 مىڭ تونناغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. ئاق ھاراق 75 مىڭ 400 توننا بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 17 - ئورۇندا تۇرۇپ، 1999 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. پىۋا 186 مىڭ 300 توننا بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 23 - ئورۇندا تۇرۇپ، 1999 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. نېفىت 18 مىليون 484 مىڭ توننا بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 3 - ئورۇندا تۇرۇپ، 1999 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. تارقىتىلغان توك 18 مىليارد 300 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇردى. چويۈن 1 مىليون 64 مىڭ توننا بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، 1999 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. پولات 1 مىليون 97 مىڭ توننا بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، 1999 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. پولات ماتېرىيال 1 مىليون 313 مىڭ توننا بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 24 - ئورۇندا تۇرۇپ، 1999 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. سېمونت 8 مىليون 957 مىڭ تونناغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 20 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. ياغاچ ماتېرىيال 96 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 14 - ئورۇندا تۇرۇپ، بىر ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. گۈڭگۈرت كىسلاتاسى 72 مىڭ توننا بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 27 - ئورۇندا تۇرۇپ، 1999 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. ئويغۇچى ناترىي 51 مىڭ 800 توننا بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، 1999 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. ساپ شۆلتا 73 مىڭ 500 توننا بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 18 - ئورۇندا تۇرۇپ، 1999 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇتقا سۇندۇرۇلغان مىقدارى) 755 مىڭ توننا بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 15 - ئورۇندا تۇرۇپ، 1999 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى.

قاتناش - ترانسپورت، پوچتا - تېلېگراف بىر يىلدا تۈرلۈك قاتناش قوراللىرى ئارقىلىق توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 66 مىليارد 90 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە يۈك ئوبوروت مىقدارىنىڭ %1.52 نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈر يولدا توشۇلغىنى 35 مىليارد 500 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە %2.6 نى؛ تاشيولدا توشۇلغىنى 27 مىليارد 290 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە %4.57 نى؛ ئايروپىلاندا توشۇلغىنى 100 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە %2.06 نى ئىگىلىدى؛ تۇرۇبىدا توشۇلغىنى 3 مىليارد 200 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. بىر يىلدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 29 مىليارد 270 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، مەملىكەت

بويىچە %4.2نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريولدا توشۇلغىنى 9 مىليارد 740 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە %17.2نى؛ تاشيولدا توشۇلغىنى 15 مىليارد 820 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە %4.2نى؛ ئايروپىلاندا توشۇلغىنى 3 مىليارد 720 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە %73.3نى ئىگىلىدى. بىر يىلدا پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە %99.0نى ئىگىلىدى.

**تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ۋە بىناكارلىق** بىر يىلدا تۇراقلىق مۈلۈككە 61 مىليارد 200 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، مەملىكەت بويىچە %88.1نى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە 15 - ئورۇنغا ئۆتۈپ، 6 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 38 مىليارد 70 مىليون يۈەنگە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە %88.2نى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە 10 - ئورۇنغا ئۆتۈپ، 3 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى؛ يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 7 مىليارد 590 مىليون يۈەنگە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە %49.1نى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە 24 - ئورۇنغا ئۆتۈپ، 3 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. بىر يىلدا بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 21 مىليارد 390 مىليون يۈەنگە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە %82.1نى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە 21 - ئورۇندا تۇردى. ئىش باشلانغان ئۆي كۆلىمى 21 مىليون 732 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 20 - ئورۇندا تۇردى، پۈتكەن ئۆي كۆلىمى 11 مىليون 841 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 19 - ئورۇندا تۇردى.

**سودا ۋە باھا** بىر يىلدا ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 37 مىليارد 450 مىليون يۈەنگە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، 1999 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى %1.7 تۆۋەنلەپ، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 0.2 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەن بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 21 - ئورۇندا تۇرۇپ (يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ھېسابلىغاندا)، 6 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. ئاھالىلەر ئىستېمال بۇيۇملىرى باھاسى %0.6 تۆۋەنلەپ، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن بىر پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەن بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇنغا ئۆتۈپ، 5 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى.

**تاشقى سودا** بىر يىلدا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 2 مىليارد 260 مىليون دوللارغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 17 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليارد 200 مىليون دوللار بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 21 - ئورۇندا تۇرۇپ، 3 ئورۇن كەينىگە سۈرۈلدى؛ ئىمپورت سوممىسى 1 مىليارد 60 مىليون دوللارغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 17 - ئورۇندا تۇرۇپ، 1999 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى.

**خەلق تۇرمۇشى** ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆزىگە تەئەللۇق كىرىمى 5817 يۈەنگە يېتىپ، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 463 يۈەن تۆۋەن بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 15 - ئورۇندا تۇرۇپ، 2 ئورۇن ئالدىغا سۈرۈلدى. يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1618 يۈەنگە يېتىپ، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 635 يۈەن تۆۋەن بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 25 - ئورۇندا تۇرۇپ، 1999 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى.

ۋۇ جۈن

## ئىگىلىكنى رەتكە تۇرغۇزۇپ باھالاش ئەھۋالى

شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ يىللىق مەلۇمات ماتېرىيالىغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ 2000 - يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئىگىلىكىدىن ئالدىنقى 10نى رەتكە تۇرغۇزۇپ باھالاش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئالدىنقى 10 - گىچە بولغان ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ تەرتىپى مۇنداق: قاراماي شەھىرى (42 مىڭ 498 يۈەن)، ئۈرۈمچى شەھىرى (15 مىڭ 426 يۈەن)، بايىنغولىن ئوبلاستى (12 مىڭ 874 يۈەن)، تۇرپان ۋىلايىتى (10 مىڭ 912 يۈەن)، شىخەنزە شەھىرى (9066 يۈەن)، سانجى ئوبلاستى (7580 يۈەن)، قۇمۇل ۋىلايىتى (6894 يۈەن)، تارباغاتاي ۋىلايىتى (6703 يۈەن)، ئالتاي ۋىلايىتى (5345 يۈەن)، بورتالا ئوبلاستى (5446 يۈەن).

كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئالدىنقى 10 - گىچە بولغان ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلەرنىڭ تەرتىپى: كورلا شەھىرى (28 مىڭ 810 يۈەن)، فۇكاڭ شەھىرى (10 مىڭ 301 يۈەن)، كۈيتۇڭ شەھىرى (9785 يۈەن)، مىچۈەن شەھىرى (8275 يۈەن)، (سانجى شەھىرى 8057 يۈەن)، قۇمۇل شەھىرى (7971 يۈەن)، چۆچەك شەھىرى (7590 يۈەن)، ئاقسۇ شەھىرى (7318 يۈەن)، شىخو شەھىرى (7316 يۈەن)، بورتالا شەھىرى (5734 يۈەن).

كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ئىچكى

ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئالدىنقى 10 - ئىچىگە بولغان ناھىيىلەرنىڭ تەرتىپى مۇنداق: پىچان ناھىيىسى (20 مىلڭ 565 يۈەن)، ماناس ناھىيىسى (10 مىڭ 658 يۈەن)، ئۈرۈمچى ناھىيىسى (9932 يۈەن)، ساۋەن ناھىيىسى (7057 يۈەن)، قۇتۇبى ناھىيىسى (7668 يۈەن)، چاقىلىق ناھىيىسى (6772 يۈەن)، جىمسار ناھىيىسى (6733 يۈەن)، لوپنۇر ناھىيىسى (6584 يۈەن)، دۆربىلجىن ناھىيىسى (6234 يۈەن)، كۆكتوقاي ناھىيىسى (6106 يۈەن).

ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ تەرتىپىدىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى ماكان جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ھالدا يەنىلا شىمالنىڭ يۇقىرى، جەنۇبنىڭ تۆۋەن بولۇشقا قاراپ يۈزلەنگەن، ئالدىنقى 10 - ئىچىگە بولغانلار ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىن پەقەت بايىنغولىن ئوبلاستىلا بار. ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىدا روشەن پەرق ۋە ئىنتايىن تەڭپۇڭسىزلىق ساقلانغان، 1 - لىك بىلەن ئەڭ ئاخىرقىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق 37 مىڭ 52 يۈەن بولغان.

شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرتىپىدىن قارىغاندا، شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىر قەدەر يۇقىرى بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 19 شەھەرنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ %58ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. بۇ شەھەرلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئومۇمىيۈزلۈك ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە قاراماي، كورلا، ئۈرۈمچى، فۇكاڭ، كۇيتۇڭ، شىخەنزە، مىچۈەن، سانجى، چۆچەك، ئاقسۇدىن ئىبارەت 10 شەھەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 7000 يۈەندىن ئاشتى. شىمالىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ۋە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى روشەن ھالدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنىڭكىدىن يۇقىرى بولدى، ئالدىنقى 10 - ئىچىگە بولغان شەھەرلەر ئىچىدە شىمالىي شىنجاڭدىكى شەھەر 7. يۇقىرىقىدەك ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب: شىمالىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەر ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك شارائىتقا ئىگە، ھەرخىل ئاساس شارائىتلىرى بىر قەدەر ياخشى، كەسىپ قۇرۇلمىسى خېلى مۇۋاپىق، 2 -، 3 - كەسىپلەر خېلى تەرەققىي قىلغان.

ناھىيە دەرىجىلىك ئىقتىسادنى رەتكە تىزىش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ناھىيە دەرىجىلىك ئىقتىساد روشەن ھالدا تېز تەرەققىي قىلغان، شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى بىلەن بولغان پەرق تەدرىجىي كىچىكلىگەن. ئەمما ناھىيە دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىدە رايونلار ئارا پەرق يەنىلا ناھايىتى چوڭ، يۇنىڭدىمۇ شىمالنىڭ يۇقىرى، جەنۇبنىڭ تۆۋەن بولۇشقا قاراپ يۈزلەنگەن. ئاپتونوم رايون بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى جەھەتتە پىچان ناھىيىسىنىڭ شىمالىي شىنجاڭ بويىچە ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، 20 مىڭ 565 يۈەندىن ئاشتى، ئەمما جەنۇبىي شىنجاڭدا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئەڭ تۆۋەن ناھىيىلەرنىڭ 1500 يۈەنگىمۇ يەتمىدى. ئالدىنقى 10 - ئىچىگە بولغان ناھىيىلەر ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكىسى ئاران 3. بۇ خىل ۋەزىيەتنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ناھىيە دەرىجىلىك ئىقتىسادنىڭ ئاساسىي شارائىتى ناچار، قوشۇلما قىممىتى يۇقىرى، تۈۋرۈك كەسىپ كەمچىل، كەسىپ قۇرۇلمىسى بىرلا خىل، 2 -، 3 - كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى بەكلا ئارقىدا قالغان.

جۇ دۆڭۋېي

## نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن 26 نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى، بۇ تۈرلەرگە 20 مىليارد 518 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يىللىق پىلاننىڭ %94ى ئورۇندالدى، دېمەك يىل بېشىدا بېكىتىلگەن قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالدى.

يىل ئاخىرىغىچە پۈتۈنلەي ئىشقا كىرىشتۈرۈش پىلانلانغان 10 تۈر ئىچىدە ئۆلۈغئاتا توگۇنلۇك سۇچىلىق قۇرۇلۇشى، شىنجاڭ پاختا بازىسى، تارىم يېڭى ھۇنەر - سەنئەت كۆمۈر تاياقچىسى تۈرى، ئۈرۈمچى — كۇيتۇڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى قۇرۇلۇشى، قەشقەر تەۋەسىدىن ئۆتىدىغان تاشيول قۇرۇلۇشى، جەنۇبىي شىنجاڭ ئايلانما يول ئوپتىكىلىق سىغول لىنىيە قۇرۇلۇشى، شىنجاڭ تارماق لىنىيە ئايرودروملىرى ئۈچۈش رايونىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى (ئالتاي ئايرودرومى، چەرچەن ئايرودرومى ۋە كۇچا ئايرودرومى)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى «211» قۇرۇلۇشىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت 9 تۈر پۈتكۈزۈلۈپ، ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، داۋانچىڭ شامال ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 3 - قارارلىق كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى جەھەتتە ئىمپورت قىلىنىدىغان ئۈسكۈنىلەر دېڭىز نەقلىياتى توپەيلىدىن زىيانغا

ئۆچراپ، قۇرۇلۇش ئېغىر دەرىجىدە تەسىرگە ئۇچرىغانلىقـ ىتىن، قۇرۇلۇش كېچىكىپ 2001 ـ يىلى ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدىغان بولدى. 9 يەككە تۈردە ۋە قىسمەن ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن تۈرلەردە يىل بېشىدا بېكىتىلگەن قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالدى، بۇنىڭ ئىچىدە تارىم يېزا ئىگىلىكىدە سۇغىرىش، سۇ چىقىرىۋېتىش ۋە مۇھىت ئاسراش 2 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشىدا 3000 گېكتار بوزيەر ئېچىش، 9000 گېكتار تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. خوشگىيەنچى 2 ـ توك تارقىتىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 1 ـ نومۇرلۇق گېنېراتورلار گورۇپپىسى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، 2 ـ نومۇرلۇق گېنېراتورلار گورۇپپىسىمۇ تورلاشتۇرۇلۇپ توك تارقىتىلدى. شىنجاڭ يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىدا 110 كىلوۋولت ئامپېرلىق ترانسفورماتور پونكىتىدىن 13ى، 35 كىلوۋولت ئامپېرلىق ترانسفورماتور پونكىتىدىن 60ى قۇرۇلدى، 2118.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 110 كىلوۋولتلۇق ۋە 35 كىلوۋولتلۇق توك يوللاش سىمى تارتىلدى؛ ئاقسۇ تەۋەسىدىن ئۆتىدىغان تاشيول قۇرۇلۇشىنىڭ شىمالىي لىنىيىسى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى؛ كورلا تەبىئىي گاز قۇرۇلۇشىدا 72.66 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئائىلىلەرگە گاز تورۇبىسى ياتقۇزۇلۇپ، 15 مىڭ 20 ئائىلىگە گاز كىرگۈزۈلدى. شىنجاڭ نېفىتلىكى، تارىم نېفىتلىكى، تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىكى، غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار نېفىتلىك تەكشۈرۈش ۋە ئېچىشتا يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، خام نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 3 مىليون 710 مىڭ توننا ئاشتى، بولۇپمۇ تارىم ئويمانلىقىدىكى تەبىئىي گازنى تەكشۈرۈش، ئېچىش جەھەتتە زور ئىلگىرىلەش بولدى. «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشىنىڭ دەسلەپكى قارارلىق قۇرۇلۇشىدا يىلىغا 12 مىليارد كۇب مېتىر تەبىئىي گاز بايلىقىنى يەتكۈزۈش ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. باشقا داۋاملاشتۇرۇلۇۋاتقان 5 تۈر ئىچىدە يەنجى سىپۇلۇن چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئىنچىكە، ئۆلتىرا ئىنچىكە ترىلېن يىپىكى ۋە مەھسۇلاتلارنى كەسپلەشتۈرۈش ئۆلگە قۇرۇلۇشى بانكىدىن ئېلىنىدىغان قەرزنىڭ ئەمەلىيلەشمەسلىكى سەۋەبىدىن توختاپ قالغاندىن سىرت، قالغان 4 تۈردە يىللىق پىلاندىكى نىشان ئىشقا ئاشۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە پوسكام نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ خىمىيۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش سېخىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىدا بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىنىپ، 2001 ـ يىلى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش پىلانلاندى؛ ئۈرۈمچى شىدۇنزى تېغى سۇ زاۋۇتىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنىڭ تۇپا قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى، ئۈسكۈنىلەرنى قۇراشتۇرۇش خىزمىتى ئىشلىنىۋاتىدۇ، ئۈرۈمچى ئايرودرومىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىدا ئايروپىلان كۆتۈش بىناسىنىڭ سىرتىنى بېزەش ئاخىرقى باسقۇچقا كىردى؛ دۆلەت يولى 218 ـ لىنىيىسىنىڭ لوپنۇر — تىكەنلىك بۆلىكىدىمۇ يىللىق پىلان ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالدى. ئۈرۈمچى تاشقى ئايلانما يولى، چۆچەك، تېمىرتام ئېلېكتر ئىستانسىسىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، جەنۇبىي شىنجاڭ ئايلانما يول ئوپتىكىلىق غول لىنىيىسى قۇرۇلۇشىدا پىلان بويىچە ئىش باشلاندى.

نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ يېڭىدىن ئاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ ئاساسلىقلىرى مۇنۇلار: ئېچىلغان بوزيەر 13 مىڭ 600 گېكتار، ئۆزگەرتىلگەن تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز 137 مىڭ گېكتار، گېنېراتورلارنىڭ سىغىمچانلىقى 492 مىڭ 500 كىلوۋات، خام نېفىت ئېلىش ئىقتىدارى 3 مىليون 710 مىڭ توننا، يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول 216.47 كىلومېتىر، 1 ـ دەرىجىلىك تاشيول 67.3 كىلومېتىر، خەۋەرلىشىش ئوپتىك كابېلى 934 كىلومېتىر، يېڭىدىن كۆپەيگەن خەۋەرلىشىش توك يولى 60 مىڭ، تەبىئىي گاز ئىشلەتكەن ئائىلە 20 مىڭ، كۆمۈر تاپاقچىسى 15 مىڭ توننا.

ياڭ يىبو

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشى

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئاپتونوم ئوبلاست 5 | ۋىلايەت 8 | ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەر 2 | ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر 17 |
| ناھىيە 62 | ئاپتونوم ناھىيە 6 | شەھەرگە قاراشلىق رايون 11 | رايونلۇق مەھكىمە 11 |
| يېزا 660 (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي يېزا 43) | بازار 196 | مەھەللە ئىش باشقارمىسى 125 | |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە، رايون ناملىرى | | | قاراشلىق بازار، يېزا، مەھەللە ئىش باشقارمىسى، رايونلۇق مەھكىمە |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | | «تەڭرىتاغ» رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: قارلىغاچلىق، «غالىبىيەت» كوچىسى، «ئىتتىپاق» كوچىسى، جەنۇبىي «ئازادلىق» كوچىسى، «تىنچلىق» كوچىسى، شىمالىي «ئازادلىق» كوچىسى، دۆڭمەن، شىمالىي «شىنخۇا» كوچىسى، جەنۇبىي «شىنخۇا» كوچىسى، باشلار كوچىسى، ئۇلانباي، «بەخت» كوچىسى، شور بۇلاق، «يەنئەن» كوچىسى |
| | | سايباغ رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «جاڭجيالىڭ» كوچىسى، خوتەنگەي، «ياڭزىجيالىڭ» كوچىسى، جەنۇبىي «دوستلۇق» كوچىسى، «1 - ئاۋغۇست» كوچىسى، لۇيەنگەي، شىمەن، ياماللىق تېغى، شىمالىي «دوستلۇق» كوچىسى، خۇڭمياۋزى |
| | | تۇدۇڭخابا رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: تۇدۇڭخابا، غەربىي پويىز ئىستانسىسى، «ئۈرۈمچى - سانجى» كوچىسى، ۋاڭجياگۇ |
| | | شىمىگو رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: شىمىگو، ليۇداۋان، ۋېيخۇلىيالىڭ، «يېڭى خەلق» كوچىسى، باداۋان، يەكەنكۆل |
| | | يېڭىشەھەر رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «بېيجىڭ» كوچىسى، ئەرگۇڭ، سەنگۇڭ، يېڭى نېفىت كەنتى، «مېھمان كۈتۈش» كوچىسى، شىمالىي ۋوگزال، شەرقىي «قەشقەر» كوچىسى، ئۈرۈمچى ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى |
| | | نەنشەن كان رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: ئۇۋرغول، شىڭخو، دۇڭفبالىڭ |
| | | دۇڭشەن رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: كازىۋەن، دىبالىڭ، نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى؛ يېزا: لۇساۋگۇ |
| | | ئۈرۈمچى ناھىيىسى | بازار: داۋانچىڭ، ئەنەنچۇ؛ يېزىلار: دۇڭگۇ، شىگۇ، ئاقسۇ، داۋان، چىداۋان، ئەرگۇڭ، دىۋوپۇ، چىڭگېداغۇ، سىشىخۇ، لىيۇشىخۇ، سارداۋان، يۇڭفبالىڭ، گەنگۇ، شياۋچۇزى، بەنفاڭگۇ، شۇيشىگۇ، سەيۋوپۇ، تولى |
| قاراماي شەھىرى | | مايتاغ رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: شىمالىي كەنت |
| | | قاراماي رايونى | يېزا: شۆگەي؛ مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «تەڭرىتاغ» كوچىسى، «غالىبىيەت» كوچىسى، «55» يېڭى بازىرى، «جىنلۇڭ» بازىرى، «كۇئىنلۇن» كوچىسى، «سامايولى» كوچىسى |
| | | جەرەنبۇلاق رايونى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «جۇڭشىلىڭ» كوچىسى، «سەنپىڭ» كوچىسى |
| | | ئورقۇ رايونى | يېزا: ئورقۇ؛ مەھەللە ئىش باشقارمىسى: ئاقبۇلاق؛ |
| شىخەنزە شەھىرى | | | بازار: بېيچۈەن؛ يېزا: شىخەنزە مەھەللە ئىش باشقارمىسى: يېڭىشەھەر، شياڭيالىڭ، خۇڭشەن، كونا بازار، شەرقىي بازار |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | | كۈيتۇڭ شەھىرى | مەھەللە ئىش باشقارمىسى: شەرقىي «ئۈرۈمچى» كوچىسى، «ئىتتىپاق» كوچىسى، «بېيجىڭ» كوچىسى، غەربىي «ئۈرۈمچى» كوچىسى، پويىز ئىستانسىسى؛ يېزا: كەيگەنچى |
| | ئىلى ۋىلايىتى | غۇلجا شەھىرى | بازار: باياندايى؛ يېزىلار: خەنبىڭ، تاشكۆۋرۈك، قارادۆڭ، كېپەكيۈزى، توغراق، يېڭىيەر؛ مەھەللە ئىش باشقارمىسى: سايبويى، چوڭ كۆۋرۈك، دۆڭمەھەللە، ھەرەمباغ، دۆلەتباغ، قازانچى، «ئازادلىق» كوچىسى، «ئىلى دەرياسى» كوچىسى |
| | | غۇلجا ناھىيىسى | بازار: جىلىلىيۈزى، دۆڭمازار؛ يېزىلار: دادامتۇ، پەنجىم، تۇرپانيۈزى، خۇدىيارىيۈزى، ۋۇگۇڭ، سادىقيۈزى، چۆلۈقاي، ئونيار، مازار، قاش، سامىيۈزى، ئۇيغۇر ئۆچۈن، بايتوقاي، يېڭىتام، ئارائۆستەڭ، قاراياغاچ، ئەۋلىيا، ئۆچۈن خۇيزۇ يېزىسى |
| | | قورغاس ناھىيىسى | بازار: سۇيدۇڭ، چىڭسخوزا، لۇسىگۇڭ؛ يېزىلار: لەڭگەر، ساندۇخوزا، سارىبۇلاق، كۈرە، داشىگۇر، ئىچىكاشەن شىبە يېزىسى، سەنگۇڭ خۇيزۇ يېزىسى |
| | | نىلقا ناھىيىسى | بازار: نىلقا؛ يېزىلار: سوپىتاي، قاراسۇ، ياقا ئۇلاستاي، نىلقا ئۆزەن، ئۇلاستاي، كېلەڭ، قاراتۆپە، قوجۇرتاي، مىس، كۆكخوتغور موڭغۇل يېزىسى |
| | | موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى | بازار: موڭغۇلكۈرە؛ يېزىلار: خونۇقاي، ئاقدالا، ئۆزۈنبۇلاق، قاشايار، سارقۇبۇ، قاراسۇ، چاغان ئۇسۇ موڭغۇل يېزىسى، شوتا قىرغىز يېزىسى، خوسۇمتوخارسۇن موڭغۇل يېزىسى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | | تېكەس ناھىيىسى | بازار: تېكەس؛ يېزىلار: كۆكسۇ، چىلىۋزەك، چولاقتېرەك، قارادالا، قاراتوقاي، خوجىرتى موڭغۇل يېزىسى، كۆكتېرەك قىرغىز يېزىسى |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | | توققۇزتارا ناھىيىسى | بازار: توققۇزتارا؛ يېزىلار: مۇخۇر، جىرغىلاڭ، ئاغارسىن، دۆڭمەھەللە، تاشتۆپە، ئىككىبىرىق، ئاقتۆبەك |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | | كۈنەس ناھىيىسى | بازار: كۈنەس، ئارالتۆپە، ئالدى، نارات؛ يېزىلار: كەڭسۇ، قارابۇرا، ئالمالى، تورگىن |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | | چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى | بازار: چاپچال، ئايشىنسىرى؛ يېزىلار: سۈنجاچىنسىرۇ، ناداچىنسىرۇ، جاقۇچىنسىرۇ، كان يېزىسى، فومۇنچى، قايىنۇق، جافىستاي، چوڭ بۇغرا، دۈيچىنسىرۇ، چوقۇر، ئاشلىقبۇلاق خۇيزۇ يېزىسى |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | تارباغاتاي ۋىلايىتى | چۆچەك شەھىرى | بازار: ئەرگۆلەڭ؛ يېزىلار: ئېمىل، قاراقاباق، چاشا، ئابدىرا، ئاشلى داغۇر يېزىسى؛ مەھەللە ئىش باشقارمىسى: تىنچلىق، دۆبىلەك، يېڭىشەھەر |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | تارباغاتاي ۋىلايىتى | شىخو شەھىرى | بازار: خانئوبۇغ، بەيياڭگو، خۇاڭگۇلەڭ، چېبېيزە، گۇرتى، گەنخوزا، بەيجۈەن، شىخو، چىگىشور، شىداگو، تاشكۆۋرۈك؛ يېزىلار: باشىسخو، جۇجيەنلو، جاخوزا، تۇتەي، جىرگىلتى موڭغۇل يېزىسى، ئابىلغان موڭغۇل يېزىسى؛ مەھەللە ئىش باشقارمىسى: يېڭىشەھەر رايونى، جەنۇبىي باغ، شىچېڭ، قىزىلكۆۋرۈك، كۆيتۈڭ دەرياسى |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | تارباغاتاي ۋىلايىتى | دۆربىلجىن ناھىيىسى | بازار: دۆربىلجىن؛ يېزىلار: شەھەر ئەتراپى، شاڭخۇ، ئۈچ قاراسۇ، قارا ئېمىل، جېلشاغاش، مارالسۇ، گۇرتى، كۇرە، ئېمىلغولىن موڭغۇل يېزىسى، خۇجىرتى موڭغۇل يېزىسى |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | تارباغاتاي ۋىلايىتى | چاغانتوقاي ناھىيىسى | بازار: قارابۇرا؛ يېزىلار: قارابۇرا، جاڭجەر، جىيەك، ئالتۇن ئېمىل، جېگىس |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | تارباغاتاي ۋىلايىتى | تولى ناھىيىسى | بازار: تولى، تېمىرتام، ئۈت؛ يېزىلار: دولاتى، ئاقبىلدىۋ، كۆب، ئۆرشۇلت |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | تارباغاتاي ۋىلايىتى | ساۋەن ناھىيىسى | بازار: ساندۈخوزا، يەنسخەي، ئۇلانئۇس، سىداۋخوزا، دۇڭۋەن، شىگوبى، كوناساۋەن، ليۇماۋۋەن، قورغاس؛ يېزىلار: داچۈەن، بورتۇڭگى، شاڭخودى |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | تارباغاتاي ۋىلايىتى | قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى | بازار: قوبۇقسار، قوشتولغاي؛ يېزىلار: شازغەت، تېبكىن ئۇسان، چاغانكۆل، بايىن ئوبا، مۆڭگى |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | ئالتاي ۋىلايىتى | ئالتاي شەھىرى | بازار: بېيتون، ئاۋيىتان، خوڭدۇلەڭ؛ يېزىلار: شېمىرشېك، ئالاقاق، قاراشىلىك، سارخولسۇن، باللباغاي، شېرىكشى، راستەي، قانداغايتى موڭغۇل يېزىسى؛ مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «ئالتۇنتاغ» كوچىسى، «ئازادلىق» كوچىسى، «ئىتتىپاق» كوچىسى |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | ئالتاي ۋىلايىتى | قابا ناھىيىسى | بازار: ئاقچى؛ يېزىلار: سارتام، جايىلما، ساربۇلاق، تېرەكتى، كۆلباي، چىبار |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | ئالتاي ۋىلايىتى | بۇرچىن ناھىيىسى | بازار: بۇرچىن؛ يېزىلار: ئويماق، دۆۋلەيتى، قۇسىنىق، چوڭقۇر، ئېگىزتۆپە، قۇمقاناس موڭغۇل يېزىسى |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | ئالتاي ۋىلايىتى | جېمىنەي ناھىيىسى | بازار: توپتېرەك، جېمىنەي؛ يېزىلار: توپتېرەك، توست، شالشىقاي، قارجاۋ، بەستېرەك |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | ئالتاي ۋىلايىتى | بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى | بازار: بۇرۇلتوقاي؛ يېزىلار: جېنتارال، كۆكتاغاش، شىخانجىيەن، قارامغاي، ئاردا |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | ئالتاي ۋىلايىتى | كۆكتوقاي ناھىيىسى | بازار: قۇيىرتىش، كۆكتوقاي؛ يېزىلار: تۆرغۇن، قاراتۇڭكى، كۇرتى، قارابۇلغىن، دۇرى، تېمېكى |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | ئالتاي ۋىلايىتى | چىڭگىل ناھىيىسى | بازار: چىڭگىل، تايكېشكېن؛ يېزىلار: چاغانغول، سارتوقاي، ئارال، ئاغاشتوبا، ئارالتۆپە |
| بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | | بورتالا شەھىرى | بازار: شويىگيەن، دالتۇ، ئوتبۇلاق؛ يېزىلار: چىندېل، بىلىن خارمۇدۇن؛ مەھەللە ئىش باشقارمىسى: چىندېل، گۈلۈمتۇ، كىرگىنزو |
| بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | | جىڭ ناھىيىسى | بازار: جىڭ، داخېيەنزە؛ يېزىلار: ماندانبۇلاق، تولى، تودوگ |
| بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | | ئارشاڭ ناھىيىسى | بازار: بۆگدۆر، خاربۇغ؛ يېزىلار: ئاڭگىلىك، چاغانتۇڭگى، تاشۇ، زالمۇت |
| سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى | | سانجى شەھىرى | بازار: ليۇخۇاڭگو، يۇشۇگۇ، سەنگۇڭ، ليۇگۇڭ؛ يېزىلار: ئەرليۇگۇڭ، داشىجۇ، دەنبا، بىنخۇ، مياۋئېرگو، ئاشلىق قازاق يېزىسى؛ مەھەللە ئىش باشقارمىسى: كونا شەھەر، شىمالىي «يەنئەن» كوچىسى، جەنۇبىي «يەنئەن» كوچىسى، شەھەر ئەتراپى رايونى |
| سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى | | مىچۈەن شەھىرى | بازار: گۇمۇدى، تېبچاڭگو، چاڭسەنزە، سەندوبا، ياڭماۋگۇڭ؛ يېزىلار: تېرەكلىك قازاق يېزىسى؛ مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «دوستلۇق» كوچىسى، غەربىي «گۇمۇدى» كوچىسى، شەرقىي «گۇمۇدى» كوچىسى |
| سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى | | فۇكاڭ شەھىرى | بازار: گەنخېزا، جيۇيۈنگەي، زىنجۇەنزە، بازار؛ يېزىلار: شىمگو، سەنگۇڭخې قازاق يېزىسى، ئاققول قازاق يېزىسى؛ مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «يېڭى فۇكاڭ» كوچىسى، «بوغدا» كوچىسى، شەرقىي «جۇڭغار» كوچىسى |
| سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى | | ماناس ناھىيىسى | بازار: ماناس، لوتۇيى، باۋجيادەن، لياڭجۇغۇ، ليۇخۇدى، بەيۇۋچا؛ يېزىلار: تۇگۇڭ، گۇاڭدۇڭدى، لەنجۇۋەن، چىندىخوزا قازاق يېزىسى، تاسىرقاي قازاق يېزىسى، خەنكازىتەن قازاق يېزىسى |
| سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى | | قۇتۇبى ناھىيىسى | بازار: قۇتۇبى، دافېڭ، چۆرىكۆل، ئەرشىلىدەن، يۈەنخۇسۇن؛ يېزىلار: ۋۇگۇڭتەي، تاشپەلەمپەي قازاق يېزىسى، قاراتۆپە قازاق يېزىسى |
| سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى | | جىمسار ناھىيىسى | بازار: جىمسار، سەنتەي، چۈەنزىگەي؛ يېزىلار: ئەرگۇڭ، بېيتىڭ، لاۋتەي، چىڭياڭخۇ، شىندى، دايۇ |
| سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى | | گۇچۇڭ ناھىيىسى | بازار: گۇچۇڭ، لاۋچىتەي، بەنجيېگۇ، جېبكى، دۇڭۋەن، شىدى؛ يېزىلار: بىليۇخې، شىبېۋەن، كارىز، گۇچۇڭ، چىخو، سەنگىجاڭزا، ۋۇماچاڭ قازاق يېزىسى، چورىن قازاق يېزىسى، داچۈەن تاتار يېزىسى |
| سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى | | مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | بازار: مورى، شىجىر، دۇڭچېڭ؛ يېزىلار: ئىنگىنبۇلاق، جاۋبىسەن، شىنخو، چۆرىن، بەيياڭخې، چوقپارتاش، بوستان، دانەنگو ئۆزبېك يېزىسى |

| | | |
|---|---|---|
| تۇرپان ۋىلايىتى | تۇرپان شەھىرى | بازار: چىچان، داشىيەن؛ يېزىلار: يار، ئاستانە، قاراغوجا، ئايدىڭكۆل، چاتقال، سىڭگىم، ئۈزۈمچىلىك؛ مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «كونا شەھەر» كوچىسى، «ئىدىقۇت» كوچىسى |
| | توقسۇن ناھىيىسى | بازار: توقسۇن، كۇمۇش، كۆجەي؛ يېزىلار: شاھ يېزىسى، غولبۇيى، ئىلانلىق، بوستان |
| | پىچان ناھىيىسى | بازار: پىچان، لۈكچۈن، پىچان يويىز ئىستانسىسى، چىقتىم، لەمجىن؛ يېزىلار: پىچان، دالانكارىز، دىغار، تۇيۇق، دۆڭبازار خۇيزۇ يېزىسى |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | قۇمۇل شەھىرى | بازار: يامانسۇ، يەتتە قۇدۇق، ئارابۇلتۇز، ئاستانە؛ يېزىلار: تاشۆيلىق، تەڭرىتاغ، قوشقۇدۇق، بولۇڭتوغراق، پالۋانتۇر، شەھەر ئىچى، راھەتباغ، بوغاز، قارادۆۋە، غەربىي تاغ، ئاقتاش، شەھەر ئەتراپى، ئىدىر، دەۋلەدۈرۈك قازاق يېزىسى، ئۇلاتاي قازاق يېزىسى؛ مەھەللە ئىش باشقارمىسى: شەرقىي ئۆستەڭ رايونى، غەربىي ئۆستەڭ رايونى، يېڭىشەھەر رايونى |
| | ئاراتۈرۈك ناھىيىسى | بازار: ئاراتۈرۈك؛ يېزىلار: نوم، ئاداق، باي، تۈركۆل، توغۇلۇ، نېرىنكىر قازاق يېزىسى |
| | بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | بازار: بارىكۆل، بۆرچۈنچى؛ يېزىلار: سارچۇقا، كۆلياقا، شيالوبا، داخې، كۈيسۇ، شىرىنزا، خۇايۇەن، سەنتاڭخۇ، چولڭ قۇلۇنچەرى، باچاڭزى |
| بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | كورلا شەھىرى | بازار: تاشدەن، شاڭخۇ؛ يېزىلار: يېڭىشەھەر، تىكىچى، چارباغ، يۇخۇي، ئاۋات، توۋۇرچى، قوشئېرىق، قارا يۇلغۇن، لەڭگەر؛ مەھەللە ئىش باشقارمىسى: سايباغ، قۇرۇلۇش، «تەڭرىتاغ»، يېڭىشەھەر، ئىتتىپاق |
| | خېجىڭ ناھىيىسى | رايونلۇق مەھكىمە: بايىنبۇلاق؛ بازار: خېجىڭ، بالغۇنتاي، بارۇن خارمۇدۇن؛ يېزىلار: نەيمىنمودۇن، شەلمىربوخ، خارمۇدۇن، كىرغوت، ئالغۇ، ئۇلجىبىتۇل، باياغول، بايانتول، كۈنگۈسىنغول |
| | خوشۇت ناھىيىسى | بازار: تېۋىلغا؛ يېزىلار: چۇقۇ، تاغارچى، سۇغاتۇ، نەرىنكىر، شىنتاران، ئۇششاق تال خۇيزۇ يېزىسى |
| | باغراش ناھىيىسى | بازار: باغراش؛ يېزىلار: تابانچۇكۈن، بۇمبوت، ئۇلانجىبكىسىن، چاغانتۇر، چىكسىنتۇر، باغراش |
| | بۈگۈر ناھىيىسى | بازار: بۈگۈر، جەنۇبىي بۈگۈر، چۇمپاق، يېڭىسار؛ يېزىلار: دادولان، قاراباغ، ئاقبۇلاق، چېدىر، سوغۇ، تارلاق، تېرەك بازار، ئەشمە |
| | لوپنۇر ناھىيىسى | بازار: لوپنۇر، شىنىغا؛ يېزىلار: تارىم، شىگىڭ، «ئىتتىپاق»، دۆڭقوتان، قارچۇغا، ئاقسوپى، گۈلباغ |
| | چاقىلىق ناھىيىسى | رايونلۇق مەھكىمە: چىمەن؛ بازار: چاقىلىق، يىتىمبۇلاق؛ يېزىلار: تىكەنلىك، ئۇتام، ۋاششەرى، تۆمۈرلۈك، چىمەنباغ |
| | چەرچەن ناھىيىسى | رايونلۇق مەھكىمە: ئاچچان؛ بازار: چەرچەن؛ يېزىلار: ئارال، چوڭكۆل، توغراقلىق، باغئېرىق، يېڭىئۆستەڭ، ئاق تىكەندۆڭ، قوشساتما، ئاتىراڭ، ئاچچان، قورامىلىق، كويبايلاق |
| | يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | بازار: قاراشەھەر، شىكشىن، يۇڭنىڭ؛ يېزىلار: بېيداچۇ، ۋۇخاۋچۇ، دەنزىل، بورقاي، چاغانچېكە |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | ئاقسۇ شەھىرى | بازار: قاراتال، ئايكۆل؛ يېزىلار: ئىگەچى، بەشتوگمەن، توپلۇق، قۇمباش، توقاي؛ مەھەللە ئىش باشقارمىسى: لەڭگەر، يېڭىبازار، قىزىلكۆۋرۈك، يېڭىشەھەر، جەنۇبىي شەھەر |
| | ئونسۇ ناھىيىسى | بازار: ئونسۇ، تۇمشۇق؛ يېزىلار: توخولا، ئارال، چاغراق، جام، ئىشلەمچى، قىزىل، گۈلئاۋات، بوزدۆڭ قىرغىز يېزىسى |
| | باي ناھىيىسى | بازار: باي، تېرەك، چارچى؛ يېزىلار: قىيىر، قىزىل، سايرام، توقسۇن، ياتۇر، كانچى، بۇلۇڭ، مىجىغ، ئويباش، چولڭ كۆۋرۈك، قاراباغ |
| | كۇچا ناھىيىسى | بازار: كۇچا؛ يېزىلار: ئوچار، ئىشخىلا، ئوچئۆستەڭ، ئالاقاغا، بېھىشباغ، چىمەن، خانىقاتام، دۆڭقوتان، ياقا، ئاقئۆستەڭ، ئوزۇن، ئاغى، تارىم |
| | توقسۇ ناھىيىسى | بازار: توقسۇ، يۇلتۇزباغ؛ يېزىلار: ئىچئېرىق، پەيشەنبە بازار، تاشئېرىق، تامتوغراق، ئوگەن، ئوچقات |
| | شايار ناھىيىسى | بازار: شايار؛ يېزىلار: گۈلباغ، تويبولدى، «قىزىلبايراق»، يېڭىمەھەللە، قايلۇر، ئورباغ، تارىم |
| | ئۈچتۇرپان ناھىيىسى | بازار: ئۈچتۇرپان؛ يېزىلار: ئاقتوقاي، ياركۆۋرۈك، ئاچاتاغ، ئاقيار، ئىمامىلىرىم، يېڭىئاۋات، ئوتبېشى، يامانسۇ قىرغىز يېزىسى |
| | ئاۋات ناھىيىسى | بازار: ئاۋات، غورۇچۆل، بەشئېرىق؛ يېزىلار: ئايباغ، تامتوغراق، يېڭىئېرىق، دولان، باغتوغراق |
| | كەلپىن ناھىيىسى | بازار: كەلپىن؛ يېزىلار: گەزلىك، يۇرچى، ئاچال، چىلان |

| | | |
|---|---|---|
| قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى | ئاتۇش شەھىرى | يېزىلار: مۇنتاغ، ئازاق، ئاغۇ، ئۈستۈن ئاتۇش، كاتتايلاق، تۆگۈرمىتى، قاراجول؛ مەھەللە ئىش باشقارمىسى: «بەخت» كوچىسى، «نۇر» كوچىسى |
| | ئاقچى ناھىيىسى | بازار: ئاقچى؛ يېزىلار: قۇلانساراق، ساپارباي، مۇمتاش، قاراچى، قارابۇلاق |
| | ئۇلۇغچات ناھىيىسى | بازار: ئۇلۇغچات، كاڭسۇ؛ يېزىلار: ئۇلۇغچات، تۇقسالۇر، جىغىن، بورىتوقاي، قىزىلئۆي، تويون، تېرەك، بايقۇرۇت، بوستانتېرەك |
| | ئاقتۇ ناھىيىسى | بازار: ئاقتۇ، ئويتاغ؛ يېزىلار: ئوجمە، پىلال، بارىن، قاراكېچىك، جامالتېرەك، مۇجى، بۇلۇڭكۆل، قىزىلتۇ، چارلۇڭ، كوسراپ، تار تاجىك يېزىسى |
| قەشقەر ۋىلايىتى | قەشقەر شەھىرى | يېزىلار: نەزەرباغ، شامالباغ، دۆلەتباغ، قوغان؛ مەھەللە ئىش باشقارمىسى: چاسا، يارباغ، ئۆستەڭبويى، قۇمدەرۋازا |
| | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى | بازار: توققۇزاق؛ يېزىلار: ئوپال، تاشمىلىق، تېرىم، بۇلاقسۇ، سايباغ، زەمىن، ئوغۇساق، پاختەكلى، سەمەن، خانئېرىق، لەڭگەر، مۇش، بەشكېرەم، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ، ئاققاش |
| | قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى | بازار: يېڭىشەھەر، خانئېرىق، ياپچان؛ يېزىلار: بارىن، ياندۇرما، يامانيار، ياقچى، تازغۇن، يېڭىئېرىق، تاغارچى، ئەرمۇدۇن، قومۇشئېرىق، ئارال، هاراپ، يېڭىئاۋات |
| | مارالبېشى ناھىيىسى | بازار: مارالبېشى، سېرىقبۇيا، ئاۋات، ئاچال؛ يېزىلار: چارباغ، دۆلەتباغ، ئاناركۆل، شامال، ئاقساقمارال، ئالاغىر، چوڭقۇرچاق، يېڭىئۆستەڭ |
| | پەيزاۋات ناھىيىسى | بازار: بارىن، شىكەركۆل؛ يېزىلار: تېرىم، يېڭىمەھەللە، جامباز، غولتوغراق، قىزىلبويى، مىشا، شاپتۇل، قوشئاۋات، قىزىلسۇ، گۈللۈك، ئۈرەكلىك |
| | يوپۇرغا ناھىيىسى | بازار: يوپۇرغا؛ يېزىلار: يوپۇرغا، سېيەك، يەكشەنبە بازار، ئەشمە، ئاچچىق، تېرىم، بايئاۋات، ئاغۇنلۇقۇم |
| | يېڭىسار ناھىيىسى | بازار: يېڭىسار؛ يېزىلار: بازار، چولپان، ماڭشىن، ئوچار، سۆگەت، توپلۇق، قىزىل، ئەگىس، لومپا، ساغان، يېڭىيەر، سېيىتلە، ئىگىزيەر |
| | مەكىت ناھىيىسى | بازار: مەكىت؛ يېزىلار: بازارجەمى، شېھىتدۆڭ، يانتاق، تومەنتال، غازكۆل، قىزىلئاۋات، قۇمقۇسار، ماڭغىتلىق، قۇرما |
| | يەكەن ناھىيىسى | رايونلۇق مەھكىمە: تومئۆستەڭ، ئىشقول، ئودانلىق، قوشراپ، ئاۋات، ئېلىشقۇ، بەشكەنت؛ بازار: يەكەن، چارەك، ئېلىشقۇ، خاڭدى، ئاۋات، بەشكەنت، ئىگەرچى؛ يېزىلار: گۈلباغ، ئارال، چارباغ، يېڭىئۆستەڭ، تومئۆستەڭ، ئودانلىق، ئارسلانباغ، ياقا ئېرىق، ئىشقول، مىشا، پەكچى، تاغارچى، قوشئېرىق، دۆڭباغ، ئالامەت، ئازادباغ، بافئاۋات، قاراسۇ، قوشراپ، كاچۇڭ، دامسى، زەرەپشات تاجىك يېزىسى |
| | پوسكام ناھىيىسى | رايونلۇق مەھكىمە: كۆيباغ؛ بازار: پوسكام، كۆيباغ؛ يېزىلار: پوسكام، يىما، گۈلباغ، سەيلى، ئىككىسۇ، تۇغچى، كۆيباغ، ئاقتام، ئايكۆل، بويلىق تاجىك يېزىسى |
| | قاغىلىق ناھىيىسى | بازار: قاغىلىق، چارباغ، ئۆششارباش؛ يېزىلار: لوق، بەشئېرىق، تېتىر، چاسا مەسچىت، تۆگچى، جاڭگىلەسكى، جايتېرەك، بارىن، غوجا ئېرىق، شاخاپ، يىلقىچى، چىپان، سايباغ، يېتىملىقۇم، زۇڭلاڭ، كۆكيار، شىخوشۇ |
| | تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى | بازار: تاشقورغان؛ يېزىلار: تاشقورغان، تاغارما، تىزناپ، دەفتەر، مارىيالڭ، ۋەچە، بەلدىر، قوغۇشلۇق، بورۇمسال، داتۇڭ، كۆكيار قىرغىز يېزىسى |
| خوتەن ۋىلايىتى | خوتەن شەھىرى | بازار: لاسكۈي؛ يېزىلار: ئىلچى، شورباغ، گۈجانباغ؛ مەھەللە ئىش باشقارمىسى: ناۋاغ، نۇرباغ، گۈلباغ، گۈجانباغ |
| | خوتەن ناھىيىسى | بازار: باغچى؛ يېزىلار: لايقا، بوزاق، تۇساللا، خانئېرىق، يېڭىئاۋات، يېڭىئېرىق، لاڭرۇ، سېغىز كۆل، ئىسلامئاۋات، تەۋەككۇل، قاشتېشى |
| | گۇما ناھىيىسى | بازار: گۇما، دۇۋا؛ يېزىلار: قوشتاغ، كۆكتېرەك، سانجۇ، مۇجى، موكۇيلا، زاڭگۇي، پىشنا، چودا، پىيالما، بەشلەڭگەر، كېلىيالڭ، ناۋئاباد تاجىك يېزىسى، كەڭقىر قىرغىز يېزىسى |
| | قاراقاش ناھىيىسى | بازار: قاراقاش؛ يېزىلار: توخۇلا، زاۋا، ئاقساراي، جاھانباغ، سايباغ، ئۈرچى، ماڭلاي، پۇرچاقچى، قويچى، كۇيا، ياۋا، قاراساي، تۇۋەت، يېڭىيەر، كاۋاك |
| | لوپ ناھىيىسى | بازار: لوپ، يۇرۇڭقاش؛ يېزىلار: جىيا، بۇيا، ناۋا، سامپۇل، چارباغ، هاڭگىيا، دول، بەشتوغراق |
| | كېرىيە ناھىيىسى | بازار: مۇغاللا، شەنبە بازار؛ يېزىلار: جاي، كۆكيار، ئارال، ئارىش، لەڭگەر، سىيەك، توغراغاز، قارقى، شىۋول، ئويتوغراق، ئاچچان، يېڭىباغ، دەريا بويى |
| | چىرا ناھىيىسى | بازار: چىرا؛ يېزىلار: چىرا، گۈلاخما، دامىكۇ، چاقا، ئۇلۇغساي، نۇرى، بوستان |
| | نىيە ناھىيىسى | بازار: نىيە؛ يېزىلار: نىيە، روقىيا، سالغۇزەك، يېيىق، ئەندىر |

2000 - يىلى شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ تارقىلىشى ۋە مىللىي تەركىبى

| رايون ئايرىمىسى | جەمئىي | ئۇيغۇر | خەنزۇ | قازاق | خۇيزۇ | قىرغىز | موڭغۇل | شىبە | رۇس | تاجىك | ئۆزبېك | تاتار | مانجۇ | داغۇر | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى | 17915459 | 8256661 | 7023910 | 1277474 | 813023 | 159584 | 156892 | 39238 | 10598 | 39642 | 13198 | 4695 | 22329 | 6405 | 91810 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 1643760 | 210546 | 1199783 | 49904 | 151898 | 1148 | 6747 | 3918 | 2930 | 169 | 1545 | 848 | 8681 | 393 | 5250 |
| شەھەرگە قاراشلىق رايونلار | 1485239 | 200455 | 1128818 | 22547 | 102884 | 1124 | 6514 | 3877 | 2881 | 166 | 1452 | 767 | 8545 | 383 | 4826 |
| ئۈرۈمچى ناھىيىسى | 158821 | 10091 | 70965 | 27357 | 49014 | 24 | 233 | 41 | 49 | 3 | 93 | 81 | 136 | 10 | 424 |
| قاراماي شەھىرى | 276262 | 37239 | 217115 | 9700 | 5888 | 140 | 1863 | 715 | 528 | 29 | 195 | 69 | 876 | 99 | 1906 |
| شىخەنزە شەھىرى | 594049 | 7266 | 561981 | 3292 | 14574 | 53 | 764 | 156 | 243 | 22 | 20 | 5 | 884 | 17 | 4772 |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | 3891531 | 624378 | 1736748 | 1002658 | 324054 | 17794 | 67459 | 33040 | 5429 | 138 | 5590 | 2670 | 4530 | 5793 | 61250 |
| كۈيتۇڭ شەھىرى | 271672 | 1043 | 258201 | 4534 | 5612 | 16 | 803 | 250 | 83 | 2 | 15 | 6. | 364 | 30 | 713 |
| ئىلى ۋىلايىتى | 2115393 | 571606 | 695053 | 478221 | 235704 | 15651 | 28087 | 30801 | 1315 | 112 | 5002 | 819 | 3114 | 357 | 49551 |
| غۇلجا شەھىرى | 342733 | 159115 | 127369 | 15968 | 28317 | 449 | 968 | 3520 | 681 | 53 | 2730 | 272 | 1500 | 51 | 1740 |
| غۇلجا ناھىيىسى | 387703 | 192054 | 72155 | 40722 | 56645 | 285 | 177 | 195 | 33 | 0 | 368 | 32 | 622 | 7 | 24408 |
| قورغاس ناھىيىسى | 341302 | 69762 | 156474 | 26385 | 69453 | 360 | 508 | 3005 | 222 | 35 | 150 | 77 | 331 | 283 | 14257 |
| نىلقا ناھىيىسى | 147537 | 17156 | 42076 | 65023 | 13554 | 533 | 7439 | 554 | 13 | 0 | 242 | 5 | 27 | 0 | 915 |
| موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى | 149982 | 14661 | 43690 | 69677 | 4299 | 4152 | 12462 | 73 | 32 | 7 | 214 | 233 | 23 | 0 | 459 |
| تېكەس ناھىيىسى | 148337 | 14913 | 36009 | 58995 | 20570 | 8705 | 5604 | 855 | 14 | 0 | 602 | 14 | 116 | 0 | 1940 |
| توققۇزتارا ناھىيىسى | 154371 | 35053 | 48923 | 45692 | 18556 | 440 | 506 | 1487 | 119 | 0 | 212 | 104 | 287 | 8 | 2984 |
| كۈنەس ناھىيىسى | 284881 | 27181 | 113604 | 123124 | 17727 | 443 | 107 | 579 | 89 | 10 | 408 | 76 | 123 | 0 | 1410 |
| چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى | 158547 | 41711 | 54753 | 32635 | 6583 | 284 | 316 | 20533 | 112 | 7 | 76 | 6 | 85 | 8 | 1438 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 910010 | 41401 | 524597 | 226908 | 62295 | 2040 | 32663 | 1908 | 3565 | 23 | 324 | 506 | 711 | 5390 | 7679 |

| | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 3676 | 5251 | 237 | 243 | 151 | 21 | 2359 | 1406 | 1598 | 1651 | 10284 | 22316 | 94821 | 4935 | 148949 | چۆچەك شەھىرى |
| 423 | 20 | 112 | 13 | 33 | 0 | 198 | 155 | 8248 | 15 | 24732 | 21509 | 123914 | 18176 | 197548 | شىخو شەھىرى |
| 1677 | 43 | 93 | 46 | 107 | 1 | 637 | 108 | 5480 | 292 | 5941 | 61790 | 98690 | 7521 | 182426 | دۆربىلجىن ناھىيىسى |
| 719 | 31 | 33 | 10 | 0 | 0 | 234 | 55 | 146 | 12 | 2871 | 16059 | 30761 | 193 | 51124 | چاغانتوقاي ناھىيىسى |
| 125 | 9 | 65 | 82 | 6 | 0 | 9 | 87 | 606 | 34 | 1036 | 58888 | 22974 | 1135 | 85056 | تولى ناھىيىسى |
| 935 | 11 | 142 | 40 | 17 | 0 | 98 | 27 | 385 | 17 | 17008 | 32057 | 137741 | 8342 | 196820 | ساۋەن ناھىيىسى |
| 124 | 25 | 29 | 72 | 10 | 1 | 30 | 70 | 16200 | 19 | 423 | 14289 | 15696 | 1099 | 48087 | قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى |
| 3307 | 16 | 341 | 1339 | 249 | 1 | 466 | 81 | 5906 | 87 | 20443 | 292995 | 258897 | 10328 | 594456 | **ئالتاي ۋىلايىتى** |
| 781 | 2 | 192 | 449 | 166 | 0 | 217 | 42 | 2417 | 26 | 6471 | 67472 | 134030 | 5270 | 217535 | ئالتاي شەھىرى |
| 782 | 4 | 4 | 68 | 11 | 0 | 0 | 5 | 456 | 2 | 4633 | 46301 | 24427 | 359 | 77052 | قابا ناھىيىسى |
| 849 | 0 | 36 | 430 | 3 | 0 | 148 | 6 | 1876 | 6 | 3770 | 35265 | 19767 | 926 | 63082 | بۇرچىن ناھىيىسى |
| 95 | 0 | 24 | 23 | 18 | 1 | 8 | 1 | 17 | 37 | 711 | 21500 | 13292 | 373 | 36100 | جېمىنەي ناھىيىسى |
| 347 | 0 | 32 | 43 | 1 | 0 | 29 | 8 | 197 | 0 | 2006 | 25290 | 36271 | 658 | 64882 | بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى |
| 240 | 10 | 42 | 95 | 21 | 0 | 53 | 15 | 208 | 10 | 1823 | 56119 | 21207 | 2139 | 81982 | كۆكتوقاي ناھىيىسى |
| 213 | 0 | 11 | 231 | 29 | 0 | 11 | 4 | 735 | 6 | 1029 | 41048 | 9903 | 603 | 53823 | چىڭگىل ناھىيىسى |
| 2225 | 23 | 352 | 16 | 129 | 2 | 169 | 391 | 26265 | 104 | 14546 | 40198 | 276185 | 53108 | 413713 | **بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى** |
| 712 | 7 | 267 | 14 | 66 | 2 | 136 | 305 | 11509 | 33 | 7828 | 16317 | 148294 | 35017 | 220507 | بورتالا شەھىرى |
| 985 | 0 | 40 | 2 | 21 | 0 | 31 | 31 | 4504 | 20 | 4541 | 11674 | 83930 | 15126 | 120905 | جىڭ ناھىيىسى |
| 528 | 16 | 45 | 0 | 42 | 0 | 2 | 55 | 10252 | 51 | 2177 | 12207 | 43961 | 2965 | 72301 | ئارىشاڭ ناھىيىسى |
| 6557 | 48 | 3195 | 982 | 2213 | 152 | 636 | 546 | 5559 | 150 | 172118 | 123669 | 1117364 | 60110 | 1493299 | **سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى** |
| 2066 | 10 | 1202 | 84 | 136 | 5 | 268 | 293 | 1184 | 48 | 48621 | 17258 | 271270 | 9912 | 352357 | سانجى شەھىرى |

| | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 821 | 19 | 260 | 6 | 8 | 2 | 71 | 43 | 587 | 33 | 53924 | 3521 | 108828 | 5035 | 173158 | سجۇن شەھىرى |
| 1061 | 7 | 144 | 28 | 25 | 0 | 71 | 60 | 316 | 13 | 17795 | 12077 | 112909 | 8754 | 153260 | فۇكاڭ شەھىرى |
| 473 | 9 | 183 | 5 | 20 | 0 | 103 | 30 | 97 | 24 | 6543 | 17021 | 132014 | 4865 | 161387 | ماناس ناھىيىسى |
| 1300 | 3 | 168 | 28 | 0 | 0 | 43 | 34 | 221 | 9 | 14614 | 22813 | 160703 | 5293 | 205229 | قۇتۇبى ناھىيىسى |
| 249 | 0 | 159 | 209 | 380 | 0 | 19 | 18 | 1898 | 19 | 17894 | 9909 | 94889 | 6324 | 131967 | جىمسار ناھىيىسى |
| 443 | 0 | 1038 | 523 | 580 | 0 | 52 | 61 | 1244 | 4 | 12027 | 20912 | 176440 | 15778 | 229102 | گۇچۇڭ ناھىيىسى |
| 144 | 0 | 41 | 99 | 1064 | 145 | 9 | 7 | 12 | 0 | 700 | 20158 | 60311 | 4149 | 86839 | -مورى قازاق ئاپتو- نوم ناھىيىسى |
| 616 | 4 | 328 | 1 | 7 | 4 | 65 | 22 | 110 | 0 | 36563 | 217 | 126195 | 386747 | 550879 | **تۇرپان ۋىلايىتى** |
| 366 | 4 | 164 | 0 | 6 | 4 | 52 | 12 | 52 | 0 | 18728 | 27 | 50567 | 173829 | 243811 | تۇرپان شەھىرى |
| 57 | 0 | 29 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 8 | 0 | 7195 | 155 | 16544 | 80188 | 104176 | توقسۇن ناھىيىسى |
| 193 | 0 | 135 | 1 | 1 | 0 | 13 | 10 | 50 | 0 | 10640 | 35 | 59084 | 132730 | 202892 | پىچان ناھىيىسى |
| 817 | 8 | 1638 | 31 | 7 | 2 | 90 | 145 | 2096 | 16 | 14631 | 44786 | 337125 | 95347 | 496739 | **قۇمۇل ۋىلايىتى** |
| 761 | 7 | 1601 | 5 | 6 | 2 | 75 | 139 | 796 | 16 | 13789 | 10025 | 261494 | 96652 | 375368 | قۇمۇل شەھىرى |
| 17 | 0 | 7 | 0 | 1 | 0 | 0 | 0 | 9 | 0 | 507 | 3588 | 6772 | 8464 | 19365 | ئاراتۇرۇك ناھىيىسى |
| 39 | 1 | 30 | 26 | 0 | 0 | 15 | 6 | 1291 | 0 | 335 | 31173 | 68859 | 231 | 102006 | باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى |
| 4173 | 11 | 974 | 8 | 63 | 2 | 253 | 139 | 45146 | 174 | 55262 | 1039 | 582439 | 348188 | 1037871 | **بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى** |
| 1465 | 6 | 697 | 7 | 46 | 2 | 217 | 126 | 4181 | 5 | 8823 | 58 | 239866 | 102183 | 357682 | كورلا شەھىرى |
| 943 | 0 | 106 | 0 | 0 | 0 | 19 | 6 | 28410 | 83 | 6234 | 891 | 94510 | 39296 | 170498 | خېجىڭ ناھىيىسى |
| 417 | 0 | 41 | 0 | 0 | 0 | 11 | 1 | 5458 | 0 | 5625 | 30 | 42638 | 8881 | 63102 | خوشۇت ناھىيىسى |
| 350 | 0 | 13 | 0 | 0 | 0 | 0 | 1 | 4188 | 7 | 5764 | 11 | 37718 | 8382 | 56434 | باغراش ناھىيىسى |

| | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 33 | 0 | 15 | 0 | 3 | 0 | 1 | 4 | 19 | 0 | 329 | 4 | 12103 | 76174 | 88685 | بۈگۈر ناھىيىسى |
| 214 | 5 | 32 | 0 | 8 | 0 | 4 | 0 | 12 | 0 | 478 | 16 | 71079 | 27788 | 99636 | لوپنۇر ناھىيىسى |
| 285 | 0 | 4 | 1 | 0 | 0 | 0 | 0 | 17 | 0 | 628 | 0 | 16962 | 11301 | 29198 | چاقىلىق ناھىيىسى |
| 14 | 0 | 8 | 0 | 0 | 0 | 0 | 1 | 6 | 0 | 111 | 0 | 11882 | 40146 | 52168 | چەرچەن ناھىيىسى |
| 452 | 0 | 58 | 0 | 6 | 0 | 1 | 0 | 2855 | 79 | 27270 | 29 | 55681 | 34037 | 120468 | يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى |
| 2757 | 1 | 374 | 6 | 115 | 6 | 139 | 64 | 547 | 4907 | 14781 | 1632 | 500097 | 1524868 | 2050294 | **ئاقسۇ ۋىلايىتى** |
| 1928 | 1 | 267 | 1 | 36 | 3 | 78 | 45 | 406 | 196 | 4680 | 61 | 304931 | 206562 | 519195 | ئاقسۇ شەھىرى |
| 332 | 0 | 10 | 0 | 0 | 0 | 4 | 1 | 13 | 3561 | 813 | 0 | 46264 | 157893 | 208891 | ئونسۇ ناھىيىسى |
| 47 | 0 | 9 | 0 | 1 | 0 | 0 | 4 | 8 | 953 | 735 | 6 | 25309 | 168943 | 196015 | باي ناھىيىسى |
| 108 | 0 | 62 | 0 | 29 | 1 | 27 | 10 | 37 | 111 | 1937 | 34 | 38524 | 340007 | 380887 | كۇچا ناھىيىسى |
| 24 | 0 | 2 | 4 | 0 | 2 | 8 | 0 | 1 | 9 | 202 | 7 | 7001 | 129189 | 136449 | توقسۇ ناھىيىسى |
| 81 | 0 | 12 | 0 | 0 | 0 | 16 | 0 | 57 | 8 | 1241 | 4 | 29276 | 166152 | 196847 | شايار ناھىيىسى |
| 93 | 0 | 7 | 1 | 35 | 0 | 0 | 0 | 0 | 4 | 4081 | 1519 | 11297 | 160983 | 178020 | ئۇچتۇرپان ناھىيىسى |
| 138 | 0 | 5 | 0 | 14 | 0 | 6 | 4 | 25 | 9 | 1078 | 1 | 35822 | 156792 | 193894 | ئاۋات ناھىيىسى |
| 6 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 56 | 14 | 0 | 1673 | 38347 | 40096 | كەلپىن ناھىيىسى |
| 140 | 0 | 58 | 18 | 103 | 4617 | 2 | 9 | 25 | 128364 | 440 | 48 | 24064 | 279087 | 436975 | **قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى** |
| 102 | 0 | 52 | 0 | 25 | 33 | 2 | 3 | 23 | 22951 | 164 | 29 | 14392 | 156444 | 194220 | ئاتۇش شەھىرى |
| 16 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 1 | 30509 | 79 | 13 | 2119 | 1013 | 33750 | ئاقچى ناھىيىسى |
| 15 | 0 | 6 | 0 | 49 | 0 | 0 | 6 | 1 | 31534 | 20 | 6 | 3831 | 8077 | 43545 | ئۇلۇغچات ناھىيىسى |
| 7 | 0 | 0 | 18 | 29 | 4584 | 0 | 0 | 0 | 43370 | 177 | 0 | 3722 | 113553 | 165460 | ئاقتۇ ناھىيىسى |
| 1136 | 7 | 405 | 30 | 3165 | 33653 | 99 | 85 | 263 | 5893 | 6990 | 144 | 294503 | 3019187 | 3365560 | **قەشقەر ۋىلايىتى** |
| 372 | 0 | 201 | 16 | 934 | 175 | 55 | 34 | 81 | 156 | 1221 | 35 | 65417 | 255837 | 324534 | قەشقەر شەھىرى |
| 7 | 2 | 0 | 0 | 85 | 13 | 0 | 0 | 2 | 819 | 29 | 4 | 14925 | 341515 | 357401 | قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسى |

| | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قەشقەر يېڭى شەھەر ناھىيىسى | 279253 | 258636 | 19886 | 9 | 186 | 440 | 7 | 5 | 9 | 3 | 42 | 4 | 6 | 4 | 16 |
| مارالبېشى ناھىيىسى | 365038 | 302651 | 60600 | 31 | 1040 | 69 | 86 | 15 | 15 | 9 | 63 | 9 | 60 | 0 | 390 |
| پەيزاۋات ناھىيىسى | 305678 | 295747 | 9846 | 14 | 21 | 7 | 5 | 0 | 0 | 0 | 10 | 0 | 28 | 0 | 0 |
| يوپۇرغا ناھىيىسى | 131390 | 122629 | 8695 | 1 | 4 | 0 | 4 | 2 | 0 | 4 | 0 | 0 | 2 | 0 | 49 |
| يېڭىسار ناھىيىسى | 220676 | 215772 | 4190 | 3 | 26 | 613 | 0 | 0 | 5 | 29 | 9 | 1 | 28 | 0 | 0 |
| مەكىت ناھىيىسى | 195710 | 160972 | 34343 | 9 | 237 | 0 | 15 | 2 | 1 | 6 | 45 | 0 | 18 | 0 | 62 |
| يەكەن ناھىيىسى | 622305 | 599803 | 17122 | 4 | 747 | 941 | 33 | 13 | 6 | 2173 | 1352 | 0 | 43 | 1 | 67 |
| پوسكام ناھىيىسى | 171118 | 129008 | 35605 | 1 | 2952 | 61 | 27 | 4 | 0 | 3385 | 3 | 0 | 18 | 0 | 54 |
| قاغىلىق ناھىيىسى | 360453 | 334600 | 21874 | 32 | 512 | 966 | 3 | 8 | 8 | 1723 | 622 | 0 | 1 | 0 | 104 |
| تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى | 32004 | 2017 | 2000 | 1 | 15 | 1821 | 0 | 2 | 0 | 26133 | 0 | 0 | 0 | 0 | 15 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 1664527 | 1610590 | 50411 | 187 | 1278 | 841 | 48 | 8 | 15 | 846 | 46 | 11 | 34 | 1 | 211 |
| خوتەن شەھىرى | 169998 | 140302 | 28747 | 137 | 608 | 12 | 21 | 4 | 15 | 6 | 28 | 3 | 18 | 1 | 96 |
| خوتەن ناھىيىسى | 258285 | 256668 | 1299 | 0 | 318 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 |
| گۇما ناھىيىسى | 214647 | 210400 | 2479 | 0 | 79 | 807 | 1 | 0 | 0 | 840 | 1 | 0 | 0 | 0 | 40 |
| قاراقاش ناھىيىسى | 406214 | 400675 | 5410 | 4 | 84 | 0 | 4 | 4 | 0 | 0 | 8 | 0 | 7 | 0 | 18 |
| لوپ ناھىيىسى | 236979 | 232604 | 4319 | 22 | 26 | 0 | 1 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 7 |
| كېرىيە ناھىيىسى | 212214 | 209101 | 2929 | 24 | 107 | 1 | 13 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 9 | 0 | 30 |
| چىرا ناھىيىسى | 132491 | 130488 | 1940 | 0 | 43 | 0 | 4 | 0 | 0 | 0 | 6 | 0 | 0 | 0 | 10 |
| نىيە ناھىيىسى | 33699 | 30352 | 3288 | 0 | 13 | 21 | 4 | 0 | 0 | 0 | 3 | 8 | 0 | 0 | 10 |

ئىزاھ: جەدۋەلدىكى سانلىق مەلۇماتلار ج خ ئورۇنلىرى مەلۇم قىلغان سانني كۆرسىتىدۇ.

# چوڭ ئىشلار

## 1 - ئاي

### 1 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى كوللېكتىپ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، 100 جۈپ قىز - يىگىت شاد - خۇراملىق ئىچىدە جۈپلە بولۇشتى.

### 3 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى يىغىن ئېچىپ، ۋۇ مىڭجۇ، ليۇ شۇرېنلارنىڭ جۇڭگو قۇرۇلۇش ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى ھەمدە سۇن گوچېڭ قاتارلىق 109 مۇتەخەسسىسكە 2000 — 2004 - يىللىق «ئاپتونوم رايون بويىچە گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس» دەپ نام بەردى.

### 4 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئومۇمىي يىغىن ئاچتى، رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت سۆزىدە، ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى خادىملاردىن تولۇپ - تاشقان روھىي ھالەت بىلەن تۆرلۈك سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى چىڭ تۇتۇپ، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاپ، تۆرلۈك ۋەزىپە ۋە نىشانلارنىڭ ئورۇندىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

### 4 — 5 - كۈنلىرى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى «پۇرسەتنى تۇتۇپ، شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش» بويىچە مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى، يىغىندا غەربنى ئېچىشتىن ئىبارەت ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىپ، شىنجاڭنى ئېچىشتىن ئىبارەت چوڭ ئىشنى ياخشى ئىشلەشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

### 11 - كۈنى

△شىنجاڭ شىخو لۈيىنباۋ پىۋا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ۋىۋىسكا يوپۇقى ئاچتى. بۇ شىركەت ئەسلىدىكى شىنجاڭ شىخو پىۋا (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى بىلەن جۇڭگو - چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى شىنجاڭ پىۋا چەكلىك شىركىتىنىڭ بىرلىشىشىدىن قۇرۇلغان، شېرىكلەشكەندىن كېيىنكى يېڭى شىركەتنىڭ ئومۇمىي مەبلىغى 403 مىليون يۈەن، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى 200 مىڭ توننا، يىللىق پايدىسى ئاز كەم 100 مىليون يۈەن بولىدۇ.

### 16 - كۈنى

△ئاپتونوم رايونلۇق يېزا خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەش ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

### 19 - كۈنى

△ شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» يۇڭ توقۇمىچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى ئىشلەتكەن «تەڭرىتاغ» ماركىسى دۆلەت تەرىپىدىن «جۇڭگودىكى داڭلىق ماركا» دەپ ئېتىراپ قىلىندى. شۇنىڭدىن باشلاپ، شىنجاڭدا «جۇڭگونىڭ داڭلىق ماركىسى» بولماسلىق تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى.

### 21 — 26 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 - يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشلەردىن شىنجاڭنى ئېچىش، شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا پائال ئەقىل كۆرسىتىش ۋە كۈچ چىقىرىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىزم بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىتتىپاقلىق ۋە دېموكراتىيىدىن ئىبارەت 2 چوڭ ئاساسىي تېمىنى يېقىندىن دەۋرىي قىلىپ، تۆرلۈك فۇنكسىيىلەرنى ھەقىقىي ئادا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش تەلەپ قىلىندى.

### 23 — 28 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا غەربنى كەڭ ئېچىشتىن ئىبارەت تېپىلغۇسىز ياخشى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، «10 - بەش يىللىق پىلان» نى ئەستايىدىل تۈزۈپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، قىيىنچىلىقتىن قورقماي يۈكسىرى ئۆرلەپ، تۆرلۈك چارە - تەدبىرلەر بىلەن تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، يىغىندا بەلگىلەنگەن نىشان ۋە ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

### 28 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوم شۇجىلىرى يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن جايلار رايون ئۈستۈنلۈكىگە ئاساسەن، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى چىڭ تۇتۇشى كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

△ ئاپتونوم رايون ئوبلاست باشلىقلىرى (شەھەر

باشلىقلىرى)، ۋالىيلار يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت سۆزىدە، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر پۇرسەتنى تۇتۇپ، تۈرلۈك سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ۋە مالىيىنىڭ نورمال ئايلىنىشىدىن ئىبارەت 2 چوڭ ئىشنى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇپ، تۈرلۈك ۋەزىپە ۋە نىشانلارنى ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى لازىم، دەپ تەكىتلىدى.

## 29 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى نوپۇس، بايلىق، مۇھىت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىتلار سۆز قىلدى.

△ شىنجاڭ تۇنجى قېتىم ئۈستىگە ئالغان دۆلەتنىڭ ئاساسىي تەتقىقات تۈرى — جۇڭگونىڭ غەربىي قىسىم قۇرغاق ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئۇنى تەڭشەش - تىزگىنلەش ئۈستىدىكى تەتقىقات يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. بۇ تۈرنىڭ باش ئالىملىقىنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئايال پوستدوكتورى پروفېسسور يەن شاۋلىڭ ئۈستىگە ئالدى.

## 30 — 31 - كۈنلىرى

△ باھار بايرىمى ھارپىسىدا ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى 6 گە بۆلۈنۈپ، كارخانا ۋە پەن تەتقىقات، مەدەنىيەت ئورۇنلىرىنى يوقلاپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۈمىد، تىلەكلىرىنى يەتكۈزدى.

# 2 - ئاي

## 1 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون باھار بايرىمىنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن كوللېكتىپ پەتىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

## 3 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن قاتارلىقلار شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسمى، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىگە بېرىپ، كەڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلەردىن بايراملىق ھال سورىدى.

## 5 - كۈنى

△ چاغاننىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى بەش يولغا بۆلۈنۈپ، بايرام مەزگىلىدە ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ج خ خەلق ساقچىلىرى، قىسىمدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ بايرىمىنى تەبرىكلىدى.

## 14 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى. ئىككى تەرەپ ئاپتونوم رايون بىلەن چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، غەربنى ئېچىشنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

△ ئاپتونوم رايون يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكىنى ماسلاشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەسقەت كەرىمباي سۆزىدە، پائال يېتەكلەپ، سىياسەت جەھەتتىن يار - يۆلەك بولۇپ، زور كۈچ بىلەن قوللاپ ۋە قوغداپ، يەككە - خۇسۇسىي ئىگىلىك ئۈچۈن ياخشى تەرەققىيات شارائىتى يارىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

## 15 — 17 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايون تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنى ئاچتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن سۆزىدە، ھەر دەرىجىلىك تەشۋىقات بۆلۈملىرى «ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىپ، تەشەببۇسكارلىق ئۇرۇشنى ياخشى قىلىش» تەلىپىنى چىڭ ئىگىلەپ، غەربنى كەڭ ئېچىش، شىنجاڭنى راسا تەرەققىي قىلدۇرۇش دولقۇنىغا تولۇپ - تاشقان روھىي ھالەت بىلەن ئاتلىنىش، جامائەت پىكرى تەشۋىقاتى خىزمىتىنى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ ياخشى ئىشلەش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

## 18 — 19 - كۈنلىرى

△ ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 7 - ئومۇمىي يىغىنى ئۆرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خۇ جيايەن خىزمەت دوكلاتى بەردى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن سۆزىدە، پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش فاڭجېنىنى پارتىيە قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەردە ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئىدىيە، تەشكىلىي ئىستىل، ئىنتىزام جەھەتتىن ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سۈرۈش لازىم، دەپ تەكىتلىدى.

## 20 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق 3 - قېتىملىق «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى خىزمىتى يىغىنى ئۆرۈمچىدە ئېچىلدى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ يىغىندا ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى خىزمىتىنى يۇقىرى ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپ بىلەن پۇختا ھەم ياخشى ئىشلەشنى تەكىتلىدى.

## 22 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر ئىلمىي ئۇنۋان كومىتېتى قۇرۇلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت يىغىندا سۆز

قىلدى ھەمدە تۈنجى تۈركۈمدىكى 32 ئەزاغا تەكلىپنامە تارقاتتى.

## 22 — 23 ـ كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايونلۇق تەشكىلات خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جۇ يۈەن خىزمەت دوكلاتى بەردى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭخاۋ سۆز قىلىپ، تەشكىلىي ئۇستۇنلۇكنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە تېرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، غەربنى كەڭ ئېچىش، شىنجاڭنى راسا تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۈچلۈك تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

## 24 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەتچىلىك خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ساياھەتچىلىك — شىنجاڭنىڭ كەلگۈسىدىكى ئاساسلىق ئىقتىسادىي ئېشىش نۇقتىسى، شۇنداقلا مۇھىم تۈۋرۈك كەسىپ، يۇقىرى ئىگىلىك بەرپا قىلىدىغان يۈكسەك جاسارەت بىلەن شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

## 26 ـ كۈنى

△ شىنجاڭ ساياھەتچىلىك جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

## 28 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايون ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى بىرىنچى دەرىجىلىك چوڭ ئىش قاتارىدا چىڭ ھەم ياخشى تۇتۇش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

△ ئاپتونوم رايونلۇق غەربنى كەڭ ئېچىشنى كۈتۈۋېلىش قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تاللاش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىننىڭ مەقسىتى شىنجاڭنىڭ كەڭ ئېچىش قۇرۇلۇشىنى كۈتۈۋېلىشى ئۈچۈن «تۈر ئامبىرى» قۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ ۋېنيۈ يىغىنغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى.

# 3 ـ ئاي

## 1 ـ كۈنى

△ش ئۇ ئا ر كادىرلار خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ ۋېنيۈ يىغىندا، كادىرلار خىزمىتىنىڭ غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىدىكى مۇھىم ئورنىنى تولۇق تونۇپ، ئىختىساسلىقلار بىرىنچى بايلىق دېگەن ئۇقۇمنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، غەربنى كەڭ ئېچىشنى دەۋرىي قىلىپ ئىختىساسلىقلار بايلىقىنى ئېچىش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش لازىم دەپ تەكىتلىدى.

△ دۆلەت «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشىنى يولغا قويماقچى بولدى، بۇ قۇرۇلۇشتا تۇرۇبا ياتقۇزۇپ، تارىم ئويمانلىقىدىكى تەبىئىي گاز شىنجاڭ، گەنسۇ، شەنشى، سەنشى، خېنەن، ئەنخۇي، جياڭسۇ ئارقىلىق شاڭخەيگە يەتكۈزۈلىدۇ، دەسلەپكى مەزگىلدە 12 مىليارد كۇب مېتىر گاز بىلەن تەمىنلىنىدۇ، دەسلەپكى قەدەمدە 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشقا 120 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىش مۆلچەرلەندى.

## 2 ـ كۈنى

△ شىنجاڭ باغراش قومۇشچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى كورلا شەھىرىدە قۇرۇلدى. بۇ ھازىرغىچە غەربىي رايوندىكى ئەڭ چوڭ قومۇش ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش كارخانىسى ھېسابلىنىدۇ.

## 3 ـ كۈنى

△ شىنجاڭ بويىچە تۇنجى بالىلار پىسخىك كېسەللىكلىرىنى مەخسۇس داۋالاش ئامبۇلاتورىيىسى — ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسى «بالىلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ پىسخىك ھەرىكىتىدىكى غەيرىي نورماللىق كېسەللىكلىرى ئامبۇلاتورىيىسى» قۇرۇلدى.

## 7 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايوندىكى 500 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاياللىرى شىنجاڭ خەلق سارىيىغا يىغىلىپ «8 ـ مارت» خەلقئارا ئەمگەكچى ئاياللار بايرىمىنى تەبرىكلىدى. يىغىندا ئاپتونوم رايون بويىچە 44 «8 ـ مارت» قىزىل بايراقدارى ۋە 11 «8 ـ مارت» قىزىل بايراقدار كوللېكتىپى تەقدىرلەندى.

## 8 ـ كۈنى

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى لى پېڭ 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 ـ يىغىنىغا قاتناشقان شىنجاڭ ۋەكىللىرى بىلەن بىللە «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» نى قاراپ چىقتى. لى پېڭ: شىنجاڭ پۇرسەتنى تۇتۇپ، ئۇستۇنلۇكنى جارى قىلدۇرىدىغانلا بولسا، ئۇنىڭ

غەربىي كەڭ ئېچىشتا ئالدىنقى قاتاردا مېڭىشىدىن ئۈمىد بار، دەپ كۆرسەتتى.

△ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت بېيجىڭدا جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك دوستلارنىڭ شىنجاڭنىڭ غەربىي كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش جەريانىدىكى تۈرلۈك ئېچىش ۋە قۇرۇلۇش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشىنى قارشى ئالىمىز، دېدى.

### 14 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون 2000 - يىللىق قۇربان ھېيتلىق پەتىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

### 21 - كۈنى

△ ئامېرىكا تيەنشى گۇرۇھى شىركىتى بىلەن شىنجاڭ خېيىۋ خەلقئارا گۇرۇھى بىللە 60 مىليون دوللار مەبلەغ سېلىپ پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسىنى قانات يايدۇرۇش توختامىغا ئىمزا قويۇش مۇراسىمى شىنجاڭ خەلق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى.

### 24 - كۈنى

△ 2 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سانائەت كارخانىلىرى زىيان تارتىدىغان ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، پايدا ئالىدىغان بولدى.

### 29 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى پاكلىق خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، ھۆكۈمەت سىستېمىسىدا پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى.

### 31 - كۈندىن 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە

△ مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت كومىسسارى قوشۇمچە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى چى خاۋتيەن قازاقىستاندا 5 دۆلەت دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىرى ئۇچرىشىشىغا قاتنىشىپ، قايتىشىدا ئۈرۈمچىدە قىسقا ۋاقىت توختاپ ئۆتتى.

## 4 - ئاي

### 3 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ئۈرۈمچىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلار ھەققىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئۈرۈمچى شەھىرى غەربىي كەڭ ئېچىشتا قەدەمنى تېزلىتىپ، مەركىزىي شەھەرنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ۋە مۇلازىمەت قىلىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى، شىنجاڭنى كەڭ ئېچىشتا بىر قەدەم ئالدىدا مېڭىپ، ئۈلگە بولۇپ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

### 3 — 6 - كۈنلىرى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن شىخەنزە شەھىرى، ساۋەن ناھىيىسى، شىخو شەھىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ۋاڭ لېچۈەن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: شىنجاڭنىڭ ئەڭ جەلپ قىلىدىغان جايلىرىنى ئالدى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئەلالىرىنى، كۈچلۈكلەرنى يۆلەپ، ئۇلارنى غەربىي كەڭ ئېچىشتا يۇقىرى سۈرئەتلىك تەرەققىياتنى باشلامچى بولۇپ ئىشقا ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

### 4 - كۈنى

△ جۇڭگونىڭ شەرقىي قىسمى بىلەن غەربىي قىسمىنىڭ ھەمكارلىقى ۋە مەبلەغ سېلىش يەرمەنكىسى شىئەندە ئۆتكۈزۈلدى. ئاساسلىق باشقۇرغۇچىنىڭ بىرى بولغان شىنجاڭ يەرمەنكىگە ئۆمەك قاتناشتۇردى ۋە سودىگەر چاقىرىش، ھەمكارلىشىش، مەبلەغ كىرگۈزۈش تۈرىدىن 82 نى يەرمەنكىگە قويدى.

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنى ئاشكارا تاللاپ ئۆستۈرۈشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى» نى ئېلان قىلدى.

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، قوشۇمچە ج خ نازارىتىنىڭ نازىرى جاڭ شيۇمىڭ ئاخبارات ۋاستىلىرى مۇخبىرلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرى غەربىي كەڭ ئېچىش ۋە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن مۇقىم جەمئىيەت ئامانلىقى مۇھىتىنى يارىتىشقا قادىر، دەپ تەكىتلىدى.

### 11 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى يولداش جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» توغرىسىدىكى مۇھىم بايانىنى ئۆگىنىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋۇ دۈنفۇ: «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

### 16 - كۈنى

△ «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» ناملىق چوڭ تىپتىكى

مەدەنىيەت، ساياھەتچىلىك، ئىقتىساد ـ سودا كۆرگەزمىسى پائالىيىتى ھەپتىلىكى نەنجىڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قېيۇم باھاۋۇدۇن بۇ پائالىيەتنى تەبرىكلىدى ھەمدە سۆز قىلدى.

## 17 — 18 ـ كۈنلىرى

△ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ كۆزدىن كەچۈرۈش ئاخىرلاشقاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: سانجى ئوبلاستى شىنجاڭدىكى ئىقتىسادى خېلى تېز تەرەققىي قىلغان رايون، ئۇ غەربنى كەڭ ئېچىش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، بىر قەدەم ئالدىدا مېڭىپ، باشلامچى بولۇپ تەرەققىي قىلىپ، باشقا رايونلارغا ئۈلگە ۋە نەمۇنە بولۇشى كېرەك.

## 17 — 20 ـ كۈنلىرى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى غەربنى كەڭ ئېچىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىندا مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى: غەربنى كەڭ ئېچىشنى يولغا قويۇشتا، مۇھىم نۇقتىلارنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئەۋزەللىكلەرنى يۈلەپ، ئەلا ئۈستۈنلۈككە ئىگە رايون ۋە ئەلا ئۆزگىچە مەھسۇلات، كەسىپلەرنى ئالدى بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. ئاپتونوم رايون ئالدى بىلەن تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئۇنى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە قىلىدۇ.

## 17 ـ كۈنى

△ كورلا — قۇشەن ئاۋتاتسىيە يولى ئېچىلدى.

## 21 ـ كۈنى

△ گوۋۇيۈەن بەنگوڭتىڭى يېڭىدىن قۇرۇلغان دۆلەت دەرىجىلىك 18 تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى ئېلان قىلدى. شىنجاڭ غەربىي تەڭرىتاغ دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى شۇ قاتاردىن ئورۇن ئالدى.

△ شىنجاڭ گۇاڭخۇي تاش ماتېرىياللىرى پاي چەكلىك شىركىتى ئوبوروت قىلىدۇرغان A پايدىن 50 مىليون پاينى شاڭخەي ئاكسىيە بىرژىسىدا بازارغا سالدى. بۇ — جۇڭگو تاش ماتېرىياللىرى ساھەسىدىكى تۇنجى پاي، شۇنداقلا شىنجاڭ خەلق باشقۇرغان كارخانىلار بويىچە تۇنجى پاي.

## 24 ـ كۈنى

△ شىخەنزە ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنىڭ دەرىجىسى دۆلەت دەرىجىلىك ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونىغا كۆتۈرۈلدى.

## 26 ـ كۈنى

△ شىنجاڭ بويىچە «1 ـ ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا بېيجىڭغا بېرىپ مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر تونۇشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق 4 ـ نۆۋەتلىك كەسپىي ئەخلاق بويىچە «قوش ئون ياخشى» لار، ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەر ۋە جان ـ دىل بىلەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە تايىنىپ كارخانىنى ياخشى باشقۇرغان رەھبەرلەر، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە كۆيۈنگەن مۇنەۋۋەر ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار تەقدىرلەندى.

△ جۇڭگو خوارۇڭ مۈلۈك باشقۇرۇش شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى ئىش باشقارمىسى قۇرۇلدى.

## 30 ـ كۈنى

△ شىنجاڭ بويىچە 3 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ ياشلىرىنىڭ «4 ـ ماي» مېدالىغا ئېرىشكۈچىلەر، مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق كادىرلىرى، مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزالىرىدىن 117 ياش تەقدىرلەندى. ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىتلار مۇنەۋۋەر ياشلارنىڭ ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلدى.

# 5 ـ ئاي

## 5 ـ كۈنى

△ «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئاساسىدىكى مىللەت، دىن نەزەرىيىسى ئۆگىنىش پروگراممىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىپ تارقىتىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن بۇ كىتابقا كىرىش سۆز يېزىپ بەردى.

## 8 ـ كۈنى

△ مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، ئىلغار خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىن تۇنجى مەيدان دوكلات بېرىش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

△ ئاپتونوم رايون تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كومىتېتى مۇدىرلىرى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىندا: تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە تۈزۈم يېڭىلاشنى تېزلىتىپ، غەربنى كەڭ ئېچىشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

## 12 ـ كۈنى

△ شىنجاڭ سىغالىڭ شېكەرچىلىك (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇلدى. بۇ گۇرۇھ شىركەت ئىلى سىغالىڭ شېكەرچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ شېكەرچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى (ئەسلىدىكى كۈنەس شېكەر زاۋۇتى)، بورتالا ئوبلاستلىق شېكەرچىلىك

چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، سانجى شېكەرچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى (ئەسلىدىكى سانجى شېكەر زاۋۇتى) قاتارلىق كارخانىلارنىڭ بىرلىشىشىدىن قۇرۇلغان. ئىلى سىفالڭ شېكەرچىلىك شىركىتى يادرو كارخانا. گۇرۇھ شىركەتنىڭ 730 مىليون يۈەن تۇراقلىق مەبلىغى بار، كۈنىگە 12 مىڭ 500 توننا قىزىلچىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. يىللىق شېكەر مەھسۇلاتى 230 مىڭ تونىغا يېتىدۇ.

## 14 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم مەركىزىي ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى يولداش جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» توغرىسىدىكى مۇھىم بايانىنى مەخسۇس ئۆگەندى ۋە مۇزاكىرە قىلدى. ئۇلار «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» تەلىپى بويىچە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىشكە بەل باغلىدى.

△ لوپنۇر ناھىيە بازىرىنىڭ 160 نەچچە كىلومېتىر شەرقىدىكى داشىخەيزى سۇ ئامبىرىدىن تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىغا سۇ قويۇپ بېرىلدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئاپتونوم رايون ھەر يىلى تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىغا 100 مىليون كۇب مېتىردىن 20 مىليون كۇب مېتىرغىچە سۇ قويۇپ بېرىپ، يېشىل كارىدور يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلايدۇ.

## 15 — 17 - كۈنلىرى

△ ئامېرىكىدا تۇرۇپ قالغان جۇڭگو مۇتەخەسسىلەر - پروفېسسورلار ئۆمىكىنىڭ ۋەتىنىنىڭ غەربىي شىمالىي رايونىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش ۋە لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتىدە بولدى ھەمدە ئاپتونوم رايوندىكى 21 ئورۇن بىلەن بىئولوگىيە قۇرۇلۇشى ۋە يۇقىرى يېڭى تېخنىكا قاتارلىق ساھەلەرگە ئالاقىدار 44 تۈردە ھەمكارلىق مۇددىئانامىسى ئىمزالىدى.

## 18 - كۈنى

△ «شىنجاڭ توردا» ناملىق تور ئېچىلدى. بۇنىڭدا ئاساسلىقى شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە تەبىئىي شارائىتى ۋە ئۆرپ - ئادىتى، سودا - ئىقتىساد، ساياھەتچىلىك ۋە مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ. سەھىپىلەر ئاساسلىقى ھۆكۈمەت، كارخانا ئىشلىرىنى تورغا كىرگۈزۈش، تېز ئاخبارات يەتكۈزۈش، ئۇنىۋېرسال ئۇچۇر، ئاممىۋى مۇلازىمەت قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ.

## 18 - كۈندىن 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە

ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە گۇرۇھلار مەركىزىي كومىتېتلىرى، مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە پارتىيىسىز زاتلارنىڭ «غەربنى كەڭ ئېچىش» تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولدى. تەكشۈرۈش ئۆمىكىگە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جاۋگو، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى جىڭ شۇپىڭ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى جو تيېنۇڭلار باش بولدى.

## 19 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى سىئول شەھىرىدە سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ كىرگۈزۈش يىغىنى ئېچىپ، كورىيە كارخانىچىلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ غەربىي رايونىنى كەڭ ئېچىش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىپ، شىنجاڭغا مەبلەغ سېلىپ قۇرۇلۇش قىلىشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

## 31 - كۈنى

△ شىخەنزە يىڭلى پاختىچىلىق گۇرۇھى قۇرۇلدى. بۇ گۇرۇھ 433 مىڭ گېكتار ئەتراپىدىكى تېرىلغۇ يېرىدىن ئىشلەپچىقىرىلغان 650 مىڭ توننا پاختا مەھسۇلاتى تىجارىتى قىلىدۇ.

△ جۇڭگو شىنجاڭ — كانادا ئىقتىساد - سودا مەبلەغ سېلىش مۇھاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

△ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە ئۆزى مەسئۇل مۇھەررىرلىكنى ئۈستىگە ئالغان كۆپ قىسىملىق چوڭ ھەجىملىك لۇغەت «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلىرى مەدەنىيەت لۇغىتى» دىن بىر يۈرۈش سوۋغا قىلدى.

# 6 - ئاي

## 1 - كۈنى

△ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 100 گە يېقىن مەكتەپ، باللار باغچىسىدىن كەلگەن 1200 كىچىك دوست ياشلار - ئۆسمۈرلەر سارىيىغا يىغىلىپ ئۆزلىرىنىڭ بايرىمىنى تەبرىكلىدى.

△ ش ئۇ ئا ر كارخانا خىزمىتى كومىتېتى رەسمىي قۇرۇلدى.

## 2 - كۈنى

△ جۇڭگو - ياپونىيە ھەمكارلىقىدىكى «شىنجاڭ ئالتاي رايونىدىكى قىزىلما بايلىقنى ئېچىش - تەكشۈرۈش تۈرى» گە ئىمزا قويۇش مۇراسىمى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

## 6 - كۈنى

△ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت مەدەنىيەت نازارىتىدە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە: غەربىي كەڭ ئېچىشنى قىزغىن كۈتۈۋېلىۋاتقان پەيتتە، ھەر مىللەت مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرى پائال ئىلگىرىلەش روھى بىلەن شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.

## 7 - كۈنى

△ ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونى گەرگۈلۈڭ 11 - رايون مەھەللە باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلدى. بۇ شىنجاڭدىكى تۇنجى مەھەللە باشقۇرۇش كومىتېتىدۇر.

## 14 — 21 - كۈنلىرى

△ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت ئاقسۇ ۋىلايىتى، بايىنغولىن ئوبلاستىدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ: مىللىي رايونلار چوقۇم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشى يولغا قويۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلىشى، ھەر مىللەت خەلقى بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

## 16 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون، بىڭتۈەن رەھبەرلىرى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىۋاتقان جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى «يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى بويىچە غەربىي رايونغا سەپەر قىلىش» مۇتەخەسسىسلەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا دائىر چوڭ ئىشلارنى بىرلىكتە پىلانلىدى.

## 19 - كۈنى

△ «ئورمان - ئوت - چۆپ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ۋە بەرپا قىلىش» تېما قىلىنغان 2000 - يىللىق «تەڭرىتاغ لوڭقىسى مۇھىت ئەسىر سەپىرى» پائالىيىتى باشلاندى.

## 20 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەسقەت كەرىمباي شىئەندە ئۆتكۈزۈلگەن شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي، شىنجاڭنىڭ غەربىي كەڭ ئېچىشنى يولغا قويۇش ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتى، ئۇ شياڭگاڭلىق مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك سودىگەرلەر شىنجاڭنى ئېچىشقا خاتىرجەم مەبلەغ سالسا بولىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

△ شىنجاڭ تۇنخې گۇرۇھى شىركىتى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن 2 تۈردە ئومۇمىيۈزلۈك ئۇزۇن مۇددەت ھەمكارلىشىش كېلىشىمى ئىمزالاپ، بىلىم بىلەن مەبلەغنىڭ ماسلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

## 22 - كۈنى

△ دۆلەت ئىقتىساد - سودا كومىتېتى، دۆلەت پىلان كومىتېتى، تاشقى ئىقتىساد - سودا مىنىستىرلىكى «ئوتتۇرا، غەربىي رايوندا چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سالىدىغان ئەۋزەل كەسىپلەر مۇندەرىجىسى» نى رەسمىي ئېلان قىلدى. شىنجاڭدىن 10 ئەۋزەل كەسىپ مۇشۇ قاتارغا كىرگۈزۈلدى.

## 24 — 25 - كۈنلىرى

△ ئىران زۇڭتۇڭى سەيدى مۇھەممەت ھاتەم شىنجاڭدا دوستانە زىيارەتتە بولدى.

## 26 - كۈنى

△ ئۈرۈمچى شەھىرى تاشقى ئايلانما يول قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى. قۇرۇلۇشقا 2 مىليارد 260 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ، يولنى 2003 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە پۈتتۈرۈپ بولۇش پىلانلاندى.

△ ش ئۇ ئا ر سىياسىي قانۇن كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر زەھەر چەكلەش كومىتېتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك زەھەر چەكلەش ئىشخانىسى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان «ھاياتنى قەدىرلەپ، زەھەردىن يىراق تۇرۇش» بويىچە 10 مىڭ كىشىلىك ئىمزا قويۇش پائالىيىتى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

## 29 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون ۋۇ دېڭيۈندىن ئۆگىنىش، ۋۇ دېڭيۈننى تەشۋىق قىلىش پائالىيىتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى يولداش ۋۇ دېڭيۈندىن ئەنموۋ ئۆگىنىپ، تىرىشىپ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» نىڭ ئەمەلىيەتچىلىرىدىن بولۇشقا سەپەرۋەرلىك قىلدى.

# 7 - ئاي

## 1 - كۈنى

△ گۇاڭخۇي كارخانا گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى پارتىيە ئەزالىرى قۇرۇلتىيى ئاچتى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى. ئۇ گۇاڭخۇي گۇرۇھىنى يۇغۇرۇلما ئىگىلىكتىكى كارخانا پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ،

ئۆزلۈكسىز يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىلھاملاندۇردى.

△ مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ماشىنىڭ ۋاقتىدا تارقىتىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون مىقياسىدا ماشىنى مالىيەدىن بىر تۇتاش تارقىتىش يولغا قويۇلدى.

## 4 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايون بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتى بويىچە تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئاچتى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ ۋېنيۇ: بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشقا چوقۇم يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

## 4 — 6 ـ كۈنلىرى

△ ج ك پ شىنجاڭ ھەربىي رايونى كومىتېتىنىڭ 9 - قۇرۇلتىيى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

## 12 — 23 ـ كۈنلىرى

△ 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىدىكى ۋەكىللىرىدىن تەشكىللەنگەن تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ۋە زىيارەتتە بولدى.

## 12 ـ كۈنى

△ شىنجاڭ شىنشۈي پاي چەكلىك شىركىتى قۇرۇلدى. بۇ — شىنجاڭ سۇچىلىق سىستېمىسى سۇچىلىقنى كەسىپلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا باسقان مۇھىم بىر قەدەم.

## 14 ـ كۈنى

△ 2000 - يىللىق جۇڭگو ئىچكى ساياھەتچىلىك يەرمەنكىسى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت، دۆلەت كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد يەرمەنكىگە قاتناشتى.

## 15 — 18 ـ كۈنلىرى

△ دۆلەت كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ: «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» نى ئەمەلدە كۆرسىتىپ، مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

## 18 ـ كۈنى

△ جۇڭگو تېلېگراف گۇرۇھى شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتى قۇرۇلدى.

△ مەملىكەت بويىچە قىسمەن ئالىي مەكتەپلەردىكى دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان 150 (شىنجاڭدىن 10 كىشى) كىشىدىن تەركىب تاپقان دوكتورلار ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، شىنجاڭدا مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا، سەھىيەدىن ئىبارەت «ئۈچنى يېزىغا چۈشۈرۈش» ۋە تۈرلەر بويىچە توغرىلاپ مۇلازىمەت قىلىش پائالىيىتىنى باشلىدى.

## 19 — 25 ـ كۈنلىرى

△ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق باشلىقى چياۋ شى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى. چياۋ شى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىدىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ئارمىيە - خەلق ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، غەربىي كەڭ ئېچىشنى تېزلىتىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلدى.

## 19 ـ كۈنى

△ ۋاڭ لوبىڭ مۇزىكا - سەنئەت سارىيى تۇرپان شەھىرىنىڭ بۈيلۈق يېزىسىدا پۈتتى.

△ ئارشاڭ ناھىيىسىدە سېلىنغان شىنجاڭ سالامەتلىك ساراسى سارىيى ئېچىلدى.

## 20 ـ كۈنى

△ جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ پاختىچىلىق گۇرۇھى — جوڭشىنجيەن پاختىچىلىق گۇرۇھى قۇرۇلدى. بۇ گۇرۇھ بىڭتۇەننىڭ كېۋەز تېرىيدىغان ئورۇنلىرى ۋە پاختا تىجارىتى قىلىدىغان ئورۇنلىرى بىرلىكتە قۇرغان. ئېكسپورت قىلىش بىلەن ئىچكى قىسىمدا سېتىشنى بىر گەۋدە قىلغان رايون، كەسىپ، مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىن ھالقىغان كۆپ قانۇنىي ئىگىسى بار بىرلەشمە گەۋدىدىن ئىبارەت.

## 23 — 28 ـ كۈنلىرى

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، دۆلەت كومىسسارى، مەركىزىي سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لو گەن شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى. لو گەن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: سىياسىي قانۇن قوشۇنى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى چوقۇم ئەستايىدىل ئۆگىنىشى ھەمدە ئۇنى باشلامچى بولۇپ ئەمەلدە كۆرسىتىشى كېرەك. تۈرلۈك جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە داۋاملىق قاتتىق زەربە بېرىپ، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداپ، دۆلەتنىڭ غەربىي كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشى ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇھىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

## 25 ـ كۈنى

△ دۆلەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خۇ جىنتاۋ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئاسىيا، ياۋروپادىكى 5 دۆلەتنى زىيارەت قىلىش

سەپىرىدە شىنجاڭدا قىسقا ۋاقىت توختاپ ئۆتتى.

△ «غەربىي كەڭ ئېچىش — شىنجاڭنى ئېچىش ئومۇمىي پىلانى» ئوتتۇرىغا قويۇلدى. «ئومۇمىي پىلان» دا: 21 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى 10 يىلىدا كەڭ ئېچىش ئارقىلىق شىنجاڭنى مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ئەلا سۈپەتلىك تاۋار پاختا بازىسى، ئەلا سۈپەتلىك يىپ، ئەلا سۈپەتلىك رەخت ئىشلەپچىقىرىش بازىسى، ئېلىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى مۇھىم نېفىت - تەبىئىي گاز ۋە نېفىت - تەبىئىي گاز خىمىيە سانائىتى بازىسى قىلىپ، مەملىكەت ئىقتىسادىنى ئاشۇرۇشنىڭ يېڭى مۇھىم تايانچ نۇقتىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، ئالدىنقى 3 يىلدا ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنى %8 كە، كېيىنكى 7 يىلدا %10 كە يەتكۈزۈش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

## 25 — 27 - كۈنلىرى

△ مەملىكەتلىك قۇرۇقلۇق چېگرا مۇداپىئە ئاساسىي مۇئەسسەسەسى قۇرۇلۇشى بويىچە خۇلاسىلەش - تەقدىرلەش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، دۆلەت كومىسسارى لو گەن يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى.

## 26 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئاپتونوم رايون ئاچقان ئوتتۇرا ياش، ياش دىنىي خادىملارنىڭ باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ سۆزىنى ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتنىشۋاتقان بارلىق كۇرسانتلارنى يوقلىغاندا، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنىڭ توغرىلىقىغا قەتئىي ئىشىنىش، دىنىي ئەدلىيە، مەمۇرىيەت، مائارىپ، پىلانلىق تۇغۇت ۋە نىكاھ ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرۇۋالماسلىق، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.

## 27 - كۈنى

△ شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ گۆرۈھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇلدى. بۇ شىركەتتە 12 تولۇق مەبلەغلىك بالا شىركەت ۋە پاي تىزگىنلەش، پايغا قاتنىشىش شىركىتى بار.

## 27 - كۈندىن 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە

△ جېجياڭ ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جاڭ دېجياڭ باشچىلىقىدىكى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى. ئىككى تەرەپ شىنجاڭ - جېجياڭ ھەمكارلىقىدا سەھىپە ئاچىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

## 29 - كۈنى

△ جېجياڭ ئۆلكىسى خوتەن ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىنىڭ ئۈنۈۋېرسال بىناسىنى سېلىشقا ۋە خوتەن 2 - ئوتتۇرا مەكتەپكە تەجرىبە بىناسى، ئوقۇغۇچىلار ياتىقى، ئاشخانا سېلىشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن خوتەن ۋىلايىتىگە 11 مىليون يۈەن ئىئانە قىلدى.

△ جېجياڭ ئۆلكىسى جىلى گۇرۇھى بىلەن قەشقەر دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى ئۈرۈمچى شەھىرىدە توختامنامە ئىمزالاپ، 350 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، قەشقەردە جىلى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ۋە زاپچاسلىرى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قۇرىدىغان بولدى.

## 30 - كۈنى

△ ئىئوردانىيە ئاۋام پالاتاسىنىڭ باشلىقى ئابدۇقادىر ماجال باشچىلىقىدىكى ئىئوردانىيە ئاۋام پالاتاسى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 18 كىشى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، جۇڭگو شىنجاڭدا ئېلىپ بارىدىغان زىيارىتىنى باشلىدى. ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز ئايرودرومغا چىقىپ ئۇلارنى كۈتۈۋالدى.

△ دۆلەتنىڭ «863» پىلان تۈرى — ئاتسىللاشتۇرۇلغان فېرمېنتلىق كېبن قۇرۇلۇشىدا زەمبۇرۇغنى ئۇراقلاشتۇرۇش ھۆجەيرىسى ئارقىلىق L — مېتىئونىن ئىشلەپچىقىرىش سىنىقى تەتقىقاتى دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

## 31 - كۈنى

△ مەملىكەتلىك 3 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي تەرجىمە خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

# 8 - ئاي

## 1 - كۈنى

△ شىنجاڭ ھەربىي رايونى «1 - ئاۋغۇست» نى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن پېشقەدەم كادىرلار سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق رەئىسى ۋاڭ ئېنماۋ يىغىندا سۆز قىلدى.

△ ئاپتونوم رايون پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىتلار سىچۈەن ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئۆلكە باشلىقى جاڭ جوڭۋېي باشچىلىقىدىكى سىچۈەن ئۆلكىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن كۆرۈشتى.

△ شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر پاي چەكلىك شىركىتى قۇرۇلۇپ ۋىۋىسكا يوپۇقى ئاچتى. بۇ شىركەت شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھىنى باش تەشەببۇسچى قىلىپ، خېبېي خەنگاڭ گۇرۇھى، جياڭسۇ

ئەنجىلىڭ لىيەنچيالىڭ گۇرۇھى، شىنجاڭ خۇاشۇن سانائەت - سودا شىركىتى، شىنجاڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش - مەبلەغ سېلىش شىركىتىنىڭ بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىشى بىلەن قانۇن بويىچە قۇرۇلغان، رويخەتكە ئالدۇرغان كاپىتالى 279 مىليون يۈەن، ئومۇمىي مۈلكى 1 مىليارد 166 مىليون يۈەن، ساپ مۈلكى 429 مىليون يۈەن.

## 2 — 4 - كۈنلىرى

△ مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى بىلەن مەمۇرىي تەپتىش مىنىستىرلىكى ئۇرۇمچىدە غەربىي جەنۇب ۋە غەربىي شىمال رايونى بويىچە ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىندا «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسى بويىچە پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

## 3 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى ئەڭشەلگەندىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ خىزمەت ئاپپاراتى 9 بولىدۇ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت تارماقلىرى ھازىرقى 48 دىن 39 غا ئازايتىلىدۇ، پارتكومنىڭ ھەرقايسى بۆلۈملىرىدە تەسىس قىلىنغان ئاپپاراتلار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %10 ئەتراپىدا ئىخچاملىنىدۇ، ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىدا تەسىس قىلىنغان ئاپپاراتلار پرىنسىپ جەھەتتە %20 ئەتراپىدا ئىخچاملىنىدۇ. ھازىرقى تۈرلۈك كېڭەشش - ماسلاشتۇرۇش ئاپپاراتلىرى ۋە ۋاقىتلىق ئاپپاراتلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئورگىنى خادىملار شتاتىنى %20 نىسبەت بويىچە قىسقارتىدۇ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنى %46.5 نىسبەت بويىچە قىسقارتىدۇ.

## 4 - كۈنى

△ شىنجاڭ ئاپتوموبىل زاۋۇتى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان EQ1211G يۈرۈشتىكى 4×6 تىپلىق، EQ1241G يۈرۈشتىكى 2×6 ئېغىر تىپلىق ئاپتوموبىل دۆلەتنىڭ 2000 - يىللىق سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان نۇقتىلىق يېڭى مەھسۇلاتلىرى تۈرىگە كىرگۈزۈلدى، بۇ، شىنجاڭنىڭ ماشىنىسازلىق سانائىتى سەۋىيىسىنىڭ يېڭى بىر يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

## 5 — 12 - كۈنلىرى

△ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى تۆمۈر داۋامەت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇلارنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. كۆزدىن كەچۈرۈش داۋامىدا تۆمۈر داۋامەت 3 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى رەھبەرلەردىن تەدبىرلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ كىرگۈزۈش سالمىقىنى زورايتىپ، كونا قائىدىلەردىن ھالقىپ كەتكەن پىكىر يولى ئارقىلىق، 2 ـ، 3 - كەسىپنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ گۈللىنىش يولىغا مېڭىشى ئۈچۈن ئاساس سېلىشنى تەلەپ قىلدى.

## 8 - كۈنى

△ كومپيۇتېردا سېتىلىدىغان «شىنجاڭ مەنزىرىسى» پاراۋانلىق لاتارىيە بېلىتىنى تۇنجى قېتىم تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

## 9 — 10 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايون قومۇلدا بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ بىرلىشىشىنى كۈچەيتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى ئىلگىرى سۈرۈش نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى. يىغىندا: بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك قول تۇتۇشۇپ بىللە تەرەققىي قىلىپ، ئەۋزەللىرىنى دەل تېپىپ، قۇرۇلمىنى تەڭشەپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنى تېز سۈرئەتتە ئاشۇرۇشى كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

## 11 - كۈنى

△ جىمىنەي ناھىيىسىنىڭ تومت يېزىسىدا كۆلىمى 313 گېكتار كېلىدىغان سازلىقتا كىچىك يوپۇرماقلىق ئاق قېيىن دەرىخى بايقالدى. بۇ مەملىكەت بويىچە ۋە ئاسىيا قىتئەسى بويىچىمۇ ئاز ئۇچرايدۇ.

## 12 — 15 - كۈنلىرى

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى دىڭ گۇەنگېن شىنجاڭنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ: «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەركەزنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىللىي رايونلارنىڭ تەشۋىقات خىزمىتى، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتىنى ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، پۇرسەتنى تۇتۇپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداپ، شىنجاڭنى تېخىمۇ گۈللەنگەن، باي، مەدەنىي، گۈزەل شىنجاڭ قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

## 13 — 22 - كۈنلىرى

△ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى

سۇلاڭ جيەن باشچىلىقىدىكى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولدى.

### 14 — 19 - كۈنلىرى

△ شاڭخەي شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شەھەر باشلىقى شۈ كۇاڭدى باشچىلىقىدىكى شاڭخەي شەھىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ۋە زىيارەتتە بولدى. شۇ مەزگىلدە، ئىككى تەرەپ بۇنىڭدىن كېيىن شاڭخەي بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەمكارلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش مەقسىتىدە كەڭ دائىرىدە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ باردى ھەمدە بىر تۈركۈم ئومۇمىيۈزلۈك ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى.

### 15 — 18 - كۈنلىرى

△ دۆلەت كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد خوتەن ۋىلايىتىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئىسمائىل ئەھمەد: باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، تۆرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

### 17 — 22 - كۈنلىرى

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى لى لەنچىڭ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. لى لەنچىڭ كۆزدىن كەچۈرۈش داۋامىدا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: غەربنى كەڭ ئېچىش — سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلدۇرۇلۇۋاتقان تارىخىي شارائىتتا قوللانغان زور ئىستراتېگىيىلىك تەدبىر، بۇ ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن چوقۇم يېڭى كۆزقاراش، يېڭى ئىدىيە، يېڭى مېخانىزم ۋە يېڭى پەن - تېخنىكا بولۇشى كېرەك. پەن - مائارىپنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق، غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىشنى قوللاش كېرەك.

### 18 — 22 - كۈنلىرى

△ 3 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خۇالىڭ خەلقئارا قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى يەرمەنكىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يەرمەنكىدە پۈتۈشۈش سوممىسى 4 مىليارد 326 مىليون يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەل بىلەن پۈتۈشۈلگەن سوما 968 مىليون يۈەن بولدى.

### 19 — 22 - كۈنلىرى

△ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، تەيۋەن دېموكراتىك ئاپتونومىيە ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى جاڭ كېخۇي ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 4 كىشى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى.

### 23 - كۈندىن 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە

△ جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئۆلكە باشلىقى جى يۈنشى باشچىلىقىدىكى جياڭسۇ ئۆلكىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولدى. تەكشۈرۈش مەزگىلىدە، شىنجاڭ بىلەن 41 ھەمكارلىق تۈرى ئىمزالىدى، كېلىشىم سوممىسى ئازكەم 2 مىليارد 400 مىليون يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى بىلەن يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەبلىغى 1 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ.

### 24 - كۈنى

△ مەملىكەتلىك نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى مۇھاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا يېڭى ئەسىرنىڭ دەسلەپىدىكى نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش ئىستراتېگىيىسى ۋە تەدبىرلىرى مۇھاكىمە قىلىندى.

### 24 — 25 - كۈنلىرى

△ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن گوۋۇيۈەن تەرەققىيات - تەتقىقات مەركىزى بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان «غەربنى كەڭ ئېچىش ۋە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى مۇھاكىمە يىغىنى» ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

### 28 - كۈنى

△ ئامېرىكا يېڭى ئەسىر مۇۋەپپەقىيەت گۇرۇھى 500 مىليون يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ سېلىپ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئاۋات بۆلۈكىدىكى شىياۋشىمىنغا سالىدىغان مۇۋەپپەقىيەت مەيدانى ئۇنىۋېرسال بىناسىغا ئۇل سېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

### 29 - كۈنى

△ شىنجاڭ ئىقتىساد - سودا كومىتېتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، 30 خىل مەھسۇلاتنى شىنجاڭنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتى دەپ ئېلان قىلدى، يەنە 1994 - يىلى بېكىتىلگەن 8 خىل مەھسۇلاتنىڭ شاللىۋېتىلگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىنجاڭنىڭ 132 خىل داڭلىق مەھسۇلاتى بار بولدى.

### 30 - كۈنى

△ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا ئىلھام بېرىشكە دائىر بىرقانچە سىياسەت - بەلگىلىمىسى» ئوتتۇرىغا چىقىرىلدى.

## 9 - ئاي

### 1 — 8 - كۈنلىرى

△ 2000 - يىللىق ئۈرۈمچى تاشقى ئىقتىساد - سودا

يەرمەنكىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ماۋ جىيۇڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. بۇ نۆۋەتلىك ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە ئىمزالانغان تاشقى ئىقتىساد - سودا توختامى سوممىسى 1 مىليارد 582 مىليون دوللار، ئىچكى سودىدا پۈتۈشۈلگەن سومما خەلق پۇلى ھېسابىدا 12 مىليارد 245 مىليون يۈەن، ئىچكى ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 10 مىليارد 587 مىليون يۈەن بولدى. 28 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەر يەرمەنكىگە قاتناشتى.

## 1 - كۈنى

△ 2000 - يىللىق دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكىلەرنىڭ غەربنى ئېچىش بويىچە ئىقتىساد - مەبلەغ سېلىش يەرمەنكىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يەرمەنكىگە سودىگەر چاقىرىش ۋە ھەمكارلىق تۈرىدىن 172 تۈر قويۇلدى. بۇ قېتىمقى يەرمەنكىنى گوۋۇيۈەن تەيۋەن ئىشلىرى ئىشخانىسى ئىقتىساد ئىدارىسى ئۇيۇشتۇردى.

## 2 - كۈنى

△ شىنجاڭ توقۇمىچىلىق، يېنىك سانائەت، ماشىنىسازلىق، ئېلېكترون، خىمىيە سانائىتى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، سودىدىن ئىبارەت 6 كەسىپىي ئىشخانا قۇرۇلۇپ ۋۇشىكا ئاچتى. بۇ شىنجاڭ ئىقتىساد - سودا سىستېمىسى ئاپپارات ئىسلاھاتىنىڭ يولغا قويۇلۇش باسقۇچىغا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

△ شىنجاڭ بىلەن بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي، لياۋنىڭ، شەندۇڭ، جياڭسۇ، جېجياڭ، فۇجيەن، گۇاڭدۇڭ، خېيىنەن قاتارلىق شەرقىي قىسىمدىكى 10 ئۆلكە، شەھەرنىڭ يەن - تېخنىكا ھەمكارلىق يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

## 3 - كۈنى

△ ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى ئۈنجى قېتىم ئىقتىساد مۇنبىرى ئۇيۇشتۇردى، ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق ئىقتىساد نەزەرىيىچىسى دۇڭ پۇنەي، دۆلەت دەرىجىلىك ئالاھىدە تۆھپە قوشقان ئوتتۇرا ياش ئىقتىسادشۇناس ۋېي جيې، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ تەتقىقاتچى مۇتەخەسسىسى شۇ رۇڭجيۇ، پۇل - مۇئامىلە - ئاكسىيە ۋە كاپىتال تىجارىتى مۇتەخەسسىسى پروفېسسور ماۋ فېڭچىلار «جۇڭگونىڭ غەربىي رايونىنى كەڭ ئېچىش ۋە شىنجاڭ» دېگەن تېمىدا دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلىندى.

## 4 — 10 - كۈنلىرى

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى جۇ رۇڭجى شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. جۇ رۇڭجى مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش — نۆۋەتتە غەربنى كەڭ ئېچىشتىكى جىددىي ئىش. ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى ۋە مۇھىت ئاسراش — غەربنى كەڭ ئېچىشنىڭ تۈپ نېگىزى، تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىش، ئوت - چۆپ تېرىش، قاقاس تاغ، چۆل - قۇملۇقلارنى كۆكەرتىش قاتارلىق ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىنى پىلانلىق، قەدەممۇقەدەم چىڭ تۇتۇپ، غەربىي رايوننىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلاش كېرەك. شىنجاڭ ھازىرلىغان ھەرخىل ئۈستۈنلۈك ۋە شارائىتتىن قارىغاندا، شىنجاڭ 5 يىلدىن 10 يىلغىچە بولغان ۋاقىتتا ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. نۆۋەتتە كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ 2 ئىشنى ياخشى ئىشلەش كېرەك: بىرى، سۇ بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، يەنە بىرى، غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى.

## 6 - كۈنى

△ 16 - قېتىملىق ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى ھارپىسىدا ئاپتونوم رايون تەبرىكلەش، تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، يېڭى تەستىقلانغان 93 ئالىي ئوقۇتقۇچى ۋە 92 «ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر يېزا، كەنت ئوقۇتقۇچىسى» ۋەكىللىرىنى مۇكاپاتلىدى.

## 8 - كۈنى

△ سائەت 19 دىن 38 مىنۇت ئۆتكەندە، كۆيدۈرۈۋېتىش ئۈچۈن ئېلىپ مېڭىلغان پارتلىتىش بۇيۇمى بېسىلغان بىر ئاپتوموبىل ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ غەربىي شەھەر ئەتراپى شىەن بۆلىكىگە كەلگەندە پارتلاپ كېتىپ، 60 ئادەم ئۆلدى، 173 ئادەم يارىلاندى. 20 دىن ئارتۇق ماشىنا ۋە بىقسىن ئەتراپىتىكى ئۆيلەر زىيانغا ئۇچرىدى. ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن بۇ ئىشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، يارىدارلارنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇش، ئاخىرەتلىك ئىشلارنى مۇۋاپىق بىرتەرەپ قىلىش، ۋەقەنىڭ سەۋەبىنى تېزلىكتە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى.

## 10 - كۈنى

△ شىنجاڭ شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىدا شەرققە سوزۇلغان چوڭ بىر مىس كېنى بايقالدى. بۇ كاننىڭ بايلىق مىقدارىنىڭ 10 مىليون توننىدىن ئېشىپ كېتىشىدىن ئۈمىد بار.

## 11 - كۈنى

△ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەمۇرىيەت ئىنستىتۇتى قۇرۇلۇپ ۋۇشىكا يوپۇقى ئاچتى. شىنجاڭ

مەمۇرىيەت ئىنىستىتۇتى ئاساسلىقى ھۆكۈمەت مەمۇرلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. ئۇ ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپى بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىرىدۇ.

## 11 — 21 - كۈنلىرى

△ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بۇخې شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ: شىنجاڭ — ئۈمىدكە تولغان، زور ئىستىقباللىق يەر ئىگە جاي، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى ئورتاق تىرىشىپ، شىنجاڭنى چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ ياخشى قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

## 16 - كۈنى

△ ئۈرۈمچى بويىچە 2 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى يەرمەنكىسى ئېچىلدى.

## 17 - كۈنى

△ دۆلەتلىك نۇقتىلىق قۇرۇلۇش — ئۇلۇغچاتا توگۈنلۈك سۇچىلىق قۇرۇلۇشىدا تورلار بويىچە توك تارقىتىلدى.

## 18 — 21 - كۈنلىرى

△ دۆلەت چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەر ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرى تۈرى ۋە خەلقئارا ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش كېڭىشىش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا 14 دۆلەتتىن كەلگەن 23 مۇتەخەسسىسلەر تەشكىلاتى ۋە ئىختىساسلىقلار ئاپپاراتى ۋەكىللىرىدىن 51 كىشى، دۆلەت ئىچىدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ ئەقلىي كۈچ كىرگۈزۈش ئىشخانىلىرى ۋە ئالاقىدار مىنىستىرلىك، كومىتېتلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولۇپ 800 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى.

## 21 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن، قېيۇم باھاۋۇدۇن، ۋۇ دۇنفۇلار مەركەزدىكى ئاخبارات ئورۇنلىرى زىيارەت ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى. زىيارەت ئۆمىكى 14 - چېسلادىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى زىيارەت قىلدى.

## 23 - كۈنى

△ شىنجاڭدىكى 7000 دىن كۆپرەك كىچىك دۆلەت كارخانىسىدىن 6300 نىڭ تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىندى.

## 23 — 29 - كۈنلىرى

△ ئاۋېن سودا - سانائەتچىلەر ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولدى.

## 24 - كۈنى

△ 2000 - يىللىق جۇڭگو - ئۈرۈمچى ئۆچۈر تېخنىكىسى ۋە ئۈچۈر مەھسۇلاتى كۆرگەزمىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

## 26 - كۈنى

△ شىنجاڭ خەلقئارا ئوقەتچىلىك پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ 70 مىليونلۇق A پېيى شېنجېن بىرژىسىدا بازارغا سېلىندى.

△ گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى بېيجىڭدا شىنجاڭنى كەلگۈسى ئېچىش تېمىسى بويىچە مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت شىنجاڭدا غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا دائىر ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى ھەمدە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغنى ئالدى بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇخبىرلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋۇ دۇنفۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ جۇ تاشقى تەشۋىقات خىزمىتى، شىنجاڭنىڭ غەربنى كەڭ ئېچىشتىكى ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇخبىرلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى. يىغىنغا جۇڭگو ۋە چەت ئەل مۇخبىرلىرىدىن 100 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

## 28 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون چېرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا مەنبەنى تۇتۇش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ ۋېنيۆ يىغىندا سۆز قىلدى.

## 29 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون دۆلەت بايرىمىنى كۈتۈۋېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى، پېشقەدەم كادىرلار سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. ۋاڭ لېچۈەن يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى، ئابلەت ئابدۇرېشىت يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

## 30 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون دۆلەت بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 51 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

△ تۇنجى نۆۋەتلىك ئۈرۈمچى ئالتۇن كۈز مەدەنىيەت - كىتاب بازىرى شىنجاڭ خەلقئارا كۆرگەزمە مەركىزىدە باشلاندى.

# 10 - ئاي

## 1 - كۈنى

△ ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىدا داغدۇغىلىق ھالدا دۆلەت

بايرىقى چىقىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ۋە بىڭتۇەن رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، جانابىللار 10 مىڭدەك ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن بىللە مۇراسىمغا قاتناشتى.

## 3 ـ كۈنى

△ مەملىكەتلىك 9 ـ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ سابىق شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ 67 يېشىدا ۋاپات بولدى.

## 4 ـ كۈنى

△ شىنجاڭ ئارمان ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقارغان ئارمان يۇرۇشلۇك قۇۋۋەت تالقانلىرى دۇنيا تېبابەتچىلىكى ئىلمىي يىغىنى بەرگەن ئالىي مۇكاپات — ئالتۇن كالا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇ — مەملىكەت بويىچە ساغلاملىق بېيىتكۈچلىرى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلار ئېرىشكەن تۇنجى خەلقئارالىق ئالىي مۇكاپات.

## 6 ـ كۈنى

△ «پەلەك شاھى» ئادىل خوشۇر ئۆلكىسىنىڭ خېگشەن تېغىدىكى فۇرژاڭ چوققىسىدىن خېگشەن تېغىدىكى ئاساسىي چوققا جۇرژاڭ چوققىسىغا تارتىلغان ئۇزۇنلۇقى 1300 مېتىردىن ئاشىدىغان پولات سىمدىن 52 مىنۇت 22 سېكۇنتتا مۇۋەپپەقىيەتلىك مېڭىپ ئۆتتى.

## 7 ـ كۈنى

△ مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 201 ـ سانلىق «ئۇنىۋېرسال سەنئەت» پروگراممىسى ئۈرۈمچىدە نەق مەيداندا بىۋاسىتە كۆرسىتىلدى.

## 8 ـ كۈنى

△ ئولىمپىك ئەزىمەتلىرىنىڭ ۋەتەننىڭ غەربىگە سەپەر قىلىش ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. ھەر مىللەت ئاممىسى ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى. 9 ـ كۈنى ۋەكىللەر ئۆمىكى دوكلات يىغىنى ئۆتكۈزدى.

## 13 ـ كۈنى

△ غەربنى ئېچىش ۋە جۇڭگو كانچىلىق ئىشلىرىغا مەبلەغ سېلىش بويىچە خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

△ ئاپتونوم رايون پاختا بازىرىنى مەخسۇس تەرتىپكە سالدى.

## 16 ـ كۈنى

△ مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى مەركىزىي مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى، مائارىپ مىنىستىرلىكى بىرلىكتە يولغا قويغان «غەربنى ئېچىش بويىچە ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى» رەسمىي باشلاندى. شىنجاڭدىن قىيىنچىلىقى ئېغىر 100 ئوقۇغۇچى بۇ ياردەمگە ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەردىن 65 ئوقۇغۇچى، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەردىن 35 ئوقۇغۇچى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى 1 ـ ئوقۇش يىلىدا 5000 يۈەندىن ياردەمگە ئېرىشتى.

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى ئاچتى، يىغىندا ج ك پ 15 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە ئۆگىنىلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى پىكىرى ۋە تەدبىرلىرى مۇھاكىمە قىلىندى.

## 18 ـ كۈنى

△ ماناس ناھىيىسىدىكى تاشقوۋۇق سۇ ئامبىرىغا سۇ قاچىلاندى.

△ شىنجاڭدا پاختىنى كەڭ كۆلەمدە، يۇقىرى ھوسۇللۇق قىلىپ يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش بولدى. 10 ناھىيە، شەھەردىكى 177 مىڭ گېكتار كېۋەزلىكتە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر گېكتار يەردىن 1642.5 كىلوگرام ھوسۇل ئېلىندى.

## 21 ـ كۈنى

△ سائەت 12 دىن 35 مىنۇت ئۆتكەندە، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى مۇرئىتىنى تېزلەتكەن تۇنجى پويىز — T70 ـ قېتىملىق پويىز ئۈرۈمچى ۋوگزالىدىن چىقىپ، بېيجىڭغا يۈرۈپ كەتتى.

## 25 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايون جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش بويىچە 210 ئىلغار كوللېكتىپنى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىگە قاتناشقان 304 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداشتا ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن 27 ئىلغارنى تەقدىرلىدى، مۇكاپاتلىدى. 202 ئورۇنغا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «بىخەتەر مەدەنىي رايون» ۋە «بىخەتەر مەدەنىي بازار، كەنت» دەپ نام بەردى.

△ شىنجاڭ مايتاغ 220 مىڭ توننىلىق ئېتىلېن ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتىش ـ كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقىدىن ئۆتتى.

## 26 — 28 ـ كۈنلىرى

△ مەملىكەت بويىچە تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ غەربنى ئېچىش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش خىزمەت يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى

خەن جۇبىڭ يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن چاقىدا مۇھىم سۆز قىلدى.

### 28 ـ كۈنى

△ شىنجاڭ لوپنۇر كۆلى كالىي تۇزى پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچىدە رەسمىي قۇرۇلدى. 7 پايچىكتىن تەشكىللەنگەن بۇ شىركەتنىڭ رويخەتكە ئالدۇرغان مەبلىغى 70 مىليون 250 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى. بۇ تۈردە 3 يىلدا 500 مىڭ توننىدىن ئارتۇق كالىي سۇلفات ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى يارىتىش نىشان قىلىندى.

### 30 ـ كۈنى

△ شىنجاڭدىكى بۆلگىمە قويۇپ بېرىدىغان نۇقتىلىق 2 كارخانا — خۇۋېيەنچى ئېلېكتىر ئىستانسىسى، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» سېمونت پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىس ـ توزان گۈڭگۈرت چالا ئوكسىدى قويۇپ بېرىش دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەمگە يېتىپ، شىنجاڭ مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىنىڭ «بىرنى تىزگىنلەش، ئىككىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش» بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

### 31 ـ كۈنى

△ دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى، ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى ئەڭ چوڭ يۇقىرى بېسىملىق، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق قېتىشقان گازلىق — ياقا قېتىشقان گازلىقى يۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ياقا قېتىشقان گازلىقى كۇچا ناھىيىسى تەۋەسىدە، تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان قېتىشقان گازنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى 30 مىليارد 236 مىليون كۇب مېتىر، تەبىئىي گاز زاپىسى 26 مىليارد 970 مىليون كۇب مېتىر، قېتىشقان نېفىت زاپىسى 18 مىليون 223 مىڭ توننا.

## 11 ـ ئاي

### 1 ـ كۈنى

△ مەملىكەتلىك 5 ـ قېتىملىق نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش باشلاندى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ ۋېنيۆلەر ئاددىي يۇقىرا سۈپىتىدە ئۆزلىرىنى باش بولۇپ تىزىملاتتى.

### 1 — 2 ـ كۈنلىرى

△ شىنجاڭ يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، يىغىندا يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئالاھىدىلىكى، پىكىر يولى، ئورنى ۋە تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ يەنە بىر باللداق يۇقىرى ئۆرلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈستىدە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى.

### 3 ـ كۈنى

△ ئۈرۈمچى ـ كۈيتۇڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولىدا يۈتۈن لىنىيە بويىچە قاتناش باشلاندى. بۇ تاشيول شەرقتە ئۈرۈمچىدىن باشلىنىپ غەربتە كۈيتۇڭ شەھىرىگە يېتىپ بارىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 265.5 كىلومېتىر، بۇنىڭغا 5 مىليارد 127 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 3 يىل 6 ئايدا پۈتتى.

△ ئاپتونوم رايون 2000 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 2001 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە بولغان 3 ئاي ۋاقىتتا ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە ساختىلىققا زەربە بېرىش بىرلەشمە ھەرىكىتىنى مەركەزلىك قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى.

### 5 ـ كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر 5 ـ نۆۋەتلىك پارتكومىنىڭ 7 ـ قېتىملىق ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىندا «ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، خىزمەتنى ھەقىقىي چىڭ تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 10 ـ بەش يىللىق پىلانىنى تولۇق ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلايلى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 10 ـ بەش يىللىق پىلانى پروگراممىسى» (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى) ھەققىدە ئىزاھات بەردى.

### 8 ـ كۈنى

△ ئاپتونوم رايون تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو مۇخبىرلار بايرىمىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئاچتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قېيۇم باھاۋۇدۇن يىغىندا ئاخبارات ساھەسىدىكىلەردىن توغرا جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىنى يۇقىرى ئىگىلەپ، ئاخبارات قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئاخباراتچىلىق خىزمىتىنى تېرىشىپ ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى.

### 9 ـ كۈنى

△ «جۇڭخۇا باھارى» غەربىي رايون بىئولوگىيە قۇرۇلۇشى يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا سانائەت باغچىسى قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى. بۇ شىنجاڭدىكى بىئولوگىيە قۇرۇلۇشى بويىچە تۇنجى يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا سانائەت باغچا رايونى ھېسابلىنىدۇ. بۇ سانائەت باغچىسى ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونىغا جايلاشقان، ئۇنىڭغا 1 مىليارد 270 مىليون يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ سېلىنىدۇ،

قورۇلۇش 5 يىلدا پۈتىدۇ.

### 9 — 14 - كۈنلىرى

△ 2000 - يىللىق مەملىكەتلىك بوكسيورلۇق بويىچە چېمپىيونلۇق تالىشىش مۇسابىقىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ ماھىرلىرى 2 تۈردە چېمپىيون بولدى.

### 12 — 21 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت باشچىلىقىدىكى جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋەكىللەر ئۆمىكى تەكلىپكە بىنائەن تايلاند، سىنگاپور، ھىندونېزىيىدىن ئىبارەت 3 دۆلەت ۋە شياڭگاڭ ئالاھىدە رايونىدا زىيارەتتە بولدى.

### 22 - كۈنى

△ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ كىرگۈزۈشكە ئائىت بىرقانچە سىياسەت بەلگىلىمىسى» ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

### 24 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ئاپتونوم رايوندىكى باش نازىر دەرىجىلىك ئاساسلىق پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبىري كادىرلىرىنىڭ يولداش جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش كۇرسىدا: ھەر دەرىجىلىك رەھبىري كادىرلار يولداش جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ھەققىدىكى مۇھىم سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئۇزاق ئەبەدىي ئامانلىقى ۋە گۈللىنىپ راۋاج تېپىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

### 28 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى.

△ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ ئاپتونوم رايونلۇق باش كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى يىغىنىدا: كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، يېڭى ئەسىرنىڭ تەلىپىگە ماسلاشقان يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنى قۇرۇپ چىقىشنى تۈزۈم كاپالىتى بىلەن تەمىن ئېتىش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

△ قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى ترانسپورتنى 3600 كۈن بىخەتەر ئېلىپ بېرىپ، مەملىكەت بويىچە تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى دەرىجىلىكلەر بويىچە بىخەتەرلىك ئۈلگىسى بولدى.

### 30 - كۈنى

△ دۆلەتلىك مەمۇرىي ئورگانلار دۆلەت مەمۇرلىرىنى ئىمتىھان ئېلىپ قوبۇل قىلىشتا تۇنجى قېتىم مەملىكەتكە يۈزلەندى. شىنجاڭ ئىمتىھان ئېلىپ قوبۇل قىلىش نۇقتىلىرىنىڭ بىرى بولدى.

## 12 - ئاي

### 1 — 4 - كۈنلىرى

△ شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو - چەت ئەل ئاپتوموبىللىرى يەرمەنكىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

### 2 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن تەكلىپكە بىنائەن ئاۋستىرالىيە ۋە يېڭى زېلاندىيىگە زىيارەتكە ماڭدى.

### 6 - كۈنى

△ ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودرومى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولىدا قاتناش باشلاندى. تاشيولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 7500 مېتىر، ئۇنىڭغا 280 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى.

△ ئالتاي ۋىلايىتىدە توختىماي قېلىن قار يېغىپ كەتتى. قارنىڭ قېلىنلىقى 50 سانتىمېتىردىن ئېشىپ كەتتى، تاغلىق رايونلاردا بىر مېتىردىن ئېشىپ، قاتناش ئۈزۈلۈپ قالدى.

### 6 — 7 - كۈنلىرى

△ ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق شىنجاڭنى يەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلىپ، يەن - تېخنىكا بويىچە بىر تۈركۈم ئىلغار ئورۇنلار تەقدىرلەندى.

### 7 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىندا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدە نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ بارلىققا كەلتۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى مول مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىن ئېتىش كېرەك؛ ئەدەبىيات - سەنئەت ئوبزورچىلىقىدا دەۋرنىڭ قەدىمىگە يېتىشىپ مېڭىپ، مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى كۆپرەك چىقىرىش، تېزرەك چىقىرىشقا ئىلھام بېرىش، مۇراجىئەت قىلىش كېرەك.

### 8 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايوندىكى نازارەت، ئىدارە ئورۇنلىرىدىن 35 مىڭدىن كۆپرەك كادىر ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلارنىڭ 2 - قېتىملىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىمتىھانىغا قاتناشتى.

△ ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى تۈركۈمدە مۇئاۋىن نازارەت دەرىجىلىك 7 كادىر ئاشكارا تاللاپ ئۆستۈرۈلدى.

### 12 - كۈنى

△ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى لى لەنچىڭ باشچىلىقىدىكى جۇڭگو ھۆكۈمىتى

ۋەكىللەر ئۆمىكى روسىيەدىكى زىيارىتىنى تۈگىتىپ بېيجىڭغا قايتىشىدا ئۈرۈمچىدە قىسقا ۋاقىت توختاپ ئۆتتى.

## 13 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون مەركەزنىڭ ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ئاپتونوم رايوندا نۆۋەتتە چىڭ تۇتۇشقا تېگىشلىك بىرقانچە نۇقتىلىق خىزمەتنى ئورۇنلاشتۇردى.

## 15 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايوندا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ داۋالىنىش سۇغۇرتىسى رەسمىي يولغا قويۇلدى.

## 18 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى ئۈلگىلىك ئورۇن ۋە ئۈلگىلىك شەخسلەرنى تەقدىرلەش ھەققىدە قارار» چىقىرىپ، 110 ئورۇن، 203 شەخسنى تەقدىرلىدى.

△ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش ھەققىدە قارار» چىقىرىپ، 236 ئەمگەك نەمۇنىچىسى، 137 ئىلغار خىزمەتچىنى مۇكاپاتلىدى.

## 23 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، ئىلغار خىزمەتچىلەر، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى ئۈلگىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىندا «مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى ئۇلۇغ تۇغنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يېڭى ئەسىرگە يۈزلىنىپ، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى ئىشلىرىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى» دېگەن تېمىدا مۇھىم سۆز قىلدى.

## 19 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون پىلان خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت: تەرەققىيات پۈرسىتىنى چىڭ ئىگىلەپ، تەرەققىياتنى تۈرلۈك يوللار بىلەن تېزلىتىپ، 10 - بەش يىللىق پىلان بويىچە ياخشى بىر باشلىنىش ۋەزىيىتى بەرپا قىلىش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

## 23 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، كادىرلار نازارىتى «پارتىيىنىڭ نۇرى شىنجاڭنى يورۇتتى» ناملىق 6 قىسىملىق ھۆججەتلىك فىلىم ھەققىدە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئاچتى. بۇ ھۆججەتلىك فىلىم كادىرلار نازارىتىنىڭ تەشكىلاتچىلىقىدا سۈرەتكە ئېلىندى.

## 26 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىدارىسى) روزا ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسرىدىن ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى مۇسۇلمان ئاممىنى روزا ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن تەبرىكلىدى.

△ ئالاھىدە ترانسفورماتور، شىنجاڭ تيەنيې، شىنلىيەن گۇرۇھلىرى دۆلەت دەرىجىلىك تېخنىكا مەركىزى بولدى.

## 27 - كۈنى

△ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى شىئەن قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن پەن - تېخنىكا، مائارىپ بويىچە ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى.

## 29 - كۈنى

△ ئاپتونوم رايون بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. يىغىندا: خېنەن ئۆلكىسى لوياڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى شاڭشيا دېگەن يەردە يۈز بەرگەن «25 - دېكابىر» پەۋقۇلئاددە زور ئوت ئاپىتى ھادىسىسىنىڭ ئاچچىق ساۋىقىنى قوبۇل قىلىپ، بىخەتەرلىك خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

## 30 - كۈنى

△ ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون)، ئىلغار ئورۇنلارنى ۋە ئىلغار خۇسۇسىي كارخانا، ئىلغار يەككە سودا - سانائەتچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا 10 ناھىيە (شەھەر، رايون)، 50 خۇسۇسىي كارخانا، 100 يەككە سودا - سانائەتچى، 10 ئورۇن تەقدىرلەندى.

△ شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەشكىل قىلىنغان يېڭى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە شىنجاڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەشكىل قىلىنغان شىنجاڭ مالىيە ئىقتىساد ئىنستىتۇتى ۋىۋىسكا ئاستى.

△ ئاپتونوم رايون «يېڭى ئەسىرگە مەردانە قەدەم تاشلاش — 2001 - يىللىق يېڭى يىلنى تەبرىكلەش ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى» ئۆتكۈزدى.

## 31 - كۈنى

△ ۋەتىنىمىزنىڭ «ئەڭ غەربىي چېتىدىكى كەنت» سىمخانا كەنتىدە «مۇشۇ ئەسىردىكى ئەڭ ئاخىرقى قۇياش نۇرىنى ئۇزىتىش» پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. سىمخانا كەنتى ئۇلۇغچات ناھىيىسى تەۋەسىدە.

# يەرلىك نىزاملار

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش نىزامى

(2000 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 15 - يىغىنىدا تۈزىتىلدى)

### 1 - باب ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ نىزام ئوت مۇداپىئە خىزمىتىنى كۈچەيتىش، ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى ئازايتىش، پۇقرالارنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكى، جامائەت ۋە پۇقرالار مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوت مۇداپىئە قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇن - نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 - ماددا** ئوت مۇداپىئە خىزمىتىدە ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش، ئالدىنى ئېلىش بىلەن ئۆچۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلىدۇ، مەخسۇس ئورگان بىلەن ئاممىنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلىدۇ، ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ.

**3 - ماددا** ئوت مۇداپىئە خىزمىتىگە ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى مەسئۇل بولىدۇ. ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئوت مۇداپىئە خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، جامائەت ئوت مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى ۋە جابدۇقلىرى قۇرۇلۇشىنى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭغا كېتىدىغان خىراجەتنى مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈپ، ئوت مۇداپىئە خىزمىتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ئۇيغۇنلىشىشىنى كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك.

**4 - ماددا** ئوت مۇداپىئە خىزمىتىنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ج خ ئورگىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرىدۇ. ئۇنىڭغا ج خ ئوت مۇداپىئە ئاپپاراتى كونكرېت مەسئۇل بولىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ئۆز سىستېمىسىنىڭ ئوت مۇداپىئە خىزمىتىنى كۈچەيتىشى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق ج خ ئورگىنى ۋە ج خ ئوت مۇداپىئە ئاپپاراتىنىڭ نازارەتچىلىكى ۋە يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى، قوراللىق ساقچى قىسىمىنىڭ جەمئىيەتكە ئېچىۋەتكەن جامائەت سورۇنلىرىنىڭ ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى خىزمىتى شۇ جايدىكى ج خ ئورگىنى ۋە ج خ ئوت مۇداپىئە ئاپپاراتىنىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ.

**5 - ماددا** ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئوت ئۆچۈرۈش پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى.

ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخس جامائەت ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان قىلمىشلارنى پاش قىلىش، شىكايەت قىلىش ۋە توسۇشقا ھوقۇقلۇق.

**6 - ماددا** ئورۇن ۋە شەخسلەر جامائەت ئوت مۇداپىئە ئىشلىرىغا ماددىي ياردەم بېرىشكە رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ.

ئوت مۇداپىئە خىزمىتىدە گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان ياكى كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەش ۋە مۇكاپاتلاش لازىم.

**7 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئورگان، تەشكىلات، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئوت مۇداپىئە تەشۋىق - تەربىيىسىنى دائىم ئېلىپ بېرىپ، ئوت مۇداپىئە ساۋاتىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئوت مۇداپىئە ئېڭىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.

ھەر يىلى 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى تەشۋىقاتى كۈنى بولىدۇ.

### 2 - باب ئوت ئۆچۈرۈش تەشكىلاتى

**8 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ج خ ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى، مەخسۇس ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى ۋە خالىسانە ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىنىڭ تەشكىلىي

قۇرۇلۇشنى كۆچەيتىپ، ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئوت ئۆچۈرۈش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشى كېرەك.

**9 - ماددا** ئوت ئاپىتى خەۋپى چوڭراق بولغان چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلار، مەخسۇس ئىسكىلاتلار ۋە شۇ يەردىكى ج خ ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىگە يىراقراق بولغان چوڭ كارخانىلار مەخسۇس ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى قۇرۇشى لازىم.

**10 - ماددا** مەخسۇس ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە قۇرۇلىدۇ ھەمدە ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق ج خ ئوت مۇداپىئە ئاپپاراتى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالىدۇ. مەخسۇس ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى شۇ جايدىكى ج خ ئوت مۇداپىئە ئاپپاراتىنىڭ كەسپىي يېتەكچىلىكى ۋە بىر تۇتاش يۆتكىشىگە بويسۇنىدۇ.

مەخسۇس ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىنى خالىغانچە ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىش زۆرۈر بولسا، ئاپتونوم رايونلۇق ج خ ئوت مۇداپىئە ئاپپاراتىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش كېرەك.

**11 - ماددا** ئورۇن ۋە يېزا، كەنت، مەھەللە ئېھتىياجىغا قاراپ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياكى كەنت، مەھەللە ئاھالىسىدىن تەركىب تاپقان خالىسانە ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى قۇرۇپ، مۇداپىئەلىنىش - قۇتقۇزۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرسا بولىدۇ.

پاختا چىقىدىغان ناھىيە، يېزا (بازار) ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈمەن - مەيدانلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىغا قاراپ يەسلىلىك ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى قۇرۇشى، زۆرۈر ئوت ئۆچۈرۈش سايمانلىرىنى ھازىرلىشى كېرەك.

خالىسانە ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى يىلدا كەم دېگەندە بىر قېتىم ئوت ئۆچۈرۈش مانېۋىرى ئۆتكۈزۈشى لازىم.

**12 - ماددا** ج خ ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى كەسپىي قۇرۇلۇشى ۋە تېخنىكا مەشىقىنى كۈچەيتىشى، ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلى، جابدۇقىنى بېجىرىم ساقلىشى، ئوت ئۆچۈرۈشكە ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇشى كېرەك.

ج خ ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىدە پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئوت ئاپىتىدىن، ئالاھىدە ئوت ئاپىتىدىن قۇتقۇزۇش ۋە خەتەرلىك خىمىيەۋى بۇيۇم ھادىسىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئىشلىتىدىغان شەخسىي قوغدىنىش جابدۇقى ۋە مەخسۇس ئۈسكۈنە - سايمانلار تەقلىنىشى لازىم.

# 3 - باب ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش

**13 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى رەھبەرلىك مەسئۇللۇقىدىكى ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئوت مۇداپىئە خىزمىتىدىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ماسلاشتۇرۇشى لازىم.

ئورگان، تەشكىلات، كارخانا، كەسپىي ئورۇن ۋە باشقا تەشكىلاتلار ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى تۈزۈمىنى ئورنىتىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى، ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك؛ ئۇلارنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋەكىلى ياكى ئاساسلىق مەسئۇلى شۇ ئورۇننىڭ ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكىدىكى 1 - جاۋابكار بولۇپ، شۇ ئورۇننىڭ ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

**14 - ماددا** ئاھالە تۇرالغۇ رايونى، سودا بازىرى، تاۋار توپ سېتىش بازىرى ۋە ئىگىدارى كۆپ بىنا قاتارلىق ئادەم ۋە ماددىي ئەشيا يىغىلغان سورۇنلارنىڭ ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى مەسئۇلىيىتىنى ئۇنىڭ خوجايىنى، باشقۇرغۇچى ئورنى، خوجىدار ئورنى ياكى ھاۋالىنى قوبۇل قىلغان ئورۇن ئادا قىلىدۇ؛ ھۆددىگە، ئىجارىگە ۋە ھاۋالىگە بېرىلگەنلىرىنىڭ ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى مەسئۇلىيىتى ھۆددىگەرلىك، ئىجارە ۋە ھاۋالە توختامىدا ئايدىڭلاشتۇرۇلىدۇ.

**15 - ماددا** شەھەردىكى خەلق ھۆكۈمىتى شەھەرنىڭ ئوت مۇداپىئە يىرىك پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشى ھەمدە پىلان، مالىيە، قۇرۇلۇش، تېلېگراف، سۇ تەمىناتى، ج خ ئوت مۇداپىئە تارمىقى قاتارلىق تارماق ۋە ئورۇنلارنى كونكرېت يولغا قويۇشقا تەشكىللىشى لازىم.

شەھەرنىڭ ئوت مۇداپىئە يىرىك پىلانى شەھەرنىڭ ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزۈلىدۇ. جامائەت ئوت مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى شەھەرنىڭ باشقا ئۇل ئەسلىھەلىرى بىلەن بىر تۇتاش پىلانلىنىدۇ، لايىھەلىنىدۇ، قۇرۇلىدۇ ۋە باشقۇرۇلىدۇ.

**16 - ماددا** يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان تۇرالغۇ رايونى، تەرەققىيات رايونىنىڭ ئاسان يانىدىغان، ئاسان پارتلايدىغان سورۇنلارنىڭ ئوت ئۆچۈرۈش ئەسلىھەلىرىنى يىرىك پىلاندىكى تەلەپ بويىچە تەڭ قۇرۇپ چىقىش لازىم.

قۇرۇلۇپ بولغان زاۋۇت، ئىسكىلات ۋە ئاسان ئوت يانىدىغان، ئاسان پارتلايدىغان سورۇنلاردىن شەھەرنىڭ ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكىگە ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدىغانلىرىنى شەھەرنى ئۆزگەرتىش پىلانىغا كىرگۈزۈش كېرەك.

**17 - ماددا** بىنانىڭ ئوت مۇداپىئە لايىھىسىنى ئىشلەيدىغان ئورۇنلار مۇناسىپ سالاھىيەت دەرىجىسىگە ئىگە بولۇشى شەرت.

يېڭىدىن سېلىنىدىغان، ئۆزگەرتىلىدىغان، كېڭەيتىلىدىغان (جۈملىدىن زىننەتلىنىدىغان، بېزىلىدىغان)

قۇرۇلۇشلارنىڭ ئوت مۇداپىئە لايىھەسىنى ج خ ئوت مۇداپىئە ئاپپاراتىغا تەكشۈرتۈش كېرەك. ئادەتتىكى قۇرۇلۇشنىڭ ئوت مۇداپىئە لايىھەسىنى 10 كۈن ئىچىدە تەكشۈرۈپ بولۇش، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئوت مۇداپىئە لايىھەسىنى 20 كۈن ئىچىدە تەكشۈرۈپ بولۇش لازىم. ئالاھىدە ئەھۋالدا تەكشۈرۈش ۋاقتىنى 10 كۈن ئۇزارتىشقا بولىدۇ. تەكشۈرتۈلمىگەن ياكى تەكشۈرۈشتىن ئۆتەلمىگەنلىرىگە قۇرۇلۇش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ قۇرۇلۇش قىلىش ئىجازەتنامىسى بېرىشىگە، قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇننىڭ قۇرۇلۇش قىلدۇرۇشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**18 - ماددا** چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە قىلىدىغان بىناكارلىق قۇرۇلۇشى ۋە چەت ئەل ياكى شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن رايونىدىن كىرگۈزۈلگەن بىناكارلىق قۇرۇلۇشى لايىھىسى دۆلىتىمىزنىڭ ئوت مۇداپىئە تېخنىكا قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى شەرت. ئۇنىڭدىكى ئوت مۇداپىئە لايىھىسىگە دائىر ماتېرىياللارنى ئاپتونوم رايونلۇق ج خ ئوت مۇداپىئە ئاپپاراتىغا تەكشۈرتۈش لازىم.

**19 - ماددا** بىنانىڭ ئوت ئۆچۈرۈش ئەسلىھەلىرىنى قۇراشتۇرىدىغان، رېمونت قىلىدىغان، سىنايدىغان ئورۇن ۋە تېخنىكىلىق تەكشۈرىدىغان ئاپپارات بەلگىلىگەن كەسپكارلىق شەرتىنى ھازىرلىشى ھەمدە ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق ج خ ئوت مۇداپىئە ئاپپاراتىغا تەكشۈرتۈشى لازىم.

قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇن قۇرۇلۇش قىلىشتا تەستىقلانغان ئوت مۇداپىئە لايىھىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىشى كېرەك، ئۆز مەيلىچە ئۆزگەرتىشكە يول قويۇلمايدۇ. قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن، ج خ ئوت مۇداپىئە ئاپپاراتى ئوت مۇداپىئە نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى شەرت، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنمىغان ياكى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتەلمىگەنلىرىنى ئىشلىتىشكە يول قويۇلمايدۇ.

قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان نەق مەيداننىڭ ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكىگە قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇن مەسئۇل بولىدۇ، قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن ھەمكارلىشىدۇ.

**20 - ماددا** چوڭ يىغىلىش، سالىيوت كېچىلىكى، پانۇس كېچىلىكى قاتارلىق ئاممىۋى پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇشتىن، تانسىخانا، كىنو - تىياتىرخانا، مېھمانخانا، مېھمانساراي، سودا سارىيى، سودا بازىرى قاتارلىق تىجارەت سورۇنلىرىدا تىجارەت باشلاشتىن 15 كۈن بۇرۇن شۇ جايدىكى ج خ ئوت مۇداپىئە ئاپپاراتىغا مەلۇم قىلىش كېرەك، تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇيۇشتۇرۇلسا، ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

تانسىخانا، كىنو - تىياتىرخانا، مېھمانخانا، مەكتەپ، دوختۇرخانا قاتارلىق جامائەت سورۇنلىرى ئىشلىتىلىۋاتقان مەزگىلدە تارقاقلاشتۇرۇش يولى ۋە بىخەتەرلىك ئىشىكىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى، زۆرۈر بولغان شەخسىي قۇتقۇزۇش سايمانلىرىنى تەييارلاپ قويۇشى شەرت.

سودا سارىيى، ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا خىزمەتچىلەر كوللېكتىپ ياتىقى ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ، ئورۇنلاشتۇرغانلار مۆھلەت ئىچىدە تۈزىتىشى كېرەك.

**21 - ماددا** مۇقىم ئوت ئۆچۈرۈش ئەسلىھەسى، ئاپتوماتىك ئوت ئۆچۈرۈش قۇرۇلمىسى ئورنىتىلغان ئىمارەت (قۇرۇلما) لارنى قەرەللىك ھالدا تېخنىكىلىق تەكشۈرۈش كېرەك. ئىمارەت (قۇرۇلما) نى باشقۇرغۇچى ۋە ئىشلەتكۈچى ئورۇن قۇرۇلمىلارنى كۈندىلىك تەكشۈرۈش، رېمونت قىلىش - ئاسراش ۋە دېجورنىلىك تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى لازىم. رېمونت قىلىش - ئاسراش لاياقىتى يوقلار بىنانىڭ ئوت ئۆچۈرۈش ئەسلىھەلىرىنى رېمونت قىلىش - ئاسراش لاياقىتى بار كەسپىي كارخانىغا يىلىغا كەم دېگەندە بىر قېتىم رېمونت قىلىش - ئاسراشنى ھاۋالە قىلىپ، قۇرۇلمىنىڭ نورمال ئىشلىتىشكە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

**22 - ماددا** شەھەردىكى خەلق ھاۋا مۇداپىئە يەر ئاستى قۇرۇلۇشى ۋە باشقا يەر ئاستى قۇرۇلۇشىدىن پايدىلىنىپ ساراي، سودا سارىيى، مېھمانساراي، تانسىخانا قاتارلىقلارنى ئېچىشتا يەر ئاستى قۇرۇلۇشىنىڭ ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى بەلگىلىمىسىگە ئەمەل قىلىش شەرت.

**23 - ماددا** ئاسان يانىدىغان، ئاسان پارتلايدىغان خىمىيىۋى بۇيۇم ئىشلەپچىقىرىدىغان، ساقلايدىغان، توشۇيدىغان، ساتىدىغان ئورۇن ۋە شەخسلەر ج خ ئوت مۇداپىئە ئاپپاراتىغا تەكشۈرۈشنى ئىلتىماس قىلىشى شەرت. ج خ ئوت مۇداپىئە ئاپپاراتى ئىلتىماسنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە تەكشۈرۈش پىكرىنى يېزىپ بېرىشى لازىم؛ تەكشۈرۈشتىن ئۆتەلىگەنلىرىگە «ئاسان يانىدىغان، ئاسان پارتلايدىغان خىمىيىۋى بۇيۇملار ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى ئىجازەتنامىسى» بېرىدۇ. ئاسان يانىدىغان، ئاسان پارتلايدىغان خىمىيىۋى بۇيۇملارنى توشۇيدىغان ئاپتوموبىلغا ج خ ئوت مۇداپىئە ئاپپاراتىدىن «ئاسان يانىدىغان، ئاسان پارتلايدىغان خىمىيىۋى بۇيۇملارنى توشۇش رۇخسەتنامىسى» ئېلىش شەرت.

**24 - ماددا** ئوت ئاپىتى خەۋپى ياكى پارتلاش خەۋپى بار سورۇنلاردا ئوت ئاپىتىدىن، پارتلاشتىن،

چاقماقتىن، ستاتىك توكتىن ۋە چېقىپ كېتىشتىن مۇداپىئەلىنىش قاتارلىق مۇناسىپ ئوت مۇداپىئە تېخنىكا تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ھەمدە مەلۇم مىقداردا مەخسۇس ئوت ئۆچۈرۈش دورىسىنى ساقلاش كېرەك.

يېقىلغۇ گاز تۇرۇبىسى، ماي تۇرۇبىسى ۋە ئۇنىڭ يانداشما ئەسلىھەلىرى ئۈستىگە ئىمارەت، قۇرۇلما سېلىش ۋە ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنى دۆۋىلەپ قويۇش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ. يېقىلغۇ گاز تۇرۇبىسى، ماي تۇرۇبىسى ئەتراپىدا ئىمارەت، قۇرۇلما قاتارلىقلارنى سېلىش ۋە نەرسە دۆۋىلەپ قويۇش زۆرۈر بولسا، دۆلەتنىڭ ئوت مۇداپىئە تېخنىكا ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولۇشى شەرت.

**25 ـ ماددا** يۇقىراۋى ھەدروگېن شارى، كاتېرلاردىن چوڭلىرىغا گاز قاچىلاش ۋە ئۇنى قويۇپ بېرىشتە ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى بەلگىلىمىسىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش، ج خ ئوت مۇداپىئە ئاپپاراتىنىڭ نازارەتچىلىكىنى قوبۇل قىلىش لازىم.

**26 ـ ماددا** بىنانىڭ تۆمۈر ئىشىك، دېرىزە قاتارلىق قوشۇمچە ئەسلىھەلىرى ۋە چوڭ ئېلان تاختىلىرىنىڭ ئورنىتىلىشى دۆلەتنىڭ ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى شەرت، ئادەملەرنى تارقاقلاشتۇرۇش ۋە ئوت ئۆچۈرۈش ـ قۇتقۇزۇشقا تەسىر يەتكۈزۈشكە يول قويۇلمايدۇ.

**27 ـ ماددا** ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىگە بەلگىلىمە بويىچە ئوت ئۆچۈرۈش سايمانلىرىنى تەقلەش كېرەك.

ئاپتوموبىللارغا ماي (گاز) قاچىلاش پونكىتلىرى ۋە شەھەر ـ بازاردىكى يېقىلغۇ گاز قاچىلاش پونكىتلىرى، تەمىنلەش پونكىتلىرى، بېسىم تەڭشەش پونكىت (ساندۇق) لىرى ئوتتىن، پارتلاشتىن مۇداپىئەلىنىش تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇشى لازىم.

ماي (گاز) قاچىلايدىغان كۆچمە ئاپتوموبىللارنىڭ شەھەر رايونىدا تىجارەت قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ.

**28 ـ ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن ـ مەيدانلىرى ئاشلىق، پاختا يىغىم پەسلى ۋە ئوت ئاپەتتى كۆپ يۈز بېرىدىغان پەسىلدە قاراتمىلىقى بولغان ئوت مۇداپىئە تەشۋىق ـ تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇشى، ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈشى، ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

ئاشلىق، پاختا، ماي پىششىقلاش، ساقلاش سورۇنلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلات قىلىدىغان خامانلاردا ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش بىخەتەرلىك تەدبىرى قوللىنىپ، جەزمەن ئوت ئۆچۈرۈشكە ئوبدان تەييارلىق كۆرۈپ قويۇش شەرت.

خامان، پاختا دۆۋىسى قاتارلىقلار بىلەن ئوت مەنبەسى ۋە ئاسما توك سىمى ئوتتۇرىسىدا ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش بىخەتەرلىك ئارىلىقى بولۇشى لازىم.

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرى ۋە سەھىلىگاھلاردىكى مۇقىم ۋە ۋاقىتلىق ئىمارەتلەر ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

**29 ـ ماددا** ئوت ئۆچۈرۈش مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى دۆلەت ئۆلچىمى ياكى ساھە ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولۇشى شەرت. ئوت ئۆچۈرۈش مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان، ساتىدىغان ۋە رېمونت قىلىدىغانلار ئاپتونوم رايونلۇق ج خ ئوت مۇداپىئە ئاپپاراتىغا تەكشۈرتۈپ ئەنگە ئالدۇرۇشى لازىم.

**30 ـ ماددا** شەھەرلەردە يول ياسىغاندا، گاز تۇرۇبىسى ئورناتقاندا، توك، سۈنى توختىتىۋەتكەندە ۋە خەۋەرلىشىش لىنىيىسىنى ئۈزۈۋەتكەندە ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئوت ئۆچۈرۈش ـ قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە تەسىر يېتىش ئېھتىمالى بولسا، ئالاقىدار ئورۇن ئىش باشلاشتىن 3 كۈن بۇرۇن شۇ جايدىكى ج خ ئوت مۇداپىئە ئاپپاراتىغا ئۇقتۇرۇشى لازىم.

شەھەرنىڭ ئوت ئۆچۈرۈش جۈمىكى يوق ياكى ئوت ئۆچۈرۈش سۈيى يېتىشمەيدىغان جايلىرىدا، شەھەر مەمۇرىيىتى تارمىقى ئوت ئۆچۈرۈش ئېھتىياجىغا قاراپ ئوت ئۆچۈرۈش سۇ كۆلچىكى ياكى سۇ جىقلاش پونكىتى ياسىشى لازىم.

**31 ـ ماددا** تۆۋەندىكى خادىملار ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى بويىچە تەربىيىلەشكە قاتنىشىشى كېرەك:

(1) ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكىگە جاۋابكارلار ۋە ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكىنى باشقۇرغۇچىلار؛

(2) بىنانىڭ ئوت ئۆچۈرۈش ئەسلىھەلىرىنى قوراشتۇرغۇچىلار، سىناق قىلغۇچىلار، تەكشۈرگۈچىلەر، رېمونت قىلغۇچىلار، ئاپتوماتىك ئوت ئۆچۈرۈش سىستېمىسى مەشغۇلاتچىلىرى؛

(3) ئاسان يانىدىغان، ئاسان پارتلايدىغان خەتەرلىك بۇيۇم مەشغۇلاتچىلىرى ۋە باشقۇرغۇچىلار، زىننەتلەش، بېزەش تېخنىكلىرى ۋە باشقۇرغۇچىلار؛

(4) قانۇن ـ نىزاملاردا بەلگىلەنگەن باشقا خادىملار.

**32 ـ ماددا** مائارىپ تارماقلىرى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر، ئاتا ـ ئانىلار قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە قارىتىلغان ئوت مۇداپىئە ساۋاتى تەربىيىسىنى كۈچەيتىشى

لازىم. مەكتەپلەر ھەر مەۋسۇمدە كەم دېگەندە بىر قېتىم ئوت مۇداپىئە ساۋاتى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشى كېرەك.

**33 ـ ماددا** ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكىدىكى نۇقتىلىق ئورۇنلار، ئاسان يانىدىغان، ئاسان پارتلايدىغان خىمىيۋى بۇيۇم بار سورۇنلار ۋە يۇقىرىقى بۇيۇملارنى توشۇيدىغان ئاپتوموبىللار، جامائەت سورۇنلىرى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى ۋە جامائەت مەسئۇلىيەت سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىدۇ.

## 4 ـ باب ئوت ئۆچۈرۈش ـ قۇتقۇزۇش ۋە ئاپەتنى بىر تەرەپ قىلىش

**34 ـ ماددا** ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى ئوت ئاپىتىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئوت كەتكەن جايغا دەرھال بېرىپ، خەۋپكە ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇزۇشى، ئوتنى ئۆچۈرۈشى كېرەك.

زور، پەۋقۇلئاددە زور ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەندە ۋە ئېغىر بىنا، يەر ئاستى قۇرۇلۇشى، نېفىت خىمىيە ساناىئىتى ئورۇنلىرىدا ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەندە، شۇ يەردىكى خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرى ئوت كەتكەن جايغا بېرىپ، ئوت ئۆچۈرۈۋاتقان ئالاقىدار تارماقلارنى ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلەشكە، ئادەم ۋە ماددىي ئەشيا توپلاپ ئوت ئۆچۈرۈشكە ياردەم بېرىشكە مەسئۇل بولۇشى كېرەك.

**35 ـ ماددا** ئوت ئۆچۈرۈلگەندىن كېيىن، ج خ ئوت مۇداپىئە ئاپپاراتى ئېھتىياجغا قاراپ ئوت كەتكەن جاينى قامال قىلىشقا ھوقۇقلۇق، ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ج خ ئوت مۇداپىئە ئاپپاراتىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ ئوت كەتكەن جاينى رەتلىشىگە يول قويۇلمايدۇ. ئوت كەتكەن نەق مەيداننى بۇزۇۋېتىش، ساختا نەق مەيدان ياساش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ.

ئوت ئاپىتىگە ئۇچرىغان ئورۇن ياكى شەخسنىڭ نەق مەيداننى قوغداش، ئوت ئاپىتى ئەھۋالىنى ئەينەن ئىنكاس قىلىش، ج خ ئوت مۇداپىئە ئاپپاراتىنىڭ ئاپەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشىگە ھەمكارلىشىش مەجبۇرىيىتى بار.

**36 ـ ماددا** ئالاقىدار ج خ ئوت مۇداپىئە ئاپپاراتىنىڭ ئوت ئاپىتى سەۋەبىنى، ئوت ئاپىتى ھادىسىسىدىكى جاۋابكارلىقنى بېكىتىشكە قايىل بولمىسا، بېكىتىش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەن جايدىكى مەسئۇل ج خ ئورگىنىغا ياكى بىر دەرىجە يۇقىرى ج خ ئوت مۇداپىئە ئاپپاراتىغا قايتىدىن بېكىتىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەن جايدىكى مەسئۇل ج خ ئورگىنى ياكى بىر دەرىجە يۇقىرى ج خ ئوت مۇداپىئە ئاپپاراتى ئىلتىماسنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 60 كۈن ئىچىدە قايتىدىن بېكىتىشى لازىم، بۇ بېكىتىش ئاخىرقى بېكىتىش بولىدۇ.

**37 ـ ماددا** ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلىدىن يول، كۆۋرۈك پۇلى ئېلىنمايدۇ.

ج خ ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئوت ئۆچۈرگەندە ھەرقانداق ھەق ئېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

مەخسۇس ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى ۋە خالىسانە ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى باشقا ئورۇننىڭ ئوت ئۆچۈرۈشىگە ياردەم بېرىپ سەرپ قىلغان يېقىلغۇ، ئوت ئۆچۈرۈش دورىسى ۋە ئىشلەتكەن سايمان، جابدۇقلارغا شۇ جايدىكى ج خ ئوت مۇداپىئە ئاپپاراتى ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن، ئوت ئاپىتىگە ئۇچرىغان ئورۇن ياكى شەخس تۆلەم تۆلەيدۇ.

ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەن ئورۇن سۇغۇرتىغا قاتناشقان بولسا، تۆلەمنى سۇغۇرتا شىركىتى بېرىدىغان قۇتقۇزۇش پۇلىدىن تۆلەيدۇ.

## 5 ـ باب قانۇن جاۋابكارلىقى

**38 ـ ماددا** ئوت مۇداپىئە قانۇنىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلاردىن سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇلىدىغانلىرى سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇلىدۇ؛ جەرىمانە قويۇلىدىغانلىرىدىن ئېلىنىدىغان جەرىمانە سوممىسى تۆۋەندىكى بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ:

(1) ئوت مۇداپىئە قانۇنىنىڭ 40 ـ، 42 ـ ماددىسىغا خىلاپلىق قىلىنسا، خىلاپلىق قىلغان ئورۇنغا 20 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 200 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ شەخسكە 500 يۈەندىن يۇقىرى 5000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛

(2) ئوت مۇداپىئە قانۇنىنىڭ 41 ـ، 43 ـ ماددىسى، 44 ـ ماددىسىنىڭ 2 ـ تارمىقى، 46 ـ ماددىسى، 48 ـ ماددا 1 ـ تارمىقىنىڭ 1 ـ، 2 ـ تارماقچىسى ۋە 50 ـ ماددىسىغا خىلاپلىق قىلىنسا، خىلاپلىق قىلغان ئورۇنغا 2000 يۈەندىن يۇقىرى، 100 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ شەخسكە 500 يۈەندىن يۇقىرى، 2000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛

(3) ئوت مۇداپىئە قانۇنىنىڭ 44 - ماددىسىنىڭ 1 - تارمىقىغا خىلاپلىق قىلغانلارغا قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنىڭ بىر ھەسسىسىدىن يۇقىرى، 5 ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛

(4) ئوت مۇداپىئە قانۇنىنىڭ 47 - ماددىسىنىڭ 1 - تارماقچىسىدىن 5 - تارماقچىسىغىچە بولغان بەلگىلىمىلەرنىڭ بىرىگە خىلاپلىق قىلغانلارغا 500 يۈەندىن يۇقىرى، 5000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛

(5) ئوت مۇداپىئە قانۇنىنىڭ 48 - ماددا 1 - تارمىقىنىڭ 3 - تارماقچىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىنسا، خىلاپلىق قىلغان ئورۇنغا 2000 يۈەندىن يۇقىرى، 20 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ شەخسكە 500 يۈەندىن يۇقىرى، 3000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

**39 - ماددا** بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، تۆۋەندىكى 1 - تارماقچىدىن 3 - تارماقچىغىچە كۆرسىتىلگەن قىلمىشلارنىڭ بىرى سادىر قىلىنسا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ج خ ئوت مۇداپىئە ئاپپاراتى جاۋابكار ئورۇنغا 5000 يۈەندىن يۇقىرى، 100 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ، بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ ياكى 500 يۈەندىن يۇقىرى، 2000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ؛ 4 - تارماقچىدىن 7 - تارماقچىغىچە كۆرسىتىلگەن قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلارنى مۇددەت ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، مۇددەت ئۆتسىمۇ تۈزەتمىگەنلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ، قوشۇمچە 500 يۈەندىن يۇقىرى، 2000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ:

(1) ج خ ئوت مۇداپىئە ئاپپاراتىغا تەستىقلاتماي، ئوت مۇداپىئە لايىھىسىنى ئۆز مەيلىچە ئۆزگەرتكەن ياكى مۇناسىپ سالاھىيەتنامە ئالماي تۇرۇپ ئوت مۇداپىئە لايىھىسىنى ئىشلىگەن بولسا؛

(2) قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇن ج خ ئوت مۇداپىئە ئاپپاراتى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغان ئوت مۇداپىئە لايىھىسى بويىچە قۇرۇلۇش قىلمىغان بولسا ياكى بەلگىلەنگەن كەسپكارلىق شەرتىنى ھازىرلىماي تۇرۇپ بىنانىڭ ئوت ئۆچۈرۈش ئەسلىھەلىرىنى قۇراشتۇرغان، رېمونت قىلغان ۋە سىنىغان بولسا؛ (3) ئوت مۇداپىئە تېخنىكىلىق تەكشۈرۈش ئاپپاراتى ساختا سانلىق مەلۇمات، تەكشۈرۈش دوكلاتى چىقىرىپ بەرگەن بولسا؛

(4) ئوت ئۆچۈرۈش مەھسۇلاتلىرىنى بەلگىلىمە بويىچە تەكشۈرتۈپ ئەنگە ئالدۇرماي ئىشلەپچىقارغان، ساتقان، رېمونت قىلغان بولسا؛

(5) ئاشلىق، پاختا، ماي پىششىقلاش، ساقلاش سورۇنلىرى ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلغان، قىلمىشى ئېغىر بولغان بولسا؛

(6) بىنانىڭ تۆمۈر ئىشىك، دېرىزە قاتارلىق قوشۇمچە ئەسلىھەلىرى ۋە چوڭ ئېلان تاختىلىرىنىڭ ئورنىتىلىشى دۆلەت بەلگىلىگەن ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى تەلىپىگە خىلاپ بولۇپ، ئادەملەرنى تارقاقلاشتۇرۇش ۋە ئوت ئۆچۈرۈش - قۇتقۇزۇشقا تەسىر يەتكۈزىدىغان بولسا؛

(7) بىنانىڭ ئاپتوماتىك ئوت ئۆچۈرۈش ئەسلىھەلىرى بەلگىلىمە بويىچە قەرەللىك رېمونت قىلىنمىغان، ئاسرالمىغان بولسا.

**40 - ماددا** ئوت مۇداپىئە قانۇن - نىزاملىرىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئوت ئاپىتى پەيدا قىلىنغان بولسا، جاۋابكار ئورۇنغا ئوت ئاپىتى زىيىنىنىڭ 2% — 10% ىگىچە جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمغا ۋە بىۋاستە جاۋابكارلارغا 500 يۈەندىن يۇقىرى، 10 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

**41 - ماددا** ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى بەلگىلىمىسىگە ئېغىر ھالدا خىلاپلىق قىلىپ، زور ئوت ئاپىتى خەۋپى پەيدا قىلغان سورۇنلار مۇددەت ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇلىدۇ، مۇددەت ئۆتسىمۇ تۈزەتمىگەنلىرى ئىشىنى توختىتىپ تەرتىپكە سېلىشقا بۇيرۇلىدۇ ياكى قانۇن بويىچە پېچەتلىنىدۇ؛ ئوت ئۆچۈرۈش مەھسۇلاتلىرىنى ۋە ئاسان يانىدىغان، ئاسان پارتلايدىغان خەتەرلىك بۇيۇملارنى قانۇنغا خىلاپ ھالدا ئىشلەپچىقارغان، تىجارەت قىلغانلارنىڭ مەھسۇلاتى ۋە بۇيۇمى قانۇن بويىچە تۇتۇپ قېلىنسا بولىدۇ.

ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكىدىكى ئۇقتىلىق ئورۇن، ئاسان يانىدىغان، ئاسان پارتلايدىغان خىمىيىۋى بۇيۇم بار سورۇن ۋە چوڭ ئىشكىلاتنىڭ ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى دېجورنىسى، قاراۋۇلى ۋە چارلىغۇچىلىرىدىن خىزمەت ئورنىدىن خالىغانچە ئايرىلغانلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىدۇ ياكى 500 يۈەندىن يۇقىرى، 1000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

**42 - ماددا** بۇ نىزام بويىچە جەرىمانە قويغاندا جەرىمانە قويۇش بىلەن تاپشۇرۇش ئايرىۋېتىلىدۇ، جەرىمانە - مۇسادىرە پۇلى تەلەپ دەرىجىلىك مالىيىگە تولۇق تاپشۇرۇلىدۇ.

**43 - ماددا** شەھەرنىڭ جامائەت ئوت مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى دۆلەتنىڭ ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن بولمىسا، ئۇنى ئۆزگەرتمەسلىك تۈپەيلىدىن ئوت ئۆچۈرۈشكە تەسىر يېتىپ، زور ئوت ئاپىتى ھادىسىسى پەيدا بولغان بولسا، ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەن شەھەردىكى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى ۋە ئالاقىدار فۇنكسىيىلىك تارماقنىڭ مەسئۇلى قانۇن بويىچە قانۇن

جاۋابكارلىقىغا تارتىلىدۇ.

**44 - ماددا** ج خ ئوت مۇداپىئە ئاپپاراتى خادىملىرىدىن ئوت مۇداپىئە خىزمىتىدە تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلىرىغا مەمۇرىي چارە كۆرۈلىدۇ، جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ:

(1) دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش ئوت مۇداپىئە تېخنىكىسى ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئوت مۇداپىئە لايىھىسىنى، قۇرۇلۇشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغان، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغانلار؛

(2) قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ تەستىقلاشقا، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا تېگىشلىك ئوت مۇداپىئە لايىھىسىنى، قۇرۇلۇشنى قەستەن كېچىكتۈرۈپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلىمىغان، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالمىغانلار؛

(3) ئوت ئاپىتى خەۋپىنى سەزگەندە ئالاقىدار ئورۇن ياكى شەخسلەرگە تۈزىتىشنى ۋاقتىدا ئۇقتۇرمىغانلار؛

(4) ئوت ئۆچۈرۈش مەھسۇلاتى ساتىدىغان ئورۇننى، مەھسۇلات ماركىسىنى ياكى بەلگىلىك ئوت ئۆچۈرۈش ئەسلىھەلىرىنى لايىھىلىگۈچى، سالغۇچى، رېمونت قىلغۇچى، ئاسرىغۇچى ئورۇننى خېرىدارلارغا بېكىتىپ بەرگەنلەر؛

(5) نازارەت قىلىنغۇچى ئورۇن ياكى شەخسلەردىن ۋەزىپىسىدىن پايدىلىنىپ پۇل - مال سورىغان، ئالغانلار؛

(6) ئوت ئاپىتى ھادىسىسىدىكى جاۋابكارنى قانات ئاستىغا ئالغان ياكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆچ ئالغانلار؛

(7) خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە - كەلمەس پايدىلىنىش، خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىش ۋە نەپسانىيەتچىلىك قىلىشتەك قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلار.

## 6 - باب قوشۇمچە پرىنسىپ

**45 - ماددا** بۇ نىزام ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش نىزامى

(2000 - يىل 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 16 - يىغىنىدا تۈزىتىلدى)

## 1 - باب ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ نىزام شەھەر، يېزىلاردىكى يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇش، يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش، قانۇن بويىچە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش مەقسىتىدە، ئاساسىي قانۇن ۋە ئالاقىدار قانۇن - نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 - ماددا** يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىك سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، باشقا مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىك بىلەن باراۋەر رىقابەتلىشىدۇ، ئورتاق راۋاجلىنىدۇ.

**3 - ماددا** يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ، ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ ئۇنىڭغا دەخلى - تەرۇز قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**4 - ماددا** يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار تىجارەتتە قانۇنغا، ئىجتىمائىي ئەخلاققا ۋە كەسىپ ئەخلاقىغا رىئايە قىلىشى، دۆلەت مەنپەئەتى، جەمئىيەت مەنپەئەتى ۋە باشقىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزمەسلىكى كېرەك.

**5 - ماددا** بۇ نىزامنى يولغا قويۇشقا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى مەسئۇل بولىدۇ.

ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئۆز رايونىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈشى، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى يۆلەش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىشىگە تەشكىللەپچىلىق، ھەيدەكچىلىك قىلىشى، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىك تەرەققىياتىدىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىشى، ئادىل رىقابەت مۇھىتى يارىتىشى، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا پائال ئىلھام بېرىشى، يېتەكچىلىك قىلىشى، مەدەت بېرىشى كېرەك.

بۇ نىزامنى كونكرېت يولغا قويۇشقا ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى مەسئۇل بولىدۇ. ئالاقىدار مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى، ئەدلىيە ئورگانلىرى ئۆز مەسئۇلىيىتى بويىچە، يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ تىجارىتىگە قانۇن

بويىچە يېتەكچىلىك مۇلازىملىقى قىلىدۇ ۋە ئۇنى ماسلاشتۇرىدۇ، باشقۇرىدۇ.

**6 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىلىرى، يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيەتلىرى ۋە خۇسۇسىي كارخانا جەمئىيەتلىرى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، يەككە سودا - سانائەتچىلەرگە، خۇسۇسىي كارخانىلارغا مۇلازىملىق قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ، ئۇلارغا ۋەتەننى سۆيۈش، كەسىپنى قەدىرلەش، قانۇنغا رىئايە قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىدۇ. يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى ساغلام راۋاجلىنىشقا يېتەكلەيدۇ.

## 2 - باب يۆلەش، مۇلازىملىق ۋە باشقۇرۇش

**7 - ماددا** تولۇق ھەق - تەلەپ ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەر يەككە تىجارەت قىلىشنى، خۇسۇسىي كارخانا ئېچىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ، قانۇن - نىزاملاردا ئايرىم بەلگىلەنگەنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا.

**8 - ماددا** يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ بازارغا كىرىشىگە دۆلەت كارخانىلىرى، كوللېكتىپ كارخانىلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ. يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار قانۇن - نىزاملاردا مەنئى قىلىنمىغان تاۋار ئىشلەپچىقارسا، كەسىپ ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ. ئىلتىماس قىلغانلاردىن شەرتى توشقان ۋە رەسمىي بېجىرگەنلىرىگە سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى 15 كۈن ئىچىدە تىزىملاپ، تىجارەت كىنىشكىسى بېرىشى كېرەك.

بازارغا كىرىشتە قانۇن، مەمۇرىي نىزاملاردا بەلگىلەنگەن شەرتنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەر قانداق تارماقنىڭ مەخسۇس تەستىقى ۋە ئىجازىتىنى يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارغا تىزىملاپ كىنىشكا بېجىرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىشقا بىردەك يول قويۇلمايدۇ. قانۇن - نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە مەخسۇس تەستىقلىتىش ياكى ئىجازەتنامە ئېلىش زۆرۈر بولغانلىرىنىڭ رەسمىيىتىنى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئىلتىماسنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە ئۆتەپ بېرىشى، ئۆتكىلى بولمايدىغانلىرىغا سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈشى ھەمدە ئىلتىماس قىلغۇچىغا يازما ئۇقتۇرۇش قىلىشى كېرەك.

باشقا ئۆلكە، رايونلاردىن ئاپتونوم رايونىمىزغا يەككە، خۇسۇسىي تىجارەت قىلىشقا كەلگەنلەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارغا ئائىت تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش مۇئامىلىسىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

**9 - ماددا** يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى تىجارەت قىلىش ۋە پەن - تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۇچۇر مۇلازىملىقى، ئاھالىلەر تۇرمۇش مۇلازىملىقى ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇلازىملىقى شۇنىڭدەك بايلىق ئېچىش، ئۇل ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئىلھام بېرىلىدۇ.

**10 - ماددا** يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ دۆلەت كارخانىلىرىنى، كوللېكتىپ كارخانىلارنى ھۆددىگە، ئىجارىگە ئېلىشى، قوشۇۋېلىشى، سېتىۋېلىشى، پاي قوشۇشى، پاي كونترول قىلىشىغا ئىلھام بېرىلىدۇ؛ تۈرلۈك مۈلۈكچىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ پاي تۈزۈمىدىكى شىركەت ۋە كارخانىلار گۇرۇھىنى قۇرۇشقا قاتنىشىشىغا ياكى تەشەببۇس قىلىشىغا ئىلھام بېرىلىدۇ ھەمدە ئۇلار دۆلەتنىڭ پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىلارغا ئالاقىدار سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

**11 - ماددا** يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ چېگرا سىرتىدىن مەبلەغ، ئىلغار تېخنىكا ۋە ئىلغار باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى كىرگۈزۈشىگە، چېگرا سىرتىدا سودا قىلىشىغا، كارخانا ئېچىشىغا؛ شياڭگاڭلىق، ئاۋمېنلىق ۋە تەيۋەنلىك سودىگەرلەر شۇنىڭدەك چەت ئەل سودىگەرلىرى بىلەن شېرىكلىشىپ، ھەمكارلىشىپ كارخانا ئېچىشىغا ئىلھام بېرىلىدۇ.

**12 - ماددا** يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ پەن - تېخنىكا سېلىنمىسىنى كۆپەيتىپ، ئىختىساسلىق پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى كىرگۈزۈپ، ئىلغار تېخنىكىنى قوللىنىپ، تېخنىكىلىق يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى ۋە مەھسۇلاتنىڭ پەن - تېخنىكا سالمىقىنى ئاشۇرۇشىغا، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كارخانا قۇرۇشىغا، تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشىگە ئىلھام بېرىلىدۇ.

**13 - ماددا** ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ۋە ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ خۇسۇسىي كارخانا قۇرۇش، يەككە تىجارەت قىلىش ياكى يەككە سودا - سانائەتچىلەر، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ تەكلىپى بىلەن ئىشلىشىگە ئىلھام بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ستاژى، ئارخىپى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە باشقۇرۇلىدۇ. يۇقىرىقى خادىملاردىن نوپۇسى شەھەر - بازاردا ئەمەسلىرىنىڭ نوپۇسىنى

شەھەر - بازار نوپۇسىغا ئېلىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

**14 - ماددا** سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار چېگرا سودىسى ۋە ساياھەت سودىسىنى يولغا قويسا بولىدۇ، تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سودا ھوقۇقى بار شىركەتلەر بىلەن بىرلىشىپ ياكى ئۇنىڭغا ھاۋالە قىلىپ، چېگرا سودىسى ياكى خەلقئارا سودا قىلسا بولىدۇ؛ شەرتكە توشىدىغانلىرى ئىمپورت - ئېكسپورت سودا ھوقۇقى بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار ئاچقان بازار دۆلەتنىڭ تاۋار ئىمپورت - ئېكسپورت پورتى شەرتىگە ئۇيغۇن كەلسە، ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ تەستىقى بىلەن 2 - دەرىجىلىك دۆلەت پورتى تەسىس قىلسا بولىدۇ.

**15 - ماددا** يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت قىلىشىغا ئېھتىياجلىق يەرنى شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى شەھەر - يېزا قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرگۈزۈپ، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار قانۇن بويىچە ئېرىشكەن يەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ دەخلى - تەرۇز قىلىشىغا بولمايدۇ. دۆلەت قۇرۇلۇشىغا ئېھتىياجلىق بولۇپ، يەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنى مۇددەتتىن بۇرۇن قايتۇرۇۋېلىش ياكى يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئىلكىدىكى ئىمارەت ۋە قوشۇمچە نەرسىلەرنى چېقىش - كۆچۈرۈشكە توغرا كەلسە، قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە تۆلەم بېرىدۇ.

**16 - ماددا** يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتىدىن قەرز پۇل ئېلىشتا دۆلەت كارخانىلىرى، كوللېكتىپ كارخانىلار بىلەن ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى دۆلەتنىڭ كەسىپ سىياسىتى، كرېدىت پرىنسىپى ۋە ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارغا قەرز پۇل بېرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا پۇل مۇئامىلە ئۇچۇرى مەسلىھەتى بېرىدۇ، يېتەكچىلىك قىلىدۇ، پەن - تېخنىكا سالمىقى يۇقىرى، بازار ئۈنۈمى ياخشىلىرىنى ئالدىن يۆلەيدۇ.

**17 - ماددا** يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلاردىن ئېلىنىدىغان باج سوممىسىنى مۇۋاپىق بېكىتىپ، قانۇن ۋە نىسبەت بويىچە ئېلىش كېرەك.

يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە باج كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش مۇئامىلىسىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

**18 - ماددا** يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار قانۇن - نىزاملار ۋە گوۋۇيۈەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە تاپشۇرىدىغان ھەر خىل مەجبۇرىي ھەق، فوند، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا پۇلى ۋە ئەزالىق بەدىلىنى باجدىن بۇرۇن چىقىم قىلسا بولىدۇ.

يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار بەرگەن سودا - سانائەت بىر تۇتاش تالونى ئاتچوت ئىسپاتى قىلىنىدۇ.

**19 - ماددا** يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىدىكىلەر سودا، ئۆگىنىش، تەكشۈرۈش، قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلىنىش، تېخنىكا ئالماشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلار بىلەن چەت ئەلگە (چېگرا سىرتىغا) يالغۇز ياكى كوللېكتىپ چىقىشقا توغرا كەلسە، شۇ جايدىكى ناھىيە (شەھەر) دىن يۇقىرى ج خ تارمىقى چەت ئەلگە (چېگرا سىرتىغا) چىقىش گۇۋاھنامىسىنى ۋاقتىدا بېرىشى كېرەك.

**20 - ماددا** يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلاردىكى كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىدىن كەسپىي ماھارەت سالاھىيىتىنى بېكىتىش ياكى كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋان سالاھىيىتى ئىمتىھانىغا، باھالاشقا قاتنىشىشنى ئىلتىماس قىلغانلىرىنىڭ رەسمىيىتىنى ئالاقىدار تارماقلار بەلگىلىمە بويىچە ۋاقتىدا بېجىرىپ بېرىشى كېرەك.

**21 - ماددا** يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار مەھسۇلاتىنى باھالاش، ياخشىسىنى تاللاش، كۆرگەزمە قىلىش، ئىمپورت - ئېكسپورتتا تاموژنىغا مەلۇم قىلىش ۋە پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئىلتىماس قىلىش ئىشىدا دۆلەت كارخانىلىرى، كوللېكتىپ كارخانىلار بىلەن ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئالاقىدار تارماقلار بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ ۋە بېجىرىپ بېرىدۇ.

خۇسۇسىي پەن - تېخنىكا كارخانىلىرى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ پەن تەتقىقات تۈرلىرىنى ئۈستىگە ئېلىشنى ئىلتىماس قىلسا، ئالاقىدار تارماقلار ئۇلارغا دۆلەت كارخانىلىرى، كوللېكتىپ كارخانىلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىپ، مەبلەغ جەھەتتىن زۆرۈر مەدەت بېرىشى كېرەك.

يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار يېڭى مەھسۇلات يارىتىشتا، ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار ئېتىبار مۇئامىلىسىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

**22 - ماددا** يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ تىجارەت كىنىشكىسى ۋە

ئىجازەتنامىسىنى گۇۋاھنامە بەرگەن تارماقتىن باشقا ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ تارتىۋېلىشىغا ياكى بىكار قىلىشىغا بولمايدۇ.

ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ گۇۋاھنامىسىنى يىللىق تەكشۈرگەندە، قانۇن - نىزاملاردىكى بەلگىلىمىدىن سىرت قوشۇمچە شەرت قويسا بولمايدۇ.

**23 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگىنى يەككە سودا - سانائەتچىلەرگە ۋاقىتلىق تىجارەت كىنىشكىسى بېرىشنى سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش پونكىتىغا ھاۋالە قىلسا بولىدۇ. چەت - ياقا، قاتناش قولايسىز جايلاردا يەككە سودا - سانائەتچىلەرگە تىجارەت كىنىشكىسى بېرىشنى ناھىيە دەرىجىلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگىنى سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش پونكىتىغا ھاۋالە قىلسا بولىدۇ.

رويخەتكە ئالدۇرغان دەسمايىسى 500 مىڭ يۈەنگە يەتمەيدىغان خۇسۇسىي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇشنى ئىلتىماس قىلغانلاردىن رويخەتكە ئالدۇرغان دەسمايىسىنى بىر قېتىمدىلا نەقلەشتۈرۈشى قىيىن بولغانلىرى، 2 يىل ئىچىدە مۇددەتكە بۆلۈپ نەقلەشتۈرسە بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت، تاۋار توپ - پارچە سېتىشنى ئاساس قىلغان شىركەتلەرنىڭ دەسلەپتە چىقىرىدىغان مەبلىغى 50 مىڭ يۈەندىن كەم بولماسلىقى، پەن - تېخنىكا تەرەققىيات، مەسلىھەت، مۇلازىملىق شىركىتىنىڭ دەسلەپتە چىقىرىدىغان مەبلىغى 20 مىڭ يۈەندىن كەم بولماسلىقى كېرەك. رويخەتكە ئالدۇرغىنىغا بىر يىل توشقاندا، دەسمايىسىنىڭ %50 ىدىن ئارتۇقراقىنى نەقلەشتۈرۈشى كېرەك.

خۇسۇسىي كارخانىلار كارخانىلار گۇرۇھى قۇرۇشنى ئىلتىماس قىلسا، شەرتنى مۇۋاپىق كەڭ قويۇۋېتىشكە بولىدۇ. ئانا شىركەتنىڭ رويخەتكە ئالدۇرغان كاپىتالى 30 مىليون يۈەندىن كەم بولماسلىقى، بالا شىركىتى 3 تىن كۆپ بولۇشى، رويخەتكە ئالدۇرغان ئومۇمىي كاپىتالى 60 مىليون يۈەندىن كەم بولماسلىقى كېرەك.

**24 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى ئېتىراپ قىلغان نامرات ئائىلىلەرنىڭ يەككە تىجارەت قىلغانلىرىدىن 3 يىلغىچە ھېچقانداق مەمۇرىي ھەق ئېلىنمايدۇ؛ خۇسۇسىي كارخانىلار قوبۇل قىلغان نامرات ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتى %30 تىن ئاشسا، بىر يىلغىچە ھېچقانداق مەمۇرىي ھەق ئېلىنمايدۇ؛ %50 تىن ئاشسا، 2 يىلغىچە ھېچقانداق مەمۇرىي ھەق ئېلىنمايدۇ.

يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار «ئۈچ كېرەكسىز» نى ئاساسلىق خام ئەشيا قىلىپ ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلات پايدىسى ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش مۇلازىملىقىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ھالقىسىدىن ئاپقان پايدىسىدىن 3 يىلغىچە تاپاۋەت بېجى ئېلىنمايدۇ.

**25 - ماددا** ئالاقىدار مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، قانۇن مەسلىھەتى، كەسىپ سىياسىتى، مەبلەغ سېلىش يۆنىلىشى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش، سۈپەت كاپالىتى، مۇھىت ئاسراش، ئەمگەك - كادىرلار ئىشلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە مۇلازىملىق قىلىپ، ئىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى، ئاشكارىلىشى، تەرتىپىنى ئاددىيلاشتۇرۇشى، ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.

**26 - ماددا** قانۇن، نىزام ۋە گوۋۇيۈەننىڭ مالىيە، باھا مەسئۇل تارمىقى بېكىتكەن، ئېلان قىلغان مەمۇرىي قائىدە ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان مەمۇرىي قائىدە، بەلگىلىمىلەردىكى ھەق تۈرلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئۇنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى شۇنىڭدەك ئەدلىيە ئورگانلىرى ھەق تۈرلىرىنى تەسىس قىلماسلىقى، سېلىشتۇرۇش، ياخشىسىنى تاللاش، ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش باھانىسى بىلەن يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلاردىن ھەق ئالماسلىقى، باشقىچە يول بىلەن ھەق ئالماسلىقى ياكى ياردەم تەلەپ قىلماسلىقى كېرەك.

يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار ئالدىنقى تارماقتىكىدىن باشقا ھەر خىل ھەق، ياردەم ۋە سېلىقلارنى رەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

ھەر قانداق تەشكىلات ۋە شەخس يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنى ئاكسىيە ئېلىشقا ۋە كىتاب، گېزىت، ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇشقا زورلىسا ياكى باشقىچە يول بىلەن زورلىسا بولمايدۇ.

**27 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلاردىن ھەق ئېلىشتا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەق ئېلىش ئىجازەتنامىسى» نى كۆرسىتىشى، ھەق ئېلىش ئۆلچىمى بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە تارمىقى بىر تۇتاش باستۇرغان ھەق ئېلىش تالونى بېرىشى ھەمدە «يەككە سودا - سانائەتچىلەر ھەق تاپشۇرۇش تىزىمى»، «كارخانىلار ھەق تاپشۇرۇش تىزىمى» غا ھەق ئېلىش تۈرى، سوممىسى، ھەق ئالغان ئورۇن ۋە ھەق ئالغۇچىنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى ئېنىق يېزىشى كېرەك. ھەق ئېلىش ئىجازەتنامىسىنى

كۆرسەتمىگەن، ھەقنى ئۆلچەم بويىچە ئالمىغان، ئالون يازمىغان ياكى بەلگىلىمە بويىچە تولدۇرمىغانلارغا يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار ھەق تاپشۇرۇشنى رەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

**28 - ماددا** مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى قانۇن - نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە خۇسۇسىي كارخانىلارنى تەكشۈرۈشتە، ئاۋۋال تەكشۈرۈش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ھەمدە تەڭ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بەلگىلىگەن تارماق ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك تارماققا ئەنگە ئالدۇرۇشى كېرەك؛ تەكشۈرۈش ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئەمەلىي، راست، ئېنىق تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ھەمدە بەلگىلەنگەن تارماق ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك تارماققا ئەنگە ئالدۇرۇشى كېرەك.

بىر مەمۇرىي تارماق بىر خۇسۇسىي كارخانىنى يىلدا بىر قېتىمدىن ئارتۇق تەكشۈرمەسلىكى كېرەك. قانۇن - نىزاملاردا ئايرىم بەلگىلەنگەنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا.

## 3 - باب ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت

**29 - ماددا** يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار تۆۋەندىكى ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ:

(1) قانۇنلۇق مال - مۈلۈككە قانۇن بويىچە ئىگىدارلىق قىلىش، ئىشلىتىش، مەنپەئەتلىنىش، بىر تەرەپ قىلىش ۋە ۋارىسلىق قىلىش؛

(2) تەستىقلاپ تىزىملانغان دائىرىدە قانۇن بويىچە ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىش؛

(3) تەستىق بىلەن تىزىملانغان نامى، دۇكان نامى ۋە رويخەتكە ئالدۇرغان تاۋار ماركىسىدىن مەخسۇس پايدىلىنىش؛

(4) ئىشلەپچىقىرىشقا، تىجارەتكە ئىشلىتىشنى ئىلتىماس قىلىپ ئالغان يەردىن پايدىلىنىش؛

(5) دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە مەھسۇلات باھاسى ۋە مۇلازىملىق ھەققى ئۆلچىمىنى ئۆز ئالدىغا بېكىتىش؛

(6) توختامنى قانۇن بويىچە تۈزۈش، ئىجرا قىلىش، ئۆزگەرتىش ياكى بىكار قىلىش؛

(7) كارخانىدا ئاپپارات تەسىس قىلىش، ئىشچى - خىزمەتچىنى قانۇن بويىچە تەكلىپ قىلىش ۋە بوشىتىش؛

(8) كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى ۋە پايدا تەقسىمات شەكلىنى قانۇن بويىچە بېكىتىش؛

(9) كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىنى ئىلتىماس قىلىش ۋە باھالىتىش؛

(10) پاتېنت ھوقۇقى ۋە باشقا بىلىم - مۈلۈك ھوقۇقلىرىغا قانۇن بويىچە ئېرىشىش؛

(11) دۆلەت ۋە يەرلىك پەن تەتقىقات، تەرەققىيات تۈرلىرىنى ئىلتىماس قىلىش، پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى مەلۇم قىلىش؛

(12) سودا مەخپىيىتىنى دەخلى - تەرۇزغا ئۇچراتماسلىق؛

(13) كارخانىنىڭ تىزىمىنى ئۆزگەرتىش، تىجارىتىنى، ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىش، ئۇنى تارقىتىۋېتىش، ئۇنىڭ ۋەيران بولۇشىنى ئىلتىماس قىلىش؛

(14) قانۇنسىز ھەق، تەكرار ھەق ۋە سېلىقلارنى توسۇش، رەت قىلىش ۋە پاش قىلىش؛

(15) قانۇن - نىزاملاردا بېرىلگەن باشقا ھوقۇقلار.

**30 - ماددا** يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلاردا ئىشلەۋاتقانلار ئىلغارلارنى باھالاش، ھەربىيگە قاتنىشىش، ئوقۇشقا كىرىش ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىي تۈرمۇشىغا قاتنىشىش قاتارلىق جەھەتلەردە دۆلەت كارخانىلىرى ۋە كوللېكتىپ كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن ئوخشاش ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ.

يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلاردا ئىشلەۋاتقانلارنىڭ پەرزەنتى ئوقۇشقا، يەسلىگە كىرىشە، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋە يەسلىلەر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ھەق ئېلىشى، ئۆلچىمى ئۆستۈرۈۋالماسلىقى كېرەك.

**31 - ماددا** يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار ھەم ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتى دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىغاندا ئالاقىدار مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىغا ئەرز - شىكايەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق، ئالاقىدار مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ئەرز - شىكايەتنى تاپشۇرۇۋېلىپ، 30 كۈن ئىچىدە بىر تەرەپ قىلىشى ھەمدە ئەرز - شىكايەت قىلغۇچىغا ئۇقتۇرۇپ قويۇشى كېرەك؛ يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار خەلق سوت مەھكىمىسىگە قانۇن بويىچە بىۋاسىتە دەۋا قىلىسىمۇ بولىدۇ.

**32 - ماددا** يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار تۆۋەندىكى مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشى كېرەك:

(1) قانۇن - نىزام، مەمۇرىي قائىدىلەرگە رىئايە قىلىش، قانۇن بويىچە ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت قىلىش، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارمىقىنىڭ قانۇن بويىچە باشقۇرۇشى ۋە جامائەتنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش؛

(2) قانۇن بويىچە باج تاپشۇرۇش، قانۇن - نىزام، مەمۇرىي قائىدىلەردىكى بەلگىلىمە بويىچە ئالاقىدار ھەقلەرنى تاپشۇرۇش؛

(3) ئىچكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، قانۇن بويىچە مالىيە، ئىشچى ئىشلىتىش، ئىشلەپچىقىرىش، سۈپەت، مۇھىت ئاسراش، ئەمگەك، مائاش، ئەمگەك مۇھاپىزىتى، بىخەتەرلىك، تازىلىق تۈزۈملىرىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش؛

(4) توختامنى ئاڭلىق ئىجرا قىلىش؛

(5) ئادىل رىقابەتلىشىش، سەمىمىي بولۇش، لەۋزىدە تۇرۇش، كەسىپ ئەخلاقىغا رىئايە قىلىش؛

(6) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش؛

(7) ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كەسىپ ئەخلاقى تەربىيىسى ۋە ئىش ئورنى تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ساپاسىنى ئۆستۈرۈش؛

(8) ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن قانۇن بويىچە ئەمگەك توختامى تۈزۈش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىنى ۋاقتىدا، تولۇق بېرىش، ئۇلارنىڭ ئارام ئېلىش، دەم ئېلىش، ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئالاھىدە قوغدىنىش قاتارلىق ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش ھەمدە ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە ئۇلارغا پېنسىيە سۇغۇرتىسى، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى قاتارلىق ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ئىشلىرىنى بېجىرىپ بېرىش؛

(9) تەبىئىي مۇھىت ۋە تەبىئىي بايلىقنى ئاسراش؛

(10) قانۇن - نىزاملاردا بەلگىلەنگەن باشقا مەجبۇرىيەتلەر.

## 4 - باب مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش

**33 - ماددا** يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلاردىن مۇشۇ نىزامغا رىئايە قىلىپ، تۆۋەندىكىدەك گەۋدىلىك نەتىجە ياراتقانلارنى شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى ياكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار تەقدىرلەيدۇ ياكى مۇكاپاتلايدۇ:

(1) قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، بەلگىلىمە بويىچە باج تاپشۇرۇش، قانۇنلۇق تىجارەت قىلىش جەھەتتە ئۈلگە بولغانلار؛

(2) يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، تاشقى پىربۇوت يارىتىش جەھەتتە گەۋدىلىك نەتىجە ياراتقانلار؛

(3) نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش ۋە شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشقا زور تۆھپە قوشقانلار؛

(4) يېڭى، داڭلىق ۋە سۈپەتلىك مەھسۇلات يارىتىشتا گەۋدىلىك نەتىجە ياراتقانلار؛

(5) ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىغا گەۋدىلىك تۆھپە قوشقانلار.

**34 - ماددا** دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىدىن يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا تەشكىللىگۈچىلىك، يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش جەھەتتە گەۋدىلىك تۆھپە قوشقانلارنى خەلق ھۆكۈمەتلىرى ياكى ئالاقىدار تارماقلار تەقدىرلەيدۇ ياكى مۇكاپاتلايدۇ.

**35 - ماددا** يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلاردىن بۇ نىزامغا خىلاپلىق قىلىپ قانۇنسىز ياكى ناتوغرا تىجارەت قىلغانلىرىنى سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى ياكى باشقا ئالاقىدار تارماقلار ئۆز مەسئۇلىيىتىگە بىنائەن قانۇن بويىچە جازالايدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنائىي جاۋابكارلىقىنى ئەدلىيە ئورگانلىرى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرىدۇ.

**36 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورۇن ۋە تەشكىلاتلار شۇنىڭدەك ئەدلىيە ئورگانلىرى ھەم ئۇنىڭ خادىملىرىدىن مۇشۇ نىزامغا خىلاپلىق قىلىپ، تۆۋەندىكى ئىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلىرىنى ئىشلەيدىغان ئورنى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماق تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولسا، بىۋاسىتە جاۋابكار مەسئۇل خادىمغا ۋە باشقا بىۋاسىتە جاۋابكارلارغا مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ؛ زىيان سالغانلار قانۇن بويىچە تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنائىي جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ:

(1) يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنى ئاكسىيە سېتىۋېلىشقا ۋە كىتاب، گېزىت، ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇشقا زورلاش ياكى باشقىچە يول بىلەن زورلاش؛

(2) يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلاردىن قانۇنغا خىلاپ ھەق ئېلىش ياكى ياردەم تەلەپ قىلىش؛

(3) يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتىنى باھالاش، ياخشىسىنى تاللاش، كۆرگەزمىگە قويۇش، ئىمپورت - ئېكسپورتتا تامۇژنىغا مەلۇم قىلىش ۋە ئۇنىڭ خادىملىرىنىڭ ئۇنۋانىنى باھالاش، چېگرىدىن

چىقىش - كىرىش گۇۋاھنامىسى بېجىرىش ئىشلىرىدا باھانە كۆرسىتىپ، بىر - بىرىگە ئىتتىرىپ، سەۋەبسىز كېيىنگە سۈرەش ۋە باشقا شەكىللەر بىلەن قىيناش؛

(4) بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا كارخانىلارغا بېرىپ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن تەكشۈرۈش؛

(5) رويخەتكە ئېلىش، ئىجازەتنامە بېرىش، كىنىشكىنى يىللىق تەكشۈرۈشتە قانۇن - نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەردىن سىرت شەرت قويۇش، ۋاقتىدا بېجىرمەسلىك؛

(6) ھەق ئالغاندا ھەق ئېلىش ئىجازەتنامىسىنى كۆرسەتمەسلىك، ھەقنى ئۆلچەم بويىچە ئالماسلىق، تالون بەرمەسلىك، «يەككە سودا - سانائەتچىلەر ھەق تاپشۇرۇش تىزىمى» ۋە «كارخانىلار ھەق تاپشۇرۇش تىزىمى»نى ئەينەن تولدۇرماسلىق؛

(7) تىجارەت كىنىشكىسى ۋە ئىجازەتنامىسىنى ھوقۇقىدىن ھالقىپ تارتىۋېلىش، بىكار قىلىش؛

(8) يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ قانۇنلۇق مال - مۈلكىنى قانۇنسىز پېچەتلەش، تارتىۋېلىش، توڭلىتىۋېتىش، مۇسادىرە قىلىش؛

(9) يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار مەبلىغى، ئەشياسىنى قانۇنسىز ئىگىلىۋېلىش؛

(10) يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار ئەرز - شىكايىتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بەلگىلەنگەن سۈرۈك ئىچىدە بىر تەرەپ قىلماسلىق؛

(11) خىزمەت ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلىنىپ نەپسانىيەتچىلىك، پارىخورلۇق قىلىپ، يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىگە زىيان سېلىش.

**37 - ماددا** يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار ئالاقىدار تارماقلارنىڭ جازا قارارىغا قايىل بولمىسا، قانۇن بويىچە مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلسا ياكى خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسا بولىدۇ.

**38 - ماددا** ھەق ئېلىش تۈرلىرىنى قانۇنغا خىلاپ ھالدا تەسىس قىلىپ، يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلاردىن ھەق ئېلىنسا ياكى ئۇلارغا سېلىق سېلىنسا، باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسى بويىچە بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى، بىر دەرىجە يۇقىرى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى ياكى شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىكار قىلىدۇ، تولۇق قايتۇرۇشنى بۇيرۇيدۇ ھەمدە ئاساسلىق مەسئۇل خادىمغا مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ.

**39 - ماددا** ئەرز - شىكايەت قىلغۇچىلاردىن ئۆچ ئالغانلارنى ئىشلەيدىغان ئورنى ياكى مەمۇرىي تەپتىش ئورگىنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

## 5 - باب قوشۇمچە پرىنسىپ

**40 - ماددا** بۇ نىزام 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۆلچەمنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش نىزامى

(2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 18 - يىغىنىدا ماقۇللاندى)

## 1 - باب ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ نىزام ئۆلچەمنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، دۆلەتنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى تۈزۈمىنىڭ بىردەكلىكى ۋە ئۆلچەنگەن مىقدارنىڭ توغرا، ئىشەنچلىك بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ئىستېمالچىلار، ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋە تىجارەتچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش، ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرتىپنى ساقلاش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۆلچەم قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 - ماددا** ئاپتونوم رايوننىڭ مەمۇرىي رايونى تەۋەسىدە ئۆلچەم پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن ۋە شەخسلەر دۆلەتنىڭ ئۆلچەمگە دائىر قانۇن، نىزاملىرى ۋە مۇشۇ نىزامغا رىئايە قىلىشى شەرت.

بۇ نىزامدا دېيىلگەن ئۆلچەم پائالىيىتى ئۆلچەملىك ئۆلچىگۈچ ئورنىتىش، ئۆلچەم بىرلىكى ئىشلىتىش، ئۆلچىگۈچ ياساش، رېمونت قىلىش، سېتىش، ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىش، ئورنىتىش، قۇراشتۇرۇش، ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇش، ئىشلىتىش، ئۆلچەمنى گۇۋاھلىقتىن

ئۆتكۈزۈش، ئۆلچەمنى تەكشۈرۈش سىناش ياكى توغرىلاش، ئۆلچەم سانلىق مەلۇماتى بېرىش، مەھسۇلات، تاۋار ياكى مۇلازىمىتتا ئۆلچەم راسخوتى قىلىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**3 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق سۆپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەم خىزمىتىنى بىر تۇتاش نازارەت قىلىپ باشقۇرىدۇ. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سۆپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ ئۆلچەم خىزمىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرىدۇ.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئالاقىدار مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى مۇناسىۋەتلىك ئۆلچەم باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئۆز مەسئۇلىيىتى دائىرىسىدە ماسلىشىپ ئىشلەيدۇ.

**4 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۆلچەم ئىشلىرىنى پىلانلىق راۋاجلاندۇرۇشى، ئۆلچەم پەن - تېخنىكا تەتقىقاتىغا ئىلھام بېرىشى، ئىلغار ئۆلچەم پەن - تېخنىكىسى ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى كېڭەيتىشى كېرەك.

## 2 - باب ئۆلچەم بىرلىكى ۋە ئۆلچىگۈچ

**5 - ماددا** تۆۋەندىكى پائالىيەتلەردە دۆلەتنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بىرلىكىنى ئىشلىتىش كېرەك:

(1) ھۆججەت - ئالاقە، ئاخبارات، ستاتىستىكىلىق مەلۇمات جەدۋىلى تارقىتىش، ئىلمىي ماقالە ۋە دوكلات ئېلان قىلىش؛

(2) رادىئو - تېلېۋىزىيە پروگراممىسى ئىشلەش ۋە تارقىتىش، كىتاب، گېزىت - ژۇرنال، ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى نەشر قىلىش ۋە تارقىتىش، ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش، ئېلان ئىشلەش ۋە چىقىرىش؛

(3) مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت قىلىش، مەھسۇلات كۆرسەتمىسى يېزىش، مەھسۇلاتقا ئىشلىتىش چۈشەندۈرمىسى بېرىش؛

(4) ۋېكسېل، تالون، ھېسابات دەپتىرى باستۇرۇش؛

(5) ئۆلچەم، قائىدە، قېلىپ ۋە تۈرلۈك تېخنىكا ھۆججىتى تۈزۈش، تەكشۈرۈش، باھالاش، سىناش ۋە توغرىلاش سانلىق مەلۇماتى چىقىرىپ بېرىش؛

(6) دۆلەت قانۇندا بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بىرلىكى ئىشلىتىلىدۇ دەپ بەلگىلىگەن باشقا پائالىيەتلەر.

قانۇندا بەلگىلەنمىگەن ئۆلچەم بىرلىكىنى ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە بولىدۇ.

**6 - ماددا** ئۆلچىگۈچ ياساش، رېمونت قىلىش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئورۇن ياكى شەخسلەر مۇناسىپ ئىشلەپچىقىرىش، تېخنىكا شارائىتىنى ھازىرلىشى ھەمدە قانۇن بويىچە «ئۆلچىگۈچ ياساش ئىجازەتنامىسى» ياكى «ئۆلچىگۈچ رېمونت قىلىش ئىجازەتنامىسى» ئېلىشى كېرەك، ئاندىن تىجارەت كىنىشكىسى ئالسا بولىدۇ.

«ئۆلچىگۈچ ياساش ئىجازەتنامىسى»، «ئۆلچىگۈچ رېمونت قىلىش ئىجازەتنامىسى» نى ياسىۋېلىش، ئىشلىتىۋېلىش مەنئى قىلىنىدۇ.

**7 - ماددا** يېڭى ئۆلچىگۈچ ياساشتا، دۆلەتلىك ياكى ئاپتونوم رايونلۇق سۆپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا تىپىنى باھالاش، شەكلىنى تەستىقلاش ياكى ئەۋرىشكىسىنى سىناش ھەققىدە ئىلتىماس سۇنۇش شەرت.

ئۆلچىگۈچنىڭ تىپىنى باھالايدىغان، ئەۋرىشكىسىنى سىنايدىغان ئورۇن ۋە خادىملار ئىلتىماس قىلغۇچى ئورۇن بەرگەن ئەۋرىشكە ۋە تېخنىكا ھۆججىتىنىڭ مەخپىيىتىنى ساقلىشى كېرەك.

**8 - ماددا** يېڭى قۇراشتۇرۇلغان ياكى ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلغان ئۆلچىگۈچ قانۇن بويىچە ئۆلچەم تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈلۈشى شەرت، ئاندىن ئۇنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

سودا راسچوتىغا ئىشلىتىدىغان ئۆلچىگۈچنى قۇراشتۇرىدىغان ياكى ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرىدىغان ئورۇن ياكى شەخسلەر ناھىيە (شەھەر، رايون) دىن يۇقىرى سۆپەت تېخنىكا نازارەتچىلىكى مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ سالاھىيەت تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈشى كېرەك. كونكرېت تەكشۈرۈش چارىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق سۆپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى تۈزۈپ چىقىدۇ.

**9 - ماددا** ئۆلچىگۈچ ساتىدىغان ئورۇن ۋە شەخسلەر شۇ جايدىكى سۆپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرۇشى كېرەك.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇن بويىچە باشقۇرۇلىدىغان ئۆلچىگۈچ مۇندەرىجىسى» گە كىرگۈزۈلگەن ئىمپورت قىلىنغان ئۆلچىگۈچنى سېتىشتا، ئاپتونوم رايونلۇق سۆپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا تەكشۈرۈپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىش كېرەك، تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەندىن كېيىن سېتىشقا بولىدۇ.

**10 - ماددا** تۆۋەندىكى ئۆلچىگۈچلەر ياكى

زاپچاسلىرىنى ياساش، سېتىش، ئورنىتىش مەنئى قىلىنىدۇ:

(1) دۆلەت ئىشلىتىشنى مەنئى قىلغان پاكى شاللىنىۋېتىلگەنلىرى؛

(2) ئۆلچىگۈچ ياساش ئىجازەتنامە بەلگىسى ۋە نومۇرى، مەھسۇلاتنىڭ لاياقەت تامغىسى ۋە لاياقەتنامىسى، كارخانا نامى ۋە ئادرېسى بولمىغانلىرى؛

(3) ئۆلچىگۈچ ياساش ئىجازەتنامە بەلگىسى ۋە نومۇرى، مەھسۇلاتنىڭ لاياقەت تامغىسى ۋە لاياقەتنامىسى، كارخانا نامى ۋە ئادرېسى ئويدۇرۇپ چىقىلغان پاكى ئىشلىتىۋېلىنغانلىرى؛

(4) كونىسىنى يېڭى، ناچىرىنى ياخشى قىلىپ كۆرسىتىپ، كېرەكسىز ئۆلچىگۈچ زاپچاسلىرى بىلەن قوراشتۇرۇلغانلىرى؛

(5) قانۇن، نىزاملاردا ياساش، سېتىش، ئورنىتىش مەنئى قىلىنغان باشقا ئۆلچىگۈچلەر.

**11 - ماددا** ئۆلچىگۈچ ئىشلىتىشتە تۆۋەندىكى قىلمىشلارغا يول قويۇلمايدۇ:

(1) ئۆلچىگۈچنىڭ توغرىلىقىنى ۋە ساختىلىقتىن ساقلىنىش قۇرۇلمىسىنى بۇزۇۋېتىش؛

(2) تەكشۈرگەنلىك تامغىسى، گۇۋاھنامىسى بولمىغان ياكى تەكشۈرۈش قەرەلى ئۆتۈپ كەتكەن ئۆلچىگۈچنى ئىشلىتىش، تەكشۈرگەنلىك تامغىسى ۋە گۇۋاھنامىسىنى ياسىۋېلىش ياكى بۇزۇۋېتىش؛

(3) دۆلەت شاللىۋەتكەن ياكى توغرىلىقىنى يوقاتقان ئۆلچىگۈچنى ئىشلىتىش؛

(4) ئۆلچەم سانلىق مەلۇماتىنى ئويدۇرۇپ چىقىش؛

(5) ئۆلچىگۈچتىن پايدىلىنىپ ساختىلىق قىلىپ، دۆلەتنىڭ ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان باشقا قىلمىشلار.

## 3 - باب ئۆلچەمنى تەكشۈرۈش ۋە گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزۈش

**12 - ماددا** سۇپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى قانۇن بويىچە تەسىس قىلغان ياكى هوقۇق بەرگەن ئۆلچەم تەكشۈرۈش ئاپپاراتى ئۆلچىگۈچ تەكشۈرۈش كەسپىنى تەستىقلانغان تۈر ۋە رايون دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىشى كېرەك.

ئۆلچەم تەكشۈرۈش ئاپپاراتى ئورناتقان ئۆلچەش ئۆلچىمىنى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە سۇپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ سىناپ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

**13 - ماددا** جەمئىيەتتە ئىشلىتىلىدىغان ئۆلچەملىك ئۆلچىگۈچ، تارماق، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئىشلىتىدىغان ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەملىك ئۆلچىگۈچ ۋە سودا راسخوتى، بىخەتەرلىك مۇھاپىزىتى، داۋالاش - ساقلىق ساقلاش، مۇھىتنى كۆزىتىش جەھەتتە ئىشلىتىلىدىغان دۆلەتنىڭ مەجبۇرىي تەكشۈرۈش مۇندەرىجىسىگە كىرگۈزۈلگەن ئۆلچىگۈچلەر قانۇن بويىچە مەجبۇرىي تەكشۈرۈلىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق سۇپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى خېرىدارلار، ئىستېمالچىلار ۋە ئالاقىدار تەشكىلاتلار مەسىلە گەۋدىلىك دەپ ئىنكاس قىلغان ئۆلچىگۈچلەر ھەققىدە ئاپتونوم رايون مەجبۇرىي تەكشۈرىدىغان ئۆلچىگۈچلەر مۇندەرىجىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلاتقاندىن كېيىن مەجبۇرىي تەكشۈرسە بولىدۇ.

مەجبۇرىي تەكشۈرۈلىدىغان ئۆلچىگۈچ ئىشلەتكۈچى ئورۇن ۋە شەخسلەر شۇ جايدىكى شەھەرلىك، ناھىيىلىك سۇپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرۇشى ھەمدە بېكىتىلگەن ئۆلچەم تەكشۈرتۈش ئاپپاراتىغا قەرەللىك تەكشۈرۈشنى ئىلتىماس قىلىشى كېرەك. شۇ جايدا تەكشۈرتۈش مۇمكىن بولمىسا، بىر دەرىجە يۇقىرى سۇپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى بېكىتكەن ئۆلچەم تەكشۈرۈش ئاپپاراتىغا قەرەللىك تەكشۈرۈشنى ئىلتىماس قىلىپ، تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئىشلەتسە بولىدۇ.

**14 - ماددا** ئۆلچەم تەكشۈرۈش ئاپپاراتى تەكشۈرتۈلىدىغان ئۆلچىگۈچنى تاپشۇرۇۋېلىپ 15 ئىش كۈنى ئىچىدە تەكشۈرۈش، توغرىلاش خىزمىتىنى تاماملىشى لازىم، ۋاقتىنى ئۇزارتىشقا توغرا كەلسە، تەكشۈرتكۈچى ئورۇن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىشى كېرەك.

**15 - ماددا** جەمئىيەتنى گۇۋاھلىقتىن ئۆتكەن سانلىق مەلۇمات بىلەن تەمىنلەيدىغان مەھسۇلات سۈپىتى تەكشۈرۈش ئاپپاراتى ۋە جەمئىيەتنى ئادىل ئۆلچەم سانلىق مەلۇماتى بىلەن تەمىنلەيدىغان ۋاستىچى مۇلازىمەتلىق ئاپپاراتى ئاپتونوم رايونلۇق سۇپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىدىن ئۆلچەم گۇۋاھلىق لاياقەتنامىسى ئېلىشى شەرت.

ئۆلچەم گۇۋاھلىق لاياقەتنامىسىنىڭ كۈچكە ئىگە ۋاقتى توشۇشتىن 6 ئاي ئىلگىرى، بەلگىلىمە بويىچە قايتا تەكشۈرۈشنى ئىلتىماس قىلىش كېرەك.

ئۆلچەم گۇۋاھلىقىدا لاياقەتلىك بولغان ئادىل ئۆلچەم ۋاستىچى مۇلازىمەتلىق ئاپپاراتى تەمىنلىگەن ئادىل ئۆلچەم

سانلىق مەلۇماتىنى سودا راسچوتى، كېسىم قارارى، قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىشتا ئاساس قىلىشقا بولىدۇ.

## 4 ـ باب سودىدىكى ئۆلچەم

**16 ـ ماددا** تاۋار تىجارەتچىلىرى پاكى مۇلازىملىق قىلغۇچىلار تىجارەت ۋە مۇلازىملىق تۈرلىرىگە لايىق كېلىدىغان ھەمدە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئۆلچىگۈچ ئورنىتىشى ۋە ئىشلىتىشى كېرەك.

سودا بازارلىرى ۋە سودا سارايلىرىدا ھەقسىز ئىشلىتىدىغان ئادىل جىڭ ۋە ئادىل مېتىر قاتارلىق ئۆلچىگۈچلەر قويۇلۇشى لازىم.

**17 ـ ماددا** نەق مەيداندا ئۆلچەيدىغان تاۋار سودىسىدا تىجارەتچى ئىستېمالچىلارغا ئۆلچىگۈچنىڭ ئۆلچەش جەريانى ۋە مىقدارىنى ئېنىق كۆرسىتىشى كېرەك. ئىستېمالچىلار باشقىچە پىكىردە بولسا، قايتىدىن ئۆلچەپ بېرىش ۋە مىقدارىنى كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق. تاۋارنىڭ ئەمەلىي مىقدارىنى ھەرقانداق ۋاستە ئارقىلىق ئۆزگەرتىش مەنئى قىلىنىدۇ.

مىقدار راسچوت ئاساسى قىلىنىدىغان تاۋار ۋە مۇلازىملىقنىڭ ئەمەلىي قىممىتى بىلەن راسچوت قىممىتى بىردەك بولۇشى، ئۇنىڭ ئۆلچەش پەرقى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى لازىم. ئۆلچەپ ھەق ئېلىنىدىغانلىرىدا ھەقنى تەخمىنەن ئېلىشقا ۋە ئاشۇرۇپ ئېلىشقا بولمايدۇ.

**18 ـ ماددا** ئىشلەپچىقىرىلىدىغان (پار قاچىلىنىدىغان)، سېتىلىدىغان نورمىلىق قاچىلانغان تاۋار ئورالمىسىنىڭ كۆزگە چېلىقىدىغان يېرىگە تاۋارنىڭ ساپ مىقدارى توغرا ۋە ئېنىق يېزىلىشى لازىم. تاۋارنىڭ ساپ مىقدارىنى ئۆلچەش پەرقى دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن كېلىشى لازىم.

**19 ـ ماددا** سودا راسچوتىدا بىۋاسىتە ئىشلىتىدىغان سۇ سائىتى، گاز سائىتى، توك سائىتى، كالورىمېتىر، تېلېفون ھەققى ھېسابلىغۇچ، يېقىلغۇ ماي قاچىلىغۇچ تاكسىومېتىر قاتارلىق ئۆلچىگۈچلەرنى تۇنجى قېتىم مەجبۇرىي تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئورنىتىشقا، ئىشلىتىشكە بولىدۇ. سۇ سائىتى، گاز سائىتى، توك سائىتى، كالورىمېتىر قاتارلىق ئۆلچىگۈچلەرنى ئورناتقۇچى تەكشۈرتىدۇ ۋە تەكشۈرۈش ھەققى تۆلەيدۇ. تىجارەتچىلەر ئۆلچىگۈچتە كۆرسىتىلگەن ئەمەلىي مىقدارنى راسچوت ئاساسى قىلىشى كېرەك.

## 5 ـ باب ئۆلچەم نازارەتچىلىكى

**20 ـ ماددا** ئۆلچەمنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى تەشكىللەيدۇ. تەكشۈرگۈچى ئورۇننىڭ ئەۋرىشكە ۋە زۆرۈر شارائىت بىلەن تەمىن ئېتىش مەجبۇرىيىتى بار.

نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئەۋرىشكە ئېلىشتا دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش ھەمدە ئەۋرىشكىنى ئوبدان ساقلاش لازىم. نورمال خوراشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئېلىنغان ئەۋرىشكىنى ۋاقتىدا قايتۇرۇپ بېرىش لازىم.

**21 ـ ماددا** ئۆلچەمگە دائىر مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار قانۇن ئىجرا قىلىشتا ئادىل، مەدەنىي بولۇشى لازىم. نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشكە 2 دىن ئارتۇق ئادەم قاتنىشىشى ھەمدە قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىسىنى كۆرسىتىشى لازىم.

**22 ـ ماددا** ئۆلچەمگە دائىر مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشتە تۆۋەندىكى خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزسە بولىدۇ:

(1) ئالاقىدارلار ۋە گۇۋاھچىلاردىن سوئال سوراش، نازارەت قىلىنىدىغان ئۆلچەم ھەرىكىتىگە دائىر ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈش؛

(2) ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئورنى ۋە مەھسۇلات (تاۋار) شۇنىڭدەك خام ئەشيا ـ ماتېرىيال ساقلانغان ئامبارنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ ئەۋرىشكە ئېلىش؛

(3) چەك، تالون، ھېسابات دەپتىرى، توختام، دوكۇمېنت، ھۆججەت، كەسپىي ئالاقە ـ تېلېگرامما قاتارلىق ئالاقىدار ماتېرىياللارنى كۆرۈش ۋە كۆپەيتىۋېلىش؛

(4) ئۈن ـ سىن ئېلىش، سۈرەت تارتىش قاتارلىق تېخنىكا ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئېھتىياجلىق ئىسپات ماتېرىياللارغا ئېرىشىش؛

(5) قانۇنغا خىلاپ ئۆلچىگۈچلەرنى ۋە باشقا ئالاقىدار بۇيۇملارنى پېچەتلەش، تۇتۇپ قېلىش.

پېچەتلىگەن، تۇتۇپ قالغان ئۆلچىگۈچ ۋە بۇيۇملارنى بۇزۇۋەتمەي ئوبدان ساقلاش كېرەك. پېچەتلەش، تۇتۇپ قېلىش ۋاقتىنى 20 كۈندىن ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. ۋاقتىنى ئۇزارتىشقا توغرا كەلسە بىر دەرىجە يۇقىرى سۈپەت ـ تېخنىكا

نازارەتچىلىكى مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا تەستىقلىتىش لازىم.

**23 - ماددا** ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ سۇ پەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ ئۆلچەمنى قانۇن بويىچە نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشىنى رەت قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىشىغا، ئۆلچەمگە دائىر قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى مەيلىگە قويۇۋېتىشى ۋە يېپىشىغا؛ تالون، ھېسابات دەپتىرى قاتارلىق ئالاقىدار ماتېرىياللارنى بەرمەسلىككە؛ سۇ پەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى پېچەتلىگەن ئۆلچىگۈچ ۋە باشقا ئالاقىدار بۇيۇملارنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئېچىشى، يۆتكىۋېتىشى، سېتىۋېتىشى ۋە بۇزۇۋېتىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

**24 - ماددا** سۇ پەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئۆلچەمنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشتە نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش پىلانىنى ئالدى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىر دەرىجە يۇقىرى سۇ پەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرۇشى لازىم.

سۇ پەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ بىر كارخانا ئۈستىدە ئۆلچەمنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشى بىر يىلدا 2 قېتىمدىن ئېشىپ كەتسە بولمايدۇ، ئەمما قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىق گۇمانى بىلەن قانۇن بويىچە تەكشۈرۈلىدىغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا.

**25 - ماددا** سۇ پەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئۆلچىگۈچ ياساش، رېمونت قىلىش ئىجازەتنامىسى ۋە ئۆلچەم گۇۋاھلىقى بېرىش ئىلتىماسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ 10 ئىش كۈنى ئىچىدە قوبۇل قىلىش - قىلماسلىقنى قارار قىلىشى ھەمدە ئىلتىماس قىلغۇچىغا ئۇقتۇرۇشى؛ قوبۇل قىلىشنى قارار قىلسا، 20 ئىش كۈنى ئىچىدە سىناپ تەكشۈرۈشنى تاماملىشى؛ لاياقەتلىك بولغانلىرىغا ئىجازەتنامە بېرىشى، لاياقەتلىك بولمىغانلىرىغا يازما ئۇقتۇرۇش قىلىشى لازىم.

**26 - ماددا** ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخس ئۆلچەمگە دائىر قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى پاش قىلىش ۋە ئەرز قىلىشقا ھوقۇقلۇق. سۇ پەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ۋە باشقا ئالاقىدار تارماق پاش قىلىش ۋە ئەرز ماتېرىياللىرىنى تاپشۇرۇۋېلىپ 5 ئىش كۈنى ئىچىدە قوبۇل قىلىش - قىلماسلىقنى قارار قىلىپ، پاش قىلغۇچى ۋە ئەرز قىلغۇچىغا ئۇقتۇرۇشى؛ قوبۇل قىلسا، پاش قىلغۇچى ۋە ئەرز قىلغۇچىغا سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈشى ھەمدە پاش قىلغۇچى ۋە ئەرز قىلغۇچىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلىشى كېرەك.

## 6 - باب قانۇنىي جاۋابكارلىق

**27 - ماددا** بۇ نىزامنىڭ 5 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلار سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇلىدۇ؛ تۈزىتىشنى رەت قىلغانلارغا 500 يۈەندىن يۇقىرى 1000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە نەشر بۇيۇمى بولسا قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتى مۇسادىرە قىلىنىدۇ، قوشۇمچە 1000 يۈەندىن يۇقىرى، 5000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

**28 - ماددا** بۇ نىزامنىڭ 6 - ماددىسى، 7 - ماددىسىنىڭ 1 - تارمىقى، 8 -، 12 -، 15 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلار قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى توختىتىشقا بۇيرۇلىدۇ، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتى مۇسادىرە قىلىنىدۇ، قوشۇمچە قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنىڭ بىر ھەسسىدىن 3 ھەسسىگىچە جەرىمانە قويۇلسا بولىدۇ؛ قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتى بولمىسا ياكى قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى ھېسابلاش قىيىن بولسا، شەخسكە قوشۇمچە 2000 يۈەندىن يۇقىرى، 10 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن؛ ئورۇنغا 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى 20 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلسا بولىدۇ.

**29 - ماددا** بۇ نىزامنىڭ 10 -، 11 -، 16 -، 17 -، 18 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلار قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى توختىتىشقا بۇيرۇلىدۇ. قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتى ۋە قانۇنغا خىلاپ ياسىغان، ساتقان، قۇراشتۇرغان، ئىشلەتكەن ئۆلچىگۈچى مۇسادىرە قىلىنىدۇ. شەخسكە قوشۇمچە 500 يۈەندىن يۇقىرى، 2000 يۈەندىن تۆۋەن، ئورۇنغا 1000 يۈەندىن يۇقىرى، 5000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلسا بولىدۇ. قىلمىشى ئېغىر بولسا، شەخسكە قوشۇمچە 2000 يۈەندىن يۇقىرى، 5000 يۈەندىن تۆۋەن، ئورۇنغا 5000 يۈەندىن يۇقىرى 20 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلسا بولىدۇ؛ ئىستېمالچىلارغا زىيان سالغانلار قانۇن بويىچە تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

**30 - ماددا** بۇ نىزامنىڭ 13 - ماددىسىنىڭ 1 -، 3 - تارمىقى ۋە 19 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلار قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى توختىتىشقا بۇيرۇلىدۇ. قوشۇمچە قۇراشتۇرغان، ئىشلەتكەن قانۇنغا خىلاپ ھەر بىر ئۆلچىگۈچ ئۈچۈن 1000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلسا بولىدۇ.

**31 - ماددا** ئۆلچەم تەكشۈرۈش ئاپپاراتى،

ئۆلچەم ۋاستىچى مۇلازىملىق ئاپپاراتى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرىدىن تەكشۈرۈش سانلىق مەلۇماتىنى ئۆيدۈرۈپ چىققان ياكى ساختا تەكشۈرۈش ئىسپاتى بەرگەنلەر تۈزىتىشكە بۇيرۇلىدۇ. ئورۇنغا 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى 30 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ، بىۋاسىتە جاۋابكارلارغا 2000 يۈەندىن يۇقىرى، 10 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ زىيان پەيدا قىلغانلار قانۇن بويىچە زىياننى تۆلەيدۇ؛ قىلمىشى ئېغىرلىرىنىڭ تەكشۈرۈش سالاھىيىتى بىكار قىلىنىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

ئۆلچەم تەكشۈرۈش ئاپپاراتى، ئۆلچەم ۋاستىچى مۇلازىملىق ئاپپاراتى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرىدىن خاتا سانلىق مەلۇمات بېرىپ، خېرىدارلارغا ئېغىر زىيان سالغانلار قانۇن بويىچە تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

**32 ـ ماددا** سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى پېچەتلىگەن بۇيۇملارنى ئۆز مەيلىچە ئاچقان، يۆتكىۋەتكەن، سېتىۋەتكەن، بۇزۇۋەتكەنلەر قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى توختىتىشقا بۇيرۇلىدۇ، قوشۇمچە پېچەتلەنگەن بۇيۇم قىممىتى سوممىسىدىن يۇقىرى، 3 ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلسا بولىدۇ. دېلوغا مۇناسىۋەتلىك تالون، ھېسابات دەپتىرى قاتارلىق ئالاقىدار ماتېرىياللارنى بېرىشنى رەت قىلغانلىقتىن، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋەتنى ھېسابلىغىلى بولمايدىغانلىرىغا 5000 يۈەندىن يۇقىرى، 30 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ قانۇن بويىچە ۋەزىپە ئىجرا قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلغانلارنى ج خ ئورگىنى ئاممىۋى باشقۇرۇش بويىچە جازالاش نىزامىغا ئاساسەن جازالايدۇ.

**33 ـ ماددا** ئۆلچىگۈچنىڭ ئىپىنى باھالايدىغان، ئەۋرىشكىسىنى سىنايدىغان خادىملاردىن ئىلتىماس قىلغۇچى ئورۇننىڭ ئەۋرىشكىسى ۋە تېخنىكا ھۆججىتىنىڭ مەخپىيىتىنى ئاشكارىلاپ قويۇپ، ئىلتىماس قىلغۇچى ئورۇنغا زىيان سالغانلار قانۇن بويىچە تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولسا، بىۋاسىتە جاۋابكارغا مەمۇرىي چارە كۆرۈلىدۇ.

ئۆلچەم تەكشۈرۈش ئاپپاراتى ئۆلچىگۈچنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى بەلگىلەنگەن ياكى پۈتۈشكەن سۈرئەت ئىچىدە ئورۇندىمىسا، تەكشۈرتكۈچى ئورۇن تەكشۈرۈش ھەققىنى تاپشۇرمىسا بولىدۇ؛ تەكشۈرۈشكە بېرىلگەن ئۆلچىگۈچنى بۇزۇۋەتكەن ياكى تەكشۈرتكۈچى ئورۇننى زىيانغا ئۇچراتقانلار قانۇن بويىچە تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولسا، بىۋاسىتە جاۋابكارغا مەمۇرىي چارە كۆرۈلىدۇ.

**34 ـ ماددا** ئالاقىدارلار مەمۇرىي جازاغا قايىل بولمىسا، قانۇن بويىچە مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلسا ياكى خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسا بولىدۇ. سۈرئەت ئۆتسىمۇ قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلمىسا، دەۋا قىلمىسا، جازا قارارىنىمۇ ئىجرا قىلمىسا، جازا قارارىنى چىقارغان ئورگان خەلق سوت مەھكىمىسىگە مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

**35 ـ ماددا** سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرى تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلسا، قىلمىشىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ، بىۋاسىتە جاۋابكارغا مەمۇرىي چارە كۆرۈلىدۇ؛ زىيان سالغانلار قانۇن بويىچە تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ:

(1) ئۆلچەمگە ئائىت مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىشتا ئادىل بولماسلىق؛

(2) شەرتكە ئۇيغۇن ئىلتىماسلارنى قەستەن تەڭلىككە سېلىپ بىجىرمەسلىك؛

(3) ئەۋرىشكە ئېلىش ۋە قايتۇرۇشتا دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئىش قىلماسلىق؛

(4) بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۆلچەم پائالىيىتى سۇبيېكتلىرىنى خالىغانچە تەكرار تەكشۈرۈش، ئۆلچىگۈچ ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بۇيۇمنى قانۇنغا خىلاپ پېچەتلەش، تۇتۇپ قېلىش؛

(5) ئۆلچەمگە ئائىت قانۇنغا خىلاپ قىلمىش ئۈستىدىن قىلىنغان ئەرز ماتېرىياللىرىنى بەلگىلەنگەن سۈرئەت ئىچىدە قوبۇل قىلماسلىق؛

(6) بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ھەق ئېلىش، جەرىمانە قويۇش؛

(7) خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە ـ كەلمەس پايدىلىنىش، نەپسانىيەتچىلىك قىلىشتەك باشقا قىلمىشلار.

## 7 ـ باب قوشۇمچە پرىنسىپ

**36 ـ ماددا** ئاپتونوم رايوننىڭ مەمۇرىي رايونى تەۋەسىدىكى ئارمىيە، قوراللىق ساقچى قىسىم ۋە ھەربىي سانائەت، دۆلەت مۇداپىئە كارخانا كەسپىي ئورۇنلىرىنىڭ جەمئىيەتكە يۈزلەنگەن ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت مۇلازىملىقىدىكى ئۆلچەم ئىشلىرىدا مۇشۇ نىزام تەتبىقلىنىدۇ.

**37 ـ ماددا** بۇ نىزام 2000 ـ يىل 12 ـ

ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەلق ھاۋا مۇداپىئە قانۇنى» نى يولغا قويۇش چارىسى

(2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 18 - يىغىنىدا ماقۇللاندى)

**1 - ماددا** بۇ چارە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەلق ھاۋا مۇداپىئە قانۇنى» (تۆۋەندە خەلق ھاۋا مۇداپىئە قانۇنى دېيىلىدۇ) نى يولغا قويۇش مەقسىتىدە، ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 - ماددا** خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى دۆلەت مۇداپىئەسىنىڭ تەركىبىي قىسمى، ئۇ دۆلەت مۇداپىئە ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئاممىنى مۇداپىئە تەدبىرى قوللىنىشقا سەپەرۋەر قىلىپ ۋە تەشكىللەپ، ھاۋا ھۇجۇمى خەۋپىدىن مۇداپىئەلىنىدىغان ۋە ئۇنى يېنىكلىتىدىغان پائالىيەت.

خەلق ھاۋا مۇداپىئەسىدە ئۇزاق مۇددەت تەييارلىق كۆرۈش، نۇقتىلىق قۇرۇلۇش قىلىش، تىنچ مەزگىل بىلەن ئۇرۇش مەزگىلىنى بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنى يولغا قويۇلىدۇ. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن ماس قەدەمدە راۋاجلاندۇرۇش، شەھەر قۇرۇلۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى ئىزچىللاشتۇرۇلىدۇ.

**3 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى پۈتۈن ئاپتونوم رايونىنىڭ خەلق ھاۋا مۇداپىئە خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە تەڭ دەرىجىلىك ھەربىي ئورگانلار ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ خەلق ھاۋا مۇداپىئە خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خەلق ھاۋا مۇداپىئە مەسئۇل تارمىقى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ھاۋا مۇداپىئە خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ؛ ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ خەلق ھاۋا مۇداپىئە مەسئۇل تارمىقى ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ خەلق ھاۋا مۇداپىئە خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ.

پىلان، قۇرۇلۇش، يەر، مائارىپ قاتارلىق مەمۇرىي مەسئۇل تارماقلار ۋە پوچتا - تېلېگراف ساھەسىنى باشقۇرۇش تارمىقى ئۆز مەسئۇلىيىتى دائىرىسىدە ئالاقىدار خەلق ھاۋا مۇداپىئە خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

**4 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھاۋا مۇداپىئە مەسئۇل تارماقلىرى تىنچ مەزگىلدە خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنى تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۆز مەمۇرىي رايونىدىكى شەھەرلەرنىڭ خەلق ھاۋا مۇداپىئەسىنى تەشكىللەش ۋە ئۇنىڭغا قوماندانلىق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

**5 - ماددا** خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشى قىلىش ۋە ئىشلىتىشنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە خەلق تۇرمۇشىغا خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك.

«كىم مەبلەغ سالسا، شۇ ئىشلىتىش، شۇ مەنپەئەتلىنىش» پرىنسىپى بويىچە، ئورۇن ۋە شەخسلەر خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ.

**6 - ماددا** خەلق ھاۋا مۇداپىئە تەربىيىسى دۆلەت مۇداپىئە تەربىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى خەلق ھاۋا مۇداپىئە بىلىملىرىگە دائىر تەشۋىق - تەربىيىنى كۆپ خىل شەكىللەر بىلەن كۈچەيتىپ، پۇقرالارنىڭ دۆلەت مۇداپىئە قارىشى ۋە خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئېڭىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلارنى خەلق ھاۋا مۇداپىئەسىگە دائىر ئاساسىي بىلىم ۋە ماھارەتكە ئىگە قىلىشى كېرەك.

مەكتەپ ۋە باشقا ئورۇنلار خەلق ھاۋا مۇداپىئە تەربىيىسىنى خەلق ھاۋا مۇداپىئە قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە پىلانلىق، قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا تەشكىللەپ يولغا قويۇشى ھەمدە خەلق ھاۋا مۇداپىئە مەسئۇل تارمىقىنىڭ يېتەكچىلىكى، نازارەتچىلىكى ۋە تەكشۈرۈشىنى قوبۇل قىلىشى لازىم.

**7 - ماددا** خەلق ھاۋا مۇداپىئە خىراجىتىنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە جەمئىيەت ئورتاق ئۈستىگە ئالىدۇ.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۈستىگە ئالىدىغان خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشى خىراجىتى تەڭ دەرىجىلىك مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭ نىسبىتى خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئېھتىياجى ۋە خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ بېكىتىلىدۇ.

ئالاقىدار ئورۇنلار دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە خەلق ھاۋا مۇداپىئە خىراجىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

جەمئىيەتنىڭ خەلق ھاۋا مۇداپىئە خىراجىتىنى ئۈستىگە ئېلىش چارىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئايرىم

تۈزىدۇ.

**8 - ماددا** خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئادەم ۋە ماددىي ئەشيالارنى يوشۇرۇش، خەلق ھاۋا مۇداپىئە قوماندانلىقى، داۋالاش - قۇتقۇزۇش قاتارلىقلارغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئايرىم سېلىنغان يەر ئاستى مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنى شۇنداقلا يەر ئۈستى قۇرۇلۇشىغا قوشۇپ سېلىنغان، ئۇرۇش مەزگىلىدە ھاۋا مۇداپىئەسىگە ئىشلەتكىلى بولىدىغان يەر ئاستى ئۆيلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئايرىم سېلىنغان خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشى قۇرۇلۇشىنىڭ گەۋدىسى، ئېغىزى، ئېغىز نىقاپ ئۆيى، ئۇسكۈنە - ئەسلىھەسى ۋە يۈرۈشلەشكەن قۇرۇلۇش (جۈملىدىن توك بېسىمىنى ئۆزگەرتىش - توك تەقسىملەش ئۆيى، ئۇسكۈنە ئۆيى، ئىسكىلات، باشقۇرۇش ئۆيى، خەۋەرلىشىش - سىگنال بېرىش لىنىيىسى) قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ.

خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بار، ئۇنى بۇزۇشقا، ئىگىلىۋېلىشقا يول قويۇلمايدۇ.

**9 - ماددا** شەھەر — خەلق ھاۋا مۇداپىئەسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى.

شەھەرلەردىكى خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنى شەھەرنىڭ دۆلەت بەلگىلىگەن مۇداپىئە تۈرى ۋە ئۆلچىمى بويىچە تەشكىللىك، پىلانلىق ئېلىپ بېرىش كېرەك. خەلق ھاۋا مۇداپىئەسىدىكى نۇقتىلىق شەھەرلەرنىڭ خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشى نۇقتىلىق كۈچەيتىلىدۇ، باشقا شەھەرلەر ئۆز جايىنىڭ ئېھتىياجىغا ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاساسلىقى مۇھىم ئىقتىسادىي نىشانلارنى مۇداپىئە قىلىدۇ.

**10 - ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە تەڭ دەرىجىلىك ھەربىي ئورگانلار ئۆز مەمۇرىي رايونىدا نۇقتىلىق مۇداپىئە قىلىنىدىغان مۇھىم ئىقتىسادىي نىشانلارنى بېكىتىشى كېرەك. مۇھىم ئىقتىسادىي نىشانلارنىڭ مۇداپىئە خىزمىتىگە ئۇنى باشقۇرىدىغان ئورۇن مەسئۇل بولىدۇ.

**11 - ماددا** شەھەردىكى خەلق ھۆكۈمەتلىرى ھاۋا ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش لايىھەسىنى تۈزۈشكە تەشكىللەيدۇ ھەمدە ئۇنىۋېرسال مانېۋىرنى پىلانلىق ئۇيۇشتۇرىدۇ؛ ھاۋا ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش مەخسۇس مانېۋىرنى خەلق ھاۋا مۇداپىئە مەسئۇل تارمىقى ئۇيۇشتۇرىدۇ.

**12 - ماددا** خەلق ھاۋا مۇداپىئە مەسئۇل تارمىقى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە تۆۋەندىكى ئىشلارنى نازارەت قىلىدۇ ۋە تەكشۈرىدۇ:

(1) شەھەر قۇرۇلۇشىدا خەلق ھاۋا مۇداپىئەسىدىكى مۇداپىئەلىنىش تەلىپىنىڭ ئورۇندىلىشى؛

(2) مۇھىم ئىقتىسادىي نىشانلاردا خەلق ھاۋا مۇداپىئەسىدىكى مۇداپىئەلىنىش تەلىپى ۋە قۇرۇلۇش تېخنىكا تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى؛

(3) مۇھىم ئىقتىسادىي نىشانلاردا جىددىي خەۋپتىن قۇتقۇزۇش، جىددىي رېمونت قىلىش لايىھەسىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى.

**13 - ماددا** شەھەردىكى خەلق ھۆكۈمەتلىرى خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى، شەھەر قۇرۇلۇشى، پىلانلاش ۋە يەر باشقۇرۇش قاتارلىق تارماقلارنى تەشكىللەپ دۆلەت بەلگىلىگەن خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنىڭ مۇداپىئە ئۆلچىمىگە ئاساسەن خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشى يىرىك پىلانىنى تۈزۈپ چىقىدۇ. خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنىڭ يىرىك پىلانى شەھەرنىڭ ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزۈلۈشى لازىم.

**14 - ماددا** خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىدىغان يەرگە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ يەر باشقۇرۇش تارمىقى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

**15 - ماددا** خەلق ھاۋا مۇداپىئەسىدىكى نۇقتىلىق شەھەرلەردە يېڭىدىن پۇقرالار بىنالىرىنى سالغاندا، ئومۇمەن تۆۋەندىكى ئۆلچەمگە ئۇيغۇن كەلسە، تىنچ مەزگىلدە پۇقرالار ئىشلىتىدىغان، ئۇرۇش مەزگىلىدە ھاۋا مۇداپىئەسىگە ئىشلىتىشكە يەر ئاستى ئۆيلىرىنى يەر يۈزىگە سېلىنىدىغان بىناغا قوشۇپ سېلىش كېرەك:

(1) 10 قەۋەتتىن يۇقىرى ياكى ئۇلىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 3 مېتىردىن ئاشىدىغان (3 مېتىرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 9 قەۋەتتىن تۆۋەن پۇقرالار بىنالىرىنى يېڭىدىن سېلىشتا، ئاستىنقى قەۋەتنىڭ كۆلىمىگە تەڭ ھاۋا مۇداپىئە يەر ئاستى ئۆيى سېلىش كېرەك؛

(2) ئۇلىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 9 قەۋەتتىن تۆۋەن پۇقرالار بىنالىرىنى سېلىشتا، ئۇنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 7000 كۋادرات مېتىردىن ئاشسا، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ 2% ى بويىچە ھاۋا مۇداپىئە يەر ئاستى ئۆيى سېلىش كېرەك؛

ئالدىنقى تارماقتا ئېيتىلغان پۇقرالار بىنالىرى ئولتۇراق ئۆي، ساراي، مېھمانخانا، سودا سارىيى، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى، ماشىنا، پويىز

كۆتۈش ئۆيلىرى، ئايروپىلان كۆتۈش بىناسى، ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنىڭ ئوقۇتۇش بىنالىرى ۋە خىزمەت، پەن تەتقىقات، داۋالاشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۆي قاتارلىق غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك بىنالارنى كۆرسىتىدۇ.

**16 - ماددا** مۇشۇ چارىنىڭ 15 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ھاۋا مۇداپىئە يەر ئاستى ئۆيى سېلىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، لېكىن گېئولوگىيىلىك شارائىت، يەر شەكلى، قۇرۇلۇش قىلىش شارائىتى تۈپەيلىدىن، ھاۋا مۇداپىئە يەر ئاستى ئۆيى سېلىش مۇمكىن بولمىسا، قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن شۇ جايدىكى خەلق ھاۋا مۇداپىئە مەسئۇل تارمىقىغا تەستىقلاتقاندىن كېيىن، سېلىشقا تېگىشلىك ھاۋا مۇداپىئە يەر ئاستى ئۆيى كۆلىمىنىڭ پۈتۈش باھاسى بويىچە، باشقا جايدا خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئۆيى سېلىش خىراجىتى تاپشۇرىدۇ، خەلق ھاۋا مۇداپىئە مەسئۇل تارمىقى ئادەم يوشۇرۇنىدىغان قۇرۇلۇشنى باشقا جايغا سالدۇرىدۇ.

باشقا جايغا سالدۇرۇش ھەققى ئېلىش ئۆلچىمى ۋە ئىشلىتىش چارىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئايرىم تۈزىدۇ.

**17 - ماددا** ھاۋا مۇداپىئە يەر ئاستى ئۆيىنى لايىھىلەشنى مۇناسىپ سالاھىيەت دەرىجىسىگە ئىگە لايىھىلەش ئورنى ئۈستىگە ئېلىشى ھەمدە قەتئىي تۈردە دۆلەت بەلگىلىگەن مۇداپىئە ئۆلچىمى ۋە سۈپەت ئۆلچىمى بويىچە لايىھىلىشى كېرەك.

**18 - ماددا** پىلان، قۇرۇلۇش (پىلانلاش) قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار ھاۋا مۇداپىئە يەر ئاستى ئۆيى سېلىنىدىغان يۇقىرىلار بىناسى قۇرۇلۇش تۈرىنى قانۇن بويىچە تەستىقلاشتىن ۋە پىلانلاش، قۇرۇلۇش قىلىش ئىجازەتنامىسى بېرىشتىن بۇرۇن، خەلق ھاۋا مۇداپىئە مەسئۇل تارمىقى شۇ تۈرنىڭ ھاۋا مۇداپىئە يەر ئاستى ئۆيىگە ئائىت ھۆججەت، ماتېرىياللارنى تەكشۈرىدۇ. تەكشۈرۈلمىگەنلىرىگە پىلانلاش، قۇرۇلۇش قىلىش ئىجازەتنامىسى بېرىشكە بولمايدۇ.

**19 - ماددا** خەلق ھاۋا مۇداپىئە مەسئۇل تارمىقى ئايرىم سېلىنىدىغان خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنىڭ لايىھىسى، نورمىسى ۋە سۈپىتىگە يېتەكچىلىك ۋە نازارەتچىلىك قىلىدۇ ھەمدە قۇرۇلۇش پۈتكەندە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشنى تەشكىللەيدۇ.

ھاۋا مۇداپىئە يەر ئاستى ئۆيى قوشۇپ سېلىنىدىغان يۇقىرىلار بىنالىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغاندا، خەلق ھاۋا مۇداپىئە مەسئۇل تارمىقى قاتناشتۇرۇلىدۇ ھەمدە ھاۋا مۇداپىئە يەر ئاستى ئۆيىنىڭ مۇداپىئە ئۆلچىمى ۋە سۈپەت ئۆلچىمىنى خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشى سۈپەت نازارەتچىلىك ئاپپاراتى باھالايدۇ.

**20 - ماددا** يۇقىرىلار بىناسىغا قوشۇپ سېلىنغان ھاۋا مۇداپىئە يەر ئاستى ئۆيىدىن تىنچ مەزگىلدە شۇ بىناغا ئىگىدارلىق قىلىدىغان ئورۇن پايدىلىنىدۇ ۋە مەنپەئەتلىنىدۇ ھەمدە خەلق ھاۋا مۇداپىئە مەسئۇل تارمىقىنىڭ نازارىتىدە بولىدۇ.

مۇشۇ چارىنىڭ 16 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە سېلىنىدىغان، ئادەم يوشۇرۇنىدىغان قۇرۇلۇشتىن تىنچ مەزگىلدە شۇ قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سالغان ئورۇن ۋە شەخسلەر پايدىلىنىدۇ ياكى مەنپەئەتلىنىدۇ.

**21 - ماددا** خەلق ھاۋا مۇداپىئە مەسئۇل تارمىقى خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنى ئاسراش - باشقۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشى، ئامما ۋە خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنى ئاسراش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۇنى ياخشى ساقلىشى كېرەك.

ئالاقىدار ئورۇنلار ئۆزى سالغان ۋە ئىشلەتكەن خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنى دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئاسرىشى ۋە باشقۇرۇشى كېرەك.

**22 - ماددا** ئايرىم سېلىنغان خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنى ئۆز مەيلىچە چېقىۋېتىش مەنئىي قىلىنىدۇ.

شەھەر ئىشلىرى قۇرۇلۇشى، كونا شەھەرنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن ئايرىم سېلىنغان خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنى چېقىشقا توغرا كەلسە، خەلق ھاۋا مۇداپىئە مەسئۇل تارمىقىغا تەستىقلاتقاندىن كېيىن، چاقتۇرغۇچى ئورۇن ياكى شەخس بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە كۆلىمى، مۇداپىئە دەرىجىسى ئوخشاش خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنى سېلىپ بېرىشى شەرت؛ ئوبيېكتىپ شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن سېلىپ بېرەلمىسە، چاقتۇرغۇچى ئورۇن ياكى شەخس كۆلىمى، مۇداپىئە دەرىجىسى ئوخشاش خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىغا كېتىدىغان خىراجەتنى تۆلىشى شەرت، ئۇنى خەلق ھاۋا مۇداپىئە مەسئۇل تارمىقى بىر تۇتاش سالدۇرىدۇ.

**23 - ماددا** ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنىڭ كىرىش - چىقىش ئېغىزىغا ۋە نورمال ئىشلىتىش دائىرىسىگە توساق قۇرۇشى ۋە نەرسە - كېرەك دۆۋىلەپ قويۇشىغا؛ خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنىڭ بىخەتەر ئىشلىتىلىشىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان دائىرىدە تاش، توپا ئېلىش، پارتلىتىش شۇنىڭدەك خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنىڭ ئىشلىتىلىشىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ۋە قۇرۇلۇشنىڭ مۇداپىئە ئىقتىدارىنى تۆۋەنلىتىدىغان باشقا مەشغۇلاتلارنى قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. خەلق ھاۋا مۇداپىئە

قوغدىلىدىغان ياكى يوشۇرۇن قوغدىلىدىغان زونىلاردا، ھاۋا مۇھىتى سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان، ھاۋانى بۇلغايدىغان قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ بارغان ... 

قۇرۇلۇشى ئىچىدە پارتلايدىغان، ئۆتكۈر زەھەرلىك، ئاسان ئوت ئالىدىغان، رادىئوئاكتىپ بۇيۇم ۋە چىرىتكۈچى بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش، ساقلاش ياكى خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىغا كىرەكسىز سۇ، كىرەكسىز گاز قويۇپ بېرىش ۋە باشقا كىرەكسىز نەرسىلەرنى تۆكۈش مەنئى قىلىنىدۇ.

**24 ـ ماددا** پوچتا ـ تېلېگراف خەۋەرلىشىش تارماقلىرى خەلق ھاۋا مۇداپىئە خەۋەرلىشىش تورىغا ۋە ھاۋا مۇداپىئە سىگنالىغا كېرەكلىك سىم يولىنى ئالدىن تەمىن ئېتىدۇ ھەمدە راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

رادىئو باشقۇرۇش تارماقلىرى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە خەلق ھاۋا مۇداپىئە مەسئۇل تارمىقى ئورۇش تەييارلىقى ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان مەخسۇس راتسىيىلەرگە كېرەكلىك چاستوتىنى ھەقسىز تەمىن ئېتىدۇ.

**25 ـ ماددا** خەلق ھاۋا مۇداپىئە سىگنالى بېرىش نۇقتىسى قىلىنغان ياكى سىگنال بېرىش نۇقتىسى قىلىپ پىلانلانغان جايغا ئېگىز ئىمارەت سالغاندا، شۇ ئىمارەتنىڭ ئەڭ ئۈستىدىن سىگنال بېرىش ئەسلىھەسى ئورنىتىش ئۆيى قالدۇرۇش لازىم. خەلق ھاۋا مۇداپىئە مەسئۇل تارمىقى ئۇنىڭغا ھاۋا مۇداپىئە سىگنالى ئەسلىھەسى ئورنىتىدۇ.

**26 ـ ماددا** خەلق ھاۋا مۇداپىئە قانۇنى ۋە مۇشۇ چارىگە خىلاپلىق قىلغانلاردىن خەلق ھاۋا مۇداپىئە قانۇنىنىڭ 48 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جەرىمانە قويۇلىدىغانلىرىغا سېلىشقا تېگىشلىك ھاۋا مۇداپىئە يەر ئاستى ئۆيىنىڭ ئەمەلىي پۈتۈش باھاسىنىڭ 5% ى بويىچە جەرىمانە قويۇلىدۇ، ئەمما يۇقىرى بولغاندا 100 مىڭ يۈەندىن ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

**27 ـ ماددا** خەلق ھاۋا مۇداپىئە قانۇنى ۋە مۇشۇ چارىگە خىلاپلىق قىلغانلارغا خەلق ھاۋا مۇداپىئە قانۇنىنىڭ 49 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جەرىمانە قويۇلىدۇ، شەخسلەرگە 1000 يۈەندىن يۇقىرى، 3000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ. خىلاپلىق قىلغان ئورۇنغا 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى 30 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولسا، شەخسلەرگە 3000 يۈەندىن يۇقىرى، 5000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ، خىلاپلىق قىلغان ئورۇنغا 30 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 50 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇلىدۇ.

**28 ـ ماددا** خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ئىچىدە پارتلايدىغان، ئۆتكۈر زەھەرلىك، ئاسان ئوت ئالىدىغان، رادىئوئاكتىپ بۇيۇم قاتارلىق خەتەرلىك بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقارغان، ساقلىغان ياكى خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى قەستەن بۇزغانلاردىن جىنايەت شەكىللەندۇرمىگەنلىرىنى ج خ ئورگىنى ئامانلىق باشقۇرۇش بويىچە جازالاش نىزامىدىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن جازالايدۇ، جىنايەت شەكىللەندۇرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

**29 ـ ماددا** ئالاقىدارلار مەمۇرىي جازاغا قايىل بولمىسا، قانۇن بويىچە قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلسا ياكى خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسا بولىدۇ. ئالاقىدارلار سۆرۈك ئىچىدە قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلمىسا، دەۋا قىلمىسا، جازا قارارىنىمۇ ئىجرا قىلمىسا، جازا قارارىنى چىقارغان ئورگان خەلق سوت مەھكىمىسىگە مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

**30 ـ ماددا** خەلق ھاۋا مۇداپىئە مەسئۇل تارمىقى خادىملىرىدىن خەلق ھاۋا مۇداپىئە قانۇنىغا ۋە مۇشۇ چارىگە خىلاپلىق قىلىپ، تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلىرىغا ئۆز ئورنى ياكى ئالاقىدار تارماق مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ. زىيان پەيدا قىلغانلىرى قانۇن بويىچە تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۇرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ:

(1) دۆلەتنىڭ مۇداپىئە ئۆلچىمى، سۈپەت ئۆلچىمىگە توشمايدىغان خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتىنى لاياقەتلىكتىن يۇقىرى قىلىپ باھالاپ بېرىش؛

(2) خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىغا دائىر ئىلتىماسلاردىن قانۇن بويىچە تەستىقلاشقا ياكى بېجىرىشكە تېگىشلىكلىرىنى ئورۇنسىز سەۋەبلەر بىلەن تەستىقلىماسلىق ياكى قەستەن قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇش، كەينىگە سۈرەش؛

(3) ياخشى باشقۇرماي ياكى خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنى زىيانغا ئۇچرىتىش؛

(4) قالايمىقان جازا بېرىش، نەپسانىيەتچىلىك قىلىشتەك باشقا قىلمىشلار.

**31 ـ ماددا** بۇ چارە 2000 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قان تەقدىم قىلىش قانۇنى» نى يولغا قويۇش بەلگىلىمىسى

(2000 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي

كومىتېتىنىڭ 18 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى)

**1 ـ ماددا** بۇ بەلگىلىمە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قان تەقدىم قىلىش قانۇنى» نى يولغا قويۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونىمىزدا ھەقسىز قان تەقدىم قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ.

18 ياشتىن 55 ياشقىچە بولغان ساغلام پۇقرالارنىڭ ئىختىيارىي قان تەقدىم قىلىشى تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

**3 ـ ماددا** كلىنىكىدا قان ئىشلىتىش ئېھتىياجىغا ۋە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ھەمدە قان ئىسراپچىلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون قان تەقدىم قىلىش خىزمىتىنى بىر تۇتاش پىلانلايدۇ، قان ئېلىش ۋە قان بىلەن تەمىنلەشنى پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

**4 ـ ماددا** قان تەقدىم قىلىش يېشىدىكى ساغلام پۇقرالارنى ئۆز ئورنى ياكى تۇرۇشلۇق جايىدىكى شەھەر ئاھالە كومىتېتى، كەنت ئاھالە كومىتېتى قان تەقدىم قىلىشقا تەشكىللىسە بولىدۇ، ئۇلار قان پونكىتى ياكى بەلگىلەنگەن قان ئېلىش نۇقتىلىرىغا بىۋاستە بېرىپ قان تەقدىم قىلسىمۇ بولىدۇ.

**5 ـ ماددا** پۇقرالارغا كلىنىكىدا قان ئىشلەتكەندە، داۋالاش ئاپپاراتى ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن ئۆلچەم بويىچە كلىنىكىدا قان ئىشلىتىش ھەققى (قان ئېلىش، ساقلاش، ئايرىش، تەكشۈرۈش ھەققى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئېلىشى كېرەك.

**6 ـ ماددا** ھەقسىز قان تەقدىم قىلغان پۇقرالار گۇۋاھنامىسى مەمۇرىي تارمىقىنىڭ ھەقسىز قان تەقدىم قىلىش گۇۋاھنامىسى بويىچە قان ئىشلىتىشتە تۆۋەندىكى ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ:

(1) قان تەقدىم قىلغۇچى قان تەقدىم قىلغان كۈندىن باشلاپ 5 يىل ئىچىدە قاننى نورمىسىز، ھەقسىز ئىشلىتىدۇ، تەقدىم قىلغان ئومۇمىي قان مىقدارى 800 مىللىلىتىردىن ئاشقانلار ئۆمۈرۋايەت ھەقسىز قان ئىشلىتىدۇ.

(2) قان تەقدىم قىلغۇچىنىڭ جورىسى ۋە بىۋاستە تۇغقانلىرى تەقدىم قىلىنغان قېنىغا باراۋەر مىقداردا ھەقسىز قان ئىشلىتىدۇ.

**7 ـ ماددا** تۆۋەندىكى پۇقرالاردىن كلىنىكىدا قان ئىشلىتىدىغانلىرى تۇرۇشلۇق جايىدىكى قان تەقدىم قىلىشنى باشقۇرغۇچى ئاپپاراتتىن قان ئىشلىتىش ئىسپاتى ئېلىشى ھەمدە كلىنىكىدا قان ئىشلىتىش ھەققى ۋە كلىنىكىدا قان ئىشلىتىش ھەققىنىڭ 2 ھەسسىسىگە باراۋەر قان ئىشلىتىش ھەمكارلىق پۇلى تاپشۇرۇشى لازىم:

(1) خىزمەت ئورنى بارلاردىن خىزمەت ئورنى يىللىق قان تەقدىم قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىمىغان، ئۆزى ۋە جورىسى، بىۋاستە تۇغقانلىرى قان تەقدىم قىلمىغانلار؛

(2) خىزمەت ئورنى يوقلاردىن ئۆزى ۋە جورىسى، بىۋاستە تۇغقانلىرى قان تەقدىم قىلمىغانلار.

55 ياشتىن ئاشقان پۇقرالاردىن كلىنىكىدا قان ئىشلىتىدىغانلىرى كىملىكىنى كۆرسىتىپ قان ئىشلىتىدۇ، كلىنىكىدا قان ئىشلىتىش ھەققى تاپشۇرىدۇ، قان ئىشلىتىش ھەمكارلىق پۇلى تاپشۇرمايدۇ.

**8 ـ ماددا** بۇ بەلگىلىمىنىڭ 7 ـ ماددا 1 ـ تارمىقىدا دېيىلگەن پۇقرالار كلىنىكىدا قان ئىشلەتكەندىن كېيىن، تۆۋەندىكى شەرتلەرنىڭ بىرىگە ئۇيغۇن كەلسە، قان تەقدىم قىلىشنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى پۇقرالار تاپشۇرغان قان ئىشلىتىش ھەمكارلىق پۇلىنى ۋاقتىدا قايتۇرۇپ بېرىشى لازىم:

(1) ئۆز ئورنى يىللىق قان تەقدىم قىلىش ۋەزىپىسىنى بەلگىلەنگەن مۇددەتتە ئورۇندىغان بولسا؛

(2) ئۆزى، جورىسى ۋە بىۋاستە تۇغقانلىرى بەلگىلەنگەن مۇددەتتە قان تەقدىم قىلغان بولسا؛

(3) ئۆزى، جورىسى ۋە بىۋاستە تۇغقانلىرى يېشى ياكى سالامەتلىكى تۈپەيلىدىن قان تەقدىم قىلىش شەرتىگە ئۇيغۇن بولمىسا.

قان تەقدىم قىلىشنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى پۇقرالار تاپشۇرغان قان ئىشلىتىش ھەمكارلىق پۇلىنى قايتۇرۇشنى سەۋەبسىز كېيىنگە سۈرسە، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سەھىيە مەمۇرىي تارمىقى سۈرۈك ئىچىدە قايتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇيدۇ، سۈرۈك ئىچىدە قايتۇرۇپ بەرمىسە، بىۋاستە جاۋابكار مەسئۇل خادىمغا ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلارغا قانۇن بويىچە مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ.

**9 ـ ماددا** قان ئىشلىتىش ھەمكارلىق پۇلىنى قان تەقدىم قىلىشنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى باشقۇرىدۇ، مالىيە مەخسۇس ئىسچوتىدا ئامانەت قويىدۇ.

قان ئىشلىتىش ھەمكارلىق پۇلىنى مۇشۇ بەلگىلىمىنىڭ 8 ـ ماددىسىدا بەلگىلەنگەن جايغا ئىشلەتكەندىن ئاشقىرى، ھەقسىز قان تەقدىم قىلىش خىزمىتىگىلا ئىشلىتىشكە بولىدۇ، باشقا ئىشقا ئىشلىتىۋېلىشقا بولمايدۇ.

**10 ـ ماددا** جىددىي كېسەللەرگە كلىنىكىدا قان ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، داۋالاش ئاپپاراتى ئاۋۋال كېرەكلىك قان بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇپ، ئاندىن قان ئىشلىتىش رەسمىيىتىنى تولۇقلىتىدۇ.

**11 - ماددا** داۋالاش ئاپپاراتى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە مەمۇرىي تارمىقى بەلگىلىگەن قان پونكىتىدىن قان ئېلىشى ھەمدە كلىنىكىدا قان بېرىش تېخنىكا قائىدىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىشى كېرەك.

داۋالاش ئاپپاراتى كلىنىكىدا ئىشلىتىلىدىغان قاننى تەكشۈرۈشى شەرت. تەكشۈرۈلمىگەن ياكى تەكشۈرۈشتە دۆلەت ئۆلچىمىگە يەتمىگەن قاننى كلىنىكىدا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

داۋالاش ئاپپاراتى كېسەلگە كلىنىكىدا قان ئىشلىتىشتىن بۇرۇن، خەۋپ - خەتەرنى ئېيتىپ قويۇش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى ۋە قان ئىشلىتىش ئىسپاتى ھەم ئالاقىدار گۇۋاھنامىلەرنى سىلىشتۇرۇپ كۆرۈشى شەرت.

**12 - ماددا** قان ئېلىش، قان بىلەن تەمىنلەش بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، قان پونكىتلىرى دۆلەتنىڭ قانۇن - نىزاملىرىدىكى بەلگىلىمىلەرنى قاتتىق ئىجرا قىلىشى، قائىدە - تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى، مەشغۇلات قائىدىسىگە قاتتىق رىئايە قىلىشى شەرت.

**13 - ماددا** تەبىئىي ئاپەت، زور ھادىسە، زور ھەربىي ھەرىكەت قاتارلىق پەۋقۇلئاددە ئەھۋال يۈز بېرىپ، كۆپلەپ قان ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى بەلگىلىگەن ئورۇنلار يۇقىرىلارنى قان تەقدىم قىلىشقا جىددىي تەشكىللەيدۇ.

**14 - ماددا** بۇ بەلگىلىمە 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭنى ئېچىش

## شىنجاڭدا غەربىي قىسمىنى ئېچىش خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭدا غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. بىرىنچىدىن، غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيىسى يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈلدى، تونۇشى ئۆستۈرۈلدى، روھى ئۇرغۇتۇلدى، غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا قاتنىشىش مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، پۇرسەت تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى كۈچەيتىلدى. ئىككىنچىدىن، شىنجاڭ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش خىزمىتى ئىشخانىسى قۇرۇلدى، «غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش — شىنجاڭنى ئېچىش پىلانى» تۈزۈپ چىقىلدى، شىنجاڭنى ئېچىشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، ئىستراتېگىيىلىك نىشانى، ئاساسىي ۋەزىپىسى ۋە نۇقتىلىق ساھەلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۈچىنچىدىن، «سودىگەر چاقىرىپ، مەبلەغ كىرگۈزۈشكە دائىر بەزى سىياسەت - بەلگىلىمىلەر»، «چەت ئەللىك سودىگەرلەرنى مەبلەغ سېلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشكە دائىر بەزى سىياسەت - بەلگىلىمىلەر» قاتارلىق سىياسەت - تەدبىرلەر تۈزۈپ چىقىلىپ، غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن ياخشى سىياسەت مۇھىتى يارىتىلدى. تۆتىنچىدىن، ئۇل مۇئەسسەسەلەر، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت، بايلىقنى ئېچىش قاتارلىق تۈرلەردە دەسلەپكى تەييارلىق خىزمەتلىرى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەندى، قۇرۇشقا تېگىشلىك بەزى چوڭ تۈرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بەشىنچىدىن، سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش ۋە توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش سالمىقى كۈچەيتىلدى، چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلار ۋە شەرقىي، ئوتتۇرا قىسىمدىكى ئۆلكە - شەھەرلىك ھۆكۈمەتلەر، كارخانىلار، ئالىي مەكتەپلەر شىنجاڭغا ئارقا - ئارقىدىن تەكشۈرۈشكە كەلدى ھەمدە بىر تۈركۈم ھەمكارلىق كېلىشىمى ۋە توختامى ئىمزالىندى، تاشقى ئىقتىسادىي ھەمكارلىقتا ياخشى تەرەققىيات يۈزلىنىشى بارلىققا كەلدى.

پالڭ لىخۋا

## شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش جەريانىدىكى پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى ئەھۋالى

پەن - تېخنىكا نازارىتى غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، 2000 - يىل 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش بويىچە شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى ھەرىكىتى ئىشخانىسى قۇردى، «غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش بويىچە شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى ھەرىكىتىنىڭ خىزمەت لايىھىسى»، «شىنجاڭنىڭ شەرقىي رايونلار بىلەن بولغان پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا بەزى بەلگىلىمىلەر»نى تۈزۈپ چىقىپ، پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقىغا سىياسەت، تۈر، مەبلەغ، مۇكاپاتلاش جەھەتلەردىن مەدەت بەردى. 7 چوڭ تۈر بويىچە 262 پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى تۈرىنى توپلىدى، رەتلىدى، تاللىدى ۋە ئۇنى «غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش بويىچە شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرلىرى قوللانمىسى» قىلىپ تۈزۈپ چىقىپ، شەرقىي قىسىمدىكى ئۆلكە، شەھەرلەرگە تونۇشتۇرۇپ، ھەر ساھەدىكى ھەرخىل شەكىلدىكى پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى ئۈستىدە ئىزدەندى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر بىلەن پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى بويىچە ئالاقىلاشقۇچى قويۇش تۈزۈمى ئورناتتى. «غەربىي قىسمىنى

كەڭ كۆلەمدە ئېچىش بويىچە شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى ھەرىكىتى ئەھۋالى» ناملىق ژۇرنال چىقاردى.

پەن - تېخنىكا كومىتېتى

## مېتېئورولوگىيىنىڭ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا مۇلازىمەت قىلىش ئەھۋالى

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى نۇقتىلىق يۈرگۈزگەن يۇمشاق پەن تېمىسى — «غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش جەريانىدىكى مېتېئورولوگىيە خىزمىتى نەزەرىيىسى تەسەۋۋۇرى ۋە لايىھىسى» نى باشلىدى ھەم تاماملىدى. شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە تارماقلىرىنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلانىنى تۈزدى ۋە چوڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئامبىرىنى قۇردى. سۇچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە تارىم ۋادىسىنى تەكشۈردى ھەمدە 3 - ئاينىڭ باشلىرىدا «تارىم ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيىسىنى تۈزەش پىلانى ۋە تۈرلىرى تەكلىپنامىسى» دىكى «تارىم ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى نازارەت قىلىش - تىزگىنلەش بويىچە سىگنال بېرىش سىستېمىسى»نى لايىھىلەش - تۈزۈش خىزمىتىنى تاماملىدى. «شىنجاڭ سۈپەتلىك پاختا بازىلىرىدا ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش بويىچە تەدبىر بەلگىلەش - مۇلازىملىق سىستېمىسى» ئاپتونوم رايوننىڭ سۈپەتلىك پاختا بازىسى قۇرۇلۇشى تۈرىگە كىرگۈزۈلدى. ئاقسۇ مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ يېڭى بىر ئەۋلاد ھاۋارايى رادار پونكىتىنىڭ خىزمەت بىناسى پۈتتى. شىخەنزە مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ «سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسىنى قوللىنىش تېخنىكىسى» تۈرىگە كىرەكلىك راسخوت ئەمەلىيلەشتى.

جۇ يۇنپىڭ

## غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش بويىچە شىنجاڭنى ئېچىش پىلانى

ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى

(2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى)

بىرىنچى، شىنجاڭنى ئېچىشنىڭ پىكىر يولى ۋە نىشانى

1. شىنجاڭنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىكى پايدىلىق شارائىتلار ۋە پايدىسىز ئامىللار

شىنجاڭ كەڭ كۆلەمدە ئېچىش، تەرەققىي قىلدۇرۇشتا تۆۋەندىكى پايدىلىق شارائىتقا ئىگە:

1) يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى بايلىقى مول، ئالاھىدىلىكى روشەن، ئۆزگىچە ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش، يېڭى ئىقتىسادىي ئېشىش نۇقتىلىرىنى شەكىللەندۈرۈشتە غايەت زور يوشۇرۇن ئىمكانىيەتكە ئىگە. ھازىر تەخمىنەن 3 مىليون 333 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر، ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدىغان 4 مىليون 667 مىڭ گېكتار بوز يەر، 800 مىڭ گېكتاردىن كۆپرەك سۈنئىي ئوتلاق، پايدىلىنىشقا بولىدىغان 46 مىليون 667 مىڭ گېكتار ئوتلاق بار. يەر ئۈستى سۈيى ۋە ئېچىشقا بولىدىغان يەر ئاستى سۈيىنىڭ مىقدارى 113 مىليارد 600 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا قۇياش ئىسسىقلىقى، سۇ ۋە تۇپراق بايلىقى جەھەتتە ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە. كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز زاپىسى مول، نېفىت ۋە تەبىئىي گاز بايلىقى 30 مىليارد توننا، بۇنىڭ ئىچىدە تەبىئىي گاز بايلىقى 103 تىرىليون كۇب مېتىر. رەڭلىك مېتال، كەم ئۇچرايدىغان مېتال ۋە ئەتىۋارلىق مېتاللارمۇ ئىنتايىن مول، بولۇپمۇ مىس، ئالتۇن ۋە يېقىندا ئېنىقلانغان لوپنۇر كالىي تۇزى تېخىمۇ ئەۋزەللىككە ئىگە.

2) ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان ئىقتىسادىي تەرەققىيات قەدىمى تېزلەشتى. ئاساسلىق سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى زور دەرىجىدە ئۆستى. دۆلىتىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ تاۋار پاختا بازىسى ۋە ئېلىمىزنىڭ غەربىي قىسمى بويىچە مۇھىم نېفىت - تەبىئىي گاز خىمىيە سانائىتى بازىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى، تۆمۈريول، تاشيول، ئېلېكتر، تېلېگراف قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسەلەر ۋە ئۇل كەسىپلەر قۇرۇلۇشى تېزلەشتى، بۇنىڭدىن كېيىنكى چوڭ ئېچىش، چوڭ تەرەققىيات ئۈچۈن ياخشى ماددىي، تېخنىكا ئاساسى سېلىندى.

3) ئۆزگىچە جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىككە ئىگە. شىنجاڭنىڭ چېگرا لىنىيىسى 5000 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، ئۇ ئۆز ئەتراپىدىكى 8 دۆلەت بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ھازىرغىچە 16 پورت سىرتقا ئېچىۋېتىلدى، ئاسىيا - ياۋروپا 2 - چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى شىنجاڭدىن چىقىدۇ، شىنجاڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشىدىكى ئالدىنقى سەپ بولۇپ قالدى. دۆلىتىمىز بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك قۇرۇلمىسىدىكى پەرق ۋە بىر بىرىنى تولۇقلاشچانلىقى شىنجاڭنىڭ ئىشىكنى غەربكە تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىشى ۋە ئۆز

ئەتراپىدا خەلقئارا بازار ئېچىشنى غايەت زور يوشۇرۇن ئىمكانىيەت بىلەن تەمىن ئەتتى، شىنجاڭنى غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش جەريانىدا شەرق بىلەن بىرلىشىپ غەربكە چىقىرىشتىكى ئالدىنقى قورغانغا ئايلىنىش، دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى خەلقئارا چوڭ سودا يولىغا ۋە خەلقئارا سودا مەركىزىگە ئايلىنىش شارائىتىغا ئىگە قىلدى.

4) دۆلەتنىڭ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشى شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا يېڭى پۇرسەت ئېلىپ كەلدى، ئۇ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئۈچۈن غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ئۇل مۇئەسسەسەلەر ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى ئىنتايىن زور ئۈنۈملۈك ئېھتىياج بوشلۇقى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ ۋە شۇنداق مۇھىت يارىتىپ بېرىدۇ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشى، پەن - تېخنىكا، مائارىپنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشى، بازارلىشىش دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈشى ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ ياخشىلىنىش دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ئىككى تۈپ بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىزنى يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈپىتىنى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشىمىزگە كۈچلۈك تۈرتكە بولىدۇ.

5) پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇلدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى ئۇزاق مۇددەت ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك يېڭىچە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندى. ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى مۇقىملىقنى خالايدۇ، تەرەققىياتقا ئىنتىلىدۇ، بېيىشنى كۆزلەيدۇ، ئۇلارنىڭ زامانىۋىلىشىشقا قاراپ مېڭىش ئارزۇسى كۈچلۈك. بۇ شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىدىغان قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچتۇر.

شىنجاڭدا ئېچىش ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىدا بىرمۇنچە چەكلىگۈچى ئامىللار مەۋجۇت. ئاساسلىقى مۇنۇلار: ئىقتىسادىي قۇرۇلما ۋە ئىقتىسادىي ھەرىكەت مېخانىزمى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش تەلىپىگە تېخى تولۇق ئۇيغۇنلىشىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى يۇقىرى ئەمەس، ئىقتىسادنىڭ ئاساسى ئاجىز، ئۇل مۇئەسسەسەلەر شارائىتى ناچار، بولۇپمۇ مالىيە ئەھۋالىمىز ئىنتايىن قىيىن، سۇ بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۈنۈملىك پايدىلىنىش، گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش دەرىجىسى بىرقەدەر تۆۋەن، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ يامانلىشىشى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا غايەت زور بېسىم بولۇۋاتىدۇ. پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئاستا، ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسى بىرقەدەر تۆۋەن. شىنجاڭ مەركىزىي بازاردىن يىراق، قاتناش لىنىيىسى ئۇزۇن، ترانسپورت تەننەرخى يۇقىرى؛ ئېچىش قۇرۇلۇشىغا كېرەكلىك مەبلەغ، ئىختىساس ئىگىلىرى كەمچىل، ۋاھاكازا.

## 2. شىنجاڭ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا مۇھىم ئورۇنغا ۋە رولغا ئىگە

غەربىي قىسمىنى ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا، شىنجاڭ ئالاھىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش زور ئىقتىسادىي ئەھمىيەتكە ۋە سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە. بىرىنچىدىن، شىنجاڭ — ئىقتىسادى تەرەققىي تاپمىغان رايون، شىنجاڭنىڭ ئېچىش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش — پۈتۈن مەملىكەتتىكى رايونلار ئىقتىسادىنى ماس راۋاجلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، رايونلارنىڭ تەرەققىياتىدىكى پەرقنى پەيدىنپەي ئازايتىپ، مەملىكەت بويىچە ئورتاق بېيىش، ئورتاق تەرەققىي قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى زور ئىستراتېگىيىلىك مەسىلە. ئىككىنچىدىن، شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان چېگرا رايون، ئالاھىدە ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە. كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەت رايونىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيىتىنىڭ زور تەرەققىياتىنى، جەمئىيىتىنىڭ زور يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقىنى كۈچەيتىش، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى ۋە چېگرا مۇداپىئەسىنىڭ مۇستەھكەملىكىنى ساقلاش پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت چوڭ ئومۇمىيەتكە مۇناسىۋەتلىك. ئۈچىنچىدىن، شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، ئېچىشقا بولىدىغان بايلىق يوشۇرۇن كۈچى زور، كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئارقىلىق شەرقىي رايونلارنىڭ ھەتتا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مەبلەغ، تېخنىكا ۋە ئىختىساس ئىگىلىرى ئۈچۈن يېڭى تەرەققىيات بوشلۇقى يارىتىپ بەرگىلى بولىدۇ. تۆتىنچىدىن، شىنجاڭ ئاسىيا - ياۋروپا 2 - چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ ئېلىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى باش قورغىنى، شىنجاڭنى ئاچقاندا، بۇ چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ فۇنكسىيىسى ۋە رولىنى تېخىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خەلقئارا ئىش تەقسىماتىغا قاتنىشىپ ۋە خەلقئارا بازار ئېچىپ، بۇ كۆۋرۈك ئەتراپىدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ۋە مۇناسىۋەتلىك جايلار ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ.

## 3. شىنجاڭنى ئېچىشنىڭ تۈپ پىكىر يولى ۋە يېتەكچى فاڭجېنى

شىنجاڭدا غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنىڭ توپ پىكىر يولى مۇنداق: دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە سەپەرۋەر قىلىپ، خەلقنى بېيىتىش، رايونىمىزنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنى نىشان قىلىپ، بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇشنى ئاساس قىلغان بازار ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى مەركەز قىلىپ، تۈزۈم ئارقىلىق يېڭىلىق يارىتىش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش ۋە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى پائال تەڭشەپ، تۈۋرۈك كەسىپلەرنى زورايتىش، ئۆزگىچە ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش يولىغا مېڭىپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ياخشىلىرىغا ۋە كۈچلۈكلىرىگە يار - يۆلەك بولۇپ، يېڭى رايون ۋە يېڭى كەسىپنى ئېشىش نۇقتىلىرىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن يېتىلدۈرۈپ، نوپۇس، بايلىق، مۇھىت بىلەن ئىقتىسادنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ماسلىق تەرەققىي قىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي، مەدەنىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش.

شىنجاڭنى ئېچىش جەريانىدا ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىش، كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىش، ئىدىيە ۋە كۆز قاراشنى زور دەرىجىدە يېڭىلاش ئارقىلىق كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى كۈتۈۋېلىش لازىم.

1) بازار ئېچىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇش، ئاساسلىقى تەبىئىي بايلىقنى ئېچىش، تەمىناتنى كېڭەيتىشكە تايىنىشتىن ئۇنىۋېرسال بازار ئېچىش، ئېھتىياجنى ئىرىشىپ كېڭەيتىش، ئۆزگىچە ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش يۆنىلىشىگە قاراپ بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش.

2) ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى مەركەز قىلىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇپ، مىقدارنىڭ كېڭىيىشىنى قوغلىشىش، يۇقىرى سۈرئەت، يۇقىرى كۆرسەتكۈچكە ئەھمىيەت بېرىشتىن پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىپ، خەلق ئىگىلىكى سۈپىتىنى ۋە بازاردىكى رىقابەتلىشىش كۈچىنى ئۆستۈرۈش يۆنىلىشىگە قاراپ بۇرۇلۇش.

3) كۆپ خىل مۈلۈكچىلىكنى ئورتاق راۋاجلاندۇرۇش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇپ، ئاساسلىقى دۆلەت ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلىپ، ئارىلاشما مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىك بىلەن غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش يۆنىلىشىگە قاراپ بۇرۇلۇش.

4) سىجىل تەرەققىيات ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇپ، بايلىقنى ئېچىشقا ئەھمىيەت بېرىش، بايلىق ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ئېڭى كەمچىل بولۇشتىن نوپۇس، بايلىق، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بىلەن ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ ماس راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولۇش يۆنىلىشىگە قاراپ بۇرۇلۇش.

5) كەڭ كۆلەمدە ئېچىۋېتىش ئارقىلىق كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا تۈرتكە بولۇش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇپ، پىلانلىق ئىگىلىككە خاس بايلىق تەقسىم قىلىش شەكلىنى ۋە نىسپىي بېكىنمە ھالەتتىكى ئۆزىنى ئۆزى ئېچىش ئەندىزىسىنى قوللىنىشتىن بازار مېخانىزمىنى جانلىق قوللىنىپ، ئېچىۋېتىلگەن مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى ئىرىشىپ يارىتىپ، مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى بازاردىن، ئىككى خىل بايلىقتىن تولۇق پايدىلىنىپ ئېچىشقا قاتنىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ بۇرۇلۇش.

6) تەكشى بولمىغان ماس تەرەققىيات ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇپ، رايون تەرەققىياتى ۋە كەسىپ تەرەققىياتىدا ئادىل بولۇشنى ھەددىدىن زىيادە تەكىتلەپ، ماسلاشتۇرۇشقا يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىشتىن ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش، ئادىل بولۇشقىمۇ ئېتىبار بېرىش، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ياخشىلىرى ۋە كۈچلۈكلىرىنى يۆلەش، ئومۇمىي تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش يۆنىلىشىگە قاراپ بۇرۇلۇش.

يۇقىرىدىكى 6 ئىدىيە ۋە كۆز قاراش جەھەتتىكى بۇرۇلۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭنى ئېچىشتا تۆۋەندىكى 6 يېتەكچى فاڭجېنغا ئەمەل قىلىش لازىم:

1) بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش ئاساسىدىكى بازار ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، ئىچكى ئېھتىياجنى پائال كېڭەيتىش، ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە ياخشىلاش، ئىقتىسادىي پائالىيەتنى بازار ئېھتىياجى — تېخنىكا تەرەققىياتى — بايلىقنى ئېچىش تەرتىپى بويىچە تەشكىللەش.

2) ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنىڭ مەركىزى قىلىپ، شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىقتىساس ئىگىلىرىنى پائال يېتىشتۈرۈپ ۋە كىرگۈزۈپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، تېخنىكىغا تايىنىپ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ پەن - تېخنىكا تەركىبىنى ئىرىشىپ ئۆستۈرۈش.

3) تۈزۈلمىدە يېڭىلىق يارىتىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئازادە ئېچىۋېتىش مۇھىتىنى ئىرىشىپ يارىتىپ، بىرىكمە ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ ۋە

كىرگۈزۈپ، خەلقئارا ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش، مەملىكەت ئىچىدە توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىشنى كەڭ دائىرىدە قانات يايدۇرۇش.

4) ئىقتىساد، جەمئىيەت، بايلىق ۋە مۇھىتنى ئۆزئارا ماس ۋە سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، بايلىقتىن پايدىلىنىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈشكە ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداشقا تولۇق ئەھمىيەت بېرىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت ۋە ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈمنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش.

5) ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ تەكشى بولمايدىغانلىقىدەك ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنى ئاڭلىق تەدبىق قىلىپ، رايونلار تەرەققىياتىنىڭ ئېشىشى بىلەن كەسىپ تەرەققىياتىنىڭ ئېشىشىنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، جايلارنىڭ ئەھۋالىغا يارىشا ئىش كۆرۈش، ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇش، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ياخشىلىرى ۋە كۈچلۈكلىرىگە يۆلەك بولۇش ئارقىلىق، يېڭى ئىقتىسادىي ئېشىش نۇقتىلىرىنى يېتىلدۈرۈش.

6) ئاھالىلەرنىڭ كىرىم سەۋىيىسىنى ۋە ماددىي، مەدەنىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش، ئادەملەرنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئىشقا سېلىپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، جاپاغا چىداپ ئەمەلىي ئىشلەش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تېزلىتىش.

1) . شىنجاڭنى ئېچىشنىڭ ئومۇمىي نىشانى

21 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى 10 يىلىدىكى ئاساسىي ۋەزىپە ئازادە تەرەققىيات مۇھىتى يارىتىش، ئىچكى تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى كۈچەيتىپ، ئۆز - ئۆزىنى ئېچىش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈش ۋە ياخشى سۈپەتلىك ئېچىش مېخانىزمى ئورنىتىش. ئۇنىۋېرسال رايون كۈچىنىڭ كۈچىيىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش، مالىيە ئەھۋالىنى ياخشىلاش ۋە تۇرمۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش. ئېچىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى — ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى ۋە ئۇل كەسىپلەر قۇرۇلۇشى، پەن - تېخنىكا، مائارىپ ۋە ئىختىساس ئىگىلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشى، بازارلاشقان تۈزۈم، نىزام قۇرۇلۇشى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش ۋە تۈزەش قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش. كەلگۈسىدە ئېچىش ئارقىلىق شىنجاڭنى مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ، سۈپەتلىك تاۋار پاختا بازىسى، سۈپەتلىك يىپ، سۈپەتلىك رەخت ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ۋە مۇھىم ئاشلىق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى، مېۋە - چېۋە، شېكەر ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش بازىسى، غەربىي قىسىمدىكى مۇھىم نېفىت - تەبىئىي گاز بازىسى ۋە نېفىت - تەبىئىي گاز خىمىيە سانائىتى بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، پۈتۈن مەملىكەت ئىقتىسادىنىڭ يېڭى، مۇھىم ئېشىش نۇقتىسىغا ئايلاندۇرۇش.

دەسلەپكى تەسەۋۋۇر مۇنداق: دەسلەپكى 3 يىلدا ئاساس سېلىنىدۇ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتى 8% كە يەتكۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى 2004 - يىلدىن 2010 - يىلغىچە ئېشىش سۈرئىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10% تىن كۆپرەككە يەتكۈزۈلىدۇ، بىر تۈركۈم سۇچىلىق، قاتناش، ئېنېرگىيە، خەۋەرلىشىش ئۇل مۇئەسسەسەلەر تۈرلىرى پۈتتۈرۈلىدۇ، كەڭ كۆلەملىك ئېچىش ھالىتى شەكىللەندۈرۈلىدۇ؛ ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىلىرى پۈتۈن كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈلىدۇ، ئالاھىدە ئىقتىساد مۇئەييەن كۆلەمگە ئىگە قىلىنىدۇ؛ ئىگىلىك قۇرۇلمىسى تەڭشىلىدۇ ۋە ياخشىلىنىدۇ، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى، پەن - تېخنىكىنىڭ تۆھپە قوشۇش نىسبىتى، بازار ئىگىلەش نىسبىتى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈلىدۇ؛ نۇقتىلىق رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى يامانلىشىپ كېتىش ۋەزىيىتى دەسلەپكى قەدەمدە ئوڭشۇۋېلىنىدۇ؛ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتە چوڭراق ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلىدۇ، شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە خەلقئارا سودا مەركىزىلىك ئورنى تىكلىنىدۇ؛ شەرت - شارائىتى ياخشىراق جايلار ئالدى بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، كەڭ كۆلەمدە ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتىگە تۈرتكە بولىدىغان ئېشىش قۇتۇپلىرى شەكىللەندۈرۈلىدۇ؛ كىچىك شەھەر - بازارلار قۇرۇلۇشى بىرقەدەر تېز راۋاجلاندۇرۇلۇپ شەھەرلىشىش سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلىدۇ؛ خەلقنىڭ ساپاسى ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ تېخنىكا - ماھارىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈلىدۇ، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئورۇنلىرى كۆپەيتىلىدۇ؛ خەلق بىرقەدەر باياشات، ھاللىق تۇرمۇش كەچۈرىدىغان قىلىنىدۇ، شەھەر - بازارلاردا ئاھالىلەرنىڭ ئىلكىدىكى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى يىلىغا 7% ئۆپچۆرىسىدە كۆپەيتىلىدۇ، دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمى يىلىغا 150 يۈەن ئۆپچۆرىسىدە كۆپەيتىلىدۇ.

21 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا، خەلق ئىگىلىكى ئومۇمىيۈزلۈك يۈكسىلىدۇ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇراھال سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈلىدۇ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجە يارىتىلىدۇ. بوستانلىق كۆلىمى كېڭەيتىلىپ، كۆلىمى ئوخشاش بولمىغان، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر تۈركۈم زامانىۋى شەھەرلەر بارلىققا كەلتۈرۈلىدۇ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى پۈتۈن

مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈلىدۇ. نوپۇس، بايلىق، مۇھىت ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىش ئىزىغا چۈشۈرۈلىدۇ، ئىقتىساد گۈللەنگەن، جەمئىيەت تەرەققىي قىلغان، سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىم بولغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلاشقان، تاغ - دەريالىرى گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىلىدۇ.

2) شىنجاڭنى ئېچىشنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى

مەركەزنىڭ غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ۋە شىنجاڭنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، شىنجاڭنى ئېچىشتا ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش ئاساس، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداشنى كۈچەيتىش نېگىز، پەن - تېخنىكا، مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشنى تېزلىتىش مۇھىم شەرت، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ياخشىلىرى ۋە كۈچلۈكلىرىنى يۆلەپ، رايون ۋە كەسىپلەردە يېڭى ئېشىش نۇقتىلىرىنى يېتىلدۈرۈش ئېچىش يولى قىلىنىدۇ.

21 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى 10 يىلىدا، مۆلچەرلىنىشچە، جەمئىيەت بويىچە مۇقىم مۈلۈككە سېلىنىدىغان مەبلەغ 900 مىليارد يۈەنگە يەتكۈزۈلىدۇ. 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە مۇقىم مۈلۈككە تەخمىنەن 420 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇل مۇئەسسەسە، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ۋە كەسىپ تەرەققىياتى قاتارلىق ساھەلەردە 70 نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى يولغا قويۇلىدۇ، بۇلارغا 10 مىليارد يۈەن ئۆپچۆرىسىدە مەبلەغ سېلىنىدۇ.

1) سۇچىلىق، قاتناش ۋە خەۋەرلىشىش مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىدۇ.

(1) سۇچىلىق قۇرۇلۇشى

شىنجاڭنى ئېچىش جەريانىدا سۇ بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىشنى چىڭ تۇتۇش، سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، سۇچىلىق قۇرۇلۇشى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىدىن كېيىن قېلىۋاتقان ھالەتنى ئۆزگەرتىش لازىم. سۇچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى سۇچىلىق قۇرۇلۇشى تۈرلىرىنى ۋە سۇچىلىق قۇرۇلۇشىنى بېكىتىشنى چىڭ تۇتۇش؛ ھازىر بار سۇ قۇرۇلۇشى، مۇئەسسەسەلىرىنى ئاسراش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئۆزگەرتىشنى چىڭ تۇتۇش؛ يەر ئاستى سۈيىدىن پائال پايدىلىنىش؛ پۈركۈپ سۇغىرىش، تامچىلىتىپ سۇغىرىش قاتارلىق سۇ تېجەش تەدبىرلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئومۇملاشتۇرۇش؛ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

2010 - يىلىغا بارغاندا، ۋادا ئاتلىغان بىر تۈركۈم سۇچىلىق قۇرۇلۇشى پۈتتۈرۈلۈپ، ئۈرۈمچى ۋە قاراماي قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ سۇ ئىشلىتىش مەسىلىسى ھەل قىلىنىدۇ ھەم سۇ باشلاش قۇرۇلۇشلىرى ئەتراپلىرىدا بوز يەرلەر ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، تېز ئۆسىدىغان تاۋار ياغاچ بوتقىسى بازىسى ۋە سۈتچىلىك بازىسى قۇرۇلۇپ، يېشىل كارىدور شەكىللەندۈرۈلىدۇ. ئىلى ۋادىسىدىكى مول سۇ بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، يېڭىدىن 120 مىڭ گېكتار يەر ئېچىلىدۇ، چارۋىچىلىق راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ئىنچىكە قوي يۇڭى، گۆش، سۈت ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرى بەرپا قىلىنىدۇ. ۋادا ھالقىيدىغان سۇ باشلاش قۇرۇلۇشلىرى ياسىلىپ، ئېبىنۇر كۆلى رايونىنىڭ ئېكولوگىيىسى يامانلىشىپ كېتىش يۈزلىنىشى كونترول قىلىنىدۇ. تارىم ۋادىسىنىڭ يۇقىرى قىسمىدا شىيابەندى، بۇلۇڭكۆل — قوڭۇر سۇچىلىق تۈگۈنلىرى پۈتتۈرۈلىدۇ، شۇنىڭدەك داشىيا سۇچىلىق تۈگۈنى قاتارلىق تىزگىنلەش خاراكتېرىدىكى چوڭ قۇرۇلۇشلار ياسىلىپ، تارىم غول ئېقىنىنى ئۈنۈۋېرسال تىزگىنلەش ۋە ئاسراش قۇرۇلۇشى دەسلەپكى قەدەمدە تاماملىنىدۇ. كىنتىسۋات، قۇتۇبى شىمگىزا قاتارلىق سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشلىرى پۈتتۈرۈلۈپ، شىنجاڭدىكى بەزى ئاساسلىق دەريا - ئېقىنلارنىڭ سۇ بايلىقىنى ئۈنۈملۈك ئېچىش ۋە مۇۋاپىق پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى يارىتىلىدۇ. 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە سۇچىلىقتا تايانچ قۇرۇلۇشلارنى ياساش بىلەن بىرگە، يەر ئاستى سۈيى پائال ئېچىپ پايدىلىنىلىدۇ، 10 مىڭ ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلىپ ۋە يېڭىلىنىپ، يەر ئاستى سۈيىدىن پايدىلىنىش مىقدارى 1 مىليارد 400 مىليون كۇب مېتىر كۆپەيتىلىدۇ، يېڭىدىن 50 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسىلىدۇ، ئۆستەڭلەردىن پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتى 0.47 دىن 0.55 كە يەتكۈزۈلىدۇ. يۇقىرى ئۆلچەملىك سۇ تېجەپ سۇغىرىش كەڭ كۆلەمدە راۋاجلاندۇرۇلىدۇ، پۈركۈپ سۇغىرىش، تامچىلىتىپ سۇغىرىش قاتارلىق ئىلغار سۇغىرىش تېخنىكىسى ئومۇمىيۈزلۈك كېڭەيتىلىدۇ، تېجەشلىك سۇغىرىلىدىغان 533 مىڭ گېكتار يەر بەرپا قىلىنىدۇ، تېجەشلىك سۇغىرىش ئارقىلىق تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنىڭ زور دەرىجىدە تەڭشىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. 2005 - يىلغىچە سۇ بايلىقىدىن ئېچىپ پايدىلىنىش ئومۇمىي مىقدارى 50 مىليارد كۇب مېتىرغا يەتكۈزۈلىدۇ، 34 چوڭ سۇغىرىش رايونىدا سۇ تېجەش بويىچە يۈرۈشلەشتۈرۈش - ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتۈرۈلىدۇ، مۇھىم دەريا - ئېقىنلاردىكى كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشلىرىنى پۈتتۈرۈشكە تىرىشىلىدۇ.

(2) قاتناش، خەۋەرلىشىش قۇرۇلۇشى

تاشيول ساھەسىدە شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكى ۋە بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى كاپالەتلەندۈرۈش، «ئىككى لىنىيىدە تېز ئىشلەش، ئاساسىي قۇرۇلمىسىنى قۇرۇش، ئىمپورت - ئېكسپورتنى كېڭەيتىش، پورت يوللىرىنى ياساش، تاشيول تورلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، «مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، سۈپەتكە ئەھمىيەت بېرىش، پۈتتۈش قىسمىنى تۈزۈەلتىش، تەرەققىياتنى تېزلىتىش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، «216»، «217»، «218»، «312»، «314»، «315» دۆلەت تاشيوللىرى ۋە چېگرا مۇداپىئە تاشيوللىرىنى ئاساس قىلىپ، توغرىسىغا ۋە ئۇزۇنىسىغا سوزۇلغان 3 غول لىنىيە شەكىللەندۈرۈلىدۇ. 21 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى 10 يىلىدا شىنجاڭ تەۋەسىدىكى «312»، «314» لىنىيىلەردىن تەركىب تاپقان «Y» شەكىللىك غول لىنىيىلەردىكى كۈيتۇڭ — سايرام، شياۋساۋخۇ — كورلا — ئاقسۇ — قەشقەر — خوتەن ئۇچاستكىسى قاتارلىق تاشيوللار نۇقتىلىق ياسىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە دۆلەت تاشيولى «217» لىنىيىسىدىكى بۇرچىن — كۈيتۇڭ، دۆلەت يولى «219» لىنىيىسىدىكى بالغۇنتاي — چاقىلىق، دۆلەت يولى «219» لىنىيىسىدىكى شىنجاڭ — شىزاڭ تاشيولى، دۆلەت يولى «315» لىنىيىسىدىكى چاقىلىق — خوتەن ۋە قۇمۇل — باركۆل — مورى — ئۈرۈمچى تەڭرىتاغ شىمالىي لىنىيىسىدىكى تاشيوللار قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىدۇ. ئۆلكە يوللىرىدىكى غول لىنىيىلەردە تور زىچلىقىنى ئۆستۈرۈش، يول تورلىرى قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، تاشيوللارنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ئاپەتكە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، يول يۈزىنى ياخشىلاش نىشان قىلىنىپ، تۈتۈشۈش دەرىجىسى ئۆستۈرۈلىدۇ، رايونلار ئارا ئالماشتۇرۇش ئىقتىدارى كۈچەيتىلىدۇ، يېزا يوللىرى ۋە قىسمەن پورتلار ئۆزگەرتىلىدۇ. قۇرۇلۇش قىلىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىن ئۈرۈمچىگىچە 2 - دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تاشيوللارنى، ناھىيە - شەھەرلەردە 3 - دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تاشيوللار بىلەن ئاسفالت يوللارنى تۇتاشتۇرۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. ئۈرۈمچى مەركەز، 6 غول دۆلەت يولى لىنىيىسى ئاساس قىلىنىپ، شەرقتە گەنسۇ، چىڭخەيگە، غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ئەللىرىگە تۇتاشتۇرۇلىدۇ ھەمدە شىنجاڭ تەۋەسىدىكى 68 ئۆلكە يولى ۋە ئورۇنلاشقان ناھىيە، يېزا يوللىرى ھەم يولۇچى - يۈك ترانسپورت بېكەتلىرىدىن تەركىب تاپقان جانلىق، تېز، قولاي، ئۈنۈملۈك تاشيول قاتناش تورى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرۈلىدۇ.

تۆمۈريول ساھەسىدە ھازىرقى يوللارنى تېخنىكا جەھەتتىن ئۆزگەرتىش، سۈرئەتنى تېزلىتىشنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، يېڭى لىنىيىلەر قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىدۇ. 10 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىنىپ، لەنجۇ — شىنجاڭ تۆمۈريولى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى تاياقچ، شۇنىڭغا مۇناسىپ غول - تارماق لىنىيىلەر قوشۇمچە قىلىنىپ، جەنۇبتا ئەركەشتام (پاكى تورغات) غا، غەربتە قورغاس، ئالاتاۋغا، شىمالدا چۆچەك، ئالتايغا بارىدىغان، كۆپ قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنى تۇتاشتۇرىدىغان تۆمۈريول تورى شەكىللەندۈرۈلىدۇ. جىڭ — غۇلجا — قورغاس تۆمۈريولىنىڭ جىڭدىن غۇلجىغىچە بولغان بۆلىكى، جۇڭگو — قىرغىزىستان — ئۆزبېكىستان تۆمۈريولى پۈتتۈرۈلىدۇ، كۈيتۇڭ — ئالتاي تۆمۈريولى قۇرۇلۇشى باشلىنىدۇ.

ئاۋىئاتسىيىدە غول، تارماق لىنىيىلەردىكى ئايرودروم قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىدۇ، ئۈرۈمچى ئايرودرومىنىڭ ئىقتىدارى نۇقتىلىق كۈچەيتىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئاۋىئاتسىيە يولۇچى - يۈك ترانسپورت مەركىزىگە ۋە ئاسىيا — ياۋروپا خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىدىكى مۇھىم تۈگۈن پورتقا ئايلاندۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تۈرلىرى ئىلغار، تىپلىرى تولۇق، كۆلىمى مۇۋاپىق ئايروپىلان ئەترىتى بەرپا قىلىنىدۇ، ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە تورلاشقان، شەرق بىلەن غەربتە يەلپۈگۈچ شەكلىنى ئالغان» ھەر تەرەپكە تۇتاشقان ھاۋا ترانسپورتى تورى شەكىللەندۈرۈلىدۇ. قەشقەر خەلقئارا ئايرودرومىنىڭ ئىقتىدارى مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ، خوتەن ئايرودرومى ئۆزگەرتىپ ياسىلىدۇ. قۇمۇل ئايرودرومى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ۋە نۆۋەتنىڭ زىچلىقى ئاشۇرۇلىدۇ، ئۈرۈمچى — فرانكفورد خەلقئارا لىنىيىسى، ئۈرۈمچى — گۇيياڭ، چاڭچۈن، خېفېي، كوكخوت قاتارلىق دۆلەت ئىچى غول لىنىيىلىرى ۋە قەشقەر — غۇلجا، ئالتاي — غۇلجا، قاراماي — كورلا لىنىيىسى قاتارلىق ئاپتونوم رايون ئىچكى لىنىيىلىرى ئېچىلىپ، رايونلار ئارا ئالاقە ۋە ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

تۇرۇبا قۇرۇلۇشىدا نېفىت - گاز ئېچىش، پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە مەملىكەت ئىچىدە بازار ئېچىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، تەبىئىي گاز جەھەتتە «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشىنىڭ يولغا قويۇلۇشى تېزلىتىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە، گازدىن پايدىلىنىش دائىرىسى كېڭەيتىلىدۇ، رايون تۇرۇبا تورى پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ، شىنجاڭدىكى 3 چوڭ ئويمانلىقتىكى تەبىئىي گازلىقلار تۇتاشتۇرۇلغان، ئۆز ئارا پايدىلىنىلىدىغان، بىر تۇتاش باشقۇرۇلىدىغان، تەبىئىي گاز

ئەقىلگە مۇۋاپىق تەقسىم قىلىنىدىغان گاز يەتكۈزۈش تورى شەكىللەندۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شىنجاڭدىن لەنجۇغىچە تەييار ماي توشۇلىدىغان تۇرۇبا ياتقۇزۇلىدۇ.

خەۋەرلىشىش ئىشلىرىدا ئۈچۈر - خەۋەرلىشىش تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە يېقىندىن ئەگىشىپ، ئۈچۈر ئۇل تور قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىدۇ. ئۈچۈر - خەۋەرلىشىش تورىنى كېڭەيتىش، ئەقلىيلەشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ، ئۇلترا يۇقىرى سۈرئەتلىك، سىغىمى چوڭ ئوپتىك كابېل، سۈنئىي ھەمراھ، سېفىر ۋاستە قىلىنغان مىكرو دولقۇنلۇق يەتكۈزۈش - تارقىتىش سىستېمىسى بىلەن كۆپ ۋاستىلىق خەۋەرلىشىش تېخنىكىسى بىرلەشتۈرۈلگەن «ئۈچۈر تېز سۈرئەتلىك تاشيولى» تورى پەيدىنپەي بەرپا قىلىنىدۇ. ئۈچۈر كەسپى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلۇپ، تور ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئۈچۈرلىشىشى پائال ئالغا سىلجىتىلىدۇ.

(3) ئېلېكتر سانائىتىدە ئېلېكتر مەنبەسى قۇرۇلمىسى تەڭشىلىدۇ ۋە ئېلېكتر مەنبەسى قۇرۇلمىسىنىڭ جايلىشىشى ياخشىلىنىدۇ، ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىلىدۇ، ئېلېكتر تورىنىڭ قاپلاش دائىرىسى كېڭەيتىلىدۇ، ئوت، سۇ، گاز، شامال ئېلېكترى قاتارلىق ئېنېرگىيىلەر تەڭ تۇتۇلغان، قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق، تورى مۇكەممەل، بىخەتەرلىكى ئىشەنچلىك، بىر تۇتاش باشقۇرۇلىدىغان چوڭ ئېلېكتر تورى تېزدىن قۇرۇپ چىقىلىدۇ.

ئېلېكتر مەنبەسى جەھەتتە بازىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئاساس قىلىنىپ، كۈچ مەركەزلەشتۈرۈلۈپ بىر تۈركۈم چوڭ، ئوتتۇرا تايانچ ئېلېكتر مەنبەلىرى قۇرۇلىدۇ. ئوت ئېلېكتر قۇرۇلۇشىدا يۇقىرى پارامېتىرلىق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، چوڭ سىغىملىق گېنېراتور گۇرۇپپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، «خۇڭيەنچى» 2 - ئېلېكتر ئىستانسىسى، قەشقەر ئېلېكتر ئىستانسىسى، كۇچا كۆمۈر - ئېلېكتر بازىسى، ئاقسۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، توقسۇن ئېلېكتر ئىستانسىسى، ماناس ئېلېكتر ئىستانسىسى، تارباغاتاي تيەنچاڭگۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، قۇمۇل كۆمۈر - ئېلېكتر بازىسى قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۈرلەر نۇقتىلىق ياسىلىدۇ. سۇ ئېلېكترى جەھەتتە شەرت - شارائىتى ياخشى، سۈيى ئۇلۇغ، پەسىيىش پەرقى مەركەزلەشكەن، تەڭشەش ئىقتىدارىغا ئىگە دەريا بۆلەكلىرى كۈچنى توپلاپ ئېچىلىدۇ، جىلىنتاي سۇ ئېلېكتر بازىسى، چاغانئۇسۇ ۋە بوبونا سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى نۇقتىلىق ياسىلىدۇ. شىنجاڭنىڭ مول تەبىئىي گاز بايلىقىدىن پايدىلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا مىليون كىلوۋاتلىق تەبىئىي گاز ئېلېكتر بازىسى قۇرۇشنى نىشان قىلىپ، كورلا گاز ئېلېكتر ئىستانسىسى، كۇچا گاز ئېلېكتر ئىستانسىسى، خوتەن گاز ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە قاغىلىق، پوسكام گاز ئېلېكتر ئىستانسىلىرى نۇقتىلىق ياسىلىدۇ. شامال ئېلېكتر قۇرۇلۇشىدا مېگاۋات دەرىجىلىك بولۇش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، داۋانچىڭ، تۇرپان — پىچان — توقسۇن گوبىيانلىقىدىكى شامال رايونلىرىدا، ئالاتاۋ ئېغىزى، ئېرتىش دەرياسى جىلغىسىنىڭ غەربىي قىسمىدا شامال ئېلېكترى بازىلىرى بەرپا قىلىنىدۇ. قۇياش ئېنېرگىيىسى ئېلېكتر ئىستانسىلىرى، كىچىك شامال ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىق ئىككىلەمچى ئېنېرگىيە مەنبەلىرى پائال كۈچەيتىلىپ، چەت - ياقا جايلار ۋە تارقاق جايلارنىڭ توك مەسىلىسى ھەل قىلىنىدۇ.

ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشىدا ئاپتونوم رايون بويىچە تورلاشتۇرۇش ۋە غەربىي قىسىم ئېلېكتر تورى بىلەن تۇتاشتۇرۇش نىشان قىلىنىپ، 220 مىڭ ۋولتلۇق تايانچ ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىدۇ، 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلېكتر تورلىرى تۇتاشتۇرۇلۇپ، ئېلېكتر تورلىرىنىڭ قاپلاش دائىرىسى كېڭەيتىلىدۇ ھەم شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنىڭ ئېلېكتر تورلىرى تۇتاشتۇرۇلىدۇ ۋە ئۆزگەرتىلىدۇ، 110 مىڭ ۋولتلۇق ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن تورلارنىڭ قۇرۇلمىسى يەنىمۇ ياخشىلىنىدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ. 2010 - يىلغىچە قۇمۇل كۆمۈر - ئېلېكتر بازىسى قۇرۇلۇشىغا ماسلىشىپ، تايانچ ئېلېكتر تورلىرىنىڭ ئېلېكتر بېسىمى دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ، غەربىي شىمال ئېلېكتر تورى بىلەن تۇتاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

(4) شەھەر ئۇل مۇئەسسەسەلىرى ۋە كىچىك شەھەر - بازار قۇرۇلۇشى

شەھەرلىشىش تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە بىنائەن، ئۈرۈمچى، كورلا مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، 1 - ئورۇندا تۇرىدىغان شەھەرلەرنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، سانجى، ئاقسۇ، قەشقەر، شىخەنزە، كۈيتۇڭ، غۇلجا قاتارلىق ھەر دەرىجىلىك رايون مەركىزى بولغان شەھەرلەرنىڭ جەلپ قىلىش ۋە تەسىر كۆرسىتىش ئىقتىدارى جارى قىلدۇرۇلۇپ، شەھەرلىشىش قەدىمى تېزلىتىلىدۇ. شەھەرلەرنىڭ شەھەر مەمۇرىيىتى ئىقتىدارى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى ۋە شەھەر ئۈچۈر تورى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىدۇ. شەھەر - بازارلارنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش، توختام سۇ چىقىرىۋېتىش، يۇندا - ئەخلەتلەرنى بىرتەرەپ قىلىش، شەھەر يولى، مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش، باغۋارانلاشتۇرۇش، كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى نۇقتىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ؛ بايلىق ئۈستۈنلۈكىدىن

پايدىلىنىپ، يېقىلغۇ گاز قۇرۇلۇشى تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، شەھەرلەرنىڭ مۇھىت سۈپىتى ئۆستۈرۈلىدۇ؛ چوڭ - ئوتتۇرا شەھەرلەرنىڭ يوللىرى كېڭەيتىلىپ ۋە ئۆزگەرتىلىپ، تاشقى ئالاقە ئىقتىدارى كۈچەيتىلىدۇ.

شىنجاڭنىڭ بوستانلىق ئىگىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە ھازىرقى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالىغا ئاساسەن، كىچىك شەھەر - بازار قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىپ، يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ 2 -، 3 - كەسىپلەرگە يۆتكىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، دېھقانلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە كىرىمىنى ئاشۇرۇش مۇھىتى كېڭەيتىلىدۇ.

(5) ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئىشلىرىدىكى ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىدۇ.

رادىئو - تېلېۋىزىيە كەڭ بەلۋاغلىق ئۇچۇر تورى بەرپا قىلىنىدۇ. ئىلغار تېخنىكا قوللىنىلىپ، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون رادىئو پروگراممىلىرىدا ئوتتۇرا دولقۇننى يېڭىلاش ۋە ئۆزگەرتىش تاماملىنىدۇ، رادىئو - تېلېۋىزىيىنى كەنتلەرگىچە يەتكۈزۈش پىلانىنى يولغا قويۇش قەدىمى تېزلىتىلىدۇ ھەم مۇشۇ ئاساستا رادىئو، تېلېۋىزىيىنى ھەممە ئائىلىگە يەتكۈزۈش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

ناھىيىلىك، يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇتقا يېتەكچىلىك قىلىش پونكىت - ئورۇن قۇرۇلۇشى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە پىلانلىق تۇغۇت يېشىدىكى نوپۇسنى تىزگىنلەش يىراق مۇساپىلىك تور قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش تېزلىتىلىدۇ. جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدا پىلانلىق تۇغۇت بويىچە تەربىيىلەش مەركىزى قۇرۇش ۋەزىپىسى ئورۇندىلىدۇ. ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك دوختۇرخانىلار قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىدۇ، يېزىلارنىڭ سەھىيە خىزمىتىدە 3 دەرىجىلىك داۋالاش تورى قۇرۇلۇشى ۋە يېزا سەھىيە - داۋالاش يىراق مۇساپىلىك تور قۇرۇلۇشى تاماملىنىدۇ.

مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە قۇرۇلۇشى ۋە «يىپەك يولى» دىكى چېگرا رايونلار مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشى داۋاملىق يولغا قويۇلۇپ، «ھەممە ناھىيىدە كۇتۇپخانا، مەدەنىيەت يۇرتى بولۇش، ھەممە يېزىدا مەدەنىيەت پونكىتى، ھەممە كەنتتە مەدەنىيەت ئۆيى بولۇش» ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، تەنتەربىيە سارىيى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىدۇ، ئۈرۈمچى مەركەز قىلىنىپ، دۆلەتنىڭ تۈرلۈك، تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى ئۆلچىمىگە يەتكەن تەنتەربىيە سارايلىرى ۋە تەنھەرىكەت مەيدانلىرى ياسىلىدۇ.

(6) گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش

قېزىلما بايلىقلارنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، كان شەكىللىنىش شارائىتى پايدىلىق ھەم قېزىلما بايلىق ئەۋزەللىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە نامايان قىلغان ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي چېتى، ئىلى ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتى، تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتى ۋە كۇچا - باي كانچىلىق ئىقتىسادىي رايونىدا قېزىلما بايلىق تەكشۈرۈش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇپ، دۆلىتىمىز جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان مىس، ئالتۇن، كالىي، تۇز، ئاز ئۇچرايدىغان مېتال، زىننەت ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تاش ماتېرىياللار قاتارلىق قېزىلما بايلىقلار نۇقتىلىق تېپىلىدۇ ھەم بۇ جەھەتتە چوڭ ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلىدۇ.

2) كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەش پائال ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىك زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلىدۇ.

(1) ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكى راۋاجلاندۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسىپلىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسى زور كۈچ بىلەن تەڭشىلىپ، روشەن رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق ۋە يېشىل يېمەكلىك كەسپى راۋاجلاندۇرۇلىدۇ، ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكى، ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكى، ئېسىل يېزا ئىگىلىكى، تاشقى پىرېۋوت يارىتىدىغان يېزا ئىگىلىكى راۋاجلاندۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۈنۈۋېرسال ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئىرىشىپ ئۆستۈرۈلىدۇ. 2010 - يىلغىچە مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ سۈپەتلىك تاۋار پاختا بازىسى، ئۈزۈم، زاراڭزا ۋە شوخلا بازىسى، مۇھىم چارۋا مەھسۇلاتلىرى بازىسى، مېۋە - چېۋە بازىسى ۋە رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە يېشىل يېمەكلىك بازىسى قۇرۇپ چىقىلىدۇ.

پاختىچىلىقتا بازار ئەھۋالىغا ئاساسەن، سورت ۋە جايلىشىشنى تەڭشەش سالمىقى يەنىمۇ ئاشۇرۇلىدۇ. كېۋەز تېرىشقا باب كەلمەيدىغان پاكى تازا باب كەلمەيدىغان جايلاردا پاختىچىلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ھوسۇلى ياخشى ھەم سۈپەتلىك، ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدىغان جايلارغا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، پاختىنىڭ سۈپىتى ۋە بىرلىك ھوسۇلى ئىرىشىپ ئۆستۈرۈلىدۇ، تەننەرخى تۆۋەنلىتىلىدۇ، خەلقئارا بازار ۋە ئىچكى بازاردىكى رىقابەت ئىقتىدارى ئاشۇرۇلىدۇ. 10 يىلدا سۈپەتلىك تاۋار پاختىنىڭ يىللىق ئومۇمىي مىقدارى 1 مىليون 500 مىڭ توننا ئۆپچۆرىسىدە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشدا ئۆزىمىزنى تەمىنلەپ ئېشىنىش شەرتى بىلەن، سورت قۇرۇلمىسى ۋە رايونلار بويىچە جايلىشىشى پائال تەڭشىلىدۇ، ئاشلىقتىن پايدىلىنىشنىڭ يېڭى يوللىرى ئېچىلىدۇ. ياغلىق دان ۋە قىزىلچا ئىشلەپچىقىرىشى

داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇلىدۇ. 2010 - يىلى ئاشلىق ھوسۇلى 10 مىليون توننىغا، ياغلىق دان ھوسۇلى 800 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈلىدۇ.

چارۋىچىلىقتا يايلاق چارۋىچىلىقى، دېھقانچىلىق رايونى چارۋىچىلىقى ۋە شەھەر ئەتراپى چارۋىچىلىقىغا تەڭ ئەھمىيەت بېرىش، دېھقانچىلىق رايونلىرى چارۋىچىلىقىنى نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇلىدۇ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا تولۇق، يېرىم ئولتۇراقلىشىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، زور بىر تۈركۈم ئائىلە چارۋىچىلىق فېرمىلىرى بەرپا قىلىنىدۇ، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا زور بىر تۈركۈم چوڭ باقمىچىلىق ئائىلىلىرى مەيدانغا كەلتۈرۈلىدۇ، شەھەر ئەتراپلىرىدا زاۋۇتلاشقان ئىشلەپچىقىرىش شەكىللەندۈرۈلىدۇ. بازار قۇرۇلۇشى ئارقىلىق، نەسىللىك چارۋىلار، سورتلۇق ئوت - چۆپلەر يېتىشتۈرۈلىدۇ ۋە ئومۇملاشتۇرۇلىدۇ، زامانىۋى چارۋىچىلىق سىستېمىسى ۋۇجۇتقا چىقىرىلىدۇ، 21 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى 10 يىلىدا ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي، بورتالا، بايىنغولىن، قۇمۇل، سانجى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا چارۋىچىلارنى تولۇق، يېرىم ئولتۇراقلاشتۇرۇش ۋە ئائىلە چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن چارۋىچىلىق رايونلىرىنى بېيىتىش قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك تاماملىنىدۇ. شەھەر ئەتراپى رايونلىرى ۋە دېھقانچىلىق رايونلىرىدا بىر تۈركۈم زامانىۋى چارۋىچىلىق باشلامچى كارخانىلىرى ۋە چوڭ باقمىچىلىق ئائىلىلىرى مەيدانغا كەلتۈرۈلىدۇ. شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى، تىۋىت ئۆچكىسى، گۆش قويى، گۆش كالىسى، سۈت كالىسى بازىسى قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىپ، كەسىپلەشتۈرۈش، سۈپەتلىكلەشتۈرۈش، كۆلەملەشتۈرۈش يۆنىلىشىگە قاراپ راۋاجلاندۇرۇلۇپ، دېھقان - چارۋىچىلار كىرىمىنىڭ مۇقىم ئېشىشى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. 2010 - يىلى چارۋىلارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سانى 62 مىليون تۇياققا، ئومۇمىي گۆش مىقدارى 1 مىليون 850 مىڭ توننىغا، سۈت 2 مىليون 100 مىڭ توننىغا، قوي يۇڭى 120 مىڭ توننىغا، ئۆچكە تىۋىتى 1500 توننىغا يەتكۈزۈلىدۇ.

ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىكتە سورتلۇق كۆچەت، ئۇرۇق بازىلىرى ئالدىن راۋاجلاندۇرۇلىدۇ، زاۋۇتلاشقان سۈپەتلىك كۆچەت ئىشلەپچىقىرىش يولغا قويۇلۇپ، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى، باغۋەنچىلىك كۆلىمى، ئۈنۈمى ئىزچىل ئۆستۈرۈلىدۇ، باغۋەنچىلىك شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى مۇھىم ئېشىش نۇقتىسىغا ئايلاندۇرۇلىدۇ. تۇرپان، بايىنغولىن، قىزىلسۇ، سانجى، ئىلى، خوتەنلەردە ھۆل پېتى يېيىشكە، ھاراق ئىشلەشكە پاكى قۇرۇتۇشقا، شىرنە ئىشلەشكە باپ كېلىدىغان ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىشى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلۇپ، كەسىپلەشتۈرۈش قەدىمى تېزلىتىلىدۇ، 2010 - يىلغىچە 100 مىڭ گېكتار ئۈزۈمچىلىك بازىسى قۇرۇلىدۇ. بايىنغولىن، ئاقسۇلاردا نەشپۈت قاتارلىق يېتەكچى مەھسۇلاتلار تېزرەك كۆپەيتىلىدۇ، خوتەن، قەشقەرلەردە ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىشى ئويدان يولغا قويۇلۇش بىلەن بىرگە ئىھاتە ئورمىنى، ئىقتىسادىي ئورمان، يېپىنچا - ئىھاتە ئورمىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ئورمانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى، ئورمانچىلىق بىلەن ئوت - چۆپچىلىكنى بىرلەشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى بىر خىللا بولۇش ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئىقتىسادىي ئورمان جەھەتتە ئانار، ياڭاق، ئۆرۈك مېغىزى، بادام قاتارلىق داڭلىق، سۈپەتلىك مېۋە - چېۋىلەر ئاساس قىلىنىدۇ؛ ئىلى، ئاقسۇلاردا ئالما كۆلىمى، قۇمۇلدا چوڭ چىلان، قوغۇن كۆلىمى كېڭەيتىلىپ كەسىپلەشكەن، كۆلەملەشكەن، تۈجۈپىلەشكەن ئورمانچىلىق - باغۋەنچىلىك كەسىپلىرى ۋە كەسىپ رايونلىرى پەيدىنپەي شەكىللەندۈرۈلىدۇ.

زاراڭزا، شوخلا ۋەكىللىكىدىكى قىزىل ئېرىقچىلىق زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلىدۇ. 2010 - يىلىغا بارغاندا زاراڭزا كۆلىمى 200 مىڭ گېكتارغا، شوخلا كۆلىمى 100 مىڭ گېكتارغا يەتكۈزۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، جايلار ئۆز جايىنىڭ ئەۋزەللىكىگە قاراپ، ئۆزگىچە ئۆسۈملۈك بايلىقى ئەۋزەللىكىنى ئىشقا سېلىپ، زاراڭزا، شوخلا، سەۋزە، ئالىقات، چۈچۈكبۇيا، قۇلماق، پىۋە ئارپىسى، پۇراقلىق خام ئەشيالار قاتارلىق ئۆزگىچە مەھسۇلاتلار ئىشلەپچىقىرىشنى پائال راۋاجلاندۇرىدۇ. «يېشىل مەھسۇلات، داڭلىق - سۈپەتلىك مەھسۇلات، ئۆزگىچە مەھسۇلات كوزىرى» نى ئىشقا سېلىپ، پائال بازار ئېچىلىپ، بازار ئىگىلەش نىسبىتى ئۆستۈرۈلىدۇ.

2) سانائەت قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش تېزلىتىلىپ، بازاردىكى رىقابەت ئىقتىدارى ئاشۇرۇلىدۇ.

(1) نېفىت - تەبىئىي گاز سانائىتىدە «نېفىت بىلەن گازنى تەڭ تۇتۇش» فاڭجېنىغا بىنائەن، يېڭى تېخنىكىلارنى پائال قوللىنىش، تەكشۈرۈش سېلىنمىنى كۆپەيتىش ئارقىلىق، تارىم، جۇڭغار، تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقلىرى ۋە باشقا ئويمانلىقلاردا نېفىت - گاز تەكشۈرۈش، ئېچىش كۈچەيتىلىپ، شىنجاڭ جۇڭگو بويىچە 2 - چوڭ «داچىڭ» قىلىپ قۇرۇپ چىقىلىدۇ.

جۇڭغار، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكلىرىنىڭ مەھسۇلاتىنى

مۇقىم ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ۋە يۇرۇشلەشكەن مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، نېفىت مەھسۇلاتى تېز ھەم مۇقىم ئاشۇرۇلىدۇ ھەم يېڭى مۇھىم نېفىتلىك شەكىللەندۈرۈلىدۇ. 2010 - يىلى نېفىت مەھسۇلاتى 30 مىليون توننىغا يەتكۈزۈلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە 2005 - يىلى نېفىت مەھسۇلاتىنى 25 مىليون توننىغا يەتكۈزۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. كۈچ توپلاپ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدا تەبىئىي گاز بايلىقى تەكشۈرۈلىدۇ ۋە يېقىنقى مەزگىللەردە ئېنىقلانغان گاز زاپىسى بىر تىرىليون كۇب مېتىرغا يەتكۈزۈلىدۇ، تارىمنىڭ شىمالىي قىسمىدا تەبىئىي گاز ئېلىش قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، تېزدىن 12 — 20 مىليارد كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئېلىش ئىقتىدارى شەكىللەندۈرۈلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتى، تارىمنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتى قاتارلىق جايلاردا تەبىئىي گاز تەكشۈرۈش قەدىمى تېزلىتىلىدۇ. 2010 - يىلى شىنجاڭنىڭ تەبىئىي گاز مەھسۇلاتى 30 مىليارد كۇب مېتىرغا، سىرتقا يەتكۈزۈلگەن گاز مىقدارى 20 مىليارد كۇب مېتىرغا يەتكۈزۈلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە 2005 - يىلى تەبىئىي گاز مەھسۇلاتىنىڭ 18 مىليارد كۇب مېتىرغا، سىرتقا يەتكۈزۈلگەن گاز مىقدارىنىڭ 12 مىليارد كۇب مېتىرغا يېتىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

شىنجاڭنىڭ تەبىئىي گازدىن پايدىلىنىش ساھەسى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىلىدۇ، جۇڭغار، تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقلىرىدىكى ھازىر بار تەبىئىي گاز يەتكۈزۈش تۇرۇبا تورلىرى يۈرۈشلەشتۈرۈلىدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ، تەڭرىتاغ شىمالىي ئېتىكى ئىقتىسادىي بەلۋېغى ۋە تۇرپان ۋىلايىتىدە تەبىئىي گازدىن پايدىلىنىش تۈرى تېزدىن يولغا قويۇلىدۇ؛ غەربىي جەنۇبىي تارىمدا تەبىئىي گاز تەكشۈرۈش - ئېچىش قەدىمىگە ماسلىشىپ، خوتەن، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدە تەبىئىي گازدىن پايدىلىنىپ توك ھاسىل قىلىش، خىمىيە سانائىتى ۋە خەلققە كېرەكلىك تۈرلەر ئەڭ قەدەمدە پىلانلىنىدۇ ۋە قۇرۇلۇش قىلىنىدۇ؛ تەبىئىي گازنى شەھەرلەرگە كىرگۈزۈش، سۇيۇقلاندۇرۇلغان گازنى يېزىلارغا چۈشۈرۈش قەدىمى تېزلىتىلىپ، بايلىق مەنبەلىرىگە يېقىن جايلاردىكى شەھەرلەرنىڭ گاز ئىشلىتىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، يېڭىدىن ئاشقان ۋە شەھەرلەرنىڭ ئىشلىتىشىدىن قالغان سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز يېزا - بازارلار ۋە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىشلىتىشىگە بېرىلىدۇ.

نېفىت - تەبىئىي گاز خىمىيە سانائىتى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلۇپ، نېفىت خىمىيە سانائىتى قۇرۇلمىسىنىڭ سەرخىللىشىشى ۋە كەسىپلەر دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. ھازىرقى نېفىتنى بىر قېتىم پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى 16 مىليون 650 مىڭ توننا بولۇۋاتقان ئاساستا، قۇرۇلمىلارنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈلىدۇ. قۇرۇلمىلارنىڭ شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە قويۇق نېفىتلىرى ۋە ئىمپورت قىلىنغان يۇقىرى گۈڭگۈرتلۈك نېفىتنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى ئىرىشىپ ئۆستۈرۈلىدۇ، شىنجاڭ نېفىتىنى ئۆز جايىدا پىششىقلاپ ئىشلەش مىقدارى ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش دەرىجىسى ئىرىشىپ ئۆستۈرۈلىدۇ، كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئاشۇرۇلىدۇ، يەرلىك ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇنىدۇ؛ قۇرۇلمىلار ئىقتىدار جەھەتتە بىر - بىرىنى تولۇقلاش ۋە ئىش تەقسىم قىلىشىپ ھەمكارلىشىش كۈچەيتىلىدۇ. مەھسۇلاتلار دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، تەۋلادىنى يېڭىلاش ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، تەييار مايلارنىڭ تاۋار مىقدارى ئاشۇرۇلۇپ، تەييار مايلارنىڭ شەرققە توشۇلۇشىغا ئاساس سېلىنىدۇ. قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ قويۇق نېفىت قۇرۇلمىسىنى كېڭەيتىش، مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتىنىڭ ھىدروگېن قوشۇش قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش - كېڭەيتىش، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى شۆبە شىركىتىنى قايتا تەڭشەپ كېڭەيتىش، تارىم نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ نېفىت چەككىلەش قۇرۇلمىسىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش، مۇكەممەللەشتۈرۈش تۈرى قاتارلىق تۈرلەر نۇقتىلىق يولغا قويۇلىدۇ.

غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، تارىم يېنىك ھىدروكاربون، قېتىشقان نېفىت بايلىقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش تېزلىتىلىپ، چوڭ تىپتىكى ئېتىلېن، ئاروماتىك ھىدروكاربون ۋە بىرىكمە ئوغۇت تۈرلىرى قۇرۇلۇشى باشلىنىدۇ؛ ئېتىلېن، پولىئېفىر، ئاروماتىك ھىدروكاربون قاتارلىق مەھسۇلاتلار قالدۇقلىرىدىن پايدىلىنىش، ئىنچىكىلەپ ئىشلەش خىمىيە سانائىتى ۋە خىمىيىۋى ئوغۇت تۈرلىرىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، مايتاغ ئېتىلېن قۇرۇلۇشى كېڭەيتىپ باشلىنىدۇ، مېرىدىئان گۈللۈك بالون، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى بىرىكمە ئوغۇت قۇرۇلۇشى، تۇرپان پارا ئانگىدرىد ۋە كالىي تۇزىنى ئېچىش قاتارلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى باشلىنىدۇ. ئالاھىدە خىمىيە سانائىتى راۋاجلاندۇرۇلۇپ، مەھسۇلاتلارنىڭ قوشۇمچە قىممىتى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇلىدۇ، نېفىت خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ يېقىلغۇ تىپىدىن ئۈنۈملۈك خىمىيە سانائىتى تىپىغا ئۆزگىرىشىنى تېزلىتىش بىلەن بىرگە، خىمىيە سانائىتى خام ئەشياسى، بىرىكمە ماتېرىيال ۋە خىمىيىۋى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇلۇپ، خىمىيە سانائىتىنىڭ پەن - تېخنىكا تەركىبى ۋە كەسىپلەرنىڭ تېخنىكا

سەۋىيىسى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈلدى، نېفىت - گاز بايلىقىنى ئېچىش بىلەن ئۇلاردىن پايدىلىنىش ماس قەدەمدە راۋاجلاندۇرۇلۇپ، شىنجاڭ ئېلىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى مۇھىم نېفىت - تەبىئىي گاز خىمىيە سانائىتى بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىلدى.

(2) ئۆزگىچە سانائەت زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلدى. ئۆزگىچە بايلىق مەنبەلىرىگە تايىنىپ، رىقابەت كۈچىگە ئىگە قىزىل كەسىپ ۋە يېشىل مەھسۇلاتلار نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇلدى. ئۈستۈنلۈككە ئىگە كارخانىلار ۋە چوڭ كارخانا گۇرۇھلىرىنى باشلامچى قىلىپ، ئىلغار تېخنىكىلارنى قوللىنىپ، شوخلا قىيامى، ئۈزۈم، زاراڭزا ۋە مېۋە - چېۋە، كۆكتاتلارنى ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلدى. «تۇنخې» گۇرۇھى باشلامچى قىلىنغان مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ شوخلا قىيامى ۋە شوخلا پاراشوكى، شوخلا شىرنىسى قاتارلىق باشقا ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ۋە ئېكسپورت قىلىدىغان بازا قۇرۇپ چىقىلدى ھەم بۇ مەھسۇلاتلار مۇئەييەن كۆلەمگە ۋە شۆھرەتكە ئىگە دۇنياۋى مەھسۇلاتلارغا ئايلاندۇرۇلدى. 2010 - يىلىغا بارغاندا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 800 مىڭ توننىغا، ئىچكى بازارنى ئىگىلەش نىسبىتى 85% كە، خەلقئارا بازارنى ئىگىلەش نىسبىتى 25% كە يەتكۈزۈلدى. «شىنتيەن» خەلقئارا ئۈزۈم ھاراقچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنى باشلامچى قىلغان مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ئۈزۈم خام ئەشيا تېرىقچىلىق ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش بازىسى قۇرۇپ چىقىلدى. 2010 - يىلىغا بارغاندا يىلىغا 280 مىڭ توننا ئالىي دەرىجىلىك ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەش ئىقتىدارى شەكىللەندۈرۈلدى، ئىچكى بازارنى ئىگىلەش نىسبىتى 40% كە يەتكۈزۈلدى ھەمدە يېڭى ئۈزۈم سورتلىرى ئۈزلۈكسىز كىرگۈزۈلۈپ، بىراندى، شامپان قاتارلىق يېڭى مەھسۇلاتلار ئىشلەپچىقىرىلدى. شىنجاڭ «بوستانلىق» زاراڭزا تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ۋە تارباغاتاي زاراڭزا يېغى كارخانىسىنى باشلامچى قىلغان مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ زاراڭزا يېغى بازىسى قۇرۇپ چىقىلىپ، زاراڭزا قالدۇقلىرىدىن پايدىلىنىش تېزلىتىلىپ، كەسىپ زەنجىرى ئۇزارتىلىپ، قىممىتى كۆپ قېتىم ئاشۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 2010 - يىلىغا بارغاندا، زاراڭزا يېغى مەھسۇلاتى 100 مىڭ توننىغا، ئىچكى بازارنى ئىگىلەش نىسبىتى 90% تىن كۆپرەككە يەتكۈزۈلدى. شىنجاڭ «شىبىنبېي» بىئولوگىيىلىك مەھسۇلاتلار چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ جۇڭگو مېۋە - چېۋە كۆكتات ئىچىملىكلىرى ساھەسىدىكى 10 كۈچلۈك كارخانا قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشى، جۇڭگونىڭ مېۋە - چېۋە، كۆكتات بىرىكمە شىرنە ئىچىملىكلىرى ئىچىدە داڭلىق ماركا يارىتىشىغا نۇقتىلىق مەدەت بېرىلدى، 2010 - يىلىغا بارغاندا، يىللىق ئىچىملىك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 500 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈلدى.

(3) ئەنئەنىۋى سانائەت ئۆزگەرتىلدى ۋە ئۈستۈرۈلدى. كۈچ مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، ئەنئەنىۋى كەسىپلەر يۇقىرى تېخنىكا ۋە ئىلغار تېخنىكا بىلەن ئۆزگەرتىلىپ، ھۈنەر - سەنئەت سەۋىيىسى ۋە مەھسۇلات دەرىجىسى تىرىشىپ ئۈستۈرۈلدى. پولات - تۆمۈر، رەڭلىك مېتال، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ۋە ماشىنىسازلىق، ئېلېكترون كەسىپلىرىدە ئېنېرگىيە تېجەش، سەرپىياتنى تۆۋەنلىتىش، بايلىقتىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش ۋە مۇھىت ئاسراش سەۋىيىسىنى ئۈستۈرۈشكە دائىر يېڭى تېخنىكىلار نۇقتىلىق ئومۇملاشتۇرۇلدى، ھۈنەر - سەنئەتنى يېڭىلاش، پەن - تېخنىكا تەركىبىنى ئۈستۈرۈش ئىلگىرى سۈرۈلدى. توقۇمىچىلىق، يېنىك سانائەت، دورىگەرلىك ساھەلىرىدە بازار ئەھۋالىغا قاراپ، تېخنىكا كىرگۈزۈش ۋە ئۈسكۈنىلەرنى يېڭىلاش تېزلىتىلدى، داۋاملىق ئىنچىكىلەپ پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا مەبلەغ سېلىش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، بايلىق ئۈستۈنلۈكى بازار رىقابىتى ئۈستۈنلۈكىگە ئايلاندۇرۇلدى. ئۈستۈنلۈككە ئىگە كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتنى باشلامچى، بازارنى يېتەكچى، كاپىتالنى ۋاسىتە قىلىپ، كۆپ خىل شەكىللەر بىلەن چوڭ كارخانا گۇرۇھلىرىنى قۇرۇپ، كۆلەملىك ئىگىلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئىلھام بېرىلدى. كەڭتاشا مەھسۇلاتلارنىڭ تەرەققىياتى قاتتىق تىزگىنلىنىدى، پۈتۈن مەملىكەت بازارلىرىدا رىقابەتلىشىش ئۈستۈنلۈكى بولمىغان كەسىپلەردە سەپ قىسقارتىلدى، تېخنىكىسى قالاق، بايلىقنى ئىسراپ قىلىدىغان، سۈپىتى ناچار، مۇھىتنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغايدىغان كارخانىلار پەيدىنپەي تاقىۋېتىلدى.

(4) يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر پائال يېتىلدۈرۈلدى. يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونلىرى ۋە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا باغچىلىرى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، ئۇچۇر تېخنىكىسى، بىئوتېخنىكا، يېڭى ماتېرىيال، يېڭى ئېنېرگىيە مەنبەسى، ساقلىقنى ساقلاش يېمەكلىكلىرى، جۇڭيى دورىسى، مىللىي تېبابەت دورىلىرى قاتارلىق ساھەلەردە تىرىشىپ چوڭ ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلىنىپ، تېخنىكىسى يۇقىرى، مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازاردىكى رىقابەتلىشىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئىگىلىك كۆلىمى چوڭ بىر تۈركۈم يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر ۋە كارخانىلار گۇرۇھى شەكىللەندۈرۈلۈپ، شىنجاڭنىڭ يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇندى.

3) 3 ـ كەسىپ زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلدۇ، ئۆزگىچە ساياھەتچىلىك گەۋدىلەندۈرۈلدۇ.

ھەرخىل بازار پائال راۋاجلاندۇرۇلۇپ، بىر تۇتاش ئېچىۋېتىلگەن، رىقابەت تەرتىپلىك بولىدىغان بازار سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈلۈپ، سودا ـ ئوبوروت، پۇل مۇئامىلىسى، سۇغۇرتا كەسىپلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، ئۇچۇر مۇلازىمىتى، ئېلېكترون سودىسى، ساياھەتچىلىك، ئۆي ـ جاي ۋە مەھەللە مۇلازىمەتچىلىكى قاتارلىق يېڭى كەسىپلەر زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئورۇنلىرى كۆپەيتىلىدۇ، يېڭى ئىقتىسادىي ئېشىش نۇقتىلىرى شەكىللەندۈرۈلىدۇ.

شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە ساياھەتچىلىكى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ راۋاجلاندۇرۇلىدۇ، «بەش رايون، ئۈچ لىنىيە» نى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، قاناس كۆلىنى ئاساس قىلغان ئېكولوگىيىلىك ساياھەت رايونى، باغراش كۆلى ۋە بوغدا كۆلىنى ئاساس قىلغان مەنزىرىلىك ساياھەت رايونى، تۇرپاننى ئاساس قىلغان قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى ساياھەت رايونى، قەشقەرنى ئاساس قىلغان مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت ساياھەت رايونى ۋە ئىلىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان چېگرا رايون مەنزىرە رايونى قۇرۇلىدۇ، ئۈرۈمچى — تۇرپان — كورلا — ئوتتۇرا تارىم — خوتەن — قەشقەر لىنىيىسى، ئۈرۈمچى — قاراماي — كۆكتوقاي — ئالتاي — قاناس لىنىيىسى ۋە ئۈرۈمچى — باينبۇلاق — توققۇزتارا — كۈنەس — غۇلجا لىنىيىسىدىن ئىبارەت 3 ئاساسىي لىنىيە شەكىللەندۈرۈلىدۇ. ساياھەتچىلىك ئورۇن مۇئەسسەسىلەر قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىپ، سەيلىگاھلارنىڭ ئىقتىدارى ۋە مۇئەسسەسىلىرى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ، ئېگىز تاغ سەيلىگاھلىرى، ئوتلاق سەيلىگاھلىرى، مەشھۇر مەنزىرىلىك جايلار قاتارلىق جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئۆزگىچە ساياھەت تۈرلىرى پائال ئېچىلىدۇ ۋە ساياھەت مەھسۇلاتلىرى پائال ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. ساياھەتچىلىك يېڭى ئىقتىسادىي ئېشىش نۇقتىسى قىلىپ يېتىلدۈرۈلىدۇ ھەم شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ مۇھىم تۈۋرۈك كەسىپىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ.

3) ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇش ۋە مۇھىت ئاسراش ھەقىقىي كۈچەيتىلىدۇ.

ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئاسراشنى ۋە مۇھىت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش — غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ تۈپ نۇقتىسى ۋە بىرىنچى نۇقتىسى. دۆلەتنىڭ «يەنە بىر گۈزەل غەربىي رايون بەرپا قىلىش» تىن ئىبارەت ئومۇمىي تەسەۋۋۇرىغا ۋە سىجىل تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك تەلىپىگە ئاساسەن، بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىش بىلەن مۇھىت ئاسراشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، كەڭ كۆلەمدە ئېچىش بىلەن ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاش ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇلىدۇ. تەبىئىي ئورمان، ئوتلاق ۋە ياۋايى ھايۋانات ـ ئۆسۈملۈك بايلىقىنى قوغداش كۈچەيتىلىدۇ. ئوتلاقلارنىڭ ناچارلىشىپ كېتىشىنى تىزگىنلەش سالمىقى ئاشۇرۇلىدۇ، كۆل ـ سازلىقلارنىڭ ئېكولوگىيىسىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەش تېزلىتىلىدۇ. تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئورمان، ئوت ـ چۆپ بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىنى بولغا قويۇش ئىشى چىڭ تۇتۇلۇپ، يەرلەرنىڭ چۆللىشىپ كېتىشى، ئوتلاقلارنىڭ ناچارلىشىپ كېتىشى ۋە تۇپراقنىڭ شورلىشىپ، زەيلىشىپ كېتىش ۋەزىيىتى توسۇپ قېلىنىدۇ، شەھەرلەرنىڭ مۇھىتىنى ئاسراش كۈچەيتىلىدۇ.

ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش قۇرۇلۇشى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، 10 يىل ئىچىدە تۆۋەندىكى 6 چوڭ قۇرۇلۇش نۇقتىلىق بولغا قويۇلىدۇ.

(1) . تارىم دەرياسى غول ئېقىنىنىڭ ئوتتۇرا ـ تۆۋەن بۆلەكلىرىنى تىزگىنلەش چىڭ تۇتۇلىدۇ. باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، تىزگىنلەش قۇرۇلۇشلىرى ياساش، دەريا يولىنى تۈزەش ـ راۋانلاشتۇرۇش، توغراقلارنى ۋە چۆپلۈكلەرنى ئاسراش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، مەزكۇر رايون ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ يامانلىشىپ كېتىشى ئاساسىي جەھەتتىن تىزگىنلىنىدۇ، قايتىدىن «يېشىل كارىدور» بەرپا قىلىنىدۇ، شىنجاڭنى ئىچكى جايلار بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان ئىستراتېگىيىلىك يولنىڭ راۋانلىقى قوغدىلىدۇ.

(2) تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتى چۆللىشىپ كېتىشنى تىزگىنلەش ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇپ، چۆل بىيابانچىلىرىنى ئاسراش كۈچەيتىلىدۇ، بىئولوگىيىلىك تىزگىنلەش بىلەن تېخنىكىلىق تەدبىرلەر ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئېكولوگىيىلىك ئورمان، ئىقتىسادىي ئورمان، ئىھاتە ئورمىنى قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، 2 چوڭ ئويمانلىقنىڭ جەنۇبىي چەتلىرىنىڭ چۆللىشىپ كېتىشى توسۇپ قېلىنىدۇ.

(3) ئېبنۇر كۆلى رايونىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى قوغداش ـ ئوڭشاش پائال بولغا قويۇلۇپ، ئورماننى بۇزۇپ بوز يەر ئېچىش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ، سۇ تېجەيدىغان يېزا ئىگىلىكى تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ، ئىھاتە ئورمىنى سىستېمىسى بەرپا قىلىنىدۇ، ۋادا ئاتلىغان سۇ يۆتكەش قۇرۇلۇشلىرىنى ياساپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاشقا كېرەكلىك سۇ كۆپەيتىش، كۆلنىڭ سۇ يۈزى كۆلىمىنى مۇقىملاشتۇرۇش، كۆل سۈيىنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاش ئارقىلىق، مەزكۇر رايوننىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىدۇ.

(4) تەبىئىي ئورمانلارنى ئاسراش قۇرۇلۇشى ئوبدان ئىشلىنىدۇ، تاغلىق رايونلاردىكى تەبىئىي ئورمانلارنى كېسىش

توختىتىلىدۇ، نامۇۋاپىق سۇنئىي بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى توسۇلىدۇ، يېزىلارنىڭ ئېنېرگىيە مەنبەسى قۇرۇلمىسى تەڭشىلىدۇ، تۈزلەڭلىكلەردىكى تەبىئىي ئورمانلارنى قامال قىلىپ يېتىشتۈرۈش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ يامانلىشىپ كېتىشى توسۇپ قېلىنىدۇ.

(5) تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئورمان، ئوت - چۆپ بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلىدۇ. دۆلەت غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش بويىچە تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئورمان، ئوت - چۆپ بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويغان پايدىلىق پۇرسەت چىڭ تۇتۇلۇپ، ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىرلەشتۈرۈلۈپ، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىلىپ، جايلارنىڭ ئەھۋالىغا يارىشا ئىش قىلىنىپ، تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئورمان، ئوت - چۆپ بەرپا قىلىش ئىشى پائال ئىشلىنىپ، بوستانلىقلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ياخشىلىنىدۇ.

(6) ئۈرۈمچىدە ئاتموسفېرا بۇلغىنىشىنى ۋە سۇ بۇلغىنىشىنى تۈزەش مۇھىم نۇقتا قىلىنغان شەھەر مۇھىتىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش يولغا قويۇلىدۇ. شەھەرنىڭ ئېنېرگىيە مەنبەسى قۇرۇلمىسى ئۆزگەرتىلىپ، پاكىزە ئېنېرگىيە مەنبەلىرىدىن پائال پايدىلىنىلىدۇ. مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، ئاتموسفېرانى بۇلغايدىغان مەنبەلەرنى تىزگىنلەش تېزلىتىلىدۇ، ئاتموسفېرانى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغايدىغان سانائەتنىڭ تەرەققىياتى قاتتىق كونترول قىلىنىدۇ. ئىچىملىك سۇ مەنبەلىرى مۇھاپىزەت قىلىنىپ، سۇ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. شەھەرلەرنىڭ كۆكەرتىلىش نىسبىتى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلىدۇ.

4. پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى پائال ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش تېزلىتىلىدۇ.

«شىنجاڭنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش» ئىستراتېگىيىسى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، پەن - تېخنىكا، مائارىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش - غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم شەرتى.

(1) پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى تېزلىتىلىپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش ئۇسۇلى ئۆزگەرتىلىدۇ.

كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە سەرخىللاشتۇرۇش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى نىشان، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىش، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكا تەتقىقاتى ۋە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. ئۆز ئالدىغا تەتقىق قىلىش - ئېچىش بىلەن كىرگۈزۈش، جەلىپ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش، مۇنتىزىم تېخنىكا بىلەن يۇقىرى تېخنىكىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئەنئەنىۋى كەسىپلەر سەرخىللاشتۇرۇلىدۇ، يېڭى كەسىپلەر مەيدانغا كەلتۈرۈلىدۇ، ئالاھىدە ئىگىلىك راۋاجلاندۇرۇلىدۇ، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشىگە تۆھپە قوشۇش نىسبىتى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈلىدۇ.

شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئاساسىي نىشان قىلىنىپ، سۈپەتلىك، ئۈنۈملۈك، ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنى چۆرىدەپ، مۇھىم تېخنىكىلارنى يېڭىلاش، يۈرۈشلەشتۈرۈش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش، قوللىنىش تېزلىتىلىدۇ. ھازىرقى زامان بىئوتېخنىكىسى بويىچە تەتقىقات نەتىجىلىرى زور كۈچ بىلەن قوللىنىلىپ، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى، ئورمان، ئوت - چۆپ، چارۋا سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش، كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش تېخنىكىسى نۇقتىلىق ھەل قىلىنىدۇ، باقمىچىلىق تېخنىكىسى سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلىدۇ. ئۇرۇق قۇرۇلۇشى، سۇ تېجەپ سۇغىرىش، ئېسىل مەھسۇلاتلىق يېزا ئىگىلىكى، سۈپەتلىك، ھوسۇللۇق ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلىدۇ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ئۇلاردىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش بويىچە تېخنىكىلىق ئېچىش ۋە كەسىپلەشتۈرۈش زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلىدۇ.

يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، سانائەتتە يېڭى تېخنىكا يارىتىش زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. ئۇچۇر تېخنىكىسى كومپيۇتېر تېخنىكىسى، ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون كەسپىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش، ئاپتوماتىك تىزگىنلەش تېخنىكىسى قاتارلىق ئىلغار تېخنىكىلار ئارقىلىق ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنى ئۆزگەرتىش سالمىقى زورايتىلىدۇ. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن ئىلغار تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنىلەر تاللاپ كىرگۈزۈلۈپ، سانائەتنىڭ تېخنىكا بىلەن قوراللىنىش سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلىدۇ، مەھسۇلاتلارنىڭ ئاشۇرما قىممىتى ۋە بازاردىكى رىقابەت ئىقتىدارى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈلىدۇ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە سەرخىللاشتۇرۇش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

پەن - تېخنىكا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىي ئىلمىي تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنى

كارخانىلاشتۇرۇش ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، پەن - تېخنىكا كۈچلىرى ۋە پەن - تېخنىكا بايلىقىنىڭ تەقسىملىنىشى ئومۇمىيۈزلۈك سەرخىللاشتۇرۇلىدۇ، پەن - تېخنىكىنىڭ ئىقتىساد بىلەن بىر گەۋدىلىشىش مۇساپىسى تېزلىتىلىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش، مائارىپ، تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ بىرلىشىشى، ئىلىم - پەن، سانائەت، سودىنىڭ بىرىكىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. بازارنى يېتەكچى، ئۇنۇمنى مەركەز، كارخانىلارنى سۇبيېكت قىلغان يېڭى تېخنىكا يارىتىش سىستېمىسى پەيدىنپەي بەرپا قىلىنىدۇ، ئىلمىي تەتقىقات، ئېچىش، ئىشلەپچىقىرىش، بازار زىچ بىرلەشكەن مېخانىزم شەكىللەندۈرۈلىدۇ. يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونلىرى ۋە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق سانائەت رايونلىرى قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىدۇ، خەلق باشقۇرۇشىدىكى پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىلىدۇ، تېخنىكا بازىرى يېتىشتۈرۈلىدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ، پەن - تېخنىكا بويىچە ۋاستىچىلىك مۇلازىملىق ئاپپاراتلىرى كۈپەيتىلىدۇ، يېڭى تېخنىكا يارىتىش قوشۇنى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىدۇ.

(2) ساپا مائارىپى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش تېزلىتىلىدۇ.

مائارىپ ئىشلىرىنىڭ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى تېزلىتىلىپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان ئىختىساسلىقلار قوشۇنى يېتىشتۈرۈلىدۇ. 21 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى 10 يىلىدا ئاسپىرانت مائارىپى قۇرۇلۇشى، ئالىي مەكتەپلەر ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى، مەجبۇرىيەت مائارىپى قۇرۇلۇشى، كەسپىي - تېخنىكا مائارىپى قۇرۇلۇشى، مائارىپ پەن - تېخنىكا رايونى قۇرۇلۇشى، يىراق مۇساپىلىق مائارىپ قۇرۇلۇشى ۋە «باغۋەنلەر» قۇرۇلۇشى قاتارلىق 7 قۇرۇلۇش يولغا قويۇلىدۇ ۋە تاماملىنىدۇ.

مائارىپ قۇرۇلمىسى پائال تەڭشىلىپ، 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى ئومۇمىيۈزلۈك ئومۇملاشتۇرۇلىدۇ، شەرت - شارائىتى ياخشىراق جايلاردا تولۇق ئوتتۇرا باسقۇچىدىكى مائارىپ ئومۇملاشتۇرۇلىدۇ. ئالىي مائارىپ كۆلىمى سالماق قەدەم بىلەن كېڭەيتىلىدۇ، نۇقتىلىق پەنلەر، نۇقتىلىق تەجرىبىخانىلار قۇرۇلۇشى ۋە نۇقتىلىق پەنلەر باشلامچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش چىڭ تۇتۇلىدۇ. ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ جايلىشىشى، دەرسلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشى تەڭشىلىدۇ، دوكتور، ماگىستىر تەربىيىلەش نۇقتىلىرى مۇستەھكەملىنىدۇ ۋە كۆپەيتىلىدۇ. پائال شارائىت يارىتىپ، ئاسپىرانتورىيە قۇرۇلىدۇ، كۈچ مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوبدان باشقۇرۇلىدۇ ھەم 10 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە شىنجاڭ سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق ئۇنىۋېرسىتېت ئۆلچىمىگە يېتىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

ئەمگەكچىلەرنىڭ ماھارىتى ۋە ساپاسى تىرىشىپ ئۆستۈرۈلىدۇ. ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم مائارىپى كۈچەيتىلىپ، ھەر خىل شەكىلدىكى كەسپىي مائارىپى، چوڭلار مائارىپى ۋە يىراق مۇساپىلىق مائارىپ پائال راۋاجلاندۇرۇلىدۇ. ئىچكى ئۆلكىلەردە شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالىي مەكتەپ تولۇق - مەخسۇس كۇرس سىنىپلىرى، تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىنى داۋاملىق ئېچىش بىلەن بىرگە، شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلىرى ئېچىلىدۇ.

ھۆكۈمەتنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇشنى ئاساس قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىنىڭ بىرلىكتە مەكتەپ باشقۇرۇشىدىن ئىبارەت يېڭى تۈزۈلمە بەرپا قىلىنىدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ، ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇشىغا ئىلھام بېرىلىدۇ، ھۆكۈمەت، جامائەت، خەلق باشقۇرىدىغان مەكتەپلەر ئورتاق تەرەققىي قىلىشتەك مائارىپ قۇرۇلمىسى شەكىللەندۈرۈلىدۇ.

مائارىپ تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىدۇ، دەرسلىكلەرنىڭ مەزمۇنى يېڭىلىنىدۇ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ياخشىلىنىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتى ئۆستۈرۈلىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا «قوش تىل» ئوقۇتۇشى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلۇپ، يېڭىلىق يارىتىش ئېڭى ۋە ئىقتىدارىغا ئىگە، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، ئېستېتىكا، ئەمگەك ئىقتىدارى جەھەتلەردە ئەتراپلىق يېتىلگەن ھەر مىللەت ساپالىق ئەمگەكچىلەر يېتىشتۈرۈلىدۇ.

5. مۇھىم نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ياخشىلىرىغا، كۈچلۈكلىرىگە مەدەت بېرىلىپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغنى ئېچىش تېزلىتىلىپ، رايون ئىقتىسادىنىڭ ماس تەرەققىي قىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

شىنجاڭنىڭ كەلگۈسىدە ئېچىشتا «رىقابەت ئۈستۈنلۈكىنى يېتىلدۈرۈش، ئۆزگىچە ئىگىلىك بەرپا قىلىش، رايونلار بويىچە ئىلگىرىلەش، ئورتاق راۋاجلىنىشقا تۈرتكە بولۇش» پرىنسىپى بويىچە، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغنىڭ تەرەققىياتى گەۋدىلىك تېزلىتىلىدۇ ھەم لەنجۇ — شىنجاڭ تۆمۈريولى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى ئاساسىي ئوق، تۆمۈريول بويلىرى ۋە تاشيول بويلىرى قوشۇمچە ئوق، ئىقتىسادىي مەركەز بولغان شەھەرلەر ۋە پورت شەھەر - بازارلىرى تايانچ نۇقتا قىلىنىپ، رايون رىقابەت ئۈستۈنلۈكى جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئۆزلىرىگە خاس رايون

ئىگىلىكى راۋاجلاندۇرۇلىدۇ، پۈتكۈل ئاپتونوم رايون ئىگىلىكىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

ئۈرۈمچىدىن شىخۇ ۋە قارامايغىچە بولغان تەڭرىتاغ شىمالىي ئېتىكى ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي بەلۋېغىدا ئاپتونوم رايوننىڭ 40% تىن كۆپرەك ئىقتىسادىي كۈچ ۋە پەن ـ تېخنىكا كۈچى مەركەزلەشكەن، بۇ بەلۋاغنىڭ شەھەر ـ بازار، قاتناش، ئېنېرگىيە مەنبەسى قاتارلىق ئۇل شەرت ـ شارائىتى بىرقەدەر ياخشى. مۇشۇ رايوننىڭ تەرەققىياتىنى ھەممىدىن ئاۋۋال تېزلىتىپ، خەلقئارا سودا يولى شەكىللەندۈرۈش پۈتكۈل ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىدا تۈرتكە بولۇش، تەسىر كۆرسىتىش ۋە ئۈلگە بولۇشتەك مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا، تەڭرىتاغ شىمالىي ئېتىكى ئىقتىسادىي بەلۋېغىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، تۈزۈلمە ۋە تۈزۈم جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىش تېزلىتىلىپ، ئىشىكنى ئىچكى قىسمىغا ۋە سىرتقا ئېچىۋېتىش جەھەتلەردە ياخشى مۇھىت يارىتىلىدۇ؛ كەسىپ قۇرۇلمىسى پائال تەڭشىلىپ، كەسىپلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش تېزلىتىلىپ، نېفىت ـ تەبىئىي گاز خىمىيە سانائىتى ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسىپلىشىشى، ئۆزگىچە سانائەت ۋە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تېزلىتىلىدۇ، يېڭى ئىقتىسادىي ئېشىش نۇقتىلىرى يېتىشتۈرۈلىدۇ؛ سۇچىلىق، قاتناش، ئېنېرگىيە مەنبەسى قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىدۇ.

غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش جەريانىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، ياخشىلىرى ۋە كۈچلۈكلىرىگە مەدەت بېرىش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ سېلىشتۇرما ئۈستۈنلۈكى ۋە رىقابەت ئۈستۈنلۈكىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ بوشلۇق ئېغىزىنى توغرا تاللاپ، رايوننىڭ يۈكسىلىشى بىلەن كەسىپلەرنىڭ يۈكسىلىشىنى، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش بىلەن سانائەت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ياخشىلىرىنى، كۈچلۈكلىرىنى يۆلەپ، شەرت ـ شارائىتى ياخشى رايون، كەسىپ ۋە مەھسۇلاتلارنى تاللاپ ئاۋۋال راۋاجلاندۇرۇپ، ئۆزگىچە خاس رايون ئىگىلىكى شەكىللەندۈرىدۇ. ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايدىكى مەركىزىي شەھەرلەرنى غەربىي قىسمىنى ئېچىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىدۇ، رايون جەھەتتىن قارىغاندا، كورلا، ئاقسۇ، ئاتۇش، قەشقەر، تۇرپان، ئالتاي، تارباغاتاي، قۇمۇل، غۇلجا، بورتالالار قاتناش، چېگرا ئېغىزى، ساياھەتچىلىك جەھەتلەردە ئۆزلىرىگە خاس ئۈستۈنلۈككە ھەم تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، تەسىر كۆرسىتىدىغان مەركەز شەكىللەندۈرۈش شارائىتىغا ئىگە.

نامرات جايلارنى گۈللەندۈرۈش تېزلىتىلىدۇ، نامراتلارغا تەرەققىيات ئارقىلىق يۆلەك بولۇش يولىغا مېڭىلىپ، نامرات جايلارنى يۆلەش سالمىقى يەنىمۇ ئاشۇرۇلىدۇ. سۇچىلىق، قاتناش، ئېنېرگىيە مەنبەسى قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسەلەر ۋە رادىئو ـ تېلېۋىزىيە، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ـ تەنتەربىيە قاتارلىق مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، نامرات جايلارنىڭ مۇئەسسەسەلەر شارائىتى ياخشىلىنىدۇ. دۆلەت مەدەت بېرىش، مالىيەدىن ئىناۋەتلىك قەرز بېرىش، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، كەسىپلەشتۈرۈش ـ ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش، ساھەلەر بويىچە نامراتلارنى يۆلەش قاتارلىق كونكرېت سىياسەتلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق، بايلىقلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش تىپىدىكى سانائەت ۋە ئەمگەك كۈچى كۆپ سەرپ بولىدىغان سانائەتنىڭ تەرەققىياتىغا پائال مەدەت بېرىلىپ، ئۆزىنى ئۆزى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارى كۈچەيتىلىپ، نامرات جايلارنىڭ قالاق قىياپىتى تېزدىن ئۆزگەرتىلىدۇ.

6. ئىدىيە يەنىمۇ ئازاد قىلىنىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سالمىقى ئاشۇرۇلىدۇ.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئورنىتىش تەلىپىگە ئاساسەن، يېڭى تۈزۈم يارىتىش ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا تايىنىپ، تۈزۈلمە ۋە تۈزۈم مۇھىتى سەرخىللاشتۇرۇلىدۇ، تۈزۈم مۇھىتى جەھەتتە تەرەققىي تاپقان جايلار بىلەن بولغان پەرق ئازايتىلىدۇ، ئادەملەرنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىجادچانلىقى ئەڭ زور دەرىجىدە ئىشقا سېلىنىدۇ، ئىچكى ئىقتىسادىي جانلىقلىق قوزغىتىلىدۇ.

مەمۇرىي رايونلار چەك ـ چېگرىسى سۇسلاشتۇرۇلۇپ، رايون ئىگىلىكىنى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇش قارىشى كۈچەيتىلىپ، بىرلىكمە ئىگىلىك راۋاجلاندۇرۇلىدۇ. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە بىرلىشىش ئارقىلىق، مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ سۈپەتلىك يىپ، رەخت بازىسى، مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ سۈپەتلىك ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى، مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ شوخلا قىيامى ۋە شوخلا قىيامى مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى، مەملىكەت بويىچە مۇھىم چارۋا مەھسۇلاتلىرى بازىسى قۇرۇپ چىقىلىدۇ. بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك، سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكى، شەھەر بىلەن يېزا، مەركەز كارخانىلىرى بىلەن يەرلىك كارخانىلار ئايرىلىپ تۇرۇش ھالىتى بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئۆزئارا تايىنىش، بىر تۇتاش پىلانلاش، بىرلىشىپ ئېچىش، بىرلىكتە تەرەققىي قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكنى تۈگىتىش، ئورتاق تەرەققىي قىلىش پرىنسىپى بويىچە، ئىچكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا، بولۇپمۇ دېڭىز ياقىسىدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا يۈزلىنىپ، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ ساھەلىك، كۆپ شەكىللىك توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش ۋە تېخنىكا ھەمكارلىقى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلىدۇ، سىياسەتنى قويۇۋېتىش، مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى ياخشىلاش ئارقىلىق، تېخىمۇ كۆپ ئىچكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار كارخانىلىرى شىنجاڭدا زاۋۇت قۇرۇشقا، ئۈستۈنلۈككە ئىگە كەسىپ، مەھسۇلاتلارنى ئېچىش ۋە نۇقتىلىق قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا، دۆلەت ئىلكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش، ئۇلارنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ۋە ئۆزگەرتىش ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، ئورتاق ئېچىش جەريانىدا ئورتاق مەنپەئەت ئېلىشقا جەلپ قىلىنىدۇ.

«ئىشىكنى ھەر تەرەپلىمە ئېچىۋېتىش، ئىچكى قىسىمدا بىرلىشىش، سىرتتىن كىرگۈزۈش، شەرق بىلەن بىرلىشىپ غەربكە چىقىرىش» تىن ئىبارەت ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش فاڭجېنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، شىنجاڭنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسى كېڭەيتىلىدۇ ۋە ئېچىۋېتىش دەرىجىسى چوڭقۇرلاشتۇرۇلىدۇ. چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرى ۋە خەلقئارا پۇل مۇئامىلىسى تەشكىلاتلىرىنىڭ قەرز پۇلى پائال قولغا كەلتۈرۈلۈپ، سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ كىرگۈزۈش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، «ئۈچ خىل مەبلەغ» كارخانىلىرى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلىدۇ.

ئۈرۈمچى شەھىرى زامانىۋى خەلقئارا سودا مەركىزى قىلىپ قۇرۇپ چىقىلىدۇ. شەھەرنىڭ مۇھىت، پۇل مۇئامىلىسى، ئۇچۇر، ترانسپورت ۋە ساقلاش قاتارلىق سودا مەركىزىگە خاس ئىقتىدار قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىدۇ؛ «خۇالىڭ» بازىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان مەملىكەت ئىچى - سىرتىدا داڭلىق بىر تۈركۈم مەخسۇس تاۋار سودىسى بازارلىرى قۇرۇپ چىقىلىدۇ؛ بازارلارنىڭ مۇلازىملىق سىستېمىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ، چېگرا ئېغىزلىرى، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش، باج قاتارلىق باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ خىزمىتى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، خەلقئارا سودا پائالىيەتلىرى ئۈچۈن ئەلا مۇلازىملىق قىلىنىدۇ. ئاپتونوم رايون ئىچى - سىرتىدىكى كارخانىلارنىڭ تاۋار سودىسى بازارلىرىغا تايىنىپ ئېكسپورت تاۋارلىرى پىششىقلاپ ئىشلەش بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئىلھام بېرىلىپ، پۈتكۈل ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇنىدۇ ۋە تەسىر كۆرسىتىلىدۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، ھەتتا ياۋروپا بازارلىرىنى ئېچىش، ئىككى تەرەپلىمىك سودا، چوڭ كىرگۈزۈش، چوڭ چىقىرىش ئارقىلىق، ئىشىكنىڭ غەربكە ئېچىۋېتىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

ئۈرۈمچى، كورلا قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ رولى جارى قىلدۇرۇلىدۇ، ھازىرقى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى ۋە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىدۇ ھەم ئۈرۈمچى - سانجى تاشيولى بويلىرى ۋە كورلىدا مۇئەييەن رايون ئاجرىتىپ، ئالاھىدە سىياسەت قوللىنىپ، شەھەر رايونى دائىرىسىدە يەر ئالماشتۇرۇش يولى بىلەن ئىلىم - پەن، سانائەت، سودا كەسپى قاتارلىق كەسپىي تەرەققىيات بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇپ چىقىلىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ شەھەرگە تايىنىپ، مۇئەييەن دائىرىدە ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى ئېچىپ، ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى قوللىنىپ، سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ كىرگۈزۈش سالمىقىنى ئاشۇرسا بولىدۇ.

دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىلىدۇ، قېلىپلاشقان شىركەت تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش يولغا قويۇلۇپ، بازارغا يۈزلىنىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمى ئۆزگەرتىلىدۇ. مۈلۈكچىلىك چەك - چېگرىسى بۇزۇپ تاشلىنىپ، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىكنىڭ ئورتاق راۋاجلىنىشىغا ئىلھام بېرىلىدۇ، بولۇپمۇ ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىگىلىك، چەت ئەل مەبلىغى بىلەن قۇرۇلغان كارخانىلار، ھەمكارلىشىپ قۇرۇلغان كارخانىلارنىڭ دۆلەت كارخانىلىرىنى ئۆزگەرتىشكە، ئۇل مۇئەسسەسىلەر ۋە مۇھىم سانائەت تۈرلىرى قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىلىپ، بىرىكمە ئىگىلىك راۋاجلاندۇرۇلىدۇ، كارخانىلار كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ سۇبيېكتى قىلىپ يېتىشتۈرۈلىدۇ.

قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىكى ئىلمىي تەتقىقات ئاپپاراتلىرى، ئالىي مەكتەپلەر بىلەن بولغان بىرلىشىش ۋە ھەمكارلىق كۈچەيتىلىپ، پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپ جەھەتتىكى ئالاقە ئارقىلىق ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئالاقە قولغا كەلتۈرۈلىدۇ، ھەرخىل يوللار ئارقىلىق ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلىپ، ھەرقايسى تەرەپتىكى كۈچلەر شىنجاڭنى ئېچىش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى. چوڭ - چوڭ سىياسەت - تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، كەڭ كۆلەمدە ئېچىش قەدىمى تېزلىتىلىدۇ.

شىنجاڭنى ئېچىش دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى، قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ياردىمى ۋە مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى ئوقۇمۇشلۇق زاتلارنىڭ قاتنىشىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. دۆلەتنىڭ ئالاھىدە بەلگىلىمىسى بولغانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، شىنجاڭ تەۋەسىدىكى بايلىق مەنبەلىرى،

بازار ۋە كەسپلەر بىردەك مەملىكەت ئىچى - سىرتىغا، ئاپتونوم رايون ئىچى - سىرتىدىكى كارخانىلارغا ۋە مەبلەغ سالغۇچىلارغا ئېچىۋېتىلىدۇ. دۆلەتنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا دائىر ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزگەندە يار - يۆلەك بولۇشى ۋە تۈرتكە بولۇشى ھەققىدە تەكلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» غا ئاساسەن، بىر قاتار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ ۋە ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئادەم، ماددىي ئەشيا ۋە مەبلەغنىڭ يۈرۈشۈپ تۇرۇشى ئەڭ زور دەرىجىدە كۆپەيتىلىدۇ، مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار شىنجاڭنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا قاتنىشىشقا كەڭ دائىرىدە جەلپ قىلىنىدۇ.

1. ئومۇمەن شىنجاڭغا مەبلەغ سالغان چەت ئەل مەبلىغى بىلەن قۇرۇلغان كارخانىلار، باشقا ئۆلكە - ئاپتونوم رايون كارخانىلىرى، ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى كارخانىلار شىنجاڭنىڭ بايلىقىنى ئېچىش ھوقۇقى، بازار ئىگىلەش ھوقۇقى، سىياسەتتىن نەپ ئېلىش ھوقۇقىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولىدۇ. مەمۇرىي رايونلار ئارا، كەسپلەر ئارا، يەرلىك بىلەن ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ئارا مونوپول قىلىش ۋە قامال قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ، كەمسىتىش، چەكلەش خاراكتېرىنى ئالغان ھەممە يەرلىك نىزام - بەلگىلىمىلەر ۋە ھۆكۈمەت بەلگىلىمە، قائىدىلىرى بىكار قىلىنىدۇ.

2. «شىنجاڭنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش قۇرۇلۇشى كاپىتالى» تەسىس قىلىنىپ، مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىن شىنجاڭغا مەبلەغ سالغان ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى، مۇھىت ئاسراش ۋە ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى، پەن - تېخنىكا ئۆزلەشتۈرۈش، ئۇل مائارىپ ۋە ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، ئەقلىي كۈچ كىرگۈزۈش تۈرلىرىگە ئۇقتىلىق مەدەت بېرىلىدۇ.

3. ئېتىبار بېرىلىدىغان يەر سىياسىتى قوللىنىلىدۇ. ئۇل مۇئەسسەسەلەر تۈرى ۋە جامائەتكە پايدىلىق ئىشلار قۇرۇلۇشى ھەم پايدىلىنىلمىغان يەرلەر ھەم چەت - يىراق جايلارنى ئېچىش قۇرۇلۇشىغا كېرەكلىك يەر بىردەك مەمۇرىي جەھەتتىن ئايرىپ بېرىش شەكلى بىلەن تەمىنلىنىدۇ؛ ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى تۈرلەردە ئىجارىگە ئېلىش ۋە ئۆتۈنۈپ بېرىش شەكلى بىلەن دۆلەت ئىختىيارىدىكى يەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقى قولغا كەلتۈرۈلىدۇ، يەر ئىجارىسى ياكى ئۆتۈنۈپ بېرىش ھەققى جەھەتتە ئېتىبار بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە: يەرنى باھاغا سۇندۇرۇش، يەرنى پاي قىلىپ قوشۇش، ھەمكارلىشىپ ئېچىش قاتارلىق شەكىللەر قوللىنىلىپ، يەر بايلىقىنى ئېچىش تېزلىتىلىدۇ.

4. سىرتتىن كېلىپ مەبلەغ سالغان كارخانىلار شىنجاڭدا ئېچىش ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانسا، ئومۇمەن ئاپتونوم رايون ئۇقتىلىق ئىلھام بېرىدىغان تۈرلەرگە مۇۋاپىق كېلىدىغان تۈر بولسىلا، مالىيە، باج، ئىناۋەتلىك قەرز جەھەتلەردىن ئېتىبار بېرىلىدۇ.

5. قېزىلما بايلىقلارنى خىيمىخەتەرنى زىممىسىگە ئېلىپ تەكشۈرۈش - ئېچىشقا ئىلھام بېرىلىدۇ. قېزىلما بايلىق تۈرلىرىنى تەكشۈرۈش - ئېچىشقا دائىر چەكلىمىلەر كەڭ قويۇۋېتىلىدۇ، مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى كارخانىلارنىڭ قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ. مەبلەغ سالغۇچىلار خىيمىخەتەرنى زىممىسىگە ئېلىپ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغان كان ياتمىلىرىنى ئېچىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ، ئۇلارنىڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش چىقىمىنى سۈرۈلمە مۈلۈك دەپ قاراپ، بايلىقنى ئاچقاندىن كېيىن باجدىن ئىلگىرى يىلمۇ يىل چېچىپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىشىگە رۇخسەت قىلىنىدۇ.

6. خەلقئارا سودا مەركىزى قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. ھازىر بار سودا بازارلىرىنى ئاساس قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈزلەنگەن خەلقئارالىق تاۋار سودا بازىرى قۇرۇشقا ئىلھام بېرىلىدۇ. ئىمپورت - ئېكسپورت نورمىسى، تاشقى پېرېۋوت راسچوتى، تاموژنىغا مەلۇم قىلىش، تاموژنىدا تەكشۈرۈش ۋە خادىملارنىڭ چېگرىدىن چىقىشى - كىرىشىنى باشقۇرۇش جەھەتلەردە ئېتىبار بېرىلىدۇ ۋە قولايلىق يارىتىپ بېرىلىدۇ. چېگرا شەھەرلەرنى مەركەز قىلغان ئېكسپورت تاۋارلىرى ئىشلەش بازىلىرى قۇرۇلۇپ، ئىچكى جايلاردىكى كارخانىلار شىنجاڭدا ئېكسپورت تاۋارلىرى ئىشلەپچىقىرىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشقا جەلپ قىلىنىپ، چېگرا سودىسىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

7. ئىختىساسلىقلار پائال كىرگۈزۈلىدۇ ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىختىساسلىقلار پائال جانلاندۇرۇلىدۇ. ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى ۋە تەمىنات ئارقىلىق، مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىن مۇتەخەسسىسلەر، پەن - تېخنىكا باشلامچىلىرى شىنجاڭغا كېلىپ ئىلمىي تەتقىقات تۈرلىرىدە ھەمكارلىشىشقا جەلپ قىلىنىدۇ، شىنجاڭغا كەلگەن ئوتتۇرا، يۇقىرى دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرى ۋە باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ مائاش تەمىناتى ئۆستۈرۈلىدۇ، ئالاھىدە تۆھپە قوشقان پەن - تېخنىكا خادىملىرىغا كۆپ مۇكاپات بېرىلىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پەن - تېخنىكا خادىملىرىغا ياخشى تەرەققىيات مۇھىتى يارىتىپ بېرىلىدۇ، بىلىم، تېخنىكا، باشقۇرۇش ئامىللىرىنىڭ دارامەت تەقسىماتىغا قاتنىشىشىغا يول قويۇلىدۇ ۋە ئىلھام بېرىلىدۇ، پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ پەن - تېخنىكا ئۆزلەشتۈرۈش ۋە پەن - تېخنىكىنى كەسپلەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىشىغا پايدىلىق رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمى شەكىللەندۈرۈلىدۇ.

8. كاپىتالنىڭ ئايلىنىشى كۆچەيتىلىدۇ. «ئۈچكە پايدىلىق بولۇش» ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، مۈلۈك ھوقۇقىنى ئالماشتۇرۇش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ مەبلەغ چىقىرىپ شەھەر - بازارلاردىكى ھازىر بار جامائەت مۇئەسسەسەلىرىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقىنى سېتىۋېلىشىغا، مۇستەقىل مەبلەغ سېلىش، پاي قوشۇش قاتارلىق شەكىللەر بىلەن شەھەر - بازارلاردا يېڭىدىن جامائەت مۇئەسسەسەلىرىنى ياسىشى ۋە جامائەت مۇئەسسەسەلىرىنى باشقۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ. كارخانىلار كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش، سېتىۋېتىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، مۇقىم مۈلۈكنىڭ مىقدارىنى جانلاندۇرسا بولىدۇ.

9. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ نامراتلارنى يۆلەش بويىچە ئېچىش تۈرلىرىگە پەۋقۇلئاددە ئېتىبار بېرىلىدۇ. ئومۇمەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاستقا مەبلەغ سالغان ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى كارخانىلار بىردەك چەت ئەل مەبلىغى بىلەن قۇرۇلغان كارخانىلارغا ئائىت سىياسەتلەر بويىچە ئېتىبار بېرىشتىن بەھرىمەن بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە دۆلەتنىڭ چەت - ياقا نامرات جايلارغا قاراتقان ئالاھىدە يۆلەش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، نامراتلارنى يۆلەشكە تۆرتكە بولۇش دائىرىسى چوڭ بولغان كارخانىلار ۋە تۈرلەردە نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلى بېرىشنى ئىلتىماس قىلىشقا بولىدۇ، بانكىلار قەرز پۇل بېرىشتە ئۇلارغا مايىل بولىدۇ، ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن مەلۇم نىسبەتتە ئۆسۈم قوشۇپ بېرىلىدۇ.

10. خەلق باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلارغا ياخشى تەرەققىيات مۇھىتى يارىتىپ بېرىلىدۇ. ئاپتونوم رايون ئىچى - سىرتىدىكى يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ بازارغا كىرىشكە رۇخسەت قىلىش، تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت تىجارەت ھوقۇقىنى ئىلتىماس قىلىش، سودا پۇل مۇئامىلىسى ئاپپاراتلىرىدىن قەرز پۇل ئېلىش، قانۇنغا مۇۋاپىق تىجارەت قىلىش جەھەتلەردە دۆلەت - كوللېكتىپ كارخانىلىرى بىلەن باب - باراۋەر مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

11. ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ ئىش بېجىرىش ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلىدۇ. تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ۋە باشقۇرۇش تەرتىپلىرى ئاددىيلاشتۇرۇلىدۇ ھەم ئاشكارىلىنىدۇ، ئىش بېجىرىش ۋاقتى چېكى بەلگىلىنىدۇ، بىرلىشىپ ئىش بېجىرىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، «يۈرۈشلەشكەن» مۇلازىمەت قىلىنىدۇ. «ئاپتونوم رايوننىڭ كارخانىلاردىن باج سىرتىدا ھەق ئېلىش تۈرلىرى ۋە ئۆلچىمى مۇندەرىجىسى» قاتتىق ئىجرا قىلىنىپ، «قالايمىقان ھەق ئېلىش، جەرىمانە قويۇش، سېلىق چېچىش، مەبلەغ جۇغلاش، تەكشۈرۈش» مەنئى قىلىنىدۇ.

(ئاز - تولا قىسقارتىپ بېرىلدى)

# چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سالىدىغان ئەۋزەل كەسىپلەر مۇندەرىجىسى

2000 - يىلى دۆلەت ئىقتىساد - سودا كومىتېتى، پىلان كومىتېتى، تاشقى ئىقتىساد - سودا مىنىستىرلىكى «ئوتتۇرا - غەربىي قىسىم رايونلاردىكى چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سالىدىغان ئەۋزەل كەسىپلەر مۇندەرىجىسى» نى ئېلان قىلدى، شىنجاڭدىن 10 تۈرلۈك كەسىپ بۇ مۇندەرىجىگە كىرگۈزۈلدى.

1. ئاشلىق، كۆكتات، مېۋە - چېۋە، ئۆي قۇشلىرى - چارۋا مەھسۇلاتلىرى ۋە سۇ مەھسۇلاتلىرىنى ساقلاش، ئۇزاق يېتى ساقلاش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش.

2. ئورمان بەرپا قىلىش ۋە ئېسىل دەل - دەرەخ سورتلىرىنى كىرگۈزۈش.

3. سۈپەتلىك شوخلا تېرىش ۋە ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش.

4. سۈپەتلىك ئۈزۈم ئۆستۈرۈش ۋە ھاراق ئىشلەش.

5. سۇ بايلىقىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ۋە سۇ بايلىقىنى مۇھاپىزەت قىلىش قۇرۇلۇشى.

6. تاشيول، مۇستەقىل كۆۋرۈك ۋە تونىل قۇرۇلۇشى، تىجارىتى.

7. پاختا توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش ۋە يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش.

8. شامال كۈچىدىن، قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىپ توك ھاسىل قىلىش قۇرۇلۇشى، تىجارىتى.

9. لىتىيلىق تۇز ئېچىش (چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ مۇستەقىل مەبلەغ سېلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ).

10. سەيلىگاھلار ۋە يۈرۈشلەشكەن مۇئەسسەسەلەرنى ئېچىش، قۇرۇش ۋە تىجارەت قىلىش.

# غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش — شىنجاڭدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىك تۈرلىرى

دۆلەتنىڭ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش

خىزمىتىنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى ۋە تەلىپىگە ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى بىر تۈركۈم دەسلەپكى مەزگىللىك نۇقتىلىق تۈرلەرنى بېكىتىپ چىقتى. ئاساسلىقى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، يېزا ئىقتىسادى تۈرلىرى

1. شىنجاڭ سۈپەتلىك پاختا بازىسى قۇرۇلۇشى.

بۇ تۈرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 867 مىڭ گېكتار ئۆپچۆرىسىدە، مەھسۇلاتى 1 مىليون 350 مىڭ توننا. قۇرۇلۇش ۋاقتى 5 يىل يەنى 2001 - يىلدىن 2005 - يىلغىچە.

بۇ تۈرنىڭ قۇرۇلۇشى سورتنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى، كېۋەز تېرىقچىلىق مەشغۇلاتىنى تولۇق ماشىنىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، سىجىل ھەم زىيانسىز ئۆسۈملۈك ئاسراش قۇرۇلۇشى، سۇ ۋە ئوغۇتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش قۇرۇلۇشى، شەكىلسىز بازار تور قۇرۇلۇشى ۋە تېخنىكا مۇلازىملىقى سىستېمىسى، ئۆلچەم ۋە سۈپەت تىزگىنلەش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش تۈرىگە 2 مىليارد 180 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرگە مەسئۇل ئورۇن: شىنجاڭ پاختا بازىسى قۇرۇلۇشى ئىشخانىسى.

2. شىنجاڭ تاغلىق رايونلاردىكى تەبىئىي ئورمانلارنى ئاسراش قۇرۇلۇشى.

شىنجاڭنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىكى تەبىئىي ئورمان كۆلىمى 1 مىليون 830 مىڭ گېكتار، ئورمانلىق كۆلىمى 1 مىليون 360 مىڭ گېكتار، ئومۇمىي ياغاچ مىقدارى 191 مىليون كۇب مېتىر. بۇ قۇرۇلۇش ئالتاي تېغى، تەڭرىتاغ، كوئېنلۇندىن ئىبارەت 3 چوڭ تاغ سىستېمىسىدىكى دۆلەت ئورمانچىلىق رايونىغا جايلاشقان 45 تاغلىق رايون ئورمانچىلىق مەيدانىدا يولغا قويۇلىدۇ. ئورمان ئارىسىدىكى بوش يەرلەر، ئورمىنى شالاڭ يەرلەر، ئورمانلىق چەتلىرىدىكى 150 مېتىر دائىرە ۋە ئورمىنى كۆيۈپ كەتكەن يەرلەر، كېسىۋېتىلگەن يەرلەر، ئورمان بەرپا قىلىش، ئوت - چۆپ ئۆستۈرۈشكە بوشىتىپ بېرىلگەن يەرلەردە ئېلىپ بېرىلىدۇ. پىلان بويىچە يىلىغا 58 مىڭ 840 گېكتار يەردە پاراۋانلىق ئورمىنى بەرپا قىلىنىدۇ، قۇرۇلۇش ۋاقتى 1998 - يىلدىن 2010 - يىلغىچە بولىدۇ، ئومۇمىي كۆلىمى 764 مىڭ 920 گېكتار. بۇنىڭ ئىچىدە يىلىغا بەرپا قىلىنىدىغان سۈنئىي ئورمان 3500 گېكتار، مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان ئورمان 4340 گېكتار، ئادەم كۈچى بىلەن يېڭىلىنىدىغان تەبىئىي ئورمان 7000 گېكتار، تاغنى قامال قىلىپ يېتىشتۈرۈلىدىغان ئورمان 44 مىڭ گېكتار. ئۆلچەم بويىچە يۇقىرىدىكى تۈرلەرنىڭ ھەربىر گېكتارىغا 10 مىڭ 200 يۈەن، 1500 يۈەن، 4500 يۈەن ۋە 1500 يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىنىدۇ. پۈتكۈل تۈرگە 6 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. تۈرگە مەسئۇل ئورۇن: شىنجاڭ ئورمانچىلىق ئىدارىسى.

3. شىنجاڭدىكى 2 چوڭ قۇملۇقنىڭ چەتلىرىدە قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش، قۇم تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى

بۇ تۈر تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئەتراپلىرىدا قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش - قۇم تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى، قۇربانتۇڭغۇت قۇملۇقىدا يېپىنچىلارنى مۇھاپىزەت قىلىش - قۇم تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى ۋە ئۇرۇق كىرگۈزۈش - ياخشىلاش قۇرۇلۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ تۈرنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 3 مىليون 935 مىڭ 300 گېكتار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئەتراپىدا قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش - قۇم تىزگىنلەش قۇرۇلۇشىنىڭ كۆلىمى 1 مىليون 526 مىڭ 700 گېكتار، قۇربانتۇڭغۇت قۇملۇقىدا يېپىنچىلارنى مۇھاپىزەت قىلىش - قۇم تىزگىنلەش قۇرۇلۇشىنىڭ كۆلىمى 2 مىليون 408 مىڭ 600 گېكتار. بۇ تۈرگە 11 مىليارد 50 مىليون 910 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بوراندىن مۇداپىئەلىنىش - قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش ئورمىنى قۇرۇلۇشىغا 6 مىليارد 45 مىليون 600 مىڭ يۈەن، ئايروپىلان بىلەن ئۇرۇق چېچىپ ئورمان ئەھيا قىلىشقا 82 مىليون 500 مىڭ يۈەن، قۇملۇقنى قامال قىلىپ ئورمان، ئوت - چۆپ يېتىشتۈرۈشكە 3 مىليارد 226 مىليون 800 مىڭ يۈەن، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى مۇھاپىزەت قىلىشقا 438 مىليون 710 مىڭ يۈەن، ئۇرۇق - كۆچەت يېتىشتۈرۈش قۇرۇلۇشىغا 321 مىليون 230 مىڭ يۈەن، ئۇرۇق كىرگۈزۈش - سورتنى ياخشىلاشقا 5 مىليون 500 مىڭ يۈەن، باشقا چىقىملار ئۈچۈن 404 مىليون 590 مىڭ يۈەن، زاپاس چىقىم ئۈچۈن 525 مىليون 980 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈر 2000 - يىلدىن باشلاپ يولغا قويۇلۇپ، 2010 - يىلى تاماملىنىدۇ، پىلاندىكى يولغا قويۇلۇش ۋاقتى 11 يىل بولۇپ، 2000 - يىلدىن 2005 - يىلغىچە، 2006 - يىلدىن 2010 - يىلغىچە 2 باسقۇچقا بۆلۈپ ئىجرا قىلىنىدۇ. بۇ تۈرگە مەسئۇل ئورۇن: شىنجاڭ ئورمانچىلىق ئىدارىسى.

4. شىنجاڭ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە سۈتچىلىكنى كەسىپلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرى.

1 - قارارلىق تۈردە ئۈرۈمچى — شىخەنزە سۈتچىلىك تەرەققىيات بەلۋېغى تاللىنىپ، تۈر قۇرۇلۇشىدىكى يادرولۇق رايون قىلىنىدۇ. سۈت كالىسى 50 مىڭ تۇياققا، يەككە سېغىن كالا باققۇچى 2500 ئائىلە (ھەربىر ئائىلە 20 تۇياقتىن باقىدۇ) گە، كۈنلۈك سۈت مىقدارى 300 تونناغا يەتكۈزۈلىدۇ، يىلىغا 100 مىڭ توننا سۈت ئىشلەپچىقىرىدىغان خام ئەشيا بازىسى قۇرۇلىدۇ، كۈنىگە 250 توننا سۈتنى

يۇقىرى ھارارەتتە مىكروب يوقىتىپ بىرتەرەپ قىلالايدىغان ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قۇرۇپ چىقىلىدۇ، كۈنىگە 50 توننا قېتىق ياكى سۈت ئىچىملىكى ئىشلەپچىقىرىدىغان لىنىيە قۇرۇلىدۇ.

بۇ تۈرگە 456 مىليون 660 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈر تاماملانغاندىن كېيىن، يىلىغا 476 مىليون 690 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىنىدۇ. بۇ تۈرگە مەسئۇل ئورۇن: شىنجاڭ چارۋىچىلىق نازارىتى.

5. قاراماي 200 مىڭ تۇياق سۈپەتلىك گۆش كالىسى باقمىچىلىق بازىسى تۈرى.

قاراماي 33 مىڭ گېكتارلىق ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسال ئېچىش تۈرىدە بېكىتىلگەن تۈپ تەسەۋۋۇر مۇنداق: سۈپەتلىك گۆش كالىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش باشلامچى قىلىنىپ، يەم - بوغۇز كەسپى، ئورمانچىلىق، ئوتلاقچىلىق قاتارلىق تېرىقچىلىق - باقمىچىلىقنىڭ ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ كۆلىمى 200 مىڭ تۇياق گۆش كالىسى بېقىش بولۇپ، بۇ تۈردە ئاساسلىقى ئېغىل - قوتان ۋە باشقا ئۆي، ئۈسكۈنىلەر ياسىلىدۇ. بۇ تۈرگە 730 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرگە قاراماي يىرىك يېزا ئىگىلىكى ئۇنىۋېرسال تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى مەسئۇل بولىدۇ.

6. تارىم دەرياسى غول ئېقىنى سۇچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە ئېقىن مۇھىت قۇرۇلۇشىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى.

قۇرۇلۇش كۆلىمى ۋە ئاساسىي مەزمۇنى: سۇچىلىق قۇرۇلۇشى بويىچە 2248 كىلومېتىر توغان، 96 توما ياسىلىدۇ، 548 كىلومېتىر دەريا قىنى ئوڭشىلىدۇ، 5 سۇ ئامبىرى ۋە بىر پومپا پونكىتى مۇستەھكەملىنىدۇ.

ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشى: 300 مىڭ گېكتار چۆل ئورمىنىنى كەلكۈن سۈيىنى باشلاپ قامال قىلىپ يېتىشتۈرۈش قۇرۇلۇشى، 20 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىش - ئوت - چۆپ ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشى، 4 جايدا ئۇرۇق - كۆچەت بازىسى قۇرۇش.

ئوت - چۆپلۈك قۇرۇلۇشى: ئادەم كۆچمىگە تايىنىپ 7333 گېكتار چۆپلۈك، 333 گېكتار ئوت - چۆپ ئۇرۇقى بازىسى، 5333 گېكتار چوچۇكبۇيىلىق، 10 مىڭ گېكتار ئىقتىسادىي يىپىنچا ئۆسۈملۈك رايونى بەرپا قىلىنىدۇ، 23 مىڭ 333 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق ياخشىلىنىدۇ. بۇ تۈرگە 2 مىليارد 278 مىليون 559 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرگە شىنجاڭ تارىم دەرياسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى مەسئۇل بولىدۇ.

7. شىيايەندى سۇچىلىق تۇگۈنى قۇرۇلۇشى.

قۇرۇلۇش كۆلىمى: شىيايەندى سۇ ئامبىرىنىڭ ئومۇمىي سىغىمى 780 مىليون كۇب مېتىر، تەڭشىگۈچ ئامبارنىڭ سىغىمى 644 مىليون كۇب مېتىر. ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ گېنېراتور سىغىمى 140 مىڭ كىلوۋات. ئوتتۇرىچە سۇ پەللىسى 190 مېتىر، ھۆددە قۇۋۋىتى 41 مىڭ 600 كىلوۋات، يىللىق توك ھاسىل قىلىش مىقدارى 476 مىليون كىلوۋات سائەت. بۇنىڭغا 1 مىليارد 820 مىليون يۈەن مەبلەغ كېتىدۇ. بۇ تۈرگە شىنجاڭ سۇچىلىق نازارىتى مەسئۇل بولىدۇ.

8. بۇلۇڭكۆل — قوڭۇر سۇچىلىق تۇگۈنى قۇرۇلۇشى.

ئامبار سىغىمى 63 مىليارد 900 مىليون كۇب مېتىر. ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ كۆلىمى 4 × 50 مىڭ كىلوۋات. يىللىق توك ھاسىل قىلىش مىقدارى 658 مىليون 200 مىڭ كىلوۋات سائەت. سېلىنىدىغان مەبلەغ 1 مىليارد 727 مىليون يۈەن. بۇ تۈرگە شىنجاڭ سۇچىلىق نازارىتى مەسئۇل بولىدۇ.

9. ماناس دەرياسى كېنسەۋات سۇچىلىق تۇگۈنى قۇرۇلۇشى.

ئامبار سىغىمى 376 مىليون كۇب مېتىر، ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ گېنېراتور سىغىمى 4 × 32 مىڭ كىلوۋات. يىللىق توك ھاسىل قىلىش مىقدارى 231 مىليون كىلوۋات سائەت. بۇ تۈرگە سېلىنىدىغان مەبلەغ 925 مىليون يۈەن. قۇرۇلۇش پىلان بويىچە 2002 - يىلى باشلىنىپ 2005 - يىلى پۈتتۈرۈلىدۇ، قۇرۇلۇش ۋاقتى 4 يىل بولىدۇ. بۇ تۈرگە شىنجاڭ سۇچىلىق نازارىتى مەسئۇل بولىدۇ.

10. شىنجاڭ قۇتۇبى دەرياسى شىمڭزا سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى.

ئامبار سىغىمى 50 مىليون 100 مىڭ كۇب مېتىر. سېلىنىدىغان مەبلەغ 476 مىليون 840 مىڭ يۈەن. بۇ تۈرگە سانجى ئوبلاستى قۇتۇبى دەرياسىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى مەسئۇل بولىدۇ.

11. شىنجاڭ تېجەشلىك سۇغىرىش قۇرۇلۇشى.

شىنجاڭ تېجەشلىك سۇغىرىش تۈرى رايونى 9 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، 34 ناھىيە، شەھەرنى يەنى بايىنغولىن، سانجى، بورتالا ئوبلاستلىرى، قەشقەر، ئاقسۇ، تارباغاتاي، تۇرپان، قۇمۇل ۋىلايەتلىرى ۋە ئۈرۈمچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تېجەشلىك سۇغىرىش قۇرۇلۇشى ئاساسەن 1274 كىلومېتىر سۇ سىڭمەيدىغان ئۆستەڭ ياساش، 2296 ماشىنىلاشقان قۇدۇقنى يېڭىلاش ۋە ئۆزگەرتىش (سۇ مەنبەلىرىدە قۇدۇق قېزىش ۋە سۇ تېجەش تېخنىكىسى يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، 110 مىڭ گېكتار يەردە تېجەشلىك سۇغىرىشنى ئومۇملاشتۇرۇش، تېجەشلىك سۇغىرىش تەدبىرلىرى ئارقىلىق تېجەپ قېلىنغان سۇدىن پايدىلىنىپ 33 مىڭ 800 گېكتار ئىقتىسادىي ئورمان بەرپا قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ھەر يىلى 867 مىليون كۇب مېتىر سۇ

كۆپەيتكىلى، تېجەپ قالغىلى بولىدۇ. بۇ تۈرگە 2 مىليارد 131 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرگە شىنجاڭ سۇچىلىق نازارىتى مەسئۇل بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئېنېرگىيە مەنبەسى تۈرلىرى

1. غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى (شىنجاڭ بۆلىكى).

غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش (شىنجاڭ بۆلىكى) تۇرۇبا يولى غول لىنىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1210 كىلومېتىر بولۇپ، غەربتە تارىم ئويمانلىقىدىكى جەنۇبىي بۇگۇر نېفتلىكىدىن باشلىنىدۇ، جەنۇبىي بۇگۇر بىرلەشمە پونكىتىدا ئوتتۇرا تارىم — 4، جەنۇبىي بۇگۇر ۋە غەربىي شىمال نېفت ئىدارىسىنىڭ تەبىئىي گازلىرى توپلىنىپ بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن تۆۋەنگە يوللىنىدۇ ۋە كورلا، پىچان، قۇمۇللار ئارقىلىق شىنجاڭدىن چىقىرىلىدۇ. دەسلەپكى قەدەمدە 1118 مىللىمېتىرلىق تۇرۇبا ئىشلىتىش، 12 مىليارد كۇب مېتىر گاز يەتكۈزۈش، تەبىئىي گاز بازىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، گاز يەتكۈزۈش مىقدارىنى 20 مىليارد كۇب مېتىرغا يەتكۈزۈش بەلگىلەندى.

بۇ تۈرگە سېلىنىدىغان مەبلەغ 11 مىليارد يۈەن. بۇ تۈرگە جۇڭگو نېفت - تەبىئىي گاز ھەسسىدارلىق شىركىتى مەسئۇل بولىدۇ.

2. مايتاغ ئېتىلېن قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشى.

قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: ئېتىلېن قۇرۇلمىسىنىڭ ئىقتىدارى 140 مىڭ توننىدىن 220 مىڭ تونىغا، پولىئېتىلېن قۇرۇلمىسىنىڭ ئىقتىدارى 120 مىڭ توننىدىن 200 مىڭ تونىغا، پولى پىروپېن قۇرۇلمىسىنىڭ ئىقتىدارى 70 مىڭ توننىدىن 100 مىڭ تونىغا، بۇتادېن تارتىش قۇرۇلمىسىنىڭ ئىقتىدارى 27 مىڭ توننىدىن 30 مىڭ تونىغا يەتكۈزۈلىدۇ. سېلىنىدىغان مەبلەغ 1 مىليارد 181 مىليون 890 مىڭ يۈەن. بۇ تۈرگە مايتاغ نېفت خىمىيە سانائىتى شىركىتى مەسئۇل بولىدۇ.

3. ئۈرۈمچى نېفت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى شۆبە شىركىتىنىڭ يىلىغا 240 مىڭ توننا ئاممونىي فوسفات ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى.

يىلىغا 240 مىڭ توننا ئاممونىي فوسفات ئىشلەپچىقىرىدىغان بىر يۈرۈش قۇرۇلما ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ قوشۇمچە مۇئەسسەسەلەر ياسىلىدۇ. بۇلارغا سېلىنىدىغان مەبلەغ 729 مىليون 480 مىڭ يۈەن. بۇ تۈرگە ئۈرۈمچى نېفت - خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ شۆبە شىركىتى مەسئۇل بولىدۇ.

4. كۇچا ئوقۇر بۇلاق كۆمۈر كېنى.

ئوقۇر بۇلاق كۆمۈركېنى كان رايونىنى ئېچىشنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى بولۇپ، ھازىرقى گېئولوگىيىلىك زاپىسى 938 مىليون 257 مىڭ توننا، قازغىلى بولىدىغان زاپىسى 676 مىليون 527 مىڭ 700 توننا، دەسلەپكى مەزگىلدىكى يىللىق قېزىش مىقدارى 1 مىليون 500 مىڭ توننا، مۇلازىمەت مەزگىلى 120 يىل. كان قۇدۇقى قېزىشتا بىر جۈپ يانتۇ قۇدۇق قېزىش شەكلى قوللىنىلىدۇ ھەم قۇدۇق ئاستىدا ئىلغار تاسمىلىق توشۇش تېخنىكىسى ۋە ئۇنىۋېرسال ماشىنا بىلەن قېزىش تېخنىكىسى قوللىنىلىدۇ، يەر ئۈستىدە كۆمۈر تاللاش زاۋۇتى، سۇ - توك بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشى قاتارلىق قۇرۇلۇشلار يۈرۈشلەشتۈرۈپ ياسىلىدۇ. سېلىنىدىغان مەبلەغ 485 مىليون 312 مىڭ يۈەن. بۇ قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن، كۇچا ئېلېكتر ئىستانسىسى بىلەن بىرگە جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە تايانچ ئېنېرگىيە مەنبەسى بازىسى بولۇپ قالىدۇ. بۇ تۈرگە شىنجاڭ كۆمۈرچىلىك سانائىتى ئىدارىسى مەسئۇل بولىدۇ.

5. شىنجاڭ ئېلېكتر تورى جازىسى قۇرۇلۇشى.

بۇ قۇرۇلۇش تۈرىدە يېڭىدىن 4505 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 220 كىلوۋولتلىق لىنىيە ياسىلىدۇ، ئۇنىڭ ئومۇمىي توك بېسىمىنى ئۆزگەرتىش مىقدارى 3 مىليون 771 مىڭ كىلوۋولت - ئامپېر بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە 2001 - يىلدىن 2003 - يىلغىچە بولغان ۋاقىتتا تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلىدىغان 1 - باسقۇچ بولۇپ، بۇنىڭدا يېڭىدىن 2880 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 220 كىلوۋولتلىق لىنىيە ياسىلىدۇ، توك بېسىمىنى ئۆزگەرتىش مىقدارى 994 مىڭ كىلوۋولت - ئامپېر بولىدۇ. 4 مىليارد 186 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - قاراردا 2 مىليارد 592 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرگە شىنجاڭ ئېلېكتر شىركىتى مەسئۇل بولىدۇ.

6. شىنجاڭ يورۇتۇش قۇرۇلۇشى

بۇ قۇرۇلۇش تۈرىدە ئابونېنتلار ئۈچۈن 78 مىڭ يۈرۈش قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىپ توك ھاسىل قىلىش قۇرۇلمىسى ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، توك ھاسىل قىلىش ئىقتىدارى 2150 كىلوۋات بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە 50 ۋاتلىق سىستېما 8000 يۈرۈش (400 كىلوۋات)، 25 ۋاتلىق سىستېما 70 مىڭ يۈرۈش (1750 كىلوۋات). سېلىنىدىغان مەبلەغ 25 مىليون دوللار (خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 207 مىليون 500 مىڭ يۈەن). بۇ تۈرگە شىنجاڭ مەبلەغ سېلىش شىركىتى مەسئۇل بولىدۇ.

7. توقسۇن ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى.

مەزكۇر ئىستانسىنىڭ پىلاندىكى گېنېراتور قۇۋۋىتى 1 مىليون 200 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، كېڭەيتىپ ياساشقا

ئىمكانىيەت قالدۇرۇلدى. 1 ـ قاراردا 125 مىڭ كىلوۋاتلىق گېنېراتوردىن 2 سى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. سېلىنىدىغان مەبلەغ 1 مىليارد 300 مىليون يۈەن. بۇ تۈرگە شىنجاڭ ئېلېكتر شىركىتى مەسئۇل بولىدۇ.

8. تارباغاتاي تېيجاڭگو ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىنى كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشى.

قۇرۇلۇش كۆلىمى 125000×2+5×1 كىلوۋات، 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشتا 50 مىڭ كىلوۋاتلىق گېنېراتوردىن بىرى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. 1 مىليارد 480 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرگە شىنجاڭ ئېلېكتر شىركىتى مەسئۇل بولىدۇ.

9. قەشقەر ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى.

قۇرۇلۇش كۆلىمى 125000×2+5×2 كىلوۋات. 1 ـ قاراردا 50 مىڭ كىلوۋاتلىق گېنېراتوردىن 2 سى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. پىلان بويىچە قۇرۇلۇش 2000 ـ يىلى باشلىنىپ 2002 ـ يىلى تولۇق پۈتتۈرۈلىدۇ. 1 مىليارد 750 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرگە شىنجاڭ ئېلېكتر شىركىتى مەسئۇل بولىدۇ.

10. ئاقسۇ ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى.

قۇرۇلۇش كۆلىمى 125000×2 كىلوۋات، 1 مىليارد 300 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرگە شىنجاڭ ئېلېكتر شىركىتى مەسئۇل بولىدۇ.

11. كۇچا ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى

كۇچا ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ گېنېراتور قۇۋۋىتى 1 مىليون 200 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، 1 ـ قاراردا 125 مىڭ كىلوۋاتلىق گېنېراتوردىن 4 ى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، يۈرۈشلەشتۈرۈپ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى سۈپىتىدە يېڭىدىن كۇچا 240 مىڭ كىلوۋولت ـ ئامپېرلىق 220 كىلوۋولتلۇق ترانسفورماتور پونكىتى، ئاقسۇ 90 مىڭ كىلوۋولت ـ ئامپېرلىق 220 كىلوۋولتلۇق ترانسفورماتور پونكىتى، كورلا 120 مىڭ كىلوۋولت ـ ئامپېرلىق 220 كىلوۋولتلۇق ترانسفورماتور پونكىتى ياسىلىدۇ، كۇچا — كورلا ئارىسىدا 290 كىلومېتىر 220 كىلوۋولتلۇق توك يەتكۈزۈش لىنىيىسى، كۇچا — ئاقسۇ ئارىسىدا 240 كىلومېتىر 220 كىلوۋولتلۇق توك يەتكۈزۈش لىنىيىسى ياسىلىدۇ. 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشتا ئىستانسا قىسمى ئۈچۈن 2 مىليارد 470 مىليون يۈەن، توك يەتكۈزۈش قىسمى ئۈچۈن 530 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرگە شىنجاڭ ئېلېكتر شىركىتى مەسئۇل بولىدۇ.

ئۈچىنچى، سانائەت تۈرلىرى

1. شىنجاڭ «تۇنخې» قەغەزچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ يىلىغا 30 مىڭ توننا ئالىي دەرىجىلىك ئاق پاختا بوتقىسى تاختىسى ئىشلەپچىقىرىش تۈرى.

بۇ تۈردە يىلىغا 30 مىڭ توننا ئالىي دەرىجىلىك ئاق پاختا بوتقىسى تاختىسى ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، 302 مىليون 120 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، سېلىنغان دەسمايىنى قايتۇرۇۋېلىش ۋاقتى 5 يىل. بۇ تۈرگە شىنجاڭ «تۇنخې» گورۇھى مەسئۇل بولىدۇ.

2. شىنجاڭ باغراش قەغەز زاۋۇتىنى كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشى.

بۇ تۈردە يىلىغا 50 مىڭ توننا ئاق قومۇش بوتقىسى تاختىسى ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. 12 مىڭ گېكتار قومۇش ئۆستۈرۈلىدۇ، يىلىغا 120 مىڭ توننا قومۇش ئېلىنىدۇ. 347 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرگە شىنجاڭ باغراش قەغەزچىلىك چەكلىك شىركىتى مەسئۇل بولىدۇ.

3. شىنجاڭ «زۇڭخېڭ» ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ بىئوفېرمېنت قۇرۇلۇشى بويىچە قوش ئاچىماق ئېلېمېنت تۈرى.

بۇ تۈرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: قوش ئاچىماق ئېلېمېنتىنىڭ ئۈنۈملۈك تەركىبى %51تىن %85 ~ %90كە يەتكۈزۈلىدۇ، گلىيۇكوزىدفېرمېنتىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلىدۇ. بۇ تۈر تاماملانغاندىن كېيىن يىلىغا 30 مىڭ توننا قوش ئاچىماق ئېلېمېنت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى شەكىللىنىدۇ. سېلىنىدىغان مەبلەغ 181 مىليون 990 مىڭ يۈەن. بۇ تۈرگە شىنجاڭ «زۇڭخېڭ» ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى مەسئۇل بولىدۇ.

4. شىخەنزە شەھىرىنىڭ يىلىغا 10 مىڭ توننا ئىسسىقلىق تەسىرىدە چاپلىشىدىغان، توزانسىز، دەرىجىدىن تاشقىرى قەغەز ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى.

مەملىكەت سىرتىدىن ئىسسىقلىق تەسىرىدە چاپلىشىدىغان، توزانسىز قەغەز ئىشلەپچىقىرىدىغان ئىلغار لىنىيە كىرگۈزۈلۈپ، يىلىغا 10 مىڭ توننا توزانسىز دەرىجىدىن تاشقىرى قەغەز ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. مەملىكەت سىرتىدىن ئىسسىقلىق تەسىرىدە چاپلىشىدىغان، توزانسىز، دەرىجىدىن تاشقىرى يۇمشاق قەغەز ئىشلەپچىقىرىدىغان 2100 مىللىمېتىرلىق لىنىيىدىن بىرى كىرگۈزۈلىدۇ، 10 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق زاۋۇت ئۆيى سېلىنىدۇ. بۇنىڭغا 162 مىليون 320 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرگە شىخەنزە شەھەرلىك پىلان كومىتېتى مەسئۇل بولىدۇ.

5. شىخەنزە يىلىغا 250 مىڭ توننا دادۇرنى ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش قۇرۇلۇشى.

بۇ تۈردە يىلىغا 250 مىڭ توننا دادۇرنى ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق 45 مىڭ توننا سالات يېغى، ئالىي دەرىجىلىك قورۇما يېغى، 50 مىڭ توننا دادۇر ئاقسىلى

تېپەدىكى مەھسۇلات، 440 توننا ھىتو خىمىيىلىك مەھسۇلات، 800 توننا فوسفورلۇق ياغ، 150 مىڭ توننا يەم - بوغۇز قىلىنىدىغان دادۇر تىرىپى ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. بۇنىڭغا 584 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرگە شىخەنزە شەھەرلىك پىلان كومىتېتى مەسئۇل بولىدۇ.

6. شىنجاڭ «تيەنيې» (گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتىنىڭ سۇ تېجەيدىغان 20 مىڭ توننا ماتېرىيال - سايمان ئىشلەش - يۇقىرى تېخنىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى

بۇ تۈردە يىلىغا 20 مىڭ توننا سۇغىرىش تۇرۇبىسى ۋە تۇرۇبا زاپچاسلىرى ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تېمىتىپ سۇغىرىش تاسمىسى 5000 توننا، تۇرۇبا 3000 توننا، غول - تارماق تۇرۇبا 12 مىڭ توننا. يىلىغا تېمىتىپ سۇغىرىپ سۇ تېجەش بويىچە 40 مىڭ گېكتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى شەكىللەندۈرۈلىدۇ. بۇنىڭغا 174 مىليون 830 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرگە شىخەنزە شەھەرلىك پىلان كومىتېتى مەسئۇل بولىدۇ.

7. مىچۈەن شەھىرىنىڭ ئابدىسىلىك ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش قۇرۇلۇشى.

13 مىڭ گېكتار خام ئەشيا بازىسى قۇرۇلىدۇ، يىلىغا 50 مىڭ توننا ئابدىسىلىك يېغى ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. بۇنىڭغا 550 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشقا 190 مىليون يۈەن، 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشقا 180 مىليون يۈەن، 3 - قارارلىق قۇرۇلۇشقا 180 مىليون يۈەن سېلىنىدۇ، بۇ تۈرگە مىچۈەن شەھەرلىك پىلان كومىتېتى مەسئۇل بولىدۇ.

8. شىنجاڭ «تۈنخې» ھەممىدارلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 600 مىڭ توننا شوخلا قىيامى ۋە شوخلا قىيامى مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش تۈرى.

شوخلا قىيامى ئىشلەش ئىقتىدارى 2001 - يىلى 200 مىڭ تونندىن، 2003 - يىلى 400 مىڭ تونندىن، 2004 - يىلى 600 مىڭ تونندىن يەتكۈزۈلىدۇ. ھازىر بار كارخانا ئاساسىدا تېخنىكا ئۆزگەرتىش، ھازىرقى شوخلا مەھسۇلاتى ئىشلەش كارخانىلىرىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش ۋە قوشۇۋېلىش، سېتىۋېلىش ئارقىلىق، شوخلا مەھسۇلاتلىرى ئىشلەش كارخانىسى 22 — 25كە يەتكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭغا 3 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ مەبلەغ ئاساسەن شوخلا قىيامى ئىشلەش لىنىيىسى كىرگۈزۈش، مەملىكەت ئىچىدىكى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى چىقىمى ۋە باشقا قۇرۇلۇش چىقىملىرىغا سەرپ قىلىنىدۇ. بۇ تۈرگە شىنجاڭ «تۈنخې» ھەممىدارلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى مەسئۇل بولىدۇ.

9. شىنجاڭ توقۇمىچىلىق گۇرۇھىنىڭ گۈل باسقان، بويىغاندىن كېيىنكى رەتلەش تۈرى.

بۇ تۈردە يىلىغا 5000 توننا يىپ بوياپدىغان ئۈزلۈكلۈك يىپ بوياش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، يىلىغا 20 مىليون مېتىر كەڭ ئەنلىك رەختنى گۈل باسقان، بويىغاندىن كېيىن رەتلەش لىنىيىسى قۇرۇلىدۇ. شۇنىڭغا مۇناسىپ 5000 كۋادرات مېتىرلىق زاۋۇت ئۆيى ياسىلىدۇ. بۇلارغا 195 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرگە شىنجاڭ توقۇمىچىلىق گۇرۇھى شىركىتى مەسئۇل بولىدۇ.

10. شىنجاڭ ئىلى زىغىر تالاسى توقۇمىچىلىق (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ زىغىر تالاسىنى ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش بويىچە كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشى.

بۇ تۈردە، 10 مىڭ 80 ئۇرچۇق، 160 دانە توقۇش ماشىنىسى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، يىلىغا 4762 توننا تالا، 5065 توننا 2 - دەرىجىلىك توم تالا، 20 مىڭ كۇب مېتىر تالا تاختىسى، 1600 توننا زىغىر تالاسى يىپى ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. يىلىغا 3 مىليون 99 مىڭ مېتىر ساپ زىغىر تالالىق يىرىك توقۇلما، 937 مىڭ 300 مېتىر رەڭلىك توقۇلما توقۇلىدۇ. يىلىغا زىغىر تالاسىدىن 31 مىڭ 200 قۇر كىيىم - كېچەك ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. بۇلارغا 250 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرگە ئىلى زىغىر تالاسى توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى مەسئۇل بولىدۇ.

11. شىنجاڭ «بوستانلىق» يېزا ئىگىلىك تېجەشلىك سۇغىرىش ئۈسكۈنىلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە تېجەشلىك سۇغىرىش سىستېمىسى جابدۇقلىرى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى.

بۇ تۈردە يىلىغا 67 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر ياكى مېۋىلىك باغ - ئورمانلىق يۈركۈپ سۇغىرىلىدىغان يۈرۈشلەشكەن ئۈسكۈنە ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشتا 33 مىڭ گېكتار يەر مۇشۇنداق ئۈسكۈنە بىلەن قوراللاندۇرۇلىدۇ. بۇنىڭغا 135 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرگە شىنجاڭ «بوستانلىق» يېزا ئىگىلىك تېجەشلىك سۇغىرىش ئۈسكۈنىلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى مەسئۇل بولىدۇ.

12. شىنجاڭ «كۇئېنلۇن» ھەممىدارلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ مېردىشان گۈللۈك بالون قۇرۇلۇشى تۈرى.

بۇ تۈردە پىلان بويىچە يىلىغا 1 مىليون يۈرۈش مېردىشان گۈللۈك بالون ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. دەسلەپكى مەزگىلدە يىلىغا 300 مىڭ يۈرۈش پولات مېردىشان گۈللۈك بالون ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. بۇنىڭغا 474 مىليون 840 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرگە شىنجاڭ «كۇئېنلۇن» ھەممىدارلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى مەسئۇل

بولىدۇ.

13. شىنجاڭ لوپنۇر كالىي تۇزى ئېچىش تۈرى.

بۇ تۈردە يىلىغا 500 توننا كالىي سۇلفات ۋە يىلىغا 500 مىڭ توننا باشقا تۇز مەھسۇلاتلىرى (جەمئىي يىلىغا 1 مىليون توننا تۇز مەھسۇلاتلىرى) ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا قۇرۇلىدۇ.

مەھسۇلات قۇرۇلمىسى دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان كالىي سۇلفات، كالىي خلورىد، سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان كالىي نىترات، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان كالىي نىترات، گلائۇبېر تۇزىدىن ئىبارەت. پۈتكۈل تۈر 3 قارارغا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭغا 1 مىليارد يۈەن ئۆپچۆرىسىدە مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە كان قۇرۇلۇشىغا سېلىنىدىغىنى 230 مىليون يۈەن، ئىنچىكە ئىشلەش سېخى قۇرۇلۇشىغا سېلىنىدىغىنى 430 مىليون يۈەن، قوشۇمچە مۇئەسسەسەلەر (يول، ئېلېكتر ئەسلىھەلىرى بۇنىڭ سىرتىدا) گە سېلىنىدىغىنى 340 مىليون يۈەن. بۇ تۈرگە شىنجاڭ لوپنۇر كالىي تۇزى پەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى مەسئۇل بولىدۇ.

14. شىنجاڭ يىلىغا 300 مىڭ توننا يېنىك ھىدروكاربوننى ئاروماتىكلاشتۇرۇش ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى.

تارىم نېفىتلىكى ۋە تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنىڭ يېنىك ھىدروكاربونىدىن ۋە چەككىلەش زاۋۇتىدىن چىققان LPG دىن پايدىلىنىپ، يىلىغا 300 مىڭ توننا C4، C3 نى تەرەپ قىلىپ، بىرىكمە ئاروماتىك ھىدروكاربون ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. ئاساسىي مەھسۇلاتلار: 59 مىڭ توننا بېنزول، 91 مىڭ توننا مېتىل بېنزول، 42 مىڭ توننا دىمېتىل بېنزول ۋە ئېتىل بېنزول، 23 مىڭ توننا ئېغىر ئاروماتىك ھىدروكاربون، 23 مىڭ توننا ھىدروگېن گازى. ئوخشاش قەدەمدە يۈرۈشلەشتۈرۈپ ياسىلىدىغان قۇرۇلۇشلاردىن ئاساسلىقى 80 مىڭ توننا ئامىن ئاتسېتون، 120 مىڭ توننا پولىستىرىن ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشى بار. بۇنىڭغا 1 مىليارد 500 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرگە شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى ساھەسىنى باشقۇرۇش ئىشخانىسى مەسئۇل بولىدۇ.

15. شىنجاڭ ئاشلى مىس كېنىنىڭ رۇدا تاللاش قۇرۇلۇشى.

بۇ تۈردە كۈنىگە 3000 توننا (يىلىغا 990 مىڭ توننا) رۇدا تاللىنىدۇ، يىلىغا 23 مىڭ توننا مىس تەركىبلىك ساپ رۇدا، 11 مىڭ توننا سىنك تەركىبلىك ساپ رۇدا، 870 مىڭ توننا گۈڭگۈرت تەركىبلىك ساپ رۇدا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، بۇنىڭغا 736 مىليون 340 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرنى دۆلەت پىلان كومىتېتى تەستىقلىدى. بۇ تۈرگە ئاشلى مىسچىلىك مەسئۇلىيەت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قانۇنىي ئىگە ۋەكىل بولىدۇ.

16. كۆكتوقاي ئاليۇمىن زاۋۇتىنى كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشى

بۇ تۈردە يىلىغا 30 مىڭ توننا قۇيما ئاليۇمىن ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ قۇۋۋىتى 48 مىڭ كىلوۋات ئاشۇرۇلىدۇ، يىللىق توك ھاسىل قىلىش مىقدارى 400 مىليون كىلوۋات - سائەت كۆپەيتىلىدۇ، بۇنىڭغا 670 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، بۇ تۈرگە شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى شىركىتى مەسئۇل بولىدۇ.

17. كۆكتوقاي كەم ئۇچرايدىغان مېتال بايلىقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش قۇرۇلۇشى.

قۇرۇلۇش كۆلىمى ۋە ئاساسىي مەزمۇنى: يىلىغا 300 توننا تانتال - نىئوبىي ساپ رۇدىسى (مەملىكەت بويىچە ئەلا چولا)، 100 توننا بېرىللىي ئوكسىدى، 1000 توننا بېرىللىي ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. بۇنىڭغا جەمئىي 240 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرگە شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى شىركىتى مەسئۇل بولىدۇ.

18. «تەڭرىتاغ» سېمونت ھەسسەدارلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ يىلىغا 300 مىڭ توننا يېڭى تىپتىكى قۇرۇق سېمونت ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قۇرۇلۇشى.

بۇ تۈردە يىلىغا 300 مىڭ توننا يېڭى تىپتىكى قۇرۇق سېمونت ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى كېڭەيتىپ ياسىلىدۇ، بۇنىڭغا 240 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرگە «تەڭرىتاغ» سېمونت ھەسسەدارلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى مەسئۇل بولىدۇ.

19. «تۇنخې» قازانچى سېمونت زاۋۇتىنىڭ يىلىغا 300 مىڭ توننا يېڭى تىپتىكى قۇرۇق سېمونت ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قۇرۇلۇشى.

بۇ تۈردە يىلىغا 300 مىڭ توننا يېڭى تىپتىكى قۇرۇق سېمونت ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ كان قۇرۇلۇشى ياسىلىدۇ. بۇنىڭغا 240 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرگە شىنجاڭ «تۇنخې» ھەسسەدارلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى مەسئۇل بولىدۇ.

20. قار لەيلىسى يىكاڭنىڭ بىئو قۇرۇلۇشى دورا ياساش تۈرى.

بۇ تۈردە ئاساسلىقى يىلىغا 200 مىليون دانە قار لەيلىسى يىكاڭنىڭ كاپسۇل دورىسى ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. ئاساسلىق قۇرۇلۇشى GmP ئۆلچىمىدىكى زاۋۇت ئۆيى، سانائەت خاراكتېرلىك تەجرىبىخانىدىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇنىڭغا جەمئىي 278 مىليون 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرگە

شىنجاڭ قار لەيلىسى يېكاڭنىڭ ھەسسىدارلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى مەسئۇل بولىدۇ.

تۆتىنچى، قاتناش - خەۋەرلىشىش تۈرلىرى

1. دۆلەت يولى «314» لىنىيىسىدىكى پارچە ساقال — توقسۇن تاشيولى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تاشيوللار.

پارچە ساقال — توقسۇن بۆلىكىدىكى 36 كىلومېتىر يول 1 - دەرىجىلىك تاشيول ئۆلچىمى بويىچە ياسىلىدۇ؛ شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك پارچە ساقال — تورپان بۆلىكىدىكى 54 كىلومېتىر يول 2 - دەرىجىلىك تاشيول ئۆلچىمى بويىچە ياسىلىدۇ. بۇنىڭغا 500 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرگە شىنجاڭ ئالىي تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى مەسئۇل بولىدۇ.

2. دۆلەت يولى «312» لىنىيىسىدىكى كۈيتۇڭ — سايرام كۆلى تاشيولى.

بۇ لىنىيە كۈيتۇڭدىن باشلىنىپ غەربتە شىخو شەھىرى، جىڭ ناھىيىسى ئارقىلىق سايرام كۆلىگىچە بولىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 311.5 كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە تېز سۈرئەتلىك يول 18.5 كىلومېتىر، 1 - دەرىجىلىك يول 235 كىلومېتىر، 2 - دەرىجىلىك يول 58 كىلومېتىر. 3 مىليارد 183 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرگە شىنجاڭ ئالىي تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى مەسئۇل بولىدۇ.

3. دۆلەت يولى «314» لىنىيىسىدىكى خوشۇت — كورلا تاشيولى.

بۇ يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 90.9 كىلومېتىر، ئۇ خوشۇت ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىن باشلىنىپ، 1998 - يىلى قاتناش باشلانغان كورلا چېگرا تاشيولىنىڭ 1 - دەرىجىلىك يولىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدا توختايدۇ. بۇنىڭغا 2 مىليارد 800 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. شىنجاڭ ئالىي تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى مەسئۇل بولىدۇ.

4. دۆلەت يولى «218» لىنىيىسىدىكى بالغۇنتاي — چاقىلىق تاشيولى.

ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 562 كىلومېتىر. 1 مىليارد 224 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرگە شىنجاڭ قاتناش نازارىتى تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى مەسئۇل بولىدۇ.

5. دۆلەت يولى «314» لىنىيىسىدىكى توقسۇن — خوشۇت تاشيولى

200 كىلومېتىر يول 2 - دەرىجىلىك تاشيول قىلىپ ئۆزگەرتىپ ياسىلىدۇ، 1 مىليارد 160 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرگە شىنجاڭ ئالىي تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى مەسئۇل بولىدۇ.

6. دۆلەت يولى «217» لىنىيىسىدىكى بۇرچىن — كۈيتۇڭ تاشيولى

بۇرچىن — كۈيتۇڭ يولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 441 كىلومېتىر. بۇ تۈردە 2 خىل ئۆلچەم بويىچە قۇرۇلۇش قىلىنىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە قارامايدىن جەرەنبۇلاققىچە بولغان 23 كىلومېتىر يول 1 - دەرىجىلىك يول ئۆلچىمى بويىچە، قالغان 418 كىلومېتىر يول 2 - دەرىجىلىك يول ئۆلچىمى بويىچە ياسىلىدۇ. 1 مىليارد 177 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرگە قاتناش نازارىتى تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى مەسئۇل بولىدۇ.

7. دۆلەت يولى «314» لىنىيىسىدىكى قەشقەر — خۇنجىراپ تاشيولى.

دۆلەت يولى «314» لىنىيىسىدىكى قەشقەر - خۇنجىراپ يولى مەزكۇر لىنىيىنىڭ ئەڭ غەربىي قىسمىدىكى بىر بۆلەك بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 415 كىلومېتىر. بۇ قېتىم بۇ يول 2 - دەرىجىلىك يول ئۆلچىمى بويىچە ئۆزگەرتىپ ياسىلىدۇ. 2 مىليارد 100 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرگە قاتناش نازارىتى تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى مەسئۇل بولىدۇ.

8. دۆلەت يولى «217» لىنىيىسىدىكى مايتاغ — كۇچا تاشيولى.

مايتاغ — كۇچا تاشيولى قۇرۇلۇشى 1974 - يىلى باشلانغان، 1983 - يىلى پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىغان، بۇ يول 3 - دەرىجىلىك تاشيول ئۆلچىمى بويىچە ياسالغان. بۇ قېتىم 531 كىلومېتىر يول 3 - دەرىجىلىك تېخنىكا ئۆلچىمى بويىچە ئۆزگەرتىپ ياسىلىدۇ. تاشيول نۇقسانلىرىنىڭ زىيىنىنى تۈگىتىش مەسىلىسى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىنىدۇ. 1 مىليارد 60 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرگە قاتناش نازارىتى تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى مەسئۇل بولىدۇ.

9. دۆلەت يولى «315» لىنىيىسىدىكى خوتەن — قەشقەر يولى.

خوتەن - قەشقەر يولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 503 كىلومېتىر. بۇ يول 2 خىل ئۆلچەم بويىچە ياسىلىدۇ. ئالدىنقى قېتىم ئۆزگەرتىپ بولۇنغان 89 كىلومېتىر قىسمىدىن باشقا 414 كىلومېتىر قىسمى ئۆزگەرتىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە خوتەن بىلەن قارىقاش ئارىسىدىكى 25 كىلومېتىر بۆلىكى 1 - دەرىجىلىك تاشيول تېخنىكا ئۆلچىمى بويىچە، قالغان 389 كىلومېتىر قىسمى 2 - دەرىجىلىك تاشيول تېخنىكا ئۆلچىمى بويىچە ئۆزگەرتىپ ياسىلىدۇ. 970 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرگە قاتناش نازارىتى تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى مەسئۇل بولىدۇ.

10. جىڭ — غۇلجا تۆمۈريولى.

جىڭ - غۇلجا تۆمۈريولى لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ غەربىي بۆلىكىدىكى جىڭ ۋوگزالى بىلەن تۇتىشىدۇ،

تەڭرىتاغدىن ئۆتۈپ، غۇلجا شەھىرى، قورغاس ناھىيىسى چىڭسىخوزا بازىرى ئارقىلىق قورغاس پورتىغا بارىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 299.65 كىلومېتىر. 3 مىليارد 800 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرگە ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى مەسئۇل بولىدۇ.

11. جۇڭگو - قىرغىزىستان - ئۆزبېكىستان تۆمۈريولى (جۇڭگو تەۋەسىدىكى بۆلىكى).

جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنى غەربكە ئۇزارتىش قۇرۇلۇشىنىڭ جۇڭگو تەۋەسىدىكى بۆلىكى توغرىسىدا مۇنداق 2 لايىھە بار: جەنۇب لايىھىسى قەشقەردىن باشلىنىپ توپا، ئۇلۇغچاتتىن ئۆتۈپ ئەركەشتام ئارقىلىق چېگرىدىن چىقىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 213 كىلومېتىر. شىمال لايىھىسى قەشقەردىن باشلىنىپ توپادىن ئۆتۈپ، تورغات ئارقىلىق چېگرىدىن چىقىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 166 كىلومېتىر. جەنۇب لايىھىسىگە 5 مىليارد 260 مىليون يۈەن، شىمال لايىھىسىگە 5 مىليارد 150 مىليون يۈەن مەبلەغ كېتىدۇ. بۇ تۈرگە ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى مەسئۇل بولىدۇ.

12. خوتەن ئايرودرومىنىڭ ئۇچۇش رايونىنى كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشى.

خوتەن ئايرودرومىنىڭ ئۇچۇش رايونى 4E ئۆلچىمى بويىچە لايىھەلەندى. ئۇ ئۇزۇنلۇقى 3400 مېتىر، كەڭلىكى 45 مېتىر، قېلىنلىقى 0.38 مېتىر بولغان بېتون يول ۋە 4000 كۋادرات مېتىرلىق ئايرودروم بىناسىنى ھەم باشقا قوشۇمچە مۇئەسسەسەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭغا 360 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرگە ئاۋىئاتسىيە ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى مەسئۇل بولىدۇ.

13. كورلا ئايرودرومىنىڭ يېڭىدىن ياسىلىدىغان قۇرۇلۇشى.

بۇ تۈردە ئۇزۇنلۇقى 3400 مېتىر، كەڭلىكى 45 مېتىر كېلىدىغان ئۇچۇش يولى ۋە 7200 كۋادرات مېتىرلىق ئايرودروم بىناسى ھەم شۇنىڭغا مۇناسىپ باشقا قوشۇمچە ئەسلىھەلەر ياسىلىدۇ. 700 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرگە بايىنغولىن ئوبلاستلىق پىلان كومىتېتى مەسئۇل بولىدۇ.

14. شىنجاڭ تەۋەسىدىكى تارماق لىنىيە ئايرودروملىرى قۇرۇلۇشى.

بۇ ئالتاي تارماق لىنىيە ئايرودرومىنىڭ ئۇچۇش رايونىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، كۇچا تارماق لىنىيە ئايرودرومىنىڭ ئۇچۇش رايونىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، چەرچەن تارماق لىنىيە ئايرودرومىنىڭ ئۇچۇش رايونىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، قاراماي ئايرودرومى قۇرۇلۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالتاي ئايرودورومىغا 29 مىليون 632 مىڭ 900 يۈەن، كۇچا ئايرودورومىغا 29 مىليون 367 مىڭ 200 يۈەن، چەرچەن ئايرودورومىغا 11 مىليون 959 مىڭ 700 يۈەن، قاراماي ئايرودورومىغا 200 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرگە ئاۋىئاتسىيە ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى مەسئۇل بولىدۇ.

15. شەھەر ئوپتىك كابېللىرىنى تورغا ئۇلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى.

قۇرۇلۇش كۆلىمى: ئاپتونوم رايون بويىچە 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە شىخەنزە، شەھەرنىڭ غول ئوپتىك كابېل قۇرۇلۇشى ۋە يېڭىدىن كۆپەيگەن ئابونېنتلارنى تورغا كىرگۈزۈش ئۇسكۇنىلىرى ۋە لىنىيە تەقسىملەش كابېلى قۇرۇلۇشى. بۇنىڭغا 263 مىليون 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرگە شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتى مەسئۇل بولىدۇ.

بەشىنچى، بازار، شەھەر قۇرۇلۇشى، ساياھەتچىلىك تۈرلىرى

1. دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئامبىرى.

ئومۇمىي ئامبار سىغىمى 1 مىليارد كىلوگرام. ئاساسەن ئاشلىق ئامبىرى، مەخسۇس تۆمۈريول ۋە زۆرۈر قوشۇمچە ئەسلىھەلەر ياسىلىدۇ. 595 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرگە شىنجاڭ مەركەزگە بىۋاستە قاراشلىق ئاشلىق ئامبىرى قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى مەسئۇل بولىدۇ.

2. شىنجاڭ زاپاس پاختا ئۆتەڭ ئامبىرى

كۆلىمى 130 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئاساسەن پاختا ئامبىرى، ۋوگزال، لاپاس، مەخسۇس تۆمۈريول ۋە يورۇشلەشمە ئەسلىھەلەر ياسىلىدۇ. مارالبېشى، ئاقسۇ، كورلا، داخېيەن، كۈيتۇڭ قاتارلىق 5 زاپاس ساقلاش ئامبىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 211 مىليون 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرگە مەملىكەتلىك تەمىنات - سودا باش كوپېراتىپى مەسئۇل بولىدۇ.

3. ئۈرۈمچى جەنۇبىي رايونىنىڭ پارتورى قۇرۇلۇشى.

ئۈرۈمچى جەنۇبىي رايونى پارتورى قۇرۇلۇشى ئۈرۈمچى خوڭيەنچى 2 - ئېلېكتر ئىستانسىسى (4×200 مىڭ كىلوۋاتلىق پار گېنېراتورى گۇرۇپپىسى) نى يورۇشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى بولۇپ، بۇنىڭدا پار بىلەن تەمىنلەش كۆلىمى 10 مىليون كۋادرات مېتىر بولىدۇ، پار تورىدىكى غول - تارماق تۇرۇبا ئۇزۇنلۇقى 55 كىلومېتىر، شۇنىڭغا مۇناسىپ كىچىك رايون پار ئالماشتۇرۇش قۇرۇلۇشلىرى ياسىلىدۇ. 800 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، بۇ تۈرگە ئۈرۈمچى شەھەرلىك پار باش شىركىتى مەسئۇل بولىدۇ.

4. ئۈرۈمچى 2 - قارارلىق تەبىئىي گاز تۇرۇبىسى ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى.

قۇرۇلۇش كۆلىمى: 250 مىڭ ئائىلىنى تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەيدىغان تۇرۇبا ئورنىتىلىدۇ. گاز بىلەن تەمىنلەش دائىرىسى: 1 - قاراردا يېڭىشەھەر، تەڭرىتاغ، سايباغ، شىمگو رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 420 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرگە ئۈرۈمچى شەھەرلىك يېقىلغۇ گاز باش شىركىتى مەسئۇل بولىدۇ.

5. ئۈرۈمچى تاشقى ئايلانما يولى قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ يۈرۈشلەشمە قۇرۇلۇشلىرى.

تاشقى ئايلانما يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30.16 كىلومېتىر، ئۇ شەرقىي، شىمالىي، غەربىي، جەنۇبىي ئايلانما يوللاردىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ قۇرۇلۇشقا 2 مىليارد 260 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئۈرۈمچى شەھەرلىك قۇرۇلۇش كومىتېتى مەسئۇل بولىدۇ.

6. كورلا شەھىرى تاشقى ئايلانما يولى كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى.

كورلا شەھىرى تاشقى ئايلانما يولى شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بۇرجىكىدىكى پىلانلاشقا بولىدىغان يولنىڭ كېسىشىش ئېغىزىدىن باشلىنىپ، شەھەرنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىدىن شەرققە بۇرۇلۇپ، 18 - تۈەن ئۆستەڭدىن ئۆتۈپ «تەڭرىتاغ» يولى بىلەن تۇتىشىدۇ. تاشقى ئايلانما يولىغا 4 كۆۋرۈك سېلىنىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ كۆۋرۈك 2، ئوتتۇرا كۆۋرۈك 2. يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 16.6 كىلومېتىر، قىزىل سىزىق دائىرىسىدىكى كەڭلىكى 54 مېتىر، قىزىل سىزىق سىرتىدا 6.5 مېتىرلىق كۆكەرتىش بەلۋېغى ۋە 10 مېتىرلىق كۆكەرتىش بەلۋېغى قويۇلىدۇ. يول قۇرۇلۇشىدا تۈز لىنىيە ئاساس قىلىنىدۇ، 3 جايلا سەل - پەل ئەگرى بولۇپ، پۈتكۈل لىنىيە تەكشى، يول يۈزى ئاسفالت - بېتون قۇرۇلمىلىق بولىدۇ. 198 مىليون 430 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرگە كورلا شەھەرلىك قۇرۇلۇش كومىتېتى مەسئۇل بولىدۇ.

7. قاناس سەيلىگاھى تۈرى.

بۇنىڭدا تاغ مەھەللە مۇلازىملىق ئەسلىھەسى، مەنزىرىلىك رايون يولى، سۇ بىلەن تەمىنلەش، سۇ چىقىرىۋېتىش، ئېلېكتر، خەۋەرلىشىش، مۇھىت ئاسراش - تازىلىق قۇرۇلۇشلىرى ياسىلىدۇ. بۇنىڭغا 89 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرگە بۇرچىن ناھىيىلىك ساياھەتچىلىك ئىدارىسى مەسئۇل بولىدۇ.

8. باغراش كۆلى مەنزىرىلىك رايونى قۇرۇلۇشى تۈرى.

ئاخۇن سەيلىگاھى، غەربىي كۆل ساياھەت - ئارامگاھ رايونى، ئۇقار كۆلى ساياھەت - ئارامگاھ رايونىدىن ئىبارەت 3 مەنزىرىلىك رايوندا 23 مەنزىرە نۇقتىسى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ ئۇل مۇئەسسەسىلەر قۇرۇلۇشى ياسىلىدۇ. 152 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تۈرگە بايىنغولىن ئوبلاستلىق ساياھەتچىلىك ئىدارىسى مەسئۇل بولىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سودىگەر چاقىرىپ، مەبلەغ كىرگۈزۈشكە دائىر بىر قانچە سىياسەت - بەلگىلىمىسى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى
(2000 - يىل 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى)

## I باب

## ئومۇمىي قائىدە

**1 - ماددا** مەملىكەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي - تېخنىكا ھەمكارلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش، قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلاردىكى كارخانىلار، ئالىي مەكتەپلەر، ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە شەخسلەر (تۆۋەندە قىسقارتىپ ئاپتونوم رايونىمىز سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار، ئاپتونوم رايونىمىز سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار قۇرغان كارخانىلار دېيىلىدۇ) نى شىنجاڭنى ئېچىش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» غا ۋە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار قانۇن، نىزاملىرى ۋە سىياسەتلىرىگە ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، مۇشۇ سىياسەت - بەلگىلىمىلەر تۈزۈپ چىقىلدى.

**2 - ماددا** دۆلەتنىڭ ۋە شىنجاڭنىڭ كەسىپ سىياسىتىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئاپتونوم رايونىمىز سىرتىدىكىلەرنىڭ مۇستەقىل مەبلەغ سېلىشى بىلەن قۇرۇلغان كارخانىلار ۋە ئاپتونوم رايونىمىز سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار چىقارغان مەبلەغ نىسبىتى %25تىن كۆپ بولغان، تىجارەت ۋاقتى 10 يىلدىن ئاشقان بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلار، پاي قوشقان، پاي تىزگىنلەيدىغان، سېتىۋېلىنغان، قوشۇۋېلىنغان كارخانىلار ياكى ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ كۆتىرە ۋە ئىجارىگە

ئالغىنىغا 5 يىلدىن ئاشقان كارخانىلار مۇشۇ بەلگىلىمىدىكى ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

**3 ـ ماددا** شىنجاڭ تەۋەسىدىكى بايلىق مەنبەلىرى، كەسىپلەر، بازارلاردىن دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاھىدە بەلگىلىمىسى بار بولغانلىرىدىن باشقىلىرى بىردەك پۈتۈن مەملىكەتكە ئېچىۋېتىلىدۇ. قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلاردىكى دۆلەت، كوللېكتىپ كارخانىلىرى، خۇسۇسىي كارخانىلار، «ئۈچ خىل مەبلەغ» كارخانىلىرى قاتارلىق ھەرخىل كارخانىلار، يەككە تىجارەتچىلەر ھەم ئالىي مەكتەپلەر، ئىلمىي تەتقىقات ئاپپاراتلىرى شەكىللىك، شەكىلسىز مۇلكى بىلەن شىنجاڭنى كەلگۈسىدە ئېچىشقا قاتنىشىپ، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ شەكىللىك، كۆپ ئامىللىق ئىقتىسادىي ـ تېخنىكا ھەمكارلىقىنى يولغا قويسا بولىدۇ.

# I باب

## ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى

**4 ـ ماددا** ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار شىنجاڭدا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى قۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەتكە كىرىشكەن كۈندىن باشلاپ 5 يىل ئىچىدە كارخانا تاپاۋەت بېجى، ئاپتوموبىل ـ پاراخوت ئىشلىتىش بېجى ۋە ئۆي ـ مۈلۈك بېجى ئېلىنمايدۇ، 5 يىل مۇددەت توشقاندىن كېيىنكى مۇئەييەن مەزگىل ئىچىدە كارخانا تاپاۋەت بېجى كېمەيتىلىپ %15لىك باج نىسبىتى بويىچە ئېلىنىدۇ؛ قۇرۇلۇش قىلغان مەزگىلدە يەر ئىشلىتىش بېجى ئېلىنمايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمەن خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇ ۋە دۆلەت، ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن نامرات ناھىيىلەر (جۈملىدىن بىڭتۇەننىڭ نامرات تۇەن ـ مەيدانلىرى) دە مەبلەغ سېلىپ قۇرۇلغان كارخانىلاردىن 8 يىلغىچە كارخانا تاپاۋەت بېجى ئېلىنمايدۇ، مۇشۇ قەرەل توشقاندىن كېيىنكى مەلۇم مەزگىل ئىچىدە كارخانا تاپاۋەت بېجى كېمەيتىلىپ %15 لىك باج نىسبىتى بويىچە باج ئېلىنىدۇ.

غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى كارخانىلاردىن تىجارەتكە كىرىشكەن كۈندىن باشلاپ 3 يىل ئىچىدە كارخانا تاپاۋەت بېجى ئېلىنمايدۇ، مۇشۇ قەرەل توشقاندىن كېيىنكى 3 يىل ئىچىدە كارخانا تاپاۋەت بېجى يېرىم ئېلىنىدۇ.

ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار قۇرغان كارخانىلار ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن شىنجاڭدا ئۇزۇل مۇئەسسەسىلەر، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى ۋە يوقىرى، يېڭى تېخنىكا تۈرلىرىنى يولغا قويغان بولسا، ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەتكە كىرىشكەن كۈندىن باشلاپ 8 يىل ئىچىدە كارخانا تاپاۋەت بېجى، ئاپتوموبىل ـ پاراخوت ئىشلىتىش بېجى، ئۆي ـ مۈلۈك بېجى ۋە يەر ئىشلىتىش بېجى ئېلىنمايدۇ، مۇشۇ قەرەل توشقاندىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە كارخانا تاپاۋەت بېجى %15لىك نىسبەت بويىچە ئېلىنىدۇ. قۇرۇلۇش قىلغان مەزگىلدە يەر ئىشلىتىش بېجى ئېلىنمايدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىز سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار شىنجاڭدا مەبلەغ سېلىپ يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش تىجارەت كارخانىسى، باشلامچى كارخانا قۇرۇپ، دۆلەت بەلگىلىگەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلىسە، ساتسا، قوشۇلما قىممەت بېجى %13لىك نىسبەت بويىچە ھېسابلاپ ئېلىنىدۇ، ئېشىپ كەتكەن قىسمىغا مالىيىدىن قوشۇمچە ياردەم بېرىلىدۇ. ئۆزى ئىشلەپچىقارغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشتا، ئۆزى ئىشلەپچىقارغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن دەسلەپكى قەدەمدە پىششىقلاپ ئىشلىگەن مەھسۇلاتلىرىنى شىنجاڭ تەۋەسىدە ساتسا، قوشۇلما قىممەت بېجى ئېلىنمايدۇ.

**5 ـ ماددا** ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار شىنجاڭدا مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلار (شىركەتلەر) قانۇندا رويخەتكە ئالدۇرۇش بەلگىلەنگەن كاپىتالىنى 3 يىل ئىچىدە مۇددەتكە بۆلۈپ ئەمەلىيلەشتۈرسە بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش، توپ سېتىشنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلىدىغان كارخانىلار (شىركەتلەر) تۇنجى قېتىمدا 50 مىڭ يۈەندىن كۆپ، پارچە سېتىش سودىسى ۋە ۋاستىلىك مۇلازىمەتنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلىدىغان كارخانىلار (شىركەتلەر) تۇنجى قېتىمدا 30 مىڭ يۈەندىن كۆپ، پەن ـ تېخنىكا ئۆزلەشتۈرۈش كارخانىلىرى (شىركەتلىرى) تۇنجى قېتىمدا 10 مىڭ يۈەندىن كۆپ مەبلەغ چىقارسا، تەرتىپ بويىچە رويخەتكە ئېلىش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىشكە بولىدۇ.

**6 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونىمىز سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ شىنجاڭدا يېڭى تېخنىكا، يېڭى مەھسۇلات، يېڭى ھۈنەر ـ سەنئەتلەرنى ئومۇملاشتۇرۇشىغا ئىلھام بېرىلىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىز سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار قۇرغان كارخانىلارنىڭ شىنجاڭدا تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىپ قىلغان كىرىمىدىن تىجارەت بېجى ئېلىنمايدۇ، ئۇلارنىڭ تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىش ۋە تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە ئالاقىدار تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش، تېخنىكا مۇلازىمىتى، تېخنىكا مەسلىھەتچىلىكى قاتارلىق تېخنىكىۋى كىرىمىدىن كارخانا تاپاۋەت بېجى ئېلىنمايدۇ.

يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىنى پاي قىلىپ قوشۇش ئارقىلىق پەن - تېخنىكا تەرەققىيات كارخانىسى قۇرۇشقا ئىلھام بېرىلىدۇ. دۆلەت، ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون ئېتىراپ قىلغان يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلارنى پاي قىلىپ قوشۇش نىسبىتىنىڭ %45كىچە بولۇشىغا يول قويۇلىدۇ؛ پەن - تېخنىكا خادىملىرى پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى پاي ئورنىدا قوشقان يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كارخانىلىرىنىڭ تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى قانۇندا بەلگىلەنگەن سانغا يەتمىسە، كەم قىسمىنى 5 يىل ئىچىدە مۇددەتكە بۆلۈپ ئەمەلىيلەشتۈرسە بولىدۇ.

**7 - ماددا** ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار قۇرغان كارخانىلار ئۆزى ئىشلىتىش ئۈچۈن ئىمپورت قىلغان تېخنىكا، ئۈسكۈنە ۋە ئۈرۇق، كۆچەت، نەسىللىك ئۆي قۇشلىرى، نەسىللىك چارۋا قاتارلىقلاردىن دۆلەتنىڭ ئالاھىدە بەلگىلىمىسى بولغانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تاموژنا بېجى ۋە ئىمپورت ھالقىسىدىكى قوشۇلما قىممەت بېجى ئېلىنمايدۇ. ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار شىنجاڭ ئەتراپىدىكى دۆلەتلەردە ھۆددىگە ئالغان قۇرۇلۇشلار، ئۇلار بىلەن قىلغان ئەمگەك كۈچى ھەمكارلىقى ۋە ئۇلاردىن ئىمپورت قىلىشقا تېگىشلىك تۆلەم ھېسابىدىكى تاۋارلار (دۆلەت ئىمپورت قىلىشنى چەكلىگەن تاۋارلار بۇنىڭ سىرتىدا) چېگرا سودىسى ئىمپورت تاۋارلىرى دەپ قارىلىپ، چېگرا سودىسى تاۋارلىرىغا تاموژنا بېجىدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار قۇرغان كارخانىلار ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ئىمپورت قىلىپ ئەمەلىي ئىشلەتكەن خام ئەشيا، قوشۇمچە ماتېرىياللار، زاپچاس، بۆلەكلەر، ئوراش - قاچىلاش ماتېرىياللىرى پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسىغا ئائىت سىياسەتلەرگە ئۇيغۇن بولۇپ، باجدىن خالىي ماللارنى باشقۇرۇش بويىچە ئالاقىدار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

**8 - ماددا** ئاپتونوم رايونىمىز سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار چېگرا جايلاردا رويخەتكە ئالدۇرۇپ قۇرغان كارخانىلارنىڭ رويخەتكە ئالدۇرغان مەبلىغى خەلق پۇلى ھېسابىدا 500 مىڭ يۈەندىن كۆپ بولسا، تەستىقلىتىش ئارقىلىق ئاز مىقدارلىق چېگرا سودىسى ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولسا بولىدۇ. شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى تەستىقلىتىش ئارقىلىق ئىمپورت - ئېكسپورت سودا ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولسا بولىدۇ.

**9 - ماددا** ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار كانچىلىق كارخانىسى قۇرۇپ قېزىلما بايلىقلارنى ئېچىش بىلەن شۇغۇللانسا، ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەتكە كىرىشكەن كۈندىن باشلاپ، بايلىق بېجى ئېلىش 5 يىل كېچىكتۈرۈلىدۇ. قېزىلما بايلىقنى ئۇنۇملۈك ئېچىش ئۈچۈن 5 يىل ئىچىدە ئالدۇرۇپ قويۇش ھەققى ئېلىنمايدۇ، قېزىلما بايلىقنى ئومۇمىي ئىشلىتىشكە تۇتقان ئاشقانلىرىنىڭ ھەمراھ قېزىلما مەھسۇلاتلىرىدىن قېزىلما بايلىق تولۇقلىما ھەققى بېرىم ئېلىنىدۇ، قېزىشقا بولىدىغان كانلارنى ئېنىقلاشقا كەتكەن گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش چىقىمىنى سۈرەلمە مۇلۇك دەپ قاراپ، كان قېزىلغاندىن كېيىن، باجدىن ئىلگىرى يىلدىن يىلغا چېچىپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىشكە بولىدۇ.

**10 - ماددا** ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار شىنجاڭغا كېلىپ قاقاس تاغ، بىنەم، قاقاس دۆڭلۈك، قاقاس ساھىللارنى ئېچىپ كۆچەت تىككەن، ئوت - چۆپ تېرىغان بولسا، ھەممە يەرلىك باج ۋە يەر ئۆتۈنۈپ بېرىش پۇلى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. مەبلەغ سالغۇچىلار ئۆزى ئۆستۈرگەن دەل - دەرەخلەر، ئوت - چۆپلەرگە ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ، يەر ئىشلىتىش ھوقۇقى 50 يىلدىن 70 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدۇ. مۇشۇ قەرەل توشقاندىن كېيىن قەرەلنى ئۇزارتىشنى ئىلتىماس قىلىشقا، ۋارىسلىق قىلىشقا ۋە ھەقلىق ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولىدۇ.

بوشتىلغان تېرىلغۇ يەرلەرگە ئېكولوگىيىلىك ئورمان ئەسلىگە قىلىش، ئوت - چۆپ ئۆستۈرۈش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئاسراش ئۈچۈن مەبلەغ سالغانلاردىن يەر ئىشلىتىش ھەققى ئېلىنمايدۇ، يېزا ئىگىلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىدىن 20 يىل ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئالاھىدە مەھسۇلات بېجى ئېلىنمايدۇ.

شىنجاڭنىڭ يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانىدا ئايرىپ بېرىلگەن ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدىغان رايوندا يەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغانلاردىن ئۈنۈم ئالغان يىلدىن باشلاپ 5 يىل ئىچىدە يېزا ئىگىلىك بېجى، يېزا ئىگىلىك ئالاھىدە مەھسۇلات بېجى ۋە يەر ئىشلىتىش ھەققى ئېلىنمايدۇ.

شىنجاڭغا كېلىپ چارۋىچىلىق تۈرلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلاردىن ئۈنۈم ھاسىل قىلغان يىلدىن باشلاپ 5 يىل ئىچىدە چارۋىچىلىق بېجى ۋە يايلاق ئىشلىتىش ھەققى ئېلىنمايدۇ.

**11 - ماددا** ئاپتونوم رايونىمىز سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار ئىجارىگە ئېلىش شەكلى بىلەن يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن، باشقۇرۇش ۋاقتى 20 يىلدىن كۆپ بولسا، كارخانا يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن كۈندىن باشلاپ ئالدىنقى 5 يىلدا يەر ئىجارىسى (يەرنى ھەقلىق ئىشلىتىش ھەققى) ئېلىنمايدۇ، دۆلەت، ئاپتونوم رايون ئايرىغان نامرات ناھىيىلەردە مەبلەغ سالغانلاردىن 10 يىلغىچە

يەر ئىجارىسى (يەرنى ھەقلىق ئىشلىتىش ھەققى) ئېلىنمايدۇ.

ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار سېتىپ بېرىش شەكلى بىلەن دۆلەت ئىلكىدىكى يەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن، باشقۇرۇش ۋاقتى 20 يىلدىن كۆپ بولسا، تاپشۇرىدىغان يەر سېتىش ھەققى %25 كەچۈرۈم قىلىنىدۇ؛ باشقۇرۇش ۋاقتى 30 يىلدىن كۆپ بولسا، تاپشۇرىدىغان يەر، سېتىش ھەققى %30 كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. شەھەر - بازار پىلانىدىكى دائىرە سىرتىدا دېھقانچىلىققا باب كەلمەيدىغان بىنەم، قاقاس تاغنى ئىشلەتكەن، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون ئايرىغان نامرات ناھىيىلەرگە مەبلەغ سالغانلار تاپشۇرىدىغان يەر سېتىش ھەققىنىڭ %40 ى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

**12 ـ ماددا** ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار سۇ قۇرۇلۇشى، ئېنېرگىيە مەنبەسى، قاتناش، مۇھىت ئاسراش، ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى، كىچىك بازار قۇرۇلۇشى، شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسەلەر تۈرلىرى قۇرۇلۇشىغا، جامائەتكە پايدىلىق ئىشلارغا ۋە دۆلەت، ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون ئېتىراپ قىلغان يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تۈرلىرىگە يەر ئىشلەتمەكچى بولسا، مەمۇري جەھەتتىن ئايرىپ بېرىش شەكلى بىلەن يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئېرىشە بولىدۇ.

سېتىپ بېرىش شەكلى بىلەن يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەنلەر ھەممە سېتىش پۇلىنى تاپشۇرغاندىن كېيىن، قانۇن بويىچە ئۆتكۈنۈپ بەرسە، ئىجارىگە بەرسە ۋە رەنىگە قويسا بولىدۇ؛ مەمۇري جەھەتتىن ئايرىپ بېرىش يولى بىلەن دۆلەت ئىلكىدىكى يەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەنلەرمۇ يەر سېتىش پۇلىنى تولۇقلاپ تاپشۇرغاندىن كېيىن قانۇن بويىچە ئۆتكۈنۈپ بەرسە، ئىجارىگە بەرسە ۋە رەنىگە قويسا بولىدۇ. يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن مەبلەغ سالغۇچىلار يەنە يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى پاي قىلىپ قوشۇپ (سىياسەت بويىچە ئېتىبار بېرىلگەن قىسمى چىقىرىۋېتىلىدۇ)، يېڭى كارخانا قۇرسا بولىدۇ.

**13ـ ماددا** ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى كارخانىلار شىنجاڭدا تارماق ئاپپارات قۇرغان بولۇپ، ئىناۋەت دەرىجىسىنى ئاللىقاچان باھالاتقان بولسا، بانكا ۋە ئالاقىدار تارماقلار ئىناۋەت دەرىجىسىنى قايتا باھالىمايدۇ، ئۇنداق كارخانىلار ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوخشاش تۈردىكى ئىناۋەت دەرىجىسى بويىچە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن ۋە قەرز نورمىسىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

**14ـ ماددا** ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار قۇرغان كارخانىلار مۇقىم مۈلۈك، تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلىغا ۋە كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلىغا ئېھتىياجلىق بولسا، بېجىرگۈچى بانكىلار دۆلەتنىڭ پۇل مۇئامىلىسىگە ئالاقىدار قانۇن - نىزاملىرى، سىياسەتلىرىگە ئاساسەن، پائال مەدەت بەرسە بولىدۇ.

ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق، سۇچىلىق قاتارلىق تۈرلىرىگە مەبلەغ سالسا، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات قەرز پۇلى بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ ھەم شىنجاڭ كارخانىلىرى قاتارىدا ئالاقىدار ئېتىباردىن بەھرىمەن بولىدۇ.

ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار شىنجاڭنىڭ نامرات رايونلىرىدا نامراتلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىشقا پايدىلىق ۋە تۈرتكە بولىدىغان مۇستەقىل ياكى ھەمكارلىشىپ مەبلەغ سالىدىغان تۈرلەرنى يولغا قويسا، ئالاقىدار سىياسەتلەر بويىچە نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلى بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار قۇرغان كارخانىلار يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش، يېڭى تېخنىكا ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانسا، بانكىلارنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىيات قەرز پۇلىنى ئىشلىتىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ ھەم ئاپتونوم رايونىمىز كارخانىلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولسا بولىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىز سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار شىنجاڭدا مۇستەقىل مەبلەغ سېلىپ ياكى بىرلىشىپ يېزا - بازار كارخانىسى قۇرسا، شىنجاڭنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرىغا قارىتىلغان ئېتىبار بېرىش - يۆلەش سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

**15 ـ ماددا** ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار دۆلەت ئېتىراپ قىلغان يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كارخانىسى ۋە ئىستىقبالى ياخشى يېتىلىش تىپىدىكى كارخانا قۇرسا، ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى كارخانا ئۆلچىمى بويىچە بازارغا كىرىپ مەبلەغ جۇغلاشقا تونۇشتۇرىدۇ.

**16ـ ماددا** ئاپتونوم رايونىمىز سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار چېگرا شەھەردە مەبلەغ سېلىپ رويخەتكە ئالدۇرغان ھەم ئىمپورت - ئېكسپورت ھوقۇقىغا ۋە چېگرا سودىسى ھوقۇقىغا ئېرىشكەن كارخانىلار ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىشنى رويخەتكە ئالدۇرۇش، تاشقى پېرېۋوت راسچوتى قىلىش، تاشقى پېرېۋوت سېتىش ۋە ئىمپورت - ئېكسپورت ئىشلىرىدا تاشقى پېرېۋوت كىرىم - چىقىم قىلىش، ئاتچوت قىلىشقا ئالاقىدار جەھەتلەردە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوخشاش تۈردىكى كارخانىلار بىلەن تەڭ

دەرىجىدىكى مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

**17 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونىمىز سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار ئومۇمەن شىنجاڭدا بىر قېتىمدىلا 500 كۋادرات مېتىردىن كۆپ تاۋار ئۆي (500 كۋادرات مېتىرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) سېتىۋالسا، ئۆي سېتىۋېلىش سودا رەسمىيەت ھەققى (مۇلازىملىق ھەققى، تىزىمغا ئېلىش ھەققى) ۋە ئۆي سودىسى بېجى يېرىم ئېلىنىدۇ.

**18 ـ ماددا** ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار بىر قېتىمدىلا 500 مىڭ يۈەندىن كۆپ مەبلەغ سالغان بولسا، مەبلەغ سالغان جايدا 2 كىشىنى شەھەر ـ بازاردا تۇرۇشلۇق دائىمىي نوپۇسقا ئېلىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ، 1 مىليون يۈەندىن كۆپ مەبلەغ سالغان بولسا، 4 كىشىنى نوپۇسقا ئېلىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ، بىر قېتىمدىلا 3 مىليون يۈەندىن كۆپ مەبلەغ سالغان بولسا، ئۇنىڭ قانۇنىي ئىگە ۋەكىلى، ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جۆرىلىرى، پەرزەنتلىرىنى شەھەر ـ بازاردا دائىمىي تۇرۇشلۇق نوپۇسقا ئېلىش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىلىپ، شەھەر ـ بازار جامائەت ئۇل مۇئەسسەسىلىرىنى كۆپەيتىش ھەققى كەچۈرۈم قىلىنسا بولىدۇ (ناھىيە ـ يېزىلار ۋە نامرات جايلاردا تېخىمۇ كەڭچىلىك قىلىنىدۇ). ئاپتونوم رايون سىرتىدىن قوبۇل قىلىنغان تېخنىكا ئايانچىلىرىدىن ۋاقىتلىق تۇرۇش ھەققى ئېلىنمايدۇ.

**19 ـ ماددا** ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار چەت ئەللەردىن ۋە باشقا ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلاردىن ئالىي مەكتەپ تولۇق كۇرسىتىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى، باشقۇرۇش خادىملىرى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك تېخنىك ئىشچىلارنى كىرگۈزسە، ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، بازارلاردا دائىمىي تۇرۇشلۇق نوپۇسقا ئېلىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ، ئۇلاردىن شەھەر ـ بازار جامائەت ئۇل مۇئەسسەسىلىرىنى كۆپەيتىش ھەققى ئېلىنمايدۇ.

**20 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونىمىز سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار قۇرغان ھەممە كارخانا (جۈملىدىن يەككە ـ خۇسۇسىي كارخانىلار) ۋە بۇ كارخانىلارنىڭ خىزمەتچىلىرى ـ ئىشچىلىرى ھەم جۆرىلىرى، پەرزەنتلىرىنىڭ مۇشۇ سىياسەت ـ بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىرىدىن باشقىلىرىغا بىردەك شىنجاڭ كارخانىلىرىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ.

ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار قۇرغان كارخانىلارنىڭ باشقا ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىن ئېلىنغان خىزمەتچىلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇماقچى بولسا، ئۇلار تۇرۇشلۇق جايلاردىكى مائارىپ تارماقلىرى ئوقۇشقا كىرىش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىدۇ، شۇ جايدىكى كارخانا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەردىن ھەق ئېلىش ئۆلچىمى بويىچە ھەق ئالىدۇ. ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار قۇرغان كارخانىلارنىڭ ئاپتونوم رايونىمىز سىرتىدا تىزىمغا ئالدۇرغان ئاپتوموبىللىرىغا بەلگىلىمە بويىچە ئالدىن ۋاكالىتەن تەكشۈرۈش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىلىدۇ. شىنجاڭدا سېتىۋېلىنغان ئاپتوموبىللارنى شىنجاڭدا تىزىمغا ئېلىش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىلىدۇ، مۇنداق ئاپتوموبىللارنى يىللىق تەكشۈرۈشتە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كارخانىلارنىڭ ئاپتوموبىللىرىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ.

**21 ـ ماددا** ئومۇمەن شىنجاڭ ئۈچۈن مەبلەغ، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كىرگۈزگەن شەخسلەر ۋە ۋاستىچى تەشكىلاتلارغا نەپ ئالغۇچى ئورۇنلار كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ سوممىسى ۋە يېڭىدىن ئاشقان پايدا ـ باج ئومۇمىي سوممىسىنىڭ %1 ~ %3 بويىچە بىر قېتىمدىلا مۇكاپات بېرىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىز سىرتىدىكى ھەرخىل باشقۇرۇش خادىملىرى شىنجاڭنىڭ ھەرخىل كارخانىلىرىغا كېلىپ باشقۇرۇش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كارخانا زىيىنىنى تۈگىتىش ـ پايدىسىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان بولسا، يېڭىدىن ئاشقان پايدىنىڭ %3 ~ %5ى بويىچە مۇكاپاتلىنىدۇ.

## III باب

## مەبلەغ سېلىشنى كاپالەتلەندۈرۈش

**22 ـ ماددا** ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار مەبلەغ سېلىش تۈرى، ھەمكارلىشىش شېرىكى ۋە ھەمكارلىشىش شەكلىنى ئۆز ئالدىغا بەلگىلەيدۇ. دۆلەتنىڭ سىياسىتى ۋە كەسىپ سىياسىتىدە ئىلھام بېرىلىدىغان تۈرلەرگە مەبلەغ سېلىنىدىغان بولسا، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ـ باشقۇرۇشقا دائىر ئىشلاردا ھۆججەت ـ ماتېرىياللىرى تولۇق بولسىلا، پىلان كومىتېتى 7 خىزمەت كۈنى ئىچىدە تەكشۈرۈپ ـ تەستىقلاپ بېرىدۇ. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون چەك قويغان تۈرلەرگە مەبلەغ سېلىنىدىغان بولسا، ئالاقىدار تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تارماقلىرى ھۆججەت ـ ماتېرىياللار تولۇق بولغان ئەھۋالدا 30 خىزمەت كۈنى ئىچىدە تەستىقنى جاۋاب بېرىدۇ ۋە تەستىقلاشقا يوللايدۇ. سودا ـ سانائەت مەمۇرىي

باشقۇرۇش تارماقلىرى ھۆججەت - ماتېرىياللىرى تولۇق تۇرلەرنى تىزىمغا ئېلىش رەسمىيىتىنى 7 خىزمەت كۈنى ئىچىدە بېجىرىپ بېرىدۇ. پىلانلاش، شەھەر قۇرۇلۇشى، ئاشلىق، ج غ، باج قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى كارخانىلار بېجىرىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان ھۆججەت - ماتېرىياللىرى تولۇق بولغان ئىشلاردىن ئۆزلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلاش دائىرىسىدە بولغانلىرىنى 7 خىزمەت كۈنى ئىچىدە بېجىرىپ تەستىقىي جاۋاب بېرىدۇ. دەرىجىمۇ دەرىجە تەستىقلاشقا يوللاش زۆرۈر بولغانلىرىدا، شۇ تارماق پۈتكۈل جەرياندا مۇلازىملىق قىلىپ، 30 خىزمەت كۈنى ئىچىدە بېجىرىپ تەستىقىي جاۋاب بېرىدۇ.

23 - ماددا ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلاردىن ھەر قانداق نام بىلەن كەلسە - كەلمەس ھەق ئېلىش، كەلسە - كەلمەس سېلىق سېلىش، كەلسە - كەلمەس جەرىمانە قويۇش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ. ھەق ئالغان ئورۇنلار كارخانىلاردىن ھەق ئالغاندا چوقۇم گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغان ئالاقىدار ھۆججەتلەرنى ۋە باھا تارماقلىرى بەرگەن ھەق ئېلىش ئىجازەتنامىسىنى كۆرسىتىشى، كارخانىلارنىڭ ھەق تاپشۇرۇش ئەھۋالىنى تىزىملاش كارتىسىنى تولدۇرۇشى شەرت، ئۇنداق قىلمىسا، كارخانىلار ھەق تاپشۇرۇشنى رەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

24 - ماددا ھەممە قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقنىڭ مۇۋاپىق ئاساسى ۋە قانۇنلۇق رەسمىيىتى بولمىغان ئەھۋالدا، ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار قۇرغان كارخانىلارنى خالىغىنىچە تەكشۈرۈشكە، قانۇن ئىجرا قىلىش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈشنى باھانە قىلىپ كارخانىلارنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت تەرتىپىگە كاشىلا بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ. ئەگەر قانۇن ئىجرا قىلىش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈشكە توغرا كەلسە، ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى قانۇن ئىجرا قىلىش تارمىقىنىڭ تەستىقىنى ئېلىشى، چوقۇم قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە تەكشۈرۈشى لازىم.

25 - ماددا ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش، باھا تارماقلىرى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرىدۇ، ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلار قۇرغان كارخانىلارغا قارىتىلغان قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىلىرىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدۇ. كارخانىغا قانۇنسىز ئارىلىشىپ زىيان كەلتۈرگەنلەردىن زىيان قانۇن بويىچە تۆلىتىپ ئېلىنىدۇ، قىلمىشى ئېغىر بولغانلارنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

## IV باب

## قوشۇمچە قائىدە

26 - ماددا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق ئىشخانىسى ۋە ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئىشخانىلىرى (ياكى ھۆكۈمەتلەر بېكىتكەن تارماقلار) ئاپتونوم رايون ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئىشىكنى ئىچكى قىسىمغا ئېچىۋېتىش، ئىچكى قىسىمدىن مەبلەغ كىرگۈزۈش، ئىچكى ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقىغا دائىر كۈندىلىك خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولىدۇ.

27 - ماددا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونلىرى، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونلىرى، چېگرا ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق رايونلىرى، ئالاقىدار تارماقلار مۇشۇ چارىگە ئاساسەن تەپسىلىي يولغا قويۇش قائىدىلىرىنى تۈزۈپ چىقىدۇ. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى پايدىلانسا بولىدۇ.

28 - ماددا مەزكۇر سىياسەت - بەلگىلىمە ئېلان قىلىنغان كۈندىن ئېتىبارەن ئىجرا قىلىنىدۇ. ئۇنى چۈشەندۈرۈشكە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق ئىشخانىسى مەسئۇل بولىدۇ. ئەسلىدىكى سىياسەت - بەلگىلىمىلەر مەزكۇر بەلگىلىمىگە زىت بولۇپ قالسا، مۇشۇ بەلگىلىمە ئۆلچەم قىلىنىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چەت ئەللىك سودىگەرلەرنى مەبلەغ سېلىشقا ئىلھاملاندۇرۇشقا دائىر بىر قانچە سىياسەت - بەلگىلىمىسى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى
(2000 - يىل 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى)

## I باب

# ئومۇمىي قائىدە

**1 - ماددا** چەت ئەللىك سودىگەرلەرنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدە مەبلەغ سېلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش، مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جۇڭگو - چەت ئەل شېرىكلىشىپ باشقۇرىدىغان كارخانىلار قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جۇڭگو - چەت ئەل ھەمكارلىشىپ باشقۇرىدىغان كارخانىلار قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سالغان كارخانىلار ۋە چەت ئەل كارخانىلىرى تاپاۋەت بېجى قانۇنى» قاتارلىق چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىشقا ئالاقىدار قانۇن - نىزاملارغا ۋە دۆلەتنىڭ غەربىي قىسمىغا مايىل بولۇشقا دائىر سىياسەتلىرىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، مۇشۇ بەلگىلىمە تۈزۈپ چىقىلدى.

**2 - ماددا** بۇ بەلگىلىمە چەت ئەللەر، كارخانىلار، باشقا ئىقتىسادىي ئورۇنلار ۋە شەخسلەرنىڭ ئاپتونوم رايونىمىز مەمۇرىي رايونلىرى تەۋەسىدە قۇرغان كارخانىلىرىغا ۋە باشقا تۈرلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ (تۆۋەندە بىر تۇتاش چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا دېيىلىدۇ).

## II باب

# يېتەكلىنىدىغان كەسىپلەر

**3 - ماددا** چەت ئەللىك سودىگەرلەر دۆلەتنىڭ چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سالىدىغان كەسىپلەر مۇندەرىجىسىدە رۇخسەت قىلىنغان ھەممە كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ. چەت ئەللىك سودىگەرلەر تۆۋەندىكى نۇقتىلىق كەسىپلەرگە مەبلەغ سېلىشقا ئىلھاملاندۇرۇلىدۇ:

(1) دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ئۇنىۋېرسال ئېچىش ۋە بۇ كەسىپلەرنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش؛

(2) سۇچىلىق، ئېنېرگىيە مەنبەسى، قاتناش قاتارلىق ئۇل كەسىپلەر ۋە ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى؛

(3) ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى، كىچىك شەھەر - بازار ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى؛

(4) تېخنىكا تەركىبى ۋە قوشۇمچە قىممىتى يۇقىرى يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى، ئالاھىدە يېمەكلىكلەر، چىگە توقۇمىچىلىق ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسى ۋە مەھسۇلات يارىتىش، يۇقىرى دەرىجىلىك تەقلىدىي خىمىيۋى تالا ئىشلەپچىقىرىش، توقۇلمىلارغا گۈل بېسىش - توقۇلمىلارنى بوياش ۋە رەتلەش - پىششىقلاپ ئىشلەش؛

(5) نېفىت خىمىيە سانائىتى، تەبىئىي گاز خىمىيە سانائىتى، يېزا ئىگىلىك خىمىيە سانائىتى؛

(6) رەڭلىك مېتال، قارا مېتال ۋە مېتاللوگىيە قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش، قېزىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش؛

(7) يېڭى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ۋە ئېنېرگىيە تېجەيدىغان بىناكارلىق ماتېرىياللىرى؛

(8) يېڭى ماتېرىيال، بىئو - تېخنىكا (گېن قۇرۇلۇشى تېخنىكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، ئۇچۇر، خەۋەرلىشىش سىستېمىسى تور تېخنىكىسى، بايلىقنى قايتا يارىتىش ۋە ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش تېخنىكىسى، ئېنېرگىيە مەنبەسىنى تېجەش تېخنىكىسى، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى ۋە كۆزىتىش - ئۆلچەش ۋە تىزگىنلەش تېخنىكىسى؛

(9) ساياھەتچىلىك بايلىقىنى ئېچىش ۋە سەيلىگاھ قۇرۇلۇشى.

**4 - ماددا** دۆلەتنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، شەرت - شارائىتى يار بېرىدىغان شەھەرلەر سودا، تاشقى سودا (ئادەتتىكى سودا، يەرلىك چېگرا سودىسى)، پۇل مۇئامىلىسى قاتارلىق ساھەلەر ۋە ساياھەتچىلىك ئورۇنلىرىنى ئېچىۋېتىشنى نۇقتىدا سىناق قىلسا بولىدۇ، مۇشۇ خىلدىكى جۇڭگو - چەت ئەل شېرىكلىشىپ، ھەمكارلىشىپ قۇرغان كارخانىلارغا جۇڭگو - چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلار ۋە ھەمكارلىق شىركەتلىرى ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەر جەھەتتە كەڭچىلىك قىلىنسا بولىدۇ چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سالىدىغان كەسىپلەر مۇندەرىجىسىدە چەك قويۇلغان تۈرلەر ۋە چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ پاي قوشۇش نىسبىتى چەكلەنگەن تۈرلەرنى تەسىس قىلىش شەرتلىرى جەھەتتە كەڭچىلىك قىلىنىدۇ.

## III باب

# ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى

**5 - ماددا** چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ

سېلىپ قۇرغان كارخانىلار ئىچىدە تىجارەت ۋاقتى 10 يىلدىن كۆپ بولغانلىرىدىن چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلار ۋە چەت ئەل كارخانىلىرى تاپاۋەت بېجى ئىچىدىكى يەرلىك تاپاۋەت بېجى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

**6 ـ ماددا** چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سېلىپ قۇرغان ئىلغار تېخنىكا كارخانىلىرى ئىچىدە باج قانۇنى بويىچە تاپاۋەت بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش ۋە كېمەيتىپ ئېلىش قەرەلى توشقاندىن كېيىنمۇ ئىلغار تېخنىكا كارخانىسى بولغانلىرىدىن باج ئورگىنىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، باج قانۇنىدا بەلگىلەنگەن باج نىسبىتى بويىچە كارخانا تاپاۋەت بېجى 3 يىلغىچە يېرىم كېمەيتىپ ئېلىنىدۇ.

مەھسۇلاتلىرى ئېكسپورت قىلىنىدىغان كارخانىلار ئىچىدە باج قانۇنىدىكى بەلگىلىمە بويىچە كارخانا تاپاۋەت بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش، كېمەيتىپ ئېلىش قەرەلى توشقاندىن كېيىن ئومۇمەن شۇ يىللىق مەھسۇلات ئېكسپورت قىممىتى شۇ يىللىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 50%ىدىن ئېشىپ كەتكەنلىرىدىن باج قانۇنىدا بەلگىلەنگەن باج نىسبىتى بويىچە كارخانا تاپاۋەت بېجىنى يېرىم كېمەيتىپ ئېلىشقا بولىدۇ، كارخانا تاپاۋەت بېجى ئاللىقاچان 15%لىك باج نىسبىتى بويىچە كېمەيتىپ ئېلىنغان، مەھسۇلاتلىرى ئېكسپورت قىلىنىدىغان كارخانىلاردىن كارخانا تاپاۋەت بېجى 10%لىك باج نىسبىتى بويىچە ئېلىنىدۇ.

**7 ـ ماددا** چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سېلىپ قۇرغان يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلاردىن 5 يىلغىچە يېزا ئىگىلىك بېجى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

**8 ـ ماددا** چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەزكۇر بەلگىلىمىدە نۇقتىلىق ئىلھام بېرىلىدىغان كەسىپلەر ئىچىدىكى تۈرلەرگە مەبلەغ سالغان بولۇپ، چىقارغان مەبلىغى 5 مىليون دوللاردىن كۆپ بولسا، ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەتكە كىرىشكەن كۈندىن باشلاپ 5 يىل ئىچىدە شۇ كارخانا يۇقىرىغا تاپشۇرغان قوشۇلما قىممەت بېجىنىڭ 10% ىدىن ئېشىپ كەتمەيدىغان مالىيە قوشۇمچە ياردىمىدىن بەھرىمەن بولسا بولىدۇ.

**9 ـ ماددا** چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سېلىپ قۇرغان قېزىلما بايلىق مەنبەسىنى ئېچىش (نېفىت، تەبىئىي گاز بايلىقلىرىنى ئېچىش تۈرلىرى بۇنىڭ سىرتىدا) بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلاردىن كارخانا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن ئايدىن باشلاپ 5 يىلغىچە بايلىق بېجى ۋاقىتىنچە ئېلىنمايدۇ؛ بىر ماكانلىق قېزىلما بايلىقلار، ھەمراھ قېزىلما بايلىقلارنى ئۇنىۋېرسال ئېچىش ـ يىغىۋېلىش بىلەن شۇغۇللانغانلىرىدىن قېزىلما بايلىق تولۇقلىما ھەققى يېرىم ئېلىنىدۇ؛ قانۇن بويىچە تەكشۈرۈش دائىرىسىدە قېزىشقا بولىدىغان كانلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغانلىرى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش چىقىمىنى شۇ كان سودا خاراكتېرلىك قېزىلغاندىن كېيىن سۈرئەلمە مۈلۈك سۈپىتىدە باجدىن ئىلگىرى يىلمۇ يىل تۈركۈمگە بۆلۈپ چېچىپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋەتسە بولىدۇ.

**10 ـ ماددا** چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلارنىڭ ئۆز ئىلكىدىكى ئۆزى ئىشلىتىدىغان ئۆي مۈلكىدىن شۇ كارخانا ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەتكە كىرىشكەن كۈندىن باشلاپ 5 يىلغىچە شەھەر ئۆي ـ زېمىن بېجى ئېلىنمايدۇ، 6 ـ يىلدىن باشلاپ 10 ـ يىلغىچە شەھەر ئۆي ـ زېمىن بېجى يېرىم كېمەيتىپ ئېلىنىدۇ.

چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سېلىپ قۇرغان ئۆي ـ زېمىن تەرەققىياتى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلار پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن ئايدىن باشلاپ، دەسلەپكى 5 يىلدا يەر قوشۇلما قىممەت بېجى ئېلىش ۋاقىتىنچە كېچىكتۈرۈلىدۇ.

**11 ـ ماددا** چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلاردىن سودا ـ سانائەت تىجارەت كىنىشكىسى ئالغان كۈندىن باشلاپ 10 يىلغىچە ئاپتوموبىل، پاراخوت ئىشلىتىش نومۇر بېجى، قان بېجى ئېلىنمايدۇ.

**12ـ ماددا** چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلار سۇچىلىق، ئېنېرگىيە، قاتناش، كىچىك شەھەر ـ بازار قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسەلەر تۈرلىرى بىلەن ۋە جامائەتكە پايدىلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش تۈپەيلى يەر ئىشلەتمەكچى بولسا، مەمۇرىي جەھەتتىن ئايرىپ بېرىش شەكلى بىلەن دۆلەت ئىلكىدىكى يەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئېرىشسە بولىدۇ.

**13 ـ ماددا** چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلار ئىجارە شەكلى بىلەن دۆلەت ئىلكىدىكى يەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقى (ئۆي ـ زېمىن تەرەققىياتى بۇنىڭ سىرتىدا) غا ئېرىشسە بولىدۇ. تىجارەت ۋاقتى 20 يىلدىن كۆپ بولغانلىرىنىڭ يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن كۈندىن باشلاپ 5 يىلغىچە يەر ئىجارىسى (يەر ئىشلىتىش ھەققى) كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. مەزكۇر بەلگىلىمىدە نۇقتىلىق ئىلھام بېرىلىدىغان كەسىپلەردىن 6 ـ يىلدىن 10 ـ يىلغىچە يەر ئىجارىسى (يەر ئىشلىتىش ھەققى) 50% كېمەيتىپ ئېلىنىدۇ.

**14 ـ ماددا** چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلار سېتىپ بېرىش شەكلى بىلەن يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن، تىجارەت ۋاقتى 20 يىلدىن كۆپ بولغانلار تاپشۇرىدىغان يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى سېتىش

پۇلىنىڭ %25ى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. تىجارەت ۋاقتى 30 يىلدىن كۆپ بولغانلار تاپشۇرىدىغان يەر ئىشلىتىش سېتىش پۇلىنىڭ %30ى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - بازار پىلانى سىرتىدىكى دېھقانچىلىققا باپ كەلمەيدىغان يىنەم، قاقاس تاغلارنى ئىشلەتكەنلەر تاپشۇرىدىغان يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى سېتىش پۇلىنىڭ %40ى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

**15 - ماددا** چەت ئەللىك سودىگەرلەر قۇرغان كارخانىلار ئىچىدە مۇشۇ بەلگىلىمىدە ئىلھام بېرىلىدىغان كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، سېتىپ بېرىش شەكلى بىلەن دۆلەت ئىلكىدىكى يەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن ھەم تىجارەت ۋاقتى 30 يىلدىن ئاشىدىغانلىرى تاپشۇرىدىغان يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى سېتىش پۇلىنىڭ %30ى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى سېتىش پۇلىنىڭ قالغان قىسمى نىسى قالغان پۇل سۈپىتىدە دەپتەرگە يېزىپ قويۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەتكە كىرىشكەن ئايدىن باشلاپ 5 يىل ئىچىدە مۇددەتكە بۆلۈپ قايتۇرۇلىدۇ.

**16 - ماددا** جۇڭگو - چەت ئەل شېرىكلىشىپ، ھەمكارلىشىپ قۇرغان كارخانىلاردىكى جۇڭگو تەرەپ يەر مۈلكىنى باھاغا سۇندۇرۇپ دۆلەت پېيى سۈپىتىدە پاي قىلىپ سالسا بولىدۇ.

**17 - ماددا** چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سېلىپ قۇرغان، مەزكۇر بەلگىلىمىدىكى نۇقتىلىق ئىلھام بېرىلىدىغان كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلار ئىشلىتىۋاتقان يەرنى شۇ جاينىڭ ئەڭ تۆۋەن باھا چېكى بويىچە سېتىشقا ياكى يەر ئىجارىسى (يەر ئىشلىتىش ھەققى) ئېلىشقا بولىدۇ.

**18 - ماددا** چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سالغان كارخانىلار سېتىش شەكلى بىلەن دۆلەت ئىلكىدىكى يەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن بولسا، يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى سېتىش پۇلىنى تولۇق تاپشۇرغاندىن كېيىن قانۇن بويىچە ئۆتكۈزۈپ بەرسە، ئىجارىگە بەرسە ياكى رەنىگە قويسا بولىدۇ؛ مەمۇرىي جەھەتتىن ئايرىپ بېرىش شەكلى بىلەن دۆلەت ئىلكىدىكى يەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن بولسا، سېتىش رەسمىيىتىنى تولۇقلاپ ئۆتكەن، سېتىش پۇلىنى تولۇقلاپ تاپشۇرغاندىن كېيىن، قانۇن بويىچە ئۆتكۈزۈپ بەرسە، ئىجارىگە بەرسە ياكى رەنىگە قويسا بولىدۇ.

چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سېلىپ قۇرغان، سېتىپ بېرىش شەكلى بىلەن يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن كارخانىلار يەر ئىشلىتىش ھەققى تاپشۇرمايدۇ.

**19 - ماددا** چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلار بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك باشقا ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى:

(1) چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدە قۇرغان كارخانىسىغا سالغان مەبلەغ نىسبىتى %25تىن ئېشىپ كەتكەن بولسا چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سالغان كارخانا دەپ قارىلىدۇ ۋە مۇناسىپ سىياسەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ.

(2) چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلاردىن شەھەر ئۇل مۇئەسسەسەلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش ھەققى يېرىم ئېلىنىدۇ.

(3) تەننەرخ چىقىمىدىن باشقا مەمۇرىي - كەسپىي ھەقلەر ئىچىدە ئۆلچەم نىسبىتى بەلگىلەنگەنلىرى تۆۋەن چەك ئۆلچەم قىلىنىپ يېرىم ئېلىنىدۇ، نىسبىتى بولمىغانلىرى بىردەك يېرىم ئېلىنىدۇ.

(4) چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت جەريانىدا تۈرلۈك خىراجەت تاپشۇرۇشتا دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارغا ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

(5) چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ مەبلىغىنى كىرگۈزگەن ۋاستىچى ئاپپاراتلار ۋە شەخسلەرگە ئەمەلىي كىرگۈزگەن مەبلىغىگە قاراپ، نەپ ئالغۇچى جۇڭگو تەرەپ مۇۋاپىق مىقداردا شېرىنكانە ياكى مۇۋاپىق مۇكاپات بەرسە بولىدۇ.

(6) چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن قۇرۇلغان ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى كارخانا تىجارەت باشلاپ بىر يىلدىن كېيىن، شۇ كارخانا تۇرۇشلۇق جايدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ئەمەلىي كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ بويىچە ھېسابلاپ، ھەر 100 مىڭ يۈەن ئۈچۈن شۇ كارخانىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى ياكى مەبلەغ سالغۇچىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىدىن بىر كىشىنى شەھەر - بازار نوپۇسىغا ئېلىش كۆرسەتكۈچى بەرسە بولىدۇ.

## IV باب

## مەبلەغ سېلىشنى كاپالەتلەندۈرۈش

**20 - ماددا** ئالاقىدار مەسئۇل تارماقلار چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلار تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك گۇۋاھنامىلارنى بېجىرىشتە، ئىلتىماسنى تاپشۇرۇپ ئالغان كۈندىن ئېتىبارەن 5 خىزمەت كۈنى ئىچىدە جاۋاب بېرىشى شەرت، ماتېرىياللىرى تولۇق بولغانلىرىنى 10 خىزمەت كۈنى

ئىچىدە ئۆز تارمىقىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلاش - تىزىمغا ئېلىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ بولۇشى لازىم. ئەگەر ئالاھىدە سەۋەب بولماي تۇرۇپ بەلگىلەنگەن قەرەل ئىچىدە جاۋاب بەرمىسە، ئىجازەت بېرىلدى، دەپ قارىلىدۇ؛ چەكتىن ئېشىپ كېتىدىغان تۈرلەر ۋە چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سالىدىغان كەسىپلەر مۇندەرىجىسىدە چەكلەنگەن تۈرلەرنى ھەر قايسى تارماقلار 15 خىزمەت كۈنىدە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىغا يوللىشى شەرت.

21 - ماددا چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلارنىڭ چېگرىدىن كىرىش - چىقىش رەسمىيەتلىرى ئوخشاش شەرت بويىچە ئاۋۋال بېجىرىش پرىنسىپى بويىچە بېجىرىپ بېرىلىدۇ.

22 - ماددا چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلارنى كېرەكلىك سۇ، توك، پار، گاز بىلەن ئاۋۋال تەمىنلەشكە، يەر ئىشلىتىش، ترانسپورت پىلانى ۋە ئىمپورت - ئېكسپورت نورمىسىنى ئاۋۋال ئورۇنلاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

23 - ماددا چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلارغا كەلسە - كەلمەس سېلىق سېلىش، ئۇلاردىن كەلسە - كەلمەس ھەق ئېلىش، ئۇلارغا كەلسە - كەلمەس جەرىمانە قويۇش، ئۇلارنى كەلسە - كەلمەس تەكشۈرۈش مەنئى قىلىنىدۇ.

چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، جايلارنىڭ قانۇن، نىزام، قائىدىلەر ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىغا قويغان ھەق ئېلىش تۈرلىرى سىرتىدا ھەق ئېلىش تۈرلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا بولمايدۇ. ئىلگىرى ئوتتۇرىغا چىقىرىلغانلىرى بىردەك ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ.

چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلارغا ئالاقىدار ھەرخىل ھەق ئېلىشتا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ باھا قانۇنى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەمۇرىي، كەسپىي ھەق ئېلىشنى باشقۇرۇش نىزامى» ۋە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى ئىجرا قىلىنىدۇ. ھەق ئالىدىغان ئورۇنلار ھۆكۈمەت ۋەزىپىلىرىنى ئىجرا قىلغاندا دۆلەت تەرەققىيات - پىلان كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىكىدە تەييارلانغان، شىنجاڭ باھا ئىدارىسى بىر تۇتاش باستۇرۇپ تارقاتقان «ھەق ئېلىش ئىجازەتنامىسى»نى كۆرسىتىشى ھەم بەلگىلىمە بويىچە قانۇنلۇق تالون كېسىپ بېرىشى شەرت. چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلار ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمىگە خىلاپ بولغان ھەقلەرنى تاپشۇرۇشنى رەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

24 - ماددا چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتى قانۇن بويىچە قوغدىلىدۇ. ھەر قانداق تارماق ياكى شەخسلەر كارخانىنىڭ قانۇنلۇق تىجارىتىگە كاشىلا قىلسا بولمايدۇ. چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلار قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرىغاندا قانۇن بويىچە قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلسا ياكى دەۋا قىلسا بولىدۇ.

## 7 باب

## قوشۇمچە پرىنسىپ

25 - ماددا تەيۋەنلىك، شياڭگاڭلىق، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار ۋە جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدە مەبلەغ سېلىشىدا، قانۇن، نىزاملاردا ئايرىم بەلگىلىمە بولغانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇشۇ بەلگىلىمە ئىجرا قىلىنىدۇ.

26 - ماددا مەزكۇر بەلگىلىمىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىزاھلايدۇ.

27 - ماددا مەزكۇر بەلگىلىمە ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ. چەت ئەللىك سودىگەرلەرنى مەبلەغ سېلىشقا ئىلھاملاندۇرۇشقا دائىر ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان سىياسەتلەر مەزكۇر بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن بولماي قالسا، مۇشۇ بەلگىلىمە ئۆلچەم قىلىنىدۇ.

# سىياسەت

## پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

### جۇ رۇڭجى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى جۇ رۇڭجى 2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 4 — 10 - كۈنلىرىچە ئىلى ئوبلاستى، جەنۇبىي بۇگۇر نېفىتلىكى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، سانجى ئوبلاستى قاتارلىق جايلارنىڭ خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش مۇشەققەتلىك تارىخىي ۋەزىپە، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەم كۈچلۈك تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بولۇشى، ھەم ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلىش ئىدىيىۋى تەييارلىقى بولۇشى كېرەك. باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ يوليورۇقى بويىچە، غەربىي رايوندا كۈچنى توپلاپ ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى بىلەن ئېكولوگىيە - مۇھىت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: شىنجاڭ ھازىرلىغان تۈرلۈك ئەۋزەل شارائىتلاردىن قارىغاندا، شىنجاڭدا 5 يىلدىن 10 يىلغىچە ۋاقىتتا ئاساسىي مۇئەسسەسە ۋە ئېكولوگىيە - مۇھىت قۇرۇلۇشىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك تەرەققىياتقا ئېرىشكىلى بولىدۇ. نۆۋەتتە شىنجاڭدا ئىككى ئىشنى ئوبدان ئىشلەش لازىم، بىرى، سۇ بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، يەنە بىرى، غەربتىن گازنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ يەنە كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش ۋە ئۆستۈرۈش ئىشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. جۇ رۇڭجى يەنە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاشنىڭ مۇھىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى.

ۋاڭ لياڭجۇن

### خۇ جىنتاۋ ئاسىيا - ياۋروپادىكى 5 دۆلەتكە زىيارەتكە چىقىش سەپىرىدە شىنجاڭدا قىسقا ۋاقىت توختىدى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، دۆلەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خۇ جىنتاۋ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ھىندونوزىيىگە قىلغان زىيارىتىنى ئاياغلاشتۇرۇپ بلوروسىيىگە زىيارەتكە بېرىش سەپىرىدە، ئۈرۈمچىدە قىسقا ۋاقىت توختىدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، لەنجۇ ھەربىي رايوننىڭ قوماندانى لى چيەنيۈەنلەر ئايرودرومغا چىقىپ كۈتۈۋالدى ۋە ئۇزىتىپ قويدى.

ۋاڭ لياڭجۇن

### لى لەنچىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى لى لەنچىڭ 2000 - يىل 8 - ئاينىڭ 17 — 21 - كۈنلىرىچە ئۈرۈمچى، تۇرپان، شىخەنزە، خوتەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا چوقۇم يېڭىلىق يارىتىش كۆز قارىشى، يېڭىلىق يارىتىش تەسەۋۋۇرى، يېڭىلىق يارىتىش مېخانىزمى ۋە يېڭىلىق يارىتىش پەن - تېخنىكىسى بولۇشى كېرەك. پەن - مائارىپنى باشلامچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپنىڭ زور تەرەققىياتى ئارقىلىق مەدەت بېرىش لازىم.

ۋاڭ لياڭجۇن

### چياۋ شى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق باشلىقى چياۋ شى 7 - ئاينىڭ 19 — 25 - كۈنلىرىچە ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، ھامىدىن نىيازلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۈرۈمچى، ئىلى قاتارلىق جايلارنى كۆزدىن كەچۈردى.

شىن جيەن

### لو گەن شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، دۆلەت كومىسسارى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لو گەن 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 23 — 28 - كۈنلىرىچە خوتەن، قەشقەر،

ئىلى قاتارلىق جايلاردا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە سىياسىي - قانۇن قوشۇنىدىن باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ھەم ھەقىقىي ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداپ، دۆلەتنىڭ غەربىي كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشى ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي - سىياسىي مۇھىت يارىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

ۋاڭ لياڭجۇن

## دىڭ گۇەنگېن شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى دىڭ گۇەنگېن 2000 - يىل 8 - ئاينىڭ 12 — 15 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ مەركەزنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداپ، شىنجاڭنى تېخىمۇ ئاۋات، باي، مەدەنىي، گۈزەل شىنجاڭ قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى تەكىتلىدى.

ۋاڭ لياڭجۇن

## تۆمۈر داۋامەت شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي. كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 2000 - يىل 8 - ئاينىڭ 5 — 12 - كۈنىگىچە خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ، بۇ جايلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن خەبەردار چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، 2 - ۋە 3 - كەسىپنىڭ تەرەققىياتىنى يېڭىچە تەسەۋۋۇر بىلەن تېزلىتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بۇ 3 رايوننىڭ گۈللەپ ياشناش يولىغا مېڭىشى ئۈچۈن ئاساس سېلىشنى تەلەپ قىلدى.

ۋاڭ لياڭجۇن

## بۇغ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بۇغ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 10 — 21 - كۈنىگىچە بايىنغولىن، ئاقسۇ، قەشقەر، تۇرپان قاتارلىق جايلارنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىقىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ يېزا ئىگىلىك خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈپ، ئالاھىدە يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنى، ئۆزىگە خاس داڭلىق مەھسۇلات بەرپا قىلىپ، ئىچكى - تاشقى بازار رىقابىتىگە پائال قاتنىشىشنى تەكىتلىدى.

ۋاڭ لياڭجۇن

## ئىسمايىل ئەھمەد شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

دۆلەت كومىسسارى ئىسمايىل ئەھمەد 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 14 — 18 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك كادىرلار باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەڭ تۈپ مەنپەئىتىنىڭ سادىق ۋەكىلى بولۇشى، جايلارنىڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكى بىلەن مىللىي ئالاھىدىلىك بىرلەشتۈرۈلگەن كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى، جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشىنى ۋە مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. ئىسمايىل ئەھمەد ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن 2000 - يىللىق جۇڭگو ئىچكى ساياھەت يەرمەنكىسىگە قاتناشتى، يەنە ياسىلىۋاتقان ئۈرۈمچى - كۇيتۇن يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولىنى ۋە بورتالا ئوبلاستى بىلەن ئىلى ۋىلايىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

ۋاڭ لياڭجۇن

## ۋاڭ جاۋگو، جاڭ شۇپىڭ، جۇ تيېنۇڭلار ئۆمەك باشلاپ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جاۋگو، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى جاڭ شۇپىڭ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى جۇ تيېنۇڭلار ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار مەركىزىي كومىتېتلىرىنىڭ، مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلاردىن تەركىب تاپقان غەربىي كەڭ كۆلەمدە ئېچىش تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەرنى باشلاپ، 2000 - يىل 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، قەشقەر، خوتەن، بايىنغولىن، ئىلى ئوبلاستىدا ئاساسىي مۇئەسسەسە

قۇرۇلۇشى، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش، پەن - تېخنىكا - مائارىپ تەرەققىياتى، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش مەسىلىلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇلار قانداق قىلىپ غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش تارىخىي پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش توغرىسىدا نۇرغۇن پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

تەكشۈرۈش ئۆمىكى قەشقەر، خوتەن، بايىنغولىن، ئىلى ئوبلاستىغا 3 مىليون يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئىئانە قىلدى ھەم ھال سوراش بۇيۇملىرى تەقدىم قىلدى.

ۋاڭ لياڭجۇن، لىيۇ كەي

## سۇڭ جيەن شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سۇڭ جيەن تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى باشلاپ، 2000 - يىل 8 - ئاينىڭ 13 — 23 - كۈنىگىچە پەن - تېخنىكا، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، نېفىت ئېچىش قاتارلىق جەھەتلەردە قەشقەر، خوتەن، بايىنغولىن قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇ پەن - تېخنىكا خىزمىتىدىن ئېرىشكەن دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پەن - تېخنىكىنىڭ باشلامچىلىق، تايانچلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا ئارقىلىق يېڭى كەسىپ بەرپا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا پىكىر - تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ۋاڭ لياڭجۇن

## خو يىڭدۇڭ ئۆمەك باشلاپ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شياڭگاڭ خو يىڭدۇڭ گۇرۇھىنىڭ رەئىسى خو يىڭدۇڭ ئەپەندى شياڭگاڭ سودا - سانائەت ساھەسىدىكى زاتلاردىن تەشكىل تاپقان 33 كىشىلىك ئۆمەكنى باشلاپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ شياڭگاڭدا تۇرۇشلۇق ئالاقە باغلاش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى جياڭ ئېنجۇنىڭ ھەمراھلىقىدا 2000 - يىل 8 - ئاينىڭ 25 — 30 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى. بۇ ئارقىلىق شياڭگاڭ سودا - سانائەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىق ئەھۋالى ئۈستىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشەنچە ھاسىل قىلدى، شياڭگاڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ئالاقىسى كۈچەيدى.

تاڭ چاۋ

## ماۋ جىيۇڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ماۋ جىيۇڭ 2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 — 9 - كۈنىگىچە 2000 - يىللىق ئۈرۈمچى تاشقى ئىقتىساد - سودا يەرمەنكىسىگە قاتناشتى ۋە شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

ۋاڭ لياڭجۇن

## جاڭ كېخۇي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، تەيۋەن ئاپتونومىيە ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى جاڭ كېخۇي 2000 - يىل 8 - ئاينىڭ 19 — 22 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى.

شىن جيەن

# ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى

## ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى، دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى، باش كاتىپ، مۇئاۋىن باش كاتىپلار، بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

شۇجى: ۋاڭ لېچۈەن.

مۇئاۋىن شۇجىلار: ئابلەت ئابدۇرېشىت، قېيۇم باھاۋۇدۇن (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ ۋېنيۆ، جۇ شېڭتاۋ، ئەسقەت كەرىمباي (قازاق)، ئىسمايىل تىلىۋالدى (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى: جۇ يۇڭشۈن، چېن دېمىڭ، ئابدۇرېھىم ھامىت، ۋۇ دۇنفۇ، خۇ جيايەن (ئايال)، جاڭ شيۇمىڭ، جاڭ چىڭلى، جۇ يۈەن، ياڭ گاڭ (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، نۇر بەكرى (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

باش كاتىپ: فۇ چياڭ.

مۇئاۋىن باش كاتىپلار: لى يى، مەن زۇڭجۇ، مۇھەممەت يۈسۈپ.

بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇدىرى: لى يى.

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ساۋ مېيشەن، سىدىق مەسىيت، خې شىنلىيەن (ئايال)، ياڭ ۋېنيۇ (ئايال)، جاڭ مىڭلى.

2001 - يىل 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مەركىزىي كومىتېت يۇ لىنشياڭنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ ئەزالىقىغا، دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىغا تەيىنلەشنى، جۇ يۇڭشۈننى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ ئەزالىقىدىن، دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىدىن قالدۇرۇشنى تەستىقلىدى. 2001 - يىل 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى مەركىزىي كومىتېت خۇ جيايەن (ئايال) نى ش ئۇ ئا ر

پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلەشنى تەستىقلىدى.

## ش ئۇ ئا ر 5 - نۆۋەتلىك پارتكومىنىڭ 7 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى

بۇ يىغىن 2000 - يىل 11 - ئاينىڭ 5 — 8 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: پارتىيە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلانىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى مۇھاكىمە قىلىپ بېكىتىش، «ئاپتونوم رايون خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلان پروگراممىسى» نى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاش، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ۋەزىيەتنى توغرا ئىگىلەپ، پۇرسەتنى تۇتۇشقا ماھىر بولۇپ، ئۈستۈنلۈكنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، خىزمەتنى تېخىمۇ پۇختا ئىشلەپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلىش ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىرىشىشقا سەپەرۋەر قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

يىغىندا ۋاڭ لېچۈەن «ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ھەقىقىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىز 10 - بەش يىللىق پىلانىنىڭ تولۇق ئورۇندىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلايلى» دېگەن تېمىدا مۇھىم سۆز قىلدى.

ئابلەت ئابدۇرېشىت «ئاپتونوم رايون خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلان پروگراممىسى» (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى) ئۈستىدە ئىزاھات بەردى. يىغىندا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلان پروگراممىسى» مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاندى.

يىغىنغا ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ ئەزالىرى، كاندىدات ئەزالىرى، ش ئۇ ئا ر خ ق دائىمىي كومىتېتى، سىياسىي كېڭەش ۋە بىڭتۇەننىڭ رەھبەرلىرى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ ھەرقايسى بۆلۈم، كومىتېتلىرىنىڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرىنىڭ، ئالىي مەكتەپلەر، خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ، مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى چوڭ كارخانىلىرىنىڭ پارتىيە - مەمۇرىي رەھبەرلىرى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ، بىڭتۇەننىڭ شى، ئىدارە، تۇەن - مەيدانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى.

ۋاڭ يۇڭپىڭ

## 3 - قېتىملىق «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى خىزمىتى يىغىنى

بۇ يىغىن 2000 - يىل 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا شىنجاڭنىڭ «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنىڭ ئەھۋالى يەكۈنلەندى، ناھىيە (شەھەر، رايون)، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرگە قاراشلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. جۇ شېڭتاۋ يىغىندا سۆز قىلدى. يىغىنغا ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەن رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوملارنىڭ شۇجىلىرى ۋە «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى كۆزىتىش گۇرۇپپىسىدىكى يولداشلار قاتناشتى.

ۋاڭ يۇڭپىڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش - قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى

بۇ يىغىن 2000 - يىل 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئېچىلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش - قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈستىدە سەپەرۋەرلىك ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى. ۋاڭ لېچۈەن مۇھىم سۆز قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەردىن بۇ خىزمەتكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، 2 - 3 يىل ئىچىدە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بېسىمىنى ئۈزۈل - كېسىل پەسەيتىپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

ئابلەت ئابدۇرېشىت سەپەرۋەرلىك دوكلاتى بېرىپ، كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يىغىنغا ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى تارماقلارنىڭ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى.

ۋاڭ يۇڭپىڭ

## ئاپتونوم رايوننىڭ غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش سۆھبەت يىغىنى

بۇ يىغىن 2000 - يىل 4 - ئاينىڭ 17 — 20 - كۈنىگىچە ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتىكى بەزى جىددىي خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىدىيىنى يەنىمۇ بىرلىككە

كەلتۈرۈپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ھازىرقىنى ئاساس قىلىپ، كەلگۈسىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاساسىي پىكىر يولىنى ۋە خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، شىنجاڭنى ئېچىش قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت بولدى. يىغىن «غەربنى كەڭ ئېچىشتا شىنجاڭ قانداق قىلىشى كېرەك» دېگەن ئاساسىي تېمىنى چۆرىدەپ، ئېكسكۇرسىيە، ئالماشتۇرۇش، تەھلىل - تەتقىقنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىدا ئېچىلدى. يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش - تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى، جايلارنىڭ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرى ئالماشتۇرۇلدى.

يىغىندا ۋاڭ لېچۈەن مۇھىم سۆز قىلىپ، ئاپتونوم رايوندىكى يۇقىرى - تۆۋەن ھەممەيلەندىن غەربنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى نۆۋەتتىكى خىزمەتنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى قىلىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

ئابلەت ئابدۇرېشىت خۇلاسە سۆزى قىلىپ، يىغىن روھىنى قانداق ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدا كونكرېت پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يىغىنغا ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خ ق دائىمىي كومىتېتى، سىياسىي كېڭەش ۋە بىڭتۇەننىڭ رەھبەرلىرى، ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئۇنىۋېرسال تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى، بىڭتۇەننىڭ شى، ئىدارىلىرىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ھەمدە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغقا جايلاشقان ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى.

ۋاڭ يۈڭپىڭ

## قارارلار

ش ئۇ ئا ر پارتكوم 2000 - يىلى چىقارغان قارارلار (بىر قىسمى)

1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭغا ياردەمگە كەلگەن تۆتىنچى تۈركۈم مۇنەۋۋەر كادىرلارنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەمۇرىيەت ئىنستىتۇتى قۇرۇش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئاپتونوم رايون بويىچە خۇسۇسىي - يەككە ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون)، ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار خۇسۇسىي كارخانا، ئىلغار يەككە سودا - سانائەتچىلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى ئورۇن ۋە نەمۇنىچى شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

ۋاڭ لياڭجۈن

## ئۇقتۇرۇشلار

ش ئۇ ئا ر پارتكوم 2000 - يىلى چىقارغان ئۇقتۇرۇشلار (بىر قىسمى)

4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كارخانا خىزمىتى كومىتېتى قۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «2000 - يىلى ھەربىيدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئاپپاراتلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئاپتونوم رايونىمىزدا يېزا باج ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى چىقارغان ئۇقتۇرۇشلار (بىر قىسمى)

1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «‹جۇڭگو

پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن جۇڭگو قۇرۇلۇش ئاكادېمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا ئىشلەۋاتقان ئاكادېمىكلىرىنىڭ تەمسىناتى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە»، نى بېسىپ تارقاتقانلىق ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈڭتىڭى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى «ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇش بېجىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە دائىر ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

2 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈڭتىڭى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بەنگۈڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۈڭتىڭىنىڭ ‹بۇ يىل ئىككى يىغىن مەزگىلىدە ئىجتىمائىي مۇقىملىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى جىددىي ئۇقتۇرۇش›نى تارقاتقانلىق ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈڭتىڭى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى «خەلق ئارىسىدىكى تەشكىلاتلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈڭتىڭى «‹ش ئۇ ئا ر پارتكوم سىستېمىسىنىڭ ھەيدەكچىلىك ـ تەكشۈرۈش خىزمىتى نىزامى›نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» ۋە «‹ش ئۇ ئا ر پارتكوم سىستېمىسىنىڭ ئۇچۇر خىزمىتى نىزامى›نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈڭتىڭى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى «ئالاقىدار ھۆججەتلەرنى ئېنىقلاش ۋە ئالاقىدار ئېتىبار سىياسەتلىرىنى تۈزۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈڭتىڭى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى «ئاپپارات ئىسلاھاتى داۋامىدا ئارخىپ باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈڭتىڭى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تەكشۈرگۈچى خاس ۋەكىللەر خىزمىتى ۋاقىتلىق نىزامى›نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈڭتىڭى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى «‹ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئۇچنى بېكىتىش خىزمىتىنى يولغا قويۇش پىكرى› ۋە ‹ئاپتونوم رايونلۇق ساناۋەتنى، سودىنى باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ ۋە مەمۇرىيەت خاراكتېرىدىكى شىركەتلەرنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش پىكرى›نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈڭتىڭى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى «‹سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ تەكلىپ خىزمىتى نىزامى›نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈڭتىڭى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جەمئىيەتكە زىيانلىق يەل گۈمبىسى تەشكىلاتلىرىنى بىرتەرەپ قىلىش خىزمىتىنىڭ لايىھىسى›نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈڭتىڭى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى «ئاپتونوم رايون بويىچە پارتىيە ئىستىلى ـ پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋە سىناش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

ۋاڭ لياڭجۈن

## پىكىرلەر

ش ئۇ ئا ر پارتكوم 2000 ـ يىلى تارقاتقان «پىكىر» لەر (بىر قىسمى)

1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ‹قارارى›نىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايون سىياسىي ـ قانۇن كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر» تارقاتتى.

4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» نى تارقاتتى.

5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى «ئاساسىي قاتلام خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر» تارقاتتى.

8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى «گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش قىسىملىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا دائىر ‹ئىككى ھۆججىتى›نى ئىزچىل ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» نى تارقاتتى.

9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «يېڭىدىن قۇرۇلغان كارخانىلاردا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر» تارقاتتى.

11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدىكى پىكرى» نى تارقاتتى.

12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ‹ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 21 - ئەسىرگە يۈزلىنىپ، پارتىيە مەكتىپى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى قارارى› نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» نى تارقاتتى.

12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «‹ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، تۆۋەن تۇغۇت سەۋىيىسىنى مۇقىملاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى› نى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەققىدە پىكىر» تارقاتتى.

12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە ‹ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش› مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش تەربىيىسى پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرى» نى تارقاتتى.

ۋاڭ لياڭجۇن

## تەستىقلاپ تارقىتىلغان دوكلاتلار

ش ئۇ ئا ر پارتكوم 2000 - يىلى تەستىقلاپ تارقاتقان دوكلاتلار (بىر قىسمى):

3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم «ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ‹ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن چىقىرىش ئومۇمىي پىلانىنى تەستىقلاشقا سۇنغان يوليورۇق سوراش دوكلاتى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈڭتىڭى تەستىقلاپ تارقاتقان دوكلاتلار (بىر قىسمى):

2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈڭتىڭى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ‹سوت قىلىش فۇنكسىيىسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش توغرىسىدىكى پىكرى› نى تارقاتقانلىق ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈڭتىڭى «‹ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ 2000 - يىللىق تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

2 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈڭتىڭى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى «ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، سىياسىي - قانۇن كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ ‹2000 - يىللىق سېرىق مەرەزلەرنى تازىلاش، قانۇنسىز ئۈن - سىن بويۇملىرىغا زەربە بېرىش ھەرىكىتىنىڭ لايىھىسى› نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈڭتىڭى «ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ ‹ئاپتونوم رايوندا [يېزا - كەنت كادىرلىرىنىڭ ساپا قۇرۇلۇشى] نى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكرى› نى تارقاتقانلىق ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈڭتىڭى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى «ش ئۇ ئا ر يېزا خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ ‹شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ ۋە سەرخىللاشتۇرۇپ، ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرى› نى تارقاتقانلىق ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈڭتىڭى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى «ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىش نازارىتىنىڭ ‹ۋىلايەت (نازارەت) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ جۈرىلىرىنىڭ، پەرزەنتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جۈرىلىرىنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئەھۋالىنى تىزىملاش توغرىسىدىكى پىكرى› نى تارقاتقانلىق ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈڭتىڭى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى «خەلق ئىشلىرى نازارىتى قاتارلىق تارماقلارنىڭ ‹يەل كۆمپىسى تەشكىلاتلىرىنى ئېنىقلاش - تەرتىپكە سېلىشتا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى› نى تارقاتقانلىق ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۈڭتىڭى

بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تاشقى ئىشلار خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، كادىرلار نازارىتى، تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار) ئىشخانىسى، ج خ نازارىتى، دۆلەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى، مەمۇرىي تەپتىش نازارىتىنىڭ ،ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ چەت ئەلگە چىقىشىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرى» نى تارقاتقانلىق ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى. يەنە شۇ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىش نازارىتىنىڭ ،مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش ئاپپاراتلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى پىكرى» نى تارقاتقانلىق ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «ش ئۇ ئا ر ئاياللار - باللار خىزمىتى كومىتېتى قاتارلىق تارماقلارنىڭ ،ئاياللار - باللار خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرى» نى تارقاتقانلىق ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى «ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ،خۇ چاڭچىڭ دېلوسى قاتارلىق چوڭ، تىپىك دېلولاردىن پايدىلىنىپ، پارتىيىلىك كادىرلارغا ئىبرەت تەربىيىسىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى پىكرى» نى تارقاتقانلىق ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى بىلەن ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى «ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى قاتارلىق تارماقلارنىڭ ،مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى تارقاتقان [2000] 16 - نومۇرلۇق ھۆججەتنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تەپتىشلىكى خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى پىكرى» نى تارقاتقانلىق ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ،ئاپتونوم رايون بويىچە سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرى» نى تارقاتقانلىق ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «ش ئۇ ئا ر يەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ ،ئاپتونوم رايوننىڭ 12 - نۆۋەتلىك قىشلىق يەن - تېخنىكا پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى» نى تارقاتقانلىق ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

ۋاڭ لياڭجۈن

## ش ئۇ ئا ر پارتكوم رەھبەرلىرىنىڭ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پائالىيىتى

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ قاتارلىقلار 1 - ئاينىڭ 1 -، 2 - كۈنلىرى ئىلى ۋىلايىتىدىكى يېزا، زاۋۇت ۋە قىسىملارغا بېرىپ، ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇۋاتقان كادىرلارنى، ئاممىنى ۋە قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ جەڭچىلىرى، ج خ ساقچىلىرىنى يوقلىدى ھەمدە ئىلى رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى ۋە «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

خۇ جيايەن 1 - ئاينىڭ 1 — 5 - كۈنىگىچە ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرى ۋە كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى خىزمىتىنى تەكشۈردى.

ئەسقەت كەرىمباي 1 - ئاينىڭ 11 -، 12 - كۈنلىرى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ بورتالا ئوبلاستىنى كۆزدىن كەچۈردى.

ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، قېيۇم باھاۋۇدۇن، جاڭ ۋېنيۈ، جۇ شېڭتاۋ، ئەسقەت كەرىمبايلار 1 - ئاينىڭ 30 -، 31 - كۈنلىرى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، قىسمەن كارخانا ۋە يەن تەتقىقات، مەدەنىيەت ئورۇنلىرىدىن ھال سوراپ، ئۇلارغا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ شەپقىتىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۈمىدى، تىلەكلىرىنى يەتكۈزدى.

ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، قېيۇم باھاۋۇدۇن، جاڭ ۋېنيۈ، جۇ شېڭتاۋ، ئەسقەت كەرىمباي، ئابدۇرېھىم ھامىت، ۋۇ دۇنفۇ، خۇ جيايەن، ئىسمايىل تىلىۋالدى، جياڭ شيۇمىڭ، جۇ يەنلەر 2 - ئاينىڭ 2 -، 3 - كۈنلىرى پېشقەدەم كادىرلارنى يوقلاپ، ئۇلارنىڭ باھار بايرىمىنى

تەبرىكلىدى. يەنە شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسمى، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىگە بېرىپ، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەردىن ھال سورىدى.

ۋاڭ لېچۇەن، چېن دېمىڭ، خۇ جىيابەنلەر 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ۋۇ جياچۈي، سانجى شەھىرىگە بېرىپ، بىڭتۇەننىڭ بايرام ئۆتكۈزۈۋاتقان يېزا ئىگىلىك ئىشچىلىرىنى، يېزىلاردىكى پېشقەدەم كادىرلار، پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرى ۋە پېشقەدەم ئەمگەكچىلەرنى ۋە ئولتۇراقلاشقان دېھقان - چارۋىچىلارنى يوقلاپ، ئۇلارغا پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى ۋە مېھىر - شەپقىتىنى يەتكۈزدى.

ۋاڭ لېچۇەن، ئەسقەر كەرىمباي، خۇ جىيابەنلەر 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، ئۈرۈمچى رايونىنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئاساس قىلىپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاياللار ئائىلە ئىشلىرى مۇلازىمەت شىركىتى، شەھەرلىك ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتى، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئاممىۋى ئاساسىي يېمەكلىك قۇرۇلۇشى، شىنجاڭ بىئولوگىيىلىك دورا زاۋۇتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يېڭىشەھەر رايونى مەھەللە مۇلازىمەت بىناسىنى كۆزدىن كەچۈردى. ۋاڭ لېچۇەن ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىنى ئاڭلىدى. ئۇ ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەردىن بىر قولدا ئىسلاھات، تەرەققىياتنى، بىر قولدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى تۇتۇشنى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ چىڭ ۋە ياخشى تۇتۇشنى تەلەپ قىلدى.

ئابلەت ئابدۇرېشىت، جۇ شېڭتاۋ، ئىسمايىل تىلىۋالدى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، 2 - ئاينىڭ 23 — 25 - كۈنىگىچە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق خىزمىتىنى تەكشۈردى. ئۇلار ئۇچتۇرپان ناھىيىسى، ئاقسۇ شەھىرى، ئونسۇ ناھىيىلىرىگە بېرىپ ئەھۋال ئىگىلىدى، قىسمەن ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئابلەت ئابدۇرېشىت ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى كادىرلار يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلدى.

جاڭ ۋېنيۆ 2 - ئاينىڭ 29 - كۈنى مىبېك خەلقئارا ئائىلە جابدۇقلىرى چەكلىك پاي شىركىتىگە بېرىپ نەق مەيداندا ئىش بېجىردى.

ئابدۇرېھىم ھامىت 3 - ئاينىڭ 3 — 5 - كۈنىگىچە ئاتۇشتىكى تامچىلىتىپ سۇغىرىلىدىغان 446.7 گېكتارلىق مۇناقى ئۈزۈم بازىسىنى، ئاتۇشتىكى غەربىي دىيار سودا مەركىزىنى، ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ سۇنى ياخشىلاش، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش قۇرۇلۇشىنى، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ تەييارلىقى ۋە چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش خىزمىتىنى تەكشۈردى.

ۋاڭ لېچۇەن 3 - ئاينىڭ 24 — 27 - كۈنىگىچە سانجى ئوبلاستىنىڭ غەربنى كەڭ ئېچىش داۋامىدا قانداق قىلىپ قەدەمنى ئالدىن بېسىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ۋە تەسىر كۆرسىتىش مەسىلىسىنى ئاساس قىلىپ، سىچۇەن، قۇتۇبى، ماناس، سانجىلارنى تەكشۈردى.

ۋاڭ لېچۇەن 4 - ئاينىڭ 3 — 6 - كۈنىگىچە شىخەنزە، ساۋەن، شىخو قاتارلىق جايلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئەسقەت كەرىمباي شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى مەكتىپى، شىنجاڭ سودا تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىگە بېرىپ، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش - تەربىيىلەش خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

ۋاڭ لېچۇەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، جانابىل، قېيۇم باھاۋۇدۇن، جاڭ ۋېنيۆ، جۇ شېڭتاۋ، ئەسقەت كەرىمبايلار 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈرۈمچى يامالىق تېغىدىكى كۆكەرتىش بازىسىغا بېرىپ، ئۈرۈمچىدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئوقۇغۇچىلار، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر بولۇپ 80 مىڭدىن ئارتۇق كىشى بىلەن بىرلىكتە ئەتىيازلىق مەجبۇرىيەت كۆچەت تىكىش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

ۋاڭ لېچۇەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، جانابىل، جاڭ ۋېنيۆ، جۇ شېڭتاۋ، چېن دېمىڭ، ۋۇ دۇنفۇ، خۇ جىيابەن، جاڭ چىڭلى، جۇ يەنلەر ئاپتونوم رايوننىڭ غەربنى كەڭ ئېچىش سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقان ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر بىلەن بىرلىكتە 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئۈرۈمچى، سانجى شەھەرلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە كۆزدىن كەچۈردى.

قېيۇم باھاۋۇدۇن 5 - ئاينىڭ 16 -، 17 - كۈنلىرى بايىنغولىن ئوبلاستىدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ يەنە ۋۇ دۇنفۇ بىلەن بىرلىكتە «خۇالىڭ» گۇرۇھ شىركىتىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇنىۋېرسال توپ سېتىش بازىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

ۋۇ دۇنفۇ 5 - ئاينىڭ 17 — 20 - كۈنىگىچە كورلا، لوپنۇر، يەنجى، خېجىڭ، خوشۇتلارنىڭ يېزا - كەنت، كارخانا، مەكتەپلىرىدە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

ۋۇ دۇنفۇ 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى شىنجاڭ كىنو شىركىتىگە بېرىپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا قارىتىلغان كىنو خىزمىتىنى تەكشۈردى.

قېيۇم باھاۋۇدۇن قاتارلىق رەھبەرلەر 5 - ئاينىڭ



ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېجۈەن يېجان ناھىيىسىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، ئۇ ئۈزۈمچىلىك چولڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن سەمىمىي سۆھبەتلەشمەكتە.

لى ياڭ فوتوسى

24 ـ، 25 ـ كۈنلىرى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

ۋاڭ لېجۈەن 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ، 8 ـ كۈنلىرى ئۈرۈمچى ـ كۈيتۇڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول قۇرۇلۇشى ئىش ئورنى ۋە ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە باش زاۋۇتى، شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» تاش ماتېرىيال چەكلىك پاي شىركىتى، شىنجاڭ «دېلۇڭ» گۇرۇھى قاتارلىق كارخانىلارنى تەكشۈردى.

ئەسقەت كەرىمباي 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئاقتۇ ناھىيىسىدە «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش تەربىيىسى» خىزمىتىنى تەكشۈردى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى.

ئەسقەت كەرىمباي 6 ـ ئاينىڭ 12 — 15 ـ كۈنىگىچە قىزىلسۇ ئوبلاستى، قەشقەر ۋىلايىتىدە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

خۇ جيايەن 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ماناس، قۇتۇبى ناھىيىلىرىنى ۋە سانجى شەھىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

جاڭ شيۇمىڭ 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

قېيۇم باھاۋۇدۇن 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى شىنجاڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كادىرلىرى ئىنستىتۇتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

جۇ شېڭتاۋ 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپى، يېڭىشەھەر رايونىنىڭ سەنگۇڭ مەھەللە ئىش باشقارمىسى ۋە شىمىگو رايونىنىڭ يىكەنكۆل مەھەللە ئىش باشقارمىسىغا بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

ۋاڭ لېجۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، چېن دېمىڭ، جاڭ چىڭلى قاتارلىقلار 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىن 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە بىڭتۇەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ قىزىل يۇلتۇز 1 ـ، 2 ـ مەيدانى، ساقا دېھقانچىلىق مەيدانى، راكىتا دېھقانچىلىق مەيدانىنى ۋە قۇمۇل شەھىرىنىڭ غەربىي تاغ يېرىسىنى، تۇپراقسىز ئۆستۈرۈش زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش بېغى بازىسى، ئالاھىدە سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىق بازىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئارمىيە بىلەن يەرلىكنىڭ ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆزگىچە ئىقتىسادنى بىرلىكتە بەرپا قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن گەۋدىلىك نەتىجىلىرىگە، ياراتقان تەجرىبىلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى. ئاپتونوم رايوندا قۇمۇلنىڭ ياخشى ئۇسۇل، ياخشى تەجرىبىلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىپ، غەربنى كەڭ ئېچىش ئىشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش لازىم، دەپ كۆرسەتتى.

ۋاڭ لېجۈەن، ئەسقەت كەرىمباي 7 ـ ئاينىڭ 3 — 7 ـ كۈنىگىچە تامبۇرا، نارات مەنزىرە رايونى، كۈنەس ئورمانچىلىق مەيدانى، بايىنبۇلاق يايلىقى، باغراش كۆلى قاتارلىق مەنزىرىلىك ساياھەت نۇقتىلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

بايىنغولىندا غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش يىغىنىغا قاتناشقان ۋاڭ لېجۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىق رەھبەرلەر 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى «شۇاڭشيۇڭ» قۇرۇلۇش گۇرۇھ شىركىتى، «داخۇا» ئوقەتچىلىك تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، خۇالىڭ گۇرۇھ شىركىتىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ تۈپ سېتىش بازىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى يوقلىدى.

ئىسمايىل تىلىۋالدى 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى كۇچا ناھىيىسىدە مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتىنى تەكشۈردى.

جۇ شېڭتاۋ 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى قىزىلسۇغا بېرىپ، ئاتۇشتا ئىسرائىلىيىنىڭ تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈپ قۇرۇلغان تامچىلىتىپ سۇغىرىلىدىغان 466.7 گېكتارلىق مۇناقى ئۈزۈم بازىسىنى ۋە ئاتۇش يېڭى سۇ زاۋۇتىنى كۆزدىن كەچۈردى، ئاتۇشنىڭ ئازاق يېزىسىدىكى دېھقانلارنى يوقلىدى.

جاڭ ۋېنيۈ 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئۈرۈمچى جەنۇبىي شەھەر ئەتراپى يولۇچى توشۇش بېكىتىگە بېرىپ، بىخەتەر

ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى تەكشۈردى.

ۋاڭ لېچۈەن، قېيۇم باھاۋۇدۇن 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ۋاڭ لېچۈەن غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر بىلەن مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر غەربلەشتۈرۈش، پارچىلاشنى كۈنسايىن جىددىيلەشتۈرۈۋاتقان جىددىي ۋەزىيەتتە، رادىئو - تېلېۋىزىيە خىزمىتىنى چوقۇم ھەقىقىي تۇردە كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

ۋاڭ لېچۈەن، جاڭ شيۇمىڭ قاتارلىقلار 10 - ئاينىڭ 3 -، 4 - كۈنلىرى قاراماينىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ئېچىش خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى. ۋاڭ لېچۈەن قارامايدا يېزا ئىگىلىكىنى ئېچىپ تېزراق كەسىپكە ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى نېفىتنىڭ ئورنىنى باسالايدىغان تۈۋرۈك كەسىپكە ئايلاندۇرۇش لازىم، دەپ تەكىتلىدى.

جۇ شېڭتاۋ 10 - ئاينىڭ 3 -، 4 - كۈنلىرى شىخو، ساۋەنلەردە خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

جۇ يۈەن 10 - ئاينىڭ 10 — 13 - كۈنىگىچە قەشقەر شەھىرى، يەكەن ناھىيىسىدە يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى مەخسۇس تەكشۈرگەندە، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» تەلىپىنى چوقۇم ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەكىتلىدى.

ئەسقەت كەرىمباي 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئاللاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، شىنجاڭ قوشۇمچە يېمەكلىكلەر گۇرۇھى، ئۈرۈمچى يېڭىشەھەر رايونى مەھەللە مۇلازىمەت مەركىزىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

جۇ شېڭتاۋ 10 - ئاينىڭ 20 — 22 - كۈنىگىچە قۇمۇل ۋىلايىتىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

ئەسقەت كەرىمباي 10 - ئاينىڭ 25 — 29. - كۈنىگىچە تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ پورت قۇرۇلۇشى، تاشقى سودا ئەھۋالى، ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش خىزمىتى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ۋە ئائىلە ئىشلىرى مۇلازىمەت كەسپىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى.

ۋاڭ لېچۈەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئۈرۈمچى رايونىدىكى قىسمەن دۆلەت كارخانىلىرى، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كارخانىلىرىغا بېرىپ، خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

جۇ شېڭتاۋ 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى خىزمىتىنى تەكشۈردى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇ ئالىي مەكتەپلەر «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىدە ئالدى بىلەن رەھبەرلىك بەنزىنىڭ سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك بولۇشى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لازىم، گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئارقىلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

ئەسقەت كەرىمباي 11 - ئاينىڭ 28 — 30 - كۈنىگىچە ساۋەن، شىخو، كۈيتۇڭلاردا خىزمەتلەرنى تەكشۈردى. ئۇ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغنىڭ «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك» رايونىغا جايلاشقان بۇ 3 ناھىيە - شەھەردىن ئاپتونوم رايون بويىچە كونا رامكىلاردىن چىقىپ، ھالقىش خاراكتېرلىك تەرەققىياتنى بەرپا قىلىشنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بولۇشنى تەلەپ قىلدى.

ۋۇ دۇنفۇ 11 - ئاينىڭ 29 -، 30 - كۈنلىرى قۇمۇل ۋىلايىتىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈردى. گېزىتخانا، مەدەنىيەت ئىدارىسى، رادىئو - تېلېۋىزىيە - كىنو ئىدارىسى، «شىبلى» پاختا توقۇمىچىلىق شىركىتى، قۇمۇل تۇپراقسىز ئۆستۈرۈش زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى بويىچە ئۈلگە بېغى، پالۋانتۇر يېزىسىدىكى سۇ تېجەيدىغان 10 مىڭ مولۇق (666.7 گېكتار) باغۋەنچىلىك تەرەققىيات رايونى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بازىسىغا بېرىپ ئەھۋال ئىگىلىدى.

ۋۇ دۇنفۇ 12 - ئاينىڭ 6 — 13 - كۈنىگىچە بايىنغولىن، خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇ، ئاقسۇغا بېرىپ، پارتىيە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ۋە ش ئۇ ئا ر 5 - نۆۋەتلىك پارتكوم 7 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھىنى، مەركىزىي كومىتېت ئىدىيەۋى - سىياسىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىدىيەۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش ئەھۋالىنى، رادىئو - تېلېۋىزىيەنىڭ نۇپۇسنى قاپلاش سىنىقى خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

ئەسقەت كەرىمباي ش ئۇ ئا ر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، 12 - ئاينىڭ 17 — 22 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە كارخانا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىن كېيىن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تارقاقلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى، ئىجتىمائىي كاپالەت ۋە داۋالاش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تۇتۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى قىيىنچىلىقى ئېغىر كارخانىلار، تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن كارخانىلارغا ۋە ئەمگەك - كاپالەت، داۋالاش - سەھىيە سىستېمىسى ھەم مەھەللە ئاھالە كومىتېتى، ئاھالە ئۆيلىرىگە بېرىپ تەكشۈردى.

تاڭ جىڭخۇڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق تەشكىلات خىزمىتى يىغىنى

بۇ يىغىن 2000 - يىل 2 - ئاينىڭ 22 — 23 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىنغا ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوملارنىڭ پارتىيە خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن شۇجىلىرى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىرى، بىڭتۇەن پارتكومى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ رەھبىرى، ئاپتونوم رايونلۇق نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ سىياسىي (تەشكىلات، كادىرلار) باشقارما باشلىقلىرى قاتناشتى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جۇ يۈەن دوكلات بەردى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭخاۋ يىغىن ئاخىرلاشقاندا مۇھىم سۆز قىلدى.

يۇ ۋېنخۇي

## ئاپتونوم رايونلۇق ياش كادىرلارنى تەربىيىلەش - تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى يىغىنى

بۇ يىغىن 2000 - يىل 11 - ئاينىڭ 27 — 28 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىنغا ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوملارنىڭ پارتىيە خىزمىتىگە مەسئۇل شۇجى (مۇئاۋىن شۇجى) لىرى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىرى، بىڭتۇەن پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ رەھبىرى، ئاپتونوم رايونلۇق نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ سىياسىي (تەشكىلات، كادىرلار) باشقارما باشلىقلىرى قاتناشتى. يىغىننىڭ ئاساسىي تېمىسى مەركەز ئاچقان مەملىكەتلىك ياش كادىرلارنى تەربىيىلەش - تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى يىغىنى، كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ۋە كادىرلارنى نازارەت قىلىش خىزمىتى يىغىنى قاتارلىق بىرقاتار مۇھىم يىغىنلارنىڭ روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى. يىغىندا جۇ يۈەن دوكلات بەردى.

يۇ ۋېنخۇي

## «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوندا ناھىيە، شەھەر ۋە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرى بىلەن رەھبىرىي كادىرلارنىڭ «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» مەركەزلىك تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم ناھىيە، شەھەر، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. ناھىيە، شەھەر ۋە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» مەركەزلىك تەربىيىسىگە يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن 108 كۆزىتىش گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى. بۇ خىزمەت يىل ئاخىرىغىچە ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، نازارەت، ئىدارە، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى بويىچە «ئارقىغا قاراش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. نازارەت، ئىدارە، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى بويىچە «ئارقىغا قاراش» پائالىيىتىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن 13 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىلدى. «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى ئارقىلىق، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار بىر قېتىم چوڭقۇر ماركسىزملىق تەربىيىگە ئىگە بولدى، ئۇلارنىڭ پارتىيىۋىلىك كۆزقارىشى كۈچەيتىلدى. دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئاڭلىقلىقى ۋە بەنزىنىڭ ئۆزىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارى ئۆستى.

يۇ ۋېنخۇي

## كادىرلارنى تەربىيىلەش ۋە ئوقۇتۇش ئەھۋالى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ كادىرلارنى تەربىيىلەش ۋە ئوقۇتۇش خىزمىتىدە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ۋە بىرقاتار مۇھىم سۆزلىرى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنىپ، ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ 1 - قول باشلىقلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتى نۇقتىلىق ئوبدان تۇتۇلدى. ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپىدە باش نازىر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ كىتاب ئوقۇش كۇرسىدىن 7 قارار، ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ كىتاب ئوقۇش كۇرسىدىن 2 قارار، يېزا - بازارلارنىڭ ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ كىتاب ئوقۇش كۇرسىدىن 3 قارار ئېچىلىپ، 1159 كادىر تەربىيىلەندى. ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 380 كادىر مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى، دۆلەت مەمۇرىيەت ئىنستىتۇتى، تيەنجىن ئۇنىۋېرسىتېتى، داليەن سانائەت پەنلىرى ئىنستىتۇتى، غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ شىنجاڭ سىنىپىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى، ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 160 كادىر ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇتۇلدى، نامرات ناھىيىلەردىكى يېزا - بازار كادىرلىرىدىن 180 ى 3 تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ شەندۇڭغا ۋەزىپە بىلەن ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلدى. ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە 370 كادىر چەت ئەلگە ئەۋەتىلىپ تەربىيىلەندى. ئاپتونوم رايوننىڭ كادىرلارنى تەربىيىلەشنىڭ 9 - بەش يىللىق ئومۇمىي پىلانىنىڭ ئىجراسى تەكشۈرۈلدى، 10 - بەش يىللىق ئومۇمىي پىلانى توغرىسىدا

دەسلەپكى پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

يۇ ۋېنخۇي

## كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوندا كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلدى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنى ئاشكارا تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋاقىتلىق نىزامى» ۋە «پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ئالدىدا ئاشكارا ئېلان قىلىشنى ئۆزلۈكتىن سىناق قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تۈزۈپ تارقىتىلدى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتىغا بىرلەشتۈرۈپ، 7 نەپەر مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىر جەمئىيەتتىن ئاشكارا تاللاپ ئۆستۈرۈلدى. جايلار ۋە ئورۇنلار كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتى جەھەتتە پائال ئىزدىنىپ ۋە ئەمەلىي ئىش كۆرۈپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. كارخانىلارنىڭ كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتى جەھەتتە، ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق 1 -، 2 - خىلدىكى دۆلەت كارخانىلىرىنى تۈرگە ئايرىش لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق دۆلەت كارخانىلىرىنى تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇش چارىسى يولغا قويۇلدى. غەربنى كەڭ ئېچىش بويىچە ئىختىساسلىق خادىملار ئىستراتېگىيىسى تەتقىقاتى قانات يايدۇرۇلدى، «غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ تەلىپىگە لايىقلاشقان كادىرلار - ئىختىساسلىق خادىملار قوشۇنىنى بەرپا قىلىش توغرىسىدا پىكىر» ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 4 يىلدىن بۇيان مەركەزدىن ۋە ئىچكى ئۆلكە - شەھەرلەردىن شىنجاڭغا ياردەمگە كەلگەن كادىرلار خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك يەكۈنلەندى، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ 10 يىللىق دەسلەپكى ئومۇمىي پىلانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. كادىرلار نازارەتچىلىكىگە دائىر ماقالە قوبۇل قىلىش پائالىيىتى ۋە «پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈش - ئىشقا قويۇش خىزمىتىنىڭ ۋاقىتلىق نىزامى»غا دائىر ساۋاتلار بويىچە مۇسابىقە پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى، قىسمەن نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ «نىزام»نى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلۈپ، «نىزام» نىڭ ئەمەلىيلىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

يۇ ۋېنخۇي

## ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوندا يېزىلار مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشى كەۋدىلىك چىڭ تۇتۇلدى. ئاپتونوم رايون ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلار، ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى ئورگانلاردىن 17 مىڭ 109 كادىر ئاجرىتىپ، 27 نۇقتىلىق ناھىيە، شەھەر، 238 نۇقتىلىق يېزا، بازار، 937 نۇقتىلىق كەنتتە مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى؛ 9 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ 372 نۇقتىلىق چەت - ياقا يېزا، بازىرىدا «4211» خىزمەت مېخانىزمى يولغا قويۇلدى (تۆتتىن ئىككى قىسىم كادىر ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ خىزمەتنى داۋاملاشتۇرۇش، بىر يۈرۈش ئادەم ئىتتىپاقلىق ۋە مۇقىملىقنى، بىر يۈرۈش ئادەم ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنى تۇتۇش، تۆتتىن بىر قىسىم كادىر خىزمەتتىن ئايرىلىپ تەربىيىلىنىش، باشقا جايدا ۋەزىپە بىلەن چېنىقىش؛ تۆتتىن بىر قىسىم كادىر نۆۋەت بىلەن دەم ئېلىش)؛ ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك، يېزىلىق ئورگانلاردىن 5600 كادىر ۋەزىپە ئۆتەش ئۈچۈن كەنتلەرگە ئەۋەتىلدى. يېزا - بازار كادىرلىرىنى باشقا يېزا - بازارلارغا ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ كۈچى كۈچەيتىلدى. يېزا - كەنت كادىرلىرىنىڭ ساپا قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلۇپ، ئۇلارنى تەربىيىلەش، ئوقۇتۇش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 4 ۋىلايەت، ئوبلاستىكى 40 ياشتىن تۆۋەن 14 مىڭ 697 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت ئاساسىي قاتلام كادىرى يېرىم يىل خەنزۇچىدە ئوقۇتۇلدى، ئۇلاردىن سىياسىي ساپاسى ياخشى، تەرەققىيات ئىستىقبالى بار 1250 كادىر شىمالىي شىنجاڭدىكى خەنزۇلار بىر قەدەر مەركەزلەشكەن، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولۇۋاتقان يېزا، بازارلارغا ۋە بىڭتۇەننىڭ تۈەن - مەيدانلىرىغا 2 يىللىق مۇددەت بىلەن ۋەزىپە ئېلىپ تەربىيىلىنىشكە تاللاندى؛ «ئەلنى رازى قىلىش قۇرۇلۇشى» كەڭ قانات يايدۇرۇلۇپ، ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار نامرات يېزا، كەنتلەرگە بېرىپ، ئامما بىلەن «تاماقتا، يېتىپ - قوپۇشتا، ئەمگەكتە بىللە بولۇش» قا ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيە، ئىستىل جەھەتتىن بۇرۇلۇش ياسىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى؛ دىنىي باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرىي كادىرلىرى مەسچىت بىلەن ئالاقە باغلاش ۋە دىنىي زاتلار بىلەن قەرەللىك سۆھبەتلىشىش تۈزۈمى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى؛ يېزا - كەنتلەردىكى «ئۈچ پېشقەدەم» لەرنىڭ سىياسىي ۋە تۇرمۇش تەمىناتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى؛ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يېزا - كەنتلەردىكى «ئۈچ پېشقەدەم» لەرنىڭ دېھقانلارنى باشقۇرۇش ۋە «ئۈچ پېشقەدەم» لەرنى بېقىش بويىچە قوشۇمچە ياردەم ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بەرپا قىلىش ئۇسۇلى كېڭەيتىلىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. كوچا، مەھەللە پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يېڭىنى ئېچىلىپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى كوچا - مەھەللە پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەشكە دائىر خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ شارائىتى بار ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ

پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىندى. ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە «ئاپتونوم رايوندا ‹يېزا - كەنت پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئېلىپ كېتىلەشكەن ئوقۇتۇش يەن - تېخنىكا قۇرۇلۇشى›، نى يولغا قويۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹يېزا - كەنت پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئېلىپ كېتىلەشكەن ئوقۇتۇش پەن - تېخنىكا قۇرۇلۇشى›، نىڭ ئۈچ يىللىق پىلانى» تۈزۈپ تارقىتىلدى، ئاساسىي قاتلام ئېلىپ كېتىلەشكەن ئوقۇتۇش پونكىت - نۇقتىلىرىغا 3000 دانە تەسۋىرىي پلاستىنكا قويۇش ئاپپاراتى، 220 دانە تېلېۋىزور تارقىتىپ بېرىلدى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىكتە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ «غەربىي كەڭ ئېچىشتا شىنجاڭغا نەزەر» ناملىق ئېلىپ كېتىلەشكەن ئوقۇتۇش فىلىمىنى كۆرسىتىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى، پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى مەركىزىي خىزمەتنى چۆرىدەپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئېلىپ كېتىلەشكەن ئوقۇتۇش مەخسۇس فىلىمىدىن بىر تۈركۈمى ئىشلەپ تارقىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئېلىپ كېتىلەشكەن ئوقۇتۇش خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى.

يۇ ۋېنخۇي

## پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك يەرلىك كومىتېتى 111، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىر، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك پارتكوم 2، ۋىلايەتلىك پارتكوم 8، ئوبلاستلىق پارتكوم 5، ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەرلىك پارتكوم 17، ناھىيىلىك پارتكوم 62، ئاپتونوم ناھىيىلىك پارتكوم 6، شەھەرلەردىكى رايونلۇق پارتكوم 11. پارتگورۇپپا 1451، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگاننىڭ 80، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك ئورگاننىڭ 612، ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك ئورگاننىڭ 641. پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى 64 مىڭ 383، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قاتلام پارتكوم 3501، پارتىيە باش ياچېيكىسى 3539، پارتىيە ياچېيكىسى 57 مىڭ 343.

ليۇ يۇەنشىن

## پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايوندىكى جەمئىي پارتىيە ئەزاسى 1 مىليون 37 مىڭ 701 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە رەسمىي پارتىيە ئەزاسى 990 مىڭ 254 نەپەر، كاندىدات پارتىيە ئەزاسى 47 مىڭ 447 نەپەر؛ خەنزۇ پارتىيە ئەزاسى 637 مىڭ 313 نەپەر، ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزاسى 400 مىڭ 388 نەپەر؛ 1949 - يىل 9 - ئايدىن ئىلگىرى پارتىيىگە كىرگەنلەر 9512 نەپەر، 1949 - يىل 10 - ئايدىن كېيىن پارتىيىگە كىرگەنلەر 1 مىليون 28 مىڭ 189 نەپەر؛ 35 ياشتىن تۆۋەنلەر 305 مىڭ 109 نەپەر؛ 36 ياشتىن يۇقىرىلار 732 مىڭ 592 نەپەر؛ تولۇق ئوتتۇرىدىن يۇقىرى مەلۇماتلىقلار 572 مىڭ 145 نەپەر، تولۇقسىز ئوتتۇرىدىن تۆۋەن مەلۇماتلىقلار 465 مىڭ 556 نەپەر؛ ئايال پارتىيە ئەزاسى 213 مىڭ 683 نەپەر؛ دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان پارتىيە ئەزالىرى 156 مىڭ 720 نەپەر.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوندا پارتىيىگە 43 مىڭ 170 ئەزا قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ پارتىيە ئەزاسى 22 مىڭ 667 نەپەر، ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزاسى 20 مىڭ 503 نەپەر؛ 35 ياشتىن تۆۋەنلەر 33 مىڭ 382 نەپەر، 36 ياشتىن يۇقىرىلار 9788 نەپەر؛ ئىشچى - خىزمەتچى 28 مىڭ 977 نەپەر، دېھقان، چارۋىچى 10 مىڭ 745 نەپەر، يېزا - بازار كارخانىلىرىدىكى ئەمگەكچى 223 نەپەر، خەلق ئوقۇتقۇچىسى، يېزا - كەنت دوختۇرى 584 نەپەر، ئوقۇغۇچى 1849 نەپەر، قوراللىق ساقچى 384 نەپەر، شەھەر - بازارلاردىكى يەككە ئەمگەكچى 81 نەپەر، باشقا كەسىپتىكىلەر 327 نەپەر؛ ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 12 مىڭ 430 نەپەر؛ ئىلغار - نەمۇنىچى شەخس 3329 نەپەر؛ ئايال 14 مىڭ 615 نەپەر.

ليۇ يۇەنشىن

## كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەرخىل كادىر 652 مىڭ 100 دىن ئارتۇق (مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرى بىلەن بىڭتۇەنىڭكى بۇنىڭ سىرتىدا). بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرى 331 مىڭ 500 نەچچە، ئايال كادىر 296 مىڭ 800 نەچچە. پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئاممىۋى تەشكىلات ئورگانلىرىدىكى كادىر %24.32 نى ئىگىلەيدۇ. كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئوقۇش تارىخى قۇرۇلمىسى: ئاسپىرانت 2000 نەچچە، ئالىي مەكتەپ تولۇق كۇرس ئوقۇش تارىخىدىكىلەر 88 مىڭدىن ئارتۇق، ئالىي تېخنىكوم مەخسۇس كۇرس ئوقۇش تارىخىدىكىلەر 238 مىڭ 700 نەچچە، بۇ كادىر ئومۇمىي سانىنىڭ %50.41 ىنى ئىگىلەيدۇ؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىدىكىلەر 252 مىڭ 900 نەچچە، %38.78 نى ئىگىلەيدۇ؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇش تارىخىدىكىلەر 45 مىڭ 900 نەچچە، %7.04 نى ئىگىلەيدۇ؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن مەلۇماتلىقلار 34 مىڭ 500 نەچچە، %5.29 نى ئىگىلەيدۇ. ئورگان، كەسپىي ئورۇنلاردىكى 45 ياشتىن تۆۋەن كادىرلار %75.84 نى ئىگىلەيدۇ.

2000 - يىلى دۆلەت بىر تۈتاش تەقسىم قىلغان ئالىي مەكتەپ، تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى، ھەربىيدىن

كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىر ۋە قوبۇل قىلىپ، تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىلگەن كادىر 48 مىڭ 700 نەپەر (يۆتكىلىپ كەلگەنلەر بۇنىڭ سىرتىدا)، بۇنىڭ ئىچىدە ئورگانلارنىڭ 5900 نەچچە، كەسىپىي - كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ 42 مىڭ 800 نەچچە. دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىش، ئىستېپا بېرىش، چېكىنىش، ھەيدىلىش، ئۆلۈش قاتارلىق سەۋەبلەردىن ئازايغان كادىر 61 مىڭ 700 نەچچە (يۆتكىلىپ كەتكىنى بۇنىڭ سىرتىدا)، بۇنىڭ ئىچىدە ئورگانلارنىڭ 3900 نەچچە، كەسىپىي - كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ 57 مىڭ 800 نەچچە.

ئاپتونوم رايوندىكى كادىرلار ئىچىدە، كەسىپىي - كارخانا ئورۇنلىرىدىكى ھەرخىل خادىم 493 مىڭ 500 نەچچە. بۇنىڭ ئىچىدە كەسىپىي تېخنىكا خادىمى 443 مىڭ 300 نەچچە، ئالىي ئۇنىۋانلىقلار 17 مىڭ 400 نەچچە، ئوتتۇرا ئۇنىۋانلىقلار 98 مىڭدىن ئارتۇق، باشلانغۇچ ئۇنىۋانلىقلار 257 مىڭ 500 نەچچە؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر 48.62% نى ئىگىلەيدۇ؛ ئايال كادىرلار 46.81% نى ئىگىلەيدۇ.

ليۇ يۇەشىن

## ئاپتونوم رايونلۇق تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنى

بۇ يىغىن 2000 - يىل 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى مەملىكەتلىك تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، 1999 - يىللىق تەشۋىقات - ئىدىيىۋى خىزمەتنى يەكۈنلەپ، 2000 - يىللىق خىزمەتنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى.

يىغىنغا ۋۇ دۇنفۇ رىياسەتچىلىك قىلدى، ۋاڭ لېچۇەن مۇھىم سۆز قىلدى، قېيۇم باھاۋۇدۇن دوكلات بەردى.

ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن بەنە ئابلەت ئابدۇرېشىت، جۇ شېڭتاۋ قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

شىن جيەن

## تەشۋىقات خىزمىتى ۋە ئىدىيىۋى خىزمەت

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ تەشۋىقات - ئىدىيىۋى خىزمىتىدە «ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىپ، تەشەببۇسكارلىق جېڭىنى ياخشى قىلىپ، ياخشى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، كەلگۈسىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇھىمنىڭ ئىچىدىكى مۇھىملىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، يېڭى روھنى ئەۋج ئالدۇرۇش، بۆلگۈنچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇش، بۈيۈك ئىتتىپاقلىقنى قوغداش» تىن ئىبارەت خىزمەت فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

1. «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ئۆگىنىلدى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلدى.

باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئۆگىنىش 2000 - يىلدىكى نەزەرىيىۋى قوراللاندۇرۇش خىزمىتىدە مۇھىم نۇقتا ئىچىدىكى مۇھىم نۇقتا قىلىندى. جايلار مەركىزىي گۇرۇپپىدا ئۆگىنىش، ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىشقا ئوخشاش كۆپ خىل شەكىللەر بىلەن پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تورلۇق شەكىلدىكى سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇردى، ھەرقايسى ئاخبارات ۋاستىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك خەۋەر بېرىپ تۇردى. تەشۋىقات بۆلۈمى «جياڭ زېمىننىڭ ‹ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش› مۇھىم بايانىنى ئۆگىنىش ماتېرىياللىرىدىن تاللانما» نى تۈزۈپ تارقاتتى؛ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» تەلىپىگە سېلىشتۇرۇپ ئۆز خىزمىتىدىكى پەرقلەرنى تېپىپ، تىرىشىش نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇردى.

2. تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، غەربنى كەڭ ئېچىشقا ئىلھاملاندۇرۇش ۋە مۇراجىئەت قىلىش خىزمىتى ئىشلەندى.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى يىل بېشىدا «پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ شىنجاڭنى ئاچايلى» دېگەن تېمىدا مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. «شىنجاڭ گېزىتى» دە «شىنجاڭدا غەربنى كەڭ ئېچىشنى كۈتۈۋېلىش ۋە يولغا قويۇش تەشۋىقات - تەربىيىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى»، «تەسەۋۋۇر چىقىش يولى دېمەكتۇر»، «سىياسەت ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ دېمەكتۇر» قاتارلىق 8 پارچە ئوبزور ئېلان قىلىپ، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى دىڭ گۇەنگېننىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. «غەربنى كەڭ ئېچىش: يېڭى ئەسىرگە يۈزلەنگەن زور تەدبىر» دېگەن كىتابنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇردى. غەربنى كەڭ ئېچىش بىلىملىرى بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى، شۇنداق قىلىپ غەربنى كەڭ ئېچىشقا ھەممە ئادەم كۆڭۈل بۆلىدىغان، مەدەت بېرىدىغان، ئىشتىراك قىلىدىغان كەيپىيات يارىتىشقا تىرىشتى.

«بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» ناملىق مەدەنىيەت - ساياھەت - ئىقتىساد - سودا چوڭ كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىچكى ئۆلكىلەرگە كۆرسەتتى. شىنجاڭنىڭ مىللىي ناخشا - ئۇسسۇللىرىنى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئارقىلىق كۆرسەتتى، شۇنداق يوللار بىلەن شىنجاڭنىڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى تەشۋىق قىلدى.

3. مۇقىملىق قوغدىلىپ، ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش قانات يايدۇرۇلدى.

(1) ئاپتونوم رايون بويىچە ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى.

(2) باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى

ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. «16 - سېنتەبىر يولىيورۇقى» نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بويىچە رادىئو - تېلېۋىزىيە قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، يىل ئاخىرىغىچە رادىئو - تېلېۋىزىيە بىلەن قاپلاش ۋە سىناق قىلىش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىش بولدى. (3) ماركسىزملىق دۆلەت قارىشى، مىللەت قارىشى، دىن قارىشى، تارىخ قارىشى، مەدەنىيەت قارىشى تەربىيىسى بوشاشماي ئېلىپ بېرىلدى. (4) ئىجابىي ۋە سەلبىي تىپلار تۇتۇلۇپ، ئاخبارات، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە ئوقۇپ باھالاش، تەكشۈرۈش خىزمىتى كۈچەيتىلدى، قانۇنسىز سىياسىي نەشر بۇيۇملىرى ۋە قانۇنسىز دىنىي نەشر بۇيۇملىرى تەكشۈرۈپ يىغىۋېلىندى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ بىر تۈركۈم ئىلغار تىپلار تونۇشتۇرۇلدى. (5) دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت جەبھىسى ساغلام، ئالىيجاناپ ئىدىيە بىلەن ئىشغال قىلىنىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى. مەدەنىيەتنى، پەن - تېخنىكىنى، سەھىيىنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش، «ئالتە (دۆلەت بايرىقى، لوزۇنكا، گېزىت، رادىئوكاناي، سەنئەت نومۇرلىرى، كىنو) نى كەنتلەرگە كىرگۈزۈش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، يەنە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئون يۇلتۇزلۇق مەدەنىي ئائىلە ۋە مەدەنىي كەنت - بازار بەرپا قىلىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.

4. ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلۇپ، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت كۈچەيتىلدى ۋە ياخشىلاندى.

1) ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇش پىكرى تۈزۈپ چىقىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم 4 - ئايدا «ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» نى تارقاتتى. تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنىدا، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ يولىيورۇقى ۋە مەركىزىي كومىتېت ھۆججىتىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرى، كارخانىلار، مەكتەپلەر، مەھەللىلەر ۋە ئورگانلارغا قارىتىش گەۋدىلىك تەكىتلەندى.

2) تەكشۈرۈپ تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت بويىچە بىر تۈركۈم تىپلار تونۇشتۇرۇلدى، تەشۋىقات بۆلۈمى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭغا 4 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، خېلى ۋەزنى بار تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدىن 7 پارچە يېزىپ چىقتى. يەنە خوتەن ۋىلايىتى بىلەن تارباغاتاي ۋىلايىتىگە 2 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، لوپ ناھىيىسى چارباغ يېزىسى ئارا مەھەللە كەنتىنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى قانات يايدۇرۇشتىكى ئىلغار تەجرىبىسى بىلەن چاغانتوقاي ناھىيىسىنىڭ جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلغان ئىش - پائالىيەتلىرىنى يەكۈنلەپ تونۇشتۇردى.

3) تەجرىبىلەر يەكۈنلىنىپ، يېڭى ۋەزىيەتتە ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنىڭ يېڭى مېخانىزمىنى تېپىش يولىدا ئىزدىنىپ ئىش كۆرۈلدى. (1) سىڭدۈرۈش پرىنسىپى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، كەڭ كۆلەملىك يۈز تۇرانە تەشۋىقات - تەربىيە پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. جايلار، تارماقلار، يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلىي قۇرۇلۇشىغا بىرلەشتۈرۈپ، يۈز كىشىلىك تەشۋىقات - لېكسىيە ئۆمىكى، مىڭ كىشىلىك تەشۋىقات - لېكسىيە ئۆمىكى تەشكىللىدى، بۇ ئۆمەكلەر كەنتمۇ كەنت، ئائىلىمۇ ئائىلە يۈرۈپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلدى. (2) «ئەلنى رازى قىلىش قۇرۇلۇشى» يولغا قويۇلۇپ، يېزا، شەھەرلەرنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتى ئوبدان تۇتۇلدى. (3) تۈرلەر تۇرغۇزۇلۇپ، پائالىيەتلەر تۇتۇلدى. ئۈچىنچى تۈركۈمدە 27 ئورۇنغا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بازىسى دەپ نام بېرىلدى، جەمئىيەتتە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش، مەدەنىي يېڭى كەيپىياتنى تەشەببۇس قىلىش ۋە بىرلىكتە گۈزەل يۇرت بەرپا قىلىش، مەدەنىي يېڭى كەيپىياتنى تەشەببۇس قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى مەدەنىي بولۇش، يېڭى كەيپىيات تىكلەش نەمۇنە قۇرۇلۇشى، مەدەنىي مەھەللە، مەدەنىي كەسىپ، مەدەنىي كەنت - بازار بەرپا قىلىش پائالىيىتى، 100 شەھەردىكى تۈمەن ماگىزىندا يالغان مال بولماسلىق پائالىيىتى داۋاملىق قانات يايدۇرۇلدى. (4) پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تۇرغۇزۇلدى، ناھىيە، يېزىلاردىكى ئاساسلىق مىللىي رەھبەرلەرنىڭ ئۆز جايىدىكى مەسچىتلەر بىلەن ئالاقە باغلاش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تۇرغۇزۇلدى. (5) چەت - ياقا، يىراق، نامرات يېزا - كەنتلەردە «ئالتىنى كەنتكە كىرگۈزۈش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، يېزا - كەنتلەرنىڭ ئىدىيە - مەدەنىيەت جەبھىسى ئىگىلەندى. (6) تور تەشۋىقاتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىلىپ، شىنجاڭ تەشۋىقات - ئىدىيىۋى خىزمىتىنىڭ نۇقتىلىق تور پونكىتى قۇرۇلدى.

4. كەيپىيات يارىتىپ، ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنىڭ خەۋەر قىلىش خىزمىتى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇلدى.

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرى كۇرسىدىن بىر قارار، باش، ئوتتۇرا باش نەزەرىيە ئاپانچىلىرى كۇرسىدىن بىر قارار، ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرنىڭ داۋاملىق تەربىيە كۇرسىدىن بىر قارار ئاچتى. سۈجۈ شەھىرىدە ناھىيىلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى مۇدىرلىرى كۇرسىدىن 5 قارار ئاچتى، 400 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى.

ما يۈجۈ

## ئاپتونوم رايونلۇق بىرلىك سەپ بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنى

بۇ يىغىن 2000 - يىل 1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، يىغىنغا ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوم، بىڭتۇەن پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈملىرىنىڭ باشلىقلىرى قاتارلىقلاردىن بولۇپ 40 نەچچە كىشى قاتناشتى. يىغىننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: مەملىكەتلىك بىرلىك سەپ بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 - يىللىق بىرلىك سەپ خىزمىتىنى خۇلاسىلەش ۋە 2000 - يىللىق بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى.

لىيۇ كەي

## بىرلىك سەپ بۆلۈم باشلىقلىرى سۆھبەت يىغىنى

ئاپتونوم رايونلۇق بىرلىك سەپ بۆلۈم باشلىقلىرى سۆھبەت يىغىنىنىڭ شىمالىي شىنجاڭ بۆلەك يىغىنى 2000 - يىل 10 - ئاينىڭ 10 — 11 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، جەنۇبىي شىنجاڭ بۆلەك يىغىنى 10 - ئاينىڭ 23 — 25 - كۈنىگىچە كورلىدا ئېچىلدى. يىغىندا باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە ۋاڭ لېچۈەننىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى يىغىنىدا قىلغان سۆزى يەتكۈزۈلدى، دىن خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش مەسىلىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىندى.

لىيۇ كەي

## پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن كېڭەشىش يىغىنى، سۆھبەت يىغىنى، ۋاقىپلاندۇرۇش يىغىنى

ئاپتونوم رايون 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى مەسئۇللىرىنىڭ چاغانلىق سۆھبەت يىغىنىنى ئاچتى. يىغىندا جۇ شېڭتاۋ سۆز قىلدى. ئىسمايىل تىلىۋالدى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارغا ۋە زوراۋانلىق - تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم دۆلەت بايرىمىنى كۈتۈۋېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى پارتىيە سىرتىدىكى مەشھۇر زاتلارنىڭ سۆھبەت يىغىنىنى ئاچتى. يىغىنغا جۇ شېڭتاۋ، ئىسمايىل تىلىۋالدى قاتناشتى. جۇ شېڭتاۋ شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى ۋە غەربىي كەڭ ئېچىشنىڭ تەسەۋۋۇرلىرىنى، پارتىيە، دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ غەربىي كەڭ ئېچىشقا قىلغان غەمخورلۇقى ۋە بەرگەن مەدەتلىرىنى تونۇشتۇردى.

ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە ھۆكۈمەت مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىدىكىلەرنىڭ سۆھبەت يىغىنىنى ئېچىپ، گوۋۇيۈەننىڭ غەربىي كەڭ ئېچىشقا دائىر ھۆججىتىنى يەتكۈزدى. ئۇلارنىڭ شىنجاڭدا غەربىي كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشقا ئالاقىدار سىياسەت - تەدبىرلەرنى تۈزۈش توغرىسىدىكى پىكىر، تەكلىپلىرىنى ئاڭلىدى.

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرىدىن ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەتچىلىرىدىن «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» توغرىسىدا پىكىر ئالدى. يىغىنغا ئابلەت ئابدۇرېشىت، جاڭ ۋېنيۇ، جاڭ جۇلار قاتناشتى. ئابلەت ئابدۇرېشىت يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» نىڭ مەزمۇنىنى تونۇشتۇردى. كۆپچىلىك «دوكلات» ھەققىدە بىرمۇنچە ياخشى تەكلىپلەرنى بەردى.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى پارتىيە سىرتىدىكى زاتلارنى ۋاقىپلاندۇرۇش يىغىنىنى ئاچتى. يىغىندا ئۇلارنى مەملىكەتلىك بىرلىك سەپ خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىدىن ۋاقىپلاندۇردى. ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن پاشا ئىشان، جۇ جېنجۇڭلار يىغىنغا قاتناشتى.

جاۋ يۇلەن

## پارتىيە سىرتىدىكى رەھبىرىي كادىرلارنى سەپلەش ئەھۋالى

2000 - يىلى پارتىيە سىرتىدىكى زات ئەنۋەر ئىمىن ش ئۇ ئا ر ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا، مىجىت زاكىر مەمۇرىي تەپتىش

نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا تەيىنلەندى. يىل ئاخىرىغىچە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىك بەنزىسىگە پارتىيە سىرتىدىكى كادىردىن بىر نەپەر قويۇلدى، ۋىلايەت، شەھەر ۋە نازارەت (ئىدارە) لەرنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىگە پارتىيە سىرتىدىكى كادىردىن 3 نەپەر قويۇلدى، نازارەت (ئىدارە) ئورگانلىرىنىڭ باشقارما (ئىشخانا) دەرىجىلىك ئورۇنلىرىغا پارتىيە سىرتىدىكى كادىردىن 77 نەپەر قويۇلدى، ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىك غەيرىي رەھبەرلىك ۋەزىپىسىگە 109 نەپەر قويۇلدى؛ ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا پارتىيە سىرتىدىكى ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىك كادىردىن 50 نەپەر، ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىك غەيرىي رەھبەرلىك ۋەزىپىسىگە 23 نەپەر قويۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە رەھبەرلىك بەنزىسىگە قويۇلغان ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىك پارتىيە سىرتىدىكى زات 570 كە يەتتى.

ۋۇ فېڭ

## بىرلىك سەپ سېپىدىكى ئىككى قوشۇننى تەربىيىلەش ئەھۋالى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمى 2000 - يىل 10 - ئايدا تۇنجى قېتىم مەركىزىي سوتسىيالىزم ئىنىستىتۇتىدا شىنجاڭنىڭ پارتىيە سىرتىدىكى كادىرلىرى ئۈچۈن كۇرس ئاچتى. كۇرسقا پارتىيە سىرتىدىكى ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك 28 رەھبىرىي كادىر قاتناشتى. 2000 - يىلى ھەر دەرىجىلىك بىرلىك سەپ بۆلۈملىرى بىرلىك سەپ كادىرىدىن 5400 ئادەم (قېتىم)، پارتىيە سىرتىدىكى كادىردىن 1044 ئادەم (قېتىم)، پارتىيە سىرتىدىكى زاتلاردىن 18 مىڭ 702 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلىدى. بىر يىلدا بىرلىك سەپ سېپىدىكى ئىككى قوشۇندىن 25 مىڭ 146 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى.

ۋۇ فېڭ

## ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش - ئوقۇتۇش ئەھۋالى

ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىك 37 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت كادىر ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ سۇجۇدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزى 2000 - يىل 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنىگىچە ئاچقان 6 - قارارلىق باشقۇرۇش مۇھاكىمە كۇرسىغا قاتناشتى.

ھاپىز نىياز قاتارلىق 6 كىشى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمى 10 - ئاينىڭ 11 — 26 - كۈنىگىچە شياڭگاڭدا ئۆتكۈزگەن ئاز سانلىق مىللەت مەشھۇر زاتلىرىنىڭ 6 - قارارلىق ئىگىلىك باشقۇرۇش مۇھاكىمە كۇرسىغا قاتناشتى.

شىنجاڭدىن 4 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت رېستوران دىرېكتورى 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنىگىچە مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزى بىلەن شياڭگاڭ پېيخۇا مائارىپ فوندى بىرلىشىپ، گۇاڭجۇدىكى جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزگەن ئاز سانلىق مىللەت رېستوران دىرېكتورلىرىنىڭ 2 - قارارلىق كۇرسىغا قاتناشتى.

ئەركىن تۇراخۇن قاتارلىق 2 كىشى 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنىگىچە مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى گېرمانىيىدە ئۆتكۈزگەن جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنىڭ 1 - قارارلىق مۇھاكىمە كۇرسىغا قاتناشتى.

ۋېي شىڭچاڭ

## دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھ كادىرلىرىنىڭ 10 - قارارلىق كۇرسى

بۇ كۇرسنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى بىلەن شىنجاڭ سوتسىيالىزم ئىنىستىتۇتى بىرلىشىپ، 2000 - يىل 3 - ئاينىڭ 21 — 29 - كۈنىگىچە ئاچتى. كۇرسقا گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى، دېموكراتىيە ئىتتىپاقى، دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى، دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى، ئىشچى - دېھقانلار پارتىيىسى، «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتىدىن 30 نەچچە كۇرسانت قاتناشتى.

جاۋ يۈلەن

## شياڭگاڭ پېيخۇا فوندى تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى

شياڭگاڭ پېيخۇا فوندىنىڭ تەربىيىلەش نەتىجىلىرىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى 10 كىشى شىنجاڭغا كېلىپ 2000 - يىل 8 - ئاينىڭ 25 — 30 - كۈنىگىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۈرۈمچىدە شياڭگاڭ پېيخۇا مائارىپ فوندىنىڭ تەربىيىلەش نەتىجىلىرىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا ئىسمايىل تىلىۋالدى رىياسەتچىلىك قىلدى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇ ۋېيجۇن يىغىنغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى. يىغىندا تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئەزالىرى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى ئالاقىدار تەرەپنىڭ مەسئۇللىرى، شياڭگاڭ پېيخۇا مائارىپ فوندىدا تەربىيىلەنگەن كۇرسانتلارنىڭ 28 نەپەر

ۋەكىلى قاتناشتى. بۇ فوند 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن باشلاپ شىنجاڭغا تۈرلۈك ئىختىساس ئىگىلىرىدىن 280 نەچچە كىشىنى تەربىيىلەپ بەردى.

ليۇ كەي

## سىياسىي - قانۇن خىزمىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي - قانۇن تارماقلىرى ئىجتىمائىي - سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداشنى باشتىن - ئاخىر خىزمەتنىڭ ئالدىنقى ئورنىغا قويۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى.

1. بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتە يېڭى نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى. بىر يىلدىن بۇيان «تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىش، باش كۆتۈرگەن ھامان زەربە بېرىش، ئاۋۋال مۇشت ئېتىش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، قاتتىق زەربە بېرىش، يۇقىرى بېسىم ئىشلىتىش ھالىتى ساقلاپ قېلىنىپ، چېگرا ئىچىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر، زوراۋان تېررورچىلار، چېكىدىن ئاشقان دىنىي كۈچلەرنىڭ تۈرلۈك بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىلدى. 28 زوراۋان تېررورلۇق تەشكىلاتى ۋە شايكىسى پاش قىلىندى، 260 جىنايەت گۇماندارى تۇتۇلدى، دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە زىيان يەتكۈزگەن بىر تۈركۈم جىنايەتچىلەر قانۇن بويىچە جازالاندى.

2. مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتىدە يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون مەركەزلىك تۈزەشتە مۇھىم نۇقتا قىلىپ بېكىتكەن 5 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ئورگان كادىرلىرىدىن 13 مىڭ 788 نى ئاجراتتى، ئۇلار 18 ناھىيە، شەھەرنىڭ 120 يېزا - بازىرىدىكى 584 كەنت ۋە 99 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپكە بېرىپ، ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن تاماقتا، يېتىپ - قوپۇشتا، ئەمگەكتە بىللە بولدى. مەركەزلىك تۈزەش بويىچە ئېلىپ بېرىلغان مەخسۇس كۈرەش ئارقىلىق خەلق ئاممىسى ئارىسىدا كەڭ تەشۋىقات ۋە سەپەرۋەرلىك ئېلىپ بېرىلدى. مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار، زوراۋان تېررورچى ئۇنسۇرلار، چېكىدىن ئاشقان دىنىي كۈچلەر ئىچىدىكى باش ئۇنسۇرلارغا قاتتىق زەربە بېرىلدى، ئامانلىق ساقلاش مۇداپىئە تەدبىرلىرى ۋە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى، بەزى جايلاردا ئامانلىق ساقلاش خىزمىتى ياخشى بولماي كەلگەن ئەھۋال كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، خەلق ئاممىسىنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى يەنىمۇ كۈچەيدى.

3. ھەرخىل ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتلىرىگە ۋە ئىقتىسادىي جىنايى ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىلدى. ھەر دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرى قاچقۇن جىنايەتچىلەرنى قوغلاپ تۇتۇش، زەھەر چەكلەش، ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىش، ئاياللار - بالىلارنى ئالداپ سېتىشقا زەربە بېرىش مەخسۇس كۈرەشلىرىدە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 46 مىڭ 60 ى تۇرغۇزۇلۇپ، 26 مىڭ 727 سى پاش قىلىندى، دېلو پاش قىلىش مۇتلەق سانى 1999 - يىلدىكىدىن 18.9% ئۆستى. تەپتىش، سوت ئورگانلىرى تېز ئەيىبلەپ، تېز ھۆكۈم چىقىرىپ، جىنايەتچىلەرنىڭ ھەيۋىسىنى ئۈنۈملۈك سۇندۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنىڭ مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. تەپتىش ئورگانلىرى يەنە خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق، ھوقۇقتا دەخلى - تەرۇز قىلىش، مەسئۇلىيەتسىزلىك جىنايىتىگە دائىر 796 كىشىگە چېتىلىدىغان 709 دېلونى تۇرغۇزۇپ رازۋېدكا قىلدى. 670 كىشىگە چېتىلىدىغان 608 دېلونى رازۋېدكا قىلىپ ئاياغلاشتۇردى. 77 مىليون 204 مىڭ 200 يۈەن ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالدى. چىرىكلەشكەن ئۇنسۇرلارنى قاتتىق جازالاپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرتىپىنى قوغدىدى، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 1 -، 2 - سوتتا ھەق - تەلەپ دېلوسى، ئىقتىسادىي دېلودىن 138 مىڭ 822 نى قاراپ چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدە ھەق - تەلەپ دېلوسى 113 مىڭ 433، ئىقتىسادىي دېلو 25 مىڭ 389. ئەدلىيە مەمۇرىيىتى، ئادۋوكاتلىق، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى، نازارەتتە باشقۇرۇش - ئۆزگەرتىش خىزمەتلىرىمۇ ئىلگىرىلىدى ۋە كۈچەيدى.

4. دىنىي ئىشلارغا بولغان باشقۇرۇش قانۇن بويىچە كۈچەيتىلىپ، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ئەدەپ كېتىشى توسۇلدى. بىر يىلدىن بۇيان، جايلار قانۇنلۇقلىرىنى قوغداش، قانۇنسىزلىرىنى بىكار قىلىش، جىنايەتكە زەربە بېرىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، قەتئىي تۈردە دۆلەتنىڭ قانۇن، نىزام، سىياسەتلىرى بويىچە ئىش كۆرۈپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى سوتسىيالىزمغا لايىقلىشىش يولىغا پائال يېتەكلىدى، دىنىي زاتلار، دىنىي سورۇنلار ۋە دىنىي پائالىيەتلەرگە بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. ھەر دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرى ئالاقىدار تارماقلارغا پائال ماسلىشىپ، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنى قەتئىي بىكار قىلىپ، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر ئەدەپ كېتىۋاتقان ئەھۋالنى ئۈنۈملۈك توستى..

5. ج خ، سىياسىي - قانۇن ئورۇنلىرى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرگە ھەمكارلىشىپ، ئاممىۋى

خاراكتېرلىك نۇرغۇن ۋەقەلەرنى مۇۋاپىق بىرتەرەپ قىلدى ۋە «فالۇن گۇمپىسى»غا ئوخشاش بىدئەت تەشكىلاتلارغا زەربە بەردى. ئۇلار بىر يىلدىن بۇيان ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرگە ھەمكارلىشىپ تۈرلۈك ئاممىۋى خاراكتېرلىك ۋەقە ۋە تاسادىپىي ۋەقەدىن 400 نەچچىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلدى. بىر يىلدا «فالۇن گۇمپىسى» تايانچ ئۇنسۇرلىرىدىن 306 ئادەم (قېتىم) نى مەمۇرىي جەھەتتىن تۇتۇپ تۇردى، 222 ئادەم (قېتىم) نى جىنايى ئىشلار جەھەتتىن تۇتۇپ تۇردى، 33 ئادەمنى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىدى، 10 ئادەمگە جازا ھۆكۈم قىلدى، «فالۇن گۇمپىسى» جاھىل ئۇنسۇرلىرىنى نازارەت ئاستىغا ئېلىش ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىش سالمىقىنى قانۇن بويىچە كۈچەيتتى.

6. جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىدە يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ئۆز قارمىقىدىكى ناھىيە (شەھەر)، تارماقلار بىلەن ھەر تەرەپلىمە تۈزەش مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالىدى. ئامانلىق ساقلاش بويىچە مۇداپىئە كۆرۈش، زىددىيەت - ماجىرالارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، پارتلىتىشتىن ساقلىنىش، تاسادىپىي ۋەقەلەرنى بىرتەرەپ قىلىش خىزمەتلىرى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى. بىر تۈركۈم ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرى ئامانلىق بەرپا قىلىش ئۆلچىمىگە يەتتى، ئاقما نوپۇسلارنى باشقۇرۇش پەيدىنپەي قېلىپلاشتى، مەكتەپ ئەتراپى مۇھىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كۆرگەزمىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنىڭ سالمىقى يەنىمۇ ئاشۇرۇلدى. كارخانا بىلەن يەرلىك ئورۇن بىرلىكتە بەرپا قىلىش خىزمىتى پەيدىنپەي قانات يايدۇرۇلدى. 3 - بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، قانۇن بويىچە تۈزەش خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى، ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنىڭ ئاساسىي قاتلامدىكى ئاساس خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. 10 - ئايدا جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلىپ، 210 ئىلغار كوللېكتىپ، 304 ئىلغار شەخس، ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن 28 ئىلغار، 203 «بىخەتەر، مەدەنىي مەھەللە»، «بىخەتەر، مەدەنىي كەنت (بازار)» تەقدىرلەندى.

7. سىياسىي - قانۇن قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى قارارىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى سىياسىي - قانۇن كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر» تۈزۈپ چىقتى.

ھەر دەرىجىلىك سىياسىي - قانۇن ئورگانلىرى تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ئەنزە بېجىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى، كادىر - ساقچىلارنىڭ قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. 2000 - يىلى سىياسىي - قانۇن تارماقلىرى تەكشۈرۈش ئارقىلىق 153 كىشىنىڭ سىياسىي - قانۇن ئورگىنىدا ئىشلەش سالاھىيىتىنى بىكار قىلدى، سىياسىي - قانۇن تارمىقىدا ئىشلەشكە لايىق كەلمەيدىغان 27 كىشىنى (ج خ سىستېمىسىنىڭ بۆنىڭ سىرتىدا) ئېنىقلاپ چېكىندۈردى. 1999 - يىلدىن باشلاپ كەڭ قانات يايدۇرۇلغان خەلق رازى بولىدىغان سىياسىي - قانۇن كادىر - ساقچىسى (ئورنى) بولۇش پائالىيىتىدە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى، 67 ئورۇن، 48 كىشى مەركىزىي سىياسىي - قانۇن ئورگىنىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

ۋاڭ بېيتىڭ

## مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭ دۆلەت مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى» نى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەخپىيەتلىكنى ساقلاشنى تەكشۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاش دېلولىرىنى قاتتىق بىرتەرەپ قىلدى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلاش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈردى.

2 - ئايدا «مەخپىيەتلىكنى ساقلاشقا دائىر قانۇن - نىزام، ھۆججەتلەردىن تاللانما» (2) تۈزۈپ نەشر قىلىندى، بۇنىڭغا 1992 — 1999 - يىلدىكى قانۇن - نىزام، ھۆججەتتىن 50 پارچە كىرگۈزۈلدى.

3 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلاردىن مەخپىيەتلىكنى ساقلاشقا دائىر قانۇن - نىزامدىن ئىمتىھان ئېلىندى. ئىمتىھانغا قاتناشقانلار ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىك كادىرنىڭ 96% نى ئىگىلەيدۇ.

4 - ئايدا شىنجاڭ دۆلەت مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلارنىڭ ھۆججەت - ئالاقە، ئارخىپ، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ۋە سېلىشتۇرۇپ باھالاشقا قاتناشتى.

5 - ئايدا دۆلەت دەرىجىلىك مائارىپ ئىمتىھان سوئالىنى باسقۇچى ئورۇنلار، ئىمتىھان سوئالىنى ساقلىغۇچى، باسقۇچىلارنىڭ ئەھۋالى ۋە ئىمتىھان مەيدانلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، ئىمتىھان خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

6 - ئايدا ئۈرۈمچىدە «مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتى»

ژۇرنىلىنى ئالاقە باغلاپ تارقىتىش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون ۋە ئارمىيە سىستېمىسىدىن 100 نەچچە ۋەكىل قاتناشتى.

شىنجاڭ دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش ئىدارىسى 7 - ئايدا چېڭدۇدا مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كادىرلىرىنىڭ كومپيۇتېر سىستېمىسىدا مەخپىيەتلىكنى ساقلاشنى باشقۇرۇش بىلىملىرى كۇرسى ئاچتى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئورۇنلاردىن 80 دىن ئارتۇق كادىر قاتناشتى.

8 - ئايدا سانجى، ئالتاي، قاراماينىڭ ۋە ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق 30 نەچچە ئورۇننىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلاشقا دائىر قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئەھۋالى ئارىلاپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

9 - ئايدا شىنجاڭ دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇچۇرلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى، ئالاقىدار ئالىي مەكتەپلەر، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تېخنىكىسى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى قۇردى.

10 - ئايدا ئۈرۈمچىدە مەخپىيەتلىككە چېتىشلىق خادىملارنىڭ ئىش ئورنىغا چىقىشى بويىچە 1 - قارارلىق كۇرسى ئېچىلدى، 70 تىن ئارتۇق كادىر قاتناشتى.

12 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە 3 - بەش يىللىق مەخپىيەتلىكنى ساقلاش قانۇنچىلىقى تەشۋىقات - تەربىيە خىزمىتىدىكى 104 ئىلغار ئورۇن ۋە 92 ئىلغار شەخس باھالاپ چىقىلىپ تەقدىرلەندى.

2000 - يىلى مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاش دېلوسىدىن 6 سى سادىر بولدى، ھەممىسى تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇرۇلدى، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش نىسبىتى %100 بولدى.

لى خۇڭجۈي

## پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسى 2000 - يىلى 6 - ئايدا «پېشقەدەم كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. 12 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پېشقەدەم كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت يىغىنى ئېچىلدى.

پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسى 5 -، 6 - ئايدا پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى، 8 - ئارمىيە جەڭچىلىرى ۋە شىنجاڭغا پىيادە كىرگەن ئايال ئەسكەرلەر ۋەكىللىرىنى 2 تۈركۈمگە بۆلۈپ، خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئورۇنلار ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر دەم ئېلىشقا چىقىش پۇلىنى مالىيەدىن بىر تۇتاش تارقىتىشنى يولغا قويدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردىن دەم ئېلىشقا چىققان 1847 كادىرنىڭ دەم ئېلىشقا چىقىش پۇلى مالىيەدىن بىر تۇتاش بېرىلىدىغان بولدى. مۇشۇ يىلدا قەرز قالغان دەم ئېلىشقا چىقىش پۇلىدىن 214 مىڭ 800 يۈەن، داۋالىنىش راسخوتىدىن 4 مىليون 323 مىڭ 300 يۈەن ئېنىقلاندى. يەنە «مەرھۇم دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلارنىڭ قەرز قالغان داۋالىنىش راسخوتىنى تېزدىن ھەل قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسى «ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق كادىرلار دەم ئېلىش ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇۋاتقان كادىرلارنىڭ ئۆي تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش پىكرى» نى تارقاتتى، ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق 5 كادىرلار دەم ئېلىش ئورنىدىكى پېشقەدەم كادىرلارنىڭ ئۆي ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. يەنە دەم ئېلىشقا چىققان مەرھۇم كادىرلارنىڭ خوتۇنلىرىنىڭ ئۆي ئىسلاھاتىغا قاتنىشىشىغا ئالاقىدار بەلگىلىمە چىقىرىلدى.

2000 - يىلى جايلار پېشقەدەم كادىرلارنى ئەۋلادلارغا غەمخورلۇق قىلىش، «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى، كادىرلارنى تەكشۈرۈش، پارتىيە قۇرۇلۇشىغا ئوخشاش خىزمەت ۋە پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇرۇپ بىرقەدەر ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. نۇرغۇن پېشقەدەم كادىرلار ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىللىگەن «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» كۆزىتىش گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ، ئاجايىپ ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسى

## تاشقى تەشۋىقات خىزمىتى

1. چەتنىڭ كۆچىگە تايىنىپ ئېلىپ بېرىلغان تاشقى تەشۋىقاتنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. 2000 - يىلى 200 دىن ئارتۇق ئاخبارات ۋاستىسى، 1000 دىن ئارتۇق مۇخبىر شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. مەركەزدىكى ئاساسلىق ئاخبارات ۋاستىلىرى ۋە ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئاخبارات ۋاستىلىرى زىيارەت قىلىش، مەخسۇس تېمىدا خەۋەر بېرىش، ھەمكارلىشىش، ئالماشتۇرۇش، پروگرامما ئالماشتۇرۇش، يىغىن ئېچىشقا ئوخشاش شەكىللەر بىلەن 500 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە ئېلان قىلدى.

مەركەزنىڭ ۋە مىنىستىرلىك، كومىتېتلارنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرلار پونكىتلىرى 4000 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە ئېلان قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن مۇخبىرلار ئۆمىكى، شياڭگاڭ، ئاۋمېن رايونى ۋە ئەتراپتىكى دۆلەتلەردىن

كەلگەن مۇخبىرلار ئۈمىكى بولۇپ 43 تۈركۈمدە 260 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى، ئۇلارغا تاشقى تەشۋىقات بۇيۇملىرى تارقاتتى.

10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىسى بېيجىڭدا شىنجاڭنى كەلگۈسى ئېچىش مەخسۇس تېمىسى بويىچە مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى، جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ 94 ئاخبارات ۋاستىسىدىن 130 نەپەر مۇخبىر قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەللەرنىڭ ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەننىڭ ئاخبارات ۋاستىسى 43. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىت قاتارلىق رەھبەرلەر مۇخبىرلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

ياۋروپا، ئامېرىكا دۆلەتلىرىگە قارىتىلغان تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئامېرىكىنىڭ «مۇھاجىرلار گېزىتى»، فرانسىيىنىڭ «ياۋروپا ۋاقىت گېزىتى» دىن پايدىلىنىپ، «شىنجاڭغا نەزەر» ناملىق مەخسۇس خەۋەر تارقىتىلدى، جۇڭگو «شىنخۇا» ئاگېنتلىقى شىنجاڭ شۆبىسىگە ھەمكارلىشىپ، 60 تىن ئارتۇق مەخسۇس بەت تارقىتىلدى.

2. 2000 - يىل 4 - ئاينىڭ 16 — 23 - كۈنىگىچە نەنجىڭدا يۇرۇشلۇق مەدەنىيەت - تەشۋىقات پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى. 2000 - يىللىق ساياھەت يەرمەنكىسى تەييارلىق كومىتېتى، ئۇ ش پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، مەدەنىيەت نازارىتى قاتارلىق 19 ئورۇن يۈتۈن پائالىيەتكە قاتناشتى. نەنجىڭ مۇزېيىدا «غەربتىكى قايناق زېمىن — كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان شىنجاڭ» ناملىق فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى ئۆيۈشتۇرۇلدى. بۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ شىنجاڭنىڭ قىسمەن داڭلىق مەھسۇلاتلىرى، ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتلىرى، ساياھەت خاتىرە بۇيۇملىرى ۋە تاشقى تەشۋىقات بۇيۇملىرى تونۇشتۇرۇلدى. شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۈمىكىنىڭ «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» ناملىق ناخشا - ئۇسسۇلى قويۇلدى. 2000 - يىللىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى، 2000 - يىللىق ئۈرۈمچى ساياھەت يەرمەنكىسى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىلدى. ئالتاي ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى، شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى نەنجىڭ، چاڭجۇ، ياڭجۇ، ۋۇشى، شاڭخەي قاتارلىق جايلاردا ئويۇن قويدى. بۇ يۈرۈشلۈك پائالىيەتكە 40 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. 30 نەپەر ئاخبارات ۋاستىسى بۇ ھەقتە خەۋەر بەردى ۋە 100 نەپەر پارچە ماقالە ئېلان قىلدى.

3. 2000 - يىللىق ساياھەت يەرمەنكىسىنىڭ تاشقى تەشۋىقات خىزمىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى. يەرمەنكىگە 35 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون، شياڭگاڭ، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونلىرى ۋە مەركەزدىكى ئورۇنلار بولۇپ 1747 ئورۇندىن 5500 دىن ئارتۇق مېھمان قاتناشتى. ئېكسكۇرسىيىچى 50 مىڭدىن ئاشتى. مۇشۇ يۈرۈشلۈك ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى، تېخنىكا كېڭەيتىش يىغىنى، ئىزاھات بېرىش يىغىنى، مۇھاكىمە يىغىنى بولۇپ 30 نەچچە قېتىم يىغىن ئېچىلدى، 160 نەچچە پارچە خەۋەر ئېلان قىلىندى. يەرمەنكىنى مەملىكەتتىكى 100 نەچچە ئاخبارات ۋاستىسىدىن 400 نەچچە مۇخبىر زىيارەت قىلدى؛ ئاخبارات مەركىزى قۇرۇلۇپ، ئۇلارغا 2000 نۇسخىدىن ئارتۇق تۈرلۈك تەشۋىقات بۇيۇمى تارقىتىلدى؛ جۇڭگو - چەت ئەل مۇخبىرلىرىنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى، ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى 10 نەچچە قېتىم ئېچىلدى. يەرمەنكە مۇناسىۋىتى بىلەن 3100 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە ئېلان قىلىندى، جايلار ھەرخىل تاشقى تەشۋىقات ماتېرىياللىرىدىن 27 مىڭ 600 نەچچە نۇسخا تارقاتتى.

4. ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدىكى تەشۋىقاتتا يېڭىلىق يارىتىلدى.

5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى بېيجىڭدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىلدى. يەنە پىلانلىق تۈردە كەڭ كۆلەملىك زىيارەت پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى. چوڭ دۆلەت كارخانىسى، خۇسۇسىي كارخانا، خەلق باشقۇرغان كارخانا بولۇپ 10 كارخانىنىڭ ئىسلاھات ئەھۋالى تەشۋىق ۋە خەۋەر قىلىندى. يەرمەنكە مەزگىلىدە 3 قېتىم چوڭ تاشقى تەشۋىقات پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى. 3000 نۇسخىدىن ئارتۇق ھەرخىل تاشقى تەشۋىقات بۇيۇمى تارقىتىلدى. يەرمەنكىگە 400 نەپەر مۇخبىر قاتناشتى. مەركەزدىكى ۋە چەت ئەللەردىكى ئاخبارات ۋاستىلىرى كۆپلەپ خەۋەر بەردى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىسى تەكلىپ قىلغان قازاقىستان، قىرغىزىستان ئاخبارات ئۆمەكلىرى، شياڭگاڭ ئاسىيا تېلېۋىزىيە زىيارەت ئۆمىكى، شياڭگاڭ رادىئو ئىستانسىسى، تېلېۋىزىيە ياش شتابى زىيارەت ئۆمىكى، شياڭگاڭ نەشرىيات - مەتبەئە گۇرۇھى زىيارەت ئۆمىكى، «جۇڭگو گېزىتى» زىيارەت ئۆمىكى ئۈنۈملۈك خەۋەر قىلدى.

5. تاشقى تەشۋىقات ئاساسىي قۇرۇلۇشىدا يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى.

1) ئىنتېرنېت تور پونكىتى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىپ، تاشقى تەشۋىقاتتا يېڭى ساھە ئېچىلدى. ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە «شىنجاڭ لىنىيىدە» ناملىق تور پونكىتى قۇرۇلدى، بۇنىڭدا 12 سەھىپە ئېچىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى دۇنياغا تېز، توغرا، ئەتراپلىق تونۇشتۇرۇلدى.

2) تاشقى تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى ئىشلەش ۋە تارقىتىش بازارلاشتۇرۇلدى.

جايلار نۇرغۇن مەخسۇس بەت، مەخسۇس سان ۋە مەخسۇس تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى ئىشلەپ، تاشقى

تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى تەتقىق قىلىش، ئىشلەش، باشقۇرۇش، تارقىتىش خىزمىتىنى كۈچەيتتى ھەمدە يېڭى ـ يېڭى تەشۋىقات شەكىللىرىنى ياراتتى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىسى غەربنى كەلكۈ ئېچىشقا دائىر مەجمۇئە — «شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» غا ۋە «شىنجاڭ توغرىسىدىكى مەجمۇئە» (10 ـ قىسىم) گە ماقالە ئۇيۇشتۇرۇش خىزمىتىنى تاماملىدى، «غەربتىكى قايناق زېمىن — شىنجاڭ» ناملىق كىتابچىنى پۈتتۈردى؛ ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى بىلەن ساياھەت يەرمەنكىسىدە مەخسۇس فىلىم ئىشلىدى؛ ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ھەمكارلىشىپ «يىپەك يولى ناخشا روھى»، «غەربىي يۇرت مۇزىكا روھى» ناملىق يۇرۇشلۇك CD6 دېسكىسى، غەربىي يۇرت ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە دائىر يۈرۈشلۈك CD2 دېسكىسى ئىشلىدى؛ كارخانا بىلەن بىرلىشىپ «شىنجاڭغا كىرىش» ناملىق 4 دېسكا، «ئەسىر ساداسى — ۋاڭ لوبىڭ ناخشىلىرى» ناملىق يۈرۈشلۈك دېسكا ئىشلىدى.

2000 ـ يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر كۆپ قېتىم تاشقى تەشۋىقات كادىرلىرى كۇرسى ئېچىپ، 200 دىن ئارتۇق ئادەمنى تەربىيىلىدى. ش ئۇ ئا ر تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار) ئىشخانىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى قاتارلىق ئورۇنلار ۋە قىسمەن كارخانىلار بىرلىشىپ «شىنجاڭنىڭ تاشقى ئاخبارات خىزمىتى قوللانمىسى»، «ئۈرۈمچى تاشقى تەشۋىقات قوللانمىسى»، «تاشقى تەشۋىقات ئۆگىنىش قوللانمىسى» تۈزۈپ، تاشقى تەشۋىقات كەسپىنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئەمەلىي ماتېرىيال ھازىرلاپ بەردى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىسى 1 ـ ئايدا 28 تاشقى تەشۋىقات كادىرىنى شياڭگاڭدا ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى.

ۋۇ نۇڭ

## ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك خىزمىتى

**ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى، باش كاتىپى، بەنگۇڭتىڭ مۇدىرىنىڭ ئىسمىلىكى**

شۇجى: خۇ جىيايەن (ئايال).

مۇئاۋىن شۇجىلار: گو چېڭتەي، ۋاھاپ سۇلايمان (قازاق)، ئابدۇراخمان پولات، گۇ فېڭلەن (ئايال، 8 ـ ئايدا تەيىنلەندى).

باش كاتىپ: ياۋ يىجيەن (11 ـ ئايدا تەيىنلەندى).

بەنگۇڭتىڭ مۇدىرى: ليۇ باۋجيەن (7 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

ئىزاھات: 2000 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم مۇزاكىرە قىلىپ، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىگە تەستىقلىتىپ، دۇ سىماۋ، نۇردۇن تۇمۇرنى ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىدىن قالدۇردى.

### ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1. پارتىيە ئىستىلى ـ پاكلىق تەربىيىسى. 2000 ـ يىل 4 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك تەشۋىقات ـ تەربىيە خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، تەشۋىقات ـ تەربىيە خىزمىتىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىلىرىنى ئايدىڭلاشتۇردى، ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشقان پارتىيە ئىستىلى ـ پاكلىق قۇرۇلۇشى تەشۋىقات ـ تەربىيە خىزمىتى ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى قۇردى. ئاپتونوم رايون بويىچە «توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيىۋىلىكنى كۈچەيتىش» ئاساسىي تېما قىلىنغان پارتىيە ئىستىلى ـ پاكلىق تەربىيىسى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 9 ـ ئايدا 2 ـ قېتىملىق پارتىيە ئىستىلى ـ پاكلىق تەربىيىسى ئېيىدىن پايدىلىنىپ ئىبرەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى. 10 ـ ئايدا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە ۋە قىسمەن نازارەت، ئىدارىلەردە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ـ پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش سەنئەت كۆرىكى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، 52 مەيدان ئويۇن قويۇلدى، ئويۇننى 450 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم كۆردى. 11 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ھۆكۈمەت ئىشىدا تىرىشچان، دىيانەتلىك، خەلقنى كۆزلەيدىغان ياخشى نامىيلىك پارتكوم شۇجىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى.

2. دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىش ئەھۋالى. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش ئورگانلىرى ئامما پاش قىلغان 23 مىڭ 731 دېلو (قېتىم) نى قوبۇل قىلىپ، 4346 دېلونى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ، 2816 دېلونى تۇرغۇزدى، بۇنىڭدىن 2731 نى ئاياغلاشتۇردى. 2972 كىشىگە (بۇنىڭ ئىچىدە نازارەت دەرىجىلىك كادىر 14، ناھىيە ـ باشقارما دەرىجىلىك كادىر 165) پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بەردى، 73 مىليون 348 مىڭ 900 يۈەن ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالدى. سىياسىي ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 131 نى بىرتەرەپ قىلىپ، 160 كىشىگە پارتىيە

ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بەردى. ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى بىلەن مەمۇرىي تەپتىش نازارىتى ئۆزى 10 دېلونى تۇرغۇزدى، بۇنىڭدىن 9 دېلونى ئاياغلاشتۇرۇپ، 10 كىشىگە چارە كۆردى.

3. قانۇننىڭ ئىجراسى بويىچە مەمۇرىي تەپتىشلىك ئەھۋالى. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش ئورگانلىرى قانۇننىڭ ئىجراسى ئۈستىدىكى مەمۇرىي تەپتىشلىك تۈرىدىن 376 نى يولغا قويدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون تۇرغۇزغىنى 2 تۈر، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىكلەر تۇرغۇزغىنى 44 تۈر، ناھىيە دەرىجىلىكلەر تۇرغۇزغىنى 330 تۈر. ئۆز ئالدىغا بىجىرگىنى 290 تۈر، ھەمكارلىشىپ بىجىرگىنى 282 تۈر، بىجىرىپ ئاياغلاشتۇرغىنى 518 تۈر. قانۇننىڭ ئىجراسى ئۈستىدىكى مەمۇرىي تەپتىشلىك ئارقىلىق 145 مەسىلە ۋە دېلو يىپ ئۇچى بايقالدى، 56 دېلو تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 128 ئادەم بىر تەرەپ قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە 24 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى، 84 كىشىگە مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى، 20 كىشى ئەدلىيە ئورگانلىرىغا يوللاپ بېرىلدى. قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشلىتىلگەن 124 مىليون 818 مىڭ يۈەن پۇل تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى، ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشلىتىلگەن 49 مىليون 746 مىڭ يۈەن پۇل قايتۇرغۇزۇلدى، 5 مىليون 580 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئورنى تولدۇرۇۋېلىندى، 6 مىليون 681 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئالدى ئېلىندى. (1) زايوم مەبلىغىنى باشقۇرۇش - ئىشلىتىش ئۈستىدە قانۇننىڭ ئىجراسى بويىچە مەمۇرىي تەپتىشلىك قىلىنىپ، زايوم مەبلىغىنىڭ ئۆز جايىغا ئىشلىتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى. (2) ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ئۈستىدە قانۇننىڭ ئىجراسى بويىچە مەمۇرىي تەپتىشلىك ئېلىپ بېرىلىپ، دۆلەتنىڭ ئاشلىق ئىسلاھاتىغا دائىر فاڭجېن - سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. (3) قۇرۇلۇش تۈرى ۋە قۇرۇلۇش سۈپىتى ئۈستىدە قانۇننىڭ ئىجراسى بويىچە مەمۇرىي تەپتىشلىك كۈچەيتىلدى، 106 تۈر تەكشۈرۈلۈپ، تۈزىتىش پىكىرنامىسىدىن 33 ى چۈشۈرۈلدى، تۈزىتىش پىكرىدىن 198 ى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. تاشيول، سۇچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە باشقا نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ سۈپىتى بويىچە رەھبەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، خەبەردار چاقىرىش - خەبەردار چىقىش تۈزۈمى، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشنى نازارەت قىلىش تۈزۈمى قاتارلىقلارنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى ئۈستىدە قانۇننىڭ ئىجراسى بويىچە مەمۇرىي تەپتىشلىك ئېلىپ بېرىلدى. (4) نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى ئۈستىدە قانۇننىڭ ئىجراسى بويىچە مەمۇرىي تەپتىشلىك ئېلىپ بېرىلدى. (5) كارخانىلارنىڭ ئۆزئۆزى ئۈستىدىن مەمۇرىي تەپتىشلىك ئېلىپ بېرىلدى. 11 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە كارخانا ئۆزئۆزى بويىچە مەمۇرىي تەپتىشلىك خىزمىتى يىغىنى ئېچىلىپ، نېفىت ئىدارىسى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى قاتارلىق 8 كارخانىنىڭ ئۇسۇلى ۋە تەجرىبىسى ئومۇملاشتۇرۇلدى. ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي تەپتىش ئورگانلىرى يەنە ئىجتىمائىي كاپالەت مەبلىغىنى باشقۇرۇش ۋە ئىشلىتىش ئۈستىدە قانۇننى ئىجرا قىلىش بويىچە مەمۇرىي تەپتىشلىك ئېلىپ باردى، ئوقۇغۇچى، كادىر قوبۇل قىلىش، ئەسكەر ئېلىشقا ئوخشاش قىزىق نۇقتىلىق خىزمەتلەرنىڭ پۈتۈن جەريانىنى نازارەت قىلىپ ۋە تەكشۈرۈپ، بايقالغان ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىلىرىنى ۋاقتىدا تۈزەتتى.

4. سىياسەت، قانۇن - نىزام ۋە نەزەرىيە تەتقىقاتى خىزمىتى. ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىش نازارىتى «كومپارتىيە ئەزالىرى، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش كۈرىشىدە سىياسىي ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرىغا پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى بېرىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نى تۈزۈپ چىقتى. «شىنجاڭدا پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش»، «ھازىرقى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ياخشىلاش مەسىلىسى ئۈستىدە تەكشۈرۈش» قاتارلىق تېمىلاردىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى تاماملىدى. ئىنتىزام تەكشۈرۈش - مەمۇرىي تەپتىشلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، نەزەرىيىۋى تەتقىقات سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى.

5. ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى. ئاپپارات ئىسلاھاتىغا دائىر ئالاقىدار ھۆججەتلەر تۈزۈپ چىقىلىپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش سىستېمىسىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتىغا بولغان يېتەكچىلىك كۈچەيتىلدى. ئورگانلارغا ئەۋەتىلگەن ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش ئاپپاراتلىرى تەڭشەپ چىقىلدى ۋە يېڭىۋاشتىن بېكىتىلدى، 25 ئورۇنغا ئەۋەتىلگەن ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش ئاپپاراتىنىڭ شتاتى بىر تۇتاش باشقۇرۇلدى. تارماقلاردىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش ئاپپاراتلىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگىنىغا خىزمىتىدىن قەرەللىك دوكلات بېرىپ تۇرۇش تۈزۈمى، مۇھىم ئىشلارنى ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ تۇرۇش تۈزۈمى ۋە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئورگانلارغا ئەۋەتىلگەن ئاپپاراتلارنىڭ خىزمىتىنى سىناش تۈزۈمى تۇرغۇزۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ھەر دەرىجىلىك

ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش ئورگانلىرى كۇرس ئېچىپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش كادىرلىرىدىن 333 نى تەربىيىلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش ئورگانلىرى كادىرلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى مەكتەپنى ئاچتى.

خې جېن

## ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 7 - ئومۇمىي يىغىنى

بۇ يىغىن 2000 - يىل 2 - ئاينىڭ 18 — 19 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىنغا ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 31 ئەزاسى قاتناشتى. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوملارنىڭ شۇجىلىرى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، بىڭتۈەن ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى ھەم بىر قىسىم چوڭ دۆلەت كارخانىلىرى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى سىرتتىن قاتناشتى. ئومۇمىي يىغىندا خۇ جيايەننىڭ خىزمەت دوكلاتى قاراپ چىقىلدى ۋە ماقۇللاندى. يىغىندا مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، 1999 - يىللىق خىزمەتلەر يەكۈنلەندى، 2000 - يىللىق پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ۋاڭ لېچۈەن يىغىنغا كېلىپ سۆز قىلدى. ئابلەت ئابدۇرېشىت، جانابىل، قېيۇم باھاۋۇدۇن، جاڭ ۋېنيۈ، جۇ شېڭتاۋ، ئەسقەت كەرىمباي قاتارلىق رەھبەرلەر يىغىنغا قاتناشتى. يىغىنغا يەنە ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرىمۇ قاتناشتى.

خې جېن

## چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۆرىشى

1. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك - ئىنتىزاملىق بولۇشىغا دائىر خىزمەت. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ جۆرىسى، پەرزەنتلىرى ۋە يېقىندىكى خىزمەتچى خادىملىرىغا قارىتىلغان تەربىيە ۋە باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. ئۆلكە دەرىجىلىك 45 كادىر، نازارەت دەرىجىلىك 1485 كادىرنىڭ جۆرىسى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئەھۋالى تىزىملاپ چىقىلدى، نازارەت دەرىجىلىك 4 كادىرنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن بولمىغان مەسىلىسى تۈزىتىلدى. جايلار ۋە تارماقلار رەھبىرىي كادىرلارنىڭ جۆرىسى، يېقىندىكى خىزمەت خادىملىرىنىڭ سۆھبەت يىغىنىدىن 36 قېتىم ئېچىپ، جۆرىلەرنىڭ پاك ياردەمچىلەردىن بولۇش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈردى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم بەنگۇڭتىڭى بىلەن ھۆكۈمەت بەنگۇڭتىڭى ئۆلكە دەرىجىلىك 12 كادىرنىڭ مەخسۇس كاتىپىنى تەڭشىدى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرمۇ بۇ خىزمەتنى ئىشلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە شەخسىي ئائىلىلەرگە ھۆكۈمەت پۇلى بىلەن سېلىپ بېرىلگەن 257 كومپيۇتېر ئېنىقلاپ چىقىلىپ، 1 مىليون 570 مىڭ يۈەن سېتىۋېلىش خىراجىتىدىن 1 مىليون 100 مىڭ يۈەن قايتۇرۇۋېلىندى، ئورۇنلار سېتىۋالغان سومكا كومپيۇتېرلىرى يىغىپ باشقۇرۇلىدىغان بولدى. ھۆكۈمەت پۇلىغا يەپ - ئىچىش، تاماشا قىلىش شامىلى قاتتىق تومسۇلدى. كەنت دەرىجىلىك كۈتۈۋېلىش راسخوتىنى نۆلدە كونترول قىلىش، يېزا - بازارلار ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن كۈتۈۋالسا ئورگان ئاشخانىسىدا خىزمەت تامىقى ئورۇنلاشتۇرۇش تەلىپى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە باشلىدى. ھۆكۈمەت پۇلى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان شەخسىي ساياھەت پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا رۇخسەت قىلماسلىق، ماشىنا، ئالاقىلىشىش قورالى سېلىپ بېرىشكە دائىر بەلگىلىمىلەر خېلى ياخشى ئىجرا قىلىندى. پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرى سېتىۋالغان، قوبۇل قىلغان، ئارىيەتكە ئىشلىتىۋاتقان 451 پىكاپ ئېنىقلاپ چىقىلدى، بۇنىڭدىن بەلگىلىمىگە خىلاپ ئىگىلىۋالغان، ئارىيەتكە ئىشلىتىۋاتقان 109 پىكاپ قايتۇرغۇزۇلدى. «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» ۋە «ئارقىغا قاراش» پائالىيىتىدە، رەھبىرىي كادىرلار پاك - ئىنتىزامچان بولۇشنى ئاساسىي تېما قىلىپ ئۆزىنى تەكشۈرۈپ، دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى ئىستىل تۈزىتىش روھى بىلەن ياخشى ئاچتى. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ رەھبەرلىرى مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ۋە ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 5 ماددىلىق تەلىپىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈردى. دۆلەت كارخانىلىرىدىكى 4372 نەپەر رەھبىرىي كادىر ئۆزىنى تەكشۈردى، ئۇلاردىن 22 كادىر تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى.

2. قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىش ئەھۋالى. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 2331 كادىرغا پارتىيە ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىر 14، ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىك كادىر 146، يېزا - بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر 561، ئادەتتىكى كادىر 709، باشقىلار 901؛ ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلگىنى 644، قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلگىنى 668، پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغىنى 120، پارتىيە ئىچىدە سىناشقا قالدۇرۇلغىنى 372، پارتىيىدىن چىقىرىلغىنى 527. مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلگەن 1039 كادىر ئىچىدە، نازارەت

دەرىجىلىك كادىر 3، ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىك كادىر 81، يېزا - بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر 306، ئادەتتىكى كادىر 589، باشقىلار 60؛ ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلگىنى 191، گۇناھ يېزىلغىنى 154، چوڭ گۇناھ يېزىلغىنى 157، دەرىجىسى چۈشۈرۈلگىنى 90، ۋەزىپىسى چۈشۈرۈلگىنى 17، ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغىنى 248، خىزمەتتىن قوغلاپ قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگىنى 39، خىزمەتتىن چىقىرىلغىنى 133.

3. ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش ئەھۋالى. تىببىي دورىلارنى سېتىۋېلىش - سېتىش داۋامىدىكى ناتوغرا ئىستىل تۈزىتىلدى، كىنىشكىسىز ياكى كىنىشكىسى تولۇق بولمىغان ئىشلەپچىقىرىش، تۈپ سېتىش كارخانىسىدىن 293 ى بىكار قىلىندى، 22 مىليون 983 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ۋاقتى ئۆتكەن، يالغان، ناچار دورا كۆيدۈرۈلدى، باھاسى يالغاندىن ئۆستۈرۈۋېلىنغان 13 مىليون 557 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى 3843 خىل دورىنىڭ باھاسى چۈشۈرۈلدى. ئاپتونوم رايوندىكى %90 دوختۇرخانىدا دورا سېتىش كىرىمىدە كىرىم بىلەن چىقىمنى ئايرىپ باشقۇرۇش چارىسى يولغا قويۇلدى. دورا سېتىۋېلىش - سېتىش داۋامىدىكى قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 497 سى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى، 69 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى - مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى، چېتىشلىق سومما 20 مىليون 117 مىڭ يۈەن. گېزىت - ژۇرنالغا مۇشتەرى توپلاش داۋامىدىكى مەمۇرىي يول بىلەن سېلىق سېلىش ناتوغرا ئىستىلى تۈزىتىلدى، 28 خىل گېزىت - ژۇرنال تەڭشەپ چىقىلىپ، مۇشتەرى توپلاش ھەرىكىتى قېلىپلاشتۇرۇلدى. دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىدە، يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش داۋامىدىكى دەرىجە ۋە باھانى تۆۋەنلىتىش مەسىلىسى نۇقتىلىق ھەل قىلىندى. قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 118 ى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى، 64 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى، 249 مىليون 586 مىڭ يۈەن سېلىق ئازايتىلدى. كارخانىلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىدە، نامۇۋاپىق ھەق ئېلىش تۈرىدىن 1071 ى بىكار قىلىندى، چېتىشلىق سومما 54 مىليون 383 مىڭ يۈەن، قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 284 ى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى، 11 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى، چېتىشلىق سومما 24 مىليون 339 مىڭ يۈەن. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ قالايمىقان ھەق ئېلىشىنى تۈزەش خىزمىتىدە، قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 275 ى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى، چېتىشلىق سومما 11 مىليون 878 مىڭ 400 يۈەن، 9 مىليون 366 مىڭ يۈەن ئېنىقلاپ قايتۇرغۇزۇلدى، 40 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى. تاشيوللاردىكى «ئۈچ قالايمىقان» نى تۈزەش خىزمىتىدە، قېلىپلاشمىغان 45 بېكەت - توساق ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، تاشيوللاردىكى «ئۈچ قالايمىقان» غا دائىر 74 دېلو تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىنىپ، 11 كىشى بىرتەرەپ قىلىندى. كەسىپ ئىستىلىنى باھالاش، كۆزنەك كەسىپلەرنىڭ ئىستىلىنى تۈزىتىش خىزمىتىدە، 1692 كارخانا ۋە ئورۇن كەسىپ ئىستىلىنى باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، نازارەت دەرىجىلىك 136 ئورۇن، ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىك 1315 ئورۇن ۋەدە بېرىش تۈزۈمىدىكى مۇلازىمەتنى نۇقتىدا سىناق قىلدى، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەدىن 29 مىڭ 539 كىشى باھالاشقا قاتناشتى.

خې جىن

## چىرىكلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوندا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا مەنبەنى تۇتۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، چىرىكلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. «كىرىم - چىقىمنى ئايرىپ باشقۇرۇش» توغرىسىدىكى بەلگىلىمە يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، مالىيە مەخسۇس ھېسابىغا كىرگۈزۈپ باشقۇرۇشقا تېگىشلىك ئورۇنلارنىڭ ھېسابقا كىرىش نىسبىتى %93.7 كە يەتتى، مۇسادىرە قىلغۇچى ۋە جەرىمانە قويغۇچى تارماقلارنىڭ مۇسادىرە - جەرىمانە كىرىمى ۋە مەمۇرىي - كەسپىي خاراكتېرلىك ھەق مەخسۇس ھېسابىدىكى ئامانەت نىسبىتى %95 تىن ئاشتى. شەكىللىك بىناكارلىق بازىرى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈلدى ۋە قېلىپلاشتۇرۇلدى، شەكىللىك بىناكارلىق بازىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى پەيدىنپەي راۋانلاشتۇرۇلدى، خەۋەردار چاقىرىش ئىشخانىسى بىلەن شەكىللىك بىناكارلىق بازىرى ئايرىۋېتىلدى. 13 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە ھۆكۈمەت سېتىۋېلىش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە 790 توختام (قېتىم) تەستىقلىنىپ سېتىۋېلىندى، چېتىلغان سوممىسى 300 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن خىراجەت تېجەپ قېلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 545 ئورۇندا بوغالتىر ئەۋەتىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. كەنت، زاۋۇت، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى، كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش تۈزۈمى ئاپتونوم رايوندا ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. 823 يېزا - بازار ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش تۈزۈمىنى يولغا قويدى، يولغا قويۇش دائىرىسى %95 بولدى. ھەممە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بەزى تارماق - ئورۇنلىرىدىمۇ ھۆكۈمەت

ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش تۈزۈمى ئومۇملاشتۇرۇلغان دەرىجىدە، ئوخشاشمىغان شەكىللەر بىلەن يولغا قويۇلدى. دۆلەت كارخانىسى ۋە پېيى كونترول قىلىنغان دۆلەت كارخانىسىدىن 3287 سىدە زاۋۇت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. يولغا قويۇلۇش دائىرىسى %73.5 بولدى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت تارماقلىرى مەمۇرىي تەستىقلاش تۈزۈمىنى پائال ئىسلاھ قىلىپ، بىر تۈركۈم مەمۇرىي تەستىقلاش تۈرلىرىنى بىكار قىلىپ، مەمۇرىي تەستىقلاش ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇردى. ئورگان ئورۇن ۋە تارماقلار كادىرلار تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، رەھبىرىي كادىرلارنى ئاشكارا تاللاش، ۋەزىپىگە تەيىنلەش ئالدىدا ئېلان چىقىرىش، رىقابەتلىشىپ ئىش ئورنىغا چىقىش، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىدىكى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەتنى تەپتىش قىلىشقا ئوخشاش تۈزۈملەرنى يولغا قويۇپ، دەسلەپكى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

خې جېن

## پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشىدا پارتكوم بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبىرى باش مەسئۇل بولۇش، ئىش تەقسىم قىلىنغۇچى باشقۇرغۇچى رەھبەر تەڭ تۇتۇش، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى تەشكىللەپ قىلىپ ماسلاشتۇرۇش، تارماقلار ئۆزىنىڭكىگە ئۆزى مەسئۇل بولۇشتىن ئىبارەت مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بەرپا قىلىندى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە ئىنتىزام تەكشۈرۈش - مەمۇرىي تەپتىش تارماقلىرى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈش ئەھۋالى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش ۋە نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈش خىزمىتىنى ئەستايىدىل يولغا قويدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىك 27 كادىرنىڭ مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتۈرۈلۈپ، ئۇلارغا پارتىيە ئىنتىزامى - مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى، ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىك 32 كادىر تەشكىلىي جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلىندى.

خې جېن

## مۇھىم ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشلار

ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىش نازارىتى 2000 - يىل 2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى سۈپەتلىك نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ما تيېجۈن، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ سابىق باش بوغالتىرى ۋېي زۇڭخۇي، سابىق جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسى ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ليۇ لىنچى قاتارلىقلارنىڭ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسى ئۈستىدە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

مەمۇرىي تەپتىش نازارىتى 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى فۇكاڭ دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئامبىرىنىڭ تۆمۈريولغا ئىشلىتىلىدىغان رەڭلىك پىنىك پولات ئاختايلىق گۈمبەزسىمان ئۆگزىسىنىڭ غۇلاپ چۈشكەنلىكىدىن ئىبارەت قۇرۇلۇش سۈپىتى مەسئۇلىيەت ھادىسىسى مۇناسىۋىتى بىلەن ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

مەمۇرىي تەپتىش نازارىتى 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئاقسۇ شەھىرى ئاقتۇمۇش سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى قوماندانلىق شتابى تەييارلىق باشقارمىسىدىكى ئالاقىدار خادىملارنىڭ قۇرۇلۇشنى مۇددىتىگە بېرىش داۋامىدا قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلىقى مەسىلىسى ئۈستىدە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

خې جېن

## بەلگىلىمە، ئۇقتۇرۇشلار (بىر قىسمى)

3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىش نازارىتى «يېزا ئاساسىي قاتلام پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر» تارقاتتى.

3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىش نازارىتى «ئورگان ئىنتىزامىنى چىڭىتىش توغرىسىدا بەلگىلىمە (سىناق تەرىقىسىدىكى)» چىقاردى.

4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى «رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆيىگە ھۆكۈمەت پۇلى بىلەن كومپيۇتېر سېتىپ بېرىشكە ۋە ئۆيي كومپيۇتېرىنى تورغا كىرگۈزۈش ھەققىنى بېرىشكە رۇخسەت قىلماسلىق توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، ئىقتىساد - سودا كومىتېتى، باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى «زاۋۇت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش، دېموكراتىك باشقۇرۇش، دېموكراتىك نازارەتچىلىك خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى «كومپارتىيە ئەزالىرى، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش كۈرىشى داۋامىدا سىياسىي ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشى ئۈچۈن پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى بېرىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

خې جېن

## ھەيدەكچىلىك ۋە تەكشۈرۈش

2000 - يىل 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش

كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىش نازارىتى 3 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، سانجى، ئۈرۈمچى، قەشقەر، خوتەنلەرنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىللىق پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى تەكشۈردى.

12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىش نازارىتى تەشكىلات، كادىرلار تارماقلىرى بىلەن بىللە 4 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، 4 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، 10 رايون دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگىنى، 5 دۆلەت كارخانىسىنىڭ پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى.

خې جېن

## دىلو بېجىرىشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەر تەقدىرلەندى

ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىش نازارىتى 2000 - يىل 9 - ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش سىستېمىسىدىكى دىلو بېجىرىش خىزمىتىدە ئەلا نەتىجە ياراتقان ۋە گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان 12 دىلو بېجىرىش گۇرۇپپىسى، 8 شەخسنى تۆھپە بېرىپ مۇكاپاتلىدى.

خې جېن

# ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى

## ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، باش كاتىپى، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى، بەنگۇڭتىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

مۇدىر: ھامىدىن نىياز.

مۇئاۋىن مۇدىرلار: لى فېڭزى، خەلچەم ئىسلام، شۇ فېڭ، جاڭ فېڭ، مىجىت ناسىر، قادىس جانابىل (قازاق)، خوجىخان ھاكىموف، سۇلايمان نىيەتقۇل (قىرغىز)، ما جيەنگو (خۇيزۇ).

باش كاتىپ: مۇھەممەت ئىسمايىل (6 - ئايدا ئىستېپا بەردى)، مۇھەممەت رەجەپ (6 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

مۇئاۋىن باش كاتىپلار: خەن چىبىڭ، تيەن جىخەي (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

بەنگۇڭتىڭ مۇدىرى: خەن چىبىڭ (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، تيەن جىخەي (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ياڭ ماۋچۈەن، شيې يۈەنيى، ئابدۇراخمان ئەلى، ۋاڭ خۇەيلىن.

ئىزاھات: 2001 - يىل 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خ ق 4 - يىغىنىدا ئابدۇرېھىم ھامىت، ۋاڭ خۇەيبىۋ، ئاسانبېك تۇردى (قىرغىز)، ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا سايلاندى.

## ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خ ق نىڭ 3 - يىغىنى

بۇ يىغىن 2000 - يىل 1 - ئاينىڭ 23 — 28 - كۈنگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خ ق نىڭ ئەسلى ۋەكىلى 546، يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىل 510. يىغىنغا مەملىكەتلىك خ ق نىڭ شىنجاڭدىكى قىسمەن ۋەكىللىرى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەركىبىدىكى خادىملار، ش ئۇ ئا ر خ ق دائىمىي كومىتېتى خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ۋە ئالاقىدار ساھەلەرنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ 210 كىشى سىرتتىن قاتناشتى.

يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرگەن «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»، خەن شۆچى بەرگەن «ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجراسى ۋە 2000 - يىللىق پىلان (لايىھە) توغرىسىدا دوكلات»، چېن زېيۇ بەرگەن «ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 - يىللىق شۇ دەرىجىلىك مالىيە خام چوتىنىڭ ئىجراسى ۋە 2000 - يىللىق شۇ دەرىجىلىك مالىيە خام چوتى (لايىھە) توغرىسىدا دوكلات»، ھامىدىن نىياز بەرگەن «ش ئۇ ئا ر خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى»، مۇھەممەت روزى بەرگەن «ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى»، مۇھەممەت يۈسۈپ بەرگەن «ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى» ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى ھەمدە شۇ دوكلاتلار ھەققىدە مۇناسىپ قارارلار ماقۇللاندى.

يىغىن مەزگىلىدە 381 تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى، يىغىن تەكلىپ تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈشى، يىغىن ھەيئەت رىياسىتى 3 - سانلىق يىغىنىنىڭ ماقۇللىشى بىلەن، بۇنىڭ 9 ى تەكلىپ قىلىپ بېكىتىلدى، قالغىنى ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، ۋەكىللەر ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىنىڭ خىزمىتى توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان 399 تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىر بىلەن قوشۇپ، بېجىرىش ۋە ۋەكىللەرگە مەسئۇللۇق بىلەن

جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئالاقىدار، ئورگان ۋە تەشكىلاتلارغا تاپشۇرۇلدى.

شيې رۇڭرۇڭ

## 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنلىرى

2000 - يىلى دائىمىي كومىتېت 14 - سانلىقتىن 19 - سانلىقىچە 6 قېتىم يىغىن ئاچتى.

14 - سانلىق يىغىن 2000 - يىل 1 - ئاينىڭ 18 — 20 - كۈنىگىچە ئېچىلدى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەرنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 9 - نۆۋەتلىك خ ق نىڭ ۋەكىللىكىگە تولۇقلاپ سايلانغان ۋەكىللەرنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلاتى قاراپ چىقىپ ماقۇللىنىپ، باشقىدىن سايلانغان 5 ۋەكىلنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتى كۈچكە ئىگە دەپ ئېتىراپ قىلىندى. شۇنداق قىلىپ، ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خ ق ۋەكىلى 546 بولدى، كەم قالغان 4 ۋەكىلنى ئالاقىدار سايلام ئورۇنلىرى تولۇقلاپ سايلايدۇ. يىغىندا «ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ تەكلىپ ۋە تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلىرىنى بېجىرىش چارىسى» ماقۇللاندى؛ ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خ ق 3 - يىغىنىنىڭ قارارلىرى (لايىھە)، ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خ ق 3 - يىغىنىنىڭ تەكلىپ تەكشۈرۈش كومىتېتى ۋە پىلان، خام چوت تەكشۈرۈش كومىتېتى تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى قارارى (لايىھە) ماقۇللىنىپ، 9 - نۆۋەتلىك خ ق 3 - يىغىنى تەييارلىق يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇش قارار قىلىندى؛ 9 - نۆۋەتلىك خ ق 3 - يىغىنى ھەيئەت رىياسەتلىرىنىڭ، باش كاتىپىنىڭ ئىسىملىكى، 9 - نۆۋەتلىك خ ق 3 - يىغىنى تەكلىپ تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ، پىلان ۋە خام چوت تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى ماقۇللىنىپ، 3 - يىغىن تەييارلىق يىغىنىنىڭ سايلاپ چىقىشىغا سۇنۇشنى قارار قىلىندى؛ دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمەت دوكلاتى ماقۇللىنىپ، 3 - يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇشنى قارار قىلىندى؛ 3 - يىغىنغا سىرتتىن قاتنىشىدىغانلارنىڭ ئىسىملىكى ماقۇللاندى؛ سامارقان ئوسمان (قازاق) قاتارلىق مەملىكەتلىك خ ق ۋەكىللىرىنىڭ تەكلىپى ماقۇللاندى؛ يىغىندا يەنە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشقا دائىر ئىشلار ماقۇللاندى.

15 - سانلىق يىغىن بۇ يىل 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ئېچىلدى. يىغىندا 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە ئۆگىنىلدى؛ يىغىندا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئوت ئۆچۈرۈش نىزامى» قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەككە - خۇسۇسىي ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش نىزامى (تۈزىتىلگەن لايىھە)» بىلەن «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ قان تەقدىم قىلىش نىزامى (تۈزىتىلگەن لايىھە)» قاراپ چىقىلدى ۋە ئۇلار ھەققىدە بەزى تۈزىتىش پىكىرلىرى بېرىلدى. بۇلار يىغىندىن كېيىن قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىللە يەنىمۇ تۈزىتىكەندىن كېيىن كېلەر سانلىق يىغىنغا سۇنۇشقا تاپشۇرۇلىدىغان بولدى. يىغىندا يەنە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ئايۇپ تېيىپنىڭ «ئاپتونوم رايونىنىڭ ،بىرنى تىزگىنلەش، ئىككىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش، خىزمىتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى» ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. يىغىندا ھامىدىن نىيازنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، لەن شۆيىنى دائىمىي كومىتېت تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇلدى، يەنە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشقا دائىر باشقا ئىشلار ماقۇللاندى.

16 - سانلىق يىغىن بۇ يىل 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ئېچىلدى. يىغىندا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەككە - خۇسۇسىي ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش نىزامى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇھاكىمە قىلىش قائىدىسى» قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ باھالاش خىزمىتى نىزامى (لايىھە)»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ،جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قان تەقدىم قىلىش قانۇنى، نى يولغا قويۇش چارىسى (لايىھە)» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۆلچەمنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش نىزامى (لايىھە)» قاراپ چىقىلدى، ئەزالار بۇ 3 نىزام ئۈستىدە بەزى تۈزىتىش پىكىرلىرى ۋە تەكلىپلەرنى بەردى. بۇ 3 نىزام قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تۈزىتىكەندىن كېيىن كېلەر سانلىق يىغىنغا سۇنۇشقا تاپشۇرۇلىدىغان بولدى. يىغىندا ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى لايىھىسى توغرىسىدىكى ئىزاھاتى، ج خ نازارىتىنىڭ نازىرى جاڭ شيۇمىڭنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى، ش ئۇ ئا ر مىللىي - دىنىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇللا ھەمدۇللانىڭ 5 يىلدىن بۇيانقى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى

تەربىيىسى خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى، مەمۇرىي تەپتىش نازارىتىنىڭ نازىرى ئابدۇراخمان پولاتنىڭ مەمۇرىي تەپتىش قانۇنىنىڭ ئىجراسى توغرىسىدىكى دوكلاتى، باش تەپتىش مۇھەممەت يۈسۈپنىڭ تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ بىجىرىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداپ، شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىش توغرىسىدىكى قارارى ماقۇللاندى. دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇھەممەت ئىسمايىلنىڭ ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپلىقىدىن بەرگەن ئىستېپاسىنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى قارارى، ئەنۋەر ئىمىننىڭ دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىدىن بەرگەن ئىستېپاسىنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى قارارى ماقۇللاندى. يىغىندا مۇدىر ھامىدىن نىيازنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، مۇھەممەت رەجەپ دائىمىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپلىقىغا، ئابدۇراخمان كېرىم دائىمىي كومىتېت مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت - سەھىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى؛ چىن پېيرۇڭ دائىمىي كومىتېت قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى، ئەمەت موللا تۇردى دائىمىي كومىتېت مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت - سەھىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىدىن، جاڭ لياڭجيې دائىمىي كومىتېت ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن، لى گۇاڭچېيەن دائىمىي كومىتېت خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن، جياڭ فا دائىمىي كومىتېت تۇرپان ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇلدى، رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ۋاڭ شىجياڭ سۇچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، ئەخمەت قاسىمنى ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەش، تۇرسۇن توختىنى سۇچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرلىقىدىن، ۋاڭ جىۋېنى توقۇمىچىلىق سانائىتى نازارىتىنىڭ نازىرلىقىدىن قالدۇرۇش قارار قىلىندى. ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت روزىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، چۇ جىنچى بىلەن ھېزىم ئېزىز يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، سوت كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىدىن قالدۇرۇلدى؛ جاۋ شياڭۋا يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، سوت كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا، شەۋكەت ئىدرىس يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. باش تەپتىش مۇھەممەت يۈسۈپنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئابدۇراخمان مۇھەممەت ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشى، تەپتىش كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەندى، ئۇنىڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى، تەپتىش كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىدىن بەرگەن ئىستېپاسى تەستىقلاندى؛ لى رۇڭ (ئايال) ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشلىكىگە تەيىنلەندى؛ ۋاڭ يىشيەن ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشى، تەپتىش كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىدىن قالدۇرۇلدى. يىغىندا يەنە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشقا دائىر باشقا ئىشلار ماقۇللاندى.

17 - سانلىق يىغىن    بۇ يىغىن 7 - ئاينىڭ 19 — 20 - كۈنلىرى ئېچىلدى. يىغىندا مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى قاسىم توختىنىڭ «ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 - يىللىق مالىيە باش ئەق چوتىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى» ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. «ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 - يىللىق شۇ دەرىجىلىك مالىيە ئەق چوتىنى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارارى»، «ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئۆزى تەيىنلىگەن دۆلەت ئورگانلىرى خادىملىرىغا مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىشكە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى»، «ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ دائىمىي كومىتېت قانۇنچىلىق كومىتېتىغا يەرلىك قانۇن - نىزاملارنى بىر تۇتاش قاراپ چىقىش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىش ھوقۇقى بېرىش توغرىسىدىكى قارارى» ماقۇللاندى. يىغىندا رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئەركىن ئىمىرباقىنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپلىقىغا، خەن شۈچىنى ش ئۇ ئا ر تەرەققىيات - پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، سۇڭ رۇخاۋنى ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، ساتتار ساۋۇتنى مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، گۇ جىيامانى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، ئابدۇللا ھەمدۇللانى ش ئۇ ئا ر مىللىي - دىنىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، مۇھەممەت ئەلىنى ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، جاڭ شيۇمىڭنى ج خ نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، گۇڭ چىخۇانى دۆلەت خەۋپسىزلىك نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، ئابدۇراخمان پولاتنى مەمۇرىي تەپتىش نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، جاپپار ھەبىبۇللانى خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، روزى ئىسمايىلنى ئەدلىيە نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، چېن زىيۇنى مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، نىجات مەھمۇتنى كادىرلار

نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، قادىر ھوشۇرنى ئەمگەك - ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، شارىپقاننى زېمىن - بايلىق نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، لى جيەنشىننى قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، ئامان ھاجىنى قاتناش نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، ۋاڭ شىجياڭنى سۇچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، ئالىم قادىرنى دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، قەيسەر جاپدار (قازاق) نى چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، ليۇ يىنى تاشقى سودا - ئىقتىساد ھەمكارلىق نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، زۇنۇن قۇتلۇقنى مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، مەمتىمىن ياسىننى سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا، ھەسەن ئايۇپنى ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، جۇ دېڭيۇننى ئىقتىسادىي تەپتىش نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەشتىن قارار قىلىندى. يىغىندا يەنە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشقا دائىر باشقا ئىشلار ماقۇللاندى.

18 - سانلىق يىغىن 9 - ئاينىڭ 18 — 22 - كۈنىگىچە ئېچىلدى. يىغىندا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۆلچەمنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش نىزامى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ باھالاش خىزمىتى نىزامى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹خەلق ھاۋا مۇداپىئە قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹قان تەقدىم قىلىش قانۇنى› نى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى بىرقانچە بەلگىلىمىسى» ماقۇللاندى. يىغىندا خەن شۈچىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ 2000 - يىللىق ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ 1 - ئايدىن 8 - ئايغىچە ئىجراسى توغرىسىدىكى دوكلاتى، چېن زېيۇنىڭ 2000 - يىل 1 - ئايدىن 8 - ئايغىچە مالىيە خام چوتىنىڭ ئىجراسى توغرىسىدىكى دوكلاتى، جۇ دېڭيۇننىڭ 1999 - يىللىق مالىيە خام چوتىنىڭ ئىجراسى ۋە باشقا مالىيە كىرىم - چىقىم ئەھۋالى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەپتىشلىك خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. «ش ئۇ ئا ر خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ 2000 - يىللىق شۇ يىللىق مالىيە خام چوتىنى تەڭشەش توغرىسىدىكى قارارى» ماقۇللاندى. يىغىندا يەنە سۇلتان مامۇت بەرگەن خ ق دائىمىي كومىتېتى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ «تۈرمە قانۇنى» نىڭ يولغا قويۇلۇشىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى، مۇھەممەت روزىنىڭ ئاپتونوم رايوندىكى سوت مەھكىمىسى سىستېمىسىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى، ھەق - تەلەپ دەۋا قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇشى داۋامىدا ساقلانغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى، تۇلەۋقان يۇتباينىڭ تەپتىش سىستېمىسىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى، ھەق - تەلەپ دەۋا قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇشى داۋامىدا ساقلانغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. يىغىندا يەنە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشقا دائىر باشقا ئىشلار ماقۇللاندى.

19 - سانلىق يىغىن بۇ يىغىن 12 - ئاينىڭ 20 — 24 - كۈنىگىچە ئېچىلدى، يىغىندا ج ك پ 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ، ش ئۇ ئا ر 5 - نۆۋەتلىك پارتكوم 7 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە ئۆگىنىلدى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 - يىغىنىنى 2001 - يىل 1 - ئايدا ئېچىش قارار قىلىندى. يىغىندا ساۋ زۈگخۇەينىڭ «ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك خام چوتنى تەكشۈرۈش - نازارەت قىلىش توغرىسىدىكى قارارى (لايىھە)» ئۈستىدە بەرگەن ئىزاھاتى، سۇلتان مامۇتنىڭ «ئاپتونوم رايوندىكى خۇسۇسىي كارخانىلار ۋە چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى نىزامى (لايىھە)» ئۈستىدە بەرگەن ئىزاھاتى بىلەن «ئاپتونوم رايوننىڭ ئەدلىيە جەھەتتىن باھالاشنى باشقۇرۇش نىزامى (لايىھە)» ئۈستىدە بەرگەن ئىزاھاتى ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. ئەزالار يۇقىرىقى 3 قانۇن - نىزام ئۈستىدە بەزى تۈزىتىش پىكىرلىرىنى بەردى ۋە ئۇلارنى تېخى پىشماپتۇ دەپ قارىدى، بۇ 3 قانۇن قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار تەرەپلەر بىلەن بىرلىكتە تۈزەتكەندىن كېيىن كېلەر سانلىق يىغىنغا سۇنۇشقا تاپشۇرۇلىدىغان بولدى. يىغىندا دائىمىي كومىتېت قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ «تاشيول قانۇنى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ يول ترانسپورتىنى باشقۇرۇش نىزامى»، «شەھەر پىلانلاش قانۇنى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹شەھەر پىلانلاش قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە ئەرزەتلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى» قاتارلىق قانۇن - نىزاملارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن بېرىلگەن دوكلاتلار ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. يىغىندا يەنە روزى ئىسمايىلنىڭ تۈرمە سىستېمىسىنىڭ «تۈرمە قانۇنى» نىڭ يولغا قويۇلۇشى داۋامىدا ساقلانغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىدىن بەرگەن دوكلاتى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى لى دېخۇڭنىڭ 9 -

نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - يىغىنىدا چۈشكەن تەكلىپلەرنىڭ بېجىرىلىش ئەھۋالىدىن بەرگەن دوكلاتى، خ ق دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى، خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - يىغىنىدا ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلەرنى بېجىرىش ئەھۋالىدىن بەرگەن دوكلات ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. يىغىندا مۇدىر ھامىدىن نىيازنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، خەن چىبىڭ دائىمىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇدىرلىقىدىن، ئەبەيدۇللا تىيىپ قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىدىن، ساۋ زۈگۇۋېي مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىدىن، زۈگۇرۇپ مىللەت - دىن - تاشقى ئىشلار - مۇھاجىرلار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىدىن، ئىمىن مىنانشا مۇھىت - بايلىق ئاسراش كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىدىن، سۇن چىڭبو ئىچكى ئىشلار - ئەدلىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن، ياسىن ياقۇپ قەشقەر ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇلدى، تيەن جىخەي دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىقىغا، بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى ۋە مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت - سەھىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇلدى؛ جاڭ لياڭ قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، جاۋ خۇڭتاڭ مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى؛ ئابلەت مامۇت مۇھىت - بايلىق ئاسراش كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى ۋە قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇلدى؛ سويۈ (خۇيزۇ) قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، گۇلاڭ خۇي مۇھىت - بايلىق ئاسراش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، خۇ ۋەندې ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، ئىبلى مۇھەممەت، شىياۋ مىڭداۋ قەشقەر ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، لى شىنجېن، ھەمدۇللا مامۇت خوتەن ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، مۇھەممەت قۇربانخوتەن ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەندى. يەنە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشقا دائىر باشقا ئىشلار ماقۇللاندى.

يالڭ يى

## تەكلىپلەرنىڭ بېجىرىلىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - يىغىنى مەزگىلىدە، يىغىن ھەيئەت رىياستى يىغىن تەكلىپ - تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسەن، ۋەكىللەردىن چۈشكەن 9 تەكلىپنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى. يىغىندىن كېيىن دائىمىي كومىتېت بۇ تەكلىپلەرنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرۇشنى قارار قىلدى. بۇ تەكلىپلەردىن 5 ىگە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تېگىشلىك جاۋاب قايتۇردى. بۇ تەكلىپلەر تۆۋەندىكىچە:

1. تالىپ قاسىم، باھارگۈل قاتارلىق 40 ۋەكىلنىڭ دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى تەكلىپى.

2. ئايۇپ قۇربان قاتارلىق 10 ۋەكىلنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەيرىي نورمال رىقابەتكە قارشى تۇرۇش قانۇنىنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي قائىدىسى» نى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپ.

3. بايخوجا مىركىتباي قاتارلىق 10 ۋەكىلنىڭ «يېزىلاردا يەرنى ھۆددىگە بېرىپ باشقۇرۇش نىزامى» نى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى.

4. جاڭ يۈجى، ئەمەت قاتارلىق 27 ۋەكىلنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ ئىلىم - پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەكلىكى توغرىسىدىكى تەكلىپى.

5. باھارگۈل، يالقۇن ھەلىمدىن قاتارلىق 26 ۋەكىلنىڭ مىللىي رايونلارنىڭ مائارىپىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى تەكلىپى.

ئارزۇگۈل

## تەۋسىيەلەرنىڭ بېجىرىلىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خ ق 3 - يىغىندا ۋەكىللەر 771 تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىر بەردى (قىسقارتىپ تەۋسىيە دېيىلىدۇ)، بۇ، تەۋسىيە قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن 372 تەكلىپنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يىل ئاخىرىغا قەدەر، تەۋسىيەلەرنىڭ بېجىرىلىش نىسبىتى %99.4 بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە قوبۇل قىلىنغان ھەم ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلە ھەل قىلىنغىنى 125، ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلە ھەل قىلىنىۋاتقىنى ياكى پىلانغا كىرگۈزۈلۈپ پەيدىنپەي ھەل قىلىنماقچى بولغىنى 355، شارائىتنىڭ چەكلىمىسى ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ۋاقىتىنچە قوبۇل قىلىشقا مۇمكىن بولمايدىغىنى، ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرنى ۋاقىتىنچە ھەل قىلىشقا بولمايدىغىنى 206، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىغا ئىنكاس قىلىشقا ياكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ پايدىلىنىشىغا يوللاپ بېرىشكە ياكى ئىزاھات بېرىشكە تېگىشلىك بولغىنى 85.

ئارزۇگۈل

## خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ دېلو ئۇستىدىكى سوتىنى سىرتتىن ئاڭلىدى

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەر -

كادىرلار كومىتېتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى قىسمەن ۋەكىللىرى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قىسمەن ئەزالىرى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قىسمەن ۋەكىللىرى 2000 - يىل 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك تۆگىلەن ئىقتىساد - سودا چەكلىك شىركىتى بىلەن شىنجاڭ ئاشلىق - ماي مەركىزىي توپ سېتىش بازىرى ئوتتۇرىسىدىكى قەرز ماجىراسى دېلوسىنى ئوچۇق سوت ئېچىپ تەكشۈرۈش ۋە سوتتا مۇنازىرىلىشىش ئەھۋالىنى سىرتتىن ئاڭلىدى. ۋەكىللەر ۋە ئەزالار پۈتۈن سوت تەرتىپى قانۇنغا ئۇيغۇن ۋە ئادىل بولدى، سوتچىلار دېلو بېجىرىش سەۋىيىسى جەھەتتە پىشىپ يېتىلگەن، دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوتتا ئىشلىتىلىدىغان سۆز - ئىبارىلەرنىڭ توغرىلىقى ۋە سوتچىلارنىڭ روھىي قىياپىتى توغرىسىدا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شىي رۇڭرۇڭ

## مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ شياڭگاڭ ئالاھىدە رايونىدىكى ۋەكىللىرى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى شياڭگاڭ ئالاھىدە رايونى ئېگىزلىك قانۇنى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شياڭگاڭ پېيچياۋ ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرىيىتىنىڭ باشلىقى ۋۇ كائىمىڭنىڭ باشچىلىقىدا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ شياڭگاڭ ئالاھىدە رايونىدىكى ۋەكىللىرىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈش ئۆمىكىدىكى 22 كىشى 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 12 — 23 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، قاراماي، شىخەنزە، سانجى، بورتالا، ئىلى، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى كۆزدىن كەچۈردى. شىنجاڭ بىلەن شياڭگاڭنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، شىنجاڭنىڭ ئېچىۋېتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، ساياھەت بايلىقىنى ئېچىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر ۋە تەكلىپ بەردى.

ياڭ يى

## ھامىدىن نىياز يېزا ئىگىلىك خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى

مۇدىر ھامىدىن نىياز 2000 - يىل 6 - ئاينىڭ 14 — 15 - كۈنلىرى ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ ئەنەنچۈي بازىرى، شۈيشىگۇ يېزىسى، شىنجاڭ «تۇنخې» دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ قۇتۇبى شۆبىسىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇلارنىڭ ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكى، داڭلىق مەھسۇلات يېزا ئىگىلىكى ۋە يېشىل يېزا ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشى ئۈستىدىكى تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شىي رۇڭرۇڭ

## «ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار پەرزەنتلىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى

مۇئاۋىن مۇدىر سۇلايمان نىيەتقۇل ئالاقىدار خادىملاردىن تەركىب تاپقان قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، 2000 - يىل 3 - ئاينىڭ 6 — 11 - كۈنىگىچە، 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن، شىخەنزە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، «ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار پەرزەنتلىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى»، بۇ قانۇننى «يولغا قويۇش چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار پەرزەنتلىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى، نى يولغا قويۇش چارىسى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. مۇھاجىرلار خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان چەت ئەلگە چىقىپ تۇغقان يوقلاش تەس بولۇش مەسىلىسى، مۇھاجىرلارنىڭ خۇسۇسىي ئۆيىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئاساسىي قاتلام مۇھاجىرلار تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، يولغا قويۇش چارىسىدىكى مۇھاجىرلار مەبلەغ سالغان، مۇھاجىرلارنىڭ ئىلكىدە بولىدىغان كارخانىلارغا ئېتىبار بېرىشكە دائىر ماددىلارنىڭ ئەمەلىيلەشمىگەنلىكىگە ئوخشاش مەسىلىلەر ئۈستىدە تەكلىپ بەردى.

شىي رۇڭرۇڭ

## «شەھەر پىلانلاش قانۇنى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى

مۇئاۋىن مۇدىر خەلچەم ئىسلام، شۈي فېڭلار ئالاقىدار خادىملاردىن تەركىب تاپقان قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، 2000 - يىل 5 - ئاينىڭ 8 — 21 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، كورلا، ئاقسۇ، قەشقەر، كۇچا، يەكەن، شىخەنزە، بورتالا، غۇلجا، قاراماي قاتارلىق جايلارغا ۋە ئالاتاۋ، قورغاس پورتلىرىغا بېرىپ، «شەھەر پىلانلاش قانۇنى» نىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش ھەققىدە تەكلىپ بەردى.

شىي رۇڭرۇڭ

## «تۇرمە قانۇنى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى

مۇئاۋىن مۇدىر ما جيەنگو 2000 - يىل 6 - ئايدا ئالاقىدار خادىملاردىن تەركىب تاپقان تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ،

قەشقەر، ئاقسۇ، تارباغاتاي، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلار ۋە بىڭتۇەن 1 ـ، 3 ـ، 7 ـ، 8 ـ شىسىگە قاراشلىق 18 تۈزرىسىنىڭ ۋە تۈزرە تەپتىشلىكى تارماقلىرىنىڭ «تۈزرە قانۇنى» نى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈش داۋامىدا بايقالغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش ھەققىدە 5 ماددىلىق تەكلىپ بەردى.

شىي رۇڭرۇڭ

## «تاشيول قانۇنى» ۋە «يول ترانسپورتىنى باشقۇرۇش نىزامى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى

مۇئاۋىن مۇدىر لى فېڭزى، قادىس جانابىللار ئالاقىدار خادىملاردىن تەركىب تاپقان تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ 2000 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 9 — 20 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، تۇرپان، بايىنغولىن، بورتالا، ئىلى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ قارىمىقىدىكى 12 ناھىيە ـ شەھەرنىڭ «تاشيول قانۇنى» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ يول ترانسپورتىنى باشقۇرۇش نىزامى» نى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى ھەمدە ئالاتاۋ ئېغىزى، قورغاس پورتلىرىنىڭ چەتكە چېتىشلىق تاشيول ترانسپورت ئەھۋالىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەكشۈرۈش داۋامىدا بايقىغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش توغرىسىدا 6 ماددىلىق تەكلىپ بەردى.

شىي رۇڭرۇڭ

## دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى «غەربنى ئېچىش قانۇنى» ئۈستىدە پىكىر ئالدى

دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى 2000 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ۋەكىللىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلاردىن «غەربنى ئېچىش قانۇنى» نى تۈزۈش توغرىسىدا پىكىر ئالدى. ۋەكىللەر «قانۇن» نىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە مەزمۇنى ھەققىدە پىكىر بەردى ھەمدە «غەربنى ئېچىش قانۇنى» دا «غەربىي قىسىم ئۇقۇمى» نىڭ چېكى ئېنىق ئايرىلىشى كېرەك، ئېچىش سۇبيېكتى، ئۇسۇلى، دۆلەتلىك ۋە يەرلىك ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ غەربنى ئېچىشتىكى فۇنكسىيىسى، رولى، مەسئۇلىيىتى قاتارلىقلار ئايدىڭلاشتۇرۇلۇشى كېرەك، دەپ پىكىر بەردى.

شىي رۇڭرۇڭ

# ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى

## ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى، بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ۋە ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى خادىملارنىڭ ئىسىملىكى

رەئىس: ئابلەت ئابدۇرېشىت.

مۇئاۋىن رەئىسلەر: جاڭ ۋېنيۈ، غوپۇر ئابدۇللا، ۋاڭ خۇەيىۋ، دەلىلقان مامىقان، شيۇڭ خۇيىڭ، مەمتىمىن زاكىر، جاڭ جۇ، ئابدۇقادىر نەسىردىن، ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن.

باش كاتىپ: ئەركىن ئىسرباقى.

رەئىس ياردەمچىلىرى: ليۇ يى، خۇاڭ چاڭيۈەن.

مۇئاۋىن باش كاتىپلار: ياڭ جاۋجى، لى دېخۇڭ، لى شىلې، جاۋ جەنكۇي، ئارىپ (قازاق)، يۈسۈپ قاسىم، جاڭ رېنجيې، ئايۇپ تىيىپ.

بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇدىرى: ياڭ جاۋجى.

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ماچىن، ئابلىز ھوشۇر، يۈ جېنگۇي.

ئىزاھات: 2000 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر 9 ـ نۆۋەتلىك خ ق نىڭ 4 ـ يىغىنىدا ليۇ يى، ئەركىن ئىسرباقى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى.

پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: خەن شۆچى.

ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: سۇڭ رۇخاۋ.

مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى: سانتار ساۋۇت.

پەن ـ تېخنىكا نازارىتىنىڭ نازىرى: گۇ جيايۇ.

مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇللا ھەمدۇللا.

مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مۇھەممەت ئەلى.

ج خ نازارىتىنىڭ نازىرى: جاڭ شيۇمىڭ.

دۆلەت خەۋپسىزلىك نازارىتىنىڭ نازىرى: گۇڭ چىخۋا.

مەمۇرىي تەپتىش نازارىتىنىڭ نازىرى: ئابدۇراخمان پولات.

خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى: جاپپار ھەبىبۇللا.

ئەدلىيە نازارىتىنىڭ نازىرى: روزى ئىسمايىل.

مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى: چېن زېيۇ.

كادىرلار نازارىتىنىڭ نازىرى: نىجات مەھمۇت.

ئەمگەك ـ ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ نازىرى: قادىر ھوشۇر.

زېمىن ـ بايلىق نازارىتىنىڭ نازىرى: شارىپقان (قازاق).

قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرى: لى جيەنشىن.

قاتناش نازارىتىنىڭ نازىرى: ئامان ھاجى.

سۇچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى: ۋاڭ شىجياڭ.

دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى: ئالىم قادىر.

چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى: قەيسەر جايدار (قازاق).

ئاشقى سودا - ئىقتىساد ھەمكارلىق نازارىتىنىڭ نازىرى: لىيۇ يى.

مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى: زۇنۇن قۇتلۇق.

سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى: مەتتىمىن ياسىن.

پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھەسەن ئايۇپ.

ئىقتىسادىي تەپتىش نازارىتىنىڭ نازىرى: جۇ دېگيۈن.

## ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئاپپاراتلارنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ ئىسىملىكى

بەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: چېن زېيۇ.

مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: ۋېي شەنفېڭ.

رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: شەۋكەت ئىمىن.

تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: ئەھمەت قاسىم.

ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: چيۇ يۈەنياۋ.

سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: ئابلەت مۇھەممەتجان.

ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: مىجىت ئابدۇرۇسۇل.

ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: مۇھەممەت ئابدۇللا.

سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: مياۋ شىۋاڭ.

دورا نازارەتچىلىك - باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: لىتىپ ئىمىن.

ساياھەتچىلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: نەيىم ياسىن.

ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: ئابدۇكېرىم ھاشىم.

ئورگان خوجىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: ئەركىن ئىبراھىم.

ئاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار) ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى: نىشان ئىبراھىم.

## ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنلىرى

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2 قېتىم ئومۇمىي يىغىن ئاچتى.

1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى 5 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئېچىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، تۈزلۈك سىياسەت - تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇشقا دائىر خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت مۇھىم سۆز قىلدى.

7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى 6 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئېچىلىپ، نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت تەھلىل قىلىندى، ھۆكۈمەتنىڭ كېيىنكى يېرىم يىللىق خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت مۇھىم سۆز قىلدى.

گاۋ شىنلىڭ

## ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دائىمىي يىغىنلىرى

ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 2000 - يىلى 3 قېتىم دائىمىي يىغىن ئاچتى.

5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 10 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئېچىلدى، يىغىندا ش ئۇ ئا ر خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلىدىغان «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹قان تەقدىم قىلىش قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى (لايىھە)»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەمنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش نىزامى»، «ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىشنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى قارارى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ سۇ بايلىقىدىن باج ئېلىشنى باشقۇرۇش چارىسى» مۇزاكىرە قىلىندى.

7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 11 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئېچىلدى، يىغىندا ش ئۇ ئا ر خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلىدىغان «ئاپتونوم رايوننىڭ يەر تىزىملاش نىزامى (لايىھە)»، «ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەرلەردىكى ئولتۇراق رايونلار ئۆي خوجىلىقىنى باشقۇرۇش نىزامى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹شەھەر پىلانلاش قانۇنى› نى يولغا قويۇشقا دائىر بىرقانچە بەلگىلىمىسى» (تۈزىتىلگەن لايىھە)، «ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسىي ئېتىز - ئېرىقلارنى ئاسراش چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ھادىسىلىرىنى بىرتەرەپ قىلىش چارىسى» مۇزاكىرە قىلىندى.

10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، 12 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئېچىلدى، يىغىندا ش ئۇ ئا ر خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلىدىغان «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى (لايىھە)» مۇزاكىرە قىلىندى.

گاۋ شىنلىڭ

## رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنلىرى

2000 - يىلى ئى ئۆ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 19 قېتىم رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئاچتى.

1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 45 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، ماتارىپ كومىتېتىنىڭ گوۋۇيۈەن ئىشخانىسىنىڭ «ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالىدىن بەرگەن دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، خوتەن ۋىلايىتىدىكى قىيىنچىلىقى ئېغىر ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتاب پۇلىنى ھەل قىلىش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى، يېقىنقى مەزگىلدىكى خىزمەتلەر خەۋەرلەندۈرۈلدى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 46 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، «بىڭتۈەننىڭ يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانى» ، شىنجاڭدا «ئەمگەك زاپىسى تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئىشىنى تېزلىتىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش توغرىسىدا پىكىر» مۇھاكىمە قىلىندى، چاڭ شىنپىڭ قاتارلىق 8 كىشىنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ ئېتىراپ قىلىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى.

2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 47 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، نۆۋەتتىكى خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 48 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى قىسمەن رايون، ناھىيىنىڭ مەمۇرىي ئايرىلىشىنى تەڭشەش مەسىلىسى ۋە گۇچۇڭ ناھىيىسى ۋە چۆچەك شەھىرىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئورۇن قىلىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى؛ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئاپپارات ئىسلاھاتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى خەۋەرلەندۈرۈلدى.

3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 49 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ 2000 - يىللىق ئاساسىي پېنسىيە سۇغۇرتىسىنىڭ بىر تۇتاش غەملىنىش نىسبىتىنىڭ ئۆلچىمى مۇھاكىمە قىلىندى؛ شىنجاڭ ئاياللار - بالىلار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ دوكلاتى ۋە باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، ئىلغار خىزمەتچىلەرنى كۆرسىتىش - باھالاش خىزمىتىدىن قىلغان دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 50 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ تېخنىكا ئىشچىلار مەكتەپلىرىنى تەڭشەش - ئىسلاھ قىلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى پىكىر، شىنجاڭنىڭ رايون سىرتىدىن كەلگەن ئەمگەك كۈچلىرىنى تەڭشەش ھەققى ئېلىش ۋە ئۇنى ئىشلىتىش چارىسى، «ئاپتونوم رايونىنىڭ چەت ئەل سودىگەرلىرىنى مەبلەغ سېلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشكە دائىر بىرقانچە سىياسەت - بەلگىلىمىسى» مۇزاكىرە قىلىندى. «ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹خەلق ھاۋا مۇداپىئە قانۇنى›، نى يولغا قويۇش چارىسى (لايىھە)» گە ئالاقىدار مەسىلىلەر ۋە ئاپتونوم رايوندا مائاشنى مالىيەدىن بىرتۇتاش تارقىتىش توغرىسىدىكى پىكىر مۇھاكىمە قىلىندى.

4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 51 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، نۆۋەتتىكى بىرنەچچە نۇقتىلىق خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 52 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، «ئاپتونوم رايونىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلانى ۋە 2015 - يىلغىچە بولغان ئۇزاق مۇددەتلىك پىلانى توغرىسىدىكى ئاساسىي تەسەۋۋۇر» ۋە «غەربنى كەڭ ئېچىش — شىنجاڭنى ئېچىش پىلانى» مۇزاكىرە قىلىندى.

5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 53 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، 2000 - يىلى ئاپتونوم رايونىنىڭ ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتى مۇزاكىرە قىلىندى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە «قەلب سۆيگۈسى بىلەن مېيىپلارغا ياردەم بېرىش» ئىئانە توپلاش پائالىيىتىگە ئالاقىدار مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىندى.

7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 54 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ يۈرۈشلەشمە سىياسىتى ۋە مەھەللە مۇلازىمەت كەسپىنى تېز راۋاجلاندۇرۇش ھەققىدىكى پىكىر مۇھاكىمە قىلىندى.

8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 55 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، نۆۋەتتىكى خىزمەتلەر مۇزاكىرە قىلىندى.

9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ

رىياسەتچىلىكىدە 56 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، نۆۋەتتىكى خىزمەتلەر مۇزاكىرە قىلىندى.

10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 57 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، نۆۋەتتىكى خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 58 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، «ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ئىگىلىكى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلانى پىروگراممىسى» (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى) مۇزاكىرە قىلىندى.

10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 59 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، «ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر - بازارلارنىڭ تېببىي دورا - ساقلىق ساقلاش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش پىكرى» مۇزاكىرە قىلىندى، ھۆكۈمەت بەنگۇڭتىڭىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى لايىھىسى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى مۇئاۋىن رەئىس جاڭ ۋېنيۈنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 60 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، خەبەردار چاقىرىش - مەبلەغ جەلپ قىلىشقا دائىر بىرقانچە سىياسەت - بەلگىلىمە مۇھاكىمە قىلىندى.

12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 61 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» (كوپىيە) مۇزاكىرە قىلىندى.

12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 62 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، نۆۋەتتىكى خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 63 - قېتىملىق رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىلىپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىنى بىرلەشتۈرۈش جەھەتتىكى ئالاقىدار مەسىلىلەر ۋە «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەر ئومۇمىي پىلانى» مۇھاكىمە قىلىندى، مالىيە نازارىتىنىڭ «ئاپتونوم رايوننىڭ 2000 - يىللىق مالىيە كىرىم - چىقىمىنىڭ تەخمىنىي ئەھۋالى ۋە 2001 - يىللىق مالىيە كىرىم - چىقىم پىلانىنى دەسلەپكى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى» توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، خەلق ئىشلىرى نازارىتى ئوتتۇرىغا قويغان ئابلەت تايىپ قاتارلىق 21 كىشىنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ ئېتىراپ قىلىش توغرىسىدىكى دوكلات مۇزاكىرە قىلىندى.

گاۋ شىنلىڭ

## ئوبلاست (شەھەر) باشلىقلىرى، ۋالىيلار يىغىنى

2000 - يىل 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى يىغىن ئېچىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ۋە مالىيە كىرىمىنى ئاشۇرۇش - چىقىمنى تېجەش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئابلەت ئابدۇرېشىت مۇھىم سۆز قىلدى.

گاۋ شىنلىڭ

## ھۆكۈمەت پەرمانلىرى

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت 2000 - يىل 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ھۆكۈمەتنىڭ 92 - نومۇرلۇق پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سۇ بايلىقى ھەققى ئېلىش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش چارىسى» نى ئېلان قىلدى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ھۆكۈمەتنىڭ 93 - نومۇرلۇق پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاساسىي ئېتىز - ئېرىقلارنى ئاسراش چارىسى» نى ئېلان قىلدى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ھۆكۈمەتنىڭ 94 - نومۇرلۇق پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەرلەردىكى ئولتۇراق رايونلار ئۆي خوجىلىقىنى باشقۇرۇش چارىسى» نى ئېلان قىلدى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ھۆكۈمەتنىڭ 95 - نومۇرلۇق پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ھادىسىلىرىنى بىرتەرەپ قىلىش چارىسى» نى ئېلان قىلدى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ھۆكۈمەتنىڭ 96 - نومۇرلۇق پەرمانىغا ئىمزا قويۇپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەرلەرنى تىزىملاش چارىسى» نى ئېلان قىلدى.

ۋۇ لىجيې

## قارار، بەلگىلىمىلەر

**ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2000 - يىلى چىقارغان قارار، بەلگىلىمىلەر (بىر قىسمى)**

1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى «1999 - يىللىق نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدىكى نىشاننى ئورۇندىغان ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ئورۇنلارنى تەقدىرلەش، مۇكاپاتلاش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى «1999 - يىللىق پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە ئۈچنى ئاساس قىلىشتا لاياقەتلىك بولغان ناھىيىلەرگە نام بېرىش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى «ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 - يىللىق پاختا ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئىلغار ئورۇنلارنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى «ئاپتونوم رايوننىڭ 1999 - يىللىق ئېتىز - ئېرىق، سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى بويىچە ‹تەڭرىتاغ لوڭقىسى› مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ناھىيە (شەھەر) لەرنى ۋە ئېتىز - ئېرىق، سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىدا ‹پۈتۈنلەي سۇ سىڭەس قىلىش› تەلىپىگە يەتكەن ناھىيە (شەھەر) لەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى «ئاپتونوم رايوننىڭ ھايۋانات كارانتىن خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى «مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە بېجىرىشنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى «‹تەڭرىتاغ، كىنو ستۇدىيىسىنىڭ كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتى ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا يار - يۆلەك بولۇش توغرىسىدا بىرقانچە بەلگىلىمە» چىقىرىلدى.

8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر كۆكەرتىش نىزامىنى يولغا قويۇش ھەققىدىكى بىرقانچە بەلگىلىمە، نى تۈزىتىش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى «بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ باي، كۇچا، شايار ناھىيىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مەمۇرىي رايون چېگرىسىنى بېكىتىش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى «ئاپتونوم رايوندىكى قىسمەن ئوبلاست، شەھەر، ۋىلايەتلەرنىڭ ئالاقىدار ناھىيە (شەھەر، رايون) لىرىنىڭ مەمۇرىي رايون چېگرىسىنى بېكىتىش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى چىقارغان قارار، بەلگىلىمىلەر (بىر قىسمى):

5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى «ئاپتونوم رايونىمىزدىن مەملىكەتلىك 5 - نۆۋەتلىك مېيىپلار تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىپ مۇكاپاتلانغان تەنھەرىكەتچى، ترېنېرلارنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى «ئۈچتۇرپان قاتارلىق 4 ناھىيە (شەھەر) گە ئاپتونوم رايون بويىچە تەنتەربىيىدە ئىلغار ناھىيە (شەھەر) دەپ نام بېرىش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

ۋۇ لىجيې

## ئۇقتۇرۇشلار

**2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى چىقارغان ئۇقتۇرۇشلار (بىر قىسمى)**

2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى «كەلكۈننىڭ ئالدىنى ئېلىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىدە بىر تۇتاش بەلگىلەش - قوماندانلىق قىلىشنى يولغا قويۇش توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى «‹ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىك بەنزىسى ئەزالىرىنىڭ پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئايرىش، توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە دۆلەت مەمۇرلىرى تۈزۈمىنى يولغا قويۇش خىزمىتىنى تېزلىتىشكە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى «كۆڭۈل ئېچىش كەسپى تىجارەت بېجىنىڭ نىسبىتىنى تەڭشەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ سۇ - تۇپراقنى ساقلاش مۇئەسسەسىلىرى تۆلەم ھەققى، سۇ - تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ھەققى ئېلىش ۋە ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى، نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى «‹ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر - بازارلاردا ئۆي تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى، ھەققىدە قوشۇمچە ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «گوۋۇيۈەننىڭ [2000] 8 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىككىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى «ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ‹ھۆكۈمەت ئاخباراتى، ژۇرنىلىغا بېسىلغان قائىدە - تۈزۈملەرنىڭ تېكىستىنى ئۆلچەملىك تېكىست قىلىش

توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا ئىلھام بېرىشكە دائىر بىرقانچە سىياسەت ـ بەلگىلىمىسى› نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى «‹ئەسكەر ئېلىشنىڭ ئون ماددىلىق بەلگىلىمە› سىنى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خېرىدار چاقىرىش ـ مەبلەغ جەلپ قىلىشقا دائىر بىرقانچە سىياسەت ـ بەلگىلىمىسى› نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ داۋالىنىشىغا ياردەم بېرىشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى قاتارلىق 6 ھۆججەتنى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى «تارىم دەريا ۋادىسىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر ـ بازارلارنىڭ تېببىي دورا ـ ساقلىق ساقلاش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش پىكرى» تارقىتىلدى.

2000 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى چىقارغان ئۇقتۇرۇشلار (بىر قىسمى):

1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى «ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ خىزمىتى بويىچە بىرلەشمە يىغىن تۈزۈمىنى ئورنىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى «خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشۈش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى «تاماكا مونوپول تىجارىتىنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تاماكا تىجارىتى تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى «ج خ ئورگانلىرىنىڭ ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى شوپۇرلىرىنى تەربىيىلەش مەكتىپى ئاچماسلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى «ئاپتونوم رايونىمىز بىلەن چېگرىلىنىدىغان دۆلەتلەر ئارىسىدىكى چېگرىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى، پورتلارنىڭ سانىنى توغرا ئىپادىلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى «كادىرلار نازارىتى، مائارىپ كومىتېتى، پىلان كومىتېتىنىڭ، 2000 ـ يىلى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى پىكرى، ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى «10 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە مۇ ۋە تولۇق جەمئەتتە يېزىلىرى ئېلېكترلەشتۈرۈلىدىغان ناھىيىلەرنى ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى «2000 ـ يىلى يېزىلاردىكى نامرات ئائىلىلەردىن دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق بىجى ۋە يېزا ئىگىلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار بىجى ئېلىشنى كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى «‹مەھەللە مۇلازىمەت كەسپىنى تېز راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر› نى تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر تەۋرەش ئاپىتىنى تېز مەلۇم قىلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى (سىناق تەرىقىسىدىكى)› نى ئېلان قىلىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى «يەر تەۋرەشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ ئاپەتنى ئازايتىش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى «ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا باج ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى» تارقىتىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى «‹ئاپتونوم رايونىنىڭ يالغان بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش ـ سېتىش قىلمىشىغا زەربە بېرىش بىرلەشمە ھەرىكەت لايىھىسى› نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر تەۋرەشكە جىددىي تاقابىل تۇرۇش لايىھىسىنى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قان ئېلىش ـ تەمىنلەش ئاپپاراتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى «شەھەر كىرىدىت كوپېراتىپلىرىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ۋە تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى «شەھەر ـ بازارلاردا ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشچى ـ

خىزمەتچىلىرىنى شەھەر ـ بازار ئىجتىمائىي سۇغۇرتىسىنى بىر تۇتاش ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا دائىر يىغىنغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى «دۆلەت كارخانىلىرىنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىلدى.

ۋۇ لىجيې

## ئەستىقلاپ تارقىتىلغان دوكلاتلار

**2000 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئەستىقلاپ تارقاتقان دوكلاتلار (بىر قىسمى):**

2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى «گوۋۇيۈەننىڭ ‹جايلار باجنى ئاۋۋال ئېلىپ كېيىن قايتۇرۇش سىياسىتىنى ئۆز ئالدىغا تۈزگەن ئەھۋالنى تۈزىتىش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى› نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى «خەلق ئىشلىرى نازارىتى قاتارلىق 6 ئورۇننىڭ ‹مېيىپلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش ھەققىدىكى پىكرى› نى ئەستىقلاپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى «مالىيە نازارىتى قاتارلىق 8 نازارەت (ئىدارە) نىڭ ‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئۆز قارىمىقىدىكى ئىقتىسادىي گەۋدىلەردىن ئايرىلىپ، ئۇلارنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش ھەققىدىكى ۋاقىتلىق چارىسى› نى ئەستىقلاپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى «گوۋۇيۈەننىڭ ‹ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئاشلىق ئوبوروتىغا ئالاقىدار سىياسەت ـ تەدبىرلەرنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ھەققىدىكى پىكرى› نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى «قۇرۇلۇش نازارىتى قاتارلىق 6 ئورۇننىڭ ‹ئاپتونوم رايوندىكى قىدىرىپ تەكشۈرۈش ـ لايىھىلەش ئورۇنلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش ھەققىدىكى پىكرى› نى ئەستىقلاپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى «گوۋۇيۈەننىڭ ‹نۆۋەتتە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى› نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى «گوۋۇيۈەننىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇن چىقىرىش قانۇنى› نى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى «ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتىنىڭ ‹ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوتتۇرا ھال ۋە كىچىك دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى يەنىمۇ تېزلىتىش ھەققىدىكى پىكرى› نى ئەستىقلاپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى «گوۋۇيۈەننىڭ ‹قارا يۇسۇن يىغىش ۋە سېتىشنى مەنئى قىلىش، چۆچۈكبۇيا ۋە چاكاندىنى قالايمىقان كولاشنى توسۇشقا دائىر مەسىلىلەر ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى› نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

**2000 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى تارقاتقان دوكلاتلار (بىر قىسمى):**

1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى «يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ ‹پارتىيە 15 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى› نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى «مالىيە نازارىتىنىڭ ‹خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى قوبۇل قىلغان ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ـ قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم بېرىش ئىئانە پۇلىنى مالىيە مەخسۇس ھېساباتىغا كىرگۈزۈپ، كىرىم ـ چىقىمنى ئايرىۋېتىش يولى بىلەن باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش ھەققىدىكى پىكرى› نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى «دۆلەت مۇداپىئە پەن ـ تېخنىكا سانائىتى كومىتېتىنىڭ ‹خەلق ئىشلىتىدىغان پارتلىتىش سايمانلىرى ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئوبوروتىنى باشقۇرۇش ھەققىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە› سىنى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى «ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ‹ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى قاتارلىق مەلۇماتنىڭ سۈپىتى جەھەتتە ئۈزۈلدىن تۈۋەن بىر دەرىجىنى باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش ۋە بوغالتىرلىق، ستاتىستىكا ھەم كەسپىي ماتېرىياللارنى قەرەللىك يوللاپ تۇرۇش ھەققىدىكى پىكرى› نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى «ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ ‹ۋەيران بولغان دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ھەققىدىكى پىكرى› نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى «شىنجاڭ چېگرىدىن چىقىش ـ

كىرىش تەكشۈرۈش - كارانتىن ئىدارىسىنىڭ ، دۆلەت چېگرىدىن كىرىش - چىقىش تەكشۈرۈش - كارانتىن ئىدارىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 5 دۆلەتتىن ئېرە، قوي يۇڭى ئىمپورت قىلىشتا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى، نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى «، ئەمگەك زاپىسى تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش ھەققىدىكى پىكىر، نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ ، ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ھەققىدىكى يولغا قويۇش لايىھىسى، نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى «زېمىن - بايلىق مىنىستىرلىكى، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ ، دېھقانچىلىق يەرلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى، نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساسلىق پەن - تېخنىكا تايانچىلىرىنى تەربىيىلەش ۋە ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش چارىسى، نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى «گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭىنىڭ ، ئىقتىسادنى باھالاش تېپىدىكى ئىجتىمائىي ۋاستىچى ئاپپاراتلارنى ئىنقىلاپ تەرتىپكە سېلىش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى، نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى «، ئاپتونوم رايونىنىڭ 2000 - يىللىق [ بىخەتەر يول ] بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى يولغا قويۇش لايىھىسى، نى ۋە ، 2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ شەھەر يوللىرىدىكى قاتناشنى باشقۇرۇشتا [ راۋانلىق قۇرۇلۇشى ] نى يولغا قويۇش لايىھىسى، نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى «ج خ نازارىتىنىڭ ، ئاپتونوم رايون بويىچە كىچىك شەھەر - بازارلاردا نوپۇس تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ھەققىدىكى پىكرى، نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «ش ئۇ ئا ر ئورگانلار شتات كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ ، كەسپىي ئورۇنلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش خىزمىتىنى يولغا قويۇش ھەققىدىكى پىكرى، نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى «گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭىنىڭ ، گوۋۇيۈەن مەملىكەت بويىچە 5 - قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى بىلەن ج خ مىنىستىرلىكىنىڭ مەملىكەت بويىچە 5 - قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ئالدىدا نوپۇسنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىش ھەققىدىكى پىكرىنى تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى، نى تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى «ئۇچۇرچىلىق كەسپىي مىنىستىرلىكىنىڭ ، كومپيۇتېر ئۇچۇر سىستېمىسىنىڭ توپلاشتۇرۇلغان ئىقتىدارىنى باشقۇرۇش چارىسىنى ئېلان قىلىش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى، نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ناتوغرا ئىستېللارنى تۈزىتىش ئىشخانىسى قاتارلىق 6 تارماقنىڭ ، 2000 - يىلى ئاپتونوم رايوندا تېببىي دورا سېتىۋېلىش - سېتىشتىكى ناتوغرا ئىستېللارنى تۈزىتىش خىزمىتىنى يولغا قويۇش لايىھىسى، نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى «مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ھەققىدىكى پىكرىنى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى، نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى «قۇرۇلۇش نازارىتى قاتارلىق 5 نازارەت ئىدارىنىڭ ، شەھەرلەردىكى كىرا ئاپتوموبىلى قاتارلىق ئامىۋى يولۇچى توشۇش قاتنىشىنى ئىنقىلاپ تەرتىپكە سېلىش لايىھىسى، نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى «گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭىنىڭ ، دۆلەت باش باج ئىدارىسىنىڭ قوشۇلما قىممەت بېجىدا ساختىلىقتىن ساقلىنىش - باج كونتروللاش سىستېمىسىنى كەڭ قوللىنىش ھەققىدىكى پىكرىنى تارقىتىش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى، نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ گىدرولوگىيە خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ھەققىدىكى بىرقانچە پىكىر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى «گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭىنىڭ ، پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى قاتارلىق تارماقلارنىڭ

خەۋپ - خەتەر مەبلىغى سېلىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ھەققىدىكى بىرقانچە پىكرىنى تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نى تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى «ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتىنىڭ «نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدا كارخانىلارنىڭ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ئېچىش خىزمىتىگە ئالاقىدار مەسىلىلەر ھەققىدىكى پىكرى»نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ داۋاملىق مائارىپىنى يولغا قويۇش چارىسى»نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى «ش ئۇ ئا ر ئاپپارات ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر ئورگانلار خوجىلىق ئىدارىسىنىڭ «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ ئارقا سەپ خىزمىتى تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش ھەققىدىكى پىكرى»نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى «مالىيە مىنىستىرلىكى، گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە دۆلەت تەرەققىيات - پىلان كومىتېتىنىڭ مالىيىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى باشقۇرۇش چارىسى (سىناق تەرىقىسىدىكى) ۋە مالىيىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش تۈرىنى باشقۇرۇش ھەققىنى باشقۇرۇش چارىسى (سىناق تەرىقىسىدىكى) نى بېسىپ تارقىتىش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى «ش ئۇ ئا ر ساياھەت ئىدارىسى قاتارلىق تارماقلارنىڭ «گوۋۇيۈەن ئىشخانىسىنىڭ 46 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئارام كۈنلىرى ساياھىتىنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەققىدىكى پىكرى»نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى «ئەمگەك - ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ «تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش خىزمىتى ھەققىدىكى پىكرى»نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى «گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭنىڭ «سودا - سانائەت ئىدارىسى قاتارلىق تارماقلارنىڭ شاخلىتىپ سېتىش ۋە شەكلى ئۆزگەرگەن شاخلىتىپ سېتىشقا ئوخشاش قانۇنسىز تىجارەت پائالىيەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش توغرىسىدىكى پىكرىنى تارقاتقانلىق ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى «دۆلەت تەرەققىيات - پىلان كومىتېتى قاتارلىق 4 تارماقنىڭ «نۆۋەتتە ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەشكە ئالاقىدار مەسىلىلەر ھەققىدىكى جىددىي ئۇقتۇرۇشى»نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى «ش ئۇ ئا ر ئاپپارات ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى، ئورگانلار خوجىلىق ئىدارىسى، مالىيە نازارىتىنىڭ «ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتىدا راسخوت، ماددىي ئەشيا، ئۆي - زېمىن قاتارلىق مال - مۈلۈكلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدىكى پىكرى»نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى «ئەمگەك - ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ «پېنسىيە سۇغۇرتىسىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ھەققىدىكى دوكلاتى»نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى «خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ «ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن ئەسكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىيىتىنى ھەقلىق ئۆتكۈزۈپ بېرىش ھەققىدىكى ۋاقىتلىق چارىسى»نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى «گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭنىڭ «گوۋۇيۈەن ئىقتىسادنى باھالاش تىپىدىكى ئىجتىمائىي ۋاستىچى ئاپپاراتلارنى ئېنىقلاپ تەرتىپكە سېلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئىقتىسادنى باھالاش تىپىدىكى ئىجتىمائىي ۋاستىچى ئاپپاراتلارنى ھۆكۈمەت تارماقلىرىدىن ئايرىۋېتىپ، تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش ھەققىدىكى پىكرىنى تارقاتقانلىق ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى «ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پاختا پىششىقلاش تۈرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى»نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى «ش ئۇ ئا ر تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ھەققىدىكى پىكرى»نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى «دۆلەت پىلان كومىتېتى قاتارلىق 4 تارماقنىڭ «2000 - يىللىق كۈزلۈك ئاشلىق سېتىۋېلىش سىياسىتىگە دائىر مەسىلىلەر ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى «گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭنىڭ

«غەربنى كەڭ ئېچىش داۋامىدا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى، نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى «ئىقتىسادىي تەپتىش نازارىتى، مالىيە نازارىتىنىڭ «ئون ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (شەھەر) نىڭ بۇلغانما قويۇپ بېرىش ھەققىنى يىغىپ تاپشۇرۇش ۋە باشقۇرۇش، ئىشلىتىش ئەھۋالى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ھەققىدىكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشى، نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى.

ۋۇ لىجيې

## تەستىقلار

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2000 ـ يىلى تارقاتقان تەستىقلار (بىر قىسمى):

2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى «سانجى شەھىرى، قەشقەر شەھىرىدە 2 ـ خىلدىكى پورت تەسىس قىلىشقا قوشۇلۇش توغرىسىدىكى تەستىق» تارقىتىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى «دۆلەت تاشيولى 312 ـ لىنىيىسىنىڭ شوتاقۇدۇقتىن پىچانغىچە بولغان بۆلىكىدىكى تاشيولنى قەرز پۇل بىلەن ئۆزگەرتىپ ياساش، قەرزنى ھەق ئېلىش يولى بىلەن قايتۇرۇشقا قوشۇلۇش توغرىسىدىكى تەستىق» تارقىتىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى «گۇچۇڭ ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئورۇن قىلىشنى تەستىقلاش توغرىسىدىكى تەستىق» تارقىتىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى «چۆچەك ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئورۇن قىلىشنى تەستىقلاش توغرىسىدىكى تەستىق» تارقىتىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى «تارىمدىكى تۇغراقلىق، گەنجياخۇدىكى سۆكسۆكلۈك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قىلىشنى ئىلتىماس قىلىشقا قوشۇلۇش توغرىسىدىكى تەستىق» تارقىتىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى «ئالتۇنتاغ ياۋا تۆگە مۇھاپىزەت رايونىنىڭ چېگرىسىنى كېڭەيتىپ، نامىنى ئالتۇنتاغ — لوپنۇر قوش ئۆركەشلىك ياۋا تۆگە مۇھاپىزەت رايونى دەپ ئۆزگەرتىشكە قوشۇلۇش توغرىسىدىكى تەستىق» تارقىتىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى «ئۈرۈمچىدە دۆلەت دەرىجىلىك رادىئو كۆزىتىش ـ ئۆلچەش پونكىتى قۇرۇشقا قوشۇلۇش توغرىسىدىكى تەستىق» تارقىتىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى «چېگرا سىرتىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇشقا قوشۇلۇش توغرىسىدىكى تەستىق» تارقىتىلدى.

ۋۇ لىجيې

## رەھبەرلەرنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە نەق مەيداندا ئىش بېجىرىش ئەھۋالى

مۇئاۋىن رەئىس دەلىلقان مامىتان 2000 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى شىمالىي ۋوگزالىنىڭ يۈك مەيدانىغا بېرىپ، بايرامدا ئىشلەۋاتقان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەردىن ھال سورىدى.

دەلىلقان مامىتان 1 ـ ئاينىڭ 12 — 16 ـ كۈنىگىچە سانجى، تۇرپان رايونلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

مەمتىمىن زاكىر 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك قان مەركىزىگە بېرىپ، يېڭى ئەسىر ھەقسىز قان تەقدىم قىلىش تەشۋىقات پائالىيىتىگە قاتناشتى.

مەمتىمىن زاكىر 2 ـ ئاينىڭ 8 — 9 ـ كۈنلىرى شىنجاڭ مۇقام ئۆمىكىنى كۆزدىن كەچۈردى.

شيۆڭ خۇيپىن 2 ـ ئاينىڭ 11 — 14 ـ كۈنىگىچە بايىنغولىنىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە تارىم دەرياسىنى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ 3 ـ سانلىق دائىمىي يىغىنىنى ئاچتى.

ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن 2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى شىنجاڭ سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈردى.

شيۆڭ خۇيپىن 2 ـ ئاينىڭ 18 — 20 ـ كۈنىگىچە خوتەن، كېرىيە، نىيە ناھىيىلىرىنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ تەييارلىقى خىزمىتىنى تەكشۈردى.

ۋاڭ خۇەيىۋ 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى شىنجاڭ جۇڭجىباڭ تور تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى، ئۈرۈمچى خۇاليەن ئوقەتچىلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى، كوئىنلۇن گۇرۇھ شىركىتى، شىنجاڭ جىنشى گۇرۇھ شىركىتى، شىنجاڭ شۇاڭشىن تولۇق كونتروللاش ئۇسكۇنىلىرى چەكلىك شىركىتى قاتارلىق خەلق باشقۇرۇشىدىكى 5 شىركەتنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

شيۆڭ خۇيپىن 3 ـ ئاينىڭ 1 — 14 ـ كۈنىگىچە ئىلى، تارباغاتاي، فۇكاڭ، قاراماي قاتارلىق جايلارنىڭ يېزا خىزمىتى ۋە كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

دەلىلقان مامىتان 3 ـ ئاينىڭ 5 — 8 ـ كۈنىگىچە خوتەندە



ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت چەرچەن ناھىيىسىنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى تەكشۈرمەكتە.

لى باڭ فوتوسى

جاڭ جۇ 3 ـ ئاينىڭ 30 — 31 ـ كۈنلىرى تاشقى ئىقتىساد ـ سودا مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى چاڭ شياڭغا ھەمراھ بولۇپ، شىخەنزىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

ئابلەت ئابدۇرېشىت 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ، تاشقى ئايلانما يول، خەلق يولى، تىنچلىق يولى، يەنەنكۆل چىمەنزارلىقى ۋە ئاتموسفېرا بۇلغىنىشىنى تۈزەش قاتارلىق نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى ھەم مۇھىم يوليورۇق بەردى.

ئابلەت ئابدۇرېشىت 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئۈرۈمچى ـ كۈيتۇڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولىنىڭ قىسمەن بۆلەكلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

دەلىلقان مامىقان 4 ـ ئاينىڭ 6 — 25 ـ كۈنىگىچە ياپونىيە، كورېيەلەرگە بېرىپ، شىنجاڭنىڭ پاختىسىنى سېتىش بويىچە ماسلاشتۇرۇش خىزمىتى ئېلىپ باردى.

جاڭ جۇ 4 ـ ئاينىڭ 11 — 15 ـ كۈنىگىچە يۈننەنگە بېرىپ جۇڭگو كۈنمىڭ خەلقئارا ساياھەت بايرىمىغا قاتناشتى ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

ئابدۇقادىر نەسىردىن 4 ـ ئاينىڭ 15 — 22 ـ كۈنىگىچە چېگەي ئۆلكىسىنىڭ شىنىڭ، گېرمو قاتارلىق جايلىرىغا بېرىپ، گوۋۇيۈەن چېگەيگە قايتقان قازاقلار ئامىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

مەمتىمىن زاكىر 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىدا «8 ـ ماي دۇنيا قىزىل كرېست كۈنى» نى خاتىرىلەش تەشۋىقات ھەپتىلىكى پائالىيىتىگە قاتناشتى.

جاڭ جۇ 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ ساياھەتچىلىك خىزمىتىنى تەكشۈردى.

ئابلەت ئابدۇرېشىت 5 ـ ئاينىڭ 2 — 5 ـ كۈنىگىچە ئالتاي، قارامايلارغا بېرىپ، قاناسنىڭ ساياھەتچىلىكىنى ئېچىش خىزمىتىنى ۋە سۇچىلىق قۇرۇلۇشىنى تەكشۈردى.

دەلىلقان مامىقان 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى شىنجاڭ ئاكسىيە شىركىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

مەمتىمىن زاكىر 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تۇرپاندا داۋالىنىش ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈردى.

دەلىلقان مامىقان 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى جۇڭگو زاپاس دېھقانچىلىق ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەش، ئاشلىق، پاختا سېتىۋېلىش ـ سېتىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

مەمتىمىن زاكىر 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئۈرۈمچى 4 ـ خەلق دوختۇرخانىسىدا ئىش بېجىردى ۋە زەھەر چەكلەش تەشۋىقات پائالىيىتىگە قاتناشتى.

بېيجىڭدا 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 ـ يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئىسرائىلىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى نەن يۈمىڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ـ ئىسرائىلىيە ئۈلگە دېھقانچىلىق مەيدانىنى كۆزدىن كەچۈردى.

جاڭ ۋېنيۆ، ۋاڭ خۇەيېۇ، ئابدۇقادىر نەسىردىن، مەمتىمىن زاكىرلار 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ، 14 ـ كۈنلىرى قۇربان ھېيت ھارپىسىدا دەم ئېلىشقا چىققان پېشقەدەم كادىرلاردىن، مەرھۇم پېشقەدەم كادىرلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سورىدى.

مەمتىمىن زاكىر 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى شىنجاڭ ياشانغانلار كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىغا بېرىپ، بالنىستىكى قىسمەن بىمارلاردىن ھال سورىدى ۋە نەق مەيداندا ئىش بېجىردى.

شيۇڭ خۇيېن 3 ـ ئاينىڭ 17 — 23 ـ كۈنىگىچە جىڭ، ئالتاي، قوبۇقسار قاتارلىق جايلارنىڭ ئەتىيازلىق كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتىنى تەكشۈردى ۋە ئورۇنلاشتۇردى.

دەلىلقان مامىقان 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شىنجاڭ خۇيتۇڭ پاي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە ئىش بېجىردى.

ئاشلىق باشقۇرۇش شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى ئىش باشقارمىسىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

ئابدۇقادىر نەسىردىن 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مېيىپلار «قول بېرىش» پروگراممىسىنى يولغا قويۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى، يەنە ئۈرۈمچى يېڭىشەھەر رايونىنىڭ 10 - قېتىملىق «مېيىپلارغا ياردەم بېرىش» تەشۋىقات نۇقتىسىنىڭ تەشۋىقات پائالىيىتىگە قاتناشتى.

جاڭ ۋېنيۈ 5 - ئاينىڭ 22 — 27 - كۈنىگىچە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جاۋگو باشچىلىقىدىكى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلارنىڭ «غەربنى كەڭ ئېچىش» تەكشۈرۈش ئۆمىكىگە ھەمراھ بولۇپ، خوتەن، قەشقەر، بايىنغولىنلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

مەتتىمىن زاكىر 5 - ئاينىڭ 22 — 25 - كۈنىگىچە قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى تەكشۈردى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق نىكاھلىنىش - پەرزەنت كۆرۈش يېڭى كەيپىياتىنى ھەممە ئائىلىلەردە تۇرغۇزۇش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتى.

جاڭ جۇ 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى دۆلەت چېگرىدىن چىقىش - كىرىش تەكشۈرۈش - كارانتىن ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى چاڭجياڭ بىلەن مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ فىڭچىڭغا ھەمراھ بولۇپ، بوغدا كۆلىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

دەلىلقان مامىقان 5 - ئاينىڭ 26 — 28 - كۈنىگىچە شاڭخەيدە شىنجاڭ گۇاڭخۇي تاش ماتېرىيال پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ پاي چېكىنى بازارغا سېلىش بويىچە ۋۇشىكا ئېچىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

شيۇڭ خۇيىن 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە توقسۇ ناھىيىسىدە ئۆسمۈرلۈك ئاسراش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتى.

ئابلەت ئابدۇرېشىت 6 - ئاينىڭ 6 — 10 - كۈنىگىچە تاشقورغان، قاغىلىقلاردا خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

دەلىلقان مامىقان 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى جۇڭگو سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ باشلىقى جياڭ جيەنچىڭغا ھەمراھ بولۇپ، تۇرپاندا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

مەتتىمىن زاكىر 6 - ئاينىڭ 12 — 13 - كۈنلىرى شىخەنزىدە ئاپتونوم رايون بويىچە ئېچىلغان پاكىز شەھەر بەرپا قىلىش بويىچە نەق مەيداندا ئىش بېجىرىش يىغىنىغا قاتناشتى.

جاڭ جۇ 6 - ئاينىڭ 14 — 15 - كۈنلىرى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، شىنجاڭ «تۈنخې» پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ ترانسفورماتور پاي چەكلىك شىركىتى قاتارلىق كارخانىلاردا ئىش بېجىردى ھەمدە سانجى ئوبلاستىنىڭ ساياھەتچىلىك خىزمىتىنى تەكشۈردى.

مەتتىمىن زاكىر 6 - ئاينىڭ 14 — 21 - كۈنىگىچە مىجىت ناسىر بىلەن بىللە تۆمۈر داۋامەتكە ھەمراھ بولۇپ، ئاقسۇ، بايىنغولىنلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

جاڭ جۇ 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى شىخەنزىدە شىخەنزە ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنى دۆلەت دەرىجىلىك تەرەققىيات رايونىغا كۆتۈرۈش، ئۇنىڭ ۋۇشىكا يوپۇقىنى ئېچىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

دەلىلقان مامىقان 6 - ئاينىڭ 25 — 28 - كۈنىگىچە ئىلى ئوبلاستىدا ئاشلىق ۋە پۇل مۇئامىلە خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

ئابلەت ئابدۇرېشىت 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئىران زۇڭتۇڭى خاتەمىگە ھەمراھ بولۇپ قەشقەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

مەتتىمىن زاكىر 6 - ئاينىڭ 27 — 30 - كۈنىگىچە جۇڭگو نېفىت خىمىيە سانائىتى باش شىركىتى شىنشاڭ شىركىتىنىڭ رەھبىرىگە ھەمراھ بولۇپ، بۆگۈر نېفىتلىك بازىسى قۇرۇلۇشىغا ئۇل سېلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەمدە كۇچادا سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

دەلىلقان مامىقان 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە ئالتايدا خىزمەتلەرنى تەكشۈردى ھەمدە ئاقىنلار ئېيتىشىشىغا قاتناشتى.

ئابدۇقادىر نەسىردىن 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە كۈنەسدە مىللىي كىيىم - كېچەكلەر كۆرگەزمىسىگە قاتناشتى ھەمدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

دەلىلقان مامىقان 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئۈرۈمچى خۇالىڭ سودا شەھەرچىسىدە شىنجاڭ خەلقئارا بىناكارلىق ماتېرىياللىرى كۆرگەزمىسىگە تەييارلىق كۆرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەمدە شىنجاڭ 2000 - يىللىق ياز پەسىللىك ئۆي - زېمىن يەرمەنكىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدى.

دەلىلقان مامىقان 7 - ئاينىڭ 7 — 11 - كۈنىگىچە قوبۇقسار، تولى، چاغانتوقاي، دۆربىلجىن، چۆچەك قاتارلىق ناھىيە - شەھەرلەردە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

شيۇڭ خۇيىن 7 - ئاينىڭ 10 — 14 - كۈنىگىچە سانجىدا كەسىپلەرنى تەڭشەش نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى.

ئابدۇقادىر نەسىردىن 7 - ئاينىڭ 15 — 18 - كۈنىگىچە تۆمۈر داۋامەتكە ھەمراھ بولۇپ، بورتالا، ئىلى قاتارلىق جايلارنى كۆزدىن كەچۈردى.

مەتتىمىن زاكىر 7 - ئاينىڭ 20 — 21 - كۈنلىرى

تۇرپاندا داۋالىنىش ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈردى.

ئابدۇقادىر نەسىردىن 7 - ئاينىڭ 25 — 29 - كۈنىگىچە بورتالا، ئالتايلاردا «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» بويىچە ھال سوراش پائالىيىتى ئېلىپ باردى.

جاڭ جۈ 7 - ئاينىڭ 26 — 29 - كۈنىگىچە چىڭخەينىڭ شىنىڭ شەھىرىدە غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ 7 - قېتىملىق بىرلەشمە يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە چىڭخەيدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

جاڭ ۋېنيۈ 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە جېجياڭ ئۆلكىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىگە ھەمراھ بولۇپ، ئۈرۈمچى، سانجى، خوتەن، قەشقەر، ئىلىلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

جاڭ جۈ 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى جۇڭگو 5 كان گۇرۇھىنىڭ لىدېرى مياۋ گېڭشۇغا ھەمراھ بولۇپ تۇرپاندا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

جاڭ ۋېنيۈ، غوپۇر ئابدۇللا ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودروم يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول ئۆتۈشمە كۆۋرۈكىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەمدە نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى.

دەلىلقان مامىقان 8 - ئاينىڭ 9 — 10 - كۈنلىرى قۇمۇلدا جايلارنىڭ يۇغۇرۇلما ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە نەق مەيدان يىغىنىغا قاتناشتى. شۇ كۈنى جاڭ جۈ قۇمۇلدا بىگتۇەن بىلەن يەرلىك بىرلىشىپ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى ئىلگىرى سۈرۈش بويىچە نەق مەيداندا ئىش بېجىرىش يىغىنىغا قاتناشتى.

ئابلەت ئابدۇرېشىت 8 - ئاينىڭ 17 — 21 - كۈنىگىچە مۇئاۋىن زۇڭلى لى لەنچىڭغا ھەمراھ بولۇپ، تۇرپان، شىخەنزە، خوتەنلەرنىڭ خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

دەلىلقان مامىقان 8 - ئاينىڭ 18 — 21 - كۈنىگىچە ئالتايغا بېرىپ ئاپتونوم رايونلۇق قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى باش بانكىسىنىڭ باشلىقى خې لىنشياڭغا ھەمراھ بولۇپ، قاناس ئېكولوگىيە رايونىنى كۆزدىن كەچۈردى.

جاڭ جۈ 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۈرۈمچىدە 3 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خۇالىڭ خەلقئارا بىناكارلىق ماتېرىياللىرى كۆرگەزمىسىگە قاتناشتى.

دەلىلقان مامىقان 8 - ئاينىڭ 25 — 30 - كۈنىگىچە جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى لى يۈەنشىغا ھەمراھ بولۇپ قەشقەر، ئىلى، تۇرپانلارنى كۆزدىن كەچۈردى.

ئابدۇقادىر نەسىردىن 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە جۇڭگو مىيىپلار ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن بىرلىكتە نورۋېگىيىگە بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

جاڭ جۈ 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئامېرىكا يېڭى ئەسىر مۇۋەپپەقىيەت گۇرۇھى مەبلەغ سېلىپ قۇرۇۋاتقان «مۇۋەپپەقىيەت مەيدانى ئۇنىۋېرسال بىناسى» غا ئۇل سېلىش - ئىش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

مەتتىمىن زاكىر 9 - ئاينىڭ 4 — 5 - كۈنلىرى خۇنەن ئۆلكىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىگە ھەمراھ بولۇپ تۇرپاننىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

مەتتىمىن زاكىر 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ش ئۇ ئا ر قىزىل كرېست ھال سوراش ئۆمىكىنى باشلاپ توقسۇن ناھىيىسىگە بېرىپ ئاپەتكە ئۇچرىغان رايوندىكى ئامرات ئاممىدىن ھال سورىدى.

ۋاڭ لېجۇەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى زۇڭلى جۇ رۇڭجىغا ھەمراھ بولۇپ، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىنىڭ دوختۇرخانىسىغا بېرىپ، «8 - سېنتەبىر پارتلاش ۋەقەسى» دە يارىلانغان خادىملاردىن ھال سورىدى.

مەتتىمىن زاكىر 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئۈرۈمچىدىكى چوڭ دوختۇرخانىلارغا بېرىپ، «8 - سېنتەبىر پارتلاش ۋەقەسى» دە يارىلانغانلاردىن ھال سورىدى ھەمدە دوختۇرخانىلارنىڭ قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى.

دەلىلقان مامىقان 9 - ئاينىڭ 17 — 19 - كۈنىگىچە قەشقەرگە بېرىپ ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

مەتتىمىن زاكىر 9 - ئاينىڭ 18 — 21 - كۈنىگىچە قۇمۇلنى كۆزدىن كەچۈردى.

جاڭ جۈ 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ - ئاۋمېن ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تورىغا ئىمزا قويۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

دەلىلقان مامىقان 9 - ئاينىڭ 22 — 27 - كۈنىگىچە ئالتايدا ئاشلىق ۋە سودا ئوبوروتى خىزمىتىنى، يەككە - خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

ئابلەت ئابدۇرېشىت، غوپۇر ئابدۇللا قۇرۇلۇۋاتقان ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سىرتقى ئايلانما يولى ۋە ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىدىكى شىدۇنزى سۇ زاۋۇتى قاتارلىق نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنى كۆزدىن كەچۈردى.

ئابلەت ئابدۇرېشىت، جاڭ ۋېنيۈ، غوپۇر ئابدۇللا، دەلىلقان مامىقان، جاڭ جۈ، ئابدۇقادىر نەسىردىن ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىدا دۆلەت بايرىقى چىقىرىش مۇراسىمىغا قاتناشتى، ئابلەت ئابدۇرېشىت بىلەن ئابدۇقادىر نەسىردىن يەنە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ خەلق ساقچىلىرىنىڭ «99 تېپىلىق» كىيىمىنى ئالماشتۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئابدۇقادىر نەسىردىن 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى خوتەن ۋىلايىتىدىن ئۈرۈمچىگە ئېكسكۇرسىيىگە كەلگەن پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرى، پېشقەدەم كادىرلار، پېشقەدەم ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى يوقلىدى ۋە ئۇلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

دەلىلقان مامىقان 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى قۇتۇبى، ماناس ناھىيىلىرىگە بېرىپ، پاختا سېتىۋېلىش - سېتىش خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

ئابدۇقادىر نەسىردىن 10 - ئاينىڭ 8 — 12 - كۈنىگىچە جۇڭگو ئولىمپىك ۋەكىللەر ئۆمىكىگە ھەمراھ بولۇپ، ئۈرۈمچى، قەشقەردە ئېكسكۇرسىيىدە بولدى.

جاڭ جۇ 10 - ئاينىڭ 18 — 19 - كۈنلىرى شاڭخەيدە 2000 - يىللىق جۇڭگو خەلقئارا ساياھەت يەرمەنكىسىگە قاتناشتى ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

مەتتىمىن زاكىر 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەم «شەپەق قۇرۇلۇشى» ئوقۇش ياردەم پۇلى ئىئانە قىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

جاڭ جۇ 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە شىنجاڭ ئىقتىساد - سودا ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە شتاتى، نيۇيورك شەھىرى قاتارلىق جايلىرىدا تەكشۈرۈش ۋە زىيارەتتە بولدى.

ئابلەت ئابدۇرېشىت 10 - ئاينىڭ 24 — 27 - كۈنىگىچە مىچۈەن، فۇكاڭ، جىمسار، گۇچۇڭ، مورىلارنىڭ نامراتلارنى يۆلەش، چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈش ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ياخشىلاش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

مەتتىمىن زاكىر 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى جىمسار ناھىيىسىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە شىنتيەن خەلقئارا شىركىتىنىڭ مەبلەغ بىلەن رېمونت قىلىنىپ ئاسرىلىدىغان غەربىي يېشبالىق ئىبادەتخانىسى قۇرۇلۇش تورىغا ئىمزا قويۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

دەلىلقان مامىقان 11 - ئاينىڭ 15 — 17 - كۈنىگىچە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ پاختا ۋە ئاشلىق خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

دەلىلقان مامىقان 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ بازار قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

مەتتىمىن زاكىر 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شىنجاڭ خەلق دوختۇرخانىسىغا بېرىپ بىمارلارنىڭ دوختۇر تاللىشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

مەتتىمىن زاكىر 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى شىنجاڭ جۇڭيى دوختۇرخانىسىدا نەق مەيداندا ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىپ، يېڭى ئامبولاتورىيە بىناسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئالاقىدار مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى.

مەتتىمىن زاكىر 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئۈرۈمچى كادىرلار ساناتورىيىسىدە كادىرلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئاسراش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئابدۇقادىر نەسىردىن 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈرۈمچى مەھەللە قۇرۇلۇشى بويىچە نەق مەيداندا ئىش بېجىرىش يىغىنىغا قاتناشتى.

مەتتىمىن زاكىر 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى شىنجاڭ خۇاشىدەن دورىگەرلىك شىركىتىدە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

ئابدۇقادىر نەسىردىن 12 - ئاينىڭ 17 — 21 - كۈنىگىچە قەشقەردە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىرقانچە چېگرىنى بېكىتىش مەسىلىسى ئۈستىدە نەق مەيداندا كېڭەشمە يىغىنى ئاچتى.

ئابلەت ئابدۇرېشىت 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۈرۈمچى ليۇداۋان كۆمۈر كېنى، شىنجاڭ لىنتېي تۆزى زاۋۇتىغا بېرىپ، كارخانىلارنىڭ «ئىككىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش» ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

دەلىلقان مامىقان 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى شىنجاڭ پاختا - چىگە شىركىتى، ئۈرۈمچى «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

دەلىلقان مامىقان 12 - ئاينىڭ 24 — 27 - كۈنىگىچە شاڭخەي ئاكسىيە بىرژىسىدا «تيەنلى گاۋشىن» پاي چېكىنى بازارغا سېلىش بويىچە ۋۇشكا يوپۇقى ئېچىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

ئابدۇقادىر نەسىردىن 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىدا بېيجىڭنىڭ 2008 - يىلى ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئېچىشنى ئىلتىماس قىلىشنى قوللاش بويىچە 10 مىڭ كىشىلىك ئىمزا قويۇش پائالىيىتىگە ۋە بېيجىڭنىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئېچىشنى ئىلتىماس قىلىشنى قوللاش - يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋېلىش يۈز مىڭ ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش بويىچە ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

ئابلەت ئابدۇرېشىت 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئىسمايىل تىلىۋالدى بىلەن بىللە يېڭى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتىنىڭ ۋۇشكا يوپۇقىنى

ئاچتى.

ئىزاھات: ئابلەت ئابدۇرېشىت بىلەن جاڭ ۋېنيۈننىڭ قىسمەن كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پائالىيىتىنى 108 - بەتتىكى قىسىمدىن كۆرۈۋېلىڭ.

شيې شۇەنئەن

## قانۇن چىقىرىش خىزمىتى

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى قانۇنچىلىق ئىدارىسى يەرلىك قانۇن - نىزام ۋە قائىدە - نىزامدىن 31 نى تەكشۈرۈپ چىقىپ تۈزەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دائىمىي يىغىنىدا قاراپ چىقىلىپ، خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىپ ماقۇللىشىغا سۇنۇلغىنى 6، بۇلار تۆۋەندىكىچە: «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۆلچەمنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش نىزامى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹قان تەقدىم قىلىش قانۇنى› نى يولغا قويۇشتا دائىر بىرقانچە بەلگىلىمىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹ھاۋا مۇداپىئە قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەككە - خۇسۇسىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش نىزامى (تۈزىتىلمە)»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئوت ئۆچۈرۈش نىزامى (تۈزىتىلمە)»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى». ھۆكۈمەتنىڭ پەرمانى تەرىقىسىدە ئېلان قىلىنغان قائىدە - نىزام 6 (بۇ ھەقتە «ھۆكۈمەت پەرمانلىرى» دېگەن قىسىمغا قاراڭ).

جاڭ يۇڭمىي

## قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى نازارەت قىلىش خىزمىتى

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇنچىلىق ئىدارىسى ئالاقىدار تارماقلارنى تەشكىللەپ، 1988 - يىلدىن 1999 - يىلغىچە ئېلان قىلىنغان 322 يەرلىك قانۇن - نىزام ۋە قائىدە - نىزامنى ئېنىقلاپ، روشەن پىلانلىق ئىگىلىك تۈسىنى ئالغان، بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ تەلىپىگە ماس كەلمەيدىغان مەزمۇندىكىلىرى ئۈستىدە بىرتەرەپ قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارمىقىدىكى مەمۇرىي ئورگانلار يولغا قويۇپ كەلگەن، شۇلارنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا رۇخسەت قىلىنغان 863 تۈرلۈك ئىش 3 تۈرگە ئايرىلىپ بىرمۇبىر ئېنىقلاپ چىقىلدى، بۇنىڭ 341 ى بىكار قىلىندى، بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى ياكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر قارمىقىدىكى مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ يولغا قويۇشىغا چۈشۈرۈپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى قارمىقىدىكى مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا رۇخسەت قىلىنغان ئىش تۈرلىرى 40% ئازايتىلدى، بۇ ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق جەمئىيەتكە خەۋەر قىلىندى.

قانۇننى ئىجرا قىلىش بويىچە مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە باھالاش - تەكشۈرۈش تۈزۈمى پائال يولغا قويۇلدى. «ئىككى تۈزۈم» نى يولغا قويغان قاراماي شەھىرى، ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار نازارەت - ئىدارىلىرىگە بولغان يېتەكچىلىك قىلىش، ماسلاشتۇرۇش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، بۇ خىزمەتنىڭ ساغلام، چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. مەمۇرىي قانۇنلارنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا بولغان نازارەتچىلىكنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، تۇنجى تۈركۈمدە 65 كىشى مەمۇرىي قانۇنلارنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى نازارەت قىلغۇچى خادىملىققا ئالاھىدە تەكلىپ قىلىندى.

يىغتۇەنگە قاراشلىق ئالاقىدار ئاپپاراتلارغا مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىسى بىلەن قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى نازارەت قىلىش كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. قاراماي، شىخەنزە، شىخو قاتارلىق جايلارغا ئادەم ئەۋەتىش ئارقىلىق، يېزا ئىگىلىككە دائىر مەمۇرىي قانۇنلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئىجرا قىلىنىشى ئۈستىدە ۋە شەھەر - بازارلاردا جازالاش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنى نىسپىي ھالدا مەركەزلەشتۈرۈش ئۈستىدە تەكشۈرۈش - تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ، كېيىنكى قەدەمدە بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈلدى. مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى 3300 دىن ئارتۇق خادىمنىڭ ئىسمىلىكى كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈلۈپ، ئاپتونوم رايوندىكى مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملار كىنىشكىسىنى باشقۇرۇشنى تورلاشتۇرۇش خىزمىتى ئالغا سۈرۈلدى.

جاڭ يۇڭمىي

## مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىش خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىش ئورگانلىرى قايتا قاراپ چىقىش ئىلتىماسىدىن 1562 نى تاپشۇرۇۋېلىپ، 1487 نى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭدىن 1292 نى تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەسلىدىكى مەمۇرىي ھەرىكەت ساقلاپ قېلىنغىنى 754، بىكار قىلىنغىنى، ئۆزگەرتىلگىنى ۋە ئادا قىلىشقا بۇيرۇلغىنى 339، باشقىچە بىرتەرەپ قىلىنغىنى ياكى ئىلتىماس قىلغۇچى ئىلتىماسىنى قايتۇرۇۋالغىنى 199، تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇرۇلمىغىنى 195. ئىلتىماس قىلغۇچى پۇقرا بولغانلارنىڭ دېلوسى 1354 بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 86.7% نى ئىگىلەيدۇ. ئىلتىماس قىلىنغۇچى

ناھىيە دەرىجىلىك ئورگان بولغانلارنىڭ دېلوسى 1034 بولۇپ، ئومۇمىي دېلو سانىنىڭ 66.2% نى ئىگىلەيدۇ. ج خ، سودا - سانائەت، يەر، سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى قاتارلىق تارماقلارغا دائىر دېلو كۆپرەك. بۇنىڭ ئىچىدە ج خ تارمىقىنىڭ 1018، سودا - سانائەت تارمىقىنىڭ 138، يەر تارمىقىنىڭ 78، تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارمىقىنىڭ 74.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلار مەمۇرىي جەھەتتىن جاۋاب قايتۇرۇشقا تېگىشلىك ئەرز دېلوسى 355. بۇنىڭ ئىچىدە قايتا قاراپ چىقىشتىن ئۆتكۈزۈلمەي بىۋاسىتە ئەرز قىلىنغان دېلو 192، قايتا قاراپ چىقىلغاندىن كېيىن مەمۇرىي جەھەتتىن دەۋا قىلىنغان دېلو 219. ئەيىبلىگۈچىلەرنىڭ تۈرگە ئايرىلىشىدىن قارىغاندا، پۇقرالار ئەرز قىلغان دېلو 294، قانۇنىي ئىگە ياكى باشقا تەشكىلاتلار ئەرز قىلغان دېلو 61. جاۋابكارلارنىڭ تۈرگە ئايرىلىشىدىن قارىغاندا، ۋىلايەت (شەھەر)، ناھىيە دەرىجىلىك ھۆكۈمەت تارماقلىرى جاۋابكار بولغان دېلو 312. سوت مەھكىمىسىنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلو 291، ئەسلىدىكى كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتتىن ساقلاپ قېلىش ھۆكۈم قىلىنغان دېلو 168، بىكار قىلىنغان، ئۆزگەرتىلگەن، مەجبۇرىيەت سۈرۈلۈك ئىچىدە ئادا قىلىش بۇيرۇلغان دېلو 67، ئەيىبلىگۈچى ئەرزىنى قايتۇرۇۋالغان ۋە باشقىچە يول بىلەن ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلو 56.

جاڭ يۈگىبى

## مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى، تارىخىي ماتېرىياللار سارىيىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

1. ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، مەسلىھەت بېرىش خىزمىتى

1) خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى بىلەن تارىخىي ماتېرىياللار سارىيىنىڭ خادىملىرى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلانىنى مۇزاكىرە قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ 13 تۈرلۈك پىكرى قوبۇل قىلىندى.

2) تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 6 -، 7 - ئايلاردا مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى مەسلىھەتچىلەردىن خۇاڭ جۇڭجى، جاڭ جېنىەن، گۇاڭ جىنيۇ قاتارلىق 6 كىشىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى، ئۇلار بايىنغولىن، ئاقسۇ، قىزىلسۇ، قەشقەر، خوتەنلەردىكى 16 ناھىيە - شەھەرگە ۋە بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 -، 2 -، 3 - شى قارمىقىدىكى مەيدانلارغا بېرىپ، باغۋەنچىلىك ئالاھىدە كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن بىر ئاي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، نەشپۈت قاتارلىق 8 مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش، يېڭى پېتى ساقلاش، سېتىش ئەھۋالى ۋە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئىگىلەپ، «جەنۇبىي شىنجاڭ مېۋىلىك باغلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدا تەكشۈرۈش دوكلاتى» يېزىپ چىقتى. بۇ دوكلات ئالاقىدار رەھبەرلەرنىڭ ئېتىبار بېرىشىگە ئېرىشتى ۋە پايدىلىنىدىغان ھۆججەت تەرىقىسىدە ئالاقىدار ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە تارماقلارغا بېسىپ تارقىتىلدى.

3) مەسلىھەتچىلەر «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» نى مۇزاكىرە قىلىپ تۈزىتىش خىزمىتىگە ئاكتىپ قاتناشتى، 39 تۈرلۈك تۈزىتىش پىكرى ۋە تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويدى.

4) مەسلىھەتچىلەر ۋە تارىخىي ماتېرىياللار سارىيىنىڭ ئەزالىرى 8 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 3 - يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشتۇرۇلدى.

2. 2000 - يىلى «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچىسىدىن 4 ساندىن چىقىرىلدى، تەخمىنەن 80 مىڭ خەتلىك 30 پارچە ماقالە بېسىلدى.

3. مەسلىھەتچىلەر بىلەن تارىخىي ماتېرىياللار سارىيى ئەزالىرىنىڭ چەت ئەللەردىكىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى ۋە ئۇلارنىڭ بىرلەشمە دوستلۇق ئەھۋالى ئىگىلەپ چىقىلدى، ئۇلارنىڭ يۇقىرى ئابرويلۇق بولۇش، ئالاقە دائىرىسى كەڭ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، تاشقى تەشۋىقات ۋە ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش بويىچە بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى.

4. مەسلىھەتچىلەر، تارىخىي ماتېرىياللار سارىيى ئەزالىرى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلىپ، گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرى، گوۋۇيۈەن مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك مەسلىھەتچىلەر خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى ئۆگىنىلدى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلدى.

لى شەنشەن

## «شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى» نىڭ خىزمەت ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2000 - يىل 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى «شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى» ژۇرنىلىنىڭ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاخباراتلىق فۇنكسىيىسىنى ئۆتەيدىغانلىقىنى، ھۆكۈمەتنىڭ «شىنجاڭ ھۆكۈمەت ئاخباراتى» غا بېسىلغان قائىدە - نىزاملىرىنىڭ تېكىستىنىڭ ئۆلچەملىك تېكىست بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭىنىڭ باشقۇرۇشىدا، 2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 11 — 15 - كۈنىگىچە

ئۈرۈمچىدە مەملىكەتلىك 10 - قېتىملىق ھۆكۈمەت ئاخباراتى ھەمكارلىق يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى ۋە ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاستە شەھەرلەرنىڭ «ھۆكۈمەت ئاخباراتى» ژۇرنىلى خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبەرلىرى ۋە «ھۆكۈمەت ئاخباراتى» نىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى. گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى زەي جەنفۇ يىغىنغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.

سۇ گۇاڭخىلىڭ

## مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىش ئەھۋالىدىكى ئۆزگىرىش

خەلق ئىشلار نازارىتى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن، 2000 - يىلى 10 بازار (بۇنىڭ ئىچىدە 8 يېزا بازارغا ئۆزگەرتىلدى، بىر ئىش باشقارمىسى بازار قىلىپ تەسىس قىلىندى) بىر يېزا، بىر مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەسىس قىلىشنى تەستىقلىدى.

5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى خوشۇت ناھىيىسىدە يېڭى تار يېزىسى تەسىس قىلىندى. ئاقسۇ شەھىرى جەنۇبىي شەھەر مەھەللە ئىش باشقارمىسى قۇرۇلدى، بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ ياڭشىيا يېزىسى ياڭشىيا بازىرىغا ئۆزگەرتىلدى، كورلا شەھىرىنىڭ تاشدەن مەھەللە ئىش باشقارمىسى تاشدەن بازىرىغا ئۆزگەرتىلدى.

6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ چومباق يېزىسى چومباق بازىرىغا ئۆزگەرتىلدى، كورلا شەھىرىنىڭ شاڭخۇ يېزىسى شاڭخۇ بازىرىغا ئۆزگەرتىلدى.

12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ساۋەن ناھىيىسىنىڭ قورغاس يېزىسى قورغاس بازىرىغا ئۆزگەرتىلدى، باي ناھىيىلىك چارچى بازىرى تەسىس قىلىندى. ئالتاي شەھىرىنىڭ خۇڭدۇڭ يېزىسى خۇڭدۇڭ بازىرىغا، ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ تومشۇق يېزىسى تومشۇق بازىرىغا، قوتۇبى ناھىيىسىنىڭ يۈەنخۇسۇن يېزىسى يۈەنخۇسۇن بازىرىغا، سانجى شەھىرىنىڭ ليۇگوڭ يېزىسى ليۇگوڭ بازىرىغا ئۆزگەرتىلدى.

يى بىڭ

## مەھەللە قۇرۇلۇشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش ئەھۋالى

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ قارارىغا بىنائەن، 34 كادىر ئاجرىتىلىپ، يېڭىشەھەر رايونىنىڭ ئەرگۇڭ مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا مەھەللە قۇرۇلۇشى سىنىقى ئېلىپ بېرىلدى. 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر مەھەللە قۇرۇلۇشى (مۇلازىمىتى) سىنىقى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 11 - ئايغىچە يېڭىشەھەر رايونىدىكى 90 ئاھالە كومىتېتى قارىمىقىدىكى رايونلار 700 — 1500 گىچە ئائىلە كۆلىمىدە 67 مەھەللە قىلىپ تەشكىللەپ چىقىلدى. سىناق ئارقىلىق مەھەللىلەردە پارتىيىنىڭ ۋە ئىتتىپاقنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى، مەھەللە ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنى، مەھەللە ئاھالە كومىتېتى، مەھەللە بىرلەشمە كېڭىشى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇلدى. مەھەللە ئاھالە كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى سايلام بويىچە ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى. مەھەللە ئاھالە كومىتېتلىرى مۇناسىپ مۇلازىمەت خىزمىتى مېخانىزمىنى بەرپا قىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. مەھەللە مۇلازىمەت پونكىتى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش - كاپالەت مۇلازىمىتى پونكىتى، سەھىيە مۇلازىمەت پونكىتى، مەدەنىيەت - مائارىپ مۇلازىمەت پونكىتى، پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمەت پونكىتى، مۇھىت تازىلىقى مۇلازىمەت پونكىتى، ئامانلىق ساقلاش - ئەدلىيە - ساقچى ئىشلىرى ئىشخانىسى قاتارلىقلارنى قۇردى.

نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى داۋامىدا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى دىڭ گۇەنگېن، خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى دوجى سەيراڭ، مۇئاۋىن مىنىستىرى لى باۋكۇ، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى لىن يۇڭسەن، شاڭخەي شەھىرىنىڭ باشلىقى شۇ كۇاڭدى ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى سىناق نۇقتىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، سىناق خىزمىتىگە يۇقىرى باھا بەردى.

قاراماي شەھىرى 1999 - يىلى مەملىكەت بويىچە مەھەللە قۇرۇلۇشىدىكى سىناق رايونى قىلىپ بەلگىلەنگەندى. 2 يىللىق ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئۈچتە بۆرۈلۈش ياساش ۋەزىپىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالدى.

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئەسلىدىكى 57 ئاھالە كومىتېتى قايتىدىن 49 مەھەللە قىلىپ تەشكىللەندى ۋە ئۇلاردا پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى بىلەن مەھەللە ئاھالىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى، مەھەللە ئاھالىلىرىنىڭ 2754 ۋەكىلى، مەھەللە ئاھالە كومىتېتىنىڭ 261 ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى. 40 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، رايون دەرىجىلىك مەھەللە مۇلازىمەت مەركىزىدىن بىرى، مەھەللە مۇلازىمەت مەركىزىدىن 4 ى، مەھەللە مۇلازىمەت پونكىتىدىن 30 ى قۇرۇپ چىقىلدى، مەھەللە ئاھالە كومىتېتىنىڭ %80 ىدىن كۆپرەكىگە كومپيۇتېر سەپلەپ بېرىلدى. رايون دەرىجىلىك مەھەللە مۇلازىمەت پىدائىيلىرى جەمئىيىتى ۋە مەھەللە مۇلازىمەت پىدائىيلىرى قوشۇنىدىن 20 سى قۇرۇلدى؛ مەھەللە ئىجتىمائىي كاپالىتى، مېيىپلارغا ياردەم بېرىش، نىكاھ، دەپنە ئىشلىرى، ياشانغانلارغا ياردەم بېرىش، مەھەللە تازىلىقى، ھەق - تەلەپ مۇرەسسەچىلىكى، ئائىلە

مۇلازىمەتچىلىكى، ئۇچۇر ۋاستىچىلىقى، مەدەنىيەت - مائارىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئەنئەنىۋىيە - بەدەن چېنىقتۇرۇش، مەھەللە ئامانلىق ساقلىشى قاتارلىق 10 دەرىجە مۇلازىمەت مېخانىزمى دەسلەپكى قەدەمدە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 12 — 14 - كۈنلىرىچە ئۈرۈمچى بىلەن قارامايدا مەھەللە قۇرۇلۇشى نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئەسقەت كەرىمبايلار مۇھىم سۆز قىلدى.

جىيا دۇڭشىڭ

## كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى 2000 - يىل 3 - ئايدا 4 - نۆۋەتلىك كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدا قانۇن بويىچە دېموكراتىك يول بىلەن بىۋاستە سايلام ئېلىپ بارغان 18 ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) نى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەقدىرلىدى.

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى قانۇنچىلىق ئىدارىسى بىلەن خەلق ئىشلىرى نازارىتى 5 - ئايدىن 9 - ئايغىچە ماناس، ساۋەن، جىمسار قاتارلىق ناھىيەلەرنىڭ يېزىلىرىغا خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى» (لايىھە) ئۈستىدە يېزا، كەنت كادىرلىرى ۋە كەنت ئاھالىسىدىن پىكىر ئالدى.

جىيا دۇڭشىڭ

## يەر ناملىرى خىزمىتى

2000 - يىلى خەلق ئىشلىرى نازارىتى، قاتناش نازارىتى، سودا - سانائەت ئىدارىسى، سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى بىرلىشىپ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە «ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر - يېزىلىرىدا ئۆلچەملىك يەر نامى بەلگىسى ئورنىتىش توغرىسىدا پىكىر» يوللاپ، 2000 - يىلدىن 2005 - يىلغىچە ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر - يېزىلىرىدا ئۆلچەملىك يەر نامى بەلگىسى (كوچا، يول، مەھەللە، بىنا، قورو - ئىشىك تاختىسى) ئورنىتىپ بولۇشنى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئىشىك نومۇرى كىنىشكىسى ۋە قۇرۇلۇش - ئىمارەتلەر ئۆلچەملىك نامىنى ئىشلىتىش كىنىشكىسى تارقىتىش خىزمىتى ئىشلەشنى پىلانلىدى. سانجى، بۇگۇر، ماناسلاردا بەلگە ئورنىتىش بويىچە سىناق خىزمىتى باشلىنىپ كەتتى. دۆلەتنىڭ ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولمىغان ھەم بەلگىلىمىدىكى تەلەپ بويىچە ئورنىتىلمىغان كوچا، يول، مەھەللە، بىنا، قورو بەلگىلىرى ۋە ئىشىك نومۇرلىرى بىردەك چېقىپ تاشلىنىپ باشقىدىن ئورنىتىلىدۇ.

ناھىيە، شەھەرلەر ئۆلچەمسىز ئىمارەت ناملىرىنى ئېنىقلاش خىزمىتىنى ئىشلەۋاتىدۇ.

تۇردى ناسىر

## ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سىرتقى جايلاردىكى ئىش باشقارمىلىرى

بېيجىڭ ئىش باشقارمىسى

مۇدىرى: لى شىلې

ئادرېسى: بېيجىڭ شەھىرى خەيدىيەن رايونى سەنلىخې يولى 7 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 100044

تېلېفون: (010) 68332266 (باش ئاپپارات)

فاكس: (010) 68353040

تېلېگراف نومۇرى: 7465

شاڭخەي ئىش باشقارمىسى

مۇدىرى: جاڭ يىڭ

ئادرېسى: شاڭخەي شەھىرى «چۇيالۇ» يولى 775 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 200437

تېلېفون: (021) 65532387 (باش ئاپپارات)

فاكس: (021) 65541474

تېلېگراف نومۇرى: 85705

تيەنجىن ئىش باشقارمىسى

مۇدىرى: جاڭ دېيىڭ

ئادرېسى: تيەنجىن شەھىرى «نەنجىڭ» يولى 305 - نومۇر جىڭلىيەن بىناسى 13 - قەۋەت

پوچتا نومۇرى: 300052

تېلېفون: (022) 27313707 27313703 27223711

فاكس: (022) 27313890

شەنشى ئىش باشقارمىسى

مۇدىرى: ليۇلىرۇي

ئادرېسى: شىئەن شەھىرى دۇڭگۇەنجىڭ كوچىسى 129 - نومۇرلۇق 2 - بىنا 2 - بۆلەك 1 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 710048

تېلېفون: (029) 2496600 2488646

شېنجېن ئىش باشقارمىسى

مۇدىرى: لى خوجۇ

ئادرېسى: شېنجېن شەھىرى ۋېنجىندۇ چۇنفېڭ يولى ليەنچېڭ بىناسىنىڭ 7 - قەۋىتى

پوچتا نومۇرى: 518002

تېلېفون: (0755) 5104186

فاكس: (0755) 5104186

خەينەن ئىش باشقارمىسى

مۇدىرى: ۋاڭ چيۇيۇەن

ئادرېسى: خەيكۇ شەھىرى شەرقىي ئايرودروم يولى 8 ـ نومۇر خۇاشىن بىناسىنىڭ 7 ـ قەۋىتى

پوچتا نومۇرى: 570203

تېلېفون: (0898) 5351606

شەندۇڭ ئىش باشقارمىسى

مۇدىرى: لۇي شيەنچى

ئادرېسى: جىنەن شەھىرى لىشيا رايونى دۇڭگۇەن كوچىسى جەنۇبىي چاڭشېڭ رايونى 39 ـ نومۇرلۇق شاڭلىيەن بىناسى

گۇاڭدۇڭ ئىش باشقارمىسى

مۇدىرى: ياڭ جوچۇن

ئادرېسى: گۇاڭجۇ شەھىرى شىمالىي «تيەنخې» يولى 76 ـ نومۇر

پوچتا نومۇرى: 510075

تېلېفون: (020) 87537788 87537082

## سىرتقى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش باشقارمىلىرى

سىچۇەن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش باشقارمىسى

مۇدىرى: ليۇ جاۋسەي

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭى دېموكراتىيە يولى 85 ـ نومۇر

تېلېفون: (0991) 2614062 2614110

فاكس: (0991) 2614112

پوچتا نومۇرى: 830002

گۈيجۇ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش باشقارمىسى

مۇدىرى: ليۇ دېيۇڭ

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غەربىي شىمال يولى 232 ـ نومۇر يۆشيۇ مەھەللىسى 1 ـ نومۇر 1 ـ بۆلەك

تېلېفون: (0991) 4832115 4838164

فاكس: (0991) 4832115

پوچتا نومۇرى: 830000

شەنشى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش باشقارمىسى

مۇدىرى: جۇ ئېنمىڭ

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي «بەشيۇلتوز» يولى 8 ـ نومۇر

تېلېفون: (0991) 2633300 (باش ئاپپارات)

2621865 2621866

فاكس: (0991) 2639034

پوچتا نومۇرى: 830063

جياڭسۇ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش باشقارمىسى

مۇدىرى: پەن جيەنخۇا

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى «نەنچاڭ» يولى 11 ـ نومۇر جيەنيىڭ مەھەللىسى

تېلېفون: (0991) 4516020

پوچتا نومۇرى: 830091

فاكس: (0991) 4516020

گەنسۇ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش باشقارمىسى

مۇدىرى: لى شېڭيۇڭ

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 7 ـ نومۇر

تېلېفون: (0991) 3821375 3821311

فاكس: (0991) 3821311

پوچتا نومۇرى: 830011

خېبېي ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش باشقارمىسى

مۇدىرى: شۇ گوۋېن

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھەر شەرقىي قاراماي يولى 36 ـ نومۇر

تېلېفون: (0991) 4619220

فاكس: (0991) 4619220

پوچتا نومۇرى: 830063

سەنشى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش باشقارمىسى

مۇدىرى: تيەن كەي

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غەربىي شىمال يولى 263 ـ نومۇر

تېلېفون: (0991) 4813342 4810909

فاكس: (0991) 4813342

پوچتا نومۇرى: 830002

شەندۇڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش باشقارمىسى

مۇدىرى: سۇن يۈەنچۈەن

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى «ئىتتىپاق» يولى 45 ـ نومۇرلۇق شىنجاڭ تاشقى ئىقتىساد ـ سودا شىركىتى بىناسىنىڭ 10 ـ قەۋىتى

تېلېفون: (0991) 2882219 2881129

فاكس: (0991) 2882219

پوچتا نومۇر: 830001

تيەنچىن شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش باشقارمىسى

مۇدىرى: سۇن فۇخەي

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئوتتۇرا ئاپلانما يول 198 - نومۇرلۇق خوۋدا «بەخت» گۈللۈكى 18 - بىنا، 4 - بۆلەك، 101 - ئۆي

تېلېفون: (0991) 2690944 2690769

فاكس: (0991) 2690944

پوچتا نومۇرى: 830002

شېنجېن شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش باشقارمىسى

مۇدىرى: جاڭ چۈەنلىن

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭەنكۆل يولى 15 - نومۇر

تېلېفون: (0991) 4611182 4611553

فاكس: (0991) 4637251

پوچتا نومۇرى: 830063

# سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر كومىتېتى

## سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، باش كاتىپى، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى، بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

رەئىس: جانابىل (قازاق).

مۇئاۋىن رەئىسلەر: ۋاڭ يۈسەن، ماۋ دېخۇا، لى دۇڭخۇي، يۈسۈپ ئەيسا، بېكمۇقاممەت مۇسا (قازاق)، شيې جىچيالىڭ، ۋاڭ خەنرۇ، جاڭ گۇيتىڭ (خۇيزۇ)، هارۇنخان هاجى، پاشا ئىشان، سەرجە (موڭغۇل)، ئابدۇرېھىم هاجى ئىمىن، جۇ جېنجۇڭ.

باش كاتىپ: قاسىم ھىمىت.

مۇئاۋىن باش كاتىپلار: ۋاڭ جياگۇي، دەي دېلى، روزى مامۇت، ئەنۋەر (قازاق، 6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جۇرئەت مەمتىمىن (6 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇدىرى: ۋاڭ جياگۇي.

مۇئاۋىن مۇدىرلار: جاڭ خېيۇ، جاڭ زوزۇ، دىلمۇرات مۇسا.

ئىزاھات: 2001 - يىل 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ش ئۇ ئا ر 8 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 4 - يىغىنىدا غوپۇر ئابدۇللا، جاڭ يۇجۇڭ، خۇاڭ چاڭيۈەنلەر ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تولۇقلاپ سايلاندى.

## ش ئۇ ئا ر 8 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 3 - يىغىنى

بۇ يىغىن 2000 - يىل 1 - ئاينىڭ 21 — 26 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىنغا 396 ئەزا قاتناشتى.

يىغىندا رەئىس جانابىل خىزمەت دوكلاتى بەردى. مۇئاۋىن رەئىس لى دۇڭخۇي تەكلىپ خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىدىن دوكلات بەردى. يىغىندا جاڭ يۇجۇڭ سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا تولۇقلاپ سايلاندى. يىغىندا يەنە «ش ئۇ ئا ر 8 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 3 - يىغىنىنىڭ سىياسىي قارارى»، «دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمەت دوكلاتى توغرىسىدىكى قارار»، «تەكلىپ كومىتېتىنىڭ تەكلىپلەرنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات» قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى.

يىغىندا 537 تەكلىپ تاپشۇرۇۋېلىندى، بۇنىڭ 526 سى رەسمىي تەكلىپ قىلىپ تۇرغۇزۇلدى.

يىغىن مەزگىلىدە ئەزالار ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خ ق نىڭ 3 - يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە بىڭتۇەننىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئېچىلىش ۋە يېپىلىش يىغىنىغا قاتناشتى. ۋاڭ لېچۈەن، جانابىل يىغىن يېپىلغاندا مۇھىم سۆز قىلدى.

سۇن يەنلىڭ

## ش ئۇ ئا ر 8 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنلىرى

2000- يىلى ش ئۇ ئا ر 8 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتى 8 - قېتىملىقتىن 12 - قېتىملىققىچە 5 قېتىم يىغىن ئاچتى.

8 - قېتىملىق يىغىن بۇ يىغىن 1 - ئاينىڭ 12 — 15 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىنغا دائىمىي كومىتېتنىڭ 65 ئەزاسى قاتناشتى. يىغىندا دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمەت دوكلاتى بىلەن تەكلىپ خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتى قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى. مەخسۇس كومىتېتلارنىڭ 1999 - يىللىق خىزمەتلىرىنىڭ خۇلاسىسى (يازما) قاراپ چىقىلدى؛ 8 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 3 - يىغىنىنى 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىش قارار قىلىندى. 3 - يىغىننىڭ قارالمىلىرى، كۈنتەرتىپى، سىرتتىن قاتنىشىدىغانلارنىڭ دائىرىسى، گۇرۇپپىلارغا ئايرىلىشى، گۇرۇپپا رىياسەتچىلىرىنىڭ

ئىسمىلىكى ماقۇللاندى. ئابلا ئاپپاق قاتارلىق 20 كىشى 8 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىقىغا تولۇقلاندى؛ راخمان ۋاھاپ، چىن گوچۈەنلەرنى سىياسىي كېڭەش ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، ۋۇ جياچىڭنى قەشقەر ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەش قارار قىلىندى. يىغىندا يەنە «خۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» ئۈستىدە كېڭەشىش ۋە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى. رەئىس جانابىل يىغىن ئاياغلاشقاندا سۆز قىلدى.

9 - قېتىملىق يىغىن بۇ يىغىن 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمەت دوكلاتى توغرىسىدىكى قارار (لايىھە)، 3 - يىغىننىڭ سىياسىي قارارى (لايىھە)، تەكلىپ تەكشۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى، دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىغا تولۇقلاپ سايلىنىدىغان نامزاتلارنىڭ ئىسمىلىكى، 3 - يىغىننىڭ سايلام چارىسى (لايىھە) ۋە باشقا ئىشلار ماقۇللاندى ۋە ئۇلارنى 3 - يىغىننىڭ ماقۇللىشىغا سۇنۇش قارار قىلىندى.

10 - قېتىملىق يىغىن بۇ يىغىن 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، شىنجاڭنى راسا تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى؛ «سىياسىي كېڭەش ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ تەكلىپ خىزمىتى نىزامى» ماقۇللاندى؛ جۇرئەت مەمتىمىننى سىياسىي كېڭەش ئەزالىقىغا ۋە مۇئاۋىن باش كاتىپلىقىغا تولۇقلاش، ئەنۋەرنى مۇئاۋىن باش كاتىپلىقتىن قالدۇرۇش قارار قىلىندى.

يىغىندا مۆمىن رۇستەم سىياسىي كېڭەش تۇرپان ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى؛ ئارىز ھامۇت، ياسىن روزىلار تۇرپان ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇلدى؛ نى پېيفەن قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن، روزى كېرەم قەشقەر ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن، گاۋ لىمىن خوتەن ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇلدى.

11 - قېتىملىق يىغىن بۇ يىغىن 11 - ئاينىڭ 9 — 11 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىنغا دائىمىي كومىتېتنىڭ 66 ئەزاسى قاتناشتى. يىغىندا ج ك پ 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتى 11 - قېتىملىق يىغىنىنىڭ، ش ئۇ ئا ر 5 - نۆۋەتلىك پارتكوم 7 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ 10 - بەش يىللىق پىلان پروگراممىسى ئۈستىدە كېڭەش ۋە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى. يىغىندا جاڭ زوزۇ، دىلمۇرات مۇسالار ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش بەنگۇئتىڭنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، جاۋ يىڭزۇڭ ئىقتىساد - پەن - تېخنىكا - مۇھىت ئاسراش كومىتېتىنىڭ مەخسۇس مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، ۋاھاپ ئەزىمەت مىللەت - دىن - قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مەخسۇس مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، خاۋ چاڭشۇن تۇرپان ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، تۇرسۇنتوختى باسىت، زى شىلۇەنلەر خوتەن ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى؛ ياڭ گۇڭچېن ئىقتىساد - پەن - تېخنىكا - مۇھىت ئاسراش كومىتېتىنىڭ مەخسۇس مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن، ھېبىبۇللا ... ھېسامىدىن ھېيت مىللەت - دىن - قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مەخسۇس مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن، ۋاڭ تيەنۇېن تۇرپان ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىدىن، ئوسمان قاسىم قەشقەر ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىدىن قالدۇرۇلدى. رەئىس جانابىل يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە سۆز قىلدى.

12 - قېتىملىق يىغىن بۇ يىغىن 12 - ئاينىڭ 25 — 27 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمەت دوكلاتى ۋە 3 - يىغىندىن بۇيانقى تەكلىپ خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ماقۇللاندى؛ 8 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىرىنى تولۇقلاش قارار قىلىندى؛ سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېت 4 - يىغىنىنىڭ قارارلىرى (لايىھە)، كۈنتەرتىپى، سىرتتىن قاتنىشىدىغانلارنىڭ دائىرىسى، گۇرۇپپىلارغا ئايرىش چارىسى ۋە گۇرۇپپا رىياسەتچىلىرىنىڭ ئىسمىلىكى قاتارلىقلار ماقۇللاندى. رەئىس جانابىل يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە سۆز قىلدى.

سۇن يەنلىڭ

## تەكلىپلەرنى بېجىرىش ئەھۋالى

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش تەكلىپ كومىتېتى 791 تەكلىپ تاپشۇرۇۋالدى، بۇنىڭ ئىچىدە پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە تەشكىلاتلار بەرگەن تەكلىپ 25. تەكلىپ كومىتېتى تەكشۈرۈش ئارقىلىق تەكلىپ قىلىپ تۇرغۇزغىنى 760. ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇنۇلغىنى 31. بۇ تەكلىپلەر رەتلەپ چىقىلغاندىن كېيىن 86 ئورۇننىڭ بېجىرىشىگە بوللاپ بېرىلدى. 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنىگىچە 756 تەكلىپ بېجىرىلىپ جاۋاب قايتۇرۇلدى، بۇ تۇرغۇزۇلغان ئومۇمىي تەكلىپنىڭ %47 .99 نى ئىگىلەيدۇ. بۇ تەكلىپلەر ئىچىدە ئىقتىسادىي ساھەگە دائىرى 312، پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت ساھەلىرىگە دائىرى 194، سىياسەت، قانۇن - نىزام، بىرلىك سەپ

ساھەلىرىگە دائىرى 250. جاۋاب بېرىلگەن تەكلىپلەر ئىچىدە، ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىر ۋە تەۋسىيە قوبۇل قىلىنغان، ھەل قىلىنغان ياكى ھەل قىلىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگىنى 409 بولۇپ، جاۋاب بېرىلگەن تەكلىپ ئومۇمىي سانىنىڭ 54.10% نى ئىگىلەيدۇ؛ شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ۋاقتىنچە ھەل قىلىش قىيىن بولغان تەكلىپلەر ھەققىدە بېجىرگۈچى ئورۇنلار تېگىشلىك ئىزاھات بەردى.

جاڭ شياۋدۇڭ

## ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش رەھبەرلىرىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈش ئەھۋالى

مۇئاۋىن رەئىس بېكمۇقاممەت مۇسا 2000 - يىل 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىغا بېرىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى خىزمىتىنى تەكشۈردى.

مۇئاۋىن رەئىس ۋاڭ خەنرۇ 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن، بايىنغولىنلارغا بېرىپ، «ئىككى يىغىن» نىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىق خىزمىتىنى تەكشۈردى.

مۇئاۋىن رەئىس لى دۇڭخۇي 3 - ئاينىڭ 8 — 12 - كۈنىگىچە تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرىنىڭ سىياسىي كېڭەش تەكلىپ خىزمىتىنى تەكشۈردى.

بېكمۇقاممەت مۇسا 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنىگىچە نىلقا، تولى، كۆكتوقاي، مورى، ئارشاڭ، جىمسار ناھىيىلىرىگە بېرىپ، بۇ چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالى بىلەن چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

ماۋ دېخۇا 4 - ئاينىڭ 4 — 6 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى، ئىقتىساد - سودا كومىتېتىغا بېرىپ، «ئىشلەپچىقىرىش، ماتارىپ، پەن تەتقىقاتنى بىرلەشتۈرۈپ، پەن - تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئۆستۈرۈش» ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن بىلەن جۇ جېنجۇڭ 4 - ئاينىڭ 12 — 25 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ئومۇمىي مۇلازىمەتچىلىكتىن باشقا مۇلازىمەتچىلىكتىكى ئىگىلىك ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

بېكمۇقاممەت مۇسا 4 - ئاينىڭ 19 — 20 - كۈنلىرى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى شىركىتى، شىنجاڭ توقۇمىچىلىق گۇرۇھىغا بېرىپ، «ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنى» نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈردى.

بېكمۇقاممەت مۇسا 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۈرۈمچى رايونىدىكى ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى، تۇيغۇن دىنى، كاتولىك دىنىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ساقلانغان مەسىلىلەرنى تەكشۈردى.

ماۋ دېخۇا سانجى ئوبلاستى بىلەن شىخەنزە شەھىرىگە بېرىپ 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش مەسىلىسىنى تەكشۈردى.

ۋاڭ خەنرۇ ئالتاي ۋىلايىتىگە بېرىپ، 8 - ئاينىڭ 10 — 15 - كۈنىگىچە ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيە - ئەخلاق ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

لى دۇڭخۇي 9 - ئاينىڭ 21 — 24 - كۈنىگىچە قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنى تەكشۈردى.

ماۋ دېخۇا، پاشا ئىشان 9 - ئاينىڭ 26 — 27 - كۈنلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سېرىق مەرەزلەرنى تازىلاش، قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرىغا زەربە بېرىش خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

بېكمۇقاممەت مۇسا 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شىنجاڭ خىلورلۇق ئىشقار زاۋۇتىغا بېرىپ «ئەمگەك قانۇنى» نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى ۋە 3 - بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى.

ماۋ دېخۇا 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى فۇكاڭ شەھىرىگە بېرىپ، «رادىئو - تېلېۋىزىيىنى ھەممە يېزا - كەنتلەرگە يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى.

يۈسۈپ ئەيسا 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى شىنجاڭ كۆمۈرلۈك ئوتنى ئۆچۈرۈش باشقارمىسىنىڭ كۆمۈرلۈكلەردىكى ئوت ئاپىتىنى تىزگىنلەش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

مىللەت - دىن ۋە قانۇنچىلىق كومىتېتى 11 - ئاينىڭ 16 — 17 - كۈنلىرى بىر قىسىم سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۈرۈمچى رايونىنىڭ چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى، بۇنىڭغا بېكمۇقاممەت مۇسا قاتناشتى.

لى دۇڭخۇي غۇلجا، توققۇزتارا، كۈنەسلەرگە بېرىپ، 11 - ئاينىڭ 16 — 22 - كۈنىگىچە تەكلىپ خىزمىتى ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئاچقان سىياسىي كېڭەش خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

سۇن يەنلىڭ

## شىنجاڭنى كەڭ ئېچىشقا دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا تەكلىپ بېرىلدى

ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 3 - ئاينىڭ 22 — 24 - كۈنىگىچە «غەربنى كەڭ ئېچىشتا شىنجاڭ قانداق

قىلىشى كېرەك؟» دېگەن تېمىدا سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇئاۋىن رەئىسلەردىن لى دۇڭخۇي، يۈسۈپ ئەيسا، ئېكمۇقامەت مۇسا، ۋاڭ خەنرۇلار تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرىنى باشلاپ، ئىلى، سانجى، بايىنغولىن، قىزىلسۇ، تۇرپان، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن، تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا ۋە ئۈرۈمچىنىڭ قارىسىقدىكى قىسمەن ناھىيە - شەھەرلەرگە بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. 33 - سانلىق رەئىسلەر يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسى ئارقىلىق، شىنجاڭنى كەڭ ئېچىش توغرىسىدا 16 ماددىلىق تەكلىپنامە تەييارلاپ چىقىلدى.

سۈن يەنلىڭ

**پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇش توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى ۋە تەكلىپ بېرىلدى**

سىياسىي كېڭەش مائارىپ - مەدەنىيەت - سەھىيە - تەنتەربىيە كومىتېتى بىلەن «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى بىرلىشىپ، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى، ئىقتىساد - سودا كومىتېتى قاتارلىق تارماقلار قاتناشقان تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى، بۇ گۇرۇپپا 2000 - يىل 4 - ئايدىن 7 - ئايغىچە «ئىشلەپچىقىرىش، مائارىپ، پەن تەتقىقاتنى بىرلەشتۈرۈش ئىشىنى ئالغا سۈرۈپ، پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلىنىشىنى تېزلىتىش» دېگەن تېما ئۈستىدە سانجى، شىخەنزىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق بىرقانچە تەدبىر ۋە تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويدى.

سۈن يەنلىڭ

**ئەيدىز كېسىلى/تاناسىل كېسىلى ۋە تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ھەققىدە تەكلىپ بېرىلدى**

ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 2000 - يىل 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى رەئىسلەر (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، سەھىيە نازارىتى مەسئۇلىنىڭ ئەيدىز كېسىلى/تاناسىل كېسىلى ۋە تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىدىن بەرگەن دوكلاتىنى ئاڭلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن سەھىيە نازارىتى، ج خ نازارىتى، خەلق ئىشلىرى نازارىتى، قىزىل كرېست جەمئىيىتى، تۇبېركۇليوزنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش ئاپپاراتىغا ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈش ۋە سۆھبەت ئېلىپ باردى. شۇ ئاساستا ئەيدىز كېسىلى/تاناسىل كېسىلى ۋە تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا 8 ماددىلىق تەكلىپ تۈزۈپ چىقتى.

سۈن يەنلىڭ

**شەھەر - بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش دوكلاتى تەييارلاندى**

سىياسىي كېڭەش مائارىپ - مەدەنىيەت - سەھىيە - تەنتەربىيە كومىتېتى بىلەن تارباغاتاي ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى مۇئاۋىن رەئىس پاشا ئىشاننىڭ باشچىلىقىدا 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 16 — 22 - كۈنىگىچە تارباغاتاي ۋىلايىتىگە قاراشلىق ئورگانلار ۋە شەھەر - بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ۋە بۇ ھەقتە تەكشۈرۈش دوكلاتى تەييارلاپ چىقتى، دوكلاتتا ئىسلاھات داۋامىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ 5 ماددىلىق تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويدى.

سۈن يەنلىڭ

**ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيە - ئەخلاق ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى ۋە تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى**

سىياسىي كېڭەش ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋە شياڭگاڭ - ئاۋمېن - تەيۋەندىكىلەر ھەم مۇھاجىرلار بىلەن ئالاقە باغلاش كومىتېتى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، 2000 - يىل 8 - ئاينىڭ 10 — 15 - كۈنىگىچە ئاقسۇ ۋىلايىتىگە بېرىپ، ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيە - ئەخلاق ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ھەمدە 5 تۈرلۈك پىكىر ۋە تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويدى.

سۈن يەنلىڭ

**«مېيىپلارنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى»نىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، تەكلىپ بېرىلدى**

سىياسىي كېڭەشنىڭ مىللەت - دىن ۋە قانۇنچىلىق كومىتېتى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، مۇئاۋىن رەئىس ئېكمۇقامەت مۇسانىڭ باشچىلىقىدا، 2000 - يىل 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە ئاقسۇ ۋىلايىتى بىلەن بايىنغولىن ئوبلاستىدا «مېيىپلارنى

كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى» نىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەمدە بۇ ھەقتە 5 ماددىلىق پىكىر ۋە تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويدى.

سۈن يەنلىڭ

## مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرىنىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئەھۋالى

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئىجتىمائىيەت ۋە قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋۇ چاڭجېن باشلىق 9 كىشى 2000 - يىل 15 — 27 - مايغىچە قەشقەر، غۇلجا، تۇرپان، كورلىلاردا ئېكسكۇرسىيە ۋە تەكشۈرۈشتە بولدى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سۇڭ جيەن 12 كىشىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى باشلاپ، 13 — 23 - ئاۋغۇستقىچە باينغولىن، خوتەن، قەشقەر، سانجى قاتارلىق جايلاردا ئېكسكۇرسىيە ۋە تەكشۈرۈشتە بولدى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش مىللەت - دىن كومىتېتىنىڭ مۇدىرى خۇاڭ خۇاڭ باشلىق 17 كىشى 15 — 25 - ئاۋغۇستقىچە غۇلجا، قەشقەر، قىزىلسۇ، تۇرپانلارنى كۆزدىن كەچۈردى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ كېخۇي باشلىق 4 كىشى 19 - ئاۋغۇستتىن 22 - سېنتەبىرگىچە تۇرپان قاتارلىق جايلاردا ئېكسكۇرسىيە ۋە تەكشۈرۈشتە بولدى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش نوپۇس - بايلىق - مۇھىت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى چېن باڭجۇ باشلىق 17 كىشى 30 - ئاۋغۇستتىن 2 - سېنتەبىرگىچە ئىلى، سانجى، تۇرپان، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈشتە بولدى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ماۋ جىيۇڭ باشلىق 5 كىشى 31 - ئاۋغۇستتىن 9 - سېنتەبىرگىچە قەشقەر، غۇلجا، تۇرپان، شىخەنزە قاتارلىق جايلاردا ئېكسكۇرسىيە ۋە تەكشۈرۈشتە بولدى.

سۈن يەنلىڭ

## قىسمەن ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەردىكى سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە كەلدى

چۇڭچىڭ شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شۇ زۇڭجۇن باشچىلىقىدىكى 9 كىشىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكى، جىلىن شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لى خۇيجېن باشلىق 2 كىشى، جياڭسۇ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دۇەن شۇشېن باشلىق 5 كىشى، خۇبېي ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىڭ مېيلۇ باشلىق 12 كىشى، جياڭشى ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىي يىلۇڭ باشلىق 4 كىشى، فۇجيەن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لىن يى باشلىق 8 كىشى، سىچۇەن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى گۇ جيەنلى باشلىق 7 كىشى، شاڭخەي شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شيې لىجۇەن باشلىق 10 كىشى، فۇجيەن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ليۇ جىنمېي باشلىق 8 كىشى، شەندۇڭ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جيۇگو باشلىق 40 كىشى، ئەنخۇي ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۈ شۇساڭ باشلىق 11 كىشى، گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لياڭ چاۋرەن باشلىق 10 كىشى، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى كاڭ لېشۇ باشلىق 13 كىشى، شەنشى ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جياڭ شىنجېن باشلىق 3 كىشى، جياڭشى ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۈ زۇچۇەن باشلىق 9 كىشى، يۈننەن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ شۈۋېن باشلىق 10 كىشى، خېنەن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ گورۇڭ باشلىق 10 كىشى، گەنسۇ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لا مېيجى باشلىق 9 كىشى، خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ليۇ ۋېنپەن باشلىق 9 كىشى، جېجياڭ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى گېڭ دېيەنخۇا، ۋاڭ ۋۇدى باشلىق 16 كىشى، يۈننەن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىڭ جىلۇڭ باشلىق 6 كىشى، چۇڭچىڭ شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋېي سىچى باشلىق 17 كىشى، جىلىن ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى فاڭ جيەنيۇ باشلىق 4 كىشى، گۈيجۇ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ سىچى باشلىق 5 كىشى، ئەنخۇي ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دۇ چېڭ باشلىق 21 كىشى شىنجاڭغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيە ۋە تەكشۈرۈشتە بولدى.

سۇڭ يەنلىڭ

## تارىخىي ماتېرىيال خىزمىتى

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ تارىخىي ماتېرىيال كومىتېتى ئامباردا ساقلىنىۋاتقان ماتېرىياللارنى ئېنىقلاش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىدى. 5 - ئايدا مۇئاۋىن رەئىس سەرجە ۋە تارىخىي ماتېرىيال ئىشخانىسىنىڭ

مەسئۇلى كۆتمىگدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ۋە يەرلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ ئىسكىلاتىدىكى تارىخىي ماتېرىياللارنى ئېنىقلاش خىزمىتى يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىندىن كېيىن، تەلەپ بويىچە شىنجاڭنىڭ مىنگو دەۋرىدىكى چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى قوشۇمچە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى شېڭ شىسەينىڭ شەخسىي تارىخىي ماتېرىياللىرىنى تەھرىرلەش ۋە قايتا تەكشۈرۈش خىزمىتى داۋاملىق ئىشلەندى، ئۇنىڭدىن 250 مىڭ خەتلىك ماتېرىيال بېكىتىلدى.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىي ماتېرىيال خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىلدى، موڭغۇل، قازاق، خۇيزۇ تارىخىي ماتېرىياللىرىنى يىغىش ۋە تۈزۈپ نەشر قىلىش خىزمىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. تارىخىي ماتېرىيال كومىتېتى 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى كورلا شەھىرىدە شىنجاڭدىكى موڭغۇللارنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىنى نەشر قىلىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى سانجى شەھىرىدە شىنجاڭدىكى خۇيزۇلارنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىنى يىغىش، نەشر قىلىش خىزمىتى يىغىنى ئاچتى، بۇ يىغىنلاردا تارىخىي ماتېرىياللارنى يىغىش، نەشر قىلىش دائىرىسى، تەھرىرلەشتىكى تەلەپلەر ۋە نەشر قىلىش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى ھەمدە قىسمەن خىراجەت ھەل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شىنجاڭدىكى قازاقلارنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىنى توپلاش، تۈزۈپ نەشر قىلىش خىزمىتىمۇ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

مۇئاۋىن رەئىس سەرجە قىسمەن ۋىلايەت، شەھەرلىك خىزمەت كومىتېتلىرى تارىخىي ماتېرىيال ئىشخانىلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، 20 — 22 - ئىيۇلغىچە يىنچۈەن شەھىرىدە ئېچىلغان غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) سىياسىي كېڭەشلىرى ۋە شىئەن شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ تارىخىي ماتېرىيال خىزمىتى بويىچە 14 - قېتىملىق ھەمكارلىق يىغىنىغا قاتنىشىپ، تارىخىي ماتېرىيال خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى ئالماشتۇردى.

2000 - يىلى «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتى بىلەن بىرلىكتە «تارىخىي ماتېرىيال مۇنبىرى» مەخسۇس سانىدىن 12 سان چىقىرىلدى، تەخمىنەن 120 مىڭ خەتلىك ماقالە ئېلان قىلىندى.

يۇ جۇنشېڭ

## دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار

**دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ش ئۇ ئا ر كومىتېتىدىكى مەسئۇللىرىنىڭ ئىسمىلىكى**

جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى

مۇدىر: شۇ جاۋ

مۇئاۋىن مۇدىرلار: سۇڭ داچېڭ، جاڭ گوفېڭ، خۇ شىمېي (ئايال)، ياڭ جيالىن.

جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى

مۇدىر: جۇ جېنجۇڭ.

مۇئاۋىن مۇدىرلار: لى شياڭرۇڭ، يەن خۇجۇڭ، خو شۇخۇا، جۇ جىشېڭ، ۋاڭ جېڭروڭ (ئايال).

جۇڭگو دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى

مۇدىر: جېي شىڭرۇي.

مۇئاۋىن مۇدىرلار: جاۋ خۇيگۇي، جۇاڭ جىگو.

جۇڭگو دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى

مۇدىر: جۇ جىڭباۋ.

مۇئاۋىن مۇدىرلار: شى جيەنشىن، تۇڭ جياۋلىڭ (ئايال).

جۇڭگو دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى

مۇدىر: سۇ شىۋۇ (مانجۇ).

مۇئاۋىن مۇدىرلار: ليۇ جىزۇ، ليۇ بياۋ.

«3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى

مۇدىر: گۇڭ جېنرۇڭ.

مۇئاۋىن مۇدىرلار: ۋاڭ خەنشېڭ، چې ۋېنگوڭ، ۋاڭ دىجى، يۇ داۋخۇ.

**دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ تەشكىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەھۋالى**

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار 53 ئەزا قوبۇل قىلدى، يىل ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدىكى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ئومۇمىي ئەزاسى 3734كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى 5 ئەزا قوبۇل قىلدى، ئومۇمىي ئەزاسى 708گە يەتتى؛ دېموكراتىيە ئىتتىپاقى 20 ئەزا قوبۇل قىلدى، ئومۇمىي ئەزاسى 1225 كە يەتتى؛ دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى 7 ئەزا قوبۇل قىلدى، ئومۇمىي ئەزاسى 560قا يەتتى؛ دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى 4 ئەزا قوبۇل قىلدى، ئومۇمىي ئەزاسى 329قا يەتتى؛ «3 - سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى 8 ئەزا قوبۇل قىلدى، ئومۇمىي ئەزاسى 551گە يەتتى. شىنجاڭدىكى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ئەزالىرى ئىچىدە ئالىي ئۇنۋانلىقلار 1279

بولۇپ، ئومۇمىي ئەزانىڭ %3.34نى، ئوتتۇرا ئۆگىنىلىقلار 1730 بولۇپ، %3.46 نى ئىگىلەيدۇ؛ ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتلىقلار 2815 بولۇپ، %4.75نى ئىگىلەيدۇ؛ ئەزالارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 54 ياش بولدى.

جاڭ يۇلەن

## جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

2000 - يىلى جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى 5 قېتىم مۇدىرلار ئىش بېجىرىش يىغىنى ئاچتى. بۇ يىغىنلارنىڭ ئاساسىي قارالمىلىرى جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى ش ئۇ ئا ر 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنى ئېچىشنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىش، جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مەملىكەتلىك ئىلغار ياچېيكىلىرى ۋە مۇنەۋۋەر پارتىيە خىزمىتى خادىملىرىنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنى سايلاپ چىقىش، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 - يىغىنىغا تەكلىپ تەييارلاش ۋە ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇشتىكى تەكشۈرۈش ۋە يىغىن كۆنتەرتىپىنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى. بىر جۇڭگو پرىنسىپى ۋە تەيۋەن مەسىلىسىنى ئۆگىنىپ، مۇزاكىرە قىلىپ، تەيۋەنگە قارىتىلغان خىزمەتلەرنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى.

2000 - يىلى جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىرى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەشلەر چاقىرغان سۆھبەت يىغىنى، ئەھۋال مەلۇم قىلىش يىغىنى، پىكىر ئېلىش يىغىنلىرىغا قاتناشتى ھەم جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتىغا ۋاكالىتەن ئاپتونوم رايوننىڭ بىر قىسىم چوڭ مەسىلىلىرى ئۈستىدە تەكلىپ بەردى. ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - قېتىملىق يىغىندا گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى 31 شەخسىي تەكلىپ بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە كورلا شەھەرلىك كومىتېتتىكى لى شىنلىيەن 10 شەخسىي تەكلىپ بەردى، ئەزالار بىرلىشىپ 11 تەكلىپ بەردى.

جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 5 - ئومۇمىي يىغىنىنى ئاچتى. يىغىندا جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىنى ۋە بارلىق ئەزالىرىنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، غەربنى كەڭ ئېچىشقا پائال قاتنىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ بۈيۈك تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشۇشقا سەپەرۋەر قىلدى.

جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 6 - ئومۇمىي يىغىنىنى ئاچتى. يىغىندا جاڭ جىڭ جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى ش ئۇ ئا ر 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ پەخرىي مۇدىرلىقىغا كۆرسىتىلدى، شۇ جاۋ مۇدىرلىققا، ياڭ جيالىن ئەزالىققا، دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىغا ۋە مۇئاۋىن مۇدىرلىققا سايلاندى.

2000 - يىلى جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى 5 ئەزا قوبۇل قىلدى؛ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 44.6 ياش، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتلىقلار 4، ئالىي ئۆگىنىلىقلار 3. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى 708گە يەتتى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 59.3 ياش. بۇنىڭ ئىچىدە ئايال پارتىيە ئەزاسى 186، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 1999 - يىلدىكىدىن 6 سى ئازايدى. 2000 - يىلى گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتى گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن نامغا ئېرىشتى، گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شۇ شىڭباڭ، ئۈرۈمچى شەھەر سايباغ رايونلۇق ياچېيكىنىڭ مۇدىرى فۇ جوڭيى، سانجى شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ مۇدىرى جىن چىڭنيەن، قاراماي ياچېيكىنىڭ مۇدىرى چىن فۇرۇڭ، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق 3 - ياچېيكىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئېشىنكىرو بوشىن قاتارلىقلار گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن ئىلغار شەخس دېگەن نامغا ئېرىشتى.

لى جيې

## دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

**ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئەھۋالى** 2000 - يىلى دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى رەھبەرلىرى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئۇيۇشتۇرغان مەسلىھەت يىغىنى ۋە ئەھۋال مەلۇم قىلىش يىغىنلىرىغا كۆپ قېتىم قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 - يىغىنىدا 4 كوللېكتىپ تەكلىپ، 13 شەخسىي تەكلىپ بەردى. يىغىندا «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ساياھەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكىر» دېگەن

تېمىدا يىغىن بايان قىلدى. 6 - ئايدا ش ئۇ ئا ر كومىتېتى غەربنى كەڭ ئېچىش بويىچە تەكلىپ بېرىش - چارە - تەدبىر كۆرسىتىش مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى، يىغىندا 56 ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى، باھالاش ئارقىلىق «مۇنەۋۋەر تەكلىپ - تەدبىر مۇكاپاتى»غا 10 ماقالە باھالاپ چىقىلدى. يىغىندىن كېيىن بۇ ماقالىلەر مەخسۇس ژۇرنالغا بېرىلدى ھەم مۇناسىۋەتلىك يىكىر - تەكلىپلەر ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە ئالاقىدار تارماقلارغا يوللاپ بېرىلدى. سانجى ۋە شىخەنزە شەھەرلىك كومىتېتلار كۈچ تەشكىللەپ ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. شىخەنزە شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ «شىخەنزىنىڭ ئون يىلدىن بۇيانقى ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىملەش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش»، «تور قۇرۇلۇشنى تېزلىتىپ، ئىجتىمائىي ئۇچۇرلىشىشنى تېزلىتەيلى» دېگەنگە ئوخشاش تەكشۈرۈش دوكلاتلىرى، شۇ يەرلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ يۇقىرى باھاسى ۋە ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشتى. سانجى شەھەرلىك كومىتېت سانجى ئوبلاستى بويىچە مۇنەۋۋەر كوللېكتىپ تەكلىپ بەرگۈچىلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

**ئۆز قۇرۇلۇشى ئەھۋالى** 2000 - يىلى دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى ئۆز ئەزالىرىنى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» توغرىسىدىكى سۆزىنىڭ روھىنى ۋە مەملىكەتلىك بىرلىك سەپ خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى ھەم «فالۇن گۇڭ» بىدئەت تەشكىلاتىنى، لى دېڭخۈينىڭ «ئىككى دۆلەت نەزەرىيىسى»نى تەنقىد قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قەتئىي قوغدايدىغان مۇستەھكەم مەيداننى بىلدۈردى.

ش ئۇ ئا ر كومىتېت 4 - ئايدا ۋە 10 - ئايدائادەم ئەۋەتىپ نىڭبودا ئېچىلغان دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا ۋە چۇڭچىڭدا ئېچىلغان غەربىي قىسىمدىكى 12 ئۆلكە، رايون (شەھەر)نىڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقى خىزمىتى يىغىنىغا قاتناشتۇردى.

**تەشكىلىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى** 2000 - يىلى دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى 20 ئەزا قوبۇل قىلدى، يىل ئاخىرىغىچە ئومۇمىي ئەزاسى 1225كە يەتتى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 56 ياش، ش ئۇ ئا ر كومىتېت قارمىقىدا ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزىدىن ئىبارەت 3 شەھەرلىك كومىتېت ۋە 32 ياچېيكا، گۇرۇپپا بار.

ساۋ شياۋيەن

## دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

2000 - يىلى دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەشلەر چاقىرغان دېموكراتىك مەسلىھەت يىغىنى، سۆھبەت يىغىنى، ئەھۋال مەلۇم قىلىش يىغىنى ۋە يىكىر ئېلىش يىغىنلىرىغا قاتناشتى.

2000 - يىلى دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 - يىغىنىغا 7 پارچە تەكلىپ بەردى، بىر كىشى چوڭ يىغىندا سۆز قىلدى.

2000 - يىلى بۇ كومىتېت 7 ئەزا قوبۇل قىلدى، يىل ئاخىرىغىچە ئومۇمىي ئەزاسى 361گە يەتتى. ئۇنىڭ قارمىقىدا بىۋاسىتە قاراشلىق 7 گۇرۇپپا، 25 ياچېيكا ۋە شىخەنزە شەھەرلىك كومىتېتىغا تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسى بار.

ساۋ شياۋيەن

## دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

**ئىدىيىۋى قۇرۇلۇش ئەھۋالى** 2000 - يىلى دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى كومىتېتىنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلاردىكى مەركىزىي خىزمىتىنى چۆرىدەپ، ج ك پ 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ ۋە مەملىكەتلىك بىرلىك سەپ خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگەندى، 10 - بەش يىللىق پىلانىنى مۇزاكىرە قىلدى. تەشۋىقاتقا ماسلىشىش ئۈچۈن «شىنجاڭ دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش» ژۇرنىلىدىن 6 سان چىقاردى، قارا تاختا گېزىتى ۋە تام گېزىتىدىن 7 سان جەمئىي 10 پارچە ئىشلىدى. دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەش - مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىش بويىچە بىر يۈەن پۇل ئىئانە قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، 1020 يۈەن پۇل ئىئانە قىلدى. 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ھەر قايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلاردىن بولۇپ 300 ئادەم قاتناشقان ج ك پ 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش دوكلات يىغىنى ئۇيۇشتۇردى. بىر قاتار ئۆگىنىش - تەربىيە پائالىيىتى ئارقىلىق، ئەزالارنى «ئۈتتە چىڭ تۇرۇش»قا، «ئۈچ ئورتاق»نى تەشەببۇس قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشقا، «جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ

رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، ۋەتەننى سۆيۈشتە، دېموكراتىيە، ئىتتىپاقلىق، ئەمەلىيەتچىللىكتە چىڭ تۇرۇش، كومىتېتنى ئومۇم ئۈچۈن قۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىنى تەشەببۇس قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشقا يېتەكلىدى.

**ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئەھۋالى** ش ئۇ ئا ر كومىتېت بۇ جەمئىيەتنىڭ ئىختىساسلىقلار توپلاشقان، ئەقلىي كۈچ مول بولۇشتەك ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش، غەربىي كەڭ ئېچىشقا تەكلىپ بېرىش، چارە - تەدبىر كۆرسىتىش ئۈچۈن، لىبى شياۋنيۇ قاتارلىق 5 مۇتەخەسسىسنى دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش - تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش بويىچە ئالىي مەسلىھەتچىلىكىگە مەخسۇس تەكلىپ قىلدى.

9 - ئايدا بۇ جەمئىيەتنىڭ ش ئۇ ئا ر كومىتېتى غەربىي كەڭ ئېچىش بويىچە غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە (رايون) دىكىلەرنىڭ يىغىنىنى ئاچتى. جۇ چىڭباۋنىڭ «غەربىي كەڭ ئېچىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى بىر قانچە ئوي - پىكىر» دېگەن ماقالىسى بىلەن يۇ جېنتيەننىڭ «شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت مەسىلىسى ۋە غەربىي كەڭ ئېچىش توغرىسىدىكى مۇلاھىزە» دېگەن ماقالىسى دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم رەھبەرلىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ۋە يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ بىردەك ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 - يىغىنىدا دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى 10 پارچە كوللېكتىپ تەكلىپ، 8 پارچە شەخسىي تەكلىپ بەردى. يىغىندا مۇئاۋىن مۇدىر شى جيەنشىن ش ئۇ ئا ر كومىتېتقا ۋاكالىتەن «شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت مەسىلىسى ۋە غەربىي كەڭ ئېچىشتا ئەستايىدىل ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر قانچە مەسىلە» ۋە «ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاغزاكىي تارىخشۇناسلىقنى كېڭەيتىش توغرىسىدىكى تەكلىپ» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى.

**تەشكىلىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى** ئادەم ئەۋەتىپ 9 - ئايدا دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتى بېيجىڭدا ئۇيۇشتۇرغان مەخسۇس كادىرلار كۇرسىغا، 10 - ئايدا نىڭبودا ئېچىلغان دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ مەملىكەت بويىچە ئۆلكە دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى مۇدىرلىرى يىغىنىغا ۋە 12 - ئايدا بېيجىڭدا ئېچىلغان دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى 10 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4 - ئومۇمىي يىغىنىغا قاتناشتۇردى.

ئۇندىن باشقا، 2 ئادەم ئايرىم - ئايرىم مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى يەنئەندە ۋە بېيجىڭدا ئۇيۇشتۇرغان دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلاردىكى ئوتتۇرا ياش ۋە ياش كادىرلارنىڭ قىسقا مۇددەتلىك كۇرسىغا قاتناشتى.

2000 - يىلى دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى 9 ئەزا قوبۇل قىلدى، يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي ئەزاسى 560قا يەتتى. ش ئۇ ئا ر كومىتېتى قارمىقىدا 2 شەھەرلىك كومىتېت (ئۈرۈمچى ۋە شىخەنزە شەھەرلىك 42 ئاساسىي قاتلام ياچېيكىسى ۋە 5 گۇرۇپپا بار. ئەزالار ئىچىدە ئالىي ئۇنۋانلىقلار ئەزالار ئومۇمىي سانىنىڭ %79.2نى ئىگىلەيدۇ.

دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 10 - ئومۇمىي يىغىنىنى ئېچىپ، يۇ جېننيەن، نيۇ رۇجى، ما شيۇپېيلارنى ش ئۇ ئا ر 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا كۆپەيتىپ سايلىدى.

ليۇ جياۋبىن

## دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى خىزمەت ئەھۋالى

**ئىدىيىۋى قۇرۇلۇش ئەھۋالى** 2000 - يىلى بۇ پارتىيىنىڭ ش ئۇ ئا ر كومىتېتى ئەزالىرىنى تەشكىللەپ ج ك پ 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە ش ئۇ ئا ر 5 - نۆۋەتلىك پارتكوم 7 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگەندى؛ گوۋۇيۇەننىڭ «بىر جۇڭگو ۋە تەيۋەن مەسىلىسى توغرىسىدا» دېگەن ئاق تاشلىق كىتابىنى ئۆگىنىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ مەيدانى ۋە تەشەببۇسىنى قوللىدى؛ ئەزالارنى تەيۋەن ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى دوكلات يىغىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى دوكلات يىغىنىغا قاتناشتۇردى.

**ئۆز قۇرۇلۇشى ئەھۋالى** 2000 - يىل 7 - ئايدا بۇ پارتىيىنىڭ ش ئۇ ئا ر كومىتېتى دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى ئاچتى. 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى بۇ پارتىيىنىڭ ش ئۇ ئا ر كومىتېتى نۆۋەت ئالمىشىشتا تەڭشەش ئېلىپ بېرىپ، سۇ شىۋۇنى ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى، 3 ئادەمنى ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا تولۇقلىدى.

**تەشكىلىي قۇرۇلۇشى** 2000 - يىلى بۇ پارتىيىنىڭ

ش ئۇ ئا ر كومىتېتى 4 ئەزا قوبۇل قىلدى، يىل ئاخىرىغىچە ئەزاسى 329غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا ۋە ئالىي ئۇنۋانلىقلار %75نى ئىگىلەيدۇ. ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ قارىمىقىدا ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە شەھەرلىك كومىتېتلىرى بار.

خې جۇاڭ

## «3 ـ سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

**ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئەھۋالى** بۇ جەمئىيەتنىڭ ش ئۇ ئا ر كومىتېتى كۆپ قېتىم مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەش، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەش ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرلۈك سۆھبەت يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ، بەزى يۇقىرى سۈپەتلىك، مۇمكىنچىلىكى بار تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش مائارىپ ـ مەدەنىيەت ـ سەھىيە كومىتېتى ۋە «3 ـ سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى بىرلىشىپ 2000 ـ يىل 4 — 7 ـ ئايغىچە شىنجاڭدا ئىشلەپچىقىرىش، ئوقۇتۇش، تەتقىقاتنى بىرلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش، پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلىنىشىنى تېزلىتىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ۋە تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىپ چىقتى. 2000 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر كومىتېت يەنە مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ، غەربنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن قانداق قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، 9 پارچە ئىلمىي ماقالە يازدى. ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 4 ـ يىغىنىدا ش ئۇ ئا ر كومىتېتى 4 پارچە كوللېكتىپ تەكلىپ، 25 پارچە شەخسىي تەكلىپ بەردى. ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 ـ يىغىنىدا ش ئۇ ئا ر كومىتېتىدىن كىرگەن ۋەكىللەر 5 پارچە شەخسىي تەكلىپ بەردى.

**ئىدىيىۋى قۇرۇلۇش ئەھۋالى** 2000 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى ئەزالىرىنى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» نەزەرىيىسىنى، ج ك پ 15 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى، ش ئۇ ئا ر 5 ـ نۆۋەتلىك پارتكوم 7 ـ ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى. چىڭ كېجې، خۇ چاڭچىڭ قاتارلىق تىپىك دېلولار سەلبىي ماتېرىيال قىلىنغان ئىبرەت تەربىيىسىگە قاتناشتۇردى. 2000 ـ يىلى 5 ئادەمنى شىنجاڭ سوتسىيالىزم ئىنستىتۇتىغا، بىر ئادەمنى مەركىزىي سوتسىيالىزم ئىنستىتۇتىغا ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى، 2 ئادەم مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى ئۇيۇشتۇرغان پارتىيە سىرتىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئۆگىنىشىگە قاتناشتى.

**تەشكىلىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى** 2000 ـ يىلى «3 ـ سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى 8 ئەزا قوبۇل قىلدى، يىل ئاخىرىغىچە ئومۇمىي ئەزاسى 551گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي ئۇنۋانلىقلار 298 بولۇپ، %51.1نى ئىگىلەيدۇ.

ساۋ شياۋيەن

# مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى

## ئارمىيە، بىڭتۈەن، ساقچى قىسىم ۋە خەلق بىرلىكتە جەنۇبىي شىنجاڭدا مىڭ چاقىرىملىق مەدەنىي تۆمۈريول لىنىيىسى بەرپا قىلىش پائالىيىتى رەسمىي باشلاندى

ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى كومىتېتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، بىڭتۈەن، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار 2000 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭدىكى ئارمىيە، بىڭتۈەن، ساقچى قىسىم ۋە خەلق بىرلىكتە جەنۇبىي شىنجاڭدا مىڭ چاقىرىملىق مەدەنىي تۆمۈريول لىنىيىسى بەرپا قىلىش بويىچە كېلىشىم ئىمزالاپ، بۇ پائالىيەتنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مىڭ چاقىرىملىق مەدەنىي تۆمۈريول لىنىيىسى تۇرپاندىن قەشقەرگىچە بولغان لىنىيىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 1451 كىلومېتىر بولۇپ، بايىنغولىن، ئاقسۇ، قىزىلسۇ، قەشقەردىن ئىبارەت 4 ۋىلايەت، ئوبلاستىكى 25 ناھىيە، شەھەر، تۈەن ـ مەيدانلاردىن ئۆتىدۇ. «كەڭ دائىرىدە قاپلاش، مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇش، ئالاھىدىلىك يارىتىش»تىن ئىبارەت تەسەۋۋۇرغا ئاساسەن، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىدىكى ھەر قايسى بېكەت ـ ئۆتەڭلەر، سېپىلار ۋە تۆمۈريول بويلىرىدىكى ھەربىي قىسىم، قوراللىق ساقچى قىسىم، بىڭتۈەن ۋە يەرلىك ئورۇنلار بىرلىكتە بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى كەڭ دائىرىدە قانات يايدۇردى. بۇ پائالىيەتتە تۆۋەندىكى 4 جەھەتتىكى خىزمەت گەۋدىلىك تۇتۇلدى.

1. تەشكىلىي خىزمەت ياخشى تۇتۇلدى. 2. تۈزۈم قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلدى. 3. تۆمۈريول بويلىرى ۋە بېكەت رايونلىرىنىڭ تەرتىپىنى قوغداش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى.

4. كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش، ئوت - چۆپ تېرىش، گۈل ئۆستۈرۈش پائالىيىتى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلۇپ، پۈتۈن ناھىيىنى ئىنتىپاقلىق لىنىيىسى، بەخت لىنىيىسى، ئۈمىد لىنىيىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ياخشى ئېكولوگىيىلىك شارائىت يارىتىلدى.

شۇ چاغچۈن

## 2 - قارارلىق «يۈز ناھىيە - يېزا مەدەنىيەت - تەشۋىقات قۇرۇلۇشى» باشلاندى

«يۈز ناھىيە - يېزا قۇرۇلۇشى» — مەركىزىي مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى 1998 - يىلى قارار قىلغان، مەركەز دەرىجىلىك مەدەنىيەت كەسپىي قۇرۇلۇش خىراجىتىدىن ياردەم بېرىپ، مەملىكەت بويىچە 100 نامرات ناھىيىدە مەدەنىيەت - تەشۋىقات مەركىزى قۇرىدىغان قۇرۇلۇشنى كۆرسىتىدۇ، پۈتۈن قۇرۇلۇش 3 يىلغا بۆلۈپ تاماملىنىدۇ. مەركىزىي مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى بۇ قۇرۇلۇشتا شىنجاڭغا 30 كۆرسەتكۈچ (1998 - يىلى 16نى، 1999 - يىلى 10نى، 2000 - يىلى 4نى) بەردى، ھەربىر يېزىغا 125 مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى، قالغان 125 مىڭ يۈەننى يەرلىك مالىيىدىن ياردەم قىلدى. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، 1 - قارارلىق 16 تۈرنىڭ ھەممىسى تاماملاندى، 2 - قارارلىق 10 تۈردە ئىش باشلاندى.

شۇ چاغچۈن

## مەدەنىي مەھەللە بەرپا قىلىش ئەھۋالى

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش كومىتېتى «مەھەللە بەرپا قىلىش يىلى» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، پىلان تۈزۈپ، نىشاننى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، 6 جەھەتتىكى خىزمەتنى چىڭ تۇتۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. ئىدىيىۋى تەربىيە ۋە ئەخلاق تەربىيىسىنى، پەن - مەدەنىيەت تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇپ، مەدەنىي مەھەللە بەرپا قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئاھالىلەرنىڭ مەدەنىيلىك ساپاسىنى ئىرىشىپ ئۆستۈرۈش لازىم.

2. مۇھىتنى تۈزەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، مەھەللە مۇھىتىنىڭ رەتلىك، پاكىز، گۈزەل بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلقنىڭ ياشاش مۇھىتىنى ياخشىلاش لازىم.

3. مەھەللە تەرتىپىنى ئىرىشىپ قوغداپ، خەلق ئاممىسىنىڭ خاتىرجەم ياشىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش لازىم.

4. مەھەللە مۇلازىمىتىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى ئېچىپ، ئاھالىلەرنى تۇرمۇشتىكى غەم - ئەندىشىدىن خالاس قىلىش لازىم.

5. ساغلام، پايدىلىق مەدەنىيەت، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تەشكىللەپ، مەدەنىيەت بازىسىنى سوتسىيالىزم ئىدىيىسى ئارقىلىق ئىگىلەش لازىم.

6. ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ياخشى ماددىي شارائىت يارىتىش لازىم.

شۇ چاغچۈن

## ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك كومىتېتى ئومۇمىي يىغىن ئېچىپ، مەركەزنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگەندى

ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك كومىتېتى 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئومۇمىي ئەزالار يىغىنى ئېچىپ، مەركەزنىڭ ئىدىيىۋى، سىياسىي خىزمەت يىغىنى ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگەندى ۋە ئىزچىللاشتۇردى. يىغىنغا ئاپتونوم رايون شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە بىڭتۈەن رەھبەرلىرىدىن قېيۇم باھاۋۇدۇن، ۋۇ دۇنفۇ، مەتتىمىن زاكىر، ئىبراھىم سۇلايمان، ۋاڭ گويجېن ۋە بارلىق ئەزالار قاتناشتى. ۋۇ دۇنفۇ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم مەركەزنىڭ ئىدىيىۋى، سىياسىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى؛ يىغىندا ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى تەييارلىغان «مەركەزنىڭ ئىدىيىۋى، سىياسىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» (مۇھاكىمە نۇسخىسى) مۇزاكىرە قىلىندى. 6 ئەزا نۇقتىلىق سۆز قىلدى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى قېيۇم باھاۋۇدۇن مۇھىم سۆز قىلدى.

شۇ چاغچۈن

## مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بويىچە 10 - نۆۋەتلىك بىرلەشمە چوڭ تەكشۈرۈش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى يېتەكچىلىك كومىتېتى 2000 - يىل 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، 19 شەھەرنىڭ 1999 — 2000 - يىللىق (10 - نۆۋەتلىك) مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈستىدە بىرلەشمە چوڭ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋۇ دۇنفۇ بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈپ باھالاش باش ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولدى، باش ئۆمەك

قارىمىقىدا جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭ شۆبە ئۆمەكلىرى تەسىس قىلىندى، تەكشۈرۈپ باھالاشتا، تەشكىلىي رەھبەرلىك، ئىقتىسادىي خىزمەت، ئىجتىمائىي مۇقىملىق، شەھەر تازىلىقى، مۇھىت قۇرۇلۇشى، پەن، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە خىزمىتى شەھەر فۇنكسىيىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىدىيە - ئەخلاق قۇرۇلۇشى، ئۈچىنى بەرپا قىلىش، 2000 - يىللىق مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى خىزمىتى ۋەزىپىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى قاتارلىق 11 تەرەپ ئاساسىي مەزمۇن قىلىندى. 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى يېتەكچىلىك كومىتېتى يىغىن ئېچىپ، تەكشۈرۈپ باھالاش نەتىجىسىنى قاراپ چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ۋىلايەت 2، مەدەنىي شەھەر 7، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار شەھەر 8، مەدەنىي ناھىيە 4، مەدەنىي رايون 6. مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە 22.

شۇ چاڭجۈن

# تاشقى ئىشلار، مۇھاجىرلار ئىشلىرى

## ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن چەت ئەللەرگە چىقىش ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېنلارغا بېرىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭدىن 17 مىڭ 591 ئادەم (قېتىم) ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن چەت ئەلگە چىقتى ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېنلارغا باردى، ئۇلار 81 دۆلەت ۋە رايوننى زىيارەت قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى ۋە قوشنا دۆلەتلەرگە بارغانلار 14 مىڭ 678 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 83.4%نى ئىگىلىدى. ئۇنىڭدىن قالسا، پاكىستان، گېرمانىيە، ئامېرىكا، موڭغۇلىيە، ياپونىيىلەرگە بارغانلار كۆپرەك بولدى. ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن چەت ئەلگە چىققانلار ئاساسەن ئىقتىساد، سودا پائالىيەتلىرىدە بولدى، ئۇنىڭدىن قالسا چەت ئەلگە مال ئاپارغان، چەت ئەللەردە تەكشۈرۈشتە بولغانلارمۇ بەلگىلىك نىسبەتنى ئىگىلىدى. 667 ئادەم (قېتىم) شياڭگاڭ، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونلىرىغا بېرىپ سودا بىلەن شۇغۇللاندى، تەلىم - تەربىيە ئالدى. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى نازارەت (ئىدارە) دەرىجىلىك كادىرلاردىن چەت ئەلگە چىققانلار 335 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، چەت ئەلگە چىققانلار ئومۇمىي سانىنىڭ 1.9%ىنى ئىگىلىدى، 1999 - يىلدىكىدىن 46 ئادەم (قېتىم) كۆپ بولدى؛ مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرىلار 13 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 6 ئادەم (قېتىم) كۆپ بولدى.

شاڭ يەنخۋا

## چەت ئەللىك دوست ئەرباپلارنىڭ تەكلىپكە بىنائەن شىنجاڭغا كېلىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ 40 دۆلەت ۋە رايوندىن 766 تۈركۈمدە 1913 دوست ئەرباب (قېتىم)نى شىنجاڭغا كېلىپ ئىقتىساد - سودا، ساياھەت، ئۇسكۇنە قۇراشتۇرۇش، پەن - تېخنىكا ئالماشتۇرۇش، تۈر ھەمكارلىقى قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەكلىپ قىلدى، يەنە شىنجاڭغا ئوقۇشقا كەلگەن بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ۋە دەرس ئۆتىدىغان ئالىملارمۇ بار. بۇنىڭ ئىچىدە قازاقىستاندىن تەكلىپ قىلىنغانلار 376 تۈركۈم، 942 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، تەكلىپ قىلىنغانلار ئومۇمىي سانىنىڭ 49.24%نى ئىگىلىدى. ئۇنىڭدىن قالسا پاكىستان، روسىيە، قىرغىزىستاندىن كەلگەنلەر كۆپ.

شاڭ يەنخۋا

## جۇڭگو - قىرغىزىستان چېگرىسىنى تەكشۈرۈش رەسمىي باشلاندى

جۇڭگو - قىرغىزىستان چېگرىسىنى بىرلىشىپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۇزۇنتۇش دەرياسى رايونىدىكى شادىتىلەككە بىرلا ۋاقىتتا يېتىپ بېرىپ، بۇ رايوندىكى چېگرىنى بىرلىكتە تەكشۈردى. جۇڭگو - قىرغىزىستان بىرلەشمە چېگرا تەكشۈرۈش كومىتېتى 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى جۇڭگونىڭ تورغات پورتىدا 2 دۆلەت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئۇچرىشىشىنى ئويۇشتۇردى، بۇ جۇڭگو - قىرغىزىستان چېگرىسىنى تەكشۈرۈش ئىشىنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

شېن شۇخۇڭ

## جۇڭگو - پاكىستان يەرلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ 16 - قېتىملىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈلدى

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ جۇ باشچىلىقىدىكى جۇڭگو شىنجاڭ ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن پاكىستان شىمالىي رايونىنىڭ باش كاتىپى ساناي ماراجان باشچىلىقىدىكى پاكىستان شىمالىي رايون ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى 2000 - يىل 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە جۇڭگو - پاكىستان يەرلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ 16 - قېتىملىق سۆھبىتىنى ئۆتكۈزدى. ئىككى تەرەپ جۇڭگو - پاكىستان يەرلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ

1998 - يىلدىكى 15 - قېتىملىق سۆھبەت خاتىرىسىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى ھەم ئىككى تەرەپنىڭ سودا، ساياھەت، پورت باشقۇرۇش، چېگرا ئامانلىقى ۋە باشقا ئىقتىساد - تېخنىكا ساھەسىدىكى ھەمكارلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە كېڭەشتى.

دولقۇن

## ئىسرائىلىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار ئىشلىرى) ئىشخانىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئىسرائىلىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى نەن يۆمىڭ قاتارلىق 2 كىشى 2000 - يىل 2 - ئاينىڭ 16 — 26 - كۈنىگىچە بايىنغولىن، تۇرپان ۋە ئۈرۈمچىنى زىيارەت قىلدى. 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ۋاڭ لېجۇەن، ئابلەت ئابدۇرېشىتلار باش ئەلچى ۋە ھەمراھى بىلەن كۆرۈشتى.

پولات

## جىبۇت مىللىي پارلامېنتىنىڭ باشلىقى سەپەرىدە ئۈرۈمچىگە چۈشۈپ ئۆتتى

جۇڭگو مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى لى پېڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، پارلامېنت باشلىقى باتۇر باشچىلىقىدىكى جىبۇت مىللىي پارلامېنت ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 7 كىشى جۇڭگونى زىيارەت قىلىشى داۋامىدا 2000 - يىل 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ۋە 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى 2 قېتىم ئۈرۈمچىدە قىسقا ۋاقىت توختاپ ئۆتتى. ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مىجىت ناسىر ئايرودرومغا چىقىپ كۈتۈۋالدى ۋە ئۇزىتىپ قويدى.

ۋاڭ شىنگې

## ياپونىيە ياپونىيە - جۇڭگو قايتۇرۇپ بەرگۈچىلەر ئالاقە باغلاش جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

جۇڭگو خەلقئارا دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ياپونىيە ياپونىيە - جۇڭگو قايتۇرۇپ بەرگۈچىلەر ئالاقە باغلاش جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى داخېيۇنشياۋ باشچىلىقىدىكى 6 كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى 2000 - يىل 4 - ئاينىڭ 6 — 8 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىنى زىيارەت قىلدى.

جاڭ خۇڭۋېي

## قىرغىزىستان نارىن ئوبلاستىنىڭ باشلىقى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

جۇڭگو ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭ خۇالىڭ سانائەت - سودا گۇرۇھىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، قىرغىزىستان نارىن ئوبلاستىنىڭ باشلىقى سالىنبېكوۋ ئاسقار ۋە ھەمراھلىرى بولۇپ 4 كىشى 2000 - يىل 4 - ئاينىڭ 7 — 10- كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، قەشقەر، قىزىلسۇ قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەسقەت كەرىمباي 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

پولات

## ئاۋىستىرىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق سودا مەسلىھەتچىسى ئىقتىساد - سودا ئۆمىكىنى باشلاپ شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

جۇڭگو ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار ئىشلىرى) ئىشخانىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئاۋىستىرىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق سودا ئىشلىرى مەسلىھەتچىسى دوكتور لوسان 18 كىشىلىك ئىقتىساد - سودا ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ 2000 - يىل 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىنى زىيارەت قىلدى. شىنجاڭ تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار ئىشلىرى) ئىشخانىسى 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئاۋىستىرىيە كارخانىچىلىرى بىلەن شىنجاڭدىكى 20 نەچچە تارماق ۋە كارخانىنى تەشكىللەپ جۇڭگو شىنجاڭ - ئاۋىستىرىيە ئىقتىساد - سودا يەرمەنكىسىگە قاتناشتۇردى.

پولات

## ئاۋىستىرالىيە ئىشچىلار پارتىيىسى پارلامېنت ئەزالىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى چەت ئەللەر بىلەن ئالاقە باغلاش بۆلۈمىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئاۋىستىرالىيە ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ مائارىپ باش تەپتىش، ئاۋام پالاتاسىنىڭ سابىق باشلىقى ئو. مايكىل باشچىلىقىدىكى ئاۋىستىرالىيە ئىشچىلار پارتىيىسى پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ 8 كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگونى زىيارەت قىلىش داۋامىدا، 2000 - يىل 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە تۇرپان ۋىلايىتىنى ئېكىسكۇرسىيە ۋە زىيارەت قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ لېجۇەن 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئۆمەكتىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى.

ۋاڭ شىنگې

## كورېيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

جۇڭگو سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ

## مالايسىيانىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

جۇڭگو ش ئۇ ئا ر ساياھەت ئىدارىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، مالايسىيەنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى مەجىت ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 3 كىشى 2000 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 — 3 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايون رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى باش ئەلچى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

پولات

## يېڭى زېلاندىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

جۇڭگو ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار ئىشلىرى) ئىشخانىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، يېڭى زېلاندىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى پروفېسسور ئانديان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 7 كىشى 2000 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 — 6 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە قەشقەر، تۇرپان ۋىلايەتلىرىنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى باش ئەلچى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

پولات

## مولداۋىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى سەپىرىدە ئۈرۈمچىدە توختاپ ئۆتتى

جۇڭگو دۆلەت رەئىسى جياڭ زېمىننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، مولداۋىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى پېتىرلوشىنىسكي ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 61 كىشى جۇڭگونى زىيارەت قىلىش داۋامىدا، 2000 - يىل 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ۋە 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى 2 قېتىم ئۈرۈمچىدە قىسقا ۋاقىت توختاپ ئۆتتى.

ۋاڭ شىنگې

## جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

جۇڭگو ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار ئىشلىرى) ئىشخانىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى دېكرۇي ۋە ھەمراھى 2000 - يىل 6 - ئاينىڭ 18 — 22 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى باش ئەلچى ۋە ئۇنىڭ



ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ئىران زۇڭتۇڭى سەئىد مۇھەممەت خاتەم بىلەن سەممىي سۆھبەتلەشمەكتە.

ۋاڭ شىنگې فوتوسى

شۆبىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، كورىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى چۈەن بېڭشۈەن جۇڭگو غەربىي رايوننىڭ سودىسىغا مەبلەغ سالغۇچى ئەلچىلەر ئۆمىكىدىكى 61 كىشى بىلەن بىللە 2000 - يىل 5 - ئاينىڭ 27 — 30 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايون رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى باش ئەلچى ۋە زىيارەتچىلەر بىلەن كۆرۈشتى. زىيارەت داۋامىدا كورىيە تەرەپ بىلەن جۇڭگو سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى بىرلىكتە 2000 - يىللىق جۇڭگو - كورىيە سودىغا مەبلەغ سېلىش كېڭىشىش يىغىنى ئۆتكۈزدى.

پولات

## كانادا ئاسىيا - تىنچ ئوكيان ئىشلىرى بويىچە دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، كانادا ئاسىيا - تىنچ ئوكيان ئىشلىرى بويىچە دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرى چېن جويۇ كانادا سودا ئىشلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 30 كىشىنى باشلاپ، جۇڭگونى زىيارەت قىلىش داۋامىدا، 2000 - يىل 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىنى زىيارەت قىلدى. بۇ مەزگىلدە جۇڭگو شىنجاڭ — كانادا ئىقتىساد - سودىغا مەبلەغ سېلىش مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئۆمەكتىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى.

ۋاڭ شىنگې

ھەمراھى بىلەن كۆرۈشتى.

پولات

## ئىران زۇڭتۇڭى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

جۇڭگو دۆلەت رەئىسى جياڭ زېمىننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى سەئىد مۇھەممەت ھاتەم ۋە ھەمراھلىرى بولۇپ 110 كىشى جۇڭگونى زىيارەت قىلدى. بۇ مەزگىلدە، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى جى پېيدىڭ قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا 2000 - يىل 6 - ئاينىڭ 24 — 25 - كۈنلىرى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى زۇڭتۇڭ ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىق ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

ۋاڭ شىنكې

## روسىيە يېڭى سىبىرىيە ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

جۇڭگو ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقى باشكوۋ ۋالېرىي كونىستانتىنوۋىچ باشچىلىقىدىكى روسىيە يېڭى سىبىرىيە ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتنىڭ 3 كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 4 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ جۇ 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئۆمەكتىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى.

پولات

## پوئېرتو - رىكو ئوقۇغۇچىلار سەنئەت ئۆمىكى شىنجاڭدا ئويۇن قويدى

جۇڭگو خەلقىنىڭ چەت ئەللەر بىلەن دوستلۇق ئالاقە باغلاش جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، پوئېرتو - رىكونىڭ 58 كىشىلىك ئوقۇغۇچىلار سەنئەت ئۆمىكى 7 - ئاينىڭ 21 — 28 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش يۈزىسىدىن ئويۇن قويدى. سەنئەت ئۆمىكى تۇرپان شەھىرى ۋە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا 2 مەيدان ئويۇن قويدى، 30 مىڭغا يېقىن تاماشىبىن ئويۇننى كۆردى.

جاڭ خۇڭۋېي

## ئىسرائىلىيىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

جۇڭگو ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار ئىشلىرى) ئىشخانىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئىسرائىلىيە ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ كېڭەش ئەزاسى يارون سىكلوۋ باشچىلىقىدىكى 8 كىشىلىك ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تەكشۈرۈش ئۆمىكى 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئۆمەكتىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى.

سۇن رۇڭرۇڭ

## ئىئوردانىيە پادىشاھلىقى ئاۋام پالاتاسىنىڭ باشلىقى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

جۇڭگو مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئىئوردانىيە ھاشىم پادىشاھلىقى دۆلىتى ئاۋام پالاتاسىنىڭ باشلىقى ئابدۇھادى ماجال ئىئوردانىيە ئاۋام پالاتاسىنىڭ 18 كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ جۇڭگونى زىيارەت قىلدى ھەم 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە تۇرپان ۋىلايىتىنى زىيارەت قىلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئۆمەكتىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى.

ۋاڭ شىنكې

## ئامېرىكا پارلامېنتى ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

جۇڭگو مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تاشقى ئىشلار كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئامېرىكا پارلامېنتى ئاۋام پالاتاسى مەبلەغ تەقسىملاش كومىتېتىنىڭ رەئىسى بىل ئاچېر باشچىلىقىدىكى 10 كىشىلىك جۇڭگونى زىيارەت قىلىش ئۆمىكى جۇڭگونى زىيارەت قىلىش داۋامىدا 2000 - يىل 8 - ئاينىڭ 17 — 20 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىنى زىيارەت قىلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۆمەكتىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى.

پولات

## تاجىكىستاننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

جۇڭگو شىنجاڭ 2000' ئۈرۈمچى تاشقى ئىقتىساد - سودا يەرمەنكىسى رەھبەرلىك كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، تاجىكىستاننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى مۇستىكنوۋ قاتارلىق 4 كىشى 2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 — 4 - كۈنىگىچە شىنجاڭغا كېلىپ ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە قاتناشتى ھەم ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن سانجى ئوبلاستىنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى مېھمانلار بىلەن كۆرۈشتى.

ۋاڭ شىنكې

## ياپونىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

جۇڭگو ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار ئىشلىرى) ئىشخانىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن

ياپونىيەنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى گۇ پېزۇتەيلاڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى بولۇپ 2 كىشى 2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 13 — 17 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە تۇرپان ۋىلايىتىنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

ۋاڭ شىنگې

## شىمالىي ياۋروپادىكى 5 دۆلەتنىڭ باش ئەلچىلىرى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

جۇڭگو ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار ئىشلىرى) ئىشخانىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، شۋېتسىيە، فىنلاندىيە، ئىسلاندىيە، نورۋېگىيە، دانىيەدىن ئىبارەت 5 دۆلەتنىڭ باش ئەلچىلىرى ۋە رەپىقىلىرى بولۇپ 10 كىشى 2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 19 — 26 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرى، قەشقەر ۋە تۇرپان ۋىلايەتلىرىنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى 5 دۆلەتنىڭ باش ئەلچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ رەپىقىلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

پولات

## لىتۋانىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

جۇڭگو ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار ئىشلىرى) ئىشخانىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، لىتۋانىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى. د. ئوۋلىس 2000 - يىل 10 - ئاينىڭ 11 — 16 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى باش ئەلچى بىلەن كۆرۈشتى.

پولات

## تايلاند ئىجتىمائىي پاراۋانلىق مەھكىمىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

جۇڭگو خەلقىنىڭ چەت ئەللەر بىلەن دوستلۇق ئالاقە باغلاش جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، تايلاند ئىجتىمائىي پاراۋانلىق مەھكىمىسىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى، تايلاند بۇددا دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سۇڭفاڭ تىشتا باشچىلىقىدىكى تايلاند ئىجتىمائىي پاراۋانلىق مەھكىمىسىنىڭ 6 كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگونى زىيارەت قىلىش داۋامىدا، 10 - ئاينىڭ 13 — 18 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرى، تۇرپان ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىرىنى زىيارەت قىلدى.

جاڭ خۇڭۋې

## ياپونىيە سودا ئىۋائى تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

جۇڭگو ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار ئىشلىرى) ئىشخانىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ياپونىيە سودا ئىۋائى شىركىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇدىرى، جۇڭگودىكى باش ۋەكىلى، ئىۋائى شىركىتى غەربىي رايوننى ئېچىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يەنشجىشيۇڭ باشچىلىقىدىكى 7 كىشىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكى 2000 - يىل 11 - ئاينىڭ 15 — 17 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ ۋېنيۈ 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى بۇ ئۆمەكتىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى.

پولات

## قازاقىستان ئالمۇتا ئوبلاستىنىڭ باشلىقى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

جۇڭگو ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، قازاقىستان ئالمۇتا ئوبلاستىنىڭ باشلىقى زامانبېك نۇرقاجىلوۋ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 6 كىشى 2000 - يىل 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەسقەت كەرىمباي 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئوبلاست باشلىقى قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتى.

پولات

## ئىران خوراسان ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

جۇڭگو ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئىران خوراسان ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى مۇھسىن مېھرئالزات ۋە ھەمراھلىرى بولۇپ 13 كىشى 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 4 — 9 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى ۋە تۇرپاننى ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئۆلكە باشلىقى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

ۋاڭ شىنگې

## ئىراننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

جۇڭگو ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئىراننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى مالىك 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 8 — 9 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. ئاپتونوم رايون رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى باش ئەلچى بىلەن كۆرۈشتى ھەم

بىرلىكتە جۇڭگو شىنجاڭ ۋە ئىران خوراسان ئۆلكىسى خىزمەت ھەيئىتى خاتىرىسىگە ئىمزا قويۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

## چەت ئەل مۇخبىرلىرى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

2000 - يىلى چەت ئەل ئاخبارات ئاپپاراتلىرى مۇخبىرلىرىدىن 43 تۈركۈمدە 199 كىشى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى زىيارەت پائالىيەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

ياپونىيە رادىئو جەمئىيىتىنىڭ (NHK) 3 مۇخبىرى 2 - ئاينىڭ 22 — 28 - كۈنىگىچە شىنجاڭنىڭ غەربنى كەڭ ئېچىشقا دائىر ئەھۋاللىرىنى زىيارەت قىلدى.

ياپونىيە رادىئو جەمئىيىتىنىڭ (NHK) 2 مۇخبىرى 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ بوراندىن مۇداپىئەلىنىپ قۇمنى تىزگىنلەش ئەھۋالىنى زىيارەت قىلدى.

گېرمانىيە تېلېۋىزىيە 1 - ئىستانسىسىنىڭ 5 مۇخبىرى شىنجاڭغا كېلىپ 5 - ئاينىڭ 10 — 17 - كۈنىگىچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى زىيارەت قىلدى.

سىنگاپور «چەت ئەلگە ساياھەت» ژۇرنىلىنىڭ 2 مۇخبىرى 5 - ئاينىڭ 25 — 30 - كۈنىگىچە شىنجاڭنىڭ ساياھەت بايلىقىنى زىيارەت قىلدى.

ياپونىيە «سودا خەۋەرلىرى» نىڭ بىر مۇخبىرى 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە تارىم دەريا ۋادىسى تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ۋە شىنجاڭنىڭ مۇھىت قوغداش مەسىلىسىنى زىيارەت قىلدى. ئۇ غەربنى كەڭ ئېچىش ۋە شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىسىنى قوغداش مەسىلىسى ئۈستىدە 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەننى زىيارەت قىلدى.

كورىيە رادىئو شىركىتى (KBS) نىڭ 3 مۇخبىرى 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىشقا دائىر ئەھۋاللارنى زىيارەت قىلدى.

شۋېيتسارىيە «يېڭى سيورىخ گېزىتى» نىڭ بىر مۇخبىرى 6 - ئاينىڭ 19 — 23 - كۈنىگىچە شىنجاڭنىڭ مىللىي ئاپتونومىيە سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالىنى زىيارەت قىلدى.

ئاۋسترالىيە، يېڭى زېلاندىيىنىڭ 6 مۇخبىرى 7 - ئاينىڭ 13 — 18 - كۈنىگىچە «يىپەك يولى» دىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى زىيارەت قىلدى.

چەت ئەللەرنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرلار ئۆمىكىدىكى 11 ئاخبارات ۋاستىسىنىڭ 13 مۇخبىرى 8 - ئاينىڭ 13 — 18 - كۈنىگىچە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى زىيارەت قىلدى. مۇخبىرلار ئۆمىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى توغرىسىدا 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىتنى زىيارەت قىلدى.

فرانسىيە «ئىنسانپەرۋەرلىك گېزىتى» نىڭ بىر مۇخبىرى 9 - ئاينىڭ 16 — 24 - كۈنىگىچە غەربنى كەڭ ئېچىش ۋە بىڭتۇەننىڭ ئەھۋالىنى زىيارەت قىلدى.

ئامېرىكا سىملىق تېلېۋىزىيە ئاخبارات تورى (CNN) نىڭ 3 مۇخبىرى 10 - ئاينىڭ 9 — 19 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى ئۇنىۋېرسال زىيارەت قىلدى، ئۇلار شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى توغرىسىدا 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىتنى زىيارەت قىلدى.

ياپونىيە تېموجېن شىركىتىنىڭ 5 مۇخبىرى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا «چوڭ دېڭىز يولى» ناملىق تېلېۋىزىيە ھۆججەتلىك فىلىمىنى سۈرەتكە ئالدى.

ئەنگىلىيە «ئىقتىسادشۇناس» گېزىتى بىلەن ئامېرىكا «خەۋەرلەر گېزىتى» نىڭ 2 مۇخبىرى 12 - ئاينىڭ 4 — 11 - كۈنىگىچە شىنجاڭنىڭ نېفىت سانائىتى ۋە غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش ئەھۋالىنى زىيارەت قىلدى.

سۇن رۇڭرۇڭ

## شىنجاڭ چەت ئەللەر بىلەن دوستلۇق ئالاقىسى ئورنىتىش جەمئىيىتىنىڭ چەت ئەللەر بىلەن ئالاقە قىلىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ چەت ئەللەر بىلەن دوستلۇق ئالاقىسى ئورنىتىش جەمئىيىتى ئامېرىكا، ياپونىيە، قىرغىزىستان، روسسىيە، پوئېرتو - رىكو قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ دوستلۇق ئۆمەك - گۇرۇپپىلىرىدىن 16 تۈركۈمدە، 272 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى. بۇنىڭ ئىچىدە دوستلۇق ئۆمەك گۇرۇپپىسى 8 تۈركۈم، مەدەنىيەت - سەنئەت ئۆمەك گۇرۇپپىسى 4 تۈركۈم، كارخانا ئۆمەك - گۇرۇپپىسى 4 تۈركۈم، بۇنى 1999 - يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، زىيارەتكە كەلگەن ئادەم ۋە تۈركۈم (قېتىم) %100 ئاشتى. بۇ جەمئىيەتمۇ ئۆمەك تەشكىللەپ ئامېرىكا، ئاۋسترالىيە، قىرغىزىستانلارغا بىر قېتىمدىن چىقىپ سودا ئىشلىرى بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

جاڭ خۇڭۋېي

## جەنۇبىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيالارغا چىقىپ مۇھاجىرلار ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىندى

گوۋۇيۇەن مۇھاجىرلار ئىشخانىسىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى ليۇ زېپىڭ باشچىلىقىدىكى مۇھاجىرلار ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئۆمىكى 2000 - يىل 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنىگىچە ھىندىستان، پاكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە بېرىپ، مۇھاجىرلار ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەم جۇڭگو مۇھاجىرلىرىدىن، جۇڭگولۇقلاردىن ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلاردىن ھال سورىدى.

بۇ گوۋۇيۇەن مۇھاجىرلار ئىشخانىسى بىلەن شىنجاڭ تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار ئىشلىرى) ئىشخانىسىنىڭ تۇنجى قېتىم بىرلىشىپ ئۆمەك تەشكىللەپ جەنۇبىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنى زىيارەت قىلىشى ھېسابلىنىدۇ. مۇھاجىرلار ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئۆمىكى ھىندىستاننىڭ دېھلى، كالكۇتتا، بومباي، پاكىستاننىڭ ئىسلامئاباد، لاھور، قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا، قىرغىزىستاننىڭ بىشكەك قاتارلىق شەھەرلىرىگە بېرىپ، جۇڭگونىڭ شۇ دۆلەتلەردىكى ئەلچىخانىسى ۋە باش كونسۇلخانىلىرىدا سۆھبەت ئۆتكۈزدى، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە جۇڭگولۇقلارنىڭ ئائىلىسىدىن 10 نەچچىنى زىيارەت قىلدى، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە جۇڭگولۇقلار قۇرغان كارخانىلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، 600 نەچچە جۇڭگو مۇھاجىرى ۋە جۇڭگولۇق بىلەن سۆھبەتلەشتى. بۇ قېتىملىق مۇھاجىرلار ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش شىنجاڭ مۇھاجىرلار خىزمىتىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كۆپلىگەن جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنى ۋە جۇڭگولۇقلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە قولغا كەلتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، ئىتتىپاقلىقى، ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدۇرۇش، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە زەربە بېرىشتە ئىجابىي رول ئوينىدى. ليۇ زېپىڭ قاتارلىقلار زىيارەت داۋامىدا شىنجاڭدا قىسقا ۋاقىت توختىغان مەزگىلدە يەنە ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت بىلەن مۇھاجىرلار خىزمىتى توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇردى.

شى رۇي

## گوۋۇيۇەن مۇھاجىرلار ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى گو دۇڭپو شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

مەركىزىي كومىتېت ئەزاسى، گوۋۇيۇەن مۇھاجىرلار ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى گو دۇڭپو قاتارلىق 5 كىشى 2000 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 — 8 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى.

كۆزدىن كۆچۈرۈش مەزگىلىدە، ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، ئەسقەت كەرىمبايلار گو دۇڭپو قاتارلىقلار بىلەن ئايرىم - ئايرىم كۆرۈشۈپ، غەربىي كەڭ ئېچىش، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى قوللاش، شىنجاڭنىڭ مۇھاجىرلار خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇردى. گو دۇڭپو يەنە قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇ، ئۈرۈمچى، شىخەنزە قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنى ۋە بىڭتۇەننى كۆزدىن كەچۈردى، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئائىلىلىرىنى زىيارەت قىلدى، مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى قۇرغان كارخانىلارنى، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە جۇڭگولۇقلار پۇل ئىئانە قىلىپ قۇرغان مەكتەپلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

شى رۇي

## گوۋۇيۇەن مۇھاجىرلار ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى خەيفېڭ شىنجاڭنى تەكشۈردى

گوۋۇيۇەن مۇھاجىرلار ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى خەيفېڭ قاتارلىق 5 كىشى شىنجاڭغا كېلىپ 2000 - يىل 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ھەم گوۋۇيۇەن مۇھاجىرلار ئىشخانىسى ۋە بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭدۇڭ، فۇجيەن، شەندۇڭ، جېجياڭ، يۈننەن قاتارلىق 7 ئۆلكە، شەھەرنىڭ مۇھاجىرلار ئىشخانىسى تەشكىللىگەن جۇڭگو مۇھاجىرلىرى، جۇڭگولوقلار تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەرنى ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى قۇرغان كارخانا ۋەكىللىرىنى باشلاپ 2000، ئۈرۈمچى تاشقى ئىقتىساد - سودا يەرمەنكىسىگە قاتناشتى. تەكشۈرۈش مەزگىلىدە ۋاڭ لېچۈەن، جاڭ چىڭلىلار لى خەيفېڭ قاتارلىقلار بىلەن ئايرىم - ئايرىم كۆرۈشتى. لى خەيفېڭ قاتارلىقلار ئىلى، بورتالا، ئۈرۈمچى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە ۋە بىڭتۇەنگە بېرىپ مۇھاجىرلار خىزمىتىنى تەكشۈردى.

شى رۇي

## ياۋروپادىكى 10 دۆلەتنىڭ جۇڭگو مۇھاجىرلىرى، جۇڭگولۇقلار رەھبەرلىرى ئۆمىكى شىنجاڭنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە تەكشۈردى

گوۋۇيۇەن مۇھاجىرلار ئىشخانىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، بېيجىڭدىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى مەسلىھەت سۆھبىتى يىغىنىغا كەلگەن ئىتالىيە، ئىسپانىيە، فرانسىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، گوللاندىيە، ئاۋستىرىيە، بېلگىيە،

پورتۇگالىيە، دانىيە قاتارلىق 10 دۆلەتنىڭ جۇڭگو مۇھاجىرلىرى، جۇڭگولۇقلار رەھبەرلىرىدىن 21 كىشى 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 11 — 18 - كۈنىگىچە شىنجاڭدا ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى.

مۇھاجىرلار رەھبەرلىرى ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە كەلگەن كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت شىنجاڭ خەلق سارىيىدا مېھمانلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى ۋە ئۇلارغا زىياپەت بەردى.

ياۋروپادىكى 10 دۆلەتنىڭ مۇھاجىرلار رەھبەرلىرى ئۆمىكى تۇرپان، بايىنغولىن، ئىلى، بورتالا، ئۈرۈمچى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ ۋە تەكشۈرۈپ، مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى ئىگىلىدى.

شى رۇي

## شىنجاڭلىق نۇقتىلىق جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە جۇڭگولۇقلار شىنجاڭنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش ۋە تەكشۈرۈشكە تەكلىپ قىلىندى

شىنجاڭ چەت ئەللەر بىلەن ئالاقىلىشىش جەمئىيىتى تەكلىپ قىلغان، تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، ئامېرىكا، قىرغىزىستان، موڭغۇلىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن 10 جۇڭگو مۇھاجىرى 2000 - يىل 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنىگىچە شىنجاڭنى ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەت قىلدى ھەم 9 - نۆۋەتلىك ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە قاتناشتى. ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت مېھمانلار بىلەن كۆرۈشتى.

ئەلى

## ش ئۇ ئا ر مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى ئۆمەك تەشكىللەپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 2 دۆلەتنى زىيارەت قىلدى

ش ئۇ ئا ر مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەسئۇت ۋەلى قاتارلىق 6 كىشى قازاقىستان ۋە قىرغىزىستانغا چىقىپ 2000 - يىل 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنىگىچە بۇ 2 دۆلەتتىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

دەسلەپكى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، قازاقىستان بىلەن قىرغىزىستاندا تەخمىنەن 500 مىڭچە جۇڭگو مۇھاجىرى ۋە جۇڭگولۇق بولۇپ، ئۇلار ئىچىدە خەنزۇ، قازاق، ئۇيغۇر، رۇسلار بار ئىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ ئىكەن، ئۇنىڭدىن قالسا خۇيزۇ، قازاقلار كۆپ ئىكەن. قازاقىستانغا ساياھەتكە چىقىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە جۇڭگولۇقلار ئاساسلىقى ئالمۇتا ئوبلاستى، ئالمۇتا شەھىرى ۋە ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى ناھىيىلەردە ئولتۇراقلاشقان. قىرغىزىستانغا ساياھەتكە چىقىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ئاساسلىقى بىشكەك شەھىرى، ئوش ئوبلاستى، جالالئاباد ۋە ئۇنىڭغا قوشنا جايلاردا ئولتۇراقلاشقان. ساياھەتكە چىقىپ بۇ 2 دۆلەتتە ئولتۇراقلىشىپ قالغان جۇڭگو مۇھاجىرلىرى، جۇڭگولۇقلارنىڭ تولىسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن، بىر قىسمى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنى باشقۇرىدىكەن ياكى تىجارەت قىلىدىكەن، يەنە ئاز بىر قىسىم كىشىلەر دۆلەت ئورگانلىرى ۋە پەن تەتقىقات، مائارىپ ئورۇنلىرىدا ئىشلەيدىكەن. جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە جۇڭگولۇقلارنىڭ ئومۇمىي تۇرمۇش سەۋىيىسى ئادەتتىكىچە ئىكەن.

سىقات

# تەيۋەنگە ئالاقىدار ئىشلار

## تەيۋەنگە ئالاقىدار ئىشلار

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوندىن 47 كىشى تەكلىپكە بىنائەن تەيۋەنگە بېرىپ، 15 تۈر بويىچە ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى ئېلىپ باردى.

1 - ئايدا غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسىنىڭ باش ئىنژېنېرى جېي شياۋگۇاڭ، مۇئاۋىن باش ئىنژېنېرى يى ليۇشېڭ، شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق ئىدارىسى گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ ئىنژېنېرى ۋۇ جىنزۇدىن ئىبارەت 3 كىشى تەيۋەن مەركىزىي تەتقىقات يۇرتى يەر شارى تەتقىقات ئورنىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، دۆلەت - بايلىق زېمىن مىنىستىرلىكى تەشكىللىگەن ئۆمەك بىلەن تەيۋەنگە بېرىپ، شىنجاڭنىڭ گېئولوگىيىلىك كەسمە يۈزى بويىچە ئىككى قىرغاقتىكىلەرنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.

3 - ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى جياڭ يۇڭ تەيۋەن دوڭۋۇ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن تەيۋەندە ئېچىلغان ئىككى قىرغاقتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە سىياسەت ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.

7 - ئايدا شىنجاڭ قاتتىقلاشتۇرۇلغان ئەينەك ياسالمىلىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى جۇ يوڭچىڭ تەيۋەن قاتتىقلاشتۇرۇلغان سولياۋ كوللوئىد جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، دۆلەت بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى ئىدارىسى تەشكىللىگەن ئۆمەك بىلەن تەيۋەنگە بېرىپ ئالماشتۇرۇش ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

7 - ئايدا شىنجاڭ رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە نازارىتىدىكى ياۋ ئەيمىن تەيۋەن چاڭلې مەدەنىيەت چەكلىك

شىركىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، دۆلەت رادىئو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە باش ئىدارىسى تەشكىللىگەن ئۆمەك بىلەن تەيۋەنگە بېرىپ ئالماشتۇرۇش ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

8 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، تارىخ ئىلمى پروفېسسورى، دوكتور ۋۇ فۇخۇەن، پروفېسسور گو جىڭلى، شىنجاڭ پارتىيە مەكتىپىنىڭ پروفېسسورى لادىشىڭ قاتارلىق 3 كىشى تەيۋەن دوڭۋۇ ئۇنىۋېرسىتېتى مىللەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، دۆلەت مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى تەشكىللىگەن ئۆمەك بىلەن تەيۋەنگە بېرىپ، ئىككى قىرغاقتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە ئىككى قىرغاقتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى مەسىلىسى بويىچە مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى ھەم تەيۋەن ئۆلكىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەت قىلدى.

9 ـ ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاممىۋى قاتناش شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى چاڭ پىڭ تەيۋەن تەيبېي شەھەرلىك قاتناش ئاماندىلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن جۇڭگو پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى تەشكىللىگەن ئۆمەك بىلەن تەيۋەنگە بېرىپ 8 ـ نۆۋەتلىك ئىككى قىرغاق مەركىزىي شەھەرلىرى قاتنىشى بويىچە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.

9 ـ ئايدا شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ليۇ بىڭ تەيۋەن جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەت جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تەشكىللىگەن ئۆمەك بىلەن تەيۋەنگە بېرىپ، ئىككى قىرغاقتىكىلەرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئالماشتۇرۇش سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

9 ـ ئايدا شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى مۇزېي ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى لى چياڭ تەيۋەن جۇكەي تىياتىرخانا فوندىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو مەدەنىيەت بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى تەشكىللىگەن ئۆمەك بىلەن تەيۋەنگە بېرىپ ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى.

10 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جاۋ گۇاڭخۇي، ئوقۇغۇچى شەمسىيە قاتارلىق 7 كىشى تەيبېي شەھەرلىك يېڭى ھايات ئېراسى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى فوندىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، مائارىپ مىنىستىرلىكى تەشكىللىگەن ئۆمەك بىلەن تەيۋەنگە بېرىپ ئىككى قىرغاق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەسىر ھالقىغان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مانىۋېر لاگېرى پائالىيىتىگە قاتناشتى.

11 ـ ئايدا شىنجاڭنىڭ مېيىپ تەنھەرىكەتچىسى خەن شۈچاۋ جۇڭگو مېيىپ تەنھەرىكەتچىلەر ۋەكىللىرى ئۆمىكى بىلەن تەيۋەنگە بېرىپ ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونى 6 ـ نۆۋەتلىك گاس ـ گاچىلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتى.

مۇشۇ يىلى تەيۋەن رايونىدىكى ئالاقىدار زاتلاردىن 582 كىشى شىنجاڭغا كېلىپ مەدەنىيەت، ئىلىم، ئىقتىساد قاتارلىق ساھەلەردە 17 تۈر بويىچە ئالماشتۇرۇش ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

1 ـ ئايدا تەيۋەن سودىگىرى چېن جەنجۇەن قاتارلىق 6 كىشى شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

5 ـ ئايدا تەيۋەن گوتۇڭ خەلقئارا پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى لياڭ جايۇەن قاتارلىق 6 كىشى شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ۋە كېڭەشىش ئېلىپ باردى.

6 ـ ئايدا تەيۋەن 51 كىشىلىك يىپەك يولى ياشلار زىيارەت ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيە، زىيارەت ۋە ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىدە بولدى.

6 ـ ئايدا تەيبېي مەركىزىي تەتقىقات يۇرتى يەر شارى تەتقىقات ئورنىدىكى 6 كىشى زېمىن ـ بايلىق مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقى بىلەن، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 305 ـ تۈر ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭ بافراش كۆلى رايونىنىڭ 4 ـ ئىرادىكى مۇھىت ئۆزگىرىشى ۋە قۇرغاقلىشىش كۆتۈرۈلۈش ئەھۋالى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى.

7 ـ ئايدا 17 ـ نۆۋەتلىك تەيۋەنلىك ياشلار يازلىق لاگېرى (چەت ئەل ئەترىتى) دىكى 33 كىشى شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش، ئېكسكۇرسىيە، زىيارەت پائالىيەتلىرىدە بولدى.

7 ـ ئايدا تەيۋەن دۇڭۋۇ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇنچىلىق ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى چېڭ جازۇي قاتارلىقلار شىنجاڭغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى.

7 ـ ئايدا جياڭسۇ ئۆلكىسى كۇنشەن شەھىرى تەيۋەنلىك سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىدىكى 20 نەپەر تەيۋەنلىك سودىگەر شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولدى.

8 ـ ئايدا تەيۋەن ئىككى قىرغاقتىكىلەرنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتىدىن 19 كىشى شىنجاڭدا ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى.

8 ـ ئايدا تەيۋەن جۇڭخۇا بويۇەن مەدەنىيەت ـ ئىقتىساد جەمئىيىتىدىن 24 خەتتات، رەسسام شىنجاڭغا كېلىپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىدە بولدى ھەم شىنجاڭلىق خەتتات، رەسساملار بىلەن بىرلىكتە ئىككى قىرغاقتىكىلەرنىڭ بىرلەشمە ھۆسنخەت، رەسىم كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇردى.

8 ـ ئايدا گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى دۇڭگۇەن شەھەرلىك تەيۋەنلىك سودىگەرلەر جەمئىيىتىدىن 280 نەپەر تەيۋەنلىك سودىگەر شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

8 ـ ئايدا تەيۋەنلىك 13 ئالىم، مۇتەخەسسىس بېيجىڭدا ئىككى قىرغاق دۆلەت باغچىلىرى ۋە مۇھاپىزەت رايونلىرى 3 ـ نۆۋەتلىك مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپ بولغاندىن كېيىن، شىنجاڭغا كېلىپ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە ۋە جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن ئالماشتۇرۇش ئېلىپ باردى.

8 ـ ئايدا تەيۋەن «بىرلەشمە گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى جاڭ شىڭدەي قاتارلىق 5 كىشى شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ۋە زىيارەتتە بولدى.

9 ـ ئايدا تەيۋەن گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى لىن ياڭگاڭ، دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش پارتىيىسىنىڭ سابىق رەئىسى شۈ شىنلياڭ قاتارلىق 60 نەچچە كىشى شىنجاڭغا كېلىپ ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى ۋە «2000، ئىككى قىرغاقتىكىلەرنىڭ مەبلەغ سېلىش كېڭەشىشىگە قاتناشتى.

9 ـ ئايدا تەيۋەن مەمۇرىي پالاتانىڭ سابىق باشلىقى خاۋ بوسۈن ئەر ـ ئايال قاتارلىق 15 كىشى شىنجاڭدا ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى.

9 ـ ئايدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى بوشلۇق مەركىزى باشقۇرغان، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى ئۈستىگە ئالغان 5 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو ـ چەت ئەل بوشلۇق ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، تەيۋەندىن 30 ئالىم بۇ يىغىنغا قاتناشتى ۋە ئالماشتۇرۇش ئېلىپ باردى.

9 ـ ئايدا تەيۋەن جۇڭخۇا ئىزدەش ـ قۇتقۇزۇش جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقى يې شىەن قاتارلىق 6 كىشى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئىككى قىرغاقتىكىلەرنىڭ ئايروپىلان ۋەقەسىگە ئۇچرىغانلارنى ئىزدەش، قۇتقۇزۇش مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.

10 ـ ئايدا تەيۋەن سىمسىز سۇئىنى ھەمراھ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ پروگرامما ئىشلىگۈچىسى چېن جوڭجى قاتارلىق 6 كىشى شىنجاڭدا چىڭگىزخاننىڭ يىراقتا يۈرۈش قىلىش قوشۇنىنىڭ باسقان ئىزىنى ئىزدەپ سۈرەتكە ئالدى ۋە شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى سۈرەتكە ئالدى.

2000 ـ يىلى 32 مىڭ 559 تەيۋەنلىك قېرىنداش (قېتىم) شىنجاڭغا كېلىپ 55مىڭ 727 كۈن (ئادەم) تۇغقان يوقلاش، دوست ـ بۇرادەرلىرىنى زىيارەت قىلىش، ساياھەت قىلىش، تۈرلۈك ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىدە بولدى. 2 تەيۋەنلىك قېرىنداش شىنجاڭغا كېلىپ ئولتۇراقلاشتى. شىنجاڭدىن 177 ئادەم شەخسىي ئىش بىلەن تەيۋەنگە باردى، 2 ئادەم تەيۋەندە ئولتۇراقلىشىپ قالدى.

ۋۇ جۈەنفۇ

## 2000، ئىككى قىرغاقتىكىلەرنىڭ غەربىي رايوننى ئېچىشقا مەبلەغ سېلىش بويىچە كېڭىشىش يىغىنى ئېچىلدى

بۇ يىغىن 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. گوۋۇيۈەن تەيۋەن ئىشلىرى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ زەيشى ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلدى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ سۆز قىلدى. تەيۋەن گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى لىن ياڭگاڭ، دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش پارتىيىسىنىڭ سابىق رەئىسى شۈ شىنلياڭ يېتەكچىلىكىدىكى تەيۋەن چوڭ كارخانىلار گۇرۇھىنىڭ يۇقىرى قاتلام باشقۇرغۇچى خادىملىرى ۋە 60 نەچچە كارخانىچى يىغىنغا قاتناشتى. شىنجاڭدىكى ئالاقىدار نازارەت ـ ئىدارە، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ، بىڭتۇەننىڭ رەھبەرلىرى ۋە ھەر قايسى چوڭ كارخانا، ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرىدىن بولۇپ 300 دىن ئارتۇق ئادەم يىغىنغا قاتناشتى. يىغىن مەزگىلىدە، تەيۋەن لياڭجى گۇرۇھى شىركىتى شىنجاڭ تەيۋەن مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى بىلەن 2 مىليون دوللار قىممىتىدىكى سوۋغىتىش ئۆسكۈنىلەرگە مەبلەغ سېلىش مۇددىئانامىسىنى ئىمزالىدى.

ۋۇ جۈەنفۇ

# جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە

## جامائەت خەۋپسىزلىكى

### «ئۈچ تەربىيە» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى

2000 - يىلى 8 - ئايدىن يىل ئاخىرىغا قەدەر، شىنجاڭ ج خ ئورگانلىرى بىرىنچى تۈركۈمدە ئاپتونوم رايون بويىچە 69 ناھىيە دەرىجىلىك ج خ ئورگىنىدا «ئۈچ تەربىيە» پائالىيىتى (جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسىي مەقسەت تەربىيىسى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەن تەربىيىسى، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق، ئادىل، مەدەنىي بولۇش تەربىيىسى) نى قانات يايدۇردى. ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: 1. ئاز سانلىق خەلق ساقچىلىرىنىڭ چاكار بولۇش ئېڭىنىڭ تۆۋەنلىكى، ئىمتىيازلىق بولۇۋېلىش ئىدىيىسىنىڭ ئېغىرلىقى، ئوبرازىنىڭ ياخشى بولماسلىقى بولۇپمۇ ئامىغا بولغان مۇئامىلىدە «قوپاللىق، يۇلىزلىق، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش» ۋە ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈشتەك مەسىلىلەرنى ھەقىقىي تۈردە ھەل قىلىش. 2. نۆۋەتتە ج خ خىزمىتىدە ۋە قوشۇن قۇرۇلۇشىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان شەكىلۋازلىق، ئىستىل ساپ بولماسلىق، يۇقىرى ۋە تۆۋەننى ئالداش، يالغانچىلىق، ساختىپەزلىك قىلىش، بولۇپمۇ ياخشى تەرەپلەرنى مەلۇم قىلىپ، يامان تەرەپلەرنى مەلۇم قىلماسلىق، دېلو تۇرغۇزغاندا راستچىل بولماسلىق ۋە ساقچى ئىشلىرىدا بۇيرۇقنىڭ ئۆتۈشى راۋان بولماسلىقتەك مەسىلىلەرنى ھەقىقىي تۈردە تۈزىتىش. 3. قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولماسلىق، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا ئادىل بولماسلىق، خىزمەت ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلىنىش، قانۇننى ئىجرا قىلىۋېتىپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش بولۇپمۇ سوراقتا قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇش، قورال - ياراغ ۋە ساقچىلىق سايمانلىرىنى قالايمىقان ئىشلىتىش، مۇددەتتىن ئاشۇرۇپ قاماش ۋە ئۆز بىلگىنىچە جەرىمانە ئېلىش - جەرىمانە قويۇش مەسىلىلىرىنى ھەقىقىي يوسۇندا ھەل قىلىش.

تەربىيىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايوندا، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ باشچىلىقىدا «ئۈچ تەربىيە» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردىمۇ پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ باشچىلىقىدا «ئۈچ تەربىيە» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ج خ نازارىتى 6 قارار (ھەر قارارنىڭ مۇددىتى يېرىم ئاي) كۇرس ئېچىپ «ئۈچ تەربىيە» بويىچە 643 نەپەر ناھىيە - شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىدىن يۇقىرى رەھبىرىي تايانچىنى تەربىيىلىدى. ج خ نازارىتى ۋە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ج خ ئورگانلىرى ساقچى تۈرلىرىدە، كەسپىي تارماقلاردا 355 ئادەم قاتناشقان 93 ئالاقىلىشىش - يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇردى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ئالاقىلىشىدىغان، يېتەكچىلىك قىلىدىغان 78 نۇقتىسىنى بېكىتتى. خەلق ساقچىلىرىنىڭ ئۆي - ئۆيلەرگە بېرىپ 115 مىڭ 256 ئادەم (قېتىم) نى زىيارەت قىلىشنى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى، سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىرى، ساقچى ئىستىل - ئىنتىزامىنى نازارەت قىلغۇچىلار ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەر ساھە كىشىلىرى بىلەن بىرلىكتە 6387 ئادەم (قېتىم) نى زىيارەت قىلىپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى تەشكىللىدى، 143 مىڭ 985 نۇسخا پىكىر ئېلىش جەدۋىلى تارقاتتى، بۇنىڭدىن 9553 ى يىغىلدى. مەتبۇئاتتا «ئۈچ تەربىيە» ئەھۋالى توغرىسىدا 925 ماقالە ئېلان قىلىندى، تەنقىد ۋە ياخشىلاش پىكرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان خەۋەر 67 قېتىمغا يەتتى. تەربىيە ئارقىلىق، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ج خ ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت ئىستىلىدا ۋە كەڭ كادىر - ساقچىلارنىڭ روھىي قىياپىتىدە خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىشلەر بولدى.

خۇ بو

### قاتناش ھادىسىلىرى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 10 مىڭ 48 قېتىم قاتناش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 2495 ئادەم ئۆلدى، 7976 ئادەم يارىلاندى، 44 مىليون 426 مىڭ يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى. بۇنى 1999 - يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھادىسە 8%، ئۆلگەن ئادەم 1.88%، يارىلانغانلار 19.7% ئاشتى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان

(پۇلغا سۇندۇرغاندا) 1.4% تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر، پەۋقۇلئاددە ئېغىر قاتناش ھادىسىسى 140 قېتىم بولدى.

ھادىسە يۈز بەرگەن رايونلاردىن قارىغاندا، يېزىلاردا 6128 قېتىم ھادىسە يۈز بېرىپ، 1833 ئادەم ئۆلدى، 5200 ئادەم يارىلاندى، بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان (پۇلغا سۇندۇرغاندا) 36 مىليون 293 مىڭ يۈەن بولدى. شەھەرلەردە 3920 قېتىم ھادىسە يۈز بېرىپ، 662 ئادەم ئۆلدى، 2776 ئادەم يارىلاندى. بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان (پۇلغا سۇندۇرغاندا) 8 مىليون 133 مىڭ يۈەن بولدى. يېزىلاردا يۈز بەرگەن قاتناش ھادىسىسى شەھەرلەردە يۈز بەرگەن قاتناش ھادىسىسىدىن 56.3% يۇقىرى بولدى، بۇنداق بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب، يېزا ئاھالىسىنىڭ قاتناش قائىدىسىگە رىئايە قىلىش ئېڭىنىڭ نىسپىي ھالدا تۆۋەن بولۇشىدىن؛ شەھەرلەردىكىگە قارىغاندا، يېزىلاردا يورۇشلەشتۈرۈلگەن قاتناش بەلگىلىرى نىسپىي ھالدا ئازراق بولۇپ، كىشىلەرنىڭ يۈكسەك دىققىتىنى قوزغىيالمىغانلىقىدىن، يوللار ناچار، شوپۇرلار يېزا يول بۆلەكلىرىدە ماڭغاندا ئادەم شالاڭ دەپ بىخەستەلىك قىلىپ ئاسان ھادىسە تۇغدۇرۇپ قويغانلىقتىن بولدى.

خۆ بو

## «ئامان يول» بەرپا قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ ھەر دەرىجىلىك ج خ قاتناش باشقۇرۇش تارماقلىرى «ئامان يول» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، «راۋانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويدى. ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 34 تاشيول چارلاش خەلق ساقچىسى ئوتتۇرا ئەترىتى، «110»، «112» تىرېۋوگا سىستېمىسىنى ئاساس قىلغان ئۇچۇر - ئالاقىلىشىش تورى قۇرۇلۇپ، كۆپ ساقچى تۈرلىرى بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىدىغان تۈزۈلمە دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. شۇنىڭ بىلەن تىرېۋوگا قوبۇل قىلىش، ساقچىلىققا چىقىش ھەم ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش تېز قەدەمدە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى، بەرپا قىلىنغان يول بۆلەكلىرىدە 22 ئامانلىق نۇقتىسى ۋە 95 تىرېۋوگا نۇقتىسى تەسىس قىلىنىپ، تاشيول بويلىرىدا يۈز بەرگەن ئامانلىق ساقلاش ۋە قاتناشقا دائىر مەسىلىلەر ئۈنۈملۈك بىر تەرەپ قىلىنىپ، «قاتناش بىخەتەر، راۋان، ئامانلىق تەرتىپى ياخشى، قانۇننى ئىجرا قىلىش ئادىل - مەدەنىي، ساقچى كاپالىتى كۈچلۈك، خەلق ئاممىسى رازى» بولۇشتىن ئىبارەت نىشان ئاساسەن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

قورغاس ناھىيىلىك قاتناش ساقچى چوڭ ئەترىتى ئىلكە تاشيول چارلاش ئوتتۇرا ئەترىتى ج خ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن بېرىلگەن «ئامان يول بەرپا قىلىش بويىچە ئۈلگىلىك كوللېكتىپ» دېگەن نامغا ئېرىشىپ، 1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ رىغبەتكە ئېلىندى؛ كورلا شەھەرلىك تاشيول چارلاش ئەترىتى بىلەن ساۋەن ناھىيىلىك يەنىسخەي تاشيول چارلاش ئوتتۇرا ئەترىتى «ئامان يول بەرپا قىلىش بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ بورتالا شەھەرلىك قاتناش ساقچى چوڭ ئەترىتىنىڭ جياۋداۋيۈەنى يەن لۇجۇن بىلەن پىچان ناھىيىلىك چىقتىم تاشيول چارلاش ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى مەھمۇد قۇربان «ئامان يول بەرپا قىلىش بويىچە ئىلغار شەخس» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

خۆ بو

## ئادەم سودىسىغا زەربە بېرىش، ئالداپ سېتىۋېتىلگەن خوتۇن - قىزلار ۋە بالىلارنى قۇتقۇزۇش بويىچە مەخسۇس كۈرەش قانات يايدۇرۇلدى

2000 - يىل 2 - ئايدىن 7 - ئايغىچە شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرى ئادەم سودىسىغا زەربە بېرىش، ئالداپ سېتىۋېتىلگەن خوتۇن - قىزلار ۋە بالىلارنى قۇتقۇزۇش بويىچە مەخسۇس كۈرەشنى قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايون بويىچە خوتۇن - قىزلار ۋە بالىلارنى ئالداپ سېتىۋېتىش (ئالداپ ئېلىپ كېتىش) دېلوسىدىن 114ى پاش قىلىندى. خوتۇن - قىزلارنى ۋە بالىلارنى ئالداپ سېتىۋەتكەن (ئالداپ ئېلىپ كەتكەن) جىنايەتچىلەر گۇرۇھىدىن 36 سى تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرۈلدى، بۇ گۇرۇھنىڭ ئەزاسى 110 كىشى؛ قاچقانلاردىن ۋە جىنايەت گۇماندارلىرىدىن 242 سى تۇتۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە جىنايى ئىشلار بويىچە تۇتۇپ تۇرۇلغىنى 152، قولغا ئېلىنغىنى 7، باشقا ئۆلكە، شەھەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگىنى 12، باشقا يوللار بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغىنى 61؛ ئالداپ ئېلىپ كېتىلگەندىن كېيىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىنغان بالا 408، قۇتقۇزۇۋېلىنغان ئايال 105، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەللىك ئايال بىر. ئالداپ ئېلىپ كېتىلگەن بالىلارنىڭ248 پارچە قان نۇسخىسى يىغىلدى، ئالداپ ئېلىپ كېتىلگەن خوتۇن - قىزلار، بالىلار ھەم ئادەم يېدىكلىرىگە دائىر 1406 تۈرلۈك ئۇچۇر كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈلدى، شۇنداق ئۇچۇردىن 416 سى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

خۆ بو

## ساختا مال ئىشلەش، ساختا مال سېتىش بويىچە قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىلدى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ج خ

ئورگانلىرى سودا ـ سانائەت، سۇپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى قاتارلىق تارماقلارغا ماسلىشىپ ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىش «بىرىنچىلەشتۈرۈلگەن» ساختا مال ئىشلەش، ساختا مال سېتىش گۇرۇھى دېلولىرىنى ۋە چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلاردا پاش قىلىنغان، ئەرز قىلىنغان ساختا مال ئىشلەش، ساختا مال سېتىش دېلولىرىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ئىشىنى قانات يايدۇردى ۋە ئالاقىدار تارماقلار يوللاپ بەرگەن ساختا مال ئىشلەش، ساختا مال سېتىش دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە جايلاردىكى ج خ ئورگانلىرى ساختا مال ئىشلەش، ساختا مال سېتىش بويىچە 471 دېلو تۇرغۇزۇپ، 93نى ئاخىرلاشتۇردى، ئۇنىڭ قىممىتى خەلق پۇلى ھېسابىدا 26 مىليون 145 مىڭ يۈەن، بۇ ئىشتا 5457 ساقچى، 297 ماشىنا (قېتىم) ئىشقا سېلىندى، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەشكە توسقۇنلۇق قىلىش ـ قارشىلىق كۆرسىتىشكە پاتىدىغان 5 دېلو تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، ساختا مال ئىشلىگۈچى، ساتقۇچى خادىمدىن 108ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. ج خ نازارىتى ش ئۇ ئا ر ساختا مال ئىشلەش ـ سېتىشقا قارشى تۇرۇش ئىشخانىسىغا ماسلىشىپ، 3 ساختا مال ئىشلەش ـ سېتىش دېلوسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، ساختا باتارېيەدىن 390 بولاق (936 مىڭ دانە) نى قولغا چۈشۈردى، ئۇنىڭ قىممىتى خەلق پۇلى ھېسابىدا 2 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ؛ ئەتكەس تاماكىدىن 70 نەچچە بولاقنى قولغا چۈشۈردى، ئۇنىڭ قىممىتى خەلق پۇلى ھېسابىدا 18 مىڭ يۈەن؛ غورۇم كېيىمدىن 209 نى، ساختا تاۋار ماركىسىدىن 154نى قولغا چۈشۈردى، ئۇنىڭ قىممىتى خەلق پۇلى ھېسابىدا 76 مىڭ يۈەن.

خۇ بو

## ساختا پۇل ياساش، سېتىشقا زەربە بېرىش بويىچە مەخسۇس كۈرەش قانات يايدۇرۇلدى

شىنجاڭدىكى ج خ ئورگانلىرى 2000 ـ يىل 4 ـ ئايدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە ساختا پۇل ياساش ـ سېتىشقا زەربە بېرىش بويىچە بىرلەشمە ھەرىكەت قوللىنىش مەخسۇس كۈرىشىنى قانات يايدۇردى. يېرىم يىل داۋام قىلغان بۇ كۈرەشتە ساختا پۇل دېلوسىدىن 158ى پاش قىلىنىپ، ساختا خەلق پۇلىدىن 2 مىليون 72 مىڭ 200 يۈەن قولغا چۈشۈرۈلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن تارقىتىلغان 5 ـ يۈرۈش پۇلغا ئوخشىتىپ ئىشلەنگەن ساختا خەلق پۇلىدىن 246 مىڭ 600 يۈەن بار؛ ساختا دوللاردىن 131 مىڭ 400 يۈەن، ساختا پىرو پۇلىدىن 6000 يۈەن، ساختا ئېكۋادور پۇلىدىن 200 يۈەن قولغا چۈشۈرۈلدى، 263 جىنايەت گۇماندارى تۇتۇلدى، بۇنىڭ 66 سى جىنايى ئىشلار جىنايىتى بويىچە تۇتۇپ تۇرۇلدى، 146 سى قولغا ئېلىندى، 13 ى سوراقنى كۈتۈپ تۇرۇشقا كېپىللىككە بېرىلدى، 38 ى باشقا يوللار بىلەن بىر تەرەپ قىلىندى، گۇرۇھتىن 29ى تارمار قىلىندى.

خۇ بو

## نوپۇسنى تەرتىپكە سېلىش ئەھۋالى

2000 ـ يىل 5 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرى نوپۇسنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. ج خ نازارىتى «5 ـ نۆۋەتلىك ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتىن ئاۋۋال نوپۇسنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»، «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 5 ـ نۆۋەتلىك ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتىن ئىلگىرى نوپۇسنى تەرتىپكە سېلىشنى يولغا قويۇش لايىھىسى»نى تۈزۈپ تارقاتتى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە نوپۇسنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇردى. نوپۇسنى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق ئېنىق بولدىكى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمەلىي بار ئومۇمىي ئائىلە 4 مىليون 607 مىڭ 823، ئومۇمىي نوپۇس 18 مىليون 63 مىڭ 77. بۇنىڭ ئىچىدە دائىملىق نوپۇس 17 مىليون 146 مىڭ 423، نوپۇسنىڭ بېكىتىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغىنى 261 مىڭ 725. ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ تۇرغىنى 654مىڭ 929. ئاپتونوم رايون بويىچە ۋاقىتلىق نوپۇستىكىلەر 1 مىليون 80 مىڭ 334، 357 مىڭ 876 تۈردە نوپۇس تىزىملاشتا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى، 143 مىڭ 886 تۈردە نوپۇس تىزىملاش خاتالىقى تۈزىتىلدى.

نوپۇسنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايون بويىچە پاش قىلىپ تۇتۇشقا 434 يىپ ئۇچى ئىگىلەندى، جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 297 سى پاش قىلىندى، ئامانلىقنى ساقلاشتا دائىر 939 دېلو تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، ئالداپ سېتىۋېتىلگەن 128 ئايال ۋە بالا قۇتقۇزۇۋېلىندى، قاچقۇن جىنايەتچىدىن 618ى تۇتۇلدى.

خۇ بو

## «100 دېلوغا قاتتىق زەربە بېرىش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى

شىنجاڭ ئورمانچىلىق ج خ ئىدارىسى 2000 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە ياۋايى ھايۋانلار ئۆستىدە قانۇننى ئىجرا قىلىش يىلى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ماسلاشتۇرۇپ، دۆلەت تەرىپىدىن نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋانلارنى قانۇنسىز سېتىش، سېتىۋېلىشتىن ئىبارەت قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشقا قاتتىق زەربە بېرىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون بويىچە 100 دېلوغا قاتتىق زەربە بېرىش پائالىيىتىنى قانات

بايدۇردى. 700 ئادەم (قېتىم) دىن كۆپرەك ساقچى، 100 دىن ئوشۇق ئاپتوموبىل (قېتىم) چىقاردى، 1500 دىن ئوشۇق تەشۋىقات ۋەرەقىسى بېسىپ تارقاتتى، ھەرخىل ئورمان دېلوسىدىن 220نى بىر تەرەپ قىلدى، 164 دانە بۇغا مۈڭگۈزى، 66 دانە بۇغا قامچىسى، 5000 گرام تايغان بۇغا گۆشى، 2 دانە تاغتېشەر، 140 نەچچە كىلوگرام بۆكەن مۈڭگۈزى، 734 پارچە تاغ ئۆچكىسى، جەرەن، سۇ چاشقىنى، بورسۇق قاتارلىق ياۋايى ھايۋان تېرىسى، 13 خالتا ئېيىق - يىلپىز گۆشى، 23 خالتا تۆگەقۇش گۆشى، 366 تۈپاق ياۋايى ھايۋان، 3000 دىن كۆپرەك 67 خىل ياۋايى ھايۋان ئەۋرىشكىسى، 2000 دىن كۆپرەك ھەرخىل قۇش ئەۋرىشكىسى، 2 دانە ماناپولكا، 2 دانە ئوۋ مىلتىقىنى قولغا چۈشۈردى، 17 جىنايەتچىلەر گۇرۇھىنى بىتچىت قىلىپ، 380 دىن كۆپرەك ھەرخىل جىنايەتچىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى (بۇنىڭ ئىچىدە قولغا ئېلىنغىنى 8، جىنايى ئىشلار جىنايىتى بويىچە تۇتۇپ تۇرۇلغىنى 9)، 3 مىليون يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئالدىنى ئالدى.

خۇ بو

## قارا گۇرۇھقا زەربە بېرىش مەخسۇس كۈرىشى قانات يايدۇرۇلدى

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدا قارا گۇرۇھقا زەربە بېرىش مەخسۇس كۈرىشى قانات يايدۇرۇلدى. جايلار جەمئىي 14 قاراگۇرۇھ تۈسىنى ئالغان جىنايەتچىلەر گۇرۇھىنى بىتچىت قىلىپ، 154 جىنايەت گۇماندارىنى تۇتۇپ، 100 دىن ئوشۇق دېلونى پاش قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بىر تۈركۈم مۇھىم قاراگۇرۇھ تۈسىنى ئالغان جىنايەتچىلەر گۇرۇھىنى ئىگىلەپ، ئۇنىڭ 54 ئەزاسىنى تۇتتى، نەنجياڭ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىغا ياردەملىشىپ، قارا جەمئىيەت تۈسىنى ئالغان تەشكىلاتنىڭ ئاساسلىق ئادىمىدىن 3نى تۇتتى. كۈيتۇڭ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى قارا جەمئىيەت تۈسىنى ئالغان 2 گۇرۇھنى بىتچىت قىلىپ، ئۇنىڭ 55 ئادىمىنى تۇتتى. سانجى ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسى قارا جەمئىيەت تۈسىنى ئالغان 5 گۇرۇھنى بىتچىت قىلىپ، 32 ئەزاسىنى تۇتتى، بۇنىڭ ئىچىدە جىنايى ئىشلار جىنايەتچىسى دەپ 20 كىشىنى تۇتۇپ تۇرۇشقا تاپشۇردى، 12 كىشىنىڭ تۇرالغۇسىنى نازارەت قىلدى ۋە ئامانلىق ساقلاش بويىچە جازا بەردى.

خۇ بو

## زەھەر چەكلەش خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك زەھەر چەكلەش تارماقلىرى زەھەر ئاپىتى ئېغىر بولغان رايونلارنى تۈزەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، زەھەر بۇيۇملىرى بويىچە قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارغا زەربە بېرىپ، «ساپ زەھەر جىنايىتىگە زەربە بېرىش ۋە ئىشلەش ئاسان بولغان زەھەرلىك خىمىيىۋى بۇيۇملارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بويىچە مەخسۇس تۈزەش ھەرىكىتى»نى قانات يايدۇرۇپ، زەھەر جىنايىتىنىڭ ئۇرلەپ كېڭىيىپ كېتىشىنى ئۈنۈملۈك توستى. بىر يىل ئىچىدە زەھەر بۇيۇملىرى بويىچە قانۇنغا خىلاپ جىنايەت دېلوسىدىن 4744نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، زەھەرگە چېتىشلىق 5232 ئادەمنى تۇتتى ۋە بىر تەرەپ قىلدى، زەھەر بۇيۇملىرى جىنايەتچىلەر گۇرۇھىدىن 26نى گۇمران قىلدى، ئۇنىڭ ئەزاسى 1075 كىشى، 21.46 كىلوگرام خىروئىن، 4.87 كىلوگرام ئەپيۇن، 176.25 كىلوگرام نەشىنى ۋە زەھەر پۇلىدىن 2 مىليون 100 مىڭ يۈەننى قولغا چۈشۈردى.

ياڭ سۈچۈن

## ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن «8 - سېنتەبىر» پارتلاش ھادىسىسى

كۆيدۈرۈۋېتىلىدىغان پارتلاتقۇچ بۇيۇم بېسىلغان ئاپتوموبىل كۆيدۈرۈۋېتىلىدىغان ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ غەربىي شەھەر ئەتراپىدىكى غەربىي تاغ يولى بۆلىكىدە كېتىۋاتقاندا، يول سۈپىتىنىڭ ناچارلىقىدىن سىلكىنىپ، ئويلىمىغان يەردىن پارتلاپ كېتىپ 60 كىشى ئۆلۈش، 173 كىشى يارىلىنىش، 20 نەچچە ئاپتوموبىل ۋە بىر قىسىم ئۆيلەر زىيانغا ئۇچراشتەك ھادىسە يۈز بەردى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن بۇ ۋەقەگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. نيۇيوركتا يېڭى ئەسىر دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان باش شۇجى جياڭ زېمىن مۇھىم تەستىقىي يوليورۇق بەردى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەن دەرھال خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى، خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر كېچىلەپ نەق مەيدانغا بېرىپ يارىدارلاردىن ھال سورىدى، ئەھۋال ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقان زۇڭلى جۇ رۇڭجى دەرھال گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ما كەي قاتارلىقلارنى ھادىسە يۈز بەرگەن نەق مەيدانغا قۇتقۇزۇش خادىملىرىدىن ھال سوراشقا، ئېغىر يارىدارلارنى يوقلاشقا، ئەھۋال ئۇقۇشقا ئەۋەتتى. 10 - كۈنى ئەتىگەندە زۇڭلى جۇرۇڭجى قوراللىق ساقچى شىنجاڭ باش ئەترىتى دوختۇرخانىسىغا كېلىپ يارىدارلارنى ھەم دوختۇر، سېستىرالارنى يوقلىدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، دۆلەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خۇ جىنتاۋمۇ بۇ ئىش توغرىلىق مۇھىم يوليورۇق

بېرىپ، ئاخىرەتلىك ئىشلارنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى لى لەنچىڭ سەھىيە مىنىستىرلىكىگە شىنجاڭغا داۋالاش ئەترىتى ئەۋەتىپ قۇتقۇزۇش، داۋالاش، خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشنى بۇيرۇدى. سەھىيە مىنىستىرلىكى كېچىلەپ مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ ئەڭ تېز سۈرئەتتە ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى، ج خ مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى تيەن چېيۇ باشچىلىقىدىكى ج خ مىنىستىرلىكى خىزمەت گۇرۇپپىسىمۇ ئەڭ تېز سۈرئەتتە ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

ھادىسە سادىر بولغاندىن كېيىن ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت دەرھال نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپ، قۇتقۇزۇش - داۋالاش خىزمىتىگە قوماندانلىق قىلدى. 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئەتىگەندە، ش ئۇ ئا ر پارتكوم جىددىي مەجلىس ئېچىپ، قۇتقۇزۇش ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇردى. تەدبىر جايىدا بولغاچقا، يارىدارلارنىڭ ھەممىسى ۋاقتىدا قۇتقۇزۇلدى ۋە داۋالاندى.

خۇ بو

## مەملىكەت بويىچە ج خ سىستېمىسى بويىچە مۇنەۋۋەر دېگەن نامغا ئېرىشكەن ئورۇن ۋە شەخسلەر

2000 - يىلى شىنجاڭدا 4 ج خ ئىدارىسى، 20 ئورۇن ۋە 28 شەخس ج خ مىنىستىرلىكى بەرگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ج خ ئىدارىلىرى: غۇلجا ناھىيىلىك خ ج ئىدارىسى، يەكەن ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى، قۇمۇل شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى، بىڭتۈەن قۇمۇل بۆزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى ج خ ئىدارىسى.

خەلق رازى ج خ ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى مەرھابا يولى ساقچىخانىسى، غۇلجا شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى ئۆچەرۋازا ساقچىخانىسى، غۇلجا ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ئارا ئۆستەڭ ساقچىخانىسى، قۇمۇل شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى شەھەر ئەتراپى ساقچىخانىسى، يەكەن ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى گۈلباغ ساقچىخانىسى، كورلا شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى تىيانشان يولى ساقچىخانىسى، كۇچا ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى يېڭىشەھەر ساقچىخانىسى، ئالتاي شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى ئازادلىق يولى ساقچىخانىسى، مىچۈەن شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى شاللىق يول ساقچىخانىسى، ئاقتۇ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ئۆجمە ساقچىخانىسى، تۇرپان شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى «كونا شەھەر» يولى ساقچىخانىسى، قورغاس ناھىيىلىك ج ج ئىدارىسى چېگرا مۇداپىئە چوڭ ئەترىتى داشكۆر چېگرا مۇداپىئە ساقچىخانىسى، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 1 - شى ئارال بۆزيەر رايونى ج خ ئىدارىسىنىڭ جىنايى ئىشلار ساقچى چوڭ ئەترىتى، يېزا ئىگىلىك 1 - شى جىنىيگچۈەن بۆزيەر رايونى ج خ ئىدارىسىنىڭ قاراقول ساقچىخانىسى، يېزا ئىگىلىك 8 - شى شىخەنزە شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ 1 - قاماقخانىسى، يېزا ئىگىلىك 7- شى چېپېيزە بۆزيەر رايونى ج خ ئىدارىسىنىڭ سۈزشىگەن ساقچىخانىسى، يېزا ئىگىلىك 3 - شى سوغۇ بۆزيەر رايونى ج خ ئىدارىسىنىڭ بوتاتايلاق ساقچىخانىسى، قۇمۇل بۆزيەر رايونى ج خ ئىدارىسى ئېرداۋخۇ ساقچىخانىسى، يېزا ئىگىلىك 8 - شى ج خ باشقارمىسى قاتناش ساقچى تارماق ئەترىتى شەھەر رايونى چوڭ ئەترىتى، گۇچۇڭ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ئورمانچىلىق رايونى ساقچىخانىسى.

مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىلىرى: چېن شىنخې، توختىۋاقى مامۇت، خۇ بياۋ، ئابلىز ساۋۇت، ياڭ جيەنشىڭ، روزى ئاۋۇت، تۇرسۇن ھوشۇر، شالغىن ئابۇتالىپ، فاڭ نىڭ، پەرھات تۇراجان، ئەسقەر ھەيدەر، ئىلھام مۇھەممەد، ۋاڭ شاڭدۇڭ، ۋېي بىن، ئەلىجان كېرىم، ياڭ شۇيدۇڭ، دۇ شۇشۇي، گاۋ ۋاڭجياڭ، پەرھات، كېرەم سالى، ياڭ فېن، يى ۋېنشىن، ساۋ شۇيدۇڭ، خۇاڭ يىڭ (ئاپال)، لى يۇڭ، دۇ خۇڭجياڭ، لۇ شىنخې، جاڭ شۇكۇن.

خۇ بو

# تەپتىشلىك

## ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسى مەسئۇللىرىنىڭ ئىسىملىكى

باش تەپتىش: مەھەممەت يۈسۈپ.

مۇئاۋىن باش تەپتىشلەر: لى گۈيماۋ، تۆلەۋقان يۈتباي (ئاپال، قازاق)، دۇڭ جيېن، ۋاڭ جۈن، ئابدۇراخمان مەھەممەت.

## جىنايى ئىشلار تەپتىشلىكى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ قولغا ئېلىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تارماقلىرى 17 مىڭ 630 جىنايەت گۇماندارىنى قولغا ئېلىشنى تەستىقلاش توغرىسىدىكى ئىلتىماسنى قوبۇل قىلدى. بۇنىڭدىن 17 مىڭ 264نى تەكشۈرۈپ ئاخىرلاشتۇردى، 14 مىڭ 854نى تەكشۈرۈپ قولغا ئېلىشنى تەستىقلىدى، 2410 كىشىنى قولغا

ئېلىشنى ئەستىقلىمىدى؛ بىر يىلدا دېلو تۇرغۇزۇشقا نارازىچىلىق قىلىشقا دائىر 308 يىپ ئۇچىنى قوبۇل قىلدى، ج خ ئورگانلىرىدىن 263 دېلونى تۇرغۇزماسلىقنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى، ج خ ئورگانلىرى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن 48 دېلونى تۇرغۇزدى، ج خ ئورگانلىرىنىڭ 87 كىشىگە چېتىشلىق 129 دېلونى تۇرغۇزۇشقا ئۇقتۇرۇش چۈشۈردى. ھەر دەرىجىلىك تەپتىش تارماقلىرى 19 مىڭ 683 كىشىگە چېتىشلىق 12 مىڭ 770 جىنايى ئىشلار دېلوسىنى بىر تەرەپ قىلدى، بۇنىڭدىن 16 مىڭ 195 كىشىگە چېتىشلىق 10 مىڭ 811 دېلونى تەكشۈرۈپ ئاخىرلاشتۇردى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق سوت مەھكىمىسىگە 15 مىڭ 562 كىشىگە چېتىشلىق 10 مىڭ 432 دېلونى ئەرز قىلدى، 633 كىشىگە چېتىشلىق 379 دېلونى ئەرز قىلمىدى؛ سوتقا قاتنىشىپ 7760 دېلو ئۈستىدىكى ئەيىبلەشنى قوللىدى، ئۇنىڭ ئىچىدە بىرىنچى سوت تەرتىپىدىكى دېلو 7477، ئىككىنچى سوت تەرتىپىدىكى دېلو 269، قايتا قارىلىدىغان سوت تەرتىپىدىكى دېلو 14 بولدى. 138 دېلو ئۈستىدە نارازىلىق ئەرز بەردى، سوت مەھكىمىسى بۇنىڭدىن 33 دېلونى تەكشۈرۈپ ئاخىرلاشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە 21 دېلونىڭ ھۆكۈمىنى ئۆزگەرتتى، 4 دېلونى قايتىدىن تەكشۈرۈشكە قايتۇردى، 8 دېلو ئۈستىدىكى ھۆكۈمنى ساقلاپ قالدى.

پاتىگۈل

## خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق تەپتىشلىكى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق تەپتىشلىكى تارماقلىرى خىزمەت ۋەزىپىسى جىنايىتىگە ياتىدىغان خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇققا ئوخشاش جىنايەت دېلوسىدىن 2353نى بىر تەرەپ قىلدى، بۇنىڭدىن دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرگىنى 1561 پارچە بولۇپ، 796 كىشىگە چېتىشلىق 709 دېلونى تۇرغۇزدى، بۇنىڭ ئىچىدە خىيانەتچىلىك دېلوسى 425 كىشىگە چېتىشلىق 369 پارچە، پارىخورلۇق دېلوسى 144 كىشىگە چېتىشلىق 135 پارچە، ھۆكۈمەت پۇلىنى يۆتكەپ ئىشلىتىۋېلىش دېلوسى 210 كىشىگە چېتىشلىق 192 پارچە، باشقا دېلو 17 كىشىگە چېتىشلىق 13 پارچە. خىزمەت ۋەزىپىسى جىنايىتىگە ياتىدىغان خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇققا ئوخشاش دېلولاردىن 670 كىشىگە چېتىشلىق 608نى تەھقىقلەپ ئاخىرلاشتۇردى، 522 كىشىگە چېتىشلىق 479 دېلونى ئەيىبلەشكە يوللاپ بەردى، 129 پارچە دېلونى تەكشۈرۈپ چىقىپ ئەرز قىلماسلىق ۋە بىكار قىلىشقا يوللاپ بەردى، پۇلنى ئېلىپ قېچىپ كەتكەن خىيانەتچى، پارىخورغا ئوخشاش خىزمەت ۋەزىپىسى جىنايىتى جىنايەتچىسىدىن 10نى تۇتتى. بىر يىل ئىچىدە دېلو تۇرغۇزۇپ تەھقىقلەپ چىقىلغان خىيانەتچىلىككە، پارىخورلۇققا ئوخشاش خىزمەت ۋەزىپىسى جىنايىتى بويىچە زور، مۇھىم دېلو 306 بولدى، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق 77 مىليون 204 مىڭ 200 يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىيان قايتۇرۇۋېلىندى.

پاتىگۈل

## قانۇن - ئىنتىزام تەپتىشلىكى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش، ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈشنى تەپتىش قىلىش تارماقلىرى دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش، ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈشكە دائىر 533 يىپ ئۇچىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، بۇنىڭدىن دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ چىققىنى 381 بولۇپ، دېلو تۇرغۇزۇپ تەھقىق قىلىپ چىققىنى 165 كىشىگە چېتىلىدىغان 132 دېلو بولدى. دېلو تۇرغۇزۇپ تەھقىقلەپ چىققان دېلولار ئىچىدە باشقىلار تەرىپىدىن پاش قىلىنغىنى 80، ئۆزى بايقىلىپ قالغان دېلو يىپ ئۇچى 39، باشقىلىرى 13. دېلو قىلىپ تۇرغۇزۇلغان دېلولار ئىچىدە چوڭ دېلو 11، يەۋقۇلئاددە چوڭ دېلو 7 بولدى، مەسئۇلىيەتسىزلىك تۈرىدىكى 53 كىشىگە چېتىلىدىغان 42 دېلو، خىزمەت ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلىنىش تۈرىدىكى 21 كىشىگە چېتىلىدىغان 18 دېلو، نەپسانىيەتچىلىك، قاقتى - سوقتى قىلىش تۈرىدىكى 27 كىشىگە چېتىلىدىغان 26 دېلو، قانۇنسىز نەزەربەنت قىلىش بويىچە 34 كىشىگە چېتىلىدىغان 25 دېلو، قىستاپ سوراق قىلىپ مەجبۇرىي ئىقرار قىلدۇرۇش بويىچە 18 كىشىگە چېتىلىدىغان 9 دېلو بولۇپ، 34 كىشىگە چېتىلىدىغان يېڭى جىنايى نامدىكى 37 دېلو بېجىرىلدى. تەھقىقلەپ ئاخىرلاشتۇرۇلغىنى 121 كىشىگە چېتىلىدىغان 95 دېلو بولۇپ، تەھقىقلەش %72 ۋە %73.3 بولدى. 88 كىشىگە چېتىلىدىغان 68 دېلو ئەيىبلەشكە يوللاپ بېرىلدى، 23 كىشىگە چېتىلىدىغان 20 دېلو بىكار قىلىندى، 4 مىليون 704 مىڭ 300 يۈەن ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قېلىندى.

پاتىگۈل

## تۇرمە، قاماقخانا تەپتىشلىكى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ تۇرمە، قاماقخانا تەپتىشلىكى تارماقلىرى تۇرمە ئىچىدە يېڭىۋاشتىن جىنايەت ئۆتكۈزۈش دېلوسىغا چېتىشلىق 124 كىشىنىڭ 107 دېلوسىنى بىر تەرەپ قىلدى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق 123 كىشىگە چېتىشلىق 106 دېلونى ئەيىبلىدى، سوت مەھكىمىسى 74 كىشىگە چېتىلىدىغان 68 دېلونى جىنايىتى بار دەپ ھۆكۈم قىلدى. شىكايەت قىلىشقا، ئەرز

قىلىشقا دائىر 303 دېلونى تاپشۇرۇۋېلىپ بىر تەرەپ قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دېلو قىلىپ تۇرغۇزۇپ قايتىدىن تەكشۈرۈلگىنى 38 دېلو، بىجىرىشكە يوللاپ بېرىلگىنى 93 دېلو، تەكشۈرۈپ ئاخىرلاشتۇرۇلغان دېلولار ئىچىدە ئەسلى كېسىم ساقلاپ قېلىنغىنى 26 دېلو، تۈزىتىش تەكلىپى بېرىلگىنى 8 دېلو، ئەسلى كېسىم ئۆزگەرتىلسە دەپ تەكلىپ بېرىلگىنى 4 دېلو؛ قاماش مۇددىتى ئېشىپ كەتكەن ۋە قاماپ مەسىلىسى ھەل قىلىنماي تۇرۇپ كەتكەن 3492 كىشىنىڭ ئىشىنى تۈزىتىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇنىڭدىن 3379 كىشىنىڭ مەسىلىسى تۈزىتىلدى؛ 6869 كىشىنىڭ جازا مۇددىتىنى قىسقارتىش، شەرتلىك قويۇپ بېرىش، ۋاقتىنچە تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلىش ئەھۋالى تەكشۈرۈپ چىقىلدى، 93 كىشىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىنىڭ مۇۋاپىق بولمىغانلىقى بايقالغاندىن كېيىن، 79 كىشىنىڭ ئىشىنى تۈزىتىش توغرىسىدا يازما پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 89 كىشىنىڭ ئىشى تۈزىتىلدى. تۈرمە، قاماقخانا، تۇتۇپ تۇرۇش ئورنى ۋە تەربىيىلەش ئورۇنلىرىدا قانۇنغا خىلاپ ھالدا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ياكى قانۇنغا خىلاپ ھالدا تەربىيىلەشتىن بوشىتىلغان قىلمىشلاردىن 351 قېتىمى تۈزىتىلدى، 236 ئادەم (قېتىم) ئۈستىدە تۈزىتىش پىكرى بېرىلدى، 139 كىشىنىڭ ئىشى تۈزىتىلدى.

پاتىگۈل

## ھەق - تەلەپ ئىشلىرى ۋە مەمۇرىي ئىشلار تەپتىشلىكى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ ھەق - تەلەپ، مەمۇرىي دەۋا ئىشلىرىنى تەپتىش قىلىش تارماقلىرى 1942 ھەق - تەلەپ، ئىقتىسادىي، مەمۇرىي دەۋا دېلوسىنى قوبۇل قىلىپ، 595 دېلونى تۇرغۇزۇپ تەكشۈردى؛ 353 نى نارازىلىق ئەرزى سۇنۇشقا ئىلتىماس قىلدى ۋە تەكلىپ بەردى، 189نى نارازىلىق ئەرزى سۇندى، 69نى تەپتىشلىك پىكرى بەردى، 69نى باشقىچە بىر تەرەپ قىلدى. سوت مەھكىمىسى 68 نارازىلىق ئەرزىنى قايتا تەكشۈردى، بۇنىڭ 56 سىنىڭ ھۆكۈمىنى ئۆزگەرتتى.

پاتىگۈل

## شىكايەت قىلىش، ئەرز قىلىش تەپتىشلىكى ۋە پاش قىلىش خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ شىكايەت ئەرز تارماقلىرى ئاممىنىڭ 10 مىڭ 508 پارچە (قېتىم) ئەرزىنى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەرز خەت 6500 پارچە، ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگۈچى 4008 كىشى، 153 قېتىم كوللېكتىپ ھال ئېيتىپ كەلگۈچى كۈتۈۋېلىندى، ھەر دەرىجىلىك تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ پاش قىلىش تەپتىشلىرى ئاممىدىن جەمئىي 4567 ئادەم (قېتىم)نى كۈتۈۋالدى، جەمئىي بىجىرىشكە تەستىقلانغان دېلو 2296 بولۇپ، بۇنىڭدىن 1697 دېلو بېجىرىلىپ بولدى. ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە مەلۇم قىلىش تەشۋىقات ھەپتىلىكى ئۆيۈشتۇرۇلۇپ، جەمئىي 2000 ساقچى، كادىر (قېتىم)، 100 دىن ئوشۇق ماشىنا (قېتىم) چىقىرىپ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلدى، ھەر سىللەت ئاممىسىدىن 19 مىڭ كىشى (قېتىم) قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە قانۇندىن مەسلىھەت سورىغان ۋە ئەرز - شىكايەت قىلغان 9376 كىشى قوبۇل قىلىندى، مەلۇم قىلىش يىپ ئۇچىدىن 317سى تاپشۇرۇۋېلىنىپ بېجىرىلدى، 24 مىڭ 600 پارچە تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقىتىلدى، 119 دوسكا گېزىتى چىقىرىپ تەشۋىق قىلىندى، تەربىيە ئالغان ئاممىسى 250 مىڭ (تېلېۋىزور كۆرگەنلەر بۇنىڭ سىرتىدا)غا يەتتى. ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ شىكايەت ئەرز تارماقلىرى مەلۇم قىلىش ئەرزىدىن 7157نى تاپشۇرۇۋېلىپ بىر تەرەپ قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە خىيانەت - پارىخورلۇققا دائىر ئەرز 4900 پارچە، ھۆكۈمەت پۇلىنى يۇتكەپ ئىشلىتىۋېلىشقا دائىر دېلو 355، خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش دېلوسى 870، باشقىلىرى 1032. بىر يىل ئىچىدە ھەرخىل ئەرز قىلىش دېلوسىدىن 2970ى بىر تەرەپ قىلىندى، ئۇنىڭدىن تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغىنى 2944، بۇنىڭ ئىچىدە دېلو تۇرغۇزۇپ قايتا تەكشۈرۈلگىنى 151، دېلو تۇرغۇزۇلمىغىنى 53، باشقا تارماقلارغا يوللاپ بېرىلگىنى 1125، بىۋاسىتە جاۋاب بېرىلگىنى 680، باشقىسى 935. ئاپتونوم رايون بويىچە 21 جىنايى ئىشلار تۆلەم دېلوسى قوبۇل قىلىپ بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭدىن دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈلگىنى 13، تەكشۈرۈپ چىقىپ تۆلەم تۆلىمەسلىككە كېسىم قىلىنغىنى 8، تۆلەم تۆلەشكە كېسىم قىلىنغىنى 5 بولدى، تۆلەم سوممىسى 58 مىليون 353 مىڭ 800 يۈەن بولدى.

پاتىگۈل

## تەپتىشلىك تېخنىكىسى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ تەپتىشلىك تېخنىكىسى تارماقلىرى 16 دېلونى ئەدلىيە بوغالتىرلىقى بويىچە باھالاپ بېكىتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق تەپتىشلىكى تارماقلىرى ھاۋالە قىلغان، خىيانەتچىلىككە، ھۆكۈمەت پۇلىنى يۆتكەپ ئىشلىتىۋېلىشقا دائىر دېلو 11، ھەق - تەلەپ مەمۇرىي تەپتىشلىك تارماقلىرى ھاۋالە قىلغان نارازىلىق ئەرز دېلوسى 2، باشقا تارماقلار ھاۋالە قىلغان ئىقتىسادىي دېلو 3؛ ئەدلىيە بوغالتىرى باھالاپ بېكىتكىنى 2، ئەدلىيە بوغالتىرى باھالاپ بېكىتىپ يازغان دوكلات بىر، باھالاپ بېكىتىپ بەرگەن

ئەدلىيە بوغالتىرىدىن سوتقا چىققىنى 4 قېتىم بولدى؛ تۈرلۈك تەكشۈرۈپ بېكىتىپ بېرىلگەن تۈرلۈك مۆججەت دېلوسى 343، ج خ ئورگانلىرىغا ھەمكارلىشىپ بېجىرىلگەن مۆججەت دېلوسى 193 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە قايتا تەكشۈرۈپ چىقىپ بېكىتىپ بېرىلگەن دېلو 67، ئەسلى بېكىتىلگەن خۇلاسىدىن ئۆزگەرتىلگىنى 31، ئەسلى بېكىتىلگەن باھالاپ بېكىتىش خۇلاسىسىگە قوشۇلغىنى 245، باھالاپ بېكىتىش خېتى چىقىرىپ بېرىلگىنى 343؛ دېلو بېجىرگۈچى تارماقلار دېلونى بېكىتىدىغان دەلىللەر بىلەن تەمىن ئېتىلگەن دېلو 216، تەھقىقلەش نىشانى بىلەن تەمىن ئېتىلگەن دېلو 127 بولدى، 13 جەسەت يېرىپ تەكشۈرۈلدى، 53 جەسەت ئۈستىدىن تەكشۈرۈلدى، دېلونى قايتا تەكشۈرۈش داۋامىدا 38 دېلونىڭ ئەسلى بېكىتىلگەن باھالاش خۇلاسىسى ئۆزگەرتىلدى، 138 باھالاپ بېكىتىش خېتى چىقىرىپ بېرىلدى، قانۇن دوختۇرى 9 قېتىم سوتقا چىقتى.

پاتىگۈل

## تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى تەپتىش ئورگانلىرى ھەرخىل مەخسۇس تېمىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ماقالىسى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى قاتارلىقلاردىن 1103 پارچىنى يېزىپ پۈتتۈردى، بۇنىڭدىن 988 پارچىسى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ گېزىت - ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مەملىكەتلىك گېزىت - ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغىنى 7 پارچە؛ ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ماقالىلەرنى باھالاپ تاللاش ئىشىدا، شىنجاڭ تەپتىش سىستېمىسىدىن 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى بىر، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى بىر، مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى بىر بولدى؛ شىنجاڭ قانۇن ئىلمىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئېچىلغان «غەربنى ئېچىش ۋە قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش» نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە يىغىنىدا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى بىر، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى بىر بولدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ۋە 5 - نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنىدا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن نەتىجە 74 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 15، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 20، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 39 بولدى.

پاتىگۈل

## خەن جۈبىن شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولدى

ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى خەن جۈبىن 2000 - يىلى 10 - ئاينىڭ 26 — 29 - كۈنلىرىگىچە ئۈرۈمچىدە تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ غەربنى ئېچىشقا خىزمەت قىلىشى توغرىسىدىكى خىزمەت يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۇ يىغىن ئارىلىقىدا، ش ئۇ ئا ر تەپتىش مەھكىمىسىگە، ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە بېرىپ كادىر ۋە ساقچىلارنى يوقلىدى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى.

پاتىگۈل

## لياڭ گوچىڭ شىنجاڭنىڭ تەپتىشلىك خىزمىتىنى تەكشۈردى

ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشى لياڭ گوچىڭ تاجىكىستانغا زىيارەتكە كېتىۋاتقان يول ئۈستىدە 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 7 — 11 - كۈنلىرىگىچە شىنجاڭدا توختاپ ئۆتتى ھەمدە ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە، تۇرپان ۋىلايەتلىك شۆبە تەپتىش مەھكىمىسىگە، بىڭتۇەن شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىگە بېرىپ خىزمەتلەردىن بېرىلگەن مەلۇماتلارنى ئاڭلىدى ھەمدە كادىر - ساقچىلار بىلەن بىرلىكتە تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ غەربنى ئېچىشقا خىزمەت قىلىشىدىكى يېڭى پىكىر يوللىرى، يېڭى يول - ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئىزدەندى.

پاتىگۈل

## تەپتىش سىستېمىسىدا دۆلەت تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن ئىلغار كوللېكتىپلار

2000 - يىلى ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە «نەمۇنىچى تەپتىش مەھكىمىسى» دېگەن نامنى؛ ساۋەن ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە، كورلا شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە، لوپ ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە، قۇمۇل شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 6 - شى ۋۇجياچۈي بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە، قۇمۇل بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە «خەلق رازى تەپتىش مەھكىمىسى» دېگەن نامنى؛ ئىلى ئوبلاستلىق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك شۆبىسىگە «ئاساسىي قاتلام تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ قۇرۇلۇش - تەشكىللەش خىزمىتى مۇكاپاتى»نى بەردى.

پاتىگۈل

# سوت

## ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇللىرى

مەھكىمە باشلىقى: مەھەممەت روزى.

مۇئاۋىن باشلىقلار: جاۋ شياڭۋا، چېن جيالىڭ (ئايال)، لۇ چىڭفا، ھېزىم ئەزىز، خەن دېچياڭ (موڭغۇل)، جاڭ سىمىن، شەۋكەت ئىدرىس.

### جىنايى ئىشلار سوتى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى جىنايى ئىشلار بويىچە 1 - سوتتا قاراپ چىقىدىغان دېلودىن 14 مىڭ 488نى قوبۇل قىلىپ، بۇنىڭدىن 13 مىڭ 962نى سوت قىلىپ ئاخىرلاشتۇردى، ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى %96.4 بولدى. ئاخىرلاشتۇرۇلغان دېلو ئىچىدە 514 كىشىگە چېتىلىدىغان، دۆلەتنىڭ خەۋپسىزلىكىگە زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى دېلوسى 192، پارتلىتىش، قورال - ياراغ، ئوق - دورىلارنى قانۇنسىز ياساش، توشۇش، ئېلىپ سېتىش، قاتناش ھادىسىسى پەيدا قىلىش قاتارلىق جامائەت بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى دېلوسى 975؛ توختام ئالدامچىلىقى، ۋېكسېل ئالدامچىلىقى، يالغان پۇل سېتىش قاتارلىق سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرتىپىگە زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى دېلوسى 282؛ زەھەر سېتىش، توشۇش، شەھۋانىي بۇيۇملارنى ياساش، سېتىش قاتارلىق شەھۋانىيلىق، زەھەر جىنايىتى دېلوسى 473؛ 480 كىشىگە چېتىلىدىغان، خىيانەتچىلىك، ھۆكۈمەت پۇلىنى يۆتكەپ ئىشلىتىۋېلىش، پارا ئېلىش قاتارلىق خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق جىنايىتى دېلوسى 382. سوت قىلىپ ئاخىرلاشتۇرۇلغان باشقا بىر نەچچە خىل ئاساسلىق جىنايى ئىشلار دېلوسى ئىچىدە مال - مۈلۈككە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈش جىنايىتى بىلەن پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقىغا ۋە دېموكراتىيە ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈش جىنايىتى خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە سوتلاپ ئاخىرلاشتۇرۇلغان قەستەن زىيانكەشلىك قىلىش، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسى 7723 كىشىگە چېتىلىدىغان 5873 دېلو، ئوغرىلىق قىلىش، بۇلاڭچىلىق قىلىش دېلوسى 8531 كىشىگە چېتىلىدىغان 5322 دېلو بولدى. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى تۈرلۈك جىنايەت دېلولىرىنى سوت قىلىپ ئاخىرلاشتۇرۇش ئارقىلىق دۆلەت ۋە كوللېكتىپنى 39 مىليون 489 مىڭ 500 يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قالدى.

ۋېي ۋېي

### ھەق - تەلەپ سوتى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 1 - سوتتا قارىلىدىغان 118 مىڭ 3 پارچە ھەق - تەلەپ دېلوسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭدىن 113 مىڭ 134 نى سوت قىلىپ ئاخىرلاشتۇردى، دېلو ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى %95.9 بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاخىرلاشتۇرۇلغان نىكاھ، ئائىلە ماجىراسىغا ئائىت دېلو 42 مىڭ 697، قەرز ماجىراسىغا ئائىت دېلو 51 مىڭ 280، تۆلەم ماجىراسىغا ئائىت دېلو 10 مىڭ 462، ئۆي ماجىراسىغا ئائىت دېلو 2567، باشقا كۆچمەس مۈلۈك ماجىراسىغا ئائىت دېلو 560، مىراس ماجىراسىغا ئائىت دېلو 804، جىسمانىي ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش ماجىراسىغا ئائىت دېلو 729، ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى ماجىراسىغا ئائىت دېلو 17.

ۋېي ۋېي

### ئىقتىسادىي سوت

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 1 - سوتتا قاراپ چىقىلىدىغان 27 مىڭ 58 ئىقتىسادىي ماجىرا دېلوسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭدىن 25 مىڭ 19نى سوت قىلىپ ئاخىرلاشتۇردى، ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى %92.5 بولدى. دېلو ئاخىرلاشتۇرۇلغان دەۋا ئوبيېكتىغا دائىر ئومۇمىي سومما 7 مىليارد 626 مىليون 146 مىڭ 800 يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە سوت قىلىپ ئاخىرلاشتۇرۇلغان تۈرلۈك ئىقتىسادىي توختام ماجىرا دېلوسى 21 مىڭ 178، ئىقتىسادىي زىياننى تۆلەپ بېرىش ماجىراسىغا دائىر دېلو 174، ئىقتىسادىي ھوقۇققا ياتىدىغان ماجىراغا دائىر دېلو14، قاتناش - ترانسپورت ئىقتىسادىي ماجىراسىغا دائىر دېلو 319 بولدى. سوت قىلىپ ئاخىرلاشتۇرۇلغان كارخانىنى ۋەيران قىلىش دېلوسى 154، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىنى ۋەيران قىلىش دېلوسى 112، دەۋا ئوبيېكتىغا دائىر ئومۇمىي سومما 4 مىليارد 103 مىليون 258 مىڭ 200 يۈەن، غەيرىي ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىنى ۋەيران قىلىش دېلوسى 42. بۇنىڭدىن باشقا يەنە 3180 ئىقتىسادىي ماجىرا دېلوسى سوتلاندى.

ۋېي ۋېي

### مەمۇرىي سوت

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 1 - سوتتا قارىلىدىغان 838 مەمۇرىي دېلونى قوبۇل قىلىپ، بۇنىڭدىن 800نى سوت قىلىپ ئاخىرلاشتۇردى، ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى %95.5 بولدى.



مەملىكەت بويىچە «خەلق رازى باخشى سوت مەھكىمىسى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن 4 سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىرى

خۇ رۇڭچېڭ فوتوسى

ئاخىرلاشتۇرۇلغان دېلولار ئىچىدە مەمۇرىي ئورگاننىڭ قارارى ساقلاپ قېلىنغىنى 269، مەمۇرىي ئورگاننىڭ قارارى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ۋە ئۆزگەرتىلگىنى 246، دەۋاگەر ئەرزنى قايتۇرۇۋالغىنى 177، ئەيىبلەش رەت قىلىنغىنى 77، باشقىسى 31؛ 2000 - يىلى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى يەنە دۆلەتنىڭ تۆلەم تۆلىشىگە دائىر دېلودىن 90نى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ 72 سىنى سوت قىلىپ ئاخىرلاشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆلەم تۆلەش ھۆكۈم قىلىنغىنى 29، تۆلەم تۆلەشكە ھۆكۈم قىلىنغان سومما 1 مىليون 837 مىڭ 400 يۈەن، تۆلەم تۆلىمەسلىك قارار قىلىنغىنى 23، باشقىلىرى 20.

ۋېي ۋېي

## ھال - ئەھۋال ئېيتىش، ئەرز سۇنۇش ۋە سوت نازارەتچىلىكى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئاممىدىن كەلگەن خەت - چەكتىن 279 مىڭ 565 (قېتىم)نى بىر تەرەپ قىلدى. ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن 190 مىڭ 182 كىشى (قېتىم)نى كۈتۈۋالدى. ئەرزىيەت ئىچىدە ھەق - تەلەپكە دائىر ئەرز خەت 19 مىڭ 37 پارچە (قېتىم)، ھال ئېيتىپ كەلگەن ئادەم 41 مىڭ 138 (قېتىم). ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى سوت قىلىپ ئاخىرلاشتۇرغان، سوتلاشقا نازارەتچىلىك قىلغان دېلو 2145 بولدى، ھۆكۈم ئۆزگەرتىلگىنى ۋە قايتىدىن سوتلاشقا قايتۇرۇلغىنى 816 بولۇپ، 38%نى ئىگىلىدى.

ۋېي ۋېي

## ئىجرا قىلىش خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئىجرا قىلىشنى ئىلتىماس قىلىش دېلوسىدىن 92 مىڭ 801نى قوبۇل قىلدى، ئىجرا قىلىشنى ئىلتىماس قىلىش ئوبيېكتىغا دائىر سومما 5 مىليارد 511 مىليون يۈەن، ئىجرا قىلىپ ئاخىرلاشتۇرۇلغان دېلو 73 مىڭ 506 بولۇپ، ئىجرا قىلىش نىسبىتى 79.2%كە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 12 پىرسەنت پونكىتى ئاشتى، ئومۇمىي سومما 3 مىليارد 972 مىليون يۈەن بولۇپ، 56.8% ئاشتى. ئىجرا قىلىپ ئاخىرلاشتۇرۇلغان دېلولار ئىچىدە مەجبۇرىي ئىجرا قىلىنغىنى 19 مىڭ 278، ئىجرا قىلىش جەريانىدا كېلىشتۈرۈلگىنى ۋە ئۆزلۈكىدىن ئىجرا قىلىنغىنى 25 مىڭ 832، مۇددەتكە بۆلۈپ ئىجرا قىلىنغىنى 2760؛ ئاخىرلاشتۇرۇلمىغان دېلو ئىچىدە ئىجرا قىلىش توختىتىلغىنى 1494، ۋاقتىنچە كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىنغىنى 9، قىسمەن ئىجرا قىلىنغىنى 184.

ۋېي ۋېي

## سوتلاش سۈرىكى ئېشىپ كېتىپ يىغىلىپ قالغان دېلولارنى ئېنىقلاش خىزمىتى

قانۇن بويىچە سوتلاش سۈرىكى ئېشىپ كېتىپ، ئۇزاققا سوزۇلۇپ ھەل قىلىنماي كەتكەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ «دېلولارنى سوتلاش سۈرىكىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمىسى» بويىچە، 2000 - يىل 10 - ئايدىن 12 - ئايغىچە، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى سوتلاش سۈرىكىدىن ئېشىپ كەتكەن دېلولارنى ئېنىقلاش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 89 مىڭ 461 دېلونى سوتلاپ ئاخىرلاشتۇرغان، سوتلاپ ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى 1999 - يىلدىكىگە قارىغاندا 20.1% ئاشقان، سوتلاپ ئاخىرلاشتۇرۇلمىغان دېلو 16.28% ئازايغان، يىغىلىپ قالغان دېلولار ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلاپ چىقىلغان.

ۋېي ۋېي

## سوت مەھكىمىسى ئىسلاھاتى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ «خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ 5 يىللىق ئىسلاھات پروگراممىسى» ۋە ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى تۈزۈپ چىققان «ئاپتونوم رايون بويىچە سوت مەھكىمىلىرىنىڭ 5 يىللىق ئىسلاھات لايىھىسى» بويىچە، ئىسلاھات سالمىقىنى

يەنمۇ ئاشۇرۇپ، سوت قىلىش قانۇنىيىتىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان خىزمەت تۈزۈلمىسىنى ياخشىلىدى. %50 سوت مەھكىمىلىرى سوت كوللېگىيىسى باشلىقلىرىنى ۋە مۇستەقىل سوت قىلغۇچىلارنى تاللاپ بەلگىلەش خىزمىتىنى ئاخىرلاشتۇردى، قىسمەن سوت مەھكىمىلىرى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ رىقابەتلىشىپ ۋەزىپە ئورنىغا چىقىشىنى يولغا قويدى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە سوت مەھكىمىلىرى دېلو تۇرغۇزۇش بىلەن سوتلاشنى ئايرىۋېتىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىلمىي سوتلاش تەرتىپى بويىچە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلدى؛ سوتلاش ئۇسۇلىدىكى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇردى، ئىلمىي دەلىللەش قائىدىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش، كېڭەشمە سوت خىزمىتى مەسئۇلىيىتىنى بەلگىلەش، كېسىمنامە، ھۆكۈمنامە پۈتۈكلىرىنى ئىسلاھ قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇئەييەن نەتىجىلەرگە ئېرىشتى؛ ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى، خىزمەت ئاپپاراتى، ھەرىكەت مېخانىزمى ۋە ئىجرا قىلىش ئۇسۇلى ئىسلاھاتىدا مەلۇم تەجرىبىلەرگە ئېرىشتى.

ۋېي ۋېي

## سوت مەھكىمىسى سىستېمىسى بويىچە دۆلەتنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن ئىلغارلار

2000 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى، غۇلجا شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، قاراماي شەھىرى قاراماي رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى، بەلگىتۇەن يېزا ئىگىلىك 10 - شى بېيتۇن بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن بېرىلگەن مەملىكەت بويىچە سوت مەھكىمىلىرى سىستېمىسى بويىچە «خەلق رازى ياخشى سوت مەھكىمىسى» دېگەن شەرەپلىك نامغا؛ ئۈرۈمچى سايباغ رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسىدىكى ما جېڭيەن، غۇلجا شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسىدىكى خۇي رۇنيىڭ، خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىدىكى مۇھەممەت ئىبراھىم، بەلگىتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 - شى ئارال بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسىدىكى خۇ جۈن مەملىكەت بويىچە سوت. مەھكىمىلىرى سىستېمىسى بويىچە «خەلق رازى ياخشى سوتچى» بولۇپ باھالاندى. خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىدىكى مەمتىمىن ئىبراھىم مەملىكەت بويىچە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى.

ۋېي ۋېي

## تىپىك دېلولاردىن مىسال

گاز قېچىنىڭ قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش، قاتناش ۋەقەسى تۇغدۇرۇش دېلوسى

ئەيىبلىگۈچى ئورگان: ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى

جاۋابكار: گاۋ فېڭ، ئەر، خەنزۇ، 1973 - يىل 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تۇغۇلغان، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، ئەسلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاممىۋى قاتناش باش شىركىتىنىڭ رېمونت قىلىش - قۇراشتۇرۇش شىركىتى تەكلىپ قىلغان شوپۇر، مۇشۇ دېلو تۈپەيلىدىن 2000 - يىل 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تۇتۇپ تۇرۇلغان، شۇ يىلى 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قانۇن بويىچە قولغا ئېلىنغان.

قوشۇمچە ھەق - تەلەپ دەۋا ئىشلىرى دەۋاگەرى ئايشەمخان تۇرسۇن، ئايال، ئۇيغۇر، 1948 - يىل 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تۇغۇلغان، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ماھىر ئابدۇللانىڭ ئاپىسى.

قوشۇمچە ھەق - تەلەپ دەۋا ئىشلىرى دەۋاگەرى ئايگۈل كېرىم، ئايال، ئۇيغۇر، 1968 - يىل 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تۇغۇلغان، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئابدۇرېھىمنىڭ ئايالى.

قوشۇمچە ھەق - تەلەپ دەۋا ئىشلىرى جاۋابكارى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاممىۋى قاتناش باش شىركىتى (تۆۋەندە قاتناش باش شىركىتى دېيىلىدۇ).

جاۋابكار گاۋ فېڭ 2000 - يىل 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كەچتە ئۈرۈمچى شەھەرلىك قاتناش باش شىركىتىنىڭ A—18267 نومۇرلۇق ئاپتوبۇسىنى ھەيدەپ 43 - قاتناش لىنىيىسىنى بويلاپ كېتىۋاتقىنىدا، ماشىنىنىڭ ئىچىدىكى چىراغ سىمىدا چاتاق بارلىقىنى بايقاپ، چوڭ چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، سائىتىگە 40 كىلومېتىرلىق سۈرئەت بىلەن شىمال تەرەپكە ئورگانغا قاراپ ماڭىدۇ. ئۇ سائەت 21 لەردە ئۈرۈمچى شەھىرى لىيۇشەن يولىنىڭ قار - مۇزلۇق بۆلىكىگە كەلگەندە، ئالدى تەرەپ غۇۋا، ماشىنىنىڭ سۈرئىتى تېز بولغانلىقتىن، ماشىنىنىڭ ئالدى تەرەپ يولىنىڭ شەرق تەرىپىدە ئوخشاش نىشانغا قاراپ كېتىۋاتقان ئابدۇرېھىم (ئەر، ئۇيغۇر، 29 ياش) بىلەن ماھىر ئابدۇللا (ئايال، ئۇيغۇر، 31 ياش) نى سوقۇۋېتىدۇ. گاۋ فېڭ ماشىنىدىن چۈشۈپ قاراپ بېقىپ، ماھىر ئابدۇللانىڭ بېشى غەرب تەرەپكە قارىغان ھالدا ماشىنىنىڭ ئوڭ تەرەپ ئارقا چاقىنىڭ ئالدىدا ياتقانلىقىنى، ماشىنىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە سۆركەلگەن - ئۈزۈلگەن ئالامەت يوقلۇقىنى بايقايدۇ ۋە يولدا بىرەر ماشىنا ياكى پىيادە كېتىۋاتقان ئادەم يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ماشىنىسىنى ھەيدەپ نەق مەيداندىن قېچىپ كېتىدۇ، ئاپتوبۇسنىڭ ئوڭ ئارقا چاقى ماھىر ئابدۇللانىڭ قورسىقىنى ۋە پۇتىنى بېسىپ ئېزىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ماھىر ئابدۇللا يەنە شۇ تەرىقىدە ماشىنا چاقى ئاستىدا ئېزىلىپ ئۆلىدۇ. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئابدۇرېھىم ماشىنىنىڭ سوقۇشى بىلەن قول تومۇرى يېرىلىپ قان كۆپ چىقىپ كەتكەنلىكتىن

قانسىراپ ئۆلىدۇ.

ئەيپتىش ئورگىنىنىڭ ئەيىبلىشى

جاۋابكار گاۋ فېڭ قاتناشنى باشقۇرۇش قانۇن - قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ ئېغىر قاتناش ھادىسىسى پەيدا قىلغانلىقتىن بىر كىشى ئۆلگەن، بىر كىشى يارىدار بولغان، ئۇنىڭ بۇ ئىشى قاتناش ھادىسىسى تۇغدۇرۇش گۇناھىنى شەكىللەندۈرگەن؛ قاتناش ھادىسىسى تۇغدۇرغاندىن كېيىن نەق مەيداندىن قېچىپ كەتكەن، ماھىر ئابدۇللانىڭ چاق ئالدىدا تۇغرا ياتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ ھايات ياكى ئۆلگەنلىكىگە قارىماي ئۇنى باستۇرۇپ ئۆتۈپ قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن، شۇڭا قاتتىق جازا بېرىلىشى كېرەك.

ھەق - تەلەپ دەۋا ئىشلىرى دەۋاگىرى ئايشەمخان تۇرسۇن بىلەن ئايگۈل كېرىملەر مۇنداق دەيدۇ: جاۋابكار گاۋ فېڭنىڭ جىنايى قىلمىشى تۈپەيلىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدەك ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئىقتىسادىي جەھەتتىن زىيانغا ئۇچرىدى، روھىي جەھەتتىن ئازابقا قالدى. شۇڭا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ جاۋابكارغا جازا بېرىش بىلەن بىللە ئۇنىڭغا ۋە قوشۇمچە ھەق - تەلەپ دەۋا ئىشلىرى جاۋابكارى ئامىۋى قاتناش باش شىركىتىگە دەۋاگەر ئايشەمخان تۇرسۇننىڭ 108 مىڭ 82 يۈەن 70 پۇڭ ئىقتىسادىي زىيىنىنى تۆلىتىپ بېرىشنى، ئايگۈل كېرىمنىڭ 127 مىڭ 826 يۈەن 41 پۇڭ ئىقتىسادىي زىيىنىنى تۆلىتىپ بېرىشنى ئۆتۈندى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى سوت قىلىش ئارقىلىق مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: جاۋابكار گاۋ فېڭ قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش قانۇن - قائىدىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، كېچە قاراڭغۇدا ماشىنىنىڭ چوڭ چىرىغىنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، مۇزلۇق يولدا ئىتتىكرەك مېڭىپ، ماھىر ئابدۇللا بىلەن ئابدۇرېھىمنى ئۇرۇۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈشى ۋە بىر ئادەمنىڭ يارىلىنىشىدەك ئېغىر ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئۇنىڭ قىلمىشى قاتناش ھادىسىسى تۇغدۇرۇش جىنايىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ؛ جاۋابكار گاۋ فېڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ماھىر ئابدۇللا ماشىنا ئۇرۇۋېتىپ يىقىلىپ ماشىنىنىڭ ئارقا چاقى ئالدىدا تۇغرا يېتىپ قالغان، ھاياتى قاتتىق خەۋپتە قالغان ئەھۋالدا، كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن ماشىنىنى ھەيدەپ مەجبۇر ئۆتۈپ كېتىش سەۋەبلىك ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدەك ئېغىر ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئۇنىڭ بۇ قىلمىشى قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جاۋابكار گاۋ فېڭنىڭ جىنايى قىلمىشى دەۋاگەر ئايگۈل كېرىمگە 3152 يۈەن 58 پۇڭ ئىقتىسادىي زىيان كەلتۈرگەن، شۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان ئۆلۈم تۆلەم پۇلى 41 مىڭ 640 يۈەننى ۋە ئۇنىڭ قىزىنىڭ 16 ياشقا كىرگىچىلىك بېقىلىش پۇلى 8330 يۈەننى بېرىشى قانۇن - نىزاملاردىكى بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ؛ جاۋابكار گاۋ فېڭنىڭ جىنايى قىلمىشى دەۋاگەر ئايشەمخان تۇرسۇنغىمۇ 3834 يۈەن 72 پۇڭ ئىقتىسادىي زىيان كەلتۈرگەن، ئەنە شۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان 6664 يۈەن بېقىش پۇلىنى بېرىشىمۇ قانۇن - نىزاملاردىكى بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى جىنايى ئىشلار قانۇنى»نىڭ 36 - ماددىسىدىكى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق - تەلەپ ئومۇمىي قائىدىسى»نىڭ 119 - ماددىسىدىكى، گوۋۇيۈەننىڭ «يول قاتناش ھادىسىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش چارىسى»نىڭ 31 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، جاۋابكار گاۋ فېڭ ۋە قوشۇمچە ھەق - تەلەپ دەۋا ئىشلىرى جاۋابكارى ئامىۋى قاتناش باش شىركىتى يۇقىرىقى تۆلەم مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. جاۋابكار گاۋ فېڭنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىدىكى سۇبيېكتىپ يامانلىق دەرىجىسى ۋە پەيدا قىلغان ئاقىۋىتىنىڭ ئېغىرلىق دەرىجىسىدىن قارىغاندا، ھەق - تەلەپ دەۋا ئىشىدا ئاساسلىق تۆلەم مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى، قوشۇمچە جاۋابكار ئامىۋى قاتناش باش شىركىتى 2 - ئورۇندىكى تۆلەم مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. شۇ سەۋەبتىن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى 2000 - يىل 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تۆۋەندىكىدەك ھۆكۈم چىقاردى:

1. جاۋابكار گاۋ فېڭ قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتىنى سادىر قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن مەڭگۈ مەھرۇم قىلىنسۇن؛ قاتناش ھادىسىسى تۇغدۇرۇش جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن 6 يىل مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلسۇن، بۇ 2 جىنايەت قوشۇلۇپ، ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنسۇن ۋە سىياسىي ھوقۇقىدىن مەڭگۈ مەھرۇم قىلىنسۇن.

2. جاۋابكار گاۋ فېڭ دەۋاگەر ئايشەم تۇرسۇننىڭ 31 مىڭ 283 يۈەن 23 پۇڭ ئىقتىسادىي زىيىنىنى تۆلىسۇن.

3. قوشۇمچە جاۋابكار ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئامىۋى قاتناش باش شىركىتى قوشۇمچە دەۋاگەر ئايگۈل كېرىمنىڭ 53 مىڭ 122 يۈەن 58 پۇڭ ئىقتىسادىي زىيىنىنى، ئايشەم تۇرسۇننىڭ 20 مىڭ 885 مىڭ 49 پۇڭ ئىقتىسادىي زىيىنىنى تۆلەپ بەرسۇن.

1 - سوتتا ھۆكۈم چىقىرىلغاندىن كېيىن جاۋابكار گاۋ فېڭ «زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ماشىنىغا سوقۇلۇپ ئۆلۈپتۇ دەپ قاپتىكەنمەن، بۇنى قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن دېگىلى بولمايدۇ» دېگەندەك سەۋەبلەر بىلەن، قوشۇمچە دەۋاگەر ئايشەم

تۈرسۇن «ئۈرۈمچى شەھەرلىك قاتناش باش شىركىتى پۈتكۈل تۈلەمگە جاۋابكار بولىدۇ دەپ هۆكۈم قىلىنىشىنى ۋە تۆلەم سوممىسىنىڭ ئاشۇرۇلۇشىنى سورايمەن» دېگەن سەۋەب بىلەن، قوشۇمچە دەۋاگەر ئايگۈل كېرىم «تۆلەم سوممىسىنىڭ ئاشۇرۇلۇشىنى سورايمەن» دېگەن سەۋەب بىلەن ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز بەردى. ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى سوت قىلىپ مۇنداق دەپ هېسابلىدى: جاۋابكار گاۋ فېڭ قاتناش باشقۇرۇش قانۇن - قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ سادىر قىلغان ئېغىر قاتناش ھادىسىسىدە بىر كىشى ئۆلۈپ بىر كىشى يارىدار قىلىنغان. جاۋابكار گاۋ فېڭ ھادىسە سادىر قىلغاندىن كېيىن، نەق مەيداندىن قېچىپ كېتىش ئۈچۈن، ماھىر ئابدۇللانىڭ ماشىنىنىڭ ئارقا چاقى ئالدىدا يېتىپ ياتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئۆلگەن ياكى تىرىك ئىكەنلىكىگە قارىماي ماشىنىسىنى هەيدەپ باستۇرۇپ ئۆتۈپ كەتكەن. جاۋابكار گاۋ فېڭنىڭ يۇقىرىقىدەك ئەرز قىلىشىدا پاكىت ئاساسى يوق، ئۇنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ. جاۋابكار گاۋ فېڭ ۋەزىپە ئۆتەش ۋاقتىدا قاتناش ھادىسىسى سادىر قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ خىزمەت قىلىدىغان ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاممىۋى قاتناش باش شىركىتى ئۇنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىدە قوشۇمچە دەۋاگەر ئايشەمخان تۇرسۇننىڭ ئىقتىسادىي زىيىنىغا باغلىنىشلىق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ھەمدە ئايشەمخان تۇرسۇننىڭ قىزىنىڭ بېقىش پۇلىنى هېسابلاشقا ئەسلى هۆكۈمدە خاتالىق بولغاچقا، دەۋاگەر ئايشەمخان تۇرسۇننىڭ يۇقىرىقى ئەرزىنى قوبۇل قىلىش كېرەك. ئەسلى هۆكۈمدە قوشۇمچە دەۋاگەر ئايگۈل كېرىمنىڭ ھەرخىل تۆلىمىدىكى سان ھەققىي هېسابلاپ چىقىلغان بولۇپ، ئالاقىدار قانۇن ۋە بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغان، شۇڭا ئۇنىڭ «تۆلەم سانىنى ئاشۇرۇپ بەرسە» دېگەن ئەرزىنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى مۇنداق هۆكۈم چىقاردى:

1. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ [2000] ئۈرۈمچى ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسىنىڭ 142 - نومۇرلۇق هۆكۈمنامىسىنىڭ 1 - ۋە 3 - تارمىقىدىكى ئايگۈل كېرىمگە بېرىلىدىغان تۆلەم قىسمى يەنى جاۋابكار گاۋ فېڭ قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسى بېرىلسۇن، سىياسىي هوقۇقىدىن مەڭگۈ مەھرۇم قىلىنسۇن، قاتناش ھادىسىسى تۇغدۇرۇش جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن 6 يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلسۇن، ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىپ، سىياسىي هوقۇقىدىن مەڭگۈ مەھرۇم قىلىنسۇن.

قوشۇمچە جاۋابكار بولغان ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاممىۋى قاتناش باش شىركىتى قوشۇمچە دەۋاگەر ئايگۈل كېرىمنىڭ 53 مىڭ 122 يۈەن 58 پۇڭ ئىقتىسادىي زىيىنىنى تۆلەپ بەرسۇن دېگەن قىسمى ساقلاپ قېلىنسۇن.

2. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ [2000] 142 - نومۇرلۇق هۆكۈمنامىسىنىڭ 2 - ۋە 3 - تارمىقىدىكى ئايشەمخان تۇرسۇننىڭ تۆلەم قىسمى يەنى جاۋابكار گاۋ فېڭ قوشۇمچە دەۋاگەر ئايشەمخان تۇرسۇننىڭ 31 مىڭ 283 يۈەن 23 پۇڭ ئىقتىسادىي زىيىنىنى تۆلەپ بەرسۇن، قوشۇمچە جاۋابكار ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاممىۋى قاتناش باش شىركىتى قوشۇمچە دەۋاگەر ئايشەمخان تۇرسۇننىڭ 20 مىڭ 885 يۈەن 49 پۇڭ ئىقتىسادىي زىيىنىنى تۆلەپ بەرسۇن، دېگەن هۆكۈمى بىكار قىلىنسۇن.

3. جاۋابكار گاۋ فېڭ قوشۇمچە دەۋاگەر ئايشەمخان تۇرسۇننىڭ 33 مىڭ 282 يۈەن 43 پۇڭ ئىقتىسادىي زىيىنىنى، قوشۇمچە جاۋابكار بولغان ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاممىۋى قاتناش باش شىركىتى قوشۇمچە دەۋاگەر ئايشەمخان تۇرسۇننىڭ 22 مىڭ 188 يۈەن 29 پۇڭ ئىقتىسادىي زىيىنىنى تۆلەپ بەرسۇن. جاۋابكار گاۋ فېڭ ۋە قوشۇمچە جاۋابكار ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاممىۋى قاتناش باش شىركىتى جاۋابكار گاۋ فېڭنىڭ جىنايى قىلمىشى سەۋەبلىك قوشۇمچە دەۋاگەر ئايشەمخان تۇرسۇننىڭ ئىقتىسادىي زىيىنىغا باغلىنىشلىق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

بۇ هۆكۈم ئاخىرقى هۆكۈم.

ۋېي ۋېي

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە ۋە جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى شىنجاڭ دورىگەرلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، خوشۇت ناھىيىلىك خەلق هۆكۈمىتى، خوشۇت ناھىيىلىك چاكاندا بۆيۆملىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئۈستىدىن هوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزدى دەپ ئەرز قىلغان ماجىرا دېلوسى

دەۋاگەر: جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە ۋە جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى.

جاۋابكار: شىنجاڭ دورىگەرلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى.

جاۋابكار: خوشۇت ناھىيىلىك خەلق هۆكۈمىتى.

جاۋابكار: خوشۇت ناھىيىلىك چاكاندا بۆيۆملىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى.

جاۋابكار: خوشۇت ناھىيە چوقۇ يېزىلىق خەلق هۆكۈمىتى.

ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى — «شىنجاڭ چاكاندا ئۆسۈملۈكىنىڭ

ئالامەتلىرى ۋە سۇنئىي تېرىپ كۆندۈرۈش ئۈستىدىكى تەتقىقات» 1992 ـ يىلى 9 ـ ئايدا دۆلەتنىڭ باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتۈپ، پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، شۇ يىلى يەنە مەملىكەتلىك ئۈچىنچى پىلانى مۇۋەپپەقىيىتى ياتىپتلىق تېخنىكا ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە كۈمۈش مېدالغا ئېرىشكەن. 1990 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى خوشۇت ناھىيىلىك چاكاندا بۇيۇملىرى زاۋۇتى ئېكولوگىيە ـ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن «چاكاندا تېرىقچىلىقى كېلىشىمنامىسى» ئىمزالاپ، ئىككى تەرەپنىڭ چاكاندا تېرىشتا ھەمكارلىشىدىغان ئورۇن ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىشقان، 5000 مو تېرىيدىغان، ھەر يىلى 1000 مودىن تېرىيدىغان بولۇپ، 6 يىللىق مۇددەت بىلەن توختام تۈزۈشكەن؛ چاكاندا زاۋۇتى مۇشۇ تۈرگە كېتىدىغان پۈتكۈل خىراجەت ۋە ئەمگەككە مەسئۇل بولىدىغان ھەمدە يەرنى سېتىۋېلىشتا، ئېتىز ـ ئېرىق قۇرۇلۇشى ۋە باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدىغان بولغان؛ ئېكولوگىيە ـ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى چاكاندىنى تېرىش تېخنىكىسىغا ۋە ئېتىز ـ ئېرىقنى باشقۇرۇش ۋە تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولىدىغان بولغان؛ چاكاندا بۇيۇملىرى زاۋۇتى ئېكولوگىيە ـ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىغا تېخنىكىلىق مۇلازىمەت قىلىش پۇلى ھېسابىدا 200 مىڭ يۈەن تۆلىمەكچى بولغان. توختام ئىمزالانغاندىن كېيىن، چاكاندا بۇيۇملىرى زاۋۇتى توختام بويىچە ئېكولوگىيە ـ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىغا 50 مىڭ يۈەن تاپشۇرغان ۋە كېلىشىمنى ئىجرا قىلىشقا كىرىشكەن. چاكاندا زاۋۇتى خوشۇت ناھىيىلىك يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىغا قارايدىغان بولغانلىقتىن ناھىيىلىك يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى 1992 ـ يىل 5 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكىنى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى بىلەن چاكاندىنى سۇنئىي يول بىلەن تېرىش بويىچە ئۇنىۋېرسال تېخنىكىۋى تەدبىرلەرنى ئۆلگە قىلىپ تەجرىبە قىلىش كېلىشىمنامىسى ئىمزالىغان، 1992 ـ يىل 9 ـ ئايدا، بۇ كېلىشىمنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ناھىيىلىك يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ پائال تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، ئېكولوگىيە ـ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى چاكاندا زاۋۇتى، ناھىيىلىك يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى كۆرسىتىپ بەرگەن چاكاندىنى سۇنئىي يول بىلەن تېرىپ ئۆلگە كۆرسىتىدىغان يېزا — چوقۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت بىلەن كېلىشىمدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، ئېكولوگىيە ـ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى چاكاندا ئىشلەپچىقىرىشىغا كېرەكلىك تېخنىكىلىق مۇلازىمەتكە مەسئۇل بولغان؛ تېرىلىدىغان يەرنى چوقۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت تەمىنلىگەن، چاكاندا زاۋۇتى تېرىقچىلىق قىلىشقا بۆلۈپ بېرىلگەن مەخسۇس خىراجەتنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولغان؛ چاكاندا ئورۇۋېلىنغاندىن كېيىن تۆلەپ قويۇلغان خىراجەتلەر دارامەتتىن تۇتۇۋېلىنغان؛ 1996 ـ يىلى تەجرىبە قىلىش دوكلاتى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا، مۇتەخەسسىسلەر تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغان، كېلىشىمدە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئېكولوگىيە ـ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى چاكاندا بۇيۇملىرى زاۋۇتى بىلەن ئىلگىرى ئىمزالىغان كېلىشىمنىڭ ئۆزگەرمەي داۋاملىق يولغا قويۇلىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۈچ تەرەپ كېلىشىمدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ئىش بېجىرىشنى باشلىغان. 1995 ـ يىل 4 ـ ئايدا، ش ئۇ ئا ر دورا باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن خوشۇت ناھىيىلىك ھۆكۈمەت «خوشۇت ناھىيىلىك چاكاندا تېرىقچىلىقى تەجرىبە بازىسى قۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتقان ھەمدە چاكاندىنى تەجرىبە قىلىپ تېرىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرغان. ئۇقتۇرۇشقا ئاساسەن، چاكاندا زاۋۇتى بىلەن چوقۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت ئېكولوگىيە ـ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالمىغان ئەھۋالدا، ئېكولوگىيە ـ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى تېخنىكىلىق يېتەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولغان سۇنئىي يول بىلەن چاكاندا تېرىش تەجرىبە ئېتىزىدىن 80 مىڭ تۈپ چاكاندا مايسىسىنى خوشۇت ناھىيىسىنىڭ ئۇششاقتال يېزىسىغا كۆچۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق ئۈچ تەرەپنىڭ ھەمكارلىق كېلىشىمىدىكى قويۇق تېرىشقا تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىپ تەجرىبە قىلىشنى داۋاملاشتۇرالمايدىغان قىلىپ قويغان. شۇ سەۋەبتىن ئېكولوگىيە ـ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى دەرىجىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىپ، ش ئۇ ئا ر دورا باشقۇرۇش ئىدارىسى، خوشۇت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، خوشۇت ناھىيىلىك چاكاندا زاۋۇتى شۇنىڭدەك چوقۇ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدىن شەكىللىك مال ـ مۈلۈك زىيىنى ئۈچۈن 360 مىڭ يۈەن ۋە شەكىلسىز مال ـ مۈلۈك زىيىنى ئۈچۈن 220 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى سوت قىلىش ئارقىلىق شۇنى ئېنىقلىدىكى، چاكاندا زاۋۇتى ھازىر چاكاندا بۇيۇملىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بولۇپ ئۆزگەرگەن، ش ئۇ ئا ر دورا باشقۇرۇش ئىدارىسى تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش جەريانىدا دورىگەرلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قىلىپ ئۆزگەرتكەن؛ ئېكولوگىيە ـ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى ئوتتۇرىغا قويغان 220 مىڭ يۈەنلىك شەكىلسىز مال ـ مۈلۈك زىيىنى 1 ـ سوتتا سوت مەھكىمىسى ھاۋالە قىلغان ئىسپاتلىق شەكىلسىز مال ـ مۈلۈكنى باھالاش ئورنى

ياماللاپ چىققان نەتىجە بىلەن ئوخشاش بولدى. شۇڭا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن چاكاندا بۇيۇملىرى شىركىتى، چۇقۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت بىلەن تۈزگەن سۇنئىي يول بىلەن چاكاندا ئېرىپ تەجرىبە قىلىش كېلىشىمى قانۇنغا ئۇيغۇن، كۈچكە ئىگە. ش ئۇ ئا ر دورا باشقۇرۇش ئىدارىسى، خوشۇت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەجرىبە پۈتمىگەن، توختامنىڭ ۋاقتى توشمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى سۇنئىي يول بىلەن چاكاندا ئېرىپ تەجرىبە ئۆتكۈزۈۋاتقان يەردىن 80 مىڭ تۈپ چاكاندا مايسىسىنى كۆچۈرۈپ ئەكىتىپ ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزگەن، شۇ سەۋەبتىن ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىغا كەلتۈرۈپ بەرگەن شەكىللىك مال - مۈلۈك زىيىنى بىلەن شەكىلسىز مال - مۈلۈك زىيىنىنى تۆلەپ بېرىشى كېرەك. چاكاندا بۇيۇملىرى شىركىتى بىلەن چۇقۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ش ئۇ ئا ر دورا باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن خوشۇت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆججىتىگە ئاساسەن ياردەملىشىپ چاكاندا كولىشى ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرغانلىق بولۇپ، ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىغا كەلتۈرۈپ بەرگەن زىيانىدىمۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى 360 مىڭ يۈەنلىك شەكىللىك مال - مۈلۈك زىيىنىنىڭ بىر قىسمىنى تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ سەۋەبتىن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى مۇنداق ھۆكۈم چىقاردى:

1. شىنجاڭ دورىگەرلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى (ئەسلىدىكى ش ئۇ ئا ر دورا باشقۇرۇش ئىدارىسى) ، خوشۇت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، چاكاندا بۇيۇملىرى شىركىتى (ئىلگىرىكى خوشۇت چاكاندا زاۋۇتى) ، چۇقۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ 210 مىڭ يۈەنلىك مال - مۈلۈك زىيىنىنى تۆلىسۇن.

2. شىنجاڭ دورىگەرلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، خوشۇت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، چاكاندا بۇيۇملىرى شىركىتى، چۇقۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ 220 مىڭ يۈەنلىك شەكىلسىز مال - مۈلۈك زىيىنىنى تۆلىسۇن.

1 - سوتتا ھۆكۈم چىقىرىلغاندىن كېيىن 4 جاۋابكارنىڭ ھەممىسى قايىل بولماي ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز بەردى. يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى سوت قىلىپ مۇنداق دەپ قارىدى: ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ كۆپ يىل تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەن چاكاندىنى سۇنئىي يول بىلەن ئېرىپ كۆندۈرۈشتىن ئىبارەت سۇنئىي يول بىلەن ئېرىش تېخنىكىسى ئۇستىدىكى يەن تەتقىقات نەتىجىسى دۆلەتنىڭ قانۇنى تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ، ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز باشقا ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ قوللىنىشىغا بولمايدۇ. مۇشۇ ئاساستا، ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى چاكاندا زاۋۇتى بىلەن چاكاندا بايلىقىنى يېتىشتۈرۈش كېلىشىمى تۈزۈپ، چاكاندا زاۋۇتىنىڭ 200 مىڭ يۈەن تېخنىكا مۇلازىمەت پۇلى بېرىدىغانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان، لېكىن چاكاندا زاۋۇتى كېلىشىمدىكى ھەممە بۇرچىنى ئادا قىلماي، ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىغا بېرىشكە تېگىشلىك 150 مىڭ يۈەننى بېرىپ بولالمىغان. چاكاندا زاۋۇتى بىلەن چۇقۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكىنى يەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى بىلەن ئىككى دەرىجىلىك يېزا - بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ توختامنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى بىلەن چاكاندىنى سۇنئىي يول بىلەن ئېرىپ ئۆستۈرۈش بويىچە ئۇنىۋېرسال تېخنىكىۋى تەدبىرلەرنى ئۆلگە قىلىپ تەجرىبە قىلىش كېلىشىمنامىسىنى ئىمزالىشى يەنىلا تېخنىكىلىق مۇلازىمەت قىلىش خاراكتېرىدە، چاكاندا زاۋۇتى بىلەن چۇقۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئاشۇرۇۋېتىشتەك خاتا قىلمىقى تۈپەيلىدىن ئەسلىدىكى كېلىشىمنى داۋاملىق ئىجرا قىلىش مۇمكىن بولماي قالغان. شۇڭا چاكاندا زاۋۇتى بىلەن چۇقۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت كېلىشىمنى ياخشى ئىجرا قىلمىغان، كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. چۇقۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت پەقەت مۇشۇ كېلىشىمگە يەر بەرگەنلىكى ۋە ئېتىز - ئېرىقنى باشقۇرۇش ئەمگىكىنى چىقارغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ يەر ئىشلىتىش پۇلى بىلەن ئەمگەك ھەققىنىمۇ چاكاندا زاۋۇتى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك، شۇڭا، چاكاندا زاۋۇتى كېلىشىمنى ئىجرا قىلىش نەتىجىسىدىن بىۋاسىتە بەھرىمەن بولغۇچى بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، چاكاندا زاۋۇتى توختامغا ئاساسەن ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىغا بېرىدىغان 210 مىڭ يۈەنلىك مۇلازىمەت قىلىش پۇلىنى بېرىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ش ئۇ ئا ر دورا باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن خوشۇت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىشىپ چۈشۈرگەن ھۆججەت ماكرولۇق يېتەكچىلىك قىلىش خاراكتېرىدىكى مەمۇرىي باشقۇرۇش ھەرىكىتى بولۇپ، ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى ئېرىشكەن يەن تەتقىقات نەتىجىسىگە بىۋاسىتە زىيان يەتكۈزگەن ئەمەس، چاكاندا زاۋۇتى بىلەن چۇقۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئاشۇرۇۋېتىشتەك خاتا قىلمىقىنىڭ بىۋاسىتە سەۋەبىمۇ ئەمەس. شۇڭا، ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ ش ئۇ ئا ر دورا باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن خوشۇت

ئامبىلنىڭ خەلق ھۆكۈمىتى تۆلەم مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلىشى پاكىت ئاساسىغا ۋە قانۇن ئاساسىغا ئىگە ئەمەس. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى 2000 - يىل 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى مۇنداق ھۆكۈم چىقاردى:

1. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ [1999] 110 - نومۇرلۇق ھۆكۈمنامىسى بىكار قىلىنسۇن؛

2. خوشتوت ئامبىلنىڭ چاكاندا بۇيۇملىرى شىركىتى ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىغا بېرىشكە تېگىشلىك 150 مىڭ يۈەننى بەرسۇن؛

3. خوشتوت ئامبىلنىڭ چاكاندا بۇيۇملىرى شىركىتى توختامغا خىلاپلىق قىلىش نەتىجىسىدە كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ 210 مىڭ يۈەن ئېغىنلىق مۇلازىمەت پۇلى زىيىنىنى ئۈستىگە ئالسۇن؛

بۇ ئاخىرقى ھۆكۈم.

ۋېي ۋېي

# ئەدلىيە

## قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ لېچۈەننىڭ رىياسەتچىلىكىدە 2000 - يىل 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىلىپ، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى مۇھاكىمە قىلىندى. 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى «ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئۈچۈن - ئالاقە تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقىتىپ، جايلار ۋە ئورۇنلاردىن ئۈچۈر - ئالاقە خىزمىتى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى بەرپا قىلىپ، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئۈرۈمچىدە، نازارەت دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار قانۇنچىلىق لېكسىيىسى ئۆتكۈزدى. 400 دىن ئوشۇق نازارەت دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىر ش ئۇ ئا ر جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى جاڭ چىڭجۈننىڭ «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ئىسلاھاتىنى قانۇن بويىچە ئىلگىرى سۈرۈپ، ھازىرقى زامان كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلايلى» دېگەن تېمىدا ئوقۇغان لېكسىيىسىنى ئاڭلىدى. شۇ كۈنى ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەت ئىدارىسى ۋە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىرلىكتە «ئاپتونوم رايون بويىچە سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش قانۇن ساۋاتلىرى مۇسابىقىسى» تېلېۋىزىيە ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، بۇ قېتىمقى مۇسابىقە پائالىيىتى 3 ئاي داۋام قىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە 53 مىڭ كىشى مۇسابىقە پائالىيىتىگە قاتناشتى. ئاپتونوم رايون گۇرۇپپا تەشكىللەپ مەملىكەتلىك مۇسابىقە پائالىيىتىگە قاتناشتى ۋە غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) بويىچە 1 - لىككە، مەملىكەت بويىچە ئەلا مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش گۇرۇپپىسى غەربنى ئېچىشنى قانۇن مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئېتىش ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىش مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ قانۇن ئىلمىي ساھەسىدىكىلەر، قانۇن ساھەسىدىكىلەر، ھۆكۈمەت تارماقلىرى ۋە قىسمەن مەمۇرىي، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورۇنلارنىڭ 60 تىن ئوشۇق ۋەكىلى يىغىنغا قاتناشتى. 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى ئۆلكە، نازارەت دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار قانۇنچىلىق لېكسىيىسى ئۆتكۈزدى، ئاپتونوم رايوندىكى 10 نەپەر ئۆلكە دەرىجىلىك رەھبەر، 500 دىن ئوشۇق نازارەت دەرىجىلىك رەھبەر جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى قانۇن ئىلمىي تەتقىقات ئورنىنىڭ دوكتور يېتەكچىسى پروفېسسور لى بۇيۇننىڭ «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ۋە ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى» دېگەن تېمىدا ئوقۇغان لېكسىيىسىنى ئاڭلىدى. 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئەدلىيە مىنىستىرلىكى، جۇڭخۇا جۇڭگو قانۇنچىلىق ئاخبارات جەمئىيىتى ئۆتكۈزگەن 13 - نۆۋەتلىك (1999 - يىللىق) مەملىكەتلىك قانۇنچىلىق بويىچە ياخشى خەۋەرلەرنى باھالاش نەتىجىسى بېيجىڭدا ئېلان قىلىندى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئىشلىگەن «ھاياتنىڭ سۈپىتى» رادىئودا ئاڭلىتىش بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، يەنە 5 ئەسەر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 3 ئەسەر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش رەھبەرلىك

گۇرۇپپىسى 18 باھالاپ ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە 142 نازارەت ـ ئىدارە دەرىجىلىك ئورۇننىڭ 3 ـ بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ـ قانۇن بويىچە تۈزەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە كادىرلارنىڭ 2 ـ قېتىملىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىمتىھانى 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئاخىرلاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 290 مىڭ ھەر مىللەت كادىرى «ئاساسىي قانۇن»، «مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىش قانۇنى»، «دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى»، «سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىن ئاساسىي ساۋات» بويىچە ئىمتىھانغا قاتناشتى، ئىمتىھانغا قاتنىشىش نىسبىتى 98% بولدى. ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى 2 ـ نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزۈپ ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرغان «3 ـ بەش يىللىق» قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ قەشقەر، ئىلى، ئۈرۈمچى، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ئورۇنلار، ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپلەر، دۆلەت كارخانىلىرى قاتارلىق ۋىلايەت ۋە تارماقلارنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئەھۋالىدىن بەرگەن مەلۇماتىنى ئاڭلاپ ئۆتتى.

فىلىڭ جيەنجيالىڭ

## ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خىزمىتى

2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىق ئورنى 218 گە، گۇۋاھچى خادىم 387 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ دەرىجىلىك گۇۋاھچى بىر نەپەر، 2 ـ دەرىجىلىك گۇۋاھچى 12 نەپەر، 3 ـ دەرىجىلىك گۇۋاھچى 58 نەپەر، 4 ـ دەرىجىلىك گۇۋاھچى 102 نەپەر. ھۆكۈمەت گۇۋاھلىق ئاپپاراتلىرى بىر يىل ئىچىدە 160 مىڭ 548 ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىنى بېجىردى، بۇنىڭ ئىچىدە مەملىكەت ئىچىدىكى ھەق ـ تەلەپ گۇۋاھلىقى 36 مىڭ 891، ئىقتىساد گۇۋاھلىقى 11 مىڭ 26، چەت ئەلگە ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنگە چېتىلىدىغان ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى 13 مىڭ 397. بىر يىل ئىچىدە ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بويىچە ئېلىنغان ھەق 15 مىليون يۈەنگە يېقىنلاشتى، ھال ـ ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن 62 مىڭ 348 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، 2186 پارچە خەت بىر تەرەپ قىلىندى. 166 ئەدلىيە تەكلىپى بېرىلدى، بۇنىڭدىن 125 تەكلىپ قوبۇل قىلىندى، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بېجىرىش ئارقىلىق قانۇنسىز ئىقتىسادىي قىلمىشتىن 160ى پاش قىلىندى ۋە توسۇپ قېلىندى، سوممىسى 8 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ.

2000 ـ يىلى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ۋە ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خىزمىتى ئۇسۇلى ئۈستىدىكى ئىسلاھات قانات يايدۇرۇلدى. ئەدلىيە مىنىستىرلىكى ئاچقان ئاملىسمان ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئۇسلۇبىدىكى تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتنىشىشقا قىسمەن ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنىنىڭ مۇدىرلىرى ۋە گۇۋاھچى ئاپانچىلارنى ئەۋەتتى ھەمدە 6 ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنىنى سىناق قىلىدىغان ئورۇن قىلىپ تاللاپ سىناق قىلغۇزدى ۋە پەيدىنپەي پۈتۈن ئاپتونوم رايونغا كېڭەيتتى. ھۆكۈمەت گۇۋاھچىلىرىدىن 30نى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. ئاساسىي قاتلامدىكىلەر ئۈچۈن 5120 پارچە ھەرخىل كەسپىي ئۆگىنىش ماتېرىيالى ۋە كىتابقا خەتلەندى، خادىملارنى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا ئەۋەتىپ ئاملىسمان ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بويىچە سەييارە 200 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى. جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭدىكى 10 ۋىلايەت، ئوبلاستقا ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ۋە نەق مەيداندا رويخەتكە ئېلىشقا ئادەم ئەۋەتتى، رويخەتكە ئېلىشنى ئىلتىماس قىلغان كىشى 350 بولدى، ئەمەلدە رويخەتكە ئېلىنغىنى 347 كىشى بولۇپ، قالغان 3 كىشىنىڭ رويخەتكە ئېلىنىشى كېچىكتۈرۈلدى. ئەدلىيە مىنىستىرلىكىگە چەت ئەلگە چېتىلىدىغان ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىنى بېجىرىدىغان 45 گۇۋاھچى ئەنگە ئالدۇرۇلدى، مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىلىدىغان 3 دېلو بىر تەرەپ قىلىندى، ھال ـ ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن 30 نەچچە ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، 36 كىشىنىڭ ھۆكۈمەت گۇۋاھچىسى سالاھىيىتى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 33 كىشى مەملىكەتلىك 4 ـ قېتىملىق ھۆكۈمەت گۇۋاھچىسى سالاھىيەت ئىمتىھانىدىن ئۆتتى.

جياڭ جېن

## خەلق مۇرەسسە خىزمىتى

2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندا (بىڭتۇەننى شۇنىڭ ئىچىدە) خەلق مۇرەسسە ھەيئىتى 22 مىڭ 294 كە، مۇرەسسەچى 82 مىڭ 555كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە كەنت ئاھالە كومىتېتى مۇرەسسە ھەيئىتى 12 مىڭ 896، ئاھالە كومىتېتى مۇرەسسە ھەيئىتى 1952، زاۋۇت ـ كان، كارخانا مۇرەسسە ھەيئىتى 4946، بىرلەشمە مۇرەسسە ھەيئىتى 372، سودا بازارلىرى مۇرەسسە ھەيئىتى 151، كۆچمە نوپۇس توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون مۇرەسسە ھەيئىتى 50، باشقا مۇرەسسە ھەيئەتلىرى 1927. بۇنىڭدىن باشقا 1956 كارخانىدا مۇرەسسە قىلىشنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى قۇرۇلۇپ، 7052

خادىم قوبۇلدى، يەنە 1069 كارخانىغا 2544 نەپەر مەخسۇس مۇرەسسە كادىرى سەپلەپ بېرىلدى.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ھەرخىل مۇرەسسە تەشكىلاتلىرى جەمئىي 81 مىڭ 781 ماجىرانى مۇرەسسە قىلدى، بۇنىڭدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك مۇرەسسە قىلىنغىنى 78 مىڭ 560 بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 96.06%كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مۇرەسسە قىلىنغان نىكاھ ماجىراسى 18 مىڭ 981 بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 93.59% بولدى؛ مۇرەسسە قىلىنغان مىراس ماجىراسى 3254 بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 93.45% بولدى؛ مۇرەسسە قىلىنغان بېقىش ماجىراسى 3723 بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 92.73% بولدى؛ مۇرەسسە قىلىنغان نىكاھ، ئائىلە ماجىراسىغا مۇناسىۋەتلىك ماجىرا 6496 بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 94.38% بولدى؛ مۇرەسسە قىلىنغان قوشنىلار ماجىراسى 12 مىڭ 900 بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 95.11% بولدى؛ مۇرەسسە قىلىنغان ئۆي ئورنى ماجىراسى 5693 بولۇپ، مۇۋەپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 92.38% بولدى؛ مۇرەسسە قىلىنغان قەرز ماجىراسى 7266 بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 92.34% بولدى؛ مۇرەسسە قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرۇش ماجىراسى 8959 بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 94.43% بولدى؛ مۇرەسسە قىلىنغان تۆلەم ماجىراسى 5732 بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 90.93% بولدى؛ مۇرەسسە قىلىنغان باشقا ماجىرالار 7726 بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 92.36% بولدى؛ بىرلەشمە مۇرەسسە ھەيئىتى مۇرەسسە قىلغان ماجىرا 1051 بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 93% بولدى. مۇرەسسە قىلىش ئارقىلىق، 1578 كىشىگە چېتىلىدىغان 945 ماجىرانىڭ جىنايى ئىشلار دېلوسىغا ئايلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى. 274 قېتىم ئاممىۋى سوقۇشۇشنىڭ ئالدى ئېلىندى، 5994 كىشىنىڭ 461 قېتىم يۇقىرىغا ئاممىۋى ھال - ئەھۋال ئېيتىپ بېرىشى توسۇپ قېلىندى. خەلق ئىچىدىكى ماجىرانى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، تۈزەش خىزمىتى جەريانىدا، ھەر قايسى ناھىيە، شەھەر، رايونلار (بىڭتۇەندىكى شى، تۇەنلەر) 1323 قېتىم ماجىرانى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ چىقتى، 1066 ماجىرانى مەخسۇس تۈزەتتى، 382 جىنايى يىپ ئۇچىنى پاش قىلىپ، 604نى ئالاقىدار تارماقلارغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

2000 - يىلى 7356 خەلق مۇرەسسە ھەيئىتى تەرتىپكە سېلىندى، 57 مىڭ 410 مۇرەسسەچى تەربىيىلەندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 13 مىڭ 375 بىرىنچى خىلدىكى مۇرەسسە ھەيئىتى، 7641 ئىككىنچى خىلدىكى مۇرەسسە ھەيئىتى، 1278 ئۈچىنچى خىلدىكى مۇرەسسە ھەيئىتى بار. بىر يىل ئىچىدە 1369 ئىلغار كوللېكتىپ، 1237 ئىلغار شەخس ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە ئەدلىيە مەمۇرىي ئورگانلىرى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى.

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە 30 مىڭدىن ئوشۇق خەلق مۇرەسسەچىسىگە كەسپ گىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىلدى، ش ئۇ ئا ر خەلق مۇرەسسەچىلىرى جەمئىيىتى 30 مىڭدىن ئوشۇق ئەزا قوبۇل قىلدى.

ليۇ رۇڭ

## ئەدلىيە ئورۇنلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا، بازار، مەھەللىلەردە، بىڭتۇەننىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى، فېرما، تۇەنلىرىدە 1063 ئەدلىيە ئورنى قۇرۇلۇپ، 1846 نەپەر ئەدلىيە ياردەمچىسى (بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئەدلىيە ياردەمچىسى 1689)، 2455 خىزمەتچى خادىم سەپلەپ بېرىلدى. بىر يىل ئىچىدە، ئەدلىيە ياردەمچىلىرى خەلق ئىچىدىكى تۈرلۈك ماجىرادىن 35 مىڭ 283نى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇرەسسە قىلىنغان ماجىرا 25 مىڭ 320، بىر تەرەپ قىلىش قارارى چىقىرىلغىنى 5180. 10 مىڭ 236 ماجىرا خەلق مۇرەسسە ھەيئەتلىرىگە ياردەملىشىپ مۇرەسسە قىلىندى، قانۇن ساۋاتلىرى 26 مىڭ 994 مەيدان (قېتىم) تەشۋىق قىلىنىپ، 12 مىليون 392 مىڭ ئادەم (قېتىم) تەربىيە ئالدى. 400 قېتىم ئاممىۋى سوقۇشۇش توسۇپ قېلىندى، 2946 يېزا، بازار، مەھەللە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى (فېرمىلىرى) قانۇن بويىچە ئوڭشالدى. 2481 تەكلىپ ئاساسىي قاتلام ھۆكۈمەتلىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى، ئاساسىي قاتلام ھۆكۈمەتلىرىنىڭ 2000 پارچە قېلىپلاشقان ھۆججەت تۈزۈشىگە ياردەم بېرىلدى، مەخسۇس تۈزەشكە 4311 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى، 233 ئىلغار كوللېكتىپ، 515 ئىلغار شەخس ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر تەرىپىدىن تەقدىرلەندى.

2000 - يىلى ئەدلىيە نازارىتى «ئەدلىيە ئورۇنلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تۈزۈپ، ئەدلىيە ياردەمچىلىرىنىڭ روھەتكە ئېلىنىش خىزمىتى ۋە ئەدلىيە ئورۇنلىرى بىلەن قانۇن مۇلازىمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئايرىلىشى توغرىسىدا كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى.

ليۇ رۇڭ

## ئاساسىي قاتلام قانۇن مۇلازىمىتى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا، بازار، مەھەللە، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىدىكى قانۇن مۇلازىمىتى ئورنى 1087گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا، بازارلاردا قۇرۇلغىنى 841، مەھەللىلەردە قۇرۇلغىنى 91 بولدى، قانۇن مۇلازىمىتى ئورنىغا تايىنىپ قۇرۇلغان ئادۋوكاتلىق ئورنى بىر، باشقا تىپتىكى قانۇن مۇلازىمىتى ئورنى 154 بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسىي قاتلام قانۇن مۇلازىمىتى خىزمەتچىسى 3797گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغىنى 1130، ئادۋوكات لاياقىتىگە ئىگە بولغىنى 106.

2000 - يىلى 48 قانۇن مۇلازىمىتى ئورنى ئۆلكە دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئورۇن بولۇپ باھالاندى، 160 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 325 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسىي قاتلام قانۇن مۇلازىمىتى ئورۇنلىرى 6167 ئورۇننىڭ قانۇن مەسلىھەتچىلىكىنى ئۈستىگە ئالدى (بۇنىڭ ئىچىدە 3437 ئورۇن ئاساسىي قاتلام ھۆكۈمەت، كەنت - ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ قانۇن مەسلىھەتچىلىكىنى، 1928 ئورۇن ھەرخىل كارخانىلارنىڭ قانۇن مەسلىھەتچىلىكىنى، 802 ئورۇن باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇن مەسلىھەتچىلىكىنى ئۈستىگە ئالدى). ئەرز - شىكايەتكە دائىر 16 مىڭ 401 ئىشنى، ئەرز - شىكايەتكە دائىر بولمىغان 10 مىڭ 121 ئىشنى ۋاكالىتەن بېجىرىپ بەردى، 27 مىڭ 77 ماجىرانى مۇرەسسە قىلدى، 32 مىڭ 644 ئىشنى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈشكە ياردەملەشتى، 62 مىڭ 66 ئىشقا شاھىد بولدى، قانۇنغا دائىر 31 مىڭ 439 ھۆججەتنى ۋاكالىتەن يېزىپ بەردى، قانۇندىن مەسلىھەت سورىغان 103 مىڭ 809 ئادەم (قېتىم) گە جاۋاب بەردى، قانۇن جەھەتتىن ياردەم بېرىشكە دائىر 4607 ئىشنى بېجىردى، 5505 ئادەم (قېتىم) ئەدلىيە مەمۇرىيىتى خىزمىتىگە قاتنىشىپ، 310 مىليون 605 مىڭ 300 يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىپ قالدى، كەسپىي ئىشلار بويىچە 12 مىليون 291 مىڭ 600 يۈەن ھەق ئالدى.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «148» قانۇن مۇلازىمىتى لىنىيىسىدە 242 تېلېفون ئېچىلىپ، 42 مىڭ 228 ئادەم (قېتىم) نىڭ قانۇندىن مەسلىھەت سورىغان تېلېفونى قوبۇل قىلىندى، ھاۋالە قىلىنغىنى بويىچە قانۇن ئىشىدىن 10 مىڭ 612 ئىش بېجىرىلدى، 3291 ئىشتا خېرىدارلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ مۇلازىمەت قىلىندى، 2218 ئىشقا قانۇن جەھەتتىن ياردەم بېرىلدى، 5460 ماجىرا ھەل قىلىنىپ، 124 مىليون 476 مىڭ 100 يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئالدى ئېلىندى.

2000 - يىلى ئەدلىيە نازارىتى ھەر قايسى يېزا، بازار، مەھەللىلەردە 475 ئەدلىيە مۇرەسسە مەركىزى قۇرۇپ، 3987 زىددىيەت - ماجىرانى مۇرەسسە قىلدى، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغىنى 3737گە يەتتى؛ ئاممىۋى زىددىيەت - ماجىرادىن 364نى مۇرەسسە قىلدى، كېلىشتۈرۈش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغىنى 289 بولدى.

12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە 3967 نەپەر قانۇن خىزمەتچىسى مەملىكەت بويىچە ئاساسىي قاتلام قانۇن مۇلازىمىتى خىزمەتچىلىرىنىڭ تۇنجى كەسپىي سالاھىيەت ئىمتىھانىغا قاتناشتى، 2601 كىشى ئىمتىھاندىن ئۆتتى.

چېن گوخۇڭ

## ئادۋوكاتلىق خىزمىتى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭىدىن 8 ئادۋوكاتلىق ئورنى قۇرۇش تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى، 132 كىشىنىڭ كەسپىي ئادۋوكات بولۇشى تەستىقلاندى. يىل ئاخىرىغا بارغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە ئادۋوكاتلىق ئورنى 227گە (بۇنىڭ 27 سى بىڭتۈەندە) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 4.6% ، كەسپىي ئادۋوكات 1926 گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 7.3% ئاشتى.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كەسپىي ئادۋوكاتلار تەكلىپ بويىچە 2613 ئورۇننىڭ قانۇن مەسلىھەتچىلىكىنى ئۈستىگە ئالدى، بۇنىڭ ئىچىدە خەلق ھۆكۈمىتى قانۇن مەسلىھەت ئۆمىكى (گۇرۇپپىسى) گە مەسلىھەتچى بولغىنى 43، دۆلەت ئورگىنى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى مەسئۇللىرىنىڭ قانۇن مەسلىھەتچىسى بولغىنى 106، كارخانىلارغا مەسلىھەتچى بولغىنى 1728 (چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىغا مەسلىھەتچى بولغىنى 848)، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىغا مەسلىھەتچى بولغىنى 40 (شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىكلەر مەبلەغ سالغان كارخانىغا مەسلىھەتچى بولغىنى 9)، چېگرا سىرتىدا مەبلەغ سېلىنغان ئورگە مەسلىھەتچى بولغىنى 4، يېزا، بازار كارخانىلىرىغا مەسلىھەتچى بولغىنى 280، ئىجتىمائىي تەشكىلات ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارغا مەسلىھەتچى بولغىنى 54، كەسپىي ئورۇنلارغا مەسلىھەتچى بولغىنى 255، پۇقرانىڭ ئۆزىگە مەسلىھەتچى بولغىنى 103. كەسپىي ئادۋوكات تەكلىپ قىلىنغان ئورۇنغا يېزىپ بېرىلگەن قانۇنغا دائىر ھۆججەت (قېلىپلاشتۇرۇلغان ھۆججەت، تەكشۈرۈپ تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن توختام) 19 مىڭ 416 پارچە؛ قانۇندىن مەسلىھەت سورىغان 74 مىڭ 494 ئادەم (قېتىم) گە جاۋاب بېرىلدى. كەسپىي ئادۋوكاتلار 5826 جىنايى ئىشلار دەۋاسىدا ئاقلىغۇچى ۋە ۋاكالەتچى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە جىنايەت گۇماندارىغا 721 ئىشتا قانۇندىن ياردەم

بەردى، 5065 ئىشتا ئاقلىغۇچى ۋە ۋاكالەتچى بولدى، 16 مىڭ 165 ھەق - تەلەپ دېلوسى دەۋاسىدا ۋاكالەتچى بولدى، مال - مۈلۈك ئوبيېكتىغا چېتىشلىق سومما 558 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ؛ 9350 ئىقتىسادىي دېلو دەۋاسىدا ۋاكالەتچى بولدى، مال - مۈلۈك ئوبيېكتىغا چېتىشلىق سومما 3 مىليارد 420 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. 1 مىليارد 7 مىليون 460 مىڭ يۈەن تۆلەم پۇل قايتۇرغۇزۇپ بېرىلدى؛ 623 مەمۇرىي ئىشلار دېلوسى دەۋاسىدا ۋاكالەتچى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 278 دېلودا جاۋابكارغا، 345 دېلودا دەۋاگەرگە ۋاكالەتچى بولدى؛ دەۋا قانۇنىغا ياتمايدىغان 4810 ئىشنى بېجىردى، مال - مۈلۈك ئوبيېكتىغا چېتىشلىق سومما 842 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. 1643 قانۇن ياردىمى دېلوسىدا 1052 ئادەم (قېتىم) قانۇن ياردىمى دېلوسىنىڭ ئادۋوكاتلىقىنى بېجىرىپ بەردى، جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرى ئۈچۈن 104 مىڭ 749 يۈەن ئىئانە قىلدى، 9133 ئادۋوكات (قېتىم) خالىسانە قانۇن مەسلىھەتچىلىكىگە قاتنىشىپ، قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش بويىچە خالىسانە مۇلازىمەتتىن 47 مىڭ 387نى قىلدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە ئادۋوكاتلىق ئورۇنلىرىنى تەكشۈرۈش، ئادۋوكاتلارنى رويخەتكە ئېلىش خىزمىتى تاماملاندى. 221 ئادۋوكاتلىق ئورنى يىللىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى، 6 ئادۋوكاتلىق ئورنى توختىتىپ قويۇپ تەرتىپكە سېلىندى ۋە 6 ئايدىن كېيىن ئۆلارمۇ شەرتكە ئاساسەن مۇۋاپىق كەلدى. 1916 ئادۋوكات روىخەتكە ئېلىندى، 10 ئادۋوكات مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن روىخەتكە ئېلىنمىدى. بىر يىل ئىچىدە شاھىدلارنىڭ ئادۋوكات ئۈستىدە يېزىلغان 12 ئەرزى قوبۇل قىلىنىپ، ھەممىسى بىر تەرەپ قىلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 5724 كىشى ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتى بويىچە 2000 - يىللىق مەملىكەتلىك بىر تۇتاش ئىمتىھانغا قاتناشقاندى، 326 كىشى ئىمتىھاندىن ئۆتتى.

قېلىڭ جيەنجياڭ

## تۈرمە خىزمىتى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر قايسى تۈرمە، قاماقخانىلارنىڭ ئىچىدە چوڭ دېلو تۇغۇلمىدى، جىنايەتچىلەرنىڭ قېچىپ كېتىش نىسبىتى 1999 - يىلدىكىگە قارىغاندا %60 تۆۋەنلىدى، غەيرىي نورمال ئۆلۈش نىسبىتى %36 چۈشتى؛ 20 تۈرمە، قاماقخانىدا «ئۈچ بولماسلىق» (جىنايەتچىلەر قېچىپ كېتىدىغان ئىش بولماسلىق، چوڭ دېلو يۈز بېرىدىغان ئىش بولماسلىق، غەيرىي نورمال ئۆلۈم بولماسلىق) ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بىر يىلدا تۈرمىدە پىلانلىنىۋاتقان 4 چوڭ سۇيىقەستلىك دېلو پاش قىلىندى.

ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرمە، قاماقخانىلار تەربىيىلەش، ئۆزگەرتىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەردى، جىنايەتچىلەرگە ئىدىيىۋى تەربىيە بېرىش نىسبىتى %100كە يەتتى، ئومۇمىي ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %95كە يەتتى؛ مەدەنىيەت تەربىيىسىگە قاتنىشىش نىسبىتى %90كە، گۇۋاھنامە ئېلىش نىسبىتى %80كە يەتتى؛ تېخنىكا تەربىيىسىگە قاتنىشىش نىسبىتى %85كە، گۇۋاھنامە ئېلىش نىسبىتى %70كە يەتتى.

2000 - يىلى پۈتكۈل تۈرمە، قاماقخانا سىستېمىسىدا سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 277 مىليون يۈەنگە (ئۆزگەرمەس باھا) يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 42 مىليون يۈەن ئېشىپ، %17.9 ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 31 نەپەر تۈرمە ئىچىدىكى مۇنەۋۋەر رازۋېدچىك، 42 نەپەر مۇنەۋۋەر باشقۇرۇش - تەربىيىلەش ئىش بېجىرگۈچىسى، 42 نەپەر «تۆتنى بىلىش» ماھىرى (جىنايەتچى دېلوسىنىڭ ئەھۋالىنى، جىنايەتچىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىنى، جىنايەتچىنىڭ تەقى - تۇرقى قاتارلىق ئاساسىي ئەھۋالىنى، جىنايەتچىنىڭ رېئال ئۆزگىرىش ئىپادىسىنى بىلىدىغان ماھىر)، 18 ئىلغار تۈرمە (رازۋېد) ئىشلىرى بۆلۈمى بىلەن 4 ئىلغار تۈرمۇش - تازىلىق بۆلۈمى تەقدىرلەندى. 2000 - يىلى پۈتكۈل سىستېما بويىچە 2 كىشى پارتىيە ئىنتىزامى بويىچە، 32 كىشى مەمۇرىي ئىنتىزام بويىچە جازالاندى.

بىر يىل ئىچىدە 37 ئوتتۇرا ئەترەتكە A دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يەتكەن ئەترەت دەپ، 31 ئەترەتكە B دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يەتكەن ئەترەت دەپ نام بېرىلدى.

قېلىڭ جيەنجياڭ

## ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش خىزمىتى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشنى باشقۇرۇش ئورۇنلىرىدا دېلو يۈز بەرمىدى، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقانلاردىن قېچىپ كېتىدىغانلارنىڭ نىسبىتى 1999 - يىلدىكىگە قارىغاندا %61.3 تۆۋەنلىدى. ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشنى باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسىدە ساقچى مۇھاپىزەت ئەترىتى قۇرۇلدى. ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورۇنلىرىدا «مەدەنىي قانۇن ئىجرا قىلىش يىلى»، «قېلىپلاشتۇرۇلغان باشقۇرۇش يىلى»، «تەربىيىلەش - ئۆزگەرتىش بويىچە مۇيەسسەرلىك بولۇش يىلى» پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 8 ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش مەكتىپى قۇرۇلغانىدى، بۇنىڭدىن 3ى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش مەكتىپى قاتارىغا ئۆتتى. 2000 - يىلى پۈتۈن سىستېما بويىچە ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقانلارنىڭ ئوقۇشقا كىرىش نىسبىتى سىياسىي تەربىيە بويىچە %99.5كە، مەدەنىيەت تەربىيىسى بويىچە %97.5كە،

تېخنىكا تەربىيىسى بويىچە 98.1%كە يەتتى؛ ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورۇنلىرىدا زەھەر خۇمارىنى ئۈزۈپ تاشلاش 100%كە يەتتى؛ ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقانلارنىڭ بۇرۇلۇش ياساش نىسبىتى 90.2%كە يەتتى.

2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئىگىلىكى داۋاملىق تەرەققىي قىلدى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 108 مىليون 458 مىڭ يۈەن ئورۇندالدى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 24 مىليون 520 مىڭ يۈەن، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 72 مىليون 137 مىڭ يۈەن، باشقىلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليون 801 مىڭ يۈەن بولدى.

2000 ـ يىلى بورتالا ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك زامانىۋىلاشقان مەدەنىي ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنى بويىچە دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە بىر مىنىستىرلىك دەرىجىلىك، 3 ئاپتونوم رايون (ئۆلكە) دەرىجىلىك زامانىۋىلاشقان مەدەنىي ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنى، 26 مەدەنىي چوڭ ئەترەت قۇرۇپ چىقىلدى. ئاقسۇ ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىدىكى كادىر يەن شۈجۈنگە ئەدلىيە مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «1 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» دېگەن نام بېرىلدى.

فېڭ جيەنجياڭ

# ئاممىۋى تەشكىلاتلار

## ئاپتونوم رايوندىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار مەسئۇللىرىنىڭ ئىسمىلىكى

ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى

رەئىس: مۇھەممەتجان ئەمەت.

مۇئاۋىن رەئىسلەر: لى جىمىن (ئايال) ، ئابدۇراخمان رەخىمباي (قازاق) ، ئۆمەر بەكرى، جەي چاڭلى، ۋاڭ لىپىڭ، خۇاڭ ياجۇن.

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى

شۇجى: ئەركىنجان تۇراخۇن.

مۇئاۋىن شۇجىلار: زۇڭ جيەن، جاڭ ۋېنچۈەن، تالغات ئۇسۇن (قازاق) ، ئەنۋەر ئابدۇشۈكۈر.

ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى

رەئىس: رىزۋان ئەبەي.

مۇئاۋىن رەئىسلەر: جىڭ خېيەن، سادىيقان شاقىتاي (قازاق) ، تۇ فېڭيىڭ، گۈلشات ئابدۇقادىر.

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى

رەئىس: شۇ پىڭ.

مۇئاۋىن رەئىسلەر: خوجىخان ھاكىموف، سادىر قادىر، جاڭ يۈجى، جاۋ باۋجۈن، خې خۇڭيىڭ، جۇ جۈنلىن، جاڭ لياڭچېن، جۈرئەت ئابدۇقادىر، جاقىيا ئىسكەندەر (قازاق) ، تاشپولات تىيىپ، خەمىت ھاكىموف (تاتار) ، خۇڭ شيۇفاڭ (ئايال) .

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى

رەئىس: فېڭ داجېن.

مۇئاۋىن رەئىسلەر: جاۋ جېنمىڭ، نۇربېك (قازاق) ، جاڭ خۇڭچاۋ.

قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان مۇئاۋىن رەئىسلەر: تۆلەۋقان ئىبراي (قازاق) ، باۋ دۇنچۈەن، داڭ يۈلىن.

شىنجاڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى)

جەمئىيەت باشلىقى: ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن.

مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقلىرى: ماچاڭغا (خۇيزۇ) ، ياڭ شېڭپىڭ، ئابلىز جۇمە، گوچاڭچىڭ، سۈن گۇاڭشىن، جاڭ بې، ياڭ مېيدې (ئايال) ، تاڭ ۋەنلى، تۇرسۇن ئىمىن، ۋۇ تۇڭجياڭ، لى لەيشۈن، شۆھرەت زاكىر، ئەسقەربېك دۆمىش (قازاق) ، مى ېېنخۇا.

شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

رەئىس: غازى ئەمەت.

مۇئاۋىن رەئىسلەر: ليۇ بىڭ، ھېيتەم ھۈسەيىن، شامىس قۇمار (قازاق) ، لو يىڭفۇ، ئابلىمىت سادىق، جۇ تاۋ، پاتىخە مالىك (قازاق) ، مەمتىمىن ھوشۇر، تۇيغۇن ئەخمىدى، خۇ لېيۈەن، دورجى ناداي (موڭغۇل) ، ئادىل جۇمەتۇردى (قىرغىز) .

شىنجاڭ ياشلار بىرلەشمىسى

رەئىس: ئەركىنجان تۇراخۇن.

شىنجاڭ ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى

رەئىس: ئالىم ئابدۇراخمان.

شىنجاڭ ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى

رەئىس: لياڭ رىمىڭ.

شىنجاڭ تەيۋەنلىك قېرىنداشلار بىرلەشمە دوستلۇق ئۇيۇشمىسى

ئۇيۇشما باشلىقى: جاڭ گو.

خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى

ئۇيۇشما باشلىقى: شى جىڭبو.

## ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى

### ئومۇمىي ئەھۋالى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ھەيئىتى 13 مىڭ 16 گە، ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىراجەت تەكشۈرۈش ھەيئىتى 5525 كە، ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر ھەيئىتى 6152 گە، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى مەخسۇس كادىرى 7324 كە يەتتى. ئاپتونوم رايوندىكى ئىشچى - خىزمەتچى 3 مىليون 225 مىڭ 900 گە، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى قۇرۇلغان ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچى 2 مىليون 117 مىڭ 300 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال ئىشچى - خىزمەتچى 908 مىڭ. ئاپتونوم

رايوندىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزاسى 2 مىليون 800 مىڭ، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال ئەزا 849 مىڭ 300.

ۋاڭ جىڭخۇا

## ئاپتونوم رايونلۇق «1 - ماي» نى تەبرىكلەش يىغىنى

بۇ يىغىن 2000 - يىل 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەر كەسپىي ئەخلاقىدىكى 10 نادىر ئۈلگە بولۇپ باھالانغان ئەكرەم نۇر قاتارلىق 10 كىشى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەر كەسپىي ئەخلاقىدىكى 10 نادىر كوللېكتىپ بولۇپ باھالانغان شىنجاڭ 1 - بىناكارلىق شىركىتى قاتارلىق 10 ئورۇن، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەر كەسپىي ئەخلاقىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالانغان ليۇ شاۋجۇن قاتارلىق 20 كىشى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەر كەسپىي ئەخلاقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالانغان بۈگۈر ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى قاتارلىق 20 ئورۇن تەقدىرلەندى. يىغىندا يەنە جان - دىل بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە تايىنىپ كارخانىنى ياخشى باشقۇرغان ليۇ لىيەنباۋ قاتارلىق 9 رەھبەر، كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقان، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە كۆيۈنىدىغان مى گېنخۇا قاتارلىق 9 مۇنەۋۋەر تىجارەتچى تەقدىرلەندى.

ۋاڭ جىڭخۇا

## ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنى

بۇ يىغىن 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىسى، ئىلغار خىزمەتچى بولغان 373 كىشى تەقدىرلەندى. ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەن رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۇەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، ھامىدىن نىياز، جانابىل قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن مۇھىم سۆز قىلدى. مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى جى مىڭبو، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى جىنيۇ يىغىندا تەبرىك سۆزى قىلدى.

ۋاڭ جىڭخۇا

●

### قوشۇمچە (1)

2000 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىسى، ئىلغار خىزمەتچى بولغانلار

ئەمگەك نەمۇنىچىسى

نۇرزات (قازاق)، خۇاڭ سەنيۇ، لى خۇڭمېي (ئايال)، ليۇ جىجياڭ، جارقىن تۇرسىنبېك (قازاق)، جاڭ يۇجېن (ئايال)، ئەكبەر (قازاق)، ياسىنجان سوپاخۇن، ياسىن ھېكىم، نۇردانگۈل بۆكەيخان (ئايال، قازاق)، ئىمام، خېلىل ئۆمەر، مېڭ يۇڭخۇڭ (داغۇر)، جانات سۇلايمان (قازاق)، ماقسات (قازاق)، ۋاڭ خەنفۇ (خۇيزۇ)، ۋاڭ گودۇڭ (خۇيزۇ)، سېرىك (قازاق)، يېنىش (ئايال، موڭغۇل)، گو شيۇمېي (ئايال)، باقتىبېك شەرىپ (قازاق)، شاھنۇردان (قازاق)، خازىرزا (ئايال، قازاق)، قايىزات (قازاق)، غالىم (قازاق)، خېزاتۇلا (قازاق)، ئايگۈل داۋۇت، پۈرۈپ (موڭغۇل)، بىلقان (ئايال، قازاق)، ۋاڭ جۈن، تۆشىنبات (موڭغۇل)، يې جۈن، جاڭ گوشى، يى شۆدۇڭ، جۇ زۇڭجىن، لياڭ شۆيەن (ئايال)، سۇن شۆجۈن، لى شياڭجېن (ئايال، خۇيزۇ)، ما دېخەي (خۇيزۇ)، كەرىمە (ئايال، قازاق)، ماشۇرالا (خۇيزۇ)، يېلىگەي (ئايال، قازاق)، ئابباس ئابدۇللا، تۇرسۇننىياز دۆلەت، ھەجەرخان ئوسمان، روزنىسا روزى، چىمەنگۈل، لىن دېگۇاڭ، نىزامىدىن مەمتىمىن، مەمتىمىن قۇربان، سۇلايمان ئەزىم، دىڭ جيەنخۇا، بەكرى مەمەت، چېن جېڭۋېي، ۋاڭ شۇچىڭ، يېي يۇڭبىن، داۋۇت ھەسەن، ئەخمەت نەسىردىن، بارات نايۇپ، ئابدۇرېشىت ئايۇپ، ئابدۇرېھىم ئابا، بۇسارىخان ئۆمەر، تۇرسۇننىياز قاۋۇز (تاتار)، خالىق قاۋۇز، لۇۋان بويىگبېك (تاتار)، نىساخان ساۋۇت، ئەرگەش تۇردى (قىرغىز)، ئابدۇرازاق (قىرغىز)، تاھىر ئىمىن، ئابدۇرۇسۇل، ئابلىكىم قېيۇم، قاسىم ھاشىم، بۇئايشەم ھامىت، مەمەت روزى، ۋاڭ خۇڭلېي (ئايال)، ۋاڭ باۋنيەن، نىياز راشىدىن، توختى ھاشىم، كالىمان (موڭغۇل)، ليۇ يىچېڭ (خۇيزۇ)، يىدەي (موڭغۇل)، ئاپۇرجالا (موڭغۇل)، مەمەت ساۋۇر، جېلىل راخمان، روشەنگۈل، ئىسمائىل ساۋۇت، خەلچەم غوپۇر، گۈلنىسا ھاپىز، ليۇ جېنخاۋ، يىن شياڭدۇڭ، كېرەم ئاسىپ، ۋۇ شىنلەن (ئايال)، مەي شياۋخۇ (خۇيزۇ)، ئادا ئاۋلاس (قازاق)، قەمەرخان، سىتتىنىياز ئابلىتىپ، جۇ جيەنچۇ، تۇردى ھەبىبۇل، ئابدۇجېلىل، ليۇ شۇن، ما يۇڭچۈەن، لى جىنچاڭ، لى پىڭ، لى لەنيىڭ (ئايال)، ۋاڭ شۆجىن، لى پېيجۈن، لۇ دېيەنۋېي، ئاسىيە يولۋاس، رەيھان ھۇسەيىن، ماشىنرۇڭ (خۇيزۇ)، جۇ جاۋ، ۋاڭ جۇنشېڭ، جاڭ يۇەنچىڭ (ئايال)، مەمەت يولۋاس، ۋاڭ جيەنگۇن، شۆشىنكې، ئابلىكىم ئەزىز، رەخىم ئۇرايىم، چېن شۇمىڭ (ئايال)، تەن دېجۇ، ئوسمان قۇربان، باتىرقان (قازاق)، ۋاڭ كۈن، فۇ تاڭبى (ئايال)، ۋېن تىڭدې، ليۇ جىنچۈەن، ۋاڭ فاڭكۈي (ئايال)، ۋاڭ سۇيپىڭ (ئايال)، لياڭ سۇيشيا (ئايال)، ئىلىياس (قازاق)، ۋاڭ مېيخۇا (ئايال)، شۇ شۇپىڭ (ئايال)، سىماۋاي ئۇرازباي (قازاق)، خۇرۇنفۇ، دىڭ لياڭپىڭ (ئايال)، لى

خۇڭشيەن (ئاپال)، چېن يىڭپىڭ (ئاپال)، جاڭ شېڭلى، يۈ شياۋپىڭ (ئاپال)، شى دېشۇ، مياۋ شۈمېي (ئاپال)، ياڭ جيەنلى، سۇڭ لىخۇڭ (ئاپال)، لى چاۋفا، جۇڭ يۇڭ (شىبە)، شۇ شياۋجى، جىڭ يىڭجيې، ياڭ چىڭرۇ، ۋاڭ چۇنچۈەن، لېي يى، چى خەيبو، دىڭ يۈپىڭ (ئاپال)، چيۇ مېيخۇڭ (ئاپال)، سانىيە، ۋاڭ ليەنفا، چېن دايۈەن، ئابلىز تۇرەك، دۇ جىجۇن، جياڭ چۇنخوا (ئاپال)، ئەكرەم نۇر، ياۋ گۈيپىڭ (ئاپال)، يەن بو، گەي تۇخوا (ئاپال، داغۇر)، قۇربان ياسىن، سۇن جۇڭ (ئاپال)، ما جيەنلىن (خۇيزۇ)، ۋاڭ يەنخۇڭ (ئاپال)، جاۋ ئېردۇڭ، خۇ جىبىن (خۇيزۇ)، ئەركىنجان، سالامەت قاھار، جاڭ جاۋشېڭ، ليۇ چىڭخوا، پۇ خۇيجۇن، مۇلى (ئاپال)، تاھىر ئابلىز، ليۇ شاۋجۇن، باۋىرجان (قازاق)، ھاكىمجان، گۈلقىز مەمەت، يۈ ۋۇمىڭ، فۇلى (ئاپال)، ۋاڭ گەنجياڭ، چېن جى، نيې رۇشۈەن، خەن ۋېنشېڭ (ئاپال)، ما يىڭچۈن (ئاپال، خۇيزۇ)، مايىسى (خۇيزۇ)، ئارزۇگۈل، فەن گۇاڭشىن، ئەركىن ئابدۇرېھىم، لۈمەرجان، سۇڭ جىنلياڭ، ئابدۇراخمان ئابدۇللا، فەن شۇخوا (ئاپال)، چېن جۇڭ، مەمەتئىمىن سابىت، گومىنجيې، جياڭ ۋۇشياڭ، گۇسۇنگۈل، ليۇ گۇاڭجۇ، تاش، جياڭ جۇن، ۋاڭ چاڭشۇن، چېن شيا (ئاپال)، ئادىل ئابلىمىت، ۋاڭ رۇيلۇڭ، پەن يى، يۈ شياۋلىڭ (ئاپال)، ماجېنۇۋ، مىجىت ئىمىن، چېن جياڭ، چىن شياۋجۇن، سەيجىڭگاڭ، جۇ تۇڭبو، ۋاڭ ۋېنچۈەن، ماۋ چيەنرۇ، ۋاڭ خۇڭ (ئاپال)، گېڭ ۋېنيۈەن، ئەخمەتجان جاپپار، بالىقان قاخارمان (قازاق)، لى شىچى، ئالىمبېك (قازاق)، جاۋ فۇپىڭ، شيۇڭ شىن (ئاپال)، خې شۇخوا (خۇيزۇ)، جاڭ فېڭيۇن (ئاپال)، دۇگاڭ، زۇڭ يۇ (خۇيزۇ)، لى ۋېنيى (خۇيزۇ)، تۇردى سەيدىن، سۇڭ سوشۈەن، چىن فېڭچۈن، جۇ شېڭشياڭ، خۇ جيافۇ، ۋاڭ ئەنمېي (ئاپال)، چاڭ شۇخوا (ئاپال)، لى فاڭ (ئاپال).

ئىلغار خىزمەتچىلەر

ئەركىن يۈسۈپ، شۇ مىنخوا، ليۇ شياۋيۇڭ، كامىنۇر قادىر، لۇ پىڭ (ئاپال)، دۈەن شيەنجۈن، كۈلقات ئاقىبېت (ئاپال، قازاق)، لۇ شىيىڭ، لى شيافېي (ئاپال)، مۇختار مەمەت، يۈخۇڭ، ماجىنپىڭ (خۇيزۇ)، ماشياۋلۇڭ (خۇيزۇ)، مەتتوختى خوجا، جاڭ چۈنمىڭ، مەمتىمىن ئابدۇۋەلى، چۇ زۈشىن، ئەنۋەر مەتيۈسۈپ، دەي گۇاڭخۇي، ئابىتجان روزى، مېھرىبان تالىپ، ئەلى ئابدۇل، تاجىنسا ئەزىزە، مەمتىمىن ئەمەت، خې جىخۇڭ، سۇي گاڭ، ياسىن مەمەتتۇرغان (قىرغىز)، سەمى ئابدۇللا، ئابدۇرېھىم تۇردى، روزى ئىبراھىم، شۇ چۈنشۈ، جاڭ خۇڭبىن، ۋاڭ شىمىڭ (ئاپال)، ۋاڭ چىنشۈ، ۋاڭ جيەنمىڭ، ئارزۇگۈل زىياۋۇدۇن، مەريەم نىياز، ئابدۇراخمان ئايىت، ماشېڭيۈن (خۇيزۇ)، ماھىنۇر قاسىم، ۋاڭ شيۇچيۇڭ (ئاپال)، سۇن لىمىن (ئاپال)، جاڭ شېڭلى، ۋاڭ گوچياڭ، دۇڭ يۇڭجاڭ، ليۇ جىنياڭ، سۇن مىڭگاڭ، خۇاڭ يىڭ (ئاپال)، خەن تيەنفاڭ، جاۋتۇچياڭ، يەن شياۋلىن (ئاپال)، لى فۇگېن، جۇ يۈلۇ، لو شىنپىڭ (ئاپال)، سۇي تۇڭيەن، پاتىگۈل ئابدۇرېشىت، مادىل (قازاق)، جۇلىنشەن، گۇرۇڭشياڭ، مەمەتتۇرسۇن، ۋەن جىشىن، گۈلشەن ئىسراپىل، دىلبەر، قاينام ئىمارەتشاھ (تاجىك)، جيا شىدۇڭ، ئادىلجان ئابدۇراخمان (قازاق)، جاڭ ۋېي (ئاپال)، تۇرسۇن ھوشۇر، ئىزرات باھاۋۇدۇن، نۇرۇللا ئايۇپ، فاڭ نىڭ، ۋېي بىن، مۇباۋشىن، لى يەنپىڭ، جى گوخوا، يەن شۈجۈن (خۇيزۇ)، جۇشۇيىڭ (ئاپال)، تۇنىياز ئوسمان، شى شىنلى، ئەخەت زۇنۇن، ۋاڭ لىنخوا (ئاپال)، روشەنگۈل ئەمەت، نۇربىيە، خەيرىنسا، غوجىسىيىت ئابدۇقادىر، لۇ گويىڭ (ئاپال)، روسۇل، خۇاڭ جىنبىن، گو يۈپىڭ (ئاپال، شىبە)، پەرىدە سەيشەنباي (ئاپال، قازاق)، ما شيۇفاڭ (ئاپال، خۇيزۇ)، رىشىت زىياۋۇدۇن، جۇجۇ (تۇجيازۇ)، پەن شياۋلىڭ (ئاپال)، بەختىنسا مۇھەممەتئېلى، دەي گۇاڭفۇ، جۇ ۋېيخوا، ئەختەم سەيپۇللايېف، چېن يانىڭ، شى يۈشەن، لى نەنفاڭ (ئاپال)، ھاۋاخان ئىنايەت، تۇراخۇن ياقۇپ، لى جۇڭچىڭ، زاكىر كېرىم، رابىيە ھۇسەن، دەۋران ئوسمان، لۇ يىتاۋ، ئابدۇراخمان ئابلىكىم، گەن ۋېينيۇ، چى دېشياڭ، تۇراخۇن مەمەتھاجى، دىڭ جيەنخۇڭ، لى پىڭ (ئاپال)، خاسباتىر (موڭغۇل)، خالىدەم نۇرمەمەت (ئۆزبېك)، ياڭ يۈلىڭ (ئاپال)، زۆھرەبى ساۋۇر، ئېركىن (ئاپال، قازاق)، پەن لىيىڭ (ئاپال)، قۇدرەت ئابلىمىت، مارىيە، ۋاڭ يىۋېن، ۋۇ چۈەنلۇ، ياڭ رۇڭفا، ئامانگۈل، خۇيجۇن، ۋۇ دىمىڭ، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، دۇڭ جاۋۋۇ، ماھىنۇر غوپۇر، ھەجەرگۈل، ياڭ خۇڭشىن، ساغات (قازاق)، شى جيەن (مانجۇ)، لى پىڭ، چاڭ شۇخوا (ئاپال).

## قوشۇمچە (2)

مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

(مۇشۇ يىلنامىنىڭ «شەخسلەر» قىسمىدىن كۆرۈۋېلىڭ)

## ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرلىرىنى تەربىيەلەش

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرلىرى سالاھىيىتى بويىچە 6 قارار كۇرس ئېچىپ، 396 ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرىنى تەربىيىلىدى، ئاساسىي قاتلاملاردا 11 قارار سالاھىيەت كۇرسى ئېچىپ، 730 ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرىنى تەربىيىلىدى. ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئورگىنىدىكى بۆلۈم -

ئىشخانىلار 9 قارار كۇرس ئېچىپ، 712 كادىرنى تەربىيىلىدى. ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىلەن ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى بىرلىكتە ئوتتۇرا ياش ۋە ياش كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، 22 كادىرنى تەربىيىلىدى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەھبىرىي كادىرىدىن 12 سى، كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەئىسىدىن 5 ى ۋە 2 ئوقۇتقۇچى جۇڭگو ئىشچىلار ھەرىكىتى ئىنستىتۇتىغا تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتىلدى.

ۋاڭ جىڭخۇا

## ئىشچى - خىزمەتچىلەر كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشى

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا ماسلىشىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئارىسىدا «مەدەنىي كەسىپ، مەدەنىي ئىمىنا - گۇرۇپپا بەرپا قىلىش، مەدەنىي ئىشچى - خىزمەتچى بولۇش» مەزمۇن قىلىنغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسى پائالىيىتىنى داۋاملىق، چوڭقۇر قانات يايدۇردى. 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەر كەسپىي ئەخلاقىدىكى 10 نادىر ئۈلگە ۋە 10 نادىر كوللېكتىپنى باھالاپ چىقتى. 2000 - يىلى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى قۇدۇق ئاستى تېخنىكا مەشغۇلاتى شىركىتى كەسپىي ئەخلاق بويىچە مەملىكەتلىك 10 نادىر كوللېكتىپنىڭ بىرى دېگەن نامغا، شىنجاڭ پاختا - چىگە شىركىتى داخېيەن پاختا - چىگە پونكىتى كەسپىي ئەخلاق بويىچە مەملىكەتلىك ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن نامغا، بايىنغولىن ئوبلاستلىق تېلېگراف ئىدارىسىدىكى ئەكرەم نۇر بىلەن ئۈرۈمچى كانچىلىق ئىدارىسى لۇداۋان كۆمۈر كېنىدىكى ۋاڭ سوشىن كەسپىي ئەخلاق بويىچە مەملىكەتلىك ئىلغار شەخس دېگەن نامغا ئېرىشتى.

ۋاڭ جىڭخۇا

## قوشۇمچە

**ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەر كەسپىي ئەخلاقىدىكى 10 نادىر ئۈلگە**

ئەكرەم نۇر، پۇ جۇنلىڭ (ئايال)، گۇڭ جيەنۋېن، ۋاڭ سوشىن، تۇرسۇنئىساخان، خې يۈەنپىڭ، سۇن يۇلۇڭ، لى جيې (ئايال)، ناۋ ئېنگۇي، چېن چىڭگاڭ.

**ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەر كەسپىي ئەخلاقىدىكى 10 نادىر كوللېكتىپ**

قەشقەر گىدرولوگىيە بايلىقىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش چوڭ ئەترىتى، شىنجاڭ توقۇمىچىلىق گۇرۇھى شىركىتى «1 - ئىيۇل» پاختا توقۇمىچىلىق 1 - فابرىكىسى، شىنجاڭ پاختا - چىگە شىركىتى داخېيەن پاختا - چىگە پونكىتى، شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئايروپىلان رېمونتچىلىق قۇرۇلۇشى بۆلۈمىنىڭ سىرتتا رېمونت قىلىش باشقارمىسى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسىنىڭ 202/204 قېتىملىق «ئاققۇ» ناملىق ساياھەت پويىزى، شىنجاڭ بىناكارلىق 1 - قۇرۇلۇش شىركىتى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ تۆمۈر ئاۋلاش زاۋۇتى، ئورمانچىلىق نازارىتى مورى ئورمانچىلىق مەيدانى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى قۇدۇق ئاستى تېخنىكا مەشغۇلات شىركىتى، ش ئۇ ئا ر ئۆسمە كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسى.

ۋاڭ جىڭخۇا

## مىڭ تۈرلۈك تېخنىكا يېڭىلاش پائالىيىتى

ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 2000 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئارىسىدا «مىڭ تۈرلۈك تېخنىكا يېڭىلاش» ئاممىۋى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، پائال تۈردە كارخانىنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. مەلۇماتقا قارىغاندا، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى تېخنىكا يېڭىلاش، تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش، تېخنىكا ھەمكارلىقى، ئەقىلگە مۇۋاپىق تەكلىپ بېرىش قاتارلىق تۈرلەر بويىچە 1100 تۈرنى تاماملاپ، 250 مىليون يۈەنلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتقان.

ۋاڭ جىڭخۇا

## 4 - قېتىملىق بىرلەشمە يىغىن

ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن 2000 - يىل 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى 4 - قېتىملىق بىرلەشمە يىغىن ئاچتى. يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئوتتۇرىغا قويغان يوشۇرۇن ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ۋە ئەمگەك مۇناسىۋىتى بىكار قىلىنغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئىقتىسادىي جەھەتتىن تولۇقلىما بېرىش، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىرلەشمىسى ۋە يېزا، بازار، مەھەللە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىنىڭ ئاپپاراتىنى تەسىس قىلىش، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىراجىتى يىغىش، تاپشۇرۇش، ئۇنى باشقۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەرگە ئېنىق جاۋاب بەردى.

ۋاڭ جىڭخۇا

## مېھرى - شەپقەت يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى «مېھرى - شەپقەت يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى ياخشى يولغا قويۇپ، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ،1 - مەسئۇل كىشى، سى بولۇش مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئۈستىگە ئېلىشنى يولغا قويۇش توغرىسىدا پىكىر» نى تۈزۈپ تارقاتتى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرى قاتلاممۇ قاتلام مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالىدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان، ئىش كۆتۈپ تۇرغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلاردىن 320 مىڭى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرى ئۇيۇشتۇرغان كارخانىلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىستېمال كوپېراتىپلىرىمۇ ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 23 مىڭ 700 ئىشچى - خىزمەتچىنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. باھار بايرىمى، قۇربان ھېيت مەزگىللىرىدە، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى 19 مىليون 180 مىڭ يۈەن مېھرى - شەپقەت يەتكۈزۈش مەبلىغى تەييارلاپ، قىيىنچىلىقى بار 1367 كارخانىنى زىيارەت قىلدى ۋە كۆزدىن كەچۈردى، قىيىنچىلىقى بار 27 مىڭ 713 ئىشچى - خىزمەتچى ئائىلىسىدىن ھال سورىدى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىدا مېھرى - شەپقەت يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى بويىچە فوند تەشكىلاتىدىن 72 سى قۇرۇلدى، فوند سوممىسى 17 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ھەمكارلىق تولۇقلىما سۇغۇرتا تەشكىلاتى 1812 گە، ھەمكارلىق تولۇقلىما سۇغۇرتا سوممىسى قالدۇقى 27 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ۋاڭ جىڭخۇا

## زاۋۇت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش تۈزۈمى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ئىنتىزام تەكشۈرۈش تارماقلىرىغا ماسلىشىپ زاۋۇت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، زاۋۇت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش خىزمىتىنى كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىق ساھەلىرىگە ئەكىرىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق يۈرۈشىشىگە تۈرتكە بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە زاۋۇت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش، دېموكراتىك باشقۇرۇش بىلىملىرى بويىچە 56 قارار كۇرس ئېچىلىپ، 3600 دىن ئارتۇق ئادەم(قېتىم) تەربىيىلەندى. ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت كارخانىسى، كوللېكتىپ كارخانا ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى، كوللېكتىپ ئىلكىدىكى پاي كونترول كارخانىسىدىن 4257 سىدە زاۋۇت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. بۇ بارلىق كارخانىنىڭ %81.3 نى ئىگىلەيدۇ. 5768 كارخانىدا كادىرلارنى دېموكراتىك باھالاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. بۇ 1999 - يىلدىكىدىن 7.1 پىرسەنت پونكىتى كۆپەيدى، باھالاش نەتىجىسىنى ئاشكارىلىغان ئورۇن 3912 بولۇپ، باھالاش خىزمىتىنى يولغا قويغان ئورۇنلارنىڭ %68 نى ئىگىلىدى.

ۋاڭ جىڭخۇا

## يېڭى قۇرۇلغان كارخانىلاردا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىللەش ئەھۋالى

2000 - يىلنىڭ بېشىدا ئاپتونوم رايون يېڭى قۇرۇلغان كارخانىلاردا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىللەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇردى. 9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى «يېڭى قۇرۇلغان كارخانىلاردا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىللەش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا پىكىر» تارقاتتى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايوندىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى 1999 - يىلدىكى 10 مىڭ 433 تىن 13 مىڭ 21 گە يەتتى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر 2 مىليون 50 مىڭدىن 2 مىليون 420 مىڭغا يەتتى. ئۇيۇشما ئەزاسى 1 مىليون 940 مىڭدىن 2 مىليون 200 مىڭغا يەتتى.

ۋاڭ جىڭخۇا

## مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى شۆجىچۈسىنىڭ شۆجىسى دۇڭ لى شىنجاڭغا كېلىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن ھال سورىدى

مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى شۆجىچۈسىنىڭ شۆجىسى دۇڭ لى باشچىلىقىدىكى ئۆمەك 2000 - يىل 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى شىنجاڭغا كېلىپ ئۈرۈمچى، شىخەنزە، قۇتۇبى، سانجى قاتارلىق شەھەر، ناھىيىلەرگە ۋە بىڭتۈەنگە قاراشلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارغا بېرىپ، «تۆمەنلىگەن ئائىلىلەرگە كىرىپ، تۆمەنلىگەن ئائىلىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش، تۆمەنلىگەن ئائىلىلەرنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ، تۆمەنلىگەن ئائىلىلەرنىڭ قەلبىنى ئىللىتىش» تىن ئىبارەت مېھرى - شەپقەت يەتكۈزۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. قىيىنچىلىقى بار كارخانىلار، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىدىن نۆۋەتلىك ھال سورىدى.

ۋاڭ جىڭخۇا

# جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ش ئۇ ئا ر كومىتېتى

## ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەھۋالى

ئاپتونوم رايون بويىچە 2000 - يىلدىكى ياش 4 مىليون 86 مىڭ 637 (14 — 35 ياشقىچە)، 14 — 28 ياشقىچە بولغان ياش 2 مىليون 961 مىڭ 568، ئىتتىپاق ئەزاسى 1 مىليون 44 مىڭ 694 (قىز ئىتتىپاق ئەزاسى 445 مىڭ 429 بولۇپ، %42.64 نى، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان ئىتتىپاق ئەزاسى 540 مىڭ 343 بولۇپ، %51.72 نى ئىگىلەيدۇ). مۇشۇ يىلى ئىتتىپاققا 145 مىڭ 254 ئەزا قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە قىز 72 مىڭ 398. ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن 77 مىڭ 30 ئىتتىپاق ئەزاسى ئىتتىپاقتىن چىكىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كومىتېتى 2764 كە، ئىتتىپاق باش ياچېيكىسى 3572 گە، ئىتتىپاق ياچېيكىسى 41 مىڭ 853 كە يەتتى. مەخسۇس ئىتتىپاق كادىرى 3008 گە يەتتى (ئايال مەخسۇس كادىر 1006 بولۇپ، %33.44 نى؛ ئاز سانلىق مىللەت مەخسۇس كادىر 1362 بولۇپ، %45.28 نى؛ پارتىيە ئەزاسى 1975 بولۇپ، %65.66 نى، ئالىي مەكتەپ ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى مەلۇماتى بارلار 2205 بولۇپ، %73.3 نى ئىگىلەيدۇ). مۇشۇ يىلى 39 مىڭ 874 مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزاسى پارتىيە ئەزالىق ئوبيېكتىغا كۆرسىتىلدى، ئۇلاردىن 16 مىڭ 293 ى پارتىيىگە كىردى.

**تەشكىلىي قۇرۇلۇشى** ئىتتىپاق ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 - ئومۇمىي يىغىنى 1 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا ئىتتىپاق ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئەزالىرى ۋە كاندىدات ئەزالىرىنى ئەزالىقتىن قالدۇرۇش، تولۇقلاشنى ئېتىراپ قىلىش لايىھەسى ماقۇللاندى. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «4 - ماي» قىزىل بايراقدار ئىتتىپاق كومىتېتى بەرپا قىلغان 100 ئورۇن، مەملىكەت بويىچە «4 - ماي» قىزىل بايراقدار ئىتتىپاق كومىتېتى بەرپا قىلغان 40 ئورۇن، مەملىكەت بويىچە «4 - ماي» قىزىل بايراقدار ئىتتىپاق كومىتېتى بولغان 2 ئورۇن (فۇكاڭ شەھىرى چېڭگۇەن بازارلىق ئىتتىپاق كومىتېتى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى شىركىتى پولات تاۋلاش زاۋۇتى ئىتتىپاق كومىتېتى) تەقدىرلەندى. 3 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ساۋەن ناھىيىسىدە، ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ شىمالىي شىنجاڭ بۆلىكىدە يەن - ئېغىنكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تۈرلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىش يىغىنى ئاچتى. 11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى تەشكىللىگەن 5 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى جەنۇبىي، شىمالىي، شەرقىي شىنجاڭلارغا ۋە كارخانا، ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ، ئىتتىپاق قۇرۇلۇشىنى نىشانلىق باشقۇرۇش خىزمىتىنى تەكشۈردى.

**مۇنەۋۋەرلەرنى تەقدىرلەش ئەھۋالى** كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى 2000 - يىل 5 - ئايدا ئاقسۇ شەھىرى ئىگەچى يېزىلىق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ئۆمەرجان ئوسمان، پىچان ناھىيىلىك دۆلەت باج ئىدارىسى ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ۋۇ جياڧا، شىنجاڭ ماناس توك چىقىرىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى پارماشىنىلىرى شۆبە زاۋۇتىنىڭ شوپۇرى چاڭ خۇڭ (ئايال) لارغا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزاسى» دەپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەكبەر، شىنجاڭ «جۇڭخې» پاي شىركىتى ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى تيەن شىنجى، شىنجاڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇش گۇرۇھى 1 - بىناكارلىق شىركىتى ئېگىز ئىمارەت سېلىش شىركىتى ئىتتىپاق باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى جاۋ يەنپىڭ (ئايال) لارغا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى كادىرى» دەپ نام بەردى.

**كادىر يېتىشتۈرۈش** 2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى بىر ئورگان كادىرنى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە تەربىيىلىنىشكە، 50 ئاساسىي قاتلام ئاز سانلىق مىللەت ئىتتىپاق كادىرنى مەركىزىي ئىتتىپاق مەكتىپىدە ئېچىلغان ئاز سانلىق مىللەت ئىتتىپاق كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىغا، 48 ئاساسىي قاتلام ئاز سانلىق مىللەت ئىتتىپاق كادىرنى شاڭخەيدە ئېچىلغان ئىتتىپاق قۇرۇلۇشىدا يېڭىلىق يارىتىش بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىغا، بىر چوڭ كارخانا ئىتتىپاق كومىتېتى شۇجىسىنى مەركىزىي ئىتتىپاق مەكتىپىگە مەخسۇس تېما تەتقىقاتى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىغا، بىر نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپ ئىتتىپاق كومىتېتى شۇجىسىنى مەركىزىي ئىتتىپاق مەكتىپىگە ئىش ئورنى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىغا، 5 ئاز سانلىق مىللەت ئىتتىپاق كادىرنى شەندۇڭ ئۆلكىسىگە ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا ئەۋەتتى. 6 ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كادىرنى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ئورگىنىدا ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

ئىتتىپاق كومىتېتى

**مەملىكەتلىك يېزا ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ئىتتىپاق كومىتېتى باشلامچى بولۇپ يولغا قويغان پەن - تېخنىكىنى كېڭەيتىش تۈرلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش نەق مەيدان يىغىنى ۋە غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىشقا قاتنىشىش مۇھاكىمە يىغىنى**

بۇ يىغىن 2000 - يىلى 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە ماناس ناھىيىسىدە ئېچىلدى. يىغىنغا كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل شۇجىسى بايىنچالۇ، شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى سۇي بو، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، مەركەزگە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر ئىتتىپاق كومىتېتلىرىنىڭ شۇجى ياكى مۇئاۋىن شۇجىلىرى، ياش دېھقانلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق ئىتتىپاق كومىتېتلىرىنىڭ شۇجىلىرى، پىلانغا ئايرىم كىرگۈزۈلگەن شەھەرلەر ئىتتىپاق كومىتېتلىرىنىڭ شۇجىلىرى، مەملىكەت بويىچە ئىتتىپاق قۇرۇلۇشىدا يېڭىلىق يارىتىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىۋاتقان 11 ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىلىرى، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتلىرىنىڭ شۇجىلىرى، بىڭتۈەننىڭ ھەرقايسى شى، ئىدارە ئىتتىپاق كومىتېتلىرىنىڭ شۇجىلىرى بولۇپ 180 نەچچە كىشى قاتناشتى.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن يىغىنغا قاتناشتى ۋە يىغىننى تەبرىكلىدى. ۋەكىللەر قۇتۇبى، ماناس ناھىيىلىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى باشلامچى بولۇپ يولغا قويغان پەن - تېخنىكىنى كېڭەيتىش تۈرلىرىنى، ئىستىھكام قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، «كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەدەنىي كوچىسى» بەرپا قىلىش ئەھۋالىنى كۆردى، قۇتۇبى ناھىيە دافېڭ بازىرى خۇڭلىيۇتاڭ كەنتىدىكى ياشلارنىڭ پەن - تېخنىكا يېتىلىشىغا ۋە ياشلارنىڭ قوغۇن - تاۋۇز مۇسابىقىسى پائالىيىتىگە، ماناس ناھىيە لوتۇبى بازىرىدىكى ياشلارنىڭ كالا بەيگىسىگە، غەربىي لياڭجۇخۇ كەنتىدىكى ياشلارنىڭ مەدەنىيەت بايرىمى پائالىيىتىگە قاتناشتى. ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى يەنە قۇتۇبى ناھىيە دافېڭ بازىرى خۇڭلىيۇتاڭ كەنت ئىتتىپاق ياچېيكىسى بەرپا قىلغان «كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەدەنىي كوچىسى» دا مەملىكەت بويىچە تۇنجى «ياشلار مەدەنىي كوچىسى» غا لەۋھە تاختىسى بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى سۇي بو مەملىكەت بويىچە «ياشلار مەدەنىي كوچىسى» نامىغا ئېرىشكەن قۇتۇبى ناھىيە دافېڭ بازىرى خۇڭلىيۇتاڭ كەنتى، ماناس ناھىيە لياڭجۇخۇ بازىرى ۋە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە ئاۋات يېزا ئىتتىپاق تەشكىلىگە لەۋھە تاختىسى بەردى.

جاڭ پىڭ

## ياشلار بىرلەشمىسى خىزمىتى

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسى قاتارلىق ئورۇنلار 2000 - يىلى 3 - ئايدىن 6 - ئايغىچە بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان 11 - نۆۋەتلىك «جۇڭگودىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئون ياش» نى باھالاش پائالىيىتىدە، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىلھام ئوسمان «جۇڭگودىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئون ياش» بويىچە ئىسمىنى ئاتاش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ياشلار بىرلەشمىسى ۋە ھەرقايسى چوڭ ئاخبارات - نەشرىيات ئورۇنلىرى بىرلىكتە 4 - ئايدىن 9 - ئايغىچە 4 - نۆۋەتلىك «شىنجاڭ ياشلىرىنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مۇكاپاتى» نى باھالاش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى دورىگەرلىك ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى، پەن تەتقىقات باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى رەنا قاسىم قاتارلىق 10 كىشى «كۆزگە كۆرۈنگەن ياشلارنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مۇكاپاتى» غا باھالاندى، ۋاڭ گاڭ قاتارلىق 20 كىشى «مۇنەۋۋەر ياشلارنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مۇكاپاتى» غا باھالاندى.

7 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە شىنجاڭدىن ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ 27 ئەزاسى بېيجىڭدا ئېچىلغان جۇڭخۇا مەملىكەتلىك 9 - نۆۋەتلىك ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ 1 - ئومۇمىي يىغىنىغا قاتناشتى. ئەنۋەر ئابدۇشۈكۈر، خالمۇرات غوپۇر، نۇرلان (قازاق) مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسى 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسى كۆرىيە ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت ئېكسكۇرسىيە بۆلۈمىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن تەشكىللىگەن ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى زۇڭ جيەن باشچىلىقىدىكى 20 كىشىلىك جۇڭگو ياشلار ۋەكىللەر ئۆمىكى 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە كۆرىيىدە ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى.

شياڭگاڭ خەلقئارا ياشلار مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مەركىزى ۋە ئاۋمېن جۇڭخۇا باش سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى ياشلار كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، شىنجاڭ ياشلار

بىرلەشمىسى تەشكىللىگەن 25 كىشىلىك شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە شياڭگاڭ ۋە ئاۋمېنغا بېرىپ، ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەش، يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ تىپتىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

مۇرات ئامانتۇر

## ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئالىي مەكتەپ خىزمىتى كومىتېتى، شىنجاڭ ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى ۋە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىرلىكتە 2000 - يىل 5 - ئايدا شىنجاڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەخسۇس تېمىدا مۇنازىرىلىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. 14 ئالىي مەكتەپ كوماندىسى مۇسابىقىگە قاتناشتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق 6 كوماندا 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپات ئالدى.

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، مائارىپ كومىتېتى، ئالىي مەكتەپ خىزمىتى كومىتېتى، ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى 191 «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» نى، 101 «مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار كادىرى» نى ۋە 52 «ئىلغار سىنىپ كوللېكتىپى» نى تەقدىرلىدى.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئابدۇۋاسىت غۇلام، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى لى گوچياڭ، شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئەزىز ئوبۇل مەملىكەتلىك «جيەن خاۋ ئوقۇش مۇكاپات پۇلى» غا ئېرىشتى.

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى 6 - ئايدا بىرلىكتە ئاپتونوم رايوندىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە «مەدەنىي يېڭى ئىستىلنى تەشەببۇس قىلىش، گۈزەل ھويلا - ئارام بەرپا قىلىش» ئاساسىي تېما قىلىنغان مۇھىت ئاسراش تەشۋىق - تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قۇرامىغا يېتىش تەييارلىق مەزگىلىدىكى پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتى، «بىرگە بىر ياردەم بېرىش» پىدائىيلار مۇلازىمىتى، پەن - تېخنىكىدىن مەسلىھەت بېرىش، خالىسانە ئەمگەك قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق مول مەزمۇنلۇق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى.

12 كىشىدىن تەشكىللەنگەن شىنجاڭ ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى ئۆمىكى بېيجىڭغا بېرىپ، 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ 23 - قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر ئالىي مەكتەپ خىزمىتى كومىتېتى، مەدەنىيەت نازارىتى، ش ئۇ ئا ر ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە شىنجاڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى خور بايرىمى ئۆتكۈزدى. مۇسابىقىگە ئۈرۈمچى رايونىدىن 12 ئالىي مەكتەپ كوماندىسى قاتناشتى.

پەرھات جالال

## جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەتتە ئاتېئىزم ۋە ئىلىم - پەن تەربىيىسى تەشۋىقات پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى تەشكىللىگەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى ئوتتۇرا ياش ۋە ياش 7 مۇتەخەسسىستىن تەركىب تاپقان تەشۋىقات ئۆمىكى 2000 - يىل 5 - ئايدىن 6 - ئايغىچە خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىنىڭ يېزا، بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە بىر ئاي ئاتېئىزم ۋە ئىلىم - پەن تەربىيىسى تەشۋىقات پائالىيىتى ئېلىپ باردى. مەلۇماتقا قارىغاندا، بۇ ئۆمەك 60 مەيدان تەشۋىقات دوكلات يىغىنى ئاچقان، ئاڭلىغۇچىلار 100 مىڭغا يەتكەن، 120 يۈرۈش سىنئالغۇ تەشۋىقات ماتېرىيالى تۈزگەن.

پەرھات جالان

## ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ۋە «ئۈچنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش» پائالىيىتى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر ئالىي مەكتەپ خىزمىتى كومىتېتى، مائارىپ نازارىتى، مالىيە نازارىتى بىرلىكتە 2000 - يىل 7 - ئايدىن 8 - ئايغىچە ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يازلىق تەتىللىك ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ۋە مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا، سەھىيىدىن ئىبارەت ئۈچنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش بويىچە پىدائىيلار مۇلازىمەت پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇردى. ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قېيۇم باھاۋۇدۇن بىلەن ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى خۇاڭ دەنخۇا 2000 - يىللىق شىنجاڭ ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۈچنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش پائالىيىتىگە ئاتلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم مۇلازىمەت ئەترىتىگە بايراق بەردى. مەلۇماتقا

قارىغاندا، 2000 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن 33 مىڭ پىدائىي 62 ناھىيىگە بېرىپ، ئۈچىنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش پائالىيىتىگە قاتناشقان. ئۇلار 678 مۇلازىمەت ئەترىتى بولۇپ تەشكىللەنگەن. بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق 6 ئۆلكە، شەھەردىن، جۈملىدىن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شاڭخەي ھەربىي تىببىي پەنلەر 2 ـ ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەملىكەت بويىچە 34 نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپتىن كەلگەن 150 دوكتوردىن تەشكىللەنگەن 15 دوكتورلار ئۆمىكى شىنجاڭدىكى 15 ۋىلايەت، ئوبلاستتا 20 كۈن ئۈچىنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش پىدائىيلار مۇلازىمەت پائالىيىتى ئېلىپ باردى. بۇ ئۆمەك مۇلازىمەت قىلىش مەزگىلىدە 49 مەيدان تۈرلۈك لېكسىيە، 23 قارار تۈرلۈك تەربىيىلەش كۇرسى ئۇيۇشتۇرۇپ، 2500 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى. 6 قېتىم تۈرلۈك مەسلىھەت بېرىش ـ تەشۋىقات پائالىيىتى، 30 قېتىم سۆھبەت يىغىنى، 14 مەيدان مەخسۇس تېمىدا دوكلات يىغىنى ئۇيۇشتۇردى، 6500 ئادەم (قېتىم) نىڭ كېسىلىنى خالىسانە كۆردى، 200 مىڭ يۈەن قىممىتىدە تىببىي داۋالاش ماددىي ئەشياسى، 6200 يۈەن ئوقۇش پۇلى ئىئانە قىلدى. 124 زاۋۇت، كان، كارخانا ۋە يېزا ئىگىلىك تۈرى نۇقتىسىنى زىيارەت قىلدى ھەم تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، 97 ئەقىلگە مۇۋاپىق تەكلىپ بەردى، 8 نۇسخا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى يازدى. 15 كېلىشىم تۈزدى، ئەمەلىي مەشغۇلات جەھەتتىكى 40 قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىپ بەردى.

مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، مائارىپ مىنىستىرلىكى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى شىنجاڭ ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۈچىنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى مەملىكەتلىك ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ياش پىدائىيلىرىنىڭ يازلىق تەتىللىك ئۈچىنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتى بويىچە مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا باھالىدى. شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق 10 ئورۇن مەملىكەتلىك ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى پىدائىيلىرىنىڭ يازلىق تەتىللىك ئۈچىنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر ئالىي مەكتەپ خىزمىتى كومىتېتى، مائارىپ نازارىتى، مالىيە نازارىتى شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق 10 ئورۇنغا 2000 ـ يىللىق شىنجاڭ ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ۋە مەدەنىيەت، پەن ـ تېخنىكا، سەھىيەدىن ئىبارەت ئۈچىنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش پائالىيىتى بويىچە مۇنەۋۋەر تەشكىللەش خىزمىتى مۇكاپاتى بەردى. شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتى، تۇرپان ۋىلايىتى قاتارلىق 21 ئالىي مەكتەپ ۋە ۋىلايەت، ئوبلاستقا «تەشكىللەش خىزمىتى مۇكاپاتى» بەردى.

پەرھات جالال

## مەدەنىي ياشلار گۇرۇپپىسى، «ياش ئىش ئورنى ماھىرى» بولۇش پائالىيىتى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەت ئىدارىسى قاتارلىق 6 ئورۇن بىرلىكتە 2000 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە «ھەقىقىي مەھسۇلات، ھەقىقىي مال، ھەقىقىي قەلب، ھەقىقىي ئەھۋال» ئاساسىي تېما قىلىنغان 100 شەھەر، 10 مىڭ دۇكاندىكى مەدەنىي ياشلار گۇرۇپپىسىنىڭ سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ ئۇنۇم يارىتىش ۋە مەدەنىي ياشلار گۇرۇپپىسىنىڭ ئەلا مۇلازىمەت ئارقىلىق ئارام كۆنلىك ئىگىلىكنى ئىلگىرى سۈرۈش پائالىيەتلىرىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى، شۇ ئارقىلىق سودا سىستېمىسىدىكى مەدەنىي ياشلار گۇرۇپپىسى كوللېكتىپلىرىنى مەھەللە، يېزا، كەنتلەرگە چۈشۈپ، ئائىلىلەرگىچە بېرىپ مۇلازىمەت قىلىپ، مەھەللە بازارلىرىنى كېڭەيتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى ۋە تەشكىللىدى. 2000 ـ يىلى شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى شىركىتى فۇكاڭ مېتال تاۋلاش زاۋۇتى ئېلېكترولىزلاش سېخىنىڭ مەشغۇلات ـ ھەرىكەت ئىمبىنىسى قاتارلىق 29 ياشلار كوللېكتىپى شەرەپ بىلەن مەملىكەت دەرىجىلىك مەدەنىي ياشلار گۇرۇپپىسى بولدى. ئىلى ئوبلاستلىق «قىزىل بايراق» بالىلار باغچىسى قاتارلىق 90 ياشلار كوللېكتىپىغا «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ياشلار گۇرۇپپىسى» دەپ نام بېرىلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ياشلار گۇرۇپپىسى 502 گە، مەملىكەت دەرىجىلىك مەدەنىي ياشلار گۇرۇپپىسى 95 كە يەتتى.

ياش ئىش ئورنى ماھىرى بولۇش پائالىيىتىدە، ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى لاياقەتلىك كارخانا ئەمگەكچىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ياش ئىشچىلارنىڭ تېخنىكا ماھارىتى يېتىلدۈرۈش ئېيى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش، ئىش ئورنىدا چېنىقتۇرۇشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈردى. شۇ ئارقىلىق بىر تۈركۈم ياش تېخنىكا ئىشچىلىرىنى تەربىيىلەپ چىقىپ، ياشلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش، ئۇنۇم يارىتىش پائالىيىتى

ئۈچۈن مۇستەھكەم ئىختىساس ئىگىلىرى ئاساسى سېلىپ بەردى. ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتى، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى بىرلىكتە جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى نېفىت - خىمىيە شۆبە شىركىتىنىڭ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىدىكى سۇلاڭ زىلى قاتارلىق 47 كىشىگە 2000 - يىللىق «ئاپتونوم رايون بويىچە ياش ئىش ئورنى ماھىرى» دېگەن نام بەردى.

فىلاڭ بى

## پىئونېرلار خىزمىتى

2000 - يىل 1 - ئايدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك 3 - نۆۋەتلىك پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ 5 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا ش ئۇ ئا ر پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتى 1999 - يىللىق «قول تۇتۇشۇش» ئۆز ئارا ياردەم بېرىش پائالىيىتى بويىچە مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

• شىنجاڭ شەھەر - يېزا ئۆسمۈرلىرىنىڭ نامرات رايونلارغا مېھرى - شەپقەت يەتكۈزۈش «قول تۇتۇشۇش» پائالىيىتىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمى 1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى، مۇراسىمدا ش ئۇ ئا ر پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتى ھەرقايسى ئوبلاست، ۋىلايەت، شەھەرلەردىكى پىئونېرلار ئىئانە قىلغان دەپتەر - قەلەم، كىتاب - ماتېرىياللارنى خوتەن ۋىلايىتىگە يولغا سالدى.

شىنجاڭ پىئونېرلار خىزمىتى يىغىنى 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېچىلدى، يىغىنغا ھەرقايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرلىرى، مائارىپ سىستېمىسىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە باش يېتەكچىلەر بولۇپ 80 نەچچە كىشى قاتناشتى. يىغىندا مەملىكەتلىك پىئونېرلار خىزمىتى 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 5 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى؛ 1999 - يىللىق پىئونېرلار خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرى ئالماشتۇرۇلدى؛ 2000 - يىللىق پىئونېرلار خىزمىتى ۋە ۋەزىپىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يىغىن قاتناشچىلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ پىئونېرلار خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى. ھەرقايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتلىرىنىڭ پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتلىرى بىلەن پىئونېرلار خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇش بويىچە مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالىدى.

شىنجاڭ پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتى 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆسمۈر باللارنىڭ ئامان - ئېسەن ئۆيىگە قايتىش پائالىيىتىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 - باشلانغۇچ مەكتەپ پىئونېرلىرى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت پىئونېرلىرىغا ئامان - ئېسەن ئۆيىگە قايتىشنى تەشەببۇس قىلدى.

ش ئۇ ئا ر پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان «شۆبەيجېن لوڭقىسى» نى تالىشىش بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق باللار ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.

جۇڭگو پىئونېرلار ئەترىتىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. قۇرۇلتايغا شىنجاڭدىن 18 ۋەكىل قاتناشتى. غۇلجا شەھەرلىك 15 - باشلانغۇچ مەكتەپ 4 - يىللىق 8 - ئوتتۇرا ئەترىتى، پوسكام ناھىيە كۆيباغ يېزا خانلەڭگەر كەنت باشلانغۇچ مەكتىپى 4 - يىللىق 2 - ئوتتۇرا ئەترىتى، شىخەنزە 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ «قىزىل ئۈرۈك» ئوتتۇرا ئەترىتى، خوتەن شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ «باھار غۇنچىلىرى» كىچىك ئەترىتى، قۇمۇل شەھەرلىك 4 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇقسىز 2 - يىللىق 4 - ئوتتۇرا ئەترىتى «يېشىل مۇھىت ئاسراش» 1 - كىچىك ئەترىتىگە «مەملىكەت بويىچە 100 ياخشى ئوتتۇرا، كىچىك ئەترەت» دېگەن، شا يۈلەن (خۇيزۇ) قاتارلىقلارغا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر يېتەكچى» دېگەن نام بېرىلدى، خالىس سەيپۇللا قاتارلىق 20 پىئونېر «بەش يۇلتۇز بۇركۇت مېدالى» غا ئېرىشتى.

ش ئۇ ئا ر پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر يازغۇچىلار جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى، ش ئۇ ئا ر پوچتا ئىدارىسى 7 - ئايدا بىرلىكتە مەملىكەتلىك ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك «ئەسىر بىلەن تەڭ مېڭىش» يېزىقچىلىق پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

شىنجاڭ پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتى 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە بېيجىڭ بىلەن خەيكۈدا شىنجاڭ پىئونېرلار يېتەكچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، كۇرسقا ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 91 ھەرمىللەت يېتەكچى قاتناشتى.

ش ئۇ ئا ر پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتى شىنجاڭ تەنتەربىيە ئىدارىسى، پۇتبولچىلار جەمئىيىتى بىلەن بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان جۇڭخۇا ئۆسمۈرلىرىنىڭ كىچىك A دەرىجىلىك A گۇرۇپپىسى بويىچە «جيەنلىباۋ لوڭقىسى» نى تالىشىش پۇتبول مۇسابىقىسى 7 - ئايدىن 9 - ئايغىچە ئۈرۈمچى، قەشقەر، غۇلجا، قاراماي، قىزىلسۇ ۋە شىخەنزىدە تەڭلا ئۆتكۈزۈلدى. قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئۆسمۈرلەر A دەرىجىلىك A گۇرۇپپا پۇتبول كوماندىسى چېمپىيون بولدى، ئىلى ۋىلايەتلىك كوماندا 2 -، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كوماندا 3 - بولدى.

شىنجاڭ پىئونېرلار 3 - قۇرۇلتىيى 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. قۇرۇلتايغا ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 255 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا 3 - نۆۋەتلىك پىئونېرلار كومىتېتىنىڭ 71 ئەزاسى، مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى سايلاپ چىقىلدى، گوچۇڭنىڭ ھاۋاگۈل قاتارلىق 53 «مۇنەۋۋەر يېتەكچى، پىئونېرلار خىزمەتچىسى» بولغانلار، دىغدار، دىلى يۇ قاتارلىق 49 «تۆت يۇلتۇز كىچىك بۈركۈت مېدالى» غا ئېرىشكەنلەر، كۈيتۇڭ شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ 4 - يىللىق 2 - ئوتتۇرا ئەترىتى، سانجى شەھەرلىك 3 - باشلانغۇچ مەكتەپ 4 - ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ كىچىك ئەترىتى قاتارلىق «100 ياخشى ئوتتۇرا ئەترەت» ۋە «100 ياخشى كىچىك ئەترەت» دېگەن نامغا ئېرىشكەنلەر تەقدىرلەندى.

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ياش - ئۆسمۈرلەر سارىيى بىلەن قاراماي شەھەرلىك ياش - ئۆسمۈرلەر سارىيىغا «مەملىكەت بويىچە ياش - ئۆسمۈرلەر سارايلىرى ئارا ئىلغار ئورۇن» دەپ نام بەردى. 3 كىشى «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ياش - ئۆسمۈرلەر سارىيى خىزمەتچىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك، كورلا شەھەرلىك، گۇچۇڭ ناھىيىلىك، غۇلجا شەھەرلىك پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتلىرى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوت ئۆچۈرۈش تارماق ئەترىتى 1 - ئوتتۇرا ئەترىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى ئوت ئۆچۈرۈش بۆلۈمى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوت ئۆچۈرۈش تارماق ئەترىتى، گۇچۇڭ ناھىيىلىك ج خ ئوت ئۆچۈرۈش بۆلۈمچىسى مەملىكەتلىك پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتى بىلەن ج خ مىنىستىرلىكى بەرگەن «ئوت ئۆچۈرۈش مېدالى» بويىچە مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ كورلا شەھەرلىك 4 - باشلانغۇچ مەكتەپ پىئونېرلار چوڭ ئەترىتى قاتارلىق 12 پىئونېرلار چوڭ ئەترىتى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەقدىرلەندى.

پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتى

## ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى بىلەن ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەت ئىدارىسى 2000 - يىل 2 - ئايدا بىرلىكتە تۇرپان شەھەرلىك شەھەر رايونى سودا - سانائەت پونكىتى ۋە جىمسار ناھىيىلىك تولى سودا - سانائەت پونكىتىغا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر «ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش ئورنى» دەپ نام بەردى.

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ج خ نازارىتى 5 - ئايدا ئاپتونوم رايوندىكى ئوت ئۆچۈرۈش قىسىملىرى ئارىسىدا «ئوت ئۆچۈرۈش بويىچە ئون ياخشى قوغدىغۇچى» نى باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى ھەمدە يىل ئاخىرىدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئوت ئۆچۈرۈش تارماق ئەترىتى ئالاھىدە ۋەزىپە ئۆتەش چوڭ ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى خۇەن قاتارلىق 10 كىشىگە تۇنجى نۆۋەتلىك «شىنجاڭ ئوت ئۆچۈرۈش قوغدىغۇچىسى» دەپ نام بەردى.

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى قىسمەن ئىتتىپاق كادىرلىرى بىلەن «ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش بويىچە مۇنەۋۋەر ئورۇن» بەرپا قىلغان قىسمەن ئورۇنلارنى تەشكىللەپ، شىنيالڭ، شاڭخەيلەردە «مەدەنىي ياشلار مەھەللىسى» ۋە «ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشتىكى مۇنەۋۋەر ئورۇن» بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، كۇرسقا 54 كىشى قاتناشتى. شۇ ئايدا شىنجاڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش كومىتېتى، ئىتتىپاق كومىتېتى، مەدەنىيەت نازارىتى، سودا - سانائەت ئىدارىسى، ج خ نازارىتى ئاپتونوم رايوندىكى مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئۇ سورۇنلارغا كىرىشكە بولمايدىغانلىقى توغرىلىق پائالىيەت ئۆتكۈزدى، ئۈرۈمچى شەھىرىدە، ئىلى ئوبلاستىدا «قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا كىرىشكە بولمايدۇ» دېگەن تاختا ئېسىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايوندىكى 800 نەچچە مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش سورۇنىغا «قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ كىرىشكە بولمايدۇ»، «بايرام، ئارام كۈنلىرىدىن باشقا چاغلاردا قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ كىرىشكە بولمايدۇ» دېگەن بەلگە تاختىسى ئېسىلدى.

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى ئىشخانىسى، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، ج خ نازارىتى، ئەدلىيە نازارىتى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، سۇپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى 10 - ئايدا بىرلىكتە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئۆسمۈرلەر دېلوسى سوت كوللېگىيىسى قاتارلىق ئورۇنلارغا «شىنجاڭ بويىچە ‹ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشتىكى 100 مۇنەۋۋەر ئورۇن›» دەپ نام بەردى.

ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىش مۇھىتىنى تازىلاش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى بىلەن شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىرلىكتە «ئەتە ئۈچۈن»

ئاملىق تېلېۋىزىيە مەخسۇس فىلىمىنى سۈرەتكە ئالدى.

جېڭ يۇرۇڭ

## ياش پىدائىيلار خىزمىتى

2000 - يىلى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى، جۇڭگو ياش پىدائىيلار جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان 3 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ياش پىدائىيلار ھەرىكىتىدىكى ئىلغار شەخس ۋە ئىلغار كوللېكتىپلارنى باھالاش پائالىيىتىدە شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى نېفىت ئېلىش 1 - زاۋۇتى ياش پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونى بېيجىڭ يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى ياش پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتى «100 ئىلغار كوللېكتىپ» قاتارىغا كىردى، 5 كىشى «100 ئىلغار شەخس كۈمۈش مېدال مۇكاپاتى» غا، 5 كىشى «100 ئىلغار شەخس مىس مېدال مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى.

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر ياش پىدائىيلار جەمئىيىتى 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئاپتونوم رايوندىكى 260 مىڭ ھەر مىللەت ئىتتىپاق ئەزاسى ۋە ياشلارنى تەشكىللەپ، پىدائىيلار مۇلازىمەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، ئۇلار 1000 توننىدىن ئارتۇق قار دۆۋىسىنى تازىلىدى ۋە توشىدى، «بىرگە بىر ياردەم» دە 50 مىڭ ئاما ياردەمگە ئېرىشتى.

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن جۇڭگو ياش پىدائىيلار جەمئىيىتى ئەۋەتكەن 2000 - يىللىق ياش پىدائىيلارنىڭ نامراتلارنى يۆلەش، كۆچ ئۇلاش پىلانى بويىچە غەربىي رايوندا مۇلازىمەت قىلىش ئۆمىكىدىن كورلا شەھىرىگە ماڭغان 5 كىشىلىك مۇلازىمەت ئەترىتى 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى كورلا شەھىرىگە كەلدى. ئۇلار كورلا شەھەرلىك دوختۇرخانىدا يېرىم يىل ئىشلەپ، ئىلغار تېخنىكىسى ئارقىلىق بىمارلارغا ئېسىل مۇلازىمەت قىلدى. 2000 - يىللىق نامراتلارنى يۆلەش، كۆچ ئۇلاش پىلانى بويىچە ئاسپىرانتلارنىڭ مائارىپقا ياردەم بېرىش ئۆمىكىدىكى 5 كىشى 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى، ئۇلار كورلا شەھىرىدە بىر يىل نامراتلارنى يۆلەش بويىچە مائارىپقا ياردەم بېرىش مۇلازىمىتىدە بولىدۇ.

ئىتتىپاق كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى

## نامرات رايونلاردىكى ياشلار پاختا تېرىپ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تەشكىللەندى

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى نامرات رايونلاردىكى ياشلارنى كىرىم قىلىپ ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشقا تەشكىللەش پائالىيىتىنى يېزا ياشلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشلىشىدىكى مۇھىم تەدبىر قاتارىدا تۇتتى. ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ياش دېھقانلار بۆلۈمى بىلەن بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 1 - شى ئىتتىپاق كومىتېتى پائال ماسلىشىپ، يېزا ئىگىلىك 1 - شىسىنىڭ پاختىچىلىق رايونىدا خوتەن ۋىلايىتىدىكى نامرات ياشلارنىڭ پاختا تېرىپ كىرىمنى ئاشۇرۇش ئىشىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى خوتەن ۋىلايىتىدىكى 490 نامرات ياش ۋە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ياش ئىشچى يېزا ئىگىلىك 1 - شىسىنىڭ پاختىچىلىق رايونىغا پاختا تېرىپ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا ئاتلاندى، ئۇلار 45 كۈن جەريانىدا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىمنى 600 يۈەنگە يەتكۈزدى. نامرات رايونلاردىكى ياشلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشى جەھەتتە دەسلەپكى قەدەمدە بىر يېڭى يول تېپىپ چىقىلدى.

جاڭ پىڭ

## يېزا - كەنت ياشلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا بويىچە كەڭ كۆلەملىك يىغىلىشى ۋە مەدەنىيەت بايرىمى پائالىيىتى

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا - كەنت ياشلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا بويىچە كەڭ - كۆلەملىك يىغىلىشى ۋە مەدەنىيەت بايرىمى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى يېزا - كەنتلەردە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتى ۋە تەربىيىسى، ئەمەلىي يېزا ئىگىلىك تېخنىكا ماھارىتى بويىچە تەربىيىلەش، يېڭى سورت، يېڭى تېخنىكىلارنى كۆرگەزمە قىلىش، پەن - تېخنىكىدىن مەسلىھەت بېرىش، لېكسىيە ئوقۇش قاتارلىقلار ئاساس قىلىنغان پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردى. يېزىلاردىكى ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى يېزا - كەنتلەردىكى ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت پائالىيىتى بازىسىدىن پايدىلىنىپ، ھەر مىللەت ياشلىرىنى مەزمۇنى مەدەنىي ھەم ساغلام، شەكلى ھەر خىل ھەم جانلىق، تەربىيە كۈچلۈك ئىچىشقا سىڭدۈرۈۋېتىلگەن مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، پەن - تېخنىكا مۇسابىقىسى پائالىيەتلىرىگە پائال قاتنىشىشقا تەشكىللىدى. يېزا - كەنت ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى يەنە نۇقتىلىق ھالدا يېزا، كەنتلەرنىڭ قول يول - كوچىلىرىنىڭ مۇھىت تازىلىقىنى قىلىش، كەنتلەرنى كۆكەرتىش، گۈزەللەشتۈرۈش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان «مەدەنىي ياشلار كوچىسى» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى ھەمدە «مەدەنىي ياشلار كوچىسى» دا يېزا - كەنت ياشلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا بويىچە كەڭ كۆلەملىك يىغىلىشى ۋە يېزا - كەنت ياشلىرىنىڭ مەدەنىيەت بايرىمى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ،

«مەدەنىي ياشلار كوچىسى» نىڭ پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش، يېڭى ئىستىلنى جارى قىلدۇرۇش، ئاساسىي قاتلامنى جانلاندۇرۇش رولىنى جارى قىلدۇردى.

يېزا - كەنت ياشلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا بويىچە كەڭ كۆلەملىك بېيىشى ۋە مەدەنىيەت بايرىمى پائالىيىتى 5 - نۆۋەتلىك كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ مەملىكەتلىك «بەش بىر قۇرۇلۇشى مۇكاپاتى» بويىچە مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت پائالىيىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

جاڭ پىڭ

## كېڭەيتىلىدىغان پەن - تېخنىكا تۈرلىرىنى باشلامچى بولۇپ يولغا قويۇش خىزمىتى

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى كېڭەيتىلىدىغان پەن - تېخنىكا تۈرلىرىنى باشلامچى بولۇپ يولغا قويۇش خىزمىتىنى يېزا ياشلىرى ۋە يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، يېزا ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى ۋە ۋاستىسى قاتارىدا تۇتۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ كېڭەيتىلىدىغان پەن - تېخنىكا تۈرلىرىنى باشلامچى بولۇپ يولغا قويۇش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە خېلى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى كېڭەيتىلىدىغان 1603 پەن - تېخنىكا تۈرىنى باشلامچى بولۇپ يولغا قويدى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش ئېتىزى 2780 گېكتارغا، پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش ئائىلىسى 20 مىڭ 788 گە، پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش بېغى 216 گە، پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش كىچىك رايونى 21 گە يەتتى.

جاڭ پىڭ

## ياش زەربىدارلار ئەترىتى پائالىيىتى

2000 - يىلى شىنجاڭ ياش ئىشچىلار سېپىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى غەربىي رايوندىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلار بويىچە 100 ياش زەربىدارلار ئەترىتىنىڭ تۆھپە يارىتىپ ئىگىلىك تىكلەش مۇسابىقىسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۈرۈمچى شىدۈنزى تېغى سۇ زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىپ ياساش نەق مەيدانىدا غەربىي رايوندىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلار بويىچە ياش زەربىدارلار ئەترىتىنىڭ تۆھپە يارىتىش ئىگىلىك تىكلەش مۇسابىقىسى پائالىيىتى ئۈچۈن قەسەم بېرىش يىغىنى ئېچىپ، 100 ياش زەربىدارلار ئەترىتىگە «غەربىي رايوندىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلار بويىچە تۆھپە يارىتىش ئىگىلىك تىكلەش مۇسابىقىسى پائالىيىتىگە قاتنىشىدىغان كوللېكتىپ» دەپ نام بەردى. ياش زەربىدارلار ئەترەتلىرى «غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا ئۆزىنى بېغىشلاش، ‹ئىككىنى قولغا كەلتۈرۈش›، ‹ئىككىنى بەرپا قىلىش›، تۆھپە يارىتىش ئىگىلىك تىكلەش»، «ياشلىق سالتەنىتىنى نامايەن قىلىش، غەربىي رايوندا ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش» قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلاردا ئەلا نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى شىنجاڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇش گۇرۇھى 1 - بىناكارلىق شىركىتىنىڭ 3 - شۆبىسىدىكى ساۋ يىڭفېي ياش زەربىدارلار ئەترىتى قاتارلىق 10 ياش زەربىدارلار ئەترىتىگە غەربىي رايوندىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلاردا تۆھپە يارىتىپ ئىگىلىك تىكلەش مۇسابىقىسى پائالىيىتى بويىچە «10 ياخشى ياش زەربىدارلار ئەترىتى ئۈلگە كوللېكتىپى» دەپ، تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى «خادىي» تۈرى تىجارەت بۆلۈمى ياش زەربىدارلار ئەترىتى قاتارلىق 10 ياش زەربىدارلار ئەترىتىگە «شىنجاڭ بويىچە 10 ياخشى مۇنەۋۋەر ياش زەربىدارلار ئەترىتى كوللېكتىپى» دەپ نام بەردى.

قىباڭ يى

## ياشلارنىڭ يېڭىلىق ھەم ئۈنۈم يارىتىش پائالىيىتى

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر پاتېنت باشقۇرۇش ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ياش ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىجادىي ئەمگەكنى قانات يايدۇرۇش، كارخانىلارنىڭ جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ يېڭى مەھسۇلات ياكى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تەشكىللەشنى ئاساسىي مەۋقە قىلىپ تۇرۇپ، تېخنىكىدا، باشقۇرۇشتا، ماركېتىڭدا، مۇلازىمەتتە يېڭىلىق يارىتىش قاتارلىق جەھەتلەردىن ياشلارنىڭ يېڭىلىق ۋە ئۈنۈم يارىتىش پائالىيىتىنى مۇقىم ئىلگىرى سۈردى. 2000 - يىل 12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر پاتېنت باشقۇرۇش ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بىرلىكتە تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى ئىتتىپاق كومىتېتى قاتارلىق 7 ئورۇنغا «شىنجاڭ كارخانىلىرىدىكى ياش ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يېڭىلىق ۋە ئۈنۈم يارىتىش پائالىيىتى بويىچە ئەلا ياخشى تەشكىللىگۈچى ئورۇن» دەپ، شىنجاڭ رەئىلىك

مىتال ماتائىتى شىركىتى ئىتتىپاق كومىتېتى قاتارلىق 14 ئورۇنغا «شىنجاڭ كارخانىلىرىدىكى ياش ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يېڭىلىق ۋە ئۈنۈم يارىتىش پائالىيىتى بويىچە مۇنەۋۋەر تەشكىللىگۈچى ئورۇن» دەپ، جياڭ جىنفېڭ قاتارلىق 40 كىشىگە «ئاپتونوم رايون بويىچە ياش يېڭىلىق يارىتىش ماھىرى» دەپ نام بەردى.

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ «جۇڭخې» پاي چەكلىك شىركىتىدە تېخنىكا يېڭىلاشنى ئىلگىرى سۈرۈش نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى. 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى يەنە ئۈرۈمچىدە ماركىتىڭدا يېڭىلىق يارىتىش ئىلگىرى سۈرۈش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى، يىغىندا ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى خۇاڭ دەنخۇا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ سۆز قىلدى. 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تارىم نېفىتلىك شىركىتىدە شىنجاڭدا ياشلارنىڭ يېڭىلىق ۋە ئۈنۈم يارىتىش پائالىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇشتا يېڭىلىق يارىتىش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلىپ، ياشلارنىڭ بىر يىلدىن بۇيانقى يېڭىلىق ۋە ئۈنۈم يارىتىش پائالىيىتىدە ھاسىل قىلىنغان مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرى يەكۈنلەندى، بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

مەلۇماتقا قارىغاندا، ياشلارنىڭ يېڭىلىق ۋە ئۈنۈم يارىتىش پائالىيىتى ئاپتونوم رايون بويىچە 20 نەچچە ساھەدىكى 400 نەچچە مىڭ ياش ئارىسىدا كەڭ قانات يايدۇرۇلغان، ئۇلار يېڭىلىق يارىتىشتا 3400 نەچچە تۈرلۈك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ، 180 مىليون يۈەنلىك بىۋاسىتە ياكى ۋاستىلىق ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرگەن. ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى مەملىكەت بويىچە ياشلارنىڭ يېڭىلىق ۋە ئۈنۈم يارىتىش پائالىيىتىدە مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

فېڭ يى

## ياشلارنىڭ ئىگىلىك تىكلىشىگە ياردەم بېرىش پىلانى يولغا قويۇلدى

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى 2000 - يىل 4 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ياش ئىشچىلارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ياش ئىشچىلارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. ش ئۇ ئا ر ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ياش ئىشچىلارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى «ياش ئىشچىلارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش گېزىتى» دىن 20 نەچچە سان چىقىرىپ، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا دائىر سىياسەت - تەدبىرلەرنى تەشۋىق قىلدى ۋە جايلار، ئورۇنلارنىڭ ياش ئىشچىلارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىگە دائىر تەجرىبە، ئۇسۇللىرىنى ئومۇملاشتۇردى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ياش ئىشچىلارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇنبىرى» دەپ بىر سەھىپە ئاچتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 100 نەچچە مەيدان (قېتىم) ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بىلىملىرىدىن زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى 80 نەچچە قارار كۇرس ئېچىپ، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 5000 دىن ئارتۇق ياش ئىشچىنى تەربىيىلىدى. ياش كارخانىچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى سەپەرۋەر قىلىنىپ، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ياش ئىشچىلارنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ۋاستىچىلىك مۇلازىمىتى قىلىش ئارقىلىق، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 3000 دىن ئارتۇق ياش ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 2000 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك «خەيۋېن» چەكلىك شىركىتىنىڭ ياش دىرېكتورى جاڭ خەيۋېن (ئايال) بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك «خۇڭباۋ» ياشلار ئىجتىمائىي مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ ياش دىرېكتورى خەن شىلۇڭ «مەملىكەت بويىچە كەسىپنى گۈللەندۈرۈشتىكى مۇنەۋۋەر ياش باشلامچى» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ياش ئىشچىلار بۆلۈمى «مەملىكەت بويىچە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ياش ئىشچىلارنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ھەرىكىتى بويىچە مۇنەۋۋەر تەشكىللىگۈچى ئورۇن» بولدى.

فېڭ يى

## ياش كارخانىچىلار جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭ ياش كارخانىچىلار جەمئىيىتى كونا ئەزالىرىنى قايتا تىزىملىدى، 80 نەچچە يېڭى ئەزا قوبۇل قىلدى، ياش كارخانىچىلار جەمئىيىتى 3 - نۆۋەتلىك كېڭىشىنىڭ 5 - يىغىنىنى ئېچىپ، بىر يىللىق خىزمەتنى ئورۇنلاشتۇردى. جەمئىيەت ئەزالىرىنى دۆلەت ئىقتىساد - سودا كومىتېتى، جۇڭگو ياش كارخانىچىلار جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان تەربىيىلەش كۇرسلىرىغا قاتنىشىشقا تەشكىللەپ، 20 نەچچە ئەزاسىنى تەربىيىلىدى. ياش كارخانىچىلار جەمئىيىتى مۇشۇ يىلى 17 قېتىم بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. ئەزالارنىڭ ئىقتىساد - سودا جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇشنى ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتتى، مىڭ ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىنى گۈللەندۈرۈش پائالىيىتىنى ئۈزلۈكسىز

چوڭقۇرلاشتۇردى، مۇنەۋۋەر ياش كارخانىچىلارنى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنى ئۇچۇر ۋە مەسلىھەت بىلەن تەمىنلەش، تېخنىكا ئارقىلىق قوللاش، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش مۇلازىمىتى قىلىشقا تەشكىللىدى. يىل ئاخىرىدا ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم كارخانا خىزمىتى كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كومىتېتى، شىنجاڭ ياش كارخانىچىلار جەمئىيىتى بىرلىكتە ئاپتونوم رايونلۇق 4 - نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ياش كارخانىچىلارنى باھالاش پائالىيىتى ئېلىپ باردى.

نياڭ يى

## ئانا دەريانى قوغداش ھەرىكىتى

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ئانا دەريانى قوغداش پائالىيىتىنى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونىدىكى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى خىزمىتىدىكى 3 چوڭ نۇقتىلىق پائالىيەتنىڭ بىرى قاتارىدا تۇتتى، تارىم دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى قوغداش ۋە ياخشىلاشنى چۆرىدىگەن ھالدا، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئىجابىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «ئانا دەريانى قوغداش ھەرىكىتى — يېشىل ئۈمىد قۇرۇلۇشى» نىڭ تارىم دەرياسى ئارال تۈرى بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 1 - شى 10 - تۈەن - مەيدانىدا باشلاندى، 3000 دىن ئارتۇق ياش پىدائىي 20 گېكتار يەرگە 100 مىڭ تۈپ ئېكولوگىيە ئىھاتە كۆچىتى تىكتى. ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى «ئانا دەريانى قوغداش ھەرىكىتى» گە ئىئانە قىلىنغان مەبلەغدىن بۇ تۈرنى باشلاش، يولغا قويۇشقا 36 مىڭ يۈەن مەخسۇس مەبلەغ ئاجراتتى. «ئانا دەريانى قوغداش ھەرىكىتى» بويىچە ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ تارىم دەرياسى ۋادىسىدىكى «يېشىل ئۈمىد قۇرۇلۇشى» غا ئىئانە توپلاش مۇراسىمى ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، بۇ قۇرۇلۇشقا 7 ئورۇن 218 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. 2000 - يىل 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە «ئانا دەريانى قوغداش ھەرىكىتى» گە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ 285 مىڭ يۈەن ئىئانىسى قوبۇل قىلىندى. 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ئۈرۈمچى رايونىدىكى 29 ئورۇندىن تەشكىللىگەن 6000 دىن ئارتۇق ياش پىدائىي يامالىق تېغىدا 10 گېكتار يەرگە كۆچەت تىكتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە «ئانا دەريانى قوغداش ھەرىكىتى» قۇرۇلۇشى تۈرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى بىلەن «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى بىرلىكتە تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىمى بولغان لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسىدە «ئانا دەريانى قوغداش» بويىچە «شىنجاڭ گېزىتى» ئوقۇرمەنلىرى ئورمىنى قۇرۇلۇشىنى باشلىدى. «شىنجاڭ گېزىتى» دە تارىم دەرياسى ۋادىسى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ كۈنسېرى ناچارلىشىش ئەھۋالى ۋە «ئانا دەريانى قوغداش» بويىچە «شىنجاڭ گېزىتى» ئوقۇرمەنلىرى ئورمىنى قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلۇپ، پۈتۈن جەمئىيەت پائال ئىئانە توپلاپ، «ئانا دەريانى قوغداش ھەرىكىتى» نى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق تارىم دەرياسىنى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداشقا چاقىرىلدى.

جاڭ يىڭ

## شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى

2000 - يىلى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى ئەخلاقتا ھەم ئۆگىنىشتە ياخشى ئەمما ئائىلىدە قىيىنچىلىقى بار ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى يۆلەش يۈزىسىدىن 2 - ئايدا شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلىرىنى ئىختىساس ئىگىسى قىلىپ تەربىيىلەش قۇرۇلۇشى - «ئۈمىد يۇلتۇزى» ئوقۇش مۇكاپات پۇلىنى تەسىس قىلدى.

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى 6 - قېتىملىق «ئۈمىد» قۇرۇلۇشىنى جەمئىيەتنىڭ نازارەت قىلىش كۈنى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا ئىقتىسادىي تەپتىش نازارىتى، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە ۋەكىللىرى ۋە ئىئانە ياردەم قىلغۇچى تەرەپ بىلەن ياردەمگە ئېرىشكۈچى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى شۇنداقلا ئالاقىدار رەھبەرلەر قاتناشتى، ئىقتىسادىي تەپتىش نازارىتى «ئۈمىد» قۇرۇلۇشىنىڭ 1999 - يىللىق مالىيە كىرىم - چىقىم ئەھۋالى جەھەتتىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك دوكلاتىنى ئېلان قىلدى.

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى مەبلەغ توپلاش يوللىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، 10 - ئايدا تۇنجى بولۇپ ئۈرۈمچى شەھەرلىك يولۇچى توشۇشنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ئىشخانىسى، شەھەرلىك خەلق رادىئو ئىستانسىسى بىلەن بىرلىكتە پۈتۈن شەھەردىكى تاكسى شوپۇرلىرىغا «تاكسىچى ئاكا - ھەدىلەرنىڭ مېھرى - شەپقەت يەتكۈزۈشى» نى تەشەببۇس قىلىپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. 11 - ئايدا شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» ئۈنى گۇرۇھى بىلەن تۇنجى بولۇپ 100 مىڭ يۈەن مەخسۇس فوند بولغان «شىنجاڭ ‹تەڭرىتاغ› ئۈنى، ‹ئۈمىد يۇلتۇزى› ئوقۇش مۇكاپات پۇلى» نى تەسىس قىلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن 49 ى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ

ئوقۇغۇچىسىدىن 40 ى، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن 13 ى «ئۈمىد يۇلتۇزى» ئوقۇش مۇكاپات پۇلى ئالدى.

بىر يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى 2 مىليون 570 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ئىئانە پۇلنى قوبۇل قىلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە «ئېھسان ئۈمىد» قۇرۇلۇشىغا ئاتالغىنى 220 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ. 4000 دىن ئارتۇق ئوقۇشسىز قالغان بالىغا ياردەم بېرىلدى. ئەخلاقتا ھەم ئۆگىنىشتە ياخشى، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار 102 ئوقۇغۇچى «ئۈمىد يۇلتۇزى» ئوقۇش مۇكاپات پۇلى ئالدى. «سەنچېن» فىلىم ئامبىرىدىن 2 يورۇش سەپلەپ بېرىلدى، 10 «ئۈمىد» باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلدى. 100 دۇكان بىرلىكتە ئىئانە توپلاش ھەرىكىتىدە 12 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىئانە توپلاندى.

جاڭ شىنپىڭ

## 3 ـ نويابىرلىك شىنجاڭ ياشلار «4 ـ ماي» مېدالى تارقىتىلدى

ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر ياشلار بىرلەشمىسى بىرلىكتە 2000 ـ يىل 4 ـ ئايدا 3 ـ نويابىرلىك شىنجاڭ ياشلار «4 ـ ماي» مېدالى بويىچە باھالاش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. پەن شياۋلىن، قۇربانجان، شۈ جۈن، راخمانجان، جاڭ خەيۋېن، مەتتۇرسۇن ھەسەن، خې يەنلىن، رابىگۈل قاتارلىق 8 كىشى 3 ـ نويابىرلىك شىنجاڭ ياشلار «4 ـ ماي» مېدالىغا ئېرىشتى.

لو فۇيۇڭ

## 2 ئەسەر ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن «4 ـ ماي» ئاخبارات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

2000 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىكى لى شياۋفاڭ ئىشلىگەن «قەلبىمىز ماتەمدە قەھرىمان ئۆچمەس» دېگەن ئەسەر 5 ـ نويابىرلىك «4 ـ ماي» ئاخبارات مۇكاپاتىنىڭ رادىئو ئاڭلىتىش تۈرى بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، شىخەنزە خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئىشلىگەن «كەچكى شەپەق تۆھپىسى» دېگەن ئەسەر رادىئو ئاڭلىتىش تۈرى بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ شىخەنزە رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى ئىشلىگەن «ئۇچالايدىغان بالا» دېگەن ئەسەر «بەش بىر قۇرۇلۇشى» غا تاللانغان ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئىتتىپاق كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى

## 3 كىشى «مەملىكەت بويىچە ياشلارنىڭ ئۈچقۇن، پىلانى باشلامچىلىرى ئۈلگىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى

ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى، پەن ـ تېخنىكا مىنىستىرلىكى 2000 ـ يىل 12 ـ ئايدا كورلا شەھىرى چارباغ يېزىسىنىڭ دېھقانچىلىق تېخنىكا خادىمى يەن خۇاشياڭ، مارالبېشى ناھىيە ئاقساقمارال يېزىسىدىكى دېھقان ئېلى مەمەت، فۇكاڭ شەھىرى چېڭگۇەن بازىرىدىكى دېھقان شۇ شېڭجۇڭلەرگە 2000 ـ يىللىق «مەملىكەت بويىچە ياشلارنىڭ ‹ئۈچقۇن› پىلانى باشلامچىلىرى ئۈلگىسى» دەپ نام بەردى.

جاڭ پىڭ

## «دانىشمەن دېھقان» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۆت ۋە شەخسلەر

ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى 2000 ـ يىلى ماناس ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ «ئەنئەنىۋى بولمىغان، بۇغداي بىلەن كۆممىقوناقنى كېسىشتۇرۇپ تېرىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش» تۈرى بىلەن بىگتۇەن يېزا ئىگىلىك 4 ـ شى 61 ـ تۇەن ـ مەيدان ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ «يېپىلىدىغان ئۈزۈم بىلەن ھاراق چىقىرىلىدىغان ئۈزۈمنى ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش ۋە ئۇنى كېڭەيتىش» تۈرىگە «دانىشمەن دېھقان» مۇكاپاتى بويىچە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپات بەردى؛ ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى ياش ئىشچىلار بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ پىڭ، يېزا ئىگىلىك 4 ـ شى ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى بىنلارغا 2000 ـ يىللىق «دانىشمەن دېھقان» مۇكاپاتى بويىچە تۆھپە مۇكاپاتى بەردى.

جاڭ پىڭ

## شارىپ ئەنەش «جۇڭگودىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ياش دېھقان» مۇكاپاتىنىڭ ئىسمىنى ئاتاش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

توققۇزتارا ناھىيە تاستۆپە يېزىسىدىكى دېھقان شارىپ ئەنەش (قازاق) 2000 ـ يىل 12 ـ ئايدا ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى، سۇچىلىق مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكى، دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى تەرىپىدىن 5 ـ نويابىرلىك «جۇڭگودىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ياش دېھقان» مۇكاپاتىنىڭ ئىسمىنى ئاتاش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

جاڭ پىڭ

# ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى

## ئاياللار خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

تەشكىلىي قۇرۇلۇشى 2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندا

كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى ئاياللار قۇرۇلتىيىدىن 12 مىڭ 202 سى، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە قاتارلىق كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئاياللار كومىتېتىدىن 3939 ى، ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر ھەيئىتىدىن 997 سى، ئاياللار كەسپىي جەمئىيىتى، بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى، تەتقىقات جەمئىيىتىدىن 906 سى بار بولدى.

ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى «شىنجاڭ ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ئاياللارغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى پىكرى» نى تارقاتتى. «8 - مارت» ئاياللار بايرىمى مەزگىلىدە، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا قايتا ئىشقا ئورۇنلاشقان تىپلار، مەملىكەت بويىچە ياشانغانلارنى ھۆرمەت قىلىدىغان ياخشى پەرزەنتلەر تىپى، پەن - تېخنىكا ئارقىلىق بېيىغان ئايال ماھىر، مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس، ئارمىيىنى ھىمايە قىلىشتىكى ئىلغار شەخس، «ئون يۇلتۇز دەرىجىلىك» مەدەنىي ئائىلە، «ئاياللارنىڭ مەدەنىيلىكتە ئۈلگە كۆرسىتىش ئورنى» دىكى ئىلغار تىپلاردىن تەركىب تاپقان ئاياللارنىڭ يېڭى ئىگىلىك تىكلەش دوكلات ئۆمىكى تەشكىللىدى، بۇ ئۆمەك بايىنغولىن، تۇرپان، قۇمۇل، سانجى، شىخەنزە قاتارلىق ئوبلاست، ۋىلايەت، شەھەرلەردە 10 نەچچە مەيدان لېكسىيە سۆزلىدى. ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى 6 - ئايدا ش ئۇ ئا ر دۆلەت باج ئىدارىسى، يەرلىك باج ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە «ئاپتونوم رايوننىڭ باج سىستېمىسىدا ،ئاپتونوم رايون بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ئون ئايال باج خىزمەتچىسى، نى باھالاش، تەقدىرلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى، پۇ رۇڭ قاتارلىق 10 ئايال «ئاپتونوم رايون بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ئون ئايال باج خىزمەتچىسى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ئاپتونوم رايوننىڭ 2001 — 2003 - يىلغىچە «بەشتە ياخشى مەدەنىي ئائىلە» بەرپا قىلىش پائالىيىتى پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. 10 - ئايدا شاڭخەي شەھەرلىك ئايال كادىرلار مەكتىپىدە ئاساسىي قاتلام ئايال كادىرلىرىنىڭ «مەدەنىي ئائىلە قۇرۇلۇشى» بويىچە بىر قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، 62 ئايال كادىرنى تەربىيىلىدى. ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى، مەدەنىيەت نازارىتى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىكتە 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوندا «مەھەللەمنى، ئائىلەمنى سۆيىمەن» ناملىق ئائىلىۋى ۋەدە بېرىش پائالىيىتىنى ۋە ئائىلىۋى سەنئەت بايرىمىنى قانات يايدۇردى. ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئائىلە بويىچە كىتاب ئوقۇش، ئائىلە بويىچە مەدەنىي بولۇش، ئائىلە بويىچە مۇھىت ئاسراش، «گۈزەللىك يېزا ئائىلىلىرىدە» مەدەنىي ھويلا - ئارام بەرپا قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، ئائىلىۋى گۈزەل ئەخلاقنى جارىي قىلدۇردى.

ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ئۆزى 130 مىڭ يۈەن تەييارلاپ، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق 12 ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرىگە زامانىۋى ئىشخانا ئۈسكۈنىلىرى سەپلەپ بەردى. ئۆزى يۆلەيدىغان نامرات ناھىيە — گۇما ناھىيىسىگە 10 مىڭ يۈەن پۇل ئىئانە قىلدى ھەم 2 كىشىنى ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشىشكە ئەۋەتتى. 12 - ئايدا قەشقەر، خوتەن، ئالتاي، ئاقسۇ، قىزىلسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى 200 نامرات ئايالغا 20 مىڭ يۈەن پۇل ئىئانە قىلىپ، ئىللىقلىق، مېھرى - شەپقەت يەتكۈزۈش پائالىيىتى ئېلىپ باردى.

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى كادىرلار نازارىتى بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭ بويىچە ئاياللار بىرلەشمىسى سىستېمىسىدىكى 12 ئىلغار كوللېكتىپ بىلەن 15 ئىلغار خىزمەتچىنى تەقدىرلىدى.

غەربىي كەڭ ئېچىشقا قاتنىشىش ئەھۋالى

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ئۈرۈمچىدە «غەربىي كەڭ ئېچىشتا ئاياللار قانداق قىلىشى كېرەك؟ ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرى قانداق قىلىشى كېرەك؟» دېگەن تېمىدا 2 قېتىم سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، «ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ئاياللىرىنى غەربىي كەڭ ئېچىشقا قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» نى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈپ چىقتى. «شىنجاڭ ئاياللىرى»، «ھەمراھ» ژۇرناللىرىدا غەربىي كەڭ ئېچىش توغرىلىق مەخسۇس سەھىپە ئاچتى. ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى ھەر مىللەت ئاياللىرىنى غەربىي كەڭ ئېچىشقا پائال تەشكىللەپ، ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا يارىشا، قۇملىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، قۇمنى تىزگىنلەش، تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئورمانلىق، ئوتلاق بەرپا قىلىش، كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش، قاقاس تاغ، قاقاس يەرلەرنى كۆكەرتىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. 11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى «غەربىي رايونغا رىشتە باغلاش - ئانا مېھرىدىن ئورتاق بەھىر ئېلىش» ناملىق مېھرى - شەپقەت يەتكۈزۈش، تۆھپە قوشۇش، ئىئانە قىلىش پائالىيىتى بويىچە سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، 50 كىشى «غەربىي رايونغا ياردەم بېرىش، شەپقەت يەتكۈزۈش

ئەلچىسى» بولدى. 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى 50 «شەپقەت يەتكۈزۈش ئەلچىسى» نى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ «غەربىي رايونغا رىشتە باغلاش - ئانا مېھرىدىن ئورتاق بەھىر ئېلىش» ناملىق چوڭ تىپتىكى ئىئانە توپلاش ئويۇنىغا ئەۋەتتى، شىنجاڭ 240 مىڭ يۈەن پۇل ئىئانە قىلدى.

«ئىككى پروگرامما» نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى 2000 - يىلى شىنجاڭ ئاياللار - بالىلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسى «90 - يىللاردىكى جۇڭگو بالىلار تەرەققىيات پروگراممىسى» بىلەن «ئاياللار تەرەققىيات پروگراممىسى» (قىسقارتىلىپ «ئىككى پروگرامما» دېيىلدى) دىكى تۈرلۈك نىشان ۋە ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ھالدا بىر يۈرۈش پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. «ئانىلار ئامانلىقى» تۈرىگە 50 مىڭ يۈەنلىك خىراجەت قوشتۇردى. 29 نامرات ناھىيىدە «ئانىلار ئامانلىقى» تۈرى خىزمىتىنى باشلاپ، لەۋھە تاللىنىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. 3 - ئايدا ئۈرۈمچىدە «ئانىلار ئامانلىقى» تۈرى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، بۇ كۇرسقا 29 نامرات ناھىيىدىن كەلگەن 50 كىشى قاتناشتى. 10 - ئايدا مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان «ئىككى پروگرامما» خىزمىتىنى ئوموميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىككى پروگرامما» نىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى ئۆزى تەكشۈرۈش، ئۆزى تۈزىتىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. 11 -، 12 - ئايلاردا 16 ناھىيىدە (شەھەردە) «2 پروگرامما» نىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە «ئىككى پروگرامما» جەھەتتىكى تەشۋىقات، تەربىيىلەش سالمىقى كۈچەيتىلدى. 4 — 7 - ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئەزا ئورۇنلارنىڭ ئالاقە باغلىغۇچىلىرى يىغىنى بىلەن «ئىككى پروگرامما» مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى يىغىنى ئېچىلىپ، «ئىككى پروگرامما» غا دائىر ماتېرىيال ۋە سانلىق مەلۇماتلارنى يىغىش، توپلاش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 4 — 10 - ئايغىچە ئاقسۇ شەھىرىدە بىر قارار، جىڭ ناھىيىسىدە بىر قارار «ئىككى پروگرامما» بويىچە نازارەت قىلىش، ئۆلچەش، باھالاش كۇرسى ئېچىلدى، بۇ كۇرسقا 85 ناھىيە (شەھەر) لىك ئاياللار - بالىلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، ھاكىم، مائارىپ، سەھىيە قاتارلىق تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن بولۇپ 200 نەچچە كىشى قاتناشتى. 9 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ «AAA» (باھالاش، ئانالىز قىلىش، ھەرىكەت) ئەندىزىسىنى قوللىنىشى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ۋە ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ «AAA» ئەندىزىسىنى قوللىنىشىغا دائىر ھەرىكەت پىلانى تۈزۈش بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى، كۇرسلارغا «ئانىلار ئامانلىقى» تۈرىنى كۈچەيتكەن 23 ناھىيىنىڭ ھاكىمى، ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، ئاياللار - بالىلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى شۇنداقلا سەھىيە، ستاتىستىكا قاتارلىق سىستېمىلاردىن بولۇپ 230 كىشى قاتناشتى.

ئايال كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايوندىكى ئايال كادىر 296 مىڭ 818 گە يېتىپ، بارلىق كادىرنىڭ %51. 45 نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە دەرىجىلىك ئايال كادىر 5 بولۇپ، شۇ دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ %9. 8 نى، نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك ئايال كادىر 90 (مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىدىكىسى ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىكىسى بۇنىڭ سىرتىدا) بولۇپ، شۇ دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ %95. 6 نى، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك ئايال كادىر 1402 بولۇپ، شۇ دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ %35. 12 نى ئىگىلىدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىسىگە ئايال رەھبىرىي كادىر سەپلەندى، %6. 6 ناھىيە، شەھەر ۋە %4. 8 يېزا، بازار، مەيدان رەھبەرلىك بەنزىسىگە ئايال رەھبىرىي كادىر سەپلەندى.

ئايال كادىرلارنى تەربىيىلەش 2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى 11 قارار تۈرلۈك تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، 900 ئايال كادىرنى تەربىيىلىدى. 3 - ئايدا شىنجاڭ ئايال كادىرلار مەكتىپى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئىنستىتۇتى بىلەن بىرلىشىپ، بىر قارار ئۇيغۇرچە ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپىدىن دىپلوم ئېلىش كۇرسى ئېچىپ، 87 مىللىي كۇرسانتنى قوبۇل قىلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى بىلەن بىرلىكتە ئىجتىمائىي خىزمەت ۋە باشقۇرۇش كەسپى بويىچە مەخسۇس كۇرستىن تولۇق كۇرسقا ئۆرلەش ئىشتىن سىرتقى كۇرسى ئېچىپ، 30 كۇرسانتنى قوبۇل قىلدى. 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شىنجاڭ ئاياللار كەسپىي مەكتىپى قۇرۇلۇپ ۋىۋىسكىسى ئېسىلدى. 6 - ئايدا ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاستتىن 56 ئايال كادىر گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك ئايال كادىرلار ئىنستىتۇتىغا ئىش ئورنى بويىچە تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتىلدى. 9 - ئايدا ئاياللار بىرلەشمىسىدىن 7 ئايال كادىر ئىچكىرىدە تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتىلدى. 2000 - يىلى شىنجاڭ ئايال كادىرلار مەكتىپى ئاساسىي قاتلاملارغا بېرىپ دەرس ئۆتۈپ، 4800 دىن ئارتۇق كۇرسانتنى تەربىيىلىدى؛ 2 قارار ئاساسىي قاتلام ئايال كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، ئۇيغۇر،

خەنزۇ، قازاق ئاساسىي قاتلام ئايال كادىرىدىن 60 نى تەربىيىلىدى.

جىلىڭ يەن

## «ئاياللار تۆھپە يارىتىش» مۇسابىقە پائالىيىتى

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى «ئاياللارنىڭ مەھەللە مۇلازىمەت خىزمىتى» نى ئىلگىرى سۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، شەھەر ئاياللىرى ئارىسىدا «ئاياللار تۆھپە يارىتىش» مۇسابىقە پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. مەلۇماتقا قارىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە 525 مىڭ 756 ئايال بۇ پائالىيەتكە قاتنىشىپ، كارخانىلار ئۈچۈن 3 مىليارد 447 مىليون 510 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتقان. ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى «ئاياللار تۆھپە يارىتىش» مۇسابىقە پائالىيىتىدىكى 2323 ئىلغار شەخس، 613 ئىلغار كوللېكتىپ تەقدىرلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون تەقدىرلىگەن ئىلغار شەخس 58، ئىلغار كوللېكتىپ 35.

1. «ئاياللارنىڭ مەھەللە مۇلازىمىتى قۇرۇلۇشى» باشلىنىپ، شەھەر ئاياللىرىنىڭ خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى مەھەللىگە يۆتكەش ئىلگىرى سۈرۈلدى. 3 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى خەلق ئىشلىرى نازارىتى، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى، ش ئۇ ئا ر قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشخانىسى قاتارلىق 8 ئورۇن بىلەن بىرلىشىپ، «‹ئاياللارنىڭ مەھەللە مۇلازىمىتى قۇرۇلۇشى› نى يولغا قويۇش توغرىسىدا پىكىر» نى تارقاتتى ھەمدە ئۆزى 50 مىڭ يۈەن تەييارلاپ، «ئاياللارنىڭ مەھەللە مۇلازىمىتى» نى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى 9 - ئاينىڭ 26 -، 27 - كۈنلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدە «ئاياللارنىڭ مەھەللە مۇلازىمىتى» نەق مەيدان يىغىنى ۋە ھەرقايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى رەئىسلىرى خىزمەت يىغىنى ئاچتى، بۇ يىغىنلاردا «ئاياللارنىڭ تۆھپە يارىتىش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغان 10 يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، مەھەللە مۇلازىمىتى خىزمىتىگە دائىر تەجرىبە ۋە ئۇسۇللار خۇلاسىلەندى ۋە ئالماشتۇرۇلدى، مۇسابىقە پائالىيىتى داۋامىدا مەيدانغا كەلگەن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر تەقدىرلەندى، شەھەر ئاياللىرى خىزمىتىنىڭ ئەسىر ھالقىغان ۋەزىپىلىرى مۇھاكىمە قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ۋەكىللەر ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ «يېرىم دۇنيا» ئائىلە مۇلازىمەت شىركىتى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يېڭىشەھەر رايونىدىكى «گۈزەلباغ» ئاھالىلەر كومىتېتى قاتارلىق «ئاياللارنىڭ مەھەللە مۇلازىمىتى» بويىچە 5 ئۈلگە كۆرسىتىش نۇقتىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. 2000 - يىلى ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ مەھەللە مۇلازىمەت گەۋدىسىدىن 29 نى قۇرۇپ، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئايال ئىشچىلارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى.

2. شەھەر - بازار ئاياللىرىنى كەسپىي ماھارەت جەھەتتىن تەربىيىلەش ۋە ئىش ئورنىدا چېنىقتۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، ئۇلارنىڭ ساپاسىنىڭ ئۆسۈشى ۋە ئىختىساس ئىگىسى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 8867 قارار تۈرلۈك تېخنىكا كۇرسى ئېچىلىپ، شەھەر، بازاردىكى 132 مىڭ 823 ئايال تەربىيىلەندى. 7398 قېتىم تېخنىكىدا بەسلىشىش، تېخنىكىدا ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، 57 مىڭ 537 ئايال مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، 30 مىڭ 705 ى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تېخنىكا ماھىرى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

3. ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. 2000 - يىلى «ئاياللارنىڭ نامراتلارغا ياردەم بېرىش ھەرىكىتى» ۋە «ئاياللارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش» پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى. 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ئىش ئورنىدىن قالغان ئايال ئىشچىلارنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىنىش ئەھۋالى ئۈستىدە سوئال چىقىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، 1000 نۇسخا تەكشۈرۈش قەغىزى تارقىتىپ، 750 نۇسخىنى يىغىۋالدى ھەم ئۇنىڭدىن ئېلىنغان ستاتىستىكىلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتىنى ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلارغا ۋە مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىگە تاپشۇرۇپ بەردى. ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىغا ئاكتىپ ماسلىشىپ، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇچۇرلىرى يېتەكچىلىك مەركىزى ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بازىرى قۇرۇپ، ئىش ئورنىدىن قالغان ئايال ئىشچىلارغا پائال تۈردە ئىش ئورنى تېپىپ بەردى ياكى ئىش ئورنى ھازىرلاپ بەردى؛ ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك تارماقلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، تۈرلۈك شەكىللەرنى قوللىنىپ، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تېخنىكا، ماھارەت جەھەتتىن تەربىيىلەشنى قانات يايدۇردى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 10 مىڭ 276 ئايال ئىشچى تەربىيىلەندى، مەھەللە مۇلازىمەت گەۋدىسىدىن 29 ى قۇرۇلدى، ئىش ئورنىدىن قالغان 4500 ئايال ئىشچىنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىلدى.

4. «ئاياللارنىڭ مەدەنىيلىكتە ئۈلگە ئىش ئورنى» تەقدىرلەندى. 2000 - يىلى 3 - ئايدا مەملىكەتلىك شەھەر - بازار ئاياللىرىنىڭ «ئاياللار تۆھپە يارىتىش» پائالىيىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى چارلاش تارماق ئەترىتى 2 - چوڭ ئەترىتىنىڭ قىزلار ئوتتۇرا ئەترىتى، شىنجاڭ شىخۇ پىۋىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئەينەك بۇيۇم ياساش شۆبە شىركىتىنىڭ ئوراش - تەكشۈرۈش ئىسپىنى، قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئىچى يېزىسىنىڭ «بوستان» مىللىي باللار باغچىسى، فۇكاڭ شەھەرلىك كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، كۆكتوقاي ناھىيىلىك قەنت - شېكەر، هاراق - تاماكا شىركىتى، خەلق بانكىسى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق بانكىسىنىڭ تىجارەت بۆلۈمى، ئىلى ئوبلاستلىق رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى قازاقچە تېلېۋىزىيە تىياتىرى تەرجىمە بۆلۈمى، شىخەنزە شەھەرلىك ج ۋ خ ئىدارىسى مانورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتى، خوتەن ۋىلايەتلىك يولۇچى توشۇش باش بېكىتىنىڭ قاتناش مېھمانخانىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ نەنيۈەن مېھمانخانىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 - خەلق دوختۇرخانىسى، غۇلجا شەھەرلىك يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ پىلان - باج يىغىش بۆلۈمى، تۇرپان شەھەرلىك يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ باج يىغىش شۆبە ئىدارىسىدىن ئىبارەت 13 ئورۇنغا مەملىكەت بويىچە «ئاياللارنىڭ مەدەنىيلىكتە ئۈلگە ئىش ئورنى» دەپ، كورلا شەھەرلىك يېقىلغۇ گاز شىركىتىنىڭ دىرېكتورى چېڭ سۇيىڭ، بىگتۇەن 4 - ترانسپورت شىركىتى قۇراشتۇرۇش شىركىتىنىڭ كەپشەرلەش ئىشچىسى جياۋ يىنلەنلەرگە مەملىكەت بويىچە «ئاياللارنىڭ تۆھپە يارىتىش ئۈلگىسى» دەپ، قاراماي شەھىرى مايتاغ رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىگە مەملىكەت بويىچە «ئاياللارنىڭ تۆھپە يارىتىشى بويىچە ئىلغار ئورۇن» دەپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «ئاياللارنىڭ تۆھپە يارىتىشى» مۇسابىقە پائالىيىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا مەملىكەت بويىچە «ئاياللارنىڭ تۆھپە يارىتىشى بويىچە ئىلغار ماسلاشتۇرغۇچى تەشكىلات» دەپ نام بەردى.

9 - ئايدا شىنجاڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاياللار ئارا «ئۆچنى ئۆگىنىش، ئۆچتە بەسلىشىش»، شەھەر، بازارلاردىكى ئاياللار ئارا «ئاياللار تۆھپە يارىتىش» پائالىيىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق مۇھەت ئاسراش ئىدارىسى قاتارلىق 35 ئورۇنغا ئاپتونوم رايون بويىچە «ئاياللارنىڭ مەدەنىيلىكتە ئۈلگە ئىش ئورنى» دەپ، قەشقەر «لۇشىن» توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدىن زۇمرەتپاشا ھەسەن قاتارلىق 100 كىشىگە ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر - بازار ئاياللىرى ئارا «ئاياللار تۆھپە يارىتىش ئۈلگىسى» دەپ، ئىلى ئوبلاستلىق ئانا - باللار ساقلىقىنى ساقلاش دوختۇرخانىسى قاتارلىق 20 ئورۇنغا ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر - بازار ئاياللىرى ئارا «ئاياللارنىڭ تۆھپە يارىتىشى بويىچە ئىلغار ئورۇن» دەپ، بىگتۇەن ساناەت 1 - شى ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر ھەيئىتى قاتارلىق 20 ماسلاشتۇرغۇچى تەشكىلاتقا ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر، بازار ئاياللىرى ئارا «ئاياللارنىڭ تۆھپە يارىتىشى بويىچە ئىلغار ماسلاشتۇرغۇچى تەشكىلات» دەپ نام بەردى.

جاڭ يەن

## «ئۆچنى ئۆگىنىش، ئۆچتە بەسلىشىش» مۇسابىقە پائالىيىتى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 1 مىليون 436 مىڭ 450 ئايال «سىياسىي ئۆگىنىش، مەدەنىيەت ئۆگىنىش، تېخنىكا ئۆگىنىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا بەسلىشىش، نەتىجىدە بەسلىشىش، تۆھپە يارىتىشتا بەسلىشىش» مۇسابىقە پائالىيىتىگە قاتناشتى. پائالىيەتكە قاتناشقانلار دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونىدىكى ئايال ئەمگەك كۈچىنىڭ %79.90 نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئايال 1 مىليون 2185.

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى دېھقانچىلىق نازارىتى، چارۋىچىلىق نازارىتى، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بىلەن بىرلىكتە «ئاياللارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق بېيىتىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا پىكىر» تارقاتتى. 3 -، 4 - ئايلاردا «ئۆچنى ئۆگىنىش، ئۆچتە بەسلىشىش» بويىچە 97 ئايال ماھىر تەشكىللىنىپ، بېيجىڭ، تيەنجىن قاتارلىق جايلارغا ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلدى. 6 - ئايدىن 8 - ئايغىچە بايىنغولىن، سانجى، قەشقەر، تارباغاتاي، تۇرپان قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىن پەن - تېخنىكا ئارقىلىق بېيىش باشلامچىسى بولغان 5 كىشى 3 تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ، مەملىكەتلىك «ئىككىنى ئۆگىنىش، ئىككىدە بەسلىشىش» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى ئامېرىكا، كانادادا ئۆتكۈزۈلگەن زامانىۋى يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش - تەكشۈرۈش ئۆمىكىگە قاتناشتى. 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شوگۇاڭ شەھىرىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئايال پەن - تېخنىكا تايانچلىرىنىڭ ئۈلگە كۆرسىتىش بويىچە بىر قارار تەربىيىلەش كۇرسىنى ئېچىپ، 10 ئايالنى تەربىيىلىدى.

2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 12 مىڭ قارار تۈرلۈك مەدەنىيەت بىلىملىرى، ئەمەلىي دېھقانچىلىق تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى، كۇرسلاردا 842 مىڭ 688 ھەر مىللەت ئاياللىرى بىلىم ئۆگەندى ۋە تەربىيىلەندى، 41 مىڭ 400 ئايال ساۋات چىقاردى، 6496 ئايال ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتىدىغان يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا ۋە يېزا ئىگىلىك رادىئو مەكتىپىدە ئوقۇدى، 2799 ئايال دېھقان تېخنىك سالاھىيىتىگە ئىگە بولدى، 566 مىڭ 63 ئايال 2 دىن ئارتۇق ئەمەلىي تېخنىكا ئىگىلىدى.

2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 1 مىليون 31 مىڭ 227 ھەر مىللەت ئايال (قېتىم) «8 ـ مارت» كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى بەرپا قىلىش پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، 10 مىليون 222 مىڭ 704 تۈپ كۆچەت تىكتى، 30 مىڭ 700 گېكتار يەردە «8 ـ مارت» ئورمان بەلۋېغى، 28 مىڭ 957 گېكتار يەردە «8 ـ مارت» مېۋىلىك باغ، 17 مىڭ 5. 304 گېكتار يەردە «8 ـ مارت» كۆچەتلىكى، 9938 گېكتار يەردە «8 ـ مارت» يېشىل بازىسى بەرپا قىلدى.

2000 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ياردەم تۈرى فوندلىرىدىن 900 مىڭ يۈەننى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇنى «ئاياللارنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ھەرىكىتى» گە ئىشلەتتى. نامراتلارنى يۆلەش بويىچە 4119 ئالاقىلىشىش نۇقتىسى قۇرۇلدى، ئايال ماھىرلار نامراتلارنى يۆلەش بويىچە ئالاقىلىشىدىغان ئائىلە 12 مىڭ 439 غا يەتتى، نامراتلارنى يۆلەش بويىچە 45 مىڭ 889 جۈپ بارلىققا كەلدى، ناماراتلارنى يۆلەش گەۋدىسىدىن 207 سى قۇرۇلدى، نامراتلارنى يۆلەش تۈرىدىن 520 سى قولغا كەلتۈرۈلدى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى 292 مىڭ 380 ئايالنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىلدى.

جاڭ يەن

## ئاياللار ـ بالىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش خىزمىتى

1. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاياللار ـ بالىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ئاياللار قانۇنى» دېيىلىدۇ) ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاياللار ـ بالىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى› نى يولغا قويۇش چارىسى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «يولغا قويۇش چارىسى» دېيىلىدۇ) داۋاملىق تەشۋىق قىلىندى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلدى. 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى بىلەن ئەدلىيە نازارىتى بىرلىكتە «ئەدلىيە مىنىستىرلىكى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ «8 ـ مارت» خەلقئارا ئەمگەكچى ئاياللار بايرىمى مەزگىلىدە ‹148، ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش ھەپتىلىكى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش، نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق «148» (ئەدلىيە جەھەتتىن ياردەم بېرىش بويىچە قانۇن مەخسۇس تېلېفون لىنىيىسى) ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش پائالىيىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى بىلەن ئەدلىيە نازارىتى بىرلىكتە ئاپتونوم رايونلۇق «148» ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش ھەپتىلىكى پائالىيىتى بويىچە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئاچتى. 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە جايلاردا بىر تۇتاش «148» ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش ھەپتىلىكى تەشۋىقات، مەسلىھەت بېرىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. بۇ پائالىيەت مەزگىلىدە، جايلاردىكى ئادۋوكاتلار، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىملىرى، قانۇن خىزمەتچىلىرى شۇنداقلا ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئاياللار دۇچ كەلگەن قىزىق نۇقتىلىق، قىيىن نۇقتىلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئاياللارغا ئەستايىدىل ئىزاھات بەردى، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئايالغا قانۇندىن مەسلىھەت بەردى، «148» مەخسۇس تېلېفوننى 5000 قېتىمدىن كۆپرەك قوبۇل قىلدى، 548 تاختاي گېزىتىنى كۆرگەزمە قىلدى، 300 مىڭ نۇسخىدىن كۆپرەك تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقاتتى، 5 دېلونى قوبۇل قىلدى.

2. قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ سۈرئىتى تېزلىتىلىپ، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشكە پائال ئىشتىراك قىلىندى. 1 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك ئايال كادىرلار مەكتىپى بىلەن بىرلىشىپ، تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ ئاساسىي قاتلام ئايال كادىرلىرىنى قانۇن بىلىملىرى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تايانچىدىن 63 نى تەربىيىلىدى. 6 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ئاپتونوم رايوندىكى ئاياللار بىرلەشمىسى سىستېمىسىدا يولغا قويۇلغان قانۇن ـ تۈزۈم تەشۋىقاتى تەربىيىسى بويىچە 3 ـ بەش يىللىق پىلاننىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى قانۇن مەسلىھەتچىلىرى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا قاتناشقان 30 نەچچە ۋەكىل ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش خىزمىتىنى غەربىي كەڭ ئېچىشنىڭ تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇش ئۈستىدە سۆھبەت ئېلىپ باردى. ش ئۇ ئا ر ئاياللار

بىرلەشمىسى 2 ـ، 8 ـ، 11 ـ ئايلاردا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى» نىڭ تۈزىتىلمە نۇسخىسى (لايىھىسى) بويىچە 3 قېتىم سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، يېڭى «نىكاھ قانۇنى» (لايىھىسى) غا قارىتا تۈزىتىش پىكىر تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 12 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە تەكلىپ بېرىشى بىلەن، شىنجاڭ ئاياللار ـ بالىلارنىڭ قانۇني ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش كېڭەشمە سوتى قۇرۇلدى، ئاياللار بىرلەشمىسى يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئاياللار ـ بالىلارنىڭ قانۇني ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش كېڭەشمە سوتىغا ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنىدىغان زاسېداتېللارنى كۆرسەتتى.

3. قانۇني ھوقۇق ـ مەنپەئەتنى قوغداش خىزمىتى. 2000 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى ھال ـ ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن 718 ئادەم(قېتىم) نى، 387 پارچە خەت ـ چەكنى قوبۇل قىلدى، 59 پارچە خەت ـ چەكنى بىر تەرەپ قىلدى، بىر دېلو ئۈستىدە سوتتا ۋاكالەتچى بولدى، چوڭ دېلودىن 4 نى بىر تەرەپ قىلدى.

جىلد يەن

## بالىلار ـ ئۆسمۈرلەر خىزمىتى

2000 ـ يىلى شىنجاڭ بالىلار ـ ئۆسمۈرلەر خىزمىتىدە «90 ـ يىللاردىكى جۇڭگو بالىلار تەرەققىيات پىلانى پروگراممىسى» ئىزچىل يولغا قويۇلدى، «بالىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتى ئەھدىنامىسى» تەشۋىقاتى كۈچەيتىلدى. 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى «1 ـ ئىيۇن» خەلقئارا بالىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىلدى. 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئالاقىدار رەھبەرلەردىن تەشكىللەنگەن ئاپتونوم رايونلۇق «1 ـ ئىيۇن» بالىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش ـ ھال سوراش ئۆمىكى ئۈرۈمچى شەھەرلىك بالىلار پاراۋانلىق ئورنى، سەرگەردان بالىلارنى قۇتقۇزۇش ـ قوغداش مەركىزى، «قىزىل بايراق» بالىلار باغچىسى، 2 ـ بالىلار باغچىسى، شىنجاڭ توقۇمىچىلىق گۇرۇھى بالىلار باغچىسىغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى بالىلار، يېتىم، مېيىپ بالىلاردىن ھال سورىدى. 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسىردىن «1 ـ ئىيۇن» بالىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن تېلېۋىزىيە سۆزى قىلدى. «1 ـ ئىيۇن» مەزگىلىدە ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى، شىنجاڭ بالىلار تەرەققىيات مەركىزى، ش ئۇ ئا ر ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش كومىتېتى بىرلىكتە تەشۋىقات، مەسلىھەت بېرىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، 21 تاختاي گېزىتنى كۆرگەزمە قىلدى، 3500 دىن ئارتۇق تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقاتتى، 1000 دىن ئارتۇق ئائىلە باشلىقىغا مەسلىھەت بەردى. شىنجاڭ بالىلار تەرەققىيات مەركىزى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىغا ۋە سەھىيە، مائارىپ، خەلق ئىشلىرى قاتارلىق تارماقلارغا «بالىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتى ئەھدىنامىسى» نىڭ ئۇيغۇرچە، قازاقچە ئۇن لىنتىسىدىن 5000 يۈرۈش سوۋغا قىلدى، «1 ـ ئىيۇن» بالىلار بايرىمى ھارپىسىدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىكتە خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە «1 ـ ئىيۇن» خەلقئارا بالىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش تېلېۋىزىيە ئەدەبىيات ـ سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزدى.

ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى بالىلار تەربىيىسى ۋە ئائىلە تەربىيىسى خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇردى. 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى بىلەن ش ئۇ ئا ر كېيىنكى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش كومىتېتى بىرلىكتە «ساپا مائارىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بالىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرەيلى» دېگەن تېمىدا سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، 50 نەچچە ۋەكىل ساپا مائارىپىنى مەكتەپكە، جەمئىيەتكە، ئائىلىگە يۈزلەندۈرۈش بويىچە سۆھبەت ئۆتكۈزدى. 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 11 ـ كۈنىگىچە مەملىكەتلىك ئائىلە تەربىيىسى گېزىت ـ ژۇرناللىرىنىڭ 6 ـ نۆۋەتلىك يىللىق يىغىنى شۇنداقلا ئائىلە تەربىيىسى يېتەكچىلىكى ۋە تەتقىقاتى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، كۇرسقا مەملىكىتىمىزدىكى 18 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىكى 30 نەچچە شەھەردىن كەلگەن 80 ئائىلە تەربىيىسى خىزمەتچىسى قاتناشتى. 2000 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى مەكتەپ سىرتىدىكى مائارىپنى يولغا قويۇپ، بالىلار ئېنگىلىز تىلى، چامباشچىلىق، رەسىم سىزىش، خەتتاتلىق، ئۆسمۈر كەسپلىرى بويىچە 13 تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، 300 ئۆسمۈر، بالا (قېتىم) نى تەربىيىلىدى. 5 ـ ئايدا گوۋۇيۈەن ئاياللار ـ بالىلار خىزمىتى كومىتېتى ئۈرۈمچى شەھىرىگە «مەملىكەت بويىچە بالىلار خىزمىتىدە ئىلغار ئۈلگە شەھەر» دەپ، يەنجى، باي، قاراقاش ناھىيىلىرىگە «مەملىكەت بويىچە بالىلار خىزمىتىدە ئىلغار ناھىيە» دەپ، ليۇ جۈن (شىخەنزە شەھەرلىك 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتىن)، ساۋ شۇسۇي (ئالتاي ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىدىن) لەرگە «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر خىزمەتچى» دەپ نام بەردى.

«غۇنچىلار» پىلانى داۋاملىق يولغا قويۇلۇپ، نامرات قىز بالىلارغا ياردەم بېرىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. 4 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ بالىلار خىزمىتى بۆلۈمى چىرا، لوپ، قاراقاش، خوتەن ناھىيىلىرىگە بېرىپ،

«غۇنچىلار» پىلانىنىڭ ئالدىنقى 2 قارارلىق تۈرلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. 5 ـ ئايدا جۇڭگو بالىلار فوندى جەمئىيىتىنىڭ ئەمەلدارى باشچىلىقىدىكى 5 كىشى مورى، لوپ، خوتەن، قاراقاش، گۇما، پەيزاۋات، ئاقتۇ، غۇلجا، نىلقا قاتارلىق ناھىيىلەرگە بېرىپ، 13 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپتىكى 7000 «غۇنچە قىز بالا» نىڭ ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. 6 ـ ئايدا جۇڭگو بالىلار فوندى جەمئىيىتى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ بالىلار خىزمىتى بۆلۈمى مۇنەۋۋەر مەتتۇرسۇن (لوپ ناھىيە جىيا يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ 5 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىسى) غا 3 ـ نۆۋەتلىك «مەملىكەت بويىچە ئون ياخشى غۇنچە قىز بالا» دەپ، پاشاگۇل، ئايسارا (قازاق)، جاۋ يۈجىڭلەرگە «مەملىكەت بويىچە 100 مۇنەۋۋەر غۇنچە قىز بالا» دەپ نام بەردى. 7 ـ ئايدا جۇڭگو بالىلار ـ ئۆسمۈرلەر فوندى جەمئىيىتى، ھاۋا ئارمىيە سىياسىي بۆلۈمى بايان (نىلقا ناھىيە قاراسۇ ئوتتۇرا مەكتەپتىن)، ھەمىدە (نىلقا ناھىيىلىك 4 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتىن)، مېھرىنىسا (غۇلجا ناھىيىسى دادامتۇ ئوتتۇرا مەكتەپتىن)، شى خۇڭلىڭ (ئۈرۈمچى ناھىيىسى داۋانچىڭ خۇيزۇ مەكتەپتىن)، مەخپىرە ياسىن (قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى تازغۇن يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتىن)، پاشاگۇل (پەيزاۋات ناھىيىسى قوشئاۋات يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن)، ياۋ يەن (مورى ناھىيىسى شىنخۇ مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتىن)، بۇرابىگۇل ئوسمان (ئاقتۇ ناھىيىسى بارىن يېزىسى يىلىغان باشلانغۇچ مەكتەپتىن)، تۇرسۇنگۈل مەمەت (ئاقتۇ ناھىيە بارىن يېزىسى قوغان باشلانغۇچ مەكتەپتىن)، بۇسارە توختىرەجەپ (چىرا ناھىيىلىك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن) تىن ئىبارەت 10 قىز بالىغا «مۇنەۋۋەر «كۆك ئاسمان» غۇنچە قىز بالا» دەپ نام بەردى. بۇ 10 قىز بالا 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىن 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىگىچە ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ھاۋا ئارمىيىسى بىلەن جۇڭگو بالىلار ـ ئۆسمۈرلەر فوندى جەمئىيىتى بىرلىكتە بېيجىڭدا ئۆتكۈزگەن «ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ 3 ـ قېتىملىق غۇنچىلار پىلانىغا پۇل ئىئانە توپلاش ۋە مۇنەۋۋەر كۆك ئاسمان غۇنچە قىز بالىلار يازلىق لاگېرى» پائالىيىتىگە قاتناشتى.

ئاپتونوم رايوندىكى يەككە كارخانىچى زەكىيە خانىم گۇما ناھىيىسىدىكى ئوقۇشتىن توختاپ قالغان ۋە ئوقۇشسىز قالغان 50 قىز بالىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىئانە بېرىپ ياردەم قىلدى. ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى بۇ قىزلار سىنىپىغا «زەكىيە خادىم قىزلار سىنىپى» دەپ نام بەردى.

2000 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى «غۇنچىلار» پىلانى تۈرىگە 630 مىڭ يۈەن مەبلەغنى قولغا كەلتۈرۈپ، «غۇنچە قىز بالىلار» سىنىپىدىن 18 نى ئېچىپ، ئوقۇشتىن توختاپ قالغان ۋە ئوقۇشسىز قالغان 750 قىزنىڭ مەكتەپكە كىرىشىگە ياردەم قىلدى.

جىاڭ يەن

## ھەمكارلىق تۈرلىرى خىزمىتى

1. 2000 ـ يىلى شىنجاڭ بالىلار تەرەققىيات مەركىزى مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، جۇڭگو بالىلار تەرەققىيات مەركىزى ئارقىلىق ب د ت بالىلار تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى، ئەنگلىيە بالىلارغا ياردەم بېرىش جەمئىيىتىنىڭ ھەمكارلىشىپ تەربىيىلەش، تەشۋىق قىلىش، ئائىلىنى مەبلەغ تۈرلىرىنى ئىجرا قىلدى. 1) تەربىيىلەش تۈرلىرى: 2000 ـ يىلى ب د ت بالىلار فوندى جەمئىيىتىنىڭ تۈرلەر بويىچە تەربىيىلەش خىراجىتىدىن 240 مىڭ يۈەن پۇل قولغا كەلتۈرۈلۈپ، «شىنجاڭدا شۇنداقلا 12 نامرات ناھىيىدە «بالىلار ھوقۇق ـ مەنپەئەتى ئەھدىنامىسى» گە قاتنىشىش شەكلىدىكى تەربىيىلىگۈچىلەرنى تەربىيىلەش تۈرى» ئىجرا قىلىندى. 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھرىدە شىنجاڭ «بالىلار ھوقۇق ـ مەنپەئەتى ئەھدىنامىسى» گە قاتنىشىش شەكلىدىكى تەربىيىلىگۈچىلەر كۇرسى ئېچىلدى. كۇرسقا 12 تۈر ناھىيىسى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە تۈر يولغا قويۇلمىغان 4 نامرات ناھىيىنىڭ بالىلار خىزمەتچىلىرى شۇنداقلا ناھىيە، شەھەر رەھبەرلىرىدىن بولۇپ 88 كىشى قاتناشتى. 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگىچە 12 تۈر ناھىيىسىدە شىنجاڭ نامرات ناھىيىلەرنىڭ «بالىلار ھوقۇق ـ مەنپەئەتى ئەھدىنامىسى» گە قاتنىشىش شەكلىدىكى تەربىيىلىگۈچىلەر كۇرسى» ئېچىلدى، ئۇنىڭغا 443 بالىلار خىزمەتچىسى، 12 تۈر ناھىيىسىگە قاراشلىق يېزا (بازار، مەيدان) لارنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى، ئاياللار بىرلەشمىسى كادىرلىرى قاتناشتى. ئەنگلىيە بالىلارغا ياردەم بېرىش جەمئىيىتىنىڭ تۈر مەبلىغىدىن 30 مىڭ يۈەن قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ئۈرۈمچى شەھرىدە «شىنجاڭ ئەيدىز كېسەللى بىمارلىرىنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن يېقىنلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەربىيىسى تەربىيىلىگۈچىلەر كۇرسى ئېچىلدى، كۇرستا ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ سەھىيە ـ ساقلىق ساقلاش پونكىتلىرىدىكىلەر شۇنداقلا 10 ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ رەھبىرى، ئوقۇتقۇچىسىدىن بولۇپ 30 كىشى تەربىيىلەندى. 2) تەشۋىقات تۈرلىرى: 2000 ـ يىل 5 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە ب د ت بالىلار فوندى جەمئىيىتىنىڭ تۈر خىراجىتىدىن 70 مىڭ يۈەن قولغا كەلتۈرۈلۈپ، جۇڭگو بالىلار تەرەققىيات مەركىزى ئارقىلىق ب د ت بالىلار فوندى جەمئىيىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، «بالىلار ھوقۇق ـ مەنپەئەتى ئەھدىنامىسى» (1 .، 2 ـ قىسىملىرى) ئۇيغۇرچە ۋە قازاقچىغا تەرجىمە



مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى شوجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن رەئىس شېن شۇجى ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىنى يوقلىدى.
ماۋ ۋېيخۇڭ فوتوسى

قىلىنىپ، 19 مىڭ 200 قاپ ئۈن لىنتىسى ئىشلەندى، ئۇنىڭ مەزمۇنى رادىئو ئىستوتى، رادىئو لېكسىيىسى، ناخشا - قوشاق، كۈلدۈرگە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 3) «ئاياللارنىڭ تەرەققىياتقا قاتنىشىش» ئايلانما مەبلەغ تۈرى: يىل ئاخىرىغا قەدەر، شىنجاڭ باللار تەرەققىيات مەركىزى ب د ت باللار فوندى جەمئىيىتىنىڭ «كالا، قوي بورداش» ئايلانما مەبلەغ تۈرى خىراجىتىدىن 1 مىليون 218 مىڭ يۈەننى قولغا كەلتۈرۈپ، بۆرۆلتوقاي، گۇما ناھىيىلىرىدە ئايلاندۇردى، بۇ خىراجەتتىن 1200 دىن ئارتۇق ئائىلە بىۋاسىتە نەپ ئالدى. 4 - ئايدا شىنجاڭ باللار تەرەققىيات مەركىزىنىڭ خادىملىرى بۆرۆلتوقاي ناھىيىسىگە بېرىپ، «كالا، قوي بورداش» ئايلانما مەبلەغ تۈرىنى ئېگىزلىك تەكشۈردى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن ھەمكارلىق كېلىشىمنامىسى ئىمزالىدى ھەمدە 1999 - يىلى ب د ت بۆرۆلتوقاي ناھىيىسىنىڭ كالا، قوي بورداشقا بەرگەن 290 مىڭ يۈەن ئايلانغان مەبلىغىنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئارقىلىق 145 تۈر ئائىلىگە تاپشۇرۇپ بەردى. 3 -، 4 - ئايلاردا 1999 - يىلى يولغا قويۇلغان ب د ت باللار فوندى جەمئىيىتىنىڭ ھەمكارلىق تۈرى — «شىنجاڭدىكى نامرات ناھىيىلەردە ئەمەلىي تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەش تۈرى» نىڭ داۋاملاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى نازارەت قىلىندى ۋە باھالاندى. جېمىنەي ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى بىلەن نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى 150 مىڭ يۈەن نامراتلارنى يۆلەش پۇلى ئاجرىتىپ، بوردىلىدىغان نەسىللىك كالا، قوي سېتىۋېلىپ، تەربىيىلەنگەن 48 ئايالنىڭ بېقىشىغا بۆلۈپ بېرىپ، ئوبدان ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

2. ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ جۇڭگو - كانادا ھەمكارلىق مۇلازىمەت گۇرۇپپىسى ئارقىلىق ئىجرا قىلىنغان كانادا ئەلچىسى فوندى تۈرى. مۇشۇ يىلى 1999 - يىلى يۇقىرىغا يوللىنىپ تەستىقلىتىلغان 5 تۈر مەبلىغى نەقلەشتۈرۈلدى، بۇنىڭدا خېجىڭ ناھىيىسىدىكى موڭغۇل ئاياللارنىڭ چارۋا بورداش تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى، لوپنۇر ناھىيىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىنىڭ تۆۋت ئۆچكىسى بېقىش تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى، يەنجى ناھىيىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىنىڭ ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق قىزىلچا ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى، دۆربىلجىن ناھىيىسىدىكى قازاق ئاياللىرىنىڭ قىزىلچىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىش تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى، دۆربىلجىن ناھىيىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىنىڭ ئارباغاتاي ئېغىرىنى بېقىش تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىدىن ئىبارەت 5 تۈر ئىجرا قىلىندى، تۈر فوندىدىن 318 مىڭ 360 يۈەن ئىشلىتىلىپ، 1400 ئاز سانلىق مىللەت ئايال تەربىيىلەندى. 2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى يۇقىرىغا يوللىغان تۈردىن 7 سى تەستىقلاندى. 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە كانادا ئەلچىسى فوندى تۈرى بويىچە مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى، يىغىنغا شىنجاڭ، گۇيجۇ، شىزاڭ، چىڭخەي، گەنسۇ، سەنشىدىن ئىبارەت 6 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرى ۋە تۈر ماسلاشتۇرغۇچىلىرى قاتناشتى. ۋەكىللەر يەنە قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، فوند تۈرىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە كانادانىڭ جۇڭگودىكى ئەلچىخانىسىنىڭ 3 - دەرىجىلىك كاتىپى خەنداۋبى ئەپەندى، كانادا - جۇڭگو تۈرىنىڭ دىرېكتورى سۈيغىپى ئەپەندى ۋە ئەلچىخانىنىڭ سودا ئىشلىرى ئەمەلدارى چېن چى خېنىم قەشقەر ۋىلايىتىدە كانادا ئەلچىسى فوندى تۈرىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ئۈستىدە باھالاش ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

جاڭ يەن

## شېن شۇجى شىنجاڭنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى شېن شۇجى باشچىلىقىدىكى 4 كىشى 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە سانجى، قەشقەر، تۇرپان، ئۈرۈمچى قاتارلىق ۋىلايەت،

ئوبلاست، شەھەرلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

جياڭ يەن

## «8 - مارت» قىزىل بايراقدارلىرى، «8 - مارت» قىزىل بايراقدار كوللېكتىپلار

مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى 2000 - يىل 2 - ئاينىڭ 29 - كۈنى مارالبېشى ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خې ۋېنجياڭ، سانجى ئوبلاستلىق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى جاڭ شيۇجېن (خۇيزۇ) لارغا «مەملىكەت بويىچە ‹8 - مارت› قىزىل بايراقدارى» دەپ نام بەردى.

ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى خې ۋېنجياڭ قاتارلىق 44 كىشىگە «ئاپتونوم رايون بويىچە ‹8 - مارت› قىزىل بايراقدارى» دەپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى چارلاش ساقچى ئارماق ئەترىتى 2 - چوڭ ئەترەت قىزلار ئوتتۇرا ئەترىتى قاتارلىق 11 ئورۇنغا «ئاپتونوم رايون بويىچە ‹8 - مارت› قىزىل بايراقدار كوللېكتىپ» دەپ نام بەردى.

جياڭ يەن

# ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى)

## ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە، رايونلاردا سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى تەشكىلاتىدىن 90 (بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت دەرىجىلىكى 14، ناھىيە دەرىجىلىكى 76) نى، يېزا، بازاردىكى شۆبە ئۇيۇشمىدىن 152 نى، ساھەلەرگە قاراشلىق سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىدىن 15 نى، بىۋاسىتە قاراشلىق سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىدىن بىرنى قۇردى ۋە ئەسلىگە كەلتۈردى. ئومۇمىي ئەزا 18 مىڭ 561 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كارخانا ئەزا 5000، كوللېكتىپ ئەزا 134.

قىزىلسۇ ئوبلاستلىق سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ قۇرۇلۇش يىغىنى 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئېچىلدى ۋە رەھبەرلىك ئاپپاراتى سايلاپ چىقىلدى.

ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى گوچاڭچىڭ قاتارلىقلار 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن غەربنى كەڭ ئېچىش، «خۇالىڭ» گۇرۇھىنىڭ 3 - نۆۋەتلىك جۇڭگو «خۇالىڭ» خەلقئارا قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى كۆرگەزمىسى سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى)، ش ئۇ ئا ر «شەرەپلىك ئىشلار» نى ئىلگىرى سۈرۈش كومىتېتى 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «شەرەپلىك ئىشلار» بويىچە غەربنى كەڭ ئېچىشقا مۇلازىمەت قىلىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە «شەرەپلىك ئىشلار» تۈرىدىن 10 ى يولغا قويۇلدى، 1 مىليارد يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ نەقلەشتى، ھەر خىل ئىختىساسلىق خادىمدىن 4200 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى.

ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى بويىچە 7 - قارارلىق ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى كۇرسى ئاچتى. كۇرستا 8 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىن كەلگەن 18 مەخسۇس سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى مىللىي كادىرى غەربنى كەڭ ئېچىشقا دائىر سىياسەتلەرنى، ئىقتىسادىي ساھەدىكى بىرلىك سەپ خىزمىتى، مىللەت، دىن مەسىلىلىرى، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا دائىر بىلىملەرنى ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بىلىملىرىنى ئۆگەندى.

ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ شىڭپىڭ 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە شياڭگاڭ جۇڭخۇا باش سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى ئۆتكۈزگەن 75 - قارارلىق سودا - سانائەت ئىقتىسادىي مۇھاكىمە كۇرسىغا قاتناشتى.

ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى گو چاڭچىڭ باشچىلىقىدىكى 4 كىشى جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ، 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە 15 ناھىيىلىك، شەھەرلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) تەشكىللىگەن 15 كارخانا ئەزا 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى دۆلەت ئىقتىساد - سودا كومىتېتى، مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، چىڭخەي ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى شىنىڭدا ئاچقان خەلق باشقۇرغان

كارخانىلارنىڭ غەربىي شىمال رايونىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشكە قاتنىشىشى بويىچە كېڭىشىش يىغىنىغا قاتناشتى.

ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى يالڭ شېڭپىڭ باشچىلىقىدىكى 4 كىشى 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىگىچە تۇرپان، قۇمۇل ۋىلايەتلىرىگە، غۇلجا، كۈنەس، شىخو، كۈيتۇڭ، جىڭ قاتارلىق ناھىيە، شەھەرلەرگە بېرىپ، غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ۋە سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى.

ئىلى ئوبلاستلىق سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تۇنجى نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي ئېچىپ، سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەھبىرىي ئاپپاراتىنى سايلاپ چىقتى.

ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى گو چاڭچىڭ 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى لاتۋىيىنىڭ جۇڭگودىكى باش ئەلچىسى د. ئوۋلىس ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ، لاتۋىيە بىلەن جۇڭگو شىنجاڭنىڭ غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىكى بويىچە ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىقى ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى ئۈستىدە كېڭەشتى.

11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى گو چاڭچىڭ مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدە شياڭگاڭ، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونلىرىغا بېرىپ، شياڭگاڭ جۇڭخۇا باش سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى ھەمدە شياڭگاڭ، ئاۋمېن سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) تەشكىللىگەن 7 ئەزا كارخانا 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى «جېجياڭ خاڭجۇ 2000 ـ يىللىق جۇڭگونىڭ غەربىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇنبىرى» مۇھاكىمىسىگە قاتناشتى.

ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تۇنجى قېتىم ئاساسىي قاتلام سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلىدى. بايىنغولىن ئوبلاستلىق سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) قاتارلىق 15 ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتقا «ئاپتونوم رايون بويىچە سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) سېپىدىكى ئىلغار تەشكىلات» دەپ، لى كېلىڭ قاتارلىق 14 كىشىگە «ئاپتونوم رايون بويىچە سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) سېپىدىكى ئىلغار خىزمەتچى» دەپ نام بەردى.

دېلى تىيىمبي

## 7 ـ نۆۋەتلىك ئىجرائىي ھەيئەتنىڭ 4 ـ قېتىملىق (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى

ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) 7 ـ نۆۋەتلىك ئىجرائىي ھەيئىتىنىڭ 4 ـ قېتىملىق (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى 2000 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىنغا جۇ شېڭتاۋ، ئىسمائىل تىلىۋالدى، قادىس جانابىل، ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن، ۋاڭ خەنرۇلار قاتناشتى. يىغىندا مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تەربىيىلەش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى؛ خىزمەت دوكلاتى ۋە «ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ ئەزالىرىنىڭ ئەزالىق بەدىلى تاپشۇرۇشنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى. يىغىندا نۆۋەت ئارىلىقىدىكى تەڭشەش ئېلىپ بېرىلىپ، سايلام ئارقىلىق 37 ئىجرائىي ھەيئەت ئەزاسى، 18 دائىمىي ئەزا تولۇقلاندى. ۋۇ تۇڭجياڭ، لى لەنشۇن، شۆھرەت زاكىر، ئەسقەربېك، دۆمىش، مى ئېنخۇادىن ئىبارەت 5 كىشى بىرلەشمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا سايلاندى؛ ئىلغار ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەر تەقدىرلەندى، 105 بىۋاسىتە قاراشلىق ئەزا كارخانىغا لەۋھە تاختىسى بېرىلدى.

دېلى تىيىمبي

## تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلق باشقۇرغان كارخانىلار يەرمەنكىسىگە قاتنىشىش ئەھۋالى

دۆلەت ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتى، مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، مائارىپ مىنىستىرلىكى، پەن ـ تېخنىكا مىنىستىرلىكى، تاشقى ئىقتىساد ـ سودا مىنىستىرلىكى، يۈننەن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى باشقۇرغان تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلق باشقۇرغان كارخانىلار يەرمەنكىسى 2000 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 12 ـ كۈنىگىچە كۇنمىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. يەرمەنكىدە شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى 18 كېلىشىم ۋە مۇددىئانامە ئىمزالىدى، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى خەلق پۇلى بويىچە 180 مىليون يۈەنگە يەتتى.

دېلى تىيىمبي

## غەيرىي ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك كارخانىلىرىدىكى خادىملاردىن چەت ئەلگە چىقىدىغانلىرىنى سىياسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈش، ئۇنۋان باھالاش ئەھۋالى

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى غەيرىي ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئىگىلىك باشقۇرغۇچى خادىملاردىن چەت ئەلگە (چېگرىدىن) چىقماقچى بولغانلارنىڭ سىياسىي تەكشۈرتۈش رەسمىيىتىدىن 253 نى، چەت ئەلگە (چېگرىدىن) چىقىش رەسمىيىتىدىن 63 نى بېجىرىپ بەردى، 57 سىنى سىياسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى، 133 كىشى چەت ئەلگە (چېگرىدىن) چىقتى. كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى باھالاش ئىمتىھانىغا 8 كەسپ بويىچە 332 ئادەمنى مەلۇم قىلدى، 1999 - يىلى 6 كىشىگە لاياقەتنامە بەردى، 2000 - يىلى كەسپىي تېخنىكا لاياقەت ئىمتىھانىدا لاياقەتلىك بولغان 31 كىشىگە لاياقەتنامە بەردى، ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بويىچە 2 كىشىنىڭ باھالاشقا يوللاش رەسمىيىتىنى بېجىردى.

دىلىڭ تېيىپىي

## غەيرىي ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىگە مەبلەغ كىرگۈزۈش ئەھۋالى

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايوندىكى غەيرىي ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئىگىلىك باشقۇرغۇچى زاتلار ئامېرىكا، فىرانسىيە، گېرمانىيە، روسىيە، ياپونىيە، كورىيە، پاكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان شۇنداقلا شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلار بىلەن ھەمكارلىق كېلىشىمى، ئالاقە ئەسلەتمىسى، مەبلەغ سېلىش مۇددىئانامىسى ئىمزالاپ، ئاپتونوم رايونغا خەلق پۇلى ھېسابىدا 900 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈپ بەردى ۋە ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى ئورۇنداپ بەردى.

دىلىڭ تېيىپىي

## غەيرىي ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئىگىلىك باشقۇرغۇچى زاتلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ تەقدىرلىنىش ئەھۋالى

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ ئەزالىرى ئىچىدە ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى 148، سىياسىي كېڭەش ئەزاسى 282، ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ئىجرائىي ھەيئەت ئەزاسىدىن يۇقىرى زات 2300. 3 ئەزا مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى، 9 ئەزا «ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە غەمخورلۇق قىلىدىغان، تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك، مۇنەۋۋەر تىجارەتچى» دېگەن نامغا ئېرىشتى، 2 ئەزا ئاپتونوم رايون بويىچە ئاياللارنىڭ تۆھپە يارىتىش ئۈلگىسى بولۇپ، بىر ئەزا ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

دىلىڭ تېيىپىي

## خەلق باشقۇرغان كارخانىلارنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايوندىكى خەلق باشقۇرغان كارخانا 18 مىڭ 900 گە، كەسپكارى 192 مىڭغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كومپارتىيە ئەزاسى 6234؛ 314 پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىگە قاراشلىق ئەزا كارخانىلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتى 92.

دىلىڭ تېيىپىي

## «گۇاڭخۇي» تاش ماتېرىياللىرى شىركىتى تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت ھوقۇقىغا ئېرىشتى

تاشقى ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىق مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، 2000 - يىل 8 - ئايدا شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» تاش ماتېرىياللىرى پاي چەكلىك شىركىتى تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت ھوقۇقىغا ئېرىشتى. بۇ، ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى بولۇپ تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن خۇسۇسىي كارخانىدۇر.

دىلىڭ تېيىپىي

## تاڭ ۋەنلى «شەرەپلىك ئىشلار» مېدالىغا ئېرىشتى

ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ «دېلۇڭ» كارخانا گۇرۇھىنىڭ باش مۇدىرى تاڭ ۋەنلى 2000 - يىل 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى بەرگەن «شەرەپلىك ئىشلار» مېدالىغا ئېرىشتى.

دىلىڭ تېيىپىي

## خۇسۇسىي - يەككە كارخانىچىلار شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەردى

2000 - يىلى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايوندىن 7 خۇسۇسىي - يەككە كارخانىچى شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشىغا پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلدى. مەملىكەتلىك سىياسىي

كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزاسى، مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، بېگى «ئۈمىد» گۇرۇھىنىڭ باش مۇدىرى ليۇ يۇڭخاۋ باينغولىن ئوبلاستلىق سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تەربىيىلەش مەركىزى قۇرۇلۇشىغا 500 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ئىئانە قىلدى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، گۇاڭدۇڭ «شياجيالىڭ» گۇرۇھىنىڭ باش مۇدىرى ليۇ جىچيالىڭ سانجىنىڭ ماڭارىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىغا 300 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ئىئانە قىلدى. مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئىجرائىي ھەيئەت ئەزاسى، جېجياڭ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزاسى، ۋېنجۇ «شېنلى» گۇرۇھىنىڭ باش مۇدىرى جىلىڭ شىڭتاۋ قەشقەر پەن - تېخنىكا - ماڭارىپ پائالىيەت مەركىزىگە 500 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ئىئانە قىلىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ماڭارىپ ئىشلىرىنى قوللىدى. شەنشى ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزاسى، شەنشى ئۆلكىلىك «خەيشىن» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى لى خەيساڭ خوتەن ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپكە دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەشكە ئىشلىتىش ئۈچۈن 500 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ئىئانە قىلدى. بېيجىڭ سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، شىنجاڭ «خەيجيې» يېشىل خىمىيە پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى ۋېي نا شىنجاڭغا 1 مىليون يۈەن خەلق پۇلى ئىئانە قىلىپ، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا خادىملىرى مۇكاپات فوندى تەسىس قىلدى، ۋېي نا يەنە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرىغا 100 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ئىئانە قىلدى. ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ «دېلۇڭ» كارخانا گۇرۇھىنىڭ باش مۇدىرى تاڭ ۋەنلى ئىلى ۋىلايىتىگە 500 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ئىئانە قىلدى. فۇجيەن «ۋەنلىدا» گۇرۇھى شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى لى شىنچى «ۋەنلىدا» گۇرۇھىغا ۋاكالىتەن شىنجاڭغا «ۋەنلىدا» VCD ئاپپاراتىدىن 300 نى ئىئانە قىلدى.

شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» كارخانا گۇرۇھى، شىنجاڭ «خۇالىڭ» گۇرۇھى شىركىتى ۋە ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى) نىڭ دائىمىي ئەزاسى، «جۇجيالىڭ» شىركىتىنىڭ دىرېكتورى جاڭ جۈڭشېنلار 2000 - يىل 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى خوتەن ۋىلايىتىگە 1 مىليون يۈەندىن پۇل ئىئانە قىلدى، بۇ پۇل خوتەن ۋىلايەتلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلار ياتىقى بىناسى، كۈتۈپخانا - تەجرىبىخانا بىناسى قۇرۇلۇشىغا ۋە ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش مەركىزى تورىغا ئىشلىتىلدى. شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» كارخانا گۇرۇھى قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ مەدەنىيەت مۇئەسسەسىلىرى قۇرۇلۇشىغا ۋە ئامىرات يېزا - كەنتلەرنى يۆلىشىگە ئىشلىتىش ئۈچۈن بىر مىليون يۈەن ئىئانە قىلدى.

دېلىڭ تيېمىي

☆ ☆ ☆ ☆ ☆ ☆

## خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1. بىرلىككە كېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئەھۋالى. 2000 - يىل 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى تەيۋەن رەھبىرىنىڭ ئالمىشىشى، تەيۋەن ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، «بىر جۇڭگو پرىنسىپى ۋە تەيۋەن مەسىلىسى» ناملىق ئاق تاشلىق كىتابنى ئۆگىنىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، ساۋاقداشلار بىردەك ئاق تاشلىق كىتاب تەيۋەنگە قارىتىلغان خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشتىكى مۇھىم ھۆججەت، دەپ قاراشتى ۋە ئۇنى چىن دىلىدىن ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، رەئىس جياڭ زېمىننىڭ كونگو (كىنشاسا) زۇڭتۇڭى بىلەن كۆرۈشكەندە قىلغان تەيۋەن مەسىلىسىگە دائىر سۆزىنى ۋە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تەيۋەن ئىشلىرى ئىشخانىسى، گوۋۇيۈەن تەيۋەن ئىشلىرى ئىشخانىسىنىڭ تەيۋەننىڭ رەھبىرى ئالماشقانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئېلان قىلغان باياناتىنى ئۆگەندى. ھەر مىللەت ساۋاقداشلار ھۆكۈمىتىمىزنىڭ تەيۋەن مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا دائىر فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى ۋە قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى يىغىن ئېچىپ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تەيۋەن ئىشلىرى ئىشخانىسى، گوۋۇيۈەن تەيۋەن ئىشلىرى ئىشخانىسىنىڭ نۆۋەتتىكى ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتىگە دائىر مەسىلىلەر توغرىسىدا ئېلان قىلغان باياناتىنى ئۆگەندى ۋە ئۇ ھەقتە سۆھبەت ئېلىپ باردى.

ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، تەيۋەن مۇستەقىللىقى تەرغىباتچىسى لۇ شيۇليەننىڭ تەيۋەن مۇستەقىللىقى تەرغىپ قىلىنغان سۆزىگە رەددىيە بەردى.

2. بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى. ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ياش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزىنى ئۆگەندى.

ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى خۋاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 76 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، خۋاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغان ھەر مىللەت ساۋاقداشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بولۇپ 150 نەچچە كىشى يىغىنغا قاتناشتى، ئۇلار خۋاڭپۇ روھى ھەققىدە كەڭ كۆشادە سۆزلىشىپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇلۇغۋار ئىشى ئۈستىدە بىرلىككە مەسلىھەتلەشتى.

ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى خۋاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغان قىسمەن ساۋاقداشلارنى تەكلىپ قىلىپ سۆھبەتلەشتى. ئۇلار غەربنى كەڭ ئېچىش توغرىلىق يول ۋە تەدبىر كۆرسەتتى. يىغىندا ئوقتۇرۇش چىقىرىلىپ، ئاپتونوم رايوندىكى خۋاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغان ھەر مىللەت ساۋاقداشلارنىڭ «مەن غەربنى كەڭ ئېچىشقا يول ۋە تەدبىر كۆرسىتىمەن» دېگەن پائالىيەتكە پائال قاتنىشىشى تەلەپ قىلىندى.

ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى ئورگىنىدىكى خادىملار 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى «پەن - مەدەنىيەتكە ھۆرمەت قىلىپ، خوراپىيلىققا، نادانلىققا قارشى تۇرايلى» دېگەن سۈرەتلەر كۆرگەزمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ھەم ئۇ ھەقتە سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسىملىرىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن چاۋشيەنگە چىقىپ قىلغان ئۇرۇشنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلىدى. يىغىنغا خۋاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغان، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان ساۋاقداشلاردىن ئۇرۇمچى شەھىرىدە تۇرۇۋاتقانلىرىنىڭ بىر قىسمى قاتناشتى. كۆپچىلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىنقىلابىي روھنى ۋە ئۆزىنىڭ ئاخىرقى قىزغىنلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇلۇغۋار ئىشىغا ھەمدە غەربنى كەڭ ئېچىشقا تۆھپە قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

شىنجاڭنى تەشۋىق قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، شىنجاڭنى تېخىمۇ كۆپ ئادەمگە تونۇتۇش ئۈچۈن، خۋاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى شىنجاڭ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى «خۋاڭپۇ» ژۇرنىلى بىلەن ھەمكارلاشتى. بۇ ژۇرنالنىڭ 2000 - يىللىق 6 - سانىدا «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» دېگەن تېما ئاستىدا «جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان خۋاڭپۇ ساۋاقداشلار ئۇيۇشمىسى»، «شىخەنزە ۋە خۋاڭپۇ»، «ئانا مەكتەپنىڭ بۈگۈنى ھەققىدە»، «شەخسلەر»، «شىنجاڭ بىلەن خۋاڭپۇ ھەققىدە ئىككى كەلىمە سۆز» قاتارلىق سەھىپىلەر ئارقىلىق، خۋاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغان ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ساۋاقداشلارنىڭ يېرىم ئەسىردىن بۇيان، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى ۋە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، ۋەتەننىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرى تونۇشتۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ، شىنجاڭدىكى خۋاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغان ساۋاقداشلار دۆلەت ئىچى - سىرتىغا تەشۋىق قىلىنىپ، خېلى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

2000 - يىلى ئۇيۇشمىغا 9 ئەزا قوبۇل قىلىندى، يىل ئاخىرىغا قەدەر ئەزاسى 1032 گە يەتتى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 79 ياش.

سۇن گاڭ

## شىنجاڭ چەت ئەللەر بىلەن بىرلەشمە دوستلۇق ئورنىتىش جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ چەت ئەللەر بىلەن بىرلەشمە دوستلۇق ئورنىتىش جەمئىيىتى ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىيادا ئاشقى بىرلىك سەپ خىزمىتىنىڭ يوللىرىنى ئېچىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىشىش ئىشلىرىنى ھەر تەرەپلىمە ۋە كۆپ خىل يوللار بىلەن قانات يايدۇردى.

بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ما-چاڭفا 5 - ئايدا جۇڭخۇا چەت ئەللەر بىلەن بىرلەشمە دوستلۇق ئورنىتىش جەمئىيىتى تەشكىللىگەن ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىكى بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيەتلىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرى كۆرسىغا قاتناشتى ھەمدە كۆرسىتكىلەر بىلەن بىللە ئامېرىكىدا ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشتە بولدى.

بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە شياڭگاڭلىق خەير - ساخاۋەتچى، سودا - سانائەت ساھەسىدىكى زات فاڭ رۇنخۇا ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى كۈتۈۋالدى ھەمدە ئۇلارنى ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا، فاڭ رۇنخۇا ئەپەندىنىڭ 1 مىليون يۈەن ئىئانە قىلىشى بىلەن شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا قۇرۇلغان «شۇخۇا ئېلېكترون مەركىزى» نىڭ ۋۇۋىسكا يوپۇقىنى ئېچىش مۇراسىمىغا قاتنىشىشقا ئورۇنلاشتۇردى. فاڭ رۇنخۇا ئەپەندى تۇرپاندىكى ئۆزىنىڭ ئىئانىسى بىلەن سېلىنغان «فاڭ زېچۈەن» باللار

باغچىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، ئۇ يەنە 500 مىلاڭ يۈەن ئىئانە قىلىپ، تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىنى كېڭەيتىپ سېلىشقا ياردەم بېرىشنى قارار قىلدى ھەمدە شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا داۋاملىق تۆھپە قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شىنجاڭ چەت ئەللەر بىلەن بىرلەشمە دوستلۇق ئورنىتىش جەمئىيىتى تەشكىللىگەن، جۇڭخۇا چەت ئەللەر بىلەن بىرلەشمە دوستلۇق ئورنىتىش جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار) ئىشخانىسى ۋە شىنجاڭدىكى خۇسۇسىي - يەككە كارخانىچىلاردىن تەركىب تاپقان شىنجاڭ چەت ئەللەر بىلەن بىرلەشمە دوستلۇق ئورنىتىش جەمئىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ ئىقتىساد - سودا ئىشلىرىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى 7 كىشى 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، قازاقىستاننىڭ مىللەت، دىن ئىشلىرىنى، ئۇ يەردىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرى، جۇڭگولۇقلار، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى، جۇڭگو مەبلەغ سالغان كارخانىلارغا دائىر ئەھۋاللارنى تەكشۈردى.

2000 - يىلى شىنجاڭ چەت ئەللەر بىلەن بىرلەشمە دوستلۇق ئورنىتىش جەمئىيىتى شىنجاڭ چەت ئەللەر بىلەن بىرلەشمە دوستلۇق ئورنىتىش جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى شياڭگاڭ «شىنخې» سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى لى شېڭگەن بىلەن شىنجاڭدىكى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ ھەمكارلىشىشى داۋامىدا يۈز بەرگەن ئىقتىسادىي ماجىرانى كېلىشتۈرۈپ ھەل قىلىپ، ئىككى تەرەپنىڭ قانۇنىي مەنپەئىتىنى قوغدىدى. شىنجاڭ چەت ئەللەر بىلەن بىرلەشمە دوستلۇق ئورنىتىش جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى تەيۋەنلىك سودىگەر شاڭگۇەن يۈڭكەي مەبلەغ سېلىش داۋامىدا يولۇققان مەسىلىلەرنى كېلىشتۈرۈپ ھەل قىلدى. شياڭگاڭ «يىدا» گۇرۇھىغا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا سودا قىلىۋاتقان تەيۋەنلىك سودىگەرلەرگە تېگىشلىك ياردەم بەردى.

2000 - يىلى شىنجاڭ چەت ئەللەر بىلەن بىرلەشمە دوستلۇق ئورنىتىش جەمئىيىتى ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىيادا ئولتۇراقلىشىپ قالغان شىنجاڭلىق جۇڭگو مۇھاجىرلىرىدىن 4 تۈركۈمدە 14 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى. مۇشۇ يىلى دۆلەت ئىچى - سىرتىدىن كەلگەن مېھمانلاردىن 7 تۈركۈمدە 151 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، شىنجاڭ چەت ئەللەر بىلەن بىرلەشمە دوستلۇق ئورنىتىش جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى 120 گە يەتتى، ئۇلارنىڭ 21 ى چەت ئەللىك.

تالڭ چاۋ

# ھەربىي ئىشلار

## شىنجاڭ ھەربىي رايونى

### شىنجاڭ ھەربىي رايونى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

قوماندان: لى لياڭخۇي (جۇڭجياڭ، 10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى) ؛ چيۇ يەنخەن (شاۋجياڭ، 10 - ئايدا تەيىنلەندى) .

پارتكومنىڭ 1 - شۇجىسى: ۋاڭ لىجۇەن (ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ شۇجىسى، قوشۇمچە ئۆتەيدۇ) .

سىياسىي كومىسسار: جۇ يۈگشۈن (جۇڭجياڭ، 10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى) ؛ يۈ لىنشياڭ (شاۋجياڭ، 10 - ئايدا تەيىنلەندى) .

مۇئاۋىن قوماندانلار: فاڭ دېڭخۇا (شاۋجياڭ، 5 - ئايدا پېنسىيىگە چىقتى) ، قۇربان ئىرشىدىن (شاۋجياڭ) ، يەن جۇڭخۇ (شاۋجياڭ، 12 - ئايدا پېنسىيىگە چىقتى) ، جاڭ تۇڭجىن (شاۋجياڭ) ، جاۋ ۋېنلۇڭ (شاۋجياڭ) ، چېن شىباۋ (شاۋجياڭ، 12 - ئايدا تەيىنلەندى) .

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: ۋاڭ ۋېيجىن (شاۋجياڭ، 12 - ئايدا پېنسىيىگە چىقتى) ، جاڭ جىپىڭ (شاۋجياڭ، 12 - ئايدا پېنسىيىگە چىقتى) ، يۈ بىڭلىي (شاۋجياڭ) ، ئىبراھىم سۇلايمان (شاۋجياڭ) ، ۋاڭ خۇەنشىن (شاۋجياڭ، 12 - ئايدا تەيىنلەندى) .

### شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 9 - قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيى

ج ك پ شىنجاڭ ھەربىي رايونى 9 - قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيى 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. قۇرۇلتايغا 445 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا ھەربىي رايوننىڭ 1995 - يىلى ئېچىلغان 8 - قېتىملىق قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى قىسىم قۇرۇلۇشى ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشى تەجرىبىلىرى خۇلاسىلىنىپ، بۇنىدىن كېيىنكى 5 يىللىق ئاساسىي ۋەزىپە ۋە كۈرەش نىشانى مۇھاكىمە قىلىنىپ بېكىتىلدى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، سىياسىي كومىسسارى جۇ يۈگشۈن شىنجاڭ ھەربىي رايونى 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىغا ۋاكالىتەن قۇرۇلتايغا خىزمەت دوكلاتى بەردى. مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار يۈ بىڭلىي ھەربىي رايون ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا ۋاكالىتەن قۇرۇلتايغا ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتىدىن دوكلات بەردى. قۇرۇلتايدا ج ك پ ھەربىي رايون 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتى ۋە يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. ۋاڭ لېجۇەن پارتكومنىڭ 1 - شۇجىلىقىغا، جۇ يۈگشۈن شۇجىلىقىغا، لى لياڭخۇي مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى. يۈبىڭلىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

ساۋ دېڭبىڭ

### ھەربىي تەلىم - تەربىيە

2000 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسىملىرى يېڭى ئەسكەرلەر تەلىم - تەربىيىسى، باشلىق ئورگىنى ۋە كادىرلار تەلىم - تەربىيىسى، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش، چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىش تەلىم - تەربىيىسى ۋە تەلىم - تەربىيە ئەترەتلىرى قۇرۇلۇشىنى گەۋدىلىك تۇتتى.

ھەربىي مەجبۇرىيەت تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىن ھەربىي رايون 3 قېتىم مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، يېڭى ئەسكەرلەرنىڭ تەلىم - تەربىيە مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. ھەر قايسى قىسىملار ئىمتىھان ئارقىلىق تەلىم - تەربىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇسابىقە ئارقىلىق تەلىم - تەربىيىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇردى. قىسىمغا كىرگىنىگە 2 يىلدىن ئاشقان ئەسكەرلەرگە قارىتا ئورتاق مەشىق قىلدۇرۇش باسقۇچىدا «ئەسكىرىي تۈرلەر بويىچە مەركەزلەشتۈرۈش، شتاتنى ئىخچاملاش، بىر تۇتاش تەشكىللەپ ئايرىپ مەشىق قىلدۇرۇش، مەزمۇنى بىرلىككە كەلتۈرۈش» ئۇسۇلىنى قوللاندى. يەككە ئەسكەرلەر كەسپىي تەلىم - تەربىيىسىدە «چوڭ ئەسكىرىي تۈرلەرنى كىچىك دائىرىدە مەركەزلەشتۈرۈش، كىچىك ئەسكىرىي تۈرلەرنى چوڭ دائىرىدە مەركەزلەشتۈرۈش» كە ئوخشاش تەلىم - تەربىيىگە تەشكىللەش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، ئاساس تەلىم - تەربىيىسىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈردى. بىرلەشمە تاكتىكا تەلىم - تەربىيىسى باسقۇچىدا ھەر قايسى قىسىملار يىراق مۇساپىدە جانلىق

ھەرىكەت قىلىش، دالىدا تۇرۇپ مەشىق قىلىش، دالىدا گازارما قۇرۇپ يىراقتا يۈرۈش قىلىش، راست مانېۋىر ئېلىپ بېرىش قاتارلىق ئۇسۇل - چارىلەر ئارقىلىق كۆپ تېمىلىق، كۆپ مەزمۇنلۇق، كېچە - كۈندۈز داۋاملاشتۇرۇلغان بىرلەشمە تاكتىكا مانېۋىرى ۋەزىپىسىنى تامامىلىدى.

تارباغاتاي شۆبە ھەربىي رايونى تۈزگەن «ئۇچتە ھۆججەت قىلىش، ئۇچتە مۇداپىئەلىنىشتە ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان يېڭى قوللانما» ئارمىيە بويىچە ئۈتكۈزۈلگەن تەلىم - تەربىيە مۇھاكىمە يىغىنىدا ياخشى باھاغا ئېرىشتى. شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 6 تېمىسى لەنجۇ ھەربىي رايونى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئەسكەرلەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق مەشىق قىلدۇرۇش بويىچە مۇھاكىمە ۋە يىغىپ تەربىيىلەش پائالىيىتىدە مۇنەۋۋەر نەتىجە بولۇپ باھالاندى. بۇنىڭ ئىچىدىكى 3 دەرس 10 - ئايدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ئارمىيىنىڭ ئەسكەرلەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق مەشىق قىلدۇرۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىدە باش شتابنىڭ ئومۇمىي ئوقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

مۇشۇ بىر يىلدا شتاب ئوفىتسېرلىرىنى يىغىپ تەربىيىلەش كۇرسىدىن 3 قارار ئېچىلىپ، 130 نەچچە شتاب ئوفىتسېرى تەربىيىلەندى. شتاب ئوفىتسېرلىرىدىن 4 كىشى ئارمىيە بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئەسكەرلەرنى پەن -تېخنىكا ئارقىلىق مەشىق قىلدۇرۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىدە مەشىق ئورۇنداشقا قاتناشتى، 20 كىشى لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ ئىختىساسلىق شتاب ئوفىتسېرلىرىنى تەربىيىلەش مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسىنىڭ ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىدە مۇسابىقىگە قاتنىشىپ ئۇنىۋېرسال بىلىملەر بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسىدە كوللېكتىپ 1 - بولدى. ھەر قايسى قىسىملار ھەرخىل كۇرسلاردىن 290 نەچچە قارار ئېچىپ، شتاب ئوفىتسېرلىرى ۋە يېڭى تىپتىكى «4نى بىلىدىغان» ئۆگەتكۈچىدىن 3200 نەچچىنى يىغىپ تەربىيىلىدى. ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى يىغىپ تەربىيىلەش ئەترىتىدىن 19نى قۇرۇلۇپ، 4510 كىشى يىغىپ تەربىيىلەشكە قاتناشتى.

باش شتاب بۆلۈمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن شىنجاڭ ھەربىي رايونىدىن 2 شى، بىر لۈي، 3 شۆبە ھەربىي رايون، بىرلەشمە لاۋازىمەت بۆلۈمىنىڭ بىر شۆبىسى، 2 تۇەن تەلىم - تەربىيە مەزمۇنىنى ئىسلاھ قىلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش، سىناق تەرىقىسىدە تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ھەربىي رايون ئورگىنىدىن 14 قېتىمدا 79 ئادەم (قېتىم) قىسىملارغا بېرىپ يېتەكچىلىك قىلدى ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. 5 -، 8 -، 12 - ئايلاردا لەنجۇ ھەربىي رايونى ۋە باش شتاب تەشكىللىگەن يەككە ئەسكەرلەرنىڭ، شۆبە قىسىملار ۋە شۆبە قىسىملار ئوفىتسېرلىرىنىڭ، شى - تۇەنلەرنىڭ تەلىم - تەربىيە تىزىسى بويىچە سىناق تەرىقىسىدە تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىشنى دەلىللەش پائالىيىتىگە قاتنىشىلدى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسىملىرىنىڭ سىناق تەرىقىسىدىكى تەلىم - تەربىيە نەتىجىلىرى باش شتاب ۋە لەنجۇ ھەربىي رايونى رەھبەرلىك ئورگىنى تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.

2000 - يىلى ھەربىي رايون 16 مىليون يۈەن مەبلەغ تەييارلاپ ئوقۇتۇش ئەترىتىنىڭ ئوفىتسېرلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزىنى قۇرۇپ، شى، لۈي، تۇەن ئوفىتسېرلىرى تەلىم - تەربىيە سورۇنى بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلدى؛ باش شتابنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن 15 لۈي، تۇەن، چېگرا مۇداپىئە تۇەنلىرىنىڭ تەلىم - تەربىيە كاپالىتى بويىچە يۈرۈشلەشكەن قۇرۇلۇشى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى؛ ھەربىي رايون قىسىملىرى 18 مىليون 600 نەچچە مىڭ يۈەن مەبلەغ تەييارلاپ تەلىم - تەربىيە ئۈل ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىپ، قىسىملارنىڭ ئەسكەرلەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق مەشىق قىلدۇرۇش ئېھتىياجىنى قاندۇردى.

ھەربىي رايون قوماندانلىق شتابى 45 كىشىنى 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگە قەدەر ئۇيۇشتۇرۇلغان ئورگان كادىرلىرىنى كەسپىي جەھەتتىن يىغىپ تەربىيىلەشكە قاتناشتۇردى، بۇنىڭ بىلەن شتاب ئوفىتسېرلىرىنىڭ ئومۇمىي ساپاسى ۋە ئورگاننىڭ ئومۇمىي كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى؛ ھەربىي رايون 50 كىشىنى ھەر قايسى شى، لۈي، شۆبە ھەربىي رايونلارنىڭ ئوقۇتۇش ئەترەتلىرى كەسپىي ئوقۇتقۇچىلىرىنى يىغىپ تەربىيىلەشكە قاتناشتۇرۇپ، بىر تۈركۈم ئوقۇتۇش تايانچلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، ئوقۇتۇش ئەترىتىنىڭ ئوقۇتۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى.

ھەربىي رايون 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە ئىلى ۋىلايىتىدە چېگرا مۇداپىئە يىلى - لىيەن باشلىقلىرى كۇرسى ئېچىپ، 114 كىشىنى يىغىپ تەربىيىلىدى، بۇ قېتىمقى تەربىيىلەش ئارقىلىق چېگرا مۇداپىئەسىگە پىششىق زور بىر تۈركۈم كادىر يېتىشتۈرۈپ چىقىلدى.

ھەربىي رايون 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە شىخۇ شەھىرىدە يېڭى «ھەربىي تەلىم - تەربىيە ۋە سىناق تىزىسى»نى ئۆگىنىش بويىچە يىغىپ تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، كۇرسقا تۇەندىن يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ تەلىم - تەربىيە خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبەرلىرى ۋە ئورگانلاردىكى تەلىم - تەربىيە خىزمىتىگە مەسئۇل خادىملار بولۇپ 190 كىشى قاتناشتى.

شيالىڭ دۆلى

## ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى

2000 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى 3 بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى، بۇ گۇرۇپپىلار 40 نەچچە كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، شى دەرىجىلىك 14 ئورۇن، 29 شتاتلىق تۇەن، 101 شتاتلىق لىيەنگە بېرىپ، 1 - سەپ قوماندانلىق شتابىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە ئوخشاش بولمىغان 21 ئورۇننىڭ ئوخشاشمىغان تەرەپلەردىكى تەجرىبىلىرى ۋە مۇھاكىمە نەتىجىلىرى خۇلاسىلىنىپ، 1 - سەپ قوماندانلىق شتابىنىڭ قۇرۇلۇشى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلدى. 236 ئاساسىي قاتلام كادىرى قوش تەرەپلىمە ئالماشتۇرۇشقا ۋە ئالمىشىپ ۋەزىپە ئۆتەشكە تەشكىللەندى. ھەرخىل كادىردىن 13 مىڭ 18 ئادەم (قېتىم)، تايانچ كادىردىن 24 مىڭ 100 ئادەم (قېتىم) دەرىجىمۇ دەرىجە تەربىيىلەندى. ئۇدا 3 يىل ئىلغار لىيەندۈي بولۇپ باھالانغان 189 لىيەندۈيگە نۇقتىلىق ياردەم بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 102 لىيەندۈي كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلدى، 87 لىيەندۈي ئىلغار لىيەندۈيلەر قاتارىغا كىردى.

ئىككىدە بەسلىشىش پائالىيىتىنىڭ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشى ئارقىسىدا ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى زور بىر تۈركۈم ئىلغار تىپلار مەيدانغا كەلدى. 4 تۇەن، 5 كىشى باش سىياسىي بۆلۈم، باش شتاب بۆلۈمى، باش ئارقا سەپ بۆلۈمى، باش قوراللاندۇرۇش بۆلۈمىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. 5 ئورۇن، 26 شەخس لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

جاۋ دىيەنچاۋ

## توپچى قىسىملار، ھاۋا مۇداپىئە قىسىملىرى خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى توپچى قىسىم، ھاۋا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ ھەممىسى تەلىم - تەربىيە ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ھەربىي رايون ئۇيۇشتۇرغان يېڭى ئەسكەرلەر تەلىم - تەربىيىسىنى ئارىلاپ سىناشتا «69250» قىسىمنىڭ نەتىجىسى گەۋدىلىك بولدى. ھەربىي رايوننىڭ ئەسكىرىي تۈزۈلەر ئورگىنى 3 - ئايدىن 6 - ئايغىچە يېڭىچە «توپچى ئەسكەرلەر قارىغا ئېتىش قوللانمىسى» بويىچە يىغىپ تەربىيىلەش، ھاۋا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ «ئۈچ پونكىت» (رادار پونكىتى، قوماندانلىق ئەسۋابلىرى پونكىتى ۋە توك بىلەن تەمىنلەش پونكىتى) كادىرلىرىنى يىغىپ تەربىيىلەش ۋە توپچى قىسىم، ھاۋا مۇداپىئە قىسىملىرى شتاب ئوفىتسېرلىرىنىڭ مەشغۇلات تەلىم - تەربىيىسىگە دائىر يۇمشاق دېتاللارنى ئىشلىتىش بويىچە يىغىپ تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، كۇرستا 310 ئادەم تەربىيىلەندى. مۇشۇ يىل ئىچىدە ھەربىي رايون توپچى قىسىم، ھاۋا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ ئوقۇتۇش ئەترىتى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىدىن 10 قارار ۋە بەنجاڭلىققا ئۆستۈرۈلىدىغانلارنى تەربىيىلەش كۇرسىدىن 9 قارار، تۆتنى بىلىدىغان ئۆگەتكۈچىلەرنى تەربىيىلەش كۇرسىدىن 5 قارار ئېچىپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، تايانچ كادىردىن 1800 نەچچىنى تەربىيىلىدى. ھەربىي رايون ئەسكىرىي تۈزۈلەر ئورگىنى ۋە «69250»، «69260» قىسىملارنىڭ باشلىقلىرى 5 - ئايدا ھەربىي رايون ئۇيۇشتۇرغان «كۈزگىنلۇن — 2000» پائالىيىتىگە قاتناشتى، ئۇلار توپچى قىسىم، ھاۋا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئوت كۈچىنى سەپلەش، ئارقا سەپ كاپالىتى قاتارلىق مەسىلىلەرنى نەق مەيداندا مۇھاكىمە قىلىپ دەلىللەپ ھەمدە بېكىتىپ، توپچى قىسىم، ھاۋا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ ئۇرۇش قىلىش لايىھەسىنى تۈزىتىپ مۇكەممەللەشتۈردى. «69210» قىسىمغا قاراشلىق قىسمەن توپچى قىسىم، ھاۋا مۇداپىئە شۆبە قىسىملىرى ئېگىزلىك، سوغۇق جايلارغا بېرىپ 5 - ئايدىن 7 - ئايغىچە ماسلىشىش خاراكتېرلىك تەلىم - تەربىيە ئېلىپ باردى ھەمدە سوغۇق، ئېگىز، تاغلىق رايونلاردا پىيادە ئەسكەرلەر تۇەنىنىڭ يول مۇداپىئەسى بويىچە راست تاكتىكا مانېۋىرىغا قاتنىشىپ، دېڭىز يۈزىدىن 5000 مېتىردەك ئېگىز رايونلاردا ھاۋا مۇداپىئە باشقۇرۇلىدىغان بومبىسىنى نىشانغا تەگكۈزۈش سىنىقىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ باردى. توپچى قىسىم، ھاۋا مۇداپىئە قىسىملىرى 8 ~ 9 - ئايلاردا 30 ~ 40 كۈنلۈك دالا مەشىقىنى تاماملىدى ھەمدە ئۇنىۋېرسال مەشىق ئېلىپ باردى. ھەربىي رايون شىمالىي شىنجاڭ بۆلىكىدىكى ھاۋا مۇداپىئە قىسىملىرىنى راست ئوق بىلەن تاكتىكا مانېۋىرى ئېلىپ بېرىشقا تەشكىللەپ، زېنىت توپچىلار لىيەنىنىڭ تۆۋەن ھاۋا بوشلۇقى، ئوتتۇرا ھاۋا بوشلۇقىدىكى نىشانلار ۋە شۇڭغۇپ چۈشكەن نىشانلارنى قارىغا ئېلىپ ئېتىشقا دائىر 3 مەشىق تېمىسىنى تاماملىدى، نەتىجىلەرنى ئومۇمىي باھالاشتا بۇ لىيەننىڭ نەتىجىسى ياخشى بولۇپ باھالاندى؛ ھەربىي رايون يەنە «69243» قىسىم، «69245» قىسىملارنى راست ئوق بىلەن تاكتىكا مانېۋىرى ئېلىپ بېرىشقا تەشكىللىدى. ھەربىي رايون ئەسكىرىي تۈزۈلەر ئورگىنى لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۇيۇشتۇرغان «غەرب — 2000» ناملىق جەنۇبىي شىنجاڭ يۆنىلىشى ھاۋا ھۇجۇمىغا قارشى بىرلەشمە جېڭىنىڭ ئىنتېرنېت تورى مانېۋىرىغا قاتناشتى، بۇ مانېۋىردا كۆپ خىل ئەسكىرىي تۈزۈلەرنىڭ ئوت كۈچىنى ماسلاشتۇرۇش ۋە ئىشلىتىش مەسىلىسى نۇقتىلىق مەشىق قىلىندى ھەمدە ئۇرۇشتىكى ئوت كۈچى قوماندانلىق

مەركىزىنىڭ تەشكىللىنىشى ۋە مەسئۇلىيىتى ئۈستىدە ئىزدەنىلدى. ھەربىي رايون 10 - ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ بىرلەشمە تاكتىكا مانېۋىرىغا بىرلەشتۈرۈپ «69210» قىسىمىنىڭ توپچى ئەسكەرلىرىنىڭ تېز ئىنكاس قايتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى ۋە بۇ قىسىمنى توپچى ئەسكەرلەرنىڭ تېز ئىنكاس قايتۇرۇش نىشانىغا ئاساسىي جەھەتتىن يەتكەن دەپ مۇئەييەنلەشتۈردى.

مۇشۇ يىل ئىچىدە ھەربىي رايون توپچى قىسىم، ھاۋا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ 20 نەچچە پارچە ماقالىسى ئارمىيە ئىلمىي ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىندى، 11 پارچە ماقالە ھەر قايسى ئىلمىي ماقالىلەر توپلاملىرىغا كىرگۈزۈلدى. باش شتاب 6 - ئايدا «69250» قىسىمىنىڭ «تانكىغا قارشى زاپاس ئەترەتنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى تۈز ئېتىلىدىغان ئارىلىقتىكى ھەرىكەتچان نىشانلارنى ئوت كۈچى بىلەن ۋەيران قىلىش» دەرسى بىلەن «69260» قىسىمىنىڭ «100 زېنىت توپ بىلەن ئارىلاپ قارىغا ئېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق چارلىغۇچى باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى ئېتىپ چۈشۈرۈش» دەرسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتتى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. «69250» قىسىم ۋە «69260» قىسىمىنىڭ دەرس تۈرلىرىنى گورۇندىغۇچى تارماق ئەترەتلىرى بېيجىڭغا بېرىپ ئارمىيىنىڭ ئەسكەرلەرنى يەن - تېخنىكا ئارقىلىق مەشىق قىلدۇرۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىگە قاتنىشىپ مانېۋىرلىق دوكلات قىلىش ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇنداپ، باش شتابنىڭ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. مۇشۇ يىل ئىچىدە «69230» قىسىمىنىڭ توپچى قىسىم، ھاۋا مۇداپىئە قىسىملىرى (شۆبە قىسىم)، «69250» قىسىم باش شتاب تاپشۇرغان تەلىم - تەربىيە مەزمۇنى ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. ھەربىي رايون 10 ~ 11 - ئايلاردا توپچى قىسىم، ھاۋا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ ھەربىي تەلىم - تەربىيىدە 1 - دەرىجىلىك ئورۇن بولۇشنى ئىلتىماس قىلماقچى بولغان قىسىملىرىنى تەكشۈرۈپ سىنىدى. باش شتاب ۋە لەنجۇ، شىنجاڭ ھەربىي رايونلىرىنىڭ باھالاپ بېكىتىشى بىلەن «69216»، «69236» ۋە «69246» قىسىملار ھەربىي تەلىم - تەربىيە بويىچە 1 - دەرىجىلىك ئورۇنلۇقنى داۋاملىق ساقلاپ قالدى، «69225» قىسىم ھەربىي تەلىم - تەربىيىدە 2 - دەرىجىلىكتىن 1 - دەرىجىلىككە ئۆستۈرۈلدى، باشقا قىسىملار ھەربىي تەلىم تەربىيىدە 2 - دەرىجىلىكنى ساقلاپ قالدى.

دەي خۇگېن، ۋاڭ شاۋخۇا

## برونېۋىك قىسىملىرى خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ برونېۋىك قىسىملىرىنىڭ ھەممىسى تەلىم - تەربىيە ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ھەربىي رايونىنىڭ برونېۋىك (شۆبە) قىسمى 3 - ئايدا 232 كەسپىي تېخنىك تايانچىنى لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ ئانكا شوپۇرلىرىنى تەربىيىلەش تۈزىنىگە ئەۋەتىپ 9 ئاي تەربىيىلىدى. «69214» ۋە «69009» قىسىملار 3 ~ 11 - ئايلاردا برونېۋىك يېڭى شوپۇرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ 104 كىشىنى تەربىيىلىدى، تەربىيىلەنگەنلەرنىڭ 90%ى 2 - دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا دەرىجىسىگە ئېرىشتى. ھەربىي رايونىنىڭ ئەسكىرىي تۈرلەر ئورگىنى 5 - ئايدا «69214» قىسىم ئۈچۈن برونېۋىك ئالاقە كەسپى بويىچە يىغىپ تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ بەردى، بۇ قىسىمنىڭ باشلىق ئورگىنى ۋە شۆبە قىسىم ئوفىتسېرلىرى ئالاقىلىشىش كەسپى بويىچە 2 - دەرىجىلىك تېخنىكا دەرىجىسىگە يەتتى. ھەربىي رايون ئەسكىرىي تۈرلەر ئورگىنى 6 - ئايدا «69225» قىسىمىنىڭ كەسپىي تېخنىك خادىملىرى ئارىسىدا ئالاھىدە تېخنىكا ماھىرلىرىنى باھالاش ئېلىپ باردى، 9 كىشى ئالاھىدە تېخنىكا دەرىجىسىگە ئېرىشتى. ھەربىي رايون ئەسكىرىي تۈرلەر ئورگىنى 7 - ئايدا «69009» قىسىمىنىڭ چاقلىق برونېۋىك شوپۇرلىرى ئارىسىدا 1 - دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا دەرىجىسى بويىچە باھالاش ئېلىپ باردى، 17 كىشى 1 - دەرىجىلىك تېخنىكا دەرىجىسى ئالدى. مۇشۇ يىل ئىچىدە برونېۋىك قىسىملىرى يەككە برونېۋىكتىن ئارتىپ تۈەنگىچە بولغان تۈرلۈك تاكتىكا تەلىم - تەربىيە دەرسلىرىنى تاماملاپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن ئۇيۇشتۇرغان ئۇنىۋېرسال مەشىقنى تەشكىللىدى ياكى ئۇنىڭغا قاتناشتى. «69214» قىسىمىنىڭ قىسمەن برونېۋىك شۆبە قىسىملىرى 5 ~ 7 - ئايلاردا ئېگىز، سوغۇق رايونلارغا بېرىپ ماسلىشىش خاراكتېرلىك تەلىم - تەربىيىگە قاتنىشىپ، برونېۋىكلارنىڭ شتات بويىچە ئېگىزلىكتە 638 كىلومېتىر ئىلگىرىلەشتەك رېكورت ياراتتى ھەمدە يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن ئۇيۇشتۇرغان ئېگىز، سوغۇق، تاغلىق رايونلاردا پىيادە ئەسكەرلەر تۈەنىنىڭ يول مۇداپىئە ئۆرۈشى بويىچە ئەمەلىي تاكتىكا مانېۋىرىغا قاتناشتى. باش شتاب ئەسكىرىي تۈرلەر بۆلۈمى، لەنجۇ، شىنجاڭ ھەربىي رايونلىرى بىرلەشمە تەكشۈرۈش - ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، «69225» قىسىمىنىڭ ھەربىي تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، 15 تۈرلۈك سىناش مەزمۇنىنىڭ نەتىجىسى مۇنەۋۋەر نەتىجە بولۇپ باھالاندى، 8 تۈرلۈك تەكشۈرۈش مەزمۇنىنىڭ ھەممىسى لاياقەتلىك بولدى. ھەربىي رايون 10 ~ 11 - ئايلاردا ھەربىي تەلىم - تەربىيىدە 1 - دەرىجىلىك ئورۇن بولۇشنى ئىلتىماس قىلغان برونېۋىك قىسىملىرىنىڭ ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ سىنىدى. باش شتاب ۋە لەنجۇ، شىنجاڭ ھەربىي رايونلىرىنىڭ

ياماللاپ بېكىتىش بىلەن «69236»، «69246» قىسىملار ھەربىي تەلىم ـ تەربىيىدە 1 ـ دەرىجىلىكنى داۋاملىق ساقلاپ قالدى؛ «69225» قىسىم 2 ـ دەرىجىلىكتىن 1 ـ دەرىجىلىككە ئۆستۈرۈلدى. مۇشۇ يىل ئىچىدە «تانكا شۆبە قىسىملىرىنىڭ يۈرۈش قىلىۋېتىپ ھۇجۇم قىلىشى ھەققىدە»، «قۇملۇق رايونلاردا ماتورلاشقان پىيادە ئەسكەرلەر ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە» قاتارلىق 6 پارچە ئىلمىي ماقالە ھەربىي ئىلمىي ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىندى.

دەي خۇڭبىن، ۋاڭ شاۋخۇا

## قۇرۇلۇش قىسىملىرى خىزمىتى

شىنجاڭ ھەربىي رايونى قۇرۇلۇش (شۆبە) قىسىملىرى 2000 ـ يىل 3 ـ ئايدا 40 ماشىنا مەشغۇلاتچىسىنى لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ قۇرۇلۇش قىسىملىرى تېخنىكا چولڭ ئەترىتىدە 6 ئاي تەربىيىلىدى. «69220»، «69210» قىسىملار 3 ~ 10 ـ ئايلاردا بىر قارارىدىن مەشغۇلاتچىلار كۇرسى ئېچىپ، 40 نەچچە كىشىنى تەربىيىلىدى. «69006» قىسىم تۈرلۈك كەسپىي يىغىپ تەربىيىلەش كۇرسىدىن 5 قارار ئېچىپ، 480 كىشىنى تەربىيىلىدى. ھەربىي رايون ئەسكىرىي تۈرلەر ئورگىنى ۋە «69006» قىسىمنىڭ رەھبەرلىرى 5 ـ ئايدا ھەربىي رايون ئۇيۇشتۇرغان «كۆئېنلۇن — 2000» پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، قۇرۇلۇش قىسىملىرىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىشلىتىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ دەلىللىدى ھەمدە قۇرۇلۇش قىسىملىرىنىڭ ئارقا سەپ كاپالىتى پىلانىنى تۈزۈپ مۇكەممەللەشتۈردى. مۇشۇ يىل ئىچىدە «69230» قىسىمغا قاراشلىق قۇرۇلۇش شۆبە قىسمى ۋە «69006» قىسىم باش شتاب تاپشۇرغان تەلىم ـ تەربىيە مەزمۇنىنى ئىسلاھ قىلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. باش شتابنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، «69006» قىسىم ھەربىي تەلىم ـ تەربىيىدە 1 ـ دەرىجىلىك ئورۇنلۇقنى داۋاملىق ساقلاپ قالدى. ھەر قايسى شىلارغا قاراشلىق قۇرۇلۇش شۆبە قىسىملىرىنىڭ ھەربىي تەلىم ـ تەربىيىسى يىل ئاخىرىدا سىناپ كۆرۈلۈپ، نەتىجىسىنىڭ ياخشىدىن يۇقىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

لەنجۇ ھەربىي رايونى 8 ـ ئايدا قىزىلسۇ شۆبە ھەربىي رايونىدا چېگرا مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش كۆرىكى ھەمدە يىغىپ تەربىيىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى، بۇ پائالىيەتتە دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرىدا «يېڭى ئۆچتىن مۇداپىئەلىنىش» ۋە قۇرۇلۇش ئاسراش ـ باشقۇرۇشنىڭ ئالاھىدىلىكى، قانۇنىيىتى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ئالماشتۇرۇلدى. مۇشۇ يىل ئىچىدە 2 ئىسسىق قاراۋۇلخانا قۇرۇش ۋەزىپىسى تاماملاندى، قاراۋۇلخانا قۇرۇلۇشى ئەلا سۈپەتلىك قۇرۇلۇش بولدى. ھەربىي رايون 10 ـ ئايدا ئۆزىگە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرىنى ئاسراش ـ باشقۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، قۇرۇلۇشلارنىڭ ساق تۇرۇش نىسبىتى 90%تىن يۇقىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. مۇشۇ يىل ئىچىدە ئەتراپتىكى چېگرىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈشتىن مۇداپىئەلىنىش ـ سىگنال بېرىشنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش سىستېمىسى تۈرى لەنجۇ ھەربىي رايونى تەرىپىدىن 2 ـ دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا باھالاندى. 9 پارچە ماقالە ئارمىيە ھەربىي ئىلمىي ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىندى، 4 پارچە ماقالە «دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»غا كىرگۈزۈلدى.

دەي خۇڭبىن، ۋاڭ شاۋخۇا

## خىمىيىۋى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرگۈچى قىسىملار خىزمىتى

شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئەسكىرىي تۈرلەر ئورگىنى ۋە «69007» قىسىمنىڭ مەسئۇل ھەربىي باشلىقلىرى 2000 ـ يىل 5 ـ ئايدا ھەربىي رايون ئۇيۇشتۇرغان «كۆئېنلۇن — 2000» پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، خىمىيىۋى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرگۈچى قىسىملارنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىشلىتىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ دەلىللىدى ھەمدە خىمىيىۋى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرگۈچى قىسىملارنىڭ ئارقا سەپ كاپالىتى پىلانىنى تۈزۈپ مۇكەممەللەشتۈردى. باش شتاب بۆلۈمىنىڭ ئەسكىرىي تۈرلەر بۆلۈمى 6 ـ ئايدا «69230» قىسىمنىڭ «خىمىيىۋى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرۈشتە ئىشلىتىلىدىغان دورا پۈركۈش ئاپتوموبىلىغا قاچىلىنىدىغان تۈتەك پەيدا قىلىش ئەسۋابى بىلەن تېز سۈرئەتتە سپېكتىرلىق تۈتەك پەيدا قىلىش» دەرسىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. «69230» قىسىمنىڭ مانېۋىر شۆبە قىسمى 8 ~ 10 ـ ئايلاردا ئارمىيىنىڭ ئەسكەرلەرنى پەن ـ تېخنىكا جەھەتتە مەشىق قىلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، مانېۋىر كۆرسىتىش ـ دوكلات قىلىش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىدى. بۇ قىسىمنىڭ ئاپتوموبىلغا قاچىلىنىدىغان تۈتەك پەيدا قىلىش ئەسۋابى باش شتاب تەرىپىدىن تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلۇپ، شەكلى بېكىتىلىپ ئىشلەپچىقىرىلىشقا باشلىدى. بۇ قىسىم باش شتابنىڭ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. مۇشۇ يىل ئىچىدە «69230» قىسىم «جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى قىسىملىرىنىڭ يادرو قوراللىرى، خىمىيىۋى قوراللار، بىئولوگىيىلىك قوراللاردىن كوللېكتىپ

مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارىنى باھالاشقا ئائىت بەلگىلىمىلەر» دىكى تەلەپلەر بويىچە سىناق تەرىقىسىدە تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىش، دەلىللەش ۋە تۈزۈش خىزمىتىنى تاماملىدى، لەنجۇ ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونلىرى ئەسكىرىي تۈرلەر ئورگانلىرىنىڭ ياردەملىشىشى بىلەن، «يادرو قوراللىرى، خىمىيۋى قوراللار، بىئولوگىيىلىك قوراللاردىن كوللېكتىپ مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارىنى باھالاش سىستېمىسى» نىڭ يۇمشاق دېتالى تەتقىق قىلىپ ياسالدى، «كوللېكتىپ مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارىنى باھالاشنى تەشكىللەش ۋە يولغا قويۇش» كۆپ ۋاستىلىك يۇمشاق دېتالى ئىشلەندى. باش شتابنىڭ ئەسكىرىي تۈرلەر بۆلۈمى 9 - ئايدا «69230» قىسىمدا ئارمىيە بويىچە يادرو قوراللىرى، خىمىيۋى قوراللار، بىئولوگىيىلىك قوراللاردىن كوللېكتىپ مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارىنى باھالاش سىنىقىنى كۆرەك قىلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. باش شتاب باشلىقى ۋە يىغىن ۋەكىللىرى پائالىيەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرگە بىر قەدەر يۇقىرى باھا بەردى. ھەربىي رايون «69007» قىسمىنى ۋە ھەر قايسى شىلارغا قاراشلىق خىمىيۋى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرگۈچى شۆبە قىسىملارنى يىل ئاخىرىدا ھەربىي تەلىم - تەربىيە جەھەتتىن سىناپ چىقتى. سىناش نەتىجىسى ياخشىدىن يۇقىرى بولدى. مۇشۇ يىل ئىچىدە «ئېگىز، سوغۇق رايونلاردا تۇتەك پەيدا قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئەندىزىسى ھەققىدە تەھلىل» قاتارلىق 3 پارچە ماقالە ئارمىيە ئىلمىي ژورناللىرىدا ئېلان قىلىندى.

دەي خۇگېن، ۋاڭ شاۋخۇا

## ئالاقە خىزمىتى

**ئۇرۇش تەييارلىقى ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش** 2000 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى باش شتاب ۋە لەنجۇ، شىنجاڭ ھەربىي رايونلىرى باشلىقلىرىنىڭ قىسىملارنى كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيىتى، سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىش، «كۆئېنلۇن — 2000» پائالىيىتىنىڭ جەڭ مەيدانىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش، «غەرب — 2000» ھاۋا ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش جەڭ مانېۋىرى قاتارلىق چوڭ - چوڭ ئىشلارنىڭ خەۋەر - ئالاقە ئىشلىرىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى 20 قېتىم تەشكىللەپ تاماملىدى، تېلېۋىزىيە تېلېفون يىغىنىغا 34 قېتىم كاپالەتلىك قىلىندى. تېلېفون يوللىرىنى جىددىي تەڭشەش، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئۇلاش، سىمسىز تېلېگرافنى جىددىي ئىشلىتىش، تېلېفونلارنى ئايرىلاپ تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى 23 مىڭ قېتىم بېجىردى. 3 ئوپتىكىلىق كابېل رېمونت مەركىزى 62 تېخنىك خادىم (قېتىم) ئەۋەتىپ، ئوپتىكىلىق كابېللارنى 30 قېتىم رېمونت قىلىپ سىنىدى. ھەر دەرىجىلىك ئالاقە (شۆبە) قىسىملىرى ئارىسىدا «3 مۇنەۋۋەر» (مۇنەۋۋەر تېلېفونىست، مۇنەۋۋەر تۈۋمەتچى، مۇنەۋۋەر ئاسىرىغۇچى) لەرنى باھالاپ سېلىشتۇرۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ھەربىي رايوندىن چىققان 35 مۇنەۋۋەر خادىم لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ ئومۇمىي ئۈلگىتۇرۇش ئارقىلىق تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

**ئالاقە قۇرۇلۇشى** 3 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونىدا ئوپتىكىلىق كابېل ياتقۇزۇش قۇرۇلۇش ئىشخانىسى قۇرۇلدى. 6 ~ 8 - ئايلاردا 500 كىلومېتىردىن ئارتۇق ئوپتىكىلىق كابېل قۇرۇلۇشى تاماملاندى، يىل ئاخىرىدا تېرمىنال ئۈسكۈنىلەرنىڭ ھەممىسى ئېچىلدى ھەمدە سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا سېلىندى. ھەربىي رايون 5 - ئايدا قەشقەر، خوتەن، ئۈرۈمچى رايونلىرىدىكى قوراللىق ساقچى قىسىم، ج خ، بىڭتۇەن ئورۇنلىرىنىڭ ۋە قىسىملارنىڭ ئالاقىلىشىش خادىملىرىنى تەشكىللەپ، قۇملۇق رايونلاردا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشقا خەۋەر - ئالاقە جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىش مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئالاقە ئۈسكۈنىلىرىنى ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇشنى دەلىللىدى. قۇملۇق رايونلاردا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشقا خەۋەر - ئالاقە جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلغۇچى شۆبە قىسىملارنى قۇرۇش لايىھىسىنى تۈزۈپ يۇقىرىغا يوللىدى. 10 - ئايدا قىسمەن رايونلاردىكى 1 - دەرىجىلىك خەلق ئەسكەرلىرى ئالاقە ليەنلىرىگە شتات بويىچە يېڭى تىپتىكى ئالاقە ئۈسكۈنىلىرى سەپلەپ بېرىلىپ، خەلق ئەسكەرلىرى زاپاس قىسمىنىڭ ئالاقە ئۈسكۈنىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ياخشىلاندى. نۇقتىلىق قىسىملار ئۈچۈن 100 كىلومېتىر ئۆزۈنلۈقتا ئوپتىكىلىق كابېل سىمى تارتىپ بېرىلدى ۋە ئوپتىكىلىق كابېلنىڭ تېرمىنالى ئېچىلدى، 10 نەچچە چېگرا مۇداپىئە سۈنئىي ھەمراھ ئالاقە پونكىتىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى ئېچىش ۋە لەنجۇ - ئۈرۈمچى ئوتتۇرىسىدىكى ئوپتىكىلىق كابېلنىڭ سىغىمچانلىقىنى ئاشۇرۇش پونكىتى، ئۆتەڭ پونكىتلىرىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى قۇراشتۇرۇش خىزمىتى تاماملاندى.

**قوماندانلىقنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى** يىل بېشىدا ھەربىي رايون «شىنجاڭ ھەربىي رايونىدا قوماندانلىقنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈچ يىللىق پىلانى» ۋە «قوماندانلىقنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش - ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتىكى ئاسراش - باشقۇرۇشقا ئائىت بەلگىلىمىلەر» نى تۈزۈپ، قىسىملارنىڭ قوماندانلىقنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. 4 - ئايدا، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، «69210» قىسىم ئورگىنىنىڭ ئىدارىلەر ئارا ئالاقە تورى قۇرۇلۇشى تاماملاندى ھەمدە يىراق مۇساپىلىق ئۇرۇش قىلىش قوماندانلىق ئۇچۇر سىستېمىسى بىلەن ئۇلاشتۇرۇلۇپ، ئارمىيە تورىغا كىرگۈزۈلدى. 5 - ئايدا دالا ئارمىيىسى قىسىملىرىنىڭ يىراق مۇساپىلىق ئۇرۇش

قىلىش قوماندانلىق ئۈچۈر سىستېمىسى قۇرۇش ۋەزىپىسى تاماملاندى. 6 - ئايدا لەنجۈ ھەربىي رايونى ئۇيۇشتۇرغان يىراق مۇساپىلىق ئۇرۇش قىلىش قوماندانلىق ئۇچۇر سىستېمىسى قۇرۇلۇشلىرىنى سىناش - باھالاشتا شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە ھەر قايسى قۇرۇلۇش گورۇپپىلىرى ئەلا نەتىجىگە ئېرىشتى. ھەربىي رايونغا قاراشلىق 10 ئورۇن يىراق مۇساپىلىق تور قۇرۇلۇشى ئاساسىدا ئۆزلىرى مەبلەغ توپلاپ ئۆز دەرىجىلىك ئىدارە ئارا تور قۇردى.

**ئەسكەرلەرنى پەن - تېخنىكا جەھەتتە مەشىق قىلدۇرۇش**

شىنجاڭ ھەربىي رايونىدىكى ئالاقە (شۆبە) قىسىملىرى 14 كەسىپ، 100 نەچچە دەرس تۈرى بويىچە تەلىم - تەربىيە ئېلىپ باردى. «69230»، «69250» قىسىملار يېڭى «تېزىس» بويىچە سىناق تەرتىقىسىدىكى تەلىم - تەربىيە ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. يىل ئاخىرىدىكى سىناشتا «69016»، «69220»، «69240» قىسىملار ھەربىي تەلىم - تەربىيىدە 1 - دەرىجىلىك ئورۇن دېگەن نامنى ساقلاپ قالدى. «69016» قىسىم ئارمىيە بويىچە ئەسكەرلەرنى پەن - تېخنىكا جەھەتتە مەشىق قىلدۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ، بۇ قىسىمنىڭ باشلىقى لى خەنيۇ قاتارلىق 3 كىشى ئارمىيە بويىچە ئەسكەرلەرنى پەن - تېخنىكا جەھەتتە مەشىق قىلدۇرۇشتىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. 3 ئورۇننىڭ كۆپ ۋاستىلىك تور سىنىپى قۇرۇش ۋەزىپىسى تاماملاندى، تۆۋەنگە كۆپ ۋاستىلىك ھەرخىل دەرسلىك دېتالى ۋە تەلىم - تەربىيىدە قوشۇمچە ئىشلىتىلىدىغان يۇمشاق دېتالدىن ئازكەم 100 يۈرۈش تارقىتىلدى. ھەربىي رايون ھەرخىل ئالاقە كەسپى بويىچە 9 قارار كۇرس ئېچىپ، تېخنىكا تايانچىلىرىدىن 550 نەچچە كىشىنى تەربىيىلىدى. 9 - ئايدا شىنجاڭ، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونلىرىدىن 22 ئورگان كادىرى لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۇيۇشتۇرغان «غەرب — 2000» ماۋزۇلۇق ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇرۇشى مانېۋىرىغا قاتناشتى. 3 - پەسىلدە ھەربىي رايون خادىم تەشكىللەپ، «گۈلخان — 1» ناملىق تاكتىكىلىق سۇنئىي ھەمراھنىڭ يەتكۈزۈش ئىقتىدارىنى سىناق قىلدى، ۋەزىپە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندالدى. 10 - ئايدا 6 ئورۇن لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۇيۇشتۇرغان زور مىقداردا تېلېگرامما بېرىش - قوبۇل قىلىش سىنىقىغا قاتناشتى، «69206» قىسىم لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ جۇن دەرىجىلىكلەر گۇرۇپپىسى بويىچە 1 - لىككە ئېرىشتى. 10 - ئايدا لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ ئالاقە ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈپ باھالاش گۇرۇپپىسى شىنجاڭ ھەربىي رايونغا قاراشلىق 10 ئورۇننىڭ ئالاقە ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈپ باھالىدى، 3 ئورۇن ئەلا، 4 ئورۇن ياخشى بولۇپ باھالاندى. ھەربىي رايون 2000 - يىلى ئالاقە (شۆبە) قىسمى «ھەربىي ئالاقە ئىلمى»، «ئالاقە جەڭچىسى»، «قوماندانلىقنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش»، «ئېلېكترون قارشىلىق ئىلمى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئاز كەم 50 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدۇردى. سۇڭ فۇيۇ قاتارلىق 6 كىشى ئارمىيە بويىچە 2000 - يىللىق ھەربىي ئالاقە ئىلمىي تەتقىقاتىدا ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. ھەربىي رايون ئالاقە باشقارمىسى ئورگىنى ئۇدا 16 يىل ئارمىيە بويىچە ھەربىي ئالاقە ئىلمىي تەتقىقاتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

**ئالاقە قورال - جابدۇقلىرىنى باشقۇرۇش** ھەربىي رايون نۆۋەتچىلىك قىسىملارنىڭ يېڭى تىپلىق ئالاقە قورال - جابدۇقلىرىنى تولۇق سەپلەپ بېرىش خىزمىتىنى تاماملىدى. قىسىملارغا يېڭىدىن 100 دىن ئارتۇق ئالاقە ئاپتوموبىلى، ھەرخىل تىپلىق 100 نەچچە راتسىيە سەپلەپ بېرىلدى، ھەممە ئالاقە ئاپتوموبىللىرىنى ئامبارغا كىرگۈزۈش، ھەممە قورال جابدۇقنى جازىغا ئېلىش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭلاردا يېڭىدىن ئالاقە قورال - جابدۇقلىرىنى بىرلىشىپ رېمونت قىلىدىغان رايون خاراكتېرلىك 2 مەركەز قۇرۇلدى.

**ئالاقە جەھەتتىن ياردەم بېرىش** قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى تارانچى، باركۆل، ئالتاي ۋىلايىتىدىكى بۇرچىن، بېيتۈن قاتارلىق 18 نۆۋەتچىلىك شەھەر - بازار ئوتتۇرىسىدا سىمسىز چاقىرغۇ تورى ئېچىلدى. «1 - ئاۋغۇست» چاقىرغۇ ئىستانسىسىنىڭ نامى «تەڭرىتاغ» چاقىرغۇ ئىستانسىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

خۇاڭ گولياڭ، ۋۇ شىنى

## قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئاۋىئاتسىيە قىسمىنىڭ خىزمىتى

**ئۇچۇش تەلىم - تەربىيىسى** 2000 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئاۋىئاتسىيە قىسمى 87 مەيدان (قېتىم) ئۇچۇش تەلىم - تەربىيىسىنى تەشكىللىدى، ئۇچقۇچىلار 2222 سائەت 21 مىنۇت، 6227 ئايروپىلان (قېتىم) ئۇچۇپ، يىللىق ئۇچۇش تەلىم - تەربىيىسىنىڭ ۋاقىت كۆرسەتكۈچىنى 105% ئورۇندىدى. بىر يىلدا 11 يېڭى ئۇچقۇچى 1 - ئۇچۇش تەلىم - تەربىيە تىزىسىدىكى ئاددىي ھاۋارايى دەرسى تەلىم - تەربىيىسىنى تاماملىدى، 38 ئۇچقۇچى 2 - ئۇچۇش تەلىم - تەربىيە تىزىسىدىكى تەلىم - تەربىيىنى تاماملىدى ھەمدە ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقىدىن يۇقىرى 13 كادىر 3 - تىزىستىكى تەلىم - تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللەندى، 10 ئۇچقۇچى قوراللىق تىك ئۇچار ئايروپىلاننىڭ يەر يۈزىدىكى نىشانلارغا ھۇجۇم قىلىش دەرسى بويىچە تەربىيىلەندى. ئىككى خىل ھاۋارايى شارائىتى كوماندىرىدىن 3ى، ئىككى خىل ھاۋارايى شارائىتى ئوقۇتقۇچىسىدىن 4ى

يېتىشتۈرۈلدى. يەردىكى قىسىملارغا ئوت كۆچى جەھەتتىن ياردەم بېرىش، كېچىدە چارلاش - قوغدىشىش، كېچىدە 2 ئايروپىلان سەپ تۈزۈپ ئۇچۇش قاتارلىق تېخنىكا جەھەتتىكى قىيىنلىق دەرىجىسى بىر قەدەر زور كېچىلىك تەلىم - تەربىيە دەرسلىرى خېلى ياخشى تاماملاندى. باش شتاب قوراللىق ئارمىيە ئاۋىئاتسىيە ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان ھەربىي تەلىم - تەربىيىنى يىللىق سىناشتا ۋە ھەربىي تەلىم - تەربىيىنىڭ دەرىجىسىنى يىللىق باھالاپ بېكىتىشتە 93.2 نومۇرلۇق نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ھەربىي تەلىم - تەربىيىدە 1 - دەرىجىلىك ئورۇن بولۇش ئۆلچىمى ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

ئۇچۇش ۋەزىپىسى    بۇ قىسىم مۇشۇ يىلدا 29 قېتىم ئۇچۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، 712 سائەت 6 مىنۇت، 801 ئايروپىلان (قېتىم) ئۇچۇپ، ئۇچۇش بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلدى.

ئايروپىلان ئىشلىرى خىزمىتى    مۇشۇ يىلدا تىك ئۇچار ئايروپىلاننىڭ چوڭ راق زاپچىسىدىن 13ى (قېتىم) چۇۋۇپ قوراشتۇرۇلدى ۋە ئالماشتۇرۇلدى، بىر قەدەر چوڭ ھەم قىيىن كاشىلىدىن 65ى، كەمچىلىكتىن 337سى بىر تەرەپ قىلىندى. زاۋۇتقا ماسلىشىپ 3 تىك ئۇچار ئايروپىلانغا قورال - ياراغ سىستېمىسى ئورنىتىش ۋە 3 تىك ئۇچار ئايروپىلاننىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىش ۋەزىپىسى تاماملاندى. 10 پارچە تېخنىكىلىق مەلۇمات ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. 4 تىك ئۇچار ئايروپىلان زاۋۇتقا رېمونت قىلىش (ئالاھىدە تەكشۈرۈش) قا ئاپىرىلدى، 2 ئايروپىلان زاۋۇتتىن چىقتى، تىك ئۇچار ئايروپىلاندىن 23 ئايروپىلان (قېتىم) قەرەللىك تەكشۈرۈلدى، 167 دانە (قېتىم) ئاساسلىق ۋە قوشۇمچە دېتال رېمونت قىلىندى. 410 دانە دېتال ۋە زاپچاس ياسالدى، ئاۋىئاتسىيە ماتېرىياللىرىنىڭ تاپشۇرۇۋېلىنىش - ئەۋەتىلىشى ۋە ماتېرىياللارنىڭ ھېسابقا قوندۇرۇلۇشىنىڭ توغرىلىق نىسبىتى %100 بولدى. مۇشۇ يىلدا تىك ئۇچار ئايروپىلانلارنىڭ ساق تۇرۇش نىسبىتى %85تىن .يۇقىرى بولدى.

ئۇرۇش تەييارلىقى ۋەزىپىسىنى ئۆتەش كاپالىتى    مۇشۇ يىلدا تېخنىكا مۇلازىمىتى ۋە ئارقا سەپ تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلغۇچى شۆبە قىسىملار 136 مەيدان (قېتىم)، 7025 ئايروپىلان (قېتىم) ئۇچۇشقا كاپالەتلىك قىلدى، تاشقى مەيدان كاپالىتى 531 سائەت 5 مىنۇت بولدى. ئۇچۇشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان ھەرخىل ئاپتوموبىلدىن 1554 (قېتىم)ى چىقىرىلدى. سۈپەتلىك مەيدان (قېتىم) نىسبىتى %100 بولدى. دالا ئارمىيىسى ئايرودرومى قۇرۇش، دالا ئۇرۇشى شارائىتىدا ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش، ماي، ھەربىي لازىمەتلىك، ئالاقە، ھاۋارايى قاتارلىق جەھەتلەردە كاپالەتلىك قىلىش تەلىم - تەربىيىسى ۋە تېز سۈرئەتتە يۆتكىلىش مانېۋىرى تۈنجى قېتىم ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ھەرخىل جىددىي يۆتكىلىشكە كاپالەتلىك قىلىش ۋەزىپىلىرىنىڭ ئالاھىدە ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇلدى.

ۋاڭ يۇ

## چېگرا مۇداپىئە خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى 19 مىڭ 400 قېتىمدىن كۆپرەك تۇرلۇك ۋەزىپە ئىجرا قىلىپ، 535 مىڭ كىلومېتىردىن كۆپرەك يول يۈردى. 2 تەرەپتىن 46 قېتىمدا چېگرىدىن ئۆتكەن 79 ئادەم - قېتىم (قارشى تەرەپ 38 قېتىمدا چېگرىدىن ئۆتكەن 66 جۇڭگولۇقنى ئاشكارا قايتۇرۇپ بەردى) نى، 2 تەرەپتىن 24 قېتىمدا چېگرىدىن ئۆتكەن 511 تۇياق چارۋا - مالنى بىر تەرەپ قىلدى؛ 1968 قېتىمدا چېگرىغا يېقىنلاشقان 58 مىڭ 201 تۇياق چارۋا - مالنى توسۇپ قالدى؛ 539 قېتىمدا چېگرىغا يېقىنلاشقان 1164 ئادەم (قېتىم) نى نەسىھەت قىلىپ قايتۇردى؛ چېگرىدىن ئىسپىرت ئۆتكۈزۈش ئەتكەسچىلىك دېلوسىدىن 9 نى پاش قىلدى. بۇنىڭ بىلەن دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداپ، چېگرا رايونىنىڭ ئامانلىقى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلىدى.

4 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ تەشكىللىشىدە، چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ رەھبەرلىرىدىن 18 كىشى خېيلۇڭجياڭ، ئىچكى موڭغۇل ھەربىي رايونلىرىغا بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە باشقا ئۆلكە - ئاپتونوم رايونلاردىكى چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقى ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش، چېگرىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق باشقۇرۇش - تىزگىنلەش، ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى، ئۇچرىشىش - سۆھبەتلىشىش پونكىتى قاتارلىق خىزمەتلەردىكى تەجرىبىلىرى ۋە ئۇسۇللىرىنى ئىگىلىدى.

5 ~ 8 - ئايلاردا شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىلى ۋىلايىتىدىكى مەلۇم چېگرا مۇداپىئە تۇەنىدە ھەربىي رايونغا قاراشلىق چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ يىڭ، ليەن كادىرلىرىدىن 114 كىشىنى يىغىپ تەربىيىلىدى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى 4 ~ 10 - ئايلاردا ئاپشاركا تەربىيىلەش ئەترىتىدە ھەر قايسى چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىغا ئاپشاركىچىدىن 119نى تەربىيىلەپ بەردى.

دۆلەت چېگرا مۇداپىئە كومىتېتى 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونىدا مەملىكەت بويىچە چېگرا مۇداپىئە ئۇل مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشى بويىچە خۇلاسىلەش - تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى. دۆلەت كومىسسارى، دۆلەت چېگرا مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لوگەن، باش شتابنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دۆلەت چېگرا مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خۇەي فۇلىن ۋە ھەر قايسى

ۋىلايەتلەردىكى چېگرا مۇداپىئە كومىتېتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى، ۋەكىللەردىن بولۇپ 167 كىشى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر ئىلى ۋىلايىتىنىڭ چېگرا مۇداپىئە ئۇل مۇئەسسەسەلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، ئارمىيە - سانچى - خەلق بىرلەشمە مۇداپىئە مانېۋىرى ۋە چېگرا مۇداپىئە ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش ھەققىدىكى دوكلات ئويۇنىنى كۆردى.

شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ھەر قايسى چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى ئۆزىگە قاراشلىق شۆبە قىسىملاردىكى ئالاقىدار خادىملارنى تەشكىللەپ 7 - ئايدىن 9 - ئايغىچە ئۆز تەۋەلىكىدىكى چېگرىنى باشتىن - ئاياغ تەكشۈردى.

2000 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى دۆلەت 1999 - يىلى چۈشۈرگەن چېگرا مۇداپىئە لىنىيىسىدە 226 كىلومېتىر ئاپتوموبىللىق چارلاش يولى ياساش، 170 كىلومېتىر يەرگە تىكەنلىك سىم تور تارتىش، 124 كىلومېتىر يەرگە پىيادە چارلاش يولى ياساش ۋە 3 يۈرۈش چېگرا باشقۇرۇش ۋە كۆزىتىش - تىزگىنلەش مۇئەسسەسى قۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى. بۇ قۇرۇلۇشلار لەنجۇ ھەربىي رايونى، شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە كومىتېتى تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، قۇرۇلۇش سۈپىتى ئەلا دەرىجىگە يەتتى. 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر دۆلەت 2000 - يىلى چۈشۈرگەن قۇرۇلۇش ئومۇمىي مىقدارىنىڭ %60تىن كۆپرەكى ئورۇنلاندى.

2000 - يىلى چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ چېگرا سۆھبىتى - چېگرا ئۇچرىشىش ئاپپاراتلىرى موڭغۇلىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، پاكىستان، ھىندىستانلارنىڭ چەت ئەلگە چېتىلىدىغان چېگرا مۇداپىئە ئاپپاراتلىرى بىلەن 518 قېتىم ئۇچراشتى ۋە سۆھبەتلەشتى، بۇنىڭ ئىچىدە سۆھبەت 47 قېتىم، ئۇچرىشىش 471 قېتىم بولدى. بۇ سۆھبەت ۋە ئۇچرىشىشلار ئارقىلىق نۇرغۇن چېگرا ئىشلىرى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنىپ، ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىناق قوشنىدارچىلىق - دوستلۇق مۇناسىۋىتى مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندى.

ما يىڭشىن، ۋاڭ جياڭبىڭ، ۋاڭ جىجۈن

## قۇرۇلۇش - خىمىيىۋى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرۈش قورال - جابدۇقلىرى خىزمىتى

شىنجاڭ ھەربىي رايونى 2000 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قۇرۇلۇش - خىمىيىۋى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرۈش قورال - جابدۇقلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈردى. جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرغۇچى دىجورنى قىسىمنىڭ قۇرۇلۇش - خىمىيىۋى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرۈش قورال - جابدۇقلىرى قۇرۇلۇشى باش قوراللاندۇرۇش بۆلۈمى بەلگىلىگەن ئۆلچەمگە يەتتى. بىر يىلدا 125 چولڭ، ئوتتۇرا تىپلىق قۇرۇلۇش قورال - جابدۇقى، 48 دانە خىمىيىۋى قورالاردىن مۇداپىئە كۆرۈش تېخنىكىلىق ئاپتوموبىلى قوبۇل قىلىندى. رېمونتقا بېرىش بىلەن سەييارە رېمونت قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، قۇرۇلۇش ماشىنىسىدىن 28ى، خىمىيىۋى قورالاردىن مۇداپىئە كۆرۈش - جابدۇقىدىن 56 سى چوڭ رېمونت قىلىندى. سىرتقا 59 رېمونتچى (قۇرۇلۇش قىسىم ئەسكىرى 51، خىمىيىۋى قورالاردىن مۇداپىئە كۆرگۈچى قىسىم ئەسكىرى 8) تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتىلدى، 120 نەپەر رېمونتچى ۋە ئامبارچى قايتا تەربىيىلەندى. ھەربىي رايوننىڭ خىمىيىۋى قورالاردىن مۇداپىئە كۆرۈش قورال - جابدۇقلىرىغا ئائىت 7 تېخنىكا يېڭىلاش تۈرى تېخنىكىلىق باھالاشتىن ئۆتتى. ھەربىي رايوننىڭ خىمىيىۋى قورالاردىن مۇداپىئە كۆرۈش تېخنىكا چولڭ ئەترىتى تەتقىق قىلىپ ياسىغان 10 پارقازان چۈۋۈش - قۇراشتۇرۇش ماشىنىسى، 86 تېز رېمونت ساندۇقى ئالاقىدار قىسىملارغا سەپلەپ بېرىلدى.

لەنجۇ ھەربىي رايونى 6 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرغۇچى دىجورنى قىسىمنىڭ قۇرۇلۇش ئەسكەرلىرى مەلۇم تۈەنىدە قۇرۇلۇش - خىمىيىۋى قورالاردىن مۇداپىئە كۆرۈش قورال - جابدۇق كەسپىي كادىرىدىن 80 نەپەر كىشى قاتناشقان يىغىپ تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، بۇ يېڭى قورال - جابدۇق تۈزۈلمىسى ئورنىتىلغاندىن كېيىن لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ قۇرۇلۇش - خىمىيىۋى قورالاردىن مۇداپىئە كۆرۈش قورال - جابدۇق سىستېمىسىدىكى تۇنجى زور پائالىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۇ شۇفۇ، ليۇ خۇڭشياڭ

## كادىرلار خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى شى، تۈەن دەرىجىلىك پارتكوم رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى تەڭشەش - سەپلەش ۋە سىناش خىزمىتىنى كۈچەيتتى. بىر يىلدا شى، تۈەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 13 كادىر تاللاپ چىقىلىپ مەكتەپلەرگە ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلدى. 30 ئورگان كادىرى ئېگىزلىكتىكى چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىغا بېرىپ ۋاكالىتەن ۋەزىپە ئۆتىدى. شى، تۈەن دەرىجىلىك 800 نەپەر كادىر تەڭشەپ سەپلەندى. 400 نەپەر كادىر تاللىنىپ، ھەر دەرىجىلىك، ھەرخىل مەكتەپلەرگە تەربىيىلىنىش ۋە نۆۋەت بىلەن تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتىلدى. 3000 دىن ئارتۇق كادىر ۋە جەڭچى ئارمىيىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانىغا قاتنىشىشقا تەشكىللىنىپ، 600 نەپەر جەڭچى قوبۇل قىلىندى. بىر يىلدا 84 كادىر رايون ئاتلاپ ئالماشتۇرۇلدى،

ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەردىن 2200 نەپچىسى پۈتۈنلەي جاپالىق رايونلار ۋە ئاساسىي قاتلاملارنىڭ 1 - سەپىگە ئەۋەتىلىپ، كادىرلار قوشۇنى تولۇقلاندى. ھەربىي رايون كادىرلىرى ئىچىدە ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتلىقلار 1999 - يىلدىكىدىن 29.4 پىرسەنت يۇقىرى پوئىنتى ئاشتى.

2000 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى يەرلىكتىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەردىن 113 كىشىنى قوبۇل قىلدى، ئورگان كادىرلىرىدىن 35 كىشىنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاچقان ھەربىي رايون قوماندانلىقىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش كەسپىي كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتناشتۇردى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدىن دۆلەت مۇداپىئە ئوقۇش مۇكاپات پۇلى ئالىدىغان تەربىيىلەش ئوبيېكتلىرىدىن 54 كىشى تاللاپ چىقىلدى ھەمدە ئۇرۇمچى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئىنستىتۇتىدا ھەربىي، سىياسىي جەھەتلەردىن تەربىيىلەندى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىنىڭ 44 ئوقۇغۇچىسى قاتناشقان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك 9 كۈنلۈك ھەربىي ئىشلار يازلىق لاگېر پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى. ھەربىي رايوندىكى مۇنەۋۋەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى كادىرلىرى يەرلىكتىكى 5 ئالىي مەكتەپتە «ياشلىق باھار ھەربىي گازارمىدا پارلىسۇن» ناملىق سەييارە دوكلات يىغىنى ئېچىشقا تەشكىللەندى. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ جۈملىدىن ھاۋا ئارمىيىسى، قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ 487 يەن - تېخنىكا كادىرى ئارمىيە بويىچە ئېلىنىدىغان چەت ئەل تىلى ئىمتىھانىغا قاتناشتۇرۇلدى. ئوتتۇرا، ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىگە ئۆستۈرۈلىدىغان 368 كەسپىي تېخنىكا كادىرىنىڭ سالاھىيىتى باھالاپ چىقىلدى. 695 تېخنىكا كادىرىنىڭ كەسپىي تېخنىكا دەرىجىسى تەڭشەلدى، مۇلكىي دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى ۋە پېنسىيىگە چىقىش رەسمىيىتى بېجىرىلدى.

بىر يىلدا كەسىپ ئالماشتۇرغان، قىسىمدىن بوشىغان 2265 كادىر ۋە بىللە يۆتكىلىدىغان 359 ئائىلە تاۋابىئاتىنىڭ ئارخىپى يەرلىككە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئارمىيە بويىچە كەسىپ ئالمىشىپ ۋە قىسىمدىن بوشىنىپ شىنجاڭدا قالىدىغان 1480 كادىرنىڭ ئارخىپى يەرلىككە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنىڭ ئىچىدە چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلار سانىنىڭ %53نى، ناھىيىدىن تۆۋەن ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى %47نى؛ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا بارغىنى %66نى، كەسپىي ئورۇنلارغا بارغىنى %34نى ئىگىلەيدۇ. چەت، يىراق، جاپالىق رايونلاردا ئۇزۇن مەزگىل ئىشلىگەن ۋە سىياسىي نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان 40 كادىرغا ئېتىبار بېرىلدى. تۆۋەن، يىلىك دەرىجىلىك 38 مۇنەۋۋەر كادىر تاللىنىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ۋىلايەت، ناھىيە يېزا دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىگە تەقسىملەندى. 20 مۇنەۋۋەر كەنجى ئوفىتسېر كادىرلىقتا ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يېزا - بازارلىرىدىكى خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىدە خىزمەتكە تەقسىملەندى.

مۇقالى، ياۋ جىجياڭ

## ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتى

رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك - ئىنتىزاملىق بولۇش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ ئىبرەت تەربىيىسىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئائىلىسىگە ھۆكۈمەت پۇلىغا كومپيۇتېر ئېلىپ سەپلەپ بېرىش، تورغا كىرىش خىراجىتىنى ھۆكۈمەت پۇلىدىن چىقىم قىلىش، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سوۋغا - سالام قوبۇل قىلىش ۋە ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن ساياھەت قىلىشى ھەمدە شى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشى قاتارلىق ئەھۋاللار تەكشۈرۈپ ستاتىستىكىلاندى؛ تۇەن دەجىلىكتىن يۇقىرى 13 رەھبىرىي كادىرنىڭ ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدىكى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەپتىش قىلىندى؛ ھەر دەرىجىلىك پارتكوم 1-، 2 - شۇجىلىرىنىڭ پارتىيە ئىستىلى - پاكلىق قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشى ھەققىدە 8 تۈرلۈك مەسئۇلىيەت بەلگىلىمىسى چىقىرىلدى؛ رەھبەرلىك خىزمىتىدە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان تۇەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 28 كادىرغا ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى.

ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى ھەربىي رايون قىسىملىرىدا 1997 - يىلدىن بۇيان يىغىلىپ قالغان ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 17 سى بىر تەرەپ قىلىندى، ئومۇمىنىڭ نورغۇن مەبلىغىنى بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ساقلىغان شى، تۇەن دەرىجىلىك 5 كادىرغا «ئىككى بەلگىلىمە» بويىچە تەدبىر قوللىنىلدى. دېلونى ئاخىرلاشتۇرۇش ۋاقتى بولۇپ قالغان بولسىمۇ يۇقىرىغا ۋاقتىدا مەلۇم قىلىنمىغان 23 نۇقتىلىق دېلونى مەلۇم قىلىشقا ھەيدەكچىلىك ۋە نازارەتچىلىك قىلىندى. تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇنلار يېنىك جازا بەرگەن ئىنتىزامغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپ 8 دېلو تۈزىتىلدى، بۇ دېلولاردىكى 14 جاۋابكارغا ئېغىرلىتىپ ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى. ھەربىي رايون ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئەرزىيەتتىن 265 پارچە (قېتىم)نى قوبۇل قىلدى، بۇلاردىن 152 سى نۇقتىلىق ئىگىلىنىدىغان دېلو ۋە مەسىلىنىڭ يىپ ئۇچى

قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. ھەربىي رايون ئىنتىزامغا خىلاپ دېلو ۋە مەسىلىدىن 190نى ئېنىقلاپ، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان 268 پارتىيىلىك كادىرغا چارە كۆردى، بۇنىڭ ئىچىدە پارتىيە ئىنتىزامى بويىچە چارە كۆرۈلگىنى 89 كىشى، مەمۇرىي ئىنتىزام بويىچە چارە كۆرۈلگىنى 216 كىشى، قوش چارە كۆرۈلگىنى 37 كىشى؛ چارە كۆرۈلگەن پارتىيىلىك كادىرلار ئىچىدە تۇەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىر 69، بۇندىن باشقا شى، تۇەن دەرىجىلىك 6 كادىرنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلمەكتە.

ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش ئەھۋالى    ھەربىي رايون ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ تەشكىلات - كادىرلار ئىنتىزامىغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلىشىغا ياتىدىغان 2 دېلونى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ ئېلان قىلدى. «ئەمگەك ئارقىلىق قىسمنى قامداش» نامىدا شوپۇرلۇق مەكتىپى ۋە ئارامگاھ قۇرغان مەسىلە تۈزىتىلدى. «69296» قىسمىنىڭ بىر جەڭچىنىڭ سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلگەنلىكى مەسىلىسىدە يالغانچىلىق قىلغانلىق دېلوسى كەسكىن بىر تەرەپ قىلىندى ۋە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەنقىد قىلىندى. ھەربىي رايون ئورگىنى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، بىڭتۇەن ھەربىي ئىشلار بۆلۈمى ئورگىنىنىڭ پىكاپ سەپلەش، ئىشلىتىش ئەھۋالى ھەمدە ئورگانلارنىڭ پىكاپ ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتىش ئەھۋالى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ، تەرتىپكە سېلىش - ئۆزگەرتىش تەدبىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ئىنتىزام تەكشۈرۈش كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى

4 - ئايدا كۈچ تەشكىللەپ «ئىنتىزام تەكشۈرۈش — دېلو بېجىرىش ئەمەلىي قوللانمىسى» يېزىپ چىقىلدى. ئىنتىزام تەكشۈرۈش كادىرلىرىنىڭ 5 كۈنلۈك كەسپىي كۇرسى ئېچىلىپ، ھەربىي رايوننىڭ شى، لۈي دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئورۇنلىرى ۋە ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ مەخسۇس ۋە قوشۇمچە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كادىرىدىن 57 سى تەربىيىلەندى.

جاڭ ۋەننىڭ

## ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە

2000 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى «69221»، «69312» قىسىملاردا خەلق ئارمىيىسىنىڭ توپ فۇنكسىيىسى تەربىيىسى ئېلىپ باردى ۋە ياش ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر پىسخىك تەربىيىسىنى نۇقتىدا سىناق قىلدى، «69260»، «69240» قىسىملار ۋە قۇمۇل شۆبە ھەربىي رايونى قاتارلىق 6 ئورۇننىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىدى.

باش سىياسىي بۆلۈم تۈزگەن «ئارمىيىدىكى يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش پىلانى» دىكى تەلەپكە ئاساسەن، ھەربىي رايوننىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىش پىلانى تۈزۈپ چىقىلىپ، تۇەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنىڭ ئۆگىنىشىنى تۇتۇش تەدبىرلىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. شى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنىڭ نەزەرىيە - كىتاب ئوقۇش كۇرسىدىن 2 قارار ئېچىلىپ، شى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلاردىن 146 كىشى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەندى. لۈي دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئورۇنلار ئۆزلىرىگە قاراشلىق تۇەنلەردىكى تۇەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنى ئومۇميۈزلۈك نۆۋەت بىلەن تەربىيىلىدى. ھەربىي رايوننىڭ ئىدارىلەر تورىدا كادىرلار نەزەرىيە ئۆگىنىش تور بېتى ئېچىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومى مەركىزىي ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئۆگىنىش تەجرىبىلىرى ئارمىيە بويىچە كېڭەيتىلدى. بىڭتۇەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ غەربنى كەڭ ئېچىش تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش تەجرىبىلىرى، پىچان ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى تەربىيىسىنى قېلىپلاشتۇرۇشتا قوللانغان ئۇسۇلى يەكۈنلەندى ۋە ئومۇملاشتۇرۇلدى.

شياۋبى، ليۇ داۋشياڭ

## ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 1516 ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش نۇقتىسىنىڭ 80%تىن كۆپرەكىگە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئورگانلار تەرىپىدىن مەنىۋى مەدەنىي ئورۇن دەپ نام بېرىلدى. مەملىكەت بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى ئۈلگىلىك شەھەر (ناھىيە) دىن 18ى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى ئۈلگىلىك شەھەر (ناھىيە) دىن 37 سى بەرپا قىلىندى.

شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسىملىرى 870 نەچچە مىڭ ئەمگەك كۈنى، 22 مىڭدىن كۆپرەك قۇرۇلۇش ماشىنىسى ئاجرىتىپ ئۈرۈمچى - كۈيتۇڭ تېز سۈرئەتلىك تاشيولى، غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىنقى قارارلىق تەييارلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىق 54 نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرىگە ياردەم بەردى. ھەربىي رايون قىسىملىرى 20 نەچچە مىڭ ئەمگەك كۈنى، 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، نامرات ئائىلىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىۋېلىشىغا ياردەم بەردى. «ئۈمىد» قۇرۇلۇشىغا 140 نەچچە مىڭ يۈەن پۇل، 20 نەچچە مىڭ دانە كىتاب ئىئانە قىلدى. 2000 دىن كۆپرەك نامرات ئائىلىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بەردى، ئوقۇشتىن قالغان 1500 بالا قايتىدىن مەكتەپ قوينىغا كىردى. 4 ئورۇن، 8 كىشى ئاپتونوم رايوننىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە

تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىدىكى ئۈلگىلىك ئورۇن ۋە ئۈلگىلىك شەخس بولۇپ تەقدىرلەندى.

لىياڭ شۇاڭ، چۈەن بىن

## هەربىي ئىشلار تەپتىشلىكى

2000 ـ يىلى شىنجاڭ هەربىي رايونىنىڭ هەربىي ئىشلار تەپتىشلىك خىزمىتىدە جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى تەكشۈرۈش، قولغا ئېلىشنى تەستىقلاش، ئەرز شىكايەتنى تەكشۈرۈش سالمىقىنى زورايتىش بىلەن بىرگە، ئىجتىمائىي تەسىرى چوڭ، دېلوغا چېتىشلىق سوممىسى زور بولغان بىر تۈركۈم خىزمەت ۋەزىپىسى جىنايىتى دېلولىرى ئۇقتىلىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. تۆرمە ـ قاماقخانا تەپتىشلىكىنىڭ سالمىقى ئۇقتىلىق كۈچەيتىلدى. بەلگىلەنگەن تۆرمە ـ قاماقخانا تەپتىشلىرى تۆرمە ـ قاماقخانا باشقۇرۇش خىزمىتىدە ئادەتتىكى چاغلاردا كىچىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ تۇردى، بايرام ـ دەم ئېلىش كۈنلىرى ۋە نازۇك پەيتلەردە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىرى نەق مەيدانغا بېرىپ ئۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بېرىلگەن جازا يېنىكلىتىلىدىغان دېلولارنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش، تەكشۈرۈش ۋە تۆرمە سىرتىدا داۋالىنىشقا كېپىلگە بېرىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى نازارەت قىلىش ئارقىلىق خىزمەتلەرنىڭ ئادىل، قانۇنلۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

تەكشۈرۈش ئاساسىدا، 450 مىڭ خەتلىك «هەربىي گازارمىلارنىڭ قانۇن مۇلازىمىتى قېبىلنامىسى» تۈزۈپ چىقىلىپ قىسىملارغا تارقىتىلدى. 4000 كىلومېتىردىن كۆپرەك مۇساپە بېسىلىپ، كۆپ ۋاستىلىك تېخنىكا ئارقىلىق 20 نەچچە مەيدان قانۇنچىلىق تەربىيىسى دەرسى ئۆتۈلدى، دەرسلەرنى 20 مىڭدىن كۆپرەك ئوفىتسېر ـ ئەسكەر ئاڭلىدى، ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ قانۇنغا ئائىت 43 سوئالىغا جاۋاب بېرىلدى. «ئارمىيىگە، يەرلىككە چېتىشلىق شىكايەت دېلولىرىنى تەكشۈرگەندە ئارمىيىدىكى ۋە يەرلىكتىكى تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىپ مەسلىھەتلىشىشى ھەققىدە ئويلىنىش» قاتارلىق 16 پارچە مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىپ چىقىلدى. كۆپ ۋاستىلىك ئىسپات كۆرسىتىش سىستېمىسى شىنجاڭ هەربىي رايونىدا سوتتا ئەيىبلەشتە 1 ـ بولۇپ ئىشلىتىلدى، بۇ تەجرىبە ئارمىيىنىڭ تەپتىشلىك خىزمىتى يىغىنىدا تونۇشتۇرۇلدى ۋە كۆچۈرۈپ تارقىتىلدى.

جاڭ يەنمىن

## هەربىي سوت مەھكىمىسى خىزمىتى

2000 ـ يىلى شىنجاڭ هەربىي سوت مەھكىمىسى 1 ـ سوتتا قارىلىدىغان 28 كىشىگە چېتىشلىق 23 جىنايى ئىشلار دېلوسىنى قوبۇل قىلىپ، 27 كىشىگە قانۇن بويىچە جازا بەردى. ئىقتىسادىي ماجىرا دېلوسىدىن 6نى 1 ـ سوتتا قاراپ ئاخىرلاشتۇرۇپ، هەربىي رايون كارخانىلىرىنى 370 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قالدى. تۆۋا قىلىش ئىپادىسى بولغان 15 جىنايەتچىگە بېرىلگەن جازانى قانۇن بويىچە يېنىكلەتتى. شىكايەت دېلوسىدىن 7نى بىجىردى. ئاساسىي قاتلامدىكى قىسىملارغا قانۇنچىلىقتىن 59 مەيدان (قېتىم) دەرس ئۆتتى. قانۇنچىلىق تەربىيىسىگە ئائىت رەسىم كۆرگەزمىسىنى 26 مەيدان (قېتىم) ئۆتكۈزدى، بۇ كۆرگەزمىلەردىن تەربىيە ئالغان ئوفىتسېر ـ ئەسكەر 34 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى، ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ قانۇنغا ئائىت 540 سوئالىغا جاۋاب بېرىلدى، قىسىملار ۋە ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ قانۇنغا ئائىت 23 قېيىن مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشىغا ياردەم بېرىلىپ، 950 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىيان قايتۇرۇۋېلىندى ۋە ئالدى ئېلىندى. 5 خىل قانۇن دەرسلىكى 7300 نەچچە نۇسخا تۈزۈپ بېسىلدى. قانۇنچىلىق تەربىيىسىگە ئائىت لازېر نۇر پىلاستىنكىسىدىن 400 نەچچىسى بېسىلىپ قىسىملارغا تارقىتىپ بېرىلدى. بىر يىلدا 66 ئەرزىيەت بىر تەرەپ قىلىندى، هال ئېيتىپ كەلگەن 26 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى.

يىڭ بو

## پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى

2000 ـ يىلى شىنجاڭ هەربىي رايونى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار ئارىسىدا «پارتىيىۋىلىك ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئىنقىلابىي پەزىلەتنى ساقلاش» ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان مەخسۇس تەربىيىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق پېشقەدەم يولداشلارنىڭ هەرخىل خاتا پىكىر ئېقىملىرىنىڭ تەسىرىگە ئاڭلىق هالدا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتتى. پېنسىيىگە چىقىپ ئۈرۈمچى رايونىدا تارقاق ئولتۇراقلاشقان، ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈتۈۋاتقان شى دەرىجىلىك 50 نەچچە كادىرغا قارىتا تەربىيە بېرىش ـ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، هەربىي رايون تەربىيە بېرىش ـ باشقۇرۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىقتى، پېشقەدەم كادىرلار ئارىسىدا 2 پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇپ، پارتىيە گۇرۇپپىلىرىغا ئايرىدى. ئىلگىرى «فالۇن گۇمپىسى»نى مەشىق قىلغان 45 كىشى «فالۇن گۇمپىسى»نى مەشىق قىلىشتىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ۋاز كېچىپ، «فالۇن گۇمپىسى»نى پاش قىلىش ۋە تەنقىد قىلىش كۈرىشىگە پائال ئاتلاندى.

شىنجاڭ هەربىي رايونى پېشقەدەم كادىرلار پارتكومىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىن 31 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا 6 كادىرلار دەم ئېلىش ئورنى، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 66 ئىلغار كادىر،

30 ئىلغار خىزمەتچى تەقدىرلەندى. ھەربىي رايوننىڭ ئۈرۈمچى 2 -، 4 -، 6 - كادىرلار دەم ئېلىش ئورۇنلىرى، جىنەن، يەنئەن كادىرلار دەم ئېلىش ئورۇنلىرى لەنجۇ ھەربىي رايونى تەرىپىدىن ئىلغار كادىرلار دەم ئېلىش ئورنى بولۇپ باھالاندى؛ دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خوجيادىي قاتارلىق 20 كادىر دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىلغار كادىر بولۇپ باھالاندى، لى دېشېن قاتارلىق 10 پېشقەدەم كادىرلار خىزمەتچىسى ئىلغار پېشقەدەم كادىرلار خىزمەتچىسى بولۇپ باھالاندى.

2000 - يىلى 4 - تۈركۈمدە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 285 كادىر، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، 6 - تۈركۈمدە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈتۈۋاتقان 800 نەچچە كادىرنىڭ ئەكتى ستاتىستىكىلاندى. قۇربان بولغان، كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان 23 كادىرغا ئالاھىدە نەپىقە پۇلى ئىلتىماس قىلىندى. دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 85 كادىرنىڭ كۈتۈنۈش پۇلىنى ئىلتىماس قىلىش خىزمىتى بېجىرىلدى. كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن 20 پېشقەدەم كادىرنىڭ دەپنە ئىشلىرى بېجىرىلدى. 4 پېشقەدەم كادىرنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ تۇغقان يوقلاش رەسمىيىتى تەستىقلىتىپ بېرىلدى. كادىرلار دەم ئېلىش ئورۇنلىرىغا 47 ھەرخىل ئاپتوموبىل ھەل قىلىپ بېرىلدى، 2 مىليون 175 مىڭ يۈەنلىك ھەر خىل خىراجەت تولۇقلاپ بېرىلدى. دەم ئېلىش ئورۇنلىرى ئۆزلىرى 6 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ تەييارلاپ، ئۆي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى.

جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسىملىرىنىڭ چاۋشيەنگە بېرىپ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى قىلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىدە ھەربىي رايون 70 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ 300 نەچچە پېشقەدەم پىدائىي قىسىم جەڭچىسىگە خاتىرە بۇيۇمى تەقدىم قىلدى ۋە ھال سوراش خېتى ئەۋەتتى. كادىرلار دەم ئېلىش ئورۇنلىرىدىكى پېشقەدەم كادىرلار ئارىسىدا ئالتۇن توي خاتىرە پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. 200 نەچچە جۈپ ئەر - ئايال ئالتۇن توي خاتىرىسى ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشتى.

لى شۇگۈي

## ئەسكەر ئېلىش خىزمىتى

ئاپتونوم رايون، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 2000 - يىللىق قىش پەسىللىك ئەسكەر ئېلىش خىزمىتى 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى باشلىنىپ 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاخىرلاشتى، شىنجاڭدىن ئەسكەر بولۇش يېشىغا توشقان ياشلاردىن 22 مىڭ 456 كىشى ئەسكەرلىككە تىزىمغا ئالدۇردى. ناھىيىدىن يۇقىرى ئورۇنلاردا ئەسكەر ئېلىش ئىشخانىسىدىن 385ى قۇرۇلدى؛ 3156 تېببىي خادىم ئاجرىتىلىپ، سالامەتلىك تەكشۈرۈش پونكىتىدىن 368ى تەسىس قىلىندى، 17 مىڭ 830 ئادەمنىڭ سالامەتلىكى تەكشۈرۈلدى، ئۇلارنىڭ %55ى لاياقەتلىك بولدى؛ سىياسىي تەكشۈرۈشكە 4214 ئادەم ئاجرىتىلىپ، 10 مىڭ 521 ئادەم تەكشۈرۈلدى، ئۇلارنىڭ %89ى لاياقەتلىك بولدى. ئېلىنغان يېڭى ئەسكەرلەر ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت %16نى، ئايال ئەسكەر %6نى، پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزاسى %46نى، تولۇق ئوتتۇرىدىن يۇقىرى مەلۇماتى بارلار %51نى، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسىدىكى ياشلار %47.7نى ئىگىلەيدۇ. 3500 يېڭى ئەسكەر قايتا تەكشۈرۈلۈپ، 17 لاياقەتسىز ئەسكەر شاللىۋېتىلدى، شاللىۋېتىلىش نىسبىتى %0.49 بولدى.

ما شاۋجۇن

## زاپاس خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى خەلق ئەسكەرلىرى، زاپاس قىسىملارنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى يەنىمۇ تەڭشەپ، پىيادە ئەسكەرلەرنى ئازايتىپ، تېخنىكا ئەسكەرلىرىنىڭ نىسبىتىنى ئاشۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئەسكىرىي تۈرلەر تۈەن ۋە شىلىرىنىڭ، تۈەنگە قاراشلىق كەسپىي تېخنىكا شۆبە قىسىملىرىنىڭ كەسپى توغرا كېلىش نىسبىتى %70تىن كۆپرەككە يەتتى. يېزا (بازار)، مەھەللە، بىڭتۇەننىڭ تۈەن - مەيدانلىرى، چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلار ۋە ئالىي مەكتەپلەردىكى خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ خادىملىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، قوراللىق بۆلۈم مەخسۇس كادىرلىرىنى تاللاپ سەپلەش، ۋەزىپە تەمىناتى، خىزمەت فۇنكسىيىسى ئۈستىدە يەنىمۇ ئېنىق ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن بەلگىلىمە چىقىرىلدى. شىنجاڭ بويىچە 1785 يېزا (بازار)، مەھەللە، بىڭتۇەن تۈەن - مەيدانلىرىدىكى خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى ۋە ئۇلارغا قاراشلىق خەلق ئەسكەرلىرى جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش شۆبە ئەترەتلىرى 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە 4 ئاي يىغىپ تەرتىپكە سېلىندى. مۇشۇ يىلدا 5434 زاپاس خادىم، 17 مىڭ 960 تايانچ خەلق ئەسكىرى، خەلق ئەسكەرلىرى جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش شۆبە ئەترىتى ئەزاسىدىن 41 مىڭ 583 كىشى مەشىق قىلدۇرۇلدى؛ خەلق قوراللىق بۆلۈم (مەخسۇس) كادىرلىرى ئۈچۈن 31 قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 3781 كىشى تەربىيىلەندى؛ تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى تەربىيىلەش كۇرسى 45 قارار ئېچىلىپ، 2532 تايانچ تەربىيىلەندى. ھەربىي رايون 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە شىخەنزە شەھىرىدە شىنجاڭ خەلق ئەسكەرلىرى زاپاس قىسىملىرىنىڭ ئەسكەرلەرنى يەن - تېخنىكا جەھەتتە مەشىق قىلدۇرۇش بويىچە نەق مەيدان كۆرىكى ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى.

12 ئورۇننىڭ ئەسكەرلىرىنى يەن - تېخنىكا جەھەتتە مەشىق قىلدۇرۇش بويىچە 18 تۈردىكى نەتىجىسى كۆرەك قىلىندى. بىر يىلدىن بۇيان ھەربىي رايون خەلق ئەسكەرلىرى، زاپاس قىسىملاردىن شتات بويىچە 700 نەچچە مىڭ ئادەم (قېتىم)، 4000 نەچچە ئاپتوموبىل (قېتىم) ئاجرىتىپ، ج غ، قوراللىق ساقچى قىسىملىرىغا ماسلىشىپ، 2300 نەچچە يەردە توساق قۇرۇپ، ھەرخىل جىنايەت گۇمانداردىن 1800 دىن كۆپرەكنى تۇتتى. چېگرا رايونغا جايلاشقان ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى ئارمىيە - يەرلىك بىرلەشمە مۇداپىئە خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، چېگرا رايونلارنى كونترول قىلىش ۋە باشقۇرۇشنى ئۈنۈملۈك كۈچەيتتى.

شۈي پىڭ

## خېيىمخەتەر ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسىملىرى يەرلىكنىڭ خېيىمخەتەر ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئىشىغا 68 قېتىم ياردەم بەردى، بۇنىڭغا 5100 نەچچە ئادەم (قېتىم) ئەسكىرىي كۈچ، 500 نەچچە ئاپتوموبىل (قېتىم) ئاجراتتى. خەلق ئەسكەرلىرى، زاپاس قىسىملاردىن 13 مىڭ 675 ئادەم (قېتىم) قار ئاپىتى، كەلكۈن ئاپىتىگە تاقابىل تۇرۇش، ئوت ئۆچۈرۈش ۋە چېكەتكە يوقىتىپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش قاتارلىق خېيىمخەتەردىن قۇتقۇزۇش خىزمەتلىرىگە قاتنىشىشقا تەشكىللەندى. كەلكۈندە قاپسىلىپ قالغان ئاممىدىن 23 كىشى قۇتقۇزۇلدى، ئاپەتكە ئۇچرىغان 210 ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسى كۆچۈرۈلدى، 85 مىڭ 670 تاغارغا قۇم قاچىلاندى، 10 مىڭ 526 كۇب مېتىر توپا توشۇلدى ۋە بېسىلدى، 580 توننا شېغىل چۈشۈرۈلدى، 58 ماشىنا شاخ - شۇمبا توشۇلدى، 10 مىڭ 968 مېتىر دامبا ئوڭشالدى ۋە پۇختىلاندى، 63 كىلومېتىر تۆمۈريول جىددىي ئوڭشالدى.

لى جىن، گوۋېي

## ئارقا سەپ باشقۇرۇش

2000 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ بارلىق شتاتلىق لوي، تۇەن دەرىجىلىك ئورۇنلىرى، باشقا ئورۇنلارنىڭ 90% ى تۈرمۇش خىراجىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى ئۆلچەمگە يەتكۈزدى. يوتقان - كۆرپىلەرنى باشقۇرۇشتا باھالاپ ھېسابقا ئېلىپ قويۇش ئۇسۇلى قوللىنىلدى، قەرەللىك تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئارقىلىق بارلىق قورال - جابدۇقلارنىڭ ساق تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. ھەربىي رايوننىڭ 90% تۇەن (لوي) لىرىدىكى داۋالاش ئەترەتلىرى ۋە 85% يىڭ (ليەن) لىرىدىكى داۋالاش ئورنى (ئۆيى) قىسىملارنىڭ سەھىيە خىزمىتىنى بەرپا قىلىش ئۆلچىمىگە يەتتى. 80% ئاساسىي قاتلام تىببىي داۋالاش ئورۇنلىرى ئۆز دەرىجىلىك داۋالاش - قۇتقۇزۇش خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان بولدى. دورا ماتېرىياللىرى ئامبىرىنىڭ كەسپىي قۇرۇلۇشى ئارمىيىنىڭ ئۆلچىمىگە يەتتى. بازا ماي ئامبارلىرىنى باشقۇرۇش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، قىسىم ماي ئامبارلىرى (پونكىتلىرى) نى ئىككىدە ئەلا ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈش ۋە تەسىنات باشقۇرۇشنى مۇنتىزىملاشتۇرۇشنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش پائالىيىتى ئارقىلىق ماي ئامبارلىرى (پونكىتلىرى) نى بىخەتەر باشقۇرۇش خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى، تېخنىكىلىق تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان 23 ماي قاچىلاش پونكىتى (نۇقتىسى) بىكار قىلىندى؛ ماددىي ئەشيا، مايلارنى بىخەتەر باشقۇرۇش ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، «بىخەتەرلىك ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەتنامىسى» دەرىجىمۇ دەرىجە ئىمزالاندى، شۇڭا، ھەربىي رايون بازىلىرىدىكى ماي ئامبارلىرىدا ئۇدا 13 يىل كەسپىي دەرىجىلىك ھادىسە كۆرۈلمىدى، قىسىملاردىكى ماي ئامبارلىرى (پونكىتلىرى) نى كەسپىي باشقۇرۇشتا 10 - بىخەتەرلىك يىلى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. ئىقتىسادىي تېجەشلىك نازارەتچىلىكى كۈچەيتىلدى، ئىقتىسادىي تېجەشلىكنىڭ قاپلاش كۆلىمى 90% تىن كۆپرەككە يەتتى. تۇەندىن يۇقىرى ئورۇن ۋە تارماقتىن 170 ى ئۈستىدە ئىقتىسادىي تېجەشلىك قىلىندى. 7 مىليون 70 مىڭ يۈەنلىك خام چوت تەڭشەلدى. ئاساسىي قۇرۇلۇش خىراجىتى 7 مىليون 760 مىڭ يۈەن، مەمۇرىي سەرپىيات چىقىمى 2 مىليون 890 مىڭ يۈەن ئازايتىلدى. تېجەش قىلىش ئارقىلىق 8 مىليون 508 مىڭ يۈەنلىك نامۇۋاپىق ئاساسىي قۇرۇلۇش خىراجىتى ئازايتىلدى. ماينى ئىقتىسادىي تېجەش قىلىش ئۈنۈمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، شتاتلىق تۇەندىن يۇقىرى 196 ئورۇن ئىقتىسادىي تېجەش قىلىنىش ئارقىلىق 111 مىڭ 700 توننا ھەرخىل ماي، 7500 دانە (يۈرۈش) ماي جابدۇقى ۋە سايمىنى، 20 مىليون 560 مىڭ يۈەن ماي خىراجىتى ئېنىقلاندى ۋە سېلىشتۇرۇلدى.

يۈ چاۋ

## ئاپتوموبىل - كېمە، جابدۇقلارنى رېمونت قىلىش ۋە سايمانلارغا كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسىملىرى 3721 ئاپتوموبىل (قېتىم) نى 2 - دەرىجىلىك، 2231 ئاپتوموبىل (قېتىم) نى 3 - دەرىجىلىك ئاسرىدى؛ 506 ئاپتوموبىلنى چوڭ، 365 ئاپتوموبىلنى ئوتتۇرىھال رېمونت قىلدى. ھەربىي رايون 8 مىليون 700 مىڭ يۈەنلىك ھەممىباب ئاپتوموبىل - جابدۇقلىرى ۋە رېمونت سايمىنى تەييارلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە

قىسىملارغا بېرىلگەن ھەرخىل ساياھلىنىڭ قىممىتى 1 مىليون 50, مىڭ يۈەن، ئاساسىي قاتلام قىسىملىرىغا باھاسى بويىچە ئاجرىتىپ بېرىلگەن ھەرخىل ئاپتوموبىل رېمونت سايمىنىنىڭ قىممىتى 620 مىڭ يۈەن. بېسىلىپ قالغان 1 مىليون 420 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى شاللىۋېتىلگەن سايمان بىر تەرەپ قىلىندى.

2000 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى بالون، قۇرۇق باتارىيە قاتارلىق كۆپ مىقداردا سېتىۋېلىندىغان سايمانلارنى خېرىدار چاقىرىپ سېتىۋېلىشنى يولغا قويدى، شىنجاڭ «كۇئېنلۇن» پاي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ يېڭى باتارىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قاتارلىق زاۋۇتلار خېرىدار چىقتى. جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسىملىرىنى 1540 يۇرۇش بالون بىلەن زاۋۇتتىن بىۋاسىتە تەمىنلەش ئىشى ماسلاشتۇرۇلدى ۋە يۇرۇشلەشتۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق خىراجەت تېجەپ قېلىندى. جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسىملىرىغا ئۇرۇش تەييارلىقى سايمانلىرىنى ساقلايدىغان 200 ساندۇق سەپلەپ بېرىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسىملىرىغا 2 مىليون 60 مىڭ يۈەن قىممىتىدە سايمان - ئۈسكۈنە، 350 مىڭ يۈەن قىممىتىدە ئاپتوموبىلدا ئېلىپ يۈرۈلىدىغان سايمان، 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن قىممىتىدە كىمە رېمونت سايمىنى تولۇقلاپ بېرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئاپتوموبىل تېخنىك ئىشچىسىدىن 268ى، ئاپتوموبىل سايمانلىرى ئامبارچىسىدىن 28ى تەربىيىلەندى، قىسىملار ئۆزلىرى 250 رېمونتچى تەربىيىلىدى.

ژاڭ يەن، لى خېيرۇي

## پەن - تېخنىكا خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 37 ھەممىباب قورال - ياراغ تېخنىكىسى نەتىجىسى ئارمىيىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە «لەنجۇ ھەربىي رايونى ئالاقە سىستېمىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارلىق سۈپىتى» ۋە «GY6730X تىپلىق چېگرا مۇداپىئە چارلاش ئاپتوموبىلى» 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ «ئەتراپتىكى چېگرىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈشتىن مۇداپىئەلىنىشتىكى سىگنال بېرىش، نازارەت قىلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسى» قاتارلىق 3 نەتىجە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ «AUTOCAD ئاساسىدا چوڭ ماسشتابلىق سىزغۇچ ئارقىلىق سۈرەتلەرنى سان بىلەن ئۆلچەش سىستېمىسى» قاتارلىق 18 نەتىجە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، 14 نەتىجە 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

دىڭ شېڭخۇا

## ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت، مائارىپ

2000 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى «قىسىملارنىڭ ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى يەنىمۇ ياخشى تۇتۇپ، ئارمىيىگىمۇ، يەرلىككىمۇ پايدىلىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ھەققىدە يوليورۇق» نى تارقاتتى. ھەربىي رايوننىڭ پايتەخت پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە كەسپىنىڭ ئاسپىرانتلار سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان 150 ئوقۇغۇچىسى 7 - ئايدا ئۆز قەرەلىدە ئوقۇش پۈتتۈردى. مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ 97 - يىللىق سىرتتىن ئوقۇش سىنىپىنىڭ 713 ئوقۇغۇچىسى پۈتۈنلەي ئوقۇش پۈتتۈردى. قىسىملاردىن 3380 كادىر، ئەسكەر ۋە قىسىم ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى سىرتتىن ئۆگىنىشكە قاتنىششقا تەشكىللەندى. ھەربىي رايون قىسىملىرىدىن ۋەزىپە ئۆتەپ تۇرۇپ ئۆگىنىش قىلغان كادىر 7500، جەڭچى 7300. قىسىم كادىرلىرى ئىچىدە ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتلىقلارنىڭ نىسبىتى %63كە، مەخسۇس كۇرس مەلۇماتىدىكىلەرنىڭ نىسبىتى %25كە، ئاسپىرانتلارنىڭ نىسبىتى %1.5كە يەتتى.

ليۇ داۋشياڭ، يەن خېيچىڭ

## ئاخباراتچىلىق خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئاخباراتچىلىق خىزمىتىدە ھەربىي رايون قىسىملىرىنىڭ مەركىزىي خىزمىتى، چېگرا مۇداپىئەسىدىكى ئالاھىدىلىك، ئىلغار تىپلار، غەربنى كەڭ ئېچىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خەۋەرلەر گەۋدىلەندۈرۈلدى. مۇشۇ بىر يىلدا مەركەز دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرنال، رادىئو ئىستانسىسى قاتارلىق ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدا شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 1780 پارچە ماقالىسى ئىشلىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - بەتنىڭ باش تەرىپىگە بېرىلگىنى 14 پارچە.

ليۇ داۋشياڭ

## سەھىيە خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 61 سەھىيە كادىرى ئارمىيە ۋە ھەربىي رايون تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىلىم ئاشۇرۇش ئۆگىنىشكە قاتناشتى. 20 كىشى ئارمىيە بويىچە تىببىي ماگىسترلىق ئۇنۋانى دەرسلىرى سىنىپىنىڭ ئىمتىھانىغا قاتناشتى (7 كىشى قوبۇل قىلىندى). مۇشۇ بىر يىلدا 648 سانىتار تەربىيىلەندى. 190 كىشى ئارمىيە بويىچە ئېلىنىدىغان كەسپىي دوختۇرلۇق سالاھىيىتى بويىچە يىللىق ئىمتىھانغا قاتناشتى. 826 ئادەمنىڭ سېستىرالىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا رۇخسەت قىلىش كىنىشكىسى بېجىرىلىپ رويخەتكە ئېلىندى. 3 كىشىلىك كوماندا تەشكىللەپ، ئارمىيە بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن جىددىي قۇتقۇزۇش كۇرسىغا ۋە كېسەلدىن مۇداپىئە كۆرۈش بويىچە ئەسكەرلەرنى پەن - تېخنىكا جەھەتتە

مەشىق قىلدۇرۇش ماھارەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 كىشى دىزىنفىكسىيە قىلىش كەسپى بويىچە يەككە تۈردە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپات ئالدى. ھەربىي رايوننىڭ تېببىي داۋالاش سەھىيە سىستېمىسى مۇشۇ بىر يىلدا شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 21 تۈرلۈك «يېڭى تېخنىكا، يېڭى كەسىپ مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى (1 - دەرىجىلىك مۇكاپات 3 تۈر، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپات 4 تۈر، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپات 9 تۈر، 4 - دەرىجىلىك مۇكاپات 5 تۈر)، 36 تۈر ئارمىيىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى (2 - دەرىجىلىك مۇكاپات بىر تۈر، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپات 10 تۈر، 4 - دەرىجىلىك مۇكاپات 25 تۈر).

ھەر قايسى قىسىملار گازارمىلارنى كۆكەرتىش - گۈزەللەشتۈرۈش، يېمەك - ئىچمەك تازىلىقىنى كۈچەيتىش، 4 زىياندَاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش ھەمدە ئاماكا چەكلەش ئاساس قىلىنغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى پائالىيەتلىرىنى يولغا قويدى. يېڭى ئەسكەرلەرنى قايتا تەكشۈرۈش نىسبىتى، ئەملەش نىسبىتى ھەمدە ئەيدىز كېسىلىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش نىسبىتى 100% بولدى. يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت ئورۇنلىرىغا تازىلىق ئىجازەتنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى، تازىلىق نازارەتچىلىكىگە 19 كىشى تەكلىپ قىلىندى. 3 يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، 12 ئورۇننىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 7 ئورۇن ئارمىيە بويىچە تازىلىقتا «ئا» دەرىجىلىك ئورۇن ئۆلچىمىگە يەتتى. ھەربىي رايون قىسىملىرىدا يۇقۇملۇق كېسەل بىلەن يۇقۇملىنىش نىسبىتى 0.3‰ بولدى، جىددىي خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىش، ئادەم - چارۋىلار تەڭلا كېسەل بولۇش ۋە يېمەكلىكتىن زەھەرلىنىش ھادىسىلىرى كۆرۈلمىدى.

ھەربىي رايوندىن 7 دوختۇرخانا ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن سۈغۇرتا بويىچە نۇقتىلىق مۇلازىمەت دوختۇرخانىسى قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، كېسەللەرنىڭ دوختۇرخانىنىڭ مۇلازىمىتىدىن ئومۇمىي جەھەتتە رازى بولۇش نىسبىتى 95%تىن ئاشتى. ھەرخىل داۋالاش ماجىرالىرى، داۋالاش ھادىسىلىرى ۋە دوختۇر - سېستىرالارنىڭ خىزمىتىدە خاتالىق كۆرۈلۈش نىسبىتى 1999 - يىلدىكىدىن 83% تۆۋەنلىدى.

ھەر قايسى دوختۇرخانىلار ئامبۇلاتورىيىدە 896 مىڭ 781 كىشىنىڭ كېسىلىنى كۆردى، 54 مىڭ 197 كىشىنىڭ كېسىلىنى بالنىتسىدا ياتقۇزۇپ داۋالىدى. مۇشۇ يىلدا دوختۇرخانىلار ئاساسىي يوللار ئارقىلىق 26 مىليون يۈەن قىممىتىدىكى دورا ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەندى. يىغىندىن تەشكىللەنگەن رېمونت ئەترىتى 200 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى سايمان ۋە زاپچاسلارنى ئېلىپ 9 ئاساسىي قاتلام ئورۇنغا بېرىپ سەييارە رېمونت قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى، ئۇلار 157 ئۈسكۈنىنى رېمونت قىلدى. 20 مىڭ ئادەم (قېتىم) سۈپەتلىك ئۇنۇمۇپ ياخشى تەربىيىلەش تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەندى، قىسىملارغا قىممىتى 80 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان دورا سايمانلىرى تارقىتىپ بېرىلدى. 2500 بوۋاقنىڭ كېمەلگە مۇپتىلا بولۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى. ھەربىي رايون ئارمىيە بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت بىلىملىرى بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسىگە كوماندا قاتناشتۇردى.

مۇشۇ يىل ئىچىدە ھەربىي رايون قىسىملارغا تېببىي دورا - ساقلىقنى ساقلاش، ئالاھىدە داۋالاش، كەسپىي قۇرۇلۇش قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن 1 مىليون 50 مىڭ يۈەن خىراجەت تولۇقلاپ بەردى، ئېگىزلىكتىكى چېگرا مۇداپىئە 1 - سېپىدە تۇرىدىغان 98 لېيەنگە 150 مىڭ يۈەن قىممىتىدە 17 خىل يېڭى، ئالاھىدە دورا تارقىتىپ بەردى، چېگرا مۇداپىئە ۋە ئاساسىي قاتلام قىسىملىرىغا 420 مىڭ يۈەن قىممىتىدە 8 خىل داۋالاش سايمىنى تولۇقلاپ بەردى، پاشا ۋە كۆمۈتىنىڭ زىيىنىغا ئېغىر دەرىجىدە ئۇچرىغان 30 چېگرا مۇداپىئە لېيەنگە 50 مىڭ يۈەنلىك ئالدىنى ئېلىش - داۋالاشقا ئىشلىتىلىدىغان داۋالاش سايمىنى تارقىتىپ بەردى. ھەر قايسى دوختۇرخانىلار 61 تۈركۈمدە 321 ئادەم (قېتىم)نى تەشكىللەپ، ئاساسىي قاتلام ۋە چېگرا مۇداپىئە ئورۇنلىرىغا سەيياره كېسەل داۋالاشقا ئەۋەتتى.

لىيۇ جيەنجۇن، لىيۇ يۇتاڭ

## يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشى

2000 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى قىسىملىرى (ھەربىي ئات فېرمىلىرى بۇنىڭ سىرتىدا) 15 مىڭ 600 گېكتار يەرگە ھەرخىل زىرائەت تېرىپ، 17 مىڭ 300 توننا ئاشلىق، 3950 توننا ياغلىق دان، 16 مىڭ 400 توننا چىگىتلىك پاختا، 6365 توننا قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە، 26 مىڭ 500 توننا كۆكتات ئالدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 23 مىڭ 400 تۇياق چوشقا، 74 مىڭ نەچچە تۇياق كالا - قوي، 183 مىڭ دانە ئۆي قۇشى قالدى. 124 گېكتار سۇ يۈزىدە بېلىق بېقىلدى، 5 مىليون 600 مىڭ دانە بېلىقجان قويۇپ بېرىلدى. 4260 توننا گۆش، 452 توننا بېلىق، 1465 توننا تۇخۇم، 962 توننا سۈت ئېلىندى. ھەربىي رايون قىسىملىرىنىڭ گۆش بىلەن ئۆزىنى تەمىنلەش نىسبىتى 61%، كۆكتات بىلەن ئۆزىنى تەمىنلەش نىسبىتى 71% بولدى (يېڭى يېمەكلىك نورما ئۆلچىمى بويىچە ھېسابلاندى). مۇشۇ يىل ئىچىدە يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ

مەھسۇلات قىممىتى 188 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 58 مىليون 100 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىندى. مەكتەپ بازىسىنىڭ يىللىق پايدىسى 10 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ۋاڭ ئەدرۇڭ، گوجۈن

## ھەربىي سانائەت كارخانىلىرى

2000 - يىلى لەنجۇ ھەربىي رايونى ئورۇمچى زاۋۇت باشقۇرۇش ئىدارىسىگە قاراشلىق كارخانىلاشقان زاۋۇتلار، ھەربىي ئات فېرمىلىرى ياراتقان سانائەت - يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 221 مىليون 840 مىڭ 700 يۈەنگە، كارخانىلاشقان زاۋۇتلار ياراتقان پايدا 9 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ھەربىي ئات فېرمىلىرى 4 مىليون 290 مىڭ يۈەن زىيان تارتتى. بىر يىلدا 10 مىڭ 37 .223 گېكتار يەر تېرىلىپ، 34 مىڭ 944 توننا ئاشلىق، ياغلىق دان ئېلىندى.

فۇ شاۋيەن

## مەدەنىيەت خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە ھەر قايسى قىسىملار 20 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ تەييارلاپ ئاساسىي قاتلام ئورۇنلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئىشلەتتى. «69210»، «69008»، «69348» قىسىم قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا نۇقتىلىق ياردەم بېرىلدى، قىسمەن لىيەندۈيلەرگە ئائىلە كىنوخانىسى بىرىكمە ئىشكابى سەپلەپ بېرىلدى. ھەربىي رايون سەنئەت ئۆمىكى 3 قېتىم قىسىملارغا بېرىپ 100 نەچچە مەيدان ھال سوراش ئويۇنى قويۇپ بەردى. تېخنىك خادىملار 3 قېتىم ئاساسىي قاتلاملارغا ئەۋەتىلىپ، قىسىملارغا ھەرخىل كىنو - تېلېۋىزىيە سايمانلىرىدىن 500 نەچچىسى يەتكۈزۈپ بېرىلدى، 1500 نەچچە سايمان رېمونت قىلىپ بېرىلدى، 25 مىڭ 600 نەچچە دانە VCD پىلاستىنكىسى سەپلەپ بېرىلدى. چېگرا مۇداپىئە 1 - سېپىگە جايلاشقان لىيەندۈيلەرگە كىنو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنىڭ ئازكەم 500 نۇسخا سىن لېنتىسى كۆپەيتىپ تارقىتىپ بېرىلدى. 50 نەچچە مۇنەۋۋەر كىنو فىلمى تاللاپ چىقىلىپ، قىسىملاردا 470 نەچچە مەيدان (قېتىم) قويۇپ بېرىلدى. ئاساسىي قاتلاملارغا 140 نەچچە كىنو - تېلېۋىزىيە تايانچ خادىمى يېتىشتۈرۈپ بېرىلدى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى 8 - ئايدا لەنجۇ ھەربىي رايونى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى نۆۋەتلىك كىنو - تېلېۋىزىيە تېخنىك ئەسكەرلىرىنىڭ ماھارەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، 42 مۇكاپاتنىڭ 16 سىنى قولغا كەلتۈردى.

باش سىياسىي بۆلۈمنىڭ «ئارمىيىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك جەڭچىلەر ئەدەبىياتى مۇكاپاتىنى باھالاش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» ىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ھەربىي رايون قىسىملىرىدا ئاممىۋى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەت پائالىيىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى، 48 ئەسەر مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلۇپ، 9 ئەسەر ۋە 10 شەخس 3 - دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مۇكاپاتقا ئېرىشتى. قىسىملاردا «ھەربىي ئەخلاق ناخشىلىرى» نى كەڭ كۆلەمدە ئېيتىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.

شىنجاڭ ھەربىي رايونى 7 - ئايدا كوماندا تەشكىللەپ، 2000 - يىلى ئارمىيە بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ياشلار گورۇپپىسى ئەرلەر ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىگە لەنجۇ ھەربىي رايونىغا ۋاكالىتەن قاتنىشىپ 3 - بولدى. شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۆتكۈزگەن جەڭچى ناخشىچىلار ۋە دراما - ئېتوت مۇسابىقىسىگە قاتناشقان 3 كوماندىسى، 3 - دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مۇكاپاتتىن 28نى ئالدى، ئېرىشكەن مۇكاپات سانى جەھەتتە 1 - بولدى. ھەربىي رايون سەنئەت ئۆمىكى مەملىكەت بويىچە 2000 - يىللىق ئىككىنى ھىمايە قىلىش كېچىلىكى، بېيجىڭدىكى دەم ئېلىشقا، پىنسىيىگە چىققان پېشقەدەم كادىرلاردىن ھال سوراش ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى قاتارلىق مۇھىم ئويۇن قويۇش پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى. باش ئارتىست ۋاڭ خۇڭۋېي ئاپتونوم رايونغا ۋاكالىتەن مەملىكەتلىك تېلېۋىزىيە ناخشىچىلىرىنىڭ مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، مىللىيچە ئۇسلۇبتا ناخشا ئېيتىشتا ئالتۇن مېدال ۋە تاماشىبىنلار ئەڭ ياقتۇرىدىغان ناخشىچى مۇكاپاتى ئالدى.

چۈەن ۋەنىاڭ، لىيۇ داۋشياڭ

## قوغداش خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا قاراشلىق ئورۇنلار «ئارمىيە ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىدا جىنايى ھەرىكەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىدە ۋاقىتلىق يولغا قويۇلىدىغان بەلگىلىمە» نى قايتا ئۆگەندى ۋە بۇ ھەقتە قايتا تەربىيە ئېلىپ باردى. ھەربىي رايوندا يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان يۈز بەرگەن ھادىسە دېلولىرىغا بىرلەشتۈرۈپ، قىسىملاردا قانۇنچىلىق تەربىيىسى ئېلىپ باردى. قىسىملارغا تولۇقلانغان يېڭى ئەسكەرلەرنى سىياسىي جەھەتتىن قايتا تەكشۈرۈپ، سىياسىي جەھەتتە لاياقەتسىزلەرنى ئۆز ۋاقتىدا قايتۇرۇۋەتتى. ھەربىي رايوننىڭ مېھمانخانىلىرى، ئىش باشقارمىلىرى ئىشلىتىۋاتقان مۇلازىمەت كاپالەتچى خادىملىرى، ئورگان كادىرلىرى ئىشلىتىۋاتقان بالا باققۇچىلار ۋە گازارما رايونىدا قۇرۇلۇش قىلىۋاتقان يەرلىك خادىملارنى سىياسىي جەھەتتىن ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى، تەكشۈرۈلگەن 1414 كىشىدىن، سىياسىي جەھەتتە لاياقەتسىز بولغان 161 كىشىنى قايتۇردى.

2000 - يىلى ھەربىي رايون قىسىملىرى 30 نەچچە قېتىم ھەرخىل قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ،

ھەرخىل قوغداش ئوبيېكتلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيىتىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىدى. قوغداش، ئىنتىزام تەكشۈرۈش ۋە سوت مەھكىمىسى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار قاتناشقان خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، «فالۇن گۇڭپىسى» نى مەشىق قىلغان ئۇقتىلىق كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلەشتى، ياردەم بېرىش - تەربىيىلەش، باشقۇرۇش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. «فالۇن گۇڭپىسى» مەشىق قىلغان ئايرىم كىشىلەرنى بىر تەرەپ قىلدى. يەرلىكتىكى ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ، ئارمىيە ئىچىدىكى زىيانلىق يەل گۇڭپا مەشىق قىلىش تەشكىلاتلىرىغا قاتناشقانلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى.

مۇشۇ يىلدا ھەربىي رايون قىسىملىرى تۈرلۈك جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 16نى (ئەق دېلو 13، يىغىلىپ قالغان دېلو 3) تۇرغۇزۇپ ھەممىنى پاش قىلدى. قانۇن - ئىنتىزامغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسىدىن 30 نەچچىنى بىر تەرەپ قىلىپ، 17 جەڭچىنى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىدى. ئارمىيىدىكى ئالاقىدار ئورۇنلاردا يۈز بەرگەن 12 دېلونى، يەرلىكتىكى ئالاقىدار ئورۇنلاردا يۈز بەرگەن 20 نەچچە دېلونى ھەمكارلىشىپ تەكشۈرۈپ، يەرلىكتىكى دېلولارغا چېتىشلىق قېچىپ يۈرگەن 13 جىنايەت گۇماندارىنى تۇتتى.

شيۇڭ شىخەي

## خىزمەت كۆرسىتىپ نەمۇنىچى بولۇش ئەھۋالى

شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى چيۇ يەنخەن، سىياسىي كومىسسارى يۈ لىنشياڭلار ئومۇمىي بۇيرۇقتا ئىمزا قويۇپ، 2000 - يىللىق خىزمەتلەردە نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان «69225» قىسىمنىڭ 83 - شۆبە قىسمى، «69242» قىسىمنىڭ 85 - شۆبە قىسمىغا بىر قېتىم كوللېكتىپ 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ تۆھپە يازدى؛ لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچى باش دوختۇرخانىسىنىڭ نىرۋا تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە بىر قېتىم كوللېكتىپ 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ تۆھپە يازدى؛ ۋاڭ خۇڭۇيغا بىر قېتىم 1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ تۆھپە يازدى؛ جۇ يۈلىن، جاۋنەيتيەن، ۋاڭ مىڭزۇ، خۇ دالىڭ، چيۇ يىجۈن، شيۇڭ خواچىڭ، جاڭ گۈيلىنلارغا بىر قېتىم 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ تۆھپە يازدى.

جاۋ دېيەنچاۋ

## شەھەر گارنىزون خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 9 شەھەردىكى گارنىزون قوماندانلىق شتابلىرى ھەربىي قىياپەت، ھەربىي ئىنتىزام، ھەربىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش - تەرتىپ ساقلاش خادىمىدىن 10 مىڭ 476 ئادەم (قېتىم) ئاجرىتىپ، ئۆتكەن - كەچكەن ھەربىيلەردىن 12 مىڭ 558 ئادەم (قېتىم) نى تەكشۈردى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %90 بولدى. ھەربىي تەكشۈرۈش خادىمىدىن 8733 ئادەم (قېتىم) ئاجرىتىپ، ئۆتكەن - كەچكەن 6849 ھەربىي ئاپتوموبىلنى تەكشۈرۈپ، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغان 1653 ھەربىي ئاپتوموبىل (قېتىم) نى بىر تەرەپ قىلدى، بەلگىلىمىگە ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغان 92 ئاپتوموبىل (قېتىم) نى ۋاقىتىنچە تۇتۇپ قالدى. ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىملاردىكى ھەربىي ئاپتوموبىل شوپۇرلىرى 20 مەيدان بىخەتەرلىك ئۆگىنىش تەربىيىسىگە قاتناشتۇرۇلدى، تەربىيە ئالغانلار سانى 10 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. بوغدا كۆلى، تېرەكلىك سايى، تۇرپان قاتارلىق ئاساسلىق ساياھەت رايونلىرىدا ھەربىي ئاپتوموبىللارنى تەكشۈرۈش پونكىتىدىن 5نى قۇرۇلۇپ، ساياھەتكە ئىشلىتىلگەن 2612 ئاپتوموبىل (قېتىم) تەكشۈرۈلدى.

مۇشۇ يىل ئىچىدە 5 قېتىمدا يالغان ھەربىي بولۇۋالغان 9 ئادەم (قېتىم)، 3 يالغان ھەربىي ئاپتوموبىل تۇتۇلدى، بىر قىسىم ھەربىي كىيىم، ھەربىي ئۇنۋان بەلگىلىرى يىغىۋېلىندى. ئارمىيە بىلەن خەلق، ئارمىيە بىلەن ساقچىلار ئوتتۇرىسىدا بولغان 40 نەچچە قېتىملىق ماجىرا ھەل قىلىندى. مۇشۇ يىلدا 86 قېتىم ۋاقىتلىق قوغداش ۋەزىپىسى ئىجرا قىلىنىپ، 1873 مۇھاپىزەتچى ئەسكەر (قېتىم) ئاجرىتىلدى.

ئۈرۈمچى گارنىزون قوماندانلىق شتابى قوماندانلىق مەركىزى قۇرۇلدى، بۇ مەركەز بىر يىلدا 100 نەچچە قېتىم پاش قىلىش تېلېفونى تاپشۇرۇۋالدى، پاش قىلىنغان مەسىلىلەر مۇۋاپىق ھەل قىلىندى.

لو دېچىڭ

## تاشقى ئىشلار ئالاقىسى

شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى لى لياڭخۇي ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى چى خاۋتيەنگە ھەمراھ بولۇپ، قازاقىستاننىڭ پايتەختى ئاستانىگە بېرىپ 2000 - يىل 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە جۇڭگو، روسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستانلارنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىرى ئۇچرىشىشىغا قاتناشتى.

مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت كومىسسارى، قوشۇمچە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى چى خاۋتيەن شائىجياڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى توپويېف ئەر - خوتۇن قاتارلىق 6 كىشى 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 6 -

ئاينىڭ 6 ـ كۈنىگىچە جۇڭگودا زىيارەتتە بولدى. بۇ ۋەكىللەر ئۆمىكى 5 ـ ئاينىڭ 30 ~ 31 ـ كۈنلىرى ۋە 6 ـ ئاينىڭ 5 ~ 6 ـ كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە توختاپ ئۆتتى. 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى كەچتە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى جۇ يۈگشۇن تويۇپىڭ قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە ئۇلارغا زىياپەت بەردى.

شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى ۋاڭ ۋېيجېن لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى لى چيەنيۈەنگە ھەمراھ بولۇپ، 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە زىيارەتتە بولدى.

شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى لى لياڭخۇي جۇڭجياڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى مىللىي بىخەتەرلىك كومىتېتى چېگرا مۇداپىئە ئىدارىسىنىڭ 1 ـ مۇئاۋىن باشلىقى قوشۇمچە شتاب باشلىقى بىركالىيېۋ شاۋجياڭ باشچىلىقىدىكى قازاقىستان چېگرا مۇداپىئە ئارمىيىسىنىڭ 6 كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن 10ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە زىيارەتتە بولدى.

قىرغىزىستان دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ 1 ـ مۇئاۋىن مىنىستىرى قوشۇمچە باش شتاب باشلىقى چياۋمويېف شاۋجياڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ شتاب باشلىقى ما دىيەنكۇي جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭ ھەربىي رايونى چېگرا مۇداپىئە ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدىكى 7 كىشىنى باشلاپ 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 18 ـ كۈنىگىچە قىرغىزىستاندا دوستانە زىيارەتتە بولدى.

قازاقىستان دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى راجىشېۋ شاۋجياڭ باشچىلىقىدىكى 6 كىشىلىك ئارقا سەپ ۋەكىللەر ئۆمىكى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 17 ـ كۈنىگىچە جۇڭگودا زىيارەتتە بولدى. بۇ ۋەكىللەر ئۆمىكى 10 ـ ئاينىڭ 10 — 11 ـ كۈنلىرى ئۈرۈمچىنى زىيارەت قىلدى.

جاۋ خۇڭشىڭ

# شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرى

### شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسمى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

كوماندىر: فاڭ دىيەنرۇڭ (شاۋجياڭ، 6 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، گۇ شىنخۇا (شاۋجياڭ، 6 ـ ئايدا تەيىنلەندى).

سىياسىي كومىسسار: لى ئېن (شاۋجياڭ).

مۇئاۋىن كوماندىرلار: جېڭ شىكاڭ (شاۋجياڭ)، ۋاڭ يۇڭسەي (شاۋجياڭ).

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار: جۇ گۇاڭفۇ (شاۋجياڭ).

### ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە

ئاۋىئاتسىيە قىسمىنىڭ تەلىم ـ تەربىيىسى  2000 ـ يىلى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئاۋىئاتسىيە قىسمىغا قاراشلىق ئۇچقۇچىلار تۈەنلىرى كېچىلىك ئۇچۇش، زاپاس تۇرۇش، تاكتىكا تېمىسى قاتارلىق قىيىن دەرسلەر ۋە راست ئوق دەرسى تەلىم ـ تەربىيىسىنى تەشكىللەپ، يىللىق پىلاندىكى ئۇچۇش ۋاقتى كۆرسەتكۈچىنىڭ 110.2%نى ئورۇندىدى. يېڭى ئايروپىلان بىلەن قوراللانغان قىسىملار قوراللىنىش مەشىقىنى پىلان بويىچە تاماملىدى. ئاۋىئاتسىيە قىسمىغا قاراشلىق ئۇچقۇچىلار تۈەنلىرىنىڭ ھەممىسى «ئا» خىلدىكى جەڭگىۋار تۈەن سەۋىيىسىگە يەتتى ياكى شۇ سەۋىيىنى ساقلاپ قالدى.

يەر ئۈستى قىسمىنىڭ تەلىم ـ تەربىيىسى  يەر ئۈستى (شۆبە) قىسمى بەلگىلەنگەن مەشىق مەزمۇنى ۋە ۋاقتىنى تاماملاپ بەلگىلىمىدىكى ئۆلچەمگە يەتتى. يەردىن ھاۋاغا قويۇپ بېرىلىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا مەلۇم قىسمى ھاۋا ئارمىيە بازىسىدا تۇرۇپ ئېلىپ بېرىلىدىغان قارىغا ئېتىش مەشىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاماملاپ، 5 بومبىدىن 4نى نىشانغا تەگكۈزۈش، ئومۇمىي باھالاشتا 1 ـ بولۇشتەك نەتىجىنى قولغا كەلتۈردى. رادار قىسمى يېڭى تىپلىق رادار بىلەن قوراللىنىش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى، ئەلا سۈپەتلىك كاپالەت نىسبىتىنى 99.3%كە يەتكۈزدى. مۇھاپىزەتچىلەر شۆبە قىسمى ۋە جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرغۇچى شۆبە دىجورنىي قىسىم ئۆزئارا ئۆتۈشتۈرۈلگەن ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان راست ئوق بىلەن قارىغا ئېتىش مەشىقى ۋە مانېۋىرى ئېلىپ باردى.

ئەسكەرلەرنى پەن ـ تېخنىكا جەھەتتە مەشىق قىلدۇرۇش

مۇشۇ يىلدا ئارمىيە ۋە بەرلىكتىكى ژۇرناللاردا ھەربىي ئىشلار نەزەرىيىسى ۋە كەسپىگە ئائىت 198 پارچە مۇھاكىمە ماقالىسى ئېلان قىلىندى. 46 تۈرلۈك تېخنىكا يېڭىلاش ۋە ئىجادىيەت تۈرى تاماملاندى، بۇنىڭ ئىچىدە 7 تۈر يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن ئومۇملاشتۇرۇپ ئىشلىتىلدى. ئۇچقۇچىلار ھاۋا بوشلۇقىدا ئايروپىلان ماتورى ئۆچۈپ قېلىش، قۇشلار ئايروپىلانغا سوقۇلۇپ كېتىشكە ئوخشاش 7 قېتىملىق



شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسمى ئەسكەرلەرنى پەن - تېخنىكا جەھەتتە مەشىق قىلدۇرۇش بويىچە 3 يىللىق مۇۋەپپەقىيەت كۆرگەزمىسى ئاچتى.

خۇ چېبىن فوتوسى

زور، ئالاھىدە ھادىسىنى توغرا بىر تەرەپ قىلدى. مەلۇم قىسىم ھاۋا ئارمىيىسى ئۇيۇشتۇرغان كەسپىي تېخنىكا مۇسابىقىسىدە 1 - ۋە 3 - بولدى. مەلۇم رادار پونكىتى ھاۋا ئارمىيىسى تەرىپىدىن رادار قىسىملىرىنىڭ ئەسكەرلەرنى پەن - تېخنىكا جەھەتتە مەشىق قىلدۇرۇشتىكى ئىلغار ئاساسىي قاتلام ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 10 - ئايدا ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنىڭ ئەسكەرلەرنى پەن - تېخنىكا جەھەتتە مەشىق قىلدۇرۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى.

سۇڭ جيەنفېڭ

## ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى

2000 - يىلى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسمى ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىنىڭ يۈنىلىشىنى ئىگىلەش، ئاساسىي قاتلامدىكى مۇھىم نۇقتىلارنى گەۋدىلىك تۇتۇش، كونكرېت ياردەم يېتەكچىلىكنى ياخشى قىلىش، ئاساسىي قاتلامنى تۇتۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، ئاساسىي قاتلامنى تۇتۇش ئىستىلى ۋە ئۇسۇلىنى ياخشىلاش قاتارلىق جەھەتلەردىن شى، تۇەنلەرنىڭ ئاساسىي قاتلام خىزمىتىنى تۇتۇشىنى كونكرېت قېلىپلاشتۇردى. شى، تۇەنلەرنىڭ «1 - سەپ قوماندانلىق شتابى» بولۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تۈزەتتى. قىسىملارنىڭ جايلىشىشى تارقاق، ئاساسىي قاتلامدىكى ھەربىي باشلىقلارنىڭ مەسىلىلەرنى مۇستەقىل بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىغا قويۇلىدىغان تەلەپ يۇقىرى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن، كۈچلۈكلەرنى دەل تاللاپ سەپلەش ئاساسىدا، ئاساسىي قاتلامدىكى ھەربىي باشلىقلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش، ئۇلارنى دەرىجە بويىچە نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش، ئىقتىدار جەھەتتىكى ساپاسى بىر قەدەر تۆۋەنلەرگە نۇقتىلىق ياردەم بېرىش، ئاساسىي قاتلامدىكى ھەربىي باشلىقلارنى ئومۇميۈزلۈك سىناپ باھالاشقا ئوخشاش ئۇسۇللار ئارقىلىق ئاساسىي قاتلامنىڭ ئومۇميۈزلۈك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئاساسىي قاتلام ئورۇنلار ئىچىدە ياخشى ۋە بىر قەدەر ياخشىلىرى %91نى ئىگىلىدى. دېلو، ھادىسىلەرگە ۋە ئىنتىزامغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلىش مەسىلىلىرىگە خاتىمە بېرىلدى.

ۋاڭ شاۋرېن

## قورال - جابدۇق خىزمىتى

### قورال - جابدۇقلارنى باشقۇرۇش

شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسمى 2000 - يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا كۈچ تەشكىللەپ قورال - جابدۇقلارنى بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى. قىسىملارغا 186 ئاپتوموبىل يېڭىلاپ ۋە تولۇقلاپ بەردى. قورال - جابدۇقلارنىڭ ساق تۇرۇش نىسبىتى %85كە يەتتى. تۆەن دەرىجىلىك 4 ئورۇن لەنجۇ ھەربىي رايونى ھاۋا ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئۈچلەشتۈرۈشتە ئۈلگەمگە يەتكەن ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. بۇنىڭ ئىچىدە مەلۇم رادار تۇەنى لەنجۇ ھەربىي رايونى ھاۋا ئارمىيىسى تەرىپىدىن 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ھاۋا ئارمىيە قورال - جابدۇقلىرىنى باشقۇرۇشنى ئۈچلەشتۈرۈشنى ئۈلگەمگە يەتكۈزگەن ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

**قورال - جابدۇق كاپالىتى** شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ سايمان بىلەن تەمىنلىنىشتىكى ئەلا مەيدان (قېتىم) نىسبىتى ۋە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ياخشىلىق نىسبىتى %100كە يەتتى. مۇشۇ يىلدا ئاز كەم 10 مىڭ سائەت ئۇچۇشقا كاپالەتلىك قىلىنىپ، مېخانىكىلىق سەۋەب تۈپەيلىدىن ئۇچۇش ھادىسىسى كۆرۈلۈش، ئاسراش مەسئۇلىيىتى تۈپەيلىدىن ئۇچۇش ھادىسىسى كۆرۈلۈپ كۆتۈپ تۇرۇش ئەھۋاللىرى بىر قېتىممۇ سادىر بولمىدى. 243 قېتىم كاشىلا بايقىلىپ بىر تەرەپ قىلىندى. 17 ئايروپىلان خادىمى شەرەپ بىلەن 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى. ئۇچقۇچىلار تۇەنىنىڭ 2 ئايروپىلان مۇلازىمىتى چوڭ ئەترىتى ھاۋا ئارمىيىسى تەرىپىدىن «ئەلا سۈپەتلىك بىخەتەر ئايروپىلان مۇلازىمەت چوڭ ئەترىتى بولۇپ باھالاندى.

**پەن - تېخنىكا تەلىم - تەربىيىسى** مۇشۇ يىلدا

ھەرخىل يىغىپ تەربىيىلەش كۇرسىدىن 32 قارار ئېچىلىپ، 937 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. قىسىملاردا يېڭى قورال - جابدۇقلارنى ئىشلىتىشنى پىششىق ئىگىلەش بويىچە ئېغىزى قىلىنىپ، ئەسكەرلەرنى پەن - تېخنىكا جەھەتتە مەشىق قىلدۇرۇش قانات يايدۇرۇلۇپ، كىچىك يېڭىلىق، كىچىك ئىجادىيەت، كىچىك كەشپىياتتىن 32 سى ئاماملاندى. قىسىم ئۆزى تەتقىق قىلىپ ياسىغان ۋە يېڭىلىغان «يۈنىلىش ئۆلچەپ قوماندانلىق قىلىشنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش سىستېمىسى» ۋە «رادار ئانتېنىسىنىڭ كونترول قىلىش كۇنۇپكا تاختىسىنى ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇش» تۈرلىرى ھاۋا ئارمىيىسى ئۈيۈشتۇرغان مۇتەخەسسىلەرنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى. مەلۇم رادار تۈەنى ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرغان يۇقىرى بېسىملىق توك مەنبەسى لەنجۇ ھەربىي رايونى ھاۋا ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئومۇملاشتۇرۇپ ئىشلىتىلدى. نەزەرىيە تەتقىقات ماقالىسىدىن 7 پارچە، كاشىلا تەتقىقات ماقالىسىدىن 30 پارچە يېزىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 پارچە ماقالە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

جاڭ يۇڭ

## سىياسىي خىزمەت ۋە تەشۋىقات خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسمى ئۆزىگە قاراشلىق شى، تۈەن پارتكوم رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە تۈەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنى «ئىككىنى سىناش، بىرنى باھالاش»قا تەشكىللىدى. 16 بەنزە ئۇنىۋېرسال باھالاشتا «ياخشى» بولدى، رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ 92 ئەزاسى «ئەلا» بولدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە رەھبىرىي كادىرلار يېڭى دەۋردىكى قىسىم قۇرۇلۇشىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە قانۇنىيىتىنى پائال تەتقىق قىلدى، ئۇلارنىڭ 80 نەچچە پارچە نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە ماقالىسى يۇقىرى دەرىجىلىك مەتبۇئاتلاردا ئىشلىتىلدى. ئاساسىي قاتلامدا سىياسىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 26 كادىرنىڭ مۇنەۋۋەر دەرس تەييارلىقى لايىھىسى 4 - ئاينىڭ باشلىرىدا ھاۋا ئارمىيىسى كىتاب ئوقۇش كۇرسى مەزگىلىدە كۆرگەزمە قىلىندى. ئاساسىي قاتلامدىكى مۇنەۋۋەر سىياسىي خىزمەت كادىرلىرى ئارىسىدىن تەشكىللەنگەن 3 كىشىلىك ئۈلگىلىك دەرس ئۆتۈش گۇرۇپپىسى 6 - ئايدا قىسىملارغا بېرىپ سەييارە دەرس ئۆتۈپ، ئاساسىي قاتلامدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. مۇشۇ يىلدا ئۆلكە، شەھەر دەرىجىلىكتىن يۇقىرى گېزىت - ژۇرنال، رادىئو ئىستانسىلىرىدا 1464 پارچە ماقالە ۋە سۈرەت ئىشلىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرنال، رادىئو ئىستانسىلىرىدا ئىشلىتىلگەن ماقالە ۋە سۈرەت 74 پارچە، قىسىملارنىڭ مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىغا 17 مىليون يۈەن مەبلەغ ئىشلىتىلدى. 1000 مەيدان (قېتىم) دىن كۆپرەك ۋاسكېتبول، ۋالىبول، پۇتبول مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيىسى قىسمىنىڭ ئويۇن قويۇش ئەترىتى ئىجاد قىلىپ ئورۇندىغان ئېتوت — «مېھمانلارنى يېقىملىق ناخشا بىلەن كۈتۈۋېلىش» باش سىياسىي بۆلۈمنىڭ «جەڭچىلەر ئەدەبىيات - سەنئىتى مۇكاپاتى»نىڭ ئىجادىيەت، ئورۇنداش بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى شۇنداقلا يەنە ھاۋا ئارمىيىسى ئىشتىن سىرتقى ئېتوت - ئەلنەغمە سىنىپلىرىنى قويۇش مۇسابىقىسىدە مۇنەۋۋەر نومۇر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ «ۋەتىنىمنىڭ ئاسمىنىنى سۆيىمەن» ناملىق ئۇسسۇل ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

لى بېنشۈن، خۇ جىبىن

## كادىرلار خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭدا رەھبەرلىك بەنزە قۇرۇلۇشى تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسمى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كوماندىر مەكتەپلىرىگە تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتىلىدىغان كادىرلارنى مەركەزلىك ھالدا ئاشكارا سىنىدى. ۋەزىپىگە بېكىتىدىن تەيىنلەنگەن كادىرلارنى ئىشقا چىقىشتىن بۇرۇن يىغىپ تەربىيىلىدى. رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرىغا ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن ئىز قوغلاپ ياردەم بەردى ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكەت ھالىتىنى ئىگىلەپ تۇردى. قىسىم تەۋەسىدىكى رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى يىللىق سىنىدى، پارتكومنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى.

ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە تەربىيىلەش ھاۋا ئارمىيە قىسمى كۆرسەتكەن ئىچىدىكى نوتىلارنى سىياسەت - بەلگىلىمىلەر ۋە تەرتىپ بويىچە قاتتىق تاللاپ يىغىپ تەربىيىلىدى ھەمدە ئارمىيە بويىچە بىر تۇتاش ئېلىنىدىغان ئىمتىھانغا قاتناشتۇردى. ئارمىيە بىلىم يۇرتلىرىنى پۈتتۈرگەنلەرنى قوبۇل قىلىش، يەرلىك ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەرنى قىسمىغا ئېلىش، مۇنەۋۋەر ئەسكەرلەرنى كادىرلىققا تاللاپ ئۆستۈرۈش قاتارلىق يوللار ئارقىلىق، ئاساسىي قاتلامنىڭ كادىرلار قۇرۇلمىسى ياخشىلاندى. ئاساسىي قاتلامدىكى مەسئۇل ھەربىي باشلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى بويىچە مەخسۇس مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. ۋەزىپە ئۆتەش يىل چېكى بىلەن تەڭشەش نىسبىتىنى چىڭ تىزگىنلەپ، ئاساسىي قاتلامدىكى مەسئۇل ھەربىي باشلىقلار قوشۇنىنىڭ نىسپىي مۇقىملىقىنى ساقلىدى. تاللاپ ئوقۇشقا ئەۋەتىش، كۇرس ئېچىپ يىغىپ تەربىيىلەش، ئىز قوغلاپ ياردەم بېرىش - يېتەكلەش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، خىزمەتتىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ سىياسىي، ئىدىيە

ۋە ئىقتىدار جەھەتتىكى ساپاسىنى ئۆستۈردى.

پەن - تېخنىكا كادىرلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشى پەن - تېخنىكا كادىرلىرى ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىدە سىنىلىپ، ھەربىر سىناش ئوبيېكتى ئۈستىدە خاراكتېرلىك يەكۈن چىقىرىلدى ھەمدە مۇكاپاتلاش - جازالاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. قىسمەن كادىرلار ئارمىيە بويىچە ئېلىنىدىغان چەت ئەل تىلى دەرىجە ئۆستۈرۈش ئىمتىھانى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار ئۇيۇشتۇرغان مەخسۇس ئىمتىھانغا قاتناشتۇرۇلدى.

كادىرلارنىڭ كەسىپ ئالماشتۇرۇش - ھەربىيدىن بوشىنىش خىزمىتى ۋە باشقا خىزمەتلەر شىنجاڭدىكى ھاۋا ئارمىيە قىسمى شىنجاڭ ئارمىيەدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ «93955» قىسمىدا كەسىپ ئالماشتۇرۇپ شىنجاڭدا قالىدىغان كادىرلارنى پىلانلىق تەقسىملەش يىغىنى ئېچىشنى ماسلاشتۇردى. كەسىپ ئالماشتۇرىدىغان كادىرلارنى سىياسەت ئۆگىنىش بويىچە يىغىپ تەربىيىلىدى ۋە ئىشقا چىقىشتىن ئاۋۋالقى يىغىپ تەربىيىلەشكە قاتنىشىشقا تەشكىللىدى. كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى بىر قەدەر كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتى. كادىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى - پەرزەنتلىرىنىڭ قىسىم بىلەن بىللە يۆرۈش، ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە ئۇچۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىدىغانلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئالاھىدە كۈتۈش خىزمەتلىرى ياخشى ئىشلىنىپ، كەڭ كادىرلارنىڭ غەم - ئەندىشىسى تۈگىتىلدى ھەمدە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم كادىرلارغا قارىتىلغان مۇلازىمەت كاپالىتى خىزمىتى ۋە ئۇلارنى نۇقتىغا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلدى.

ۋاڭ شيەنچۈەن

## ئارقا سەپ تەمىنات خىزمىتى

ئۇچۇش كاپالىتى 2000 - يىلى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسمى ئۇرۇش تەييارلىقى مەشىقى، مەخسۇس (مۇددە) ئايروپىلان چىقىرىش، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى قونۇش تەييارلىقى، سۇنئىي ئۇسۇلدا قار ياغدۇرۇش قاتارلىق ھەر خىل ئۇچۇش ۋەزىپىلىرىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئەلا مەيدان (قېتىم) نىسبىتىنى %100كە يەتكۈزدى. ئايرودروم يولىنى رېمونت قىلىش، توك سىم يوللىرىنى يېڭىلاش، يېڭى ئايروپىلانلارنى ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇشتىكى يۈرۈشلەشكەن ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى تاماملىدى. ئۇچۇشقا كاپالەتلىك قىلىشنى دەۋرىي قىلىپ، ئارقا سەپ تەميناتى بويىچە ئەسكەرلەرنى پەن - تېخنىكا جەھەتتە مەشىق قىلدۇرۇپ، قىش پەسلىدە ئايرودروم ئۇچۇش - قونۇش يولىنى ياماشتا ئوخشاش قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلدى. قۇرۇقلۇق ئارمىيە تىنك ئۇچار ئايروپىلانلىرىنىڭ كېچىدە جىنايەت

گۇماندارلىرىنى قوغلاپ تۇتۇشىغا ئاۋىئاتسىيە جەھەتتە كاپالەتلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى تاماملاپ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئومۇمىي بۇيرۇق ئارقىلىق تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

ئاساسىي قاتلام ئارقا سەپ تەمىنات قۇرۇلۇشى 29 مىليون 699 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئاساسىي قاتلام ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش شارائىتى ياخشىلاندى. يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار چۈشۈرگەن ئارقا سەپ تەمىنات ئەسلىھەلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ تۈزەش، ئاپتوموبىل ئامبىرى، ئات ئېغىلى، قورال - ياراغ ئامبىرى قۇرۇلۇشى، كىچىك رايونلارنى ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەشنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ۋەزىپىلىرى تاماملاندى. قۇرۇلۇشلارنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %100كە يەتتى. ئارقاق لىيەندۈيلەرنىڭ ھەممىسى يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى.

ئارقا سەپ تەمىنات باشقۇرۇش خىزمىتى ئارقا سەپ تەمىنات باشقۇرۇشىدا شتات بويىچە ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش خىزمىتى ئۇتتۇلۇپ، تۇەندىن يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى ئۆلچەم ئىچىدىكى خىراجەتنى ئۇنۇمىرسال تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. تاماق باشقۇرۇشىدا 5 تۈرلۈك تۈزۈم، گازارما مۈلكى، گازارما سايمانلىرىنى ۋە سۇ، توك پۇللىرىنى باھاغا ھېسابلاپ باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئەمەلىيلەشتى. تۇەندىن يۇقىرى 6 ئورۇن ھاۋا ئارمىيىسى، لەنجۇ ھەربىي رايونى ھاۋا ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئارقا سەپ تەمىنات خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

سەھىيە ۋە كېسەلدىن مۇداپىئەلىنىش ئۇچقۇچىلارنىڭ سالامەتلىكىگە دائىر ئۇچۇرلارنى باشقۇرۇش سىستېمىسى ئىشلىتىلىپ، ئاۋىئاتسىيىنىڭ سەھىيە جەھەتتىكى ھالىتىنى باشقۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئۇچقۇچىلارنىڭ بەدەن ساپاسىنىڭ «ئا» دەرىجىسىگە توشۇش نىسبىتى %95كە، ساق - سالامەت ئىشقا چىقىش نىسبىتى %95.4كە يەتتى. 38 تۈركۈم داۋالاش ئەترىتى تەشكىللىنىپ، چەت، يىراق، جاپالىق رايونلاردىكى قىسىملاردا سەييارە داۋالاش پائالىيىتى يولغا قويۇلدى ۋە ئۇلارغا دورا يەتكۈزۈپ بېرىلدى. قىسىملاردا كۈندۈزدە كېسەل كۆرۈلۈش نىسبىتى ‰0.7، كېچىدە كېسەل كۆرۈلۈش نىسبىتى ‰1.36 ئىچىدە تىزگىنلەندى. ئازادلىق ئارمىيە 474 - دوختۇرخانىسى بىر تۈردە ئارمىيىنىڭ 3 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىغا، 3 تۈردە 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشى 2 مىليون يۈەن خىراجەت ئاجرىتىلىپ ئىشلەپچىقىرىش مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن تۈەن

دەرىجىلىك 5 ئورۇننىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇلازىمەت مەركىزى ياخشىلاندى. ئىسسىق لاپاستىن 135ى ياسالدى، كۆلىمى 34 مىڭ 980 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ؛ ئىسسىق چوشقا قوتىنىدىن 378ى ياسالدى، كۆلىمى 7650 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. 1446.7 توننا كۆكتات، 256 توننا گۆش ئېلىندى. يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشىدىن 7 مىليون 350 مىڭ يۈەن ساپ پايدا ئېلىندى.

ئارقا سەپ تەمىنات ئىسلاھاتى بىرلەشمە لاۋازىمەت تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان قىسىملارنىڭ ئارقا سەپ تەمىناتىدا تەمىنات ئۈزۈلۈپ قالماسلىق، ئۇنتۇلۇپ قالماسلىققا كاپالەتلىك قىلىندى. ئارمىيىنىڭ ياتاق ۋە تۇرالغۇ ئۆي تۈزۈمى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ 474 - دوختۇرخانىسىدا ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنى سىناق قىلىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى.

زۇ دېڭشەن

## ئاممىۋى خىزمەت

2000 - يىلىنىڭ بېشىدا شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسمى غەربنى كەڭ ئېچىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، «شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسمىنىڭ غەربنى كەڭ ئېچىشقا قاتنىشىش ۋە ياردەم بېرىش تەدبىرلىرى»نى تۈزۈپ تارقاتتى. شىنجاڭنىڭ ئاۋىئاتسىيە ترانسپورتىدىكى جىددىيلىكنى پەسەيتىش ئۈچۈن، 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كورلىدىن قوشەنگە قاتنايدىغان ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئاچتى ھەمدە كورلىدىن چېڭدۇغا قاتنايدىغان ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىدە ئايروپىلان (قېتىم) سانىنى كۆپەيتىپ، ھەپتىلىك نۆۋەتچى ئايروپىلان سانىنى 7گە يەتكۈزدى. ھەر قايسى ئايرودروم - پونكىتلار خەلق ئاۋىئاتسىيىسىنى قولايلىق شارائىت بىلەن تەمىنلەپ تۇردى. ئادەم ۋە يۈك توشۇيدىغان ھۆددە ئايروپىلانلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، شىنجاڭنى ئېچىش قۇرۇلۇشىنىڭ ترانسپورت ئېھتىياجىنى قاندۇردى. بىر يىلدا نۆۋەتچى ئايروپىلاندىن 192 ئايروپىلان (قېتىم)، مەخسۇس ۋە ھۆددە ئايروپىلاندىن 9 ئايروپىلان (قېتىم)نىڭ ئۇچۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، 17 مىڭ 56 يولۇچى (قېتىم)، 33 مىڭ 571 دانە يۈك - تاق توشىدى. «كۆك ئاسمان غۇنچىلىرى» قاتارىدىكى مۇنەۋۋەر قىز باللارنى بېيجىڭدىكى يازلىق لاگېر پائالىيىتىگە قاتناشتۇردى. شى، تۇەن دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ ھەربىرى ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن ياردەم بېرىش - يۆلەش بويىچە جۈپلەردىن بولۇپ، نامرات ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇش پۇلى جەھەتتىن ياردەم بەردى، قىسىملار تۇرۇشلۇق جايلاردىكى مېيىپلارغا ۋە شۇ جايلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا 150 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل ئىئانە قىلدى. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ھەر قايسى داۋالاش ئورۇنلىرى نامرات رايونلار ئۈچۈن تېببىي خادىملارنى ھەقسىز ياكى ئېتىبار باھادا تەربىيىلەپ بەردى. بىر يىلدا قىسىملار تۇرۇشلۇق جايلاردىكى ئاممىنىڭ كېسىلىنى خالىسانە داۋالاپ، 9508 ئادەم (قېتىم)نىڭ كېسىلىنى كۆردى. ئاجرىتىلغان 10 نەچچە داۋالاش ئەترىتى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا بېرىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىدىن 10 نەچچە مىڭ ئادەم (قېتىم)نىڭ كېسىلىنى كۆردى ۋە داۋالىدى. مىللىي رايونلاردا تۇرۇشلۇق قىسىملار يەنە ئومۇملاشتۇرۇش گۇرۇپپىلىرىنى قۇردى، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى كۇرسى ۋە قوش تىللىق بولۇش كۇرسى ئېچىپ، ئاممىغا ئىلمىي ئۇسۇلدا باغچىلىق قىلىش، مېۋە - چېۋە، كۆكتات ئۆستۈرۈش تېخنىكىلىرىنى ئۆگەتتى. 1000 نەچچە ئوفىتسېر - ئەسكەر (قېتىم)، 2000 نەچچە ئاپتوموبىل (قېتىم) ئاجرىتىپ، ئۈرۈمچى شەھىرى قار لەيلىسى تېغى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارغا قاتناشتۇرۇپ، 100 نەچچە مىڭ تۈپ كۆچەت تىكتى، 5000 كۋادرات مېتىردىن كۆپرەك يەرگە چىم تېرىدى، 2000 كۇب مېتىردىن كۆپرەك تاش - توپا قازدى ۋە تىندۇردى.

چېڭ يۇلىڭ

# شىنجاڭ قوراللىق ساقچى قىسىملىرى

## قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى

### قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

باش ئەترەت باشلىقى: مېي شىڭرۇن (شاۋجياڭ).

1 - سىياسىي كومىسسار: جاڭ شيۇمىڭ (قوشۇمچە).

سىياسىي كومىسسار: جاڭ ۋۇ (شاۋجياڭ).

مۇئاۋىن باش ئەترەت باشلىقلىرى: جاڭ خۇيسۇن (داشياۋ)، ئەزىز ھېيىت (داشياۋ)، سۇي شياڭرۇڭ (داشياۋ)، لى ياڭ (داشياۋ).

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: جاڭ دايىڭ (داشياۋ، 11 - ئايدا پېنسىيىگە چىقتى)، ۋاڭ جېنياۋ (داشياۋ)، جاۋ فۇدۇڭ (داشياۋ، 8 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، تاڭ ۋېنشۇن (داشياۋ، 11 - ئايدا تەيىنلەندى)، گو جيافا (داشياۋ، 11 - ئايدا تەيىنلەندى).

## ئۇرۇش تەييارلىقى ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش

2000 ـ يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى 1658 ئادەم (قېتىم) ئەسكىرىي كۈچ ئاجرىتىپ، تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن 46 قېتىملىق ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلدى، جىنايەت گۇماندارىدىن 293نى تۇتتى، «54» تىپلىق تاپانچىدىن 5نى، تەقلىد قىلىپ ياسالغان «54» تىپلىق تاپانچىدىن بىرنى، مىلتىقتىن 7نى، ماناپۇلكا مىلتىقتىن بىرنى، ھەرخىل ئوقتىن 320 پاينى، گراناتتىن 16نى، ھەرخىل قاتىللىق قورالىدىن 203نى قولغا چۈشۈردى. 9 قېتىمدا 14 جىنايەت گۇماندارىنىڭ قېچىپ كېتىشىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ قالدى. 4 قېتىمدا 8 كىشىنىڭ جېدەل تېرىش، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىنى توسۇپ قالدى. 1646 كىشىلىك ئەسكىرىي كۈچ ئاجرىتىپ 208 قېتىمدا 4296 جىنايەتچىنى يالاپ ماڭدى. 29 كىشىلىك ئەسكىرىي كۈچ ئاجرىتىپ 6 قېتىم يالاپ توشۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلدى. 2310 ئەسكەر چىقىرىپ، 87 قېتىملىق ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلدى، 146 جىنايەتچىنى ئاتتى. ۋەزىپە ئىجرا قىلىش جەھەتتىكى ئېھتىياجغا ئاساسەن، زاپاس قىسىملاردىن ئەسكىرىي كۈچ ئاجرىتىپ ناھىيە (شەھەر) لەردىكى ئوتتۇرا ئەترەتلەرنى تولۇقلاپ، ناھىيە (شەھەر) لەردىكى ئوتتۇرا ئەترەتلەرنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ۋە تاسادىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى كۈرۈنەرلىك كۈچەيتتى. ئاپتونوم رايوندىكى قىسىملار ۋەزىپە ئىجرا قىلىش خىزمىتىدە يىلبويى ھادىسە سادىر قىلماسلىقنى ئىشقا ئاشۇردى.

چېن جۇنچېن

## ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە

2000 ـ يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلغۇچى قىسىملىرى ئورتاق دەرسلەردىكى تەلىم ـ تەربىيىنى ئاماسلىغان ئاساستا، تۈنجى پاي ئوقنى نىشانغا تەگكۈزۈش، بىرلا گۇمپا بىلەن دۈشمەننى بوي سۇندۇرۇش قاتارلىق مەخسۇس تەلىم ـ تەربىيىنى ۋە «كۆچتىن مۇداپىئەلىنىش» (ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمدىن، قورال بۇلاشتىن، تۈرمىدىن قېچىشتىن مۇداپىئەلىنىش) مۇھىم نۇقتا قىلىنغان نىشانلىق تەلىم ـ تەربىيىنى گەۋدىلەندۈردى. 4 ـ ئايدا زاپاس تارماق ئەترەتنىڭ ئالاھىدە ۋەزىپە ئىجرا قىلغۇچى ئوتتۇرا ئەترەتلىرى، قوملۇق، ئورمانلىققا ئوخشاش ناچار شارائىتتا ئۇرۇش قىلىش بويىچە ماسلىشىش خاراكتېرىدىكى تەلىم ـ تەربىيىنى ئېلىپ باردى. قوملۇق، ئېدىرلىق، ئورمانلىق قاتارلىقلارنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ، تۇتۇش ـ يوقىتىش جېڭى قىلىشنىڭ ئۇسۇلى ھەققىدە مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. ھەر قايسى قىسىملار تۇيۇقسىز ھۇجۇم ـ پاراكەندىچىلىككە قارشى تۇرۇش، شايكىلارنى يوقىتىش، ئۇۋىسىنى ۋەيران قىلىش، گۆرۈگە ئېلىنغانلارنى قۇتقۇزۇش ۋە قوملۇق، ئورمانلىق، قارلىق دالىلاردا تۇتۇش ـ يوقىتىش جېڭى قىلىش بويىچە تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ باردى. 5 ـ ئايدا ۋەزىپە ئىجرا قىلىش تەلىم ـ تەربىيىسى خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى، يىغىن قاتناشچىلىرى قورالىق ساقچى قىسىم ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق ئەترەت سايباغ رايونلۇق ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلدا مەشىق ئۇيۇشتۇرۇشىنىڭ 8 خىل ئۇسۇلىدىن كۆرسەتكەن ماھارىتىنى كۆردى. مۇشۇ يىل ئىچىدە سىترويي تاپانچىلىرى (كەنجى ئوفىتسېرلار) نى يىغىپ تەربىيىلەش كۇرسىدىن 2 قارار ئېچىلىپ، 283 تايانچ تەربىيىلەندى.

جياڭ جاۋيې

## سىياسىي تەربىيە

2000 ـ يىلى قورالىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى شى، تۇەن دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ پەلسەپە ئۆگىنىش بويىچە كىتاب ئوقۇش كۇرسى ئېچىپ، شى، تۇەن دەرىجىلىك كادىردىن 104 كىشىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلىدى. 2 ـ تارماق ئەترەتتە «سادىق قوغدىغۇچى» ناملىق يۈرۈشلۈك تەلىم ـ تەربىيىنى مەزمۇن قىلىپ، سىياسىي تەربىيە ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدىنىشنى سىناق قىلدى ھەمدە بۇ سىناق تەجرىبىسىنى ئاپتونوم رايوندىكى قىسىملاردا كېڭەيتتى. «ئىككىگە قارشى تۇرۇش» (مىللىي بۆلگۈنچىلىككە، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قارشى تۇرۇش) ، «ئۈچنى قوغداش» (ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش) تەربىيىسى بىلەن «قۇملۇق روھى» (چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىش، جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىش، خەلق ئۈچۈن چېگرىنى قوغداش، ۋەتەننى سۆيۈپ تۆھپە يارىتىش) تەربىيىسىنى نىشانلىق ئېلىپ باردى.

قورالىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىنىڭ 2 ـ نۆۋەتلىك «10 سادىق قوغدىغۇچى»نى باھالاش ـ تەقدىرلەش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى. قورالىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك «10 سادىق قوغدىغۇچى» سىنىڭ ئىلغار ئىش ـ ئىزلىرىدىن دوكلات بېرىش ئۆمىكى 7 ~ 8 ـ ئايلاردا ئاپتونوم رايوندىكى قىسىملاردا 23 مەيدان سەييارە دوكلات بەردى، 8000 دىن كۆپرەك ئوفىتسېر ـ ئەسكەر تەربىيە ئالدى. «قۇملۇقتىكى ساقچى روھى» ناملىق ئوچېركلار توپلىمى ۋە قورالىق ساقچى قىسىملارنىڭ 10 يىللىق مۇۋەپپەقىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «تەڭرىتاغ قوغدىغۇچىسى» ناملىق تەشۋىقات رەسىملەر توپلىمى نەشر قىلىندى؛ «ساداقەت» ناملىق تېلېۋىزىيە مەخسۇس فىلىمى سۈرەتكە ئېلىندى.

باش ئەترەت 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا داڭشىمېي ھەيئەتلەرنىڭ باشچىلىقىدا 5 خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، باش ئەترەتكە قاراشلىق تۆت دەرىجىلىك پارتكوم رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى سىناپ چىقتى، ياخشى ۋە بىر قەدەر ياخشى بولغانلىرى %88نى ئىگىلىدى، مەسىلە كۆرۈلگەن 2 ئورۇنغا ياردەم بەردى. مۇشۇ يىل ئىچىدە ئىنتىزامغا خىلاپ ھەرخىل دېلودىن 14ى دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلاندى، 6 دېلو تۈرگۈزۈپ تەكشۈرۈلدى ھەمدە ئاخىرلاشتۇرۇلدى، 14 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام بويىچە چارە كۆرۈلدى. باش ئەترەت ھەربىي سوت مەھكىمىسى قوراللىق ساقچى قىسىم باش شتابى تەرىپىدىن «قانۇنچىلىق تەربىيىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ»، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ تەقدىرلەندى، سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى جاڭ يۈەن ئىلغار شەخس بولۇپ تەقدىرلەندى.

لەي گۈيچاڭ

## ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى

قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى 2000 - يىل 3 - ئايدا ئاساسىي قاتلام ئوتتۇرا ئەترەتلەردىكى مەسئۇل باشلىقلارنىڭ «پروگرامما» بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىنى ئېچىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى مەسئۇل ھەربىي، مۇلكىي باشلىقتىن 220نى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلىدى. ئاساسىي قاتلامدىكى 37 ئوتتۇرا ئەترەتكە مەركەزلىك ياردەم بەردى، ياردەم بېرىلگەن 16 ئوتتۇرا ئەترەت ئىلغار ئوتتۇرا ئەترەتلەر قاتارىغا ئۆتتى. تۆت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 188 كادىر، ئورگانلاردىكى يىڭ دەرىجىلىك 320 كادىر ئاساسىي قاتلام ئورۇنلارغا بېرىپ كونكرېت يېتەكلەش، ياردەم بېرىش، يۆلەش خىزمىتىنى ئىشلىدى. ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى 6 ئىلغار تارماق ئەترەت، ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى 13 ئۈلگىلىك ئوتتۇرا ئەترەت، ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى 79 ئىلغار ئوتتۇرا ئەترەت، 15 ئىلغار باشقارما (بۆلۈم) ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەقدىرلەندى. ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدا تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك بولغان 53 كىشىگە تۆھپە بېرىلدى. 3799 ئەسكەر مۇنەۋۋەر ئەسكەر دەپ تەقدىرلەندى.

چېن جۈنچېن

## بىخەتەرلىك - قوغداش خىزمىتى

2000 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى ئاپتونوم رايوننىڭ 2 يىغىنى، ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى ئېچىلغان ھەمدە پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەن مەزگىلدىكى بىخەتەرلىك - قوغداش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدى. مۇشۇ يىل ئىچىدە 18 مىڭ 872 ئادەم (قېتىم) ئەسكىرىي كۈچ ئاجرىتىپ، 570 قېتىم ھەرخىل ۋاقىتلىق ۋەزىپە ئىجرا قىلدى؛ 3823 ئادەم (قېتىم) ئەسكىرىي كۈچ ئاجرىتىپ، 147 قېتىملىق قوغداش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلدى؛ 2046 ئادەم (قېتىم) ئەسكىرىي كۈچ ئاجرىتىپ، 91 قېتىملىق قورۇقلاش - كۆزەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلدى؛ 1850 كىشىلىك ئەسكىرىي كۈچ، 100 نەچچە ئاپتوموبىل ئاجرىتىپ، ۋىلايەت، ئوبلاست تۇرۇشلۇق شەھەرلەردە 28 قېتىم قوراللىق چارلاش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلدى.

لەي گۈيچاڭ

## ئارقا سەپ تەمىنات كاپالىتى

2000 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى مالىيە كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئاساسىي قاتلامغا مۇلازىمەت قىلدى. 24 ئورۇنغا 40 پىلان تورى چۈشۈردى. 30 مىڭ 313 كۋادرات مېتىرلىق گازارما سالدى. 38 مىليون 68 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ بىر تارماق ئەترەتنىڭ ئورگان خىزمەت بىناسىنى نۇقتىلىق ھەل قىلدى، 3 ئورگان ئۇنىۋېرسال بىناسىنى يېڭىدىن سالدى، 16 ئوقۇتۇش ئەترىتى ۋە قىسمەن ناھىيە (شەھەر) لەردىكى ئوتتۇرا ئەترەتلەرنىڭ ئالاھىدە قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى، «قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش قۇرۇلۇشى»نىڭ تاماملىنىش نىسبىتىنى %100كە يەتكۈزدى. 9 مىليون يۈەن مەبلەغنى مەركەزلەشتۈرۈپ تۇرمىدە تۇرۇشلۇق 26 شۆبە ئەترەت ۋە ۋەزىپە ئىجرا قىلىش نۇقتىسىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي قىيىنچىلىقىنى نۇقتىلىق ھەل قىلدى. ئاساسىي قاتلام قىسىملىرىنىڭ 30 مىڭ 491 كۋادرات مېتىرلىق گازارمىسىنى رېمونت قىلدى، 806 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ گازارما سايمانلىرى ياسىتىپ بەردى. باش ئەترەت 5 - ئايدا ئاجراتقان 33 ئاپتوموبىل، 110 ئاپتوموبىل خادىمى 10 مىڭ كىلومېتىرغا يېقىن يول يۈرۈپ تەكلىماكان قۇملۇقىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ماددىي ئەشيا تارقىتىپ بېرىپ، دالىدا قونۇش، ئۇزۇن يول يۈرۈپ ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق قىيىن، خەتەرلىك تۈرلەر بويىچە 20 كۈن تەلىم - تەربىيە ئېلىپ باردى، بۇنىڭ بىلەن قىسىملارنىڭ قۇملۇق، ئېگىزلىك قاتارلىق ناچار شارائىتتا جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. ئارقا سەپ تەمىنات بازىسى ۋە ئامبار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ماددىي ئەشيالىرىنى ۋاقتىدا تولۇقلىدى، ئارقا سەپ تەمىنات - ئۇرۇش تەييارلىقى مۇئەسسەسەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈردى.

چېن جۈنچېن

## يېزا ئىگىلىك ـ قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشى

2000 ـ يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى 1.617 توننا ئاشلىق، ياغلىق دان، 3950 توننا كۆكتات ئىشلەپچىقاردى، 495 توننا گۆش، 196 توننا بېلىق، تۇخۇم ۋە ئۆي قۇشلىرى گۆشى ئالدى. يېزا ئىگىلىك ـ قوشۇمچە كەسىپتىن 4 مىليون 637 مىڭ 200 يۈەن پايدا ئالدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى بىرلىكتە تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، ئاساسىي قاتلامغا تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق تايانچىدىن 100 نەچچىنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. باش ئەترەتكە قاراشلىق ھەربىر تارماق ئەترەتتە 3 تىن 5 كىچە مەخسۇس تەربىيىلەنگەن تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق تېخنىكا تايانچىسى، ھەربىر ئوتتۇرا ئەترەتتە بىردىن ئىككىگىچە تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق تېخنىكا ماھىرى بار بولدى.

لەي گۈيچىڭ

## كادىرلار خىزمىتى

كادىرلارنى تەقسىم سەپلەش ۋە ۋەزىپىگە تەيىنلەش ـ ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش 2000 ـ يىلى تۈەن دەرىجىلىك 76 كادىر، يىڭ دەرىجىلىك 496 كادىر ۋەزىپىگە تەيىنلەندى. 32 تېخنىك كادىرنىڭ ۋەزىپە دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى. ساقچى ئوفىتسېر ۋە مۇلكى كادىردىن 249 كىشىنىڭ ساقچى ئۇنۋانى ۋە ۋەزىپە دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى. ئازادلىق ئارمىيە قىسىملىرى ۋە قېرىنداش باش ئەترەتلەردىن 16 كادىر، يەرلىكتىكى ئالىي مەكتەپلەردىن 40 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ سەپلىنىش نىسبىتى %96كە، ئاساسىي قاتلام ئاساسىي مەسئۇل باشلىقلارنىڭ سەپلىنىش نىسبىتى %98.6كە يەتتى.

كادىرلارنى تەربىيىلەش ۋە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش

39 مۇنەۋۋەر ئەسكەر ساقچى ئوفىتسېرلىككە ئۆستۈرۈش بويىچە تەربىيىلەشكە قاتناشتۇرۇلدى. 367 كادىر ۋە ئىمتىھان بېرىدىغان ئەسكەر ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىر تۈتاش ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، 210 كىشى قوبۇل قىلىندى. يىڭ دەرىجىلىكتىن تۆۋەن 20 نەچچە كادىر مەكتەپلەردە تەربىيىلەندى. 189 كەسپىي تېخنىكا كادىرى ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلىدىكى سىناشقا قاتناشتى.

كادىرلارنىڭ پاراۋانلىق خىزمىتى مۇشۇ يىل ئىچىدە ئارمىيە بىلەن يۆتكىلىپ يۈرۈيدىغان 703 كادىرلار ئائىلە تاۋابىئاتىغا 1 مىليون 270 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ياردەم پۇل بېرىلدى. قىيىنچىلىقى ئالاھىدە ئېغىر بولغان 265 كادىر ئائىلىسىگە 400 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى بېرىلدى. 64 ھەربىي ئائىلە تاۋابىئاتى قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

كادىرلارنىڭ كەسىپ ئالماشتۇرۇشى ۋە ھەربىي سەپتىن بوشىنىشى 2000 ـ يىلى قورالىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى بويىچە 164 كادىر كەسىپ ئالماشتۇردى، كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلار ۋە قىسىم بىلەن بىللە يۈرىدىغان ئائىلە تاۋابىئاتلارنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرىنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىلىش نىسبىتى %100كە يەتتى. كەسىپ ئالماشتۇرىدىغان كادىرلارنىڭ %98ى كەسىپ ئالماشتۇرۇش بويىچە تەربىيىلەشكە قاتناشتۇرۇلدى. 12 ـ ئايغا قەدەر كادىرلارنىڭ قىسىمدىن ئايرىلىپ ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇرۇش نىسبىتى %96كە يەتتى.

پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى كادىرلار دەم ئېلىش ئورنىدا 200 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىنىپ پېشقەدەم كادىرلار پائالىيەت مەركىزى قۇرۇلدى، قىرائەتخانا ۋە چېنىقىش ئۆيى قاتارلىق ئەسلىھەلەر ياخشىلاندى، داۋالاش سايمانلىرى سەپلەپ بېرىلدى. قىسمەن پېشقەدەم كادىرلارنى يۇرتىغا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە 5 ـ تۈركۈمدە پېنسىيىگە چىقىدىغان كادىرلارغا ئۆي سېلىپ بېرىش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى.

چېن جۈنچېن

## خىزمەت كۆرسىتىش ـ نەمۇنىچى بولۇش ئەھۋالى

قورالىق ساقچى قىسىمنىڭ قوماندانى ۋۇ شۇاڭجېن، 1 ـ سىياسىي كومىسسارى جيا چۇنۋاڭ، سىياسىي كومىسسارى شۇ يۈگېڭلار 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئۈرۈمچى بۇيرۇقىغا ئىمزا قويۇپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك تارماق ئەترەتنىڭ سىياسىي كومىسسارى ما رۇڭخۇيغا 2 ـ دەرىجىلىك تۆھپە يازدى.

قورالىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىنىڭ باشلىقى مېي شىڭرۇن، 1 ـ سىياسىي كومىسسارى جاڭ شيۇمىڭ، سىياسىي كومىسسارى جاڭ ۋۇلار 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۈرۈمچى بۇيرۇقىغا ئىمزا قويۇپ، 8 ـ تارماق ئەترەت ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسىنىڭ لىيەن دەرىجىلىك ياردەمچىسى لى چۇنگو، زاپاس توپچىلار ئوتتۇرا ئەترىتىدىكى بەنجاڭ ۋۇ مېيسۇڭ، ئالاھىدە ۋەزىپە ئۆتەش ئوتتۇرا ئەترىتىدىكى مۇئاۋىن بەنجاڭ ليۇ تاۋ، مۇھاپىزەت ـ ئالاقە ئوتتۇرا ئەترىتىدىكى بەنجاڭ خې خەيلىن، خوتەن ۋىلايەتلىك تارماق ئەترەت كېرىيە ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ باشلىقى ۋۇ سۇڭجۇنلارغا 2 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ تۆھپە يازدى؛ 8 ـ تارماق ئەترەتنىڭ باشلىقى دى مىڭ قاتارلىق 4 كىشىگە 3 ـ دەرىجىلىك تۆھپە يازدى.

ئىلى ئوبلاستلىق تارماق ئەترەت غۇلجا ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ باشلىقى ليۇ جەنيۇن 4 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن 4 ـ نۆۋەتلىك «شىنجاڭدىكى كۆزگە

كۆرۈنگەن ئون پاشنىلىك بىرى» دەپ تەقدىرلەندى.

باش ئەترەت دوختۇرخانىسى تاشقى كېسەللىكلەر 1 - بۆلۈمىنىڭ باش سېستىراسى گولنىيەن 4 - ئايدا قورallıق

قوراللىق ساقچى قىسىم باش شتابى تەرىپىدىن «ئىلغار تۆھپىكار ئايال شەخس» دەپ تەقدىرلەندى.

ئىلى ئوبلاستلىق تارماق ئەترەت قوماندانلىق شتابىنىڭ ماسلاشتۇرغۇچىسى رەھىمجانغا 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن «شىنجاڭ «4 - ماي» ياشلار مېدالى» بېرىلدى.

قوراللىق ساقچى قىسىم ئۈرۈمچى كوماندىرلار مەكتىپىنىڭ ئالىي لېكتورى جاڭ زېخۇا 5 - ئايدا ئازادلىق ئارمىيە باش سىياسىي بۆلۈمى تەرىپىدىن «ئارمىيە ئالىي مەكتەپلىرى بويىچە ئادەم تەربىيىلەشتىكى مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى» دەپ تەقدىرلەندى.

1 - تارماق ئەترەت 8 - ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى دېڭ يۈگۇڭ، 5 - تارماق ئەترەت قوماندانلىق شتابىنىڭ شتاب ئوفىتسېرى مېڭ شىنۋېي، 7 - تارماق ئەترەت 4 - ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى جياڭ بو، 8 - تارماق ئەترەت 4 - ئوتتۇرا ئەترىتىدىكى مۇۋەققەت پەيجاڭ ئەخمەت، بورتالا ئوبلاستلىق تارماق ئەترەت ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسىنىڭ ئامبارچىسى سۇڭ تېيجاڭ، بايىنغولىن ئوبلاستلىق تارماق ئەترەت قوماندانلىق شتابى ئالاقىلىشىش بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى خې شىنچياڭ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تارماق ئەترەت 10 - ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى سۇن خۇڭلىن، قەشقەر ۋىلايەتلىك تارماق ئەترەت تاشقورغان ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى شې جاڭ، خوتەن ۋىلايەتلىك تارماق ئەترەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق 2 - ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى لۇ گودۇڭ، تۇرپان ۋىلايەتلىك تارماق ئەترەت 1 - ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى چېن خۇيلار 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى 2 - نۆۋەتلىك قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىدىكى ئون «سادىق قوغدىغۇچى» بولۇپ سايلاندى.

قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىنىڭ باشلىقى مېي شېڭرۇن، 1 - سىياسىي كومىسسارى جاڭ شيۇمىڭ، سىياسىي كومىسسارى جاڭ ۋۇلار 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئومۇمىي بۇيرۇققا ئىمزا قويۇپ، قاراماي شەھەرلىك تارماق ئەترەت مايتاغ ئوتتۇرا ئەترىتىدىكى مۇئاۋىن بەنجاڭ يۈ جىنجياڭغا 2 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى.

قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىنىڭ باشلىقى مېي شېڭرۇن، 1 - سىياسىي كومىسسارى جاڭ شيۇمىڭ، سىياسىي كومىسسارى جاڭ ۋۇلار 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئومۇمىي بۇيرۇققا ئىمزا قويۇپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك تارماق ئەترەت 2 - ئوتتۇرا ئەترىتىدىكى جەڭچى نىڭ فېڭگا 2 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى؛ باش ئەترەت دوختۇرخانىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى جاڭ مېيجۈەن قاتارلىق 7 كىشىگە 3 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى.

قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ قوماندانى ۋۇ شۇاڭجەن، 1 - سىياسىي كومىسسارى جيا چۈنۋاڭ، سىياسىي كومىسسارى شۈ يۇڭچىڭلار 12 - ئايدا ئومۇمىي بۇيرۇققا ئىمزا قويۇپ، «8 - سېنتەبىر» پەۋقۇلئاددە زور پارتلاش ۋەقەسىدە ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغان باش ئەترەت دوختۇرخانىسىغا كوللېكتىپ 2 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى، باش ئەترەت دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى ما دىڭي قاتارلىق 3 كىشىگە 3 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى.

قوراللىق ساقچى قىسىم باش شتابى 12 - ئايدا شىخەنزە شەھەرلىك تارماق ئەترەت، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق تارماق ئەترەت، بورتالا ئوبلاستلىق تارماق ئەترەت، قۇمۇل ۋىلايەتلىك تارماق ئەترەت، قەشقەر ۋىلايەتلىك تارماق ئەترەتلەرنى ئۇدا 5 يىل 3نى سادىر قىلمىغان (ئېغىر مەمۇرىي مەسئۇلىيەت ھادىسىسى، ۋەزىپە ئۆتەش ھادىسىسى، جىنايى ئىشلار دېلوسى سادىر قىلمىغان) تارماق ئەترەت دەپ تەقدىرلىدى.

قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىنىڭ باشلىقى مېي شېڭرۇن، 1 - سىياسىي كومىسسارى جاڭ شيۇمىڭ، سىياسىي كومىسسارى جاڭ ۋۇلار 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئومۇمىي بۇيرۇققا ئىمزا قويۇپ، 2 -، 4 -، 5 - تارماق ئەترەتلەر، سانجى ئوبلاستلىق تارماق ئەترەت، بورتالا ئوبلاستلىق تارماق ئەترەت، قەشقەر ۋىلايەتلىك تارماق ئەترەتلەرنى ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار تارماق ئەترەت دەپ تەقدىرلىدى؛ 1 - تارماق ئەترەتنىڭ 11 - ئوتتۇرا ئەترىتى قاتارلىق 13 ئوتتۇرا ئەترەتنى ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگىلىك ئوتتۇرا ئەترەت دەپ تەقدىرلىدى ھەمدە كوللېكتىپ 3 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى؛ 1 - تارماق ئەترەتنىڭ 2 - ئوتتۇرا ئەترىتى قاتارلىق 67 ئوتتۇرا ئەترەتنى ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئوتتۇرا ئەترەت دەپ تەقدىرلىدى؛ سىياسىي بۆلۈم تەشكىلات باشقارمىسى قاتارلىق 15 باشقارما (ئىشخانا)نى ئىلغار باشقارما - ئىشخانا دەپ تەقدىرلىدى؛ قوماندانلىق شتاب ساقچى ئىشلىرى قوراللاندۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى فو جىجۈن قاتارلىق 30 كىشىگە 3 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى.

چېن جۈنجېن

## مەدەنىيەت - تەشۋىقات خىزمىتى

قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ 3 يىللىق پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى بىر قەدەر ياخشى بولغان 3 تارماق ئەترەت

ۋە 28 ئوتتۇرا ئەترەتنى ئومۇمىي ئۆقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلىدى ھەمدە ۋۇۋىسكا ئاستى. ئاساسىي قاتلام كۆلۈبلىرىنىڭ مۇدىرلىرىنى تەربىيىلەش بويىچە تۇنجى قارار كۇرس ئېچىلدى. مۇشۇ يىل ئىچىدە ئاساسىي قاتلامغا 418 كىنو فىلىمى، 2980 دانە VCD پلاستىنكىسى، 2660 دانە (يۈرۈش) ھەر خىل مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە سايمىنى تارقىتىپ بېرىلدى، 355 دانە سايمان رېمونت قىلىپ بېرىلدى. مەركەز دەرىجىلىك مەتبۇئات ئورۇنلىرىدا 318 پارچە ماقالە ئىشلىتىلدى. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا 50 خەۋەر كۆرسىتىلدى. تېلېۋىزىيە تەربىيەۋى فىلىمى، ماتېرىيال فىلىم، دوكلات فىلىمىدىن 27 سى ئىشلەندى.

چېن جۇنجېن

## خېيمخەتەر ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش

2000 ـ يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى خېيمخەتەر ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا 183 قېتىم قاتناشتى. بۇنىڭغا 14 مىڭ 340 ئادەم (قېتىم) ئەسكىرىي كۈچ، 615 ئاپتوموبىل (قېتىم) ئاجرىتىپ، 6303 تونىنا ھەرخىل ماددىي ئەشيا توشۇدى، خەتەرگە يولۇققان ئاممىدىن 2404 كىشىنى قۇتقۇزدى.

چېن جۇنجېن

## ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش ـ خەلقنى سۆيۈش

2000 ـ يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى يەرلىكنىڭ جىددىي، قىيىن، خەتەرلىك، ئېغىر قۇرۇلۇشلىرىدىن 98 ىگە قاتناشتى. بۇنىڭغا 129 مىڭ 700 ئەمگەك كۈنى، 3850 ئاپتوموبىل (قېتىم) ئاجراتتى، 406 مىڭ 450 توپ كۆچەت تىكتى. ئۈرۈمچىدە تورۇشلۇق قىسىملار 2 قېتىمدا 5500 نەچچە كىشىلىك ئەسكىرىي كۈچ ئاجرىتىپ، ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ قاسىنىقىدىكى 14 كىلومېتىر يەرگە يىغىلىپ قالغان قارنى تازىلىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق 4 ـ تارماق ئەترەت ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى دېھقانلارنىڭ بوزيەر ئېچىپ ئېتىز بەرپا قىلىشىغا ياردەم بەردى، پاختىچى دېھقانلارنىڭ 10 گېكتار يەرگە سۇلياۋ يوپۇق يېپىشىغا، 13.33 گېكتار يەردىكى بۇغداينى ئورۇۋېلىشىغا ياردەملەشتى. مۇشۇ يىل ئىچىدە ئاپتونوم رايوننىڭ مېيىپلار ئىشلىرىغا 60 مىڭ يۈەن پۇل ئىئانە قىلدى. «غەربىي رايوندىكى باھار غۇنچىلىرى قىزلىرى» نىڭ ئوقۇشىغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن شەخسلەر 110 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل ئىئانە قىلدى. باش ئەترەت 4 ـ تارماق ئەترەت، قەشقەر ۋىلايەتلىك تارماق ئەترەت بىلەن بىرگە 100 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ قوغان يېزىسىدا بىر «ئۈمىد» باشلانغۇچ مەكتىپى سېلىپ بەردى.

لەي گۇيچىڭ

## قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابى

### قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

مۇدىر: ۋاڭ شياۋلۇڭ (داشياۋ، 4 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لى چاڭيۇڭ (داشياۋ، 4 ـ ئايدا تەيىنلەندى).

1 ـ سىياسىي كومىسسار: ياڭ سى.

سىياسىي كومىسسار: ۋاڭ جۇڭشىڭ (داشياۋ، 8 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاۋ فۇدۇڭ (داشياۋ، 8 ـ ئايدا تەيىنلەندى).

مۇئاۋىن مۇدىرلار: ياڭ جىيىچىڭ (داشياۋ)، جاڭ شىنرۇي (داشياۋ).

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: ۋاڭ گۇاڭبىن (داشياۋ)، خاۋ ۋېنشياڭ (داشياۋ)، ۋاڭ جيەنشىن (داشياۋ).

### ئورۇش تەييارلىقى ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش

2000 ـ يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابى «ۋەزىپە ئىجرا قىلىش بەلگىلىمىسى» گە ئاساسەن قىسىملارنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتىكى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا «ۋەزىپە ئىجرا قىلىش بەلگىلىمىسىنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي قائىدىسى» نى تۈزۈپ چىقتى. تەپسىلىي قائىدىگە ئاساسەن، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ھەققىدىكى تەربىيە، باشقۇرۇش ۋە تەشكىللەپ يولغا قويۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش تەرتىپىنى بەنىمۇ قېلىپلاشتۇردى. ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتىكى 10 قىزىلباياراقدار ئورۇننى باھالاش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، نىشانلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلدى. 1 مىليون 220 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 7 تارماق ئەترەت ئورگىنىنىڭ ئورۇش قىلىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش قوماندانلىق بۆلۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈردى. 1 مىليون 820 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 73 ۋەزىپە ئىجرا قىلىش نۇقتىسىغا ئالاقە، تېرۋىگا، نازارەت قىلىش ـ تىزگىنلەش بىر گەۋدىلەشكەن نازارەت قىلىش ـ تىزگىنلەش مۇنبىرى ئورناتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە زاپاس شۆبە قىسىم «يوشۇرۇن قاراۋۇللۇق قىلىش» ۋە «ئۈچ كىشىلىك جىددىي ئەھۋالغا

تاقابىل تۇرۇش كۆرۈۋېلىشى» قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇرۇش تەييارلىقى لايىھىسىنى مۇكەممەللەشتۈردى. ئۇرۇش تەييارلىقى تەربىيىسىنى باشقۇرۇش ۋە تەكشۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، قىسىملارنىڭ ئادەتتىكى چاغلاردىكى ۋە بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدىكى ئۇرۇش تەييارلىقى خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلدى. مۇشۇ يىلدا جىنايەتچىلەرنىڭ 17 قېتىملىق قېچىشىنى، جىنايەتچىلەرنىڭ قاراۋۇلغا قىلغان 3 قېتىملىق ھۇجۇمىنى، 2 قېتىملىق سوقۇشۇشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر تەرەپ قىلىپ، 15 قاچقۇن جىنايەتچىنى تۇتتى (4نى يارىلاندۇردى)، 2 قاچقۇن جىنايەتچىنى ئېتىپ تاشلىدى. 509 كىشىلىك ئەسكىرىي كۈچ، 176 ئاپتوموبىل (قېتىم) ئاجرىتىپ، شىنجاڭغا يۆتكەلگەن جىنايەتچىلەرنى قوراللىق يالاپ مېڭىش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىدى.

كاڭ يۈگۈەن

## ھەربىي تەلىم - تەربىيە

قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابى 2000 - يىل 2 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنىگىچە «قار يومزىكى دومىلىتىش» شەكلىدىكى تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، 2 دەرىجىلىك ئوقۇتۇش ئەترىتىگە تايىنىپ، ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىغا تىرېنېرلار ئۈلگىسى ۋە تىرېنېردىن 312 نى تاللاپ، تەربىيىلەپ بېرىش ئارقىلىق، ھەربىر ۋەزىپە ئىجرا قىلغۇچى شۆبە ئەترەتتە ھەممە تۈرلەر بويىچە «تۆتنى بىلىدىغان» تىرېنېردىن بىردىن ئىككىگىچە بولۇشىنى كاپالەتلەندۈردى. 9 - ئايدا پۈتۈن قىسىمدىن 192 ئاساسىي قاتلام كادىرى ۋە تىرېنېرنى ئايرىپ چىقىپ، تەكشۈرۈش خاراكتېرلىك سىناش ئېلىپ باردى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ 85%ى «تۆتنى بىلىدىغان» تىرېنېرلار ئۆلچىمىگە ئاساسەن يەتتى. 1 - تارماق ئەترەت ئوقۇتۇش ئەترىتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى لو جۇنۋېي، 5 - تارماق ئەترەت 16 - ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ جۇنجېڭ، 6 - تارماق ئەترەت ئوقۇتۇش ئەترىتىنىڭ ئەزاسى گاۋ شىگۇۋاڭلار قوراللىق ساقچى قىسىم باش شتابى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر تىرېنېر بولۇپ باھالاندى. 2 دەرىجىلىك ئورگان شتاب ئوفىتسېرلىرى مەسلىھەتچىلىكى، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش، ئەقىل كۆرسىتىش، يېزىقتا ئىپادىلەش، تەشكىللەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت «5 خىل ئىقتىدار»نى چۆرىدىگەن ھالدا 1 - پەسىلدە 60 سائەتلىك تەربىيە ۋە تەرتىپكە سېلىشنى مەركەزلىك ئۆيۈشتۇردى. 7 - تارماق ئەترەت 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە باشلىق ئورگاننىڭ تاكتىكا مەشىقىنى نۇقتىدا سىناق قىلدى ھەمدە نۇقتىدا سىناق قىلىش تەجرىبىلىرى بويىچە پۈتۈن قىسىمغا سەييارە يېتەكچىلىك قىلدى. 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە 1 - تارماق ئەترەتتە ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئۆزۈەتچىلىكى، قورالنى تېز سۈرئەتتە ئېلىش ۋە ياردەم بېرىش، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش لايىھىسى مانېۋىرى، بەن (گۇرۇپپا)، پەي تاكتىكىسى قاتارلىق 5 تۈر بويىچە مەخسۇس ۋەزىپە ئىجرا قىلىش مەشىقىنى نۇقتىدا سىناق قىلدى ھەمدە «بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابىغا قاراشلىق قىسىملاردا مەخسۇس ۋەزىپە ئىجرا قىلىش مەشىقىنى يولغا قويۇش چارىسى»نى تۈزۈپ چىقتى.

كاڭ يۈگۈەن

## ئىدىيۋى - سىياسىي قۇرۇلۇش

2000 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابى پارتكومى «مەڭگۈ پارتىيە ۋە خەلقنىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى بولۇش» ئاساسىي تېما قىلىنغان «تۆت تەربىيە»نى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنى ئۈزلۈكسىز تۈردە «توغراق روھى» بىلەن تەربىيىلەپ ۋە ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز مەجبۇرىيىتىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىشى ئۈچۈن پۇختا ئىدىيۋى ئاساس سېلىپ بەردى. «ساپانى كۈچەيتىش، ئۈلگە بولۇش، ئۈلگە تىكلەش» تېمىسىدىكى تەربىيىلەش - تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى ھەمدە كادىرلارنىڭ ئومۇمىي دەرىجىسىنى باھالاپ بېكىتىش ۋە دەرىجىگە يەتمىگەننى شاللاش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، 2 دەرىجىلىك پارتكوم ئورگىنىنىڭ ئۇنۇۋېرسال ئىقتىدارى ۋە ساپاسىنى ئۆستۈردى.

كاڭ يۈگۈەن

## ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى

2000 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇش، بىر پۈتۈن گەۋدە بويىچە يۇقىرى كۆتۈرۈش نىشانىنى دەۋرىي قىلىپ، «ئارمىيە ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى پروگراممىسى» بويىچە قايتا ئۆگىنىش، قايتا تەربىيە خىزمىتىنى تۇتتى. 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنىگىچە تارماق ئەترەتلەرنىڭ مەسئۇل ھەربىي، مەمۇرىي باشلىقلىرىنى يىغىپ تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە ئاساسىي قاتلام چوڭ ئەترەتلەر مەسئۇل باشلىقلىرىنىڭ تۇنجى قېتىملىق يىغىپ تەربىيىلەش كۇرسىنى ئاچتى، كۇرسقا تارماق ئەترەتلەرنىڭ مەسئۇل باشلىقلىرىدىن 6 كىشى، چوڭ ئەترەتلەر مەسئۇل باشلىقلىرىدىن 34 كىشى قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى بىلەن ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئىقتىدارىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت

بېرىپ، ئىدىيىۋى - سىياسىي رەھبەرلىك كۈچلۈك بولماسلىق، كوللېكتىپ رەھبەرلىكنىڭ رولى كۆرۈنەرلىك بولماسلىق، پارتىيىلىك كادىرلارنى باشقۇرۇش قاتتىق بولماسلىق، پروگرامما بويىچە ئەترەت قۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىنى تاپالماسلىققا ئوخشاش مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق ھەل قىلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ دائىملىق ئىدىيىۋى خىزمىتى، باشقۇرۇش خىزمىتى ۋە ۋەزىپە ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى. مۇشۇ يىل ئىچىدە شەرەپ بىلەن 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەنلەردىن 5 كىشى، كوللېكتىپ 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن ئوتتۇرا ئەترەتتىن بىرى، كوللېكتىپ 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن ئوتتۇرا ئەترەتتىن 4ى، ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگىلىك ئوتتۇرا ئەترەتتىن بىرى، ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار چوڭ ئەترەتتىن 4 ى، ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئوتتۇرا ئەترەتتىن 32 سى مەيدانغا كەلدى. 3 - تارماق ئەترەت قوراللىق ساقچى قىسىم باش شتابى تەرىپىدىن «قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ 1998 — 2000 - يىللىق ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى پىلانى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 7 - تارماق ئەترەت قوراللىق ساقچى قىسىم باش شتابى تەرىپىدىن ئۇدا 5 يىل «ئۈچتىن خالىي» ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 4 -تارماق ئەترەت 1 - ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى سۇن بو، 6 - تارماق ئەترەت 8 - ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ يېتەكچىسى لى جەنچىلار قوراللىق ساقچى قىسىم باش شتابى تەرىپىدىن ئاساسىي قاتلامدا ئەسكەر باشقۇرۇشتىكى مۇنەۋۋەر كادىر بولۇپ باھالاندى. 1 - تارماق ئەترەت 33 - ئوتتۇرا ئەترەتتىكى لى گاڭجيەن، 5 - تارماق ئەترەت 1 - ئوتتۇرا ئەترەتتىكى لى يۈنپىڭلار قوراللىق ساقچى قىسىم باش شتابى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر بەنجاڭ بولۇپ باھالاندى.

كاڭ يۈگۈەن

## ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش - خەلقنى سۆيۈش

2000 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنى ئۈزلۈكسىز تورۇشلۇق جايلارنىڭ 2 مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا پائال تەشكىللىدى ھەمدە «غەربنى كەڭ ئېچىشقا قاتنىشىش ۋە ياردەم بېرىش لايىھىسى»نى تۈزۈپ چىقتى. ئۈرۈمچىدە تورۇشلۇق قىسىملار 5000 نەچچە ئادەم (قېتىم) ئەسكىرىي كۈچ، 600 دانە (قېتىم) ئاپتوموبىل ئاجرىتىپ ئۈرۈمچى شەھىرى، شىخو رايونىدا مۇھىتنى تۈزەش، يىغىلىپ قالغان قارلارنى تازىلاش پائالىيىتى ۋە شىخو رايونىدىكى قار لەيلىسى تېغى، تىيانشان رايونىدىكى گۈللۈك جىلغا قاتارلىق جايلاردىكى كۆچەت تىكىش پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، 30 مىڭ تۈپتىن كۆپرەك كۆچەت تىكتى، 200 تونا ئەخلەتنى ئادالىدى. پۈتۈن قىسىم بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىدىغان ئورۇنلارنىڭ 3000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسىغا ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئېلىپ باردى. قوماندانلىق شتاب پارتكومى يىل ئاخىرىدا ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىپ، مەردانىلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ بۇلاڭچىنى تۇتقان چېن گاڭ ۋە ياۋ جىجۈنلەرگە بىر قېتىم 2 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى.

كاڭ يۈگۈەن

## ئارقا سەپ تەمىنات كاپالىتى

2000 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بىڭتۈەن قوماندانلىق شتابى ئارقا سەپ تەمىنات كاپالىتى خىزمىتىگە بولغان باشقۇرۇش سالمىقىنى كۈچەيتتى. «ئورگان كەسپىي خىراجىتىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى» قاتارلىق تۈزۈملەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى چىڭ تۇتۇپ، خام چوت تۈزىدىغان 10 ئورۇننىڭ يىللىق خىراجەت كىرىم - چىقىمىنىڭ ئۇدا 3 يىل ئۇنىۋېرسال تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. يىللىق خام چوت تەپتىشلىكىنىڭ قاپلاش نىسبىتى %90كە، نەق چوت تەپتىشلىكىنىڭ قاپلاش نىسبىتى %95كە، تەپتىشلىك سوممىسى 70 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى؛ ئاساسىي قۇرۇلۇش، قىينچىلىقتىن قۇتقۇزۇش قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدىغان 130 مىليون يۈەن مەخسۇس خىراجەت ئۈستىدە تەپتىشلىك قىلىندى. قىسىملار 130 مىڭ دانە (قۇر) يوتقان - كۆرپە قاتارلىق ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەندى. كىيىم - كېچەكلەرنىڭ دەل كېلىش نىسبىتى %90تىن ئاشتى. 2 مىليون 320 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ يېڭىدىن 132 ئېغىز ئاپتوموبىل ئامبىرى سېلىندى، ئاپتوموبىللارنىڭ ئامبارغا كىرگۈزۈلۈش نىسبىتى %100كە يەتتى. قوماندانلىق شتابى ھەر قايسى تارماق ئەترەتلەرنىڭ سەھىيە ئەترەتلىرىگە رېنتىگېن ئاپپاراتى، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك، ئىمپورت قىلىنغان B تىپلىق ئۇلترا ئاۋازلىق تەكشۈرۈش ئاپپاراتى ۋە چىش بۆلۈمى ئۇنىۋېرسال داۋالاش ئۈسكۈنىسى سەپلەپ بەردى. 6 چوڭ ئەترەتنىڭ داۋالاش ئورنىغا ۋە 60 ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ داۋالاش ئۆيىگە داۋالاشقا ئىشلىتىلىدىغان كارىۋات، داۋالاش سايمىنى ۋە دائىم ئىشلىتىلىدىغان دورا سەپلەپ بەردى. بارلىق ھەربىي قورال - ياراغ ئامبار - ئۆيلىرىنىڭ قوغدىنىش ئەسلىھەلىرى تولۇق، مۇكەممەل بولۇش ئۆلچىمىگە يەتتى. مۇشۇ يىل ئىچىدە

گازارما، ھەربىي قورال - ياراغ كادىرلىرى كۇرسىدىن 9 قارار ئېچىلىپ، 168 كىشى تەربىيىلەندى. ھەربىي قورال - ياراغ خادىمى، ئامبارچى، سانىتار ۋە شوپۇردىن 534 كىشى تەربىيىلەندى.

كاڭ يۈكىيەن

## قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتى

2000 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بېكىتۈەن قوماندانلىق شتابى 50 مىليون يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، ئاساسىي قاتلام ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىغا ئىشلەتتى، كۆلىمى 37 مىڭ 579 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان گازارما، ئاشخانا، مۇنچا قاتارلىق تۇرمۇش مۇئەسسەسەلىرىنى يېڭىدىن قۇردى ۋە تولۇقلاپ قۇردى، 21 مىڭ 360 كۋادرات مېتىرلىق گازارمىنى ئۆزگەرتىپ سالدى، 7500 يۇرۇش كىيىم - كېچەك ئىشكابى ياساتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە 2 دەرىجىلىك ئورگان قۇرۇلۇشىغا 40 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 19 مىڭ 328 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى قۇرۇلۇشنى پۈتتۈردى. 3 يىلدا قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى.

كاڭ يۈكىيەن

## يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشى

2000 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بېكىتۈەن قوماندانلىق شتابىنىڭ ئىلكىدە 360 گېكتار ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان يەر، 176 ئىللىق لاپاس بار بولدى، يېڭىدىن 3 قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بازىسى قۇرۇلدى. مۇشۇ يىل ئىچىدە 400 تونna ئاشلىق (پاختا)، 1290 توننا كۆكتات، 110 توننا گۆش ئېلىندى. يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشىدىن ئېلىنغان پايدا 1999 - يىلدىكىدىن %6.8 ئاشتى. %30 ئوتتۇرا ئەترەت گۆش، كۆكتات بىلەن ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەشنى ئىشقا ئاشۇردى. %60 ئوتتۇرا ئەترەت گۆش، كۆكتات بىلەن ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇردى.

كاڭ يۈكىيەن

## ئاخباراتچىلىق خىزمىتى

قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ بېكىتۈەن قوماندانلىق شتابى 2000 - يىل 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئارمىيە گېزىت - ژۇرناللىرىدا، رادىئو ئىستانسىلىرىدا 1284 پارچە خەۋەر ئېلان قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 366 پارچىسى مەركەز دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرنال، رادىئو ئىستانسىلىرىدا ئېلان قىلىندى. 9 پارچە ماقالە مەركىزىي ئاخبارات ئورۇنلىرىدا ۋە «جۇڭگو قوراللىق ساقچى خەۋەرلىرى مۇكاپاتى»نى باھالاشتا مۇكاپاتلاندى. قوماندانلىق شتابى ئۇدا 3 يىل قوراللىق ساقچى قىسىم باش شتابى تەرىپىدىن ئاخبارات خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

كاڭ يۈكىيەن

# قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 2 - باش ئەترىتى

## قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 2 - باش ئەترىتى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

باش ئەترەت باشلىقى: جۇ دېياۋ (داشياۋ، 8 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، خۇ خەنشياڭ (داشياۋ، 11 - ئايدا تەيىنلەندى).

سىياسىي كومىسسار: ۋاڭ جىگۇاڭ (داشياۋ، 11 - ئايدا پېنسىيىگە چىقتى)، جاڭ جېن (داشياۋ، 11 - ئايدا تەيىنلەندى).

مۇئاۋىن باش ئەترەت باشلىقلىرى: شۇ ماۋ (داشياۋ)، چىن يۈگۇ (شاڭشياۋ، 11 - ئايدا تەيىنلەندى).

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: گويىڭ (داشياۋ، 3 - ئايدا پېنسىيىگە چىقتى)، ۋاڭ شىمىڭ (داشياۋ، 11 - ئايدا تەيىنلەندى).

## قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى

2000 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 2 - باش ئەترەتكە قاراشلىق 6 تارماق ئەترەت (تارماق ئەترەت دەرىجىلىك قوماندانلىق ئورنىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) مەملىكىتىمىزدىكى 18 ئۆلكە، ئاپتونوم رايونغا تارقىلىپ، ساناھەت، ئېنېرگىيە، قاتناش، خەلق بىناكارلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى تولۇق ھۆددىگە ئالدى. 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگە قەدەر باش ئەترەت ئورۇندىغان توپا - تاش مىقدارى 45 مىليون 40 مىڭ كۇب مېتىر، ئىمارەت قۇرۇلۇشى 699 مىڭ 744 كۇب مېتىر، ئاسفالت يول 182 كىلومېتىر، سۇ ئۆتكۈزگۈچ 1208، ئۇزۇنلۇقى 28 مىڭ 130 مېتىر، كۆۋرۈك 217، ئۇزۇنلۇقى 8753 مېتىر، پۈتكەن تونېل 5، ئۇزۇنلۇقى 3826 مېتىر، ئورۇندالغان قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 16 مىليون 860 مىڭ يۈەن.

جاۋ شياۋماڭ، جاڭ دۇڭ

## ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى

قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 2 - باش ئەترەتكە قاراشلىق ھەر قايسى تارماق ئەترەت (قوماندانلىق ئورۇن) لەر 2000 - يىلى 3 - ئايدىن باشلاپ ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇش،

پىلان، كارتوگرافىيە، مالىيە، خەۋەر ئاخباراتچىلىقى قاتارلىق كەسىپلەر بويىچە 26 قارار كۇرس ئاچتى، بۇ كۇرسلارغا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىدىن 130 نەچچە ئادەم (قېتىم)، تۆرلۈك تېخنىك كادىردىن 300 نەچچە ئادەم (قېتىم) قاتنىشىپ تەربىيىلەندى. 9 - ئايدا باش ئەترەت 110 كادىر قاتناشقان ئاساسىي قاتلام مەسئۇل باشلىقلار كۇرسىدىن بىر قارار ئاچتى، تارماق ئەترەتلەرنىڭ مەسئۇل باشلىقلىرىنى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى باش شتابى ئاچقان كۇرسقا قاتناشتۇردى. مۇشۇ يىل ئىچىدە باش ئەترەت بويىچە 21 ئاساسىي قاتلام ئوتتۇرا ئەترەت ئىلغار ئوتتۇرا ئەترەتلەر قاتارىغا كىردى، 700 نەچچە جەڭچى «مۇنەۋۋەر ئەسكەر» بولۇپ باھالاندى.

خې خۇيخۇي

## تەلىم - تەربىيە ۋە ۋەزىپە ئىجرا قىلىش

2000 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 2 - باش ئەترىتى «كەسىپ» ۋە «مەخسۇس ۋەزىپە ئىجرا قىلىش» تەلىم - تەربىيىسىنى گەۋدىلەندۈردى، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەردىن 213 كىشىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. ئاساسىي قاتلامدىكى 186 مەسئۇل باشلىقنى كەسپىي جەھەتتىن يىغىپ تەربىيىلەشكە قاتناشتۇردى. مەخسۇس قۇرۇلۇش بويىچە 11قارار كۇرس ئېچىپ، 580 ئەسكەرنى تەربىيىلىدى، بۇنىڭ بىلەن قىسىمنىڭ قۇرۇلۇش قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ۋە تەسادىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈردى. قۇرۇلۇش قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشتىن سىرت 2 - دەرىجىلىك مۇھاپىزەت ۋەزىپىسىنى 3 قېتىم، 3 - دەرىجىلىك مۇھاپىزەت ۋەزىپىسىنى 32 قېتىم مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىدى، قىسىم ئۆزى تۇرۇشلۇق جايلاردىكى پارتىيە - ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى ئۇيۇشتۇرغان تۈرلۈك تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىدە 16 قېتىم ۋاقىتلىق ۋەزىپە ئىجرا قىلدى، بۇلارغا 5100 ئادەم (قېتىم) ئەسكىرىي كۈچ ئاجراتتى. تۇرپان — ئۈرۈمچى — داخۇڭشەن ئالىي تاشيولىدا ھەق ئېلىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋاتقان قاتناش قوماندانلىق ئورنى 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ج خ ئورگانلىرىنىڭ تۈتۈشقا ھەمكارلىشىش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، لوجيەنۇۋ قاتارلىق 8 جەڭچى پىچاق بىلەن ئادەم ئۆلتۈرگەن 4 جىنايەت گۇماندارىنى قولغا چۈشۈردى.

ۋاڭ چياڭيى، جياڭ جىنشۇي

## ئارقا سەپ تەمىنات كاپالىتى

2000 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 2 - باش ئەترىتى قورال - ياراغ ئامبىرىنى باشقۇرۇش ھەمدە بىخەتەرلىك مۇھاپىزىتى خىزمىتىنى كۈچەيتتى. تەلەپكە بىنائەن قورال - ياراغ ئامبارلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش، تەۋەلىكى بويىچە باشقۇرۇش، تەۋەسىدىكى خادىملارنى سىياسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈش، تەڭشەش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى ھەمدە ئامباردىكى قورال - ياراغ، ئوق - دورىلارنى ئىنقىلاپ، ئوت ئۆچۈرۈش ۋە بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈردى. كادىرلار ۋە كەنجى ئوفىتسېرلارنىڭ ئولتۇراق ئۆي ياردەم پۇلى، سەپتىن چېكىنگەندىن كېيىنكى داۋالىنىش مۇئەييەنلىكى شەخسى ھېساب دەپتىرىنى تۇرغۇزدى. قىسىملارنىڭ قۇرۇلۇشلارنى ھۆددىگە ئېلىشى ئۈچۈن 148 پارچە ھەرخىل كاپالەت خېتى ۋە كرېدىت ئىسپاتى بېجىردى، بۇلارنىڭ سوممىسى 842 مىليون 510 مىڭ يۈەن. ھەربىي لاۋازىمەت خادىمىدىن 35 كىشى كومپيۇتېر بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتناشتى، 34 ئاشپەز ئاشپەزلەرنى تەربىيىلەشكە قاتناشتى ھەمدە سىناقتىن ئۆتۈپ دەرىجە گۇۋاھنامىسى ئالدى. ھەربىي ئاشلىق بىلەتتىن 599 مىڭ 350 كىلوگرام ئېلىپ قىسىملارغا تارقىتىپ بەردى، ھەربىي ئاشلىقنىڭ پەرق باھاسى ئۈچۈن 930 مىڭ يۈەن قوشۇمچە ياردەم پۇلى بەردى. باش ئەترەتنىڭ 8 يەردە ئۆي - زېمىن ئورنى بار بولۇپ، ئىلكىدە 88 كورپۇس (يۈرۈش) ئۆي بار، قۇرۇلۇش كۆلىمى 102 مىڭ 16. 945 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، 8 پارچە يېرىنىڭ كۆلىمى 849 مىڭ 46. 865 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

مۇشۇ يىل ئىچىدە ماشىنا ئۈسكۈنىلىرىدىن 98 دانە (يۈرۈش) سېتىۋېلىندى، ئەسلى قىممىتى 18 مىليون يۈەن بولۇپ، يىللىق پىلان (مەبلەغ) نىڭ %1. 47ى ئورۇندالدى؛ باش ئەترەت بويىچە 971 دانە (يۈرۈش) ماشىنا - ئۈسكۈنە بار بولۇپ، ئەسلى قىممىتى 188 مىليون 688 مىڭ يۈەن، ئومۇمىي ساپ قىممىتى 86 مىليون 305 مىڭ يۈەن، ئومۇمىي قۇۋۋىتى 18 مىڭ كىلوۋات. قىسىملارنىڭ تېخنىكا جەھەتتىن قوراللىنىش نىسبىتى 39 مىڭ يۈەن/ئادەم، ئېنېرگىيە ماشىنىلىرى بىلەن قوراللىنىش نىسبىتى 5. 37 كىلوۋات/ئادەم بولدى. يېڭى تىپتىكى ئاپتوموبىللارغا ئورنىتىش ئۈچۈن 520 دانە نومۇر تاختىسى، 800 دانە شوپۇرلۇق كىنىشكىسى ئالماشتۇرۇش ئىلتىماس قىلىپ بېجىرىلدى؛ كونا ئاپتوموبىللارنىڭ نومۇر تاختىسىدىن 665ى يىغىۋېلىنىپ بىكار قىلىندى.

2000 - يىلى 7 تۈر ئۈستىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىندى، مۇپەتتىشلىك قىلىنغان مال - مۈلۈكلەرنىڭ قىممىتى 323 مىليون 920 مىڭ يۈەن.

دىڭ جيەنشىن، ليۇنا

## ئاممىۋى خىزمەت

2000 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم قاتناش 2 - باش ئەترىتىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەر قايسى ئورۇنلىرى 200 نەپەر كىشىلىك ئەسكىرىي كۈچ، 4 ئاپتوموبىل ئاجرىتىپ، ئۇرۇمچى شەھىرىنىڭ تۇدۇڭخابا رايونىدا 100 نەپەر كۆپ مېتىر ئەخلەتنى تازىلىدى، 2000 نەپەر مېتىر ئېرىقنى ئادالىدى، 5000 مىڭ تۈپتىن كۆپرەك كۆچەت تىكتى.

باش ئەترەتنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەر قايسى ئورۇنلىرى 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاپتونوم رايون قوزغىغان مېيىپلارغا ياردەم بېرىپ، شەپقەت يەتكۈزۈش بويىچە پۇل ئىئانە قىلىش پائالىيىتىگە قاتناشتى، 1000 ئوفىتسېر - ئەسكەر 24 مىڭ 157.9 يۈەن ئىئانە قىلدى.

خې خۇيخۇي

# قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى

## قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

باش ئەترەت باشلىقى: سۈن چۈەنليۇ (داشياۋ، 6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)؛ جاۋ شىجۇڭ (داشياۋ، 7 - ئايدا تەيىنلەندى).

سىياسىي كومىسسار: لى چاڭشۇي (داشياۋ).

مۇئاۋىن باش ئەترەت باشلىقلىرى: لى فېڭخەي (داشياۋ)، ليۇ شۆبىن (داشياۋ)، ماۋ شۈيچىڭ (داشياۋ، 7 - ئايدا تەيىنلەندى)، جىياڭ جىڭيۈەن (داشياۋ، 7 - ئايدا تەيىنلەندى)، مەخمۇت (داشياۋ، 7 - ئايدا تەيىنلەندى).

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلار: لى تەييۈن (داشياۋ، 6 - ئايدا پېنسىيىگە چىقتى)، سۇي ياجۇ (داشياۋ، 7 - ئايدا تەيىنلەندى).

## چېگرا باشقۇرۇش خىزمىتى

2000 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى چېگرا باشقۇرۇش خىزمىتىدە مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ چېگرىدىن يوشۇرۇن كىرىش - چىقىشى ۋە ئوغرىلىقچە قورال يۆتكىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە زەربە بېرىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، چېگرىدىكى مۇھىم رايونلاردا مەركەزلىك تۈزەشنى داۋاملىق قانات يايدۇردى، خەلق رازى بولىدىغان ساقچىخانا قۇرۇش پائالىيىتىنى پائال يولغا قويدى. چېگرا باشقۇرۇش رايونىدا 884 قېتىم جىنايى ئىشلار دېلوسى يۈز بەردى، بۇنىڭ 568ى پاش قىلىندى، پاش قىلىنىش نىسبىتى %64.25كە يەتتى؛ 1559 قېتىم ئاممىلىق ساقلاش دېلوسى يۈز بەردى، بۇنىڭ 1324ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش نىسبىتى %84.93كە يەتتى. مۇشۇ يىل ئىچىدە چېگرىدىكى باشقۇرۇش رايونىغا كىرگەن - چىققانلاردىن 1 مىليون 830 نەچچە مىڭ ئادەم (قېتىم)، 280 نەچچە ئاپتوموبىل (قېتىم) تەكشۈرۈلدى، 448 قېتىم تاغ تازىلاش تەشكىللەندى، 209 قېتىم پىستىرما قۇرۇلدى، 804 قېتىم توساق قۇرۇلدى، قانۇنسىز يول بىلەن چېگرىدىن ئۆتۈشكە ئۇرۇنغانلاردىن 124 ئادەم (قېتىم) توسۇپ قېلىندى. قوشنا دۆلەت پۇقرالىرىدىن ئېلىمىز چېگرىسىدىن قانۇنسىز ئۆتكەن كىشىلەردىن 8 قېتىمدا 10 كىشى تۇتۇۋېلىندى. زەھەرگە مۇناسىۋەتلىك دېلودىن 11ى پاش قىلىنىپ 108.4 كىلوگرام نەشە، 2 گرام خروئىن قولغا چۈشۈرۈلدى، 1308 تۈپ ئەپيۇنگۈل يولۇۋېتىلدى. 2 ئاساسىي قاتلام ساقچىخانىسى ج خ نازارىتى تەرىپىدىن خەلق رازى ساقچىخانا بولۇپ باھالاندى.

ۋاڭ يۈڭچىڭ

## چېگرا رايونلاردىكى مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتى

2000 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى چېگرىدىكى نۇقتىلىق رايونلاردا زوراۋانلىق - تېرورلۇق جىنايى ھەرىكەتلىرىگە مەركەزلىك زەربە بېرىش كۈرىشىنى داۋاملىق قانات يايدۇردى، چېگرىدىكى يول يۈرۈشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى، مىللىي بۆلگۈنچى گۇمانلىق ئۇنسۇرلارنى ئىزدەتلاش، تازىلاش، تۇتۇش خىزمىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، قانۇنسىز ئېلىپ يۈرۈلگەن ئوق - دورا، پارتلاتقۇچ بۇيۇملار ۋە ئەكسىيەتچى تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ يىغىۋالدى. مۇشۇ يىل ئىچىدە مىللىي بۆلگۈنچىلىك شايكىسىدىن 3نى قولغا چۈشۈردى، مىللىي بۆلگۈنچىلەردىن 43نى تۇتتى، يوشۇرۇن دىن ئوقۇتۇش نۇقتىسىدىن 9نى بىكار قىلدى، 127 يوشۇرۇن تالىپنى تۇتتى، ئەكسىيەتچى تەشۋىقات ماتېرىيالىدىن 818 دانە (قاپ) يىغىۋالدى. قورالغا مۇناسىۋەتلىك دېلودىن 98نى پاش قىلىپ، 117 تال مىلتىق (بۇنىڭ ئىچىدە ھەربىي مىلتىق 7 دانە)، 1426 پاي ئوق، 3 تال گرانات، 2 دانە تەۋرەش مەنبەلىك بومبا، 1840 دانە كاپسۇل، 858 مېتىر پىلتە يىغىۋالدى.

ۋاڭ جىجۈن

## چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈشى

2000 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ چېگرا

مۇداپىئە باش ئەترىتىنىڭ ھەرقايسى پورتلاردىكى چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتلىرى چېگرىدىن كىرگەن - چىققان 527 مىڭ 298 ئادەم (قېتىم) نى، قاتناش - ترانسپورت قوراللىرىدىن 97 مىڭ 342نى تەكشۈرۈپ، چېگرىدىن كىرىش - چىقىش قانۇن - نىزامىغا خىلاپلىق قىلغان 980 ئادەم (قېتىم) نى ئېنىقلىدى، 142 جىنايەت گۇماندارىنى قولغا چۈشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتكەنلەر 125؛ چېگرىدا كونتروللاش ئوبيېكتىدىن 40نى تۇتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي بۆلگۈنچى 21؛ 7 تال مىلتىق، 12 مىڭ 516 پاي ئوق، 6 دانە لاچىن، 79 مىڭ 200 يۈەن ئەتكەس دوللارنى قولغا چۈشۈردى. ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنىڭ چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش (كۆچمەنلەر) ئورگانلىرى بىلەن 35 قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى، 224 قېتىم ئۇچراشتى.

دۆڭ جىنچۈەن

## باشقۇرۇش ۋە تەلىم - تەربىيە خىزمىتى

2000 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى يېرىم يىللىق تەربىيىلەش - تەرتىپكە سېلىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ، تۈزۈكسىز ھۆججەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش، قاچقانلارنى تۇتۇش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان تەسادىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش مانېۋىرىنى ھەم ئورگان ۋە تايانچىلارنىڭ ئاساسىي تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى، ھەربىي تەلىم - تەربىيىدە سېلىشتۇرۇپ باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، قىسىملارنىڭ تېز ئىنكاس قايتۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. مۇشۇ يىل ئىچىدە تۈرلۈك كەسپىي كۇرسلاردىن 56 قارار ئېچىپ، 856 ئادەمنى تەربىيىلىدى. 9 ئورۇن باش ئەترەت تەرىپىدىن ھەربىي تەلىم - تەربىيىدە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. مەملىكەتلىك ج خ چېگرا مۇداپىئە سىستېمىسىنىڭ مەخپىي ئىشلار كەسپىي ماھارەت مۇسابىقىسىدە كوللېكتىپ 3 - بولدى ھەمدە 3 يەككە تۈردە 1 - بولدى.

دۆڭ جىنچۈەن

## ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى

2000 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى ئىلغار ئورۇن بەرپا قىلىش، مۇنەۋۋەر كادىر (ئەسكەر) بولۇش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇردى. 79 ساقچىخانا (پونكىت)، ئوتتۇرا ئەترەت باش ئەترەت تەرىپىدىن ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى، 35 ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى، 27 ئىلغار ئىتتىپاق ياچېيكىسى مەيدانغا كەلدى، 140 كىشى شەرەپ بىلەن 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، 516 كادىر مۇنەۋۋەر كادىر، 829 ئەسكەر مۇنەۋۋەر ئەسكەر بولۇپ باھالاندى ھەمدە 13 ئۆلگىلىك كادىر، 17 ئۆلگىلىك ئەسكەر باھالاپ چىقىلدى. 3 كىشى مەملىكەت بويىچە (ئۆلگىلىك) مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىسى بولۇپ باھالاندى، بىر كىشى ئاپتونوم رايون بويىچە «8 - مارت» قىزىلبايراقدارى، يەنە بىر كىشى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس دېگەن نامغا ئېرىشتى.

دۆڭ جىنچۈەن

## ئارقا سەپ تەمىنات كاپالىتى

2000 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى 32 مىليون 537 مىڭ 300 يۈەن ئاساسىي قۇرۇلۇش خىراجىتى ئاجرىتىپ، 19 مىڭ 180 كۋادرات مېتىرلىق گازارما قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى، 9266 كۋادرات مېتىرلىق خەتەرلىك، كونا گازارمىنى ئۆزگەرتتى؛ 11 مىليون 505 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئاساسىي قاتلام ساقچىخانا (پونكىت) لارنىڭ ئىچىملىك سۇ، ئىسسىنىش، يۇيۇنۇش، يورۇتۇش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلدى؛ 25 مىڭ قۇر (دانە) دىن كۆپرەك يوتقان - كۆرپە قاتارلىق ماددىي ئەشيا تەييارلاپ تارقاتتى؛ 4 مىليون 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئاساسىي قاتلام قىسىملارنىڭ يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشىنى يۆلىدى، 32 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق ئىسسىق لاپاس ياسىدى، يىل ئاخىرىدا قولدا 18 مىڭ 546 تۇياق چارۋا مال، 20 مىڭ 600 ئۆي قۇشى قالدى، 1 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 37 يەردە ماي قاچىلاش پونكىتى قۇردى. ئاساسىي قاتلام ئورۇنلارغا 119 دانە ھەرخىل ئاپتوموبىل سەپلەپ بېرىلدى، 188 قىزىلبايراقدار ئاپتوموبىل، 188 قىزىلبايراقدار شوپۇر باھالاپ چىقىلدى. قىسىم بويىچە 120 ئاشخانا ئىلغار ئاشخانا بولۇپ باھالاندى. مۇشۇ يىل ئىچىدە 1243 دانە ھەرخىل قورال - ياراغ رېمونت قىلىندى. قىسىملارنىڭ قورال - جابدۇقلىرىنىڭ ساق تۇرۇش نىسبىتى %90كە يەتتى.

دۆڭ جىنچۈەن

# قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئوت ئۆچۈرۈش باش ئەترىتى

## قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئوت ئۆچۈرۈش باش ئەترىتى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

باش ئەترەت باشلىقى: لىيەن يۈ (داشياۋ).

سىياسىي كومىسسارى: جاڭ شيەنلىن (داشياۋ).

مۇئاۋىن باش ئەترەت باشلىقى: ناۋ رۇنرېن (داشياۋ).

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار: ئوسمان سىدىق (داشياۋ).

## ئاساسىي ئەھۋالى

2000 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئوت ئۆچۈرۈش باش ئەترىتى «ئوت ئۆچۈرۈش قانۇنى»نى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاساسىدا باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «قانۇننى قەتئىي ئىجرا قىلىش، مۇلازىمەتتە قىزغىن بولۇش» دېگەن تەلىپى بويىچە ئوت ئۆچۈرۈشنى مەركەز قىلغان تۈرلۈك خىزمەتلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدى.

مۇشۇ يىل ئىچىدە ئاپتونوم رايون بويىچە ئوت ئۆچۈرۈش قىسىملىرى 3807 مەلۇمات قوبۇل قىلىپ، 77 قېتىم خېيىم - خەتەر ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى، 72 مىڭ 65 ئادەم (قېتىم)، 12 مىڭ 628 ماشىنا (قېتىم) ئاجرىتىپ، 16 ئادەم (قېتىم) نى قۇتقۇزدى، 297 مىليون 710 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى مال - مۈلۈكنى قوغداپ قالدى.
9 - ئايدىن بۇيان باش ئەترەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ 4 قېتىم ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، قىسىمدا ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا تۈزەتتى، كېيىنكى يېرىم يىلدا باش ئەترەت تۆۋەنگە 4 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى، 10 نەچچە تەكشۈرۈش تارماق ئەترىتى ئەۋەتتى.

2000 - يىلى قىسىم بويىچە 89 كىشى شەرەپ بىلەن 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، 3 كىشى شەرەپ بىلەن 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، بىر كىشى مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىسى بولۇپ باھالاندى، يەنە بىر كىشى شىنجاڭ بويىچە مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىسى بولۇپ باھالاندى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى 3 كوللېكتىپقا جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ دەپ، 3 كىشىگە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتىكى ئىلغار شەخس دەپ نام بەردى.
9 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «خېيىم-خەتەردىن قۇتقۇزغۇچى سەركە قوشۇن» دەپ نام بېرىلگەن ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى ئالاھىدە ۋەزىپە ئۆتەش چوڭ ئەترىتى ج خ مىنىستىرلىكى، پىلان كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ سىناپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

جاڭ خاۋ، جاڭ شىخېي

## ئوت ئاپىتى ھادىسىلىرى

2000 - يىلى شىنجاڭدا 3050 قېتىم ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ 6 ئادەم ئۆلدى، 99 ئادەم يارىلاندى، 23 مىليون 288 مىڭ 200 يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى، بۇنى 1999 - يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئوت ئاپىتىنىڭ يۈز بېرىش قېتىم سانى 25.5% كۆپەيدى، ئۆلگەنلەر سانى 24% ئازايدى، يارىدار بولغانلار سانى 20% ئازايدى، ئىقتىسادىي زىياننى پۇلغا سۇندۇرغاندا 10% ئازايدى. ئولتۇراق ئۆيلەردە يۈز بەرگەن ئوت ئاپىتى 2339 قېتىم بولۇپ، ئوت ئاپىتى قېتىم سانىنىڭ 76.7% تىنى ئىگىلىدى؛ نەرسىلەر دۆۋىلەنگەن مەيداندا يۈز بەرگەن ئوت ئاپىتى 324 قېتىم بولۇپ، 10.6%نى ئىگىلىدى. قاتناش قوراللىرى ئوت ئاپىتى 199 قېتىم بولۇپ، 6.5% نى ئىگىلىدى؛ بىنالاردا يۈز بەرگەن ئوت ئاپىتى 188 قېتىم بولۇپ، 6.2%نى ئىگىلىدى.

ئوت ئاپىتى يۈز بېرىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى مۇنۇلار: 1. ئوت ئىشلىتىشتىكى بىخەستەلىكتىن كېلىپ چىققان ئوت ئاپىتى 36 قېتىم بولۇپ، ئوت ئاپىتى قېتىم سانىنىڭ 40.5%تىنى ئىگىلەيدۇ؛ 2. ئېلېكتر سايمانلىرىدىن كېلىپ چىققان ئوت ئاپىتى 512 قېتىم بولۇپ، 16.8%نى ئىگىلەيدۇ؛ 3. ئوت ئويناشتىن كېلىپ چىققان ئوت ئاپىتى 231 قېتىم بولۇپ، 7.6% نى ئىگىلەيدۇ؛ ئۇنىڭدىن قالسا، تاماكا چېكىشتىن كېلىپ چىققان ئوت ئاپىتى 6.8%نى، ئوت قويۇشتىن كېلىپ چىققان ئوت ئاپىتى 6.7%نى، قائىدىگە خىلاپ مەشغۇلاتتىن كېلىپ چىققان ئوت ئاپىتى 5.9%نى، ئۆزلۈكىدىن كېلىپ چىققان ئوت ئاپىتى 0.95%نى ئىگىلەيدۇ.

ليۇ پىڭ، خۇبو

## سىياسىي تەربىيە

2000 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئوت ئۆچۈرۈش باش ئەترىتى پارتكومى تارماق ئەترەت دەرىجىلىك پارتكوم بەتزىرىلىدە «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى ئېلىپ بارغان ئاساستا، ج خ نازارىتى پارتكومىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە تەلىپىگە ئاساسەن، بارلىق ئوت ئۆچۈرۈش ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى ئارىسىدا جان دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسىي مەقسەت تەربىيىسى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەن تەربىيىسى، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق، ئادىل، مەدەنىي بولۇشتىن ئىبارەت قانۇنچىلىق تەربىيىسى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان «ئۈچ تەربىيە»نى ئېلىپ باردى.

تۇرپان ۋىلايىتى ئوت ئۆچۈرۈش تارماق ئەترىتى قاتارلىق 5 تارماق ئەترەتنىڭ مەسئۇل ھەربىي، مەمۇرىي باشلىقلىرىنى

تەكشۈردى ۋە تولۇقلىدى. ئاقسۇ ۋىلايىتى ئوت ئۆچۈرۈش تارماق ئەترىتى قاتارلىق 9 ئورۇننىڭ پارتكوم رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەكشۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا باش ئەترەت «كادىرلارنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى»، «كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - قالدۇرۇش، مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتە قىلىش تۈزۈمى»، «ئاخىرقىسىنى شاللىۋېتىش تۈزۈمى» قاتارلىق باشقۇرۇش بەلگىلىمىلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، كادىرلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن 23 تۈەن دەرىجىلىك كادىر ۋە 31 مەسئۇل ھەربىي، مەمۇرىي باشلىقنى يىغىپ تەربىيىلىدى.

جالڭ خاۋ، جالڭ شىخەي

## قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ج خ ئوت ئۆچۈرۈش ئاپپاراتلىرى «ئوت ئۆچۈرۈش قانۇنى»نى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قانۇن بويىچە نازارەت قىلىش، قانۇن بويىچە ئوتنى تىزگىنلەشتە چىڭ تۇردى. «ئوت ئۆچۈرۈش قانۇنى»غا ئاساسەن «شىنجاڭ ئوت ئۆچۈرۈش نىزامى»نى دەل ۋاقتىدا تۈزەتتى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى، بۇ نىزام 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ش ئۇ ئا ر 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 15 - قېتىملىق يىغىنىدا ماقۇللاندى ھەمدە ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭ ج خ ساقچىخانىلىرىنىڭ ئوت ئۆچۈرۈشنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى ۋە ج خ ئوت ئۆچۈرۈش خىزمىتىدە مەمۇرىي جازا بېرىش ۋە مەمۇرىي جەھەتتە مەجبۇرلاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە قاتارلىق 6 قېلىپلاشقان ھۆججەتنى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە ئوت ئۆچۈرۈشكە ئائىت مەمۇرىي قانۇن - ھۆججەتلەرنىڭ ئۆلگە نۇسخىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئوت ئۆچۈرۈشنى نازارەت قىلىش خىزمىتىنى قانۇنچىلىق يولىغا سېلىش، قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى.

جالڭ خاۋ، جالڭ شىخەي

## ئومۇميۈزلۈك مەشىق قىلدۇرۇش خىزمىتى

قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئوت ئۆچۈرۈش باش ئەترىتى ئوتنى قانداق ئۆچۈرۈشكە توغرا كەلسە ئەسكەرلەرنى شۇنداق مەشىق قىلدۇرۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش كەسپىي مەشىقىنى ۋە خەۋەردار بولۇشقا، بىلىشكە تېگىشلىك تۈزۈملەرنى ئۆگىنىشنى تۇتۇش بىلەن بىرگە ئەسكەرلەرنى ئومۇميۈزلۈك مەشىق قىلدۇرۇشنى چىڭ تۇتتى.

باش ئەترەت 2000 - يىل 8 - ئايدا قەشقەر، قاراماي شەھەرلىرىدە 3 - نۆۋەتلىك رايونلار بويىچە ئوت ئۆچۈرۈش تېخنىكىسى مۇسابىقىسى پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. خادىملارنى بەن بويىچە گۇرۇپپىلارغا تەقسىملەشتە چىڭ تۇردى؛ مەزمۇن جەھەتتە ئاساس خاراكتېرلىك، ئەمەلىي خاراكتېرلىك، ماھارەتنە بەسلىشىش خاراكتېرلىك ۋە ئەمەلىي جەڭ خاراكتېرلىك مەزمۇنلارنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇردى؛ دەرسلەرنى تەسىس قىلىشتا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدا ئومۇملاشتۇرۇلغان بارلىق ئالاھىدە قورال - جابدۇقلارنىڭ ھەممىسى ئىشلىتىلىپ، بۇرۇنقى ئۇ يەر بۇ يەرلەردىن ماھىرلارنى تېپىپ كېلىپ ماھىرلار كوماندىسى تەشكىللەشتەك ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بۇزۇپ تاشلاندى؛ 27 ئوتتۇرا ئەترەت، 270 كوماندىر - جەڭچى مۇسابىقىگە قاتناشتى. ئاقسۇ شەھەرلىك ئوت ئۆچۈرۈش ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى پېڭ شىمىن شىنجاڭ بويىچە كادىرلار گۇرۇپپىسىنىڭ ئىلمەكلىك شوتا تۇرىدىكى رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

جالڭ خاۋ، جالڭ شىخەي

## ئوت ئۆچۈرۈش بىخەتەرلىكى ۋە مەخسۇس تۈزەش

قورااللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئوت ئۆچۈرۈش باش ئەترىتى 1999 - يىلى «ئوت ئۆچۈرۈش بىخەتەرلىكى بويىچە تىزگىنلەش لايىھىسى»نى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويغان ئاساستا، 2000 - يىلى ئېگىز ئىمارەت، چوڭ سودا سارىيى، مېھمانخانا، ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى، ئاسان يانىدىغان، ئاسان پارتلايدىغان بۇيۇملار قويۇلغان سورۇنلارغا قارىتىلغان «ئوت ئۆچۈرۈش بىخەتەرلىكى بويىچە تىزگىنلەش لايىھىسى»نىڭ ئۆلگە نۇسخىسىنى يەنىمۇ تۈزىتىپ مۇكەممەللەشتۈردى ھەمدە جايلارغا تارقاتتى، جايلار ئۆلگە نۇسخىدىكى تەلەپلەرنى ئۆز ئورۇنلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئوت ئۆچۈرۈش بىخەتەرلىكى بويىچە 5 نۇقتىلىق ئورۇننى بېكىتىپ نۇقتىدا سىناق قىلدى. باش ئەترەت ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوت ئۆچۈرۈش تارماق ئەترىتىنىڭ «خۇڭفۇ» مېھمانخانىسى، «خۇڭدا» سودا مەركىزىدە نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىگە ھەمكارلاشتى، بۇ خىزمەت ج خ مىنىستىرلىكى ئوت ئۆچۈرۈش ئىدارىسى تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.

ئاپتونوم رايوندا ئاممىۋى يىغىلىش سورۇنلىرى ئاساس قىلىنغان ئوت ئۆچۈرۈش بىخەتەرلىكى بويىچە مەخسۇس تۈزەش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، جايلار زور بىر تۈركۈم ئوت ئاپىتى يوشۇرۇن ئامىللىرىنى ئۆز ۋاقتىدا بايقاپ ۋە تەكشۈرۈپ



جۇڭگو ـ چەت ئەل سىرلىشىپ مەبلەغ سېلىپ قۇرغان، تىنىچ مەزگىلدىمۇ، ئۇرۇش مەزگىلدىمۇ ئىشلەتكىلى بولىدىغان خەلق هاۋا مۇداپىئە قورۇلۇشى — «چىنيې» ئىستىل كىيىملەر يەر ئاستى كوچىسى

ليۇ يۇفېڭ فوتوسى

بىر تەرەپ قىلىپ، نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئۆلۈشى ۋە يارىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېهتىماللىقى بولغان ئالاھىدە زور، يامان ئوت ئاپىتى يۈز بېرىشنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چوڭ بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرى ۋە زور پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلۈشتىن بۇرۇن جايلاردىكى ج خ ئوت ئۆچۈرۈش ئاپپاراتلىرى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈشنى زور كۈچ بىلەن ئېلىپ بېرىپ، چوڭ بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرى ۋە زور پائالىيەتلەر جەريانىدا ئوت ئۆچۈرۈش بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلدى.

جاڭ خاۋ، جاڭ شىخەي

## ساقچى ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش

قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئوت ئۆچۈرۈش باش ئەترىتىنىڭ ھەر قايسى تارماق ئەترەتلىرىدىكى ئوت ئۆچۈرۈش باشقارمىلىرى ۋە ئوت ئۆچۈرۈش بۆلۈملىرى كەسپىي ئىشلارنى قوبۇل قىلىش زالى تەسىس قىلىپ، ئىش بېجىرىش تۈزۈمى، ئىش بېجىرىش تەرتىپى، ھەق ئېلىش ئۆلچىمى، جازالاش ئاساسى ۋە قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىنى ئاشكارىلاشتىن ئىبارەت «بەشنى ئاشكارىلاش»نى يولغا قويدى. باش ئەترەت 2000 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونلۇق، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 2 دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، ئاخبارات ئاپپاراتلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلاردىن تەكلىپ قىلىنغان ئىجتىمائىي ئىستىل تۈزەشكە نازارەت قىلىدىغان 41 نازارەتچىنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىلدى.

جاڭ خاۋ، جاڭ شىخەي

## ئارقا سەپ تەمىنات كاپالىتى

2000 ـ يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ ئوت ئۆچۈرۈش باش ئەترىتى ئارقا سەپ تەمىنات كاپالىتى خىزمىتىدە ئاساسىي قاتلامغا يۈزلىنىش، ئاساسىي قاتلامغا مۇلازىمەت قىلىشتا چىڭ تۇردى. 11 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ تەييارلاپ، بىر قېتىمدىلا 22 ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلى سېتىۋالدى ھەمدە شەھەر دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئوت ئۆچۈرۈش ئوتتۇرا ئەترەتلىرىدە بىر يۈرۈشتىن زامانىۋى بۇزۇش ـ چۇۋۇش سايمىنى، بوس تارتقۇ، مېتال كېسىش سايمىنى قاتارلىق ئالاھىدە ئوت ئۆچۈرۈش جابدۇقلىرى ۋە ئوتتىن ساقلىنىش كىيىمى، نەپەس ئېلىش ئەسۋابى، قۇتقۇزۇشتا چاقىرىش سايمىنى قاتارلىق ئەلا ئىقتىدارلىق شەخسىي قوغدىنىش قورال ـ جابدۇقلىرىنىڭ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

جاڭ خاۋ، جاڭ شىخەي

# خەلق هاۋا مۇداپىئەسى

## خەلق هاۋا مۇداپىئە خىزمىتى

2000 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە 3988 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى خەلق هاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشى يېڭىدىن ياسالدى ۋە چالىسى پۈتتۈرۈلدى. 146 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش ئاسرالدى ۋە باشقۇرۇلدى. 2580 كۋادرات مېتىرلىق قۇرۇلۇش پۇختىلاندى، 9 قۇرۇلۇش ئېغىزى بىر تەرەپ قىلىندى، 1846 مېتىرلىق تاشلاندۇق قۇرۇلۇش بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن %90 خەلق هاۋا مۇداپىئەسى قۇرۇلۇشىنىڭ ساق تۇرۇشىغا ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلىندى.

2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 116 مىڭ 945 كۋادرات مېتىر خەلق هاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ئېچىپ پايدىلىنىلدى، قۇرۇلۇشلاردىن پايدىلىنىش نىسبىتى %22.28كە يەتتى. خەلق هاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇش

مۇئەسسەسەلەردىن 16 مىليون 70 مىڭ يۈەن مەھسۇلات قىممىتى (تىجارەت سوممىسى) يارىتىلدى. يۇقىرىغا 950 مىڭ يۈەن پايدا - باج تاپشۇرۇلدى، خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى تارماقلىرى 3 مىليون 779 مىڭ يۈەن ئىشلىتىش ھەققى ئالدى، كارخانىلاردا ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلار ۋە جەمئىيەتتە ئىش كۈتۈپ تۇرغانلاردىن 1456 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ۋېن جېمىڭ

## غۇلجا شەھىرى «چۇنخۇي» خەلق ھاۋا مۇداپىئە سودا شەھەرچىسى

بۇ قۇرۇلۇش غۇلجا شەھىرىدىكى «ئازادلىق» كوچىسى بىلەن «ئەخمەتجان» كوچىسىنىڭ تۇتاشقان يېرىگە جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 2138 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، قۇرۇلمىسى پولات چىۋىق - بېتون قۇرۇلمىلىق، قوغدىلىش دەرىجىسى 6 - دەرىجە، بۇ قۇرۇلۇشنى ئۇرۇش مەزگىلىدە يوشۇرۇنۇش ئورنى ۋە ماددىي ئەشيا ئامبىرى قىلغىلى، تىنچ مەزگىلدە سودا سارىيى ۋە پىيادىلەر يولى قىلغىلى بولىدۇ. بۇ قۇرۇلۇشتا 1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئىش باشلىنىپ، 2000 - يىل 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. قۇرۇلۇشقا 8 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

جاڭ جېمىڭ

## شىخەنزە شەھىرىدىكى 9901 خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشى (1 -قارارلىق قۇرۇلۇش)

بۇ قۇرۇلۇش شىخەنزە شەھىرىدىكى شىمالىي «زىۋۇ» كوچىسى بىلەن شىمالىي 4 - كوچا كېسىشكەن يول ئېغىزىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 2810 كۋادرات مېتىر، قوغدىلىش دەرىجىسى 5 - ۋە 6 - دەرىجە، بۇ قۇرۇلۇشنى ئۇرۇش مەزگىلىدە يوشۇرۇنۇش ئورنى ۋە ماددىي ئەشيا ئامبىرى قىلغىلى، تىنچ مەزگىلدە سودا سارىيى ۋە پىيادىلەر ئۆتۈش يولى قىلغىلى بولىدۇ، قۇرۇلمىسى پولات چىۋىق - بېتون قۇرۇلمىلىق، بېتون تۈۋرۈك ئۈستىگە بېتون تاختا يېپىپ ياسالغان. بۇ قۇرۇلۇش 1999 - يىل 10 - ئايدا باشلىنىپ، 2000 - يىل 12 - ئايدا پۈتتى، 6 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

جاڭ جېمىڭ

# ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە بازارەتچىلىك

## ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش

### خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا ئالدىن كۆزلەنگەن نىشان مۇنداق بولدى: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 125 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكى مۆلچەردىن تەخمىنەن %7.5 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ %2.3، 2 - كەسىپنىڭ %9.8 ئاشتى (بۇنىڭ ئىچىدە، سانائەتنىڭ %8.5، بىناكارلىق كەسىپنىڭ %1.3 ئاشتى)؛ 3 - كەسىپنىڭ %10 ئاشتى؛ جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 63 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، %14.5 ئاشتى؛ مالىيە كىرىمى 13 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك مالىيە كىرىمى 8 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11 ئاشتى؛ ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال باھا كۆرسەتكۈچى %102 بولدى؛ تاشقى سودىنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليارد 800 مىليون دوللارغا يېتىپ، %1.7 ئاشتى؛ نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰15.4 ئىچىدە، شەھەر - بازارلاردىكى ئىشسىزلىق نىسبىتى %4 ئىچىدە تىزگىنلەندى.

2000 - يىلى شىنجاڭ پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى ۋە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 -، 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنلىرى ۋە مەركەزنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل، ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، مەركەزنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنى ئالغا سۈرۈشكە ئائىت بىر قاتار سىياسەت، تەدبىرلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دۇنيا ئىقتىسادى ۋە سودىسىنىڭ ئۆسۈشىنىڭ تېزلىشىشى، مەملىكەت ئىقتىسادىنىڭ ئۆرلىشى ۋە دۆلەتنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى يولغا قويۇشتەك پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق ئورنىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى زور كۈچ بىلەن تەڭشەپ، ئۆزگىچە ئىقتىسادنى پائال يېتىشتۈرۈپ، ئىچكى ۋە تاشقى بازارلارنى تېرىشىپ ئېچىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ خېلى تېز ئۆسۈشىنى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىنى ئالغا سۈردى، بۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا مۇھىم بۇرۇلۇش مەيدانغا كەلدى، خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسلىق ماكرولۇق ئالدىن كۆزلەنگەن نىشان خېلى ياخشى ئورۇنلاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 136 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %8.2 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى)، ئېشىش سۈرئىتى 1999 - يىلدىكىدىن 1.1 پىرسەنت پوئىنتى تېز بولدى، جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 61 مىليارد 200 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، پىلان %97.1 ئورۇندىلىپ، %14.5 ئاشتى؛ يەرلىك مالىيە كىرىمى 9 مىليارد 550 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئۆزگىرىش ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، %12.5 ئاشتى؛ ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 2 مىليارد 260 مىليون دوللارغا يېتىپ، %28.2 ئاشتى؛ نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰15.4 بولدى. شەھەر - بازارلاردا تىزىملانغان ئىشسىزلىق نىسبىتى %3.8 بولۇپ، يىللىق پىلان نىشانى ئىچىدە تىزگىنلەندى.

يالڭ يىبو

### خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا دائىر سىياسەت ۋە تەدبىرلەر

1. يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسى زور كۈچ بىلەن تەڭشىلىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازارلىرىنىڭ رىقابەت كۈچى ئۆستۈرۈلدى.

بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسى تەڭشەلدى. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشدا ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇلدى. سۈپىتى ناچار يازلىق بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمى قىسقارتىلىپ، شۇ جاينىڭ شارائىتىغا يارىشا ئىش قىلىنىپ، قارا ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى كۆپەيتىلدى، ئەلا سۈپەتلىك كۆرۈچ، بۇغداي ۋە ئەلا سۈپەتلىك ئاقسىللىق كۆممىقوناق زور كۈچ بىلەن تەرەققىي

قىلدۇرۇلدى، مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ئەلا سۈپەتلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلدى.

ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە يېزا ئىگىلىك زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، بىرىنچىدىن، شوخلا تېرىش كۆلىمى كېڭەيتىلدى، سانجى شەھىرىدىن شىخو شەھىرىگىچە بولغان ئەتراپتا ۋە قاراشەھەر ئويمانلىقىدا نۇقتىلىق ھالدا ئەلا سۈپەتلىك شوخلا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلدى. ئىككىنچىدىن، تارىم - دۆربىلجىن ئويمانلىقى ۋە سانجى ئوبلاستىنىڭ شەرقىدە زاراڭزا ئىشلەپچىقىرىش كۆپەيتىلىپ، پىششىقلاپ ئىشلەش ئېھتىياجى قاندۇرۇلدى. ئۈچىنچىدىن، چۈچۈكبۇيا، بۆرە ساسىقى، ئېفېدرىن قاتارلىق جۇڭيى دورا ماتېرىياللىرىنى تېرىپ ئۆستۈرۈش كۆلىمى زورايتىلىپ، زور تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىلدى. تۆتىنچىدىن، شۇ جاينىڭ شارائىتىغا يارىشا ئىش كۆرۈلۈپ، خاسىڭ، تاتلىق ياڭيۇ، چېچەكگۈل قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىش ئاشۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى بازارلارنىڭ كۆپ خىل ئېھتىياجى قاندۇرۇلدى. بەشىنچىدىن، بېدە ئىشلەپچىقىرىش كېڭەيتىلدى.

چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى تېزلىتىلدى. ئىلى ۋە بورتالا ئوبلاستلىرىدا ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي بازىسى، سانجى ئىنەك بازىسى، تارباغاتاي، ئالتاي گۆش كالىسى، قوي بازىسى قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى. بازا قۇرۇلۇشى ئارقىلىق چارۋىچىلىقتا ھەقىقىي كۆلەم شەكىللەندۈرۈلدى. ئوتلاق چارۋىچىلىقىدا چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇشنى ئاساس قىلىش، بېقىش كۆلىمىنى مۇقىملاشتۇرۇش، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىقنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇلدى. دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى چارۋىچىلىقتا، كالىچىلىق ۋە ئەتىۋارلىق ھايۋانلارنى بېقىپ كۆپەيتىش، شەھەر ئەتراپى چارۋىچىلىقىدا ئۆي قۇشلىرى بېقىش، چوشقىچىلىق ۋە سۈتچىلىك نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلدى.

ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك پائال تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. ئىقتىسادىي ئورمان زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، كۆلەملىك كۆچەت يېتىشتۈرۈش بازىسى قۇرۇلدى. ئۆزگىچە مېۋىچىلىك پائال تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ئۈزۈم، قوغۇن، نەشپۈت، ئانار، ياڭاق، چىلان قاتارلىق مېۋە ئىشلەپچىقىرىش ياخشى تۇتۇلۇپ، كۆلەم ئەۋزەللىكى شەكىللەندۈرۈلۈپ، مېۋىلەرنىڭ تاۋارلىشىش دەرىجىسى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى.

پەن - مائارىپ ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلدى. يېزا ئىگىلىك بايلىقىدىن يۇقىرى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش تېخنىكىسى، زامانىۋى تۆجۈپىلەپ تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق قىلىش تېخنىكىسى، بىئولوگىيىلىك ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تېخنىكىسى ۋە ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەشنىڭ ئاچقۇچلۇق تېخنىكىسى پائال كېڭەيتىلدى. ئۇرۇقچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە چارۋىچىلىق، سۇ مەھسۇلاتلىرى ئېسىل نەسلىنى يېتىشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ياخشى ئېلىپ بېرىلدى. يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، دېھقان تېخنىكلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ، دېھقانلارنىڭ ئىلىم - پەن ئېڭى ۋە يېزا ئىگىلىكتە ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكىنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى.

سۇچىلىق ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى داۋاملىق كۈچەيتىلدى، يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەپ سۇغىرىش كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، دۆلەتنىڭ سۇ تېجەپ سۇغىرىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرى ۋە چوڭ سۇغىرىش رايونلىرىنىڭ سۇ تېجەشنى ئۆزگەرتىش ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ياخشى تۇتۇلدى. ئېقىنلارنى پىلانلاش، يەر ئاستى سۈيىنى مۇۋاپىق ئېچىش، ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمىنى كۆپەيتىش ئىشى ياخشى ئىشلەندى. تايانچ سۇچىلىق قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، ئۈلۈغئاتا قاتارلىق نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. ئوتتۇرا، كىچىك سۇ ئامبارلىرى قۇرۇلۇشى داۋاملىق ياخشى تۇتۇلدى. خەتەرلىك، نۇقسان بار سۇ ئامبىرىنىڭ خەتىرىنى تۈگىتىپ پۇختىلاش چىڭ تۇتۇلدى، نۇقتىلىق دەريا ۋە نۇقتىلىق شەھەرلەرنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشى ياخشى ئېلىپ بېرىلدى.

كىچىك شەھەر - بازارلارنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. كىچىك شەھەر - بازارلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلۇپ، كىچىك شەھەر - بازارلارنىڭ كۆلىمى بەلگىلىنىپ، ئومۇمىي پىلان ياخشى يولغا قويۇلدى. بازار مېخانىزمىنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ، خەلقنىڭ مەبلەغ سېلىش جەھەتتىكى رولى تېخىمۇ كۆپ جارى قىلدۇرۇلدى. ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرى كىچىك شەھەر - بازارلارغا مەركەزلىشىشكە ئىلھام بېرىلىپ، كىچىك شەھەر - بازارلارنىڭ ئۆزگىچە يېتەكچى كەسپى ۋە مەھسۇلاتى شەكىللەندۈرۈلدى.

يېزا ئىگىلىكنى كەسىپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش پائال ئىلگىرى سۈرۈلدى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، ساقلاش، توشۇش، سېتىش قاتارلىق ھالقىلار نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇلدى، شىنجاڭ زاراڭزا كارخانا گۇرۇھى قۇرۇش ئارقىلىق «تۈنخې» گۇرۇھىنى بۆسۈش ئېغىزى

قىلىشقا مەدەت بېرىلدى، بازار ئېچىش ئىقتىدارىغا ئىگە، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان، دېھقانلارنى يېتەكلەپ تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرالايدىغان بىر تۈركۈم باشلامچى كارخانىلار يېتىشتۈرۈلدى. «باشلامچى كارخانىلارغا بازا قوشۇش» تىن ئىبارەت كەسىپ بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن ھەرىكەت مېخانىزمى بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن دېھقانلار مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشتا خېلى ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە بولدى.

نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلدى، روناق تاپقۇزۇش شەكلىدىكى نامراتلارنى يۆلەش ۋە سىستېمىلار بويىچە نامراتلارنى يۆلەش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، ئىش تېپىپ بېرىش مەبلىغىنىڭ كۆلىمى ئاشۇرۇلدى. تور ۋە مەبلەغ باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، نامرات رايونلارنىڭ ئاساسىي ئېتىز - ئېرىق، كىچىك سۇچىلىق مۇئەسسەسىلىرىنى قۇرۇشقا، ئادەم - چارۋىلار ئىچىدىغان سۇ قۇرۇلۇشىغا ۋە يېزا يوللىرى ياساشقا، ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا نۇقتىلىق مەدەت بېرىلدى. تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق پائال تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش يوللىرى كېڭەيتىلدى، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش خىزمىتى داۋاملىق ياخشى ئىشلىنىپ، قولغا كەلتۈرۈلگەن نامراتلارنى يۆلەش نەتىجىسى مۇستەھكەملىنىپ، 7 يىلدا 80 مىليون ئادەمنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بويىچە نامراتلارنى يۆلەشتە مۇھىم ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش پىلان نىشانى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

2. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، سانائەت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش قەدىمى تېزلىتىلدى.

سانائەت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش تېزلىتىلدى. بازار ئېھتىياجى يېتەكچى قىلىنىپ، بايلىق ئەۋزەللىكىگە، بازارغا، ئۈنۈمگە ئىگە مەھسۇلاتلارنى يېتەرلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەڭ زور دەرىجىدە ئۇيۇشتۇرۇلدى، قالاق، ھەددىدىن زىيادە ئېشىنچا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قىسقارتىلدى. خام نېفىت ۋە نېفىت خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى تىرىشىپ كېڭەيتىلدى. ئەلا سۈپەتلىك يىپ ۋە رەخت، بىرىكمە تالا، كۆپ خىل تالالىق ئارىلاشما توقۇلما ۋە گىرەلەشكەن توقۇلما قاتارلىق توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. بازارلىق بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئوبدان ئۇيۇشتۇرۇلدى. كۆمۈر، ماشىنا - ئېلېكتر، يېنىك سانائەت قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىش قىيىن بولۇش ۋەزىيىتىگە خاتىمە بېرىلدى.

ئۆزگىچە سانائەت زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ كارخانا گۇرۇھىغا، بولۇپمۇ ئەۋزەللىككە ئىگە كارخانا گۇرۇھلىرىغا مەركەزلىشىشىگە تىرىشىپ ئىلھام بېرىلىپ، ئەلالىرى، كۈچلۈكلىرى يۆلەندى. ئۆزگىچە مەھسۇلاتلارنى كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى كۈچەيتىش تىرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈلدى. «تۇنخې» گۇرۇھىنىڭ شوخلا قىيامى، «شىنتيەن» خەلقئارا ئۈزۈم ھارىقى، قۇمۇل تاش ماتېرىيال زاۋۇتى، گۇاڭخۇي گۇرۇھى تاش ماتېرىيال زاۋۇتى قاتارلىق تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا نۇقتىلىق مەدەت بېرىلدى. ئۆزگىچە سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى ۋە بازار رىقابەت كۈچى زورايتىلدى.

دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات سالمىقى ئاشۇرۇلدى. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش قەدىمى تېزلىتىلدى. كۆلەملەشكەن شىركەت تۈزۈمى ئىسلاھاتى يولغا قويۇلدى. تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلىدىغان كارخانىلار يىل ئاخىرىدىن بۇرۇن ئۆلچەمگە يەتەكچى. تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن كارخانىلاردا قانۇنىي ئىگە ئىدارە قىلىدىغان ئاپپارات قۇرۇلىدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ. بانكىلارنىڭ ئېسىلىپ قالغان، بۇزۇلغان ھېسابىنى كۆتۈرۈۋېتىش كۆلىمى، قەرزنى پايغا ئۆزگەرتىش، تېخنىكا ئۆزگەرتىش مەبلىغىگە مالىيەدىن ئۆسۈم قوشۇپ بېرىش قاتارلىق سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن، يوشۇرۇن رىقابەت كۈچىگە ئىگە كارخانىلارنىڭ يۈكى يېنىكلەپ، ھاياتىي كۈچى ئاشتى.

ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار قويۇۋېتىلىپ ۋە جانلاندۇرۇلۇپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىقتىساد زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. ئوتتۇرا، كىچىك دۆلەت كارخانىلىرى قويۇۋېتىلىپ ۋە جانلاندۇرۇلۇپ، ئىناۋەتلىك قەرز ئارقىلىق كېپىل بولۇش، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، ئۇچۇردىن مەسلىھەت بېرىش قاتارلىق مۇلازىمەت سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى. نەتىجىدە بۇلارنىڭ «مەخسۇس، ئېسىل، ئالاھىدە، يېڭى» بولۇش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىقتىسادقا دادىل مەدەت بېرىلىپ، يېتەكچىلىك قىلىش ۋە مۇلازىمەت قىلىش كۈچەيتىلدى، ئادىل رىقابەتلىشىش مۇھىتى پائال يارىتىلدى. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانا ۋە جەمئىيەتتىكى كاپىتالنىڭ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىغا قاتنىشىشى يېتەكلىنىپ ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىلىپ، سىڭىشىپ تەرەققىي قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

كارخانىلارنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. مەھسۇلات تۈرلىرىنى كۆپەيتىش، سۈپىتىنى ياخشىلاش، ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ۋە ۋاكالىتەن ئىمپورت قىلىش، ئېكسپورتنى كېڭەيتىش، ئەۋزەللىككە ئىگە كارخانا ۋە ئۆزگىچە مەھسۇلاتلارنى يۆلەشنى دەۋر قىلىش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، تېخنىكا ئۆزگەرتىش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. ئالدى بىلەن توقۇمىچىلىق، نېفىت خىمىيە سانائىتى قاتارلىق نۇقتىلىق كەسىپلەر ۋە شىنجاڭ پولات - تۆمۈر گۇرۇھى شىركىتى، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور پاي ھەسسىدارلىق شىركىتى قاتارلىق نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشىگە مەدەت بېرىلىپ، كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنە جەھەتتىكى سەۋىيىسى، مەھسۇلاتلارنىڭ تېخنىكا تەركىبى ئۆستۈرۈلدى. نۇقتىلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرى قەرز پۇلغا مالىيەدىن ئۆسۈم قوشۇپ بېرىش سىياسىتى داۋاملىق يولغا قويۇلدى، بىر تۈركۈم زور تۈرلەرنى دۆلەتنىڭ مالىيە قەرز چېكىدىكى تېخنىكا ئۆزگەرتىش مەبلىغىگە ئۆسۈم قوشۇپ بېرىش پىلانىغا كىرگۈزۈش پائال قولغا كەلتۈرۈلدى. كارخانىلار ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلۇپ، پەن تەتقىقاتى بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى بىرلەشتۈرۈش كۈچەيتىلدى. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق كارخانىسى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن 30 كارخانىدا تېخنىكا تەرەققىياتى ئاپپاراتى قۇرۇشقا مەدەت بېرىلىپ، كارخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى.

كارخانا باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، زىياننى تۈگىتىپ پايدىنى ئاشۇرۇش چىڭ تۇتۇلدى. كارخانىلارنىڭ تەننەرخ، مەبلەغ ۋە سۈپەت باشقۇرۇشى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇلدى. دۆلەتنىڭ چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلىرىدا ۋە دۆلەت ئۆز ئالدىغا مەبلەغ سالغان شىركەتلەردە تۇرۇشقا مەخسۇس تەكشۈرگۈچى خادىم ئەۋەتىلىپ، تەكشۈرۈش ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىش ئۈستىدىن تەكشۈرۈش كۈچەيتىلدى، كارخانا رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، ئىلھام بېرىدىغان ۋە چەكلەپ تۇرىدىغان مېخانىزم بەرپا قىلىنىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ يىللىق مائاشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. كارخانىلارنىڭ زىياننى تۈگىتىپ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش بويىچە مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، دۆلەت كارخانىلىرى ۋە دۆلەت پېيىنى تىزگىنلەيدىغان كارخانىلارنىڭ زىيان تارتىدىغان ئەھۋالىنى تۈگىتىپ پايدا ئالىدىغان بولۇشى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، كۆپ قىسىم چوڭ، ئوتتۇرا يەرلىك دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ 3 يىلدا قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش نىشانى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

3. تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنىدىغان مەبلەغ تىرىشىپ كۆپەيتىلىپ، نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى.

مەبلەغ سېلىش قۇرۇلمىسى يەنىمۇ تەڭشەلدى. ئالدى بىلەن دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، قاتناش، خەۋەرلىشىش، شەھەر قۇرۇلۇشى، شەھەر - يېزا ئېلېكتر تورى قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسە تۈرلىرى داۋاملىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئەرزان، قولايلىق ئۆي قۇرۇلۇشى سالمىقى ئاشۇرۇلدى. ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى تۈزەشكە سېلىنىدىغان مەبلەغ كۆپەيتىلدى. ئەۋزەللىككە ئىگە ئۆزگىچە سانائەت تۈرلىرىگە مەدەت بېرىلدى، پەن - تېخنىكا، مائارىپ، ساياھەتچىلىك ئۇل مۇئەسسەسىلىرىگە سېلىنىدىغان مېلىنما مۇۋاپىق كۆپەيتىلدى. ئۆسۈمنى قوشۇپ بېرىش ئۇسۇلى داۋاملىق قوللىنىلىپ، كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى قوللاش سالمىقى زورايتىلدى.

نۇقتىلىق تۈرلەر قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرىدىن 26 سى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مۇھىم نۇقتىغا، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈشكە، ئايغىنى يېغىشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش پرىنسىپىغا داۋاملىق ئەمەل قىلىنىپ، نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇش مەبلىغى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

تۇرالغۇ ئۆي، يېزا ئېلېكتر تورى ۋە شەھەر ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ھەقىقىي ياخشى ئېلىپ بېرىلدى. ئەرزان، قولايلىق ئۆي مۇھىم نۇقتا قىلىنغان تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى سالمىقى ئاشۇرۇلدى. تەرەققىيات كارخانىلىرى ئەرزان، قولايلىق ئۆي قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا ئىلھاملاندۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر - بازارلاردىكى تۈرلۈك تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى كۆلىمى 10 مىليون كۋادرات مېتىرغا يەتكۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دېھقانلار ئۆي سېلىشقا يېتەكلەندى ۋە ئۇلارغا مەدەت بېرىلدى، تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى كەسىپىي ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئۆسۈش نۇقتىسى قىلىپ يېتىشتۈرۈلدى. يېزىلارنىڭ توك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى راۋانلاشتۇرۇلۇپ، يېزا ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى ۋە ئۆزگەرتىش تۈرىنىڭ قۇرۇلۇش سۈرئىتى تېزلىتىلىپ، يېزىلارنىڭ ئىستېمال بازارلىرىنى ئېچىش ئۈچۈن شەرت - شارائىت يارىتىلدى. شەھەرلەردىكى سۇ بىلەن تەمىنلەش، يۇندا چىقىرىۋېتىش، يۇندىنى بىرتەرەپ قىلىش، ئىسسىقلىق بىلەن مەركەزلەشتۈرۈپ تەمىنلەش، گاز بىلەن تەمىنلەش، ئەخلەتنى بىرتەرەپ قىلىش قاتارلىق تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىپ، شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرغان ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر يەتكۈزگەن گەۋدىلىك مەسىلىلەر ھەل قىلىندى.

قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئالدىنقى قاتارلىق خىزمەت سۈرئىتى تېزلىتىلدى. تارماقلار، رايونلار، خوجايىنلار ئۆزلىرى غەملەشنى ئاساس قىلىش، ئاپتونوم رايون مۇۋاپىق قوشۇمچە ياردەم بېرىش چارىسى قوللىنىلىپ، قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئالدىنقى قاتارلىق خىراجىتى ھەر جەھەتتىن غەملەندى، سۈرئەتنى تېزلىتىش بىلەن بىللە، ئالدىنقى قاتارلىق قۇرۇلۇش سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى. نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارلىق خىزمىتى چىڭ تۇتۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە سۇ تېجەپ سۇغىرىش، ئۈرۈمچى تاشقى ئايلانما يولى، شياۋشاۋخۇ — توقسۇن ئالىي تاشيولى، شىنجاڭ مېربەنتان لىنىيىسىدىكى بوغۇز، ئاشلىق سېكىنى، مايتاغ ئېتىلىن زاۋۇتىنى كېڭەيتىش قاتارلىق 7 تۈرنىڭ ئالدىنقى قاتارلىق خىزمەت سۈرئىتى تېزلىتىلىپ، ئىرىشىپ ئىش باشلىنىپ، دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىپ قوللىشى قولغا كەلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە جىڭ — ئىلى تۆمۈريولى، كۈيتۇڭ — سايرام ئالىي تاشيولى، خوتەن ئايرودرومى، تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىملىرىنى تۈزەش، شىيابەندى سۇچىلىق تۈگۈنى، بولۇڭكۆل سۇچىلىق تۈگۈنى قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسە، ئۇل كەسىپ تۈرلىرىنىڭ ئالدىنقى قاتارلىق خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ، دۆلەتنىڭ تۈر تۇرغۇزۇپ تەستىقلىشى ياكى ئىمكانىيەت تەتقىقاتى دوكلاتى سۇنۇش قولغا كەلتۈرۈلدى.

تۈرلۈك چارە - ئامىللار ئارقىلىق قۇرۇلۇش مەبلىغى غەملەندى. ئاكتىپ مالىيە سىياسىتى داۋاملىق يولغا قويۇلۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە خام چوتى ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 320 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش خىزمىتىنىڭ سالمىقى يەنىمۇ ئاشۇرۇلدى، دۆلەتنىڭ دۆلەت قەرزى ۋە ئۇل قۇرۇلۇشى مەخسۇس تۈرىگە قوشۇمچە ياردەم بېرىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىشى قولغا كەلتۈرۈلدى ھەمدە دۆلەت قەرز تۈرلىرى مەبلىغىنى باشقۇرۇشتىكى تۈرلۈك تۈزۈملەر ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، دۆلەت قەرز مەبلىغىنىڭ ئۆز قەرەلىدە تولۇق ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى. كارخانا زايومى ۋە مەبلەغنى بىۋاسىتە يۈرۈشتۈرۈش كۆلىمى پائال كېڭەيتىلدى، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان قۇرۇلۇش تۈرلىرى تاللىنىپ كارخانا زايومى تارقىتىلىپ، كارخانا پاي چېكىنىڭ بازارغا سېلىنىش كۆلىمى كېڭەيتىلدى. جەمئىيەتتىكى مەبلەغنى يېتەكلەش كۈچەيتىلىپ، دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان ئىقتىسادنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا ئىلھام بېرىش سىياسىتى مۇھاكىمە قىلىنىپ تۈزۈپ چىقىلىپ، جەمئىيەتنىڭ مەبلەغ سېلىشىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىلدى.

پۇل مۇئامىلىنىڭ ئىقتىسادنى ئاشۇرۇشنى قوللاش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا بانكىلىرى خېيىمخەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئېڭى ۋە ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، ئۇنۇملۇك قەرز پۇل ئارقىلىق ئىلھاملاندۇرۇش ۋە چەكلەپ تۇرۇش مېخانىزمىنى ئورناتتى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى، پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتىنى ياخشىلاپ، بانكىنىڭ قەرز بېرىشىنى پائال ئاشۇردى.

4. شەھەر - يېزا بازارلىرى زور كۈچ بىلەن ئېچىلىپ، ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمالى ئىرىشىپ كېڭەيتىلدى.

شەھەر، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ سېتىۋېلىش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى. كىرىم تەقسىماتىنى تەڭشەش سىياسىتىدىكى تۈرلۈك تەدبىرلەر داۋاملىق ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، پېنسىيە پۇلى، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش كاپالەت پۇلى ۋە ئىشسىزلارنى قۇتقۇزۇش پۇلى تولۇق تارقىتىلدى. شەھەر - بازارلاردىكى كىرىمى تۆۋەن ئاھالىلەرنىڭ كىرىمى كۆپەيتىلدى. پېنسىيە، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ئىسلاھاتى قاتارلىق تۈرلۈك ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەريانىدا، پىرىنسىپ جەھەتتە ئاھالىلەرنىڭ يۈكىنى ئاشۇرماسلىق ئاساسىدا، تۈرلۈك ئىسلاھات ئىلگىرى سۈرۈلدى. يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىللە، دېھقانلارنىڭ ئىش، ئەمگەك قىلىشى كۆپەيتىلىپ، ئۇلار ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، شەھەرلەرگە كىرىپ ئىشلەشكە، كۆپ يول ئارقىلىق نەق پۇل كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇلدى.

يېڭى ئىستېمال ساھەسى پائال ئېچىلدى، ئىستېمال كرېدىتى كېڭەيتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. مائارىپ ئوقۇش ياردەم قەرز پۇلى ۋە باھاسى يۇقىرى، چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرى قەرز پۇلى تارقىتىش تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ئىناۋەتلىك سېتىشنى يولغا قويۇش ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1999 - يىلى تۈزۈلگەن ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى كېڭەيتىشكە دائىر يۈرۈشلەشكەن سىياسەت مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، جەمئىيەتنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش دائىرىسى كېڭەيتىلدى. خەلق باشقۇرۇشىدىكى مائارىپ يېتەكلىنىپ ۋە ئۇنىڭغا مەدەت بېرىلىپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتى تېزلىتىلدى. شەھەرلەردىكى ئولتۇراق ئۆي تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، تۇرالغۇ ئۆي 2 - دەرىجىلىك بازىرى قويۇۋېتىلدى. مەھەللە مۇلازىمىتى پائال يولغا قويۇلۇپ، ئىجتىمائىيلىشىش، كەسىپلىشىش ۋە كەۋدىلىشىش يولىغا قەدەم تاشلاندى. ساياھەتچىلىك ئۇل مۇئەسسەسلىرىگە سېلىنىدىغان سېلىنما داۋاملىق ئاشۇرۇلۇپ، ساياھەتچىلىك پىلانىنى ۋە ئالاقىدار تۈرلەرنى

يولغا قويۇش تېزلىتىلدى، ئۈرۈمچى باشلامچى، يىپەك يولى ئاساسىي ئوق، 2 كۆلنى ئېچىش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، ھەرخىل، ئۆزگىچە، يېڭى مەنزىرە رايونلىرى، يېڭى لىنىيەلەرنى ئېچىش تېزلىتىلدى. يېزا بازارلىرى زور كۈچ بىلەن ئېچىلدى. دۆلەتنىڭ يېزا ئېلېكتر تورى، تاشيول، خەۋەرلىشىش ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش پۇرسىتى چىڭ تۇتۇلۇپ، يېزىلارنىڭ ئىستېمال مۇھىتى ياخشىلىنىپ، دېھقانلارنىڭ ئىستېمالنى كېڭەيتىشى ئۈچۈن زۆرۈر شەرت - شارائىت يارىتىپ بېرىلدى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى تىرىشىپ تۆۋەنلىتىلدى، دېھقانلارغا زىيان يەتكۈزىدىغان قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىلدى.

ئوبوروت ساھەسىنىڭ ئىسلاھاتى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى. ئاشلىق ئوبوروت سېستىمىسىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، پاختا، خىمىيۋى ئوغۇت ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئوبوروت كارخانىلىرىنى قۇرۇلما خاراكتېرلىك تەڭشەش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. بازار سېستىمىسى يېتىشتۈرۈش ۋە ئاشلىق ساقلاش مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى داۋاملىق كۈچەيتىلدى.

5. سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش كېڭەيتىلىپ، چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى.

تاشقى سودا كۆلىمى تىرىشىپ كېڭەيتىلدى. دۆلەت شىنجاڭنىڭ پاختا سېتىشىغا بەرگەن ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن تولۇق پايدىلىنىلىپ، پاختا ئېكسپورت قىلىش ۋە ئېكسپورتنى ئىمپورتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش كۆلىمى زور دەرىجىدە كېڭەيتىلىپ، پاختا يىپ، پاختا رەخت، شوخلا قىيامى قاتارلىق ئۆزگىچە مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىشقا زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىلدى. خەلقئارا سودا مەركىزى تىرىشىپ قۇرۇلۇپ، چېگرىدىكى ئاز سوممىلىق سودا يەنىمۇ كېڭەيتىلدى. ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋېلىش ۋە چېگرا ئاھالىلىرىنى ئۆزئارا سودا - سېتىق قىلىشقا يېتەكلەش، قوللاش ئارقىلىق تەرەققىيات تېزلىتىلدى. دۆلەت تۈزگەن ئېكسپورت كرېدىتى، ئېكسپورتتىن قايتۇرۇلغان باج قاتارلىق ئېكسپورت قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش سىياسىتىدىن پايدىلىنىلىپ، مەھسۇلاتنىڭ رىقابەتلىشىش ئىقتىدارى بار كارخانىلارنىڭ ئېكسپورتنى كېڭەيتىشىگە مەدەت بېرىلدى. مەلۇم ساندا مەبلەغ ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئارتۇق ۋە تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچىگە ئىگە كارخانىلارنىڭ چەت ئەلدە مەبلەغ سېلىپ زاۋۇت قۇرۇشىغا پائال مەدەت بېرىلدى. تېخىمۇ كۆپ تاۋار ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتىنى ئېكسپورت قىلىش يېتەكلەندى، نېفىت خىمىيە مەھسۇلاتلىرى مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسى، مۇلازىمەت سودىسى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى، دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان كارخانىلارنىڭ تاشقى سودا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش شەرتى كەڭ قويۇۋېتىلىپ، نۇرغۇن ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ خەلقئارا بازار رىقابىتىگە قاتنىشىشىغا ئىلھام بېرىلدى.

چەت ئەل مەبلىغىدىن پائال پايدىلىنىلدى. چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ قەرز پۇلى ۋە خەلقئارا پۇل مۇئامىلە تەشكىلاتىنىڭ ئوتتۇرا، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئېتىبار بېرىلىدىغان قەرز پۇلى ئاكتىپ تۈردە قولغا كەلتۈرۈلۈپ، چەت ئەل مەبلىغىدىن ۋاسىتىلىك پايدىلىنىش كۆلىمى كېڭەيتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش بىلەن قۇرۇلمىنى تەڭشەش بىرلەشتۈرۈلۈپ، چەت ئەلدىن قەرز ئېلىپ تۈرلەرنى يولغا قويىدىغان رايونلارنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە كەسىپلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ئەلالاشتۇرۇلۇپ، چەت ئەل مەبلىغى ئاساسلىقى ئۇل مۇئەسسەسە ۋە ئۇل كەسىپلەرگە سېلىنىشقا يېتەكلەندى. مەبلەغ سېلىش مۇھىتى داۋاملىق ياخشىلاندى، تۈرلۈك تەرەققىيات رايونى، ھەمكارلىق رايونى ياخشى باشقۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ كىرگۈزۈشتىكى نەمۇنىلىك رولى جارى قىلدۇرۇلدى.

6. شىنجاڭنى پەن - مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسى داۋاملىق يولغا قويۇلۇپ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

«ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىش، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلدى. ئەمەلىي تەتقىقات ئاساس قىلىنىپ، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش كۈچەيتىلدى، پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش تېزلىتىلدى، ئەنئەنىۋى كەسىپنى ئەلالاشتۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئىلگىرى سۈرۈلدى، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاچقۇچلۇق تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش، ئۇنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئەمەلىي قوللىنىشنى كېڭەيتىش يەنىمۇ تېزلىتىلدى، زىرائەتلەرنىڭ ئېسىل سورتى ۋە چارۋىلارنىڭ ئېسىل نەسلىنى يېتىشتۈرۈش، كىرگۈزۈش ۋە بىرلىكتە ئۆزلەشتۈرۈش، كۆندۈرۈش كۈچەيتىلدى، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق تېخنىكىسى، سۇ تېجەپ سۇغىرىش، كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق ساھەلەردىكى تەتقىقات ۋە

كەشپىياتنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، بۇسۇش ھاسىل قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش قولغا كەلتۈرۈلدى. يېڭى مەھسۇلات كەشىپ قىلىش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، سانائەت تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، زامانىۋى تېخنىكىنى، ھۈنەر - سەنئەتنى ۋە ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلىتىپ ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنى ئۆزگەرتىش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە تېخنىكا دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئىلگىرى سۈرۈلدى، مەھسۇلاتنىڭ پەن - تېخنىكا تەركىبى ئۆستۈرۈلدى. بىئوتېخنىكا، يېڭى ئېنېرگىيە مەنبەسى، يېڭى ماتېرىيال، جۇڭگو تىبابىتى ۋە مىللىي تىبابەت دورىلىرى قاتارلىق ساھەلەردىكى تەتقىقات، كەشىپ قىلىش كۈچەيتىلدى. پەن - تېخنىكا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، پەن - تېخنىكا كۈچلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە پەن - تېخنىكا بايلىقىنى سەپلەش ئۇنۇمىيۇزلۇك ياخشىلاندى. ئاپتونوم رايوندىكى پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى ئەمدى ئۆز خاراكتېرلىك تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانماي، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەمقاتىدىغان، ئەمەلىي تېخنىكىنى تەتقىق قىلىپ ئومۇملاشتۇرىدىغان بولدى. ئەمەلىي پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى كارخانىلاشتۇرۇلدى. كارخانىلارنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىدىغان ئاساسىي گەۋدىگە ئايلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. كارخانا بىلەن پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرلىشىپ ھەمكارلىشىشى كۈچەيتىلدى، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونى بىلەن سانائەت رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى، كۆپ خىل شەكىلدىكى، خەلق باشقۇرىدىغان پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مەدەت بېرىلدى. پەن - تېخنىكا ۋاستىلىك ئاپپاراتلىرى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، تېخنىكا بازارلىرى يېتىشتۈرۈلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى.

ماشارىپ تەرەققىياتى ۋە ئىسلاھات قەدىمى داۋاملىق تېزلىتىلدى. 9 يىللىق مەجبۇرىيەت ماشارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش مۇساپىسى ئىلگىرى سۈرۈلدى، ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلار ئارىسىدا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشتە ئۆلچەمگە يېتىش ئاساسىدا، 9 يىللىق مەجبۇرىيەت ماشارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئالىي ماشارىپ ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمى يەنىمۇ تېزلىتىلدى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئارقا سەپ تەمىناتىنى باشقۇرۇشنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش سۈرئىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسى تەڭشەلدى. ماشارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش داۋاملىق بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كۆلىمى سالماق قەدەم بىلەن كېڭەيتىلدى، كۆپ خىل شەكىلدىكى كەسپىي ماشارىپ ۋە چوڭلار ماشارىپى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقى جارى قىلدۇرۇلدى، ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ كۆپ خىل شەكىلدىكى مەكتەپ قۇرۇشىغا ئىلھام بېرىلدى.

مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە، ئاخبارات - نەشرىيات، رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە قاتارلىق تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلار زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئومۇمىي گەۋدە ساپاسى ئۆستۈرۈلدى. پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى قاتتىق تىزگىنلەندى. ناھىيە دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمەت تورى قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى، چەت، ياقا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ۋە كۆچمە نوپۇسلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى نۇقتىلىق ياخشى ئىشلەندى. يىل ئاخىرىدا ئومۇمىي نوپۇس 18 مىليون 260 مىڭ ئىچىدە تىزگىنلەندى. كۆپ يول ئارقىلىق مەبلەغ غەملىنىپ، چېگرا رايوننىڭ مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشى ۋە ناھىيە دەرىجىلىك مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. يېزىلارنىڭ سەھىيە قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، باشلانغۇچ دەرىجىلىك ساقلىق ساقلاش نىشانى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. داۋالاش، سەھىيە ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمى تېزلىتىلدى، تېببىي ئىنتىل، تېببىي ئەخلاق قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى، «ھەممە كەنتتە رادىئو - تېلېۋىزىيە بولۇش» نىشانى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. رادىئو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت تىللىرىغا تەرجىمە قىلىش سالمىقى ۋە قاپلاش نىسبىتى ئاشۇرۇلدى. ئومۇمىي خەلق ساغلاملىق پىلانى داۋاملىق يولغا قويۇلۇپ، ماھارەت تەنھەرىكەت سەۋىيىسى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلدى.

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلدى. ئەمگەك كۈچلىرى بايلىقىنى مۇۋاپىق سەپلەش ۋە يۆرۈشتۈرۈش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك كۈچى بازارلىرى ۋە كەسپىي جەھەتتە تەربىيىلەش مەركەزلىرى قېلىپلاشتۇرۇلدى. ئەمگەك زاپاس تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى زور كۈچ بىلەن ئالغا سۈرۈلدى. ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، قاپلاش دائىرىسى كېڭەيتىلدى، ئىجتىمائىي كاپالەت فوندى يىغىش، تاپشۇرۇش نىسبىتى ئۆستۈرۈلدى. 2000 - يىلى شەھەر - بازارلاردىكى پېنسىيە، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى فوندىنىڭ قاپلاش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىش ۋە يىغىلىش، تاپشۇرۇلۇش نىسبىتىنى ئوخشاشلا

%100 كە يەتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى. داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ئىسلاھاتى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە ئومۇمیۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى ھەمدە تۇغۇت سۇغۇرتىسى ئىسلاھاتى نۇقتىدا سىناق قىلىندى. جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتى داۋاملىق ياخشى ئوتتۇلۇپ، تىنچ - ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەت قوغدالدى.

7. ئىزچىل راۋاجلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىدە چىڭ تۇرۇلۇپ، ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى ۋە مۇھىت ئاسراش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى.

ئېكولوگىيە قۇرلۇشى ۋە مۇھىت ئاسراشقا سېلىنىدىغان سېلىنما سالىقى ئاشۇرۇلدى. تارىم دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى قۇرۇلۇشى بىلەن ئۇنى ئاسراش مۇھىم نۇقتا، تەبىئىي ئورمانلارنى قوغداش، تەبىئىي يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، چېكىنگەن تېرىلغۇ يەرلەردە ئورمان، ئوتلاق بەرپا قىلىنىپ، ئىقتىسادىي ئورماننى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئوت - چۆپ تېرىش ۋە غول ئېقىنلارنى تۈزەش مۇھىم مەزمۇن قىلىنىپ، ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇش، تۈزەش نۇقتىدا سىناق قىلىندى. باغراش كۆلىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى تۈزەش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى. تەبىئىي ئورمان ۋە ئوتلاق تىرىشىپ ياخشى قوغدالدى، ئورمان بايلىقى قانۇن بويىچە قوغدالدى، ئۆزگىچە ئىقتىسادىي ئورمان ۋە بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئورمىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، كىچىك ۋادىلارنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش تېزلىتىلدى، سۇ مەنبەسىنى ئاسراش، تۇپراقنى ساقلاپ قېلىش كۈچەيتىلىپ، قۇم، بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى، سۇ، تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى ۋە يەرلەرنىڭ چۆللىشىپ كېتىشىنىڭ جىددىيلىشىشكە قاراپ يۈزلىنىشى توسۇپ قېلىندى.

بايلىق باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، يەر، سۇ ۋە كان بايلىقىنى قانۇن بويىچە قوغداش كۈچەيتىلدى.

ساناتەتنىڭ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش بىلەن كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، ئېنېرگىيە سەرپىياتى يۇقىرى، ئۈنۈمى ناچار، بۇلغىنىشى ئېغىر كارخانىلار تاقىۋېتىلدى ياكى باشقا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆزگەرتىلدى. شامال ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىپ توك ھاسىل قىلىش ۋە قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىش پائال تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، ئېنېرگىيە تېجەش تېخنىكىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە يېڭىلىق يارىتىش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. تەبىئىي گاز ئىشلىتىشنىڭ ئىمكانىيەت تەتقىقاتى تېزلىتىلىپ، شەھەرلەردە تۇرۇبىلىق تەبىئىي گازنى ئومۇملاشتۇرۇش نىسبىتى ئۆستۈرۈلدى، شەھەر ھاۋاسىنىڭ بۇلغىنىشى ئازايتىلدى، پاكىزە ئىشلەپچىقىرىش پائال كېڭەيتىلىپ، «ئۈچ كېرەكسىز» زور دەرىجىدە ئازايتىلىپ، بۇلار زىيانسىزلاندۇرۇلدى، بايلىققا ئايلاندۇرۇلدى.

يالڭ يىبو

## ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى

1. كارخانىلارنىڭ بازارغا كىرىشىدە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى. ئاكسىيە بازارلىرى خېلى تېز تەرەققىي قىلدى. 2000 - يىلى شىنجاڭدا «شىنجۇڭجى» (بىڭتۈەن)، گۇاڭخۇي تاش ماتېرىياللىرى، خەلقئارا ئوقەتچىلىك، مىلىك پاي ھەسسىدارلىقى ۋە تيەنلى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كارخانىسىدىن ئىبارەت 5 كارخانىنىڭ پېيىنىڭ بازارغا سېلىنىغانلىقى ئېلان قىلىنىپ، 1 مىليارد 927 مىليون يۈەن مەبلەغ توپلاندى. پېيى يېڭىدىن بازارغا سېلىنغان 5 كارخانا ئىچىدە، گۇاڭخۇي تاش ماتېرىياللىرى، مىلىك پاي ھەسسىدارلىقى خەلق باشقۇرغان كارخانا، تيەنلى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كارخانىسى 2 يۇقىرى دەللەشتىن ئۆتۈپ، دۆلەت ئېتىراپ قىلغان يۇقىرى پەن - تېخنىكا كارخانىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن پېيىنى بازارغا سالدى. 2000 - يىلى قۇلماق، شىنجاڭ تۈنخې، ئالاھىدە ترانسفورماتور، تەڭرىتاغ پاي ھەسسىدارلىقىدىن ئىبارەت پېيى بازارغا سېلىنغان 4 شىركەت پاي سەپلەش ئارقىلىق 852 مىليون يۈەن مەبلەغ توپلىدى.

شىنجاڭدا پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ تىجارەت نەتىجىسى ئومۇمەن ياخشى بولدى، 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ بويىچە پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەت 19 غا، ئومۇمىي پاي دەسمايىسى 4 مىليارد 300 مىليون پايغا، ئومۇمىي مۈلكىنىڭ قىممىتى 27 مىليارد يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي بازار قىممىتى 79 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايون ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ %58 نى ئىگىلىدى. پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ 2000 - يىلى مەلۇم بولغان ئەھۋالىدىن قارىغاندا، پېيى بازارغا سېلىنغان 19 شىركەتنىڭ پايدا سوممىسى 1 مىليارد 255 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر پايدىن 0.244 يۈەن (مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.203 يۈەن) پايدا ئالغان، ساپ مۈلۈكنىڭ ئوتتۇرىچە پايدا نىسبىتى %9.55 (مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە %7.66) بولدى. پېيى بازارغا سېلىنغان بىر شىركەت يەنى «ST بەيخۇاسۇن» نىڭ تىجارەت ئەھۋالى داۋاملىق يامانلىشىپ، 2000 - يىلى يەنىلا زىيان تارتقانلىقتىن «PT» قالپىقى كىيگۈزۈلدى.

شىنجاڭنىڭ ئاكسىيە بازارلىرىدا مەبلەغ سالغۇچىلار

قوشۇنى ئۆزلۈكسىز زورايدى. 2000 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭنىڭ ئاكسىيە بازىرىدا ھېساب ئاچقانلار 792 مىڭغا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 119 مىڭ كۆپەيدى، سودا سوممىسى 200 مىليارد 960 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، A پاي سودا سوممىسى 15 مىليارد 710 مىليون يۈەن بولدى. شىنجاڭ ئاكسىيە بازارلىرىنىڭ مەملىكەتتىكى ئاكسىيە بازارلىرىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 1994 - يىلدىكى 0.3% تىن 2000 - يىلى 1.9% كە ئۆستى.

2. پېيى بازارغا سېلىنىدىغان زاپاس كارخانىلارنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلدى. بىرىنچى، ش ئۇ ئا ر كارخانىلارنىڭ پېيىنى بازارغا سېلىش يېتەكچىلىك كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى تەڭشەلدى، ش ئۇ ئا ر كارخانىلارنىڭ پېيىنى بازارغا سېلىش يېتەكچىلىك كومىتېتىنىڭ 4 -، 5 - سانلىق يىغىنلىرى ئېچىلىپ، كارخانىلارنىڭ تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىپ پېيىنى بازارغا سېلىش خىزمىتى مۇھاكىمە قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئىككىنچى، 2000 - يىل 8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر كارخانىلارنىڭ پېيىنى بازارغا سېلىش يېتەكچىلىك كومىتېتى ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، بۇ كومىتېتنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى قىلىندى. بۇ ئىشخانا ش ئۇ ئا ر تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئىشخانىسىدا تەسىس قىلىنىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە كارخانىلارنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىپ، پاينى بازارغا سېلىشتىكى تۈرلۈك كونكرېت خىزمەتلەرگە مەسئۇل قىلىندى. ئۈچىنچى، پاينى بازارغا سېلىش شەرتىنى ھازىرلىغان كارخانىلارنىڭ پېيىنى بازارغا سېلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش خىزمىتى ئىشلەندى. تۆتىنچى، ش ئۇ ئا ر تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئىشخانىسى ئاكسىيە نازارەتچىلىك جەمئىيىتىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە ئىشخانىسى بىلەن بىللە بىر قارار «ئاكسىيە قانۇنى» كۇرسى ئاچتى، كۇرسقا ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى ئاكسىيە خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبەرلەر ۋە ئازكەم 100 كارخانىنىڭ مەسئۇلى ھەمدە ئالاقىدار خادىملار قاتناشتى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ۋە كارخانا مەسئۇللىرىنىڭ تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىپ پېيىنى بازارغا سېلىشقا ئائىت قانۇن - قائىدە - نىزاملارغا ۋە ھەرىكەتنى قېلىپلاشتۇرۇش تەرتىپى، تەلىپىگە بولغان تونۇشى ئۆستۈرۈلدى. بەشىنچى، ش ئۇ ئا ر تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئىشخانىسى كارخانىلارغا بېرىپ، كارخانىلارنىڭ تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىپ پېيىنى بازارغا سېلىشى ئۈستىدە تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىش ۋە ياردەم بېرىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. ش ئۇ ئا ر كارخانىلارنىڭ پېيىنى بازارغا سېلىش يېتەكچىلىك كومىتېتى ئىشخانىسى تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىپ، پېيىنى بازارغا سېلىشنى تەلەپ قىلغان كارخانىلارنىڭ تېگى - تەكتىنى ئىگىلەش بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، «تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىش ۋە پاينى بازارغا سېلىش» ئۈچۈزىنى تۈزۈپ چىقىپ، رەھبەرلەر ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ بىرلىكتە كارخانىلارنىڭ تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىپ پېيىنى بازارغا سېلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

3. چەكلىك پاي شىركەتلىرى داۋاملىق كۆپەيدى. 2000 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە پېيى بازارغا سېلىنغان 19 كارخانىدىن سىرت، شىنجاڭ بويىچە پاي چەكلىك شىركىتىدىن 41 ى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن قۇرۇلغان چەكلىك پاي شىركىتى 16 بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە 1992 - يىلدىن بۇيان قۇرۇلغان پاي چەكلىك شىركەتلىرىنىڭ 27% نى ئىگىلىدى ھەمدە ئازكەم 20 پاي چەكلىك شىركىتى بىلەن ئاكسىيە سودىگەرلىرى كونسۇلتاتسىيە كېلىشىمى ئىمزالىدى ياكى ئىمزالىماقچى.

جاڭ شۈي

## سانائەت قۇرۇلمىسى تەڭشەلدى

1. تەشكىلىي قۇرۇلما تەڭشەلدى. 2000 - يىلى شىنجاڭدا قوشۇۋېتىش، قايتا تەشكىللەش ئارقىلىق توقۇمىچىلىق، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، يېنىك سانائەت قاتارلىق ساھەلەردە ئاساسىي كەسپى گەۋدىلىك، رىقابەت كۈچى خېلى كۈچلۈك بىر تۈركۈم چوڭ كارخانا گۇرۇھلىرى تولۇقلاندى ۋە كۈچەيتىلدى؛ قەرزنى پايغا ئۆزگەرتىش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە، لېكىن قەرز يۈكى ئېغىر بىر تۈركۈم ئوتتۇرا، چوڭ دۆلەت كارخانىلىرىغا مەدەت بېرىلدى، مەبلەغ سالىدىغان سۇبيېكتلارنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ تاقاش، ۋەيران قىلىش، چېكىندۈرۈش ئارقىلىق، مەھسۇلاتىنىڭ بازىرى يوق، مەبلىغى قەرزىگە چىقىش قىلمايدىغان، زىياننى توگىتىشتىن ئۈمىد يوق، بۇلغىشى ئېغىر، بايلىقى قۇرۇپ كەتكەن بىر تۈركۈم كارخانىلار شاللىۋېتىلىپ، ئەۋزەللىككە ئىگە كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتى ماكان بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

2. مەھسۇلات قۇرۇلمىسى تەڭشەلدى. بازار يېتەكچى قىلىنىپ، ئەلالىرىغا مەدەت بېرىلىپ، ناچارلىرى چەكلەندى، داڭلىق، ئەلا، ئۆزگىچە مەھسۇلاتلار نۇقتىلىق يېتىشتۈرۈلدى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. شىنجاڭدا مەخسۇس تۈردىكى مەبلەغ تەسىس قىلىنىپ، ئۆزگىچە كەسىپلەرنىڭ يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا ۋە ئىلغار ئەمەلىي تېخنىكا بويىچە تېخنىكا ئۆزگەرتىشىگە مەدەت بېرىلدى. كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرى سەۋىيىسى ۋە مەھسۇلات كۆلىمى، سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى، مەھسۇلات قۇرۇلمىسى ئەلالاشتۇرۇلدى. نېفىت، توقۇمىچىلىق، يېنىك سانائەت، بىناكارلىق ماتېرىياللىرىدىن ئىبارەت 4 چوڭ ساھەدىكى سانائەتنىڭ

قوشۇلما قىممىتى شىنجاڭ سانائىتى قوشۇلما قىممىتىنىڭ تەخمىنەن 75% نى ئىگىلىدى.

3. مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسى تەڭشەلدى. دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىلدى، بۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭدا ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى بىر خىللا ئىقتىساد بولۇش ئەھۋالى ئۆزگەرتىلدى. پاي تۈزۈمى، پاي ھەمكارلىق تۈزۈمى، بىرلەشمە تىجارەت، يەككە ۋە «ئۈچ خىل مەبلەغ» قاتارلىق دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان سانائەت تېز تەرەققىي قىلدى، 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، بۇ خىل سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 27.6% كە يېتىپ، شىنجاڭنىڭ سانائەت ئىقتىسادىدا مۇھىم كۈچ بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلار ۋە جەمئىيەت كاپىتالىنىڭ دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىغا قاتنىشىشى يېتەكلەندى ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىلدى. يىل ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ بويىچە قۇرۇلغان پاي تۈزۈمىدىكى كارخانا 368 گە، پاي ھەمكارلىق تۈزۈمىدىكى كارخانا 184 كە، خۇسۇسىي كارخانا 1840 قا، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن ۋە چەت ئەل سودىگەرلىرى قۇرغان كارخانا 125 كە، يەككە سودا - سانائەتچى 48 مىڭ 500 گە يەتتى.

4. ئومۇمىي مىقدار تەڭشىلىپ ۋە تىزگىنلىنىپ، قالاقلىرى شاللىنىۋېتىلدى. يىل ئاخىرىغىچە، توقۇمىچىلىق كەسپىدە 210 مىڭ قالاق پاختا توقۇمىچىلىق ئۇرچۇقى شاللىنىۋېتىلدى، يۇڭ توقۇمىچىلىقىدا 19 مىڭ 500 ئۇرچۇق، يىپەك توقۇمىچىلىقىدا 8400 ئۇرچۇق قىسقارتىلدى. مېتاللورگىيە سانائىتى بويىچە 14 كىچىك پولات - تۆمۈر زاۋۇتى تاقىۋېتىلدى، 160 مىڭ توننا قالاق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى شاللىنىۋېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە چويۇن 70 مىڭ توننا، پولات 32 مىڭ توننا، پولات پروكاتلاش 58 مىڭ توننا. كۆمۈرچىلىكتە قانۇنسىز ۋە جايلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق بولمىغان تۈرلۈك كىچىك كۆمۈركاندىن 368 ى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى ۋە تاقىۋېتىلدى. مەھسۇلاتنى 3 مىليون 580 مىڭ توننا ئازايتىش ئاساسىدا، 2000 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 10 مىڭ توننىدىن تۆۋەن (10 مىڭ توننىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 390 كىچىك كۆمۈركان قۇدۇقىنى تاقاش ۋە خام كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشنى 27 مىليون توننا ئىچىدە تىزگىنلەش ۋەزىپىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالدى. شېكەرچىلىك كەسپى زور دەرىجىدە تەڭشەلدى، تاقاش، باشقا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆزگەرتىش پىلانلانغان 7 كارخانىنىڭ 5 ى ۋەيران بولۇش تەرتىپىگە قەدەم قويدى. ئېلېكتر ئېنېرگىيە كەسپى بويىچە 46 كىچىك ئوت ئېلېكتر گېنېراتور گۇرۇپپىسى تاقىۋېتىلدى. بۇلارنىڭ سىغىمى 184.95 مېگاۋات. نېفىت خىمىيە سانائىتى كەسپى بويىچە 70 يەرلىك ئۇسۇلدا نېفىت ئايرىش ئۈسكۈنىسى تاقىۋېتىلدى ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. سېمونت كەسپى بويىچە دىئامېتىرى 2 مېتىردىن تۆۋەن بولغان تىك خۇمدانلارنىڭ ھەممىسى شاللىنىۋېتىلدى. ئىجازەتنامە ئالماي سېمونت ئىشلەپچىقارغان 48 كارخانا قانۇن بويىچە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى ۋە تاقىۋېتىلدى، 1 مىليون 30 مىڭ توننا قالاق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى شاللىنىۋېتىلدى.

دېڭ شۈچى

## قوشۇۋېتىش، ۋەيران قىلىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە قوشۇۋېتىش، ۋەيران قىلىش تۈرىدىن 22 سى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، بانكىنىڭ كۆتۈرۈۋېتىشكە تېگىشلىك تىرىلمەس قەرزى 1 مىليارد 950 مىليون يۈەن بولدى. بۇنىڭدىن سىرت، 8 كارخانىنى ۋەيران قىلىش تۈرى دۆلەت ئىقتىساد - سودا كومىتېتىنىڭ پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، بانكىنىڭ كۆتۈرۈۋېتىشكە چېتىلىدىغان تىرىلمەس قەرزى 1 مىليارد 300 مىليون يۈەن بولدى.

دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىدا قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشتىكى «ئۈچ يىللىق نىشان» نى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 1997 - يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ «تىرىلمەس قەرزنى تەكشۈرۈش» سىياسىتىنى داۋاملىق تەتبىق قىلدى. 3 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ بويىچە «مەملىكەتنىڭ كارخانىلارنى قوشۇۋېتىش، ۋەيران قىلىش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمەت پىلانى» غا كىرگۈزۈلگەن كارخانا 132 گە (بۇنىڭ ئىچىدە سودا كارخانىسى 12، سانائەت كارخانىسى 120)، چېتىلىدىغان مەبلەغ 19 مىليارد 280 مىليون يۈەنگە، قەرز 19 مىليارد 990 مىليون يۈەنگە، چېتىلىدىغان كارخانىدىكى ئادەم 203 مىڭغا، بانكىنىڭ كۆتۈرۈۋېتىلگەن تىرىلمەس قەرزى 6 مىليارد 230 مىليون يۈەنگە، بانكىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان قەرزدىن كۆتۈرۈۋېتىلگىنى 3 مىليارد 80 مىليون يۈەنگە يەتتى. نورمال ۋەيران بولۇش تەرتىپىگە قەدەم قويغان كارخانا 288 گە، كۆتۈرۈۋېتىلگەن قەرز 3 مىليارد 460 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇ 3 تۈر بويىچە كۆتۈرۈۋېتىلگىنى 13 مىليارد 770 مىليون يۈەن بولۇپ، 1996 - يىلدىكى دۆلەت كارخانىلىرى قەرزىنىڭ 15.3% نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ بىلەن، كارخانىلارنىڭ ئوتتۇرىچە قەرز نىسبىتى 11 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى.

قوشۇۋېتىش، ۋەيران قىلىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن كارخانىلار ئىچىدە، يەرلىك ئورۇنلارغا قاراشلىق كارخانا 74، چېتىلىدىغان مۈلكىنىڭ قىممىتى 17 مىليارد 650 مىليون يۈەن بولۇپ، 1996 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرى مۈلكىنىڭ 47.6% نى

ئىگىلىدى، چېتىلىدىغان قەرز 16 مىليارد 840 مىليون يۈەن بولۇپ، 1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئاپتونوم رايوندىكى پەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار قەرزىنىڭ %61.7 نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋەيران بولغان كارخانا 32 بولۇپ، چېتىلىدىغان مۈلكىنىڭ قىممىتى 3 مىليارد 790 مىليون يۈەن، قەرز 5 مىليارد يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە بانكا بەرگەن قەرز 3 مىليارد 400 مىليون يۈەن). قوشۇۋېتىلگەن كارخانا 25 بولۇپ، چېتىلىدىغان مۈلكىنىڭ قىممىتى 3 مىليارد 100 مىليون يۈەن، قەرز 3 مىليارد يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە بانكا بەرگەن قەرز 2 مىليارد 450 مىليون يۈەن). خادىم قىسقارتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرغان كارخانا 17 بولۇپ، چېتىلىدىغان مۈلكىنىڭ قىممىتى 10 مىليارد 760 مىليون يۈەن، قەرز 8 مىليارد 840 مىليون يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە بانكا بەرگەن قەرز 6 مىليارد 650 مىليون يۈەن). بانكىنىڭ كۆتۈرۈۋېتىلگەن تىرىلمەس قەرزى 4 مىليارد 260 مىليون يۈەن بولۇپ، كۆتۈرۈۋېتىلگەن سوممىنىڭ %67 نى ئىگىلىدى.

دىلى شۆچى

## تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلىغا ئۆسۈمنى قوشۇپ بېرىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە دۆلەتنىڭ 4 - تۈركۈمدىكى دۆلەت بەرگەن قەرزگە ئۆسۈمنى قوشۇپ بېرىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن تۈر 7 بولۇپ، مەملىكەت بويىچە دۆلەت بەرگەن قەرزگە ئۆسۈمنى قوشۇپ بېرىش تۈرىنىڭ %3 نى ئىگىلىدى. تۈرگە سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 480 مىليون يۈەن بولۇپ، مەملىكەت بويىچە %2.3 نى ئىگىلىدى، دۆلەت بەرگەن قەرزگە قوشۇپ بېرىلگەن ئۆسۈم 120 مىليون يۈەن بولۇپ، مەملىكەت بويىچە %1.1 نى ئىگىلىدى. 1990 — 2000 - يىلغىچە، شىنجاڭ بويىچە 14 تۈر دۆلەت بەرگەن قەرزگە ئۆسۈم قوشۇپ بېرىشتىن بەھرىمەن بولدى، بۇ تۈرلەرگە 3 مىليارد 380 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت بەرگەن قەرزگە قوشۇپ بېرىلگەن ئۆسۈم 300 مىليون يۈەن.

دىلى شۆچى

## قەرزنى پايغا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ بويىچە قەرزنى پايغا ئۆزگەرتىش سىناق نۇقتىسى قىلىنغان 17 كارخانىنىڭ ھەممىسى پۇل مۇئامىلە مۈلۈك باشقۇرۇش شىركىتى بىلەن قەرز ھوقۇقىنى پاي ھوقۇقىغا ئۆزگەرتىش كېلىشىمى ئىمزالىدى، ئىمزالانغان قەرزنى پايغا ئۆزگەرتىش كېلىشىمىدىكى سومما 5 مىليارد 780 مىليون يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 13 كارخانىنىڭ قەرزنى پايغا ئۆزگەرتىش كېلىشىمى ۋە (لايىھىسى) گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى ئارقىلىق يولغا قويۇش باسقۇچىغا قەدەم قويدى.

مەلۇماتقا قارىغاندا، 2000 - يىل 4 - ئايدىن 12 - ئايغىچە، قەرزنى پايغا ئۆزگەرتكەن 17 كارخانا ئۆسۈمنى توختىتىۋېتىش سەۋەبىدىن 260 مىليون يۈەن ئۆسۈمنى ئاز چىقىم قىلغان. قەرزنى پايغا ئۆزگەرتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، قەرزنى پايغا ئۆزگەرتكەن 17 كارخانىنىڭ ئوتتۇرىچە قەرز نىسبىتى ئەسلىدىكى %76 تىن %46 كە تۆۋەنلىگەن. بۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا، چوڭ دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە قەرز نىسبىتى 5 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىگەن. 17 كارخانا ئىچىدە 12 كارخانا شىركەت تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى دەسلەپكى قەدەمدە يولغا قويۇپ، كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئالغا سۈرگەن.

دىلى شۆچى

## بازار ئوبوروتى

2000 - يىلى شىنجاڭ بازارلىرىدىكى تاۋارلارنىڭ سېتىلىشى مۇقىملىق ئىچىدە جانلىنىشقا يۈزلەندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 37 مىليارد 450 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %7.8 ئاشتى. بازار ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى مۇنداق بولدى: ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى دۆلەت ۋە كوللېكتىپ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدىن تېز بولدى، شەھەر بازارلىرىدىكى ئېشىش يېزا بازارلىرىنىڭكىدىن تېز بولدى. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئىقتىساد بويىچە پارچە سېتىلىش سوممىسى %4.6، كوللېكتىپ ئىقتىساد بويىچە پارچە سېتىلىش سوممىسى %4.8 تۆۋەنلىدى. لېكىن يەككە ئىگىلىك بويىچە پارچە سېتىلىش سوممىسى %12.5، خۇسۇسىي ئىگىلىك بويىچە پارچە سېتىلىش سوممىسى %78.5 ئاشتى. شەھەرلەردىكى ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى %9.2، يېزىلارنىڭ %5.5 ئاشتى.

2000 - يىلى شىنجاڭدا بازار ئېچىش ۋە ئۇنى قېلىپلاشتۇرۇش يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، مۇھىم تاۋارلارنىڭ بازارنى ئىگىلەش نىسبىتى ئۆستۈرۈلدى.

1. ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى تېزلىتىلدى. يىل ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە تۈزۈلمە ئۆزگەرتىش دائىرىسى سودا سىستېمىسىنىڭ %70 كە، ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ %60 كە، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سىستېمىسىنىڭ %70 كە يەتتى. ئاشلىق، پاختا قاتارلىق مۇھىم تاۋارلارنى

باشقۇرىدىغان دۆلەت كارخانىلىرىغا نۇقتىلىق مەدەت بېرىلىپ، بىر تۈركۈم چوڭ تايانچ سودا كارخانىلىرى نۇقتىلىق يېتىشتۈرۈلدى ھەمدە بىرلىشىش، قوشۇۋېتىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق چوڭ ئوبوروت كارخانىلىرى (گۇرۇھلىرى) ۋە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. دۆلەت كاپىتالىنىڭ كىچىك ئوبوروت كارخانىلىرىدىن چېكىنىپ چىقىشىغا ئىلھام بېرىلدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىر قىسىم ئوبوروت كارخانىلىرى «كىم ئارتۇق» قىلىپ سېتىش، ئىجارىگە بېرىش، پاي ھەمكارلىق تۈزۈمى قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتتى، بۇنىڭ بىلەن، ئوخشاش بولمىغان مۈلۈكچىلىكتىكى ئىقتىساد بىر - بىرىنى ئالغا سۈرۈپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىدىغان ۋەزىيەت تەدرىجىي شەكىللەندى.

2. زامانىۋى ئوبوروت تەشكىلىي شەكلى يولغا قويۇلدى. زەنجىرسىمان تىجارەت قىلىش، مال يەتكۈزۈپ بېرىش، مەخسۇس سېتىش دۇكانلىرى، ئاللا بازىرى قاتارلىق يېڭىچە تىجارەت شەكلى جايلاردا تەدرىجىي يولغا قويۇلدى. ئۈرۈمچىدە زەنجىرسىمان ئاللا بازىرى 10 نەچچىگە، تور - نۇقتىلىرى 200 نەچچىگە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سودا، مائارىپ، يېزا ئىگىلىكىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش پائال ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، شىنجاڭ «جيايۇ» گۈل چەكلىك شىركىتى نۇقتىدا سىناق قىلىشقا تاللاندى، بۇنىڭ بىلەن، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش ئىلگىرى سۈرۈلدى.

3. ئىرىشىپ بازار ئېچىلدى. شىنجاڭدىكى كارخانىلار بىلەن شاڭخەي «ليەنخۇا» ئاللا بازىرى شىركىتىنىڭ تاۋار سودىسى يەرمەنكىسى ئۆتكۈزۈلۈپ، شىنجاڭنىڭ 50 نەچچە خىل مەھسۇلاتىنىڭ شاڭخەي «ليەنخۇا» بازىرىغا كىرىشىگە تۈرتكە بولۇندى. 152 خىل مەھسۇلات بۇ شىركەتنىڭ سېتىۋېلىش تورىغا كىردى. خەلق باشقۇرىدىغان كارخانىلار جۇڭگونىڭ خەلق باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلارنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك سودا يەرمەنكىسىگە قاتنىشىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى. 18 ھەمكارلىق تۈرى ئىمزالاندى، سودا سوممىسى 180 مىليون يۈەنگە يەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، تۈرلۈك كۆرگەزمىلەر ئارقىلىق، ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىق ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئىچكى سودا سېتىمىسى ساتقان تاۋار سوممىسىلا 1999 - يىلدىكىدىن 12% ئاشتى.

4. ئوبوروت تەرتىپى قېلىپلاشتۇرۇلدى. تەييارماي، ئاپتوموبىل، پولات ماتېرىيال قاتارلىق مۇھىم تاۋارلارنىڭ ئوبوروت تەرتىپى تەرتىپكە سېلىندى. 75 كارخانا، 1450 ماي پونكىتى تىجارەت كىنىشكىسى ئالدى، نۇقتا بەلگىلەپ چارۋا مال سويۇشنى باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، بازارلارنى تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش چىڭىتىلىپ، يۈقرالارنىڭ خاتىرجەم گۆش يېيىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىلدى.

5. سىياسەتتىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئېكسپورت كېڭەيتىلدى. دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىشقا ئىلھام بېرىشكە ئائىت سىياسىتى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، دۆلەت چۈشۈرۈپ بەرگەن ئېكسپورت سانىدىن ئوبدان پايدىلىنىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ ئۆزى باشقۇرىدىغان ئېكسپورت كەسپىنى يولغا قويۇشقا مەدەت بېرىلىپ، پاختا، پاختا يىپ، پاختا رەخت، ئۆي جاھازلىرى، ئاياغ كىيىم ۋە كىيىم - كېچەك قاتارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ئېكسپورت قىلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

دېڭ شۈچى

# ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى

## چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئەھۋالى

**قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىكى ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتى جەھەتتىكى ھەمكارلىق** 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون چەت ئەللەر بىلەن قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىكى ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتى توختامىدىن 7 نى ئىمزالىدى، توختامدىكى سومما 9 مىليون 170 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 36.46% ئاشتى، تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 710 مىڭ دوللار بولۇپ، 28.71% تۆۋەنلەپ كەتتى؛ شۇ يىلى چەت ئەللەرگە ئەمگەك مۇلازىمىتى قىلىشقا 460 ئادەم چىقىرىلدى. ئۇلار ئاساسەن سەئۇدى ئەرەبىستانى، قازاقىستانغا ئەۋەتىلدى. ھۆددىگە ئېلىنغان ئاساسلىق تۈر قۇدۇق بۇرغىلاش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بولدى.

**چەت ئەللەرگە ئىقتىساد - تېخنىكا جەھەتلەردىن ياردەم بېرىش** چەت ئەللەرگە ياردەم بېرىش تۈرىدىن 2 سى ئىجرا قىلىندى، ئۇلارنىڭ سوممىسى 70 مىليون يۈەنگە يەتتى. ياردەم ئالغان دۆلەت ۋە رايونلار: ئەزەربەيجان، قازاقىستان. چېتىشلىق ساھەلەر: توقۇمىچىلىق ماشىنىلىرى، تېببىي داۋالاش ئەسۋابلىرى.

**چەت ئەلگە مەبلەغ سېلىش** 2000 - يىلى ئاپتونوم رايونىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قازاقىستاندا بىر كارخانا قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا جەمئىي 800 مىڭ دوللار مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو تەرەپ سالغىنى 392 مىڭ دوللار.

گۈەن چۈن

## چەتنىڭ مەبلىغىدىن پايدىلىنىش ئەھۋالى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون چەتنىڭ مەبلىغىدىن

پايدىلىنىش توختامىدىن 58 نى ئىمزالاپ ئەستىقلىدى. بۇلارنىڭ سوممىسى 92 مىليون 120 مىڭ دوللارغا يەتتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە، شېرىك كارخانا 34، سوممىسى 31 مىليون 200 مىڭ دوللار؛ ھەمكارلىق كارخانىسى 5، سوممىسى 25 مىليون 360 مىڭ دوللار؛ چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا 19، سالغان مەبلىغى 35 مىليون 560 مىڭ دوللار. ئەمەلىيەتتە پايدىلىنىلغان چەت ئەل مەبلىغى 19 مىليون 230 مىڭ دوللار بولدى.

چەتتىن كەلگەن سودىگەرلەر بىۋاسىتە مەبلەغ سالغان 59 تۈر ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش تىپىدىكى تۈر 43 بولۇپ، 72.88% نى، غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش تىپىدىكى تۈر 16 بولۇپ، 27.12% نى ئىگىلىدى. ساھە بويىچە ئايرىغاندا، يېزا ئىگىلىك تۈرى 5، باسمىچىلىق تۈرى 40، مۇلازىمەت تۈرى 12، باشقا ساھە تۈرلىرى 2.

چەتتىن كەلگەن سودىگەرلەر بىۋاسىتە سالغان مەبلەغ 18 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلدى. ئاساسلىقلىرى: شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى مەبلەغ سالغىنى 23 تۈر، سوممىسى 58 مىليون 40 مىڭ دوللار؛ تەيۋەن ئۆلكىسى مەبلەغ سالغىنى 4 تۈر، سوممىسى 3 مىليون 560 مىڭ دوللار؛ تايلاند مەبلەغ سالغىنى بىر تۈر، سوممىسى 1 مىليون 550 مىڭ دوللار؛ مالايسىيا مەبلەغ سالغىنى بىر تۈر، سوممىسى 550 مىڭ دوللار؛ ياپونىيە مەبلەغ سالغىنى 3 تۈر، سوممىسى 1 مىليون 710 مىڭ دوللار؛ تۈركىيە مەبلەغ سالغىنى بىر تۈر، سوممىسى 130 مىڭ دوللار؛ كورىيە مەبلەغ سالغىنى 2 تۈر، سوممىسى 5 مىليون 220 مىڭ دوللار؛ گېرمانىيە مەبلەغ سالغىنى بىر تۈر، سوممىسى 6 مىليون 130 مىڭ دوللار؛ ئەنگلىيە مەبلەغ سالغىنى بىر تۈر، سوممىسى 80 مىڭ دوللار؛ شۋېيتسىيە مەبلەغ سالغىنى بىر تۈر، سوممىسى 350 مىڭ دوللار؛ شۋېتسارىيە مەبلەغ سالغىنى بىر تۈر، سوممىسى 70 مىڭ دوللار؛ روسىيە مەبلەغ سالغىنى بىر تۈر، سوممىسى 150 مىڭ دوللار؛ قازاقىستان مەبلەغ سالغىنى 2 تۈر، سوممىسى 160 مىڭ دوللار؛ قىرغىزىستان مەبلەغ سالغىنى بىر تۈر، سوممىسى 20 مىڭ دوللار؛ ۋىرگىن تاقىم ئاراللىرى مەبلەغ سالغىنى 2 تۈر، سوممىسى 1 مىليون 960 مىڭ دوللار؛ كانادا مەبلەغ سالغىنى 3 تۈر، سوممىسى 10 مىليون 200 مىڭ دوللار؛ ئامېرىكا مەبلەغ سالغىنى 8 تۈر، سوممىسى 2 مىليون 80 مىڭ دوللار؛ ئاۋستىرالىيە مەبلەغ سالغىنى 3 تۈر، سوممىسى 160 مىڭ دوللار.

مۇشۇ يىلدا چەتتىن كەلگەن سودىگەرلەر مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ ئېكسپورت كىرىمى 103 مىليون 170 مىڭ دوللار بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 12.40% تۆۋەنلەپ كېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئېكسپورت كىرىمىنىڭ 16.23% نى ئىگىلىدى.

گۆەن چۆن

### تېخنىكا كىرگۈزۈش، چىقىرىش ئەھۋالى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون تېخنىكا كىرگۈزۈش ۋە ئۈسكۈنە ئىمپورت قىلىش توختامىدىن 6 نى ئىمزالىدى، 1999 - يىلدىكىدىن بىرى ئازىيىپ كەتتى. توختامدىكى سومما 22 مىليون دوللار بولدى، تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنىلەر ئىتالىيە، روسىيە، فرانسىيە، ئامېرىكىدىن ئىبارەت 4 دۆلەتتىن كىرگۈزۈلدى. چېتىلىدىغان ساھەلەر پولات تاۋلاش، نېفىت قىدىرىش - تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى.

گۆەن چۆن

### توغرا لىنىيىلىك بىرلىشىش ۋە ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى توختامىدىن 833 ى ئىمزالاندى. توختامدىكى سومما 16 مىليارد 53 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى توختامىدىن 680 ى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ توختامدىكى سوممىسى 10 مىليارد 120 مىليون يۈەنگە يەتتى. ماددىي ئەشيا سودا ھەمكارلىقى سوممىسى 2 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يەتتى. باشقا ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلاردىن كىرگۈزۈلۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن مەبلەغ 1 مىليارد 478 مىليون يۈەن بولدى.

1. ھەمكارلىشىش ساھەسى يەنىمۇ كېڭەيدى، ھەمكارلىشىش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. مەملىكەت بويىچە 27 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون ھەمدە داڭدار ئالىي مەكتەپلەر ۋە پەن تەتقىقات ئورگانلىرى ئاپتونوم رايونغا كېلىپ ھەمكارلىق تۈرلىرى ئۈستىدە كېڭەشتى، 257 ھەمكارلىشىش تۈرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، بۇلارنىڭ توختامدىكى سوممىسى 3 مىليارد 448 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە كىرگۈزۈلگەن يەككە ئىگىلىكتىكى كارخانا تۈرى 46، مەبلىغى 309 مىليون يۈەن.

2. ساھەلەر بويىچە نامراتلارنى يۆلەش ھەمكارلىقى داۋاملىق ياخشى راۋاجلىنىش ۋەزىيىتىنى ساقلىدى. ئاپتونوم رايون شاڭخەي، جياڭسۇ، شەندۇڭ، جېجياڭ، خۇبېي، تيەنجىن، خېنەن، خېبېي، خۇنەن، فۇجيەن، جياڭشى، گۇاڭدۇڭ، بېيجىڭ قاتارلىق 13 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون بىلەن ساھەلەر بويىچە ياردەم بېرىش، كادىر ئەۋەتىپ چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش، نامراتلارنى يۆلەش ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. 2000 - يىلى شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى ئىقتىسادى بىرقەدەر راۋاجلانغان 5 ناھىيە، شەھەر قەشقەر ۋىلايىتىدىكى نامرات 5 ناھىيە، شەھەرنى ساھەلەر بويىچە ياردەم

بېرىش - يۆلەش ئوبيېكتى قىلدى. شەندۈڭ يەنە 200 مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىنى شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتتى. ئاپتونوم رايون شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلارنىڭ كۆۋرۈكلۈك رولىدىن پايدىلىنىپ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۆلكە، شەھەرلەر بىلەن 80 دىن ئارتۇق ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىنى ئەمەلىيلەشتۈردى، 300 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ كىرگۈزدى. شاڭخەي، جياڭسۇ، جېجياڭ، شەندۈڭ، خېبېي، خۇنەن، خۇبېي قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى ئۆلكە دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاپتونوم رايونغا كېلىپ بىر تۈركۈم ھەمكارلىق تۈرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئاپتونوم رايون شاڭخەي بىلەن «شاڭخەي شەھىرى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەمكارلىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىش توغرىسىدىكى سۆھبەت خاتىرىسى» ئىمزالىدى. شاڭخەي شەھىرى ئاپتونوم رايون بىلەن 17 ھەمكارلىق تۈرىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. 282 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى. جېجياڭ ئۆلكىسى ئاپتونوم رايونغا 360 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى.

3. ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى بىرلىشىش - ھەمكارلىشىش تېخىمۇ جۇش ئۇرۇپ، ساغلام راۋاجلاندى، بىرلەشمە تىپىدىكى ئىقتىسادىي يوللار ماڭغانسېرى كېڭەيدى. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى ھەمكارلىشىش تۈرىدىن 366 سى ئەمەلىيلەشتى، ھەمكارلىشىش توختامىدىكى سومما 6 مىليارد 672 مىليون يۈەنگە يەتتى. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغقا جايلاشقان بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى، شىخەنزە شەھىرى بىلەن سانجى ئوبلاستى، تارباغاتاي ۋىلايىتى بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ، 80 دىن ئارتۇق ھەرخىل ھەمكارلىشىش تۈرىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. «شىنتيەن» خەلقئارا ئوقەتچىلىك شىركىتى، «جۇڭجى» ھەسسىدارلىق شىركىتى قاتارلىق كارخانىلار 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، سانجى ئوبلاستى ھەمدە تارباغاتاي ۋىلايىتىدە ئۈزۈم، شوخلا، سەۋزە ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى كارخانىلارنىڭ بىرلىشىشىدە تېخىمۇ ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. گۇاڭخۇي كارخانا گۇرۇھى، شىنجاڭ «تۇنخې» چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «خۇالىڭ» گۇرۇھى، «تەڭرىتاغ» سېمونت چەكلىك پاي شىركىتى ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى 30 دىن ئارتۇق كارخانىنى سېتىۋالدى ۋە قوشۇۋالدى، 500 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سالدى. بۇنىڭلىق بىلەن كارخانىلارنىڭ ساقلانما مۈلكىنى جانلاندۇرۇپلا قالماستىن، دۆلەت كارخانىلىرىنى قىيىن شارائىتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدىمۇ ئىزدەندى.

4. ئۆلكىلەر ئارا سودا بېرىش - كېلىشى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، ئىچكى سودىدىكى ھەمكارلىشىشتا يېڭى بۆسۈش قولغا كەلتۈرۈلدى. 2000 - يىلى شەندۈڭ، سىچۇەن، خېنەن ئۆلكىلىرى، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋېنجۇ شەھىرى، خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ چاڭشا شەھىرى قاتارلىقلار شىنجاڭغا كېلىپ، كۆلىمى بىرقەدەر زور تاۋار يەرمەنكىسى ھەمدە سودا يەرمەنكىسى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايونمۇ شىئەن جۇڭگو ئوتتۇرا - غەربىي قىسىم ھەمكارلىقى ۋە مەبلەغ سېلىش سودا يەرمەنكىسى، چىڭداۋ تاشقى ئىقتىساد - سودا يەرمەنكىسى، گۇاڭجۇ يەرمەنكىسى قاتارلىق دۆلەت ئىچىدىكى بىرقاتار تاۋار سودىسى يەرمەنكىلىرىگە كارخانىلارنى قاتناشتۇردى. 100 دىن ئارتۇق سودا توختامى ۋە كېلىشىمى ئىمزالىدى، پۈتۈشۈش سوممىسى 3 مىليارد يۈەندىن ئاشتى.

يۈەن جىنلياڭ

## قوشۇمچە (1)

**2000 - يىلى ئاپتونوم رايونغا باشقا ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلاردىن 5 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ كىرگۈزۈلگەن ھەمكارلىق تۈرلىرى**

**ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 10 تۈر:**

1. بېيجىڭ «خۇاچۇاڭ تيەنيۈەن» سودا - سانائەت تەرەققىيات شىركىتى شىنجاڭ لىتىيلىق تۇز زاۋۇتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، بىرلىكتە تورسىمان پولات جازىلىق سۇلياۋ ئارىلاشما تۇرۇبا ئىشلەپچىقاردى. بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 120 مىليون يۈەن بولۇپ، 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشقا 43 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 25 مىليون 800 مىڭ يۈەنى بېيجىڭدىن كىرگۈزۈلدى.

2. جېجياڭ «جىنچېڭ» ئۆي - زېمىن تەرەققىيات شىركىتى مۇستەقىل مەبلەغ سېلىپ، ئۈرۈمچى يۇقىرى - يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدا ئۆي - زېمىن تەرەققىيات كەسپى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 450 مىليون يۈەن بولۇپ، 30 مىلون يۈەنى جېجياڭدىن كىرگۈزۈلدى.

3. جېجياڭنىڭ يۈڭكاڭ شەھىرىدىكى سودىگەر دۇ داشېڭ مۇستەقىل مەبلەغ سېلىپ ئۈرۈمچى يۇقىرى - يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدا سودا شىركىتى قۇردى، بۇنىڭغا جېجياڭدىن 6 مىليون 80 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

4. خۇبېي ۋۇخەن شەھەرلىك «يۈەنتەي» ئاليۇمىن شىركىتى ئۈرۈمچى يۇقىرى - يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدا ئاليۇمىن ماتېرىيال پىششىقلاش زاۋۇتى قۇردى، بۇنىڭغا خۇبېيدىن 15 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

5. جېجياڭ ئۆلكىسى نىڭبو شەھەرلىك «فۇدا» ئېلېكتر چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك «ئۆكتەبىر» خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئەسلىدىكى خىمىيە

سانائىتى زاۋۇتىنى تېخنىكا جەھەتتىن ئۆزگەرتتى، بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 9 مىليون يۈەن بولۇپ، 5 مىليون يۈەنى جېجياڭدىن كىرگۈزۈلدى.

6. شاڭخەي شەھىرى «باۋلۇڭ» كۆۋرۈك زاۋۇتى مۇستەقىل مەبلەغ سېلىپ ئۈرۈمچى شەھەرلىك تودۇڭخابا رايونىدا چوڭ تىپتىكى كۆۋرۈك ياسالمىلىرى زاۋۇتى قۇردى، شاڭخەيدىن 6 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

7. جېجياڭ جۇجى شەھەرلىك خەلق ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى زاۋۇتى ئۈرۈمچى شەھىرى غەربىي پويىز ئىستانسىدا ئالىيۇمىن تىپلىق ماتېرىيال پىششىقلاش زاۋۇتى قۇردى، بۇنىڭغا جېجياڭدىن 30 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

8. شەندۇڭ «خۇاشيا» گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋاڭجياگۇدا كىران مۇنارىسى زاۋۇتى قۇردى، بۇنىڭغا شەندۇڭدىن 6 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

9. جېجياڭ ۋېنجۇ شەھىرىلىك سودىگەر چېن شاۋبو قاتارلىقلار ئۈرۈمچى يۇقىرى - يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدا پولات قۇرۇلمىلىق زاپچاس ئىشلەپچىقاردى، بۇنىڭغا جېجياڭدىن 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

10. چۇڭچىڭ شەھەرلىك «چاڭئەن» ئاپتوموبىل شىركىتى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمىگو رايونىدا سېتىش مەركىزى قۇردى، بۇنىڭغا چۇڭچىڭدىن 6 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ 5 تۈر:

1. فۇجيەن «خاۋشىڭ» تاش ماتېرىيال چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى پىچان ناھىيىسىدە تاش ماتېرىياللارنى ئېچىش بىلەن شۇغۇللاندى، بۇ تۈرگە فۇجيەندىن 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

2. شەنشى «جىنشىن» شىركىتى پىچان ناھىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ 1333 گېكتار يەر ئاچتى، بۇ تۈرگە شەنشىدىن 15 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

3. شاڭخەي شەھەرلىك «شىفاڭ» ئوقەتچىلىك شىركىتى توقسۇن ناھىيىلىك «يۇڭدا» توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنى كېڭەيتىپ قۇردى. بۇ تۈرگە شاڭخەيدىن 46 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

4. شەندۇڭ يەنتەي «بېڭلۇن» گۇرۇھى تۇرپان شەھىرىدە 4000 تونىنا ئۈزۈمنى يېڭى پېتى ساقلاش ئامبىرى قۇردى، بۇ تۈرگە شەندۇڭدىن 25 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

5. شەنشى «لەنجيۇ» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى مۇستەقىل مەبلەغ سېلىپ پىچان ناھىيىسىدە ئالالىق ئاختاي ئىشلەپچىقاردى، بۇ تۈرگە شەنشىدىن 6 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ 2 تۈر:

1. جياڭسۇ ليەنيۈنگاڭ شەھىرى قۇمۇل شەھىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئەينەك پولات تۇرۇبا ئىشلەپچىقاردى، بۇ تۈرگە جياڭسۇدىن 15 مىليون 260 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

2. گۇاڭدۇڭ جيەنجياڭ خىمىيە سانائىتى گۇرۇھى بارىكۆل «لۇڭشياڭ» خىمىيە سانائىتى گۇرۇھى بىلەن ھەمكارلىشىپ خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى قۇردى بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 55 مىليون يۈەن بولۇپ، 30 مىليون يۈەنى گۇاڭدۇڭدىن كىرگۈزۈلدى.

قاراماي شەھىرىنىڭ 5 تۈر:

1. خېبېي «لوسىڭ» شىركىتى قاراماي شەھىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئورگانىك مىكرو ئوغۇت زاۋۇتى قۇردى، بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 10 مىليون يۈەن بولۇپ، 5 مىليون 200 مىڭ يۈەنى خېبېيدىن كىرگۈزۈلدى.

2. تيەنجىن شەھەرلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى قاراماي شەھەرلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى بىلەن ھەمكارلىشىپ 10 مىڭ مولۇق پاختا بازىسى قۇردى، بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 16 مىليون يۈەن بولۇپ، 8 مىليون يۈەنى تيەنجىندىن كىرگۈزۈلدى.

3. جۇڭگو «ليەنتۇڭ» شىركىتى شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسىنىڭ خەۋەرلىشىش شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، خەۋەرلىشىش تور - نۇقتىسى قۇردى، بۇ تۈرگە جۇڭگو «ليەنتۇڭ» شىركىتىدىن 47 مىليون 920 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

4. بېيجىڭ «خۇاليەن» شىركىتى قاراماي شەھەرلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى بىلەن ھەمكارلىشىپ چوڭ تىپتىكى دەرىجىدىن تاشقىرى بازار قۇردى، بۇ تۈرگە بېيجىڭدىن 40 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

5. جياڭسۇ «نەنتۇڭ» بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى قاراماي شەھىرىدە مەبلەغ سېلىپ ئۇنىۋېرسال خىزمەت بىناسى سالدى، بۇ تۈرگە جياڭسۇدىن 14 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

سانجى ئوبلاستىنىڭ 11 تۈر:

1. خېنەن «رۇڭشىڭ» سودا - سانائەت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى فۇكاڭ شەھىرىنىڭ شىمىگو يېزىسىدا قەنت - گېزەك زاۋۇتى قۇردى، بۇ تۈرگە خېنەندىن 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

2. جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز تۇرۇبا ئىدارىسى فۇكاڭ شەھىرىدە مۇستەقىل مەبلەغ سېلىپ ئائىلىلەرگە تەبىئىي گاز

كىرگۈزۈش قۇرۇلۇشى ئېلىپ باردى، بۇ تۈرگە شۇ ئىدارىدىن 70 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

3. خېبېي «لىجۇڭ» رەڭلىك مېتال شىركىتى سانجى شەھىرىنىڭ يۈشۈگۈ بازىرىدا ئاليۇمىنچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى قۇرۇپ ئاليۇمىن تىپىدىكى ماتېرىياللارنى پىششىقلاپ ئىشلىدى، بۇ تۈرگە خېبېيدىن 18 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

4. سىچۈەن «چېڭشىن» مەبلەغ سېلىش چەكلىك شىركىتى مىچۈەن شەھىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئائىلىلەرگە تەبىئىي گاز كىرگۈزۈش قۇرۇلۇشى ئېلىپ باردى. بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 48 مىليون يۈەن بولۇپ، 38 مىليون يۈەنى سىچۈەندىن كىرگۈزۈلدى.

5. گۇاڭدۇڭلۇق سودىگەر جېڭ گوچاۋ مىچۈەندە مۇستەقىل مەبلەغ سېلىپ، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش دوختۇرخانىسى قۇردى، بۇ تۈرگە گۇاڭدۇڭدىن 50 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

6. شەندۇڭ جىنەن «چىڭچى» گۇرۇھى مىچۈەن شەھەرلىك «شىنلۇڭ» شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، «چىڭچى» موتسىكلىت قۇراشتۇرۇش زاۋۇتى قۇردى، بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 15 مىليون يۈەن بولۇپ، 7 مىليون يۈەنى شەندۇڭدىن كىرگۈزۈلدى.

7. سىچۈەن «ئۈمىد» گۇرۇھى مىچۈەننىڭ گۈمۈدى بازىرىدا 100 مىڭ تونىلىق يەم - خەشەك زاۋۇتىنى كېڭەيتىپ قۇردى، بۇ تۈرگە سىچۈەندىن 10 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

8. جياڭسۇ جاڭجياگاڭ «خۇاجيەن» شىركىتى قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ دافېڭ بازىرىدا سودا شەھەرچىسى قۇردى، بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 29 مىليون يۈەن بولۇپ، 18 مىليون يۈەنى جياڭسۇدىن كىرگۈزۈلدى.

9. خېنەن ئۆلكىلىك «بۇلې» شىركىتى قۇتۇبى ناھىيىسى يۈەنخۇسۇن يېزىسىدا ئۇن زاۋۇتى قۇردى، بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 6 مىليون 500 مىڭ يۈەن بولۇپ، 6 مىليون يۈەنى خېنەندىن كىرگۈزۈلدى.

10. خېنەننىڭ مادىيەندە تۇرۇشلۇق ئاشلىق - ياغ شىركىتى مىچۈەن شەھىرى تېپچاڭگۇ بازىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ياغ قاتارلىق خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقاردى. بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 9 مىليون 500 مىڭ يۈەن بولۇپ، 5 مىليون يۈەنى خېنەندىن كىرگۈزۈلدى.

11. سىچۈەن «مېيچېن» شىركىتى قۇتۇبى ناھىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئائىلىلەرگە تەبىئىي گاز كىرگۈزۈش قۇرۇلۇشى ئېلىپ باردى، بۇ تۈرگە سىچۈەندىن 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

بورتالا ئوبلاستىنىڭ بىر تۈر:

1. جېجياڭ لەنشى شەھەرلىك سودىگەر جاۋ يۈيۈ بورتالا شەھەرلىك سېمونت زاۋۇتىنى سېتىۋالدى، بۇ تۈرگە جېجياڭدىن 29 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ 5 تۈر:

1. سىچۈەن يىڭجىڭ شەھەرلىك قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى شىركىتى خوشۇت ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىلەن ھەمكارلىشىپ، گرانىت تاش ماتېرىيالىنى بىرلىكتە ئاچتى. بۇ تۈرگە سىچۈەندىن 17 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

2. گۇاڭدۇڭ «جۇنيې» گۇرۇھى شىركىتى باغراش ناھىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئاق قوتانلىق ساياھەت مەنزىرە رايونىنى ئاچتى، بۇ تۈرگە گۇاڭدۇڭدىن 17 مىليون 610 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

3. شاڭخەي شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى بۈگۈر ناھىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، سۇ بىلەن تەمىنلەش - سۇ چىقىرىۋېتىش تورۇبا يولىنى يېڭىدىن ئۆزگەرتىپ ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇپ چىقتى. بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 42 مىليون يۈەن بولۇپ، 22 مىليون يۈەنى شاڭخەيدىن كىرگۈزۈلدى.

4. شەندۇڭ يەنتەي «شىنخۇ» ئوقەتچىلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى لوپنۇر ناھىيىسىدە لوپنۇر كەندىرىنى ئۇنىۋېرسال ئاچتى، بۇ تۈرگە شەندۇڭدىن 30 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

5. جياڭسۇ «ۋېيۇبى» گۇرۇھى بىلەن كورلا «داخۇا» شىركىتى ھەمكارلىشىپ، 5000 تۇياق سېغىن كالا بېقىش - كۆپەيتىش بازىسى قۇردى، بۇ تۈرگە جياڭسۇدىن 25 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

ئىلى ۋىلايىتىنىڭ 5 تۈر:

1. فۇجيەن ئۆلكىسى جىنجياڭ ناھىيىلىك «بەنتۇ» ئوقەتچىلىك شىركىتى بىلەن موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىك كان ئېچىش شىركىتى ھەمكارلىشىپ، كان ئېچىش بىلەن شۇغۇللاندى، بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 11 مىليون يۈەن بولۇپ، 6 مىليون يۈەنى فۇجيەندىن كىرگۈزۈلدى.

2. جياڭسۇ ئۆلكىلىك ماددىي ئەشيا يۆتكەش شىركىتى چىڭسخوزا تەرەققىيات رايونىدا تېرە - يۇڭ پىششىقلاش زاۋۇتى قۇردى، بۇ تۈرگە جياڭسۇدىن 10 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

3. جېجياڭ رۈيئەن «شۈندا» باسمىچىلىق شىركىتى چىڭسخوزا تەرەققىيات رايونىدا قەغەز بۇيۇملارنى ئوراش - قاچىلاش پەشلەك زاۋۇتى قۇردى، بۇ تۈرگە جېجياڭدىن 30 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

4. جېجياڭ ۋېنجۇ «ئالتۇن ئالما» چەكلىك شىركىتى

چىڭسىخوزا تەرەققىيات رايونىدا ئاياغ كىيىم زاۋۇتى قۇردى. بۇ تۈرگە جىجياڭدىن 10 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

5. سىچۈەن نېيجياڭ شەھىرى چىڭسىخوزا تەرەققىيات رايونىدا مېۋە - چېۋىلەرنى يېڭى پېتىچە ساقلاش ئامبىرى قۇردى، بۇ تۈرگە سىچۈەندىن 7 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ 4 تۈر:

1. خۇبېي ئۆلكىسى قوبۇقسار ناھىيىسىدە 2000 گېكتار يەر ئاچتى، بۇ تۈرگە خۇبېيدىن 51 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

2. جېجياڭ «فېڭخۇا» شىركىتى ساۋەن ناھىيە ئەنجىخەي بازارلىق توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنى سېتىۋالدى. بۇ تۈرگە جېجياڭدىن 120 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

3. جياڭسۇ ساۋەن ناھىيىسىدە سۇ مەھسۇلاتلىرىنى بېقىش - كۆپەيتىشنى يولغا قويدى. بۇ تۈرگە جياڭسۇدىن 40 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

4. جېجياڭ يېڭىك سانائەت توقۇمىچىلىق گۇرۇھى ساۋەن ناھىيىسىدە 1333.3 گېكتار يەر ئاچتى، بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 150 مىليون يۈەن بولۇپ، 50 مىليون يۈەنى جېجياڭدىن كىرگۈزۈلدى.

ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ 8 تۈر:

1. گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى جياڭمىن شەھىرى ئالتاي شەھىرى «بېيشەن» شىركىتىنىڭ قەغەز زاۋۇتىنىڭ مۈلۈك ھوقۇقىنى سېتىۋالدى. بۇ تۈرگە گۇاڭدۇڭدىن 35 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

2. شىمال «دېيەنلىيەن» گۇرۇھى قاناس پاي شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، قاناس ساياھەت مەنزىرە رايونىنى ئاچتى، بۇ تۈرگە شىمال «دېيەنلىيەن» گۇرۇھىدىن 15 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

3. شەندۇڭ چاڭلىن شىركىتى قابا ناھىيىلىك ئالتۇن شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، دولانساي ئالتۇن كېنىنى 2 - قارارلىق كېڭەيتىپ قۇردى. بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 15 مىليون يۈەن بولۇپ، 12 مىليون يۈەنى شەندۇڭدىن كىرگۈزۈلدى.

4. جياڭسۇنىڭ ۋۇشى شەھىرى جېمىنەي ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، جېمىنەي پورتىدا توپ سېتىش بازىرى قۇردى. بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 15 مىليون يۈەن بولۇپ، 8 مىليون يۈەنى جياڭسۇدىن كىرگۈزۈلدى.

5. شەندۇڭ ۋېيخەي «خەيلى» شىركىتى بۇرۇلتوقاي يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ھايۋانات كۆمۈرچىكى ماددىسىنى بىرلىكتە ئاچتى. بۇ تۈرگە شەندۇڭدىن 5 مىليون 190 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

6. گۇاڭدۇڭ شېنجېندىكى بىر يەككە ئىگىلىكتىكى كارخانا بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك كانچىلىق شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، بىرلىكتە ئۇنچە - مەرۋايىت پىششىقلاش زاۋۇتى قۇردى، بۇ تۈرگە گۇاڭدۇڭدىن 18 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

7. خېبېي «تيەنلۇڭ» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، سۇ مەھسۇلاتلىرىنى بېقىش - كۆپەيتىش ۋە پىششىقلاشنى بىرلىكتە يولغا قويدى. بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 7 مىليون يۈەن بولۇپ، 6 مىليون يۈەنى خېبېيدىن كىرگۈزۈلدى.

8. سىچۈەن جىنياڭ «لەنتيەن» ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، كۆكتاتنى يېڭى پېتىچە ساقلاش ئامبىرى قۇردى. بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 16 مىليون يۈەن بولۇپ، 8 مىليون يۈەنى سىچۈەندىن كىرگۈزۈلدى.

كۈيتۇڭ شەھىرىنىڭ 2 تۈر:

1. جياڭسۇلۇق سودىگەر گۇيۇڭ قاتارلىق 5 كىشى كۈيتۇڭ شەھىرىدە شىنجاڭ «غەربىي يۇرت» خەلقئارا سودا شەھەرچىسى قۇردى. بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 100 مىليون يۈەن بولۇپ، 50 مىليون يۈەنى جياڭسۇدىن كىرگۈزۈلدى.

2. جېجياڭ ئۆلكىلىك يېنىك سانائەت توقۇمىچىلىق شىركىتى كۈيتۇڭ شەھەرلىك 1 - پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنى پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن سېتىۋالدى، بۇ تۈرگە جېجياڭدىن 35 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ 2 تۈر:

1. جياڭسۇ سۇجۇ «سىڭچېڭ» توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى ئاۋات ناھىيىلىك پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئېلىپ باردى. بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 8 مىليون يۈەن بولۇپ، 5 مىليون يۈەنى جياڭسۇدىن كىرگۈزۈلدى.

2. جېجياڭ «تۇڭلۇ» شىركىتى ئاۋات ناھىيىلىك پاختا زاۋۇتىنى ئىجارىگە ئالدى. بۇ تۈرگە جېجياڭدىن 10 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 9 تۈر:

1. جېجياڭ «جۇڭلىن» ماددىي ئەشيا چەكلىك شىركىتى قەشقەر شەھىرىدە «جۇڭلىن» سودا سارىيى سالدى. بۇ تۈرگە جېجياڭدىن 11 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

2. جېجياڭ كۆن - خۇرۇم سانائەت شىركىتى قەشقەر شەھەرلىك كۆن - خۇرۇم زاۋۇتىنى ئىجارىگە ئېلىپ، جېجياڭ - شىنجاڭ كۆن - خۇرۇم سانائەت شىركىتى قۇردى.

بۇ تۈرگە جېجياڭدىن 6 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

3. شاڭخەي شەھەرلىك «شىفاڭ» ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنى پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن سېتىۋېلىپ، كېڭەيتىپ قۇردى. بۇ تۈرگە شاڭخەيدىن 52 مىليون 230 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

4. شەندۇڭ «ۋېيفاڭ سەنلۇ» يەن - تېخنىكا تەرەققىيات شىركىتى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە سۇ ئۈستى ساياھەت باغچىسى قۇردى. بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 20 مىليون يۈەن بولۇپ، 5 مىليون يۈەنى شەندۇڭدىن كىرگۈزۈلدى.

5. خېنەن ئۆلكىسىدىكى خۇسۇسىي كارخانا خوجايىنى دى گوجېن قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك «ئالتۇن كوئېنلۇن» ھاراق چەكلىك شىركىتى بىلەن بىرلىكتە ئانار ھارىقى ۋە ئانار شەربىتى ئىشلەپچىقاردى. بۇ تۈرگە خېنەندىن 5 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

6. غەربىي جەنۇب ئاۋىئاتسىيە شىركىتى شىنجاڭ «شىڭدا» شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، قاغىلىق ناھىيىسىدە تەبىئىي گازدىن پايدىلىنىپ توك چىقاردى. بۇ تۈرگە غەربىي جەنۇب ئاۋىئاتسىيە شىركىتىدىن 49 مىليون 560 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

7. ئەنخۇي ئۆلكىسى توڭلىڭ جىڭۋەنشەن كانچىلىق شىركىتى قاغىلىق ناھىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، كان بايلىقلىرىنى ئاچتى. بۇ تۈرگە ئەنخۇيدىن 6 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

8. خېنەن سەنمېنشيا «شىنيى» شىركىتى پەيزاۋات ناھىيىسىدە جەۋھەرلىك مىس پاراشوكى ئىشلەپچىقاردى. بۇ تۈرگە خېنەندىن 9 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

9. تيەنجىن «جىنكەي» سەرەمجانلاشتۇرۇش چەكلىك شىركىتى قەشقەردە شىنجاڭ «جىنكەي» تېلېگراف ئالاقىسى پايي چەكلىك شىركىتى قۇردى. بۇ تۈرگە تيەنجىندىن 5 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ 2 تۈر:

1. خېبېي «جىنلۇڭ» كۆن - خۇرۇم شىركىتى ئاتۇش شەھىرىدە كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى قۇردى. بۇ تۈرگە خېبېيدىن 10 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

2. خېنەن «يۇڭتەي» كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى ئاتۇش شەھىرىدە كۆن - خۇرۇم پىششىقلاش زاۋۇتى قۇردى. بۇ تۈرگە خېنەندىن 10 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ 2 تۈر:

1. جېجياڭ ئۆلكىسى خوتەن ۋىلايىتىدە خوتەن ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىسىنىڭ ئۈنىۋېرسال بىناسىنى، تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسىنى سالدى، بۇ تۈرگە جېجياڭدىن 11 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

2. بېيجىڭ شەھىرى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن 5 مىليون يۈەن ئىئانە قىلدى.

بىڭتۇەننىڭ 3 تۈر:

1. شاڭخەي «بولۇ» شىركىتى بىلەن يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى ھەمكارلىشىپ، ئوت - چۆپ ئۇرۇقى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇردى. بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 32 مىليون يۈەن بولۇپ، 16 مىليون يۈەنى شاڭخەيدىن كىرگۈزۈلدى.

2. يۈننەن ئۆلكىسى «تۇڭچاڭ» چەكلىك شىركىتى بىلەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ھەمكارلىشىپ، 150 توننىلىق مىس سىم كانى ئاچتى. بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 70 مىليون يۈەن بولۇپ، 52 مىليون يۈەنى يۈننەندىن كىرگۈزۈلدى.

3. خېبېي «بېيدا» شىركىتى يېزا ئىگىلىك 4 - شىنىڭ كۆن - خۇرۇم زاۋۇتىنى ئىجارىگە ئالدى. بۇ تۈرگە خېبېيدىن 7 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ بىر تۈر:

1. جياڭسۇ نەنجىڭ «ليەنجياڭ» مېتاللچىلىق گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى بىلەن «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ھەمكارلىشىپ، يىلىغا 400 مىڭ توننا يۇقىرى سۈرئەتلىك لىنىيە ماتېرىياللىرى زاۋۇتى قۇردى، بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 239 مىليون 900 مىڭ يۈەن بولۇپ، 122 مىليون 340 مىڭ يۈەنى جياڭسۇدىن كىرگۈزۈلدى.

## قوشۇمچە (2)

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىي ھەمكارلىق سىستېمىسىنىڭ باشچىلىقىدا 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ كىرگۈزۈلگەن تۈرلەر (شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن رايونلىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە)

1. مالايسىيا بىلەن قۇمۇل ئۈچەي زاۋۇتى ھەمكارلىشىپ، ئۈچەي ئىشلەپچىقاردى. بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 15 مىليون يۈەن بولۇپ، مالايسىيا سالغان مەبلەغ 8 مىليون 820 مىڭ يۈەن بولدى.

2. شياڭگاڭ «شىنيىفا» گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى مۇستەقىل مەبلەغ سېلىپ، قەشقەر شەھىرىدە دۆلەتلىك 2 - خىلدىكى پورت خەلقئارا سودا شەھەرچىسى قۇردى. بۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 840 مىليون يۈەن بولۇپ، 84 مىليون يۈەنى شياڭگاڭدىن كىرگۈزۈلدى.

# ستاتىستىكا

## ستاتىستىكا تۈزۈمى ۋە ئۇسۇلى ئىسلاھاتى

1. ھۆكۈمەتنىڭ ستاتىستىكا تارماقلىرى ستاتىستىكا قىلغان تەكشۈرۈش تۈرلىرى ۋە مەلۇمات جەدۋەللىرى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ باشقۇرۇلدى. بىرىنچى، دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسى ھازىر بولغا قويۇۋاتقان ھۆكۈمەت ستاتىستىكا قىلغان تەكشۈرۈش تۈرلىرى ۋە مەلۇمات جەدۋەللىرىنى باشقۇرۇش مۇنتىزىم باشقۇرۇشقا كىرگۈزۈلدى ھەمدە ھۆكۈمەت ستاتىستىكا قىلغان تەكشۈرۈش تۈرلىرى ۋە مەلۇمات جەدۋەللىرىنى كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈپ باشقۇرۇش ئامبىرى ئۆز ئالدىغا لايىھىلىنىپ قۇرۇپ چىقىلدى. ئىككىنچى، ستېما ئىچىدىكى ئورۇنلارنىڭ دۆلەت تۈزۈمىدە بولمىغان تەكشۈرۈش تۈرلىرىنى مەلۇم قىلىپ تەستىقلىتىش تۈزۈمى ئورنىتىلدى. ئۈچىنچى، ستاتىستىكا تارماقلىرىنىڭ فۇنكسىيىسى جارى قىلدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ «ناھىيە كارتىسى» تۈزۈمىنى بولغا قويۇش جەريانىدىكى ماسلىشىش، قوللاش- مۇناسىۋىتى ماسلاشتۇرۇلدى ۋە راۋانلاشتۇرۇلدى.

2. تارماقلار ستاتىستىكا قىلغان تەكشۈرۈش تۈرلىرىنى باشقۇرۇشنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، ئالدىنقى قاراردىكى ئاساستا نۇرغۇن تەييارلىق خىزمەتلىرى ياخشى ئىشلەندى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى نامىدا «تارماقلار ستاتىستىكا قىلغان تەكشۈرۈش تۈرلىرىنى ئېنىقلاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ياردەم بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چۈشۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى تارماقلارغا ئاپتونوم رايوننىڭ ستاتىستىكا سىستېمىسىغا «تارماقلار ستاتىستىكا قىلغان تەكشۈرۈش تۈرلىرىنى باشقۇرۇشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى» تارقىتىلدى، تارماقلار ستاتىستىكا قىلغان تەكشۈرۈش تۈرلىرىنى ئېنىقلاپ كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈشنى باشقۇرۇش ئامبىرى قۇرۇلدى.

3. ئاساسىي ئورۇن مۇندەرىجە ئامبىرىنى قۇرۇش، ئاسراش، ئىشلىتىشتە يېڭى ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى. دۆلەت ئاساسىي ئورۇننىڭ ستاتىستىكا يىللىق مەلۇمات خىزمىتى ئورۇندالدى، بازار ئېگىلىكى شارائىتىدا خەلق باشقۇرغان، يەككە ئاساسىي ئورۇننى تىزىملاش چارىسى ئۆستىمە ئىزدىنىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى شەھىرى تىيانشان رايونى 2000 - يىلى شىنجاڭدا خەلق باشقۇرغان، يەككە ئىقتىساد ئاساسىي ئورۇننى ستاتىستىكىلاپ تىزىملاش نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان ئورۇن قىلىندى.

4. كارخانا گۇرۇھىنى يەرلىك ستاتىستىكىلاپ تەكشۈرۈش تۈزۈمىنىڭ رولى كۆرۈنەرلىك بولدى. شىنجاڭ كارخانا گۇرۇھى ۋە چوڭ بىرلەشمە كارخانىلارنى يەرلىك ستاتىستىكىلىغان يىللىق مەلۇمات ۋەزىپىسى ئورۇندالدى، يىللىق مەلۇماتتىكى ستاتىستىكا سانلىق مەلۇماتىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، قىممىتى، ۋەزنى بار ستاتىستىكا ئانالىز ماتېرىيالى يېزىپ چىقىلىپ، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىندى.

يۈ جۇڭچېڭ

## ستاتىستىكا ئۇچۇرى قۇرۇلۇشى

2000 - يىلى ستاتىستىكا ئىدارىسى ستاتىستىكا ئۇچۇرى قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق كۈچەيتتى. تور قۇرۇلۇشى جەھەتتە، ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى ئورگىنىدا 32 تۇچكىلىق IP ئاۋۇشلۇق تېلېفون ئورنىتىپ سىناق تەرىقىسىدە سۆزلەشتى. ھازىر دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسى ۋە ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون، بىختۇەن سىستېمىسىدىكى ئابونېنتلارنىڭ ھەقسىز تېلېفون بېرىشى نورمال يولغا قويۇلدى؛ دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسى ئارقىلىق ئېكسپورت قىلىنغان ۋاكالىتەن مۇلازىمەت قىلىش ئۈسكۈنىسى سەپلىنىپ ئىشلىتىلدى؛ ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ستاتىستىكا سىستېمىسىغا يۈزلەنگەن دومىنئېلېكترونلۇق پوچتا يوللانمىلىرىنى يەتكۈزۈش سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى، ئۇ، بۆرۈنقى ۋاقىت خورايدىغان، خىراجەت نىسپىي ھالدا يۇقىرى بولىدىغان نۇقتىدىن نۇقتىغا يەتكۈزىدىغان خەۋەرلىشىش يۈمشاق دېتالىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى؛ مەملىكەتنىڭ ستاتىستىكا سىستېمىسىغا يۈزلەنگەن يېڭى Open — mail ئېلېكترونلۇق پوچتا يوللانمىسى سىستېمىسى يولغا قويۇلدى. تۇرپان، بايىنغولىن، قاراماي ستاتىستىكا ئىدارىلىرى ئىدارە دائىرىسىدە تور قۇردى.

ستاتىستىكا ئۇچۇرلىرىنى تورغا كىرگۈزۈش قۇرۇلۇشى جەھەتتە، ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى مەملىكەتلىك «ئىككى يىغىن» غا ئاتاپ شىنجاڭنى ستاتىستىكا ئۇچۇرلىرىدىن مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئەتتى. شىنجاڭنىڭ ئەلك يېڭى ئىقتىسادىي ئايلىنىش ئەھۋالى قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەزمۇنلارنى تونۇشتۇرىدىغان تور سەھىپىسىنى تۈزۈپ چىقىشنى تاماملىدى.

يۈ جۇڭچېڭ

## ئۇچۇردىن مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى

1. سۈرئەتنى تۇتۇپ ئانالىز قىلىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. 2000 - يىلى ھەر دەرىجىلىك ستاتىستىكا تارماقلىرى پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى چۆرىدەپ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت، خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەشكە ۋە ئىقتىسادقا مەسئۇل

تارماقلارغا يۇقىرى سۈپەتلىك ستاتىستىكا ئانالىزىنى يەتكۈزۈپ بېرىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى.

2. «غەربىي رايوندىكى 10 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىم ستاتىستىكا كۆرسەتكۈچى تېز خەۋىرى» نى نەشر قىلىپ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن چارە - تەدبىر كۆرسەتتى.

3. يۇقىرى سۈپەتلىك ستاتىستىكا ئانالىز تەتقىقاتى. 2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى «WTO غا كىرگەندە، شىنجاڭ قانداق ماسلىشىشى كېرەك»، «شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۈكسىلىشى ۋە ئىستىقبالى» قاتارلىق بىر تۈركۈم مەخسۇس تېمىدىكى تەتقىقات دوكلاتى يېزىشنى ئۇيۇشتۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىنى مۇھىم پايدىلىنىش ئاساسى بىلەن تەمىن ئەتتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى «غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا شىنجاڭ قانداق قىلىشى كېرەك» ناملىق ئانالىز 2000 - يىلى مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ستاتىستىكا ئانالىز دوكلاتىنى باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

4. ئەتراپلىق، كۆپ ئۇقتىلىق مۇلازىمەت قىلىنىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ئېھتىياجى قاندۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى ۋە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ستاتىستىكا ئىدارىلىرى «ئىككى يىغىن» مەزگىلىدە، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنى ئوخشاش بولمىغان شەكىلدىكى ئۇچۇر مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئەتتى. ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسى «2000 - يىللىق شىنجاڭدىكى رەھبىرىي كادىرلار قوللانمىسى» ۋە «شىنجاڭنىڭ ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر مەجمۇئەسى» نى تۈزۈپ چىقىپ نەشر قىلدۇردى.

2000 - يىلى ستاتىستىكا ئىدارىسى تۈرلۈك ماتېرىيال بېسىلغان قەرەللىك ژۇرنالدىن 820 سان تۈزۈپ باستۇردى، تۈرلۈك مۇھىم ئىقتىسادىي ئۇچۇردىن 1000 نى تارقاتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ھۆكۈمەتكە ۋە دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسىغا تاللاپ ئەۋەتىلگەن مۇھىم ئىقتىسادىي ئۇچۇر 630، گوۋۇيۈەن ئىشخانىسى تەرىپىدىن ئىشلىتىلگىنى 2، دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسى تەرىپىدىن ئىشلىتىلگىنى 28، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئىشلىتىلگىنى 156.

يۈ جۇڭچياڭ

## 5 - قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ئەھۋالى

5 - قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش دۆلىتىمىزدە ئەسىر ھالقىيدىغان دۆلەت ئەھۋالى، دۆلەت كۈچىنى زور تەكشۈرۈش بولۇپ، ئەھمىيىتى ئىنتايىن مۇھىم. شىنجاڭدا ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، 2000 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ستاتىستىكا تارماقلىرى ۋە ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ئىشخانىلىرى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ئىشلىدى: بىرىنچى، ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش بويىچە جۇغراپىيىلىك رايونلارنى ئايرىش ۋە نومۇر تۈزۈش خىزمىتى يىغىنىنى ۋاقتىدا ئېچىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش بويىچە جۇغراپىيىلىك رايونلارنى ئايرىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە جايلاردىكى يېزا دەرىجىلىك رايونلارنى ئايرىشنى تۈرلەر بويىچە تەكشۈردى، بۇنىڭ بىلەن، كومپيۇتېردا نومۇر سېلىش ئۈچۈن ئاساس سېلىندى. ئىككىنچى، تۈرلۈك كەسىپلەردىكى تەييارلىق خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىللە، ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشكە دائىر ماددىي ئەشيادىن 300 توننا قوبۇل قىلىندى ۋە تارقىتىلدى. ئۈچىنچى، ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشكە ئائىت ھۆججەت، ماتېرىيال، جەدۋەللەرنى تەرجىمە قىلىش خىزمىتى ئىشلەندى. ئازكەم 150 مىڭ ھەر دەرىجىلىك ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش خادىمى ۋە يېتەكچىسى تەربىيىلەندى. تۆتىنچى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ ۋېنيۆ ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى ئىمزا قويغان «شىنجاڭ نوپۇسىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش نىشان مەسئۇلىيەتنامىسى» ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. بەشىنچى، «شىنجاڭ نوپۇسىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتىكى ئەلالارنى باھالاش، ئىلغارلارنى يارىتىش چارىسى» ۋە «شىنجاڭ نوپۇسىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ تەشۋىقات پىلانى» تۈزۈپ تارقىتىلدى. ئالتىنچى، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش خىزمىتىگە بولغان ھەيدەكچىلىك قىلىش، تەكشۈرۈش كۈچەيتىلدى، جايلارنىڭ نوپۇسىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەھۋالى ۋاقتىدا ئىگىلەندى.

ليۇ جۇڭچياڭ

# ئىقتىسادىي تەپتىشلىك

## ئىقتىسادىي تەپتىشلىك خىزمىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي

تەپتىشلىك ئورگانلىرى 2848 ئورگە دائىر ئورۇننى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەپتىشلەپ، ئىنتىزام، قائىدىگە خىلاپ ئىشلىتىلگەن پۇلدىن 7 مىليارد 899 مىليون 110 مىڭ يۈەننى قانۇن بويىچە ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلدى، مالىيىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك 382 مىليون 540 مىڭ يۈەندىن 117 مىليون 290 مىڭ يۈەننى مالىيىگە تاپشۇردى. مالىيە ئاجرىتىپ بېرىدىغان ۋە قوشۇمچە ياردەم بېرىدىغان 13 مىليون 580 مىڭ يۈەننى ئازايتتى، ئىگىلىۋېلىنغان، يۆتكەپ ئىشلىتىلگەن 338 مىليون 880 مىڭ يۈەننى قايتۇرغۇزدى، دۆلەت ئۈچۈن 469 مىليون 750 مىڭ يۈەن كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەپ بەردى. ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىغا 39 دېلونى يوللاپ بەردى. 27 ئادەمگە پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام بويىچە چارە كۆرۈش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئارماقلىرىغا 1280 پارچە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك دوكلاتى، ئۈچۈر تاپشۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە، پەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئاخبارات ئورۇنلىرى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى ئەستىق مالغىنى، ئىشلەتكىنى 341 پارچە.

لو يازۇ

## ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك خام چوتنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەپتىشلەندى

2000 - يىلى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى مالىيە نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان 1999 - يىللىق ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك خام چوتنىڭ ئىجرا قىلىنىش ۋە باشقا مالىيە كىرىم - چىقىم ئەھۋالى شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 19 نازارەت، ئىدارە، 112 خام چوتنى ئىجرا قىلىدىغان ئورۇننىڭ خام چوت ئىچى، خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغ كىرىم - چىقىم ئەھۋالىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەپتىشلىدى. مالىيە نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك خام چوتنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەپتىشلەش ئۆزگەرتىلگەن 27 ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك خام چوت ئورنى، 3 ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە ئۇلارغا قاراشلىق 18 ناھىيە، شەھەر، 81 تۈردىكى پۇل ئىشلىتىدىغان ئورۇننى تەكشۈردى. بايقالغان ئاساسلىق مەسىلىلەر مۇنۇلاردىن ئىبارەت: 1. شىنجاڭ مالىيە نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان 1999 - يىللىق ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك خام چوتنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ۋە باشقا مالىيە كىرىم - چىقىمى جەھەتتە ئاساسلىقى 17 مەسىلە بايقالدى، قائىدە - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىشقا چېتىلغان مەبلەغ 2 مىليارد 692 مىليون 255 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. 1) ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مالىيە خام چوتى دەل ۋاقتىدا تۈزۈلمىگەن، تەستىقلاپ چۈشۈرۈلىدىغان خام چوت كۆرسەتكۈچىنىڭ كېچىككەن ۋاقتى 6 ئايغا يەتكەن. 2) خام چوتنى تەستىقلاش مۇكەممەل بولمىغان، كەسپىي باشقارما، ئىشخانىلار تەقسىم قىلىنىدىغان ئورغۇن كۆرسەتكۈچنى ئىگىلەپ تۇرغان. 3) پەرلىك خام چوتنىڭ ئەمەلىي ئىجرا قىلىنىش سانى شۇ يىلى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەستىقلىغان خام چوت سانىدىن 229 مىليون 232 مىڭ يۈەن ئېشىپ كەتكەن. 4) مەركەزنىڭ 935 مىليون 970 مىڭ يۈەن مەخسۇس مەبلىغى ئەمەلىيلەشمىگەن. 5) يىل ئاخىرىدا پەرلىك چىقىم خام چوت كۆرسەتكۈچىدە 285 مىليون 592 مىڭ يۈەن زەرىبىدارلىق بىلەن كۆپەيتىلگەن. 6) ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك خام چوت كىرىمىدىكى 15 مىليون 665 مىڭ يۈەن كان قېزىلمىلىرى بايلىقى تۆلەم خىراجىتى ۋاقتىدا نازارەت قىلىنىپ خەزىنىگە كىرگۈزۈلمىگەن. 7) قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەر ئاپتونوم رايوننىڭ خام چوت كىرىمىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك 41 مىليون 810 مىڭ يۈەننى قىسىپ قالغان ۋە ئىگىلىۋالغان. 8) مالىيە خام چوتىدىكى بىر يۈرۈش خام چوتلاردىن 176 مىليون 256 مىڭ يۈەن ئارتۇق چىقىم قىلىنغان. 9) خام چوت مەبلىغىنى تارقىتىدىغان كەسپىي باشقارما، ئىشخانىلار مەخسۇس مەبلەغنى ئىشلىتىشكە تەسىر يەتكۈزگەن. 10) 101 مىليون 890 مىڭ يۈەن مەخسۇس مەبلەغ چىقىم قىلىشقا ئاجرىتىلىش ئارقىلىق كەسپىي باشقارما، ئىشخانىلارنىڭ ھېساباتىغا ئورنىتىلغان. 11) كەسپىي باشقارما، ئىشخانىلار شۇ يىلنىڭ خام چوتىدىكى 698 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغنى ۋاقتىدا ئاجرىتىپ بەرمەي بېسىپ قويغان. 12) كەسپىي باشقارما، ئىشخانىلار مەخسۇس مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش يولىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭدىن 4 مىليون 80 مىڭ يۈەننى چىقىم قىلغان. 13) كەسپىي باشقارما، ئىشخانىلار مالىيە مەبلىغى مەخسۇس ھېسابىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ ئۆسۈمىدىن 85 مىليون 270 مىڭ يۈەننى ئېلىۋالغان. بۇنىڭ ئىچىدە چىقىم قىلىنغىنى 2 مىليون 416 مىڭ 500 يۈەن. 14) ئاپتونوم رايوندىكى خام چوت ئورۇنلىرى ۋە ۋىلايەت، ناھىيە مالىيىسى 87 مىليون 850 مىڭ يۈەن مەخسۇس مەبلەغنى بېسىپ قويۇپ، ئاجرىتىپ بېرىشنى كېچىكتۈرگەن. 15) ئاپتونوم رايوندىكى خام چوت ئورۇنلىرى، ۋىلايەت، ناھىيە مالىيىسى ۋە تۈر ئورۇنلىرى 10 مىليون 140 مىڭ يۈەن مەخسۇس مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش يولىنى ئۆزگەرتكەن. 16) 3 مىليون يۈەن مەخسۇس مەبلەغنى بىنا، ئاشخانا، مېھمانخانا، ساراي ياساشقا ئىشلىتىۋالغان. 17) ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىجتىمائىي كاپالەت فوندى 16

مىليون 600 مىڭ يۈەن مالىيە مەخسۇس ھېسابىغا ۋاقتىدا نازارەت قىلىنىپ تاپشۇرۇلمىغان. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى ئىنتىزام - قائىدىگە خىلاپ مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، مالىيە - ئىقتىسادقا ئائىت قانۇن، قائىدە - نىزاملارغا ئاساسەن، خام چوت تۈزۈش تەرتىپىنى تەپسىلىيلەشتۈرۈش، خام چوت باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش قاتارلىق 15 تۈرلۈك بىرتەرەپ قىلىش پىكرىنى ۋە 4 تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ يىلى نازارەت قىلىنىپ خەزىنىگە تاپشۇرۇلغان خام چوت مەبلىغى، مالىيە مەخسۇس مەبلىغى 32 مىليون 265 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

2. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك خام چوت ئورۇنلىرى ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئىقتىسادىي تەپتىشلىكتە خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغنى مالىيە مەخسۇس ھېسابىغا تاپشۇرۇپ ئامانەت قويۇش ۋە باج خاراكتېرىنى ئالمىغان كىرىمنى مالىيە خام چوتىغا تاپشۇرۇش ئەھۋالىنى تەپتىشلەش نۇقتىلىق گەۋدىلەندۈرۈلدى. ئاساسلىقى مۇنۇ 8 مەسىلە كۆرۈلدى: 1) شىنجاڭ يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق 3 نازارەت، ئىدارە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باج خاراكتېرىنى ئالمىغان كىرىمنى تاپشۇرماي، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك خام چوتنىڭ 1 مىليون 216 مىڭ 700 يۈەن كىرىمىگە تەسىر يەتكۈزگەن. 2) سۇچىلىق نازارىتى قاتارلىق 3 تارماق ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغى ۋە مەخسۇس مەبلەغدىن 10 مىليون 970 مىڭ يۈەننى يۆتكەپ ئىشلەتمىگەن. 3) شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ بالىلار پېداگوگىكا مەكتىپى قاتارلىق 8 ئورۇن خام چوت سىرتىدىكى 9 مىليون 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرىمنى بەلگىلىمە بويىچە مالىيە مەخسۇس ھېسابىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرمىغان. 4) شىنجاڭ بالىلار پېداگوگىكا مەكتىپى قاتارلىق 3 ئورۇن شەخسىي تەسىس قىلغان «كىچىك خەزىنە» دىكى پۇل 5 مىليون 159 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. 5) ش ئۇ ئا ر تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار) ئىشخانىسى، ساياھەتچىلىك ئىدارىسى قائىدىگە خىلاپلىق قىلىپ، 26 مىليون 480 مىڭ يۈەن مەخسۇس تۈر مەبلىغىنى ھۆكۈمەت پۇلى ھېسابىدا ئامانەت قويغان. 6) تاشقى ئىقتىساد - سودا نازارىتى، خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئىشخانىسى قاتارلىق 8 ئورۇن بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا قالايمىقان ئالغان ھەق 1 مىليون 306 مىڭ 300 يۈەنگە يەتكەن. 7) تاشقى ئىقتىساد - سودا نازارىتى، پەن - تېخنىكا كومىتېتى قاتارلىق 10 ئورۇن ئالدىنقى يىللىق خام چوت ئىچى - سىرتىدىكى 16 مىليون 736 مىڭ يۈەن مەبلەغنى كارخانىغا ئۆتنە بېرىپ ياكى سېلىنما قىلىپ سېلىپ تىرىلمەس قەرزگە ئايلاندۇرۇپ قويغان. 8) خام چوت ئىجرا قىلىدىغان ئورۇنلار خىراجەت چىقىمىنى يالغاندىن تۈزۈپ چىقىپ، خام چوتتىكى 2 مىليون 130 مىڭ يۈەن مەبلەغنى يۆتكىۋېتىش قاتارلىق ئىنتىزامغا خىلاپ مەسىلىلەرنى سادىر قىلغان. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك جەريانىدا ئېنىقلانغان مەسىلىلەرنى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى ئالاقىدار قانۇن، قائىدىلەرگە ئاساسەن بىرتەرەپ قىلدى.

جۇ شىنلىن

## مالىيە مەخسۇس تۈر مەبلىغىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەپتىشلەش ئەھۋالى

2000 - يىلى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى زايوم، پاختا، نامراتلارنى يۆلەش، پەن - تېخنىكا مەبلىغى قاتارلىق مەخسۇس تۈر مەبلىغىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەپتىشلىدى.

1. زايوم مەبلىغى، پاختا فوندى، نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنىڭ بۆلۈپ بېرىلىش، ئىشلىتىلىش ئەھۋالى. بەلگىلىمە، ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشلىتىلگەن مەبلەغدىن 97 مىليون 990 مىڭ يۈەن ئېنىقلاپ چىقىلدى. بۇ ئاساسلىقى شىنجاڭ سۇنى ياخشىلاش ئىشخانىسى قاتارلىق ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قىسمەن خام چوت ئورۇنلىرى بېسىپ قويغان، بۆلۈپ بەرمىگەن 87 مىليون 850 مىڭ يۈەن مەخسۇس تۈر مەبلىغىنى، قىسمەن ۋىلايەت، ناھىيە مالىيىسى ۋە تۈر ئورۇنلىرى ئىشلىتىلىش يولىنى ئۆزگەرتكەن 10 مىليون 140 مىڭ يۈەن مەخسۇس تۈر مەبلىغىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا 3 تۈرلۈك خىراجىتى ۋە ئىلىم - پەن ئىشلىرى خىراجىتى خام چوتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، بۆلۈپ بېرىش، ئىشلىتىش ئەھۋالى. ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەر: 1) مالىيە قىيىنچىلىقىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراش تۈپەيلىدىن، پەن - تېخنىكىغا سېلىنىدىغان سېلىنما يېتەرلىك بولمىغان. ئېشىش ھەجمى مالىيە چىقىمىنىڭ ئېشىش ھەجمىدىن خېلى تۆۋەن بولغان، بۇ ھال شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ قويغان. 2) پەن - تېخنىكا مەبلىغى كۆپ يول ئارقىلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان، سانى ئاز بولغان، مەبلەغ چېچىلىپ كەتكەن، نەتىجىدە چەكلىك پەن - تېخنىكا مەبلىغىنىڭ ئۈنۈمىي رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا تەسىر يەتكەن. 3) ئايرىم پەن - تېخنىكا ئورۇنلىرى يۆتكەپ ئىشلەتكەن، ئىگىلىۋالغان پەن - تېخنىكا مەبلىغى 475 مىڭ يۈەنگە يەتكەن.

جۇ شىنلىن

## دۆلەت خەزىنىسىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەپتىشلەش ئەھۋالى

2000 - يىلى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك دۆلەت خەزىنىسىنىڭ 1999 - يىللىق

ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك خام چوتنىڭ مەبلەغنى يىغىش، تاپشۇرۇش، چىقىم قىلىش، بۆلۈپ بېرىش (قايتۇرۇش)، ئايرىش، قالدۇرۇش ۋە تاپشۇرۇش، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى بىجىرىش ئەھۋالىنى ئەق مەيداندىلا ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەپتىشلىدى ھەمدە جامائەت بەھرىمەن بولىدىغان كىرىمنى ئايرىش، قالدۇرۇش ۋە تاپشۇرۇش ئەھۋالىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەپتىشلەشنى قىسمەن ۋىلايەت، ناھىيىلەرگىچە ئۇزارتىپ، 21 مىليون 283 مىڭ 500 يۈەن قائىدە، ئىنتىزامغا خىلاپ مەبلەغنى ئېنىقلاپ چىقتى. ئېنىقلاپ چىقىلغان ئاساسلىق مەسىلىلەر مۇنۇلار: 1) قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاستلار جامائەت بەھرىمەن بولىدىغان كىرىمنى نىسبەتكە ئايرىشنى قاتتىق ئىجرا قىلماي، ئاپتونوم رايوننىڭ 3 مىليون 413 مىڭ يۈەن كەم كىرىم قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرى ئاپتونوم رايونغا نىسبەت بويىچە ئاز تاپشۇرغان كىرىم — يەر ئىشلىتىش بېجى 3 مىليون 380 مىڭ يۈەن، تارباغاتاي ۋىلايىتى ئاپتونوم رايونغا نىسبەت بويىچە ئاز تاپشۇرغان كىرىم — يەر قوشۇلما قىممەت بېجى 33 مىڭ يۈەن. 2) دۆلەت خەزىنىسى تارماقلىرىنىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشى كۈچلۈك بولمىغاچقا 805 مىڭ يۈەنلىك ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مالىيە كىرىمى مەركەز ۋە قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك خام چوت كىرىمىگە خاتا كىرگۈزۈپ قويۇلغان. ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەركىزىي تارماق خەزىنە كۆمۈرچىلىك كارخانىلىرىنىڭ يەرلىك خام چوت كىرىمى قىلىشقا تېگىشلىك 500 مىڭ يۈەن تاپاۋەت بېجىنى مەركەزنىڭ خەزىنىسىگە كىرگۈزۈپ قويغان. قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى دۆلەت خەزىنىسى تارماقلىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تېببىي دورا كارخانىلىرىنىڭ 60 مىڭ 500 يۈەن تاپاۋەت بېجىنى ۋە 240 مىڭ يۈەن ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك خام چوت كىرىمىنى مەركەز دەرىجىلىك كىرىم دەپ مەلۇم قىلغان. 3) ش ئۇ ئا ر دۆلەت خەزىنىسى قائىدىگە خىلاپ ھالدا بېجىرگەن كىرىم ۋە خەزىنىدىن چىقارغان پۇل 17 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. 4) 1999 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك دۆلەت خەزىنىسى قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق خەزىنە «دۆلەت خەزىنىسى تىزىمىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى» دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن بوغالتىرلىق ھېساباتىغا مۇناسىۋەتلىك ھېساب تۈرلىرىنى تەسىس قىلمىغان. يۇقىرىدىكى مەسىلىلەرنى ش ئۇ ئا ر دۆلەت خەزىنىسى تارماقلىرى پۈتۈنلەي تۈزەتتى.

لى چېڭ

## يەرلىك باج ئېلىش - باشقۇرۇشنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەپتىشلەش

2000 - يىلى تەپتىشلىك نازارىتى 1999 - يىلدىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يەرلىك باج ئېلىش - باشقۇرۇش ۋە باج خىراجىتىنى قايتۇرۇش ئەھۋالىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەپتىشلىدى. ئېنىقلاپ چىقىلغان ئاساسلىق مەسىلىلەر مۇنۇلار: 1) تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقى دائىرىسىدىن ھالقىپ كەچۈرۈم قىلىنغان ۋە باج كېچىكتۈرۈلۈش ئارقىلىق كەچۈرۈم قىلىنغان تىجارەت بېجى 4 مىليون 307 مىڭ 300 يۈەنگە يەتكەن. 2) شىنجاڭ مەسئۇل باجگىرلىك ئورنى، ئۈرۈمچى مەسئۇل باجگىرلىك ئورنىنىڭ ئۈرۈمچى داۋەن يېزىلىق ئۆي - زېمىن تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يول شىركىتىگە قاراشلىق كۆپ خىل ئىگىلىك كارخانىلىرىنىڭ تاپاۋەت بېجىنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقى دائىرىسى يېتەرلىك قېلىپلاشتۇرۇلمىغان، مەلۇم قىلىشقا تېگىشلىك بولغانلىرى ھۆكۈمەتنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا مەلۇم قىلىنمىغان. 3) شىنجاڭ يەرلىك باج ئىدارىسىغا بىۋاسىتە قاراشلىق باج ئىدارىلىرىنىڭ باج ئېلىش ئۇل خىزمىتى پۇختا ئىشلەنمىگەن، تىجارەت بېجىنىڭ باج مەنبەسى تۈپ سانى ئېنىق بولمىغان. بۇنى ئىگىلەش دېگەندەك توغرا بولمىغان. 4) تەكشۈرۈپ تەستىقلايدىغان، نازارەت قىلىدىغان ئاپپاراتنىڭ باشقۇرۇش خىراجىتىنى باجدىن بۆلۈپ ئېلىشى ۋە تۇتۇپ قېلىشى دېگەندەك قېلىپلاشمىغان، باش ئاپپاراتنىڭ باشقۇرۇش خىراجىتى باجدىن بۆلۈپ ئېلىنىپ چىقىرىۋېتىلىدىغان سان تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقى دائىرىسىدىن ھالقىپ تەستىقلانغان. 5) تەپتىشلىك قىلىشتا ئېنىقلاپ چىقىلغان تولۇقلىنىدىغان كىرىم قاتتىق بىرتەرەپ قىلىنمىغان، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك باج تەپتىشلىك ئىدارىسى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق باج ئىدارىلىرى ئېنىقلاپ چىققان تۇرپان - قۇمۇل نېفىت بىناسى، تۆمۈر يول مىنىستىرلىكى 18 - قۇرۇلۇش ئىدارىسى 4 - قۇرۇلۇش باشقارمىسى قاتارلىق 24 ئورۇندىكى باج تاپشۇرغۇچىلار باج قانۇنىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ۋاقتىدا مەلۇم قىلمىغان ۋە ئاز تاپشۇرغان تىجارەت بېجى، تاپاۋەت بېجى، مەبلەغ سېلىشنى تەڭشەش بېجى 14 مىليون 817 مىڭ يۈەنگە يەتكەن، چارە كۆرۈشنى كەچۈرۈم قىلىشنى ئۆز ئالدىغا بەلگىلىگەن. 6) تەكشۈرۈش قاتتىق، بېكىتىش مۇۋاپىق بولمىغان. باج تاپشۇرىدىغان ئورۇنلاردىن ئېلىنماي قالغان تىجارەت بېجى 249 مىڭ 500 يۈەنگە يەتكەن. 7) يەرلىك باج ئىدارىسىغا بىۋاسىتە قاراشلىق باج ئىدارىسىنىڭ باج ھېسابلاش بۆلۈمى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، 1999 - يىلى شىنجاڭ 1 - بىناكارلىق شىركىتى ۋە شىنجاڭ 1 - ترانسپورت شىركىتىنىڭ شەھەر - بازارلاردىكى يەر ئىشلىتىش بېجىنى كېچىكتۈرۈپ ئېلىشنى تەستىقلىغانلىقىغا دائىر پۇل 558 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. 8)

ئېنىقلاپ تولۇقلانغان ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك باج كىرىمىنى ۋە ئاپتونوم رايونغا تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك تولۇقلىما كىرىمنى ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك خەزىنىگە خاتا كىرگۈزۈش تۈپەيلىدىن، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كىرىم 1 مىليون 780 مىڭ يۈەن ئازىيىپ كەتكەن. 9) يەرلىك باج تەپتىشلىك ئىدارىسى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق باج ئىدارىلىرى «باج تەپتىشلەش كىرىمى» مەخسۇس ھېساباتىدا كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرغان، ئىگىلىۋالغان تولۇقلىما باج 5 مىليون 188 مىڭ 600 يۈەنگە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە شۇ يىلدىكى مالىيە كىرىمىدىن ئازىيىپ كەتكىنى 2 مىليون 449 مىڭ 500 يۈەن. 10) يەرلىك باج تەپتىشلىك ئىدارىسى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق باج ئىدارىلىرى 1999 - يىلدىكى «ئىقتىسادىي تەپتىشلىك توغرىسىدا قارار» دىكى تەلەپكە ئاساسەن، تولۇقلاپ تاپشۇرۇشقا ھۆددىگەرلىك قىلىپ ۋە تەپتىشلەپ خەزىنىگە تاپشۇرغۇزمىغان باج پۇلىنىڭ 13 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتكەنلىكى ۋە شىنجاڭ 1 -، 2 -، 3 -، 4 -، 5 - بىناكارلىق شىركەتلىرى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باش شىركىتى قاتارلىق كارخانىلارنىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، مەركەزلەشتۈرۈپ، ئومۇملاشتۇرۇپ باج تاپشۇرۇش مەسىلىسى ئېنىقلاندى. 11) يەرلىك باج ئىدارىسىغا بىۋاسىتە قاراشلىق باج ئىدارىلىرى تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك بولسىمۇ تاپشۇرمىغان باج مەمۇرىيىتى خىراجىتى كىرىمى — باج تالونى تەننەرخ ھەققى ۋە باج تىزىملاش ھەققى 420 مىڭ 600 يۈەنگە يەتكەن. 12) قىسمەن ناھىيىلەرنىڭ «باج ئايرىش تۈزۈمى»نى ئىجرا قىلىشى قاتتىق بولمىغان، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مالىيە كىرىمىنى قىسىپ قېلىش مەسىلىسى يەنىلا ساقلانغان. 13) شىنجاڭ يەرلىك باج ئىدارىسى ئورگىنىنىڭ مۇئامىلە ھېساباتىدىكى پۇل ۋاقتىدا ئېنىقلانماي، ئۇزۇن مۇددەت ئېسىپ قويۇلغان؛ يەرلىك باج تەپتىشلىك ئىدارىسىنىڭ باج بوغالتىرلىقى تۈپ سانى يۇقىرىغا راست مەلۇم قىلىنمىغان. يۇقىرىدىكى مەسىلىلەرگە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى ئالاقىدار مالىيە - ئىقتىساد قائىدە - نىزاملىرىغا ئاساسەن، شىنجاڭ يەرلىك باج ئىدارىسىدىن ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ يەرلىك باجنى كەچۈرۈم قىلىشنى دەرھال تۈزىتىشنى، تاپشۇرۇلماي قالغان باجنى ئېنىقلاشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە ئىگىلىۋېلىنغان ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مالىيە كىرىمىنى تاپشۇرۇش توغرىسىدا قارار چىقاردى.

ئىلى، قىزىلسۇ، ئاقسۇ، ئۈرۈمچىدىن ئىبارەت 4 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرگە قاراشلىق 22 ناھىيە (شەھەر) دىكى يەرلىك باج تارماقلىرىنىڭ باج خىراجىتىنى قايتۇرۇش ئەھۋالى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەپتىشلەندى. بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ كۆپ ئېلىنغان باج خىراجىتى ۋە ۋاكالىتەن ئېلىپ، ۋاكالىتەن تۇتۇپ قېلىنغان رەسمىيەت ھەققى 590 مىڭ يۈەن؛ قائىدىگە خىلاپ ھالدا خەزىنىگە قايتۇرغان باج خىراجىتى 355 مىڭ 400 يۈەن، باج 8 مىليون 764 مىڭ يۈەن؛ ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ كېمەيتكەن، كەچۈرۈم قىلىنغان باج ۋە كېچىكتۈرۈپ ئېلىنغان ياكى باج كېچىكتۈرۈلۈش ئارقىلىق كەچۈرۈم قىلىنغان باج 48 مىليون 537 مىڭ 300 يۈەن. شۇ سەۋەبتىن ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە كىرىمىدىن كېمىيىپ كەتكىنى 5 مىليون 267 مىڭ 800 يۈەن، خەزىنىگە كىرگۈزۈش دەرىجە - قېتىمى ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن، ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە كىرىمىدىن قىسىپ قېلىنغىنى 1 مىليون 722 مىڭ 600 يۈەن؛ تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك بولسىمۇ تاپشۇرۇلمىغان ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە، باج جەھەتتىكى «ئىككى خىراجەت» كىرىمى 3 مىليون 93 مىڭ500 يۈەن؛ ئېلىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ ئېلىنمىغان ۋە تولۇقلاپ ئېلىنغان بولسىمۇ خەزىنىگە ۋاقتىدا كىرگۈزۈلمىگەن باج 32 مىليون 957 مىڭ 300 يۈەن؛ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا تەسىس قىلىنغان باج پۇلى ۋاقىتلىق ھېساباتىدىكى ۋە ئېسىپ قويۇلغان باج پۇلى 13 مىليون 16 مىڭ 900 يۈەن؛ باج قانۇنىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ئارتۇق ئېلىنغان باج 2 مىليون يۈەن؛ ئۆي - مۈلۈك بېجى، يەر ئىشلىتىش بېجى، يەر قوشۇلما قىممەت بېجى، خەلق مائارىپ فوندى بېجى ئالماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەر؛ باج بوغالتىرلىق ھېساباتى قېلىپلاشماسلىق، خىراجەت تاپشۇرۇش دائىرىسىنى كېڭەيتىۋېتىش مەسىلىلىرى ئېنىقلاپ چىقىلدى. يۇقىرىدىكى مەسىلىلەرگە قارىتا، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى ئالاقىدار قائىدە - نىزام ۋە بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلەردىكى يەرلىك باج تارماقلىرىنىڭ قائىدىگە خىلاپ قىلمىشلىرىنى جازالاش، ئىگىلىۋالغان كىرىمنى تاپشۇرۇش توغرىسىدا قارار چىقاردى.

لى چېڭ

## كارخانا پىلانىدىكى زىيانغا قوشۇمچە ياردەم بېرىشنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەپتىشلەش ئەھۋالى

2000 - يىلى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى مەركەز مالىيىسى بۆلۈپ بەرگەن كۆمۈرچىلىك كارخانىلىرىنىڭ پىلانىدىكى زىيانغا قوشۇپ بېرىلىدىغان 51 مىليون 750 مىڭ يۈەن مەبلەغنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەپتىشلىدى. ئېنىقلاپ چىقىلغان ئاساسلىق مەسىلىلەر مۇنۇلار: 1) كۆمۈرچىلىككە مەسئۇل تارماقلار قارمىقىدىكى كارخانىلارنىڭ نىسبەت بويىچە سېتىش كىرىمىدىن ئاجرىتىلىدىغان باشقۇرۇش خىراجىتىنى زىيانغا قوشۇپ بېرىلىدىغان پۇلدىن بىۋاسىتە توغرىلاپ تۇتۇپ

قىلىش چارىسى قوللىنىلىپ، دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلىرىگە خىلاپلىق قىلىنغان. 2) ئۈرۈمچى، قۇمۇل كانچىلىق ئىدارىسى 744 مىليون يۈەن قىسقا مۇددەتلىك قەرز ئالغان، يىل ئاخىرىدا 140 مىليون يۈەن مەبلەغنى قىسىپ قېلىپ، ۋاقتىدا قايتۇرمىغان. 3) ئۈرۈمچى كانچىلىق ئىدارىسى شۇ يىلى پايدىنى ئاز ھېسابلاپ، كۆپ ئالغان ئۇنۇم مائاش 920 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى يۇقىرىدىكى مەسىلىلەرنى ئايرىم - ئايرىم بىرتەرەپ قىلدى ھەمدە باشقۇرۇشنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى.

جاڭ يىن

## پېنسىيە سۇغۇرتىسىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەپتىشلەش ئەھۋالى

2000 - يىلى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى ئاپتونوم رايوندىكى كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ پېنسىيە ئاساسىي سۇغۇرتىسىنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىش ۋە كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ پېنسىيە سۇغۇرتا فوندى كىرىم - چىقىمىنىڭ مۆلچەرلىنىش ئەھۋالىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەپتىشلەش، تەكشۈرۈشنى يولغا قويدى. سۇغۇرتىغا قاتناشمىغان 146 كارخانىنى تەكشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا 5، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىك سودىگەرلەر مەبلەغ سالغان كارخانا 5، خۇسۇسىي كارخانا 59، كوللېكتىپ كارخانا 58، دۆلەت كارخانىسى 9، باشقا كارخا 10؛ 146 كارخانا ئىچىدە، پايدا ئالغان كارخانا 64، زىيان تارتقان كارخانا 82، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مۇنۇلار مەلۇم بولدى:

1999 - يىلى سۇغۇرتىنىڭ قاپلاش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى ۋە يىغىش، تاپشۇرۇش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان. 1999 - يىلى ئەمگەك مىنىستىرلىكى شىنجاڭغا سۇغۇرتىنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، سۇغۇرتىغا قاتنىشىدىغان 350 ئادەمنى كۆپەيتىش پىلانىنى چۈشۈرگەندى، قاپلاش دائىرىسىنىڭ كېڭەيتىلىشى تۈپەيلىدىن، پېنسىيە سۇغۇرتا ھەققىنى 150 مىليون يۈەن كۆپەيتىپ يىغىش پىلانلانغان. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئەمەلىيەتتە قاپلاش دائىرىسى كېڭەيتىلىپ كۆپەيتىلگەن ئادەم 130 مىڭغا، ئەمەلىيەتتە قاپلاش دائىرىسى كېڭەيتىلىپ كۆپەيتىپ يىغىۋېلىنغان پېنسىيە سۇغۇرتا خىراجىتى 19 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىش ۋە سۇغۇرتا خىراجىتى يىغىش، تاپشۇرۇش كۆرسەتكۈچى ئورۇندالمىغان. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى مۇنۇلار: پېنسىيە سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىشقا تېگىشلىك كارخانا ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۈپ سانى ئېنىق بولمىغان، ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرىنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش سالمىقى يېتەرلىك بولمىغان. قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، سۇغۇرتا خىراجىتى يىغىش، تاپشۇرۇش خىزمىتى توغرىسىدىكى تەشۋىقات سالمىقى يېتەرلىك بولمىغان. نەتىجىدە ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولمىغان. كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ناچار، مەبلەغ قىس بولغان، كارخانىلارنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش، ۋەيران قىلىش تۈپەيلىدىن سۇغۇرتىغا قاتنىشىدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئېقىپ كەتكەن؛ كارخانا مەسئۇللىرىنىڭ قانۇن ئېڭى ئاجىز بولغاچقا، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە پېنسىيە سۇغۇرتىسى بېجىرىپ بېرىشنى خالىمىغان، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش ئېڭى تۆۋەن بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇسۇسىي كارخانىلاردا سۇغۇرتىغا قاتنىشىدىغان ئادەم ئېغىر دەرىجىدە يېتەرسىز بولغان. يەككە سودا - سانائەتچىلەر سۇغۇرتىغا قاتنىشىشتىكى بوشلۇق چوڭ، سۇغۇرتا خىراجىتىنى ئاز تاپشۇرىدىغان، تاپشۇرمايدىغان، تاپشۇرۇشنى رەت قىلىدىغان ۋە تاپشۇرۇشنى كېيىنگە سۈرىدىغان ھادىسىلەر پات - پات يۈز بېرىپ تۇرغان.

ما يەنخۇا

## نامراتلارنى يۆلەش ۋە يېزىلاردا سۇنى ياخشىلاش، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەخسۇس مەبلىغىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەپتىشلەش ئەھۋالى

2000 - يىل 6 - ئايدىن 9 - ئايغىچە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى خوتەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدىكى دۆلەت دەرىجىلىك 10 نامرات ناھىيىنىڭ 1999 - يىللىق نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى، 1998 - يىللىق يېزىلاردا سۇنى ياخشىلاش، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەبلىغىنىڭ ئىشلىتىلىش ۋە باشقۇرۇلۇش ئەھۋالىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن مەخسۇس تەپتىشلىدى.

تەپتىشلەنگەن نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى 137 مىليون 268 مىڭ يۈەن، ئېنىقلاپ چىقىلغان قائىدە، تۈزۈمگە خىلاپ مەبلەغ 68 مىليون 950 مىڭ 100 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە، قىسىپ قېلىنغان تۈرلۈك نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى 39 مىليون 398 مىڭ يۈەن، ئىگىلىۋېلىنغان، ئىشلىتىۋېلىنغان نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىدىن مەمۇرىي خىراجەتنى تولۇقلاشقا ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە مائاش تارقىتىشقا ئىشلىتىلگىنى 9 مىليون 187 مىڭ 900 يۈەن، كۆپ سوممىلىق ئامانەت قويۇلغان ۋە قۇرۇلۇشقا بېرىلگەن نەق پۇل 20 مىليون 222

مىڭ يۈەن، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىنغان باشقا مەبلەغ 142 مىڭ 200 يۈەن.

ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەپتىشلەنگەن يېزىلاردا سۇنى ياخشىلاش، كېمەيتىلگەنلىك ئالدىنى ئېلىش مەبلىغى 12 مىليون 918 مىڭ يۈەن، ئېنىقلانغان ئىنتىزامغا، بەلگىلىمىگە خىلاپ ئىشلىتىۋېلىنغان مەبلەغ 665 مىڭ 400 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئىگىلىۋېلىپ يۆتكەپ ئىشلىتىلگەن سۇنى ياخشىلاش مەبلىغى 623 مىڭ 300 يۈەن، زىيان سېلىپ ئىسراپ قىلىنغان سۇنى ياخشىلاش مەبلىغى 42 مىڭ 100 يۈەن.

دەي خاۋجۇڭ

## بۇلغىنىشنى تۈگىتىش ھەققى يىغىش، تاپشۇرۇش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش، ئىشلىتىش ئەھۋالى بويىچە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىندى

2000 - يىلى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى ئىلى، بايىنغولىن، سانجى ئوبلاستلىرى، ئۈرۈمچى شەھىرى، ئالتاي، تۇرپان، قۇمۇل، ئاقسۇ، قەشقەر ۋىلايەتلىرى، كۈيتۇڭ شەھىرى قاتارلىق 10 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (شەھەر) دىكى مۇھىت ئاسراش ۋە مالىيە تارماقلىرىنىڭ 1998 — 1999 - يىللىق بۇلغىنىشنى تۈگىتىش ھەققى يىغىش، تاپشۇرۇش ۋە ئۇنى ئىشلىتىش، باشقۇرۇش ئەھۋالى بويىچە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلدى. تەپتىشلەش ئارقىلىق ئىنتىزامغا، بەلگىلىمىگە خىلاپ ئىشلىتىۋېلىنغان 40 نەچچە مىليون يۈەننى ئېنىقلاپ چىقتى. ئاساسلىق مەسىلىلەر مۇنۇلار: 1) قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (شەھەر) لەر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مالىيىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان بۇلغىنىشنى تۈگىتىش ھەققى كىرىمىنى قىسىپ قېلىپ، ئاپتونوم رايون مالىيە كىرىمىنىڭ 12 مىليون 222 مىڭ 800 يۈەن كېمىيىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. 2) قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە (شەھەر) لەردىكى مۇھىت ئاسراش تارماقلىرى خام چوتتىكى يىلدا تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ھەقلەرنى تاپشۇرمىغان، شۇنىڭ بىلەن، شۇ يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك مالىيىنىڭ بۇلغىنىش ھەققى كىرىمىدە 4 مىليون 136 مىڭ 900 يۈەننى قىسىپ قېلىش ھادىسىسى شەكىللەنگەن. 3) قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى مالىيە تارماقلىرى 18 مىليون 216 مىڭ 200 يۈەن بۇلغىنىشنى تۈگىتىش ھەققى مەخسۇس مەبلىغى ئارقىلىق خام چوتنى تەڭپۇڭلاشتۇرغان. 4) ئايرىم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (شەھەر) لەر بۇلغىنىشنى تۈگىتىش ھەققى مەخسۇس تالونىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەن، خاتا ئىشلەتكەن، خام چوت ئىچىدىكى كىرىمنى خام چوت سىرتىدىكى كىرىم قىلىۋالغان، بۇلغىنىشنى تۈگىتىش ھەققى كىرىمىنى يالغاندىن چىقىم قىلغان، يۆتكەپ ئىشلىتىۋالغان مۇھىت ئاسراشقا مەخسۇس قوشۇمچە ياردەم بېرىلگەن مەبلەغ 7 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى تەپتىشلەش جەريانىدا بايقالغان يۇقىرىدىكى مەسىلىلەرنى مالىيە - ئىقتىسادقا ئائىت قائىدە - نىزاملارغا ئاساسەن بىر تەرەپ قىلدى ۋە چارە كۆردى ھەمدە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، تۈزۈمنى قاتتىق ئىجرا قىلىش جەھەتتە تەكلىپ بەردى.

جۇ لىشيا

## ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت بويىچە ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەپتىشلەش ئەھۋالى

1998 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن، 853 ئىقتىسادىي مەسئۇل خادىم، 857 ئورۇننى قەرەللىك ئۈستىگە ئالغان ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتى بويىچە ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەپتىشلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرى 644 (نازىر دەرىجىلىك كادىر بىر، باشقارما دەرىجىلىك كادىر 89، بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر 554)، دۆلەت كارخانىلىرى ۋە پاي كونترول كارخانىلىرىدىكى رەھبىرىي كادىر 209. تەپتىشلەش ئارقىلىق ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشلىتىۋېلىنغان 591 مىليون 590 مىڭ يۈەن ئېنىقلاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر تەرەپ قىلىش، چارە كۆرۈش قارار قىلىنغىنى 76 مىليون 130 مىڭ يۈەن، تۈزىتىش تەلىپى كۆرسىتىپ بېرىلگىنى 515 مىليون 460 مىڭ يۈەن، مەسئۇل تارماقنىڭ مەسئۇلىيىتىگە تەۋەسى 460 مىليون 550 مىڭ يۈەن. بىۋاسىتە مەسئۇلىيىتى بار بولغىنى 21 مىليون 890 مىڭ يۈەن. تەپتىشلەشتە بايقالغان شەخسىي ئىقتىسادىي مەسىلە بار سومما 2 مىليون 810 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە خىيانەت قىلىنغىنى 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن، يۆتكەپ ئىشلىتىلگەن ھۆكۈمەت پۇلى 1 مىليون 490 مىڭ يۈەن. 32 ئادەم ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرىغا، 16 ئادەم ئەدلىيە ئورگانلىرىغا ئەۋەتىپ بېرىلدى. تەپتىشلەش ئارقىلىق دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاپ قالغان ئورۇن 278، قىممىتى ئازايغان ئورۇن 42.

تۇ شىنمىن

## سانائەت كارخانىلىرىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەپتىشلەش ئەھۋالى

2000 - يىلى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى 15 سانائەت كارخانىسىنىڭ 1999 - يىلدىكى مۈلكى، قەرزى، پايدا - زىيىنىنىڭ راستلىقى، قانۇنىيلىقى ۋە ئۈنۈمى ئەھۋالىنى

ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەپتىشلىدى ھەمدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كارخانىلارنىڭ ئىسلاھات نەتىجىسى ۋە قولغا كەلتۈرگەن تەجرىبە، كارخانىلارنىڭ تىجارەت ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزگەن تاشقى مۇھىتنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەپتىشلىدى ۋە تەكشۈردى. تەپتىشلەش نەتىجىسىدىن مۇنۇلار مەلۇم بولدى: 15 كارخانا ئىچىدە 1997 - يىلى زىيان تارتقان كارخانا 5، 1999 - يىلى زىيان تارتقان كارخانا 10؛ 1997 - يىلنى 1999 - يىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، پايدىنى ئاشۇرۇپ زىياننى ئازايتقان كارخانا 5، سوممىسى 20 مىليون 250 مىڭ يۈەن، زىيىنى كۆپىيىپ، پايدىسى ئازايغان كارخانا 10، سوممىسى 115 مىليون 980 مىڭ يۈەن، تەپتىشلەش ئارقىلىق ئىنكاس قىلىنغان ئەھۋالدىن قارىغاندا، شىنجاڭدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى زىيان تارتىش دائىرىسى تارايمىغان. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى شۇكى، سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مۈلكىنىڭ سۈپىتى ناچارراق، مالىيە باشقۇرۇش سەۋىيىسى تۆۋەنرەك، بوغالتىرلىق ئۇچۇرلىرىدىكى ساختىلىق مەسىلىسى ئېغىر، كارخانىلارنىڭ تۈزۈلمە ئۆزگەرتىشى، ئىسلاھاتى، ئۆزگەرتىلىشى ئارقىدا قالغان. كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرۇشىدىكى تاشقى مۇھىتنى يەنىمۇ ياخشىلاشقا توغرا كېلىدۇ.

تۇ شىنمىن

## ئىقتىساد - سودا كارخانىلىرىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەپتىشلەش ئەھۋالى

2000 - يىلى ئىقتىسادىي تەپتىشلەش نازارىتى ۋە ئالاقىدار ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلەش ئىدارىلىرى ئاپتونوم رايوندىكى ۋە 10 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى 11 سودا كارخانىسىنىڭ (تاشقى سودا كارخانىسى 3، سودا كارخانىسى 8) 1999 - يىللىق قەرزى ۋە پايدا - زىيىنىنىڭ راستلىقى، قانۇنلۇقىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەپتىشلىدى ھەمدە كارخانىلارنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى، قەرز يۈكى قاتارلىق ئالاقىدار ئەھۋاللارنى مەخسۇس تەپتىشلەپ تەكشۈردى.

تەپتىشلەشتىن شۇ مەلۇم بولدىكى، تەپتىشلەشتىن ئىلگىرى 11 كارخانىنىڭ مۈلكى 709 مىليون 581 مىڭ 700 يۈەن، قەرزى 720 مىليون 749 مىڭ 100 يۈەن، ئىگىدارلىق قىلغۇچىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتى مىنۇس 11 مىليون 167 مىڭ 400 يۈەن، زىيان - پايدىسى مىنۇس 79 مىليون 375 مىڭ 200 يۈەن بولغان. تەپتىشلىنىپ ئېنىقلانغاندىن كېيىنكى مۈلكى 717 مىليون 166 مىڭ 500 يۈەن، قەرزى 712 مىليون 815 مىڭ 300 يۈەن، ئىگىدارلىق قىلغۇچىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتى 4 مىليون 351-مىڭ 200 يۈەن، زىيان - پايدىسى مىنۇس 67 مىليون 733 مىڭ 500 يۈەن بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە پايدا ئالغان كارخانا 4 بولۇپ، پايدىسى 2 مىليون 638 مىڭ 900 يۈەن؛ زىيان تارتقان كارخانا 7 بولۇپ، زىيىنى 70 مىليون 372 مىڭ 400 يۈەن. تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتكەن كارخانا 6 (بۇنىڭ ئىچىدە تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىۋاتقىنى 4)، مۈلكى قەرزگە چىقىش قىلمايدىغىنى 3 بولۇپ، ئاكتىپ - پاسسىپ نىسبىتى 106.06% بولغان.

ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەر: 1) مۈلۈك سۈپىتى ناچار، بۇنىڭ ئىچىدە ناچار مۈلۈك 301 مىليون 540 مىڭ يۈەن، يوشۇرۇن زىيان 48 مىليون 855 مىڭ 100 يۈەن، ھېساب سىرتىدىكى مۈلۈك 8 مىليون 438 مىڭ 100 يۈەن، ھېساباتتا بار، ئەمەلىيەتتە يوق مۈلۈك 487 مىڭ 600 يۈەن، ئىقتىسادىي ماجىرا تۈپەيلىدىن ئىگىلىۋېلىنغان مۈلۈك 1 مىليون 523 مىڭ 100 يۈەن. 2) كارخانا تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا، بانكىدىن ئالغان 440 مىليون 112 مىڭ 100 يۈەن قەرز پۇل قايتۇرۇلمىغان. تۈزۈلمە ئۆزگەرتىش قېلىپلاشمىغاچقا، مۈلۈك يوقىلىپ كەتكەن. ئىجارىگە بېرىشنى تۈزۈلمە ئۆزگەرتىشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىدىغان ھادىسە ئومۇميۈزلۈك ساقلانغان، كۆپلىگەن مال - مۈلۈك مالىيىنىڭ بىرتۇتاش ھېساباتىغا كىرگۈزۈلمىگەن. 3) تەپتىشلەنگەن ئورۇنلاردا ساختىپەزلىك قىلىش، تۈرلۈك كىرىمنى يوشۇرۇپ ھېسابقا كىرگۈزمەسلىك، قائىدىگە خىلاپ ھالدا خۇپىيانە «كىچىك خەزىنە» تەسىس قىلىش، بانكىنىڭ مەجبۇرىي ھالدا ھېساباتتىن قەرز پۇلنى ئېلىۋېلىشىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، شەخسىي نام بىلەن باشقا بانكىدا قانۇنسىز ھېساب ئېچىپ ئۆز ئورنىنىڭ تۈرلۈك چىقىملىرىغا ئىشلىتىش، مۈلۈكنى ھېسابقا كىرگۈزمەسلىك، قائىدىگە خىلاپ ھالدا ھېساباتتىن كۆتۈرۈۋېتىش، ھېسابنى ۋاقتىدا بىرتەرەپ قىلماسلىق ھەمدە بوغالتىرلىق ھېسابات ئاساس خىزمىتى ئاجىز بولۇش، ئىچكى قىسمىدا تىزگىنلەيدىغان تۈزۈم مۇكەممەل بولماسلىق، مالىيە باشقۇرۇش چۇۋالچاق بولۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

جاڭ شۈيلىڭ

## سودا - سانائەت سىستېمىسىدىكى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئەھۋالى

2000 - يىلى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى قىسمەن ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ۋە قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ھەمدە قارىمىقىدىكى ناھىيە (شەھەر) لەردىكى سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرىنىڭ 1999 - يىللىق مالىيە كىرىم - چىقىم

ئەھۋالىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەپتىشلىدى، ناھىيىدىن يۇقىرى 53 سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگىنىنى تەپتىشلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق 5 ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنى تەپتىشلىدى، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئىدارىلىرىگە 4 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەپتىشلەش ھوقۇقى، 9 ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئىدارىسىگە 43 ناھىيىلىك، 9 شەھەرلىك سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەپتىشلەش ھوقۇقى بەردى.

بۇ قېتىمقى تەپتىشلەشتە ئېنىقلاپ چىقىلغان ئىنتىزام، قائىدىگە خىلاپ ئىشلىتىۋېلىنغان مەبلەغ 39 مىليون 740 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە كېچىكتۈرۈلگەن قەرز، خام چوتقا تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك كىرىمدىن قىسىپ قېلىنغان، مۇسادىرە قىلىنغان كىرىم 12 مىليون 50 مىڭ يۈەن؛ يوشۇرۇلغان كىرىم 11 مىليون 30 مىڭ يۈەن؛ كەلسە ـ كەلمەس ئېلىنغان ھەق، جەرىمانە، سېلىق 1 مىليون 90 مىڭ يۈەن، ئىگىلەپ، يۆتكەپ ئىشلىتىۋېلىنغىنى 2 مىليون 950 مىڭ يۈەن؛ خۇپىيانە تەسىس قىلىنغان «كىچىك خەزىنە» دىكى پۇل 790 مىڭ يۈەن، تاپشۇرۇلمىغان باج 1 مىليون 490 مىڭ يۈەن؛ قائىدىگە خىلاپ ئىشلىتىۋېلىنغان باشقا مەبلەغ 10 مىليون 340 مىڭ يۈەن، تەپتىشلەشتىن كېيىن مالىيىگە تولۇقلاپ تاپشۇرۇلغىنى 850 مىڭ يۈەن، ئىگىلەپ، يۆتكەپ ئىشلىتىۋېلىنغىنىدىن قايتۇرۇۋېلىنغان مەبلەغ 6 مىليون 930 مىڭ يۈەن، جەرىمانە قويۇلغىنى 1 مىليون 450 مىڭ يۈەن.

كې ئېنراڭ

## ئېلېكتىر ئېنېرگىيىسى بويىچە ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەپتىشلەش ئەھۋالى

2000 ـ يىلى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى تەپتىشلەش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيىسى شىركىتىنىڭ 1999 ـ يىللىق مۈلكى، قەرزى، زىيىنى ۋە پايدىسىنىڭ راستلىقى، بەلگىلىمىگە ئۇيغۇنلۇقى ۋە ئۈنۈمچانلىقىنى تەپتىشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئېلېكتىر ئېنېرگىيىسى شىركىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق بالا شىركەت، شۆبە شىركەت ۋە پاي كونترول شىركىتى قاتارلىق 15 ئورۇننى تەكشۈردى ۋە تەپتىشلىدى. ئارىلاپ تەكشۈرۈش دائىرىسى 50% كە يەتتى، تەپتىشلەنگەن مەبلەغ 6 مىليارد 118 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، پۈتۈن سىستېمىدىكى مۈلۈك سوممىسىنىڭ 68% ىنى ئىگىلىدى. ئىنتىزام، قائىدىگە خىلاپ ئىشلىتىۋېلىنغان 206 مىليون 417 مىڭ 500 يۈەن ئېنىقلاپ چىقىلدى. تەپتىشلەش ئارقىلىق بايقالغان ئاساسلىق مەسىلىلەر مۇنۇلار: 1) مۆرەلىمە مۈلۈك بەلگىلىمە بويىچە ھېسابلانمىغاچقا، مۆرەلىمە مۈلۈكنىڭ راست بولماسلىقى كېلىپ چىققان. 2) سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئۈنۈمى ئۇزۇن مۇددەتكىچە ناچار بولغان، سېلىنغان قىسمەن مەبلەغ زىيانغا ئايلىنىپ قالغان. 3) مۇئامىلە تورىدە ئېسىلىپ قالغان ھېساب سانى چوڭ، ۋاقتى ئۇزۇن بولغان، قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان مۆلچەرىي مەبلەغ 86 مىليون 916 مىڭ يۈەن بولۇپ، قايتۇرۇپ ئېلىشقا تېگىشلىك پۇلنىڭ 24.6% ىنى ئىگىلىگەن. 4) قارىسىغا تارماق ئورۇنلارنىڭ تۇراقلىق مۈلۈكنى باشقۇرۇشى قالايمىقان، بىر قىسىم تۇراقلىق مۈلۈك بىر تۇتاش ھېساباتقا كىرگۈزۈلمىگەن. باشقۇرۇش قاتتىق بولمىغاچقا، ھېساب بىلەن نەق مۈلۈك، ھېساب بىلەن كارتا بىر ـ بىرىگە ئۇيغۇن كەلمەسلىك، ماتېرىيال تولۇق بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەر ساقلانغان. 5) ۋاكالىتەن يىغىلغان شەھەر جامائەت ئىشلىرى قوشۇمچە خىراجىتى بەلگىلىمە بويىچە يۇقىرىغا تاپشۇرۇلمىغان. 6) پايدا ـ زىيان راست ئەمەس. تىجارەت كىرىمى، تىجارەت سىرتىدىكى كىرىم ياكى مەبلەغ پايدىسى ئاز ھېسابلانغان، ساختىپەزلىك قىلىنغان ياكى تەننەرخ خىراجىتى ئىگىلىۋېلىنغان، خىراجەت كاپىتال خاراكتېرلىك چىقىم قىلىنغان. 7) تاماملانغان قۇرۇلۇشنىڭ نەق چوتى ۋاقتىدا تۈزۈلمەي، مۈلۈك پايدا ـ زىيىنىنىڭ راستلىقىغا تەسىر يەتكەن. 8) پاراۋانلىق خىراجىتى دائىرىدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلىنغان. 9) مەلۇمات جەدۋىلىدە ئەكس ئەتتۈرۈش راست بولمىغان.

سۇن ۋېنجۇن

## جامائەت خەۋپسىزلىكى مالىيە كىرىم ـ چىقىمىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەپتىشلەش ئەھۋالى

2000 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى بورتالا ئوبلاستى، تارباغاتاي، ئالتاي، قۇمۇل، ئىلى ۋىلايەتلىرى، قاراماي شەھىرى، قىزىلسۇ، سانجى ئوبلاستلىرى ۋە شىخەنزە شەھىرى ھەمدە جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى قاتارلىق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ 1999 ـ يىللىق مالىيە كىرىم ـ چىقىمى ۋە باشقۇرۇش ئەھۋالىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەپتىشلەشنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇردى. تەپتىشلەش ئارقىلىق ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشلىتىۋېلىنغان 32 مىليون 581 مىڭ 700 يۈەن

ئېنقىلاپ چىقىلدى. ئېنقىلاپ چىقىلغان ئاساسلىق مەسىلىلەر مۇنۇلار: 1) سانجى ئوبلاستى، تارباغاتاي، ئالتاي، قۇمۇل ۋىلايەتلىرى، قىزىلسۇ ئوبلاستى، ئىلى ۋىلايىتى، قاراماي شەھىرىدىكى ج خ ئورگانلىرى تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق جەمئىيەتتىن كەلسە - كەلمەس ھەق، كەلسە - كەلمەس قويۇلغان جەرىمانە ۋە چېچىلغان سېلىق 4 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. 2) شىخەنزە شەھىرى، سانجى ئوبلاستى، قاراماي شەھىرى، بورتالا، قىزىلسۇ ئوبلاستلىرى، تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى ج خ ئورگانلىرى تۈرلۈك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ئالغان جەرىمانە پۇللارنى ھېسابقا كىرگۈزمەي، خۇپىيانە ئامانەت قويغان، خۇپىيانە ساقلىغان، نەتىجىدە «كىچىك خەزىنە» دىكى پۇل 4 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. 3) 8 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى ۋە شىخەنزە شەھىرىدىكى ج خ ئورگانلىرى يوشۇرغان، قىسىپ قالغان، باشقا ئىشقا چىقىم قىلغان مالىيىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك جەرىمانە كىرىمى، ئېلىنغان مەمۇرىي خاراكتېرلىك ھەق ۋە خام چوت سىرتىدىكى كىرىم 10 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. 4) شىخەنزە شەھىرى، قۇمۇل ۋىلايىتى، بورتالا ئوبلاستى، تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى ج خ ئورگانلىرىدا تۇراقلىق مۈلۈكنى باشقۇرۇش قالايمىقان بولۇش، تېگى - تەكتى ئېنىق بولماسلىق، ھېساب بىلەن نەق مۈلۈك بىر - بىرىگە ئۇيغۇن كەلمەسلىكتەك مەسىلىلەر ساقلانغان. ھېساب سىرتىدىكى تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ قىممىتى 34 مىليون 532 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، 1 مىليون 55 مىڭ 800 يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك يوقىلىپ كەتكەن. 5) 3 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ج خ ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ 5 مىليون 580 مىڭ يۈەن پۇلىنى شىركەتكە ئۆتنە بەرگەن، ئۇنى ئۇزۇن مۇددەت ئېنىقلىماي، ھېسابىنى ئېسىپ قويغان، بەزىلىرى زىيان بولۇپ، قايتۇرۇۋېلىشقا ئامال بولمىغان، نەتىجىدە تىرىلمەس ھېساب، ئۆلۈك ھېساب، شەكىللەنگەن. 6) قىسمەن ج خ ئورگانلىرى تالون - ھۆججەتلەرنى باشقۇرۇش ۋە ئىشلىتىشتە، مۇكەممەل بولغان ھۆججەت - تالونلارنى ئېلىش، سېتىش، ساقلاش تۈزۈمىنى ئورناتمىغان، تالون - ھۆججەتلەرنى باشقۇرۇش قالايمىقان بولغان.

ماۋ دېچۈەن

## خەلقئارا پۇل مۇئامىلە تەشكىلاتى قەرز بەرگەن، ياردەم قىلغان پۇل تۈرلىرىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەپتىشلەش ئەھۋالى

2000 - يىلى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، 8 خەلقئارا پۇل مۇئامىلە تەشكىلاتى قەرز بەرگەن، ياردەم قىلغان پۇل تۈرىنى، يەنى، يۇقۇملۇق كېسەل ۋە يەرلىك كېسەللىكلەرنى تىزگىنلەش، نامرات ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئاساسىي مائارىپى، جۇڭگونىڭ مۇھىت تېخنىكىسىغا ياردەم بېرىش، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ياۋروپا ئىتتىپاقى ياردەم بېرىدىغان سۈت تۈرلىرى، تۇرپان — ئۈرۈمچى — داخۇاڭشەن ئالىي تاشيولى، ئۈرۈمچى — كۈيتۇن تېز سۈرئەتلىك تاشيولى ۋە تارىم 2 - قارارلىق يېزا ئىگىلىكى قاتارلىق 8 تۈرنىڭ 1999 - يىلى ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەپتىشلىدى. بۇ تۈرلەرگە 11 مىليارد 375 مىليون يۈەن خەلق پۇلى مەبلەغ سېلىش پىلانلانغان، بۇنىڭ ئىچىدە دۇنيا بانكىسى بەرگەن قەرز پۇلدىن پايدىلىنىلغىنى 627 مىليون دوللار. 6 مىليارد 50 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۇنيا بانكىسى بەرگەن قەرز پۇلدىن پايدىلىنىلغىنى 227 مىليون دوللار. ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى 161 نۇسخا تەپتىشلەش دوكلاتى يازدى.

تەپتىشلەش نەتىجىسىدىن شۇ مەلۇم بولدىكى، ھەرقايسى تۈرلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ياخشى بولغان بولسىمۇ، لېكىن بەزى مەسىلىلەر ساقلانغان: 1) ئايرىم تۈرلەردىكى يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن مەبلەغ ئەمەلىيلەشمىگەن، يىللىق مەبلەغ سېلىش پىلانى ئورۇندالمىغان. 2) ئايرىم تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇش مەزمۇنى راست بولمىغان. ھەقسىز ياردەم قىلىنغان مەبلەغنى قايتۇرۇپ كېلىش سۈرئىتى ئاستىراق بولغان. 3) تۈر مەبلەغلىرى ئىگىلىۋېلىنغان، ئىشلىتىلىپ كەتكەن، قىسىپ قېلىنغان. 4) تۈرلەرنىڭ ماددىي ئەشيالىرى سېتىۋېلىنغان، ئۆتنە بېرىۋېتىلگەن ياكى قىسىپ قېلىنغان. 5) ئەستىقلاتماي تۇرۇپ، تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇش ئورنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئۆزگەرتىلگەن. 6) تۈرلەرنىڭ ماددىي ئەشياسىنى سېتىۋېلىش ئارقىدا قالغانلىقتىن، قۇرۇلۇش سۈرئىتىگە تەسىر يەتكەن. 7) تۈرلەرنىڭ باشقۇرۇش خىراجىتى بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ئېلىنغان ياكى كېيىنگە سۈرۈلگەن. ھەر دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى يۇقىرىدىكى مەسىلىلەرگە قارىتا، تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈملەرنى چىڭىتىش، تۈر مەبلەغلىرىنى ۋە تۈر ماددىي ئەشيالىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش جەھەتتە ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەپتىشلەش پىكرىنى بەردى.

زو پېيلاڭ

# باها خىزمىتى

## باها خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2000 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئاپتونوم رايون

بازارلىرىدا باھا سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلىدى. تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى 9 - ئايغا قەدەر ئۇدا 22 ئاي تۆۋەنلىدى، ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى 6 - ئايغا قەدەر ئۇدا 19 ئاي تۆۋەنلىدى، مۇشۇ يىلى تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى جەمئىي 1.7% چۈشۈپ، تىزگىنلەش نىشانىدىن 2.7 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەن بولدى، ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى 0.6% چۈشۈپ، تىزگىنلەش نىشانىدىن 2.6 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەن بولدى. تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ چۈشۈش نىسبىتى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 0.2 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەن بولدى. مەملىكەت بويىچە 31 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر ئىچىدە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە تىزغاندا 21 - ئورۇندا، ئاھالىلەر ئىستېمال بۇيۇملىرى باھاسىنىڭ چۈشۈش نىسبىتى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن بىر پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەن بولۇپ، 25 - ئورۇندا تۇردى.

تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىدا، يېمەكلىكلەر باھاسىنىڭ چۈشۈشى باھا ئومۇمىي سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئاساسلىق ئامىل بولدى. مۇشۇ يىلى يېمەكلىكلەر باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3.6% چۈشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ياغنىڭ 16.4%، ئاشلىقنىڭ 11.1%، گۆش، ئۆي قۇشلىرى، تۇخۇمنىڭ 5.5%، مېۋىنىڭ 5.4%، سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ 4.7% چۈشتى. باشقا 13 خىل تاۋار ئىچىدە، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ 5%، ماشىنا - ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرىنىڭ 3.9%، ئىچىملىك، تاماكا، ھاراقلارنىڭ 3.1%، توقۇلما بۇيۇملارنىڭ 2.9% چۈشتى. شەھەرلەردە 1.1%، يېزىلاردا 2.6% چۈشتى، يېزىلارنىڭ شەھەرلەرنىڭكىدىن 1.5 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەن بولدى. يېزىلاردىكى يېمەكلىكلەر باھاسى شەھەرلەرنىڭكىدىن 2.1 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇتۇلغان كۆكتاتلار شەھەرلەرنىڭكىدىن 2.4 پىرسەنت پوئىنتى، ياغ 3 پىرسەنت پوئىنتى، ئاشلىق 2.3 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەن بولدى. باشقا 13 خىل تاۋار ئىچىدە يېزىلاردا شەھەردىكىدىن ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ 6.7، كۈندىلىك بۇيۇملارنىڭ 2.3، جۇڭگو تېبابىتى ۋە غەرب تېبابىتى دورىلىرىنىڭ 2.1 ۋە ماشىنا - ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرىنىڭ 1.9 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەن بولدى، باھا ئومۇمىي سەۋىيىسىدىكى ئۆزگىرىش رايونلار ئارىسىدىكى پەرق ۋە تەڭپۇڭسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، غۇلجا شەھىرىنىڭ 4.6%، خوتەننىڭ 4.3%، قۇمۇل شەھىرىنىڭ 3.9%، قەشقەر شەھىرىنىڭ 3.8% چۈشكەن بولۇپ، چۈشۈش نىسبىتى ئەڭ چوڭ بولغان رايونلار ھېسابلاندى. قاراماي شەھىرىنىڭ 0.2% ئۆرلىگىنىدىن سىرت، كۈيتۇڭ، شىخو شەھەرلىرىنىڭ 0.3% چۈشۈپ، چۈشۈش دەرىجىسى ئەڭ كىچىك بولدى، ئۇنىڭدىن قالسا، ئاقسۇ، كورلا شەھەرلىرىنىڭ 0.4% چۈشتى.

ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى شەھەرلەردە 0.1% ئۆرلىدى، يېزىلاردا 2.6% چۈشتى، يېزىلارنىڭ شەھەرلەرنىڭكىدىن 2.5 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەن بولدى. مۇلازىمەت تۈرلىرىنىڭ 13.9%، ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ باھاسى 3.9% ئۆرلەپ، ئۆرلەش نىسبىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولدى. مۇلازىمەت تۈرى ئىچىدە ئۆرلەش نىسبىتى ئەڭ چوڭ بولغىنى ئوقۇش بەدەل پۇلى، تەربىيىلەش ھەققى بولۇپ، 35.6% ئۆرلىدى. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى ئاپتونوم رايون باھانىڭ قۇرۇلما خاراكتېرلىك زىددىيىتىنى ھەل قىلىشى، جامائەت پاراۋانلىقى كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئالىي مائارىپ، كەسپىي تېخنىكوم ۋە تولۇق ئوتتۇرا مائارىپنىڭ ھەق ئۆلچىمىنى ئۆستۈردى، سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازىنىڭ زاۋۇتتىن چىقىش ۋە پارچە سېتىلىش باھاسى قاتارلىق مۇلازىمەت تۈرى ۋە ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ باھاسىنى ئۆستۈردى. جايلار بويىچە قارىغاندا، ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى قاراماي شەھىرىدە 2.4%، شىخەنزە شەھىرىدە 1.2%، ئۈرۈمچى شەھىرىدە 0.7% ئۆرلىدى، ئاتۇش شەھىرىدە 5.3%، خوتەن شەھىرىدە 4.5%، قۇمۇل شەھىرىدە 4%، ئالتاي شەھىرىدە 4%، ئاقسۇ شەھىرىدە 3.9%، قەشقەر شەھىرىدە 3.4% چۈشتى.

جالىڭ دىشىلىڭ

## باھا باشقۇرۇش ئەھۋالى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ باھا خىزمىتى ئاساسلىقى بازارنىڭ ئۇنۇملۈك ئېھتىياجىنى كېڭەيتىش ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ئىقتىسادىي خىزمەتنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسىنى چۆرىدەپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، باھا ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ھەق ئېلىنغانلىقنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، باھانى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، باھا مۇلازىمىتى ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە قانات يايدۇرۇلدى.

1. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ باھا ئىسلاھاتى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش پائال ئالغا سۈرۈلدى. بۇغداينى سېتىۋېلىش باھاسىدا زاكاز باھا بىلەن قوغداش باھاسىنى ئەڭ

يولغا قويۇش سىياسىتى داۋاملىق يولغا قويۇلدى، ھەر كىلوگرام ئۆلچەملىك بۇغداينىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 0.08 يۈەن چۈشۈرۈلدى ھەم دەرىجە باھا پەرقى چوڭايتىلدى. ئۆزۈنىچە تۇرۇپ قالغان ئاشلىقنى كەم ئارتۇق قىلىپ سېتىشنىڭ كونكرېت باھا سىياسىتى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يېڭى يىللىق پاختا باھاسى سىياسىتى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئەلا سۈپەتلىكلەرگە يۇقىرى باھا قويۇش، سۈپىتىگە قاراپ باھا بەلگىلەش سىياسىتىنىڭ سالمىقى كۈچەيتىلدى. قىزىلچا، ياغلىق دان، پىلە غوزىسى، قۇرۇتۇلغان تاماكىلارنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى ۋە سېتىۋېلىنىش يېتەكچى باھاسى سىياسىتى بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ خىمىيىۋى ئوغۇتنى باشقۇرۇش چارىسى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، ئورىيىنىڭ زاۋۇتتىن چىقىش باھاسىدا ھۆكۈمەت بېكىتكەن باھا ھۆكۈمەت يېتەكچى باھاسىغا ئۆزگەرتىلىپ، خىمىيىۋى ئوغۇتنى پارچە سېتىش باھاسى قويۇۋېتىلىپ، خىمىيىۋى ئوغۇت ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا كۈچلۈك مەدەت بېرىلدى.

2. باھا زىددىيىتى پائال راۋانلاشتۇرۇلۇپ، باھانىڭ شەكىللىنىش مېخانىزمى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. شەھەر بىلەن يېزىلاردىكى ئوخشاش ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى تورىدا باھانى ئوخشاش قىلىش خىزمىتى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى باھاسىنى شەكىللەندۈرۈش مېخانىزمى تىرىشىپ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ ترانسپورت باھا سىستېمىسى راۋانلاشتۇرۇلدى؛ شىنجاڭ كارخانىلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، تەييار مايىنىڭ باھا سەۋىيىسى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، تەييار مايىنىڭ باھاسىدا ھۆكۈمەتنىڭ ماكرولۇق يېتەكچىلىكىدە بازارنىڭ باھانى شەكىللەندۈرۈش مېخانىزمى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ھەرقايسى نېفىت ئايرىش زاۋۇتلىرىدىكى سۈيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازىنىڭ زاۋۇت باھاسى ۋە ئۈرۈمچى بازىرىدىكى سېتىلىش باھاسى ئۆستۈرۈلۈپ، تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت پەسەيتىلدى؛ بىر قىسىم سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ سۇ باھاسى مۇۋاپىق بېكىتىلىپ، سۇچىلىق ئۇل مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى؛ ئاپتونوم رايوننىڭ دورا باھا سىياسىتى تەڭشىلىپ، بازار مېخانىزمى ھۆكۈمەت باھاسىغا ئېلىپ كىرىلىپ، دورىلارنىڭ باھاسىنى بېكىتىش ھەرىكىتى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇلدى؛ ئۈرۈمچى رايونىدىكى ئاممىۋى قاتناشنىڭ بېلەت تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ، جامائەت ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

3. ئاكتىپ باھا ۋە ھەق ئېلىش سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. بىرىنچىدىن، ئەرزان، قولايلىق ئۆيلەرنىڭ باھاسىنى باشقۇرۇش چارىسى ئوتتۇرىغا چىقىرىلىپ، ئەرزان، قولايلىق ئۆيلەرنى ئالدىن سېتىش باھاسى بېكىتىلدى. ئادەتتىكى ئاھالىلەر تۇرالغۇ كىچىك رايونىنىڭ خوجىلىق باشقۇرۇش مۇلازىمەت ھەققى بەلگىلەندى، باھالاپ دەرىجىسىنى بېكىتىش، سۈپىتىگە قاراپ باھاسىنى بەلگىلەش يولغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە تاۋار ئۆيلەر قۇرۇلۇشىدىكى تۈرلۈك ھەقلەر ئېنىقلىنىپ، رەتكە سېلىنىدى، يەر تەۋرەشكە چىداملىقلىقىنى كۈچەيتىش قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش ھەققى، ئىمارەتلەرنى مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىنى باھالاپ بېكىتىش ۋە مۇستەھكەملەش لايىھىسى ھەققى، ئۆي ئىسلاھاتىدىكى باھالاش رەسمىيىتى ھەققى قاتارلىقلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۆينىڭ باھاسى تۆۋەنلىتىلىپ، تۇرالغۇ ئۆي ئىستېمالى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئىككىنچىدىن، ئاپتونوم رايوننىڭ ئالىي مائارىپ ھەق ئۆلچىمى، كەسپىي تېخنىكوم ھەق ئۆلچىمى ئۆستۈرۈلۈپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ھەققىنىڭ سىياسەت چېكى ئېنىق بەلگىلىنىپ، مائارىپتىكى ھەق ئېلىش ھەرىكەتلىرى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، مائارىپ ئىستېمالى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئۈچىنچىدىن، ئاپتونوم رايون بويىچە 6 شەھەردە يۈندا بىرتەرەپ قىلىش ھەققى ئېلىش يولغا قويۇلۇپ، كونكرېت ھەق ئېلىش سىياسىتى تۈزۈپ چىقىلدى. تۆتىنچىدىن، يېزا - كەنتلەرنىڭ ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىشكە ماسلىشىپ، يېزىلاردىكى توكنىڭ باھاسى يەنىمۇ تەكشۈرۈپ بېكىتىلىپ ۋە ئېنىق بەلگىلىنىپ، دېھقانلارنىڭ يۈكى يېنىكلىتىلدى. بەشىنچىدىن، يان تېلېفونلارنىڭ تورغا كىرىش ھەققى چۈشۈرۈلۈپ، تېلېگراف ئىستېمالى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئالتىنچىدىن، ئالىي تاشيولنىڭ بىر قىسىم بۆلەكلىرىنىڭ ھەق ئۆلچىمى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، باھا سىياسىتى جەھەتتىن مەدەت بېرىلدى. يەتتىنچىدىن، پورتلاردا ئېلىنىدىغان ھەقلەر رەتكە سېلىنىدى، بىر قىسىم ھەق ئۆلچەملىرى تۆۋەنلىتىلدى.

4. باھا تەرتىپى رەتكە سېلىنىپ، باھا ھەرىكىتى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ يۈكلىرى يېنىكلىتىلدى. دورىلارنىڭ باھاسىنى يالغاندىن يۇقىرى قىلىپ بېكىتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايوننىڭ دورا سېتىش ئومۇمىي مىقدارىنىڭ %80 ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىغان، باشقا شەھەرلەرنىڭ دورا ئىشلەپچىقىرىدىغان ۋە تىجارەت قىلىدىغان 1200 كارخانىسى تىزىملاندى، شىنجاڭدا سېتىلىۋاتقان 10 مىڭ خىلدىن ئارتۇق دورىنىڭ باھاسى تەكشۈرۈلدى ۋە ئېنىقلاندى، مۇشۇ ئاساستا بىر قىسىم دورىلارنىڭ باھاسى چۈشۈرۈلۈپ، بىمارلارنىڭ

يۈكى يېنىكلىتىلدى. توك باھاسىنىڭ تەرتىپى رەتكە سېلىنىپ، ئاپتونوم رايون بېكىتكەن ئېلېكتر ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشى فوندى، توك پۇلى كاپالەت ھەققى قاتارلىق ھەقلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئېلېكتر ئېنېرگىيە قوشۇمچە ھەققىنى تۆۋەنلىتىشنى كونكرېت يولغا قويۇش چارىسى تۈزۈلۈپ، توك باھاسى ھەرىكىتى قېلىپلاشتۇرۇلدى. ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش ۋە يولۇچى توشۇش بازىرىنىڭ باھا ئەھۋالى ئومۇميۈزلۈك رەتكە سېلىندى ھەم مۇناسىپ بولغان باھا باشقۇرۇش چارىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. «ھەق ئېلىش ئىجازەتنامىسى» نى يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتى داۋاملىق قانات يايدۇرۇلدى، يىللىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئاپتونوم رايون بويىچە 137 تۈرلۈك نامۇۋاپىق ھەق ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 23 تۈرلۈك ھەقنىڭ ئۆلچىمى تۆۋەنلىتىلدى، مۆلچەرلىنىشىچە 300 مىليون يۈەنلىك سېلىق يېنىكلىتىلگەن. ئېلېكتر ئېنېرگىيە باھاسى، دورا باھاسى، ساياھەت باھاسى، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئورۇقى باھاسى ۋە مائارىپ ھەققى، تېلېگراف ھەققى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ھەققى قاتارلىقلار نۇقتىلىق ھالدا مەخسۇس تەكشۈرۈلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە باھاغا چېتىشلىق قانۇنسىزلىق دېلوسىدىن 7797 سى تەكشۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 56 مىليون 867 مىڭ 900 يۈەن قانۇنسىز تاپاۋەت تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 16 مىليون 886 مىڭ 100 يۈەن خېرىدارلارغا قايتۇرۇلدى، 22 مىليون 118 مىڭ يۈەن خەزىنىگە تاپشۇرۇلدى (مۇسادىرە قىلىنغان قانۇنسىز تاپاۋەت 19 مىليون 786 مىڭ 100 يۈەن، جەرىمانە پۇلى 2 مىليون 331 مىڭ 900 يۈەن) .

5. باھا قانۇنچىلىقى قۇرۇلۇشى يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، قانۇن بويىچە باھا باشقۇرۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. «ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئورۇقىغا باھا قويۇشنى باشقۇرۇش چارىسى»، «دۆلەت زېمىنىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى باشقۇرۇش چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ پۇقرالارنىڭ مەجبۇرىي كۆچەت تىكىپ، كۆكەرتىش ھەققىنى باشقۇرۇش چارىسى»، «كونا ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى بازىرىدا مۇلازىمەت ھەققى ئېلىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە»، «تەننەرخنى تەكشۈرۈشنى باشقۇرۇش چارىسىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ جۇڭگو تېبابىتى دورا ماتېرىياللىرى ۋە جۇڭگو تېبابىتى تابلېتكىلىق دورىلىرىغا باھا قويۇش چارىسى» قاتارلىقلار ئېلان قىلىنىپ، يولغا قويۇلدى، باھا باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش سۈرئىتى تېزلىتىلدى، قانۇن تۇرغۇزۇشنىڭ سۈپىتى ۋە سەۋىيىسى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

6. خىزمەت فۇنكسىيىسى ئۆزگەرتىلىپ، باھا مۇلازىمەت فۇنكسىيىسى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇلدى. بىرىنچىدىن، باھا ئۇچۇرى جەمئىيەتنىكى مەسلىھەتچىلىك مۇلازىمىتى كۈچەيتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە «مال باھا ئاخباراتى» ۋە «باھا ئۇچۇرى» نى تارقىتىدىغان تور بېكىتى قۇرۇلۇپ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى ھەم «تېببىي دورىلارنىڭ باھاسى ۋە تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج»، «ئاپتونوم رايوننىڭ باھانى مۆلچەرلەش پايدىلىنىش ماتېرىيالى» دېگەن 2 تور ژۇرنىلى تارقىتىلىپ، جەمئىيەتنىكى ھەرقايسى ساھەلەرنى تۈرلۈك تەپسىلىي ۋە ئېنىق باھا ئۇچۇر ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەپ، باھانى نازارەت قىلىش ۋە ئانالىز قىلىش كۈچەيتىلىپ، باھانى نازارەت قىلىش تورى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ئىككىنچىدىن، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەننەرخىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى تېخىمۇ قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، تەكشۈرۈش دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلىپ، تەكشۈرۈش سۈپىتى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ش ئۇ ئا ر پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى ئۈستىدە تەدبىر بەلگىلىشى ۋە يېزىلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشىشى ئىشەنچلىك ئاساس بىلەن تەمىنلەندى. ئۈچىنچىدىن، باھانى تەكشۈرۈپ دەلىللەش خىزمىتى يېڭى تەرەققىياتقا ئىگە بولدى، باھانى تەكشۈرۈپ دەلىللەش كەسپىنىڭ سۈپىتى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارنىڭ باھاسىنى مۆلچەرلەشكە دائىر 20 مىڭدىن ئارتۇق دېلو بېجىرىلدى، دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارنىڭ مۆلچەرلەنگەن باھاسىنىڭ قىممىتى 1 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يەتتى.

جالىڭ دىشىڭ

## باھا ئىسلاھاتى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ باھا ئىسلاھاتى باھا پىشاڭلىق تەڭشەش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھۆكۈمەت بېكىتىپ بەرگەن بىر قىسىم تاۋار ۋە مۇلازىمەتنىڭ باھاسىنى زور دەرىجىدە تەڭشىدى.

1. 6 - ئايدا دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازارلارنىڭ تەمىنلەش، ئېھتىياج ئەھۋالى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى تولۇق ئويلىشىلغان ئاساستا، بۇغداينىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى بېكىتىلىپ، سۈپىتى ئەلالىرىغا يۇقىرى باھا قويۇش، سۈپىتىگە قاراپ باھا بەلگىلەشنى يولغا قويۇش سالمىقى كۈچەيتىلىپ، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئىلگىرى سۈرۈلدى.

2. 8 - ئايدا پاختا سېتىۋېلىش يېتەكچى باھاسى تەڭشەلدى. دۆلەتنىڭ ئىنچىكە تالالىق پاختىنىڭ يېڭى ئۆلچەمدىكى بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، 2000 - يىلى ئىنچىكە

تالالىق پاختىنىڭ تالا ئۇزۇنلۇقىنى دەرىجىگە ئايرىش 2 مىللىمېتىردىن بىر مىللىمېتىرگە قىسقارتىلدى، ئۆلچەملىك دەرىجە 3 - دەرىجە 27 مىللىمېتىردىن 3 - دەرىجە 28 مىللىمېتىرگە ئۆزگەرتىلدى. ئىنچىكە تالالىق پاختىنىڭ ئۆلچەملىك (3 - دەرىجە 28 مىللىمېتىر) ساپ پاختىسىنىڭ 50 كىلوگرامىنىڭ مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى 400 يۈەن، دەرىجە پەرق باھا نىسبىتى %5 بولدى، ئۇزۇنلۇق پەرق باھا نىسبىتى %2.5 كە ئۆزگەرتىلدى. شۇ دەرىجە ئىچىدىكى ھەرە چىشلىق پاختا دەرىجىگە ئايرىلماي ھەر 50 كىلوگرامىغا 16 يۈەن زىيان قوشۇمچە ياردەم پۇلى قوشۇپ بېرىلدى. ھەر 50 كىلوگرام ئۇزۇن تالالىق پاختىنى سېتىۋېلىش يېتەكچى باھاسى 507 يۈەن، دەرىجە ۋە ئۇزۇنلۇق پەرق باھا نىسبىتى %5 بولدى.

3 . 3 - ئايدا قىزىلچا سېتىۋېلىش يېتەكچى باھاسى تەڭشەلدى. قىزىلچا سېتىۋېلىشتا ھەربىر توننىنىڭ ئۆلچەملىك باھاسى 240 يۈەندىن 220 يۈەنگە تەڭشەلدى، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ مال باھا تارماقلىرى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، باھانىڭ يۇقىرى - تۆۋىنىنى %10 تىن ئاشۇرۇۋەتمەي كونكرېت سېتىۋېلىش باھاسىنى بېكىتتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، ئەلا سۈپەتلىك قىزىلچا ئىشلەپچىقىرىشقا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، سۈپىتى ياخشىلىرىغا يۇقىرى باھا قويۇش سىياسىتىنى داۋاملىق يولغا قويدى، ئاپتونوم رايون بويىچە قىزىلچىنىڭ قەنت تەركىبى ئۆلچىمى بىر تۇتاش %16 قىلىپ بېكىتىلدى. قەنت تەركىبى ھەر %1 ئاشسا ياكى كېمەيسە، ھەر بىر توننا قىزىلچا سېتىۋېلىش باھاسىغا بىر دەرىجە شېكەر مىقدارىنىڭ باھاسى قوشۇلدى ياكى ئېلىندى.

4 . 1 - ئايدا خىمىيىۋى ئوغۇتنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنى قويۇۋېتىپ، ئۇنى، تىجارەت قىلغۇچى ئورۇن بازار ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۆزى بېكىتىش قارار قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئورىيىنىڭ زاۋۇت باھاسى ھۆكۈمەت باھاسىدىن ھۆكۈمەت يېتەكچى باھاسىغا ئۆزگەرتىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، ئوبلاست دېھقانلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش، دېھقانلارنىڭ يۈكىنى ھەقىقىي يېنىكلىتىش ئۈچۈن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، ئوبلاستتا ئورىيىنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى باھا چېكى يولغا قويۇلدى.

5 . 4 - ئايدا ئالىي مائارىپ، كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ھەققى ئۆلچىمىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈش قارار قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇش ھەققىنىڭ سىياسەت چېكى ئېنىق بەلگىلىنىپ، ئوقۇتۇش ھەققى ئېلىش ھەرىكەتلىرى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايون مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

كونكرېت ھەق ئۆلچەملىرى مۇنداق:

ئادەتتىكى مەكتەپ تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش ھەققى (بىر ئوقۇغۇچىنىڭ بىر يىللىق ئوقۇش پۇلى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) : سەنئەت 6000 يۈەن، تېبابەت 4000 يۈەن (7 يىللىق تۈزۈمىنىڭ 5000 يۈەن) ، چەت ئەل تىلى 3800 يۈەن، تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى 3500 يۈەن، تەنتەربىيە 3300 يۈەن، مالىيە - ئىقتىساد 3200 يۈەن، ئىجتىمائىي پەنلەر 3100 يۈەن.

ئادەتتىكى مەكتەپ مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش ھەققى: سەنئەت 5500 يۈەن، تېبابەت 3600 يۈەن، چەت ئەل تىلى 3500 يۈەن، تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى 3300 يۈەن، تەنتەربىيە 3100 يۈەن، مالىيە - ئىقتىساد 3000 يۈەن، ئىجتىمائىي پەن 2900 يۈەن.

چوڭلار مائارىپى بويىچە تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش ھەققى (خىزمەتتىن ئايرىلىپ ئوقۇيدىغان) : سەنئەت 4500 يۈەن، تېبابەت 4300 يۈەن، چەت ئەل تىلى 4100 يۈەن، تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى 3800 يۈەن، تەنتەربىيە 3500 يۈەن، مالىيە - ئىقتىساد 3300 يۈەن، ئىجتىمائىي پەن 3200 يۈەن.

چوڭلار مائارىپى بويىچە تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش ھەققى (ئىشتىن سىرتقى) : سەنئەت 4300 يۈەن، تېبابەت 4100 يۈەن، چەت ئەل تىلى 3800 يۈەن، تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى 3500 يۈەن، تەنتەربىيە 3300 يۈەن، مالىيە - ئىقتىساد 3100 يۈەن، ئىجتىمائىي پەن 3000 يۈەن.

چوڭلار مائارىپى بويىچە تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش ھەققى (سىرتتىن ئوقۇش) : سەنئەت 4200 يۈەن، چەت ئەل تىلى 4000 يۈەن، تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى 3800 يۈەن، تەنتەربىيە 3500 يۈەن، مالىيە - ئىقتىساد 3300 يۈەن، ئىجتىمائىي پەن 3100 يۈەن.

چوڭلار مائارىپى بويىچە مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى-نىڭ ئوقۇش ھەققى (خىزمەتتىن ئايرىلىپ ئوقۇيدىغان) : سەنئەت 4000 يۈەن، تېبابەت 3800 يۈەن، چەت ئەل تىلى 3500 يۈەن، تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى 3300 يۈەن، تەنتەربىيە 3200 يۈەن، مالىيە - ئىقتىساد 3000 يۈەن، ئىجتىمائىي پەن 2900 يۈەن.

چوڭلار مائارىپى بويىچە مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى-نىڭ ئوقۇش ھەققى (ئىشتىن سىرت ئوقۇيدىغان) : سەنئەت 3900 يۈەن، تېبابەت 3600 يۈەن، چەت ئەل تىلى 3400 يۈەن، تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى 3200 يۈەن، تەنتەربىيە 3000 يۈەن، مالىيە - ئىقتىساد 2800 يۈەن، ئىجتىمائىي پەن 2600 يۈەن.

چوڭلار ماتارىپى بويىچە مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى-نىڭ ئوقۇش ھەققى (سىرتتىن ئوقۇيدىغان): سەنئەت 3500 يۈەن، جۇڭگو تىبابىتى 3300 يۈەن، چەت ئەل تىلى 3000 يۈەن، تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى 2500 يۈەن، تەنتەربىيە 2300 يۈەن، مالىيە - ئىقتىساد 2100 يۈەن، ئىجتىمائىي پەن 1900 يۈەن.

ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ياتاق ھەققى: يۈرۈشلەشكەن ياتاقلارنىڭ 4 كىشىلىكى 1000 يۈەن، 6 كىشىلىكى 800 يۈەن، 8 كىشىلىكى 600 يۈەن، ئادەتتىكى ياتاق 400 يۈەن.

ئادەتتىكى تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۇلى: سەنئەت 3300 يۈەن، تىبابەت 2400 يۈەن، چەت ئەل تىلى 2300 يۈەن، تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى 2200 يۈەن، تەنتەربىيە 2000 يۈەن، مالىيە - ئىقتىساد 1800 يۈەن، ئىجتىمائىي پەن 1600 يۈەن.

كەسپىي تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۇلى: سەنئەت 2500 يۈەن، تىبابەت 2300 يۈەن، چەت ئەل تىلى 2100 يۈەن، تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى 2000 يۈەن، تەنتەربىيە 1600 يۈەن، مالىيە - ئىقتىساد 1400 يۈەن، ئىجتىمائىي پەن 1300 يۈەن.

كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۇلى: سەنئەت 2200 يۈەن، تىبابەت 1800 يۈەن، چەت ئەل تىلى 1700 يۈەن، تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى 1600 يۈەن، تەنتەربىيە 1100 يۈەن، مالىيە - ئىقتىساد 1000 يۈەن، ئىجتىمائىي پەن 900 يۈەن.

چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۇلى (خىزمەتتىن ئايرىلىپ ئوقۇيدىغان): سەنئەت 2600 يۈەن، تىبابەت 2400 يۈەن، چەت ئەل تىلى 2200 يۈەن، تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى 2000 يۈەن، تەنتەربىيە 1800 يۈەن، مالىيە - ئىقتىساد 1600 يۈەن، ئىجتىمائىي پەن 1400 يۈەن.

چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۇلى (ئىشتىن سىرت ئوقۇيدىغان): سەنئەت 2000 يۈەن، تىبابەت 1900 يۈەن، چەت ئەل تىلى 1700 يۈەن، تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى 1600 يۈەن، تەنتەربىيە 1200 يۈەن، مالىيە - ئىقتىساد 1000 يۈەن، ئىجتىمائىي پەن 900 يۈەن.

چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۇلى (سىرتتىن ئوقۇيدىغان): سەنئەت 1600 يۈەن، تىبابەت 1500 يۈەن، چەت ئەل تىلى 1400 يۈەن، تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى 1300 يۈەن، تەنتەربىيە 1100 يۈەن، مالىيە - ئىقتىساد 1000 يۈەن، ئىجتىمائىي پەن 900 يۈەن.

ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۇلى ئۆلچىمى: شەھەر - بازاردىكى مەكتەپلەرنىڭ 600 يۈەن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مەكتەپلەرنىڭ 400 يۈەن، پىلان سىرتىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۇلى 2500 يۈەن.

يۈرۈشلەشكەن ياتاقلارنىڭ ھەققى: ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ 4 كىشىلىكى 1000 يۈەن، 6 كىشىلىكى 800 يۈەن، 8 كىشىلىكى 600 يۈەن؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 4 كىشىلىكى 500 يۈەن، 6 كىشىلىكى 400 يۈەن، 8 كىشىلىكى 300 يۈەن.

## 2000 - يىلى ھەر دەرىجىلىك يۇغداينى سېتىۋېلىش باھاسى

بىرلىكى: كىلوگرام/يۈەن

| باھا رايونى | دەرىجىسى | سېتىۋېلىش باھاسى | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئارىلاشما كۆزگى يۇغداي | ئارىلاشما يازغى يۇغداي | ئاق كۆزگى يۇغداي | ئاق يازغى يۇغداي | قىزىل كۆزگى يۇغداي | قىزىل يازغى يۇغداي |
| 1 - باھا رايونى: ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى ئوبلاستى، شىخەنزە شەھىرى، كۈيتۇڭ شەھىرى، قاراماي شەھىرى، شىخو شەھىرى، ساۋەن ناھىيىسى، جىڭ ناھىيىسى، قۇمۇل شەھىرى، تۇرپان ۋىلايىتى، بايىنغولىن ئوبلاستى (چەرچەن، چاقىلىق ناھىيىلىرىدىن باشقا)، قىزىلسۇ ئوبلاستى (ئاقچى ناھىيىسىدىن باشقا)، قەشقەر ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتى | 1 | 1.30 | 1.24 | 1.32 | 1.26 | 1.24 | 1.19 |
| | 2 | 1.25 | 1.20 | 1.27 | 1.22 | 1.20 | 1.14 |
| | 3 | 1.20 | 1.15 | 1.22 | 1.17 | 1.15 | 1.10 |
| | 4 | 1.15 | 1.10 | 1.17 | 1.12 | 1.10 | 1.06 |
| | 5 | 1.10 | 1.06 | 1.12 | 1.08 | 1.06 | 1.01 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 2 ـ باھا رايونى: بورتالا ئوبلاستى (جىڭ ناھىيىسىدىن باشقا)، تارباغاتاي ۋىلايىتى (شىخو، ساۋەن ناھىيىلىرىدىن باشقا)، ئالتاي ۋىلايىتى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، ئاقچى ناھىيىسى | 1 | 1.24 | 1.19 | 1.26 | 1.21 | 1.19 | 1.14 |
| | 2 | 1.20 | 1.14 | 1.22 | 1.16 | 1.14 | 1.10 |
| | 3 | 1.15 | 1.10 | 1.17 | 1.12 | 1.10 | 1.06 |
| | 4 | 1.10 | 1.06 | 1.12 | 1.08 | 1.06 | 1.02 |
| | 5 | 1.06 | 1.01 | 1.08 | 1.03 | 1.01 | 0.98 |
| 3 ـ باھا رايونى: ئىلى ۋىلايىتى (موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدىن باشقا) | 1 | 1.19 | 1.14 | 1.21 | 1.17 | 1.14 | 1.10 |
| | 2 | 1.14 | 1.10 | 1.16 | 1.12 | 1.10 | 1.06 |
| | 3 | 1.10 | 1.06 | 1.12 | 1.08 | 1.06 | 1.02 |
| | 4 | 1.06 | 1.02 | 1.08 | 1.04 | 1.02 | 0.98 |
| | 5 | 1.01 | 0.98 | 1.03 | 0.99 | 0.98 | 0.94 |
| 4 ـ باھا رايونى: موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى، باركۆل ناھىيىسى | 1 | 1.13 | 1.09 | 1.16 | 1.11 | 1.09 | 1.05 |
| | 2 | 1.09 | 1.05 | 1.11 | 1.07 | 1.05 | 1.01 |
| | 3 | 1.05 | 1.01 | 1.07 | 1.03 | 1.01 | 0.97 |
| | 4 | 1.01 | 0.97 | 1.03 | 0.99 | 0.97 | 0.93 |
| | 5 | 0.97 | 0.93 | 0.98 | 0.95 | 0.93 | 0.89 |

ئىزاھات: 1. جەدۋەلدىكى باھا 3 ـ دەرىجىدە 100%، ھەرقايسى دەرىجىلەر ئارىسىدىكى باھا پەرقى 4% قىلىندى. 2. ھەرقايسى سورتلاردا ئۆلچەملىك ئارىلاشما بۇغداي 100% قىلىندى، يۇمشاق، قاتتىق ئاق كۆزگى بۇغدايغا 2% باھا قوشۇلدى (باشقا ئاق كۆزگى بۇغدايلارغا باھا قوشۇلمىدى)، قىزىل كۆزگى بۇغداينىڭ باھاسى 4% چۈشۈرۈلدى. 3. ئوخشاش سورتلاردا كۆزگى بۇغداي 100% قىلىندى، يازغى بۇغداينىڭ باھاسى 4% چۈشۈرۈلدى.

## 2000 ـ يىلى ئىنچىكە تالالىق پاختىنى سېتىۋېلىش باھاسى

بىرلىكى: 50 كىلوگرام/يۈەن

| ئۆلچىمى | 1 ـ دەرىجە | 2 ـ دەرىجە | 3 ـ دەرىجە | 4 ـ دەرىجە | 5 ـ دەرىجە | 6 ـ دەرىجە | 7 ـ دەرىجە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 31 مىللىمېتىر | 470 | 450 | 430 | 410 | | | |
| 30 مىللىمېتىر | 460 | 440 | 420 | 400 | | | |
| 29 مىللىمېتىر | 450 | 430 | 410 | 390 | | | |
| 28 مىللىمېتىر | 440 | 420 | 400 | 380 | | | |
| 27 مىللىمېتىر | 430 | 410 | 390 | 370 | 350 | | |
| 26 مىللىمېتىر | 420 | 400 | 380 | 360 | 340 | | |
| 25 مىللىمېتىر | 410 | 390 | 370 | 350 | 330 | 310 | 290 |

2000 - يىلى ئىنچىكە تالالىق پاختىنىڭ دەرىجە، ئۆزۈنلۈق باھا پەرق نىسبىتى

بىرلىكى: 50 كىلوگرام/يۈەن

| ئۆلچىمى | 1 - دەرىجە | 2 - دەرىجە | 3 - دەرىجە | 4 - دەرىجە | 5 - دەرىجە | 6 - دەرىجە | 7 - دەرىجە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 31 مىللىمېتىر | 117.5 | 112.5 | 107.5 | 102.5 | | | |
| 30 مىللىمېتىر | 115 | 110 | 105 | 100 | | | |
| 29 مىللىمېتىر | 112.5 | 107.5 | 102.5 | 97.5 | | | |
| 28 مىللىمېتىر | 110 | 105 | 100 | 95 | | | |
| 27 مىللىمېتىر | 107.5 | 102.5 | 97.5 | 92.5 | 87.5 | | |
| 26 مىللىمېتىر | 105 | 100 | 95.5 | 90 | 85.5 | | |
| 25 مىللىمېتىر | 102.5 | 97.5 | 92.5 | 87.5 | 82.5 | 77.5 | 72.5 |

2000 - يىلى ئۇزۇن تالالىق پاختىنى سېتىۋېلىش باھاسى

بىرلىكى: 50 كىلوگرام/يۈەن

| ئۆلچىمى | 1 - دەرىجە | 2 - دەرىجە | 3 - دەرىجە | 4 - دەرىجە | 5 - دەرىجە |
|---|---|---|---|---|---|
| 37 مىللىمېتىر | 608.40 | 583.05 | 557.70 | | |
| 35 مىللىمېتىر | 583.05 | 557.70 | 532.35 | | |
| 33 مىللىمېتىر | 557.70 | 532.35 | 507 | 481.65 | 456.30 |

2000 - يىلى ئۇزۇن تالالىق پاختىنىڭ دەرىجە، ئۆزۈنلۈق باھا پەرق نىسبىتى

بىرلىكى: 50 كىلوگرام/يۈەن

| ئۆلچىمى | 1 - دەرىجە | 2 - دەرىجە | 3 - دەرىجە | 4 - دەرىجە | 5 - دەرىجە |
|---|---|---|---|---|---|
| 37 مىللىمېتىر | 120 | 115 | 110 | | |
| 35 مىللىمېتىر | 115 | 10 | 105 | | |
| 33 مىللىمېتىر | 110 | 105 | 100 | 95 | 90 |

ئادەتتىكى ياتاق ھەققى: ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ 400 يۈەن، شەھەر - بازارلاردىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ (بىر ئوقۇغۇچىنىڭ بىر مەۋسۇملۇقى) 200 يۈەن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مەكتەپلەرنىڭ (بىر ئوقۇغۇچىنىڭ بىر مەۋسۇملۇقى) 100 يۈەن.

6. 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سۈيۈقلاندۇرۇلغان گازنىڭ زاۋۇت باھاسى تەڭشەلدى. نېفىت ئايرىش زاۋۇتلىرى ئىشلەپچىقارغان پىلان ئىچىدىكى سۈيۈقلاندۇرۇلغان بىر توننا گازنىڭ زاۋۇت باھاسى ھازىرقى باھا ئاساسىدا 300 يۈەن ئۆستۈرۈلدى (باجمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش)، يەنى ئۈرۈمچى باش گاز شىركىتىنى تەمىنلەۋاتقان ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتىنىڭ سۈيۈقلاندۇرۇلغان بىر توننا نېفىت گازنىڭ زاۋۇت باھاسى 650 يۈەندىن 950

يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى. شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتىنىڭ سۈيۈقلاندۇرۇلغان بىر توننا نېفىت گازىنىڭ زاۋۇت باھاسى 925 يۈەندىن 1225 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، ئوبلاستنى تەمىنلەيدىغان پوسكام نېفىت خىمىيە زاۋۇتىنىڭ بىر توننا سۈيۈقلاندۇرۇلغان گازىنىڭ زاۋۇت باھاسى 800 يۈەندىن 1100 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى. نېفىت ئايرىش زاۋۇتلىرى ئىشلەپچىقارغان پىلان سىرتىدىكى، يۇقىرىلار ئىشلىتىدىغان بىر توننا سۈيۈقلاندۇرۇلىدىغان گازنىڭ زاۋۇت باھاسى 1300 يۈەندىن 1600 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ گازنىڭ ئۇرۇمچى بازىرىدىكى سېتىلىش باھاسى مۇناسىپ ھالدا تەڭشەلدى، يۇقىرىلار ئىشلىتىدىغان گازنىڭ پىلان ئىچى ۋە سىرتىدىكى باھاسى بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى، يەنى، يۇقىرىلار ئىشلىتىدىغان بىر تۇڭ گازنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى پىلان ئىچىدىكىسىنىڭ 20 يۈەن، (15 كىلوگرام قاچىلىنىدۇ، باجمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، پىلان سىرتىدىكىسىنىڭ 24 يۈەن بولۇپ، بۇلار بىر تۇتاش 27.50 يۈەنگە تەڭشەلدى؛ سودا، يېمەك - ئىچمەك ۋە سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان بىر تۇڭ گازنىڭ باھاسى يەنىلا 32 يۈەن بولۇپ، ھازىرچە تەڭشەلمىدى.

7. 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ يۈك توشۇش باھاسى تەڭشەلدى. جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىدا نېفىت، ھاك تېشى، پاختا، خىمىيەۋى ئوغۇتلارنىڭ ئەسلىدىكى توشۇش باھاسى ئۆزگەرمىگەندىن سىرت باشقا تۈرلەردىكى يۈكلەرنىڭ توشۇلۇش باھاسى تەڭشەلگەندىن كېيىنكى رەسمىي تىجارەت لىنىيىسىنىڭ يۈك توشۇش باھاسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى ھەم تۆمۈريول قۇرۇلۇشى فوندى ۋە يېڭى يولنىڭ ئوتتۇرىچە چېچىلغان توشۇش باھاسى ئاساسىي توشۇش باھاسىغا كىرگۈزۈلۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ يۈك توشۇش باھاسىنى تەشكىل قىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىدىكى تەييارمايىنىڭ ئالاھىدە توشۇش باھاسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، رەسمىي تىجارەت لىنىيىسىدىكى توشۇش باھاسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ ترانسپورت باھا سىستېمىسى مۇۋاپىقلاشتۇرۇلدى.

8. 1999 - يىل 12 - ئايدا سىفىرلىق يانتېلېفوننىڭ (GSM) تورغا كىرىش ھەققى تەڭشەلدى. ھەر بىر يانتېلېفوننىڭ 1000 يۈەندىن (تورغا كىرىش ھەققى 800 يۈەن، SIM ئابونېنتلارنى تونۇش كارتىسى 200 يۈەن) 500 يۈەنگە (تورغا كىرىش ھەققى 300 يۈەن، SIM ئابونېنتلارنى تونۇش كارتىسى 200 يۈەن) چۈشۈرۈلگەنىدى، 2000 - يىل 8 - ئايدا يەنە سىفىرلىق يانتېلېفوننىڭ (GSM) تورغا كىرىش ھەققى 500 يۈەندىن 300 يۈەنگە (تورغا كىرىش ھەققى 200 يۈەن، SIM ئابونېنتلارنى تونۇش كارتىسى 100 يۈەن) چۈشۈرۈلدى. جۇڭگو لىيەنتۇڭ شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسى باھانى دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە %10 يۇقىرى - تۆۋەن لەيلەتتى:

9. 3 - ئايدا ئۆگەن دەريا ۋادىسىدىكى دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇنىڭ باھاسى بېكىتىلدى. دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇنىڭ ھەر كۇب مېتىرىنىڭ باھاسى 0.03 يۈەن بولدى. 8 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭنىڭ سۇنى يۆتكەش سۇچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ تەمىنلەيدىغان سۇ باھاسى بېكىتىلدى. قاراماينىڭ سانائەتتى ۋە شەھەر - بازارلارنى تەمىنلەيدىغان باش ئوقۇل ئۆستەڭنىڭ ھەر كۇب مېتىر سۈيى 0.20 يۈەن، يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان سۈيىنىڭ ھەر كۇب مېتىرى 0.05 يۈەن بولدى.

10. دورا باھاسىنى باشقۇرۇش سىياسىتى ئىسلاھ قىلىندى. بازار مېخانىزمى سىياسەت خاراكتېرلىك باھا بېكىتىشكە كىرگۈزۈلدى، ھۆكۈمەت باھاسى مۇندەرىجىسىگە كىرگۈزۈلگەن دورىلارنىڭ پەقەت ئەڭ يۇقىرى پارچە سېتىلىش باھاسىلا بەلگىلەندى ۋە ئېلان قىلىندى، زاۋۇت باھاسى، توپ سېتىش باھاسى ۋە ئەمەلىي پارچە سېتىش باھاسىنى ئىشلەپچىقىرىپ تىجارەت قىلىدىغان كارخانا ھۆكۈمەت بەلگىلەپ بەرگەن باھادىن ئاشۇرۇۋەتمىگەن ئاساستا، بازاردىكى تەمىنلەش ۋە ئېھتىياجغا ئاساسەن ئۆزلىرى بېكىتتى.

11. تېببىي دورا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا ماسلىشىپ، تېببىي داۋالاش مۇلازىمىتىنىڭ باھاسىنى تەڭشەش خىزمىتى پائال يالغىي ئىشلەندى. 12 - ئايدا ئاپتونوم رايوندىكى تېببىي داۋالاشتىكى 3173 تۈرلۈك ھەق ئېلىش تۈرى تەڭشەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 674 تۈرلۈك داۋالاش ھەققى، 235 تۈرلۈك ئالاھىدە تەكشۈرۈش ھەققى بىرتەرەپ قىلىندى، كۆتۈش ھەققى، نومۇر ئېلىش ھەققى، ئوپېراتسىيە ھەققىگە ئوخشاش تېببىي خادىملارنىڭ تېخنىكا ۋە ئەمگەك مۇلازىمەت قىممىتىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان تۈرلەرنىڭ باھاسى ئۆستۈرۈلدى؛ دىئاگنوز قويۇپ داۋالاش ھەققى تەسىس قىلىندى؛ بىر قىسىم چوڭ تېببىي داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ تەكشۈرۈش باھاسى %40 چۈشۈرۈلدى ھەم تېببىي داۋالاش مۇلازىمەت تۈرلىرىنىڭ مەزمۇنى ئېنىق بەلگىلەندى. بۇ قېتىم باھا تەڭشەلگەندىن كېيىن تېببىي داۋالاش مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ كىرىمى %10.8 ئاشتى، بىمارلارنىڭ ئەمەلىي چىقىم سەۋىيىسىنى باھانى تەڭشەشتىن بۇرۇنقىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا: ئامبۇلاتورىيە چىقىمى %5.4 ئۆرلىدى، دوختۇرخانىدا يېتىش چىقىمى %3.72 ئاشتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئاھالىلەرنى ئولتۇراق ئۆي سېتىۋېلىشقا

رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، بىر تۈركۈم قۇرۇلۇش تۈرلىرى ھەققى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئولتۇراق ئۆينىڭ پۇتۇش باھاسى تۆۋەنلىتىلدى؛ ئۈرۈمچى رايونىدىكى ئاھالىلەر ئولتۇراق كىچىك رايونىنىڭ ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىنى توختىتىش ھەققى ئۆلچىمى تەڭشىلىپ، خوجىلىق باشقۇرۇش ھەققى ئېلىش ھەرىكىتى قېلىپلاشتۇرۇلدى؛ خەلقئارا كوللېكتورنى تەستىقلاش ھەققى قاتارلىق ھەقلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، پورتنىڭ قاچىلاش، چۈشۈرۈش ۋە ئامباردا ساقلاش ھەقلىرىنىڭ ئۆلچەملىرى تەڭشەلدى؛ بىر قىسىم رايونلارنىڭ توك باھاسى مۇندەرىجىسى تەڭشىلىپ، توك باھاسىنىڭ شەكىللىنىش مېخانىزمى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى؛ تەييار مايىنىڭ باھاسى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ يۈندا بىر تەرەپ قىلىش سىياسىتى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، سۇ بايلىقىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ۋە شەھەر مۇھىتىنى ئاسراش كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى؛ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بانكىلار بەرگەن قەرز پۇلدىن پايدىلىنىپ ياسالغان ئاپتونوم رايوننىڭ ئالىي تاشيولىغا ھەق ئېلىش سىياسىتىدە مەدەت بېرىلىپ، ئاپتونوم رايون قاتناش ترانسپورت كەسپىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

جالڭ دىشىڭ

## ھەقلەرنى ئېنىقلاپ، قالايمىقانچىلىقنى تۈزەپ، سېلىقنى يېنىكلىتىش ئەھۋالى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ باھا تارماقلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە تارقىتىلغان 25مىڭ 569 «ھەق ئېلىش ئىجازەتنامىسى» نى ئېنىقلاپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ، 137 تۈرلۈك نامۇۋاپىق ھەقنى بىكار قىلىپ، 23 تۈرلۈك ھەق ئۆلچىمىنى تۆۋەنلىتىپ، كارخانا ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ 300 مىليون يۈەندىن ئارتۇق سېلىقىنى يېنىكلەتتى.

1. ئاپتونوم رايوننىڭ يەر ئىگىدارچىلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، تاشقى سودىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، خەلقئارا كوللېكتورنى تەستىقلاش رەسمىيەت ھەققى، تالون تەكشۈرۈش ھەققى، تاشقى پېرېۋوت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىجازەتنامە ھەققى، تاشقى قەرزنى تىزىملاش ھەققى، يۆتكەپ بېرىلگەن قەرزنى تىزىملاش ھەققى، چەت ئەل پۇلىنى ئېلىپ چىقىرىدىن چىقىش ئىجازەتنامە ھەققى قاتارلىقلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئىسلاش ھەققى قاتارلىق ھەق ئۆلچەملىرى تۆۋەنلىتىلدى.

2. ئۆي - زېمىننىڭ بازارلىشىش سۈرئىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈش باھاسىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن، يەر تەۋرەشكە چىدامىلىقلىقىنى كۆچەيتىش قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش ھەققى، ئىمارەتلەرنى مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىنى باھالاپ بېكىتىش ۋە مۇستەھكەملەش لايىھىسى ھەققى، ئۆي ئىسلاھاتىدىكى تەكشۈرۈپ باھالاش رەسمىيىتى ھەققى قاتارلىقلار بىكار قىلىندى، بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان باشقۇرۇش ھەققىنىڭ ئىجرا قىلىش مۇددەت چېكى 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قىلىندى.

3. مۇلازىمەت مۇھىتىنى ياخشىلاش، ئۇل مۇئەسسەسەلەرنىڭ مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، چەتكە چېتىشلىق ئاپتوموبىل ترانسپورت تالونى ھەققى، تاشيول ترانسپورت تىجارىتى ئىجازەتنامە ھەققى، مىنىبۇسلارنى باشقۇرۇش ھەققى، يول قۇرۇلۇشىغا توپلانغان ۋە قەرز ئېلىنغان پۇل، يوللارنى ھەقلىق ئىشلىتىش ھەققى قاتارلىقلار بىكار قىلىندى.

4. ئاپتونوم رايوندىكى ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەشنى تېزلىتىش، ئىختىساسلىقلارنىڭ مۇۋاپىق يۆتكىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ھەققىنىڭ ئۆلچىمى دەل ۋاقتىدا تەڭشىلىپ، كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ خىزمەت ئورنىغا چىقىشتىن بۇرۇنقى تەربىيىلىنىش ھەققى، سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ھەققى قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئىختىساسلىقلارنىڭ يۆتكىلىشىنى چەكلەيدىغان بىر قىسىم ھەقلەر بىكار قىلىندى.

5. دورىلارنىڭ يۇقىرى باھاسىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايوندا ئىشلەپچىقىرىلغان دورىلارنىڭ باھاسى ئېنىقلاندى، 26 تۈرلۈك، 28 ئۆلچەمدىكى دورىلارنىڭ باھاسى 15% چۈشۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، باشقا شەھەرلەردە ئىشلەنگەن دورىلارنىڭ باھاسى رەتكە سېلىنىپ، قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، بىمارلارنىڭ يۈكى يېنىكلىتىلدى.

جالڭ دىشىڭ

## باھانى نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ باھانى نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش خىزمىتىدە، ئاممىنىڭ مەنپەئەتى ۋە دېھقانلارنىڭ يۈكىگە چېتىلىدىغان توك پۇلى، دورا باھاسى، ساياھەتچىلىك باھاسى، ئۇرۇقلۇق باھاسى، مائارىپ ھەققى، تېلېگراف ھەققى، جامائەت خەۋپسىزلىك ھەققى قاتارلىقلار نۇقتىلىق مەخسۇس تەكشۈرۈلۈپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشىلدى.

1. جامائەت خەۋپسىزلىك ئورۇنلىرىنىڭ ھەق ئېلىشى مەخسۇس تۈزىلىپ، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ھەق ئېلىش ھەرىكىتى قېلىپلاشتۇرۇلدى. 2000 - يىل 8 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە 99 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللىنىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى باھا قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىنغان 211 دېلو، 17 مىليون 500 مىڭ 600 يۈەن

قانۇنسىز تاپاۋەت تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى، بېرىلگەن ئىقتىسادىي جازا سوممىسى 1 مىليون 780 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 743 مىڭ 600 يۈەن خەزىنىگە تاپشۇرۇلدى.

2. بېزىلاردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ قالايمىقان ھەق ئېلىش قىلمىشلىرى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىنىپ، دېھقانلارنىڭ يۈكى ھەقىقىي يېنىكلىتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 329 ئادەم ئاجرىتىلىپ، 93 تەكشۈرۈش ئەترىتى تەشكىللىنىپ، 1706 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ تەكشۈرۈلدى، 11 مىليون 401 مىڭ 300 يۈەن قانۇنسىز تاپاۋەت ئېنىقلاندى، 8 مىليون 53 مىڭ 500 يۈەن ئىقتىسادىي جازا بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 7 مىليون 673 مىڭ 200 يۈەن ئوقۇغۇچىلارغا قايتۇرۇلدى، 183 مىڭ 700 يۈەن مۇسادىرە قىلىندى، 196 مىڭ 600 يۈەن جەرىمانە قويۇلدى.

3. ساياھەت بازىرىنىڭ باھا تەرتىپى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، دەم ئېلىش كۈنلىرىدىكى ئىقتىسادنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 2000 - يىل 5 — 10 - ئايغىچە ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە ساياھەتچىلىك باھاسىنى مەخسۇس تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى. ئاساسلىقى مەنزىرىلىك ساياھەت نۇقتىلىرىنىڭ باھاسى، مېھمانخانا، ساياھەت كوپېراتىپى ۋە ساياھەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلارنىڭ ھەق ئېلىش ھەرىكەتلىرى تەكشۈرۈلدى. ئۈرۈمچى، سانجى، تۇرپانلاردىكى مەنزىرىلىك ساياھەت نۇقتىلىرىنىڭ باھاسى نۇقتىلىق تەكشۈرۈلدى. مەخسۇس تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ساياھەت بازىرىنىڭ باھا تەرتىپى قېلىپلاشتۇرۇلۇپلا قالماستىن يەنە ئۇ ئىستېمالنى كۈچەيتىش، ساياھەتچىلىك ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتا رول ئوينىدى.

4. ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنىڭ باھاسىنى تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلۇپ، يېزىلارنىڭ ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىپ ياساش جەريانىدىكى قالايمىقان ھەق ئېلىش ھەرىكەتلىرى تىزگىنلەندى. 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنىڭ باھاسى مەخسۇس تەكشۈرۈلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە توك باھاسىغا مۇناسىۋەتلىك قانۇنغا خىلاپلىق قىلىنغان 75 دېلو، 7 مىليون 713 مىڭ 900 يۈەن قانۇنسىز تاپاۋەت تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى، 1 مىليون 576 مىڭ 300 يۈەن ئىقتىسادىي جازا بېرىلدى.

5. تېلېگراف ھەققىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى تاماملىنىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتى قوغدالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىنغان 153 دېلو تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە قىممىتى مىليون يۈەندىن ئاشقان چوڭ دېلو بىر، 3 مىليون 553 مىڭ 800 يۈەن قانۇنسىز تاپاۋەت تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى.

ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، مال باھا تارماقلىرى تېببىي داۋالاش دورىلىرى، ئالىي مەكتەپلەر ئالىدىغان ھەق، خوجىلىق باشقۇرۇش، سۇ - ئېلېكتر، يۇقىرالار ئىشلىتىدىغان سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرنى تەكشۈردى.

2000 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە، ئىشچى - خىزمەتچىلەر مال باھاسىنى نازارەت قىلىش تەشكىلى 115 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكە دەرىجىلىكى بىر، ۋىلايەت دەرىجىلىكى 15، ناھىيە دەرىجىلىكى 62، ئاساسىي قاتلامدىكىسى 37، ئومۇمىي ئادىسى 353. ئىشچى - خىزمەتچىلەر مال باھاسىنى نازارەت قىلىش تەشكىلى «ئاشلىق»، «كۆكتات»، «دورا تالونى» شۇنىڭدەك باھانى ئېنىق يېزىش قاتارلىق جەھەتلەردە باھانى نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، باھا قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىنغان 5025 دېلونى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلدى، ئىستېمالچىلارنىڭ 111 مىڭ يۈەن پۇلىنى قايتۇردى، 218 مىڭ 900 يۈەننى مالىيىگە تاپشۇردى.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پاش قىلىش تېلېفونىدىن 118 ى تەسىس قىلىندى، باھاغا مۇناسىۋەتلىك 5709 پارچە ئەرز - شىكايەت قىلغۇچى ۋە ئەرز خېتى، ئەرز تېلېفونى قوبۇل قىلىندى، باھا قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىنغان 2185 دېلو تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى. 4 مىليون 910 مىڭ 600 يۈەن پۇل ئىستېمالچىلارغا قايتۇرۇلدى، 3 مىليون 121 مىڭ 600 يۈەن پۇل مالىيىگە تاپشۇرۇلدى، دېلونىڭ تاماملىنىش نىسبىتى %80 كە، جاۋاب قايتۇرۇش نىسبىتى %100 كە يەتتى.

جاڭ دېشياڭ

# سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش

## كارخانىلارنى تىزىملاش

2000 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى تىزىملىغان ۋە ئەنگە ئالغان كارخانا 63 مىڭ 488 گە، ئەنگە ئالغان مەبلەغ 117 مىليارد 820 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە پاي ھەمكارلىق كارخانىسى 929 بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن %15.5 ئاشتى، چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى

6625 بولۇپ، %21.9 ئاشتى. 12 مىڭ 837 دۆلەت كارخانىسى تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتتى، بۇ دۆلەت كارخانىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ %40 ىنى ئىگىلىدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە تىزىملىتىلغان ۋە ئەنگە ئالدۇرۇلغان چەتكە چىقىشلىق ھەرخىل كارخانا 832، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سالغان كارخانا 371، سالغان مەبلىغى 1 مىليارد 140 مىليون دوللار، ئەنگە ئالدۇرغان كاپىتال 750 مىليون دوللار؛ چەت ئەللەر مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ 332 شۆبە - تارماق ئاپپاراتى، چەت ئەل (رايون) كارخانىلىرىنىڭ دائىم تۇرۇشلۇق 102 ۋەكىللىك ئاپپاراتى بار.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى بازار ئومۇمىي گەۋدىسىگە بولغان نازارەتچىلىك ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قانۇن - تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت پائالىيەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئېنىقلىدى ۋە بىكار قىلدى. پوجاڭزا ۋە ئاسان كۆيىدىغان، پارتلايدىغان بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ھەم تىجارەت قىلىدىغان كارخانىلارغا بولغان نازارەتچىلىك ۋە باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، ئالدىن تولۇق تەستىقلاتمىغان ۋە ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى بىخەتەرلىك ئاپىتى ساقلىنىۋاتقان 6861 كارخانا چەكلىك مۇددەتتە تۈزىتىلدى، قانۇن - تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلغان 1954 كارخانا بىكار قىلىندى، 551 دېلو تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى. ناخشا - ئۇسسۇل، كۆڭۈل ئېچىش، ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق، پار مونچىسى، ئۇۋۇلاش، سىنئالغۇ فىلىمى قويۇش قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تىجارەت كارخانىلىرى مەخسۇس باشقۇرۇلدى، 468 ناخشا - ئۇسسۇلخانا، 134 پار مونچىسى، 582 پەردازخانا ۋە ساتىراشخانا، 113 چايخانا تەكشۈرۈلدى ۋە قېلىپلاشتۇرۇلدى، كىنىشكىسىز تىجارەت قىلغان 82 ئورۇن بىكار قىلىندى. 13 دېلو، 29 ئادەم ئەدلىيە تارماقلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى، يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ سالمىقى كۈچەيتىلىپ، تۈرلۈك بازار گەۋدىسىگە كىرىش، چىقىش ھەرىكەتلىرى قېلىپلاشتۇرۇلدى. ئىچكى مەبلەغ كارخانىلىرىنىڭ يىللىق تەكشۈرۈلۈش نىسبىتى %93.2 كە يەتتى، 10 مىڭ 893 كارخانا تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈلدى، 603 «ئۈچ يوق» كارخانا بىكار قىلىندى؛ چەت ئەللەر مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ يىللىق تەكشۈرۈلۈش نىسبىتى %97.4 كە يەتتى، 90 كارخانىنىڭ گۇۋاھنامىسى قانۇن بويىچە قايتۇرۇۋېلىندى.

دەي جىچى

## يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىك

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تىزىملانغان يەككە سودا - سانائەتچى 407 مىڭ، كەسىپكارى 608 مىڭ بولۇپ، 1999 - يىلدىكىسى بىلەن ئاساسەن تەڭلەشتى. تىزىملانغان مەبلىغى 5 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %8.1، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 440 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.7، سېتىش سوممىسى 14 مىليارد 650 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.3 ئاشتى، خۇسۇسىي كارخانا 18 مىڭ 989 غا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %29.7، كەسىپكارلار 224 مىڭغا يېتىپ، %28.6، تىزىملانغان مەبلىغى 15 مىليارد 430 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %40.9، مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليارد 150 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %281.9، سېتىش سوممىسى 9 مىليارد 880 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %163.9 ئاشتى. يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ مۇشۇ يىلى تاپشۇرغان بېجى 1 مىليارد 790 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %37.7 ئېشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە سودا - سانائەت باج كىرىمىنىڭ %12.9 ىنى ئىگىلىدى. يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىك ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىدىكى تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان يېڭى ئۆسۈش نۇقتىسىغا ئايلاندى، 2000 - يىلى يەككە - خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 32 مىليارد 120 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ %23.5 ىنى ئىگىلىدى.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ يىللىق تەكشۈرۈلۈش نىسبىتى %94.7 كە يەتتى، 207 «ئۈچ يوق» كارخانا ئېنىقلاندى، مەبلىغىنى ئېلىپ قاچقان ۋە يالغاندىن مەبلەغ چىقارغان 19 كارخانا تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى؛ يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ يىللىق تەكشۈرۈلۈش نىسبىتى %93.3 كە يەتتى، كىنىشكىسىز تىجارەت قىلغان 4483 يەككە تىجارەتچى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

دەي جىچى

## توختام باشقۇرۇش

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى توختامنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، «توختام ئارقىلىق ئەندىشىنى تۈگىتىش» قۇرۇلۇشىنى پائال يولغا قويۇپ، كارخانىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدىدى. بۇ يىل 2218 كارخانىغا «توختامغا ھۆرمەت قىلىپ، ۋەدىدە تۇرغان» كارخانا دەپ نام بېرىلدى. 51 مىڭ 473 پارچە توختام دەلىللىنىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %64.3، توختام ئوبيېكتىغا دائىر سوممىسى 8 مىليارد 660 مىليون يۈەنگە

يېتىپ، %2.6 ئاشتى. 528 پارچە تۇختام ئۈستىدىكى تالاش - تارتىش مۇرەسسە قىلىندى، توختام كۆپىيىكتىنغا دائىر سومما 26 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى. توختام ئارقىلىق ئالدامچىلىق قىلىش دېلوسىدىن 50 ى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى، دېلودا چېتىشلىق پۇل 14 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يەتتى. كارخانىلارنىڭ كۆچمە مۈلكى، رەنىگە قويغان بۇيۇملىرى تىزىملىنىش ئارقىلىق، كارخانىلارنىڭ مەبلەغنى جانلاندۇرۇشى ئۈچۈن ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلىندى.

دەي جىچى

## بازارنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرلۈك بازارلار 1427 گە، بۇنىڭ ئىچىدە ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرى 1322 گە، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بازىرى 80 گە، ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى بازىرى 25 كە يەتتى. تۈرلۈك بازارلاردىكى يىللىق پۇتۇشۇش سوممىسى 24 مىليارد 190 مىليون يۈەنگە، بۇنىڭ ئىچىدە ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرىنىڭ پۇتۇشۇش سوممىسى 15 مىليارد 710 مىليون يۈەنگە، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بازىرىنىڭ پۇتۇشۇش سوممىسى 1 مىليارد 620 مىليون يۈەنگە، ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى بازىرىنىڭ پۇتۇشۇش سوممىسى 6 مىليارد 860 مىليون يۈەنگە يەتتى. ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەت ئىدارىسى، سەھىيە نازارىتى، دورا نازارەت قىلىش ئىدارىسى بىرلىشىپ تېببىي داۋالاش، دورا، ساقلىقنى ساقلاش يېمەكلىكلىرى، تېببىي داۋالاش ئەسۋابلىرىنىڭ ئېلانلىرىدىكى قانۇنسىزلىق قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، ئۇلارنى تۈزىدى. ئەھۋالى ئېغىر، كۆپ قېتىم تەربىيە قىلسىمۇ ئۆزگەرمىگەن ئورۇنلارنىڭ تىجارەت كىنىشكىسى ۋە ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسىنى قايتۇرۇۋالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تېببىي دورا ئېلىپ سېتىشتا سودا خاراكتېرلىك پارە بېرىش دېلوسىدىن 127 سى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى، دېلو قىممىتى 64 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ئاشلىق، پاختا بازارلىرىنى باشقۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئاساسلىق تاۋار بازارلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەت ئىدارىسى ئاشلىق سېتىۋېلىش، تىجارەت قىلىش سالاھىيىتىنى تەستىقلاش شەرتى ۋە تەرتىپىگە ئاساسەن، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىشىپ، بازارغا كىرىپ ئاشلىق سېتىۋالسا بولىدىغان 34 كارخانىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى؛ شۇنىڭ بىلەن تەڭ قەرەللىك چارلاپ تەكشۈرۈش، باسقۇچ خاراكتېرلىك تەكشۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئاشلىق بازارلىرىنى باشقۇرۇش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، قانۇنسىز ھالدا ئاشلىق سېتىۋېلىش دېلوسىدىن 539 نى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلدى، 1734 توننا ئاشلىقنى مۇسادىرە قىلدى ۋە ۋاقىتلىق توختىتىپ قالدى. جەرىمانە قويغان ۋە مۇسادىرە قىلغان پۇل 720 مىڭ يۈەنگە يەتتى، كىنىشكىسىز تىجارەت قىلغان 172 ئورۇن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. پاختا بازىرىنى رەتكە سېلىش ھەرىكىتى 3 قېتىم مەركەزلىك قانات يايدۇرۇلۇپ، پاختا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 43 كارخانا سالاھىيىتىنى تونۇش بويىچە تەكشۈرۈلدى. قانۇنسىز سېتىۋېلىش ۋە پىششىقلاپ تىجارەت قىلىش دېلوسىدىن 457 سى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى، قانۇنسىز سېتىۋېلىنغان 32 مىڭ توننا چىگىتلىك پاختا، 840 توننا ساپ پاختا تەكشۈرۈپ تۇتۇپ قېلىندى، 1166 دانە كىچىك چىگىت ئايرىش ماشىنىسى ۋە بەرلىك تايلاش ماشىنىسى تەكشۈرۈپ تۇتۇپ قېلىندى، يىغىۋېلىندى ۋە پاچاقلاندى، 400 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى ۋە مۇسادىرە قىلىندى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بازىرىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، خىمىيىۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىسى، ئورۇق، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى قاتارلىقلار مەخسۇس باشقۇرۇلدى، دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتى قوغدىلىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى كاپالەتلەندۈرۈلدى. تەييار ماينى توپ سېتىش كارخانىلىرى رەتكە سېلىندى ۋە قايتىدىن تىزىملاندى، تەييار ماينى پارچە ساتىدىغان كارخانىلار تەكشۈرۈلدى، 57 يەرلىك نېفىت ئايرىش زاۋۇتى بىكار قىلىندى، سۈپىتى ناچار 829 توننا تەييارماي تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى.

دەي جىچى

## تاۋار ماركىسى ۋە ئېلان باشقۇرۇش

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تىزىملانغان تاۋار ماركىسى 6382 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تىزىملىتىشنى يېڭىدىن ئىلتىماس قىلغان تاۋار ماركىسى 2700. شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» يۇڭ توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ «تەڭرىتاغ» ماركىسى دۆلەت سودا - سانائەت ئىدارىسى، تاۋار ماركىسى ئىدارىسى تەرىپىدىن جۇڭگو بويىچە داڭلىق تاۋار ماركىسى، دەپ بېكىتىلدى.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلان تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن 1280 گە، كەسپكارى 8747 گە، ئېلان تىجارەت سوممىسى 430 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن خېلى زور دەرىجىدە ئاشتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇش بويىچە قانۇننى ئىجرا قىلىش سالمىقىنى كۈچەيتتى، داڭلىق تاۋارلارنىڭ ئۆزگىچە نامى، قاچىلىنىشى، بېزىلىشى، كارخانا نامىنى تەقلىد قىلىپ ياساش قىلمىشلىرى ۋە يالغان

ئىپادىلەش، يالغاندىن تەشۋىق قىلىش قاتارلىق ئازدۇرۇش، تۆھمەت قىلىش قىلمىشلىرى مەخسۇس رەتكە سېلىپ تۈزىتىلدى. مەمۇرىي جەھەتتىكى قورغان ۋە مونوپول قىلىۋېلىشقا قارشى تۇرۇش قانات يايدۇرۇلۇپ، ئادىل رىقابەت تەرتىپى جەھەتتىكى قانۇننى ئىجرا قىلىش ھەرىكىتى قوزغالدى. 54 تەقلىد قىلىش دېلوسى، 49 ئازدۇرۇش دېلوسى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى. بۇ يىل تاۋار ماركىسىغا دائىر قانۇنغا خىلاپلىق قىلىنغان 426 دېلو بىرتەرەپ قىلىنىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 72.5%، ئېلانغا دائىر 1929 دېلو تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىنىپ، 183.3% ئاشتى.

دەي جىچى

## دورا ئېلانلىرىنى تەكشۈرۈش

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر دورا نازارەتچىلىك - باشقۇرۇش ئىدارىسى دورا ئېلانلىرىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قاتتىق تۇتۇپ، دورا ئېلانلىرىنى تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى تۈزدى. ئۆتكەلنى قاتتىق تۇتۇپ، ئۆلچەمسىز دورا ئېلانلىرىغا قەتئىي تەستىق بەرمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇردى ھەم ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، قانۇنسىز دورا ئېلانلىرىنى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلدى. بۇ يىل 729 پارچە دورا ئېلانى قوبۇل قىلىنىپ بىرتەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈپ تەستىقلانغىنى 576، ئەنگە ئالدۇرۇلغىنى 88، دورا ئېلانىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلانغان ھۆججىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغىنى 3، ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىشى تەكلىپ قىلىنغان قانۇنسىز دورا ئېلانى 46، ئىلتىماسى رەت قىلىنغىنى 67.

نىجات

## ئىقتىساد تەكشۈرۈش

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى قانۇن - تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلىنغان تۈرلۈك ئىقتىسادىي دېلودىن 24 مىڭ 206 نى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دېلو تۇرغۇزۇپ بىرتەرەپ قىلىنغىنى 15 مىڭ 829 بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 107.5%، قىممىتى 350 مىليون يۈەنگە يېتىپ 53%، جەرىمانە ۋە مۇسادىرە سوممىسى 26 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 37.6% ئاشتى. تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىنغان، قىممىتى 300 مىڭ يۈەندىن 1 مىليون يۈەنگىچە بولغان دېلو 110 بولۇپ، 243.8%، قىممىتى 1 مىليون يۈەندىن يۇقىرى بولغان دېلو 48 بولۇپ 269.2% ئاشتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلغان ساختا - ناچار تاۋارلارنى ياساپ سېتىش دېلوسى 2967 گە، قىممىتى 5 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە، تارمار قىلغان ساختىلىق ياساش ئۇۋىسى 278 گە يەتتى. بىرلىشىپ «ساختىسىغا زەربە بېرىش» ھەرىكىتىدە تەكشۈرۈپ بېجىرگەن دېلو 1467 گە، دېلو قىممىتى 37 مىليون 196 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

دەي جىچى

## ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر دەرىجىلىك ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى زىچ ھەمكارلىشىپ، ساختىغا زەربە بېرىپ، ھوقۇقنى قوغداش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە بىر قىسىم ناھىيىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى «12315» نومۇرلۇق ئەرز قىلىش تېلېفون تورىنى يولغا قويۇپ، ئەرز قىلىش تورىنى مەھەللە ئىش باشقارمىسى ۋە كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىغىچە كېڭەيتتى. «ئوچۇق - ئاشكارا ئىستېمال قىلىش يىلى» دېگەن ئاساسىي تېمىنى چۆرىدەپ، ئوچۇق - ئاشكارا بېزەش، تېلېفون بېرىش، ئېلېكتر سايمانلىرى سېتىۋېلىش، ئۆي سېتىۋېلىش قاتارلىق بىر يۈرۈش پائالىيەتلەر قانات يايدۇرۇلدى ھەم قوبۇل قىلىپ بىرتەرەپ قىلىنىدىغان تاۋار سۈپىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئەرزلەر بارغانسېرى سۈزۈلۈپ، پوچتا، ساياھەتچىلىك، ئۆي - زېمىن قاتارلىق مۇلازىمەت ساھەسىگە كېڭەيتىلدى. قوبۇل قىلىنىپ بىرتەرەپ قىلىنىدىغىنى ئادەتتىكى ئەرزلەردىن ساختا تاۋار ماركىلىرى، ساختا ئېلان، توختام ئالدامچىلىقى قاتارلىقلار پەيدا قىلغان چوڭ ئەرز ۋە كوللېكتىپ ئەرزلەرگە كېڭەيدى. ئىستېمالچىلارنىڭ بۇ يىل قوبۇل قىلىپ بىرتەرەپ قىلىنغان ئەرزى 19 مىڭ 372 پارچىگە، مۇرەسسە قىلىنغىنى ۋە ھەل قىلىنغىنى 19 مىڭ 56 پارچىگە، ھەل قىلىنىش نىسبىتى 98.4% كە يېتىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ 15 مىليون 750 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىيىنى قايتۇرۇۋېلىندى.

دەي جىچى

# سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى

## ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

شىنجاڭ سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 2000 - يىلى «ئاپتونوم رايوننىڭ سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى

ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى ئالغان كارخانىلارنىڭ تىزىملىكى» نى تۈزۈپ چىقىپ، 44 خىل مەھسۇلات، 759 كارخانىنى تىزىملىدى. «2000 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجازەتنامە ئالغان مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى قەرەللىك تەكشۈرۈش پىلانى» نى تۈزۈپ چىقتى، 642 كارخانا ئىشلەپچىقارغان 44 خىل مەھسۇلاتنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 10 سۈپەت تەكشۈرۈش ئاپپاراتىنىڭ سۈپىتىنى قەرەللىك نازارەت قىلىپ، تەكشۈرۈشكە ھاۋالە قىلدى. تۆۋەن بېسىملىق ئېلېكتر سايمانلىرى، توك سىمى، كابېل، ئېلېكتر كەپشەر چوكىسى، ئەمگەك مۇھاپىزەت مەھسۇلاتلىرى، سۇ ئۆتمەس ئورام ماتېرىيالى، سۇ سانائىتى مېتال قۇرۇلمىلىق مەھسۇلاتلىرى، بىناكارلىق ئىشىك - دېرىزىلىرى ئىشلەپچىقىرىدىغان 249 كارخانىنىڭ دۆلەتنىڭ سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى ئېلىشقا ئىلتىماس قىلىش، سىناق خىزمىتىگە ئۇيۇشتۇردى. ئاككۇمۇلياتور، گاز ئاتېشتىلىن، مۇنار شەكىللىك كىران، قۇرۇلۇشتا كۆتۈرۈش - چۈشۈرۈش ماشىنىسى، نېفىت شوراش تۇرۇبىسى، كۆنەكىسان قەغەز يەشىك، پولات تۇڭ، سېمونت ستولبا، گىرىم بۇيۇملىرى، رېزىنكە ھالقا، لىفت، كالتسىي سوپېرفوسفات، سوغۇق پىروكاتلانغان قىرلىق پولات چىۋىق، ئىشتىمال قىلىنىدىغان ئىسپىرت، بۇرما شەكىللىك پايسىمان كەپشەرلەنگەن پولات تۇرۇبا ئىشلەپچىقىرىدىغان 394 كارخانىنى دۆلەتنىڭ ۋاقىتلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى ئېلىشنى ئىلتىماس قىلىش، سىناق قىلىش ۋە ئىجازەتنامە تارقىتىش خىزمىتىگە تەشكىللىدى. ئاق ھاراق ئىشلەپچىقىرىدىغان 106 كارخانا، سېمونت ئىشلەپچىقىرىدىغان 66 كارخانا، خەلق ئىشلىتىدىغان پارتلىتىش سايمانلىرى ئىشلەپچىقىرىدىغان 5 كارخانا، يۇيۇش سۇيۇقلۇقى، گىرىم بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقىرىدىغان 40 كارخانىنى دۆلەتنىڭ سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى ئېلىش ئىلتىماسى سۇنۇشقا ئۇيۇشتۇردى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۈيپىڭ

## ئىسپات بېرىش خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى 139 كارخانا (قېتىم) سۈپەت سىستېمىسى بويىچە ئىسپات بېرىش ئارقىلىق لاياقەتلىك بولدى ھەم سۈپەت سىستېمىسى بويىچە ئىسپات گۇۋاھنامىسى ئالدى. يىل ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايوندىكى ئېناۋەتلىك سۈپەت سىستېمىسى ئىسپات گۇۋاھنامىسى ئالغان كارخانا 252 گە (قوش گۇۋاھنامىلىقلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) يەتتى. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 4 كارخانىنىڭ 9 خىل مەھسۇلاتىغا مەھسۇلات سۈپىتى بويىچە ئىسپات بېرىلدى، يىل ئاخىرىغىچە 17 كارخانىنىڭ 48 مەھسۇلاتىغا مەھسۇلات سۈپىتى بويىچە ئىسپات بېرىلدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۈيپىڭ

### قوشۇمچە:

### شىنجاڭدىكى سۈپەت سىستېمىسى بويىچە ئېناۋەتلىك ئىسپات گۇۋاھنامىسى بار كارخانىلارنىڭ ئىسىملىكى

شىنجاڭ ئارال سۇلياۋ ياسالمىلىرى زاۋۇتى، ئاقسۇ يېشىل قارىغاي بىناكارلىق ماتېرىياللىرى خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ سېمونت زاۋۇتى، ئاقسۇ تۆمۈر چوققا پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى، ئاقسۇ دولان سېمونت چەكلىك شىركىتى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يۈكسەن ئاساسىي قۇرۇلۇش قۇراشتۇرۇش باش شىركىتى، ئاقسۇ «يۈكسىلىش» سېمونت قۇيۇلما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ ئارال جەنۇبىي ئېغىز ئاشلىق - پاختا - ياغ ئۇنىۋېرسال زاۋۇتى، شىنجاڭ ئارال جەنۇبىي ئېغىز بىناكارلىق شىركىتى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 - شى 12 - تۇەن - مەيدانى جەنۇبىي ئېغىز يەم - بوغۇز زاۋۇتى، ئالتاي ۋىلايەتلىك بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىركىتى، ئاۋات ناھىيىلىك 1 - پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتى، شىنجاڭ «شىنشۈي» پاي چەكلىك شىركىتى قىزىل ئېلېكتر ئىستانسىسى، باي ناھىيىلىك قىزىل تاغ تۆمۈر قېتىشمىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، بۇرچىن ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر شىركىتى، سانجى ئوبلاستلىق 3 - بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇش باش شىركىتى، شىنجاڭ «جىرۋېيشياڭ» گۈرۈھ چەكلىك شىركىتى، سانجى ئوبلاستلىق سېمونت قۇيۇلما زاۋۇتى، شىنجاڭ يول - كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى باش شىركىتى 2 - قۇرۇلۇش ئورنى، سانجى قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى قۇرۇلۇش نازارەتچىلىكى شىركىتى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى شەرقىي جۇڭغار تەكشۈرۈش - تەرەققىيات شىركىتى، قۇمۇل «بەنچاۋ» ھاراق زاۋۇتى، قۇمۇل كانچىلىق ئىدارىسى سېمونت زاۋۇتى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىت تەكشۈرۈش - تەرەققىيات قوماندانلىق شتابى ماددىي ئەشيا تەكشۈرۈش شىركىتى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىت تەكشۈرۈش - تەرەققىيات قوماندانلىق شتابى بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشى شىركىتى، شىنجاڭ پولات - تۆمۈر شىركىتىنىڭ يامانسۇ كانچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سېمونت زاۋۇتى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى قۇمۇل كۆۋرۈك زاۋۇتى (شىمەن شۆبە زاۋۇتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، شىنجاڭ «تيەنيى» تاش ماتېرىيال چەكلىك شىركىتى، «قارلىق تاغ» سېمونت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، خوتەن پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق - سانائەت - سودا بىناكارلىق

قۇراشتۇرۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، قەشقەر تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ 6 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى، شىنجاڭ يول - كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى باش شىركىتى 1 - قۇرۇلۇش باشقارمىسى، قاراماي شەھەرلىك «رۇڭچاڭ» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، جۇڭگو نېفىت شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى نېفىت ئېلىش 2 - زاۋۇتى، قاراماي شەھەرلىك «سەيفېڭ» كەسپىي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى 2 - قۇرۇلۇش تېخنىكا مۇلازىمىتى شىركىتى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى مايتاغ لايىھىلەش يۇرتى، قاراماي شەھىرى شەھەر دەرىجىلىك ئورگانلار ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى (يۇڭئەن بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش شىركىتى)، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى قۇدۇق ئاستى مەشغۇلاتى شىركىتى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى ماي سىناق قىلىش شىركىتى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى قۇدۇق ئۆلچەش شىركىتى، نېفىت يەر شارى فىزىكىسى تەكشۈرۈش ئىدارىسى 3 - گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئورنى، كورلا «فۇشىڭ» بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى گۇرۇھى شىركىتى، شىنجاڭ «چىنشىڭ» بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 7 - شى 2 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى، شىنجاڭ كۈيتۇڭ دەرياسى سۇچىلىق - سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشى باش شىركىتى، سىچۇەن شەھەرلىك «كېدا» سېمونت قۇيۇلما زاۋۇتى، شىنجاڭ «تۇڭخۇي» قۇرۇلۇش گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى قۇرۇلۇش شىركىتى، تۇرپان — قۇمۇل نېفىت تەكشۈرۈش - تەرەققىيات قوماندانلىق شتابى نېفىتلىك تېخنىكا مۇلازىمىتى شىركىتى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 7 - شى 125 - تۇەن مەيدانى بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى، شىخەنزە شىنئەن ھاراقچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىخەنزە نەنسەن سېمونت زاۋۇتى، شىخەنزە شەھەرلىك قۇرۇلۇش نازارەتچىلىكى باشقارمىسى، شىنجاڭ «تيەنخۇاڭ» قەغەزچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى، بىڭتۇەن 9 - شى بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش باش شىركىتى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك «جېڭتا» بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «دۇڭخۇ» سېمونت زاۋۇتى، شىنجاڭ تارىم بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇش باش شىركىتى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 5 - شى قۇرۇلۇش تۇەنى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىت تەكشۈرۈش - تەرەققىيات قوماندانلىق شتابى نېفىتلىك قۇرۇلۇشى شىركىتى، قەشقەر شەھەرلىك 1 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى، كورلا شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇش باشقارمىسى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 7 - شى 1 - بىناكارلىق

قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇش شىركىتى، شىخەنزە تەرەققىيات رايونى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تەرەققىيات باش شىركىتى «جىنجيەن» قۇرۇلۇش شۆبە شىركىتى، شىخەنزە شەھەرلىك سېمونت قۇيۇلما زاۋۇتى (باش شتابى)، شىخەنزە 2 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى، شىخەنزە بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇش شىركىتى، شىنجاڭ «شىنلىجەن» ئوت ئۆچۈرۈش چەكلىك شىركىتى، ئۈرۈمچى «يىڭشەھەر» بىناكارلىق شىركىتى، بىڭتۇەن 2 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش باش شىركىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى، ئۈرۈمچى شەھەر قۇرۇلۇشى پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ بىناكارلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش شىركىتى، شىنجاڭ گېئولوگىيە قۇرۇلۇش شىركىتى (شىنجاڭ گېئولوگىيە قۇرۇلۇش تەكشۈرۈش ئورنى)، شىنجاڭ «جۈيلۇڭ» كىران ئۈسكۈنىلىرى زاۋۇتى، شىنجاڭ ئېلېكتر ئارقىلىق تىزگىنلىنىدىغان ئۈسكۈنىلەر زاۋۇتى، شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشى قىلىش باش شتابى، شىنجاڭ ئوت ئۆچۈرۈش قۇرۇلۇشى شىركىتى، شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشى بېزەكچىلىك قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «ياخۇا» ئۆي - زېمىن تەرەققىيات باش شىركىتى، شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش ترانسپورت شىركىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇش شىركىتى، شىنجاڭ ئوت ئۆچۈرۈش مۇئەسسەسىلىرى قۇراشتۇرۇش - ئاسراش چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش - لايىھىلەش ئورنى، ئۈرۈمچى «ۋېنگۇاڭ» سېمونت زاۋۇتى، «جۇڭشۇ» يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پاي چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «لاڭگې» ئوت ئۆچۈرۈش چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ تەيئەن ئېلېكترونلۇق ئالاقىلىشىشتا ئوغرىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش قۇرۇلۇشى چەكلىك شىركىتى، ئۈرۈمچى جۇڭگو تۆمۈريولدا تېز توشۇش چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ سەددىچىن ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى سانائىتى ياساش چەكلىك شىركىتى، جۇڭگو نېفىتى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى لايىھىلەش يۇرتى، شىنجاڭ «بېيكىن» سانائەت تەرەققىياتى پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ دوستلۇق (گۇرۇھى) پاي چەكلىك شىركىتى «تەڭرىتاغ» تۈرلۈك ماللار بىناسى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى قۇرۇلۇش باشقارمىسى، سۇچىلىق مىنىستىرلىكى شىنجاڭ سۇچىلىق، سۇ ئېلېكتر تەكشۈرۈش - ئۆلچەش - لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ «شىنشۆي» پاي چەكلىك شىركىتى، ئۈرۈمچى «خۇەنپېڭ» چەكلىك شىركىتى خۇشيا ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئۈرۈمچى

«خۇەنپىڭ» چەكلىك شىركىتى خۇشيا كالتسىي كاربىد - ئۈمۈر قېتىشمىسى زاۋۇتى، شىنجاڭ «خۇيتۇڭ» سۇچىلىق ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى قۇرۇلۇشى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ بىڭتۇەن قۇرۇلۇش بىناكارلىق باش شىركىتى، شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى قۇرۇلۇشىنى نازارەت قىلىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ رەڭلىك مېتاللچىلىق - ماشىنىسازلىق زاۋۇتى، شىنجاڭ «جۇڭخې» پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ ئالىيۇمىن سىم زاۋۇتى، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال ئالتۇن قۇرۇلۇش شىركىتى، ئۈرۈمچى 3 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى، شىنجاڭ پوچتا - تېلېگراف لايىھىلەش يۇرتى، شىنجاڭ تەڭرىتاغ «خۇاڭخې» ئاپتوموبىل چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ تارىم تۆرۈپا يولىنى چىرىشتىن ساقلاش سۇۋۇغۇسى چەكلىك شىركىتى، ئۈرۈمچى «گاڭجىخۇا» ئالاھىدە سېمونت چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «ۋۇجىي» خىمىيە سانائىتى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ بىڭتۇەن قۇرۇلۇش باش شىركىتىنىڭ بىڭتۇەن قۇرۇلۇشى ئورنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «تەڭرىتاغ» ماشىنىسازلىق زاۋۇتى، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» سېمونت قۇيۇلما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «جىنشى» قۇرۇلۇش نازارەتچىلىكى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ تاش - تۇپا قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۇرتى، ئۈرۈمچى تۆرۈپا سۇيى قۇرۇلۇشى شىركىتى، شىنجاڭ سۇچىلىق، سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى، شىنجاڭ 1 - ئاپتوموبىل سەپلىمە ياساش چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ تىرىلون تالا زاۋۇتى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئورنى، شىنجاڭ «تەيشەن» بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى، ئۈرۈمچى رەڭلىك مېتال لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ «شىنيۇ» بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش - قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «چىڭشىن» قۇرۇلۇش نازارەتچىلىكى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ يېنىك سانائەت لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق «جياڭخې» بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى، شىنجاڭ «تيەنشىڭ» مانتېيورلۇق ئىزولياتور ماتېرىياللار چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 6 - شى بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش - قۇرۇلۇش باش شىركىتى، جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى، شىنجاڭ ئىلى «نەنگاڭ» سېمونت زاۋۇتى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 4 - شى بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش - قۇرۇلۇش شىركىتى (شىنجاڭ ئىلى «خۇڭيۈەن» قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، شىنجاڭ ئىلى بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى، شىنجاڭ ئالاقىلىشىش بىناكارلىق باش شىركىتى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۇيپىڭ

## قەرەللىك نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ سۈپەت تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر) لەرنىڭ «مەھسۇلات سۈپىتىنى قەرەللىك نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش مۇندەرىجىسى»، 23 سۈپەت نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئاپپاراتىنىڭ «مەھسۇلات سۈپىتىنى قەرەللىك نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش پىلانى» نى تۈزۈشكە تەشكىللىدى. ئىشلەپچىقىرىش سالمىسدىكى 9465 كارخانا ئىشلەپچىقارغان 400 نەچچە خىل مەھسۇلات نازارەت قىلىندى ۋە تەكشۈرۈلدى، بىر يىلدا 11 مىڭ 915 تۈركۈم (قېتىم) مەھسۇلات ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %73.55 كە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 5.01 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان مەھسۇلاتلىرى تەكشۈرۈلگەن كارخانا 255، 384 تۈركۈم (قېتىم) مەھسۇلات تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %80.21 كە يەتتى؛ پىششىقلاپ ئىشلىگەن يېمەكلىكلىرى ۋە ئىچىملىكلىرى تەكشۈرۈلگەن كارخانا 4775، تەكشۈرۈلگەن مەھسۇلات 5667 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %67.21؛ ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى تەكشۈرۈلگەن كارخانا 4، تەكشۈرۈلگەن مەھسۇلاتى 4 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %100؛ يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى تەكشۈرۈلگەن كارخانا 830، تەكشۈرۈلگەن مەھسۇلات 1021 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %71.01؛ توقۇمىچىلىق، ئاياغ كىيىم مەھسۇلاتلىرى تەكشۈرۈلگەن كارخانا 251، تەكشۈرۈلگەن مەھسۇلات 329 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %89.06؛ خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى تەكشۈرۈلگەن كارخانا 414، تەكشۈرۈلگەن مەھسۇلات 535 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %74.58؛ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى تەكشۈرۈلگەن كارخانا 2418، تەكشۈرۈلگەن مەھسۇلات 3066 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %80.46؛ ماشىنا - ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرى تەكشۈرۈلگەن كارخانا 113، تەكشۈرۈلگەن مەھسۇلات 144 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %84.72؛ مېتاللچىلىق مەھسۇلاتلىرى، مېتال ياسالمىلىرى تەكشۈرۈلگەن كارخانا 162، تەكشۈرۈلگەن مەھسۇلات 399 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %82.21؛ ئېنېرگىيە مەھسۇلاتلىرى تەكشۈرۈلگەن كارخانا 212، تەكشۈرۈلگەن

مەھسۇلات 313 تۇركۇم (قېتىم)، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %86.9؛ باشقا مەھسۇلاتلىرى تەكشۈرۈلگەن كارخانا 31، تەكشۈرۈلگەن مەھسۇلات 53 تۇركۇم (قېتىم)، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %67.92.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۇيپىڭ

## بىر تۇتاش نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش

شىنجاڭ سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 2000 - يىلى يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق، قۇتىلىق سۇ، سېمونت، ئۈزۈم ھارىقى، كابېل، سېمونت ياسالمىدىن ئىبارەت 6 خىل مەھسۇلاتنى بىر تۇتاش تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تەشكىللەپ ئامالاپ، 631 ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسىنىڭ 724 تۇركۇم (قېتىم) مەھسۇلاتىنى تەكشۈردى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %88.5 كە يەتتى. ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق 94 تۇركۇم (قېتىم)، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %85.1؛ 142 ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسىنىڭ بوتۇلكىلىق ئىچىملىك سۈيى 146 تۇركۇم (قېتىم) ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %62.3 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن بىر كارخانىنىڭ بىر تۇركۇم (قېتىم) دىكى بوتۇلكىلىق تەبىئىي مىنېرال سۈيى ۋە 3 كارخانىنىڭ 3 تۇركۇم (قېتىم) دىكى بوتۇلكىلىق تەبىئىي مۇزلۇق سۈيىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %100 كە يەتتى، ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن 138 كارخانىنىڭ 142 تۇركۇم (قېتىم) دىكى بوتۇلكىلىق ساپ سۈيىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %61.3 كە يەتتى؛ ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن 90 كارخانا ئىشلەپچىقارغان 137 تۇركۇم (قېتىم) سېمونتنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %96.4 كە يەتتى؛ ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن 23 كارخانا ئىشلەپچىقارغان 47 تۇركۇم (قېتىم) ئۈزۈم ھارىقىنىڭ لاياقەتلىك بولغىنى 31 تۇركۇم (قېتىم) بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %65.96 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن 2 چوڭ كارخانىنىڭ 5 تۇركۇم (قېتىم) دىكى مەھسۇلاتىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %100 بولدى، 10 ئوتتۇراھال كارخانىنىڭ 23 تۇركۇم (قېتىم) مەھسۇلاتىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %55.56 بولدى، 10 كىچىك كارخانىنىڭ 19 تۇركۇم (قېتىم) مەھسۇلاتىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %57.89 بولدى؛ 24 كارخانا ئىشلەپچىقارغان 42 تۇركۇم (قېتىم) توك سىمى، كابېلنىڭ 39 تۇركۇم (قېتىم)ى لاياقەتلىك بولدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %92.86 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن 2 چوڭ كارخانىنىڭ 6 تۇركۇم (قېتىم) مەھسۇلاتى ۋە بىر ئوتتۇراھال كارخانىنىڭ بىر تۇركۇم (قېتىم) مەھسۇلاتىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %100 كە يەتتى، ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن 21 كىچىك كارخانىنىڭ 35 تۇركۇم (قېتىم) مەھسۇلاتىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %91.42 بولدى؛ ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن 277 كارخانا ئىشلەپچىقارغان 285 تۇركۇم (قېتىم) سېمونت قۇيۇلمىسىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %94.04 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن بىر چوڭ كارخانىنىڭ بىر تۇركۇم (قېتىم) مەھسۇلاتى ۋە 50 ئوتتۇراھال كارخانىنىڭ 50 تۇركۇم (قېتىم) مەھسۇلاتىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %100 بولدى، ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن 226 كىچىك كارخانىنىڭ 234 تۇركۇم (قېتىم) مەھسۇلاتىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %92.73 بولدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۇيپىڭ

## ساختىلىرىغا زەربە بېرىپ، ئەلالىرىنى يۆلەش ئەھۋالى

2000 - يىل 1 - ئايدا شىنجاڭدا سۈپەت خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىلەر بىلەن مەھسۇلات سۈپىتى ۋە ساختا مەھسۇلاتلارغا زەربە بېرىش خىزمىتى بويىچە نىشان مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالىدى. 5 — 6 - ئايلاردا شىنجاڭ سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى شىنجاڭ ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى بىلەن بىرلىكتە ئاقسۇ، بايىنغولىن، سانجى، كۈيتۇڭ، ئۈرۈمچى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە سۈپەت ۋە ساختا مەھسۇلاتلارغا زەربە بېرىش نىشان مەسئۇلىيەتنامىسىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ سۈپىتىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە ساختا مەھسۇلاتلارغا زەربە بېرىش خىزمىتى بويىچە تېلېۋىزىيە تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە ساختا مەھسۇلاتلارغا زەربە بېرىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى قۇردى، ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك ۋاستىلىرى ئىچىدىكى ساختا مەھسۇلاتلارغا مەخسۇس زەربە بېرىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئىلى ھاراق زاۋۇتى بىلەن بىرلىشىپ، ئۈرۈمچى، شىخەنزە، كۈيتۇڭ قاتارلىق جايلاردا ساختا ئىلى ھارىقىغا مەخسۇس زەربە بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. دۆلەت سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە يېقىلغۇ گاز سايمانلىرى ۋە ئاپتوموبىل سەپلىمىلىرى جەھەتتىكى ساختا مەھسۇلاتلارغا مەخسۇس زەربە بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. شىنجاڭ

«1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر گۇرۇھى بىلەن شىنجاڭدىكى سۈپەتسىز، ساختا پولات ماتېرىياللارغا مەخسۇس زەربە بېرىش توغرىسىدا بەلگىلىمە تۈزۈپ، ئاپتونوم رايون بويىچە 82 كىچىك پولات زاۋۇتىنى، 65 پولات ماتېرىيال سودىگىرى، 265 قۇرۇلۇش ئورنىنى تەكشۈرۈپ، يەرلىك ئۆكچە پولات تاۋلاپ، يەرلىك ئۆكچە پولاتتىن ناچار پولات ماتېرىيال ئىشلەپچىقارغان 10 كارخانىنى چۇۋۇۋەتتى، پولات ـ تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىدىغان 9 كىچىك كارخانا ئۈسكۈنىلىرىنى ئۈزلۈكىدىن چۇۋۇۋەتتى، 112 مىڭ توننا سۈپەتسىز پولات ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى پاچاقلىدى، 6000 توننىدىن ئارتۇق سۈپەتسىز پولات ماتېرىيالنى پېچەتلىدى، مۇسادىرە قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ساختا، ناچار مەھسۇلاتلارغا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان جىنايى ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىشكە ماسلىشىش ئۈچۈن، 11 ـ ئاينىڭ بېشىدا شىنجاڭ سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى سىستېمىسى بويىچە ساختىلىققا زەربە بېرىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، 2 ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى سىستېمىسىدىن 20 مىڭ 382 قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئاجرىتىلىپ، ساختا مەھسۇلات ياسىغان ۋە ساتقان 169 ئۇۋا پاچاقلاندى، 57 مىليون 709 مىڭ يۈەن قىممەتتىكى ساختا ـ ناچار تاۋار تەكشۈرۈپ تېپىلدى، ساختا مەھسۇلات، تاۋار ياسىغان ۋە ساتقان 2069 دېلوغا دېلو تۇرغۇزۇلۇپ، 2 مىليون 959 مىڭ 500 يۈەن جەرىمانە قويۇلدى، مۇسادىرە قىلىندى، 14 ئادەم ئەدلىيە ئورگانلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ژاڭ سۈيپىڭ

## سۈپەت نازارەت قىلىش، ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2000 ـ يىلى شىنجاڭ سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى سىستېمىسى ئىستېمالچىلار كۆڭۈل بۆلىدىغان سۈپەتكە دائىر قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەر، يېزا ئىگىلىكىگە چېتىلىدىغان ماددىي ئەشيالار، پەسىللىك بازارلىق تاۋارلارغا قارىتا، ئاپتونوم رايون بويىچە ئوبوروت ساھەسىدە 35 خىل تاۋارنى نازارەت قىلىش، ئارىلاپ تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، 10 ۋىلايەتتىكى 798 تىجارەت ئورنىدا 1459 تۈركۈم تاۋارنى ئارىلاپ تەكشۈردى، تاۋارلارنىڭ سۈپىتىنى ئارىلاپ تەكشۈرگەندىكى لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %59.4 بولدى. يېڭى يىل، باھار بايرىمى، روزا ھېيت، قۇربان ھېيت مەزگىللىرىدە ياغ قاتارلىق 5 خىل تاۋارنى تەكشۈرۈش ئۇيۇشتۇرۇلدى، ئارىلاپ تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %57.7 بولدى، ئارىلاپ تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئېلان قىلىندى، بىر قىسىم سودا ئورۇنلىرىنىڭ تىجارەت گۇۋاھنامىسىنى قايتۇرۇۋېلىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىلدى. دېھقانچىلىق ماددىي ئەشيالىرى بىلەن ئىمتىيازلىق تېرىلغۇ پائالىيىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلگەندە، خىمىيۋى ئوغۇت، ئۇرۇق، دېھقانچىلىق دورىسى قاتارلىق 12 خىل تاۋار ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %63.1 بولدى، مەسئۇل تارماققا ئارىلاپ تەكشۈرۈش نەتىجىسى دوكلات قىلىندى ھەم لاياقەتسىز تاۋارلارنى ساتقان سودىگەرلەر جازالاندى. «15 ـ مارت» مەزگىلىدە، سۇ ئىستىقۇچ، خۇرۇم ئاياغ كىيىم قاتارلىق 7 خىل تاۋار ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %45.5 بولدى، ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىلىپ، ئارىلاپ تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئېلان قىلىندى، بىر قىسىم ناچار تاۋارلارنى ساتقان ئورۇنلار ئاشكارىلاندى، سۈپەت مەسىلىسى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغان بېسىم تەڭشەش كىلاپىنىنى سېتىش چەكلەندى. «1 ـ ئىيۇل» باللار بايرىمى مەزگىلىدە، مېۋە پىشلىقى (گودۇڭ) قاتارلىق 5 خىل تاۋار نازارەت قىلىنىپ، ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %80 كە يەتتى، ئالاقە ئەۋەتىپ ئۇقتۇرۇش قىلىش بىلەن مەمۇرىي جازا بېرىشنى بىرلەشتۈرۈش شەكلى ئارقىلىق، لاياقەتسىز تاۋار ئىشلەپچىقارغان ئورۇنلار بىر تەرەپ قىلىندى. ساختا تاۋارلارغا زەربە بېرىش پائالىيىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، بالون، پولات ماتېرىيال، ئۇن، توك سىمى، سۇ ئۆتكۈزمەس ئورام ماتېرىيال، ياقۇت، مەرمەر قاتارلىق تاۋارلار مەخسۇس نازارەت قىلىنىپ، ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، لاياقەتسىز مەھسۇلات، تاۋارلارنىڭ سۈپىتى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىلىپ ۋە يۆتكەپ بېجىرىلىپ بىر تەرەپ قىلىندى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ژاڭ سۈيپىڭ

## تالا تەكشۈرۈش ئەھۋالى

شىنجاڭ سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىك سىستېمىسى 2000 ـ يىلى 1400 دانە تالا تەكشۈرۈش ئۆلچەم ئەسۋابىنى تەكشۈرۈپ بېكىتتى. پاختا سۈپەت دەرىجىسى ماددىي ئۆلچىمىدىن 1935 يۈرۈش، 11 مىڭ 505 قۇتىنى تەقلىد قىلىپ ياسىدى ھەم تارقاتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئىنچىكە تۇۋىتلىق تاسمىلىق چىغىرىق پاختىسى 730 يۈرۈش، 4380 قۇتا، ئىنچىكە تۇۋىتلىك ھەرە چىشلىق چىغىرىق پاختىسى 1100 يۈرۈش، 6600 قۇتا، ئۇزۇن تالالىق پاختا 105 يۈرۈش، 525 قۇتا. «تور پاختا» ۋە «ئىنچىكە قوي يۇڭىنى ئوراش، قاپلاش» نىڭ يەرلىك ئۆلچىمى تۈزۈپ چىقىلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى قوي يۇڭىنى «شىنجاڭدىن چىقىرىلىدىغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش مۇندەرىجىسى» گە كىرگۈزگەندىن

كېيىن، قوي يۇڭىنى گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزۈش، تەكشۈرۈش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. مۇشۇ يىلدا 1287 تۈركۈم (قېتىم) 8836 توننا قوي يۇڭى گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزۈلۈپ تەكشۈرۈلدى ۋە ساپ يۇڭ باھاسى ھېسابلاندى. 2602 تۈركۈم (قېتىم)، 977 توننا ئەسلى ئۆچكە تىۋىتى گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزۈلۈپ تەكشۈرۈلدى، ئايرىپ تارالغان 493 تۈركۈم (قېتىم) 324 توننا ئۆچكە تىۋىتى گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزۈلۈپ تەكشۈرۈلدى، 85 تۈركۈم (قېتىم) 1255 توننا باشقا يۇڭلارنىڭ تالاسى گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزۈلۈپ تەكشۈرۈلدى. 149 تۈركۈم (قېتىم) 750 توننا «ساپالى» ماركىلىق قوي يۇڭى، 270 توننا باشقا قوي يۇڭى تەكشۈرۈشكە ھاۋالە قىلىندى. جۇڭگو تالا تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، شىنجاڭ سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىك ئىستېمىسى دۆلەتنىڭ زاپاس پاختىسىنى گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزۈپ، تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈز ئۈستىگە ئېلىپ، بىر يىلدا 5830 تۈركۈم (قېتىم)، 94 مىڭ 262 توننا پاختىنى گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزۈپ تەكشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزۈلۈپ تەكشۈرۈلگەن ئىنچىكە تالالىق پاختا 5801 تۈركۈم (قېتىم)، 94 مىڭ 75 توننا، ئۇزۇن تالالىق پاختا 29 تۈركۈم (قېتىم)، 187 توننا؛ زاپاس پاختا 35 مىڭ توننا، تىجارەت خاراكتېرلىك پاختا 59 مىڭ 26 توننا؛ 973 تۈركۈم (قېتىم)، 8301 توننا پاختا نازارەت قىلىنىپ تەكشۈرۈلدى، ئۇنىڭ 747 تۈركۈمى مۇۋاپىق چىقتى، 119 تۈركۈم، 2417 توننا پاختا كېسىم قىلىنىپ تەكشۈرۈلدى، ئىقتىسادىي پەرقى 210 مىڭ يۈەن بولدى؛ ھاۋالە قىلىنغان 3259 تۈركۈم (قېتىم)، 67 مىڭ 184 توننا پاختا تەكشۈرۈلدى. سوغۇق چۈشۈشتىن ئىلگىرى تور پاختا ئىشلەپچىقىرىدىغان 10 نەچچە كارخانا ئىشلەپچىقارغان 81 تۈركۈم، 38 مىڭ 807 دانە تورپاختا تەكشۈرۈلدى. 111 تۈركۈم (قېتىم) 3000 توننا يېڭى پىلە غوزىسى تەكشۈرۈلدى. كۆڭلەك بازىرى كۆندىلىك نازارەت قىلىنىپ، تەكشۈرۈلۈپ ۋە دۆلەت بايرىقى بازىرى ئايرىلاپ تەكشۈرۈلۈپ، 96 تۈركۈم (قېتىم) كۆڭلەك، 20 تۈركۈم (قېتىم) دۆلەت بايرىقى تەكشۈرۈلدى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە 76 كارخانىنىڭ 4 تۈرلۈك مەھسۇلاتى قەرەللىك نازارەت قىلىنىپ تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، پاختا يىپ 146 تۈركۈم، پاختا رەخت 22 تۈركۈم، يۇڭ رەخت 9 تۈركۈم، يۇڭ پوپايكا 57 تۈركۈم، بىر يىلدا 320 تۈركۈم توقۇلما بۇيۇم نازارەت قىلىنىپ تەكشۈرۈلدى، مۇۋاپىق چىققىنى 317 تۈركۈم. ھاۋالە بويىچە تەكشۈرۈلگەن توقۇمىچىلىق بۇيۇمى 105 تۈركۈم، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنىڭ يوتقان - كۆرپىسى 90 تۈركۈم، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ فورمىسى 15 تۈركۈم؛ 40 تۈركۈم پاختا تالاسىنىڭ قىزىكلىق، خىمىيىلىك ئىقتىدارى سىناق قىلىندى؛ ئىستېمالچىلارنىڭ 75 تۈركۈم تەكشۈرۈپ بېكىتىش توغرىسىدىكى ئەرزى بىرتەرەپ قىلىندى. 1600 تۈركۈم (قېتىم) تالا تەركىبى ھاۋالە بويىچە تەكشۈرۈلدى. ئۈرۈمچى تيانشان رايونىدىكى «شىنخۇا» بازىرىنىڭ ئىچىدە تالا سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش خىزمەت پونكىتى تەسىس قىلىنىپ، شىنخۇا، شياۋشىمىن، ئوتتۇرا ئاسىيا، شىنماۋ، بەيچېڭدىن ئىبارەت 5 چوڭ توپ سېتىش بازىرىغا ئالدىنئا بېرىپ مۇلازىمەت قىلىنىپ، 8000 دىن ئارتۇق پايما (قېتىم) مۇلازىمەت قىلىندى. پاختا سېتىۋېلىش مەزگىلىدە، سېتىۋېلىش پونكىتلىرى 1288 قېتىم، پاختىكار دېھقانلارنىڭ 5264 پاختا ئەۋرىشكىسى تەكشۈرۈلدى، 726 دۆۋە سېتىۋېلىنغان چىگىتلىك پاختا تەكشۈرۈلۈپ، 617 مىڭ 800 يۈەن قانۇنسىز پايدا تېپىپ چىقىلدى، 1 مىليون 831 مىڭ 200 يۈەن جەرىمانە قويۇلدى؛ دۆلەتنىڭ ئۆلچىمىنى قاتتىق ئىجرا قىلمىغان، شەكلى ئۆزگەرگەن ھالدا باھانى ئۆستۈرۈپ، پاختىنى تالىشىپ سېتىۋېلىپ، يېڭى پاختىنى سېتىۋېلىش تەرتىپىگە ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزگەن قىلمىشلار تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى. سالاھىيىتى ئېتىراپ قىلىنمىغان ئورۇن ۋە يەككە سودىگەرلەرنىڭ كىچىك چىغىرىق، يەرلىك تايلاش ماشىنىلىرىدا پاختا پىششىقلاش قىلمىشلىرى مەخسۇس تۈزىتىلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلاپ قوشۇلۇشى بىلەن قۇمۇل ئارايۇلتۇز تەكشۈرۈش پونكىتى پاختىنى نۇقتىلىق تەكشۈردى. ئاپتونوم رايوندىكى كەسپىي تالا تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى ئوبوروت ساھەسىدە بىر تۈتاش چوڭ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىش گۇۋاھنامىسى يوق، ساختا گۇۋاھنامە ياسىغان، ماركا ئۆلچەم بەلگىلىرىنى ئۆزگەرتكەن، ئالماشتۇرۇۋەتكەن، تولۇق بولمىغان، مال ئىسپاتى مۇۋاپىق بولمىغان 12 مىڭ 300 نەچچە توننا پاختا تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى، 97 قېتىملىقى دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈلدى، 3 مىليون 585 مىڭ 500 يۈەن جەرىمانە قويۇلدى ۋە مۇسادىرە قىلىندى؛ سۈپەت مەسىلىسى بار 300 نەچچە توننا قوي يۇڭى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى؛ تالالىق توقۇلما بۇيۇملارنىڭ 146 قېتىملىق سۈپەت دېلوسى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئۆلچەملىك قىممەت سوممىسى 8 مىليون 89 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مەخسۇس تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللىنىپ، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملار بىرتۇتاش سېتىۋالغان ئوقۇغۇچىلار يوتقان - كۆرپىلىرى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈلدى، ئۈرۈمچىدىكى 38 ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكومنىڭ 36 مىڭ 100 يۈرۈش يوتقان - كۆرپىسى

تەكشۈرۈلدى. بىر يىلدا ئالا قانۇنغا خىلاپلىق قىلىنغان 501 دېلو بىجىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، مۇھىم دېلو 49، دېلو ئۆرغۇزۇلغىنى 373، نەق مەيداندا جازا بېرىلگىنى 128، چېتىشلىق سودا سوممىسى 273 مىليون 607 مىڭ يۈەن بولۇپ، كارخانىلار 318 مىڭ يۈەن زىياندىن ساقلاپ قېلىندى. 460 دېلو ئاخىرلاشتۇرۇلدى، جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن ئەدلىيە ئورگانلىرىغا يوللاپ بېرىلگەن دېلو بىر، باشقا مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ئورگانلىرىغا يوللاپ بېرىلگەن دېلو 3.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۈيىڭ

## مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى

شىنجاڭ سۈيەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 2000 - يىلى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدە «دېھقانچىلىق ماددىي ئەشيالىرىنى تەكشۈرۈپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا كاپالەتلىك قىلىش» قانۇن ئىجرا قىلىش، تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. شىنجاڭ ساياھەتچىلىك ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە ساياھەتچىلىك بازىرى، ساياھەت ماگىزىنى ۋە مېھمانخانىلىرىدىكى ساياھەت تاۋارلىرىدا قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ئۈرۈمچى، تۇرپان، فۇكاڭ (بوغدا كۆلى) قاتارلىق جايلاردىكى تىجارەت كارخانىسى ۋە مېھمانخانىدىن 80 نى تەكشۈرۈپ، 200 دانە ئۈنچە - مەرۋايىت، قاشتېشى زىبۇ زىننەتنى ئارىلاپ تەكشۈردى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 64% كە يەتتى. قۇرۇلۇش نازارىتى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن بىرلىشىپ، مۇداپىئە بۇيۇملىرى بويىچە قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈردى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن، ج خ نازارىتى، يېنىك سانائەت نازارىتى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، تەمىنات - سودا كوپىراتىپى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە بىرلەشمە تەكشۈرۈش - تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، 6 — 7 - ئايلاردا ساليوت، پوجاڭزا ئىشلەپچىقىرىدىغان 8 كارخانىنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. پانۇس بايرىمى، دۆلەت بايرىمى مەزگىلىدە بازاردىكى تاۋارلارنىڭ سۈپىتى بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى سىستېمىسىدىن 4580 قانۇن ئىجرا قىلغۇچى (قېتىم) ئاجرىتىپ، تەكشۈرۈلگەن تاۋار ۋە مىقدارلىق قاچىلانغان تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي ئۆلچەملىك قىممىتى 25 مىليون 79 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى، تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرۈلگەن ساختا، ناچار تاۋارلارنىڭ ئۆلچەملىك قىممىتى 769 مىڭ 100 يۈەن بولۇپ، 502 دانە سۈپەتسىز ئۆلچەش ئەسۋابى مۇسادىرە قىلىندى، 803 تىجارەت ئورنى نەق مەيداندا جازالاندى، ساختا تاۋارلارنى ياساش، سېتىش ئۇۋىسىدىن 6 سى پاچاقلاندى. 126 مىڭ 316 تۈركۈم (قېتىم) تاۋار تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 84.4% كە يەتتى؛ 66 مىڭ 618 خىل يېمەكلىك ماركىسى تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 91.3% كە يەتتى؛ ئىشلىتىلىۋاتقان 7614 دانە ئۆلچەش ئەسۋابى تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 92% كە يەتتى؛ مىقدارلىق قاچىلانغان 26 مىڭ 975 تۈركۈم (قېتىم) تاۋار تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 87.4% كە يەتتى. بىر يىلدا 10 مىڭ 687 قېتىملىق دېلو قوبۇل قىلىندى، مەمۇرىي جازا بېرىلگىنى 10 مىڭ 77، سوت مەھكىمىسىنىڭ مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىشى ئىلتىماس قىلىنغىنى 160، ئەدلىيە ئورگانلىرىغا يوللاپ بېرىلگىنى 7، باشقا تارماقلارغا يوللاپ بېرىلگىنى 10، نەق مەيداندا جازا بېرىلگىنى 7369، 33 مىليون 800 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئورنى تولدۇرۇۋېلىندى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۈيىڭ

## مال سېتىۋالغاندا خاتىرجەم بولۇش كوچىسى

شىنجاڭ سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 2000 - يىلى شىنجاڭدا «مال سېتىۋالغاندا خاتىرجەم بولۇش كوچىسى» نى يولغا قويۇش چارىسى ۋە «مال سېتىۋالغاندا خاتىرجەم بولۇش كوچىسىنى سىناق قىلىپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش قائىدىسى» نى تۈزۈپ چىقتى. يىل ئاخىرىدا مەملىكەت بويىچە «مال سېتىۋېلىشتا خاتىرجەم بولۇش كوچىسى» نى سىناق قىلىش نۇقتىسى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن قەشقەر شەھىرىنىڭ تىيەننەن سودا كوچىسى، قاراماي شەھىرىنىڭ جۇڭغار كوچىسى، سانجى شەھىرىنىڭ شىمالىي يەنئەن يولى سىناق قىلىنىپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتۈپ دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆلچىمىگە يەتتى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۈيىڭ

## ئۆلچەم تۈزۈمى (تۈزىتىلگەن) نى تۈزۈش ۋە ئەنگە ئېلىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 2000 - يىلى «تورپاختا»، «PSA — SDQi بېنزىن تازىلاش سۈيۇقلۇقىنى تەكشۈرۈش چارىسى»، «تەبىئىي ئىنچىكە تالالىق پاختا»، «ئۆرۈك كۆچىتى»، «شاپتۇل كۆچىتى»، «ئانار كۆچىتى»، «ئەنجۈر كۆچىتى»، «قولدا توقۇلغان خوتەن گىلىمى»، «يېمەكلىك زاراڭزا يېغى»، «قوي يۇڭىنى

ئوراپ قاچىلاش» قاتارلىق 10 پەرلىك ئۆلچەمنى تارقاتتى. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدىكى پەرلىك ئۆلچەم 157 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى ئۆلچەم 49، تەۋسىيە قىلىش خاراكتېرىدىكى ئۆلچەم 108. 1243 تۈرلۈك كارخانا مەھسۇلاتى ئۆلچىمى ئەنگە ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى بېجىرگىنى 225. يىل ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە 5586 تۈرلۈك كارخانا ئۆلچىمى ئەنگە ئېلىندى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۇيىڭ

## خەلقئارا ئۆلچەمنى قوللىنىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى 55 كارخانىنىڭ 91 مەھسۇلاتى خەلقئارا ئۆلچەملىك مەھسۇلات بەلگىسىنى قوللىنىش شەرتىگە لايىقلىشىپ، ئۆلچەملىك بەلگىنى قوللىنىش گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى، بۇ كارخانىلار مەھسۇلاتنى ئوراش - قاچىلاش، كۆرسەتمە، بەلگە ۋە چۈشەندۈرۈشلىرىگە قوللىنىدىغان خەلقئارا ئۆلچەملىك بەلگە شەكلىنى چۈشۈرسە بولىدىغان بولدى. ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر) لەر، ساھەلەر تەكشۈرۈپ باھالاشنى ئۇيۇشتۇردى، ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېتىراپ قىلىشى ئارقىلىق، 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 12 كارخانىنىڭ 14 مەھسۇلاتى «خەلقئارا ئۆلچەمنى قوللىنىش ئېتىراپ قىلىنغان مەھسۇلات لاياقەتنامىسى» غا ئېرىشتى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۇيىڭ

## قوشۇمچە — 1

**ئۆلچەملىك بەلگىنى قوللىنىش لاياقىتىگە ئېرىشكەن مەھسۇلاتلار**

ئىسپىرت كىسلاتالىق ساپال سىرى (قاراماي «خۇايۇ» ئوقەتچىلىك تەرەققىيات شىركىتىنىڭ سىر زاۋۇتى)، پولى ئېتىلېنلىق پۈۋلەپ ياسالغان دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق (بىڭتۈەن 5 - شى تاسىرقاي چىداملىق نېپىز سۇلياۋ زاۋۇتى)، پولى ئېتىلېنلىق پۈۋلەپ ياسالغان دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق (بورتالا شەھىرى «قوش ئەجدىھار» سۇلياۋ ياساملىرى زاۋۇتى)، پولى ئېتىلېنلىق پۈۋلەپ ياسالغان دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق (بورتالا شەھىرى «بېيلىن» سۇلياۋ ياساملىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، پولى ئېتىلېنلىق پۈۋلەپ ياسالغان دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق (بورتالا ئوبلاستلىق «خېڭيۈەن» سۇلياۋ ياساملىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، پولى ئېتىلېنلىق پۈۋلەپ ياسالغان دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق (بورتالا شەھىرى «يۇڭشىڭ» سۇلياۋ چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، 425 - نومۇرلۇق ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت (بورتالا شەھەرلىك سېمونت زاۋۇتى)، 425 - نومۇرلۇق ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت (بورتالا سايرام بىناكارلىق ماتېرىياللىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، 18.2tex × 18.2tex ساپ پاختىدىن توقۇلغان سېپتا رەخت، 27.8tex × 27.8tex ساپ پاختىدىن توقۇلغان كاجى، 18.2tex ساپ پاختىدىن ئېگىرىلگەن ئادەتتىكى يىپ، 29.5tex × 2 ساپ پاختىدىن ئېگىرىلگەن ئادەتتىكى چەتمە يىپ (شىنجاڭ «خۇڭگۇاڭ» توقۇمىچىلىق، ئىلمە - توقۇلما زاۋۇتى)، R2OS تىپلىق سىنك - مانگانلىق باتارېيە (شىنجاڭ باتارېيە زاۋۇتى جەنۇبىي شىنجاڭ شۆبىسى)، 425 - نومۇرلۇق ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت، 525 - نومۇرلۇق ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت (كورلا شەھەرلىك شەرق سېمونت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، ئېرىگەن ئاتسېتىلېن (ئۈرۈمچى 2 - پولات - تۆمۈر زاۋۇتى خىمىيە سانائىتى شۆبە زاۋۇتى)، 525 - نومۇرلۇق ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت، 425 - نومۇرلۇق ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت، G دەرىجىلىك يۇقىرى قارشىلىق كۈچىگە ئىگە نېفىت قۇدۇقىغا ئىشلىتىلىدىغان سېمونت، H دەرىجىلىك يۇقىرى قارشىلىق كۈچىگە ئىگە نېفىت قۇدۇقىغا ئىشلىتىلىدىغان سېمونت (ئاقسۇ «يېشىل قارىغاي» بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى)، 10 - نومۇرلۇق بىناكارلىق نېفىت ئاسفالتى، 0 - نومۇرلۇق يېنىك دىزېلىن، 10 - نومۇرلۇق ئاۋىئاتسىيە سۇيۇقلۇق بېسىم مېيى (قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى)، سېپتا تارالغان يۇڭ ئىلمە - توقۇلما بۇيۇملىرى، يىرىك تارالغان يۇڭ ئىلمە - توقۇلما بۇيۇملىرى (شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» يۇڭ توقۇمىچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى)، ئورېيا (شىنجاڭ يېڭى خىمىيۋى ئوغۇت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، مىنۇس 35 - نومۇرلۇق يېنىك دىزېلىن، مىنۇس 10 - نومۇرلۇق يېنىك دىزېلىن، L—DRB/A32 تولۇق ھىملەنگەن مۇزلاتقۇچ مېيى (جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پاي شىركىتى مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى)، SZL يۈرۈشلۈك سانائەت پارقازىنى (جۇڭگو شەرق ئېلېكتر گۇرۇھى شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» پارقازان زاۋۇتى)، 525 - نومۇرلۇق ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت، G دەرىجىلىك نېفىت قۇدۇقى سېمونتى، 425 - نومۇرلۇق ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت (شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» سېمونت پاي چەكلىك شىركىتى)، 27.8tex سېپتا تارالغان ساپ پاختا يىپ، 36.9tex گاز ئېقىمىدا ئېگىرىلگەن ئەسلى رەڭلىك پاختا يىپ (شىنجاڭ سانجى پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، مايغا چىلىنىدىغان 3 فازىلىق ئېلېكتر ترانسفورماتور (شىنجاڭ

«تۆنخې» ئېلېكتر ماشىنا ـ سايمانلىرىنى ياساش چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ ترانسفورماتور زاۋۇتى) ، سۇلياۋ، كاۋچۇك ئوقۇرلۇق يۇرۇشلۇك قوزغاتقۇچ تېپلىق ئالىيۇمىن تاختىلىق ئاككۇمۇلياتور (شىنجاڭ ئاككۇمۇلياتور چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى) ، G دەرىجىلىك نېفىت قۇدۇقى سېمونتى، 625 ـ نومۇرلۇق ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت (شىنجاڭ «تۆنخې» پاي چەكلىك شىركىتى) ، قىزىلچا دانىچە ئاززىنگى، ئاق شېكەر (شىنجاڭ سانجى شېكەر زاۋۇتى) ، تەبىئىي گرانىت تاش بىناكارلىق تاختا ماتېرىياللىرى (شىنجاڭ «تيەنيې» تاش ماتېرىيال چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى) ، تەبىئىي گرانىت تاش بىناكارلىق تاختا ماتېرىياللىرى (قۇمۇل تەبىئىي تاش ماتېرىيال چەكلىك شىركىتى) ، سىلىتسىيلىق تۆمۈر (قۇمۇل ۋىلايەتلىك پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتى) ، ئېرىتىلگەن ئاتسېتىلېن (قۇمۇل «جىنلەن» ئوقۇتچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى) ، بىرىكمە سۇلياۋ خالتا قۇمۇل تۆمۈريول «سەنشىن» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى) ، پىۋا (قۇمۇل شەھەرلىك «شىليالڭ» پىۋا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى) ، تۆۋەن بېسىملىق ۋېكلىيۇچاتېل ئۇسكۇنىسى (شىنجاڭ «كائىجىاڭ» ئېلېكتر سايمانلىرى سانائىتى چەكلىك شىركىتى) ، تۆۋەن بېسىملىق ۋېكلىيۇچاتېل ئۇسكۇنىسى (شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى ۋېكلىيۇچاتېل زاۋۇتى) ، ئۆلچەملىك توك بېسىمى 35 كىلوۋولت ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولغان قايچىلانما باغلىنىشلىق پولى ئېتىلېنلىق ئىزولياتورلۇق ئېلېكتر ئېنېرگىيە كابېلى (شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى كابېل زاۋۇتى) ، مايغا چىلىنىدىغان ئېلېكتر ئېنېرگىيە ترانسفورماتورى، ساندۇقسىمان بېسىم ئۆزگەرتىش پونكىتى، قۇرۇق ئېلېكتر ئېنېرگىيە ترانسفورماتورى (شىنجاڭ «شىنتېشۈن» ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ئۇسكۇنىلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى) ، مايغا چىلىنىدىغان ئېلېكتر ئېنېرگىيە ترانسفورماتورى، ئۆزگىرىشچان ـ تۇراقلىق توكلۇق يايىسمان كەپشەر ماشىنىسى، پولى ئېستېرلىق سىرلانغان يۇمىلاق مىس سىم، پولى خلوروپرېن ئىزولياتورلۇق ئېلېكتر كابېلى، مانتىيورلۇق يۇمىلاق مىس سىمى (ئۈرۈمچى «خۇەنيىڭ» چەكلىك شىركىتى) ، ئوتتۇرا تىپتىكى يانتۇ قايچىلاشما يۇك بالونى، يېنىك تىپتىكى يانتۇ يۇك بالونى (شىنجاڭ «كوئېنلۇن» پاي چەكلىك شىركىتى 1 ـ كاۋچۇك زاۋۇتى) ، ئوتتۇرا تىپتىكى يانتۇ قايچىلاشما يۇك بالونى، يېنىك تىپتىكى يانتۇ قايچىلاشما يۇك بالونى (شىنجاڭ «كوئېنلۇن» پاي چەكلىك شىركىتى 2 ـ كاۋچۇك زاۋۇتى) ، 27.8tex ئادەتتىكىچە تارالغان ساپ پاختا يىپ، 18.2tex ئادەتتىكى ساپ پاختا يىپ (كورلا «شىنلۇ» توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى) ، 27.8tex ئادەتتىكىچە تارالغان ساپ پاختا يىپ، 18.2tex ئادەتتىكىچە تارالغان ساپ پاختا يىپ (كورلا «كۆنچى» پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتى» ، ئورىيا، 0 ـ نومۇرلۇق يېنىك دىزېلىن (غەربىي جەنۇبىي تارىم تەكشۈرۈش تەرەققىيات باش شىركىتى پوسكام نېفىتلىكى خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى) ، بىرىكمە سۇلياۋ خالتا (غەربىي جەنۇبىي تارىم تەكشۈرۈش ـ تەرەققىيات شىركىتى كۆنىماڭ گۈرۈھى چەكلىك شىركىتى) پولى ئېتىلېنلىق يۈزلەپ ياسالغان دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق (پوسكام ناھىيىلىك «يۈشىاڭ» سۇلياۋ چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى) ، يۇرژىنا پولىتى (شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى) ، سانائەت ئازوتى (ئەلا مەھسۇلات) (شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئېنېرگىيە مەركىزى كىسلاروت ياساش شۆبە زاۋۇتى) ، 425 ـ نومۇرلۇق ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت (كۆكتوقاي «فۇلۇڭ» سېمونت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى) ، 425 ـ نومۇرلۇق ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت (ئالتاي شەھەرلىك سېمونت زاۋۇتى) ، 425 ـ نومۇرلۇق ئادەتتىكى سىلىكاتلىق سېمونت (شىنجاڭ «ئاق بۇركۇت» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى) ، 27.8tex ئادەتتىكىچە تارالغان ساپ پاختا يىپ، 18.2tex ئادەتتىكىچە تارالغان ساپ پاختا يىپ (پوسكام پاختا توقۇمىچىلىق باش شىركىتى) ، 27.8tex ئادەتتىكىچە تارالغان ساپ پاختا يىپ، 18.2tex ئادەتتىكىچە تارالغان ساپ پاختا يىپ (شىنجاڭ «مەيكېتى» توقۇمىچىلىق شىخو چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى) ، كۆنەكسىمان قەغەز ساندۇق (شىخو شەھەرلىك «يۇڭدا» قەغەزچىلىك، ئوراش ـ قاچىلاش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى) ، پىۋا بوتۇلكىسى (شىخو «لۈيۈنباۋ» پىۋا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى شىخو شۆبە شىركىتى) ، سانائەت سولفات كىسلاتاسى (كۈيتۇڭ «شىڭيې» خىمىيە سانائىتى چەكلىك شىركىتى) ، سانائەت سۇلفات كىسلاتاسى (ئاقسۇ «يېشىل قارىغاي» بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى (فوسفورلۇق ئوغۇت زاۋۇتى) ، 18.2tex ئادەتتىكىچە تارالغان ساپ پاختا يىپ، 14.5tex ئادەتتىكىچە تارالغان ساپ پاختا يىپ، ئەسلى رەڭلىك پاختا رەخت (شىخەنزە «1 ـ ئاۋغۇست» پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتى) ، 18.2tex ئادەتتىكىچە تارالغان ساپ پاختا يىپ، 18.2tex سىپتا تارالغان ساپ پاختا يىپ، 14.6tex سىپتا تارالغان ساپ پاختا يىپ (كۈيتۇڭ پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتى) ، 18.2tex سىپتا تارالغان ساپ پاختا يىپ، 27.8tex سىپتا تارالغان ساپ پاختا يىپ (شىنجاڭ

(شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، سانائەت ناترىي گىدروكسىدى، سانائەت بىرىكمە تۇز كىسلاتاسى (ئاقسۇ «يېشىل قارىغاي» بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى شۆلىتا زاۋۇتى).

## يېزا ئىگىلىكىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش خىزمىتى

شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەر ۋە بىڭتۇەننىڭ ئشى، تۇەن - مەيدانلىرى 2000 - يىلى يېزا ئىگىلىكىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ ياكى تەرتىپكە سېلىپ، يېزا ئىگىلىكىنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ باشقۇرۇش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى. مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ 2 - تۈركۈمدە يېزا ئىگىلىكىنى ئۆلچەملەشتۈرۈشتىكى ئۈلگە ناھىيىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن جىڭ، بۆرتالا، توققۇزتارا، ئۈرۈمچى ناھىيىلىرى، كورلا شەھىرى ۋە بىڭتۇەننىڭ 1 -، 29 -، 148 - تۇەن - مەيدانلىرى قاتارلىق 8 ناھىيە (تۇەن، مەيدان) نى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. دۆلەت سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن دۆلەت دەرىجىلىك يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرىگە كىرگۈزۈلگەن بۆرتالا ناھىيىسىنىڭ چوڭ قۇيرۇقلۇق قوي، ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ كۆكتاتلىرى ۋە بىڭتۇەن 1 - تۇەن - مەيدانىنىڭ پاختىسى، 29 - تۇەن - مەيدانىنىڭ نەشپۈتى، 148 - تۇەن - مەيدانىنىڭ قىزىلچىسىدىن ئىبارەت 5 ئۈلگە كۆرسىتىش رايونىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى، چىڭگىلنىڭ تىۋىتلىك ئۆچكىسى ۋە جىڭنىڭ ئالقىتىنى دۆلەت دەرىجىلىك ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرىگە كىرگۈزۈش توغرىسىدا دوكلات سۇندى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۇيپىڭ

## ئۆلچەمسىز ئىشلەپچىقىرىش يوقىتىلدى

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدىكى بارلىق ناھىيە، شەھەرلەردە ئۆلچەمسىز ئىشلەپچىقىرىشنى يوقىتىش خىزمىتى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. ئۆلچەمسىز ئىشلەپچىقىرىشنى يوقىتىش خىزمىتى مۇددەتتىن بىر يىل ئىلگىرى ئورۇندىلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە كارخانا مەھسۇلاتلىرى ئۆلچىمىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى دۆلەت سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى بەلگىلىگەن نىشاننىڭ %95 گە يەتتى. دۆلەت



ش ئۇ ئا ر تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش خادىملىرى بازارغا بېرىپ ئۆلچەش ئەسۋابلىرى ۋە مىقدارلىق ئورالمىلارنى نازارەت قىلماقتا ۋە ئارىلاپ تەكشۈرمەكتە.

سۈرەتنى سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى تەۋەنكەن.

ۋۇجياچۇي «چىڭخۇ» توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى).

### قوشۇمچە — 2

**ئۆلچەملىك بەلگىنى قوللىنىش ئىجراپ قىلىنغان مەھسۇلاتلار**

بېنزىن ئاپتولى، دىزېلىن ئاپتولى (شىنجاڭ «چاڭلۇڭ» ئالىي دەرىجىلىك سىلىقلاش مېيى ياساش شىركىتى)، ئىستېمال ئىسپىرتى (سانجى شېكەر زاۋۇتى)، سۇلياۋ خالتا (قۇمۇل تۆمۈريول «سەنشىن» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، يۇقىرى بېسىملىق ۋېكلىيۇچاتېل ئۇسكۇنىسى (شىنجاڭ «كاڭجېڭ» ئېلېكتر سايمانلىرى چەكلىك شىركىتى)، يۇقىرى بېسىملىق ۋېكلىيۇچاتېل ئۇسكۇنىسى (شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى ۋېكلىيۇچاتېل زاۋۇتى)، توك سىمى، كابېلغا ئىشلىتىلىدىغان يۇمشاق پولى ۋىنىل خلورىدلىق سۇلياۋ (شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى كابېل زاۋۇتى)، سۇيۇقلاشتۇرۇلغان نېفىت گازى (جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پاي شىركىتى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى)، سۇيۇقلاشتۇرۇلغان نېفىت گازى (غەربىي جەنۇبىي تارىم تەكشۈرۈش - تەرەققىيات شىركىتى پوسكام نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى)، سۇلياۋ خالتا (پوسكام ناھىيىلىك «يۇشىڭ» سۇلياۋ چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، سۇلياۋ خالتا (B تىپلىق) (بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 9 - شى 169 - تۇەن - مەيدانى توقۇش زاۋۇتى)، پولات چىۋىقلىق بېتونغا ئىشلىتىلىدىغان ئىسسىق پروكاتلانغان ياپىلاق پولات چىۋىق

سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىنىڭ ماۋالىسى بويىچە شىخو، غۇلجا شەھەرلىرى، قۇتۇبى، خوتەن ناھىيىلىرىدىن ئىبارەت ئۆلچەمسىز ئىشلەپچىقىرىشنى يوقىتىشتىكى دۆلەت دەرىجىلىك 4 سىناق نۇقتىسىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتى ئويۇشتۇرۇلدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۇيپىڭ

## «15 ـ مارت» تەشۋىقات پائالىيىتى

ش ئۇ ئا ر سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 2000 ـ يىل 3 ـ ئايدا «بازارلارنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئىستېمالنى ئىلگىرى سۈرۈش» تىن ئىبارەت باش تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا «15 ـ مارت» ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش كۈنى تەشۋىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. بازاردىكى تاۋارلارنىڭ سۈپىتىنى، ئۆلچەم قانۇنىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، بەلگىسى مۇۋاپىق كەلمەيدىغان، ناچارلىرىنى ياخشىنىڭ ئورنىغا قويىدىغان، ساختىلىرىنى ئارىلاشتۇرىدىغان، كەم جىڭلاپ بېرىدىغان قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى؛ يۇقىرىلار كۆڭۈل بۆلىدىغان، جەمئىيەت دىققەت ئېتىبار بىلەن قارايدىغان، كىشىلەرنىڭ جىسمانىي ساغلاملىقىغا ۋە جىسمانىي، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە چېتىلىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى «15 ـ مارت» مۇناسىۋىتى بىلەن ئايرىلاپ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى؛ نۇقتىلىق رايونلار، بازارلار، ماگىزىنلار ۋە چوڭ، مۇھىم دېلولارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، كەڭ كۆلەمدە ساختىلىققا زەربە بېرىش، ئۇۋۇلارنى پاچاقلاش ھەرىكىتىنى تەشكىللىدى. 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، جەمئىيەتكە يېقىندىن بۇيانقى ساختىلىققا زەربە بېرىش، ناچار تاۋارلارنى يوقىتىش ۋە نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئېلان قىلدى، يىغىندىن كېيىن 54 تۈرلۈك، ئۆلچەملىك قىممىتى 5 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان ساختا، ناچار تاۋارنى كۆيدۈرۈۋەتتى. 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى، دېھقانچىلىق نازارىتى، سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بىرلىشىپ، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ سۈپىتىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە ساختىلىققا زەربە بېرىش خىزمىتى بويىچە تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئاچتى. 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ش ئۇ ئا ر سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى، سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، تاشقى سودا نازارىتى، ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى قاتارلىق تارماقلار بىلەن ئۈرۈمچى «تەڭرىتاغ» تۈرلۈك ماللار سودا بىناسىنىڭ مەيدانىدا «15 ـ مارت» خەلقئارا ئىستېمالچىلار ھوقۇق ـ مەنپەئەتى كۈنى تەشۋىقات يىغىنى ئاچتى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۇيپىڭ

## ئۆلچەم بىرلىكلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئەھۋالى

شىنجاڭ سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 2000 ـ يىلى ئۆلچەم بىرلىكلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش خادىملىرىنى تەربىيىلەش بويىچە 3 قاراردا 7 سىنىپ كۇرس ئېچىپ، 676 ئادەم (قېتىم) نى، ھاۋالە بىلەن 124 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى. قۇرۇلۇش نازارىتى بىلەن بىرلىشىپ «تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىدا ئىشلىتىلىدىغان توك سائىتى قاتارلىق 4 خىل ئۆلچەش ئەسۋابىنى قۇراشتۇرۇش، ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى تۇنجى قېتىم تەكشۈرۈپ بېكىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى، «تەكشۈرۈپ بېكىتىش، ساختىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش سىغىرلىق ئاپپاراتى»، «توك سائىتىنىڭ تۇنجى تەكشۈرۈشتىكى لاياقەتلىك بەلگىسى» نى ئىجاد قىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە قانۇنلۇق، ھوقۇقلۇق 60 تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئاپپاراتى توك سائىتى، سۇ سائىتى، كۆمۈر گازى سائىتى ۋە ئىسسىقلىق سائىتىنى تۇنجى قېتىم تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى ھەم ئۆلچەملەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، 4 سائەتنى تۇنجى قېتىم تەكشۈرۈشنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغدىدى. شىنجاڭ ئۆلچەم بىرلىكلىرىنى سىناق قىلىش تەتقىقات ئورنى «ئۆلچەش قاچىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش قۇرۇلمىسى»، «بىئولوگىيىلىك ئانالىز قىلىش ئەسۋابىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش قۇرۇلمىسى»، «گاز جىسىملارنى ئانالىز قىلىش ـ تەكشۈرۈپ بېكىتىش قۇرۇلمىسى»، «X. Y نۇرلىرى ئارقىلىق جاراھەتنى تەكشۈرۈش ئەسۋابى بىلەن ئۇلترا ئاۋاز ئارقىلىق جاراھەتنى تەكشۈرۈش ئەسۋابىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش قۇرۇلمىسى» دىن ئىبارەت 4 تۈرلۈك ئۆلچەم بىرلىكى ئۆلچىمىنى يېڭىدىن ئورناتتى، يىل ئاخىرىغىچە پۈتكۈل بويىچە جەمئىيەتتە ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان 119 تۈرلۈك ئۆلچەم بىرلىكى ئۆلچىمى ئورنىتىلىپ، ئىشلىتىلىۋاتقان ئۆلچەم بىرلىكى ئۆلچىمى ۋە 530 دانە خىزمەت ئۆلچەم ئەسۋابىنىڭ ھەممىسى تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى، تەكشۈرۈلۈش نىسبىتى 100% كە يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 708 مىڭ 303 دانە ئۆلچەم ئەسۋابى تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەجبۇرىي تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن ئۆلچەم ئەسۋابى 506 مىڭ 701 دانە.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۇيپىڭ

## ئۆلچەم بىرلىكىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئورۇنلىرىنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈردى. 1792 دوختۇرخانا تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %79.3 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق دوختۇرخانا 13، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %92.31، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق دوختۇرخانا 546، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %91.39؛ ناھىيە (شەھەر) لىك دوختۇرخانا 655، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %84.89؛ ساھەلەرنىڭ دوختۇرخانىسى 57، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %33.33؛ جەمئىيەت باشقۇرغان دوختۇرخانا 430، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %64.88؛ ئارمىيە، قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ دوختۇرخانىسى 91، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %61.54. ئېلېكتروكاردىئوگراما قاتارلىق 14 خىل 5307 ئۆلچەم ئەسۋابى تەكشۈرۈلدى، ئىناۋەتلىك تەكشۈرۈپ بېكىتىش گۇۋاھنامىسى بارلىرى 4377 دانە، لاياقەتلىكى 4165 دانە، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %78.48 بولدى، تەكشۈرۈشتە دۆلەتنىڭ تەلىپىدىن 13.52 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەن چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە CT دىئاگنوز قويۇش ئاپپاراتىنىڭ لاياقەتلىك نىسبىتى ئاران %48.72 بولدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق، مەسىلە ئېغىر بولسىمۇ، تۈزىتىشنى رەت قىلغان 59 دوختۇرخانا جازالاندى. «15 - مارت» پائالىيىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئۇلۇغناي راۋىقى، بېيىيۈەنچۈن توپ سېتىش بازارلىرىدىكى 16 خىل مىقدارلىق قاچىلانغان تاۋار، 43 دانە ئۆلچەم ئەسۋابى ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، ئارىلاپ تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %56.2 بولدى؛ «جۇڭگەن» يولىدىكى مال سېتىۋېلىشتا خاتىرجەم بولۇش كوچىسىدىكى 6 سودا ئورنىدىكى 10 تۈرلۈك 48 خىل مىقدارلىق قاچىلانغان تاۋار ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %97.9 كە يەتتى. پاختا سېتىۋېلىش مەزگىلىدە، پاختا سېتىۋېلىشتا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئۆلچەم ئەسۋابلىرى نازارەت قىلىنىپ تەكشۈرۈلدى، 5 خىل 335 دانە ئەسۋاب ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولغىنى 315 بولۇپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %94.03 كە يەتتى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۈيىڭ

## ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 2000 - يىلى 6 كارخانىنىڭ ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى ياساش ئىجازەتنامىسى ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلدى، 5 كارخانا سىناقتا لاياقەتلىك بولۇپ، ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى ياساش ئىجازەتنامىسى بېرىلدى؛ 9 كارخانىنىڭ ئۆلچەش ئەسۋابلىرى ئۈلگىسىنى سىناق قىلىش ئىلتىماسى قوبۇل قىلىندى، 7 كارخانىنىڭ ئۈلگىسى تەكشۈرۈلۈپ بولدى ھەم ئۆلچەش ئەسۋابى ئۈلگىسىنى سىناق قىلىشتا لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى بېرىلدى، يىل ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە 56 خىل ئۆلچەش ئەسۋابلىرى يېڭى مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۈلگىسى سىناق قىلىنىپ، 63 كارخانا «ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى ياساش ئىجازەتنامىسى» ئالدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۈيىڭ

## تەجرىبىخانا باشقۇرۇشنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 2000 - يىلى دۆلەتلىك تەجرىبىخانىلارنى ئەنگە ئېلىشنى ئېچىش قىسمىدا تەكشۈرگۈچى خادىملارنى تەربىيىلەش بويىچە بىر قارار كۇرس ئېچىپ، 65 ئېچىش قىسمىدا تەكشۈرگۈچىنى تەربىيىلىدى. «ئاپتونوم رايوننىڭ سۈپەت تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئۆلچەم بىرلىكلىرىگە گۇۋاھلىق بېرىش ۋە تەكشۈرۈپ ئېتىراپ قىلىش (تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش) خىزمەت تەرتىپىگە ئالاقىدار بەلگىلىمىسى» نى تارقىتىپ، ناھىيە دەرىجىلىك مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتلىرىنىڭ «ئىككىنى بىر قىلىپ» تەجرىبىخانىلارنى باھالاش ۋە تەكشۈرۈشدە، ئۆلچەم بىرلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش، نەق مەيداندا سىناق قىلىشنى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىلىرىغا ھاۋالە قىلدى. مۇتەخەسسىسلەر باھالاش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئۆلچەم بىرلىكلىرىگە گۇۋاھلىق بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان ئاپپاراتلارنى تەكشۈرۈپ باھالىدى، 61 تەكشۈرۈش ئاپپاراتى سىناق قىلىشتا لاياقەتلىك بولۇپ، ئۇلارغا «ئۆلچەم بىرلىكلىرىگە گۇۋاھلىق بېرىش لاياقەتنامىسى» تارقىتىپ بەردى ھەم دۆلەت بىر تۇتاش بەلگىلىگەن ئۆلچەم بىرلىكلىرىگە گۇۋاھلىق بېرىش بەلگىسى ۋە نومۇرىنى ئىشلىتىشكە قوشۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلچەم بىرلىكلىرىگە گۇۋاھلىق بېرىشنى قايتا تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولغان ئورۇن 32 (قوشۇمچە — 1)، تۇنجى قېتىملىق ئۆلچەم بىرلىكلىرىگە گۇۋاھلىق بېرىشتە لاياقەتلىك بولغان ئورۇن 29 (قوشۇمچە — 2)، 6 ئورۇن تىزىمدىن ئۆچۈرۈلدى. شىنجاڭ يەم - بوغۇز مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى، شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى

مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى، شىنجاڭ يىپەك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى، شىنجاڭ تاش كان، ياقۇت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى، شىنجاڭ كارتوگرافىيە مەھسۇلاتلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى، گوچۇڭ ناھىيىسى سۈپەت ۋە ئۆلچەم بىرلىكلىرىنى تەكشۈرۈش پونكىتىدىن ئىبارەت 6 ئورۇن شىنجاڭ سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىنى سىناق قىلىشدا ئېتىراپ قىلىنىپ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا لاياقەتلىك بولۇپ، مۇناسىپ مەھسۇلاتلارنى تەكشۈرۈش سالاھىيىتىنى ھازىرلىدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۈيپىڭ

## قوشۇمچە — 1

**ئۆلچەم بىرلىكلىرىگە گۇۋاھلىق بېرىشنى قايتا تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولغان ئورۇنلار**

شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى ماشىنىسازلىق مەھسۇلاتلىرى سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى، شىنجاڭ ئانالىز قىلىش - ئۆلچەش مەركىزى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى، شىنجاڭ يىپەك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى، شىنجاڭ تاش كان، ياقۇت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى نېفىتلىك يەر يۈزى خىمىيىسى دورىسىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى نېفىتتە مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان پولات ماتېرىيالنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى، قاراماي شەھەرلىك ئاپتوموبىلنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش پونكىتى، شىخەنزە شەھەرلىك بىناكارلىق قۇرۇلمىلىرى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش - ئۆلچەش مەركىزى، شىنجاڭ نېفىت ئاساسىي قۇرۇلۇشى سۈپىتىنى نازارەت قىلىش پونكىتى ماتېرىيال سىناق قىلىش مەركىزى، ئىلى ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىش پونكىتى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىش پونكىتىنىڭ مەركىزىي تەجرىبىخانىسى، كۈيتۇڭ شەھىرى قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى تاشيول قۇرۇلۇشى سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 4 - شى قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىش پونكىتى، بورتالا ئوبلاستلىق دورا تەكشۈرۈش پونكىتى، شىنجاڭ قۇمۇل كۆمۈر سۈپىتىنى تەكشۈرۈش مەركىزى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مۇھىت ئىلمىي تەتقىقات - ئۆلچەش مەركىزىي پونكىتى، خوتەن ۋىلايەتلىك مۇھىت تەكشۈرۈش پونكىتى، شىخەنزە شەھەرلىك مۇھىت ئۆلچەش پونكىتى، كۈيتۇڭ شەھىرى مۇھىت ئاسراش - ئۆلچەش پونكىتى، شىنجاڭ ھايۋانات دورىسى، يەم - بوغۇزنى تەپتىش قىلىش پونكىتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئورنى ئاشلىق زىرائەتلىرى تەتقىقات ئورنى بۇغداي سۈپىتىنى ئانالىز قىلىش ئىشخانىسى، شىخەنزە ھايۋانات دورىلىرى، يەم - بوغۇزنى ئۆلچەش پونكىتى، شىنجاڭ كارتوگرافىيە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى، شىنجاڭ سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، ئاقسۇ شەھەرلىك سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، كورلا شەھەرلىك سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، قەشقەر شەھەرلىك سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، ئىلى ۋىلايەتلىك قاتناش ئىدارىسى تاشيول بىناكارلىق قۇرۇلۇشى تەجرىبىخانىسى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك سۇچىلىق ئىدارىسى تۇپا قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى تەجرىبىخانىسى، شىنجاڭ نېفىت، تەبىئىي گاز مەھسۇلاتلىرىنى نازارەت قىلىش - ئۆلچەش مەركىزى.

## قوشۇمچە — 2

**تۇنجى قېتىم ئۆلچەم بىرلىكلىرىگە گۇۋاھلىق بېرىشتە لاياقەتلىك بولغان ئورۇنلار**

شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش باش شىركىتىنىڭ كلاپان تەكشۈرۈش مەركىزى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابى تېخنىكىلىق نازارەت قىلىش - ئۆلچەش مەركىزى، ئاقسۇ تاشيول باش ئۆچاستكىسى تاشيول قۇرۇلۇشىنى سىناق قىلىش - تەكشۈرۈش - ئۆلچەش مەركىزى، ئالتاي ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىلنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش مەركىزى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش مەركىزى، ئالتاي تاشيول باش ئۆچاستكىسى مەركىزىي تەجرىبىخانىسى، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 5- شى قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىش شۆبە پونكىتى، يېزا ئىگىلىك 7 - شى قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش - ئۆلچەش پونكىتى، جىڭ ناھىيىلىك بىناكارلىق قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىش پونكىتى، شىنجاڭ يول - كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى باش شىركىتى 2 - قۇرۇلۇش باشقارمىسى تەجرىبىخانىسى، شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى بىناكارلىق قۇرۇلۇش سۈپىتىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش مەركىزى، تارباغاتاي تاشيول باش ئۆچاستكىسى مەركىزىي تەجرىبىخانىسى، شىنجاڭ ئېۋىرغول

كۆمۈر سۈپىتىنى تەكشۈرۈش مەركىزى، ئالتاي ۋىلايەتلىك مۇھىت نازارەت قىلىش - ئۆلچەش پونكىتى، شىنجاڭ شەھەرلەرنى تەمىنلەيدىغان سۇنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - ئۆلچەش تورى شىخەنزە ئۆلچەش پونكىتى، قەشقەر شەھەرلىك مۇھىت نازارەت قىلىش - ئۆلچەش پونكىتى، بىڭتۇەن مۇھىت نازارەت قىلىش - ئۆلچەش مەركىزىي پونكىتى، بورتالا ئوبلاستلىق مۇھىت نازارەت قىلىش - ئۆلچەش پونكىتى، كۈيتۇڭ سۇ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - ئۆلچەش پونكىتى، شىنجاڭ شەھەرلەرنى تەمىنلەيدىغان سۇنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - ئۆلچەش تورى شىخو نازارەت قىلىش - ئۆلچەش پونكىتى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مۇھىت نازارەت قىلىش - ئۆلچەش پونكىتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئۇرۇق سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى، ئالتاي شەھەرلىك سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش قوماندانلىق شتابى سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، سۇچىلىق مىنىستىرلىكى شىنجاڭ سۇچىلىق، سۇ ئېلېكتر تەكشۈرۈش - ئۆلچەش - لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەجرىبە - تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى شىركىتى ئېنېرگىيە تېجەشنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش مەركىزى، بىڭتۇەن ئۇرۇق سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش مەركىزى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشىنى ئاسراش - باشقۇرۇش باشقارمىسى مەركىزىي تەجرىبىخانىسى، گۇچۇڭ ناھىيىلىك سۈپەت ۋە ئۆلچەم بىرلىكلىرىنى تەكشۈرۈش پونكىتى.

## ئىجتىمائىي ئادىل ئۆلچەم ۋاستىچى ئاپپاراتلىرى

ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 2000 - يىلى باھالاش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، بورتالا ئوبلاستلىق «جېڭشىن» گىرنى ئادىل ئۆلچەش پونكىتى، شىخەنزە شەھەرلىك «رۇڭشىڭ» گىرنى ئادىل ئۆلچەش پونكىتى، سانجى ئوبلاستلىق ئادىل ئۆلچەش ئورنىنىڭ قۇتۇبى ناھىيىلىك ناھىيە بازىرى گىرنى ئادىل ئۆلچەش پونكىتى ۋە قۇتۇبى ناھىيىلىك «دافېڭ» گىرنى ئادىل ئۆلچەش پونكىتىنى ئۆلچەش گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، «ئىجتىمائىي ئادىل ئۆلچەش ئورنى (پونكىتى) لاياقەتنامىسى» تارقىتىپ بەردى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 10 ئىجتىمائىي ۋاستىچى ئۆلچەم بىرلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش ساھەسى (پونكىتى) سىناق ئارقىلىق ئۆلچەم بىرلىكى بويىچە گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى، ئۆز مەمۇرىي رايونى ئىچىدە جەمئىيەتنى ئۆلچەم بىرلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۈيپىڭ

## ئۆلچەمنى يولغا قويۇش ۋە نازارەت قىلىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 2000 - يىلى شىنجاڭ سۇچىلىق نازارىتى بىلەن بىرلىشىپ سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇدۇقىنى باشقۇرۇشنىڭ يەرلىك ئۆلچىمىنى تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، 30 ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسىنى سىناق قىلىپ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، 27 كارخانا لاياقەتلىك بولۇپ گۇۋاھنامىگە ئېرىشتى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن «دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ ھۆججەت شەكلى» بويىچە دۆلەت ئۆلچىمىنى تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش كۇرسى ئاچتى، 128 تارماق ۋە ئورۇن ئۆگىنىشكە ئادەم قاتناشتۇردى. بېنزىن تازىلاش سۈيۇقلۇقىنى تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ يەرلىك ئۆلچىمى تارقىتىلدى، ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى بىلەن بىرلىشىپ ئۆلچەمنى يولغا قويۇش ئىشىنى ئۇيۇشتۇردى. كونۇپىرت، يېمەكلىك تاۋار بەلگىسى، گىرىم بۇيۇملىرىنىڭ تاۋار بەلگىسى قاتارلىق مۇھىم ئۆلچەملەرنى يولغا قويۇش، نازارەت قىلىشنى ئۇيۇشتۇردى، يېمەكلىك تاۋار بەلگىسى، گىرىم بۇيۇملىرىنىڭ تاۋار بەلگىسىدىن 3500 تۈركۈم (قېتىم) نى تەكشۈردى، تاۋار بەلگىسىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %89.5 ۋە %91.2 بولدى. 50 تۈركۈم (قېتىم) كونۇپىرتنى نازارەت قىلىپ تەكشۈردى. كونۇپىرتنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %84.3 كە يەتتى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۈيپىڭ

## تۈرغۇزۇلغان ئۆلچەملەرنى تەكشۈرۈش ۋە ھوقۇق بېرىشنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى 2000 - يىلى 52 ئورۇننىڭ 426 ئۆلچەم ستاندارتىنى تەكشۈردى (قايتا تەكشۈردى)، 420 يۈرۈش ئۆلچەم ستاندارتىغا لاياقەتنامە بەردى، 4 يۈرۈش جەمئىيەت ئۆلچەم ستاندارتى گۇۋاھنامىسى بەردى. 12 ئورۇنغا قانۇن بويىچە ئۆلچەم ستاندارتىنى تەكشۈرۈش ھوقۇقى بېرىپ، 12 يۈرۈش ئۆلچەم ھوقۇقى گۇۋاھنامىسى بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە 8 ئورۇنغا جەمئىيەتتە ئىشلىتىلىدىغان 31 ئۆلچەم ستاندارتىنى مەجبۇرىي تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋە غەيرىي مەجبۇرىي تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتىنى ئىشلەش؛ 6 ئورۇنغا ئىچكى قىسىمدا ئىشلىتىلىدىغان 24 ئۆلچەم ستاندارتىنى مەجبۇرىي تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋە غەيرىي مەجبۇرىي تەكشۈرۈپ بېكىتىش

خىزمىتىنى ئىشلەش ھوقۇقى بەردى. يىل ئاخىرىغىچە سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارمىقىنىڭ تەكشۈرۈشىدە لاياقەتلىك بولغان، قەرەللىك ئۆتۈپ كەتمىگەن ئۆلچەم ستاندارتى 989 غا، ھوقۇق بېرىلگەن ئورۇن 55 كە يەتتى. 247 تۈر بويىچە جەمئىيەتتە پاكى ئىچكى قىسمىدا ئۆلچەمنى مەجبۇرىي تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۈيىڭ

## ئۆلچەم ئۇچۇرى خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىنىڭ ۋاكالەت نومۇرىنى باشقۇرۇش مەركىزى ئاپتونوم رايون بويىچە ۋاكالەت نومۇرى گۇۋاھنامىسىنى بېجىرىش نۇقتىسىنى تورلاشتۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، يىل ئاخىرىدا مەملىكەت بويىچە تەشكىلىي ئاپپاراتلارنىڭ ۋاكالەت نومۇرىنى باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. ۋاكالەت نومۇرى گۇۋاھنامىسىنى بېجىرگۈچى 81 نۇقتىنىڭ ھەممىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك تورلاشتۇرۇلۇپ، ۋاكالەت نومۇرى خاتا بولۇپ قېلىش نىسبىتى ئەسلىدىكى 10 مىڭدىن 2 دىن 10 مىڭدىن بىرگە تۆۋەنلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 27 مىڭ يۈرۈش ۋاكالەت نومۇرى سەپلەپ بېرىلىپ، يېڭىدىن كۆپەيگەن، تۈزىتىلگەن، قەرەللىك تۇشۇپ ئالماشتۇرۇلغان گۇۋاھنامە 25 مىڭغا يەتتى، بۇ بىر يىلدا 65 مىڭ دانە ۋاكالەت نومۇرى گۇۋاھنامىسى تەكشۈرۈلدى، 27 مىڭ دانە IC كارتىسى باساپ تارقىتىلدى. يىل ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە 171 مىڭ 200 دانە ۋاكالەت نومۇرى گۇۋاھنامىسى تارقىتىلدى. شىنجاڭ شتات كومىتېتى، مالىيە نازارىتى قاتارلىق تارماقلار ۋە ئورۇنلار 93 مىڭ ۋاكالەت نومۇرى ئۇچۇرى بىلەن تەمىنلەندى. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىلىرىدا رەت نومۇرى كەسپىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش نۇقتىسى تەسىس قىلىندى، رەت نومۇرى سىستېمىسىغا 28 ئەزا قوبۇل قىلىندى، 55 كارخانىنىڭ بۇ خىزمەتنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىندى. يىل ئاخىرىغىچە بۇ سىستېمىغا 126 ئەزا قوبۇل قىلىندى، 110 كارخانىدا داۋاملىق قانات يايدۇرۇلدى. رەت نومۇرنى باسىدىغان 7 باسما كارخانىسىنىڭ سالاھىيىتى ئېتىراپ قىلىندى، رەت نومۇرنى تەكشۈرۈش كۈچەيتىلدى، 116 كارخانىنىڭ تاۋار رەت نومۇرىغا ئائىت 400 سانلىق مەلۇماتى توپلىنىپ، رەت نومۇرنى بېسىش سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بىر يىلدا يېڭىدىن 4300 ئۆلچەم سېتىۋېلىنىپ، ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان 3400 ھەرخىل ئۆلچەم شاللىۋېتىلدى، سورۇشتۇرۇپ كەلگەن 3480 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ئۇلار 5958 تۈرلۈك ئۆلچەم مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەندى. يىل ئاخىرىغىچە ئامباردا ساقلانغان ئىناۋەتلىك ئۆلچەم سانى 47 مىڭ 331 گە يەتتى.

جاۋ شاۋشۇاڭ، ۋاڭ سۈيىڭ

# پورت باشقۇرۇش

## پورتلارنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

ئاپتونوم رايوندىكى پورتلاردىن 2000 - يىلى 568 مىڭ 446 كىشى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈلۈپ، 1999 - يىلدىكىدىن %5.5 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ساياھەتچى 372 مىڭ 396 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، %3.5، ئۆزئارا سودا قىلىش ئۈچۈن ئۆتكەن چېگرا ئاھالىسى 17 مىڭ 894 بولۇپ، %36.2 ئازىيىپ كەتتى. خىزمەتچى 161 مىڭ 860 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، %5.62 ئاشتى، ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋالغانلار 16 مىڭ 296 ئادەم (قېتىم) بولدى.

ئاپتونوم رايوندىكى پورتلاردىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈلگەن قاتناش قورالى 105 مىڭ 566 بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن %6 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئايروپىلان 2515 دانە (قېتىم)، پويىز 3666 يۈرۈش (قېتىم)، ئاپتوموبىل 99 مىڭ 385 دانە (قېتىم).

ئاپتونوم رايوندىكى پورتلاردىن ئۆتكۈزۈلگەن يۈك 5 مىليون 135 مىڭ 237 توننا (تۆمۈريول بىلەن ئۆتكۈزۈلگىنى 4 مىليون 270 مىڭ 517 توننا، تاشيول بىلەن ئۆتكۈزۈلگىنى 845 مىڭ 456 توننا، ئاۋىئاتسىيە يولى بىلەن ئۆتكۈزۈلگىنى 19 مىڭ 264 توننا) بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن %20.1 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە كىرگۈزۈلگىنى 4 مىليون 98 مىڭ 733 تونىنىغا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %17.3 ئاشتى؛ چىقىرىلغىنى 1 مىليون 36 مىڭ 504 توننا (ئادەتتىكى سودىدا چىقىرىلغىنى 877 مىڭ 339 توننا، چېگرا ئاھالىسى ئۆزئارا بازار قىلىش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگىنى 54 مىڭ 534 توننا، ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنىپ ئۆتكۈزۈلگەن مال 104 مىڭ 631 توننا) غا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %32.9 ئاشتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە چېگرا سودىسىنىڭ سوممىسى 1 مىليارد 704 مىليون دوللارغا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %59.6 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە كىرگۈزۈلگىنى 879 مىليون دوللار، چىقىرىلغىنى 825 مىليون دوللار (ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنغان مال سوممىسى 125 مىليون دوللار، چېگرا ئاھالىسى ئۆزئارا بازار قىلغان سومما 83 مىليون 350 مىڭ دوللارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە). ئاپتونوم رايون بويىچە پورتلاردا ئورۇندالغان تاموژنا بېجى 1 مىليارد 446 مىليون يۈەن بولدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە پورتلاردىن كىرگۈزۈلگەن

ئاساسلىق ماللار: كىرەكسىز پولات، كىرەكسىز تۆمۈر، كىرەكسىز ئالىيۇمىن، ياغاچ ماتېرىيال، نېفىت، پاختا، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى، خىمىيىۋى ئوغۇت، تېببىي دورا، سانائەت ماشىنىلىرى، قەغەز ھەمدە مەدەنىيەت - ماتارىپ بۇيۇملىرى، كۆن - خۇرۇم، يۇڭ - تېرىدىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار، مېتاللوئىدلىق رۇدا تاش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

چىقىرىلغان ماللار: كوكس، نېفىت، پولات ماتېرىيال، مېتاللوئىدلىق رۇدا تاش، كان مەھسۇلاتى قۇرۇلۇش ماتېرىيالى، ئاشلىق، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى، سانائەت ماشىنىلىرى، ئېلېكترون، ئېلېكتر ماشىنىلىرى، دېھقانچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى، يېمەك - ئىچمەك ھەمدە كۆك تاماكا مەھسۇلاتلىرى، مېتالدىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

پورتلارنىڭ ئەھۋالى:

ئالاتاۋ ئېغىزى پورتىدىن ئۆتكەن يولۇچى 41 مىڭ 902 ئادەم - قېتىم (كىرگىنى 23 مىڭ 525 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 18 مىڭ 377 ئادەم - قېتىم) ، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريول بىلەن ئۆتكىنى 39 مىڭ 345 ئادەم - قېتىم (كىرگىنى 22 مىڭ 379 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 16 مىڭ 966 ئادەم - قېتىم) ، تاشيول بىلەن ئۆتكىنى 2557 ئادەم - قېتىم (كىرگىنى 1146 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 1411 ئادەم - قېتىم) ؛ ئۆتكۈزۈلگەن يۈك 4 مىليون 373 مىڭ 282 توننا (كىرگۈزۈلگىنى 3 مىليون 778 مىڭ 943 توننا، چىقىرىلغىنى 594 مىڭ 339 توننا) ، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريول بىلەن ئۆتكۈزۈلگىنى 4 مىليون 270 مىڭ 517 توننا (كىرگۈزۈلگىنى 3 مىليون 773 مىڭ 627 توننا، چىقىرىلغىنى 496 مىڭ 891 توننا) ، تاشيول بىلەن ئۆتكۈزۈلگىنى102 مىڭ 765 توننا (كىرگۈزۈلگىنى 5316 توننا، چىقىرىلغىنى 97 مىڭ 449 توننا) . چېگرا سودىسىنىڭ سوممىسى 720 مىليون دوللار (كىرگۈزۈلگىنى 610 مىليون دوللار، چىقىرىلغىنى 110 مىليون دوللار) بولدى.

قورغاس پورتىدىن ئۆتكەن يولۇچى 85 مىڭ 537 ئادەم - قېتىم (كىرگىنى 38 مىڭ 148 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 47 مىڭ 389 ئادەم - قېتىم) ، ئۆزئارا بازار قىلىش ئۈچۈن ئۆتكەن چېگرا ئاھالىسى 17 مىڭ 894 ئادەم - قېتىم، ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۆتكىنى 12 مىڭ 704 ئادەم - قېتىم؛ ئۆتكۈزۈلگەن يۈك 290 مىڭ 487 توننا (كىرگۈزۈلگىنى 39 مىڭ 333 توننا، چىقىرىلغىنى 153 مىڭ 864 توننا، ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنىپ ئۆتكۈزۈلگەن يۈك 52 مىڭ 615 توننا، چېگرا ئاھالىسى ئۆزئارا بازار قىلىش ئۈچۈن ئۆتكۈزگىنى 44 مىڭ 675 توننا) . چېگرا سودىسىنىڭ سوممىسى 440 مىليون دوللار (كىرگۈزۈلگىنى 27 مىليون 573 مىڭ دوللار، چىقىرىلغىنى 270 مىليون دوللار، ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنغىنى 67 مىليون 583 مىڭ دوللار، چېگرا ئاھالىسى ئۆزئارا بازار قىلىشتا ئېشىپ ئاشۇرۇلغان سوممىسى 70 مىليون 598 مىڭ دوللار) .

جېمىنەي پورتىدىن ئۆتكەن يولۇچى 6063 ئادەم - قېتىم (كىرگىنى 2904 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 3159 ئادەم - قېتىم) ، ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۆتكىنى 1656 ئادەم - قېتىم؛ ئۆتكۈزۈلگەن يۈك 110 مىڭ 166 توننا (كىرگۈزۈلگىنى 101 مىڭ 721 توننا، چىقىرىلغىنى 3739 توننا، ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنىپ ئۆتكۈزۈلگىنى 4706 توننا) . چېگرا سودىسىنىڭ سوممىسى 104 مىليون دوللار (كىرگۈزۈلگىنى 93 مىليون 830 مىڭ دوللار، چىقىرىلغىنى 4 مىليون 580 مىڭ دوللار، ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنغىنى 5 مىليون 193 مىڭ دوللار) .

باقتۇ پورتىدىن ئۆتكەن يولۇچى 10 مىڭ 456 ئادەم - قېتىم (كىرگىنى 5084 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 5372 ئادەم - قېتىم) ، ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۆتكىنى 1602 ئادەم - قېتىم؛ ئۆتكۈزۈلگەن يۈك 111 مىڭ 52 توننا (كىرگۈزۈلگىنى 42 مىڭ 653 توننا، چىقىرىلغىنى 27 مىڭ 292 توننا، ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنىپ ئۆتكۈزۈلگىنى 41 مىڭ 105 توننا) . چېگرا سودىسىنىڭ سوممىسى 160 مىليون دوللار (كىرگۈزۈلگىنى 29 مىليون 3000 دوللار، چىقىرىلغىنى 80 مىليون 467 مىڭ دوللار، ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنغىنى 49 مىليون 845 مىڭ دوللار) بولدى.

دۇلاتا پورتىدىن چېگرا ئاھالىسى ئۆزئارا بازار قىلىش ئۈچۈن ئۆتكۈزگەن مال 8690 توننا، چېگرا سودىسىنىڭ سوممىسى 12 مىليون 407 مىڭ 500 دوللار بولدى.

تېمىرتام پورتىدىن ئۆتكەن يولۇچى 2168 ئادەم - قېتىم (كىرگىنى 1119 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 1049 ئادەم - قېتىم) . ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋالغۇچىلار 334 ئادەم - قېتىم؛ ئۆتكۈزۈلگەن يۈك 10 مىڭ 468 توننا (كىرگۈزۈلگىنى 9205 توننا، چىقىرىلغىنى 1245 توننا، ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنىپ ئۆتكۈزۈلگىنى 18 توننا) . چېگرا سودىسىنىڭ سوممىسى 4 مىليون 249 مىڭ 900 دوللار (كىرگۈزۈلگىنى 2 مىليون 125 مىڭ 200 دوللار، چىقىرىلغىنى 2 مىليون 32 مىڭ 700 دوللار، ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋېلىنغىنى 92 مىڭ دوللار) .

ئۇلاستاي پورتىدىن ئۆتكەن يولۇچى 8309 ئادەم - قېتىم (كىرگىنى 4076 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 4233 ئادەم - قېتىم) ؛ ئۆتكۈزۈلگەن يۈك 3346 توننا (كىرگۈزۈلگىنى 1061 توننا، چىقىرىلغىنى 2285 توننا) . چېگرا سودىسىنىڭ

سوممىسى 2 مىليون 862 مىڭ 800 دوللار (كىرگۈزۈلگىنى 1 مىليون 898 مىڭ دوللار، چىقىرىلغىنى 964 مىڭ 800 دوللار).

تاپكېشكەن پورتىدىن ئۆتكەن يولۇچى 35 مىڭ 653 ئادەم - قېتىم (كىرگىنى 17 مىڭ 858 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 17 مىڭ 795 ئادەم - قېتىم)؛ ئۆتكۈزۈلگەن يۈك 16 مىڭ 82 توننا (كىرگۈزۈلگىنى 626 توننا، چىقىرىلغىنى 8395 توننا، ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنىپ ئۆتكۈزۈلگىنى 5892 توننا، چېگرا ئاھالىسى ئۆزئارا بازار قىلىش ئۈچۈن ئۆتكۈزگەن مال 1169 توننا). چېگرا سودىسىنىڭ سوممىسى 7 مىليون 816 مىڭ 600 دوللار (كىرگۈزۈلگىنى 3 مىليون 177 مىڭ دوللار، چىقىرىلغىنى 1 مىليون 981 مىڭ 900 دوللار، ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنغان مال 2 مىليون 16 مىڭ 700 دوللار، چېگرا ئاھالىسىنىڭ ئۆزئارا بازار قىلىشىدىن بولغان سودا سوممىسى 341 مىڭ دوللار).

قىزىلتاغ ئېغىزى پورتىدىن ئۆتكەن يولۇچى 3246 ئادەم - قېتىم، بۇنىڭ ئىچىدە كىرگىنى 1632 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 1614 ئادەم - قېتىم (ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋالغانلار سانىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە)؛ ئۆتكۈزۈلگەن يۈك 461 توننا (كىرگۈزۈلگىنى 44 توننا، چىقىرىلغىنى 122 توننا، ساياھەت قىلغاچ سېتىۋېلىنىپ ئۆتكۈزۈلگىنى 295 توننا). چېگرا سودىسىنىڭ سوممىسى 190 مىڭ 600 دوللار (كىرگۈزۈلگىنى 84 مىڭ 300 دوللار، چىقىرىلغىنى 6238 دوللار، ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋېلىشتىن بولغان سودا سوممىسى 100 مىڭ 100 دوللار).

تورغات پورتىدىن ئۆتكەن يولۇچى 14 مىڭ 657 ئادەم - قېتىم (كىرگىنى 7440 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 7217 ئادەم - قېتىم)؛ ئۆتكۈزۈلگەن يۈك 124 مىڭ 732 توننا (كىرگۈزۈلگىنى 90 مىڭ 743 توننا، چىقىرىلغىنى 33 مىڭ 989 توننا). چېگرا سودىسىنىڭ سوممىسى 153 مىليون دوللار (كىرگۈزۈلگىنى 72 مىليون 497 مىڭ دوللار، چىقىرىلغىنى 80 مىليون 436 مىڭ دوللار).

ئەركەشتام پورتىدىن ئۆتكەن يولۇچى 1005 ئادەم - قېتىم (كىرگىنى 502 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 503 ئادەم - قېتىم)؛ ئۆتكۈزۈلگەن يۈك 52 مىڭ 256 توننا (كىرگۈزۈلگىنى 40 مىڭ 350 توننا، چىقىرىلغىنى 11 مىڭ 906 توننا). چېگرا سودىسىنىڭ سوممىسى 59 مىليون 207 مىڭ 800 دوللار (كىرگۈزۈلگىنى 31 مىليون 963 مىڭ 400 دوللار، چىقىرىلغىنى 27 مىليون 244 مىڭ 400 دوللار).

قونجىراپ پورتىدىن ئۆتكەن يولۇچى 18 مىڭ 627 ئادەم - قېتىم (كىرگىنى 9430 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 9197 ئادەم - قېتىم)؛ ئۆتكۈزۈلگەن يۈك 14 مىڭ 954 توننا (كىرگۈزۈلگىنى 2015 توننا، چىقىرىلغىنى 12 مىڭ 939 توننا). چېگرا سودىسىنىڭ سوممىسى 18 مىليون 931 مىڭ 800 دوللار (كىرگۈزۈلگىنى 2 مىليون 463 مىڭ 400 دوللار، چىقىرىلغىنى 16 مىليون 468 مىڭ 400 دوللار).

ئۈرۈمچى ئايروپورتىدىن ئۆتكەن يولۇچى 144 مىڭ 773 ئادەم - قېتىم (كىرگىنى 72 مىڭ 593 ئادەم - قېتىم، چىققىنى 72 مىڭ 180 ئادەم - قېتىم)؛ ئۆتكۈزۈلگەن يۈك 19 مىڭ 264 توننا (چىقىرىلغىنى 19 مىڭ 264 توننا). چېگرا سودىسىنىڭ سوممىسى 24 مىليون 734 مىڭ 800 دوللار (چىقىرىلغىنى 24 مىليون 734 مىڭ 800 دوللار).

ئابباس ئابدۇللا

### 2 - خىل 2 پورت سىرتقا رەسمىي ئېچىۋېتىلدى

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قەشقەر ئوتتۇرا - غەربىي ئاسىيا خەلقئارا سودا بازىرى بىلەن سانجى ئوتتۇرا ئاسىيا سودا شەھىرى ئۇنىۋېرسال توپ سېتىش بازىرىدىن ئىبارەت 2 - خىلدىكى 2 پورت رەسمىي ئېچىۋېتىلدى.

ئابباس ئابدۇللا

## تاموژنا

### تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش مەشغۇلاتى ئىسلاھ قىلىندى

2000 - يىلى ئۈرۈمچى تاموژنىسى H883/ED15.0 نىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسىدىكى تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش سىستېمىسىنى قۇراشتۇرۇش، سىناش ۋە كېڭەيتىپ قوللىنىش خىزمىتىنى تاماملىدى، تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش بويىچە 46 بالا سىستېمىنىڭ ھەرىكىتى مۇقىم بولۇپ، تالونلارنى مەركەزلىك تەكشۈرۈش مەشغۇلاتى ئەمەلىيسى ئىشقا ئاشتى. تاموژنىلار ئارا ئالاقە تورى بەرپا قىلىنىپ، رەقەملىك ۋاقىتلاشتۇرۇش ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ ئالاتاۋ ئېغىزى، قەشقەر تاموژنىلىرىنىڭ ساختىلىقتىن ساقلىنىش ئاپپارات ئۈسكۈنىسى بېزەش ۋە ئىنفرا قىزىل نۇر سپېكترلىق ئانالىز ئەسۋابى قاتارلىق بىر يۈرۈش ئۈسكۈنىلەرنى قۇراشتۇرۇش، تەڭشەش ۋەزىپىسى تاماملاندى، تاموژنا ئۈچۈرىغا دائىر مەخپىي نومۇرنى دەللەش سىستېمىسىنى قۇراشتۇرۇش، تەڭشەش ۋە سىم ئالماشتۇرۇش خىزمىتى تاماملاندى؛ تاموژنىغا يوللىنىدىغان

قىلىندى ۋە باشقۇرۇلدى، بۇ 1999 - يىلدىكىدىن 2.3% كۆپ، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرىدىن چىققانلار 259 مىڭ 769 ئادەم (قېتىم)، چېگرىدىن كىرگەنلەر 250 مىڭ 711 ئادەم (قېتىم)؛ بىر يىلدا نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش ئارقىلىق چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن ۋە چىقىرىلغان پوچتا يوللانمىسى 370 مىڭ 100 دانە بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 13.3% ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەتبەئە بۇيۇمى، ئۈن - سىن بۇيۇمى 88 مىڭ 700 بولۇپ، 41.5% ئازايدى.

بىر يىلدا تاموژنىغا مەلۇم قىلىنغان ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال تالونىدىن بېجىرىلگىنى 102 مىڭ 700 پارچىغا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 31.3% كۆپەيدى. بىر يىلدا تاموژنىدا تىزىملىتىپ ئەنگە ئالدۇرغان كارخانا 669 غا يېتىپ، 4.5% كۆپەيدى. بېجىرىلگەن پىششىقلاش سودىسى قوللانمىسى 564 بولۇپ، 5.6%، بېجىرىلگەن تەكشۈرۈپ ھېساباتتىن ئۆچۈرۈلگەن پىششىقلاش سودىسى قوللانمىسى 183 بولۇپ، 60.3% ئازايدى. 691 مىڭ 200 يۈەن باج كۆتۈرۈۋېتىلدى ۋە تولۇقلاپ ئېلىندى، 8 مىليون 89 مىڭ يۈەن باج تەكشۈرۈپ تولۇقلاپ ئېلىندى.

ۋاڭ چۈەنجيې

## تاموژنا بېجى ئېلىش - باشقۇرۇش ئەھۋالى

2000 - يىلى ئۈرۈمچى تاموژنىسى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق تاموژنىلار ئالغان باج 1 مىليارد 446 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 35.38% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تاموژنا بېجى 356 مىليون يۈەن، ئىمپورت ھالقىلىرى بېجى 1 مىليارد 90 مىليون يۈەن. ئالاتاۋ ئېغىزى تاموژنىسى ئالغان باج 1 مىليارد يۈەنلىك چوڭ ئۆتكەلدىن، ئالتاي تاموژنىسى ئالغان باج 100 مىليون يۈەنلىك ئۆتكەلدىن ئۆتتى. ئۈرۈمچى تاموژنىسى باھا تەكشۈرۈش ئارقىلىق تولۇقلاپ ئالغان باج 29 مىليون 164 مىڭ يۈەن، ئېنىقلانغان قەرز قالغان باج 2 مىليون 980 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا كېمەيتىلگەن، كەچۈرۈم قىلىنغان تاموژنا بېجى، ئىمپورت ھالقىلىرى بېجى 1 مىليارد 60 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 79.03% ئاشتى.

ۋاڭ چۈەنجيې

## ئەتكەسچىلەرگە زەربە بېرىش ئەھۋالى

2000 - يىلى ئۈرۈمچى تاموژنىسى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق تاموژنىلار ئۇقتىسلىق رايون ۋە ئۇقتىسلىق پورتلاردا مەركەزلىك ھالدا ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىش بويىچە بىرلەشمە ھەرىكەت



ئۈرۈمچى تاموژنىسى چېگرىدىن چىقىدىغان ساياھەت ئاپتوموبىلىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرماقتا. تاموژنا تەمىنلىگەن.

تالونلاردىكى سانلىق مەلۇماتلارنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. كەسپلەرگە ماسلىشىپ، تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈشكە دائىر سانلىق مەلۇمات جەھەتتىكى خاتالىق نەق مەيداندا تۈزىتىلدى؛ تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ئىدارىسى، بانكا، كارخانىلار ئوتتۇرىغا قويغان مەسلىھەت ۋە ھەمكارلىشىپ تەكشۈرۈشكە دائىر ئەھۋاللار قانۇن بويىچە بېجىرىلدى.

ۋاڭ چۈەنجيې

## تاموژنا بويىچە نازارەتچىلىك قىلىش ۋە باشقۇرۇش ئەھۋالى

2000 - يىلى ئۈرۈمچى تاموژنىسى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق تاموژنىلارنىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشى بىلەن ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 5 مىليون 130 مىڭ توننىغا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 30.9% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت قىلىنغىنى 4 مىليون 337 مىڭ توننىغا يېتىپ، 26.2%، ئېكسپورت قىلىنغىنى 793 مىڭ توننىغا يېتىپ، 64% ئاشتى. ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان ماللارنىڭ قىممىتى 2 مىليارد 263 مىليون دوللارغا يېتىپ، 28.2% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت قىلىنغىنىنىڭ 1 مىليارد 59 مىليون دوللارغا يېتىپ، 43.6%، ئېكسپورت قىلىنغىنىنىڭ 1 مىليارد 204 مىليون دوللارغا يېتىپ، 17.2% ئاشتى؛ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئارقىلىق چېگرىدىن ئۆتكەن ترانسپورت قوراللى (ئاپتوموبىل، پويىز، ئايروپىلان) 252 مىڭ 800 بولۇپ، 4.6% ئازايدى.

بىر يىلدا چېگرىدىن كىرگەن - چىققان 510 مىڭ 400 ئادەم (قېتىم) نىڭ يۈك - تاق ۋە نەرسە - كېرەكلىرى نازارەت

ۋە مەخسۇس كۆرەش ئېلىپ باردى. بىر يىلدا بەلگىلىمىگە خىلاپ ئەتكەسچىلىك دېلوسىدىن 301 نى ئېنىقلاپ چىقتى، ئۇلارنىڭ قىممىتى 369 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ. 26 مىليون 460 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇپ ۋە مۇسادىرە قىلىپ يۇقىرىغا تاپشۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە زەھەر ئىشلەشكە ئىشلىتىلىدىغان خىمىيۋى ماددا ـ سىركە كىسلاتا ئانگىدرىدى 5.67 توننا، ئالىيۇمىن ئوكسىدى 1171 توننا، پولات ماتېرىيال 130 مىڭ توننا، كونىلىق ئەتكەس ئاپتوموبىل 141 دانە، مىلتىق 6 دانە، ئوق 120 پاي، پاپىرۇس 1300 بولاق، دوللار 260 مىڭ يۈەن، ئوۋ لاچىنى 62، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات بۇيۇمى، شەھۋانىي بۇيۇم ۋە «فالۇن گوڭپىسى» غا دائىر قانۇنسىز نەشر بۇيۇمى 12 مىڭ 858، قورۇقلۇق تاشپاقىسى 100، بۆكەن مۈڭگۈزى 2.997 كىلوگرام، مەدەنىيەت يادىكارلىقى 437 دانە، ئۆچكە تىۋىتى 756 كىلوگرام. ئەتكەسچىلىك قىلغان جىنايەت گۇماندارىدىن 58 ى تۇتۇلدى، 51 كىشىگە مەجبۇرلاش تەدبىرى قوللىنىلدى، 14 ئادەم قولغا ئېلىندى، 24 ئادەم تۇتۇپ تۇرۇلدى، 18 ئادەم تەكشۈرۈش تارماقلىرىنىڭ مەمۇرىي جەھەتتىن جازالىشىغا، 12 ئادەم ج خ ئورگانلىرىغا يوللاپ بېرىلدى.

ۋاڭ چۈنجيې

## سودا خاراكتېرىدىكى ماللار ۋە غەيرىي سودا خاراكتېرىدىكى ماللارنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئەھۋالى

2000 ـ يىلى ئۈرۈمچى تاموژنىسى مال ترانسپورتى جەھەتتىكى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش جەريانىدا ئىجازەتنامە، نورما ۋە باش مەھكىمىنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورتنى باشقۇرۇشقا دائىر بەلگىلىمىلىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، تارباغاتاي ۋە قەشقەردىكى ئېز پوچتا يوللانمىلىرىنى ئۈرۈمچىگە مەركەزلەشتۈرۈپ تۈتكۈزۈۋېلىش رەسمىيىتىنى بېجىردى. 2 ـ خىلدىكى پورت ۋە تاموژنا نازارەت قىلىدىغان ـ باشقۇرىدىغان مال دۆۋىلىرىنى ئېنىقلىدى ۋە تەرتىپكە سالدى، 24 سائەت چارلاش تۈزۈمىنى داۋاملىق يولغا قويدى. چەت ئەلگە چېتىلىدىغان ترانسپورت ئاپتوموبىللىرىنى ئېنىقلاپ تىزىملىدى، 765 كارخانىغا نىسبەتەن تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇشنى يولغا قويدى ھەمدە ھەج ـ تاۋاپقا بارىدىغان 1239 يولۇچىنىڭ يۈك ـ تاق، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇندىدى. نەق مەيداندا نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش كۈچلىرىنى تولۇقلاپ، زامانىۋى تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، نۇقتىلىق، سەزگۈر تاۋارلارغا بولغان ئۆلچەملىك نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ۋە ئىمپورت ـ ئېكسپورت ماللىرىنىڭ يۆرۈشۈش ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش شۇنىڭدەك نازارەت ـ كونترول قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سەزگۈر تاۋارلارغا نىسبەتەن نەق مەيداندا ئورۇنلاشتۇرۇپ كونترول قىلىش ۋە ئالدىن بەلگىلەنگەن ئورۇنلاشتۇرۇش ـ كونترول قىلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلىنىدىغان ماللارنى تەكشۈرۈپ قويۇۋېتىش سۈرئىتىنى تېزلەتتى.

ۋاڭ چۈنجيې

# چېگرىدىن چىققان ـ كىرگەنلەرنى تەكشۈرۈش ۋە كارانتىن قىلىش ئەھۋالى

## تەكشۈرۈش ـ كارانتىن قىلىش ئەھۋالى

2000 ـ يىلى شىنجاڭ چېگرىدىن چىققان ـ كىرگەنلەرنى تەكشۈرۈش ۋە كارانتىن قىلىش ئىدارىسى تەكشۈرگەن ۋە كارانتىن قىلغان ئىمپورت ـ ئېكسپورت تاۋارلىرى 90 مىڭ 126 تۈركۈم، قىممىتى 1 مىليارد 958 مىليون دوللار، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت تاۋارلىرى 20 مىڭ 730 تۈركۈم، قىممىتى 861 مىليون دوللار، تەكشۈرۈشتە لاياقەتسىز چىققىنى 159 تۈركۈم، قىممىتى 3 مىليون 520 مىڭ دوللار؛ ئىمپورت تاۋارلىرى 69 مىڭ 396 تۈركۈم، قىممىتى 1 مىليارد 97 مىليون دوللار، تەكشۈرۈشتە لاياقەتسىز چىققىنى 1317 تۈركۈم، قىممىتى 29 مىليون 700 مىڭ دوللار.

كارانتىن قىلىنىپ چېگرىدىن چىقىرىلغان ۋە كىرگۈزۈلگەن ھايۋانات، ئۆسۈملۈك شۇنىڭدەك ئۇلاردىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار 4422 تۈركۈم، قىممىتى 3 مىليارد 588 مىليون يۈەن خەلق پۇلى، بۇنىڭ ئىچىدە كارانتىن قىلىنىپ چېگرىدىن چىقىرىلغان ھايۋانات، ئۆسۈملۈك ۋە ئۇلاردىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار 1900 تۈركۈم، 262 مىڭ توننا، قىممىتى 2 مىليارد 272 مىليون يۈەن خەلق پۇلى؛ كارانتىن قىلىنىپ چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن ھايۋانات، ئۆسۈملۈك ۋە ئۇلاردىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار 2522 تۈركۈم، 13 مىڭ 600 توننا، 26 مىڭ 557 كۇب مېتىر، 3 مىليون 970 مىڭ پارچە، قىممىتى 1 مىليارد 316 مىليون يۈەن خەلق پۇلى. تەقىقكە خىلاپلىق قىلىپ چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن ھايۋانات مەھسۇلاتلىرى 110 تۈركۈم، قىممىتى تەخمىنەن 40 مىليون يۈەن خەلق پۇلى، بۇنىڭ ئىچىدە

چېگرىدىن قايتۇرۇپ چىقىرىۋېتىلگەن ئىسۋىت ـ يۇڭ، خام گۆش، يۇسۇن ئۇرۇقى قاتارلىقلار 240 توننا، تېرە 140 مىڭ پارچە، يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقالغان دۆلەتلەردىن كىرگۈزۈلگەن 38.2 توننا ھايۋانات مەھسۇلاتى كۆيدۈرۈۋېتىلدى؛ چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن ئۆسۈملۈك مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە 1 ـ خىلدىكى خەتەرلىك، زىيانلىق جانلىقلار بىر خىل، 11 تۈركۈم (قېتىم)، 2 ـ خىلدىكى خەتەرلىك، زىيانلىق جانلىقلار 4 خىل، ھەر بىرى بىر قېتىم، تاۋۇز چىرىش كېسىلى 2 قېتىم، جۇڭگو ـ روسىيە ئىككى تەرەپ چېگرا كېلىشىمىدە بەلگىلەنگەن زىيانلىق جانلىقلار 6 خىل، 15 قېتىم.

چېگرىدىن كىرگەن ـ چىققان 367 مىڭ 559 ئادەم (قېتىم) كارانتىن قىلىندى، 22 مىڭ 5 ئادەم (قېتىم) گە مۇداپىئە ۋاكسىنىسى ئەملەندى، يۇقۇملۇق كېسەللىكنى نازارەت قىلىش ـ كۆزىتىش بويىچە 32 مىڭ 26 ئادەم (قېتىم) نىڭ سالامەتلىكى تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈشتە ئەيدىز كېسىلى ئالامىتى (HIV) مۇسبەت چىققان ئادەمدىن 13ى، جىنسىي كېسەل بولغان، ئاۋستىرالىيە ئانتىگېنى مۇسبەت چىققان، تۇبېركۇليوز قاتارلىق ھەرخىل كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغان ئادەمدىن 1116 سى بايقالدى.

چېگرىدىن چىققان ـ كىرگەن قاتناش قوراللىرىدىن 77 مىڭ 97 (قېتىم) سى كارانتىن قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرىدىن چىققىنى 38 مىڭ 507 (قېتىم)، چېگرىدىن كىرگىنى 38 مىڭ 590 (قېتىم)، ئايروپىلان 1537 (قېتىم)، پويىز 3666 (قېتىم)، ئاپتوموبىل 71 مىڭ 894 (قېتىم). چېگرىدىن كىرگەن 295 پوچتا يوللانمىسى كارانتىن قىلىندى.

ئىمپورت قىلىنغان يېمەكلىكلەر بويىچە تازىلىقنى كارانتىن قىلىنغىنى، نازارەت قىلىنغىنى 12 تۈركۈم، ئېغىرلىقى 1251.4 توننا، مەسىلە بايقالغىنى بىر تۈركۈم، 427.2 توننا. نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش ۋە كارانتىن قىلىش ئارقىلىق چېگرىدىن چىقىرىلغان ياغاچ يەشىككە قاچىلانغان مال 79 تۈركۈم، 9063 دانە، بۇلار 47 ئېكسپورت كارخانىسىغا چېتىلىدۇ، ياغاچ يەشىككە قاچىلانغان ئېكسپورت ماللىرى زىياننى تۆگىتىش بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى، نەتىجىدە ئامېرىكا، ياپونىيە، قازاقىستان ۋە ياۋروپاغا چىقىرىلىدىغان تاۋارلار ئوڭۇشلۇق ئېكسپورت قىلىندى.

لى رۇيشىن

## نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئەھۋالى

2000 ـ يىلى شىنجاڭ تەكشۈرۈش ـ كارانتىن ئىدارىسى جىسمانىي ساغلاملىقنى، مۇھىتنى، دۆلەتنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىقنى ۋە ئىقتىسادىي بىخەتەرلىكىنى قوغداشنى چۆرىدەپ، چېگرىدىن كىرگەن ـ چىققانلارنى، چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن، چىقىرىلغان ئۇلىنىشلىق، سەزگۈر تاۋارلارنى ۋە چېگرىدىن چىقىرىلغان ـ كىرگۈزۈلگەن ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەرنى تەكشۈرۈش ۋە كارانتىن قىلىش، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، باشقۇرۇش، تەدبىر، مۇلازىمەتنى ئەمەلىيلەشتۈردى.

1. شىنجاڭ تەكشۈرۈش ـ كارانتىن قىلىش ئىدارىسى پاختا ئېكسپورتى جەھەتتە ئالدىنقى مەزگىللىك نازارەت قىلىش بىلەن كېيىنكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايونلارغا خادىم ئەۋەتىپ، پاختا ئېكسپورتىنى ماسلاشتۇرۇش يەنى ئېچىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىش ئارقىلىق، ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش، تاشقى سودا ئورۇنلىرىنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى ئەتراپلىق ئاڭلىدى. پاختىنىڭ يۈتكىلىشكە تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن، تەكشۈرۈپ قويۇۋېتىش سۈرئىتىنى تېزلەتتى. شىنجاڭ تەكشۈرۈش ـ كارانتىن ئىدارىسى تەكشۈرۈش ـ پىرىيوم قىلىش خادىملىرىنى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلىدىغان جايلاردا تۇرغۇزۇپ، پاختا پىرىيوم قىلىش مەشغۇلات قائىدىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەكشۈرۈش، ئۆلچەش سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاپتونوم رايونغا پاختا ئېكسپورتىغا دائىر ئۇچۇرلارنى قەرەللىك يوللاپ تۇردى، ئېكسپورت پاختىسى ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش، پاختا سۈپىتى، كېلىشىم تۈزۈش قاتارلىق جەھەتلەردە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىر يىلدا 14 مىڭ 12 تۈركۈم، 3 مىليون 310 مىڭ 419 تاي، 265 مىڭ توننىدىن ئارتۇق ئېكسپورت پاختىسىنى تەكشۈرۈش ۋە كارانتىن قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى.

2. 2000 ـ يىلى پاختا يىپ، يىرىك رەخت جەھەتتە خەلقئارا بازار ئەھۋالى ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى، ئېكسپورت مىقدارى زور ھەجىمدە ئاشتى. شىنجاڭ تەكشۈرۈش ـ كارانتىن ئىدارىسى تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، كارخانىلارنى تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇشنى يولغا قويدى ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىغا پائال ماسلىشىپ ئېكسپورتنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى، مەھسۇلاتتا سۈپەت مەسىلىسى كۆرۈلگەندە ۋاقتىدا قايتما ئۇچۇر يوللاپ، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئاساسىدا ئىسپات چىقىرىپ قويۇۋېتىپ، ئوخشاش خىلدىكى مەھسۇلاتنىڭ 2 ـ قېتىم تەكشۈرۈشكە يولۇقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، مەھسۇلات ئېكسپورتىنى كېڭەيتتى.

3. خەلقئارا بازاردىكى شوخلا ياسالمىلىرى سودىسىنىڭ ئېشىشىنىڭ تۈرتكىسىدە، 2000 ـ يىلى شىنجاڭ شوخلا قىيامىنىڭ مىقدارى 300 مىڭ توننىغا يېتىپ، 1999 ـ

يىلدىكىدىن ئازكەم 60% ئاشتى. كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىنىڭ تۇراقسىز بولۇشى ۋە مەھسۇلاتنىڭ بېسىلىپ قېلىپ سېتىلماسلىقىدەك ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىپ ئېكسپورتنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن ئىدارىسى تۆۋەندىكىدەك كونكرېت تەدبىرلەرنى قوللاندى: (1) كارخانىلار بىلەن بولغان ئالاقىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن كېڭەيتىپ ۋە كۆپەيتىپ، كارخانىلارنىڭ چېرتيوژ لايىھىلەشنى تەكشۈرۈشكە ياردەم بېرىپ، لايىھە تەكشۈرۈش ئىشخانىسى، ھارارەت ساقلاش ئۆيى قۇرۇپ، تازىلىق سۈپەت سىستېمىسىنى ئورناتتى ۋە ھۆججەتلەرنى تۈزدى. (2) تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇشنى داۋاملىق يولغا قويدى، 1 .، 2 - خىلدىكى كارخانىلارغا نىسبەتەن ھەرىكەتلىك باشقۇرۇشنى يولغا قويدى، باشقۇرۇشى ئاجىز بولغان 3 - خىلدىكى زاۋۇت ۋە بېكەتتىن قۇرۇلغان زاۋۇتلارغا بولغان نازارەتچىلىك ۋە تەكشۈرۈشنى نۇقتىلىق كۈچەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىخەتەرلىكى ئىگىبىنى، خام ئەشيا - ماتېرىيالنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش بىلەن باشقۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇردى. (3) ئېكسپورت مىقدارى كۆپ، مالنى يولغا سېلىش ۋاقتى قىس بولۇشتەك ئەھۋالغا قارىتا بىللە يۈرۈپ مەلۇم قىلىش، بىللە يۈرۈپ تەكشۈرۈش تەدبىرىنى قوللىنىپ، زاۋۇتتا تۇرۇپ تەكشۈردى؛ چەت، يىراق رايونلاردىكى كارخانىلارغا نىسبەتەن تېلېفون، تېلېگرامما، فاكس ئارقىلىق مەلۇم قىلىش - تەكشۈرۈش تەدبىرىنى قوللاندى. (4) كارخانىلارغا ISO9000 سۈپەت باشقۇرۇش سىستېمىسى ۋە Haccp باشقۇرۇش سىستېمىسىنى پائال تەشۋىق قىلىپ، كارخانىلارنىڭ خەلقئارادىكى ئىلغار باشقۇرۇش ئەندىزىسى بىلەن تۇتىشىشىغا ياردەم بەردى. (5) ئاپتونوم رايوندىكى شوخلا ئىشلەپچىقىرىدىغان جايلار ئىشلىتىدىغان دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ ئەھۋالى، رادىئوئاكتىپلىق خۇسۇسىيىتى، ئېغىر مېتاللار ۋە دېھقانچىلىق دورىسىنىڭ قالدۇقى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ ۋە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ شوخلا مەھسۇلاتلىرىنىڭ خەلقئارا بازارغا ئوڭۇشلۇق كىرىشىنى ئۈنۈملۈك ئاساس بىلەن تەمىنلىدى.

4. شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن ئىدارىسى شىنجاڭنىڭ ئەۋزەل ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەسەۋۋۇرىغا ئاساسەن، «شىنجاڭنىڭ نەشپۈت ئېكسپورتىدا كۆرۈلگەن مەسىلە ۋە بۇ ھەقتىكى تەدبىر» نى يېزىپ چىقىپ، ئاپتونوم رايون پارتكومى، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ يۈكسەك دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى. شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن ئىدارىسى نەشپۈتنى كانادا، ئامېرىكا قاتارلىق خەلقئارا بازارغا ئوڭۇشلۇق كىرگۈزۈش ئۈچۈن، ئالما پەرۋانىسىنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشىنى قانات يايدۇرۇپ، 74 مىڭ دانە ئالما پەرۋانىسىنى ئالداپ يوقىتىش ئۆزىكى ۋە ئالما پەرۋانىسى جىنسىي ئۇچۇر گورمونى ئارقىلىق ئالداپ تۇتۇش ئەسۋابى ياساپ، نەشپۈت ئىشلەپچىقىرىدىغان جايلارغا تارقىتىپ بەردى ھەمدە نەشپۈت ئىشلەپچىقىرىدىغان ئورۇنلارنىڭ كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش خىزمىتىنى تەكشۈردى، ئۆلچەمگە يەتكەنلىرىنى رويخەتكە ئالدى، 3 ئورۇن، مېۋىسى ئېكسپورت قىلىنىدىغان 233.3 گېكتار باغ تىزىملاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىلى، قەشقەر، ئالاتاۋ ئېغىزى، قومۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا چىۋىننى ئالداپ تۇتۇش، نازارەت قىلىش - كۆزىتىش نۇقتىسىدىن 112 سى تەسىس قىلىندى، قوغۇن - تاۋۇز چىۋىنى، ئاپېلسىن كىچىك چىۋىنى، ئوتتۇرا يەر دېڭىزى چىۋىنى بايقالمىدى. ئېكسپورت قىلىنىدىغان 31 تۈركۈم، 593.64 توننا قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە تەكشۈرۈلدى ۋە كارانتىن قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە كاناداغا ئېكسپورت قىلىنغان نەشپۈت 20 تۈركۈم، 425.34 توننا؛ ياپونىيىگە ئېكسپورت قىلىنغان قوغۇن 11 تۈركۈم، 168.3 توننا.

5. ئۈچەي شىنجاڭنىڭ ئېكسپورت قىلىپ ئاشقى پېرېۋوت يارىتىدىغان ئەنئەنىۋى تاۋارلىرىنىڭ بىرى، ئۇ، ئاساسەن گېرمانىيە، شۋېتسارىيە، فرانسىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە سېتىلىدۇ، ئېكسپورت قىلىنىدىغان ئۈچەينىڭ سۈپەت ئۆتكۈلىنى ياخشى تۇتۇش ئۈچۈن «ئېكسپورت قىلىنىدىغان ئۈچەينى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش تەرتىپى» تۈزۈپ چىقىلدى. ئېكسپورت قىلىنىدىغان ئۈچەينى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش خىزمىتى جەريانىدا تېلېفون، فاكس ئارقىلىق تەكشۈرۈشكە يوللاش چارىسى قوللىنىلىپ، تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش جەريانى قىسقارتىلىپ، خېرىدارلارغا قولايلىق يارىتىلدى، ئۈنۈم ئۆستۈرۈلدى. 2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 2060 تۇڭ، 1 مىليون 30 مىڭ تال ئېكسپورت ئۈچەيى تەكشۈرۈلدى، ئۇنىڭ قىممىتى 103 مىليون يۈەن خەلق پۇلىغا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 57.4% ئېشىپ، ئېكسپورت تارىخىدا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى.

6. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قازاقىستاندىن ئىمپورت قىلىنغان كۆپ مىقدارلىق تاۋارلاردىن خام نېفىتنىڭ كەم چىقىش ھادىسىسى ئېغىر بولدى، شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن ئىدارىسى زاۋۇتتا ئادەم تۇرغۇزۇپ تۈركۈم - تۈركۈملەپ تەكشۈردى، ئۇلار 1 - قول ماتېرىيالغا ئېرىشكەندىن كېيىن، جوڭگو - قازاقىستان بىرلەشمە نېفىت شىركىتى قاتارلىق تارماقلارغا ئىمپورت قىلىنغان خام نېفىتتە

ساقلانغان مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئانالىز دوكلاتىنى تاپشۇردى، بۇنىڭ بىلەن ئىمپورت قىلىنغان خام نېفىتنىڭ كەم چىقىش نىسبىتى 2% تىن 0.4% كە چۈشتى. لېكىن چەت ئەل تەرەپ مالنى يولغا سالغان ۋە تاپشۇرۇۋالغان چاغدا مۇستەقىل 3 - دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈش شىركىتىنىڭ تەكشۈرۈشنى ئىلتىماس قىلىشنى ھەمدە ئۇ چىقىرىپ بەرگەن ئىسپاتنى ھېسابات ئاساسى قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى خام نېفىتنى تەكشۈرۈش بازىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن چەت ئەل تەرەپنىڭ خادىملىرى بىلەن سۆزلەشتى ھەمدە تەكشۈرۈش نەتىجىسى بىلەن SGS نىڭ نەتىجىسىنى سېلىشتۇردى، نەتىجە شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن ئىدارىسىنىڭ خىزمىتىنىڭ قېلىپلاشقان، توغرا، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىدارە چەت ئەل تەرەپنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشتى.

7. ئىمپورت قىلىنغان كېرەكسىز مېتاللارنىڭ رادىئو ئاكتىپلىق خۇسۇسىيىتىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش كۈچەيتىلدى. شىنجاڭدىكى پورتلار 2000 - يىلى ئىمپورت قىلىنغان 40 مىڭ 294 تۈركۈم، 1 مىليون 860 مىڭ توننا كېرەكسىز مېتالنى تەكشۈردى ۋە ئۆلچىدى، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈش - ئۆلچەشتە رادىئو ئاكتىپلىق خۇسۇسىيىتى بۇلغاش ئۆلچىمىدىن ئېشىپ كەتكىنى 359 تۈركۈم، 15 مىڭ 896.32 توننا، بۇلارنىڭ ھەممىسى پورتتا قايتۇرۇۋېتىلدى.

8. شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن ئىدارىسى ساياھەتتە سېتىۋېلىنىدىغان ماللارنى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن 2000 - يىلدىكى ساياھەتتە مال سېتىۋېلىشنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن «ساياھەتتە سېتىۋېلىنىدىغان ماللارنى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش مەشغۇلات قائىدىسى»، «ساياھەتتە سېتىۋېلىنىدىغان ماللارنى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش خىزمىتىگە دائىر بىرقانچە بەلگىلىمە» قاتارلىق باشقۇرۇش چارىلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، تەكشۈرۈش ئۆلچىمى ۋە مەشغۇلات ئۇسۇلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ساياھەتتە سېتىۋېلىنغان تاۋارلارنى تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئورۇندىدى. 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ساياھەتتە سېتىۋېلىنغان 194 مىڭ 574.6 توننا مالنى تەكشۈردى، قىممىتى 1 مىليارد 925 مىليون 165 مىڭ يۈەن؛ ساياھەتتە سېتىۋېلىپ ئايروپىلان ھۆددە ئېلىپ چېگرىدىن چىقىرىلغان مال 937 تۈركۈم، قىممىتى 363 مىليون 908 مىڭ يۈەن. تەكشۈرۈشتە لاياقەتسىز چىققان مالنىڭ سوممىسى 8 مىليون 704 مىڭ يۈەن.

9. شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن ئىدارىسى شىنجاڭدىن يىلدا بىر قېتىم چەت ئەلگە چىقىپ ھەج - تاۋاپ قىلىدىغان خادىملارنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈپ كىنىشكا بېجىرىپ بېرىش ۋە تازىلىق جەھەتتىن كارانتىن قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ھەج - تاۋاپ قىلىشقا بارىدىغان 1000 دىن ئارتۇق ئادەمنى سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش بويىچە تەربىيىلىدى. 8 تۈركۈم خادىمنى ئايروپىلان بىلەن بىللە سەئۇدى ئەرەبىستانغا ئەۋەتىپ، دۆلىتىمىزگە قايتىدىغان ھەج - تاۋاپ قىلغۇچى خادىملارنى يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە تەكشۈردى.

10. شىنجاڭ رايونىغا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 5 دۆلەتتىن كىرگۈزۈلىدىغان ھايۋانات، ئۆسۈملۈك ۋە ئۇلاردىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ۋە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، چېگرىدىن كىرگۈزۈلىدىغان چاغدا ئىسلاپ دېزىنفېكسىيە قىلىندى. چېگرا پورت رايونىدا تېرە، قوي يۇڭى ئىشلەپچىقىرىدىغان ۋە پىششىقلايدىغان 32 كارخانىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ، سودا تەرتىپلىك بولۇش، ئۇزۇل - كېسىل پىششىقلاش، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئۈنۈملۈك بولۇش، يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ تارقىلىشىدىن قاتتىق مۇداپىئە كۆرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ھەرقايسى پورت، ئىدارىلەر چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن تېرە تۈرىدىكى ھايۋانات مەھسۇلاتىدىن 3 مىليون 970 مىڭ پارچە (كالا، ئات تېرىسى 1 مىليون 290 مىڭ پارچە، قوي تېرىسى 2 مىليون 680 مىڭ پارچە) نى تەكشۈردى ۋە كارانتىن قىلدى، قىممىتى 127 مىليون 527 مىڭ 720 يۈەن خەلق پۇلى؛ يۇڭ، تىۋىت تۈرىدىكى ھايۋانات مەھسۇلاتى 5007 توننا، قىممىتى 879 مىليون 52 مىڭ 510 يۈەن خەلق پۇلى، دېمەك بىر مەزگىل كاساتلاشقان چېگرا سودىسى يېڭىۋاشتىن ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولدى.

لى رۇيشىن

## گۇۋاھلىق بېرىشنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئەھۋالى

1. ئېكسپورت بىخەتەرلىكى، تازىلىقى، سۈپىتىگە ئىجازەت بېرىش تۈزۈمى جەھەتتىكى باشقۇرۇش يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. 2000 - يىلى شىنجاڭ چېگرىدىن چىققان - كىرگەنلەرنى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى تازىلىق جەھەتتە رويخەتكە ئالدۇرۇش تۈرىدىكى ئىلتىماستىن 33 نى تاپشۇرۇۋالدى، بۇنىڭ ئىچىدە قايتا تەكشۈرۈلگەن ئورۇن 15؛ تازىلىق جەھەتتە تىزىملاشنى ئىلتىماس قىلغان ئورۇن 13، بۇنىڭ ئىچىدە، قايتا تەكشۈرۈلگەن ئورۇن 6؛ تازىلىق جەھەتتە رويخەتكە ئالدۇرۇش تۈرى بويىچە كىنىشكا ئالغان كارخانا 24،



2000 - يىلى ئالاتاۋ ئېغىزى تەكشۈرۈش - كارانتىن ئىدارىسى چېگرىدىن كىرگۈزۈلىدىغان كېرەكسىز مېتاللارنى رادىئوئاكتىپلىق بولغان جەھەتتىن تەكشۈردى.

شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن ئىدارىسى تەمىنلىگەن.

بۇنىڭ ئىچىدە كونسېرۋا ئىشلەيدىغان كارخانا 17، ئىچىملىك ئىشلەيدىغان كارخانا 2، ئۈجەي پىششىقلايدىغان كارخانا 3، شېكەر ئىشلەيدىغان كارخانا بىر، سوۇسىزلاندۇرۇلغان كۆكتات ئىشلەيدىغان كارخانا بىر. تازىلىق جەھەتتە تىزىملانغان 7 كارخانىغا كىنىشكا تارقىتىپ بېرىلدى، بىر كارخانا HACCP بويىچە قايتا تەكشۈرۈلدى.

ئېكسپورت ئىجازەتنامىسىنى باشقۇرۇش چارىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، 7 كارخانىنىڭ ئېكسپورت تاۋارلىرىنى ئوراش - قاچىلاش ئىجازەتنامىسى ئېلىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسى قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە قايتا تەكشۈرۈلگىنى 6، كىنىشكا ئالغان كارخانا 3. كۆمۈر ئېكسپورت ئىجازەتنامىسى ئېلىشنى ئىلتىماس قىلغان بىر كارخانىنىڭ ئىلتىماسى قوبۇل قىلىندى.

2. ISO9000 يۈرۈشلۈك سۈپەت ئۆلچىمى ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىلىپ، ئېكسپورت كارخانىلىرىنىڭ خەلقئارا بازار رىقابىتىگە قاتنىشىش ئىقتىدارى كۈچەيتىلدى. بىر يىلدا 20 كارخانىنى ISO9000 سۈپەت سىستېمىسى بويىچە باھالاپ دەلىللەش ئىشى تاماملاندى، بۇنىڭ بىلەن باھالاپ دەلىللەنگەن كارخانا 51 گە يەتتى. سۈپەت سىستېمىسى بويىچە دەلىللەش كېلىشىمىدىن 80 ى ئىمزالاندى.

3. پورت تازىلىقى بويىچە نازارەت قىلىش ۋە چېگرىدىن كىرگەن - چىققانلارنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈشنى نازارەت قىلىش - كۆزىتىش چىڭىتىلىپ، يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ كىرىشى ۋە سىرتقا چىقىپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى. بىر يىلدا شىنجاڭ چېگرىدىن چىققان - كىرگەنلەرنى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسى «دۆلەت چېگرىسىدىكى پورت تازىلىقى ئىجازەتنامىسى» دىن 689 نى، «خەلقئارا ساياھەت بويىچە مۇداپىئە ۋاكسىنىسى ئەملەش گۇۋاھنامىسى» دىن 22 مىڭ 5 نى، «جەسەت، جەسەت ساندۇقى، جەسەت كۈلىنى چېگرىدىن ئېلىپ كىرىش، ئېلىپ چىقىش ئىجازەتنامىسى» دىن 6 نى تەكشۈرۈپ بېجىردى. «دۆلەت چېگرىسىدىكى پورتلاردا ئىچىملىك مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملارنىڭ سالامەتلىك گۇۋاھنامىسى» دىن 2083 نى بېجىردى، 70 ئادەم (قېتىم) نى كەسپىتىن چەكلەپ يۆتكىۋەتتى، يۆتكىۋېتىش نىسبىتى %100 بولدى، 401 نۇسخا ئۈلگە ئېلىپ نازارەت قىلدى ۋە كۆزەتتى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %70 بولدى. «چەت ئەلگە چېتىلىدىغان مېھمانخانىلارنىڭ تازىلىقىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش توغرىسىدا بەلگىلىمە»، «چەت ئەلگە چېتىلىدىغان مېھمانخانىلارنىڭ تازىلىق ئۆلچىمى» نى تۈزۈپ تارقىتىپ، چەت ئەلگە چېتىلىدىغان مېھمانخانىلارنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىنى كۈچەيتتى.

4. شىنجاڭغا ھايۋانات ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپ مىقداردا كىرگۈزۈلىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلۇپ، چېگرىدىن كىرگۈزۈلىدىغان ھايۋانات ۋە ھايۋانات مەھسۇلاتلىرىنى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش خىزمىتى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەندى، «شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن ئىدارىسىنىڭ چېگرىدىن كىرگۈزۈلىدىغان ھايۋانات ۋە ھايۋانات مەھسۇلاتلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپى» تۈزۈپ چىقىلدى. شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇق چېكى ئىچىدە بېجىرىش، تەكشۈرۈش، ئىسپات چىقىرىپ بېرىش ئۆتكىلىنى ئىگىلەش تۈزۈمى چىڭىتىلىپ، تىجارەت قىلغۇچى ئورۇنلاردىن تەكشۈرۈپ تەستىقلاش يۈزلىنىشى بويىچە يۆتكەش قاتتىق تەلەپ قىلىندى. بىر يىلدا تىجارەت قىلغۇچى ئورۇنلارغا 120 قېتىم مەسلىھەت بېرىلدى. شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن ئىدارىسى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئىجازەتنامىسى ئېلىش ئىلتىماسىدىن 298 نى قوبۇل قىلدى، دۆلەت تەكشۈرۈش - كارانتىن ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلاش قەغىزىدىن 252 نى تاپشۇرۇۋالدى.

5. شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن ئىدارىسى قەشقەر، قىزىلسۇ، ئىلى، بورتالا، ئالتاي، تارباغاتايدىن ئىبارەت 6 چېگرا ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت (مەمۇرىي مەھكىمە)

ۋە بىكىتىلگەن كۆرسەتمە بويىچە يولغا قويۇلغان 46 پىششىقلاش كارخانىسىنىڭ ئۆتكۈنچى پىششىقلاش سالاھىيىتىنى سىنىدى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، 32 كارخانا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 5 دۆلەتتىن تېرە، قوي يۇڭى ئىمپورت قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلىرىغا قويۇلىدىغان مال دوختۇرلۇق تازىلىقى تەلىپىگە ئاساسىي جەھەتتىن يەتتى. شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن ئىدارىسىنىڭ 5 تۈركۈمگە بۆلۈپ دۆلەت تەكشۈرۈش - كارانتىن ئىدارىسىغا يوللاپ تەستىقلىتىشى ئارقىلىق 32 كارخانا دۆلەت تەكشۈرۈش - كارانتىن ئىدارىسىنىڭ تەستىقىغا ئېرىشىپ، شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 5 دۆلەتتىن تېرە، يۇڭ ئىمپورت قىلىپ پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ئۆتكۈنچى كارخانا بولۇپ قالدى.

لى رۇيشىن

## ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بويىچە بېكىتىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن ئىدارىسى ئورۇندىغان ئېغىرلىق ئۆلچەش ئۇسكۇنىسى ئارقىلىق ئۆلچەنگەن نەرسە - كېرەك 745 تۈركۈم، 13 مىڭ 750 توننا؛ سىغىم ئەمۋابى ئارقىلىق ئېغىرلىقى ئۆلچەنگەن نەرسە - كېرەك 14 مىڭ 109 تۈركۈم، 767 مىڭ 500 توننا؛ زىيانغا ئۇچۇش ئەھۋالى باھالاپ بېكىتىلگەن نەرسە - كېرەك 13 تۈركۈم، تۆلەم سوممىسى 178 مىڭ 300 دوللار، تەكشۈرۈلۈپ باھالاپ بېكىتىلگەن ياغاچ ماتېرىيال 914 تۈركۈم، 53 مىڭ 482 كۇب مېتىر؛ خەتەرلىك مالنى ئوراش - قاچىلاش ۋە ئادەتتىكى مالنى ئوراش - قاچىلاش بويىچە باھالاپ بېكىتىلگىنى 726 تۈركۈم، 2 مىليون 445 مىڭ دانە؛ باھالاپ بېكىتىلگەن چەت ئەلگە چېتىشلىق مال - مۈلۈك 8 تۈركۈم، تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان يالغان مەلۇم قىلىنغان سوممىسى 910 مىڭ دوللار.

لى رۇيشىن

## ئېتىبار بېرىلىدىغان تاۋار ئەسلى يېرىنى ئىسپاتلاش خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭ تەكشۈرۈش - كارانتىن ئىدارىسى ئېتىبار بېرىش تۈزۈمى بويىچە ئەسلى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلىدىغان جايلارغا بېرىلىدىغان گۇۋاھنامىدىن 2091 نى تارقاتتى، بۇ 1999 - يىلدىكىدىن 25.7% كۆپ. ئېسپات چىقىرىپ بېرىلگەن سوممىسى 211 مىليون 83 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 232.3% ئاشتى. ئادەتتىكى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلىدىغان جايلارغا بېرىلىدىغان گۇۋاھنامىدىن 1693 نى تارقاتتى، بۇ 7.2% كۆپ، ئېسپات چىقىرىپ بېرىلگەن سوممىسى 149 مىليون 259 مىڭ 600 دوللارغا يېتىپ، 190.5% ئاشتى.

لى رۇيشىن

## ئىدارە باشلىقى لى چاڭجياڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

دۆلەت چېگرىدىن چىققان - كىرگەنلەرنى تەكشۈرۈش - كارانتىن قىلىش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى چاڭجياڭ، مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ فېڭچىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 11 كىشى شىنجاڭغا كېلىپ، 2000 - يىل 5 - ئاينىڭ 24 — 30 - كۈنىگىچە قەشقەر، تورغات پورتى، ئېركەشتام پورتى ۋە ئىلى، قورغاس پورتى، ئالاتاۋ ئېغىزى پورتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

لى رۇيشىن

# مالىيە، باج

## مالىيە

### مالىيە كىرىم - چىقىمىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1. مالىيە كىرىمىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ مالىيە كىرىمى 9 مىليارد 549 مىليون 860 مىڭ يۈەن (ئادەتتىكى خام چوت كىرىمى 7 مىليارد 907 مىليون 240 مىڭ يۈەن، فوند كىرىمى 1 مىليارد 642 مىليون 620 مىڭ يۈەن) ئورۇندىلىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 2 مىليارد 105 مىليون 820 مىڭ يۈەن ئاشتى، بۇنىڭدىن خام چوتقا كىرگۈزۈپ باشقۇرۇلغان قاتناش قائىدىسى خىراجىتى قاتارلىق ئۆزگىرىشچان ئامىللارنى چىقىرىۋەتكەندە، 11.82% ئاشتى. ئاساسلىق كىرىم تۈرلىرىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى مۇنداق بولدى:

1) قوشۇلما قىممەت بېجى 1 مىليارد 526 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 23.51% ئاشتى؛ تىجارەت بېجى 2 مىليارد 215 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 16.5% ئاشتى؛ شەخسلەر تاپاۋەت بېجى 764 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 25.21% ئاشتى؛ بايلىق بېجى 305 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 26.47% ئاشتى؛ شەھەر ئاسراش قۇرۇلۇشى بېجى 539 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 6.25% ئاشتى؛ ئۆي - زېمىن بېجى 321 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 4.62% ئاشتى.

2) دېھقانچىلىق باجلىرى 586 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 11.71% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، دېھقانچىلىق بېجى 288 مىليون 460 مىڭ يۈەن بولۇپ، 4.08% تۆۋەنلىدى (ئاساسلىقى دېھقانچىلىق بېجىنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان)؛ دېھقانچىلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى بېجى 133 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2.05% ئاشتى؛ يەر خېتى بېجى 98 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

3) كارخانا كىرىمى 426 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 15.36% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجى 592 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 12.44% ئاشتى؛ دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ پىلاندىكى زىيىنىغا بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەمدىن خەزىنىگە قايتۇرۇلغىنى 150 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 4.53% ئاشتى، بۇ ئاساسەن مەركەز تۆۋەنگە چۈشۈرگەن كۆمۈرچىلىك كارخانىلىرىنىڭ خەزىنىگە قايتۇرغىنىنىڭ كۆپەيگەنلىكىدىن بولغان؛ كارخانا تاپاۋەت بېجىدىن قايتۇرۇلغان باج 15 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 17.39% ئاشتى.

4) مەمۇرىي خاراكتېرلىك ھەق ئېلىش ۋە جەرىمانە، مۇسادىرە قىلىش كىرىمى 560 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 13.02% ئاشتى. ئاساسلىقى ھەرقايسى ۋىلايەت، تارماقلار كىرىمنى يىغىش، باشقۇرۇش ۋە قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتكەنلىكتىن، كىرىم مۇقىم ئاشتى.

5) فوند كىرىمى 1 مىليارد 642 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 33.13% ئاشتى.

2. مەركەزگە تاپشۇرۇلىدىغان «ئىككى باج» نىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭدا مەركەزگە تاپشۇرۇلىدىغان «ئىككى باج» كىرىمى 5 مىليارد 391 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 13.57% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە قوشۇلما قىممەت بېجى (75% قىسمى) 4 مىليارد 587 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، 24.54% ئاشتى؛ ئىستېمال بېجى 804 مىليون 470 مىڭ يۈەن بولۇپ، 24.4% چۈشۈپ كەتتى، بۇ ئاساسەن نېفىت باھاسىنىڭ ئۆسۈپ كەتكەنلىكىدىن كېلىپ چىققان.

3. مالىيە چىقىمىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ مالىيە چىقىمى (ئادەتتىكى خام چوت چىقىمى ۋە فوند خام چوت چىقىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 20 مىليارد 545 مىليون 240 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، 1999 - يىلدىكىدىن چىقىم 3 مىليارد 633 مىليون 770 مىڭ يۈەن كۆپەيدى، قاتناش قائىدىسى خىراجىتىنى خام چوتقا كىرگۈزۈپ باشقۇرۇش قاتارلىق ئۆزگىرىشچان ئامىللارنى چىقىرىۋەتكەندە، 14.24% ئاشتى. ئاساسلىق تۈرلەر بويىچە قارىغاندا:

1) ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك چىقىم 4 مىليارد 916 مىليون 810 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، ئومۇمىي چىقىمنىڭ %23.93 نى ئىگىلەپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %16.76 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىمى 2 مىليارد 283 مىليون 880 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، %35.59 ئاشتى. كارخانىلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش، ئۆزگەرتىش مەبلىغى 217 مىليون 280 مىڭ يۈەن بولۇپ، %15.94 تۆۋەنلىدى؛ پەن ـ تېخنىكىنىڭ 3 تۈرلۈك خىراجىتى 116 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %13.27 ئاشتى، يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش چىقىمى ۋە يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش چىقىمى 434 مىليون 500 مىڭ يۈەن بولۇپ، %17.1 تۆۋەنلىدى؛ شەھەر ئاسراش خىراجىتى 1 مىليارد 277 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %13.43 ئاشتى؛ تەرەققىي قىلمىغان رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىش مەبلىغى چىقىمى 576 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %5.06 ئاشتى.

2) كەسپىي، مەمۇرىي خىراجەت چىقىمى 12 مىليارد 906 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئومۇمىي چىقىمنىڭ %62.82 نى ئىگىلەپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %17.38 ئاشتى. ئەگەر بۇنىڭدىن مائاش تەڭشەش سەۋەبىدىن ئاشقان چىقىم قاتارلىق ئامىللار چىقىرىۋېتىلسە، %11.72 ئاشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، ھاۋارايى كەسپىي خىراجىتى 847 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %12.5؛ مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، رادىئو كەسپىي خىراجىتى 512 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %11.51؛ مائارىپ كەسپىي خىراجىتى 3 مىليارد 135 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %13.41؛ سەھىيە كەسپىي خىراجىتى 1 مىليارد 64 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %10.5؛ باج قاتارلىق تارماقلارنىڭ كەسپىي خىراجىتى 677 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %12.35؛ نەپىقە ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، قۇتقۇزۇش خىراجىتى 285 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %15.14؛ مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى 2 مىليارد 207 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %17.06؛ ج خ، تەپتىش، سوت مەھكىمىلىرىنىڭ چىقىمى 1 مىليارد 277 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %13.43؛ مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلاردىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلار خىراجىتى 1 مىليارد 797 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %20.01 ئاشتى.

3) سىياسەت خاراكتېرلىك قوشۇمچە ياردەم ۋە باشقا چىقىملار 1 مىليارد 271 مىليون 630 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي چىقىمنىڭ %6.19 نى ئىگىلەپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %10.5 تۆۋەنلىدى.

4) فوند چىقىمى 1 مىليارد 449 مىليون 950 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي چىقىمنىڭ %7.06 نى ئىگىلەپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %21.1 تۆۋەنلىدى.

4. مالىيە كىرىم ـ چىقىمىنىڭ تەڭپۇڭلىنىش ئەھۋالى

1) ئادەتتىكى خام چوت كىرىم ـ چىقىمى ئەھۋالى. ئومۇمىي كىرىم 20 مىليارد 314 مىليون 170 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە شۇ يىللىق كىرىم 7 مىليارد 907 مىليون 240 مىڭ يۈەن، مەركەز تولۇقلاپ بەرگەن ياردەم كىرىمى 11 مىليارد 901 مىليون 590 مىڭ يۈەن (مۇقىم سومىلىق قوشۇمچە ياردەم، مەخسۇس قوشۇمچە ياردەم، باجدىن قايتۇرۇپ بېرىلگىنى، يۆتكەپ چىقىم قىلىنغىنى، كىرىم ۋەزىپىسىنى تەڭشەش، راسچوت قوشۇمچە ياردىمى ۋە باشقا قوشۇمچە ياردەملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، زايومنى قەرزگە يۆتكەش كىرىمى 437 مىليون 900 مىڭ يۈەن، زايومنى قەرزگە يۆتكەشتە 1999 ـ يىلدىن قالغان قالدۇق 14 مىليون 900 مىڭ يۈەن، ئالدىنقى يىلدىن قالغان قالدۇق كىرىم مىنۇس 248 مىليون 300 مىڭ يۈەن، يۆتكەپ كىرىلگەن مەبلەغ 300 مىليون 840 مىڭ يۈەن. جەمئىي چىقىم 19 مىليارد 849 مىليون 10 مىڭ يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە، شۇ يىلدىكى چىقىم 19 مىليارد 95 مىليون 290 مىڭ يۈەن، مەركەزگە تاپشۇرۇلغان چىقىم 300 مىليون 920 مىڭ يۈەن، زايومنى قەرزگە يۆتكەش كىرىمىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان چىقىم 432 مىليون 800 مىڭ يۈەن، زايومنى قەرزگە يۆتكەش كىرىمىنىڭ قالدۇقى 20 مىليون يۈەن. كىرىم بىلەن چىقىمنى بالانس قىلغاندا، يىل ئاخىرىدىكى دومىلىما ئامانەت قالدۇقى 465 مىليون 160 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە، كېيىنكى يىلغا ئاغدۇرۇلغان تۈرلۈك چىقىم 1 مىليارد 986 مىليون 570 مىڭ يۈەن، ساپ قالدۇق 1 مىليارد 521 مىليون 440 مىڭ يۈەن قىزىل رەقەم (1999 ـ يىلى ھېساباتا ئېنىقلىنىپ قالغان قىزىل رەقەم 2 مىليارد 36 مىليون 300 مىڭ يۈەن، شۇ يىلدىكى قالدۇق 514 مىليون 890 مىڭ يۈەن) بولدى.

2) فوند خام چوتى كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالى. ئومۇمىي كىرىم 1 مىليارد 763 مىليون 920 مىڭ يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە، شۇ يىللىق كىرىم 1 مىليارد 642 مىليون 620 مىڭ يۈەن، 1999 ـ يىلدىكى قالدۇق كىرىم 53 مىليون 120 مىڭ يۈەن، مەركەزدىن بەرگەن قوشۇمچە ياردەم كىرىمى 68 مىليون 180 مىڭ يۈەن. ئومۇمىي چىقىم 1 مىليارد 540 مىليون يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە، شۇ يىلدىكى چىقىم 1 مىليارد 449 مىليون 950 مىڭ يۈەن، يۆتكەپ چىقىرىلغان مەبلەغ 90 مىليون 50 مىڭ يۈەن. كىرىم بىلەن چىقىمنى بالانس قىلغاندا، يىل ئاخىرىدىكى دومىلىما قالدۇق 223 مىليون

920 مىڭ يۈەن.

ۋاڭ جيەنچاڭ

## خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغنىڭ كىرىم - چىقىم ئەھۋالى

شىنجاڭنىڭ 2000 - يىلدىكى خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغ كىرىمى 5 مىليارد 283 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %9.38 ئاشتى، بۇ بىر يىلدىكى خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغ كىرىمى شۇ يىلدىكى مالىيە كىرىمىنىڭ %55.32 ىگە تەڭلىشىپ، شىنجاڭنىڭ شۇ يىللىق ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ %3.87 نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك ھەق ئېلىش كىرىمى 4 مىليارد 222 مىليون 630 مىڭ يۈەن بولۇپ، %12.33 ئېشىپ، مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلار كىرىمىنىڭ %81.71 نى ئىگىلىدى؛ فوند ۋە قوشۇمچە كىرىم 356 مىليون يۈەن بولۇپ، %14.26 تۆۋەنلىدى؛ مەسئۇل تارماقلارنىڭ توپلانما كىرىمى 9 مىليون 500 مىڭ يۈەن بولۇپ، 12 مىليون 390 مىڭ يۈەن كېمەيدى؛ باشقا كىرىملەر 579 مىليون 650 مىڭ يۈەن بولۇپ، %9.94 ئاشتى؛ يېزا - بازارلار ئۆزى تەييارلىغان، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەبلەغ كىرىمى 115 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %9.70 ئاشتى.

شىنجاڭنىڭ 2000 - يىلدىكى خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغ چىقىمى 4 مىليارد 611 مىليون 920 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن %4.45 ئاشتى، بۇ شۇ يىلدىكى مالىيە چىقىمىنىڭ %22.45 ىگە توغرا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، مەمۇرىي، كەسپىي خىراجەت چىقىمى 3 مىليارد 741 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %15.5 (بۇنىڭ ئىچىدە، خادىملارنىڭ خىراجەت چىقىمى 830 مىليون 610 مىڭ يۈەن، ئىجتىمائىي كاپالەت چىقىمى 151 مىليون 140 مىڭ يۈەن، جامائەت ئىشلىرى كەسپىي خىراجىتى 1 مىليارد 324 مىليون 260 مىڭ يۈەن، ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىش خىراجىتى 500 مىليون 600 مىڭ يۈەن، رېمونت خىراجىتى 464 مىليون 160 مىڭ يۈەن، باشقا خىراجەتلەر 470 مىليون 600 مىڭ يۈەن) ئاشتى؛ ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىمى 376 مىليون 310 مىڭ يۈەن بولۇپ، 199 مىليون 730 مىڭ يۈەن كېمەيدى؛ شەھەر ئاسراش خىراجىتى چىقىمى 154 مىليون 550 مىڭ يۈەن بولۇپ، 62 مىليون 890 مىڭ يۈەن ئاشتى؛ باشقا چىقىملار 225 مىليون 540 مىڭ يۈەن بولۇپ، 178 مىليون 220 مىڭ يۈەن كېمەيدى، يېزا - بازارلار ئۆزى تەييارلىغان، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەبلەغ چىقىمى 114 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 7 مىليون 810 مىڭ يۈەن ئاشتى.

لى جىنپىڭ

## ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك مالىيە كىرىم - چىقىم ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ ناھىيە دەرىجىلىك مالىيە كىرىمى (فوند كىرىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) 4 مىليارد 716 مىليون يۈەن ئورۇندىلىپ، شىنجاڭنىڭ مالىيە كىرىمى (7 مىليارد 907 مىليون يۈەن) نىڭ %59.64 نى ئىگىلەپ، 1999 - يىلدىكىدىن 1.14 پىرسەنت پونكىتى كۆپىيىپ، %13.07 ئاشتى؛ مالىيە چىقىمى 8 مىليارد 908 مىليون يۈەنگە يېتىپ، شىنجاڭنىڭ مالىيە چىقىمى (19 مىليارد 95 مىليون يۈەن) نىڭ %46.65 نى ئىگىلەپ، 1999 - يىلدىكىدىن بىر پىرسەنت پونكىتى كۆپىيىپ، %17.32 ئاشتى. شۇ يىلدىكى مالىيە كىرىم - چىقىمى بويىچە ھېسابلىغاندا، ناھىيە دەرىجىلىك مالىيىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى قامداش نىسبىتى %52.94 بولۇپ، 2 پىرسەنت پونكىتى تۆۋەنلىدى، ئەگەر باجدىن قايتۇرۇلغان كىرىمنى قوشقاندا، ناھىيە دەرىجىلىك مالىيەنىڭ ئۆز - ئۆزىنى قامداش نىسبىتى %62.27 بولىدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە 96 ناھىيە، شەھەر، رايون ئىچىدە، ئۆز ئۆزىنى قامداش نىسبىتى %50 تىن ئاشىدىغىنى 35، %30 — %50 كىچە بولغىنى 14، %30 تىن تۆۋىنى 47.

96 ناھىيە، شەھەر، رايون ئىچىدە، 2000 - يىلى مالىيە كىرىمى 100 مىليون يۈەنگە يەتكەن ناھىيە، شەھەر، رايون 15 بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 3 ى كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە، كورلا شەھىرىنىڭ 306 مىليون 820 مىڭ يۈەن، قاراماي شەھىرى قاراماي رايونىنىڭ 202 مىليون 730 مىڭ يۈەن، پىچان ناھىيىسىنىڭ 201 مىليون 360 مىڭ يۈەن، ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونىنىڭ 195 مىليون 230 مىڭ يۈەن، شىخەنزە شەھىرىنىڭ 190 مىليون 640 مىڭ يۈەن، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونىنىڭ 170 مىليون 770 مىڭ يۈەن، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ 153 مىليون 300 مىڭ يۈەن، سانجى شەھىرىنىڭ 142 مىليون 130 مىڭ يۈەن، غۇلجا شەھىرىنىڭ 140 مىليون 820 مىڭ يۈەن، ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ 130 مىليون 570 مىڭ يۈەن، قۇمۇل شەھىرىنىڭ 129 مىليون 550 مىڭ يۈەن، بۆگۈر ناھىيىسىنىڭ 117 مىليون 400 مىڭ يۈەن، كۈيتۇڭ شەھىرىنىڭ 115 مىليون 410 مىڭ يۈەن، ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونىنىڭ 112 مىليون 870 مىڭ يۈەن، كۇچا ناھىيىسىنىڭ 110 مىليون 90 مىڭ يۈەن، مالىيە كىرىمى 30 مىليون يۈەندىن ئاشقىنى 44 بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 4 ى كۆپەيدى. 10 مىليون يۈەندىن 30 مىليون يۈەنگىچە بولغىنى 32 بولۇپ، 4 ى كېمەيدى. 10 مىليون يۈەندىن

تۆۋەن بولغىنى 20. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ناھىيىنىڭ كىرىم كۆلىمى 49 مىليون 130 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇ ئوتتۇرىچە ساندىن تۆۋەن بولغان ناھىيە، شەھەر، رايون 67.

ناھىيە دەرىجىلىك مالىيە كىرىمىنىڭ قۇرۇلما ئەھۋالى مۇنداق: سودا - سانائەت بېجى %66.17 نى ئىگىلەپ، 2.9 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى. كارخانا كىرىمى %7.18 نى ئىگىلىدى، يېزا ئىگىلىك 5 خىل بېجى %10.74 نى ئىگىلىدى، باشقا ھەرقايسى كىرىملەر %15.91 نى ئىگىلىدى.

ناھىيە دەرىجىلىك مالىيە چىقىمى ئىچىدە كەسپىي، مەمۇرىي خىراجەت چىقىمى 5 مىليارد 69 مىليون يۈەن بولۇپ، %56.9 نى ئىگىلىدى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش، باھا قوشۇمچە ياردىمى ۋە باشقا چىقىملار 3 مىليارد 839 مىليون يۈەن بولۇپ، %43.1 نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ناھىيىنىڭ چىقىم كۆلىمى 92 مىليون 790 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن تۆۋەن ناھىيە، شەھەر، رايون 62، بۇ ناھىيە، شەھەر، رايون ئومۇمىي سانىنىڭ %64 تىن ئارتۇقىنى ئىگىلىدى.

ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر يۇقىرىغا يوللىغان نەق چوتنىڭ ئىنكاس قىلىنىشىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە 78 ناھىيىدە قىزىل رەقەم كۆرۈلۈپ، %81 نى ئىگىلىگەن، قىزىل رەقەم سانى 1 مىليارد 598 مىليون يۈەن. تەڭپۇڭلىشىپ ئېشىنغان ناھىيە، شەھەر 18، ئۇلارنىڭ ساپ قالدۇقى 71 مىليون 500 مىڭ يۈەن، قىزىل رەقىمى 20 مىليون يۈەندىن ئارتۇقلىرى 30 بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 8 ى كۆپەيدى، قىزىل رەقەم 10 مىليون يۈەندىن 20 مىليون يۈەنگىچە بولغىنى 21 بولۇپ، 5 ى كېمەيدى، قالغان 27 ناھىيە، شەھەرنىڭ قىزىل رەقىمى 10 مىليون يۈەندىن تۆۋەن بولدى، 6 ناھىيە، شەھەرنىڭ مالىيە قىزىل رەقىمى ئۇلارنىڭ چىقىمىنىڭ %50 تىن ئارتۇقىنى ئىگىلىدى، مەبلەغنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا بەرداشلىق بەرگۈسىز دەرىجىگە بېرىپ قالدى.

ژاڭ جيەنجاڭ

## يېزا - بازارلارنىڭ مالىيە كىرىم - چىقىم ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ يېزا - بازار مالىيىسىنىڭ 3 تۈرلۈك مەبلەغ ئومۇمىي كىرىمى 596 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %18 ئاشتى، بۇ ئاپتونوم رايون بويىچە يەرلىك مالىيە كىرىمىنىڭ ئېشىش دەرىجىسىدىن 10 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەن بولدى؛ 3 تۈرلۈك مەبلەغنىڭ ئومۇمىي چىقىمى 1 مىليارد 872 مىليون 270 مىڭ يۈەن بولۇپ، %23 ئېشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە يەرلىك مالىيە چىقىمىدىن 1.51 پىرسەنت پوئىنتى يۇقىرى بولدى.

خام چوت ئىچىدىكى كىرىم - چىقىم ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ يېزا - بازار مالىيىسىنىڭ خام چوت ئىچىدىكى كىرىمى 398 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %17 ئاشتى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا - بازار مالىيىسىنىڭ خام چوت ئىچىدىكى چىقىمى 1 مىليارد 671 مىليون 850 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، %23 ئاشتى.

2000 - يىلى خام چوت ئىچىدىكى كىرىم - چىقىمنىڭ تەڭپۇڭلىشىش ئەھۋالى مۇنداق بولدى: شۇ يىللىق كىرىم 387 مىليون 350 مىڭ يۈەن، يۇقىرىدىن بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم 1 مىليارد 315 مىليون 390 مىڭ يۈەن، باشقا كىرىملەر 4 مىليون 690 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1999 - يىلدىن قالغان قالدۇق كىرىم مىنۇس 26 مىليون 430 مىڭ يۈەن، جەمئىي كىرىم 1 مىليارد 683 مىليون يۈەن؛ شۇ يىلدىكى چىقىم 1 مىليارد 661 مىليون 490 مىڭ يۈەن، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان چىقىم 86 مىليون 220 مىڭ يۈەن، باشقا چىقىملار 310 مىڭ يۈەن، جەمئىي چىقىم 1 مىليارد 748 مىليون 20 مىڭ يۈەن، كىرىم بىلەن چىقىمنى بالانس قىلغاندا، يىل ئاخىرىدىكى دومىلىما ئامانەت قالدۇقى 65 مىليون 20 مىڭ يۈەن قىزىل رەقەم بولۇپ، ساپ قالدۇق 57 مىليون 460 مىڭ يۈەن قىزىل رەقەم بولدى.

خام چوت سىرتىدىكى كىرىم - چىقىم ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ يېزا - بازار مالىيىسىنىڭ خام چوت سىرتىدىكى كىرىمى 197 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %21 ئېشىپ، 3 تۈرلۈك مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسىنىڭ %33 ىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كىرىمى 96 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، خام چوت سىرتىدىكى كىرىمنىڭ %48.9 ىنى ئىگىلىدى؛ يېزا - بازارلار ئۆزى تەييارلىغان، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەبلەغ كىرىمى 97 مىليون 570 مىڭ يۈەن بولۇپ، %49.4 نى ئىگىلىدى؛ يەرلىك مالىيە كىرىمى 160 مىڭ يۈەن بولۇپ، %0.08 نى ئىگىلىدى. خام چوت سىرتىدىكى چىقىم 200 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %23 ئېشىپ، 3 تۈرلۈك مەبلەغ چىقىمىنىڭ %11 ىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، مەمۇرىي، كەسپىي چىقىم 146 مىليون 440 مىڭ يۈەن بولۇپ، خام چوت سىرتىدىكى چىقىمنىڭ %73 ىنى ئىگىلىدى؛ ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىمى 10 مىليون 940 مىڭ يۈەن بولۇپ، خام چوت سىرتىدىكى چىقىمنىڭ %5.5 ىنى ئىگىلىدى. ئالدىنقى يىلدىكى قالدۇق 7 مىليون 110 مىڭ يۈەن بولۇپ، خام چوت سىرتىدىكى

كىرىم - چىقىمنى بالانس قىلغاندىن كېيىن، يىل ئاخىرىدىكى دومىلىما ئامانەت قالدۇقى 4 مىليون 290 مىڭ يۈەن بولدى.

ئۆزى تەييارلىغان مەبلەغ كىرىمى ئەھۋالى 2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ يېزا - بازار مالىيىسىنىڭ ئۆزى تەييارلىغان، ھەر تۈرلۈك ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەبلەغ كىرىمى 97 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %36 ئاشتى.

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندىكى يېزا - بازار 828 بولۇپ، 665 يېزا - بازاردا مالىيە پونكىتى قۇرۇلدى، بۇ ئومۇمىي يېزا - بازارنىڭ %80نى ئىگىلىدى. مالىيە ئاپپاراتى قۇرۇلغان 665 يېزا - بازاردا باجنى ئايرىش تۈزۈمى تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلغىنى 74، ئەسلىدىكى تۈزۈلمىنى يولغا قويغىنى 486؛ يۇقىرىغا پۇل تاپشۇرىدىغان يېزا - بازار 31، قوشۇمچە ياردەم ئالىدىغان يېزا - بازار 634؛ قىزىل رەقەم چىققان يېزا - بازار 249؛ يېزا - بازار خەزىنىسى قۇرۇلغان يېزا - بازار 11. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا - بازار مالىيە خادىمى 4554 كە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 222 ئادەم كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە، مەمۇرىي شتاتتىكىسى 738، كەسپىي شتاتتىكىسى 3370، كادىرلىق قىلىۋاتقان ئىشچى 127، كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى مالىيە خادىمى 319.

ۋاڭ خېيۈەن

## مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك ھەق ئېلىش، ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك فوندنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە گوۋۇيۈەن، مالىيە مىنىستىرلىكى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن تەسىس قىلىنغان ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك فوند تۈرى 54، بۇنىڭ ئىچىدە، گوۋۇيۈەن بىلەن مالىيە مىنىستىرلىكى تەستىقلىغىنى 47، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغىنى 7 تۈر. گوۋۇيۈەن، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ۋە مالىيە، باھا تارماقلىرى تەستىقلاپ تەسىس قىلىنغان مەمۇرىي، كەسپىي ھەق ئېلىش تۈرى 603، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز تەستىقلىغان تۈر 409، ئاپتونوم رايون تەكشۈرۈپ تەستىقلىغان تۈر 194. ئاپتونوم رايون يولغا قويغان مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك ھەق ئېلىش تۈرى 405، بۇنىڭ ئىچىدە، گوۋۇيۈەن بىلەن مالىيە مىنىستىرلىكى، دۆلەت پىلان كومىتېتى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغان ھەق ئېلىش تۈرى 211، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ۋە مالىيە، باھا تارماقلىرى تەستىقلىغان ھەق ئېلىش تۈرى 194.

2000 - يىلى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ قالايمىقانچىلىقنى تۈزەش، سېلىقنى يېنىكلىتىش تەلىپىگە ئاساسەن، سېتىۋېلىش تىزگىنلىنىدىغان ئاۋارلارغا ئېلىنىدىغان قوشۇمچە ھەق ۋە ئالاھىدە ئىستېمال قوشۇمچە ھەققىدىن ئىبارەت 12 تۈرلۈك ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك فوند ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 9 تارماقتا چېتىلىدىغان مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك ھەق ئېلىش تۈرىدىن 23 ى ئېنىقلاپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەت تەستىقلىغىنى 20 تۈر، ئاپتونوم رايون تەستىقلىغىنى 2 تۈر، ھوقۇقتىن ھالقىپ تەسىس قىلغان ھەق ئېلىش تۈرى بىر. بىگىدىن كۆپەيتىلگەن مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك ھەق ئېلىش تۈرى 15، بۇنىڭ ئىچىدە، مەركەز تەستىقلىغىنى 6 تۈر، ئاپتونوم رايون تەستىقلىغىنى 9 تۈر. قايتىدىن تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن ھەق ئېلىش تۈرى 8.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك ھەق ئېلىش ۋە ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك فوندتىن قىلىنغان كىرىم 7 مىليارد 48 مىليون 820 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن %9.4 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك ھەق ئېلىشتىن قىلىنغان كىرىم 4 مىليارد 804 مىليون 130 مىڭ يۈەن بولۇپ، %68.16 نى ئىگىلەپ، 695 مىليون 270 مىڭ يۈەن كۆپەيدى؛ ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك فوند كىرىمى 2 مىليارد 244 مىليون 690 مىڭ يۈەن بولۇپ، %31.84 نى ئىگىلەپ، 87 مىليون 320 مىڭ يۈەن كېمەيدى.

تەكشۈرۈپ تەستىقلاش دەرىجە تەرتىپىدىن قارىغاندا، مەركەز تەستىقلىغان ھەق ئېلىش، فوند كىرىمى 5 مىليارد 773 مىليون 980 مىڭ يۈەن، ئۆلكە دەرىجە تەستىقلىغان ھەق ئېلىش، فوند كىرىمى 1 مىليارد 274 مىليون 840 مىڭ يۈەن، ھەق ئېلىش كىرىمى ئىچىدە، مەركەز تەستىقلىغان ھەق ئېلىش كىرىمى 3 مىليارد 670 مىليون 610 مىڭ يۈەن، ئۆلكە دەرىجە تەستىقلىغان ھەق ئېلىش كىرىمى 1 مىليارد 133 مىليون 520 مىڭ يۈەن؛ فوند كىرىمى ئىچىدە، مەركەز تەستىقلىغان فوند كىرىمى 2 مىليارد 103 مىليون 370 مىڭ يۈەن، ئۆلكە دەرىجە تەستىقلىغان فوند كىرىمى 141 مىليون 320 مىڭ يۈەن.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك ھەق ئېلىش ۋە ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك فوند چىقىمى 6 مىليارد 545 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك ھەق چىقىمى 4 مىليارد 343 مىليون 650 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي چىقىمنىڭ %66.36 نى ئىگىلىدى؛ ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك فوند چىقىمى 2 مىليارد 202 مىليون 150 مىڭ يۈەن بولۇپ، %33.64 نى ئىگىلىدى. چىقىم قىلىنغان پۇل تۈرىدىن قارىغاندا، مەمۇرىي - كەسپىي خاراكتېرلىك چىقىم 3 مىليارد

946 مىليون 30 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي چىقىمنىڭ 28.60% ىنى، ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىمى 1 مىليارد 375 مىليون 930 مىڭ يۈەن بولۇپ، 21.02% ىنى، شەھەر ئاسراش چىقىمى 161 مىليون 100 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2.46% ىنى، باشقا چىقىملار 1 مىليارد 62 مىليون 740 مىڭ يۈەن بولۇپ، 16.24% ىنى ئىگىلىدى.

مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك ھەق ئېلىش، ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك فوندنى باشقۇرۇش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مەمۇرىي، كەسپىي خاراكتېرلىك ھەق ئېلىش كىرىمى ئىچىدە، خام چوتقا كىرگۈزۈپ باشقۇرۇشقا تېگىشلىك ھەق 581 مىليون 500 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلغىنى 210 مىليون 700 مىڭ يۈەن، خەزىنىگە تاپشۇرۇلغىنى 370 مىليون 800 مىڭ يۈەن (بۇ ئاساسەن، سودا - سانائەتتىكى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ئالغان ھەق 304 مىليون 90 مىڭ يۈەن، رادىئو باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ رادىئو باشقۇرۇش ھەققى 22 مىليون 300 مىڭ يۈەن قاتارلىقلار مالىيە مەخسۇس ھېسابىغا كىرگۈزۈپ باشقۇرۇلدى)؛ خام چوت سىرتىدا باشقۇرۇشقا تېگىشلىك ھەق 4 مىليارد 222 مىليون 630 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە، مالىيە مەخسۇس ھېسابىغا تاپشۇرۇلغىنى 3 مىليارد 154 مىليون 10 مىڭ يۈەن، ئېلىپ قېلىپ ئىشلىتىشكە ئەستىقلاپ بېرىلگىنى 848 مىليون 390 مىڭ يۈەن (ئاساسەن، داۋالاشتىن ئېلىنغان ھەق ۋە سۇچىلىق قۇرۇلۇشىدىن ئېلىنغان ھەق قاتارلىقلار)، مالىيە مەخسۇس ھېسابىغا تاپشۇرۇلمىغىنى 220 مىليون 230 مىڭ يۈەن. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك فوند (مەبلەغ قوشۇمچىسى) كىرىمى ئىچىدە، خام چوتقا كىرگۈزۈپ باشقۇرۇشقا تېگىشلىك فوند 1 مىليارد 888 مىليون 690 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلغىنى 1 مىليارد 713 مىليون 220 مىڭ يۈەن، دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلمىغىنى 175 مىليون 470 مىڭ يۈەن؛ خام چوت سىرتىدا باشقۇرۇشقا تېگىشلىك ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك فوند 356 مىليون، بۇنىڭ ئىچىدە، مالىيە مەخسۇس ھېسابىغا تاپشۇرۇلغىنى 194 مىليون 300 مىڭ يۈەن، مالىيە مەخسۇس ھېسابىغا تاپشۇرۇلمىغىنى 161 مىليون 700 مىڭ يۈەن.

جياڭ ئەيلىن

## تۇرالغۇ ئۆي مەبلىغىنىڭ كىرىم - چىقىمىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ مالىيە خاراكتېرلىك تۇرالغۇ ئۆي مەبلىغى كىرىمى 17 مىليون 330 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە جامائەت فوندى مەركىزىنىڭ باشقۇرۇش خىراجىتى كىرىمى 12 مىليون 310 مىڭ يۈەن، ئىجارىسى ئەرزان تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلگەن جامائەت فوندىنىڭ قوشۇلما قىممەت پايدىسى 3 مىليون 240 مىڭ يۈەن، باشقا كىرىملەر 1 مىليون 780 مىڭ يۈەن. يەرلىك مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆي فوندى كىرىمى 1 مىليارد 539 مىليون 360 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە مالىيە خام چوتتىن بۆلۈپ بېرىلگەن مەبلەغ 220 مىليون 240 مىڭ يۈەن، مالىيە مەخسۇس ھېسابىدىن بۆلۈپ بېرىلگەن مەبلەغ 363 مىليون 590 مىڭ يۈەن، ئۆزى باشقۇرىدىغان تۇرالغۇ ئۆي ئىجارىسى كىرىمى 9 مىليون 560 مىڭ يۈەن، ئىدارىنىڭ ئىشلىتىشكە قالدۇرۇلىدىغان ئۆي سېتىش كىرىمى 774 مىليون 670 مىڭ يۈەن، جامائەت ئىشلىتىدىغان بۆلىكىنىڭ جامائەت ئەسلىھە، ئۈسكۈنىلىرىنى رېمونت قىلىش فوندى 140 مىليون 520 مىڭ يۈەن، يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماقلار بۆلۈپ بەرگەن پۇل 7 مىليون 90 مىڭ يۈەن، ئۆسۈم كىرىمى 9 مىليون 300 مىڭ يۈەن، تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندى كىرىمى 1 مىليارد 173 مىليون 800 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە، كارخانا ئورۇنلار توپلىغان جامائەت فوندى 626 مىليون 640 مىڭ يۈەن، مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلار توپلىغان جامائەت فوندى 530 مىليون 40 مىڭ يۈەن. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مالىيەدىن 34 مىليون يۈەن ئاجرىتىلىپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ جامائەت فوندى تەسىس قىلىشىغا ياردەم بېرىلدى.

2000 - يىلى مالىيە خاراكتېرلىك تۇرالغۇ ئۆي مەبلىغى چىقىمى 14 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، جامائەت فوندى مەركىزىنىڭ خىراجەت چىقىمى 12 مىليون 310 مىڭ يۈەن، باشقا تۇرالغۇ ئۆي ئىسلاھاتى چىقىمى 1 مىليون 920 مىڭ يۈەن، مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆي فوندى چىقىمى 1 مىليارد 466 مىليون 300 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە، ئىشچى - خىزمەتچىلەر تۇرالغۇ ئۆيىگە تاپشۇرۇلغان جامائەت فوندى چىقىمى 265 مىليون 20 مىڭ يۈەن، جامائەت ئىشلىتىدىغان بۆلىكىدىكى جامائەت ئەسلىھە، ئۈسكۈنىلىرىنى رېمونت قىلىش فوند چىقىمى 27 مىليون 710 مىڭ يۈەن، ئۆزى باشقۇرىدىغان تۇرالغۇ ئۆيلەرنى رېمونت قىلىش، باشقۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىش چىقىمى 257 مىليون 570 مىڭ يۈەن، ئۆي سېلىش چىقىمى 912 مىليون 900 مىڭ يۈەن، باشقا چىقىملار 3 مىليون 100 مىڭ يۈەن. 2000- يىلى تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندىنىڭ جەمئىي چىقىمى 322 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆي سېتىۋېلىش چىقىمى 215 مىليون 840 مىڭ يۈەن، ئىشچى - خىزمەتچىلەر تۇرالغۇ ئۆيى چوڭ رېمونت

قىلىش چىقىمى 540 مىڭ يۈەن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە قايتۇرۇلغان جامائەت- فوندىنىڭ دىرى بىلەن ئۆسۈمى ئۈچۈن قىلىنغان چىقىم 72 مىليون 580 مىڭ يۈەن، تۇرالغۇ ئۆي فوندىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ خىراجىتى 12 مىليون 310 مىڭ يۈەن، پايدىنى ئەرزان ئىجارىگە ئۆزگەرتكەن تۇرالغۇ ئۆي چىقىمى 3 مىليون 240 مىڭ يۈەن. پايدا خىيىخەتەر تەييارلىق مەبلىغىگە ئۆزگەرتىلگەن چىقىم 17 مىليون 850 مىڭ يۈەن.

لى خەيباڭ

## زايوم باشقۇرۇش خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭدا جەمئىي 47 مىليون يۈەنلىك نىشانلىق زايوم تارقىتىلدى. ھەرقايسى يىللاردىكى زايوملارنىڭ 143 مىليون 600 مىڭ يۈەنلىك دىرى بىلەن ئۆسۈمى قايتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە مالىيە، پوچتا تارماقلىرىدا 1998 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 1998 - يىل 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە نەقلەشتۈرۈلگەن ھەرقايسى يىللىق زايوملار ۋە مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ماۋالىسى بىلەن قوبۇل قىلىپ، شىنجاڭ ئاكسىيە تىزىملاش شىركىتى ۋە شاڭخەي، شېنجېن ئاكسىيە بىرژىلىرىنىڭ خەزىنىسىدە ۋاكالىتەن ساقلىنىۋاتقان 1995 - يىللىق زايوملار كۆيدۈرۈۋېتىلدى. نەقلەشتۈرۈپ بولۇنغان ھەر قايسى يىللىق 56 مىليون 162 مىڭ يۈەنلىك 290 مىڭ 559 پارچە زايوم كۆيدۈرۈلدى.

جاڭ جاۋشياڭ

## لاتارىيە بېلىتىنى باشقۇرۇش خىزمىتى

2000 - يىلى مەركەز شىنجاڭغا 220 مىليون يۈەنلىك لاتارىيە بېلىتى چۈشۈرۈپ بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئېچىشقا بولىدىغان تەنتەربىيە لاتارىيە بېلىتى 40 مىليون يۈەنلىك، پاراۋانلىق لاتارىيە بېلىتى 180 مىليون يۈەنلىك (بۇنىڭ ئىچىدە ئېچىشقا بولىدىغان لاتارىيە بېلىتى 120 مىليون يۈەنلىك، كومپيۇتېر لاتارىيە بېلىتى 60 مىليون يۈەنلىك) تارقىتىلدى. يىل ئاخىرىغىچە، ئەمەلىي تارقىتىلغان لاتارىيە بېلىتى 154 مىليون 600 مىڭ يۈەنلىك، بۇنىڭ ئىچىدە، ئېچىشقا بولىدىغان تەنتەربىيە لاتارىيە بېلىتى 38 مىليون 230 مىڭ يۈەنلىك، پاراۋانلىق لاتارىيە بېلىتى 116 مىليون 370 مىڭ يۈەنلىك (بۇنىڭ ئىچىدە، ئېچىشقا بولىدىغىنى 48 مىليون 50 مىڭ يۈەنلىك، كومپيۇتېردا ئېچىلىدىغىنى 68 مىليون 320 مىڭ يۈەنلىك). ئاپتونوم رايون بويىچە لاتارىيە بېلىتى تارقىتىدىغان ئاپپارات 18، ئىشچى - خىزمەتچىسى 122 كىشى.

جاڭ جاۋشياڭ

## پېنسىيە سوممىسىنى يىغىش، تارقىتىش ئەھۋالى

2000 - يىلىغىچە، شىنجاڭدىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچى 346 مىڭ 288 گە يەتتى. 290 مىڭ 103 كىشىگە پېنسىيە سوممىسى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ تارقىتىلىپ، ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ تارقىتىش نىسبىتى 83.8% بولدى. بۇ بىر يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 2 مىليارد 135 مىليون 890 مىڭ يۈەن پېنسىيە سۇغۇرتا سوممىسى يىغىلدى، مەركەز شىنجاڭغا 207 مىليون 420 مىڭ يۈەن ئۆلچەمنى ئۆستۈرۈش مەبلىغى ئاجرىتىپ بەردى، قىيىنچىلىقى بار كارخانىلارغا 117 مىليون 800 مىڭ يۈەن پېنسىيە سوممىسى ياردەم بېرىلدى. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 2 مىليارد 398 مىليون 260 مىڭ يۈەن پېنسىيە سۇغۇرتا سوممىسى تارقىتىلىپ، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ مائاشىنى تارقىتىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

ياۋ فاڭ

## ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتىنى تارقىتىش ئەھۋالى

2000 - يىلى مالىيە نازارىتى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتى ئۈچۈن 40 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاساسەن، كارخانىلاردا ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتىنى تارقىتىشقا ئىشلەتتى. مەركەز مالىيەدىن شىنجاڭدىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتى ئۈچۈن 150 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەخسۇس قوشۇمچە ياردەم مەبلىغى بەردى. بۇ پۇل ئاساسلىقى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ۋە ھەر قايسى ۋىلايەتلەردىكى تەربىيىلەش مەركىزىدىن بىر قىسمىدىلا چىققانلارنىڭ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 4 ۋىلايەت، ئوبلاستىكى دۆلەت بېكىتكەن ۋە ئاپتونوم رايون بېكىتكەن نامرات ناھىيىلەردىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتىگە قوشۇمچە ياردەم بېرىلىدىغان قىسمى ئۈچۈن ئىشلىتىلدى. 2000 - يىلى مالىيە نازارىتى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتى ئۈچۈن 190 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجراتتى.

ياۋ فاڭ

## يەرلىك دۆلەت كارخانىلىرى، قاتناش كارخانىلىرىنىڭ مالىيە كۆرسەتكۈچىنى ئورۇنداش ئەھۋالى

سانائەت كارخانىلىرى 2000 - يىلى شىنجاڭدىكى يەرلىك دۆلەت سانائەت كارخانىلىرى 410 غا يېتىپ، 170 مىليون يۈەن پايدا (پايدا - زىيان بالانسى قىلىنغاندىن كېيىن) ياراتتى. بۇنىڭ ئىچىدە پايدا ئالغان كارخانا 227، پايدا سوممىسى 790 مىليون يۈەن؛ زىيان تارتقان كارخانا 183، زىيان سوممىسى 620 مىليون يۈەن. ئۇلارنىڭ قولىدىكى مۈلكى جەمئىي 45 مىليارد 410 مىليون يۈەن، ساپ مۈلۈك 12 مىليارد 790 مىليون يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە، تۇراقسىز مۈلۈك 18 مىليارد 40 مىليون يۈەن، تۇراقلىق مۈلۈك 23 مىليارد 860 مىليون يۈەن. جەمئىي قەرزى 32 مىليارد 620 مىليون يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە، تۇراقسىز قەرزى 22 مىليارد 270 مىڭ يۈەن، ئۇزاق مۇددەتلىك قەرزى 10 مىليارد 350 مىليون يۈەن. ئەمەلىي يىغىلغان كاپىتالى 10 مىليارد 250 مىليون يۈەن.

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى يەرلىك دۆلەت سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى داۋاملىق ئېشىش ۋەزىيىتىدە تۇردى، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 11 مىليارد 84 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %22.27 ئاشتى؛ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ھازىرقى باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، 15 مىليارد 342 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %20.29 ئاشتى؛ سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 5 مىليارد 20 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %51.35 ئاشتى. سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىپ قىلغان كىرىمى خېلى زور دەرىجىدە ئېشىپ، تەننەرخ، خىراجەتمۇ ماس قەدەمدە ئازراق ئۆرلىدى. مەھسۇلاتنى سېتىپ قىلىنغان كىرىم 15 مىليارد 695 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %56.25 ئاشتى؛ مەھسۇلاتنىڭ سېتىش تەننەرخى 12 مىليارد 377 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %41.23 ئاشتى؛ ۋاستىلىك خىراجەت 3 مىليارد 517 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %70.15 ئاشتى. مەھسۇلاتنى سېتىپ قىلىنغان كىرىمنىڭ ئېشىش نىسبىتى مەھسۇلاتنى سېتىپ چىقىرىش تەننەرخىنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىن 2.15 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى. ئىقتىسادىي ئۈنۈم زور دەرىجىدە كۆپەيدى، زور سوممىلىق زىيان تارتىدىغان كارخانىلار ئازايدى. ياراتقان ئومۇمىي پايدا (پايدا بىلەن زىيان بالانس قىلىنغاندىن كېيىن) 174 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 593 مىليون 920 مىڭ يۈەن ئاشتى. يۇقىرىدىكى كۆرسەتكۈچلەرنى سېلىشتۇرۇش ئەھۋالى شۇنى كۆرسىتىدىكى، شىنجاڭنىڭ دۆلەت سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى زور دەرىجىدە ئېشىشتىكى ئاساسلىق سەۋەب، پايدا ئالغان كارخانىلارنىڭ پايدا سوممىسى ھەسسىلەپ ئاشتى، زىيان تارتقان كارخانىلارنىڭ زىيان سوممىسى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى، بۇ يىل يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئەڭ ياخشى بولغان بىر يىل بولدى.

2000 - يىلى دۆلەت سانائەت كارخانىلىرىنىڭ يۇقىرىغا تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باج ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 415 مىليون 700 مىڭ يۈەن ئىدى، ئەمەلىيەتتە، خەزىنىگە كىرگىنى 1 مىليارد 202 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، خەزىنىگە كىرگۈزۈش نىسبىتى %97.84 كە يەتتى. 410 دۆلەت سانائەت كارخانىسى جەمئىيەتنىڭ چىقىمى ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن تۆھپە ئومۇمىي سوممىسى 3 مىليارد 630 مىليون يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە مائاش ۋە پاراۋانلىق 1 مىليارد 850 مىليون يۈەن، ئەمگەك سۇغۇرتا ھەققى 500 مىليون يۈەن، ئۆسۈم چىقىمى 870 مىليون يۈەن.

قاتناش كارخانىلىرى 2000 - يىلى شىنجاڭدىكى قاتناش كارخانىلىرى 90 گە، كارخانىدا ئىشلەيدىغان ئادەم 20 مىڭ 552 گە، يىل ئاخىرىدا ئىش ئورنىدا بار ئىشچى - خىزمەتچى 18 مىڭ 450 كە، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلار 14 مىڭ 108 گە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي مۈلكى 2 مىليارد 723 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە، تۇراقلىق مۈلكى (ئەسلى قىممىتى) 1 مىليارد 918 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى تۇراقسىز مۈلكى 759 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە، قەرز ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 916 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يەتتى، يىل ئاخىرىدىكى ئىگىدارچىلىق ھوقۇق - مەنپەئەتى 805 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەت ئەمەلىي يىغىۋالغان كاپىتال 467 مىليون 840 مىڭ يۈەن بولدى.

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى دۆلەت قاتناش كارخانىلىرى ياراتقان توشۇش تىجارەت كىرىمى 638 مىليون 600 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن %9.9 تۆۋەنلىدى. توشۇش تىجارىتى تەننەرخى 535 مىليون 500 مىڭ يۈەن بولۇپ، %1.08 تۆۋەنلىدى. باشقۇرۇش خىراجىتى 191 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %5 ئاشتى؛ مالىيە خىراجىتى 38 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %24 ئاشتى. قاتناش كارخانىلىرى ياراتقان پايدا ئومۇمىي سوممىسى مىنۇس 105 مىليون 600 مىڭ يۈەن بولۇپ، زىيان 54 مىليون 800 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. ئاكتىپ - پاسسىپ نىسبىتى %38.70 كە يېتىپ، 5.7 پىرسەنت پوئىنتى كۆپەيدى.

ياڭ لىن

## سېتىۋېلىشنى تىزگىنلەش خىزمىتى

2000 ـ يىلى مالىيە نازارىتى كارخانىلارنىڭ سېتىۋېلىشنى تىزگىنلەپ تەستىقلاشنى ئەمەلدىن قالدۇردى. لېكىن، مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ پىكاپلىرىنى يەنىلا بەلگىلىمە بويىچە شتات بەلگىلەپ، تەكشۈرۈپ، مەخسۇس تىزگىنلىنىدىغان تاۋارلارنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى. 2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مەمۇرىي كەسپىي ئورۇنلارغا جەمئىي 3764 پىكاپ تەستىقلاپ بېرىلدى، بۇنىڭ سوممىسى 660 مىليون يۈەن بولۇپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %1 تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، مەمۇرىي ئورۇنلارغا 1771 پىكاپ تەستىقلاپ بېرىلدى، سوممىسى 297 مىليون 522 مىڭ 400 يۈەن، كەسپىي ئورۇنلارغا 1143 پىكاپ تەستىقلاپ بېرىلدى، سوممىسى 208 مىليون 83 مىڭ 900 يۈەن، مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلارغا 850 مەخسۇس پىكاپ تەستىقلاپ بېرىلدى، سوممىسى 154 مىليون 619 مىڭ 700 يۈەن.

2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك سېتىۋېلىشنى تىزگىنلەش ئىشخانىلىرى 23 مىليون 469 مىڭ 400 يۈەن مەخسۇس تىزگىنلىنىدىغان تاۋارلار قوشۇمچە ھەققى يىغىۋالدى، 48 مىليون 780 مىڭ 500 يۈەن چىقىم ئورۇنلاشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە، مائارىپ چىقىمى 18 مىليون 69 مىڭ 600 يۈەن، پەن ـ تېخنىكا چىقىمى 2 مىليون 50 مىڭ يۈەن، سەھىيە چىقىمى 8 مىليون 860 مىڭ يۈەن، پىلانلىق تۇغۇت چىقىمى 3 مىليون 630 مىڭ يۈەن، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە چىقىمى 963 مىڭ يۈەن، كارخانىلارنىڭ نامراتلارغا ياردەم بېرىش مەبلىغى 1 مىليون 800 مىڭ يۈەن، باشقا چىقىملار 13 مىليون 407 مىڭ 900 يۈەن.

ۋۇ لەنشياڭ

# يەرلىك باج

## باج يىغىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئەھۋالى

شىنجاڭدىكى يەرلىك باج سىستېمىلىرى 2000 ـ يىلى 5 مىليارد 161 مىليون يۈەن تۈرلۈك يەرلىك مالىيە كىرىمىنى ئورۇنلاشتۇردى، بۇ 1999 ـ يىلدىكىدىن %11.6 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، باج كىرىمى 4 مىليارد 875 مىليون يۈەن بولۇپ، %11.27 ئاشتى؛ مائارىپ خىراجىتى قوشۇمچە كىرىمى 217 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %16.9 ئاشتى؛ خەلق مائارىپى فوندى كىرىمى 64 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14.35 ئاشتى؛ مەدەنىيەت كەسپىي قۇرۇلۇشى كىرىمى 3 مىليون يۈەن بولدى؛ باشقا كىرىملەر 2 مىليون يۈەن بولدى.

جۇ زىشياڭ

## باج يىغىش ـ باشقۇرۇش تەدبىرلىرى

باج قەرزىنى ئېنىقلاش 2000 ـ يىلى ھەر دەرىجىلىك يەرلىك باج تارماقلىرى دۆلەت باج ئىشلىرى باش ئىدارىسىنىڭ «باج قەرزى سوممىسىنى ھېسابلاشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى» نى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ باج قەرزىنىڭ ئاساسىي سانىنى ۋە سەۋەبىنى ئېنىقلاش، قەرزنى ئېنىقلاش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، بۆسۈش ئېغىزىنى پائال ئىزدەپ، باج قەرزىنى ئېنىقلاش سالمىقىنى كۈچەيتىپ، باج قەرزىنى ئېنىقلاشنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈردى، باج قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، باج كېچىكتۈرگەنلىك پۇلىنى قوشۇپ ئالدى ھەم باجنى تولۇق يىغىشقا كاپالەتلىك قىلىش تەدبىرلىرىنى پائال قوللىنىپ، باج قەرزىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنى تىزگىنلىدى، شۇ يىلدىكى يېڭى باج قەرزى يۈزتۈنلەي ئېنىقلاپ قايتۇرۇۋېلىندى، كونا قەرزنىڭ %20 ى ئېنىقلاپ قايتۇرۇۋېلىندى.

كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى ھەر دەرىجىلىك يەرلىك باج تارماقلىرى دۆلەت ئىلكىدىكى، پايچېك تۈزۈمىدىكى، شېرىكچىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ شۇنىڭدەك غەيرىي دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تاپاۋەت بېجىنى باشقۇرۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىپ، باج مەنبەسىنىڭ ئاساسىي سانىنى ئېنىقلاپ، باج مەنبەسىنى نازارەت قىلىپ تىزگىنلەش، باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، باج تاپشۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋە ھېسابلاپ، ئېنىقلاپ تاپشۇرغۇزۇش خىزمىتىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، كەسىپتىن ھالقىغان، رايون ئاتلىغان كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ، بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ تاپاۋەت بېجىنى نازارەت قىلىپ يىغىۋېلىشنى نۇقتىلىق ياخشى تۇتتى. 2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى يەرلىك باج سىستېمىسى جەمئىي 552 مىليون 290 مىڭ يۈەن كارخانا تاپاۋەت بېجى يىغىۋالدى، بۇ 1999 ـ يىلدىكىدىن %12.31 ئاشتى.

شەخسلەر تاپاۋەت بېجىنى ئېلىش، باشقۇرۇش ئەھۋالى جايلار پائال تەدبىر قوللىنىپ، ئۆي ئىجارىگە بېرىش، شەخسىي ئۆيلەرنى بېزەش قاتارلىق باج مەنبەسى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئەتراپلىق قىلىپ، كارخانىلارنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش داۋامىدا ئىشلىتىش ھوقۇقىنى مۇكاپات قىلىپ بېرىش، مۈلۈكنى ئۆتۈنۈپ بېرىش، ئەمگەك توختامىنى بىكار قىلىپ كىرىمگە ئېرىشىش، ئۆيلەرنى بازارغا سېلىپ سودا قىلىپ كىرىمگە ئېرىشىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى، ئىلگىرى ئورنىتىلغان تۈزۈپ قېلىپ

تاپشۇرۇش مۇناسىۋىتى ۋە مەشغۇلات ئورنى ھېساباتى ئاساسىدا، تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇش، مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇش، كۆپ سانلىقنى تىزگىنلەش، كىچىك ئورۇنلارنى ياخشى باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، تۇتۇپ قېلىپ تاپشۇرۇش سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى. شەخسلەر تاپاۋەت بېجىنى مەخسۇس تەكشۈرۈش ۋە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، زەربە بېرىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، مۇھىم نۇقتىنى شەخسلەر ئۆز ئالدىغا مەبلەغ سالغان كارخانىلار، شېرىكلەشكەن كارخانىلار، ۋاستىچى ئاپپاراتلاردىكى كەسپكارلار ۋە پايچىكلارنىڭ ئۆسۈم كىرىمىگە، شۇنىڭدەك ئالىي مەكتەپلەر، داۋالاش ئاپپاراتلىرىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمى قاتارلىق تەرەپلەرگە قارىتىپ، باج كىرىمىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى يەرلىك باج سىستېمىسى 760 مىليون 40 مىڭ يۈەن شەخسلەر تاپاۋەت بېجى كىرىم قىلىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %26.97 ئاشۇردى.

جۇ زىشياڭ

## باج باشقۇرۇش

باج ئېلىشنى باشقۇرۇش ئىسلاھاتى 2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر يەرلىك باج ئىدارىسى باج ئېلىشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىسلاھ قىلدى. بىرىنچىدىن، باج ئېلىشنى باشقۇرۇشنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتىنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، باج ئېلىشنى باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، تور قۇرۇلۇشىنى باشلاپ، باج ئىشلىرىنى باشقۇرۇش يۇمشاق دېتاللىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كومپيۇتېردىن پايدىلىنىش جەھەتتىن تەربىيىلەشنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت خىزمەت تەسەۋۋۇرى ۋە يىل ئىچىدە باسقۇچ خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش نىشانى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى ھەم كۈچىنى توپلاپ يۇمشاق دېتاللارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە تور قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بوغما ھالەتتىكى قىيىن مەسىلە نۇقتىلىق بۆسۈش ئېغىزى قىلىندى. يىل ئاخىرىغىچە باج باشقۇرۇش يېڭى يۇمشاق دېتالى ۋە ئىش بېجىرىشنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش ئومۇمىي لايىھىسىنى تۈزۈش، شۇنىڭدەك ئۇنى ياساش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالدى، ئىدارە ئورگىنىنىڭ رايونلۇق تورى بەرپا قىلىندى ھەم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە كېڭەيتىشنىڭ شارائىتى يارىتىلدى. ئىككىنچىدىن، كادىرلارنى كەسپىي ماھارەت جەھەتتىن تەربىيىلەش پائال قانات يايدۇرۇلۇپ، ئىشلەش داۋامىدا تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى ئاساس قىلىش، مۇۋاپىق يىغىپ تەربىيىلەشنى قوشۇمچە قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، كومپيۇتېردا مەشغۇلات قىلىش، باشقۇرۇش، ئاسراش خادىملىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، ئىجابىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. ئۈچىنچىدىن، باش ئىدارىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ھازىرقى ئاپپاراتلار ۋە خادىملار دەسلەپكى قەدەمدە مۇۋاپىق قايتىدىن گورۇپپىلاشتۇرۇلۇپ، باشقۇرۇش ئاپپاراتى تەسىس قىلىندى، ئاساسىي قاتلام باج پونكىتلىرى قىسقارتىلىپ، تۈرلەر، بۆلەكلەر بويىچە باشقۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

باج ئېلىش تەشۋىقاتى «باج ۋە كېلەچەك» ناملىق تەشۋىقات ئېيىنى زىچ چۆرىدەپ، مول، رەڭگارەڭ،

شىنجاڭ يەرلىك باج سىستېمىسىنىڭ 2000 - يىلى رايونلار بويىچە باج كىرىمىنى ئورۇنداش ئەھۋالى

| رايونلار | جەمئىي كىرىم | 1999 - يىلدىكىدىن %± |
|---|---|---|
| جەمئىي | 487468 | 11.27 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 174804 | 9.39 |
| قاراماي شەھىرى | 56643 | 30.94 |
| شىخەنزە شەھىرى | 11657 | 7.59 |
| سانجى ئوبلاستى | 30119 | 12 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 11941 | 10.76 |
| ئىلى ئوبلاستى | 50150 | 10.55 |
| كۈيتۇڭ شەھىرى | 8401 | 12.13 |
| ئىلى ۋىلايىتى | 20317 | 6.23 |

| | | |
|---|---|---|
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 15117 | 17.01 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 6315 | 8.34 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 45517 | 2.01 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 21127 | 25.31 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 1731 | 9.63 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 18818 | 8.49 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 6156 | 4.87 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 19978 | 9.25 |
| بورتالا ئوبلاستى | 6801 | 9.29 |
| بىۋاسىتە قاراشلىق باج ئىدارىسى | 31794 | 6.73 |
| تەكشۈرۈش ئىدارىسى | 232 | —61.33 |

بېكى شەكىللىك، جانلىق، ئېنىق باج تەشۋىقات پائالىيىتى كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر يەرلىك باج ئىدارىسى دۆلەت باش باج ئىدارىسى تەرىپىدىن مەملىكەتنىڭ باج ئىشلىرى سىستېمىسى بويىچە باج تەشۋىقاتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

باج تەكشۈرۈش    ھەر دەرىجىلىك يەرلىك باج تارماقلىرى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ تەكشۈرۈشنى ۋە باشقا جايلار بىلەن ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەر قايسى تەرەپلەردىن كەلگەن بېسىم ۋە كاشىلىلارنى تۈگىتىپ، چوڭ، مۇھىم دېلولارنى تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپ قىلىش سالمىقىنى كۆچەيتىپ، جازالاش نىسبىتى ۋە باج پۇلىنى تەكشۈرۈپ، تولۇقلاپ خەزىنىگە كىرگۈزۈش نىسبىتىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈردى. 2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يەرلىك باج سىستېمىسى 542 مىليون يۈەن باج پۇلىنى تەكشۈرۈپ تېپىپ چىقىپ خەزىنىلەشتۈردى.

باج بويىچە قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش    2000 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر يەرلىك باج ئىدارىسى جايلارغا 3 خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، باج سىياسىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى، باج ئېلىشنى باشقۇرۇش، دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، قانۇننى ئىجرا قىلىش ھۆججەتلىرى قاتارلىق تەرەپلەرنى تەكشۈردى. جايلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تەكشۈرۈشى ئاساسىدا، نۇقتىلىق ئايرىلاپ تەكشۈردى، ئايرىلاپ تەكشۈرۈش نىسبىتى %45.2 كە يەتتى، باجغا چېتىلىدىغان، قانۇنغا خىلاپ 2 پارچە ھۆججەت تۈزىتىلدى، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورۇنلار نامۇۋاپىق جازالىغان 18 قېتىملىق ئىشلارنى تۈزىتىلدى، باج ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا دائىر قىلىپلاشمىغان 21 قارار تۈزىتىلدى.

جۇ زىشيالڭ

# دۆلەت بېجى

## باجنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

2000 ـ يىلى شىنجاڭ دۆلەت بېجى سىستېمىسى باجدىن جەمئىي 10 مىليارد 203 مىليون 890 مىڭ يۈەن (تاموژنا ۋاكالىتەن يىغقان باج كىرىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىدۇ) كىرىم قىلىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %29.5 ئاشۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئىچكى قوشۇلما قىممەت بېجى 6 مىليارد 205 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %4 .10 ئاشتى؛ ئىچكى ئىستېمال بېجى كىرىمى 804 مىليون 30 مىڭ يۈەن بولۇپ، %5 .24 تۆۋەنلىدى؛ مەركەزنىڭ تىجارەت بېجى كىرىمى 240 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %3 .10 ئاشتى؛ كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجى 1 مىليارد 664 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە، چەت ئەللەرگە چېتىشلىق كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجى كىرىمى 42 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %7 .18 ئاشتى. تاموژنا ۋاكالىتەن يىغقان باج كىرىمى 1 مىليارد 46 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %4 .45 ئاشتى؛ خەلق پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈمىدىن ئېلىنغان شەخسىي تاپاۋەت بېجى 184 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئېكسپورتتىن قايتۇرۇلغان باج 485 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %5 .104 ئاشتى.

گۇەنپىڭ، شيې جۇن




2000 ـ يىل 4 ـ ئاي 9 ـ قېتىملىق باج تەشۋىقاتى ئېيى، سۈرەتتىكىسى ئۈرۈمچىدىكى تەشۋىقات مەيدانى.

شيې جۈن فوتوسى

## باج باشقۇرۇش ئەھۋالى

1. ئوبوروت بېجى سىياسىتى ئاساسىدىكى باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت قىلىش كۈچەيتىلدى، «ش ئۇ ئا ر دۆلەت بېجى ئىدارىسىنىڭ قوشۇلما قىممەت بېجىدا ساختىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش، باجنى تىزگىنلەش سىستېمىسىنىڭ مەشغۇلات قائىدىسى» تۈزۈپ چىقىلدى. 2000 ـ يىلى شىنجاڭدا قوشۇلما قىممەت بېجىدا ساختىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش، باجنى تىزگىنلەش سىستېمىسىغا كىرگۈزۈلگەن كارخانا ئاپتونوم رايون بويىچە قوشۇلما قىممەت بويىچە ئادەتتىكىچە باج تۆلىگۈچىلەر سانىنىڭ 16.4% نى ئىگىلىدى. دۆلەتنىڭ قەرزنى باج بىلەن قايتۇرۇش سىياسىتى پائال ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ماليىيە مىنىستىرلىكى ۋە دۆلەت باج ئىدارىسىغا شىنجاڭدىكى قەرزنى باج بىلەن قايتۇرۇش سىياسىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان 9 كارخانىنىڭ ئالاقىدار ماتېرىياللىرى يوللاپ بېرىلدى ھەم تەستىقلاش رەسمىيىتى بېجىرىلدى، بۇ بىر يىلدا قەرزنى باج بىلەن قايتۇرۇش ۋەزىپىسى 19 مىليون يۈەن ئورۇندالدى، چېگرىدىكى ئاز سومىلىق سودىنىڭ قوشۇلما قىممەت بېجىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، چېگرىدىكى ئاز سوممىلىق سودىنىڭ قوشۇلما قىممەت بېجى سوممىسىنى تۇتۇپ قېلىش داۋامىدا ساقلانغان مەسىلىلەر ھەل قىلىندى، مۇناسىپ ھالدا مەخسۇس باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى چىقىرىلىپ، چېگرا سودىسى قىلىدىغان كارخانىلاردىن قوشۇلما قىممەت بېجىنى ئېلىش، ئىمپورت بېجىنى تۇتۇپ قېلىش ۋە كونكرېت باج ئېلىش ئۇسۇلى توغرىسىدا يېڭى بەلگىلىمە بەلگىلەندى، بۇ ئارقىلىق چېگرا سودىسى بېجىنىڭ مۇقىم ئېشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنىپلا قالماستىن، يەنە ئادىل باج يىغىش مۇھىتىنى بەرپا قىلىشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى. 2000 ـ يىلى بىر قىسىم ئېلېكتر تورى ۋە ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممەت بېجىنى جەمئىيلەپ ھېسابلاپ، تاپشۇرۇش ئەھۋالىنى ئېنىقلاش ئارقىلىق، جەمئىي 625 مىڭ 600 يۈەن قوشۇلما قىممەت بېجى تەكشۈرۈپ تېپىلىپ، تولۇقلاپ ئېلىندى؛ ئاپتونوم رايوندىكى خەلق ئىشلىرى ئارمىيىلىرىنىڭ پارۋانلىق كارخانىلىرى، مەكتەپ باشقۇرغان كارخانىلارنىڭ سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە باجنى مەخسۇس تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇ كەسىپلەردە باج يىغىشتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر تۈزىتىلدى؛ بىر قاتار باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى بەلگىلەش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايون بويىچە باجنىڭ 45.98% نى ئىگىلەيدىغان نېفىت كارخانىلىرىنىڭ باج ئىزىملىتىش، باج تاپشۇرۇش مەلۇماتى، باج ھۆججەتلىرى ۋە ئوردېرلىرىنى ئىشلىتىش، باج ئىشلىرىنى مۇپەتتىشلىك قىلىش ئىشى شۇنىڭدەك نېفىت باج باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باج ئېلىش ـ باشقۇرۇش دائىرىسى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، نېفىت بېجىنى يىغىش، باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى.

2. تاپاۋەت بېجىنى باشقۇرۇش تېخىمۇ كۈچەيتىلدى، تۈرلۈك تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈمى ئورنىتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، بىر قاتار قېلىپلاشقان باشقۇرۇش چارىلىرى تۈزۈپ چىقىلدى. مال ـ مۈلۈك زىيانغا ئۇچرىغاندا تاپاۋەت بېجىنى ئالدىن تۇتۇپ قېلىشنى تەستىقلاشنى باشقۇرۇش چارىسى، يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ ماليىيە باشقۇرۇش چارىسى، پۇل مۇئامىلە، سۇغۇرتا كارخانىلىرىنىڭ تاپاۋەت بېجىنى باشقۇرۇش چارىسى قاتارلىقلار تېخىمۇ ياخشىلاندى. چەت ئەللەرگە چېتىشلىق ئىقتىسادىي تەپتىشلىك خىزمىتى پائال قانات يايدۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە چەت ئەللەرگە چېتىشلىق باجدىن قېچىشقا قارشى تۇرۇش بويىچە باج ئىقتىسادىي تەپتىشلىكى قانات يايدۇرۇلۇپ، باجدىن قېچىش يوچۇقلىرى ئۈنۈملۈك توسۇلۇپ، باج كىرىمىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشى ئازايتىلدى. دۆلەت مەبلەغ سالغان، چەت ئەللەر مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجى خىزمىتى

ئېشىپ كۆچەيتىلدى. 1999 - يىللىق ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت بېجى سىستېمىسى ھېسابلاپ، باج تاپشۇرۇش ئەھۋالىنى ئېنىقلىغان دۆلەت مەبلەغ سالغان كارخانا 1478، بۇنىڭ ئىچىدە، باج كېمەيتىلگەن، كەچۈرۈم قىلىنغان كارخانا 45، كېمەيتىلگەن، كەچۈرۈم قىلىنغان تاپاۋەت بېجى 22 مىليون يۈەن، ئەمەلىيەتتە يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغىنى 647 مىليون 590 مىڭ يۈەن؛ ھېسابلاپ باج تاپشۇرۇش ئەھۋالى ئېنىقلانغان، چەت ئەللەر مەبلەغ سالغان كارخانا 601، باج كېمەيتىلگەن، كەچۈرۈم قىلىنغان كارخانا 24، كېمەيتىلگەن، كەچۈرۈم قىلىنغان تاپاۋەت بېجى 27 مىليون يۈەن، ئەمەلىيەتتە يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغىنى 38 مىليون 660 مىڭ يۈەن.

3. ئېكسپورت بېجىنى قايتۇرۇشنى باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. شىنجاڭ پاختىسىنى سېتىش ۋە ئېكسپورت قىلىشقا مەدەت بېرىش ئۈچۈن، شىنجاڭ پاختىسىنى ئېكسپورت قىلىش ۋە «ئېكسپورتنى ئىمپورتنىڭ ئورنىغا قويۇش» تا باجنى قايتۇرۇش، كەچۈرۈم قىلىش، «مەخسۇس پۇل تاپشۇرۇشنامىسى» بىلەن تەمىنلەشنى كەچۈرۈم قىلىش بويىچە يەككە تۈر سىياسىتى قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ بىر يىلدا شىنجاڭ پاختىسى بويىچە بېجىرىلگەن باج قايتۇرۇش سوممىسى 60 مىليون يۈەندىن ئارتۇق بولدى. دۆلەتنىڭ ئېكسپورت بېجىنى قايتۇرۇش (كەچۈرۈم قىلىش) سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئارقىلىق، بۇ بىر يىلدا 590 مىليون يۈەن ئېكسپورت بېجىنى قايتۇرۇش (كەچۈرۈم قىلىش) تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى.

گۈەن يىڭ، شيې جۈن

## باج تەكشۈرۈش

2000 - يىلى شىنجاڭ دۆلەت بېجى سىستېمىسى باجنى مەخسۇس تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. تاپاۋەت بېجىنى مەخسۇس تەكشۈرۈش خىزمىتى ئاپتونوم رايوندىكى 138 كارخانىغا چېتىلدى، جەمئىي 50 مىليون 980 مىڭ يۈەن تاپاۋەت بېجى، 8 مىليون 910 مىڭ يۈەن قوشۇلما قىممەت بېجى، 1 مىليون 850 مىڭ يۈەن تىجارەت بېجى تەكشۈرۈپ، تولۇقلاپ يىغىۋېلىندى، 420 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى. 230 مىڭ يۈەن باج كېچىكتۈرگەنلىك پۇلى ئېلىندى. «باج تەكشۈرۈش كىرىمى» مەخسۇس ھېسابى بويىچە باشقۇرۇش تۈزۈمى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

2000 - يىلى شىنجاڭ دۆلەت بېجى سىستېمىسى باج تەكشۈرۈش ئارقىلىق 172 مىليون 300 مىڭ يۈەن كىرىمنى تەكشۈرۈپ تېپىپ، تولۇقلاپ ئالدى. بۇنىڭ ئىچىدە، تەكشۈرۈپ تېپىپ تولۇقلاپ ئېلىنغان باج 136 مىليون 430 مىڭ يۈەن، جەرىمانە 21 مىليون 30 مىڭ يۈەن، ئېلىنغان (باج كېچىكتۈرگەنلىك پۇلى) 14 مىليون 840 مىڭ يۈەن. تەكشۈرۈپ تولۇقلانغان كىرىمدىن خەزىنىگە كىرگۈزۈلگىنى 204 مىليون 180 مىڭ يۈەن بولۇپ، خەزىنىلەشتۈرۈلۈش نىسبىتى 119% كە يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك دېلو مەلۇم قىلىش مەركەزلىرى مەلۇم قىلىنغان دېلودىن 1193 نى بېجىرىپ، 1051 نى تەكشۈرۈپ ئاخىرلاشتۇردى، مەلۇم قىلىنغان دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق 17 مىليون 890 مىڭ يۈەن كىرىم تەكشۈرۈپ تېپىلىپ تولۇقلاپ يىغىلدى.

گۈەن يىڭ، شيې جۈن

# بانكا، سۇغۇرتا، ئاكسىيە

## بانكا

### خەلق بانكىسى

#### پۇل مۇئامىلە خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرى ئۆز تەۋەلىكىدىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى پائال ماسلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، پارتىيىنىڭ ئىقتىساد، پۇل مۇئامىلىگە دائىر فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل، ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ماكرولۇق ئىقتىسادىي تەرەققىيات نىشانىغا بىرلەشتۈرۈپ، مۇقىم، ساغلام پۇل سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتىنى ھەقىقىي ياخشىلاپ، پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، پۇل مۇئامىلىدىكى خېيىمخەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە پەسەيتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا پۇل مۇئامىلە جەھەتتىن كۈچلۈك مەدەت بەردى.

1. تۈرلۈك پۇل، كرېدىت سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۆزنەكلىك، يېتەكچىلىك رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇپ، كرېدىت مەبلىغىنىڭ تەكشى ئېشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ تۈرلۈك پۇل ئامانەت قالدۇقى 186 مىليارد 350 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 31 مىليارد 480 مىليون يۈەن كۆپەيدى؛ تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 140 مىليارد 310 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 1 مىليارد 630 مىليون يۈەن كۆپەيدى؛ بۇ بىر يىلدا 7 مىليارد 390 مىليون يۈەن نەق پۇل تارقىتىلدى. (1) يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇنىۋېرسال كرېدىت سېلىنمىسى زورايتىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئىشلىرى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى 15 مىليارد 380 مىليون يۈەن يېزا ئىگىلىكى قەرز پۇلى تارقاتتى، بۇ 1999 - يىلدىكىدىن 6 مىليارد 230 مىليون يۈەن كۆپ بولدى. (2) بازارلارغا كرېدىت مەبلىغى تەقسىملەپ بېرىلىپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتىغا ئاكتىپ مەدەت بېرىلدى. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت بانكىلىرى 32 مىليارد 270 مىليون يۈەن تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى تارقاتتى، بۇ 3 مىليارد 920 مىليون يۈەن كۆپ بولدى، بۇنىڭ بىلەن قاتناش، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، پولات - تۆمۈر قاتارلىق ئۇل كەسىپلەر ۋە پېيى بازارغا سېلىنغان بىر قىسىم شىركەتلەرنىڭ تۇراقسىز مەبلەغ ئېھتىياجىغا نۇقتىلىق كاپالەتلىك قىلىندى ھەم بىر قىسىم خېرىدارلىق پايدىسى بار، ئىشەنچلىك دۆلەت كارخانىلىرىغا 1 مىليارد 230 مىليون يۈەن يېڭىدىن قەرز پۇل تارقىتىلدى، يەنە بانكا پېرېۋوت چېكى پائال يولغا قويۇلۇپ، بانكا كۆرۈۋې قەرز پۇلى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىنى ئىستراتېگىيىلىك ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، دۆلەت كارخانىلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ 3 يىللىق نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۈنۈملۈك مەدەت بېرىلدى. (3) مالىيە سىياسىتىگە ئاكتىپ ماسلىشىپ، ئوتتۇراھال، ئۇزاق مۇددەتلىك كرېدىت سېلىنمىسى كۆپەيتىلىپ، غەربنى كەڭ ئېچىشقا مەدەت بېرىش بازار ئورنى شەكىللەندۈرۈلدى. بۇ بىر يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت بانكىلىرى جەمئىي 14 مىليارد 970 مىليون يۈەن تۇراقلىق مۈلۈك قەرز پۇلى تارقاتتى، بۇ 2 مىليارد 120 مىليون يۈەن كۆپ بولدى. ئالاقە، نېفىت، شەھەر - يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسەلەرگە ۋە ئېكولوگىيە - مۇھىت ئاسراش قۇرۇلۇشىغا نۇقتىلىق قەرز پۇل تارقىتىلدى ھەم مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، كەسىپنى ئەلالاشتۇرۇش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىكى زايومغا ۋە نامراتلارنى يۆلەشكە ئۆسۈم قوشۇپ بېرىش تۈرلىرىگە نۇقتىلىق مەدەت بېرىلدى. (4) ئىستېمال كرېدىتى كەسپى ئومۇميۈزلۈك باشلاندى ۋە كېڭەيتىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە تۇرالغۇ ئۆي كرېدىتى باشلامچى قىلىنغان ئىستېمال كرېدىتى كەسپى تېز تەرەققىي قىلدى، 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە 7 مىليارد

570 مىليون يۈەن ھەر خىل ئىستېمال قەرز پۇلى تارقىتىلىپ، 5 مىليارد 880 مىليون يۈەن كۆپەيدى، بۇ ئاپتونوم رايوندىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى يېڭىدىن كۆپەيتكەن قەرز پۇلىنىڭ 78.5% نى ئىگىلىدى.

2. پۇل مۇئامىلە مۇلازىمەت سەۋىيىسى ھەقىقىي ياخشىلىنىپ، پۇل سىياسىتى قورالىنىڭ ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەشتىكى مۇھىم رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى. (1) تەكرار قەرز بېرىش، تەكرار دىسكونت قىلىش قاتارلىق پۇل سىياسىتى خىزمىتىنىڭ مەشغۇلات سالمىقى كۈچەيتىلىپ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ مەبلەغ يۆنىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىنىپ، ئوتتۇراھال، كىچىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئوتتۇراھال، كىچىك كارخانىلار ۋە غەيرىي ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىگىلىككە پۇل مۇئامىلە جەھەتتىن مەدەت بېرىش سالمىقى كۈچەيتىلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە قىلىندى. 1 - ئايدىن 12 - ئايغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە خەلق بانكىسى تارقاتقان ھەر خىل تەكرار قەرز ۋە تەكرار دىسكونت قىلىنغان پۇل 14 مىليارد 30 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 6 مىليارد 650 مىليون يۈەن كۆپەيدى. (2) پۇل ئامانىتى تەييارلىق سوممىسىنىڭ پۇل مۇئامىلە خېيىمخەتىرىنى پەسەيتىش، پۇل بىلەن تەمىنلەش مىقدارىنى تەڭشەش رولى جارى قىلدۇرۇلۇپ، تەييارلىق سوممىسى ئامانەتكە تاپشۇرۇش، ئىشلىتىش، يىغىۋېلىش ۋە يولغا قويۇش ئۈنۈمىگە ۋاقتىدا نازارەتچىلىك قىلىندى، يىل ئاخىرىدا تەۋەلىكتىكى ئوتتۇراھال، كىچىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ چىقىم قىلىشقا تەييارلىق قىلىش نىسبىتى 22.4% كە يېتىپ، ئوتتۇراھال، كىچىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئامانەت پۇل ئازلاپ كېتىشتىن كېلىپ چىققان چىقىم قىلىش خېيىمخەتىرى پەسەيتىلدى. (3) پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ۋە غەيرىي بانكا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ مەبلەغنى يۈرۈشتۈرۈش كەسپىنىڭ قائىدىگە ئۇيغۇنلۇقى نازارەت قىلىنىپ، كرېدىت مەبلىغىنىڭ بىخەتەر، مۇقىم، ساغلام ئايلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى، تەۋەلىكتىكى ئىقتىساد، پۇل مۇئامىلە تەرتىپىنىڭ مۇقىملىقى قوغدالدى.

3. نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، مەركىزىي بانكا فۇنكسىيىسى ھەقىقىي ئادا قىلىندى. (1) يېڭى تۈزۈلمە شارائىتىدا دۆلەت خەزىنىسىنى باشقۇرۇش، چىقىم ھېساباتىنى ئېنىقلاش، پۇل تارقىتىش، پۇل مۇئامىلە ستاتىستىكىسى، ئامانلىق قوغداش قاتارلىق پۇل مۇئامىلە مۇلازىمەت فۇنكسىيىسى داۋاملىق ياخشى ئادا قىلىندى ۋە تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. (2) قاراشلىق جايلارنى باشقۇرۇش پرىنسىپى بويىچە، تەۋەلىكتىكى بانكا ئاپپاراتلىرىنى بولۇپمۇ ئوتتۇراھال، كىچىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ۋە غەيرىي بانكا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش قانۇن بويىچە كۈچەيتىلدى، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ پۇل مۇئامىلە خېيىمخەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇنى پەسەيتىش بىلەن يەرلىك ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا ياردەم بېرىلدى ۋە يېتەكچىلىك قىلىنىپ، بىر تەرەپنىڭ پۇل مۇئامىلە ئامانلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. (3) دۆلەتنىڭ ئىچكى ئېھتىياجنى قوزغىتىش ۋە غەربنى كەڭ ئېچىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئىقتىساد، پۇل مۇئامىلە تەرەققىياتىدىكى قىزىق نۇقتىلىق، قىيىن نۇقتىلىق، مۇھىم نۇقتىلىق مەسىلىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، قەرەللىك تەھلىل ئېلىپ بېرىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى توغرا ئىگىلەندى، سىياسەتنى يولغا قويۇش ئۈنۈمى ئىنكاس قىلىپ تۇرۇلدى، بىر تۈركۈم يۇقىرى سۈپەتلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىسى ۋە سىياسەت، تەدبىر، تەكلىپلەر ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى.

ۋاڭ لىمىڭ

## پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرى پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنىڭ يېڭى تەسەۋۋۇرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئۆز تەۋەسىدىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە تەرتىپىنىڭ ياخشى بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

1. نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تۈزۈمى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتى ۋە ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تەدبىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش نىشانى ۋە مەزمۇنى ئىنچىكە تەقسىملىنىپ ۋە مىقدارلاشتۇرۇلۇپ، نىشانلىق نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ خەلق بانكىسىنىڭ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى ۋاقتىدا تەكشۈرۈلۈپ ھەم ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىنىپ، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئۈنۈمىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنىپ، يۇقىرى خېيىمخەتەرلىك ئاپپاراتلارنىڭ

ئامانەت پۇلىنى كۆپەيتىش، ناچار قەرز پۇل تارقىتىشنى ئازايتىش، كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەش، زىياننى ئازايتىش، ئاپپاراتلارنىڭ كەسىپنى قېلىپلاشتۇرۇش قاتارلىق تۈرلۈك تىجارەت نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

2. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ كەسپىي تىجارىتى ۋە مالىيە نەتىجىسىنىڭ چىنلىقى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىك - باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. تەكشۈرۈش داۋامىدا تەكشۈرۈش، ئىلگىرى سۈرۈشنى تەڭ تۇتۇش چارىسى قوللىنىلىپ، چىنلىقنى تەكشۈرۈشنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. ساقلانغان مەسىلىلەرگە قارىتا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىن ئىشنى خىيىمخەتەرنى تىزگىنلەشنى كۈچەيتىشتىن باشلاپ، ئىچكى جەھەتتە تىزگىنلەش تۈزۈمىنى نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى ئورنىتىش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەلەپ قىلىندى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ قەرز پۇل بېرىش سۈپىتىنىڭ چىنلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئامىللار چوڭقۇر تەھلىل قىلىنىپ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ تىجارەت نىشانىنى ئىلمىي ئاساستا بەلگىلىشى ۋە خىيىمخەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇنى پەسەيتىش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىنىپ، ناچار قەرز پۇل تارقىتىشنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى ئۈنۈملۈك چەكلەندى.

3. ئوتتۇراھال، كىچىك مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ۋە يۆلەش سالمىقى كۈچەيتىلىپ، ئۇلارنىڭ تەكشى ھەرىكەت قىلىشى ۋە ساغلام تەرەققىي قىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون، شەھەر، ناھىيىلەردىكى يەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىك ۋە قوللاش رولى كۈچەيتىلىپ، چىقىم قىلىشتىكى خىيىمخەتەرنى كۆزىتىش، ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، چىقىم قىلىشتىكى خىيىمخەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، پۇل سىياسىتىنىڭ قوراللىق رولى جارى قىلدۇرۇلۇپ، تەكرار قەرز بېرىشنىڭ ئوتتۇراھال، كىچىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىغا مەدەت بېرىش سالمىقى زورايتىلدى.

4. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ۋە ئالىي باشقۇرغۇچىلارغا قارىتىلغان قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ئۇلارنىڭ قانۇن بويىچە قائىدىگە ئۇيغۇن تىجارەت قىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇلۇپ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىغا ماسلىشىپ ۋە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم پرىنسىپىغا رىئايە قىلىپ، ئاپپاراتلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق تەرتىپكە سېلىندى. ۋەزىپە ئۆتەش سالاھىيىتىنى باشقۇرۇش چارىسى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئالىي باشقۇرغۇچىلارنىڭ «كىرىش ئىجازىتى» ئۆتكىلى چىڭ ئىگىلەندى. خەلق پۇلى ۋە چەت ئەل پۇلى يېڭى كەسىپنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، ئەنگە ئالدۇرۇش تۈزۈمى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇقىم، ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

5. قانۇن - نىزامغا خىلاپ قىلمىشلارنى تەكشۈرۈپ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش سالمىقى كۈچەيتىلىپ، تەۋەلىكتىكى ياخشى پۇل مۇئامىلە تەرتىپى قوغدالدى. پۇل مۇئامىلە جەھەتتىكى «ئۈچ قالايمىقان» ۋە «ئىككى قانۇنسىزلىق» قاتتىق تۈزىتىلىپ، پۇل مۇئامىلە ھەقدارلىقىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، قەرزدىن قېچىش قىلمىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى ۋە چەكلەندى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ تىجارەت ھەرىكىتى تەكشۈرۈپ قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، 10 نەچچە تۈر بويىچە ھەر خىل تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى، تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىنىڭ قاپلاش دائىرىسى 80% كە يەتتى. بىرنەچچە يۈز تۈزىتىش پىكرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، تاشقى پېرېۋوت قاراڭغۇ بازىرىغا باشلامچىلىق بىلەن زەربە بېرىلىپ، تەۋەلىكتىكى تاشقى پېرېۋوت پۇل مۇئامىلە تەرتىپى قوغدالدى.

6. تاشقى پېرېۋوتنى باشقۇرۇش، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنىڭ سالمىقى كۈچەيتىلىپ، تاشقى پېرېۋوت ئۇچۇرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، تاشقى ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا پائال مەدەت بېرىلدى. ئىمپورتقا تۆلىنىدىغان تاشقى پېرېۋوتنى ۋە ئېكسپورتتىن كىرىدىغان تاشقى پېرېۋوتنى تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈشنى باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلدى، چەت ئەل مەبلىغى، تاشقى قەرز، چەت ئەللەرگە مەبلەغ سېلىش تۈرلىرىنى باشقۇرۇش چىڭىتىلىپ، تاشقى قەرزى بار چوڭ ئورۇنلارنىڭ مەبلىغىنىڭ ئوبوروت مىقدارى ۋە يۆنىلىشى، چەت ئەللەرگە مەبلەغ سېلىش تۈرلىرىدە نۇقتىلىق ھالدا تاشقى پېرېۋوت خىيىمخەتىرى، مەبلەغ مەنبەسى كاپالەت سوممىسى تاپشۇرۇش ۋە پايدىنى پېرېۋوت قىلىپ قايتۇرۇش توغرا ئىگىلەندى، خەلقئارا كىرىم - چىقىمنى ستاتىستىكا قىلىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى.

7. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى قانۇن - نىزامغا خىلاپ قىلمىشلار جىددىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش سالمىقى تېخىمۇ كۈچەيتىلدى. بۇ بىر يىلدا ئاپتونوم رايوندىكى پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى قانۇن - نىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 49 نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، دېلوغا چېتىشلىق پۇل 24 مىليون 417 مىڭ يۈەن، ئادەم 64، سوممىسى بىر مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان چوڭ دېلو 5، قايتۇرۇۋېلىنغان مەبلەغ زىيىنى 3

مىليون 160 مىڭ يۈەن، يىل ئاخىرىدا 36 دېلو ئاخىرلاشتۇرۇلدى.

ۋاڭ ۋېنلى

## تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ئەھۋالى

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدا راسچوت قىلىنغان، سېتىلغان تاشقى پېرېۋوت 2 مىليارد 85 مىليون 850 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 339 مىليون 470 مىڭ دوللار كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە، راسچوت قىلىنغان پېرېۋوت 684 مىليون دوللارغا يېتىپ، %28.62 ئاشتى، سېتىلغان پېرېۋوت 1 مىليارد 401 مىليون 850 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %15.42 ئاشتى. راسچوت قىلىنغان، سېتىلغان تاشقى پېرېۋوتنىڭ تەتۈر پەرقى 717 مىليون 850 مىڭ دوللار بولدى. تاشقى قەرز قالدۇقى 1 مىليارد 833 مىليون 390 مىڭ دوللار، بۇنىڭ ئىچىدە، بىۋاسىتە تاشقى قەرز 275 مىليون 460 مىڭ دوللار، تاشقى قەرزنىڭ قەرز پۇلغا ئۆزگەرتىلگىنى 946 مىليون 310 مىڭ دوللار، ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى 611 مىليون 620 مىڭ دوللار. بۇ بىر يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە قايتۇرۇلغان تۈرلۈك تاشقى قەرزنىڭ دىرى بىلەن ئۆسۈمى 424 مىليون 960 مىڭ دوللار، بۇنىڭ ئىچىدە، دىرى 329 مىليون 20 مىڭ دوللار، ئۆسۈمى 95 مىليون 940 مىڭ دوللار. 2000 - يىلى دۆلەت تاشقى پېرېۋوت ئىدارىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى نورمال تۈرلەردىكى تاشقى پېرېۋوتنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كاپىتال تۈرلىرىدىكى تاشقى پېرېۋوتنى باشقۇرۇشنى چىڭىتىپ، تاشقى پېرېۋوتنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش سالمىقىنى كۈچەيتىپ، تۈرلۈك ئاساسى خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلىدى.

1. نورمال تۈرلەردىكى تاشقى پېرېۋوتنى باشقۇرۇش خىزمىتى چىڭىتىلىپ، دۆلەتنىڭ تاشقى پېرېۋوت مەبلىغىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. (1) ئىمپورتقا تۆلىنىدىغان تاشقى پېرېۋوتنى تەكشۈرۈپ، ھېسابتىن كۆتۈرۈش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئىمپورتقا 948 مىليون 675 مىڭ 300 دوللار پېرېۋوت چىقىم قىلىندى، بۇ 1999 - يىلدىكىدىن %40.43 ئاشتى، كارخانىغا مال كەلگەندىن كېيىن تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىلگىنى 875 مىليون 663 مىڭ 800 دوللارغا يېتىپ، %0.78 ئاشتى. (2) ئېكسپورتتىن كىرىم قىلىنغان تاشقى پېرېۋوتنى تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. 1999 - يىلى جۇڭگو مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ ئېكسپورتتىن تاشقى پېرېۋوت كىرىم قىلىش ئەھۋالى تەكشۈرۈپ باھالاندى. ئېكسپورت قىلىپ تاشقى پېرېۋوت كىرىم قىلىشتا شەرەپلىك كارخانىدىن 140 ى، ئېكسپورت قىلىپ تاشقى پېرېۋوت كىرىم قىلىشتا خېيىمخەتىرى بار كارخانىدىن 50 ى بېكىتىلدى. ئېكسپورت قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ ئادەتتىكى سودا تۈرلىرىنىڭ ئېكسپورت قىلىپ ۋە چېگرا سودىسىدا ئېكسپورت قىلىپ كىرىم قىلغان تاشقى پېرېۋوت قىسمىغا ئۆسۈم بېرىش ئاساسى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، كارخانىنىڭ ئېرىشىشكە تېگىشلىك بولغان ئۆسۈمنى ۋاقتىدا ئېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئېكسپورت سوممىسى 691 مىليون 576 مىڭ 100 دوللارغا، ئېكسپورتتىن كىرىم قىلىنغان تاشقى پېرېۋوتنىڭ تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىلگىنى 638 مىليون 965 مىڭ 900 دوللارغا يېتىپ، 239 مىليون 825 مىڭ 700 دوللار كۆپەيدى. قەرەلى ئۆتۈپ كېتىپ تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈلمىگىنى 55 مىليون 533 مىڭ 600 دوللار. ئاپتونوم رايون بويىچە 11 مىڭ 829 پارچە تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىش گۇۋاھنامىسى تارقىتىلىپ، 9019 پارچىسى تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈلدى. تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىش نىسبىتى %85.26 كە يەتتى. (3) جۇڭگو مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ نورمال تۈرلىرىنىڭ تاشقى پېرېۋوت ھېساباتىنى يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. يىل ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە جۇڭگو مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ نەق پېرېۋوت سچوتى 100 بولۇپ، قالدۇقى 20 مىليون 384 مىڭ 900 دوللار. بۇنىڭ ئىچىدە، راسچوت قىلىنغان سچوت 7، قالدۇقى 2 مىليون 410 مىڭ يۈەن؛ مەخسۇس سچوت 93، قالدۇقى 17 مىليون 974 مىڭ 900 دوللار. تاشقى پېرۋوتنى تەكشۈرۈش سالمىقى قانۇن بويىچە كۈچەيتىلدى. ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە تاشقى پېرېۋوت ئىشلىتىش بەلگىلەنگەن بانكىلارنىڭ ئىمپورتقا تاشقى پېرېۋوت چىقىم قىلىش كەسپىنى مەخسۇس تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، كۆپ يىللاردىن بۇيان قېلىپ قالغان ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتمەي قەرەلىنى ئۆتكۈزۈۋېتىش ئەھۋالى ئېنىقلاپ تەكشۈرۈلۈپ، ئېكسپورت كارخانىلىرىنىڭ تاشقى پېرېۋوت كىرىمىنى ھېسابتىن كۆتۈرۈۋەتمەي قەرەلىنى ئۆتكۈزۈۋېتەلىكىنىڭ سەۋەبى ۋە ساقلانغان مەسىلىلەر بىر قەدەر ئەتراپلىق ئىگىلەندى. قاتناش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ 1998 - يىلى، 1999 - يىلىدىكى تاشقى پېرېۋوتنى راسچوت قىلىش، سېتىش، چىقىم قىلىش سانلىق ئاساسلىرىنىڭ چىنلىقى تاشقى پېرېۋوتنى راسچوت قىلىش، سېتىش، چىقىم قىلىش كەسپىنىڭ قائىدىگە ئۇيغۇنلۇقى ۋە بانكا ئىلكىدىكى تاشقى پېرېۋوت پۇلىنى تىندۇرۇش ئەھۋاللىرى تەكشۈرۈلدى.

2. كاپىتال تۈرلىرىنى باشقۇرۇش يەنىمۇ كۈچەيتىلدى ۋە

مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. (1) ئاپتونوم رايون بويىچە چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنى يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتى ئورۇندالدى. ئاپتونوم رايوندىكى چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سالغان 425 كارخانىنىڭ تاشقى پېرېۋوتىنى تىزىملاش ۋە ئەنگە ئالدۇرۇش رەسمىيەتلىرىنى شۆبە، تارماق ئىدارىلار بېجىرىپ بەردى. (2) تاشقى قەرزنى ستاتىستىكىلاش، تەكشۈرۈش، باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. تاشقى پېرېۋوت بېجىرىش بەلگىلەنگەن بانكىلار ۋە قەرزى كۆپ چوڭ كارخانىلار نۇقتىلىق تەكشۈرۈلۈپ، قەرزنىڭ ئەسلى سانى ئېنىق ئېنىقلاندى. (3) چەت ئەللەرگە مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ تۇر تۇرغۇزۇشتىن ئىلگىرىكى تاشقى پېرېۋوت خەۋپسىزلىكى، مەبلەغ مەنبەسىنى تەكشۈرۈشتىن تارتىپ، تۇر تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن مەبلەغنى پېرېۋوت قىلىپ چىقىرىش، ماددىي نەرسىلەرنى چېگرىدىن چىقىرىش، كاپالەت سوممىسىنى تاپشۇرۇش، پايدىنى قايتۇرۇپ پېرېۋوت قىلىش ۋە تىجارەت ئەھۋاللىرى قاتارلىق باشقۇرۇلۇپ، چەت ئەللەرگە مەبلەغ سالغان كارخانىلارنى باشقۇرۇش فۇنكسىيىسى ئادا قىلىندى. يىل ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە چەت ئەللەرگە مەبلەغ سېلىش كېلىشىم سوممىسى 99 مىليون 805 مىڭ 700 دوللارغا يەتتى، ئەمەلىي چىقارغان نەق پېرېۋوت 7 مىليون 729 مىڭ 600 دوللار، ئەمەلىيەتتە چىقارغان مەبلەغ 13 مىليون 282 مىڭ 100 دوللار.

3. خەلقئارا كىرىم - چىقىمنى ستاتىستىكا قىلىش خىزمىتى ئىزچىل كۈچەيتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 35 مىڭ 208 ھەر تۈرلۈك خەلقئارا كىرىم - چىقىم سانلىق مەلۇماتى تاپشۇرۇۋېلىندى، ئۇنىڭ سوممىسى 1 مىليارد 988 مىليون 90 مىڭ دوللار. يوللانغان تۈرلۈك سانلىق مەلۇماتلارنى تاپشۇرۇۋېلىش، جەملەش، يۇقىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر پەسىلدە يۇقىرى دەرىجىلىك ئىدارە ۋە تاشقى پېرېۋوت بېجىرىش بەلگىلەنگەن بانكا بىلەن سېلىشتۇرۇپ، سېلىشتۇرۇش ئەھۋالى ئۆز ۋاقتىدا ئېلان قىلىنىپ، مەلۇم قىلىنغان سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ئەتراپلىق، توغرا، ۋاقتىدا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

سۇ خۇا

## دۆلەت خەزىنىسى خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرىنىڭ دۆلەت خەزىنىسى تارماقلىرى مالىيە خام چوتى كىرىمىدىن 16 مىليارد 600 مىليون يۈەننى بېجىردى، بۇنىڭ ئىچىدە، مەركەزنىڭ خام چوت كىرىمى 8 مىليارد 690 مىليون يۈەن، يەرلىكنىڭ خام چوت كىرىمى 7 مىليارد 910 مىليون يۈەن بولدى. يەرلىك خام چوت چىقىمىدىن 17 مىليارد 110 مىليون يۈەن، مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ خام چوت كىرىمىدىن خەزىنىگە قايتۇرۇلىدىغان 1 مىليارد 100 مىليون يۈەننى بېجىردى، ئاپتونوم رايون بويىچە 3 مىليارد 10 مىليون يۈەنلىك زايوم تارقىتىلدى، 56 مىليون 200 مىڭ يۈەنلىك ناتۇرال زايوم ئېگىشىلدى، 1982 - يىلدىن 1988 - يىلغىچە زايوم پۇلىنى تاپشۇرۇۋېلىش تالونىنى ئېنىقلاش خىزمىتى ئورۇندالدى، پۈتۈن تەۋەلىك بويىچە ئورۇندالغان دۆلەت خەزىنىسى كەسپىي مىقدارى 3 مىليون 197 مىڭ ھېساب.

سۇ چاڭشيۇڭ

## ئالتۇن، كۈمۈش خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭدا 5198 كىلوگرام ئالتۇن سېتىۋېلىندى، 468 كىلوگرام ئالتۇن سېتىلدى. باش بانكا چۈشۈرگەن ئالتۇن، كۈمۈش يۆتكەش ۋەزىپىسى ئورۇندىلىپ، باش بانكىنىڭ تاۋلاش زاۋۇتىغا 3714 كىلوگرام ئالتۇن، 111 كىلوگرام كۈمۈش يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

جۇ رۇڭليالڭ

# يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى

## ئومۇمىي ئەھۋالى

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 22 مىليارد 577 مىليون يۈەن بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 3 مىليارد 997 مىليون يۈەن چۈشۈپ كەتتى، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 2 مىليارد 549 مىليون يۈەن، كىرىدىت كىرىم - چىقىمىنى بالانس قىلغاندا، خەزىنىلەشكەن ساپ كىرىدىت 4 مىليارد 825 مىليون يۈەن، ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دانغا تارقىتىلغان قەرز پۇل 17 مىليارد 865 مىليون يۈەن بولدى. قەرزنى ئۈنۈمۈرسال يىغىۋېلىش نىسبىتى %107.88 (ئاشلىق، ياغلىق دان قەرزنى يىغىۋېلىش نىسبىتى %107.33، پاختا قەرزىنى يىغىۋېلىش نىسبىتى %108.44) كە، ئۆسۈمنى ئۈنۈمۈرسال يىغىۋېلىش نىسبىتى %95.24 (ئاشلىق، ياغدىن ئۆسۈم يىغىۋېلىش نىسبىتى %85.77، پاختىدىن ئۆسۈم يىغىۋېلىش نىسبىتى %104.33) كە، كىرىدىت مەبلىغىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى %100.12 كە يەتتى. ئاشلىقنى كەڭ سېتىۋېلىش سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە مەدەت بېرىلىپ، پاختا سېتىۋېلىش مەبلىغى بىلەن ۋاقتىدا، يېتەرلىك تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىندى، ئاشلىق، پاختىنىڭ ئاكتىپ باھا بويىچە سېتىلىشىغا مەدەت

بېرىلدى، كارخانا ئىسلاھاتى ۋە نورمال تىجارەت قىلىشقا پاتالىيىتىگە مەدەت بېرىلدى.

1. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 1 مىليون 200 مىڭ توننا ئاشلىق سېتىلدى، يىغىۋېلىشتا تېگىشلىك قەرز پۇل 1 مىليارد 533 مىليون يۈەن كىردى، ئەمەلىيەتتە 1 مىليارد 646 مىليون يۈەن يىغىۋېلىندى، يىغىۋېلىشتا تېگىشلىك ئۆسۈم 658 مىليون يۈەن كىردى، ئەمەلىيەتتە 539 مىليون يۈەن يىغىۋېلىندى.

2. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق، ياغلىق دان قەرز پۇل قالدۇقى 11 مىليارد 291 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 584 مىليون يۈەن كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە، سېتىۋېلىش قەرز پۇل قالدۇقى 3 مىليارد 817 مىليون يۈەن. بۇ بىر يىلدا ئاشلىق، پاختا ئۈچۈن 2 مىليارد 317 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، سېتىۋېلىش قەرز پۇلى 2 مىليارد 69 مىليون يۈەن بولۇپ، 1 مىليارد 515 مىليون كىلوگرام ئاشلىق، 17 مىليون كىلوگرام ياغلىق دان سېتىۋېلىندى. ئاشلىق، ياغلىق دان قەرز پۇلىنى يىغىۋېلىش نىسبىتى %107.33 كە، ئۆسۈمنى يىغىۋېلىش نىسبىتى %85.77 كە يەتتى.

3. پاختا سېتىۋېلىش - ساقلاش كارخانىلىرىنىڭ ئىناۋەتلىك دەرىجىسىنى باھالاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. «شىنجاڭ شۆبە بانكىسىنىڭ پاختا سېتىۋېلىش - ساقلاش كارخانىلىرىنىڭ ئىناۋەتلىك دەرىجىسىنى باھالاپ بېكىتىش ۋە باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» تۈزۈلۈپ، ئىناۋەتلىك دەرىجىسىنى باھالاپ بېكىتىش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، تەۋەلىكتىكى 97 كارخانا باھالاپ بېكىتىلدى، شۆبە بانكا AAA دەرىجىلىك 5 كارخانىنى، AA دەرىجىلىك 11 كارخانىنى، C دەرىجىلىك 8 كارخانىنى باھالاپ چىقىپ، پاختا سېتىۋېلىش - ساقلاش كارخانىلىرىنىڭ بازار رىقابىتىگە قاتنىشىشىغا مەدەت بېرىپ، كارخانىنىڭ ئىناۋەت ئېڭىنى ئۆستۈردى.

4. 1998 - يىللىق پاختا قەرز پۇلىنى ئىنقىلاپ يىغىۋېلىش خىزمىتى ئەھۋالى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە پاختا - چىگە كارخانىلىرىنىڭ 1998 - يىللىق قەرز پۇل قالدۇقى 2 مىليارد 935 مىليون يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە، يەرلىكنىڭ 2 مىليارد 581 مىليون يۈەن، بىڭتۇەننىڭ 354 مىليون يۈەن) بولۇپ، 2000 - يىل 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئېنىقلىغان ساندىن 2 مىليارد 55 مىليون يۈەن تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، 1998 - يىللىق پاختا سېتىش قەرز پۇلى ۋە ئىنقىلاپ قايتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك ھېسابتىكى پۇل ئىچىدىن يىغىۋېلىنغىنى 1 مىليارد 530 مىليون يۈەن، 1999 -، 2000 - يىللىق پاختا سېتىش كىرىمى ئىچىدىن يىغىۋېلىنغىنى 525 مىليون يۈەن بولدى.

يىل ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە پاختا قەرز پۇل قالدۇقى 11 مىليارد 235 مىليون يۈەن بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 4 مىليارد 586 مىليون يۈەن تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، سېتىۋېلىش قەرز پۇل قالدۇقى 6 مىليارد 876 مىليون يۈەن بولۇپ، 6 مىليارد 254 مىليون يۈەن تۆۋەنلىدى. بۇ بىر يىلدا 15 مىليارد 548 مىليون يۈەن پاختا قەرز پۇلى تارقىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، تارقىتىلغان يېڭى پاختا سېتىۋېلىش قەرز پۇلى 10 مىليارد 414 مىليون يۈەن بولۇپ، 1 مىليون 60 مىڭ توننا يېڭى پاختا سېتىۋېلىندى. پاختا قەرز پۇلىنى يىغىۋېلىش نىسبىتى %108 كە، ئۆسۈمنى يىغىۋېلىش نىسبىتى %104 كە يەتتى.

5. مەبلەغ ئېھتىياجى ئاشلىق، پاختا سېتىۋېلىش سىياسىتىگە ئاساسەن ھېسابلىنىپ، ۋاقتىدا يېتەرلىك مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى مەبلەغنى ۋاقتىدا تەمىنلەپ بېرەلمەسلىك سەۋەبىدىن «ئاق ھۆججەت» چىقىرىپ بېرىش ھادىسىسى يۈز بەرمىدى. كرېدىت مەبلىغىنىڭ ئايلىنىش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش يادرو قىلىنىپ، مەبلەغ باشقۇرۇش جەريانىنىڭ ئاچقۇچلۇق ھالقىسى تۇتۇلۇپ، ھېسابقا چېقىلىش، مەبلەغكە چېقىلماسلىق چارىسى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىندى، تىجارەت ئۈنۈمى ئىزچىل ئۆستۈرۈلدى، بۇ بىر يىلدا كرېدىت مەبلىغىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى %100.12 كە يېتىپ، باش بانكا تەكشۈرۈپ بېكىتكەن ساندىن 5.12 پىرسەنت پونكىتى يۇقىرى بولدى.

جيا خۇيىەن

# سودا - سانائەت بانكىسى

## ئومۇمىي ئەھۋال

سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى تۈرلۈك خەلق پۇلى ئامانەت قالدۇقى 51 مىليارد 912 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 6 مىليارد 990 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 3 مىليارد 35 مىليون يۈەن ئارتۇق كۆپەيدى، ئۇنىڭغا سېتىلغان 1 مىليارد يۈەنلىك زايومنى قوشقاندا، 7 مىليارد 990 مىليون يۈەن بولدى، باش بانكا چۈشۈرۈپ بەرگەن سىناش ۋەزىپىسى %344 ئورۇندالدى. تۈرلۈك خەلق پۇلى قەرز پۇل قالدۇقى 31 مىليارد 777 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 701 مىليون يۈەن (ئايرىۋېتىلىدىغان ئامىللارنى چىقىرىۋەتكەندە، قەرز پۇل ئەمەلىيەتتە 2 مىليارد

727 مىليون يۈەن كۆپەيدى) كېمەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە، قىسقا مەزگىللىك قەرز پۇل قالدۇقى 19 مىليارد 217 مىليون يۈەن بولۇپ، 3 مىليارد 875 مىليون يۈەن كېمەيدى؛ ئوتتۇراھال، ئۇزاق مەزگىللىك قەرز پۇل قالدۇقى 12 مىليارد 559 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 4 مىليارد 282 مىليون يۈەن كۆپەيدى. بۇ بىر يىلدا خەلق پۇلى ھېسابىدا 25 مىليارد 502 مىليون يۈەن تۈرلۈك قەرز پۇل تارقىتىلدى. ئامانەت پۇل، قەرز پۇللارنىڭ قالدۇق نىسبىتى %61.12 بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 10.62 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى. قەرز پۇل كۆلىمى باش بانكا تەكشۈرۈپ تەستىقلىغان پىلان ئىچىدە تىزگىنلەندى.

دۇ خەيتاڭ

## كرېدىت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئەھۋالى

سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى 2000 - يىلى كرېدىت كۆلىمىنى زور كۈچ بىلەن تەڭشىدى: (1) كرېدىتنىڭ رايون قۇرۇلمىسى تەڭشەلدى. شۆبە بانكا ھوقۇق بېرىش ھوقۇق دائىرىسى ۋە قەرز پۇل بېرىش پىلانى جەھەتتە، ئۈرۈمچى، سانجى قاتارلىق نۇقتىلىق رايونلارغا مايىللىشىپ، چوڭ، ئوتتۇراھال شەھەرلەر مۇھىم نۇقتا قىلىنغان كرېدىت تارقىتىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى. (2) كرېدىت ساھەسى قۇرۇلمىسى تەڭشەلدى. قاتناش، ئېنېرگىيە، ئالاقە، شەھەر ئېلېكتر تورى قاتارلىق ئۇل كەسىپلەر، تۈۋرۈك كەسىپلەر، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كەسىپلىرى ۋە دۆلەت مونوپول قىلىدىغان كەسىپلەر، يېڭى گۈللەنگەن، تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى زور بولغان كەسىپلەرگە مەدەت بېرىش سالمىقى زورايتىلدى. يېڭىدىن كۆپەيگەن قەرز پۇلنىڭ %75 تىن ئارتۇقى مۇشۇ كەسىپلەرگە بېرىلدى؛ (3) كرېدىت تۈرى قۇرۇلمىسى تەڭشەلدى. تۈر قەرز پۇلى، تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى ۋە ئىستېمال خاراكتېرلىك قەرز پۇللارنىڭ تۈرلۈك قەرز پۇللار ئىچىدىكى سالمىقى زور كۈچ بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. كرېدىت خېرىدارلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى تەڭشەلدى. 3757 كارخانىدا ئۇنىۋېرسال ئىناۋەت بېرىش يولغا قويۇلدى ھەم ئەلا سۈپەتلىك خېرىدارلارغا خېرىدارلار دىرېكتورى ئەۋەتىلىپ، ئەلا سۈپەتلىك خېرىدارلارغا قەرز بېرىش سالمىقى زورايتىلدى.

دۇ خەيتاڭ

## سودا - سانائەت تۇراقسىز مەبلىغى قەرز پۇلى

سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى سودا - سانائەت تۇراقسىز مەبلىغى قەرز پۇل قالدۇقى 22 مىليارد 460 مىليون يۈەن بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 2 مىليارد 310 مىليون يۈەن كېمەيدى (ئايرىۋېتىلىدىغان ناچار قەرز پۇللار ۋە قەرزنى پايغا ئۆزگەرتىش ئامىللىرى كېمەيتىۋېتىلگەن 3 مىليارد 450 مىليون يۈەن قەرز پۇلنى چىقىرىۋېتىلگەندە، تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقلىرى 1999 - يىلىنىڭ بېشىدىكىدىن 2 مىليارد 750 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، %8.5 ئاشتى). قەرز پۇل ئارقىلىق تېلېگراف، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى قاتارلىق ئۇل كەسىپلەر ۋە تۈۋرۈك كەسىپلەرگە نۇقتىلىق مەدەت بېرىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ھەددىدىن ئارتۇق ئېشىپ قالغان، تىجارەت ئۈنۈمى يۇقىرى بولمىغان، ئومۇمىي ئەۋزەللىكى يېتەرسىز بولغان مېتاللورگىيە، كۆمۈرچىلىك، ماددىي ئەشيا ۋە ئىگىلىگەن بازار ئۈلۈشى بەك چوڭ، تەرەققىيات ئىستىقبالى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان بەزى توقۇمىچىلىق، سېمونت، قەنتچىلىك كەسىپلىرى قاتارلىق كەسىپلەرگە بېرىلىدىغان قەرز تىزگىنلەندى ۋە قىسقارتىلدى. يېڭىدىن كۆپەيگەن قەرز پۇلنىڭ %90 تىن ئارتۇقى A دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كارخانىلارغا بېرىلىپ، ئاپتوموبىل ئىستېمال قەرز پۇلى ۋە زور سومىلىق چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرى قەرز پۇلى كەسىپنى ئېچىش كۆلىمى تېخىمۇ كېڭەيتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەخسلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىستېمال قەرز پۇلى، ساياھەت قەرز پۇلى، دۆلەتنىڭ ئوقۇش ياردەمى قەرز پۇلى، شەخسلەر ئاز سومىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇلى قاتارلىق يېڭى كرېدىت تۈرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. تۈرلۈك ئىستېمال خاراكتېرلىك قەرز پۇلنىڭ تۈرلۈك قەرز پۇللار ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى يىل بېشىدىكىدىن 4.46 پىرسەنت پوئىنتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، يېڭى ئاشقان قەرز پۇلنىڭ سۈپىتى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

دۇ خۇيتاڭ

## تۈرلەر قەرز پۇلى

سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى 2000 - يىلى 2 مىليارد 313 مىليون يۈەن تۈر قەرز پۇلى تارقاتتى، بۇ 1999 - يىلدىكىدىن %57.13 ئاشتى. تۈرلەر قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى 7 مىليارد 613 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 1 مىليارد 173 مىليون يۈەن كۆپەيدى. 2000 - يىلى شۆبە بانكا غەربنى كەڭ ئېچىشتىن ئىبارەت پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، چوڭ تۈرلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارلىق خىزمىتىگە پائال قاتنىشىپ، ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ۋە چوڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرىنىڭ رىقابەت سالمىقىنى زورايتىپ، قاتناش، ئالاقە، ئېنېرگىيە، شەھەر ئېلېكتر تورى، شەھەر مەمۇرىيىتى ئۇل مۇئەسسەسلىرى قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۈرلەرنى نۇقتىلىق قوللىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، قوللىغان تاشيول قۇرۇلۇش تۈرى

6، تۆمۈر يول قۇرۇلۇش تۈرى 8، تېلېگراف تۈرى 5، يېيىنى بازارغا سالغان شىركەتلەرنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى 3، ئېلېكتر ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشى تۈرى 5، شەھەر ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى تۈرى بىر.

دۇ خەيتاڭ

## تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى كەسپى

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تۈرلۈك تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 971 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 330 مىليون يۈەن كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە، تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندى پۇل ئامانىتى قالدۇقى 447 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 80 مىليون يۈەن كۆپەيدى. تۈرلۈك تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى 1 مىليارد 971 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1 مىليارد 186 مىليون يۈەن كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە، سىياسەت خاراكتېرلىك تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇل قالدۇقى 137 مىليون يۈەن؛ تىجارەت خاراكتېرلىك تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى قالدۇقى 1 مىليارد 833 مىليون يۈەن، تىجارەت خاراكتېرلىك تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى ئىچىدە، تۇرالغۇ ئۆي تەرەققىيات قەرز پۇلى قالدۇقى 524 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 139 مىليون يۈەن كۆپەيدى؛ شەخسلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 238 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 995 مىليون يۈەن كۆپەيدى؛ قۇرۇلۇش - قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى قالدۇقى 72 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 69 مىليون يۈەن كۆپەيدى. تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلىنىڭ تۈرلۈك قەرز پۇللار ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى يىل بېشىدا 3.6 پىرسەنت پونكىتى يۇقىرى ئۆرلىدى. شەخسىي تۇرالغۇ قەرز پۇلىنىڭ 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدىكى توختامغا خىلاپلىق قىلىش نىسبىتى 0.2% بولۇپ، 3.95 پىرسەنت پونكىتى تۆۋەنلىدى، توختامغا خىلاپلىق قىلىنغان دەسمايە 2 مىليون 480 مىڭ يۈەن بولۇپ، 8 مىليون 970 مىڭ يۈەن تۆۋەنلىدى.

دۇ خەيتاڭ

## ھۆكۈمەت پۇل ئامانىتى

سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ 2000 - يىلى ھۆكۈمەت پۇل ئامانىتى قالدۇقى 24 مىليارد 181 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 5 مىليارد 675 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 3 مىليارد 876 مىليون يۈەن كۆپ كۆپەيدى، سودا - سانائەت باش بانكىسى چۈشۈرگەن سىناش ۋەزىپىسى 473% ئورۇندالدى. ھۆكۈمەت پۇل ئامانىتىنى تەكشۈرۈش مېخانىزمى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، كارخانا پۇل ئامانىتى خىزمىتىنىڭ سالمىقى زورايتىلدى، پۇل ئامانىتىنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسى پائال ئېچىلىپ، سودا - سانائەت شۆبە بانكىسى ئۆزى يالغۇز «شىنجاڭ مەنزىرىسى» كومپيۇتېر پاراۋانلىق لاتارىيە بېلىتى كەسپىنى راسچوت قىلىشقا ۋە قىسمەن لاتارىيە بېلىتىنى سېتىشقا ۋاكالەتچىلىك قىلدى، ئاپتونوم رايوندىكى 5 سۇغۇرتا شىركىتى بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ھەمكارلىشىش كېلىشىمى تۈزۈپ، سۇغۇرتا پۇل ئامانىتىنى مۇقىملاشتۇردى ۋە ئاشۇردى.

دۇ خەيتاڭ

## خەلق پۇل ئامانىتى

سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى خەلق پۇل ئامانىتى قالدۇقى 27 مىليارد 731 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 1 مىليارد 314 مىليون يۈەن كۆپەيدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، 1 مىليارد يۈەنلىك زايوم سېتىلىپ، 2 مىليارد 314 مىليون يۈەنگە يەتتى، باش بانكا چۈشۈرۈپ بەرگەن سىناش ۋەزىپىسى 205.17% ئورۇندالدى. 2000 - يىلى شۆبە بانكا بازار ئېھتىياجىنى يېتەكچى قىلىپ، كەسىپ دائىرىسىنى تىرىشىپ كېڭەيتتى. بىرىنچىدىن، مالىيە سىستېمىسىنىڭ مائاش تارقىتىش كەسپىگە ئۆزى يالغۇز ۋاكالەتچىلىك قىلىش ئىشىنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە 13 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى 13 مىڭ 44 مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇننىڭ مائاشىنى ۋاكالىتەن تارقىتىپ بەردى، ۋاكالىتەن مائاش تارقىتىپ بېرىلگەن ئادەم سانى 708 مىڭ، تارقىتىلغان سومما 4 مىليارد 430 مىليون يۈەن. ئىككىنچىدىن، مائارىپ پۇل ئامانىتى كەسپى پائال كېڭەيتىلدى. يىل ئاخىرىدا، مائارىپ پۇل ئامانىتى ھېسابى 230 مىڭغا يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 135 مىڭ ھېساب كۆپەيدى. ئامانەت پۇل قالدۇقى 320 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 300 مىليون يۈەن كۆپەيدى. ئۈچىنچىدىن، قەرەلسىز پۇل ئامانىتىنى ئاپتونوم رايون بويىچە باشقا جايلاردا بىر تۇتاش ئامانەت قويۇش، ئېلىش يولغا قويۇلدى ھەم بارلىق تور نۇقتىلىرى مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ئامانەت قويۇش - بىر تۇتاش نەقلەشتۈرۈش تورىغا كىردى.

دۇ خەيتاڭ

## مۇدەن كارتىسى كەسپى

2000 - يىلى سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى تارقاتقان مۇدەن كارتىسى 798 مىڭ دانىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، مۇدەن كرېدىت كارتىسى 146 مىڭ دانىغا يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 25 مىڭ دانە كۆپەيدى، سودىلىشىش سوممىسى 5 مىليارد 440 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ مۇدەن لىڭتوڭ كارتىسى 652 مىڭ دانە تارقىتىلىپ، 264 مىڭ دانە كۆپەيدى. سودىلىشىش سوممىسى 2 مىليارد 60

مىليون يۈەنگە يەتتى. مۇدەن كارتىسى بويىچە ئالاھىدە توختاملاشقان ئورۇن 1471 بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن 316 ئورۇن كۆپەيدى.

2000 - يىلى مۇدەن خەلقئارا كارتىسى، مۇدەن رەڭلىك سۈرەت تارتىش كارتىسى، مۇدەن قەرز خاتىرىلەش كارتىسى قاتارلىق كارتا تۈرلىرى كۆپەيتىلدى، يانتېلېفون ھەققىنى ۋاكالىتەن يىغىش، چاقىرغۇ ھەققىنى ۋاكالىتەن يىغىش ۋە تاشقى پېرېۋوت كارتىسى يىغىۋېلىش تالونى كەسىپلىرى يولغا قويۇلدى؛ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن بىرلىشىپ، «مۇدەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئېتىراپلىق كارتىسى» تارقىتىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە باشقا جايلاردا مۇدەن لىڭتۇڭ كارتىسىغا بىر تۇتاش ئامانەت قويۇش، بىر تۇتاش ئېلىش كەسىپى يولغا قويۇلدى.

دۇ خەيتاڭ

## خەلقئارالىق كەسىپ ئەھۋالى

سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى تاشقى پېرېۋوت مەبلىغى ئومۇمىي سوممىسى 136 مىليون 419 مىڭ دوللارغا يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 13 مىليون 189 مىڭ دوللار كۆپىيىپ، ئېشىش نىسبىتى 10.7% كە يەتتى؛ تۈرلۈك تاشقى پېرېۋوت پۇل ئامانىتى قالدۇقى 85 مىليون 560 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 10 مىليون 290 مىڭ دوللار كۆپەيدى، بۇ 1999 - يىلدىكىدىن 11 مىليون 800 مىڭ دوللار ئاز كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە، چەت ئەل پۇلى ئامانىتى قالدۇقى 61 مىليون 120 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 17 مىليون 250 مىڭ دوللار كۆپىيىپ، 2 مىليون 330 مىڭ دوللار كۆپ كۆپەيدى؛ تاشقى پېرېۋوت ھۆكۈمەت پۇل ئامانىتى قالدۇقى 24 مىليون 450 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 6 مىليون 970 مىڭ دوللار كېمىيىپ، 9 مىليون 560 مىڭ دوللار ئاز كۆپەيدى. نەق تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇل قالدۇقى 13 مىليون 820 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 2 مىليون 290 مىڭ دوللار كۆپەيدى، چەت ئەللەردە يۈرۈشتۈرۈلگەن مەبلەغنىڭ قەرز پۇلغا ئۆزگەرتىلگەن قالدۇقى 20 مىليون 450 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 3 مىليون 460 مىڭ دوللار كۆپەيدى. خەلقئارا راسچوت كەسپى 572 مىليون 640 مىڭ دوللار بېجىرىلىپ، 1999 - يىلنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 250 مىليون 910 مىڭ دوللار كۆپەيدى، ئېشىش نىسبىتى 78% كە يەتتى، راسچوت قىلىنغان ۋە سېتىلغان تاشقى پېرېۋوت 541 مىليون 700 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 277 مىليون 210 مىڭ دوللار كۆپىيىپ، 105% ئاشتى.

دۇ خەيتاڭ

## ۋاستىچىلىك كەسپى

2000 - يىلى سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى ئاللىقىدار ئورۇنلار بىلەن قاتناش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىش جەرىمانە پۇلى، يەككە سودىگەرلەرنىڭ باج پۇلى، يانتېلېفون ھەققى، لاتارىيە بېلىتىنى تارقىتىش، سۇغۇرتا ھەققىنى ئېلىش، مۇقىم سوممىلىق سۇغۇرتا تالونى سېتىش قاتارلىق كەسىپلەرنى ۋاكالىتەن بېجىرىش جەھەتتە ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى ھەم بۇنىڭ ئىچىدىكى رەسمىيەت ھەققى كىرىمىنى ۋاكالىتەن يىغىش كەسپىنىڭ ماركېتنىڭ سالمىقىنى زورايتتى، بۇنىڭ بىلەن ھەم پۇل ئامانىتىنى كۆپەيتتى، ھەم بىۋاسىتە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتتى. شۇنداقلا، يەنە ساياھەت پۇل چېكى بېجىرىش تور - نۇقتىسىدىن 20 نى كۆپەيتتى ھەم پۇلنى يىغىپ ھېسابقا ئاغدۇرۇش ھېسابى ئېچىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ، پۇلنى ھېسابقا ئاغدۇرۇش ھېساب سانىنى 78 مىڭغا يەتكۈزدى. ۋاكالەتچىلىك كەسپىي مىقدارىنىڭ خەلق پۇل ئامانىتى ئومۇمىي كەسپىي مىقدارى ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 28% كە يېتىپ، 1999 - يىلنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 7 پىرسەنت پوئىنتى كۆپەيدى.

دۇ خەيتاڭ

## جۇڭگو «خۇارۇڭ» مال - مۈلۈك باشقۇرۇش شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئىش باشقارمىسى

بۇ باشقارما 2000 - يىل 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى قۇرۇلۇپ، ۋۇتۇسكا ئېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. جۇڭگو «خۇارۇڭ» مال - مۈلۈك باشقۇرۇش شىركىتىنىڭ باش لىدىرى ياڭ كەيشىڭ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ رەھبەرلىرى مۇراسىمغا قاتناشتى.

دۇ خەيتاڭ

## ناچار مۈلۈكلەرنى ئايرىۋېتىش خىزمىتى ئەھۋالى

سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى 2000 - يىلى «خۇارۇڭ» شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى ئىش باشقارمىسىغا ئاللىقىدار ماتېرىياللارنى قەرەلىدە تاپشۇردى ھەم بۇنىڭغا پائال ماسلىشىپ، غەيرىي نەق مەيدان ۋە نەق مەيداندا تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە 1708 كارخانىنىڭ قەرزىنى پايغا ئۆزگەرتىش ۋە ناچار مۈلۈكلەرنى ئايرىۋېتىش خىزمىتىنى ۋاقتىدا تاماملىدى، ئايرىۋېتىلگەن مۈلۈك دىرى ۋە ئۆسۈمى 6 مىليارد 45 مىليون يۈەنگە يەتتى.

دۇ خەيتاڭ

## سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ غەربنى كەڭ ئېچىشقا مەدەت بېرىش سۆھبەت يىغىنى

بۇ يىغىن 2000 - يىل 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، سودا - سانائەت باش بانكىسىنىڭ باشلىقى جياڭ

جيەنجىاڭ بېيىدا قاتنىشىپ مۇھىم سۆز قىلدى، باش بانكىنىڭ 8 بۆلۈم، ئىشخانىسىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى ۋە غەربىي قىسمىدىكى 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىكى شۆبە بانكىلارنىڭ باشلىقلىرى يىغىنغا قاتناشتى. بۇ قېتىمقى يىغىندا سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ غەربنى كەڭ ئېچىشقا مەدەت بېرىش كونكرېت تەدبىرلىرى، نىشانى ۋە ۋەزىپىسى بەلگىلەندى.

دۇ خېيتاڭ

# يېزا ئىگىلىك بانكىسى

## ئومۇمىي ئەھۋالى

يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ 2000 - يىلىدىكى تۈرلۈك پۇل ئامانەت قالدۇقى 24 مىليارد 840 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 15.1% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى نورمال كەسپىي ئامانەت پۇل قالدۇقى 24 مىليارد 580 مىليون يۈەن، مەخسۇس ئامانەت پۇل قالدۇقى 160 مىليون يۈەن. چەت ئەل پۇلى ئامانىتى قالدۇقى 12 مىليون 320 مىڭ دوللار بولدى. تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 22 مىليارد 910 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئايرىۋېتىلمىدىغان ئامىللارنى چىقىرىۋەتكەندە (تۆۋەندىسۇ ئوخشاش) يىل بېشىدىكىدىن 20.9% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە نورمال قەرز پۇل قالدۇقى 16 مىليارد 190 مىليون يۈەن، مەخسۇس قەرز پۇل قالدۇقى 6 مىليارد 720 مىليون يۈەن بولدى. قوشۇلما قەرز پۇل، ئامانەت نىسبىتى 92.2% بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە، نورمال كەسپىي قەرز پۇل، ئامانەت نىسبىتى 65.9% بولدى. بانكا بويىچە قوشۇلما مەلۇمات جەدۋىلىدىكى پايدا 50 مىليون يۈەنگە يېتىپ، كەسپىي تىجارەتتە زىيان تۈگىتىلىپ، پايدا ئېلىندى.

دۇڭ شياۋجۈەن

## كرېدىت باشقۇرۇش

يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى 2000 - يىلى كرېدىت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئەلا خېرىدارلارنى زور كۈچ بىلەن كۆپەيتتى. (1) كەسىپكە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە تۈرلەرنى تاللاش يولغا قويۇلۇپ، بىر تۈركۈم دۆلەت ۋە شىنجاڭ نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرىدىغان كەسىپ ۋە نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى، شۇنىڭدەك سۈچىلىق، شەھەر مەمۇرىيىتىنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، دۆلەتنىڭ كەسىپ سىياسىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، تەرەققىيات ئىستىقبالى ۋە تىجارەت ئەھۋالى ياخشى، ئاكتىپ - پاسسىپ نىسبىتى 70% تىن تۆۋەن بولغان، ئىناۋەت دەرىجىسى AA دەرىجىلىكتىن يۇقىرى بولغان بىر تۈركۈم خېرىدارلارغا مەدەت بېرىلدى ھەم رايون ئەۋزەللىكىگە ئىگە سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكى ۋە ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىك كەسىپلىرىگە پائال مەدەت بېرىلدى. دۆلەتنىڭ كەسىپ سىياسىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئاكتىپ - پاسسىپ نىسبىتى 85% تىن تۆۋەن بولغان، قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈمىنى يىغىش نىسبىتى 90% تىن يۇقىرى بولغان بىر تۈركۈم خېرىدارلار پائال يېتىشتۈرۈلدى، بۇ بىر يىلدا يېڭىدىن تارقىتىلغان قەرز پۇلنىڭ 80% تىن كۆپرەكى ئۈستۈنلۈككە ئىگە كارخانا ۋە ئەلا خېرىدارلارغا تارقىتىلدى. (2) يېزا ئىگىلىكى قەرز پۇل قۇرۇلمىسى پائال تەڭشەلدى. چوڭ باقمىچىلىق ئائىلىلىرى، تېرىقچىلىق ماھىرلىرى ۋە يېزىلاردىكى كەسىپلەشكەن ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرى قۇرۇلۇشلىرىغا نۇقتىلىق مەدەت بېرىلدى. ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىشقا مەدەت بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكى، چارۋىچىلىق ۋە ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىلدى. (3) مايىللاشتۇرۇپ قەرز پۇل بېرىش سىياسىتى يولغا قويۇلدى. نۇقتىلىق كەسىپلەرگە بېرىلگەن قەرز پۇلنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئادەتتىكى ساھەگە بېرىلىدىغان قەرز پۇلنىڭ نىسبىتى مۇۋاپىق تىزگىنلەندى، چەك قويۇلىدىغان كەسىپلەرگە بېرىلىدىغان قەرز پۇل نىسبىتى قىسقارتىلدى، قەرز پۇلنىڭ ساپ ئاشقان مىقدارىنىڭ 60% تىدىن كۆپرەكى نۇقتىلىق رايونلارغا سېلىندى. (4) سودىلاشتۇرۇلغان ئايلىنىش شەكلى بويىچە مەخسۇس كرېدىت خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى، مەخسۇس تۈردىكى كرېدىت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىلدى. بۇ بىر يىلدا ئائىلىلەرگە بېرىلىدىغان ئاز سوممىلىق نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلىدىن 378 مىليون يۈەن تارقىتىلدى، يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسال تەرەققىيات قەرز پۇلىنىڭ 60% ى شوخلا، ئۈزۈم، سەۋزە، نەشپۈت پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان بىر تۈركۈم باشلامچى كارخانىلارغا تارقىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۆۋەن خېيىمخەتەرلىك ئاز سوممىلىق رەنىلىك قەرز پۇل ۋە شەخسىي ئىستېمال قەرز پۇلى كەسپى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. يىل ئاخىرىغىچە شىنجاڭ شۆبە بانكا تارقاتقان ئاز سوممىلىق رەنىلىك قەرز پۇل قالدۇقى 154 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 49 مىليون 70 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. شەخسىي تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى قالدۇقى 663 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 548 مىليون 330 مىڭ يۈەن كۆپەيدى.

دۇڭ شاۋجۈەن




سۈرەتتە يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى لىيەنتۇڭ شىنجاڭ شۆبە شىركىتى بىلەن ئومۇميۈزلۈك كەسپىي ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىماقتا.

جۇجۇن فوتوسى

### ۋاستىچىلىك كەسپى

يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ 2000 - يىلدىكى تۈرلۈك ۋاستىچىلىك كەسپلىرىنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتى ياخشى بولدى. بۇ بىر يىلدا بانكا كارتىسى 189 مىڭ پارچە كۆپەيدى، كارتا ئارقىلىق ئامانەت قويۇلغان پۇل يىل بېشىدىكىدىن 92 مىليون 550 مىڭ يۈەن كۆپەيدى؛ خەلقئارا راسچوت 158 مىليون دوللارغا يېتىپ، 4 مىليون 840 مىڭ دوللار كۆپەيدى؛ يېڭى كەسپ تۈرلىرى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى، شەخسىي ئىستېمال كرېدىتى كەسپى ئەتراپلىق قانات يايدۇرۇلدى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتتىن 9 ى يېزا ئىگىلىك بانكىسىدا ھېساب ئاچتى، بۇ پاينى بازارغا سالغان كارخانىلار سانىنىڭ %40 نى ئىگىلىدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە شىنجاڭ «خۇاشيا» يېزىلارغا پايدا يەتكۈزۈش تور شىركىتى بىلەن بىرلىشىپ، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرى ئېلېكتروnلاشقان سودىسىنى يولغا قويدى؛ سوت مەھكىمىسىنىڭ شىكايەت ھەققىنى ۋاكالىتەن يىغىش خىزمىتىنى ئۆز ئالدىغا ئۇچۇشلۇق قانات يايدۇرۇپ، بىر يىلدا جەمئىي 270 مىليون يۈەننى ۋاكالىتەن بېجىردى؛ تور نۇقتىسى ۋە يۇمشاق دېتال تېخنىكىسى جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭ كۆچمە ئالاقە شىركىتى بىلەن يانتېلېفون ھەققىنى ۋاكالىتەن يىغىش كېلىشىمى ئىمزالىدى، يىل ئاخىرىغىچە 550 مىڭ قېتىم 100 مىليون يۈەنگە يېقىن يانتېلېفون ھەققىنى ۋاكالىتەن يىغدى.

دۆلقۇن شاۋجۇن

## جۇڭگو بانكىسى

### خېيىمخەتەرنى باشقۇرۇش

جۇڭگو بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى 2000 - يىلى ئىناۋەت بېرىشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىناۋەت بېرىشنى ھوقۇق چېكى بېرىشكە ئۆزگەرتىشنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، نۇقتىلىق كارخانىلارغا ئىناۋەت بېرىش دەرىجىسىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىناۋەت بېرىشنى تەكشۈرۈپ، تەستىقلاش ئۇنۇمىنى ئۆستۈردى؛ مەبلەغ جەھەتتە ئىشەنچىلىك خېرىدارلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا زور كۈچ بىلەن مەدەت بەردى، كرېدىت قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇردى، ساقلانغان ناچار مۈلۈكنى جانلاندۇرۇش سالمىقىنى زورايتتى، ئىناۋەت بېرىشتىكى خېيىمخەتەرنى پەسەيتىپ، ئىناۋەت بېرىلگەن مۈلۈكنىڭ سۈپىتىنى خېلى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈردى.

خېرىدارلارنىڭ ئىناۋەت دەرىجىسىنى باھالاپ بېكىتىش خىزمىتى داۋاملىق ياخشى ئىشلەندى. ئالدىنقى يېرىم يىلدا تەۋەلىكتىكى ئىناۋەتكە ئېرىشكەن 822 خېرىدار ئىچىدىكى دەرىجە باھالاش شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان 266 خېرىدارنىڭ ئىناۋەت دەرىجىسى باھالاپ بېكىتىلدى ۋە خېيىمخەتەر چېكى تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، A تۈردىكىسى 42 ئورۇن، B تۈردىكىسى 139 ئورۇن، C تۈردىكىسى 54 ئورۇن، D تۈردىكىسى 31 ئورۇن. ئىناۋەت دەرىجىسىنى باھالىمىغان خېرىدارلار ئىچىدە، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ناچار، قەرز نىسبىتى يۇقىرى، قەرزنىڭ دىرى بىلەن ئۆسۈمىنى قايتۇرۇشقا كۈچى يەتمەيدىغان، مۇندىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا ئىناۋەت بېرىشنى قىسقارتىش ھەم تېزدىن ئايرىۋېتىپ ئىناۋەت بېرىشنى توختىتىش كېرەك دەپ قارالغان خېرىدار 513. تۈرلۈك خېرىدارلارنىڭ قەرز پۇلىنىڭ (خەلق پۇلى ھېسابىدا) ئىگىلىگەن نىسبىتىدىن قارىغاندا، A تۈردىكى خېرىدارلار قەرز پۇل قالدۇقىنىڭ %31 نى، B تۈردىكى خېرىدارلار %17 نى، C تۈردىكى خېرىدارلار %13 نى، D تۈردىكى خېرىدارلار

%1 ى، ئىناۋەت بېرىشنى توختىتىدىغان خېرىدارلار %29 ى، باشقا خېرىدارلار (يېڭى قۇرۇلغان كارخانىلار، مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلار) %9 نى ئىگىلەيدۇ.

جۇڭگو بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى 2000 - يىلى ھەرقايسى 2 - دەرىجىلىك شۆبە (تارماق) بانكىلارنىڭ ئىناۋەت بېرىش ھوقۇق چېكىنى قايتىدىن تەكشۈرۈپ بېكىتىپ چىقىپ، 2 - دەرىجىلىك شۆبە (تارماق) بانكىلارنىڭ ئىناۋەت بېرىش ھوقۇق چېكىنى مۇۋاپىق ئاشۇردى. باشقۇرۇشى ياخشى بىر قىسىم 2 - دەرىجىلىك شۆبە بانكىلارغا تۈنجى قەرز پۇلنى ئەستىقلاش ھوقۇقىنى چۈشۈرۈپ بەردى، قەرز پۇل بېرىشنى ھوقۇق بېرىشكە ئۆزگەرتىش بىلەن ئىناۋەت بېرىش دەرىجىسىنى قوش باشقۇرۇش چارىسى يولغا قويۇلدى. بۇ بىر يىلدا شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتى، شىنجاڭ كۆچمە ئالاقە شىركىتى، شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى شىركىتى، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور سانائىتى پاي شىركىتى، شىنتيەن ئىقتىساد - سودا پاي شىركىتى، شىنجاڭ «تۈنخې» پاي شىركىتى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى، مايتاغ چېكىلەش خىمىيە سانائىتى قۇرۇلۇش شىركىتى قاتارلىق 40 نەچچە ئىشەنچىلىك خېرىدارلارنىڭ ئىناۋەت بېرىش دەرىجىسىنى باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. نۇقتىلىق خېرىدارلار ۋە نۇقتىلىق رايونلارغا مەبلەغ سېلىش سالمىقى زورايتىلىپ، كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىلدى. بۇ بىر يىلدا 9 مىليارد 223 مىليون يۈەن خەلق پۇلى قەرز پۇل تارقىتىلدى، يىل ئاخىرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 9 مىليارد 241 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن %21.08 ئاشتى؛ 86 مىليون 280 مىڭ دوللار تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى تارقىتىلدى، يىل ئاخىرىدا قەرز پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 118 مىليون دوللار بولۇپ، %16.82 تۆۋەنلىدى. رايون بويىچە قەرز پۇل تارقىتىش يۆنىلىشى جەھەتتە، ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە، قۇمۇل، بايىنغولىن قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا 8 مىليارد 479 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى، بۇ تارقىتىلغان قەرز پۇل ئومۇمىي سوممىسىنىڭ %78.2 نى ئىگىلىدى، كەسىپلەر بويىچە قەرز پۇل تارقىتىش يۆنىلىشى جەھەتتە، نېفىت خىمىيە سانائىتى، قاتناش، پوچتا - تېلېگراف، ئالاقە، ئۆي - زېمىن، بىناكارلىق ماتېرىيالى قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا نۇقتىلىق مەدەت بېرىلىپ، 3 مىليارد 213 مىليون يۈەن خەلق پۇلى قەرز تارقىتىلدى، بۇ، تارقىتىلغان ئومۇمىي قەرز پۇلنىڭ %29.63 نى ئىگىلىدى. خېرىدارلارغا قەرز تارقىتىش يۆنىلىشى جەھەتتە، نۇقتىلىق خېرىدارلارنى باشقۇرۇش چارىسى پائال ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، مەبلەغنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىشەنچىلىك خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى، يېڭىدىن ئەستىقلانغان قەرز پۇلنىڭ %90 تىن ئارتۇقى ئىشەنچىلىك كارخانىلارغا تارقىتىلدى. يىل ئاخىرىغىچە باش، شۆبە بانكا دەرىجىلىك نۇقتىلىق خېرىدارلارنىڭ خەلق پۇلى ھېسابىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 3 مىليارد 700 مىليون يۈەن، تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇل قالدۇقى 1 مىليارد دوللار (خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 8 مىليارد 278 مىليون يۈەن) بولۇپ، بارلىق قەرز پۇل قالدۇقىنىڭ %65.6 نى ئىگىلىدى.

ناچار قەرز پۇللارنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش كۈچەيتىلىپ، ناچار مۈلۈكلەرنى ئايرىۋېتىش ۋە ئېلىپ قالغان ناچار ھېسابنى كۆتۈرۈۋېتىش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ، مۈلۈك سۈپىتى تىرىشىپ ياخشىلاندى. بىرىنچىدىن، نەق پۇلنى ئېنىقلاپ يىغىۋېلىش سىدارى، يېڭى ھېساباتىكى ناچار قەرز پۇل نىسبىتى ۋە ئۆسۈم يىغىش نىسبىتى نازارەت قىلىنىپ، تەكشۈرۈلۈپ ۋە باشقۇرۇلۇپ، ئېنىقلاپ يىغىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا ھەيدەكچىلىك قىلىندى. بۇ بىر يىلدا ئېنىقلاپ يىغىۋېلىنغان خەلق پۇلى ھېسابىدىكى ناچار قەرز پۇل 109 مىليون يۈەن بولۇپ، باش بانكا چۈشۈرگەن يىللىق پىلان %129.76 ئورۇندالدى. ئىككىنچىدىن، مۇشۇ يىل ئىچىدە تەۋەلىكتىكى قەرز پۇل ئالغان كارخانىلارنىڭ قايتا ئالغان قەرز پۇل سالمىقى كۆپرەك بولغان ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، مۈلۈكنىڭ تولۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەندى. بۇ بىر يىلدا بانكىنىڭ ھەقدارلىق ھوقۇقى، تەكرار ئېلىنغان قەرز پۇل بويىچە خەلق پۇلى ھېسابىدىكى 171 مىليون يۈەن، تاشقى پېرېۋوت ھېسابىدىكى 6 مىليون 950 مىڭ دوللار قەرز ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ئۈچىنچىدىن، مۈلۈكنى ئايرىۋېتىش ۋە ئېلىپ قالغان ھېسابنى كۆتۈرۈۋېتىش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. پۈتۈن تەۋەلىكتە جەمئىي ئايرىۋېتىلگەن خەلق پۇلى ھېسابىدىكى ناچار قەرز پۇلنىڭ دىرى بىلەن ئۆسۈمى 1 مىليارد 516 مىليون يۈەن، ئايرىۋېتىلگەن تاشقى پېرېۋوت ھېسابىدىكى ناچار قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈمى بىلەن دىرى 27 مىليون 710 مىڭ دوللار بولدى. بۇ يىل ئىچىدە باش بانكا ھېساباتتىن كۆتۈرۈۋېتىشكە ئەستىقلىغان، پىلان سىرتىدىكى ئېلىپ قالغان ھېساب 125، سوممىسى 222 مىليون خەلق پۇلى. يىل ئاخىرىدا خەلق پۇلى ھېسابىدىكى ناچار قەرز پۇل نىسبىتى يىل بېشىدىكىدىن 19 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى، تاشقى پېرېۋوت ھېسابىدىكى ناچار قەرز پۇل نىسبىتى 0.7 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى، ئايرىۋېتىلىدىغان ئامىللارنى چىقىرىۋەتكەندە، خەلق پۇلى ھېسابىدىكى ناچار قەرز پۇل نىسبىتى 6 پىرسەنت پوئىنتى، تاشقى پېرېۋوت ھېسابىدىكى قەرز پۇل نىسبىتى 0.49 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى.

ئىناۋەت بېرىلگەن مۇلۇك سۇپىتى مەملىكەت بويىچە جۇڭگو بانكىسى سىستېمىسى ئىچىدە 1 - بولدى.

تەن سۇڭلىيۇ

## تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى

جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ 2000 - يىلدىكى تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى قالدۇقى داۋاملىق زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى، يىل ئاخىرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 118 مىليون دوللار بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن %16.82 تۆۋەنلىدى. تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلىنىڭ كەسىپلەر بويىچە تارقىلىش ئەھۋالى ئاساسەن مۇنداق بولدى: نېفىت، نېفىت خىمىيە سانائىتى كەسپىنىڭ قەرز پۇل قالدۇقى 975 مىليون دوللار بولۇپ، تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇل ئومۇمىي قالدۇقىنىڭ %87.21 نى ئىگىلىدى؛ شەھەر قۇرۇلۇشى كەسپىنىڭ 47 مىليون 990 مىڭ دوللار بولۇپ، %4.29 نى ئىگىلىدى؛ پوچتا - تېلېگراف، ئالاقە كەسپىنىڭ 33 مىليون 400 مىڭ دوللار بولۇپ، %2.99 نى ئىگىلىدى. نېفىت كەسپىدە تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ تەسىرى سەۋەبىدىن جايلاردىكى نېفىت تىجارىتىنى ئاساس قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ قەرز پۇل ئېلىش ھوقۇقى بولمىدى. بۇنىڭ بىلەن تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتتى. باشقا كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلار ئۈنۈم ۋە ئۆسۈم نىسبىتى خېيىمخەتىرى جەھەتتىن ئويلىنىپ، تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىش ئارزۇسى يۇقىرى بولمىدى، بۇ بىر يىل ئىچىدە پېرېۋوت ئىشلىتىدىغان قاتناش، خام ئەشيا - ماتېرىيال، پوچتا - تېلېگراف، ئالاقە، نېفىت خىمىيە سانائىتى، خىمىيە سانائىتى، سودا، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق قاتارلىق 7 كەسىپ ئىچىدە، يېنىك سانائەت كەسپىنىڭ يىل بېشىدىكىدىن 10 مىليون دوللار كۆپەيگەندىن باشقا، قالغان كەسىپلەرنىڭ قەرز پۇل قالدۇقى ئوخشىمىغان دەرىجىدە تۆۋەنلەپ، 96 مىليون 410 مىڭ دوللار كېمەيدى. يىل ئاخىرىدا تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى ئاساسەن تارىم نېفىت قوماندانلىق شتابىغا، مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىغا، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىغا، ساي يولى قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش قۇرۇلۇش شىركىتىگە، شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتىگە مەركەزلەشتى، قەرز پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 23 مىليون دوللار بولۇپ، قەرز پۇل ئومۇمىي قالدۇقىنىڭ %91.5 نى ئىگىلىدى.

تەن سۇڭلىيۇ

## تاشقى سودا قەرز پۇلى

جۇڭگو بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى 2000 - يىلى 1 مىليارد 423 مىليون يۈەن تاشقى سودا قەرز پۇلى تارقاتتى، قەرز پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 345 مىليون يۈەن بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن %37.18 تۆۋەنلىدى. تاشقى سودا قەرز پۇلىنىڭ زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كېتىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئەسلىدىكى تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ خەلق پۇلى ھېسابىدىكى 894 مىليون يۈەن ناچار قەرز پۇلى «شەرق» مۇلۇك باشقۇرۇش شىركىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلدى. ئايرىۋېتىش ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، تاشقى سودا قەرز پۇلى ئەمەلىيەتتە يىل بېشىدىكىدىن 98 مىليون يۈەن كۆپەيدى. قەرز پۇل ئاساسەن پاختىنى ئېكسپورت قىلىپ، تاشقى پېرېۋوت يارىتىشقا مەدەت بېرىشكە ئىشلىتىلدى. بۇ بىر يىلدا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىمپورت - ئېكسپورت پاي شىركىتىگە 845 مىليون يۈەن پاختا سېتىۋېلىش قەرز پۇلى بېرىلدى. 480 مىليون يۈەنلىك بانكا ئېتىراپلىق پېرېۋوت چېكى چىقىرىپ بېرىلىپ، كارخانىلارنىڭ 150 مىڭ توننا پاختا ئېكسپورت قىلىشىغا مەدەت بېرىلىپ، 145 مىليون دوللار پېرېۋوت يارىتىلدى.

تەن سۇڭلىيۇ

## چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار قەرز پۇلى

جۇڭگو بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى 2000 - يىلى چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارغا ئىناۋەت بېرىش سالمىقىنى ئېشىرىشقا زورايتتى. شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» يۇڭ توقۇمىچىلىق پاي چەكلىك شىركىتى، قۇمۇل «چاڭلىيەن» ئۈچەي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ۋە مىڭ كارخانا گۈرۈھىنىڭ تەرەققىياتىغا نۇقتىلىق مەدەت بەردى. بۇ 3 كارخانىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 785 مىليون يۈەنگە يېتىپ، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار قەرز پۇل قالدۇقىنىڭ %91.17 نى ئىگىلىدى. بۇ بىر يىلدا چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارغا 888 مىليون يۈەن خەلق پۇلى قەرز پۇل تارقىتىلدى، يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 861 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 248 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، %40.46 ئاشتى.

تەن سۇڭلىيۇ

## ئىستېمال قەرز پۇلى

جۇڭگو بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى 2000 - يىلدىكى ئىستېمال كرېدىت كەسپىدە ئۈرۈمچى قاتارلىق ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان رايونلارنى نۇقتىلىق رايون قىلىپ، ئۆي - زېمىن ۋە ئاپتوموبىل كەسپىنى نۇقتىلىق كەسىپ قىلىپ، تاۋار ئۆيلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە كىرا ئاپتوموبىللىرىنى يېڭىلاشنى نۇقتىلىق مەھسۇلات قىلىپ، شىنجاڭ «گۇاڭخۇي»

ئۆي - زېمىن شىركىتى، سانتانا ئاپتوموبىلىنى سېتىش شىركىتى قاتارلىقلارنى ئۇقتىلىق خېرىدار قىلىپ تۇتتى. كەسپىي مەشغۇلات داۋامىدا باشقۇرۇش بىلەن مەشغۇلاتنى ئايرىپ، كونكرېت مەشغۇلات كەسپىنى پىلانلىق، قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا ھەرقايسى شەھەر رايونى تارماق بانكىلىرى ۋە تىجارەت بۆلۈملىرىگە چۈشۈرۈپ بېرىپ، سۈپەتلىك ئايلىنىش مېخانىزمى شەكىللەندۈرۈپ، ئىستېمال كرېدىت كەسپىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرغان. يىل ئاخىرىغىچە، ئىستېمال قەرز پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 414 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 1 مىليارد 133 مىليون يۈەن كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە، شەخسىي تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 197 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 926 مىليون يۈەن كۆپەيدى، مۇتلەق سومما جەھەتتە باش بانكا بويىچە 5 - ئورۇندا تۇردى، ئوخشاش كەسىپتىكىلەر ئىچىدە %21 نىسبەتنى ئىگىلەپ، 2 - ئورۇندا تۇردى. ئۇقتىلىق كەسىپلەرنى كېڭەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆي سايمانلىرى - بېزەكچىلىك، شەخسىي ئامانەت قەرز پۇل كەسىپلىرىنى يولغا قويدى. ئىستېمال كرېدىتىدا قەرز ۋە ئۆسۈمنى يىغىۋېلىش نىسبىتى %99 كە يەتتى. قەرز پۇلنىڭ ناچارلىق نىسبىتى %1 ئىچىدە تىزگىنلەندى.

تەن سۈگلىيۈ

## پۇل ئامانەت كەسپى

2000 - يىلى جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تۈرلۈك خەلق پۇلى ئامانەت قالدۇقى 12 مىليارد 283 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 1 مىليارد 659 مىليون يۈەن كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە، كارخانىلارنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 6 مىليارد 193 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1 مىليارد 250 مىليون يۈەن ساپ ئاشتى؛ خەلق پۇل ئامانىتى قالدۇقى 5 مىليارد 639 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 422 مىليون يۈەن ساپ ئاشتى. كارخانا ئامانەت پۇلىنىڭ زور دەرىجىدە ئېشىشىغا ئەگىشىپ، پۇل ئامانەت قۇرۇلمىسىمۇ مۇۋاپىقلاشتۇرۇشقا يۈزلەندى، پۈتۈن تەۋەلىكنىڭ مەبلەغ توپلاش تەنتەرخى تېخىمۇ تۆۋەنلىدى. رايون جەھەتتىن قارىغاندا، كارخانا پۇل ئامانىتى ئاساسەن ئۈرۈمچى رايونىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، پۇل ئامانەت قالدۇقىنىڭ %48.15 نى ئىگىلىدى، يېڭىدىن ئاشقان سوممىنىڭ %78.19 نى ئىگىلىدى. خېرىدار قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، چوڭ خېرىدارلارنىڭ ئامانەت پۇلى خېلى نىسبەتنى ئىگىلىدى، ئۇقتىلىق ئامانەت قويغۇچى 20 خېرىدارنىڭ ئامانەت قويغان پۇلى كارخانىلار ئامانەت پۇلىنىڭ %25.14 نى ئىگىلىدى. تۈرلۈك تاشقى پېرېۋوت ئامانەت قالدۇقى 331 دوللارغا يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 86 مىليون دوللار كۆپەيدى، ئېشىش نىسبىتى مەملىكەت بويىچە جۇڭگو بانكىسى سىستېمىسى ئىچىدە 1 - بولدى، ئۆز جايىدىكى ئوخشاش كەسىپتىكىلەر ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 1999 - يىلدىكىدىن 3 پىرسەنت پونكىتى كۆپىيىپ، يەنىلا 1 - ئورۇندا تۇردى.

تەن سۈگلىيۈ

## خەلقئارا راسچوت ئەھۋالى

جۇڭگو بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى 2000 - يىلى 1 مىليارد 89 مىليون دوللار پېرېۋوتنى راسچوت قىلدى ۋە ساتتى، بۇ 1999 - يىلدىكىدىن %0.37 تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە راسچوت قىلىنغان پېرېۋوت 425 مىليون دوللارغا يېتىپ، %35.78 ئاشتى، سېتىلغان پېرېۋوت 664 مىليون دوللار بولۇپ %14.87 تۆۋەنلىدى، كاپىتال تۈرىدىكى پېرېۋوت سېتىش كېمىيىپ كەتكەنلىكتىن مۇشۇنداق ئەھۋال كېلىپ چىقتى.

بۇ بىر يىلدا 1500 دانە ئېكسپورت ئىسپاتى تاپشۇرۇۋېلىندى، بۇنىڭ سوممىسى 200 مىليون دوللارغا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %16.28 ئاشتى؛ مەسلىھەتلىشىپ چىقىم قىلىنغىنى 1610، سوممىسى 222 مىليون دوللارغا يېتىپ، %64.44 ئاشتى؛ ماۋاله بىلەن يىغىۋېلىنغىنى 91، سوممىسى 6 مىليون 420 مىڭ دوللار بولۇپ، %22.18 تۆۋەنلەپ كەتتى؛ ئېكسپورتقا پېرېۋوت رەنە قويۇلغىنى 70، سوممىسى 6 مىليون 160 مىڭ دوللارغا يېرىپ، %66.94 ئاشتى؛ پېرېۋوت قىلىنىپ كەلگەن تاشقى پېرېۋوت 1581، سوممىسى 186 مىليون دوللارغا يېتىپ، %78.95 ئاشتى؛ ئېكسپورتتىن كىرىم قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت 387 مىليون دوللارغا يېتىپ، %90.64 ئاشتى. بۇ بىر يىلدا ئىمپورتقا 684 ئىسپات يېزىپ بېرىلدى، سوممىسى 166 مىليون دوللارغا يېتىپ، %21.17 ئاشتى؛ ۋاكالىتەن يىغىۋېلىنغىنى 28، سوممىسى 8 مىليون 620 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %97.25 ئاشتى؛ پېرېۋوت قىلىپ چىقىرىلغان تاشقى پېرېۋوت 2658، سوممىسى 165 مىليون دوللارغا يېتىپ، %70.10 ئاشتى. ئىمپورتقا چىقىم قىلىپ بېرىلگەن پېرېۋوت 297 مىليون دوللارغا يېتىپ، %28.02 ئاشتى. 19 قېتىم تۈرلۈك تاشقى پېرېۋوت كاپالەت خېتى يېزىلدى، سوممىسى 2 مىليون 450 مىڭ دوللار؛ 246 قېتىم خەلق پۇلى كاپالەت خېتى يېزىلدى، سوممىسى 73 مىليون 550 مىڭ يۈەن، بۇ بىر يىلدا ياراتقان شۇ مەزگىللىك پېرېۋوتنى راسچوت قىلىش پايدىسى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 20 مىليون يۈەن بولدى. يىراق مەزگىللىك پېرېۋوتنى راسچوت قىلىش پايدىسى 50 مىڭ يۈەن بولدى.

تەن سۈگلىيۈ

## «سەددىچىن» كرېدىت كارتوچكىسى كەسپى

جۇڭگو بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى 2000 - يىلى بانكا كارتىسى كەسپىنى پائال كېڭەيتتى. (1) «سەددىچىن» ئېلېكترونلۇق قەرز خاتىرىلەش كارتىسىنى زور كۈچ بىلەن تارقاتتى. تارقىتىلغان كارتا 1999 - يىلدىكى 114 مىڭ پارچىدىن 500 مىڭ پارچىغا يەتتى. قەرز خاتىرىلەش كارتىسى ئارقىلىق يولغا قويۇلغان «تۆتكە ۋاكالەتچىلىك قىلىش» كەسپ تۈرى 10 خىلغا يەتتى. (2) «سەددىچىن» مۇچەل كارتىسى ۋە «سەددىچىن» خەلقئارا كارتىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك تارقىتىلدى. بۇ بىر يىلدا 110 مىڭ پارچە كارتا تارقىتىلدى. ئۇنىڭ سوممىسى 20 مىليون يۈەن بولدى. «سەددىچىن» خەلقئارا كارتىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىرىلىشى شىنجاڭنىڭ مۇشۇ ساھەدىكى بوشلۇقىنى تولدۇردى، 6 ئاساسلىق ۋىلايەت، ئوبلاستتا بۇ كەسپ يولغا قويۇلدى. (3) سودىگەرلەر بازىرىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، چەت ئەل پۇلىغا كارتا ئالىدىغان سودىگەرلەر ئۈچۈن EDC (ئېلېكترونلۇق ئاپتوماتىك ئېنىق ھېسابلاش) يولغا قويۇلۇپ، مەبلەغنى ئېنىقلاش سۈرئىتى ئاشۇرۇلۇپ، چەت ئەل پۇلى كارتىسى بازىرىنىڭ ئۈلۈشى 90% كە يېقىنلاشتۇرۇلدى. ئۈرۈمچىدىكى ھەرقايسى چوڭ ماگىزىن، مېھمانخانا قاتارلىق چوڭ سودا ئورۇنلىرىدا EDC خەلق پۇلى ھېسابىنى ئاغدۇرۇش كەسپى يولغا قويۇلۇپ، سودا ئورۇنلىرىنىڭ بانكا كارتىسىنى بېجىرىشى قولايلىقلاشتۇرۇلۇپ، كارتىدىن پايدىلىنىش مۇھىتى ياخشىلاندى. (4) سېتىشتىن كېيىن مۇلازىمەت قىلىش تورى كېڭەيتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. قۇرۇلۇش بانكىسى بىلەن بانكا كارتىسى ساھەسىدىكى ھەمكارلىق ئومۇمىيۈزلۈك باشلاندى ھەم 9 - ئايدا رەسمىي تورلاشتۇرۇلدى، بانكا كارتىسى مۇلازىمىتىنىڭ تەسىر دائىرىسى كېڭەيتىلدى. يىل ئاخىرىغىچە «سەددىچىن» كرېدىت كارتىسىدىن ئۈنۈملۈك كارتا 109 مىڭ 400 پارچىغا يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 7173 پارچە كۆپەيدى، شۇ جايدىكى ئوخشاش كەسىپتىكىلەر ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 24.5% كە يېتىپ، 2 - ئورۇندا تۇردى. قەرز خاتىرىلەش كارتىسى 502 مىڭ 500 پارچىگە يېتىپ، 321 مىڭ 200 پارچە كۆپەيدى، بۇ مەملىكەت بويىچە جۇڭگو بانكىسى سىستېمىسى ئىچىدە 2 - بولدى، ئوخشاش كەسىپتىكىلەر ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 20% بولۇپ، 3 - ئورۇندا تۇردى. ئالاھىدە كېلىشىم قىلىشقان سودا ئورۇنلىرى 1999 - يىلدىكىدىن 176 ئورۇن كۆپەيدى، ئوخشاش كەسىپتىكىلەر ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 29.81% بولۇپ، ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى. بانكا كارتىسى ئارقىلىق بېۋاستە قىلىنغان ئىستېمال سودىسى سوممىسى 134 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 45.65% ئاشتى، مەملىكەت بويىچە جۇڭگو بانكىسى سىستېمىسى ئىچىدە 7 - ئورۇندا تۇردى، ئوخشاش كەسىپتىكىلەر ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 44.57% كە يېتىپ، ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتتى؛ ۋاكالىتەن بېجىرگەن چەت ئەل پۇلى كارتىسىنىڭ سودىلىشىش سوممىسى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 35 مىليون 550 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئوخشاش كەسىپتىكىلەر ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 89% بولۇپ، ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتتى. بۇ بىر يىلدا ۋاكالەتچىلىك كەسپىدە يارىتقان سودىلىشىش سوممىسى 705 مىليون يۈەنگە يەتتى. كرېدىت كارتىسى تۈرىدىكى پۇل ئامانەت قالدۇقى 729 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 78.24% ئاشتى.

تەن سۇڭلىيۇ

# قۇرۇلۇش بانكىسى

## ئومۇمىي ئەھۋال

قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆلچەملىك ئامانەت پۇل قالدۇقى 39 مىليارد 176 مىليون يۈەن بولدى، بۇ بىر يىلدا يېڭىدىن ئاشقان ئۆلچەملىك ئامانەت پۇل 6 مىليارد 589 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ قەرز پۇل قالدۇقى 21 مىليارد 737 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 3 مىليارد 224 مىليون يۈەن كۆپەيدى؛ بانكا بويىچە 359 مىليون يۈەن پايدا ئېلىندى.

خۇ يۈجېن

## كرېدىت باشقۇرۇش ئەھۋالى

قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى 2000 - يىلى خېرىدارلارنى مەركەز قىلىپ، كرېدىت بازىرىنىڭ ماركىتىڭىنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈردى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 5 ۋىلايەت، ئوبلاستقا، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغقا بېرىپ، بىر تۈركۈم تۈرلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ غەربنى كەڭ ئېچىش قۇرۇلۇشىغا مەدەت بېرىشىنىڭ ئاساسىي تەسەۋۋۇرىنى شەكىللەندۈردى، كرېدىت تارقىتىلىدىغان 76 تۈرنى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ بېكىتتى، 18 مىليارد 660 مىليون يۈەن كرېدىت تارقىتىشنى قولغا كەلتۈردى. سۇچىلىق، تاشيول، تۆمۈريول، ئايرودروم، ئېلېكترتورى، ئالاقە، نېفىت - تەبىئىي گازنى ئېچىش، گاز يەتكۈزۈش تۇرۇبىسى قۇرۇلۇشى ۋە شەھەر ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى قاتارلىق سۈپەتلىك تۈرلەرگە نۇقتىلىق مەدەت بەردى. خېرىدار باھالاش، ئىناۋەت دەرىجىسىنى باھالاپ بېكىتىش ۋە خېرىدارلارنىڭ نورمىسىغا

ئىناۋەت بېرىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇردى، نۇقتىلىق خېرىدارلارغا خېرىدارلار دىرېكتورى ئەۋەتىپ تۇرغۇزۇپ، شۆبە بانكىنىڭ بىۋاسىتە ماركېتىڭ سالمىقىنى زورايتتى، دەرىجىگە ئايرىلغان ماركېتىڭ سىستېمىسى ۋە كرېدىت مەلۇم قىلىش «راۋان يولى» بەرپا قىلىپ، چوڭ خېرىدارلارغا سۈپەتلىك مۇلازىمەت قىلىش قاتلىمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، نۇقتىلىق، نەتىجىسى ئەلا بولغان خېرىدارلارغا قەرز پۇل بېرىشنى بېجىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى. بۇ بىر يىلدا تۈرلۈك قەرز پۇلدىن 18 مىليارد 55 مىليون يۈەن تارقىتىلىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 7 مىليارد 820 مىليون يۈەن كۆپ بولدى، 14 مىليارد 100 مىليون يۈەن قەرز پۇل قايتۇرۇۋېلىندى، تارقىتىلغان قەرز پۇل 3 مىليارد 224 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، ھەر قايسى سودا بانكىلىرىنىڭ كۆپەيتىپ تارقاتقان قەرز پۇل ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 72.87% نى ئىگىلىدى. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ كرېدىت سېلىنمىسى تېخىمۇ كۆپەيتىلىپ، جەمئىي 10 مىليارد 195 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى، 7 مىليارد 361 مىليون يۈەن قەرز پۇل يىغىۋېلىندى. قەرز پۇل قالدۇقى يىل بېشىدىكىدىن 3 مىليارد 50 مىليون يۈەن كۆپەيدى.

خۇ يۈجېن

## ئۆي - زېمىن كرېدىت كەسپى

قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى 2000 - يىلى ئۆي - زېمىن كرېدىت كەسپىدە سىياسەت خاراكتېرلىك تۇرالغۇ ئۆي پۇل ئامانىتى بازىسىنى مۇستەھكەملەش ئاساسىدا، شەخسىي تۇرالغۇ ئۆي كرېدىت كەسپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى. بىر يىلدا 2 مىليارد 170 مىليون يۈەن تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى كۆپەيتىپ تارقىتىلدى. بانكا بويىچە سىياسەت خاراكتېرلىك ۋە شەخسىي تىجارەت خاراكتېرلىك شەخسىي تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇل قالدۇقى 2 مىليارد 890 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، شەخسىي تىجارەت خاراكتېرلىك قەرز پۇل قالدۇقى 2 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يەتتى. بانكا بويىچە 2 - دەرىجىلىك 13 شۆبە بانكا شەخسىي ئىستېمال قەرز پۇلى كەسپىنى يولغا قويۇپ، خېرىدارنى 19 مىڭ 700 گە يەتكۈزدى، 604 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى.

خۇ يۈجېن

## ھۆكۈمەت پۇل ئامانىتى ۋە مەبلەغ توپلاش ئەھۋالى

قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئادەتتىكى ئامانەت پۇلى يىل بېشىدىكىدىن 6 مىليارد 403 مىليون يۈەن كۆپەيدى، قالدۇقى 38 مىليارد 594 مىليون يۈەنگە يەتتى.

شۆبە بانكا كارخانا ئامانەت پۇلىنى تۇتۇش جەھەتتە، مەملىكەت خاراكتېرلىك سېتىش راسچوتى تورىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، رايون خاراكتېرلىك راسچوت تورىنى پائال ئېچىپ ئورناتتى، قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ تور جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، خېرىدارلارنى مەبلەغ ئاجرىتىپ بېرىش، ھېساباتىنى توغرىلاش، ۋېكسىل دىسكونت قىلىش قاتارلىق مۇلازىمەتلەر بىلەن تەمىنلىدى، يوشۇرۇن نەتىجە ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە بىر تۈركۈم خېرىدارلارنى كۆپەيتتى. خېرىدارلار بىلەن بانكىنىڭ بىۋاسىتە ئالاقىلىشىش سىستېمىسىنى پائال ئېچىپ ۋە كېڭەيتىپ، 146 نۇقتىلىق خېرىدار بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلىشىش كارتىسى سىستېمىسىنى يولغا قويۇپ، بانكا بىلەن كارخانىلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇردى، چوڭ خېرىدارلارنىڭ كارخانا پۇل ئامانىتىنى مۇقىملاشتۇردى. كارخانىلارنىڭ ئامانەت پۇلى يىل بېشىدىكىدىن 4 مىليارد 185 مىليون يۈەن ئېشىپ، بازارنى ئىگىلەش نىسبىتى 26.74% ئاشتى. كارخانا ئامانەت پۇل قالدۇقى 22 مىليارد 198 مىليون يۈەنگە يەتتى. خەلق پۇل ئامانىتىنى تۇتۇش جەھەتتە، «ئەجدىھا» كارتىسى كەسپىنى كەسپىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى نۇقتىلىق كۈچەيتىپ، شەخسىي بانكا كەسپىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشىغا تۈرتكە بولدى. بۇ يىلدا «ئەجدىھا» كارتىسى 826 مىڭ 500 پارچە كۆپ تارقىتىلىپ، سانى 1 مىليون 751 مىڭ 900 پارچىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، خەلق پۇل ئامانىتى كارتىسىدىكى ئامانەت پۇل 1 مىليارد 633 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، قالدۇقى 2 مىليارد 513 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يېڭى كۆپەيگەن بارلىق خەلق پۇل ئامانىتىنىڭ 73.66% نى ئىگىلىدى. ۋاكالىتەن ھەق يىغىش، تېلېفون ھەققىنى كارتا ئارقىلىق يىغىپ ھېسابقا ئاغدۇرۇش، باشقا جايلاردا كارتا ئارقىلىق ھېسابقا ئاغدۇرۇشنى ھاۋالە قىلىش، پايچىكلارغا ۋاكالىتەن ھېساب ئېچىپ بېرىش، پايچىكلارنىڭ كاپالەت سوممىسىغا ۋاكالەتچىلىك قىلىش قاتارلىق كۆپ خىل پۇل مۇئامىلە يېڭى تۈرلىرى يولغا قويۇلدى. «ئەجدىھا» كارتىسىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇلدى. خەلق پۇل ئامانىتى 2 مىليارد 217 مىليون يۈەن كۆپەيدى، قالدۇقى 16 مىليارد 396 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 418 مىليون يۈەن ئارتۇق كۆپەيدى، بازارنى ئىگىلەش نىسبىتى 37.39% ئېشىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى سودا بانكىلىرى ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتتى.

خۇ يۈجېن

## خەلقئارا پۇل مۇئامىلە كەسپى

قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى 812 قېتىم خەلقئارا راسچوت قىلدى، سوممىسى 158 مىليون دوللارغا يەتتى، راسچوت قىلىنغان، سېتىلغان تاشقى پېرېۋوت 196 مىليون دوللارغا يەتتى. تاشقى پېرېۋوتنىڭ تۇرلۇك ئامانەت قالدۇقى 53 مىليون 818 مىڭ 200 دوللارغا يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 11 مىليون 490 مىڭ دوللار كۆپەيدى. تاشقى پېرېۋوت ۋاستىچىلىك كەسپى كىرىمى 2 مىليون 210 مىڭ يۇەن خەلق پۇلىغا يەتتى.

خۇ يۇجېن

## ۋاستىچىلىك كەسپى.

قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى 2000 - يىلى باھا تەكشۈرۈش كەسپى مىقدارىنى 1999 - يىلدىكىدىن بىر قاتلاپ، كىرىمدە تارىختىكى يېڭى رېكورتنى ياراتتى. قۇرۇلۇشنى نازارەت قىلىش، مۆلچەرنى باھالاش، خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار بولۇشتا ۋاكالەتچىلىك قىلىش ۋە ئۆي - زېمىننى باھالاش قاتارلىق كەسىپ تۈرلىرىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى. مالىيە كەسپىگە ۋاكالەتچىلىك قىلىش داۋاملىق تەرەققىي قىلدى، سودا خاراكتېرلىك سۇغۇرتىغا ۋاكالەتچىلىك قىلىش كەسپىنى ئومۇمىيۈزلۈك باشلىدى، ئاپتونوم رايون بويىچە داۋالاش سۇغۇرتىسى مەبلىغىنى ۋاكالىتەن بېجىرىشنى قولغا كەلتۈرۈشتە بۆسۈش ھاسىل قىلدى. شىنجاڭ خەلق ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ BSP نى ئېنىقلىشىغا ۋاكالەتچىلىك قىلىش ۋە ھاۋالە قەرز پۇل كەسىپلىرىنى يولغا قويدى. ئېنىقلاش سىستېمىسى ئىشقا چۈشكەندىن بۇيان تۇنجى قېتىم سىرتقا قارىتىلغان كەسىپنى ئۈستىگە ئالدى، يەرلىك سودا بانكىسى بىلەن ئېنىقلاشقا ۋاكالەتچىلىك قىلىش كېلىشىمى ئىمزالىدى، ئېنىقلاشقا ۋاكالەتچىلىك قىلىش كەسپىدە مەملىكەت بويىچە قۇرۇلۇش بانكىسى سىستېمىسى بويىچە 1 - ئورۇندا تۇردى. ئاكسىيە قانۇنىي ئىگىسىگە ۋاكالەتچىلىك قىلىپ 201 مىليارد 82 مىليون يۇەن ئېنىقلىدى، 3 مىليارد 149 مىليون يۇەن شەخسىي پېرېۋوت بېجىردى. ئۈرۈمچى رايونىدا جۇڭگو بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى بىلەن بانكا كارتىسى كەسپىنى تورلاشتۇردى. «گەجىدىھا» كارتىسى بويىچە مەملىكەتنىڭ باشقا جايلىرىدا سودا قىلىش تورىغا كىردى. سودىگەرلەرنىڭ بانكا كەسپىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، كارخانىلارغا ياخشى مالىيە مەسلىھەتچىسى بولدى. بانكا بۇ بىر يىلدا ۋاستىچىلىكتىن 38 مىليون 396 مىڭ 200 يۇەن كىرىم قىلىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %93.3 ئاشۇردى.

خۇ يۇجېن

# قاتناش بانكىسى

## ئومۇمىي ئەھۋالى

قاتناش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى خەلق پۇلى ۋە چەت ئەل پۇلى ئومۇمىي مەبلىغى 4 مىليارد 930 مىليون يۇەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 1 مىليارد 90 مىليون يۇەن كۆپەيدى، خەلق پۇلى ۋە چەت ئەل پۇللىرىنىڭ تۈرلۈك ئامانىتى 4 مىليارد 480 مىليون يۇەن بولۇپ، 1 مىليارد 80 مىليون يۇەن كۆپەيدى؛ خەلق پۇلى ۋە چەت ئەل پۇلى بويىچە تۈرلۈك قەرز پۇللار 2 مىليارد 730 مىليون يۇەنگە يېتىپ، 810 مىليون يۇەن كۆپەيدى. خەلق پۇلى ۋە چەت ئەل پۇلى ئۆسۈمىنىڭ يىغىۋېلىنىش نىسبىتى %93.23 كە يېتىپ، 1.5 پىرسەنت پونكىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى؛ بۇ بىر يىلدا يارىتىلغان خەلق پۇلى ۋە چەت ئەل پۇلى پايدىسى 58 مىليون 180 مىڭ يۇەنگە يېتىپ، پىلاننىڭ %129.29 ى ئورۇندالدى. بۇ بىر يىلدا 4 تارماق بانكا قۇرۇلدى، 2 تارماق بانكا كۆچۈرۈلدى. 4 تور نۇقتىسى ئۆزگەرتىلدى ۋە قايتىدىن زىننەتلەندى. قاتناش بانكىسى سىستېمىسىنىڭ A دەرىجىلىك بانكا دەرىجىسى داۋاملىق ساقلاپ قېلىندى ھەم 11 نۇقتىلىق تەرەققىيات بانكىسى قاتارىغا تىزىلدى.

سۈي جەنجۇن

## خەلق پۇلى كەسپى

قاتناش بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى 2000 - يىلى تۈرلۈك خەلق پۇلى ئامانىتىنى 4 مىليارد 310 مىليون يۇەنگە يەتكۈزۈپ، يىل بېشىدىكىدىن %31.59 ئاشۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە خەلق پۇل ئامانىتى 990 مىليون يۇەنگە يېتىپ، %32.46 ئاشتى. پۇل ئامانەت پونكىتلىرى بويىچە ئىگىلىگەن نىسبىتى %22.79 تىن %22.88 كە كۆتۈرۈلدى. خەلق پۇلى ھېسابىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇل 2 مىليارد 710 مىليون يۇەنگە يېتىپ، %41.77 ئاشتى. ئامانەت پۇل ۋە قەرز پۇل نىسبىتى %62.7 بولدى. يىل ئاخىرىدا خەلق پۇلى ھېسابىدىكى پۇل ئامانىتى پۇل مۇئامىلە كەسىپداشلىرى ئىچىدە بازارنىڭ %6.74 ىنى ئىگىلەپ، 0.64 پىرسەنت پونكىتى ئۆرلىدى، خەلق پۇل ئامانىتى %3.96 نى ئىگىلەپ، 0.75 پىرسەنت پونكىتى ئۆرلىدى، تۈرلۈك قەرز پۇل %5.05 نى ئىگىلەپ، 0.99 پىرسەنت پونكىتى ئۆرلىدى.

سۈي جەنجۇن

### خېيىمخەتەرلىك مۇلۇكنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

قاتناش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ 2000 - يىلى قانۇن بويىچە بىخەۋالغان مەسىلە بار قەرز پۇلى 13 قېتىم، 74 مىليون 610 مىڭ يۈەن؛ قەرزنىڭ ئورنىغا ماددىي نەرسە تۇتۇپ بېرىپ بىر تەرەپ قىلغان مۇلۇك 70 مىليون يۈەن؛ خېيىمخەتەرنى قايتا تەشكىللەپ، ئۆزگەرتىپ، پەسەيتىپ تۆگەتكەن مۇلۇك سوممىسى 187 مىليون يۈەن؛ 2 مىليون 190 مىڭ يۈەنلىك 3 ناچار ھېساب كۆتۈرۈۋېتىلدى. دەۋا قىلىنغان ۋە دەۋاغا جاۋاب بېرىلىدىغان دېلو 7، سوممىسى 119 مىليون 700 مىڭ يۈەن، مەجبۇرىي ئىجرا قىلىنغان دېلو 5، سوممىسى 194 مىليون 500 مىڭ يۈەن، ئاخىرلاشتۇرۇلغان دېلو 7، سوممىسى 95 مىليون 330 مىڭ يۈەن. ناچار قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 2.56%، مۇلۇك سۈپىتى جەھەتتە قاتناش بانكىسى سىستېمىسى بويىچە ئالدىنقى 3 ئورۇننىڭ قاتارىغا كىردى.

سۈي جەنجۈن

### تاشقى پېرېۋوت كەسپى

قاتناش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ 2000 - يىلدىكى ھەر خىل چەت ئەل پۇلى پۇل ئامانىتى 20 مىليون 340 مىڭ دوللارغا يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 4 مىليون 230 مىڭ دوللار كۆپەيدى. تۈرلۈك قەرز پۇل 3 مىليون 820 مىڭ دوللارغا يېتىپ 1 مىليون 900 مىڭ دوللار كۆپەيدى؛ خەلقئارا راسچوت 130 مىليون دوللار ئورۇندالدى.

سۈي جەنجۈن

### خۇسۇسىي پۇل مۇئامىلە كەسپى

قاتناش بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى 2000 - يىلى خۇسۇسىي پۇل مۇئامىلە كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتتى. كىرا ئاپتوموبىللىرى تىجارەت كىنىشكىسى، ئىدارىلار ئۆي ئىسلاھاتى فوندى، پېنسىيە فوندى قاتارلىق ئامانەت پۇللىرىنى تەستىقلاپ تارقىتىش كەسپىنى ئاچتى، راۋان كارتا، مەملىكەت بويىچە ئىشلىتىلىدىغان كارتا، بانكىلار ئىشلىتىدىغان كارتا ناملىق تىنچ ئوكيان كارتىلىرىنى ۋە ۋاكالىتەن بېرىش، چىقىم قىلىش ئىقتىدارىنى ئومۇمىيۈزلۈك بازارغا يۈزلەندۈرۈدى. بۇ بىر يىلدا 246 مىڭ پارچە كرېدىت كارتىسى تارقاتتى، بۇ، يىل بېشىدىكىدىن 146 مىڭ پارچە كۆپەيدى، كرېدىت كارتىسىغا قويۇلغان ئامانەت پۇل 160 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 120 مىليون يۈەن كۆپەيدى، كرېدىت كارتىسى بىلەن سودىلىشىش سوممىسى 6 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سۈي جەنجۈن

## سوغۇرتا

## جۇڭگو خەلق سۇغۇرتىسى

### جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ 2000 - يىلدىكى سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 835 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 5.6% ئاشتى. 114 مىڭ 900 ھەر خىل تۆلەم دېلوسى بىر تەرەپ قىلىنىپ، يۇقىرىغا 96 مىليون 680 مىڭ يۈەن پايدا - باج تاپشۇردى.

خەلق سۇغۇرتا شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسى 2000 - يىلى چوڭ تۈرلەر سۇغۇرتىسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇردى. جايلاردىكى شىركەتلەر نېفىت، سۇچىلىق، قاتناش، ئېنېرگىيە، مۇھىت ئاسراش، ساياھەتچىلىك ۋە قىزىل كەسپىنى ئېچىش - تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، سۇغۇرتا مۇلازىمەت ساھەسىنى كېڭەيتتى. پەيپى بازارغا سېلىنغان كارخانىلار، پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىلار ۋە غەيرىي ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ سۇغۇرتا كەسپىنى ھۆددىگە ئېلىپ، سۇغۇرتا ساھەسىنى كېڭەيتتى. خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ئاپپارات تورى ئىختىساسلىقلار جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ رىقابەتكە قاتناشتى، «95518» خەلق سۇغۇرتىسى مەخسۇس مۇلازىمەت تېلېفونىنى يولغا قويدى. سۇغۇرتا ۋاكالەتچىلىكى يوللىرىنى كېڭەيتىپ، يەككە سۇغۇرتا تۈرلىرى بويىچە سېتىش سالمىقىنى كۈچەيتتى.

ئازات نىياز

### جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ 2000 - يىلدىكى سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليارد 148 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 16.19% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆتۈلمىگەن خېيىمخەتەر سۇغۇرتىسى ھەققى 110 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 11.82% ئاشتى. يېڭى يەككە تۈرلەرنىڭ سۇغۇرتا ھەققى 334 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئومۇمىي سۇغۇرتا ھەققىنىڭ 29% نى ئىگىلىدى، 6 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) سۇغۇرتىلاندى. بۇ بىر يىلدا 22 مىليون يۈەن پايدا ئېلىندى.

شىنجاڭ شۆبە شىركىتى 2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە

ۋاكالەتچىنىڭ ئاساسلىق باشقۇرۇش پائالىيىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە تىجارەتچى خادىملارنىڭ پائالىيىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىنى قەدەممۇ قەدەم ۋە باسقۇچ بويىچە يولغا قويۇپ، تىجارەتچى خادىملارنىڭ كەسپىي پائالىيەت سىقدارىنى ۋە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى؛ بازار ماركېتىڭى تەشۋىقاتىنى، پىلانلاش ۋە كەسپىنى ئىلگىرى سۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، خادىملارنى كۆپەيتىش ۋە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش سالمىقىنى زورايتتى، كەسپىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش ئىشىنى كۈچەيتىپ، يېڭى يەككە كەسپلەرنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى. توپ تاپشۇرۇش سالمىقىنى تۆۋەنلىتىپ، تىجارەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈردى. كۆتۈلمىگەن خېيىمخەتەر سۇغۇرتا ھەققىنىڭ ئومۇمىي سۇغۇرتا ھەققىدە ئىگىلىگەن سالمىقى 9.58% كە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 0.2 پىرسەنت پونكىتى ئۆرلىدى، ئۆمۈر سۇغۇرتىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىق سۇغۇرتا ھەققى ئىچىدە توپ تاپشۇرۇش سالمىقى 14.82% تۆۋەنلىدى. بۇ يىل يىلدا 273 مىليون يۈەن چىقىم قىلىنىپ، چىقىم قىلىش نىسبىتى 26.48% بولدى، كۆتۈلمىگەن خېيىمخەتەر سۇغۇرتىسى بويىچە 39 مىليون يۈەن تۆلەم بېرىلىپ، تۆلەم بېرىش نىسبىتى 35.45% بولدى، چىقىم قىلىش نىسبىتى ۋە تۆلەم بېرىش نىسبىتى 1999 - يىلدىكىدىن بىر ئاز ئۆرلىدى. مەبلەغ قۇرۇلمىسى تېخىمۇ ياخشىلاندى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، پۈتۈن سىستېما بويىچە ئومۇمىي مەبلەغ قالدۇقى 2 مىليارد 673 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 20.62% ئاشتى. يىل ئاخىرىدىكى سۈپەتلىك مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىپ قالغان قالدۇقى (زايوم ۋە كېلىشىم ئامانەت پۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 1 مىليارد 317 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ئازات نىياز

## تىنچ ئوكيان سۇغۇرتىسى

### ئومۇمىي ئەھۋال

جۇڭگو تىنچ ئوكيان سۇغۇرتا شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ 2000 - يىلدىكى تۈرلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 186 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 51 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 56.66% ئاشتى، جىسمانىي سۇغۇرتا كىرىمى 134 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 12.77% ئاشتى. بۇ بىر يىلدا 6 مىليون 360 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىلدى، ئۇنىۋېرسال تۆلەم بېرىش نىسبىتى 47.79% بولدى. جىسمانىي سۇغۇرتا كەسپى ئىچىدە، ساغلاملىق سۇغۇرتىسى، كۆتۈلمىگەن خېيىمخەتەر سۇغۇرتىسىدىن 1 مىليون 420 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىلدى.

تىنچ ئوكيان سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى 2000 - يىلى بازارنى يېتەكچى قىلىپ، خېرىدارلارنى ئاساس قىلىپ، چوڭ تۈرلەرنىڭ سۇغۇرتا كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ، شىنجاڭدىكى چوڭ كارخانىلار، نۇقتىلىق تۈرلەرنى سۇغۇرتا مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى، نېفىت خىمىيە سانائىتى، پولات - تۆمۈر، ئېلېكتىر ئېنېرگىيىسى، تۆمۈريول قاتنىشى قاتارلىق كەسپلەر بىلەن كەسپىي مۇناسىۋەت ئورناتتى.

يىل ئاخىرىغىچە شىركەت مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى كەسپىدە ئاساسەن كارخانا مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى، ئائىلە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى، ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى سۇغۇرتىسى، قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشى سۇغۇرتىسى قاتارلىق 92 خىل سۇغۇرتىنى يولغا قويدى؛ جىسمانىي سۇغۇرتا كەسپىدە ئاساسلىقى شەخسىي پېنسىيە سۇغۇرتىسى، كوللېكتىپ پېنسىيە سۇغۇرتىسى، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، كۆتۈلمىگەن جىسمانىي خېيىمخەتەر سۇغۇرتىسى، ئوقۇغۇچىلار سۇغۇرتىسى، ئىستېمال كرېدىتى ئالغۇچىلارنىڭ قەرەللىك ئۆمۈر سۇغۇرتىسى قاتارلىق 43 خىل شەخسىي جىسمانىي سۇغۇرتا يېجىرىلدى.

ۋاڭ جۇڭچىڭ

## ئامانلىق سۇغۇرتىسى

### جۇڭگو ئامانلىق سۇغۇرتا شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

جۇڭگو ئامانلىق سۇغۇرتا شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى 2000 - يىلى مال - مۈلۈك، ئاپتوموبىل، مەسئۇلىيەت، ترانسپورت قاتارلىق مال - مۈلۈك سۇغۇرتا تۈرىدىن 50 نەچچە تۈرنى يولغا قويدى. سۇغۇرتىلانغان مال - مۈلۈك سوممىسى 6 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كەسپىي كىرىمى 49 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 49.7% ئاشتى، يىللىق پىلان 134.8% ئورۇندالدى، سۇغۇرتا ھەققى كىشى بېشىغا 586 مىڭ يۈەندىن توغرا كەلدى. بىر يىلدا مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىغا ئائىت تۈرلۈك تۆلەم دېلوسىدىن 10 مىڭ 227 نى بىر تەرەپ قىلىنىپ، تۆلەم سوممىسى 23 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئامانلىق سۇغۇرتا شىركىتى يىل ئاخىرىدا سانجى ئوبلاستى، ئىلى ئوبلاستى، تۇرپان ۋىلايىتى، بايىنغولىن



جۇڭگو تىنچ ئوكيان سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى 2000 - يىلى 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى سويۇلۇپ چۈشكەن تام سۇۋىقىدا زەخىملىنىپ قازا قىلغان سۇغۇرتا ئوبيېكتىغا 30 مىڭ يۈەن سۇغۇرتا پۇلى بەردى.
تىنچ ئوكيان سۇغۇرتا شىركىتى تەمىنلىگەن.

تور نۇقتىسى تەسىس قىلدى.

شا شيۇخۇڭ

## جۇڭگو ئامانلىق سۇغۇرتا شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى (ئۈمۈر سۇغۇرتىسى) نىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

جۇڭگو ئامانلىق سۇغۇرتىسى ئۈرۈمچى شۆبىسى (ئۈمۈر سۇغۇرتىسى) نىڭ 2000 - يىلدىكى سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 219 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %44.34 ئاشتى. شىركەتنىڭ كەسپىنى باشقۇرۇش قېلىپلىشىپ، خىراجىتى ياخشى تىزگىنلەندى، تۈرلۈك تىجارەت كۆرسەتكۈچلىرىدە ياخشى ھالەت بارلىققا كېلىپ، مەملىكەت بويىچە ئامانلىق سۇغۇرتىسى سىستېمىسىدا ئالدىنقى قاتاردا تۇردى.

ئامانلىق سۇغۇرتا شىركىتى ئۈرۈمچى ئۈمۈر سۇغۇرتىسى ئاپپاراتى 2000 - يىلى تېز تەرەققىي قىلدى، بايىنغولىن تارماق شىركىتى، تۇرپان تارماق شىركىتى رەسمىي ئىش باشلىدى.

2000 - يىلى ئامانلىق سۇغۇرتا شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ ئۈمۈر سۇغۇرتىسى مەھسۇلات قۇرۇلمىسى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتى. شۆبە شىركەت ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ئامانلىق خۇشلى (پايدا بۆلۈشىدىغان)، ئەسىر ھەسەن - ھۈسنى (پايدا بۆلۈشىدىغان)، ئامانلىق خۇشلاش (پايدا بۆلۈشىدىغان)، ئەسىر مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش - مەبلەغ سېلىش قاتارلىق سۇغۇرتا تۈرلىرىنى يولغا قويۇپ، سۇغۇرتا خېرىدارلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

يىل ئاخىرىغىچە ئامانلىق سۇغۇرتا شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ ئۈمۈر سۇغۇرتىسى خېرىدارى 227 مىڭ 134 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. بۇ بىر يىلدا 11 مىڭ 822 قېتىم، 13 مىليون 737 مىڭ 400 يۈەن تۆلەم بېرىلدى، يەككە سۇغۇرتا بويىچە تۆلەم بېرىش نىسبىتى %72.63، كوللېكتىپ سۇغۇرتا بويىچە تۆلەم بېرىش نىسبىتى %58 بولدى.

ئۈرۈمچى شۆبە شىركىتى 2000 - يىللىق ئامانلىق سۇغۇرتىسى سىستېمىسىدىكى مەملىكەت بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى، شۇنداقلا C تۈردىكى ئاپپاراتتىن ئا B تۈردىكى ئاپپارات دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى.

گاۋ پېڭ

# ئاكسىيە

## شىنجاڭ ئاكسىيە بازىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى پايىنى بازارغا سالغان شىركەتلەرنىڭ ئومۇمىي نەتىجىسى بىر قەدەر ياخشى بولدى، ئاساسىي تىجارىتى بىر قەدەر گەۋدىلىك بولدى. تەۋەلىكتىكى رايون ئىچىدىكى پاينى بازارغا سالغان 19 شىركەتتىن 18 شىركەت پايدا ئالدى، بىر شىركەت زىيان تارتتى، ئاساسىي تىجارەت كەسپىي كىرىمى 10 مىليارد 163 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %39.66 ئاشتى، پايدا بىلەن زىياننى بالانس قىلغاندا ساپ پايدا 1 مىليارد 75 مىليون يۈەن بولۇپ، %26.55 ئاشتى. ساپ پايدىنىڭ 7 ئۆلۈشتىن ئارتۇقى ئاساسلىق تىجارەت كەسپىدىن كىرگەن، ئاساسلىق تىجارەت كەسپىنىڭ پايدىسى ئومۇمىي پايدىنىڭ %70.26 نى ئىگىلەپ، پاينى بازارغا سالغان شىركەتلەرنىڭ ئومۇمىي نەتىجىسى بىر ئاز يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئىپادىلىدى.

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى پاي تارقاتقان ۋە پاي سەپلىگەن شىركەتلەرنىڭ سانى كۆپرەك، پاي دەسمايىسىنىڭ كېڭىيىشى

تېزرەك بولغاچقا، ھەربىر پاينىڭ پايدىسى ئاران 0.24 يۈەندىن توغرا كېلىپ، %5.64 تۆۋەنلىدى، ساپ مۈلۈك پايدا نىسبىتى %9.55 بولۇپ، %10.17 تۆۋەنلىدى. لېكىن، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن %20 دىن ئارتۇق يۇقىرى بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا، 19 شىركەت ئىچىدە، ھەر بىر پېيىنىڭ پايدىسى %6 تىن يۇقىرى بولغان شىركەت 17، بۇنىڭ ئىچىدە، 10 شىركەتنىڭ %10 تىن ئېشىپ كەتتى، قۇلماق، «گۇاڭخۇي» تاش ماتېرىياللىرىنىڭ ساپ مۈلۈك پايدا نىسبىتى %20 تىن ئېشىپ كەتتى.

2000 - يىلىغىچە، تەۋە رايوندا ھېساب ئاچقان مەبلەغ سالغۇچى 792 مىڭغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە ھېساب ئاچقان ئورۇن سانىنىڭ %1.36 نى ئىگىلىدى، بۇ 1999 - يىلدىكىدىن %36 ئاشتى.

خې جيې

## قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش ئەھۋالى

پاينى بازارغا سالغان شىركەتلەرنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش (1) تۇرگە ئايرىپ رەتكە تۇرغۇزۇش ئارقىلىق نۇقتىلىق نازارەت قىلىش - تىزگىنلەش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. پاينى بازارغا سالغان شىركەتلەر قېلىپلىشىش دەرىجىسىگە ئاساسەن نۇقتىلىق نازارەت قىلىپ باشقۇرۇلىدىغان ۋە ئادەتتىكىچە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇلىدىغان شىركەت دەپ ئايرىلدى. نۇقتىلىق نازارەت قىلىپ باشقۇرۇلىدىغان 5 شىركەتنى مەخسۇس ئادەم ئىز قوغلاپ تەكشۈردى ياكى ئالىي باشقۇرغۇچى خادىملار بىلەن كۆرۈشۈپ سۆھبەتلىشىپ ئەھۋال ئىگىلىدى، بايقالغان مەسىلە ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا، نۇقتىلىق نازارەت قىلىپ تىزگىنلىنىدىغان شىركەتلەر مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈلدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق شىركەتنىڭ ئەھۋالى ئەتراپلىق ئىگىلىنىپ، ئالاقىدار مەسىلىلەرنى تەرتىپكە سېلىش، ئۆزگەرتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش، قېلىپلاشتۇرۇش پىكىرلىرى تارقىتىلىپ، تەرتىپكە سېلىپ تۈزىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىندى. (2) سەييارە تەكشۈرۈش خىزمىتى تىرىشىپ ياخشى ئىشلىنىپ، سەييارە تەكشۈرۈش سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بىرىنچىدىن، سەييارە تەكشۈرۈش داۋامىدا بايقالغان زور مەسىلىلەر ئۆز ۋاقتىدا ئاپتونوم رايون ۋە بىكەتتىكى رەھبەرلىرىگە دوكلات قىلىندى ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇلدى. ئىككىنچىدىن، باشقا ئۆلكىلەردىكى بوغالتىرلار ئىش ئورنى ھەمكارلىشىپ تەكشۈرۈشكە تەكلىپ قىلىنىپ، سەييارە تەكشۈرۈش سۈپىتى روشەن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. (3) يېڭىدىن پاي تارقاتقان شىركەتلەر ۋە يېڭىدىن پاي سەپلىگەن شىركەتلەرنىڭ توپلىغان مەبلەغنى ئىشلىتىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش سالىقى زورايتىلدى. شىركەت يىغقان مەبلەغ ئەقلىششتىن ئىلگىرى شىركەتكە مەبلەغنى مەخسۇس ھېساب ئارقىلىق باشقۇرۇش تەلەپ قىلىنغان ئۇقتۇرۇش تارقىتىلدى. شىركەتتىن يىغىلغان مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى ھەر يېرىم يىلدا ئۆزى تەكشۈرۈش ھەم ئۆزى تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ، ئەنگە ئالدۇرۇش تەلەپ قىلىندى. يىغىلغان مەبلەغنى ئىشلىتىش ئەھۋالى مەخسۇس تەكشۈرۈلدى. 2000 - يىلى تەۋە رايوندىكى 7 شىركەت مەخسۇس تەكشۈرۈلدى ھەم ئوخشىمىغان ئەھۋالغا ئاساسەن، قېلىپلاشتۇرۇش پىكرى ۋە تەرتىپكە سېلىپ ئۆزگەرتىش ئۇقتۇرۇشى تارقىتىلدى. (4) پاينى بازارغا سالماقچى بولغان شىركەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش سالمىقى زورايتىلىپ، مەلۇم قىلىشقا تەييارلانغان ماتېرىياللار قاتتىق تەكشۈرۈلدى. (5) چوڭ - چوڭ ئەھۋاللارنى دوكلات قىلىش تۈزۈمىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى تۈرتۈلدى. ھەرقايسى شىركەتلەر مەبلەغنى قايتا تەشكىللىمەكچى بولسا، پاي تىزگىنلىگەن پايچىكلاردا ئۆزگىرىش بولسا ياكى شىركەت زور تىجارەت خېيىمخەتىرىگە دۇچ كەلسە، ۋاقتىدا ئاكسىيە نازارەت قىلىش ئىشخانىسىغا دوكلات قىلىش تەلەپ قىلىندى. (6) مۇدىرىيەت كاتىپلىرىنى تەربىيىلەش ۋە سىناشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق پاينى بازارغا سالىدىغان شىركەتلەرنىڭ ئۇچۇرنى ئاشكارىلاش سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

ئاكسىيە تىجارىتى ئاپپاراتلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش. 2000 - يىلى ئاكسىيە تىجارىتى قىلىدىغان ئاپپاراتلارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشتا ئاساسەن نەق مەيداندا تەكشۈرۈش مۇھىم نۇقتا قىلىندى. (1) تەۋە رايوندىكى ئاكسىيە تىجارىتى بۆلۈملىرى تەسىس قىلغان بىراق مۇساپىلىق سودىلىشىش تور نۇقتىلىرىنىڭ تېگى ئومۇميۈزلۈك نەق مەيداندا ئىگىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش ئەمەلىي لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى ھەم ئاكسىيە نازارەت ئۈيۈشمىسىدىن تۈنجى قېتىم تەستىق ئېلىندى. (2) ئاكسىيە نازارەت ئۈيۈشمىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، كۆپ قېتىم مەخسۇس ئادەم چىقىرىپ، ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى ئاكسىيە تىجارىتى قىلىدىغان ئاپپاراتلارنىڭ خېرىدارلارنىڭ كاپالەت سوممىسىنى ئىشلىتىۋېلىش ئەھۋالى مەخسۇس تەكشۈرۈلدى، خېيىمخەتىرى چوڭراق بولغان ئاكسىيە تىجارىتى بۆلۈملىرى مەخسۇس تۈر بويىچە نۇقتىلىق تەكشۈرۈلدى ھەم قەرەل بەلگىلەپ تەرتىپكە سېلىندى ۋە ئۆزگەرتىلدى. (3) يەرلىك ھۆكۈمەت، سودا -

ساناەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش، جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، قانۇنسىز ئاكسىيە، قەرەللىك مال تىجارىتى قىلىدىغان تور نۇقتىلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ تىجارەت قىلىش دېلولىرى ھەل قىلىنىپ، مەبلەغ سالغۇچىلار 800 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق زىياندىن ساقلاپ قېلىندى.

تەكشۈرۈش خىزمىتى   2000 ـ يىلى 39 ئەرزىيەت دېلوسى قوبۇل قىلىنىپ بىر تەرەپ قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئەرز قىلىپ كەلگەنلەر 28 ئادەم (قېتىم)، كەلگەن تېلېگرامما، خەت ـ چەك 11 قېتىم. ئاكسىيە نازارەت ئۈيۈشمىسى تاپشۇرغان ئىشتىن 3 ى بېجىرىلىپ ئاخىرلاشتۇرۇلدى، چوڭ رايونغا يارەملىشىپ تەكشۈرگىنى بىر قېتىم، چەتكە چېتىشلىق مۇھىم قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش ئىشى 4 قېتىم ئورۇندالدى.

خې جېي

## ئاكسىيە تىجارىتى ئاپپاراتلىرى

2000 ـ يىلغىچە شىنجاڭدا مەخسۇس ئاكسىيە تىجارىتى قىلىدىغان 2 شىركەت، قوشۇمچە ئاكسىيە تىجارىتى قىلىدىغان 4 ھاۋالە مەبلەغ شىركىتى، 26 ئاكسىيە تىجارىتى بۆلۈمى (بۇنىڭ ئىچىدە، باشقا جايلاردىكى ئاپپاراتلارنىڭ مۇشۇ تەۋەلىكتە تەسىس قىلغىنى 4، ھاۋالە مەبلەغ شىركىتىگە قاراشلىقى 9)، ئاكسىيە تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 1120 ئادەم بار بولدى. تەۋەلىكتىكى ئاكسىيە تىجارىتى ئاپپاراتلىرى ۋە ئاكسىيە تىجارىتى بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىنىدىغان ئاپپاراتلارنىڭ ئومۇمىي مۈلكى 9 مىليارد 60 مىليون يۈەن بولۇپ، 1 مىليارد 160 مىليون يۈەن ساپ مۈلكى بار، ئومۇمىي پايدىسى 260 مىليون يۈەن. 2000 ـ يىلى ئاكسىيە سودىسىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 200 مىليارد 960 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %27 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، A پاينىڭ سودىدا پۇتتۇشۇش سوممىسى 115 مىليارد 710 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %128 ئاشتى. ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى ئاكسىيە تىجارىتى ئاپپاراتلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ تەرەققىياتىدا زور بۆسۈش بولدى. خۇڭيۈەن ئاكسىيە شىركىتى ھاۋالە بىلەن ئاكسىيە كەسپىنى ئايرىشنى ئوڭۇشلۇق تاماملاپ مەملىكەت بويىچە ئاكسىينى بازارغا سالغان تۇنجى شىركەتكە ئايلىنىپ، ئۈنسۈۋېرسال تۈردىكى ئاكسىيە سودىگەرلىرى قاتارىغا ئۆتتى، شىنجاڭ ئاكسىيە شىركىتى مەبلەغنى كۆپەيتىپ، پاينى كېڭەيتىشنى يولغا قويدى. رويخەتكە ئالدۇرغان كاپىتالى 120 مىليون يۈەندىن 570 مىليون يۈەنگە كۆپەيدى.

خې جېي

## ۋاستىچى ئاپپاراتلار

2000 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ئاكسىيە كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش سالاھىيىتىگە ئىگە ۋاستىچى ئاپپارات 13 كە، كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار 300 نەپەرگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، بوغالتىرلىق ئىش ئورنى بىر، رويخەتكە ئېلىنغان بوغالتىر 15؛ مۈلۈك باھالاش ئاپپاراتى 2 ؛ يەر ـ زېمىن باھاسىنى مۆلچەرلەش ئورنى 3؛ ئادۋوكاتلىق ئىش ئورنى 7. ئاكسىيە كەسپىنى ئىجرا قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە ئادۋوكات 28.

خې جېي

## شىنجاڭ زاكاز مال بازىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2000 ـ يىلى شىنجاڭدىكى زاكاز مال بىردەك شىركىتى 4، كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى 146 كىشى بولۇپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن 85 ئادەم ئازايدى، ۋاكالىتەن قىلىنغان سودا سوممىسى 7 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يەتتى، 1 مىليون 188 مىڭ يۈەن زىيان تەييارلىق سوممىسى ئالدى، 430 مىڭ يۈەن زىيان تارتتى.

2000 ـ يىلى شىنجاڭ زاكاز مال بىردەك شىركەتلىرىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش سالمىقىنى زورايتتى، زاكاز مال كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار، يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش سالاھىيىتى ۋە ۋەزىپە ئۆتەش سالاھىيىتىنى قاتتىق ئىگىلىدى. كەسىپلەرنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىشنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، يامان خاراكتېرلىك رىقابەتكە قارشى تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ زاكاز مال بازىرىنى بىرلىكتە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، زاكاز مال شىركەتلىرى بىلەن كۆپ قېتىم مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق، شىنجاڭ زاكاز مال بىردەك شىركەتلىرى بىرلەشمىسى قۇرۇلدى. جۇڭگو ئاكسىيە نازارەت ئۈيۈشمىسى قەرەللىك مال بۆلۈمىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى زاكاز مال بىردەك شىركەتلىرىنىڭ بىردەكلىك كەسپىنى گىرەلەشتۈرۈپ تەكشۈرۈش ۋەزىپىسى تاماملاندى. كاپىتال سوممىسىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن «شىنتيەن» زاكاز مال بىردەك شىركىتى رويخەتكە ئالدۇرغان 50 مىليون 500 مىڭ يۈەننىڭ 30 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە كېمىيىپ كەتكەنلىكىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى ئورۇندالدى.

خې جېي

شىنجاڭدىكى پاينى بازارغا سالغان شىركەتلەرنىڭ پاينى بازارغا سالغاندىن بۇيان توپلىغان مەبلىغى ۋە پاي دەسمايىسىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى

| شىركەت نامى | پاينى بازارغا سالغان ۋاقتى | پاينى بازارغا سالغان بىرژىسى | پاي تارقاتقان چاغدىكى دەسمايىسى (تۈمەن پاي) | | پاي تارقىتىپ توپلىغان مەبلىغى (تۈمەن يۈەن) | 2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى پاي دەسمايىسى | | 2000 ـ يىلى يىغىلغان جەمئىي مەبلىغى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | ئومۇمىي پاي دەسمايىسى | ئوبوروت پاي دەسمايىسى | | ئومۇمىي پاي دەسمايىسى | ئوبوروت دەسمايىسى | |
| خۇڭيۈەن ھاۋالە شىركىتى | 1994 ـ يىل | شېنجېن بىرژىسى | 17500 | 4500 | 10550 | 51875 | 15260 | 13971 |
| شىنجاڭ جۇڭخې شىركىتى | 1996 ـ يىل | شاڭخەي بىرژىسى | 7953 | 2025 | 9000 | 10338 | 2925 | 9000 |
| بەيخۇاسۇن | 1996 ـ يىل | شاڭخەي بىرژىسى | 6127.5 | 2700 | 11800 | 9480 | 4650 | 20676 |
| خۇيتۇڭ سۇچىلىقى | 1996 ـ يىل | شېنجېن بىرژىسى | 5000 | 1250 | 7062 | 23318 | 9542.7 | 17262 |
| دوستلۇق گورۇھى | 1996 ـ يىل | شاڭخەي بىرژىسى | 10700 | 2700 | 10607 | 25664 | 10313 | 22118 |
| شىنجاڭ تۈنخې | 1997 ـ يىل | شاڭخەي بىرژىسى | 7000 | 1750 | 9485' | 38362 | 16949.4 | 44648 |
| قۇلماق | 1997 ـ يىل | شاڭخەي بىرژىسى | 8000 | 3000 | 11523 | 22995 | 10882 | 24877 |
| شىنجاڭ تيەنيې | 1997 ـ يىل | شاڭخەي بىرژىسى | 6300 | 2430 | 16870 | 22680 | 9720 | 43624 |
| ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى | 1997 ـ يىل | شاڭخەي بىرژىسى | 8168 | 3000 | 14820 | 25949 | 13042 | 55830 |
| شىيۈەن خەلقئارا | 1997 ـ يىل | شاڭخەي بىرژىسى | 8600 | 2700 | 23000 | 18090.8 | 6864 | 31907 |
| تەڭرىتاغ توقۇمىچىلىقى | 1998 ـ يىل | شېنجېن بىرژىسى | 18782 | 4230 | 20798 | 33808 | 8451.1 | 20789 |
| تەڭرىتاغ پاي ھەسسىدارلىقى | 1999 ـ يىل | شاڭخەي بىرژىسى | 12946 | 4500 | 25257 | 14446 | 6500 | 42907 |
| شىنجاڭ دېھقانچىلىق تەرەققىياتى | 1999 ـ يىل | شاڭخەي بىرژىسى | 29400 | 9000 | 32905 | 29400 | 9000 | 32905 |
| ئىلى ئالىي ھارىقى | 1999 ـ يىل | شاڭخەي بىرژىسى | 22050 | 7500 | 45375 | 22050 | 7500 | 45375 |
| شىنجۇڭجى | 2000 ـ يىل | شاڭخەي بىرژىسى | 12459 | 4500 | 27607 | 12459 | 4500 | 27607 |
| گۇاڭخۇي پاي ھەسسىدارلىقى | 2000 ـ يىل | شاڭخەي بىرژىسى | 35378 | 5000 | 31652 | 35378 | 5000 | 31652 |
| خەلقئارا ئوقەتچىلىك | 2000 ـ يىل | شېنجېن بىرژىسى | 17179 | 7000 | 39845 | 17179 | 7000 | 39845 |
| مىك پاي ھەسسىدارلىقى | 2000 ـ يىل | شاڭخەي بىرژىسى | 9208 | 4000 | 50924 | 9208 | 4000 | 50924 |
| تيەنلى يۇقىرى تېخنىكا | 2000 ـ يىل | شاڭخەي بىرژىسى | 17000 | 6000 | 42394 | 17000 | 6000 | 42394 |
| جەمئىي | | | 259750.5 | 77785 | 441474 | 439679.8 | 158099.2 | 618311 |

خې جيې

# يېزا ئىگىلىكى

## ئومۇمىي بايان

**يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادى تەرەققىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان**

2000 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادى پۇختا قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلدى، 9 ـ بەش يىللىق پىلاندىكى يېزا ئىگىلىكى، يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات نىشانى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى، دېھقانلار كىرىمىدە ئەسلىگە كېلىش خاراكتېرلىك كۆپىيىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 48 مىليارد 720 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %5.3 ئاشتى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 28 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.8 ئاشتى. 2000 ـ يىلى يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى ئاساسىي ئالاھىدىلىكلەر مۇنۇلار: بىرىنچى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچتىكى تەلىپىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلىشىپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادى خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى ۋە ئۇنى كۈچەيتتى. جايلار خىزمەت تەسەۋۋۇرىنى ئاكتىپلىق بىلەن تەڭشەپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش، يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي ساپاسى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادى قۇرۇلمىسىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك تەڭشىلىشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈردى. ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكىلەر سىياسەت، پەن ـ تېخنىكا، سېلىنما قاتارلىق جەھەتلەردىن يېزا ئىگىلىكىگە زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىپ، مۇلازىمەت قىلىپ، يېزا ئىقتىسادى تەرەققىياتى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈلىدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى. ئىككىنچى، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش سالمىقى زورايتىلدى. ئاشلىق، قىزىلچا، قوغۇن ـ تاۋۇز، ياڭيۇ، جۇڭيى دورا ماتېرىياللىرى، كەندىر، تاماكا قاتارلىق ئۆزگىچە ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى كۆپەيتىلدى. ئاشلىق مەھسۇلاتى 8 مىليون 200 مىڭ توننىغا يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق جەھەتتىكى تەمىنلەش ـ تەلەپنىڭ تەڭپۇڭ بولۇشىغا، ئۆز ـ ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنچا قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. پاختا مەھسۇلاتى 1 مىليون 500 مىڭ توننىغا يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %6.6 ئاشتى. يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 45 مىليون 242 مىڭ تۇياققا يېتىپ، %2.9، گۆش مەھسۇلاتى 900 مىڭ توننىغا يېتىپ، %10.6 ئاشتى. %90 تىن ئارتۇق چارۋىچى ئولتۇراقلاشتى ۋە يېرىم ئولتۇراقلاشتى. پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى يېتەكلەيدىغان مۇھىم كۈچ بولۇپ قالدى. ئۈچىنچى، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش يېزا ئىقتىسادى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغ ۋە تاشيول، تۆمۈريول بويلىرى، چېگرا بويلىرىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، مەھسۇلاتلىرىنىڭ تېخنىكىلىق تەركىبى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى قۇرۇلۇشى ۋە كەسىپلەر چېتىلمىسىنىڭ ئۈزىرىشى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتى ۋە ئۈنۈمىنىڭ كۆپ قاتلاملىق ئېشىشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېپتا، ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا تۈزۈلمە يېڭىلاش ۋە تېخنىكا يېڭىلاش قەدىمىنى تېزلەتتى، مەھسۇلاتنىڭ بازاردىكى رىقابەت كۈچىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈردى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ئورۇندىغان قوشۇلما قىممىتى 7 مىليارد 460 مىليون يۈەنگە يېتىپ (بىڭتۇەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا)، 1999 ـ يىلدىكىدىن %9.7 ئاشتى، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 30 مىليارد 220 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10.4 ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 800 مىڭ گېكتار يەردىكى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدە توختام بويىچە زاكاز قىلىپ ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللەش يولغا قويۇلۇپ، يېزا

ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئونىۋېرسال تاۋارلىشىش نىسبىتى %75تىن ئاشۇرۇلدى. ئۈچىنچى، كەڭ دېھقانلار پارتىيىنىڭ يېزا سىياسىتى ۋە خىزمىتىدىن ئەمەلىي ئېتىبارغا ئېرىشتى. دېھقانلارنىڭ ئاشلىقىنى قوغدالما باھا بويىچە كەڭ سېتىۋېلىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ ئاشلىق تېرىش ئاكتىپلىقى قوغدالدى. پاختا سېتىۋېلىش سىياسىتى قاتتىق ئىجرا قىلىنىپ، بازارلار زور كۈچ بىلەن تەرتىپكە سېلىنىپ، پاختا سېتىۋېلىش تەرتىپى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، پاختا سېتىۋېلىش جەريانىدىكى دەرىجىنى، باھانى تۆۋەنلىتىپ دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان قىلمىشلار ئۆز ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ چىقىلدى ۋە تۈزىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پەسىدۇر قىيامى، قىزىلچا قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى توختاملىشىپ، زاكاز قىلىپ سېتىۋېلىشنى باشقۇرۇش ۋە ماسلاشتۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتى قوغدالدى. دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش خىزمىتى داۋاملىق كۈچەيتىلدى، ئالاقىدار تارماقلار بىر قاتار ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش پائالىيىتى ۋە ھەق ئېلىش تۈرلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، دېھقانلاردىن قالايمىقان ھەق ئالىدىغان، ئۇلارغا قالايمىقان سېلىق چاپىدىغان، قالايمىقان جەرىمانە قويىدىغان قىلمىشلار قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا دېھقانلارنىڭ سېلىق سوممىسىنىڭ 1999 - يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىدە ئىگىلەيدىغان نىسبىتى %5 ئىچىدە تىزگىنلەندى. دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى تۈپتىن ھەل قىلىدىغان باج ئىسلاھاتى خىزمىتى 2 ناھىيىدە سىناق قىلىنىشقا باشلاندى. بەشىنچى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇل مۇئەسسەسەلىرى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمى تېزلەشتى. ئۇلۇغئاتا تۈگۈنلۈك سۇچىلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىق بىر تۈركۈم چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى سۇ ئىنشائاتلىرى ئۇل مۇئەسسەسەلىرى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇردى. تارىم دەرياسى ساھىلىنى ئونىۋېرسال تىزگىنلەش سۈرئىتى تېزلىتىلدى، يېزىلاردىكى سۇنى ياخشىلاش، يېزا يوللىرى قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقى زورايتىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ئىسلاھ قىلىش، دېھقانلار كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا ئۇل سېلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئورمانلىققا، ئوتلاققا ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى، مۇشۇ بىر يىلدا 20 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمانلىققا (ئوتلاققا) ئۆزگەرتىلدى. يەرلەرنىڭ قۇملىشىشىنى تىزگىنلەش، شورلىشىشىنى تىزگىنلەش خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش، ئۆزلەڭلىكلەرنى كۆكەرتىشتە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى تېخىمۇ ياخشىلاندى.

شۇ تاۋ

## ئاپتونوم رايونلۇق يېزا خىزمىتى يىغىنى

بۇ يىغىن 2000 - يىل 1 - ئاينىڭ 16 — 18 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى: مەركىزىي كومىتېت يېزا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك يەتكۈزۈش، ئىزچىللاشتۇرۇش، 1999 - يىللىق يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىنى يەكۈنلەش، نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادى دۇچ كېلىۋاتقان ۋەزىيەتنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىش، يېزا ئىقتىسادى قۇرۇلمىسىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك تەڭشىلىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىلگىرى سۈرۈش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش، يېزىلارنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ نىشانى ۋە ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇنلارنى مۇكاپاتلاشتىن ئىبارەت بولدى. يىغىنغا ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر) لەرنىڭ يېزا ئىگىلىكى، يېزا خىزمىتىنى باشقۇرىدىغان پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، يېزا ئىگىلىكىدىكى ئونىۋېرسال تارماقلار ۋە ئالاقىدار كەسپىي تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك سىستېمىسىدىكى ھەر قايسى تارماقلار ۋە يېزا ئىگىلىككە چېتىلىدىغان تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشتى.

يىغىندا ئابدۇرېھىم ئامىت، شىۋاڭ خۇيېڭلار سۆز قىلدى. يىغىندا 2000 - يىللىق يېزا ئىگىلىكى، يېزا خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ نىشان ۋە سىياسەت، تەدبىرلىرى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى.

جىن چاڭخۇ

## يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادى قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئەھۋالى

1. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، پاختىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇلدى. 2000 - يىلى بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن، شىنجاڭدا ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى تەڭشىلىپ، ئاشلىق زىرائەتلىرى تېرىلغۇ كۆلىمى مۇۋاپىق ئازايتىلدى، بۇغداي، كۆممىقوناق، شال قاتارلىق كۆپ مىقدارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش زور كۈچ بىلەن قىسقارتىلىپ، پۇرچاق تىپىدىكى قارا ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى كېڭەيتىلىپ، ئاشلىقنىڭ سورت ۋە سۈپەت قۇرۇلمىسى يەنىمۇ سەرخىللاشتۇرۇلدى، بىرلىك مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشقا تايىنىپ ئومۇمىي مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، ئاپتونوم

رايون بويىچە ئاشلىق جەھەتتىكى تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياجنىڭ تەڭپۇڭ بولۇشىغا، ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنچا قېلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ بولغان ئەلا سۈپەتلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇش داۋاملىق تېزلىتىلىپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىشى پاختىغا باب كېلىدىغان رايونلارغا مەركەزلىشىشكە يېتەكلىنىپ، پاختىغا ئانچە باب كەلمەيدىغان ۋە زادىلا باب كەلمەيدىغان رايونلاردا پاختا ئىشلەپچىقىرىشى كونترول قىلىنىپ، پاختا سۈپىتى تىرىشىپ ئۆستۈرۈلدى. پاختا كۆلىمى 1 مىليون 12 مىڭ 300 گېكتارغا مۇقىملىنىپ، 1999 - يىلدىكىدىن ئازراق كۆپەيتىلدى. 1 -، 2 - دەرىجىلىك ساپ پاختا سېتىۋېلىنغان ئومۇمىي پاختا مىقدارىدا %85تىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلدى.

2. مەۋقە بايلىق ئۈستۈنلۈكىگە قويۇلۇپ، ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكى تەرەققىياتى تېزلىتىلدى. بازارنىڭ كۆپ خىل ئېھتىياجىغا ئاساسەن، جايلار رايون ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇشقا پائال يېتەكلىنىپ، ئۆزگىچە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى كېڭەيتىلدى. ھازىر قىيام ئىشلىنىدىغان پەمىدۇر، زاراڭزا، ئالقات، مۈچ قاتارلىق «قىزىل كەسىپلەر» شەكىللىنىپ، مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ بولغان قىيام ئىشلىنىدىغان پەمىدۇر ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش، ئېكسپورت قىلىش بازىسى قۇرۇلدى. قىيام ئىشلىنىدىغان پەمىدۇر تېرىش كۆلىمى 23 مىڭ 300 گېكتارغا يەتتى، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن پەمىدۇر قىيامى 300 مىڭ توننىدىن ئېشىپ كەتتى. زاراڭزا تېرىش كۆلىمى 20 مىڭ گېكتارغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي كۆلەمنىڭ %80نى ئىگىلىدى. قولماقنىڭ مەھسۇلات مىقدارى مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي مەھسۇلاتنىڭ %90 دىن ئېشىپ كەتتى. ئۆزگىچە باغۋەنچىلىك كەسپىنىڭ كۆلەملىشىشكە داۋاملىق مەدەت بېرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا يېڭىدىن كۆپەيگەن باغ كۆلىمى 80 مىڭ گېكتاردىن ئېشىپ، مېۋە - چېۋە، قوغۇن - تاۋۇز مەھسۇلاتى 3 مىليون 29 مىڭ تونىنغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 600 مىڭ توننىدىن كۆپ مېۋە - چېۋە شىنجاڭدىن سىرتقا چىقىرىلدى. كورلا نەشپۈتى، ئۈرۈك، مۇناققى ئۈزۈم، ئۇرۇقسىز ئاق ئۈزۈم، ئانار، ياڭاق قاتارلىق داڭلىق، ئەلا سۈپەتلىك مېۋە بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىپ، مۇئەييەن كۆلەمگە ئىگە ئىشلەپچىقىرىش بازىسىدىن 20 نەچچىسى شەكىللەندۈرۈلدى، ئۇلارنىڭ كۆلىمى 69 مىڭ 300 گېكتارغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە مېۋىلىك باغ ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ %44.3نى ئىگىلىدى. ئۆزگىچە باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتى دېھقانلار كىرىمىنى كۆپەيتىشنىڭ مۇھىم مەنبەسى بولۇپ قالدى، 2000 - يىلى شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنىڭ ئازكەم %10ى باغۋەنچىلىكتىن كەلگەن. ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىقنى ئۆزگەرتىش زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلدى، %90تىن يۇقىرى چارۋىچى ئولتۇراقلاشتى ۋە يېرىم ئولتۇراقلاشتى. نەسىل ياخشىلىنىپ، چارۋا پادىسى ۋە چارۋا تۈرىنىڭ قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، ئۆزگىچە باقمىچىلىق زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، چارۋىچىلىقنىڭ ئۈنۈمى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى. شىنجاڭنىڭ «ساپالى» ماركىلىق ئىنچىكە قوي يۇڭى ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى داۋاملىق كېڭەيتىلىپ، مەملىكەت بويىچە قوي يۇڭى بازارلىرىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسىتىلدى. تەڭرىتاغ بۇغىسى، نەسىللىك كەپتەر قاتارلىق ئالاھىدە ئەتىۋارلىق ھايۋانلار باقمىچىلىقىدا كۆلەم شەكىللىنىشكە باشلاپ، دېھقانلار كىرىمىنى كۆپەيتىشنىڭ يېڭى يولى بولۇپ قالدى.

3. يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى. ياخشىلىرى، كۈچلۈكلىرىگە يار - يۆلەك بولۇش، ياخشىلىرىغا ئاۋۋال مەدەت بېرىش كۆلىمى شەرقتە سىچۈەن شەھىرىدىن غەربتە شىخو شەھىرىگىچە بولدى، ئۈرۈمچى شەھىرى، بىڭتۇەننىڭ 6 - ۋە 8 - شىلىرى، قاراماي شەھىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغدىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرى كۈچلۈك، باشلامچى كارخانىلاردىن بولۇپ شەكىللىنىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىسىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ئەڭ ياخشى رايونى، شىنجاڭدا غەربنى كەڭ ئېچىشنى يولغا قويغاندا نۇقتىلىق يۆلىنىدىغان رايون، بۇ بەلۋاغنىڭ پەمىدۇر قىيامى، ئۈزۈم ھارىقى، پىۋا، سەۋزە شىرنىسى قاتارلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىر قىسمى مەملىكەت بويىچە داڭلىق مەھسۇلات بولۇپ قالدى، بۇ خىل كارخانىلارنىڭ كۆلەملىشىشى، دەرىجىلىشىشىگە يار - يۆلەك بولۇش ئارقىلىق، بازىلارنىڭ ئەلالىشىش، كۆلەملىشىش نىشانىغا قاراپ تەرەققىي قىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، باشلامچى كارخانىلارنىڭ رادىئاتسىيىلىك تۈرتكىلىك ئىقتىدارى ۋە بازاردىكى خەۋپ - خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ئۈنۈملۈك ھالدا كۈچەيتىلىپ، دېھقانلار كىرىمىنىڭ كۆپىيىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۈنى سىپتا، ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان كارخانا بولۇشقا ئاكتىپ يېتەكچىلىك قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى سەرخىللاشتۇرۇلدى، تۈزۈلمىدە يېڭىلىق

بارىتىش ئارقىلىق، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشقا ئىشتىراك قىلىشى، دېھقانلار بىلەن ئورتاق مەنپەئەت گەۋدىسى ھاسىل قىلىشقا، خەۋپ - خەتەرنى تەڭ ئۈستىگە ئېلىپ، مەنپەئەتتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشقا مەدەت بېرىلدى. ئوخشاش بولمىغان مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى كارخانىلارنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان كارخانىلارنىڭ تۈزۈلمە ئۆزگەرتىشى، ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىشىغا قاتنىشىشىغا، ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنى مەرخىل تەشكىللەشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا، مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش جەريانىدا، بازاردىكى رىقابەت ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە، مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازار ئىگىلەش ئۈلۈشىنى كېڭەيتىشكە ئىلھام بېرىلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرى ھازىر ئارسالدىلىق ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇپ كەتتى. «زاكاز قىلىنغان يېزا ئىگىلىكى»نى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مەدەت بېرىلىپ، دېھقانلارنىڭ بازار ئېڭى ۋە يېزا ئىگىلىكىنى بازارلاشتۇرۇش دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئوبوروتى ئىرىشىپ جانلاندۇرۇلدى.

4. پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىپ مەھسۇلاتلارنىڭ كەسپ قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. پاختىنى يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئەندىزىلەشتۈرۈپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى زور كۆلەمدە كېڭەيتىلدى. ئاساسلىق پاختا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايونلاردا ساپ پاختىنىڭ گېكتار بويىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 1500 كىلوگرامدىن ئېشىپ كەتتى، 18 ناھىيە، شەھەرنىڭ 200 مىڭ گېكتار يەردىكى پاختىسىنىڭ گېكتار بويىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 1800 كىلوگرامدىن ئېشىپ كەتتى، 11 مىڭ 300 گېكتار يەردىكى پاختىنىڭ گېكتار بويىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 2250 كىلوگرامغا يەتتى. بىر تۈركۈم مەھسۇلاتنى، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشى كۆرۈنەرلىك بولغان پەن -تېخنىكا نەتىجىسىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇش سۈرئىتى تېزلەشتۈرۈلدى. گۈرۈچپىلاشتۇرۇپ مايسا ئۆستۈرۈش، تۇپراقسىز ئۆستۈرۈش، تۈرەلمە كۆچۈرۈش قاتارلىق تېخنىكىلارمۇ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا قوللىنىلىپ، ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. جايلار ئۆزگىچە مەھسۇلات كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا ئارقا - ئارقىدىن بىر تۈركۈم يۇقىرى تېخنىكىلىق سۇ تېجەپ سۇغىرىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى، سۈپەتلىك سورت يېتىشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى ۋە يېڭى تېخنىكا قوللىنىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونىنى قۇردى.

شۇ تاۋ

## يېزا ئىگىلىكىدىكى ھۆددىگەرلىك توختامىنىڭ باشقۇرۇلۇشى

2000 - يىلى شىنجاڭدا يەرنى 2 - نۆۋەتلىك ھۆددىگە بېرىش خىزمىتى ئومۇمىي جەھەتتىن ئورۇنلاندى. ئائىلىلەر بويىچە ھۆددىگە ئېلىپ ئىگىلىك باشقۇرۇش يولغا قويۇلغان كەنت 9377گە يەتتى، 1 - نۆۋەتلىك ھۆددىگە بېرىش مۇددىتى توشقان كەنت 9226 بولۇپ، كەنت ئومۇمىي سانىنىڭ 98.4%نى ئىگىلىدى. 9253 كەنتتە يەرنى 2 - نۆۋەتلىك ھۆددىگە بېرىش تاماملىنىپ، 98.6%نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ھۆددىگەرلىك مۇددىتى 5 يىلدىن تۆۋەن بولغان كەنت بىر (ئۈرۈمچى ناھىيىسىدە)، ھۆددىگەرلىك مۇددىتى 15 يىلدىن 29 يىلغىچە بولغان كەنت 119 (ئۈرۈمچى ناھىيىسىدە بىر، ئاقسۇدا 118)، ھۆددىگەرلىك مۇددىتى 30 يىل ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولغان كەنت 9133 بولۇپ، كەنت ئومۇمىي سانىنىڭ 97.3%نى ئىگىلىدى. 2 - نۆۋەتلىك ھۆددىگە بېرىش خىزمىتىدە «ئادەم كۆپەيسىمۇ يەرنى كۆپەيتمەسلىك، ئادەم ئازايسىمۇ يەرنى ئازايتماسلىق» يولغا قويۇلغان كەنت 8273 بولۇپ، كەنت ئومۇمىي سانىنىڭ 88.2%نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلغان يەر كۆلىمى 1 مىليون 824 مىڭ گېكتارغا، ئائىلىلەر بويىچە ھۆددىگە بېرىپ ئىگىلىك باشقۇرۇش يولغا قويۇلغان ئائىلە 1 مىليون 906 مىڭ ئائىلىگە يەتتى. ھۆددىگەرلىكى يۆتكەلگەن، ئۆتۈنۈپ بېرىلگەن يەر كۆلىمى 12 مىڭ 500 گېكتار بولۇپ، ھۆددىگە بېرىلگەن ئومۇمىي يەرنىڭ 0.69%نى ئىگىلىدى، يەرنى يۆتكەپ ھۆددىگە بېرىش، ئۆتۈنۈپ بېرىشكە قاتناشقان ئائىلە 9701 بولۇپ، دېھقان ئائىلىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 0.5%نى ئىگىلىدى. خەۋەردار چاقىرىپ ھۆددىگە بېرىلگەن يەر كۆلىمى 9700 گېكتار بولۇپ، ھۆددىگە بېرىلگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 0.53%نى ئىگىلىدى.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 2 مىليون 136 مىڭ پارچە يېزا ئىگىلىك ھۆددىگەرلىك توختامى ئىمزالىنىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 4.6% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، قېلىپلاشتۇرۇلغان توختام 2 مىليون 99 مىڭ پارچە بولۇپ، توختام ئومۇمىي سانىنىڭ 98.3%نى ئىگىلەپ، 11.5% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزۈلگەن ھۆددىگەرلىك توختامى 1 مىليون 769 مىڭ 700 پارچە بولۇپ، 9.5% ئېشىپ، توختام ئومۇمىي سانىنىڭ 82.8%نى ئىگىلىدى.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن يېزا ئىگىلىك ھۆددىگەرلىك توختامى 1

مىليون 330 مىڭ پارچە بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن %13.1 ئېشىپ، ئەمەلىيلىشىش نىسبىتى %62.3 بولدى. قىسمەن ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن يېزا ئىگىلىك ھۆددىگەرلىك توختامى 527 مىڭ پارچە بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ھۆددىگەرلىك توختامى ئومۇمىي سانىنىڭ %24.7نى ئىگىلىدى. يېزا ئىگىلىك ھۆددىگەرلىك توختامىنىڭ يۇقىرىغا تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك سوممىسى 823 مىليون 130 مىڭ يۈەن، بۇنىڭدىن ئەمەلىيلەشكىنى 548 مىليون 610 مىڭ يۈەن بولۇپ، تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك سوممىنىڭ %66.6نى ئىگىلىدى. تاپشۇرۇش كەچۈرۈم قىلىنغان سوممىسى 8 مىليون 870 مىڭ يۈەن بولۇپ، تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك توختام سوممىسىنىڭ %1.1نى، تېخى ئەمەلىيلەشمىگەن سوممىسى 265 مىليون 650 مىڭ يۈەن بولۇپ، تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك سوممىنىڭ %32.3نى ئىگىلىدى.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك ھۆددىگەرلىك توختام ماجىراسىدىن 2344ى يۈز بېرىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %66.1 ئازايدى. مۇرەسسە قىلىنغان توختام ماجىراسى 2323 بولۇپ، ئومۇمىي توختام ماجىراسىنىڭ %99.1نى ئىگىلىدى. ناھىيە، يېزا دەرىجىلىكتە مۇرەسسە قىلىنىپ بىر تەرەپ قىلىنغىنى 2217 بولۇپ، ئومۇمىي توختام ماجىراسىنىڭ %94.5نى ئىگىلىدى، 362 پارچە توختام ماجىراسى كېسىم قىلىندى.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك ھۆددىگەرلىكى توختامىنى باشقۇرۇش، كېسىم قىلىش ئاپپاراتى 786 بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 109ى كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىك كېسىم ئاپپاراتى 50 بولۇپ، 10ى كۆپەيدى، يېزا دەرىجىلىك كېسىم ئاپپاراتى 620 بولۇپ، 72 سى كۆپەيدى. ئاپتونوم رايون بويىچە توختام باشقۇرغۇچى خادىم 17 مىڭ 357 بولۇپ، 2479ى كۆپەيدى.

ئەركىن ھۆسەن

## دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش

2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان، كەنتكە قالدۇرىدىغان بىر تۇتاش باشقۇرۇلىدىغان پۇلى 490 مىليون 620 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 970 مىڭ يۈەن ئېشىپ، كىشى بېشىغا 54.45 يۈەندىن توغرا كەلدى. يېزىلاردىكى مەجبۇرىيەت ئەمگەك كۈنى 37 مىليون 250 مىڭ بولۇپ، 3 مىليون 40 مىڭ ئەمگەك كۈنى ئازىيىپ، ھەربىر ئەمگەكچىگە 11 ئەمگەك كۈنىدىن توغرا كەلدى. جۇغلانما ئەمگەك كۈنى 69 مىليون 450 مىڭ بولۇپ، 4 مىليون 8000 ئەمگەك كۈنى كۆپىيىپ، ھەربىر ئەمگەكچىگە 20 ئەمگەك كۈنىدىن توغرا كەلدى، «ئىككى خىل ئەمگەك كۈنى» جەمئىيسى ھەربىر ئەمگەكچىگە 31 دىن توغرا كېلىپ، 1999 - يىلدىكىگە تەڭلەشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقان، چارۋىچىلار ئۈستىگە ئالغان ئىجتىمائىي سېلىق ئومۇمىي سوممىسى 112 مىليون 540 مىڭ يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا 12.5 يۈەندىن توغرا كەلدى.

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سېلىق يەڭگىللىتىش ئىشخانىلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلار يېزىلاردىكى «ئۈچ قالايمىقان»نى تۈزگىتىش، نۇقتىنى تۇتۇش، ئومۇمىي دائىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش چارىسىنى قوللىنىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان يېزىلاردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ قالايمىقان ھەق ئېلىش ۋە ئاشلىق، پاختىنىڭ سېتىۋېلىنىش دەرىجىسى ۋە باھاسىنى بېسىش قاتارلىق نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىدى. مۇشۇ بىر يىلدا يېزىدىن تۆۋەن ئورۇنلاردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ قالايمىقان ھەق ئېلىش تۈرىدىن 7 سى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، بۇنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليون 788 مىڭ 600 يۈەن بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يېزىلاردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى قېلىپلاشتۇرۇش ياكى تۆۋەنلىتىش ئارقىلىق تەخمىنەن 22 مىليون يۈەن سېلىق ئازايتىلدى. يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشتا دەرىجىنى، باھانى بېسىش مەسىلىسى ھەل قىلىنىپ، قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 118ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 64 ئادەمگە پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام بويىچە چارە كۆرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر قايسى جايلار ۋە ھەر قايسى تارماقلار نامۇۋاپىق ھەق ئېلىش تۈرىدىن 234 قېتىمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، ئۇنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 100 مىليون 840 مىڭ يۈەن. ئاپتونوم رايون ۋە ھەر قايسى جايلار مۇشۇ بىر يىلدا دېھقان، چارۋىچىلار سېلىقىغا دائىر دېلودىن 353نى قوبۇل قىلىپ، بۇنىڭدىن 335نى تەكشۈرۈپ ئاخىرلاشتۇردى. جەمئىي 156 كادىرغا چارە كۆرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا - بازار كادىرى 11، كەنت كادىرى 145.

2000 - يىلى شىنجاڭ سېلىق يەڭگىللىتىش ئىشخانىسى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش ئىشخانىسى قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىكتە 5 قېتىم قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ۋە مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈش - نازارەت قىلىشنى يولغا قويۇپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىغا دائىر تېپىلغان دېلودىن 10نى بىۋاسىتە تەكشۈرۈپ بېجىردى، 6 دېلونى ئىز قوغلاپ نازارەت قىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر قايسى جايلاردا قانات يايدۇرۇلغان قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ۋە مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈش - نازارەت قىلىش 60

قېتىمدىن ئېشىپ كەتتى. ئاپتونوم رايون ۋە ھەر قايسى ۋىلايەت (ئوبلاست) لەر 61 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، 82 ناھىيە، 631 يېزا (بازار)، 4370 كەنتنى تەكشۈردى، 120 مىڭ 997 ئائىلىنى زىيارەت قىلدى.

جياڭ جيەنجۈن

## مالىيە ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى جايلار مالىيە ئاشكارىلىقىنىڭ قاپلاش كۆلىمىنى داۋاملىق كېڭەيتىپ، مالىيە ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش قورۇلۇشى خىزمىتىنى كۈچەيتتى. قىسمەن يېزىلاردا كەنت ھېساباتىنى يېزا باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، كەنت ھېساباتىنى كەنت باشقۇرغان كەنتلەردىمۇ بوغالتىرلار مەركەزلىشىپ ئىش بېجىرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، شۇنداق قىلىپ مالىيە ئىشلىرىدا ئاشكارا بولۇشنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى، كەنت، گۇرۇپپىلارنىڭ مالىيە ئىشلىرى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، كەنت، گۇرۇپپا كادىرلىرىنىڭ كوللېكتىپ مال - مۈلكىگە خىيانەت قىلىش ۋە ئۇنى ئىگىلىۋېلىش قىلمىشى ئۈنۈملۈك توسۇلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە مالىيە ئىشلىرى ئاشكارىلانغان ناھىيە %100كە، كەنت %93كە، بىر قەدەر قېلىپلاشتۇرۇلغان كەنت %72كە يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە دېموكراتىك مالىيە باشقۇرۇش تەشكىلاتى قۇرۇلغان كەنت %89.5كە، كەنت ئاھالىلىرى يىغىنى ياكى كەنت ئاھالىلىرى ۋەكىللىرى يىغىنى تۈزۈمى يولغا قويۇلغان كەنت %82كە يەتتى.

دىڭ ۋېيجياڭ

## يېزا ئىگىلىكىدە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتى

1. يېزا ئىگىلىكىدە قانۇن ئىجرا قىلىش بويىچە تەربىيىلەش كۈچەيتىلىپ، قانۇن ئىجراچىلىرىنىڭ ساپاسى ئۆستۈرۈلدى. 2000 - يىلى دېھقانچىلىق نازارىتى يېزا ئىگىلىكىدە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش بويىچە 8 قارار كۇرس ئېچىپ، 600 دىن ئارتۇق ئادەمنى تەربىيىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىنىڭ مەمۇرىي تارماقلىرىدىكى قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار 140 نەپەر، ئورۇقچىلىقتا قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار 190 نەپەر، ئۆسۈملۈك كارانتىن قىلىشتا قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار 50 نەپەر، يېزا ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلىكىدە قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار 210 نەپەر، ھەر قايسى جايلارمۇ ئۆز ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، قانۇن ئىجراچىلىرىنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ساپاسىنى ۋە قانۇن ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى.

2. يېزا ئىگىلىكىدە قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، قانۇن ئىجرا قىلىش سالمىقى زورايتىلدى. 2000 - يىلى دېھقانچىلىق نازارىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، بايىنغولىن، سانجى، تارباغاتاي، ئالتاي، قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا يېزا ئىگىلىكىدىكى قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىكىدە قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، جايلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ قانات يايدۇرۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىدە قانۇن ئىجرا قىلىش سالمىقىنى زورايتتى.

2000 - يىلى يېزا ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك تارماقلىرى دېھقانلار سىلىقىغا دائىر دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش سالمىقىنى زورايتتى، ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانلار سىلىقىغا دائىر دېلودىن 353ى قوبۇل قىلىنىپ، بۇنىڭدىن 335ى تەكشۈرۈپ ئاخىرلاشتۇرۇلدى، 165 نەپەر كادىر بىر تەرەپ قىلىندى. يېزىلاردا «ئۈچ قالايمىقان»نى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، يېزىلاردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ قالايمىقان ھەق ئېلىش ۋە ئاشلىق، پاختا سېتىۋېلىشتا، دەرىجىنى، باھانى بېسىش مەسىلىسىدىكى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتى نۇقتىلىق تۇتۇلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە جايلاردا قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ۋە مەخسۇس تۈر بويىچە نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش 60 نەچچە قېتىم ئېلىپ بېرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا يېزىدىن تۆۋەن بولغان ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ قالايمىقان ھەق ئېلىش تۈرىدىن 7سى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، بۇنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليون 788 مىڭ 600 يۈەن. ئۇنىڭدىن باشقا، يېزىلاردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى قېلىپلاشتۇرۇش ياكى تۆۋەنلىتىش ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ تەخمىنەن 22 مىليون يۈەن سېلىقى يەڭگىللىتىلدى. يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ دەرىجىسىنى، باھاسىنى بېسىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى، بۇ ھەقتە قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 118ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، 64 ئادەمگە پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام بويىچە چارە كۆرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە جايلار ۋە ھەر قايسى تارماقلار ئومۇمىي سوممىسى 100 مىليون 840 مىڭ يۈەن بولغان 234 قېتىملىق نامۇۋاپىق ھەق تۈرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. يېزىلاردىكى كوللېكتىپنىڭ مال - مۈلكىنى باشقۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش خىزمىتى

كۈچەيتىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلاردا ئىقتىسادىي تەپتىش ئاپپاراتىدىن 674ى قۇرۇلدى، ئىقتىسادىي تەپتىش خادىملىرى 3123كە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 5628 ئورۇن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىنىپ، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان ئورۇندىن 984ى تېپىپ چىقىلدى، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىنغان ئومۇمىي سومما 7 مىليارد 726 مىليون 670 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنتىزامغا خىلاپ بىر تەرەپ قىلىنغىنى 28 مىليون 270 مىڭ يۈەن، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان خىيانەتچىلىك دېلوسى 371 بولۇپ، خىيانەت سوممىسى 4 مىليون 270 مىڭ يۈەن، 553 ئادەمگە چارە كۆرۈلدى.

2000 - يىلى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى باشقۇرۇش بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە دېلو قىلىپ تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان دېھقانچىلىق دورىسى دېلوسى 400 بولۇپ، 300 نەچچە خىل، 600 توننىدىن ئارتۇق دورىغا چېتىلىدۇ. كونەس ناھىيىسىدە ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ زور بولغان بىر قېتىملىق دورا ئارقىلىق زىيان يەتكۈزۈش دېلوسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭدا 638.5 گېكتار يەردىكى قىزىلچا دېھقانچىلىق دورىسىنى خاتا چېچىش ئارقىلىق زىيانغا ئۇچرىغان بولۇپ، دورا ساتقۇچى تىجارەتچى دېھقانلارغا 210 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل تۆلەپ بەرگەن. قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ چوڭ بولغان بىر قېتىملىق دېھقانچىلىق دورىسى ئارقىلىق ئېكولوگىيىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش دېلوسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭدا بىر دېھقان مېتىللىق فوسفور ئېمۇلسىيىسىگە ئۇغىلانغان يەم ئارىلاشتۇرۇپ ئېتىز چاشقىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان هايۋانات — چوڭ ياۋاغازدىن 40 نەچچىسى زەھەرلىنىپ ئۆلگەن، شۇڭا ۋەقە تۇغدۇرغۇچى قانۇن بويىچە جازالاندى. ئوغۇت جەھەتتە قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتى تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەشتىن تارتىپ قانۇن بويىچە ئوغۇتنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، سىناق قىلىش، تىزىملاش، ئەنگە ئېلىش ۋە بازاردا نازارەت قىلىش، باشقۇرۇشقىچە پەيدىنپەي قانۇن - تۈزۈملەشتۈرۈش ئىزىغا سېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 43 ئوغۇت مەھسۇلاتى تىزىملاندى ياكى ئەنگە ئېلىندى ھەمدە يالغان، ساختا، ناچار ئوغۇتلارنى ئىشلىگۈچى - ساتقۇچىلارغا قاتتىق زەربە بېرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئوغۇت تىجارىتى قىلىش ئىجازەتنامىسىدىن 260 پارچىسى، ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىدىن 140ى تەكشۈرۈپ تارقىتىلدى. ئۇرۇق سۈپىتىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، 1999 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە كۆممىقوناق ئۇرۇقى 82 تۈركۈم (قېتىم) ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەسلى ئۇرۇق 14 تۈركۈم (قېتىم)، ئۇنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %50 بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن %20.6 يۇقىرىلىغان؛ شالغۇت ئۇرۇق 68 تۈركۈم (قېتىم) ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، ئۇنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %22.1كە يېتىپ، %16.8 يۇقىرىلىغان. كېۋەز ئۇرۇقى 127 تۈركۈم (قېتىم) ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەسلى ئۇرۇق 15 تۈركۈم (قېتىم)، ئۇنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %73.3كە يېتىپ، %23.3 يۇقىرىلىغان؛ سۈپەتلىك ئۇرۇق 112 تۈركۈم (قېتىم) ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %78.6كە يېتىپ، %27.4 يۇقىرىلىغان.

2000 - يىلى ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىدىغان ئورۇننى كارانتىن قىلىش، ئۇرۇقنى يۆتكەش جەريانىدا كارانتىن قىلىش، چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلگەن ئۇرۇقنى كارانتىن قىلىش بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش سالمىقى يەنىمۇ زورايتىلدى، مۇشۇ بىر يىلدا 432 مىڭ گېكتار يەردىكى ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىش كارانتىن قىلىندى؛ ئۆلكىلەر ئارا يۆتكەلگەن ئۇرۇق 21 مىڭ 654 تۈركۈم كارانتىن قىلىندى، تاشيول ئارقىلىق شىنجاڭدىن يۆتكەپ چىقىرىلغانلىرىنىڭ كارانتىن قىلىنغانلىق گۇۋاھنامىسى بولۇش نىسبىتى %100كە يەتتى؛ ئاپتونوم رايون ئىچىدە يۆتكەلگەنلىرى 2226 تۈركۈم كارانتىن قىلىندى؛ دۆلەت سىرتىدىن ئۇرۇق كىرگۈزۈش 91 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇرۇق، كۆچەتلەرنى كارانتىن قىلىش جەھەتتە قانۇن ئىجرا قىلىشنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئۇرۇق ئىشلەپچىقىرىدىغان، تىجارەت قىلىدىغان ئورۇندىن 450ى تەكشۈرۈلۈپ، كارانتىن قىلىنمىغان ئۇرۇق، كۆچەتتىن 1049 قېتىم تەكشۈرۈپ تېپىلدى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلولىرىغا جازا بېرىلدى.

ۋەن شۆيىڭ

## شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىدىكى داڭلىق مەھسۇلاتلار بېكىتىلدى

2000 - يىلى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىدىكى داڭلىق مەھسۇلاتلارنى بېكىتىش كومىتېتى شىنجاڭ زاراڭزا شاھى ئوقەتچىلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقارغان «شيالىڭ فۇلۇ» ماركىلىق ساپ زاراڭزا ئۇرۇقىدىن ئىشلەنگەن ساغلاملىق يېمەكلىك يېغى، ئاۋات ناھىيىلىك «مول ھوسۇل» 3 - مەيدانى ئىشلەپچىقارغان «فېڭخەي» ماركىلىق ئۇزۇن تالالىق پاختا، شىنجاڭ «ئارمان» ئوقەتچىلىك چەكلىك

شىركىتى ئىشلەپچىقارغان «ئارمان» ماركىلىق نوقۇت تالقىنى، نوقۇت - سۈت پاراشوكى، قوۋۇت تالقىنى، ياشلار - ئۆسمۈرلەر قوۋۇت تالقىنى، ئوتتۇرا ياش - ياشانغانلار قوۋۇت تالقىنى، پەيزاۋات ناھىيىلىك قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە شىركىتى ئىشلەپچىقارغان «چېگرا تاجى» ماركىلىق پەيزاۋات قوغۇنى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق باغۋەنچىلىك تەرەققىيات - تىجارەت ئورنى ئىشلەپچىقارغان يازلىق مۇناقى ماركىلىق ئاتۇش مۇناقى ئۈزۈمى، شىنجاڭ «خۇاشى» ئۇرۇقچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئىشلەپچىقارغان «خۇاشى» ماركىلىق ياغلىق گازىر، «شىخۇ» قوغۇن ئۇرۇقى، قىزىلچا ئۇرۇقى، كۆكتات ئۇرۇقى، كۆممىقوناق ئۇرۇقى، «شىنتيەن» خەلقئارا ئۈزۈم ھارىقى چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقارغان بىر يۈرۈش «شىنتيەن» ماركىلىق قىزىل ئۈزۈم ھارىقى، ئاق ئۈزۈم ھارىقى، كۇچا ناھىيىلىك كۆسەن پىمەكلىك سانائىتى باش شىركىتى ئىشلەپچىقارغان كۆسەن ماركىلىق ئۈجمە شىرنىسى ئىچىملىكى، شىنجاڭ دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ نەسىللىك ھەسەل ھەرە مەيدانى ئىشلەپچىقارغان «تيەنشۈ» ماركىلىق ھەسەل مەھسۇلاتلىرى، شىنجاڭ كورلا 2 - كونسېرۋا زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان «لىچۈن» ماركىلىق پەمىدۇر كونسېرۋاسى قاتارلىق 10 خىل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىدىكى داڭلىق مەھسۇلات دەپ بېكىتتى.

مەخمۇت ئابدۇللا

## يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئەھۋالى

1. تۆۋەن ھوسۇللۇق پاختىنى يۇقىرى ھوسۇللۇق پاختىغا تېز ئۆزگەرتىش تۈرى 229 مىڭ 800 گېكتار يەردە يولغا قويۇلۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 315 مىڭ 800 تونناغا، بىرلىك مەھسۇلاتى 1580.85 كىلوگرام/گېكتارغا يەتكۈزۈلۈپ، تۈر يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرىكى 3 يىلغا سېلىشتۇرغاندا ئوتتۇرىچە قىممىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 41 مىڭ گېكتار، 165 مىڭ توننا، 645 كىلوگرام/گېكتار يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

2. چوڭ كۆلەملىك كېۋەزلىكتە ھەر گېكتارنىڭ مەھسۇلاتىنى 1800 كىلوگرامغا يەتكۈزۈش ئەندىزىسى بويىچە يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى 153 مىڭ گېكتار يەرگە كېڭەيتىلىپ، ھەر گېكتارنىڭ ئوتتۇرىچە مەھسۇلاتى 1800 كىلوگرامدىن ئاشۇرۇلدى. بۇ تۈرنىڭ يولغا قويۇلۇشى شىنجاڭدا پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە پۇختا ئاساس سېلىپ بەردى.

3. جەنۇبىي شىنجاڭدا 267 مىڭ گېكتار يەردە كۆممىقوناقتىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش ئۈنۈمى يۇقىرى تېخنىكىسى يولغا قويۇلۇپ، 249 مىڭ گېكتار يەرنىڭ ئوتتۇرىچە ھەر گېكتارنىڭ مەھسۇلاتى 6669 كىلوگرامغا يەتكۈزۈلۈپ، بۇ تۈر يولغا قويۇلۇشتىن بۇرۇنقى 1995 - يىلدىكىدىن 1583.7 كىلوگرام ئاشۇرۇلدى. بۇ تۈرنىڭ يولغا قويۇلۇشى نەتىجىسىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 5 ۋىلايەت - ئوبلاستنىڭ سۇلىياۋ يوپۇق بىلەن كۆممىقوناق ئۆستۈرۈش نىسبىتى 0.94% تىن 40.09%كە ئۆستى، بولۇپمۇ كىرگۈزۈپ تېرىلغان، ئېگىز ئورۇنغا تېرىلغان كۆممىقوناقلاردا سۇلىياۋ يوپۇق بىلەن ئۆستۈرۈش كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىدىغان بولدى.

گې جۈن

## ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇشى

2000 - يىلىنىڭ بېشىدا قۇمۇل شەھىرى دۆلەت تەرىپىدىن 2 - تۈركۈمدە دۆلەت دەرىجىلىك ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكى سىناق قىلىنىدىغان ناھىيە (شەھەر) قىلىپ رەسمىي بېكىتىلدى. 2000 - يىل 3 - ئايدا دېھقانچىلىق نازارىتى دېھقانچىلىق مۇھىتىنى كۆزىتىش - ئۆلچەش پونكىتى بىلەن قۇمۇل شەھىرى تېخنىكا كېڭەيتىش تۈرى بولغان «شىنجاڭ ھويلا - ئارام ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇشى تېخنىكىسىنى گۈللەندۈرۈش» تۈرىنى يولغا قويدى، پالۋانتۇر يېزىسى، تىيانشان يېزىسى ياۋۇلۇڭ تەرەققىيات رايونى، باغ - ئورمانچىلىق مەيدانى، راھەتباغ يېزىسىدىن ئىبارەت 4 ئورۇن نۇقتىلىق سىناق قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىش يېزىسى (مەيدانى) قىلىپ تاللاندى، 200 دېھقان ئائىلىسى ھويلا - ئارام ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكىدە ئۈلگە كۆرسىتىش ئائىلىسى قىلىپ تاللاندى، بۇ ئۈلگە كۆرسىتىش ئائىلىلىرىنىڭ ھويلا - ئارام ئالدى - كەينىدىكى ۋە يېقىن ئەتراپىدىكى 0.1 گېكتاردىن 0.2 گېكتارغىچە يېرى ھويلا - ئارام ئۈنۈمۋېرسال باقمىچىلىق قۇرۇلۇشى، ھويلا - ئارام ئىقتىسادىي مېۋىلىك دەرەخ ۋە ئۈزۈمنى ستېرېئولۇق ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشى، ھويلا - ئارام ئاممىۋى زىيانداشلىق بولمىغان كۆكتات، مېۋە - چېۋە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشى قىلىنىدىغان يەر قىلىپ تاللاندى. بۇنىڭ بىلەن قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇش باسقۇچىغا كىرگۈزۈلدى.

2000 - يىل 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدا مەملىكەتلىك ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكى قۇرۇلۇشى يىغىنىدا دېھقانچىلىق نازارىتى دېھقانچىلىق مۇھىتىنى كۆزىتىش - ئۆلچەش پونكىتى مەملىكەتلىك ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكى قۇرۇلۇشى خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ساۋەن

نامىسى مەملىكەتلىك ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار سىناق نامىسى بولۇپ باھالاندى.

ئادىل، ياقۇپجان تۇرسۇن

## دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىكى كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتى ۋە ئۇنىڭدىن مۇداپىئە كۆرۈش، ئۇنى يوقىتىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدە كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتى ئېغىرراق بولدى، ھاشارات ئاپىتى كېسەللىك ئاپىتىدىن ئېغىر بولدى. غوزا قۇرتى، چېكەتكە ئاپىتى قىسمەن رايونلاردا ئېغىر دەرىجىدە يۈز بەردى، ئاپتونوم رايون بويىچە كېسەللىك، ھاشارات، ئوتلاق چاشقىنى ئاپىتى يۈز بەرگەن كۆلەم 2 مىليون 817 مىڭ 200 گېكتارغا، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائەتلىرىدە كېسەللىك، ھاشارات، چاشقان ئاپىتى يۈز بەرگەن كۆلەم 744 مىڭ 700 گېكتارغا، پاختىدا كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتى يۈز بەرگەن كۆلەم 981 مىڭ 600 گېكتارغا، مېۋىلىك دەرەختە كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتى يۈز بەرگەن كۆلەم 98 مىڭ گېكتارغا، كۆكتاتتا كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتى يۈز بەرگە كۆلەم 131 مىڭ 500 گېكتارغا، ئېتىز - ئېرىقتىكى ياۋا ئوت - چۆپ زىيان يەتكۈزگەن كۆلەم 861 مىڭ 400 گېكتارغا يەتتى.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە غوزا قۇرتى يۈز بەرگەن كۆلەم 315 مىڭ 500 گېكتارغا يەتتى، كېۋەز پىتى قىسمەن كېۋەز تېرىلغان رايونلاردا ئوتتۇراھال يۈز بېرىپ، يۈز بەرگەن كۆلەم 138 مىڭ 700 گېكتارغا يەتتى، كېۋەز تىرىبىس قۇرتى يۈز بەرگەن كۆلەم 147 مىڭ 200 گېكتارغا، كېۋەز چىرىلدىقى يۈز بەرگەن كۆلەم 43 مىڭ 100 گېكتارغا يەتتى. ئېتىز - ئېرىق چېكەتكىسى ئوتتۇراھالدىن ئېغىرراق يۈز بەرگەن يىل بولۇپ، ئۇنىڭ يۈز بەرگەن كۆلىمى 79 مىڭ 900 گېكتارغا يەتتى.

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى ئۆسۈملۈك ئاسراش تارماقلىرى تۈرلۈك كېسەللىك، ھاشاراتلار ھەققىدە 1010 قېتىم ئۇزۇن، ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك مەلۇمات ئېلان قىلدى، بۇنىڭ توغرىلىق دەرىجىسى %90تىن يۇقىرى بولدى. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كېسەللىك، ھاشارات، چاشقان ئاپىتىدىن مۇداپىئە كۆرۈلگەن ۋە ئۇ يوقىتىلغان كۆلەم 2 مىليون 559 مىڭ 500 گېكتار (قېتىم)، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائىتىدە كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتىدىن مۇداپىئە كۆرۈلگەن ۋە ئۇ يوقىتىلغان كۆلەم 642 مىڭ 600 گېكتار - قېتىم، پاختىدا كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتىدىن مۇداپىئە كۆرۈلگەن ۋە ئۇ يوقىتىلغان كۆلەم 931 مىڭ 800 گېكتار (قېتىم)، كۆكتاتتا كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتىدىن مۇداپىئە كۆرۈلگەن ۋە ئۇ يوقىتىلغان كۆلەم 158 مىڭ 200 گېكتار (قېتىم)، مېۋىلىك دەرەختە كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتىدىن مۇداپىئە كۆرۈلگەن ۋە ئۇ يوقىتىلغان كۆلەم 131 مىڭ گېكتار (قېتىم)، ئېتىز - ئېرىقتىكى ياۋا ئوت - چۆپتىن مۇداپىئە كۆرۈلگەن ۋە ئۇ يوقىتىلغان كۆلەم 695 مىڭ 900 گېكتار (قېتىم) بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا 196 مىڭ 900 توننا ئاشلىق، 68 مىڭ 700 توننا پاختا، 590 مىڭ 900 توننا باشقا زىرائەتلەر زىياندىن ساقلاپ قېلىندى.

چېن پىڭ

## ئۇرۇقچىلىق قۇرۇلۇشى تۈرىنىڭ يولغا قويۇلۇشى

1. شىنجاڭ دۆلەت دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئەسلى ئۇرۇقلىرىنى تاللاش مەيدانى تۈرى. بۇ تۈر 1999 - يىل 1 - ئايدا دۆلەت تەرىپىدىن رەسمىي تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلۇپ، كورلا شەھىرىنىڭ قاراسۇ دېھقانچىلىق مەيدانىدا قۇرۇلۇشقا باشلىدى. قۇرۇلۇش مۇددىتى 3 يىل بولۇپ، قۇرۇلۇش مەزمۇنى ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇش ئامبىرى ۋە يېيىپ قۇرۇتۇش مەيدانى، ئۇرۇق پىششىقلاپ ئىشلەش سېخى ۋە ئۈسكۈنىسى، دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى ۋە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئامبىرى، توك تەقسىملەش مۇئەسسەسەسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ تۈرگە 19 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ.

دۆلەت دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئەسلى ئۇرۇقلىرىنى تاللاش مەيدانى پۈتكەندىن كېيىن، جەمئىيەت ھەر يىلى 600 مىڭ كىلوگرام ئەسلى چىگىت، 400 مىڭ كىلوگرام ئۆزلۈكىدىن چاڭلاشقان كۆممىقوناق ئەسلى ئۇرۇقى ۋە 360 مىڭ كىلوگرام تاللانغان بۇغداي ئەسلى ئۇرۇقى بىلەن تەمىنلىنىدۇ. بۇ ئۇرۇقلارنىڭ ھەممىسى دۆلەت ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈلىدۇ. مۆلچەرەن ھېسابلىنىشىچە، بۇ ئۇرۇقلار بىلەن ھەر يىلى ئاشلىق مەھسۇلاتى 330 مىليون كىلوگرام، ساپ پاختا مەھسۇلاتى 80 مىليون كىلوگرام كۆپىيىدۇ، قوشۇلما قىممەت 1 مىليارد 300 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇرۇق تاللاش مەيدانى ھەر يىلى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى 2 مىليون يۈەندىن ئاشۇرۇپ، ئۆز - ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارى ۋە شارائىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھازىرلايدۇ.

2. شىنجاڭنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش - قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش زاپاس ئامبىرى تۈرى. بۇ تۈر 1998 - يىل 2 - ئايدا دۆلەت تەرىپىدىن رەسمىي تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلۇپ، غۇلجا شەھىرىدىكى شياۋدۇۋوپۇ

ئورۇنلاشتۇرۇش دېھقانچىلىق مەيدانىدا قۇرۇلۇشقا باشلىدى، قۇرۇلۇش مۇددىتى 2 يىل، قۇرۇلۇش مەزمۇنى 5000 كۋادرات مېتىرلىق شىنجاڭ دۆلەت ئۇرۇق زاپىسى ئامبىرى ۋە يۇرۇشلەشكەن مۇئەسسەسىلىرى بولۇپ، بۇ تۈرگە 12 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. زاپاس ئامبىرى 2000 - يىلى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

شىنجاڭ دۆلەت دەرىجىلىك ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش - قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئامبىرى پۈتكەندىن كېيىن، دېھقانلارنى ئاپەتتىن كېيىن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىشتا ئېھتىياجلىق بولغان سۈپەتلىك ئۇرۇق بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەر يىلى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە 3 مىليون كىلوگرام زاپاس ئۇرۇق ساقلاپ، ئاپەت رايونلىرىنى 40 مىڭ گېكتار يەرنى تېرىغىلى بولىدىغان ئۇرۇق بىلەن تەمىنلەپ، ئاپەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە يەتكۈزگەن زىيىنىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئازايتىپ، 300 مىليون يۈەندىن 400 مىليون يۈەنگىچە بولغان ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ئىنتايىن كۆرۈنەرلىك.

3. شىنجاڭ ئۇرۇق سۈپىتىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش مەركىزى تۈرى. بۇ تۈر 1997 - يىل 9 - ئايدا دۆلەت تەرىپىدىن رەسمىي تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرى چيەنتاڭجياڭ يولى 48 - قورودا قۇرۇلۇشقا باشلىدى. قۇرۇلۇشنىڭ مۇددىتى 2 يىل، قۇرۇلۇش مەزمۇنى ئۇرۇق سۈپىتىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش مەركىزىي بىناسى سېلىش ۋە يۇرۇشلەشكەن ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىش بولۇپ، بۇ تۈرگە 5 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 2000 - يىلى مەركىزىي بىنانىڭ قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، كەسپىي ئىشلار ئومۇميۈزلۈك باشلاندى.

دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئۇرۇقى سۈپىتىنى تەكشۈرۈش مەركىزى پۈتكەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ئۇرۇق سۈپىتىنى نازارەت قىلىش، ئۇنى كېپىم قىلىش، تەكشۈرۈش ۋە سۈپەت ئۆتكىلىنى ئىگىلەشتىن ئىبارەت ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت ئىقتىدارى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان، كۆلىمى 1527 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئۇرۇقىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش مەركىزىي بىناسى بارلىققا كېلىدۇ. يېڭىلانغان تەكشۈرۈش ئىشخانىسىدا ساپلىق (ئېتىزلىق ۋە ئىشخانىدا بىئو - خىمىيىلىك ۋە ئېلېكتروفورېزلىق تەجرىبە قىلىش)، پاكىزلىق، بىخ سۈرۈش نىسبىتى، سۇ تەركىبى، ھاياتىي كۈچى، دان ئېغىرلىقى، ساغلاملىقى، بۇزۇلۇشنى تەكشۈرۈش ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە تەكشۈرۈش خادىملىرىنى تەربىيىلەش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ، يىللىق تەكشۈرۈش ئىقتىدارى ئەسلىدىكى 500 تۈركۈم (قېتىم) دىن 3000 تۈركۈم (قېتىم) دىن كۆپرەككە، ھەر يىلى تەربىيىلەيدىغان ئادەم 200 ئادەم (قېتىم) دىن 300 ئادەم (قېتىم) غا يېتىدۇ.

جۇ ۋېن

## يېڭى سورتلارنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىلىش ئەھۋالى

2000 - يىلى 55 سورت بېكىتىلىپ ماقۇللاندى. بۇنىڭ ئىچىدە، كۆممىقوناق تېپىدىكىلەر 4: شىنجاڭ قوناق — 11 (ئىلگىرىكى 9881)، DK743، DK683، KX75765؛ ياغلىق دان تېپىدىكىلەر 3: شىنجاڭ قىچىسى — 13 (ئىلگىرىكى قىچا 9806)، شىنجاڭ قىچىسى — 14 (ئىلگىرىكى قىچا — 4 — 98)، ياۋروپا ياغلىق گازىرى؛ شال تېپىدىكىسى بىر: شىنجاڭ شالى — 9 (ئىلگىرىكى NT908)؛ قىزىلچا تېپىدىكىلىرى 3: شىنجاڭ قىزىلچىسى — 11 (ئىلگىرىكى 9706)؛ KWC5075، KWC9103؛ بۇغداي تېپىدىكىلىرى 2: شىنجاڭ كۈزگىسى — 23 (ئىلگىرىكى 265 — 92)، ئوتتۇرا مەشغۇلاتلىق 8131؛ كېۋەز تېپىدىكىسى 10: شىنخەي — 16 (ئىلگىرىكى K—211)، شىنخەي — 17 (ئىلگىرىكى 206 — 94)، شىنخەي — 18 (ئىلگىرىكى 3287)، شىنجاڭ رەڭلىك پاختىسى —1 (ئىلگىرىكى رەڭلىك 9801)، شىنجاڭ رەڭلىك پاختىسى — 2 (ئىلگىرىكى رەڭلىك 9802)، شىنجاڭ قۇرۇقلۇق چىلگە كېۋىزى — 12 (ئىلگىرىكى لياۋنىڭ پاختىسى 25 — 95)، شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئوتتۇرا مەزگىللىك كېۋىزى — 9 (ئىلگىرىكى 5 — 386)، شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئوتتۇرا مەزگىللىك كېۋىزى — 10 (ئىلگىرىكى 96519)، شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئوتتۇرا مەزگىللىك كېۋىزى —11 (ئىلگىرىكى 9211)، شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ئوتتۇرا مەزگىللىك كېۋىزى — 12 (ئىلگىرىكى شىنجاڭ يوپۇرغا 1)؛ ئۈزۈم تېپىدىكىسى 2: شىنجاڭ ئۈزۈمى — 2 (ئىلگىرىكى خىرومستال ئۇرۇقسىز ئۈزۈم)، شىنجاڭ ئۈزۈمى — 3 (ئىلگىرىكى كۈنشياڭ ئۇرۇقسىز ئۈزۈمى)؛ شاپتۇل تېپىدىكىسى بىر: شىنجاڭ ياپىلاق شاپتۇلى — 1 (ئىلگىرىكى ياپىلاق شاپتۇل 201)؛ نەشپۈت بىر: شىنجاڭ نەشپۈتى — 7 (ئىلگىرىكى نەشپۈت 15—8—85)، پەمىدۇر تېپىدىكىسى 7: شىنجاڭ پەمىدۇرى — 10 (ئىلگىرىكى پەمىدۇر — 12)، شىنجاڭ پەمىدۇرى — 11 (ئىلگىرىكى پەمىدۇر — 13)، شىنجاڭ پەمىدۇرى — 12 (ئىلگىرىكى شىنجاڭ 98)، شىنجاڭ پەمىدۇرى — 13، (ئىلگىرىكى شىنجاڭ پەمىدۇرى — 3) شىنجاڭ پەمىدۇرى — 14 (ئىلگىرىكى 518)، يېڭىدىن كىرگۈزۈلگەن 1 — 98

(ئىلگىرىكى 1 — 98)، ئەسىر — 1؛ كاۋا تېپىدىكىلىرى 5: پېشىل مارجان، باھاسىز قاشتېشى، مەرۋايىت، زۇمرەت، تاجلىق ئەجدىھا؛ گازىر تاۋۇز تېپىدىكىسى بىر: شىنجاڭ گازىر تاۋۇزى — 3 (ئىلگىرىكى قىزىل گازىر — 1)؛ قوغۇن تېپىدىكىلىرى 9: شىخۇاڭ — 3 (ئىلگىرىكى ئۇرۇقسىز — 102)، شىنيۇ — 23 (ئىلگىرىكى ئۇرۇقسىز يېشىل گۆھەر — 3)، شىنيۇ — 24 (ئىلگىرىكى W96—9)، شىنيۇ — 25 (ئىلگىرىكى W94—6)، شىنيۇ — 26 (ئىلگىرىكى ئەنتۇاڭ — 2)، شىنيۇ — 27 (ئىلگىرىكى خۇاشى — 7)، شىنيۇ — 28 (ئىلگىرىكى 30 —94)، يېڭى ئەسىر، شىنيۇ — 29 (ئىلگىرىكى غەربىي دىيار تاجلىق ئەجدىھار)؛ تاۋۇز تېپىدىكىلىرى 6: شىنمېي — 29 (ئىلگىرىكى ئەنتيەن — 1)، شىنمېي — 30 (ئىلگىرىكى پەيزاۋات — 2)، شىنمېي — 31 (ئىلگىرىكى 97228)، شىنمېي — 32 (ئىلگىرىكى سېرىق ئەجدىھاگۈل)، شىنمېي — 33 (ئىلگىرىكى چىلگە خانىش)، شىنمېي — 34 (ئىلگىرىكى M94 2 —).

رېن چى

## سۇلياۋ يوپۇقنىڭ بۇلغاش ئەھۋالى

2000 - يىل 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا دېھقانچىلىق نازارىتى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 5 ۋىلايەت - ئوبلاست، 15 ناھىيە، شەھەردە سۇلياۋ يوپۇقتىن بۇلغىنىشنى تىزگىنلەش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

بۇ قېتىم تەكشۈرۈلگەن ناھىيە، يېزا (بازار) جەمئىي 95 بولۇپ، 548 پارچە سانلىق ماتېرىيال توپلاندى، تەكشۈرۈلگەن ئومۇمىي كۆلەم 16 مىڭ 723 گېكتار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كېۋەز 6934.7 گېكتار، بۇغداي يېرى 3679.7 گېكتار، كۆممىقوناق 4443.1 گېكتار، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە 1090.5 گېكتار، كۆكتات 575.1 گېكتار. قېپقالغان سۇلياۋ يوپۇق پارچىلىرىدىن قارىغاندا، كېۋەزلىكتە قېپقالغىنى ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئوتتۇرا ھېسابتا ھەر گېكتار يەرگە 58.65 كىلوگرامدىن توغرا كېلىدۇ، تەكشۈرۈلگەن 95 نۇقتا ئىچىدىن 61دە ئوتتۇرا ھېسابتا قېپقالغان سۇلياۋ يوپۇق پارچىسى 58.5 كىلوگرامدىن ئېشىپ كەتكەن، ئەڭ كۆپ بولغانلىرىدا 216 كىلوگرام/گېكتارغا يەتكەن. كۆممىقوناقلىقتا 48.3 كىلوگرام/گېكتار، قوغۇن - تاۋۇزلۇقتا 33.45 كىلوگرام/گېكتار سۇلياۋ يوپۇق پارچىسى قېپقالغان. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىلغان كۆلەم 1 مىليون 333 مىڭ گېكتار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە پاختا 1 مىليون گېكتار، پاختىزارلىقتا 100% سۇلياۋ يوپۇق ئىشلىتىلگەنلىكى ئۈچۈن، قېپقالغان سۇلياۋ يوپۇق پارچىسى كۆپ بولۇپ، بۇلغىنىش ئېغىر بولغان.

ئادىل، ئەنۋەر

## يېزا ئىقتىسادى ئەھۋالى

1. يېزا ئىگىلىكى، يېزا ئىقتىسادىنىڭ ۋەزىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى

(1) يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئومۇمىي كىرىمى كۆپەيدى. 2000 - يىلى شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئومۇمىي كىرىمى 37 مىليارد 928 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 11.4% ئاشتى. ئېشىش ھەجمى بىر قەدەر چوڭ بولغان بورتالا ئوبلاستىنىڭ 19.9%، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ 16.4%، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ 11.9%، سانجى ئوبلاستىنىڭ 11.9% ئاشتى.

(2) چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق كىرىمىنىڭ ئېشىش ھەجمى بىر قەدەر چوڭ بولدى. 2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق كىرىمى 4 مىليارد 579 مىليون يۈەن بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 19.1% ئاشتى. ئورمانچىلىق كىرىمى 542 مىليون يۈەن بولۇپ، 67.5% ئاشتى. ئېشىش ھەجمى بىر قەدەر چوڭ بولغان قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 220.1%، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ 95.8%، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ 72% ئاشتى.

(3) 2 -، 3 - كەسىپنىڭ كىرىمى داۋاملىق ئاشتى. 2000 - يىلى شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى 2 - كەسىپنىڭ كىرىمى 7 مىليارد 319 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 7.6% ئېشىپ، يېزا ئىقتىسادى ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 19.3%نى؛ يېزىلاردىكى 3 - كەسىپ كىرىمى 7 مىليارد 569 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 13.9% ئېشىپ، يېزا ئىقتىسادى ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 20%نى ئىگىلىدى.

(4) دېھقانچىلىق كىرىمى ئاشتى، ئەمما ئاشلىق كىرىمىنىڭ تۆۋەنلەش ھەجمى بىر قەدەر چوڭ بولدى. 2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىقتىكى ئەمەلىي كىرىمى 17 مىليارد 428 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 6.4% ئاشتى. ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 6 مىليون 254 مىڭ 673 توننا بولۇپ، 4.6% تۆۋەنلەپ كەتتى، ئەمەلىي ئاشلىق كىرىمى 4 مىليارد 927 مىليون يۈەن بولۇپ، 21.5% تۆۋەنلەپ، يېزا ئىقتىسادى ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 12.99%نى ئىگىلىدى.

(5) دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە دارامىتى ئاشتى. 2000 - يىلى شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1708 يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 205 يۈەن ئاشتى. جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم پەرقى يەنىلا بىر قەدەر چوڭ بولدى، شىمالىي شىنجاڭدا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 2511 يۈەن بولۇپ، 9.6% ئاشتى، جەنۇبىي شىنجاڭدا كىشى

بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 1202 يۈەن بولۇپ، 29.2% ئاشتى، كىرىم پەرقى 1309 يۈەن بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ئىچىدە قاراماي شەھىرى بىرىنچى ئورۇندا بولۇپ، كىشى بېشىغا 3821 يۈەندىن توغرا كېلىپ، 24.3% ئاشتى، ئەڭ تۆۋەن بولغىنى خوتەن ۋىلايىتى بولۇپ، كىشى بېشىغا 794 يۈەندىن توغرا كېلىپ، 9.8% ئاشتى. شىنجاڭنىڭ كېيىنكى، تويۇنۇش ئۆلچىمى بويىچە ھېسابلىغاندا، 2000 - يىلى شىنجاڭدا كىرىمى 650 يۈەندىن تۆۋەن بولغان دېھقان ئائىلىسى 308 مىڭ 900 بولۇپ، دېھقانلار ئومۇمىي ئائىلىسىنىڭ 15.88% نى ئىگىلەپ، 1999 - يىلدىكىدىن 87 مىڭ 200 ئائىلە ئازايدى، 650 يۈەندىن تۆۋەن بولغان ئاھالە 1 مىليون 456 مىڭ 300 بولۇپ، يېزىلاردىكى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 16.6% نى ئىگىلەپ، 392 مىڭ 900 ئادەم ئازايدى.

(6) 2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىقتىسادى ئومۇمىي خىراجىتى 20 مىليارد 600 مىليون يۈەن بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 600 مىليون يۈەن كۆپەيدى. خىراجەتنىڭ كۆپىيىشىدىكى سەۋەبلەر مۇنۇلار: بىرىنچىسى، شىنجاڭدا كەسىپ قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، كەڭ دېھقانلار تۈۋرۈك كەسىپلەر، ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى چوڭايتقان ھالدا، سېلىنمىنى كۆپەيتتى؛ ئىككىنچىسى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى، مەسىلەن، سۇلياۋ يوپۇق، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى قاتارلىقلارنىڭ سەرپىياتى ئۆرلەپ كەتتى.

2. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىقتىسادىي كىرىمىنىڭ ئېشىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر:

(1) كەسىپ قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق تەڭشىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئاشلىقنى مۇقىملاش ئاساسىدا، بازار يېتەكچى قىلىنىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق تەڭشىلىپ، ئاشلىق كۆلىمى مۇۋاپىق ئازايتىلدى، جايلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈلۈپ، ئىقتىسادىي زىرائەتلەر ۋە قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات قاتارلىقلار زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، بىر قەدەر ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى، بۇ، دېھقانلارنىڭ كىرىمنى كۆپەيتىشنىڭ يەنە بىر يولى بولۇپ قالدى. ئورمانچىلىق جەھەتتە ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈلۈپ، ئۆزگىچە ئورمانچىلىق زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. چارۋىچىلىق جەھەتتە يۇڭ توقۇمىچىلىق ساھەسىنىڭ ئېھتىياجى كۆپەيگەنلىكتىن، تىۋىت باھاسى جايىدا، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى باھاسى بىر قەدەر يۇقىرى بولدى، بۇ ھال ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ كىرىمدىكى نىسبىتىنى ئۆسۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. يېزىلاردىكى سودا، يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتى، ترانسپورت قاتارلىق 2 ، 3 - كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىدا ئۆرلەش ۋەزىيىتى كۆرۈلۈپ، يېزا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، دېھقانلار كىرىمنى كۆپەيتىشنىڭ يەنە بىر مەنبەسى بولۇپ قالدى.

(2) 2000 - يىلى شىنجاڭدا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى باھاسىنىڭ ئۆرلىشى يېزا ئىقتىسادىي كىرىمىنىڭ كۆپىيىشىدە بىر مۇھىم سەۋەب بولدى. 2000 - يىلى پاختا باھاسىنىڭ ئۆرلەش ھەجمى بىر قەدەر زور بولدى، ھەر 50 كىلوگرامىنىڭ باھاسى 1999 - يىلدىكى 370 يۈەندىن 420 يۈەنگە ئۆرلىدى، پەقەت پاختا باھاسىنىڭ ئۆرلىشىدىن ئىبارەت مۇشۇ بىر ئامىلدىنلا كۆپەيگەن كىرىم 769 مىليون يۈەن بولدى. چارۋىچىلىق كىرىمىنىڭ كۆپىيىشىگە چارۋا مەھسۇلاتلىرى، تىۋىت باھاسىنىڭ ئۆرلىشى ئاساسىي سەۋەب بولدى، چارۋىچىلىقتىن كىرگەن ئەمەلىي كىرىم 4 مىليارد 579 مىليون يۈەن بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 1 مىليارد 333 مىليون يۈەن ئاشتى.

(3) پەن - تېخنىكا تەركىبى ئاشۇرۇلۇپ، سېلىنما ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن يېزا ئىقتىسادى تەرەققىي قىلىپ، ئومۇمىي كىرىم كۆپەيدى. 2000 - يىلى شىنجاڭدا كەسىپلەر ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنىڭ پەن - تېخنىكا تەركىبىنى ئۆستۈرۈش سالمىقى زورايتىلىپلا قالماستىن، بەلكى تېخنىكىلىق تەدبىرلەرنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈش سالمىقىمۇ زورايتىلدى، مۇنتىزىم تەدبىرلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە يولغا قويسا ئۈنۈم بېرىدىغان يېڭى تېخنىكا، يېڭى تەدبىرلەرمۇ قوللىنىلدى. كېۋەز كۆلىمىنى مۇقىملاش ئاساسىدا، ناباب، خەۋپ - خەتىرى بار كېۋەز رايونلىرىنىڭ كېۋەز تېرىش كۆلىمى ئازايتىلىپ، كېۋەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، پاختا سورتى، سۈپىتى ئەلالاشتۇرۇلدى، يۇقىرى ھوسۇللۇق تېرىش - ئۆستۈرۈش ئەندىزىسىنى كېڭەيتىش، رېتسېپ بويىچە ئوغۇتلاش قاتارلىق تېخنىكىلار ئارقىلىق بىرلىك مەھسۇلاتقا ھۇجۇم قىلىنىپ، ئومۇمىي مەھسۇلات ئۆستۈرۈلدى، پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىمۇ، ئومۇمىي مەھسۇلاتىمۇ بىر ئاز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، كىرىم 385 مىليون يۈەن ئۆستى. ئاشلىقنى مۇقىملاش ئاساسىدا، تېرىقچىلىق كۆلىمى ئازايتىلىپ، پەن - تېخنىكا سېلىنمىسىنىڭ سالمىقى زورايتىلىپ، ئاشلىق مەھسۇلاتى زور دەرىجىدە كېمەيتىۋېتىلمىدى، خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

(4) 2000 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش سالمىقى زورايتىلدى، جايلار ۋە تارماقلار نامۇۋاپىق ھەق تۈرىدىن 234 تۈر - قېتىمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، بۇنىڭ سوممىسى 1 مىليارد 8 مىليون يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېسابتا 11 يۈەن سېلىق

بەلگىلىدى.

3. شىنجاڭنىڭ يېزا ئىقتىسادى تەرەققىياتىدا ساقلىنىۋاتقان ئاساسىي مەسىلىلەر. بىرىنچى، تەبىئىي ئاپەت كۆپ بولۇپ، قىسمەن رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا بىر قەدەر ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى. ئىككىنچى، بازار رىقابىتى ئېغىر ۋە كەسىپكە مۇناسىۋەتلىك بولغان بىرلەشمە ھەرىكەتچانلىق كۈچلۈك بولمىدى. ئۈچىنچى، «زاكازلىق يېزا ئىگىلىكى»نىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولسىمۇ، لېكىن كۆپ قىسىم زاكازلار ئۆلچەملىك ئەمەس، ئۇنىڭ ماددىلىرى ئېنىق، مەسئۇلىيىتى ئايدىڭ، چەكلەش كۈچى كۈچلۈك ئەمەس. تۆتىنچى، سۇلياۋ يوپۇقنىڭ بۇلغىشى بارغانسېرى ئېغىرلاشتى. ئايرىم جايلاردا ئاساسىي دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىغا كەڭ كۆلەمدە مېۋىلىك دەرەخ تىكىلىپ، ئاساسىي دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنى قوغداش ۋەزىپىسى قىيىنلاشتى.

جاڭ جېن

## دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ 30 ناھىيە، 1500 دېھقان ئائىلىسى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2000 - يىلى شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1618.08 يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 144.91 يۈەن، 9.8% ئاشقان، باھا ئامىلىنىڭ تەسىرىنى چىقىرىۋەتكەندە ئەمەلىي ئاشقىنى 11.6 % بولغان. شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ ساپ كىرىمى مەملىكەت بويىچە رەتكە تۇرغۇزغاندا يەنىلا 25 - ئورۇندا تۇرىدۇ.

شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ ساپ كىرىمىنىڭ ئېشىشى ئاساسلىقى دېھقان ئائىلىلىرى باشقۇرغان دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق كىرىمىنىڭ ئۆسۈشىگە باغلىق. 2000 - يىلى شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ دېھقانچىلىقتىن كىرگەن كىرىمى 2261 يۈەن بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 215 يۈەن، ئورمانچىلىقتىن كىرگەن كىرىمى 32 يۈەن بولۇپ، 4 يۈەن، چارۋىچىلىقتىن كىرگەن كىرىمى 434 يۈەن بولۇپ، 20 يۈەن ئاشتى.

2000 - يىلى پاختىنىڭ باھاسى بىر قەدەر زور ھەجىمدە ئۆرلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پاختا مەھسۇلاتى ئاشتى، دەرىجىسى ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە دېھقانلارنىڭ پاختىدىن كىرگەن كىرىمى كۆپەيدى.

جۇ شىجۈەن

## يېزا - كەنت ھەمكارلىق ئىقتىسادى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەھۋالى

2000 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭدىكى يېزا دەرىجىلىك ھەمكارلىق ئىقتىسادى تەشكىلاتى 507 بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 24ى ئازايدى، كەنت ھەمكارلىق ئىقتىسادى تەشكىلاتى 8327 بولۇپ، 16 سى ئازايدى؛ كەنتتىن تۆۋەن ھەمكارلىق ئىقتىسادى تەشكىلاتى 672 بولدى. 2000 - يىلى كەنت ھەمكارلىق ئىقتىسادى تەشكىلاتىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 958 مىليون 960 مىڭ يۈەن، ئومۇمىي چىقىمى 626 مىليون 640 مىڭ يۈەن بولدى، كوللېكتىپ ئىگىلىك باشقۇرۇشتىن مەنپەئەت ئالغان كەنت 6566 بولۇپ، توپقا كىرگەن كەنت سانىنىڭ 77.16%نى ئىگىلىدى، بۇ سان 1999 - يىلدىكىدىن 3.14 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەن بولۇپ، ھەمكارلىق ئىقتىسادى تەشكىلاتىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ بىر ئاز ئاجىزلاشقانلىقىنى ئىپادىلىدى.

چېن شياۋ

## يەرلىك دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى يەرلىك دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، باغۋەنچىلىك مەيدانلىرىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 825 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 12.3% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 524 مىليون 120 مىڭ يۈەن بولۇپ، 12%؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 162 مىليون 20 مىڭ يۈەن بولۇپ، 11.7%؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 139 مىليون 490 مىڭ يۈەن بولۇپ، 14.5% ئاشتى. 1 -، 2 -، 3 - كەسىپلەرنىڭ نىسبىتى 0.63 : 0.2 : 0.17 بولدى. ئۇلارنىڭ ئالغان پايدىسى 87 مىليون 970 مىڭ يۈەن، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 4310 يۈەن بولدى، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمى 2435 يۈەن بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 274 يۈەن كۆپەيدى.

2000 - يىلى يەرلىك دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، باغۋەنچىلىك مەيدانلىرىنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتى 143 مىڭ 500 توننا، پاختا مەھسۇلاتى 35 مىڭ 100 توننا، ياغلىق دان مەھسۇلاتى 9400 توننا، شېكەر ماتېرىيالى 40 مىڭ 100 توننا، مېۋە - چېۋىسى 69 مىڭ 900 توننا، قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتاتلىرى 114 مىڭ 100 توننا، گۆش مەھسۇلاتى 9300 توننا، سۈت مەھسۇلاتى 8500 توننا، قوي يۇڭى 800 توننا، تۇخۇم 13 مىڭ 800 توننا، سۇ مەھسۇلاتلىرى 1400 توننا بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا 1622 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چوڭ چارۋا 68 مىڭ 300 تۇياق، چوشقا 30 مىڭ 400 تۇياق، قوي 464 مىڭ 800 تۇياق بولدى، مۇشۇ بىر يىلدا ئائىلىدە بېقىلغان ئۆي

قۇشلىرى 1 مىليون 752 مىڭ 200گە يەتتى. 347 مىڭ 300 توننا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىلدى، 6 مىليون 930 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى، 1 مىليارد 383 مىليون 450 مىڭ خىش پىشۇرۇلدى. 5000 توننا فابرىكا قەغىزى ۋە قەغەز پەنەركە، 9400 توننا پەمىدۇر قىيامى ئىشلەپچىقىرىلدى، 30 مىڭ توننىدىن كۆپ پاختا پىششىقلاندى.

تۇراقلىق مۈلۈككە 91 مىليون 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 62 مىليون 920 مىڭ يۈەن. يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 27 مىليون 920 مىڭ يۈەن. يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن ئۈنۈملۈك سۇغىرىلىدىغان كۆلەم 1400 گېكتار، يېڭىدىن مېۋىلىك دەرەخ تىككىلگەن يەر 1500 گېكتار بولدى. يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور 51 بولۇپ، قۇۋۋىتى 2.99 كىلوۋات، كىچىك تىپتىكى تراكتور 524، قۇۋۋىتى 5.78 كىلوۋات؛ يۈك ئاپتوموبىلى 19، ماشىنىغا سۈرتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى 345، ئۆسۈملۈك ئاسراش ماشىنىسى 70، دان قۇرۇتۇلىدىغان سېمونت مەيدان 17 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر، يېڭىدىن ياسالغان تاشيول 77 كىلومېتىر، تارتىلغان تېلېفون سىم يولى 90 كىلومېتىر، يېڭىدىن سېلىنغان چارۋا، ئۆي قۇشلىرى بېقىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۆي 16 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر، ئولتۇراق ئۆي 88 مىڭ كۋادرات مېتىر.

خۇاڭ لۇڭفېي

# تېرىقچىلىق

## دېھقانچىلىقتىن «مول ھوسۇل ئېلىش پىلانى»

2000 ـ يىلى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق بويىچە «مول ھوسۇل ئېلىش پىلانى» تۈرىدىن 8نى ئۈستىگە ئالدى، بۇنىڭ كۆلىمى 360 مىڭ گېكتار. بۇنىڭ ئىچىدە 1999 ـ يىلدىكىدىن داۋاملاشتۇرۇلغىنى 4 تۈر بولۇپ، كۆلىمى 153 مىڭ گېكتار، بۇلار: «ئەلا سۈپەتلىك بۇغداينى سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى»، بۇنىڭ كۆلىمى 40 مىڭ گېكتار، «كۆممىقوناقنى سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ يۇقىرى ھوسۇللۇق قىلىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى»، بۇنىڭ كۆلىمى 33 مىڭ گېكتار، «كېۋەزنى پاكارغوللۇق، قويۇق، بالدۇر ئېچىلىدىغان قىلىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى»، بۇنىڭ كۆلىمى 80 مىڭ گېكتار، «شىمالدىكى ‹تۆت ئورۇن بىر گەۋدە بولۇش، ئېكولوگىيىلىك ئەندىزىسى›نى قۇرۇش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىدىغان ئائىلە 80. 2000 ـ يىلى يېڭىدىن 4 تۈر بولغا قويۇلدى، بۇنىڭ كۆلىمى 207 مىڭ گېكتار، بۇلار: «بۇغداينى يوپۇق يېپىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى»، بۇنىڭ كۆلىمى 47 مىڭ گېكتار، «بۇغداي، كۆممىقوناقتىكى كېمەللىك، ھاشارات ئاپىتىنى ئۈنۈملۈك يىلنى تېزگىنلەش تېخنىكىسىدىن ئۈلگە كۆرسىتىش ۋە ئۇنى كېڭەيتىش»، بۇنىڭ كۆلىمى 67 مىڭ گېكتار، «پاختىنىڭ يېڭى سورتىنى كېڭەيتىش»، بۇنىڭ كۆلىمى 53 مىڭ گېكتار، «شاخ ـ شۇمبىنى ئېتىزغا قايتۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش تېخنىكىسى»، بۇنىڭ كۆلىمى 40 مىڭ گېكتار. شىنجاڭ دېھقانچىلىقتىن «مول ھوسۇل ئېلىش پىلانى» تۈرىدىن 3نى ئورۇنلاشتۇردى، بۇنىڭ كۆلىمى 373 مىڭ گېكتار. بىر يىل يولغا قويۇش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرلۈك «مول ھوسۇل ئېلىش پىلانى» تۈرىدىن 11ى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، بۇنىڭ كۆلىمى 787 مىڭ گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداينىڭ 187 مىڭ گېكتار، كۆممىقوناقنىڭ 206 مىڭ گېكتار، كېۋەزنىڭ 279 مىڭ گېكتار، 115 مىڭ گېكتار يەرگە شاخ ـ شۇمبا قايتۇرۇلدى ۋە 80 ئائىلىدە شىمالنىڭ «تۆت ئورۇن بىر گەۋدە بولۇش» ئېكولوگىيىلىك ئەندىزىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىلدى.

ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ ستاتىستىكا قىلىشىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىقتىن «مول ھوسۇل ئېلىش پىلانى»دا ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن ئاشلىق زىرائەتلىرى كۆلىمى 393 مىڭ گېكتار بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق زىرائەتلىرى كۆلىمىنىڭ %83.26نى، ئومۇمىي ئاشلىق 2 مىليون 260 مىڭ توننا بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي ئاشلىقنىڭ %83.28نى ئىگىلىگەن، ھەربىر گېكتار يەرنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 7142.6 كىلوگرام بولغان؛ كېۋەز كۆلىمى 279 مىڭ گېكتار بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە كېۋەز كۆلىمىنىڭ %65.27نى، ساپ پاختا ھوسۇلى 479 مىڭ 100 توننا بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي ساپ پاختا ھوسۇلىنىڭ %94.31نى ئىگىلىگەن، ھەربىر گېكتار يەرنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ پاختا بىرلىك ھوسۇلى 1717.2 كىلوگرام بولغان؛ شاخ ـ شۇمبا قايتۇرۇلغان يەر كۆلىمى 115 مىڭ گېكتار بولۇپ، قايتۇرۇلغان شاخ ـ شۇمبا 1 مىليون 80 مىڭ توننىغا يەتكەن؛ شىمالنىڭ «تۆت ئورۇن بىر گەۋدە بولۇش» ئېكولوگىيىلىك ئەندىزىسى 80 ئائىلىدە ئۈلگە كۆرسىتىلگەن ھەمدە 100 ئائىلىگە رادىئاتسىيىلىك كېڭەيتىلگەن، ھەر ئائىلىنىڭ يىللىق قولدىن چىقارغان تىرىك چوشقىسى 10 تۇياق (ياكى 150 تۇياق قوي)، ئىشلەپچىقارغان پاتقاق گازى 300 كۇب مېتىر، پاتقاق ئوغۇتى 160 مىڭ كۇب مېتىر، ئىشلەپچىقارغان كۆكتاتى،

يېمەكلىك باكتېرىيىسى 3500 كىلوگرام بولۇپ، قوشۇلما قىممىتى 10 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن؛ 80 گەندىزە ئائىلىسىنىڭ يىللىق قوشۇلما مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون يۈەن بولغان.

2000 - يىلى جايلار 7 مىليون 27 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ، دېھقانچىلىقتىن «مول ھوسۇل ئېلىش پىلانى» تۈرىنى يولغا قويۇشقا سەرپ قىلدى، جەمئىي 79 مىڭ 200 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، 15 مىڭ 500 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 6200 توننا دېھقانچىلىق دورىسى ئىشلەتتى. 939 نەپەر كادىر ۋە ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا خادىمى تۈرلەرنى يولغا قويۇش خىزمىتىگە قاتناشتى، 1836 قېتىم نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلىپ، بۇنىڭغا 137 مىڭ ئادەم (قېتىم) قاتناشتى، 4639 قارار تۈرلۈك شەكىلدىكى كۇرس ئېچىلىپ 375 مىڭ ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى، 744 مىڭ پارچە پەن - تېخنىكا ماتېرىيالى بېسىپ تارقىتىلدى.

لىيۇ يۇڭزې

## ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭدا 1 مىليون 465 مىڭ گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 57 مىڭ گېكتار ئازايدى، ئاشلىق مەھسۇلاتى 8 مىليون 200 مىڭ توننا بولۇپ، 1.8% تۆۋەنلىدى، ھەر گېكتار يەرنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 5595 كىلوگرامغا يېتىپ، 90 كىلوگرام كۆپەيدى. بازار ئېھتىياجى ۋە تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشىگە، شۇنىڭدەك جايلارنىڭ سېلىشتۇرما ئۈستۈنلۈكىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ مۇقىم ئېشىشى ساقلاپ قېلىنىپ، سۈپىتى ئۈستۈرۈلۈپ، ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنچا بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە تەڭپۇڭ بولۇش، بۇغداي، شال قاتارلىق ئوزۇقلۇق ئاشلىققا نۇقتىلىق كاپالەتلىك قىلىش تەلىپى ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ئەلا سۈپەتلىك مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان بۇغداي، ئەلا سۈپەتلىك كۆممىقوناق، پۇرچاق، قارا ئاشلىق قاتارلىق ئالاھىدە ئاشلىق ئاكتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، يېمەكلىك ئاشلىقى، مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئاشلىق، يەم - بوغۇز ئاشلىقى، ئالاھىدە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتى پەيدىنپەي شەكىللەندۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە سۈپەتلىك بۇغداي كۆلىمى 100 مىڭ گېكتارغا، مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان بۇغداي كۆلىمى 3300 گېكتارغا كېڭەيتىلدى.

ۋۇ گوچياڭ

## پاختا ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭدا 1 مىليون 12 مىڭ 300 گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىلىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 16 مىڭ 400 گېكتار كۆپەيتىلدى، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليون 500 مىڭ توننا بولۇپ، 6.6% ئاشتى، ھەر گېكتار يەرنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 1470 كىلوگرامغا يېتىپ، 60 كىلوگرام ئاشتى. پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى، ئومۇمىي مەھسۇلاتى، يۆتكەپ چىقىرىلىش مىقدارى ۋە ئومۇمىي يۆتكۈلەي مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتتى. ئۇنىڭدىن باشقا شىنجاڭدا «شىنجاڭ پاختا سورتىنىڭ ئېكولوگىيىلىك رايونلار بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش پىكرى» ئېلان قىلىنىپ، تېرىقچىلىق قېلىپلاشتۇرۇلدى، سورت ئەلالاشتۇرۇلدى، سۈپەتكە ھۇجۇم قىلىنىپ، سۈپەت ئۈستۈرۈلدى. مۇشۇ يىلدا پاختىنىڭ سۈپىتى 1999 - يىلدىكىدىن كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولدى، ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىۋېلىنغان پاختىنىڭ بىرىنچىدىن ئۈچىنچىگىچە بولغانلىرىنىڭ نىسبىتى سېتىۋېلىنغان ئومۇمىي مىقدارنىڭ 93%نى ئىگىلەپ، 1999 - يىلدىكىدىن 25 پىرسەنت پوئىنتى يۇقىرى بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە كەڭ ئەنلىك يوپۇق يېپىپ ئۈستۈرۈش، تۇپراقنى مۆلچەرلەپ نىسبەت بويىچە ئوغۇتلاش، كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەش قاتارلىق مۇنتىزىم تېخنىكىلار چىڭ تۇتۇلغانلىقى سىرتىدا، ئاساسلىق پاختا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان 18 ناھىيە (شەھەر) دە كېۋەزنىڭ ھەر گېكتاردىن 1800 كىلوگرام پاختا ئېلىشتىن ئىبارەت يۇقىرى ھوسۇل ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش پائالىيىتى نۇقتىلىق ھالدا تۇتۇلدى، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئارقىلىق 187 مىڭ 300 گېكتار كېۋەزلىكتە كۆزلەنگەن نىشانغا يېتىلدى. ئەلا سۈپەتلىك قۇرۇقلۇق پاختىسى ئىشلەپچىقىرىش چىڭ تۇتۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇزۇن تالالىق پاختا، جۇڭگو ئۇزۇن تالالىق پاختىسى ۋە تەبىئىي رەڭلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىشنىمۇ يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە رەڭلىك پاختا تېرىلغان كۆلەم 4000 گېكتارغا يەتتى.

ماشۈەن

## قىزىلچا ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭدا 55 مىڭ 700 گېكتار يەرگە قىزىلچا تېرىلىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 22 مىڭ 800 گېكتار ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ 38 مىڭ 200 گېكتار، بىڭتۈەننىڭ 17 مىڭ 500 گېكتار. ئومۇمىي مەھسۇلاتى 2 مىليون 926 مىڭ 500 توننا، بىرلىك مەھسۇلاتى 52.54 توننا/گېكتار بولدى، شېكەر ئىشلەش كارخانىلىرى 2 مىليون 640 مىڭ توننا قىزىلچا سېتىۋېلىپ، 285 مىڭ توننا شېكەر ئىشلەپچىقاردى. تېرىلغان قىزىلچا سورتلىرى «شىنجاڭ قىزىلچىسى — 6، 10، 8، 4»، «9103»، «ئۆزگەرتىلگەن شىنجاڭ قىزىلچىسى — 6» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئاپتونوم

رايون بويىچە قىزىلچا كۆلىمىنىڭ ئازىيىپ كېتىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب مۇنۇلار: بىرىنچى، 1999 - يىلى خەلقئارا، دۆلەت ئىچىدىكى شېكەر بازارلىرىنىڭ پالەچ ھالغا چۈشۈپ قېلىشى، ئەتكەسچىلىك بىلەن كىرگەن شېكەرلەرنىڭ ھۇجۇمى ۋە شېكەر ماتېرىياللىرى سېتىۋېلىش باھاسىنىڭ تۆۋەن بولغانلىقىنىڭ تەسىرىدىن بولدى. ئىككىنچى، ئاپتونوم رايوندىكى 16 شېكەر ئىشلەش كارخانىسىنىڭ 9ى ۋەيران بولۇپ، پەقەت 7 سى ساقلاپ قېلىندى ياكى ئۇنىڭغا مەدەت بېرىلدى ۋە قايتا تەشكىل قىلىندى. ئۈچىنچى، شېكەر زاۋۇتلىرىنىڭ قەرزى بىر قەدەر ئېغىر بولغاچقا، دېھقانلاردىن سېتىۋېلىنغان قىزىلچىنىڭ پۇلىنى ۋاقتىدا بېرەلمەسلىك قاتارلىق ئامىللار تەسىر كۆرسەتتى.

رېقەت

## ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭدا 310 مىڭ گېكتار يەرگە ياغلىق دان تېرىلىپ، 601 مىڭ 300 توننا ھوسۇل ئېلىندى. ياغلىق دان زىرائەتلىرى تېرىلغان كۆلەم ئىچىدە، ئاپتاپپەرەس 157 مىڭ گېكتار بولۇپ، %50.6نى ئىگىلىدى، ئۇنىڭ مەھسۇلاتى 354 مىڭ 700 توننىغا يەتتى؛ قىچا 96 مىڭ 200 گېكتار بولۇپ، %31نى ئىگىلىدى، ئۇنىڭ مەھسۇلاتى 150 مىڭ توننا بولدى؛ زىغىر 24 مىڭ 500 گېكتار بولۇپ، %7.9نى ئىگىلىدى، ئۇنىڭ مەھسۇلاتى 35 مىڭ 900 توننا بولدى؛ خاسىڭ 4700 گېكتار بولۇپ، %1.5نى ئىگىلىدى، ئۇنىڭ مەھسۇلاتى 20 مىڭ توننا بولدى؛ كۈنجۈت 700 گېكتار بولۇپ، %0.22نى ئىگىلىدى، ئۇنىڭ مەھسۇلاتى 700 توننا بولدى؛ زاراڭزا، ياغ كەندىرى، ئابدىسلىك قاتارلىق باشقا ئۇششاق - چۈششەك ياغلىق دان زىرائەتلىرى 26 مىڭ 900 گېكتار بولۇپ، ئۇلاردىن 40 مىڭ توننا ھوسۇل ئېلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېسابتا 8.33 كىلوگرامدىن ياغلىق دان توغرا كەلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىشتا، بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن مورتلارنىڭ قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، «ئىككى تۆۋەن» قىچا، ئەلا سۈپەتلىك يۇقىرى ھوسۇللۇق قىچا زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىلدى. زاراڭزا پائال تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، زىغىر، خاسىڭ، كۈنجۈت قاتارلىق ئۆزگىچە ياغلىق دان زىرائەتلىرى مۇۋاپىق تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. شىمالىي شىنجاڭدا قىچا، زاراڭزا ئىشلەپچىقىرىش ۋە ھەر قايسى جايلاردا ئۆزگىچە ياغلىق دان زىرائەتلىرى نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلدى.

ۋۇ گوچياڭ

## قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭدا 293 مىڭ گېكتار يەرگە قوغۇن - تاۋۇز ۋە مېۋە - چېۋە تېرىلىپ، ئۇنىڭدىن 3 مىليون 300 مىڭ توننا ھوسۇل ئېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە باغ 233 مىڭ گېكتار بولۇپ، 1 مىليون 500 مىڭ توننا ھوسۇل ئېلىندى؛ قوغۇن - تاۋۇز 60 مىڭ گېكتار بولۇپ، 1 مىليون 500 مىڭ توننا ھوسۇل ئېلىندى.

بىرىنچى، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى تېزلىكتە كېڭەيتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 47 مىڭ گېكتار يەرگە يېڭىدىن مېۋىلىك دەرەخ (ئاساسلىقى نەشپۈت، ئۈزۈم، ئۆرۈك، ئانار، چىلان، ياڭاق قاتارلىق) تىكىلدى. قوغۇن - تاۋۇز ئىشلەپچىقىرىشتىمۇ بىر تۈركۈم يېڭى قوغۇن - تاۋۇز رايونلىرى ئېچىلدى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇش دائىرىسىمۇ تېزدىن كېڭەيتىلدى، ئالتاي قاتارلىق جايلاردىمۇ قوغۇن - تاۋۇز ئىشلەپچىقىرىش زور كۆلەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشقا باشلىدى.

ئىككىنچى، پەن - تېخنىكا تەركىبى زورايتىلدى. تۈرلۈك ئىلغار يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى قوغۇن - تاۋۇز ئىشلەپچىقىرىشىدا بارغانسېرى كەڭ قوللىنىلدى. قوش يوپۇقلۇق لاپاستا ئۆستۈرۈش، تۇپراقسىز يېتىشتۈرۈش، مايسا كۆچۈرۈپ ئۆستۈرۈش، پۈركۈپ سۇغىرىش، ستېرېئولۇق ئۆستۈرۈش، ئەسلىھەلىك باغۋەنچىلىك قاتارلىق تېخنىكىلار مۇئەييەن كۆلەمدە ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

ئۈچىنچى، «زاكازلىق يېزا ئىگىلىكى»نىڭ قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە ئىشلەپچىقىرىشى جەريانىدىكى تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولدى. قىسمەن رايونلارنىڭ قۇرۇق ئۈزۈم، گازىر تاۋۇزى ئىشلەپچىقىرىشىدا زاكاز بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، جايلارنىڭ بازار ئېڭى، ماركا ئېڭى پەيدىنپەي يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

تۆتىنچى، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشى ۋە غەربىي رايونلارنى ئېچىشتا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنىڭ جەلپ قىلىشى تۈپەيلىدىن، بىر تۈركۈم بازارغا قاتناشقان شىركەتلەر، خەلق باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلار، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى دېھقانلار قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئاكتىپ مەبلەغ سالدى. شىنجاڭ «شىنتيەن» خەلقئارا چەكلىك شىركىتى ئۈزۈمدىن ھاراق ئىشلەشنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئالىي ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەپچىقاردى. شىنجاڭ نەشپۈتچىلىك گۇرۇھى شىركىتى كەسپلىشىشتىكى باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىلگىرىكى، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى، ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەتنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نەشپۈتچىلىك كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا

ئۆرتكە بولدى. ئۆرمۇن رايونلار بەر ھۆددىگەرلىكى بويىچە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئىگىلىكى ئۆلكىلەردىكى چوڭ ـ چوڭ ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى شىنجاڭغا كېلىپ مېۋىلىك باغ ھۆددە ئېلىشقا جەلپ قىلدى.

مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئاساسلىق مەسىلە شۇكى، قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە ـ چېۋە بازىرىنىڭ ئېچىلىش سالمىقى كىچىك بولغاچقا، رايون ئىچىدىكى ئىستېمال بازىرى چەكلىك بولۇپ قالدى، رايون سىرتىدىكى بازارلار تېخى ئېچىلمىغاچقا، بەزى قىسىم مېۋىلەر بېسىلىپ قېلىش ئەھۋالى كۆرۈلدى.

خالزات

## پىلە ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2000 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە 216 مىڭ قۇتا پىلە ئۇرۇقى تارقىتىلىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن 25 مىڭ قۇتا كۆپ بولدى، ئۇنىڭدىن ئېلىنغان ھوسۇل 3100 تونna بولۇپ، 240 تونna ئازىيىپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەتىيازلىق پىلە ئۇرۇقى 127 مىڭ قۇتا بولۇپ، 2100 تونna پىلە ئېلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا پىلىنىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى 11.5 يۈەن بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 35 مىليون يۈەن، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى 30 مىليون يۈەن بولدى.

2000 ـ يىلى پىلە غوزىكى مەھسۇلاتىنىڭ كەملەپ كېتىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، پىلە غوزىكى ئىشلەپچىقىرىلىدىغان خوتەن ۋىلايىتىدە ئەتىيازدا كېيىنكى لىچىنكىسىنىڭ زىيىنى ئېغىر بولغاچقا، ئەتىياز پەسلىدە بىرقىسىم ئۈجمە يوپۇرمىقى يېيىلىپ بولغانلىقتىن، پىلە قۇرتى بېقىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۈجمە يوپۇرمىقى يېتىشمەي، پىلىنىڭ يېتىلىشى كېچىكىپ قالدى، پىلە بېقىشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئۈجمە يوپۇرمىقىنىڭ سۈپىتى كونىراپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتىيازدىكى كېيىنكى لىچىنكىسىدىن مۇداپىئە كۆرۈشتە دورا مۇۋاپىق ئىشلىتىلمەي، پىلە قۇرتىنىڭ زەھەرلىنىپ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى، شۇنىڭ بىلەن پىلىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى تۆۋەنلەپ كەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلات ئاران 14 كىلوگرام بولۇپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن 3 كىلوگرام ئازلاپ، يىلىپ ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىشىغا تەسىر يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 150 مىليون تۈپ ئۆپچۆرىسىدە ئۈجمە دەرىخى ساقلىنىپ قالدى.

غالىپ

## «كۆك ـ تاق» قۇرۇلۇشى

2000 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە 116 مىڭ گېكتار يەرگە كۆكتات تېرىلىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %33.3 كۆپەيدى، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 4 مىليون 350 مىڭ تونnaغا يېتىپ، %33.8 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە پارنىك، چوڭ لاپاس كۆلىمى 7200 گېكتار بولۇپ، %13.6 ئاشتى. ئىشلەپچىقىرىلغان تۈرلۈك يېڭى يازلىق كۆكتاتلار 520 مىڭ تونna بولۇپ، %30 كۆپەيدى. قولدىن چىقىرىلغان كالا، قوي 21 مىليون 718 مىڭ 900 تۇياققا يېتىپ، %10.4، گۆش مەھسۇلاتى 900 مىڭ تونnaغا يېتىپ، %10.5، تۇخۇم 185 مىڭ 300 تونnaغا يېتىپ، %11، سۈت مەھسۇلاتى 782 مىڭ 300 تونnaغا يېتىپ %11.1؛ سۇ مەھسۇلاتلىرى 58 مىڭ 900 تونnaغا يېتىپ، %5.1 ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرا ھېساباتا كىشى بېشىغا 240.6 كىلوگرامدىن كۆكتات، 49.8 كىلوگرامدىن گۆش، 43.3 كىلوگرامدىن سۈت، 10.2 كىلوگرامدىن تۇخۇم، 3.7 كىلوگرامدىن سۇ مەھسۇلاتلىرى توغرا كەلدى.

گۈلنار

# چارۋىچىلىق

## چارۋىچىلىق ھەققىدە ئومۇمىي بايان

2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قولدا قالغان چارۋا 45 مىليون 247 مىڭغا يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %2.9 ئاشتى. قولدىن چىقىرىلغان چارۋا 24 مىليون 559 مىڭ 900 گە يېتىپ، %10.4 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاۋار چارۋا 17 مىليون 928 مىڭ 800، ئاۋارلىشىش نىسبىتى %73 بولۇپ، 2.9 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى. ئېلىنغان گۆش 900 مىڭ تونnaغا يېتىپ، %10.6؛ سۈت 782 مىڭ 300 تونna (بۇنىڭ ئىچىدە كالا سۈتى 725 مىڭ 400 تونna) غا يېتىپ، %11.04؛ تۇخۇم 18 مىليون 530 مىڭ تونnaغا يېتىپ، %11.1؛ قوي يۇڭى 66 مىڭ 700 تونna (بۇنىڭ ئىچىدە ئىنچىكە قوي يۇڭى 28 مىڭ 900 تونna) غا يېتىپ، %2.6؛ ئۆچكە تىۋىتى 12.893 تونnaغا يېتىپ، %5.2 ئاشتى. 2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شىنجاڭدا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن گۆش 50.7 كىلوگرامغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن 2.7 كىلوگرام يۇقىرى بولدى؛ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن سۈت 44.1 كىلوگرامغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيىنىڭ 6.89 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى؛ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن تۇخۇم 10.4 كىلوگرام بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن 6.3 كىلوگرام تۆۋەن بولدى.

2000 ـ يىلى شىنجاڭ چارۋىچىلىقىنىڭ ئىقتىسادىي ھەرىكىتى ياخشى بولدى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1618.08 يۈەنگە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن

91 .144 يۈەن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىق كىرىمى 54 يۈەن بولۇپ، 37.3%نى ئىگىلىدى. چارۋىچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليارد 415 مىليون يۈەنگە يەتتى (ھازىرقى باھا بويىچە ھېسابلاندى).

ۋاڭ لىجيەن

## ئوتلاق قۇرۇلۇشى

2000 - يىلى شىنجاڭدا قۇرۇلغان ئوتلاق كۆلىمى 157 مىڭ 200 گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىپ بەرپا قىلىنغان ئوتلاق 34 مىڭ 600 گېكتار، ياخشىلانغان ئوتلاق 86 مىڭ گېكتار، قاشالانغان ئوتلاق 36 مىڭ 600 گېكتار. 8230 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتى.

2000 - يىلى تارىم دەرياسىنىڭ سۇچىلىق قۇرۇلۇشى پىلانى ۋە تارىم دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى تۈرىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇش تۈرى پىلانى تاماملاندى، ئۇنىڭدا 13 مىڭ 333 گېكتار سۇنئىي يەم - خەشەك بازىسى بەرپا قىلىش، 53 مىڭ 333 گېكتار يەردىكى ئوتلاقنى ياخشىلاش، 668 گېكتار يەردە سۇپەتلىك ئوت - چۆپ ئۇرۇقى بازىسى بەرپا قىلىش، 20 مىڭ 666 گېكتار يەردە چۇچۇكبۇيا، لوپنۇر كەندىرى قاتارلىق 4 خىل ئىقتىسادىي زىرائەت مۇھاپىزەت رايونى بەرپا قىلىش پىلانلاندى. شىخو، يەكەن قاتارلىق 7 جايدا قۇرغاقچىلىققا چىداملىق ئوتلاق بەرپا قىلىشتا ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرى ئۆستىدىكى مۇمكىنچىلىك تەتقىقات دوكلاتى تۈزۈش خىزمىتى تاماملاندى. 5 تەبىئىي ئوتلاقنى قوغداش ۋە قۇرۇش تۈرى ئۈستىدىكى مۇمكىنچىلىك تەتقىقات دوكلاتىنى تۈزۈش خىزمىتى تاماملاندى، پىلانلانغان كۆلەم 30 مىڭ گېكتار كېلىدۇ.

جى خۇڭلياڭ

## يايلاقلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى

2000 - يىلى دۆلەت شىنجاڭغا تەبىئىي ئوتلاقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش تۈرىدىن 5نى ئورۇنلاشتۇردى، 5 تۈرگە تاشقورغان، ماناس، كۆكتوقاي، غۇلجا، باركۆلدىن ئىبارەت 5 ناھىيە تاللاندى. بۇ تۈرلەردە ئاساسلىقى، ئاساسىي ئوتلاق بەرپا قىلىش، يەم - خەشەك ئوتى تېرىش، قاشالانغان ئوتلاقنى ياخشىلاش قاتارلىق تېخنىكىلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق تەبىئىي ئوتلاقنى قوغداش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەقسىتىگە يېتىلىدۇ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 28 مىڭ گېكتار كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي ئوتلاق 1300 گېكتار، يەم - خەشەك ئوتى تېرىش بازىسى 12 مىڭ گېكتار، قاشالىنىدىغان ئوتلاق 14 مىڭ 700 گېكتار. بۇ تۈرلەرگە 57 مىليون 120 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، 2001 - يىلى قۇرۇلۇش باشلىنىدۇ، بىر يىلدا پۈتكۈزۈلىدۇ.

جى خۇڭلياڭ

## ئوتلاق نازارەتچىلىكى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى ئوتلاق نازارەتچىلىكى ئاپپاراتلىرى چۇچۇكبۇيا يىلتىزى چاكاندىنى قېزىش ۋە يۈتكەشتە قېزىش گۇۋاھنامىسى ۋە يۆتكەش گۇۋاھنامىسى بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. يايلاقلاردىكى دورىلىق ياۋا ئۆسۈملۈكلەرنى باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئوتلاق بايلىقىنى ئۈنۈملۈك قوغدىدى.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئوتلاق نازارەتچىلىكى ئاپپاراتلىرى ئوتلاقلارنى قانۇنسىز ئېچىش دېلوسىدىن 67نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، بۇ دېلولارغا چېتىشلىق ئوتلاق كۆلىمى 39 مىڭ گېكتار كېلىدۇ، 2 مىليون 280 مىڭ يۈەن ئوتلاق باشقۇرۇش ھەققىنى يىغىۋالدى. ئوتلاقلاردىن قېزىلغان 7 .1714 توننا دورىلىق ياۋا ئۆسۈملۈكنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، 241 مىڭ 900 يۈەن يايلاق بايلىقى ھەققىنى تۆلەتتۈردى. 2 قارار كۇرس ئېچىپ، ئوتلاق نازارەتچىلىكى خادىمىدىن 270 نەپەرنى تەربىيىلىدى.

جى خۇڭلياڭ

## ئوتلاقلاردىكى ھاشارات ۋە چاشقان ئاپىتىنى يوقىتىش

2000 - يىلى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، بورتالا، سانجى، قۇمۇل، تۇرپان، ئۈرۈمچى، بايىنغولىن، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە كەڭ كۆلەمدە چېكەتكە ئاپىتى ۋە باشقا ھاشارات ئاپىتى يۈز بەردى. ئاپەت ئوتلاق چېكەتكىسىنى ئاساس قىلدى، دېھقانچىلىق رايونى بىلەن چارۋىچىلىق رايونى تۇتىشىدىغان جايلاردا ۋە ئېتىزلاردىمۇ ئاپەت خېلى كەڭ يۈز بەردى. ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى چېكەتكە، چاشقان ئاپىتىنى مۆلچەرلەش - ئالدىن مەلۇمات بېرىش - ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش پونكىتلىرىنىڭ بەلگىلىك ئورۇن - دائىرىدىكى قائىدىلىك تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە ھاشارات ئاپىتى يۈز بەرگەن ئوتلاق كۆلىمى 2 مىليون 799 مىڭ گېكتارغا، ئېغىر ئاپەت يۈز بەرگەن كۆلەم 1 مىليون 437 مىڭ گېكتارغا، زىرائەتتى نابۇت بولغان ئېتىزلىق 11 مىڭ 300 گېكتارغا يەتكەن. چاشقان ئاپىتى يۈز بەرگەن كۆلەم 2 مىليون 746 مىڭ 800 گېكتارغا، ئېغىر ئاپەت يۈز بەرگەن كۆلەم 760 مىڭ گېكتارغا يەتكەن. 2000 - يىلى چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەرگەن رايونلاردىكى ئاساسلىق زىيانلىق چېكەتكە تۈرى ئىتالىيە چېكەتكىسى ۋەكىللىكىدىكى تاغىل قاناتلىق چېكەتكە تۈرى، سىبىرىيە چېكەتكىسى، قىيغۇچلۇق تاغىل چېكەتكە،

كىچىك قاناتلىق دوڭ چېكەتكە، چۈمۈلىسىمان چېكەتكىدىن ئىبارەت. بۇلار بىلەن تەڭ، ئاسىيا چېكەتكىسىنىڭ كۆرۈلۈشىمۇ خېلى ئېغىر بولدى، بۇ چېكەتكە 175 مىڭ گېكتار يەردە كۆرۈلدى، ئېغىر كۆرۈلگەن كۆلەم 122 مىڭ گېكتار.

ئىلى ۋىلايىتىدە، چېكەتكە ئەڭ باشتا قورغاس ناھىيىسى، غۇلجا شەھىرى، غۇلجا ناھىيىسىدىكى ئېدىرلىق رايونلاردا كۆرۈلۈپ، ئاستا - ئاستا غەربتىن شەرققە تارالدى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، نىلقا، توققۇزتارا، تېكەس، كۈنەس، چاپچال ناھىيىلىرىدىكى ئوتلاقلاردا كەڭ دائىرىدە كۆرۈلدى، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى تۆۋەن جايلاردىن دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئېگىز جايلاردا يامرىدى. 6 - ئاي كىرگەندىن كېيىن، چۆچەك، چاغانتوقاي، تولى، قوبۇقسار، دۆربىلجىن، شىخو، ساۋەنلەردە ئارقا - ئارقىدىن كەڭ كۆلەمدە چېكەتكە ئاپىتى بولدى، ئاپەت كۆرۈلگەن كۆلەم 538 مىڭ گېكتارغا، ئېغىر ئاپەت كۆرۈلگەن كۆلەم 311 مىڭ 300 گېكتارغا يەتتى. ئالتاي ۋىلايىتىدە ھەر كۋادرات مېتىر يەردە چېكەتكىنىڭ تۇخۇملاش زىچلىقى 10 مىڭدىن 15 مىڭغىچە بولدى. تارقالغاندىن كېيىنكى چېكەتكە زىچلىقىمۇ ھەر كۋادرات مېتىر يەردە 20 دىن ئاشتى. 2000 - يىلى چىمىنەي، ئالتاي، قابا قاتارلىق جايلاردا چېكەتكىنىڭ يۈز بېرىشى خېلى ئېغىر بولدى. بۇرچىن، بۇرۇلتوقاي، كۆكتوقاي، چىڭگىللەردىمۇ چېكەتكە ئاپىتى كۆرۈلگەن كۆلەم مىليون گېكتارغا يەتتى. بورتالا ئوبلاستىنىڭ ئارىشاڭ، جىڭ، بورتالا قاتارلىق جايلىرىدا چېكەتكە ئاپىتى خېلى كەڭ دائىرىدە كۆرۈلدى. سانجى ئوبلاستى دائىرىسىدە چېكەتكە ئاپىتى نىسبەتەن يېنىكرەك بولدى، قىسمەن رايونلىرىدا پارچە - پۇرات كۆرۈلدى، ئەمما زىچلىقى يۇقىرى بولدى. مورى، گۇچۇڭ، جىمسار، فۇكاڭلاردا 177 مىڭ 300 گېكتار يەردە چېكەتكە ئاپىتى كۆرۈلدى، ئېغىر ئاپەت كۆرۈلگەن كۆلەم 124 مىڭ 300 گېكتارغا يەتتى؛ ماناس، قۇتۇبى، سانجى، سىجۇەنلەردە 256 مىڭ 700 گېكتار يەردە چېكەتكە ئاپىتى كۆرۈلدى، ئېغىر ئاپەت كۆرۈلگەن كۆلەم 180 مىڭ گېكتارغا يەتتى. تۇرپان ئويمانلىقىدىكى توقسۇن ناھىيىسىنىڭ بوستان، ئىلانلىق يېزىلىرىدا يەنە ئاسىيا چېكەتكىسى كۆرۈلدى، ۋىلايەت بويىچە 120 مىڭ گېكتار يەردە چېكەتكە كۆرۈلدى، ئېغىر ئاپەت كۆرۈلگەن كۆلەم 53 مىڭ 300 گېكتارغا يەتتى. قۇمۇل ۋىلايىتىدە 120 مىڭ گېكتار يەردە چېكەتكە كۆرۈلدى، ئېغىر ئاپەت كۆرۈلگەن كۆلەم 66 مىڭ 700 گېكتارغا، ھەر كۋادرات مېتىر يەردىكى ئوتتۇرىچە زىچلىقى 60 — 80گە يەتتى. بايىنبۇلاق يايلىقىدا يەنىلا مەلۇم دائىرىدە چۈمۈلىسىمان چېكەتكە پەيدا بولۇپ، 3300 گېكتار يەرگە زىيان سالدى.

ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ئوتلاقلاردا يەنىلا چېكەتكە بىلەن مالا كوزسان يوپۇرماق تۈكلۈك پەرۋانىسىنىڭ زىيىنى ئېغىر بولدى. قەشقەر ۋىلايىتىدە 3700 گېكتار ئوتلاقتا يېپىشقاق قۇرت تارقالدى. خوتەن ۋىلايىتىدە سېرىق يەر بولۇۋىسى بىلەن ماگدامچى قۇرتىنىڭ زىيىنى ئېغىر بولدى، ئېغىر ئاپەت كۆرۈلگەن كۆلەم 12 مىڭ 700 گېكتارغا يەتتى.

2000 - يىلى شىنجاڭدا ئوتتۇراھالدىن تۆۋەنرەك دەرىجىدە چاشقان ئاپىتى يۈز بەردى. ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدە ئاساسلىقى توشقان قۇيرۇق سېرىق چاشقان، چوڭ قۇملۇق چاشقىنىنىڭ زىيانداشلىقى كۆرۈلدى. ئالتاي ۋىلايىتىدە 787 مىڭ گېكتار يەردە چاشقان زىيانداشلىقى كۆرۈلدى، ئېغىر ئاپەت كۆرۈلگەن كۆلەم 262 مىڭ 700 گېكتارغا يەتتى. ساۋۇر تېغىدىكى چاشقان ئاپىتى كۆرۈلگەن رايوندا ھەر گېكتار يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 15 — 27 كىچە چاشقان ئۇۋىسى توغرا كەلدى. كۆكتوقاي، بۇرۇلتوقايدىكى قىسمەن چاشقان ئاپىتى كۆرۈلگەن رايوندا ھەر گېكتار يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 131 ئەتراپىدا چاشقان ئۇۋىسى توغرا كەلدى. ئىلى ۋىلايىتىدە چاشقان زىيانداشلىقى، ئاساسەن موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدىكى ئۈزۈنبۇلاق يايلىقى، سار قوبۇ يايلىقى، ئاقياز يايلىقى ۋە تېكەس ناھىيىسىدىكى قاپسالاڭ يايلىقى تەۋەسىدە كۆرۈلدى. ۋىلايەت بويىچە ئەتىياز پەسلىدە 260 مىڭ گېكتار يەردە چاشقان زىيانداشلىقى كۆرۈلدى، ئېغىر ئاپەت كۆرۈلگەن كۆلەم 140 مىڭ گېكتارغا يەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىلى ۋىلايىتىدە ئېتىزلىق، ئورمانلىقلاردا زىيانداش چاشقان ئەدەپ كەتتى، ئۇلار ئاساسلىقى ئادەتتىكى ئېتىز چاشقىنى، قۇملۇق چاشقىنى، قوڭغۇر ئۆي چاشقىنى قاتارلىق ئوتتۇراھال، چوڭ زىيانداش چاشقاندىن ئىبارەت بولۇپ، ھازىر بۇرۇنقى ئاساسلىق كىچىك ئۆي چاشقىنىنىڭ ئورنىنى ئالدى. سانجى ئوبلاستىدىكى مورى، گۇچۇڭ، جىمسار، فۇكاڭلاردا پەيدا بولغان ئاساسلىق زىيانداش چاشقان چوڭ قۇملۇق چاشقىنى، قارا قۇيرۇق چاشقان، يايلاق توشقان قۇيرۇق چاشقىنى، ئامبار چاشقىنى، قارىغۇ ئېتىز چاشقىنى، تولۇم چاشقان، ئىجتىمائىي دالا چاشقىنى ۋە كىچىك ئۆي چاشقىنىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار 646 مىڭ 700 گېكتار يەرگە زىيان سالدى، جۈملىدىن، شىمالىي قۇملۇقتا 486 مىڭ 700 گېكتار، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكى ۋە دېھقانچىلىق رايونى بىلەن چارۋىچىلىق رايونى تۇتىشىدىن رايوندا 160 مىڭ گېكتار يەرگە چاشقان زىيان سالدى، مورى ناھىيىسىدە چاشقان زىيانداشلىقى خېلى ئېغىر بولدى. ماناس، قۇتۇبى، سانجى، سىجۇەنلەردە ئاساسلىقى ئېتىز چاشقىنى زىيان سالدى. ماناس، قۇتۇبىلاردا ئىقتىسادىي زىرائەت چاشقىنى بىلەن كىچىك ئۆي چاشقىنى ئېتىز، باغ، ئورمانلارغا كۆرۈنەرلىك زىيان سالدى.

قومۇلدىكى جەنۇبىي تاغ تۈزلەڭلىك رايونىدا يېقىنقى 2 يىلدىن بېرى ئېتىز چاشقىنىنىڭ زىيىنى كۆنسىرى ئېغىرلاشماقتا، 2000 - يىلى ۋىلايەت بويىچە 26 مىڭ 700 گېكتار يەرگە چاشقان زىيان سالدى، ئېغىر ئاپەت كۆرۈلگەن كۆلەم 16 مىڭ 700 گېكتارغا يەتتى. چەرچەن، چاقىلىقلاردا بىر نەچچە يىللاردىن بېرى ھىندىستان قارىغۇ چاشقىنى كەڭ تارقالدى، ئۇنىڭ زىيىنىمۇ ئېغىر بولۇۋاتىدۇ. قەشقەر، خوتەنلەردە ئېتىز چاشقىنى بەك ئەدەپ كەتتى، ئۇ كېۋەز، كۆممىقوناق قاتارلىق زىرائەتلەرگە ئېغىر زىيان سالماقتا.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 1 مىليون 102 مىڭ 850 گېكتار يەردىكى چېكەتكە يوقىتىلدى (بۇنىڭ ئىچىدە ئايروپىلان بىلەن يوقىتىلغان كۆلەم 34 مىڭ 850 گېكتار، يەر يۈزىدە ماشىنا ۋە ئادەم كۈچى بىلەن ھەم خىمىيىۋى ئۇسۇلدا يوقىتىلغان كۆلەم 671 مىڭ گېكتار، توخۇ ئارقىلىق يوقىتىلغان كۆلەم 280 مىڭ گېكتار، ئۆردەك بىلەن يوقىتىلغان كۆلەم 68 مىڭ 300 گېكتار، قارىغوجا قاتارلىق قۇشلار ئارقىلىق چېكەتكە ئاپىتى تىزگىنلەنگەن كۆلەم 48 مىڭ 700 گېكتار). چاشقان يوقىتىلغان كۆلەم 618 مىڭ 600 گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە C تىپلىق زەھەر ئارقىلىق چاشقان يوقىتىلغان كۆلەم 266 مىڭ 700 گېكتار، قاپقان، تاختىموشۇڭ ئارقىلىق چاشقان يوقىتىلغان كۆلەم 272 مىڭ گېكتار، خىمىيىۋى ئۇسۇل بىلەن چاشقان يوقىتىلغان كۆلەم 74 مىڭ گېكتار، بىئولوگىيىلىك ئۇسۇلدا چاشقان زىيانداشلىقى تىزگىنلەنگەن كۆلەم 6000 گېكتار. چېكەتكە بىلەن چاشقاننىڭ زىيان سېلىش ۋە يامراپ كېتىش ئەھۋالى ئاساسىي جەھەتتىن تىزگىنلەندى.

شيۇڭ لىڭ

## ئوت ئۇرۇقى بازىسى قۇرۇلۇشى

ئوت ئۇرۇقى جەھەتتىكى تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىش، ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، دۆلەت 2000 - يىلى شىنجاڭغا دۆلەت دەرىجىلىك 3 ئوت ئۇرۇقى بازىسى تۈرىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئۇلار: خېجىڭ ناھىيىسىدىكى مۈرەككەپ كۆللۈك بېدە قاتارلىقلارنى يېتىشتۈرۈش بازىسى؛ ئىلى ۋىلايىتىدىكى ياپما سۈپۈرگە قاتارلىقلارنى يېتىشتۈرۈش بازىسى ۋە تەسكەن قاتارلىق قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق ئوتلارنىڭ ئەسلى سورتىنى يېتىشتۈرۈش بازىسىدىن ئىبارەت. بۇ تۈرلەرگە 57 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2233 گېكتارغا يېتىدۇ، قۇرۇلۇش مۇددىتى بىر يىل. بۇ قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن، ھەر يىلى 649 توننا ھەرخىل ئوت ئۇرۇقى ئىشلەپچىقىرىپ، دۆلەتنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىغا كېرەكلىك سورت ۋە يايلاق قۇرۇلۇشىغا كېرەكلىك سورت جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى بولىدۇ. بۇ 3 تۈرنىڭ قۇرۇلۇشىنى شىنجاڭ ئوتلاق باش پونكىتى بىلەن ئوتلاق تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئالدى.

جى خۇڭليالڭ

## ئوت ئۇرۇقىنى تەكشۈرۈش

2000 - يىلى ئۇرۇمچى ئوت ئۇرۇقىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش - سىناش مەركىزى ئوت ئۇرۇقى ساتىدىغان 28 ئورۇننىڭ تەكشۈرۈشكە ۋەكىل بولالايدۇ دەپ قارىغان 1600 توننا ئوت ئۇرۇقىدىن 108 ئەۋرىشكە، 154 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈردى. 4 ئورۇن ساتقان لاياقەتسىز ئوت ئۇرۇقىنى پېچەتلىدى ھەمدە ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۇلارنى قانۇن بويىچە جازالىدى.

جى خۇڭليالڭ

## يەرلىك دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىلىرى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى يەرلىك دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىسى 153 كە، ئۇلارنىڭ نوپۇسى 403 مىڭ 400گە، كەسپكارى 175 مىڭ 200گە يەتتى، يىل ئاخىرىدا ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 112 مىڭ 500 گە، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچى 11 مىڭغا، پېنسىيە سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشقانلار 7000غا يەتتى.

2000 - يىلى يەرلىك دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 752 مىليون يۈەنگە يەتتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى)، كارخانا ئازلىغانلىق ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، 1999 - يىلدىكىدىن %6.2 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 459 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.1 ئاشتى؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 97 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.2 ئاشتى؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 96 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.5 ئاشتى.

2000 - يىلى يەرلىك دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ ئازلىغانلىق ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 449 مىليون يۈەن (ھازىرقى باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %11.4 ئاشتى. تېرىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 665 مىليون يۈەنگە يېتىپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %45.9نى، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 749 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %51.7نى ئىگىلىدى. مۇشۇ يىلى ئېلىنغان ئاشلىق 225 مىڭ 700 توننا بولۇپ،

3.8% ئازايدى؛ ياغلىق دان 32 مىڭ 500 توننىغا يېتىپ، 3.5% ئاشتى؛ پاختا 21 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، 1.83% ئاشتى؛ شېكەر ماتېرىيالى 77 مىڭ 700 توننا بولۇپ، 19.1% ئازايدى؛ گۆش 57 مىڭ 100 توننىغا يېتىپ، 5.2% ئاشتى؛ كالا سۈتى 64 مىڭ 700 توننىغا يېتىپ، 4.5% ئاشتى؛ قوي يۇڭى 5827 توننا بولۇپ، 0.9% ئازايدى؛ ئۆچكە تىۋىتى 183 توننىغا يەتتى؛ چارۋا 4 مىليون 564 مىڭ 100 گە يېتىپ، 4.4% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ چارۋا 554 مىڭ، قوي 3 مىليون 966 مىڭ 200.

مۇشۇ يىلى سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 287 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 37.9% ئاشتى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 22 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 0.6% ئاشتى. تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئەسلى قىممىتى يىل ئاخىرىدا 7 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1.9% ئاشتى. ترانسپورت كەسپىدە توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 3 مىليون 720 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 720 مىڭ ئادەم/كىلومېتىرغا يەتتى، تىجارەت كىرىمى 55 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 19.9% ئاشتى؛ سودا، يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتى تىجارىتىدىن قىلىنغان كىرىم 59 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە، تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ قىممىتى 22 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە، كەسپكار 3515كە يەتتى.

2000 - يىلى دۆلەت ئىلكىدىكى تۇراقلىق مۈلۈككە 64 مىليون 530 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ 1999 - يىلدىكىدىن 40% ئاز. بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 45 مىليون 630 مىڭ يۈەن بولۇپ، 40.7% ئازايدى، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 18 مىليون 900 مىڭ يۈەن بولۇپ، 40.2% ئازايدى. مەبلەغ مەنبەسى ئاساسلىقى مۇنۇلار: دۆلەتنىڭ خام چوت ئىچىدىكى مەبلىغى 11 مىليون 650 مىڭ يۈەن بولۇپ، 21.8% ئازايدى؛ ئېلىنغان ئىچكى قەرز 11 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 57% ئاشتى؛ ئۆزى تەييارلىغان مەبلەغ 34 مىليون 820 مىڭ يۈەن بولۇپ، 18.2% ئازايدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىققا سېلىنغان مەبلەغ 35 مىليون 30 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 54.3%نى ئىگىلىدى؛ سانائەت، بىناكارلىققا سېلىنغان مەبلەغ 12 مىليون 580 مىڭ يۈەن بولۇپ، 19.5%نى ئىگىلىدى؛ سودا، ترانسپورت، پوچتا - تېلېگراف ئىشلىرىغا ئىشلىتىلگەن مەبلەغ 4 مىليون 100 مىڭ يۈەن. 2000 - يىلى 37 مىليون 580 مىڭ يۈەن تۇراقلىق مۈلۈك كۆپەيدى.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يەرلىك دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭ مالىيە ئەق چوتىغا كىرگۈزۈلگەن كارخانا 153، ئۇلارنىڭ پايدا سوممىسى مىنۇس 4 مىليون 120 مىڭ يۈەن بولۇپ، زىيان 1999 - يىلدىكىدىن 10 مىليون 540 مىڭ يۈەن ئازايدى، زىياننىڭ ئازىيىش دائىرىسى 72%كە يەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە زىيان تارتقان كارخانا 68، زىيان سوممىسى 19 مىليون 350 مىڭ يۈەن؛ پايدا ئالغان كارخانا 73، پايدا سوممىسى 15 مىليون 120 مىڭ يۈەن؛ پايدا - زىيىنى تەڭلەشكەن كارخانا 12. بۇ كارخانىلار 17 مىليون 30 مىڭ يۈەن باج تاپشۇردى. مۇشۇ يىلى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 5522.6 يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 11.7% ئاشتى؛ كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1755.1 يۈەنگە يېتىپ، 6.4% ئاشتى.

جۇ يىڭ

## نامرات يەرلىك دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنى يۆلەش ئەھۋالى

2000 - يىلى دۆلەت شىنجاڭدىكى 15 نامرات چارۋىچىلىق فېرمىسىغا 3 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىش تېپىپ بېرىش يولى بىلەن قۇتقۇزۇش مەبلىغى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن، ئۆسۈمى قوشۇپ بېرىلىدىغان قەرز پۇل 300 مىڭ يۈەن، جايلار ياندىشتۇرغان مەبلەغ 1 مىليون 400 مىڭ يۈەن. بۇ مەبلەغ ئاساسلىقى 6 تۈر قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلدى.

2000 - يىلى 15 نامرات چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 45 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يېتىپ (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا)، 1999 - يىلدىكىدىن 8% ئاشتى. ئاشلىق مەھسۇلاتى 14 مىڭ توننىغا يېتىپ، 7.7% ئاشتى؛ پاختا 1800 توننىغا يېتىپ، ئاساسەن تەڭلەشتى؛ قولدا قالغان چارۋا 529 مىڭ 700گە يېتىپ، 5% ئاشتى؛ گۆش 4700 توننىغا يېتىپ، 3.7% ئاشتى.

15 نامرات چارۋىچىلىق فېرمىسىدىن 13ى پايدا ئالدى، 2 سى زىيان تارتتى، پايدا - زىياننى بالانس قىلغاندا، شۇ يىلى پايدا 1 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكى بىلەن ئاساسەن تەڭلەشتى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 1250 يۈەنگە يېتىپ، 129 يۈەن ئاشتى.

لىيۇ گاۋجيەن

## چارۋىچىلىق رايونلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە ئۈلگە قۇرۇلۇش تۈرلىرى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوندا ئېلىپ بېرىلغان 3 - قارارلىق چارۋىچىلىق رايونلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە ئۈلگە قۇرۇلۇش تۈرلىرى (كۆكتوقاي، بۇرۇلتوقاي، تېكەس،

دۆرىبىلجىن، ئارىشالڭ، مورى، ئاقتۇلاردىكى قۇرۇلۇشلار) پۈتۈنلەي تاماملاندى. بۇ تۈرلەردە 3360 گېكتار ئوتلاق بەرپا قىلىندى، 12 مىڭ 700 گېكتار ئوتلاق ياخشىلاندى، 4533 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى، 180 گېكتار ئوت ئۇرۇقى بازىسى قۇرۇلدى، 1510 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى، 266 كىلومېتىر ئېرىق - ئۆستەڭ، 221 سۇ ئىنشائاتى ياسالدى، 21 قۇدۇق قېزىلدى، 3 سۇ تارتىش پونكىتى قۇرۇلدى، 13.7 كىلومېتىر سۇ تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى، 41.8 كىلومېتىر يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى، 9.2 كىلومېتىر يول ياسالدى، 91.67 گېكتار يەرگە جىرىم تىكىلدى، 753 تۇياق نەسىللىك چارۋا كىرگۈزۈلدى، 34 نەسىللەندۈرۈش پونكىتى ۋە سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش پونكىتى، 11 دورا كۆلچىكى، 7 يېزا دەرىجىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى قۇرۇلدى، 16 مىڭ 145 دېھقان - چارۋىچى (قېتىم) تەربىيىلەندى.

چارۋىچىلىق رايونلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە 4 - قارارلىق، يەنى 1998 - يىلدىكى ئۆلگە قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشتى. چىڭگىل، جىمسەي، جىماڭ، لوپنۇر، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ئاقتاش چارۋىچىلىق فېرمىسى، گۇما، باي ناھىيىلىرىدىكى يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان 8 تۈردە ۋە كۇنەس، خېجىڭ، چاغانتوقايلاردىكى داۋاملاشتۇرۇلىدىغان 3 تۈردە 6453 گېكتار يەم - خەشەك ئوتلىقى بەرپا قىلىندى، 9786 گېكتار ئوتلاق ياخشىلاندى، 18 مىڭ 666 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى، 386 گېكتار ئوتلاق ئۇرۇقى بازىسى قۇرۇلدى، 1540 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى. 86.3 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ، 2 توك ئارقىلىق سۇغىرىش پونكىتى ياسالدى، 32 كىلومېتىر توك سىمى تارتىلدى، 31 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، بىر ئوتلاق نازارەتچىلىكى پونكىتى، 16 نەسىللەندۈرۈش پونكىتى قۇرۇلدى، سۇيۇقلاشتۇرۇلغان ئازوت ئىدىشىدىن 86 سى سېتىۋېلىندى، 18 دورا كۆلچىكى ياسالدى، 7600 دېھقان - چارۋىچى (قېتىم) تەربىيىلەندى.

چارۋىچىلىق رايونلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە 5 - قارارلىق، يەنى 1999 - يىللىق ئۆلگە قۇرۇلۇش تۈرلىرى (ئالتاي، خوشۇت، چەرچەن، ئۈلۈغچات، ئونسۇ، تاشقورغاندىن ئىبارەت 6 شەھەر، ناھىيە) نىڭ قۇرۇلۇش سۈرئىتى ئوتتۇراھال بولماقتا. بۇ تۈرلەردە 2248 گېكتار يەرگە ئوت - چۆپ تېرىلدى، 1933 گېكتار ئوتلاق ياخشىلاندى، 180 گېكتار ئوت - چۆپ ئۇرۇقى بازىسى قۇرۇلدى، 200 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى، 5 سىلوس تايلاش ماشىنىسى سېتىۋېلىندى، بىر يېزا دەرىجىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى قۇرۇلدى.

چارۋىچىلىق رايونلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە 6 - قارارلىق، يەنى 2000 - يىللىق ئۆلگە قۇرۇلۇش تۈرلىرى بەلگىلەندى، ئۇلار چۆچەك، بورتالا، توققۇزتارا، قوبۇقسار، نىلقا، ئاقچى ۋە ئاراتۈرۈكتىن ئىبارەت 7 شەھەر، ناھىيىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ، قۇرۇلۇش 2001 - يىلى باشلىنىدۇ.

جى خۇڭليالڭ

## شاخ - سامان بىلەن چارۋا بېقىش بويىچە ئۆلگە ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ تۈر قۇرۇلۇشى

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايوندا شاخ - سامان بىلەن كالا بېقىشتا دۆلەت دەرىجىلىك 5 ئۆلگە ناھىيە بارلىققا كەلدى، ئۇلاردىن غۇلجا، يەكەن ناھىيىلىرىنىڭ قۇرۇلۇش مۇددىتى توشۇپ، دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى، چاپچال ناھىيىسىدە بۇ تۈر يېڭىدىن يولغا قويۇلدى؛ شاخ - سامان بىلەن قوي بېقىشتا دۆلەت دەرىجىلىك 8 ئۆلگە ناھىيە (شەھەر) بارلىققا كەلدى، ئۇلاردىن توقسۇن ناھىيىسىنىڭ قۇرۇلۇش مۇددىتى توشۇپ، دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى، ئاقسۇ شەھىرى بىلەن كورلا شەھىرىدە بۇ تۈر يېڭىدىن يولغا قويۇلدى؛ شاخ - سامان بىلەن چارۋا بېقىشتا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 4 ئۆلگە ناھىيە بارلىققا كەلدى.

شاخ - سامان بىلەن چارۋا بېقىشتىكى 17 ئۆلگە ناھىيە (شەھەر) دە 2000 - يىلى قولدا قالغان چارۋا 10 مىليون 524 مىڭ 500 گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %15.43 ئاشتى (1999 - يىلى ئۆلگە ناھىيە (شەھەر) 14 ئىدى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). بۇنىڭ ئىچىدە كالا 1 مىليون 64 مىڭ بولۇپ، %19.77؛ قوي 8 مىليون 475 مىڭ 500 بولۇپ، %14.41 ئاشتى. قولدىن چىقىرىلغان چارۋا 6 مىليون 34 مىڭ 500 گە يېتىپ، %22.22 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە كالا 471 مىڭ 700 بولۇپ، %17.48، قوي 4 مىليون 989 مىڭ 800 بولۇپ، %22.91 ئاشتى. ئېلىنغان گۆش 247 مىڭ 500 توننىغا يېتىپ، %31.35 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە كالا گۆشى 69 مىڭ 700 توننا بولۇپ، %20.76، قوي گۆشى 101 مىڭ 900 توننا بولۇپ، %30.14 ئاشتى. پىششىقلانغان شاخ - سامان 2 مىليون 5800 توننىغا يېتىپ، %38.64 ئاشتى. 17 ناھىيە (شەھەر) ئالغان گۆش ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلىنغان گۆشنىڭ %31.95 نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە كالا گۆشى %33.24 نى، قوي گۆشى %30.13 نى ئىگىلىدى. پىششىقلانغان شاخ - سامان %42.98 نى ئىگىلىدى.

ليۇ جۇنجيەن

## چارۋىچىلىقتا ئوتلاق ئاپەت يۈز بەرگەن ناھىيىلەرنىڭ ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇل قۇرۇلۇشى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون چارۋىچىلىقتا ئوتلاق ئاپەت يۈز بەرگەن 12 ناھىيىدە، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇلى تۈرى تۇرغۇزۇپ قۇرۇلۇش قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى؛ ئۇلار: كۆنەس، موڭغۇلكۈرە، چۆچەك، تولى، ئالتاي، قابا، جېمىنەي، مورى، بارىكۆل، چەرچەن، ئاقچى، قوبۇقسار. بۇلارغا 18 مىليون 710 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ سالغىنى 7 مىليون يۈەن، جايلار ئۆزى تەييارلىغىنى 11 مىليون 710 مىڭ يۈەن. بۇ تۈرلەردىن 42 يېزا (مەيدان)، 707 مىڭ چارۋا نەپ ئالىدۇ. ئاساسلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى مۇنۇلار: 10 مىڭ 500 گېكتار يەم - خەشەك ئوتلىقى بەرپا قىلىنىدۇ، 9700 گېكتار ئوتلاق قاشالىنىدۇ، 140 ئېغىل - قوتان ياسىلىدۇ، 44 قۇدۇق قېزىلىدۇ، 50 كىلومېتىر كۆچ يولى ياسىلىدۇ، 50 كىلومېتىر ئۆستەڭ چېپىلىدۇ، 28 كۆۋرۈك، سۇئىگىچ ياسىلىدۇ، ئادەم ۋە چارۋا سۇ ئىچىدىغان 43 كىلومېتىر سۇ تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلىدۇ، 4 يەم - خەشەك پىششىقلاش ئۈسكۈنىسى سېتىۋېلىنىدۇ، 715 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتۇرۇلىدۇ.

ۋاڭ جۈن

## قوي يۇڭى، ئۆچكە تىۋىتى ۋە چارۋا ئوبوروتى ئەھۋالى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قوي يۇڭى 66 مىڭ 678 تونىنغا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %2.6 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنچىكە قوي يۇڭى 28 مىڭ 853 توننا بولۇپ، ئازراق ئازايدى. ئۆچكە تىۋىتى 893.12 تونىنغا يېتىپ، %6.32 ئاشتى. ئىنچىكە قوي يۇڭى بىلەن ئۆچكە تىۋىتىنىڭ بازاردىكى باھاسى داۋاملىق ئۆرلىدى. دەرىجىگە ئايرىلغان ئىنچىكە قوي يۇڭىنىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ سېتىلىشى 12 — 13 يۈەن بولدى. شىنجاڭ ئەلا سۈپەتلىك ئىنچىكە قوي يۇڭى ئىشلەپچىقارغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، نەنجىڭ قوي يۇڭى بازىرىدا 800 نەچچە كىلوگرام «سافالى» ئىنچىكە قوي يۇڭى سېتىلدى، ھەر كىلوگرامىنىڭ ئوتتۇرىچە سېتىلىشى 17.31 يۈەن بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن بىر يۈەن ئۆرلىدى، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 26.61 يۈەنگە سېتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىنچىكە قوي يۇڭىنىڭ سېتىلىش ئەھۋالى ياخشى بولدى.

ئۆچكە تىۋىتىنىڭ باھاسى بەكرەك ئۆرلىدى، ئوتتۇرىچە ھەر كىلوگرامىنىڭ باھاسى 400 يۈەن ئەتراپىدا بولدى، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 500 يۈەندىن ئېشىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %100 ئۆرلەپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتۈنلەي سېتىلىپ بولدى.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قولدىن چىقىرىلغان چارۋا 24 مىليون 560 مىڭغا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 1 مىليون 60 مىڭ ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تاۋار چارۋا 17 مىليون 920 مىڭ بولۇپ، 820 مىڭ ئاشتى. بازارلار چارۋا ۋە گۆش بىلەن يېتەرلىك تەمىنلەندى، قوي، كالا گۆشىنىڭ باھاسى مۇقىملىق ئىچىدە ئۆرلىدى، يىل ئاخىرىغىچە باھا %10 ~ %15 ئارىلىقىدا ئۆرلىدى، چوشقا گۆشىنىڭ باھاسى مۇقىم بولدى.

سىراجىدىن

## نەسىللىك چارۋا ۋە نەسىللىك ئۆي قۇشلىرىنى باشقۇرۇش

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنى شىنجاڭغا كىرگۈزۈش، شىنجاڭدىن چىقىرىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، بىر يىلدا 135 تۈركۈم نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاتا - ئانىسى بىر ئەۋلاد گۆش توخۇسى چۆجىسى 69 تۈركۈم، 89 مىڭ 100 پۇرۇش؛ گۆش توخۇسى تۇخۇمى 9 تۈركۈم، 1 مىليون 298 مىڭ دانە؛ ئاتا - ئانىسى بىر ئەۋلاد تۇخۇم توخۇسى چۆجىسى 24 تۈركۈم، 123 مىڭ 800 پۇرۇش؛ تاۋار توخۇ چۆجىسى 13 تۈركۈم، 1 مىليون 479 مىڭ 600 دانە؛ نەسىللىك كەپتەر 2 تۈركۈم، 2500 جۈپ؛ نەسىللىك توشقان 3 تۈركۈم، 3300 دانە؛ نەسىللىك كالا 7 تۈركۈم، 965 تۇياق؛ نەسىللىك تىۋىت ئۆچكىسى بىر تۈركۈم، 1000 تۇياق، كىرگۈزۈلگەن نەسىللىك قوي بىر تۈركۈم، 2 تۇياق؛ چوشقا 3 تۈركۈم، 30 تۇياق؛ گۆش ئۆردىكى 2 تۈركۈم، 10 مىڭ دانە؛ چىقىرىلغان نەسىللىك قوي بىر تۈركۈم، 50 تۇياق.

چارۋىچىلىق نازارىتى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ «نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، «ئاپتونوم رايوننىڭ نەسىللىك چوشقا فېرمىسىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆلچىمى» نى تۈزۈپ تارقاتتى ھەمدە ئاپتونوم رايوندىكى 5 نۇقتىلىق نەسىللىك چوشقا فېرمىسى (شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەسىللىك چوشقا فېرمىسى، گۇچۇڭ ناھىيىلىك نەسىللىك چوشقا فېرمىسى، جىمسار ناھىيىلىك نەسىللىك چوشقا فېرمىسى، ساۋەن ناھىيىلىك ساۋجىياپو نەسىللىك چوشقا فېرمىسى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىك بازىسى نەسىللىك چوشقا فېرمىسى) بىلەن ماناس ناھىيىلىك نەسىللىك توشقان

فېرمىسىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى ۋە ئۇلارغا نەسىللىك چارۋا، ئۆي قۇشلىرى ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ئىجازەتنامىسى بەردى.

جياڭ جياڭپىڭ

## كالا نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوندا نەسلىنى ياخشىلاش يۈزىسىدىن 1 مىليون 131 مىڭ 100 كالا ئۇرۇقلاندۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇلغىنى 483 مىڭ 900 گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 88 مىڭ 900 ى كۆپەيدى.

2000 - يىلى شىنجاڭ چارۋا - ئۆي قۇشلىرىنى يېتىشتۈرۈش، نەسلىنى ياخشىلاش باش پونكىتى ئاپتونوم رايوننى 682 مىڭ ئامپۇل لاياقەتلىك ئىسپېرما بىلەن تەمىنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنچىكە نەيچىدە توڭلىتىلغان ئىسپېرما 659 مىڭ ئامپۇل، دانىچىلاپ توڭلىتىلغان ئىسپېرما 23 مىڭ ئامپۇل. بۇ ئارقىلىق كالا نەسلىنى ياخشىلاشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

ۋېي شىنپىڭ

## گۆشى ھەم يۇڭىدىن پايدىلانغىلى بولىدىغان، يېرىم ئىنچىكە يۇڭلۇق شىنجاڭ قويىنىڭ يېڭى نەسلىنى يېتىشتۈرۈش تەتقىقاتى

بۇ تەتقىقات 2000 - يىل 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى تەشكىللىگەن ئوتتۇرا مەزگىللىك باھالاشتىن ئۆتتى.

بۇ تەتقىقات تۈرىنى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى 1997 - يىل 6 - ئايدا تۇرغۇزغان بولۇپ، ئۇنىڭدا قازاقىستاندىن كىرگۈزۈلگەن، گۆشى ھەم يۇڭىدىن پايدىلانغىلى بولىدىغان ساپ نەسىللىك قازاقىستان يېرىم ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىنى يەرلىك قازاق قويى، ئالتاي قويى ۋە 2 -، 3 - خىلدىكى شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق مېتىس قويى بىلەن مېتىسلاشتۇرۇپ، نەسلىنى ياخشىلاش، تاللاش - جۈپلەش ۋە توغرا لىنىيىلىك چېتىشتۇرۇپ مۇقىملاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئاخىرىدا شىنجاڭغا خاس يېرىم ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي نەسلىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش مەقسەت قىلىنغان.

مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىگە قاراشلىق 2 ناھىيە، بىر شەھەر، 3 چارۋىچىلىق فېرمىسى ۋە بىر نەسىللىك قوي فېرمىسىدىكى يېرىم ئىنچىكە يۇڭلۇق 5 قوي پادىسىنى ئارىلاپ كۆزەتتى. ساپ نەسىللىك قوي پادىسىدىن 2نى، مېتىس 1 -، 2 -، 3 - ئەۋلاد قوي پادىسىدىن 3نى، جەمئىي 973 قوينى ئارىلاپ كۆزەتتى. 22 قوينى ئەمەلىي كۆزەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ساپ نەسىللىك قوي 7، يۇڭىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۇزۇنلۇقى 14 سانتىمېتىر، ئىنچىكىلىك دەرىجىسى 50 — 58، ساغلىقىنىڭ ئېغىرلىقى 56 كىلوگرامدىن ئارتۇق، قوچقىرىنىڭ ئېغىرلىقى 86 كىلوگرام، يۇڭىنىڭ ئېغىرلىقى 5 — 7 كىلوگرام؛ مېتىس 1 -، 2 - ئەۋلاد قوي 4، يۇڭىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۇزۇنلۇقى 13 سانتىمېتىر، ئىنچىكىلىك دەرىجىسى 50 — 58، ئوتتۇرىچە بەدەن ئېغىرلىقى 60 كىلوگرامدىن ئارتۇق؛ شۇ يىلى تۇغۇلغان قوزا 7 (2 ئايلىقتىن 2.5 ئايلىققىچە بولغىنى)، بەدەن ئېغىرلىقى 23.5 كىلوگرامدىن 28 كىلوگرامغىچە.

نەق مەيداندا ئارىلاپ كۆزىتىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، قوي پادىسىنىڭ بەككە ئاشقى قىياپەت ئالاھىدىلىكى ۋە يۇڭىنىڭ سۈپەت كۆرسەتكۈچى تۈردىكى تەلەپكە يەتكەن.

تيەن فېڭ

## چوشقا بېقىش - سېتىش ئەھۋالى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە چوشقا 2 مىليون 15 مىڭ 300 گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %7 ئاشتى؛ قولدىن چىققىنى 2 مىليون 244 مىڭ 600 گە يېتىپ، %10.1 ئاشتى؛ ئېلىنغان گۆش 171 مىڭ 800 توننىغا يېتىپ، %7.24 ئاشتى. 2000 - يىلى چوشقا بازىرىدا سېتىش - سېتىۋېلىش ئازا جانلىق بولمىدى. ئالدىنقى يېرىم يىلدا چوشقىنىڭ ھەر بىر كىلوگرامىنىڭ باھاسى 4.2 — 4.5 يۈەنگىچە، كۆچىكىنىڭ ھەر بىر كىلوگرامىنىڭ باھاسى 8 — 9 يۈەنگىچە بولدى. 7 - ئايدىن باشلاپ چوشقىنىڭ باھاسى قايتا ئۆرلەپ، ھەر بىر كىلوگرامى 6 يۈەن ئەتراپىدا تۇردى. ئۇستىخانلىق يېڭى چوشقا گۆشىنىڭ ھەر بىر كىلوگرامىنىڭ بازاردىكى پارچە سېتىلىش باھاسى 9 — 10 يۈەن، ئالدى پۇتى 9 — 10 يۈەن، كەينى پۇتى 10 — 12 يۈەن، قوۋۇرغىسى 7 — 8 يۈەن، قاراگۆش 15 — 18 يۈەن بولدى. گۆش باھاسىنىڭ تۆۋەنلىشىگە يېقىنقى 2 يىلدىن بېرى بېقىلىۋاتقان چوشقىنىڭ بىر قەدەر كۆپ بولۇشى ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى بازارلارنىڭ سىغىمى چەكلىك بولۇشى، بازارنى تەمىنلەش ئېھتىياجىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى سەۋەب بولدى.

جياڭ جياڭپىڭ

## ئۆي قۇشلىرىنى بېقىش - سېتىش ئەھۋالى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قولدا قالغان ئۆي قۇشلىرى 38 مىليون 143 مىڭ 100 گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %13.98؛ قولدىن چىقىرىلغىنى 45 مىليون 342 مىڭ 300 گە يېتىپ، %9.23؛ ئېلىنغان قۇش گۆشى 76 مىڭ توننىغا يېتىپ، %11.27؛ تۇخۇم 155 مىڭ 300 توننىغا يېتىپ، %11.1 ئاشتى. بازار ئەھۋالىدىن قارىغاندا،

گۆش توخۇسى باقمىچىلىقىنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتى ياخشى بولدى، بىر گۆش توخۇسى جۆجىسى 2 — 3 يۈەن ئارىلىقىدا، گۆش توخۇسىنىڭ ھەر بىر كىلوگراممىنىڭ فېرمىدىن چىقىش باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6 يۈەن بولغاچقا، گۆش توخۇسى باققۇچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىمۇ خېلى يۇقىرى بولدى. بىراق تۇخۇمنىڭ باھاسى 1999 - يىل 9 - ئايدىن بۇيان تۆۋەن بولماقتا، بۇ يىل تۇخۇم مەنبەسى تولۇق، باھاسى تۆۋەن، ھەربىر كىلوگرامى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4 يۈەن ئەتراپىدا بولدى. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب، تۇخۇم بىلەن تەمىنلەش ئېھتىياجدىن ئېشىپ كەتتى، توخۇ باققۇچىلارنىڭ بازارنىڭ تەۋرىنىشىگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچەيدى، قولدىكىنى ئازلاتماي، بازار پۇرسىتىنى كۈتۈپ تۇرۇشتى. بۇلاردىن باشقا، ئوبوروت يوللىرى راۋانلاشتى، يېڭى تۇخۇمنى يۆتكەپ سېتىش جانلاندى، ئاساسلىق تۇخۇمچىلىق رايونلىرىدا مەخسۇس توپ سېتىش بازارلىرى ۋە يېڭى تۇخۇمنى يۆتكەپ ساتىدىغان چوڭ - چوڭ ئەترەتلەر بارلىققا كەلدى ھەمدە «شىمالنىڭ تۇخۇمىنى جەنۇبقا يۆتكەش» ۋەزىيىتى شەكىللەندى.

جېڭ جياڭپىڭ

## 2 - قارارلىق سۈت تەرەققىيات تۈرى

2000 - يىلى ياۋروپا ئىتتىپاقى 2 - قارارلىق سۈت تۈرىنىڭ شىنجاڭ تۈر رايونىغا 6 مىليون 939 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ مەبلىغى 1 مىليون 551 مىڭ يۈەن، جۇڭگو تەرەپنىڭ مەبلىغى 5 مىليون 388 مىڭ يۈەن. بۇ مەبلەغ ئاساسلىقى، سېغىن كالا، سۈتچى دېھقانلار ھەمكارلىقى ۋە مۇلازىمىتى، ئىقتىسادىي ئىسلاھات ۋە بازار، سۈت مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە سۈتچى دېھقانلارنى تەربىيىلەش قاتارلىق تۈرلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىشلىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە سانجى ۋىلايىتىدىكى سۈتچى دېھقانلارنىڭ كالا بېقىشىنى قوللاشقا سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليون 550 مىڭ يۈەن بولۇپ، پىلان %100 ئورۇندالدى، تۈر رايونىدىكى مەسلىھەتچىلەرنىڭ مائاشىغا 960 مىڭ يۈەن، مەسلىھەتچىلەرنىڭ خەۋەرلىشىش ئىشلىرىغا 240 مىڭ يۈەن، مەسلىھەتچىلەرنىڭ قاتناش ۋە باشقا خىراجىتىگە 1 مىليون 338 مىڭ يۈەن ئىشلىتىلىپ، پىلان %100 ئورۇندالدى. سانجى ۋە قۇتۇبى تۈر رايونلىرىدا سۈتچى دېھقانلار جەمئىيىتى قۇرۇلدى، بۇنىڭغا 191 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 160 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، تۈر رايونلىرىغا 4 سېلوس تايلاش ماشىنىسى سېتىۋېلىندى، پىلان %100 ئورۇندالدى، شىنجاڭ سۈيەت تىزگىنلەش تەجرىبىخانىسىنىڭ توپا قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

2000 - يىلى دۆلەت سىرتىدا بىر قېتىم، مەملىكەت بويىچە 7 قېتىم تەربىيىلەش ئېلىپ بېرىلىپ، 58 ئادەم تەربىيىلەندى.

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۈر رايونىدا قولدا قالغان سېغىن كالا 18 مىڭ 860قا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %17.5، يىللىق سۈت مىقدارى 45 مىڭ 469 تونىغا يېتىپ، %13.2، تاۋار سۈت 41 مىڭ 393 تونىغا يېتىپ، %3.8 ئاشتى، تۈر رايونلىرىدا سۈت ياسالمىلىرى 39 مىڭ 533 تونىغا يەتتى.

گاۋ چىڭچاۋ

## مال دوختۇرلۇق دورا مەمۇرىيىتىنىڭ باشقۇرۇلۇشى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يەم - خەشەك خۇرۇچى ۋە ھايۋانات دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقى ئىشلەپچىقىرىدىغان 4 كارخانىغا «چارۋا دورىلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى»، پاي تۈزۈمىدىكى كارخانا ۋە باشقا ئۆلكىلەرنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئىش باشقارمىلىرىدىن بولۇپ 7 ئورۇنغا «چارۋا دورىلىرى تىجارىتى ئىجازەتنامىسى» بېرىلدى؛ ھايۋانلارغا ئىشلىتىلىدىغان بىئولوگىيىلىك دورىلار تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا بولىدىغان «چارۋا دورىلىرى تىجارەت ئىجازەتنامىسى»دىن 284ى ئالماشتۇرۇلدى؛ «شىنجاڭ چارۋا دورىلىرىنىڭ يەرلىك سۈپەت ئۆلچىمى»دىن 15 ى باھالاپ تەكشۈرۈلدى ھەمدە ماقۇللاندى.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى مال دوختۇرلۇق دورا مەمۇرىيىتى تارماقلىرى چارۋا دورىلىرىنى 1759 تۈركۈم (قېتىم) نازارەت قىلدى ۋە تەكشۈردى، ئۇلاردىن 1020 تۈركۈم (قېتىم) ى لاياقەتلىك بولدى؛ ھاۋالە بويىچە 57 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈردى، 41 تۈركۈم (قېتىم) ى لاياقەتلىك بولدى؛ شىنجاڭغا كىرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلغان دورىنى 55 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈردى، 44 تۈركۈم (قېتىم) ى لاياقەتلىك بولدى؛ تەستىق نومۇرىنى ئالماشتۇرۇشقا مەلۇم قىلىنغان دورىلارنى 259 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈردى، لاياقەتلىك نىسبىتى %91.8 بولدى. مۇشۇ يىلى ھايۋانلارغا ئىشلىتىلىدىغان بىئولوگىيىلىك ياسالمىلارنى گۇۋاھنامىسىز، قانۇنسىز تىجارەت قىلىش دېلوسىدىن 6نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، بۇ دېلولاردىكى دورا قىممىتى 165 مىڭ يۈەن.

جۇ زىنغۇ

## ھايۋانات يۇقۇملۇق كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە نازارەتچىلىك، باشقۇرۇش ئەھۋالى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ھايۋانات يۇقۇملۇق

كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە نازارەت قىلغۇچى، كارانتىن قىلغۇچى خادىملارنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش كۆرسىدىن 2 قارار ئېچىلىپ، 181 كىشى تەربىيىلەندى.

مۇشۇ يىلى «هايۋانات يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش لاياقەتنامىسى» دىن 115 مىڭ پارچە، «هايۋانات ئىممۇنىتېتلاش گۇۋاهنامىسى» دىن 28 مىڭ پارچە، ھەرخىل تامغا، بەلگىدىن 8000ى تارقىتىلدى. قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 225ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 143 دېلو تۇرغۇزۇلدى، 129 دېلو ئاياغلاشتۇرۇلدى، دېلو ئاياغلىشىش نىسبىتى 90% بولدى.

2000 - يىلى ئوبوروت ھالقىلىرىنى كارانتىن قىلىش، نازارەت قىلىش كۈچەيتىلىپ، بازارلاردىكى ھايۋانلارنى كارانتىن قىلىش، نازارەت قىلىش قېلىپلاشتۇرۇلدى، 6 مىليون 309 مىڭ 600 ھايۋان، شىنجاڭدىن چىقىرىلغان ۋە شىنجاڭغا كىرگۈزۈلگەن 1 مىليون 70 مىڭ ھايۋان، 21 مىڭ پارچە كالا - قوي تېرىسى، 56 مىڭ 593.4 توننا ھايۋانات مەھسۇلاتى كارانتىن قىلىندى ۋە نازارەت قىلىندى.

جۇ زىفۇ

## ھايۋانات يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تارقىلىش ئەھۋالى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدى ئېلىنغان، كارانتىن قىلىنغان، قۇرت چۈشۈرۈلگەن چارۋا 197 مىليون 994 مىڭ 300 تۇياق (قېتىم) قا يەتتى. كالا، قوي، چوشقا قاتارلىق ئاچا تۇياقلىق ھايۋاندىن 44 مىليون 740 مىڭ تۇياق (قېتىم) ئىممۇنىتېتلاندى. برۇتسېلىيوز تاياقچە باكتېرىيىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش جەھەتتە، برۇتسېلىيوز تاياقچە باكتېرىيىسىگە گىرىپتار بولغان ياش چارۋىلارنى ئىممۇنىتېتلاش، كارانتىن قىلىش، تەكشۈرۈپ ئۆلچەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، 4 مىليون 102 مىڭ 300 تۇياق (قېتىم) ياش چارۋا ئىممۇنىتېتلاندى. برۇتسېلىيوز تاياقچە باكتېرىيىسى بويىچە 159 مىڭ 900 تۇياق كالا، قوي، ئۆچكە كارانتىن قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە كالا 47 مىڭ 400، كېسەل چىققىنى 716، ئوتتۇرىچە كېسەل بولۇش نىسبىتى 1.51%؛ قوي 112 مىڭ 500، كېسەل چىققىنى 491، ئوتتۇرىچە كېسەل بولۇش نىسبىتى 0.44%. برۇتسېلىيوز تاياقچە باكتېرىيىسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، 2161 كېسەللىك ماتېرىيالى توپلاندى، 7 تۇپ شتامما تېپىپ چىقىلدى، ئۇلاردىن 2 سى قويدا بولىدىغان I تىپلىق ئاجىز ۋىرۇسلۇق برۇتسېلىيوز باكتېرىيىسى ئىكەنلىكى بايقاپ چىقىلدى، تېپىلىش نىسبىتى 0.09% بولدى. ئاتتا بولىدىغان يۇقۇملۇق كەم قانلىق كېسىلىنى داۋالاش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتتە، سانجى، بايىنغولىن، ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا 26 مىڭ 328 ئات كارانتىن قىلىندى، 19 ئات كېسەل چىقتى، ئوتتۇرىچە كېسەل بولۇش نىسبىتى 0.07% بولدى، يۇقۇملىنىش مەنبەسىنى يوقىتىش ئۈچۈن، كېسەل چارۋىلارنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلۈپ، چوڭقۇر كۆمۈۋېتىلدى. ئاتتىكى ماڭقا كېسىلىنى كۆزىتىپ تەكشۈرۈش جەھەتتە، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، بورتالا، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا 3500 ئات كۆزىتىپ تەكشۈرۈلگەندە، كېسەل ئات چىقمىدى. كالا تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش جەھەتتە، ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، بورتالا، بايىنغولىن، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە ۋە شىخەنزە شەھىرىدە 60 مىڭ 157 كالا كارانتىن قىلىندى، 810 كالا كېسەل چىقتى، ئوتتۇرىچە كېسەل بولۇش نىسبىتى 1.34% بولدى، كېسەل چارۋىلار ئۆلتۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. ئۆي قۇشلىرىدا بولىدىغان يۇقۇملۇق زۇكامنى كۆزىتىپ تەكشۈرۈش جەھەتتە، خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، بايىنغولىن، قۇمۇل، سانجى، قاراماي، ئۈرۈمچى، ئىلى، شىخەنزە قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئۇلارغا قاراشلىق 12 ناھىيە (شەھەر) دىكى 29 توخۇ فېرمىسى، 24 تاۋار تۇخۇم توخۇسى فېرمىسى، بىر كەپتەر فېرمىسى، بىر ئۆگە قۇش فېرمىسىدا 2 قېتىم يۇقۇملۇق زۇكام كۆزىتىپ تەكشۈرۈلۈپ، قاندىن 5225 ئاخىرقى نۇسخا ئېلىندى، بىراق H7، H5 تىپلىق ۋىرۇس بايقالمىدى.

پارازىتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش جەھەتتە، تېكەس ناھىيىسىنىڭ 7 يېزا، فېرمىسىدا قاپچۇق قۇرت كېسەللىكى بويىچە گېن قۇرۇلۇش ۋاكسىنىسى ئىممۇنىتېت ئوكۇلى قىلىنىپ، 195 مىڭ قوي، ئۆچكە ئىممۇنىتېتلاندى. مۇشۇ يىلى 47 مىليون 465 مىڭ 900 تۇياق (قېتىم) چارۋىدىن قۇرت چۈشۈرۈلدى، 40 مىليون 326 مىڭ 400 تۇياق (قېتىم) چارۋا دورىلاندى. جايلاردىكى ھايۋانات يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاپپاراتلىرى قۇشخانىلاردا بوغۇزلانغان ماللارنى كارانتىن قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئومۇميۈزلۈك كارانتىن قىلىشنى ھەمدە ھايۋانات يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاپپاراتلىرى بىر تۇتاش ئىشلىتىدىغان تەكشۈرۈش تامغىسىنى بېسىشنى يولغا قويدى. بوغۇزلانغان 11 مىليون 528 مىڭ 400 مال كارانتىن قىلىندى.

جۇ زىفۇ

## يەم - خەشەك كەسپىنى باشقۇرۇش

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوندىن خورۇچلانغان ئارىلاشما

يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىدىغان 13 كارخانا بىلەن 2 خورۇچ كارخانىسى دۆلەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىگە ئېرىشتى. ئىجازەتنامە ئالغان بۇ 15 كارخانىنىڭ 134 خىل مەھسۇلاتى شىنجاڭ يەم - خەشەك ئىشخانىسى تارقاتقان تەستىق نومۇرىغا ئېرىشتى.

2000 - يىلى يەم - خەشەك ماشىنىلىرى رېمونتچىسى، يەم - خەشەك تەكشۈرۈش لابورانتى، يەم - خەشەك زاۋۇتى مەركىزىي كونترول بۆلۈمىنىڭ مەشغۇلاتچىسى، يەم - خەشەك خام ماتېرىيالىنى ئادالاپ سالغۇچى، يەم - خەشەك ئۇۋاتقۇچىدىن ئىبارەت 5 خىل ئىشچى ئوتتۇرا دەرىجىلىك «كەسپىي تېخنىكا سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى» بويىچە تەربىيىلەندى ۋە سىنالدى، تەربىيىلەشكە 133 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى، 122 سى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى بىلەن ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىكى تارقاتقان ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا گۇۋاھنامىسى ئالدى. شىنجاڭ يەم - خەشەك ئىشخانىسى 74 يەم - خەشەك كارخانىسىغا يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىش بويىچە باجنى كەچۈرۈم قىلىشنى ئىلتىماس قىلىش سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بەردى ياكى يېڭىۋاشتىن بېجىرىپ بەردى.

ليۇ جۇنجيەن

## يەم - خەشەك سانائىتى

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە يەم - خەشەك ۋە يەم - خەشەك ماتېرىيالى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا 243 كە، يەم - خەشەك پىششىقلايدىغان كارخانا 122گە يەتتى، 2 ئىسمىنا بويىچە يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1 مىليون 850 مىڭ توننىغا يەتتى؛ ماتېرىيال كارخانىسىدىن 121ى بار بولدى، ئۇلار ئاساسلىقى، چىگىت كونجۇرىسى، قىچا، ئاپتاپپەرەس كونجۇرىسى، كېپەك، چىگىت شاكىلى قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىدۇ. يەم - خەشەك پىششىقلايدىغان كارخانىلاردىن بىرىكمە ۋە ئارىلاشما يەم - خەشەك پىششىقلايدىغان كارخانا 89، خورۇچلانغان ئارىلاشما يەم - خەشەك پىششىقلايدىغان كارخانا 13، سۆڭەك تالقىنى، گۆش - سۆڭەك تالقىنى كارخانىسى 12، خورۇچ كارخانىسى 2، قىزىلچا دانىچىسىدىن قوي، كالا يەم - خەشىكى پىششىقلايدىغان كارخانا 6. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 950 مىڭ 800 توننا ھەرخىل يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىلدى. بۇ 1999 - يىلدىكىدىن %4.13 ئارتۇق. بۇنىڭ ئىچىدە بىرىكمە يەم - خەشەك 895 مىڭ 500 توننا بولۇپ، %2.44، پرېسلانغان يەم - خەشەك 50 مىڭ 400 توننا بولۇپ، %61.02 ئاشتى، خورۇچلانغان ئارىلاشما يەم - خەشەك 5000 توننا بولۇپ، %33.33 ئازايدى. بىرىكمە ۋە ئارىلاشما يەم - خەشەك ئىچىدە بىرىكمە يەم - خەشەك %90 تىن ئاشىدۇ. بىرىكمە ۋە ئارىلاشما يەم - خەشەك ئىچىدە چوشقا يېمى %34.55نى، تۇخۇم قۇشلىرى يېمى %35.16نى، گۆش قۇشلىرى يېمى %15.41نى، بېلىق يېمى %6.71نى، باشقا يەملەر %8.37نى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە پىششىقلانغان يەم - خەشەك مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 432 مىليون يۈەنگە، يەم - خەشەك كارخانىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 4052گە يەتتى.

ليۇ جۇنجيەن

## يەم - خەشەك پىششىقلاش

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون (بىڭتۈەن بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) بويىچە 4 مىليون 666 مىڭ 900 توننا شاخ - سامان سىلوسلاندى، ئامىياكلاندى، مىكرو جانلىقلار بىلەن ئېچىتىلدى، بۇ 833 مىڭ 300 توننا ئاشلىق تېجىگەنگە باراۋەر بولۇپ، ئۇنىڭ بىۋاسىتە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى 280 مىليون 14 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئارزاڭ، قىزىلچا تېرىپى قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىدىن 435 مىڭ 800 توننا سىلوسلاندى. جەمئىي 5 مىليون 102 مىڭ 700 توننا شاخ - سامان، تېرىپ - ئارزاڭ پىششىقلاندى. تەخمىنەن 7 مىليون 424 مىڭ 300 توننا شاخ - سامان، ئوت - چۆپ توغرالدى ۋە ئۇۋۇتۇلدى.

شاخ - سامان سىلوسلاش   بىر يىلدا 4 مىليون 160 مىڭ 900 توننا شاخ - سامان سىلوسلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە باشقى بىلەنلا سىلوسلانغان كۆممىقوناق 1 مىليون 809 مىڭ توننا بولۇپ، %43.48نى ئىگىلەيدۇ، 1999 - يىلدىكىدىن 14.51 پىرسەنت پونكىت كۆپ. تارباغاتاي، قەشقەر، ئالتاي، ئاقسۇ، قىزىلسۇ، سانجىدىن ئىبارەت 6 ۋىلايەت، ئوبلاست ۋەزىپىنى ئورۇندىدى ياكى ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە سىلوسلانغان شاخ - سامان ئىچىدە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ %35.66نى، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ %17.76نى، سانجى ئوبلاستىنىڭ %11.87نى ئىگىلىدى.

شاخ - ساماننى ئامىياكلاش   بىر يىلدا 154 مىڭ 800 توننا شاخ - سامان ئامىياكلاندى، ئامىياكلاش، ئاساسلىقى ئىلى ۋىلايىتى، سانجى ئوبلاستى ۋە تارباغاتاي ۋىلايىتىگە مەركەزلەشتى.

شاخ - ساماننى مىكرو جانلىقلار بىلەن ئېچىتىش   بىر يىلدا 351 مىڭ 200 توننا شاخ - سامان مىكرو جانلىقلار بىلەن ئېچىتىلدى. ئاقسۇ، ئىلى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرى ۋە بورتالا ئوبلاستى ۋەزىپىنى ئورۇندىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە مىكرو جانلىقلار بىلەن ئېچىتىلگەن شاخ - سامان ئىچىدە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ %37.16نى، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ %36.96نى

ئىگىلىدى.

ليۇ جۇنجيەن

### يەم ـ خەشەك تەكشۈرۈش

2000 ـ يىلى شىنجاڭ يەم ـ خەشەك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش پونكىتى ھەرخىل يەم ـ خەشەك مەھسۇلاتلىرىنى 803 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە قەرەللىك نازارەت قىلىپ تەكشۈرگىنى 121 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتلىك بولغىنى 118 تۈركۈم (قېتىم)؛ باجنى كەچۈرۈم قىلىش بويىچە تەكشۈرگىنى 155 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتلىك بولغىنى 142 تۈركۈم (قېتىم)؛ تەستىقلىتىشقا يوللانغان خۇرۇچ ۋە خۇرۇچلانغان ئارىلاشما يەم ـ خەشەكنى تەكشۈرگىنى 136 تۈركۈم (قېتىم)، لاياقەتلىك بولغىنى 133 تۈركۈم (قېتىم)؛ ھاۋالە يۈزىسىدىن تەكشۈرگىنى 391 تۈركۈم (قېتىم).

ليۇ جيەنجۇن

### چارۋىچىلىقتىكى ئاپەت ئەھۋالى

شىمالىي شىنجاڭدىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 2000 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 10 ـ كۈنىگىچە پەۋقۇلئاددە ئېغىر قار ئاپىتى بولدى، كۈنەس، نىلقا، تېكەس، توققۇزتارا، موڭغۇلكۈرەدىن ئىبارەت 5 ناھىيىدە ئاپەت ئەڭ ئېغىر بولدى. يىغىندى قارنىڭ قېلىنلىقى 1 ـ 2 مېتىرغا يەتتى، بىر نەچچە جايدا قار كۆچتى، 9 ئادەم ئۆلدى، 5153 چارۋا چىقىم بولدى، 3972 ئۆيلۈك چارۋىچى، 862 مىڭ چارۋا قاپسىلىپ قالدى. تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ شىمالىدىكى 4 ناھىيىنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا يىغىندى قارنىڭ قېلىنلىقى 30 ~ 50 سانتىمېتىرغا، سانجى ئوبلاستىنىڭ شەرقىدىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىدا بىر مېتىرغا، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 40 سانتىمېتىرغا يەتتى. بورتالا ئوبلاستى، قۇمۇل ۋىلايىتى، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىمۇ قار ئاپىتىگە ئۇچرىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 4 مىليون 960 مىڭ چارۋا قار ئاپىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى، 6465 ئائىلىدىكى 18 مىڭ 200 كىشى قاپسىلىپ قالدى، 28 مىڭ 819 چارۋا ئۆلدى، 197 ئېغىز ئۆي، 285 ئېغىل ـ قوتان ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

شىمالىي شىنجاڭدىكى بورتالادىن باشقا چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن باشلاپ 12 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئۇدا قار يېغىپ، تېمپېراتۇرا تۆۋەنلىدى، يىغىندى قارنىڭ قېلىنلىقى ئومۇمەن 50 سانتىمېتىردىن ئېشىپ كەتتى، بۇ شىنجاڭدا يېقىنقى 40 يىلدىن بېرى ئاز كۆرۈلگەن ئەھۋال. ئالتاي، تارباغاتاي، ئىلى، قۇمۇللارنىڭ قىسمەن چارۋىچىلىق رايونلىرىدا يىغىندى قار 1 ـ 2 مېتىرغا يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 11 مىليون 390 مىڭ چارۋا ئاپەتكە ئۇچرىدى، 33 مىڭ 500 ئۆيلۈك چارۋىچى قاپسىلىپ قالدى، 108 مىڭ 700 چارۋا ئۆلدى، 15 مىڭ 186 ئېغىل، قوتان ئۆرۈلۈپ چۈشتى، بارلىق يوللار ئېتىلىپ قالدى.

ۋاڭ جۇن

## ئورمانچىلىق

### ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش

ئورماننى مۇھاپىزەت قىلىپ، ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش 2000 ـ يىلى شىنجاڭدا جەمئىي 17 قېتىم ئورمان ئوت ئاپىتى يۈز بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە يانغىن ترېۋوگىسى 12 قېتىم، زور ئوت ئاپىتى بىر قېتىم، ئادەتتىكى ئوت ئاپىتى 4 قېتىم. ئوت كەتكەن كۆلەم 1681.8 گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدە زىيانغا ئۇچرىغان ئورمانلىق 854.6 گېكتار. ئاپتونوم رايون بويىچە ئورمان ئوت ئاپىتىنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى 0.6 قېتىم (ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 100 مىڭ گېكتار ئورمانلىق بويىچە)، ئورماننىڭ زىيانغا ئۇچراش نىسبىتى 0.3‰ بولدى. زىيانغا ئۇچرىغان يۇمران دەرەخ 26 مىڭ تۈپكە، ئوت ئاپىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان 3 مىليون 30 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى. 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، شىنجاڭ ئورمانچىلىق ئىدارىسى 3 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا ـ شەرق قىسمى، تەڭرىتاغنىڭ غەربىي قىسمى ۋە ئالتاي تېغىدىكى ئورمان رايونلىرىدا ئورمانلىقتىكى ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا يېتەكچىلىك قىلدى ۋە ئۇنى تەكشۈردى، نۆۋەتتىكى ھالدا ئوت مەنبەسىنىڭ باشقۇرۇلۇش ئەھۋالى، ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى، بىرىم كەسپىي ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىنىڭ تەشكىللىنىش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى تەكشۈردى. 8 ـ ئاينىڭ 6 — 8 ـ كۈنىگىچە، 3000 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئاممىسى ۋە قوراللىق ساقچى، چېگرا مۇداپىئە خادىملىرى ئۆز ۋاقتىدا تەشكىللىنىپ، قازاقىستاندا ئۆتۈشۈپ شىنجاڭنىڭ چاغانتوقاي ناھىيىسىگە كىرگەن ئوت ئاپىتى ئۆچۈرۈلدى.

ئورمانلىقتىكى كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەش، كارانتىن قىلىش 2000 ـ يىلى شىنجاڭدا 158 مىڭ 100 گېكتار ئورمانلىقتا كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتى يۈز بەردى، 129 مىڭ 100 گېكتار ئورمانلىقتا كېسەللىك ۋە ھاشارات ئاپىتىنىڭ ئالدى ئېلىندى ۋە ئۇ

# پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، جاسارەت بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ، يېڭى ئەسىردە شىنجاڭنىڭ ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى

شىنجاڭ ئورمانچىلىق ئىدارىسى





شۇجى: لى شياڭلىن ئىدارە باشلىقى: مۇھەممەت ئابدۇللا

9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى «ئورمانچىلىق قانۇنى»نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، زور كۈچ بىلەن كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاپ، ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، شىنجاڭدا «ئۈچ شىمال» ئىھاتە ئورمىنى قۇرۇلۇشى، قۇملىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، قۇمنى تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇشلار ئاساسىدا، تەبىئىي ئورمان بايلىقىنى مۇھاپىزەت قىلىش، تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئورمانلىق (ئوتلاق) قا ئۆزگەرتىش، سۇ، تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەش، ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇشى قاتارلىق بىر تۈركۈم نۇقتىلىق ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇش تۈرلىرى يولغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تۈزلەڭلىكتە 260 مىڭ گېكتار يەردە سۈنئىي ئورمان بەرپا قىلىنىپ (بىكىتۈەنىنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا)، پىلاندىكى ۋەزىپە 125.39% ئورۇندالدى. 20 ناھىيە، شەھەر ئاپتونوم رايوننىڭ دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن، 6 ناھىيە، شەھەر ئاپتونوم رايوننىڭ تۈزلەڭلىكنى كۆكەرتىش بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 11 ۋىلايەت، ئوبلاست، 80 ناھىيە، شەھەر دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇردى. 45 ناھىيە، شەھەر دۆلەتنىڭ تۈزلەڭلىكنى كۆكەرتىش ئۆلچىمىگە يەتتى، 93% دېھقانچىلىق ئېتىزلىرى

يوقىتىلدى. ئورمانلىقلاردا كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتىنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى 9.38%، كېسەللىك ۋە ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش نىسبىتى 81.65%، كۆزىتىش - ئۆلچەش نىسبىتى 77.02%، كارانتىن قىلىش نىسبىتى 95.05% بولدى. 2 - ئايدا، شىنجاڭ ئورمانچىلىق ئىدارىلىرى باشلىقلىرى، ئورمانچىلىق مەيدانلىرى باشلىقلىرى يىغىنىدا، شىنجاڭ ئورمانچىلىق ئىدارىسى ھەر قايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئورمانچىلىق ئىدارىلىرى، غەربىي تەڭرىتاغ ئورمانچىلىق ئىدارىسى، ئالتاي تېغى ئورمانچىلىق ئىدارىسى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورمانچىلىق مەيدانلىرى بىلەن «2000 - يىللىق ئورمانلىقتىكى كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش بويىچە نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەتنامىسى» ئىمزالىدى. «دۆلەتنىڭ ئورمانلىقتىكى چاشقان ئاپىتىنى يوقىتىش 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى بويىچە شىنجاڭ ئۈلگە كۆرسىتىش رايونىنىڭ 2000 - يىلى يولغا قويۇلىدىغان پىلانى» ۋە «شىنجاڭنىڭ ئورمانلىقتىكى چاشقان ئاپىتىنى تەكشۈرۈش ۋە كۆزىتىش - مۆلچەرلەش تېخنىكىسى مەشغۇلاتىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» تۈزۈپ چىقىلدى. 10 - ئايدا شىنجاڭ بويىچە ئورمانلىقتىكى چاشقان ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇنى يوقىتىش، تەكشۈرۈش بويىچە 10 كۈنلۈك، تۇنجى قارارلىق كۇرس ئېچىلىپ، 50

ئورمان تورىنىڭ ئۈنۈملۈك قوغدىنىشىغا كېرىشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەرنى كۆكەرتىشنىڭ قاپلىنىش نىسبىتى 8 - بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرىدىكى 24.2%تىن 27.34%كە، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كەلگەن ئاممىۋى كۆكەرتىلگەن يەر 5.1 كۋادرات مېتىردىن 6.21 كۋادرات مېتىرغا كۆپەيدى، 9 شەھەر باغۋارانلاشقان شەھەر ئۆلچىمىگە يەتتى. دۆلەت تاشيولى، ئۆلكە تاشيولى ئەتراپىدىن 590 كىلومېتىر، تۆمۈريول ئەتراپىدىن 108 كىلومېتىر كۆكەرتىلدى، كۆكەرتىلگەن دەريا ساھىلى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقىنىڭ 17%ىگە، ئېرىق - ئۆستەڭ بويى 34%ىگە يەتتى. تۇزلەڭلىكتىكى تەبىئىي ئورمانلىقنىڭ يېڭىدىن قاشالاپ يېتىشتۈرۈلگەن كۆلىمى 520 مىڭ گېكتارغا يەتتى، 2000 گېكتار يەردىكى ۋەيران بولغان ئورمان ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. مۇشۇ بىر يىلدا 73 مىڭ 300 گېكتار يەردىكى تۇزلەڭلىك تەبىئىي ئورمىنى كەلكۈن سۈيى ئارقىلىق سۇغىرىلدى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3 مىليون 793 مىڭ 300 گېكتار تۇزلەڭلىك تەبىئىي ئورمىنى باشقۇرۇلدى ۋە مۇھاپىزەت قىلىندى. يەرلەرنىڭ چۆللىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش قۇرۇلۇشىدا ئورۇندالغان ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەش، ئېچىش كۆلىمى 733 مىڭ 700 گېكتارغا يېتىپ، 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكىدىن 28.29% ئاشتى. تاغلىق رايونلاردا ئورۇندالغان جامائەت پاراۋانلىقى ئورمىنى قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 92 مىڭ 700 گېكتار بولدى، سۈنئىي ئورمان يېتىلدۈرۈش، تاغنى قورشاپ ئورمان يېتىشتۈرۈش، ئورمان پەرۋىش قىلىش قاتارلىقلاردا پىلاندىكى ۋەزىپە ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى، 9 - بەش يىللىق پىلاننىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يەنە نېسى قالغان قەرزلەرنى ئىنقىلاش، يېتىلدۈرۈش ئاساسىدا يېتىلدۈرۈپ يېتىشتۈرۈپ كېسىش يولغا قويۇلدى، سۈنئىي ئۆسۈلدا يېتىلدۈرۈپ ساقلاپ قېلىش نىسبىتى 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى 90.6%تىن 99.78%كە يەتكۈزۈلدى. ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىغا ماسلاشتۇرۇلغان ھالدا 24 مىڭ 700 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، كۆچەتخانىلاردىكى بىر مىليارد تۈپكە يېقىن كۆچەت لاياقەتلىك بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئورمانلىق كۆلىمىنىڭ، ئورمان زاپىسىنىڭ ئاشۇرۇش ھالىتى داۋاملىق ساقلاپ قېلىندى.

يېڭى ئەسىردە شىنجاڭنىڭ ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى: ھالقىش شەكىللىك تەرەققىيات ئاساسىي تېما، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، رايونلارغا بۆلۈپ بۆسۈش ھاسىل قىلىش، ياخشىلىرىغا، كۈچلۈكلىرىگە يار - يۆلەك بولۇش ئاساسىي لىنىيە، 5 چوڭ قۇرۇلۇش تايانچ، پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىنىپ، شىنجاڭ ئورمانچىلىقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئورمانچىلىقتىن زامانىۋى ئورمانچىلىققا قاراپ بۇرۇلۇشىنى، يىرىك ئىگىلىك باشقۇرۇشتىن تۇجۇپىلەنگەن ئىگىلىك باشقۇرۇشقا بۇرۇلۇشىنى سانغا ئەھمىيەت بېرىشتىن سان، سۈپەت ۋە ئۈنۈمگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىشكە بۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. 5 يىلدىن 10 يىلغىچە ۋاقىت ئىچىدە، شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى ۋە ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىلىدۇ.

كۆرەش نىشانى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: 5 يىلدا 1 مىليون 356 مىڭ گېكتار ئورمان يېتىشتۈرۈلىدۇ، يېڭىدىن 273 مىڭ گېكتار ئورمان كۆپەيتىلىدۇ؛ تەبىئىي ئورمانلارنى مۇھاپىزەت قىلىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي پىلانى بويىچە، تەبىئىي ئورمانلارنى مۇھاپىزەت قىلىش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلغان رايونلاردا تاغلىق رايونلاردىكى جامائەت پاراۋانلىقى ئورمانلىرىنى يېتىشتۈرۈش، باشقۇرۇش، مۇھاپىزەت قىلىش ۋەزىپىسى ئورۇندىلىدۇ؛ 20 ناھىيە، شەھەردە دېھقانچىلىق

---

نەچچە ئادەم تەربىيىلەندى. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئورمانلىقتىكى كېسەللىك، ھاشارات ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىشقا جەمئىي 10 مىليون 980 مىڭ 600 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە مەركەزنىڭ سالغىنى 600 مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ سالغىنى 680 مىڭ يۈەن، ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ سالغىنى 3 مىليون 327 مىڭ 200 يۈەن، ئاممىنىڭ ئۆزى تەييارلىغىنى 6 مىليون 298 مىڭ 100 يۈەن، باشقا مەبلەغ 75 مىڭ 300 يۈەن.

**ياۋايى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى مۇھاپىزەت قىلىش - باشقۇرۇش** 2000 - يىلى قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان ياۋايى ھايۋانات بايلىقىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى تاماملىنىپ، دۆلەت ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئورۇمچى مۇھىت ئاسراش مەركىزىنىڭ لاچىن تۈپىدىكىلەرنىڭ مۇھىت تەزكىرىسى خىزمىتى يولغا قويۇلدى. 6 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، شىنجاڭ ئېبىنۇر كۆلى ئەملىك يەر تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ۋە شىنجاڭ شارشىلى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇلدى. توققۇزتارا شەمشاد تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى تەرىپىدىن دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قىلىپ تەستىقلاندى ھەمدە نامى شىنجاڭ توققۇزتارا شەمشاد تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى دەپ ئۆزگەرتىلدى.

**ئورمانچىلىق جامائەت خەۋپسىزلىكى** 2000 - يىلى

ئېتىزلىرىنى ئورمان بىلەن يۇقىرى ئۆلچەملىك تورلاشتۇرۇش، 5 ناھىيە، شەھەردە تۈزلەڭلىكنى كۆكەرتىش يولغا قويۇلدى؛ يېڭىدىن 11 تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇش قولغا كەلتۈرۈلدى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %2.06كە يەتكۈزۈلدى. 2010 - يىلىغا بارغاندا ئورماننىڭ يېتىشتۈرۈلۈش كۆلىمى 2 مىليون 713 مىڭ گېكتارغا، مېۋىلىك ئورمان كۆلىمى 667 مىڭ گېكتارغا، يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن ئورمان كۆلىمى 547 مىڭ گېكتارغا، ئاپتونوم رايوننىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %2.25كە يەتكۈزۈلدى، كۆكەرتىلگەن كۆلەم %4.2تىن %5.3كە يەتكۈزۈلۈپ، تاغلىق رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى، بوستانلىقلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ۋە چۆل - جەزىرىلەرنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ يامانلىشىش يۈزلىنىشى ئاساسىي جەھەتتىن تىزگىنلىنىپ، ئېكولوگىيە تەڭپۇڭلىشىشقا، مۇھىت ياخشىلىنىشقا يۈزلەندۈرۈلۈپ، قۇرغاقچىلىق، بوران ۋە قۇم، شورلىشىش، بۇلغىنىش قاتارلىقلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا بولغان زىيىنى پەيدىنپەي ھەل قىلىنىپ، ئورمان تىكىشكە باب كېلىدىغان قاقاس تاغلار (بىنەم يەرلەر) ئورمان - ئوتلاقلاشتۇرۇلۇپ، بوستانلىقلاردىكى دېھقانچىلىق ئېتىزلىرى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇلۇپ، تاشيول، تۆمۈريول بويلىرى ئورمان بەلۋېغىلاشتۇرۇلۇپ، شەھەر - بازار، يېزا - كەنتلەر باغۋارانلاشتۇرۇلۇپ، شىنجاڭ زېمىنىنى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىنىدۇ.

ئورمانچىلىق خىزمىتىدە، شىنجاڭنىڭ ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشى تەڭرىتاغ ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ تاغلىق، تۈزلەڭلىك رايونى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تۈزلەڭلىكتىكى بوستانلىق رايونىدىن ئىبارەت 2 چوڭ تېررىتورىيىگە ئايرىلىپ، 8 كەنجى رايونغا پارچىلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ تەلىپى بويىچە، شىنجاڭنىڭ ئورمانچىلىق ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇشى مۇنداق 5 چوڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشقا بىرىكتۈرۈلىدۇ: بىرىنچىسى، دۆلەت ئىلكىدىكى ئورمانچىلىق رايونلىرىدىكى تەبىئىي ئورمانلىقلارنى مۇھاپىزەت قىلىش قۇرۇلۇشى. بۇنىڭ يولغا قويۇلۇش دائىرىسى بارلىق تاغلىق رايونلاردىكى ئورمانچىلىق مەيدانلىرى بولۇپ، ئاساسلىقى مۇشۇ تېررىتورىيىدىكى تەبىئىي ئورمان بايلىقلىرىنىڭ ئارام ئېلىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش ۋە تەرەققىياتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەسىلىسى ھەل قىلىنىدۇ. ئىككىنچىسى، «ئۈچ شىمال» ئىھاتە ئورمىنى سىستېمىسىنىڭ 4 - قارارلىق قۇرۇلۇشى. بۇنىڭ يولغا قويۇلۇش دائىرىسى 94 ناھىيە (شەھەر، رايون) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، ئاساسلىقى قۇملىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، قۇمنى تىزگىنلەش ۋە بوستانلىق ئېكولوگىيىسىنى مۇھاپىزەت قىلىش مەسىلىسى ھەل قىلىنىدۇ. ئۈچىنچىسى، تېرىلغۇ يەرلەرنى ئورمانلىققا ئايلاندۇرۇش قۇرۇلۇشى. بۇنىڭدا نۇقتىلىق رايونلاردىكى سۇ تۇپراقنى ئېقىتىپ كېتىش، شامالدا يېمىرىلىش ۋە مۇھىتنى تىزگىنلەش مەسىلىسى ھەل قىلىنىدۇ. تۆتىنچىسى، ياۋايى ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداش ۋە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇش قۇرۇلۇشى. بۇنىڭدا ئاساسلىقى گېننى ساقلاپ قېلىش، ئۆسۈملۈكلەرنى كۆپ ئېرسىيەتلىك قوغداش، تەبىئەتنى قوغداش، نەملىكنى قوغداش قاتارلىق مەسىلىلەر ھەل قىلىنىدۇ. بەشىنچىسى، تېز ئۆسىدىغان مول ھوسۇللۇق ئورمان ئاساس قىلىنغان ئورمانچىلىق كەسپى بازىسىنى قۇرۇش قۇرۇلۇشى. بۇنىڭدا ئاساسلىقى شىنجاڭنى ياغاچ ماتېرىيال، ئورمانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش ۋە بوتقا ئىشلەپ قەغەز ياساش خام ئەشياسى مەسىلىسى ھەل قىلىنىدۇ.

مۇھىم نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ياخشىلىرى، كۈچلۈكلىرىگە مەدەت بېرىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشىدا ھالقىش شەكىللىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. بىرىنچىسى، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغ ۋە

ئورمانغا دائىر ھەرخىل دېلودىن 1987 سى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان 2957 جىنايەتچىگە زەربە بېرىلدى ۋە چارە كۆرۈلدى؛ 1706 كۇب مېتىر ياغاچ، 1569 دانە ياۋايى ھايۋان ۋە ئۇنىڭ 1246 كىلوگرام مەھسۇلاتى قولغا چۈشۈرۈلۈپ، 4 مىليون 361 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئالدى ئېلىندى.

سەي لىشىن

## ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى

2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە تۈزلەڭلىكتە 78 مىڭ گېكتار ئورمان بەرپا قىلىندى (بىڭتۇەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا). بۇنىڭ ئىچىدە ماتېرىيال ئورمىنى 1300 گېكتار، ئىقتىسادىي ئورمان 53 مىڭ 900 گېكتار، ئىھاتە ئورمىنى 20 مىڭ 900 گېكتار، ئوتۇن ئورمىنى 1700 گېكتار، ئالاھىدە ئېھتىياجغا ئىشلىتىلىدىغان ئورمان 200 گېكتار. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئەمەلىيەتتە لاياقەتلىك بولۇپ ئورۇندالغان كۆلەم 57 مىڭ 700 گېكتار. 31 مىليون 566 مىڭ 900 تۈپ مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىلدى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 42 مىليون 761 مىڭ 300 تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 20 مىڭ 200 گېكتار تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمانلىق (ئوتلاق) قا

بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى لىنىيىسى. نۆۋەتتىلىك ياردەم بېرىش، يار - يۆلەك بولۇش ئارقىلىق بۇ تېررىتورىيىنىڭ ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇشىدا بىر قەدەر قىسقا ۋاقىت ئىچىدە سانى، سۈپىتى، ئۈنۈمى بولغان بۆسۈش بولۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىنىپ، ئورمان ۋە ئوتلاق بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك قاپلىنىش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. ئىككىنچىسى، ئىلى دەرياسى، ئېرتىش دەرياسى ساھىلىنىڭ ئېكولوگىيە ئورمانزارلىقى قۇرۇش قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ياردەم بېرىش ئاساسىدا، ياغاچ بوتقىسى، قەغەز ئىشلەش خام ئەشياسى ئاساس قىلىنغان تېز ئۆسىدىغان مول ھوسۇللۇق ئورماننى تەرەققىي قىلدۇرۇش تېزلىتىلىدۇ. ئۈچىنچىسى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتىدە «ئۈچ شىمال» ئىھاتە ئورمىنىنىڭ 4 - قارارلىق قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلۇپ، دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ سەۋىيىسى داۋاملىق مۇستەھكەملىنىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، مۇۋاپىق ھالدا بوستانلىق سىرتىغا كېڭەيتىلىپ، ئۆزگىچە بولغان باغۋەنچىلىك زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ. تۆتىنچىسى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى گوۋۇيۈەن تەستىقلىغان ئومۇمىي پىلان بويىچە، مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، مەخسۇس تۈر بويىچە تىزگىنلىنىدۇ.

ئۆزگىچە كەسىپ ساھەسىدە، باغۋەنچىلىك، بوغا بېقىش، ئورمانچىلىق ساياھىتى، تەشتەكتە گۈل ئۆستۈرۈش ۋە ئۆزگىچە تېرىقچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا مەركەزلىك ھالدا مەدەت بېرىلىپ، بۇ كەسىپلەر شىنجاڭنىڭ ئورمانچىلىق ئىقتىسادىنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسى ۋە ئەۋزەل كەسىپىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ. 5 يىلدىن 10 يىلغىچە تىرىشىش ئارقىلىق، باغۋەنچىلىك كىرىمىنىڭ يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىمنىڭ %30نى ئىگىلىشى قولغا كەلتۈرۈلىدۇ؛ بوغا بېقىش كەسىپى تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ تۈۋرۈك كەسىپلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ؛ ئورمانلىق باغچىسى، تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى بازا قىلىنىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئورمانلىق ئېكولوگىيىلىك ساياھەت تورى سىستېمىسى قۇرۇپ چىقىلىدۇ؛ گۈلچىلىك، ئۆزگىچە تېرىقچىلىق كەسىپىنىڭ ئورمانچىلىق ئىقتىسادىدىكى سالمىقى زور ھەجىمدە ئۆستۈرۈلۈپ، رىقابەت ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە يېڭى كەسىپكە ئايلاندۇرۇلىدۇ.

---

ئۆزگەرتىلدى. تاغلىق رايوندا 12 مىڭ گېكتار ئورمان سۈنئىي ئۇسۇلدا يېڭىلاندى ۋە بەرپا قىلىندى، 400 گېكتار ئورمان پەرۋىش قىلىندى، تەبىئىي ئورماننىڭ سۈنئىي ئۇسۇلدا يېڭىلىنىپ لاياقەتلىك بولغان كۆلىمى 1100 گېكتار بولدى، 10 مىڭ گېكتار يەردە تاغ قورشاپ ئورمان يېتىشتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 5500 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن يېتىشتۈرۈلگىنى 3400 گېكتار. قۇملۇق رايوندىن 193 مىڭ 900 گېكتار يەر ئېچىلىپ ئۈنىۋېرسال تىزگىنلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە، 12 مىڭ 300 گېكتار يەردە قۇمنى تىزگىنلەش ئورمىنى بەرپا قىلىندى، 140 مىڭ 500 گېكتار يەردە قۇمنى قامال قىلىش ئورمىنى ۋە ئوت - چۆپ بەرپا قىلىندى، 10 مىڭ 600 گېكتار يەردە قۇم تىزگىنلىنىپ، ئېتىز بەرپا قىلىندى، 7400 گېكتار يەرگە ئايروپىلان ئارقىلىق ئۇرۇق چېچىلىپ (تەقلىدىي ھالدا) ئورمان بەرپا قىلىندى، 5400 گېكتار يەرگە دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر ۋە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى، 17 مىڭ 700 گېكتار يەر باشقا ئىشلىتىلدى. 404 مىڭ 700 گېكتار تۈزلەڭلىك تەبىئىي ئورمىنى داۋاملىق قامالاندى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن قاماللىنىپ ئورمان يېتىشتۈرۈلگەن كۆلەم 133 مىڭ 300 گېكتار، 100 مىڭ گېكتار تۈزلەڭلىك تەبىئىي ئورمىنى كەلكۈن سۈيى بىلەن سۇغىرىلدى.

2000 - يىلى موڭغۇلكۈرە، تولى، قويۇقسار، ئاقچى، ئاراتۈرۈك، كۆكتوقاي ناھىيىلىرىدە دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ماناس ناھىيىسى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ دۆڭگەن رايونى ئاپتونوم رايوننىڭ تۈزلەڭلىكنى كۆكەرتىش بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

سەي لىشىن

## تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئورمانلىققا ئايلاندۇرۇش قۇرۇلۇشى

2000 - يىلى گۇما، قاغىلىق، ئۈچتۇرپان، گۈچۈڭ، كورلا، غۇلجا (شەھىرى)، بورتالا قاتارلىق 7 ناھىيە (شەھەر) مەملىكەت بويىچە تۇنجى تۈركۈمدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئورمانلىققا ئايلاندۇرۇش سىناق قىلىنىدىغان ئۈلگە ناھىيە قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. شىنجاڭدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2000 - يىلى تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئورمانلىق (ئوتلاق) قا ئايلاندۇرۇشنى سىناق قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىشنى يولغا قويۇش لايىھىسى» ۋە ئۇنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش چارىسى تۈزۈپ چىقىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق، ۋىلايەتلىك - ئوبلاستلىق، ناھىيە - شەھەرلىك ئۈچ دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن تەركىب تاپقان تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئورمانلىق (ئوتلاق) قا ئايلاندۇرۇش قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك

## ئورمان بايلىقى ۋە ئورمان مەمۇرىيىتىنى باشقۇرۇش خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭدا تەبىئىي ئورمانلارنى مۇھاپىزەت قىلىش قۇرۇلۇشى رايونىدىكى ئورمان بايلىقىنى تەكشۈرۈشنىڭ سىرتقى مەشغۇلات خىزمىتى ۋە 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە كېسىش نورمىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بېكىتىش خىزمىتى تاماملاندى. دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى غەربىي شىمال ئورمان بايلىقىنى كۆزىتىش - ئۆلچەش مەركىزىگە ماسلىشىپ، شىنجاڭدىكى ئورمانلارنى كېسىش نورمىسىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى، سۈنئىي ئورمان بەرپا قىلىش، يېتىلدۈرۈش نەتىجىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئورمانلىقتا ئىشلىتىلىدىغان يەرلەرنى ئېلىش خىزمىتى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئورمان مەمۇرىيىتىگە دائىر 1954 دېلو يۈز بەردى، بۇنىڭ 1861ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 127 گېكتار يەردىكى ئورمان زىيانغا ئۇچرىدى، زىيانغا ئۇچرىغان چوڭ دەرەخ 1643 كۇب مېتىر، نوتا دەرەخ 21 مىڭ 300 تۈپ، يىغىۋېلىنغان ياغاچ 407 كۇب مېتىر، 2018 ئادەم (قېتىم)غا مەمۇرىي جازا بېرىلدى.

سەي لىشىن



چۆللىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى تىزگىنلەپ شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ياخشىلاش شىنجاڭنىڭ ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك ھەم مۇشكۇل ۋەزىپە. سۈرەتتە: جىڭ ناھىيىسى قۇمبۇلاق قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىش رايونى. بۇ ئىش رايونىدا 1997 - يىلدىن بۇيان 61 گېكتار يەردىكى قۇم تىزگىنلەندى. بۇنىڭ ئۈچۈن 17 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىندى.

يۈ بەنلىن فوتوسى

## تەبىئىي ئورمانلىقنى مۇھاپىزەت قىلىش قۇرۇلۇشى

2000 - يىلى گوۋۇيۈەن «شەرقىي شىمال، ئىچكى موڭغۇل قاتارلىق جايلاردىكى دۆلەت ئىلكىدىكى نۇقتىلىق ئورمانچىلىق رايونلىرىنىڭ تەبىئىي ئورمان بايلىقىنى قوغداش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش لايىھىسى»نى رەسمىي تەستىقلىدى. شىنجاڭ شەرقىي شىمال، ئىچكى موڭغۇل قاتارلىقلاردىكى دۆلەت ئىلكىدىكى نۇقتىلىق ئورمانچىلىق رايونلىرى ئۇچاستىكىسىغا كىرگۈزۈلدى. قۇرۇلۇش رايونى غەربىي تەڭرىتاغ، ئالتاي تېغىدىكى 2 نۇقتىلىق ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشى كارخانىسى، 23 ناھىيە، شەھەر ۋە بىڭتۇەن 4 - شىسىنىڭ 4 - تۇەن - مەيدانىغا چېتىلىدۇ.

شيې جۈن

## سۈنئىي ئۇسۇلدا يېتىلدۈرۈلگەن ۋە بەرپا قىلىنغان ئورمان ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئورمانچىلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، قاتلامmu قاتلام مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاندى، مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. سىناق قىلىپ ئۆلگە كۆرسىتىدىغان ناھىيە، شەھەرلەردە ھۆددىگەرلىك ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن دېھقان ئائىلىسى 26 مىڭ 106 گە يېتىپ، 8700 گېكتار تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمانلىققا ئايلاندۇرۇلدى. سىناق قىلىپ ئۆلگە كۆرسىتىلىدىغان ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ تۈرتكىسىدە، مۇشۇ بىر يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە 20 مىڭ 200 گېكتار تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمانلىق (ئوتلاق)قا ئۆزگەرتىلدى.

دۆلەتنىڭ تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئورمانلىققا ئايلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئالاقىدار ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، شىنجاڭدا 2000 - يىلدىن 2002 - يىلغىچە ھەر يىلى كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمىنى 66 مىڭ 700 گېكتاردىن ئازايتىش، 3 يىلدا جەمئىي 200 مىڭ گېكتار ئازايتىش پىلانلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە 133 مىڭ 300 گېكتار يەر ئورمانلىققا، ئوتلاققا ئايلاندۇرۇلىدۇ، 66 مىڭ 700 گېكتار يەرگە ئۆزگىچە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ۋە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلىدۇ.

جاۋ بىڭۇ

قۇرۇلۇشى سىستېمىسىدا سۈنئىي ئۇسۇلدا يېڭىلانغان ۋە بەرپا قىلىنغان ئورمانىنى 6 - قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئارقىلىق مۇنۇلار مەلۇم بولدى:

1. دۆلەت ئىلكىدىكى ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشى كارخانىلىرى يېڭىلاشتا نېمە قالغان ھېساباتنى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتۈنلەي ئېنىقلىدى، ئىز قوغلاپ يېڭىلاش ئۈنۈمى 99.66%كە يەتكەن.

2. سۈنئىي ئۇسۇلدا يېڭىلانغان ۋە بەرپا قىلىنغان ئورماننىڭ بۆك - باراقسانلىشىش كۆلىمى زور ھەجىمدە ئاشقان. بۆك - باراقسانلىشىش ھەجمى 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرگەن چاغدىكى 4453.2 گېكتاردىن 7913.1 گېكتارغا كۆپىيىپ، 3459.9 گېكتار ساپ كۆپەيگەن.

3. سۈنئىي ئورمان زاپىسىنىڭ كۆپىيىشى ناھايىتى تېز بولغان. سۈنئىي ئورمان زاپىسىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 300 مىڭ 982 كۇب مېتىرغا يەتكەن. ھەر يىلى سۈنئىي ئورمان زاپىسى 32 مىڭ كۇب مېتىر كۆپىيىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشى كارخانىلىرىنىڭ يىللىق ياغاچ ماتېرىيال ئۈچۈن كېسىش مىقدارىنىڭ 30%دىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەن.

4. كۆلەمنىڭ ساقلىنىش نىسبىتى زور ھەجىمدە ئۆسكەن. دۆلەت ئىلكىدىكى ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشى كارخانىلىرىنىڭ يېڭىلانغان، بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمىنىڭ ساقلىنىش نىسبىتى 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە 85% بولغان بولسا، 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە 99%تىن كۆپرەككە يەتكەن.

لىيۇ بىڭ

## باغۋەنچىلىك قۇرۇلۇشى ئەھۋالى

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ باغۋەنچىلىكىنىڭ ساقلىنىپ قالغان كۆلىمى 210 مىڭ گېكتارغا، يىللىق مېۋە مەھسۇلاتى 1 مىليون 270 مىڭ توننىغا، مېۋىنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يەتتى (يىغتۇەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا). 2000 - يىلى شىنجاڭدا 54 مىڭ گېكتار يەرگە مېۋىلىك دەرەخ تىكىلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە تۈزلەڭلىكتىكى سۈنئىي ئورمان كۆلىمىنىڭ 69%ىنى ئىگىلەپ، 1999 - يىلدىكىدىن 16 مىڭ گېكتار كۆپەيدى. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە جايلار ئورمان تورى قۇرۇلمىسىنى پائال تەڭشەپ، بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى كەسىپ ئۈستۈنلۈككە، ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، ياڭاق، ئۆرۈك، ئۈزۈم، ئالقات، ئانار، چىلان قاتارلىق شىنجاڭچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان داڭلىق، سۈپەتلىك سورتلارنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئېكولوگىيىلىك ئىگىلىك تىپىدىكى ئورمانچىلىق تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە تېزلەتتى.

ئەخمەت، شى جو

## ئورمانلىقتىكى چاشقان ئاپىتىنى يوقىتىش قۇرۇلۇشىنىڭ يولغا قويۇلۇشى

2000 - يىل 10 - ئايدا دۆلەت دەرىجىلىك ئورمانلىقتىكى چاشقان ئاپىتىنى يوقىتىش قۇرۇلۇشى تۈرىنىڭ شىنجاڭ يوقىتىش رايونىدا رەسمىي ئىش باشلاندى.

بۇ تۈردە ئاساسلىقى تەبىئىي چۆل ئورمىنىدىكى چوڭ قۇملۇق چاشقىنى، مېردىيان قۇملۇق چاشقىنى، قىزىلقۇيرۇق قۇملۇق چاشقىنى ۋە ئۈچ دوكۇرلۇق سەكرىگۈچى چاشقانلار يوقىتىلىدۇ. يوقىتىش تەدبىرىدە بىئولوگىيىلىك تېخنىكا ئارقىلىق چاشقان ئۆلتۈرۈش ئاساس، تەبىئىي كۈشەندىلەردىن پايدىلىنىپ بايلىقنى قوغداش قوشۇمچە قىلىنىپ، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئېكولوگىيىنى كونترول قىلىشتىن ئىبارەت ئالدىنى ئېلىش، يوقىتىش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. تۈر مۇددىتى 3 يىل بولۇپ، 75 مىڭ گېكتار يەردىكى چاشقان ئاپىتى يوقىتىلىدۇ، بۇنىڭغا تەخمىنەن 9 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ.

2000 - يىلى بۇ تۈر شىنجاڭدىكى 10 ناھىيە (شەھەر) گە چېتىلدى، ئاپەت يوقىتىلغان كۆلەم 15 مىڭ 600 گېكتار بولدى، جىڭ ناھىيىسى، تۇرپان شەھىرى ۋە كۇچار ناھىيىسى ئاپەت يوقىتىلىدىغان نۇقتىلىق رايون قىلىنىپ، جەمئىي 3 مىليون 310 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەتنىڭ سالغىنى 1 مىليون يۈەن، ئاپتونوم رايون ۋە ئاپەت يوقىتىلىدىغان رايون تۇرۇشلۇق ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلەر سالغىنى 2 مىليون 310 مىڭ يۈەن.

جۇرگەت

## ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر

2000 - يىلى دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى خوتەن ۋىلايىتى، ئۈچتۇرپان ناھىيىسى، ئاقتۇ ناھىيىسىگە «مەملىكەت بويىچە ئورمانچىلىق ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن» دەپ نام بەردى.

2000 - يىلى دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى، بايىنغولىن ئورمانچىلىق ئىدارىسى، ساۋەن ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى، تېكەس

ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى، ماناس ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى، قۇمۇل ئورمانچىلىق ئىدارىسى، بورتالا شەھەرلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى، ئالتاي تېغى ئورمانچىلىق ئىدارىسىگە مەملىكەت بويىچە ئورمان بەرپا قىلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن دەپ نام بەردى.

2000 - يىلى دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى شىنجاڭ ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىكى ليۇ يىڭگاۋ، سۈي پېيى، ئېزىز مىراۋۇدۇن، ئالتاي تېغى ئورمانچىلىق ئىدارىسى كۆكتوقاي ئورمانچىلىق مەيدانىدىكى لى جىنچاڭ، بۇرچىن ئورمانچىلىق مەيدانىدىكى كاڭ ياۋشىي، غەربىي تەڭرىتاغ ئورمانچىلىق ئىدارىسى تېكەس ئورمانچىلىق مەيدانىدىكى ۋاڭ جىنپىڭ، گۇچۇڭ ئورمانچىلىق مەيدانىدىكى مامىنكۇي، قۇتۇبى ئورمانچىلىق مەيدانىدىكى سۇي ۋېيدۇڭ، خوتەن ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىكى قوشتۆمۈر، قارىقاش ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىكى جاڭ جېننەن، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىكى سەلىمقازى (قازاق)، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كۆچەت ئۆستۈرۈش پونكىتىدىكى شاڭ زېگو، لوپنۇر ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىكى مەھەممەت ئەمەت، يېڭى يېزا ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىكى چېن يۈنلۇڭ، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك بارلىق تېغى ئورمانچىلىق مەيدانىدىكى مۇرات (قازاق)، ساۋەن ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىكى يى شۈبىن، بورتالا ئوبلاستى قارا تورغى ئورمانچىلىق مەيدانىدىكى ۋۇجياچىڭ، ئالتاي شەھەرلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىكى بەختىبەك (قازاق) لەرگە مەملىكەت بويىچە ئورمان بەرپا قىلىشتىكى ئىلغار خىزمەتچى دەپ نام بەردى.

2000 - يىلى دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئورمان مۇداپىئە پونكىتى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئورمان مۇداپىئە پونكىتىغا مەملىكەت بويىچە ئورمان مۇداپىئەسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ دەپ نام بەردى.

2000 - يىلى دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى بورتالا ئوبلاستلىق ئورمان مۇداپىئە پونكىتىدىكى داماش (موڭغۇل)، ئالتاي تېغى ئورمانچىلىق ئىدارىسى ئورمان مۇداپىئە پونكىتىدىكى خۇاڭ شىنپىڭ، شىنجاڭ ئورمان مۇداپىئە باش پونكىتىدىكى خۇاڭ لى، تۇرپان ۋىلايەتلىك ئورمان مۇداپىئە پونكىتىدىكى ۋەلى ئىبراھىم، كۈيتۇڭ شەھەرلىك ئورمان مۇداپىئە پونكىتىدىكى ۋاڭ شەنيۇلەرگە مەملىكەت بويىچە ئورمان مۇداپىئەسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى دەپ نام بەردى.

خې. رۇي

# دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش

## دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ بويىچە (بىڭتۈەن بۆلىكى سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 8 مىليون 521 مىڭ كىلوۋاتقا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %4.5 ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور 45 مىڭ 500گە يېتىپ، %1.6؛ كىچىك تراكتور 238 مىڭ 500گە يېتىپ، %5.2؛ تراكتورغا ماسلاشتۇرۇلغان چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمىنى 102 مىڭ 900 گە يېتىپ، %1.78؛ تراكتورغا ماسلاشتۇرۇلغان كىچىك دېھقانچىلىق سايمىنى 312 مىڭ 500گە يېتىپ، %13.35 ئاشتى؛ چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتورلارنىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈلۈش نىسبىتى 1:2.26؛ كىچىك تراكتورلارنىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈلۈش نىسبىتى 1:1.31 بولدى؛ كومباين 2200 بولۇپ، 120 سى ئازلاپ كەتتى؛ دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ماتورلۇق سۇ چىقىرىۋېتىش - سۇغىرىش ماشىنىسى 27 مىڭ 600گە يېتىپ، %3 ئاشتى؛ دېھقانچىلىق ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ماتورلۇق ماشىنىلارنىڭ قۇۋۋىتى 311 مىڭ 900 كىلوۋات بولۇپ، %8.05 ئازلاپ كەتتى.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ماشىنا بىلەن تېرىلغان يەر كۆلىمى 2 مىليون 154 مىڭ 200 گېكتارغا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %0.9؛ ماشىنا بىلەن ئورۇق سېلىنغان يەر كۆلىمى 1 مىليون 982 مىڭ 900 گېكتارغا يېتىپ، %0.42؛ ھوسۇلنى ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىنغان يەر كۆلىمى 658 مىڭ 500 گېكتارغا يېتىپ، %2.83؛ ماشىنا بىلەن سۇلياۋ يوپۇق يېپىلغان يەر كۆلىمى 734 مىڭ گېكتارغا يېتىپ، %21.56؛ ماشىنا بىلەن ئورۇلغان ئوت - چۆپ 3 مىليون 302 مىڭ توننىغا يېتىپ، %24.72؛ ماشىنا ئارقىلىق دېنى ئايرىلغان ئاشلىق 6 مىليون 134 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، %4.84 ئاشتى. خىللاپ ئاز مىقداردا ئورۇق سېلىنغان يەر كۆلىمى 928 مىڭ 400 گېكتارغا يېتىپ، %23.67 ئاشتى؛ خىمىيىۋى ئوغۇت ماشىنا ئارقىلىق چوڭقۇر بېرىلگەن كۆلەم 1 مىليون 457 مىڭ 400 گېكتار بولۇپ، %9 ئازلاپ كەتتى؛ شاخ - شۇمبىسى ئۆۋۈتىلىپ

ئۆزگە كۆمۈلگەن يەر كۆلىمى 313 مىڭ 500 گېكتارغا يېتىپ، 7.4% ئاشتى؛ ماشىنا ئارقىلىق تەييارلانغان سىلوس 4 مىليون 691 مىڭ 500 تونغا بولۇپ، 3% ئازلاپ كەتتى.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئەسلى قىممىتى 4 مىليارد 985 مىليون يۈەن، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ساپ قىممىتى 3 مىليارد 964 مىليون يۈەن بولدى.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تىجارىتىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 4 مىليارد 314 مىليون 655 مىڭ 400 يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 1.28% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلاتى كىرىمى 3 مىليارد 936 مىليون 551 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، 124 مىليون 664 مىڭ 300 يۈەن؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونتى كىرىمى 125 مىليون 469 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، 35 مىليون 602 مىڭ 500 يۈەن ئاشتى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تىجارىتىنىڭ ساپ كىرىمى 1 مىليارد 507 مىليون 79 مىڭ 800 يۈەن بولۇپ، 82 مىليون 865 مىڭ 400 يۈەن ئازلاپ كەتتى.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 143 مىڭ 427 (قېتىم) تراكتورچى ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلات خادىمى تەربىيىلەندى.

سۇن يەن

## يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمەت سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى

2000 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئوتتۇرا تېخنىكومى 4، ئوقۇغۇچىسى 566؛ ناھىيە دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى 79، ئوقۇغۇچىسى 624؛ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى تەتقىق قىلىش ئاپپاراتى 7، خادىمى 174؛ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى سىناق قىلىش - بېكىتىش ئاپپاراتى بىر، خادىمى 40؛ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئاپپاراتى 86، خادىمى 761؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى 97، خادىمى 1064 بولدى. يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەشغۇلاتىغا مۇلازىمەت قىلىش تەشكىلاتى 290 مىڭ 340، خادىمى 329 مىڭ 255 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە پاي ھەسسىدارلىق تۈزۈمى ياكى پاي ھەمكارلىق تۈزۈمىدىكىسى 12؛ ناھىيە دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەشغۇلاتىغا مۇلازىمەت قىلىش تەشكىلاتى 35، خادىمى 566؛ يېزا دەرىجىلىكى 28، خادىمى 315؛ كەنت دەرىجىلىكى 2002، خادىمى 4908. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە 286 مىڭ 57، ئادىمى 319 مىڭ 572. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئاسراش زاۋۇتى ۋە رېمونت قىلىش ئورنى 2984، خادىمى 6039. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك رېمونت ئورنى 30، خادىمى 335؛ 2 - دەرىجىلىك رېمونت ئورنى 130، خادىمى 667؛ 3 - دەرىجىلىك رېمونت ئورنى 1470، خادىمى 2721. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئوبوروت قىلىدىغان كارخانا 64، خادىمى 635؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ماي بىلەن تەمىنلەش پونكىتى (ئورنى) 518، خادىمى 1165؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش ئورنى 807، خادىمى 1415. يېزا دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىمى 361 مىڭ 521، بۇنىڭ ئىچىدە تراكتورچى 209 مىڭ 216. يېزىلاردا ئىشلىتىلىدىغان ترانسپورت ماشىنىلىرى شوپۇرى 15 مىڭ 933. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش خادىمى 6945. شۇ يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن مەبلەغ 375 مىليون 216 مىڭ 700 يۈەن بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 67 مىليون 645 مىڭ يۈەن كۆپەيدى، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەشۋىقاتىنى كېڭەيتىش بويىچە تەربىيىلەشكە سېلىنغان مەبلەغ 4 مىليون 938 مىڭ 800 يۈەن.

2000 - يىلى شىنجاڭدا «551» قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى، يەنى 5 مىليون مو (333 مىڭ گېكتار) ئەلا سۈپەتلىك ئاشلىقتىن يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىشنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى، 5 مىليون مو (333 مىڭ گېكتار) ئەلا سۈپەتلىك پاختىدىن يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىشنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى ۋە 1 مىليون مو (67 مىڭ گېكتار) ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكىدىن يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىشنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇلۇشى تۈزۈلدى. مەركەز، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەر) دىن ئىبارەت 4 دەرىجىلىك مالىيەدىن چوڭ، ئوتتۇرا تراكتورغا قوشۇمچە ياردەم ئاجرىتىپ، ئۇلارنى يېڭىلاش تۈرى داۋاملىق يولغا قويۇلۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە 329 دانە چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور يېڭىلاندى.

جېڭ شىجۈن

## يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باھالاش

2000 - يىلى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باھالاش پونكىتى كومبايىن، تراكتور قاتارلىقلارنىڭ سۈپىتىنى باھالىدى ۋە 111 تۈرنى ھاۋالە بويىچە تەكشۈردى، 7 پارچە

ئەرز قوبۇل قىلىپ، دېھقانلارنى 160 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قالدى.

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بازىرىنى ساپلاشتۇرۇش، ياخشىلىرىنى يۆلەش - ناچارلىرىدىن ساقلىنىش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەھسۇلاتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن، ھەر قايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى، سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ نۇقتىلىق رايونلىرىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بازىرىنى نازارەت قىلدى ۋە ئارىلاپ تەكشۈردى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تىجارىتى قىلىدىغان 120 ئورۇننى ئارىلاپ تەكشۈرۈپ، 110 تۈركۈم (قېتىم) لاياقەتسىز مەھسۇلاتنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، دېلو قىممىتى 840 مىڭ يۈەن بولدى.

شىنجاڭ سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، ئۈرۈمچى ۋە ئاقسۇ رايونىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بازىرى مەخسۇس تۈرلەر بويىچە نازارەت قىلىندى ۋە ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى.

مۇشۇ بىر يىلدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سەپلىمىلىرى، يۇڭ قىرقىش ماشىنىسى، سۇلياۋ يوپۇق يېيىش ماشىنىسى، پۈركۈپ سۇغىرىش ماشىنىسى قاتارلىقلار بازاردا 226 تۈر بويىچە نازارەت قىلىندى ۋە ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، 29 تۈر بويىچە قەرەللىك تەكشۈرۈلدى، 120 تۈر بويىچە كۈندىلىك نازارەت قىلىندى ۋە تەكشۈرۈلدى. بىرلەشمە يەر تۈزلەش ماشىنىسى، كولتىۋاتور، نەملىتىش ماشىنىسى، سۇلياۋ يوپۇق يېيىپ تېرىش ماشىنىسى قاتارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ كېڭەيتىش ئىجازەتنامىسى تەكشۈرۈلدى.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كارخانىلار ئىشلەپچىقارغان كۆممىقوناق يىغىش ماشىنىسى، كومبايىن، ئورۇق تازىلاش ماشىنىسى، يەر ئاغدۇرۇش ماشىنىسى قاتارلىق ماشىنىلار ئۈستىدە يېڭى مەھسۇلات بويىچە باھالاش ئېلىپ بېرىلدى.

باۋ ۋېي

## يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭدا رويخەتكە ئېلىنغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى 278 مىڭ 243 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ترانسپورت ئاپتوموبىلى 20 مىڭ 449. تەكشۈرۈشكە تېگىشلىكلىرى 249 مىڭ 690 بولۇپ، ئەمەلىي تەكشۈرۈلگىنى 232 مىڭ 732. رويخەتكە ئېلىنغان شوپۇر 217 مىڭ 531. بۇنىڭدىن تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك بولغىنى 190 مىڭ 994 بولۇپ، ئەمەلىي تەكشۈرۈلگىنى 171 مىڭ 599.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئېتىز - ئېرىق ۋە يوللاردا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى جەمئىي 1 مىليون 116 مىڭ 725 ماشىنا (قېتىم) تەكشۈرۈلدى، قائىدىگە خىلاپلىق قىلغان 91 مىڭ 448 ئادەم (قېتىم) نىڭ مەسىلىسى تۈزىتىلدى، تۈرلۈك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىدا 133 قېتىم ۋەقە چىقىپ، 82 ئادەم ئۆلدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 195 مىڭ 900 يۈەن بولدى. ھەر 1000 ماشىنىدا ۋەقە تۇغۇلۇش نىسبىتى 0.48 قېتىم بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 14.3% ئازايدى، ئۆلۈم نىسبىتى 0.29 ئادەم بولۇپ، 18.9%، ئىقتىسادىي زىيان 700 يۈەن بولۇپ، 12.5% ئازايدى.

2000 - يىل 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ھادىسىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش چارىسى»نى ئېلان قىلىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ھادىسىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇردى.

2000 - يىلى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئورنى، قابا ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش پونكىتى، چەرچەن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش پونكىتى، يەكەن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش پونكىتى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەدەنىي نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش، ئەلا مۇلازىمەت قىلىش»تا ئۈلگىلىك كۆزنەك ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

سۇن يەن

## يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئەھۋالى

يېزا ئىگىلىكىدە دەسمايىنى تېجەپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش قۇرۇلۇشى تېخنىكىسى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشتا دەسمايىنى تېجەپ ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، ئورۇق، خىمىيىۋى ئوغۇت، سۇ، دېھقانچىلىق دورىسى، ئېنېرگىيە قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ سېلىنىشى تېخىمۇ مۇۋاپىقلاشتۇرۇلدى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى ۋە پايدىسى تېخىمۇ ئاشۇرۇلدى، خىمىيىۋى ئوغۇتتىن پايدىلىنىش نىسبىتى 30% تىن 45% ئەتراپىغا ئۆستۈرۈلدى، زىرائەتلەرگە ئىشلىتىلىدىغان ئورۇق

مىقدارى زور ھەجىمدە تۆۋەنلىتىلدى، سۇغىرىلىدىغان سۇ ۋە يامغۇر سۈيىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، زىرائەتلەر شاخ - شۇمبىلىرىدىن ئۈز جايىدا پايدىلىنىلىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ياخشىلاندى، تەكرار مەشغۇلات كۆپەيدى، ئېنېرگىيە تېجەلدى، تەننەرخ تۆۋەنلىتىلدى.

1. خىمىيىۋى ئوغۇتنى ماشىنا بىلەن چوڭقۇر بېرىش. بۇ تۈر شىنجاڭدا ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىلدى، 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە خىمىيىۋى ئوغۇت چوڭقۇر بېرىلگەن يەر كۆلىمى 1 مىليون 633 مىڭ گېكتار بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 132 مىڭ 700 گېكتار كۆپەيدى، ئاپتونوم رايون بويىچە چوڭقۇر ئوغۇت بېرىشكە تۈرلۈك ماشىنا - سايمانلاردىن 52 مىڭ دانە (يۈرۈش) ئىشلىتىلدى.

2. ئاز ۋە ساز تېرىش. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاز ۋە ساز تېرىلغان يەر كۆلىمى 927 مىڭ 700 گېكتار بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 97 مىڭ 900 گېكتار كۆپەيدى. بۇ ئارقىلىق 635 مىليون كىلوگرام ئاشلىق، 60 مىليون كىلوگرام ساپ پاختا كۆپ ئېلىندى، 62 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام ئۇرۇق تېجەلدى، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، دەسمايىنى تېجەشتىن كەلگەن ئومۇمىي پايدا 1 مىليارد 300 مىليون يۈەن بولدى. بۇغدايىنى تۈجۈپىلەپ، يېرىم تۈجۈپىلەپ تېرىش ماشىنىسى، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش ماشىنىسى، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ قوناق تېرىش ماشىنىسىدىن 40 مىڭ دانە (يۈرۈش) ئىشقا سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن تۈرلۈك ماشىنا - سايمان 8000 دىن ئاشىدۇ.

3. قۇرغاق يەر تېرىقچىلىقىدا ماشىنىلاشقان سۇ تېجەش تېخنىكىسى. ئەنئەنىۋى مەشغۇلات ئۇسۇلى ئۆزگەرتىلىپ، يەرنى چوڭقۇر ھەيدەپ نەملىكنى جۇغلاش، تۈپىنى چوڭقۇر يۇمشىتىپ نەملىك قوبۇل قىلىش، يەرنى تىرنىلاپ نەملىكنى ساقلاش، يەرنى چىڭداپ نەملىكنى ئاشۇرۇش، شاخ - شۇمبىلارنى ئېتىزغا قايتۇرۇش، سۇلياۋ يوپۇق يېپىش، چۆنەكلەپ تېرىش، خىمىيىۋى ئوغۇتنى چوڭقۇر بېرىش، يۆگىرىتىپ سۇغىرىش، سۇ تېجەش قاتارلىق قۇرغاق يەر تېرىقچىلىقى مەشغۇلاتىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى تەدبىرلىرى قوللىنىلىپ، 1 مىليون 33 مىڭ 600 گېكتار قۇرغاق يەرگە زىرائەت تېرىش مەشغۇلاتى ماشىنىلاشتۇرۇلۇپ، ھەر گېكتار يەردە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 225 يۈەن تەننەرخ تېجەلدى، ھەر گېكتار يەردىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 225 كىلوگرام بۇغداي، 750 كىلوگرام كۆممىقوناق ئارتۇق ئېلىندى، يېڭىدىن كۆپەيتىپ ئېلىنغان بۇغداي ئومۇمىي مەھسۇلاتى 16 مىليون 287 مىڭ 500 كىلوگرام، كۆممىقوناق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 232 مىليون 505 مىڭ 200 كىلوگرام بولۇپ، يېڭىدىن كۆپەيگەن ساپ كىرىم 370 مىليون يۈەن بولدى.

«مول ھوسۇل پىلانى» بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تۈرى 2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى چۈشۈرگەن يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇپ مول ھوسۇل ئېلىش پىلانى تۈرى — «تېرىقچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇپ سۇ تېجەش تېخنىكىسى»، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ نۇقتىلىق پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنى كېڭەيتىش تۈرى — «ماشىنىلاشتۇرۇپ ئۈنۈمىرسال سۇ تېجەش تېخنىكىسى»نى ئۈستىگە ئالدى، جايلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ «مول ھوسۇل پىلانى» بويىچە ئاشلىق، پاختا مەھسۇلاتىنى ئۈنۈمىرسال كۆپەيتىشنىڭ ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى يولغا قويدى.

1. ئۈنۈمىرسال سۇ تېجەشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى. بۇ خىل تېخنىكىدا ئاساسلىقى سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ سۇ تېجەش تېخنىكىسى، يۆركۈپ سۇغىرىش، تېمىتىپ سۇغىرىش تېخنىكىسى ۋە تۈپىنى يۇمشىتىپ چوڭقۇر ھەيدەشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى ئارقىلىق ئۈنۈمىرسال سۇ تېجەش مەقسىتىگە يېتىلىدۇ. 2000 - يىلى 668 مىڭ 900 گېكتار يەردە يۇقىرىقىدەك مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلىپ، 6 تىرلىيون 800 مىليارد كۇب مېتىر سۇ ئۈنۈمىرسال تېجەلدى.

2. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 765 مىڭ 600 گېكتار يەردە «مول ھوسۇل پىلانى» بويىچە ماشىنىلاشتۇرۇش تۈردىكى ئاشلىق، پاختا مەشغۇلاتىنى ئۈنۈمىرسال ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى ئورۇندالدى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 313 مىڭ 600 گېكتار، كۆممىقوناق 140 مىڭ گېكتار، كېۋەز 312 مىڭ گېكتار. بۇ تۈرنىڭ ئاساسلىق ھالقىلىرىنىڭ ماشىنىلاشتۇرۇلۇش سەۋىيىسى %100كە يەتتى، ھەر گېكتار يەردىن ئوتتۇرا ھېسابتا 375 كىلوگرام بۇغداي، 525 كىلوگرام كۆممىقوناق، 25 كىلوگرام پاختا كۆپ ئېلىنىپ، جەمئىي 94 مىليون 80 مىڭ كىلوگرام بۇغداي، 63 مىليون كىلوگرام كۆممىقوناق، 23 مىليون 400 مىڭ كىلوگرام پاختا ھوسۇلى ئاشۇرۇپ ئېلىندى، جەمئىي قوشۇلما مەھسۇلات قىممىتى 157 مىليون يۈەن بولدى.

دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى شاخ - شۇمبىسىدىن ئۈنۈمىرسال پايدىلىنىش 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 3 مىليون 158 مىڭ توننا ئوت - چۆپ سىلوسلاندى، 580 مىڭ توننا يەم - خەشەك ئېچىتىلدى، 7 مىليون 223 مىڭ 800 توننا شاخ - شۇمبا توغرالدى. دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى شاخ - شۇمبىسىدىن ئۈنۈمىرسال

پايدىلىنىش تېخنىكىسىنىڭ كېڭەيتىلىشى نەتىجىسىدە، شاخ - شۇمبىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى يۇقىرىلاپ، پايلىق مەنبەسىنىڭ ئىسراپ بولۇشى ئازىيىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ پاختى سۈپەتلىك ئايلىنىشىغا پايدىلىق بولدى. دېھقانچىلىق رايونلىرى ۋە شەھەر ئەتراپى رايونلىرىدىكى چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش قىممىتى ۋە قوشۇمچە قىممىتى كۆپىيىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمى يۇقىرىلىدى.

ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكى ۋە يېڭى تېخنىكىنى سىناق قىلىپ ئۆلگە كۆرسىتىش تۈرى جايلار كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشى ۋە ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئېھتىياجىغا بىرلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مۇلازىمىتى ساھەسىنى كېڭەيتىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرى قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش سالمىقىنى زورايتىپ، يېڭى تېخنىكىنى كىرگۈزۈپ، جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ماشىنا - سايمانلارنى ئۆزگەرتىپ، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ بىر قىسىم يېڭى تېخنىكىسىنى سىناق قىلدى ۋە كېڭەيتتى.

قۇمۇل ۋىلايىتىدە چولڭ چىلان، ئۈزۈمگە ماشىنا ئارقىلىق چۆنەك تارتىش، ئورەك قېزىش تېخنىكىسى كېڭەيتىلدى؛ بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئارماقلىرى كىچىك تىپتىكى تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق يېڭى پېتى ساقلاش ئامبىرى ۋە يۇرۇشلەشتۈرۈش تېخنىكىسىنى كېڭەيتتى؛ خوشۇت ناھىيىسىدە چولڭ لاپاس ئىچىگە مېۋە، كۆكتاتنى ئاز - ئازدىن تېرىش ۋە يۇرۇشلەشتۈرۈش تېخنىكىسى سىناق قىلىندى ۋە كېڭەيتىلدى؛ لوپنۇر ناھىيىسىدە قىزىل پوستلۇق چۈچۈكبۇينى تېرىش، يىغىۋېلىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى كىرگۈزۈلدى ۋە سىناق قىلىندى؛ ساۋەن ناھىيىسىدە خاسىڭ، پەمىدۇرنى ماشىنا ئارقىلىق سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تۈجۈپىلەپ تېرىش تېخنىكىسى سىناق قىلىندى ۋە كېڭەيتىلدى؛ ئاقسۇ ۋىلايىتىدە كېۋەزنى تۈزلەپ چۆنەك تارتىپ تېرىش ۋە قويۇق تېرىپ يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى، شۇنىڭدەك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلاتىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان «سالا ئېتىز»لار بويىچە كىرىشتۈرۈپ تېرىش تېخنىكىسى سىناق قىلىندى ۋە كېڭەيتىلدى؛ مەكىت، يەكەن، يېڭىسار، قەشقەر يېڭىشەھەر قاتارلىق ناھىيىلەردە تېخنىكا كىرگۈزۈلۈپ، ماشىنا - سايمانلار ئۆزگەرتىلىپ، كېۋەزنى ماشىنا ئارقىلىق قويۇق تېرىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى سىناق قىلىندى؛ بورتالا ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى كېڭەيتىش پونكىتى كېۋەزنى ئالاھىدە كەڭ ئەنلىك سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىش تېخنىكىسىنى ۋە ئالدىغا ئېرىپ قويۇلىدىغان پۈتۈن مۇساپە بويىچە ئوغۇت بېرىش ماشىنىسىنى سىناق قىلدى ۋە كېڭەيتتى.

زورگېتۇ

## يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش پەن - تېخنىكىسى

2000 - يىلى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش بويىچە 13 تۈر يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسى، شىنجاڭ پىلان كومىتېتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە «بۇغداينى سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىش ماشىنىسى ۋە ئۇنىڭ يانداشما ماشىنا - سايمانلىرىنى تەتقىق قىلىش»، «سۇ تېجەشنى ئۇنىۋېرسال ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسى» پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

لۇ دۇڭ

# سۇچىلىق

## سۇچىلىق - سۇ ئېلېكتىر قۇرۇلۇشى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ سۇچىلىق - سۇ ئېلېكتىر قۇرۇلۇشىغا 1 مىليارد 269 مىليون 170 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغانىدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز بېرىدىغان قوشۇمچە ياردەم 1 مىليارد 173 مىليون 260 مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايون سالىدىغىنى 95 مىليون 910 مىڭ يۈەن. ئەمەلىيەتتە 751 مىليون 470 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز بەرگەن قوشۇمچە ياردەم 655 مىليون 560 مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايون سالغىنى 95 مىليون 910 مىڭ يۈەن.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 33 مىليارد 773 مىليون كۇب مېتىر سۇ بىلەن تەمىنلەندى (بىكتۇەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، سۇغىرىلىدىغان كۆلەم 3 مىليون 388 مىڭ گېكتار، ئۈنۈملۈك سۇغىرىلىدىغان كۆلەم 2 مىليون 257 مىڭ گېكتار (بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن كۆپەيگىنى 23 مىڭ 200 گېكتار، ياخشىلانغىنى 151 مىڭ 100 گېكتار)، سۇغىرىلىدىغان ئورمان يېرى 425 مىڭ 700 گېكتار، باغ 141 مىڭ 600 گېكتار، ئوت - چۆپلۈك 438 مىڭ 900 گېكتار، باشقا يەرلەر 124 مىڭ 900 گېكتار. ماشىنىلاشقان قۇدۇق سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان كۆلەم 471 مىڭ 600 گېكتار، تېجەشلىك سۇغىرىلىدىغان كۆلەم 1



ئۇلۇغئاتا تۇگۇنلۇك سۇچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئامبار رايونى ۋە باش توسما

قۇرۇلۇش - باشقۇرۇش ئىدارىسى تەمىنلىگەن.

مىليون 265 مىڭ 900 گېكتار، سۇنىڭ تۇپراقنى ئېقىتىپ كېتىشى تىزگىنلەنگەن كۆلەم 68 مىڭ 800 گېكتار، ھۆلچىلىك تۈگىتىلگەن كۆلەم 37 مىڭ 800 گېكتار، شورلىشىشى تىزگىنلەنگەن كۆلەم 502 مىڭ 900 گېكتار. 2000 - يىلغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشلىتىلىۋاتقان سۇ ئامبىرى 371، ئۇلارنىڭ سىغىمى 4 مىليارد 517 مىليون كۇب مېتىر. 5129 گېكتار يەرگە كەلكۈن توسمىسى ياسالدى، 33 مىڭ 251 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭقۇر قۇدۇق 13 مىڭ 272. 67. 666 گېكتاردىن ئارتۇق چوڭ سۇغىرىش رايونىدىن 423ى بەرپا قىلىندى، ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 2 مىليون 476 مىڭ گېكتار، 630 توما ياسالدى.

2000 - يىلى تارىم دەرياسىنى ئۈنۈۋېرسال تىزگىنلەش ئاساس قىلىنغان ئالدىنقى قارارلىق خىزمەت ۋە «تارىم دەرياسى ۋادىسىنىڭ سۇ بايلىقى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى مەسىلىسى شۇنداقلا ئۇ ھەقتىكى تەدبىرلەر» تەتقىقاتى تاماملاندى. ئۇلۇغئاتا تۇگۇنلۇك سۇچىلىق قۇرۇلۇشى، شياكۇ سۇ ئامبىرى، ليۇشۇگۇ (سۇگەتلىك جىلغا) سۇ ئامبىرى، تاسىرقاي دەرياسى شىمبېگزا تۇگۇنلۇك سۇچىلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىق بىر تۈركۈم نۇقتىلىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرى پۈتتى. دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىلغان يېزا ئىگىلىكىدە سۇغىرىش، زەي چىقىرىۋېتىش ۋە مۇھىت ئاسراش تۈرىنىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى ئۇتۇقلۇق بولۇۋاتىدۇ. ياپونىيە خەلقئارا ھەمكارلىق بانكىسىنىڭ قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىلغان شىنجاڭدا تېجەشلىك سۇغىرىش تۈرى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. جۇڭگو - كانادا ھەمكارلىقىدىكى تارىم ئويمانلىقىدىكى بايلىقلارنى ئېچىش ۋە مۇھىت ئاسراش تۈرى ئاساسەن ئاياغلاشتى.

ۋاڭ شياڭدۇڭ

## سۇ بىلەن تەمىنلەش ئەھۋالى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 33 مىليارد 773 مىليون كۇب مېتىر سۇ بىلەن تەمىنلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن تەمىنلەنگىنى 32 مىليارد 901 مىليون كۇب مېتىر، سانائەت ئۈچۈن تەمىنلەنگىنى 404 مىليون كۇب مېتىر، شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن تەمىنلەنگىنى 468 مىليون كۇب مېتىر. تەمىنلەنگەن سۇ ئىچىدە سۇ ساقلاش قۇرۇلۇشلىرى تەمىنلىگىنى 3 مىليارد 710 مىليون كۇب مېتىر، سۇ باشلاش قۇرۇلۇشلىرى تەمىنلىگىنى 26 مىليارد 263 مىليون كۇب مېتىر، ماشىنىلاشقان قۇدۇق تەمىنلىگىنى 2 مىليارد 877 مىليون كۇب مېتىر، سۇ پومپىسى تەمىنلىگىنى 203 مىليون كۇب مېتىر، باشقا قۇرۇلۇشلار ۋە ئامىللار تەمىنلىگىنى 720 مىليون كۇب مېتىر.

ۋاڭ شياڭدۇڭ

## سۇچىلىق پىلانى

ۋادا، رايونلارنى پىلانلاش، مەخسۇس تېما بويىچە پىلانلاش

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون سۇچىلىق مىنىستىرلىكىگە تارىم دەرياسى ۋادىسىنى پىلانلاش ۋەزىپىنامىسى، تارىم دەرياسى ۋادىسىنى پىلانلاش تېزىسلىرى ۋەزىپىنامىسى ۋە خىزمەت پروگراممىسى قاتارلىقلارنى يوللىدى. سەنگۇڭ دەرياسىنىڭ يەر ئاستى سۈيىدىن پايدىلىنىش تەتقىقاتى تېمىسى، شىنجاڭنىڭ سۇ بايلىقىنى ئېچىش، پايدىلىنىش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى تۈزەش ۋە نۇقتىلىق سۇچىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى تەتقىقاتى تاماملاندى؛ ئىچكى دەريالار ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ سۇ بايلىقىنى قوغداش پىلانى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. قەشقەر دەرياسى ۋادىسى پىلانى دەسلەپكى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى؛ قورغاس، كۆيتۈڭ، ئېمىل دەريالىرى ۋادىسى پىلانىنى كۆزدىن كەچۈرۈش، خىزمەت

پروگراممىسىدىن مەسلىھەت بېرىش، ۋەزىپىنامە تۈزۈش ۋە تۈزىتىش ئىشلىرى ئاياغلاشتى. غەربىي شىمال (شىنجاڭ) نىڭ سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىش پىلانى دوكلاتى، شىنجاڭنىڭ سۇچىلىقىغا دائىر 10 - بەش يىللىق پىلان ۋە 2015 - يىللىق كەلگۈسى پىلان، «غەربىي شىمالنىڭ تاغ - دەريالىرىنى گۈزەللەشتۈرۈش ئىستراتېگىيىسى تەتقىقاتى» تېمىسى، ئېرەن دەرياسى ۋادىسىنى پىلانلاش، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ سۇ بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش پىلانى تاماملاندى؛ كۆما دەرياسى ۋادىسى پىلانىنى تۈزۈش باشلاندى.

تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ۋە لايىھەلەش تۈرلىرىنى تەكشۈرۈش 2000 - يىلى تارىم دەرياسى غول ئېقىمىغا جىددىي سۇ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى تۈرى تەكلىپنامىسى ۋە دەسلەپكى لايىھە بويىچە تەكشۈرۈش - ئۆلچەش، لايىھەلەش ۋەزىپىنامىسى، شىيابەندى سۇچىلىق تۈگۈنىنىڭ مۇمكىنچىلىك تەتقىقات باسقۇچىدىكى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش، لايىھەلەش ۋەزىپىنامىسى، بولۇڭكۆل - قوڭۇر سۇچىلىق تۈگۈنى 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ مۇمكىنچىلىك تەتقىقات باسقۇچىدىكى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش، لايىھەلەش ۋەزىپىنامىسى، ماناس دەرياسىدىكى كېنسۇۋات تۈگۈنلۈك سۇچىلىق قۇرۇلۇشى تۈرىنىڭ تەكلىپنامە يېزىش باسقۇچىدىكى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش، لايىھەلەش ۋەزىپىنامىسى، قۇتۇبى دەرياسىدىكى شىمىگىزا تۈگۈنلۈك سۇچىلىق قۇرۇلۇشى تۈرى تەكلىپنامىسى قاتارلىق ئاپتونوم رايون بويىچە بىر تۈركۈم نۇقتىلىق تۈرلەر سۇچىلىق مىنىستىرلىكىگە يوللاندى. «كۆچ دەريا، بىر رايون» غا ئۇيغۇن كېلىدىغان تۈر تەكلىپنامىلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ تۈر تۇرغۇزۇش، مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتى دوكلاتى يېزىش، تېخنىكا جەھەتتىن مەسلىھەت بېرىش، مۇھىت تەسىرىنى باھالاش پروگراممىسى، سۇ - تۇپراقنى ساقلاپ قېلىش خىزمىتى پروگراممىسى، مەخسۇس تېما تەتقىقات دوكلاتى يېزىش ئىشلىرى ئاياغلاشتى. تارىم دەرياسىغا جىددىي سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى، شىيابەندى سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى، بولۇڭكۆل سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى، ماناس دەرياسىدىكى كېنسۇۋات قۇرۇلۇشى، قۇتۇبى دەرياسىدىكى شىمىگىزا سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى پۈتتى. قەشقەردىكى ئاراتاش سۇ ئامبىرى بىلەن ئاقسۇدىكى داشىيا سۇ ئامبىرىنىڭ ئالدىنقى قارارلىق قۇرۇلۇشى ئىشلىنىۋاتىدۇ. يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىن سۇ باشلاش ئۆستىڭىنىڭ باشلىمى، جىمدىكى شىياتىيەنجى سۇ ئامبىرى، بۆگۈردىكى «1 - ماي» سۇ ئامبىرى ۋە كۆچادىكى مىسكان سۇ ئامبىرى قاتارلىق 68 قۇرۇلۇشنىڭ پىلانلاش باسقۇچلىرىدىكى تەكشۈرۈش ئاخىرلاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۈر تەكلىپنامىسى تەكشۈرۈلگىنى 9 تۈر، مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتى 15 تۈر، دەسلەپكى لايىھە 22 تۈر. قۇتۇبىدىكى شىمىگىزا سۇ ئامبىرى، چاغانتوقاي ناھىيىسىدىكى قارابۇرا سۇ ئامبىرى، جىڭ ناھىيىسىدىكى شىياجىتيەن سۇ ئامبىرى قاتارلىق ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق بولغان ئوتتۇرا، كىچىك قۇرۇلۇشلار دۆلەتنىڭ تۈر تۇرغۇزۇپ مەبلەغ سېلىشىغا ئىلتىماس قىلىندى.

چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىلغان تۈرلەر 2000 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 5 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىپ تارىم ئويمانلىقىدا يېزا ئىگىلىكى بويىچە سۇغىرىش - زەي چىقىرىۋېتىش، مۇھىت ئاسراش 2 - قارارلىق تۈرىنىڭ ئىقتىسادتا ئۆزىنى قامدىيالايدىغان سۇغىرىش رايونى تۈرى رايونىدىكى ئاتۇش، ئاقسۇ، لوپ، قەشقەر كوناشەھەر، ئاقتو، لوپنۇر قاتارلىق ناھىيە، شەھەرلەردىن ئىبارەت نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان رايونلاردا، سۇغىرىش رايونلىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى باشقۇرۇش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى، ئېتىز - ئېرىقنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى قىلىنىپ ۋە سۇ ئۆلچەش مۇئەسسەسىلىرى ئورنىتىلىپ، ئوق ئېرىقنىڭ بېشىنى پاسىل قىلىپ تۇرۇپ، كۆپ مېتىر ئۆلچىمى بويىچە سۇ ھەققى يىغىش يولغا قويۇلدى، سۇنى ئېتىزغىچە يەتكۈزۈش بويىچە سۇغىرىشنى باشقۇرۇش خىزمىتى نۇقتىدا سىناق قىلىندى. 2000 - يىل 12 - ئايدا ئەنجىڭ خېخەي ئۇنىۋېرسىتېتى خەلقئارا سودا - ساناەت ئىنستىتۇتىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى ئۈستىگە ئالغان سۇغىرىش رايونلىرىدىكى سۇغىرىشنى باشقۇرۇش سىستېمىسى مەخسۇس تەتقىقات تېمىسىدا دەسلەپكى نەتىجە دوكلاتى تاماملاندى. 2000 - يىل 4 - ئايدا سۇ تەركىبىدىكى تۇزنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش لايىھىسىنى تۈزىتىش، نۆل نۇقتىدىن تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىش، سۇدىكى تۇزنىڭ تەڭپۇڭلۇق مودېلىنى ياخشىلاش ۋە سۇدىكى تۇزنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ئىشلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. سۇ تەركىبىدىكى تۇزنى تەكشۈرۈپ ئۆلچىگۈچى ئورۇنلار تۈر رايونىدىكى يەر ئۈستى سۈيى، يەر ئاستى سۈيى، زەي، تېپىك بۆلەك، تەكشۈرۈپ ئۆلچىنىدىغان تېپىك رايوندىكى سۇ مىقدارى، سۇ سۈپىتى، ھاۋارايى، تۇپراق تەركىبى قاتارلىق تەكشۈرۈپ ئۆلچىنىدىغان تۈرلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئۆلچەپ ئانالىز قىلدى، 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 5 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى تۈر رايونىنىڭ سۈيى ۋە تۇزىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ئانالىز دوكلاتىنى تاماملىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 5 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى تۈر رايونىدا 2000 - يىللىق تۈرلەرنى يولغا قويۇش پىلانىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، يانداشتۇرما مەبلەغ ئەمەللەشتۈرۈلۈپ، سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرى ئېلىپ بېرىلدى. پۈتۈن تۈر رايونىدىكى 12 سۇ

مەنپەئەتلىك جايغا 28 مىليون 310 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 207 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى ۋە سۇ پومپىسى ئورنىتىلدى، 2 سۇ سىڭەس غول ئۆستەڭ پۈتتى، 215 كىلومېتىر كېلىدىغان 12 سۇ سىڭەس غول ئۆستەڭنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى، 112 كىلومېتىر كېلىدىغان 3 سۇ سىڭەس غول ئۆستەڭ ئۆزگەرتىپ ياسالدى، 125 كىلومېتىر كېلىدىغان 4 سۇ سىڭەس غول ئۆستەڭ ياسالدى، بۇلارغا 131 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بىر تارماق ئۆستەڭ ياسالدى، ئۇنىڭ سۇ سىڭەس قىسمى 28 كىلومېتىر، ئۇنىڭغا 1 مىليون 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

**ياپونىيە خەلقئارا ھەمكارلىق بانكىسىنىڭ قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىلغان شىنجاڭدا تېجەشلىك سۇغىرىش تۈرى** بۇ تۈرنىڭ يولغا قويۇلۇش مۇددىتى 6 يىل، جەمئىي 1 مىليارد 975 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، ئېلىنغان قەرز 1 مىليارد 100 مىليون يۈەن (14 مىليارد 400 مىليون ياپونىيە يېنى). تۈر مۇمكىنچىلىك تەتقىقات دوكلاتى 2000 - يىل 5 - ئايدا بېيجىڭدا تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى. 2000 - يىل 10 - ئايدا ياپونىيە خەلقئارا ھەمكارلىق بانكىسى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ تۈرلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش، باھالاش خىزمىتى تاماملىنىپ، تۈر باھالاش ئەسلەتمىسى ئىمزالاندى.

ۋاڭ شياڭدۇڭ

## ئاساسىي قۇرۇلۇشلار

**ئۇلۇغئاتا تۇگۇنلۇك سۇچىلىق قۇرۇلۇشى** خوتەن ۋىلايىتىدىكى قاراقاش دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدا. 2000 - يىلى 461 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغاندى، 157 مىليون يۈەن ئەمەلگە ئاشتى، 118 مىليون 80 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 1 مىليون 264 مىڭ 200 كۇب مېتىر توپا، 166 مىڭ 300 كۇب مېتىر تاش، 52 مىڭ 244 كۇب مېتىر بېتون قۇرۇلۇشى تاماملاندى. 2000 - يىل 9 - ئايدا 1 -، 2 - نومۇرلۇق گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى قوزغىتىلىپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. ئېقىم باشلاش سۇ ئۆتكۈزگۈچىنىڭ توپا قۇرۇلۇشى ۋە مېتال قۇرۇلما قۇرۇلۇشى، بوغۇزنى ئېتىش قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتىپ ياساش، تاشقىن ئاققۇزۇش سۇ ئۆتكۈزگۈچى قۇرۇلۇشى، باش توسما، ياندىش توسما ۋە چۈشۈرگە قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى تاماملىنىپ پۈتتى. بۇ قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن، سۇغىرىش كۆلىمىنى 46 مىڭ گېكتار كۆپەيتكىلى، 75 مىڭ 300 گېكتار سۇغىرىش كۆلىمىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ؛ ئېلېكتر ئىستانسىسى گېنېراتورلىرىنىڭ سىغىمچانلىقى 60 مىڭ كىلوۋاتقا يېتىدۇ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 19 مىليارد 700 مىليون كىلوۋات سائەت توك چىقارغىلى بولىدۇ.

**كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى شىياكۇ سۇ ئامبىرى** بۇ سۇ ئامبىرى كۆكتوقاي ناھىيىسىدىكى ئۇلۇڭگۇر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدا، ئامبار سىغىمچانلىقى 41 مىليون كۇب مېتىر. 2000 - يىل 8 - ئايدا باش توسمىنىڭ ئۇلىنى بىر تەرەپ قىلىش باسقۇچى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

**ساۋەن ليۇشۇگۇ (سۇگەنلىك جىلغا) سۇ ئامبىرى** بۇ سۇ ئامبىرى ساۋەن ناھىيىسى تەۋەسىدە، ئۇ سۇ قاچىلىنىدىغان ئامبار بولۇپ، سىغىمى 13 مىليون 250 مىڭ كۇب مېتىر. 2000 - يىل 12 - ئايدا پۈتۈپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنىشتا، ئەلا قۇرۇلۇش بولۇپ باھالاندى.

**ماناس ناھىيىسى ناسىرقاي دەرياسىدىكى شىمېلزا سۇچىلىق تۇگۇنلۇك قۇرۇلۇشى** بۇ تۇگۈن ماناس ناھىيىسىدە، سىغىمى 51 مىليون كۇب مېتىر، 2000 - يىل 10 - ئايدا سۇ قاچىلاش باسقۇچى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنىشتىن ئۆتتى.

**ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ ئىچىملىك سۈيى قۇرۇلۇشى** 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلاردىكى ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ ئىچىملىك سۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا 195 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغىنى 82 مىليون يۈەن، ئاپتونوم رايون ياندىشتۇرغىنى 45 مىليون 270 مىڭ يۈەن، ئامما تەييارلىغىنى 68 مىليون 330 مىڭ يۈەن. 168 سۇ زاۋۇتى قۇرۇلدى، 195 قۇدۇق قېزىلدى، 44 سۇ مۇنارى، 56 ئېگىز سۇ كۆلچىكى ياسالدى، 54 چاستوتا ئۆزگەرتكۈچ ئورنىتىلدى، قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان ناسوسلۇق چوڭقۇر قۇدۇقتىن 48ى قېزىلدى، 3478 كىلومېتىر سۇ تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى. بۇ ئارقىلىق 758 مىڭ ئادەم ۋە 2 مىليون 460 مىڭ چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۈيى ھەل بولدى.

ۋاڭ شياڭدۇڭ

## ئىنشائاتلارنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

**سۇ ئامبىرىنى باشقۇرۇش** 2000 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە يەرلىك ياسىغان ۋە ئىشلىتىلىۋاتقان سۇ ئامبىرى 371 گە، ئۇلارنىڭ سىغىمى 4 مىليارد 517 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى. ئۇلار ئىچىدە چوڭ سۇ ئامبىرى 5، سىغىمى 1 مىليارد 850 مىليون كۇب مېتىر؛ ئوتتۇراھال سۇ ئامبىرى 65، سىغىمى 1 مىليارد 593 مىليون كۇب مېتىر؛ كىچىك سۇ ئامبىرى 301، سىغىمى 1 مىليارد 74 مىليون كۇب مېتىر، 371 سۇ ئامبىرى ئىچىدە خەتەرلىكى 201. سۇچىلىق نازارىتى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ، ئاپتونوم رايوندىكى 80 خەتەرلىك سۇ ئامبىرىنىڭ خەتىرىنى تۈگىتىپ مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىنى تەكشۈردى، 2000 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئازكەم 20 ئوتتۇرا، كىچىك سۇ

ئامبىرنىڭ خەتىرىنى تۈگىتىپ مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشى باشلاندى، بۇلارغا 143 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، قۇرۇلۇش پۈتسە، سۇ ئامبارلىرىدا ساقلىنىدىغان سۇنى 220 مىليون كۇب مېتىر كۆپەيتكىلى بولىدۇ.

سۇغىرىش رايونلىرىدىكى سۇ تېجەش قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتىش 2000 - يىلى سۇچىلىق مىنىستىرلىكى ئاپتونوم رايون بويىچە يەرلىك سىستېمىلارغا تەۋە 53 چوڭ سۇغىرىش رايونىنىڭ داۋاملاشتۇرۇلۇۋاتقان يۈرۈشلەشتۈرۈش پىلانى ۋە سۇ تېجەش قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتىش پىلانىنى دەسلەپكى تەكشۈرۈپ، 34 سۇغىرىش رايونىنى مەملىكەتنىڭ چوڭ سۇغىرىش رايونى پىلانىغا كىرگۈزدى، ئۇلاردىن سۇغىرىش كۆلىمى 133 مىڭ گېكتاردىن ئاشىدىغان ئالاھىدە چوڭلىرى 7، جەمئىي سۇغىرىش كۆلىمى 2 مىليون 556 مىڭ 700 گېكتار بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە سۇغىرىش كۆلىمىنىڭ %60نى ئىگىلەيدۇ. 2000 - يىلنىڭ ئاخىرى ئاپتونوم رايون بويىچە 13 چوڭ سۇغىرىش رايونى تۈر قىلىندى ھەم دۆلەتنىڭ داۋاملاشتۇرۇلىدىغان، يۈرۈشلەشكەن سۇ تېجەشنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى تۈرىگە كىرگۈزۈلدى. دۆلەت 151 مىليون يۈەن مەخسۇس تۈر مەبلىغى ئاجراتتى، يەرلىكنىڭ ياندىشتۇرما مەبلىغى 75 مىليون 500 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

سۇغىرىشنى باشقۇرۇش 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە نەق سۇغىرىلىدىغان كۆلەم 2 مىليون 935 مىڭ 900 گېكتارغا، ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 286 مىڭ 100 گېكتارغا يەتتى. يېزا ئىگىلىكىدە 32 مىليارد 300 مىليون كۇب مېتىر سۇ باشلاندى. 2000 - يىلى 13 مىليون 686 مىڭ 900 گېكتار (قېتىم) يەر سۇغىرىلدى، ئەتىيازدا 4 مىليون 733 مىڭ 700 گېكتار (قېتىم) يەر سۇغىرىلدى، ھەر گېكتار يەرنى سۇغىرىشقا 10 مىڭ 995 كۇب مېتىر سۇ كەتتى، بىر گېكتار يەردىكى زىرائەتنى بىر قېتىم سۇغىرىش نورمىسى 2355 كۇب مېتىر بولدى. زىرائەتلەر ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4.66 قېتىم سۇغىرىلدى.

تېجەشلىك سۇغىرىش 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سۇلياۋ يوپۇق ئارقىلىق نەملىكى ساقلانغان يەر 846 مىڭ 400 گېكتارغا، سۇلياۋ يوپۇق ئۈستىدىن سۇغىرىلغان كۆلەم 545 مىڭ 700 گېكتارغا يەتتى. سۇلياۋ يوپۇق ئارقىلىق نەملىكى ساقلانغان كۆلەم شۇ يىلى نەق سۇغىرىلغان ئېتىزلارنىڭ %9.43نى ئىگىلىدى. 2000 - يىلى 1 مىليون 999 مىڭ 800 گېكتار كۆلەم چۈنەكلەپ، تاختىلاپ سۇغىرىلدى، ئېرىق - ئۆستەڭ سۈيىدىن پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتى 0.48 بولدى.

سۇ ھەققى 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يىغىشقا تېگىشلىك سۇ ھەققى 674 مىليون 883 مىڭ 200 يۈەن بولۇپ، ئىجرا قىلىنىدىغان ئوتتۇرىچە باھا 2.09 پۇڭ ئىدى. ئەمەلىيەتتە 538 مىليون 188 مىڭ يۈەن يىغىلدى، ئوتتۇرىچە يەككە باھا 1.67 پۇڭ بولدى، يىغىلغىنى 1999 - يىلدىكىدىن 98 مىليون 489 مىڭ يۈەن كۆپ. 2000 - يىلى سۇ ھەققىدىن 118 مىليون 303 مىڭ 900 يۈەن پۇل سۇ ئىنشائاتلىرىنى رېمونت قىلىشقا ئىشلىتىلدى، قايتۇرۇلۇش نىسبىتى %98.21 بولدى.

ۋاڭ شياڭدۇڭ

## ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىدا ئاما 37 مىليون 936 مىڭ ئىش كۈنى ئەمگەك قىلدى، بۇنىڭ بىلەن 659 مىڭ 400 كۇب مېتىر بېتون قويۇلدى، سۇغىرىلىدىغان كۆلەم 25 مىڭ 200 گېكتار كۆپەيتىلدى، 151 مىڭ 100 گېكتار سۇغىرىلىدىغان كۆلەم ياخشىلاندى، 2622.69 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، جەمئىي 90 مىليون 663 مىڭ كۇب مېتىر توپا - تاش قېزىلدى ۋە توشۇلدى، 169 مىڭ 800 گېكتار يەر تەكشىلەندى، 10 مىڭ 233 يۈرۈشلەشكەن ئىنشائات ياسالدى، 1730 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، يۇقىرىقى سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرىغا 590 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغىنى 167 مىليون 82 مىڭ 500 يۈەن، ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىلار سالغىنى 140 مىليون 756 مىڭ 700 يۈەن، ئاما سالغىنى 283 مىليون 370 مىڭ 800 يۈەن.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 13 ۋىلايەت، ئوبلاست ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى بويىچە «تەڭرىتاغ لوڭقىسى»نى تالىشىش مۇسابىقىسىگە قاتناشتى، 30 ناھىيە (شەھەر) مۇكاپاتقا ئېرىشتى. تۇرپان، بورتالا، گۇچۇڭ، يەنجى، بۇرۇلتوقايدىن ئىبارەت 5 ناھىيە (شەھەر) 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، شىخو، فۇكاڭ، غۇلجا، بۈگۈر، لوپ، باركۆل، يېڭىسار، ئونسۇ، ساۋەن، جىمسانەيدىن ئىبارەت 10 ناھىيە (شەھەر) 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، چۆچەك، قاغىلىق، بۇرچىن، كەلپىن، قەشقەر يېڭىشەھەر، تولى، ئۈچتۇرپان، جىڭ، خوشۇت، ئۈرۈمچى (ناھىيە) قاتارلىق 15 ناھىيە، شەھەر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ۋاڭ شياڭدۇڭ

## سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش

2000 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە 85 ناھىيە - شەھەردە سۇ بايلىقىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش

ئاساسەن ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، 23 مىڭ 178 يۇرۇش سۇ ئېلىش ئىجازەتنامىسى تارقىتىلدى، تەكشۈرۈپ تەستىقلانغان سۇ ئېلىش مىقدارى 26 مىليارد 456 مىليون كۇب مېتىر بولدى. 63 ناھىيىدە سۇ بايلىقى ھەققى يىغىش يولغا قويۇلۇپ، سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى راۋانلاشتۇرۇلدى، نەتىجىدە سۇ بايلىقىنى ھوقۇق تەۋەلىكى بويىچە بىر تۇتاش باشقۇرۇش ۋەزىيىتى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە 7 ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) ، 34 ناھىيە - شەھەر يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى پىلانلاش ئىشىنى تۈگەتتى. شۇنىڭ بىلەن سۇچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ غەربىي شىمال (شىنجاڭ) نىڭ سۇ بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى پىلانلاش ئىشى ئاساسەن ئاياغلاشتى.

ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئۇلانباي سۇ ئامبىرىدىن شەھەرنى تەمىنلەيدىغان سۇ مەنبەسىدىكى سۇ سۈپىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەشتىن ئېلىنىدىغان 10 كۈنلۈك مەلۇمات قەرەللىك ھالدا سۇچىلىق مىنىستىرلىكىگە يوللاندى. شىنجاڭ سۇ ئېلىشقا ئىجازەت قىلىشنى ۋە سۇ سۈپىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەشنى باشقۇرۇش شۆبە مەركىزى قۇرۇلدى ھەم ئىشقا كىرىشتۇرۇلدى. سۇ بايلىقىنى قوغداش پىلانى تۈزۈش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى، «شىنجاڭ سۇ فۇنكسىيىسىنى رايونلارغا ئايرىش دوكلاتى» تۈزۈلۈپ، سۇ بايلىقىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ۋە ماكرولۇق تەدبىر بەلگىلەش ئاساس بىلەن تەمىنلەندى.

2000 - يىل 8 - ئايدا سۇچىلىق نازارىتىدە ش ئۇ ئا ر سۇ تېجەش ئىشخانىسى قۇرۇلدى، بۇ - ئاپتونوم رايوننىڭ سۇ باشقۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى بىر مۇھىم تەدبىردۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كارخانىلار ئىشلىتىدىغان سۇنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى سىناش ۋە ئىشلىتىلىدىغان سۇنىڭ نورمىسىنى بەلگىلەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

ۋاڭ شياڭرۇڭ

## سۇچىلىق مەمۇرىيىتى بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك سۇچىلىق مەمۇرىيىتى تەپتىش ئەترىتىدىن 32سى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت - ئوبلاست دەرىجىلىك سۇچىلىق مەمۇرىيىتى تەپتىش تارماق ئەترىتى 8، ناھىيە - شەھەر دەرىجىلىك سۇچىلىق مەمۇرىيىتى تەپتىش چوڭ ئەترىتى 24. سۇچىلىق نازارىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ۋادا باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ سۇچىلىق مەمۇرىيىتى تەپتىش شۆبە ئەترىتى 4. ئاپتونوم رايون بويىچە سۇچىلىق مەمۇرىيىتى تەپتىش خادىمى 1800 دىن ئاشىدۇ، ئۇلار ئىچىدە مەخسۇس سۇچىلىق مەمۇرىيىتى تەپتىش خادىمى 1500. ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، 85 ناھىيە، شەھەر ۋە سۇچىلىق نازارىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق 6 ۋادا باشقۇرۇش ئاپپاراتىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك قانۇن ئىجرا قىلىش تورى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى.

2000 - يىلى سۇغا دائىر قانۇنغا خىلاپلىق قىلىنغان دېلودىن 753ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 350 سۇ ماجىراسى مۇرەسسە قىلىندى، بۇ ئارقىلىق نورمال سۇ ئىشلىرى تەرتىپى قوغدالدى.

ۋاڭ شياڭدۇڭ

## كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ئەھۋالى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 13 ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە 54 ناھىيە - شەھەردە ئوخشىمىغان دەرىجىدە كەلكۈن، مۆلچىلىك ئاپىتى بولدى. 193 مىڭ 800 ئائىلە ئاپەتكە ئۇچرىدى، 11 ئادەم ئۆلدى، 6800 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 17 مىڭ 500 گېكتار يەردىكى زىرائەت ئاپەتكە ئۇچرىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپەت شەكىللەنگەن كۆلەم 12 مىڭ 700 گېكتار، ھوسۇل چىقمىغان كۆلەم 4200 گېكتار، 17 مىڭ 800 توننا ئاشلىق كېمىيىپ كەتتى، 19 مىڭ 300 چوڭ چارۋا ئۆلدى. بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 448 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇچىلىق مۇئەسسەسىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي زىيىنى 226 مىليون يۈەن، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىقتىكى زىيان 128 مىليون يۈەن، سانائەت، قاتناشتىكى زىيان 75 مىليون يۈەن، باشقا زىيان 19 مىليون يۈەن.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتىدە، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن تۈزۈلگەن لايىھەلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، 1999 - يىلى كەلكۈن بۇزۇۋەتكەن قۇرۇلۇشلارنى ئوڭشاش ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى تەڭرىتاغ ئېتراپلىرىدىكى سۇ ئامبارلىرىغا بىر تۇتاش، ماسلاشتۇرۇپ قوماندانلىق قىلىش خىزمىتى نۇقتىلىق گەۋدىلەندۈرۈلدى، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتىدىكى قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 363 مىڭ 300 گېكتار يەر قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچرىدى، 239 مىڭ 100 گېكتار يەردە ئاپەت شەكىللەندى، بۇنىڭ ئىچىدە 28 مىڭ گېكتار يەردىن ھوسۇل چىقمىدى، 248 مىڭ 200 توننا ئاشلىق، 471 مىليون يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىرائەت زىيان بولدى، قۇرغاقچىلىق ئاپىتىدە جەمئىي 694 مىليون يۈەنلىك

زىيان كۆرۈلدى. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇشقا 789 مىڭ 800 ئادەم ئىشقا سېلىندى، 28 مىڭ ماشىنىلاشقان قۇدۇق، 458 سۇ بويىچە پونكىتى، 5320 ماتورلۇق قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ئۈسكۈنىسى، 14 مىڭ 900 سۇ توشۇش ئاپتوموبىلى ئىشلىتىلدى، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن 111 مىليون 250 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 6377.53 توننا ماي ئىشلىتىلدى، 149 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 318 مىڭ گېكتار يەر قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش يۈزىسىدىن سۇغىرىلدى، 220 مىڭ ئادەم، 786 مىڭ 400 چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۈيى ۋاقىتلىق ھەل قىلىندى، 295 مىڭ 500 توننا ئاشلىق، 896 مىليون يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىرائەت قۇتقۇزۇپ قېلىندى.

ۋاڭ شياڭدۇڭ

# يېزا - بازار كارخانىلىرى

## يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت كىرىمى 30 مىليارد 715 مىليون يۈەنگە (بىڭتۈەننىڭ يۈنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) يەتتى؛ قوشۇلما قىممىتى 7 مىليارد 457 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 24.15% ئېشىپ، شىنجاڭنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 5.46%نى، يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي قوشۇلما قىممىتىنىڭ 26.25%نى ئىگىلىدى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 342 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 12.67% ئېشىپ، شىنجاڭنىڭ سانائەت قوشۇلما قىممىتىنىڭ 7.92%نى ئىگىلىدى؛ يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باج سوممىسى 1 مىليارد 4 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 5.59% ئېشىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تولۇق ئۆلچەملىك مالىيە كىرىمىنىڭ 6.74%نى ئىگىلىدى؛ باج تاپشۇرۇلغاندىن كېيىنكى ساپ پايدا 1 مىليارد 918 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 16.26% ئاشتى؛ ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى 3 مىليارد 533 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 13.39% ئاشتى، دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېسابتا يېزا - بازار كارخانىلىرىدىن ئېرىشكەن ئىش ھەققى خاراكتېرلىك كىرىمى 382.40 يۈەن بولۇپ، دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنىڭ 23.63%نى ئىگىلىدى؛ كەسپكارلار 806 مىڭ 400 بولۇپ، يېزىلاردىكى ئىجتىمائىي ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ 22%نى ئىگىلىدى.

جاڭ جيەنسو

## قۇرۇلمىنى تەڭشەش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ يېزا - بازار كارخانىلىرى يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىپ پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ئوبوروت قىلىش ساھەسىدىكى باشلامچى كارخانىلارنى پائال يېتىشتۈرۈپ، ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكى، زاكازلىق يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى. تىجارەت كىرىمى 10 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان 132 يېزا - بازار كارخانىسى ئىچىدە، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈشتىكى باشلامچى كارخانا 54 بولۇپ، 40.91%نى ئىگىلىدى. ئۈچ كەسىپ قۇرۇلمىسى ئۈزلۈكسىز مەرخىللاشتى، 1 -، 2 -، 3 - كەسىپنىڭ سالمىقى 1 : 54 : 45 قىلىپ تەڭشەلدى. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغقا ئوخشاش يېزا - بازار كارخانىلىرى نىسبىي تەرەققىي تاپقان رايونلاردىكى شىركەتلەر، بازىلار ۋە دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئۇسۇلى يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشنىڭ ئاساسىي لىنىيىسى بولۇپ قالدى، ئۇششاق دېھقان ئائىلىلىرى يىرىك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى، ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش، ساقلاش، يۆتكەش، سېتىش قاتارلىق نۇرغۇن ھالقىلاردىكى ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىش شەكىللەنمەكتە.

جاڭ جيەنسو

## كۆلەملىك ئىگىلىك

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرى بار نۇقتىلىق ناھىيە (شەھەر)، يېزا (بازار)، كەنت ۋە كارخانىلارنىڭ ھەممىسىدە تارىختىكى يېڭى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. تىجارەت كىرىمى 100 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن ناھىيە (شەھەر) 55كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ كەتكىنى 8؛ 10 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن يېزا (بازار) 375كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 100 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتكىنى 51؛ 5 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن كەنت 251گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 100 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتكىنى 12؛ 1 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن كارخانا 1031گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 100 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتكىنى 8. غەربىي رايونلارنى كەڭ ئېچىشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن نۇقتىلىق ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ تېررىتورىيىلىك ئىگىلىكىگە، نۇقتىلىق يېزا (بازار) لارنىڭ سانائەت - سودا كىچىك رايونى ئىگىلىكىگە، نۇقتىلىق كەنتلەرنىڭ كەسىپلەشكەن بىرىكمە ئىگىلىكىگە، نۇقتىلىق

كارخانىلارنىڭ گۈرۈھلاشقان كۆلەملىك ئىگىلىكىگە قاراپ راۋاجلىنىش مۇساپىسى كۆرۈنەرلىك ھالدا تېزلەشتى.

جالڭ جيەنسو

## ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىك

شىنجاڭدىكى ھەر قايسى جايلار قانۇن بويىچە ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنى باشقۇرۇش، ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە مۇلازىمەت قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، ئۇنى ئېشىش سۈرئىتى، كېڭىيىش ساھەسى، كەسىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، كۆلىمىنى كېڭەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭى بۆسۈشلەرگە ئېرىشتۈردى. مورى، قۇتوبى، ماناس، بورتالا، قابا، چىڭگىل، غۇلجا (شەھىرى) ، خوشۇت قاتارلىق ناھىيە (شەھەر) لەردىكى يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىلىرى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ئىدارىسى دېگەن ۋىۋىسكىنى قوشۇپ ئېسىپ، مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ سىجىل، ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. 2000 - يىلى شىنجاڭدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ كىرىمى 22 مىليارد 321 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يېزا - بازار كارخانىلىرى ئومۇمىي كىرىمىنىڭ %72.67 نى؛ قوشۇلما قىممىتى 5 مىليارد 251 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %70.41نى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 813 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %54.25نى؛ يۇقىرىغا تاپشۇرغان باج سوممىسى 704 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %70.12نى؛ باج تاپشۇرۇلغاندىن كېيىنكى ساپ پايدىسى 1 مىليارد 619 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %84.41نى ئىگىلىدى.

جالڭ جيەنسو

## كىچىك رايونلار قۇرۇلۇشى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ سانائەت - سودا كىچىك رايونلىرى ئىچىدىكى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئۈلگە رايونلار 18گە يەتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ توپلىنىش دەرىجىسى 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە 10 پىرسەنت پوئىنتى كۆتۈرۈلۈپ، %20كە يەتتى. ئورۇنلىشىش قۇرۇلمىسى ياخشىلىنىپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئۇستۇنلۇككە ئىگە رايونلارغا مەركەزلىشىشى ئۈچۈن ئەمەلدە ئاقىدىغان بىر يولى تېپىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كىچىك بازارلار قۇرۇلۇشىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلدى.

جالڭ جيەنسو

## بىخەتەرلىك ۋە مۇھىت ئاسراش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىدا تۈرلۈك ئۆلۈم - يېتىم ۋەقەسى 133 قېتىم يۈز بېرىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %11.92 ئازايدى، ئۆلگەنلەر، يارىدار بولغانلار 174 بولۇپ، %18.69 ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا - بازار كۆمۈركانلىرىدا يۈز بەرگەن ئۆلۈم - يېتىم ۋەقەسى 117 قېتىم بولۇپ، %19.86، ئۆلگەنلەر 154 بولۇپ، %25.96 ئازايدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىدا بىر قېتىمدىلا 3 تىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن ۋەقە 13قېتىم يۈز بەردى، ئۆلگەن ئادەم 40 بولۇپ، %31.03 ئازايدى. 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە شىنجاڭدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىدىن «15تە كىچىك» كارخانىدىن 169ى، «بەشتە كىچىك» كارخانىدىن 51ى، يېزا - بازار كۆمۈركان قۇدۇقىدىن 147 سى تاقالدى.

جالڭ جيەنسو

## قالايمىقانچىلىقنى تۈزەش، سېلىقنى يەڭگىللىتىش خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار يېزا - بازار كارخانىلىرىدىن ئېلىنىدىغان نامۇۋاپىق ھەقتىن 186 تۈرنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى جاكارلاپ، ئۇلارنىڭ 19 مىليون 400 مىڭ يۈەن سېلىقىنى يەڭگىللەتتى؛ يېزا - بازار كارخانىلىرىدىن قائىدىگە خىلاپ ھەق ئېلىش دېلوسىدىن 160نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، ئۇنىڭ چېتىلىش سوممىسى 8 مىليون يۈەن، 10 ئادەمگە پارتىيە ئىنتىزامى ۋە مەمۇرىي ئىنتىزام بويىچە چارە كۆرۈلدى.

جالڭ جيەنسو

# بېلىقچىلىق

## بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سۇ مەھسۇلاتى 58 مىڭ 950 توننىغا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %5.2 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ 46 مىڭ 102 توننا بولۇپ، %4.8 ئاشتى، بىڭتۇەننىڭ 12 مىڭ 848 توننا بولۇپ، %6.8 ئاشتى.

سۇ مەھسۇلاتى ئىچىدە باقمىچىلىقنىڭ 49 مىڭ 876 توننىغا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %5.5، دەريا - كۆللەردىن تۇتۇلغىنى 9074 توننىغا يېتىپ، %3.3 ئاشتى.

باقمىچىلىق مەھسۇلاتى ئىچىدە كۆلچەك باقمىچىلىقنىڭ

مەھسۇلاتى 36 مىڭ 966 توننىغا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %5.9، كۆل باقمىچىلىقىنىڭ 639 توننىغا يېتىپ، %51.8، سۇ ئامبىرى باقمىچىلىقىنىڭ 8965 توننىغا يېتىپ، %2، كىچىك كۆلچەك باقمىچىلىقىنىڭ 2439 توننىغا يېتىپ، %11.9 ئاشتى. باشقا باقمىچىلىقنىڭ (ئاساسلىقى، زاۋۇتلاشقان باقمىچىلىق، تورسىمان ساندۇقلاردا بېلىق بېقىش قاتارلىقلار) 867 توننا بولۇپ، %10.4 كېمەيدى.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سۇ مەھسۇلاتلىرى بېقىلغان كۆلەم 69 مىڭ 855 گېكتار بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن %2.6 كېمەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە، كۆلچەك كۆلىمى 10 مىڭ 384 گېكتار بولۇپ، %0.7، كۆل كۆلىمى 4851 گېكتار بولۇپ، %24.6، سۇ ئامبىرى كۆلىمى 43 مىڭ 735 گېكتار بولۇپ، %9.2 كېمەيدى، كىچىك كۆلچەك كۆلىمى 10 مىڭ 416 گېكتارغا يېتىپ، %93.6 كۆپەيدى، باشقا سۇ كۆلىمى 469 گېكتار بولۇپ، %63.4 كېمەيدى. سۇ كۆلىمى ئىچىدە، يەرلىكنىڭ 41 مىڭ 487 گېكتار بولۇپ، %6.7 كېمەيدى، بىڭتۇەننىڭ 28 مىڭ 368 گېكتارغا يېتىپ، %3.9 كۆپەيدى.

2000 - يىلى ھەربىر گېكتار سۇ كۆلىمىنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 706 كىلوگرامغا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 49 كىلوگرام ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە كۆلچەكنىڭ 3560 كىلوگرام بولۇپ، 244 كىلوگرام، كۆلنىڭ 132 كىلوگرام بولۇپ، 67 كىلوگرام، سۇ ئامبىرىنىڭ 205 كىلوگرام بولۇپ، 23 كىلوگرام كۆپەيدى، كىچىك كۆلچەكنىڭ 234 كىلوگرام بولۇپ، 171 كىلوگرام كېمەيدى، باشقا سۇ كۆلىمىنىڭ 1849 كىلوگرام بولۇپ، 1124 كىلوگرام ئاشتى.

سۇ مەھسۇلاتى ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى بېلىقچىلىق مەھسۇلاتى 25 مىڭ 706 توننا بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتنىڭ %43.6نى ئىگىلىدى، ئاممىۋى بېلىقچىلىق مەھسۇلاتى 33 مىڭ 244 توننا بولۇپ، %56.4نى ئىگىلىدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە 3158 بېلىقچىلىق ئائىلىسى، 18 مىڭ 177 بېلىقچىلىق نوپۇسى، 9297 بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەمگەك كۈچى بار. ئەمگەك كۈچى ئىچىدە كەسپىي ئەمگەك كۈچى 6234، قوشۇمچە ئەمگەك كۈچى 3063.

ئاپتونوم رايون بويىچە سۇ مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىدىغان دۆلەت كارخانىسى 74، بۇنىڭ ئىچىدە پايدا ئالغىنى 51، پايدا سوممىسى 11 مىليون 886 مىڭ 200 يۈەن؛ زىيان تارتقىنى 23، زىيان سوممىسى 830 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 869.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 244 مىليون 889 مىڭ 600 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 13 مىليون 453 مىڭ 200 يۈەن ئاشتى. ھازىرقى باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 333 مىليون 932 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، 7 مىليون 817 مىڭ 100 يۈەن ئاشتى.

داڭلىق، ئالاھىدە، سۈپەتلىك، يېڭى نەسىللەر (ئاساسلىقى، مۇزامبىك تىلاپىيە بېلىقى، رەڭدار تروۋت بېلىقى، تومباش بېلىق، ياپان بېلىق، ئاق كورېگونۇس بېلىقى، چوڭ كۈمۈش بېلىق، راك، قىسقۇچ پاقا ۋە قىممەتلىك يەرلىك بېلىقلار) مەھسۇلاتى 5363 توننا بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتنىڭ %9.1نى ئىگىلىدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە سۇ مەھسۇلاتى كىشى بېشىغا 3.5 كىلوگرامدىن (نوپۇسنى 17 مىليون ھېسابلىغاندا) توغرا كەلدى، بۇ 1999 - يىلدىكىدىن 0.2 كىلوگرام ئارتۇق.

يەرلىكتە سۇ مەھسۇلاتى 3500 توننىدىن ئاشقان ۋىلايەت، ئوبلاست 6، ئۇلار: سانجى ئوبلاستى 13 مىڭ 180 توننا، ئىلى ۋىلايىتى 8433 توننا، بايىنغولىن ئوبلاستى 4906 توننا، ئالتاي ۋىلايىتى 4112 توننا، ئاقسۇ ۋىلايىتى 4096 توننا، قەشقەر ۋىلايىتى 4070 توننا. 1000 توننىدىن ئاشقان ناھىيە - شەھەرلەر: سانجى شەھىرى 7050 توننا، غۇلجا ناھىيىسى 4102 توننا، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى 3386 توننا، باغراش ناھىيىسى 3200 توننا، قۇتۇبى ناھىيىسى 2440 توننا، غۇلجا شەھىرى 2181 توننا، ئۈرۈمچى ناھىيىسى 1815 توننا، مىچۈەن شەھىرى 1508 توننا، ماناس ناھىيىسى 1490 توننا، يەكەن ناھىيىسى 1480 توننا، باي ناھىيىسى 1084 توننا.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەر: بىرىنچى، بېلىقچىلىق ئۇل مۇئەسسەسەلىرى مۇكەممەل ئەمەس، تېخنىكا يېڭىلاشقا سېلىنغان مەبلەغ يېتەرسىز، بېلىق كۆلچەكلىرى كونىراپ كەتكەن، كۆلچەكلەرنىڭ ئېكولوگىيىسىدە يامان سۈپەتلىك ئايلىنىش مەۋجۇت. ئىككىنچى، بېلىق ئىشلەپچىقىرىشقا كېرەكلىك مەبلەغنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن بەزى كېڭەيتىلىدىغان پەن - تېخنىكا تۈرلىرىنى ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇش تەسكە چۈشمەكتە. ئۈچىنچى، بېقىلىۋاتقان نەسىللەر ۋە بېقىش ئەندىزىسى بىرلا خىل بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. يېرىك بېقىش، ئەنئەنىۋى نەسىللەرنى بېقىش ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلەيدىغان ئەھۋال تۈپتىن ئۆزگەرتىلگىنى يوق. تۆتىنچى، بېلىقچىلىق 2 -، 3 - كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىدىن ئارقىدا قالدى. بېلىقچىلىقنى ئومۇملاشتۇرۇش سىستېمىسى مۇكەممەل بولمىغاچقا، بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئالدى،

ئوتتۇرىسى ۋە كەينىدە ياخشى مۇلازىمەت قىلالىدى.

يالڭ شياۋلېي

## بېلىقچىلىقنى باشقۇرۇش

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە بېلىقچىلىقنى باشقۇرۇشتا، بېلىقچىلىقنى قانۇن بويىچە گۈللەندۈرۈش ۋە تۈزەشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، بېلىق تۇتۇش مەنئى قىلىنغان رايونلاردا ۋە بېلىق تۇتۇش مەنئى قىلىنغان مەزگىلدە بېلىق تۇتۇشنى چەكلەش تۈزۈمى قاتتىق ئىجرا قىلىندى، تورلارنىڭ كۆلچىمى قاتتىق تىزگىنلىنىپ، بېلىق تۇتۇش ئىجازەتنامىسى تارقىتىش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش چىڭ تۇتۇلۇپ، 2 چوڭ كۆلدە بېلىق بايلىقى دەسلەپكى قەدەمدە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بافراش، بۈرۈلتوقاي ناھىيىلىك بېلىقچىلىقنى باشقۇرۇش تارماقلىرى قانۇن ئىجرا قىلىش سالمىقىنى كۈچەيتىپ، بېلىقچىلىقتا بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىنغان 358 دېلونى بىر تەرەپ قىلدى، قانۇنسىز بېلىق تۇتقانلارنىڭ 2320 تور ۋە سايمىنىنى مۇسادىرە قىلدى، 128 كېمە، 30 ئاپتوموبىلنى بىر ياقلىق قىلدى، قانۇن بويىچە بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپىنى قوغداپ، بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى قەدەممۇ قەدەم قانۇن - تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇش يولىغا سالدى.

يالڭ شياۋلېي

## پەن - تېخنىكىنى كېڭەيتىش ئەھۋالى

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا سانجى ئوبلاستلىق سۇ مەھسۇلاتلىرى تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتى يولغا قويغان «سۇ ئامبىرىدا يۇقىرى ھوسۇللۇق بېلىق بېقىش بويىچە ،3133، قۇرۇلۇشى» تۈرى تاماملاندى ھەم ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. بۇ تۈرنىڭ يولغا قويۇلۇشى نەتىجىسىدە ئوبلاست بويىچە سۇ ئامبارلىرىدا بېقىلغان بېلىق مەھسۇلاتى 1999 - يىلدىكىدىن 419 توننا، يەنى 11.4% ئاشتى، بېقىشتىن ئاشقان ئۇنۇم 3 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكىنى پەن-تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى چۈشۈرگەن، سانجى ئوبلاستلىق، قەشقەر ۋىلايەتلىك، ئىلى ۋىلايەتلىك، ئۈرۈمچى شەھەرلىك، خوتەن ۋىلايەتلىك سۇ مەھسۇلاتلىرى تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتلىرى ش ئۇ ئا ر سۇ مەھسۇلاتلىرى تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش باش پونكىتىنىڭ كونكرېت يېتەكچىلىكىدە، يولغا قويغان «400 گېكتار كۆلچەكتە 20:80دە بېلىق بېقىش ئەندىزىسى بويىچە يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش سىنىقى تۈرى» تاماملاندى. تۈردە سىرتتىن يېتىشتۈرۈلىدىغان كۆمۈش رەڭ كاراس بېلىقى، سازلىق كاراس بېلىقى، ئېمىل دەرياسى كۆمۈش رەڭ كاراس بېلىقى، تومباش بېلىق قاتارلىق ئەلا سۈپەتلىك بېلىقلارنىڭ نىسبىتى 80% بولۇش، 20%ىگە لاققا بېلىق يېتىشتۈرۈش تەلەپ قىلىنغانىدى. 2 يىل تىرىشىش ئارقىلىق، 418.2 گېكتار كۆلچەكنىڭ ئوتتۇرىچە يىرلىك مەھسۇلاتى 8010 كىلوگرامغا، ھەر گېكتار كۆلچەكنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 75 مىڭ 225 يۈەنگە، ھەر گېكتاردىن يارىتىلغان پايدا 19 مىڭ 425 يۈەنگە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 31 مىليون 456 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تېما پىلان ئىلتىماسنامىسىدە، چۈشۈرۈلگەن تۈرلۈك تېخنىكا كۆرسەتكۈچلىرى ۋە ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەر ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى.

يالڭ شياۋلېي

# نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش

## نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش ئەھۋالى

دۆلەتنىڭ 1994 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە يولغا قويغان 7 يىلدا 80 مىليون ئاھالىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش پىلانى بويىچە، ئاپتونوم رايون 1 مىليون 320 مىڭ نامرات ئاھالىنىڭ كىيىنىش - تويۇنۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش پىلانىنى 75% ئورۇندىدى. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 440 مىڭ نامرات ئاھالىنىڭ كىيىنىش - تويۇنۇش مەسىلىسى تېخى ھەل بولمىدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا نامراتلىشىپ كېتىش نىسبىتى 1994 - يىلدىكى 20%تىن 4.4%كە چۈشتى. نامرات رايونلارنىڭ سۇ، توك، يول قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسە شارائىتىدا كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىش بولدى. 7 يىلدا ئوتتۇرا، كىچىك سۇ ئامبىرىدىن 21ى ياسىلىپ، سۇ ئامبار سىغىمچانلىقى 150 مىليون كۇب مېتىر كۆپەيتىلدى، 1855 پۈرۈشلەشكەن ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 13 مىڭ كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 125 مىڭ گېكتار ئېرىلغۇ يەر كۆپەيتىلدى، 4 مىليون 820 مىڭ ئادەم، 15 مىليون 230 مىڭ چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى؛ نامرات رايونلاردا 6720 كىلومېتىر ناھىيە - يېزا تاشيولى ياسىلىپ، 99.5% يېزىغا تاشيول تۇتاشتۇرۇلدى؛ مەكتەپ بار كەنتلەر 88.34%تىن 97.10%كە، تېببىي داۋالاش، سەھىيە مۇئەسسەسەلىرى بار كەنت 48.06%تىن 52.90%كە يەتتى، ئەمگەك كۈچىنىڭ

تەرەققىي قىلدۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنى ئومۇمىي يۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش، يېزا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى كۈچەيدى. يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %44.4تىن ئاشتى. ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېشىش ھەجمى كۆرۈنەرلىك بولماقتا؛ نامرات رايونلاردىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمى ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 30 نامرات ناھىيە، شەھەردىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1138 يۈەنگە يېتىپ، 1993 - يىلدىكىدىن 573 يۈەن ئاشتى. بۇ ھەقتە قوللىنىلغان ئاساسلىق ئۇسۇللار مۇنۇلار:

بىرىنچى، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى گەۋدىلەندۈرۈلدى. 7 يىلدا 80 مىليون ئاھالىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشتا، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى 19 نامرات ناھىيە، شەھەر مۇھىم نۇقتا قىلىندى، خوتەن ۋىلايىتى نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇشتا مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىندى. 1995 - يىلنىڭ ئاخىرىدا خوتەن ۋىلايىتى بويىچە نامرات ئاھالە 680 مىڭ بولۇپ، ۋىلايەت نوپۇسىنىڭ %48نى ئىگىلەيتتى. 5 يىلدىن بۇيان دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ خوتەن ۋىلايىتىگە ئورۇنلاشتۇرغان ۋە چۈشۈرۈپ بەرگەن ھەرخىل نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى تەخمىنەن 1 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ، بولۇپمۇ يېقىنقى 3 يىلدا سالغان مەبلىغى ئاپتونوم رايون بويىچە نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنىڭ %50تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش خىزمىتى چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش ۋە يېرىم ئولتۇراقلاشتۇرۇش خىزمىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى، چارۋىچىلارنىڭ مۇقىم ئولتۇراقلىشىش ۋە يېرىم ئولتۇراقلىشىش نىسبىتى 1994 - يىلدىكى %49.5تىن 2000 - يىلى %84.8كە كۆتۈرۈلدى، شۇ ئارقىلىق ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىش قەدىمى تېزلىتىلدى.

ئىككىنچى، نامرات رايونلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتى زور كۈچ بىلەن ياخشىلىنىپ، ئۇل مۇئەسسەسەلەرنىڭ نامراتلارنى يۆلەش، روناق تاپقۇزۇش جەھەتتە ئىگىلەيدىغان مۇھىم ئورنى گەۋدىلەندۈرۈلدى، سۇچىلىق، سۇ ئېلېكتر، قاتناش، ئالاقە، ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىپ ياساش، سۇنى ياخشىلاش - كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يېزا ئىگىلىكىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش، مەھسىيە، ماكارىپ قاتارلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە سېلىنىدىغان مەبلىغىنى كۆپەيتىلدى. نامراتلارنى يۆلەشكە ئاجرىتىلغان 5 مىليارد 440 مىليون يۈەن مەبلەغنىڭ %60ى ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا، %10ى جامائەت پاراۋانلىقىغا ئائىت ئىجتىمائىي ئىشلارغا، %30ى تېرىقچىلىق، باقمىچىلىقتا ئىشلىتىلىپ، نامرات رايونلارنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە شارائىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. بولۇپمۇ خوتەن ۋىلايىتىدە سۇچىلىق قۇرۇلۇشى مۇھىم ئورۇنغا قويۇلۇپ، سۇ، تۇپراقنى ئېچىش، سۇنى كۆپەيتىش يولى بىلەن يەرنى كۆپەيتىش، تېجەپ سۇغىرىش يولى بىلەن يەرنى كۆپەيتىش جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. يېقىنقى 5 يىلدىن بېرى 3850 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسىلىپ، 139 مىليون كۇب مېتىر سۇ تېجەلدى، 206 مىليون كۇب مېتىر سۇ كۆپەيتىلدى. دېھقانچىلىق قىلىشقا باپ كېلىدىغان 30 مىڭ 400 گېكتار بوزيەر ئېچىلىپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يەر تەخمىنەن 0.022 گېكتار كۆپەيتىلىپ، نامرات ئاھالىلەرگە توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە بايلىق مىقدارى ئاشۇرۇلدى.

ئۈچىنچى، يېرىك يېزا ئىگىلىكى ئارقىلىق كېيىنىش - تويۇنۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. جايلار تەرەققىيات شەكلىدىكى نامراتلارنى يۆلەش فاڭجېنىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، نامرات ئاممىنىڭ كېيىنىش - تويۇنۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى باشتىن - ئاخىر 1 - ئورۇنغا قويدى، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇردى. دۆلەت پاختىچىلىقنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتقان پۇرسەت چېغى تۇتۇلۇپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى كۆلەملەشتۈرۈش، مەۋسىملەشتۈرۈش ئارقىلىق پاختا دېھقانلارنىڭ، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى پاختا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايونلاردىكى دېھقانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم كىرىم مەنبەسى قىلىندى. بازارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، جايلار ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا ئىش كۆرۈپ، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، باغ - ئورمان ۋە ئائىلە قوشۇمچە ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇش يوللىرىنى كۆپەيتتى.

تۆتىنچى، جايلارنىڭ ئەھۋالىغا يارىشا ئاھالە كۆچۈرۈلدى. ئاھالە كۆچۈرۈشتە مەركەزلىك كۆچۈرۈش، ئۆيمۇ - ئۆي يۆتكەپ كۆچۈرۈش ۋە چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش، يېرىم ئولتۇراقلاشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرگەن ھالدا كۆچۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 7 يىلدا جەمئىي 869 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 32 مىڭ

700 ئائىلىدىكى 161 مىڭ ئاھالە كۆچۈرۈلدى، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كىيىنىش - تويۇنۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

بەشىنچى، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى كەنت ۋە ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش يولىدا چىڭ تۇرۇلدى. ئائىلىگىچە ئارخىپ ۋە كارتا تۇرغۇزۇش، مەبلەغنى كەنت ۋە ئائىلىگىچە يەتكۈزۈش، تۇرنىڭ قاپلاش نىسبىتىنى ئائىلىلەرگىچە كېڭەيتىش، ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، پەن - تېخنىكا بىلەن تەربىيىلەش ۋە پەن - تېخنىكىنى كېڭەيتىشنى ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش قاتارلىق شەكىللەر ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ، بىرى ئارقىلىق بىرى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، كەڭ نامرات ئائىلىلەر ھەقىقىي، ئۈنۈملۈك يۆلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، جايلار ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا ئىش كۆرۈپ، دادىل ئىزدىنىپ، پاي تۈزۈمى ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، نامراتلارنى يۆلەش تىجارەت گۇرۇپپىسى ۋە نامراتلارنى يۆلەش تور گۇرۇپپىسى قۇرۇش، بىر يېزىدا بىرخىل سىياسەت قوللىنىش، ئىقتىسادىي گەۋدىلەر بىلەن نامرات ئائىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈش، ئاز سوممىلىق كرېدىت مەبلىغى ئاجرىتىش قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق، شىنجاڭچە ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس كېلىدىغان نامراتلارنى يۆلەشنى ئائىلىگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش شەكلىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتتى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى.

ئالتىنچى، پۈتۈن جەمئىيەت نامراتلارنى يۆلەش جېڭى قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە نامراتلارنى يۆلەشكە نۇقتىلىق ياردەم بېرىدىغان 125 ئورۇن ئۆزىنىڭ ئورۇن ۋە كەسىپ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئازكەم 400 مىليون يۈەنلىك ماددىي ئەشيا ۋە مەبلەغ ئاجرىتىپ، 340 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈپ، نامراتلارنى يۆلەش تۈرىدىن 575نى ئەمەلىيلەشتۈردى ھەمدە ناھىيىلەردە نۇقتىدا تۇرۇپ ئىشلەشكە نامراتلارنى يۆلەش خىزمەت ئۆمىكى ئەۋەتىپ، خىزمەتنى كەنت - يېزىلارغىچە چوڭقۇرلاشتۇردى ۋە كېڭەيتتى. ئەمەلىي كۈچى بار ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 30 ئورگان ۋە كارخانا، كەسىپىي ئورۇن خوتەن ۋىلايىتىنى نۇقتىلىق يۆلىدى، ئۇلار ھەقسىز ياردەم بەرگەن مەبلەغ ۋە ماددىي ئەشيا 240 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق يۆلەيدىغان ئورۇنلار سالغان مەبلەغنىڭ 60.2%ىنى ئىگىلىدى.

يەتتىنچى، نامراتلارنى يۆلەش بويىچە شەرق - غەرب ھەمكارلىقى پائال، ئاكتىپ يولغا قويۇلدى. شىنجاڭ بىلەن شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش بويىچە شەرق - غەرب ھەمكارلىقىدا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تۈرلىرى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى، ھەمكارلىق ساھەسى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى. شەندۇڭ ئۆلكىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نامرات رايونلىرىغا 28 مىليون 60 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى، 67 مىليون 170 مىڭ يۈەن قىممىتىدە ماددىي ئەشيا ئىئانە قىلدى، 4 مىليارد 200 مىليون يۈەنلىك ھەمكارلىق تۈرى ئىمزالىدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئاپتوموبىلى، تراكتور، سۇ پومپىسى، ترانسفورماتور قاتارلىقلارنىڭ قىممىتى 11 مىليون 100 مىڭ يۈەن؛ 108 ئۇمىد باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ قۇرۇلۇشىغا 21 مىليون 600 مىڭ يۈەن ياردەم بەردى، 200 ئوقۇتقۇچى ئەۋەتتى؛ 10 ناھىيە، شەھەرنىڭ نامراتلارنى يۆلەش تۈرىگە 10 مىليون يۈەن ياردەم بەردى، 910 ناھىيە، يېزا كادىرىنى تەربىيىلەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى ئالاقىدار شەھەر، ناھىيىلەر شىنجاڭدىكى 15 ناھىيە، شەھەر بىلەن دوستلۇق ئورنىتىپ، 59 ھەمكارلىق تۈرى بويىچە كېلىشىم ئىمزالىدى.

نيۇ لىنكاڭ

# سانائەت

## ئومۇمىي بايان

### سانائەت ئىقتىسادىنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ سانائەت ئىقتىسادىنىڭ ھەرىكەت سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتى تېزلەشتى، مۇشۇ يىلدا ئايمۇ ئاي ئېشىشتەك ھەرىكەت ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە تولۇق ئۆلچەم بويىچە سانائەت قوشۇلما قىممىتى 42 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %9 ئاشتى، ئېشىش نىسبىتى 1999 - يىلدىكىدىن 2.5 پىرسەنت پونكىتى ئۆستى، بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەت قوشۇلما قىممىتى 7 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.2؛ ئېغىر سانائەت قوشۇلما قىممىتى 34 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.9 ئاشتى. يېنىك سانائەتنىڭ سانائەت قوشۇلما قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى %18.2كە، ئېغىر سانائەتنىڭ %81.8كە يەتتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتىنىڭ شىنجاڭ GDP دىكى نىسبەت سالمىقى 1999 - يىلدىكى %27.2تىن %30.9كە ئۆرلەپ، 3.7 پىرسەنت پونكىتى ئۆستى. ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىش ئوبدان جىپسىلاشتى، ئامباردىكى مال ئازايدى. مۇشۇ يىلدا سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش - سېتىلىش نىسبىتى %97.6 بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 0.1 پىرسەنت پونكىتى ئۆستى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر سانائەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش نىسبىتى %94.6، يېنىك سانائەتنىڭ %98.3 بولدى.

شىنجاڭدىكى نۆۋەتلىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپ قىسمىدا خېلى يۇقىرى ئېشىش سەۋىيىسى ساقلاپ قېلىندى. خەلقئارا بازاردا نېفىت باھاسى ئۆرلىگەنلىكى ۋە پاختا توقۇلما مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازىرى چىققانلىقى ئۈچۈن، نېفىت سانائىتى مۇقىم ئاشتى، پاختا توقۇمىچىلىقىنىڭ ئېشىش ۋەزىيىتى ياخشى بولدى. مۇشۇ يىلدا ئىشلەپچىقىرىلغان نېفىت 18 مىليون 484 مىڭ توننىغا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %6.3؛ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن نېفىت 10 مىليون 13 مىڭ توننىغا يېتىپ، %6.8، ئېگىرىلگەن يىپ 334 مىڭ توننىغا يېتىپ، %13.6؛ توقۇلغان رەخت 280 مىليون مېتىرغا يېتىپ، %2.2 ئاشتى. غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلۇپ، سېلىنىدىغان مەبلەغ كۆپەيتىلىپ، ئىچكى ئېھتىياج ئاشۇرۇلۇپ، يول مۇئەسسەسلەر قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقى زورايتىلغانلىقتىن، مەبلەغ سېلىش تۈرىدىكى سانائەتنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. مۇشۇ يىلدا ھاسىل قىلىنغان توك %8.1، پولات ماتېرىيال %11.9، سېمونت %11.2، ترانسفورماتور %52.4 ئاشتى. باشقا ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە كۆمۈر %0.8، خىمىيۋى ئوغۇت %10.1، كونېرتۋا %77.8، سۇلياۋ ياسالما %40.6، بالون %3.9 ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بازار سەۋەبىدىن ۋە قۇرۇلما تەڭشەلگەنلىكتىن، بىر قىسىم سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە شېكەر %33.6، يىپەك %44.2، كىچىك تراكتور %21، ئورۇش - يىغىش ماشىنىسى %49.5 ئازايدى.

2000 - يىلى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئومۇمىي سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان سانائەت ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ئۈنىۋېرسال كۆرسەتكۈچى %147.6كە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 73.5 پىرسەنت پونكىتى ئۆرلەپ، تارىختىكى ئەڭ ياخشى سەۋىيە يارىتىلدى. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون تەكشۈرىدىغان 7 تۈرلۈك ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرسەتكۈچى 1999 - يىلدىكى سەۋىيىدىن يۇقىرى بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى كىشى بېشىغا 33 مىڭ 845 يۈەندىن توغرا كېلىپ، كىشى بېشىغا 11 مىڭ 158.4 يۈەن ئاشتى؛ ئومۇمىي مۈلۈك تۆھپە نىسبىتى %12.3 بولۇپ، 6 پىرسەنت پونكىتى ئۆرلىدى؛ ئاكتىپ - پاسسىپ نىسبىتى %67.1 بولۇپ، تەتۈر كۆرسەتكۈچ بولۇش سۈپىتى بىلەن 1.6 پىرسەنت پونكىتى تۆۋەنلىدى؛ مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %97.7كە يېتىپ، 0.1 پىرسەنت پونكىتى ئۆرلىدى؛ تۇراقسىز مۈلۈكنىڭ يىللىق ئوبوروت نىسبىتى 1.4 قېتىم بولۇپ، 0.2 قېتىم تېزلەشتى؛ تەننەرخ خىراجىتى پايدا نىسبىتى %14.1كە يېتىپ، 14.2 پىرسەنت پونكىتى ئۆرلىدى؛ كاپىتال قىممىتىنى ساقلاش - ئاشۇرۇش نىسبىتى

%7 ـ 104 بولدى. كارخانىلار زىياننى تۈگىتىپ پايدىنى ئاشۇرۇشتا بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى. مۇشۇ يىلدا پايدا ئالغان ساناەت كارخانىلىرىنىڭ پايدا سوممىسى 11 مىليارد 280 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن 1.3 ھەسسە ئاشتى؛ زىيان تارتقان كارخانىلارنىڭ زىيان سوممىسى 1 مىليارد 920 مىليون يۈەن بولۇپ، %21.7 ئازايدى. پايدا ـ زىيان بالانىس قىلىنغاندىن كېيىنكى ساپ پايدا 9 مىليارد 360 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 27.4 ھەسسە ئاشتى. ساناەت كارخانىلىرىنىڭ پايدا ـ باج ئومۇمىي سوممىسى 16 مىليارد 950 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1.6 ھەسسە ئاشتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە كۆپ ساندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە ساھەلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە شىخەنزە شەھىرى شۇنىڭدەك 12 ساناەت ساھەسىنىڭ 10ى زىيان تارتىشتىن قۇتۇلدى ياكى پايدىنى داۋاملىق ئاشۇردى.

دېڭ شۈچى

## دۆلەت كارخانىلىرىنى ئىسلاھات ئارقىلىق 3 يىلدا قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نىشانى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى

دۆلەت ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتىنىڭ يىللىق مەلۇماتىغا قارىغاندا، 2000 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭدىكى دۆلەت كارخانىلىرى ۋە پېيى كونترول قىلىنىدىغان دۆلەت ساناەت كارخانىلىرىنىڭ پايدىسى 8 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 7 ـ ئورۇندا تۇردى. شىنجاڭدىكى 514 يەرلىك دۆلەت ساناەت كارخانىسىنىڭ پايدىسى 230 مىليون يۈەنگە يەتتى، 1999 ـ يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا زىياننى تۈگىتىپ ئاشۇرغان پايدا سوممىسى 280 مىليون يۈەنگە يەتتى. 2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر زىيان تارتقان 107 چوڭ، ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىسىنىڭ 70ى زىياننى تۈگىتىپ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدى. 3 يىلدا قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ بۆسۈش ئېغىزى قىلىنغان توقۇمىچىلىق ساھەسى ئومۇمىي گەۋدە بويىچە زىيان تارتىدىغان ئەھۋالنى ئۆزگەرتىپ، 16 مىليون يۈەن پايدا ئالدى.

دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىدا مۇئەييەن نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى، كۆپ ساندىكى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرى زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئورناتتى. 2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭدىكى 171 چوڭ، ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىسى ۋە پېيى كونترول قىلىنىدىغان كارخانىنىڭ 121ى شىركەت تۈزۈلمىسىنى بويىچە ئۆزگەرتىشنى قىلىپ، ئۆزگەرتىش دائىرىسى %70تىن ئاشتى. تۈزۈلمە ئۆزگەرتكەن كارخانىلار مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىۋېتىش، مېخانىزمنى ئۆزگەرتىش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، جەمئىيەت قۇرۇش فۇنكسىيىسىنى ئايرىۋېتىش ۋە ئارتۇق خادىملارنى تارقاقلاشتۇرۇش قاتارلىق تەرەپلەردە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى.

دېڭ شۈچى

## ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار قويۇۋېتىلىپ جانلاندۇرۇلدى

2000 ـ يىلى شىنجاڭدا ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار ئىسلاھاتى پائال ئىلگىرى سۈرۈلدى.

1. كىچىك دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، بىرلىشىش، ئىجارىگە بېرىش، سېتىش، قوشۇۋېتىش، ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش ۋە پاي ھەمكارلىقى قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق كارخانىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تەرەققىيات يولى ئۈستىدە ئىزدىنىشىگە ئىلھام ۋە مەدەت بېرىلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى 7000 دىن ئارتۇق ھەرخىل كىچىك كارخانىنىڭ %80ى تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتتى. تۈزۈلمە ئۆزگەرتىش ئارقىلىق بىر تۈركۈم كىچىك كارخانىلار مېخانىزمنى ئۆزگەرتىپ، ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى.

2. يار ـ يۆلەك بولۇش سالمىقى زورايتىلدى. ئاپتونوم رايون ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى قوللاش ئۈچۈن، «كىچىك دۆلەت كارخانىلىرىنى قويۇۋېتىپ جانلاندۇرۇش توغرىسىدا پىكىر»، «پاي ھەمكارلىق تۈزۈمىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە دائىر ۋاقىتلىق چارە»، «ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار ئىسلاھاتىنى تېزلىتىشكە دائىر يېتەكچى پىكرى» قاتارلىقلارنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار قەرز پۇل ئالالماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ ئامانەت ـ قەرز كېپىللىكى ۋە ئىجتىمائىي مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ تېزلەتتى. ئىلى ۋىلايىتى، بايىنغولىن ئوبلاستىدا ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار مۇلازىمەت مەركىزى ۋە كېپىللىك مەركىزى قۇرۇلۇپ، كارخانىلار ئۈچۈن ئىزچىل مۇلازىمەت قىلىندى.

3. كېسەلگە قاراپ دورا بېرىلىپ، تۈزۈلمە ئۆزگەرتىش سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى. بىر قىسىم كارخانىلاردا زىيان ئۆرلەپ كېتىش مەسىلىسىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنىپ، كىچىك كارخانىلارنىڭ ئىسلاھاتى ئەمەلىيلەشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ۋە

تەكرار قۇرۇلۇش قىلىشتىن ساقلىنىشنىڭ تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، جايلارنىڭ تۈزۈلمە ئۆزگەرتكەن كارخانىلاردا ساقلانغان مەسىلىلەرنىڭ تۈگۈنىنى تېپىپ، كونكرېت چارىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئوبدان ھەل قىلىشى تەلەپ قىلىندى.

دېڭ شۈچى

## كارخانىلارنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتى ئەھۋالى

1. تېخنىكا ئۆزگەرتىش جەھەتتە، بىرىنچىدىن، نۇقتىلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرىگە يار - يۆلەك بولۇش سالمىقى زورايتىلىپ، بازار ئىستىقبالى ياخشى، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىدا تۈرتكىلىك رولى كۈچلۈك بىر تۈركۈم چوڭ تۈرلەر يولغا قويۇلدى. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 7 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %4 .24 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك كارخانىلار سالغان مەبلەغ 2 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5 .11 ئاشتى. نۇقتىلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىدىن 2000 - يىلى داۋاملاشتۇرۇلىدىغان 15 تۈر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ تۈرلەرگە 254 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ يېڭىدىن باشلانغان تۈر 35 بولۇپ، 1 مىليارد 700 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغانىدى، شۇ يىلى 1 مىليارد 470 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. مۇشۇ يىلدا داۋاملاشتۇرۇلغان 15 تۈر ئاساسىي جەھەتتىن ئۆز قەرەلىدە پۈتكۈزۈلۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، يېڭىدىن يولغا قويۇش پىلانلانغان 35 تۈردە قۇرۇلۇش باشلاندى. ئىككىنچىدىن، تېخنىكا ئۆزگەرتىش پىلانىنى ماھاكىمە قىلىش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈر ئامبىرىدا زاپاس تەييارلاش ئىشى تۈتۈلدى. 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى سانائەت ساھەسىنىڭ تۈراقلىق مۇلۈككە مەبلەغ سېلىش پىلانى ۋە ئۆستۈنلۈككە ئىگە كەسىپلەر مۇندەرىجىسىنى تەييارلاش خىزمىتى دەسلەپكى قەدەمدە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى مۇتەخەسسىسلەر شىنجاڭدىكى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا تەكلىپ قىلىنىپ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي باغرىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغ، كەسىپلەر مەركەزلەشكەن رايون ۋە رايون ئىقتىسادىدىكى مەركىزىي شەھەرلەر مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىدىن 200 نەچچىسى تاللاپ زاپاس تەييارلاندى. ئۈچىنچىدىن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە ئېتىبار بېرىش سىياسىتى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى چەك قويۇلغان تۈرلەر ۋە سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن تۈرلەردە دۆلەتنىڭ ئۈسكۈنىلەردىن ئاز باج ئېلىش ياكى باجنى كەچۈرۈم قىلىش ۋە سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن ئۈسكۈنىلەردىن ئېلىنىدىغان ئاموۋتا بېجىنى ئازايتىش - كەچۈرۈم قىلىشتەك ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن قىلىنىپ، كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش تەننەرخى تۆۋەنلىتىلدى.

2. تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش جەھەتتە. بۇنىڭدا كارخانىلارنىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشىنىڭ يېڭى مېخانىزمى تۇرغۇزۇلۇپ، كارخانىلارنىڭ ئۆز ئۆزىگە خوجا بولۇپ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئىرىشىپ ئۆستۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىندى ۋە ياردەم بېرىلدى. شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور سانائىتى (گۇرۇھى) پاي شىركىتىنىڭ تەجرىبىسى يەكۈنلەپ ئومۇملاشتۇرۇلدى، چوڭ دۆلەت كارخانىلىرى ۋە كارخانا گۇرۇھلىرىدا تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى قۇرۇشقا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىلدى، بىر قىسىم كارخانىلاردىكى تېخنىكا مەركەزلىرى ھالقىما مەھسۇلاتلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئىقتىدارىنى دەسلەپكى قەدەمدە ھازىرلىدى. كەسىپ، مەكتەپ، تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ ھەمكارلىقى پائال ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، بىر تۈركۈم كارخانا ۋە تەتقىقات ئاپپاراتلىرى، ئالىي مەكتەپلەر مۇقىم ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. 2000 - يىلى دۆلەتنىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىدىغان نۇقتىلىق تۈرىدىن 5ى، دۆلەت دەرىجىلىك يېڭى مەھسۇلاتتىن 3ى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، 88 مىليون 200 مىڭ يۈەن قەرز ئېلىندى، 5 مىليون 600 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بېرىلدى. شىنجاڭ بويىچە تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش تۈرىدىن 182سى تەشكىللەندى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلىدىغان تۈر 167، يېڭى تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تۈرى 15.

3. تېخنىكا مۇلازىمىتى جەھەتتە. بۇنىڭدا پائال شارائىت ھازىرلىنىپ ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارغا يۈزلەنگەن ھالدا تېخنىكا مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرى بەرپا قىلىندى. ئۈرۈمچى، كورلا، قۇمۇل ۋە غۇلجا شەھەرلىرىدە دەسلەپكى قەدەمدە كارخانا تېخنىكا مۇلازىمەت ئاپپاراتى قۇرۇپ چىقىلدى ھەمدە مەبلەغ جەھەتتە مۇۋاپىق مەدەت بېرىلدى. 2000 - يىلى شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلاردىكى كارخانىلارنى بىر بىرىگە باغلاش قۇرۇلۇشى داۋاملىق يولغا قويۇلۇپ، شەرقىي رايوندىكى تەرەققىي قىلغان ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ ئىلغار، پىشقان ۋە باب كېلىدىغان تېخنىكىسىنى شىنجاڭدىكى كارخانىلارغا يۆتكەش ئىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

دېڭ شۈچى

# نېفىت سانائىتى

## شىنجاڭ نېفىتلىكى

### ئومۇمىي ئەھۋالى

جۇڭگو نېفىتچىلىكى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى

27 مىليارد 890 مىليون يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈككە ئىگە بولۇپ، يىلىغا 9 مىليون 460 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرالايدۇ، 3 مىليون توننا نېفىتنى پىششىقلاپ ئىشلىيەلەيدۇ.

2000 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى بويىچە يېڭىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان قېزىشقا بولىدىغان نېفىت زاپىسى 22 مىليون 194 مىڭ توننىغا يەتتى، 9 مىليون 200 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىلىپ، 2 مىليون 505 مىڭ توننا نېفىت پىششىقلىنىپ، كىرىم 15 مىليارد 23 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈلدى، خەلقئارا ئۆلچەم بويىچە ھېسابلىغاندا پايدا 5 مىليارد 644 مىليون يۈەنگە يەتتى، 2 مىليارد 112 مىليون يۈەن باج تاپشۇرۇلدى.

لىيۇ جيەن

## نېفىت، گاز تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى بويىچە جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى قۇرۇقلۇق 9 - قۇدۇق، ئويمانلىقنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى قائىندىق 6 - قۇدۇق، غەربىي شىمالى چېتىدىكى گەي 16 - قۇدۇق ۋە ئۇ 27 - قۇدۇقتا زور بۆسۈش ھاسىل بولدى؛ موبېي نېفىتلىكى، ۋۇچۇيىنەن نېفىتلىكى، شەيتانكەرىش نېفىتلىكىنى يامالاش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈش، شۇنىڭدەك نېفىت رايونىنى دوملىما تەكشۈرۈش جەھەتتە زور ئىلگىرىلەش بولدى. تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، تىزگىنلەش، ئالدىن ئۆلچەشتىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك زاپاس تەييارلاش ۋەزىپىسى ئومۇميۈزلۈك ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى، تەكشۈرۈلگەن نېفىت زاپىسى جەھەتتە مەملىكەتنىڭ قۇرۇقلۇقتىكى نېفىت سانائىتى بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىتنىڭ يېڭىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپىسى 91 مىليون 200 مىڭ توننىغا، قېزىشقا بولىدىغان زاپاس مىقدارى 22 مىليون 194 مىڭ توننىغا، نېفىتنىڭ يېڭىدىن تىزگىنلەنگەن گېئولوگىيىلىك زاپىسى 82 مىليون 790 مىڭ توننىغا، نېفىتنىڭ يېڭىدىن ئالدىن ئۆلچەنگەن گېئولوگىيىلىك زاپىسى 113 مىليون 510 مىڭ توننىغا، تەبىئىي گازنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى 19 مىليارد 394 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى.

لىيۇ جيەن

## نېفىت، گاز ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان نېفىت 9 مىليون 200 مىڭ توننىغا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 293 مىڭ توننا ئاشتى؛ ئىشلەپچىقىرىلغان تەبىئىي گاز 1 مىليارد 620 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىپ، 250 مىليون كۇب مېتىر ئاشتى.

2000 - يىلى 1136 قۇدۇق بۇرغىلاندى، مېترازى 1 مىليون 197 مىڭ مېتىرغا يەتتى، 1 مىليون 700 مىڭ توننا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بارلىققا كەلدى. مۇشۇ يىلدا 1145 يېڭى قۇدۇق ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، يېڭى قۇدۇقلارنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 712 مىڭ توننىغا يەتتى، يىللىق تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 1 مىليارد 820 مىليون كۇب مېتىرغا، كۈندىلىك بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى 4 مىليون 250 مىڭ كۇب مېتىرغا، كۈندىلىك مەركەزلەشتۈرۈپ ئاققۇزۇپ تەقسىملەش ئىقتىدارى 6 مىليون 880 مىڭ كۇب مېتىرغا يەتتى.

لىيۇ جيەن

## پىششىقلانغان نېفىت ۋە خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى بويىچە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن نېفىت 2 مىليون 505 مىڭ توننىغا يەتتى. نېفىت مەھسۇلاتلىرىنىڭ تاۋارلىشىش مىقدارى 2 مىليون 326 مىڭ توننىغا، نېفىت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال تاۋارلىشىش كىرىم نىسبىتى %92.84كە يەتتى. پىششىقلانغان نېفىت ۋە خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش مىقدارى 2 مىليون 348 مىڭ توننىغا، ئاساسلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش - سېتىلىش نىسبىتى %100كە يەتتى. قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ يىلىغا 300 مىڭ توننا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان كاتالىزلاشنى قايتا تەرتىپكە سېلىش ۋە سىلىقلاش مېيىغا يۇقىرى بېسىمدا ھىدروگېن قوشۇش قۇرۇلمىسى 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ۋە 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ماتېرىيال سېلىپ سىناق قىلىنىپ بىر قېتىمدىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى، لاياقەتلىك مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلىپ، بېنزىن، دىزېلنىڭ دەرىجىسى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈلدى ھەمدە نافتېن ئاساسىي مەھسۇلاتلىرى دۆلەت ئىچىدىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكۈزۈلدى. 90 - نومۇرلۇقتىن يۇقىرى بېنزىن نىسبىتى %77.48كە، ئوتتۇرا، يۇقىرى دەرىجىلىك سىلىقلاش مېيىنىڭ نىسبىتى %44.23كە يەتكۈزۈلدى. 97 - نومۇرلۇق بېنزىن، GL—585W/90 نومۇرلۇق ئېغىر يۈكلۈك چىشلىق چاق ئاپتولى، SBS خاراكتېرى ئۆزگەرتىلگەن ئاسفالت قاتارلىق 3 يۈرۈش، 15 خىل يېڭى مەھسۇلات ئارقا - ئارقىدىن ئىشلەپچىقىرىلىپ، «يىلۇڭ» ماركىلىق بىر يۈرۈش مەھسۇلاتنىڭ بازاردىكى سالمىقى ئۆزلۈكسىز كېڭەيتىلدى.

لىيۇ جيەن

## ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى شىركەتنىڭ كەسىپلىرىنى داۋاملىق قايتىدىن تەشكىللەپ، سېتىش باش شىركىتى بىلەن قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ سېلىنغان مېيى قىسمىنى ھاي شىركىتى سېلىنغان مېيى شۆبە شىركىتىگە ئۆزگەرتتى، نېفىت، گاز ساقلاش - توشۇش شىركىتىنىڭ ئۇمۇمىيول ترانسپورت باشقۇرۇش باشقارمىسى مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتىگە ئايرىپ بېرىلدى، نېفىت ئېلىش زاۋۇتى ئاپتوموبىل ئەترىتى بىلەن ئۆلچەش - سىناش ئەترىتى ئومۇمىي گەۋدە بويىچە ئۇزۇم ئۆزگەرتىپ تارقاقلاشتۇرۇلدى، قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى بىلەن قاراماي نېفىت خىمىيە سانائىتى تېخنىكا مۇلازىمەت شىركىتىنى قايتىدىن رەتلەپ قوشۇۋەتتى. مۇشۇ يىلدا شىركەت بويىچە 2679 خادىم قىسقارتىلدى.

2000 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتىنىڭ سالغان مەبلىغى 6 مىليارد 435 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 1 مىليارد 497 مىليون يۈەن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈشكە سېلىنغان مەبلەغ 4 مىليارد 919 مىليون يۈەن بولۇپ، سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 76.44%نى ئىگىلىدى. تەكشۈرۈپ ئۆزلەشتۈرۈشتە بۆلەكلەر بويىچە سېلىنغان مەبلەغنىڭ ھاسىلات نىسبىتى 7.2% بولۇپ، نەتىجە كۆرسەتكۈچىدىن 1.58 پىرسەنت يۇقىرى ئاشۇرۇلدى؛ نېفىت ئايرىش - سېتىشتا بۆلەكلەر بويىچە سېلىنغان مەبلەغنىڭ ھاسىلات نىسبىتى 2.38% بولۇپ، نەتىجە كۆرسەتكۈچىدىن 2.94 پىرسەنت يۇقىرى ئاشۇرۇلدى، مۇشۇ يىلدا تەكشۈرۈش تەننەرخى 0.94 دوللار - توڭ ئېكۋىۋالېنتىغا تەڭ بولۇپ، خام چوتتىكى كۆرسەتكۈچتىن 0.07 دوللار - توڭ ئېكۋىۋالېنت تۆۋەن بولدى؛ مۇشۇ يىلدا نېفىت، گازنىڭ بىرلىك مەشغۇلات تەننەرخى 4.46 دوللار - توڭ ئېكۋىۋالېنتىغا تەڭ بولۇپ، ھاي شىركىتى كېمەيتكەن كۆرسەتكۈچ ئىچىدە كونترول قىلىندى، نېفىت، گازنىڭ بىرلىك ئۆزلەشتۈرۈش تەننەرخى 2.28 دوللار - توڭ ئېكۋىۋالېنت بولۇپ، خام چوتتىكى كۆرسەتكۈچتىن 1.13 دوللار - توڭ ئېكۋىۋالېنت تۆۋەن بولدى؛ مۇشۇ يىلدا بىر توننا نېفىتنىڭ نەق پۇل بويىچە پىششىقلىنىش تەننەرخى 124.83 يۈەن بولۇپ، خام چوتتىكى كۆرسەتكۈچتىن 1.41 يۈەن تۆۋەن بولدى؛ مۇشۇ يىلدا 1 مىليارد 159 مىليون يۈەن ئۆسۈملۈك قەرز ئازايتىلىپ، 100 مىليون يۈەن ئۆسۈم چىقىمى تېجەپ قېلىندى.

لىيۇ جيەن

## پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى

2000 - يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى دۆلەت دەرىجىلىك پەن - تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تۈرىدىن 2نى، ھاي شىركىتى دەرىجىلىك تەتقىقات تۈرىدىن 16نى، نېفىتلىك شىركىتى دەرىجىلىك تەتقىقات ۋە يېڭى تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تۈرىدىن 30نى، نېفىتلىك شىركىتى دەرىجىلىك ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك پەن - تېخنىكا تۈرىدىن 42نى يولغا قويدى. مۇشۇ يىلدا دۆلەت ۋە ھاي شىركىتى دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تۈرى بويىچە پىلان ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىش نىسبىتى 100%كە، نېفىتلىك شىركىتى دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تۈرى پىلان ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىش نىسبىتى 98%تىن كۆپرەككە يەتتى. پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى تۆھپە نىسبىتى 52%كە، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى تۆھپىسىنىڭ ئېشىش نىسبىتى 3%كە يەتتى.

«تۆۋەن دائىرىلىك تۈزۈلمىلىك قورشالمىنى پەرق ئېتىش تېخنىكىسى» ئۆچبۇلاق رايونىدا قوللىنىلىپ، ئۆچبۇلاق 1 - نومۇرلۇق دۆم پۈرمىنىڭ شەرقىي ئېگىز ئۆقتىسىدىكى تۆۋەن دائىرىلىك دۆم پۈرمە بايقىلىپ، قۇرۇقلۇق 9 - قۇدۇقىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئاساس سېلىندى. جۇڭغار ئويمانلىقىدا 3 - قېتىم بايلىق مەنبەسىنى باھالاشنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، پۈتۈن ئويمانلىق دائىرىسىدە 14 يۈرۈش ھىدروكاربون مەنبەلىك جىنس چىقارغان ھىدروكاربونلارغا ئېرىشىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى نېفىت، گاز تەكشۈرۈشكە نىشان كۆرسىتىپ بېرىلدى. موبېي نېفىتلىكىدە قۇدۇق بۇرغىلاشتا كالون چۈشۈرمەسلىك تېخنىكىسىنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى بىلەن، قۇدۇق بۇرغىلاش دەۋرىلىكى قىسقارتىلدى، ھەربىر مېتىر قۇدۇق قېزىش تەننەرخى 550 يۈەن ئازىيىپ، غايەت زور ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. شىنجاڭ نېفىتلىكىدىكى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ئېگىلىنمىگەن زاپاس مىقدارنى باھالاپ چىقىشتا ۋە ئۆزلەشتۈرۈش تەتقىقاتىدا زور ئىلگىرىلەش بولدى، كۆپ يىللاردىن بۇيان تىنىپ قالغان، ئېگىلىنمىگەن زاپاس مىقدار ئىچىدىن ئۆزلەشتۈرۈشكە كىرىشتۈرگىلى بولىدىغان رايون بۆلەكلىرى تاللاپ چىقىلىپ، بۆلەكلەرنىڭ مۇشۇ يىللىق نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشتا ئاكتىپ رولى جارى قىلدۇرۇلدى. «CDG ئۆيۈپ گېلىنلاشقان كان مەيدانى ھاسىل قىلىش سىنىقى»، «مىكرو ئورگانىزملار ئارقىلىق نېفىت قېزىش»، «ئاپتوموبىل كاپالكا ئارقىلىق نېفىت سۈمۈرۈش»، «نېفىت ئۆۋۈسىنى چوڭقۇرلۇقتا تەڭشەپ توسۇش»، «يەر تەۋرىتىپ نېفىت قېزىش»، «ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولىدىغان مىكرو دانىچىلار ئارقىلىق تەڭشەپ توسۇش تېخنىكىسى» قاتارلىق بىر تۈركۈم نېفىتلىككە باب كېلىدىغان

يېڭى تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇپ قوللىنىلىپ، مۇشۇ يىلدا يەن - تېخنىكىغا تايىنىپ 200 مىڭ توننا نېفت ئاشۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىلدى.

ليۇ جيەن

## يەرلىك ئورۇنلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ نېفتلىك شۆبە شىركىتى نامراتلارنى يۆلەشكە 1 مىليون 230 مىڭ يۈەن چىقاردى، قوبۇقسار ناھىيىسى ۋە ئالتاي شەھىرىگە 300 توننا يول ئاسفالتى ياردەم قىلدى، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ ئىچىملىك سۇغا ئىشلىتىشكە 8 توننا پولات تۇرۇبا، 4 يورۇش يۆتكىگىلى بولىدىغان دالا ئۆيى، 15 شامالدۇرغۇچ ياردەم قىلدى، ئۈنىڭدىن باشقا نېفت «ئۈمىد» باشلانغۇچ مەكتىپىگە ماتېريال ئىشكاپى، ئىش ئۈستىلى، كومپيۇتېر، كۆپەيتىپ بېسىش ماشىنىسى قاتارلىقلارنى ياردەم قىلدى.

ليۇ جيەن

# تارىم نېفتلىكى

## ئومۇمىي بايان

2000 - يىلى تارىم نېفتلىك شۆبە شىركىتى بويىچە ئىككى يۈنىلىشلىك يەر تەۋرىتىش ئارقىلىق 11 مىڭ 736 كىلومېتىر، ئۈچ يۈنىلىشلىك يەر تەۋرىتىش ئارقىلىق 465 كۋادرات كىلومېتىر دائىرە تەكشۈرۈلدى؛ 28 تەكشۈرۈش قۇدۇقى بۇرغىلىنىپ بولدى، تەكشۈرۈش قۇدۇقىنىڭ مېتراژى 127 مىڭ مېتىرغا يەتتى، 11 قۇدۇقتا سىناق قىلىپ سانائەت نېفت گاز ئېقىمى تېپىلدى، تەكشۈرۈش قۇدۇقىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %39.3كە يەتتى؛ نېفتنىڭ يېڭىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپىسى 10 مىليون 150 مىڭ تونىنغا، تەبىئىي گازنىڭ يېڭىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپىسى 272 مىليارد 737 مىليون كۇب مېتىرغا، نېفتنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپىسى 370 مىليون توننىغا، تەبىئىي گازنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپىسى 527 مىليارد 313 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى. 4 مىليون 350 مىڭ توننا نېفت، 750 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز، 44 مىڭ 600 توننا يېنىك ھىدرو كاربون، 40 مىڭ 700 توننا سۇيۇقلاشتۇرۇلغان گاز ئىشلەپچىقىرىلدى؛ 4 مىليون 70 مىڭ توننا نېفت سېتىلدى. 253 مىڭ 200 توننا نېفت پىششىقلاندى، 162 مىڭ توننا خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىلدى. سېتىش كىرىمى 7 مىليارد 297 مىليون يۈەنگە، پايدا 2 مىليارد 602 مىليون يۈەنگە، تاپشۇرۇلغان باج 1 مىليارد 10 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سۇن مىڭشۈي

## كارخانا باشقۇرۇش ئەھۋالى

2000 - يىلى تارىم نېفتلىك شۆبە شىركىتى تۆۋەن تەننەرخلىق تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، پۈتۈن ئامىللىق تەننەرخ باشقۇرۇش، ئومۇمىي خادىملار تەننەرخنى تىزگىنلەش، تولۇق مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئارقىلىق تەننەرخنى تۆۋەنلىتىشنى ئومۇملاشتۇردى. تەكشۈرۈش قۇدۇقىنىڭ بىرلىك تەننەرخى 1999 - يىلدىكىدىن 12 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى؛ ئۆزلەشتۈرۈش قۇدۇقىنىڭ بىرلىك تەننەرخى 600 يۈەن تۆۋەنلەپ، 16 پىرسەنت پوئىنتى چۈشتى؛ نېفت ئىشلەپچىقىرىشتىكى بىرلىك مەشغۇلات تەننەرخى 3 دوللار - تۆۋەن بولۇپ، خەلقئارادىكى نېفت شىركەتلىرىنىڭ ئالدىدا تۇردى؛ قۇدۇق ئاستى مەشغۇلاتىنىڭ يەككە قۇدۇق خىراجىتى 120 مىڭ يۈەن چۈشۈپ، 17 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىتىلدى. تەكشۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆيۈشتۇرۇش ئۇسۇلى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، قۇدۇق بۇرغىلاش، نېفت سىناشنى باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە ھەرىكەت مېخانىزمى ئەللاشتۇرۇلدى، قۇدۇق بۇرغىلاش، نېفت سىناش دەۋرىلىكى قىسقاردى. خېرىدار چاقىرىش - خېرىدارلىققا چىقىش سالمىقى زورايتىلىپ، توختاملار ئېنىقلىنىپ، سېلىنىدىغان مەبلەغ زور ھەجىمدە ئازايتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە نامۇۋاپىق 39 تەتقىقات تۈرىنى توختىتىلىپ، 4 مىليون يۈەن مەبلەغ تېجەپ قېلىندى. مەبلەغ باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، كاپىتالدىن پايدىلىنىش ياخشىلىنىپ، جۇڭگو بانكىسىدىن ئالغان 132 مىليون دوللارلىق قەرز، تەرەققىيات بانكىسىدىن ئالغان 640 مىليون يۈەن قەرز قايتۇرۇلدى. ھەرخىل قەرز پۇللارنى يىغىۋېلىش سالمىقى زورايتىلىپ، 654 مىليون 400 مىڭ يۈەن قەرز يىغىۋېلىنىپ، كارخانىنىڭ يۇقىرى ئۈنۈمدە ھەرىكەت قىلىشى كاپالەتلەندۈرۈلدى. 2000 - يىلى نېفتلىك مۇھىت ئاسراش خىزمىتى جەھەتتە دۆلەت مۇھىت ئاسراش باش ئىدارىسى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇھىتىنى ئاسراش، باشقۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

لى جىن

## نېفت، گاز تەكشۈرۈش ئەھۋالى

غەربنىڭ گازىنى شەرققە يۆتكەپ بېرىلىشىنى قوزغاش ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. قارا 2 - نومۇرلۇق گازلىقتا تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان تەبىئىي گازنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى 250 مىليارد 610 مىليون كۇب مېتىرغا، زاپاس




2000 - يىلى تارىم دەرياسى نېفىتلىكى بىرلەشمە يونكىتى يوتۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

جاۋ بىيجيې فوتوسى

مىقدارىنىڭ مولللۇقى ھەر كۋادرات كىلومېتىردا 532 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىپ، مەملىكىتىمىزدىكى نۆۋەتتە كۆلىمى ئەڭ چوڭ، زاپىسى ئالاھىدە مول، مەھسۇلاتى ئالاھىدە يۇقىرى، ئەلا سۈپەتلىك چوڭ گازلىق بولۇپ قالدى. ئۇنىڭغا تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ياقا، يېڭى مەھەللە، يانتاق، يۇدۇڭ 2 .. جىراقتىن ئىبارەت 5 ئوتتۇرا گازلىقنى قوشقاندا يىلىغا 12 مىليارد كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئاققۇزۇش ئۈچۈن 15 يىل مۇقىم ئىشلەپچىقىرىش تەلىپى قانائەتلەندۈرۈلدى. تۇزلۇق گاز ئۆۋىسىنىڭ ژىدىق گورۇپپىسىدا ئېنىقلانغان تەبىئىي گازنىڭ گېئولوگىيىلىك مىقدارى 22 مىليارد 127 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، تارىم نېفىتلىكىدە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان تەبىئىي گاز زاپىسى 527 مىليارد 313 مىليون كۇب مېتىرغا يەتكۈزۈلدى. دابېي 1 - گاز ئۆۋىسىنى باھالاش ئىشى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىدى، دابېي 1 - قۇدۇقى كىسلاتالاشتۇرۇلۇپ بېسىم بىلەن قاتلام يېرىلغاندىن كېيىن كۈنىگە 319 مىڭ كۇب مېتىر گاز ئىشلەپچىقىرىلدى، زاپاس كۆلىمىنىڭ يەنىمۇ كېڭىيىشىدىن ئۈمىد بار. كۆكيار گازلىقىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىنى باھالاشتا مۇھىم ئىلگىرىلەش بولدى، كۆكيار چوڭقۇر 101 - قۇدۇقىدا 3 - سىستېمىنى بۇرغىلىغاندا نېفىت، گاز قاتلىمى بايقالدى، 20 مىليارد كۇب مېتىر تىزگىنلەنگەن تەبىئىي گاز زاپىسىنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىشتىن ئۈمىد بار؛ چوڭقۇر بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش جەريانىدا تۇنجى قېتىم بور سىستېمىسىدا ياخشى نېفىت، گاز ئالامىتى بايقالدى، بۇ غەربىي جەنۇبىي تارىمدىكى نېفىت، گاز تەكشۈرۈشتە زور بۆسۈش يۈز بېرىش ئېھتىماللىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ غەربىي جەنۇبىي تارىمدىكى نېفىت، گاز تەكشۈرۈشتە زور بۇرۇلۇش پۈرسىتى بارلىققا كېلىپ، ئويمانلىق بويىچە نېفىت، گاز تەكشۈرۈشتىكى ئىستراتېگىيىلىك زاپاس رايون بولىدىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ. كۇچا ئولتۇرۇشمىسىدىكى 1 - قېتىملىق يەر تەۋرىتىپ ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالدى، 31 قورشالما يېڭىدىن بايقالدى ۋە قايتا ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، تەبىئىي گاز بايلىقى 2 تىرىليون كۇب مېتىردىن كۆپرەككە يەتتى.

قاراماي تەكشۈرۈشتە ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى ئوتتۇرا تارىم 40 - نېفىتلىكتە قارامايىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپاس مىقدارى 7 مىليون 210 مىڭ توننىغا يەتتى، لۇنگۇ 9 - قۇدۇق، ئوتتۇرا تارىم 47 - قۇدۇقتا زور بايقاش قولغا كەلدى، 2 ئاساسلىق ھۇجۇم رايونىدىكى قاراماي تەكشۈرۈشتە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. جەنۇبىي بۈگۈر يوشۇرۇن تاغدىكى ئۈچ يۆنىلىشلىك يەر تەۋرىتىپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە يېڭى بۆسۈش بولدى؛ جەنۇبىي بۈگۈرنىڭ غەربىي قىسمىدىكى يوشۇرۇن تاغ ۋە جەنۇبىي سائىتامدىن ئىبارەت بۇ 2 پايدىلىق تۈزۈلمە بەلۋاغ تاللاپ چىقىلدى، لۇنگۇ 9 - قۇدۇقىدا سىناق قىلىنىپ 228 كۇب مېتىر قويۇق نېفىت ئېلىنىندى، بۇ جەنۇبىي بۈگۈرنىڭ غەربىي قىسمىدىكى يوشۇرۇن تاغ تۈزۈلمە بەلۋىغىنى تەكشۈرۈشنىڭ ئىستىقبالى بارلىقىنى ئىسپاتلىدى. خوتەنگار شەرقىي دەريا قۇمتاشتا ئۇۋا ھاسىل بولۇش ئۈستىدىكى تەتقىقاتتا يېڭى تونۇش پەيدا قىلدى، شەرقىي دەريا قۇمتاشتىكى كۆچىمزىلىنىش سىزىقىنى پەرقلەندۈرۈشتە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى، بىر تۈركۈم چوڭ قورشالما ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

خې شياۋچىڭ

## نېفىتلىكلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش ئەھۋالى

2000 - يىلى تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى ئىشلەپچىقارغان نېفىت 4 مىليون 350 مىڭ توننىغا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 100 مىڭ توننا ئاشتى. ئېلېكتر ناسوسلۇق قۇدۇقلارنىڭ ئۈنۈملۈك ئىشلەپچىقىرىش ۋاقىت ئۈنۈمى 1999 - يىلدىكى %74. 89تىن %38. 93كە ئۆستى، ناسوس تەكشۈرۈشنىڭ ئوتتۇرىچە دەۋرىيلىكى 386 كۈندىن 434 كۈنگە ئۆستى؛ تەدبىر قوللىنىلىپ ئاشۇرۇپ ئېلىنغان نېفىت 630 توننا - قۇدۇق (قېتىم) دىن 1019 توننا - قۇدۇق

(قېتىم) غا ئۆسۈپ، مۇشۇ يىلدا نېفىت مەھسۇلاتى 254 مىڭ 600 توننا ئاشتى؛ نېفىت ئۆزۈسىنى ئىنچىكە تەسۋىرلەش يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلدى، جەنۇبىي بۈگۈر نېفىتلىكىنىڭ سۇ تەركىبىنىڭ ئۆرلەش نىسبىتى 6.48% تىن 1.46% كە چۈشتى، ئوتتۇرا تارىم 16 - نېفىتلىكىنىڭ سۇ تەركىبى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى، ئوتتۇرا تارىم 4 - نېفىتلىكىدىكى يەر قاتلىمى بېسىمى تەڭپۇڭلىشىشقا يۈزلەندى. دومىلىما ئۆزلەشتۈرۈشتە روشەن ئۈنۈم ھاسىل قىلىنىپ، دومىلىما تەكشۈرۈپ ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ بىر يۈرۈش يۈرۈشلەشكەن تېخنىكىسى بارلىققا كەلدى، جەنۇبىي بۈگۈر 26 - قۇدۇق رايونىدا 1 مىليون 900 مىڭ توننا گېئولوگىيىلىك زاپاس كۆپەيدى، داۋانچى نېفىتلىكىنىڭ مەھسۇلاتى 1999 - يىلدىكى 20 مىڭ توننىدىن 40 مىڭ توننىغا يەتتى، ياقا 301 - قۇدۇق رايونى كان كەتتى گۇرۇپپىسىدا 1 مىليون 510 مىڭ توننا گېئولوگىيىلىك زاپاس كۆپەيدى، ئوتتۇرا تارىم 10 - قۇدۇق رايونىدا تۈزۈلمە قايتا ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن 935 مىڭ توننا گېئولوگىيىلىك زاپاس كۆپەيدى. 1998 — 2000 - يىللىق دومىلىما تەكشۈرۈشتە كۆپەيگەن گېئولوگىيىلىك زاپاس مىقدارى 13 مىليون 640 مىڭ توننىغا يەتتى.

غەربتىن شەرققە يەتكۈزۈشنىڭ ئالدىنقى قارارلىق خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىدى. قارا 2 - گازلىقى شۇنىڭدەك 5 ئوتتۇرا، كىچىك قېتىشقان گازلىقنى دەسلەپكى قەدەمدە ئۆزلەشتۈرۈش لايىھىسى تۈزۈپ چىقىلدى، تارىمنى يىلىغا 12 مىليارد كۇب مېتىر تەبىئىي گاز يەتكۈزۈپ بېرەلىگىدەك قىلىپ قۇرۇپ ئۆزلەشتۈرۈش لايىھىسى ۋە گاز ئېلىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇقۇم لايىھىسى تاماملاندى، غەربتىن شەرققە يەتكۈزۈشنىڭ تەييارلىق تەتقىقات دوكلاتى دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى، غەربتىن شەرققە يەتكۈزۈش تۇرۇبا يولى قۇرۇلۇش تۈرى تەكلىپنامىسى دۆلەت تەرىپىدىن تەستىقلاندى، غەربتىن شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى تەتقىق قىلغىلى بولىدىغان باسقۇچقا كىردى.

ئۇقتىلىق قۇرۇلۇشلاردا زور نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى، خۇدسون نېفىتلىكىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىدا قېلىپلاشقان تۈر باشقۇرۇش ئۇسۇلى يۈرگۈزۈلۈپ، تەكشۈرۈش بىلەن ئۆزلەشتۈرۈشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش يولغا قويۇلۇپ، 120 كۈندە 300 مىڭ توننا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بەرپا قىلىنىپ، شۇ يىلدىلا 260 مىڭ توننا نېفىت ئېلىندى، 1 مىليون توننا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى بەرپا قىلىشقا 1 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىندى، سېلىنمىنىڭ ھاسىلات ئۈنۈمى 24% بولدى. ياقا قېتىشقان گازلىقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىدا 17 ئايدىلا دۆلەتنىڭ بويىچە زاپاس كۆلىمى ئەڭ چوڭ، ئادەتتىن تاشقىرى يۇقىرى بېسىملىق، ئايلاندۇرۇپ ھار بېرىپ بېسىمنى ساقلاپ قېزىلىدىغان قېتىشقان نېفىت - گازلىق قۇرۇپ چىقىلدى، يىلىغا 550 مىڭ توننا قېتىشقان نېفىت ئىشلەپچىقىرالايدۇ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 600 مىليون يۈەندىن 936 مىليون يۈەنگە چۈشتى، مىليون توننا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بەرپا قىلىشقا سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 800 مىليون يۈەندە تىزگىنلەندى.

لى جىن

## سىپتىش خىزمىتى

2000 - يىلى تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى بويىچە 4 مىليون 70 مىڭ توننا نېفىت، 33 مىليون 650 مىڭ كۇب مېتىر تەبىئىي گاز، 22 مىڭ توننا سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز، 24 مىڭ توننا يېنىك ھىدرو كاربون، 22 مىڭ توننا بېنزىن سېتىلدى. يىغىۋېلىنمىغان ماي پۇلى يىل بېشىدىكى 642 مىليون يۈەندىن 240 مىليون يۈەنگە ئازايدى، مۇشۇ يىلدا مال پۇلىنىڭ يىغىۋېلىنىش نىسبىتى 105.5% كە يەتتى.

لى جىن

## پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش

2000 - يىلى تارىم نېفىتلىك شۆبە شىركىتى تەبىئىي گاز، قاراماي تەكشۈرۈش، نېفىتلىكلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش، تەننەرخنى تۆۋەنلىتىشتىن ئىبارەت 4 چوڭ ساھەنى چۆرىدەپ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىستراتېگىيىسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، نېفىتلىك، گازلىق تەكشۈرۈشكە توسقۇن بولۇۋاتقان بىر تۈركۈم ھالقىلىق تېخنىكا مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، نېفىتلىك، گازلىقلارنى تەكشۈرۈپ ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ بىر قاتار يېتەكچى تېخنىكىسىنى شەكىللەندۈردى. «تارىم ئويمانلىقىدا دېڭىز فاتسىيىلىك كراتون نېفىت - گازلىقىنى تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش تېخنىكىسى ۋە ئۇنى قوللىنىش» دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «تارىم قارا 2 - چوڭ گازلىقىنىڭ بايقىلىشى ۋە تاغلىق جايدىكى ئادەتتىن تاشقىرى يۇقىرى بېسىملىق گاز ئۆزۈسىنى تەكشۈرۈش تېخنىكىسى» گۇرۇھ شىركىتىنىڭ 2000 - يىللىق بىردىنبىر تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش بويىچە ئالاھىدە مۇكاپاتىغا، «تارىم ئويمانلىقىدىكى كۇچا ئالدىنقى قۇرۇقلۇق تەتۈر بەلۋېغى تۈزۈلمىسى ئۈستىدىكى تەھلىل ۋە نىشانلىق باھالاش»، «ئوتتۇرا تارىم 16 - نېفىتلىكىدىكى C I نېفىت ئۆزۈسىنى دومىلىما ئۆزلەشتۈرۈش تېخنىكىسى» شىنجاڭنىڭ

پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. پەن - تېخنىكا نەتىجىسى تەكشۈرۈپ بايقاش، ئۆزلەشتۈرۈش، مەھسۇلاتنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ھالقىلىق رول ئوينىدى. ئالدىنقى قۇرۇقلۇق ئويمانلىقىدا فىزىكىلىق تەكشۈرۈپ بېكىتىش تېخنىكىسىدىكى قىيىن ئۆتكەل ھەل قىلىندى. تاغلىق جايلاردا يەر تەۋرىتىش ماتېرىياللىرىنىڭ سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، غەربىي چۆلتاغ، كۇچا تاۋۇز، غەربىي جەنۇبىي تارىمدىكى پۇسا قاتارلىق رايونلاردا ياخشى يەر تەۋرىتىش ماتېرىيالى قولغا كەلتۈرۈلدى، غەربىي چۆلتاغ 2 -، پۇسا قاتارلىق بىر تۈركۈم تۇزۇلمە بايقالدى، تەي ۋادىسى رايونىدىكى ئادەتتىن تاشقىرى چوڭقۇر تۆۋەن دائىرىلىك تۇزۇلمىنى ئىنچىكە چۈشەندۈرۈش تېخنىكىسى، ئادەتتىن تاشقىرى چوڭقۇرلۇقتىكى ئادەتتىن تاشقىرى نېپىز نېفىت ئۇۋىسى زاپاس قاتلىمىنى تونۇپ ئالدىن ئۆلچەش تېخنىكىسى قاتارلىق قىيىن ئۆتكەللەر ھەل قىلىنىپ، ئىمىن قاتارلىق بىر تۈركۈم تۇزۇلمە بايقىلىپ، ھۆدسون 4 - نېفىتلىكى يۇقىرى ئۈنۈملۈك قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، تەي ۋادىسى رايونىدا چوڭ نېفىتلىك - گازلىق ئىزدەشنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى نامايان بولدى. تاغ ئالدى ئادەتتىن تاشقىرى يۇقىرى بېسىملىق ئېگىز تىك تۇزۇلمىدە قۇدۇق بۇرغىلاپ نېفىت سىناش تېخنىكىسى، تەي ۋادىسى رايونىدىكى ئادەتتىن تاشقىرى چوڭقۇرلۇقتىكى ئادەتتىن تاشقىرى نېپىز نېفىت ئۇۋىسىغا گورىزونتال قۇدۇق بۇرغىلاش تېخنىكىسىدىكى يېڭى قىيىن ئۆتكەل ھەل قىلىندى، تاغ ئالدىدا قۇدۇق بۇرغىلاش سۈرئىتى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلدى، قۇدۇق بۇرغىلاش دەۋرىيلىكى ئوتتۇرىچە 130 كۈن قىسقاردى، قۇدۇق بۇرغىلاش تەننەرخى ئوتتۇرىچە 3 ئۆلۈش تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ بىلەن قارا 2 - چوڭ گازلىقنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى؛ ھۆدسون نېفىتلىكىدە ئادەتتىن تاشقىرى چوڭقۇرلۇقتىكى ئادەتتىن تاشقىرى نېپىز نېفىت ئۇۋىسىدا ئەقلىي قابىلىيەتلىك قوش پەلەمپەيلىك گورىزونتال قۇدۇق بۇرغىلىنىپ، ئادەتتىن تاشقىرى نېپىز نېفىت ئۇۋىسىنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئۆزلەشتۈرۈشتىكى قىيىن مەسىلە ھەل قىلىندى.

سۇن مىڭشۈي

# تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى

## نېفىت، گاز تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2000 - يىلى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى مەۋقەنى تۇرپان - قۇمۇلغا قويۇش، سەنتاڭخۇنى تەكشۈرۈشنى تېزلىتىش، مىنخې، ليۆپەنشەننى تەييارلاش، نېفىت، گازنىڭ سودا خاراكتېرىدىكى قېزىۋېلىشقا بولىدىغان زاپاس مىقدارىنى سالماق ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت تەكشۈرۈش پىكىر يولى بويىچە تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقىدىكى سانائەت تەكشۈرۈش تۈرى، سەنتاڭخۇ ئويمانلىقىدىكى سانائەت تەكشۈرۈش تۈرى ۋە ليۆپەنشەن، مىنخې ئويمانلىقى رايونىنى تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت 3 چوڭ تەكشۈرۈش تۈرىگە بۆلۈنۈپ، 22 تەكشۈرۈش نىشانىنى تاللاپ، يىللىق تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى. مۇشۇ يىلدا ئىككى يۆنىلىشلىك يەر تەۋرىتىش 1809.26 كىلومېتىر، ئۈچ يۆنىلىشلىك يەر تەۋرىتىپ 351.86 كۋادرات كىلومېتىرلىق دائىرە تەكشۈرۈلدى، 25 تەكشۈرۈش قۇدۇقى بۇرغىلاندى، مېتىراژى 78 مىڭ 564 مېتىرغا يەتتى، 20 قۇدۇقتىكى 36 قاتلامدا نېفىت سىنالدى؛ تەكشۈرۈشكە ئۈنۈۋېرسال سېلىنغان مەبلەغ 407 مىليون 310 مىڭ يۈەن، 8 قۇدۇقتا يېڭىدىن سودا نېفىت ئېقىمى تېپىلدى، قۇدۇق تەكشۈرۈشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 38.1% بولدى. نېفىتنىڭ يېڭىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپىسى 18 مىليون 30 مىڭ توننىغا، يېڭىدىن تىزگىنلەنگەن گېئولوگىيىلىك زاپىسى 5 مىليون 770 مىڭ توننىغا، ئالدىن تەكشۈرۈلگەن گېئولوگىيىلىك زاپىسى 23 مىليون 130 مىڭ توننىغا يەتتى. 2000 - يىلى تەكشۈرۈش خىزمىتىدە 3 جەھەتتە ئىلگىرىلەش بولدى.

1) يالقۇنتاغ مۇرەككەپ تۇزۇلمىلىك بەلۋاغدىكى نېفىت، گاز تەكشۈرۈشتە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. تاغلىق جايدا يەر تەۋرىتىپ ماتېرىيال يىغىپ بىر تەرەپ قىلىش تېخنىكىسى ۋە ئىتتىرىلمە يېپىنچا تۇزۇلمىلىك بەلۋاغدا مودېل ئۆلۈك ئىنۋېرسىيىسى ئارقىلىق تۇزۇلمىنىڭ خەرىتىسىنى شەكىللەندۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، يالقۇنتاغ شىمالىي يوغانقىر 1 - نومۇرلۇق، شەرقىي ئىلاھ بۇلاق 2 - نومۇرلۇق قاتارلىق 5 پايدىلىق قورشالما بايقالدى، قورشالمىنى باھالاش ۋە تەسۋىرلەش ئارقىلىق يالقۇنتاغ تۇزۇلمىسى تاللىنىپ، تۇنجى قېتىم چوڭ كۆزلۈك، قوش نىشان نۇقتىسى ئارقىلىق يۆنىلىش بەلگىلەپ قۇدۇق بۇرغىلاش تېخنىكىسى قوللىنىلىپ، يالقۇنتاغ 3 - قۇدۇقى مۇۋەپپەقىيەتلىك بۇرغىلىنىپ تەكشۈرۈلۈپ، كۈنىگە 64 كۇب مېتىر نېفىت، 12 مىڭ 400 كۇب مېتىر گاز ئېلىنىدىغان يۇقىرى مەھسۇلاتلىق نېفىت، گاز ئېقىمى تېپىلدى، يالقۇنتاغ نېفىت، گاز توپلانغان رايونى بايقالدى. 2) شىمالىي تەيزە ئويۇلمىسىدىكى تېيىز قاتلامدا نېفىت، گاز تەكشۈرۈشتە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. تۆۋەن دائىرىلىك تۇزۇلمە، ئۈزۈلمە قاتلام، يوشۇرۇن نېفىت، گاز ئۇۋىسى نىشان قىلىنىپ، غەربىي قىسىم گۈلباغ يايسىمان بەلۋېغى تاغ ئالدى بەلۋېغى قاتارلىق نۇقتىلىق رايونلار ئىنچىكە چۈشەندۈرۈلدى، شىمالىي ئۈزۈمچىلىك 6 - نومۇرلۇق، شەنلى

قاتارلىق 8 قورشالما تەسۋىرلەندى ۋە باھالاپ چىقىلدى، شىمالىي ئۈززۈمچىلىك 6 - قۇدۇقىدا 4.2 كۋادرات كىلومېتىرلىق نېفىت تەركىبلىك كۆلەم يېڭىدىن كۆپەيدى. شەنلى 10 - قۇدۇقنى تېپىش قاتلىمىدا ساناڭەت گاز ئېقىمى تېپىلىپ، تۈنجى قېتىم تاغ ئالدى بەلۋاغ 3 - سىستېمىدا نېفىت، گاز قاتلىمى بايقالدى. 3) سەنتاڭخۇ ئويمانلىقىدىكى مۇرەككەپ نېفىت، گاز ئۈۋىسىنى تەكشۈرۈشتە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. ئويمانلىقتىكى «ئۈچ تۆۋەن» نېفىت ئۈۋىسىنىڭ گېئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، زاپاس توپلانغان قاتلامنى ئالدىن تەكشۈرۈش، يېرىقلارنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبى، تارقىلىش ئالاھىدىلىكى ۋە نېفىت تەركىبى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ، كۆپۈكلۈك راستور ئىشلىتىلىپ كەم تەڭپۇڭلۇقتا قۇدۇق بۇرغىلاش، تەسۋىر ھاسىل قىلىپ قۇدۇق ئۆلچەش، قۇدۇقنى باسماي تۇرۇپ نېفىت سىناش قاتارلىق يېڭى تېخنىكا، يېڭى ھۈنەر - سەنئەت ئۇنىۋېرسال قوللىنىلىپ، 5 قۇدۇقتا يېڭى نېفىت تەركىبلىك قاتلام سىستېمىسى بايقالدى، ماجۇڭ 9 - قۇدۇق، ماجۇڭ 702 - قۇدۇقتا ياخشى نېفىت، گاز ئالامىتى كۆرۈلدى ھەمدە خېيدۇن 3 - نومۇرلۇق، ئوتتۇرا ماجۇڭ 6 - نومۇرلۇق قاتارلىق 6 پايدىلىق قورشالما بايقىلىپ، كېيىنكى قەدەمدىكى تەكشۈرۈش مۇھىم نىشان بىلەن تەمىنلەندى.

زېي خۇڭگو، جۇ شياۋلۇڭ

## نېفىتلىك، گازلىقنى ئۆزلەشتۈرۈش

2000 - يىلى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى نېفىتلىك، گازلىقنى ئۆزلەشتۈرۈشنى قۇدۇق تورىنى زىچلاشتۇرۇپ تەڭشەش، رايون بۆلەكلىرىدە قاتلام سىستېمىسىنى ئىنچىكە ئايرىشنى ئاساس قىلىپ، 8 يۈرۈش لايىھىنى يولغا قويۇپ، 87 قۇدۇقنى بۇرغىلاپ تەڭشىدى، يېڭى قۇدۇقلاردىن 303 مىڭ توننا نېفىت ئالدى، 736 قۇدۇق قېتىم نېفىت - سۇ قۇدۇقى تەدبىرىنى يولغا قويۇپ، تەدبىر كۆرۈش ئارقىلىق نېفىت مەھسۇلاتىنى 239 مىڭ توننا ئاشۇردى. نېفىتلىكتە سۇ بېرىشتە سۇ بېرىپ نېفىت ئېلىنىدىغان قۇدۇق تورىنى ۋە يەر ئۈستى مۇئەسسەسلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق سۇنى بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، سۇ بېرىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى ۋە قاتلامغا بۆلۈپ مىقدار بېكىتىپ سۇ بېرىشنى كۈچەيتىپ، 68 قۇدۇقنى سۇ بېرىلىدىغان قۇدۇققا ئۆزگەرتىپ، كۈنىگە 3800 كۇب مېتىر سۇ بېرىش ئىقتىدارىنى كۆپەيتتى، سۇ ئارقىلىق ھەيدەش نىسبىتى 5%تىن كۆپرەك ئۆستۈرۈلدى. سۇ بېرىلىدىغان قۇدۇقلاردا 118 قۇدۇق - قېتىم سۇنى كۆپەيتىپ بېرىش تەدبىرى ئورۇنلاندى، بېرىلىدىغان سۇ مىقدارى يىلىغا 311 مىڭ كۇب مېتىر كۆپەيدى، قاتلامغا بۆلۈپ تەڭشەپ بېرىشنىڭ لاياقەتلىك نىسبىتى 71.2%تىن 74.8%كە ئۆستى. سۇ ئارقىلىق ھەيدەش ئەھۋالى ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى. ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىدا يېڭىدىن 54 قۇدۇق بۇرغىلىنىپ، 303 مىڭ توننا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى يېڭىدىن بەرپا قىلىندى، مىليون توننا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا سۇندۇرغاندا بىۋاسىتە سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 828 مىليون يۈەندىن توغرا كەلدى. 2000 - يىلى 2 مىليون 850 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىلىپ، يىللىق پىلان كۆرسەتكۈچى ئورۇندالدى.

دومىلىما تەكشۈرۈشتە ئۆزلەشتۈرۈلگەن نېفىتلىكنى دومىلىما كېڭەيتىش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، 5 دومىلىما قۇدۇق بۇرغىلىنىپ بولدى. 4 قۇدۇقتىن ساناڭەت نېفىت ئېقىمى تېپىلدى، يېڭىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان زاپاس 4 مىليون 800 مىڭ توننىغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تۈزۈلمىنى ئىنچىكە چۈشەندۈرۈش ۋە كونا قۇدۇقلارنى قايتا تەكشۈرۈش سالمىقى زورايتىلىپ، 8 قورشالما بايقالدى، قورشالمىنىڭ كۆلىمى 9.3 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

تەبىئىي گاز ۋە يېنىك ھىدروكاربون ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنىڭ ئىشلەش ۋاقىت ئۈنۈمى 93.8%كە، $C_3$نىڭ يىغىۋېلىنىش نىسبىتى 78%كە يەتتى. مۇشۇ يىلدا 1 مىليارد 80 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز، 163 مىڭ توننا سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز ئىشلەپچىقىرىلىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 28.5% ۋە 22.5% ئاشۇرۇلدى.

زېي خۇڭگو، جۇ شياۋلۇڭ

## كارخانا باشقۇرۇش ئەھۋالى

2000 - يىلى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى باشقۇرۇشتا يېڭىلىق يارىتىشنى پائال يولغا قويدى. 1) كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، نەتىجە سىناش مېخانىزمى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، نەتىجە كۆرسەتكۈچىنى پارچىلاپ قاتلاممۇ قاتلام ئەمەلىيلەشتۈردى. 3 كەسپىي بۆلۈم مەركەز قىلىنغان تەشكىللەش ئەندىزىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شىركەت، نېفىت ئېلىش زاۋۇتى، گۇرۇپپىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك باشقۇرۇش سىستېمىسىنى تۇرغۇزدى؛ خادىملارنى ئازايتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، 198 كىشى بىلەن بولغان ئەمگەك توختامىنى ھەق بېرىپ بىكار قىلدى؛ بازارغا كىرىشكە رۇخسەت قىلىش، توختام تۈزۈش، خېرىدار چاقىرىش - خېرىدارلىققا چىقىش، قانۇن ئىشلىرى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ماددىي ئەشيا باشقۇرۇش سىستېمىسى ۋە ھەرىكەت مېخانىزمىنى راۋانلاشتۇردى، مۇشۇ يىلدا سىرت بىلەن 1219 توختام ئىمزالىدى، ئىقتىسادىي توختام ماجىراسى يۈز

بەرمىدى. 2) نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى بەلىنىپ كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ۋە نازارەت قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتتى، مالىيە كىرىم - چىقىمى، مالىيە خام چوتى، ئاساسىي قۇرۇلۇش، ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن ئىقتىسادىي تەپتىشلەشنى قانات يايدۇردى. مۇشۇ يىلدا 37 تۈردە ئىقتىسادىي تەپتىشلىكنى قانات يايدۇرۇپ، 667 مىليون يۈەن مەبلەغنى ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلدى، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك قىلىنغان ئورۇنلارنىڭ قاپلىنىش نىسبىتى 100%كە يەتتى. چوڭ ماددىي ئەشيا، ئۈسكۈنە سېتىۋېلىشتا خېرىدار چاقىرىش ۋە تېخنىكا توختامى تۈزلىرىدىكى كېڭىشىشلەرنىڭ پۈتۈن دائىرىسى، پۈتۈن جەريانى نازارەت قىلىنىپ، 17 مىليون 690 مىڭ يۈەن مەبلەغ تېجەپ قېلىندى. شىركەتتە، نېفىت ئېلىش زاۋۇتىدا قاتلاملارغا بۆلۈپ قۇدۇق بۇرغىلاش، قۇدۇق ئاستى مەشغۇلاتىنىڭ يەر ئۈستى قۇرۇلۇشى قاتارلىق قۇرۇلۇش مەشغۇلاتلىرىدا نازارەت قىلىش سىستېمىسى تۇرغۇزۇلدى. 3) ئۇل خىزمەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، قائىدە - تۈزۈملەرنى تۈزۈپ، تۈزۈم تۇرغۇزۇش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، تەدبىقلايدىغان تۈزۈمنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۆلچەم باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۆلچەم قوراللىرىدىن 10 مىڭ 220 نى تەكشۈرۈپ بېكىتتى ۋە رېمونت قىلدى، 366 نى ئالماشتۇردى، 212 نى يېڭىدىن كۆپەيتتى. 4) ماركېتنىڭ باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇچۇر يوللىرىنى كېڭەيتىپ، بازار ئېچىپ ۋە مۇستەھكەملەپ، باھا پىشانگىدىن پايدىلىنىپ بايلىقنىڭ يۈرۈشۈش مىقدارى ۋە يۈرۈشۈش ئۈنۈملىنىشىنى مۇۋاپىق تەقسىملەپ، بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇردى، مۇشۇ يىلدا سېتىلغان نېفىت 2 مىليون 560 مىڭ توننىغا، تەبىئىي گاز 496 مىليون كۇب مېترغا، سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز 133 مىڭ توننىغا يەتتى. 5) خام چوت باشقۇرۇشنى، نىشانلىق تەننەرخ باشقۇرۇشنى ۋە مەبلەغ باشقۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، تۆۋەن تەننەرخ ئىستراتېگىيىسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، تەننەرخ قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، مەشغۇلات تەننەرخىدە ئېغىر سالماقنى ئىگىلەپ كېتىۋاتقان قۇدۇق ئاستى تەدبىر خىراجىتى، سۇ - توك پۇلى ۋە غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى خىراجەتلەرنى نۇقتىلىق تىزگىنلەپ، مەبلەغ باشقۇرۇشتا ھەپتىلىك مەبلەغ خام چوتى ئىشلەش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، تۇراقسىز مەبلەغنىڭ ئىگىلىنىپ كېتىشىنى ئازايتتى. 6) مەبلەغ سېلىشتىكى تىزگىنلەش نۇقتىسىنى ئىگىلەپ، تۈرنىڭ ئالدىنقى قارارلىق تەتقىقات سالمىقىنى زورايتىپ، ئىچكى قىسىمدا ئۈنۈم نىسبىتى 12%تىن تۆۋەن بولۇۋاتقان 5 تۈرنىڭ قۇرۇلۇشىنى توختىتىپ ياكى كېچىكتۈرۈپ، 12 مىليون يۈەن سېلىنمىنى تېجەپ قالدى. پىلاننىڭ يولغا قويۇلۇشىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يىللىق، پەسىللىك، ئايلىق پىلان باشقۇرۇش تۈزۈمى تۇرغۇزۇپ، يىللىق پىلاندا ئومۇمىي مىقدارنى تەڭپۇڭلاشتۇردى، پەسىللىك پىلاندا ھالقىنى باشقۇردى، ئايلىق پىلاندا ئەمەلىي مەشغۇلات ئىشلىدى. نېفىت شىركىتىنىڭ 10 - بەش يىللىق پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، «نېفىت مەھسۇلاتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، تەبىئىي گاز مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇپ، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈپ، ئىقتىسادىي ئومۇمىي مىقدارنىڭ تۆۋەنلەپ كەتمەسلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش» يېتەكچى ئىدىيىسىنى بېكىتتى.

زېي خۇڭگو، جۇ شياۋلۇڭ

## پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئەھۋالى

2000 - يىلى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى 114 تۈردە تەتقىقات ۋە تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى قانات يايدۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇل خاراكتېرلىك تېما 13، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك تېما 69، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىدىغان ۋە ئومۇملاشتۇرىدىغان تېما 32، تېمىلارنىڭ ئورۇندىلىش نىسبىتى 98%كە يەتتى، يېڭى تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا مۇشۇ يىلدا يېڭىسار نېفىتلىكىدىكى نېفىتنى تۇراقلاشتۇرۇش، سۇنى تىزگىنلەش تەدبىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات، ئىدىرلىق نېفىتلىكىنى ئۆزلەشتۈرۈش - تەڭشەش تەدبىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات قاتارلىق 28 تۈردە تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى قانات يايدۇردى، بور نېيترون ئارقىلىق سۇ ئىزدەش ۋە سۇنى توسۇش، يان تەرەپتىن گورىزونتال قۇدۇق بۇرغىلاش قاتارلىق 7 تۈرلۈك يېڭى تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇپ قوللاندى، ئومۇملاشتۇرۇپ قوللىنىشنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇش نىسبىتى 66.7%كە يەتتى. مۇشۇ يىلدا پەن - تېخنىكا سېلىنما - ھاسىلات سېلىشتۇرمىسى 4:1كە يەتتى، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى تۆھپىسىنىڭ ئېشىش نىسبىتى 3.24% بولدى.

تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى قوماندانلىق شتابى پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇشقا پائال رىغبەتلەندۈرۈپ، پەن - تېخنىكا فوندى سېلىنمىسىنى كۆپەيتتى، تەتقىقات ئورۇنلىرى قۇرۇلۇش تېخنىكا مۇلازىمەت ئورۇنلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، قۇرۇلۇش نەق مەيدانىغا بېرىپ، تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلدى، قۇدۇق بۇرغىلاش، نېفىت ئېلىش ھۈنەر -سەنئىتى تەتقىقات يۈرۈشلۈك يېڭىلىق يارىتىش بىلەن ئۈنۈم يارىتىشنى تەڭ تۇتۇپ، مۇشۇ يىلدا تەتقىقات ۋە تېخنىكا مۇلازىمىتى ئارقىلىق 40 مىليون 90 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى. يەر شارى فىزىكىسى تەتقىقات ئورنى ئىچكى بازارنى

ئىگىلەش نىسبىتىنى %75تىن كۆپرەككە يەتكۈزدى، ئاشقى بازاردا 9 مىليون يۈەندىن كۆپرەك كىرىم قىلدى. قۇدۇق بۇرغىلاش شىركىتى ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن كونا قۇدۇقلاردا ئۆتكۈزۈشكە ماس كېلىدىغان بۇرغىلاش تېخنىكىسى، تۈز مەلھەملەشكەن قاتلامدا قۇدۇق مۇستەھكەملەش تېخنىكىسى، گورىزونتال قۇدۇقلارغا يۈرۈشلەشتۈرۈپ قۇدۇق بۇرغىلاش تېخنىكىسى، كەڭ تەگپۈزلۈكتە قۇدۇق بۇرغىلاش تېخنىكىسى قاتارلىق تېخنىكىلاردا ئۈتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

زەي خۇڭگو، جۇ شياۋلۇڭ

## بازار ئېچىش ئەھۋالى

2000 - يىلى تۇرپان — قۇمۇل نېفىتلىكى قوماندانلىق شتابى قايتا تەشكىللەپ تۈزۈم ئۆزگەرتىش ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، مەۋقەنى تۇرپان - قۇمۇلغا قويۇش، غەربىي قىسمىغا يۈزلىنىش، ئەتراپتىكى بازارنى ئېچىش، چەت ئەلگە تەييارلىنىش يېتەكچى ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، بازار ئېچىش سالمىقىنى زورايتىپ، باغلىنىشلىق سودا كېلىشىمىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، نېفىتلىكنىڭ خىزمەت نۇقتىسىنى چۆرىدەپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللەشنى كۈچەيتىپ، ھەرىكەت رېتىمىنى تېزلىتىپ، بورۇۋايلارنى ئىشقا سېلىش، مەشغۇلات ئېنىبرگىيە كۈچىنى تەڭشەپ تەقسىملەش، ياندىن بۇرغىلاش ئەترىتىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قاتارلىق خىزمەت نۇقتىلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، نېفىتلىكنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇشىنى كۈچلۈك كاپالەتلەندۈردى. قۇدۇق ئاستى شىركىتى نېفىتلىكنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تېخنىكا ھۈنەر - سەنئەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئورۇنلاشتۇرۇشنى ۋاقتىدا تەڭشەپ، يېڭى تېخنىكىنى ئۆزلەشتۈرۈپ قوللىنىپ، قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈن جەريانىنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتتى. سۇ، توك بىلەن تەمىنلەش باشقارمىسى ئېلېكتر تورىنى پائال ئەللاشتۇرۇپ، ھۈنەر - سەنئەت لىنىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، نېفىت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ نورماللىقىنى كاپالەتلەندۈردى. خەۋەر - ئالاقە باشقارمىسى نېفىتلىكنىڭ يەر ئۈستى خەۋەر - ئالاقىسىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىپ، قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن تاماملىدى. ئىچكى بازار جەھەتتە قۇدۇق بۇرغىلاش شىركىتى بىر يىلدا 145 قۇدۇق بۇرغىلاشنى باشلاپ، 139 قۇدۇقنى بۇرغىلاپ بولدى، قۇدۇق بۇرغىلاش مېتراژى 384 مىڭ مېتىرغا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %24.74 ئاشتى. قۇدۇق ئاستى شىركىتى 6 مەشغۇلات ئېنىبرگىيە كۈچىنى كۆپەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاقىت ئۈنۈمىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈردى، ئىچكى بازارنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، قۇدۇق رېمونت قىلىش مەشغۇلات بازىرىنىڭ %78نى ئىگىلىدى. نېفىت سىناش - ئۆلچەش، يېسىم ئارقىلىق قاتلام يېرىپ كىسلاتالاشتۇرۇش ۋە ئالاھىدە مەشغۇلات بازارلىرىنى %100 ئىگىلىدى. تاشقى بازار جەھەتتە يۈمىن نېفىتلىكى، تارىم دەرياسى نېفىتلىكىدە قۇدۇق بۇرغىلاش، قۇدۇق ئاستى مەشغۇلاتى خىزمەت مىقدارى مۇقىم ئاشتى، چەتئەلدىكى نېفىتلىكتىكى فىزىكىلىق تەكشۈرۈش، نېفىت سىناش، گاز سىناش ۋە قۇدۇق رېمونت قىلىش مەشغۇلاتى بازىرىدا بۆسۈش بولدى. قۇدۇق بۇرغىلاشتا ئۆزبېكىستان، قازاقىستاندا يېڭى ۋەزىيەت ياراتتى، قۇدۇق ئاستىدا يېسىم ئارقىلىق قاتلام يېرىش ئەترىتى ئۈنجى قېتىم قازاقىستانغا يۈرۈش قىلىپ، چەت ئەلدىكى بازارنى يەنىمۇ كېڭەيتىشكە ئاساس سالدى.

زەي خۇڭگو، جۇ شياۋلۇڭ

## كۆپ مەنبەلىك تەرەققىيات ئەھۋالى

2000 - يىلى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى قوماندانلىق شتابى قۇرۇلمىنى پائال تەڭشەپ، يېنىك ھىدروكاربونلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش قۇرۇلۇشىنى تېزلەتتى، خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى ۋە تور گورۇپپىسى قۇرۇلۇش ئومۇمىي گەۋدە تور سۈرئىتى پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، ھالقىلىق لىنىيىنى بېكىتىپ، خەۋەردار چاقىرىش، قۇرۇلۇش ئىشلەش ۋە ئۈسكۈنە سېتىۋېلىشنى قەتئىي تۈردە قېلىپلىق ئۇيۇشتۇرۇپ، قۇرۇلۇش جەريانىدىكى بىخەتەرلىك، سۈپەتنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، تور قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، تەرتىپلىك بولۇشىنى كاپالەتلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يېڭى تۈرنى دەلىللەش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ھازىر بار بولغان كۆپ خىل ئىگىلىك ئورۇنلىرىنى پائال جانلاندۇردى. ئېنىبرگىيە شىركىتى تۇنجى نېفىت ئىش ھەققى ھۆددىگەرلىكىنى يولغا قويۇپ، نېفىتلىكنىڭ سېتىش مىقدارىنى 1999 - يىلدىكىدىن %29 ئاشۇردى. تېخنىكا مۇلازىمەت شىركىتى نېفىت قۇدۇقى ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە قۇدۇق تازىلاش تېخنىكىسىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش مەشغۇلاتىنىڭ دەۋرىيلىكىنىڭ بېرىمىنى قىسقارتتى، مەشغۇلات تەننەرخىنى %50تىن كۆپرەك تۆۋەنلەتتى. «خېڭشىڭ» شىركىتى ئېرىتكۈچى ماي ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنى قايتا ئىشقا سېلىپ، شۇ يىلى ئۆزگەرتىپ، شۇ يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈپ، شۇ يىلى ئۈنۈمىنى كۆرۈش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى. 2000 - يىلى كۆپ مەنبەلىك ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسى بويىچە سېتىش كىرىمىنى 146 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈپ، 1999 - يىلدىكىدىن %30 ئاشۇردى.

زەي خۇڭگو، جۇ شياۋلۇڭ

## تۇرمۇش رايونى مۇلازىمىتى

2000 - يىلى تۇرپان — قۇمۇل نېفىتلىكى قوماندانلىق شتابى جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز گورۇھى شىركىتى

تەرىپىدىن نېفىت سىستېمىسى بويىچە باغچىلاشقان ئورۇن بولۇپ باھالاندى، 6 ئورۇنغا گۇرۇھ شىركىتى تەرىپىدىن كۆكەرتىش ـ كۆركەملەشتۈرۈشتە ئىلغار ئورۇن دېگەن نام بېرىلدى، 8 ئورۇنغا ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن «باغچىلاشقان ئورۇن» دېگەن نام بېرىلدى، 20 ئورۇن ئاپتونوم رايون بويىچە كۆكەرتىشتە لاياقەتلىك ئورۇن بولۇپ باھالاندى. بازىدىكى 8 ـ رايون، 11 ـ رايوندىكى 2050 ئائىلىلىك، پىچان بازىسىدىكى 210 ئائىلىلىك ئىشچى ـ خىزمەتچىنىڭ تۇرالغۇ ئۆيى ئۆز قەرەلىدە پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. مۇشۇ يىلدا 16 مىليون 880 مىڭ يۈەنلىك تۇرمۇش ماددىي ئەشياسى سېتىلدى، 165 مىڭ كىلوگرام يېرىم تەييارمال پىششىقلاندى، يەتكۈزۈپ بېرىلگەن كۆكتات 920 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى، 235 مىڭ كىلوگرام چوشقا گۆشى ئىشلەپچىقىرىلدى. مائارىپ سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەنلەرنىڭ نومۇر چېكىگە يېتىش نىسبىتى %66.1كە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن 23 پىرسەنت پونكىت ئۆسۈپ، تارىختىكى ئەڭ ياخشى سەۋىيە يارىتىلدى. تىببىي ئەخلاق تىببىي ئىستىل قۇرۇلۇشى ۋە ئۇقتىسلىق مەخسۇس بۆلۈم قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، مۇلازىمەت سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى، داۋالاش مۇلازىمىتىنىڭ رازى قىلىش نىسبىتى %90تىن كۆپرەككە يەتتى. نېفىت بازىسىنىڭ ئىچكى ئامانلىق ساقلاش ئەھۋالى ياخشى بولدى، بازىنىڭ يول قاتنىشى ۋە تۇرمۇش رايونىنىڭ ئامانلىق باشقۇرۇشى يەنىمۇ ياخشىلاندى.

زەي خۇڭگو، جۇ شياۋلۇڭ

# غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى

## ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت ئومۇمىي ئەھۋالى

2000 ـ يىلى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەت ئومۇمىي كىرىمى 2 مىليارد 250 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئۆزگەرمەس ئۆلچەم بويىچە ھېسابلىغاندا كىرىم 2 مىليارد 588 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %87، ئىشلەپچىقىرىش قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 480 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %82 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەتنىڭ 1 مىليارد 158 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %78 ئاشتى. يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي مۈلۈكنىڭ قىممىتى 4 مىليارد 80 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %62 ئاشتى. ساپ مۈلۈكنىڭ قىممىتى 1 مىليارد 640 مىليون يۈەن ئۆپچۆرىسىگە يېتىپ، %58 ئاشتى، ئاكتىپ ـ پاسسىپ نىسبىتى %57.5 بولدى. مۇشۇ يىلدا شىركەت باش ئورگىنى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسىدىن 550 مىليون يۈەن مەبلەغنى تەڭشىۋالدى، بۇ بىرىكمە مەبلەغ ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي مۈلۈك 3 مىليارد 618 مىليون يۈەن، ساپ مۈلۈك 1 مىليارد 740 مىليون يۈەن، يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قەرز 1 مىليارد 750 مىليون يۈەن، ئاكتىپ ـ پاسسىپ نىسبىتى %50.7 بولدى. مۇشۇ يىلدا 1 مىليارد 481 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، تەكشۈرۈشكە سېلىنغىنى 568 مىليون يۈەن بولۇپ، %71.6 ئاشتى، ئۆزلەشتۈرۈشكە سېلىنغىنى 819 مىليون يۈەن بولۇپ، %32.1 ئاشتى، ئۈسكۈنە سېتىۋېلىش، ئاساسىي قۇرۇلۇش، تەتقىقات قاتارلىقلارغا سېلىنغىنى 94 مىليون 700 مىڭ يۈەن. تەننەرخ باشقۇرۇشتا ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك بولدى، ھەر توننا نېفىتنىڭ ئۇنىۋېرسال تەننەرخى 661 يۈەن بولۇپ، خام چوتتىكىدىن %4.8 تۆۋەنلىدى. 2000 ـ يىلى پايدا 115 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %147 ئاشتى. يىل ئاخىرىدا سېتىلغان نېفىتنىڭ يىغىۋېلىنماي قالغان پۇلى 155 مىليون يۈەنگە چۈشۈپ، مەبلەغنىڭ يىغىۋېلىنىش نىسبىتى %94.4كە يەتتى.

چېن لەنفاڭ

## نېفىت، گاز تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2000 ـ يىلى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى بويىچە 10 بايقالما قۇدۇق بۇرغىلىنىپ، 195 مىليون 335 مىڭ توننا نېفىت ئېكۋىۋالېنتىغا تەڭ ھەرخىل نېفىت، گاز گېئولوگىيىلىك زاپىسى تاپشۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان زاپاس 52 مىليون 254 مىڭ توننا نېفىت ئېكۋىۋالېنتىغا تەڭ (نېفىت 15 مىليون 690 مىڭ توننا، تەبىئىي گاز 5 مىليارد 791 مىليون كۇب مېتىر)، تىزگىنلەنگەن زاپاس مىقدار 21 مىليون 481 مىڭ توننا نېفىت ئېكۋىۋالېنتىغا تەڭ (نېفىت 48 مىليون 838 مىڭ توننا، تەبىئىي گاز 3 مىليارد 416 مىليون كۇب مېتىر)، ئالدىن ئۆلچەنگەن زاپاس مىقدار 121 مىليون 600 مىڭ توننا نېفىت ئېكۋىۋالېنتىغا تەڭ (نېفىت 113 مىليون توننا، تەبىئىي گاز 8 مىليارد 600 مىليون كۇب مېتىر). تەكشۈرۈلگەن رايون بۆلەكلىرىنى تىزىمغا ئېلىشتا زور ئىلگىرىلەش بولدى، 12 رايون بۆلىكى يېڭىدىن تىزىمغا ئېلىندى، بۇنىڭ كۆلىمى 62 مىڭ 970 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

مۇشۇ يىلدا تارىم دەرياسى رايونى نېفىت، گاز تەكشۈرۈش تۈرى، بۇ ھەشلەك ـ ساڭتام، ئاقدۆڭ، يۈسەن 1 ـ قۇدۇقى، ئايدىڭ — قىرغول قاتارلىق 4 تەكشۈرۈش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن رايون بۆلىكىنى ئىچىگە ئالىدۇ، كۆلىمى 6506.6 كۋادرات

كىلومېتىر كېلىدۇ؛ ياقلا — بۈگۈر رايونى نېفىت، گاز تەكشۈرۈش تورى، بۈ ياقلا — چۆل، بۈگۈر، دايۈلتۈز، ياقا — يېڭىسار قاتارلىق 4 نېفىت، گاز تەكشۈرۈش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن رايون بۆلىكىنى ئىچىگە ئالىدۇ، كۆلىمى 6304.5 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ؛ مارالبېشى — مەكىت رايونى نېفىت، گاز تەكشۈرۈش تورى، بۈ، ياسۇندى، موللا، باشتوقايدىن ئىبارەت 3 نېفىت، گاز تەكشۈرۈش رايون بۆلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، كۆلىمى 9678.5 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ؛ تارىم ئويمانلىقى نېفىت ـ گاز تەكشۈرۈش باھالاش تورىدىن ئىبارەت 4 نېفىت، گاز تەكشۈرۈش تورى تۈرغۇزۇلدى.

1. تەكشۈرۈش خىزمىتىدە تارىم دەرياسى نېفىتلىكى ئاستىنقى ئوردوۋىك سىستېمىسىدىكى نېفىت تەركىبلىك دائىرىنى داۋاملىق كېڭەيتىش يۈزىسىدىن، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى بولغان تارىم دەرياسى رايونىنى تەكشۈرۈش تورى ئالدى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۆلەتنىڭ غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ تەبىئىي گاز بايلىقىغا چۈشۈدىغان ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈشكە زاپاس بايلىق تەييارلاش ئۈچۈن، ياقلا — بۈگۈر رايونى، مارالبېشى — مەكىت رايونىدىكى نېفىت، گاز تەكشۈرۈش تورلىرىگە بولغان سېلىنما كۆپەيتىلدى.

2. تارىم دەرياسى نېفىتلىكىدىكى ئاستىنقى ئوردوۋىك سىستېمىسىدىكى نېفىت، گاز ئۆزۈسى نۇقتىلىق ئوپېراتسىيە قىلىنىپ، تارىم دەرياسى نېفىتلىكىدىكى ئاستىنقى ئوردوۋىك سىستېمىسىدىكى نېفىت، گاز تەركىبلىك كۆلەم 720 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتكۈزۈلۈپ، تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان، تىزگىنلەنگەن شۇنىڭدەك ئالدىن ئۆلچەنگەن زاپاس مىقدارىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تاپشۇرۇشقا پۇختا ئاساس سېلىنىپ، دەسلەپكى قەدەمدە زاپاس مىقدار تەرتىپى تۈرغۇزۇلدى.

3. تارىم دەرياسى نېفىتلىكى تاشكۆمۈر سىستېمىسى، ترىئاس سىستېمىسىدىكى تۆۋەن دائىرىلىك تۈزۈلمىدىكى نېفىت، گاز ئۆزۈسىنى تەكشۈرۈشتە مۇھىم ئىلگىرىلەش بولدى، شايار 75 ـ قۇدۇق رايونى تاشكۆمۈر سىستېمىسىدا نېفىت، گاز ئۆزۈسى ۋە شايار 73 ـ قۇدۇق رايونىدىكى ترىئاس سىستېمىسىدا نېفىت، گاز ئۆزۈسى يېڭىدىن بايقالدى. ئۇنىڭدىن باشقا شايار 79 ـ قۇدۇق رايونى ئاستىنقى پېرم سىستېمىسى يانارتاغ جىنسىدا نېفىت تەركىبلىك قاتلام سىستېمىسى بايقالدى.

4. تارىم دەرياسى نېفىتلىكى ئاستىنقى ئوردوۋىك سىستېمىسىدىكى نېفىت، گاز ئۆزۈسىنىڭ ئۆزۈگە ئايلىنىشىنى تىزگىنلەش ئامىلى، چوڭ پەر قاتلىمى ماس دەستىلەنمىگەن قەدىمكى جىنىستىكى ئۆڭكۈرسىمان قورشالمىنىڭ شەكىللىنىش شارائىتى ۋە ئۆزۈگە ئايلىنىش شەكلى ئۈستىدىكى تەتقىقات ۋە ئويمانلىقنى باھالاش تەتقىقاتى كۈچەيتىلدى.

5. ئۆچ يۆنىلىشلىك پەر تەۋرىتىپ تەكشۈرۈش سالمىقى زورايتىلدى، بىر تەرەپ قىلىش، چۈشەندۈرۈش جەھەتتە يىللاردىن بۇيان ئىشلەنگەن ئۆچ يۆنىلىشلىك پەر تەۋرىتىپ تەكشۈرۈش بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، ئىزاھلىنىپ، خەرىتە شەكىللەندۈرۈلۈپ، ئۆچ يۆنىلىشلىك پەر تەۋرىتىش ۋە قۇدۇق ئورنىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىنلىدى.

6. يېڭى تېخنىكا، يېڭى ئۇسۇل كىرگۈزۈش سالمىقى زورايتىلدى. تارىم دەرياسى ئادەتتىن تاشقىرى چوڭقۇر قاتلامدىكى كاربوناتلىق جىنىستا نېفىت، گاز تەكشۈرۈش ساھەسىدە تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا بىرلەشتۈرۈپ تەكشۈرۈش ئۇسۇلى تېخنىكا تورلىرى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

7. قورشالمىلارنى باھالاش، باشقۇرۇش شۇنىڭدەك يۇرغىلىغاندىن كېيىن باھالاش خىزمىتى نورمال تەكشۈرۈش ۋە باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى.

يۇ رېنلىيەن

## نېفىتلىك، گازلىقلارنى ئۆزلەشتۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە باشقۇرۇش ئەھۋالى

2000 ـ يىلى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى بويىچە 1 مىليون 937 مىڭ 500 توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كونا قۇدۇقلاردىن ئىشلەپچىقىرىلغىنى 1 مىليون 662 مىڭ 400 توننا، يېڭى قۇدۇقلاردىن ئىشلەپچىقىرىلغىنى 251 مىڭ 800 توننا (ئۆزلەشتۈرۈلگەن قۇدۇقلارنىڭ 198 مىڭ 800 توننا، تەكشۈرۈش قۇدۇقلىرىنىڭ 53 مىڭ توننا)، تەدبىر كۆرۈلگەن قۇدۇقلارنىڭ مەھسۇلاتى 23 مىڭ 300 توننا. مۇشۇ يىلدا 96 قۇدۇقتىن نېفىت، گاز ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت قۇدۇقى 92، گاز قۇدۇقى 4. نېفىت ئېلىش ئۇسۇلى بويىچە ئايرىغاندا فونتانلايدىغان قۇدۇق 63، ئادەم كۈچى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان قۇدۇق 33، قۇدۇق قېزىش نىسبىتى 91% بولدى، نېفىت ئېلىنىدىغان قۇدۇقلارنىڭ ۋاقىت ئۈنۈمى 94.22%، يىل ئاخىرىدىكى نېفىت ئۇنۇمپرسال سۇ تەركىبى 29.55% بولدى.

2000 ـ يىلى نېفىت قۇدۇقلىرىنى ھالەتلىك كۆزىتىپ ئۆلچەشتە 414 قۇدۇق (قېتىم) ئېقىم بېسىمى ۋە گرادېنت ئۆلچەندى، 18 قۇدۇق (قېتىم) بېسىم تۇرغۇنلاشتۇرۇلدى، 6 قېتىم بېسىم ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 6 قېتىم بېسىم تۆۋەنلىتىلدى. TK412 قۇدۇق مەركىزى قۇدۇق قىلىنغان قۇدۇقلار توپىنىڭ توسقۇنلۇق بويىچە قۇدۇق سىناپ،

مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 98%كە يەتتى. 301 قۇدۇق (قېتىم) فىزىكىلىق نېفىت لابوراتورىيىسى، 194 قۇدۇق (قېتىم) فىزىكىلىق تەبىئىي گاز لابوراتورىيىسى، 60 قۇدۇق (قېتىم) يەر قاتلىمى سۇيى فىزىكىلىق لابوراتورىيىسى، 4 قۇدۇق (قېتىم) PVT ئەۋرىشكە فىزىكىلىق لابوراتورىيىسى ئېلىپ بېرىلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 94%كە يەتتى. ئىشلەپچىقىرىش بويىچە قۇدۇق ئۆلچەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، 6 قۇدۇق (قېتىم) ئۆلچەندى.

مۇشۇ يىلدا 24 يېڭى قۇدۇق ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، كۈنىگە مۇقىم 1781 توننا مەھسۇلات ئېلىندى، سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا 650 مىڭ توننا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى يېڭىدىن بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 13 ئۆزلەشتۈرۈلگەن قۇدۇق ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇلارنىڭ كۈندىلىك مەھسۇلات سەۋىيىسى 1338 تونىنغا يەتتى. گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش قۇدۇقىدىن 11ى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇلارنىڭ كۈندىلىك مەھسۇلات سەۋىيىسى 443 تونىنغا يەتتى.

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئىشلەۋاتقان قۇدۇقلارنىڭ ئەمەلىي كۈندىلىك مەھسۇلات سەۋىيىسى 6469 تونىنغا يېتىپ، نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 2 مىليون 360 مىڭ تونىنغا يەتتى. نامۇۋاپىق ئامىللارنى ۋە نېفىتلىكتە تەبىئىي بالداقسىمان كېمەيگەن مەھسۇلاتنى چىقىرىۋەتكەندە، يىل ئاخىرىدا ئەمەلىي ساقلىنىپ قالغان مۇقىم ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 2 مىليون 109 مىڭ توننا، بەلگىلەپ بېرىلگەن مۇۋاپىق كۈندىلىك مەھسۇلات سەۋىيىسى 5778 توننا بولدى.

ليۇ چيۇڭ

## تارىم دەرياسى نېفىتلىكىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1. نېفىت ۋە گاز تەكشۈرۈش ئەھۋالى. 2000 - يىلى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى تارىم دەرياسى نېفىتلىكىدە 10 قۇدۇق بۇرغىلاپ نېفىت ۋە گاز بايقىدى، 195 مىليون توننا ماي ئېكۋىۋالېنتىغا باراۋەر ھەرخىل نېفىت، گاز گېئولوگىيىلىك زاپىسىنى تاپشۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغىنى 52 مىليون 254 مىڭ توننا، تىزگىنلەنگىنى 21 مىليون 481 مىڭ توننا، ئالدىن ئۆلچەنگىنى 121 مىليون 600 مىڭ توننا. نېفىتلىكنىڭ تەكشۈرۈش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن رايون بۆلەكلىرىنىڭ كۆلىمىنى ھەشىك — ساڭتام، ئاقدۆڭ، يۈسەن 1 — قۇدۇق، ئايدىڭ — قىرغول قاتارلىق 4 رايون بۆلىكىنى ئىچىگە ئالغان ھالدا 6506.6 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتكۈزدى. 2000 - يىلى ئاستىنقى ئوردوۋىك نېفىت، گاز ئۇۋىسىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ ئوپېراتسىيە قىلىپ، بۇ ئۇۋىنىڭ نېفىت تەركىبلىك كۆلىمىنى 720 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتكۈزدى، تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان نېفىت، گاز دائىرىسىنى 182.2 كۋادرات كىلومېتىرغا، نېفىت، گاز ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى 1 مىليون 800 مىڭ تونىنغا يەتكۈزدى. مۇشۇ يىلدا ئەمەلىيەتتە 2649.076 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنىڭ ئۈچ يۆنىلىشلىك گېئولوگىيىلىك ماتېرىيالىنى يىغىپ بىر تەرەپ قىلدى، يۇقىرى دەرىجىدە پەرقلەندۈرۈش يۈزىسىدىن 185.160 كىلومېتىرنى ئىككى يۆنىلىشلىك يەر تەۋرىنىش بىر تەرەپ قىلىپ ئىزاھلىدى. 24 قۇدۇقنى بۇرغىلاپ بولدى، ئومۇمىي مېتىراژى 101 مىڭ 500 مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈش قۇدۇقى 16، باھالاش قۇدۇقى 8. 39 گېئولوگىيىلىك قاتلامدا نېفىت سىنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 17 قۇدۇقتا 24 قۇدۇق (قېتىم، قاتلام) كىسلاتالاشتۇرۇپ قاتلام يېرىش مەشغۇلاتىنى ئورۇندىدى. ھەرخىل قۇدۇقلارنىڭ قۇدۇق ئورنى توغرىسىدا 20 تەكلىپنى ئورۇندىدى، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈش قۇدۇقى 12، باھالاش قۇدۇقى 8، تاپشۇرغان نەتىجە دوكلاتى 12، تۈزگەن ھەرخىل تەكشۈرۈش ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ئۆزلەشتۈرۈش لايىھىسى 7.

2. نېفىت، گاز ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە. 2000 - يىلى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى تارىم دەرياسى نېفىتلىكىدە 22 ئۆزلەشتۈرۈش قۇدۇقى بۇرغىلاپ، 13 نېفىت، گاز دومىلىما تەرەققىيات قۇدۇقىنى پۈتتۈردى، ئۆزلەشتۈرۈش قۇدۇقلىرىنىڭ پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈش نىسبىتى 54% بولدى، يېڭىدىن 950 مىڭ توننا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بەرپا قىلىندى، مۇشۇ يىلدا 1 مىليون 782 مىڭ توننا نېفىت، 220 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىلدى.

3. نېفىت، گاز ئۆزلەشتۈرۈش جەھەتتە. تارىم دەرياسى نېفىتلىكى نۆۋەتتە تارىم دەرياسى 1 -، 2 - رايونىدىكى ترىئاس سىستېمىسى نېفىت ئۇۋىسى، تارىم دەرياسى 3 -، 4 -، 6 - رايونىدىكى ئوردوۋىك سىستېمىسى نېفىت ئۇۋىسىدىن ئىبارەت 5 مەشغۇلات رايونى ۋە 2 خىل نېفىت ئۇۋىسىغا ئايرىلدى. تارىم دەرياسى نېفىتلىكى 1 - رايوندا بۇرغىلانغان ھەرخىل قۇدۇقتىن 12 سى بار، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈش قۇدۇقى 2، باھالاش قۇدۇقى 2، ئۆزلەشتۈرۈش قۇدۇقى 8. ئىشلەپچىقىرىلىۋاتقان قاتلام ئورنى ترىئاس سىستېمىسى ئاستىنقى نېفىت گورۇپپىسىدىكى نېفىت قاتلىمى بولۇپ، گورىزونتال قۇدۇق ئارقىلىق ئۆزلەشتۈرۈش شەكلى ئاساس قىلىنغان. 1990 - يىلى نېفىت ئېلىنغان، ھازىر ئىشلەۋاتقان قۇدۇق 10، بۇنىڭ ئىچىدە گورىزونتال قۇدۇق 5، تىك قۇدۇق 5، ئىشلەۋاتقان 10 قۇدۇقنىڭ يىرىدىن مېخانىك ئۇسۇلدا

نېفت قېزىلغاندىن باشقا، قالغان قۇدۇقلارنىڭ ھەممىسى فونتانلايدۇ. 2 - رايوندا بۇرغىلانغان ھەرخىل قۇدۇقتىن 6 سى بار، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈش قۇدۇقى 2، باھالاش قۇدۇقى 2، ئۆزلەشتۈرۈش قۇدۇقى 2. ئىشلەۋاتقان قاتلام ئورنى ترىئاس سىستېمىسى ئوتتۇرا ۋە ئۈستۈنكى نېفت گورۇپپىسى بولۇپ، نۆۋەتتە 5 قۇدۇقتىن نېفت ئېلىنىۋاتىدۇ. 3 - رايون 1997 - يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن بولۇپ، 2000 - يىلى 206 مىڭ 500 توننا نېفت ئېلىندى، نېفت ئۈۋىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز بالداقسىمان ئازىيىش نىسبىتى %54.4. كۈنىگە ئوتتۇرىچە 778 توننا نېفت، 86 توننا سۇ ئېلىنىدۇ. 4 - رايون 1997 - يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن، دومىلىما تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش قۇدۇقىدىن 25ى بار، ئىشلەۋاتقان قۇدۇق 20، بۇرغىلىنىۋاتقان قۇدۇق 5 بولۇپ، تارىم دەرياسى نېفتلىكىدىكى غوللۇق نېفت رايونى ھېسابلىنىدۇ. 2000 - يىلى 1 مىليون 178 مىڭ 900 توننا نېفت ئېلىندى، نېفتلىكتىكى كونا قۇدۇقلارنىڭ بالداقسىمان ئازىيىش نىسبىتى %7.50، كۈنىگە 3691 توننا نېفت ئېلىنىدۇ، يەككە قۇدۇقلارنىڭ كۈندىلىك مەھسۇلات سەۋىيىسى 184 توننا، قۇدۇق ئارىلىقى 600 — 1500 مېتىر بولۇپ، مۇقىم مەھسۇلات ئېلىش باسقۇچىغا كىردى. 6 - رايوندىن 1999 - يىلى نېفت ئېلىنىشقا باشلىغان بولۇپ، ھازىر ھەرخىل قۇدۇقتىن 12 سى بار، ئىشلەۋاتقان قۇدۇق 10، 2000 - يىلى 179 مىڭ 900 توننا نېفت ئېلىندى، نېفت ئېلىنىۋاتقان قاتلام ئاساسلىقى ئوردوۋىك سىستېمىسى، ئېلىنىۋاتقىنى ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى گۈڭگۈرت، موم تەركىبلىك يېپىشقاق قويۇق نېفت بولۇپ، نۆۋەتتە بۇ نېفتلىكنى ئۆزلەشتۈرۈش لايىھىسى تۈزۈلۈۋاتىدۇ.

4. نېفتلىكنىڭ يەر ئۈستى قۇرۇلۇشى جەھەتتە. 70.716 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يەككە قۇدۇقلارغا تۇتاشتۇرۇلغان مەركەزلەشتۈرۈپ ئاقتۇزۇش تۇرۇبا لىنىيىسى قۇرۇپ چىقىلدى، شۆبە رايونلاردا ئۆلچەپ قوبۇل قىلىپ يوللاپ بېرىش پونكىتلىرى قۇرۇلدى. ، 2000 - يىلى سۇنى بىر تەرەپ قىلىش پونكىتى قۇرۇلۇشى، نېفتلىك رايونىدىكى يەر ئاستى تۇز تەركىبى يۇقىرى ھەم قاتتىق ئاچچىق شورسۇنى بىر تەرەپ قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇغا ئايلاندۇرۇش قۇرۇلۇشى پۈتتى، سائىتىگە 24 كۇب مېتىر سۇنى بىر تەرەپ قىلالايدۇ، سۇ سۈپىتى ئىچىدىغان سۇ ئۆلچىمىگە يەتتى. تارىم دەرياسى نېفتلىكى 1 - نومۇرلۇق ئۆلچەپ يەتكۈزۈپ بېرىش پونكىتى 1998 - يىلى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، يىللىق مەركەزلەشتۈرۈپ ئاقتۇزۇش ئىقتىدارى 132 مىڭ توننا ئىدى، ھازىر 500 مىڭ توننا قىلىپ كېڭەيتىلدى، سىرتقا كۈنىگە 75 مىڭ كۇب مېتىر سكالىيار گاز يەتكۈزۈپ بېرەلەيدۇ ھەمدە نېفت بىلەن گازنى ئارىلاشتۇرۇپ يەتكۈزۈش ئايرىم - ئايرىم يەتكۈزۈشكە ئۆزگەرتىلدى. يېنىك ھىدرو كاربونلارنى يىغىۋېلىش قۇرۇلمىسىنىڭ لايىھەدىكى كۆلىمى كۈنىگە 300 مىڭ سكالىيار كۇب مېتىر ±20% بولۇپ، كۈنىگە 283 مىڭ سكالىيار كۇب مېتىر قۇرۇق گاز، 29 توننا سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفت گازى ئىشلەپچىقىرالايدۇ، كۈنىگە 403 توننا يېنىك ھىدروكاربونلارنى تۇراقلاشتۇرالايدۇ. نېفت تۇراقلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا نېفت، گازنىڭ پارلىنىپ خورىشىنى، مۇھىتنى بۇلغىشىنى ئازايتىش، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش يۈزىسىدىن نېفت تۇراقلاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىنىدىغان بولدى، يىللىق ئارىلاش نېفتنى بىر تەرەپ قىلىش كۆلىمى 2 مىليون توننا ئىدى، تۇراقلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن يىللىق نېفت چىقىرىش ئىقتىدارى 1 مىليون 972 مىڭ توننا بولدى.

ياڭ گولۇڭ

## نېفت، گاز سېتىش ئەھۋالى

2000 - يىلى غەربىي شىمال نېفت ئىدارىسى بويىچە سېتىلغان نېفت 1 مىليون 821 مىڭ 960 تونىنىغا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %78.9 ئاشتى، تاۋارلىشىش نىسبىتى %94كە يەتتى، سېتىش كىرىمى (باجنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 1 مىليارد 669 مىليون 42 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى. 2 - ئايدىن باشلاپ تاشيولدا توشۇشنى ئاساس قىلىش تۆمۈريولدا توشۇشنى ئاساس قىلىشقا ئۆزگەرتىلدى، كۇچانىڭ شەرقىدىن ئۇلاپ توشۇش توختىتىلىپ، كۇچانىڭ غەربىي ۋە بۈگۈرنىڭ ئاخىرقى پونكىتىدىن ئۇلاپ توشۇلۇپ، ترانسپورت تەننەرخى تۆۋەنلىتىلدى، ئۈنۈم ئۆستۈرۈلدى. مۇشۇ يىلدا تۆمۈريولدا 26 مىڭ 276 ۋاگزال - قېتىم قاچىلىنىپ، 1 مىليون 821 مىڭ 900 توننا نېفت توشۇلدى، تاشيولدا 38 مىڭ 672 سۇيا - قېتىم، 425 مىڭ 400 توننا قاچىلاپ چۈشۈرۈلدى.

جاڭ جيەنشىن

## پەن - تېخنىكا خىزمىتى

1. دۆلەتنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە نۇقتىلىق پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى بولغان «تارىم ئويمانلىقىدا نېفت، تەبىئىي گاز تەكشۈرۈش» (2 - قارارلىق) كە تەۋە 8 بىرىنچى دەرىجىلىك مەخسۇس تېما «تارىم ئويمانلىقى ئاقكۆل چوقچايمىسىدىكى كېمبىرىي - ئوردوۋىك سىستېمىسى كاربوناتلىق جىنسىتىكى زاپاس قاتلىمىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قورشالما ئۆستىدىكى تەتقىقات»، «تارىم ئويمانلىقىدىكى تارىم دەرياسى نېفت رايونىنىڭ ئۈۋىغا

ئايلىنىش تارىخى ۋە ئۇنىڭغا ئايلىنىش مېخانىزمى ئۈستىدىكى تەتقىقات»، «تارىم ئويمانلىقى مارالبېشى قەدىمكى ھايات ئېرا تېمى كاربوناتلىق جىنستا نېفىت، گازنىڭ ئۇنىڭغا ئايلىنىش قانۇنىيىتى»، «تارىم ئويمانلىقىدىكى تارىم دەرياسى نېفىتلىكى كاربوناتلىق جىنستا نېفىت، گازنىڭ ئۇنىڭغا ئايلىنىشىنى تەسۋىرلەش»، «تارىم ئويمانلىقى تارىم دەرياسى نېفىتلىكىدىكى كاربوناتلىق جىنستىكى نېفىت، گاز ئۇيۇشىنى تەسۋىرلەش»، «تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كاربوناتلىق جىنستىكى زاپاس قاتلىمىنى تەكشۈرۈشنىڭ يېڭى تېخنىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات»، «تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كاربوناتلىق جىنستىكى زاپاس قاتلىمىدا كەم تەڭپۇڭلۇقتا قۇدۇق بۇرغىلاش تېخنىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات»، «تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كاربوناتلىق جىنستىكى زاپاس قاتلىمىدا قۇدۇق تاماملاش ئۇسۇلى ئۈستىدىكى تەتقىقات»، «تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كاربوناتلىق جىنستىكى نېفىت، گازنى ئۆلچەش تېخنىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات») 2001 - يىل 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا يەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ ئاخىرقى تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى.

2. دۆلەتنىڭ قېزىلما بايلىقلارنى قوغداش بويىچە تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى بولغان «تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەشىك — ماگتام نېفىتلىكىدىكى گورىزونتال قۇدۇقلارنى ئۆزگەرتىش» تۈرى «يېڭى يۇلتۇز» شىركىتى 2000 - يىل 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى بېيجىڭدا ئۇيۇشتۇرغان ئاخىرقى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى؛ دۆلەتنىڭ قېزىلما بايلىقلارنى قوغداش تۈرى «تارىم ئويمانلىقىدىكى تارىم دەرياسى نېفىتلىكىدىكى چوڭقۇر قۇدۇق كاربوناتلىق جىنستىكى زاپاس قاتلىمىنى ئۆزگەرتىش» تۈرىدە 2001 - يىل 12 - ئايدا نەتىجە دوكلاتىنى تۈزۈش خىزمىتى تاماملىنىپ، توختام بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش شەرتىنى ھازىرلىدى.

3. 2000 - يىلى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى مالىيە مىنىستىرلىكىگە ئىلتىماس قىلغان قېزىلما بايلىقلارنى قوغداش تۈرى «تارىم ئويمانلىقىدىكى تارىم دەرياسى نېفىتلىكى ئوردوۋىك سىستېمىسى كاربوناتلىق جىنستىكى نېفىت ئۇيۇشىنى قېزىۋېلىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈشكە دائىر تەتقىقات» ۋە «تارىم ئويمانلىقى تارىم دەرياسى نېفىتلىكى چوڭقۇر قۇدۇقتىكى كاربوناتلىق جىنستىكى زاپاس قاتلىمىنى ئۆزگەرتىش» تۈرى تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلدى ۋە قۇرۇلۇشى باشلاندى.

2000 - يىلى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى بويىچە 3 تۈرلۈك نەتىجە ئاپتونوم رايوننىڭ يەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى بىر تۈر، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 2 تۈر.

ۋاڭ گۈيجۈەن

# تارىم خېنەن تەكشۈرۈش شىركىتى

## تەكشۈرۈش خىزمىتى

2000 - يىلى تارىم خېنەن تەكشۈرۈش شىركىتى يەر تەۋرىتىپ ماتېرىيال يىغىشتا دالىدا ئىككى يۆنىلىشلىك يەر تەۋرىتىپ 6. 361 كىلومېتىر دائىرىنىڭ ماتېرىيالىنى يىغدى، يەر تەۋرىتىپ (VSP) 5 قۇدۇقنى ئۆلچىدى، بۇنىڭ ئىچىدە باغراش ئولتۇرۇشمىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئويۇلمىدىكى تاغ ئالدى ئىشتىرىلمە بېيىنچا گەۋدە رايونىدا 300 كىلومېتىر ئورۇنلاندى، ئارا مەھەللە رايونىدا تىزگىنلىگىلى بولمىغان تەۋرەش مەنبەسىدە ئىككى يۆنىلىشلىك يەر تەۋرىتىپ تەكشۈرۈپ 18 كىلومېتىر دائىرىدە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش سىنىقى ئېلىپ بېرىلدى، شىكشىن رايونىدا 6. 43 كىلومېتىر ئورۇنلاندى. يەر تەۋرىتىپ ئۆلچەنگەن قۇدۇق بىر، VSP ئارقىلىق ئۆلچەنگەن قۇدۇق 2؛ ئىككى يۆنىلىشلىك يەر تەۋرىتىپ يۇقىرى دەرىجىدە پەرقلەندۈرۈش يۈزىسىدىن يەر تەۋرىتىپ 500 كىلومېتىر دائىرىنىڭ ماتېرىيالى، ئۈچ يۆنىلىشلىك يەر تەۋرىتىپ 140 كۋادرات كىلومېتىرلىق دائىرىنىڭ ماتېرىيالى بىر تەرەپ قىلىندى، 5 دانە تۈزۈلمە خەرىتىسى سىزىپ چىقىلدى؛ 78 .18 كۋادرات كىلومېتىر كۆلەمدە 7 قۇرشالما بايقالدى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، 8 .66 كۋادرات كىلومېتىر كۆلەمدە 13 قۇرشالما تەييارلاندى، قۇرشالمىدىكى بايلىق مىقدارى 31 مىليون 866 مىڭ توننا.

يۈەن مىڭچاڭ، مېڭ چىڭفېڭ

## نېفىت قۇدۇقى بۇرغىلاش ئەھۋالى

2000 - يىلى تارىم خېنەن تەكشۈرۈش شىركىتى يەنجى ئويمانلىقىدا 23 قۇدۇق بۇرغىلاپ، 24 قۇدۇقنى پۈتتۈردى، ئومۇمىي مېتراژى 58 مىڭ 87. 604 مېترغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە گورىزونتال 4 - قۇدۇقنىڭ يىل ئاتلىغان مېتراژى 836 مېتىر، يەنچىيەن 4 - قۇدۇقنىڭ مېتراژى 41. 307 مېتىر. قۇدۇق گەۋدىسىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %100كە، قۇدۇق مۇستەھكەملەشنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %65. 95كە، كېرىن ئېلىش ئۈنۈمى %60. 92كە، ئىشلەپچىقىرىش ۋاقىت ئۈنۈمى %64. 94كە، ساپ بۇرغىلاش ۋاقىت ئۈنۈمى %43. 40كە يەتتى. تۇ 4 - قۇدۇقتا يالىڭاچ قۇدۇق بۆلىكىدىكى 2400 مېتىرلىق ھەرخىل ئالاھىدە مەشغۇلاتتا بىر قېتىمدىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش رېكورتى يارىتىلدى؛ باۋ 11 - قۇدۇقتا 2410 مېتىرلىق چوڭقۇر

قۇدۇق قېزىلدى، قۇدۇقنىڭ يانتۇلۇقى 0.3 گرادۇس، ئەڭ چوڭ گورىزونتال ئورۇن يۆتكىلىشى 5.75 مېتىرلىق ئەڭ يېڭى رېكورت يارىتىلدى.

يۈەن مىڭچاڭ، مېڭ چىڭخېڭ

## نېفىت ئۆزلەشتۈرۈش

2000 - يىلى باۋلاڭ نېفىتلىكىدە 215 مىڭ توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىلدى، يىلىغا بېرىلگەن سۇ 616 مىڭ 700 كۇب مېتىرغا يەتتى، يىللىق سۇ بېرىش - قېزىش نىسبىتى 1.37، تەبىئىي بالداقسىمان ئازىيىش نىسبىتى 23.8% بولدى. مۇشۇ يىلدا 20 قۇدۇق قېزىلدى، مېتىراژى 49 مىڭ 300 مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 16 قۇدۇق بولۇپ، مېتىراژى 38 مىڭ 900 مېتىر؛ ئالدىنقى قارارلىق تەييارلىق قۇدۇقى 4، مېتىراژى 10 مىڭ 300 مېتىر. ئاساسىي قۇرۇلۇش نېفىت - سۇ قۇدۇقى 16، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت قۇدۇقى 12، سۇ بېرىلىدىغان قۇدۇق 4. يېڭىدىن قۇرۇلغان نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 48 مىڭ توننا. 10 مىڭ مېتىر مېتىراژدا بەرپا قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 9700 توننا، 1 مىليون توننا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليارد 200 مىليون يۈەن.

يۈەن مىڭچاڭ، مېڭ چىڭخېڭ

# ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى

## ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت كۆرسەتكۈچى

2000 - يىلى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى 3 مىليون 520 مىڭ توننا نېفىت كىرگۈزدى، 3 مىليون 530 مىڭ توننا نېفىتنى پىششىقلاپ ئىشلىدى، 2 مىليون 570 مىڭ توننا يېنىك ماي ئىشلەپچىقاردى، ئورىيا مەھسۇلاتىنى 1 مىليون 230 مىڭ تونىنغا يەتكۈزۈپ، يەنە بىر قېتىم مەملىكەتتىكى ئوخشاش كەسىپلەر ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى. خىمىيۋى تالا زاۋۇتى 16 مىڭ 500 توننا قىسقا تالا، 81 مىڭ 900 توننا PTA، 48 مىڭ 800 توننا پولىئېستېر، 5600 توننا ئۇزۇن تالا ئىشلەپچىقاردى. 4 يۈرۈش قۇرۇلمىنىڭ ھەممىسى مۇددەتتىن بۇرۇن نورمىدىن ئاشۇرۇلۇپ مەھسۇلات مىقدارىغا يەتتى. تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسى 644 مىليون كىلوۋات - سائەت توك ھاسىل قىلدى، 5 مىليون توننا پار ئىشلەپچىقاردى.

مۇشۇ يىلدا 2 مىليون 130 مىڭ توننا بېنزىن، كىروسىن، دىزېلىن سېتىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش نىسبىتى 99.56% بولدى؛ 1 مىليون 219 مىڭ 700 توننا ئورىيا سېتىلدى، ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش نىسبىتى 98.86% بولدى؛ 71 مىڭ 700 توننا خىمىيۋى تالا مەھسۇلاتى سېتىلدى، ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش نىسبىتى 81.4% بولدى. مۇشۇ يىلدا سېتىش كىرىمى 7 مىليارد 70 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئۇراقلىق مۈلۈككە 151 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 25 مىليون 550 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە 125 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يارىتىلغان سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 189 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 83 مىليون يۈەن ئاشتى، تاپشۇرۇلغان باج 480 مىليون يۈەنگە، ئىچكى قىسمىدىكى پايدا 231 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

تيەن يۈڭ

## كارخانا باشقۇرۇش ئەھۋالى

1. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش ئەھۋالى. 2000 - يىلى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى بىخەتەرلىك باشقۇرۇشنى ISO9002 سىستېمىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش - يولغا قويۇشقا ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، بىخەتەرلىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىخەتەرلىك مەسئۇلىيىتىنى، نەق مەيدان قىياپىتىنى ياخشىلاشنى كۈچەيتتى. شىركەت 15 مىليون يۈەن چىقىرىپ ئىشلەپچىقىرىش نەق مەيدانىنىڭ قىياپىتىنى ياخشىلاشقا ئىشلەتتى. شىركەت تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسىدا ئېلېكتر ئېنېرگىيە سىستېمىسى بويىچە بىخەتەرلىك ئىقتىدارىنى باھالاش سىستېمىسىنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا HSE (ساغلاملىق، بىخەتەرلىك، مۇھىت) باشقۇرۇش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، HSE جەھەتتە يېتىشتۈرۈش ۋە تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئورۇندىدى. كارخانىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش توختامىنى باشقۇرۇش چارىسىنى مۇكەممەللەشتۈردى ۋە تەشىق قىلدى. شىركەت بويىچە مۇشۇ يىلدا چوڭ ھادىسە چىقارماسلىق نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

2. مالىيە باشقۇرۇشى جەھەتتە. شىركەت پاي تۈزۈمىدىكى مالىيە باشقۇرۇش شەكلىدە ئىش كۆردى. ھېساباتى قىلىشنى ئاساس قىلىپ، پاي شىركىتىنىڭ خام چوت كۆرسەتكۈچىنى پارچىلاپ ھەر قايسى ئورۇنلارغا چۈشۈردى. شىركەتنىڭ ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى سىناش چارىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئايمۇ ئاي قاتتىق سىناش، قاتتىق نەقلەشتۈرۈش، ھەقىقىي نازارەت قىلىش، ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ مالىيە خام چوتىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى كونترول قىلىشتا چىڭ تۇردى.

3. سۈپەت باشقۇرۇش جەھەتتە. ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى ISO9002 سىستېمىسىنى بولغا قويۇشنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇر ئىلگىرى سۈرۈپ، داڭلىق مەھسۇلات يارىتىش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 13 - قېتىملىق مەھسۇلاتلارنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى. 2000 - يىلى شىركەتنىڭ ئاپتوموبىلغا ئىشلىتىدىغان قوغۇشۇنسىز بېنزىن، «بوغدا كۆلى» ماركىلىق ئۇرىيا، تېرىلىپ قىسقا تالاسى قاتارلىق 3 خىل مەھسۇلاتى شىنجاڭنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

4. ئۈسكۈنىلەرنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش جەھەتتە. 2000 - يىلى شىركەت 14 يۈرۈش قۇرۇلمىنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلدى. رېمونت قىلغان مەزگىلدە شىركەت ۋاقتى توشقان ئاز كەم 500 بېسىم سىغىم قاچىسىنى رېمونت قىلىپ، بېسىم سىغىم قاچىلىرىنىڭ سىغىمىنى تەكشۈرۈش نىسبىتىنى ئۆستۈردى.

تيەن يۇڭ

## پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى

2000 - يىلى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شۆبە شىركىتى نېفىت ئايرىش زاۋۇتى، خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى، خىمىيىۋى تالا زاۋۇتى، قاچىلاش شىركىتى كومپيۇتېر تورى ئەمەلىي ۋاقىت ئۈچۈرىنى باشقۇرۇش سىستېمىسىنى تاماملىدى ھەمدە دۆلەتنىڭ 863/SIMS مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. كوكىسلىشىشنى كېچىكتۈرۈش بويىچە تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى يىلىغا 300 مىڭ توننىدىن 500 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈپ، مەبلەغنى تېجەپ قالدى. 2000 - يىلى شىركەت بويىچە ئىشلەنگەن چوڭراق تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىدىن يەنە تەكرار كاتالىزلاش قۇرۇلمىسىنىڭ ماتېرىيال يۈركۈش ئېغىزى ئۆزگەرتىلدى، تەكرار كاتالىزلاپ مېركاپتان ئايرىش رېئاكتورى ئۆزگەرتىلدى، خىمىيىۋى ئوغۇتتا ئورىيانىڭ پاراشوكلىشىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش بويىچە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلدى، 1 - خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتىنىڭ كاربون ( Ⅳ ) ئوكسىدى قىسىش ماشىنىسى، خىمىيىۋى تالانىڭ ئۈزۈن تالا قىسمى ئۆزگەرتىلدى. ئېنېرگىيە تېجەپ سەرپىياتنى تۆۋەنلىتىشتە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق شىركەتنىڭ كۆپ قىسىم تېخنىكا ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرى 1999 - يىلدىكىدىن ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئەلالاشتى، نېفىت ئايرىش زاۋۇتى ئايرىم ساقلاپ ئايرىم ئايرىش تەدبىرىنى قوللىنىپ، قۇرۇلمىلارنى يۇقىرى يۈك بىلەن ئىشقا سېلىپ، نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەشتىكى خوراش نىسبىتىنى 1.05%كە چۈشۈردى، يېنىك ماي يىغىۋېلىش نىسبىتىنى 72.88%كە يەتكۈزدى. 2000 - يىلى شىركەت پەن - تېخنىكا ئۆزلەشتۈرۈش، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئۆزگەرتىش شۇنىڭدەك يوشۇرۇن كۈچنى قېزىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق 80 مىليون يۈەن كىرىم قىلدى.

تيەن يۇڭ

# جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز ترانسپورت شىركىتى

## ئومۇمىي ئەھۋالى

جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز ترانسپورت شىركىتىنىڭ 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 3820، دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچىسى 1517، ترانسپورت ئاپتوموبىلى 949، تونناژى 15 مىڭ 269 ئاپتوموبىل - تونىنا، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 845 مىليون 550 مىڭ يۈەن، ساپ قىممىتى 296 مىليون 590 مىڭ يۈەن. شىركەت قارمىقىدا 1 - شىركەت، 2 - شىركەت، تارىم ترانسپورت شىركىتى، قۇملۇق ترانسپورت شىركىتى، غەربىي شىمال ئاپتوموبىل زاۋۇتى قاتارلىق 2 - دەرىجىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى بار. 1 - شىركەت، 2 - شىركەت، غەربىي شىمال ئاپتوموبىل زاۋۇتى قاراماي، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش ئۆزلەشتۈرۈشكە مۇلازىمەت قىلىدۇ؛ تارىم ترانسپورت شىركىتى، قۇملۇق ترانسپورت شىركىتى تارىم نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈشكە مۇلازىمەت قىلىدۇ.

ترانسپورت شىركىتىنىڭ 2000 - يىللىق تۈرلۈك ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەرنى ئورۇنداش ئەھۋالى:

ترانسپورت مىقدارى جەھەتتە يۈك ئوبوروت مىقدارى 333 مىليون 350 مىڭ تونىنا - كىلومېتىرغا، توشۇلغان يۈك مىقدارى 1 مىليون 710 مىڭ توننىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە توشۇلغان نېفىت 410 مىڭ توننا، تەييارماي 290 مىڭ توننا، جەنۇبىي شىنجاڭغا توشۇلغان ئۈسكۈنە - سايمان 150 مىڭ توننا.

ترانسپورت سۈپىتى جەھەتتە بىخەتەر قاتنىغان مۇساپە 3 مىليون 170 مىڭ ئاپتوموبىل - كىلومېتىر.

سەرپىيات جەھەتتە ھەر 100 كىلومېتىر مۇساپىگە 32.85 كىلوگرام يېقىلغۇ ماي سەرپ قىلىندى، ھەر بىر بالوننىڭ ئىشلەش مۇساپىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 74 مىڭ 143 كىلومېتىر.

تەننەرخ جەھەتتە بىرلىك تەننەرخ ھەر 1000 توننا - كىلومېتىرنىڭ 436 يۈەن.

ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى جەھەتتە ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 87 مىڭ 264 توننا ـ كىلومېتىر.

ترانسپورت ئۈنۈمى جەھەتتە ئاپتوموبىللارنىڭ بېجىرىلىش نىسبىتى %89.54كە، ئىشلەش ئۈنۈمى %75.29كە يەتتى.

ترانسپورت تىجارەت كىرىمى جەھەتتە مۇشۇ يىلدا 228 مىليون 60 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىنىپ، يۇقىرىغا 15 مىليون 610 مىڭ يۈەن باج تاپشۇرۇلدى.

كۆپ خىل ئىگىلىكنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 82 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باج 1 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يەتتى، كەسىپكار 1674، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 1332.

ئۈسكۈنىلەرنى يېڭىلاشقا 22 مىليون 410 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ھەرخىل ترانسپورت قۇرۇلۇش ئۈسكۈنىسىدىن 74ى يېڭىدىن سېتىۋېلىندى.

ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 19 مىليون 120 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 20 مىڭ 880 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تۇرالغۇ ئۆيى 232 يۈرۈش.

شى جۈن

# كۆمۈر سانائىتى

## كۆمۈر سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ـ سېتىش جەھەتتە 2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان كۆمۈر 27 مىليون 989 مىڭ 600 توننا بولۇپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %0.74 ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى نۇقتىلىق كۆمۈر كانلىرى بىر يىلدا سېتىشقا توختاملاشقان كۆمۈر مىقدارى 5 مىليون 815 مىڭ توننا بولۇپ، ئەمەلىيەتتە 5 مىليون 255 مىڭ 800 توننا ساتتى. 559 مىڭ 200 توننا كەم ساتتى، ئاساسلىقى ئۈرۈمچى كانچىلىق ئىدارىسىنىڭ ئېلېكتر كۆمۈرى 388 مىڭ توننا كەم سېتىلدى. دۆلەت ئىلكىدىكى نۇقتىلىق كۆمۈر كانلىرىدىن بىر يىلدا 3 مىليون 395 مىڭ 600 توننا كۆمۈر يۆتكىلىپ، %17.77 ئاز يۆتكەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايوننىڭ سىرتىغا يۆتكەلگەن كۆمۈر 1 مىليون 650 مىڭ 700 توننا بولۇپ، %12.30 ئاز يۆتكەلدى. كۆمۈركان خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى قازاقىستان بىلەن تۈزگەن 40 توننا 4 ـ نومۇرلۇق نىتروگلىتسېرىننىڭ تاش پارتلىتىش دورىسى چىقىرىش توختامىنى ئورۇندىدى.

زىياننى تۈگىتىپ پايدىنى ئاشۇرۇش جەھەتتە كۆمۈر سانائىتى نازارىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلار تولۇقلىما بېرىلگەندىن كېيىن 6 مىليون 330 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 500 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %5.22 ئۆرلىدى (ھازىرقى باھا بويىچە ھېسابلاندى). دۆلەت ئىلكىدىكى نۇقتىلىق كۆمۈركانلىرىدىن ساپ ئىسقارغان ئادەم 184، ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ھەر ئىش كۈنىگە 2.457 توننىدىن توغرا كېلىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %3.02 ئاشتى.

كارخانا ئىسلاھاتى جەھەتتە 2000 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، قۇمۇل كانچىلىق ئىدارىسى، ئۈرۈمچى كانچىلىق ئىدارىسى، ئىۋىرغول كۆمۈر كېنى تۈزۈلمە ئۆزگەرتىپ دۆلەت ئىلكىدىكى مۇستەقىل مەبلەغ سالغان چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىگە ئايلاندى. بۇ كارخانىلارنىڭ يېڭى نامى: شىنجاڭ قۇمۇل كۆمۈرچىلىك (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ ئۈرۈمچى كانچىلىق (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ كوكس كۆمۈرى (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بولدى. شىخو چىڭشۇر كۆمۈر سانائىتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى قۇرۇلۇپ ۋۇجۇدقا ئاشتى. كۆمۈر سانائىتى لايىھىلەش ئاكادېمىيىسى ئەسلىدىكى كۆمۈر سانائىتى قۇرۇلۇشقا نازارەت قىلىش مەركىزى ئاساسىدا شىنجاڭ «تيەنيالى» بىناكارلىق قۇرۇلۇش نازارەت قىلىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بولۇپ قۇرۇلدى. قۇمۇل كانچىلىق ئىدارىسى بىلەن ئۈرۈمچى كانچىلىق ئىدارىسىنىڭ 555 مىليون يۈەن قەرزدارلىق ھوقۇقىنى پايدارلىق ھوقۇقىغا ئۆزگەرتىش كېلىشىمى 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى 2 كارخانا بىلەن دۆلەت تەرەققىيات بانكىسى ئوتتۇرىسىدا ئىمزالاندى. قۇمۇل كانچىلىق ئىدارىسىنىڭ بىيچۈەن كۆمۈر كېنىنى ئاقاپ ۋەيران بولغانلىقىنى جاكارلاش ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، 168 مىليون يۈەن قەرزى ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىلدى. كۆمۈر سانائىتى نازارىتى سىستېمىسىدا قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەركىزىدىن 4ى قۇرۇلدى، 1703 كىشى تارقاقلاشتۇرۇپ ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلدى، 919 كىشى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇلار ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى ـ خىزمەتچىنىڭ %53.96ىنى ئىگىلەيدۇ؛ ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلار ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەركىزىگە تولۇق كىرگۈزۈلۈپ، ھەممىسى ئاساسىي تۇرمۇش كاپالەت پۇلى ئالدى. كۆمۈر سانائىتى نازارىتىگە قاراشلىق بارلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئىچىدە كۆمۈر سانائىتى لايىھىلەش ئاكادېمىيىسى (كارخانا قاتارىدا باشقۇرۇلىدۇ)،

كۆمۈرلۈكلەرنى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسى پېنسىيە سۇغۇرتىسى بويىچە ئىجتىمائىي سۇغۇرتىغا قاتناشتى، سۇغۇرتىغا 26 مىڭدىن ئارتۇق كىشى قاتناشتۇرۇلۇپ، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىپ پېنسىيە سۇغۇرتىسى ئالغانلار 15 مىڭ 600 دىن ئاشتى، پېنسىيە سوممىسىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ تارقىتىش نىسبىتى %100كە يەتتى.

كۆمۈر سانائىتىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش جەھەتتە 2000 - يىلى دۆلەت ئىلكىدىكى نۇقتىلىق كۆمۈر كانلىرىنىڭ كۆمۈر قېزىشتا ماشىنىلىشىش دەرىجىسى % 60.85كە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 5.06 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇنىۋېرسال قېزىش %35.22، ئۇنىۋېرسال ئېچكىرىلەپ قېزىش %15.32، ئېچكىرىلەپ قېزىپ قاچىلاش %27.72 ماشىنىلاشتى.

كۆمۈركان خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ يۇنەلدۈرگۈچلۈك كاپسۇل ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى 7 - ئاينىڭ 13 -، 14 - كۈنلىرى ش ئۇ ئا ر دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى، بۇ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى يىلىغا 6 مىليون تال يۈنەلدۈرگۈچلۈك كاپسۇل، 30 مىليون مېتىر يۈنەلدۈرگۈچ ئىشلەپچىقىرالايدۇ، يۈنەلدۈرگۈچلۈك كاپسۇل ئىشەنچلىك، بىخەتەر پارتلايدۇ، مەشغۇلاتى ئاسان بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇردى.

كۆمۈر قاتلىمىدىكى خالىڭ يولىنى بويلا قېقىپ سېمونت پۈركۈپ مۇستەھكەملەشنى ئومۇملاشتۇرۇش تۈرى ئاپتونوم رايونىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. ئۈرۈمچى كانچىلىق ئىدارىسى، قۇمۇل كانچىلىق ئىدارىسى، ئىۋىرغول كۆمۈر كېنى، شىخو چىڭشۇر كۆمۈر كېنى، ئۈرۈمچى ناھىيىسى لىيۇ - خۇائگو كۆمۈر كېنى، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 4 - شى «1 - ئىيۇل» كوكس زاۋۇتى قاتارلىق 7 كۆمۈر سانائىتى كارخانىسى 1997 — 1999 - يىلغىچە بۇ تۈرنى ئومۇملاشتۇرۇپ قوللىنىپ، 11 مىليون 883 مىڭ 700 يۈەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتتى ھەمدە ئىشچىلارنىڭ ئەمگەك سىجىللىقى يېنىكلىتىلىپ، مۇستەھكەملەش ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى.

كۆمۈركانلىرىنى تەرتىپكە سېلىش جەھەتتە ئاپتونوم رايون بويىچە 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ھەرخىل كۆمۈركېنى 815 بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 348ى ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە كان ئېچىش ۋە كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى ئالغان كان قۇدۇقى 735 (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى نۇقتىلىق كۆمۈر كېنى 10، يەرلىك دۆلەت ئىلكىدىكى كۆمۈر كېنى 152، يېزا، بازار كوللېكتىپ ۋە باشقا كۆمۈركانلىرى 573)، ئىجازەتنامە ئېلىش نىسبىتى %90.2؛ بىرلا ئىجازەتنامە ئالغان كان قۇدۇقى 80. يىللىق تەكشۈرۈلگەن كان قۇدۇقى 636 بولۇپ، يىللىق تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك كان قۇدۇقىنىڭ %86نى ئىگىلەيدۇ.

قۇدۇق تاقاپ مەھسۇلات ئازايتىش جەھەتتە 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قانۇنسىز ئېچىلغان ۋە جايلىشىشى نامۇۋاپىق بولغان كان قۇدۇقىدىن 348ى تاقىۋېتىلىپ، دۆلەت چۈشۈرگەن كۆرسەتكۈچ %89.23 ئورۇندالدى.

جىن يۇڭشياڭ

شىنجاڭ كۆمۈر سانائىتىنىڭ 2000 - يىللىق ئاساسلىق مەھسۇلات مىقدارى

بىرلىكى: تۈمەن توننا

| | 2000 - يىل | 1999 - يىلدىكىنىڭ % ىگە نەڭ |
|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە كۆمۈر مىقدارى | 2798.96 | 100.74 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: نۇقتىلىق كۆمۈركانلىرىنىڭ | 543.72 | 100.86 |
| يەرلىك كۆمۈركانلىرىنىڭ | 2255.24 | 101.17 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: ئۆلكە باشقۇرىدىغان كۆمۈر كانلىرىنىڭ | 411.45 | 94.8 |
| ۋىلايەت باشقۇرىدىغان كۆمۈركانلىرىنىڭ | 156.67 | 112 |
| ناھىيە باشقۇرىدىغان كۆمۈر كانلىرىنىڭ | 486.33 | 94 |
| يېزا، بازار (كەنت) كۆمۈركانلىرىنىڭ | 1200.79 | 104.55 |

جىن يۇڭشياڭ

تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تۈرلۈك كارخانا، يەككە تىجارەتچى، كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى ئالمىغان كۆمۈر سانائىتى كارخانىلىرى، ئۆز كارخانىسىدىن سىرت كارخانىلار ئىشلەپچىقارغان كۆمۈر تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ئەمما كۆمۈر تىجارىتى سالاھىيەتنامىسى ئالمىغان كۆمۈر سانائىتى كارخانىلىرى ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ش ئۇ ئا ر كۆمۈر تىجارىتى سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈپ ئەستىقلاش ئىشخانىسى تەكشۈرۈپ ئەستىقلىغان كۆمۈر تىجارىتى سالاھىيەت ئىجازەتنامىسى 40قا يەتتى.

جىن يۈڭشياڭ

## كۆمۈر كانلىرىنىڭ بىخەتەرلىك ئەھۋالى

2000 ـ يىلى شىنجاڭدىكى تۈرلۈك كۆمۈركانلىرىدا 215 قېتىم ئۆلۈم ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن 59 قېتىم ئازايدى؛ 303 ئادەم ئۆلۈپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن 74 ئادەم ئاز ئۆلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى ئۇقتىلىق كۆمۈركانلىرىدا 5 قېتىم ئۆلۈم ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 5 ئادەم ئۆلدى، بۇ 1999 ـ يىلدىكىگە تەڭلەشتى؛ مىليون توننا بويىچە ئۆلۈش نىسبىتى 0.92 ئادەم بولدى. دۆلەت ئىلكىدىكى يەرلىك كۆمۈركانلىرىدا 76 قېتىم ئۆلۈم ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 29 قېتىم ئازايدى؛ 118 ئادەم ئۆلۈپ، 14 ئادەم ئاز ئۆلدى؛ مىليون توننا بويىچە ئۆلۈش نىسبىتى 9.42 ئادەم بولدى. يېزا، بازار كوللېكتىپ كۆمۈركانلىرىدا 134 قېتىم ئۆلۈم ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 30 قېتىم ئازايدى؛ 180 ئادەم ئۆلۈپ، 58 ئادەم ئاز ئۆلدى؛ مىليون توننا بويىچە ئۆلۈش نىسبىتى 17.93 ئادەم بولدى. ئىلى، تۇرپان، سانجى، ئاقسۇ، تارباغاتاي قاتارلىق جايلارنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشى مۇقىم ياخشىلاندى.

جىن يۈڭشياڭ

## كۆمۈرلۈكلەرنى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەھۋالى

2000 ـ يىلى جۇڭگو گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسى تۈر قىلىپ تۇرغۇزغان، شىنجاڭ كۆمۈرلۈك گېئولوگىيىسى ئىدارىسى «156» ئەترىتى قاتارلىق ئورۇنلار زىممىسىگە ئالغان شىنجاڭ خوتەن ـ نىيە رايونىدا كۆمۈر بايلىقىنى تەكشۈرۈش ۋە باھالاش تۈرى ئەستىقلىنىپ يېڭى



2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى غوپۇر ئابدۇللا سانجى لىيۇخۇاڭگو كۆمۈرلۈكىدىكى ئوت ئۆچۈرۈش ئىش ئورنىنى تەكشۈردى.

كۆمۈر سانائىتى نازارىتى تەمىنلىگەن

## كۆمۈر تىجارىتىنى تەرتىپكە سېلىش ئەھۋالى

2000 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتى، كۆمۈر سانائىتى نازارىتى، سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، سودا نازارىتى بىرلىكتە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كۆمۈر تىجارىتىنى قانۇن بويىچە تەرتىپكە سېلىشتا يولغا قويۇش لايىھىسى»نى بېسىپ تارقاتتى. «لايىھە»دە، 2000 ـ يىل 8- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە كۆمۈر تىجارىتى سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈپ ئەستىقلاش ۋە كۆمۈر تىجارىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇنسىز كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىدىغان، كۆمۈر تىجارىتى قىلىدىغان كارخانىلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىدىغان، كۆمۈر تىجارىتى قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ بىرلىشىپ ئىشلەپچىقىرىپ، بىرلىشىپ سېتىشىغا ئىلھام بېرىپ، كۆمۈرنى بىرلىشىپ سېتىش شىركىتى قۇرۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر تۇتاش ئېچىۋېتىلگەن، تەرتىپلىك رىقابەتلىشىدىغان، باشقۇرۇشى ئىلمىي بولغان كۆمۈر ئوبوروت سىستېمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرۈش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي تېررىتورىيىسى ئىچىدە كۆمۈر (شەكىللىك كۆمۈر، كوكس كۆمۈرى شۇنىڭ ئىچىدە)

ئۆزلۈكسىز يېتەكچىلىكىدە تەكشۈرۈش بىرىگادىسى ئۆز ۋاقتىدا تېپىلغان بىرى بولۇپ قالدى. مۇددىتى 3 يىل، 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنماقچى. 1 - قارارلىقتا گۇما ناھىيىسىنىڭ دوۋا ۋە خوتەن بويىدا رايونىنى تەكشۈرۈپ، پەرقلىنىش، تەكشۈرۈش قاتارلىق ئىشلار ۋاستىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، 5000 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنىڭ 1:100000 بىر قىسمىنى ئېنىقلاپ، كۆمۈر سىستېمىسىنىڭ يەر قاتلىمىدىكى بوشلۇقتا جايلىشىشى، كۆمۈر قاتلىمىنىڭ سانى، قاتلام ئورنى ۋە قېلىنلىقى دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلىنىپ، كان ئىزدەشتە زور بۆسۈش بولدى. زاپاس بايلىقى ئېغىر دەرىجىدە قىس بولۇۋاتقان گۇما ناھىيىسى دوۋا كۆمۈر كېنى ۋە خوتەن ناھىيىسىنىڭ بويىدا كۆمۈر كېنىنىڭ تاشقى دائىرىسىدە، 136 مىليون توننا بايلىق مىقدارى بار 2 چوڭ كۆمۈر تەركىبلىك رايون بارلىققا كەلدى. ھەمدە بويىدا كۆمۈر كېنىنىڭ شەرقىي شىمالىدا يىراق دەۋرگە تەۋە كۆمۈر سىستېمىلىق يەر قاتلىمى، يەنە كۆپ خىل بىللە ھاسىل بولغان مىنېراللار بايقالدى. بۇ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش تۈرىنىڭ 1 - قارارلىق قوبۇل قىلىشى دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپ، ئەلا باھالىنىپ، دۆلەتنىڭ 5 ئەلا تۈرىنىڭ بىرى بولدى.

جىن يۈڭشياڭ

## كۆمۈرلۈكلەردە ئوت ئۆچۈرۈش ئەھۋالى

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭدىكى 5 چوڭ ئۇۋقتىلىق ئوت رايونى ئىچىدىكى تىيېچاڭگۇ، گوچۇڭدىكى بەيتىك، فۇكاڭدىكى بەيياڭخېدىن ئىبارەت 3 چوڭ ئوت رايونىدىكى ئوت تامامەن ئۆچۈرۈلدى ھەمدە دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى؛ شياۋخواگشەن، شياۋلۇڭكۇ ئوت رايونىدىكى ئوت ئۆچۈرۈش قۇرۇلۇشى تاماملاندى، 2001 - يىلى دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈلمەكچى. 2000 - يىلى بېكىتىلگەن 2 - تۈركۈمدە ئۇۋقتىلىق ئۆچۈرۈلىدىغان سانجى شەھىرىگە قاراشلىق ليۇ خۇاڭگۇ، باي ناھىيىسىدىكى تېرەك، توقسۇن ناھىيىسىدىكى بورجەي قاتارلىق 8 ئوت رايونى بار. 4 - ئايدا سانجى شەھىرىدىكى ليۇخۇاڭگۇ كۆمۈرلۈكى ئوت رايونىدىكى ئوتنى ئۆچۈرۈش قۇرۇلۇشى رەسمىي باشلاندى. تۈر لايىھىسىدە ئومۇمىي تەخمىنەن چوت 98 مىليون 720 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2003 - يىلى ئۆچۈرۈلۈپ بولماقچى. نۆۋەتتە 35 ئوت رايونى كۆيۈۋاتىدۇ، ئومۇمىي كۆلىمى 8 مىليون 260 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، كۆيۈپ كەتكەن زاپاس مىقدارى 3 مىليارد 100 مىليون تونىغا يېتىدۇ، ھەر يىلى 10 مىليون توننىدىن كۆپرەك كۆمۈر كۆيۈپ زىيان بولماقتا.

جىن يۈڭشياڭ

## ھەمكارلىق ۋە ئالماشتۇرۇش ئەھۋالى

2000 - يىلى دۆلەت كۆمۈر ساناھەتى ئىدارىسى گېرمانىيىنىڭ زور گۇرۇھى شىركىتى (RAG) بىلەن كېڭەيتىش ئارقىلىق، شىنجاڭ كۆمۈرلۈكلىرىدىكى ئوت رايونىدىكى ئوتنى بىرلىكتە ئۆچۈرۈشكە قوشۇلدى. 6 -، 8 - ئايلاردا گېرمانىيە تەرەپنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى 2 قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ نەق مەيداندا تەكشۈرگەندىن كېيىن جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىردەك پىكىرگە كەلدى: 1) دۆلەتلىك كۆمۈر ساناھەتى ئىدارىسى RAG شىركىتى بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭ كۆمۈرلۈكلىرىدىكى ئوت رايونىدىكى ئوتنى ئۆچۈرۈش مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتى ئېلىپ بارىدۇ. 2000 - يىلى دۆلەت كۆمۈر ساناھەتى ئىدارىسى مۇئەييەن مەبلەغ چىقىرىدۇ ھەمدە زۆرۈر بولغان مۇتەخەسسىس ۋە خىزمەتچىلەر سەپلەيدۇ. RAG شىركىتى تۈر ئۈستىدە مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتى ئېلىپ بارىدىغان گېرمانىيە تەرەپ مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن 1 مىليون مارك چىقىرىدۇ. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن تۈر ئۈستىدىكى مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتى ئورۇندىلىدۇ ھەمدە تۈرنى يولغا قويۇشنىڭ ئومۇمىي گەۋدە لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. 2) جۇڭگو ھۆكۈمىتى شىنجاڭ كۆمۈرلۈكلىرىدىكى ئوت رايونلىرىدىكى ئوتنى ئۆچۈرۈشكە مۇئەييەن مەبلەغ چىقىرىپ قوللايدۇ. 3) گېرمانىيە ھۆكۈمىتى پۈتكۈل تۈرگە مۇئەييەن مەبلەغ چىقىرىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى. 4) ئىككى تەرەپ كېڭىشىپ شىنجاڭ جىمسار دىكى شۈيشىگۇ ۋە سانجىدىكى ليۇخۇاڭگۇ 9 - نومۇرلۇق ئوت رايونىنى تاللاپ ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قىلىپ، ئوت رايونىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈشتىن باشلاپ، ئوت ئۆچۈرۈش ئۇسۇلىنى تاللاش، ئوت ئۆچۈرۈش قۇرۇلۇشى ۋە ئوت رايونىنى كۆزىتىپ ئۆلچەشكىچە بولغان پۈتۈن جەرياندا ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇپ، كۆمۈرلۈكتىكى ئوتنى ئۆچۈرۈش خىزمىتىنى ئورتاق قانات يايدۇرۇشنى بېكىتتى. 5) ئىككى تەرەپنىڭ ھەمكارلىقى ئارقىلىق جىمسار شۈيشىگۇ ئوت رايونى ۋە سانجى ليۇخۇاڭگۇ 9 - نومۇرلۇق ئوت رايونىدىكى ئوت ئۆچۈرۈلسە، 14 مىليون 940 مىڭ توننا كۆمۈر زاپىسىنى قوغداپ قالغىلى، كۆمۈردىن چىققان ئوتنىڭ مۇھىتقا بولغان بۇزغۇنچىلىقىنى ۋە ئاتموسفېرانى بۇلغىشىنى توسۇپ، 46.6 گېكتار ئوتلاق بەرپا قىلغىلى بولىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ كۆمۈرلۈكتىكى ئوت رايونىنى تەكشۈرۈش، ئوت ئۆچۈرۈش تېخنىكا سەۋىيىسى ۋە قۇرۇلۇش قىلىش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا گېرمانىيە تېخنىكا ئىقتىساد ھەمكارلىق شىركىتى (GTZ شىركىتى) شىنجاڭ سانجى ليۇخۇاڭگۇدىكى 9 - نومۇرلۇق ۋە جىمساردىكى شۈيشىگۇدىن ئىبارەت بۇ 2 ئۈلگە كۆرسىتىش ئوت رايونىغا 5

مىليون مارك مەبلەغ ياردەم قىلىدۇ.

جىن يۈگشيالڭ

## شىنجاڭ كۆمۈركان بىخەتەرلىكى مەمۇرىي تەپتىشلىك ئىدارىسى قۇرۇلدى

بۇ ئىدارىنىڭ قۇرۇلۇش ۋە ۋىۋىسكا ئېسىش مۇراسىمى 2000 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، دۆلەت كۆمۈركان بىخەتەرلىكى مەمۇرىي تەپتىشلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاڭ باۋمىڭ يىغىنغا قاتناشتى. شىنجاڭ كۆمۈركان بىخەتەرلىكى مەمۇرىي تەپتىشلىك ئىدارىسى دۆلەت كۆمۈركان بىخەتەرلىكى مەمۇرىي تەپتىشلىك ئىدارىسىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئاپپارات بولۇپ، دۆلەت كۆمۈركان بىخەتەرلىكى مەمۇرىي تەپتىشلىك ئىدارىسى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوش رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ، دۆلەت كۆمۈركان بىخەتەرلىكى مەمۇرىي تەپتىشلىك ئىدارىسىنى ئاساس قىلغان باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە بولۇپ، شىنجاڭ كۆمۈر سانائىتى باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن بىر يۈرۈش ئاپپارات بولىدۇ، ئىككى ۋىۋىسكا ئاسىدۇ. شىنجاڭ كۆمۈركان بىخەتەرلىكى مەمۇرىي تەپتىشلىك ئىدارىسىدا كۈيتۇڭ ۋە كورلا ئىككى كۆمۈركان بىخەتەرلىكى مەمۇرىي تەپتىشلىك ئىش باشقارمىسى قۇرۇلدى. يېڭى قۇرۇلغان شىنجاڭ كۆمۈركان بىخەتەرلىكى مەمۇرىي تەپتىشلىك ئىدارىسىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى دۆلەتنىڭ كۆمۈر سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قاراتقان فاڭجېن، سىياسەت، قانۇن، نىزام، قائىدە، تۈزۈملىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش؛ كۆمۈركانلاردا يۈز بەرگەن تالاپەت ھادىسىلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش؛ كۆمۈركانلارنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى بويىچە يېتەكچىلىك قىلىش، كەسپىي زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش، كۆمۈركان قۇتقۇزۇش ئەترىتى ۋە ئۇلارنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش؛ كۆمۈركانلاردا ئىشلىتىلىدىغان ئۈسكۈنە، ماتېرىيال، كۆرسەتكۈچلۈك ئەسۋابلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى مەمۇرىي جەھەتتىن تەپتىش قىلىش؛ كۆمۈركان بىخەتەرلىكىنى تەپتىشلەپ باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇش؛ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان كۆمۈر سانائىتى كارخانىلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت.

جىن يۈگشيالڭ

# ئېلېكتر قۇۋۋىتى سانائىتى

## ئېلېكتر قۇۋۋىتى قۇرۇلۇشى

ئاپتونوم رايون بويىچە 2000 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدىكى توك ھاسىل قىلىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ گېنېراتور سىغىمچانلىقى 4 مىليون 458 مىڭ 600 كىلوۋاتقا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوت كۈچى گېنېراتور سىغىمچانلىقى 3 مىليون 519 مىڭ 900 كىلوۋات، سۇ كۈچى گېنېراتور سىغىمچانلىقى 868 مىڭ 100 كىلوۋات، شامال كۈچى گېنېراتور سىغىمچانلىقى 70 مىڭ 600 كىلوۋات. مۇشۇ يىلدا توك ھاسىل قىلىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ يېڭىدىن كۆپەيگەن سىغىمچانلىقى 504 مىڭ 600 كىلوۋات، بۇنىڭ ئىچىدە ئوت كۈچى گېنېراتور سىغىمچانلىقى 432 مىڭ 500 كىلوۋات، سۇ كۈچى گېنېراتور سىغىمچانلىقى 71 مىڭ 600 كىلوۋات، شامال كۈچى گېنېراتور سىغىمچانلىقى 500 كىلوۋات، كىرەكتىن چىققان توك ھاسىل قىلىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ سىغىمچانلىقى 15 مىڭ كىلوۋات. شىنجاڭدا سىغىمچانلىقى 6000 كىلوۋاتتىن يۇقىرى ئېلېكتر ئىستانسىسى 104، بۇنىڭ ئىچىدە ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى 67، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى 33، شامال كۈچى ئېلېكتر ئىستانسىسى 4. سىغىمچانلىقى 50 مىڭ كىلوۋاتتىن يۇقىرى ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى 18، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى 3.

ئاپتونوم رايوننىڭ 2000 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدىكى 35 كىلوۋولتتىن يۇقىرى توك ئۆزىتىش لىنىيىسى 933، 23 مىڭ 632 كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە 220 كىلوۋولتلۇقى 20 لىنىيە، 1776 كىلومېتىر، 110 كىلوۋولتلۇقى 213 لىنىيە، 8068 كىلومېتىر، 35 كىلوۋولتلۇقى 700 لىنىيە، 13 مىڭ 788 كىلومېتىر. 35 كىلوۋولتلۇقتىن يۇقىرى ترانسفورماتور پونكىتى 533، ترانسفورماتور سىغىمى 7 مىليون 353 مىڭ كىلوۋولت ئامپېر، بۇنىڭ ئىچىدە 220 كىلوۋولتلۇقى 11، سىغىمچانلىقى 2 مىليون 16 مىڭ كىلوۋولت، 110 كىلوۋولتلۇقى 109، سىغىمچانلىقى 3 مىليون 447 مىڭ 300 كىلوۋولت ئامپېر، 35 كىلوۋولتلۇقى 413، سىغىمچانلىقى 1 مىليون 889 مىڭ 700 كىلوۋولت ئامپېر.

2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 918 مىليون 405 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە توك ھاسىل قىلىشقا سېلىنغىنى 577 مىليون 160 مىڭ يۈەن، توك ئۆزىتىش ۋە توك بېسىمىنى ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 242 مىليون 870 مىڭ يۈەن)، بۇنىڭ ھەممىسى دۆلەت ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتىنىڭ تۈرلىرى.

قۇرۇلۇش كۆلىمى توك ھاسىل قىلىش قۇرۇلۇشىدا 70 گېنېراتورنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 1 مىليون 120 مىڭ كىلوۋاتقا، توك ئۆزىتىش قۇرۇلۇشىدا 110 كىلوۋولتلۇق ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى لىنىيە 16گە، ئۇزۇنلۇقى 6. 1164 كىلومېتىرغا، بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىدا 110 كىلوۋولتلۇق ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ترانسفورماتور 16گە،

بېسىمى 1 مىليون 50 مىڭ كىلوۋولت ئامپېرغا يەتتى.

قىلىنىۋاتقان قۇرۇلۇش كۆلىمى سىغىمچانلىقى 1 مىليون 120 مىڭ كىلوۋات كېلىدىغان 70 گېنېراتورلۇق توك ھاسىل قىلىش قۇرۇلۇشى، 110 كىلوۋولتلۇق ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى 7 لىنىيە، ئۇزۇنلۇقى 491.9 كىلومېتىر، بېسىمى 140 مىڭ كىلوۋولت ئامپېر كېلىدىغان 110 كىلوۋولتلۇق ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى 2 ترانسفورماتور قۇرۇلۇشى قىلىنىۋاتىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن تۈرلەر 1) توك ھاسىل قىلىشتا ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 337 مىڭ كىلوۋات كېلىدىغان 3 گېنېراتور گۇرۇپپىسى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، ئاساسلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى مۇنۇلار: خوشيەنچى 2 - توك ھاسىل قىلىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 1 - نومۇرلۇق گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى (200 مىڭ كىلوۋاتلىق، 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى)، ۋېيخۇلياڭ توك ھاسىل قىلىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 2 - گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى (125 مىڭ كىلوۋاتلىق، 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى)، لاسكۇي ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 4 -گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى (12 مىڭ كىلوۋاتلىق، 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى). 2) توك ئۆزىتىش قۇرۇلۇشىدا ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 186.9 كىلومېتىر كېلىدىغان 6 لىنىيە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئاساسلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى مۇنۇلار: شىنجاڭ خوشيەنچى 2 - توك ھاسىل قىلىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى — شەرقىي چۆل لىنىيىسى (220 كىلوۋولتلۇق، ئۇزۇنلۇقى 38 كىلومېتىر، 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى)، مىچۈەن — سانجى ئوچۇق لىنىيىسى (220 كىلوۋولتلۇق، ئۇزۇنلۇقى 8.5 كىلومېتىر، 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى)، خوشيەنچى 2 - توك ھاسىل قىلىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى — لومەنچىڭ لىنىيىسى (220 كىلوۋولتلۇق، ئۇزۇنلۇقى 33.9 كىلومېتىر، 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى)، ئۈرۈمچى تۇدۇڭخابا — لومەنچىڭ لىنىيىسى (220 كىلوۋولتلۇق، ئۇزۇنلۇقى 35.3 كىلومېتىر، 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى)، كۈيتۇڭ — جىڭ لىنىيىسىدىن خاتومبۇخقا تارتىلغان لىنىيە (110 كىلوۋولتلۇق، ئۇزۇنلۇقى 13.2 كىلومېتىر، 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى)، قەشقەر سېرىق بۇيا — پەيلو لىنىيىسى (110 كىلوۋولتلۇق، ئۇزۇنلۇقى 58 كىلومېتىر، 2 - ئايدا ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى)، 3) بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىدا بېسىمى 20 مىڭ كىلوۋولت ئامپېرلىق بىر ترانسفورماتور پونكىتى بولۇپ، قۇرۇلۇش تۈرى خاتومبۇخ ترانسفورماتور پونكىتى (110 كىلوۋولتلۇق، 20 مىڭ كىلوۋولت ئامپېر، 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى).

فىڭ جيې

شىنجاڭدىكى سىغىمچانلىقى 50 مىڭ كىلوۋاتتىن ئاشىدىغان ئېلېكتر ئىستانسىلىرىغا دائىر 2000 - يىللىق مەلۇمات

| تۈرى | ئېلېكتر ئىستانسىسى نامى | گېنېراتور سىغىمچانلىقى (تۈمەن كىلوۋات) | ھاسىل قىلىنغان توك مىقدارى (100 مىليون كىلوۋات سائەت) | ئۈسكۈنىلەردىن يىللىق ئوتتۇرىچە پايدىلىنىش ۋاقتى (سائەت) |
|---|---|---|---|---|
| ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى | ۋېيخۇلياڭ ئېلېكتر ئىستانسىسى | 12.50 | 7.24 | 5788 |
| | ۋېيخۇلياڭ توك ھاسىل قىلىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | 12.50 | 4.07 | 5280 |
| | خوشيەنچى ئېلېكتر ئىستانسىسى | 30.50 | 18.18 | 6058 |
| | خوشيەنچى 4 - قارار توك ھاسىل قىلىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | 10 | 6.65 | 6648 |
| | خوشيەنچى 2 - توك ھاسىل قىلىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | 20 | 6.63 | 3070 |
| | ماناس ئېلېكتر ئىستانسىسى | 62 | 37.98 | 6330 |
| | مارالبېشى گاز ئېلېكتر ئىستانسىسى | 5 | 7.24 | 1451 |
| | قۇمۇل ۋىلايەتلىك 2 - ئېلېكتر ئىستانسىسى | 7.40 | 4.40 | 5948 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى | ئىلى 2 - ئېلېكتر ئىستانسىسى | 5 | 1.89 | 3785 |
| | تاشدەن ئېلېكتر ئىستانسىسى | 10.50 | 3.96 | 3772 |
| | باي ئېلېكتر ئىستانسىسى | 8 | 3.95 | 4943 |
| | قاراماي ئېلېكتر ئىستانسىسى | 18.90 | 7.18 | 3800 |
| | ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسى | 11.20 | 6.44 | 5747 |
| | مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى ئېلېكتر ئىستانسىسى | 13 | 6.59 | 5000 |
| | شەرقىي شىنجاڭ نېفىتلىكى ئېلېكتر ئىستانسىسى | 5.44 | 1.25 | 2299 |
| | پوسكام نېفىتلىكى ئېلېكتر ئىستانسىسى | 7.58 | 1.78 | 2345 |
| | جەنۇبىي بوگۇر ئېلېكتر ئىستانسىسى | 8.24 | 1.88 | 2282 |
| | خوشيا ئېلېكتر ئىستانسىسى | 6.65 | 2.58 | 3874 |
| سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى | چۇقان سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى | 5.71 | 2.30 | 4033 |
| | توقاي سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى | 5 | 2.26 | 4528 |
| | تاغ ئاغزى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى | 8 | 3.29 | 5049 |

شىن شۇفېڭ

## ئېلېكتر قۇۋۋىتى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ھاسىل قىلىنغان توك 18 مىليارد 299 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %8.08 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوت كۈچى بىلەن ھاسىل قىلىنغان توك 15 مىليارد 71 مىليون كىلوۋات سائەت، سۇ كۈچى بىلەن ھاسىل قىلىنغان توك 3 مىليارد 53 مىليون كىلوۋات سائەت. شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق ئېلېكتر تورىدا ھاسىل قىلىنغان توك 13 مىليارد 470 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %17.27 ئاشتى. شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق توك ھاسىل قىلىدىغان كارخانىلار ھاسىل قىلغان توك 3 مىليارد 150 مىليون كىلوۋات - سائەتكە يەتتى.

2000 - يىلى پۈتكۈل جەمئىيەت بويىچە ئىشلىتىلگەن توك 18 مىليارد 298 مىليون 240 مىڭ كىلوۋات - سائەتكە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %8.08 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، سۇچىلىق ئىشلىرىغا ئىشلىتىلگەن توك 2 مىليارد 135 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، %2.2 تۆۋەنلىدى؛ سانائەتكە ئىشلىتىلگەن توك 12 مىليارد 108 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، %11.08 ئاشتى (بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەتكە ئىشلىتىلگىنى %24.56، ئېغىر سانائەتكە ئىشلىتىلگىنى %8.12 ئاشتى)؛ گېئولوگىيىلىك ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە قىدىرىپ تەكشۈرۈشكە ئىشلىتىلگەن توك 51 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، %39.17 ئازايدى؛ بىناكارلىقتا ئىشلىتىلگەن توك 142 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، %16.08 ئازايدى؛ قاتناش - ترانسپورت ۋە پوچتا - تېلېگراف ئالاقىسى ئىشلىرىغا ئىشلىتىلگەن توك 365 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، %3.93؛ سودا، يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتى، ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش - سېتىش ۋە ئامباردا ساقلاش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلگەن توك 749 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، %16.57؛ باشقا كەسىپلەرگە ئىشلىتىلگەن توك 919 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، %0.12؛ شەھەر، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ئىشلىتىلگەن توك 1 مىليارد 829 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، %8.70 ئاشتى (بۇنىڭ ئىچىدە يېزا - كەنتلەرنىڭ %10، شەھەرلەرنىڭ %8.26 ئاشتى).

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 6000 كىلوۋات ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى توك ھاسىل قىلىش ئۈسكۈنىلىرىدىن يىللىق ئوتتۇرىچە پايدىلىنىش ۋاقتى 4744 سائەت بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوت ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىدىن يىللىق ئوتتۇرىچە پايدىلىنىش ۋاقتى 4901 سائەت، سۇ ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىدىن يىللىق ئوتتۇرىچە پايدىلىنىش ۋاقتى 4183 سائەت، شامال كۈچى ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىدىن يىللىق ئوتتۇرىچە پايدىلىنىش ۋاقتى 2480 سائەت بولدى. شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق ئېلېكتر

تورىدىكى توك ھاسىل قىلىش ئۈسكۈنىلىرىدىن يىللىق ئوتتۇرىچە پايدىلىنىش ۋاقتى 5296 سائەت بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 41 سائەت ئاشتى. شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق توك ھاسىل قىلىدىغان كارخانىلاردىكى ئۈسكۈنىلەردىن يىللىق ئوتتۇرىچە پايدىلىنىش ۋاقتى 5837 سائەت بولۇپ، 106 سائەت ئاشتى.

2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە سىغىمچانلىقى 6000 كىلوۋات ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئوت كۈچى ئېلېكتر ئىستانسىلىرىدا بىر كىلوۋات سائەت توك ئۈچۈن 489 گرام ئۆلچەملىك كۆمۈر سەرپ قىلىنىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 11 گرام ئازايدى؛ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ توك ئىشلىتىش نىسبىتى %8.83 بولۇپ، 1.21 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى. شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق ئېلېكتر تورىدىكى ئوت ئېلېكتر ئىستانسىلىرىدا بىر كىلوۋات سائەت توك ئۈچۈن 468 گرام ئۆلچەملىك كۆمۈر سەرپ قىلىنىپ، 14 گرام كۆپەيدى؛ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ توك ئىشلىتىش نىسبىتى %8.69 بولۇپ، 0.54 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى. شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق توك ھاسىل قىلىدىغان كارخانىلاردا بىر كىلوۋات - سائەت توك ئۈچۈن 474 گرام ئۆلچەملىك كۆمۈر سەرپ قىلىنىپ، 17 گرام ئازايدى، ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ توك ئىشلىتىش نىسبىتى %9.02 بولۇپ، 0.76 پىرسەنت پوئىنتى كۆپەيدى.

2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە توكنىڭ توك يەتكۈزۈش لىنىيىسىدە خوراش نىسبىتى %8.22كە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 0.19 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى. شىنجاڭدا توكنىڭ ئاساسلىق ئېلېكتر تورىدىكى خوراش نىسبىتى %7.28 بولۇپ، 0.13 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى؛ شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق توك بىلەن تەمىنلىگۈچى كارخانىلارنىڭ توكنىڭ خوراش نىسبىتى %7.07 بولۇپ، 1999 - يىلدىكىگە تەڭلەشتى.

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق ئېلېكتر تورى ئۈرۈمچى، شىخەنزە رايونى ۋە قاراماي، كۈيتۇڭ شەھىرى، تارباغاتاي ۋىلايىتى، بورتالا ئوبلاستى، سانجى ئوبلاستى، تۇرپان ۋىلايىتىنى قاپلىدى، ئېلېكتر تورىدىكى گېنېراتورلارنىڭ سىغىمچانلىقى 2 مىليون 717 مىڭ 700 كىلوۋاتقا يەتتى.

شېن شۇفېڭ

## يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا 1 مىليارد 300 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى (بۇنىڭ ئىچىدە مەركەزنىڭ خام چوت ئىچىدىكى مەخسۇس مەبلىغى 260 مىليون يۈەن، يېزا ئىگىلىك بانكىسىدىن ئېلىنىدىغان قەرز پۇل 1 مىليارد 40 مىليون يۈەن)، بۇ 66 ناھىيە، شەھەرنىڭ 513 يېزىغا چېتىلىدۇ. 36 ناھىيىنىڭ پۈتكەن قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش نۇقتىلىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى، مەركەزنىڭ خام چوت ئىچىدىكى مەخسۇس مەبلىغى تولۇق نەقلەشتى. مۇشۇ يىلدا 207 مىليون 370 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، سىغىمچانلىقى 260 مىڭ كىلوۋولت ئامپېر كېلىدىغان 110 كىلوۋولتلۇق 13 ترانسفورماتور پونكىتى، 299 كىلومېتىر توك ئۆزىتىش لىنىيىسى؛ سىغىمچانلىقى 178 مىڭ كىلوۋولت ئامپېر كېلىدىغان 35 كىلوۋولتلۇق 52 ترانسفورماتور پونكىتى، 1381 كىلومېتىر توك ئۆزىتىش لىنىيىسى؛ 12 مىڭ 926 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 10 كىلوۋولتلۇق لىنىيە، 12 مىڭ 902 كىلومېتىر تۆۋەن بېسىملىق لىنىيە قۇرۇپ چىقىلدى ۋە ئۆزگەرتىلدى، ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 397 مىڭ كىلوۋولت ئامپېر كېلىدىغان 7662 توك تەقسىملىگۈچى ترانسفورماتور يېڭىدىن كۆپەيتىلدى ۋە ئالماشتۇرۇلدى. لىنىيە ۋە ترانسفورماتوردىكى خوراش نىسبىتى ئۆزگەرتىشتىن بۇرۇنقى %35تىن %22گە تۆۋەنلىدى، يېزىلاردا ئىشلىتىلگەن ھەربىر كىلوۋات - سائەت توكنىڭ باھاسى 1.47 يۈەندىن 0.96 يۈەنگە چۈشتى. يىل ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭدىكى 84 ناھىيە (شەھەر) نىڭ 83ىدە ئېلېكتر قۇۋۋىتىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى راۋانلاشتۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك توك بىلەن تەمىنلەش كارخانىلىرى 673 يېزا، بازاردا 571 توك بىلەن تەمىنلەش تىجارەت ئورنى قۇردى. شىنجاڭ بويىچە 315 يېزا، بازار، 3174 كەنت، 506 مىڭ 400 ئائىلە، ئاز كەم 2 مىليون 500 مىڭ دېھقان، چارۋىچى ئارىسىدا توك مىقدارى، توك ھەققى، توك باھاسى ئاشكارا بولۇش ۋە ئائىلىلەرگە بېرىپ سېتىش، توك سائىتىدىكى سانىنى خاتىرىلەش، ھەق يىغىش، مۇلازىمەت قىلىش شۇنىڭدەك توك باھاسى، تالون، توك سائىتىدىكى سانىنى خاتىرىلەش، ھېسابلاش، سىناشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولغا قويۇلدى.

ئارزۇگۈل

## شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق ئېلېكتر تورى شەرقتە قۇمۇلغىچە ئۇزارتىلدى

شىنجاڭ بويىچە ئەڭ ئۇزۇن توك يەتكۈزۈش لىنىيىسى بولغان 220 كىلوۋولتلۇق كرورەن — قۇمۇل لىنىيىسى 2000 - يىل 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تورلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق ئېلېكتر تورى قۇمۇلغىچە ئۇزاردى. كرورەن — قۇمۇل لىنىيىسىنى شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى لايىھىلەش يۇرتى لايىھىلىگەن، قۇرۇلۇشنى شىنجاڭ

توك ئۆزىتىش - بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇش شىركىتى قىلدى، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 256 كىلومېتىر، سىمتاناپ - مۇنار 805 بولۇپ، 153 مىليون 270 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 1998 - يىل 11 - ئايدا قۇرۇلۇش باشلانغان.

ئارزۇگۇل

## خۇشيەنچى 2 - توك ھاسىل قىلىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 1 -، 2 - گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى

شىنجاڭدىكى يەككە گېنېراتور سىغىمچانلىقى ئەڭ چوڭ گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى — 200 مىڭ كىلوۋاتلىق خۇشيەنچى 2 .توك ھاسىل قىلىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 1 - گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى 2000 - يىل 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، 2 - گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تورغا ئۇلىنىپ توك چىقىرىشقا باشلاپ سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇ قۇرۇلۇش سىغىمچانلىقى 1 مىليون 400 مىڭ كىلوۋاتلىق قىلىپ پىلانلانغان، 2 قارارغا بۆلۈپ قۇرۇپ چىقىلىدۇ. 1 - قارارلىقى 800 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، سائىتىگە 670 توننىلىق داشقالنى قاتتىق ھالەتتە چىقىرىدىغان پار قازاندىن 4ى ۋە 200 مىڭ كىلوۋات سائەتلىك گاز سۇمۇرۇپ ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەيدىغان پار تۇربىنىلىق گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىدىن 4ى قۇراشتۇرۇلىدۇ، قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن يىلىغا 4 مىليارد 800 مىليون كىلوۋات سائەت توك ھاسىل قىلىدۇ، 10 مىليون 520 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆلەمنى ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ قۇرۇلۇشقا 5 مىليارد 135 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، %60 مەبلەغنى شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتى، %40 مەبلەغنى شىنجاڭ مەبلەغ سېلىش شىركىتى چىقىرىدۇ، بۇ قۇرۇلۇش 1998 - يىل 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى باشلاندى.

ئارزۇگۇل

## جېرنىتاي 1 - دەرىجىلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى تۈرى تەكلىپنامىسىنى گوۋۇيۈەن تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى

شىنجاڭ جېرنىتاي 1 - دەرىجىلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى تۈرى تەكلىپنامىسى 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىلار ئىش بېجىرىش يىغىنىدا ماقۇللاندى. بۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ئىلى ۋىلايىتى نىلقا ناھىيىسىدە بولۇپ، ئىلى قاش دەرياسىدا پىلانلانغان 18 پەلەمپەيسىمان دەرىجىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى ئىچىدىكى 10 - دەرىجىلىكى. 115 مىڭ كىلوۋاتلىقتىن 4 سۇ تۇربىنىلىق گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى قۇراشتۇرۇلىدىغان، ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 460 مىڭ كىلوۋات قىلىپ پىلانلانغان، بۇ قۇرۇلۇشقا تەخمىن چوت بويىچە 2 مىليارد 281 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، قۇرۇلۇش مۇددىتى 5.5 يىل، 2006 - يىلى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ. شىنجاڭ جېرنىتاي سۇ ئېلېكتر پەلەمپەيسىمان دەرىجىلىك تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى قۇرۇلدى، پايچى شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتى تىزگىنلىدى، شىنجاڭ مەبلەغ سېلىش شىركىتى، قوراللىق ساقچى قىسىم سۇ ئېلېكتر قوماندانلىق شتابى، شىنجاڭ سۇچىلىق سۇ ئېلېكتر ئۆلچەش - لايىھىلەش يۇرتى، ئىلى ئېلېكتر قۇۋۋىتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، نىلقا ناھىيىلىك دۆلەت مۈلكىنى مەبلەغ سېلىپ تىجارەت قىلىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى پاي قوشتى.

ئارزۇگۇل

## ئېلېكتر قۇۋۋىتى بازىرى ئېچىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتى ئېتىبار بېرىش تەدبىرىنى قوللىنىپ، توك ئىشلىتىشكە ئىلھام بېرىپ، تەمىنلەشنى ئاشۇرۇپ، سېتىشنى كېڭەيتىپ، ئېلېكتر قۇۋۋىتى بازىرى ئاچتى. 1) 2000 - يىل 6 - ئايدىن باشلاپ تەمىنلىگەن (تەقسىملىگەن) توكقا چاپلاپ ئېلىنىدىغان ھەقنىڭ بىر قىسمىنى ئازايتتى، شەھەر، يېزا ئاھالىلىرى تۇرمۇشقا ئىشلىتىدىغان توكقا چاپلاپ ئېلىنىدىغان ھەقنى كەچۈرۈم قىلدى. 2) پاكىز ئېنېرگىيىنى يولغا قويۇپ، ئاھالىلەر تۇرمۇشقا ئىشلىتىدىغان توكتا ئۈچ بۆلەكلىك ئېتىبار توك باھاسىنى يولغا قويدى. 3) 5 مىليارد 500 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتتى، توكنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزدى، سچوتچىكنى ئائىلىلەرگە بېرىپ خاتىرىلەپ، ئائىلىلەرگە بېرىپ ھەق يىغىپ، ئائىلىلەرگە بېرىپ مۇلازىمەت قىلدى. 4) ئائىلىلەرنى ئېلېكترلەشتۈرۈش ۋە بىر ئائىلىدە بىر سچوتچىك بولۇشنى يولغا قويۇپ، ئارىلىق ھالقىلارنى ئەمەلدىن قالدۇردى. كارخانا، كەسىپ ئورۇنلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا، تۇرمۇشقا ئىشلىتىدىغان توكنى ئايرىۋېتىشكە ئىلھام بەردى. 5) ئىسسىقلىق، سوغۇقلۇق ساقلاش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ئېنېرگىيە سەرپىياتىنى تۈۋەنلىتىشكە ياردەم بېرىپ، ئىشلەتكەن توكنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلەتتى. 6) ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېلېكترلەشكەن ئائىلىلەر مۇھىت ئاسراش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونىنى ئالدى بىلەن قوزغاتتى. 7) شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتى توك بىلەن تەمىنلەش كارخانىلىرىنىڭ ئەلا مۇلازىمىتىنى باشقۇرۇش قائىدىسىنى

تۈزۈپ چىقتى.

ئارزۇگۈل

## بىر ئائىلىگە بىردىن توك سائىتى ئورنىتىش قۇرۇلۇشى باشلاندى

شىنجاڭ بويىچە يېزا، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆيىدە، بىر ئائىلىگە بىردىن سېتوتچىلىك ئورنىتىش بويىچە ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى 2000 - يىل 7 - ئايدا باشلاندى. شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتىنىڭ يولغا قويۇش لايىھىسىدە، 2000 - يىلدىن 2002 - يىلغىچە ئۈرۈمچى، سانجى، تۇرپان، كۈيتۇڭ، قۇمۇل، بورتالا قاتارلىق جايلاردا بىر ئائىلىگە بىردىن توك سائىتى ئورنىتىش قۇرۇلۇشىنى يەيدىنپەي يولغا قويۇش، توك ئىشلىتىدىغان 145 مىڭ شەھەر، يېزا ئائىلىسىنىڭ ھەربىرىگە بىردىن توك سائىتى ئورنىتىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىپ، ئاھالىلەرنىڭ تۇرالغۇسىنى توك بىلەن تەمىنلەش شارائىتىنى ياخشىلاپ، توكقا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، نامۇۋاپىق باھا قوشۇش قىلمىشىنى تۈگىتىش بېكىتىلدى.

ئارزۇگۈل

## شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى قۇراشتۇرۇش كارخانىسى چەت ئەل ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىنى ئۆتكىگە ئالدى

شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى قۇراشتۇرۇش كارخانىسى تۇنجى قېتىم قۇراشتۇرۇشنى ئۆتكىگە ئالغان چەت ئەل قۇرۇلۇشى — سۇدان قاشمو نېفىت ئايرىش زاۋۇتى ئېلېكتر ئىستانسىسى 2000 - يىل 5 - ئاينىڭ 16 -كۈنى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. قاشمو نېفىت ئايرىش زاۋۇتى قۇرۇلۇشى جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز گۇرۇھ شىركىتى سۇدان دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى بىلەن شېرىكلىشىپ مەبلەغ سېلىپ قۇرغان تۈر، ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى ھەربىرى سائىتىگە 75 توننىلىق 4 پارقازان، 12 مىڭ كىلوۋاتلىق پار تۇربىنىلىق 3 گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى بولۇپ، 1998 - يىل 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئىش باشلانغان، شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى قۇراشتۇرۇش شىركىتى پارقازان، گېنېراتورلارنى قۇراشتۇرۇش ۋە بۇلغانمىنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق تۈر قۇرۇلۇشىنى ئۆتكىگە ئالغان.

ئارزۇگۈل

## ماناس توك ھاسىل قىلىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىگە دۆلەت ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئوت كۆچى ئېلېكتر ئىستانسىسى دەپ نام بەردى

دۆلەت ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتى 2000 - يىل 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ماناس توك ھاسىل قىلىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىگە دۆلەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى دەپ نام بەردى. بۇ شىنجاڭدا تۇنجى بولۇپ بۇ ئالاھىدە شەرەپكە ئېرىشكەن توك ھاسىل قىلىش كارخانىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ، ھازىرقى گېنېراتور سىغىمچانلىقى 600 مىڭ كىلوۋات سائەت كېلىدىغان، شىنجاڭ بويىچە گېنېراتور سىغىمچانلىقى ئەڭ چوڭ ئوت كۆچى بىلەن توك ھاسىل قىلىش كارخانىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئارزۇگۈل

# پولات - تۆمۈر سانائىتى

## شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ (قىسقارتىپ گۇرۇھ شىركىتى دەپ ئېلىنىدى) 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 21 مىڭ 110، يىللىق ئوتتۇرىچە ئادەم سانى 22 مىڭ 839، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇلۇش تېخنىكى 1104، باشقۇرغۇچى 2392. يىللىق مائاش سوممىسى 303 مىليون يۈەن، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە مائاش 13 مىڭ 253 يۈەن. تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 5 مىليارد 775 مىليون يۈەن، ساپ قىممىتى 4 مىليارد 530 مىليون يۈەن.

2000 - يىلى ئىشلەپچىقىرىلغان پولات 1 مىليون 148 مىڭ 500 توننىغا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 12.6%؛ پولات ماتېرىيال 1 مىليون 174 مىڭ 700 توننىغا يېتىپ، 20.1%؛ چويۈن 1 مىليون 17 مىڭ 200 توننىغا يېتىپ، 6.07% ئاشتى؛ 516 مىڭ 700 توننا كوكس ئىشلەپچىقىرىلىپ، 2.98%، 6900 توننا پۈرژىنا رېسورى ئىشلەپچىقىرىلىپ، 4.16% ئازايدى؛ ئەسلى مىنېرال تۆمۈر رۇدىسى 954 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، 43.14% ئاشتى. مۇشۇ يىلدا سېتىلغان پولات ماتېرىيال 1 مىليون 207 مىڭ توننىغا يېتىپ، 36.16% ئاشتى، ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش نىسبىتى 101.46% بولدى. سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 476 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 73.02% (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 2 مىليارد 634 مىليون يۈەن بولۇپ، 54.57%) ، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 319 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 90.33%؛ مەھسۇلات

سېتىش كىرىمى 2 مىليارد 768 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %27.09 ئاشتى؛ مەھسۇلات سېتىش تەننەرخى 2 مىليارد 139 مىليون يۈەنگە، پايدا ـ باج 395 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پايدا 50 مىليون 920 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدىكى مۈلۈك سوممىسى 8 مىليارد 69 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.28؛ تۇراقسىز مۈلۈك 2 مىليارد 749 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %25.35 ئاشتى؛ قەرز سوممىسى 5 مىليارد 169 مىليون يۈەن بولۇپ، %3.67 ئازايدى، تۇراقسىز قەرز 4 مىليارد 88 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %113.03 كۆپەيدى. تۇراقلىق مۈلۈككە 373 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 95 مىليون يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 278 مىليون يۈەن.

2000 ـ يىلى گۇرۇھ شىركىتى بويىچە 83 ئادەم يېنىك يارىلاندى؛ بۇ 1999 ـ يىلدىكىدىن 7 ئادەم كۆپ؛ 2 ئادەم ئېغىر يارىلاندى، يارىلانغانلاردىن 6 ئادەم ئازايدى؛ بىر ئادەم ئۆلدى، ئۆلگەنلەردىن 2 ئادەم ئازايدى. 1000 ئادەم بويىچە يېنىك يارىلىنىش نىسبىتى ‰2.699، ئېغىر يارىلىنىش نىسبىتى ‰0.06، ئۆلۈش نىسبىتى ‰0.03 بولدى. 8 ـ ئايدا گۇرۇھ شىركىتى «ئۇقتىلىق بۆلغانما قويۇپ بېرىشتە ئۆلچەمگە يەتكەن كارخانا» بولدى.

لو يىڭپىڭ

## ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە تېخنىكا ئۆزگەر- تىش ئەھۋالى

2000 ـ يىلى شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى تۇراقلىق مۈلۈككە 373 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 95 مىليون يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 278 مىليون يۈەن. تۆمۈر رۇدىسى تاللاشقا ئىشلىتىلگىنى 4 مىليون 110 مىڭ يۈەن، كاللەك رۇدىغا ئىشلىتىلگىنى 3 مىليون 210 مىڭ يۈەن، پولات تاۋلايدىغان ئېلېكتر پېچقا ئىشلىتىلگىنى 116 مىليون 130 مىڭ يۈەن، ئارقىمۇ ئارقا پىلتە پولات قۇيۇشقا ئىشلىتىلگىنى 30 مىليون يۈەن، ماتېرىيال پروكاتلاشقا ئىشلىتىلگىنى 96 مىليون 520 مىڭ يۈەن، باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىلگىنى 122 مىليون 700 مىڭ يۈەن. 2000 ـ يىلى يېڭىدىن قۇرۇلۇش باشلانغان تۈر 56، پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگىنى 53. پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن ئاساسلىق تۈرلەر: «650» ماشىنا گۇرۇپپىسى كەڭلىكى 273 مىللىمېتىردىن كىچىك تار تاختىلىق پولات پروكاتلاش قۇرۇلۇشى، «ليەنجۇاڭ» ئاكتىپ ھاك زاۋۇتى قۇرۇلۇشى، پېچ ئالماشتۇرۇپ پولات تاۋلاش زاۋۇتىنىڭ 2 ـ نومۇرلۇق ئارقىمۇ ئارقا پىلتە پولات قۇيۇش ماشىنىسىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، ئىنچىكىلەپ تاۋلاش پېچى قۇرۇلۇشى، قۇمۇل «تيەنباۋ» رۇدا تاللاش ـ كۆپەيتىش زاۋۇتى قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت. يۇقىرى سۈرئەتلىك سىم ماتېرىياللىرى قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈچ قۇرۇلۇشى ئاخىرىنى يىغىشتۇرۇش باسقۇچىغا كىردى، دەسلەپكى پروكاتلاش، ئوتتۇرا پروكاتلاش، ئالدىن ئىنچىكىلەپ پروكاتلاش قاتارلىق قۇرۇلۇشلار ئۈسكۈنىلەرنى قۇراشتۇرۇش باسقۇچىغا كىردى.

لو يىڭپىڭ

## پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى

2000 ـ يىلى شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بويىچە تېخنىكا ئۆزگەرتىش، تېخنىكا تەدبىرى تۈرىدىن 31ى تۈر قىلىپ تۈرغۇزۇلدى، بۇ تۈرلەرگە 17 مىليون 330 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ تۈرى 18، خىراجەت 14 مىليون 560 مىڭ يۈەن، گۇرۇھ شىركىتىنىڭ تۈرى 13، خىراجەت 2 مىليون 770 مىڭ يۈەن. تېخنىكا ئۆزگەرتىش، تېخنىكا تەدبىرى تۈرىدىن 7 سى شىركەت دەرىجىلىك تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى. 3 تېما ئاپتونوم رايوننىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە «كىچىك چاسا پىلتە پولاتنى ئارقىمۇ ئارقا قۇيۇش ماشىنىسىنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك قىلىش ئۈستىدىكى تەتقىقات» 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «دىئامېتىرى 12 مىللىمېتىرلىق تىم پولاتنى كېسىپ پارچىلاپ پروكاتلاپ ئىشلەپچىقىرىش سىنىقى ئۈستىدىكى تەتقىقات» 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «لازېر نۇرى ئارقىلىق قىززىتىپ بىر تەرەپ قىلىش ماشىنىسى» 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «1 ـ ئاۋغۇست» پولات زاۋۇتى تۇرمۇش رايونىدىكى قوزۇقلار تۈركۈمىنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلىشىنى كومپيۇتېر ئارقىلىق تىزگىنلەش سىستېمىسى»، «1 ـ ئاۋغۇست» پولات زاۋۇتى دومنا پېچلىرىنىڭ كۆمۈرگازى ئىشلىتىلىدىغان پار قازانلىرىنى ئارقىلىشچان كومپيۇتېر ئارقىلىق تىزگىنلەش سىستېمىسى»، «DANIELI» كىچىك تىپتىكى ئۇدا پروكاتلاش ماشىنىسىنىڭ تاختا باشلاش قىسمىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش» قاتارلىق 3 تۈر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى.

2000 ـ يىلى گۇرۇھ شىركىتى بويىچە سورتلۇق پولات مەھسۇلاتى ۋە سېتىش مىقدارىدا زور بۆسۈش بولدى. سورتلۇق پولاتنىڭ تۈرى 1999 ـ يىلدىكى 11 دىن 19 غا كۆپەيدى، مۇشۇ يىلدا ئىشلەپچىقىرىلغان سورتلۇق پولات 240 مىڭ 784 تونىنغا يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %104.37 ئاشتى؛

سېتىش كىرىمى 467 مىليون يۈەنگە يەتتى. گۇرۇھ شىركىتىنىڭ كومپيۇتېر ئارقىلىق ئۇچۇر باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ (XGMIS) I - قارارلىق تور قۇرۇلۇشى ئورۇندالدى، 4 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

لو يىڭپىڭ

## رېسسور ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر رېسسور چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 20 مىليون 267 مىڭ 700 يۈەن، ساپ قىممىتى 12 مىليون 112 مىڭ 300 يۈەن. 2000 - يىلى 6857 توننا رېسسور ئىشلەپچىقىرىلىپ، 7160 توننا رېسسور سېتىلدى، 36 مىليون 123 مىڭ 800 يۈەن مەبلەغ يىغىۋېلىندى، باج تاپشۇرۇلغاندىن كېيىنكى پايدا 467 مىليون يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ يىلدا 41 يېڭى سورت ئۆزلەشتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە «ئازاد» ماركىلىقى 2 يۈرۈش، «شەرق شامىلى» ماركىلىقى 6 يۈرۈش، «فۇتيەن» ماركىلىق يېيجىڭ ئاپتوموبىلى 2 يۈرۈش، باشقا ماركىلىقى 31. «ھەمكارلىق» ماركىلىق ئاپتوموبىل رېسسورى جۇڭگو سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئاخبارات تەتقىقات ئورنى گۇۋاھلىق - مەسلىھەت سوراش مەركىزى تارقاتقان «جۇڭگو بازىرىدىكى داڭلىق مەھسۇلات» دېگەن نامغا ئېرىشتى ھەمدە جۇڭگو ئاپتوموبىل قۇرۇلۇشى ئىلمىي جەمئىيىتى، جۇڭگو داڭلىق تاۋارلار ئىلمىي جەمئىيىتى، جۇڭگو تەكشۈرۈش ستاتىستىكىلاش ئىشلىرى ئورنى بىرلىشىپ 2000 - يىللىق جۇڭگو بازىرىدىكى داڭلىق ئاپتوموبىل (مەھسۇلات) ماركىسى، سۈپەت، باھا، مۇلازىمەتتە «ئون ئەلا ئېسىل ماركا» نامىنى بەردى. 5 - ئايدا جۇڭگو مېتاللۇرگىيىلىك سۈپەت گۇۋاھلىقى مەركىزىنىڭ ISO9002 سۈپەت سىستېمىسىنىڭ قايتا تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى.

لو يىڭپىڭ

## شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر پاي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر پاي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئوتتۇرىغا چىقىپ، خەندەن پولات - تۆمۈر گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، نەنجىڭ «لىيەنچياڭ» مېتاللۇرگىيىلىك گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «خۇاشۇن» سودا - سانائەت چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە مەبلەغ سېلىش شىركىتىدىن ئىبارەت 4 كارخانا بىرلەشكەن، ئى ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قۇرۇلغان پېيى بازارغا سېلىنىدىغان كارخانا بولۇپ، 2000 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى رەسمىي ۋۇجۇدقا كېلىپ ئىشقا چۈشتى. بۇ شىركەتنىڭ مەبلىغى 1 مىليارد 160 مىليون يۈەن، ساپ مۈلكى 420 مىليون يۈەن، قەرزى 740 مىليون يۈەن، قەرزدارلىق نىسبىتى %63، گۇرۇھ شىركىتى ئۆزىنىڭ ئەلا ياخشى مۈلكى بولغان پېچ ئالماشتۇرۇپ پولات تاۋلاش زاۋۇتى، ئۆششاق پولات ماتېرىيال پروكاتلاش زاۋۇتى، ئوتتۇرا پولات ماتېرىيال پروكاتلاش زاۋۇتى، سىم ماتېرىياللىرى پروكاتلاش زاۋۇتى ۋە سېتىش شىركىتىنى چىقاردى، باھالاش ئارقىلىق، پاي شىركىتىگە پاي قىلىپ سېلىشى ئېتىراپ قىلىندى، ئىگىلىگەن پاي نىسبىتى %91.8 بولدى، قالغان 4 كارخانا پاي شىركىتىگە نەق پۇل قوشىدىغان بولدى. شىركەتنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 2598، بۇنىڭ ئىچىدە باشقۇرۇش خادىمى 232.

2000 - يىلى شىركەت 1 مىليون 148 مىڭ 500 توننا پولات، 1 مىليون 174 مىڭ 700 توننا پولات ماتېرىيال ئىشلەپچىقاردى، مۇشۇ يىلدا 1 مىليون 163 مىڭ 900 توننا پولات ماتېرىيال سېتىلدى، 8 - ئايدىن 12 - ئايغىچە پايدىسى 70 مىليون يۈەنگە يەتتى.

لو يىڭپىڭ

# رەڭلىك مېتال سانائىتى

## رەڭلىك مېتال سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى شىركىتىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 409 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا)، سېتىش كىرىمى 468 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يەتتى، باشقۇرۇش خىراجىتى 88 مىليون 50 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن %82.3 ئازايدى، مالىيە خىراجىتى 69 مىليون 680 مىڭ يۈەن بولۇپ، %96.14 ئازايدى، شىركەت بويىچە پايدا 10 مىليون يۈەنگە يېتىپ، شىركەت ئۇدا 7 يىل زىيان تارتقان ۋەزىيەت ئاخىرلاشتى.

2000 - يىلى شىركەت بويىچە ئاساسلىق مەھسۇلاتلاردا يىل بېشىدا چۈشۈرۈلگەن ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى ياكى ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى، تۈرلۈك ئىقتىسادىي تېخنىكا كۆرسەتكۈچلىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆستى. يۇقىرى نۇقتىدا قاتىدىغان نىكېل 7362 توننا، ساپ تانتال -

ئېغىرىپ رۇدىسى 62 توننا، ئېلېكترولىزلاشقان نىكېل 1676 توننا، ئېلېكترولىزلاشقان مىس 2200 توننا، ئاليۇمىن ئۆكچىسى 2354 توننا، خروم رۇدىسى 20 مىڭ 713 توننا، ساپ لىتىيلىق رۇدا 18 مىڭ 442 توننا، لىتىي ھىدروكسىدى 2798 توننا، لىتىي كاربونات 2913 توننا، لىتىي خلورىد 617 توننا، مېتاللاشقان لىتىي 49 توننا ئىشلەپچىقىرىلدى.

2000 - يىلى دۆلەت رەڭلىك مېتال كەسپىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى چوڭ دائىرىدە قايتا تەڭشىدى. مىس - قوغۇشۇن - سىنك گۇرۇھى، ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللار گۇرۇھى، ئاليۇمىن گۇرۇھىدىن ئىبارەت جۇڭگو رەڭلىك مېتال كەسپىدىكى 3 چوڭ گۇرۇھ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، سابىق جۇڭگو مىس - قوغۇشۇن - سىنك گۇرۇھىغا تەۋە شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى شىركىتى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا چۈشۈرۈپ بېرىلدى.

2000- يىلى شىركەت دۆلەتنىڭ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىغا دائىر ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولۇشنى پائال قولغا كەلتۈرۈپ، قەرزدارلىق ھوقۇقىنى پايدارلىق ھوقۇقىغا ئۆزگەرتىش تۈرىنى دۆلەتنىڭ 2 - تۈركۈمدە بولغا قويۇش پىلانىغا كىرگۈزدى. كۆكتوقاي ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللار كېنى، قاراماي ئالتۇن كېنى ۋە ئالتاي كېنىدىن ئىبارەت 3 كان دۆلەتنىڭ ئاخىرقى باسقۇچتا تاقىلىدىغان كانلار پىلانىغا كىرگۈزۈلدى ھەمدە تاقاشنىڭ تەييارلىق خىزمىتى ئىشلىنىشكە باشلىدى. شىركەت خادىم قىسقارتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ۋە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇپ تارقاقلاشتۇرۇش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلىدى، شىركەت بويىچە 1890 ئادەم ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1800 ئادەم قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزىگە كىرگۈزۈلدى، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 461 كىشى ھەرخىل شەكىلدىكى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تەربىيىلەشكە قاتناشتى.

شۇ سەيگۇاڭ

## تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

2000 - يىلى قاراتۇڭكى مىس - نىكېل كېنىنىڭ 2 - قارارلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، رۇدا تالالاش يېڭى ھۈنەر - سەنئەت تۈرىدە بىر تەرەپتىن سىناق قىلىنىپ بىر تەرەپتىن مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلىۋاتىدۇ، ھۈنەر - سەنئەت ئاقما لىنىيىسى ئاساسىي جەھەتتىن راۋانلاشتى، رۇدا قېزىش ۋە مېتال تاۋلاش - تېخنىكا ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى باشلاندى. ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى كېڭەيتىلگەندىن كېيىنكى تولۇق يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، كۆكتوقايدىن مىس - نىكېل كېنىغا 35 كىلوۋولتلۇق يۇقىرى بېسىملىق لىنىيە قۇراشتۇرۇلدى، كانىنى قوش زەنجىرلىك توك بىلەن تەمىنلەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش تاماملاندى. فۇكاڭ مېتالچىلىق زاۋۇتىنىڭ مىس تاۋلاش تۈرى ۋە ئوكسىدسىزلاندۇرۇپ كۆيدۈرۈپ چىلاپ ئېلىش قۇرۇلۇشى كەينى - كەينىدىن پۈتتى، يىگىدىن ئاشقان مەھسۇلات قىممىتى 40 مىليون يۈەنگە يېقىنلاشتى، كۆكتوقاي ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللار كېنى 6 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ تەييارلاپ، 4 ئالدىن كۆيدۈرۈپ ئېلېكترولىزلاشتۇرۇپ پارچىلاش ئوقۇرىنى يىگىدىن كۆپەيتتى. شىنجاڭ لىتىيلىق تۇز زاۋۇتىنىڭ لىتىي خلورىد ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى كۆچۈرۈش، كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى، بۇنىڭ بىلەن لىتىي خلورىد ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى يىلىغا 600 توننىدىن 1200 تونىغا كېڭىيىدۇ.

شۇ سەيگۇاڭ

## كۆپ خىل ئىگىلىك ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى شىركىتى كەڭ كۆلەمدە ئۆي - زېمىن مۈلۈك تەرەققىياتى بىلەن شۇغۇللاندى. شىركەت بويىچە ئۆي مۈلۈك تەرەققىيات كۆلىمى 234 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 3160 ئائىلىلىك ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي شارائىتى ياخشىلاندى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇئەييەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. ھەمكارلىشىپ سېلىنىۋاتقان ئۈنۈۋېرسال بىنانىڭ ئاساسىي گەۋدىسى پۈتتى، ئۆز ئالدىغا سالغان «جىنخۇي» سارىيىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى. 4 مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش پونكىتى قۇرۇلدى، بۇنىڭغا 112 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 250 توننا پار قازان ئىقتىدارى يىگىدىن كۆپەيتىلدى، ئىسسىتىش كۆلىمى 1 مىليون 400 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. شىركەتكە قاراشلىق شىنجاڭ لىتىيلىق تۇز زاۋۇتى تۈرۈبىلارغا پولى ئۆرېتاننى قىزىق ئوراپ ئىسسىقلىق ساقلاش يېڭى تېخنىكىسىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، شۇ يىلى 10 مىليون يۈەن مەھسۇلات قىممىتى يارىتىپ، پايدىنى 2 مىليون يۈەنگە يەتكۈزدى، شىركەت كىرگۈزۈپ ئۆزلەشتۈرگەن پولات قۇۋۇرغىلىق بىرىكمە سۇلياۋ تۈرۈبا تۈرىدە شۇ جاينىڭ ئۆزىدە قۇرۇلۇش قىلىپ، شۇ يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈپ، 16 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەھسۇلات قىممىتى ياراتتى.

شۇ سەيگۇاڭ

# ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى

## ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون

سانائىتىدىكى 88 كارخانىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) 3 مىليارد 4 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 822 مىليون 815 مىڭ يۈەنگە، سېتىش كىرىمى 3 مىليارد 371 مىليون 519 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇ كارخانىلارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 32 مىڭ 32، ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى كىشى بېشىغا (قوشۇلما قىممەت) 24 مىڭ 781 يۈەندىن توغرا كەلدى.

2000 - يىلى شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتىدە كارخانا خىزمىتى مەركەز قىلىنىپ، قۇرۇلمىنى تەڭشەش ئاساسىي لىنىيە قىلىنىپ، 3 يىل ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش، نەتىجىنى مۇستەھكەملىگەن ۋە تەرەققىي قىلدۇرغان ئاساستا، كارخانىنى ئىسلاھ قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنى، كارخانا تېخنىكا تەرەققىياتىنى، كارخانىلارنىڭ ئاشقى مۇھىتىنى ياخشىلاشنى تېزلىتىش، قۇرۇلمىنى ئەلالاشتۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، تۈزۈمدە، تېخنىكىدا، باشقۇرۇشتا يېڭىلىق يارىتىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، زور كۆچ بىلەن بازار ئېچىلىپ، كارخانىلارنىڭ رىقابەت ئىقتىدارى ۋە ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈپىتى شۇنىڭدەك ئۈنۈمى بەنمۇ ئۆستۈرۈلدى.

3 يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، 2000 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ ماشىنىسازلىق ئېلېكترون سانائىتىدە مەيلى مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە بولسۇن، ياكى كارخانىلاردا تۈزۈم ئۆزگەرتىش، زىياننى تۈگىتىپ پايدىنى ئاشۇرۇش، كاپىتال قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇشتا بولسۇن ناھايىتى زور ئىلگىرىلەش بولدى، 3 يىلدا قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش نىشانى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشتى. ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەرگە كەلسەك، تەشكىلىي قۇرۇلما تارقاق، ئۆز ئالدىغا تەرەققىي قىلىش ئىقتىدارى ئاجىز، تېخنىكا سەۋىيىسى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم تۆۋەن.

دۇاڭ شۇجى

## ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە تۈزۈلمە ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتىدە كاپىتال قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش ۋە كارخانىلارنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىشتە زور ئىلگىرىلەش بولدى. ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتىدە شىنجاڭ «ئۆكتەبىر» تراكتور گۇرۇھى شىركىتى، شىنجاڭ مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل زاۋۇتى، شىنجاڭ 1 - ئاپتوموبىل سەپلىمىلىرى زاۋۇتى، شىنجاڭ «قىزىل بايراق» ماشىنا - ئۈسكۈنە زاۋۇتى، شىنجاڭ 1 - ئاپتوموبىل زاۋۇتى قاتارلىق 5 كارخانا قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇلىدىغان كارخانىلار قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنىدى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل زاۋۇتى، شىنجاڭ 1 - ئاپتوموبىل سەپلىمىلىرى زاۋۇتىنى شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» گۇرۇھى قەرزى بىلەن بىللە ئۆزىگە قوشۇۋالدى؛ شىنجاڭ «ئۆكتەبىر» تراكتور گۇرۇھى شىركىتىنىڭ پېيىنى «گۇاڭخۇي» گۇرۇھى تىزگىنلىمەكچى؛ شىنجاڭ 1 - ئاپتوموبىل زاۋۇتىنى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر گۇرۇھى ئۆزىگە قوشۇۋالدى؛ شىنجاڭ «قىزىل بايراق» ماشىنا - ئۈسكۈنە زاۋۇتى ۋەيران قىلىش تەرتىپىگە كىرگۈزۈلدى.

2000 - يىلى 22 كارخانا، كەسپىي ئورۇن كارخانا تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىپ بولدى، 17 كارخانا يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ تەستىقلاندى، بۇلار بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ %77نى ئىگىلىدى، تۈزۈلمە ئۆزگەرتىش دائىرىسى %70تىن كۆپرەككە يەتتى.

دۇاڭ شۇجى

### ئاپتونوم رايون ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون ساھەسىنىڭ 2000 - يىلدىكى ئومۇميۈزلۈك ئەھۋالى

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| كەسپلەر | كارخانا سانى | سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (ئۆزگەرمەس باھا) | مەھسۇلات سېتىش كىرىمى | يىللىق پايدا سوممىسى | يىل ئاخىرىدىكى تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ يىغىندىسى | ئومۇمىي خادىملارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى (قوشۇلما قىممەت) يۈەن |
|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 88 | 300460 | 337151.9 | −3788.6 | 334913 | 24781 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| دۆلەت كارخانىلىرى | 42 | 84709 | 100916.6 | —12407.47 | 132898.6 | 14132 |
| كوللېكتىپ كارخانىلار | 11 | 12250 | 16945.7 | —734.9 | 6647.1 | 23390 |
| پاي ھەمكارلىق كارخانىلىرى | 4 | 6638 | 7454.8 | 738.7 | 2380.7 | 38113 |
| چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى | 27 | 97119 | 106966.7 | —1645.6 | 142570.1 | 12773 |
| پاي چەكلىك شىركىتى | 2 | 96107 | 101090.7 | 10055.5 | 49231.1 | 214079 |
| چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا | 2 | 3637 | 3777.4 | 205.1 | 1185.4 | 75974 |
| يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى | 12 | 58147 | 54200 | —3628.5 | 66254.7 | 7913 |
| قۇرۇلۇش ماشىنىلىرى | 1 | 1626 | 1806.3 | —292.9 | 3894.8 | 3901 |
| نېفىت ھەممىباب ماشىنىلىرى | 7 | 9587 | 11681.5 | —57.5 | 11705.1 | 26956 |
| ئېغىر تىپتىكى كانچىلىق ماشىنىلىرى | 4 | 3692 | 4126.9 | —297.3 | 17907.8 | 12932 |
| ئېلېكترون ـ ئېلېكتر، سايمانلىرى | 30 | 163853 | 179921.4 | 5190.1 | 135295.9 | 53165 |
| ماشىنىسازلىق ئۇل سايمانلىرى | 3 | 3636 | 3879.7 | —1408.4 | 9810.8 | 9276 |
| ئاپتوموبىل سانائىتى | 19 | 45693 | 63335.7 | —3944.1 | 77755.4 | 12221 |
| ئاھالىلەرگە كېرەكلىك باشقا ماشىنىسازلىق | 5 | 2926 | 3344 | —115.3 | 2811 | 19643 |
| يەرلىكتە ئىشلىتىلىدىغان پارتلىتىش ماتېرىياللىرى ياساش | 4 | 7244 | 12364.3 | 470.8 | 8005.3 | 22978 |
| ئېلېكترون ساھەسى | 3 | 4056 | 2492.1 | 294.6 | 1472.2 | 27241 |

ئاپتونوم رايونىنىڭ ماشىنىسازلىق ـ ئېلېكترون سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنىڭ 2000 ـ يىلدىكى مىقدارى

| مەھسۇلات نامى | ئۆلچەم بىرلىكى | يىللىق مەھسۇلات مىقدارى |
|---|---|---|
| تراكتور | دانە | 13778 |
| تراكتورغا سۆرىتىلىدىغان تېرىقچىلىق سايمانلىرى | دانە | 147 |
| تېرىش ماشىنىلىرى | دانە | 1267 |
| تراكتورغا سۆرىتىلىدىغان سېپالكىلار | دانە | 157 |
| سۇلياۋ يوپۇق يېيىش ماشىنىسى | دانە | 1110 |
| مېخانىك زىرائەت پەرۋىش قىلىش ماشىنىلىرى | دانە | 316 |
| ئورۇش ـ يىغىش ماشىنىلىرى | دانە | 3819 |
| ئۆزى يۈرەر كومبايىن | دانە | 5619 |
| يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ترانسپورت ماشىنىلىرى | دانە | 21 |
| چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى | دانە | 1170 |
| تراكتور، ئىچىدىن يانىدىغان دۋىگاتېل زاپچاسلىرى | تۈمەن يۈەن | 637.2 |

| | | |
|---|---|---|
| توك سائىتى | تۈمەن دانە | 5 |
| نېفىت ئايرىش خىمىيە سانائىتى ئۈسكۈنىسى | توننا | 541 |
| يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان پومپا | دانە | 1623 |
| شامالدۇرغۇچ | دانە | 2059 |
| كلاپان | توننا | 316 |
| مۇھىت ئاسراش ئۈسكۈنىلىرى | توننا | 561 |
| يالىڭاچ مىس سىم ۋە مىس تراموۋاي سىمى | توننا | 208.5 |
| ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى كابېلى | 1000 مېتىر | 4690 |
| تىزگىنلەش كابېلى | 1000 مېتىر | 1562 |
| شەھەر تېلېفونى كابېلى | 1000 مېتىر | 648698 |
| لاتا قاپلانغان توك سىمى | 1000 مېتىر | 72247.2 |
| ئاككۇمۇلياتور | تۈمەن كىلوۋولت ئامپېر | 16.2 |
| ساقلىق قازان | تۈمەن يۈرۈش | 80 |
| ئۆلچەملىك گايكا | تۈمەن دانە | 1577 |
| سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان زەنجىر | توننا | 25 |
| يۈك ئاپتوموبىلى | دانە | 1425 |
| ئېغىر يۈك ئاپتوموبىلى | دانە | 1357 |
| ئوتتۇرا يۈك ئاپتوموبىلى | دانە | 68 |
| ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلغان ئاپتوموبىل | دانە | 1701 |
| موللاقچى ئاپتوموبىل | دانە | 986 |
| ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلغان سۆرەش ئاپتوموبىلى | دانە | 386 |
| ئاپتوبۇس (ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلغان) | دانە | 190 |
| ۋاگونسىمان خاس قۇراشتۇرۇلغان ئاپتوموبىل | دانە | 5 |
| ئىمۇلسىيىلەشكەن پارتلاتقۇچ دورا | توننا | 1398.7 |
| قۇرۇلۇش كاپسۇلى | تۈمەن دانە | 1959.5 |
| ئىسسىق شامالدۇرغۇچ | دانە | 110 |
| كان ئۈسكۈنىلىرى | توننا | 487 |
| كران ئۈسكۈنىلىرى | دانە | 1561 |
| ئېلېكترماتورلۇق قوش كۆۋرۈكسىمان كران | دانە | 18 |
| ئېلېكترماتورلۇق تاق كۆۋرۈكسىمان كران | دانە | 4 |
| قولدا ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان ئىمسىمان كران | دانە | 1 |
| كېشەكسىمان كران | دانە | 10 |

| | | |
|---|---|---|
| تاسمىلىق ئۆزۈتۈش ماشىنىسى | مېتىر | 2898 |
| ساناﺋەت كان ئاپتوموبىللىرى | دانە | 220 |
| پارقازان ياردەمچى ماشىنىلىرى | توننا | 326 |
| ساناﺋەت پارقازىنى | پارتوننا | 484.5 |
| ئۆزگىرىشچان ئېلېكترماتور | تۈمەن كىلوۋات | 14.1 |
| ترانسفورماتور | تۈمەن كىلوۋات | 629.7 |
| يۇقىرى بېسىملىق ۋىكلىيۇچاتېل تاختىسى | يۈزى | 843 |
| تۆۋەن بېسىملىق ۋىكلىيۇچاتېل تاختىسى | يۈزى | 29161 |
| كەپشەرلىگۈچ | دانە | 406 |
| پولات ئۆزەكلىك ئاليۇمىن ئەشمە سىم | توننا | 36936 |
| باكسمان مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان قۇراشتۇرۇلغان ئاپتوموبىل | دانە | 92 |
| ئالاھىدە قۇرۇلمىلىق مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان قۇراشتۇرۇلغان ئاپتوموبىل | دانە | 31 |
| باشقا ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلغان ئاپتوموبىل | دانە | 11 |
| ئاپتوموبىل سەپلىمىلىرى | تۈمەن يۈەن | 3409 |
| سىلىندىر قېپى | تۈمەن دانە | 18118 |
| پورشېن | تۈمەن دانە | 17 |
| پورشېن ھالقىسى | تۈمەن گۇرۇپپا | 49 |
| پولات تاختا پورژىن | تۈمەن دانە | 13 |
| ساناﺋەت، كان سەپلىمىلىرى | توننا | 423 |
| چويۇن زاپچاسلار | توننا | 2231 |
| سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز تۇڭى | دانە | 22923 |
| ماي تۇڭى | دانە | 18117 |
| بىخەتەر ئىشكاپ | دانە | 49 |
| گازارما ئاپتوموبىلى | دانە | 42 |
| كۆمۈركانلىرىدا ئىشلىتىدىغان پارتلاتقۇچ دورا | توننا | 5446.6 |
| كېڭەيىشچان پارتلاتقۇچ دورا | توننا | 6504.6 |
| ئاممونىي مايلىق پارتلاتقۇچ دورا | توننا | 2124.7 |
| تەۋرىتىش مەنبەسى دورا تۈۋرۈكچىسى | توننا | 3431 |
| كاچالكا | دانە | 1018 |

## ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون ساھەسىدە، تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىدىن 6 سى يولغا قويۇلدى، بىر تۈر تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، بۇ تۈرلەرگە 220 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغان، ئەمەلىيەتتە 160 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

2000 - يىلى شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور سانائىتىدە ئەقلىي ئىقتىدارغا ئىگە چوڭ ترانسفورماتور بويىچە (سېلىنىدىغان مەبلەغ 89 مىليون 800 مىڭ يۈەن) تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلدى ھەمدە دۆلەتنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە بېرىلىدىغان ئۆسۈمىنى قوشۇپ بېرىلىدىغان قەرز پۇل بېرىش پىلانىغا كىرگۈزۈش قولغا كەلتۈرۈلدى. شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ 186 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان قايچىلانما باغلىنىشلىق كابېل تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىدىكى مۆمكىنچىلىك تەتقىقاتى دوكلاتىنى تەكشۈرۈش تاماملاندى، مۆمكىنچىلىك تەتقىقاتى دەسلەپكى قەدەمدە لايىھىلەش باسقۇچىغا كىرىپ، دۆلەتنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش بويىچە 3 - تۈركۈمدىكى دۆلەت قەرزى پىلانىغا كىرگۈزۈلۈپ، 10 مىليون يۈەن مەخسۇس تۈردىكى قوشۇپ بېرىلىدىغان ئۆسۈم ئەمەلىيلەشتى.

مۇشۇ يىلدا 8 ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرىگە مەبلەغ سېلىش ئەمەلىيلەشتى، بۇ تۈرلەرگە 74 مىليون 970 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغانىدى، ئەمەلىيەتتە 69 مىليون 520 مىڭ يۈەن سېلىندى.

«8022» زاۋۇت بىلەن «8023» زاۋۇتنى خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇش يۈزىسىدىن كۆچۈرۈش تۈرى تاماملاندى. شىنجاڭ تارىم كۆمۈر ئاياقچىسى چەكلىك شىركىتىنىڭ 15 مىڭ توننا كۆمۈر ئاياقچىسى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىغا 123 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 10 - ئايدا مۇۋەپپەقىيەتلىك سىناق قىلىندى. شىنجاڭ ئۆلچەملىك زاپچاسلار زاۋۇتىنىڭ سۇ تېجەپ سۇغىرىش تۈرىنى تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇشنى تەكشۈرۈش ۋە «شەرق شامىلى» پەن - تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئوت ئۆچۈرۈش ئەسۋابى تۈرىنىڭ دەسلەپكى لايىھىسى تەكشۈرۈلدى.

دۆلۈڭ شۆجى

## تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە يېڭى مەھسۇلات يارىتىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون ساھەسى يارىتقان 42 خىل يېڭى مەھسۇلات باھالاپ بېكىتىلىپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 4 تۈر دۆلەت ئىچىدىكى ئالدىنقى سەۋىيىگە، 11 تۈر دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى، 4 تۈر مىنىستىرلىكنىڭ باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى، 3 تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا، 4 تۈر مىنىستىرلىكنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا، 12 تۈر تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، يېڭى مەھسۇلاتلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى نىسبىتى 26% بولدى. بىر قەدەر يۇقىرى ئۇنىۋېرسال ياخشى باھاغا ئېرىشكەنلىرى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك موسۇل يىغىش ماشىنىلىرى پاي چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبە شىركىتى ياسىغان 4LZ—1.5 ئۆزى يۈرەر كومباين، شىنجاڭ 3 - ئىستانوك زاۋۇتى ياسىغان GYJQ14—5—73HXP بىر تەرەپكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەرىكەتچان لىمغا ئېسىلغان بىرىكمە تەڭپۇڭلاشتۇرۇلغان كاچالكا، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى ياسىغان 5H11—315/10 غەيرىي خرۇستال قېتىشمىلىق ترانسفورماتور، SZ10—M—50000/110 ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ترانسفورماتورى، شىنجاڭ «خۇيتۇڭ» مۇھىت ئاسراش ئۈسكۈنىلىرى چەكلىك شىركىتى ياسىغان «مېيخاۋ» ماركىلىق LPG بېنزىن قوش يېقىلغۇ ماتېرىيال سىستېمىسىنىڭ ئالماشتۇرۇش قۇرۇلمىسىدىن ئىبارەت بولدى.

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ بىرلىشىپ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈپ، شىنجاڭ ئاپتوموبىل زاۋۇتى تېخنىكا مەركىزى ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون ساھەسىدىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 5 - كارخانا تېخنىكا مەركىزىگە ئايلاندى.

2000 - يىلى شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون ساھەسى بارلىققا كەلتۈرگەن يېڭى مەھسۇلاتلار: شىنجاڭ 3 - ئىستانوك زاۋۇتى ياسىغان CYJQ12—5—53HY دىنامېتىرىنى تەڭشەپ ئارىلىق ئۆزگەرتىپ ئېنېرگىيە تېجەيدىغان كاچالكا، CYJQ14—5—73HXP بىر تەرەپكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەرىكەتچان لىمغا ئېسىلغان بىرىكمە تەڭپۇڭلاشتۇرۇلغان كاچالكا، XH يېڭى تىپتىكى قېتىشما ئۆزۈتمىش شارىكچىسى، شىخەنزە شەھىرى «خۇانۇڭ» ئورۇق ماشىنىلىرى ماشىنىسازلىق شىركىتى ياسىغان 5XFY—10 تىپلىق سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى تەكرارلىنىدىغان كۆپ خىل ئىشلىتىلىدىغان ئاشلىق تازىلاش ماشىنىسى، شىنجاڭ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى ياسىغان 3ZF بىر يۈرۈش كولتىۋاتسىيە قىلىپ ئوغۇتلاش ماشىنىسى، 4JQS—180 شاخ - شۇمبىنى ئۇششاقلاپ ئېتىزدا قالدۇرۇش ماشىنىسى، شىنجاڭ

«تەڭرىتاغ» پارقازان زاۋۇتى ياسىغان DZL2—1—A Ⅱ بىر تۆرۋىبلىق پار قازىنى، DZL1.4—0.7/PS/70—A Ⅱ تاق قازان تۆرۋىبلىق ئىسسىق سۇ پارقازىنى، DZL2.8—0.7/95/70—A Ⅱ تاق قازان تۆرۋىبلىق ئىسسىق سۇ پارقازىنى، ئۆزۈمچى پارقازان باش زاۋۇتى LSS0.5—0.8—Y. LSS1—0.8—Y. LSS2—1—Y ياسىغان ئۆ-تۇشمە ئېقىنلىق ماي قالىنىدىغان پار قازىنى، SZL5.6—1/95/70—A Ⅱ 8tSZL10.5—1/115/70—A Ⅱ 15t. SZL14—1/130/70—A Ⅱ 20t گۈرۈپپىلاشتۇرۇپ قوراشتۇ-رۇلغان ئىسسىق سۇ پارقازىنى. شىنجاڭ «خۇيتوڭ» مۇھەت ئاسراش ئۈسكۈنىلىرى چەكلىك شىركىتى ياسىغان «مېيخاۋ» ماركىلىق LPG بېنزىن قوش يېقىلغۇ ماتېرىيال سىستېمىسىنىڭ ئالماشتۇرۇش قۇرۇلمىسى، شىنجاڭ «شىنتېشۇن» ئېلېكتر قۇۋۋىتى ئۈسكۈنىلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ياسىغان ZBW—12/0.4—500. ZBW21—12/0.4—630 ساندۇقسىمان ترانسفورماتور پونكىتى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش مەركىزى ياسىغان ILGH—546(646) تىك يۆنىلىش ئۆزگەرتىدىغان ساپان، شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى گۇرۇھى نېفىت خىمىيە سانائىتى ماشىنىسازلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ياسىغان XHJ5140GYQ—S تىپلىق 5 توننىلىق سۇيۇندۇرۇلغان نېفىت گازى باكلىق ئاپتوموبىل، XHJ9380GYQ—S تىپلىق 20 توننىلىق سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى پرىتسېپلىق باكلىق ئاپتوموبىل، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك يىغىش ماشىنىلىرى پاي چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبە شىركىتى ياسىغان 4LZ—1.5 ئۆزى يۈرەر كومبايىن، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور زاۋۇتى ياسىغان SZ10—M—50000/110. SZ10—3150/35 كىلوۋولتلۇق ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ترانسفورماتورى، SH11—315/10 غەيرىي خرۇستال قېتىشمىلىق ترانسفورماتور، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور سىم - كابېل زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان 70℃لۇق ئىزولياتور دەرىجىلىك يۇمشاق پولىۋىنىل خلورىد سۇلىياۋ، 70℃، 90℃لۇق قوغداش قېپى دەرىجىلىك يۇمشاق پولىۋىنىل خلورىد سۇلىياۋ، بېكىتىلگەن توك بېسىمى 0.6/1 كىلوۋولتلۇق پولىۋىنىل خلورىد ئىزولياتورلۇق ئوتقا چىداملىق ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى كابېلى، بېكىتىلگەن توك بېسىمى 10 كىلوۋولت ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن قايچىلانما باغلىنىشلىق پولىۋىنىل خلورىد كۆيۈشكە قارشى ئېلېكتر كابېلى، بېكىتىلگەن توك بېسىمى 0.6/1 كىلوۋولت ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن سىلىكان قايچىلانما باغلىنىشلىق پولىۋىنىل خلورىد ئىزولياتورلۇق سۇلىياۋ ئېلېكتر كابېلى، بېكىتىلگەن توك بېسىمى 35 كىلوۋولت ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن قايچىلانما باغلىنىشلىق پولى ئېتىلېن ئىزولياتورلۇق سۇغا قارشى ئېلېكتر كابېلى، بېكىتىلگەن توك بېسىمى بىر كىلوۋولت ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئۆزگىرىشچان توك پولى ئېتىلېن يوشۇرۇن تارتىلىدىغان ئىزولياتورلۇق ئېلېكتر كابېلى، بېكىتىلگەن توك بېسىمى 35 كىلوۋولتلۇق قايچىلانما باغلىنىشلىق پولى ئېتىلېن ئىزولياتورلۇق ئېلېكتر كابېلى، LQJ—400/50 پولات ئۆزەكلىك ئاليۇمىن ئەشمە سىم قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

دۆڭ شۈجى

## شىنجاڭ ئېلېكترون تەتقىقات ئورنىنىڭ پەن - تېخنىكا نەتىجىسى

2000 - يىلى شىنجاڭ ئېلېكترون تەتقىقات ئورنى ئۈچ تۈر تېخنىكىسىنى يۆلەنچۈك، سىستېمىنى توپلاشتۇرۇش ۋە يۇمشاق - قاتتىق دېتال مەھسۇلاتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، مۇناسىپ يۇمشاق دېتاللارنى بارلىققا كەلتۈرۈش، سىستېمىنى توپلاشتۇرۇش، ئاپتوماتىك تىزگىنلەش ۋە GAD تېخنىكىسى قاتارلىق نۇقتىلىق تەجرىبىخانىلارنى قۇرۇپ چىقتى. مۇشۇ يىلدا تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن، باھالاپ چىقىلغان پەن تەتقىقات نەتىجىسى 2، بۇنىڭ ئىچىدە «مەكتەپلەردە ئۇنىۋېرسال كەسىپ باشقۇرۇش سىستېمىسى» دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى. 2000 - يىلى 80 دىن ئارتۇق ئۈچ تۈر تېخنىكىسى قۇرۇلۇش تۈرىدە خېرىدارلىققا چىقتى ۋە كېڭەيتىشكە قاتناشتى. 50 تىن ئارتۇق تۈردە خېرىدارلىققا تاللاندى ۋە ئۇ يولغا قويۇلدى، تۈرلەرنىڭ توختام سوممىسى 5 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى، 40 تىن ئارتۇق تۈر پۈتۈپ تاپشۇرۇلدى، پايدىسى 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شىن دېيەن

# بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى

## بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) 3 مىليارد 630 مىليون يۈەنگە، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 27 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %8.9 ئاشتى. ناھىيە ۋە ناھىيىدىن يۇقىرى نۇقتىلىق بىناكارلىق ماتېرىياللىرى كارخانىلىرىنىڭ پايدا - زىيىنى بالانس قىلىنغاندىن كېيىنكى

پايدىسى 264 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9 ئاشتى.

2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە ۋە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇقتىلىق بىناكارلىق ماتېرىياللىرى كارخانىلىرى مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش ـ سېتىلىش نىسبىتى %99.71كە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن 2.8 پىرسەنت يۇقىرى ئۆرلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، ئوتتۇرا بىناكارلىق ماتېرىياللىرى كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ سېتىش نىسبىتى %100.4كە يېتىپ، 2.52 پىرسەنت يۇقىرى ئۆرلىدى. ستاتىستىكا قىلىنغان ناھىيە ۋە ناھىيىدىن يۇقىرى 65 ئۇقتىلىق كارخانا ئىچىدە پايدا ئالغىنى 50، زىيان تارتقىنى 15، زىيان تارتىش دائىرىسى %23.08 بولدى.

شى گېچىڭ

## قۇرۇلمىنى تەڭشەش ئەھۋالى

2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسى بويىچە قۇرۇلمىنى تەڭشەش خىزمىتىدە سېمونت ساھەسىنى يۆلەش ئىبارىسى قىلىپ، بىر تۈركۈم يېڭى تىپتىكى قۇرۇق ئىشلەش ۋە خومدان ئالماشتۇرۇش، مۇھىت ئاسراش، ئېنېرگىيە تېجەش، تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىنى ئەستىقلاپ يولغا قويدى، ئۆرە خومداندىن 19نى تاقىدى، 360 مىڭ توننىلىق قالاق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئازايتىپ، سېمونت قۇرۇلمىسىنى ياخشىلىدى، سېمونت سانائىتىدە قۇرۇق ئىشلەش يېڭى ھۈنەر ـ سەنئىتى %23كە، يۇقىرى سورتلۇق سېمونت نىسبەت سالمىقى %31كە يەتتى.

شى گېچىڭ

## تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى بىناكار ماتېرىياللىرى ساھەسىنىڭ 13 تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇشقا ئەستىقلاندى، بۇ تۈرلەرگە 850 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى. بۇ 13 تۈر بولۇپ، ئۇلار مۇنۇلار: شىنجاڭ «شىنتىيەنيى» تاش ماتېرىياللىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ 15 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق ياي شەكىللىك تاختا ماتېرىيال تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى، شىنجاڭ «تۇنخې» پاي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئىلى ئوبلاستلىق 300 مىڭ توننا سېمونت پىششىق ماتېرىيالى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى، بورتالا شەھەرلىك سېمونت زاۋۇتى ئايلانما خومدىنى تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» سېمونت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 300 مىڭ توننىلىق پىششىق ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، 500 مىڭ توننا خام ماتېرىيال تەييارلاش سىستېمىسى، 300 مىڭ توننىلىق سېمونت تالقانلاش پونكىتى، شۇنىڭدەك 300 مىڭ توننا پىششىق ماتېرىيالنى خومدان سىرتىدا پارچىلاش خومدىنى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قاتارلىق 4 تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى؛ شىنجاڭ «تۇنخې» ساۋەن ئۇگوڭ سېمونت شىركىتىنىڭ دىئامېتىرى 60×3.6/3 مېتىرلىق ئايلانما خومدانغا يۇرۇشلەشتۈرۈپ قۇرۇلىدىغان سېمونت تالقانلاش سىستېمىسى ۋە دىئامېتىرى 60×3.6/3 مېتىرلىق ئايلانما خومداننىڭ قالدۇق ئىسسىقلىقىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىش سىستېمىسىغا كۆپەيتىپ قۇرۇلىدىغان يېقىلغۇ تولۇقلاش پار قازىنى تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» سېمونت پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ كۈنىگە 2000 توننا سېمونت پىششىق ماتېرىيالى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى، شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» سۇلياۋ پولات ئىشلىك ـ دېرىزە ياساش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىپ قۇرۇش تۈرى، شىنجاڭ پولات ـ تۆمۈر گۇرۇھى شىركىتى يامانسۇ كانچىلىق شىركىتى سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئىسسىق يوقىتىپ تۇزان تۇتقۇچ تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى، شىنجاڭ «تيەنلۇڭ» سېمونت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسى بىرلىشىپ ئىشلەپچىقىرىپ مۇكەممەللەشتۈرۈش تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. يەنە 7 تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىنىڭ مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى، بۇ تۈرلەرگە 310 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى، بۇ 20 تۈرگە مۇشۇ يىلدا 320 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

شى گېچىڭ

ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسلىق بىناكارلىق ماتېرىياللىرى مەھسۇلاتلىرىنىڭ 2000 ـ يىلدىكى مىقدارى

| مەھسۇلات نامى | ئۆلچەم بىرلىكى | مەھسۇلات مىقدارى |
|---|---|---|
| خام تۇز | توننا | 317844 |
| تاشپاختا | توننا | 81173 |
| سۇنئىي تاختا | كۇب مېتىر | 44755 |

| | | |
|---|---|---|
| بىناكارلىق بوياق ماتېرىيالى | تونna | 16302.55 |
| سۇلياۋ تاختا ماتېرىيال | تونna | 4384 |
| سۇلياۋ تاياقچە تۇرۇبا ماتېرىيال | تونna | 32049.80 |
| سۇلياۋ يىپ ۋە توقۇلما ياساlمىلىرى | تونna | 18580.67 |
| كۆپۈنكى سۇلياۋ | تونna | 1480 |
| سۇلياۋ ساندۇق ۋە سۇلياۋ قاچا | تونna | 4471.80 |
| كۈندىلىك سۇلياۋ ياساlمىلىرى | تونna | 3937.30 |
| ئوتقا چىداملىق ماتېرىيال ياساlمىلىرى | تونna | 24131 |
| سېمونت پىششىق ماتېرىيالى | تۈمەن تونna | 662.80 |
| سېمونت | تۈمەن تونna | 895.67 |
| سېمونت يۇندا تۇرۇبىسى | تونna | 78750.28 |
| سېمونت بېسىم تۇرۇبىسى | تونna | 8966 |
| تاشپاختا ياساlمىلىرى | تونna | 487 |
| گرافىت ۋە كاربون ياساlمىلىرى | تونna | 8229 |
| سېمونت ستولبا | تونna | 246586.02 |
| سېمونت قۇيۇلما | كۇب مېتىر | 675095.29 |
| خىش (ئۆلچەملىك خىش) | تۈمەن دانە | 920635.60 |
| كاھىش | تۈمەن دانە | 2445 |
| مەرمەر تاش تاختا ماتېرىيال | كۋادرات مېتىر | 6294 |
| گرانىت تاش تاختا ماتېرىيال | كۋادرات مېتىر | 794688 |
| كاۋاك بېتون | كۇب مېتىر | 321561 |
| گەج تاختا | كۋادرات مېتىر | 1285489.20 |
| ماي قەغەز | يۈگەم | 1306533 |
| تاختا ئەينەك | ساندۇق | 461124 |
| كۈندىلىك ئەينەك ياساlمىلىرى | تونna | 77073 |
| سىرلانغان چاقچۇق | تۈمەن كۋادرات مېتىر | 5.93 |
| تامغا، بەرگە چاپلىنىدىغان چاقچۇق | تۈمەن كۋادرات مېتىر | 68.57 |
| سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان فارفور | تونna | 1000 |
| كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان فارفور | تۈمەن دانە | 367.46 |
| ئەينەك پولات ياساlمىلىرى | تونna | 12800 |
| سىلىقلاش سايمانلىرى | تونna | 305 |

شى گېچىلە

### يەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئەھۋالى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىدە يېڭى مەھسۇلات يارىتىش تۈرىدىن 5ى، يېڭى تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تۈرىدىن 3ى بولغا قويۇلدى. 3 كارخانىنىڭ 5 تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىسى ئاپتونوم رايوننىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش بويىچە مۇنەۋۋەر نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ ئۈرۈمچى «ۋېنگۇاڭ» سېمونت زاۋۇتى قاتارلىق 6 كارخانا ISO9002 سۈپەت سىستېمىسى گۇۋاھلىقىدىن ئۆتتى؛ 11 كارخانىنىڭ 17 خىل مەھسۇلاتى دۆلەت بېغقان ئۆلچەم بەلگىسىگە ئېرىشتى.

شى گېچماڭ

### سۈپەت باشقۇرۇش ئەھۋالى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىدىكى 12 كارخانا ۋە QC32 گۇرۇپپا مۇنەۋۋەر سۈپەت باشقۇرغۇچى ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى.

مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر QC گۇرۇپپىسى 3، ئۇلار: شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» سېمونت پاي چەكلىك شىركىتى 1 - شۆبە زاۋۇتى كۆيدۈرۈپ پۈتتۈرۈش سېخى خۇمدان بېشى QC گۇرۇپپىسى ۋە 2 - شۆبە زاۋۇت خام ماتېرىيال ھۈنەر - سەنئەت QC گۇرۇپپىسى، شىنجاڭ «تۇنخې» پاي چەكلىك شىركىتى تۇدۇڭخابا سېمونت زاۋۇتى پۈتكەن مال سېخى QC گۇرۇپپىسى.

مەملىكەت بويىچە QC گۇرۇپپىسى پائالىيىتىدە مۇنەۋۋەر كارخانا بىر: شىنجاڭ كازنۇەن سېمونت زاۋۇتى.

مەملىكەت بويىچە بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىدە مۇنەۋۋەر QC گۇرۇپپىسى 4، ئۇلار: شىنجاڭ «تۇنخې» پاي چەكلىك شىركىتى ئالاھىدە سېمونت ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى QC گۇرۇپپىسى، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» سېمونت پاي چەكلىك شىركىتى كان شۆبە زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمى «ئالتۇن كاپسۇل» QC گۇرۇپپىسى ۋە 1 - شۆبە زاۋۇتى كۆيدۈرۈپ پۈتتۈرۈش سېخى خۇمدان بېشى QC گۇرۇپپىسى، شىنجاڭ كازنۇەن سېمونت زاۋۇتى ئايلانما خۇمدان پاي شىركىتى بىخەتەرلىك QC گۇرۇپپىسى.

مەملىكەت بويىچە بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىدىكى سۈپەتتە ئىشەنچلىك ئىسمىنا - گۇرۇپپا 3، ئۇلار: شىنجاڭ «تيەنلۇڭ» سېمونت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى يېقىلغۇدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش گۇرۇپپىسى، غۇلجا شەھەرلىك سېمونت زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتى گۇرۇپپىسى، شىخەنزە نەنشەن سېمونت زاۋۇتى تالقانلاش سېخى سېمونت گۇرۇپپىسى.

مەملىكەتلىك بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسىدىكى QC گۇرۇپپا پائالىيىتىدە مۇنەۋۋەر كارخانا 3، ئۇلار: شىنجاڭ «تۇنخې» پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» سېمونت پاي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ كازنۇەن سېمونت زاۋۇتى.

شىنجاڭ «تيەنلۇڭ» سېمونت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدىكى گې سۇتىرېن مەملىكەتلىك بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسى بويىچە ئومۇميۈزلۈك سۈپەت باشقۇرۇشتا كۆزگە كۆرۈنگەن رەھبەر بولۇپ باھالاندى.

شىنجاڭ بويىچە مۇنەۋۋەر QC گۇرۇپپىسى 16، شىنجاڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ساھەسى بويىچە مۇنەۋۋەر QC گۇرۇپپىسى 10.

شى گېچماڭ

## خىمىيە سانائىتى

### خىمىيە سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە نېفىت، نېفىت خىمىيە ۋە خىمىيە سانائىتى ساھەسىنىڭ (نېفىت ۋە تەبىئىي گاز قېزىش، نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش، كوكس كۆيدۈرۈش، خىمىيە خام ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە كاۋچۇك بۇيۇملىرى كەسپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (ھازىرقى باھا) 37 مىليارد 91 مىليون يۈەنگە، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 24 مىليارد 452 مىليون يۈەنگە يېتىپ، شىنجاڭ سانائىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 43.53% ۋە 58.68% بولدى. خىمىيە سانائىتىدە (خىمىيىۋى خام ئەشيا ۋە كاۋچۇك بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقىرىش كەسپىنى كۆرسىتىدۇ) دۆلەت كارخانىسى ۋە يىللىق سېتىش كىرىمى 5 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان غەيرىي دۆلەت كارخانىسىدىن 65ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە زىيان تارتقان كارخانا 22. خىمىيە سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) 1 مىليارد 906 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 17.62%؛ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (ھازىرقى باھادا) 2 مىليارد 238 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 18.17%؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 667 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، 21.97% ئاشتى؛ خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ پايدىسى 106 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى، پۈتۈن ساھە زىيان تارتىدىغان ھالەتنى ئۆزگەرتىپ پايدا ئالىدىغان بولدى، تاپشۇرۇلغان پايدا - باج 273 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1.75 ھەسسە ئاشتى.

2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 1999 - يىلدىكىگە سېلىشتۇرغىلى بولىدىغان 34 تۈرلۈك خىمىيە سانائىتى

مەھسۇلاتى ئىچىدە 25 تۈرلۈك مەھسۇلاتنىڭ مىقدارى 1999 ـ يىلدىكىدىن ئۆكتۈشكەن دەرىجىدە ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆيدۈرگۈچى ئىشقار، ساپ ئىشقار، گۈڭگۈرتلەشكەن ئىشقار، خروملۇق كىسلاتا، كالتسىي كاربىد، سۇيۇق تاۋار ئاممىياك، فورمالدېگىد، پولىۋىنىل خلورىدلىق سىمولا ۋە رېزىنكە ئاياغ كىيىم مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەش ھەجمى %20 تىن ئېشىپ كەتتى. خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرى تىرىشىپ بازار ئېچىپ، مەھسۇلاتلارنى سېتىش سالمىقىنى زورايتتى، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشتىن قىلغان كىرىمى 2 مىليارد 188 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %15 .23 ئاشتى.

خىمىيە سانائىتى ساھەسىدە ساقلانغان مەسىلىلەر: بىرىنچى، ئاپتونوم رايون نېفىت خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرى ئارىسىدا، يەرلىك خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ ئاساسى بىر قەدەر ئاجىز. ئىككىنچى، تۈزۈم ئۆزگەرتكەن كارخانىلار ئىچىدە خېلى ساندىكى كارخانىلار تېخى زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنىڭ تەلىپى بويىچە ھەرىكەت قىلالمىدى. ئۈچىنچى، بىر قىسىم كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە تېخنىكا تەرەققىياتى يەنىلا ئاستا بولۇۋاتىدۇ. تۆتىنچى، زىياننى تۈگىتىپ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش خىزمىتىدە يەنىلا نۇرغۇن قىيىن نۇقتىلار ھەل قىلىشنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

لى شىجۈەن

ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسلىق خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنىڭ 2000 ـ يىلدىكى مىقدارى

| مەھسۇلات نامى | بىرلىكى | مەھسۇلات مىقدارى | 1999 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (±%) |
|---|---|---|---|
| گۈڭگۈرت كىسلاتاسى (%100) | توننا | 71458 | 4.82 |
| تۇز كىسلاتاسى (تەركىبى %31) | توننا | 54348 | 12.40 |
| كۆيدۈرگۈچى ئىشقار (%100) | توننا | 51831 | 22.94 |
| ساپ ئىشقار | توننا | 73496 | 143.02 |
| گۈڭگۈرتلەشكەن ئىشقار | توننا | 78761 | 21.51 |
| سۇسىز ناترىي سۇلفات | توننا | 79428 | 18.30 |
| خروملۇق كىسلاتا | توننا | 2688 | 52.73 |
| كاربىد (300 لىتىر/1000 گرام) | توننا | 51749 | 28.68 |
| سۇيۇق تاۋار ئاممىياك | توننا | 6380 | 24.66 |
| بىرىكمە ئاممىياك | توننا | 947511 | 5.67 |
| دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان خىمىيۋى ئوغۇت (%100) | توننا | 754668 | 10.08 |
| ئازوت ئوغۇتى (N100%) | توننا | 735949 | 8.62 |
| ئورىيا (N100%) | توننا | 713472 | 7.51 |
| فوسفورلۇق ئوغۇت (P205100%) | توننا | 16872 | 114.63 |
| ئېتىلېن | توننا | 162294 | 0.73 |
| پروپىلېن | توننا | 109950 | 11.93 |
| بۇتادىئېن | توننا | 23861 | —9.42 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| پاراكسىلول | | توننا | 45797 | —3.13 |
| چېككىلەنگەن مېتىل ئالكوگول | | توننا | 6830 | —19.22 |
| ئېتىلېن گلىكول | | توننا | 45945 | —4.43 |
| فورمالدېگىد | | توننا | 6000 | 54.5 ھەسسە كۆپەيدى |
| سىر | | توننا | 13035 | —8.86 |
| بىناكارلىق بوياق ماتېرىياللىرى | | توننا | 16303 | 0.09 |
| پولىۋىنىل خلورىدلىق سىمۇلا | | توننا | 33187 | 39.38 |
| پولى ئېتىلېنلىق سىمۇلا | | توننا | 130665 | —1.40 |
| پولى پروپىلېنلىق سىمۇلا | | توننا | 136646 | 6.13 |
| پولى بۇتادىئېن كاۋچۇك | | توننا | 19456 | 9.92 |
| چېككىلەنگەن پارابېنزول دىمېتىل | | توننا | 81894 | 13.02 |
| پولىئېسىر (ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە شۆبە شىركىتى) | | توننا | 48751 | —9.91 |
| كۆمۈر تاياقچىسى | | توننا | 3524 | —59.79 |
| تاش كامىر | | تۈمەن دانە | 681833 | 3.90 |
| ئۆزىتىش تاسمىسى | | كۋادرات مېتىر | 9012 | —65.47 |
| رېزىنكە شلانكا | | تۈمەن مېتىر | 73.17 | —41.44 |
| رېزىنكە ئاياغ كىيىم | | تۈمەن جۈپ | 92.77 | 175.69 |

## ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى ساھەسىدە 149 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 95 مىليون يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 54 مىليون يۈەن. ئاساسلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى مۇنۇلار: شىنجاڭ خلورلۇق ئىشقار زاۋۇتىغا 21 مىليون 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 10 مىڭ توننا ئىئون پەردىلىك كۆيدۈرگۈچى ئىشقار ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشى يېڭىدىن كۆپەيتىلىپ ۋە 10 مىڭ پولى ۋىنىل خلورىدلىق سىمۇلا ئىشلەپچىقىرىش قىسمى ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىپ قۇرۇلۇپ، شىنجاڭ خلورلۇق ئىشقار زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 30 مىڭ توننا ئىئون پەردىلىك كۆيدۈرگۈچى ئىشقار ۋە 25 مىڭ توننا پولى ۋىنىل خلورىدلىق سىمۇلا ئىشلەپچىقىرالايدىغان كۆلەمگە يەتكۈزۈلدى؛ ئاپتونوم رايوننىڭ 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن تارىم كۆمۈر تاياقچىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 90 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ 15 مىڭ توننا يېڭى ھۈنەر - سەنئەتلىك كۆمۈر تاياقچىسى زاۋۇتىنى قۇرۇپ چىقتى، بۇ قۇرۇلۇشتا ماتېرىيال سېلىپ بىر قېتىمدىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك سىناق قىلىندى؛ شىنجاڭ «تۇنخې» سانائەت - سودا شىركىتىنىڭ 5000 توننا PBT تۈرىدىكى تېخنىكا ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى؛ پوسكام نېفىت خىمىيە شىركىتىنىڭ 200 مىڭ توننا ئاممىياك، 340 مىڭ توننا ئورېيا ئىشلەپچىقىرىدىغان قىلىپ كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى ئومۇمىي گەۋدە بويىچە قۇراشتۇرۇش باسقۇچىغا كىردى؛ شىخەنزە «تيەنيې» خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ كۆيدۈرگۈچى ئىشقار ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشى ۋە PVC كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى.

لى شىجۈەن

## پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ نېفىت خىمىيە سانائىتىدە بىر تۈركۈم كارخانىلاردا تېخنىكا مەركىزى قۇرۇلدى. نۆۋەتتە 8 كارخانا دەسلەپكى قەدەمدە تېخنىكا مەركىزى ئاساسىي شەكىل قىلىنغان تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش سىستېمىسى ۋە ھەرىكەت مېخانىزمىنى تۇرغۇزدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون ئېتىراپ قىلغان تېخنىكا مەركىزى 6 بولۇپ، ئاپتونوم

رايون ئېتىراپ قىلغان سانىنىڭ 25%نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 4 نېفىت، خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرى تېخنىكا مەركىزى دۆلەت دەرىجىلىك تېخنىكا مەركىزى دەپ ئېتىراپ قىلىندى.

تېخنىكا ئۆزگەرتىش ۋە بىر تۈركۈم تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش تۈرلىرىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، پۈتۈن ساھەنىڭ تېخنىكا دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولدى. شىنجاڭ خىمىيۋى ئوغۇت زاۋۇتى ئىسسىقلىق ئالماشتۇرۇش شەكلىنى ئاپلاندۇرۇش تېخنىكىسىنى يولغا قويۇپ، ماي ئورنىغا گاز ئىشلىتىشكە باشلىغاندىن كېيىن بۇلغىنىش ئازىيىپ، ئاممىياك ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى تۆۋەنلىدى؛ شىنجاڭ «كوئېنلۇن» پاي چەكلىك شىركىتى يېقىنقى 2 يىلدا ئازكەم 18 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ ئىلغار بالون لايىھىلەش يۇمشاق دېتالىنى كىرگۈزۈپ، ماتېرىيال تەڭشەشنى، ھۈنەر - سەنئەتنى تەڭشىدى ۋە ئۆزگەرتتى. بۇ تۈر ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن يەككە بالون تەننەرخى 12 — 13 يۈەن تۆۋەنلىدى، خام ئەشيا - ماتېرىيال ھەققى ئاز كەم 6 مىليون يۈەن تۆۋەنلىدى، ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش نىسبىتى 1999 - يىلدىكىدىن 36 پىرسەنت پونكىتى ئۆستى. شىنجاڭ «تيەنيې» گۇرۇھى شىخەنزە جۇڭگو تەرەققىيات شىركىتى «جىنشى» خىمىيە سانائىتى تەتقىقات يۈرتى جېجياڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش، ئوقۇتۇش، تەتقىقات ئورۇنلىرى بىرلىشىپ بىرلىكتە بارلىققا كەلتۈرگەن «لەيلىتىش ئۇسۇلى بىلەن پولى ۋىنىل خلورىدنى بىرىكتۈرۈپ تەڭشەش ئۇسۇلى ئۈستىدىكى تەتقىقات» ۋە «پولىمېرلاش قوزۇلۇشى تېخنىكا تەتقىقاتى» تېخنىكىسى ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىلغاندىن كېيىن، ھۈنەر - سەنئەت مەشغۇلات شارائىتى ئەللاشتى، پولى ۋىنىل خلورىد ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئاشۇرۇلۇپ، ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى؛ شىنجاڭ «ليەندا» سودا - سانائەت پاي چەكلىك شىركىتى ئاز كەم 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، قىزىل زەمچە ناترىي ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىدا كۆمۈرنىڭ ئورنىغا گازنى يېقىلغۇ قىلغاندىن كېيىن، ئايلىنىش نىسبىتى ۋە خرومنىڭ يىغىۋېلىنىش نىسبىتى ئايرىم - ئايرىم 10 پىرسەنت پونكىتتىن كۆپرەك ئۆستى. ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 40% ئۆپچۆرىسىدە ئۆستى، ھەربىر توننا قىزىل زەمچە ناترىي چىقىرىشتىكى تەننەرخ، 500 يۈەن چۈشتى؛ شىنجاڭ خلورلۇق ئىشقار زاۋۇتى ئىئون پەردىلىك كۆيدۈرگۈچى ئىشقار ۋە پولى ۋىنىل خلورىد قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىپ، شۇ يىلى قۇرۇلۇش قىلىپ، شۇ يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈپ، كۆيدۈرگۈچى ئىشقار مەھسۇلاتىنى 1999 - يىلدىكىدىن 36%، پولى ۋىنىل خلورىد مەھسۇلاتىنى 35% ئاشۇردى، كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى زور ھەجىمدە ئۆستى.

لى شىجۈن

# يېنىك سانائەت

## يېنىك سانائەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ يېنىك سانائەت ساھەسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىدا ئومۇمىي جەھەتتىن ئاۋۋال بىر ئىزدا تۇرۇپ قېلىپ، كېيىن پەرۋاز قىلىشتەك ھەرىكەت ھالىتى بارلىققا كەلدى. شېكەرچىلىك كەسپىدە قۇرۇلما تەڭشىلىپ، قىزىلچا مەھسۇلاتى نىسپىي ئازايغانلىقتىن، ئالدىنقى يېرىم يىلدا ماشىنىدا ئىشلەنگەن قەنت، ئىسپىرت، دانچە ئارزاڭ قاتارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدارى 1999 - يىلدىكىدىن زور ھەجىمدە ئازايدى، يېنىك سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ئايمۇ ئاي تۆۋەنلىدى. 3 - پەسىلدە شوخلا قىيامى ئىشلەپچىقىرىشى ئاۋات پەسىلگە كىردى، شوخلا قىيامى مەھسۇلاتىنىڭ زور ھەجىمدە ئېشىشى يېنىك سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئۆرلىشىگە تۈرتكە بولدى ھەمدە ئايمۇئاي كۈچلۈك ئېشىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. 2000 - يىلى ماشىنىدا ئىشلەنگەن قەنت مىقدارى زور ھەجىمدە تۆۋەنلەپ كەتكەندىن باشقا، شوخلا قىيامى، سۇلياۋ ياسالما قاتارلىق باشقا ئاساسلىق مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدارى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئاشتى.

2000 - يىلى يېنىك سانائەت ساھەسىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 800 مىليون يۈەن بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 7.45% ئازايدى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 875 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 20.35% ئاشتى، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان 399 سانائەت كارخانىسى 99 مىليون يۈەن پايدا - باج تاپشۇردى، بۇ 1999 - يىلدىكىدىن 10% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىسى 86 مىليون يۈەن تاپشۇردى، بۇ 1999 - يىلدىكىدىن 11.5% ئاشتى. پۈتۈن ساھە بويىچە 33 مىليون يۈەن زىيان ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ شېكەرچىلىك ساھەسى زىيان تارتىدىغان ھالەتنى ئۆزگەرتىپ پايدا ئالىدىغان بولدى.

جيا ۋېنخاڭ

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ يېزىلىق سانائەت سىستېمىسى بويىچە تاپشۇرغان پايدا - بېجى ئەڭ كۆپ 8 كىچىك كارخانا

| تەرتىپى | كارخانا نامى | پايدا - باج سوممىسى (تۈمەن يۈەن) |
| --- | --- | --- |
| 1 | ئىلى ئالىي ھارىقى پاي چەكلىك شىركىتى | 24072.9 |
| 2 | شىنجاڭ تاماكا زاۋۇتى | 11634.9 |
| 3 | ئىلى چاقماق قەنت شىركىتى | 7879.1 |
| 4 | شىنجاڭ «شىنپى» گۇرۇھى | 6256.9 |
| 5 | شىنجاڭ شىخو پىۋا گۇرۇھى | 5514.7 |
| 6 | «تيەنيې» پاي چەكلىك شىركىتى | 4644.7 |
| 7 | شىنجاڭ «خوگۇاڭ» شېكەر زاۋۇتى | 3880.7 |
| 8 | «تيەنخۇاڭ» قەغەزچىلىك پاي شىركىتى | 3836.1 |

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ يېزىلىق سانائەت سىستېمىسى بويىچە سېتىش كىرىمى ئەڭ كۆپ 8 كىچىك كارخانا

| تەرتىپى | كارخانا نامى | سېتىش كىرىمى (تۈمەن يۈەن) |
| --- | --- | --- |
| 1 | ئىلى ئالىي ھارىقى پاي چەكلىك شىركىتى | |
| 2 | شىنجاڭ تاماكا زاۋۇتى | |
| 3 | «تيەنيې» پاي چەكلىك شىركىتى | |
| 4 | ئىلى چاقماق قەنت شىركىتى | |
| 5 | شىنجاڭ شىخو پىۋا گۇرۇھى | |
| 6 | باغراش قومۇشچىلىق (گۇرۇھى) شىركىتى | |
| 7 | «تيەنخۇاڭ» قەغەزچىلىك پاي شىركىتى | |
| 8 | شىنجاڭ «خوگۇاڭ» شېكەر زاۋۇتى | |

## ئاساسلىق مەھسۇلاتلار مىقدارىنىڭ ئۆرۈندىلىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ يېزىلىق سانائىتى بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان فابرىكا قەغىزى ۋە قەغەز پەنەركە 170 مىڭ توننا بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن %5.92 ئازايدى؛ ماشىنىدا ئىشلەنگەن قەنت 304 مىڭ 900 توننا بولۇپ، %34.39 ئازايدى؛ شوخلا قىيامى 298 مىڭ 500 تونىغا يېتىپ، %63.2 ئاشتى؛ خام تۇز 317 مىڭ 800 توننا بولۇپ، %17.58؛ ئاق ھاراق 75 مىڭ 400 توننا بولۇپ، %2.08 ئازايدى؛ پىۋا 186 مىڭ 200 تونىغا يېتىپ، %10.11؛ سۇلياۋ ياسالما 196 مىڭ 100 تونىغا يېتىپ، %38.39 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، سۇلياۋ يوپۇق 93 مىڭ تونىغا يېتىپ، %13.97 ئاشتى.

جيا ۋېنخاۋ

## شېكەرچىلىك كەسپىدە قۇرۇلما تەڭشەلدى

1. قۇرۇلمىنى تەڭشەشتىكى نىشان. ئەسلىدىكى كۈنىگە 32 مىڭ 700 توننا قىزىلچىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى 17 مىڭ 500 تونىغا ئازايتىلدى، شېكەرنىڭ يىللىق مىقدارى

550 مىڭ توننىدىن 300 مىڭ - 330 مىڭ تونNغا تەڭشەلدى، يىلىغا 25 مىڭ 600 توننا ئىسپىرت، 42 مىڭ توننا دانىچە ئارزاڭ ئىشلەپچىقىرىلدى. ئىلى چاقماق قەنت چەكلىك شىركىتى، كۈنەس شېكەر زاۋۇتى، «خوگۇاڭ» شېكەر زاۋۇتى، سانجى شېكەر زاۋۇتى، «شىيۇ» شېكەر زاۋۇتى، بورتالا «تيەنيۈەن» شېكەرچىلىك شىركىتى قاتارلىق تىجارەت ۋە باشقۇرۇش سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى، ئاكتىپ - پاسسىپ نىسبىتى تۆۋەن، تېخنىكا جەھەتتە قۇراللىنىش سەۋىيىسى ياخشى، كارخانا مېخانىزمى جانلىق 6 كارخانىغا نۇقتىلىق مەدەت بېرىلدى. ئاقسۇ شېكەر زاۋۇتى قاتارلىق 7 شېكەر كارخانىسى ۋەيران قىلىندى، كەسپى ئۆزگەرتىلدى. قۇرۇلمىنى تەڭشەش جەريانىدا زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنىڭ تەلىپى بويىچە، ساقلاپ قېلىنىدىغان 6 شېكەرچىلىك كارخانىسىنىڭ مۈلكى قايتىدىن تەشكىللىنىپ، 2 شېكەرچىلىك كارخانىسى (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇلدى ھەمدە قەرزنى پايغا ئۆزگەرتىش قاتارلىق مۇناسىپ ئېتىبار بېرىش، يۆلەش سىياسىتى بېرىلىپ، بۇ 2 شىركەت تېز تەرەققىي قىلدۇرۇلدى.

2. (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى تەسىس قىلىندى. شىنجاڭنىڭ شېكەرچىلىك كەسپىنىڭ كۆلەملىشىش، گۇرۇھلىشىش نىشانىغا قاراپ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ساقلاپ قېلىنىدىغان 6 شېكەرچىلىك كارخانىسى يەرلىك بىلەن بىڭتۇەننىڭ مەمۇرىي تەۋەلىك مۇناسىۋىتىگە قاراپ، يەرلىك ۋە بىڭتۇەندىن ئىبارەت 2 چوڭ شېكەرچىلىك (گۇرۇھ) شىركىتى قۇرۇپ چىقىلدى.

شىنجاڭ چاقماق قەنت (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بۇ شىركەت 2000 - يىل 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قۇرۇلۇپ ئىشقا چۈشتى. ئىلى چاقماق قەنت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، كۈنەس شېكەرچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، بورتالا ئوبلاستلىق «تيەنيۈەن» شېكەرچىلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، سانجى شېكەرچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بالا شىركەت بولدى. (گۇرۇھ) شىركىتىنىڭ مۈلكى 1 مىليارد 177 مىليون 500 مىڭ يۈەن، ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى كۈنىگە 12 مىڭ 500 توننا قىزىلچىنى بىر تەرەپ قىلالايدۇ، يىلىغا 230 مىڭ توننا شېكەر، 15 مىڭ 307 توننا ئىسپىرت، 32 مىڭ 955 توننا دانىچە ئارزاڭ ئىشلەپچىقىرالايدۇ.

شىنجاڭ «خۇگۇاڭ» شېكەرچىلىك (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بۇ شىركەت 2000 - يىل 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قۇرۇلدى. «خۇگۇاڭ» شېكەرچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، «شىيۇ» شېكەرچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بالا شىركەت بولدى. «خۇگۇاڭ» شېكەرچىلىك (گۇرۇھ) شىركىتىنىڭ ئومۇمىي مۈلكى 621 مىليون 920 مىڭ يۈەن، ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى كۈنىگە 5000 توننا قىزىلچىنى بىر تەرەپ قىلالايدۇ، يىلىغا 100 مىڭ توننا شېكەر، 6500 توننا ئىسپىرت، 2 توننا دانىچە ئارزاڭ ئىشلەپچىقىرالايدۇ.

3. قەرزنى پايغا ئۆزگەرتىش يولغا قويۇلدى. (گۇرۇھ) شىركىتى قۇرۇلغان ئاستا، (گۇرۇھ) شىركىتىدە قەرزنى پايغا ئۆزگەرتىش يولغا قويۇلدى. قەرزنى پايغا ئۆزگەرتىش ئىلتىماس قىلىنغان ئومۇمىي سومما 1 مىليارد 42 مىليون 140 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ چاقماق قەنت (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 683 مىڭ 300 يۈەن، شىنجاڭ «خۇگۇاڭ» شېكەرچىلىك (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 358 مىڭ 840 يۈەن.

4. تاقالغان، ۋەيران قىلىنغان كارخانىلار. 2000 - يىلى يەرلىكتىكى كۆلىمى كىچىك، ئۈنۈمى ناچار، مۈلكى قەرزنى قاپلىيالمايدىغان 4 شېكەرچىلىك كارخانىسىنى تاقاش، ۋەيران قىلىش لايىھىسى دۆلەت ئىقتىساد كومىتېتىغا يوللاندى، دۆلەت ئىقتىساد - سودا كومىتېتى قاتارلىق 4 مىنىستىرلىك، كومىتېت تەرىپىدىن تەستىقلىنىپ، كۈندىلىك قىزىلچىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى 6500 تونىغا ئازايتىلدى، شېكەر مىقدارى يىلىغا 126 مىڭ 200 توننا ئازايدى، يۇقىرىدىكى كارخانىلاردىن 2 سى 1999 - يىلى ۋە 2000 - يىلى تاقالدى.

جيا ۋېنخاۋ

## تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ يېنىك سانائەتتى ساھەسىدە 695 مىليون يۈەن تېخنىكا ئۆزگەرتىش مەبلىغى ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى، ئەمەلىيەتتە 651 مىليون يۈەن ئورۇندالدى. شىنجاڭ «تۇنخې» گۇرۇھىنىڭ كۈنىگە 8500 توننا شوخلا شۆنگدەك 5000 توننا شوخلا توغرالمىسىنى بىر تەرەپ قىلىش تۈرى، شىنجاڭ «شېنىنەي» بىئولوگىيىلىك مەھسۇلات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ سەۋزە شىرنىسى يۇرۇشلۇق مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى كېڭەيتىش تۈرى، سانجى «داتيەنچى» يېمەكلىك شىركىتىنىڭ كۈنىگە 30 توننا يېڭى سۈتنى بىر تەرەپ قىلىش ئىشلەپچىقىرىش تۈرى قاتارلىق بەزى نۇقتىلىق تۈرلەردە زور ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى.

# توقۇمىچىلىق سانائىتى

## توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 221 مىليون يۈەنگە (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %8.73 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە باختا توقۇمىچىلىقىنىڭ 3 مىليارد 499 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %19.75 ئاشتى؛ يۇڭ توقۇمىچىلىقىنىڭ 424 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %45.36 ئازايدى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 927 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %26.86، پايدا - باج 336 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 293 مىليون يۈەن ئاشتى، پايدا سوممىسى 44 مىليون يۈەنگە يەتتى، زىيان 268 مىليون يۈەن ئازايدى، زىياننى ئازايتىش دەرىجىسى %116كە يەتتى.

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتىدە ئېكسپورتقا تاپشۇرۇلغان مال قىممىتى 1 مىليارد 410 مىليون يۈەن خەلق پۇلىغا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %16.82 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزى باشقۇرغان ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليارد 330 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %27 ئېشىپ، ئېكسپورتقا تاپشۇرۇلغان مال قىممىتىنىڭ %94.33نى ئىگىلىدى.

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق ساھەسىدە ئۇدا 6 يىل داۋام قىلغان زىيان تارتىش ۋەزىيىتى ئۆزگىتىلىپ، ئومۇمىي كەۋدە بويىچە زىيان تارتىدىغان ھالەت ئۆزگەرتىلىپ پايدا ئېلىنىدىغان بولدى. ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش تەڭ ئاشتى، ئىقتىسادنىڭ ھەرىكەت سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، پايدا ئېلىش سەۋىيىسى زور ھەجىمدە ئۆستى. ئاساسلىق سەۋەبلەر: بىرىنچى، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تۈزۈم ئۆزگەرتىش قەدىمى تېزلەشتى؛ ئىككىنچى، كارخانىلارنىڭ قەرزگە بوغۇلۇشى ۋە ۋەيران قىلىپ قايتىدىن تەشكىللەش خىزمىتى ئازايتىلدى؛ ئۈچىنچى، باختا توقۇمىچىلىق ساھەسىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش سالمىقى زورايتىلدى؛ تۆتىنچى، دۆلەتنىڭ قوشۇۋېتىش، ۋەيران قىلىش، قەرزنى پايغا ئۆزگەرتىش قاتارلىق سىياسەت تەدبىرلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، سانائەت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش سالمىقى زورايتىلدى؛ بەشىنچى، ئورچۇق قىسقارتىش، تەڭشەش، خادىم ئازايتىش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلدى. 3 يىلدا 210 مىڭ قالاق باختا توقۇمىچىلىق ئورچۇقىنى قىسقارتىش ۋە شاللىۋېتىش، 30 مىڭ ئادەمنى قىسقارتىش پىلانى ئورۇندالدى.

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق ساھەسىدە ساقلانغان مەسىلىلەر: بىرىنچى، كارخانىلارنىڭ قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق بولمىدى، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ نىسبەت سالمىقى بەك يۇقىرى بولۇپ، مەبلەغ سېلىشنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت كاپىتال قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش قىيىنلاشتى، بۇ ھال مېخانىزمنى ئۆزگەرتىشكە پايدىسىز بولدى. ئىككىنچى، كارخانىلارنىڭ كاپىتال قۇرۇلمىسى مۇۋاپىقلاشمىدى، ئىجتىمائىي يۈكى ئېغىرلىشىپ كەتتى. ئۈچىنچى، كارخانىلارنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق بولمىدى، كارخانىلارنىڭ جايلىشىشى تارقاق، ئۇقتا كۆپ، لىنىيە ئۇزۇن، كۆلىمى كىچىك ئۈنۈمى ناچار بولدى. تۆتىنچى، كارخانا مەھسۇلاتلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق بولمىدى. تۆۋەن سەۋىيىسى، مەخسۇس تېخنىكا ۋە بازار ئۆچۈرى نىسبىي ئارقىدا قالدى، مەھسۇلاتلارنىڭ دەرىجىسى تۆۋەن، قوشۇلما قىممىتى تۆۋەن، تېخنىكا تەركىبى ئاز، بازاردىكى رىقابەت ئىقتىدارى كەمچىل بولدى. بەشىنچى، ساھەنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت تەرەققىياتى تەكشى بولمىدى، يۇڭ توقۇمىچىلىق، يىپەك، خىمىيىۋى تالا ساھەسىدىكى كۆپ سانلىق كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش زاپاس كۈچى ئاجىز بولدى، ئىشلەپچىقىرىشتا مەنپىي ئېشىش كۆرۈلدى، تىجارەت قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

رېن شۈيخۇڭ، گاۋ جياڭ

## تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتىدە تۇراقلىق مۈلۈككە 592 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغانىدى، ئەمەلىيەتتە 388 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى مۇنۇلار: «تەڭرىتاغ» توقۇمىچىلىق (گۇرۇھى) شىركىتىنىڭ 20 مىڭ ئورچۇقلۇق تولۇق سېپتا تاراش قىسمىنى ئۆزگەرتىش تۈرى، «تەڭرىتاغ» توقۇمىچىلىق (گۇرۇھى) شىركىتى سىرتتىن كىرگۈزگەن 14 دانە يەل بىلەن ئېگىرىش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى ئۆزگەرتىش تۈرى، شىنجاڭ توقۇمىچىلىق (گۇرۇھى) شىركىتى سىرتتىن كىرگۈزگەن 9 دانە يەل بىلەن ئېگىرىش ئىستانوكى بويىچە تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى، شىنجاڭ توقۇمىچىلىق (گۇرۇھى) شىركىتى سىرتتىن كىرگۈزگەن غالتەك بىلەن يىپ بوياش ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى تۈرى،



شىنجاڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى كىيىم - كېچەك كۆرگەزمە زالى
جاۋ جۈنئەن فوتوسى

سانجى پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 26 مىڭ ئۇرچۇقنى قىسقارتىش بىلەن ئۆزگەرتىشنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆزگەرتىش تۈرى، قەشقەر «شىنشىڭ» پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 30 مىڭ ئۇرچۇقلۇق سېپتا تاراشنى ئۆزگەرتىش تۈرى، «بومىيەن» پاختا توقۇمىچىلىق (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى كىرگۈزگەن پولات تازىلىغۇچى چاتما تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى، «بومىيەن» پاختا توقۇمىچىلىق (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى كىرگۈزگەن 4 دانە ئاپتوماتىك ۋالىك كومپلېكسلىغۇچى مېخانىك تۈرى، خوتەن پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى كىرگۈزگەن پولات تازىلىغۇچى چاتما تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى، لوپنۇر توقۇمىچىلىق (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتىنىڭ 55 مىڭ ئۇرچۇقلۇق سېپتا تاراش - ئۆزگەرتىش قىسمى، لوپنۇر توقۇمىچىلىق (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى كىرگۈزگەن 5 دانە ھاۋا ئېقىمى بىلەن ئېگىرىش ئىستانوكى بويىچە تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى، «تۇفېڭ» پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى كىرگۈزگەن 50 دانە بىگىزسىمان دەستىلىك توقۇش ماشىنىسى تۈرى، «كېپىنەك پادىشاھى» ئىلمە توقۇلما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 1 مىليون دانە ئالىي دەرىجىلىك ئىلمە توقۇلما ئىچ كىيىم تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى. 2000 - يىلى شىنجاڭ پاختا توقۇمىچىلىق ساھەسىدە سېپتا تارالغان يىپ نىسبىتى 13%كە، ئۇۋلاقسىز يىپ نىسبىتى 21%كە، موكىسىز رەخت نىسبىتى 8%كە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن زور ھەجىمدە ئۆسۈپ، كېيىنكى قەدەمدە پاختا توقۇمىچىلىق ساھەسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ياخشى ئاساس يارالتى.

فەن جىڭخۇڭ

## تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە يەن تەتقىقات خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭ پاختا توقۇمىچىلىق كارخانىلىرى مەھسۇلات يارىتىش ۋە تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا تەبىئىي رەڭلىك پاختا يۇرۇشلۇك مەھسۇلاتى يارىتىش، تەبىئىي تالا بىلەن خىمىيىۋى تالا ئارىلاش توقۇلغان مەھسۇلاتلارنى يارىتىش، پاختا توقۇمىچىلىقتىكى دېزماللىماي رەتلەش، يۇڭ توقۇلما بۇيۇملارنى رول فۇنكسىيىلىك رەتلەش قاتارلىقلارنى ئاساس قىلدى. باھالاشتىن ئۆتكەن تۈرلەر قوي يۇڭى توقۇلما بۇيۇملىرىنى ئادەتتىن تاشقىرى يۇمشاق قىلىپ رەتلەش ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكىسى تەتقىقاتى، تەبىئىي رەڭلىك سېپتا تارالغان پاختا يىپ مەھسۇلاتلىرى، تەبىئىي رەڭلىك پەيلەشمەيدىغان پاختا رەخت مەھسۇلاتى، سۇيەتلىك ئىلمە توقۇلما بۇيۇملىرىغا ئىشلىتىلىدىغان ھاۋا ئېقىمى بىلەن ئېگىرىلىدىغان يىپ مەھسۇلاتلىرىدىن ئىبارەت.

جاڭ شياۋشۈەن

## يۇڭ توقۇمىچىلىق ساھەسى

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتىدە يۇڭ توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ سېتىش كىرىمى 29 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 61% ئازايدى، پايدا - باج مىنۇس 5400 يۈەن بولدى. پايدا سوممىسىدا پايدا - زىيان بالانس قىلىنغاندىن كېيىنكى زىيان 71 مىليون يۈەن بولدى. كارخانىنىڭ قەرز نىسبىتى 73% بولدى.

18 يۇڭ توقۇمىچىلىق كارخانىسى ئىچىدە، پەقەت 2 كارخانىلا پايدا ئالدى، 16 كارخانا زىيان تارتتى، زىيان سوممىسى 76 مىليون يۈەنگە يەتتى. شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يۇڭ توقۇمىچىلىق (گۇرۇھى) شىركىتى 590 مىڭ يۈەن، بېيتۇن يۇڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى چەكلىك شىركىتى 2 مىليون 830 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى.

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق ساھەسى دۆلەتنىڭ قوشۇۋېتىش، ۋەيران قىلىش، قەرزنى پايغا

ئۆزگەرتىش قاتارلىق سىياسەت تەدبىرلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، سانائەت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش سالمىقىنى زورايتىپ، ئۇرچۇق ئازايتىش، قەرزنى پايغا ئۆزگەرتىش قارقىلىق، ئادەم ئازايتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى يولغا قويۇپ، بىر قىسىم زىيان مەنبەلىرىنى تۈگەتتى. لېكىن كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات دەرىجىسى تۆۋەن، تېخنىكا سەۋىيىسى قالاق بولۇش قاتارلىق بەزى چوڭقۇر قاتلام مەسىلىلىرى يەنىلا كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئىشىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ. مەھسۇلات مىقدارى ئازىيىپ، ماللار سېتىلماي، ئامبار قالدۇقى كۆپىيىپ، 2 خىل مەبلەغ ئازايماي، يۇڭ توقۇمىچىلىق ساھەسى قىيىن ئەھۋالدا قالدى.

يۇڭ توقۇمىچىلىق ساھەسىنىڭ زىيان تارتىشىدىكى سەۋەبلەر: 1) ئومۇمىي مىقداردا تەمىنلەش ئېھتىياجدىن ئېشىپ كەتتى، تۆۋەن ئاشۇرما قىممەتلىك مەھسۇلاتلار بازاردا بىر - بىرىنى چەتكە قېقىپ، باھانىڭ ئۇدا تۆۋەن بولۇشى، سېتىلىشنىڭ ئازىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 2) مەھسۇلاتلارنىڭ دەرىجىسى تۆۋەن بولۇپ، مېخانىزم جانلىق بولمىدى، بازاردىكى ئىنكاس قايتۇرۇش ئىقتىدارى ناچار بولدى. 3) تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى ناچار، ئىشلەپچىقىرىشتىكى قورال - سايمان، ھۈنەر - سەنئەت سەۋىيىسى ئارقىدا. 4) ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسى بىر قەدەر تۆۋەن، بۇ ھال كارخانىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە توسالغۇ بولدى. 5) تەشۋىقات سالمىقى يېتەرلىك بولمىدى، تەشۋىقات كەمچىل بولدى ياكى تەشۋىقات شەكلى مۇۋاپىق بولمىدى، تونۇلۇش دەرىجىسى يۇقىرى بولمىدى، بازاردىكى ئورنى ئۈزلۈكسىز تارىيىپ، ئۈنۈم چېكىنىپ كەتتى.

رېن شۈيخۇڭ

## پاختا توقۇمىچىلىق ساھەسى

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى پاختا توقۇمىچىلىق ساھەسىنىڭ سېتىش كىرىمى 4 مىليارد 821 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 18.45% ئاشتى، پايدا - باج 566 مىليون يۈەنگە يەتتى. پايدا ئومۇمىي سوممىدا پايدا - زىيان بالانسى قىلىنغاندىن كېيىنكى پايدا 96 مىليون يۈەنگە يېتىپ، زىيان 198 مىليون يۈەن ئازايدى. ئاكتىپ - پاسسىپ نىسبىتى 76% بولۇپ، 8 پىرسەنت پوئىنتى چۈشتى.

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ پاختا توقۇمىچىلىق كارخانىلىرى بازار ئۆگىنىلىشتەك پايدىلىق پۇرسەتنى تۇتۇپ، بازارنى يېتەكچى قىلىپ، ئىلغار تېخنىكا ئارقىلىق ئەئەنىۋى كەسىپنى ئۆزگەرتىپ، مەھسۇلات تۈرلىرىنى كۆپەيتىش، سۈپىتىنى ياخشىلاش، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش ۋە ئېكسپورتنى كۆپەيتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ مەھسۇلاتنى، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى. 2000 - يىلى سېپتا تارالغان يىپ نىسبىتى 1999 - يىلدىكىدىن 3.06 پىرسەنت پوئىنتى ئۆستى، ئۇلاقسىز يىپ نىسبىتى 17 پىرسەنت پوئىنتى، موكىسىز رەخت نىسبىتى 14 پىرسەنت پوئىنتى ئۆستى. يېتەكچى مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش پايدا نىسبىتى 4.5%، ئۆزى باشقۇرغان ئېكسپورت نىسبىتى 24% ئاشتى.

رېن شۈيخۇڭ

شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ 2000 - يىلدىكى ئورۇندىلىش ئەھۋالى

| تۈرى | بىرلىكى | 2000 - يىل | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى ±% |
|---|---|---|---|
| سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (ساھە بويىچە) | 100 مىليون يۈەن | 52.21 | 8.73 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: سېتىپما ئىچىدىكىسى | 100 مىليون يۈەن | 46.28 | 5.37 |
| سانائەت قوشۇلما قىممىتى | 100 مىليون يۈەن | 19.27 | 26.86 |
| خىمىيۋى تالا | توننا | 30326 | —3.84 |
| يىپ | توننا | 334307 | 13.56 |
| رەخت | 10 مىڭ مېتىر | 28060 | 2.22 |
| بويالغان رەخت | 10 مىڭ مېتىر | 1869 | —25.09 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| سوكنو | 10 مىڭ مېتىر | 754 | —13.83 |
| يۇڭ ئىچىدە: سېپتا ئېگىرىلگىنى | 10 مىڭ مېتىر | 750 | —12.38 |
| توم ئېگىرىلگىنى | 10 مىڭ مېتىر | 4 | —78.95 |
| تىۋىت يىپ | توننا | 1184 | —31.88 |
| يۇڭ ئەدىيال | 10 مىڭ دانە | 0.49 | —96.23 |
| پاختا ئىلمە توقۇلمىلارنىڭ يىپقا سۇندۇرۇلۇشى | توننا | 2935 | —31.65 |
| مەشۇت | توننا | 149 | —44.19 |
| يىپەك توقۇلما | 10 مىڭ مېتىر | 212 | 18.44 |
| زىغىر تالايىپى | توننا | 1257 | 3.03 |
| كىيىم ـ كېچەك | 10 مىڭ قۇر | 1220 | —6.30 |
| ئېكسپورتقا تاپشۇرغان مال قىممىتى | 100 مىليون يۈەن | 14.10 | 16.82 |

### ئۈرچۈك ئازايتىش ئەھۋالى

2000 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە يۇڭ توقۇمىچىلىقتا 16 مىڭ 428 ئۈرچۈك ئازايتىلدى (بۇنىڭ ئىچىدە سېپتا ئېگىرىشتە 13 مىڭ 828 ئۈرچۈك، يىرىك ئېگىرىشتە 2600 ئۈرچۈك ئازايتىلدى)، ئۈرچۈك ئازايتىش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان كارخانىلار ئىلى يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، ئىلى 2 ـ يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، ئىلى 3 ـ يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، خېجىڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدىن ئىبارەت 4 كارخانا بولۇپ، مەركەز ئۈرچۈك ئازايتقاندا تولۇق سومىلىق 13 مىليون 319 مىڭ 600 يۈەن تولۇقلىما بەردى. يىپەكچىلىكتە 8400 ئۈچ ئازايتىلدى، ئۈچ ئازايتىشنى قەشقەر يىپەك فابرىكىسى، يەكەن ناھىيىلىك يىپەك تارتىش فابرىكىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يىپەك فابرىكىسى، شايار ناھىيىلىك يىپەك تارتىش فابرىكىسىدىن ئىبارەت 4 كارخانا زىممىسىگە ئالدى. ئۈچ ئازايتىشقا 2 مىليون 16 مىڭ يۈەن تولۇقلىما مەبلەغ ئەمەلىيلەشتى، بۇ مەبلەغنىڭ %50نىنى مەركەز مالىيىسى، %50نى بەرلىك مالىيە ئۈستىگە ئالدى.

فەن جىجۇڭ

## تاماكىچىلىق

### تاماكىچىلىقنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2000 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ تاماكىچىلىق ساھەسىنىڭ پايدا ـ بېجى 200 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پايدا 119 مىليون يۈەن. سانائەتتە 105 مىڭ يەشىك پاپىروس ئىشلەپچىقىرىلدى؛ سودىدا 323 مىڭ 800 يەشىك پاپىروس سېتىلدى؛ 2600 گېكتار يەرگە كۆك تاماكا تېرىلدى، 3800 توننا كۆك تاماكا سېتىۋېلىندى. قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 6551ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. تۈزلۈك يالغان، ساختا، ئەتكەس پاپىروستىن 16 مىڭ 636 يەشىك قولغا چۈشۈرۈلدى، 6 مىليون 270 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى ۋە مۇسادىرە قىلىندى.

جاڭ شۇۋېن

### كۆك تاماكا ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2000 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە 2600 گېكتار يەرگە كۆك تاماكا تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇتۇلىدىغان تاماكا تېرىلغان يەر 200 گېكتار، خۇشپۇراق تاماكا تېرىلغان يەر 2300 گېكتار. 3800 توننا كۆك تاماكا سېتىۋېلىندى، 3030 توننا كۆك تاماكا سېتىلدى، 4 مىليون 40 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىلدى.

جاڭ شۇۋېن

### سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

2000 ـ يىلى «سانغۇن» گۇرۇھى شىنجاڭ پاپىروس زاۋۇتى ئىچكى قىسمىدىكى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن، سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش پائالىيىتىنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرۈپ، بازار رىقابىتى ئېغىنى كۈچەيتىپ، كارخانىلارنى 3 يىلدا قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نىشانىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇپ، يەرلىكتە ئىشلەپچىقىرىلغان پاپىروسنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ سېتىش، سودا ـ سانائەت جەھەتتە قوش زىيان تارتىشتەك پاسسىپ ۋەزىيەتنى

ئوگىنىۋالدى. مۇشۇ يىلدا 105 مىڭ يەشىك پاپىروس ئىشلەپچىقىرىپ، 5 مىليون يۈەن پايدا ياراتتى، يۆتكەن پاپىروسنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %99.5كە يەتتى، پاپىروسنىڭ سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستى

جاڭ شۇۋېن

## مونوپول تىجارىتىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2000 ـ يىلى شىنجاڭ تاماكا مونوپول ئىدارىسى ئىچكى قىسمىنى باشقۇرۇش، سىرتقا زەربە بېرىش، ئۆز يېرىنى قوغداش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش بىلەن مونوپوللۇق سېتىشنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئىچكى قىسمىنى باشقۇرۇش، سىرتقا زەربە بېرىش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ پاپىروس بازارلىرىنى تىرىشىپ مۇقىملاشتۇردى ۋە ساپلاشتۇردى. شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى ۋە «قوش تور» قۇرۇلۇشىغا بىرلەشتۈرۈپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلەردىكى مونوپول تىجارەت باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى راۋانلاشتۇرۇش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان مونوپول تىجارەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ باردى، يىل ئاخىرىغا قەدەر ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك مونوپول تىجارەت بىۋاسىتە قاراشلىق شۆبە ئىدارىلىرى تامامەن قۇرۇلۇپ بولدى ھەمدە خىزمەتنى قانات يايدۇردى. مۇشۇ يىلدا قانۇنغا خىلاپ تۈرلۈك دېلودىن 6551 نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، تۈرلۈك قانۇنسىز پاپىروستىن 16 مىڭ 635 يەشىكنى ئېنىقلاپ قولغا چۈشۈرۈپ، 6 مىليون 270 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى ۋە مۇسادىرە قىلدى.

جاڭ شۇۋېن

## پاپىروسنىڭ سېتىلىش ئەھۋالى

2000 ـ يىلى شىنجاڭ تاماكىچىلىق شىركىتى ماكرولۇق تەڭشەش ـ تىزگىنلەش سالمىقىنى زورايتىپ، پاپىروس سېتىش تورى قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈردى. ئاپتونوم رايون بويىچە 323 مىڭ 800 يەشىك پاپىروس سېتىپ، 114 مىليون 190 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى.

جاڭ شۇۋېن

## تاشقى سودا ئەھۋالى

2000 ـ يىلى شىنجاڭ تاماكىچىلىق شىركىتى «سانفۇن» گۇرۇھى بىلەن بىرلىشىپ قازاقىستاندا پاپىروس ئىشلەپچىقىرىش بىرلەشمە كارخانىسىنى قۇردى. مۇشۇ يىلدا ئېكسپورت ئارقىلىق 9 مىليون 620 مىڭ دوللار تاشقى پېرېۋوت يارىتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %23.55 ئاشۇردى.

جاڭ شۇۋېن

# قاتناش، ئالاقە

## تۈمۈريول

### ئومۇمىي ئەھۋال

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئۈرۈمچى تۈمۈريول ئىدارىسىنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 17 مىليارد 290 مىليون يۈەنگە، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ساپ قىممىتى 13 مىليارد 530 مىليون يۈەنگە يەتتى. تىجارەت قىلىنىغان تۈمۈريول مۇساپىسى 2545.2 كىلومېتىرغا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 561.2 كىلومېتىر كۆپەيدى؛ ئۇزارتىلغان لىنىيە 4365.6 كىلومېتىرغا يېتىپ، 501.9 كىلومېتىر كۆپەيدى؛ بۇنىڭ ئىچىدە رەسمىي لىنىيە 3536.4 كىلومېتىر بولۇپ، 460.5 كىلومېتىر كۆپەيدى. ئاچال 306گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەم قارايدىغان ئاچال 26. ئىدارە بويىچە تىجارەت قىلىنىغان تۈمۈريولنىڭ لىنىيە ئۇزۇنلۇقى ئىچىدىكى قوش لىنىيە 986.3 كىلومېتىر بولۇپ، ئىدارە بويىچە تىجارەت قىلىنىغان تۈمۈريول لىنىيە ئۇزۇنلۇقىنىڭ %38.75نى ئىگىلىدى؛ ئۇلاغسىز لىنىيە 486 كىلومېتىرغا يەتتى؛ تىجارەت قىلىنىغان تۈمۈريول لىنىيە ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلكە بويىچە ئايرىغاندا، گەنسۇ چېگرىسى ئىچىدىكى 235.5 كىلومېتىر، شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى 2309.9 كىلومېتىر. ئىدارە بويىچە 1494 كۆۋرۈك بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 53 مىڭ 789.7 مېتىرغا، 55 تونېل بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 43 مىڭ 378 مېتىرغا يەتتى. خەۋەرلىشىش ئېلېكتر كابېلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3950.5 كىلومېتىرغا، خەۋەرلىشىش نۇر كابېلى 2580 كىلومېتىرغا، يۆتكىلىمە دولقۇنلۇق تېلېفون تۈگەنچى ئاپپارات 60قا، پروگراممىلىق تېلېفون كوممۇتاتورىنىڭ ئومۇمىي سىغىمى 65 مىڭ 750 لىنىيىگە، سىمسىز تەڭشىلىدىغان مۇقىم راتسىيە 252گە، ۋاگوندىكى راتسىيە 537 گە، قولدا كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان راتسىيە 1781گە، سىگنال توسقۇچ 2564.7 كىلومېتىرغا يەتتى. سەپلەنگەن ئىچىدىن پاسىدىغان دېۋىگاتېل 375گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 43ى كۆپەيدى. سەپلەنگەن يولۇچى ۋاگونى 1269غا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 54ى كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە يۇمشاق، قاتتىق كارىۋاتلىق ۋاگون 580، يۇمشاق، قاتتىق ئورۇندۇقلۇق ۋاگون 432، ۋوگزال 135كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك ۋوگزال 4، 2 - دەرىجىلىك ۋوگزال 4، گۇرۇپپىلاش ۋوگزالى بىر.

ئىدارە بويىچە 62 مىڭ 908 ئىشچى - خىزمەتچى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 58 مىڭ 872، ئىش ئورنىدا بولمىغان ئىشچى - خىزمەتچى 4036.

2000 - يىلى ئۈرۈمچى تۈمۈريول ئىدارىسى بويىچە 9 مىليون 792 مىڭ يولۇچى توشۇلۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن %13.1 ئاشتى. 35 مىليون 705 مىڭ توننا يۈك توشۇلۇپ، %11.5 ئاشتى. سۈندۈرۈپ ھېسابلانغان ئوبوروت مىقدارى 42 مىليارد 540 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %18.1 ئاشتى؛ خەلقئارا تۈمۈريولدا بىرلىشىپ توشۇلغان يۈك 4 مىليون 259 توننىغا يېتىپ، %20.2 ئاشتى؛ ھەربىي ئىشلار بويىچە ترانسپورتنى نەقلەشتۈرۈش نىسبىتى %100كە يەتتى. لەنجۇ - شىنجاڭ تۈمۈريول لىنىيىسىنىڭ ترانسپورت كىرىمى 4 مىليارد 580 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %16.2 ئاشتى، پايدىسى 319 مىليون يۈەنگە يەتتى. تۈمۈريول مىنىستىرلىكى بەلگىلىگەن «ئۈچ نىسبەت» كۆرسەتكۈچى ئومۇميۈزلۈك ئورۇندالدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ تۈمۈريول لىنىيىسىنىڭ زىيىنى تۈمۈريول مىنىستىرلىكى بەلگىلىگەن كۆرسەتكۈچ ئىچىدە تىزگىنلەندى، لەنجۇ - شىنجاڭ تۈمۈريول لىنىيىسىنىڭ غەربىي بۆلىكىدە كىرىم - چىقىم تەڭپۇڭلاشتى. 2000 - يىلى ئىدارە بويىچە قۇرۇلۇشقا 1 مىليارد 100 مىليون يۈەن مەبلەغ ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 730 مىليون يۈەن (جەنۇبىي شىنجاڭ تۈمۈريولىنىڭ غەربىي بۆلىكىگە سېلىنغان مەبلەغ 650 مىليون يۈەن)، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 450 مىليون يۈەن. كۆپ خىل تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلارنىڭ سېتىش كىرىمى 723 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 75 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە، كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 410 مىليون يۈەنگە، پايدىسى 14 مىليون يۈەنگە يەتتى. ترانسپورت كەسپى بويىچە ئومۇمىي خادىملارنىڭ سۈندۈرۈپ ھېسابلانغان يىللىق ئوتتۇرىچە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 1 مىليون 208 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى، ئالاتاۋ پورتىدىن كىرگۈزۈلگەن،

چىقىرىلغان يۈك 4 مىليون 200 مىڭ توننىغا يېتىپ، %18.6 ئاشتى.

2000 ـ يىلى ئىدارە بويىچە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 57 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %7.5 ئاشتى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق كىرىمى 16 مىڭ 953 يۈەنگە يېتىپ، %6 ئاشتى؛ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ پېنسىيە تولۇقلىما سۇغۇرتىسىدا كارخانا ئۈستىگە ئالغان ھەر ئادەمنىڭ ھەر ئايلىق ئوتتۇرىچە تولۇقلىما سوممىسى 53 يۈەندىن 85 يۈەنگە ئۆستۈرۈلۈپ، %60 ئاشتى.

لى شياۋۋېن

## خەلقئارا بىرلەشمە ترانسپورتتا ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلىنغان مال 4 مىليون 250 مىڭ توننىغا يەتتى

2000 ـ يىلى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەنماللارنى توشۇش مىقدارى 3 مىليون 766 مىڭ توننىغا يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن 516 مىڭ 200 توننا كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە خام نېفىت 729 مىڭ توننا، پولات ـ تۆمۈر 2 مىليون 744 مىڭ توننا، پاختا 82 مىڭ توننا، خىمىيەۋى ئوغۇت 74 مىڭ توننا، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتى 46 مىڭ توننا، ياغاچ ماتېرىياللىرى 41 مىڭ توننا، كوللېكتور 13 مىڭ توننا، باشقا ماللار 37 مىڭ توننا. بۇ بىر يىلدا چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن مال قاچىلانغان ساندۇق 181 ۋاگون، 400 ئۆلچەملىك ساندۇقتا، بوش ساندۇق 1268 ۋاگون، 2766 ئۆلچەملىك ساندۇقتا يەتتى. چېگرىدىن چىقىرىلغان يۈكنىڭ توشۇلۇش مىقدارى 492 مىڭ 500 توننىغا يېتىپ، %68.1 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە كوكس 194 مىڭ توننا، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتى 42 مىڭ توننا، يېمەكلىك 14 مىڭ توننا. باشقا يۈك 242 مىڭ 500 توننا. مۇشۇ بىر يىلدا چېگرىدىن چىقىرىلغان يۈك قاچىلانغان ساندۇق 2926 ۋاگون، 6548 ئۆلچەملىك ساندۇقتا يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا خەلقئارا بىرلەشمە ترانسپورتتا ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلىنغان يۈك 4 مىليون 258 مىڭ 800 توننىغا يېتىپ، يىللىق پىلان %118 ئورۇندىلىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %20.2 ئاشتى.

لى شياۋۋېن

ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ 2000 ـ يىللىق ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

| تۈرى | بىرلىكى | ئورۇندىلىشى | 1999 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (±%) |
|---|---|---|---|
| سۈندۈرۈپ ھېسابلانغان ئوبوروت مىقدارى | 100 مىليون توننا ـ كىلومېتىر | 425.7 | 16.8 |
| يولۇچى ئوبوروت مىقدارى | 100 مىليون ئادەم ـ كىلومېتىر | 91.5 | 17.9 |
| يۈك ئوبوروت مىقدارى | 100 مىليون توننا ـ كىلومېتىر | 329.6 | 16.7 |
| يولۇچى توشۇش مىقدارى | تۈمەن ئادەم | 972.5 | 12.3 |
| يۈك توشۇش مىقدارى | تۈمەن توننا | 3555.3 | 11.1 |
| كۈندە ئوتتۇرىچە يۈك قاچىلانغان ۋاگون | ۋاگون | 1848 | 9.4 |
| كۈندە ئوتتۇرىچە ئىشلىتىلگەن ۋاگون | ۋاگون | 10980 | 8.5 |
| يۈك پويىزنىڭ ئوبوروت كۈن سانى | كۈن | 4.65 | 0.03 |
| يۈك پويىزنىڭ كۈندىلىك توشۇش مىقدارى | تۈمەن توننا ـ كىلومېتىر | 107.3 | —1.4 |
| يۈك توشۇش پاراۋوزى ئوتتۇرىچە سۆرەيدىغان ئومۇمىي ئېغىرلىق | توننا | 2320 | 2.4 |
| پاراۋوز تۈمەن توننا ـ كىلومېتىردا سەرپ قىلغان ماي | كىلوگرام | 30.1 | —1.6 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ترانسپورت كىرىمى | تۈمەن يۈەن | 432602 | 15.5 |
| ترانسپورتتا ئومۇمىي خادىمنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى | تۈمەن | 122.5 | 5.6 |
| يولۇچى پويىزىنىڭ ۋاقتىدا يولغا چىقىش نىسبىتى | % | 99.7 | 0.1— پىرسەنت پوئىنتى |
| يولۇچى پويىزىنىڭ ۋاقتىدا يولغا چىقىش نىسبىتى | % | 99.5 | 0.3— پىرسەنت پوئىنتى |
| يۈك پويىزىنىڭ ۋاقتىدا يولغا چىقىش نىسبىتى | % | 99.4 | 0.3— پىرسەنت پوئىنتى |
| يۈك پويىزىنىڭ ۋاقتىدا يولغا چىقىش نىسبىتى | % | 97.2 | 0.1— پىرسەنت پوئىنتى |
| ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ | تۈمەن يۈەن | 101278 | 41.9— |
| يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ | تۈمەن يۈەن | 55491 | 2 |

لى شياۋۋېن

## خەلقئارادا يولۇچىلارنى بىرلىشىپ توشۇش ئەھۋالى

ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى 2000 ـ يىلى يولغا سالغان خەلقئارا يولۇچى پويىزى 105كە، يولغا سالغان جۈڭگو ۋە چەت ئەللىك يولۇچى 15 مىڭ 567 گە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن 11.2% ئاشتى. يېتىپ كەلگەن خەلقئارا يولۇچى پويىزى 105كە، جۈڭگو ۋە چەت ئەللىك يولۇچى 21 مىڭ 54 كە يېتىپ، 19% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا توشۇلغان جۈڭگو ۋە چەت ئەللىك يولۇچى 36 مىڭ 621 گە يېتىپ، 15.58% ئاشتى، خەلقئارادا يولۇچىلارنى بىرلىشىپ توشۇش كىرىمى 1 مىليون 250 مىڭ شۋېتسارىيە فىرانكىغا يەتتى.

لى شياۋۋېن

## سۈرئەتنى تېزلىتىش قۇرۇلۇشى

ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى 2000 ـ يىلى 2 مىليارد 470 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئىدارە بويىچە سۈرئىتى تېزلىتىلىدىغان رايون، ئۇچاستكىدىكى رەسمىي لىنىيىنى 2846.3 كىلومېتىر ئۆزارتتى، بۇ، ئىدارە قارىمىقىدىكى رەسمىي لىنىيە ئۇزۇنلۇقىنىڭ 73.2%نى ئىگىلىدى. يول ئۆلىنى كەڭ كۆلەمدە ئۆزگەرتىپ، 2102 كىلومېتىر يول ئۆلىنى كېڭەيتتى؛ 685 كۆرۈكپا سۈرئىتى تېزلىتىلىدىغان ئاچالنى ئالماشتۇردى، 81 توز كۆۋرۈكنى ئۆتۈشمە كۆۋرۈككە ئۆزگەرتتى، 48 يەردىكى كىچىك دىئامېتىرلىق ئەگرى يۈزنى ئۆزگەرتتى، 258.7 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا مۇھاپىزەت سالاسۇنى ئورناتتى، ھەر 60 كىلوگرام كېلىدىغان 150 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى پولات رېلىسنى ئۇلاغسىز لىنىيىگە ئالماشتۇردى. 61.3 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى 107 مىڭ 800 تال شىپالنى ئالماشتۇردى. 243 كۆۋرۈك ـ سۇڭگۈچنى تۈزەشتۈردى، 17 مىڭ 795 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سىگنال كابېلىنى يۆتكەپ ئورناتتى، 25 سىگنال ماشىنىسىنى يۆتكەپ ئورناتتى، سۈرئىتى تېزلىتىلىدىغان 40 پاراۋوز، 332 ۋاگون ھەپلىدى. سۈرئىتى تېزلىتىلىدىغان پاراۋوز، ۋاگونلارنى رېمونت قىلىش ئەسلىھەلىرىنى قۇردى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. 2000 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تۆمۈريول سۈرئىتى 3 ـ قېتىم زور دەرىجىدە تېزلىتىلگەندىن كېيىن، لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولى رەسمىي لىنىيىدىكى يولۇچى پويىزىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سۈرئىتى سائىتىگە 140 كىلومېتىرغا يەتتى، لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ غەربىي بۆلىكىنىڭ سۈرئىتى سائىتىگە 120 كىلومېتىرغا يەتكۈزۈلدى. جەنۇبىي شىنجاڭ لىنىيىسىنىڭ سۈرئىتى سائىتىگە 110 كىلومېتىرغا يەتكۈزۈلدى. ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭغا بارىدىغان پويىزنىڭ قاتناش ۋاقتى 48 سائەتكە، شاڭخەيگە بارىدىغان پويىزنىڭ ۋاقتى 51 سائەتكە قىسقارتىلدى. باشقا يولۇچى پويىزلىرىنىڭ قاتناش ۋاقتىمۇ زور دەرىجىدە قىسقارتىلدى. ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى 2000 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ماگدۇرغان ئالاھىدە تېز يولۇچى پويىزى 5 جۈپ، ئىدارە ھالقىيدىغان تېز سۈرئەتلىك يولۇچى پويىزى بىر جۈپ، ئىدارە ھالقىيدىغان ئادەتتىكى يولۇچى پويىزى 5 جۈپ، خەلقئارا يولۇچى پويىزى بىر جۈپ، باشقۇرۇش تەۋەسىدىكى تېز سۈرئەتلىك يولۇچى پويىزى 5 جۈپ، باشقۇرۇش تەۋەسىدىكى ئادەتتىكى يولۇچى تېز پويىزى 2 جۈپ، باشقۇرۇش تەۋەسىدىكى ئادەتتىكى يولۇچى ئاستا پويىزى 4 جۈپ، ئۈرۈمچى — جىنەن يولۇچى پويىزى ھەر كۈنى قاتناشقا ئۆزگەرتىلدى. بىر جۈپ ئۈرۈمچى — خەنكو ئالاھىدە تېز پويىزى، بىر جۈپ ئۈرۈمچى — لەنجۇ بىۋاسىتە تېز پويىزى، بىر جۈپ لەنجۇ — دونخۇاڭ تېز پويىزى، ئۈرۈمچى غەربىي ۋوگزالىدىن قۇمۇلغا، قۇمۇلدىن سولىخېغا، تۇرپاندىن قەشقەرگە قاتنايدىغان 3 جۈپ ئاستا پويىز يېڭىدىن كۆپەيتىلدى. كورلىدىن لېيەنيۈنگاڭغا بارىدىغان يولۇچى پويىزى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

لى شياۋۋېن

### ئۈرۈمچى — خەنكو ئالاھىدە تېز يولۇچى پويىزى قاتناشقا باشلىدى

ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى 2000 - يىل 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تۇنجى قېتىم ئۈرۈمچى — خەنكو 3/192T، 1/194 - قېتىملىق ئالاھىدە تېز يولۇچى پويىزىنى يولغا سالدى، بۇ پويىز ھەر كۈنى قاتنايدىغان بولدى، پويىز شىنجاڭ، گەنسۇ، شەنشى، خېنەن، خۇبېيدىن ئىبارەت 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننى بېسىپ ئۆتىدۇ، ئومۇمىي قاتناش ۋاقتى 48 سائەت.

لى شياۋۋېن

### ئۈرۈمچى — كۈيتۇڭ قوش قەۋەتلىك يولۇچىلار پويىزىنىڭ مۇساپىسى شىخوغىچە ئۇزارتىلدى

ئۈرۈمچى — كۈيتۇڭ قوش قەۋەتلىك يولۇچىلار پويىزىنىڭ مۇساپىسى 2000 - يىل 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى شىخو ۋوگزالىغىچە ئۇزارتىلدى، قاتناش سۈرئىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن سائىتىگە 120 كىلومېتىرغا يەتتى، قىسمەن رايون، ئۇچاستكىلاردا سائىتىگە 140 كىلومېتىرغا يەتتى. يولۇچىلار پويىزغا چىققاندىن كېيىن بىلەت ئالىدىغان بولدى.

لى شياۋۋېن

### جۇڭگو - مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى يولۇچىلار ساياھەت قىلغاچ نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىش بىۋاسىتە پويىزى قاتناشقا باشلىدى

جۇڭگو - مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى تۆمۈريولىدا 2000 - يىل 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن باشلاپ، ساياھەت قىلغاچ نەرسە - كېرەك سېتىۋالىدىغان، يۈك توشۇيدىغان بىۋاسىتە پويىز قاتناشقا باشلىدى. بۇ پويىزنىڭ خەلقئارا يۈك توشۇش كەسپىنى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى جۇڭگو تۆمۈريول تاشقى مۇلازىمەت شىركىتى ۋاكالىتەن بېجىرىدىغان بولدى، قازاقىستان تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ ساياھەت قىلغاچ نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىپ بىۋاسىتە بارىدىغان لاپاسلىق پويىزىدىن پايدىلاندى، ھەربىر گورۇپپا 8 - 15 ۋاگوندىن تەركىب تاپقان، گورۇپپىلارنىڭ چېتىقلىرى ئاجرىتىلمايدۇ، چېگرىدىكى ۋوگزاللارغا كەلگەندە ئالماشتۇرۇلمايدۇ، خەلقئارا يۈك - تاقلارنى بىر بېلەت بىلەنلا بىۋاسىتە يەتكۈزۈش يولغا قويۇلدى، پۈتۈن قاتناش مۇساپىسى يولۇچىلار پويىزىنىڭ ۋاقتى بويىچە بولىدۇ، ئۈرۈمچىدىن ئالمۇتىغا بېرىش ئۈچۈن 13 سائەت 20 مىنۇتلا ۋاقىت كېتىدۇ.

لى شياۋۋېن

### «ئاق قۇ» قوش قەۋەتلىك ھاۋا تەڭشىگۈچى بار كارىۋاتلىق ساياھەت پويىزى 3 قېتىم تەڭشەلدى

ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى 2000 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىدىكى قوش قەۋەتلىك، ھاۋا تەڭشىگۈچى بار كارىۋاتلىق ساياھەت پويىزىنى 3 قېتىم تەڭشىدى. ئۈرۈمچى — كورلا ئوتتۇرىسىدا قاتنايدىغان «ئاققۇ» قوش قەۋەتلىك، ھاۋا تەڭشىگۈچى بار كارىۋاتلىق ساياھەت پويىزىنىڭ مۇساپىسى 2000 - يىل 1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئاقسۇغىچە ئۇزارتىلىپ، ھەر 2 كۈندە بىر قېتىم قاتنايدىغان بولدى، ئۈرۈمچى ۋوگزالى 2000 - يىل 1 - ئاينىڭ 24 -، 25 - كۈنلىرىدىن باشلاپ، ئاقسۇغا بارىدىغان قوش قەۋەتلىك، ھاۋا تەڭشىگۈچى بار كارىۋاتلىق ساياھەت پويىزىنى ئۇدا 2 كۈن يولغا سالدى. 26 -، 27 - كۈنلىرىدىن باشلاپ، كورلىغا بارىدىغان قوش قەۋەتلىك، ھاۋا تەڭشىگۈچى بار كارىۋاتلىق ساياھەت پويىزىنى ئۇدا 2 كۈن يولغا سالدى، كېيىن، مۇشۇ تەرتىپ بويىچە ماڭىدىغان بولدى. ئاقسۇ ۋوگزالى 1 - ئاينىڭ 25 -، 26 - كۈنلىرىدىن باشلاپ ئۈرۈمچىگە بارىدىغان قوش قەۋەتلىك، ھاۋا تەڭشىگۈچى بار كارىۋاتلىق ساياھەت پويىزىنى داۋاملىق 2 كۈن يولغا سالدى، 2 كۈن توختىغاندىن كېيىن، يەنە داۋاملىق 2 كۈن يولغا سالدى، 27 -، 28 - كۈنلىرى قوش قەۋەتلىك، ھاۋا تەڭشىگۈچى بار كارىۋاتلىق ساياھەت پويىزى كورلا ۋوگزالىدىن يولغا چىقتى، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر 2 كۈندە مۇشۇ تەرتىپ بويىچە قاتنايدىغان بولدى. 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن باشلاپ، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريول لىنىيىسىدە ساياھەت پويىزى كۆپەيتىلدى، ئەسلىدە ئۈرۈمچى - كورلا - ئاقسۇ ئوتتۇرىسىدا ھەر 2 كۈندە بىر قېتىم قاتنايدىغان قوش قەۋەتلىك، ھاۋا تەڭشىگۈچى بار كارىۋاتلىق ساياھەت پويىزى ھەر كۈنى قاتناشقا ئۆزگەرتىلدى. 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن باشلاپ، ئەسلىدە ئۈرۈمچى - ئاقسۇ ئوتتۇرىسىدا قاتنايدىغان 204/203 (205/202) - قېتىملىق قوش قەۋەتلىك، ھاۋا تەڭشىگۈچى بار كارىۋاتلىق ساياھەت پويىزىنىڭ مۇساپىسى قەشقەر ۋوگزالىغىچە ئۇزارتىلدى.

لى شياۋۋېن

### ئۇچتىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشى

ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى 2000 - يىلى «مىڭ چاقىرىملىق يېشىل كارىدور» قۇرۇلۇشى بەرپا قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، «ئۇچتىن مۇداپىئە كۆرۈش» (بوران، قۇم، سۇدىن مۇداپىئە كۆرۈش) قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويدى. بۇنىڭغا جەمئىي 20 مىليون 309 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. تۆمۈريول بويلىرىدىكى ئاساسلىق شامال رايونلىرىدا

شامالنىڭ سۈرئىتىنى ئۆلچەش ۋە ئۇچۇر يەتكۈزۈش سىستېمىسى قۇرۇلدى. لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريول لىنىيىسىدىكى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى باشقۇرىدىغان ئۇچۇر يەتكۈزۈش سىستېمىسى پۈتتۈرۈلۈپ ئىشلىتىلدى. لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريول لىنىيىسىنىڭ غەربىي بۆلىكى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريول لىنىيىسىدە لايىھىلەش تاماملاندى. 165 كىلومېتىر يول كۆكەرتىلدى، قۇم ئاپىتى ئېغىر بولغان بۆلەكلەردە 35.5 كىلومېتىر قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئورمان بەلۋېغى بەرپا قىلىندى، 117 كىلومېتىر بوران، قۇمنى توسىدىغان تام قوپۇرۇلدى. سۇ ئاپىتى كۆپرەك يۈز بېرىدىغان بۆلەكلەردە يول ئۇلى پۇختىلاندى، تۆمۈريولنىڭ تەبىئىي ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچەيتىلدى. 5 يىل ئىچىدە 910 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يېشىل ئورمان بەلۋېغى بەرپا قىلىش پىلانلاندى.

لى شياۋۋېن

## بورتالا - ئالاتاۋ پورتى رايون، ئۇچاستكىلىرىدىكى تۆمۈريول لىنىيىسىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى

بۇ قۇرۇلۇشتا 2000 - يىل 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئىش باشلاندى. لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ غەربىي بۆلىكىدە قاتناش باشلانغاندىن بۇيان، ئېبىنۇر كۆلى بويىغا جايلاشقان بورتالا - ئالاتاۋ پورتى رايون، ئۇچاستكىلىرى بوران، قۇم، شورنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ كەلگەچكە، پويىز ئاستا مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. تۆمۈريول ترانسپورت ئىشلەپچىقىرىشىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى، ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ قويدى. شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول شىركىتى 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، بۇنى قۇم، شور ئاپىتىنىڭ تۆمۈريول قاتنىشىنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزۈشنى ئۈزۈل - كېسىل تۈگىتىشكە ئىشلەتتى. بۇ قۇرۇلۇشنى تۆمۈريول مىنىستىرلىكى 1 - قۇرۇلۇش ئىدارىسى بىلەن تۆمۈريول مىنىستىرلىكى 15 - قۇرۇلۇش ئىدارىسى بىرلىكتە ئۈستىگە ئالدى، قۇرۇلۇش ۋاقتى 2 يېرىم ئاي بولۇپ، 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا قۇرۇلۇش تاماملىنىپ تولۇق ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

لى شياۋۋېن

## پان ئاسىيا تۆمۈريولىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئۆتۈشمە يول ترانسپورتى تەرەققىيات يىغىنى

بۇ يىغىن 2000 - يىل 6 - ئاينىڭ 10 — 13 - كۈنىگىچە قازاقىستاندىكى ئالمۇتا شەھىرىدە ئېچىلدى. پان ئاسىيا تۆمۈريولىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئۆتۈشمە يول بويىدىكى 26 دۆلەتنىڭ 188 ۋەكىلى تەكلىپكە بىنائەن يىغىنغا قاتناشتى. ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گومىنجيې باشچىلىقىدىكى جۇڭگو تۆمۈريول ۋەكىللەر ئۆمىكى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىننىڭ ئاساسىي تېمىسى دۆلەتلەر، تارماقلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق ۋە ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىش، 2 - ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغنى يەنىمۇ گۈللەندۈرۈش، يول - كۆۋرۈك ترانسپورتىنى راۋانلاشتۇرۇش، تۆمۈريولنىڭ خەلقئارا بىرلەشمە توشۇش مىقدارىنى كېڭەيتىش، جۇڭگو ئالاتاۋ پورتى — قازاقىستان دىرۇژبا پورتىدىكى پان ئاسىيا تۆمۈريولىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئۆتۈشمە يول ترانسپورت تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى. 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى قازاقىستان، روسىيە، فىرانسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە قاتارلىق 26 دۆلەتنىڭ چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق 160 تىن ئارتۇق باش ئەلچىسى، تۆمۈريول مۇتەخەسسىسلىرى ۋە سودا ۋەكىللىرى ھەمدە ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ 20 مۇخبىرى جۇڭگو - قازاقىستان چېگرىسىدىكى تاشيول پورتىدىن ئالاتاۋ پورتىدىكى ۋوگزالغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

لى شياۋۋېن

## ياۋروپا - ئاسىيا چېگرا ترانسپورت يىغىنى

بۇ يىغىن 2000 - يىل 6 - ئاينىڭ 14 — 16 - كۈنىگىچە قازاقىستاننىڭ پايتەختى ئاستانا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا ياۋروپا - ئاسىيادىكى 30 دۆلەتنىڭ 200 ۋەكىلى قاتناشتى. ياۋروپا - ئاسىيا چېگرا ترانسپورتى بويىچە ئېچىلغان خەلقئارا يىغىندا ياۋروپا - ئاسىيا چېگرا ترانسپورتىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى، خەلقئارا تەشكىلاتنىڭ ياۋروپا - ئاسىيا ترانسپورت مۇناسىۋىتىدىكى رولى، پان ئاسىيا تۆمۈريولىنىڭ ھەر قايسى ئۆتۈشمە يولىنىڭ تەرەققىياتى، ياۋروپا - ئاسىيا چېگرا ترانسپورتىنى خەلقئارالاشتۇرۇش مۇساپىسى، قازاقىستان ترانسپورت ئۇل مۇئەسسەسىگە ئالدى بىلەن مەبلەغ سېلىش قاتارلىق مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى. جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گومىنجيې پان ئاسىيا تۆمۈريولىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئۆتۈشمە يول ترانسپورتىنى راۋانلاشتۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا قازاقىستان قاتناش مىنىستىرى K.C بورگىستابايېفنى يوقلىدى، قازاقىستاننىڭ سابىق قاتناش مىنىستىرى، ھازىرقى تۆمۈريولغا مەسئۇل پارلامېنت ئەزاسى رافىرنكوۋ بىلەن كۆرۈشتى، ئالاتاۋ پورتى — دىرۇژبا پورتىدىكى خەلقئارا بىرلەشمە ترانسپورتقا ئائىت مەسىلىلەر توغرىسىدا قازاقىستان تۆمۈريول

باش شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ئا. مىرزاخمەتوۋ بىلەن سۆھبەتلەشتى ھەمدە ئەسلەتمىگە ئىمزا قويدى.

لى شياۋۋېن

## جۇڭگو - قازاقىستان دۆلەتلىرى چېگرا تۆمۈريولى 9 - قېتىملىق يىغىنى

يېزى يىغىن 2000 - يىل 10 - ئاينىڭ 9 — 14 - كۈنىگىچە قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئىككى تەرەپ 8 - قېتىملىق جۇڭگو - قازاقىستان دۆلەتلىرىنىڭ چېگرا تۆمۈريولى يىغىنىدىن بۇياقى خەلقئارا بىرلەشمە توشۇش خىزمىتىنى يەكۈنلىدى ھەمدە جۇڭگو، قازاقىستان خەلقئارا تۆمۈريولىدا بىرلەشمە توشۇش ۋە ھەمكارلىق داۋامىدىكى باشقا مەسىلىلەر توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇردى ۋە ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدى، توشۇش مىقدارىنى كېڭەيتىش تەدبىرى ۋە ئۇسۇلىنى تۈزۈپ چىقتى. ئالاتاۋ پورتى - دىرۇژبا ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان ترانسپورتنى تەشكىللەش خىزمىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ئىككى تەرەپ 2001 - يىلى پورتلاردىكى توشۇش مىقدارى مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاۋ خۇڭرۇ، قازاقىستان ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، قازاقىستان تۆمۈريول باش شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى ئالاسبېكوۋ جۇڭگو ۋە قازاقىستان دۆلەتلىرىنىڭ تۆمۈريول تارماقلىرىغا ۋاكالىتەن «جۇڭگو - قازاقىستان دۆلەتلىرىنىڭ چېگرا تۆمۈريول كېلىشىمنامىسى» گە ۋە «يىغىن خاتىرىسى» گە ئىمزا قويدى.

لى شياۋۋېن

## جۇڭگو - قازاقىستان دۆلەتلىرى تۆمۈريول شۆبە ئىدارىلىرى تۇنجى قېتىم چېگرىدا ئۇچراشتى

شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى تاڭ شىچاڭ باشچىلىقىدىكى جۇڭگو تەرەپ ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن ئالمۇتا تۆمۈريول ترانسپورت شۆبە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئاكىمىيوۋ باشچىلىقىدىكى قازاقىستان تەرەپ ۋەكىللەر ئۆمىكى 2000 - يىل 4 - ئاينىڭ 11 -، 12 - كۈنلىرى ئالاتاۋ پورتى ۋوگزالى، دىرۇژبا پورتى ۋوگزالىدا كۆرۈشتى. ئىككى تەرەپ ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ چېگرىسىدىكى ۋوگزاللارنىڭ ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇش، ئالماشتۇرۇپ قاچىلاشنى ئۆزلەشتۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى ھەمدە دىرۇژبا دۆلەت چېگرىسى ۋوگزالىدا كېلىشىمگە ئىمزا قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

لى شياۋۋېن

## مەملىكەتلىك تۆمۈريول ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىيات مۇھاكىمە يىغىنى

يېزى يىغىن 2000 - يىل 8 - ئاينىڭ 14 -، 15 - كۈنلىرى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىدا ئۆتكۈزۈلدى، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار مىنىستىرلىك، كومىتېت ۋە تەتقىقات تارماقلىرىدىكى مۇتەخەسسىسلەر يىغىنغا قاتناشتى. يىغىنغا تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ باش ئىقتىسادچىسى ۋاڭ كۈيجۇڭ رىياسەتچىلىك قىلدى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، مىنىستىر فۇجىخۇەن يىغىندا 2000 - يىلدىن بۇياقى تۆمۈريول ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىيات ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.

لى شياۋۋېن

## 69/70، 53/54 (51/52) - قېتىملىق پويىزلار «قىزىل بايراقدار پويىز» دېگەن نامغا ئېرىشتى

2000 - يىلى تۆمۈريول مىنىستىرلىكى بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇغا بارىدىغان پويىزلارنى باھالاپ مۇكاپاتلىغاندا ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى پويىز خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان 69/70 - قېتىملىق يولۇچى پويىزى 16 - قېتىم مەملىكەت بويىچە تۆمۈريولدىكى «قىزىل بايراقدار پويىز» دېگەن نامغا ئېرىشتى. ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى پويىز خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان 53/54 (51/52) - قېتىملىق يولۇچى پويىزى 5 - قېتىم مەملىكەت بويىچە تۆمۈريولدىكى «قىزىل بايراقدار پويىز» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

لى شياۋۋېن

## سۇن يۇڭفۇ ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىغا كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى

تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى سۇن يۇڭفۇ 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تۆمۈريول مىنىستىرلىكى بىخەتەرلىكنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ بىخەتەرلىك ئەھۋالىنى تەكشۈردى. ئۈرۈمچى پاراۋوز ئۇچاستكىسى، ئۈرۈمچى ۋاگون ئۇچاستكىسى، ئۈرۈمچى غەربىي ۋوگزال ۋاگون ئۇچاستكىسىغا كېلىپ ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىك، باشقۇرۇش خىزمەت ئەھۋالىنى نەق مەيداندا تەكشۈردى.

لى شياۋۋېن

## ليۇ جىجۇن 2 قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئېلىپ باردى

تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى فۇ جىخۇەننىڭ

ھاۋالىسىگە ئاساسەن، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىدا سۈرئەتنى تېزلىتىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈۋاتقان تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ليۇ جىجۈن 2000 - يىل 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى غوپۇر ئابدۇللا بىلەن شىنجاڭدىن چىقىرىلىدىغان ماددىي ئەشيالارنى توشۇش مەسىلىسى توغرىسىدا ماسلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. ليۇجىجۈن شىنجاڭ مۇشۇ بىر يىلدا سىرتقا توشۇيدىغان 23 مىليون توننا ماددىي ئەشياغا كاپالەتلىك قىلىشى، 25 مىليون 100 مىڭ تونىنغا يەتكۈزۈشكە تىرىشىشى كېرەك، دېدى ھەمدە ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىدىن ئالاتاۋ پورتىدا كۈندە ئالماشتۇرۇپ يۈك قاچىلىنىدىغان ۋاگوننىڭ 150 دىن كۆپرەك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى، شىنجاڭدىن يۆتكەپ چىقىرىلىدىغان كۆمۈرنىڭ يىللىق توشۇلۇش مىقدارىنىڭ 1 مىليون 700 مىڭ توننىدىن كەم بولماسلىقىنى تەلەپ قىلدى. شىنجاڭنىڭ خام نېفتنى شەرققە يۆتكەشتە ۋاگون يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى يېڭىدىن ياسالغان نېفت توشۇيدىغان 1000 ۋاگوننىڭ ھەممىسىنى غەربىي شىمال رايونىغا بەرمەكچى، سۈلخېدىكى تاپشۇرۇش - ئۆتكۈزۈۋېلىش ئېغىزى ئارقىلىق ھەر كۈنى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىغا 500 قۇرۇق ۋاگون يەتكۈزۈپ بېرىشنى، سۈلخې تاپشۇرۇش - ئۆتكۈزۈۋېلىش ئېغىزى يۇقىرىغا 38 ۋاگون ئۆتكۈزۈشنى، 40 ۋاگونغا يەتكۈزۈشكە تىرىشىشنى، ئۈرۈمچى ۋە لەنجۇ تۆمۈريول ئىدارىلىرى يوشۇرۇن كۈچنى يەنىمۇ قېزىپ ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭدىن چىقىرىلىدىغان ماددىي ئەشيانى سىرتقا توشۇش ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنداشنى قارار قىلدى. لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىشنى سىناق قىلىشقا قاتناشقان تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ليۇجىجۈن 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ ۋېنيۈ بىلەن تۆمۈريولنىڭ سۈرئىتىنى زور دەرىجىدە تېزلىتىش ۋە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى توغرىسىدا سۆھبەتلەشتى.

لى شياۋۋېن

# تاشيول

## تاشيول قۇرۇلۇشى ۋە تاشيوللارنى ئاسراش ئەھۋالى

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە ئاپتوموبىل قاتنىغان تاشيول مۇساپىسى 34 مىڭ 585 كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك تاشيول 62 كىلومېتىر، 2 - دەرىجىلىك تاشيول 5411 كىلومېتىر، 3 - دەرىجىلىك تاشيول 12 مىڭ 631 كىلومېتىر، 4 - دەرىجىلىك تاشيول 13 مىڭ 745 كىلومېتىر، دەرىجىگە توشمايدىغان تاشيول 2290 كىلومېتىر. كۆۋرۈك 3664 بولۇپ، 94 مىڭ 76 مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە چوڭ كۆۋرۈك 5 بولۇپ، 4503 مېتىر، چوڭ كۆۋرۈك 110 بولۇپ، 17 مىڭ 442 مېتىر، ئوتتۇراھال كۆۋرۈك 531 بولۇپ، 28 مىڭ 254 مېتىر. %80 ناھىيە - يېزىنىڭ تاشيوللىرىغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ يولۇچى توشۇش بېكەتلىرى، ئۇقتىلىرىنى ئۆزگەرتىش تولۇق تاماملاندى.

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك تاشيول باش ئۆچاستىكىسى 17، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) تاشيول ئۆچاستىكىسى 112، تاشيول باشقۇرۇش پونكىتى 379. ئاسراش مۇساپىسى 34 مىڭ 765 كىلومېتىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاسرىلىدىغان دۆلەت يولى 9730 كىلومېتىر، ئۆلكە يولى 6899 كىلومېتىر، ناھىيە يولى 11 مىڭ 780 كىلومېتىر، يېزا يولى 2932 كىلومېتىر، مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان تاشيول 3424 كىلومېتىر. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ياخشى يول نىسبىتى %60.23كە يەتتى.

جاڭ يىڭ

## تاشيول ترانسپورتى

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە خەلق ئىشلىتىدىغان ئاپتوموبىل 369 مىڭ 700گە، تىجارەت قىلىدىغان يولۇچى، يۈك ئاپتوموبىلى 152 مىڭ 400گە يەتتى. يەككە، خۇسۇسىي ۋە پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىلارنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە تاشيول ترانسپورت بازىرى مۇلۇكچىلىك قۇرۇلمىسىدا ئىگىلىگەن سالمىقى %87.8كە يەتتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە 2000 - يىلى تاشيول ترانسپورت كەسپىدە 218 مىليون 770 مىڭ يولۇچى توشۇلۇپ، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 15 مىليارد 814 مىليون 610 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، 270 مىليون 480 مىڭ توننا يۈك توشۇلۇپ، يۈك ئوبوروت مىقدارى 27 مىليارد 289 مىليون 730 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. تاشيول ترانسپورت تارماقلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە يولۇچى توشۇش مىقدارىنىڭ %94.3نى، يولۇچى ئوبوروت مىقدارىنىڭ %81.7نى، يۈك توشۇش مىقدارىنىڭ %54نى ۋە يۈك ئوبوروت مىقدارىنىڭ %41.3نى ئۈستىگە ئالدى.

شۈي جۇڭچېڭ

## ناھىيە - يېزا تاشيول قۇرۇلۇشى

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە ستاتىستىكا

قىلىنغان تاشيول مۇساپىسىغا كىرگۈزۈلگەن ناھىيە - يېزا تاشيولى 16 مىڭ 845 كىلومېتىر. بۇنىڭ ئىچىدە دەرىجىگە توشقان تاشيول 16 مىڭ 52 كىلومېتىر (2 - دەرىجىلىك تاشيول 246 كىلومېتىر، 3 - دەرىجىلىك تاشيول 4442 كىلومېتىر، 4 - دەرىجىلىك تاشيول 11 مىڭ 364 كىلومېتىر)، دەرىجىگە توشمىغان تاشيول 793 كىلومېتىر؛ يۈزى سىلىقلانغان يول مۇساپىسى 16 مىڭ 201 كىلومېتىر (ئاسفالت ياتقۇزۇلغان يول 11 مىڭ 179 كىلومېتىر، شېغىل ياتقۇزۇلغان يول 5022 كىلومېتىر)، يۈزى سىلىقلانمىغان يول 644 كىلومېتىر. جەمئىي 1030 كۆۋرۈك بولۇپ، 22 مىڭ 148 مېتىر، سۇ ئۆتكۈزگۈچ 18 مىڭ 888، تاشيول ئۆتاشتۇرۇلغان يېزا - بازار 851گە يەتتى.

جاۋ يۇڭ

## يول تورلىرىنى ئۆزگەرتىش

2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يول تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلغان 4 - يىل. مۇشۇ بىر يىلدا 200 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 15 توختام ھۆددىگەرلىكى تۈزۈلدى، بۇلار قاراماي، تارباغاتاي، ئىلى، شىخەنزە، كورلا، ئاقسۇ، قەشقەر، ئالتاي قاتارلىق جايلاردىكى دۆلەت يولى، ئۆلكە يولى غول لىنىيىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۆزگەرتىلگەن يول بۆلىكىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 352.896 كىلومېتىر.

شۈي ۋېيشىڭ

## ئۈرۈمچى — كۈيتۇڭ تېز سۈرئەتلىك تاشيول لىنىيىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئاپتوموبىل قاتنىدى

ئۈرۈمچى — كۈيتۇڭ تېز سۈرئەتلىك تاشيول لىنىيىسىدە 2000 - يىل 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئومۇمىيۈزلۈك ئاپتوموبىل قاتنىدى.

قاتناش مىنىستىرلىكى 1 - ئۆلچەش يۈرتىنى ئۆلچەپ لايىھىلەپ، شىنجاڭ يول - كۆۋرۈك قۇرۇلۇش باش شىركىتى، شەندۇڭ «شەرق» يول - كۆۋرۈك شىركىتى قاتارلىق ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە سىرتىدىكى 8 ئورۇن خېرىدار بولۇپ، ئۈرۈمچى — كۈيتۇڭ تېز سۈرئەتلىك تاشيولىنىڭ ئومۇمىي لىنىيىسىدىكى 14 بۆلەكنى توختام بىلەن ھۆددىگە ئېلىپ ياسىدى. بۇ تاشيولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 265.5 كىلومېتىر بولۇپ، شەرقتە ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇلانبايدىن باشلىنىپ، غەربتە كۈيتۇڭ شەھىرىنىڭ شەرقىگە يېتىپ بارىدۇ. ئۈرۈمچى - كۈيتۇڭ تېز سۈرئەتلىك تاشيولى دۆلەت قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ 2000 - يىلدىن بۇرۇنقى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى، شۇنداقلا ئۇ تۇرپان - ئۈرۈمچى - داخۇاڭشەن تاشيولىدىن كېيىن دۇنيا بانكىسى بەرگەن قەرز پۇلدىن پايدىلىنىپ ياسالغان 2 - تاشيول تۈرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تاشيولنىڭ ياسىلىشى يول بويىدىكى جايلارنىڭ ئىقتىسادىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. ئۈرۈمچى - كۈيتۇڭ تېز سۈرئەتلىك تاشيولىنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش سۈپىتى لايىھەدىكى ئۆلچەمگە ۋە قۇرۇلۇش قىلىش تەلىپىگە يەتتى. 1999 - يىلى قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ سۈپەت باھالاش پائالىيىتى يىلىدا، ئۈرۈمچى - كۈيتۇڭ تاشيولى مەملىكەت بويىچە تاشيول قۇرۇلۇش سۈپىتىنى باشقۇرۇشتىكى مۇنەۋۋەر قۇرۇلۇۋاتقان تۈرلەر بويىچە 2 - بولدى.

جاڭ پىڭ

## ئۈرۈمچى - شىخەنزە ئارىسىدا تېز سۈرئەتلىك ئاپتوبۇس قاتنىدى

2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى تېز سۈرئەتلىك تاشيول يولۇچى توشۇش لىنىيىسى — ئۈرۈمچى - شىخەنزە ئارىسىدا تېز سۈرئەتلىك يولۇچى توشۇش باشلاندى. ئۈرۈمچى - شىخەنزە ئارىسىدا تېز سۈرئەتلىك يولۇچى توشۇش ئۈرۈمچى جەنۇبىي پويىز ئىستانسىسى بىلەن شىخەنزە شەھەرلىك «بەيخۇا» تۈرلۈك ماللار شىركىتىدىن باشلاندى، ھەر يېرىم سائەتتە بىر ئاپتوبۇس يولغا چىقىپ، ئومۇمىي مۇساپىنى بىر سائەت 45 مىنۇتتىن 2 سائەتكىچە ۋاقىتتا بېسىپ بولىدۇ.

جاڭ پىڭ

## چەت ئەلگە چېتىلىدىغان ترانسپورت

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ ئەتراپتىكى 4 دۆلەت بىلەن چېگرىدىن چىقىدىغان، كىرىدىغان ئاپتوموبىل ترانسپورتى كەسپىنى يولغا قويدى، 12 پورتتا چېگرىدىن چىقىدىغان، كىرىدىغان ئاپتوموبىلدا يولۇچى، يۈك توشۇش لىنىيىسىنى ئاچتى، قازاقىستان قاتارلىق ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن چېگرىدىن چىقىدىغان، كىرىدىغان ئاپتوموبىلدا يولۇچى، يۈك توشۇش لىنىيىسىدىن 48نى ئاچتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىۋاسىتە يېتىپ بارىدىغان خەلقئارا يولۇچى توشۇش لىنىيىسى 28، بىۋاسىتە يېتىپ بارىدىغان خەلقئارا يۈك توشۇش لىنىيىسى 20؛ بىۋاسىتە يېتىپ بارىدىغان چېگرىدىن چىقىدىغان، كىرىدىغان ترانسپورت كەسپىنى ئۈستىگە ئالغان كارخانا 32 بولۇپ، ئۇلار 1300دىن ئارتۇق چوڭ ساندۇقلۇق يۈك ئاپتوموبىلىغا ئىگە.

2000 - يىلى چېگرىدىن چىقىدىغان، كىرىدىغان يولۇچىدىن 111 مىڭ 950 ئادەم توشۇلۇپ 1999 - يىلدىكىدىن 10.3% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو تەرەپتىن چېگرىدىن چىقىدىغان، كىرىدىغان يولۇچىلارنىڭ توشۇلۇش مىقدارى 28 مىڭ 42 بولۇپ، 8.8% ئازايدى؛ چەت ئەل تەرەپتىن

چىگرىدىن چىقىدىغان، كىرىدىغان يولۇچىلارنىڭ توشۇلۇش مىقدارى 83 مىڭ 908 گە يېتىپ، 18.2% ئاشتى؛ چىگرىدىن چىقىدىغان ـ كىرىدىغان يۈكلەرنىڭ توشۇلۇش مىقدارى 669 مىڭ 89 توننا بولۇپ، 7.1% ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو تەرەپتىن توشۇلغان يۈك 168 مىڭ 514 توننا بولۇپ، 103% ئازايدى، چەت ئەل تەرەپتىن توشۇلغان يۈك 500 مىڭ 575 تونىنغا يېتىپ، 33.53% ئاشتى.

2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جۇڭگو ـ قازاقىستان، جۇڭگو ـ قىرغىزىستان، جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە خەلقئارا ئاپتوموبىل ترانسپورتىدا ئاپتوموبىل قاتناش ئىجازەتنامىسىدىن 5938 پارچە تارقىتىلدى، ئاپتوموبىلنىڭ چىگرىدىن چىقىش، كىرىش ئىسپاتىدىن 331ى بېجىرىلدى، خەلقئارا ئاپتوموبىل ترانسپورت بەلگىسى (CMT) دىن 884ى تارقىتىلدى.

جاڭ نەن، ۋاڭ چىن

## بېكەت، نۇقتا قۇرۇلۇشى

2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە قۇرۇلغان يولۇچى توشۇش ئاپتوموبىل بېكىتى 142گە، تاشيولدا يۈك توشۇش بېكىتى 21گە، يۈك توشۇش سودا بازىرى 43كە يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يولۇچى توشۇش بېكەتلىرىنى قۇرۇش ۋەزىپىسى تولۇق ئورۇندالدى، بۇنىڭ ئىچىدە 47 يولۇچى توشۇش بېكىتى كومپيۇتېر ئارقىلىق بېلەت سېتىشنى ئىشقا ئاشۇردى، قىسمەن نۇقتىلىق يېزا ـ بازار ۋە مەركىزىي شەھەرلەردە ترانسپورت ئاساسىي تۈگۈنلىرى قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى.

شۈي جۇڭچياڭ

## ئىستىل تۈزىتىش خىزمىتى

2000 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ قاتناش سىستېمىسىنىڭ ئىستىل تۈزىتىش خىزمىتىدە يېڭى نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى.

1. تاشيوللاردىكى «ئۈچ قالايمىقان»نى تۈزەش خىزمىتى مۇستەھكەملەندى ۋە چوڭقۇرلاشتى. قاتناش ئىشلىرىنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان ھەر دەرىجىلىك تارماقلار تاشيولدىكى «ئۈچ قالايمىقان»نى تۈزەش خىزمىتىدە ئۈچ دەرىجىلىك نازارەت قىلىپ تىزگىنلەش تورىنى يولغا قويۇپ، تاشيولدا «ئۈچ قالايمىقان» ئوڭاي كۆرۈلىدىغان، كۆپ يۈز بېرىدىغان يول بۆلەكلىرىگە بولغان نازارەتچىلىكنى، تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، تاشيوللاردا ئېغىر دەرىجىدە «ئۈچ قالايمىقان» مەسىلىلىرىنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلاندى. مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 194 قېتىم ئاشكارا تەكشۈرۈش، يوشۇرۇن زىيارەت قىلىش ئارقىلىق، 34 قېتىم «ئۈچ قالايمىقان» مەسىلىسىنىڭ يۈز بېرىشى توسۇپ قېلىندى ۋە تۈزىتىلدى. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ناتوغرا ئىستىلنى تۈزىتىش ئىشخانىسىغا ئىنكاس قىلىنىپ، 26 قېتىم «ئۈچ قالايمىقان» مەسىلىسىنىڭ يۈز بېرىشىنى توسۇش تۈرىدە تەكلىپ بېرىلدى. تاشيوللاردىكى «ئۈچ قالايمىقان»نى تۈزەش نەتىجىسى مۇستەھكەملەندى.

2. تاشيول ترانسپورتىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، يولۇچى توشۇش بازار ھەرىكىتى قېلىپلاشتۇرۇلدى. 2000 ـ يىلى يولۇچى توشۇش بېكەت، نۇقتىلىرىنى ۋە ترانسپورت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تىجارەتچىلەرنى باشقۇرۇش ۋە ئۇلارغا تەربىيە بېرىش، نازارەت قىلىش كۈچەيتىلدى، بېلەت سېتىش، ئاپتوموبىل كۈتۈش، ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇش تەرتىپى قاتارلىقلار تەرتىپكە سېلىندى، مۇلازىمەت مۇھىتى ياخشىلاندى، يولۇچىلارنى ئولتۇرۇۋدىغان، تاشلىۋېتىدىغان، قانۇن ـ قائىدىگە خىلاپ قىلمىشلار قاتتىق بىر تەرەپ قىلىندى.

3. تاشيول قۇرۇلۇشىنى ھۆددىگە بېرىش بەلگىلىمىسى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، قۇرۇلۇش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىندى. «خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار بولۇش قانۇنى»نى قاتتىق ئىجرا قىلىش ۋە تاشيول قۇرۇلۇش بازارلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن، قاتناش نازارىتى خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار بولۇش مەركىزى قۇردى. 2000 ـ يىلى قاتناش نازارىتى بىۋاسىتە باشقۇرىدىغان تۈرلەرنىڭ ھەممىسىدە قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار بولۇش خىزمىتى ئورۇندالدى.

4. «312» دۆلەت يولىنىڭ ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى بۆلىكىدە مەدەنىي ئۈلگە يول بەرپا قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، 2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە مەدەنىي يول بەرپا قىلىش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1431 كىلومېتىر كېلىدىغان «312» دۆلەت يولىنىڭ 1166 كىلومېتىر كېلىدىغان يول بۆلىكىدە مەدەنىي ئۈلگە يول قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلدى، بۇ، ئومۇمىي مۇساپىنىڭ 81.48%نى ئىگىلىدى.

گاۋكې

## شىنجاڭ ئالىي تاشيول ئىدارىسى 46 ئورۇن بىلەن پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش توختامى ئىمزالىدى

شىنجاڭ ئالىي تاشيول ئىدارىسى 2000 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى قۇرۇلۇش قىلىدىغان ۋە نازارەتچىلىك قىلىدىغان ئورۇن بىلەن قۇرۇلۇش تۈرلىرى بويىچە پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش توختامى ئىمزالىدى، بۇ، ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى ئىجادىيەت. ئالىي تاشيول ئىدارىسى قۇرۇلۇش

تۈرلىرىدە پالەك - دىيانەتلىك توختام تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ھەممە بىر قاتار يۈرۈشلەشكەن تۈزۈمنى ئورنىتىش ئارقىلىق، تاشيول قۇرۇلۇش داۋامىدىكى چىرىك قىلمىشلارنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈردى. مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ قاتناش مىنىستىرلىكىدە تۇرۇشلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، قاتناش مىنىستىرلىكى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى ليۇ لى شىنجاڭغا كېلىپ، 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 15 — 17 - كۈنىگىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئالىي تاشيول ئىدارىسى يولغا قويغان پالەك - دىيانەتلىك توختام ئىمزالاش ئۇسۇلىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى.

شى جى

## پەن - تېخنىكا نەتىجىسى

2000 - يىلى قاتناش نازارىتى 8 تۈرلۈك پەن تەتقىقات نەتىجىسىنى تاماملىدى ھەممە بۇلار باھالاپ بېكىتىش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

قۇرۇلۇشتا ئىشلىتىلىدىغان GCF—1500 زەربە بىلەن تەتۈر ئايلىنىدىغان بۇرغىلاش ئىستانوكىنىڭ ئاپتوماتىك تىزگىنلەش سىستېمىسى بۇ شىنجاڭ يول - كۆۋرۈك قۇرۇلۇش باش شىركىتى ئورۇندىغان تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىرىلىق پولات رامكا ياپىراقچىسىنى ئىشلىتىپ لايىھىلەنگەن، قۇراشتۇرۇلغان چوڭ تونناژلىق كۆۋرۈك سېلىش ماشىنىسىنىڭ ئىگىز مۇنارى بۇنى شىنجاڭ يول - كۆۋرۈك قۇرۇلۇش باش شىركىتى ياسىغان. ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن، بۇ شىركەت پولات رامكا ياپىراقچىسىنى ئۆزى ئىشلەپ، بىرىلىق پولات رامكىنى قۇراشتۇرۇپ، چوڭ تىپتىكى كۆۋرۈك سېلىش ماشىنىسى ۋە توم پولات سىم بىلەن ئېسىپ قۇراشتۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى، ئەمەلىي مەشغۇلاتتا ئۈنۈمى ياخشى بولدى.

پولات تالالىق بېتون، ئاسفالتلىق بېتون ئارقىلىق پولات چۈشەكنىڭ رولىنى ۋە ئۇنىڭ يول يۈزىدىكى رولىنى كۈچەيتىش تەتقىقاتى بۇ شىنجاڭ يول - كۆۋرۈك قۇرۇلۇش باش شىركىتى ئورۇندىغان تېخنىكا كىرگۈزۈش تۈرى. زال ئىچى ۋە سىرتىدا كۆپلەپ سىناق قىلىپ تەتقىق قىلىش ۋە قوللىنىش ئارقىلىق، شىنجاڭ رايونىدا پولات تالا ۋە فونىۋېي ئىشلىتىلگەن يول يۈزىنىڭ كۆرسەتكۈچى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ مۇئەييەن قوللىنىش قىممىتىگە ئىگە.

يول يۈزىنى بېتونلاپ ياساش تېخنىكىسىنى شىنجاڭدا قوللىنىش تەتقىقاتى بۇنى شىنجاڭ يول - كۆۋرۈك قۇرۇلۇش باش شىركىتى ئورۇندىغان تېخنىكا كىرگۈزۈش تۈرى. 3 ئوقلۇق بېتون يېيىتىش ھۈنەر - سەنئىتى، ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش جەھەتتە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ، ئەمەلىي قوللىنىش قىممىتىگە ئىگە قۇرۇلۇش قىلىش ھۈنەر - سەنئىتى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ، زور دەرىجىدە كېڭەيتىپ قوللىنىش قىممىتىگە ئىگە.

پولات تۇرۇبىلىق بېتون بىلەن ئەگمە كۆۋرۈك ياساش جەريانىنى نازارەت قىلىپ ئۆلچەش ۋە تەجرىبە، ئانالىز قىلىش بۇنى شىنجاڭ قاتناش پەن تەتقىقات ئورنى ئورۇندىدى. تېما گۇرۇپپىسى كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭدىكى تۇنجى چوڭ چات ئارىلىق ئەگمە كۆۋرۈكنى ياساش جەريانىدا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك تېخنىكا جەھەتتىكى چىگىش مەسىلە مەخسۇس تەتقىق قىلىنىپ، ئوتتۇرىغا قويۇلغان پولات تۇرۇبا ئىچىدىكى بېتوننىڭ زىچلىق دەرىجىسىنى ئۆلتىرا دولقۇندىن پايدىلىنىپ مىقدارلىق تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ئۇسۇلى توغرا، ئېنىقلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولدى، بۇ كەڭ قوللىنىش ئىستىقبالىغا ئىگە.

ئىسسىقتا ئېرىيدىغان يول بەلگە سىزىقى سىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە قوللىنىش بۇنى شىنجاڭ تاشيول تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۇرتى ئورۇندىدى، تېما گۇرۇپپىسى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، 4 خىل نىسبەتلەشتۈرۈلگەن سىر بوياقنى تەتقىق قىلىپ ياساشتا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، ئەمەلىي ئىشلىتىلىش ئۈنۈمى ياخشى بولدى، بۇ مەھسۇلات قاتناش مىنىستىرلىكى قاتناش قۇرۇلۇشىنى نازارەت قىلىپ ئۆلچەش مەركىزىنىڭ سۈپەت جەھەتتە ئېتىراپ قىلىشىدىن ئۆتتى.

شىنجاڭنىڭ شور تۇپراقلىق رايونلىرىدىكى يول ئۆلىنى، يول يۈزىنى لايىھىلەش ۋە قۇرۇلۇش قىلىش قائىدىسى بۇنى شىنجاڭ تاشيول ئىلمىي جەمئىيىتى ئورۇندىغان. بۇ «قائىدە» شىنجاڭنىڭ شور تۇپراقلىق رايونلىرىدا نەچچە 10 يىلدىن بۇيان ئومۇمىيۈزلۈك يەكۈنلەپ چىققان يول ياساش تەجرىبىلىرى ۋە پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسىدا، چوڭقۇر تەھلىل قىلىش ۋە تەكرار تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شور تۇپراقنى تۈرگە ئايرىش، يېرىك توپا دانىچىلىرى تەركىبىدىكى تۇز مىقدارىنى تۈرگە ئايرىشنىڭ چەك - چېگرىسى، يولى ئۆلى تۇپىسىنى تىندۇرۇش تەلىپى قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭىلىق يارىتىلدى، ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۈرلۈك كۆرسەتكۈچ، پارامېتىر ۋە قوللىنىلغان قۇرۇلۇش تەدبىرلىرى بىر قەدەر ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولدى، تېخنىكا جەھەتتە پىشىپ يېتىلدى. «قائىدە»نىڭ تۈزۈلۈشى شور تۇپراقلىق رايونلاردىكى تاشيولنى ئۆلچەپ لايىھىلەش، قۇرۇلۇش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، يول ياساش تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈشتە يېتەكچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

خۇسۇسىيىتى ئۆزگەرتىلگەن ئاسفالت ئۈسكۈنىلىرى تەتقىقاتى بۇنى شىنجاڭ قاتناش پەن تەتقىقات ئورنى

ئورۇندىدى. ئىما گۇرۇپپىسى خۇسۇسىيىتى ئۆزگەرتىلگەن ئاسفالتنىڭ ئىقتىدارى ۋە قانۇنىيىتى، خۇسۇسىيىتى ئۆزگەرتىلگەن ئاسفالت ئۈسكۈنىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلدى، بۇنىڭ تېخنىكىسى خېلى پىشىپ يېتىلدى، نەتىجىسى بەزى تەجرىبە قىلىش يوللىرىدا ئىشلىتىلدى.

جۇاڭ يۇڭ

## يولۇچى بېكەتلىرىدىكى بېلەت ساتقۇچىلارنىڭ تۈنجى نۆۋەتلىك ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى

شىنجاڭ بويىچە قاتناش سىستېمىسىنىڭ يولۇچى بېكەتلىرىدىكى بېلەت ساتقۇچىلارنىڭ تۈنجى نۆۋەتلىك ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى 2000 - يىل 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر كوماندىسى مۇسابىقىگە قاتناشتى. ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي يولۇچىلار بېكىتى كوللېكتىپ 1 - بولدى، ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي يولۇچىلار بېكىتىدىن خۇاڭ لىرۇڭ شەخسلەر بويىچە 1 - بولدى.

شى جى

## ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر

قاتناش مىنىستىرلىكى 2000 - يىل 4 - ئايدا ئاقسۇ تاشيول باش ئۆچاستكىسى «تەڭرىتاغ» تاشيول ئۆچاستكىسى ئاياللار داۋبەنىگە «تۆھپىكار ئاياللار» ئىلغار كوللېكتىپى دەپ نام بەردى؛ لى يۇخۇا (شىنجاڭ 9 - ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتىدىن)، جاڭ لامېي (تارباغاتاي باش ئۆچاستكىسى شىخو ئۆچاستكىسىنىڭ ئىشچىسى)، جۇ زېجۈن (بىڭتۈەن كۈيتۇڭ يولۇچى توشۇش شىركىتى مالىيە بۆلۈم باشلىقى) دىن ئىبارەت 3 كىشىگە «تۆھپىكار ئايال» ئۈلگە، دەپ نام بەردى.

ئۈرۈمچى نىيەنزىگۇ ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوموبىل بېكىتى 4 - ئايدا يەنە بىر قېتىم شەرەپلىك ھالدا قاتناش مىنىستىرلىكى بەرگەن «مەدەنىي يولۇچى توشۇش ئاپتوموبىل بېكىتى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

دولقۇن جانى (ئۇيغۇر، قەشقەر تاشيول باش ئۆچاستكىسى تاشقورغان تاشيول ئۆچاستكىسى قونجىراپ داۋبەنىنىڭ باشلىقى) 5 - ئايدا مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

قاتناش مىنىستىرلىكى 8 - ئايدا شىخەنزە تاشيول ھەققى يىغىش باشقارمىسى ئاپتوموبىل سېتىۋېلىش ئىشخانىسىغا، تارباغاتاي تاشيول ھەققى يىغىش باشقارمىسى ئاپتوموبىل سېتىۋېلىش ئىشخانىسىغا «مەملىكەت بويىچە ئاپتوموبىل سېتىۋېلىش ھەققىنى يىغىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن» دەپ نام بەردى. جاڭ فېڭ (قاتناش نازارىتى تاشيول ھەققى يىغىش ئىدارىسى ئاپتوموبىل سېتىۋېلىش ئىشخانىسىدىن)، جۇ جيەنگو (تۇرپان تاشيول ھەققى يىغىش باشقارمىسى ئاپتوموبىل سېتىۋېلىش ئىشخانىسىدىن)، نۇرمەھەممەت (خوتەن تاشيول ھەققى يىغىش باشقارمىسى ئاپتوموبىل سېتىۋېلىش ئىشخانىسىدىن)، جياڭ شياۋۋېي (ئۈرۈمچى ئاپتوموبىل سېتىۋېلىش ئىشخانىسىدىن)، گو سېن (تارباغاتاي تاشيول ھەققى يىغىش باشقارمىسى ئاپتوموبىل سېتىۋېلىش ئىشخانىسىدىن) دىن ئىبارەت 5 كىشىگە «مەملىكەت بويىچە ئاپتوموبىل سېتىۋېلىش ھەققى يىغىش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس» دەپ نام بەردى.

قاتناش مىنىستىرلىكى 9 - ئايدا شىخەنزە شەھەرلىك ترانسپورت باشقۇرۇش باش پونكىتىغا، سانجى ئوبلاستلىق ترانسپورت باشقۇرۇش باش پونكىتىغا «مەملىكەتنىڭ تاشيول، سۇ يولى ترانسپورت ساھەسى بويىچە ستاتىستىكا خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ نام بەردى؛ جاڭ مىڭگۈي (قاتناش نازارىتىدىن)، لۇ جياڭ (قاتناش نازارىتى ترانسپورت باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن)، ۋاڭ تاۋ (سانجى ئوبلاستلىق ترانسپورت باشقۇرۇش باش پونكىتىدىن)، خېن فاڭ (شىخەنزە شەھەرلىك ترانسپورت باشقۇرۇش باش پونكىتىدىن)، مەھەممەت تۇرسۇن (قەشقەر ۋىلايەتلىك ترانسپورت باشقۇرۇش باش پونكىتىدىن) دىن ئىبارەت 5 كىشىگە «مەملىكەتنىڭ تاشيول، سۇ يولى ترانسپورت ساھەسى بويىچە ستاتىستىكا خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس» دەپ نام بەردى.

جاڭ يىڭ

# خەلق ئاۋىئاتسىيىسى

## ئومۇمىي ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىدىكى ئايروپىلانلارنىڭ ترانسپورتتا ئۇچقان ۋاقتى 48 مىڭ 7 سائەتكە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %3.6 ئاشتى. ھادىسە كۆرۈلۈش ئالامەتلىرىنىڭ ھەر 10 مىڭ سائەتتە ئىگىلىگەن نىسبىتى 0.20 بولۇپ، 0.01 تۆۋەنلىدى. مۇشۇ بىر يىلدا ترانسپورت ئوبوروت مىقدارى 373 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %15.4، يولۇچى توشۇش مىقدارى 1 مىليون 670 مىڭغا يېتىپ، %15.8، پوچتا يوللانمىلىرىنى توشۇش مىقدارى 35 مىڭ توننىغا يېتىپ، %10.3 ئاشتى. ئاساسىي تىجارەت كىرىمى 2 مىليارد 480 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 -

يىلدىكىدىن %32.10 ئاشتى. 28 مىليون 90 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىلدى.

2000 - يىلى خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى (شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى) جەمئىي 409 مىليون 960 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى — ئۈرۈمچى ئايرو پورتىنى ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىپ قۇرۇشنىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشىغا 546 مىليون 920 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ ئالتاي ئايروپورتىنىڭ ئۇچۇش رايونىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى پۈتتۈرۈلۈپ، ھاۋا قاتنىشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، چەرچەن ئايروپورتىنىڭ ئۇچۇش رايونىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشتىن ئۆتتى. ئىشچى - خىزمەتچىلەر تۇرالغۇ جاي قۇرۇلۇشىغا 15 مىليون 190 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

2000 - يىلى خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى (شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى) ئۇچۇش بۆلۈمى 2 - چوڭ ئەترەت 1 - ئوتتۇرا ئەترىتى مەملىكەت بويىچە خەلق ئاۋىئاتسىيىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ترانسپورت بۆلۈمى مەسلىھەت بېرىش باشقارمىسى مەملىكەت بويىچە «100 مەدەنىيەت ئىسمىنا - گۇرۇپپا» نىڭ بىرى ۋە ئايروپىلان رېمونت قىلىش قۇرۇلۇش بۆلۈمى ئاپتونوم رايون بويىچە كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىدىكى «ئون ياخشى» كوللېكتىپنىڭ بىرى دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ ئۇچۇش بۆلۈمىدىن ۋاڭ شيۇيىڭ مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى، ۋاڭ چاڭشۈن، چېن شا ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

جۇ جىنتيەن

## ئاۋىئاتسىيە لىنىيىلىرى

شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 69 ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىگە (يېڭى ئېچىلغان ئاۋىئاتسىيە لىنىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئىگە بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىچىدىكى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى 61، خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى 7، رايون ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى بىر. لىنىيە ئومۇمىي مۇساپىسى 105 مىڭ 195 كىلومېتىرغا يەتتى (تەكرارلانمىغان ئارىلىق بويىچە ھېسابلاندى)، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىچىدىكى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى 89 مىڭ 845 كىلومېتىر، خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى 14 مىڭ 27 كىلومېتىر، رايون ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى 1323 كىلومېتىر.

جۇ جىنتيەن

## يېڭىدىن ئېچىلغان ئاۋىئاتسىيە لىنىيىلىرى

شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى 2000 - يىلى يولۇچى توشۇش ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىدىن 8نى يېڭىدىن ئاچتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىچىدىكى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى 7، خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى بىر.

4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ATR—72 تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلىپ، شاڭخەي - ئەنچاڭ - شاڭخەي ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى، ئاۋىئاتسىيە لىنىيە ئارىلىقى 555 كىلومېتىر.

4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ATR—72 تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلىپ شاڭخەي - خۇاڭشەن - شاڭخەي ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى، ئاۋىئاتسىيە لىنىيە مۇساپىسى 380 كىلومېتىر.

4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ATR—72 تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلىپ، شاڭخەي - ليەنيۈنگاڭ - شاڭخەي ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى، ئاۋىئاتسىيە لىنىيە مۇساپىسى 468 كىلومېتىر.

4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ATR—72 تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلىپ شاڭخەي - جىڭدېجېن بازىرى - شاڭخەي ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى. ئاۋىئاتسىيە لىنىيە مۇساپىسى 490 كىلومېتىر.

5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بوئىڭ — 757 تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلىپ، ئۈرۈمچى — شىنىڭ — كۈنمىڭ — شىنىڭ — ئۈرۈمچى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى، ئاۋىئاتسىيە مۇساپىسى 3208 كىلومېتىر.

5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ATR—72 تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلىپ، شاڭخەي — نەنچاڭ — گەنجۇ — نەنچاڭ — شاڭخەي ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى، ئاۋىئاتسىيە لىنىيە مۇساپىسى 958 كىلومېتىر.

5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ATR —72 تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلىپ، شاڭخەي — يىۋۇ — شيامېن — يىۋۇ — شاڭخەي ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى، ئاۋىئاتسىيە لىنىيە مۇساپىسى 950 كىلومېتىر.

10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى بوئىڭ — 757 تىپلىق ئايروپىلان ئىشلىتىلىپ ئۈرۈمچى — يېكاتېرىنبۇرگ — موسكۋا — يېكاتېرىنبۇرگ — ئۈرۈمچى خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى، ئاۋىئاتسىيە لىنىيە مۇساپىسى 3991 كىلومېتىر.

7 - ئايدا شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى چاڭجۇدا دائىم تۇرۇشلۇق بازا ۋە شىركەتنىڭ چاڭجۇدىن باشلىنىدىغان ئاۋىئاتسىيە لىنىيىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

جۇ جېنتيەن

## ھەممىباب ئاۋىئاتسىيە

شىنجاڭ ھەممىباب ئاۋىئاتسىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 2000 - يىلى 5043 سائەت، 56 مىڭ 570

ئايروپىلان (قېتىم) ئۇچتى، مەشغۇلات كۆلىمى 181 مىڭ كىلومېتىرغا يەتتى. 2000 - يىلى 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى شىنجاڭ ھەممىباب ئاۋىئاتسىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى «ترانسپورت — 12» تىپلىق 3817—B نومۇرلۇق ئايروپىلان ئارقىلىق شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ بويلىرى ئەتراپىدا سۈنئىي قار ياغدۇرۇش مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. شىخەنزە، فۇتۇبى، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا ئومۇميۈزلۈك قاتتىق قار ياغدى.

2000 - يىلى ھەممىباب ئاۋىئاتسىيەدە 2 قېتىم ئېغىر ھادىسە يۈز بەردى. 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» ھەممىباب ئاۋىئاتسىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ «چايكا» ناملىق 650B/0025 نومۇرلۇق ئايروپىلانى بۆرچىن ناھىيەسىدە پاشا يوقىتىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىپ، ئۆلچەم بويىچە بۆرۈلۈپ مەشغۇلات رايونىغا كىرگەندە، يانتۇلۇق بەك چوڭ بولغاچقا، ئايروپىلان سۈرئىتى كونتروللۇقىنى يوقىتىپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى، ئايروپىلاندىكى بىردىن بىر ئايروپىلان خادىمى ئېغىر يارىلىنىپ قازا قىلدى، ئايروپىلان كاردىن چىقتى. 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى شىنجاڭ ھەممىباپ ئاۋىئاتسىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ «ترانسپورت — 5» تىپلىق B/8716 نومۇرلۇق ئايروپىلانى تارباغاتاي ۋىلايىتىدە چېكەتكە يوقىتىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىپ، ئايروپورتقا قايتىۋاتقاندا تاغقا سوقۇلۇپ كېتىپ كۆيۈپ كەتتى، ئايروپىلان باشلىقى بىلەن ياردەمچى ئۇچقۇچى قازا قىلدى.

جۇ جىنتيەن، چۆي جيەنپىڭ

## بوئېن — 737 تىپلىق ئايروپىلان شاڭخەي ئاۋىئاتسىيە شىركىتىگە ئىجارىگە بېرىلدى

شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ 737 — بەلگىلىك بىر ئايروپىلانى 2000 - يىلى 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى شاڭخەيگە قاراپ ئۇچتى. بۇ، شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ تۇنجى قېتىم ئايروپىلاننى باشقا شىركەتكە ئىجارىگە بېرىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى قىش پەسلىدە ئاۋىئاتسىيە بازىرىنىڭ سۇسلىشىدىغانلىقىنى، لېكىن جەنۇبتا بولسا قىش پەسلىدە ساياھەتچىلەرنىڭ يەنىلا كۆپىيىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، شاڭخەي ئاۋىئاتسىيە شىركىتى بىلەن ئىجارە توختامى ئىمزالىدى، شاڭخەي ئاۋىئاتسىيە شىركىتى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ بوئېن — 737 بەلگىلىك بىر ئايروپىلاننى ئىجارىگە ئېلىپ يېرىم يىل ئىشلەتمەكچى بولدى (1 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە).

چۆي جيەنپىڭ

## ئاۋىئاتسىيە بىخەتەرلىكى

خەلق ئاۋىئاتسىيەسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى 2000 - يىلى ئورۇندىغان تۈرلۈك ئۇچۇش ۋاقتى 53 مىڭ 864 سائەتكە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %2.82 ئاشتى. تۈرلۈك ئۇچۇشنىڭ 97 مىڭ 601 ئايروپىلان (قېتىم) بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ترانسپورت ئۇچۇش ۋاقتى 48 مىڭ 7 سائەتكە يېتىپ، %3.6 ئاشتى. ھادىسە كۆرۈلۈش ئالامەتلىرىنىڭ ھەر 10 مىڭ سائەتتە ئىگىلىگەن نىسبىتى 0.2دىن 0.01گە تۆۋەنلىدى. ئېغىر سەۋەنلىكنىڭ ھەر 10 مىڭ سائەتتە ئىگىلىگەن نىسبىتى 0.82 دىن 0.03كە تۆۋەنلىدى. TU — 154M تىپلىق ئايروپىلاننىڭ 77 ئاي، «ئىل - 86» تىپلىق ئايروپىلاننىڭ 61 ئاي، بوئېن - 737 تىپلىق ئايروپىلاننىڭ 86 ئاي ۋە بوئېن — 757 تىپلىق ئايروپىلاننىڭ 38 ئاي ھاۋادا ماتورى توختاپ قېلىش ھادىسە ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپ قالماسلىقىغا داۋاملىق كاپالەتلىك قىلىندى. 46 يىل ھاۋا قاتنىشى بويىچە ئۇچۇش بىخەتەرلىكى ۋە ھاۋا مۇداپىئە بىخەتەرلىكى ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

2000 - يىلى باشقۇرۇش ئىدارىسى ئۆزى باشقۇرىدىغان 57 ئايروپىلاندىن 50نى يىللىق تەكشۈردى. يىللىق تەكشۈرۈلگەن ئايروپىلاننىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %100كە يەتتى. يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتىدە 170 تۈرلۈك مەسىلە بايقىلىپ، ئايروپىلان رېمونت قىلىش ئورۇنلىرىنىڭ دەل ۋاقتىدا تۈزىتىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىندى.

جۇ جىنتيەن

## ھاۋا قاتنىشى مېتېئورولوگىيە كاپالىتى

2000 - يىلى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ھاۋا قاتنىشى مېتېئورولوگىيە باشقارمىسىدا ئېغىر سەۋەنلىكتىن يۇقىرى ۋەقە يۈز بەرمىدى، ھاۋا قاتنىشى دىسپېتچېرلىرىدا ھەرخىل ئۇچۇشتىكى 97 مىڭ 601 ئايروپىلان (قېتىم) غا كاپالەتلىك قىلىندى. مۇھىم ھاۋارايىدىن بېرىلگەن ئالدىن مەلۇماتنىڭ توغرىلىق نىسبىتى %85.1 بولدى، كۆزىتىشتىكى خاتالىق نىسبىتى ‰0.004 بولدى، ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئىشلەش نورماللىقى %100 بولدى، سۈنئىي ھەمراھ تارقاتقان 7200 پارچە بۇلۇت سىخېمىسى قوبۇل قىلىندى، رادار 787 قېتىم ئېچىلىپ، جەمئىي 852 سائەت ئىشلىتىلدى، ھاۋا قاتنىشى سىخېمىسىنى تولدۇرۇشتىكى خاتالىق نىسبىتى ‰0.001 بولدى، سىخېما تولدۇرۇشنىڭ نورماللىق نىسبىتى %100 بولدى. ھاۋا قاتنىشىغا ئائىت 157 مىڭ 47 پارچە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋېلىنىپ بىر تەرەپ قىلىندى، 63 مىڭ پارچىدىن كۆپرەك دۆلەت ئىچىدىكى ماتېرىيال تاپشۇرۇۋېلىندى، 25 مىڭ پارچىدىن كۆپرەك جېپپسون قوللانمىسى ماتېرىيالىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى، يېڭىدىن ئېچىلغان 45 ئاۋىئاتسىيە لىنىيەسى خەرىتىسى ئىشلىنىپ، توغرىلاندى. 23 جايدىكى ئايروپورت توسالغۇ

دەرسلىرى تەكشۈرۈلدى.

جۇي جيەنپىڭ

## ئايروپىلان رېمونت قىلىش

شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئايروپىلان رېمونت قىلىش - قۇرۇلۇش بۆلۈمى 2000 - يىلى 48 مىڭ 108 سائەت ئۇچۇش ۋاقتىغا كاپالەتلىك قىلدى. بۇ 1999 - يىلدىكىدىن 18.3% ئاشتى. ئايروپىلاننىڭ ئوتتۇرىچە بىجىرىم بولۇش نىسبىتى 92.09%كە يەتتى. ئۇچۇشتىن بۇرۇن 5536 ئايروپىلان (قېتىم)، قونغاندىن كېيىن، 5502 ئايروپىلان (قېتىم)، قىسقا ۋاقىت توختىغاندا 2045 ئايروپىلان (قېتىم)، چەت ئەلدىن كەلگەن ئايروپىلاننى 2215 ئايروپىلان (قېتىم) ئاسراشقا كاپالەتلىك قىلىندى؛ مەخسۇس ئايروپىلاننىڭ 133 ئايروپىلان (قېتىم)، ھەج تاۋاپ قىلىدىغانلار كۆتۈرە ئايروپىلاننىڭ 8 ئايروپىلان (قېتىم)، ئىسسىنا قوشۇپ ئۇچقان 506 نۆۋەتچى ئايروپىلاننى ئاسراشقا كاپالەتلىك قىلىندى؛ 113 يېڭى تۈر ئېچىلدى. ھەرخىل تىپلىق ئايروپىلاننىڭ 1226 دانە قوشۇمچە دېتاللىرى رېمونت قىلىنىپ، رېمونت قىلىنغان مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليون 185 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى.

جۇ جىنتيەن

## خەۋەرلىشىش، يول باشلاش ئۈچۈرى

2000 - يىلى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى خەۋەرلىشىش يول باشلاش رادار سىستېمىسى جەمئىي 363 مىڭ 154.5 سائەت ئىشلىدى، ئۈسكۈنىلەرنىڭ جەمئىي ئىشلەش ۋاقتى 23 مىليون 639 مىڭ 120.7 سائەتكە، تېلېگراممىنىڭ ئوبوروت مىقدارى 6 مىليون 150 مىڭ 732 پارچىغا، سىستېما خىزمىتىنىڭ نورمال بولۇش نىسبىتى 99.986%كە، ئۈسكۈنىلەرنىڭ بىجىرىملىق نىسبىتى 99%كە يەتتى. تۈرلۈك مەخسۇس ئايروپىلاننىڭ 59 ئايروپىلان (قېتىم)، 495.8 سائەت ئۇچۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا خەۋەرلىشىش، يول باشلاشتىكى سۈنئىي يۈز بەرگەن ئادەتتىكى سەۋەنلىك پەرقى 10 مىڭدا 0.011دىن كىچىك بولدى. تېلېفون پونكىتى مۇشۇ بىر يىلدا ئابونېنتلاردا كۆرۈلگەن 900 قېتىمغا يېقىن كاشىلىنى بىر تەرەپ قىلدى. تېلېفوندا سورالغا سوئالغا 280 مىڭ قېتىم جاۋاب بەردى. ئابونېنتلارنىڭ رازى بولۇش نىسبىتىنى باشتىن ئاخىرغىچە مۇقىم ساقلاپ كەلدى، بىرەر قېتىممۇ شىكايەت يۈز بەرمىدى، سېلىنغان تۈرلۈك مەبلەغ 5 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە ۋە ئۈسكۈنىلەرنى چوڭ رېمونت قىلىشقا تەخمىنەن 3 مىليون يۈەن، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەسلىھەلىرىگە 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يەر يۈزى يول باشلاش ئۈسكۈنىلىرى بىلەن ئۇچۇشنى تولۇقلاپ تەكشۈرۈش ۋاقتى 98.6 سائەتكە، قىلىنغان چىقىم 2 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

جۇي جيەنپىڭ

## ئايروپورت كاپالىتى

2000 - يىلى خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى ئايروپورت كاپالىتى بۆلۈمىدە پورت يولى، ھاۋا قاتناش يارەمچى چىرىغى، ئۇچۇشنى توك بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق جەھەتلەردىكى سۈنئىي ئامىللار تۈپەيلىدىن نۆۋەتچى ئايروپىلانلارنىڭ نورمال ئۇچۇشىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ھادىسە يۈز بەرمىدى. ئايروپورت ئىشلىرىدا پورتنى قامدايدىغان ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنىڭ بىجىرىملىق نىسبىتى 96%تىن ئاشتى، قۇشلارنى قوغلاش خىزمىتى ياخشىلاندى. ئاۋىئاتسىيە يارەمچى چىرىغى 995 قېتىم ياندۇرۇلۇپ، سەۋەنلىك كۆرۈلمىدى، چىراغنىڭ 2936 سائەت يېنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى. تۈرلۈك چىراغلارنىڭ بىجىرىملىق نىسبىتى ئاۋىئاتسىيە باش ئىدارىسى بەلگىلىگەن كەسىپ ئۆلچىمىگە يەتتى. سۇ، توك، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەشكە خېلى ياخشى كاپالەتلىك قىلىندى. ئايروپورتتىكى قارلارنى ۋاقتىدا تازىلاش ۋە ئۇچۇش رايونىدا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋەزىپىسى ئۈنۈملۈك ئورۇندالدى. مۇشۇ بىر يىلدا قار تازىلاشقا 487 ئاپتوموبىل (قېتىم)، 837 ئادەم (قېتىم) ئىشقا سېلىندى. كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۆستەڭدىكى 1500 كۇب مېتىر لاي تازىلاندى. مۇشۇ بىر يىلدا 1 مىليون 260 مىڭ تونىنا يۈكنى بىر تەرەپ قىلىندى، بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىنكى يۈكنى دۆلەتنىڭ 2 - دەرىجىلىك قويۇپ بېرىش ئۆلچىمىگە يەتتى.

جۇي جيەنپىڭ

## بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش

2000 - يىلى خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى بىخەتەرلىكنى تەكشۈرۈش باشقارمىسى 8448 ئايروپىلاننى كۆزەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمە گەۋدىسىنىڭ كۆتۈرە ئېلىنغان يولۇچىسى، يۈك ئايروپىلانى 771 ئايروپىلان (قېتىم)، پورت، چېگرىدىن چىققان يولۇچى 770 مىڭ 790 ئادەم (قېتىم) تەكشۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈلگەن مۇھىم يولۇچى 6163 ئادەم (قېتىم). يولۇچىلارنىڭ 1 مىليون 963 مىڭ 431 دانە چامىدىنى، توشۇشقا تاپشۇرۇلغان يۈك - تاقلىرى تەكشۈرۈلدى. 635 مىڭ 67 دانە يۈك، پوچتا يوللانمىسى تەكشۈرۈلدى. رەسمىيەتلىرى ئويغۇن بولمىغان يولۇچىدىن 477 ئادەم (قېتىم) ئىنقىلاپ چىقىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە يالغان




2000 - يىل 8 - ئايدا ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورتىنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈش سىستېمىسى ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈلدى.

يەن فۇجياڭ فوتوسى

نام بىلەن ئورنىغا سەپلەنگىنى 43، يالغاندىن ياسىغان كىملىكنى ئېلىپ كەلگەن يولۇچى 16، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن، ئۆچۈرۈپ ئۆزگەرتىلگەن كىملىكنى ئېلىپ كەلگەن يولۇچى 418. بىر جىنايەت گۇماندارى قولغا چۈشتى، 233 دانە ئوقچاي ئوت ئالدىغان، ئوقچاي پارتلايدىغان بۇيۇم، 134 دانە تۈرلۈك قورال - ياراغ (راستقا تەقلىد قىلىپ ياسىغانلىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە)، 1352 پاي ئوق، 213 دانە ساقچى ئۇسكۇنىسى، 19 مىڭ 69 دانە مەنئى قىلىنغان پىچاق، 3 دانە خەتەرلىك، مەنئىي قىلىنغان باشقا بۇيۇملار تەكشۈرۈپ چىقىلدى. 2 قېتىم قانۇنسىز كاشىلا تۇغدۇرۇش ۋەقەسى توسۇپ قېلىندى.

چۇي جيەنپىڭ

## ماي كاپالىتى

2000 - يىلى جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە مېيى باش شىركىتى شىنجاڭ شىركىتى تۈرلۈك ئۇچۇشنىڭ 10 مىڭ 254 ئايروپىلان (قېتىم) غا، 50 نەچچە مەخسۇس ئايروپىلان (قېتىم) غا كاپالەتلىك قىلدى؛ 10 مىڭ ئايروپىلان (قېتىم) نىڭ كېچىكىش نىسبىتى نۆل بولدى، 10 مىڭ توننا ماي بويىچە مەسئۇلىيەت سەۋەنلىك نىسبىتى نۆل بولدى، ئابونېنتلارنىڭ رازى بولۇش نىسبىتى %100كە يەتتى، ئۈسكۈنىلەرنىڭ بېجىرىلىش نىسبىتى %99كە يەتتى. 94 مىڭ 237 توننا ئاۋىئاتسىيە مېيى سېتىلىپ، 261 مىليون 27 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

چۇي جيەنپىڭ

## ئاۋىئاتسىيە يولىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى

2000 - يىل 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئاۋىئاتسىيە يولىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى دۆلەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشىدىن ئۆتتى. قۇرۇلۇشنىڭ مۇددىتى 12 يىل بولۇپ، 163 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ياپونىيە ھۆكۈمىتى قەرز بەرگەن پۇل خەلق پۇلى ھېسابىدا 114 مىليون يۈەن.

خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئاۋىئاتسىيە يولىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى خەلق ئاۋىئاتسىيە باش ئىدارىسىنىڭ 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ياپونىيە ھۆكۈمىتى بەرگەن قەرز پۇل بىلەن قىلىنغان ئاۋىئاتسىيە يولى قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. پۈتكۈل قۇرۇلۇش جەريانىدا، پىلاندىكى 45 تۈر ئورۇنلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى ھەر قايسى خەلق ئايروپورتلىرىنىڭ خەۋەرلىشىش تۈرى 24، سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى پونكىتىدىن 11ى قۇرۇلدى، دوقلى تولۇق يۆنىلىشلىك سىگنال بەلگىسى / ئارىلىقنى ئۆلچەش ئەسۋابىنىڭ يول باشلاش ئەسلىھەسىدىن 5 يۈرۈش، قونۇش كۆرسەتكۈچ ئەسۋابى سىستېمىسىدىن 5 يۈرۈش قۇراشتۇرۇلدى.

جۇ جىنتيەن

## ئالتاي ئايروپورتىنىڭ ئۇچۇش رايونىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى

بۇ قۇرۇلۇش 2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى پۈتتۈرۈلدى ھەمدە ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ بىرلىكتە تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشىدىن ئۆتتى. 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ھاۋا قاتنىشى رەسمىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

ئالتاي ئايروپورتىنىڭ ئۇچۇش رايونىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا 36 مىليون 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. قۇرۇلۇش ئاساسلىقى پورت يولى، سۇ چىقىرىۋېتىش، ئاۋىئاتسىيە ياردەمچى چىرىغى ۋە توك بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇچۇش رايونىنىڭ قۇرۇلۇش دەرىجىسى 3C ئۆلچەم بويىچە بولدى، ئۇچۇش، قونۇش يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1800 مېتىر، كەڭلىكى 45 مېتىر بولۇپ، بوئىڭ — 737 تىپلىق، ATR—72 تىپلىق ئايروپىلانلار ئۇچۇپ، قونالايدۇ. بۇ قۇرۇلۇشتا 1999 - يىل

10 - ئايدا ئىش باشلانغان.

جۇ جىنتيەن

## چەرچەن ئايروپورتىنىڭ ئۇچۇش رايونىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى پۈتتى

چەرچەن ئايروپورتىنىڭ ئۇچۇش رايونىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى 2000 - يىل 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن شىنجاڭ پىلان كومىتېتىنىڭ بىرلىكتە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

بۇ قۇرۇلۇشقا 12 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئاساسلىقى ئۇچۇش - قونۇش يولى، توك بىلەن تەمىنلەش، سۇ چىقىرىۋېتىش قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى ئۇچۇش رايونىنىڭ دەرىجىسى 3C بولدى، ئۇچۇش - قونۇش يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1700 مېتىر، كەڭلىكى 30 مېتىر بولۇپ، ATR—72 تىپلىق ئايروپىلان ئۇچۇپ قونالايدۇ. بۇ قۇرۇلۇشتا 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئىش باشلىنىپ، 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى پۈتتۈرۈلدى.

جۇ جىنتيەن

## دۇنيا بويىچە تۇنجى Boen — 737/ 300 ئايروپىلان رادارى ئۆزگەرتىلىپ قۇراشتۇرۇلدى

2000 - يىلى شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئايروپىلان رېمونت قىلىش قۇرۇلۇش بۆلۈمى ئۆز قارىمىقىدىكى Boen — 737/300 تىپلىق يولۇچى ئايروپىلانىنىڭ شامال ئۆزگىرىشىنى ئۆزگەرتىدىغان رادار تۈرىنى ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇشنى ھەل قىلدى ھەمدە سىناق قىلىشتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ، ئامېرىكا قوشما شتات ئاۋىئاتسىيە ئىدارىسى (FAA) ۋە جۇڭگو خەلق ئاۋىئاتسىيە باش ئىدارىسى تارقاتقان تولۇقلىما تىپ نومۇرلۇق لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى (STC) غا ۋە ئايروپىلان قۇراشتۇرۇشنى تەستىقلاش لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى (YSTC) غا ئېرىشتى.

چۆي جيەنپىڭ

## شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە پونكىتى DDN رەقەملىك خەۋەرلىشىشنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى

شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى خەۋەرلىشىش يول باشلاش ئۇچۇر باشقارمىسى كومپيۇتېر مەركىزى 2000 - يىل 6 - ئايدا قەشقەر، خوتەن، غۇلجىدىن ئىبارەت 3 ئاۋىئاتسىيە پونكىتىنىڭ ئورۇن زاكاز قىلىش سىستېمىسى DDN رەقەملىك خەۋەرلىشىش لىنىيىسىنى ئاچتى. بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايوندىكى بارلىق ئاۋىئاتسىيە پونكىتلىرىنىڭ ئورۇن زاكاز قىلىش سىستېمىسىنىڭ ھەممىسىدە DDN رەقەملىك خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرى قوللىنىلدى.

چۆي جيەنپىڭ

## چەت ئەل شۆبە سېتىش سىستېمىسى ئالمۇتىدا ماكانلاشتى

شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئالمۇتىدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسى چەت ئەل تارماق سېتىش سىستېمىسى 2000 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇراشتۇرۇلۇپ يولغا قويۇلدى. بۇ سىستېمىنى خەلق ئاۋىئاتسىيە باش ئىدارىسى كومپيۇتېر مەركىزى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان بولۇپ، شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى تۇنجى بولۇپ ئىشلەتتى، بۇ سىستېمىنى ئىشلەتكەندىن كېيىن، چەت ئەللەردىكى ئىش باشقارمىلىرىنىڭ ئەسلىدىكى بولۇپچى بېلەتنى سېتىش خىراجىتى %80 تۆۋەنلىدى.

چۆي جيەنپىڭ

# پوچتا

## پوچتا كەسپىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت كىرىمى 590 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %10.63 ئاشتى، چىقىم پەرقى 310 مىليون يۈەن بولدى، زىيان 110 مىليون يۈەن ئازايتىلدى. ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 420 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12.1 ئاشتى.

2000 - يىلى قاراماي پوچتا ئىدارىسىنىڭ پوچتا ئىشلەپچىقىرىش بىناسى، ئىلى پوچتا ئىدارىسىنىڭ پوچتا ئىشلەپچىقىرىش بىناسى، بېيتۈن پوچتا يوللانمىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش مەركىزى قاتارلىق 11 تۈرلۈك چوڭ، ئوتتۇرا قۇرۇلۇش پۈتتۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ پوچتا ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۆي كۆلىمى 600 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىلدىن 60ى يېڭىدىن كۆپەيتىلدى ۋە يېڭىلاندى، مۇلازىمەت تور نۇقتىسىدىن 22 سى كۆپەيتىلدى، پوچتا يولى مۇساپىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 134 مىڭ كىلومېتىرغا يېتىپ، تاشيول ئاساس قىلىنغان، تۆمۈريول، ئاۋىئاتسىيە ترانسپورتى قوشۇمچە قىلىنغان سىتېرېئولۇق پوچتا يوللانمىلىرىنى توشۇش تورى شەكىللەندى. شىنجاڭنىڭ پوچتا يوللانمىلىرىنى يەتكۈزۈشنى تېزلىتىشتە پوچتا رايونى مەركىزىي ئىدارىنىڭ تۈزۈلمە قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلۇپ، ئۈرۈمچى قاتارلىق 8 پوچتا ئۇنىۋېرسال تور ماشىنا ئۆيلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، كەڭ تورلارنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى قۇراشتۇرۇش تەڭشەپ سىناش ۋە

ئۈرۈمچى كورلا مەركىزىي ئىدارىنىڭ دائىرىلىك تور ئۈسكۈنىلىرىنى قۇراشتۇرۇش، تەڭشەپ ئۆلچەش خىزمىتى ئورۇندىلىپ، ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى سىستېمىسى مەملىكەت بويىچە تورلاشتۇرۇلۇپ ئىشلەيدىغان بولدى، پوچتىنىڭ گېزىت - ژۇرناللارنى تارقىتىش سىستېمىسى ۋە پوچتا پۇل مۇئامىلىسى «يېشىل كارتا» قۇرۇلۇشى تورنى تەڭشەپ ئۆلچەش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. خەت كورۇپكىسى ۋە يۆك ساندۇقى ئارقىلىق پوچتا يوللانمىلىرىنى توشۇش پائال، سالماق كېڭەيتىلدى. ئۈرۈمچى پوچتا رايونى دائىرىسى ئىچىدە ۋە ئۈرۈمچىدىن تارتىپ مەملىكەتتىكى ئۆلكە مەركەزلىرىدىكى مەركىزىي ئىدارىلەر ئوتتۇرىسىدا خەت كورۇپكىسىنى ئىشلىتىپ ئادەتتىكى خەتلەرنى يەتكۈزۈش يولغا قويۇلدى.

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە پوچتا ئىدارىسى، پونكىتى 1392گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلاردا قۇرۇلغان ئىدارە، پونكىت 988، تولۇق ئىقتىدارى بىلەن مۇلازىمەت قىلىدىغان ئىدارە، پونكىت 1103، ئېلېكترونلاشقان ئىدارە، پونكىت 469. پوچتىنىڭ گېزىت، ژۇرنال، كىتاب سېتىش نۇقتىسى 925كە، پوچتا ماركىسى توپلاش بۇيۇملىرىنى سېتىش نۇقتىسى 536 گە يەتتى. پوچتا پۇل ئامانىتى نۇقتىسى 585كە، پوچتا پۇل ئامانىتى تورلاشقان تور نۇقتىسى 358گە، پوچتا پۇل ئامانىتى بويىچە باشقا جايدا پۇل ئامانەت قويۇش، پۇل ئېلىش تور نۇقتىسى 296كە يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە پوچتا خەت، گېزىت ساندۇقى تۈپى 518گە، پوچتا خەت - چەكلەرنى تارقىتىش نۇقتىسى 144 مىڭغا يەتتى.

يۈ شىشەن، كاڭ يەن

## خەت - چەك كەسپى

2000 - يىلى شىنجاڭ پوچتا ئىدارىسى بويىچە يەتكۈزۈلگەن خەت - چەك 56 مىليون 340 مىڭ پارچىغا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 2.4% ئاشتى. كىرىم 43 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 1.7% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە سودىغا ئائىت خەت - چەكتىن 2 مىليون 794 مىڭ پارچە، ھېسابات تالونى تۈرىدىكى سودا خەت - چەكتىن 3 مىليون 10 مىڭ پارچە، پوچتا ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدىغان ئېلاندىن 9 مىليون 140 مىڭ پارچە، تۈرلۈك ئاتكىرىتكىدىن 7 مىليون 185 مىڭ پارچە يەتكۈزۈلدى. خەت - چەك كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈش ئۈچۈن، شىنجاڭ پوچتا ئىدارىسى ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرى ئىشلەك بېلەتى، مەكتەپ قورۇسى ئاتكىرىتكىسى، كارخانا ئاتكىرىتكىسى قاتارلىقلارنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا، يەنە ئانىلار ئاتكىرىتكىسى، ئوقۇتقۇچىلار ئاتكىرىتكىسى قاتارلىق بىر يۈرۈش ئوچۇق خەت ئاتكىرىتكىلىرىنى يولغا قويدى.

يۈ شىشەن، كاڭ يەن

## پوسۇلكا كەسپى

2000 - يىلى شىنجاڭ پوچتا ئىدارىسىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى پوسۇلكا يەتكۈزۈش كەسپىي مىقدارى 1 مىليون 600 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 1.2% ئازايدى، كىرىم 44 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 13.5% ئاشتى. ئەسلىدىكى بازارلارنى مۇستەھكەملەش ئاساسىدا، ئىقتىساد ۋە جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، بىۋاسىتە يەتكۈزۈش، يۈك توشۇش ۋە سودا پوسۇلكىسى كەسپىنى نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كەسپىنىڭ يېڭىدىن كۆپىيىش نۇقتىسىنى يېتىلدۈردى.

يۈ شىشەن؛ كاڭ يەن

## تېز يەتكۈزۈش كەسپى

شىنجاڭ پوچتا ئىدارىسىنىڭ تېز يەتكۈزۈش كەسپىي مىقدارى 2000 - يىلى 1 مىليون 240 مىڭغا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 20.4% ئاشتى. كىرىم 36 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 18.6% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىچىدىكى تېز يەتكۈزۈش كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 29 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 11.6% ئاشتى. قائىدە - يوسۇن مۇلازىمەت كىرىمى 515 مىڭ يۈەنگە يەتتى. كەسىپ دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، شىنجاڭ پوچتا ئىدارىسى ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىدىغان خەت ساندۇق كەسپى، يەر شارى بويىچە ئالدىن ئېتىبار بېرىلىدىغان خەت - چەك كەسپى، پۇلنى ئالاھىدە تېز يەتكۈزۈش كەسپى قاتارلىق تېز يەتكۈزۈش كەسپىنى يېڭىدىن يولغا قويدى.

يۈ شىشەن كاڭ يەن

## پوچتا پۇل ئامانىتى

شىنجاڭ پوچتا پۇل ئامانىتىنىڭ 2000 - يىلدىكى قالدۇقى 6 مىليارد 865 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 904 مىليون يۈەن ساپ ئاشتى، پوچتا پۇل ئامانىتىنىڭ كىرىمى 165 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 12.8% ئاشتى. ۋاستىچىلىك كەسپىنىڭ رەسمىيەت ھەققى كىرىمى 1 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە، تۈرلۈك ۋاستىچىلىك كەسپىنىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە تىنما قالدۇقى 76 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى. قائىدە - يوسۇن پۇل پېرېۋوتى تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، 720 مىڭ پارچىغا يېتىپ، ھېساباتقا كىرگۈزۈلگەن پۇل پېرېۋوت كەسپىنى بېجىرىشتە 2 مىليون 260 مىڭ يۈەن تىنما مەبلەغ شەكىللەندى.

يۈ شىشەن، كاڭ يەن

## گېزىت ـ ژۇرنال تارقىتىش

شىنجاڭ پوچتا ئىدارىسى 2000 ـ يىلى 310 مىليون پارچە گېزىت ـ ژۇرنالغا مۇشتەرى قوبۇل قىلدى ۋە ساتتى، بۇ 1999 ـ يىلدىكىدىن %6.9 ئازايدى، كىرىم 74 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %9.7 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە گېزىت كىرىمى 40 مىليون 610 مىڭ يۈەن، ژۇرنال كىرىمى 27 مىليون 120 مىڭ يۈەن. گېزىت ـ ژۇرنال كىرىمى ئىچىدە پارچە سېتىش كىرىمى 10 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %24 ئاشتى. گېزىت ـ ژۇرنال تارقىتىش كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، شىنجاڭ پوچتا ئىدارىسى خەت ـ گېزىت ساندۇقى ۋە گېزىت ـ ژۇرنال يەتكۈزۈشتىن پايدىلىنىپ، خۇسۇسىلارنى مۇشتەرى قىلىش ۋە پارچە سېتىش كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇردى، گېزىت ـ ژۇرنال بۇتكىسىدىن 500نى بېكىتىدىن كۆپەيتتى، پارچە سېتىش نىسبىتى %19.5كە يەتتى. 2001 ـ يىللىق گېزىت ـ ژۇرناللارغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ئوبوروت سوممىسى 189 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %6 ئاشتى. خۇسۇسىلار ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ مۇشتەرى بولۇش نىسبىتى %22تىن ئېشىپ كەتتى.

يۇ شىشەن، كاڭ يەن

## پوچتا ماركىسى توپلاش

شىنجاڭ پوچتا ئىدارىسىنىڭ 2000 ـ يىلدىكى پوچتا ماركىسى توپلاش كەسپىي مىقدارى 57 مىليون 658 مىڭ پارچىغا، ماركا توپلاش توپلىمى 1 مىليون 306 مىڭغا يەتتى، كىرىم 129 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %10 ئاشتى. پوچتا ماركىسى توپلاش كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، شىنجاڭ پوچتا ئىدارىسى تىجارەت كۆز قارىشى بىلەن تىجارەت ئۇسۇلىنى پائال ئۆزگەرتىپ، بازارلىق، داڭلىق، ئەلا، يېڭى، ئۆزگىچە بولغان توپلايدىغان پوچتا ماركا بۇيۇملىرىنى كۆپلەپ سىناق تەرىقىسىدە سېتىش يوللىرىنى ئىشانلىق ۋە بىرلىشىپ ئېچىپ، ئىسكىلاتتا تۇرۇپ قالغان ماركىلارنىڭ سېتىلىشىنى تىرىشىپ جانلاندۇردى. 2 ـ دەرىجىلىك بازاردىكى سېتىۋېلىش، سېتىش سالمىقىنى ئاشۇردى، پوچتا ماركىسى توپلاش تىجارىتىنى جانلاندۇردى، بۇنىڭ بىلەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پوچتا ماركىسى توپلاش كەسپىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىش ۋەزىيىتى بارلىققا كېلىپ، يىللىق پىلان ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى.

يۇ شىشەن، كاڭ يەن

## ليۇ لىچىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

دۆلەت پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ليۇ لىچىڭ شىنجاڭغا كېلىپ، 2000 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن 22 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، شىخەنزە، كۈيتۇڭ، بورتالا، ئىلى قاتارلىق رايونلارنىڭ پوچتا خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

يۇ شىشەن، كاڭ يەن

# تېلېگراف

## شىنجاڭ تېلېگراف كەسپىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

2000 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليارد 580 مىليون يۈەنگە، مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 2 مىليون 137 مىڭغا، شەھەر تېلېفون ئابونىتى 1 مىليون 363 مىڭغا، يېزا تېلېفون ئابونىتى 547 مىڭغا، ئۆرالغۇ تېلېفون ئابونىتى 1 مىليون 493 مىڭغا، ئىنتېرنېت تورىغا تىزىملىتىپ نومۇر بۆرايدىغان ئابونىت 60 مىڭ 800گە، سىمسىز چاقىرغۇ ئابونىتى 1 مىليون 674 مىڭ 700 گە، يانتېلېفون ئابونىتى 780 مىڭغا، IP تېلېفوندا سۆزلەشكەن ۋاقىت 39 مىليون 30 مىڭ مىنۇتقا، ئۇزۇن يوللۇق كوممۇتاتورنىڭ سىغىمى 2 مىليون 850 مىڭ توچكىغا، كۆچمە خەۋەرلىشىش كوممۇتاتور سىغىمى 1 مىليون 400 مىڭ توچكىغا، ئاپتونوم رايون بويىچە تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 100 ئادەمگە 16.2 تېلېفون، مۇقىم تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 100 ئادەمگە 11.9 تېلېفون، يانتېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 100 ئادەمگە 4.3 تېلېفونغا يەتتى.

شيې نەن

## شىنجاڭنىڭ تېلېگراف كەسپى

2000 ـ يىلى شىنجاڭ تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليارد 320 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليارد 20 مىليون يۈەن، ئۆز جايىنىڭ تېلېفون كەسپى تىجارەت سوممىسى 1 مىليارد 240 مىليون يۈەن، رەقەملىك خەۋەرلىشىش كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 63 مىليون 380 مىڭ يۈەن.

2000 ـ يىلى شىنجاڭ تېلېگراف ئىدارىسى ئۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 920 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى. نۇركابېل غول لىنىيە قۇرۇلۇشى يەنىمۇ تېزلىتىلدى، جەنۇبىي شىنجاڭ ئايلانما يول نۇر كابېلى، ئۈرۈمچى — كۈيتۇڭ نۇركابېلى پۈتتۈرۈلۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭ نۇر كابېلى DWDM (زىچ دولقۇننى ئايرىپ تەكرار ئىشلىتىش) بويىچە تېخنىكا

ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش ئۇيۇشتۇرۇلدى. تېلېفون تورى ۋە رەقەملىك تورنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە قۇرۇلمىنى تەڭشەشتە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە S1240 كوممۇتاتور ئۈسكۈنىسى Eنى ژىگە ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ۋە ئىدىرالىق تور قۇرۇلۇشى تەڭشەپ ئۆلچەش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا تېلېفونى VSAT (ئەڭ كىچىك ئانتېننا ئارقىلىق سۈنئىي ھەمراھ خەۋەرلىشىش پونكىتى) سۈنئىي ھەمراھ خەۋەرلىشىش قۇرۇلۇشىدا ئۈسكۈنىلەر قۇراشتۇرۇلدى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە 16 پورت تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلۇشى تامامەن ئورۇندالدى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە IP تېلېفون تورى، 169/163 تور چېتىش قۇرۇلۇشى ۋە DDN تورى (رەقەملىك تور)، كۆپ ۋاستىلىك خەۋەرلىشىش تورى سىغىمىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، 11 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ ATM (بىماس قەدەملىك يۆتكەش ئەندىزىسى) كەڭ بەلۋاغلىق تور قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇزۇن يوللۇق كەسپىي تېلېفون لىنىيىسىدە يېڭىدىن 6315 لىنىيە كۆپەيتىلىپ، 50 مىڭ 400 لىنىيىگە يەتكۈزۈلدى، ئۇزۇن يوللۇق كوممۇتاتور سىغىمى 103 مىڭ لىنىيىگە يەتتى. ئىدارە ئىشلىتىدىغان كوممۇتاتور سىغىمى يېڭىدىن 305 مىڭ توچكا كۆپەيتىلىپ، 2 مىليون 850 مىڭ توچكىغا يەتكۈزۈلدى. رەقەملىك ۋە كۆپ ۋاستىلىك خەۋەرلىشىش تورىدا يېڭىدىن 55 مىڭ ھەرخىل ئۇچ كۆپەيتىلدى. ئومۇمىي سىغىمى 65 مىڭ ئۇچقا يەتكۈزۈلدى. ئىنتېرنېت چىقىش ئېغىزىنىڭ بەلۋاغ كەڭلىكى 300 مېگادىن يۇقىرى بولدى. تۈۋرۈكلۈك تور قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 16 يەرلىكنىڭ ئۆز تورىدىكى شەھەر تېلېفونى كەسپىنى باشقۇرۇش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى پۈتتۈرۈلدى، يەرلىك تورنىڭ ھەق ھېسابلاش قۇرۇلۇشى ۋە كوممۇتاتور تورىنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. تورنىڭ ئىشلەش سۈپىتى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلدى. يەرلىك تورنىڭ ھەر تەرەپلىمە كەلگەن تېلېفوننى قوبۇل قىلىپ ئۇلاش نىسبىتى 52.8%كە يېتىپ، مىنىستىرلىك ئېلان قىلغان ئۆلچەمدىن 0.93 پىرسەنت پوئىنتى ئېشىپ كەتتى؛ تورنىڭ قوبۇل قىلىپ ئۇلاش نىسبىتى 94.1%كە يېتىپ، مىنىستىرلىك ئېلان قىلغان ئۆلچەمدىن 1.1 پىرسەنت پوئىنتى ئېشىپ كەتتى. تورنىڭ ئىشلەش سۈپىتىنىڭ تۈرلۈك كۆرسەتكۈچى بويىچە يىللىق نىشان ئومۇميۈزلۈك ئورۇندالدى. شىنجاڭ بويىچە تېلېگراف كەسپىنىڭ كۆچمە تېلېفون ئاپپاراتىنى دەل ۋاقتىدا قۇراشتۇرۇش نىسبىتى 98%كە، ئاپپاراتلارنى دەل ۋاقتىدا رېمونت قىلىش نىسبىتى 97%كە يېتىپ، 1999 - يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكى سەۋىيىدىن يۇقىرى بولدى.

سى جيەنفېڭ، شۈ ليەن

## يەرلىك تېلېفون

2000 - يىلى شىنجاڭ تېلېگرافىنىڭ يەرلىك تېلېفون تورىدا سۆزلىشىش قېتىم سانى 416 مىليون 910 مىڭ قېتىمغا يەتتى، كەسپىي تىجارەت سوممىسى 1 مىليارد 240 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 31.9% ئېشىپ، تېلېگراف كەسپىي تىجارەت سوممىسىنىڭ 53.4%نى ئىگىلىدى. يەرلىك توردىكى شەھەر تېلېفونلىرى كەسپىنى باشقۇرۇش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى ئاپتونوم رايون بويىچە كوممۇتاتور ئۈسكۈنىلىرىدىكى Eنى ژىگە ئۆزگەرتىش ۋە ئىدىرالىق تورى قۇرۇلۇشى ئومۇمىي سىغىمى 214 مىڭ لىنىيە كېلىدىغان ئاپتونوم رايون بويىچە 16 كوممۇتاتور پورت ئىدارىسى قۇرۇلۇشى تاماملاندى. مۇشۇ بىر يىلدا 435 مىڭ مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى كۆپەيتىلىپ، ئابونېنت سانى 1 مىليون 907 مىڭغا، مۇقىم تېلېفون ئاساسىي لىنىيىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش نىسبىتى 10.76%كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر تېلېفون ئابونېنتى 1 مىليون 360 مىڭ بولۇپ، بارلىق ئابونېنتلارنىڭ 71.2%نى ئىگىلىدى. شەھەردىكى ئابونېنتلار ئارىسىدا ئۆي تېلېفون ئابونېنتى 1 مىليون 11 مىڭ بولۇپ، 74.3%نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە كۆپەيتىلگەن تۈرلۈك ئاممىۋى تېلېفون 23 مىڭ 500 بولۇپ، ئومۇمىي سانى 70 مىڭ 300گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ICكارتىسى ئىشلىتىلىدىغان ئاممىۋى تېلېفون 19 مىڭ 992؛ يېزىلاردىكى تېلېفون ئابونېنتى 547 مىڭغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆي تېلېفون ئابونېنتى 480 مىڭ بولۇپ، 87.8%نى ئىگىلىدى. چەت، يىراق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ تېلېفون بېرىش قىيىنچىلىقىنى تۈپتىن ھەل قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتى يېزىلاردا سۈنئىي ھەمراھ تېلېفون سىستېمىسى بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويدى. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 1050 يېزىدا VSAT كىچىك پونكىت قۇرۇش بولۇپ، بىر ئاساسلىق پونكىت، 3 پورت پونكىتى، 15 كىچىك پونكىتنى قۇراشتۇرۇش خىزمىتى تاماملاندى.

سى جيەنفېي، شۈ ليەن

## ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون

2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە تېلېگراف كەسپىدىكى ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليارد 20 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 2% ئېشىپ، تېلېگراف كەسپىي تىجارەت سوممىسىنىڭ 43.9%نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 1 -، 2 - دەرىجىلىك نۇركابېلى غول لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 مىڭ 828 كىلومېتىرغا يەتتى. دۆلەت ئىچىدە ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوندا سۆزلىشىش قېتىم سانى 347 مىليون 122 مىڭ 100

قېتىمغا، ۋاقىت ئۇزۇنلۇقى 1 مىليارد 272 مىليون 682 مىڭ 500 مىنۇتقا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكىلەر ئارا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوندا سۆزلىشىش قېتىم سانى 159 مىليون 959 مىڭ 700 قېتىم، سۆزلىشىش ۋاقىت ئۇزۇنلۇقى 637 مىليون 718 مىڭ 600 مىنۇت؛ ئۆلكە ئىچىدە ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوندا سۆزلىشىش قېتىم سانى 187 مىليون 162 مىڭ 400 قېتىم، سۆزلىشىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 634 مىليون 963 مىڭ 900 مىنۇت. خەلقئارا ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن ئوتتۇرىسىدىكى تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 77 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە، خەلقئارا ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن ئوتتۇرىسىدىكى تېلېفوندا سۆزلىشىش قېتىم سانى 1 مىليون 135 مىڭ 300 قېتىمغا، ۋاقىت ئۇزۇنلۇقى 3 مىليون 843 مىڭ 500 مىنۇتقا يەتتى.

2000 - يىلى ئۆز ئارا ئۇلاشتۇرۇلغان يەرلىك توردىكى تېلفوندا سۆزلىشىش قېتىم سانى 16 مىليون 899 مىڭ 300 قېتىمغا، ۋاقىت ئۇزۇنلۇقى 28 مىليون 767 مىڭ مىنۇتقا يەتتى؛ ئۆز ئارا ئۇلاشتۇرۇلغان دۆلەت ئىچىدىكى ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوندا سۆزلىشىش قېتىم سانى 12 مىليون 829 مىڭ 700 قېتىمغا، ۋاقىت ئۇزۇنلۇقى 33 مىليون 848 مىڭ مىنۇتقا يەتتى؛ ئۆز ئارا ئۇلاشتۇرۇلغان خەلقئارا تېلېفوندا سۆزلىشىش قېتىم سانى 1097 قېتىمغا، ۋاقىت ئۇزۇنلۇقى 3624 مىنۇتقا يەتتى؛ ئۆز ئارا ئۇلاشتۇرۇلغان شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن ئوتتۇرىسىدىكى تېلېفوندا سۆزلىشىش قېتىم سانى 12 قېتىمغا، ۋاقىت ئۇزۇنلۇقى 33 مىنۇتقا يەتتى.

سى جيەنفېي، شۆ ليەن

## رەقەملىك خەۋەرلىشىش

شىنجاڭ تېلېگرافى رەقەملىك خەۋەرلىشىش تورى بويىچە 2000 - يىلى DDN تورى (رەقەملىك تور) نىڭ 3 - قارارلىق سىغىمىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى، ئۈرۈمچى، كورلا، كۈيتۇڭ، سانجى، قاراماي، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، ئاقسۇ، تۇرپاندىن ئىبارەت 10 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى 11 تەگشەش نۇقتىسىنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى، كۆپەيتىلگەن ئۇچ 1800گە، بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى سۈرئەت بىلەن خەۋەرلىشىدىغان ئابونېنتلار ئۇچى 160 قا يەتتى؛ 169/163 ئىككى تورنى بىرلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ، 163، 169 نومۇر بۇراش مۇلازىمەت كەسپى ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ئوخشاش بىر سۈپەتتە بىرلىككە كەلتۈرۈلدى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە كۆپ ۋاسىتىلىك خەۋەرلىشىش تورىنىڭ 2 - قارارلىق سىغىمىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ، ئاپتونوم رايوندىكى 5 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە ۋە شىخەنزە، مايتاغ، شەرقىي جۇڭغار نېفىت شىركىتىدە نومۇر بۇراپ ئۇلاش ئۇچى كۆپەيتىلدى، بۇنىڭ بىلەن نومۇر بۇراش ئۇچى 10 مىڭ 720 گە، مەخسۇس لىنىيە ئۇچى 1510 غا، تېلېفون نومۇرىنى بۇراشنى ۋە ISDN نى قوللايدىغان ئابونېنت 180 مىڭغا، مەخسۇس لىنىيە ئابونېنتى 1510 غا يەتتى؛ IP تېلېفون 2000 - يىل 5 - ئايدا ئۈرۈمچىدە يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، IP تېلېفونىنىڭ 1 -، 2 -، 3 - قارارلىق قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ، پۈتۈن تور بويىچە ئابونېنتلار ئۇچى 2160 قا يەتتى.

2000 - يىلى تورلۇق رەقەملىك ۋە كۆپ ۋاسىتىلىك خەۋەرلىشىش كەسپىدە ئابونېنتلار 98 مىڭ 229 غا يېتىپ، رەقەملىك خەۋەرلىشىش ئۇل كەسپىدە ئابونېنتلار 5898گە، قوشۇلما قىممەت ئابونېنتى 123 مىڭغا، IP كارتىسى ئىشلەتكەن ئابونېنتلار 123 مىڭغا يەتتى؛ نومۇر بۇراش تورىغا كىرگەن ئابونېنتلارنىڭ تېلېفون بەرگەن ۋاقتى 505 مىليون مىنۇتقا، مۇشۇ بىر يىلدا ھەربىر ئابونېنتنىڭ ئوتتۇرىچە تورغا كىرىپ تېلېفون بەرگەن ۋاقتى 4813 مىنۇتقا يەتتى. شىنجاڭ تېلېگرافى گۇرۇھى ئابونېنتلىرى بىلەن پائال ھەمكارلىشىپ رەقەملىك ئۇل كەسپىدىكى ئابونېنتلارنى تەرەققىي قىلدۇردى. مۇشۇ بىر يىلدا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى، ج خ نازارىتى، دۆلەت بېجى ئىدارىسى، جۇڭگو ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتى قاتارلىق نۇرغۇن ئورۇنلار بىلەن تورغا كىرىش كېلىشىمنامىسى ئىمزالاپ، تەخمىنەن 5 مىليون گۇرۇھ ئابونېنتىنى كۆپەيتتى. «ھۆكۈمەت تورغا كىرىش» قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش ئاساسىدا، ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە «كارخانىلار تورغا كىرىش» بويىچە سەپەرۋەر قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى بىلەن «مەكتەپلەر تورغا كىرىش» قۇرۇلۇش پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى.

سى جيەنفېي، شۆ ليەن

## جەنۇبىي شىنجاڭ نۇركابېلى ئايلانما يول خەۋەرلىشىش لىنىيىسى قۇرۇلۇشى دەسلەپكى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى

جەنۇبىي شىنجاڭ نۇركابېلى ئايلانما يول خەۋەرلىشىش لىنىيىسى قۇرۇلۇشى 2000 - يىل 8 - ئايدا دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشتىن ئۆتتى. بۇ قۇرۇلۇش كورلىدىن باشلىنىپ، چاقىلىق، چەرچەن، نىيە، كېرىيە، چىرا، لوپ ئارقىلىق خوتەنگە باردى. ئومۇمىي مۇساپە ئۇزۇنلۇقى 1446.365 كىلومېتىر بولۇپ، 2 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ 10 ناھىيە، شەھىرىدىن ئۆتىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش پۈتسە لىنىيە بويلىرىدىكى ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ خەۋەرلىشىش قىيىنچىلىقى تۈپتىن ھەل بولىدۇ ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭ نۇركابېلى خەۋەرلىشىش

سىستېمىسى بىلەن ئاپلانما يول شەكىللەندۈرىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭ خەۋەرلىشىش تورىنىڭ بىخەتەرلىكى، ئىشەنچلىكلىكى ئۆسىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە شىنجاڭدىن چىقىدىغان 2 - نۇر كابېلدا ئايلىنىپ ئۆتىدىغان يول كۆپىيىدۇ. بۇ، ئىچكى ئۆلكىلەرگە ۋە خەلقئارالغا بارىدىغان لىنىيىنىڭ بىخەتەر، ئىشەنچلىك بولۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

سى جيەنفېي، شۆ ليەن

## ئۈرۈمچى شەھىرى 2 - ئۆزۈن يوللۇق تېلېگراف تۈگىنى قۇرۇلۇشى

جۇڭگو تېلېگراف گۇرۇھى شىركىتى ئۆيۈشتۇرغان بۇ قۇرۇلۇش 2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى پۈتتۈرۈلگەندىن كېيىن، تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشتىن ئۆتتى. ئۈرۈمچى شەھىرى 2 - ئۆزۈن يوللۇق تېلېگراف تۈگۈنى قۇرۇلۇشىدا 1996 - يىل 4 - ئايدا رەسمىي ئىش باشلانغان، 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى دەسلەپكى قەدەمدىكى تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشتىن ئۆتتى. قۇرۇلۇش ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 5.9 گېكتار، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 71 مىڭ 344 كۋادرات مېتىر. قۇرۇلۇشنىڭ پۈتتۈرۈلۈش نەق چوتىدىكى ئومۇمىي سېلىنغان مەبلەغ 331 مىليون 500 مىڭ يۈەن.

سى جيەنفېي، شۆ ليەن

## شىنجاڭ ئۆزۈن يوللۇق نۇر كابېلى كۆپ لىنىيىسىنى ئاسراش قۇرۇلۇشى دەسلەپكى تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولدى

شىنجاڭ ئۆزۈن يوللۇق نۇركابېلى كۆپ لىنىيىسىنى قوغداش قۇرۇلۇشى 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى دەسلەپكى تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشتىن ئۆتتى. بۇ قۇرۇلۇشقا 15 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 1999 - يىل 11 - ئايدا ئىش باشلىنىپ، 2000 - يىل 6 - ئايدا تاماملاندى. بۇ قۇرۇلۇشتا ئاساسلىقى ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى 1 -، 2 - دەرىجىلىك نۇركابېلى غول لىنىيىسى ئەتراپىدىكى كەلكۈن دائىم يۈز بېرىدىغان بۆلەكلەر ۋە خەتەرلىك بۆلەكلەردىكى نۇر كابېلى تۈۋرۈككە تارتىلىپ، نۇركابېلى كۆپ لىنىيىلىك قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن خەتەر يۈز بەرگەندە، زاپاس لىنىيىگە ئۆلىغىلى بولىدىغان ھەمدە تورنىڭ بىخەتەر ئىشلىشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغان بولدى.

سى جيەنفېي، شۆ ليەن

## شىنجاڭ تېلېگرافى IP تېلېفون قۇرۇلۇشى تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشتىن ئۆتتى

شىنجاڭ تېلېگرافى IP تېلېفون قۇرۇلۇشى 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشتىن ئۆتتى ھەم رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. قۇرۇلۇش 3 باسقۇچقا ئايرىپ ئېلىپ بېرىلدى. 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشتا 2000 - يىل 4 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئىش باشلاندى، كەسپنىڭ تەرەققىياتى تېز، بازار ئېھتىياجى كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇنىڭ كەينىدىنلا 7 - ئاي ۋە 9 - ئايدا، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ سىغىمى 2 قېتىم كېڭەيتىلدى، 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى 3 - قارارلىق قۇرۇلۇشنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى قۇراشتۇرۇش، سىناش خىزمىتى تامامەن ئورۇندالدى. شىنجاڭ تېلېگرافى IP تېلېفون قۇرۇلۇشىغا 15 مىليون 180 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. قۇرۇلۇشنىڭ تۈگۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىنى قاپلىدى، كەسپىنىڭ قاپلاش دائىرىسى ئاپتونوم رايوندىكى 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرگىچە بولدى، پۈتۈن تور بويىچە IP تېلېفون ئابونېنتى 2160قا يەتتى.

سى جيەنفېي، شۆ ليەن

## ئۈرۈمچى - كۈيتۇڭ نۇركابېلى خەۋەرلىشىش قۇرۇلۇشى دەسلەپكى تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى

ئۈرۈمچى — كۈيتۇڭ نۇركابېلى خەۋەرلىشىش قۇرۇلۇشى 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى دەسلەپكى تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشتىن ئۆتتى. بۇ قۇرۇلۇشتا 2000 - يىل 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئىش باشلىنىپ، 4 ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىندى. 46 .300 كىلومېتىر نۇر كابېل لىنىيىسى ياسالدى، بۇنىڭغا 18 كىرىنلىق G655 نۇرتالا ئىشلىتىلدى. شىنجاڭ ئالىي تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئۈرۈمچى - كۈيتۇڭ ئالىي تاشيولىدىكى بىر تۇرۇبا يولى ئىجارىگە ئېلىنىپ، نۇركابېلنىڭ ھەممە لىنىيىسى تۇرۇبا يولى ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بىخەتەرلىكى يۇقىرى بولدى.

سى جيەنفېڭ، شۆليەن

## شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتى قۇرۇلدى

جۇڭگو تېلېگراف گۇرۇھى شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتى 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى رەسمىي قۇرۇلدى. شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتى ئىدارە دەرىجىلىك ئورۇن بويىچە باشقۇرۇلىدۇ، شىنجاڭدىكى 16 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە شۆبە شىركەت، 78 ناھىيىدە تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلدى. ئۇ ئاساسلىقى، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى تۈرلۈك مۇقىم تېلېگراف تورى ۋە ئەسلىھەلىرى تىجارىتى قىلىدۇ. تېلېگراف تورىنىڭ سادىسى، رەقىمى، سۈرئىتى جەھەتتە ۋە كۆپ ۋاستىلىك خەۋەرلىشىش ۋە ئۇچۇر جەھەتتە مۇلازىمەت قىلىدۇ، خەۋەرلىشىش ۋە ئۇچۇر كەسپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك سىستېما توپلىمى، تېخنىكا تەرەققىياتى، تېخنىكا مۇلازىمىتى قاتارلىق كەسپلەرنى يولغا قويىدۇ.

سى جيەنفېي، شۆ ليەن

# شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى

## شەھەر قۇرۇلۇشى

### شەھەر قۇرۇلۇشىدا تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى 19 شەھەرنىڭ شەھەر مەمۇرىيىتى جامائەت مۇئەسسەسىلىرى قۇرۇلۇشىدا تۇراقلىق مۈلۈككە 3 مىليارد 246 مىليون 270 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 1 مىليارد 706 مىليون 490 مىڭ يۈەن ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 2 مىليارد 366 مىليون 540 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 1 مىليارد 517 مىليون 430 مىڭ يۈەن ئاشتى؛ يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە 879 مىليون 730 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 189 مىليون 60 مىڭ يۈەن ئاشتى. سېلىنغان مەبلەغنى كەسىپلەر بويىچە ئايرىغاندا: شەھەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەشكە 399 مىليون 260 مىڭ يۈەن، شەھەر ئاممىۋى قاتنىشىغا 205 مىليون 720 مىڭ يۈەن، شەھەر يېقىلغۇ گازىغا 104 مىليون 600 مىڭ يۈەن، شەھەرنى ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەشكە 784 مىليون 270 مىڭ يۈەن، شەھەر يوللىرىغا 926 مىليون 730 مىڭ يۈەن، يۇندا چىقىرىۋېتىشكە 304 مىليون 70 مىڭ يۈەن، كۆۋرۈك سېلىشقا 58 مىليون 750 مىڭ يۈەن، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىشكە 1 مىليون يۈەن، باغۋارانلاشتۇرۇش - كۆكەرتىشكە 200 مىليون 120 مىڭ يۈەن، مۇھىت تازىلىقىغا 85 مىليون 490 مىڭ يۈەن، باشقا ئىشلارغا 176 مىليون 260 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئەمەلىيەتتە نەقلەشكەن مەبلەغ 2 مىليارد 566 مىليون 970 مىڭ يۈەن بولۇپ، پۈتكەن ئىش مىقدارىنىڭ %79نى ئىگىلىدى. 2000 - يىلى 1 مىليارد 986 مىليون 780 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك كۆپەيدى.

لياڭ يۈمېي

### شەھەرلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەش

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنىڭ تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى كۈنىگە 330 مىڭ كۇب مېتىر ئاشتى، سۇ تۇرۇبىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 101.2 كىلومېتىر ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەردىكى تۇرۇبا سۈيى زاۋۇتى 42، ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى كۈنىگە 2 مىليون 919 مىڭ 400 كۇب مېتىر، سۇ تۇرۇبىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4448 كىلومېتىر. يىللىق سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 496 مىليون 490 مىڭ كۇب مېتىر، تۇرۇبا سۈيى ئىشلىتىدىغان ئادەم 4 مىليون 183 مىڭ 600 بولدى، تۇرۇبا سۈيى ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %98.81كە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 0.67 پىرسەنت پونكىتى ئۆرلىدى؛ تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سۇ ھەربىر ئادەمگە كۈنىگە 165.05 لىتىردىن توغرا كېلىپ، 4.55 لىتىر ئاشتى. 66 ناھىيە بازىرىدىكى تۇرۇبا سۈيى زاۋۇتى 76گە، كۈنلۈك ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 756 مىڭ 100 كۇب مېتىرغا، سۇ تەمىنلەش تۇرۇبىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2502 كىلومېتىرغا، يىلىغا سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 116 مىليون 960 مىڭ كۇب مېتىرغا، تۇرۇبا سۈيى ئىشلىتىدىغان ئادەم 1 مىليون 718 مىڭ 200 گە، تۇرۇبا سۈيى ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %87.14كە، ھەربىر ئادەمگە كۈنىگە توغرا كېلىدىغان تۇرمۇشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇ 81.34 لىتىرغا يەتتى.

لياڭ يۈمېي

### شەھەرلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنىڭ پار بىلەن مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش ئىقتىدارى سائىتىگە 365 توننا، ئىسسىق سۇ بىلەن ئىسسىتىش ئىقتىدارى 1627.8 مېگاۋات ئاشتى. شىنجاڭ بويىچە شەھەرلەرنىڭ پار بىلەن ئىسسىتىش ئىقتىدارى سائىتىگە 1638 توننىغا، ئىسسىق سۇنىڭ 6145 مېگاۋاتقا، يىللىق ئىسسىتىش مىقدارى پارنىڭ 5 مىليون 540 مىڭ توننىغا، ئىسسىق سۇنىڭ 52 مىليون 40 مىڭ مېگاكىلوجوئۇلغا، مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش كۆلىمى 51 مىليون 696 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، بۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇراق ئۆي 33 مىليون 736 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، ئىسسىتىشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %42.6كە يەتتى. 27 ناھىيە بازىرى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىشنى يولغا قويدى، پارنىڭ سائەتلىك ئىسسىتىش ئىقتىدارى 84 توننىغا، ئىسسىق سۇنىڭ 921 مېگاۋاتقا، يىللىق ئىسسىتىش مىقدارى پارنىڭ 300 مىڭ توننىغا، ئىسسىق سۇنىڭ 7 مىليون 610 مىڭ

مېگاكىلوجوئۇلغا، مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش كۆلىمى 6 مىليون 149 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، بۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇراق ئۆي 3 مىليون 491 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

لياڭ يۇمېي

## شەھەرلەرنىڭ يېقىلغۇ گازى

2000- يىلى شىنجاڭدىكى شەھەرلەردە 235.6 كىلومېتىر تەبىئىي گاز تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلۇپ، جەمئىي ئۇزۇنلۇقى 385 كىلومېتىرغا يەتتى. تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەش مىقدارى يىلىغا 53 مىليون 850 مىڭ كۇب مېتىرغا، گاز ئىشلىتىدىغان ئادەم 269 مىڭ 900گە يەتتى، سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازىنى ساقلاش ئىقتىدارى 6482 توننىغا، گاز بىلەن تەمىنلەش مىقدارى يىلىغا 244 مىڭ 18 توننىغا، گاز ئىشلىتىدىغان ئادەم 3 مىليون 57 مىڭغا، گاز ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %92.84كە يەتتى. شىنجاڭ بويىچە ناھىيە بازارلىرىنىڭ سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازىنى ساقلاش ئىقتىدارى 764 توننىغا، گاز بىلەن تەمىنلەش مىقدارى يىلىغا 20 مىڭ 588 توننىغا، گاز ئىشلىتىدىغان ئادەم 927 مىڭ 500گە، گاز ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %62.59كە يەتتى.

لياڭ يۇمېي

## شەھەر ئاممىۋى قاتناش ئىشلىرى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەرلەردە 828 دانە كوچا ئاپتوبۇسى كۆپەيتىلىپ، جەمئىي 4943كە يەتتى، ھەر 10 مىڭ ئادەمگە 13.79ى توغرا كېلىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 0.99ى كۆپەيدى. ترانسپورت لىنىيە تورى ئۇزۇنلۇقى 1700 كىلومېتىرغا يەتتى. كوچا ئاپتوبۇسلىرىنىڭ يولۇچىلارنى توشۇش مىقدارى يىلىغا 950 مىليون 30 مىڭ ئادەم - قېتىمغا يەتتى. شەھەرلەردىكى كىرا ئاپتوموبىللىرى 22 مىڭ 193 كە يەتتى. 22 ناھىيە بازىرىدا شەھەر ئىچى ئاممىۋى قاتناش كەسپى يولغا قويۇلدى، قاتنايدىغان كوچا ئاپتوبۇسى 374كە، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا، كىچىك ئاپتوبۇسلار 306گە يەتتى، ھەر 10 مىڭ ئادەمگە 1.61دىن توغرا كەلدى. يولۇچى توشۇش مىقدارى يىلىغا 11 مىليون 330 مىڭ ئادەم - قېتىمغا يەتتى. 46 ناھىيە بازىرىدىكى كىرا ئاپتوموبىلى 6743كە يەتتى.

لياڭ يۇمېي

## شەھەر يوللىرى ۋە كۆۋرۈكلەر

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەرلەردە ياسالغان ۋە كېڭەيتىلگەن يوللارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 83 كىلومېتىرغا، كېڭەيتىلگەن يوللارنىڭ كۆلىمى 2 مىليون 337 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. شەھەر يوللىرىنىڭ جەمئىي ئۇزۇنلۇقى 2809 كىلومېتىرغا، كۆلىمى 36 مىليون 536 مىڭ 200 كۋادرات مېتىرغا، ھەر ئادەمگە توغرا كېلىدىغان يول كۆلىمى 10.2 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. يېڭىدىن كۆۋرۈكتىن 7 نى سېلىنىپ، جەمئىي كۆۋرۈك 253كە، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆتۈشمە كۆۋرۈك 25كە يەتتى، كوچا چىراغلىرى 72 مىڭ 881 گە يەتتى. ناھىيە بازارلىرىدىكى يوللارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1616 كىلومېتىرغا، كۆلىمى 23 مىليون 277 مىڭ 100 كۋادرات مېتىرغا، ھەر ئادەمگە توغرا كېلىدىغان يولنىڭ كۆلىمى 15.25 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. كۆۋرۈك 394كە، يول چىرىغى 31 مىڭ 452گە يەتتى.

لياڭ يۇمېي

## شەھەرلەرنىڭ يۇندا چىقىرىۋېتىش ۋە كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش ئىشلىرى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەرلەردە 65.3 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يۇندا تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلۇپ، يۇندا تۇرۇبىلىرىنىڭ جەمئىي ئۇزۇنلۇقى 2008 كىلومېتىرغا، يۇندا تۇرۇبىسىنىڭ زىچلىقى 4.24 كىلومېتىر/كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى. يۇندا بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى 21گە، يۇندا بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى كۈنىگە 770 مىڭ كۇب مېتىرغا، يۇندا بىر تەرەپ قىلىش مىقدارى يىلىغا 196 مىليون 540 مىڭ كۇب مېتىرغا، يۇندا بىر تەرەپ قىلىش نىسبىتى %58.3كە يەتتى. كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش توسمىسى 217.2 كىلومېتىرغا يەتتى. ناھىيە بازارلىرىدىكى يۇندا تۇرۇبىلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 703.87 كىلومېتىرغا، يۇندا تۇرۇبىلىرىنىڭ زىچلىقى 1.91 كىلومېتىر/كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى، يۇندا بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى 12گە، يۇندا بىر تەرەپ قىلىش مىقدارى يىلىغا 12 مىليون 370 مىڭ كۇب مېتىرغا، يۇندا بىر تەرەپ قىلىش نىسبىتى %28.1كە يەتتى، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش توسمىسى 217.2 كىلومېتىرغا يەتتى.

لياڭ يۇمېي

## شەھەرلەرنى باغۋارانلاشتۇرۇش - كۆكەرتىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەرلەردە قۇرۇلۇپ پۈتكەن رايونلارنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش كۆلىمى 13 مىڭ 754 گېكتارغا، يېشىللىنىش نىسبىتى %25.73كە يەتتى، قۇرۇلۇپ پۈتكەن رايونلاردىكى باغۋاران ۋە كۆكۈلمەيدان كۆلىمى 12 مىڭ 181 گېكتارغا، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %29.05كە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 1.62 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى؛ ئاممىۋى كۆكۈلمەيدانىنىڭ كۆلىمى 2280.55 گېكتارغا يەتتى، ھەر ئادەمگە 6.36

كۋادرات مېتىردىن توغرا كېلىپ، 0.15 كۋادرات مېتىر ئاشتى. ناھىيە بازارلىرىدىكى قۇرۇلۇپ بولغان رايونلارنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش كۆلىمى 7284 گېكتارغا، يېشىللىنىش نىسبىتى %16.14كە يەتتى؛ قۇرۇلۇپ بولغان رايونلاردىكى باغۋاران ۋە كۆكلەمزارلىق كۆلىمى 5223 گېكتارغا، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %19.75كە يەتتى؛ ئاممىۋى كۆكلەمزارلىق كۆلىمى 1297.6 گېكتارغا، ھەر ئادەمگە توغرا كېلىدىغىنى 8.5 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

لياڭ يۈمېي

### شەھەرلەرنىڭ مۇھىت تازىلىقى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنىڭ تۈرلۈك مۇھىت تازىلىق ماشىنىلىرى 767گە يەتتى. ئەمەلىيەتتە 32 مىليون 240 مىڭ كۋادرات مېتىر يەر تازىلاپ تۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 5 مىليون 950 مىڭ كۋادرات مېتىر يەر ماشىنا بىلەن تازىلاندى. بىر يىلدا تازىلاپ، توشۇلغان تۈرمۇش ئەخلەتلىرى 2 مىليون 590 مىڭ تونىنغا، گەندە 157 مىڭ 600 تونىنغا يەتتى. ئاممىۋى ھاجەتخانا 1684كە، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ بىلەن تازىلىنىدىغىنى 1131گە يەتتى. ناھىيە بازارلىرىدىكى تۈرلۈك مۇھىت تازىلىق ماشىنىلىرى 338گە يەتتى، ئەمەلىيەتتە 13 مىليون 750 مىڭ كۋادرات مېتىر يەر تازىلاپ تۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 280 مىڭ كۋادرات مېتىر يەر ماشىنا بىلەن تازىلاندى. بىر يىلدا تازىلاپ توشۇلغان تۈرمۇش ئەخلەتلىرى 1 مىليون 150 مىڭ تونىنغا، گەندە 136 مىڭ تونىنغا يەتتى، ئاممىۋى ھاجەتخانا 784كە، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ بىلەن تازىلىنىدىغىنى 421گە يەتتى.

لياڭ يۈمېي

### شەھەرلەر ئارا «تەخىرسىز لوڭقىسى» مۇسابىقىسى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2000 - يىل 12 - ئايدا ھۆكۈمىتى 1999 — 2000 - يىللىق ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەر ئارا «تەخىرسىز لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدىكى مۇنەۋۋەر (ئىلغار) شەھەر (ناھىيە بازىرى) لەرنى تەقدىرلەشنى قارار قىلدى. شىخەنزە، كورلا، سانجى، ئاقسۇ، قەشقەر، بورتالا، تۇرپان، ئالتاي شەھەرلىرى مۇنەۋۋەر شەھەر دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ بۇگۇر، بۈرچىن، ساۋەن، تونسۇ، چەرچەن، كۇنەس، قابا، چاپچال، قۇرغاس، ماناس، يەنجى، باي، قاغىلىق، لوپنۇر قاتارلىق 14 ناھىيە مۇنەۋۋەر ناھىيە بازىرى، دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ قاراماي شەھىرىنىڭ مايتاغ رايونى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يېڭىشەھەر رايونى مۇنەۋۋەر شەھەر رايونى دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ ئۈرۈمچى، قاراماي، غۇلجا، شىخو، خوتەندىن ئىبارەت 5 شەھەر ئىلغار شەھەر، دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ يەكەن، پىچان، جىمسار، قەشقەر يېڭىشەھەر، غۇلجا، توقسۇزتارا، باركۆلدىن ئىبارەت 7 ناھىيە ئىلغار ناھىيە بازىرى، دېگەن نامغا ئېرىشتى.

لياڭ يۈمېي

### باغۋارانلاشقان شەھەر بەرپا قىلىش پائالىيىتى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2000 - يىل 12 - ئايدا ھۆكۈمىتى كۈيتۇن شەھىرىگە ئاپتونوم رايون بويىچە باغۋارانلاشقان شەھەر دېگەن نامنى، ساۋەن، بۈرچىن، بۇگۇر ناھىيىلىرىگە ئاپتونوم رايون بويىچە باغۋارانلاشقان ناھىيە بازىرى دېگەن نامنى بەردى.

لياڭ يۈمېي

### شىخەنزە شەھىرى دۇبەي خەلقئارا ئولتۇراق مۇھىتىنى ياخشىلاشتىكى ئەڭ ياخشى ئۈلگە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

2000 - يىلى دۇبەي خەلقئارا ئولتۇراق مۇھىتىنى ياخشىلاشتىكى ئەڭ ياخشى ئۈلگە مۇكاپاتى تېخنىكا مەسلىھەتچىلىكى كومىتېتى دۇنيا بويىچە مەلۇم قىلىنغان 700 دىن ئارتۇق تۈر ئىچىدىن 357 مۇنەۋۋەر تۈرنى باھالاپ چىقىپ، ياخشى ئۈلگە، دېگەن نامنى بەردى. شىخەنزە شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەلۇم قىلغان «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى شىخەنزە شەھىرىنىڭ سىجىل تەرەققىي قىلىدىغان ئىنسانلار ئولتۇراق رايونى تەرەققىيات تۈرى» مۇشۇ تۈر بويىچە ئالاھىدە شەرەپكە ئېرىشتى ھەم ئەڭ ياخشى ئۈلگىلەر سانلىق ئامبىرىغا كىرگۈزۈلۈپ، پۈتۈن دۇنياغا تەشۋىق قىلىندى ۋە كېڭەيتىلدى.

لياڭ يۈمېي

### شەھەر ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 42 ناھىيە بازىرى ئومۇمىي پىلان لايىھىسىنى تۈزدى، يىل ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە 19 شەھەر ۋە 66 ناھىيە بازىرىنىڭ ھەممىسى ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. مۇشۇ يىلى بىر شەھەر ۋە 31 ناھىيە بازىرىنىڭ ئومۇمىي پىلان لايىھىسى قۇرۇلۇش نازارىتى تەشكىللىگەن باھالاشتىن ئۆتتى، 3 شەھەرنىڭ نۇپۇس ۋە ئىشلىتىدىغان يەر كۆلىمى توغرىسىدىكى مەخسۇس دوكلاتى قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكىگە مەلۇم قىلىندى، 4 شەھەرنىڭ ئومۇمىي پىلانى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن رەسمىي تەستىقلاندى. يىل ئاخىرىغىچە 19 شەھەر ۋە 41 ناھىيە بازىرىنىڭ ئومۇمىي پىلانى ئاپتونوم رايوننىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى 12 شەھەرنىڭ نۇپۇس ۋە ئىشلىتىلىدىغان يەر كۆلىمى توغرىسىدىكى مەخسۇس دوكلاتىنى

تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى. 5 شەھەر ۋە 2 ناھىيە بازىرىنىڭ ئومۇمىي پىلانى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن رەسمىي تەستىقلاندى.

زو شۇشياڭ

## يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى

2000 - يىلى قۇرۇلۇش نازارىتى «ئاپتونوم رايوننىڭ يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرىش بويىچە پۇختىلاش قۇرۇلۇشلىرىنى تەكشۈرۈش ئۆلچىمى ۋە چارىسى»نى تۈزۈتۈپ تارقاتتى. مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ، ئېگىز بىنالارنىڭ دەسلەپكى لايىھىسىنى تەكشۈردى ۋە چەكتىن ئارتۇق ئېگىز بىنالارنىڭ يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرىش بويىچە مۇداپىئەلىنىش تەدبىرلىرىنى مەخسۇس تەكشۈرۈپ، مىلىي ئاقان قۇرۇلۇشلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلدى. مۇشۇ يىلى 11 مىليون 840 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 123 مىڭ 800 كۋادرات مېتىرلىق، يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرىش بويىچە مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلدى. شىنجاڭ بويىچە يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرىش بويىچە مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشلىرىنىڭ سۈپىتى تەكشۈرۈلدى، مۇستەھكەملەشنىڭ سۈپىتى ئۆلچەمگە يەتتى. ھازىر بار بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرىش بويىچە مۇداپىئەلىنىش تەدبىرلىرى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى، ئاز كەم 20 مىليون كۋادرات مېتىرلىق بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنى يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرىش بويىچە مۇستەھكەملەشكە توغرا كېلىدىغانلىقى مەلۇم بولدى. ئاقچى، ئاقتۇ ۋە بارىكۆل ناھىيە بازىرىنىڭ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش پىلانى تۈزۈلدى. يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش، مۇداپىئەلىنىش تەدبىرلىرىنى كۈرۈش، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش لايىھىسىنى قېلىپلاشتۇرۇش، يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرىش بويىچە مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشى قىلىش مەزمۇنىدا كۇرسلار ئېچىلدى.

سەي بىن

## ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش مائارىپى

2000 - يىلى چۇڭچىڭ بىناكارلىق ئۇنىۋېرسىتېتى، شىئەن بىناكارلىق پەن - تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ۋۇخەن شەھەر قۇرۇلۇشى ئىنستىتۇتلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتۇش پونكىتلىرىدىكى ۋە شىنجاڭ شەھەر قۇرۇلۇشىنى پىلانلاش ئالىي تېخنىكوم سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار 2618گە يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرۇلۇش كەسپىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدە مۇشۇ يىلى 580 ئادەم ئوقۇش پۈتتۈردى، يىل ئاخىرىغىچە ئوقۇغۇچىسى 1920گە يەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش سىستېمىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپى بويىچە تەربىيىلەش مەركىزى ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ھەم شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشى گۇرۇھى قاتارلىقلارنىڭ قۇرۇلۇش مائارىپى بويىچە تەربىيىلەش ئاپپاراتى 14 مىڭ ئادەم (قېتىم)نى تەربىيىلىدى ۋە ئۇلارغا گۇۋاھنامە بەردى.

لى يىپىڭ

# كەنت - بازار قۇرۇلۇشى

## كەنت - بازار پىلانلاش

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدىكى ناھىيە بازىرىدىن باشقا شتاتلىق بازار 123، بازار 699، كەنت 27 مىڭ 27، بۇنىڭ ئىچىدە كەنت ئاھالە كومىتېتى 10 مىڭ 151. شىنجاڭ بويىچە بازار - كەنتلەردىكى ئائىلە 2 مىليون 738 مىڭ، نوپۇسى 11 مىليون 874 مىڭ. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 10 مىليون 449 مىڭ 300 بولۇپ، كەنت - بازار ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %88نى؛ غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 1 مىليون 424 مىڭ 700 بولۇپ، %12نى ئىگىلىدى. شتاتلىق بازاردىكى ئائىلە 264 مىڭ 900، نوپۇسى 1 مىليون 10 مىڭ 200؛ بازاردىكى ئائىلە 458 مىڭ 200، نوپۇسى 2 مىليون 4400؛ كەنتلەردىكى ئائىلە 2 مىليون 14 مىڭ 900، نوپۇسى 8 مىليون 769 مىڭ 400. ئاپتونوم رايون بويىچە شتاتتىكى 112 بازارنىڭ ئومۇمىي پىلانى تۈزۈلدى، بۇ شتاتلىق بازار ئومۇمىي سانىنىڭ %91.06نى ئىگىلىدى؛ شۇنداق قىلىپ ئومۇمىي پىلانى تۈزۈلگەن شتاتلىق بازار 570گە يەتتى، بۇ بازار ئومۇمىي سانىنىڭ %81.55نى ئىگىلىدى؛ جەمئىي 13 مىڭ 637 كەنتنىڭ قۇرۇلۇش پىلانى تۈزۈلدى، بۇ كەنت ئومۇمىي سانىنىڭ %76.56نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردە كەنت - بازار قۇرۇلۇشىنى باشقۇرىدىغان 94 ئاپپارات قۇرۇلۇپ، 433 خىزمەتچى قويۇلدى؛ يېزا (بازار) دەرىجىلىك كەنت - بازار قۇرۇلۇشىنى باشقۇرىدىغان 473 ئاپپارات تەسىس قىلىنىپ، 1237 خىزمەتچى قويۇلدى.

ما تيەنيۇ

## كەنت - بازار قۇرۇلۇشى

2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە كەنت - بازار قۇرۇلۇشىغا 2 مىليارد 96 مىليون 802 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليارد 333 مىليون 737 مىڭ 100 يۈەن، جامائەت قۇرۇلۇشىغا 389 مىليون 335 مىڭ 200 يۈەن، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىغا

182 مىليون 30 مىڭ 100 يۈەن، جامائەت مۇئەسسەسىلىرىگە 191 مىليون 699 مىڭ 600 يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 65 مىڭ 400 ئائىلىلىك دېھقان - چارۋىچى يېڭى تۇرالغۇ ئۆي سالدى، بۇ كەنت - بازارلاردىكى ئومۇمىي ئائىلىنىڭ 2.39% نى ئىگىلەيدۇ. كەنت - بازارلاردىكى پۈتكەن تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ كۆلىمى 5 مىليون 246 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە ئارىلاشما قۇرۇلمىلىق ۋە خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنىڭ كۆلىمى 3 مىليون 569 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر. يىل ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ بويىچە كەنت - بازارلاردىكى تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 183 مىليون 147 مىڭ 200 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئارىلاشما قۇرۇلمىلىق بىلەن خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىقىنىڭ 54 مىليون 339 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان قۇرۇلۇش كۆلىمى 16.82 كۋادرات مېتىر، ئىشلىتىش كۆلىمى 12.81 كۋادرات مېتىر، تۇرالغۇ كۆلىمى 9.93 كۋادرات مېتىر.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كەنت - بازارلاردا 765 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر جامائەت قۇرۇلۇشى سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئارىلاشما قۇرۇلمىلىقى 626 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر. 413 مىڭ كۋادرات مېتىر ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى قۇرۇلۇش سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئارىلاشما قۇرۇلمىلىقى 199 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر.

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە 6570 كەنت - بازار ۋە 6 مىليون 418 مىڭ 400 ئادەم تۇرۇبا سۈيىدىن بەھرىمەن بولدى، تۇرۇبا سۈيى ئىشلىتىشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 54.04% كە يەتتى. 14 مىڭ 294 كەنت - بازارغا، 92.13% بازارغا، 56.3% كەنتكە توك يەتكۈزۈلدى. كەنت - بازارلاردىكى يوللارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 68 مىڭ 362 كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۈزلەنگەن يول 52 مىڭ 698 كىلومېتىر، ئالىي ۋە ئىككىنلەمچى ئالىي يول 5483 كىلومېتىر. ئاپتونوم رايون بويىچە شتاتلىق بازارلاردا 3184 گېكتار يەر باغۋارانلاشتۇرۇلدى ۋە كۆكەرتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە جامائەت كۆكلەمزارلىقى 522 گېكتار بولۇپ، ھەر ئادەمگە 4.74 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلدى. بازارلاردىكى باغۋارانلاشقان ۋە كۆكەرتىلگەن يەر 7775 گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدە جامائەت كۆكلەمزارلىقى 706 گېكتار بولۇپ، ھەر ئادەمگە 3.52 كۋادارات مېتىردىن توغرا كەلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە شتاتلىق بازارلاردىكى مۇھىت تازىلىق ماشىنىسى 95 كە، ئاممىۋى ھاجەتخانا 860 قا يەتتى. بازارلاردىكى مۇھىت تازىلىق ماشىنىسى 33 كە، ئاممىۋى ھاجەتخانا 1756 گە يەتتى.

ما تيەنيۇ

## كەنت - بازارلار قۇرۇلۇشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون ئۆلكە نۇقتىسى قىلغان 20 كىچىك بازار ۋە سىناق نۇقتىسى قىلغان 100 كەنت - بازارغا 210 مىليون يۈەن ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى مەبلىغى سېلىپ، 370 كىلومېتىر يول ياسىدى. يېڭىدىن ياسالغان يول كۆلىمى 5 مىليون 920 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى، 158 كىلومېتىر سۇ تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى، 24 كىلومېتىر يۇندا تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى، 1 مىليون 720 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 130 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، دېھقانلارغا 370 مىڭ كۋادرات مېتىر ئۆي سېلىندى. جامائەت قۇرۇلۇشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك قۇرۇلۇشلارغا 194 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. سىناق نۇقتىسى قىلىنغان بىر قىسىم كەنت - بازارلار قانۇن ئىجراسىنى تەپتىش قىلىش ۋە مۇھىت ئاسراش - پاكىزلىقنى ساقلاش ئەترەتلىرىنى قۇرۇپ، كەنت - بازارلارنىڭ قىياپىتىنى تۈزەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كەنت - بازارلارنىڭ مۇھىتىنى يەنىمۇ ياخشىلىدى.

زو شۈشياڭ

## ئاپتونوم رايون بويىچە كەنت - بازارلارنى پىلانلاش - لايىھىلەش مۇسابىقىسى

قۇرۇلۇش نازارىتى 2000 - يىل 1 - ئايدا كەنت - بازارلارنى پىلانلاش - لايىھىلەش مۇسابىقىسى بويىچە باھالاش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇردى. يوللانغان 40 لايىھە ئىچىدىن 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 2 نى، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 3 نى، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 4 نى، تەقدىرلەش مۇكاپاتىدىن 8 نى باھالاپ چىقتى. سانجى ئوبلاستلىق قۇرۇلۇش ئىدارىسى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى ۋە باينغولىن ئوبلاستلىق قۇرۇلۇش ئىدارىسى مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ما تيەنيۇ

# ئۆي - زېمىن كەسپى

## شەھەر - بازارلارنىڭ ئۆي قۇرۇلۇشى ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە شەھەر - بازارلاردىكى تۇرلۇك ئۆيلەرنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 189 مىليون 858 مىڭ 400 يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 11 مىليون 891 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە

تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 104 مىليون 403 مىڭ 700 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 7 مىليون 484 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر ئاشتى. يۇرۇشلۇق تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇش كۆلىمى 60 مىليون 583 مىڭ 200 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ %58.03نى ئىگىلىدى. ھەربىر ئادەمگە توغرا كەلگەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 18.2 كۋادرات مېتىرغا، ئىشلىتىش كۆلىمى 13.2 كۋادرات مېتىرغا، تۇرالغۇ كۆلىمى 9.51 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

ۋېي شياۋيۇ

## ئەرزان، ئەپلىك تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى

2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 18 شەھەر ۋە 54 ناھىيە بازىرى ئەرزان، ئەپلىك تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىنى يولغا قويدى. دۆلەت ئاپتونوم رايونغا ئەرزان، ئەپلىك تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمىدىن 10 مىليون 519 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرلىق كۆرسەتكۈچ چۈشۈرۈپ بەردى، بۇنىڭغا 10 مىليارد 864 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي بانكىلار 898 مىليون يۈەننى قەرز بېرىشكە ۋەدە قىلدى، 9 مىليارد 966 مىليون يۈەننى يەرلىك ئۆزى تەييارلايدىغان بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئەرزان، ئەپلىك تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمىدىن 8 تۈركۈمدە 11 مىليون 207 مىڭ 700 كۋادرات مېتىرلىق كۆرسەتكۈچ چۈشۈرۈلدى. ئۇنىڭغا 10 مىليارد 390 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى. ئەرزان، ئەپلىك تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىدا قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان كۆلەم 14 مىليون 249 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن قۇرۇلۇش باشلانغان كۆلەم 10 مىليون 635 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر، پۈتكەن كۆلەم 9 مىليون 109 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر. بۇ قۇرۇلۇشلارغا ئەمەلىيەتتە 9 مىليارد 764 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي بانكىلار بەرگەن قەرزدىن نەقلەشكىنى 900 مىليون يۈەن، يەرلىك ئۆزلىرى تەييارلىغىنى 8 مىليارد 864 مىليون يۈەن بولدى. ئەرزان، ئەپلىك تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ سېتىلىش (ئالدىن سېتىلىش) نىسبىتى %90تىن ئېشىپ، تاۋار تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭكىدىن 5 پىرسەنت پونكىتتى يۇقىرى بولدى. ئەرزان، ئەپلىك تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى شەھەر - بازارلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىدا %60تىن يۇقىرى سالماقنى ئىگىلەپ، شەھەر - بازارلاردىكى تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىگە ئايلاندى. ئىدارە ئورۇنلار ئۆزلىرى سالغان ئەرزان، ئەپلىك تۇرالغۇ ئۆيلەر ئەرزان، ئەپلىك تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى ئومۇمىي مىقدارىنىڭ %50ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى.

خۇاڭ شىنجۇڭ

## ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى ۋە تىجارىتى ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغان مەبلەغ 6 مىليارد 390 مىليون يۈەن بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن %141.13 ئاشتى. تاۋار ئۆي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليارد 210 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، %102.72 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تاۋار تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 4 مىليارد 920 مىليون يۈەن بولۇپ، %130.98 ئاشتى. قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 7 مىليون 540 مىڭ كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە تاۋار تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 6 مىليون 500 مىڭ كۋادرات مېتىر، يېڭىدىن ئىش باشلىغان تاۋار ئۆي كۆلىمى 3 مىليون 670 مىڭ كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە تاۋار تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 3 مىليون 130 مىڭ كۋادرات مېتىر، پۈتكۈزۈلگەن تاۋار ئۆي كۆلىمى 3 مىليون 270 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتۈش قىممىتى 3 مىليارد 380 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە پۈتكۈزۈلگەن تاۋار تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 2 مىليون 920 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، %86 ئاشتى، پۈتۈش قىممىتى 2 مىليارد 960 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئەمەلىيەتتە 2 مىليون 390 مىڭ كۋادرات مېتىر تاۋار ئۆي سېتىلىپ، سېتىلىش كىرىمى 3 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سېتىلغان تاۋار تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 2 مىليون 260 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، كىرىمى 3 مىليارد 80 مىليون يۈەنگە يەتتى. تاۋار ئۆيلەرنىڭ ھەر كۋادرات مېتىرىنىڭ ئوتتۇرىچە سېتىلىش باھاسى 1464 يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە تاۋار تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ ھەر كۋادرات مېتىرىنىڭ ئوتتۇرىچە سېتىلىش باھاسى 1363 يۈەن بولدى. يۇقىرىغا 177 مىليون يۈەن تىجارەت بېجى ۋە قوشۇمچە ھەق تاپشۇرۇلدى، 127 مىليون يۈەن پايدا ئېلىندى. 490 مىڭ كۋادرات مېتىر تاۋار ئۆي بوش قالدى، بۇنىڭ ئىچىدە تاۋار تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 400 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن سەل تۆۋەنلىدى. يىل ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ بويىچە ستاتىستىكا دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن ئۆي - زېمىن تەرەققىيات كارخانىسى 203 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كارخانىسى 45، كەسپكارلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە سانى 11 مىڭ 568گە يەتتى، يىل ئاخىرىدىكى سانى 9357 بولدى؛ مۇشۇ يىلى كەسپكارلارغا ئەمگەك ئۈچۈن 100 مىليون يۈەن ھەق بېرىلدى.

خۇ شياۋچىڭ

## ئۆي - زېمىن بازىرى

2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 13 شەھەردە 2 - دەرىجىلىك ئۆي - زېمىن بازىرى ئېچىلدى. شىنجاڭ بويىچە ئۆي - زېمىن سودىسىدا پۈتتۈشۈلگەن ئۆي - زېمىن كۆلىمى 3 مىليون 789 مىڭ 300 كۋادرات مېتىرغا، پۈتۈشۈش سوممىسى 3 مىليارد 191 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە

پۈتتۈشۈلگەن تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 3 مىليون 135 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر، پۈتتۈشۈش سوممىسى 2 مىليارد 353 مىليون يۈەن بولدى. شەھەر ـ بازارلاردا تىجارەتكە بېرىلگەن ئۆيلەرنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 2 مىليون 384 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا، تىجارەت كىرىمى 110 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تىجارەتكە بېرىلگەن تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 843 مىڭ كۋادرات مېتىر، تىجارەت كىرىمى 5 مىليون 170 مىڭ 700 يۈەن بولدى.

سۇن فېڭلى

## ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى چېقىش ـ كۆچۈرۈش ۋە خەتەرلىك ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى بىخەتەرلىك جەھەتتىن باھالاش ئەھۋالى

2000 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە شەھەر ـ بازارلاردا 1 مىليون 969 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر ئۆي ـ ئىمارەت چېقىلدى، 18 مىڭ 602 ئائىلە كۆچۈرۈلدى، چېقىش ـ كۆچۈرۈشنى باشقۇرۇش ھەققىدىن 44 مىليون 529 مىڭ 800 يۈەن كىرىم قىلىندى.

ئاپتونوم رايوندىكى شەھەر ـ بازارلاردا 756 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر خەتەرلىك ئۆي ـ ئىمارەت باھالاندى. باھالاشنى باشقۇرۇش ھەققىدىن 869 مىڭ 200 يۈەن كىرىم قىلىندى.

سۇن فېڭلى

## كىچىك تۇرالغۇ رايونلىرىنىڭ ئۆي خوجىلىقىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە ئۆي خوجىلىقىنى باشقۇرۇش كارخانىسى 182گە، خوجىلىق باشقۇرۇش خادىمى 3313كە يەتتى، ئۇلار قۇرۇلۇش كۆلىمى 16 مىليون 881 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 432 كىچىك تۇرالغۇ رايونى ۋە قۇرۇلۇش كۆلىمى 2 مىليون 222 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 60 بىنا ھەم سانائەت رايونىنىڭ خوجىلىقىنى باشقۇردى.

قۇرۇلۇش نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان 2000 ـ يىللىق ئۆي خوجىلىقىنى باشقۇرۇشتىكى مۇنەۋۋەر كىچىك تۇرالغۇ رايون (بىنا، سانائەت رايونى) لارنى تەكشۈرۈپ باھالاش پائالىيىتىدە، غۇلجا شەھەرلىك رېنخې كىچىك رايونى، غۇلجا شەھەرلىك يېڭى ھايات كىچىك تۇرالغۇ رايونى، ئىلى ۋىلايەتلىك لىيۈەن كىچىك رايونى، شىخەنزە شەھەرلىك دوڭمىڭ يېڭى كەنتى ۋە شىخەنزە شەھەرلىك 11 ـ كىچىك رايون كەيۈەن يېڭى كەنتى «ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەرنىڭ ئۆي خوجىلىقىنى باشقۇرۇشتىكى مۇنەۋۋەر تۇرالغۇ كىچىك رايونى» بولۇپ باھالاندى.

ۋېي شياۋيۇ

## شەھەر ـ بازارلاردىكى ئۆيلەرنى مۈلۈك ھوقۇقى ۋە مۈلۈك تەۋەلىكى جەھەتتىن باشقۇرۇش ئەھۋالى

2000 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە شەھەر ـ بازارلاردىكى 46 مىليون 589 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر ئۆينىڭ مۈلۈك ھوقۇقى تىزىمغا ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دەسلەپكى تىزىمغا ئېلىنغىنى 17 مىليون 899 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر، يۆتكەشكە تىزىملانغىنى 17 مىليون 568 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر، ئۆزگەرتىشكە تىزىملانغىنى 1 مىليون 817 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر، باشقا ھوقۇق جەھەتتىن تىزىملانغىنى 7 مىليون 842 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر، ھېسابتىن چىقىرىۋېتىشكە تىزىملانغىنى 1 مىليون 461 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر. يىل ئاخىرىغىچە، تىزىمغا ئېلىنغان جەمئىي كۆلەم 189 مىليون 858 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر بولۇپ، تىزىمغا ئېلىنىش نىسبىتى %95.9 بولدى، كىنىشكا تارقىتىلغان جەمئىي كۆلەم 177 مىليون 707 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر بولۇپ، كىنىشكا تارقىتىلىش نىسبىتى %93.6 بولدى.

مۈلۈك ھوقۇقى تىزىمغا ئېلىنغان 189 مىليون 858 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر ئۆيدىن دۆلەت ئىلكىدىكىسى 102 مىليون 538 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر، كوللېكتىپ ئىلكىدىكىسى 9 مىليون 576 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر، خۇسۇسىيلار ئىلكىدىكىسى 75 مىليون 514 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر، ھەمكارلىق، پاي تۈزۈمىدىكى، شياڭگاڭ ـ ئاۋمېن ـ تەيۋەنلىكلەرگە قاراشلىق ۋە چەت ئەللىكلەرگە ئالاقىدار ئۆي شۇنداقلا باشقا خىلدىكى ئۆي 2 مىليون 228 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر.

ۋېي شياۋيۇ

## شەھەر ـ بازارلاردىكى تۇرالغۇ ئۆي تۈزۈمى ئىسلاھاتى

2000 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندىنى تاپشۇرۇش نىسبىتىنى تەڭشىدى. ئىدارە ۋە شەخسلەر ئىجرا قىلىپ كېلىۋاتقان %5 تاپشۇرۇش نىسبىتىنى 1999 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ %6كە تەڭشەشنى، لېكىن ھازىرچە ئىجرا قىلماي، يەنىلا %5 بويىچە تاپشۇرۇشنى بەلگىلىدى.

يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر ـ بازارلاردا جەمئىي 51 مىليون 719 مىڭ كۋادرات مېتىر ھۆكۈمەت تۇرالغۇ ئۆيى سېتىلىپ، سېتىلىدىغان ھۆكۈمەت تۇرالغۇ ئۆيى قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ %85.4نى ئىگىلىدى؛ ئۆي سېتىپ 17 مىليارد 900 مىليون يۈەن پۇل يىغىۋېلىندى، بۇنىڭ

ئىچىدە 14 مىليارد 700 مىليون يۈەن پۇل تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىغا سېلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 3 مىليارد 978 مىليون يۈەن تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندى يىغىلدى.

يىغىلغان جامائەت فوندى قالدۇقى 3 مىليارد 230 مىليون يۈەن بولدى. جامائەت فوندى يىغىش ئاپتونوم رايون بويىچە 19 شەھەر ۋە 60 ناھىيە بازىرىنى قاپلىدى، يىغىش نىسبىتى ئوتتۇرىچە 70%كە يەتتى. شەخسلەرنىڭ ئۆي سېتىۋېلىش ۋە ئۆي سېلىشى ئۈچۈن بېرىلگەن قەرز قالدۇقى 300 مىليون يۈەن بولدى، 25 مىڭ 609 ئائىلە قەرز ئالدى. تۇرالغۇ ئۆي جامائەت فوندىدىن شەخسلەر 750 مىليون يۈەن ئالدى. ش ئۇ ئا ر ئۆي ئىسلاھاتى ئىشخانىسى 13 شەھەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆي 2 ـ دەرىجىلىك بازىرىنى ئېچىۋېتىش ۋە باشقۇرۇش چارىسىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 8 شەھەر ۋۇسكا ئېچىپ رەسمىي تىجارەت باشلىدى، تۇرالغۇ ئۆي 2 ـ دەرىجىلىك بازىرىدا 1000 يۈرۈشتىن ئارتۇق تۇرالغۇ ئۆي ئۈستىدە سودا بولدى، سودا سوممىسى 40 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

تۈيا

# بىناكارلىق

## بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت ئەھۋالى

2000 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 24 مىليارد 735 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن 21.19% ئاشتى؛ پۈتكەن قۇرۇلۇشنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 20 مىليارد 542 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 37.4% ئاشتى. بىناكارلىق قوشۇلما قىممىتى 6 مىليارد 117 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 11.02% ئاشتى؛ پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمى 16 مىليون 126 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 23.09% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەلا قۇرۇلۇش كۆلىمى 7 مىليون 238 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، ئەلالىق نىسبىتى 44.9%كە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن 6.2 پىرسەنت پونكىت ئۆرلىدى. پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى ئىچىدە، تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 9 مىليون 939 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، 61.63%نى ئىگىلىدى. كەسىپكارلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە سانى 374 مىڭ، يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي ئىشچى ـ خىزمەتچى 313 مىڭ بولدى؛ قۇرۇلۇش قىلىش مەھسۇلات قىممىتى بويىچە ھېسابلىغاندا، بارلىق خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 78 مىڭ 494 يۈەنگە يېتىپ، 47.71% ئاشتى. قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 27 مىليون 88 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، بۇنىڭ ئىچىدە، 2000 ـ يىلى ئىش باشلىغان كۆلەم 17 مىليون 842 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

2000 ـ يىلى بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 25 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 20.5% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، قۇرۇلۇش نەق چوت كىرىمى 22 مىليارد 860 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 20.6% ئاشتى. پايدا سوممىسى 598 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1.1 ھەسسە ئاشتى. زىيان تارتقان كارخانا 208 گە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن 39ى كۆپەيدى، زىيان تارتقان كارخانىلارنىڭ زىيان سوممىسى 151 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 26 مىليون 960 مىڭ يۈەن ئازايدى. بىر يىلدا يارىتىلغان پايدا ـ باج 1 مىليارد 519 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 62.04% ئاشتى.

زو شۇشياڭ

## قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە قانۇننىڭ ئىجراسى ئۈستىدىن مەمۇرىي تەپتىشلىك قىلىش ئەھۋالى

2000 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش مەمۇرىي مەسئۇل تارماقلىرى 1650 تۈرلۈك قۇرۇلۇشنى تەكشۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە قانۇن ئىجراسى ئۈستىدىن مەمۇرىي تەپتىشلىك قىلىش ئىشخانىلىرى بىرلىكتە، ئۈرۈمچى رايونىدا «تور يېيىش» ئۇسۇلى بويىچە چوڭ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، 486 تۈرلۈك قۇرۇلۇشنى تەكشۈردى، بۇ يېڭى ئىش باشلىغان تۈرلەرنىڭ 80%دىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. قۇرۇلۇش نازارىتى، مەمۇرىي تەپتىشلىك نازارىتى ۋە ھۆكۈمەت قانۇنچىلىق ئىدارىسى بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، سانجى، بورتالا، قۇمۇل، قاراماي، كۈيتۇندىن ئىبارەت 6 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ سۈپىتىنى ۋە قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈردى، يېڭى ئىش باشلىغان 118 تۈرنى ئارىلاپ تەكشۈردى، تەكشۈرۈشتە سۈپەت مەسىلىسى بار ۋە باشقا قانۇن ـ تۈزۈمگە خىلاپ 57 قىلمىشنى بايقىدى، 43 تۈر ئۈستىدە نەق مەيداندا ئۆزگەرتىش ئۇقتۇرۇشى چىقاردى. 13 تۈرنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىد قىلدى، 14 تۈرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك قانۇن ئىجراسى تەپتىشلىكى تارماقلىرى، قانۇن ـ نىزامغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشىدىن 201نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. 191 دېلو تۇرغۇزۇپ، 184 دېلونى ئاياغلاشتۇردى، 3 مىليون 614 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى ۋە مۇسادىرە قىلدى، 1

مىليون 220 مىڭ يۈەن باج تۆلەتتى، دۆلەت ۋە كارخانىنى 4 مىليون 587 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىياندىن ساقلاپ قالدى. قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان 12 ئادەمنى بىر تەرەپ قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 9 ئادەمگە مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بەردى، 3 ئادەمنى ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇردى.

زو شۇشياڭ

## قۇرۇلۇشقا خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار چىقىشنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 2045 قۇرۇلۇش ھۆددىگە بېرىش - ئېلىش رەسمىيىتى بېجىرىلدى، قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي پۇتۇش باھاسى 8 مىليارد 190 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە خېرىدار چاقىرىشقا تېگىشلىك قۇرۇلۇش 1835، خېرىدار چاقىرىلغان قۇرۇلۇش 1832. خېرىدار چاقىرىلغان قۇرۇلۇشلار ئىچىدە، ئاشكارا خېرىدار چاقىرىلغان تۈر 405 بولۇپ، ئەمەلىي خېرىدار چاقىرىلغان تۈرنىڭ 22.07%نى ئىگىلىدى. خېرىدارى تەكلىپ قىلىپ چاقىرىلغان تۈر 1427 بولۇپ، 77.93%نى ئىگىلىدى.

ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق 5 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە كومپيۇتېر ئارقىلىق باشقۇرۇش سىستېمىسى ۋە قۇرۇلۇش ئۇچۇر تورى دەسلەپكى قەدەمدە قۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بىلەن بايىنغولىن ئوبلاستى خېرىدار چاقىرىشنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى بىلەن قۇرۇلۇش سودىسى مەركىزىنى ئايرىپ تەسىس قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ قۇرۇلۇش سودىسى بازىرىدا شەكىلسىز بولۇشتىن شەكىللىك بولۇشقا، تەرتىپسىز بولۇشتىن تەرتىپلىك بولۇشقا قاراپ يۈزلىنىش ياساش ئاساسەن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

زو شۇشياڭ

## بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات ئەھۋالى

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدا 215 كارخانا «شىركەت قانۇنى»نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتتى ياكى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بولۇپ يېڭىدىن تەشكىللەندى، بۇ ئاپتونوم رايون بويىچە دەرىجىدىن يۇقىرى بىناكارلىق كارخانىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 22.1%نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كارخانىسى 63 بولۇپ، دۆلەت كارخانىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 14.4%نى ئىگىلىدى.

2000 - يىلى كارخانا ئىسلاھاتى ۋە قۇرۇلمىنى تەڭشەش خىزمىتىدە، ئەلالىرىنى ۋە كۈچلۈكلىرىنى يۆلەش گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتلەرنىڭ بىر قىسىم باشلامچى، ئاپاھ كارخانىلىرى ئۇقتىملىق يېتىشتۈرۈلدى. قۇرۇلۇش نازارىتى شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى كارخانىلارنىڭ مۇلۇكنى قايتىدىن تەشكىللەش ۋە قۇرۇلمىنى تەڭشەش خىزمىتىنى قوللىدى. بايىنغولىن ئوبلاستلىق قۇرۇلۇش ئىدارىسى شىنجاڭ يەتتە يۇلتۇز قۇرۇلۇش بىناكارلىق گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قاتارلىق تۈرلۈك ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەردە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان 14 كارخانىنى يۆلەيدىغان كارخانا قىلىپ بېكىتىپ، ئۇلارنى تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە قوللىدى. قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن دەرىجىلىك 65 كارخانىنىڭ سالاھىيىتى بىكار قىلىندى، دەرىجىسى چۈشۈرۈلدى، چەكلىك مۇددەتتە ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇلدى ياكى تىجارەت دائىرىسى كىچىكلىتىلدى، يىللىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايون بويىچە دەرىجىلىك كارخانا 972 گە چۈشۈرۈلدى، دەرىجىسىز 660 كارخانىنىڭ قۇرۇلۇشنى ئۆز ئالدىغا كۆتۈرە ئېلىش سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلاندى.

زو شۇشياڭ

## قۇرۇلۇشلارنىڭ سۈپىتىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2000 - يىلى قۇرۇلۇش نازارىتى «ئاپتونوم رايوننىڭ قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹ۋاقىتلىق چارە›نى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي قائىدىسى» قاتارلىق بىر يۈرۈش ھۆججەتلەرنى بېسىپ تارقاتتى. جايلار سۈپەت باشقۇرۇش خىزمىتىدە، قۇرۇلۇش قىلىش خەرىتىسىنىڭ لايىھىسىنى تەكشۈرۈش تۈزۈمى، قۇرۇلۇشنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تۈزۈمى، پۈتكەن قۇرۇلۇشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئەنگە ئېلىش تۈزۈمى قاتارلىقلارنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، قۇرۇلۇش سۈپىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئاساس سالدى. جايلارنىڭ دۆلەتنىڭ مەجبۇرىي خاراكتېرلىك ئۆلچىمىنى ئىجرا قىلىش ۋە سۈپەت مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن، قۇرۇلۇش نازارىتى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئاساسىدا، بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ قۇرۇلۇش سۈپىتىنى ھەر تەرەپلىمە تەكشۈردى. ھەر خىل قۇرۇلۇشتىن 103نى ئايرىلاپ تەكشۈردى، تەكشۈرۈلگەن قۇرۇلۇشلارنىڭ خام چوتتىكى پۇتۇش باھاسى 387 مىليون يۈەن، قۇرۇلۇش كۆلىمى 455 مىڭ كۋادرات مېتىر. تەكشۈرۈش داۋامىدا تەكشۈرۈپ لايىھەلەش، قۇرۇلۇش قىلىش، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە قانۇن - نىزامغا خىلاپ 50 قىلمىش

بايقالدى، 33 نۇسخا ئۆزگەرتىش ئۇقتۇرۇشى چىقىرىلدى. مۇشۇ يىلدا قۇرۇلۇش سۈپىتى ۋە بىخەتەرلىكىگە دائىر 48 ئەرز قوبۇل قىلىنىپ، ھەممىسى تەكشۈرۈپ خۇلاسىلەندى. مۇشۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرۇلۇشلارنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 100%كە يەتتى.

زو شۇشياڭ

## بىناكارلىق بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئەھۋالى

2000 - يىلى قۇرۇلۇش نازارىتى «بىناكارلىق قۇرۇلۇشنىڭ بىخەتەرلىك تېخنىكىسى ۋە باشقۇرۇش» دەرسلىكىنى تۈزۈپ باستۇردى، بىناكارلىق بىخەتەرلىكى نازارەتچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. 10 - «بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تەشۋىقات ھەپتىلىكى» ۋە «بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش كۈنى» پائالىيىتىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇردى، «بىناكارلىق بىخەتەرلىك ساۋاتلىرى بويىچە 100 سوئال - جاۋاب» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدىكى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇردى ۋە تەشۋىق قىلدى. يىل ئاخىرىغىچە 10 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە بىر قىسىم ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ سۈپەت نازارەتچىلىكى پونكىتىنىڭ نامى سۈپەت ۋە بىخەتەرلىك نازارەتچىلىكى پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى. قۇرۇلۇش نازارىتى، سودا - سانائەت ئىدارىسى، تېخنىكا نازارەتچىلىك ئىدارىسى بىناكارلىق بىخەتەرلىك مۇھاپىزەت سايمانلىرى ۋە ماشىنا ئۈسكۈنىلىرىنى ساتىدىغان 40 ئورۇن ۋە 40 قۇرۇلۇش مەيدانىنى ساختىلىققا زەربە بېرىش بويىچە بىرلىشىپ، كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈپ، ساختا قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى ياسىغان، ساتقان ۋە ئىشلەتكەن بىر قىسىم ئورۇن ۋە شەخسلەرنى جازالىدى. ئۈرۈمچى شەھىرى، بايىنغولىن ئوبلاستى ۋە شىخەنزە شەھىرىدە بىناكارلىق كارخانىلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي زىيان - زەخمەت سۇغۇرتىسىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى 1 - بولۇپ قانات يايدۇرۇلدى، مۇشۇ يىلدا 70 تۈرلۈك قۇرۇلۇش سۇغۇرتىلاندى. قۇرۇلۇش نازارىتى، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى 3 - دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 66 قۇرۇلۇش قىلىش كارخانىسىنىڭ 118 قۇرۇلۇش مەيدانىنى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش بويىچە چوڭ تەكشۈرۈپ، ساقلانغان مەسىلىلەرگە قارىتا، مەخسۇس تۈزىتىش تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مۇشۇ يىلى 40 ئۆلۈم - يېتىم ھادىسىسى دېلوسى تەكشۈرۈپ ئايانلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 3 - دەرىجىلىك ھادىسە 2، ئۆلگەن ئادەم 45، ئېغىر يارىلانغان ئادەم 15.

زو شۇشياڭ

## قۇرۇلۇشنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە قۇرۇلۇشنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئورنى 92گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە «ئا» دەرىجىلىك ئورۇن 5، «ب» دەرىجىلىك ئورۇن 43، «س» دەرىجىلىك ئورۇن 44. قۇرۇلۇش نازارىتى 92 نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئورنىنىڭ سالاھىيىتىنى يىللىق تەكشۈردى، تەكشۈرۈشتە 88ى لاياقەتلىك، 4ى لاياقەتسىز چىقتى. لاياقەتسىز بولغان بۇ 4 ئورۇنغا چەكلىك مۇددەت ئىچىدە تۈزىتىش چارىسى كۆردى. نازارەت قىلىپ باشقۇرىدىغان ئىنژېنېرلار كۇرسى ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرىدىغان ئىنژېنېرلارنىڭ ئىمتىھان ئالدىدىكى كونسۇلتاتسىيە كۇرسىدىن 2 قارار ئېچىلىپ، 1040 ئادەم تەربىيىلەندى، 240 نەپەر ئادەم نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئىنژېنېرلىرىنىڭ سالاھىيەت ئىمتىھانىدىن ئۆتتى. 220 نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئىنژېنېرىغا 2000 - يىللىق تىزىملاش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىلدى.

زو شۇشياڭ

## بىناكارلىق كەسپىنىڭ ئەمگەك سۇغۇرتىسىنى بىر تۇتاش غەملەش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ بىناكارلىق ساھەسىدىكى ئەمگەك سۇغۇرتىسىنى بىر تۇتاش غەملەش بويىچە ھەق ئېلىشنى باشقۇرىدىغان 32 پونكىت ئالغان ئەمگەك سۇغۇرتا ھەققى 242 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 26.04% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭ 125 مىليون 904 مىڭ يۈەن، كوللېكتىپ قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭ 39 مىليون 85 مىڭ يۈەن، باشقا ئۆلكە قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭ 19 مىليون 687 مىڭ يۈەن، بىر تۇتاش غەملەش دائىرىسىگە كىرمەيدىغان قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭ 46 مىليون 914 مىڭ يۈەن بولدى. كېيىنكى يىلىغا يۆتكەپ تەقسىم قىلىنىدىغىنى 10 مىليون 500 مىڭ يۈەن بولدى. بىناكارلىق قۇرۇلۇش كارخانىلىرىغا 180 مىليون 402 مىڭ 200 يۈەن بۆلۈپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت قۇرۇلۇش كارخانىلىرىغا بۆلۈپ بېرىلگىنى 113 مىليون 835 مىڭ 500 يۈەن، كوللېكتىپ قۇرۇلۇش كارخانىلىرىغا بۆلۈپ بېرىلگىنى 16 مىليون 834 مىڭ 400 يۈەن، باشقا ئۆلكە قۇرۇلۇش كارخانىلىرىغا بۆلۈپ بېرىلگىنى 3 مىليون 898 مىڭ يۈەن، بىر تۇتاش غەملەش دائىرىسىگە كىرمەيدىغان قۇرۇلۇش كارخانىلىرىغا بۆلۈپ بېرىلگىنى 45

مىليون 834 مىڭ 300 يۈەن.

شىنجاڭ بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ ئەمگەك سۇغۇرتا ھەققىنى باشقۇرۇش باش پونكىتى 136 كارخانىغا 32 مىليون 464 مىڭ يۈەن قوشۇمچە ياردەم بەردى، 1962 - يىلى بىناكارلىق كارخانىلىرىدىن قىسقارتىلغان خادىملارغا 1 مىليون 414 مىڭ يۈەن تۇرمۇش ياردەم پۇلى بەردى. مۇشۇ يىلى جەمئىي 33 مىليون 878 مىڭ يۈەن قوشۇمچە ياردەم پۇلىنى تەڭشەپ بەردى (بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى قارمىقىدىكى 8 چوڭ شىركەتكە بېرىلگىنى 10 مىليون 279 مىڭ يۈەن). قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ تەستىقى بىلەن 10 ئەمگەك سۇغۇرتا پونكىتى مەلۇم قىلغان ئارىلاشما ئىش ئورۇنلۇق 39 كارخانىغا بۇيرۇپ بېرىلىدىغان نىسبەت تەڭشىلىپ، بۇ كارخانىلارنىڭ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك بىر تۇتاش غەملەش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى تاپشۇرۇش يۈكى يەڭگىللىتىلدى.

2000 - يىلى ھەق ئېلىشنى باشقۇرىدىغان 32 پونكىت 34 مىليون 639 مىڭ 700 يۈەن ئەمگەك سۇغۇرتا ھەققىنى يۇقىرىغا تاپشۇردى، 13 مىليون 19 مىڭ يۈەننى مەخسۇس ئىشلىتىش ئۈچۈن پونكىتتا ئېلىپ قالدى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك سۇغۇرتا ھەققىنىڭ ئۆسۈمىدىن 2 مىليون 486 مىڭ 200 يۈەن كىرىم قىلدى.

لى باۋفېڭ

## ئەلا سۈپەتلىك قۇرۇلۇشلار باھالاندى

شىنجاڭ بىناكارلىق جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىشى، شىنجاڭ ئەلا سۈپەتلىك قۇرۇلۇشلارنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش كومىتېتىنىڭ باھالىشى بىلەن، 25 قۇرۇلۇش ئاپتونوم رايون بويىچە 2000 - يىللىق ئەلا سۈپەتلىك قۇرۇلۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، قۇرۇلۇش نازارىتى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ ئۇلارنى تەقدىرلىدى. ئۇلار مۇنۇلار: شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 4 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى سالغان ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئۇزۇن يوللۇق تېلېگراف 2 - تۈگۈنلۈك قۇرۇلۇشى بىلەن جۇڭگو قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال تىجارەت بىناسى؛ شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 1 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى سالغان شىنجاڭ تاۋار تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈش كەسپىي بىناسى بىلەن شىنتيەن خەلقئارا ئۇنىۋېرسال بىناسى؛ مىچۈەن شەھەرلىك بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش باش شىركىتى سالغان مىچۈەن شەھەرلىك بالىلار باغچىسىنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى؛ شىنجاڭ مېتاللورگىيە قۇرۇلۇش شىركىتى سالغان ئالتۇن مۇنار سارىيى؛ شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 3 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى سالغان ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال كەسپىي بىناسى؛ جياڭسۇ ئۆلكىسى تۇڭجۇ شەھەرلىك بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇش باش شىركىتىنىڭ شىنجاڭدىكى قۇرۇلۇش باشقارمىسى سالغان شىنجاڭ خەلق ئاۋئاتسىيە ئىدارىسىنىڭ 36 - نومۇرلۇق تۇرالغۇ ئۆي بىناسى، نېفىت گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش باشقارمىسىنىڭ 87 - نومۇرلۇق تۇرالغۇ ئۆي بىناسى ۋە خاۋشياڭ ئالتۇنتاغ كىچىك رايونىنىڭ 10 - نومۇرلۇق ئاستى دۇكانلىق تۇرالغۇ ئۆي بىناسى؛ شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 2 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى سالغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى توپ سېتىش بازىرى؛ بايىنغولىن ئوبلاستلىق بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش باش شىركىتى سالغان بايىنغولىن ئوبلاستلىق پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى پوچتا ئاپتوموبىل بېكىتىنىڭ 3 -، 5 - نومۇرلۇق تۇرالغۇ ئۆي بىناسى ۋە قۇمۇل ۋىلايەتلىك خۇاجيەن قۇرۇلۇش قىلىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان قۇمۇل ۋىلايەتلىك دۆلەت بېجى ئىدارىسىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي بىناسى؛ لوپنۇر ناھىيىلىك 2 - بىناكارلىق شىركىتى سالغان كۆيتۇڭ ئىلى ئوبلاستلىق پاختا -چىگە شىركىتىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي بىناسى؛ جياڭسۇ ئۆلكىسى چىدوڭ شەھەرلىك بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇش شىركىتى سالغان شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى باش دوختۇرخانىسى سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەركىزىنىڭ ئۇنىۋېرسال بىناسى؛ شىنجاڭ بىڭتۇەن 1 - بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇش شىركىتى سالغان ئۈرۈمچى شەھەرلىك 10 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى، بىڭتۇەن ئورگان خوجىلىق ئىدارىسى 2 - نومۇرلۇق ئېگىز قەۋەتلىك تۇرالغۇ ئۆي بىناسى ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كەسپىي بىناسى؛ شىنجاڭ «يەتتە يۇلتۇز» بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان بايىنغولىن ئوبلاستلىق پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ پوچتا ئاپتوموبىل بېكىتىنىڭ 1 - نومۇرلۇق تۇرالغۇ ئۆي بىناسى؛ شىخەنزە شەھەرلىك بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇش شىركىتى سالغان سودا - سانائەت بانكىسى شىخەنزە شەھەرلىك تارمىقىنىڭ تىجارەت ئۆيى؛ كورلا شەھەرلىك 2 - بىناكارلىق شىركىتى سالغان دۆلەت ئاشلىق ساقلاش ئامبىرىنىڭ كورلىدىكى بىۋاستە قاراشلىق ئامبىرى؛ بايىنغولىن ئوبلاستلىق بىناكارلىق شىركىتى سالغان شىنجاڭ پاختا - چىگە شىركىتى جەنۇبىي شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ 3 - نومۇرلۇق تۇرالغۇ ئۆي بىناسى؛ شىخەنزە شەھەرلىك بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇش شىركىتى سالغان، بىڭتۇەن 6 - بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇش شىركىتى سېلىشقا قاتناشقان شىخەنزە

ئۈنىۋېرسىتېتىنىڭ يېڭى كۈتۈپخانىسى؛ ئىلى ئوبلاستلىق خۇاشى بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى سالغان ئىلى ئوبلاستلىق پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ 7 - نومۇرلۇق تۇرالغۇ ئۆي بىناسى.

لى جيەنگو

## شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش (گۇرۇھى) شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ تىجارەت مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 915 مىليون 80 مىڭ يۈەن (قوشۇلما قىممەت 999 مىليون يۈەن) گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، قۇرۇلۇش قىلىش مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 367 مىليون 910 مىڭ يۈەن، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 375 مىليون 150 مىڭ يۈەن، ترانسپورت مەھسۇلات قىممىتى 44 مىليون 120 مىڭ يۈەن، قۇرۇلۇش ماشىنىلىرىنى ئىجارىگە بېرىش مەھسۇلات قىممىتى 37 مىليون 820 مىڭ يۈەن، سودا ۋە باشقا تىجارەت قىممىتى 75 مىليون 450 مىڭ يۈەن، تەكشۈرۈش - لايىھەلەش تىجارەت قىممىتى 14 مىليون 630 مىڭ يۈەن. قوشۇلما قىممەت بويىچە ھېسابلىغاندا: قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلاردىكى بارلىق خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ھەر ئادەمگە 19 مىڭ 174 يۈەندىن، سانائەت كارخانىلىرىدىكى بارلىق خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ھەر ئادەمگە 13 مىڭ 561 يۈەندىن، ترانسپورت كارخانىلىرىدىكى بارلىق خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ھەر ئادەمگە 34 مىڭ 799 يۈەندىن توغرا كەلدى. ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 10 مىڭ 556 يۈەنگە، كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ تىجارەت مەھسۇلات قىممىتى 82 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

بىر يىلدا 2 مىليون 225 مىڭ 200 كۇۋادرات مېتىرلىق ئۆي - ئىمارەتنى پۈتكۈزدى، قۇرۇلۇشلارنىڭ ئەلا بولۇش نىسبىتى (كۆلىمى بويىچە ھېسابلاندى) 62.2% كە يەتتى. 6 قۇرۇلۇش ئاپتونوم رايون بويىچە ئەلا سۈپەتلىك قۇرۇلۇش بولۇپ باھالاندى، 9 قۇرۇلۇش ئۈرۈمچى «قىزىلتاغ لوڭقىسى ئەلا سۈپەتلىك قۇرۇلۇش» دېگەن نامغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 4 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان پوچتا - تېلېگراف 2 - تۈگۈنلۈك قۇرۇلۇشى دۆلەت دەرىجىلىك ئەلا سۈپەتلىك قۇرۇلۇش بويىچە «لۇبەن مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى خېنەن يولى ئۆتۈشمە كۆۋرۈكى دۆلەت دەرىجىلىك شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشى بويىچە ئەلا سۈپەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 11 مۇھىم قۇرۇلۇشىدا ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلىدىغان تۈرلەردە پىلان ئاساسەن ئورۇندالدى ياكى مۇددەتتىن بۇرۇن ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مۇقىم ئۆرلەش نىسبىتى 94.2% كە، مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 97.8% كە يەتتى.

2000 - يىلى شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەتتە ھالقىش خاراكتېرلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قۇرۇلۇشلارنى ئومۇمىيۈزلۈك ھۆددىگە ئېلىشقا قەدەم قويدى، كۆلەملىك ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتى ياخشى بولدى، مۇشۇ يىلى زىيان تارتىشنى تۈگىتىپ، پايدا ئېلىشقا ئۆتۈپ، 37 مىليون 200 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى. باشقۇرۇش خىزمىتى كۆلەملىشىشكە يۈزلەندى، گۇرۇھ شىركەت ھۆددىگە ئالغان 8 كارخانا ISO9000 تۈركۈمىنىڭ سۈپەت ئۆلچىمى گۇۋاھلىقىدىن ئۆتتى، 100 كۈنلۈك مۇسابىقىدىكى نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى. 70% كارخانا زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، مەبلەغ سۇبيېكتىنى كۆپ خىللاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، قانۇنىي ئىگە باشقۇرۇش قۇرۇلمىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن تۇرغۇزدى. 1217 ئىشچى - خىزمەتچى ئىش ئورنىدىن قالغانلارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەركىزىگە كىردى، ئۇلارغا ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتى خىراجىتى تارقىتىپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلدى. شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى شياڭگاڭ جياخې گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى بىلەن بىرلىشىپ، شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش سەددىچىن سېپىلى بىناكارلىق زىننەتلەش گۇرۇھى ۋە سۇچىلىق، يول، كۆۋرۈك قاتارلىق كەسپىي چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرىنى قۇردى. گۇرۇھ شىركەت كومپيۇتېر بىلەن كونتروللاش، قۇرۇلۇش ماشىنىلىرى، ئىشىك - دېرىزە، قوشۇمچە تام كەسپىي مەھسۇلاتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قايتا تەشكىللەپ، كۆلەملىك تىجارەتنى يولغا قويۇپ، تەكرار قۇرۇلۇش قىلىش ۋە مەبلەغ سېلىشنىڭ ئالدىنى ئالدى. مۇدىرىيەت، نازارەتچىلىك ھەيئىتى، دىرېكتورلار قاتلىمىنى تۇرغۇزۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر قاتلىمى بىلەن تىجارەت قاتلىمىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇردى، ئاپپاراتلار بىلەن تارماقلارنى بىرلەشتۈرۈپ، كارخانىنىڭ ئىجتىمائىي فۇنكسىيىسىنى ئۈستىگە ئالغان قىسمىغا قارىتا خىراجەتنى ھۆددىگە بېرىش، ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىش، پايدا - زىيانغا ئۆزى ئىگە بولۇش چارىسىنى يولغا

قويدى.

2000 - يىلى ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەر مۇنۇلار: مەبلەغ جەھەتتىكى جىددىيلىك ھالىتى پۈتۈنلەي ئوڭشىلىپ كەتمىدى، قۇرۇلۇش پۇلى نېسى قالدۇرۇلغان ئەھۋال يەنىلا ناھايىتى ئېغىر، ئاساس باشقۇرۇش خىزمىتى بىر قەدەر ئاجىز.

لى بىڭ

## شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش (گۇرۇھى) شىركىتى پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا 34 مىليون 120 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى، بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش شىركەتلىرى 16 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا تەرەققىيات تۈرىنى يولغا قويدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى مەھسۇلات يارىتىش تۈرى 8؛ كېڭەيتىپ قوللىنىدىغان يېڭى تېخنىكا، يېڭى ماتېرىيال، يېڭى ئۈسكۈنىلەر 131 تۈر (قېتىم)، ئىگە بولغان ئىقتىسادىي ئۈنۈم 15 مىليون 320 مىڭ يۈەن.

2000 - يىلغىچە، گۇرۇھ شىركەتنىڭ 17 كارخانىسى ISO9000 تۈركۈمىنىڭ ئىزچىل ئۆلچەم گۇۋاھلىقىدىن ئۆتتى، بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ ئۆلچەمنى ئىزچىللاشتۇرۇش نىسبىتى %100كە يەتتى. «10 چوڭ تېخنىكا»نى ئومۇملاشتۇرۇش سالمىقى ئاشۇرۇلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ 3 - تۈركۈمدىكى 8 تۈرلۈك ئۈلگە قۇرۇلۇشىدا، گۇرۇھ شىركەت 7 تۈرنى ئىگىلىدى. شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 4 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودرومىنىڭ يېڭى ئاۋىئاتسىيە بېكەت بىناسى قۇرۇلۇشى قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى، مەملىكەت بويىچە بىناكارلىق يېڭى تېخنىكىسىنى قوللانغان ئۈلگە قۇرۇلۇشلارنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، 144 مېتىرلىق ئالاھىدە ئۇزۇن رامكىلىقنى ياساش ۋە ئالدىن كۈچىنىش تېخنىكىسى دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى. يېڭى تىپلىق سۇدىن ساقلىنىش ماتېرىيالى 7 تۈرلۈك قۇرۇلۇشتا ئىشلىتىلدى. سېلىنىۋاتقان قۇرۇلۇشلارغا ئومۇميۈزلۈك ئالدىن ئارىلاشتۇرۇلغان بېتون ئىشلىتىلىپ، ئىش ئۈنۈمدارلىقى ۋە قۇرۇلۇش سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 4 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئالدىن ئارىلاشتۇرۇلغان بېتون تۈرى شىنجاڭنىڭ بايلىقتىن ئۈنۈۋېرسال پايدىلىنىش تۈرى گۇۋاھلىقىدىن ئۆتتى. شىنجاڭ بىناكارلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان QTE16-SSB مۇنار شەكىللىك يىرىكمە كىران ۋە QT20 مۇنار شەكىللىك كىران دۆلەتنىڭ بىناكارلىق - شەھەر قۇرۇلۇشى ماشىنىلىرى بويىچە سۈپەت تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپ، تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىلدى. شىنجاڭ «قىزىل باۋاغاز» قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 1 مىليون 240 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئۈسكۈنىلەرنى تولۇقلاپ، مەھسۇلات سۈپىتىنى مۇقىملاشتۇردى.

لى بىڭ

## بىناكارلىق ساھەسىدىكى ئىلغار ئورۇنلار ۋە ئىلغار شەخسلەر

2000 - يىلى شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 4 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى جۇڭگو قۇرۇلۇش قىلىش كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش جەمئىيىتى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر قۇرۇلۇش قىلىش كارخانىسى»، «مەملىكەت بويىچە سۈپەت ئۈنۈمدارلىقى تىپىدىكى ئىلغار قۇرۇلۇش قىلىش كارخانىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ 1 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى لۇەن شۆفېڭ «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر قۇرۇلۇش قىلىش كارخانىچىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى. شىنجاڭ 3 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى دوختۇرخانىسىنىڭ ۋراچى لياڭ مىڭ جەمئىي 10 مىڭ مىللىلىتىر قانىنى ھەقسىز تەقدىم قىلىپ، سەھىيە مىنىستىرلىكى، جۇڭگو قىزىل كرېست باش جەمئىيىتى تارقاتقان «ھەقسىز قان تەقدىم قىلىش بويىچە ئالتۇن لوڭقا مۇكاپاتى»غا ۋە شەرەپ گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى.

لى بىڭ

## مۇنەۋۋەر قۇرۇلۇش قىلىش كارخانىلىرى

شىنجاڭ بىناكارلىق جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان، ئاپتونوم رايون بويىچە 2000 - يىللىق مۇنەۋۋەر قۇرۇلۇش قىلىش كارخانىلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە، ئاپتونوم رايون بويىچە 17 كارخانا شەرەپ تاختىسىدىن ئورۇن ئالدى ئۇلار: شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 4 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 1 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى قۇرۇلۇش باش شىركىتى، شىنجاڭ «تيەنيى» بىناكارلىق قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ بىڭتۇەن 1 - بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇش شىركىتى، بىڭتۇەن يول - كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى باش شىركىتى، شىنجاڭ «يۇڭشېڭ» بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «يەتتە يۇلتۇز» بىناكارلىق

قۇرۇلۇش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، قاراماي شەھەرلىك سەنلىيەن قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «جيۇجۇ» قۇرۇلۇش (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك «جىڭتا» بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ سانجى بىناكارلىق (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، ئىلى بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى، بىڭتۇەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش باش شىركىتى، مىچۈەن شەھەرلىك بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇش باش شىركىتى، شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى «شىنخۇا» بىناكارلىق شىركىتى، جياڭسۇ ئۆلكىسى توڭجۇ شەھەرلىك بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇش باش شىركىتىنىڭ شىنجاڭدىكى قۇرۇلۇش باشقارمىسى.

زو شۇشياڭ

## مۇنەۋۋەر تەكشۈرۈش - لايىھىلەشنى باھالاش ئەھۋالى

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن، قۇرۇلۇش نازارىتى ئاپتونوم رايون بويىچە 10 - نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر قۇرۇلۇش لايىھىسىنى باھالاش پائالىيىتى بىلەن 5 - نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر تەكشۈرۈشنى باھالاش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇردى. باھالاشقا پۇقرالار ئىمارەتلىرى، خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى، قۇرۇلۇش تەكشۈرۈش، شەھەر مەمۇرىيىتى، خىمىيە سانائىتى، سۇچىلىق، سۇ ئېلېكتر، ئېلېكتر كۈچى، تاشيول، تۆمۈريول، ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون، پولات - تۆمۈر، رەڭلىك مېتاللورگىيە، بىناكارلىق ماتېرىيالى، نېفىت - تەبىئىي گاز، نېفىت خىمىيە سانائىتى، كۆمۈر، پوچتا - تېلېگراف، ئورمانچىلىق، دېھقانچىلىق، يېنىك سانائەت قاتارلىق 22 ساھەنىڭ 223 تۈرلۈك قۇرۇلۇشى قاتناشتۇرۇلدى. باھالاپ بېكىتىش ئارقىلىق شىنجاڭ سۇچىلىق - سۇ ئېلېكتر تەكشۈرۈپ ئۆلچەش - لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى يوللىغان ئۆگەن دەرياسى قىزىل سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى قاتارلىق 17 تۈر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 37 تۈر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 58 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 29 تۈر تەقدىرلەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

زو شۇشياڭ

## تەكشۈرۈش - لايىھىلەش كەسپىدىكى 20 كۈچلۈك ئورۇن

قۇرۇلۇش نازارىتى 2000 - يىل 4 - ئايدا تەكشۈرۈش - لايىھىلەش ئورۇنلىرى يوللىغان 1999 - يىللىق تەكشۈرۈش - لايىھىلەش ستاتىستىكا ماتېرىيالىغا ئاساسەن، مۇتلەق كۆرسەتكۈچ بىلەن نىسبىي كۆرسەتكۈچنى دەرىجىگە ئايرىپ نومۇر ھېسابلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۇنىۋېرسال كۈچىنى باھالاپ رەتكە تۇرغۇزۇپ چىقتى. 1999 - يىللىق ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرۇلۇش تەكشۈرۈش - لايىھىلەش ساھەسىدىكى ئۇنىۋېرسال كۈچ جەھەتتە 20 كۈچلۈك كارخانىنى باھالاپ چىقتى ھەم ئېلان قىلدى.

20 كۈچلۈك كارخانىنىڭ رەتكە تۇرغۇزۇلۇشى تۆۋەندىكىچە:

شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى تەكشۈرۈش - لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ سۇچىلىق - سۇ ئېلېكتر تەكشۈرۈش - لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ بىناكارلىق لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ بىڭتۇەن تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۇرتى، شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى لايىھىلەش يۇرتى، تۆمۈريول مىنىستىرلىكى 1 - تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۇرتى ئۈرۈمچى شۆبىسى، كۆمۈرچىلىك مىنىستىرلىكى ئۈرۈمچى لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ شەھەر - يېزا پىلانلاش - لايىھىلەش يۇرتى، شىنجاڭ تاشيول پىلانلاش - تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۇرتى، بىڭتۇەن سانائەت 1 - شىسى بىناكارلىق تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۇرتى، ئۈرۈمچى رەڭلىك مېتاللورگىيە لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى بىناكارلىق تەكشۈرۈش - پىلانلاش - لايىھىلەش يۇرتى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۇرتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك بىناكارلىق لايىھىلەش يۇرتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۇرتى، شىخەنزە بىناكارلىق پىلانلاش - لايىھىلەش يۇرتى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق بىناكارلىق تەكشۈرۈش - پىلانلاش - لايىھىلەش يۇرتى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى مايتاغ لايىھىلەش يۇرتى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۇرتى، شىنجاڭ يېنىك سانائەت لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى.

زو شۇشياڭ

## كېڭەيتىلىدىغان يېڭى مەھسۇلاتلار

2000 - يىلى 128 كارخانىنىڭ 66 تۈرلۈك يېڭى مەھسۇلاتى شىنجاڭ قۇرۇلۇش پەن - تېخنىكا مۇتەخەسسىلەر كومىتېتىنىڭ تاللاپ نەزەرىيە جەھەتتىن دەلىللىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، قۇرۇلۇش نازارىتى ئۇلارنى قۇرۇلۇش كەسپىدە كېڭەيتىلىدىغان يېڭى مەھسۇلات، دەپ ئېلان قىلدى. ئۇلار مۇنۇلار: دانىچىلاشتۇرۇش ئېگىز مېشىدىن چىققان داشقال ئۇۋىقى، لىتىيلىق كرېمنىي پاراشوكى، ئاقارتىش گېپسى، JC تىپلىق سۇ ۋە نەملىكتىن ساقلايدىغان ئانئورگانىك يوچۇق ئەتكۈچ، GT سۇ ئۆتكۈزمەس ماتېرىيال، پولى ئامىنو ئېفىرلىق يۇرۇشلۇك سۇ ئۆتكۈزمەس سۇۋاق، نېفىت ئاسفالت ئاساسلىق سۇ ئۆتكۈزمەس سۇۋاق، JS بىرىكمە سۇ ئۆتكۈزمەس سۇۋاق، پروپىلېنوئىك كىسلاتالىق

ئىمولسىيىلىك كوللوئىدلىق سىر، IPN—8710 پولى ئامىنو ئېفىر - پولى ئېتىلېن ئۆتۈشتۈرۈپ تورلاشتۇرۇلىدىغان سۇۋالغۇ، ZS سۇ ئۆتكۈزمەس ئانا سۇيۇقلۇق، سېمونت ئاساسلىق سىڭىشچان كرىستال تىپلىق سۇ ئۆتكۈزمەس سۇۋالغۇ، پولى ئېتىلېن ئاكرىللىق قوش يۈزلۈك بىرىكمە سۇ ئۆتكۈزمەس ئورام ماتېرىيالى، APP ئۆزگەرتىشچان ئاسفالتلىق سۇ ئۆتكۈزمەس ئورام ماتېرىيالى، SBS ئۆزگەرتىشچان ئاسفالتلىق سۇ ئۆتكۈزمەس ئورام ماتېرىيالى، OMP ئۆزگەرتىشچان ئاسفالتلىق سۇ ئۆتكۈزمەس ئورام ماتېرىيالى، خلوردئورام ماتېرىيالى، 3 ئاساسلىق پروپانلىق سۇ ئۆتكۈزمەس ئورام ماتېرىيالى، خلوروبوتادېن كاۋچۇكلۇق سۇ ئۆتكۈزمەس ئورام ماتېرىيالى، بۇتىل كاۋچۇكلۇق سۇ ئۆتكۈزمەس ئورام ماتېرىيالى، ئاسفالت بىرىكمە قاتلىق ئەۋرىشىم سۇ ئۆتكۈزمەس ئورام ماتېرىيالى، ئۆزگەرتىشچان ئاسفالت پولى ئېتىلېن قاتلىق سۇ ئۆتكۈزمەس ئورام ماتېرىيالى، بېتون توپىسىنى كۆپتۈرگۈچى خورۇچ، سۇسىزلاندۇرۇش خورۇچى، توڭلاتماس خورۇچ، گاز تارتىش خورۇچى، ئاققۇزۇش خورۇچى، پولى ئامىنو ئېفىر - پولى ئېتىلېن بىرىكمە تورۇبا، پولى ئېتىلېنلىق سىرتتىن قاپلايدىغان تورۇبا، ئالىيۇمىنلىق سۇلياۋ بىرىكمە تورۇبا ۋە تورۇبا سەپلىمىلىرى، تۆۋەن بېسىملىق سۇيۇقلۇق يەتكۈزۈپ بېرىدىغان سۇلياۋ ئەستەرلىك ئالىيۇمىن قېتىشمىلىق تورۇبا ۋە تورۇبا سەپلىمىلىرى، تورۇبا سۈيىگە ئىشلىتىلىدىغان پولى ئامىنلىق تورۇبا سەپلىمىلىرى، 3 تىپلىق پولى پروپىلېن تورۇبا ماتېرىيالى ۋە تورۇبا سەپلىمىلىرى (PP—R)، ئۆتۈشتۈرۈپ تۇتاشتۇرۇلىدىغان پولى ئېتىلېن تورۇبا ماتېرىيالى ۋە تورۇبا سەپلىمىلىرى (PEX)، زىچلىقى يۇقىرى، پولى ئېتىلېن تورۇبا (HOPE)، ئۆزگەرتىشچان پولى ئېتىلېن تورۇبا ماتېرىيالى ۋە تورۇبا سەپلىمىلىرى (PP—C)، پولى بۇتىلېن تورۇبا ماتېرىيالى ۋە تورۇبا سەپلىمىلىرى (BP)، PVC—V كاۋاك دىۋارلىق تولغىماش تورۇبا، بىناكارلىقتىكى سۇ بېرىش ۋە چىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان قاتتىق پولى ۋىنىدخلوردلىق تورۇبا ماتېرىيالى ۋە تورۇبا سەپلىمىلىرى، بىناكارلىقتىكى سۇ بېرىش ۋە چىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان قاتتىق پولى ۋىنىدخلوردلىق تولغىماش ،ئاۋازسىزلاندۇرىدىغان تورۇبا ماتېرىيالى ۋە تورۇبا سەپلىمىلىرى، بىناكارلىقتىكى سۇ بېرىش ۋە چىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان قاتتىق پولى ۋىنىدخلوردلىق ئۆزەك قەۋەتلىك كۆپتۈرۈلگەن تورۇبا ماتېرىيالى ۋە تورۇبا سەپلىمىلىرى، چوڭ كالىبىرلىق تولغىماچ سۇلياۋ تورۇبا، قاتتىق پولى ۋىنىدخلورلۇق، قوش دىۋارلىق رىزىبلىق تورۇبا، ئۆزگەرتىشچان بېسىملىق گاز چىقىرىش تورۇبىسى، PVC سۇلياۋ دېرىزە، PVC—U سۇلياۋ ماتېرىيال، رەڭدار تاختىلىق دېرىزە، بېقىنلىق پولات چىۋىق قىسما ئۇلىغۇچ، پولات چىۋىقلىق تۈز رىزىبلىق (دومىلىما پروكاتلانغان) ئۇلىغۇچ، پولات چىۋىقلىق تۈز رىزىبلىق (توم سوقۇلغان) ئۇلىغۇچ، ئەگمىسى ئاپتوماتىك يوشۇرۇلۇپ كەپشەرلەنگەن H تىپلىق پولات، ئۆزەكلىك، يېنىك، يۈرۈشلۈك ئىسسىقلىق ساقلاش ئىشىكلىرى، تاق تۈۋرۈك قانات شەكىللىك بىر تەرەپكە مۇقىم يۆنىلىشلىك كونۋېكسىيىلىك ئىسسىقلىق تارقاتقۇچ، پولات ئالىيۇمىنلىق ئىسسىقلىق تارقاتقۇچ، TDD—C تىپلىق ئەگرى قاناتلىق، مۇقىم يۆنىلىشلىك ئىسسىقلىق تارقاتقۇچ، DF—A تىپلىق ئوت ۋە قاچقان توكتىن مۇداپىئەلىنىدىغان توك ھەرىكىتى سىگنال ئاپپاراتى، ئېلېكتر تېخنىكا قاپلىما تورۇبا، ئېلېكترونلۇق ئېلېكتر ئېنېرگىيە سائىتى، ئۆزىنى قوغدىيالايدىغان تولۇق ئاپتوماتىك زىيادە توك بېسىمىدىن ئاسرىغۇچ، ئەسلىگە قايتالايدىغان تولۇق ئاپتوماتىك زىيادە كەم توك بېسىمىدىن ئاسرىغۇچ، چاپلاشتۇرۇلغان كۆپتۈرمە سۇلياۋلىق ئىسسىقلىق ساقلاش تاختىسى، گەج - ساپال شاخىرىدىن ياسالغان كۆپ تۆشۈكلۈك ئۇزۇن تاختا، كۆپ ماغزاپلىق سېمونتلىق پولى بېنزول ئىسسىقلىق ساقلاش تاختىسى، ئىچ ۋە ئارا تامغا ئىشلىتىلىدىغان كرېمنىي ماگنىيلىق يەۋقۇلئادە يېنىك تاختا، ئارىسىغا پولىسترول ئېلىنىپ پولات سىم بىلەن تورلانغان تاختا، مەركەزدىن قاچما ئەينەك پاختا ياسالمىلىرى.

لى يىپىڭ

## يېڭى تېخنىكا قوللىنىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى

2000 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە بىناكارلىقتا 10 تۈرلۈك يېڭى تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇپ قوللىنىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشىدىن 28ى تۇرغۇزۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 4ى دۆلەت دەرىجىلىك، 24ى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك. مۇشۇ يىلى تۇرغۇزۇلغىنى 13، بۇنىڭ ئىچىدە بىرى دۆلەت دەرىجىلىك، 12 سى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك. دۆلەت دەرىجىلىك بىر ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى بىلەن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 6 ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 1 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى سالغان ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلقئارا ئايرودرومنىڭ يېڭى بېكەت بىناسى دۆلەت دەرىجىلىك ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى بولۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى؛ شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 1 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى سالغان شىنجاڭ جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئېگىز تۇرالغۇ ئۆي بىناسى شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى. شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 2 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى سالغان يېزا ئىگىلىك

ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتىنىڭ ئېگىز تۇرالغۇ ئۆي بىناسى، شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 5 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى سالغان گۇاڭخۇي تەيشاڭ سارىيى، قاراماي شەھەرلىك مەنلىيەن قۇرۇلۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى سالغان قاراماي شەھەرلىك ئۇنىۋېرسال سۇ ئۈزۈش سارىيى، قاراماي شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى — «شىنخۇا» كىتابخانىسىنىڭ خىزمەت بىناسى ۋە قاراماي شەھەرلىك جەرەنبۇلاق ئىشچى - خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسىنىڭ كېسەل ئامبۇلاتورىيە ۋە جىددىي داۋالاش ئۇنىۋېرسال بىناسى شىنجاڭ بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى، يىل ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 15 تۈرلۈك ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىكى 3، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى 12.

لى يىپىڭ

## بىناكارلىقتىكى ئېنېرگىيە تېجەش

2000 - يىلى ئۈرۈمچى، شىخەنزە، قاراماي شەھەرلىرىدە 137 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق، بىناكارلىقتا ئېنېرگىيە تېجەشنى نۇقتىدا سىناق قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى (كىچىك رايونى) كەينى - كەينىدىن قۇرۇلدى. ئۈرۈمچى شەھىرىدە سېلىنغان ئېنېرگىيە تېجەيدىغان 6000 كۋادرات مېتىرلىق تۇرالغۇ ئۆي بىناسى خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق بولۇپ، سىرتقى تامغا ئېغىرلىقتا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان كۆپ ئۆشۈكلۈك سېغىز خىش - بېنزول تاختا بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىلگەن، 1 - قەۋەت بىلەن تام يۈزىگە ساپال شاخىرى ياكى كۆتەك خىش قوشۇلغان ئىسسىقلىق ساقلايدىغان ماتېرىيال ئىشلىتىلگەن، قاتتىقلاشتۇرۇلغان سۇلياۋلۇق دېرىزىلەر ئىشلىتىلگەن، ئىسسىتىش سىستېمىسىغا ئائىلىلەر بويىچە ئۆلچەش سائىتى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. قاراماي شەھىرىدىكى قوۋاش نۇرى باغچىلىق كىچىك رايونىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 87 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، بىنانىڭ سىرتقى تېمىغا مۇرەككەپ تام جىسىملىق سىرتتىن ئىسسىقلىق ساقلاش تېخنىكىسى قوللىنىلغان، قاتتىقلاشتۇرۇلغان سۇلياۋ دېرىزە ئورنىتىلغان، ئۆي يۈزىگە مەرۋايىت جىنسلىق ئىسسىقلىق ساقلاش ماتېرىيالى ئىشلىتىلگەن، 1 - قەۋەتنىڭ يەر يۈزىگە ئارىسىغا پولات سىم تور ئېلىنغان تاختا ياتقۇزۇلغان. شىخەنزە شەھىرىدە سېلىنغان ئېنېرگىيە تېجەيدىغان 2 كورپۇس ئۈلگە قۇرۇلۇشنىڭ كۆلىمى 6640.83 كۋادرات مېتىر بولۇپ، سىرتقى تېمىغا مۇرەككەپ تام جىسىملىق سىرتتىن ئىسسىقلىق ساقلاش تېخنىكىسى قوللىنىلغان، ئۆي يۈزى بىلەن 1 - قەۋەتنىڭ يەر يۈزىگە EPS تاختىلىق ئىسسىقلىق ساقلاش ماتېرىيالى ئىشلىتىلگەن، قاتتىقلاشتۇرۇلغان سۇلياۋ دېرىزىلەر ئورنىتىلغان، ئىسسىتىش سىستېمىسىدا ھەر 3 ئائىلىگە ئىسسىقلىق سائىتى ۋە تەڭشىگىلى بولىدىغان تېمپېراتۇرا تىزگىنلەش كلاپانى ئورنىتىلغان، نۇقتىدا سىناق قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى شىنجاڭ (كىچىك رايون) بىناكارلىقىدا ئېنېرگىيە تېجەش خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى.

لى يىپىڭ

## مەملىكەت بويىچە قۇرۇلۇش تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن ۋە شەخسلەر

2000 - يىل 12 - ئايدا مەملىكەتلىك قۇرۇلۇش تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش خىزمىتى يىغىنىدا، شىنجاڭ بىناكارلىق لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ بىناكارلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 1 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە يېڭى قۇرۇلۇش تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى. سۇن گوچېڭ (شىنجاڭ بىناكارلىق لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتىدىن)، فېڭ چى (ئۈرۈمچى بىناكارلىق پەن تەتقىقات ئورنىدىن)، ئوۋ ياڭجۈن (بايىنغولىن ئوبلاستلىق قۇرۇلۇش ئىدارىسىدىن)، سۇي رۇڭ (ئۈرۈمچى شەھەرلىك شەھەر پىلانلاش - باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن) لار قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە قۇرۇلۇش تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

لى يىپىڭ

## 2 تۈرلۈك قۇرۇلۇش «لۇبەن مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى

جۇڭگو بىناكارلىق جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان، 2000 - يىللىق جۇڭگو بىناكارلىق قۇرۇلۇشى بويىچە «لۇبەن مۇكاپاتى» (مەملىكەت بويىچە ئەلا سۈپەتلىك قۇرۇلۇش) نى باھالاشتا، شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش گۇرۇھى 4 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى سالغان ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئۇزۇن يوللۇق تېلېگراف 2 - تۈگۈنلۈك قۇرۇلۇشى بىلەن شىنجاڭ سۇچىلىق - سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇش ئىدارىسى سالغان شەنشى ئۆلكىلىك سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇش ئىدارىسى ۋە شىنجاڭ سۇچىلىق - سۇ ئېلېكتر تەكشۈرۈش - لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى تەكشۈرۈش باش ئەترىتى قاتناشقان شىنجاڭ قىزىل سۇ ئامبىرى شەرەپ تاختىسىدىن ئورۇن ئېلىپ، قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكىنىڭ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

زو شۇشياڭ

# مۇھىت ئاسراش

## مۇھىت باشقۇرۇش

### ئومۇمىي بايان

2000 - يىل 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى نوپۇس، بايلىق مۇھىت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىتلار سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ خۇيىۋ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ئۈرۈمچى شەھىرى، بايىنغولىن ئوبلاستى، سانجى ئوبلاستى بىلەن «بىرنى تىزگىنلەپ، ئىككىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش» بويىچە نىشانلىق مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالىدى.

2000 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، سانائەتتە مۇھىتنى بۇلغايدىغان 936 كارخانىدىن 926 سى ئۆلچەمگە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 98.93% بولدى؛ سانائەتتە مۇھىتنى بۇلغايدىغان 169 نۇقتىلىق كارخانىدىن 167 سى ئۆلچەمگە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 98.9% بولدى؛ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سۇ مۇھىت سۈپىتىنى فۇنكسىيىگە قاراپ رايونلارغا ئايرىش ئاساسەن ئۆلچەمگە يەتتى، ئاتموسفېرا مۇھىت سۈپىتى تېخى ئۆلچەمگە يەتمىدى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئاتموسفېراسىدىكى بۇلغىنىشنى تىزگىنلەش 3 - يىلىغا قەدەم قويدى. بىر يىلدا مۇھىتنى تۈزەشكە تەخمىنەن 700 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 30 تۇتاش ئىسسىتىش نۇقتىسى يېڭىدىن قۇرۇلدى ۋە سىغىمى ئاشۇرۇلدى. 358 پارقازان چېقىپ تاشلاندى. 6 مىليون 800 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆلەم تورلاشتۇرۇپ ئىسسىتىلىدىغان بولدى. تەبىئىي گاز ئىشلىتىدىغان ئائىلىدىن 50 مىڭى كۆپەيدى. 65 مىڭ ئاپتوموبىلنىڭ گاز چىقىرىشى تەكشۈرۈپ ئۆلچەندى. گاز چىقىرىشى لاياقەتسىز بولغان 5046 ئاپتوموبىل بىر تەرەپ قىلىندى. 1000 دىن ئارتۇق كوچا ئاپتوبۇسىنىڭ يېقىلغۇ قۇرۇلمىسىنى گازنى يېقىلغۇ قىلىشقا ئۆزگەرتىش ئىشى تاماملاندى. قىش پەسلىدىكى ئاتموسفېرا مۇھىتى بىر ئاز ياخشىلاندى، ھاۋانىڭ بۇلغىنىش كۆرسەتكۈچى 191 بولدى.

2000 - يىلى شىنجاڭ مۇھىت سۈپىتىنى كۆزىتىش - ئۆلچەش مەركىزى پونكىتىنىڭ ئالىي ئىنژېنېرى ليۇ جيەنجۈن مەملىكەت بويىچە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى.

جاڭ چېڭلىن

### يامالىق تېغى يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىش قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى

77 مىليون 160 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، لايىھەدىكى يۇندا بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى 50 مىڭ كۇب مېتىر بولغان دۆلەت دەرىجىلىك ئېكولوگىيىلىك ئۈلگە رايونى — ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى يامالىق تېغى يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىش قۇرۇلۇشىدا 2000 - يىل 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئىش باشلاندى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى ئەركىن ئىمىرباقى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى نۇربەكرى، ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ئەنۋەر، ئىدارە باشلىقى ئەن خۇيىنلار ئۇل سېلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

جاڭ چېڭلىن

### مۇھىت قانۇنچىلىقى قۇرۇلۇشى

2000 - يىلى شىنجاڭ مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى «بىرنى تىزگىنلەش، ئىككىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش» خىزمىتى بويىچە قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش سالمىقىنى زورايتىپ، بۇلغاش مەنبەسىنى نەق مەيداندا نازارەت قىلىشنى كۈچەيتتى، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، بۇلغاش مەنبەلىرىنى رايونلار بويىچە بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈردى. بىر يىلدا مۇھىت قانۇن - نىزاملىرى بويىچە 4 قارار كۇرس ئېچىلىپ، ھەر دەرىجىلىك مۇھىت مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار ۋە مۇھىت نازارەتچىلىرىدىن 250 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. جايلار مۇھىت ئاسراش بويىچە قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا 537 قېتىم مەمۇرىي جازا بەردى؛ مۇھىت مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىلىدىغان مۇھىت دېلوسىدىن 11نى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون بىۋاسىتە قوبۇل قىلغىنى 4، مۇھىتقا دائىر قىلىنغان مەمۇرىي دەۋا دېلوسى بىر بولۇپ، مۇھىت ئاسراش تارماقلىرى دەۋادا ئۇتتى.

ليۇ جىن

## قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇھىتىنى باشقۇرۇش

2000 - يىلى شىنجاڭ مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى خىلغا ئايرىپ باشقۇرۇشنى يولغا قويدى، دۆلەت مۇھىت ئاسراش باش ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئاپتونوم رايوندىكى مۇھىت ئاسراشنى باھالاش كىنىشكىسى ئالغان 15 ئورۇننى يىللىق تەكشۈردى. پىچان ئىدىرلىقىدىكى ۋېنمى نېفىتلىكىنىڭ مۇھىتقا بولغان تەسىرى ئۈستىدە ئەسلەش خاراكتېرلىك باھالاش ئېلىپ باردى. ئاپتونوم رايون بويىچە 640 تۈر مۇھىت ئاسراش تارماقلىرىغا مەلۇم قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈپ تەستىقلانغان مۇھىت تەسىرىگە دائىر دوكلات 63، مۇھىت تەسىرىگە دائىر دوكلات جەدۋىلى 262، بېجىرىش ئۈچۈن ئەنگە ئېلىنغان تۈر 315. «ئۈچنى تەڭ قىلىش» (تەڭ لايىھىلەش، تەڭ ئىش باشلاش، تەڭ ئىشقا كىرىشتۈرۈپ پايدىلىنىش) پىلانىنى ئىجرا قىلىپ پۈتكەن 186 قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ مۇھىت ئاسراش ئەسلىھەلىرى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. «ئۈچنى تەڭ قىلىش»نىڭ ئىجرا قىلىنىش نىسبىتى 98.39%كە يەتتى. مۇھىت ئاسراشقا ئەمەلىي سېلىنغان مەبلەغ 460 مىليون يۈەنگە يېتىپ، «ئۈچنى تەڭ قىلىش» تۈرلىرىگە سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 18.65%نى ئىگىلىدى.

دۆڭ يامىڭ

## مۇھىتنى نازارەت قىلىش

2000 - يىلغا قەدەر شىنجاڭ مۇھىت ئاسراش تارماقلىرى مۇھىتنى نازارەت قىلىش پونكىتى (ئورنى) دىن 55نى قۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە قۇرۇلغىنى 20، ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىكى 35، 90 مىڭ 755 قېتىم نەق مەيداندا نازارەت قىلىش يولغا قويۇلدى. قۇرۇلۇۋاتقان ئۈرۈمچى - كۈيتۇڭ تېز سۈرئەتلىك تاشيولى، ئابرودروم يولىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، بۇلغىما قويۇپ بېرىشى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈلىدىغان نۇقتىلىق كارخانىلار، چەكلىك مۇددەتتە تۈزەپ چىقىلىدىغان تۈرلەر ۋە قۇرۇلۇش تۈرلىرى قاتارلىقلارنىڭ «ئۈچنى تەڭ قىلىش» ۋەزىيىتىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى نەق مەيداندا نازارەت قىلىندى ۋە تەكشۈرۈلدى. بۇلغىنىشنى تۈزەش ئەسلىھەلىرىدىن 14 مىڭ 805ى نەق مەيداندا تەكشۈرۈلدى، بۇ ئەسلىھەلەرنىڭ ئىچىدە نورمال ئىشلەۋاتقىنى 11 مىڭ 627 بولۇپ، ئىشلەش نىسبىتى 78.53%كە يەتتى. 10 قېتىملىق بۇلغاش ھادىسىسىنى تەكشۈرۈشكە قاتنىشىلدى، بۇلغاشقا دائىر 717 قېتىملىق ماجىرا تەكشۈرۈپ مۇرەسسە قىلىندى، ئەرزىيەتتىن 4065 پارچە (قېتىم) قوبۇل قىلىندى. 16 مىڭ 229 ئورۇندىن بۇلغىما قويۇپ بېرىش پۇلى ئېلىندى. بۇ 1999 - يىلدىكىدىن 17.33% ئازايدى.

جاڭ ۋېي

## بۇلغىما قويۇپ بېرىش ھەققى ئېلىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 77 مىليون 957 مىڭ 800 يۈەن بۇلغىما قويۇپ بېرىش ھەققى ئېلىندى، بۇ 1999 - يىلدىكىدىن 0.81% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 10 مىليون يۈەندىن ئارتۇق ھەق ئالغان شەھەرلەردىن ئۈرۈمچى، قاراماي شەھەرلىرى بار. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئالغان ھەق سوممىسى 123.33%، بورتالا ئوبلاستىنىڭ 44.06% ئاشتى. شۇ يىلى تۈزەش تۈرىدىن 41ى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 42 مىليون 684 مىڭ 900 يۈەن تۈزەش مەبلىغى ياردەم بېرىلدى. 46 تۈزەش تۈرى تاماملاندى، 31 مىليون 344 مىڭ 800 يۈەن تۈزەش مەبلىغى ئورۇندالدى. قەرز پۇل بىلەن تۈزەش تۈرىدىن 7 سى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، 2 مىليون 934 مىڭ يۈەن قەرز ئېلىندى. قەرز پۇل بىلەن تۈزەش تۈرىدىن 4ى تاماملاندى، قەرز پۇل مەبلىغى 2 مىليون 210 مىڭ 200 يۈەن ئورۇندالدى.

جاڭ يۈڭشەن


## مۇھىت ئاسراش سېلىنمىسى

2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە مۇھىت ئاسراشقا 2 مىليارد 531 مىليون 319 مىڭ يۈەن سېلىنما سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇھىت بۇلغىنىشنى تۈزەشكە سېلىنغىنى 2 مىليارد 161 مىليون 519 مىڭ يۈەن، ھەر دەرىجىلىك مۇھىت ئاسراش ئاپپاراتلىرىنىڭ باشقۇرۇش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 14 مىليون 535 مىڭ يۈەن، سانائەتتىن بولىدىغان بۇلغىنىشنى تۈزەش ئەسلىھەلىرىنىڭ نورمال ئىشلىشى ئۈچۈن ئاجرىتىلغان خىراجەت 355 مىليون 265 مىڭ يۈەن. مۇھىت بۇلغىنىشنى تۈزەش مەبلىغى ئىچىدە، كونا سانائەتتىن بولىدىغان بۇلغىنىشنى تۈزەشكە سېلىنغىنى 223 مىليون 109 مىڭ يۈەن. «ئۈچنى تەڭ قىلىش» تۈرلىرىگە سېلىنغان مۇھىت ئاسراش مەبلىغى 459 مىليون 860 مىڭ يۈەن. بۇ 2 تۈرگە سېلىنغان مەبلەغنىڭ جەمئىيەت ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 0.5%نىنى ئىگىلەيدۇ. شەھەر مۇھىت ئۇل ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 478 مىليون 550 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1.08%نى ئىگىلەيدۇ.

شى شۈمېي

## مۇھىت بۇلغىنىش ھادىسىلىرى

2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 9 قېتىم مۇھىت



مۇھىت ئاسراش خادىملىرى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىدا نەق مەيداندا مۇھىتنى نازارەت قىلىپ ئۆلچىمەكتە.

ۋاڭ شۈيلۇڭ فوتوسى

بۇلغىنىش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 159 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە چوڭراق ھادىسە 4 قېتىم، كېلىپ چىققان بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 133 مىڭ يۈەن. بۇلغىنىش تۈپەيلىدىن 1 مىليون 2000 مو يەردىكى زىرائەت، 133 مىڭ 300 مو يەردىكى بېلىق كۆلچىكى ئاپەتكە ئۇچرىدى. تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغان كۆلىمى 180 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. بۇلغىنىش ھادىسىسى سەۋەبىدىن 148 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلىتىلدى، 110 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى.

شۇ شىڭ

## مۇھىت ئاسراش ئۇچۇر قۇرۇلۇشى

2000 - يىلى شىنجاڭ مۇھىت ئۇچۇر مەركىزى مۇھىت ئاسراش سۇنئىي ھەمراھ ئالاقە تورى قۇرۇپ، ئىچكى توردىكى ئېلېكترونلۇق پوچتا يوللانمىلىرى، مەمۇرىي ئىشلارغا دائىر ئۇچۇرلارنى توردا ئېلان قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك مۇھىت ئاسراش سىستېمىلىرىدا كومپيۇتېر ئالاقە تورى قۇرۇلدى؛ يىراقتىن سېزىش ۋە جۇغراپىيە ئۇچۇر سىستېمىسى جەھەتتە شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى تەكشۈرۈش - يىراقتىن سېزىشنى ئىزاھلاش ۋە سانلىق مەلۇماتلارنى ئانالىز قىلىش خىزمىتى تاماملاندى. «شىنجاڭ مۇھىت ئاسراش» تور پونكىتى مەملىكەت بويىچە مۇھىت ئاسراش تور پونكىتلىرىنى باھالاشتا تۇنجى قېتىم ئومۇمىي نومۇردا 1 - بولدى. شىنجاڭ مۇھىت ئۇچۇر مەركىزى دۆلەت مۇھىت ئاسراش باش ئىدارىسى ئۇچۇر سىستېمىسىنىڭ تۇنجى قېتىملىق خىزمەتلەرنى باھالىشىدا 2000 - يىللىق ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

ياڭ جۈن

## مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى سۇڭ رۇيشياڭ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈردى

مەركىزىي كومىتېت ئەزاسى، دۆلەت مۇھىت ئاسراش باش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سۇڭ رۇيشياڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە ئىلى ۋىلايىتىدە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش خىزمىتى ۋە يادرو سانائىتى باش شىركىتىنىڭ ئىشتىن چىققان كانلىرىدىكى مۇداپىئە كۆرۈش - بىر تەرەپ قىلىش قۇرۇلۇشىنى تەكشۈردى.

جاۋچېڭلىن

# مۇھىتنى كۆزىتىش - ئۆلچەش ۋە پەن - تېخنىكا

## مۇھىتنى كۆزىتىش - ئۆلچەش

2000 - يىلى شىنجاڭ مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى شىنجاڭ مۇھىت سۈپىتى يىللىق مەلۇماتى ۋە 10 يىللىق مۇھىت يۈزلىنىشىنىڭ ئۆزگىرىشى توغرىسىدىكى دوكلاتنى تۈزۈپ چىقتى. كۆزىتىش - ئۆلچەش سانلىق مەلۇماتلىرىنى ئېلان قىلىدىغان ئاممىۋى تور پونكىتى قۇردى. 11 شەھەردە ئاتموسفېرا سۈپىتىدىن ھەپتىلىك مەلۇمات بېرىش خىزمىتى يولغا قويۇلۇپ، ھەر ھەپتىدە «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىندى. نۇقتىلىق بۇلغاش مەنبەسى بولغان 167 سانائەت كارخانىسى بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈلدى ۋە كۆزىتىپ ئۆلچەندى ھەمدە بۇنىڭ ئىچىدىكى 45 كارخانا ئۈستىدە، ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش بويىچە كۆزىتىش - ئۆلچەش ئېلىپ بېرىلدى. شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسى تاماملاندى. شىنجاڭنىڭ يىراقتىن سېزىش ماتېرىياللىرى ئىزاھلاندى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى تەكشۈرۈشكە ئائىت سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇلدى، ئىلى، ئېرتىش دەريالىرىنىڭ چېگرىدىن چىقىپ كېتىدىغان

قىسمىدىكى كەسمە يۈزىنىڭ سۇ سۈپىتىنى كۆزىتىش - ئۆلچەش خىزمىتى تاماملاندى. رادىئاتسىيىلىك مۇھىتنى كۆزىتىش - ئۆلچەش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. 7 تۈردىكى 20 قۇرۇلۇشنىڭ رادىئو ئاكتىپلىق مۇھىتىنى ئادەتتىكى كۆزىتىش - ئۆلچەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، شىنجاڭنىڭ رادىئو ئاكتىپلىق مۇھىت سۈپىتى يىللىق مەلۇماتى تۈزۈلدى، 7 قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ مۇھىتقا كۆرسىتىدىغان رادىئاتسىيىلىك تەسىرىنى باھالاش خىزمىتى تاماملاندى. 4 ئورۇننىڭ 90 دانە تاشلاندۇق رادىئوئاكتىپ مەنبەسى ھەم ساقلاندى.

شۇ يەنخۇا

## ئاتموسفېرا مۇھىتىنىڭ سۈپىتى

2000 - يىلى شىنجاڭدا شەھەر ئاتموسفېراسى يەنىلا قوم - توزان، كۆمۈر ئىسىدىن بۇلغاندى. ئادەتتىكى شەھەرلەر ئاساسلىقى قوم - توزاندىن بۇلغاندى، ئاز ساندىكى نۇقتىلىق شەھەرلەر ئاساسلىقى كۆمۈر ئىسىدىن بۇلغاندى. كۆپ ساندىكى شەھەرلەرنىڭ لەيلىمە دانىچە ماددىلاردىن بۇلغىنىشى ئېغىر بولدى. گۈڭگۈرت ئوكسىدى ۋە ئازوت ئوكسىدلاردىن بۇلغىنىشى بىر قەدەر تۆۋەن سەۋىيىدە تۇرۇپ كەلدى. ئاپتونوم رايوندىكى شەھەرلەر ئاتموسفېرا بۇلغىنىشىنىڭ پەسىللەر بويىچە ئۆزگىرىش ئىپادىسىدىن قارىغاندا، قىش، ئەتىياز پەسلىدىكى بۇلغىنىش ياز، كۈز پەسلىدىكىدىن روشەن ئېغىر بولدى. مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچى يەنىلا بۇلغىنىش ئېغىر شەھەر قاتارىدا تۇردى. ئاتموسفېرا مۇھىتىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسلار ئىچىدە، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىس - چاڭ - توزاننىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 204 مىڭ 700 توننا بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن %16.07، سانائەت چاڭ - توزانلىرىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 112 مىڭ 600 توننا بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن %6.48، گۈڭگۈرت ئوكسىدىنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى 310 مىڭ 500 توننا بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن %7.89 ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە تۇرمۇشتىن كېلىدىغان بۇلغىمىلارنىڭ قويۇپ بېرىلىش مىقدارى مۇنداق: ئىس - توزان 120 مىڭ 700 توننا بولۇپ، %1.86 ئاشتى؛ گۈڭگۈرت ئوكسىدى 122 مىڭ 800 توننا بولۇپ، %11.78 ئازايدى.

ئاتموسفېرا سۈپىتىنى كۆزىتىش - ئۆلچەش نەتىجىسى شۇنى كۆرسەتتىكى، ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەرنىڭ ئاتموسفېراسىدىكى لەيلىمە دانىچىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە قويۇقلۇق قىممەت دائىرىسى 167 مىكروگرام/كۇب مېتىر ~ 1274 مىكروگرام/كۇب مېتىر بولدى؛ يىللىق ئوتتۇرىچە قويۇقلۇق قىممىتى 494 مىكروگرام/كۇب مېتىر بولدى؛ گۈڭگۈرت ئوكسىدىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە قويۇقلۇق قىممەت دائىرىسى 3 مىكروگرام/كۇب مېتىر ~ 134 مىكروگرام—كۇب مېتىر بولدى. يىللىق ئوتتۇرىچە قويۇقلۇق قىممىتى 22 مىكروگرام/كۇب مېتىر بولدى؛ ئازوت ئوكسىدىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە قويۇقلۇق قىممەت دائىرىسى 2 مىكروگرام/كۇب مېتىر ~ 84 مىكروگرام/كۇب مېتىر بولدى، يىللىق ئوتتۇرىچە قويۇقلۇق قىممىتى 34 مىكروگرام /كۇب مېتىر بولدى. گۈڭگۈرت ئوكسىدىنىڭ بۇلغاش دەرىجىسى %6.8، ئازوت ئوكسىدىنىڭ بۇلغاش دەرىجىسى %16.1، لەيلىمە دانىچىلارنىڭ بۇلغاش دەرىجىسى %77.1 بولدى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئاتموسفېراسىدىكى گۈڭگۈرت ئوكسىدىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە قويۇقلۇق قىممىتى 134 مىكروگرام/كۇب مېتىر، ئازوت ئوكسىدىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە قويۇقلۇق قىممىتى 84 مىكروگرام/كۇب مېتىر، لەيلىمە دانىچىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە قويۇقلۇق قىممىتى 501 مىكروگرام/كۇب مېتىر بولۇپ، گۈڭگۈرت ئوكسىدى، لەيلىمە دانىچىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە قويۇقلۇق قىممىتى دۆلەتنىڭ 3 - دەرىجىلىك ئۆلچىمىدىن ئېشىپ كەتتى، ئازوت ئوكسىدلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە قويۇقلۇق قىممىتى دۆلەتنىڭ 3 - دەرىجىلىك ئۆلچىمىگە يەتتى. شۇ يىللىق ئۈرۈمچى شەھەر ئاتموسفېراسىغا دائىر ھەپتىلىك مەلۇمات شۇنى كۆرسەتتىكى، شەھەرنىڭ 1 — 3 - ئايغىچە بولغان ئىسسىنىش مەزگىلىدىكى ئاتموسفېرا سۈپىتى 1999 - يىلدىكىدىن كۆپ ياخشى بولدى، بىراق 5 - ئايدا 2 قېتىم قوم - توزانلىق بورانىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن شەھەرنىڭ يىللىق ئاتموسفېرا سۈپىتى 1999 - يىلدىكى ئاتموسفېرا سۈپىتى بىلەن ئاساسەن تەڭشىلىپ قالدى.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى 16 شەھەر ئىچىدە ئاتموسفېرا سۈپىتى دۆلەتنىڭ 2 - دەرىجىلىك ئۆلچىمىگە يەتكەنلىرىدىن قاراماي، شىخەنزە شەھەرلىرى بار، دۆلەتنىڭ 3 - دەرىجىلىك ئۆلچىمىگە يەتكەنلىرىدىن غۇلجا، سانجى، كۈيتۇڭ، چۆچەك شەھەرلىرى بار، باشقا شەھەرلەر 3 - دەرىجىلىك ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتتى.

گەن خەيىەن

## سۇ مۇھىتىنىڭ سۈپىتى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى 22 ئاساسلىق دەريا - ئېقىننىڭ سۇ سۈپىتىنى كۆزىتىش - ئۆلچەش ستاتىستىكا نەتىجىسى شۇنى كۆرسەتتىكى: ئاپتونوم رايوندىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى دەريا - ئېقىنلارنىڭ سۇ سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى بولۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن بۇلغانمىغان ياكى بۇلغىنىش دەرىجىسى يېنىك بولغان. سۇ سۈپىتى 1 - دەرىجە (سۈيى سۈزۈك) بولغان دەريا - ئېقىن 13، 2 - دەرىجە (سۈيى بىر قەدەر سۈزۈك) بولغان دەريا - ئېقىن 3، 3 - دەرىجە (سۈيى

يېنىك دەرىجىدە بۇلغانغان) بولغان دەريا - ئېقىن 5، شىمىگو دەرياسىنىڭ سۇ سۈپىتى 5 - دەرىجە (ئېغىر دەرىجىدە بۇلغانغان) بولدى. شىمىگو دەرياسى يەنىلا بۇلغىنىش ئەڭ ئېغىر بولغان دەريا - ئېقىن بولۇپ، ئومۇمىي قاتتىقلىق دەرىجىسى ئۆلچەمدىن 0.29 ھەسسە، تەركىبىدىكى ئاممىياك ئۆلچەمدىن 6.82 ھەسسە ئېشىپ كەتكەن. ئاپتونوم رايوندىكى دەريا - ئېقىنلارنىڭ سۈيىدە ئاساسلىقى ئومۇمىي قاتتىقلىق دەرىجىسى بىلەن ئاممىياك ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن.

ئاپتونوم رايوندىكى ئاساسلىق 7 كۆل - ئامبارنى كۆزىتىش - ئۆلچەش ستاتىستىكا نەتىجىسى شۇنى كۆرسەتتىكى، كۆل ۋە سۇ ئامبارلىرىدىكى سۇ سۈپىتىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى دەريا - ئېقىنلارنىڭ سۇ سۈپىتىدىن ناچار، سۇ سۈپىتى 1 - دەرىجە (سۈزۈك) دىن 3 - دەرىجە (يېنىك دەرىجىدە بۇلغانغان) گىچە بولغىنى %57.1نى، سۇ سۈپىتى 4 - دەرىجە (ئوتتۇراھال دەرىجىدە بۇلغانغان) بولغىنى %42.9نى ئىگىلەيدۇ. موگۇ كۆلىنىڭ سۇ سۈپىتى 4 - دەرىجىدە بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى مانگان كىسلاتا تۇزى كۆرسەتكۈچى ئۆلچەمدىن 1.71 ھەسسە، بىئوخىمىيىلىك ئېھتىياجلىق ئوكسىگېن مىقدارى ئۆلچەمدىن 0.51 ھەسسە، ئۇچۇچان فېنولنىڭ مىقدارى ئۆلچەمدىن بىر ھەسسە ئېشىپ كەتتى. كۆل - سۇ ئامبارلىرىنىڭ سۈيىدە ئاساسلىقى PH قىممىتى، ئومۇمىي قاتتىقلىق دەرىجىسى، ئاممىياك ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن.

ئاپتونوم رايون بويىچە 15 شەھەرنىڭ يەر ئاستى سۈيىنىڭ سۈپىتىنى كۆزىتىش - ئۆلچەش ستاتىستىكا نەتىجىسى شۇنى كۆرسەتتىكى: سۇ سۈپىتى 1 - دەرىجە (بۇلغانمىغان) بولغان شەھەر 6، سۇ سۈپىتى 2 - دەرىجە (يېنىك دەرىجىدە بۇلغانغان) بولغان شەھەر 5، سۇ سۈپىتى 3 - دەرىجە (ئوتتۇراھال دەرىجىدە بۇلغانغان) بولغان شەھەر 4. شەھەرلەردىكى يەر ئاستى سۈيىدە ئاساسلىقى ئومۇمىي قاتتىقلىق دەرىجىسى ۋە گۈڭگۈرت كىسلاتا تۇزلىرى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن. 15 شەھەرئىچىدە يەر ئاستى سۈيىنىڭ سۈپىتى 1 - دەرىجە (سۈزۈك) ۋە 2 - دەرىجە (يېنىك دەرىجىدە بۇلغانغان) بولغان شەھەر 11 بولۇپ، %73.33نى ئىگىلەيدۇ، بۇ — ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەرنىڭ يەر ئاستى سۇ سۈپىتىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن تەلەپكە لايىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەن خەييەن

## شەھەرلەردىكى شاۋقۇن - سۈرەن

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى ئالاھىدە ئولتۇراق رايونلاردا شاۋقۇن - سۈرەننىڭ ئۆلچەمدىن ئېشىش نىسبىتى %62.5، ئاھالىلەر ۋە مەدەنىيەت - مائارىپ رايونلىرىدا ئۆلچەمدىن ئېشىش نىسبىتى %46.7، ئارىلاشما رايونلاردا ئۆلچەمدىن ئېشىش نىسبىتى %36.7، سانائەت مەركەزلەشكەن رايونلاردا ئۆلچەمدىن ئېشىش نىسبىتى %15، غول قاتناش لىنىيىلىرىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئۆلچەمدىن ئېشىش نىسبىتى %42.9 بولدى. ھەر قايسى فۇنكسىيىلىك رايونلاردا شاۋقۇن - سۈرەننىڭ ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىش نىسبىتى كېچىسى كۈندۈزدىكىدىن يۇقىرى بولدى، فۇنكسىيىلىك رايون ئۆلچىمىگە سېلىشتۇرغاندا، ئۆلچەملىك قىممەت بىر قەدەر تۆۋەن بولغان فۇنكسىيىلىك رايونلاردا شاۋقۇن - سۈرەننىڭ ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىشى بىر قەدەر ئېغىر، ئۆلچەملىك قىممەت بىر قەدەر يۇقىرى بولغان فۇنكسىيىلىك رايونلاردا شاۋقۇن - سۈرەننىڭ ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىش ھادىسىسى بىر قەدەر يېنىك بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر قايسى شەھەرلەرنىڭ يول قاتنىشىدىكى شاۋقۇن دەرىجىسى 62 دېتسىبېل (A) دىن 71 دېتسىبېل (A) غىچە بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تاشيوللاردىكى قاتناش شاۋقۇنىنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتى 68.1 دېتسىبېل (A) بولدى. شەھەر يوللىرىنىڭ شاۋقۇن دەرىجىسى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن بۆلەكلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى قاتناش غول لىنىيىسىنىڭ %31.1نى ئىگىلەيدۇ. رايون مۇھىتىدىكى شاۋقۇن دەرىجىسىنىڭ دائىرىسى 50.2 دېتسىبېل (A) دىن 60.8 دېتسىبېل (A) غىچە، ئوتتۇرىچە شاۋقۇن دەرىجىسى 54.7 دېتسىبېل بولۇپ، ئوتتۇراھال بۇلغانغان شەھەرلەرنىڭ نىسبىتى %9.1، يېنىك دەرىجىدە بۇلغانغان شەھەرلەرنىڭ نىسبىتى %36.4، شاۋقۇن - سۈرەن مۇھىتىنىڭ سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى بولغان شەھەرلەرنىڭ نىسبىتى %54.5 بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەرنىڭ شاۋقۇن - سۈرەن مۇھىتىنىڭ سۈپىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرى تۇرمۇش شاۋقۇنى بولۇپ، %47.2نى، يەنە بىرى قاتناش شاۋقۇنى بولۇپ، %25.1نى ئىگىلەيدۇ.

ئەن خەييەن

## مۇھىت پەن - تېخنىكىسى

2000 - يىلى شىنجاڭ مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى «قارا شەھەر ئويمانلىقىدا نېفىت قېدىرىپ تەكشۈرۈش - ئېچىش ۋە سۇ مۇھىتىنى قوغداش تەتقىقاتى» ۋە «ساغلام، بىخەتەر مۇھىت (HSE) باشقۇرۇش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش»تىن ئىبارەت 2 تۈرنى تەشكىللىدى ۋە پۈتتۈردى. بۇ تۈرلەر ئاپتونوم رايوننىڭ 3 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش بويىچە ئالدىن تاللاشقا بوللانغان تۈر 4، ئۇلار مۇنۇلار: بېنزىن تازىلاش دورىسى، JOYHOUSE — ئاپتوموبىللارغا ئىشلىتىلىدىغان «مېيخاۋ» ماركىلىق LPG/

گاز - ماي يېقىلغۇلىرىنى ئالماشتۇرۇش سىستېمىسى قۇرۇلىسى، ئاپتوموبىللارغا ئىشلىتىلىدىغان سۇيۇقلاشتۇرۇلغان نېفىت گازى قۇرۇلىسى، S. M. O. H پاسكىنا (كېرەكسىز) سۇنى تازىلاپ بىر تەرەپ قىلىش يېڭى ھۈنەر - سەنئىتى ۋە ئۈسكۈنىسى. «ئۈرۈمچى ئاتموسفېراسىدىكى بۇلغىنىشنى تۈزەشكە باب كېلىدىغان تېخنىكا ۋە تەدبىر ئۈستىدىكى تەتقىقات» تۈردە تەكتىنى كۆزىتىش - ئۆلچەش خىزمىتى ئاساسەن تاماملاندى ھەمدە تۈرلۈك تېخنىكىلارنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى.

دىڭ كۇي

### شەھەر مۇھىتىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش

2000 - يىلى دۆلەت تەرىپىدىن تەكشۈرۈلىدىغان نۇقتىلىق شەھەرلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن شەھەرلەردىن ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تەكشۈرۈلىدىغان شەھەرلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن قاراماي، شىخەنزە، غۇلجا، تۇرپان شەھەرلىرىنىڭ يەر ئۈستى سۈيىنىڭ سۇ مۇھىتى سۈپىتىنى فۇنكسىيىسىگە ئاساسەن رايونغا ئايرىش ئاساسىي جەھەتتىن ئۆلچەمگە يەتكۈزۈلدى؛ قاراماي، شىخەنزە، غۇلجا شەھەرلىرىنىڭ ئاتموسفېرا سۈپىتىنى فۇنكسىيىسىگە ئاساسەن رايونلارغا ئايرىش ئاساسىي جەھەتتىن ئۆلچەمگە يەتكۈزۈلدى. 4 شەھەرنىڭ شاۋقۇن - سۈرەننى تىزگىنلەش ئۆلچەمگە يەتكەن رايونلىرى قايتا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. ئىس - توزان تىزگىنلەنگەن رايوندىن 79ى بەرپا قىلىندى، كۆلىمى 292.39 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، شۇ يىلى يېڭىدىن 10.60 كۋادرات كىلومېتىرلىق ئىس - توزان تىزگىنلەنگەن رايون بەرپا قىلىندى. شاۋقۇن - سۈرەننى تىزگىنلەش ئۆلچەمگە يەتكەن رايوندىن 58ى بەرپا قىلىندى، كۆلىمى 193.41 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، شۇ يىلى يېڭىدىن 23.96 كۋادرات كىلومېتىرلىق شاۋقۇن - سۈرەن تىزگىنلەنگەن رايون بەرپا قىلىندى. تەكشۈرۈلىدىغان شەھەرلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن 19 شەھەرنى ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈشتە قاراماي شەھىرى 1 -، شىخەنزە شەھىرى 2 -، ئۈرۈمچى شەھىرى 3 - ئورۇندا تۇردى.

شۇ شىڭ

## تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش

### تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرىنى باشقۇرۇش

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، شىنجاڭ مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى بايىنغولىن ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى يېڭىدىن ئىبىنۇر كۆلى نەملىك يەر تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، شىنجاڭ شارشىل تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىن ئىبارەت ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 2 تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇشنى تەستىقلىدى. دۆلەت مۇھىت ئاسراش باش ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، «ئالتۇنتاغ — لوپنۇر قوش لوككىلىق ياۋا تۆگە مۇھاپىزەت رايونى» بىلەن «غەربىي تەڭرىتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى» نىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قىلىندى. «كەنجىياغۇ ئاق سۆڭەك - سۆڭەك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى» دۆلەتنىڭ دەرىجە ئۆستۈرۈش بويىچە تەكشۈرۈپ باھالىشىدىن ئۆتتى.

جاڭ يۇ

### ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ۋە قۇرۇلۇش

2000 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق ئېكولوگىيە ئۈلگە رايونىغا دۆلەتنىڭ تەستىقى ئارقىلىق رەسمىي نام بېرىلدى. شىنجاڭ مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى چىڭگىداغۇ كۆلى ۋە خوتەن دەرياسى بويىدىكى ئورمانلارنى نابۇت قىلىش ۋەقەسىنى تەكشۈرۈشنى ئويۇشتۇردى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. دۆلەت مۇھىت ئاسراش باش ئىدارىسى تارىم دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك فۇنكسىيىسىنى قوغداش رايونى سىناق نۇقتىسى قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش ئاساسىدا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىنىڭ ئېكولوگىيىلىك فۇنكسىيىسىنى قوغداش رايونى، ئېبىنۇر كۆلىنىڭ ئېكولوگىيىلىك فۇنكسىيىسىنى قوغداش رايونى، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىنىڭ ئېكولوگىيىلىك فۇنكسىيىسىنى قوغداش رايونىنىڭ سىناق نۇقتىسى قۇرۇلۇشىنىڭ مەزمۇنلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

جاڭ يۇ

### يايلاقلارنى قوغداش

2000 - يىلى شىنجاڭ يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 87 مىليارد 270 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىپ، بۇرۇنقى يىللارنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتىدىن 8.7% ئېشىپ، بۇرۇنقى يىللاردىكىدىن مولراق بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 4 مىليون 164 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر، 5 مىليون 830 مىڭ گېكتار ئورمان، 48 مىليون 6800 گېكتار پايدىلىنىشقا بولىدىغان تەبىئىي ئوتلاق بار. يېڭىدىن 34 مىڭ گېكتار

سۈنئىي ئوتلاق بەرپا قىلىندى. 86 مىڭ گېكتار ئوتلاق ياخشىلاندى. جەمئىي 901 مىڭ 200 گېكتار سۈنئىي ئوتلاق ساقلاپ قېلىندى ۋە بەرپا قىلىندى، 1 مىليون 219 مىڭ 400 مو ئوتلاق ياخشىلاندى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 1.68% كە، ئۆسۈۋاتقان دەرەخ زاپىسى 302 مىليون كۇب مېتىرغا، يىللىق ئۆسۈۋاتقان ئومۇمىي ئورمان مىقدارى 7 مىليون كۇب مېتىرغا، يىللىق سەرپىيات مىقدارى 3 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە شۇ يىلى 64 مىڭ 200 گېكتار سۈنئىي ئورمان بەرپا قىلىندى. تاغنى قورشاپ 187 مىڭ 600 گېكتار يەردە ئورمان يېتىشتۈرۈلدى. بوش قالغان 37 مىڭ گېكتار يەردىكى ئورمان يېشىللاندى. پارچە - پۇرات يەرلەرگە 28 مىليون 990 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. تاغنى قورشاپ ئورمان يېتىشتۈرۈلگەن كۆلەم 540 مىڭ گېكتارغا يەتتى. سۇ، تۇپراق ئېقىپ كېتىدىغان 68 مىڭ 800 گېكتار يەر تۈزەلدى. 502 مىڭ 900 گېكتار شورلۇق تېرىلغۇ يەر ياخشىلاندى. شۇ يىلى 13 مىڭ گېكتار يەر كۆپەيتىلدى.

شى شۈمېي

# مۇھىتنى تۈزەش

## سانائەتتىن بولىدىغان بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش

2000 - يىلى شىنجاڭ مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى «نىشانغا يەتكۈزۈش بويىچە 100 كۈنلۈك جەڭ» ۋە «نىشانغا يەتكۈزۈشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە قانۇن ئىجرا قىلىش ھەرىكىتى»نى تەشكىللەپ يولغا قويدى. ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەتنىڭ ئاساسلىق بۇلغىمىلارنى قويۇپ بېرىش ئومۇمىي مىقدارىنى كونترول قىلىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن 12 تۈرلۈك بۇلغىمىنىڭ ھەممىسى دۆلەت چۈشۈرگەن ئومۇمىي مىقدار پىلانى ئىچىدە تىزگىنلەندى. بۇلغىمىلارنى قويۇپ بېرىشى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن 936 سانائەت كارخانىسى ئىچىدە 604 ى تۈزەشنى ئۆلچەمگە يەتكۈزدى، 169 كارخانا تەبىئىي ھالدا ئىشتىن توختاپ ۋە ۋەيران بولۇپ بۇلغىما قويۇپ بەرمەيدىغان بولدى، 64 كارخانا قانۇن بويىچە تاقىۋېتىلگەنلىكتىن، بۇلغىما قويۇپ بېرىشتىن توختىدى، 89 كارخانا ئىش توختىتىپ تۈزەشكە كىرىشتى، 10 كارخانا ئۆلچەمگە يەتمىدى. «بىرنى تىزگىنلەش، ئىككىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش» يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بىر تۈركۈم «15 كىچىك» ۋە «5 كىچىك» كارخانىلار ھەمدە قالاق ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتى شاللىۋېتىلدى ۋە تاقىۋېتىلدى. 2000 - يىلى شىنجاڭدا سانائەتتىن بولىدىغان بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تۈزەش تۈرىدىن 203ى يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ 198ى پۈتتى. بۇنىڭ ئىچىدە كېرەكسىز سۇنى تۈزەش تۈرى 64، كېرەكسىز گازنى تۈزەش تۈرى 117، قاتتىق جىسىملىق كېرەكسىز نەرسىلەرنى تۈزەش تۈرى 5، شاۋقۇننى تۈزەش تۈرى 7، باشقا تۈرلەر 5. تۈزەش تۈرلىرىگە شۇ يىلى 223 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە كېرەكسىز سۇنى تۈزەشكە 85 مىليون 282 مىڭ يۈەن، كېرەكسىز گازنى تۈزەشكە 91 مىليون 162 مىڭ يۈەن، كېرەكسىز قاتتىق جىسىملارنى تۈزەشكە 3 مىليون 490 مىڭ يۈەن، شاۋقۇننى تۈزەشكە 41 مىليون 80 مىڭ يۈەن، باشقا تۈرلەرگە 2 مىليون 90 مىڭ يۈەن سېلىندى. 175 مىڭ ئۆلچەملىك كۇب مېتىر/سائەت كېرەكسىز گاز، 31 مىڭ 500 توننا/يىل كېرەكسىز قاتتىق جىسىم تۈزەلدى.

ۋاڭ خۇڭۋېي

## مۇھىت ئاسراش كەسپى

2000 - يىلى شىنجاڭ مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى 2 كارخانىنىڭ مۇھىت بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن مەھسۇلاتلىرىغا گۇۋاھلىق بېرىش خىزمىتىگە تەشكىلاتچىلىق قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ «مايák» تۆۋەنكى بىناكارلىق سۇۋاقلىرى چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقارغان «مايak ماركىلىق ئېمۇلسىيىلىك كوللويىدلىق سىر» مۇھىت بەلگىسى گۇۋاھنامىسىغا رەسمىي ئېرىشتى. مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى بىلەن تۇرپان «يىدا» پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ دۆلەتنىڭ ISO14000 مۇھىت باشقۇرۇش سىستېمىسى بويىچە تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپ گۇۋاھلىق ئېلىشىغا ھەمكارلاشتى. يىل ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە 9 كارخانا گۇۋاھنامىگە ئېرىشتى. ISO14000 مۇھىت باشقۇرۇش سىستېمىسى ئۆلچىمى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى، 50 كە يېقىن كارخانىنىڭ 60 نەپەر ئادىمى كۇرستا تەربىيىلەندى. «بېنزىن تازىلاش دورىسى»غا ئائىت سىياسەت ۋە باشقۇرۇش تەدبىرلىرى تۈزۈلدى. «ش ئۇ ئا ر ئىككى خىل يېقىلغۇلۇق ئاپتوموبىللارغا ئىشلىتىلىدىغان قۇرۇلمىنى ياساش ۋە ئىككى خىل يېقىلغۇلۇق ئاپتوموبىللارنى ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتىشنى باشقۇرۇش قائىدىسى» ئېلان قىلىندى. «شىنجاڭدا تىزىمغا ئېلىنغان، ئېتىراپ قىلىنغان ئاپتوموبىللار چىقىرىدىغان كېرەكسىز گازدىن بولىدىغان بۇلغىنىشنى تۈزەشكە ئىشلىتىلىدىغان مەھسۇلاتلار مۇندەرىجىسى» ئېلان قىلىندى.

دىڭ كۈي

## سانائەتتىكى «ئۈچ كېرەكسىز»نى قويۇپ بېرىش ۋە ئۇنى تۈزەش ئەھۋالى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قويۇپ بېرىلگەن سانائەت يۇندىسىنىڭ مىقدارى 154 مىليون توننا بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 8.88% ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ناھىيەدىن يۇقىرى دەرىجىلىك سانائەتنىڭ قويۇپ بەرگىنى 143 مىليون توننا. سانائەت يۇندىلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش نىسبىتى 77.2% بولۇپ، 1.1 پىرسەنت پونكىت ئاشتى. قويۇپ بېرىلگەن سانائەت كېرەكسىز گازلىرىنىڭ مىقدارى 194 مىليارد 358 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىپ، 5.7% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيەدىن يۇقىرى دەرىجىلىك سانائەتنىڭ قويۇپ بەرگىنى 188 مىليارد 903 مىليون ئۆلچەملىك كۇب مېتىر بولدى، كېرەكسىز گازلارنىڭ ئۈنۈملۈك بىر تەرەپ قىلىنىش نىسبىتى 95.6% بولۇپ، 3.3 پىرسەنت پونكىت ئاشتى. سانائەتتىن چىققان كېرەكسىز قاتتىق جىسىملارنىڭ مىقدارى 7 مىليون 182 مىڭ 200 توننا بولۇپ، 2.3% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيەدىن يۇقىرى دەرىجىلىك سانائەتتىن چىققىنى 585.91 توننا بولدى، ئۈنۈملۈك بىر تەرەپ قىلىنىش نىسبىتى 53.5%كە يېتىپ، 3.4 پىرسەنت پونكىت ئاشتى.

شى شۈمېي

## سانائەت يۇندىسىنى قويۇپ بېرىش ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى ساھەلىرى يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىش بويىچە 67 تۈرنى يولغا قويدى، بۇنىڭغا 85 مىليون 282 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ 64 تۈر پۈتتۈرۈلدى، يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ لايىھەدىكى كۈنلۈك ئىقتىدارى 108 مىڭ 143 توننا ئاشتى.

شى شۈمېي

## سانائەت كېرەكسىز گازلىرىنى قويۇپ بېرىش ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى ساھەلەر كېرەكسىز گازنى بىر تەرەپ قىلىش تۈرىدىن 117نى يولغا قويدى، بۇ تۈرلەرگە 91 مىليون 162 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ تۈرلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يىلدا پۈتتى، كېرەكسىز گازنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ لايىھەدىكى سائەتلىك ئىقتىدارى 1 مىليون 998 مىڭ 900 ئۆلچەملىك كۇب مېتىر ئاشتى.

شى شۈمېي

## سانائەتتىن ھاسىل بولىدىغان كېرەكسىز قاتتىق جىسىملار، ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىش ئەھۋالى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى ساھەلەر كېرەكسىز قاتتىق جىسىملارنى بىر تەرەپ قىلىش تۈرىدىن 6نى يولغا قويدى. بۇ تۈرلەرگە 3 مىليون 490 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 5 تۈر پۈتتى. بۇنىڭ بىلەن كېرەكسىز قاتتىق جىسىمنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ لايىھەدىكى يىللىق ئىقتىدارى 56 مىڭ 500 توننا ئاشتى.

شى شۈمېي

### 2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە قويۇپ بېرىلگەن سانائەت يۇندىسى ۋە بۇلغىمىلارنىڭ مىقدارى

| ساھە نامى | قويۇپ بېرىلگەن سانائەت يۇندىسىنىڭ مىقدارى (تۈمەن توننا) | قويۇپ بېرىلگەن خىمىيىلىك ئېھتىياجلىق ئوكسىگېننىڭ مىقدارى (تۈمەن توننا) | قويۇپ بېرىلگەن نېفىت تۈرىدىكىلەرنىڭ مىقدارى (تۈمەن توننا) | قويۇپ بېرىلگەن زەھەرلىك، زىيانلىق بۇلغىمىلارنىڭ مىقدارى (تۈمەن توننا) | بىر تەرەپ قىلىنغان سانائەت يۇندىسىنىڭ مىقدارى (تۈمەن توننا) |
|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي | 15365.39 | 100666.17 | 2131.84 | 11.6 | 14791.98 |
| قازمىچىلىق | 1610.45 | 8809.88 | 1955.18 | 6.72 | 1556.10 |
| يېمەكلىك، تاماكا پىششىقلاش كەسپى | 2056.91 | 36569.72 | 2.68 | 0 | 1492.78 |
| توقۇمىچىلىق | 1352.51 | 4061.04 | 0 | 0.09 | 436.27 |
| خىمىيە سانائىتى خام ئەشياسى ۋە خىمىيىۋى مەھسۇلات ئىشلەش ساھەسى | 680.97 | 283.69 | 11.64 | 0.04 | 390.57 |
| نېفىت پىششىقلاش ۋە كوكس كۆيدۈرۈش ساھەسى | 2493.7 | 1461.04 | 75.09 | 0.93 | 2876.69 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| غەيرىي مېتال مىنېراللىرى ئىشلەش ساھەسى | 284.10 | 44.07 | 0 | 0 | 44.8 |
| قارامېتال ئاۋلاش ۋە پروكاتلاش ساھەسى | 1180.37 | 1010.86 | 65.86 | 3.72 | 4267.48 |
| ئېلېكتر قۇۋۋىتى، كۆمۈرگازى ۋە سۇ ئىشلەپچىقىرىش ھەم سۇ بىلەن تەمىنلەش ساھەسى | 1738.15 | 438.69 | 5.10 | 0 | 1275.54 |
| باشقا ساھەلەر | 3968.23 | 47987.18 | 16.29 | 0.1 | 2451.75 |

2000 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە قويۇپ بېرىلگەن سانائەت كېرەكسىز گازلىرى ۋە بۇلغىمىلارنىڭ مىقدارى

| ساھە نامى | قويۇپ بېرىلگەن سانائەت كېرەكسىز گازلىرىنىڭ مىقدارى (تۈمەن ئۆلچەملىك توننا) | قويۇپ بېرىلگەن ئىس، چاڭ-توزاڭنىڭ مىقدارى (توننا) | قويۇپ بېرىلگەن گۈڭگۈرت ئوكسىدىنىڭ مىقدارى (توننا) | قويۇپ بېرىلگەن توزۇندىلارنىڭ مىقدارى | ئۇنۇۋېرسال بىر تەرەپ قىلىنغان سانائەت كېرەكسىز گازلىرىنىڭ مىقدارى (تۈمەن ئۆلچەملىك توننا) |
|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي | 19435773 | 83977.54 | 187688.76 | 112574.33 | 18570648 |
| قازمىچىلىق | 2099041 | 3333.91 | 17023.49 | 3033.16 | 1882278 |
| يېمەكلىك، تاماكا پىششىقلاش كەسپى | 735862 | 3793.85 | 9816.04 | 132.83 | 622059 |
| توقۇمىچىلىق | 451085 | 2407.52 | 6084.23 | 760.50 | 408433 |
| خىمىيە سانائىتى خام ئەشياسى ۋە خىمىيىۋى مەھسۇلات ئىشلەش ساھەسى | 390517 | 1928.94 | 2848.26 | 393.01 | 280165 |
| نېفت پىششىقلاش ۋە كوكس كۆيدۈرۈش ساھەسى | 2515797 | 9143.97 | 19413.73 | 748.18 | 2515792 |
| غەيرىي مېتال مىنېراللىرى ئىشلەش ساھەسى | 4347403 | 13522.68 | 29536.41 | 100630.88 | 4090417 |
| قارا مېتال ئاۋلاش ۋە پروكاتلاش ساھەسى | 1222418 | 2425.89 | 10321.68 | 6626.04 | 1204381 |
| ئېلېكتر قۇۋۋىتى، كۆمۈرگازى ۋە سۇ ئىشلەپچىقىرىش ھەم سۇ بىلەن تەمىنلەش ساھەسى | 6719939 | 37909.46 | 90320.68 | 0 | 6636707 |
| باشقا ساھەلەر | 953711 | 9511.32 | 11324.24 | 249.73 | 930416 |

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە چىقىرىلغان كېرەكسىز قاتتىق جىسىملارنىڭ مىقدارى، ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئەھۋالى

| ساھە نامى | سانائەتتە ھاسىل بولغان كېرەكسىز قاتتىق جىسىملارنىڭ مىقدارى (تۈمەن توننا) | پايدىلىنىلغان كېرەكسىز قاتتىق سانائەت جىسىملىرىنىڭ مىقدارى (تۈمەن توننا) | يىغىلىق ساقلىنىپ قالغان كېرەكسىز، قاتتىق سانائەت جىسىملىرىنىڭ مىقدارى (تۈمەن توننا) | بىر تەرەپ قىلىنغان كېرەكسىز، قاتتىق سانائەت جىسىملىرىنىڭ مىقدارى (تۈمەن توننا) | چىقىرىلغان كېرەكسىز، قاتتىق سانائەت جىسىملىرىنىڭ مىقدارى (تۈمەن توننا) |
|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي | 718.22 | 296.16 | 201.29 | 92.14 | 92.6 |
| قازمىچىلىق | 325 | 53.68 | 133.86 | 11.09 | 88.73 |
| يېمەكلىك، تاماكا پىششىقلاش كەسپى | 77.64 | 71.12 | 0.19 | 4.22 | 2.11 |
| توقۇمىچىلىق | 7.78 | 4.73 | 0.02 | 2.86 | 0.17 |
| خىمىيە سانائىتى خام ئەشياسى ۋە خىمىيىۋى مەھسۇلات ئىشلەش ساھەسى | 7.15 | 4.81 | 1.47 | 0.86 | 0.01 |
| نېفىت پىششىقلاش ۋە كوكس كۆيدۈرۈش ساھەسى | 37.6 | 15.87 | 0 | 21.73 | 0 |
| غەيرىي مېتال مىنېراللىرى ئىشلەش ساھەسى | 10.41 | 9.12 | 0.14 | 0.79 | 0.37 |
| قارامېتال تاۋلاش ۋە پروكاتلاش ساھەسى | 86.44 | 73.47 | 12.55 | 0.37 | 0.6 |
| ئېلېكتر قۇۋۋىتى، كۆمۈر گازى ۋە سۇ ئىشلەپچىقىرىش ھەم سۇ بىلەن تەمىنلەش ساھەسى | 117.73 | 46.38 | 24.91 | 46.6 | 0.48 |
| باشقا ساھەلەر | 48.47 | 16.98 | 84.55 | 3.62 | 0.67 |

# سودا

## دۆلەت سودىسى

### سودىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ تاۋار بازىرى مۇقىملىق ئىچىدە ئاۋات بولدى، بولۇپمۇ 4 - پەسلىدە تاۋارلارنىڭ سېتىلىش نىسبىتى خېلى كۆپ ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 37 مىليارد 450 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 7.8% ئاشتى. بازارنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى مۇنداق بولدى: بىرىنچىدىن، تاۋارلارنىڭ سېتىلىش دائىرىسى كېڭەيدى، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، كىيىم - كېچەك، باش - ئاياغ كىيىم، گىرىم بۇيۇملىرى، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى قاتارلىق تاۋارلارنىڭ سېتىلىشى كۆرۈنەرلىك تېزلەشتى. ئىككىنچىدىن، دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان كارخانىلارنىڭ تاۋارلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى دۆلەت، كوللېكتىپ كارخانىلىرىنىڭكىدىن يۇقىرى بولدى. ئۈچىنچىدىن، شەھەرلەردە تاۋارلارنىڭ سېتىلىش نىسبىتىنىڭ ئېشىشى ناھىيە ۋە ناھىيىدىن تۆۋەن بازارلارنىڭكىدىن ياخشى بولدى. تۆتىنچىدىن، يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ سېتىش كىرىمىنىڭ ئېشىشى تاۋارلارنىڭ سېتىلىش نىسبىتىدىن يۇقىرى بولدى.

2000 - يىلى شىنجاڭ سودا سىستېمىسىنىڭ (سېلىشتۇرۇشقا بولىدىغان ئۆلچەم بويىچە، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) تاۋار سېتىۋېلىش سوممىسى 2 مىليارد 590 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 4.3% ئاشتى؛ تاۋار سېتىش سوممىسى 3 مىليارد 270 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 3.2% ئاشتى؛ تاۋارلارنىڭ ئامبار قالدۇقى 860 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 14.4% ئاشتى. تاۋار سېتىش ئومۇمىي سوممىسى ئىچىدە، شەھەرلەرنىڭ 8.1% ئۆرلىدى، ناھىيە دەرىجىلىك بازارلارنىڭ 10% ئازايدى، ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن بازارلارنىڭ 32.8% ئازايدى، مۇلازىملىق ساھەسىنىڭ 1999 - يىلدىكى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن تەڭلەشتى، سودا ئورۇنلىرى باشقۇرۇشىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ سېتىش سوممىسى 56% ئازىيىپ كەتتى. شېكەر، ئىچىملىك، كىيىم - كېچەك، باش - ئاياغ كىيىم، گىرىم بۇيۇملىرى، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى، تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئېلېكتر سايمانلىرى، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى قاتارلىق تاۋارلارنىڭ سېتىلىشى تېزرەك بولۇپ، سودا سىستېمىسى بويىچە تاۋارلارنىڭ سېتىلىشى 8 يىل ئۇدا ئازىيىپ كەتكەنلىكتەك ھالەت ئۆزگەردى.

يالڭ جىمىن

### سودا كارخانىلىرى ئىسلاھاتى

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ دۆلەت سودا كارخانىلىرى ئىسلاھاتىدا تۆۋەندىكى تەدبىرلەر قوللىنىلدى:

1. ئومۇمىيۈزلۈك تۈزۈم ئۆزگەرتىش. مۈلۈك قەرزى نىسبىتى تۆۋەنرەك، مۈلۈك ئەھۋالى ياخشىراق، ساپ مۈلكى بار كارخانىلاردا قانۇنىي ئىگىلەر بىرلىك قىلىنىپ، ئىسلاھات شەكلىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك تۈزۈم ئۆزگەرتىش يولغا قويۇلدى.

2. بۆلەكلەرگە ئايرىپ جانلاندۇرۇش. تارىخىي يۈكى ئېغىر، مۈلۈك قەرزى نىسبىتى يۇقىرى، قىيىنچىلىقى ئېغىر، قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشى تەس كارخانىلاردا شۇ كارخانىلار قارىمىقىدىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ئورۇنلارنى بىرلىك قىلىپ، كۆپ خىل ئىسلاھات شەكلىدىكى بۆلەكلەر بويىچە ئىسلاھ قىلىش يولغا قويۇلۇپ، ئاۋۋال تۆۋەننى، ئاندىن يۇقىرىنى جانلاندۇرۇش ئارقىلىق، ئومۇمىيۈزلۈك جانلاندۇرۇش مەقسىتىگە يېتىپ، ھەقدارلىق ھوقۇقى، قەرزدارلىق مەجبۇرىيەتلىرى مۇۋاپىق ئۈستىگە ئېلىندى.

3. قوشۇۋېلىش، بىرلىشىش ئارقىلىق گورۇھ شىركەتلەر قۇرۇلدى. كۈچلۈكلەر بىلەن كۈچلۈكلەر بىرلىشىش، كۈچلۈكلەر بىلەن ئاجىزلار بىرلىشىش، ئەۋزەللىك ئارقىلىق بىر - بىرىنىڭ كېمىنى تولۇقلاش، تۆۋەن تەننەرخكە تايىنىپ كېڭىيىش ئارقىلىق، بىر قەدەر چوڭ كارخانىلار شەكىللەندى. ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئاشتى.

4. ئەسلىدىكى مەمۇرىي ئاپپاراتلار دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرغۇچى گورۇھ شىركەتلەر قىلىپ تەشكىل قىلىندى. بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، ئەسلىدىكى مەمۇرىي فۇنكسىيىلەر ھۆكۈمەتكە ئايرىپ بېرىلدى، ھۆكۈمەتنىڭ دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى بېرىشى

ئارقىلىق، دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرىدىغان شىركەتلەر قۇرۇلۇپ، ئەسلىدىكى قاراشلىق كارخانىلارنىڭ دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرىدىغان بولدى.

5. تىجارەت قىلغۇچىلار پايغا تايىنىپ ئىش ئورنىغا چىقىپ تىجارەت قىلدى. تەشكىل قىلىنغان كۆپ ساندىكى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرىدە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ھەم پايچىك، ھەم تىجارەت قىلغۇچى بولدى، كارخانىلارنىڭ باشقۇرغۇچى خادىملىرى ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشقان پاينىڭ 3 — 5 ھەسسىسىگىچە پاي قوشتى، مۇشۇ ئارقىلىق كاپىتال تاپاۋىتى بىلەن ئەمگەك تاپاۋىتىنى بىرلەشتۈرۈش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

6. ئاۋۋال سېتىش، ئاندىن پاي قوشۇش. مۈلۈك باھالانغاندىن كېيىن، دۆلەت مۈلكى بار كىچىك كارخانىلار ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ساپ مۈلۈكنى بىر قېتىمدىلا پۇلغا سېتىپ بېرىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى مۈلۈك ھوقۇقى مۇبىيەكتلىق سالاھىيىتىگە ئىگە قىلىش ئارقىلىق، بارلىق ئىشچى - خىزمەتچى پاي قوشقان پاي ھەسسىدارلىق ھەمكارلىق كارخانىلىرىنى قۇردى.

7. مەبلەغ توپلاپ پايغا ئايلاندۇرۇش. كارخانا تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن ئىلگىرى توپلىغان مەبلەغ ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشقان پايغا ئۆزگەرتىلىپ، كارخانىلارنىڭمۇ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭمۇ مەبلەغ قىيىنچىلىقى ھەل قىلىندى.

8. مۈلۈكنى قەرزگە ئىتتىرىپ بېرىپ قايتا ئىجارىگە بېرىش. كارخانىلار بىلەن قەرزدارلار ئارىسىدىكى قەرز مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ھەقدارلار بىر خىلراق كارخانىلارنىڭ مۈلكىنى قەرزگە ئىتتىرىپ بېرىپ قايتا ئىجارىگە بېرىش سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى. يەنى كارخانىنىڭ مۈلكى ھەقدارنىڭ قەرز پۇلىغا ھېسابلاپ بېرىۋېتىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن، ھەقدار قەرز ھېسابىغا رەنىگە قويۇلغان مۈلۈكنى شۇ كارخانىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىگە قايتا ئىجارىگە بەردى ھەم كېلىشىم بويىچە ئىجارە ھەققى ئالىدىغان بولدى.

9. مۈلۈك ئىشلىتىش ھوقۇقىنى سېتىش. قىسمەن مۈلۈكنىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقى شۇ كارخانىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە بىر قېتىمدىلا سېتىپ بېرىلدى، ۋاقتى 20 يىلدىن 30 يىلغىچە قىلىپ بەلگىلەندى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ھەسسىدارلىق - ھەمكارلىق تۈزۈمىدىكى كارخانا قۇرۇپ، كارخانىنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرىدىغان بولدى.

گۇچىڭ

## گۆش تىجارىتى

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى يېمەكلىك تاۋار تارماقلىرى سېتىۋالغان گۆش 5063 توننا بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن %18.8 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە چوشقا گۆشى 2586 توننا بولۇپ، %54.67 ئاشتى، كالا گۆشى 543 توننا بولۇپ، %16.7 ئازايدى، قوي گۆشى 1934 توننا بولۇپ، %19.3 ئازايدى. سېتىلغان گۆش 7183 توننا بولۇپ، %31.7 ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە چوشقا گۆشى 2734 توننا بولۇپ، %43.3 ئازايدى؛ كالا گۆشى 770 توننا بولۇپ، %16.7 ئازايدى؛ قوي گۆشى 3679 توننا بولۇپ، %22.8 ئازايدى. 2000 - يىلى جەمئىيەتتە سېتىلغان گۆش 197 مىڭ 800 توننا بولۇپ، %26.8 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازارلاردا سېتىلغىنى %96نى ئىگىلەپ، 3 پىرسەنت پونكىتى كۆپەيدى؛ دۆلەت ئورۇنلىرىنىڭ ساتقىنى %4 بولۇپ، 3 پىرسەنت پونكىتى ئازايدى. دۆلەت سودىسى بىلەن بازار سودىسىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتىدىن قارىغاندا، دۆلەت يېمەكلىك سودا تارماقلىرىنىڭ بازار ئىگىلەش نىسبىتى يىلدىن يىلغا چۈشۈپ كەتتى، مەبلەغ قىس، ئوبوروت قىيىن بولۇش تۈپەيلى، ئۇلارنىڭ تىجارىتى تەسلىشىپ كەتتى.

2000 - يىلى شىنجاڭ گۆش بازىرىدا ئېھتىياج ئاشتى، باھانىڭ تۆۋەنلىشى توختاپ مۇقىملاشتى. ئالدىنقى يېرىم يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كىلوگرام چوشقا گۆشى 8 يۈەن، كالا گۆشى 13 يۈەن، قوي گۆشى 14 يۈەن بولدى؛ كېيىنكى يېرىم يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كىلوگرام چوشقا گۆشى 9 يۈەن، كالا گۆشى 14 يۈەن، قوي گۆشى 15 يۈەن بولدى. باھا ئۆرلىگەن بولسىمۇ، ئاھالىلەرنىڭ يىللىق ئومۇمىي ئىستېمال باھا سەۋىيىسى %0.6 تۆۋەنلىدى.

2000 - يىلى دۆلەت ئىچكى سودا ئىدارىسى، جۇڭگو سودىگەرلىرى زاپاس تاۋار باشقۇرۇش مەركىزى شىنجاڭغا دۆلەت زاپىسىدىن 800 توننا چوشقا گۆشى ۋەزىپىسى تەقسىم قىلىپ بەرگەنىدى. ئىسكىلاتقا كىرگۈزۈش، ئىسكىلاتتىن چىقىرىش، پۇل تۆلەش خىزمەتلىرى ئورۇندىلىپ بولدى. دۆلەت گۆش ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش پىلانىنى جىپسىلاشتۇرۇش، زىددىيەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن، ئۆلكىلەر ئارا تەڭشەش پىلانى بويىچە شىنجاڭغا 1500 توننا گۆش تەقسىم قىلىپ بەردى. بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن، شىنجاڭ قوشۇمچە يېمەكلىك گۇرۇھى 500 توننا زاپاس يەرلىك كالا - قوي گۆشى ساقلىدى. مۇسۇلمانلارنى بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ قوشۇمچە يېمەكلىك گۇرۇھىنىڭ يېمەكلىك شىركىتى 10 مىڭ تۇياق قوي بورداپ، قۇربان ھېيت، روزى ھېيتلىق گۆش بىلەن تەمىنلەش ئېھتىياجىنى قاندۇردى.

ساۋ شياۋلىڭ

## يېمەك - ئىچمەك، مۆلازىملىق كەسىپلىرى

2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يېمەك - ئىچمەك كەسپىدە ئىجتىمائىي پارچە سېتىش سوممىسى 3 مىليارد 820 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 16.6% ئاشتى. دۆلەت سودا ئورۇنلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەك كەسپىدە كۆپ خىل شەكىلدىكى تۈزۈم ئىسلاھاتى، مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتى يولغا قويۇلۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

2000 - يىلى ئۈرۈمچى، سانجى، قاراماي، كۇيتۇڭ، شىخەنزە، خوتەن، ئالتاي، بورتالا قاتارلىق جايلارنىڭ دۆلەت سودا يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ تىجارەت كىرىمى 130 مىليون 8000 يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 5% ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ تىجارەت كىرىمى 53 مىليون 490 مىڭ يۈەن بولۇپ، 8% ئاشتى، مۆلازىملىق كەسپىنىڭ 57 مىليون 790 مىڭ يۈەن بولۇپ، 13% ئازىيىپ كەتتى، باشقا كەسىپلەرنىڭ تىجارەت كىرىمى 18 مىليون 800 مىڭ يۈەن بولۇپ، 10% ئازىيىپ كەتتى. كەسىپلەر بويىچە قارىغاندا مۆلازىملىق ساھەسىدە تىجارەت كىرىمى جىق ئازىيىپ كەتكەن سۈرەتچىلىكنىڭ كىرىمى 2 مىليون 580 مىڭ يۈەن بولۇپ، 22% ئازايدى، مۇنچا كەسپىنىڭ 1 مىليون 140 مىڭ يۈەن بولۇپ، 68% ئازايدى، كىرچىلىك - بوياقچىلىقنىڭ 150 مىڭ يۈەن بولۇپ، 62% ئازايدى؛ مېھمان كۈتۈش كەسپىنىڭ 49 مىليون 180 مىڭ يۈەن بولۇپ، 10% ئازايدى، ساتىراشلىق، ھۆسن تۈزەش كەسپىنىڭ كىرىمى 1 مىليون 620 مىڭ يۈەن بولۇپ، 9% ئازايدى؛ رېمونتچىلىقنىڭ تىجارەت كىرىمى 210 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىسى بىلەن تەڭلەشتى. 2000 - يىلى ئۈرۈمچى، سانجى قاتارلىق جايلارنىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى سودا، يېمەك - ئىچمەك مۆلازىملىق كەسپىدە 660 مىڭ يۈەن زىيان كۆرۈلدى، زىيان 1999 - يىلدىكىدىن 1 مىليون 30 مىڭ يۈەن ئازايدى.

2000 - يىلى ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىكى دۆلەت سودا، يېمەك - ئىچمەك مۆلازىملىق تىجارىتى تور - نۇقتىسى 132 بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 35% ئازىيىپ كەتتى، تىجارەت خادىمى 2818 بولۇپ، 32% ئازىيىپ كەتتى.

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى يېمەك - ئىچمەك مۆلازىملىق كارخانىلىرى ئىسلاھات سالمىقىنى ئاشۇردى، ناھىيە دەرىجىلىك يېمەك - ئىچمەك مۆلازىملىق شىركەتلىرى تۈزۈم ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىدى، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك يېمەك - ئىچمەك مۆلازىملىق شىركەتلىرىگە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ تۈزۈم ئۆزگەرتىش نىسبىتى 70%كە يەتتى. تۈزۈم ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، كارخانىلارنىڭ زىيانىنى تۈگىتىپ، پايدا ئېلىش نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى. ئۈرۈمچىدىكى يېمەك - ئىچمەك، مۆلازىملىق باش شىركىتى زىيانىنى 4 مىليون 470 مىڭ يۈەن ئازايتىشتەك ياخشى نەتىجە ياراتتى.

تۈزۈمنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق دۆلەت ئىلكىدىكى سودا - يېمەك ئىچمەك - مۆلازىملىق كەسپىنىڭ بازار ئىگىلەش نىسبىتى بارغانسېرى تۆۋەنلىدى. بولۇپمۇ يېمەك - ئىچمەك - مۆلازىملىق تىجارەت سوممىسى ئىچىدە سۈرەتچىلىكنىڭ سېتىش كىرىمى 2%نى، ساتىراشلىق - ھۆسن تۈزەشنىڭ 1.2% نى، مۇنچا كەسپىنىڭ 0.9%نى، كىرچىلىك - بوياقچىلىقنىڭ 0.1%نى، رېمونتچىلىقنىڭ 0.2%نى ئىگىلىدى.

پەن شياۋخۇا

## شىنجاڭ قوشۇمچە يېمەكلىك گۆرۈھىنىڭ تىجارەت ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ قوشۇمچە يېمەكلىك گۇرۇھى مالغا مال ئالماشتۇرۇش، بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش، باش ساتقۇچى بولۇش، باش ۋاكالەتچى بولۇش، ماركىنى سېتىۋېتىش، زەنجىرسىمان سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئاساسىي كەسىپلەرنىڭ سېتىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كاپىتالدىن پايدىلىنىپ ئاساسىي كەسىپلەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، كەسىپ زەنجىرى ھاسىل قىلىپ، بازاردىكى رىقابەت ئىقتىدارىنى ئاشۇردى. مۇشۇ يىللىق تاۋار سېتىش سوممىسى 242 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە، پايدا، باجنى 3 مىليون 939 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى. مۇشۇ بىر يىلدا 3564 توننا گۆش ساتتى. 1999 ~ 2000 - يىللىق شېكەر ئىشلەش پەسلىدە 18 مىڭ 647 توننا شېكەر ساتتى، 4856 توننا ھاراق، 51 مىليون 240 مىڭ يۈەنلىك قوشۇمچە يېمەكلىك ساتتى.

ۋاڭ جۈن

## ھاراق مونوپول سودىسىنى باشقۇرۇش

ھاراق مونوپول سېتىش ئىدارىسى 2000 - يىلى ھاراق ئوبوروتىغا بولغان ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، بازار تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئومۇمىي مىقدارنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى تىزگىنلەپ، ھاراق بازارلىرىنىڭ ئاۋاتلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. 248 يۈرۈش ھاراق ئىجازەتنامىسى، 5000 يۈرۈش ھاراق پارچە سېتىش ئىجازەتنامىسى، 18 يۈرۈش ھاراق توپ سېتىش ئىجازەتنامىسى تارقاتتى.

2000 ـ يىلى ھاراق بازارلىرىغا بولغان قانۇن ئىجرا قىلىش سالمىقى كۈچەيتىلىپ، پالغان، ساختا، ناچار ھاراق ئىشلەش، سېتىشتەك قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 91 مىڭ 410 بوتۇلكا ساختا، پالغان، ناچار ھاراق، 7730 كىلوگرام ناچار پارچە ئاق ھاراق قولغا چۈشۈرۈلدى. ساختا ھاراق ئىشلەشكە ئىشلىتىلىدىغان نۇرغۇن قورال ـ سايمان ۋە ئوراش ـ قاچىلاش ماتېرىياللىرى يىغىۋېلىندى ۋە كۆيدۈرۈۋېتىلدى.

سۆڭ يىگۇاڭ

## ئىلمە توقۇلما، توقۇلما، كىيىم ـ كېچەك تىجارىتى

شىنجاڭنىڭ ئىلمە توقۇلما، توقۇلما، كىيىم ـ كېچەك بازىرىدا 2000 ـ يىلى مال مول، تۈرى كۆپ بولدى. ئىلمە توقۇلما، توقۇلمىلارنىڭ سېتىلىش سوممىسىنىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرى پارچە سېتىش ئومۇمىي سوممىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى داۋاملىق تۆۋەنلىدى، كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ سېتىلىشى ياخشى بولدى.

سودا نازارىتى سىستېمىسىنىڭ پۈتۈن يىللىق ئىلمە توقۇلما، توقۇلما، كىيىم ـ كېچەك سېتىش سوممىسى 538 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن 9.22% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، توپ سېتىش سوممىسى 41 مىليون 940 مىڭ يۈەن بولۇپ، 36.67% ئازايدى؛ پارچە سېتىش سوممىسى 496 مىليون 770 مىڭ يۈەن بولۇپ، 16.34% ئاشتى. توقۇلمىلارنىڭ سېتىلىش سوممىسى 47 مىليون 430 مىڭ يۈەن بولۇپ، 25% ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە توپ سېتىش سوممىسى 7 مىليون 990 مىڭ يۈەن بولۇپ، 61.87% ئازايدى، پارچە سېتىش سوممىسى 39 مىليون 440 مىڭ يۈەن بولۇپ، 7.89% ئازايدى؛ ئىلمە توقۇلما سېتىش سوممىسى 54 مىليون 400 مىڭ يۈەن بولۇپ، 28.69% ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە توپ سېتىش سوممىسى 5 مىليون 320 مىڭ يۈەن بولۇپ، 76.62% ئازايدى. پارچە سېتىش سوممىسى 49 مىليون 8000 يۈەن بولۇپ، 8.38% ئازايدى؛ كىيىم ـ كېچەك سېتىش سوممىسى 436 مىليون 880 مىڭ يۈەن بولۇپ، 23.52% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە توپ سېتىش سوممىسى 28 مىليون 640 مىڭ يۈەن بولۇپ، 24.04% ئاشتى. پارچە سېتىش سوممىسى 408 مىليون 240 مىڭ يۈەن بولۇپ، 23.48% ئاشتى.

2000 ـ يىلى، ئىلمە توقۇلما، توقۇلما، كىيىم ـ كېچەك بازىرىدا ماللارنىڭ سېتىلىشى مۇقىملىشىشقا يۈزلەندى، پارچە سېتىلىشى توپ سېتىلىشىدىن ياخشى بولدى. ئىلمە توقۇلمىلارنىڭ سېتىلىشىدا ئوتتۇرا، ئالىي دەرىجىلىك ماللار ئاساسىي ئورۇندا تۇردى. يۇمشاق، ھوزۇرلۇق، ساقلىقنى ساقلايدىغان، سوغۇقتىن ساقلايدىغان، ساپ ياختىدىن توقۇلغان داڭلىق ئىچ كىيىملەرنىڭ بازىرى ئىتتىكلىدى. ئەر ـ ئاياللار ياختا يۇڭ ئارىلاش پوپايكا ـ ئىشتان قاتارلىق ئىچ كىيىملەرنىڭ سېتىلىشى مۇقىم ئۆرلىدى. ئەر ـ ئاياللار يۇڭ پوپايكا، تىۋىت مايكىلارنىڭ سېتىلىشى مۇقىم تۆۋەنلىدى. ئوتتۇراھال ۋە توم يۇڭ يىپ، ئارىلاش تىۋىت يىپ، قاپلىق سۈپەتلىك تىۋىت يىپى، خرۇستال يۇڭ يىپ قاتارلىق ھەرخىل رەڭلىك تىۋىت يىپلار، بولۇپمۇ «خېڭيۈەنشياڭ»، «زىنتېڭ»، «سەنلى» ماركىلىق داڭلىق يىپلارنىڭ بازىرى ئىتتىك بولدى. كارىۋات بۇيۇملىرىنىڭ، مەسىلەن، چوڭ گۈللۈك ئەدىيال، ئۇششاق گۈللۈك يوتقان كىرلىكى، يوللۇق ھەم گۈللۈك يوتقان ئەستىرى، يۇڭ ئەدىيال، باللار ئەدىيالى قاتارلىقلارنىڭ سېتىلىشى مۇقىم بولۇش ئاساسىدا تېزلەشتى. ئەر ـ ئاياللار سوزۇلۇشچان پايپاق، قېلىن پايپاق، ئاياللار ئۇزۇن پايپاق، باللار پايپاقلىرىنىڭ سېتىلىشى ئاساسىي جەھەتتىن 1999 ـ يىلدىكىگە تەڭلەشتى. توقۇلما رەختلەر بازىرىنى تەييار كىيىم ـ كېچەك ئىگىلەشكە باشلىدى، بازارنىڭ ئومۇمىي ئېھتىياجى مۇقىم بولۇش ئاساسىدا تۆۋەنلەشكە باشلىدى، ھەرخىل گەزلىمىلەرنىڭ توپ سېتىلىشى 22.61% ئازايدى، پارچە سېتىلىشى 22.86% ئازايدى، لېكىن ھەرخىل ساپ ياختا گۈللۈك رەخت، ئوتتۇراھال، توم، ئىنچىكە يوللۇق چىبەرقۇت، سۇدا يۇيۇلغان (قۇم بىلەن يۇيۇلغان) بومازىلار، قوش يۈزلۈك بومازا، كۆنجۈت گۈللۈك بومازا، ھەرخىل ئۆلچەمدىكى يوللۇق، گۈللۈك، چاقماق گۈللۈك يوتقان ـ كىرلىك رەختلىرى، كىمخاپتەك چىرايلىق يوتقان كىرلىكى رەختلىرى قاتارلىقلارنىڭ بازىرى داۋاملىق ئىتتىك بولدى. رەڭگى ئوچۇق، تاشلىنىپ تۇرىدىغان، پۇرلەشمەيدىغان، يېپىلىپ تۇرىدىغان ھەرخىل كەندىر، دىئلون، دېرىزە پەردىلىك ياختا رەختلەر، زىننەتلەشكە ئىشلىتىلىدىغان رەختلەر، داستىخانلىق رەختلەر قاتارلىقلارنىڭ سېتىلىشى 16.56% ئاشتى. ساپ يۇڭ رەخت، ئارىلاشما يۇڭ رەختلەرنىڭ بازىرى كاساتلاشتى. سېتىلىشى 24.15% تۆۋەنلەپ كەتتى. يەڭگىل، نېپىز، يېقىشلىق ـ ئازادىلىك تۇيغۇسى بەخش ئېتىدىغان ساپ يىپەك گەزلىمىلەر ئىستېمالچىلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى ۋە سېتىلىش مىقدارى 1999 ـ يىلدىكىدىن 30.75% ئاشتى؛ كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ سېتىلىشى داۋاملىق ياخشى بولۇپ، سېتىلىش مىقدارى 1999 ـ يىلدىكىدىن 19.44% ئاشتى. تېتىكلىق بەخش ئېتىدىغان كۆركەم باللار كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە باللار كارىۋات بۇيۇملىرى كىيىم ـ كېچەك بازارلىرىدا ئۆزگىچە مال

بولۇپ قالدى. سۈپەتلىك، ئەرزان كىيىم - كېچەكلەر بازار ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتا يەنىلا ئاساسىي گورۇلدا تۇردى.

ليۇ شۇدۇڭ

## مېتال، قاتناش، ئېلېكتر، خىمىيە سانائىتى ئاۋارلىرى تىجارىتى

2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە مېتال، قاتناش، ئېلېكتر، خىمىيە سانائىتى بۇيۇملىرىنى توپ، پارچە سېتىش سودىسىدا ئومۇمىي سېتىش سوممىسى 241 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە توپ سېتىش سوممىسى 231 مىليون يۈەن، پارچە سېتىش سوممىسى 10 مىليون 170 مىڭ يۈەن. شىنجاڭ مېتال، قاتناش، ئېلېكتر، خىمىيە سانائىتى بۇيۇملىرى باش شىركىتىنىڭ مال سېتىۋېلىش سوممىسى 25 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %15.59 ئازىيىپ كەتتى؛ سېتىش سوممىسى 29 مىليون 847 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %23.23 ئازىيىپ كەتتى، ئامباردىكى مال قالدۇقى سوممىسى 28 مىليون 870 مىڭ يۈەن بولۇپ، %4.88 تۆۋەنلەپ كەتتى، ئومۇمىي پايدا نىسبىتى %6.81 بولۇپ، 1.7 پىرسەنت پۇئىنتى ئاشتى؛ زىيان سوممىسى 10 مىليون 380 مىڭ يۈەن بولۇپ، زىيان %3.9 ئازايدى (سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان ئامىل — ئىستاژ ئۈچۈن بېرىلگەن پۇلنى چىقىرىۋەتكەندە، زىيان ئەمەلىيەتتە %12.54 ئازايدى).

لۇ ۋېي

## كىم ئارتۇق سودىسى ساھەسىنىڭ تىجارىتى

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە كىم ئارتۇق سودىسى كارخانىسى 42 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچىدىكىسى 25، باشقا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكىسى 17: كىم ئارتۇق سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 500 نەچچە بولۇپ، ئۇلارنىڭ %80تىن كۆپرەكى ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، كىم ئارتۇق قىلىپ ساتقۇچى ئۇستا 48 بولۇپ، ئۇلارنىڭ 32 سى ئۈرۈمچىدە.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 242 قېتىم كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش سودىسى قىلىندى، سودىدا پۈتۈشۈش سوممىسى 1 مىليارد 21 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يەتتى. رايونلار بويىچە ئايرىغاندا، ئۈرۈمچى شەھىرىدە 131 قېتىم كىم ئارتۇق سودىسى قىلىنىپ، پۈتۈشۈلگەن سومما 843 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يەتتى، باشقا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە 111 قېتىم كىم ئارتۇق سودىسى قىلىنىپ، پۈتۈشۈلگەن سومما 177 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ ئوبيېكتلار بويىچە ئايرىغاندا، سەنئەت بۇيۇملىرى بويىچە پۈتۈشۈلگەن سومما 5 مىليون 30 مىڭ يۈەن، ھۆكۈمەت مۈلكى بويىچە پۈتۈشۈلگەن سومما 13 مىليون 30 مىڭ يۈەن، ئۆي - زېمىن بويىچە پۈتۈشۈلگەن سومما 568 مىليون 90 مىڭ يۈەن، كارخانا مۈلۈك ھوقۇقى بويىچە پۈتۈشۈلگەن سومما 24 مىليون 540 مىڭ يۈەن، ۋەيران بولغان كارخانىلارنى سېتىش بويىچە پۈتۈشۈلگەن سومما 314 مىليون 940 مىڭ يۈەن، شەكىلسىز مۈلۈك بويىچە پۈتۈشۈلگەن سومما 13 مىليون 810 مىڭ يۈەن، باشقا تۈرلەر بويىچە پۈتۈشۈلگەن سومما 81 مىليون 910 يۈەن بولدى.

42 كىم ئارتۇق سودىسى كارخانىسى ئىچىدە كىم ئارتۇق سودىسى قىلغان كارخانا 29 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچىدىكىسى 16، باشقا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكىسى 13. كىم ئارتۇق سودىسى بويىچە يىللىق پۈتۈشۈلگەن سوممىسى 100 مىليون يۈەندىن ئاشقان كارخانا 2 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ «تيەنپىڭ» كىم ئارتۇق سودىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 525 مىليون 150 مىڭ يۈەن. شىنجاڭ «جياشېڭ» كىم ئارتۇق سودىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 135 مىليون يۈەن؛ كىم ئارتۇق سودىسى بويىچە يىللىق پۈتۈشۈلگەن سوممىسى 50 مىليون يۈەندىن ئاشقان كارخانا 2، 25 مىليون يۈەندىن ئاشقان كارخانا 3، 10 مىليون يۈەندىن ئاشقان كارخانا 8، 5 مىليون يۈەندىن ئاشقان كارخانا 4.

چېن چاڭئەن

## سودا ساھەسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى

سودا نازارىتى 2000 - يىلى ئۆزىگە قاراشلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار (سودا، ماددىي ئەشيا ئورۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) غا تەستىقلاپ چۈشۈرۈپ بەرگەن ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرى 29، سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 560 مىليون يۈەن، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 515 مىڭ كۋادرات مېتىر بولدى.

ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك خام چوت ئىچىدىكى قۇرۇلۇش تۈرىدىن 13ى تاماملاندى، بۇنىڭغا 2 مىليون 640 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، يېڭىدىن قۇرۇلۇش كۆلىمى 3800 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 17 تور - نۇقتا ياسالدى.

17 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 20 مىڭ 85 كۋادرات مېتىر ئەرزان - ئەپلىك ئۆي سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە خەتەرنى تۈگىتىش، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش يۈزىسىدىن سېلىنغان ئۆي كۆلىمى 8450 كۋادرات مېتىر، 2 مىليون يۈەن قۇرۇلۇش چىقىمى تېجەپ قىلىندى.

2000 ـ يىلى شىنجاڭ (ئۈرۈمچى) تالا بازار، كۆكتات، ماشىنا ـ ئېلېكتر سايمانلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بازىرى قاتارلىق مەخسۇس بازارلار، زەنجىرسىمان سېتىش دۇكانلىرى، مال ساقلاش بازىرى قۇرۇشقا، سودا ـ سانائەتنى بىرگەۋدىلەشتۈرۈش ۋە يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان «خۇاشيا» ماددىي ئەشيا كەسپى (يەنى سودا بىلەن تور بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭىچە ئوبوروت كەسپى) بەرپا قىلىشقا زوركۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇش بىلەن بىرگە، سودا، ماددىي ئەشيا سىستېمىسى 4 چوڭ مەخسۇس، ئۇنىۋېرسال بازار قۇرۇشنى بېكىتتى، بۇ قۇرۇلۇشلارغا جەمئىي 503 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 470 مىڭ كۋادرات مېتىر بولىدۇ، ھازىر بازار قۇرۇش ئالدىدىكى تەييارلىق خىزمەتلىرىدىن تور باھالاش، دەسلەپكى لايىھىلەش ئىشلىرى تاماملىنىپ بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە، شىنجاڭ «شۇاڭگېن» سودا بازىرى قۇرۇلۇشىغا 180 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، ئۇنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 15 مىڭ كۋادرات مېتىر؛ شىنجاڭ مېتال شىركىتى شىمالىي ۋوگزال مېتال بۇيۇملار بازىرى قۇرۇلۇشىغا 43 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، ئۇنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 150 مىڭ كۋادرات مېتىر؛ شىنجاڭ ماشىنا ـ ئېلېكتر سايمانلىرى بازىرى قۇرۇلۇشىغا 200 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، ئۇنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 134 مىڭ كۋادرات مېتىر؛ شىنجاڭ ئاپتوموبىل بازىرى قۇرۇلۇشىغا 8000 يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، ئۇنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 42 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر بولىدۇ.

جياڭ لىڭ

## سودا ساھەسى باشقۇرۇشىدىكى سانائەت

2000 ـ يىلى سودا نازارىتى سىستېمىسىدىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سانائەت كارخانىسى 85 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يېمەكلىك سانائىتى كارخانىسى 75، 21 ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇلارنىڭ مۇلكى 1 مىليارد يۈەنگە يېتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تۇراقسىز مۇلۇك قىممىتى 400 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ، تۇراقلىق مۇلۈكنىڭ ساپ قىممىتى 500 مىليون يۈەن ئۆپچۆرىسىدە.

2000 ـ يىلى سودا ساھەسى باشقۇرۇشىدىكى سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (شۇ يىللىق باھا بويىچە) 380 مىليون يۈەنگە، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 90 مىليون يۈەنگە، ئېكسپورتقا تاپشۇرۇلغان مال قىممىتى 15 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مەھسۇلات سېتىش كىرىمى 435 مىليون يۈەن، مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %80 بولدى، يۇقىرىغا 25 مىليون يۈەن پايدا ـ باج تاپشۇرۇلدى.

سودا ئورۇنلىرى باشقۇرۇشىدىكى سانائەت كارخانىلىرى تەشكىلىي قۇرۇلما، كەسىپ قۇرۇلمىسى، مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش جەريانىدا بايلىق ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، تېخنىكا ئۆزگەرتىپ، پەيدىنپەي توخۇپىلىشىش، كۆلەملىشىش، تىجارەتلىشىش يولىغا مېڭىپ بازاردىكى رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىنى ئاشۇردى.

جياڭ لىڭ

### شىنجاڭنىڭ دۆلەت سىستېمىسىدىكى نۇقتىلىق تەكشۈرۈلگەن ئورۇنلىرىنىڭ 2000 ـ يىللىق تاۋار سېتىش ئەھۋالى

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| تۈرى | جەمئىي | توپ سېتىلغىنى | پارچە سېتىلغىنى |
|---|---|---|---|
| جەمئىي | 310989 | 120483 | 190506 |
| يېمەكلىكلەر | 41087 | 14532 | 26555 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: گۆش ـ ئۈي قۇشلىرى، تۇخۇم | 8010 | 2718 | 5292 |
| سۇ مەھسۇلاتلىرى | 144 | 49 | 95 |
| ئىچىملىكلەر | 13995 | 10608 | 3387 |
| تاماكا | 26358 | 22684 | 3674 |
| ھاراق | 37762 | 31641 | 6121 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| توقۇلما بۇيۇملار | 4743 | 799 | 3944 |
| كىيىم - كېچەك | 43688 | 2864 | 40824 |
| ئاياغ كىيىم، باش كىيىم | 10019 | 614 | 9405 |
| گىرىم بۇيۇملىرى | 12828 | 6393 | 6435 |
| كۈندىلىك بۇيۇملار | 23135 | 5663 | 17472 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: ئۈستەل سائىتى، كۆزەينەك | 2418 | 112 | 2306 |
| يۇيۇش بۇيۇملىرى | 6916 | 4207 | 2709 |
| بالىلار ئويۇنچۇقلىرى | 1054 | 77 | 977 |
| مېتال، ئېلېكتر سايمانلىرى | 4297 | 1620 | 2677 |
| تۇرمۇش ئېلېكتر سايمانلىرى | 33807 | 12032 | 21775 |
| ياڭرىتقۇ سايمانلار | 22725 | 6495 | 16230 |
| تەنتەربىيە، كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرى | 2074 | 78 | 1996 |
| ئېلېكترونلۇق نەشر بۇيۇملار ۋە ئۈن - سىن بۇيۇملىرى | 489 | 16 | 473 |
| مەدەنىيەت، ئىشخانا بۇيۇملىرى | 7427 | 811 | 6616 |
| خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرى | 510 | | 510 |
| ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىت بۇيۇملار | 7248 | 5 | 7243 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: ئالتۇن زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى | 3770 | 3 | 3767 |
| ئائىلە سايمانلىرى | 1344 | 2 | 1342 |
| بىناكارلىق ۋە بېزەش ماتېرىياللىرى | 123 | | 123 |
| بۇنىڭ ئىچىدە؛ ئائىلە بېزەش ماتېرىياللىرى | 33 | | 33 |
| خىمىيە سانائىتى ماتېرىياللىرى ۋە بۇيۇملىرى | 1441 | 1213 | 228 |
| باشقىلار | 10450 | 1882 | 8568 |

# ماددىي ئەشيا تىجارىتى

## ماددىي ئەشيا تىجارىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بازىرى مۇقىملىق ئاساسىدا جانلىنىشقا باشلىدى، ئېھتىياجنىڭ ئېشىشى تېزلەشتى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ سېتىلىشى كۆپەيدى، باھا ئۆرلەشكە باشلىدى، لېكىن تەمىنلەش ئېھتىياجدىن كۆپ بولۇشتەك بازار ھالىتىدە ئۆزگىرىش بولمىدى.

1. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بازىرىدا ئېھتىياج كېڭەيدى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ سېتىلىشى كۆپەيدى. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ماددىي ئەشيا سىستېمىسىدا 1 مىليارد 903 مىليون يۈەنلىك ماددىي ئەشيا سېتىۋېلىنىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %17.5 ئاشتى، 2 مىليارد 31 مىليون يۈەنلىك ماددىي ئەشيا سېتىلىپ، %13.5 ئاشتى. ئامبار قالدۇقى ئومۇمىي سوممىسى 178 مىليون يۈەن بولۇپ، %11.3 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلار سېتىۋالغان ماددىي ئەشيا سوممىسى 143 مىليون يۈەن بولۇپ، %15.8 ئاشتى، ساتقان ماددىي ئەشيا سوممىسى 153 مىليون يۈەن بولۇپ، %12.3 ئاشتى، ئامباردا قالغان ماددىي ئەشيانىڭ ئومۇمىي سوممىسى 62 مىليون 920

مىلق يۈەن بولۇپ، %26.2 ئازايدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈچتىن ئىككى قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ماددىي ئەشيا كارخانىلىرىنىڭ سېتىش سوممىسى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ %84.8، شىنجاڭ مېتال پاي ھەسسىدارلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ %68.3، شىنجاڭ خىمىيە - يېنىك سانائەت باش شىركىتىنىڭ %24.6، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ %50.6، ئىلى ئوبلاستىنىڭ %49.3، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ %21.3 ئاشتى.

11 چوڭ مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى ئىچىدە 6 خىلىنىڭ سېتىلىش مىقدارى ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت ۋە نېفىتتىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنىڭ %1251.9، قارا مېتال ماتېرىياللارنىڭ %46.3، رەڭلىك مېتال ماتېرىياللارنىڭ %142.3، خىمىيە سانائىتى ماتېرىياللىرىنىڭ %19.3، بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنىڭ %37.6، ئاپتوموبىللارنىڭ %5.3 ئاشتى. 15 خىل ئاساسىي ماددىي ئەشيا ئىچىدە 7 خىل ماددىي ئەشيانىڭ سېتىلىش مىقدارى ئاشتى.

2. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسى تۆۋەنلىدى. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئومۇمىي باھا سەۋىيىسى 5 - ئايدىن ئېتىبارەن ئۆرلەشكە باشلىدى ۋە مۇنداق ئۆرلەش ۋەزىيىتى يىل ئاخىرىغىچە ساقلاندى.

يىللىق ئومۇمىي ئوتتۇرىچە باھا سەۋىيىسى 1999 - يىلدىكىدىن %4.2 ئۆرلىدى. پولات ماتېرىيال، نېفىت ۋە نېفىتتىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار باھاسىنىڭ ئۆسۈشى چوڭراق بولدى، يىل ئاخىرىدا بارا - بارا مۇقىملاشتى، يىلبويى پولات ماتېرىياللارنىڭ ئومۇمىي باھا سەۋىيىسى %5.6 ئۆرلىدى.

3. ئوبوروت كارخانىلىرى زىيان تارتىش ھالىتىدىن يەنىلا قۇتۇلالمىدى. ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت ماددىي ئەشيا ئوبوروت كارخانىلىرىنىڭ تۈزۈم ئۆزگەرتىش ۋە قايتا تەشكىللەش ئارقىلىق، بازار رىقابەت ئىقتىدارى ئاز - تولا كۈچەيدى، لېكىن ئومۇمىي ئىجتىمائىي بازار ئىگىلەش نىسبىتى ئاران %5 ئەتراپىدا بولدى. كارخانىلارنىڭ تىجارىتى ناھايىتى ئاز پايدا ئېلىش ياكى پايدا ئالالماسلىق ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى، ئاپتونوم رايون بويىچە %62 كارخانا تىجارەتتە زىيان تارتتى. پايدا بىلەن زىياننى بالانس قىلغاندا، ساپ زىيان 32 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %41 كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلار 24 مىليون 370 مىڭ يۈەن زىيان تارتتى، يەنى ئۇلارنىڭ زىيىنى %86 كۆپىيىپ كەتتى. ئۇلار يىل بېشىدا تۈزۈپ چىققان زىياننى %20 ئازايتىش نىشانىغا يېتەلمىدى.

ۋاڭ لىخۇي

شىنجاڭ ماددىي ئەشيا سىستېمىسىنىڭ 2000 - يىللىق ئاساسىي ماددىي ئەشيالار مىقدارىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

| ماددىي ئەشيا نامى | بىرلىكى | مۇشۇ يىلدا سېتىۋېلىنىشى | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى - ئازايغىنى (%) | مۇشۇ يىلدا سېتىلغىنى | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى - ئازايغىنى (%) | يىل ئاخىرىدا ئامباردا قالغىنى | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى - ئازايغىنى (%) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| پولات ماتېرىيال | توننا | 140826 | 27.3 | 142052 | 24.3 | 4974 | —48 |
| ئاليۇمىن | توننا | 677 | 3661.1 | 674 | 2596 | 16 | 1500 |
| كۆيدۈرگۈچى ئىشقار | توننا | 2023 | —43.5 | 2065 | —39.6 | 203 | 59.2 |
| ساپ شۈلتا | توننا | 2681 | —41.2 | 4457 | 21.5 | 268 | 81.9 |
| كاۋچۇك | توننا | 2726 | 4.8 | 2583 | —46.8 | | |
| پولى ئېتىلېن | توننا | 28083 | 48.5 | 29022 | 39.6 | 6170 | 7.2 |
| پولىستىرېن | توننا | 4275 | 297.7 | 3800 | 309 | | |
| پولى ۋىنىل خلورىد | توننا | 578 | 115.7 | 543 | 624 | 306 | 12.9 |
| بالون | توننا | 1020 | —89.1 | 1598 | —92.2 | 2182 | 18.9 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سېمونت | توننا | 81231 | 11.4 | 78744 | −0.6 | 7420 | 36.1 |
| تاختا ئەينەك | ساندۇق | 241073 | 66.3 | 242626 | 78.9 | 24219 | −33.7 |
| ئاپتوموبىل | دانە | 8745 | −7.3 | 8869 | −12 | 658 | −5.9 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: يۈك ئاپتوموبىلى | دانە | 1362 | −31.3 | 1449 | −26.3 | 231 | 10.8 |
| پىكاپ | دانە | 4374 | −9.6 | 4385 | −14.4 | 244 | 4.7 |
| كېرەكسىز پولات - تۆمۈر | توننا | 16390 | −27.7 | 16673 | −27.9 | 5146 | −44.4 |

# تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سودىسى

## تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى سىستېمىسى بويىچە تاۋارلارنىڭ سېتىۋېلىنىش سوممىسى 13 مىليارد 424 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 17.31% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش سوممىسى 6 مىليارد 528 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 9.68% ئاشتى؛ تاۋارلارنىڭ سېتىلىش سوممىسى 16 مىليارد 583 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 8.82% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ئۈچۈن سېتىپ بېرىلگەن تاۋارنىڭكى 3 مىليارد 978 مىليون يۈەن بولۇپ، 22.68% چۈشۈپ كەتتى. دېھقانلارغا سېتىپ بېرىلگەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ سوممىسى 1 مىليارد 454 مىليون يۈەن بولۇپ، 20.89% ئازىيىپ كەتتى؛ مەزگىل ئاخىرىدا ئامباردا 4 مىليارد 736 مىليون يۈەنلىك مال قالدى. مۇشۇ بىر يىلدىكى 3 تۈرلۈك چىقىم ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 879 مىليون يۈەن بولۇپ، 22.39% ئازايدى. سىستېما بويىچە 142 مىليون يۈەن پايدا ئېلىنىپ، ئۇدا 3 يىل زىيان تارتقان ئېغىر ھالەت ئۆزگەرتىلدى. دۆلەتكە 396 مىليون يۈەن باج تاپشۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قوشۇلما قىممەت بېجى 252 مىليون يۈەن.

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە سىستېما بويىچە ئىشچى - خىزمەتچى 45 مىڭ 433 بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە پېنسىيە خىراجىتىنى بىر تۇتاش جۇغلاشقا قاتناشقىنى 36 مىڭ 937، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ئورۇن 987 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە سودا كارخانىسى 918، سانائەت كارخانىسى 52. سىستېما بويىچە تاۋار سودا (توپ سېتىش) بازىرى 34، يىللىق پۇتتۇشۇلگەن سوما 567 مىليون يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى سودا (توپ سېتىش) بازىرى 16، يىللىق پۇتتۇشۇلگەن سوممىسى 443 مىليون يۈەن، كەسىپىي كوپېراتىپ، جەمئىيەت 37، كوپېراتىپلارغا ئەزا بولغان دېھقان ئائىلىسى 5586، تاۋار بازىرى 92، يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى سېتىش سوممىسى 232 مىليون يۈەن بولدى.

كەنت دەرىجىلىك 632 ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەتلىق پونكىتى، 279 زىرائەت دوختۇرخانىسى، 16 يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئەترىتى قۇرۇلدى. 61 مىڭ 157 گېكتار ئېتىزدا تەجرىبە - ئۈلگە كۆرسىتىش قانات يايدۇرۇلدى، 291 مىڭ 925 گېكتار يەرنىڭ تۇپرىقى تەكشۈرۈلۈپ، رېتسېپقا ئاساسەن ئوغۇتلاندى، 79 مىڭ 690 ئادەم (قېتىم) تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەندى ۋە مەسلىھەت بېرىلدى.

تۆلىنىڭ

## زىياننى تۈگىتىپ، پايدىنى ئاشۇرۇش خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى سىستېمىسى ئۇدا 3 يىل ئېغىر زىيان تارتىشتەك ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىپ، سىستېما بويىچە زىياننى تۈگەتتى.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، تاۋارلارنىڭ سېتىلىشى ئۇدا كۆپەيدى، ئومۇمىي پايدا سەۋىيىسى ئۆستى، چىقىم سەۋىيىسى تۆۋەنلىدى،

مەبلەغنىڭ ئىگىلىنىپ تۇرۇشى ئازايدى، مەبلەغ ئوبوروتى تېزلەشتى، مالىيە ئەھۋالى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى زور نىسبەتتە ئۆستى. سىستېما بويىچە پايدا ـ زىياننى بالانس قىلغاندىن كېيىنكى ئومۇمىي پايدا 205 مىليون يۈەن بولۇپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن 2 مىليارد 390 مىليون يۈەن يەنى 109.4% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە پايدا ئالغان كارخانىلارنىڭ پايدا سوممىسى 415 مىليون يۈەن بولۇپ، 9.02 ھەسسە ئاشتى، پايدا ئالغان ئورۇن 1999 ـ يىلدىكى 592 دىن 625 كە يەتتى؛ زىيان تارتقان كارخانىلارنىڭ زىيان سوممىسى 2 مىليارد 227 مىليون يۈەندىن 210 مىليون يۈەنگە چۈشۈپ، 90.58% ئازايدى، زىيان تارتقان ئورۇن 440تىن 349 غا چۈشۈپ، 91 ئورۇن ئازايدى، كارخانىلارنىڭ زىيان تارتىش دائىرىسى 35.83% بولۇپ، 6.81 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى. ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلارنىڭ زىيان سوممىسى 5 مىليون 630 مىڭ يۈەن بولۇپ، 38.36% ئازايدى.

ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، سانجى ئوبلاستى بىلەن ئىلى ئوبلاستى ئۆزدا 2 يىل پايدا ئالدى؛ قاراماي شەھىرى، بايىنغولىن ئوبلاستى، تارباغاتاي ۋىلايىتى، قەشقەر ۋىلايىتى، بورتالا ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، قۇمۇل ۋىلايىتى ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستى زىياننى تۈگىتىپ، پايدىنى ئاشۇردى؛ ئىلى، ئالتاي، خوتەن، تۇرپان ۋىلايەتلىرى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى زىياننى كۆپلەپ ئازايتتى؛ شىخەنزە شەھەرلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىنىڭ زىيىنى سەل كۆپىيىپ كەتتى.

2000 ـ يىلى زىياننى تۈگىتىپ پايدا ئېلىش خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇ بولدىكى: بىرىنچىدىن، زىياننى ئازايتىش، پايدىنى ئاشۇرۇش نىسبىتى يۇقىرى، نەتىجە كۆرۈنەرلىك بولدى، بولۇپمۇ پاختا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايونلارنىڭ نەتىجىسى ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك بولدى؛ ئىككىنچىدىن، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كارخانىلارنىڭ زىياننى تۈگىتىپ پايدىنى ئاشۇرۇش نىسبىتى ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلارنىڭكىدىن يۇقىرى بولدى؛ ئۈچىنچىدىن، ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن ئىجتىمائىي ئۈنۈم ماس قەدەمدە ئاشتى.

جاۋۇبي

## يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن تەمىنلەش ۋە يۈرۈشلەشكەن مۇلازىمەت

2000 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى سىستېمىسى دېھقانلارنى 883 مىڭ توننا خىمىيىۋى ئوغۇت بىلەن تەمىنلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئازوتلۇق ئوغۇت 435 مىڭ توننا، فوسفورلۇق ئوغۇت 443 مىڭ توننا، كالىيلىق ئوغۇت 5000 توننا. دېھقانلارنى 3392 توننا دېھقانچىلىق دورىسى، 20 مىڭ 90 توننا سۇلياۋ يوپۇق بىلەن تەمىنلىدى.

ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىغا قاراشلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلار يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىدە ئاساسىي يوللۇق رولىنى پائال جارى قىلدۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئومۇمىي مىقدارنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، بازار ئارقىلىق تەڭشەش ـ تىزگىنلەش ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىگە ھەمكارلىشىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بازىرىدا مالنىڭ يېتەرلىك، مال تۈرى تولۇق، باھاسى مۇقىم بولۇش ئاساسىدا تۆۋەنلەشكە، دېھقانلارنىڭ ئەمەلىي نەپكە ئېرىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھەر دەرىجىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلىرى يەنە سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش، سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى قاتارلىق تارماقلارغا پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلىشىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بازارلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قانۇنسىز تىجارەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ساختا، ناچار يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىشلەش ـ سېتىش قىلمىشلىرىغا ۋە نامۇۋاپىق رىقابەتكە زەربە بېرىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بازىرىنىڭ تەرتىپىنى قوغدىدى.

2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى تىجارىتى قىلىدىغان كارخانىلىرى دېھقانلارغا پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىن ياخشى مۇلازىمەتلىق قىلدى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ناھىيىلىك (شەھەرلىك) يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركەتلىرى يىلبويى زىرائەت دوختۇرخانىسى ئېچىپ، دېھقانلار ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا يولۇققان قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى، تۇپراقنى تەكشۈرۈپ ئوغۇتلاش، رېتسېپقا ئاساسەن دورا سېتىش، مالنى تۆۋەنگە ئاپىرىپ بېرىش، پۇتۇننى پارچىلاپ سېتىش، ئالدىن كېلىشىۋېلىپ مال ئاپىرىپ بېرىش ۋە سەييارە مۇلازىمەتلىق قىلىشنى قانات يايدۇردى؛ بەزى ناھىيىلىك (شەھەرلىك) يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى تىجارىتى قىلىدىغان كارخانىلار



2000 - يىلى شىنجاڭ سىرتقا 922 مىڭ 700 توننا پاختا ساتتى. سۈرەتتە توشۇلۇش ئالدىدا تۇرغان تايلانغان پاختىلار.

جاۋ جۇنتەن فوتوسى

يەنە مۇلازىمەت ساھەسىنى كېڭەيتىپ، كەسپىي كوپېراتىپلارنى قۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ مال سېتىۋېلىش قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىۋېلىشىغا ياردەم بەردى، بەزىلىرى يەنە ئارىلاشما ئۇغۇت تەييارلاش زاۋۇتى قۇردى، يېڭى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئومۇملاشتۇردى. بۇلاردىن باشقا، جايلاردىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى تارماقلىرى يەنە ئۆز جايىدىكى قىشلىق پەن - تېخنىكا پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى بېسىپ تارقىتىپ، دېھقانلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىشلىتىش تېخنىكىسىنى ئۆستۈرۈشىگە ياردەم بېرىپ، جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ ۋە دېھقانلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى - مەخسۇس خىمىيۋى ئوغۇت زاۋۇتى يېزا ئىگىلىكىگە مۇلازىمەت قىلىشتى پائال قانات يايدۇردى، 2000 - يىل 10 - ئايدا مەملىكەتلىك سوپەت باشقۇرۇش جەمئىيىتى، دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتى، جۇڭخۇا مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى بىرلىكتە بۇ زاۋۇتقا «سۈپەت باشقۇرۇش بويىچە مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر كارخانا» دەپ نام بەردى، بۇ زاۋۇت ئىشلەپچىقارغان «نۇڭنۇڭنۇڭ» ماركىلىق مەخسۇس زىرائەت ئوغۇتى «شىنجاڭنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتى»، «جۇڭخۇا تەمىنات - سودا باش كوپېراتىپى داڭلىق مەھسۇلاتى» دەپ بېكىتىلدى.

لىيۇ جىن

## پاختا سېتىۋېلىش - سېتىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە پاختا مەھسۇلاتى 1 مىليون 500 مىڭ توننا بولدى. 2001 - يىل 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 1 مىليون 407 مىڭ 200 توننا (ئۇزۇن تالالىق پاختا 25 مىڭ 700 توننا) پاختا سېتىۋېلىنىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %6.31 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ يەرلىك ئورۇنلىرى سېتىۋالغان پاختا 773 مىڭ 700 توننا (ئۇزۇن تالالىق پاختا 25 مىڭ 700 توننا) بولۇپ، %12.24 ئاشتى. شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئورۇنلىرى سېتىۋالغان پاختىنىڭ ئوتتۇرىچە دەرىجىسى 1.61 بولۇپ، 1.52 دەرىجە ئۆستى؛ ئوتتۇرىچە ئۇزۇنلۇقى 28.91 مىللىمېتىر بولۇپ، 0.19 مىللىمېتىر ئۇزۇن بولدى؛ ئوتتۇرىچە پاختا نىسبىتى %37.54 بولۇپ، 0.06 پىرسەنت پوئىنتى چۈشۈپ كەتتى؛ 1-، 2-، 3 - دەرىجىلىك پاختا نىسبىتى %93.3 بولۇپ، %26.78 ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئوخشاش مەزگىلدە سىرتقا سېتىلغان پاختا 922 مىڭ 700 توننا (بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت قىلىنغىنى 22 مىڭ توننا)، ئاپتونوم رايوندىكى ئورۇنلارنى تەمىنلىگەن پاختا 186 مىڭ 900 توننا بولدى.

لىيۇ جىن

## پاختىچىلىققا يۈرۈشلەشكەن مۇلازىمەت قىلىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى سىستېمىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك پاختا - چىگە شىركەتلىرى پاختىچىلىق تېخنىكىسى بويىچە ھەرخىل تەربىيىلەش پائالىيەتلىرىنى پائال تەشكىللىدى ۋە بۇنداق پائالىيەتلەرگە پائال قاتناشتى، ھۆكۈمەت، يېزا ئىگىلىكى، پەن - تېخنىكا تارماقلىرىغا ماسلىشىپ، سورتلۇق كېۋەز يېتىشتۈرۈش، ئومۇملاشتۇرۇش ۋە تەمىنلەش خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇردى. پەن - تېخنىكا ئارقىلىق پاختىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش پائالىيىتى جەريانىدا، جايلاردىكى پاختا - چىگە شىركەتلىرى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق پاختىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش بويىچە ئۈلگە يېتىزلىرىنى بەرپا قىلىپ، پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش ئارقىلىق، سورتلۇق چىگىت ۋە ئىلغار كېۋەز ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا ناھايىتى ئوبدان ئۈلگە كۆرسىتىش ۋە تەسىر كۆرسىتىش رولىنى ئوينىدى. شىنجاڭ پاختا - چىگە شىركىتى تېخنىكا ۋە مەبلەغ جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان جايلار بىلەن بىرلىكتە پاختا

زاۋۇتلىرىنى ئۆزگەرتىش، پاختا ئاقسىلى ئىشلەش ۋە باشقا پاختا قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى ئىشلەش ئىشلىرىنى قانات يايدۇردى. شىخو شەھىرى، ماناس ناھىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ «يىنشىڭ» پاختا ئاقسىلى چەكلىك شىركىتى قۇرۇپ، 2 ـ دەرىجىلىك ساپ چىگىت يېغى ۋە زەھەرسىز پاختا ئاقسىلى ئىشلەپچىقىرىپ، چىگىتنىڭ ئۈنۈمۈبرسال پايدىلىنىش قىممىتىنى ئۆستۈرۈپ، ياخشى ئۈنۈم ياراتتى.

ليۇ جىن

## ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى

2000 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى تۈرگە ئايرىپ ئۆزگەرتىلدى، «چەت ـ ياقا، كىچىك، پايدىسى بەك ئاز، زىيان تارتقان» بىر تۈركۈم ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى ياكى قوشۇۋېتىلدى، بەزى ناھىيىلەر (شەھەرلەر) بىر ناھىيىدە بىر كوپېراتىپ بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى 1999 ـ يىلدىكى 517 دىن 495كە ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە، كوپېراتىپ نىزامنامىسى بويىچە تارقىتىۋېتىلگىنى 16، قانۇن بويىچە ۋەيران قىلىنغىنى 6. «بىر ناھىيىدە بىر كوپېراتىپ بولۇش» يولغا قويۇلغىنى 18 (بۇنىڭ ئىچىدە 14 ناھىيىلىك كوپېراتىپ قارىمىقىدا بىردىن ئاساسىي قاتلام مەركىزىي كوپېراتىپ تەسىس قىلىندى) ؛ ئىشچى ـ خىزمەتچى 4526گە ئازايتىلدى. دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ %77ى پېنسىيە مۇئەززەتتىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش جۇغلاشقا قاتناشتى.

2000 ـ يىلى جايلاردىكى تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى ۋە بازار ئېھتىياجىدىكى ئۆزگىرىشنى چۆرىدەپ، دېھقانلار بىلەن مەنپەئەت ئورتاق گەۋدىسى شەكىللەندۈرۈش ئەندىزىسى ئۈستىدە پائال ئىزدەندى، ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلارغا تايىنىپ، پاختىچىلىق، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى، ئورمانچىلىق ـ باغۋەنچىلىك، باقمىچىلىق، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، ئۆسۈملۈك ئاسراش بويىچە تۈرلۈك كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىدىن 40 نەچچىنى قۇرۇپ، جايلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈش تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا ئىجابىي رول ئوينىدى.

2000 ـ يىلى سىستېما بويىچە ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركەتلىرى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى تەقسىم قىلىش ـ يەتكۈزۈپ بېرىش مەركەزلىرى تايانچ، ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلار، زىرائەت دوختۇرخانىلىرى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى زەنجىرسىمان سېتىش دۇكانلىرى ئالدىنقى سەپ قىلىنىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى يۈرۈشكەن مۇلازىملىق سىستېمىسى قۇرۇلدى ۋە ئۈنۈمۈ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى تەقسىملەش ـ يەتكۈزۈش مەركىزىدىن 11ى، زىرائەت دوختۇرخانىسىدىن 279ى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى زەنجىرسىمان سېتىش دۇكىنىدىن 487 سى، كەنت دەرىجىلىك مۇلازىمەت پونكىتىدىن 632سى قۇرۇلدى. 291 مىڭ 925 گېكتار يەرنىڭ تۇپرىقى تەكشۈرۈلدى (رېتسېپ بويىچە ئوغۇتلىنىدىغان بولدى) ، پاختا قاتارلىق مۇھىم دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدا ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىلگىرى، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىنكى يۈرۈشلەشكەن مۇلازىملىق قانات يايدۇرۇلدى.

سۇن شىنجياڭ

## «ئىككى كەسىپ» نى يولغا قويۇش ئەھۋالى

2000 ـ يىلى شىنجاڭ تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى سىستېمىسى تېرىقچىلىق، باقمىچىلىقنى داۋاملىق چىڭ تۇتتى. يىل ئاخىرىغىچە 17 مىڭ گېكتار يەر سېتىۋالدى ۋە تېرىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلارنىڭ تېرىغىنى 7000 گېكتار، 170 مىڭ تۇياق كالا ـ قويىنى قوتاندىن چىقاردى، %55 ناھىيىلىك كوپېراتىپلار 66.7 گېكتاردىن كۆپ تېرىقچىلىق بازىسى قۇردى، قىسمەن ناھىيىلىك كوپېراتىپلار 6.7 گېكتاردىن كۆپ باغ ـ ئورمان، تېرىقچىلىق بازىسى بەرپا قىلدى، ناھىيىلىك كوپېراتىپلارنىڭ كۆپ قىسمى ئوخشاش بولمىغان كۆلەمدە كالا، قوي، چوشقا، ئۆي قۇشلىرى فېرمىلىرى قۇردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە موڭغۇلكۈرە، بورتالا، ساۋەن، خوشۇت، لوپنۇر، شايار، يوپۇرغا، كېرىيە ناھىيىلىك كوپېراتىپلارنىڭ تېرىقچىلىق كۆلىمى 333 گېكتاردىن ئاشتى، ئايرىم ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) كوپېراتىپلارنىڭ 666.7 گېكتاردىن ئاشتى. سىستېما بويىچە «ئىككى كەسىپ»نى يولغا قويۇشقا 60 مىليون يۈەندىن كۆپ مەبلەغ سېلىنىپ، 20 مىليون يۈەندىن كۆپ پايدا ئېلىندى.

سۇن شىنجياڭ

تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى سىستېمىسىنىڭ 2000 - يىللىق ئاساسىي ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرى

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| تۈرلەر | سېتىپ بولۇش |  |  |  |  |  |  |  |  | بۇنىڭ ئىچىدە: ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلارنىڭ |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
|  | جەمئىي | پاختا - چىگە | يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى | چاي - چارۋا | سانائەت ماللىرى | يەرلىك مەھسۇلات، مېۋە - چېۋە | كېرەكسىز ماددىي ئەشيا | يەرلىك سودا، چېگرا سودىسى | باشقىلار |  |
| ئاۋار سېتىش ساپ كىرىمى | 1866409 | 1452969 | 288054 | 3662 | 9133 | 3353 | 4225 | 6513 | 98500 | 91293 |
| ئاۋار سېتىش تەننەرخى | 1720251 | 1345301 | 262186 | 3347 | 8082 | 2850 | 3897 | 5650 | 88938 | 86602 |
| ئومۇمىي خىراجەت سوممىسى | 187898 | 138025 | 27006 | 1545 | 4041 | 2312 | 1914 | 779 | 12276 | 7307 |
| تىجارەت پايدىسى | 71652 | 54682 | 10546 | 34 | 308 | —137 | —251 | 251 | 6219 | 2851 |
| ساپ پايدا | 14209 | 11054 | —2057 | —1032 | —575 | —459 | 230 | 58 | 6990 | —560 |
| ئاپشۇرۇلغان قوشۇلما قىممەت بېجى | 25237 | 23352 | 38 | 39 | 267 | 117 | 303 | 64 | 1057 | 55 |
| جەمئىي ئورۇن | 987 | 102 | 168 | 48 | 91 | 45 | 24 | 8 | 501 | 482 |
| زىيان تارتقان ئورۇن سانى | 346 | 18 | 55 | 31 | 46 | 22 | 8 | 3 | 163 | 158 |
| زىيان تارتقان ئورۇنلارنىڭ زىيان سوممىسى | 20869 | 14005 | 3233 | 1044 | 913 | 407 | 44 | 26 | 1197 | 847 |
| خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچى سانى | 45438 | 21868 | 4180 | 1004 | 2373 | 1585 | 829 | 109 | 13490 | 8213 |

# ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش

## ئاشلىق خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2000 - ئاشلىق يىلى (2000 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 2001 - يىل 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە) دا شىنجاڭ بويىچە ئېلىنغان ئاشلىق 8 مىليارد 300 مىليون كىلوگرام بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن تەخمىنەن 300 مىليون كىلوگرام ئازىيىپ كەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىۋېلىنغان ئاشلىق 1 مىليارد 430 مىليون كىلوگرام بولۇپ، 200 مىليون كىلوگرام ئازىيىپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە سېتىۋېلىنغان بۇغداي 1 مىليارد 250 مىليون كىلوگرام بولۇپ، 110 مىليون كىلوگرام ئازايدى؛ سېتىۋېلىنغان كۆممىقوناق 130 مىليون كىلوگرام بولۇپ، 90 مىليون كىلوگرام ئازايدى. سېتىۋېلىنغان ئاشلىقنىڭ ئاز بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەبلەر مۇنداق: (1) شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىدە تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش سالمىقىنى ئاشۇرغاچقا، ئاشلىق زىرائەتلىرى تېرىلغۇ كۆلىمى ۋە ئومۇمىي مەھسۇلات ئازىيىپ كەتتى؛ (2) شىنجاڭ ئاشلىقى كىشى بېشىغا 300 كىلوگرامدىن توغرا كەلمىگەن دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ دۆلەتكە توختام بويىچە ئاشلىق سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئازايتىشقا، كەچۈرۈم قىلىشقا بولىدۇ دېگەن

سىياسەتنى چىقارغانلىقتىن، 42 مىليون كىلوگرام سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسى ئازايتىلدى ۋە كەچۈرۈم قىلىندى؛ (3) ئاپتونوم رايوننىڭ تەستىقلىشى بىلەن باشلامچى كارخانىلار بېزىلاردىن بىۋاسىتە ئاشلىق سېتىۋالسا بولىدۇ، دېگەن سىياسەتكە بىنائەن، بۇ كارخانىلار تەخمىنەن 50 مىليون كىلوگرام ئاشلىق سېتىۋالدى؛ (4) بەزى خۇسۇسىي كارخانىلار، يەككە پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلىرى تەستىقلاتمايلا بېزىلاردىن بىۋاسىتە ئاشلىق سېتىۋالدى.

2000 - ئاشلىق يىلىدا شىنجاڭ بويىچە سېتىۋېلىنغان ياغ (ياغلىق دان، چىگىت يېغى) 56 مىليون 220 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 2 مىليون 200 مىڭ كىلوگرام ئازىيىپ كەتتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىلغان ئاشلىق 1 مىليارد 620 مىليون كىلوگرام بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 41 مىليون 280 مىڭ كىلوگرام ئاشتى، پىلان %108 ئورۇندىلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىقنىڭ سېتىلىشى يىلدىن يىلغا ئازىيىپ كېتىشتەك ھالەت دەسلەپكى قەدەمدە ئوڭشالدى. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبلىرى مۇنداق: بىرىنچىدىن، ئاشلىقنىڭ سېتىلىشىغا تۈرتكە بولۇشقا دائىر ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى تۈزۈپ چىقىلىپ، جايلارنىڭ ئاشلىقنى پائال سېتىشىغا ئىلھام بېرىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭدىن چىقىرىلغان بۇغدايلا 270 مىليون كىلوگرامغا يەتتى؛ ئىككىنچىدىن، ئاپتونوم رايون ئوتتۇرىغا قويغان كونا ئاشلىقنى يېڭى باھادا سېتىش سىياسىتى ئاشلىقنىڭ سېتىلىشىغا تۈرتكە بولدى؛ ئۈچىنچىدىن، ئالدىنقى يىل قىشتىن تارتىپ 2000 - يىل ئەتىيازغىچە قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا بىر قەدەر ئېغىر قار ئاپىتى بولغانلىقتىن، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ چارۋىلارنى قوغداپ قېلىشقا كېرەكلىك يەم - بوغۇز ۋە ئاپەت بولغان جايلارنىڭ ئوزۇقلۇققا كېرەكلىك ئاشلىقنىڭ سېتىلىشى كۆپلەپ ئاشتى. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سېتىلغان ياغ 31 مىليون 620 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 19 مىليون 60 مىڭ كىلوگرام ئاز بولدى.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئامباردىكى ئوبوروت ئاشلىقى 2 مىليارد 800 مىليون كىلوگرام بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 240 مىليون كىلوگرام ئازايدى. ئاشلىقنىڭ سېتىلىشى سېتىۋېلىنىش مىقدارىدىن كۆپ بولغاچقا، ئاپتونوم رايون بويىچە ئامباردىكى ئاشلىق مىقدارى ئاشلىق ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئازىيىپ كەتتى.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ تىجارىتى داۋاملىق ياخشىلاندى، زىيان سەل - پەل ئازايدى. ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرىنىڭ زىيىنى 103 مىليون يۈەن بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 44 مىليون يۈەن يەنى %30 ئازايدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق - ياغ ساناﺋىتى كارخانىلىرىنىڭ زىيىنى 30 مىليون 290 مىڭ يۈەن بولۇپ، 25 مىليون 480 مىڭ يۈەن ئازايدى، يەم - بوغۇز ساناﺋىتى كارخانىلىرىنىڭ زىيىنى 2 مىليون 240 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2 مىليون 730 مىڭ يۈەن ئازايدى.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سىستېمىسى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇردى. بىرىنچىدىن، دېھقانلارنىڭ ئېشىنچا ئاشلىقىنى قوغدىسا باھا بويىچە كەڭ كۆلەمدە سېتىۋالدى؛ ئىككىنچىدىن، ئاشلىقنى ئاكتىپ باھا بويىچە سېتىشتا داۋاملىق چىڭ تۇردى؛ ئۈچىنچىدىن، كارخانا ئىسلاھاتى، تۈزۈم ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى؛ تۆتىنچىدىن، ئاشلىق سېتىش سالمىقىنى ئاشۇردى؛ بەشىنچىدىن، ئاشلىق ساقلاش خىزمىتىنى كۈچەيتتى؛ ئالتىنچىدىن، شىنجاڭدا مەركەزنىڭ زاپاس ئاشلىق ئامبىرى قۇرۇش خىزمىتىگە پائال قاتناشتى ۋە رەھبەرلىك، تەشكىللەشنى چىڭ قىلدى.

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئاشلىق خىزمىتىدە يەنىلا تۆۋەندىكىدەك بەزى گەۋدىلىك مەسىلىلەر ساقلاندى: ئايرىم جايلارنىڭ قوغدىسا باھادا سېتىۋېلىش دائىرىسىدىن چىقىرىۋېتىلگەن ئاشلىقلارنى سېتىۋېلىش ئاكتىپلىقى يۇقىرى بولمىدى؛ ئاشلىق ئامبارلىرى يېتىشمەسلىك زىددىيىتى يەنىلا گەۋدىلىك بولدى؛ ئامباردىكى ئاشلىقنىڭ باھاسى يۇقىرى بولغاچقا، ئاكتىپ باھادا سېتىش تەس بولدى؛ ئامباردىكى ئاشلىقلار كونىراپ كېتىش مەسىلىسى يىلدىن يىلغا ئېغىرلاشتى؛ ئاشلىق سۈپىتى يۇقىرى ئەمەس، بەزى جايلاردا ئاشلىق سۈپىتى ناچارراق بولغاچقا، بازار ئېھتىياجىغا، بولۇپمۇ ئاپتونوم رايون سىرتىنىڭ ۋە چەت ئەل بازارلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالماي قالدى؛ دۆلەت ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى يەنىلا ئارقىدا قالدى، باشقۇرۇش سەۋىيىسى تۆۋەنرەك، تىجارەت تەننەرخى يۇقىرىراق بولۇش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى بولماسلىق مەسىلىلىرى تېخى تۈپتىن ئۆزگەرگىنى يوق، كارخانىلارنىڭ خادىملىرى يەنىلا بىر قەدەر كۆپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىش قەدىمى ئاستىراق بولماقتا.

لى شياۋ

## ئاشلىقنى كەڭ كۆلەمدە سېتىۋېلىش ئەھۋالى

2000 - ئاشلىق يىلىدا شىنجاڭدىكى دۆلەت ئىلكىدىكى

ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرى دېھقانلارنىڭ ئېشىنچا ئاشلىقىنى قوغدىسا باھا بويىچە كەڭ كۆلەمدە سېتىۋېلىش سىياسىتىدە چىڭ تۇردى، ئىلى ئوبلاستى، ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىرى ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىنغان ئاشلىق 850 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى %78.6 ئورۇندالدى. بۇنىڭ ئىچىدە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىنغان بۇغداي 820 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، پىلان %79.8 ئورۇندالدى. ئاشلىق سېتىۋېلىشتا جايلاردىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىلىرى ئامبار زاپىسى زور بولۇش، خىراجەت قىس بولۇش، ساقلاش زىددىيىتى گەۋدىلىك بولۇشتەك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، دېھقانلارنىڭ ئېشىنچا ئاشلىقىنى كەڭ كۆلەمدە سېتىۋېلىش سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، قوغدىسا باھا بويىچە يىل بويى ھەر ۋاقىت باھا تاختىيى ئېسىپ كەڭ كۆلەمدە ئاشلىق سېتىۋالدى، ئاشلىق سېتىۋېلىشتا چەك قويۇش، ئاشلىق سېتىۋېلىشنى رەت قىلىش، ئاشلىق سېتىۋېلىشنى توختىتىپ قويۇش ئەھۋاللىرى ئاساسىي جەھەتتىن كۆرۈلمىدى، باھانە - سەۋەب كۆرسىتىپ ئاشلىقنىڭ دەرىجىسىنى ۋە باھاسىنى تۆۋەنلىتىۋېتىش ياكى شەكلى ئۆزگەرگەن ھالدا باھانى تۆۋەنلىتىپ ئاشلىق سېتىۋېلىش ئەھۋاللىرىمۇ كۆرۈلمىدى، كۆپ خىل ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر قوللىنىلىپ دېھقانلارنىڭ ئاشلىق سېتىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىلدى.

لى شياۋ

## ئاشلىقنىڭ سېتىلىشىنى تېزلىتىش

ئاشلىقنىڭ سېتىلىش مىقدارىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، 2000 - يىلى شىنجاڭ «كونا ئاشلىقنى يېڭى باھادا سېتىش، بىر تەرەپتىن سېتىۋېلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن سېتىش» سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، سېتىشقا تۈرتكە بولىدىغان ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى داۋاملىق يولغا قويدى ھەم سىياسەتنى مۇۋاپىق تەڭشىدى. 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى مالىيە نازارىتى بىلەن ئاشلىق ئىدارىسى بىرلىكتە «سېتىلغان ئاشلىق ئۈچۈن مالىيىدىن قوشۇمچە ياردەم بېرىشكە ئالاقىدار ئىشلار توغرىسىدا قوشۇمچە ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، ئاشلىق كارخانىلىرى ساتقان ھەر تونىنا بۇغدايىنىڭ ئاپتونوم رايون دائىرىسىدىكى كىراسى ئۈچۈن ھەر كىلومېتىرىغا 0.2 يۈەن قوشۇمچە ياردەم بېرىلىدۇ؛ خوتەن ۋىلايىتى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قاغىلىق ناھىيىسى، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ چەرچەن، چاقىلىق ناھىيىلىرى ساتقان ھەر بىر كىلوگرام قوناق ئۈچۈن 0.4 يۈەن قوشۇمچە ياردەم بېرىلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى بىرلىكتە «ئاشلىقنىڭ سېتىلىشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن مالىيىدىن قوشۇمچە ياردەم بېرىش سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق كارخانىلىرى ئاپتونوم رايون سىرتىغا، دۆلەت سىرتىغا ساتقان بۇغداي (ئۈرۈمچى، قاراماي، شىخەنزە، تۇرپان قاتارلىق جايلار بۇنىڭ سىرتىدا)، ئاپتونوم رايوندىكى ئاشلىق كارخانىلىرى ئاپتونوم رايون سىرتىغا ساتقان ئۇن، 1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن ئىلگىرى ئامبارغا كىرگۈزۈلگەن كونا كۆممىقوناق، 1998 - يىلدىن ئىلگىرى ئامبارغا كىرگۈزۈلگەن كونا گۈرۈچلەر ئۈچۈن مالىيىدىن قوشۇمچە ياردەم بېرىلىدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلىدى. قوشۇمچە ياردەم ئۆلچىمى توغرىسىدا مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: بۇغدايىنىڭ ئامباردىن چىقىرىلىش باھاسى ئاپتونوم رايون بويىچە بىردەك 2000 - يىللىق 2 - باھا رايونىدىكى 3 - دەرىجىلىك ئارىلاش كۈزگى بۇغدايىنىڭ ئامباردىن چىقىرىلىش باھاسى (ھەر كىلوگرامى 1.15 يۈەن) بويىچە بولىدۇ، 1 - باھا رايونى بىلەن 2 - باھا رايونى ئارىسىدىكى باھا پەرقى چىقىمى ئۈچۈن ئاپتونوم رايون مالىيىسى قوشۇمچە ياردەم بېرىدۇ، 3 -، 4 - باھا رايونلىرى بىلەن 2 - باھا رايونى ئارىسىدىكى باھا پەرقى كىرىمىنى ئاپتونوم رايون مالىيىسى تۆمۈريول، تاشيول ترانسپورتى كىرا قوشۇمچە ياردەم پۇلىدىن مۇۋاپىق تۇتۇپ قالىدۇ؛ ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە تاشيول كىراسى ئۈچۈن ھەر كىلومېتىرغا 0.25 يۈەن كىرا ئۆلچىمى بويىچە مالىيە قوشۇمچە ياردىمى بېرىلىدۇ. 1999 - يىل 6 - ئايدا ئاشلىقنىڭ سېتىلىشىغا تۈرتكە بولۇش بويىچە ئېتىبار بېرىش سىياسىتى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايون بويىچە 650 مىليون كىلوگرام ئاشلىق كۆپ سېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 310 مىليون كىلوگرام، كۆممىقوناق 340 مىليون كىلوگرام.

لى شياۋ

## ئاشلىق كارخانىلىرى ئىسلاھاتى

2000 - يىلى شىنجاڭ ئاشلىق سىستېمىسى ئاشلىق كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى ۋە تۈزۈم ئۆزگەرتىشنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇردى. ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى 289 ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كارخانىسى ئىچىدە ھۆددىگە بېرىش، ئىجارىگە ئېلىش، قوشۇۋېلىش، بىرلىشىش، پاي تۈزۈمى قاتارلىق كۆپ خىل ئىسلاھات شەكلىنى قوللانغانلىرى %60كە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 14 پىرسەنت پوئىنتى كۆپەيدى. شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ گۇرۇھى، سانجى «تەڭرىتاغ» ئۇن گۇرۇھى، «تەيكۇن» گۇرۇھى، «كاڭخۇېي» ئاشلىق - ياغ گۇرۇھى، ئىلى «كاڭدا» گۇرۇھى، «بىشى» ياغ چەكلىك شىركىتى، «كاڭيۇەنبېي» دادۇر چەكلىك شىركىتى، ئاقسۇ «ئالتۇندان» چەكلىك شىركىتى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق

ئاشلىق - ياغ سودا - سانائەت شىركىتى قاتارلىق ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايلارنىڭ ھەتتا پۈتكۈل ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىقتىسادىدا بىر قەدەر ياخشى تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان بىر تۈركۈم باشلامچى تايانچ كارخانىلار مەيدانغا كەلدى. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە «غەربىي دىيار»، «تەڭرىتاغ»، «مىچۈەن»، «ئالتۇن شىر»، «تەيكۇن»، «كاڭدا»، «بىشى» (قورۇما ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئالىي دەرىجىلىك ياغ، ئالىي دەرىجىلىك ئاپتاپپەرەس يېغى) قاتارلىق 8 تۈرلۈك مەھسۇلات ئاپتونوم رايون بويىچە داڭلىق مەھسۇلات بولۇپ باھالاندى، يەنە 12 تۈرلۈك مەھسۇلات باھالاشقا ئىلتىماس قىلىندى. ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ئاشلىق كەسپىنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتتى، مۈلۈكچىلىك چەك - چېگرىسىنى ۋە تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، كۆلىمى چوڭراق ئاشلىق كارخانىلىرىنى سىياسەت جەھەتتىن يۆلىدى. ئاپتونوم رايون «تيەنكاڭ»، «جېڭدا»، «تەيكۇن»، «غەربىي دىيار» قاتارلىق كارخانىلارنىڭ يېزىلارغا بېرىپ بۇغداينى بىۋاسىتە سېتىۋېلىشىنى ياكى رايون ئاتلاپ كۆممىقوناق سېتىۋېلىشىنى تەستىقلىدى، ئۇلارنى ئاشلىق ساھەسىدە «زاكازلىق يېزا ئىگىلىكى»نى راۋاجلاندۇرۇشقا قاتنىشىشقا يېتەكلەپ، ئاشلىق پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئاساس قىلغان كەسپلەشكەن تىجارەتنى ئىلگىرى سۈردى.

لى شياۋ

## ئاشلىق - ياغ سانائىتى

2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى 115 ئاشلىق - ياغ سانائىتى كارخانىسى سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنى 970 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە، سانائەت قوشۇلما قىممىتىنى 210 مىليون يۈەنگە يەتكۈزدى. 450 مىڭ توننا ئاشلىق پىششىقلاپ ئىشلىدى، 118 مىڭ توننا ئۆسۈملۈك يېغى، 4338 توننا يېمەكلىك، 150 مىڭ توننا ھەرخىل يەم - بوغۇز ئىشلەپچىقاردى. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ئورۇنلىرى باشقۇرۇشىدىكى سانائەت كارخانىلىرى 32 مىليون 220 مىڭ يۈەن زىيان تارتتى، 46 كارخانا 24 مىليون 250 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى؛ 69 كارخانا 56 مىليون 470 مىڭ يۈەن زىيان تارتتى. زىيان تارتىشنىڭ ئاساسىي سەۋەبلىرى مۇنداق: 1) دۆلەت ئاشلىق كارخانىلىرى باشقۇرۇشىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات تەننەرخى يۇقىرى، ئۈنۈمى تۆۋەن، بازاردا رىقابەتلىشىش ئىقتىدارى يېتەرسىز بولدى؛ 2) قىسمەن تىجارەت خاراكتېرىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرى تارىختىن قالغان سىلىقى ئېغىر، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ۋە باشقۇرۇش سەۋىيىسى بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالمىدى، كارخانىلارنىڭ قەرز ئېلىشى بىر قەدەر تەس بولدى؛ 3) بىر قىسىم جايلاردا كارخانىلارنىڭ جايلىشىشى مۇۋاپىق بولمىدى، قارىغۇلارچە كۆپەيتىش، تەكرار قۇرۇش مەسىلىلىرى ساقلاندى؛ 4) ئىسلاھ قىلىنغان، تۈزۈم ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، قىسمەن دۆلەت ئاشلىق سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ يوشۇرۇن زىيىنى پەيدىنپەي ئاشكارىلىنىپ چىقتى.

لى شياۋ

# تاشقى ئىقتىساد - سودا

## تاشقى ئىقتىساد - سودا ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 2 مىليارد 264 مىليون دوللارغا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 28.27% ئاشتى. ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليارد 204 مىليون 90 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 17.19% ئاشتى. يەنى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ 7.30%نى، مەملىكەت بويىچە ئېكسپورت سوممىسىنىڭ 0.48%نى ئىگىلىدى.

ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى مۇنداق بولدى: دەسلەپكى مەھسۇلاتلارنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 360 مىليون 30 مىڭ دوللار بولۇپ، ئېكسپورت سوممىسىنىڭ 29.9%نى ئىگىلىدى؛ سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 344 مىليون 60 مىڭ دوللار بولۇپ، 70.1%نى ئىگىلىدى.

ئېكسپورت تاۋارلىرى 99 دۆلەت ۋە رايونغا سېتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، قازاقىستانغا سېتىلغان تاۋارلارنىڭ قىممىتى 508 مىليون 870 مىڭ دوللار بولۇپ، ئېكسپورت سوممىسىنىڭ 42.26%نى؛ شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونغا سېتىلغانلىرىنىڭ قىممىتى 104 مىليون 980 مىڭ دوللار بولۇپ، 8.72%نى؛ قىرغىزىستانغا سېتىلغانلىرىنىڭ قىممىتى 104 مىليون 370 مىڭ دوللار بولۇپ، 8.67%نى؛ كورېيىگە سېتىلغانلىرىنىڭ قىممىتى 89 مىليون 870 مىڭ دوللار بولۇپ، 7.42%نى؛ ھىندونېزىيىگە چىقىرىلغانلىرىنىڭ قىممىتى 61 مىليون 530 مىڭ دوللار بولۇپ، 5.11%نى؛ ئامېرىكىغا چىقىرىلغانلىرىنىڭ قىممىتى 48 مىليون 980 مىڭ دوللار بولۇپ، 3.13%نى؛ مالايسىياغا چىقىرىلغانلىرىنىڭ قىممىتى 29 مىليون 940 مىڭ دوللار بولۇپ، 2.49%نى ئىگىلىدى.

ئىمپورت سوممىسى 1 مىليارد 59 مىليون 910 مىڭ دوللار بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 43.64% ئاشتى.

ئىمپورت تاۋارلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى مۇنداق بولدى: دەسلەپكى مەھسۇلاتلارنىڭ ئىمپورت سوممىسى 465

مىلىيون 30 مىڭ دوللار بولۇپ، ئىمپورت سوممىسىنىڭ %43.87نى؛ سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىمپورت سوممىسى 594 مىلىيون 880 مىڭ دوللار بولۇپ، ئىمپورت سوممىسىنىڭ %56.13نى ئىگىلىدى.

47 دۆلەت ۋە رايوندىن تاۋار ئىمپورت قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە قازاقىستاندىن ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ قىممىتى 670 مىلىيون 460 مىڭ دوللار بولۇپ، ئىمپورت سوممىسىنىڭ %63.26نى؛ ئىتالىيىدىن ئىمپورت قىلىنغانلىرىنىڭ 70 مىلىيون 830 مىڭ دوللار بولۇپ، %6.68نى؛ قىرغىزىستاندىن ئىمپورت قىلىنغانلىرىنىڭ 66 مىلىيون 990 مىڭ دوللار بولۇپ، %6.32نى؛ ئامېرىكىدىن ئىمپورت قىلىنغانلىرىنىڭ 51 مىلىيون 880 مىڭ دوللار بولۇپ، %4.89نى؛ روسىيىدىن ئىمپورت قىلىنغانلىرىنىڭ 49 مىلىيون 320 مىڭ دوللار بولۇپ، %4.65نى؛ گېرمانىيىدىن ئىمپورت قىلىنغانلىرىنىڭ 15 مىلىيون 990 مىڭ دوللار بولۇپ، %1.51 نى؛ كورېيىدىن ئىمپورت قىلىنغانلىرىنىڭ 15 مىلىيون 720 مىڭ دوللار بولۇپ، %1.48نى؛ ياپونىيىدىن ئىمپورت قىلىنغانلىرىنىڭ 14 مىلىيون 690 مىڭ دوللار بولۇپ، %1.39نى ئىگىلىدى.

گۇەن چۈن

## 2000، ئۈرۈمچى تاشقى ئىقتىساد ـ سودا يەرمەنكىسى

بۇ يەرمەنكە 2000 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 8 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يەرمەنكىگە 38 دۆلەت ۋە رايون ھەم دۆلەت ئىچىدىكى 28 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەردىن كەلگەن 11 مىڭ جۇڭگولۇق، چەت ئەللىك سودىگەر ۋە ئەمەلدار قاتناشتى. تاشقى ئىقتىساد ـ سودا بويىچە ئىمزالانغان توختام سوممىسى 1 مىليارد 582 مىلىيون دوللار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە تاشقى سودا ئېكسپورتى بويىچە پۈتۈشۈش سوممىسى 486 مىلىيون دوللار، ئىمپورت بويىچە زاكاس قىلىنغان مال قىممىتى 572 مىلىيون دوللار، تاشقى ئىقتىساد ـ تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى بويىچە پۈتۈشۈلگەن تۈر قىممىتى 524 مىلىيون دوللار؛ ئىچكى سودا ۋە ئىقتىساد ـ تېخنىكا ھەمكارلىقى تۈرىدە پۈتۈشۈلگەن سومما 22 مىليارد 832 مىلىيون يۈەن خەلق پۇلى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىچكى سودىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 12 مىليارد 245 مىلىيون يۈەن خەلق پۇلى، ئىقتىساد ـ تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىدە پۈتۈشۈلگەن سومما 10 مىليارد 587 مىلىيون يۈەن خەلق پۇلى.

گۇەن چۈن

ئېكسپورت سوممىسى 20 مىلىيون دوللاردىن ئاشقان تاۋارلار

| سومما تۈرى | تاۋار نامى | ئېكسپورت سوممىسى (10 مىڭ دوللار) | ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|
| 200 مىلىيون دوللاردىن ئاشقىنى 2 خىل | پاختا، ئاياغ كىيىم | 47585 | 39.52 |
| 70 — 90 مىلىيون دوللارغىچە بولغىنى 2 خىل | پاختا يىپ، كىيىم ـ كېچەك | 15964 | 13.26 |
| 20 — 50 مىلىيون دوللارغىچە بولغىنى 5 خىل | پەمىدۇر قىيامى، پاختا رەخت، بوللۇق شايى، يۇڭ پوپايكا، سىرلانغان ئائىلە سايمانلىرى | 15764 | 13.09 |
| جەمئىي | 9 خىل | 79313 | 65.87 |

ئىمپورت سوممىسى 10 مىليون دوللاردىن ئاشقان تاۋارلار

| سومما تۈرى | تاۋار نامى | ئىمپورت سوممىسى (10 مىڭ دوللار) | ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|
| 100 مىليون دوللاردىن ئاشقىنى 4 خىل | كېرەكسىز مىس، ئاليۇمىن، پولات، سوغۇق پروكاتلانغان پولات تاختا | 46074 | 43.47 |
| 20 — 100 مىليون دوللارغىچە بولغىنى 4 خىل | پاختا تىۋىتى، قىزىق پروكاتلانغان پولات تاختا، ئاليۇمىن ۋە ئاليۇمىن قېتىشمىسى، مىس ۋە مىس قېتىشمىسى | 21190 | 19.99 |
| 10 — 20 مىليون دوللارغىچە بولغىنى 6 خىل | خىمىيىۋى ئوغۇت، قوي يۇڭى، پولىئېتىلېن، كالا تېرىسى، داتلاشماس پولات تاختا، ئىچىملىك ۋە يېمەكلىك قاچىلاش ئۈسكۈنىلىرى | 9016 | 8.51 |
| جەمئىي | 14 خىل | 76280 | 71.97 |

گۈەن چۈن

## چېگرا سودىسى

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ چېگرا سودىسىدا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليارد 319 مىليون 700 مىڭ دوللارغا يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسى سوممىسىنىڭ %29. 58نى ئىگىلەپ، 1999 - يىلدىكىدىن %29 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئېكسپورت سوممىسى 580 مىليون 200 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %1. 21 ئاشتى. ئېكسپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار: تۇخۇم، مېۋە - چېۋە، كۆكتات، ئالما، چاي، ئۇن، كالا گۆشى كونسېرۋاسى، تەييار چۆپ، پەمىدۇر قىيامى، هاراق، تەييار ياغ، سىر، سۇلياۋ ۋە سۇلياۋ بويۇم، چامادان - سومكا، تام قەغىزى، نىلون رەخت، خىمىيىۋى تالالىق ئارىلاشما رەخت، كىيىم - كېچەك، ئاياغ كىيىم، ساپال قاچا - قۇچا، مېتال كەپشەر چوكىسى، ئاككۇمۇلياتور، رەڭلىك تېلېۋىزور، كۆزەينەك، سائەت، چىراغ، ئويۇنچۇق قاتارلىقلار. ئىمپورت سوممىسى 739 مىليون 500 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %42. 64 ئاشتى، ئىمپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار: پاختا تىۋىتى، مىس رۇدىسى، نافتالىن، ئاليۇمىن ئوكسىدى، سۇلفات تۇزى، ئىككى خروملۇق ناترىي كىسلاتاسى، خىمىيىۋى ئوغۇت، پولى ئېتىلېن، كالا تېرىسى، ئات تېرىسى، ياغاچ، تىلىنغان تاختاي، قەغەز بوتقىسى، پىلە غوزىسى، قوي يۇڭى، كېرەكسىز پولات، پولات ماتېرىيال، مىس ۋە مىس قېتىشمىسى، كېرەكسىز مىس، ئاليۇمىن ۋە ئاليۇمىن قېتىشمىسى، كېرەكسىز ئاليۇمىن قاتارلىقلار.

گۈەن چۈن

## قازاقىستان بىلەن بولغان سودا

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ قازاقىستان بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليارد 179 مىليون 330 مىڭ دوللار بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسىنىڭ %09. 52نى ئىگىلەپ، 1999 - يىلدىكىدىن %31. 27 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 508 مىليون 870 مىڭ دوللار بولۇپ، %76. 9 ئاشتى. ئېكسپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار: ئالما، گۈرۈچ، پەمىدۇر قىيامى، دورا - دەرمەك، غاڭزا تاماكىسى، كوكس، ئىسپىرت، تەييار ياغ، پولىئېتىلېنلىق سىر، سۇرمەتاش، دېۋىرقاي، سۇلياۋ پول، ئېتىلېن تاغار، سۇلياۋ قاچا - قۇچا، چامادان - سومكا، تام قەغىزى، سۈنئىي تالالىق رەخت، كىيىم - كېچەك، ئاياغ كىيىم، مېتال كەپشەر چوكىسى، قۇدۇق قېزىش ماشىنىلىرى زاپچاسلىرى، رەڭلىك تېلېۋىزور، ئۆي جاھازلىرى، چىراغ، ئويۇنچۇق قاتارلىقلار، ئىمپورت سوممىسى 670 مىليون 400 مىڭ دوللار بولۇپ، %93. 44 ئاشتى. ئىمپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار: تۇگۈلتىلگەن بېلىق، تىۋىت، تاش پاختا، تۆمۈر رۇدىسى، مىس رۇدىسى، نافتالىن، ئاليۇمىن ئوكسىدى، ئىككى خروملۇق ناترىي كىسلاتاسى، خىمىيىۋى ئوغۇت، تېرە، ياغاچ، تىلىنغان تاختاي، قەغەز بوتقىسى، پىلە غوزىسى، قوي

يۇغلى، كېرەكسىز پولات، پولات ماتېرىيال، كېرەكسىز مىس، مىس ۋە مىس قېتىشمىسى قاتارلىقلار.

گۈەن چۈن

## قىرغىزىستان بىلەن بولغان سودا

2000 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ قىرغىزىستان بىلەن بولغان ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودا سوممىسى 171 مىليون 370 مىڭ دوللار بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىمپورت ئېكسپورت سودا سوممىسىنىڭ 7.57%نى ئىگىلەپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن 29.96% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 104 مىليون 380 مىڭ دوللار بولۇپ، 4.49% ئاشتى. ئېكسپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار: گۈرۈچ، ناتىرىي سىلىكات، يۇڭ توقۇلما، بويالغان نېلون رەخت، خىمىيۋى تالالىق يۇڭلۇق شايى، نېلون پايپاق، ئاياغ كىيىم، ئۇن تارتىش ماشىنىسى قاتارلىقلار. ئىمپورت سوممىسى 66 مىليون 990 مىڭ دوللار بولۇپ، 109.54% ئاشتى. ئىمپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار: قىسقا پاختا تېۋىتى، سىماپ، كالا تېرىسى، ئات تېرىسى، قوي تېرىسى، كېرەكسىز مەشۇت، قوي يۇڭى، كېرەكسىز پولات، كېرەكسىز مىس، كېرەكسىز ئاليۇمىن قاتارلىقلار.

گۈەن چۈن

## موڭغۇلىيە بىلەن بولغان سودا

2000 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ موڭغۇلىيە بىلەن بولغان ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودا سوممىسى 7 مىليون 110 مىڭ دوللار بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودا سوممىسىنىڭ 0.31%نى ئىگىلەپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن 37.26% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 3 مىليون 810 مىڭ دوللار بولۇپ، 23.30% ئاشتى. ئېكسپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار: ئۇن، ئىسپىرت، تەييارماي، سېمونت، سۇلياۋ پول، گېنېراتور، دىزېل ماتورلۇق يۈك ماشىنىسى قاتارلىقلار. ئىمپورت سوممىسى 3 مىليون 300 مىڭ دوللار بولۇپ، 57.89% ئاشتى. ئىمپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار: ئات يايلى ۋە قۇيرۇقى، كالا تېرىسى، ئات تېرىسى، قوي تېرىسى، قوي يۇڭى، ئۆچكە تېۋىتى قاتارلىقلار.

گۈەن چۈن

## پاكىستان بىلەن بولغان سودا

2000 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ پاكىستان بىلەن بولغان ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودا سوممىسى 21 مىليون 280 مىڭ دوللار بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودا سوممىسىنىڭ 0.94%نى ئىگىلەپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن 30.55% ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 14 مىليون 890 مىڭ دوللار بولۇپ، 45.34% ئازايدى. ئېكسپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار: سۇلياۋ بۇيۇملار، رېزىنكە بالون، چامادان ـ سومكا، پاختا، خىمىيۋى تالالىق گۈللۈك رەخت، كىيىم ـ كېچەك، يۇڭ ئەدىيال، چىدىر، ئاياغ كىيىم، ساپال قاچا ـ قۇچىلار، ئەينەك قازان ـ قومۇچ، دىزېل ماتور سەپلىمىلىرى، ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى، كۆزەينەك، ئويۇنچۇق، ھەرخىل مەدەنىي بۇيۇملار. ئىمپورت سوممىسى 6 مىليون 390 مىڭ دوللار بولۇپ، 87.94% ئاشتى، ئىمپورت قىلىنغان ئاساسلىق تاۋارلار: بادام، خورما، قىسقا پاختا تېۋىتى، پارافىتالىك كىلاتا، مىس بۇيۇملار، بېرىتسۋا قاتارلىقلار.

گۈەن چۈن

## جۇڭگو سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئومۇمىي خىزمەت ئەھۋالى

1. سودىگەر چاقىرىپ، مەبلەغ كىرگۈزۈپ، ئىچكى جەھەتتىن جەلپ قىلىش، سىرتقى جەھەتتىن ھەمكارلىشىش دائىرىسىنى كېڭەيتتى. 2000 ـ يىلى جۇڭگو سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى كورېيە، ياپونىيە، فرانسىيە، كانادا، ئاۋستىرالىيە، ئىتالىيە، ياۋروپا ئىتتىپاقى، پاكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان، لاتۋىيە، سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئىران، ئافغانىستان ھەم شياڭگاڭ قاتارلىق 15 دۆلەت ۋە رايوندىن شىنجاڭغا زىيارەتكە كەلگەن 23 ئۆمەك، گۇرۇپپىدىكى 238 چەت ئەللىك سودىگەرنى كۈتۈۋالدى.

شۆبە جەمئىيەت كورېيە سودا ـ مەبلەغ سېلىشنى گۈللەندۈرۈش جەمئىيىتى بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇمچى 2000 ـ يىللىق جۇڭگو ـ كورېيە سودا ـ مەبلەغ سېلىش بويىچە كېڭىشىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىنغا كورېيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى چۇەن بىڭشۇەن قاتارلىق ئەمەلدارلىرى ۋە 41 كارخانىدىن 65 كىشى، شىنجاڭنىڭ 62 كارخانىسىدىن 200 نەچچە كىشى قاتناشتى، يىغىن كۆزلىگەن نەتىجىگە ئېرىشتى. ياپونىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق سابىق باش ئەلچىسى زوتېڭ باشچىلىقىدىكى ياپونىيە خەلقئارا سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى غەربىي رايوننى تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى 31 كىشى شىخەنزە ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى، كۈيتۇڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى، سانجى ئوبلاستىدىكى مۇناسىۋەتلىك كارخانىلاردا تەكشۈرۈشتە بولدى، جۇڭگو ـ ياپونىيە كارخانىچىلىرى كەڭ دائىرىدە ئۇچراشتى ۋە پاختا توقۇمىچىلىق ھەمكارلىقى توغرىسىدا مۇددىئانامە ئىمزالىدى. شياڭگاڭ باش سودىگەرلەر جەمئىيىتى «يىپەك يولى» زىيارەت

ئۆمىكىدىكى 22 كىشى شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولدى.

2. كارخانىلارنىڭ خەلقئارا بازار ئېچىشى، ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسىنى راۋاجلاندۇرۇشى ئۈچۈن يول ھازىرلاپ بەردى. 6 - ئايدا شۆبە جەمئىيەت شىنجاڭ خەلقئارا سودىگەرلەر جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى تەشكىللەپ، قازاقىستان، قىرغىزىستانلارغا زىيارەتكە ئەۋەتتى ھەم 2 دۆلەتنىڭ سودا - سانائەتچىلەر جەمئىيەتلىرىنى ئۆمەك تەشكىللەپ، ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شۆبە جەمئىيەت ئامېرىكا، پاكىستان، تۈركىيە، روسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ سودا - سانائەتچىلەر ئاپپاراتلىرىنىمۇ ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىگە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدى. ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى مەزگىلىدە شۆبە جەمئىيەت ئاساسلىقى قازاقىستان، ياپونىيە، قىرغىزىستان، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىساد - سودا ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىدىكى 79 كىشىنى كۈتۈۋالدى.

شۆبە جەمئىيەت شىنجاڭدىكى 11 كارخانىدىن شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى تەشكىللەپ، 2000 - يىللىق جۇڭگو - خەلقئارا دوست شەھەرلەر تەجرىبە ئالماشتۇرۇش كۆرگەزمىسى ئىقتىساد - سودا يەرمەنكىسىگە قاتناشتۇرۇپ، شىنجاڭ كارخانىلىرىغا، بولۇپمۇ خۇسۇسىي كارخانىلارغا شىنجاڭدىن چىقىش، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، خەلقئارادىن بازار ئېچىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى. يەرمەنكىگە قاتناشقان شىنجاڭ ئارمان سودا - سانائەت چەكلىك شىركىتىنىڭ «ئارمان» ماركىلىق بىر يۈرۈش قۇۋۋەت تاللىقىنى دۇنيا تەبىئىي تىببىي پەن ئىلمىي يىغىنىنىڭ ئەڭ ئالىي مۇكاپاتى — «ئالتۇن كالا» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

شىنجاڭنىڭ مۇچىلىق، نېفىت خىمىيە سانائىتى، مۇغۇرتا ساھەسى ۋە بورتالادىكى مۇناسىۋەتلىك كارخانىلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن 2 تۈركۈمدە 15 كىشىنى ئامېرىكىغا سودا تەكشۈرۈشكە ۋە ئامېرىكا كارخانىلىرىدىن تۆلەم تەلەپ قىلىشقا تەشكىللىدى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق، كارخانىلارنىڭ يېڭى خېرىدارلار بىلەن تونۇشۇشىغا ياردەم بېرىلدى، يېڭى بازار ئېچىلدى، شۇنداقلا ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىقىغا دائىر بەزى مۇددىئانامىلەر ئىمزالاندى.

3. يەرمەنكە خىزمىتىنى كۈچەيتتى. شۆبە جەمئىيەت ھەمكارلىشىپ يەرمەنكە ئۆتكۈزۈش شەكلىنى قوللىنىپ، بىر يىلدا 8 قېتىم خەلقئارالىق، مەملىكەتلىك تۈرلۈك كەسپىي يەرمەنكە ئۆتكۈزدى. مەسىلەن: شىنجاڭ خەلقئارا بىناكارلىق، يول - كۆۋرۈك، كان ماشىنىلىرى ئۈسكۈنىلىرى ۋە ترانسپورت ماشىنىلىرى يەرمەنكىسى ئۆتكۈزدى. يەرمەنكىگە 110 نەچچە كارخانا قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەللەردىن 30 غا يېقىن كارخانا قاتناشتى، سودىدا سېتىلغان ئۈسكۈنە 290 دانە (يۈرۈش)، پۈتۈشۈلگەن سومما 39 مىليون يۈەن خەلق پۇلىغا يەتتى؛ 2000 - يىللىق شىنجاڭ گېئولوگىيە، تەكشۈرۈش، كۆمۈركان ئېچىش، مېتال ئېرىتىش تېخنىكىسى ۋە ئۈسكۈنىلەر كۆرگەزمىسىگە 1000 نەچچە كارخانا قاتناشتى، كۆرگەزمىدە پۈتۈشۈش سوممىسى 23 مىليون يۈەندىن ئاشتى؛ 2000 - يىللىق غەربىي شىمال رايونى بويىچە 2 - نۆۋەتلىك پار بىلەن تەمىنلەش، توڭلىتىش، ھاۋا تەڭشەش، يېقىلغۇ گاز ئۈسكۈنىلىرى يەرمەنكىسىگە ئامېرىكا، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە، دانىيە، كورىيە، ياپونىيە ۋە مەملىكەت ئىچىدىن بولۇپ 200 گە يېقىن كارخانا قاتناشتى، 244 توختام ئىمزالاندى. سودا سوممىسى 232 مىليون يۈەنگە يەتتى.

4. تاشقى قانۇن مۇلازىمىتىنى كۈچەيتتى. 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگە قەدەر شۆبە جەمئىيەت مەھسۇلاتلارنىڭ ئەسلى ئىشلەپچىقىرىلغان جايىنى دەلىللەيدىغان 621 پارچە گۇۋاھنامە تارقاتتى، 92 پارچە شەكىل تالونى ئېتىراپنامىسى تارقاتتى، 7 پارچە كونسۇل ئېتىراپنامىسىنى ۋاكالىتەن بېجىرىپ بەردى. يەنە ئىلى، بورتالا، قىزىلسۇ قاتارلىق ۋىزا نۇقتىسىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. ئادەم ئەۋەتىپ، شۇ جايلاردىكى ئىلتىماس رەسمىيەتلىرىنى بېجىرگۈچىلەرنى تەربىيىلىدى. 11 - ئايغىچە بۇ 3 ۋىزا نۇقتىسى 57 پارچە ئېتىراپنامە بېجىردى.

لياڭ جيەنپىڭ

# ساياھەتچىلىك

## ئومۇمىي بايان

### شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى

شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىكى «بەش رايون، ئۈچ لىنىيە» نى ئاساسلىق تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى قىلىپ، بىر تۇتاش پىلانلاش، ئومۇمىي جەھەتتىن لايىھىلەش، ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش، نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش، مۇھىتنى ئاسراشقا ئەھمىيەت بېرىشنى ئاساس قىلىپ، سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇردى.

«بەش رايون، ئۈچ لىنىيە» دېگىنىمىز، قاناس كۆلىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ئېكولوگىيىلىك ساھايەت رايونى، بوغدا كۆلى ۋە باغراش كۆلىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان مەنزىرە ساياھەت رايونى، تۇرپاننى مۇھىم نۇقتا قىلغان قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ساياھەت رايونى، قەشقەرنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ئۆرپ - ئادەت ساياھەت رايونى، ئىلىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان گۈزەل ساياھەت رايونى ۋە تۇرپان — كورلا — ئوتتۇرا تارىم — خوتەن — قەشقەر لىنىيىسى، ئۈرۈمچى — بوغدا كۆلى — قاراماي — ئۇلۇغگۈز كۆلى — قاناس كۆلى لىنىيىسى، ئۈرۈمچى — كۈيتۇڭ — قاشبېشى — نارات — بايىنبۇلاق — ئالتۇن ساھىل — ئۈرۈمچى لىنىيىسىدىن ئىبارەت.

ما رۇي

### خەلقئارا ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ 256 مىڭ 200 چەت ئەللىك ساياھەتچى (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى. بۇ 1999 - يىلدىكىدىن %14 كۆپ، يارىتىلغان تاشقى پېرېۋوت 94 مىليون 936 مىڭ 800 دوللارغا يېتىپ، %10.6 ئاشتى.

2000 - يىلى شىنجاڭ كۈتۈۋالغان ساياھەتچىلەر كەلگەن دۆلەتلەر: مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلىقىدىن كەلگەن ساياھەتچى 89 مىڭ 157 ئادەم (قېتىم)، ياپونىيىدىن كەلگىنى 51 مىڭ 974 ئادەم (قېتىم)، ئامېرىكىدىن كەلگىنى 10 مىڭ 231 ئادەم (قېتىم)، كورېيىدىن كەلگىنى 3928 ئادەم (قېتىم)، فىرانسىيىدىن كەلگىنى 5218 ئادەم (قېتىم)، گېرمانىيىدىن كەلگىنى 6310 ئادەم (قېتىم)، ئەنگلىيىدىن كەلگىنى 3702 ئادەم (قېتىم)، سىنگاپوردىن كەلگىنى 5137 ئادەم (قېتىم)، مالايسىيادىن كەلگىنى 2610 ئادەم (قېتىم)، تايلاندتىن كەلگىنى 1587 ئادەم (قېتىم)، ئاۋستىرالىيەدىن كەلگىنى 2045 ئادەم (قېتىم)، ئىتالىيىدىن كەلگىنى 1716 ئادەم (قېتىم)، شۋېتسارىيىدىن كەلگىنى 1152 ئادەم (قېتىم)، گوللاندىيىدىن كەلگىنى 1216 ئادەم (قېتىم)، كانادادىن كەلگىنى 1645 ئادەم (قېتىم).

ئاپتونوم رايوندىكى جايلارنىڭ چەت ئەل ساياھەتچىلىرىنى كۈتۈۋېلىش ئەھۋالى مۇنداق بولدى: ئۈرۈمچىنىڭ 144 مىڭ 830 ئادەم (قېتىم)، 455 مىڭ 269 ئادەم (كۈن)؛ قارامايننىڭ 505 ئادەم (قېتىم)، 952 ئادەم (كۈن)؛ تۇرپاننىڭ 43 مىڭ 641 ئادەم (قېتىم)، 52 مىڭ 566 ئادەم (كۈن)؛ قۇمۇلنىڭ 624 ئادەم (قېتىم)، 657 ئادەم (كۈن)؛ سانجىنىڭ 213 ئادەم (قېتىم)، 468 ئادەم (كۈن)؛ بورتالانىڭ 672 ئادەم (قېتىم)، 697 ئادەم (كۈن)؛ بايىنغولىننىڭ 7313 ئادەم (قېتىم)، 7313 ئادەم (كۈن)؛ ئاقسۇنىڭ 6028 ئادەم (قېتىم)، 6058 ئادەم (كۈن)؛ قىزىلسۇنىڭ 2100 ئادەم (قېتىم)، 2100 ئادەم (كۈن)؛ قەشقەرنىڭ 27 مىڭ 510 ئادەم (قېتىم)، 82 مىڭ 261 ئادەم (كۈن)؛ خوتەننىڭ 3910 ئادەم (قېتىم)، 3910 ئادەم (كۈن)؛ ئىلىنىڭ 15 مىڭ 384 ئادەم (قېتىم)، 5890 ئادەم (كۈن)؛ تارباغاتاينىڭ 298 ئادەم (قېتىم)، 150 ئادەم (كۈن)؛ ئالتاينىڭ 2550 ئادەم (قېتىم)، 2961 ئادەم (كۈن)؛ شىخەنزىنىڭ 532 ئادەم (قېتىم)، 1194 ئادەم (كۈن).

ما رۇي

### دۆلەت ئىچىدىكى ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ كۈتۈۋالغان ئىچكى ساياھەتچى 7 مىليون 578 مىڭ 100 ئادەم (قېتىم) غا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %9.1، ساياھەت كىرىمى 6 مىليارد

267 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %51.7 ئاشتى.

ما رۇي

# بازار ئېچىش

## 2000، جۇڭگو ئىچكى ساياھەت ـ سودا يەرمەنكىسى

بۇ يەرمەنكە 2000 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. مەملىكەت بويىچە 31 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونلىرىدىكى بارلىق ئۆمەك ـ گۇرۇپپىلار، مەملىكەت بويىچە 36 سودا ئۆمىكى، 1747 ساياھەت كارخانىسى، 5500 دىن ئارتۇق رەسمىي ۋەكىل ۋە 10 مىڭدىن ئارتۇق غەيرىي رەسمىي ۋەكىل بۇ نۆۋەتلىك سودا يەرمەنكىسىگە قاتناشتى. يەرمەنكىدە ئىمزالانغان تۈر 24 مىڭغا، توختام سوممىسى 498 مىليون يۈەنگە يەتتى. تۈزۈلگەن مۇددىتى توختامىنىڭ سوممىسى 2 مىليارد 30 مىليون يۈەنگە، مۇددىتى ئۆمەك، گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ ئادەم سانى 17 مىليون 600 مىڭ (قېتىم) غا يەتتى.

ما رۇي

## ساياھەتچىلەر بازىرى ئېچىش ئەھۋالى

2000 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر ساياھەتچىلىك ئىدارىسى تەشۋىق قىلىش، سېتىشنى تېزلىتىش سالمىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى، شىنجاڭدىكى ساياھەتچىلىك كارخانىلىرىنى ئىچكى ساياھەت ـ سودا يەرمەنكىلىرىگە پائال قاتنىشىشقا مۇۋەپپەقىيەتلىك تەشكىللىگەندىن سىرت، يەنە 11 كارخانىنى دۆلەت ساياھەتچىلىك ئىدارىسى شاڭخەيدە ئۆيۈشتۇرغان 2000، جۇڭگو خەلقئارا ساياھەت ـ سودا يەرمەنكىسىگە قاتنىشىشقا تەشكىللىدى ھەمدە يەرمەنكىدىن كېيىن شىنجاڭنى تەكشۈرۈشكە كەلگەن ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ 60 نەچچە ساياھەت سودىگىرىنى كۈتۈۋېلىپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا بولغان چۈشەنچىسىنى ئاشۇردى. گېرمانىيە، بېرلىن، ئىتالىيە مىلان ساياھەت سودا يەرمەنكىسى ۋە «جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ئامېرىكىدا» دىن ئىبارەت چوڭ تىپتىكى ساياھەت، سېتىشنى تېزلىتىش پائالىيىتىگە قاتناشتى. شىنجاڭغا زىيارەتكە كەلگەن 10 نەچچە تونۇلۇم مۇخبىرلارنى كۈتۈۋالدى، شىنجاڭ ساياھەت ماتېرىياللىرى توپلىمىنىڭ لازېر نۇرلۇق پلاستىنكىسىنى نەشر قىلدى. 5 ئىنتېرنېت تورى خەنزۇچە دائىرە نامىنى تىزىمغا ئالدۇرۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتى بىلەن ئالاقىلىشىدىغان تەشۋىقات يوللىرىنى كېڭەيتتى.

ما رۇي

## شياڭگاڭ 4 چاق بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۇيۇشمىسى يىپەك يولىنى تۇنجى قېتىم زىيارەت قىلدى.

شياڭگاڭ «تاڭرېن» 4 چاقلىق دالا ئاپتوموبىلى ئۇيۇشمىسى تەشكىللىگەن 64 كىشىلىك ئەسىر خۇشاللىقى يىلى جۇڭگو يىپەك يولىنى ئېكسپېدىتسىيە قىلىش ساياھەت ئۆمىكى ئۇيۇشما باشلىقى چيەن بىڭلياڭ ئەپەندىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، 4 چاقلىق 20 جىپنى ھەيدەپ، 2000 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى لەنجۇدىن يولغا چىقىپ، يول بويى جاڭيې، ۋۇۋېي، جيايۈگۈەن، دۇنخۇاڭ، قۇمۇل، تۇرپانلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، 22 ـ كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. ئۆمەكتىكىلەرنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ يېشى 65 ياش، ئەڭ كىچىكىنىڭ يېشى 12 ياش. ساياھەت ئۆمىكى يول بويى يىپەك يولىنىڭ تەبىئىي شارائىت ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەت قىلغاندىن سىرت، يەنە شۇ جايدىكى «ئۈمىد» باشلانغۇچ مەكتەپلىرىگە ئوقۇتۇش بويۇملىرىنى تەقدىم قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرپان شەھەرلىك 3 ـ ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتىپىگە بىر قېتىمدا 5000 يۈەنلىك ئوقۇتۇش ماتېرىيالى ۋە 20 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ئىئانە قىلدى. بۇ پائالىيەتكە قاتناشقانلارنى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك خەلقئارا تەنتەربىيە ـ ساياھەت شىركىتى، گەنسۇ ئۆلكىلىك خەلقئارا تەنتەربىيە ـ ساياھەت كوپېراتىپى، شىنجاڭ خەلقئارا تەنتەربىيە ـ ساياھەت كوپېراتىپى بىرلىكتە كۈتۈۋالدى.

جىن يىڭجيې

# مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى

## ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇش

2000 ـ يىلى شىنجاڭ ساياھەت ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا 1 مىليارد 17 مىليون 380 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. بۇنىڭ ئىچىدە ھەر دەرىجىلىك مالىيىنىڭ سالغىنى 573 مىليون 920 مىڭ يۈەن، جەمئىيەتنىڭ سالغىنى 443 مىليون 460 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ بىلەن نۇقتىلىق مەنزىرىلىك رايونلارنىڭ ساياھەت ئۇل مۇئەسسەسلىرى ياخشىلاندى. بولۇپمۇ قاناس كۆلى، باغراش كۆلى، نارات يايلىقى، سايرام كۆلى قاتارلىق مەنزىرىلىك رايون ـ نۇقتىلارنىڭ ياتاق،



جۇڭگو ئىچكى ساياھەت - سودا يەرمەنكىسى 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. سۈرەتتە يەرمەنكىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى

جاۋ جۈنئەن فوتوسى

كۆڭۈل ئېچىش شارائىتى خېلى ياخشىلاندى. مۇۋاپىق پىلانلاش، مۇھىتنى ئاسراشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش شەرتى ئاستىدا، ئۇلۇغ مۆجىزىلەرگە مەبلەغ سېلىش كۆلىمى بارغانسېرى كېڭەيدى، ئالىي، دەرىجىسى يۇقىرى مەنزىرىلىك رايونلارنى قۇرۇش جەھەتتە ئىلگىرىلەشچانلىق كۆرسىتىلدى.

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر ساياھەتچىلىك ئىدارىسى ئالاقىدار ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىنى باھالاش خىزمىتىنى تاماملىدى. بىر قىسىم 3A ۋە 4A دەرىجىلىك مەنزىرىلىك رايون - نۇقتىلارنى باھالاپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىنى تاماملىدى. بوغدا كۆلى ۋە بۇيلۇق شاتلىق باغچىسى دۆلەت ساياھەت ئىدارىسى تەرىپىدىن 4A دەرىجىلىك مەنزىرىلىك رايون قىلىپ بېكىتىلدى.

ما رۇي

# كەسپىي باشقۇرۇش

## ساياھەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش

2000 - يىل 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ساياھەتچىلىك ئىدارىسى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئۈچۈن خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى. جايلاردىن ساياھەت بازارلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، كەسىپ ئىنتىزامىنى قورۇلۇشنى كۈچەيتىپ، شەھۋانىيلىق، قىمارۋازلىق، زەھەر بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىق شەرمەندە ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، قويمىچىلىق - ئالدامچىلىق قىلمىشلىرىغا زەربە بېرىپ، ھەر تەرەپلىمە تۈزەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، قانۇن ئىجرا قىلىش ئورۇنلىرىنىڭ خىزمەت سالمىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ساياھەتچىلىك جەھەتتىكى ياخشى ئوبرازىنى قوغداشنى تەلەپ قىلدى.

يىل ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە ساياھەتچىلىك كەسپىدىكى بىۋاستە كەسپكار 20 مىڭدىن كۆپرەككە، ۋاستىلىك كەسپكار 100 مىڭغا يەتتى. ساياھەت تاۋارلىرىنى نۇقتىلىق سېتىش كارخانىسى 36 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 كارخانا مەملىكەت بويىچە ئاز تورکۆملۈك چېگرا سودىسى تىجارەت ھوقۇقىغا ئېرىشتى.

ما رۇي

## ساياھەت مېھمانخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2000 - يىل 8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ساياھەتچىلىك ئىدارىسى ئاپتونوم رايون بويىچە مېھمانخانىلارنىڭ دەرىجىسىنى تەكشۈرۈش خادىملىرىنى تەربىيىلەش بويىچە تۈنجى قارار كۇرس ئاچتى. سىناش ئارقىلىق 66 ئادەم يۇلتۇز دەرىجىلىك تەكشۈرگۈچى گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى. ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ساياھەتچىلىكنى باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ ئۆلچەم بويىچە قاتتىق باھالىشى ئارقىلىق، ئاپتونوم رايون بويىچە يۇلتۇز دەرىجىلىك مېھمانخانىدىن 50 ى يېڭىدىن بېكىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 4 يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا 5، 3 يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا 13، 2 يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا 25، بىر يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا 7. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە يۇلتۇز دەرىجىلىك مېھمانخانا 148 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 5 يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا 2، 4 يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا 8، 3 يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا 3، 2 يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا 92، بىر يۇلتۇزلۇق مېھمانخانا 15. يۇلتۇز دەرىجىلىك مېھمانخانىلارنى باھالاش خىزمىتىنىڭ



شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىكى جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلدى. سۈرەتتە: چەت ئەللىك ساياھەتچىلەر ئۈرۈمچىدىكى ساياھەت ماگىزىنىدىن مال سېتىۋالماقتا.

جاۋ جۈنشەن فوتوسى

ئورۇندىلىش نىسبىتى %105.7 كە يەتتى.

ما رۇي

## ساياھەت كوپىراتىپلىرىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2000 - يىل 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە ش ئۇ ئا ر ساياھەتچىلىك ئىدارىسى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، سىنگاپور، مالايسىيا، تايلاند ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن رايونلىرىغا بېرىپ، چېگرىدىن چىقىپ ساياھەت قىلىش مۇلازىمىتىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈردى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن چېگرىدىن چىقىش خىزمىتىدە ساقلانغان مەسىلىلەر ئۈستىدە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، تۈزەش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. شىنجاڭ ساياھەتچىلىك گۇرۇھى چېگرىدىن چىقىش شىركىتى 1 - بۆلۈمىنىڭ ساياھەتچىلەرنى تايلاند، شياڭگاڭلارغا ئاپىرىپ 11 كۈنلۈك ساياھەت قىلدۇرۇش پائالىيىتىدە، ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، ساياھەتچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچراتقان قىلمىشلىرىنى ساياھەتچىلىك ساھەسى ئىچىدە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىد قىلدى ھەم تىجارەتنى توختىتىپ تەرتىپكە سېلىش ۋاقتىنى 3 ئاي ئۇزارتتى، 20 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى.

يىل ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە ساياھەت كوپىراتىپى 198 گە، بۇنىڭ ئىچىدە خەلقئارا ساياھەت كوپىراتىپى 38 گە يەتتى.

ما رۇي

## ساياھەتچىلىك سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئەھۋالى

2000 - يىل 5 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ساياھەتچىلىك ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىك ئىدارىسى بىلەن بىرلىشىپ ساياھەت تاۋارلىرى بازىرىنى مەخسۇس تەكشۈردى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۈرۈمچى، تۇرپان، سانجى، قەشقەر، ئالتاي، خوتەن، قۇمۇل قاتارلىق ساياھەت قىزىپىدىغان ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى. بۇ قېتىم ئاساسلىقى ھۈنەر-سەنئەت - رەسىم تۈرلىرى، قاشتېشى تۈرلىرى، ئاسار-ئەتىقە تۈرلىرى، گىلەم تۈرلىرى، يىپەك توقۇلما تۈرلىرى، يۇڭ توقۇلما تۈرلىرى، ساياھەتچىلىك تەشۋىقاتى تۈرلىرى قاتارلىق ساياھەت تاۋارلىرى تەكشۈرۈلدى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى 60 نەچچە ساياھەت تاۋارلىرى تىجارەتچىسىنى (مېھمانخانا، سارايلاردىكى تاۋار يايمىلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) باھالاپ بېكىتتى. تەكشۈرۈش داۋامىدا بايقالغان ساياھەت تاۋارلىرى بەلگىلىرى ئېنىقسىز بولۇش، ناچىرنى ياخشى قىلىپ كۆرسىتىش، ساختىسىنى راست قىلىپ كۆرسىتىش، يۇقىرى باھا قويۇش قاتارلىق مەسىلىلەر قاتتىق بىر تەرەپ قىلىندى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ساياھەت تاۋارلىرى بازىرىنىڭ يەنىمۇ قېلىپلىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى، بۇ ئارقىلىق شىنجاڭ تاۋارلىرىنىڭ نام - ئابرويى قوغدالدى، ساياھەت تاۋارلىرى تىجارەتچىلىرى تەربىيىلەندى، تەكشۈرۈش مەزگىلىدە 4000 پارچىدىن ئارتۇق قاش تېشى بۇيۇمى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەكشۈرتكۈزۈلدى.

ما رۇي

## ساياھەت خادىملىرىنى تەربىيىلەش ئەھۋالى

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر ساياھەتچىلىك ئىدارىسى ساياھەت كوپىراتىپى باش (ئورۇن) دىرېكتورلىرى، مېھمانخانا باش (ئورۇن) دىرېكتورلىرى، ئىش ئورنى مۇلازىمەت خادىملىرىنىڭ ماھارەت كۇرسى، ساياھەت يېتەكچىلىرى

كۇرسى، ساياھەت ئاپتوموبىلى شوپۇرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى قاتارلىق 14 قارار كۇرس ئېچىپ، 3500 دىن ئارتۇق ئادەمنى تەربىيىلىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئالدىغا ھېرىپ ئۆگىنىشنى قانات يايدۇرۇپ، بۇرچىن، ئىلى، بايىنغولىن، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا بېرىپ كۇرس ئېچىپ، شۇ جايدىكى ساياھەت خادىملىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتى ساياھەتچىلىك تەرەققىياتىنىڭ ئارقىدا قالغان زىددىيەتنى پەسەيتتى. يۇننەن ئۇنىۋېرسىتېتى، يۇننەن ئۆلكىلىك ساياھەتچىلىك مەكتىپىنىڭ پروفېسسورلىرىنى شىنجاڭغا كېلىپ تەجرىبە - ھۆنەر ئۆگىتىشكە تەكلىپ قىلدى.

ما رۇي

## مۇنەۋۋەر ساياھەت شەھىرى بەرپا قىلىش ئەھۋالى

2000 - يىلى تۇرپان ۋە كورلا شەھەرلىرى «جۇڭگو مۇنەۋۋەر ساياھەت شەھىرى» بويىچە قايتا تەكشۈرۈشتىن تۇنجى تۈركۈمدە ئۆتتى. 2 - تۈركۈمدىكى «جۇڭگو مۇنەۋۋەر ساياھەت شەھىرى» نى بەرپا قىلىش بويىچە يۇقىرىغا يوللاش خىزمىتىدە ئۈرۈمچى شەھىرى دۆلەت ساياھەتچىلىك ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپ، شىنجاڭ بويىچە 2 - تۈركۈمدىكى «جۇڭگو مۇنەۋۋەر ساياھەت شەھىرى» بولۇپ قالدى.

ما رۇي

# زېمىن بايلىقى

## يەر

### يەر باشقۇرۇش خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ يەر ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ستاتىستىكىسى دۆلەتنىڭ ئومۇملاشتۇرۇشىدىن ئۆتتى. 27 ناھىيە (شەھەر) شەھەر - بازارلارنىڭ يەرلىرىنى تەكشۈرۈش ئىشىنى قانات يايدۇردى. 75 ناھىيە (شەھەر) دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ يەرلىرىنى دەسلەپكى تىزىملاش ئىشىنى تاماملىدى. يەرلەرنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ جەملەش دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە شىخەنزە، سانجى، فۇكاڭ قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ يەرلەردىن پايدىلىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش ئىشى تاماملاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە %80 ناھىيە (شەھەر) دە شەھەر - بازارلارنىڭ دۆلەت يېرى گۇۋاھنامىسىنى يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتى تاماملاندى. ئۇنىڭ يەر كۆلىمى 1 مىليون 531 مىڭ 326 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 192 مىڭ گۇۋاھنامە تەكشۈرۈلدى. نېفىت، تۆمۈريول، نېفىت ئاققۇزۇش تۇرۇبا لىنىيىسى، خەۋەرلىشىش ئوپتىكىلىق كابېلى، يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيول قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدىغان يەرلەرنىڭ قىسمەنلىرىنى دائىرىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتى تاماملاندى. بىكىتۈەن ئورۇنلىرى ئىشلىتىۋاتقان دۆلەت يەرلىرىنىڭ هوقۇق تەۋەلىكىنى بېكىتىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە هوقۇق تەۋەلىكىنى بېكىتىشكە تېگىشلىك بولغانلىرىدىن 223 ناھىيە (شەھەر)، تۈەن - مەيدان بولۇپ، بۇنىڭدىن جەمئىي 136 ئورۇننىڭ هوقۇق تەۋەلىكى بېكىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 2000 - يىلى 60 ئورۇن ۋە تۈەن - مەيداننىڭ يەر هوقۇق تەۋەلىكىنى بېكىتىش ۋەزىپىسى تاماملاندى.

جاڭ فۇشەن

### يەرلەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانى

2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يەرلەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانى تۈزۈشكە تېگىشلىك بولغان ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 99 ئورۇننىڭ ھەممىسى پىلان تۈزۈش خىزمىتىنى تاماملىدى. گوۋژيۇەن ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق هۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، 83 تۈرلۈك پىلان يولغا قويۇلدى.

جاڭ فۇشەن

### يەرلەردىن پايدىلىنىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئىشلىتىشكە تەستىقلانغان يەر 3216 گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 2230 گېكتار. يېڭىدىن ئېلان قىلىنغان «يەر باشقۇرۇش قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان يەرلەرنى قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان يەرلەرنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپى قەتئىي ئىجرا قىلىندى، يەر ئاجرىتىپ بېرىشتە ئومۇمىي مىقدار تىزگىنلەندى، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى بىلەن تۈرالغۇ ئۆي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش قۇرۇلۇشى تۈرلىرىنىڭ نورمال يەر ئىشلىتىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ قاتناش، ئېنېرگىيە، خەۋەرلىشىش، سۇ قۇرۇلۇشى قاتارلىق بىر تۈركۈم نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن ئەلا مۇلازىمەت قىلىندى.

جاڭ فۇشەن

### تېرىلغۇ يەرلەرنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە يەرلەرنى ئېچىپ، قايتا ئۆزلەشتۈرۈش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى بارلىق ناھىيە (شەھەر) لەر ۋە بىكىتۈەندىكى ھەر قايسى تۈەن - مەيدانلارنىڭ ھەممىسى ئاساسىي ئېتىز - ئېرىقلارنى ئايرىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، 2 مىليون 995 مىڭ گېكتار ئاساسىي ئېتىز - ئېرىق مۇھاپىزەت رايونىنى ئايرىپ چىقىپ، مۇھاپىزەت قىلىش نىسبىتىنى %75تىن كۆپرەككە يەتكۈزدى، بۇنىڭ ئىچىدە 73 ناھىيە (شەھەر) مۇھاپىزەت قىلىش نىسبىتىنى %80تىن كۆپرەككە يەتكۈزدى ھەمدە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

شىنجاڭدا تېرىلغۇ يەرلەردىن «بىر پارچە يەر ئىگىلىۋېلىنسا، شۇ بىر پارچە يەرنى تولۇقلاش» تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق، يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش، رەتلەش ۋە تاشلىۋېتىلگەن يەرلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشى پائال تۈردە ئىلگىرى سۈرۈلدى، 2000 - يىلى ئۆزلەشتۈرۈلگەن ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن يەر 23 مىڭ

گېكتارغا، ساپ كېڭەيتىلگەن تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 18 مىڭ 985 .6 گېكتارغا يېتىپ، تېرىلغۇ يەر ئومۇمىي مىقدارىنى ئاشۇرۇش نىشانى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

جاڭ فۇشەن

## دۆلەت يېرىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يەرلەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشتىن قىلىنغان كىرىم 989 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 72 ناھىيە (شەھەر) دە شەھەر - بازارلارنىڭ دۆلەت يەرلىرىنى دەرىجىگە ئايرىپ دەرىجىسىنى بېكىتىش - باھا قويۇش خىزمىتى تاماملاندى، ئاپتونوم رايون بويىچە باھا قويغۇچىلاردىن سالاھىيەت ئىمتىھانى ئېلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى. 88 كىشى باھا قويغۇچى سالاھىيىتىگە ئېرىشتى، يەرگە باھا قويغۇچى 44 ئاپپاراتتىن 15ى مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش رەسمىيەتلىرىنى بېجىردى، يەرگە باھا قويۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بولغانلاردىن 391 كىشى بار.

جاڭ فۇشەن

## قانۇننى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى مەمۇرىي جەھەتتىن تەپتىش قىلىندى

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك يەر باشقۇرۇش تارماقلىرى 2000 - يىلى يەر قانۇنىغا خىلاپ ھەرخىل دېلودىن 533نى دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، 533 دېلونى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلدى، دېلولارنى ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى %100كە يەتتى.

جاڭ فۇشەن

# گېئولوگىيە

## 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە دۆلەتنىڭ يەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن «915 - 96» تەتقىقات تۈرىدىكى 42 مەخسۇس تېما تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى

2000 - يىلى 9 — بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش پىلانى يولغا قويۇلغان ئاخىرقى يىل.

دۆلەت «305» تەتقىقات تۈرى ئىشخانىسى دۆلەت پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، مەخسۇس تېمىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەپ، 2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە گۇيلىن، نەنجىڭ، بېيجىڭدا مەخسۇس تېمىلارنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى.

9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە «305» تەتقىقات تۈرىدە 47 مەخسۇس تېما تەسىس قىلىنىپ، پىلان بويىچە 44 مەخسۇس تېمىنى 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى، دۆلەت پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆلچىمىگە ئاساسەن، 42 مەخسۇس تېما تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، بىر مەخسۇس تېمىنى قايتا قاراپ چىقىشقا توغرا كەلدى، ماتېرىيال تەييارلىقى تولۇق بولمىغانلىقى ئۈچۈن بىر مەخسۇس تېمىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋاقتىنچە كېچىكتۈرۈلدى. تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش نەتىجىسى شۇنى كۆرسەتتىكى، 5 يىلدىن بۇيان ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تەتقىقاتى ئارقىلىق بىر تۈركۈم يېڭى نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلگەن، شىنجاڭنىڭ چوڭ - چوڭ ئۇل گېئولوگىيە مەسىلىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلغان؛ كان بەلۋاغلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىنى داۋاملىق تۈردە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ باھا بېرىشكە تېگىشلىك بىر تۈركۈم بازا بىلەن تەمىن ئەتكەن؛ قېزىلما بايلىقلارنى ئېچىش، تەكشۈرۈش تېخنىكا ئۇسۇللىرىنى ئۈنۈملۈك تەتقىق قىلىش جەھەتلەردىمۇ مول تەتقىقات نەتىجىلىرى قولغا كەلتۈرۈلگەن، بۇ نەتىجىلەر بۇنىڭدىن كېيىن كانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرغۇسى.

ۋاڭ يۇ

## قوشۇمچە

تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغان 915 - 96 تۈرىدىكى 42 مەخسۇس تېما

ئالتاينىڭ ئاخىرقى قەدىمكى ھايات ئېراسىغا تەۋە يانارتاغ چۆكۈندە ئويمانلىقىدىكى ئاقار جىسىم سىستېمىسى بىلەن رەڭلىك مېتال كانلىرىنىڭ ھاسىل بولۇش رولى ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو يەنلەر ئاكادېمىيىسى گۇاڭجۇ گېئوخىمىيە تەتقىقات ئورنى)، ئالتايدىكى مىنېراللاشقان جايلاردا ھاسىل بولغان كان سىستېمىسى ۋە كان ھاسىل بولۇش قانۇنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو گېئولوگىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى)، ئاشلى مىس - سىنىك كان ياتىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە ئۇنىڭ سىرتىدىكى يوشۇرۇن كانلارنىڭ 3 ئۆلچەملىك ئورنىنى بېكىتىش ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو گېئولوگىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى)، قابا دەرياسى - بۇرچىن دەرياسى ۋادىسىدىكى ئالتۇن، مىس كانلىرىنىڭ ھاسىل بولۇش شارائىتى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە كان تېپىلىدىغان

نىشانلىق رايونلارنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىنى تاللاش (نەنجىڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار تەتقىقات ئورنى)، ساۋۇر تېغىدا ئالتۇن، مىس كانلىرىنىڭ ھاسىل بولۇش شارائىتى ۋە تېپىلغان كانلارغا باھا بېرىش ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو رەڭلىك مېتال سانائىتى باش شىركىتى قېزىلما بايلىق - گېئولوگىيە تەتقىقات يۇرتى)، ئالتاينىڭ دېفورماتسىيىلىك ئۆزگىرىشى ۋە ئاقار جىسىملارنىڭ رولى ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى چاڭشا گېئودېزىيىلىك تۈزۈلمە تەتقىقات ئورنى)، ئالتايدىكى كان ھاسىل بولغان رايونلارنىڭ كۆپ مەنبەلىك ئۇچۇر سىستېمىسىدىن پايدىلىنىپ، ھاسىل بولغان كانلارنى ئالدىن مۆلچەرلەش ئۈستىدە تەتقىقات (چاڭچۈن پەن - تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى)، كۆكتالدىكى كۆپ خىل مېتاللىق كان بەلبېغىدىكى يوشۇرۇن كانلارنىڭ ئورنىنى بەلگىلەش - ئالدىن مۆلچەرلەش ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو رەڭلىك مېتال سانائىتى باش شىركىتى بېيجىڭ قېزىلما بايلىق - گېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى)، قوما سۇ كان بەلبېغىدىن ئالتۇن، كۆپ خىل مېتال كانلىرىنى تېپىش - ئالدىن مۆلچەرلەش ئۈستىدە تەتقىقات (نەنجىڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق تەتقىقات ئورنى)، بولغىن كان بەلبېغىدىن ئالتۇن، مىس كانلىرىنى تېپىش ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىش ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو رەڭلىك مېتال سانائىتى باش شىركىتى بېيجىڭ قېزىلما بايلىق - گېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى)، ئارماتاي - قوش چوققىلىق تاغ ئەتراپلىرىدىن ئالتۇن، مىس كانلىرىنى تېپىش، باھا بېرىش ۋە گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات (گۈيلىن سانائەت ئىنستىتۇتى)، غەربىي تەڭرىتاغدىكى يۇقىرى بېسىم - زىيادە يۇقىرى بېسىملىق ئۆزگىرىشچان بەلباغلارنىڭ ئۆزگىرىش رولى، مۇنۇپ قايتىلىنىش مېخانىزمى ۋە ئۇنىڭ تۈزۈلمىلەرنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى (جۇڭگو گېئولوگىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى گېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى)، غەربىي تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئاخىرقى قەدىمكى ھايات ئېراسىغا تەۋە يانارتاغ - تېپىزلىكتىكى بۇسمە ماگما ھەرىكىتىنىڭ ئالتۇن، مىس، كۆپ خىل مېتال كان ياتىقىدا كان ھاسىل بولۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى گۇاڭجۇ گېئوخىمىيە تەتقىقات ئورنى)، لاماسۇمۇل - كۆكۈرچىن رايونىدىكى مىس، ئالتۇن قاتارلىق مىنېراللاشقان كانلارنىڭ تىزگىنلىنىش شارائىتى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە چوڭ تىپتىكى كان ياتىقىدا كان ھاسىل بولۇشنى ئالدىن مۆلچەرلەش (جەنۇبىي جۇڭگو سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتى)، ئاۋرالنىڭ غەربىي بۆلىكى - ئىشچىلىق رايونىدا مىس، كۈمۈش، ئالتۇن، كۆپ خىل مېتال، تۆمۈر، مانگانلارنىڭ مىنېراللىشىش قانۇنىيىتى ۋە تېپىلىدىغان كانلارنى مۆلچەرلەش - باھا بېرىش (جۇڭگو رەڭلىك مېتال سانائىتى باش شىركىتى قېزىلما بايلىق - گېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى)، تېڭگىر - بالغۇنتاي رايونىدىكى مىس، ئالتۇن قاتارلىق كان ياتىقىدا كان ھاسىل بولۇش قانۇنىيىتى ۋە تېپىلىدىغان كانلارغا باھا بېرىش (مېتاللورگىيە سانائىتى مىنىستىرلىكى تيەنجىن گېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى)، تۇراسۇ — ئەرەنمۇدۇن كان بەلبېغىدا ئالتۇن، مىس كانلىرىنىڭ ھاسىل بولۇش قانۇنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە تېپىلىدىغان كانلارغا باھا بېرىش (شېنياڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق تەتقىقات ئورنى)، جەنۇبىي تەڭرىتاغدىكى قەدىمكى ھايات ئېراسىغا تەۋە چۆكۈندە ئويمانلىقلارنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىشى ۋە قاتلام كونتروللۇقىدىكى كۆپ خىل مېتال رۇدىلىرىنىڭ كان ھاسىل قىلىش شارائىتى ئۈستىدە تەتقىقات (چېڭدۇ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق تەتقىقات ئورنى)، جەنۇبىي تەڭرىتاغنىڭ سوقۇلغاندىن كېيىنكى تۈزۈلمىلىك شەكىل ئۆزگىرىشى، ئويمانلىقتىكى تاغلارنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىش جەريانى ۋە ئۇنىڭ كان ھاسىل بولۇش رولىغا بولغان تەسىرى (بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى)، جەنۇبىي تەڭرىتاغدىكى چوڭ تىپتىكى قىممەتلىك مېتال، رەڭلىك مېتال كان ياتىقىدا كان ھاسىل بولۇش شارائىتى ئۈستىدە تەتقىقات، نىشانلىق رايونلارنىڭ ياخشىلىرىنى تاللاش ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىش (جۇڭگو گېئولوگىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى كان ياتىقى گېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى)، چاغان سالان سۇزمە، كۈمۈش كان بەلبېغىدا كان ھاسىل بولۇش شارائىتى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە تېپىلىدىغان كانلارغا باھا بېرىش (جۇڭگو پەن - تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى)، جەنۇبىي تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى قىممەتلىك رەڭلىك مېتال كانلىرىنىڭ ھاسىل بولۇش شارائىتى ۋە كان تېپىلىدىغان نىشانلىق رايونلارنىڭ ياخشىلىرىنى تاللاش (يادرو سانائىتى بېيجىڭ گېئولوگىيە تەتقىقات يۇرتى)، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىدىكى ئىشقارلىق جىنس بەلبېغى ۋە سىرەك يەر، ئېسىل قاشتېشى، ئالماس كانلىرىنىڭ ھاسىل بولۇش شارائىتى ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو گېئولوگىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى كان ياتىقى گېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى)، چۆلتاغنىڭ قەدىمكى ھايات ئېراسىدىكى تۈزۈلمىلەرنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىشى ۋە ئۇنىڭ كان ھاسىل بولۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە تەتقىقات (نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى)، شەرقىي تەڭرىتاغدىكى كۆتۈرۈلمە بەلبېغىنىڭ ئۆل خۇسۇسىيىتى، كۆتۈرۈلۈش جەريانى ۋە دەسلەپكى كېمبىرى دەۋرىدىن ئىلگىرىكى ئارىلاشما جىنس كانلىرىنىڭ ھاسىل بولۇش ئىستىقبالى ئۈستىدە ئانالىز

(بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى)، داۋانچىڭدىكى مىس، ئالتۇن كان بەلۋېغىدا كان ھاسىل بولۇش شارائىتى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە كان ياتقۇسى گورىزونتى بەلگىلەشنى ئالدىن مۆلچەرلەش (جۇڭگو رەڭلىك مېتال سانائىتى باش شىركىتى قېزىلما بايلىق - گېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى)، چۆلتاغ ئالتۇن، مىس كېنى ھاسىل بولغان بەلۋاغدىكى كان سىستېمىسىنىڭ تارقىلىش قانۇنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە كان ياتقۇسى گورىزونتى ئالدىن مۆلچەرلەش (شىئەن قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتى)، قۇرۇقتاغ - شىڭشىڭشيانىڭ ئۇلى كۆتۈرۈلگەن بەلۋاغدا ئالتۇن، كۈمۈش، مىس كېنى ھاسىل بولۇش شارائىتى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە كان تېپىلىدىغان نىشانلىق رايونلارنىڭ ئورنىنى ئالدىن مۆلچەرلەش (نەنجىڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق تەتقىقات ئورنى)، شىنجاڭنىڭ شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىدا ئاۋىئاتسىيە ئۇنىۋېرسال پونكىتىنىڭ يۇقىرى ئېنىقلىق دەرىجە بويىچە ئۆلچەشنى كان ئىزدەشتە قوللىنىش ئۈستىدە تەتقىقات (زېمىن - بايلىق مىنىستىرلىكى ئايروگېئوفىزىكىلىق تەكشۈرۈش - يىراقتىن سېزىش مەركىزى)، شىنجاڭنىڭ خالىق تېغى رايونىدا ئاۋىئاتسىيىلىك يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسىنى كان ئىزدەشتە قوللىنىش ئۈستىدە تەتقىقات (زېمىن - بايلىق مىنىستىرلىكى ئايروگېئوفىزىكىلىق تەكشۈرۈش - يىراقتىن سېزىش مەركىزى)، شەرقىي كۇئېنلۇن - ئالتۇنتاغدىكى چوڭ تىپتىكى كان ياتقۇسىدا كان ھاسىل بولۇشنىڭ گېئولوگىيىلىك شارائىتى ۋە ئۇنىڭ ئىستىقبالىنى مۆلچەرلەش (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى گېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى)، غەربىي كۇئېنلۇندىكى چوڭ تىپتىكى قىممەتلىك مېتال، رەڭلىك مېتال كان ياتقۇسىدا كان ھاسىل بولۇشنىڭ ئىستىقبالى ۋە نىشانلىق رايونلارنى ئالدىن مۆلچەرلەش (جۇڭگو گېئولوگىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى كان ياتقۇسى گېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى)، كۇئېنلۇن - ئالتۇنتاغ رايونىنىڭ گېئوتېكتونىكىلىق تۈزۈلۈشى، ئوفىئولىت ۋە ئۇنىڭ كان ھاسىل بولۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى (جۇڭگو گېئولوگىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى گېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى)، ئالتۇنتاغ يېرىلما تۈزۈلمە بەلۋېغى ۋە ئۇنىڭ چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى (جۇڭگو گېئولوگىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى گېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى)، كۇئېنلۇن - ئالتۇنتاغدىكى ماگما ھەرىكىتى ۋە كان ھاسىل قىلىش رولى (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى گېئوخىمىيە تەتقىقات ئورنى)، غەربىي كۇئېنلۇندىكى ئالماس، ئېسىل قاشتېشى كانلىرىنى تېپىشقا باھا بېرىش ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو گېئولوگىيە ئۇنىۋېرسىتېتى (بېيجىڭ))، ئالەم قاتنىشىدىكى يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسىنى كۇئېنلۇن - ئالتۇنتاغ رايونىدا كان تېپىشنى ئالدىن مۆلچەرلەش ۋە نىشانلىق رايونلارنىڭ ياخشىلىرىنى تاللاشتا قوللىنىش (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى يىراقتىن سېزىش ئەمەلىي تەتقىقات ئورنى)، شىنجاڭنىڭ گېئوتومىيە چوڭ كېسمىك يۈزىنى گېئولوگىيىلىك - گېئوفىزىكىلىق ئۇنىۋېرسال تەتقىق قىلىش (جۇڭگو گېئولوگىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى گېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى، جۇڭگو يەر تەۋرەش ئىدارىسى گېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى، جۇڭگو گېئولوگىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى كان ياتقۇسى گېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى) شىنجاڭدىكى ئاساسىي گېئولوگىيىلىك ۋەقەلەر ۋە كان ھاسىل قىلىشتا تەسىر كۆرسەتكەن ئىزوتوپلۇق خرونولوگىيە ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى گۇاڭجۇ گېئوخىمىيە تەتقىقات ئورنى)، شىنجاڭدىكى ئەۋزەل مېتال كان مەھسۇلاتلىق كانلارنىڭ ھاسىل بولۇشىغا تەسىر كۆرسەتكەن ئىزوتوپلۇق خرونولوگىيە ئۈستىدە تەتقىقات (يىچاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق تەتقىقات ئورنى)، تۇراسۇدىكى سورتى تۆۋەن، رۇدا مىقدارى كۆپ بولغان كىرىمنىيلىق جىنس تىپىدىكى ئالتۇن كانلارنى ئېچىپ پايدىلىنىش ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو گېئولوگىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى قېزىلما بايلىقلاردىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش تەتقىقات ئورنى)، رۇدا مىقدارى كۆپ بولغان ئۆمتاش تىپىدىكى ئوكسىدلانغان مىس كانلىرىنى ئېچىپ پايدىلىنىش ئۈستىدە تەتقىقات (بېيجىڭ كانچىلىق باش تەتقىقات ئورنى)، ئەۋزەل غەيرىي مېتال قېزىلما بايلىقتىن پايدىلىنىش ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى گېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى)، چاغان سالان سۇرمە - مىس كېنىنى ئېچىش تېخنولوگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات (جەنۇبىي جۇڭگو سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتى)، لوپنۇر رايونىدىكى كالىيلىق تۇز بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو گېئولوگىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى كان ياتقۇسى گېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى)، شىمالىي شىنجاڭنىڭ قېزىلما بايلىقىنى ئېچىش ۋە سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئېگىشلىك مۇھىت مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى گېئوخىمىيە تەتقىقات ئورنى)، شىنجاڭنىڭ قېزىلما بايلىقىنى ئېچىش ۋە كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نازارىتى سىياسەت تەتقىقات ئورنى).

## شىنجاڭنىڭ زېمىن بايلىقىنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈشتىكى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش تۈرى

جۇڭگو گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن يولغا قويۇلغان زېمىن بايلىقىنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش ئىشى 1999 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا

رەسمىي باشلانغاندىن بۇيان، شىنجاڭ تەۋەسىدە گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشكە دائىر 126 تۈر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇ تۈرگە ئازكەم 136 مىليون يۈەن سەرپ قىلىناتتى. 2000 - يىلى تۈر خىراجىتى تەخمىنەن 88 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 69 تۈر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە رايون دائىرىلىك تەكشۈرۈلگىنى 9 تۈر، گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈلگىنى 13 تۈر (خەۋەردار چاقىرىلغان 3 تۈرمۇ بۇنىڭ ئىچىدە)، كان مەھسۇلات بايلىقىغا باھا بېرىلگىنى 28 تۈر، ئۇچۇرغا دائىر 9 تۈر، سۇ بايلىقىغا باھا بېرىلگىنى بىر تۈر، پەن تەتقىقاتقا دائىر 9 تۈر. شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش يۈرتى 2 يىل ئىچىدە گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشكە دائىر 45 تۈرنى ئۈستىگە ئالدى. تۈر راسخوتى ئومۇمىي راسخوتنىڭ تەخمىنەن 45%نىنى ئىگىلىدى. باشقا تۈرلەرنى شىنجاڭ رەڭلىك مېتال گېئولوگىيە ئىدارىسى، شىئەن گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش مەركىزى، شىئەن قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتى قاتارلىق 27 ئورۇن ئۈستىگە ئالدى. گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش تۈرلىرى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، گېئولوگىيىلىك كان تېپىشتا زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

خۇ جيەنۋېي، ۋاڭ چىڭمىڭ

## شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسىنىڭ ئومۇمىي خىزمەت ئەھۋالى

شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسى 2000 - يىلى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن تۈرلۈك گېئولوگىيە خىزمىتى ۋەزىپىلىرىنى ئورۇندىدى، كەسىپ ئىگىلىكى يەنىمۇ راۋاجلاندى.

1. يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىشلىتىش قىممىتىگە ئىگە قېزىلما بايلىق بار 10 جاي يېڭىدىن بايقالدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالتۇن كان 2، مىس كان 6، مولىبدېن كېنى بىر، ناترىيلىق سېلىترا كېنى بىر.

2. ھەرخىل گېئولوگىيىلىك دوكلاتتىن 32سى تاپشۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە رايون دائىرىلىك گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشكە دائىر دوكلات 4، قېزىلما بايلىقلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشكە دائىر دوكلات 11، گېئوفىزىكىلىق - خىمىيىلىك تەكشۈرۈشكە دائىر دوكلات 4، گىدروگېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشكە دائىر دوكلات 6، پەن تەتقىقاتقا دائىر دوكلات بىر، باشقىلارغا دائىر دوكلات 6.

3. ئۇل گېئولوگىيىسى خىزمىتى ۋە كان تەكشۈرۈش ۋاستىسىدىكى ئاساسلىق خىزمەتلەرنى ئورۇنداش ئەھۋالى مۇنداق بولدى: 1:250000 ماشتابلىق خەرىتىگە رايونلار بويىچە گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈلگەن 18 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر دائىرە چۈشۈرۈلدى، 1:50000 ماشتابلىق خەرىتىگە رايونلار بويىچە گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈلگەن 400 كۋادرات كىلومېتىر دائىرە چۈشۈرۈلدى، 1:200000 ماشتابلىق خەرىتىگە گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈلگەن 4762 كۋادرات كىلومېتىر دائىرە چۈشۈرۈلدى، 1:50000 ماشتابلىق خەرىتىگە گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈلگەن 5926 كۋادرات كىلومېتىر دائىرە چۈشۈرۈلدى، ماشىنا ئارقىلىق كېرىن بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش مېتىراژى 12 مىڭ 262 مېتىرغا، ئوقۇر ئېچىپ چارلانغىنى 60 مىڭ 500 كۇب مېتىرغا يەتتى.

4. مەھسۇلات قىممىتى 584 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق تەكشۈرۈش راسخوتى ئاساسىي سانى ۋە ھەرخىل گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش تۈر راسخوتى 230 مىليون يۈەن، ئىشقا ئاشۇرۇلغان ئىشلەپچىقىرىش قوشۇلما قىممىتى 244 مىليون يۈەن، ئۇنۇۋېرسال تېجەپ قېلىنغان پايدا نىسبىتى 4%.

5. ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 22 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، قۇرۇلۇش قىلىنغان ئۆي كۆلىمى 28 مىڭ 300 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆيى 18 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر؛ پۈتكەن ئۆي كۆلىمى 25 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆيى 15 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر.

گۇ لەنزېي، تاڭ جيەنيۇن

## شىنجاڭدا قېزىلما بايلىقلارنى ئېچىپ پايدىلىنىش ئەھۋالى

1999 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئېچىلغان ھەرخىل قېزىلما بايلىق 87 خىلغا يەتتى، ئىشلەپچىقىرىلغان ھەرخىل رۇدا خام ئەشيا 84 مىليون 798 مىڭ 200 توننىغا، مەھسۇلات قىممىتى 21 مىليارد 728 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 7.7% ئاشتى، قېزىلما بايلىق قازمىچىلىقى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا تۈۋرۈك كەسىپ بولۇپ قالدى. بۇنىڭ ئىچىدە رۇدا مەھسۇلات قىممىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان قېزىلما بايلىق تۈرىدىن نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر، تۆمۈر، ئالتۇن، نىكېل، كالىي، تاشتۇز، تاشپاختا، قۇرۇلۇشتا ئىشلىتىلىدىغان قۇم، خىش - كاھىشلارغا ئىشلىتىلىدىغان سېغىز توپا، سېمونتقا قوشۇلىدىغان ھاك تاشتىن ئىبارەت 12 خىل قېزىلما بايلىق تۈرى بار، مەھسۇلات قىممىتى 21 مىليارد 555 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە قېزىلما بايلىق خام ئەشيا مەھسۇلات قىممىتىنىڭ

%94.98نى ئىگىلىدى.

1999 - يىلى ئاپتونوم رايوندا قېزىلما بايلىقلارنى ئېچىشتا، نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈرنىڭ مەھسۇلات مىقدارى، مەھسۇلات قىممىتى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە قېزىلما بايلىق خام ئەشيا مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %53.91نى ئىگىلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتا يېتەكچى قېزىلما بايلىق تۈرى بولۇپ قالدى. قارامېتال (تۆمۈر، مانگان، خروم) ئىچىدە تۆمۈر رۇدىسى مەھسۇلات مىقدارى 1 مىليون 888 مىڭ توننىغا، مەھسۇلات قىممىتى 256 مىليون 958 مىڭ يۈەنگە يەتتى. قالغان قېزىلما بايلىق تۈرلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ناھايىتى ئاز بولۇپ، كۆلەم بولۇپ شەكىللەنمىدى. رەڭلىك مېتال (مىس، قوغۇشۇن، سىنك، نىكېل، ۋولفرام، قەلەي) ئىچىدە نىكېل بىلەن مىسنىڭ رۇدا مەھسۇلات مىقدارى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 109 مىليون 44 مىڭ يۈەنگە يەتتى، سىنك 2 - ئورۇندا تۇردى. باشقا قېزىلما بايلىق تۈرلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى ناھايىتى ئاز بولدى. قىممەتلىك مېتاللار ئىچىدە ئالتۇننىڭ مەھسۇلات قىممىتى 471 مىليون 773 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىگە قارىغاندا 5 مىليون 370 مىڭ 800 يۈەن كېمىيىپ كەتتى. ئۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان دۇنيادىكى ئالتۇن بازارلىرىدا ئالتۇننىڭ باھاسى تۆۋەنلەپ كېتىپ، مەملىكەت ئىچىدىكى ئالتۇن بازارلىرىغا ئېغىر تەسىر كۆرسەتتى. ئاز ئۇچرايدىغان مېتال رۇدىسىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 32 مىڭ 100 توننا كېمىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 349 مىڭ 900 يۈەن ئاشتى، ئېشىش نىسبىتى %11كە يەتتى. بۇنىڭغا نىئوبىي، تانتال ساپ رۇدىسىنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كەتكەنلىكى سەۋەب بولدى. لېكىن دۇنيادىكى تۇزلۇق كۆللەردىن سۈزۈۋېلىنغان لىتىي ئەرزان باھالىق خام ئەشياغا ئايلىنىپ قالغاندىن بۇيان، لىتىيلىق تۇز زاۋۇتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئىزچىل تۆۋەنلەپ كەتتى. خىمىيە سانائىتىنىڭ خام ئەشياسى قىلىنىدىغان مەدەنلەر ئىچىدە رۇدا خام ئەشيالىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى بىر قەدەر زور بولغانلىرىدىن پەقەت تاشتۇز بولۇپ، ئۇنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 135 مىليون 157 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 92 مىليون 883 مىڭ يۈەن ئاشتى، مەھسۇلات مىقدارى 147 مىڭ 600 توننا كۆپەيدى. مېتاللچىلىقنىڭ قوشۇمچە خام ئەشياسى قىلىنىدىغان مەدەنلەرنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ۋە مەھسۇلات قىممىتى ناھايىتى ئاز بولدى. بۇ، شىنجاڭنىڭ مېتاللچىلىق سانائىتىدە پولات، تۆمۈرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا مېتاللچىلىق سانائەتلىرىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن بوش قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قۇرۇلۇش ماتېرىيال قىلىنىدىغان ۋە باشقا مېتاللوگىد مەدەنلەردىن 46 خىلى قېزىلدى، مەھسۇلات قىممىتى 726 مىليون 432 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە رۇدا مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %33.3نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە خىش - كاھىشلارغا قوشۇلىدىغان سېغىز توپا، تاشپاختا، سېمونتقا قوشۇلىدىغان ھاك تاش، قۇرۇلۇشتا ئىشلىتىلىدىغان قۇمنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، بۇ خىل قېزىلما بايلىقلارنى ئېچىشتىكى گەۋدىلىك قېزىلما بايلىق تۈرى ھېسابلىنىدۇ.

لى شۈېن، گو جيۈن

## قېزىلما بايلىق تۆلەم پۇلىنىڭ يىغىۋېلىنىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 126 مىليون 200 مىڭ يۈەن قېزىلما بايلىق تۆلەم پۇلى يىغىۋېلىنىپ خەزىنىگە تاپشۇرۇلدى، ۋەزىپە كۆرسەتكۈچى %180 ئورۇندىلىپ، 1999 - يىلدىكىگە قارىغاندا 36 مىليون 200 مىڭ يۈەن كۆپ يىغىۋېلىنىپ، خەزىنىگە كىرگۈزۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تۆلەم پۇلى يىغىۋېلىش ئورگانلىرى بىۋاسىتە يىغىۋالغان نېفىت، تەبىئىي گاز تۆلەم پۇلى 109 مىليون يۈەن، ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك تۆلەم پۇلى يىغىۋېلىش ئورگانلىرى يىغىۋالغان قاتتىق قېزىلما بايلىق ۋە باشقا قېزىلما بايلىق تۆلەم پۇلى 17 مىليون 200 مىڭ يۈەن.

لى چۈنىڭ، فۇ جۈن

## قېزىلما بايلىقلارنى قوغداش خىراجىتى بېرىلىدىغان تۈرلەرنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى كان كارخانىلار قېزىلما بايلىقلارنى مۇھاپىزەت قىلىشقا دائىر تۈر تۈرغۇزۇش دوكلاتىدىن 51نى يۇقىرىغا يوللىدى. كان تۈرى بويىچە ئايرىغاندا، كۆمۈركان 25، بېزەكچىلىك گرانىت تاش ماتېرىيال كېنى 2، ئالتۇن كان 6، رەڭلىك مېتال كېنى 2، ئاز ئۇچرايدىغان مېتال كېنى بىر. خىش - كاھىش سېغىز توپا ۋە قۇم - تاش ماتېرىيال كېنى 2، تاشپاختا كېنى بىر، تۆمۈر كېنى بىر، مانگان كېنى بىر، ئېسىل قاشتاش كېنى 2، يەر ئىسسىقلىق كېنى 3؛ تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بويىچە ئايرىغاندا، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق دۆلەت كانلىرى 16، ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلەرگە قاراشلىق دۆلەت كېنى 25، كوللېكتىپ ۋە باشقا ئىقتىسادىي تىپتىكى كان 10 (بىڭتۇەن قارمىقىدىكى كان 5).

ش ئۇ ئا ر مالىيە نازارىتى، گېئولوگىيە - قېزىلما

بايلىقلار نازارىتى، پىلان كومىتېتى بىرلىكتە 15 تۈرنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ تۈۋەنگە چۈشۈردى، بۇ تۈرلەرگە 23 مىليون 370 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئورۇنلار ئۆزلىرى توپلىغىنى 13 مىليون 800 مىڭ يۈەن، ياردەم بېرىلگەن خىراجەت 9 مىليون 470 مىڭ يۈەن.

گېئولوگىيە ـ قېزىلما بايلىقلار نازارىتى ئالاقىدار مۇتەخەسسلەرنى ۋە ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ گېئولوگىيە قېزىلما بايلىق تارماقلىرىدىكى تۈرلەرنى باشقۇرغۇچى خادىملارنى ئويۇشتۇرۇپ، تەستىقلانغان تۈرلەرنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى، قۇرۇلۇش سۈپىتى، مەبلەغنى ئىشلىتىش ئەھۋالىنى دائىم نازارەت قىلدى. 10 تۈر تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، نازارەت قىلىش ئاياغلاشمىغان تۈر 29. 2000 ـ يىلى ھەرخىل تۈرلەرنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى ئوڭۇشلۇق بولدى ھەمدە خېلى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. بايلىقلارنى قېزىش ۋە قايتا قېزىش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، كانلارنىڭ مۇلازىمەت قىلىش يىل چەكلىمىسى ئۇزارتىلدى، پايدىلىنىش قىيىن بولغان رۇدا ۋە قالدۇق رۇدىلارنى يىغىۋېلىش ھەمدە قېزىلما بايلىقلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. قېزىلما بايلىقلارنى باشقۇرۇش خىزمىتى ۋە قېزىلما بايلىق تۆلەم پۇلىنى يىغىۋېلىش خىزمىتى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇلدى.

مىجىت، فۇ جۈن

## قېزىلما بايلىق تۆلەم پۇلى بېرىلىدىغان گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش تۈرلىرىنىڭ نەتىجىسى

2000 ـ يىل 9 ـ ئايغا قەدەر، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش تۈرلىرىنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇنلار گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە دائىر دوكلاتتىن 72نى تاپشۇردى، بۇ تۈرلەر ئومۇمەن كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكەن بولۇپ، خېلى ياخشى گېئولوگىيىلىك كان تېپىش ئۈنۈمى قولغا كەلتۈرۈلدى.

ئالتۇن كان    ئالتاي شەھىرىدىكى سارقۇبى ئالتۇن كېنىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە C+D دەرىجىلىك زاپىسنى 780 كىلوگرامغا يەتكۈزۈش تەستىقلاندى؛ چاپچال ناھىيىسىدىكى چولاق ئالتۇن كېنىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە D دەرىجىلىك مېتال زاپىسىنى 519 كىلوگرامغا يەتكۈزۈش تەستىقلاندى؛ بارىكۆل ناھىيىسىدىكى سورباستاۋ ئالتۇن كېنى D+E دەرىجىلىك ئالتۇن زاپىسىدىن 1950 كىلوگرام تاپشۇرىدىغان بولدى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدىكى نوم ئالتۇن كېنىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە D دەرىجىلىك ئالتۇن مېتال زاپىسى 473 كىلوگرامغا يەتكۈزۈش تەستىقلاندى؛ پىچان ناھىيىسىدىكى يۈنشاڭ ئالتۇن كېنىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە D+E دەرىجىلىك ئالتۇن مېتال زاپىسىدىن 239 كىلوگرام تاپشۇرىدىغان بولدى؛ پىچان ناھىيىسىدىكى شيۇگۇبىگۇەن ئالتۇن كېنىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە D دەرىجىلىك ئالتۇن مېتال زاپىسىدىن 102 كىلوگرام تاپشۇرىدىغان بولدى؛ قابا ناھىيىسىدىكى توققۇز باي ئالتۇن كېنىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە يېڭىدىن كۆپەيگەن D+E دەرىجىلىك ئالتۇن مېتال زاپىسىنى 1797 كىلوگرامغا يەتكۈزۈش تەستىقلاندى. يۇقىرىقى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلگەن تۈرلەردە ئالتۇن مېتال زاپىسى 5860 كىلوگرام ئاشىدىغانلىقى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى.

كۆمۈر كان    موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدىكى سەكساي كۆمۈر كېنىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە C+D دەرىجىلىك زاپىسنى 6 مىليون 400 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈش تەستىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە C دەرىجىلىك زاپىسى 2 مىليون 970 مىڭ تونна.

مېتال ۋە مېتاللوئىد    خېجىڭ ناھىيىسىدىكى خالىخات ماگنىي كېنىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە D+E دەرىجىلىك ماگنىيلىق رۇدا زاپىسىدىن 13 مىليون 980 مىڭ تونна؛ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى نەنشەن گرانىت تاش كېنى D+E دەرىجىلىك 4 مىليون 960 مىڭ كۇب مېتىر خام ماتېرىيال؛ قۇمۇل شەھىرىدىكى قوشقۇدۇق گرانىت تاش كېنى D+E دەرىجىلىك 1 مىليون 330 مىڭ كۇب مېتىر خام ماتېرىيال؛ كۇچا ناھىيىسىدىكى ئېگىز قوتان ساپال دانىچە سىلانېتس كېنىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە D+E دەرىجىلىك ساپال دانىچە سىلانېتس رۇدا زاپىسىدىن 29 مىليون 780 مىڭ تونна تاپشۇرىدىغان بولدى؛ چاقىلىق ناھىيىسىدىكى تاشپاختا كېنىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە تاشپاختا مىنېرال زاپىسى ئېشىپ 800 مىڭ توننىغا يەتتى. چاقىلىق ناھىيىسىدىكى لوپنۇر كالىي تۇزلۇقىنى تۇنجى قېتىم قېزىش رايونى بۆلىكىدىكى يوشۇرۇن ئىشقارلىق سۇ كېنى گەۋدىسىنىڭ قېلىنلىقى، سورتىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، كان گەۋدىسىنىڭ سۇلۇق خۇسۇسىيىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئىگىلىۋېلىنىپ، كالىيلىق تۇزلارنى ئېچىش ئۈچۈن ئاساس يارىتىلدى. تەستىقلانغان C + D دەرىجىلىك سۇيۇق رۇدا زاپىسى مۇنداق: كالىيلىق تۇز زاپىسىنىڭ سۇيۇق كاۋاك ھالەتتىكى زاپىسى 20 مىليون 586 مىڭ 100 تونна، سۇ بېرىلگەن زاپىسى 11 مىليون 863 مىڭ 500 تونна؛ ماگنىيلىق تۇز زاپىسىنىڭ سۇيۇق كاۋاك ھالەتتىكى زاپىسى 106 مىليون 974 مىڭ 900 تونна، سۇ بېرىلگەن زاپىسى 60 مىليون 875 مىڭ 400 تونна، تاشتۇز

زاپىسىنىڭ سۇيۇق كاۋاك ھالەتتىكى زاپىسى 248 مىليون 263 مىڭ 600 توننا، سۇ بېرىلگەن زاپىسى 152 مىليون 486 مىڭ 900 توننا.

پەن تەتقىقات تۈرلىرى «شىنجاڭنىڭ 1:1000000 ماسشتابلىق گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق خەرىتىسى» شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي پىلانى، تېررىتورىيىلىك تۈزۈش پىلانى ۋە قېزىلما بايلىقلارنى مۇۋاپىق ئېچىپ پايدىلىنىش، سانائەت - يېزا ئىگىلىكىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇھىم ئاساسلىق گېئولوگىيىلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. «شىنجاڭنىڭ مۇھىت گېئولوگىيىسى خەرىتە توپلىمى»دا شىنجاڭنىڭ مۇھىت گېئولوگىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئاساسىي خۇسۇسىيىتى ئىپادىلەنگەن بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ ماكرولۇق پىلانىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، گېئولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش، يەر ئاستى سۇ بايلىقى ۋە قېزىلما بايلىقلارنى مۇۋاپىق ئېچىپ پايدىلىنىش، پەن تەتقىقات، ئوقۇتۇش، ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئەڭ ياخشى قوللىنىش قىممىتىگە ئىگە.

لاڭ جىجۇن، ساۋ جيەنجۇن

## قېزىلما بايلىقلارنى ئېچىشنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش ئەھۋالى

2000 - يىل 11 - ئايدا شىنجاڭ كانچىلىق تەرتىپىنى تۈزەش - تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى 2 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، نۇقتىلىق 9 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، 18 ناھىيە، شەھەر ۋە 32 نۇقتىلىق كان رايونىنى مەخسۇس تەكشۈردى. 3 ۋىلايەتنى ئالدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كانلارنى يىللىق تەكشۈرۈش نىسبىتى مۇنداق بولدى: دۆلەت ئىلكىدىكى نۇقتىلىق كانلار %100كە، يەرلىك دۆلەت كانلىرى %93.3كە، كوللېكتىپ كانلار %96.5كە، خۇسۇسىي كانلار %97كە يەتتى. يىللىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق، كان قېزىش ئىجازەتنامىسى بولمىغان 44 كان تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، قانۇنسىز قېزىلغان 29 كان ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، كان قېزىش ئىجازەتنامىسىدىن 13ى كۈچتىن قالدۇرۇلدى، كان قېزىش ئىجازەتنامىسىدىن 180ى رويخەتتىن ئۆچۈرۈۋېتىلدى، ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىپ چېگرا ئاتلىغان 28 كان تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، قېزىلما بايلىقلارنى بۇزۇپ ئىسراپ قىلىۋەتكەن 6 كان كارخانا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 115 كان ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىپ تەرتىپكە سېلىندى، 88 كان مۇددەت ئىچىدە تەرتىپكە سېلىندى، قېزىلما بايلىق ئۆلچەم پۇلىدىن 1 مىليون 270 مىڭ يۈەن تۆلىتىۋېلىندى، 120 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى ياكى مۇسادىرە قىلىندى، 120 توننا رۇدا مۇسادىرە قىلىندى، 2 كىشىگە جىنايى جازا بېرىلدى.

ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە كانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 36 مىليارد 817 مىليون يۈەنگە يېتىپ، سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %38.08نى ئىگىلىگەن.

قاتتىق قېزىلما بايلىقنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى شىنجاڭ بويىچە دۆلەت كان كارخانىسىدىن 540ى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى 453، ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىغىنى 87. يۇقىرىغا يىللىق مەلۇمات يوللىغان كان 540 بولۇپ، يۇقىرىغا مەلۇمات يوللاش نىسبىتى %100 بولدى. دۆلەت كان كارخانىسى ئىچىدە چوڭ كان 4، ئوتتۇرا كان 11. يىللىق ئىشلەپچىقىرىلغان رۇدا مىقدارى 32 مىليون 759 مىڭ 200 توننا، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 873 مىليون يۈەن، كەسپكار 66 مىڭ 188.

يېزا - بازارلارنىڭ كوللېكتىپ، خۇسۇسىي كان كارخانىسى 2360قا يېتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كان 1954، ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىغىنى 406، يۇقىرىغا يىللىق مەلۇمات يوللىغان كان 2360 بولۇپ، يۇقىرىغا مەلۇمات يوللاش نىسبىتى %100 بولدى. يىللىق ئىشلەپچىقىرىلغان رۇدا 33 مىليون 981 مىڭ 600 توننا، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 318 مىليون يۈەن، كەسپكار 68 مىڭ 743.

نېفىت - تەبىئىي گازنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى، تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى، تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىنى تەكشۈرۈش شىركىتى، غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسىدىن ئىبارەت 5 كارخانىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقارغان نېفىتى 18 مىليون 483 مىڭ 300 تونىغا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 1 مىليون 868 مىڭ توننا ئاشتى، ئېشىش نىسبىتى %6.25كە يەتتى. يىللىق ئىشلەپچىقىرىلغان تەبىئىي گاز 1 مىليارد 539 مىليون كۇب مېترغا، نېفىت - تەبىئىي گاز مەھسۇلات قىممىتى 33 مىليارد 626 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 18 مىليارد 595 مىليون يۈەن ئاشتى.

شىنجاڭ بويىچە كانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى (نېفىت - تەبىئىي گاز بۇنىڭ سىرتىدا) سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %10 — %20نى ئىگىلىگەن ناھىيە (شەھەر) 18 گە يەتتى. %21 — %50نى ئىگىلىگەن ناھىيە (شەھەر) 18گە، %50تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەن ناھىيە (شەھەر) 7گە يەتتى.

مىجىت، فۇ جۈن

## شىنجاڭنىڭ 2000 - يىلدىن 2010 - يىلغىچە بولغان قېزىلما بايلىق ئومۇمىي پىلانى

زېمىن - بايلىق مىنىستىرلىكىنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئويۇشتۇرۇشى بىلەن، سابىق شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار نازارىتىنىڭ باشچىلىقىدا نېفىت، رەڭلىك مېتال، مېتاللورگىيە، كۆمۈر، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، خىمىيە سانائىتى، پولات - تۆمۈر قاتارلىق سانائەت تارماقلىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن «شىنجاڭنىڭ 2000 - يىلدىن 2010 - يىلغىچە بولغان قېزىلما بايلىق ئومۇمىي پىلانى» تۈزۈپ چىقىلدى. پىلان نۇسخىسى تەخمىنەن 60 مىڭ خەتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بىر جەدۋەل قوشۇمچە قىلىندى، قوشۇمچە قىلىنغان ئاساسلىق خەرىتىلەر شۇكى، 1:1500000 ماسشتابلىق شىنجاڭنىڭ ئېنېرگىيە - قېزىلما بايلىقلىرىنىڭ تارقىلىش خەرىتىسى، مېتال قېزىلما بايلىقىنىڭ تارقىلىش خەرىتىسى، مېتاللوئىد قېزىلما بايلىقىنىڭ تارقىلىش خەرىتىسى، قېزىلما بايلىقلارنى ئېچىپ پايدىلىنىش خەرىتىسى، ئېنېرگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش پىلانى خەرىتىسى، مېتال قېزىلما بايلىقنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئومۇمىي پىلانى خەرىتىسى، مېتاللوئىد قېزىلما بايلىقنى تەكشۈرۈش - ئېچىش پىلانى خەرىتىسى ۋە 1:2000000 ماسشتابلىق شىنجاڭنىڭ سىزىنچىسى ھەمراھ سۈرەتلىك خەرىتىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ پىلاندا «ئېلىمىزنىڭ قېزىلما بايلىقى ئومۇمىي پىلانىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى» ۋە «غەربىي كەڭ ئېچىش - زېمىن بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش پىلانىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى»دىكى تەلەپلەرگە ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ قېزىلما بايلىقى ۋە ئۇنى ئېچىپ پايدىلىنىشنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، غەربىي كەڭ ئېچىشنىڭ قېزىلما بايلىقلارغا بولغان تەلىپى ۋە ئۇنىڭ قىياسلىرى تەپسىلىي ئانالىز قىلىنغان، ئېچىشقا ئىلھام بېرىلىدىغان، چەكلىنىدىغان ۋە مەنئى قىلىنىدىغان كان تۈرلىرى ئايدىڭلاشتۇرۇلغان، قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش پىلانلانغان رايونلار، مۇھىم قېزىلما بايلىقلار مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان رايونلار ۋە مۇھىم قېزىلما بايلىقلار قېزىلىدىغان رايونلار ئايرىپ چىقىلغان، كانچىلىق قۇرۇلمىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تەڭشەش نىشانلىرى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

لى خېڭخەي، ۋاڭ چىڭمىڭ

## 45 خىل ئاساسلىق قېزىلما بايلىقنى دەرىجىگە سېلىشنى ئىسلاھ قىلىش تاماملاندى ۋە تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى

«قاتتىق قېزىلما بايلىق ۋە ئۇنىڭ زاپىسىنى تۈرلەرگە ئايرىش»نىڭ دۆلەت ئۆلچىمى (GB/T17766—1999) گە ماسلىشىش ئۈچۈن، زېمىن - بايلىق مىنىستىرلىكى مەملىكەت بويىچە قېزىلما بايلىق زاپىسىنى دەرىجىگە سېلىشنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى، شىنجاڭنىڭ 45 خىل ئاساسلىق قېزىلما بايلىقنى دەرىجىگە سېلىشنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتى 2000 - يىل 6 - ئايدا ئاياغلاشتى، 7 - ئايدا زېمىن - بايلىق مىنىستىرلىكىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى ھەمدە ئەلا بولۇپ باھالاندى. 45 خىل ئاساسلىق قېزىلما بايلىق ئىچىدە، شىنجاڭدا 34 خىلى بار، قېزىلما بايلىق چىقىدىغان ئورۇندىن 457 سى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 75 ئورۇندا يېرىكە پەيدا بولىدۇ.

دەرىجىگە سېلىشنى ئىسلاھ قىلىش نەتىجىسىنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ كۆزگۈرتلۈك تۆمۈر رۇدىسى، شور، سېموتتقا ئارىلاشتۇرۇلىدىغان ھاك، تاشپاختا ۋە ئۇنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئاساسىي زاپىسى بىلەن تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ تىزگىنلىنىدىغان ئاساسىي زاپىسى بايلىق زاپىسىنىڭ %54 — %60نى ئىگىلىگەنلىكى مەلۇم بولدى، بۇ، شىنجاڭنىڭ يۇقىرىقى 4 خىل قېزىلما بايلىقىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئاساسىي زاپىسىنى تەكشۈرۈش دەرىجىسىنىڭ بىر قەدەر مۇۋاپىق بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ؛ لېكىن ئالتۇن، كۈمۈش، تۆمۈر، مىس، قوغۇشۇن، سىنىك، تۇز، ئوتقا چىداملىق سېغىز توپا قاتارلىق 8 خىل قېزىلما بايلىق ۋە ئۇنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئاساسىي زاپىسى بىلەن تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ تىزگىنلىنىدىغان ئاساسىي زاپىسى بايلىق زاپىسىنىڭ تەخمىنەن %35 — %45نى ئىگىلىگەن بولۇپ، شىنجاڭنىڭ بۇ 8 خىل قېزىلما بايلىقىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئاساسلىق زاپىسىنى تەكشۈرۈش تەرتىپىنىڭ ئوتتۇراھالدىن سەل تۆۋەنرەك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ؛ يەنە كۆمۈرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئاساسىي زاپىسى بىلەن تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ تىزگىنلىنىدىغان ئاساسىي زاپىسى بايلىق زاپىسىنىڭ ئاران %5.9نى ئىگىلىگەن، بۇ، شىنجاڭدا كۆمۈرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئاساسىي زاپىسىنى تەكشۈرۈش تەرتىپىنىڭ ناھايىتى تۆۋەن ئىكەنلىكىنى، سالماقنى ئاشۇرۇپ كۆمۈرنىڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئاساسىي زاپاس نىسبىتى بىلەن بايلىق زاپىسى نىسبىتىنى بىر قەدەر مۇۋاپىق دەرىجىگە يەتكۈزۈش لازىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

جۇ لىشىن

## شىنجاڭنىڭ غەربىي كۇئېنلۇن رايونىنى رايون دائىرىلىك گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش تۈرى خېرىدار چاقىرىپ يولغا قويۇلدى

2000 - يىل 12 - ئايدا جۇڭگو گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ شىنجاڭدىكى غەربىي كۇئېنلۇن

رايوننى رايون دائىرىلىك گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈشكە خېرىدار چاقىرغان 3 تۈرنىڭ دالا تەكشۈرۈشكە دائىر دەسلەپكى ماتېرىياللىرىنىڭ ھەممىسى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

جۇڭگو گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسى 1999 - يىل 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى بېيجىڭدا شىنجاڭنىڭ غەربىي كوئېنلۇن رايوننى رايون دائىرىلىك گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىگە ئاشكارا خېرىدار چاقىردى، بۇ قېتىم 3 تۈرگە خېرىدار چاقىرىلدى. بۇ تۈرلەر مۇنۇلار: «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي كوئېنلۇندىكى نىيە دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، يۇقىرى ئېقىنىنى 1:200000 ماسشتاب بويىچە رايون دائىرىلىك گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي كوئېنلۇندىكى يەكەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنى 1:500000 ماسشتاب بويىچە رايون دائىرىلىك گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي كوئېنلۇندىكى يۇرۇڭقاش دەرياسىنى 1:500000 ماسشتاب بويىچە رايون دائىرىلىك گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش» تۈرىگە ئايرىم - ئايرىم ھالدا شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش يۈرتى، شەنشى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش يۈرتى ۋە خۇبېي گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش يۈرتى خېرىدار بولدى ھەمدە ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مەسئۇل بولدى. دالا خىزمىتىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، 3 خىزمەت رايونىنىڭ رايون دائىرىلىك گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش ئۇسۇلى تېخنىكىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، جۇڭگو گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسى بىرلىككە كەلگەن ئۇسۇل تېخنىكىسىنى بېكىتتى.

2000 - يىل 4 - ئاينىڭ باشلىرىدا تۈرلەرنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇنلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، چەرچەن، نىيە، قاغىلىق، خوتەن قاتارلىق رايونلاردىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۆزلىرىنىڭ تۈرلەر يولغا قويۇلىدىغان خىزمەت رايونىغا بېرىپ، دالادىكى سۇ سىستېمىسى چۆكۈندىلىرىنىڭ ئەۋرىشكىسىنى يىغىش خىزمىتىنى ئىشلىدى. 1:200000 ماسشتابلىق خەرىتىگە سۇ سىستېمىسىدىكى چۆكۈندىلەرنىڭ ئەۋرىشكىسى ئېلىنىدىغان 38 مىڭ 929 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنى چۈشۈردى، 10 مىڭ 367 پارچە ئەۋرىشكە يىغدى، ئەۋرىشكە ئېلىشنىڭ ئوتتۇرىچە زىچلىقى 1.06 نۇقتا/4 كۋادرات كىلومېتىر بولدى؛ 1:500000 ماسشتابلىق خەرىتىگە سۇ سىستېمىسىدىكى چۆكۈندىلەرنىڭ ئەۋرىشكىسى ئېلىنىدىغان 71 مىڭ 792 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنى چۈشۈردى، 4590 پارچە ئەۋرىشكە يىغدى، ئەۋرىشكە ئېلىشنىڭ ئوتتۇرىچە زىچلىقى 1.02 نۇقتا/16 كۋادرات كىلومېتىر بولدى.

جۇاڭ داۋزې، ليۇ تو

### «جۇڭگونىڭ شىنجاڭدىكى ئالتاينىڭ قېزىلما بايلىقىنى تەكشۈرۈش» تۈرى يولغا قويۇلدى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى ئارقىلىق ياپونىيە ھۆكۈمىتىگە يوللىغان «جۇڭگونىڭ شىنجاڭدىكى ئالتاينىڭ قېزىلما بايلىقىنى تەكشۈرۈش» تۈرى ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشىغا ئېرىشتى. 2000 - يىل 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى دۆلەت «305» تەتقىقات تۈرى ئىشخانىسى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مېتاللىق قېزىلما بايلىق كەسپىي گۇرۇھى (MMAJ) بىلەن ئۈرۈمچىدە ئىمزا قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى بۇ تۈرنى يولغا قويۇشنى تەستىقلىدى. بۇ تۈر ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئېلىمىزگە ھەقسىز ياردەم بەرگەن تۈر ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭغا 3 مىليون دوللار سەرپ قىلىنىدۇ، يولغا قويۇش ۋاقتى 3 يىل بولىدۇ. بۇ تۈرنى دۆلەت «305» تەتقىقات تۈرى ئىشخانىسى يولغا قويىدۇ، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسى قاتنىشىدۇ، خىزمەت رايونى ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي قاپتىلىدا بولۇپ، ئۇنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 53 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. 6 - ئايدا ياپونىيە مۇتەخەسسىسلىرى شىنجاڭغا كېلىپ، ئەترەت تەشكىللەپ ئالتاي رايونىدا دالا تەكشۈرۈش خىزمىتى ئېلىپ باردى، تېمىرتى، كۆكتال رايونلىرىنى گېئولوگىيىلىك، گېئوفىزىكىلىق، گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

ۋاڭ يۇ

### شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى تەكشۈرۈش ئىستراتېگىيىسىگە دائىر تەتقىقات دوكلاتى

بۇ، زېمىن - بايلىق مىنىستىرلىكىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن يولغا قويۇلغان «غەربىي رايوننىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى تەكشۈرۈش ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات» تۈرىدىكى بىر مەخسۇس تەتقىقات دوكلاتى ھېسابلىنىدۇ. بۇنى شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى، 2000 - يىل 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىئەن شەھىرىدە زېمىن - بايلىق مىنىستىرلىكىنىڭ باھالاپ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى.

قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاساسلىق نەتىجىلەر مۇنۇلار: بىرىنچى، شىنجاڭنىڭ گىدروگېئولوگىيىلىك شارائىتى ۋە يەر

ئاستى سۇ بايلىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش قۇرۇلۇشىنىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقىغا بولغان تەلىپىگە بىرلەشتۈرۈپ، 2003 - يىلى ۋە 2010 - يىلىدىن ئىبارەت 2 باسقۇچقا ئايرىپ، شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك پىلانلاندى، شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىلدى. ئىككىنچى، رايونلار بويىچە سۇ بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش نىشانى، يەرلىك ئورۇنلاردىكى خەلق ئىگىلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقىغا بولغان جىددىي ئېھتىياجى ۋە ساقلىنىۋاتقان مۇھىت - گىدروگېئولوگىيىلىك مەسىلىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، تارىم ئويمانلىقى، جۇڭغار ئويمانلىقى، تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقىدىن ئىبارەت 1 - دەرىجىلىك تەكشۈرۈلىدىغان 3 پىلان رايونى، 2 - دەرىجىلىك تەكشۈرۈلىدىغان 12 پىلان رايونى ۋە 3 - دەرىجىلىك تەكشۈرۈلىدىغان 23 پىلان رايونى ئايرىپ چىقىلدى. ھەر قايسى پىلان رايونلىرىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ نىشانى، ۋەزىپىلىرى، تېخنىكا لىنىيىسى، خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، تېخنىكىلىق تەلىپى، ئاساسلىق تىزگىنلىنىدىغان خىزمەت مىقدارى ۋە كۆزلىگەن نەتىجىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۈچىنچى، تۈرلەرنى يولغا قويۇش داۋامىدا قانات يايدۇرۇلغان كۆپ خىل تەتقىقات خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسى، سانلىق قىممەتنى تەقلىد قىلىش تېخنىكىسى، ئىزوتوپ تېخنىكىسى، كۆپ خىل گېئوفىزىكىلىق تەكشۈرۈش ئۇسۇلى، بۇرغىلاپ ئىش باشلاش تېخنىكىسى، جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر سىستېمىسى، يەر ئاستى سۈيىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش سىنىقى قاتارلىق ئۇسۇل ۋە ۋاستىلارنى گىدروگېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىدە قوللىنىش تەجرىبىلىرى يەكۈنلەندى، مۇۋاپىق كېلىدىغان شارائىتلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، تەكشۈرۈش ئۇسۇلى ۋە ۋاستىسىنى مۇۋاپىق تاللاش ئۈچۈن ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىلدى. تۆتىنچى، تۈرلەرنى يولغا قويۇش جەريانىدا شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقىنى تەكشۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىدى. مەسىلەن، لوپنۇر رايونى، پەيزاۋات ناھىيىسى، كۇچا ناھىيىسى قاتارلىق جايلارنى تەكشۈرۈپ سۇ تېپىشتا بۆسۈش ھاسىل قىلىندى. قۇملۇق رايوندىكى تاتلىق سۇ ۋە تۈزۈلمىلىك ئويمانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ تارقىلىش قانۇنىيىتى، تاغ ئالدىدىكى «يەر ئاستى سۇ ئامبىرى»نى تەتقىق قىلىش ھەمدە يېڭى تېخنىكىلارنى قوللىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم ئىلگىرىلەش بولدى.

سۇن شياۋمىڭ

## شىنجاڭنىڭ ئالتاي رايونىنى رايون دائىرىلىك گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئالتاي رايونىدا 1:200000 ماسشتاب بويىچە چۆچەك، شىبېت، قاناس دائىرىسىنى رايونلار بويىچە گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈپ دالىدىن ئەۋرىشكە ئېلىش خىزمىتىنىڭ تاماملىنىشى بۇ رايوننى دائىرىلەر بويىچە گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئالتاي رايونىدا 1:200000 ماسشتاب بويىچە رايون دائىرىسىنى گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈپ تەسۋىر چۈشۈرۈش ئىشى 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باشلانغان بولۇپ، رايون دائىرىسىنى گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈپ تەسۋىر چۈشۈرۈلگەن كۆلىمى تەخمىنەن 82 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ، 1:200000 ماسشتابلىق خەرىتىدىن 23ى (مۇكەممەل بولمىغان خەرىتىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) پۈتتۈرۈلدى.

1:200000 ماسشتاب بويىچە رايون دائىرىلىك گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈپ تەسۋىر چۈشۈرۈش ئارقىلىق، ئالتاي رايونىدىكى ئالتۇن، مىس، قوغۇشۇن، سىنىك، كۈمۈش قاتارلىق 39 خىل ئېلېمېنت ۋە ئوكسىدلارنىڭ رايونلاردىكى ئۆزگىرىش خۇسۇسىيىتى ۋە تارقىلىش قانۇنىيىتى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى ھەمدە قىزىلتاغ ئېغىزى، نورت، كۆنگۆي قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى بىر تۈركۈم ئالتۇن، مىستىن ئىبارەت كۆپ خىل ئېلېمېنتلىق نورمالسىز بەلۋاغ ۋە نورمالسىزلىق مەركەزلەشكەن رايونلار دائىرىلەپ چىقىلدى، نورمالسىزلىقنى گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاش ئارقىلىق سەيدۇ ئالتۇن كېنى، شور بۇلاق ئالتۇن كېنى قاتارلىق كان ياتىقى (نۇقتىسى) بايقىلىپ، كان تېپىشتا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ رايوننىڭ گېئولوگىيىلىك قېزىلما بايلىقىنى تەكشۈرۈش ھەمدە يېزا ئىگىلىكى، ئوتلاقلىرىنى تەكشۈرۈش، مۇھىتقا باھا بېرىش قاتارلىق ئالاقىدار خىزمەتلىرىنى مول، سىستېمىلىق بولغان رايون دائىرىلىك گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلىدى.

جۇاڭ داۋزى، ليۇ تو

## قۇمۇل رايونىدىكى تۇۋۇ مىس كېنى تەكشۈرۈلدى

1999 - يىلىدىن 2000 - يىلغىچە ئېلىپ بېرىلغان يېڭى



قۇمۇل تۇۋۇ مىس كېنى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭ رايونىدا كان ئىزدەشتىكى ئەڭ زور بايقاشنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ، مىس بايلىقى مىقدارى 7 مىليون توننا. سۈرەتتە: بۇرغىلاش ماشىنىسى يەندۇڭ مىس كېنىنىڭ تەكشۈرۈش لىنىيىسىدە ئىشلىمەكتە.

سۈرەتنى گېئولوگىيە قېزىلما بايلىق نازارىتى تەمىنلىگەن

بىر نۆۋەتلىك زېمىن بايلىقىنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈشتە، تۇۋۇ - يەندۇڭ كېنى نۇقتىلىق خىزمەت رايونى قىلىنىپ، گېئولوگىيىلىك كان تېپىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى، مىس بايلىقى 7 مىليون توننىغا يېتىدىغانلىقى دەسلەپكى قەدەمدە مۆلچەرلەندى.

تۇۋۇ مىس كېنى 2000 - يىلى 2 تۆشۈك بۇرغىلىنىپ، كان گەۋدىسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا قاراپ كېڭىيىپ بارغانلىقى، سورتىنىڭ ئۆزگىرىشى مۇقىم بولغانلىقى يەنىمۇ ئىسپاتلاندى. ZK705 تۆشۈك بولسا 7 - لىنىيىنىڭ چوڭقۇر قىسمىدىكى 5 - تۆشۈك ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا تۇۋۇ مىس كېنىنىڭ نۆۋەتتىكى كۆرگىلى بولىدىغان كان قېلىنلىقى ئەڭ زور تۆشۈك ھېسابلىنىدۇ. پۈتۈن تۆشۈكتىكى كۆرگىلى بولىدىغان كاننىڭ قېلىنلىقى 564.38 مېتىرغا، ئوتتۇرىچە سورتى $0.45\times10^{-2}$ گە يېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە كۆرۈنمە قېلىنلىقى 235 مېتىر كېلىدىغان كان گەۋدىسى بار، ئۇنىڭ ئوتتۇرىچە سورتى $0.6\times10^{-2}$ گە يېتىدۇ. ZK3101 تۆشۈكتىن 3 قەۋەت كان چىقتى، ئۇنىڭ جۇغلانما قېلىنلىقى 103.27 مېتىرغا، مىسنىڭ ئوتتۇرىچە سورتى $0.26\times10^{-1}$ گە يېتىدۇ.

يەندۇڭ مىس كېنى بۇ كاندىن 3 تۆشۈك بۇرغىلاندى، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر تۆشۈكتىن ماگنىتنىڭ نورمالسىزلىقى، كان يوقلۇقى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاندى، ئۇنىڭدىن باشقا بۇرغىلانغان 2 تۆشۈكنىڭ يۇرا سىستېمىسىدىكى يېيىنچا قاتلام تېگىدىن قېلىنلىقى زور بولغان كان گەۋدىسى كۆرۈندى. ZK3102 تۆشۈكنىڭ چوڭقۇرلۇقى 827.8 مېتىر كېلىدۇ. كۆرۈنگەن كاننىڭ قېلىنلىقى 601.93 مېتىرغا، مىسنىڭ ئوتتۇرىچە سورتى $0.36\times10^{-2}$ گە يېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە مىس سورتى $0.5\times10^{-2}$ دىن يۇقىرى بولغان كان گەۋدىسىنىڭ قېلىنلىقى 47.49 مېتىرغا، مىسنىڭ ئوتتۇرىچە سورتى $0.75\times10^{-2}$ گە يېتىدۇ. ZK1501 تۆشۈكتىكى كۆرگىلى بولىدىغان كاننىڭ قېلىنلىقى 501.24 مېتىرغا، ئوتتۇرىچە سورتى $0.32\times10^{-2}$ گە يېتىدۇ.

شەرقىي تۇۋۇ مىس كېنى 2 تۆشۈك بۇرغىلىنىپ، كان گەۋدىسىنىڭ يۈزۈش يۆنىلىشىنىڭ كۆلىمى كېڭەيتىلدى، سورتى نىسپىي ھالدا بىر قەدەر يۇقىرى بولغان مىس كان گەۋدىسى بايقالدى. ZK2401 تۆشۈكتىكى كۆرگىلى بولىدىغان كاننىڭ قېلىنلىقى 44.93 مېتىرغا، ئوتتۇرىچە سورتى $0.34\times10^{-2}$ گە يېتىدۇ. ZK4801 تۆشۈك تۇۋۇنىڭ شەرقىدىكى مىس كاندىن ئەڭ ياخشى رودا چىقىدىغان بىر تۆشۈك ھېسابلىنىدۇ. كان گەۋدىسىنىڭ قېلىنلىقى 380.27 مېتىرغا، ئوتتۇرىچە سورتى $0.3610^{-2}$ گە يېتىدۇ. ئۇنىڭ ئارىلىقىدىن سورتى $0.5\times10^{-2}$ دىن يۇقىرى بولغان 3 مىس كان گەۋدىسى دائىرىلەپ چىقىلدى، ئۇنىڭ ئوتتۇرىچە سورتى $0.57\times10^{-2}$ گە، جۇغلانما قېلىنلىقى 84.73 مېتىرغا يېتىدۇ.

فېڭ جىڭ

## شىنجاڭنىڭ قۇمۇل رايونىدىن مۇستەقىل مولىبدېن كان ياتىقى تېپىلدى

2000 - يىلى شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسىنىڭ 6 - گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى قۇمۇل رايونىدىن ئىستىقبالى ئوتتۇرا تىپتىن يۇقىرى كۆلەمگە ئىگە چىپار جىنس تىپىدىكى مولىبدېن كان ياتىقىنى تۇنجى قېتىم بايقىدى. بۇ كان ياتىقىنىڭ تېپىلىشى شىنجاڭدا مۇستەقىل مولىبدېن كان ياتىقى بولماسلىقتەك تارىخقا خاتىمە بەردى.

مولىبدېن كان ياتىقى تارىم بۆلىكىنىڭ چۆلتاغدىكى تاش

كۆمۈردەۋرىگە تەۋە ئارال يايى بەلۋېغىنىڭ شەرقىي بۆلىكىگە جايلاشقان. كان گەۋدىسى نېيترال كىسلاتالىق جىنىس گەۋدىسىنىڭ سىرتىنى تېگىشكەن بەلۋېغىدىن چىقىدۇ، ئۇ، ئاستىنقى تاش كۆمۈر سېرىيىسىنىڭ گەندۈن گورۇپپىسىدىكى كرېمنىيلىق قارا چىرىستال - دالا شىپاتى كۋارتسلىق مۇڭگۇزتاش ئارىسىدا ساقلىنىدۇ. يەر يۈزىدە ئېچىلىپ قالغان مىنېراللاشقان بەلۋېغىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 كىلومېتىر، كەڭلىكى 200 — 500 مېتىر كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىن 12 كان گەۋدىسى دائىرىلەپ چىقىلدى، بۇ كان گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 200 — 900 مېتىر، كۆرۈنمە قېلىنلىقى 11 — 103.4 مېتىر كېلىدۇ، مولىبدېن تەركىبلىك سورتى $0.03—0.424\times16^{-2}$گە، ئەڭ يۇقىرى بولغانلىرىنىڭ $0.56\times10^{-2}$گە يېتىدۇ، $I_4$ ۋە $I_3$ كان گەۋدىسى ئاساسلىق كان گەۋدىسى بولۇپ، ئۇنىڭ كۆلىمى بىر قەدەر زور. $I_4$ نومۇرلۇق كان گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 835 مېتىر، ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 41.50 مېتىر كېلىدۇ، مولىبدېن تەركىبلىك ئوتتۇرىچە سورتى $0.0575\times10^{-2}$گە يېتىدۇ. $I_3$ نومۇرلۇق كان گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 835 مېتىر، ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 57.24 مېتىر كېلىدۇ، مولىبدېن تەركىبلىك ئوتتۇرىچە سورتى $0.045\times10^{-2}$گە يېتىدۇ. يەر يۈزىدىكى بىرقەدەر ياخشى مىنېراللاشقان جايىدىن تۆشۈك بۇرغىلاندى، 6 قەۋەت كان كۆرۈندى، ئۇنىڭ قېلىنلىقى 2 مېتىردىن 20 مېتىرغىچە، بىر قەۋىتىنىڭ ئەڭ زور قېلىنلىقى 56 مېتىر كېلىدۇ، يەككە قەۋىتىنىڭ سورتى $0.046—0.097\times10^{-2}$گە يېتىدۇ. تېيىز قىسمى بىر قەدەر مول، چوڭقۇر قىسمى ئۈنۈمسىزرەك.

رۇدىلار ئاساسەن ئۈششاق تومۇرسىمان ۋە ئۈششاق تومۇرلۇق - كۆنجۈتسىمان رۇدىلاردىن تەركىب تاپقان. رۇدىلار ئىچىدە بىللە ھاسىل بولغان چاچما ئېلېمېنتلاردىن رېنىي بار. چېگىدۇ تەبىئىي پەنلەر ئىنستىتۇتىنىڭ ئانالىز ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا، مولىبدېن رۇدىسىنىڭ تەركىبىدىكى رېنىي $(0.7—1.91)\times10^{-6}$گە، جۇلالىق مولىبدېن رۇدىسىنىڭ تەركىبىدىكى رېنىي $(0.08—0.09)\times10^{-2}$گە يېتىپ، مەملىكەت ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىكەن. جىنرۇيچېڭ، لەنجياگو قاتارلىق كان ياتىقىدىكى جۇلالىق مولىبدېن رۇدىسى تەركىبىدىكى رېنىي مىقدارىدىن خېلىلا كۆپ بولۇپ، ئىنتايىن مۇھىم ئىقتىسادىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

فېڭ جياڭ

## لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ چىگەنبۇلاق ۋېرمىكۇلىت كېنىدىكى I نومۇرلۇق كان ياتىقىنىڭ شەرقىي بۆلىكىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈش دوكلاتى

بۇ دوكلاتنى شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسىنىڭ گېئولوگىيە 3 - چوڭ ئەترىتى تاماملىدى. 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى زېمىن - بايلىق مىنىستىرلىكىنىڭ بايلىق زاپىسىنى باھالاپ تەكشۈرۈش مەركىزىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى.

چىگەنبۇلاق ۋېرمىكۇلىت كېنىنىڭ I نومۇرلۇق كان ياتىقىنىڭ شەرقىي بۆلىكى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ شەرقىي يان جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، كورلا شەھىرىگە 165 كىلومېتىر كېلىدۇ. كان گەۋدىسى ئىشقارلىق ئۇلترا ئاساسلىق ئارىلاشما جىنىس گەۋدىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن چىقىدۇ، ئارىلاشما جىنىس گەۋدىسى يىلان پوستى جىنىس، ئاپاتىتلىق سېرىق چىرىستال (ۋېرمىكۇلىت)، دىئوپسىدىت، سېرىق چىرىستال تاش، كاربوناتىت ۋە تومۇر جىنىسلاردىن تەركىب تاپقان. كان گەۋدىسىنىڭ تەكشى يۈزىدە شەرققە يېقىن بولغان، غەربكە يۆنەلگەن لىنزىسىمان بەلۋاغ ھالەت شەكىللەنگەن بولۇپ، 1.3 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇققا سوزۇلغان، ئۇنىڭ كەڭلىكى 0.4 كىلومېتىر، كان گەۋدىسىنىڭ قېلىنلىقى 16 — 30 مېتىر كېلىدۇ، تەقرىبىي گورىزونتاللىق قاتلامسىمان كان گەۋدىسى شەكىللەنگەن. كان قاتلىمىنىڭ تىرىكۆچ تاختىسى 4 - سىستېمىغا تەۋە بولۇپ، تەگلىكى رۇدا تېپىلىق بولغاچقا ئايرىم - ئايرىم ھالدا سېرىق چىرىستال ۋە دىئوپسىدىتتىن تەركىب تاپقان. رۇدىلار رۇدا تەركىبلىك تاش جىنىس تەركىبى ۋە رۇدا ماددا تەركىبلىرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ، 2 خىل تەبىئىي رۇدا تېپىغا ئايرىلىدۇ: يەنى يىلان پوستى جىنىس تېپىدىكى ۋېرمىكۇلىت كېنى ۋە دىئوپسىدىت تېپىدىكى ۋېرمىكۇلىت كېنىدىن ئىبارەت.

يىلان پوستى جىنىس تىپلىق ۋېرمىكۇلىت كېنى: بۇ ئاساسەن رۇدا تېپىغا تەۋە بولۇپ، كان گەۋدىسىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا جايلاشقان، رۇدىلارنىڭ تەكشى سورتى (ۋېرمىكۇلىت مىقدارى) %59كە، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا %97.45كە يېتىدۇ. ئاساسلىق رۇدا مىنېراللىرى ۋېرمىكۇلىتتىن تەركىب تاپقان.

دىئوپسىدىت تىپىدىكى ۋېرمىكۇلىت كېنى: بۇ، 2 - ئورۇندا تۇرىدىغان رۇدا تىپى ھېسابلىنىدۇ، ئاساسەن يىلان پوستى تىپىدىكى ۋېرمىكۇلىت كان گەۋدىسىنىڭ سىرتىغا تارقالغان. ئاساسلىق رۇدا مىنېراللىرى ۋېرمىكۇلىتتىن تەركىب تاپقان.

تەكشۈرۈپ ئەستىقلانغان C+D دەرىجىلىك رۇدا زاپىسى 9 مىليون 272 مىڭ 800 توننا. بۇنىڭ ئىچىدە C دەرىجىلىك (تىزگىنلىنىدىغان ئىقتىسادىي ئاساسىي زاپىسى 1226) رۇدا زاپىسى 2 مىليون 941 مىڭ 200 توننا؛ D دەرىجىلىك (قىياس قىلىنىشىچە كۆمۈلۈپ ياتقان ئىقتىسادىي بايلىق

زاپىسى 33b ) رۇدا زاپىسى 6 مىليون 151 مىڭ 200 توننا. كان پاتمىسىنىڭ زاپىسى ئالاھىدە چوڭ تېپقا كىرىدۇ.

سەي گوخۇا

## غۇلجا ناھىيىسىدىكى ئاقزار (سېمونتقا قوشۇلىدىغان) ھاك تاش كېنىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈش دوكلاتى

بۇ «دوكلات» 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۈرۈمچىدە، شىنجاڭ قېزىلما بايلىقلار كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. بۇ خىزمەت جۇڭگو قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش مەركىزىنىڭ شىنجاڭ باش ئەترىتى سابىق شىنجاڭ يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە ئىلى ئوبلاستلىق سېمونت زاۋۇتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، 1992 - يىل 6 - ئايدىن 1995 - يىل 2 - ئايغىچە غۇلجا ناھىيىسىدىكى ئاقزار ھاك تاش كېنى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش - تەپسىلىي تەكشۈرۈش گېئولوگىيە خىزمىتى ھېسابلىنىدۇ.

غۇلجا ناھىيىسىدىكى ئاقزار ھاك تاش كېنى رايونى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدىكى ئاقزار رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، كان گەۋدىسى جىشيەن سىستېمىسىدىكى قوشقەمچەك توپىنىڭ ئۈستۈنكى كەنجى توپ يەر قاتلىمىدىن چىقىدۇ، جىنس خۇسۇسىيىتى بىر يۈرۈش تېيىز دېڭىز فاتسىيىسىدىكى كاربوناتلىق جىنس چۆكۈندىسىنىڭ كرېمنىيلىق مەرمەر تاشقا ئايلانغان ھاك جىنس، ئۇۋۇندى جىنس، سېغىز كرىستاللىق ھاك جىنس ۋە كرېمنىيلىق قىرلىق شېغىلسىمان ھاك جىنستىن تەركىب تاپقان. خىزمەت رايونى ئىچىدىكى رۇدىلارنىڭ تەبىئىي تىپى ئاددىي بولۇپ، ئاساسەن بىئو ئۇۋۇندى سېغىز كرىستاللىق ھاك جىنس، كرېمنىيلىق قىرلىق شېغىلسىمان ھاك جىنستىن ئىبارەت. رۇدىلار بوز رەڭلىك، قارامتۇل رەڭلىك، سېغىز كرىستال - ئۇششاق كرىستال قۇرۇلمىلىق، قىرلىق شېغىلسىمان قۇرۇلىشلىق، قاتلامسىمان، كاللەكسىمان تۈزۈلمىلىك كېلىدۇ. رۇدىلار ئادەتتە بىر قەدەر زىچ قاتتىق بولۇپ، بىئو ئۇۋۇندىلىق سېغىز كرىستاللىق ھاك جىنسلاردا قۇلۇلە قېپىسىمان ئۆزۈك بار. مىنېرال تەركىبى ئاساسەن سېغىز كرىستاللىق كالتسىت، بىئو ئۇۋۇندىسى ۋە ئاز مىقداردىكى ئورگانىك ماددىلاردىن تەركىب تاپقان؛ قىرلىق شېغىلسىمان ھاك جىنسلار ئاساسەن كرېمنىيلىق كاللەك دانىسىمان ھاك جىنس ۋە چاپلاشتۇرغۇچىلاردىن تەركىب تاپقان.

تەكشۈرۈش ئارقىلىق تەستىقلانغان C+D دەرىجىلىك رۇدا زاپىسى 53 مىليون 490 مىڭ توننا بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە C دەرىجىلىك (تىزگىنلىنىدىغان ئىچكى قىسىمدا ساقلانغان ئىقتىسادىي بايلىق مىقدارى 332) رۇدا زاپىسى 45 مىليون 260 مىڭ توننا؛ D دەرىجىلىك (مۆلچەرلىنىدىغان ئىچكى قىسىمدا ساقلىنىدىغان بايلىق مىقدارى 333) رۇدا زاپىسى 8 مىليون 230 مىڭ توننا.

سەي گوخۇا

## ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سەيۋوپۇ سۇ مەنبەسى رايونىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە سۇ بىلەن تەمىنلەشنى گىدروگېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش دوكلاتى

بۇ دوكلات 2000 - يىل 3 - ئايدا شىنجاڭ قېزىلما بايلىقلار كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتتى. سەيۋوپۇ رايونىدىكى كېڭەيتىپ قۇرۇلىدىغان سۇ مەنبەسىدىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئېچىشقا رۇخسەت قىلىنىدىغان B دەرىجىلىك ۋە C دەرىجىلىك سۇ مىقدارى يىلىغا 20 مىليون كۇب مېتىر قىلىپ تەستىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېچىشقا رۇخسەت قىلىنىدىغان B دەرىجىلىك سۇ مىقدارى يىلىغا 15 مىليون كۇب مېتىر بولىدۇ. سۇ سۈپىتى ئىچىملىك سۇ تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇپ، ئۇنى سۇ مەنبەسىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسى قىلىشقا بولىدۇ. سۇ مەنبەسىنى تەكشۈرۈپ باھا بېرىش خىزمىتىنى شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك قۇرۇلۇش تەكشۈرۈش بۆلۈمى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى.

گۇ جۈن

## لوپنۇر كۆلى رايونىدىن سۇ تېپىش خىزمىتىدە زور ئىلگىرىلەش بولدى

2000 - يىلى شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسىنىڭ 2 - گىدروگېئولوگىيىلىك قۇرۇلۇش گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى شىنجاڭ لوپنۇر كۆلى كالىيلىق تۇز چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، لوپنۇر كۆلى رايونىدا سۇ تېپىش بويىچە تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى، 250 مېتىردىن كۆپرەك چوڭقۇرلۇقتا قېزىلغان AK2 گىدروگېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش تۆشۈكىنىڭ لوپنۇر كۆلى ئويمانلىقىنىڭ مەركىزى بىلەن بولغان تۇز سىزىق ئارىلىقى تەخمىنەن 80 كىلومېتىر قىسقارتىلدى، تەكشۈرۈش تۆشۈكىدىن چىققان سۇلۇق قەۋەتلەر ئۈستۈنكى قىسمى تۇزلۇق، ئوتتۇرا قىسمى تۇزسىز، ئاستىنقى قىسمى تۇزلۇق بولۇپ تارقىلىشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا قىسمى ۋە تۆۋەن قىسمىدىكى بىرىم بىلەن ئۆزلۈكىدىن ئېقىپ چىقىدىغان سۇلۇق قەۋەتنىڭ بىرلىك سۇ ئۇرغۇپ چىقىش مىقدارى ئوتتۇرا قىسمىنىڭ 148 كۇب مېتىر/كۈن. مىنېراللىشىش دەرىجىسى 3.9 گرام/لىتىرغا ۋە تۆۋەن قىسمىنىڭ 56 كۇب مېتىر/كۈن. مېتىرگە،

مىنېراللىشىش دەرىجىسى 5.2 گرام/لىتىرغا يېتىدۇ، 2 قەۋەتتىكى سۇلار ئارىلاشقاندىن كېيىن تۆشۈك ئېغىزىدىن ئۆزلۈكىدىن ئېقىپ چىقىدىغان سۇ مىقدارى كۈنىگە 1210 كۇب مېتىرغا، مىنېراللىشىش دەرىجىسى 4.8 گرام/لىتىرغا يېتىدۇ، دەسلەپكى قەدەمدە ئاچچىق ساي جىلغىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ تولۇقلىنىدىغان بايلىق مىقدارى تەخمىنەن 40 مىليون كۇب مېتىر/يىل قىلىپ ھېسابلاندى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، لوپنۇر كۆلى ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى قۇرۇقتاغ تاغلىق رايونىدىنمۇ يەككە قۇدۇقلارنىڭ سۇ چىقىرىش مىقدارى كۈنىگە 700 كۇب مېتىر؛ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 32 گرام/لىتىر بولغان يەر ئاستى سۈيى تېپىلدى. يۇقىرىقى نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشى لوپنۇر رايونىدىكى كالىيلىق تۇز بايلىقىنى ئىسكانىيەتىنىڭ بېرىچە تېزدىن ئېچىش ئۈچۈن مۇھىم سۇ بايلىقى شەرت ـ شارائىتى بىلەن تەمىنلىدى.

گو جۈن

## كورلا شەھىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشى بويىچە يەنجى ئويمانلىقىدىكى سۇ مەنبەسى رايونى گىدروگېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈلدى

بۇ قۇرۇلۇشنى 2000 ـ يىل 10 ـ ئايدا شىنجاڭ «گۆھەر زېمىن» تېخنىكىلىق قۇرۇلۇش چەكلىك شىركىتى مەسئۇل بولۇپ يولغا قويدى. بۇ تۈرگە 4 بۇرغىلاش ماشىنىسى (تەيتۇلا 600 مېتىرلىق بىر بۇرغىلاش ماشىنىسى، 300 مېتىرلىق 3 بۇرغىلاش ماشىنىسى) ئىشلىتىلدى. مۇشۇ يىلدا 42 قۇدۇق قېزىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە گىدروگېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش قۇدۇقىدىن 20سى، كۆزىتىش قۇدۇقىدىن 2 سى، تەكشۈرۈش بىلەن سۇ ئېلىش بىرلەشتۈرۈلگەن قۇدۇقتىن 20 سى بار. بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش مېتراژى 5144 مېتىر بولدى. يەككە قۇدۇقلارنىڭ كۈنلۈك سۇ چىقىرىش مىقدارى 5000 كۇب مېتىرغا يەتتى، سۇ سۈپىتى ياخشى چىقتى. جۇڭگو غەربىي شىمال لايىھىلەش يۈرتى بىلەن A تەرەپنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدا بۇرغىلاپ تەكشۈرۈشكە دائىر 8 كۆرسەتكۈچنىڭ ھەممىسى ئۆلچەمگە يەتتى.

ياڭ يۇمىڭ

## قەشقەر شەھىرىنى تەمىنلەيدىغان سۇنى گىدروگېئولوگىيىلىك تەپسىلىي تەكشۈرۈش دوكلاتى

بۇنى شىنجاڭ گېئولوگىيە ـ قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش ـ ئېچىش ئىدارىسىنىڭ 3 ـ گىدروگېئولوگىيىلىك قۇرۇلۇش گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى ئۈستىگە ئالدى، 2000 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى شىنجاڭ گېئولوگىيە ـ قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش ـ ئېچىش ئىدارىسىنىڭ باھالاش ـ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى.

قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاساسلىق نەتىجىلەر مۇنۇلار: بىرىنچى، تەكشۈرۈش رايونىنىڭ 300 مېتىر چوڭقۇرلۇق ئىچىدىكى 4 ـ دەۋر يەر قاتلىمىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە جىنس خۇسۇسىيىتى ئاساسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان. ئىككىنچى، قەشقەر شەھىرى رايون دائىرىسىنىڭ گىدروگېئولوگىيىلىك شارائىتى ۋە سۇ مەنبەسى پىلانلانغان رايوننىڭ گىدروگېئولوگىيىلىك شارائىتى ئاساسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان. ئۈچىنچى، مۇۋازىنەت ئۇسۇلى ئارقىلىق تەكشۈرۈش رايونىنىڭ (253 كۋادرات مېتىر) يەر ئاستى سۇ بايلىقى ھېسابلاپ چىقىلغان: تولۇقلىنىش مىقدارى يىلىغا $17675.77\times10^{4}$ كۇب مېتىر، چىقىرىۋېتىش مىقدارى $16618.48\times10^{4}$ كۇب مېتىر بولۇپ، نۆۋەتتە تەڭپۇڭ ھالەتتە تۇرماقتا. كېسەك يۈز ئۇسۇلىنى قوللىنىپ 1:10000 ماسشتاب بويىچە سۇ مەنبەسى تەپسىلىي تەكشۈرۈلگەن رايون (53 كۋادرات كىلومېتىر)نىڭ يەر ئاستى سۈيىنىڭ تولۇقلىنىش مىقدارى يىلىغا $3620.9\times10^{4}$ كۇب مېتىر (كۈنىگە $9.9203\times10^{4}$ كۇب مېتىر) بولىدىغانلىقى ھېسابلاپ چىقىلغان. تۆتىنچى، غەربىي شەھەر رايونى، شەرقىي كۆل كىچىك رايونى بىلەن شەرقىي شەھەر رايونىنىڭ شىمالىي قىسمىدىن ئىبارەت مەركەزلىك ھالدا قېزىشقا بولىدىغان 3 بۆلەك تاللاپ چىقىلىپ، 6 خىل قېزىش لايىھىسى سىلىشتۇرۇپ چىقىلغان، سۇ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، سانلىق قىممەت ئۇسۇلى قوللىنىلىپ ئېچىشقا رۇخسەت قىلىش مىقدارى كۈنى $7.98\times10^{4}$ كۇب مېتىرغا يېتىدىغانلىقى ھېسابلاپ چىقىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن كۆپەيگەن C دەرىجىلىك ئېچىشقا رۇخسەت قىلىنغان زاپىسى كۈنىگە $3.84\times10^{4}$ كۇب مېتىر. غەربىي شەھەر رايونىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش ۋە شەرقىي كۆل كىچىك رايونىنى يېڭىدىن قۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى سۇ مەنبەسى پىلان لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بەشىنچى، ئومۇملاشتۇرۇلغان كۆرسەتكۈچ ئۇسۇلى، قويۇقلۇق ئۇسۇلى قوللىنىلىپ يەر ئاستى سۈيىنىڭ سۈپىتى ۋە تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سۇ، يېزا ئىگىلىكىدە سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇ، سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان سۇنىڭ مۇۋاپىقلىشىش خۇسۇسىيىتىگە باھا بېرىلگەن.

كۆڭ شياۋمىڭ

## فۇكاڭ شەھىرىدىكى شەرقىي جۇڭغار نېفىتلىك بازىسىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان سۇ مەنبەسىنى گىدروگېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش دوكلاتى

بۇ دوكلات 2000 ـ يىل 2 ـ ئايدا شىنجاڭ

گېئولوگىيە ـ قېزىلما بايلىقلار كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتتى. شەرقىي جۇڭغار نېفىتلىك بازىسى سۇ مەنبەسىدىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ B دەرىجىلىك ئېچىشقا رۇخسەت قىلىش مىقدارى كۈنىگە 10 مىڭ كۇب مېتىر قىلىپ تەستىقلىنىپ، سۇ مەنبەسىنى ئېچىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسى قىلىندى.

سۇ مەنبەسى فۇكاڭ شەھىرىنىڭ غەربىي شەھەر ئەتراپىغا جايلاشقان بولۇپ، تەكشۈرۈپ باھا بېرىش خىزمىتىنى جۇڭگو گېئولوگىيىلىك قۇرۇلۇشنى تەكشۈرۈش يۈرتىنىڭ گېئولوگىيە ـ قېزىلما بايلىقلار مېيشەن قۇرۇلۇشنى تەكشۈرۈش يۈرتى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملاندى.

گۇجۇن

## قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ دەريا تەۋەسىدىكى رايونلاردا ئىچىدىغان سۇنى ياخشىلاپ، كېسەللىك ئالدىنى ئېلىش ۋە ئېتىز ـ ئېرىقلارنى تەمىنلەيدىغان سۇلارنى گىدروگېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش دوكلاتى

بۇنى شىنجاڭ گېئولوگىيە ـ قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش ـ ئېچىش ئىدارىسىنىڭ 3 ـ گىدروگېئولوگىيىلىك قۇرۇلۇش گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى ئۈستىگە ئالغان، بۇ دوكلات 2000 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى شىنجاڭ گېئولوگىيە ـ قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش ـ ئېچىش ئىدارىسىنىڭ ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەردىن تەركىب تاپقان باھالاش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

قولغا كەلتۈرۈلگەن گېئولوگىيىلىك نەتىجىلەر مۇنۇلار: بىرىنچى، يەر يۈزىنى تەكشۈرۈش ۋە گېئوفىزىكىلىق تەكشۈرۈش ـ بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق، دەريا تەۋەسىدىكى رايونلارنىڭ گىدروگېئولوگىيىلىك شارائىتى، رايون تەۋەسىنىڭ ئاساسىي گېئولوگىيىلىك تۈزۈلمە خۇسۇسىيىتى ۋە بۇ رايوننىڭ يوشۇرۇن سۇ ئەھۋالى، بېسىملىق سۇلارنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى ئاساسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان، تەكشۈرۈش رايونىدىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ سۇ سۈپىتى ئەھۋالى دەسلەپكى قەدەمدە ئىگىلىۋېلىنغان. ئىككىنچى، توپلانغان ئەڭ يېڭى ماتېرىياللارغا ئاساسەن، بۇ رايوننىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقى ھېسابلاپ چىقىلىپ ئاشكارا باھا بېرىلگەن. ھېسابلاش ئارقىلىق تەكشۈرۈش رايونىدىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ يان يۆنىلىشلىك سىرغىمىنىڭ تولۇقلىنىش مىقدارى كۈنىگە 48 مىڭ 714 كۇب مېتىر، ئېچىشقا رۇخسەت قىلىش مىقدارى كۈنىگە 31 مىڭ 660 كۇب مېتىر بولدى، تەكشۈرۈش رايونىدىكى تەڭشەشكە بولىدىغان زاپاس مىقدارى يىلىغا 78 مىڭ 600 كۇب مېتىر، ئېلاستىك زاپاس ساقلىنىش مىقدارى 6 مىليون 704 مىڭ 800 كۇب مېتىر بولدى. ئۈچىنچى، قۇدۇقلارنى تەكشى جايلاشتۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، تاللانغان سۇ مەنبەسىدىكى 10 كۋادرات كىلومېتىر دائىرە ئىچىدىكى C دەرىجىلىك ئېچىشقا رۇخسەت قىلىنغان بايلىق مىقدارى كۈنىگە 16 مىڭ 400 كۇب مېتىر بولىدىغانلىقى ھېسابلاپ چىقىلغان. تۆتىنچى، تەكشۈرۈش رايونىدىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ سۇ سۈپىتى ئەھۋالى تەكشۈرۈلۈپ، يوشۇرۇن سۇلارنىڭ سۇ قەۋەتلىرىدە سۇ مىقدارى مول بولسىمۇ، لېكىن مىنېراللىشىش دەرىجىسى يۇقىرى بولۇپ، ئىچىشكە بولمايدۇ؛ بېسىملىق سۇنىڭ سۇ سۈپىتى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، ئىچىپ پايدىلىنىشقا بولىدۇ، دەپ قارالدى. بەشىنچى، گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش سېلىنمىسىنى قاتناشتۇرۇش ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تەكشۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ـ ئېچىشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش جەھەتتە يەنىمۇ ئىلگىرىلەش بولدى.

چېن مېي

## ئاۋات سۇغىرىش رايونىدىكى يېزا ئىگىلىكىنى تەمىنلەيدىغان سۇ مەنبەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك گىدروگېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش دوكلاتى

بۇنى شىنجاڭ گېئولوگىيە ـ قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش ـ ئېچىش ئىدارىسىنىڭ 2 ـ گىدروگېئولوگىيىلىك قۇرۇلۇش گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. 2000 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى شىنجاڭ پىلان كومىتېتى، مالىيە نازارىتى، گېئولوگىيە ـ قېزىلما بايلىقلار نازارىتى ۋە ئاۋات ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىرلىكتە باھالاپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاساسلىق نەتىجىلەر مۇنۇلار: بىرىنچى، رايون تەۋەسىگە پەقەت يوشۇرۇن سۇلار تارقالغانلىقى، بېسىملىق سۇ تارقالمىغانلىقى تۇنجى قېتىم دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان، سۇغىرىش رايونىنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىدا مول سۇلۇق خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك، غەربىي قىسمىدا مول سۇلۇق خۇسۇسىيىتى ئاجىز، كۆپ قىسىم رايونلاردا مول سۇلۇق خۇسۇسىيىتىنىڭ كۈچلۈكلۈكى 2 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ؛ 200 مېتىر چوڭقۇرلۇق ئىچىدە سۇغىرىش رايونىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى، جەنۇبىي قىسمىدىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ مىنېراللىشىشى «ئۈستۈنكى قىسمى تۇزلۇق، ئاستىنقى قىسمى تۇزسىز» تىپقا كىرىدۇ. ئوتتۇرا قىسمىدىكى كەڭ رايونلاردا «ئۈستۈنكى قىسمى تۇزسىز، ئاستىنقى قىسمى تۇزلۇق» تىپقا

كىرىدۇ. سۇغىرىش رايونىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى يەكەن دەرياسى بويىدىن مەلۇم دائىرىگە ئىگە يەر ئاستى تاتلىق سۇ بەلۋېغى دائىرىلەپ چىقىلدى. ئىككىنچى، مۇۋازىنەت ئۇسۇلى ۋە سانلىق قىممەت ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، رايون دائىرىسىدىكى يەر ئاستى سۇيىنىڭ تولۇقلىنىش مىقدارى، ئېچىشقا رۇخسەت قىلىش مىقدارى ۋە زاپاس ساقلىنىش مىقدارى ھېسابلاپ چىقىلىپ باھا بېرىلدى. سۇغىرىش رايونىدىكى يەر ئاستى سۇ بايلىقىغا باھا بېرىش دەرىجىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئۈچىنچى، يېزا ئىگىلىكىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان 2 جايدىكى ئىستىقباللىق رايون دائىرىلەپ چىقىلدى ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىلدى. تۆتىنچى، سۇغىرىش رايونىدىكى يەر ئاستى سۇيىنىڭ سۈپەت ئەھۋالى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. شىمالىي قىسىم رايونلىرىدىكى تېيىز يەر قاتلىمىدىكى سۇلار «ئەلا ياخشى» دەرىجىگە تەۋە بولغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان كۆپ قىسىم رايونلاردىكى سۇلار «بىر قەدەر ناچار — ئەڭ ناچار» دەرىجىگە تەۋە ئىكەن. بەشىنچى، گېئوفىزىكىلىق تەكشۈرۈلگەن كۆرۈنمە سىيلىشتۇرما قارشىلىق بىلەن يەر ئاستى سۇيىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسىنىڭ مىقدارلىق مۇناسىۋىتى تۇرغۇزۇلدى، بۇ، ناچار يەر ئاستى سۇ رايونىدىكى يەر ئاستى سۇيىنىڭ مىنېراللىشىشىنى مۆلچەرلەش، يەر ئاستىدىن تاتلىق سۇ تېپىشتا ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ئىگە. ئالتىنچى، يەرلىك ئورۇنلارنى تەكشۈرۈش ۋە قېزىش بىرلەشتۈرۈلگەن 5 قۇدۇق بىلەن تەمىنلىدى. ئەمەلىي قېزىش مىقدارى كۆزلىگە تەخمىنەن 8000 كۇب مېتىرغا يەتكۈزۈلۈپ، ئەڭ ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

چېن بىلىڭ

## ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ئۆگەن دەرياسى ۋادىسىنىڭ تاغ ئالدى بوستانلىق بەلۋېغىدىكى ئېتىز - ئېرىقلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە يەرلىك كېسەللىك تارقالغان رايونلاردا سۇنى ياخشىلاشنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش دوكلاتى

بۇنى شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسىنىڭ 1 - گىدروگېئولوگىيىلىك قۇرۇلۇش گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. بۇ دوكلات 2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسىنىڭ باھالاپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاساسلىق نەتىجىلەر مۇنۇلار: بىرىنچى، ئۆگەن دەرياسى سۇيىنىڭ تاغلىق رايون بۆلىكىگە سىڭىپ كېتىش سەۋەبلىرى ئۇنجى قېتىم دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، بۇ، تاغ ئالدى بەلۋېغىدىكى يەر ئۈستى سۈيى بىلەن يەر ئاستى سۇيىنىڭ ئالمىشىشىنى ئانالىز قىلىش، يەر ئاستى سۇ بايلىقىغا باھا بېرىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە؛ تولۇقلىنىشى مول، سۇ سۈپىتى خېلى ياخشى، قېزىش شارائىتى ئەۋزەل بولغان بىر تەبىئىي «يەر ئاستى سۇ ئامبىرى» تېپىلدى ھەمدە دائىرىگە ئېلىندى، ئۇ، بۇ دەريا ۋادىسىدىكى يەر ئاستى سۇيىنى ئېچىپ پايدىلىنىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە؛ ئۆگەن دەرياسى ۋادىسىدىكى يەر ئاستى سۇ سىستېمىسى بىلەن تارىم دەرياسى ۋادىسىدىكى يەر ئاستى سۇ سىستېمىسىنىڭ بىر - بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. ئىككىنچى، مۇۋازىنەت ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىلىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا يەر ئاستى سۇ سىستېمىسىنىڭ بىرلىكى ۋە مەمۇرىي رايونلار بويىچە يەر ئاستى تاتلىق سۇ، مىكرو تۇزلۇق سۇ، تۇزلۇق سۇنىڭ تولۇقلىنىش مىقدارى ۋە قېزىلىدىغان بايلىق مىقدارى ھېسابلاپ چىقىلىپ، بۇ رايوننىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقىغا باھا بېرىش دەرىجىسى ۋە نەتىجىلەرنىڭ قوللىنىشچانلىقى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلدى. ئۈچىنچى، ۋادا رايونىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى يوشۇرۇن سۇلارنىڭ سۇ سۈپىتى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا خېلى ياخشى ئىكەنلىكى؛ ئوتتۇرا، جەنۇبىي قىسمىدىكى يوشۇرۇن سۇ بېسىملىق سۇ رايونىدىكى يوشۇرۇن سۇلارنىڭ سۇ سۈپىتى ئومۇمىيۈزلۈك ناچارراق ئىكەنلىكى، تېيىز قاتلامدىكى بېسىملىق سۇلارنىڭ سۇ سۈپىتى ئومۇمىيۈزلۈك خېلى ياخشى ئىكەنلىكى، چوڭقۇر قاتلامدىكى بېسىملىق سۇلارنىڭ قىسمەنلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا قالغانلىرىنىڭ دېگۈدەك ئەڭ ياخشى سۇ ئىكەنلىكى ئاساسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى؛ يەر ئاستى سۇيىنىڭ ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن 9 خىل ئاساسلىق ئاملىنىڭ تارقىلىش دائىرىسى، قاتلام ئورنى ۋە مىقدارلىق ئۆزگىرىش دائىرىسى ئاساسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، بولۇپمۇ يەر ئاستى سۇيى تەركىبىدە ئارسېن كۆپ بولغان رايونلارنىڭ تارقىلىش دائىرىسى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى ھەمدە ئارسېن كۆپ بولغان رايون دائىرىسىدىن ئەلا سۈپەتلىك يەر ئاستى سۇيى تېپىلدى. تۆتىنچى، يەر ئاستى سۇيىنى ئېچىپ پايدىلىنىش شەرت - شارائىتى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى ھەمدە سۇ بىلەن تەمىنلەشكە بولىدىغان 7 ئىستىقباللىق رايون دائىرىلەپ چىقىلىپ، شۇ يەرنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش، ئىچىدىغان سۇنى ياخشىلاپ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە شەھەر - بازارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن يەر ئاستى سۇ

بايلىقى ئاساسى بىلەن تەمىنلىدى. بەشىنچى، يەرلىك ئورۇنلارنى تەكشۈرۈش ۋە قېزىش بىرلەشتۈرۈلگەن 10 قۇدۇق بىلەن تەمىنلەپ، 50 مىڭغا يېقىن كىشىنىڭ ئىچىدىغان سۇنى ياخشىلاپ كېلەلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ئەلگە ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

چېن بىڭ

## قۇتۇبى ناھىيىسىدىكى دافېڭ بازىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش نۇقتىسىنى گىدروگېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش - ئېچىش دوكلاتى

بۇنى شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسىنىڭ 2 - گىدروگېئولوگىيىلىك قورۇلۇش گېئولوگىيە چولق ئەترىتى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. بۇ دوكلات 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسىنىڭ باھالاپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاساسلىق نەتىجىلەر مۇنۇلار: بىرىنچى، تەكشۈرۈش رايونىنىڭ گىدروگېئولوگىيىلىك شارائىتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان، ئۇ بولسىمۇ، جەنۇبىي قىسمىدىكى بىرلا خىل يوشۇرۇن سۇ رايونى ياقىسىدىكى «312» دۆلەت يولىنىڭ ئىككى يان تەرىپىنىڭ مول سۇلۇق خۇسۇسىيىتى ئەڭ كۈچلۈك، شىمالىي قىسمىدىكى يوشۇرۇن سۇ - بېسىملىق سۇ رايونىدىكى جەنۇبىي قىسمىنىڭ مول سۇلۇق خۇسۇسىيىتى بىر قەدەر كۈچلۈك، شىمالىي قىسمىنىڭ مول سۇلۇق خۇسۇسىيىتى بىر قەدەر ئاجىز. ئىككىنچى، مۇۋازىنەت ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، رايون تەۋەسىدىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ تولۇقلىنىش مىقدارى ۋە ئېچىشقا تېگىشلىك بايلىق مىقدارىغا باھا بېرىلگەن، بۇ رايوندىكى يەر ئاستى سۈيى نۆۋەتتە مەنپىي تەڭپۇڭلۇق ھالىتىدە تۇرماقتا، يەنىمۇ كېڭەيتىپ قېزىشقا بولمايدۇ. ئۈچىنچى، رايون تەۋەسىدىكى كۆپ قىسىم رايونلار يەر ئاستى سۈيى ئەڭ ياخشى - بىر قەدەر ياخشى بولغان رايون ئىكەنلىكى، ئوتتۇرا قىسمىنىڭ ۋە شەرقىي شىمال قىسمىنىڭ سۇ سۈپىتى بىر قەدەر ناچار - ئەڭ ناچار ئىكەنلىكى ئاساسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان، كۆرسەتكۈچتىن ئېشىپ كەتكەن 4 خىل ئاساسلىق ئامىلنىڭ تارقىلىش دائىرىسى دائىرىگە ئېلىنغان. بەشىنچى، يېزا ئىگىلىكى تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان رايونلارنىڭ يەر ئاستى سۈيىنى قېزىش شارائىتى ئاساسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ھەمدە قېزىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئالتىنچى، يېزا ئىگىلىكى تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان رايونلارنىڭ تۇپراق شارائىتىغا دەسلەپكى قەدەمدە باھا بېرىلگەن.

چېن بىڭ

## تولى ناھىيىسىدىكى تيېچاڭگۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 2 - قارارلىق كېڭەيتىپ قۇرۇلىدىغان سۇ مەنبەسىدىكى سۇ بىلەن تەمىنلەش نۇقتىسىنى گىدروگېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش دوكلاتى

بۇ دوكلاتنى 2000 - يىل 6 - ئايدا شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار كومىتېتى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى، تيېچاڭگۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ سۇ مەنبەسىدىكى B دەرىجىلىك يەر ئاستى سۈيىنىڭ كۈنلۈك ئېچىشقا رۇخسەت قىلىش مىقدارى 12 مىڭ كۇب مېتىر قىلىپ تەستىقلاندى ھەمدە ئېلېكتر ئىستانسىسىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش لايىھىسىنىڭ ئاساسى قىلىندى.

تيېچاڭگۇ رايونىدا كۆمۈر بايلىقى مول، لېكىن سۇ بايلىقى بىر قەدەر قىس، بۇ قېتىم شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك قورۇلۇشنى تەكشۈرۈش يۇرتى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىغان ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ سۇ مەنبەسىنى گىدروگېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىدە شۇ جاينىڭ مېتېئورولوگىيىلىك، گىدرولوگىيىلىك شارائىتى، سۇلۇق قەۋەتلىرىنىڭ تارقىلىش - كۆمۈلۈش شارائىتى، سۇلۇق قەۋەتلىرىنىڭ مول سۇلۇق خۇسۇسىيىتى، يەر ئاستى سۇلىرىنىڭ سۇ خىمىيىسى ۋە ھالەت شارائىتى قاتارلىقلار ئۈستىدە ئومۇميۈزلۈك ئىنچىكە تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان، گىدروگېئولوگىيىلىك شارائىتلارغا ئاساسەن، تەپسىلىي تەكشۈرۈلگەن رايونلارنىڭ يەر ئاستى سۈيىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش مودېلى ۋە سانلىق قىممەت مودېلى توغرا تۇرغۇزۇلغان. تيېچاڭگۇ جىلغىسىدىكى يەر ئاستى سۇ بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىش، تولۇقلاش مىقدارى بىلەن قېزىپ ئىشلىتىش قىسمىنىڭ زاپىسىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈشنى قولغا كەلتۈرۈپ، مول بولغانلىرى ئارقىلىق قىس بولغانلىرىنى تولۇقلاشتىن ئىبارەت سۇ بىلەن تەمىنلەش لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ، شىنجاڭ بويىچە سۇ مەنبەسى قىس بولغان كىچىك دەريا ۋادىسى رايونىدا تەكشۈرۈپ ئېنىق بېكىتىلگەن مەلۇم كۆلەمگە ئىگە ئېلېكتر ئىستانسىسىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان بىرىنچى سۇ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ، بۇ بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ خىلدىكى سۇ بىلەن تەمىنلەش نۇقتىسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتا ئاكتىپ يېتەكچىلىك ۋە ئۈلگىلىك رول ئوينايدۇ.

گو جۈن

## مارالبېشى ناھىيىسىدىكى تەبىئىي گاز ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ سۇ مەنبەسىدىكى سۇ بىلەن تەمىنلەش نۇقتىسىنى گىدروگېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش دوكلاتى

بۇ دوكلاتنى 2000 - يىل 12 - ئايدا شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار كومىتېتى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى، ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ سۇ مەنبەسىدىكى B دەرىجىلىك يەر ئاستى سۈيىنىڭ كۈنلۈك ئېچىشقا رۇخسەت قىلىش مىقدارى 5800 كۇب مېتىر قىلىپ تەستىقلىنىپ، سۇ مەنبەسىنى ئېچىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسى قىلىندى.

بۇ سۇ مەنبەسى مارالبېشى ناھىيىسىدىكى يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىنىدىكى ئېقىندى تۈزلەڭلىككە جايلاشقان، بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسىنىڭ 2 - قۇرۇلۇش تەكشۈرۈش يۈرتى ئۈستىگە ئالغان. تەكشۈرۈشتە سۇ مەنبەسىدىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ تولۇقلانغان بايلىق مىقدارى يىلىغا 20 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدىغانلىقى، ھەربىر لىتىر سۇ تەركىبىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى بىر گرامدىن ئاز بولۇپ، ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ سۇ ئىشلىتىش تەلىپىنى قاندۇرالايدىغانلىقى ئېنىقلاندى.

گو جۈن

## سانجى شەھىرىنىڭ 2 - سۇ مەنبەسىدىكى سۇ بىلەن تەمىنلەش نۇقتىسىنى گىدروگېئولوگىيىلىك تەپسىلىي تەكشۈرۈش دوكلاتى

بۇ دوكلاتنى 2000 - يىل 8 - ئايدا شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار كومىتېتى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى، سانجى شەھىرىنىڭ 2 - سۇ مەنبەسىدىكى C+D دەرىجىلىك يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئېچىشقا رۇخسەت قىلىش يىللىق مىقدارى 43 مىليون 430 مىڭ كۇب مېتىر قىلىپ تەستىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە C دەرىجىلىك يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئېچىشقا رۇخسەت قىلىش يىللىق مىقدارى 22 مىليون كۇب مېتىر، D دەرىجىلىك يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئېچىشقا رۇخسەت قىلىش يىللىق مىقدارى 21 مىليون 400 مىڭ كۇب مېتىر، سۇ سۈپىتى دۆلەتنىڭ ئىچىملىك سۇ ئۆلچىمى ۋە ئادەتتىكى پارقازانلارغا ئىشلىتىلىدىغان سۇ ئۆلچىمى تەلىپىنى قاندۇرالايدۇ. بۇ دوكلاتنى سانجى شەھىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان سۇ مەنبەسىنىڭ دەسلەپكى لايىھە ئاساسى قىلىشقا بولىدۇ.

بۇ سۇ مەنبەسى سانجى شەھىرىنىڭ غەربىي شەھەر ئەتراپىغا جايلاشقان، تەپسىلىي تەكشۈرۈش خىزمىتىنى شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسىنىڭ 2 - گىدروگېئولوگىيىلىك قۇرۇلۇش گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. سانجى شەھىرىنىڭ 2 - سۇ مەنبەسى سەنتۈنخې دەرياسىنىڭ ئېقىندى - لاتقىلىق يەلپۈگۈچسىمان ساھىلى ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، يەر ئاستى سۈيىنىڭ تولۇقلىنىش بايلىقى مول، سۇ سۈپىتى ئەڭ ياخشى.

گو جۈن

## تەكشۈرۈش تۈرلىرىنىڭ تىزىمغا ئېلىنىش ئەھۋالى

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە تەكشۈرۈشنى تىزىمغا ئالدۇرۇش تۈرىدىن 543ى قوبۇل قىلىندى. كان تەكشۈرۈش ھوقۇقى ئىجازەتنامىسىدىن 407سى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ تارقىتىلدى. بۇلار ئىچىدە قىممەتلىك مېتال كان مەھسۇلاتىغا دائىر تۈر 178 (ئالتۇن كېنى 178)، قارامېتال كان مەھسۇلاتلىرىغا دائىر 22 تۈر (تۆمۈر كېنى 15، مانگان كېنى 7)، رەڭلىك مېتال كان مەھسۇلاتلىرىغا دائىر تۈر 98 (مىس كېنى 80، قەلەي، سىنك كېنى 13، سۈرمە كېنى 2، نىكېل كېنى بىر، مولىبدېن كېنى بىر، كوبالت كېنى بىر). كۆمۈر كېنى 10، كۆپ خىل مېتال كېنى 20، ئاز ئۇچرايدىغان ۋە سىرەك يەر مېتال كان مەھسۇلاتىغا دائىر تۈر 16، چاچما ئېلېمېنت كان مەھسۇلاتىغا دائىر تۈر 2، مېتاللوئىد كان مەھسۇلاتىغا دائىر تۈر 53 (تۇز تۈرىدىكى كان مەھسۇلاتى 21، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى كان مەھسۇلاتىغا دائىر تۈر 19، كۆيمە توپا كېنى 5، چىرىمتال كېنى 2، ئاندالۇزىت كېنى 2، قاشتېشى كېنى بىر، تەبىئىي ئىشقار كېنى بىر، ۋېرمىكۇلىت كېنى بىر، ھاۋارەڭ تاش كېنى بىر)، گازلىق سۇ مەھسۇلاتىغا دائىر تۈر 8. تەكشۈرۈش ھوقۇقى ئىجازەتنامىسىدىن 65ى تەستىقلاپ تارقىتىلدى، بۇلار ئىچىدە رايون دائىرىلىك گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش تۈرى 6، رايون دائىرىلىك كان مەھسۇلاتلىرىنى تەكشۈرۈش تۈرى 19، رايون دائىرىلىك گىدروگېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش تۈرى 3، رايون دائىرىلىك گېئوفىزىكىلىق - گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش تۈرى 36، ئاۋىئاتسىيىلىك يىراقتىن سېزىپ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش تۈرى بىر.

ئاپتونوم رايون بويىچە باشقىلارنى چەتكە قېقىش خاراكتېرىدىكى تەكشۈرۈش رايونلىرىنىڭ كۆلىمى 7151.85 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ، تەكشۈرۈشكە 79 مىليون 902 مىڭ 800 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. تەكرار ۋە گىرەلەشمە تۈردىن 42 سى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 4 مىليون 275 مىڭ يۈەن مەبلەغنىڭ تەكرار سېلىنىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈشكە دائىر 23 تۈردە مەبلەغ

ئەمەلىيلەشتۈرگەنلىكتىن ۋاز كېچىش ئىلتىماس قىلىندى.

شىنجاڭ بويىچە تەكشۈرۈش تۈرلىرىنى تىزىملاش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئاساسەن، شىنجاڭ بويىچە بارلىق گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ساھەلىرى (نېفىت، يادرو سانائىتى خىزمىتىنى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئورۇنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا) گە يېرىپ چېتىلىدۇ. تۈرلەرنىڭ خاراكتېرىدىن قارىغاندا، ھېلىمۇ پىلان ئىچىدىكى تۈرلەر ئاساس قىلىندى، ئۆزى مەبلەغ توپلايدىغان تۈرلەر 2 - ئورۇندا تۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە پىلان ئىچىدىكى تۈرلەر 221، بازارلارغا دائىر تۈر 36، تەكشۈرۈش فوندى تۈرى 34، ئۆزى مەبلەغ سالىدىغان تۈر 116. تەكشۈرۈش باسقۇچىدىن قارىغاندا، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش باسقۇچى ئاساس قىلىنىپ، 387 تۈر تەكشۈرۈلدى، تەپسىلىي تەكشۈرۈش باسقۇچىدىكى تۈر 18، تەكشۈرۈش باسقۇچىدىكى تۈر 2. تەكشۈرۈلگەن كان تۈرلىرىدە قىممەتلىك كان مەھسۇلاتلىرىدىن ئالتۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، رەڭلىك مېتال كان مەھسۇلاتلىرى 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ. تەكشۈرۈلگەن تۈرلەر ئاساسلىقى، زېمىن بايلىقى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش تۈرى بولۇپ، تەكشۈرۈلگەن تۈرلەرگە تارقىتىپ بېرىلگەن ئىجازەتنامە ئومۇمىي سانىنىڭ 90%نى ئىگىلەيدۇ.

2000 - يىلى تەكشۈرۈش تۈرلىرىنى تىزىملاشتا، تەكشۈرۈش ئىجازەتنامىسىنىڭ سانى خېلى كۆپەيدى، باشقىلارنى چەتكە قېقىش خاراكتېرىدىكى كۆلەم بىر قەدەر ئازايدى، لېكىن تەكشۈرۈشكە سېلىنىدىغان مەبلەغ سانى ئېشىپ كېتىپ، يالغان مەلۇم قىلىش ھادىسىلىرى كۆرۈلدى. بىر قىسىم ئۆزى مەبلەغ سالىدىغان تۈرلەرنىڭ تەكشۈرۈش سېلىنمىسى جەھەتتە، بەزىلىرىنىڭ سېلىنمىسى ئەڭ تۆۋەن چەككىمۇ يەتمىدى. بەزىلىرىدە تەكشۈرۈش خىزمىتى پەقەت ئېلىپ بېرىلماي، يەرلەرنى ئىگىلەپ تۇرۇشتەك ھادىسىلەر ھېلىھەم ساقلىنىپ كەلدى.

لاڭ جىجۇن، نا جيا

## كان ئاچقۇچىلارنىڭ ئىجازەتنامىسىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىش خىزمىتى

شىنجاڭدىكى كانچىلىق كارخانىلىرىنى تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، ئىجازەتنامە بېرىش ھوقۇق دائىرىسىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجازەتنامە ئالماشتۇرۇشقا تېگىشلىك 1700 كان، كارخانا (بۇلار ئىچىدە كۆمۈر كان 1180، مېتال ۋە مۇھىم مېتاللوئىد كېنى 520) بار ئىدى؛ ھەر قايسى ناھىيە، شەھەرلەردىكى ئىجازەتنامە ئالماشتۇرۇشقا تېگىشلىك كان 2501 بولۇپ، ئاساسەن، شېغىل، خىش قۇيۇشقا ئىشلىتىلىدىغان سېغىز توپا قاتارلىق باشقا مېتاللوئىد كېنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار نازارىتى كان قېزىشنى تىزىملىتىش ئىلتىماسىدىن 1690نى قوبۇل قىلدى، 1605 ئىجازەتنامە تارقىتىپ بەردى، كان قېزىش شەرتلىرىگە ئۇيغۇن كەلمىگەن 70 كانغا ئىجازەتنامە بەرمىدى، ئىجازەتنامىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىش نىسبىتى 99%كە يەتتى. ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ ئىجازەتنامىنى ئالماشتۇرۇش خىزمىتى پۈتۈنلەي تاماملاندى.

لاڭ جىجۇن، ساۋ جيەنجۈن

## قېزىلما بايلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش ۋە ئۇنى سېتىش ئومۇملاشتۇرۇپ ستاتىستىكا قىلىندى

1999 - يىلى شىنجاڭ بويىچە قېزىلما بايلىق مەھسۇلاتلىرى، مىنېرال خام ئەشيالارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 21 مىليارد 728 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن 7.7% ئاشتى. ئالاقىدار پىششىقلانما مەھسۇلاتلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 19 مىليارد 106 مىليون يۈەنگە يەتتى. مىنېرال خام ئەشيا چىقىدىغان كان تۈرى 45 خىل، ئالاقىدار پىششىقلانما مەھسۇلات چىقىدىغان كان تۈرى 19 خىل.

مۇشۇ يىلى مىنېرال خام ئەشيالارنىڭ ئاپتونوم رايوندا سېتىلىش سوممىسى 15 مىليارد 966 مىليون يۈەنگە، ئالاقىدار پىششىقلانما مەھسۇلاتلارنىڭ ئاپتونوم رايوندا سېتىلىش سوممىسى 16 مىليارد 46 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئاپتونوم رايون سىرتىغا 8 مىليارد 84 مىليون يۈەنلىك مىنېرال خام ئەشيا سېتىلدى. ئۇلار ئاساسەن نېفىت (95.95%نى ئىگىلەيدۇ) بىلەن كۆمۈردىن ئىبارەت. ئاپتونوم رايون سىرتىدىن 18 مىليون يۈەنلىك مىنېرال خام ئەشيا سېتىۋېلىندى.

ئاپتونوم رايوننىڭ سىرتىغا 8 مىليارد 115 مىليون يۈەنلىك ئالاقىدار پىششىقلانما مەھسۇلات سېتىلدى، ئاپتونوم رايون سىرتىدىن 1 مىليارد 397 مىليون يۈەنلىك ئالاقىدار پىششىقلانما مەھسۇلات سېتىۋېلىندى. مۇشۇ يىلى ئاپتونوم رايون سىرتىغا 6 مىليارد 718 مىليون يۈەنلىك ئالاقىدار پىششىقلانما مەھسۇلات كۆپ چىقىرىلدى، چىقىرىلغىنى كىرگۈزۈلگىنىنىڭ 5.81 ھەسسىسىگە تەڭ بولدى.

1999 - يىلى شىنجاڭ قېزىلما بايلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 15 مىليون دوللارغا، قېزىلما بايلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىمپورت سوممىسى 772 مىليون دوللارغا يەتتى، ئەتۇر پەرق 757 مىليون دوللار بولدى.

جۇ لىشىن

## گېئولوگىيىلىك ئاپەت ئەھۋالى

2000 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە مەلۇم كۆلەمگە ئىگە سىيرىلىپ چۈشۈش، گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈش، لاتقا ـ شېغىللىق ئېقىن قاتارلىق گېئولوگىيىلىك ئاپەتلەر 9 قېتىم يۈز بېرىپ، 8 كىشى ئۆلدى، 10 مىليون يۈەندىن كۆپرەك بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى. ئاپەت ئەھۋالى 1999 ـ يىلدىكىدىن بىر قەدەر ئازايدى.

ئاپەت تۈرىدىن قارىغاندا، لاتقا ـ شېغىللىق ئېقىن ئاساسلىق ئاپەت تۈرى (6 قېتىم بولۇپ %67نى ئىگىلەيدۇ) بولۇپ، ئىقتىسادىي زىياننى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاساسلىق سەۋەب ھېسابلىنىدۇ؛ سىيرىلىپ چۈشۈش ئاپىتى گەرچە كۆپ بولمىسىمۇ (2 قېتىم بولۇپ، %22نى ئىگىلىگەن)، لېكىن كىشىلەرنىڭ يارىلىنىش ۋە ئۆلۈم ـ يېتىم ھادىسىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاساسلىق ئامىل (7 ئادەم ئۆلگەن، %87.5نى ئىگىلەيدۇ) ھېسابلىنىدۇ. رايونلارغا تارقىلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ ئاپەتلەر ئاساسلىقى جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن ئىلى رايونىدا يۈز بەردى. كۇنەس ناھىيىسى، ئاتۇش تەۋەسىدىكى قاتناش لىنىيىلىرى، كونىنلۇن تاغلىرى يەنىلا گېئولوگىيىلىك ئاپەتلەر كۆپ بولىدىغان رايون ھېسابلىنىدۇ، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۈرۈمچى شەھىرى تەۋەسىدىكى ئاپەتلەرمۇ 1999 ـ يىلدىكىگە قارىغاندا خېلى كۆپىيىپ قالدى.

چى مىي

## 4 ـ نۆۋەتلىك «تەڭرىتاغ» گېئولوگىيە قېزىلما بايلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى

شىنجاڭ گېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى باشچىلىق قىلغان، 18 ئەزا ئورۇن ھەمكارلاشقان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 2000 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 20 — 22 ـ كۈنلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېچىلدى، يىغىنغا 180 دىن كۆپرەك ۋەكىل قاتناشتى. يىغىن 152 ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋالدى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى رېن جىشۈن، جەي يۈشېڭلار يىغىندا ئىلمىي دوكلات بەردى.

شى گۇاڭچيەن

## شىنجاڭنىڭ شەرقىي تەڭرىتېغىدا كان ھاسىل قىلىدىغان گېئولوگىيىلىك شارائىتقا دائىر مۇتەخەسسىسلەر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىن 2000 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 10 — 12 ـ كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىنغا قاتناشقان مۇتەخەسسىسلەر شەرقىي تەڭرىتاغدا كان ھاسىل بولۇشنىڭ گېئولوگىيىلىك شارائىتى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى ھەمدە تەكلىپ بەردى. جۇڭگو قۇرۇلۇش ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى چېن يۈچۈەن، تاڭ جۇڭلى قاتارلىق 10 نەچچە گېئولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرى بايقالغان چوڭ تىپتىكى تۈۋۈز — يەندۇڭ مىس كېنىنى نەق مەيداندا تەكشۈردى.

گۇڭ شياۋپىڭ، جاڭ ۋېيجو

# كارتوگرافىيە

## كارتوگرافىيە ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتى

2000 ـ يىلى شىنجاڭ كارتوگرافىيە ئىدارىسىگە قاراشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى ئورۇندىغان كارتوگرافىيە ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسى مۇنۇلار: گېئودېزىيىلىك ئۆلچەشتە GPC (بەر شارىدىكى ئورنىنى بېكىتىش) بويىچە ئۆلچەنگەن C دەرىجىلىك نۇقتا 17، D دەرىجىلىك نۇقتا 62، E دەرىجىلىك نۇقتا 229؛ پولىگون ئارقىلىق ئۆلچەنگەن 2 ـ دەرىجىلىك نۇقتا 44، 3 ـ دەرىجىلىك نۇقتا 2430، 2 ـ دەرىجىلىك نىۋېلىر ئارقىلىق ئۆلچەنگىنى 290 كىلومېتىر، 4 ـ دەرىجىلىك نىۋېلىر ئارقىلىق ئۆلچەنگىنى 624 كىلومېتىر، دەرىجىدىن سىرت ئۆلچەنگىنى 824 كىلومېتىر؛ تولۇق رەقەملەشتۈرۈلگەن فوتوگرافىيىلىك ئۆلچەنگەن (DLG) 1:25000 ماسشتابلىق رەقەملەشتۈرۈلگەن سىزىقلىق خەرىتىدىن 6 نۇسخا، 1:10000 ماسشتابلىق خەرىتىدىن 164 نۇسخا، (DEM) 1:10000 ماسشتابلىق رەقەملىك ئېگىزلىك ئاتمېتكىسى مودېلى خەرىتىسىدىن 231 نۇسخا، (DOM) 1:10000 ماسشتابلىق ئورتوگرافىيە خەرىتىسىدىن 231 نۇسخا ئىشلەندى؛ رەقەملەشتۈرۈلمىگەن فوتوگرافىيىلىك ئۆلچەنگەن 1:10000 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسىدىن 9 نۇسخا ئىشلەندى؛ دالىدا يەر شەكلى سانلىق مەلۇماتلىرىنى توپلاپ خەرىتە ئىشلەشتە (DLG) 1:2000 ماسشتابلىق رەقەملەشتۈرۈلگەن سىزىقلىق خەرىتىدىن 127 نۇسخا، 1:1000 ماسشتابلىق خەرىتىدىن 28 نۇسخا، 1:500 ماسشتابلىق خەرىتىدىن 1053 نۇسخا ئىشلەندى؛ يەر شەكلى خەرىتىسىدىن رەقەملەشتۈرۈلگەن (DLG) 1:250000، 1:50000، 1:25000، 1:10000، 1:5000، 1:2000، 1:1000، 1:500 ماسشتابلىق رەقەملەشتۈرۈلگەن سىزىقلىق خەرىتىدىن 2360 نۇسخا، (DEM) 1:5000، 1:10000 ماسشتابلىق رەقەملەشتۈرۈلگەن ئېگىزلىك ئاتمېتكىسى خەرىتىسىدىن 163 نۇسخا، (DRG) 1:50000، 1:10000 ماسشتابلىق رەقەملىك كاتەكچە خەرىتىدىن 77 نۇسخا ئىشلەندى. خەرىتە تۈزۈشتە 1:10000، 1:5000، 1:2000 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسىدىن



شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت زېمىن جۇغراپىيە ئۇچۇرى مەركىزىنىڭ تېخنىكلىرى شىنجاڭ خەرىتە سانلىق ئاساس ئامبىرى بەرپا قىلماقتا.

سۈرەتنى كارتوگرافىيە ئىدارىسى تەمىنلىگەن.

70 نۇسخا تۈزۈلدى؛ مەخسۇس رەقەملەشتۈرۈلگەن خەرىتە مەھسۇلاتلىرىدىن تۇرپان شەھىرىنىڭ مەخسۇس خەرىتىسى، ئۈرۈمچىنىڭ نوپۇس خەرىتىسى، شىنجاڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئىشخانىسىنىڭ كەسپىي خەرىتىسى، شىنجاڭ قاتناش يولى خەرىتىسى، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 8 - شى قوراللىق تارماق ئەترىتىنىڭ مەخسۇس خەرىتىسى، كۆيتۇڭ لايىھەلەش يۇرتىنىڭ كەسپىي خەرىتىسى، خۇاگۇاڭ گېئولوگىيە باش شىركىتىنىڭ مەخسۇس خەرىتىسى، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 7 - شىنىڭ مەخسۇس خەرىتىسى، كۆيتۇڭ شەھىرىنىڭ ۋېيىكتورلۇق خەرىتىسى، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغ رايونى خەرىتىسى، ئۈرۈمچى ساياھەت خەرىتىسى، ئىلى ساياھەت خەرىتىسى، كۇچا ساياھەت خەرىتىسى، سۇ ئىنشائاتلىرىنىڭ تارقىلىش خەرىتىسى، ئۈرۈمچىنىڭ ئوت ئۆچۈرۈش خەرىتىسى، بوستانلىق، دالا، تاغ، كەنتلەرنىڭ تەكشىلىك خەرىتىسى، چۆچەكنىڭ قاتناش ساياھەت خەرىتىسى، مىللەت تىللىرىنىڭ تارقىلىش خەرىتىسى، شىخەنزە تەرەققىيات رايونى خەرىتىسى، شىنجاڭدىكى مەشھۇر ئاسار ئەتىقىلەرنىڭ تارقىلىش خەرىتىسى، شىنجاڭنىڭ قاتناش يولى خەرىتىسى قاتارلىق 161 خەرىتە ئىشلەندى؛ ئۆلچەنگەن قۇرۇلۇش، ئۆلچەنگەن تۇرۇبا لىنىيىسى 103 كىلومېتىر، يېقىن دائىرىدىن سۈرەتكە تارتىپ ئۆلچەنگىنى 15 نۇسخا، يەر شەكلى خەرىتىسى ئۆلچەپ سىزىلغىنى 15 نۇسخا.

شيا يىڭ

## كارتوگرافىيە ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتى

2000 - يىلى شىنجاڭ كارتوگرافىيە ساھەسىنىڭ ياراتقان ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات قىممىتى 99 مىليون 575 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدىكى كارتوگرافىيە سىستېمىسىنىڭ 9 مىليون 250 مىڭ يۈەن، گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق سىستېمىسىنىڭ 7 مىليون 785 مىڭ 300 يۈەن، دۆلەت زېمىنى سىستېمىسىنىڭ 2 مىليون 555 مىڭ 600 يۈەن، قۇرۇلۇش سىستېمىسىنىڭ 16 مىليون 884 مىڭ 100 يۈەن، سۇ ئېلېكتر سىستېمىسىنىڭ 4 مىليون 924 مىڭ يۈەن، قاتناش سىستېمىسىنىڭ 12 مىليون 716 مىڭ 600 يۈەن، كۆمۈر سىستېمىسىنىڭ 1 مىليون 101 مىڭ 300 يۈەن، مېتاللورگىيە سىستېمىسىنىڭ 490 مىڭ 200 يۈەن، نېفىت سىستېمىسىنىڭ 38 مىليون 496 مىڭ يۈەن، رەڭلىك مېتال سىستېمىسىنىڭ 453 مىڭ يۈەن، تۆمۈريول سىستېمىسىنىڭ 1 مىليون 470 مىڭ يۈەن، يەر تەۋرەش سىستېمىسىنىڭ 450 مىڭ يۈەن، يادرو سانائىتى سىستېمىسىنىڭ 200 مىڭ يۈەن، مائارىپ - پەن تەتقىقات سىستېمىسىنىڭ 30 مىڭ يۈەن، يېزا ئىگىلىك سىستېمىسىنىڭ 480 مىڭ يۈەن، ئاۋىئاتسىيە - ئالەم قاتنىشى سىستېمىسىنىڭ 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سىستېمىسىنىڭ 294 مىڭ يۈەن، پوچتا - تېلېگراف، توقۇمىچىلىق، يېنىك سانائەت، مۇھىت ئاسراش، مېتېئورولوگىيە، ئېلېكترون، دۆلەت مۇداپىئە پەن - تېخنىكا سانائىتى كومىتېتى قاتارلىق سىستېمىلارنىڭ 795 مىڭ يۈەن.

شيا يىڭ

## ئايروپىلان ئارقىلىق سۈرەتكە ئېلىش ئەھۋالى

2000 - يىلى دۆلەت كارتوگرافىيە ئىدارىسى شىنجاڭنىڭ ئايروپىلان ئارقىلىق سۈرەتكە ئېلىش خىزمىتى ئۈچۈن 4 مىليون 100 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەردى. مۇشۇ يىلى 1:35000 ماسشتاب بويىچە 133 مىڭ 795 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنى ئايروپىلان ئارقىلىق سۈرەتكە ئېلىش ئىشى تاماملاندى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش

رايونى بولغان تارىم دەريا ۋادىسى (مارالبېشى ناھىيىسى تەۋەسىدىن چاقىلىق ناھىيىسى تەۋەسىگىچە) 50 مىڭ 127 كۋادرات كىلومېتىر، ئوتتۇرا تارىم نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش رايونى 52 مىڭ 690 كۋادرات كىلومېتىر، غەربنىڭ گازىنى شەرققە يۆتكەش مەنبەسى رايونى (باي، بۈگۈر ۋە خوتەننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى رايونلار) 8820 كۋادرات كىلومېتىر، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغ (ماناس، قۇتۇبى، سانجى، مىچۈەن، فۇكاڭ قاتارلىق جايلار) 17 مىڭ 724 كۋادرات كىلومېتىر. ئايروپىلاندا يېڭىدىن تارتىلغان سۈرەت ماتېرىياللىرى شىنجاڭدا خەرىتىگە جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان رايونلارنىڭ ئاساسىي كارتوگرافىيە خىزمىتىنى ئۇچۇر مەنبەسى بىلەن تەمىنلىدى، غەربنى كەڭ ئېچىش جەريانىدىكى تۈرلۈك قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى رېئال بولغان ناھايىتى كۈچلۈك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى.

شيا يىڭ

## تارىم دەرياسى ۋادىسىدىكى نېفىتلىكنىڭ يەر يۈزىنى ئۆلچەش - سىزىش خىزمىتى

2000 - يىل 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ كارتوگرافىيە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش پونكىتى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى ھاۋالە قىلغان، چاڭشا جوڭيالى گېئولوگىيىلىك قۇرۇلۇشنى تەكشۈرۈش يۇرتى ئۈستىگە ئالغان تارىم دەرياسى ۋادىسىدىكى نېفىتلىكنى ئۆلچەش - سىزىش قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە ئايروپىلان ئارقىلىق سۈرەتكە تارتىلغان 11 ئۇچۇش لىنىيىسى تەكشۈرۈلدى؛ ئاساسى تىزگىنلىنىپ ئۆلچەنگەن D دەرىجىلىك GPS (يەر شارىدىكى ئورنى بېكىتىلگەن) نۇقتىسىدىكى 58 نۇقتا، 4 - دەرىجىلىك نىۋېلىرلىق 50 نۇقتىدىن تەركىب تاپقان 89. 285 كىلومېتىر دائىرە، دەرىجىدىن سىرتقى نىۋېلىرلىق 2. 325 كىلومېتىر دائىرە تەكشۈرۈلدى؛ يەر يۈزىدىن ئۆلچەپ سىزىلغان 1:10000 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسىدىن 44ى تەكشۈرۈلدى. 3 تۈركۈم (قېتىم) تەكشۈرۈلدى، سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق لاياقەتلىك قۇرۇلۇش دەپ ھېسابلاندى.

شيا يىڭ

## خەرىتە بازارلىرى قېلىپلاشتۇرۇلدى

2000 - يىلى شىنجاڭ كارتوگرافىيە ئىدارىسى خەرىتە بازارلىرىنى باشقۇرۇش سالمىقىنى زورايتتى. 5 - ئايدا شىنجاڭ ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە ئۈرۈمچىنىڭ كىتابلارنى توپ تارقىتىش بازارلىرىدا سېتىلىۋاتقان، گۇاڭدۇڭ ساياھەت نەشرىياتىنەشر قىلىپ تارقاتقان «شىنجاڭغا ساياھەت» ۋە «بېيجىڭ يولىغا ساياھەت» تىن ئىبارەت جۇڭگونىڭ ساياھەتچىلىكىگە دائىر قىزىق لىنىيە تويلىمىدىن 769 پارچىنى تەكشۈرۈپ پېچەتلىدى، 2 خىل كىتابنىڭ مۇقاۋىسى ۋە ئىچكى بەتلىرىدىكى جۇڭگو خەرىتىسىدە ئېلىمىزنىڭ نەنخەي تاقىم ئاراللىرى، دياۋيۇداۋ ئارىلى، چىۋېيىۋ ئارىلى چۈشۈپ قالغان ياكى خاتا سىزىپ قويۇلغان، دۆلەت چېگرىسىمۇ خاتا سىزىلىپ قالغان. كىتابتىكى شىنجاڭ خەرىتىسى ئېغىر دەرىجىدە ئەگرى - توقاي قىلىپ شەكلى ئۆزگەرتىۋېتىلگەن، ئېنىق بېكىتىلمىگەن چېگرىلار خاتا ھالدا بېكىتىلگەن دۆلەت چېگرىسى قىلىپ سىزىپ قويۇلغان. توپلامدىكى خەرىتىلەرمۇ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىكى ئۆلچەش - سىزىش ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتكۈزۈلمىگەن، كىتابتىكى نەشر ھوقۇقى بېتىدە تەكشۈرۈلگەن خەرىتە نومۇرى كۆرسىتىلمىگەن. «شىنجاڭغا ساياھەت» دېگەن كىتابتا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدىغان خاتا يەر ناملىرى كۆرۈلگەن. 6 - ئايدا شىنجاڭ كارتوگرافىيە ئىدارىسى تاشقى ئىقتىساد - سودا نازارىتى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، ئىقتىسادىي سودا كومىتېتى، ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى، ئۈرۈمچى تاموژنىسى قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەتكە كېلىپ، نەنخەي تاقىم ئارىلى، دياۋيۇداۋ، چىۋېيىۋ ئارىلى چۈشۈپ قالغان ۋە دۆلەت چېگرىسى سىزىقى خاتا سىزىپ قويۇلغان 1323 دانە گلوبۇسنى تەكشۈرۈپ يىغىۋالدى. 7 - ئايدا «2000 - يىلى جۇڭگونىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى ساياھەت سودا يەرمەنكىسىدە ئىشلىتىلىدىغان خەرىتىلەرنى شەرتسىز تەكشۈرۈشكە يوللاش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى ھەمدە مەملىكەت بويىچە يىغىنغا قاتناشقان ئورۇنلارغا تارقىتىپ بېرىلدى، مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ ساياھەت سودا يەرمەنكىسىدىكى 988 كۆرگەزمە ئورنى ۋە تەشۋىقات بۇيۇملىرى تەكشۈرۈلدى، 93 كۆرگەزمە ئورنى ساياھەت قاتناش خەرىتىسى ۋە خەرىتە شەكلى چۈشۈرۈلگەن تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى كۆرگەزمە قىلدى ياكى ساتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 48 كۆرگەزمە ئورنى ساتقان خەرىتە ۋە تەشۋىقات بۇيۇملىرىدا ئېغىر خاتالىق كۆرۈلدى. خاتالىق كۆرۈلگەن خەرىتە ۋە تەشۋىقات بۇيۇملىرى تۈزىتىلدى ھەمدە 39 بولاق (ساندۇق) تىكى 10 مىڭ دانە (نۇسخا) دىن كۆپرەك خاتالىق كۆرۈلگەن خەرىتە ۋە تەشۋىقات بۇيۇملىرى قانۇن بويىچە مۇسادىرە قىلىندى. 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى شىنجاڭ كارتوگرافىيە ئىدارىسى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، ئاخبارات ۋاسىتىلىرىغا ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەرگە خەرىتە بازارلىرىدا ۋە مەھسۇلاتلاردا كۆرۈلگەن قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش

ئەھۋالىنى ئۆلچىدى، تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن خاتالىق بار 1323 گلوبۇس كۆپەيتىلدى.

شىيا يىلاڭ

## ئاقسۇنىڭ يەر تەۋەلىكىنى ئۆلچەش قۇرۇلۇشى

شىنجاڭ 1 - كارتوگرافىيە بۆرتى ئۈستىگە ئالغان ئاقسۇنىڭ يەر تەۋەلىكىنى ئۆلچەش - سىزىش قۇرۇلۇشى 2000 - يىل 8 - ئايدا تاماملاندى. ئورۇندالغان خىزمەت مىقدارى: ئۆلچەنگەن "5 دەرىجىلىك پولىگون نۇقتىسى 202، "8 دەرىجىلىك پولىگون نۇقتىسى 110؛ شەھەر تەۋەسىدىكى رايونلارنىڭ يەر تەۋەلىكى تەكشۈرۈلگەن ۋە ئىچكى - تاشقى مەشغۇلات بىرگەۋدىلەشتۈرۈلۈپ سانلىق مەلۇمات ئېلىنغان ئومۇمىي كۆلىمى 15625.30 كۋادرات كىلومېتىر، 96 كوچا، 7780 پارچە يەر. ئۆلچەنگەن تۈرلۈك چېگرا ئورنى نۇقتىسى 32 مىڭ 32، ۋىلايەت تەۋەسىدىكى رايونلار 75.10 كۋادرات كىلومېتىر، 287 كوچا، 4119 پارچە يەر، شەھەر تەۋەسى رايونىنىڭ ئىچكى - تاشقى مەشغۇلاتى بىرگەۋدىلەشتۈرۈلۈپ ماشىنىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆلچەپ سىزىلغان يەر تەۋەلىكى خەرىتىسى 521 نۇسخا، ھەر نۇسخا خەرىتىگە چۈشۈرۈلگەن ئاش نۇقتىسى 3تىن كەم ئەمەس؛ يەر تەۋەلىكىنى ئۆلچەش قۇرۇلۇشىنىڭ تېخنىكىلىق لايىھەنامىسى، قۇرۇلۇش تېخنىكىسىنىڭ خىزمەت خۇلاسىسى، قۇرۇلۇشنى تەكشۈرۈش دوكلاتى، شەھەر - بازارلارنىڭ يەر تەۋەلىكىنى تەكشۈرۈپ ئومۇملاشتۇرۇلغان ئانالىز دوكلاتى، يەر تەۋەلىكىنى ئۆلچەپ يەر مەيدانىنى ھېسابلاش ماتېرىيالى ھەمدە كوچىلار بىرلىك قىلىنىپ پارچە يەر مەيدانى جەملەنگەن جەدۋەل، كوچىلار بىرلىك قىلىنىپ شەھەر - بازارلاردىكى يەرلەرنىڭ تۈرگە ئايرىلغان كۆلىمىنى ستاتىستىكا قىلىش جەدۋىلى، يەر تەۋەلىكى ئۆلچەنگەن چېگرا نۇقتىسى كوئوردىنات قوللانمىسى قاتارلىقلار؛ يەر تەۋەلىكى ئۆلچەنگەن پارچە يەر خەرىتىسى، "5 دەرىجىلىك، "8 دەرىجىلىك تىزگىنلىنىش نۇقتىسىنى ھېسابلاش ماتېرىيالى، تاپانچىلىق تىزگىنلەش ماتېرىيالى، يەر تەۋەلىكى ئۆلچەنگەن كوچىلارنى ئايرىش خەرىتىسى، يەر تەۋەلىك خەرىتىسى بىلەن سېخىمىلارنى بىرلەشتۈرۈش جەدۋىلى، تىزگىنلىنىش نۇقتىسىنى بېيىش خەرىتىسى، يەرلەردىن پايدىلىنىش ئەھۋالى خەرىتىسى، ئەسۋابلارنى تەكشۈرۈش ماتېرىيالى، يەر تەۋەلىكىنى تەكشۈرۈش ئارخىپ ماتېرىيالى، دالا مەشغۇلاتىدا توپلانغان يەر تەۋەلىكى سانلىق مەلۇمات ماتېرىيالى ۋە يەر تەۋەلىكىنى ئۆلچەش ماتېرىيالى يۇمشاق دېسكىسى، پارچە يەر خەرىتىسىنىڭ سانلىق مەلۇمات يۇمشاق دېسكا ماتېرىيالى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئاقسۇنىڭ يەر تەۋەلىكى كارتوگرافىيە قۇرۇلۇشىنى شىنجاڭ زېمىن - بايلىق نازارىتى بىلەن شىنجاڭ كارتوگرافىيە ئىدارىسى بىرلىكتە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، ئۇنىڭ سۈپىتى ئەلا بولۇپ باھالاندى. قۇرۇلۇشنىڭ بارلىق نەتىجىلىرى كومپيۇتېر ئارقىلىق باشقۇرۇلدى.

شىيا يىلاڭ

## كارتوگرافىيە سالاھىيىتىنى قايتا تەكشۈرۈپ گۇۋاھنامە ئالماشتۇرۇش خىزمىتى

شىنجاڭ بويىچە كارتوگرافىيە سالاھىيىتىنى قايتا تەكشۈرۈپ سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى ئالماشتۇرۇش خىزمىتى 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئاياغلاشتى. 124 كارتوگرافىيە ئورنى كارتوگرافىيە سالاھىيىتىنى قايتا تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى ھەمدە «كارتوگرافىيە سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى»غا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك كارتوگرافىيە ئورنىدىن 10ى، 2 - دەرىجىلىك كارتوگرافىيە ئورنىدىن 19ى، 3 - دەرىجىلىك كارتوگرفىيە ئورنىدىن 45ى، 4 - دەرىجىلىك كارتوگرافىيە ئورنىدىن 50ى بار. «كارتوگرافىيە سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى» ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئورۇن 23، دەرىجىسى چۈشۈرۈلگەن ئورۇن 6، مۇددىتى كېچىكتۈرۈلۈپ تىزىمغا ئېلىنىدىغان ئورۇن 8. ئۇلارنىڭ ئىسىملىكى تۆۋەندىكىچە:

A دەرىجىلىك كارتوگرافىيە ئورۇنلىرى: شىنجاڭ 1 - كارتوگرافىيە بۆرتى، شىنجاڭ 2 - كارتوگرافىيە بۆرتى، شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار كارتوگرافىيە بۆرتى، شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسى مەييار، ئۆلچەش تەتقىقات ئەترىتى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى، بىكتۇەن تەكشۈرۈپ پىلانلاش - لايىھەلەش تەتقىقات بۆرتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك شەھەرلەرنى تەكشۈرۈش كارتوگرافىيە بۆرتى، سۇ ئىشلىرى مىنىستىرلىكى شىنجاڭ سۇچىلىق - سۇ ئېلېكتىر تەكشۈرۈش - لايىھەلەش تەتقىقات بۆرتى، شىنجاڭ دەۋر نېفىت قۇرۇلۇشى چەكلىك شىركىتى، نېفىت گېئوخىمىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسى 3 - گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش باشقارمىسىنىڭ 421 كارتوگرافىيە ئەترىتى.

B دەرىجىلىك كارتوگرافىيە ئورۇنلىرى: شىنجاڭ تاشيول پىلانلاش - تەكشۈرۈپ لايىھەلەش بۆرتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش - لايىھەلەش بۆرتى، شىنجاڭ يەر تەكشۈرۈش - پىلانلاش بۆرتى، شىنجاڭ كۆمۈرلۈك گېئولوگىيىسىنى ئۇنىۋېرسال گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى، شىنجاڭ قاراماي شۇنشى يەن - تېخنىكا ئوقەتچىلىك شىركىتى، شىنجاڭ ھەممىباب ئاۋىئاتسىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما

بايلىقلار 2 - رايون دائىرىلىك گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش چوڭ ئەترىتى، شىنجاڭ سانجى ئاپتونوم ئوبلاستلىق يەر تەكشۈرۈش - پىلانلاش يۇرتى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك كان ئىشلىرى ئىدارىسى تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۇرتى، شىنجاڭ «شىنخۇا» باسما زاۋۇتى، شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار ئىدارىسى 3 - گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى كورلا كارتوگرافىيە مۇلازىمەت بۆلۈمى، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 2 - شى بىناكارلىق تەكشۈرۈش - پىلانلاش - لايىھىلەش يۇرتى، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 1 - شى تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۇرتى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سۇ ۋە سۇ ئېلېكتر تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۇرتى.

C دەرىجىلىك كارتوگرافىيە ئورۇنلىرى: شىنجاڭ تاشيول لايىھىلەش مۇلازىمەت ئورنى، شىنجاڭ 1 - سانائەت لايىھىلەش يۇرتى، شىنجاڭ ئوتلاق تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۇرتى، ئۈرۈمچى بىناكارلىق لايىھىلەش يۇرتى، ئۈرۈمچى «جىنۇېن» كارتوگرافىيە تېخنىكا مۇلازىمەت چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك قۇرۇلۇش تەكشۈرۈش يۇرتى، شىنجاڭ سۇ ۋە سۇ ئېلېكتر تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۇرتى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى، يادرو سانائىتى مىنىستىرلىكى غەربىي شىمال گېئولوگىيە ئىدارىسى 216 چوڭ ئەترىتى، ئۈرۈمچى ئۆي - زېمىن، مۈلۈك ھوقۇقى، مۈلۈك تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى كارتوگرافىيە ئەترىتى، ئۈرۈمچى مىڭيۇ كارتوگرافىيە تېخنىكا مۇلازىمەت بۆلۈمى، شىنجاڭ كارتوگرافىيە تېخنىكا مەركىزى، قاراماي شەھەرلىك قۇرۇلۇش پىلانلاش - لايىھىلەش (يۇرتى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، قاراماي شەھەرلىك گېئولوگىيە قۇرۇلۇشى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىخەنزە شەھەرلىك بىناكارلىق پىلانلاش - لايىھىلەش يۇرتى، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسى «701» چوڭ ئەترىتى، شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار ئىدارىسى گېئوفىزىكىلىق - گېئو خىمىيىلىك تەكشۈرۈش چوڭ ئەترىتى، سانجى شەھەرلىك شەھەر - بازارلارنى تەكشۈرۈش كارتوگرافىيە ئەترىتى، شىنجاڭ سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق سۇ ۋە سۇ ئېلېكتر تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۇرتى، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 6 - شى تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۇرتى، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 7 - شى تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۇرتى، كۈيتۇڭ شەھەرلىك شەھەر مەمۇرىيىتىنى پىلانلاش - لايىھىلەش ئىشخانىسى، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 4 - شى تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۇرتى، قورغاس پورت قۇرۇلۇشى شۆبە ئىدارىسىنىڭ كارتوگرافىيە ئەترىتى، ئىلى ۋىلايەتلىك سۇ ۋە سۇ ئېلېكتر تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۇرتى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك سۇ ۋە سۇ ئېلېكتر تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۇرتى، شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسى 4 - گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 10 - شى تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۇرتى، ئالتاي ۋىلايەتلىك سۇ ۋە سۇ ئېلېكتر تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۇرتى، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 5 - شى تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۇرتى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق سۇ ۋە سۇ ئېلېكتر تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۇرتى، تۇرپان ۋىلايەتلىك سۇ ۋە سۇ ئېلېكتر تەكشۈرۈش - لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى، تۇرپان شەھەرلىك سۇ ۋە تۇپراق پىلانلاش - لايىھىلەش يۇرتى، تۇرپان ۋىلايەتلىك يەر تەكشۈرۈش - پىلانلاش يۇرتى، بىڭتۈەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى تەكشۈرۈش يۇرتى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق سۇ ۋە سۇ ئېلېكتر تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۇرتى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق بىناكارلىق تەكشۈرۈش - پىلانلاپ لايىھىلەش يۇرتى، كورلا شەھەرلىك كارتوگرافىيە ئەترىتى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم، ئوبلاستلىق يەر تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۇرتى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يەر پىلانلاش ئەترىتى، شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار ئىدارىسى 2 -گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 3 - شى تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۇرتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك سۇ ۋە سۇ ئېلېكتر تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۇرتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك يەر تەكشۈرۈش ئەترىتى، خوتەن شەھەرلىك شەھەر - يېزىلارنى پىلانلاش - بىناكارلىق لايىھىلەش ئىشخانىسى.

D دەرىجىلىك كارتوگرافىيە ئورۇنلىرى: ئۈرۈمچى ناھىيىلىك سۇ ۋە سۇ ئېلېكتر تەكشۈرۈش - لايىھىلەش ئەترىتى، ئۈرۈمچى يەر تەكشۈرۈش - پىلانلاش يۇرتى، ئۈرۈمچى ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ پىلانلاش ئىشخانىسى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى سۇچىلىق ۋە ياغاچ - تاش قۇرۇلۇش شۆبە ئىنستىتۇتى ئۆلچەش كافېدراسى، شىنجاڭ پولات - تۆمۈر لايىھىلەش يۇرتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونى يەر پىلانلاش ئىدارىسىنىڭ كارتوگرافىيە قۇرۇلۇش بۆلۈمى، قاراماي شەھەرلىك شەھەر پىلانلاش، زېمىن - بايلىق باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈش - پىلانلاش ئىشخانىسى، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 8 - شى شىخەنزە شەھەرلىك يەر مۇلازىمەت ئورنى، شىخەنزە شەھەرلىك تەكشۈرۈش - ئۆلچەش پونكىتى، سانجى شەھەرلىك ئۆي - زېمىن كارتوگرافىيە ئەترىتى، مىچۈەن شەھەرلىك ئۆي - زېمىن باشقۇرۇش ئورنى كارتوگرافىيە ئەترىتى، مورى ناھىيىلىك شەھەر - يېزىلارنى پىلانلاش - لايىھىلەش ئىشخانىسى، مىچۈەن شەھەرلىك شەھەر قۇرۇلۇشى كارتوگرافىيە چوڭ ئەترىتى، كۈيتۇڭ شەھەرلىك ئۆي - زېمىن باشقۇرۇش كەسپىي ئىدارىسىنىڭ ئۆي - زېمىن

كارتوگرافىيە ئەترىتى، ئىلى ۋىلايەتلىك يەر تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۈرتى، ئىلى ۋىلايەتلىك قاتناش ئىدارىسىنىڭ تاشيول تەكشۈرۈش - لايىھىلەش ئورنى، غۇلجا شەھەرلىك پىلانلاش ئىدارىسى كارتوگرافىيە ئەترىتى، غۇلجا شەھەرلىك ئۆي - زېمىن ئىدارىسىنىڭ كارتوگرافىيە ئەترىتى، چۆچەك شەھەرلىك يېزا - بازار قۇرۇلۇشىنى پىلانلاش - لايىھىلەش ئىشخانىسى، ئالتاي شەھەرلىك قۇرۇلۇش پىلانلاش - لايىھىلەش ئىشخانىسى، ئالتاي ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى پىلانلاش ئىشخانىسىنىڭ كارتوگرافىيە ئەترىتى، بۇرچىن ناھىيىلىك شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشىنى پىلانلاش - لايىھىلەش ئىشخانىسىنىڭ كارتوگرافىيە ئەترىتى، بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى پىلانلاش ئىشخانىسىنىڭ كارتوگرافىيە ئەترىتى، ئالتاي شەھەرلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى بېيتۇن شۆبە ئىدارىسىنىڭ پىلانلاش ئىشخانىسى كارتوگرافىيە ئەترىتى، بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى پىلانلاش ئىشخانىسىنىڭ كارتوگرافىيە ئەترىتى، جېمىنەي ناھىيىلىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى كارتوگرافىيە ئەترىتى، ئالتاي شەھەرلىك ئۆي - زېمىن باشقارمىسىنىڭ كارتوگرافىيە ئەترىتى، بورتالا شەھەرلىك پىلانلاش - قۇرۇلۇش لايىھىلەش ئىشخانىسى، تۇرپان شەھەرلىك شەھەر - يېزا قۇرۇلۇش ئىدارىسى پىلانلاش - لايىھىلەش ئىشخانىسى، قاراشەھەر ناھىيىلىك يەر پىلانلاش - تەكشۈرۈش ئەترىتى، چەرچەن ناھىيىلىك قۇرۇلۇش پىلانلاش - لايىھىلەش ئىشخانىسى، خېجىڭ شەھەر - يېزىلارنى پىلانلاش كارتوگرافىيە ئەترىتى، قاراشەھەر ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى پىلانلاش - قۇرۇلۇش لايىھىلەش ئىشخانىسى، باغراش ناھىيىلىك شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسى لايىھىلەش ئىشخانىسى، ئاقسۇ شەھەرلىك قۇرۇلۇش كومىتېتى پىلانلاش بۆلۈمى، قەشقەر شەھەرلىك قۇرۇلۇش كومىتېتى شەھەر قۇرۇلۇشىنى پىلانلاش - لايىھىلەش ئىشخانىسى، غەربىي جەنۇبىي تارىم نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئېچىش شىركىتى، يەكەن ناھىيىلىك قۇرۇلۇش پىلانلاش - لايىھىلەش ئورنى، يەكەن ناھىيىلىك يەكەن دەرياسىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى كارتوگرافىيە ئەترىتى، يەكەن ناھىيىلىك پىلانلاش ئەترىتى، مارالبېشى ناھىيىلىك شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسى پىلانلاپ ئۆلچەش - لايىھىلەش ئىشخانىسى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق سۇ ئېلېكتر تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۈرتى.

**«كارتوگرافىيە سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى»نىڭ دەرىجىسى چۈشۈرۈلگەن ئورۇنلار (6):** B دەرىجىدىن C دەرىجىگە چۈشۈرۈلگەن ئورۇنلار: شىنجاڭ ئورمانچىلىق تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۈرتى (بىرلا ۋاقىتتا 6 ئاي كېچىكتۈرۈلۈپ تىزىمغا ئېلىنىدۇ)، C دەرىجىدىن D دەرىجىگە چۈشۈرۈلگەن ئورۇنلار: شىنجاڭ كۆمۈرچىلىك گېئولوگىيە ئىدارىسى 161 - گېئولوگىيە بۆلۈمى، شىنجاڭ يېنىك سانائەت لايىھىلەش تەتقىقات يۈرتى، شىنجاڭ خواگۇاڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش باش شىركىتى، قۇمۇل شەھەرلىك قۇرۇلۇش كومىتېتى پىلانلاپ باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ كارتوگرافىيە ئەترىتى، بىڭتۇەن 3 - قۇرۇلۇش - قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇش شىركىتى.

**«كارتوگرافىيە سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى»، كېچىكتۈرۈلۈپ تىزىمغا ئېلىنىدىغان ئورۇنلار (8):** شىنجاڭ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش مەركىزى شىنجاڭ باش ئەترىتى B دەرىجىلىك بولۇپ 6 ئاي كېچىكتۈرۈپ تىزىمغا ئېلىنىدۇ)، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى (B دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ، 6 ئاي كېچىكتۈرۈلۈپ تىزىمغا ئېلىنىدۇ)، شىنجاڭ كان ئىشلىرى ئىدارىسى گېئولوگىيىلىك ئۆلچەش ئەترىتى (B دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ، 6 ئاي كېچىكتۈرۈلۈپ تىزىمغا ئېلىنىدۇ)، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسى گېئوفىزىكىلىق تەكشۈرۈش چوڭ ئەترىتى (B دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ، 6 ئاي كېچىكتۈرۈلۈپ تىزىمغا ئېلىنىدۇ)، قۇمۇل ۋىلايەتلىك سۇچىلىق، سۇ ئېلېكتر تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۈرتى (B دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ، 3 ئاي كېچىكتۈرۈلدى)، خوشۇت ناھىيىلىك شەھەر - يېزا قۇرۇلۇش - مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى پىلانلاش بۆلۈمچىسىنىڭ كارتوگرافىيە ئەترىتى (D دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ، 3 ئاي كېچىكتۈرۈپ تىزىمغا ئېلىنىدۇ)، چاقىلىق ناھىيىلىك شەھەر - يېزىلارنى پىلانلاش - لايىھىلەش ئىشخانىسى (D دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ، 3 ئاي كېچىكتۈرۈپ تىزىمغا ئېلىنىدۇ)، بۈگۈر ناھىيىلىك شەھەر - يېزا قۇرۇلۇش - مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى ئۆلچەش گۇرۇپپىسى (D دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ، 3 ئاي كېچىكتۈرۈپ تىزىمغا ئېلىنىدۇ).

**«كارتوگرافىيە سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى» ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئورۇنلار (23):** ئۈرۈمچى گىدرولوگىيە سۇ بايلىقىنى تەكشۈرۈش ئىدارىسى تەكشۈرۈش چوڭ ئەترىتى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى يول - كۆۋرۈك ياساش قۇرۇلۇش شىركىتى، باغراش ناھىيىلىك شەھەر - يېزىلارنى پىلانلاش - قۇرۇلۇش لايىھىلەش ئىشخانىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك گەز دەرياسىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى لايىھىلەش يۈرتى، يوپۇرغا ناھىيىلىك كەنت - يېزىلارنى پىلانلاش - لايىھىلەش ئىشخانىسى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى تەكشۈرۈش -

لايىھىلەش يۇرتى، شىنجاڭ كۆمۈرلۈك گېئولوگىيە ئىدارىسى 156 - ئەترىتىنىڭ گېئولوگىيە بۆلۈمى، شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسى 1 - رايون دائىرىلىك گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش چوڭ ئەترىتى، ئۈرۈمچى چېگىدالىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى مەركىزى، ماناس ناھىيىلىك تەكشۈرۈش - لايىھىلەش ئەترىتى، شىخەنزە ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى يەر پىلانلاش قۇرۇلۇش ئىدارىسى كارتوگرافىيە ئىشخانىسى، شىخەنزە سۇ ئېلېكتر ئىدارىسى سۇچىلىقنى پىلانلاش - لايىھىلەش ئىشخانىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك سۇچىلىق، سۇ ئېلېكتر تەكشۈرۈش - لايىھىلەش ئەترىتى، خوتەن سەمۇرىي مەھكىمە يەر تەكشۈرۈش - لايىھىلەش ئەترىتى، شىخو شەھەرلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى تەكشۈرۈش - پىلانلاش ئەترىتى، قاراماي شەھەرلىك «فېنفېي» ئوقەتچىلىك شىركىتى ئۆلچەش ئەترىتى، ئۈرۈمچى سۇ بايلىقى كومىتېتى تەكشۈرۈش - لايىھىلەش ئورنى، شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسى 11 - گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتىنىڭ كارتوگرافىيە تارماق ئەترىتى، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى تېخنىكا ئىشخانىسى، ئالتاي تېغى ئورمانچىلىق ئىدارىسى تەكشۈرۈش - لايىھىلەش يۇرتى، قابا ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى پىلانلاش ئىشخانىسى، ئۈرۈمچى سۈجىيا تەكشۈرۈش - قۇرۇلۇش شىركىتى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك يەر تەكشۈرۈش - لايىھىلەش ئەترىتى.

شيا يىڭ

## غەربنى كەڭ ئېچىش ئىشلىرىنى كارتوگرافىيە كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش

2000 - يىلى شىنجاڭ كارتوگرافىيە ئىدارىسى غەربنى كەڭ ئېچىش ۋە شىنجاڭنى كەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كاپالەت مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى. Coreldraw يۇمشاق دېتاللىرىدىن پايدىلىنىپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2000 - يىللىق نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ تارقىلىش خەرىتىسى»، «تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغنىڭ تارقىلىش خەرىتىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قاتناش خەرىتىسى»نى ئىشلىدى؛ ئىلى دەرياسى ۋادىسىنى 1:10000 ماسشتاب بويىچە ئۆلچەپ DEM (رەقەملىك ئېگىزلىك ئاتمېتكىسى مودېلى) ۋە DOM (ئورتوگرافىيە خەرىتىسى) دىن 110نى ئىشلىدى؛ «قەشقەرنىڭ ئۈچ ئۆلچەملىك شەھەر مەنزىرىسى خەرىتىسى»نى ئىشلىدى؛ ئايروپىلان ۋە سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تارتىلغان سۈرەتلەردىن پايدىلىنىپ، شىمالىي شىنجاڭ رايونىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىنىڭ 1:10000 ماسشتابلىق ۋە ئۈرۈمچىنىڭ 1:5000 ماسشتابلىق ئۈچ ئۆلچەملىك تەقلىدىي ئۇچۇش خەرىتىسىنى پۈتكۈزدى، سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق يىراقتىن تارتىلغان سانلىق مەلۇماتلاردىن پايدىلىنىپ، «كۈيتۇڭ شەھىرىنىڭ 1:50000 ماسشتابلىق يىراقتىن تارتىلغان سۈرەتلىك ئاسما خەرىتىسى» ۋە ئۈرۈمچىنىڭ 1:50000 ماسشتابلىق يىراقتىن سېزىلگەن تەقلىدىي ئۇچۇش خەرىتىسىنى ئىشلىدى؛ كۇچا ناھىيىسىگە 1:500 ۋە 1:1000 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسىدىن 320 نۇسخا سىزىپ بەردى. ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئاساس كارتوگرافىيە خەرىتىسى بولغان 1:10000 ماسشتابلىق ئايروپىلاندا ئۆلچەنگەن يەر شەكلى خەرىتىسى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 2600 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنى ئۆلچەپ سىزدى. 1:10000 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسىدىن تەخمىنەن 144 نۇسخىنى بىرلەشتۈردى؛ دۆلەت يولى 312 - لىنىيىسىنىڭ كۈيتۇڭدىن سايرام كۆلىگىچە بولغان تېز سۈرئەتلىك تاشيولى ئۈچۈن 300 كىلومېتىر ئارىلىقنى ئۆلچەپ سىزىپ چىقتى؛ 600 مېتىر كەڭلىك بويىچە ئۆلچەنگەن بەلۋاغسىمان خەرىتىدىن 300 نۇسخا (ماسشتابى 1:2000) ئىشلەندى؛ دۆلەت يولى 314 - لىنىيىسىنىڭ خوشۇتتىن كورلا بۇلىڭىچە بولغان تېز سۈرئەتلىك تاشيول كارتوگرافىيە قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 175 كىلومېتىر ئارىلىقنى ئۆلچىدى، 600 مېتىر كەڭلىك بويىچە ئۆلچەنگەن بەلۋاغسىمان خەرىتىدىن 175 نۇسخا (ماسشتابى 1:2000) نى ئىشلىدى؛ جۇڭگو - قىرغىزىستان - ئۆزبېكىستان تۆمۈريولىنىڭ جۇڭگودىكى قىسمىنى ئۆلچەپ چىقتى؛ 200 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقنى 3 - دەرىجىلىك نىۋېلىرلىق ئۆلچىدى، 200 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقنى 4 - دەرىجىلىك نىۋېلىرلىق ئۆلچىدى ھەمدە 30 ئورۇنغا 3 -، 4 - دەرىجىلىك نىۋېلىرلىق بەلگە تاش كۆمۈپ ۋە پەرقىنى تەڭشەشنى ھېسابلاپ چىقىپ، شەرق بىلەن بىرلىشىپ غەربكە چىقىرىش بويىچە چېگرىدىن چىقىدىغان 2 - تۆمۈريول ئۈچۈن خىزمەت قىلدى؛ 1:1000 ماسشتاب بويىچە تاشقى مەشغۇلاتتا ئايروپىلاندا ئۆلچەنگەن سۈرەتلەر ئارقىلىق شىمالىي موسوۋەن نېفىتلىكىنىڭ 1875 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىسىنى تەكشۈرۈپ سىزىپ چىقتى؛ غۇلجا شەھىرىنىڭ 1:500 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسىدىن 64 نۇسخا سىزىپ چىقىش قاتارلىق كارتوگرافىيە قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى. كارتوگرافىيە ئارخىپ ماتېرىياللىرى يۇرتى جەمئىيەتتىكى ھەر

قايسى ساھەلەرنى 9013 نۇسخا ھەرخىل يەر شەكلى خەرىتىسى، 764 نۇقتىدىكى تىزگىنلىنىدىغان نەتىجىلەر، 10 مىڭ 442 يۈرۈش (تاختا) ھەرخىل ئاسما خەرىتە، 205 نۇسخا خەرىتىلەر توپلىمىدىن ئىبارەت كارتوگرافىيە نەتىجىلىرى بىلەن تەمىنلىدى.

شيا يىلاڭ

## شۇ ئۇ ئا ر كارتوگرافىيە ئىدارىسىدىكى ئورۇنلارنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى

دۆلەتنىڭ ئاساسىي كارتوگرافىيە مۇئەسسەسەلىرى تۈرلىرىنىڭ ئومۇمىي نىشانىغا ئاساسەن، 4 مىليون 119 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان شىنجاڭ كارتوگرافىيە ئىدارىسىدىكى ئورۇنلارنىڭ قۇرۇلۇشى 2000 - يىل 11 - ئايدا رەسمىي باشلاندى. يىل ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ 2 - كارتوگرافىيە يۆرتىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئاۋتوماتىكىلىق ئالەم قاتنىشىغا دائىر سانلىق مەلۇماتلارنى بىر تەرەپ قىلىش، ئاساسىي جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر سانلىق مەلۇماتلىرىنى ئىشلەش تېخنىكا سىستېمىسى، شىنجاڭنىڭ ئاساسىي جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر مەركىزىنى ئاساس قىلغان ئاساسىي جۇغراپىيىلىك ئۇچۇرلارنى باشقۇرۇش ۋە تەقسىملەپ تارقىتىش تېخنىكا سىستېمىسى شەكىللەندى.

شيا يىلاڭ

## قىزىل مىڭئۆينىڭ يېقىن مەنزىرىسى سۈرەتكە ئېلىنىپ، ئۆلچەندى

شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، شىنجاڭ 2 - كارتوگرافىيە يۆرتى ئۈستىگە ئالغان قىزىل مىڭئۆي جىلغىسى تەۋەسىدىكى رايونلارنىڭ يېقىن مەنزىرىسىنى سۈرەتكە ئېلىپ ئۆلچەش قۇرۇلۇشى 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئاخىرلاشتى. بۇ قۇرۇلۇشتا يۇقىرىغا تاپشۇرغان نەتىجىلەر مۇنۇلار: مىڭئۆينىڭ سىرتىدىن ئۆلچەپ ئىشلەنگەن 23 تال قىممەتلىك سىزىق گرافىكى ۋە مىڭئۆي ئىچكى قىسمىنىڭ تەكشىلىك خەرىتىسى، تىك كەسمە يۈز خەرىتىسى، توغرا كەسمە يۈز خەرىتىسىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرى تەكشۈرۈش ئارقىلىق لاياقەتلىك بولغاندىن كېيىن، سانلىق مەلۇماتلىرىنى ئالماشتۇرۇش، لازېر نۇرى ئارقىلىق سۈرەت يوللاش ھەمدە شەكىللەنگەن نەتىجىلەرنى رەتلەش ئىشى ئېلىپ بېرىلدى. مىڭئۆينىڭ تال قىممەتلىك سىزىق گرافىكىدىن 23ى، مىتال پەردىلىك پلاستىنكىدىن بىر يۈرۈش، مىڭئۆينىڭ تال قىممەتلىك سىزىق گرافىكىدىن 23ى، كۆك رەڭلىك خەرىتىدىن 8 يۈرۈش، مىڭئۆينىڭ تەكشىلىك، تىك كەسمە يۈز، توغرا كەسمە يۈز خەرىتىسىدىن 12سى، نېپىز مىتال پەردىلىك پلاستىنكىدىن بىر يۈرۈش، رەڭلىك خەرىتىدىن 8 يۈرۈش، سانلىق مەلۇمات ئوپتىك دىسكىسىدىن 2 يۈرۈش ئىشلەندى، يېقىن كۆرۈنۈشنى سۈرەتكە ئېلىپ ئۆلچەش قۇرۇلۇشىغا دائىر 3 پارچە دوكلات يېزىپ چىقىلدى؛ مۇستەقىل كوئوردىنات سىستېمىسىنى تىزگىنلەش نەتىجىسىدىن بىر يۈرۈش، تېخنىكىلىق لايىھىنامىسىدىن 2 نۇسخا پۈتتۈرۈلدى. قۇرۇلۇش سۈپىتى ئەلا ياخشى بولۇپ باھالاندى.

شيا يىلاڭ

# يەر تەۋرەش، مېتېئورولوگىيە

## يەر تەۋرەش

### شىنجاڭ رايونىدىكى ۋە قوشنا رايونلاردىكى يەر تەۋرەش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىستانسا - تورلىرىنىڭ خاتىرىلىشىچە، شىنجاڭ تەۋەسىدە ۋە قوشنا رايونلاردا 5620 قېتىم يەر تەۋرىگەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە تەۋرەش دەرىجىسى (M) 2 بالدىن تۆۋەن يەر تەۋرەش 4262 قېتىم، 2 — 9.2 بال يەر تەۋرەش 668 قېتىم، 3 — 9.3 بال يەر تەۋرەش 155 قېتىم، 4 — 9.4 بال يەر تەۋرەش 17 قېتىم، 5 — 9.5 بال يەر تەۋرەش 3 قېتىم. 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا 6.5 بال يەر تەۋرىدى، بۇ مۇشۇ يىل ئىچىدە شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ئەڭ كۈچلۈك يەر تەۋرەش ھېسابلىنىدۇ.

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ يەر تەۋرەش ھەرىكىتى سەۋىيىسى ئۆتكەن يىللاردىكىدىن تۆۋەنلىدى، 4 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرەشتە پەيدا بولغان تەۋرەش چاستوتىسى 20 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىگە يېقىنلاشتى. دېمەك بۇ يىل يەر تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى بىرقەدەر تۆۋەن بولغان بىر يىل بولدى، شىنجاڭدا ۋە ئەتراپىدىكى رايونلاردىمۇ ئۇدا 2 يىل 6 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرىمىدى. 1996 - يىلدىن باشلاپ جەنۇبىي تەڭرىتاغنىڭ غەربىي بۆلىكىدىكى ئاتۇش - پەيزاۋات رايونلىرىنى ئاساس قىلغان، كۈچلۈك توپلاشما يەر تەۋرەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە يەر تەۋرەش ھەرىكىتىنىڭ يۇقىرى دولقۇنى تەدرىجىي پەسىيىپ، يەر تەۋرەش ھەرىكىتى نىسپىي ھالدا تىنچلىنىش باسقۇچىغا كىردى.

مۇشۇ يىلدا 3 قېتىم 5 بالدىن يۇقىرى ئوتتۇراھال كۈچلۈك يەر تەۋرىدى، بۇنىڭ ئىچىدە چاقىلىقتا يۈز بەرگەن 5.6 بال يەر تەۋرەش ئالتۇنتاغ يەر تەۋرەش بەلۋېغىدا، پەيزاۋاتتا يۈز بەرگەن 5.3 بال يەر تەۋرەش كۈچلۈك توپلاشما يەر تەۋرەشنىڭ پەسىيىش جەريانىدىكى نورمال قالدۇق يەر تەۋرەش ھەرىكىتىگە تەۋەدۇر، ھالبۇكى، غۇلجىنىڭ شەرقىي شىمالىدا يۈز بەرگەن 5 بال يەر تەۋرەش يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان شىمالىي تەڭرىتاغ يەر تەۋرەش بەلۋېغىدىكى ئەڭ كۈچلۈك بىر قېتىملىق يەر تەۋرەش ھېسابلىنىدۇ.

1999 - يىلى ئوتتۇراھال، كۈچلۈك يەر تەۋرەش ھەرىكىتى جانلانغان جەنۇبىي تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا شەرقىي بۆلىكى بىرئاز تىنچ بولدى، لېكىن كۆپ قېتىم كىچىك توپلاشما يەر تەۋرەش ھەرىكىتى كۆرۈلدى. ئالتاي يەر تەۋرەش بەلۋېغىدىكى يەر تەۋرەش ھەرىكىتى بىرقەدەر تۆۋەن سەۋىيىنى ساقلاپ كەلدى، پامىر رايونى بىلەن ئۇلۇغچات ناھىيىسىدىن ئىبارەت يەر كۆپ تەۋرەيدىغان رايونلاردا يەر تەۋرەش ھەرىكىتى كۈچىيىشتەك ئالامەتلەر كۆرۈلدى. غەربىي كۇئېنلۇن يەر تەۋرەش بەلۋېغىدىكى قاراقۇرۇم تېغى ئېغىزىنىڭ ئەتراپىدا 4 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرەش ھەرىكىتى كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى ھەمدە 5.5 بال يەر تەۋرىدى. بۇ، 1996 - يىلى يۈز بەرگەن 7 بال يەر تەۋرەشتىن قېپقالغان قالدۇق يەر تەۋرەش ھەرىكىتى بولۇشى مۇمكىن.

ليۇ چېخۇڭ

2000 - يىلى شىنجاڭدا ۋە قوشنا رايونلاردا يۈز بەرگەن M≥3.5 بال يەر تەۋرەش مۇندەرىجىسى

| رەت نومۇرى | يەر تەۋرىگەن ۋاقىت: يىل | ئاي | كۈن | سائەت | مىنۇت | سېكۇنت | تەۋرەش مەركىزىنىڭ ئورنى: شىمالىي كەڭلىك | شەرقىي ئۇزۇنلۇق | تەۋرەش دەرىجىسى: ML | M | چوڭقۇرلۇقى H (1000 مېتىر) | ئېنىقلىقى | پايدىلىنىلىدىغان يەر نامى | ماتېرىيال مەنبەسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 2000 | 01 | 07 | 04 | 55 | 31 | 38°12′ | 77°57′ | 4.3 | 3.8 | 19 | 1 | قاغىلىق | شىنجاڭ ئىستانسا تورى |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | قاراقۇرۇم | 4 | | 4 | 4.5 | 78°26′ | 34°49′ | 19 | 21 | 10 | 08 | 01 | 2000 | 2 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 16 | 3.9 | 4.4 | 76°59′ | 39°27′ | 50 | 46 | 10 | 16 | 01 | 2000 | 3 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 20 | 3.7 | 4.2 | 76°57′ | 39°28′ | 52 | 06 | 15 | 16 | 01 | 2000 | 4 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 22 | 4.1 | 4.6 | 76°59′ | 39°25′ | 38 | 10 | 15 | 16 | 01 | 2000 | 5 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پامىر | 2 | 153 | 3.9 | 4.4 | 74°19′ | 38°37′ | 19 | 30 | 15 | 21 | 01 | 2000 | 6 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | چوگىر چوققىسى | 4 | | 4.1 | 4.6 | 77°13′ | 35°48′ | 11 | 11 | 18 | 23 | 01 | 2000 | 7 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | كىرىيە | 2 | 52 | 3.7 | 4.2 | 80°46′ | 36°19′ | 01 | 21 | 15 | 27 | 01 | 2000 | 8 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | چاقىلىق | 1 | 7 | 5.6 | | 88°44′ | 38°16′ | 54 | 25 | 15 | 31 | 01 | 2000 | 9 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | چاقىلىق | 1 | 14 | 4 | 4.5 | 88°37′ | 38°14′ | 46 | 14 | 01 | 01 | 02 | 2000 | 10 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئاقچى | 1 | 16 | 3.8 | 4.3 | 78°27′ | 40°48′ | 51 | 21 | 12 | 06 | 02 | 2000 | 11 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | قارامىرەن | 4 | | 3.7 | 4.2 | 87°07′ | 36°42′ | 50 | 15 | 00 | 08 | 02 | 2000 | 12 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئۇلۇغچات | 2 | 33 | 3.6 | 4.1 | 74°32′ | 39°34′ | 48 | 16 | 07 | 14 | 02 | 2000 | 13 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | شىخو | 1 | 30 | 3.6 | 4.1 | 85°11′ | 43°58′ | 18 | 26 | 01 | 16 | 02 | 2000 | 14 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئۇلۇغچات | 1 | 30 | 4 | 4.5 | 75°32′ | 39°45′ | 58 | 29 | 01 | 22 | 02 | 2000 | 15 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 16 | 3.7 | 4.2 | 77°19′ | 39°36′ | 49 | 25 | 14 | 10 | 03 | 2000 | 16 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئاقچى | 1 | 18 | 3.8 | 4.3 | 78°16′ | 40°47′ | 35 | 20 | 09 | 17 | 03 | 2000 | 17 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | بەيتاك تېغى | 1 | 20 | 3.6 | 4.1 | 90°16′ | 46°05′ | 34 | 56 | 12 | 17 | 03 | 2000 | 18 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 27 | 3.8 | 4.3 | 77°24′ | 39°39′ | 24 | 37 | 02 | 21 | 03 | 2000 | 19 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 26 | 3.8 | 4.3 | 77°24′ | 39°39′ | 47 | 05 | 17 | 21 | 03 | 2000 | 20 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 26 | 3.9 | 4.4 | 77°25′ | 39°40′ | 00 | 13 | 22 | 21 | 03 | 2000 | 21 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 22 | 3.7 | 4.2 | 76°57′ | 39°30′ | 02 | 06 | 13 | 22 | 03 | 2000 | 22 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 10 | 3.7 | 4.2 | 77°07′ | 39°29′ | 17 | 31 | 12 | 26 | 03 | 2000 | 23 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 25 | 5.3 | | 76°57′ | 39°30′ | 18 | 41 | 04 | 27 | 03 | 2000 | 24 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 27 | 4.1 | 4.6 | 76°57′ | 39°32′ | 18 | 42 | 06 | 27 | 03 | 2000 | 25 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ماي دۆلك | 4 | | 4 | 4.5 | 91°45′ | 38°07′ | 26 | 46 | 09 | 28 | 03 | 2000 | 26 |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ ئىس- تانسا تورى | ئۆزبەل تېغى | 2 | 129 | 4 | 4.5 | 73°41′ | 38°31′ | 29 | 34 | 03 | 06 | 04 | 2000 | 27 |
| شىنجاڭ ئىس- تانسا تورى | كۇچا | 1 | 43 | 3.8 | 4.3 | 83°15′ | 41°54′ | 55 | 01 | 00 | 09 | 04 | 2000 | 28 |
| شىنجاڭ ئىس- تانسا تورى | ئۇلۇغچات | 1 | 35 | 4.1 | 4.6 | 74°57′ | 39°35′ | 24 | 10 | 15 | 11 | 04 | 2000 | 29 |
| شىنجاڭ ئىس- تانسا تورى | ئاقچى | 1 | 14 | 3.8 | 4.3 | 77°55′ | 41°23′ | 14 | 06 | 07 | 19 | 04 | 2000 | 30 |
| شىنجاڭ ئىس- تانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 25 | 3.7 | 4.2 | 76°56′ | 39°29′ | 31 | 44 | 13 | 30 | 04 | 2000 | 31 |
| شىنجاڭ ئىس- تانسا تورى | پامىر | 1 | | 5.5 | | 73°27′ | 38°12′ | 45 | 41 | 02 | 02 | 05 | 2000 | 32 |
| شىنجاڭ ئىس- تانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 17 | 3.9 | 4.4 | 76°57′ | 39°26′ | 54 | 18 | 18 | 03 | 05 | 2000 | 33 |
| شىنجاڭ ئىس- تانسا تورى | ئۇچتۇرپان | 1 | 19 | 3.9 | 4.4 | 39°24′ | 41°44′ | 36 | 08 | 11 | 06 | 05 | 2000 | 34 |
| شىنجاڭ ئىس- تانسا تورى | چاقىلىق | 2 | 35 | 3.8 | 4.3 | 90°05′ | 38°34′ | 04 | 32 | 03 | 15 | 05 | 2000 | 35 |
| شىنجاڭ ئىس- تانسا تورى | چاقىلىق | 2 | 11 | 3.7 | 4.2 | 90°00′ | 38°47′ | 03 | 17 | 14 | 16 | 05 | 2000 | 36 |
| شىنجاڭ ئىس- تانسا تورى | چاقىلىق | 1 | 13 | 4 | 4.5 | 89°57′ | 38°43′ | 10 | 07 | 19 | 19 | 05 | 2000 | 37 |
| شىنجاڭ ئىس- تانسا تورى | كەشمىر | 4 | | 4.2 | 4.7 | 73°01′ | 35°29′ | 32 | 42 | 03 | 31 | 05 | 2000 | 38 |
| شىنجاڭ ئىس- تانسا تورى | ئۇلۇغچات | 2 | 33 | 3.7 | 4.2 | 74°40′ | 39°36′ | 29 | 37 | 10 | 01 | 06 | 2000 | 39 |
| شىنجاڭ ئىس- تانسا تورى | پامىر | 4 | | 4 | 4.5 | 72°27′ | 37°17′ | 01 | 26 | 11 | 09 | 06 | 2000 | 40 |
| شىنجاڭ ئىس- تانسا تورى | پامىر | 4 | | 3.6 | 4.1 | 73°15′ | 37°57′ | 13 | 29 | 21 | 09 | 06 | 2000 | 41 |
| شىنجاڭ ئىس- تانسا تورى | ئۆزبەل تېغى | 4 | | 3.6 | 4.1 | 72°09′ | 40°59′ | 36 | 14 | 04 | 17 | 06 | 2000 | 42 |
| شىنجاڭ ئىس- تانسا تورى | قاغىلىق | 1 | 27 | 3.6 | 4.1 | 38°45′ | 37°40′ | 26 | 01 | 08 | 17 | 06 | 2000 | 43 |
| شىنجاڭ ئىس- تانسا تورى | كەشمىر | 4 | | 4 | 4.5 | 78°05′ | 34°28′ | 41 | 34 | 00 | 18 | 06 | 2000 | 44 |
| شىنجاڭ ئىس- تانسا تورى | قاراقۇرۇم | 4 | | 5.5 | 5.2 | 77°34′ | 35°19′ | 46 | 41 | 06 | 20 | 06 | 2000 | 45 |
| شىنجاڭ ئىس- تانسا تورى | قاراقۇرۇم | 4 | | 4.3 | 4.8 | 77°33′ | 35°32′ | 26 | 22 | 17 | 20 | 06 | 2000 | 46 |
| شىنجاڭ ئىس- تانسا تورى | قاراقۇرۇم | 4 | | 3.9 | 4.4 | 77°48′ | 35°12′ | 06 | 28 | 23 | 20 | 06 | 2000 | 47 |
| شىنجاڭ ئىس- تانسا تورى | قاراقۇرۇم | 4 | | 3.8 | 4.3 | 77°24′ | 35°16′ | 05 | 41 | 10 | 23 | 06 | 2000 | 48 |
| شىنجاڭ ئىس- تانسا تورى | قاراقۇرۇم | 4 | | 3.8 | 4.3 | 77°45′ | 35°08′ | 56 | 55 | 11 | 24 | 06 | 2000 | 49 |
| شىنجاڭ ئىس- تانسا تورى | قاراقۇرۇم | 4 | | 4.2 | 4.7 | 76°46′ | 35°09′ | 30 | 36 | 21 | 24 | 06 | 2000 | 50 |
| شىنجاڭ ئىس- تانسا تورى | قۇمۇل | 1 | 5 | 3.6 | 4.1 | 92°00′ | 42°30′ | 48 | 26 | 17 | 25 | 06 | 2000 | 51 |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | چۆچەكنىڭ شىمالى | 2 | 55 | 4.5 | 4.9 | 82°58′ | 47°47′ | 30 | 43 | 06 | 29 | 06 | 2000 | 52 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | كۈنەس | 1 | 18 | 4 | 4.5 | 84°01′ | 43°47′ | 52 | 48 | 10 | 14 | 07 | 2000 | 53 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | كۈنەس | 1 | 28 | 4 | 4.5 | 82°16′ | 43°27′ | 06 | 06 | 05 | 15 | 07 | 2000 | 54 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | قاغىلىق | 1 | 31 | 3.9 | 4.4 | 77°16′ | 37°49′ | 52 | 08 | 20 | 19 | 07 | 2000 | 55 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | قوڭغۇرتۆپە تېغى | 2 | 30 | 3.6 | 4.1 | 75°35′ | 38°46′ | 50 | 20 | 03 | 23 | 07 | 2000 | 56 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | قۇتۇبى | 1 | 25 | 3.8 | 4.3 | 86°28′ | 43°46′ | 22 | 33 | 05 | 03 | 08 | 2000 | 57 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئۇچتۇرپان | 1 | 12 | 3.7 | 4.2 | 79°33′ | 41°49′ | 05 | 44 | 06 | 03 | 08 | 2000 | 58 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئاقچى | 1 | 20 | 4.6 | 5 | 77°43′ | 40°17′ | 02 | 05 | 05 | 16 | 08 | 2000 | 59 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پامىر | 4 | | 3.8 | 4.3 | 73°01′ | 38°20′ | 00 | 10 | 09 | 17 | 08 | 2000 | 60 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | قاغىلىق | 2 | 17 | 3.9 | 4.4 | 78°16′ | 37°31′ | 09 | 45 | 01 | 31 | 08 | 2000 | 61 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 13 | 3.9 | 4.4 | 76°56′ | 40°01′ | 15 | 48 | 04 | 10 | 09 | 2000 | 62 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | قاراقۇرۇم | 2 | 49 | 4.2 | 4.7 | 78°10′ | 36°35′ | 07 | 58 | 02 | 11 | 09 | 2000 | 63 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | پەيزاۋات | 1 | 21 | 3.7 | 4.2 | 77°13′ | 39°36′ | 55 | 12 | 10 | 18 | 09 | 2000 | 64 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | بۈگۈر | 1 | 41 | 4.6 | 5 | 84°58′ | 41°59′ | 25 | 07 | 11 | 03 | 10 | 2000 | 65 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | قاراقۇرۇم | 4 | | 3.9 | 4.4 | 78°17′ | 35°05′ | 25 | 52 | 07 | 14 | 10 | 2000 | 66 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | دوستلۇق چوققىسىنىڭ غەربى | 2 | 21 | 4.7 | 5.1 | 87°32′ | 49°54′ | 49 | 57 | 03 | 15 | 10 | 2000 | 67 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | بەيتىك تېغى | 2 | 19 | 4 | 4.5 | 91°57′ | 44°59′ | 52 | 33 | 06 | 18 | 10 | 2000 | 68 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | بەيتىك تېغى | 2 | 10 | 3.9 | 4.4 | 91°58′ | 44°57′ | 06 | 35 | 06 | 18 | 10 | 2000 | 69 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | چۆچەك | 1 | 20 | 3.7 | 4.2 | 83°31′ | 46°05′ | 15 | 03 | 07 | 24 | 10 | 2000 | 70 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | قوڭغۇرتۆپەتاغ | 1 | 143 | 3.8 | 4.3 | 75°27′ | 38°25′ | 06 | 00 | 04 | 03 | 11 | 2000 | 71 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئۇلۇغچات | 2 | 32 | 3.8 | 4.3 | 75°26′ | 40°02′ | 32 | 49 | 07 | 03 | 11 | 2000 | 72 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | قاراقۇرۇم | 4 | | 3.9 | 4.4 | 78°58′ | 35°12′ | 49 | 17 | 07 | 05 | 11 | 2000 | 73 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | چاقىلىق | 4 | | 3.6 | 4.1 | 88°34′ | 38°10′ | 19 | 23 | 03 | 08 | 11 | 2000 | 74 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | قاغىلىق | 1 | 13 | 3.7 | 4.2 | 78°18′ | 38°00′ | 27 | 39 | 21 | 09 | 11 | 2000 | 75 |
| شىنجاڭ ئىستانسا تورى | ئۇلۇغچات | 2 | 18 | 3.6 | 4.1 | 75°11′ | 40°12′ | 11 | 35 | 20 | 14 | 11 | 2000 | 76 |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ تىـ- يانشان تورى | پەيزاۋات | 1 | 26 | 3.8 | 4.3 | 77°09′ | 39°43′ | 51 | 50 | 10 | 19 | 11 | 2000 | 77 |
| شىنجاڭ تىـ- يانشان تورى | كوئېنلۇن تېغى | 2 | 17 | 4.8 | 4.8 | 90°36′ | 36°14′ | 49 | 01 | 10 | 26 | 11 | 2000 | 78 |
| شىنجاڭ تىـ- يانشان تورى | پامىر | 2 | 43 | 3.8 | 4.3 | 73°26′ | 38°29′ | 24 | 20 | 21 | 05 | 11 | 2000 | 79 |
| شىنجاڭ تىـ- يانشان تورى | غۇلجا | 1 | 52 | 5 | 5.4 | 81°22′ | 44°18′ | 17 | 55 | 20 | 10 | 12 | 2000 | 80 |
| شىنجاڭ تىـ- يانشان تورى | بۇرچىن | 2 | 43 | 4.3 | 4.8 | 86°23′ | 47°55′ | 21 | 44 | 12 | 13 | 12 | 2000 | 81 |
| شىنجاڭ تىـ- يانشان تورى | ئۆزبەل تېغى | 2 | 17 | 3.7 | 4.2 | 73°24′ | 39°35′ | 57 | 54 | 23 | 18 | 12 | 2000 | 82 |
| شىنجاڭ تىـ- يانشان تورى | بارىكۆلنىڭ شەرقى | 3 | | 3.6 | 4.1 | 93°45′ | 45°09′ | 30 | 33 | 11 | 28 | 12 | 2000 | 83 |

ليۇ چىڭخۇاڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئە كۆرۈش - ئاپەتنى ئازايتىش خىزمىتى يىغىنى

بۇ يىغىن 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 8 — 9 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: گوۋۇيۈەن 2000 - يىلى چاقىرغان مەملىكەتلىك يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئە كۆرۈش - ئاپەتنى ئازايتىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، ئاپتونوم رايوننىڭ يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئە كۆرۈش - ئاپەتنى ئازايتىش خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ۋە ئالماشتۇرۇش، ئاپتونوم رايوننىڭ يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئە كۆرۈش - ئاپەتنى ئازايتىش خىزمىتى نىزامى ۋە ئالاقىدار ھۆججەتلەرنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە قاراپ چىقىش، نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئە كۆرۈش - ئاپەتنى ئازايتىش خىزمىتىنى مۇھاكىمە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش. ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئە كۆرۈش - ئاپەتنى ئازايتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا ئەزا ئورۇنلار، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ رەھبەرلىرى ۋە بىڭتۇەننىڭ شى، ئىدارىلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ھەمدە ئاپتونوم رايوندىكى قىسمەن چوڭ كارخانىلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن بولۇپ 150 كىشى يىغىنغا قاتناشتى. ۋەكىللەر يىغىن مەزگىلىدە ئۈرۈمچى يەر تەۋرەشنى يىراقتىن ئۆلچەش مەركىزى بىلەن شىنجاڭنىڭ يەر تەۋرەشتىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش - كېڭىشىش سىستېمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

ليۇ چىڭخۇاڭ

## چاقىلىق ناھىيىسىدە 5.6 بال يەر تەۋرىدى

1. يەر تەۋرەشنىڭ ئاساسىي پارامېتىرى

يەر تەۋرىگەن ۋاقىت (بېيجىڭ ۋاقتى): 2000 - يىل 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى سائەت 15 تىن 25 مىنۇت 54.5 سېكۇنت ئۆتكەندە.

مىكرولۇق كۆزىتىلگەن تەۋرەش مەركىزىنىڭ ئورنى: شىمالىي پاراللېل 38°16′، شەرقىي مېرىدىئان 88°44′.

تەۋرەش دەرىجىسى: M=5.6 بال.

تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى: 7 كىلومېتىر.

تەۋرەش مەركىزىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى: VI°.

2. يەر تەۋرەشنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ۋە يەر تەۋرەشتىن بولغان زىيان ئەھۋالى

يەر تەۋرەش مەركىزى ئالتۇنتاغ رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، قاتناش ۋە تېبىئىي شارائىتى بەكمۇ ناچار، ئاھالىلەر ۋە چارۋىچىلىق نۇقتىلىرى شالاڭ بولغاچقا، پەقەت يەر تەۋرىگەن رايوننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى قىسمەن V° لۇق نۇقتىلارلا تەكشۈرۈلدى، تەۋرەش مەركىزىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى VI° دەپ مۆلچەرلەندى.

V° لۇق رايون چاقىلىق ناھىيە بازىرى، ئۆتام يېزىسى، باشۋاغ تاشپاختا كېنى، مېرەن ۋە سۇۋۇشچى قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ رايون تەۋەسىدە تەۋرەش سېزىمى كۈچلۈك بولۇپ، ئۆيلەر مەلۇم دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان.

چاقىلىق ناھىيە بازىرىدا تەۋرەش سېزىمى كۈچلۈك بولغان، ئۆي ئىچىگە ئېسىپ قويۇلغان نەرسىلەر پۇلاڭلاپ كەتكەن؛ خىش - بېتون قۇرۇلمىسىدىن ياسالغان ناھىيە مېھمانخانىسىنىڭ 1 - قەۋىتىدىن 3 - قەۋىتىگىچە بولغان پەلەمپەي ئېغىزىدىكى بوي تامدىكى دېرىزە بۇرجەكلىرى قىيپاش دەز كەتكەن، ناھىيىلىك دېقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتىنىڭ ياغاچ - تاش قۇرۇلمىلىق

ئامبىرىنىڭ ئېمىنىڭ بۇرجەكلىرىدىن تىك دەز كەتكەن؛ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ياغاچ - تاش قۇرۇلمىلىق بىر ئىشخانىسىنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىنىڭ بۇرجەكلىرى يانتۇ دەز كەتكەن؛ سۇۋاقلىرى چۈشۈپ كەتكەن؛ ناھىيىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ بىر ئۇرالغۇ ئۆيىنىڭ قورۇق تېمى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن؛ ئۇتام يېزىسىدا ئايرىم كونا ئۆيلەر ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، بىرنەچچە جايدىكى قورۇق تام ۋە قوي قوتانلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن؛ باشۋاغ تاشپاختا كېنى ئازگىلىنىڭ يېنى دېگۈدەك ئۆرۈلۈپ چۈشكەن؛ مىرەندە تەۋرەش سېزىمى كۈچلۈك بولغان، ئەمما داۋاملاشقان ۋاقتى ناھايىتى قىسقا بولغان؛ بىر ئېغىز ياغاچ - تاش قۇرۇلمىلىق ئىشخانىنىڭ چوققا تېمى تىك چاك كەتكەن، مىرەن تۇرىسىنىڭ قورۇق تېمىنىڭ قىسمەن جايلىرى تىك چاك كەتكەن.

بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشتە ئۆلۈم - يېتىم كۆرۈلمىدى، 160 كىشى، 40 ئائىلە ماكانسىز قالدى، 4 مىليون 671 مىڭ يۈەن بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

ليۇ چىخۇاڭ

## قۇرۇلۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەر تەۋرەش تەتقىقاتى

شىنجاڭ تەبىئىي ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش تەتقىقات ئورنى تاماملىغان قۇرۇلۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەر تەۋرەش تۈرى 2000 - يىلى شىنجاڭ يەر تەۋرەش بىخەتەرلىكىنى باھالاش ھەيئىتىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى، بۇ تۈردە مەيدان ئورنىنىڭ كەلگۈسى 50 يىلدا ترانسېدېنتلىق ئېھتىماللىقى 63%، 10%، 2% بولغان يەر تەۋرەش كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ۋە ئۇل جىنس ماكسىموم قىممىتىنىڭ تېزلىنىش دەرىجىسى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە مەيدان ئورۇنلىرىدىكى يەر تەۋرەشنىڭ ئاساسلىق كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى °VII قا يېتىدۇ دەپ قارالغانلىرى مۇنۇلار: 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن «ئۈرۈمچى شەھىرى ‹بىناكارلىق قۇرۇلۇش باغچا شەھەرچىسى› مەيدان ئورنىنىڭ يەر تەۋرەشتىكى بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش» (شىنجاڭ «ياخۋا» ئۆي - زېمىن تەرەققىيات باش شىركىتى ھاۋالە قىلغان)، 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن «شىنجاڭ ماناس دەرياسىنىڭ كەتمۇات سۇچىلىق ئۆتكۈن قۇرۇلۇش مەيدانىنىڭ يەر تەۋرەشتىكى بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش» (شىنجاڭ سۇچىلىق نازارىتى ماناس دەريا ۋادىسىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى ھاۋالە قىلغان)، 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن «شىنجاڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇش مەيدانىنىڭ يەر تەۋرەشتىكى بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش» (شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى لايىھىلەش يۇرتى ھاۋالە قىلغان)، 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن «شىنجاڭ ئۇلانباي سۇ ئامبىرىنىڭ يەر تەۋرەش بىخەتەرلىكى ئۈستىدە ئانالىز ۋە تۇغاننىڭ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى قايتىدىن تەكشۈرۈش» (ئۈرۈمچى دەرياسى ۋادىسىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى ھاۋالە قىلغان)، 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن «ئۈرۈمچى شەھىرى شىسگو دەرياسىنىڭ يۆندىنى بىرتەرەپ قىلىش زاۋۇتى قۇرۇلۇشى مەيدانىنىڭ يەر تەۋرەشتىكى بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش» (ئۈرۈمچى شەھىرى شىسگو رايونىدىكى يۆندا بىرتەرەپ قىلىش زاۋۇتى قۇرۇلۇشى قوماندانلىق شتابى ھاۋالە قىلغان)، 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن «كۈنەس ناھىيىسى نارات ساياھەت ئايرودرومى قۇرۇلۇش مەيدانىنىڭ يەر تەۋرەشتىكى بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش» (كۈنەس ناھىيىلىك پىلان كومىتېتى ھاۋالە قىلغان)؛ مەيدان ئورۇنلىرىدىكى يەر تەۋرەشنىڭ ئاساسىي كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى °VI قا يېتىدۇ دەپ قارالغانلىرى مۇنۇلار: 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن «شىنجاڭنىڭ كورلا شەھىرىدىكى 220 كىلوۋولتلۇق ترانسفورماتور پونكىتى قۇرۇلۇش مەيدانىنىڭ يەر تەۋرەشتىكى بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش («شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى لايىھىلەش يۇرتى ھاۋالە قىلغان)، 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن «شىنجاڭ ‹تيەنفۇ› تېرمو ئېلېكتر پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ 50×2 مېگاۋاتلىق ئىسسىقلىق بىلەن توكنى بىرلىكتە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش مەيدانىنىڭ يەر تەۋرەشتىكى بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش» (شىنجاڭ «تيەنفۇ» تېرمو ئېلېكتر پاي چەكلىك شىركىتى ھاۋالە قىلغان)، 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن «تارىم دەرياسى نېفىتلىكىدىكى بۇگۇر بازىسى قۇرۇلۇش مەيدانىنىڭ يەر تەۋرەشتىكى بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش» (غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى ھاۋالە قىلغان)، مەيدان ئورۇنلىرىدىكى يەر تەۋرەشنىڭ ئاساسىي كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى °VI قا يېتىدۇ دەپ قارالغانلىرى مۇنۇلار: 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن «شىنجاڭنىڭ تارىم نېفىتلىكىدە يېڭىدىن قوشۇلغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ يەر تەۋرەشتىكى بىخەتەرلىكىگە باھا بېرىش» (غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى ھاۋالە قىلغان)، 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن «تۇرپان شەھىرىنى كىچىك يەر تەۋرەش رايونلىرىغا ئايرىش» (تۇرپان ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە، تۇرپان شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ھاۋالە قىلغان).

ليۇ چىخۇاڭ

## شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىستانسا - تورلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى

2000 - يىلى جۇڭگو يەر تەۋرەش ئىدارىسى 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئىستانسا - تورلارنى رەقەملەشتۈرۈپ ئۆزگەرتىش تۈرىنى يولغا قويغان ئەڭ ئاخىرقى يىل، شىنجاڭنىڭ ئىستانسا - تور قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە ئۈرۈمچى (CDSN)، قەشقەر، خوتەن، ئۈچتۇرپاندىكى دۆلەت دەرىجىلىك رەقەملىك 4 يەر تەۋرەش ئىستانسىسى ۋە ئارشاڭ، قاراماي، كۆكتوقاي، كورلا، بارىكۆل، مارالبېشىدىن ئىبارەت 6 رايون دائىرىسىدە يەر تەۋرەش ئىستانسىلىرىنى رەقەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى تاماملاندى، 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تەكشۈرۈلۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى مۇتەخەسسىلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. مايتاغ، ئۈرۈمچى يامالىق تېغى، قۇتۇبى، شىخەل - تاشچىلىق مەيدانى، كورلا، قىزىل سۇ ئامبىرى، مارالبېشى، بۇلۇڭكۆل، جاسى، ئۈچتۇرپان قاتارلىق جايلارغا كۆچلۈك يەر تەۋرەش ئىستانسىسىنىڭ رەقەملىك 11 مۇقىم ئەسۋاب - ئۈسكۈنىسىنى قۇراشتۇرۇش - بېكىتىش خىزمىتى ئورۇندالدى؛ ئۈرۈمچى رايونى دائىرىسىدە يىراقتىن ئۆلچەش ئىستانسا - تورىنىڭ 11 تارماق ئىستانسىسى رەقەملەشتۈرۈلۈپ ئۆزگەرتىلدى. بۇ 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ تەكشۈرۈلۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈش باسقۇچىغا كىردى.

شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسىنىڭ دائىرىلىك تور مەركىزى قۇرۇلدى. ئۇچۇر تورىنىڭ ئالاقە تۈگۈنى 66 گە (بۇنىڭ ئىچىدە يەر تەۋرەشنى كۆزىتىدىغان 16 كەسپىي ئىستانسا - پونكىت ۋە يەرلىك 12 يەر تەۋرەش ئىستانسا - ئىشخانىسى بار)، تورغا كىرگۈزۈلگەن كومپيۇتېر تەخمىنەن 100 گە، تۈگۈنلۈك بۇرالما تېلېفون ئابونتى 28 گە يەتتى؛ بۇلار 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تەكشۈرۈلۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى مۇتەخەسسىلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

تەۋرەش ئالامەتلىرىنى كۆزىتىش ئىستانسا - تورلىرىنى رەقەملەشتۈرۈش تۈرىدە ئۈرۈمچى يامالىق تېغى، كورلا دېفورماتسىيىلىك كۆزىتىپ ئۆلچەش ئۆڭكۈرىنى ئۆزگەرتىش، DSQ سۇ تۈرۈۋېلىق كلونومېتىر ۋە SSY-2 ئىندىي - پولاتلىق ئۆزىراپ قىسقىراش ئەسۋابى ھەممە رەقەملىك كۆزىتىش - يەتكۈزۈش قىسمى تاماملاندى؛ قارامايىنىڭ يەر يانتۇلۇقىنى كۆزىتىش نۇقتىسى يېڭىدىن قۇرۇلدى، CZB قۇدۇق ئاستىغا تىك تەۋرەنمىلىك كلونومېتىر قۇراشتۇرۇلدى. بىرىنچى سەپتىكى كۆزىتىپ ئۆلچەش خادىملىرىنى تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىلدى، «يەر تەۋرەشنى رەقەملەشتۈرۈپ ئانالىز قىلىش كۇرسى» (ئوقۇغۇچى 60 قا يەتتى) ئېچىلدى ھەمدە خادىملار كۆپ قېتىم ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئەۋەتىلىپ ئالاقىدار تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەشكە قاتناشتۇرۇلدى. 2000 - يىلى شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىستانسا - تورىنىڭ كۆزىتىش ماتېرىياللىرى

## قىسقا ماتېرىيال

### يەر تەۋرەش مەنبەسى، تەۋرەش مەركىزى ۋە تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى

يەر تەۋرەش كىشىلەرنىڭ تۇيغۇسى ۋە ئەسۋاب ئارقىلىق سېزىۋېلىنىدىغان يەر يۈزىنىڭ سىلكىنىش ھادىسىسى بولۇپ، ئۇ بوران، يامغۇر، گۈلدۈرماما، چاقماقتا ئوخشاش ئاخىرقى پەللىگە يەتكەن بىر خىل ئومۇميۈزلۈك تەبىئەت ھادىسىسى. يەر شارىدا ھەر كۈنى 10 مىڭ قېتىمدىن كۆپرەك يەر تەۋرەپ تۇرىدۇ، بۇ خىل يەر تەۋرەش دائىم يەر پوستى ياكى ئۈستىنكى قارا قاتلامدىكى ئالاھىدە ئورۇنلاردا يۈز بېرىدۇ، يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يەر تەۋرەش يۈز بەرگەن جايلار تەۋرەش مەنبەسى دەپ ئاتىلىدۇ. تەۋرەش مەنبەسى نەزەرىيە جەھەتتە دائىم بىر نۇقتا دەپ قارالسىمۇ، لېكىن ئۇ، ئەمەلىيەتتە بىر دائىرىدىكى تەۋرەش دەرىجىسىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بىر رايون دائىرىسى ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا تەۋرەش دەرىجىسى زور بولسا، تەۋرەش مەنبەسىدىكى رايون چوڭ بولىدۇ. تەۋرەش دەرىجىسى كىچىك بولسا، تەۋرەش مەنبەسىدىكى رايونلارمۇ بىرقەدەر كىچىك بولىدۇ.

تەۋرەش مەنبەسىنىڭ يەر يۈزىدىكى پرويېكسىيىسى تەۋرەش مەركىزى دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ تەۋرەش مەنبەسىنىڭ ئۇقۇمى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، تەۋرەش مەركىزى ئەمەلىيەتتىمۇ بىر رايون دائىرىسى يەنى تەۋرەش مەركىزى رايونى ھېسابلىنىدۇ.

تەۋرەش مەنبەسىنى بىر نۇقتا دەپ قارىساق، بۇ نۇقتىدىن يەر يۈزىگىچە بولغان تىك ئارىلىق تەۋرەش مەنبەسى چوڭقۇرلۇقى دەپ ئاتىلىدۇ. يەر تەۋرەش يەر ئۈستىنىڭ ئاستىنقى تەرىپىدىكى نەچچە مىڭ مېتىردىن نەچچە يۈز مىڭ مېتىرغىچە بولغان چوڭقۇر يېرىدە يۈز بېرىدۇ، لېكىن مۇتلەق كۆپ قىسمىدىكى يەر تەۋرەشنىڭ تەۋرەش مەنبەسى چوڭقۇرلۇقى نەچچە 10 مىڭ مېتىر كېلىدۇ. تەۋرەش مەنبەسى چوڭقۇرلۇقىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن، يەر تەۋرەش تېيىز مەنبەلىك يەر تەۋرەش، ئوتتۇرا مەنبەلىك يەر تەۋرەش ۋە چوڭقۇر مەنبەلىك يەر تەۋرەش دەپ ئايرىلىدۇ.

ليۇ چىڭخۇاڭ

ئېلىنىدىكى 6 چولاق يەن بويىچە يەر تۈناش باھالاش ۋە يەككە تۈر بويىچە باھالاپ سېلىشتۇرۇشقا قاتناشتۇرۇلدى، 43 تۈر مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا، 2 تۈر 2 - لىككە، 2 تۈر 3 - لىككە ئېرىشتى.

لىۋ چېخۇاڭ

## تاشقى يەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە ئالاقىسى

2000 - يىلى شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسى لېكسىيە سۆزلەش، خەلقئارا ھەمكارلىق تۈرلىرىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلگەن 9 مۇتەخەسسىسلەر ئۆمىكى - گۇرۇپپىسىدىكى 28 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى؛ تەكشۈرۈش، خەلقئارا يىغىنلارغا قاتنىشىش ئۈچۈن 8 يەر تەۋرەش مۇتەخەسسىسلەر ئۆمىكى - گۇرۇپپىسى تەركىبىدە 12 ئادەم (قېتىم) چەت ئەلگە چىقتى.

لىۋ چېخۇاڭ

# مېتېئورولوگىيە

## شىنجاڭنىڭ 2000 - يىللىق كىلىماتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا تېمپېراتۇرا يۇقىرىراق، ھۆل - يېغىن كۆپرەك بولدى. ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋارايى ئۆتكەن يىللاردىكىدىن ئازراق، ئاپەتنىڭ ئېغىرلىق دەرىجىسى ئۆتكەن يىللاردىكىدىن ۋە ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن يېنىكرەك بولدى، لېكىن ئەتىياز پەسلىدە كۆپ قىسىم رايونلاردا يۈز بەرگەن قۇرغاقچىلىق، بوران ئاپىتى، كۈز پەسلىدىكى دەسلەپكى جۇدۇن قاتارلىق ئاپەتلەر دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىققا مەلۇم تەسىر كۆرسەتتى.

تېمپېراتۇرا

يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئوتتۇرىچە 7.4℃، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 11.6℃ بولدى. ئادەتتىكى يىللارنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، شىمالىي شىنجاڭدا 0.9℃، جەنۇبىي شىنجاڭدا 0.7℃ يۇقىرىراق بولدى. 2000 - يىل شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان 7 - يىل، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان 4 - يىل ھېسابلىنىدۇ. تېمپېراتۇرا يۇقىرىلىق دەرىجىسىنىڭ ئەڭ زور قىسمىتى تارباغاتاي ۋىلايىتى بىلەن خوتەن ۋىلايىتىدە كۆرۈلدى.

قىش پەسلى (1999 - يىل 12 - ئايدىن 2000 - يىل 2 - ئايغىچە): پەسىللىك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا –10.7℃، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا –3.9℃ بولدى، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، شىمالىي شىنجاڭدا 1.6℃، جەنۇبىي شىنجاڭدا 1.8℃ يۇقىرى بولدى. ۋاقىت جەھەتتىكى تەقسىملىنىشتىن قارىغاندا، شىمالىي شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم رايونلاردا ئاساسەن 12 - ئاي ۋە 2 - ئايلاردا، جەنۇبىي شىنجاڭدا 2 - ئاي ۋە 1 - ئايلاردا كۆرۈلدى. 12 - ئايدا شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم رايونلاردا تېمپېراتۇرا يۇقىرىراق بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىمالىي شىنجاڭدا 2.8℃ يۇقىرى بولدى، ئالتايدا 3.1℃، تارباغاتايدا 3.7℃، ئۈرۈمچىدە 3.9℃ يۇقىرى بولدى، يۇقىرىلىق دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 4 - ئورۇندا تۇردى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا 2.5℃ يۇقىرى بولدى، قەشقەردە 2.8℃، خوتەندە 3℃ يۇقىرى بولدى، يۇقىرىلىق دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 3 - ئورۇندا تۇردى. 1 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا –14.5℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكى قىممەتكە يېقىنلاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە شىمالىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدا چۆچەك، كۆكتوقايدا ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 0.3℃ — 0.5℃ يۇقىرى بولغاندىن سىرت، باشقا جايلاردا 1℃ ئۆپچۆرىسىدە تۆۋەن بولدى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسىملىرىدا ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا شىخەنزە، گۇچۇڭدا ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 1℃ — 2℃ تۆۋەنرەك بولغاندىن سىرت، باشقا رايونلاردا 1℃ — 2℃ يۇقىرى بولدى، بورتالا ۋە ئۈرۈمچىدە ئادەتتىكى يىللاردىكى قىممەتكە يېقىنلاشتى، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا –5.7℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 2℃ — 7℃ يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە خوتەندە 3.8℃ يۇقىرى بولۇپ، تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇردى، قەشقەر تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 2 - ئورۇندا تۇردى، تۇرپان، ئاقسۇ 3 - ئورۇندا تۇردى. 2 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا –9.7℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 2℃ يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىمالىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسىملىرىدا 1℃ — 4℃ يۇقىرى بولدى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسىملىرى ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا موگغۇلكۈرەدە تېمپېراتۇرا ئادەتتىكى يىللاردىكىگە يېقىنلاشقاندىن باشقا، كۆپ قىسىم رايونلاردا تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى 2℃ ئۆپچۆرىسىدە يۇقىرى بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئوتتۇرىچە ئايلىق

تېمپېراتۇرا -2.4℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكى قىممەتكە يېقىنلاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل، يەنجى، كۇچا، چەرچەنلەردە 1℃ ئۆپچۆرىسىدە تۆۋەنرەك بولدى، باشقا جايلاردا 1℃ — 2℃ يۇقىرى بولدى، بايىنبۇلاقتا 5℃ تۆۋەن بولدى.

ئەتىياز پەسلى (3 - ئايدىن 5 - ئايغىچە): پەسىللىك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 11.3℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 3℃ يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 4 - ئايدا تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى ئەڭ زور بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 15.6℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 2℃ يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 5 - ئايدا تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى ئەڭ زور بولدى. 3 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 0.5℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئوتتۇرىچە قىممەت 2℃ يۇقىرى بولدى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسىملىرىدا تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى ئەڭ زور بولۇپ، 3.6℃ قا يەتتى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 7.4℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 1℃ يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە چەرچەن، كۇچالاردا ئادەتتىكى يىللاردىكىگە يېقىنلاشتى. بايىنبۇلاقتا 3.6℃ تۆۋەنرەك بولدى، باشقا رايونلاردا تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى ئەڭ زور بولۇپ 1.5℃ قا يەتتى. 4 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 13.9℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 4℃ يۇقىرى بولدى، يۇقىرىلىق دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 2 - ئورۇندا تۇردى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 16.4℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 5.1℃ يۇقىرى بولدى، ھەرقايسى جايلاردا تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى ئەڭ زور بولغاندا 3℃ قا يەتتى. 5 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 19.4℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 2℃ يۇقىرى بولدى. ھەرقايسى جايلاردا تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى ئەڭ زور بولغاندا 3℃ قا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە غۇلجا، كۈنەستە تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇردى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 22.9℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 3℃ يۇقىرى بولدى، يۇقىرىلىق دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇردى، ھەرقايسى جايلاردا تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى ئەڭ زور بولغاندا 4℃ قا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرپان، يەنجى، خوتەن قاتارلىق جايلاردا تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇردى.

ياز پەسلى (6 - ئايدىن 8 - ئايغىچە): پەسىللىك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 23.7℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 1℃ يۇقىرى بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 25.2℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 0.3℃ يۇقىرى بولدى. 6 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 22.9℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 1.1℃ يۇقىرى بولدى؛ بۇنىڭ ئىچىدە شىمالىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسىملىرىدا تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى 0.3℃ — 2.2℃ بولدى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسىملىرىدا 0.5℃ — 1.9℃ بولدى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا ئۈرۈمچى، گۈچۈڭدا ئادەتتىكى يىللاردىكىگە يېقىنلاشقاندىن سىرت، باشقا جايلاردا تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى 1.2℃ — 1.7℃ بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 24.2℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكى بىلەن تەڭلەشتى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل، تۇرپان، يەنجى، كۇچادا تېمپېراتۇرا ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 0.2℃ — 1.4℃ تۆۋەن، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن، چەرچەندە تېمپېراتۇرا ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 0.2℃ — 0.9℃ يۇقىرى بولدى. 7 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 24.7℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 0.8℃ يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆكتوقايدا 2.6℃ يۇقىرى بولدى. باشقا كۆپ رايونلاردا تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسى 1℃ ئۆپچۆرىسىدە بولدى، ئالتاي قاتارلىق جايلاردا ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 1℃ تىن تۆۋەن بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 26.7℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 0.8℃ يۇقىرى بولدى؛ بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەردە تۆۋەنرەك بولغاندىن باشقا، قالغان كۆپ قىسىم رايونلاردا 1℃ ئۆپچۆرىسىدە يۇقىرى، باركۆلدە 2.9℃ يۇقىرى بولدى، يۇقىرىلىق دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇردى. 8 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 23.5℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 1.2℃ يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىمالىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسىملىرىدا ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ

مەزگىلدىكىدىن 0.6℃ — 2.9℃ يۇقىرى بولدى، جىمسار، شىخو، شىخەنزىدە 1.5℃ — 1.9℃ يۇقىرى بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 24.7℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكى ئوتتۇرىچە قىممەتكە يېقىنلاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرپان قاتارلىق جايلاردا 1℃ ئۆپچۆرىسىدە تۆۋەنرەك، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردا 0.5℃ ئۆپچۆرىسىدە يۇقىرى بولدى.

كۈز پەسلى (9 - ئايدىن 11 - ئايغىچە): پەسىللىك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 5.9℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلدىكىدىن 1.3℃ تۆۋەنرەك بولدى. تۆۋەن بولغان مەزگىل ئاساسەن 10 - ۋە 11 - ئايلارغا مەركەزلەشتى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 10.5℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلدىكىگە يېقىنلاشتى، تۆۋەن بولغان مەزگىل 10 - ئايغا توغرا كەلدى. 9 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىدا تېمپېراتۇرا يۇقىرىراق، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىدا سەل‌پەل يۇقىرى بولدى. ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 17.7℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلدىكىدىن 1.3℃ يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە چۆچەك، چاغانتوقاي، كۆكتوقايدا تېمپېراتۇرا 2℃ تىن يۇقىرى بولدى. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 19.6℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلدىكىدىن 0.4℃ يۇقىرى، قۇمۇل، كورلا، كۇچادا تېمپېراتۇرا 1℃ ئۆپچۆرىسىدە تۆۋەنرەك، باشقا رايونلاردا 1℃ ئۆپچۆرىسىدە يۇقىرىراق بولدى. 10 - ئايدا پۈتكۈل شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىدا تېمپېراتۇرا تۆۋەنرەك بولدى. ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 4.1℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلدىكىدىن 3.5℃ تۆۋەنرەك بولدى، تۆۋەن بولۇش دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇردى. شىمالىي شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىدا تېمپېراتۇرىنىڭ تۆۋەنرەك بولۇش دەرىجىسى 2.4℃ — 4.6℃ ئارىلىقىدا بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتاۋ پورتى، غۇلجا، جىمسار، شىخو، شىخەنزە، گۇچۇڭ، ئۈرۈمچىدە تېمپېراتۇرىنىڭ تۆۋەنرەك بولۇش دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل بويىچە 1 - ئورۇندا تۇردى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 10.1℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلدىكىدىن 0.7℃ تۆۋەن بولدى، قۇمۇل، تۇرپان، بەنجى، كورلا، كۇچا ۋە بارىكۆل، بايىنبۇلاقتا ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلدىكىدىن 1℃ — 2.9℃ تۆۋەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇلدا تېمپېراتۇرىنىڭ تۆۋەن بولۇش دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇردى. 11 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 4℃— بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلدىكىدىن 1.7℃ تۆۋەن بولدى، غۇلجىنىڭ ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ئادەتتىكى يىللاردىكىسى بىلەن تەڭلەشكەندىن سىرت، باشقا رايونلاردا دېگۈدەك 0.6℃ — 4.6℃ تۆۋەن بولدى. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 1.7℃ بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلدىكىدىن 0.2℃ يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل، كورلا، كۇچادا 0.6℃ — 4.1℃ تۆۋەن بولدى، باشقا رايونلاردا 0.5℃ ئۆپچۆرىسىدە يۇقىرى بولدى.

### ھۆل - يېغىن

يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 242.8 مىللىمېتىر، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 46.3 مىللىمېتىر بولدى. ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلدىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، شىمالىي شىنجاڭدا 38.2 مىللىمېتىر كۆپ بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتاي، ئۈرۈمچى، ئىلىدا 30% تىن كۆپرەككە يەتتى، جەنۇبىي شىنجاڭدا 0.8 مىللىمېتىر ئاز بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە چەرچەندە بىر ھەسسە كۆپ بولۇپ، 1991 - يىلدىن بۇيان 1 - ئورۇندا تۇردى، قۇمۇلدا 60%، يەنجىدە 40% كۆپ بولدى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ باشقا كۆپ قىسىم رايونلىرىدا ھۆل - يېغىن ئاز بولدى، قەشقەر، خوتەن، كۇچادا 30% تىن كۆپرەك ئاز بولدى، كۇچا، ئاقسۇ، خوتەندە يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارىنىڭ ئازىيىش دەرىجىسى يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيانقى 2 - ئورۇندا تۇردى.

مۇشۇ يىل ئىچىدە شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ھۆل - يېغىننىڭ زامان ۋە ماكانغا تارقىلىشى تەكشى بولمىدى، 1 -، 10 -، 11 - ۋە 12 - ئايلاردا ھۆل - يېغىن كۆپ بولۇپ 50% تىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 10 - ئايدا 23.76 مىللىمېتىر كۆپ بولدى، كۆپىيىش دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 2 - ئورۇندا تۇردى، ئالتاي، چاغانتوقاي، كۆكتوقاي، ئالتاۋ پورتى، غۇلجا، كۈنەس، ئۈرۈمچىدە 10 - ئايدا ھۆل - يېغىننىڭ كۆپىيىش دەرىجىسى تارىختىكى ئوخشاش مەزگىلدىكىسى ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇردى. 11 - ئايدا كۆكتوقايدا ھۆل - يېغىن مىقدارى تارىختىكى 1 - ئورۇنغا ئۆتتى، 2 - ئايدىن 5 - ئايغىچە ھۆل - يېغىن ئاز بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 3 - ئايدا تەخمىنەن 50% تىن كۆپرەك ئاز بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا 6 - ئايدا ھۆل - يېغىن كۆپ بولغاندىن سىرت، باشقا ۋاقىتلاردا ھۆل - يېغىننىڭ زامان ۋە ماكانغا تارقىلىشى ئاساسىي جەھەتتىن تەكشى بولدى. 6 - ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭدا ھۆل - يېغىننىڭ كۆپىيىش دەرىجىسى

تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 3 ـ ئورۇندا تۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە چەرچەندە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 36 مىللىمېتىر، پەنجىدە 47 مىللىمېتىر بولۇپ، كۆپىيىش دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 1 ـ ئورۇندا تۇردى. 7 ـ ئايدا ھۆل ـ يېغىن ئاز بولدى، ھەرقايسى جايلاردا دېگۈدەك %50 تىن ئاشتى، تۇرپاندا ئاساسەن ھۆل ـ يېغىن بولمىدى. باشقا ئايلاردا ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئاساسەن ئادەتتىكى يىللاردىكىگە تەڭلەشتى ياكى سەل ئازراق بولدى.

قىش پەسلى (1999 ـ يىل 12 ـ ئايدىن 2000 ـ يىل 2 ـ ئايغىچە): پەسىللىك ھۆل ـ يېغىن مىقدارى شىمالىي شىنجاڭ رايوندا 49.5 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلدىكىسىدىن %50 تىن كۆپرەك ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى، شىخەنزە، گۇچۇڭدا بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى، ئالتايدا %20 تىن كۆپرەك ئاز بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايوندا 4.1 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلدىكىسىدىن سەل ئازراق بولدى. لېكىن ھۆل ـ يېغىننىڭ رايونلارغا تارقىلىشى پەقەت تەكشى بولمىدى، بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر، خوتەن، چەرچەندە ئۈدا 3 ئاي ھۆل ـ يېغىن بولمىدى، ئەمما پەنجى، تۇرپاندا پەسىل ئىچىدىكى ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 2 ھەسسىدىن 3 ھەسسىگىچە كۆپ بولدى، قۇمۇلدا %70 كۆپ بولدى. 12 ـ ئايدا شىمالىي شىنجاڭ رايوندا ئايلىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 15.6 مىللىمېتىر بولۇپ، ئىلگىرىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلدىكىسىدىن %20 كۆپ بولدى، لېكىن ھۆل ـ يېغىننىڭ تارقىلىشى پەقەت تەكشى بولمىدى، شىمالىي قىسىمغا جايلاشقان ئالتاي، چۆچەكتە %40 — %60 ئاز بولدى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدىكى جاڭ ناھىيىسىدە ھۆل ـ يېغىن ئادەتتىكى يىللاردىكىگە يېقىنلاشتىن سىرت، باشقا جايلاردا كۆپ بولۇپ، %50 تىن ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى، گۇچۇڭدا بىر ھەسسىدىن 1.6 ھەسسىگىچە كۆپ بولدى، كۆپىيىش دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 2 ـ ئورۇندا تۇردى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئايلىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.8 مىللىمېتىر بولۇپ، ئىلگىرىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلدىكىسىدىن %30 ئاز بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل، تۇرپان ۋە بايىنبۇلاقتا ھۆل ـ يېغىن 1.1 — 2 مىللىمېتىرغىچە بولدى، باشقا جايلاردا ئاساسەن ھۆل ـ يېغىن بولمىدى. بايىنبۇلاقتا ھۆل ـ يېغىننىڭ كۆپىيىش دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 2 ـ ئورۇندا تۇردى. 1 ـ ئايدا شىمالىي شىنجاڭدا ئايلىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئوتتۇرىچە 25.3 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلدىكىدىن 1.7 ھەسسە كۆپ بولدى، بەيتىك تېغى، موڭغۇلكۈرەدە %30 — %50 ئاز بولغاندىن سىرت، باشقا رايونلاردا دېگۈدەك %30 تىن 6 ھەسسىگىچە كۆپ بولدى، چاپچال، توقتوقاي، كۆكتوقاي، كۈنەس، شىخەنزە، گۇچۇڭ، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا ئايلىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى تارىختىكى شۇ مەزگىلدىكى ئېكسترېمومنى بۇزۇپ تاشلىدى، غۇلجىدا ھۆل ـ يېغىننىڭ كۆپىيىش دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 2 ـ ئورۇندا تۇردى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئايلىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئوتتۇرىچە 1.1 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلدىكى ئوتتۇرىچە قىممىتىدىن %30 ئاز بولدى، قۇمۇل، تۇرپان، پەنجى، كۇچادا 1 — 4 مىللىمېتىر ھۆل ـ يېغىن ياغقاندىن سىرت، باشقا جايلاردا ئاساسەن ھۆل ـ يېغىن كۆرۈلمىدى. بايىنبۇلاقتا ھۆل ـ يېغىن بىر ھەسسە كۆپ بولدى. 2 ـ ئايدا شىمالىي شىنجاڭ رايوندا ئايلىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 8.7 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلدىكىدىن %10 ئاز بولدى. لېكىن تارقىلىشمۇ تەكشى بولمىدى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمى، غەربىي قىسىملىرىدا ئاز بولدى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا كۆپ بولدى، ئۈرۈمچىدە كۆپىيىش دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 3 ـ ئورۇندا تۇردى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئايلىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2.2 مىللىمېتىر بولۇپ، ئىلگىرىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلدىكىدىن %10 تىن كۆپرەك ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرپان، پەنجىدە 2 — 14 مىللىمېتىر ھۆل ـ يېغىن بولدى، 12 — 22 ھەسسىگىچە كۆپ بولدى، كۆپىيىش دەرىجىسى ئىلگىرىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلى ئىچىدە 2، 1 ـ ئورۇندا تۇردى، باشقا كۆپ قىسىم رايونلاردا ئاساسەن ھۆل ـ يېغىن كۆرۈلمىدى.

ئەتىياز پەسلى (3 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە): پەسىللىك ھۆل ـ يېغىن مىقدارى شىمالىي شىنجاڭ رايوندا 43.6 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلدىكىدىن %30 ئاز بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە جاڭ، شىخو قاتارلىق جايلاردا ھۆل ـ يېغىننىڭ ئازىيىش دەرىجىسى %70 تىن كۆپرەككە يەتتى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايوندا 4.8 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلدىكىدىن ئاز كەم %40 ئاز بولدى، لېكىن قۇمۇلدا ھۆل ـ يېغىن ئازكەم بىر ھەسسە كۆپ بولدى. 3 ـ ئايدا شىمالىي شىنجاڭ رايوندا ئايلىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 6.4 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلدىكىدىن ئازكەم %60 ئاز بولدى، ھەرقايسى جايلاردا ھۆل ـ يېغىننىڭ ئازىيىش دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا %80 كە يەتتى، جاڭ ناھىيىسىدە ئايلار بويىچە پەقەت ھۆل ـ يېغىن بولمىدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايوندا تۇرپاندا 5 مىللىمېتىر ھۆل ـ يېغىن

ياغقاندىن سىرت، باشقا جايلاردا ئاساسىي جەھەتتىن ھۆل - يېغىن بولمىدى. تۇرپاندا ھۆل - يېغىننىڭ كۆپىيىش دەرىجىسى ئىلگىرىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلى ئىچىدە 3 - ئورۇندا تۇردى. 4 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 16 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن %30 ئاز بولدى، ھەرقايسى جايلاردا ھۆل - يېغىن مىقدارىنىڭ ئازىيىش دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا %80 كە يەتتى، جىڭ ناھىيىسىدە ئايلار بويىچە پەقەت ھۆل - يېغىن بولمىدى. لېكىن ئالتاي، ئىلى، گۇچۇڭدا ھۆل - يېغىن مىقدارى ئادەتتىكى يىللاردىكى قىسمەتكە يېقىنلاشتى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا قۇمۇلدا 9 مىللىمېتىر، بايىنبۇلاقتا 48 مىللىمېتىر ھۆل - يېغىن بولغاندىن سىرت، باشقا جايلاردا ئاساسىي جەھەتتىن ھۆل - يېغىن بولمىدى. قۇمۇل، بايىنبۇلاقتا ھۆل - يېغىننىڭ كۆپىيىش دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇردى. 5 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 21.3 مىللىمېتىر بولۇپ، تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە ئازكەم %10 ئاز بولدى، ھەرقايسى جايلاردا ھۆل - يېغىننىڭ ئازىيىش دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا %70 كە يەتتى، لېكىن شىمالىي شىنجاڭنىڭ شىمالىدىكى ئالتاي، بەيتىڭ تېغى قاتارلىق جايلاردا ھۆل - يېغىن %80 ئۆپچۆرىسىدە كۆپ بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 2.8 مىللىمېتىر بولۇپ، ئىلگىرىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلى ئىچىدە ئازكەم %60 ئاز بولدى، ھەرقايسى جايلاردا ھۆل - يېغىننىڭ ئازىيىش دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا %90 كە يەتتى، چەرچەندە ئايلار بويىچە پەقەت ھۆل - يېغىن بولمىدى، لېكىن ئاقسۇ، خوتەندە ھۆل - يېغىن مىقدارى ئادەتتىكى يىللاردىكى قىسمەتكە يېقىنلاشتى.

ياز پەسلى (6 - ئايدىن 8 - ئايغىچە): پەسىللىك ھۆل - يېغىن مىقدارى شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 64 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىسى بىلەن تەڭلەشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچىدە ئازكەم %50 كۆپ بولدى، جىڭ ناھىيىسىدە %40 كۆپ بولدى، ئەمما شىخەنزە، چۆچەكتە %30 تىن كۆپرەك ئاز بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا 29.9 مىللىمېتىر بولۇپ، %20 كۆپ بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەنجىدە %70 كۆپ؛ چەرچەندە 1.6 ھەسسە كۆپ بولدى، چەرچەندە ھۆل - يېغىننىڭ كۆپىيىش دەرىجىسى ئىلگىرىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلى ئىچىدە 2 - ئورۇندا تۇردى، كۇچادا پەسىل ئىچىدە ئاساسىي جەھەتتىن ھۆل - يېغىن كۆرۈلمىدى. 6 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 25.1 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىسى بىلەن تەڭلەشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتاي، بەيتىڭ تېغى، ئۈرۈمچىدە ھۆل - يېغىن مىقدارى ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن %60 — %90 كۆپ بولدى. كۆكتوقايدا ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 1.9 ھەسسە كۆپ بولدى، كۆپىيىش دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 2 - ئورۇندا تۇردى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ باشقا رايونلىرىدا %10 — %50 ئاز بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 20.6 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 1.5 ھەسسە كۆپ بولدى، كۆپىيىش دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 3 - ئورۇندا تۇردى. ھەرقايسى جايلاردا بولسا ھۆل - يېغىن مىقدارى تۇرپاندا ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن %60 ئاز بولغانلىقىنى، خوتەن، قەشقەردە ئادەتتىكى يىللاردىكىگە يېقىنلاشقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا رايونلاردا 1 — 5 ھەسسىگىچە كۆپ بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەنجى، چەرچەندە ھۆل - يېغىننىڭ كۆپىيىش دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇردى. 7 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ھۆل - يېغىن مىقدارى 21.4 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن %10 ئاز بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتاي، جىڭ، گۇچۇڭدا ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن %50 ئۆپچۆرىسىدە كۆپ بولدى، شىخو، شىخەنزىدە ئادەتتىكى يىللاردىكىگە يېقىنلاشقاندىن سىرت، باشقا رايونلاردا دېگۈدەك ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن %20 — %70 ئاز بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 5.4 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن %40 ئاز بولدى، يەنجىدە ھۆل - يېغىن مىقدارى ئادەتتىكى يىللاردىكىگە يېقىنلاشقاندىن سىرت، باشقا رايونلاردا ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن %30 — %70 ئاز بولدى، تۇرپاندا ئاساسەن ھۆل - يېغىن بولمىدى. 8 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ھۆل - يېغىن مىقدارى 17.5 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن ئازكەم %10 كۆپ بولدى، لېكىن ھۆل - يېغىننىڭ تارقىلىشى تەكشى بولمىدى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدىكى كۆپ قىسىم رايونلاردا ھەمدە چاغانتوقايدا ھۆل - يېغىن 1 — 2 ھەسسىگىچە كۆپ بولدى، باشقا جايلاردا %10 — %70 ئاز بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 4 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن %40 تىن كۆپرەك ئاز بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە كورلا، چەرچەن ۋە تاغلىق رايونلاردىكى بايىنبۇلاق، بارىكۆلدە ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن %30 — %60 كۆپ بولغاندىن سىرت، باشقا كۆپ قىسىم رايونلاردا %10 — %70 ئاز بولدى، خوتەندە ئاساسىي جەھەتتىن ھۆل - يېغىن بولمىدى.

كۈز پەسلى (9 - ئايدىن 11 - ئايغىچە): پەسىللىك

ھۆل - يېغىن مىقدارى شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 77 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلدىكىدىن 60% كۆپ بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالتاي ۋە غۇلجىدا بىر ھەسسە ئۈچچۈرىسىدە كۆپ بولدى، جىڭ ناھىيىسىدە 80% كۆپ بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 6.3 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلدىكىدىن 70% ئاز بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە پەنجىدە 70%، كۇچادا 60%، چەرچەندە 1.7 ھەسسە ئاز بولدى، خوتەندە پەسىل ئىچىدە ھۆل - يېغىن بولمىدى. 9 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 11.1 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلدىكىدىن 30% ئاز بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە غۇلجا، كۈنەستە ھۆل - يېغىن مىقدارى ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 40% ئۈچچۈرىسىدە كۆپ بولدى، چاغانتوقاي، موڭغۇلكۈرە، جىڭ، گۇچۇڭلاردا ئادەتتىكى يىللاردىكىگە يېقىنلاشتى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ باشقا رايونلىرىدا 30% — 80% ئاز بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاقسۇ، قەشقەر، چەرچەندە ھۆل - يېغىن مىقدارى ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 40% تىن 3 ھەسسىگىچە كۆپ بولغانلىقىنى، كۇچادا ئادەتتىكى يىللاردىكىگە يېقىنلاشقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا رايونلاردا 20% — 90% ئاز بولدى، كورلا، خوتەندە ئاساسىي جەھەتتىن ھۆل - يېغىن بولمىدى. 10 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 40.5 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلدىكىدىن 1.4 ھەسسە كۆپ بولدى، كۆپىيىش دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل بويىچە 2 - ئورۇندا تۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتاي، چاغانتوقاي، كۆكتوقاي، ئالاتاۋ پورتى، غۇلجا، كۈنەس، ئۈرۈمچىدە ھۆل - يېغىننىڭ كۆپىيىش دەرىجىسى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇردى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 2.3 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلدىكىدىن 30% كۆپ بولدى، قۇمۇلدا 11 مىللىمېتىر، ئاقسۇ ۋە تاغلىق رايونلاردىكى بايىنبۇلاق، بارىكۆلدە 3 — 27 مىللىمېتىر ھۆل - يېغىن بولغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا جايلاردا ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن ئاز بولدى، خوتەن، چەرچەندە ئاساسىي جەھەتتىن ھۆل - يېغىن بولمىدى. 11 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئايلىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 25.3 مىللىمېتىر بولۇپ، ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 50% كۆپ بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالاتاۋ پورتىدا ھۆل - يېغىن مىقدارى ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن % 30 ئاز بولدى، بورتالا، موڭغۇلكۈرە، شىخودا ئادەتتىكى يىللاردىكىگە يېقىنلاشتى، باشقا جايلاردا ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن 30% تىن 1.3 ھەسسىگىچە كۆپ بولدى، كۆكتوقايدا ھۆل - يېغىننىڭ كۆپىيىش دەرىجىسى تارىختىكى 1 - ئورۇنغا ئۆتتى؛ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئاقسۇدىلا 3 مىللىمېتىر ھۆل - يېغىن بولدى، باشقا رايونلاردا ئاساسىي جەھەتتىن ھۆل - يېغىن بولمىدى.

ۋاڭ يۈلى

## شىنجاڭنىڭ 2000 - يىلدىكى نورمالسىز مېتېئورولوگىيىسى

2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 97 ئىستانسا - پونكىت نورمالسىز مېتېئورولوگىيىلىك ھادىسە توغرىسىدا يىللىق مەلۇمات يوللىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 81 ئىستانسا - پونكىتنىڭ خاتىرىسىدە نورمالسىز مېتېئورولوگىيىلىك ھادىسە كۆرۈلگەن. شىنجاڭ بويىچە 19 تۈردە 296 قېتىم نورمالسىز ھادىسە كۆرۈلگەن بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن بىر تۈر، 88 قېتىم كۆپەيگەن. نورمالسىزلىق قېتىم سانى ئەڭ كۆپ كۆرۈلگەن تۈرلەرنىڭ رەت تەرتىپى مۇنداق: يىللىق - ئايلىق جەملەنگەن ۋە يىللىق ئوتتۇرىچە كۈن نۇرى ئەڭ ئاز چۈشكەن ۋاقىت سانى 40 پونكىتنىڭ تارىخىدا خاتىرىلەنگەن ساندىن 60 قېتىم ئېشىپ كەتكەن؛ يىللىق - ئايلىق جەملەنگەن ۋە يىللىق ئوتتۇرىچە مۇتلەق ماكسىمۇم تېمپېراتۇرا 32 پونكىتنىڭ تارىخىدا خاتىرىلەنگەن ساندىن 50 قېتىم ئېشىپ كەتكەن؛ يىللىق - ئايلىق جەملەنگەن ۋە يىللىق ئوتتۇرىچە ئەڭ كۆپ ھۆل - يېغىن مىقدارى 25 پونكىتنىڭ تارىخىدا خاتىرىلەنگەن ساندىن 35 قېتىم ئېشىپ كەتكەن؛ يىللىق - ئايلىق جەملەنگەن ۋە يىللىق ئوتتۇرىچە ئەڭ كۆپ كۈن نۇرى چۈشكەن ۋاقىت سانى 22 پونكىتنىڭ تارىخىدا خاتىرىلەنگەن ساندىن 32 قېتىم ئېشىپ كەتكەن؛ يىللىق - ئايلىق جەملەنگەن ۋە يىللىق ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 22 پونكىتنىڭ تارىخىدا خاتىرىلەنگەن ساندىن 26 قېتىم ئېشىپ كەتكەن؛ يىللىق - ئايلىق جەملەنگەن ۋە يىللىق - كۈنلۈك ئەڭ كۆپ ھۆل - يېغىن مىقدارى 21 پونكىتنىڭ تارىخىدا خاتىرىلەنگەن ساندىن 24 قېتىم ئېشىپ كەتكەن؛ يىللىق - ئايلىق جەملەنگەن ۋە يىللىق ئەڭ كۆپ يېغىندى قارنىڭ چوڭقۇرلۇقى 18 پونكىتنىڭ تارىخىدا خاتىرىلەنگەن ساندىن 29 قېتىم ئېشىپ كەتكەن.

ئاپتاپ تۇتۇلۇق چۈشمىدى، كۈن نۇرى ئاز چۈشتى

شىنجاڭ بويىچە خېلى بىر قىسىم ئىستانسا - پونكىتلارنىڭ مەلۇماتىدا 2000 - يىلى ئاپتاپ تۇتۇلۇق چۈشمەسلىك، كۈن نۇرى ئاز چۈشۈشتەك ئەھۋاللار 10 ۋىلايەت - ئوبلاستتا كۆرۈلدى، بۇلار شىمالىي شىنجاڭدىكى 5 ۋىلايەت - ئوبلاست، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 4 ۋىلايەت - ئوبلاست، شەرقىي شىنجاڭدىكى بىر ۋىلايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇنىڭ دائىرىسى كەڭ، پونكىتلارنىڭ

خاتىرىلەنگەن ئۆلچەملىرى كۆپ. ۋاقىتنىڭ تارقىلىشى جەھەتتىن قارىغاندا، شىمالىي شىنجاڭدا ئاساسەن، 6 ـ، 7 ـ، 8 ـ، 10 ـ، 11 ـ، 12 ـ ئايلارغا مەركەزلەشكەن، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئاساسەن، 7 ـ، 10 ـ، 11 ـ، 12 ـ ئايلارغا، قىسمەن چاغلاردا 1 ـ، 6 ـ، 8 ـ ئايلارغا مەركەزلەشتى.

كۈن نۇرى ئاز چۈشكەنلىكتىن ئارشالڭ، خوشۇت، چاقىلىق، ئاۋات قاتارلىق جايلاردا لاپاستا تېرىلغان كۆكتاتلارنىڭ ئۆسۈشىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر يەتتى. ئاۋات ناھىيىسىدە لاپاستا تېرىلغان كۆكتاتلارنىڭ كۆپلەپ تۆكۈلۈپ كېتىشى تارىختا ئاز ئۇچرايدۇ. 7 ـ ئايدا كۈن نۇرى چۈشكەن سائەت سانى ئاز بولۇپ، ئاتۇش، ئاقچىلاردا گۈت ـ چۆپلەرنىڭ ئۆسۈشىگە ئىنتايىن پايدىسىز بولدى. گۇچۇڭدا 1971 ـ يىلدىن 2000 ـ يىلغىچە 8 ـ ئايدا كۈن نۇرى چۈشكەن 10 يىللىق ئوتتۇرىچە قىممەت تۆۋەنلەپ كېتىشتەك ھالەت شەكىللەندى، بۇ خىل ھادىسە 90 ـ يىللار كىرگەندىن كېيىن تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى، كۈن نۇرى چۈشكەن سائەت سانى 30 يىللىق تارىختىكى يۇقىرى قىممەتتىن 2 قېتىم تۆۋەنلەپ كەتتى.

تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولغانلىقنىڭ پايدىسى ۋە زىيىنى

2000 ـ يىلى تېمپېراتۇرا يۇقىرىراق بولدى، بۇ ئاساسەن مۇتلەق ماكسىمۇم تېمپېراتۇرا ۋە ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا تارىختا خاتىرىلەنگەن پونكىت ـ قېتىم ساندىن كۆپ ئېشىپ كەتكەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ، 32 ئىستانسا ـ پونكىتتا مۇتلەق ماكسىمۇم تېمپېراتۇرا تارىختا خاتىرىلەنگەن ساندىن ئېشىپ كەتكەن. مۇتلەق ماكسىمۇم تېمپېراتۇرا تارىختا خاتىرىلەنگەن ساندىن ئېشىپ كەتكەن ۋاقىت ئاساسەن 7 ـ، 11 ـ، 5 ـ، 1 ـ، 6 ـ ئايلارغا مەركەزلەشكەن، ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا تارىختا خاتىرىلەنگەن ساندىن ئېشىپ كەتكەن ۋاقىت ئاساسەن 5 ـ، 6 ـ، 7 ـ ئايلارغا مەركەزلەشكەن.

شىمالىي شىنجاڭدا مۇنداق بولدى: جىمىسارىدە 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 29 ـ كۈنىگىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا ئۇدا يۇقىرى بولدى، 28 ـ كۈنى يۇقىرى قىممەتتىن ئېشىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ 4 — 5 بال شامال چىقتى، ئوتتۇرىچە نەملىك %40 تىن تۆۋەن بولۇپ، قۇرغاق ئىسسىق شاماللىق ھاۋارايى پەيدا بولۇپ، دان تولۇۋاتقان بۇغدايلارغا زىيان سالدى. گۇچۇڭدا 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 8 ـ كۈنىگىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا ئۇدا 3 كۈن 35℃ تىن يۇقىرى بولدى، يەر تېمپېراتۇرىسى 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 9 ـ كۈنىگىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 65℃ تىن يۇقىرى بولدى، 8 ـ كۈنى ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 37.5℃ قا يېتىپ، كۆزلۈك زىرائەتلەرگە پايدىسىز بولدى. تارباغاتايدا يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 8.1℃ بولۇپ، ئۆتكەن يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 1.8℃ يۇقىرى بولدى، 6 ـ ئايدىن بۇيان يۇقىرى ھارارەتلىك ھاۋارايى داۋاملىشىپ ئېغىر قۇرغاقچىلىق بولدى؛ 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە يېنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك قۇرغاق ئىسسىق ھاۋارايى پەيدا بولۇپ، ۋاقتىدا «دان سۈيى» قويۇلمىغان بۇغدايلىقلارغا تەھدىت سالدى، گۈت ـ چۆپلەرنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىسىز بولدى، كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ قىشتىن ئۆتۈشىگە پايدىلىق بولدى.

شەرقىي شىنجاڭدا مۇنداق بولدى: تۇرپاندا 7 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە تېمپېراتۇرا ئىلگىرىكى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن سەل يۇقىرىراق بولۇپ، كېۋەزنىڭ غوزا مەزگىلىدە يېتىلىشىگە پايدىلىق بولدى. پىچاندا 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ۋە 12 ـ كۈنى مۇتلەق ماكسىمۇم تېمپېراتۇرا 46.5℃ قا يېتىپ، يەر يۈزى مۇتلەق ماكسىمۇم تېمپېراتۇرىسىنىڭ تەسىرى قوشۇلۇپ، كۆپ قىسمىدىكى كېۋەز تېرىلىدىغان رايونلاردا ئېغىر دەرىجىدە سۇ يېتىشمەي، كېۋەز چېچەكلىرى بىلەن غوزىلىرىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىنى تېزلىتىۋېتىپ، پاختا مەھسۇلاتىنى مەلۇم تەسىرگە ئۇچراتتى؛ ئۈزۈمنىڭ سۈپىتى ۋە ئاققوناق، كۆممىقوناق قاتارلىق يازلىق تېرىلغۇ زىرائەتلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ۋە ھوسۇلىغا مەلۇم تەسىر يەتكۈزدى.

جەنۇبىي شىنجاڭدا مۇنداق بولدى: كۇچادا 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 13 ـ كۈنىگىچە بىر قېتىم يۇقىرى ھارارەتلىك ھاۋارايى جەريانى كۆرۈلدى، 35℃ تىن يۇقىرى ياكى شۇنىڭغا تەڭ بولغان سوتكىلىق ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 6 كۈن داۋاملاشتى، 12 ـ كۈنى سوتكىلىق ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 40.8℃ قا يەتتى، بۇ 60 ـ يىللاردىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى قىممەت ھېسابلىنىدۇ؛ 10 ـ كۈنىدىن 12 ـ كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا ھەر كۈنلۈك تېمپېراتۇرا 35℃ تىن يۇقىرى ياكى شۇنىڭغا تەڭ بولغان ۋاقىت 6 سائەتتىن 8 سائەتكىچە داۋاملىشىپ، تارىختىكى يۇقىرى قىممەتكە يېقىنلاشتى؛ يۇقىرى ھارارەتلىك ھاۋارايىنىڭ داۋاملاشقان ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى كېۋەزنى فىزىئولوگىيىلىك قۇرۇتۇۋېتىپ غوزىلىرىنى كۆپلەپ تۆكۈۋەتتى. ھوسۇلىمۇ تەسىرگە ئۇچرىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق ھاۋارايى كېۋەز پىتى، غوزا قۇرتى، كېۋەز قىزىل ئۆمۈچۈكلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە تىزگىنلەش رولىنى ئوينىدى. توقسۇ ناھىيىسىدە 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق ھاۋارايى كۆرۈلۈپ، كېۋەزلىكتىكى سۇلار ھەددىدىن ئارتۇق پارغا ئايلىنىپ كەتكەچكە، غوزىلار روشەن ھالدا كۆپلەپ تۆكۈلۈپ كەتتى. نىيە ناھىيىسىدە يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 12.4℃ بولۇپ، ئىلگىرىكى يىللاردىكى ئوتتۇرىچە

قىممەتتىن 1.3℃ يۇقىرى بولدى، 10℃ تىن يۇقىرى ياكى شۇنىڭغا تەڭ بولغان جۇغلانما تېمپېراتۇرا 4667.9℃ قا يېتىپ، ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن 524.5℃ كۆپ بولۇپ، ئىسسىقلىق شارائىتى ئەڭ مول بولغان تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى رېكورتتىن ئېشىپ كەتتى، كېۋەز، كۆممىقوناقتىن ئىبارەت ئىسسىقپەرەس زىرائەتلەردىن كۆپلەپ ھوسۇل ئېلىندى.

هۆل - يېغىن كەلكۈننى پەيدا قىلدى

2000 - يىلى هۆل - يېغىننىڭ نورمالسىز بولۇشى ئاساسەن ئەڭ كۆپ هۆل - يېغىن مىقدارى بىلەن بىر سوتكىلىق ئەڭ زور هۆل - يېغىن مىقدارىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ. ئەڭ كۆپ هۆل - يېغىن تارقالغان جايلار ئاساسەن مۇنۇلار: ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ جېمىنەي، بۇرچىن، كۆكتوقاي، چىڭگىل، ئالتاي شەھىرى، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ چاغانتوقاي، دۆربىلجىن، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ غۇلجا، نىلقا، توققۇزتارا، كۈنەس، سانجى ئوبلاستىنىڭ ماناس، قۇتۇبى، مىچۈەن، جىمسار، گۇچۇڭ ۋە شىخەنزىنىڭ موسۇۋەن، تۇرپان ۋىلايىتى توقسۇن ناھىيىسىنىڭ كۈمۈش، تۇرپان شەھىرى، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ يەنجى، خوشۇت، بايىنبۇلاق، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ نىيە ناھىيىسىدىن ئىبارەت. سوتكىلىق ئەڭ زور هۆل - يېغىن تارقالغان جايلار ئاساسەن مۇنۇلار: ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ جېمىنەي، بۇرچىن، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ غۇلجا، چاپچال، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ چاغانتوقاي، شىخو، شىخەنزە رايونىدىكى موسۇۋەن، پاۋتەي؛ سانجى ئوبلاستىنىڭ ماناس، قۇتۇبى، مورى، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ يەنجى، خوشۇت، چەرچەن، بايىنبۇلاق ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئونسۇ ناھىيىسى، قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ ئۇلۇغچاتتىن ئىبارەت. هۆل - يېغىن ئاساسەن 1 -، 11 -، 12 - ئايلارغا، ئەڭ ئاز قىسمى 2 -، 6 -، 8 - ئايلارغا مەركەزلەشتى.

شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا مۇنداق بولدى: بۇرۇلتوقايدا 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى يامغۇر يېغىپ كەلكۈن ئاپىتىنى پەيدا قىلدى. 193.3 گېكتار يەردىكى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئاپەتكە ئۇچرىدى، 146.6 گېكتار يەردىكى زىرائەت ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىدى. ئېرىق - ئۆستەڭلەر ۋەيران بولدى، 24 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

شەرقىي شىنجاڭدا مۇنداق بولدى: قاراتۆرۈڭ ناھىيىسىنىڭ نوم يېزىسىدا 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تاڭ سەھەر 4 ئەتراپىدا كەلكۈن پەيدا بولدى، 500 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

جەنۇبىي شىنجاڭدا مۇنداق بولدى: كورلىدا 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە خورو تېغى بىلەن تاغ قاپتىلىدا يەرلىك قارا يامغۇر يېغىپ كورلا شەھىرى، تاشدىن، تەگرىتاغ ئىش باشقارمىسى ۋە شاڭخۇ، چارباغ يېزىسى، باۋتۇخۇ دېھقانچىلىق مەيدانى قاتارلىق جايلاردا كەلكۈن ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، 3 ئادەم ئۆلدى، 3 ئادەم يوقاپ كەتتى، 10 كىلومېتىر ئۆزۈنلۇقتىكى تاشيول، 30 ئېغىز ئۆي ۋەيران بولدى، 3 مىليون يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى. خوشۇتتا 2 - ئايدا هۆل - يېغىن كۆپرەك بولدى، يازغى يۇقىرى 10 كۈن ئەتراپىدا كېچىكىپ تېرىلدى؛ 6 - ئايدا هۆل - يېغىن كۆپ بولدى، تاغ قاپتىلىدا قىيان تېشىپ، ئېتىز - ئېرىقلارنى كەڭ دائىرىدە سۇ بېسىپ كەتتى، 7 مىليون 73 مىڭ 300 يۈەن ئىقتىسادىي زىيان بولدى. كېرىيە ناھىيىسىدە 7 - ئايدا قارا يامغۇر يېغىپ، تارىختا خاتىرىلەنگەندىن بۇيانقى ئەڭ زور كەلكۈن پەيدا بولدى، 90 مىليون يۈەندىن كۆپرەك بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى. نىيە ناھىيىسىدە 12 - ئايدىكى هۆل - يېغىن مىقدارى تارىختىكى رېكورتتىن ئېشىپ كەتتى، 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ۋە 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى يامغۇرلۇق ھاۋارايى قايتا تەكرارلىنىپ، تاغلىق رايونلاردا ئۈدا 19 كۈن يامغۇر ياغدى. 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە هۆل - يېغىنلىق كەلكۈن پەيدا بولدى، 25 - كۈنى نىيە دەرياسىنىڭ ئېقىن مىقدارى 350 كۇب مېتىر/سېكۇنتقا يەتتى، 390 قوي ئۆلدى ۋە يوقىلىپ كەتتى، تەخمىنەن 17.3 گېكتار يەردىكى ئورمان بەلۋېغى ۋەيران بولدى.

قار ۋە يېغىندى قار ئاپىتى

2000 - يىلى شىمالىي شىنجاڭ بىلەن تۇرپان رايونىدىكى 18 ۋىلايەت، ناھىيىدە زور قار ۋە يېغىندى قار ئاپىتى يۈز بەردى. بۇ ئاساسەن ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ بۇرچىن، جېمىنەي، چىڭگىل، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ چاغانتوقاي، چۆچەك شەھىرى ھەمدە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ نىلقا، سانجى ئوبلاستىنىڭ ماناس، قۇتۇبى، مىچۈەن، فۇكاڭ، جىمسار، گۇچۇڭ ناھىيىلىرىگە تارقالغان.

بۇرچىن ناھىيىسىدە 11 - ئايدا هۆل - يېغىن مىقدارى 31.7 مىللىمېتىرغا يەتتى، تاشيوللار توسۇلۇپ قالدى، ئىنتايىن ئاز ساندىكى چارۋا مال ئوت - چۆپ تېپىپ يېيەلمىدى؛ 12 - ئاينىڭ باشلىرى، ئوتتۇرىلىرى، ئاخىرلىرى ھەر قېتىمدا ئۈدا 7 كۈن قار ياغدى، تاشيوللار 3 — 4 كۈن ئۈزۈلۈپ قالدى، ناھىيە بازىرىدىن يېزىلارغا بارىدىغان يوللار ئۈزۈلۈپ قالدى. چۆچەكتە قىش پەسلىدە سوغۇق ھاۋا ھەرىكىتى كۆپىيىپ كەتتى، هۆل - يېغىن مىقدارى كۆپ بولدى، 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى قارنىڭ ئەڭ زور قېلىنلىقى 56 سانتىمېتىرغا يېتىپ، تارىختىن بۇيان يېغىندى قارنىڭ قېلىنلىقى 12 - ئاينىڭ شۇ مەزگىلى ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇردى، يېغىندى قار ئادەتتىن تاشقىرى قېلىن بولغانلىقتىن،

چارۋا ماللارنىڭ قىشتىن ئۆتۈشى قىيىن بولدى، قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرى ئېغىر تەسىرگە ئۇچرىدى. غۇلجىدا قىش پەسلىدە خېلى قېلىن قار يېغىپ، 26 مىڭ 700 مو يەردىكى كۆزگى بۇغدايغا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە قاردا چىرىپ كېتىش كېسىلى تەگدى، 10 - ئايدا ھەرقەدەر كۆپ قار ياغدى، قىشلىق تېرىلغۇ ۋەزىپىسى ئارانلا %60 ئورۇندالدى. نىلقىدا يىلنىڭ بېشىدىلا تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان زور ھۆل - يېغىن پەيدا بولدى، سوتكىلىق يېغىن مىقدارى 17.2 مىللىمېتىرغا يەتتى، پونكىتلارنىڭ ئۆلچەپ كۆرۈشىچە، قارنىڭ قېلىنلىقى 66 سانتىمېتىرغا، تاغلىق رايونلاردا قارنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن 150 سانتىمېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ بىلەن بۇ ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق، قاتناش - ترانسپورت، ئالاقە ئىشلىرى ئېغىر زىيانغا ئۇچراپ، 3 مىليون يۈەندىن كۆپرەك بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى. مىچۈەندە 1 - ئايدا ھۆل - يېغىن مىقدارى 28.2 مىللىمېتىرغا يېتىپ، تارىختىكى يۇقىرى قىممەتتىن ئېشىپ كەتتى، 1 - ۋە 2 - ئايدا يىللىق يىغىندى قارنىڭ ئەڭ زور قېلىنلىقى تارىختىكى يۇقىرى قىممەتتىن ئېشىپ كەتتى، يىغىندى قار ھەددىدىن ئارتۇق قېلىن بولۇپ، قىشلايدىغان زىرائەتلەرگە، شۇنداقلا ھەرخىل كېسەللىك باكتېرىيىسى، قۇرت تۇخۇملىرىنىڭ قىشتىن ئۆتۈشىگە پايدىلىق بولدى، لېكىن بېزا ئىگىلىكىگە تەھدىت سالدى. باش ئەتىيازدا كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىگە بولغان بېسىمنى ئاشۇرۇۋەتتى. گۇچۇڭدا 1 - ئاينىڭ 2 -، 3 -، 4 -، 9 -، 10 - كۈنلىرى ياغقان قارنى يېغىپ ھېسابلىغاندا 34 سانتىمېتىرغا يېتىپ، تارىختىكى يۇقىرى قىممەتتىن ئېشىپ كەتتى، ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش، قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرىغا ناھايىتى زور تەسىر يەتكۈزدى. چاغانتوقايدا 1 - ئاي ۋە 10 - ئايلاردىكى ھۆل - يېغىن مىقدارى تارىختىكى رېكورتتىن ئېشىپ كەتتى. 21 - كۈندىن 22 - كۈنگىچە بولغان ھۆل - يېغىن مىقدارى 22.6 مىللىمېتىرغا يەتتى، 48 سائەت ئىچىدە تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ 9.9℃ قا چۈشتى، چارۋىلارنىڭ ئوتلاق كۆچۈش يوللىرىنى قار توسۇۋالدى، چارۋىلارنىڭ ئوزۇقلۇق تېپىشى قىيىن بولدى، قىسمەن چارۋىلار توڭلاپ ئۆلدى، كىگىز ئۆيلەر بوزۇلۇپ كەتتى، ئىقتىسادىي زىيان 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تورپاندا 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تارىختىكى شۇ مەزگىل ئىچىدە ئاز كۆرۈلىدىغان قاتتىق قارلىق ھاۋارايى كۆرۈلدى، 6 مىللىمېتىر قېلىنلىقتا قار يېغىپ، تارىختىكى يۇقىرى قىممەتتىن 0.7 مىللىمېتىر ئېشىپ كەتتى، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 5.3℃— قا چۈشۈپ قالدى، بۇنىڭ بىلەن بازغى بۇغداي تېرىلغۇ ئىشى 6 — 8 كۈن ئۈزۈلۈپ قالدى، تاغلىق رايونلاردا يىغىندى قار 75 — 100 سانتىمېتىرغا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 80 سانتىمېتىرغا يەتتى، ئازكەم 100 مىڭ گېكتار يەردىكى ئوتلاق قار ئاستىدا قالدى. 76 مىڭ 800 تۇياق چارۋا ئاپەتكە ئۇچرىدى، 2638 تۇياق قوي، 32 قوتاز، 18 ئات - ئېشەك ئۆلدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 650 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

لى شياۋيەن

شىنجاڭدىكى 15 شەھەرنىڭ 2000 - يىللىق مېتېئورولوگىيىسىدىكى مۇھىم ئامىللار

| شەھەر | تۈرى \ ئاي | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىللىق |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -13.9 | -9.5 | -0.5 | 13.2 | 19.1 | 21.9 | 24.7 | 23 | 17.8 | 3.1 | -4.8 | -7 | 7.3 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | -2.3 | 3 | 17 | 23.9 | 34.2 | 35.8 | 38.8 | 35.8 | 33.1 | 19.2 | 6.8 | 5.3 | 38.8 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -26.5 | -16.6 | -11.9 | 1.9 | 2.9 | 8.4 | 14.6 | 13.5 | 2.8 | -8.6 | -14.9 | -18.1 | -26.5 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 30.3 | 20.6 | 13.7 | 20.6 | 25.5 | 58.2 | 18.9 | 42.1 | 16.2 | 49.8 | 27.6 | 8.6 | 332.3 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 22 | 12 | 8 | 7 | 11 | 16 | 14 | 12 | 6 | 12 | 18 | 11 | 149 |
| قاراماي | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -16.5 | -10.8 | 2.3 | 15.9 | 21.8 | 26.2 | 28.5 | 27.2 | 20.6 | 5.9 | -4 | -10 | 8.9 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | -6.9 | -1.9 | 22.2 | 26.5 | 35.8 | 39.8 | 41.3 | 40 | 33.6 | 19.1 | 9.6 | 2.2 | 41.3 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -25.8 | -19.5 | -11.1 | 3.7 | 7.4 | 13.1 | 15.4 | 15.4 | 4.4 | -7 | -17.9 | -21.9 | -25.8 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 5.7 | 2.1 | 0.5 | 0.3 | 4.6 | 10.4 | 12.2 | 7.4 | 3.2 | 16.5 | 11.8 | 6.4 | 81.1 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 16 | 10 | 4 | 7 | 16 | 20 | 15 | 11 | 5 | 11 | 12 | 17 | 144 |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىخەنزە | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -17.2 | -11.4 | 0.9 | 15.4 | 21.1 | 24.6 | 26.3 | 24.5 | 17.7 | 4.9 | -3.1 | -10.2 | 7.8 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | -3.7 | 2.5 | 19.4 | 28.9 | 35.7 | 39 | 40.9 | 38.5 | 33.6 | 21.4 | 9.5 | 1.4 | 40.9 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -31.6 | -26.2 | -16.3 | 2.2 | 3.7 | 10.7 | 15.1 | 10.7 | 0.5 | -6.4 | -19 | -24 | -31.6 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 40.2 | 11.2 | 9.6 | 16.2 | 23 | 15.4 | 18.9 | 5.7 | 7.6 | 36.4 | 24.7 | 11 | 219.9 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 16 | 10 | 7 | 7 | 14 | 16 | 16 | 15 | 9 | 11 | 16 | 12 | 149 |
| غۇلجا | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -6.8 | -5 | 3.5 | 15.2 | 19.5 | 21.9 | 24 | 23.3 | 17.9 | 7.1 | 1.4 | -3.7 | 9.9 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 6.3 | 7.8 | 24.6 | 31 | 33.7 | 36.1 | 37.2 | 36.8 | 34.5 | 21.6 | 13.3 | 8.4 | 37.2 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -22.5 | -18.6 | -12.2 | 1.6 | 5.3 | 9.1 | 11.8 | 12.3 | 1.5 | -3 | -6.9 | -19.2 | -22.5 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 50.8 | 17.3 | 8.9 | 30.5 | 23.7 | 26.8 | 7.6 | 15.8 | 20.9 | 79.3 | 30.8 | 34.8 | 347.2 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 8 | 11 | 7 | 10 | 14 | 15 | 13 | 7 | 10 | 14 | 11 | 12 | 132 |
| چۆچەك | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -11.1 | -6.3 | 1.7 | 13.3 | 17.8 | 22.4 | 24 | 22.8 | 17.8 | 4 | -4.1 | -6.6 | 8 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 3 | 7.7 | 24 | 27.3 | 34.6 | 36.6 | 40 | 38.8 | 34 | 19.2 | 9 | 5 | 40 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -28.6 | -22.4 | -16.7 | 0 | 2.3 | 9.6 | 11.4 | 8.7 | -2.2 | -10.7 | -21.1 | -22.9 | -28.6 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 31.4 | 5.6 | 6.1 | 20 | 42.3 | 13.8 | 23 | 13.8 | 7.7 | 42 | 51.4 | 59.4 | 316.5 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 15 | 13 | 6 | 11 | 14 | 16 | 12 | 15 | 7 | 16 | 16 | 21 | 162 |
| ئالتاي | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -16.7 | -12.5 | -2.9 | 11.3 | 16.5 | 20.4 | 21.8 | 20.9 | 15.6 | 2.4 | -9.7 | -11.9 | 4.6 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | -3.9 | 2 | 17.3 | 24.2 | 31 | 34.1 | 35 | 35 | 29.5 | 18.7 | 1.8 | -1.1 | 35 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -37.1 | -27.3 | -19.6 | -1.6 | 1.5 | 6 | 8.8 | 8.2 | -2.7 | -13 | -28 | -31.5 | -37.1 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 20.4 | 0.6 | 1.8 | 13.5 | 31.1 | 32.6 | 27.3 | 4.1 | 6.4 | 45.2 | 42.6 | 53.8 | 279.4 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 12 | 10 | 3 | 7 | 15 | 17 | 10 | 12 | 7 | 12 | 18 | 2 | 144 |
| بورتالا | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -16.6 | -10.4 | 0.9 | 13.8 | 19.8 | 23.3 | 24.2 | 23.3 | 17.3 | 4.2 | -3.8 | -10.1 | 7.2 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | -1.7 | 1.3 | 19.9 | 28.3 | 34.8 | 37.9 | 39 | 37.9 | 32.4 | 17.1 | 9.6 | 3.1 | 39 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -27 | -22.8 | -13.6 | 0.5 | 5 | 8.9 | 13 | 11.2 | -0.7 | -6 | -14.7 | -23 | -27 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 8.6 | 6.5 | 12.1 | 2.9 | 11.2 | 16.4 | 43.6 | 16.8 | 8.4 | 22.9 | 7.4 | 3.2 | 160 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 12 | 14 | 6 | 8 | 13 | 17 | 12 | 16 | 4 | 11 | 18 | 13 | 144 |
| سانجى | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -14.2 | -8.8 | 1.4 | 15.7 | 21.3 | 24.4 | 27 | 25.1 | 19.3 | 5.2 | -2.9 | -8.7 | 8.7 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | -3.7 | 2.1 | 19.7 | 27.5 | 35.7 | 38.6 | 40.4 | 38.9 | 34.4 | 20.4 | 9.5 | 3.8 | 40.4 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -24.6 | -18.1 | -10.4 | 4.3 | 5.6 | 11.5 | 16.6 | 15.3 | 3.1 | -5.8 | -13.9 | 17.1 | -24.6 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 27.8 | 13.1 | 9.4 | 16.4 | 15.2 | 28.5 | 18 | 24.3 | 9.4 | 29.3 | 16.8 | 6.4 | 214.6 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 16 | 12 | 8 | 6 | 14 | 15 | 14 | 10 | 6 | 12 | 19 | 15 | 147 |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تۇرپان | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -5 | 0.5 | 10.9 | 21.3 | 28.3 | 30.7 | 32.7 | 30 | 24.5 | 11 | 2.2 | -3.2 | 15.3 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 2.4 | 11.4 | 28.6 | 31.3 | 40.9 | 43.7 | 47.7 | 44.8 | 38.7 | 27.1 | 16.9 | 6 | 47.7 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -11.8 | -9.9 | -1.6 | 10.4 | 16.4 | 17 | 20.9 | 18.8 | 11.8 | -0.4 | -6.5 | -11.1 | -11.8 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 1.6 | 6 | 4.7 | 0.4 | 0 | 1.4 | 0 | 0.7 | 0.7 | 0.9 | | 0 | 16.4 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 3 | 3 | 1 | 2 | 9 | 13 | 10 | 7 | 7 | 2 | | 2 | 59 |
| قۇمۇل | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -10.1 | -4 | 5.9 | 14.2 | 22.3 | 24.3 | 27.4 | 24.2 | 18.4 | 6.7 | -1.8 | -6.1 | 10.1 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 1 | 9 | 25.5 | 27.9 | 36 | 37 | 42.3 | 39.4 | 33.7 | 24.7 | 16 | 3.5 | 42.3 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -20.2 | -16.5 | -2 | 1 | 8.8 | 9.4 | 14 | 11.5 | 4.8 | -7.4 | -11.2 | -17.6 | -20.2 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 3.6 | 0.1 | 0 | 8.7 | 2.3 | 12.7 | 5.1 | 5.3 | 2 | 11 | 0 | 2.3 | 53.1 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 6 | 1 | 1 | 4 | 5 | 12 | 10 | 8 | 4 | 6 | 2 | 8 | 67 |
| كورلا | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -5.8 | 1.6 | 8.3 | 16.4 | 23 | 24.3 | 27.8 | 35.4 | 19.8 | 10 | 1.3 | -4.6 | 12 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 3.6 | 9.5 | 24.5 | 27.2 | 36 | 35.3 | 39 | 38.4 | 31.3 | 25 | 17.5 | 4 | 39 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -13.4 | -12.1 | -5.9 | 2.2 | 6.7 | 9.5 | 15.3 | 12.7 | 7.6 | -2.9 | -8.1 | -12.4 | -13.4 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 3 | 0.3 | 0 | 0 | 5.2 | 24 | 8.8 | 10.6 | 0.1 | 0.5 | 0 | 0.1 | 52.6 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 11 | 5 | 1 | 3 | 13 | 15 | 10 | 11 | 9 | 3 | 2 | 14 | 97 |
| ئاقسۇ | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -5.4 | -3 | 6.7 | 16.1 | 21.1 | 22.6 | 25.2 | 23 | 18.6 | 10.1 | 1.6 | -4.4 | 11.1 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 4.3 | 8.8 | 22.7 | 26.5 | 33.1 | 34.1 | 39.6 | 35.2 | 30 | 25.8 | 17.4 | 3.4 | 39.6 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -13.2 | -12.4 | -7 | 5.6 | 7.6 | 9.1 | 13.3 | 10.7 | 5.6 | -2.2 | -7 | -10 | -13.2 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 0 | 0.5 | | 0 | 8.1 | 26.3 | 6.9 | 3.2 | 6.6 | 2.8 | 2.6 | 1.8 | 58.8 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 5 | 1 | | 4 | 11 | 11 | 19 | 13 | 8 | 2 | 3 | 11 | 88 |
| ئاتۇش | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -2.4 | 0.5 | 9.3 | 17.9 | 24 | 26.2 | 27 | 26.4 | 21.1 | 13.7 | 4.4 | -3.4 | 13.7 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 19 | 10.5 | 23.3 | 31.7 | 34.7 | 35.8 | 39.3 | 37.1 | 34.9 | 25.6 | 25.1 | 14.5 | 39.3 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -10.2 | -9.1 | -2 | 1.9 | 11.8 | 11 | 17.2 | 13.7 | 9.8 | 1.6 | -6.4 | -9.9 | -10.2 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 0.2 | 0 | | 5.4 | 4.9 | 8.3 | 8.7 | 14.4 | 10.3 | 0 | | 0 | 52.2 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 8 | 1 | | 10 | 16 | 10 | 22 | 15 | 10 | 3 | | 10 | 105 |
| قەشقەر | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -2.2 | 0.3 | 8.8 | 16.9 | 22.5 | 24.4 | 25.7 | 24.8 | 19.8 | 12.6 | 4.4 | -3 | 12.9 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 18.9 | 10.6 | 23.4 | 31 | 33.3 | 33.8 | 36.4 | 35 | 31 | 25.8 | 24.6 | 14.5 | 36.4 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -11 | -9.3 | -2.9 | 1.1 | 10 | 10.2 | 16.9 | 12.5 | 7 | 0.3 | -6.4 | -10.8 | -11 |
| | ھۆل - يېغىن مىقدارى | 0.1 | 0 | | 0.9 | 1 | 6.5 | 3 | 2.8 | 9.9 | 1 | 0 | 0 | 25.2 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 8 | 1 | | 9 | 13 | 14 | 17 | 13 | 7 | 3 | 2 | 9 | 96 |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| چۆچەك | ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -1.3 | 6.4 | 9.3 | 18 | 24.1 | 24.7 | 25.8 | 25.5 | 20.4 | 13.5 | 4.9 | -2.7 | 13.6 |
| | يۇقىرى تېمپېراتۇرا | 20.5 | 10.5 | 24.2 | 30.2 | 37.6 | 36.9 | 37.5 | 36.3 | 32.7 | 26.8 | 23.5 | 12.4 | 37.6 |
| | تۆۋەن تېمپېراتۇرا | -9.3 | -8.9 | -2.4 | 5.5 | 13.1 | 13.1 | 17.8 | 13.7 | 8.6 | 2.4 | -4.4 | -10.3 | -10.3 |
| | مۆل - يېغىن مىقدارى | 0.1 | 0 | | 1 | 7.7 | 7.7 | 1.9 | 0 | 0.2 | 0 | 0 | 0.6 | 19.2 |
| | قار - يامغۇرلۇق كۈن | 3 | 2 | | 4 | 5 | 7 | 11 | 8 | 5 | 1 | 1 | 9 | 56 |

## مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبىرىي تارماقلىرىنىڭ تەدبىر بەلگىلىشى ئۈچۈن «مۇھىم ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش ئاخباراتى» مۇلازىمەت ماتېرىيالىدىن 13 نۇسخا، «ئەمەلىي ۋاقىت بويىچە مېتېئورولوگىيىلىك مۇلازىمەت دوكلاتى» دىن 26 سان يەتكۈزۈپ بەردى. مۇشۇ يىلدا شىنجاڭ بويىچە 20 قېتىم ئوتتۇراھالدىن يۇقىرى ھاۋارايى جەريانى كۆرۈلدى، تولۇق، مۇكەممەل بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى قىسقا مۇددەتلىك ئالدىن مەلۇمات بېرىش ئۈنۈملۈك ۋاقتىنى 36 سائەتتىن كۆپرەككە يەتكۈزدى. شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئەتىياز - ياز پەسلىدىكى كەلكۈن مەزگىلىدە ۋە كۈز - قىش پەسلىدە 3 ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، مېتېئورولوگىيىلىك مۇلازىمەت قىلىش ۋە ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش - ئاپەتنى ئازايتىش خىزمىتىنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى، 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «شىنجاڭ بويىچە ئەتىياز پەسلىدە مېتېئورولوگىيىلىك مۇلازىمەت قىلىش سەپەرۋەرلىك تېلېفون يىغىنى» ئېچىپ، «ئاپەت ئەھۋالى ئۈچۈر سىستېمىسى» نىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇردى، 24 سائەت ئىچىدە ئىگىلىگەن ئاپەت ئەھۋالى، ھاۋارايى ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە مۇلازىمەت ئەھۋالىنى يۇقىرىغا يوللاشنى، ئاپەت ئەھۋالىنى 48 سائەت ئىچىدە يۇقىرىغا يوللاشنى تەلەپ قىلدى. شىنجاڭ ھاۋارايى ئىستانسىسى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىمالىي شىنجاڭدا كۆرۈلگەن قاتتىق قار - بورانلىق ۋە تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەشتەك ھاۋارايى توغرىسىدا 48 سائەت بۇرۇن ئالدىن مەلۇمات بېرىپ، ئاپەتتىن بولىدىغان زىياننى ئەڭ ئاز دەرىجىگە چۈشۈردى؛ ئىلى، ئالتاي قاتارلىق جايلاردا چارۋاماللارنى ئوتلاققا كۆچۈرۈشكە مېتېئورولوگىيە جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىش مۇلازىمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، چارۋا ماللار بىخەتەر ئوتلاققا كۆچۈرۈلدى. شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە شىنجاڭ دائىرىسىدە دەسلەپتە ئازراق، كېيىن ئوتتۇراھال يامغۇر ياغىدىغانلىقى ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ غەربىي تەڭرىتاغدىكى تاغلىق رايونلارنىڭ قىسمەن رايونلىرىدا قاتتىق يامغۇر ياغىدىغانلىقى توغرىسىدا 48 سائەت بۇرۇن ئالدىن مەلۇمات بەردى. 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قاتتىق يامغۇر ياغىدىغانلىقى توغرىسىدا ئالدىن توغرا مەلۇمات بېرىلگەچكە، يامغۇر كەلكۈنى پەيدا قىلغان ئۆلۈم - يېتىم ھادىسىلىرى كۆرۈلمىدى. 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە قازاقىستاننىڭ بىريان تەرىپىدە پەيدا بولغان كۈچلۈك ئوت چاغانتوقاي تەۋەسىگە تۇتاشتى، شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق نازارەت قىلىپ كۆزىتىش، ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش ۋە راكېتا ئارقىلىق سۈنئىي يامغۇرنى كۆپەيتىش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىش ئىشىنى تەشكىللەپ، ئوتلاقتىكى بۇ خىل پەۋقۇلئاددە زور ئوت ئاپىتىنى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىشتا مۇھىم رول ئوينىدى. 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە شىمالىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭ رايونلىرىدا كۈز كىرگەندىن بۇيان بىر قېتىم ئەڭ كۈچلۈك ھاۋارايى جەريانى كۆرۈلدى. 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چۈشتە شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى بۇ خىل ھاۋارايىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئالدىن مەلۇمات بەردى، 7 - كۈنى سوغۇق ھاۋا ئېقىمى كىرىدىغانلىقى ۋە تۇنجى قار ياغىدىغانلىقى توغرىسىدا ئالدىن مەلۇمات بەردى. 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە، 20 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا يەنە ئوتتۇراھال يامغۇر قارغا ئايلىنىشتەك ھاۋارايى جەريانى 2 قېتىم كۆرۈلدى، شىنجاڭ ھاۋارايى ئىستانسىسىمۇ مۇددەتتىن بۇرۇن بىرقەدەر توغرا ئالدىن مەلۇمات بەردى. 11 - ئايدا ئالتاي، چۆچەك رايونلىرىدا ئومۇميۈزلۈك قاتتىق قار ياغدى. بىر قىسىم جايلاردا يىغىندى قارنىڭ قېلىنلىقى تارىختىكى رېكورتتىن ئېشىپ كەتتى، مېتېئورولوگىيە تارماقلىرى ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ خەيىمخەتەردىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىدە مۇھىم رول ئوينىدى.

شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى بىلەن شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى «دېھقانلار شادلىقى» پروگراممىسىدا «مېتېئورولوگىيە ۋە دېھقانچىلىق ئەھۋالى سەھىپىسى» نى

بىرلىكتە باشقۇردى، 121 خەت ساندۇقلىق ئارقىلىق «ھەر كۈن كۈنلۈك ئاگرومېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتى ئۇچۇرى» دېگەن تېمىدا تېلېۋىزىيە پروگراممىسى مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇردى ھەمدە ھەر ھەپتىنىڭ 2 - كۈنى «بىر ھەپتىلىك ھاۋارايىنى ئەسلەش ۋە كۈنلەرگە نەزەر» دېگەن تېمىدا تېلېفون مۇلازىمىتى قاتارلىقلارنى ئېلىپ باردى. «پاختىچىلىق، ئاشلىق، چارۋىچىلىق» ئاساس قىلىنغان سىستېمىلىق مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كېۋەز ئۆسۈشنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى ئىز قوغلاپ نازارەت قىلىش - ئۆلچەش، ئالدىن مەلۇمات بېرىش ۋە مۇلازىمەت قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى. سىستېمىلىق مۇلازىمەت دائىلىق زىرائەت ۋە چارۋىچىلىقتا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇردى. شىنجاڭ مۇھىت مېتېئورولوگىيە مەركىزى، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق مېتېئورولوگىيە مۇلازىمەت مەركىزى ۋە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك مېتېئورولوگىيە ئىستانسىلىرى، پاختىچىلىق (ئاشلىق) كەسپىي مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى ھەمدە ناھىيىلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى، ئاگرومېتېئورولوگىيىلىك سىناق ئۆلگىسى بازىسىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك مېتېئورولوگىيىلىك مۇلازىمەت سىستېمىسى بارلىققا كەلدى. مەخسۇس تۈرلەر بويىچە قانات يايدۇرۇلغان سىستېمىلىق مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. 2000 - يىلى مۆلدۈردىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن 1748 كۈن (قېتىم) مەشغۇلات قىلىندى، 95 مىڭ 27 پاي يامغۇر ياغدۇرۇش ئوقى، 504 پاي راكېتا ئوقى ئاتتى.

شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى بىلەن كۆپ قىسىم ۋىلايەتلەردىكى مېتېئورولوگىيە ئىدارىلىرى ھەرخىل ۋاسىتىلار ئارقىلىق كۆپچىلىككە جامائەت پاراۋانلىقى تىپىدىكى شەھەرلەرنىڭ مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتى ئۇچۇرلىرىنى داۋاملىق ئاشكارا ئېلان قىلدى، بۇلار ھاۋانى بۇلغايدىغان مېتېئورولوگىيىلىك شارائىتلاردىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش، ھاۋا سۈپىتى (بۇلغىما ماددىلارنىڭ قويۇقلۇقى، ئاتموسفېرا ساپلىقى قاتارلىقلار) دىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش، ئۇلترا بىنەپشە نۇر كۆرسەتكۈچىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش، مۇھىتنىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى ھوزۇرلۇق دەرىجىسىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش، داۋالىنىش ۋە سالامەتلىك مېتېئورولوگىيىسىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش ھەمدە ساياھەتچىلىك مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

جۇ يۇنپىڭ

## مېتېئورولوگىيە پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى

ئۈرۈمچى دەرياسى ۋادىسىنىڭ گىدرولوگىيە كىلىماتى رايونلارغا ئايرىلدى  بۇنى شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە كەسپىي مەركىزى تاماملىدى. 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان باھالاشتىن ئۆتتى. بۇنىڭدا كىچىك ھاۋزا دائىرىسىدە گىدرولوگىيە بىلەن مېتېئورولوگىيە ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن 3 دەرىجىلىك رايونلارغا ئايرىش يولغا قويۇلغان، بۇ مەملىكەت ئىچىدە تۇنجى قېتىم بارلىققا كەلتۈرۈلدى. بۇ تەتقىقات نەتىجىسىدە ھاۋزا دائىرىسىدىكى ئىسسىقلىق مىقدارى بىلەن گىدرولوگىيىلىك شارائىتنىڭ پەرقىگە ئاساسەن، رايونلارغا ئايرىشنىڭ 3 دەرىجىلىك كۆرسەتكۈچى ئىلمىي ئاساستا بېكىتىلىپ، تېخنىكا جەھەتتىكى قىيىن نۇقتىلار خېلى مۇۋاپىق ھەل قىلىنغان. ئۈرۈمچى دەرياسى ۋادىسىدىكى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق، سانائەت ئىشلىرى، شەھەرلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش پىلانى تۈزۈش ئۈچۈن مۇھىم گىدرولوگىيىلىك، مېتېئورولوگىيىلىك ئاساس ۋە ئاساسىي سانلىق مەلۇماتلار يەتكۈزۈپ بېرىلگەن.

ئاقسۇ ۋىلايىتىدە تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆزگىرىش ئالاھىدىلىكىنى ئانالىز قىلىش ۋە ئوبيېكتىپ مىقدارىغا دائىر ئالدىن مەلۇمات بېرىش ئۇسۇلى ئۈستىدە تەتقىقات  بۇنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى تاماملىدى، 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان باھالاشتىن ئۆتتى. مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى مۇنداق دەپ ھېسابلىدى، بۇ نەتىجىنىڭ تەتقىقات سەۋىيىسى شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە تارماقلىرىنىڭ شۇ خىلدىكى تەتقىقاتلىرى ئىچىدە ئىلغار سەۋىيىگە، ئېھتىماللىق ئورۇن ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى ۋە نېرۋا مېتاتور ئۇسۇلى جەھەتتە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكەن.

چېۋ زوڭشۇ

## مېتېئورولوگىيىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە كەسىپ سۈپىتى

2000 - يىلى شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە تارماقلىرى مېتېئورولوگىيە سۈنئىي ھەمراھدىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش كەسپىي سىستېمىسى (يەنى 9210 قۇرۇلۇشى) نى ئومۇميۈزلۈك تاماملىدى، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى VSAT كىچىك پونكىتلىرى نورمال ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ VSAT يەككە قوبۇللاش پونكىتلىرىنى قۇرۇش سانى نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى، 10 پونكىت قۇرۇلۇۋاتىدۇ. شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى ۋە كۆپ ساندىكى ۋىلايەتلىك (ئوبلاستلىق)، ناھىيىلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىلىرى شۇ دەرىجىلىك ھەرخىل مۇلازىمەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ تارىخىي ماتېرىيال ئامبىرىنى ۋە ئەمەلىي ۋاقىت ماتېرىيال ئامبىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە قۇرۇپ

چىقتى، 9210 قۇرۇلۇشىنىڭ تار دائىرىلىك تورى ۋە كەڭ دائىرىلىك تورى ئارقىلىق كۆپ يوللۇق ئۇچۇر ئاماشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى سانلىق قىسمەت مەلۇمات مەھسۇلاتلىرىنى ئىزاھلاپ قوللىنىش ئاساس قىلىنغان ناھىيىلەرگە ئاپىرىلغان ھاۋارايى ئامىللىرى مەلۇمات ئەندىزىسىنى بارلىققا كەلتۈردى، MICAPS نىڭ ئەمەلىي كۆرۈنمە يۈزىنى بارلىققا كەلتۈردى ۋە ئۇنى كېڭەيتتى، ئىلى، بايىنغولىن، ئالتاي، ئۈرۈمچى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە MICAPS سىستېمىسىدىن 2 - قېتىم پايدىلىنىشتا مەلۇم ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى دائىرىلىك سانلىق قىسمەت مەلۇمات سىستېمىسىنى كىرگۈزدى ھەمدە رايونلارغا بۆلۈنگەن مەلۇماتلارنى قوللىنىشتا دەسلەپكى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

مۇشۇ يىلدا يەر ئۈستىدىن ئۆلچەپ بېرىلگەن مەلۇماتلارنىڭ خاتالىق نىسبىتى 0.4‰ بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 0.1‰ ئازايدى، 4 قېتىم ئېغىر خاتالىق كۆرۈلۈپ، 1999 - يىلدىكىدىن 14 قېتىم ئازايدى؛ قۇياش رادىئاتسىيىسىنى ئۆلچەش مەلۇماتلىرىنىڭ خاتالىق نىسبىتى 0.07‰ بولۇپ، 1999 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى؛ يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىنى تەكشۈرۈشتە 6 خىل كۆرسەتكۈچ ساقلاپ قېلىندى. ئاگروكلىماتنى ئۆلچەش مەلۇماتىنىڭ خاتالىق نىسبىتى 2‰ تىن تۆۋەن ياكى شۇنىڭغا تەڭ بولدى. يەر ئۈستىدىن ئۆلچەپ مەلۇمات بېرىشتە 250 ئىسمىنا ئىشلەپ خاتالىق سادىر قىلمىغانلار 18 ئادەم (قېتىم) گە، يەر ئۈستىدە ۋە يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىدا تەكشۈرۈپ ئۆلچەشتە 100 ئىسمىنا ئىشلەپ، خاتالىق سادىر قىلمىغانلار 170 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. 2 كىشىگە ئەلا سۈپەتلىك ئۆلچەپ مەلۇمات بەرگۈچى دېگەن نام بېرىلدى، ئالدىن مەلۇمات بېرىش سۈپىتى جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى بەلگىلىگەن ئەلا سۈپەتلىك ئۆلچەمگە يەتتى. كەسپىي ئېھتىياجغا ئاساسەن، شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى سانلىق مەلۇمات يوللاش ئاساسىي سۇپىسىنى كورلىغا تەڭشەپ بەردى؛ ئۈلۈغچات، ئاقچىدىن ئىبارەت 2 سانلىق مەلۇمات يوللاش پونكىتى يېڭىدىن قۇرۇلدى ھەمدە كەسپىي جەھەتتە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. مېتېئورولوگىيە سۈنئىي ھەمراھ قوبۇللاش پونكىتى «بوران - چاپقۇن — 2» B تۇرغۇن سۈنئىي ھەمراھىنىڭ ئارىلىقىنى ئۆلچەش خىزمىتىنى ئىشلىدى.

2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە مېتېئورولوگىيە سىستېمىسىدا 15 پەن تەتقىقات تېمىسى يېڭىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 1999 - يىلدىكىدىن 5 تەتقىقات تۈرى ئېشىپ قالدى، 5 تەتقىقات تۈرى باھالاش ۋە تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى؛ پەن تەتقىقات نەتىجىسىدىن 8 تۈر مۇكاپاتلاندى، بۇلار ئىچىدە بىر تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتى بويىچە 4 تۈر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 2 تۈر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، بىر تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. مۇشۇ يىلدا 11 قارار ھەرخىل باشقۇرۇش، كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 602 كىشى تەربىيىلەندى.

جۇ يۇنپىڭ

## مېتېئورولوگىيە پەن تەتقىقاتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەخسۇس مەبلەغ تۈزۈمى ئورنىتىلدى

2000 - يىلى شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى ئاپتونوم رايون، ۋىلايەتتىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك پەن تەتقىقات تەرەققىيات فوندى تۇرغۇزدى، بۇ ئاساسەن ئەمەلىي پەن تەتقىقات تۈرلىرىنى تۇرغۇزۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئىدارە دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ پەن تەتقىقات فوندى ئىدارە قارمىقىدىكى شىركەتلەرنىڭ كىرىمىدىن 3% نىسبەت بويىچە ئاجرىتىلىدۇ؛ باشقارما دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ پەن تەتقىقات فوندى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى بىلەن بىۋاستە قاراشلىق كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كىرىمىدىن 2% نىسبەت بويىچە ئاجرىتىلىدۇ. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر بىر نامرات رايوندىكى مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى ۋە 5 كەسپىي خاراكتېرلىك، پەن تەتقىقات خاراكتېرلىك بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردا پەن تەتقىقاتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەخسۇس فوندى تۈزۈمى ئورنىتىلدى ھەمدە پەن تەتقىقاتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرلىرى تەشكىللىك تۈردە ئېلىپ بېرىلدى.

لى خۇڭيەن

## مېتېئورولوگىيە پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى ۋە كەسپ ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ مېتېئورولوگىيە پەن - تېخنىكا مۇلازىمەت سىستېمىسى بىلەن كەسپىي سىستېمىسىنىڭ رامكىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللىنىپ بولدى، نۇقتىدا سىناق قىلىش ئارقىلىق ئەڭ ياخشى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى كىرىمى بىلەن كەسپىي كىرىم ھەر يىلى 20% تىن كۆپرەك ئاشتى. مۇلازىمەت ئىشلىرى 100 دىن كۆپرەك ساھە ۋە تارماققا چېتىلىدۇ. تۆۋرۈك تىپىدىكى تۈرلەر

تېلېۋىزىيە مېتېئورولوگىيە پروگراممىلىرى ئىلان مۇلازىمىتى، چاقماق قايتۇرۇشنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ۋە مۇلدۇردىن مۇداپىئەلىنىش قۇرۇلۇشى، مېتېئورولوگىيە كەسپى بويىچە ھەقلىق مۇلازىمەت قىلىش، مېتېئورولوگىيە ئۈچۈرلىرىنى ئىزدەپ چاقىرىش مۇلازىمىتى، كومپيۇتېرنى ئەمەلىي قوللىنىش تېخنىكا مۇلازىمىتى (مەسىلەن: چېگىتلىك پاختىنى ئېلېكترون تارازىلىق مىكرو كومپيۇتېر ئارقىلىق سېتىۋېلىش سىستېمىسى) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شىنجاڭ بويىچە تېلېۋىزىيە مېتېئورولوگىيە پروگراممىلىرى ئىلان مۇلازىمىتى ھەمكارلىق تورى بەرپا قىلىندى. مېتېئورولوگىيە پروگراممىسى ئىلان مۇلازىمىتىنى يولغا قويغان ناھىيىلەردىكى مېتېئورولوگىيە ئىدارىلىرى 5 تىن 10 غا كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە كۆپ خىل پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى ۋە كەسپىي تۈرلەر قانات يايدۇرۇلدى.

چې جياشىن

## مېتېئورولوگىيە كەسپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە يەرلىك مېتېئورولوگىيە كەسپى

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ مېتېئورولوگىيە كەسپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئىشى ئاساسەن شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىگە بىۋاسىتە قاراشلىق كەسپىي ئورۇنلاردا ئېلىپ بېرىلدى. ئەسلىدىكى مېتېئورولوگىيە كەسپىي مەركىزى «شىنجاڭ مۇھىت مېتېئورولوگىيە مەركىزى» قىلىپ، ئەسلىدىكى شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە پەن تەتقىقات ئورنى «شىنجاڭ مۇھىت مېتېئورولوگىيە پەن تەتقىقات ئورنى» قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، پەن - تېخنىكا تىپىدىكى تىجارەت خاراكتېرلىك دۆلەت مۈلكى ترانسپورت ئىشخانىسى، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ بوغالتىرلىق راسچوت مەركىزى قۇرۇلدى. قاراماي، ئالتاي قاتارلىق ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىلىرىدا بارلىق خادىملارنى تەكلىپ قىلىش تۈزۈمى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلۇپ، 2 خىل تاللاش، رىقابەتلىشىپ ئىش ئورنىغا چىقىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە مەكتىپىنىڭ نامى «شىنجاڭ ئۈچۈر قۇرۇلۇشى مەكتىپى» قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. شىخەنزە مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىدا بىكتۈەن 8 - شى مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ ۋىۋىسكىسى ئېسىلدى.

2000 - يىلى جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى شىنجاڭغا 10 مىليون 950 مىڭ يۈەن ئاساسىي قۇرۇلۇش خىراجىتى سەرپ قىلدى، 9441 كۋادرات مېتىر ئىشخانا، تۇرمۇش ئۆيلىرى يېڭىدىن سېلىندى ھەمدە پۈتتۈرۈلدى؛ 8 ئورۇننىڭ سۇ، توك، يول مەسىلىسى ھەل قىلىندى، قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇ، ئاقسۇ، ئىلى مېتېئورولوگىيە ئىدارىلىرى ۋە ئۇلارغا قاراشلىق ئىستانسا - پونكىتلارنىڭ 11 مىڭ 901 مېتىر ئۆزئۆزلۈكتىكى قورۇق تېمى ئېتىلدى.

2000 - يىلى 3 مىليون 200 مىڭ يۈەن پاختىچىلىق قۇرۇلۇشى مەبلىغى ئەقلەشتى. 7 مىليون 222 مىڭ يۈەن (ھاۋارايىغا سۈنئىي تەسىر كۆرسىتىش تۈرى خىراجىتى بۇنىڭ سىرتىدا) مېتېئورولوگىيە كەسپىي خىراجىتى يەرلىك مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ 3 مىليون 700 مىڭ يۈەن، ۋىلايەت (شەھەر)، ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ 3 مىليون 572 مىڭ يۈەن. ئاپتونوم رايون مېتېئورولوگىيە ئاساسىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 580 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى شامالئۆتەڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى نازارەت قىلىش - ئۆلچەش پونكىتى كەسپىنى رەسمىي قانات يايدۇردى، ئاپلىنىش ئەھۋالى نورمال بولدى. تارباغاتاي ۋىلايىتى بۇنىڭ ئۈچۈن مالىيەدىن 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى.

جۇ يۈنپىڭ

## تاشقى پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى

2000 - يىلى شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى لېكسىيە سۆزلەش، خەلقئارالىق مېتېئورولوگىيە پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرلىرىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلگەن 5 چەت ئەل مۇتەخەسسىسلەر ئۆمەك - گۇرۇپپىسىدىكى 15 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى؛ تەربىيىلىنىش، تەكشۈرۈش، زىيارەت قىلىش ۋە خەلقئارا يىغىنلارغا قاتنىشىش ئۈچۈن 8 مېتېئورولوگىيە مۇتەخەسسىسلەر ئۆمەك - گۇرۇپپىسى تەركىبىدە 12 ئادەم (قېتىم) چەت ئەلگە چىقتى.

لى لى

## ئىلغارلارنى تەقدىرلەش ئەھۋالى

2000 - يىلى يەكەن ناھىيىلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىدىن ليۇ سوجيەن كادىرلار مىنىستىرلىكى بىلەن جۇڭگو مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ بىرلىكتە تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى، ئۇنىڭغا مەملىكەت بويىچە مېتېئورولوگىيە سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى دەپ نام بېرىلدى؛ شىخەنزە مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى، پىچان ناھىيىلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىگە ۋە لۇ گويىڭ (شىنجاڭ مۇھىت مېتېئورولوگىيە مەركىزىدىن)، گو شىنخۇا (ئالتاي مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىدىن)، جياڭ شىنبو (بايىنغولىن ئوبلاستلىق مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىدىن)، روسۇل (كۈچار ناھىيىلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىدىن)، لى جىڭلىن (ئۈرۈمچى شەھەرلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىدىن)، ۋۇ شۈمىي (ئىلى مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىدىن) لارغا مەملىكەت بويىچە

مېتېئورولوگىيە تارماقلىرىنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخس دەپ نام بېرىلدى؛ شىنجاڭ مۇھىت مېتېئورولوگىيە مەركىزىنىڭ تور يۇمشاق دېتال بۆلۈمىگە ۋە ياۋ زوشىن (شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى كەسىپىي باشقارمىسىدىن) گە مەملىكەت بويىچە مېتېئورولوگىيە تارماقلىرى (مېتېئورولوگىيە سۇنئىي ھەمراھىدىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش كەسپىي سىستېمىسى) (يەنى 9210 قۇرۇلۇشى) دىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخس دەپ نام بېرىلدى؛ شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى بىلەن گاۋ يىلىن (قەشقەر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىدىن) 2000 - يىلى مەملىكەت بويىچە مېتېئورولوگىيە تارماقلىرىدىكى زور مېتېئورولوگىيە مۇلازىمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

جۇ يۈنىڭ

# پەن - تېخنىكا

## شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئەھۋالى

### يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش قائىدىسىدا چىڭ تۇرۇپ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ۋە 5 چوڭ بازا قۇرۇش، 10 تۈۋرۈك كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇش، 100 تۈرلۈك داڭلىق مەھسۇلات يارىتىش مەزمۇن قىلىنغان «511» ئىستراتېگىيىلىك قۇرۇلۇشنى زىچ چۆرىدەپ، يارامىلىق يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش بويىچە جەمئىي 134 تۈر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە داۋاملاشتۇرۇلىدىغان تۈر 89، يېڭىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۈر 45 بولۇپ، پۈتكۈل تۈرگە 10 مىليون يۈەن مەبلەغ ئاجراتتى.

1. كەسىپ قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، ئاشلىق - پاختا ئىشلەپچىقىرىش گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ئەلا سورتلار كېڭەيتىلىپ، بىرلىك ھوسۇلنى ئاشۇرۇش ئاساس قىلىنىپ، ئومۇمىي مەھسۇلات ئاشۇرۇلدى.

«مو بېشى ھوسۇلىنى كەڭ كۆلەمدە 120 كىلوگرام (ھەر گېكتار يەرنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى 1800 كىلوگرام) غا يەتكۈزۈش ئەندىزىسى بويىچە كېۋەز تېرىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش» تۈرى 2000 - يىلى 18 ناھىيە، شەھەردىكى 177 مىڭ گېكتار يەردە كېڭەيتىلدى، ھەر گېكتار يەرنىڭ مو بېشىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1876.5 كىلوگرام ھوسۇل ئېلىنىپ، ساپ پاختا 43 مىڭ 420 توننا، مەھسۇلات قىممىتى 430 مىليون يۈەن ئاشۇرۇلدى.

«سۈپەتلىك مەخسۇس بۇغداي تۈرى» دە ئاپتونوم رايون بويىچە «شىنجاڭ كۈزلۈكى — 17، 18»، «كۇيتۇن كۈزلۈكى — 5»، «شىنجاڭ يازلىقى — 6»، Y20، لوبلىن قاتارلىق يېڭى سۈپەتلىك سورتلار 47 مىڭ گېكتار يەردە ئومۇملاشتۇرۇلدى، ھەر گېكتار يەردىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5490 كىلوگرام ھوسۇل ئېلىنىپ، يېڭىدىن ئاشقان ئىقتىسادىي ئۈنۈم 18 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

«شىنجاڭ ئالاھىدە كۆممىقوناقنى ئۆلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىش ۋە ئۇنى پىششىقلاپ پايدىلىنىش» تۈرىدە، سۈپەتلىك، ئاقسىللىق كۆممىقوناقنى 3000 گېكتار يەردە، ئالاھىدە كۆممىقوناقنى 218.7 گېكتار يەردە، يېرىلما كۆممىقوناقنى 20 گېكتار يەردە كېڭەيتىش ئىشى تاماملاندى ھەمدە ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ ئەنەنچۈي يېزىسى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرى دۇڭشەن رايونىنىڭ لۇساۋگۇ يېزىسىدا كۈنىگە 20 مىڭ باش ھۆل كۆممىقوناقنى ئوراپ قاچىلايدىغان ۋە يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 100 — 200 توننا بولغان پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىدىن 2 سى قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىچكى ئۆلكىلەردىن ھەر خىل ئالاھىدە كۆممىقوناقنىڭ 30 خىل شالغۇت سورتى كىرگۈزۈلدى.

2. ئورمانچىلىق - مېۋىچىلىك زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، رايون ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋزەللىكىگە ئىگە باغۋەنچىلىك، ئورمانچىلىق - مېۋىچىلىك، پىششىقلاپ ئىشلەش، ھۆل يېتى زاپاس ساقلاش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ئىشى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلدى.

«جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئۆرۈك، ئانار بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنى كەسىپلەشتۈرۈش بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىش» تۈرى، قاغىلىق، يېڭىسار، چىرا ۋە گۇما قاتارلىق ناھىيىلەردە ئۇقتىلىق يولغا قويۇلۇپ، 38 گېكتار يەردە ھەر خىل ئۆرۈك يېتىشتۈرۈش كۆچىتى، كەسمە كۆچەتزارلىق، ئۇلاق كۆچىتى يېتىشتۈرۈلدى، ئۇنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى %90 تىن ئاشتى، ئۆرۈكلۈك، ئانار باغلىرىغا كۆچەت تىكىش ۋە ئۇنى مول ھوسۇللۇق قىلىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 333.3 گېكتار يەردە كېڭەيتىلدى، ئۆلگە رايونلىرىدا دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش قەدىمى تېزلىتىلدى.

«ئەلا سورتلۇق ياڭاق دەرىخىنى تىكىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش» تۈرىدە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ياڭاق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايونلاردا تۆۋەن مەھسۇلاتلىق ياڭاق دەرىخىنى ياخشىلاش تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى، 247 مىڭ 600 تۈپ ياڭاق

دېرىخى ياخشىلاندى، ئەي بولۇش نىسبىتى %95 تىن ئاشتى، ئەلا سورتلارنى كېڭەيتىش ئارقىلىق ياڭاق مەھسۇلاتى 2 ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى.

«ئانارنىڭ ئەلا سورتلىرىنى كۆپەيتىپ يېتىشتۈرۈپ مول ھوسۇللۇق قىلىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش» تۈرى 8000 گېكتار يەردە يولغا قويۇلدى؛ «قارا ئۈزۈمنىڭ ئەلا سورتلىرىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇنى يۇقىرى ھوسۇللۇق قىلىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى» نى كېڭەيتىش تۈرى قەشقەر ۋىلايىتىدە يولغا قويۇلۇپ، 12 مىڭ تۈپ قارا ئۈزۈم ئۇلاپ ياخشىلاندى، 422.3 گېكتار يەرگە يېڭىدىن كۆچەت قويۇلدى، ئەي بولۇش نىسبىتى %85 تىن ئاشتى، 66.7 گېكتار يەر پەن - تېخنىكا بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قىلىپ پىلانلاندى.

«مېۋە - چېۋىلەرنى ھۆل پېتى ساقلاش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش» تۈرىدە، ھۆل پېتى ساقلاش قەغىزى ئاساس قىلىنغان ئۈزۈم ساقلاش - توشۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتى داۋاملىق ئېلىپ بېرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ھۆل پېتى ساقلاش قەغىزىدىن 300 مىڭ پارچە كېڭەيتىپ ئىشلىتىلدى، سانجى ئوبلاستىدا ھۆل ئۈزۈمنى زاپاس ساقلاش تېخنىكىسى كېڭەيتىلىپ، تەخمىنەن 600 توننىدىن كۆپرەك ئۈزۈم زاپاس ساقلاندى.

«شىمالىي شىنجاڭدىكى ھۆل يېمەكلىك ئۈزۈم بازىسىدا سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئۇنىۋېرسال تېخنىكىلارنى كېڭەيتىش» تۈرىدە، ئۈزۈمنىڭ 5 خىل يېڭى سورتى كىرگۈزۈلۈپ، 86.7 گېكتار يەردە ھۆل يېمەكلىك ئۈزۈمزارلىق بەرپا قىلىندى، ھوسۇلى تۆۋەن، سۈپىتى ناچار بولغان 80 گېكتار يەردىكى ئۈزۈمزارلىق ياخشىلاندى.

مەھسۇلات نامى داڭلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلىپ، كارخانىلارنىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە مەھسۇلاتتا يېڭىلىق يارىتىش ئىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، بۆغدىن ئىشلەنگەن «ئالادىڭ» ماركىلىق 23 خىل يۈرۈشلۈك مەھسۇلات، بۆلجورگەندىن ئىشلەنگەن «بەش قىتئە ماركىلىق» 2 خىل يۈرۈشلۈك مەھسۇلات، قارىقاتتىن ئىشلەنگەن «ۋېيدې» ماركىلىق يۈرۈشلۈك مەھسۇلات قاتارلىق 10 نەچچە خىل نامى چىققان مەھسۇلاتلار بارلىققا كەلتۈرۈلدى، جياڭسۇ ئۆلكىسى «ۋېيۋېي» گۇرۇھىنىڭ ئىلغار تېخنىكىسى ۋە داڭلىق تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، «ۋېيۋېي» سىستېمىسىدىكى كالتسىي ماددىسى يۇقىرى، قەنت ماددىسى تۆۋەن بولغان 10 نەچچە خىل يېڭى يۈرچاق سۈت پاراشوكى بارلىققا كەلتۈرۈلدى، 16 خىل دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ پىششىقلاپ ئىشلەش تۈرى كېڭەيتىلىپ 100 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەھسۇلات قىممىتى يارىتىلدى.

3. سۇ تېجەش - سۇغىرىش تېخنىكىسى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇلدى ۋە سۇ مەھسۇلاتلىرى كەسپى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلدى.

«شىنجاڭ بويىچە يۇقىرى پەن - تېخنىكىلىق سۇ تېجەش تېخنىكىسىدا ئۈلگە كۆرسىتىش ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇش» تۈرىدە، 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يۆركۈپ سۇغىرىش، تېمىتىپ سۇغىرىش قاتارلىق يۇقىرى، يېڭى سۇ تېجەش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، 20 مىڭ گېكتار يەرنى سۇغىرىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ھەرقايسى ئۈلگە رايونلىرىنىڭ يۇقىرى، يېڭى سۇ تېجەش تېخنىكىسى بويىچە 8000 مىڭ گېكتار ئۈلگە رايوننى پىلانلاپ چىقىشىغا ياردەم بېرىلدى.

«دولقۇنلىتىپ سۇغىرىش، سۇ تېجەش تېخنىكىسىدا كەڭ دائىرىدە ئۈلگە كۆرسىتىش ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇش» تۈرىدە، 2000 - يىلى كىرگۈزۈلگەن ئۈسكۈنىلەر ياخشىلاندى. دولقۇنلىتىپ سۇغىرىش بىلەن كونا ئۇسۇل بويىچە سۇغىرىشنى سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ سۇغىرىش سۈرئىتى تېز، سۇغىرىش ۋاقتى ئاز بولۇپ، سۇنى %10 — %27 كىچە تېجىگىلى، مەھسۇلاتنى %15.4 ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

«ئېكولوگىيىلىك بېلىقچىلىق ئەندىزىسىنى سىناق قىلىش - ئومۇملاشتۇرۇش» تۈرى يەكەن، قەشقەر كونا شەھەر، پەيزاۋات دېھقانچىلىق مەيدانى، شىنجاڭ نەسىللىك سۇ مەھسۇلاتلىرىنى كۆپەيتىش مەيدانى قاتارلىق جايلاردا يولغا قويۇلۇپ، بېلىق، يېشىل قۇيرۇقلۇق راك، دەريا قىسقۇچپاقىسى بېقىپ كۆپەيتىلدى، ئۇنىڭ كۆلىمى 62.3 گېكتارغا، ھەرخىل سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 652 مىڭ 470 كىلوگىرامغا يەتتى؛ 3900 توخۇ، 270 تۇياق چوشقا، 345 قوي بېقىپ كۆپەيتىلدى؛ 0.4 گېكتار پارنىكتا كۆكتات تېرىلىپ، 32 توننا ھوسۇل ئېلىندى.

«شاللىقلاردا قىسقۇچپاقا بېقىش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش» تۈرى مىچۈەن شەھىرى، ئىلى ۋىلايىتى، قەشقەر ۋىلايىتىدە ئۈلگە كۆرسىتىش يۈزىسىدىن سىناق قىلىنىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى.

4. شىنجاڭنىڭ داڭلىق چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە ئۆزگىچە چارۋىچىلىقى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلدى.

«ئەلا نەسىللىك چارۋىلار ۋە تۆرەلمىلەرنى كىرگۈزۈپ، يەرلىك كالىلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش قەدىمىنى تېزلىتىش» تۈرىدە، گۇاڭ شىڭجۇ نەسىللىك چارۋا بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشى تاماملاندى، تۇنجى تۆركۈمدە گۆش كالىسىنىڭ تۆرەلمىسىنى ئىشلەپچىقىرىش ئىشى تاماملاندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 9 - شى 165 - تۇەن - مەيدانى، كۆچا

ناھىيىسىدە كالا تۈرلىرى كۆچۈرۈلدى.

«شىنجاڭنىڭ سۈپەتلىك ئىنچىكە تالالىق قوي يۇڭىنى كەسپلەشتۈرۈشتە ئۈلگە كۆرسىتىش قورۇلۇشى» تۈرىدە، «ساپال» ناملىق قوي يۇڭىنىڭ سۈپىتىنى باشقۇرۇش ۋە تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنىڭ سالمىقى زورايتىلدى؛ ئۇ بازار تاپقاچقا، «ساپال» ناملىق سۈپەتلىك ئىنچىكە تالالىق قوي يۇڭى ئىشلەپچىقىرىلىپ، نەتىجىدە قوي يۇڭى بازىرىدا كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىشتا ئۆزگىرىش بولدى. 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈرۈمچى تۈركۈمىدە 560 توننا ئىنچىكە تالالىق قوي يۇڭى كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىش يەرمەنكىسىدە 2 سائەت ئىچىدىلا پاك - پاكىزە سېتىلىپ بولدى، ھەر بىر كىلوگرام ساپ قوي يۇڭى 41.5 يۈەن ئەلا يۇقىرى باھادا سېتىلدى، ھەربىر كىلوگرام قوي يۇڭىنىڭ ئەسلىدىكى 21.61 يۈەن باھاسى بويىچە ھېسابلىغاندا، يېقىنقى 10 يىل ئىچىدە شىنجاڭ قوي يۇڭىنىڭ ئەڭ يۇقىرى باھادا سېتىلغانلىقىدىن شۇنداقلا 2000 - يىلى ئېلىمىز بويىچە ئىنچىكە تالالىق قوي يۇڭىنىڭ سېتىلىش باھاسى ئەڭ يۇقىرى بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

«تايغان بۇغىلارنى كۆندۈرۈش - بېقىش ئۇنىۋېرسال تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش - قوللىنىش» تۈرىدە، 700 تۇياق تايغان بۇغا ئۇرۇقلاندۇرۇلدى، ئۇرۇقلىنىش نىسبىتى 96.43% كە يەتتى. 632 تۇياق بۇغا بالىسى تۇغۇلدى، ئۇنىڭ 619 ى قاتارغا قوشۇلدى، 4 مىليون 330 مىڭ يۈەن مەھسۇلات قىممىتى يارىتىلدى. 1621 تۇياق بۇغىنىڭ مۈڭگۈزىنى كۆپەيتىش تېخنىكىسى تاماملاندى، ھەربىر تۇياق بۇغىنىڭ مۈڭگۈزى 1999 - يىلدىكىدىن 662 گرام ئاشتى، 11 مىڭ 318 كىلوگرام (ھۆل ئېغىرلىقى) مۈڭگۈز ئېلىنىپ، مەھسۇلات قىممىتى 800 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ئاشۇرۇلدى.

«ئەنئەنىۋى ئۆي قۇشلىرىنى كۆلەملەشتۈرۈپ بېقىش تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش» تۈرىدە، چۈجىلەرنى قەپەزدە يېتىلدۈرۈش، قاتارغا قوشۇش تېخنىكىسى قوللىنىلىپ، نەسىللىك ئورمان كەكلىكىنىڭ قاتارغا قوشۇلۇش نىسبىتى ئۆستۈرۈلدى، ئەركەك كەكلىكنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 590 گرامغا، چىشى كەكلىكنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 438.15 گرامغا يەتكۈزۈلدى، ئېغىرلىقى تۇخۇم تۇغۇشقا ماسلىشالايدىغان بولدى ھەمدە ئاقسۇ ۋىلايىتى، سانجى ئوبلاستى، ئىلى ۋىلايىتىدە 20 مىڭ نەسىللىك كەكلىك ئومۇملاشتۇرۇلدى، قولدىن چىققان تاۋار كەكلىك 15 مىڭغا يەتتى.

5. يېڭى تېخنىكا، يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتىپ ئومۇملاشتۇرۇش ئىشى چىڭ تۇتۇلۇپ، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ۋە چارۋا مال، قۇشلاردا بولىدىغان كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش سالمىقى زورايتىلدى.

«سۈيۈنچىن تاياقچە باكتېرىيىسى (Bt) پاسالمىسىدىن پايدىلىنىپ، غوزا قۇرتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش»، «ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆسۈشىنى تەڭشەش يېڭى دورىسى — بوغۇم ئارىلىقىنى قىسقارتىش دورىسىنى ئۈلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىش»، «يۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەردە ئازوتنى تۇراقلاندۇرغۇچ سىمبىيوزلۇق يىلتىز تۈگۈنەك باكتېرىيىسىنى ئۈلگە كۆرسىتىپ ئومۇملاشتۇرۇش»، «ياڭيۇنى ۋىرۇسسىزلاندۇرىدىغان كىچىك ياڭيۇ ۋە سورتلۇق ياڭيۇنى كۆپەيتىش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش»، «قەشقەر ۋىلايىتىدىكى كالا - قويلاردا بولىدىغان ئاساسلىق پارازىت قۇرت كېسىلىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش قورۇلۇشى»، «ئىلى ۋىلايىتىدىكى كالا - قويلاردا بولىدىغان ئاساسلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈلگە قورۇلۇشى ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇش» قاتارلىق تۈرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشكە كۈچلۈك تۈرتكە بولدى.

«بىئولوگىيىلىك ھاشارات ئۆلتۈرۈش دورىسى (902) نى تەتقىق قىلىپ ياساش ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇش»، «غوزا قۇرتى ۋە كېۋەز پىتىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش» تۈرىدە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى.

6. يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە يېزا ئىگىلىكى مۇلازىمىتى كۈچەيتىلدى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قوغدالدى.

«1 مىليون مو (67 مىڭ گېكتار) يەردىكى ئاشلىق - پاختىدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشتا ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش»، «ئۇنىۋېرسال سۇ تېجەشتە ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش»، «ئوتلاقلارنى ياخشىلاش ۋە ئوت - چۆپ يىغىۋېلىشتا ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش»، «كېۋەز مايسا مەزگىلى (تۆنجى سۇيى بېرىلىشتىن ئىلگىرى) دە قالدۇق سۇلياۋ يىغىۋېلىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش سىنىقى ۋە ئۈلگە كۆرسىتىپ ئومۇملاشتۇرۇش»، «10 مىڭ مو (7.666 گېكتار) چۈچۈكبۇيا بازىسىدا ماشىنىلاشتۇرۇپ تېرىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش» تۈرىدە، توغرا ئۇرۇق سېلىش، خىمىيىۋى ئوغۇتنى چوڭقۇر بېرىش، ئاشلىق - پاختىدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش، ئۇنىۋېرسال سۇ تېجەش، ئوتلاقلارنى ياخشىلاش ۋە ئوت - چۆپ يىغىۋېلىش،

قالدۇق سۇلياۋنى يىغىۋېلىش قاتارلىقلارنى ماشىنىلاشتۇرۇش - گۈرۈپپىلاشتۇرۇپ يۇرۇشلەشتۈرۈش تېخنىكىسى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ماشىنىلىشىش تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

«ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا يۈرۈشلەشكەن مېتېئورولوگىيىلىك كاپالەت مۇلازىمىتى ۋە ئۇنىڭ تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش» تۈرىدە، ھاۋارايى، ھاۋا كىلىماتىنى (ئۇزاق مەزگىللىك، ئوتتۇرا مەزگىللىك، قىسقا مەزگىللىك) ئالدىن ئۆلچەش ۋە يارامىلىق يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى، كومپيۇتېر تېخنىكىسى، تورلاشتۇرۇش تېخنىكىسى، يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ خىزمەتلەر قانات يايدۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ ئاشلىق - پاختىچىلىق بازىسى قۇرۇلۇشى ۋە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى مېتېئورولوگىيىلىك كاپالەت مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى ھەمدە ئاپتۇچلۇق تېخنىكىلار ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا ئومۇملاشتۇرۇلدى.

2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك سىستېمىسىدىكى نازارەت، ئىدارىلەر، تەتقىقات يۇرتى ۋە مەكتەپلەر ھەمدە تۈرلەرنى زىممىسىگە ئالغان ئالاقىدار ئورۇنلار يېزا ئىگىلىكنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تۈرلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش يۈزىسىدىن تەشكىللىگەن 2000 دىن ئارتۇق كىشى ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىلاردىكى 20 مىڭغا يېقىن پەن - تېخنىكا خادىمىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلىدىغان تۈرلەرنى يولغا قويۇشىغا ھەمكارلاشتى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى. يېزا ئىگىلىكنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تۈرلىرىنىڭ بىۋاسىتە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى 1 مىليارد 150 مىليون يۈەنگە يەتتى. پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ئاشۇرۇشقا تۆھپە قوشۇش نىسبىتى تەخمىنەن %45 كە يەتتى.

لىۋ جىمىڭ

## ۋىلايەت - ناھىيىلەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، كادىرلار نازارىتى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، 2000 - يىل 3 - ئايدىن 4 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە قەشقەر، ئاقسۇ، بايىنغولىن، قىزىلسۇ، بورتالا، ئىلى، ئالتايدىن ئىبارەت 7 ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە قەشقەر يېڭىشەھەر، ئاۋات، باي، خېجىڭ، ماناس، ساۋەن، غۇلجا، كۈنەس، قورغاس، كۆكتوقايدىن ئىبارەت 10 ناھىيە ۋە غۇلجا شەھىرى، قاراماي شەھىرى مايتاغ رايونى، ئۈرۈمچى شەھىرى تۇدۇڭخابا رايونى، ئالتاي شەھىرىدىكى پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى ھەمدە زىيالىيلار خىزمىتى ئەھۋالىنى شۇنىڭدەك پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىم (مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى، رايون باشلىقى) نىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

ش ئۇ ئا ر شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسى 2000 - يىل 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دۆلەت پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، كادىرلار نازارىتى، مالىيە نازارىتى، پىلان كومىتېتى، ستاتىستىكا ئىدارىسى قاتارلىق تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ، پەن - تېخنىكا خىزمىتىدە مەملىكەت بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) بولۇشقا ئۆزىنى مەلۇم قىلغان ئورۇنلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈردى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تۇدۇڭخابا رايونى، خېجىڭ، ماناس، كۈنەس، غۇلجا، ساۋەن، ئاۋات، باي، كۆكتوقاي ناھىيىلىرى ۋە غۇلجا شەھىرى تەكشۈرۈشتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى ھەمدە پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللاندى. 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلەرنى ئويۇشتۇرۇپ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ھەيئىتى تەشكىللەپ، ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار ناھىيە شەھەر، رايون) بولۇشقا ئۆزىنى مەلۇم قىلغان ئورۇنلارنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، قاراماي شەھىرىنىڭ مايتاغ رايونى، جىمسار ناھىيىسى، پەيزاۋات ناھىيىسى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىنشى رايونى، قاغىلىق ناھىيىسى، قورغاس ناھىيىسى، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى، ئالتاي شەھىرىگە «ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون)» دېگەن نام بېرىلدى.

9 - ئايدا «ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى ئىلغار يېزا (بازار) ئۆلچىمى، تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى سىستېمىسى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى، ۋىلايەتلىك (ئوبلاستلىق، شەھەرلىك) پەن - تېخنىكا كومىتېتلىرىنىڭ تاللاپ كۆرسىتىشى ئارقىلىق 17 يېزا (بازار) غا «ئاپتونوم رايون بويىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى ئىلغار يېزا (بازار)» دېگەن نام بېرىلدى.

تۇنجى نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا خىزمىتىدە، مەملىكەت بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنىڭ ئالاقە تورى يىغىنى 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە كورلا شەھىرىدە ئېچىلدى، پەن - تېخنىكا خىزمىتىدە مەملىكەت بويىچە ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) دېگەن نامغا ئېرىشكەن 20 ناھىيە (شەھەر، رايون) نىڭ رەھبەرلىرى، پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىرى بولۇپ 50 تىن ئارتۇق كىشى ئالاقە تورى يىغىنىغا قاتناشتى.

شىنجاڭنىڭ 9 - نۆۋەتلىك ناھىيىلىك (شەھەرلىك، رايونلۇق) پەن - تېخنىكا كومىتېتى مۇدىرلىرىنىڭ ھەمكارلىشىش - تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىللىق يىغىنى 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 4 - كۈنىگىچە قۇتۇبى ناھىيىسىدە ئېچىلدى، شىنجاڭ بويىچە 37 ناھىيە (شەھەر، رايون) نىڭ پەن - تېخنىكا كومىتېتى مۇدىرى ۋە ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرلىرىدىن بولۇپ 50 تىن ئارتۇق كىشى يىللىق يىغىنغا قاتناشتى.

2000 - يىلى 2 تۈركۈمدە ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن 26 كىشى غەربىي ياۋروپا، ئامېرىكىدا دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، بازار ئىگىلىكى، پۇل مۇئامىلە، مالىيە، باج قاتارلىق جەھەتلەردىن تەربىيىلەندى. قىسمەن ناھىيىلىك (شەھەرلىك) پەن - تېخنىكا كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرلىرى، ۋىلايەت، ناھىيىلەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتىدىكى تايانچلار پەن - تېخنىكىنى باشقۇرۇش، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى تاۋارغا ئايلاندۇرۇش كۇرسىغا قاتناشتۇرۇلدى ھەمدە ئۇلار قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئويۇشتۇرۇلدى.

12 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى تەشۋىق قىلىش ئاساسىي تېما قىلىنغان 2000 - يىلى شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تەشۋىقات ھەپتىلىكى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. تەشۋىقات ھەپتىلىكى مەزگىلىدە، شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش نەتىجىلىرى ۋە مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، چوڭ - چوڭ پەن - تېخنىكا تورلىرى ۋە تورلۇك پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى تونۇشتۇرۇش، پەن - تېخنىكا تېما قىلىنغان كىنو، تېلېۋىزىيە فىلىمى ۋە ھۆججەتلىك فىلىم قويۇپ بېرىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتىنىڭ نەتىجىلىرى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىندى ۋە نامايان قىلىندى.

خۇاڭ شياۋشەن

## ساھەلەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى نازارەت، ئىدارىلەر ساھەلەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىش يۈزىسىدىن ساھەلەرنىڭ پەن - تېخنىكا خىزمىتىنى كۈچەيتىشنىڭ كونكرېت سىياسەت ۋە تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋە ئۆزىنىڭ كەسپىي مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بولۇپمۇ پاختىچىلىق مېتېئورولوگىيە پەن - تېخنىكىسى مۇلازىمەت سىستېمىسى، مېتېئورولوگىيىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق يىراقتىن سېزىش، ھاۋا رايىغا سۈنئىي تەسىر كۆرسىتىش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە مەملىكەت بويىچە مېتېئورولوگىيە تارماقلىرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتتى. شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە شىركىتى شىركەتنىڭ قۇرۇلۇش تېخنىكىسى بويىچە مۇتەخەسسىسلەر ئامبىرىنى تۇرغۇزۇپ، شىركەتنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا ئومۇمىي پىلان، پىلان، تۈر ۋە مەبلەغ جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلدى، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنى پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، يېقىنقى 3 يىل ئىچىدە يىللىق توك چىقىرىش مىقدارىنىڭ ئېشىش نىسبىتىنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن مەملىكەت بويىچە ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ساھەسىدىكى ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن ئاشۇرۇۋەتتى، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ۋە پايدىسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇردى. ش ئۇ ئا ر شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق 2 ئورۇنغا «ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن نام بېرىلدى ھەمدە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان ئىلغار شەخسلەر تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى.

تېرىقچىلىق جەھەتتە 2000 - يىلى پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە 27 تۈر يولغا قويۇلدى، بۇ تۈرلەر ئومۇملاشتۇرۇلغان ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتتى كۆلىمى 5 مىليون 377 مىڭ 300 گېكتارغا يېتىپ، تېرىلغان يەر كۆلىمىنىڭ 60% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدە ئېسىل سورتلارنى ئومۇملاشتۇرۇش نىسبىتى 90% كە يەتتى. بۇ تۈرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئاپتونوم رايون مىقياسىدا دانلىق زىرائەت، ئىقتىسادىي زىرائەت بىرلىك

مەھسۇلات سەۋىيىسىنىڭ زور دەرىجىدە ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئاپتونوم رايون بويىچە بۇغداينىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 4 مىليون 70 مىڭ توننىغا، كۆممىقوناق 2 مىليون 820 مىڭ توننىغا، پاختا 1 مىليون 550 مىڭ توننىغا، قىزىلچا 2 مىليون 670 مىڭ توننىغا، ياغلىق دان 580 مىڭ توننىغا يېتىپ، 22 مىليارد 490 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) دېھقانچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى يارىتىلدى، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا تۆھپە قوشۇش نىسبىتى 35% كە يەتتى.

ماشىنىلاشتۇرۇش دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا مۇھىم تىرەكلىك رول ئويناپ كەلدى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى بىلەن قوراللىنىش سەۋىيىسى پۇختا قەدەم بىلەن ئېشىپ باردى، ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەشغۇلات مىقدارى 34 مىليون 330 مىڭ ئۆلچەملىك موغا يەتتى، ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش نىسبىتى 92% كە، ماشىنا بىلەن تېرىش نىسبىتى 80% كە، ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىش نىسبىتى 26% (بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداينى ماشىنا بىلەن ئورۇش نىسبىتى 61%) كە يەتتى، ماشىنا بىلەن ئورۇۋېلىنغان ئوت - چۆپ مىقدارى ئورۇۋېلىنغان ئوت - چۆپ مىقدارىنىڭ 45% نى ئىگىلىدى.

ئورمانچىلىق ساھەسىدە تاغلىق رايونلاردا ئورمان يېتىلدۈرۈش، ئاسراش، ئىقتىسادىي ئورمانلارنى مول ھوسۇللۇق قىلىپ تىكىپ ئۆستۈرۈش، ئىقتىسادىي ئورمان مەھسۇلاتلىرىنى ھۆل يېتى پىششىقلاپ ئىشلەش، تۆۋەن ھوسۇللۇق، تۆۋەن ئۈنۈملۈك ئورمانلارنى ياخشىلاش قاتارلىق تېخنىكىلارنى ئۈلگە كۆرسىتىپ ئومۇملاشتۇرۇش ئىشى ئېلىپ بېرىلدى، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش نىسبىتى 40% تىن ئاشتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئورمانچىلىقنى پەن - تېخنىكا ۋە ماتارىپ ئارقىلىق راۋاجلاندۇرۇش بويىچە ئۈلگە رايون قۇرۇلۇشى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلدى.

2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە سانائەت يېڭى مەھسۇلاتلىرىنى يارىتىش، يېڭى تېخنىكىلارنى ئومۇملاشتۇرۇش تۈرىدىن 182 سى يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى مەھسۇلات يارىتىش تۈرىدىن 167 سى بولۇپ، بۇنىڭدىن 5 تۈر دۆلەتنىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش تۈرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. 35 كارخانىنىڭ تېخنىكا تەرەققىيات ئاپپاراتى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىكى 6) ئېتىراپ قىلىنىشتىن ئۆتتى. جەمئىيەت بويىچە تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە 7 مىليارد 590 مىليون يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىندى.

دۆلەتنىڭ ئاچقۇچلۇق پەن - تېخنىكا تۈرى «شىنجاڭنىڭ مېتال قېزىلما بايلىقى ۋە چوڭ تىپتىكى كان بايلىقىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشنى تېزلىتىش ئۈنۈۋېرسال تەتقىقاتى» دە زور ئىلگىرىلەش بولدى، چوڭ تىپتىكى ئىستىقبالغا ئىگە ئىكەنلىكى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ باھا بېرىلگەن بازىدىن 15 ى، ئېچىشقا تېگىشلىك چوڭ تىپتىكى قېزىلما بايلىق بازىسىدىن 5 ى تاپشۇرۇلدى.

خۇاڭ جيەن

## شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تۈرلىرى پىلانى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش تۈرى پىلانىدا غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش دەۋرىي قىلىنىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە سەرخىللاشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، داڭلىق مەھسۇلاتلارنى سۈپەتلىك قىلىپ يېڭىلاش، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسىنى قۇرۇش، رايونلارنىڭ ئۈنۈملۈك ئۆزۈك كەسپلىرى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە پەن - تېخنىكا تەركىبى يۇقىرى، ئۈلگە كۆرسىتىش - يېتەكلەش رولى كۈچلۈك، بازار رىقابەت كۈچىگە ئىگە بىر تۈركۈم نىشانلىق مەھسۇلات تۈرلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. جەمئىي 31 تۈر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە داۋاملاشتۇرۇلىدىغان تۈر 15، يېڭىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۈر 16. بۇنىڭغا 4 مىليون 20 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى، بۇ تۈرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ 280 مىليون يۈەن مەبلىغىنى جەلپ قىلدى ۋە ئۇنىڭغا تۈرتكە بولدى.

ئىلى ۋىلايەتلىك باغۋەنچىلىك پونكىتى ئۈستىگە ئالغان «ئىلى ۋىلايىتىنىڭ تاغلىق يەرلىرىدىكى تەتۈر مۆتىدىل بەلۋاغدا 300 مىڭ مو (20 مىڭ گېكتار) مېۋە - چېۋە بازىسى قۇرۇش» تۈرىدە، ئالما، ئۈزۈم، ئۆرۈك، شاپتۇل قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ 70 خىلدىن كۆپرەك ئېسىل سورتى كىرگۈزۈلدى، 9300 گېكتار يەردە يېڭىدىن ئىقتىسادىي ئورمان بەرپا قىلىندى، 4700 گېكتار تۆۋەن مەھسۇلاتلىق باغ ياخشىلاندى، 2700 گېكتار مېۋىلىك دەرەخ ئۈلگە بېغى بەرپا قىلىندى. 2000 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىقتىسادىي ئورمان كۆلىمى 21 مىڭ 300 گېكتارغا يەتتى، ھەر گېكتار يەرنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 3000 — 4500 كىلوگرامدىن 10 مىڭ 500 كىلوگرامدىن كۆپرەككە يەتتى، ھوسۇلى 30 مىڭ توننا ئاشتى، مەھسۇلات قىممىتى يېڭىدىن 30 مىليون يۈەندىن كۆپرەك ئاشتى.

سىچۈەن شەھەرلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا مەركىزى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يادرو تېخنىكا - يېڭى تېخنىكا تەتقىقات ئورنى زىممىسىگە ئالغان «ئاقسۇ، سىچۈەندە سۇيەتلىك گۈرۈچ بازىسى قۇرۇش» تۈرىدە، ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسى، سىچۈەن شەھىرىدە سۇيەتلىك شال سورتى 37 مىڭ 600 گېكتار يەردە كېڭەيتىلىپ، ھەر گېكتار يەردىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6750 — 7500 كىلوگرام ھوسۇل ئېلىندى، سۇيەتلىك گۈرۈچنىڭ يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 50 مىڭ توننىدىن ئېشىپ كەتتى. بۇ تۈرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى باشقا ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ سۇيەتلىك شال سورتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە تۈجۈپىلەپ يېتىشتۇرۇش، تۈجۈپىلەپ قاپلاش تېخنىكىسىنى قوللىنىشىغا تۈرتكە بولدى. 2000 - يىلى جەنۇبىي - شىمالىي شىنجاڭ رايونلىرىدا كېڭەيتىلگەن سۇيەتلىك شال سورتى تەخمىنەن 33 مىڭ 300 گېكتارغا يېتىپ، شىنجاڭ بويىچە شال تېرىلغان ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %50 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى.

سانجى ئوبلاستلىق چارۋىچىلىق ئىدارىسى ئۈستىگە ئالغان «سانجى ئوبلاستىدا 100 مىڭ تۇياق نەسلى ياخشىلانغان كالا يېتىشتۈرۈشنىڭ ئۈنۈۋېرسال يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش» تۈرىنىڭ 3 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت يولغا قويۇلۇشى ئارقىسىدا ئوبلاست بويىچە يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان كالا 1995 - يىلدىكى 180 مىڭ تۇياقتىن 320 مىڭ تۇياققا يەتتى، نەسلى ياخشىلانغان كالا ۋە نەسىللىك كالا 100 مىڭ تۇياققا، كالا گۆشى 23 مىڭ 400 توننىغا، كالا سۈتى 80 مىڭ 500 توننىغا يەتتى. سېلىنما بىلەن ھاسىلات نىسبىتى 1:3.62 بولدى.

شىخەنزە قەغەز زاۋۇتى ئۈستىگە ئالغان «قەغەز خام ئەشياسى — چىغ بازىسى قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى ئېچىپ پايدىلىنىش» تۈرىدە، قۇرغاقچىلىققا، شورغا چىدامىلىق، ھاياتىي كۈچى كۈچلۈك بولغان چىغ تاللىنىپ، سۇنئىي ئۆستۈرۈش ئارقىلىق قەغەز خام ئەشياسى قىلىندى، 2700 گېكتار يەردە ياۋا چىغ ئۆستۈرۈپ، قەغەز خام ئەشيا بازىسى قۇرۇلدى، يىلىغا 14 مىڭ 400 توننا سۈپەتلىك قەغەز خام ئەشياسى ئىشلەپچىقىرىلدى، مەھسۇلات قىممىتى يېگىدىن 58 مىليون يۈەن ئاشتى. 2 مىليون 840 مىڭ يۈەن پايدا - باج يارىتىلدى.

خۇاڭ جيەن

## ش ئۇ ئا ر 4 - قېتىملىق شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتى يىغىنى

بۇ يىغىن 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى، 14 ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)، 49 ناھىيە (شەھەر، رايون) نىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىرىدىن بولۇپ 178 ۋەكىل يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى نازارەت، ئىدارىلەر، قىسمەن پەن تەتقىقات يۇرتى، تەتقىقات ئورنى، ئالىي مەكتەپلەردىن ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان 230 ۋەكىل يىغىننىڭ ئېچىلىش ۋە يېپىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قېيۇم باھاۋۇدۇن «5 - ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىنى 21 - ئەسىرگە قاراپ ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىتەيلى» دېگەن تېمىدا مۇھىم سۆز قىلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ خۇيىيۇ «10 - بەش يىللىق پىلاندىكى ۋەزىپىلەرنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پەن - تېخنىكا خىزمىتىنى ئىجادىي ھالدا ئوبدان ئىشلەيلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. ۋەكىللەر ۋىلايەت، ناھىيىلەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش، ساھەلەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇردى ھەمدە «ئاپتونوم رايوننىڭ 10 - بەش يىللىق پەن - تېخنىكا تەرەققىيات پىلانى ۋە 2010 - يىلغىچە بولغان ئومۇمىي پىلان پروگراممىسى» نۇسخىسىنى مۇزاكىرە قىلدى.

يىغىندا ساھەلەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش، ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتىدە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان ئىلغار ئورۇن، ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون)، ئىلغار يېزا (بازار) ۋە ئىلغار شەخسلەر تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى.

خۇاڭ شياۋشەن

# پەن - تېخنىكا پىلانى

## شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا تەتقىقات پىلانىنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇش ئەھۋالى

1. پەن - تېخنىكا پىلانىنى تۈزۈش ئەھۋالى. 2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ پەن تەتقىقات ۋە تېخنىكا تەرەققىيات (ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تۈرلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) پىلانىدا پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈرلىرى ۋە نۇقتىلىق پەن - تېخنىكا تۈرلىرىدىن جەمئىي 117 سى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، پەن - تېخنىكا 3 خىل خىراجىتى ئۈچۈن 9 مىليون 340 مىڭ يۈەن (تۈرلەرنى باھالاش -

تەكشۈرۈشكە كېتىدىغان 80 مىلياردىن ئاشىدىغان يۈەننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئاجرىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا ئۈتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى 85، بۇنىڭغا 8 مىليون 110 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تۈرى 8، بۇنىڭغا 260 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى، يۇمشاق پەن تەتقىقات تۈرى 23، بۇنىڭغا 390 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى، باشقا تۈر بىر، بۇنىڭغا 500 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى. 2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ تەبىئىي پەنلەر فوندىدىن ياردەم بېرىش پىلانىدا 31 تۈر ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، 660 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى.

2. پەن - تېخنىكا پىلانىدىكى تۈرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى. 2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا پىلانى بويىچە تاماملىنىشقا تېگىشلىك تۈر 81 ئىدى، ئەمەلىيەتتە 69 تۈر تاماملاندى. شۇ يىلى جەمئىي 54 تۈر تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى 26، تەبىئىي پەن فوندى تۈرى 13، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تۈرى 6، يۇمشاق پەن تەتقىقات تۈرى 9.

2000 - يىلى دۆلەتنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانىدىكى پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىدىكى تۈر — «كېۋەزدىن كەلگۈسىدە يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشنىڭ ئۇنىۋېرسال يۈرۈشلەشكەن تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش» تۈرىدە 19 خىل يېڭى سورت 668 مىڭ 400 گېكتار يەردە ئومۇملاشتۇرۇلدى، ئېسىل سورتلارنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 98.3% كە يەتتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىدىكى «ئاشلىقتىن يۇقىرى، سۈپەتلىك ھوسۇل ئېلىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇنىۋېرسال تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈش» تۈرى قارىمىقىدا «ئاساسلىق ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئالاھىدە يۇقىرى ھوسۇل بېرىدىغان يېڭى سورتلىرىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش»، «ئاساسلىق ئاشلىق زىرائەتلىرىنى يۇقىرى ھوسۇللۇق قىلىپ ئۆستۈرۈشنىڭ ئۇنىۋېرسال تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش»، «10 مىليون مو (667 مىڭ گېكتار) ئاشلىقتىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشنىڭ ئۇنىۋېرسال تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش» تىن ئىبارەت 3 تېما تەسىس قىلىندى. بۇ تۈردە شال، بۇغداينىڭ 9 خىل يېڭى سورت سىنىقىسى يېتىشتۈرۈلدى؛ بۇ تۈرلەر 794 مىڭ گېكتار يەردە ئومۇملاشتۇرۇلدى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر گېكتار يەردىن 6315 كىلوگىرام ھوسۇل ئېلىنىپ، كۆزلەنگەن نىشان ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

«ياغلىق دان زىرائەتلىرىنىڭ يېڭى سورتلىرىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش» تىن ئىبارەت پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈرىدە زاراڭزىنىڭ 2 خىل يېڭى سورت سىنىقىسى يېتىشتۈرۈلۈپ تەكشۈرۈپ بېكىتىشتىن ئۆتتى.

«توخۇنىڭ كېزىك - تولغاق سالمونېللا باكتېرىيەسى كېسەللىكى ۋاكسىنىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش» تۈرىدە شىنجاڭدىكى توخۇلاردا بولىدىغان كېزىك - تولغاق سالمونېللا باكتېرىيەسى كېسىلىنى تارقىتىدىغان ئاساسلىق ئانتىگېن تېپىنىڭ ئۆلچەملىك تىپ ئىكەنلىكى تۇنجى قېتىم ئېنىق بېكىتىلدى.

«كېۋەز پىتى، غوزا قۇرتىغا تاقابىل تۇرالايدىغان قوش ۋالېنتلىق گېن كۆچۈرۈلگەن رەڭلىك كېۋەز سورتىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش» تۈرىدە، كېۋەز پىتى، غوزا قۇرتىغا تاقابىل تۇرالايدىغان قوش ۋالېنتلىق گېن (GNA—BT) گۈل چېڭى نەيچىسىدىن ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق كېۋەزگە كىرگۈزۈلۈپ، ھاشاراتقا تاقابىل تۇرالايدىغان 4 تۈپ كېۋەز (2 سى قوڭۇر رەڭلىك كېۋەز، 2 سى يېشىل رەڭلىك كېۋەز) دەسلەپكى قەدەمدە ئىلغاپ چىقىلدى.

«تۇبېركۇليوز تاياقچە باكتېرىيەسى PCR گە دىئاگنوز قويۇشتا ئىشلىتىدىغان سىناق دورىلىرىنى سەرخىللاشتۇرۇش - سېلىشتۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات» تۈرىدە ئادەم تېپى بىلەن كالا تىپىدىن ئىبارەت ئايرىم تىپلىق تۇبېركۇليوز تاياقچە باكتېرىيەسى PCR سىناق دورىسى تۇنجى قېتىم ئىشلەپچىقىرىلىپ، توختامدىكى ھەر خىل كۆرسەتكۈچلەر ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى.

«20 — 9.00 ئېغىر يۈك ئاپتوموبىللىرىغا ئىشلىتىلىدىغان قىيپاش گۈللۈك بالۇننىڭ تېز يۈرۈشكە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش» تۈرىدە، كاۋچۇك ماتېرىياللىرىنىڭ رېتسېپىنى تەڭشەش ۋە ھۈنەر - سەنئەت مەشغۇلاتىنى سەرخىللاشتۇرۇش ئارقىلىق، بالۇننىڭ ئىسسىقلىققا بەرداشلىق بېرىش ۋە ئىسسىقلىق تارقىتىش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلۈپ، خام ئەشيا ماتېرىيال سەرپىياتى تۆۋەنلىتىلدى.

«CAD تېخنىكىسىنى قوللىنىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى» تۈرىنى دۆلەت پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى.

پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى — «4LY—3 تىپلىق ئۆزى يۈرەر كۆممىقوناق كومباينىنى» تۈرىدە 2 - قېتىم 3 قۇرلۇق ماشىنا تىپىدىن 10 ى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىلدى. ئىلگىرىكى كومباينلارنىڭ باش ئۈززۈش قۇر ئارىلىقى مۇقىم قىلىپ بېكىتىلىۋېتىلگەنىدى. ھازىرقىسى قۇر ئارىلىقىنى تەڭشىگىلى بولىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلدى ھەمدە بىر تۈركۈم ئاچقۇچلۇق تېخنىكا

مەسىلىلىرى ھەل قىلىندى ھەمدە ياخشىلانغان ماشىنىلارنىڭ ئومۇمىي ئىقتىدارىدا خېلى زور ئىلگىرىلەش بولدى.

دۆلەتنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانىدىكى زور پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى «شىنجاڭنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئىگە مېتال قېزىلما بايلىقى ۋە چوڭ تىپتىكى كان ياتقىنىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشنى تېزلىتىش ئۈستىدە ئۇنىۋېرسال تەتقىقات» تۈرىدە تۈرلۈك تەتقىقات ۋەزىپىلىرى ئومۇميۈزلۈك ئورۇندالدى، 47 مەخسۇس تېمىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىشى تاماملاندى.

ئاپتونوم رايوننىڭ چوڭ پەن - تېخنىكا تۈرى — «شىنجاڭ زېمىنىنى گۈزەللەشتۈرۈش پەن - تېخنىكا ھەرىكىتى پىلانى (شىنجاڭ قىسمى)» (1 - قارارلىق) پىلانىدا باسقۇچلۇق نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى.

«قۇرت چۈشۈرىدىغان ۋېرتولىكىنىڭ ئاق كېسەلنى داۋالاشتىكى ئۈنۈملۈك تەركىبى ۋە دورا ئۈنۈمى ئۈستىدە تەتقىقات» تۈرىدە، قۇرت چۈشۈرىدىغان ۋېرتولىك دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى تېرىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى خۇلاسىلەندى. بۇ خىل دورا ماتېرىياللىرىنىڭ سۈپەت ئۆلچىمى دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتىلدى. ئاجرىتىۋېلىش ئارقىلىق ئاق كېسەلنى داۋالاشتىكى ئۈنۈملۈك جايى تېپىلىپ، 3 خىل يەككە تەنچە بىرىكمىسى قولغا كەلتۈرۈلدى.

«قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ ئاغرىقى ماكان ئىگىسى ۋە بىمارغا مولېكۇلا بىئولوگىيىلىك دىئاگنوز قويۇش ئۇسۇلى ئۈستىدە تەتقىقات» تۈرىدە $E_m$ بىلەن $E_s$ نىڭ cDNA گېن ئامبىرى تەييارلاندى ۋە سۈنئىي بىرىكتۈرۈلگەن ئانتىگېن B تەتقىق قىلىپ ياسالدى ھەمدە مۇسبەت كلونغا ئىشلىتىلىدىغان كۈچلۈك مۇسبەت خالتىسى ئىچىدىكى 30 ئۆرنەك ۋە پۈۋەك پەردە تىپلىق قاپلىق قۇرت كېسىلىنىڭ قان زەردابى تاللاپ چىقىلدى.

«شىنجاڭنىڭ ھاۋا كىلىمات ئۆزگىرىشى ۋە قىسقا مۇددەتلىك ھاۋا كىلىماتىنى ئۆلچەش ئۇنىۋېرسال سىستېمىسى ئۈستىدە تەتقىقات» تۈرىدە بىر تۈركۈم پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى قولغا كەلتۈرۈلدى. قۇرۇلۇۋاتقان شىنجاڭنىڭ قىسقا مۇددەتلىك ھاۋا كىلىماتىنى ئالدىن ئۆلچەش سىستېمىسى مۆلچەر قىسقا مۇددەتلىك ھاۋا كىلىماتى مۇلازىمىتىنىڭ كەسپىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. «شىنجاڭدا چاڭ - توزان ئاپىتىنى كۆزىتىپ ئۆلچەش ۋە ئالدىن مەلۇمات بېرىش ئۈستىدە تەتقىقات» تۈرىدە سىناق تەرىقىسىدە مەلۇمات بېرىش ئەھۋالى خېلى توغرا بولدى. بولۇپمۇ «سوغۇق ھاۋا ئېقىمىنىڭ تاغلاردىن ھالقىپ يۆتكىلىپ كىرىشى» ۋە «سوغۇق ھاۋا ئېقىمىنىڭ شەرقتە ھۆل - يېغىن پەيدا قىلىشى» تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان كەڭ دائىرىدىكى چاڭ - توزانلىق ھاۋا رايى ئۈستىدە بېرىلگەن مەلۇماتتا قۇرۇق بولۇپ قېلىش، چۈشۈپ قېلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلمىدى.

تەبىئىي پەن فوندىدىن ياردەم بېرىلىدىغان تۈر — «شىنجاڭ ئاق كىشمىش ئۈزۈمىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىنى تىزگىنلەش ئۈستىدە تەتقىقات» تۈرىدە ئۈزۈمنى ئۈزۈشتىن ئىلگىرى ۋە ئۈزگەندىن كېيىن تۆكۈلۈپ كېتىشىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئالدىنى ئېلىش تېخنىكا تەدبىرلىرى تۈزۈپ چىقىلدى، ئۈزۈمنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىنى تىزگىنلەيدىغان ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆسۈشىنى تەڭشەش دورىسى تەتقىق قىلىپ ياسالماقتا.

«شىنجاڭ چامغۇرىنىڭ دورىگەرلىك، ساقلىقنى ساقلاشتىكى قىممىتى ئۈستىدىكى تەتقىقات» تۈرىدە چامغۇرنىڭ ئۈنۈملۈك تەركىبىنى تەتقىق قىلىش، ئوخشاش بولمىغان قىسمەن ئۈنۈملۈك تەركىبلىرىنى دورىگەرلىك ئىلمى جەھەتتىن تەتقىق قىلىش ئىشى تاماملاندى ھەمدە مۇشۇ ئاساستا ھۆسن تۈزەش - ساقلىقنى ساقلاش، گىرىم بۇيۇملىرى تەتقىق قىلىنىپ بارلىققا كەلتۈرۈلدى، «چامغۇر يۇيۇنۇش سۇيۇقلۇقى» يېڭى مەھسۇلاتى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىلدى.

دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق ئاساسىي تەتقىقات - تەرەققىيات پىلانىدىكى «جۇڭگونىڭ غەربىدىكى قۇرغاق رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئۆزگىرىشى ۋە ئۇنى تەڭشەش - تىزگىنلەش ئۈستىدىكى تەتقىقات» تۈرىگە تەۋە بولغان 9 تېمىنىڭ دالا تەكشۈرۈش، كۆزىتىش ۋە ئەۋرىشكە ئېلىش خىزمىتى ئاياغلاشتى، تەجرىبىخانىلاردا ئانالىز قىلىش ئىشى داۋاملىق ئېلىپ بېرىلماقتا. ھەرقايسى تېمىلارغا دائىر 69 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى.

يۇمشاق پەن تەتقىقات تۈرى — «يېزا ئىگىلىكى يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈستىدىكى تەتقىقات» تا، يېزا ئىگىلىكىنىڭ يېڭى تېخنىكا سىستېمىسى ۋە يېزا ئىگىلىكىنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدىكى يېزا ئىگىلىكىنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارى تەتقىقاتىنىڭ مودېللىق كۆرسەتكۈچ سىستېمىسى ئېنىق بەلگىلەندى، مەخسۇس تېمىلارنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى يېزىش خىزمىتى تاماملاندى. «شىنجاڭنىڭ ئورمانچىلىقىنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇمكىنلىكى ئىستراتېگىيىسى ۋە قارشى تەدبىر ئۈستىدىكى تەتقىقات» تۈرىدە ئورمانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتا تۈزۈم جەھەتتىن يېڭىلىق يارىتىش، ئېكولوگىيە تولۇقلىما فوندى تۈزۈمى ئورنىتىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئورمانچىلىقنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈمىنى تولۇقلاش چارىسى تۈزۈپ چىقىلدى.

«شىنجاڭنىڭ پاختا ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش تەدبىرلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات» تا

پاختىچىلىق تۈزۈلمىسىنى ئىزغا چۈشۈرۈش مەزگىلىدە، شىنجاڭنىڭ پاختىچىلىق تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ، شىنجاڭنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش تەسەۋۋۇرى، پاختا ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئومۇمىي تەپەككۇر يوللىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ تەتقىقات تۈرى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

جاڭ يۇ

## ئاشلىق زىرائەتلىرىنى يۇقىرى ھوسۇللۇق، سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك قىلىپ ئۆستۈرۈش ئۈنۈۋېرسال تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىش ۋە بارلىققا كەلتۈرۈش ئەھۋالى

بۇ، شىنجاڭنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانىدىكى مۇھىم پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى بولۇپ، «ئاساسلىق ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئالاھىدە يۇقىرى ھوسۇللۇق يېڭى سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش»، «ئاساسلىق ئاشلىق زىرائەتلىرىنى يۇقىرى ھوسۇللۇق قىلىپ ئۆستۈرۈش ئۈنۈۋېرسال تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش»، «10 مىليون مو (666 مىڭ 700 گېكتار) يەردىكى ئاشلىق زىرائىتىدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش ئۈنۈۋېرسال تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش» تىن ئىبارەت 3 تېمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 2000 - يىلى بۇ تېمىلارنىڭ ھەممىسى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى، بۇ تۈرلەردە توختامدا بەلگىلەنگەن تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلەر ئورۇندالدى ياكى ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى.

«ئاساسلىق ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئالاھىدە يۇقىرى ھوسۇللۇق يېڭى سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش» تەتقىقات تېمىسىدا يېتىشتۈرۈلگەن «شىنجاڭ يازغىسى — 9»، «تۇرپان يازغىسى — 9»، «ئۈرۈمچى يازغىسى — 1»، «سانجى يازغىسى — 7» دىن ئىبارەت 4 سورتنى ئاپتونوم رايونلۇق، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق سورتلارنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ھەيئىتى تەكشۈرۈپ، يېڭى يازلىق بۇغداي سورتى دەپ نام بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە «شىنجاڭ يازغىسى — 9» بولكىغا ئىشلىتىلىدىغان سۈپەتلىك بۇغداي سورتى بولۇپ، ئۇنىڭ سۈپىتى دۆلەتنىڭ 1 - دەرىجىلىك ئۇننىڭ تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلىرىدىن ئېشىپ كەتتى؛ «تۇرپان يازغىسى — 9» سورتى قۇرغاقچىلىق، قۇرغاق ئىسسىق شامال، كېسەللىك، يېتىۋېلىش، سۇ، ئوغۇتقا چىدامىلىق بولۇش ۋە ماسلىشىشچانلىق دائىرىسى كەڭ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە، ئۇ تۇرپان ۋىلايىتىدە 2000 - يىلى ئاساسلىق تېرىلىغان سورت بولۇپ قالدى؛ «ئۈرۈمچى يازغىسى — 1» سورتىنىڭ ھەر گېكتار يەردىكى ئەڭ يۇقىرى ھوسۇلى 9000 كىلوگرامغا يەتتى؛ «سانجى يازغىسى — 7» نىڭ رايونلاشتۇرۇش سىنىقىدىكى ھوسۇلى «شىنجاڭ يازغىسى — 6» نىڭكىدىن 11.8% ئېشىپ كەتتى؛ ئاراپاغدا كۈزلۈك بۇغداي يېڭى سورت لىنىيىسىدىكى 265—92 نىڭ ھوسۇلى سېلىشتۇرما سورتتىن 7% ئېشىپ، دۆلەتنىڭ كۈچلۈك تالالىق بۇغداي ئۆلچىمىگە يەتتى، تالا كۈچى سۈپەتلىك بۇغداي سورتى «شىنجاڭ كۈزلۈكى — 18» نىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى. كۆممىقوناقنىڭ ئالاھىدە چىلگە شالغۇت سورتى يېتىشتۈرۈلدى، TCIII بىلەن «جەنۇبىي جۇڭگو — 5» سورتىنىڭ ئىپادىسى ئەڭ ياخشى بولۇپ، ھەر گېكتار يەرنىڭ ھوسۇلى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 7395 كىلوگرام ۋە 7050 كىلوگرامغا يەتتى، ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى 84 كۈن. تاللانغان CX—217 ۋە CX—213 قاتارلىق ئالاھىدە چىلگە كۆممىقوناق گۇرۇپپىسىنىڭ سورتلارنى سېلىشتۇرۇش داۋامىدىكى ئىپادىسى گەۋدىلىك بولدى، ھەر گېكتار يەرنىڭ ھوسۇلى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 5251.5 كىلوگرام ۋە 4984.5 كىلوگرامغا يېتىپ، سېلىشتۇرما سورت «چېگدەن — 3» نىڭكىدىن 24.3% ئاشتى. «شالىنىڭ پەۋقۇلئاددە يۇقىرى ھوسۇللۇق، سۈپەتلىك، ھەممىگە چىدامىلىق يېڭى سورتىنى يېتىشتۈرۈش» تارماق تېمىسىدا «شال A — 8»، «باجىڭ — 3»، «شىنجاڭ شېلى — 7»، «شىنجاڭ شېلى — 9» دىن ئىبارەت 4 سورت يېتىشتۈرۈلدى ھەمدە بۇ سورتلارغا ئاپتونوم رايونلۇق، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق سورتلارنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ھەيئىتى تەكشۈرۈپ شالىنىڭ يېڭى سورتى دەپ نام بەردى، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ گۈرۈچ سۈپىتى ۋە ئۇنىڭدىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش مەركىزىنىڭ ئۆلچەپ بېكىتىشىچە، گۈرۈچ سۈپىتىنىڭ 7 تۈرلۈك كۆرسەتكۈچى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان 1 - دەرىجىلىك سۈپەتلىك گۈرۈچ ئۆلچىمىگە يەتكەن، ئۇنىڭدىن باشقا 3 تۈرلۈك كۆرسەتكۈچ 2 - دەرىجىلىك سۈپەتلىك گۈرۈچ ئۆلچىمىگە يەتكەن. «شال A — 8» نىڭ ھەر گېكتار بىرلىك مەھسۇلاتى 13 مىڭ 852.5 كىلوگرامغا يېتىپ، سېلىشتۇرما سورت «شىنجاڭ شېلى — 5» نىڭكىدىن 14.2% ئاشتى، «باگبىڭ — 3» سورتىنىڭ غولى پاكار بولۇپ، يېتىپ قېلىشقا تاقابىل تۇرالايدۇ، بۇ خىل گۈرۈچنىڭ 10 تۈرلۈك كۆرسەتكۈچى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان 1 - دەرىجىلىك سۈپەتلىك گۈرۈچ ئۆلچىمىگە يەتتى، ئۇنىڭ ھەر گېكتاردىكى بىرلىك مەھسۇلاتى 11 مىڭ 250 كىلوگرام؛ «شىنجاڭ شېلى —

7» كېسەلگە، سوغۇق ئاپەتكە تاقابىل تۇرالايدۇ، يەرلەشتۈرۈلگەن ھەر گېكتاردىكى بىرلىك مەھسۇلاتى 12 مىڭ كىلوگرامدىن 13 مىڭ 500 كىلوگرامغا يېتىدۇ، گۈرۈچنىڭ سۈپىتى ياخشى؛ «شىنجاڭ شىلى — 9» شىنجاڭنىڭ يوپۇرماقلىق شال سورتى جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇردى، ئۇنىڭ تەمى، سۈپىتى ياخشى، ھەر گېكتاردىكى بىرلىك مەھسۇلاتى 9000 كىلوگرامدىن 10 مىڭ 500 كىلوگرامغا يېتىدۇ.

«ئاساسلىق ئاشلىق زىرائەتلىرىنى يۇقىرى ھوسۇللۇق قىلىپ ئۆستۈرۈش ئۈنىۋېرسال تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى بارلىققا كەلتۈرۈش» تېمىسى تەركىبىدىكى «بىنەم يەرگە بۇغداي تېرىپ يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشنىڭ يۈرۈشلەشكەن تېخنىكا سىستېمىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش» مەخسۇس تارماق تېمىسىنى 1997 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە يولغا قويۇش ئارقىلىق، ئۈلگە رايوندىكى ھەر گېكتار يازغى بۇغدايدىن 3019.5 كىلوگرامدىن 3700.5 كىلوگرامغىچە ھوسۇل ئېلىنىپ، توختامدا بەلگىلەنگەن مەھسۇلات مىقدارى كۆرسەتكۈچىگە يەتكۈزۈلدى؛ «ئوغۇتنى كۆپەيتىش، ئورگانىك ئوغۇت بىلەن ئانئورگانىك ئوغۇتنى بىرلەشتۈرۈش، تېرىش مىقدارىنى مۇۋاپىق قىلىش، سورت ۋە تېرىقچىلىق ئۇسۇلىنى مەرغۇبلاشتۇرۇش، كېيىنكى مەزگىلدە ئوغۇتنى تولۇقلاپ بېرىش» تىن ئىبارەت تېخنىكا تەدبىرلىرى خۇلاسىلاندى، بۇ تېخنىكا تەدبىرلىرى كۈچلۈك ماسلىشىشچانلىققا ۋە قاراتمىلىققا ئىگە؛ «قىر چىقىرىپ چۈنەكلەپ» سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ بۇغداي تېرىش يېڭى تېخنىكىسى تاللاپ چىقىلىپ، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ بۇغداينى ئورەككە تېرىش ئۇسۇلىدىكى ئۇرۇق تۆشۈكى ئورنىنىڭ خاتا بولۇپ قېلىشى ۋە يامغۇر ياغقاندا يەر ئۈستى سىرغىمىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىدەك قىيىن مەسىلىلەر ھەل قىلىندى؛ سۇ توپلاش ئورىسى قۇرۇلۇشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. بۇ شىنجاڭ بويىچە تۇنجى ئىش ھېسابلىنىدۇ، سۇ ئورىسىدىن پايدىلىنىپ تولۇقلاپ سۇغىرىلغاچقا مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى؛ تەجرىبە يەرلىرىدە يازغى بۇغداي تېمىتىپ سۇغىرىلغان ھەر گېكتار يەردىن ئېلىنغان 6037.5 كىلوگرام ھوسۇلى سېلىشتۇرما قىلىنغان ھەر گېكتار يەرنىڭ 3439.5 كىلوگرام ھوسۇلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئالدىنقىسىنىڭ ھوسۇلى %75.4 ئاشتى. ھەر گېكتار چوڭ ئېتىزنىڭ 1725 كىلوگرام ھوسۇلىدىن %25 يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، بىنەم رايونلاردا بۇغداي ھوسۇلىنى ئاشۇرۇشنىڭ يېڭى پىكىر يوللىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇلار ئومۇملاشتۇرۇش قىممىتىگە ئىگە. «شىمالىي شىنجاڭدا ئېگىزغا كۆممىقوناق تېرىپ يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات» تېمىسىدا «كۆيتۇڭ كۆزگىسى — 5»، «T—49» ئاساسلىق سورت قىلىپ تاللاندى؛ ھەر گېكتار يەردىن 6750 كىلوگرام ھوسۇل چىقىدىغان كەنجى كۆزگى بۇغداينى تېرىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ «خېبېي چېگدېن — 3» ئاساسلىق سورت قىلىپ تاللاندى، يازغى كۆممىقوناقنى ھەر گېكتار يەردىن 6000 — 7500 كىلوگرام ھوسۇل چىقىدىغان قىلىپ تېرىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، يازغى كۆممىقوناقنى ماشىنىلاشتۇرۇپ تېرىشنىڭ مەشغۇلات تەرتىپى ۋە تېخنىكىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، شىمالىي شىنجاڭدا ئېگىزغا كۆممىقوناق تېرىپ بىر يىلدا 2 قېتىم پىشۇرۇپ ھەر گېكتار يەردىن 13 مىڭ 500 كىلوگرامدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشنىڭ ئۈنىۋېرسال يۈرۈشلەشكەن تېخنىكا مودېلى قولغا كەلتۈرۈلدى.

«10 مىليون مو (667 مىڭ گېكتار) ئاشلىق زىرائىتىدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشنىڭ ئۈنىۋېرسال تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش» تېمىسى تەركىبىدىكى «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 5 ۋىلايەت، ئوبلاستتا 4 مىليون مو (267 مىڭ گېكتار) كۆممىقوناقتىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشنىڭ ئۈنىۋېرسال تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش» تېمىسىدا كۆممىقوناقنى يۇقىرى ھوسۇللۇق قىلىپ ئۆستۈرۈشنىڭ ئۈنىۋېرسال يۈرۈشلەشكەن تېخنىكا ئەندىزىسى خۇلاسىلاپ چىقىلدى. تۈرلەر يولغا قويۇلغان 5 يىل (1996 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە) ئىچىدە جەمئىي 1 مىليون 292 مىڭ 400 گېكتار يەردىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىندى، ھەر گېكتار يەرنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك ھوسۇلى 6418.5 كىلوگرامغا يېتىپ، 1995 - يىلدىكىگە قارىغاندا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1333.2 كىلوگرام ئاشتى. ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى يېڭىدىن 1 مىليون 723 مىڭ 100 توننا ئاشتى. ساپ پايدىسى يېڭىدىن 788 مىليون يۈەن ئاشتى. «ئاقسۇ ۋىلايىتىدە بۇغدايدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشنىڭ ئۈنىۋېرسال تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات» تېمىسىدا ئېسىل سورتلارنى يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق، «خەنمەي — 5316» يۇقىرى ھوسۇللۇق، سۈپەتلىك بۇغداي يېڭى سورتىنىڭ ھوسۇلى سېلىشتۇرما سورت «جىمەي — 30» نىڭكىدىن %23 ئاشتى. تۈرلەرنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، 2000 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىدە 103 مىڭ 300 گېكتار بۇغداينىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1997 - يىلدىكىدىن 91 مىڭ 200 توننا ئېشىپ، %17.3 ئاشتى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %5.5 ئېشىپ باردى، ھەر گېكتار يەرنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 5280 كىلوگرامدىن 5895 كىلوگرامغا ئۆستى. ئىلى، سانجى، بورتالا قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا يولغا قويۇلغان «ئاشلىقتىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش ئۈنىۋېرسال تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش» تېمىسىدا ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل

قىلىندى. 2000 - يىلى ئىلى ۋىلايىتىدە 128 مىڭ 100 گېكتار ئاشلىق تېرىلدى. ھەر گېكتار يەرنىڭ ھوسۇلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6237 كىلوگرامغا يېتىپ، 1997 - يىلدىكىدىن %16.9 ئاشتى، ۋىلايەت بويىچە ھەر گېكتار يەرنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى تۇنجى قېتىم 6000 كىلوگرامدىن ئېشىپ توختامدىكى كۆزلىگەن كۆرسەتكۈچ ئورۇندالدى. سانجى ئوبلاستىدا 134 مىڭ 500 گېكتار يەردە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، ھەر گېكتار يەردىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7050 كىلوگرام ھوسۇل ئېلىندى، نەتىجىدە پىلاندىكىدىن 20 كىلوگرام ئېشىپ كەتتى. بورتالا ئوبلاستىدا 66 مىڭ 100 گېكتار يەردە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 7387.5 كىلوگرامغا يېتىپ، پىلاندىكى ۋەزىپە %102.6 ئورۇندالدى.

چېن جيەنخۇا

## كېۋەزدىن كەڭ كۆلەمدە يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشنىڭ ئۈنۈۋېرسال يۈرۈشلەشكەن تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىپ بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش ئەھۋالى

بۇ، دۆلەتنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلاندىكى پەن - تېخنىكا ئۈتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ بىرى، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك تۈرلىرىگە پۈتۈن مەملىكەتتىن ۋە ئاپتونوم رايوندىن تۇنجى قېتىم ئاشكارا خېرىدار چاقىرغان تۈر ھېسابلىنىدۇ. بۇ تېما 1995 - يىلى باشلىنىپ 2000 - يىلى ئاياغلاشتى.

بۇ تېمىدا 21 - ئەسىردە شىنجاڭ بويىچە 700 گېكتار پەۋقۇلئاددە يۇقىرى ھوسۇللۇق ئۈلگە ئېتىزى، 6700 گېكتار تەجرىبە رايونى، 66 مىڭ 700 گېكتار ئۈلگە رايونى ۋە 666 مىڭ 700 گېكتار تەسىر كۆرسىتىش رايونى قۇرۇلدى. تېما تەركىبىدە پاختا ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىلگىرى، ئىشلەپچىقىرىش مەزگىلى ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىنكى تېخنىكا تەتقىقاتىغا دائىر 5 مەخسۇس تېما، 14 تارماق تېما تەسىس قىلىندى. بۇ تېمىلارغا جەمئىي 226 پەن تەتقىقات، ئوقۇتۇش، ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى، 19 پەن، كەسىپلەر بويىچە 1542 كىشى قاتناشتى؛ جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق كېۋەز تېرىلىدىغان رايونلىرىدىكى 19 ناھىيە، تۇەن - مەيدان، 18 يېزىدا تەتقىقات ئاساسىي نۇقتىسىدىن 59 ى قۇرۇلدى. 5 يىلدا جەمئىي 26 خىل سورت تەكشۈرۈپ (ئېتىراپ قىلىندى) بېكىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 18 خىل سورت تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى، 8 خىل سورت ئېتىراپ قىلىندى. بۇ سورتلار 2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 680 مىڭ 100 گېكتار يەردە ئومۇملاشتۇرۇلدى، يېڭى سورتلارنىڭ قاپلاش نىسبىتى سىناق تەرىقىسىدە، ئۈلگە كۆرسىتىلگەن رايونلاردا %100 كە، شىنجاڭ بويىچە %70.2 كە، شىنجاڭ بويىچە ئىسىل سورتلارنىڭ قاپلاش نىسبىتى %98.3 كە يەتتى. يېڭى سورتلار 5 يىلدا جەمئىي 2 مىليون 151 مىڭ 200 گېكتار يەردە ئومۇملاشتۇرۇلدى، يېڭى سورتلارنىڭ مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش نىسبىتى ئوتتۇرىچە %11.6 كە يېتىپ، جەمئىي 2 مىليارد 839 مىليون يۈەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىلدى.

2000 - يىلى 5.63 گېكتار كېۋەزلىكنىڭ ھوسۇلى 3030 كىلوگرام/گېكتارغا، 230.4 گېكتار يەرنىڭ ھوسۇلى 2700 كىلوگرام/گېكتارغا يەتتى. ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈلۈپ كېۋەزدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشنىڭ ئۈنۈۋېرسال يۈرۈشلەشكەن تېخنىكىسى قۇراشتۇرۇپ چىقىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ھەر گېكتار كېۋەزدىن 1800 كىلوگرام، 2025 كىلوگرام ساپ پاختا ئېلىنىدىغان تەكشى سۇپىلارنىڭ يۈرۈشلەشكەن تېخنىكىسى تەييار بولدى، 2250 كىلوگرام ھوسۇل ئېلىنىدىغان تەكشى سۇپىنىڭ يۈرۈشلەشكەن تېخنىكىسى ئاساسىي جەھەتتىن تەييار بولدى. 66 مىڭ 700 گېكتار كېلىدىغان 3 ئۈلگە رايوندا 5 يىلدا جەمئىي ھەر گېكتار كېۋەزدىن 1800 — 2010 كىلوگرامغىچە ساپ پاختا ئېلىنغان كېۋەز كۆلىمى 595 مىڭ 200 گېكتارغا، 2025 — 2235 كىلوگرامغىچە ھوسۇل ئېلىنغان كېۋەز كۆلىمى 143 مىڭ گېكتارغا، 2250 كىلوگرامدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىنغان كېۋەز كۆلىمى 26 مىڭ 200 گېكتارغا يەتتى.

تېمىلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە 7 جەھەتتە 1 - بولدى؛ 2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ كېۋەز كۆلىمى 994 مىڭ 700 گېكتارغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە كېۋەز كۆلىمىنىڭ %37.1 نى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە ئەڭ كۆپ كېۋەز تېرىلغان رايون بولۇپ قالدى؛ 2000 - يىلى ساپ پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليون 500 مىڭ تونىغا يېتىپ مەملىكەت بويىچە پاختا مەھسۇلاتىنىڭ %26.2 نى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى؛ ھەر گېكتار كېۋەزنىڭ ساپ پاختا مەھسۇلاتى 1500 كىلوگرامغا يېتىپ مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇندا تۇردى، پاختا سېتىۋېلىش ۋە يۆتكەش مىقدارى ئايرىم - ئايرىم ھالدا مەملىكەت بويىچە %51 ۋە %42 نى ئىگىلەپ، 1 - ئورۇنغا ئۆتتى؛ ئالىي دەرىجىلىك پاختا مەملىكەت بويىچە %87 نى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە 1 - بولدى، 1 مىليون گېكتار كېۋەزلىكنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 1500 كىلوگرامغا يېتىپ، دۇنيا بويىچە 1 - بولدى، ھەر گېكتار يەردە خىمىيىلىك ئالدىنى ئېلىش قېتىم

سانى 15 قېتىمغا يەتمىدى، ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى 2.7 يۈەن بولۇپ، كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئۈنۈمپەرسال ئالدىنى ئېلىش سەۋىيىسى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇردى. 5 يىلدا مەھسۇلات قىممىتى 13 مىليارد 783 مىليون يۈەن ئاشتى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم 11 مىليارد 354 مىليون يۈەن بولدى.

لى رۇڭ

## CAD تېخنىكىسىنى قوللىنىش قۇرۇلۇشى

دۆلەت پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، مەملىكەت بويىچە CAD (كومپيۇتېرنىڭ قوشۇمچە لايىھىسى) تېخنىكىسىنى قوللىنىش قۇرۇلۇشىنى ماسلاشتۇرۇش - رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى مۇتەخەسسىسلەرنى ئويۇشتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانىدىكى نۇقتىلىق پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە «شىنجاڭدا CAD نى قوللىنىش قۇرۇلۇشىنىڭ تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە قوللىنىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش» تېمىسىنى 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى شۇنداق ھېسابلىدىكى: شىنجاڭدا CAD تېخنىكىسىنى قوللىنىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش جەريانىدا، مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى، مەسلىھەتچىلەر گۇرۇپپىسى قۇرۇلغان، CAD تېخنىكىسىنى قوللىنىش بويىچە مەسلىھەت بېرىش مۇلازىملىق ئاپپاراتىدىن 5 ى ۋە CAD تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش تور نۇقتىسىدىن 10 ى قۇرۇلغان، CAD تېخنىكىسىنىڭ مۇلازىمەت سىستېمىسى شەكىللەنگەن. 3 يىلدىن بۇيان 395 كارخانىنى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىدى، 277 تۈرلۈك CAD تېخنىكا نەتىجىسى ئومۇملاشتۇرۇلدى، ھەر خىل CAD تېخنىكىسى بويىچە 14 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم (قېتىم) تەربىيىلىنىپ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى، ماشىنىسازلىق، ئېلېكتر، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق، نېفىت، قۇرۇلۇش، لايىھىلەش قاتارلىق ساھەلەردە CAD تېخنىكىسىنى قوللىنىش بويىچە 15 ئۈلگە كارخانا بارلىققا كەلدى، 3 يىلدا جەمئىي 55 مىليون 230 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، مەھسۇلات قىممىتى يېگىردىن 618 مىليون 180 مىڭ يۈەن ئاشتى، CAD تېخنىكىسىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %97 بولدى، يېتەكچى مەھسۇلات CAD نىڭ سىزىمىسىنى ئىشلەش نىسبىتى %94 كە يەتتى ھەمدە زور بىر تۈركۈم كارخانىلارنىڭ CAD تېخنىكىسىنى قوللىنىشقا ئۆرتكە بولدى. غەربىي رايوندىكى كارخانىلارنى ئۇچۇر تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ ھالقىش خاراكتېرلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىي مىساللار بىلەن تەمىنلىدى، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا ئەلا دەرىجىگە يەتتى.

چاڭ چۈن

## «ئۈچقۇن» پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ «ئۈچقۇن» پىلانىدا 31 تۈر يېڭىدىن يولغا قويۇلدى، بۇلارغا 1 مىليارد 323 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە بانكىدىن ئېلىنغان قەرز 419 مىليون يۈەن، ئۆز ئالدىغا غەملىگەن مەبلەغ 902 مىليون يۈەن، دۆلەتنىڭ مەخسۇس يېتەكلەش مەبلىغى 1 مىليون يۈەن، «ئۈچقۇن» پىلانىنىڭ مەخسۇس ياردەم ئۆسۈملۈك قەرز پۇلى 1 مىليون يۈەن. مەبلەغ سېلىش سالمىقى 1999 - يىلدىكىنىڭ 2.37 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ. ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈش ئەھۋالى 1999 - يىلدىكىدىن خېلى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئاشقان قىممىتى 1999 - يىلدىكى 188 مىليون يۈەندىن كۆپىيىپ 504 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇ تۈرلەر ئىچىدە رايون خاراكتېرلىك تۈۋرۈك كەسىپلەرگە تەئەللۇق بولغىنى 10 تۈر، يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا ياكى يېڭى تېخنىكىلارنى كىرگۈزۈشكە تەئەللۇق بولغىنى 13 تۈر، «ئۈچقۇن» پىلانى بويىچە شەرق بىلەن غەربنىڭ ھەمكارلىشىشىغا تەئەللۇق بولغىنى 8 تۈر. بۇنىڭ ئىچىدە قىسمەن ياكى تولۇق ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگىنى 14 تۈر.

2000 - يىلى پەن - تېخنىكا نازارىتى داۋاملاشتۇرۇلىدىغان تۈرلەرگە بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مۇھىم ۋە ئارتۇقچە تۈرلەرگە قارىتا ئوتتۇرا مەزگىللىك تەكشۈرۈش ۋە باھالاش تۈزۈمىنى يولغا قويدى، ئوتتۇرا ۋە كىچىك تۈرلەرگە قارىتا ئىز قوغلاپ دوكلات قىلىش ۋە يىل ئاخىرىدا دوكلات قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇلىدىغان تۈرلەرنىڭ مەھسۇلات قىممىتى يېڭىدىن 1 مىليارد 35 مىليون يۈەن ئاشتى، باج - پايدا يېڭىدىن 245 مىليون يۈەن ئاشتى.

2000 - يىلى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە ئاياغلاشتۇرۇش بەلگىلەنگەن تۈر 23 بولۇپ، بۇلاردىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغان تۈر 15، ئاياقلاشتۇرۇلغان تۈر 4. تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغان ۋە ئاياغلاشتۇرۇلغان تۈرلەردە يارىتىلغان مەھسۇلات قىممىتى 267 مىليون يۈەن، يارىتىلغان باج - پايدا 34 مىليون 800 مىڭ يۈەن. توختامدىكى ۋەزىپە ئاشۇرۇپ ئورۇندالغان تۈر 7. توختامدىكى ۋەزىپە ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالغان تۈر 8، ئورۇندالمىغان ياكى قىسمەن پەرق بار تۈر 4.

2000 - يىلى «ئۈچقۇن» پىلانى بويىچە شەرق بىلەن غەربنىڭ ھەمكارلىقىدىكى تۈر 14، كېلىشىمدىكى ئومۇمىي

سوممىسى 278 مىليون يۈەن بولۇپ، شۇ يىلى «ئۈچقۇن» پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن تۈر 8. ئۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 190 مىليون 200 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 89 مىليون 580 مىڭ يۈەن). 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئەمەلىيلەشكەن ئومۇمىي مەبلەغ 121 مىليون يۈەن، سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغنىڭ ئەمەلىيلەشكىنى 77 مىليون 580 مىڭ يۈەن، تولۇق ياكى قىسمەن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن تۈر 6، 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە يارىتىلغان مەھسۇلات قىممىتى 92 مىليون 700 مىڭ يۈەن، باج ـ پايدا 12 مىليون 490 مىڭ يۈەن.

مۇشۇ يىلى پەن ـ تېخنىكا نازارىتى شىنجاڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتى ۋە قەشقەر پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش مەركىزى ھەمدە خوشۇت ناھىيىسىدە مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان يەرلەردە سۇپەتلىك مېۋىلىك دەرەخ ـ كۆكتات ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى بويىچە 3 قارار كۇرس ئاچتى، 350 نەپەر دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق تېخنىكى ۋە يەككە دېھقان تەربىيىلەندى.

تۇڭ جۇڭخۇا

## «مەشئەل» پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى

2000 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «مەشئەل» پىلانى تۈرىدىن 7 سى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭغا 113 مىليون 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزلىرى توپلىغان مەبلەغ 64 مىليون 370 مىڭ يۈەن، قەرز پۇل 49 مىليون 480 مىڭ يۈەن. تۈرلەر تاماملانغاندىن كېيىن يېڭىدىن ئاشقان مەھسۇلات قىممىتى 435 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە، باج 64 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە، پايدا 183 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شىنجاڭ خۇا چۈاڭ تيەنيۈەن چەكلىك پاي شىركىتى ئۈستىگە ئالغان «تۇرسىمان پولات ئىسكىلىتلىق بىرىكمە سۇلياۋ تۇرۇبا»، شىنجاڭ جىڭتەي ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى ئۈستىگە ئالغان «يىلىغا 5000 توننا ساپ كاۋچۇك پاراشوكى ئىشلەپچىقىرىش»، شىنجاڭ قاراماي «خېلى» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئۈستىگە ئالغان «پولى ئېتىلېن پۈركۈيدىغان ئۇۋشاق تورلۇق باسما تۇڭ»، شىنجاڭ «لوڭيۈەن» بىئوتېخنىكا چەكلىك شىركىتى ئۈستىگە ئالغان «ساپ تەبىئىي چاي فېنولى ۋە چاي بوياق ماددىسى» قاتارلىق تۈرلەر خېلى يۇقىرى تېخنىكا تەركىبىگە ئىگە بولۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئىستىقبالى ياخشى مۆلچەرلەنگەن.

2000 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە يولغا قويۇلغان «مەشئەل» پىلانى تۈرلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 799 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە، سېتىش كىرىمى 752 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە، پايدا 77 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، باج 46 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يەتتى. «مەشئەل» پىلانى تۈرىدە 101 مىليون 680 مىڭ يۈەن قەرز پۇل ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك «مەشئەل» پىلانى تۈرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 406 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە، سېتىش كىرىمى 398 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 63 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە، باج سوممىسى 18 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «مەشئەل» پىلانى تۈرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 393 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە، سېتىش كىرىمى 354 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 14 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە، باج كىرىمى 28 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شېن ليەنخەي

## شىنجاڭ زېمىنىنى گۈزەللەشتۈرۈش پەن ـ تېخنىكا ھەرىكىتى پىلانى

2000 ـ يىلى شىنجاڭ زېمىنىنى گۈزەللەشتۈرۈش پەن ـ تېخنىكا ھەرىكىتى پىلانى تۈرىدە تېمىلارغا خىرىدار چاقىرىش باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى:

«سىستېمىلىق سۇ تېجەش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش» تېمىسىدا لوپ ناھىيىسى (قۇم تىزگىنلەش تەجرىبە پونكىتى)، تۇرپان شەھىرى ۋە قۇمۇل شەھىرىنىڭ پالۋانتۇر يېزىسىدا تارماق سىناق نۇقتىسى قۇرۇلۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا سىڭدۈرۈپ ۋە تېمىتىپ سۇغىرىلغان تۇپراقنىڭ سۇ تەركىبىنى ئۆلچەش سىستېمىسىنى قۇراشتۇرۇش ئىشى قانات يايدۇرۇلۇپ، سىڭدۈرۈپ سۇغىرىلىدىغان 0.33 گېكتار يەر ۋە تامچىلىتىپ سۇغىرىش بويىچە سېلىشتۇرما قىلىنىدىغان 2.67 گېكتار يەر تۇرغۇزۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، جۇڭگو توقۇمىچىلىق ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ھەمكارلىشىپ يېڭى تىپتىكى سىڭدۈرۈپ سۇغىرىش ئۈسكۈنىلىرىنى تەتقىق قىلىپ ياساش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

«قارا شەھەر ئويمانلىقىدىكى سۇ بايلىقىدىن ئەلا ياخشى پايدىلىنىش ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش» تېمىسىدا ئويمانلىقتىكى يەرلەردىن ۋە سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئىشى تاماملاندى، قاراشەھەر ئويمانلىقىدا سۇ بىلەن تۇز مىقدارىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئەندىزىسى ۋە يەر ئاستى سۈيى ئەندىزىسى ئاساسىي جەھەتتىن تۇرغۇزۇلدى.

«قۇملۇق تاشيولى بويىدىكى بوستانلىقلاردا ئېكولوگىيىلىك سىستېما قۇرۇش تېخنىكىسى ئۈستىدە

تەتقىقات ۋە ئۆلگە كۆرسىتىش» تېمىسىدا تارىم ئويمانلىقىدىكى قۇملۇق تاشيولىنىڭ 354 كىلومېتىر يېرىدە ئاز سۇغىرىلىدىغان پاكى سۇغىرىلمايدىغان سۈنئىي بوستانلىق ئېكولوگىيە سىستېمىسى قۇرۇلۇشى بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش تەجرىبە رايونى بەرپا قىلىندى.

«تارىم ئويمانلىقى جەنۇبىي چېتىنىڭ قۇملىششىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەش تېخنىكىسىنى سىناق قىلىپ ئۆلگە كۆرسىتىش» تېمىسىدا گۈرۈپپىلاشتۇرۇپ يېتىشتۈرۈش تەجرىبىخانىسى قۇرۇلۇپ، 10 نەچچە خىلدىن كۆپرەك سۇپەتلىك كۆچەت كىرگۈزۈلۈپ، كۆچەتلىك ۋە ئانىلىق يېتىشتۈرۈش باغچىسى قۇرۇلۇشى تاماملاندى.

«شىنجاڭنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىكى تەبىئىي ئورمانلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئورمانلىقنىڭ يۇقىرى ئىقتىسادىي ئۈنۈمدىن پايدىلىنىش تېخنىكىسى بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش» تېمىسىدا قوتۇبى ئورمانچىلىق مەيدانى بىلەن توققۇزتارا ئورمانچىلىق مەيدانىدا تەبىئىي ئورمانلىقنىڭ چېتىدە ۋە ئورمانلىقنىڭ ئاخىرقى چېكىدىكى 150 مېتىر دائىرىدە ئورمان بەرپا قىلىش تېخنىكىسى بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش ۋە تەڭرىتاغ قار لەيلىسىنى ئېرىش قاتارلىق ئورمانلىقنىڭ يۇقىرى ئىقتىسادىي ئۈنۈمدىن پايدىلىنىش تېخنىكىسى بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش ئىشى قانات يايدۇرۇلۇپ، 33.33 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىنىپ ئۆلگە كۆرسىتىلدى، چوڭ ئېتىزلارغا 2500 تۈپ قارلەيلىسى مايسىسى تىكىلدى.

«يېڭىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن بوز - يەرلەرنى مەھسۇلات ۋە دەرىجە ئۆلچىمىگە تېز يەتكۈزۈش ئۈنۈملۈك تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۆلگە كۆرسىتىش» تېمىسىدا ئاۋات ناھىيىسىدە يېڭىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن بوز يەرلەرنىڭ خلورىد — سولفات — كالتسىي — ناترىي تۇزى تىپىگە كىرىدىغانلىقى ئېنىق بېكىتىلدى، يېڭىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن بوز يەرلەرنىڭ يەر قوۋۋىتى ئۈچۈر سىخېمىسى تاماملىنىپ، ياخشىلاش دورىسى ئارقىلىق شورلۇق يەرلەرنى ياخشىلاشنى سىناق قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەر قانات يايدۇرۇلدى.

«شەھەر ئەتراپىدىكى ساياھەت رايونىدا يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكىنى پىلانلاش ۋە ئۇنىڭ تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىش بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش» تېمىسىنى ئۈستىگە ئالغان فۇكاڭ تېما گۇرۇپپىسى سىناق تەرىقىسىدە ئۆلگە كۆرسىتىدىغان ھەرقايسى يېزا - بازارلار بىلەن توختام تۈزدى، مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىكىپ ئۆستۈرۈش بويىچە كۇرس ئاچتى. سۇپەتلىك كۆچەتلەرنى كىرگۈزۈپ، ئۇنى 10 گېكتار بادام بېغىغا تىكىش خىزمىتىنى ئورۇندىدى. تۇرپان تېما گۇرۇپپىسى مىللىي ئۇرپ - ئادەت كەنتىنىڭ ساياھەت ئىشلىرىنى پىلانلاش خىزمىتىنى تاماملىدى، سۇپەتلىك ئۈزگىچە مېۋىلىك دەرەخ كۆچىتى ۋە سورتلىرىنى كىرگۈزۈپ ھەم تىكىپ كۆلەم شەكىللەندۈردى.

«شىنجاڭنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان سۇ بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش تەدبىرى لايىھىسى ئۈستىدە تەتقىقات» تېمىسىدا كۆپلىگەن تەتقىقات خىزمەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى، بۇ تېمىلارنىڭ دەسلەپكى كوپىيىسى پۈتتۈرۈلدى.

پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ 1 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ ياردەم بېرىشى بىلەن، شىنجاڭدا قانات يايدۇرۇلغان «جۇڭگو غەربىي شىمال زېمىنىنى گۈزەللەشتۈرۈش پەن - تېخنىكا ھەرىكىتى پىلانى بويىچە ئاساسىي تەكشۈرۈش ۋە ئىستراتېگىيە ئۈستىدە تەتقىقات»، «جۇڭگو غەربىي شىمال زېمىنىنى گۈزەللەشتۈرۈش پەن - تېخنىكا ھەرىكىتى پىلانىدىكى ئۆلگە رايون قۇرۇلۇشى» (1 - تۈركۈم) نىڭ شىنجاڭ قىسمىدىكى «ئۆتكەن دەرياسى ۋادىسىدىكى بوستانلىقلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى بىلەن يېزا ئىگىلىكىنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەندىزىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات ۋە ئۆلگە كۆرسىتىش» تەتقىقات خىزمىتى پۈتتۈنلەي ئورۇندالدى.

لى تيېجۈن

## دۆلەت تەبىئىي پەن فوندىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 26 تۈر دۆلەت تەبىئىي پەن فوندىنىڭ 4 مىليون 230 مىڭ يۈەن ياردەم پۇلىغا ئېرىشتى، تۈرلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مەبلەغ ياردىمىگە ئېرىشىش دەرىجىسى 80 ~ 100 مىڭ يۈەندىن كۆپىيىپ 120 ~ 240 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دۆلەت تەبىئىي پەن فوندى كومىتېتى ئالاقىدار مۇتەخەسسىلەرنى شىنجاڭغا كېلىپ ئالاقىدار ئالىي مەكتەپلەر، پەن تەتقىقات يۇرتى، تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ ئاساس خاراكتېرلىك پەن تەتقىقات تۈرلىرى ۋە مەركىزىي تەجرىبىخانىلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە، شىنجاڭنىڭ غەربىي رايونىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش جەھەتتە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئاساس خاراكتېرلىك تەتقىقات تېمىلىرىنى ئىگىلەشكە ئەۋەتتى.

شۆ دېشيۇ

## دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق يېڭى مەھسۇلات پىلانى تۈرىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى

2000 - يىلى پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، شىنجاڭ بويىچە 8 خىل يېڭى مەھسۇلات «2000 - يىلى دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق يېڭى مەھسۇلات پىلانى»غا كىرگۈزۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 3 خىل يېڭى مەھسۇلات



مەملىكەت ئىچىدە تۇنجى قېتىم تەتقىق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىقىلغان 600 كىلوۋاتلىق شامال كۈچى گېنېراتور گۇرۇپپىسى

سۈرەتنى پەن - تېخنىكا نازارىتى تەمىنلىگەن

دۆلەتنىڭ 800 مىڭ يۈەن يېڭى مەھسۇلات قوشۇمچە ياردەم خىراجىتىگە ئېرىشتى. 8 خىل يېڭى مەھسۇلات ۋە ئۇنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇنلار تۆۋەندىكىچە: ئاستى ئاسما قوڭغۇراقلىق لەيلىمە لىملىق بىرىكمە تەكچۈك ھالەتتىكى ماي تارقىتىش مەشىنىسى CTJB4 — 1. 8 — 7 (H) PF (شىنجاڭ 3 - ئىستانوك زاۋۇتى)، MSD ئىقتىدارلىق تۆۋەن بېسىملىق توك تەقسىملەش ئىشكاپى (شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى ۋېكلىيۇچاتىل زاۋۇتى)، «تيەنسەي» ماركىلىق تەبىئىي قوڭۇر رەڭلىك 40 - نومۇرلۇق پاختا يىپ (شىنجاڭ «تيەنسەي» پەن - تېخنىكا چەكلىك پاي شىركىتى)، ئاياللارنىڭ «ئانار» ماركىلىق تازىلىق سۇيۇقلۇقى (شىنجاڭ غەربىي رايون جاست دورا شىركىتى)، يۇقىرى ئوكسىگېن تەركىبلىك «بىڭكېلەي» مۇز سۈيى (شىنجاڭ «بىڭكېلەي» يېمەكلىك چەكلىك شىركىتى)، چارۋا مال - قۇشلارنىڭ سۈرەككەپ تەڭشەلمە ئوزۇقلۇقى ۋە كۆچەيتىلگەن يەم - خەشەكى (ئۈرۈمچى تيەنكاڭ چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى)، L — گلوتامىن (شىخەنزە - جېجياڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىرلەشمە پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى)، بىۋاستە سىقىپ شەكىلگە كەلتۈرۈپ ئىشلەنگەن پولى ۋىنىل خلورىدلىق مەخسۇس دېۋرقاي (شىخەنزە جۇڭفا خىمىيە سانائىتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى).

جاڭ يۈ

## شىنجاڭنىڭ نوقتىلىق يېڭى مەھسۇلات پىلانى تۈرلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى

2000 - يىلى 14 خىل يېڭى مەھسۇلات شىنجاڭنىڭ شۇ يىلقى نوقتىلىق يېڭى مەھسۇلات پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. 14 خىل يېڭى مەھسۇلات ۋە ئۇنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇنلار مۇنۇلار: «تيەنسەي» ماركىلىق تەبىئىي قوڭۇر رەڭلىك پاختا يىپ (شىنجاڭ «تيەنسەي» پەن - تېخنىكا چەكلىك پاي شىركىتى)، «تيەنسەي» ماركىلىق تەبىئىي قوڭۇر رەڭلىك 14.6Tex، يېشىل رەڭلىك 18.2Tex پاختا يىپ (شىنجاڭ «تيەنسەي» پەن - تېخنىكا چەكلىك پاي شىركىتى)، ئاياللار ئىشلىتىدىغان ساپ «ئانار» تازىلىق سۇيۇقلۇقى (شىنجاڭ غەربىي يۇرت جاست دورا شىركىتى)، «دادىلۇ» ئۆسۈملۈك ئۆسۈشنى تەڭشەش دورىسى (ئۈرۈمچى «دادىلۇ» يۇقىرى پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى)، «ۋەنشياڭ» ماركىلىق ھەممىباب ئاتلىنىقلاشتۇرۇش ئەسۋابىنىڭ يورۇشلۇك ئۈسكۈنىسى (بايىنغولىن ئوبلاستلىق «ۋەنشياڭ» پەن - تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى)، قار لەيلىسى ئىچىملىك سۇيۇقلۇقى (شىنجاڭ «شىنفۇ» ئوتتۇرا دورا چەكلىك شىركىتى)، «كۆركەم، چىداملىق» ماركىلىق سۈنئىي تاش بۇيۇملىرى (شىنجاڭ «شىنتو» يېڭى تىپتىكى بىنا قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى چەكلىك شىركىتى)، «فۇ جياڭ» ماركىلىق تەبىئىي رەڭلىك گۈللۈك پاختا توقۇلمىلىرى (شىنجاڭ توقۇمىچىلىق (گۇرۇھى) شىركىتى «1 - ئىيول» 2 - پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى)، قارلەيلىسىدىن ياسالغان مۇزغورلۇق چاپلىما دورا (ئۈرۈمچى «راۋشى خېڭكاڭ» بىئولوگىيە قۇرۇلۇشى چەكلىك شىركىتى»، ئىقتىدارلىق يېقىلغۇ گاز سائىتى (شىنجاڭ «رەنتو» پەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى)، تەرتىپسىز كوپولىمېراتسىيىلىك پولى پروپىلېن (PP — R) تورۇبا ماتېرىيالى (شىنجاڭ «جىن شېڭيۈەن» سانائەت - سودا چەكلىك شىركىتى)، ئورگانىزملىق بىئولوگىيە ئورگانىك ئوغۇت (كورلا يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتى يېزا ئىگىلىك بىئولوگىيە قۇرۇلۇشى چەكلىك شىركىتى)، YJ — AM تىپلىق ئەگرى ئوقلۇق ئاغدۇرما ماشىنا (شىنجاڭ «يۆ جيۇ» ئەگرى ئوقلۇق ئاغدۇرما تېخنىكا چەكلىك شىركىتى)، پەمىدۇر پاراشوكى ۋە كۆچەيتىلگەن پەمىدۇر قىيامى، ساپ پەمىدۇر قىيامى ئىچىملىكى (شىنجاڭ «ھاياتلىق قىزىلى» پەن - تېخنىكا مەبلەغ سېلىش - تەرەققىيات چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى).

جاڭ يۈ

## پەن - تېخنىكا تېپىدىكى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش پىلانى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى

پەن - تېخنىكا تېپىدىكى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنىڭ تاۋارغا ئايلىنىشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى پەن - تېخنىكا تېپىدىكى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش فوندى تەسىس قىلىپ، ھەر يىلى 5 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا ياردەم بېرىشنى قارار قىلدى. 2000 - يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا پەن - تېخنىكا تېپىدىكى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش فوندىدىن ياردەم بېرىشكە ئىلتىماس قىلىش خىزمىتى رەسمىي يولغا قويۇلدى. پەن - تېخنىكا نازارىتى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار، پەن تەتقىقات يۇرتى، تەتقىقات ئورۇنلىرى ھەمدە ئالاقىدار تارماقلار ئۈچۈن پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش فوندى خىزمىتى بويىچە 2 قارار كۇرس ئاچتى.

2000 - يىلى تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش فوندىدىن جەمئىي 3 مىليون يۈەن پۇل ئاجرىتىلدى. شۇ يىلى 30 دىن كۆپرەك تۈرگە دائىر ئىلتىماس تاپشۇرۇۋېلىندى. نەزەرىيە جەھەتتىن قاتتىق دەلىللەش ئارقىلىق 17 تۈر باھالاپ تەكشۈرۈلدى. 12 تۈر تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى. يېڭىدىن تۇرغۇزۇلىدىغان 10 تۈر تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى.

جاڭ چۈن

## ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساسلىق پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى ئالاھىدە تەربىيىلەش بويىچە مەخسۇس پەن تەتقىقات مەبلىغى تۈرى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى

ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساسلىق پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى ئالاھىدە تەربىيىلەش تۈرىنىڭ سەپلىمە راسخوتى قىلىش ئۈچۈن 2000 - يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى شىنجاڭنىڭ مالىيە خام چوتىدىن 1 مىليون يۈەن مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىلىدىغان بولدى. شەخسلەرنىڭ ئىلتىماس قىلىشى، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىغا ئاساسەن، 2000 - يىلى ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساسلىق پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى ئالاھىدە تەربىيىلەش بويىچە پەن تەتقىقات مەخسۇس مەبلىغى تۈرىدىن 30 كىشىگە ياردەم بېرىلدى.

ۋاڭ شۈسەي

## يۇمشاق پەن تەتقىقات خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ پەن تەتقىقات پىلانىدا جەمئىي 12 تۈرلۈك يۇمشاق پەن تەتقىقات تۈرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭدىن 9 تۈرلۈك يۇمشاق پەن تەتقىقات تۈرى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، شۇ يىلى يۇمشاق پەن تەتقىقات تۈرىدە 4 تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

جاڭ چۈن

## يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش ئۈلگە قۇرۇلۇشى

بۇ — ئاپتونوم رايوننىڭ پەن تەتقىقات ۋە تېخنىكا يارىتىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن مۇھىم تۈر. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى ئۇرۇقچىلىق، مەخسۇس ئۇن، چارۋىچىلىق، مېۋە - چېۋە، كۆكتات، باغۋەنچىلىكتىن ئىبارەت 4 كەسىپىي زەنجىرنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ تۈرنى سانجى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۈستىگە ئالدى.

2000 - يىلى سانجى شەھىرى يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسىپلىشىشىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق تېزلىتىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، «يېڭى تېپتىكى قەنت مىقدارى يۇقىرى، كېسەلگە چىدامىلىق، سۈپەتلىك تاۋۇز، قوغۇننىڭ يېڭى سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇنى بارلىققا كەلتۈرۈش» تىن ئىبارەت پەن تەتقىقات ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈرىنى ۋە «مەيچۈر UHT سۈت مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى كەسىپلەشتۈرۈش»، «گۆش توخۇسىنى ئايرىپ بېقىش مەھسۇلاتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش»، «ئۆزگىچە سۈت ياسالمىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش»، «مەخسۇس ئۇن ئىشلەپچىقىرىش»، «زاۋۇتلاشتۇرۇپ مايسا يېتىشتۈرۈش»، «جىغاننى ئۇنىۋېرسال پىششىقلاپ ئىشلەش» تىن ئىبارەت يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈشكە دائىر 6 تېمىنى تەشكىللىك يولغا قويدى. يىل ئاخىرىغىچە بۇ تۈرلەرنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى ناھايىتى ياخشى بولدى. تاۋۇز قوغۇننىڭ 7 خىل سورتى تاللاپ چىقىلدى. «مەيچۈر UHT سۈت مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاشنى كەسىپلەشتۈرۈش» تۈرىدە شۇۋېتسىيە «لىل» شىركىتىنىڭ سۈت پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈسكۈنىسىنى كىرگۈزۈپ، كۈنىگە 30 توننا يېڭى سۈتنى بىر تەرەپ قىلدى، ئاساسلىقى UHT پەۋقۇلئاددە يۇقىرى ھارارەتتە مىكروبسىزلاندۇرۇلغان سۈت مەھسۇلاتىنى بارلىققا كەلتۈردى ھەمدە ئىشلەشتۈرۈلگەن قېتىق، تەملىك سۈت قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى قوشۇمچە ئىشلەپچىقاردى. گۆش توخۇسىنى كۈندىلىك پىششىقلاپ ئىشلەش - سېتىش ئىقتىدارى 1.5 تونىغا يەتتى. شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن تېخنىكا توختامى كېلىشىمى ئىمزالاپ، سۈت ئىچىملىكى

پاسالمىلىرىنى بىرلىكتە تەتقىق قىلىپ بارلىققا كەلتۈردى. ياۋروپا ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلگەن ئۈسكۈنىلەرنى قۇراشتۇرۇش - تەڭشەپ سىناش ئىشى تاماملاندى ھەمدە لاياقەتلىك مەھسۇلاتلار ئىشلەپچىقىرىلدى. مايسىلارنى زاۋۇتلاشتۇرۇپ يېتىشتۈرۈش تۈرىدە 10 مىليون تۈپ سورتلۇق ئۈزۈم كۆچىتى ئىشلەپچىقىرىلدى. گۈچۈڭ قاتارلىق ناھىيىلەردە سۈپەتلىك بوغداي تېرىش بازىسى قۇرۇلۇپ، لەغمەنگە ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس ئۇن بازارغا سېلىندى.

چېن جيەنخۋا

## نامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش

ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى چۆرىدەپ، نامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش يولغا قويۇلدى. پەن - تېخنىكا نازارىتى تۈرلۈك پەن - تېخنىكا تۈرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا، نامرات ۋىلايەت، نامرات ناھىيە (شەھەر) لەرگە قارىتا مايىللىق سىياسىتىنى قوللاندى. 1996 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە پەن - تېخنىكا نازارىتى نامرات ۋىلايەت ۋە نامرات ناھىيە (شەھەر) لەرگە نامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش بويىچە 34 تۈر ئورۇنلاشتۇردى. بۇلارغا پەن - تېخنىكا 3 خىل خىراجىتىدىن 5 مىليون 196 مىڭ يۈەن (پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى بەرگەن خىراجەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) سەرپ قىلدى. 12 مىليون 200 مىڭ يۈەن قەرز پۇلنى ئەمەلىيلەشتۈردى. «1 مىليون مو (66 مىڭ 700 گېكتار) ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق كېۋەزلىكنى يۇقىرى ھوسۇللۇق كېۋەزلىككە ئايلاندۇرۇش بويىچە ئۇنىۋېرسال تېرىش تېخنىكىسى»، «1 مىليون مو (66 مىڭ 700 گېكتار) تۇزلۇق ئاشلىق ئېتىزلىرىدا زىرائەت تېرىش تېخنىكىسى» نى يولغا قويۇپ، نامرات ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ئاشلىق، پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى ۋە بىرلىك مەھسۇلاتىنى زور ھەجىمدە ئۆستۈردى.

پەن - تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش خىزمىتى. پەن - تېخنىكا نازارىتى 2000 - يىل 3 - ئايدا شەندۇڭ ئۆلكىلىك مېۋىلىك دەرەخ تەتقىقات ئورنى ۋە شەندۇڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدىن 2 مۇتەخەسسىسنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەش مەركىزى ۋە ش ئۇ ئا ر «ئۈچقۇن» پىلانى بويىچە تەربىيىلەش بازىسىدا قوغدىلىدىغان يەرلەردە سۈپەتلىك مېۋىلىك دەرەخنى تىكىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىشقا تەكلىپ قىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىن 180 دىن كۆپرەك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق تېخنىكى ۋە يەككە دېھقان تەربىيىلەندى. 11 - ئايدا خوشۇت ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە قوغدىلىدىغان يەرلەردە كۆكتات، مېۋىلىك دەرەخلەرنى سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق قىلىپ ئۆستۈرۈش يېڭى تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە (شەھەر) لەردىن 150 دىن كۆپرەك ئاساسىي قاتلام دېھقانچىلىق تېخنىكى ۋە دېھقان تەربىيىلەندى.

نامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش بويىچە تەقدىرلەش - مۇكاپاتلاش خىزمىتى. 2000 - يىلى شىنجاڭدىن 10 كىشى 1999 - يىلى نامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش بويىچە «جېنخۋا» مۇكاپات فوندىنىڭ شەخس مۇلازىمەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇلار: ۋاڭ شىنيۇڭ (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنى)، رەن دولياڭ (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى)، جاڭ يۈگېڭ (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى)، ۋاڭ جىكۇن (ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئازاق يېزىسى)، دىلشات ھېبىبوللا (ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسى)، ئابدۇللا (خوتەن ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى)، شى بولى (ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۈچكىچىك تەتقىقات ئورنى)، لۇ چۈنشىڭ (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى باغۋەنچىلىك تەتقىقات ئورنى)، فەيرەت ئابدۇرېشىت (پەيزاۋات ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا مەركىزى)، تەۋەككۇل ياقۇپ (قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى يېزا ئىقتىسادىي پونكىتى)، مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچى ھەر بىر كىشى 2500 يۈەندىن مۇكاپات ئالدى. خوتەن ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتىغا نامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ دەپ نام بېرىلدى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنىدىن لو چۈنفېڭ قاتارلىق 8 كىشىگە نامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش بويىچە ئىلغار شەخس دەپ نام بېرىلدى.

چېن جيەنخۋا

## «863» تەتقىقات تۈرىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە «863» پىلانىدىكى 7 تۈر دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى ۋە داۋاملىق يولغا قويۇلدى، «863» پىلانىدىكى ئالدىن ئۈلگە كۆرسىتىلىدىغان 6 تۈر داۋاملىق يولغا قويۇلدى، بۇ تۈرلەرگە جەمئىي 9 مىليون 300 مىڭ يۈەن خىراجەت سەرپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت بەرگەن پۇل 6 مىليون 500 مىڭ يۈەن، چەت ئەل ياردەم بەرگەن پۇل 2 مىليون 800 مىڭ يۈەن.

ۋاڭ شۈسەي

# نەتىجە ۋە پاتېنت

## بىر تەتقىقات نەتىجىسى دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە بىر پەن - تېخنىكا نەتىجىسى دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «تارىم ئويمانلىقى دېڭىز فاتسىيىسىدىكى كىراتوڭ نېفىت - گازنى تەكشۈرۈپ ئېچىش تېخنىكىسى ۋە ئۇنى قوللىنىش» تۈرى دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇنى ئورۇندىغان ئورۇن: جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز چەكلىك پاي شىركىتىنىڭ تارىم شۆبە نېفىت شىركىتى. ئورۇندىغانلار: لياۋ يوڭيۈەن، جيا چېڭزاۋ، سۇن لوڭدې، دى جاۋ، يۈ شىنشۈي، لياڭ دىگاڭ، جۇشىنيۈەن، ۋاڭ جاۋساڭ، ليۇ چاڭيۈ، تيەن جۈن.

سۇڭ چۈنخۇڭ

## 90 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىنى باھالاش ھەيئىتىنىڭ باھالىشى ئارقىلىق 90 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇلاردىن 5 تۈر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 18 تۈر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 67 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

### 1 - دەرىجىلىك مۇكاپات (5 تۈر)

كېۋەزدىن كەڭ كۆلەمدە يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشنىڭ ئۇنىۋېرسال يۈرۈشلەشكەن تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش (دېھقانچىلىق نازارىتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى پەن - تېخنىكا كومىتېتى، ياۋ يۈەنسۇڭ قاتارلىق 36 كىشى)، دۆلىتىمىزدە 600 كىلوۋاتلىق شامال گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش (شىنجاڭ شىنفېڭ پەن - تېخنىكا - سانائەت، سودا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ شامال ئېنېرگىيە شىركىتى، شىنجاڭ شامال ئېنېرگىيە تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى؛ يۈ ۋۇمىڭ، ۋۇ گاڭ، گو جيەن، ۋاڭ ۋېيچىڭ، زو شيەنبىن، گوڭ جىڭيۈەن، ۋاڭ شياڭمىڭ، ماخۇڭبىڭ، جاڭ بەنچى، رېن شېڭرۇڭ، لى لى، لى پىڭ)، قۇرۇلۇش باكتېرىيىسى ئارقىلىق ھۈجەيرىنى تۇراقلاشتۇرۇش L — مېتىئونىن ئىشلەپچىقىرىشنى ئارىلىقتا سىناق قىلىش (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىكرو ئورگانىزم تەتقىقات ئورنى؛ ياڭ شىنپىڭ، فېڭ لېي، مۇستاپا، شى يۇخۇ، سۇي ۋېيدۇڭ، لى چېنخۇا، جاڭ خۇيتاۋ، فېڭ خۇەيرۇڭ، ۋەن خۇڭگۇي، ۋاڭ ۋېي)، 300 كۇب مېتىرلىق دومنا پېچقا يۇقىرى نىسبەتلىك كۆمۈر پوركۇشنى ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك سىناق قىلىش (شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى تۆمۈر تاۋلاش زاۋۇتى، شىنجاڭ پولات - تۆمۈر تەتقىقات ئورنى؛ ۋاڭ خۇڭجاڭ، يۈ خۇڭگو، يۈەن ۋەنبىڭ، لياۋ ۋېنشىن، جاڭ يۇڭجۈن، زو شىنچېڭ، جاڭ چۈن، جاۋ شيا، جياڭ ۋېنجۇڭ، ليۇ تيېخەن، جىڭ ۋېنيۇ، لى ۋېيخاۋ)، تارىم ئويمانلىقى شايار كۆتۈرۈلمىسىدىكى نېفىت - گاز نىشانلىق رايوننى تەكشۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات (غەربىي شىمال نېفىت گېئولوگىيە ئىدارىسى پىلانلاش - لايىھەلەش تەتقىقات يۇرتى؛ لىن جۇڭمىن، لو خۇڭ، ۋاڭ شىمىن، شېن لىنكې، بې دېشېڭ، جۇ دىگاڭ، يۈن لۇ، ياڭ گولۇڭ، خەن يەنىڭ، يەن شياڭبىڭ، لى زوڭجيې، ۋاڭ چيەن).

### 2 - دەرىجىلىك مۇكاپات (18 تۈر)

ئوتتۇرا تارىم نېفىتلىكىدە بېئولوگىيىلىك قۇم تىزگىنلەش، كۆكەرتىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى تېخنىكىسى (جۇڭگو نېفىت باش شىركىتى تارىم شۆبە شىركىتى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى؛ ما جېنۋۇ، پەن بورۇڭ، گۇڭ فۇخۇا، شۆي شىنۋېن، چېن گاڭ، خۇ يۈكۈن، ۋاڭ يىچىڭ، لېي جياچياڭ، لى بىڭۋېن)، ئېگىزلىك ئۆپكە سۇلۇق ئىششىقى ۋە مېڭە سۇلۇق ئىششىقىنى داۋالاش تەدبىرلىرى ۋە كېسەل پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 18 - دوختۇرخانا؛ جاڭ شىجۇ، ۋاڭ ۋېي، مايۇڭ، چېن جەنشى، سۇي جيەنخۇا، لى چاۋبىن، خا جېندې، جۇ يوڭئەن، جاڭ سۇپىڭ)، سېرىقى قىسىمدىكى قان ھۈجەيرىسىدە ئاللوگېننى جانلاندۇرۇش، تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ۋە ئۇنى كلىنىكىدا قوللىنىش ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى 1 - دوختۇرخانىسى؛ ۋېن بىڭجاۋ، لى لىڭ، چۇ جيەنخۇا، جياڭ مىڭ، گو شىنخۇڭ، دىڭ لىگلۇ، ما يەن، فو مېيلەن)، قوشۇلما ئانتىگېنلىق قاپلىق قۇرت كېسىلىگە تېز دىئاگنوز قويۇش سۇيۇقلۇقىنى تەتقىق قىلىش ۋە ياساش (شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى 1 - دوختۇرخانا؛ ۋېن خاۋ، جاڭ

چاۋشيا، فېڭ شياۋخۇي، دېڭ شياۋفەن، جاۋ جيەنبې، فۇ يەن، ياڭ ۋېنگۇاڭ، لۇەن مېيشياڭ)، كۇچا تاغ ئالدىدا قۇدۇق بۇرغىلاش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە قوللىنىش (جۇڭگو نېفىت باش شىركىتى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى؛ جيا لىجياڭ، جۇ جىنجې، لياڭ خۇيجۇن، چى جۇن، ۋاڭ جيايىن، شۈي جىشيۇڭ، ۋاڭ شۇچى، لى زېجۇن، سۇن جىجۇن)، سۇپەتلىك شال سورتىنى كىرگۈزۈش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يادرو - بىئولوگىيە تېخنىكا تەتقىقات ئورنى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى، مىچۈەن شەھەرلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى؛ لياڭ نەيتىڭ، ۋېي يۇبو، گو جىشەن، جياڭ رۇڭفۇ، لىن يىڭچۈن، شياۋ رۇي، شۈي جەنتۇ، زېڭ شيەنگو، شۇ خۇي)، ئۈرۈمچى نېفىت - خىمىيە سانائىتى نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ بېسىم كېمەيتىش مۇنارىنى تېخنىكىلىق ئۆزگەرتىش (جۇڭگو نېفىت باش شىركىتى ئۈرۈمچى نېفىت - خىمىيە باش زاۋۇتى لايىھىلەش يۇرتى، تيەنجىن ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيە سانائىتى ئىنىستىتۇتى، جۇڭگو نېفىت باش شىركىتى ئۈرۈمچى نېفىت - خىمىيە شىركىتىنىڭ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى؛ لىن تاۋ، دوڭ دېفۇ، لى شيەنخې، لى شىنگاڭ، چياڭ بىن، ۋاڭ زىجۇن، سۈي شياۋمىڭ، ليۇ بېيسۇڭ، جاڭ لىجۇن)، جۇڭگو، قازاقىستان، قىرغىزىستانلارنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدىكى يەر تەۋرەشنى رايونلارغا ئايرىش (ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەش ئىدارىسى؛ فېڭ شيەنيۇ، شى جيەنباڭ، ياڭ جاڭ، رۇ جېي، ۋۇ شياۋلى، چياڭ خۇي، بو مېيشياڭ، گاۋ گويىڭ، ۋاڭ گۇيلىڭ)، تارىم ئويمانلىقىدىكى نېفىت ھاسىل قىلغۇچى جىنسلار ۋە نېفىت مەنبەسى ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو نېفىت باش شىركىتى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى، جۇڭگو نېفىت باش شىركىتى نېفىت قىدىرىپ تەكشۈرۈش - ئېچىش تەتقىقات يۇرتى؛ جاڭ شۇيچاڭ، لياڭ دىگاڭ، شياۋ جۇڭياۋ، ۋاڭ فېييۇ، ۋاڭ گولىن، جاڭ باۋمىن، لى مېي، بيەن لىزېڭ، ۋاڭ چىڭخۇا)، رادىئاتسىيىنىڭ ئېلېكترون ماتېرىياللىرىدىكى ئېنېرگىيە جۇغلانمىسى ۋە ئۇنىڭ ئېففېكتى ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنى؛ باۋ ۋېيجېن، خې چېڭفا، ۋۇ چىنچى، چېن چاۋياڭ، لۇ شياۋلۇڭ، خۇ جياڭشېڭ، ئەن جىنشيا)، جۇڭغار ئويمانلىقى شامېنزى رايونىدا ئىككى ئۆلچەملىك، يۇقىرى ئېنىقلىقتا يەر تەۋرىتىپ ئۆلچەش بويىچە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تەتقىقاتى ۋە ئۇنى قوللىنىش (شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش باشقارمىسى؛ جاڭ گوجېن، خۇاڭ يۇڭپىڭ، شيا دېشۇ، ۋاڭ ۋېنجى، داڭ يۇفاڭ، چېن جېنشېڭ، جاڭ شېڭچياڭ، جياڭ زېچاۋ، جاڭ جىۋۇ)، چوڭقۇر قۇدۇقلاردا تۈرۈبا ئۆلانمىسىدىن پايدىلىنىپ سۇنى توسۇپ نېفىت ئېلىش ھۈنەر - سەنئىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈش (شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى نېفىت ئېلىش ھۈنەر - سەنئەت تەتقىقات يۇرتى؛ تيەن شياڭمىڭ، خۇ ۋېنيۇڭ، ماۋ ۋېنلى، ياڭ فېڭ، چېن شىنجى، جاڭ يۇڭ، ليۇ گوچىڭ، نۇر، يى لىڭ)، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال پېرىم سىستېمىسىدىكى پايدىلىق قاتلاملارنى مۆلچەرلەش ۋە چارلاش نىشانلىرىغا باھا بېرىش (جۇڭگو نېفىت باش شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىكى شۆبە شىركىتىنىڭ تەكشۈرۈش - ئېچىش تەتقىقات يۇرتى؛ شۇ شىنكې، ليۇ جېنيۇ، ماخۇيشۇ، دۇ شىكۇەن، لى سىنخې، چاڭ چيۇشېڭ، رەخمىتۇللا، بەي شىنمىن، چى جۇن)، قاراماي نېفىت خىمىيە زاۋۇتىدا KN4006 ۋە KA8030 كاۋچۇك مېيىنى تەتقىق قىلىپ ياساش (جۇڭگو نېفىت باش شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىكى شۆبە شىركىتىنىڭ قاراماي نېفىت خىمىيە زاۋۇتى؛ ياڭ جيەنشياڭ، شۇ لىجيا، جاڭ لىڭجۇن، دەن ۋېيجۇڭ، جېڭ جى، كى يۇشىڭ، ليۇ رۇيجۇن، گاۋ خۇڭ، جۇ دۇڭ)، كېڭەيتىلگەن ئورتاق شەكىللىك ئالگېبرا ۋە مەيدان نەزەرىيىسى (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى؛ چا چاۋجېڭ، جاۋ ۋېيجۇڭ)، فلۇئورسېنىنىڭ كۆپ مەنبەلىك يوقىلىش پرىنسىپىدىن پايدىلىنىپ ئوپتىك تالالىق خىمىيىۋى سەزگۈر دېتاللارنى تەتقىق قىلىش (شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى؛ چېن جيەن، ۋاڭ كېجۇن، لى ۋېي، گۇ جۇلياڭ، يەن چاۋ، ما شىنمىن، چېن لى، خۇ جۇنېڭ، كاڭ شىنپىڭ)، تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقىنىڭ يۇرا سىستېمىسىدىكى نېفىت گېئولوگىيىسىگە ئۇنىۋېرسال باھا بېرىش ۋە تەكشۈرۈلىدىغان نىشانلارنى تاللاش (جۇڭگو نېفىت باش شىركىتى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى شۆبە شىركىتىنىڭ تەكشۈرۈش - ئېچىش تەتقىقات يۇرتى؛ يۈەن مىڭشېڭ، جاڭ شىخۇەن، لى چياۋمېي، جاڭ دېشېڭ، جۇ يۇجۇڭ، خې يۇڭخۇڭ، خۇ چۈەنجېڭ، فۇ گوبىن، ۋاڭ جياخۇي)، شىمالىي سەنتەي نېفىتلىكىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش سىستېمىسى (جۇڭگو نېفىت باش شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىكى تارماق شىركىتىنىڭ شەرقىي جۇڭغار نېفىت زاۋۇتى؛ چېن چاڭگېڭ، لى بىن، ليۇ خۇييۈەن، فەن جىندىڭ، خۇاڭ دايۇڭ، ۋۇ لىۋېن، لۇ چىڭگاڭ، ليۇ يۇڭ، لى جاۋ)

3 - دەرىجىلىك مۇكاپات (67 تۈر)

كورلا شەھىرىنىڭ شىمالىي ئەتراپىدىكى قاقاس تاغلىقتا سۇ تېجەشلىك ئورمان بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى (شىنجاڭ ئورمان بەرپا قىلىش - قۇم تىزگىنلەش تەتقىقات ئورنى، كورلا شەھەرلىك باغۋەنچىلىك - ئورمانچىلىق تەتقىقات ئورنى؛ ليۇ يۇخۇا، شېن جۇنگاڭ، ليۇ كاڭ، جۇ يۇۋېي، لى سۇپىڭ،

گۇ سىڭشەن، ۋېي يۇخۇاڭ) . شىنجاڭ تاشيول تورلىرىنى ئاسراش ئۈستىدە تەتقىقات (قاتناش نازارىتى تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى؛ سۇن شىنجۇن، يى جىجياڭ، جاۋ شىنگې، شۇ يۇجۇن، بەي شاۋسىن، ما جيەنجۇن، جاۋ سۇاڭ) . شىنجاڭنىڭ قېزىلما بايلىقلىرىنى ئېچىش ۋە كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سىياسەت تەتقىقات ئورنى، ش ئۇ ئا ر قېزىلما بايلىقلار كومىتېتى، جۇڭگو زېمىن - بايلىق ئىقتىسادىي تەتقىقات يۇرتى؛ چېن جېفۇ، ليۇ سۇچېن، ۋاڭ يىشۇ، ليۇ لىمەي، چېن بىيې، ما يىڭجۇن، خۇاڭ ۋېنۇۋ) . شىنجاڭ بال قارىغىيىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورۇق مەنبەسىنى تاللاش ۋە رايونلارغا ئايرىش ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەن تەتقىقات ئورنى؛ گو جۇڭيىڭ، شى يەنجياڭ، چېن توڭبىن، تاۋ جىجۇن، سۇڭ فېڭخۇي، قادىر، لى خۇڭ) . تارىم دەرياسى 3 -، 4 - نېفىتلىكى ئوردوۋېك سىستېمىسىدا ساقلانغان ماينى دومىلىما قىدىرىپ ئېچىش لايىھىسى ئۈستىدە تەتقىقات (غەربىي شىمال نېفىت گېئولوگىيە ئىدارىسى پىلانلاش - لايىھىلەش تەتقىقات يۇرتى؛ جاڭ شىمىڭ، جاڭ خۇڭنيەن، چېن خۇيچاۋ، جياڭ تەيرېن، تەن چېڭجۇن، يەن خۇا، چېن جىخەي) . يۇرەك قوزغاتقۇچ تېخنىكىسىنى كېڭەيتىپ قوللىنىش (ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسى؛ شۇ لىشۇ، ياڭ مىڭجۇەن، لى گوچىڭ، پەرھات، ۋۇ جۇڭدۇڭ، گومىڭ، دەي شياۋيەن) . تومانلاشتۇرۇپ بورغىلاش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش (شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى بورغىلاش هۇنەر - سەنئەتى تەتقىقات يۇرتى؛ تيەن شياۋشەن، ساڭ يىڭفاڭ، چىڭ شياۋنيەن، شۇ شۇچيەن، ليۇ خۇيشېن، لى ئەيجۇن، لو ۋېي) . ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ شىنجاڭ بولىكىدىكى مۇھىت ئاپىتى ۋە ئۇنى تىزگىنلەش تەدبىرلىرى ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى؛ چېن يانىڭ، لى ۋېيخۇڭ، يەن جيەن، لى يۇلىن، ياڭ سجۇەن، چېن لىجۇن، لى شياڭجۇن) . يىتوڭ «2000» دوختۇرخانا ئۇچۇر باشقۇرۇش سىستېمىسى (شىنجاڭ كومپيۇتېر ئارقىلىق تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى شىركىتى، شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى 1 - دوختۇرخانا، ئۈرۈمچى ۋەنتوڭ پەن - تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى؛ ليۇ جياڭ، جۇ شياۋلۇڭ، چيۇ جيې، جاڭ شياڭياڭ، ۋاڭ ياڭ، ياۋلېي، جاڭ فاڭ) . KR14 — 337A تېپلىق قىزدۇرۇپ نېفىت ئېلىش قۇدۇقىنىڭ ئېغىر قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىپ - ياساش (شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى نېفىت ئېلىش هۇنەر - سەنئەت تەتقىقات يۇرتى، جۇڭگو نېفىت باش شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىكى شۆبە شىركىتىنىڭ 3 - نېفىت ئېلىش زاۋۇتى، شىنجاڭ نېفىتلىكىنىڭ ئېغىر نېفىت ئۆزلەشتۈرۈش شىركىتى، جۇڭگو نېفىت باش شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىكى شۆبە شىركىتىنىڭ ئۆزلەشتۈرۈش شىركىتى؛ ساڭ يۇڭلى، چېن شېڭ، ۋاڭ جوفېي، خۇ جېڭجۇن، جاۋ خوڭيىڭ، گې جيەنگو، گو ۋېندې) . جۇڭغار ئويمانلىقى غەربىي لۇلياڭ شىمالىي موسوۋەن رايونى يۇرا سىستېمىسىدىكى نازۇك چۆكۈندە فاتسىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە چارلاش نىشانىغا باها (جۇڭگو نېفىت باش شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىكى شۆبە شىركىتىنىڭ چارلاش - ئۆزلەشتۈرۈش تەتقىقات يۇرتى؛ جاڭ نيەنفۇ، ساۋ خۇيخۇا، جاڭ يۆچيەن، لىن جىنفاڭ، جاڭ سۇڭجېن، جاڭ يۇپىڭ، شۇ چاڭشېڭ) . ئۆپكە تۇبېركۇليوز تاياقچە باكتېرىيىسى PRC دىئاگنوز سۈيۈقلۇقىنى ئەلالاشتۇرۇش تەتقىقاتى (شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى مال دوختۇرلۇق تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى چارۋىچىلىق - مال دوختۇرلۇق بىئو تېخنىكىسى ئۇقتىلىق تەجرىبىخانىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك تۇبېركۇليوزنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئورنى؛ سەي خۇڭ، لى جۇنليەن، خۇرشىدە ئابابەكرى، لى شۇشيا، چېن يىنخۇا، ئەخەت ئىسمايىل، خۇاڭ لىچيەن) . ئىشۇن دەستىسىنىڭ قاتتىق جىسىم فازىسىنىڭ سىرتقى ئارىلاشما هالىتىدىكى نېپىز قەۋىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە بولغان تەسىرى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، ما جۇڭچۇەن، ليۇ بېيشىن، جىڭ يۇفېڭ، لى رۇڭلەي) . يۇقىرى يەر قاتلىمى كۆچىنىشى پەيدا قىلغان نېفىت قۇدۇقى تېمىنىڭ تۇراقسىزلىقى ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى بورغىلاش هۇنەر - سەنئەت تەتقىقات يۇرتى، جۇڭگو نېفىت باش شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىكى شۆبە شىركىتىنىڭ تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش تەتقىقات يۇرتى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى قۇدۇق ئۆلچەش شىركىتى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى قۇدۇق خاتىرىلەش شىركىتى؛ ياڭ ۋەنشېڭ، چېن رومىڭ، چا يۇڭجىن، ۋاڭ ۋېنخۇڭ، جۇڭ شيا، جو شياۋدۇڭ، يۇ جيەنجۇن) . (شىنجاڭدا باكتېرىيىلىك تولغاقنىڭ 40 يىللىق ئەھۋالىنى كۆزىتىش ۋە تەتقىق قىلىش (ش ئۇ ئا ر سەھىيە - يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى؛ ليۇ يۈەنخېڭ، فۇ خۇيجېن، چېن فۇيۇەن، ماجيەنمىن، ليۇ مىڭشېڭ، ۋاڭ لى، سۇ ۋەنمەي) . تارىم ئويمانلىقىدىكى قۇملۇق نېفىتلىكىنىڭ چوڭقۇر ۋە پەۋقۇلئاددە چوڭقۇر قاتلىمىنى ئېچىش تېخنىكىسى ۋە ئۇنى قوللىنىش (جۇڭگو نېفىت باش شىركىتى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى؛ سۇن لۇڭدې، شياڭ جيەنمىن،

سوڭ ۋېنجيې، جياڭ تۇڭۇېن، ليۇ جيەنشۇن، جۇ ۋېيخوڭ، فەن سۇڭۇېن) ، ئەرلىك جىنسىي ئاجىزلىقىنى داۋالاش تەتقىقاتى ۋە ئۇنىڭ كلىنىكىدا ئىشلىتىلىشى (ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسى؛ مىن لىگۈي) ، شىنجاڭدا چارۋىچىلار ئولتۇراقلاشقان شارائىتتا يەم - خەشەك يېرى بەرپا قىلىش لايىھىسى ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتلاقچىلىق تەتقىقات ئورنى، چارۋىچىلىق نازارىتى، شىنجاڭ ئوتلاقچىلىق باش پونكىتى؛ سۇي خېڭشىن، تومان، چېن مىڭشۇن، جۇ جىنچياڭ، ئاسىيە، چېن يۈفېن، لى ۋېنجى) . شىنجاڭدىكى بىر قىسىم مىللەتلەرنىڭ قان تىپى سىستېمىسىنىڭ گېن چاستوتىسىنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش (ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك قان مەركىزى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تېبىبىي پەن تەتقىقات ئورنى؛ تيەن خۇا، جۇ يەن، زو خۇڭلى، فاڭ چۈنفۇ، ليۇ جيەن، نيۇ خەيجياۋ، غوپۇر مەھەممەت) . بېشىل مېۋە - چېۋە، كۆكتات ئەسلىھەلىرى ۋە مول ھوسۇللۇق ئۆستۈرۈش ئۇنىۋېرسال تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى زىرائەت ئاسراش تەتقىقات ئورنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كۆكتات تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى، سانجى شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتى؛ ما جۈنيى قاتارلىق 21 كىشى) . نېفىت خىمىيە ئۈسكۈنىلىرىنىڭ كومپيۇتېرلىق قوشۇمچە باشقۇرۇش سىستېمىسى (جېجياڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، جۇڭگو نېفىت باش شىركىتى، مايتاغ نېفىت خىمىيە تارماق شىركىتى؛ سەي ئې، جياڭ يۈنفېي، ئوڭ شۈيگۇاڭ، جوڭ ۋېي، جاڭ خۇيجۇن، شۇ يۇمىن، ۋېي جيەنمىن) . مىكرو بىئولوگىيىلىك نېفىت ئېلىش تېخنىكىسىنى قاراماي نېفىتلىكىدە قوللىنىش (جۇڭگو نېفىت باش شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىكى شۆبە شىركىتىنىڭ قاراماي نېفىت خىمىيە زاۋۇتى، جۇڭگو نېفىت باش شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىكى شۆبە شىركىتىنىڭ ئاقبولاق نېفىت ئېلىش زاۋۇتى، جۇڭگو نېفىت باش شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىكى شۆبە شىركىتىنىڭ نېفىت ئېلىش 3 - زاۋۇتى، نېفىت ئېلىش 1 - زاۋۇتى؛ تەن ۋېيىپ، يۇ ۋېن، فاڭ شىنشياڭ، جۇ فېڭپىڭ، لى زىشۇ، ۋۇ يىڭگاڭ، خۇ شۆلېي) ، PSZ9 — 90000/220TA تىپلىق ئېلېكترو ترانسفورماتورنى تەتقىق قىلىپ ياساش (شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى؛ جاڭ شىچېن، خۇاڭ شىننەن، مېڭ جېي، لى ۋېنگاڭ، يۇ پېيچىڭ) . تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىدىكى مۇرەككەپ نېفىت - گاز قاتلىمىنى ئۆلچەپ ئىزاھلاش تەتقىقاتى (تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى گېئو فىزىكا تەتقىقات ئورنى؛ جاڭ جيەنچاۋ، ۋاڭ رۇشىن، چېن خۇيې، ليۇ دۇڭفۇ، جيا شياۋپىڭ، ليۇ تاڭيەن، تاۋ گو) ، جەنۇبىي شىنجاڭدا 4 مىليون مو كۆممىقوناقتىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش ئۇنىۋېرسال تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش (شىنجاڭ دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش باش پونكىتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىي پونكىتى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى، خوتەن ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى؛ ۋاڭ شۆشيەن، ۋاڭ ۋېيگاڭ، ياڭ رۇڭچېڭ، جاڭ ۋېيدۇڭ، ليۇ يەنپىڭ، ئايشەم، ئابلەت) ، شىنجاڭ گىدرولوگىيە سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇلۇشى (ش ئۇ ئا ر گىدرولوگىيە سۇ بايلىقى ئىدارىسى؛ ۋاڭ جىجيې، ماخۇيمىڭ، ليۇ لىگرۇي، لى يۇڭمېي، شۇ جۇڭچېڭ، جاۋ زېجېن، شېن شياۋجۈن) ، شىنجاڭ تۆمۈر يولدا پويىز سۈرئىتىنى 3 - قېتىم تېزلىتىش قۇرۇلۇشى (ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى؛ گو سىنجيې قاتارلىق 16 كىشى كوللېكتىپ مۇكاپاتلاندى) ، جەنۇبىي شايار نېفىتلىكى پېرم سىستېمىسىنىڭ ۋۇ تۇڭگو گۇرۇپپىسىدىكى نېفىت زاپىسىنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆزلەشتۈرۈش تەتقىقاتى (جۇڭگو نېفىت باش شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىكى شۆبە شىركىتىنىڭ تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش تەتقىقات يۇرتى؛ دۇڭ پېيجى، ليۇ مىڭگاۋ، چيەن گېنباۋ، ياۋ پېڭشياڭ، ۋاڭ يەنجيې، ۋاڭ بىن، جياڭ شياۋ خۇي) ، لوپنۇر كۆلىدىكى كالىي تۇز كان رايونىنىڭ يەر ئاستى سۈيىنى تەكشۈرۈش تەتقىقاتى (شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسى 2 - گىدروگېئولوگىيە قۇرۇلۇشى گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى؛ خوگۇاڭدېي، جاۋ جېنخۇڭ، سۇن شياۋمىڭ، ۋاڭ فۇتۇڭ، جيا فاشياڭ، ليۇ شىنىدېي، لى چىڭخەي) . قىسمەن كېۋەز سورت مەنبەلىرىنىڭ ئاگرونومىيىلىك ۋە ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىش ھەم ئۇنى كۆپەيتىپ ساقلاپ قېلىش (بايىنغولىن ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق پەن تەتقىقات ئورنى، مۇ يۇڭكې، ليۇ فاڭ، ۋاڭ لى) ، ئۈرۈمچى نېفىت - خىمىيە شىركىتى نېفىت ئايرىش زاۋۇتىدا 600Kt/a ھىدروگېن قوشۇپ پەككلەش قۇرۇلمىسىنى كېڭەيتىش تېخنىكىسىنى يېڭىلاش (جۇڭگو نېفىت باش شىركىتى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە باش زاۋۇتىنىڭ لايىھەلەش يۇرتى، جۇڭگو نېفىت باش شىركىتى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە شىركىتىنىڭ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى؛ لى ماۋجۈن، ۋاڭ

خېيىلاڭ، دۇلاڭ يىڭخۇ، جاڭ گۇرۇي، سۇ جىڭشىن، چېن گويىلاڭ، جاڭ فەن)، SD/CC30 ئىچىدىن پاسىدىغان ھەممىباب دۇڭگاتېل مېيىنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەش (جۇڭگو نېفىت باش شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىكى شۆبە شىركىتىنىڭ قاراماي نېفىت خىمىيە زاۋۇتى؛ ياڭ جيەنشياڭ، ياڭ جۇنجيې، ۋاڭ پېڭ، لى خۇڭ، خې تيەنيۇ، مېڭ مېڭ، دەي لى)، چاڭ - كاۋاڭ تىپىدىكى نېفىت - گاز زاپىسىنى تەكشۈرۈپ، بۇرغىلىغاندا نېفىت - گاز قاتلىمىنى قوغداش تېخنىكىسىنى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىدە قوللىنىش (تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى؛ خې شياڭچىڭ، شۇ لياڭسەي، لى جيەنجۇڭ، لو تيېچياڭ، يۈ لىبىن، چاڭ يۈگۈدۇ، ۋاڭ جىجۇڭ)، ئىسسىق سۇلياۋ قوتاندا چارۋا بېقىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش (ئالتاي ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق تەتقىقات ئورنى، ئالتاي ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى، ئالتاي ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسى؛ مەخمۇت، ئابدۇكېرىم، لى جىنباۋ، قابى، پانىيە، جۇڭ رۇڭ، شۇ جەن)، نېفىتلىكتىكى كالونلۇق قۇدۇققا پارتلىتىپ بېتون قويۇش ئەسۋابىنى تەتقىق قىلىپ ياساش (شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى نېفىت سىناش شىركىتى؛ لى چاڭلۇڭ، بو دۇڭمىڭ، يىن جيەنمىن، جاڭ جۇن، دېڭ لىنتاۋ، ۋاڭ زوۋېن، لى پىڭ)، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شايار كۆتۈرۈلمىسىدىكى نېفىت - گاز قۇدۇقلىرىنى ئۆلچەش - ئىزاھلاش ئۇسۇلى ئۈستىدە تەتقىقات (غەربىي شىمال نېفىت گېئولوگىيە ئىدارىسى قۇدۇق ئۆلچەش پونكىتى، جىلىن ئۇنىۋېرسىتېتى؛ لى جۇبو، ۋاڭ چيەن، مۇ شيۇۋېن، فەن جىڭجۇن، مېڭ فەنيىڭ، شۇ يۇچى، ليۇ جيەنخۇا)، شىنجاڭدا نېفىت - گاز ئۆزلەشتۈرۈشنى باشقۇرۇش ئۇچۇر سىستېمىسى (جۇڭگو نېفىت باش شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى، جۇڭگو نېفىت باش شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىكى شۆبە شىركىتىنىڭ تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش تەتقىقات يۇرتى؛ ۋېن يۇگۇي، ما چىنچىن، ليۇ شيىڭ، خۇي يۇ، خۇ شۇجاڭ، لى شۇ، كۇڭ شياڭۋېن)، تۇيۇق نېفىتلىكنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ماشىنىلاشتۇرۇپ نېفىت ئېلىش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش (تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى؛ ۋاڭ دۇڭبى، ۋاڭ شۇجۇن، ليۇ يەنجۇن، جۇ گاڭ، ۋېي سەنلىن، ۋۇ جيېڭ، لى جۇن)، تاش بىلەن قوپۇرۇلغان فول توغاننىڭ ھالىتىنى كۆزىتىپ تەكشۈرۈش تېخنىكىسى ۋە خىيىمخەتەر دەرىجىسى ئۈستىدە تەتقىقات (سۇچىلىق نازارىتى سۇ باشقۇرۇش باش پونكىتى، سانجى شەھەرلىك سەنتۇنخې دەريا باشقۇرۇش باشقارمىسى، بېيجىڭ شەھەرلىك سۇ ئىشلىرىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى، چاڭ جياڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسى توسما بىخەتەرلىكىنى كۆزىتىش تەتقىقات ئورنى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى كارتوگرافىيە ئىنستىتۇتى؛ لۇجۇڭيۇڭ، ليۇ يوڭشىڭ، سۇن چىڭلىن، شى جۇنيۇەن، جياڭ شيۇڭشياڭ، لى مېيجې، جيا جۇن)، «خەنزۇ يېزىقىدىكى پەن - تېخنىكا ماتېرىيالى مۇندەرىجىسى» سانلىق مەلۇماتى ئامبىرىدىن پايدىلىنىپ مېدىتسىنا ماتېرىياللىرىدىكى ئۆلچەملەرنى ئانالىز قىلىش ۋە ئېچىپ پايدىلىنىش ئۈستىدە تەتقىقات (لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچى باش دوختۇرخانىسى، شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى، لەنجۇ ھەربىي رايونى باش دوختۇرخانىسى؛ لو شۇليەن، جيا چىڭ، چېڭ پىڭ، ۋاڭ چىنلىڭ، چېن جىنچياڭ، خۇ شىفاڭ، ياڭ زىڭېڭ)، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالى بور سىستېمىسىدىكى ئاجىز سۇ قەۋەتلىك نېفىتلىك سۇ مەنبەسىنى ئەلالاشتۇرۇپ ئېچىش تەتقىقاتى (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى؛ دۇڭ شىنگۇاڭ، چياڭ يى، گو شۈەن، چېن لياڭ، ليۇ جيەنپىڭ، ۋاڭ شيۇفېن، چېن جۇتاۋ)، L — DRB/A22 تىپلىق پۇتۇن يېپىقلىق توڭلىتىش ماشىنىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش (مايتاغ نېفىت خىمىيە شىركىتى تەتقىقات يۇرتى؛ نيۇ يۇ، ۋاڭ جۈەن، ليۇ پەن، شۇ ۋېنچىڭ، دوڭ جاۋدې، لى يايا، گاۋچىڭ)، ئامودىيا ئېفېدرىن نامىن دورىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش (شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى، ئۈرۈمچى دورا زاۋۇتى؛ سۇن ديەنجيا، جىڭ لىمىڭ، ۋاڭ چاڭخۇڭ، ۋېن جىنشيۇڭ، ۋاڭ يوخۇەن)، ئاقبۇلاق نېفىتلىكى قويۇق نېفىت 7 - قۇدۇق رايونىنى دوملىما تەكشۈرۈش ۋە ئېچىشنىڭ ئالدىنقى باسقۇچى ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو نېفىت باش شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىكى شۆبە شىركىتىنىڭ تەكشۈرۈش - ئېچىش تەتقىقات يۇرتى؛ ۋېن يۇگۇي، تاڭ چېڭفېڭ، ياڭ شېڭجېن، سۇن شىنگې، يۇ كېجۇەن، خۇاڭ گوتاۋ، ياڭ شۆۋېن)، يېڭى تىپتىكى نېفىت قۇدۇقلىرىنى كونترول قىلىش ئەسۋابىنى تەتقىق قىلىپ ياساش ۋە قوللىنىش (تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى؛ سۇي فېن، ليۇ دېجى، چېن جېنجيې، جىن جىڭجېن، ليۇ خۇڭمېي، جاۋ ياڭمىن، ۋاڭ يۇلىن)، بارىكۆل شور قۇرت بايلىقىنى تەكشۈرۈش ۋە ئېچىپ پايدىلىنىش ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، بارىكۆل ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى، بارىكۆل ناھىيىلىك سۇچىلىق ئىدارىسى؛ جاڭ چياڭ، چيەن يىن، يۇ مېيخۇي، لى گې، ياڭ چېڭجۇڭ، چۇ يەنيىڭ، لى شىنخۇي)، ئالتاي رايونىدا لىمې كېسىلىنىڭ تەبىئىي يۇقۇم مەنبەسىنى بايقاش (جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 16 - دوختۇرخانىسى؛ خۇا مەنتاڭ، جىن جاۋچىڭ، ليۇ چاڭلىن،

گۇاڭ جەنۇبى، خې چېاڭ، لىن تاۋ) . شىنجاڭنىڭ ئىچىملىك سۇيىنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمى ئۈستىدە تەتقىقات (سۇچىلىق نازارىتى؛ سۇڭ شىخەي، ماۋ يى، مىجىت، مەنسۇر، نۇرسىمان، جاۋ لىجۇڭ، جىياڭ شيەن) . ئوتتۇراھال، كىچىك چوڭ بولۇڭلۇق تولۇق ساقلىلىق ئوق قازان ياساش (شىنجاڭ ئوق قازان زاۋۇتى؛ ساۋ خەنشياڭ، شۇ لىپىڭ، كېرەم، گۇەن جىڭشياڭ، مياۋ يۈچاڭ، لى خېيەن، جاڭ شاۋچياڭ) ، ئالدىنقى ئوشۇق سۆڭەك قانالچىسى يېقىندا كېسەللىنىڭ قوزغىلىش سەۋەبلىرى ۋە ئۇنىڭغا دىئاگنوز قويۇش ـ داۋالاش ئۈستىدە تەتقىقات (شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى 2 ـ دوختۇرخانا؛ بەي چىڭپىڭ، قوشۇيۇ، شىلىن باۋلىر، چېن ۋېيمىن، چۇ گۇاڭخۇا، ئىلھام، تيەن جىياڭ) ، پىچان نېفىتلىكىنى ئوتتۇراھال سۇ بولغان مەزگىلدە ئېچىشنىڭ تېخنىكىلىق تەدبىرلىرى ۋە سىياسەت چەك ـ چېگرىسى ئۈستىدە تەتقىقات (جۇڭگو نېفىت باش شىركىتى تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش ـ ئۆزلەشتۈرۈش تەتقىقات يۇرتى، جۇڭگو نېفىت باش شىركىتى تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىكى پىچان نېفىت ئېلىش زاۋۇتى؛ يۈەن جاۋ، جۇ يىجىاڭ، ۋاڭ زۇجىن، يۇ جىيايى، ۋاڭ ۋېي، جياڭ بو، جاۋ جىلۇڭ) ، نېفىتلىك يەر تەۋرىتىش ماتېرىياللىرىنى نىشانلىق بىر تەرەپ قىلىش تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە قوللىنىش (جۇڭگو نېفىت باش شىركىتى شىنجاڭ نېفىتلىكى شۆبە شىركىتىنىڭ تەكشۈرۈش ـ ئۆزلەشتۈرۈش تەتقىقات يۇرتى؛ چېن جىڭاڭ، جۇ شۇسەي، ۋاڭ ۋېنجى، خۇاڭ يى، جياڭ لى، شۇ فېڭ، ماۋ خەيبو) ، 4LX – 1. 5 تىپلىق ئاپتوماتىك كومبايننى تەتقىق قىلىپ ياساش (جۇڭشۇ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى چەكلىك پاي شىركىتى شىنجاڭ شۆبە شىركىتى؛ لى شياۋخۇا، سۇن گوشياڭ، ۋۇ مىيجېن، ئالىم، ئوبۇل، گاۋ خەيتاۋ، خۇ جۇن) ، يۇرەك كلاپان ئالماشتۇرۇش ئوپېراتسىيىسىدە كلاپان پەردىسىنى ۋە كلاپان ئاستىنقى قۇرۇلمىسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈستىدە كلىنىكىلىق تەتقىقات (شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى 1 ـ دوختۇرخانىسى؛ چياۋ جۈن، شېن كاڭ، ۋاڭ يۈپىڭ، گاۋ شياۋمىڭ، مۇرات) ، ش ئۇ ئا ر ماڭاشنى بىر تۇتاش تارقىتىپ باشقۇرۇش ئۇچۇر سىستېمىسى (مالىيە نازارىتى كومپيۇتېر مەركىزى؛ تاڭ جياڭ، ۋاڭ يەنرۇ، شاڭ چۇنگۇاڭ، لى شۇجۇن، ئەي شىنلۇ، جاڭ جيەن، ليۇ مىڭ) ، لىنتىلىق تۇز زاۋۇتلىرىنىڭ كىسلاتالىق داشقىلىنى فار ـ فور خىش ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىش ۋە كېڭەيتىش (شىنجاڭ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى فارفور زاۋۇتى؛ ليۇ شياۋلى، شېن شياۋپىڭ، شيې شىڭخۇ، گاۋ مىڭگو، جاڭ تاۋ، ۋاڭ شۇگۇي) ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك كۆن ـ خۇرۇم يافىسىزلاندۇرۇش دورىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش (شىنجاڭ مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش پونكىتى؛ ۋېي چياڭ، لى جىڭ، چېڭ يۈلەن) ، ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ياشانغانلارنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ۋە ئېغىر بوشلۇقى ئامىللىرى ئۈستىدە تەتقىقات (لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچى باش دوختۇرخانىسى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ بۆلۈمى ئامبۇلاتورىيىسى، خوتەن شۆبە ھەربىي رايونى؛ چيۇ خۇڭشياڭ، لى سۇيفاڭ، بەي شېڭيى، فېڭ مىنى، جيا چىڭ، ليۇ يى، ۋاڭ لى) ، كەپشەرلەش ۋە كېسىش يېڭى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىپ قوللىنىش (ئۈرۈمچى شەھەرلىك كۆك نۇر كەپشەرلەش تېخنىكا مەركىزى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى؛ ما زۇڭشەن، ئەن يىڭ، ما لۇمىن) ، CSHS تىپلىق قۇياش ئېنېرگىيىلىك ئېلېكتر مەنبەسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش (شىنجاڭ يېڭى ئېنېرگىيە تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ قۇياش ئېنېرگىيە پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات شىركىتى؛ لۇ شياۋچىن، سۇن بىنشىن، ۋاڭ كەيجۇن، ليۇ فۇسۇن، لىن مىن، رېنزۇان، جاڭ يۈچى) ، كونا ئوشۇق سۇنۇقنى داۋالاش تەتقىقاتى (شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى 1 ـ دوختۇرخانىسى؛ تيەن خې، پولات، جاۋ خۇڭ، چياۋ رۇيۇ، تاھىر، ئەخمەت، ليۇ يى) ، قاراشەھەر، كۆنچى دەرياسى ۋادىلىرىدا ئاشلىق، پاختىدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش تېخنىكىسىنى گوموملاشتۇرۇش (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يادرو ـ بىئولوگىيە تېخنىكا تەتقىقات ئورنى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق ئىدارىسى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنى؛ شۇ جيەنخۇي قاتارلىق 21 كىشى) ، مىكرو سۇغىرىش سىستېمىسىدا تورۇبا يوللىرىنىڭ ئاخىرىنى سۈپەتلىك لايىھىلەش (شىنجاڭ سۇچىلىق ـ سۇ ئېلېكتر پەن تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ سۇچىلىق ـ سۇ ئېلېكتر پەن ـ تېخنىكا ئۇچۇر مەركىزى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى؛ جاڭ جىشىن، لەن دېشياڭ، خې چۇنبې) ، تۆمۈر يول لىنىيىسىدىكى چوڭ تىپلىق ئاسراش ئۈسكۈنىسى 32 ـ 08 تىپلىق رېلىس چىڭىتىش ماشىنىسىنىڭ ھالىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ۋە كاشىلىسىنى ئانالىز قىلىش سىستېمىسى (ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى پەن ـ تېخنىكا تەتقىقات ئورنى، ئۈرۈمچى تۆمۈر يول شۆبە ئىدارىسى؛ ۋاڭ رۇگاڭ، ۋۇ چىڭشياڭ، سۇڭ جىشيۇڭ، لى تيەنزېڭ، سۇڭ گاڭ، لياڭ يۈچېڭ، جاڭ باۋۋېي) ، ئېنبۇر كۆلى ئېكولوگىيىسىنىڭ ئۆزگىرىش يۈزلىنىشى ۋە ئۇنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش تەدبىرلىرى ئۈستىدە تەتقىقات (بورتالا ئوبلاستلىق مۇتەخەسسىس

مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى؛ لى شيالىڭ، دىڭ چىرېن، فاڭ بېيگو، لى شيافېي، لى ۋېنخۇا، خۇاڭ جىنكاڭ، سۇ يىڭجۇن)، ئىلى ۋىلايىتىدە ئاشلىقتىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش، يۇقىرى ئۈنۈم يارىتىش ئۇنىۋېرسال تېخنىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش (ئىلى ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا كېڭەيتىش مەركىزىي پونكىتى، ئىلى ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئورنى، ئىلى ۋىلايەتلىك ئۇرۇقچىلىق پونكىتى، قورغاس ناھىيە ئېچىغاشەن يېزىسى، توققۇزتارا ناھىيىلىك ئۇنىۋېرسال دېھقانچىلىق مەيدانى؛ ۋۇ باۋرۇ، لو شىنخۇ، جۇ خۇارۇ، ئەخمەتجان، شيا جىڭفەن، ليۇ فېڭ، يو ۋېنجۇن)، ئونسۇ ناھىيىسىدە ئوتلاق چارۋىچىلىقىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش (ئونسۇ ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسى، ئونسۇ ناھىيىلىك تاغلاق چارۋىچىلىق فېرمىسى، ئونسۇ ناھىيىلىك بوزدۆڭ چارۋىچىلىق فېرمىسى، ئونسۇ ناھىيىلىك ساۋاپچى چارۋىچىلىق فېرمىسى، ئونسۇ ناھىيىلىك جىگدە چارۋىچىلىق فېرمىسى؛ ئەنۋەر مەمتىمىن، تۇردىيوف، تاڭ جاڭچىڭ، لى يۈنشاڭ، نۇرجامال، ئوبۇل قادىر، ئەخمەت ئېزىز).

سۇڭ چۇنخۇڭ

## پاتېنت خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى كارخانا - كەسپىي ئورۇنلاردا بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى بويىچە ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش - يېتىشتۈرۈش پىلانى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى، شۇ يىلى يېتىشتۈرۈلگەن رەھبىرىي كادىر ۋە پەن - تېخنىكا خادىمى 3000 دىن كۆپرەك ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. 2000 - يىلى ئۈرۈمچىدە مەملىكەت بويىچە پاتېنت ۋاكالەتچىلىرىدىن ئىمتىھان ئېلىندى ۋە ئىمتىھاندىن ئىلگىرىكى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى، 38 كىشى تەربىيىلەندى، بۇنىڭدىن 4 كىشى پاتېنت ۋاكالەتچىسى ھالاھىيەت گۇۋاھنامىسى ئالدى. دۆلەت بىلىم مۈلۈك ئىدارىسى، پاتېنت ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرگۈچىلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدە تۇنجى قېتىم كەشپىيات پاتېنت ئىلتىماسىدىن 26 نى نەق مەيداندا تەكشۈردى، 22 پارچە ئىلتىماس تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى. شىنجاڭ بويىچە 1088 پاتېنت ئىلتىماس قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە كەشپىيات پاتېنتى 179، ئەمەلىي يېڭى تىپ پاتېنتى 699، تاشقى كۆرۈنۈش لايىھىسى پاتېنتى 210؛ شەخسلەرنىڭ پاتېنت ئىلتىماسى 869، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ 7، زاۋۇت، كان - كارخانىلارنىڭ 33، پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ 169، ئىدارە، تەشكىلاتلارنىڭ 10. پاتېنت ھوقۇقى بېرىلگىنى 717. بۇنىڭ ئىچىدە كەشپىيات پاتېنت ھوقۇقى بېرىلگىنى 66، ئەمەلىي يېڭى تىپ پاتېنت ھوقۇقى بېرىلگىنى 475، تاشقى كۆرۈنۈش لايىھىسى پاتېنت ھوقۇقى بېرىلگىنى 176؛ شەخسلەرنىڭ پاتېنت ھوقۇقى بېرىلگىنى 550، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پاتېنت ھوقۇقى بېرىلگىنى 8، سانائەت، كان، كارخانىلارنىڭ پاتېنت ھوقۇقى بېرىلگىنى 34، پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ پاتېنت ھوقۇقى بېرىلگىنى 118، ئىدارە - تەشكىلاتلارنىڭ پاتېنت ھوقۇقى بېرىلگىنى 7. مۇشۇ يىلى پاتېنت ماجىراسىغا دائىر 18 دېلو قوبۇل قىلىندى، 24 دېلو (شۇ يىلى پاتېنت ماجىراسىغا دائىر 13 دېلو، پاتېنت ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش قىلمىشىغا دائىر 2 دېلو، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان ساختا پاتېنت قىلمىشىغا دائىر 3 دېلو ۋە قېيىقالغان 6 دېلو) ئاياغلاشتۇرۇلدى، 2 دېلو توختىتىپ قويۇلدى، 3 دېلو داۋاملىق تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ، 2 دېلو تېخى ئاياغلاشتۇرۇلمىدى. پاتېنتنى يولغا قويۇش تورىغا دائىر بىر تۈر (شىنجاڭ 3 - ئىستانوك زاۋۇتى ئىشلىگەن ئەمەلىي يېڭى تىپقا تەۋە ئارىلىقنى تەڭشىگىلى بولىدىغان ئېنېرگىيە تېجەشلىك كاچالكا) يېڭىدىن بېكىتىلدى، يولغا قويۇش خىراجىتى 300 مىڭ يۈەن بولدى. دۆلەت بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسىنىڭ ھەقسىز ياردەم بېرىشى بىلەن قۇرۇلغان شىنجاڭ پاتېنت ئۇچۇر تورى پونكىتى رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. شىنجاڭ پاتېنت باشقۇرۇش ئىدارىسى شىنجاڭ ئىقتىساد تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىكتە «كارخانىلارنىڭ روناق تېپىش ۋە ھالاك بولۇشىدىن پاتېنتنى قوغداشقا نەزەر» ناملىق مەخسۇس تېلېۋىزىيە فىلىمىنى ئىشلىدى.

خې يىڭگو

## شىنجاڭنىڭ 2000 - يىلدىكى قىسمەن كەشپىيات ۋە ئىجادىيەت نامى مۇندەرىجىسى

كەشپىيات پاتېنت ئىلتىماس نامى (20 تۈر):

ئىچى ۋە سىرتى قوش قەۋەتلىك ماتېرىيالدىن ئىشلەنگەن سۇ تۇرۇبىسى (00101235)، يېمەكلىككە ئىشلىتىدىغان 5 خىل ئۇن (00101241)، ساماق تەركىبىدىن ساماق ئامىنو كىسلاتاسىنى ئاجرىتىۋېلىش ئۇسۇلى (00101244)، ئائىلىلەردىكى ئاسما چوڭ ئېكرانلىق كۆپ ۋاستىلىك پروپېكسىيە قۇرۇلمىسى (00102032)، سۈنئىي كىچىك مۇزلۇقنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىش (00102197)، بۇغا قېنى، مۈڭگۈزى، قامچىسىدىن ھاراق ئىشلەش رېتسېپى ۋە ئۇنى تەييارلاش ئۇسۇلى (00102425)، بۇغا قېنى، ھەمرىيى، مۈڭگۈزىدىن ھاراق ئىشلەش رېتسېپى ۋە ئۇنى تەييارلاش ئۇسۇلى (00102426)، بۇغا قېنى، مۈڭگۈزى، قۇيرۇقىدىن ئىچىملىك ئىشلەش رېتسېپى ۋە ئۇنى تەييارلاش ئۇسۇلى (00102427)، پار قازاننىڭ پار چىقىرىش دەرىجىسىنى ئاپتوماتىك ئۆلچەش ۋە تىزگىنلەش ئۇسۇلى (00102548)، ئۇزۇن ئۈنۈم بېرىدىغان يول يۈزى بەلگە

سىزىقى بېرىكمە ماددىسى (00102557) ، جۇڭيى تالقان دەرىسى ۋە ئۇنى تەييارلاش ئۇسۇلى (00103530) ، بىر قېتىملا ئىشلىتىلىدىغان تېز تاماق قاچىسى (00105075) ، رەڭلىك تېلېۋىزور چاستوتا بۆلىكىنى پارچىلاپ كۆرۈپىلاشتۇرۇش ئۇسۇلى (00107180) ، ماگنىتلىق داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش كارىۋات بويۇملىرى (00107188) ، چەمبەرسىمان داۋالاش ئەسۋابى (00108436) ، كالا - قويلارنى سەمرىتىدىغان يەم - خەشەك (00111771) ، پارچە قاچىلىنىدىغان ماتېرىياللارنى قاچىلاش - چۈشۈرۈش سۇپىسى (00117735) ، سالامەتلىكنى ئاسرايدىغان كالا سۈتى (00117819) ، كۆپ ئاساسلىق ئورگانىك ماگنىتلاشتۇرۇلغان ئارىلاشما ئوغۇت ۋە ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى (00118428) ، يەۋۇقۇلئاددە نېپىز، يۇمىلاق ھالقىسىمان شەكىلدىكى ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى كاربونلۇق ئىشلەنمىلەرنى قىزدۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش ھۈنەر - سەنئىتى (00119392) .

ئەمەلىي يېڭى تىپ نامى (28 تۈر) : ماگنىتلاشتۇرۇلغان ماشىنا مېيىنى سۈزگۈچ (00201843) ، مۇھىت ئاسرايدىغان ئىنفرا قىزىل نۇرلۇق كۆيدۈرگۈچ (00201880) ، قۇدۇق چىڭىتىدىغان بىر خىل قوش ئۇلاق ئۇچى (00202110) ، پاردىن پايدىلىنىپ چالق - توزان تازىلاش قۇرۇلمىسى (00202208) ، ئاسما شەكىللىك ئېلېكترون لامپىلىق ئېنېرگىيە تېجەشلىك پاترون (00202298) ، يەر ئاستىدا ئۇدا ئوقۇر تۆشۈكلۈك تام سىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان پولات چۆنەكلىك كۆرۈپىلاشتۇرۇلما تاختا (00202432) ، ئۇيغۇ كەلتۈرۈش ياستۇقى (00202572) ، سۈمۈرۈپ تۇجۇپىلەپ ئۇۋۇلاپ تېرىش قۇرۇلمىسى (00202721) ، ئاشلىق ئادالاش ماشىنىسى (00202767) ، يوللاردىكى مۇز - قارلارنى تازىلايدىغان ئايلانما تىغلىق دېسكا (00202867) ، ئاپتوموبىللارنىڭ گۈت ئالدۇرۇش سىستېمىسىدىكى كاشىلىلارنى كۆرسىتىپ بېرىش قۇرۇلمىسى (00203057) ، يۇقىرى بېسىملىق قۇدۇق ئېغىزىنى تېز تۇتاشتۇرۇش قۇرۇلمىسى (00203057) ، ئايلانما كۆرسىتىش بازىسى (00203175) ، بىر خىل ئۇرۇق كۆمۈلاچلاش ماشىنىسى (00203226) ، PTC تۇرۇبىسىنى قىسمەن توك بىلەن قىزدۇرۇش ئەسۋابى (00203226) ، تەڭشىگىلى ۋە تەكشى يۆتكىگىلى بولىدىغان موقا رامى (00203421) ، قار - مۇز تازىلاش ماشىنىسى (00203483) ، قۇم بارىخانلىرىنى تۈزلەش ماشىنىسى (00203502) ، بالوننى رېمونت قىلىشقا ئىشلىتىدىغان گۈڭگۈرتلەش ماشىنىسى (00203515) ، تىششىپ كېتىش، كۆيۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئۇنىۋېرسال بىرىكمە قازان (00203517) ، دەپتەر تىككۈچىنىڭ ئۆزگەرتىلگەن ياپىلاق مىقى (00203943) ، تەڭشەپ تەڭپۇڭلاشتۇرغىلى بولىدىغان ئاسما لىملىق ماي تارتىش ماشىنىسى (00204302) ، چېتىلما شەكىللىك قوش ئاقما جىسىملىق تۇمانلاتقۇچ (00204338) ، قۇيۇق نېفت پومپىسىنى بىخەتەر ئاسراش - تىزگىنلەش ئەسۋابى (00204457) ، توك ۋە ئىسسىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇ ئىسسىتقۇچ (00206013) ، ئۆۋەتلەشتۇرۇپ تۇجۇپىلەپ ئۇۋۇلاپ تېرىش (00206428) ، سۆرەم (00207809) ، ئالدىغا ئىتتىرىدىغان شاخ - شۇمبا يەنجىش ماشىنا سايمىنى (00208101) .

سىرتقى كۆرۈنۈش لايىھىسى نامى (46 تۈر) :

قاچىلاش خالتىسى (مايدا پىشۇرۇلغان سۈت پېچىنە) (00300678) ، قاچىلاش خالتىسى («قىزىل ئۆكتەبىر» چۈرۈك ماروژنى) (00300679) ، تاختاي (3) (00301421) ، تېپىلىشتىن ساقلىنىدىغان كاۋچۇك تاختاي (2) (00301422) ، تېپىلىشتىن ساقلىنىدىغان كاۋچۇك تاختاي (5) (00301501) ، قاچىلاش خالتىسى (ئارمان ئوزۇقلۇق تالقىنى) (00301597) ، قاچىلاش خالتىسى (شياڭبالا قورۇتۇلغان كالا گۆشى) (00301834) ، بوتۇلكا ماركىسى (3) (00302050) ، بوتۇلكا ماركىسى (4) (00302052) ، چوت (00302053) ، قاراماي قاچىلاش خالتىسى (00302078) ، قاچىلاش خالتىسى (ئارمان ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغانلار ئوزۇقلۇق تالقىنى) (00302245) ، ئۆشاق كاتەكچىلىك ھۆسنخەت مەشىق قەغىزى (00302247) ، كۆرسەتمە جازا (3) (00302664) ، ماتېماتىكا دەپتەر مۇقاۋىسى، ئاخىرقى بېتى (2) (00302673) ، مەشىق دەپتىرى (3) (00302674) ، ئېنگلىزچە ئۆگىنىش دەپتىرى (2) (00302675) ، كۆرسەتمە جازا (1) (00302709) ، كۆرسەتمە جازا (4) (00302710) ، كۆرسەتمە جازا (6) (00302711) ، كۆرسەتمە جازا (5) (00302712) ، كۆرسەتمە جازا (2) (00302713) ، بوتۇلكا (00302838) ، لاۋجياۋ ھارىقى قۇتىسى (00303317) ، بېدىنىڭ سۇسىزلاندۇرۇلغان دانچىسى (00303393) ، ماركا بەلگىسى (00304366) ، قاچىلاش خالتىسى (00304417) ، ئوراش قەغىزى (00304552) ، قاچىلاش بەلگىسى (قورۇتۇلغان كالا گۆشى) (00304823) ، قاچا (2) (00304879) ، قاچا (1) (00304880) ، داچۇي ھارىقى ماركا بەلگىسى (00304971) ، كىرا ماشىنىسى چىرىغى (00305307) ، ھېسابات ئىسپاتى (00305504) ، ئالاھىدە ھاراق قاچىلاش قۇتىسى (00305505) ، ئالاھىدە ھاراق ماركا بەلگىسى (00305506) ، رادىئو تارماق رايوننى تىزگىنلەش

ئىشكاپى (00305511)، ماركا بەلگىسى (پەمىدۇر قىيامى) (00305568)، تېيىلىشتىن ساقلىنىدىغان كاۋچۇك تاختاي (00305750)، قاپلاش خالتىسى («قىزىل ئۆكتەبىر» ئالتۇن ھالقا سېۋىلىك ماروژنى) (00306026)، بوتۇلكا بەلگىسى (تەبىئىي ھەسەل) (00306027)، بوتۇلكا بەلگىسى (تەبىئىي ھەسەل) (00306028)، قاپلاش قۇتىسى (قۇرۇتۇلغان ھەسەل جەۋھىرى ئالقىنى كاپسۇلى) (00306029)، قاپلاش خالتىسى (00306186)، قاپلاش بەلگىسى (مىكرو ئوغۇت) (00307143)

خې يەنگو

# پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش - كېڭەيتىش ئەھۋالى

## قىشلىق پەن - تېخنىكا پائالىيىتىنىڭ 10 يىللىق نەتىجىلىرىنى خۇلاسىلاش - تەقدىرلەش يىغىنى

بۇ يىغىن 2000 - يىل 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە داغدۇغىلىق ئېچىلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى. يىغىندا قىشلىق پەن - تېخنىكا پائالىيىتىنىڭ 10 يىلدىن بۇيانقى تەجرىبىلىرى يەكۈنلەندى ۋە ئالماشتۇرۇلدى، يېڭى ئەسىردە قىشلىق پەن - تېخنىكا پائالىيىتىنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇشنىڭ يېڭى پىكىر يوللىرى ۋە يېڭى ۋەزىپىلىرى مۇھاكىمە قىلىندى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. قىشلىق پەن - تېخنىكا پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغان 10 يىلدىن بۇيان، ھەر خىل ئەمەلىي تېخنىكا كۇرسىدىن 101 مىڭ 800 قارار ئېچىلدى، دېھقان - چارۋىچىلاردىن 18 مىليون 262 مىڭ 400 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى، 8 مىليون 155 مىڭ نۇسخا ھەر خىل ماتېرىيال تەھرىرلەندى - تەرجىمە قىلىندى ۋە تارقىتىلدى، پەن - تېخنىكا سىنائالغۇ فىلىمىدىن 32 مىڭ مەيدان (قېتىم) قويۇپ بېرىلدى، 10 مىڭدىن كۆپرەك دېھقان تېخنىك باھالاندى، 1280 دېھقانلار كەسپىي جەمئىيىتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئەزاسى 40 مىڭدىن ئاشتى. يىغىندا 10 يىلدىن بۇيانقى قىشلىق پەن - تېخنىكا پائالىيىتىدە گەۋدىلىك نەتىجە ياراتقان 42 ئىلغار كوللېكتىپ، 106 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى.

شې شۇيەن

## ئاپتونوم رايون بويىچە 6 - نۆۋەتلىك تەبىئىي پەنگە دائىر مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالىلەر باھالاندى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك تەبىئىي پەنگە دائىر مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالىلەرنى باھالاش مۇتەخەسسىسلەر ھەيئىتى دەسلەپكى قەدەمدە باھالىنىپ يوللانغان 315 ئىلمىي ماقالىنى ئاخىرقى قېتىم باھالاپ، 139 ئىلمىي ماقالىنى مۇكاپاتلىنىدىغان ئىلمىي ماقالە قىلىپ باھالاپ چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدە 13 ئىلمىي ماقالە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 42 ئىلمىي ماقالە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 84 ئىلمىي ماقالە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئىلمىي ماقالىلەرگە گۇۋاھنامە ۋە مۇكاپات پۇلى بەردى. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

1 - دەرىجىلىك مۇكاپات

(13) تۇختاپ قالمىغۇ ئۈزلۈكسىز تىزگىنلەنگەن LOTKA—VOLTERRA رىقابەت سىستېمىسىنىڭ بىردەك ئىزچىل ساقلىنىشى ۋە ئۇنىڭ قەتئىي توغرا مۇۋجۇتلۇق خۇسۇسىيىتى (تېڭ جىدۇڭ، چېن لەنسۇن)، ھازىرقى زاماندا قۇملۇقنىڭ ھاۋا كىلىمات ئۆزگىرىشىگە بولغان تەسىرى ۋە ئىنكاسى — قۇربان تۇڭغۇت قۇملۇقى مىسال قىلىنغان (ۋېي ۋېنشۇ)، 1997 - يىلى شىنجاڭنىڭ پەيزاۋات ناھىيىسىدە توپلاشما كۈچلۈك يەر تەۋرەش ۋە يەر تەۋرەش ئالدىدا 3 قېتىم مۇۋەپپەقىيەتلىك ئالدىن مەلۇمات بېرىش (جۇ لىگېن، سۇ نەيچىن، ياڭ مالىڭ)، بىرنەچچە كاتەكچىدىكى توپولوگىيىلىك ماكان كاتېگورىيە كۆپەيتمىسى ۋە يۇقىرى ئىنتېگراللىق ئەمەللەرنىڭ يېپىقلىق خۇسۇسىيىتى (تاڭ جيەنگاڭ)، قوي يۇڭىدىن ياسالغان سەيكا ئارىلاشما توقۇلما بويۇملىرىنىڭ پارچە بوياق ماددىسى — بوياش ئۇسۇلى ئارقىلىق بوياش ئۈستىدە تەتقىقات (جيا لىشيا، ليۇ رۇي، سۇڭ شىنيۇەن)، ئۇلۇغئاتا سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ كەلكۈن چۈشۈرۈش - قۇم ئېقىتىش سۈڭگۈچىنىڭ يالىنىشقا تاقابىل تۇرۇشى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە قۇرۇلۇش تەدبىرلىرى (لى ۋېنشىن)، شەرقىي جۇڭغاردىكى تاغلىق بەلۋاغلاردىكى غەيرىي شىمىس يەر قاتلىمىنى تۇر تىپلىرىغا ئايرىش ۋە دەرىجىلىك تۈزۈلمىسىنى تۇرغۇزۇش (لى ۋېنچيەن، لى گاۋلىڭ، ۋاڭ كېجو)، ئوتتۇرا تىپتىكى ئېگىز پېچقا ئارىلاشما كۆمۈرنى پۈركۈش نەزەرىيىسى ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش (ۋاڭ خۇڭجاڭ)، قوغۇننى جەنۇبتىن شەرققە يۆتكەپ ئېكولوگىيىلىك سورت يېتىشتۈرۈش ۋە ئورگانىك ئېكولوگىيە تىپىدىكى ئۇپراقسىز ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات (ۋۇ مىڭجۇ، يى خېيپىڭ، فېڭ توڭشىن) — B — 1.3 گلوكوزان كاربوھىدرازانىڭ ئىپادىلىنىشى ۋە بىر نەچچە Tپلازما گېنىدىن ئۆزگەرگەن گېن كۆك تاماكىسى ۋە ئۇنىڭ زەمبۇرۇغلۇق كېسەلگە تاقابىل تۇرۇشى ئۈستىدە تەتقىقات (لەن خېيەن، تيەن يەنچۈەن، ۋاڭ چاڭخەي)، شىنجاڭدىكى

باكتېرىيە خاراكتېرلىك تولغاقنىڭ 48 يىللىقىنى ئۆلچەش ئۇستىدە تەتقىقات (لىيۇ يۈەنخېڭ، خۇ خۇيجېن، چېن فۇيۇەن) ، فىتورنىڭ بەدەن سىرتىدىكى سۆڭەك ئەزالىرىنىڭ يېتىلىشى، سۆڭەك ھۈجەيلىرىنىڭ دەۋر قىلىشى ۋە ھۈجەيرىلەرنىڭ خارابلىشىشىغا بولغان تەسىرى (لىيۇ كەيچېن، ۋاڭ گوچۈەن، ۋاڭ شىجېن) ، نىشانلىق ياغ ماددىسى كالتىستونىنلىق كېنگە مۇناسىۋەتلىك پېپىدنىڭ چاشقان غول تومۇر تېرىسىنىڭ سوپۇلۇپ كېتىشىگە بولغان ئاسراش رولى (دىلنۇر، ما يىتوف، ۋاڭ شياۋخۇڭ، لىيۇ نەيكۇي) .

2 - دەرىجىلىك مۇكاپات (42)

ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتىنىڭ 25 مېتىر ئانتېننا ئارقىلىق 18 سانتىمېتىر ئىمپۇلس يۇلتۇزىنىڭ يېتىپ كېلىش ۋاقتىنى كۆزىتىش سىستېمىسى (جاڭ جىن، ۋۇ شىنجى) ، تەڭرىتاغنىڭ غەربىدىكى ئىلى رايونىدا 314a ھۆل - يېغىننىڭ قايتا پەيدا بولۇشى ۋە ئانالىز (ئەي يۈجياڭ، يې ۋېي) ، ئاقسۇ دەريا ۋادىسىدىكى 1999 - يىلى يازدىكى كەلكۈن سۈيىنىڭ مېتېئورولوگىيىلىك شارائىتى ئۈستىدە ئانالىز ۋە ئالدىن مەلۇمات بېرىش مۇلازىمىتى (ما ۋېيفېڭ، خۇاڭ جيەن) ، لوپنۇرنىڭ تارىخىي مۇھىت ئۆزگىرىشى ئۈستىدە ئىزدىنىش (ئەي گويىڭ، ئەي شى) ، يۇلغۇن ئۇرۇقدىشى ۋە يالغۇن ئۇرۇقدىشىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنى خىمىيىلىك تۈرلەرگە ئايرىش ئۈستىدە تەتقىقات (چېڭ جېڭمىڭ، فەن خۇيشيا) ، ئاق تىكەن ئۇرۇقدىشىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنى تۈرگە ئايرىش ئىلمى ۋە سىستېمىشۇناسلىق ئۈستىدە تەتقىقات (فەن شياۋلىڭ، شېن گۈەنمىيەن) ، پرازولون تىپىدىكى نۇردا رەڭگى ئۆزگىرىدىغان خىمىيىلىك بىرىكمىلەرنى بىرىكتۈرۈش، كرىستال قۇرۇلمىسى ۋە خاراكتېر خۇسۇسىيىتى (تاڭ شىنسۇن، جيا دېەنزېڭ) ، يوز - ئاكتىۋئاگېنتى بىلەن B — سىكلودېكسترىننىڭ ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىش تېرمودىنامىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات (ئۆمەرجان ئەلى، چېن ۋېنخەي) ، SrFeO2 — 95 بىرىكمىسىدىكى زور ماگنىتلىق ئېلېكتر قارشىلىق (جاۋپېنىڭ، ياڭ شياۋجۈەن) ، شىنجاڭنىڭ ئىلى ۋىلايىتىدىكى ئاخىرقى قېتىملىق مۇز مەزگىلىدىكى ھاۋا كىلىماتىنىڭ تۇراقسىزلىقى (يې ۋېي، دۇڭ گۇاڭرۇڭ) ، تارىم ئويمانلىقى جەنۇبىي چېتىنىڭ تەبىئىي ئۆزگىرىشى بىلەن گۇمانتارلىق تارىخىي ئۆزگىرىشىنىڭ ئاسادىيى مۇناسىۋىتى (شيۇڭ خېيگاڭ، جوڭ ۋېي) ، خېلەنشەن ئورمانلىق رايونىدا تۇر توپى بىلەن ئايرىلغان ئىپار ئېتىنىڭ ياشاش ئەھۋالى ۋە ئۇنى قوغداش (لىيۇ جىشياۋ، شېڭ خېلىن) ، ئۇيغۇر جۇغراپىيە ئاتالغۇلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ ئىپادىلەشنىڭ زۆرۈرلىكى ۋە تەخىرسىزلىكى (تاشقىن جاپپار، پەرھات ھېزىم) ، ئۆلاش دورىسى CY — 1 نىڭ ساپ پاختا يىپنى خالتەڭ پاكى ۋالىككە ئوراپ توزانسىز بوياش مۇندىر - سەنئىتىدە قوللىنىلىشى (شۇ خۇڭ، جاڭ لىجيې) ، تۇجۇپىلەپ سۇغىرىلىدىغان يېزا ئىگىلىك رايونلىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات (لېي شياۋيۇن، چېن خۇيبيۈەن) ، ئۇلۇغئاتا قۇم - شېغىل يۈزلۈك دامبىسىنىڭ سىزما ئېقىنىنى تىزگىنلەش لايىھىسى (ۋاڭ ياڭ، چۇ لىڭ) ، «شىنجاڭنىڭ ئاشيول تورلىرىنى ئاسراش ئۈستىدە تەتقىقات (XHNMS)» ۋە ئۇنى يولغا قويۇش (سۇن شىنجۇن، زۇڭ ئەيجۈن) ، CMOS ئەمەللىك چوقايتقۇچىنىڭ ئوخشاش بولمىغان رادىئاتسىيىلىك شارائىتتىكى يورۇتۇش تەسىرى (كو ۋۇ، رېن دىيۈەن) ، شوردىن ياسالغان قۇياش باتارېيىسىنى سۇسىز شورغا ئايلاندۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات (ماخېڭيۈن، دىڭ چىڭلى) ، ئۈرۈمچى رايونىنىڭ گېئودېزىيىلىك ئۇرۇۋېن شەكلىنى ئانالىز قىلىش - دەلىللەش (جاۋ يۈچياڭ، ئەي جىڭيۈەن) ، دەريا ئېقىنلىرىنى سىجىل باشقۇرۇشنىڭ EST، مودېلى (دېڭ جىچياڭ، V. P. Singh) ، تارىم ئويمانلىقى يىپىنچا رايونىدىكى ئاشكارا ھايات ئېئون يەر قاتلىمىنى تەتقىق قىلىشتىكى يېڭى ئىلگىرىلەش (جاڭ شىبېن، گېڭ لياڭيۇ) ، شىنجاڭدىكى يىدايقىنى بۇغدايغا كىرگۈزۈپ چوڭ باشاق سورت سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى ھۈجەيرىشۇناسلىق جەھەتتىن باھالاش (جاڭ ماۋيىن، گۇ ئەيشېڭ) ، سايرام كۆلىدىكى يەم جانلىقلىرى ۋە بېلىقچىلىق ئەھۋالى ئۈستىدە تەتقىقات (ياڭ ۋېنرۇڭ، گو خۇ) ، ئالتاي تېغىنىڭ غەربىي شىمال تاغلىق رايونلىرىدىكى سوغۇق، تولا، نەم شارائىتتىكى تۇپراقنىڭ يىسىرىلىش خۇسۇسىيىتى (لى فاڭ، جاۋ خۇ) ، توقسۇ ناھىيىسىدە كېۋەزلىك تۇپرىقىنىڭ ئوزۇقلۇق توسالغۇسى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە تەتقىقات (تيەن چاڭيەن، خۇ مىڭفاڭ) ، قۇرغاق رايونلاردىكى نىتراتلىق شورلۇق يەرلەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش (ياڭ ليۇچىڭ) ، كىشمىش ئۈزۈم مېۋىسىنىڭ يېتىلىش مەزگىلى ئارىلىقىدىكى مىنېراللىق ئېلېمېنتلار ۋە ئوزۇقلۇق تەركىبىنىڭ ئۆزگىرىشى (لۇ چۇنشېڭ، لى ماۋشيا) ، شورنىڭ VA زەمبۇرۇغ يىلتىزىنى شەكىللەندۈرۈشى ۋە ئەملەنگەن VAM زەمبۇرۇغىنىڭ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شورغا چىدامىلىقلىقىغا بولغان تەسىرى (فېڭ گۇ، بەي دىڭشا) ، شىنجاڭدا كېۋەزنىڭ قۇرۇپ كېتىش كېسىلىنى پەيدا قىلىدىغان زەمبۇرۇغنىڭ ئۇستۇنلۇككە ئىگە فىزىئولوگىيىلىك سورتلىرى ۋە ئۇنىڭ كېسەل پەيدا قىلىش تىپى ئۈستىدە تەتقىقات (مياۋ ۋېيگو، جاڭ شېڭ) ، شىنجاڭدىكى كېۋەزلەردە بولىدىغان زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش تېخنىكا سىستېمىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئانالىز (ماچى، لى

خاۋيىملاڭ)، قۇم تۇپراق ئورمىنىنىڭ 10 يىللىق نەتىجىلىك سىناق نەتىجىسى (لى شيافېي، سۇڭ جيەنجۇن)، تۆرەلمە كۆچۈرۈش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، «U» سىستېمىسىدىكى قوۋلارنىڭ يېڭى پادىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات (شى گوچياڭ، ليۇ شۇرېن)، ئالا چورتان قېنىنىڭ فىزىئولوگىيىسى، بىئوخىمىيىلىك كۆرسەتكۈچ قىممىتى ۋە قان ئايلىنىشىنىڭ نورمال قىممىتى ئۈستىدە تەتقىقات (ليۇ جېنجياڭ، لى شىنپىڭ)، بالىلارنىڭ سۈيدۈك يولىدىكى تاش تۇسالغۇسىدىن بولىدىغان جىددىي خاراكتېرلىك بۆرەك زەئىپلىشىشنى ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالاش (گۇەن خەنلى، ۋاڭ يىڭ)، مېڭە قان تومۇرىنى تاسادىپىي ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئاسراش تەرتىپىنى قوللىنىش ۋە ئۇنىڭ ئۈنۈمى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش (دەن چىڭخۇ، رېن جياڭلىن)، كۆك تاماكىنىڭ سېرىق قارىغۇ چاشقان توقۇلمىسىنىڭ پەۋقۇلئاددە كىچىك تۈزۈلمىسىگە بولغان تەسىرى (خەمىت، ھەلىمە)، ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرۇشنىڭ نەپەس سىقىلىش ۋە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدىكى «ئۆپكە، ئۈچەينى تەڭ داۋالاش نەزەرىيىسى» بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە تەتقىقات (خالمۇرات، ئابدۇغېنى)، ساتار تابلېت دورىسى قوشۇلغان مەلھەمنىڭ ئىممۇنىتېتنى تەڭشەش ئىقتىدارى (سىراپ ئابدۇرېھىم)، ماي مىقدارىنى ئازايتىش دورىسىنىڭ چاشقان ماي پلازمىسىدىكى مېتابولىزىم قالايمىقانلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەجرىبىسى ئۈستىدە تەتقىقات (خۇ شياۋلىڭ، جاڭ ۋېي)، يۇقىرى قان بېسىم كېسىلىنىڭ جۇڭيىدىكى ئىسپات تىپىنىڭ CCRP، ET ئۆزگىرىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە تەتقىقات (شاڭ شياۋېي، جاڭ مېيەنباڭ)، ئادراسمانىڭ بىئو - ئىشقارلىق يېڭى دورىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش (جاڭ شۈنۇڭ، سۇن دېنجيا).

3 - دەرىجىلىك مۇكاپات (84)

OQ208 دىكى ئۆزلۈكىدىن ئايلىنىشنى كۆزىتىپ ئۆلچىگىلى بولامدۇ؟ (ليۇ شياڭ)، شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت سۈپىتىگە باھا بېرىش كۆرسەتكۈچ سىستېمىسى ئۈستىدە تەتقىقات (جۇ خۇارۇڭ)، كوئېنلۇن تېغى مۇز چوققىسىنىڭ شىمالىي باغرىدىكى تىبەت بۆكىنى كۆپەيگەن جايلاردىكى تەبىئىي يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر (لى ۋېيدۇڭ)، قويانجىنىڭ ئىككىلەمچى غەيرىي قۇرۇلمىسىنىڭ يېتىلىشىنى ئاناتومىيىلىك تەتقىق قىلىش (لى جىجۇن)، Rn نىڭ ئۈستىدىكى بىر خىل كەڭ مەنىلىك Poisson بەلگىسى (مۇررزابەك)، MH/MnO2 تولۇق قاچىلىنىدىغان باتارېيىنىڭ ئىقتىدارىنى ياخشىلاش (گۇ زېپىڭ)، CPSA ۋە سۈنئىي تارقاقلاشتۇرۇش پارامېتىرىنى ئېرسىيەتلىك ھېسابلاش ئۇسۇلى ھەم نېرۋىلارنى تورلاشتۇرۇش ئۇسۇلى ئۈستىدە تەتقىقات (گو مىڭ)، RbHe(E) ھالىتىنىڭ ئاجرىلىشى ۋە Rb5p2Pj نازۇك قۇرۇلمىسىنىڭ ئىقتىدار دەرىجىسىنى تارقاقلاشتۇرۇپ سېلىشتۇرۇش (شېن يىفەن)، ئىشۈنتى ئالماس تەركىبىگە كىرگۈزۈش ۋە ئۇنىڭ بوزۇلماسلىق خۇسۇسىيىتىنى ئانالىز قىلىش ئۇسۇلى (ماجۇڭچۈەن)، پۈركۈپ قىزىتىپ پارچىلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق تەييارلانغان ZnO سىستېمىسىدىكى تۆۋەن بېسىملىق بېسىمغا سەزگۈر سۇلياۋ يوپۇق (جيارۇي)، ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىدىكى مۇھىت ئاپىتىنىڭ تارقىلىش قانۇنىيىتى (چېن ياڭ)، شىنجاڭدىكى لوپنۇر رايونىنىڭ 4 - دەۋردىكى مۇھىت ئۆزگىرىشى (يەنشۈن)، شىنجاڭدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلغان بوستانلىق رايونلارنىڭ پەرقى ۋە ئۇنى ماسلاشتۇرۇشنىڭ ئومۇمىي تەدبىرلىرى (خەن دېلىن)، قاناس تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ ئېكولوگىيىلىك ساياھەتچىلىكى ئۈستىدە تەتقىقات (ياڭ جاۋپىڭ)، قوش لوكىلىق ياۋا تۆگىنىڭ ئېكولوگىيىلىك ياشاش ئادەتلىرى ئۈستىدە تەتقىقات (جاۋ جىڭگاڭ)، سۇر ئامبار چاشقىنىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە كۆپىيىشى ئۈستىدە تەتقىقات (لياۋ لىخۇ)، ھىندۇقۇش — پامىر ئوتتۇرا مەنبەلىك يەر تەۋرەش بەلۋېغى ئۈستىدە تەتقىقات (ليۇ چىخۇڭ)، شىنجاڭ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزا - كەنتلىرىدە يۈز بەرگەن يەر تەۋرەشتە خادىملارنىڭ يارىلىنىش - ئۆلۈش ماترىتسىسى ۋە ئۇنى سېلىشتۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات (لى مىڭ)، 1989 — 1997 - يىلغىچە ئېلىمىزنىڭ كۇتۇپخانىشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى كىتاب - ژۇرنال ستاتىستىكىسى ئۈستىدە ئانالىز (گوڭ يۇجيې)، پەن - تېخنىكا ژۇرناللىرىنى تەھرىرلەشنىڭ قىممىتى ۋە يۆنىلىشى (چېن جىن)، پەن - تېخنىكا ژۇرناللىرىنىڭ فۇنكسىيە گرافىكىسىنىڭ بەلگە مۇندەرىجىسى ۋە جەدۋەل مۇندەرىجىسىنى تەھرىرلەش توغرىسىدا (جاڭ دېڭلىڭ)، باش مۇھەررىرنىڭ تېما تاللاش پىلانى ۋە يېڭى تېمىلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش پرىنسىپلىرى (چېن شياۋمېي)، ئېلىمىزنىڭ 11 خىل يەر تەۋرەش ژۇرناللىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ستاتىستىكىلار ئۈستىدە ئانالىز (يۈ يىڭ)، تۈرلەرگە ئايرىلغان كۆرسەتكۈچنىڭ پەن - تېخنىكا ژۇرناللىرىنى تەھرىرلەش، تىزىپ بېسىپ ياساشتا دەسلەپكى قەدەمدە قوللىنىلىشى (ۋېن جۈەن)، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىنى رەھبەرىي كادىرلاردىن باشلاپ تۇتۇش — ئۈرۈمچىدىكى ناھىيە دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ پەن - تېخنىكا ساپاسىنى تەكشۈرۈش ۋە مۇلاھىزە (ۋاڭ دىشيەن)، چاپلاشتۇرۇپ سىلىقلاش تېخنىكىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە (شيۇڭ ۋېي)، ئۇلگە دائىرىسىدىكى ئېقىن مەيدانىنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئۇنىڭ قۇم ئېقىتىشقا بولغان

تەسىرى (خۇجيې)، شىنجاڭنىڭ گىدرولوگىيە سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى قۇرۇش ۋە باشقۇرۇش (ليۇ لىڭرۇي)، سۇ ئېلېكترى - شامال ئېلېكترىنىڭ ئۆز ئارا تولۇقلاش سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇش (يۇ ۋۇمىڭ)، شىنجاڭنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئىگە «قارامېتال، سېرىق مېتال، ئاق مېتال» قېزىلما بايلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسى (چېن جېفۇ)، جەنۇبىي تەڭرىتاغنىڭ مەركىزىي بۆلىكىنى بېكىتىش ۋە قەدىمكى ھاۋا كىلىمات ۋەقەلىرى (لى شياڭدۇڭ) ، شىنجاڭ بىلەن لياۋنىڭ، جىلىن، خېيلۇڭجياڭدىن ئىبارەت 3 ئۆلكىنىڭ ئۆلچەش ئەسۋابلىرى پارچە ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنىڭ قىممەت سېلىشتۇرمىسى (چېن شۇندې)، پارچە تاشتىن ياسالغان گۈندىلەرنىڭ سېرىق توپا ھالەتتىكى سۇ مىقدارى تۆۋەن يەر ئۇلى تۈپرىقىدا قوللىنىلىشى (نى يىجيې) ، ASPEN PLUS يۇمشاق دېتاللىرىنى پىلىنغا 100 مىڭ توننا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان كاتالىز قۇرۇلمىسىنى كېڭەيتىپ قۇرۇشتا قوللىنىش (دۇڭ تەيمىن)، ماي ئايرىش قۇرۇلمىسىنى ئىشقار بىلەن يۇيۇش ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنىڭ لايىھىسى (لى شىنخۇا)، تېز سۈرئەتلىك CMOS تولۇق بولىنىڭ ئىئونلىشىپ بۇزۇلۇش مىقدار نىسبىتى ئېنىقلىكتى (گوچى)، تارىم ئويمانلىقى مازارتاغ تۈزۈلمە بەلۋېغىنىڭ پايپا رايونىدىكى تاش كۆمۈر — پېرم دەۋرىدىكى بىئولوگىيىلىك يەر قاتلاملىرى (گاۋ چىنچېن)، ئوغۇساق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ كۆلچىكىنى ئۆزگەرتىش ئۈستىدە يۈزەكى قاراش (جاۋ شۆپىڭ)، سۇيۇق بېسىملىق تۆۋرۈكنىڭ مەزمۇتلۇق قىممىتى ۋە ئاجىزلىشىش قىممىتىنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىنى ئۆلچەش ۋە ئانالىز قىلىش (ساۋ ۋېيياۋ)، شىنجاڭ ماناس دەرياسى غول ئۆستەڭنىڭ ئەگرى سىزىقلىق لاتقا تىندۇرۇش كۆلچىكىنىڭ لايىھىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئىشلەش ئەھۋالى (گۇ دېفا)، ئوق بېسىم بىلەن كەپشەرلەنگەن « I » شەكىللىك پولات تۆۋرۈك يۈزىنى لايىھىلەشنى بىۋاسىتە ھېسابلاش ئۇسۇلى (خې مىڭشېڭ)، كىشمىشنى شاكىلات پالتىپ پىششىقلايدىغان كىچىك زاۋۇتلارنى لايىھىلەش (ياڭ جۈن)، 4YZG − 1 تىپلىق كۆممىقوناق بېشىنى ئۈزۈش - شىخىنى ئورۇش ماشىنىسىنى، تەتقىق قىلىش ۋە تەجرىبە قىلىش (جاۋ دۇڭبو)، سېغىز توپىلىق مىنېرال تەتقىقاتىنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى نېفىت تەكشۈرۈشتە قوللىنىلىشى (سۈن يۇشەن)، شەرقىي جۇڭغاردىكى ئارىلاشما ئوخشۇلىت بەلۋېغىنى خەرىتىگە چۈشۈرۈپ دەرىجە تۈزۈلمىسىنى ئايرىش پىكرى ئۈستىدە مۇھاكىمە (ۋاڭ كېجو)، جۇڭگونىڭ تەڭرىتاغدىكى تاغ ھاسىل قىلىش بەلۋېغىنىڭ شەرقىي بۆلىكى ئاخىرىسىدىكى كەنجى قات - قات غول جىنسلارنىڭ گېئوخىمىيىلىك ئالاھىدىلىكى ۋە مىنېرال ھاسىل بولۇش شارائىتى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش (لى گاۋلىڭ)، تەگلىكنىڭ بېسىمىنى ئازايتىش ئۈنۈم بەرگەندىن كېيىن زىيادە سۇلۇق يەردە ئاش بىلەن قوپۇرۇلغان بېتونلۇق ئاقاۋا مۇھاپىزەت تاختىسىدا 3 ئۆلچەملىك كۈچ چۈشۈش ئۈستىدە ئانالىز (دېي كېبىن)، قۇرغاق رايونلاردا يازغى بۇغدايىنىڭ سۇ - ئازوت باغلىنىشلىق مودېلى ئۈستىدە تەتقىقات (جوڭ شىنىدى)، شىنجاڭ يۇقىرى ھوسۇللۇق كېۋەزلىرىنىڭ كالىيلىق ئوزۇقلۇقىنىڭ قانۇنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات (ۋاڭ خۇي)، CROSKAN I تىپلىق X−ray دانىچە ئانالىز تور ئەۋرىشكىسىنىڭ تارقاق ئۆلچىمىنى توغرىلاش (جيا خۇڭتاۋ)، مەنبەسى ئوخشاش بولمىغان قۇرۇقلۇق كېۋىزىنىڭ مىقدارى، شەكلى، ئاساسلىق تەركىبى ۋە تۈرلىرىنى ئانالىز قىلىش (ۋاڭ پېيجىڭ)، كۆلرەڭ سىستېما نەزەرىيىسىنىڭ كۆممىقوناق سورتىنى يېتىشتۈرۈشتە قوللىنىلىشى (لياڭ شياۋلىڭ)، بادامنىڭ چاڭلاشتۇرۇلغان ئۇرۇقىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە تەتقىقات (لى لىمىن)، پروبېكسىيىلىك ئىز قوغلاپ قايتۇرۇش ئەندىزىسىدىن پايدىلىنىپ 2 - ئەۋلاد كېۋەز غوزا قۇرتى ئاپىتىنىڭ ئۆزگىرىش خۇسۇسىيىتىنى ئۆلچەش ئۈستىدە تەتقىقات (ھۇسەنجان)، ئۈزۈمچىنىڭ قاقاس تاغلىرىنى كۆكەرتىشتە سۇ تېجەش مەسىلىسى (زەن شاۋپىڭ)، سۇنئىي يېتىشتۈرۈلگەن 3 ھەسسە تەنچىلىك ئۈجمە دەرىخىنىڭ يېڭى سورتى 9204 نىڭ ھۈجەيرە خروموسوما يادرو تىپىنى تەھلىل قىلىش (گو خۇڭرۇڭ)، پىلە سورتى $H_2O_2$ فېرمېنتىنى ئاكتىپلاشتۇرۇش سىنىقى ئانالىزى (لى جىڭخۇا) ، قوغۇننىڭ ئاق پاختىلىشىش كېسىلى تارقىلىشىنى مۆلچەرلەش ئەندىزىسىنى تۇرغۇزۇش ۋە ئۇنى قوللىنىش (ياڭ دۇ)، پارنىكتىكى ئاق توزان پىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئاپەتكە ئايلاندۇرماي ئالدىنى ئېلىش تېخنىكىسى (سۈي يۈەنيۇ)، شىنجاڭدا كېۋەز پىتى بىمەكلىك مەخسۇس تىپىنىڭ مورفولوگىيىسىنى ئۆلچەش ئۈستىدە ئانالىز (مېڭ لىڭ)، فۇكاڭ رايونىدا كېۋەزگە سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ بالدۇر تېرىشنىڭ خەۋپلىكىگە باھا (لى چى)، يايلاقلاردىكى تېرە سالجىسىنىڭ مورفولوگىيىسى ۋە ياشاش تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات (بەي يىنچاخان)، شالغۇت ئۈسمە ھۈجەيرىسى (HB58) نىڭ ئوخشاش بولمىغان شارائىتتىكى ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ماددا ئالمىشىشى (خۇاڭ جيۇڭ)، ئىسسىق سۇلياۋ قوتان لايىھىلەشتە ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە ئۇنى ياخشىلاش (ۋاڭ چاڭجېڭ)، دوۋساقلىق يوپۇرماق ھەرىسىنىڭ بىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش (جاڭ بەيرېن)، شالغۇتلاشتۇرۇش ئالگېبراسى ئوخشاش بولمىغان تۆۋەتلىك ئۈچكىنى توغرا لىنىيىلىك چېتىشتۇرۇش سىنىقى ئۈنۈمىنى ئانالىز قىلىش (جاڭ



پەن - تېخنىكا خادىملىرى ھەر يىلى سىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا، سەھىيەدىن ئىبارەت «ئۈچنى يېزىلارغا يۆزلەندۈرۈش» ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتناشماقتا.

پەن - تېخنىكا نازارىتى تەمىنلىگەن

فۇچۇەن)، كەنجى كۆزگى بۇغدايىنى يوپۇق ئاستىدا قۇرلاپ تېرىش ۋە ئۇنىڭ ئېتىز - ئېرىق ھاۋا كىلىماتى ئالاھىدىلىكىنى سىناق قىلىش تەتقىقاتى (لىيۇ سوجيەن)، PCR ئۇسۇلى ۋە چەكلەنمە خاراكتېرلىك ئېچىدىن كېسىلگەن فېرمېنتنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق 12 خىل مىكو باكتېرىيىنى باھالاپ بېكىتىش (سەيخۇڭ)، قورۇقلۇق كېۋىرى ئۇسۇپ يېتىلىش مەزگىلىنىڭ 9 خىل ئاساسلىق شەكلى ۋە خۇسۇسىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى (شى ۋېيجۇن)، سۈنئىي كۆچۈرۈلگەن تەننىڭ تىكىلىش ئوپېراتسىيىسىدىن كېيىنكى داۋالاش ئۈنۈمىنى كۆزىتىشكە دائىر 61 مىسال (خې جىنفا)، ئاساسىي قاتلام دوختۇرخانىلاردا ئاللاش خاراكتېرلىك تاجىسمان ئارتېرىيىنى سايىلاندۇرۇپ سۈرەتكە ئېلىش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەسىرات (جاڭ فېڭلەن)، ئوخشاش بولمىغان تېمپېراتۇرىدىكى دوكوسىل ناترىي سولفات ئېرىتمىسى ۋە مەلھەم دورىلىرىنىڭ تېرىنى ئۆتكۈر غىدىقلاش سىنىقى نەتىجىسىنى سېلىشتۇرۇش (ۋاڭ خەيجۇن)، ئوخشاش بولمىغان ئورۇندىكى ئۆتكۈر خاراكتېرلىك يۈرەك مۇسكۇلى نېكروزلىنىش PtFV قىممىتىنىڭ نورماللىقى ئۈستىدە مۇھاكىمە (شۇ خۇيمىڭ) 3 خىل يۈرەك كېسىلى ۋە يۈرەك ئىقتىدارى زەئىپلەشكەن 52 ياشانغان بىمارغا دىئاگنوز قويۇش توغرىسىدا تەسىرات (سۈن شىنخۇا)، شىنجاڭ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ نىيە قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن قېزىۋېلىنغان باش سۆڭەكنىڭ ئىرقىي ئانتروپولوگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات (سۈي جياڭ)، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدىكى تەييار دورا ۋە تازىلاش دورىسىدىن پايدىلىنىپ T لىمفا ئۆسمە ھۈجەيرىسىنى زەئىپلەشتۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات (ئەسقەر ھېمىت)، شىنجاڭنىڭ ئىلى ۋىلايىتىدىكى HIV/AIDS باش سۆڭىكى ۋە ئۆپكىسىنىڭ CT دا ئىپادىلىنىشى (ۋاڭ لىبى)، مەزى بېزى ياللۇغلىنىشتا قارشى سۇيۇقلۇق ۋە مەزى بېزى چوڭىيىپ كېتىشنى تىزگىنلەش رولى ئۈستىدە تەتقىقات (لى تاۋ)، شىنجاڭنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى يېزىلاردا ئىچىدىغان سۇنى ياخشىلاشنىڭ كىشىلەرنىڭ ئۈچەي يۇقۇملىنىش كېسىلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە تەتقىقات (گۇشياۋمىڭ)، دورىغا ئارىلاشتۇرۇلىدىغان قوشۇمچە ماتېرىيال كۆپمە تويىنىڭ ئادەتتىكى فارماكولوگىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات (سۈن يۇخۇا)، ساختا ئېغىدىرىن سالىتسىلىك كىسلاتا تۈزىنى دورىغا ئىشلىتىش ئۈستىدە تەتقىقات (ۋۇ گۇيرۇڭ)، ئۈرۈمچى شەھىرىدە سېتىلىۋاتقان سۈت پاراشوكى، سۈت چاي پاراشوكى تەركىبىدىكى 4 خىل ئېلېمېنتتىن پايدىلىنىش ئۈستىدىكى تەجرىبە تەتقىقاتى (دىلبەر)، فىتور - ئارسىن بىرلەشمە رولىنىڭ چاشقاننىڭ ھەزىم قىلىش ۋە ئاجرىتىپ چىقىرىشقا بولغان تەسىرى ئۈستىدىكى تەجرىبە تەتقىقاتى (لىڭ بىڭ)، شىنجاڭنىڭ ئىلقا ناھىيىسىدىن تۇلۇمچاشقاننىڭ ئېقىنوكوككوز كېسىلى بىلەن يۇقۇملانغانلىقىنى تۇنجى قېتىم بايقاش (جياڭ ۋېي).

شيې گوجىڭ، دېڭ شياڭشىن

## ئاز سانلىق مىللەت پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمەت ئەترىتى

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمەت ئەترىتى تارباغاتاي، قەشقەر، خوتەن، ئىلى، سانجى، ئۈرۈمچى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە 30 دىن كۆپرەك ناھىيە، يېزا (بازار)، كەنت، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا بېرىپ، پەن - تېخنىكىنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈلگە بازىسى قۇرۇلۇشى، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات مۇلازىمىتى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر ئاسما سۈرەتلەرنى سەييارە كۆرگەزمە قىلىش، كىتاب - ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بېرىش، پەن - تېخنىكىغا دائىر كىنو فىلىملىرىنى قويۇش، پەن -

تېخنىكىدىن مەسلىھەت بېرىش، لېكسىيە سۆزلەش، تەربىيىلەش، يېڭى تېخنىكا ۋە يېڭى نەتىجىلەرنى كىرگۈزۈش ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئامما ئارىسىدا پەن - تېخنىكا بىلىملىرى ۋە ئىلمىي ئۇسۇللارنى ئومۇملاشتۇردى، ئىلىم - پەن روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىلمىي ئىدىيىلەرنى تارقاتتى. 40 مىڭ پارچە (نۇسخا) دىن كۆپرەك ھەرخىل كىتاب، ژۇرنال، ماتېرىيال تارقاتتى، (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە) 60 يۈرۈشلۈك 200 پارچە ئاسما رەسىمنى كۆرگەزمە قىلدى، پەن - تېخنىكىغا دائىر كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىمىنى 50 مەيدان(قېتىم) دىن كۆپرەك قويدى، دېھقان - چارۋىچىدىن ئاز كەم 4000 ئادەم(قېتىم) نى تەربىيىلىدى، كادىر ۋە ئاممىدىن ئازكەم 300 مىڭ ئادەم(قېتىم) نەپ ئالدى. ئاقتوناق، لۇ مېيكس، قوزا - ئوغلاق بېقىلىدىغان ئوت - چۆپ قاتارلىق سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق 10 نەچچە خىل ئوت - چۆپ سورتىنى كىرگۈزۈپ ئومۇملاشتۇردى، ئۆلكە كۆرستىلىدىغان تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى 10 گېكتار كېڭەيتىشكە ياردەم بەردى. جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىگە ماسلىشىپ، غەربىي رايوندا بىرلىكتە قانات يايدۇرغان «غەربىي رايون زېمىننى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈش» تىن ئىبارەت چوڭ تىپتىكى پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات پائالىيىتىدە، ئەڭ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

شي شۈيەن

## ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكا تارقىتىش ھەرىكىتى

ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بىلەن ش ئۇ ئا ر كۆكەرتىش كومىتېتى بىرلىشىپ 2000 - يىل 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «ئەسىر دەرىخى تىكىش - كۆچەتلەر بىلەن تەڭ ئۆسۈپ يېتىلەيلى» دېگەن ئاساسىي تېمىدا، ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكىنى تارقىتىش ھەرىكىتى كۈنى پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ رەھبەرلىرى 30 مەكتەپتىكى 100 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت ياشلىرى ۋە ئۆسمۈرلىرى بىلەن بىرلىكتە يامالىق تېغىدا كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش پائالىيىتى ئېلىپ باردى.

ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بىلەن مەدەنىيەت نازارىتى ھەمدە ئۆسمۈرلەر ئەدەبىيات - سەنئەت ھەيئىتى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن ئىلمىي فانتازىيە رەسىملىرىنى توپلاش پائالىيىتىدە ئۆسمۈرلەرنىڭ 479 پارچە ئىلمىي فانتازىيە رەسىمى يىغىۋېلىندى، مۇتەخەسسىلەرنىڭ باھالىشى ئارقىلىق، 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 21 پارچە، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 39 پارچە، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 60 پارچە، مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا 30 پارچە رەسىم باھالاپ چىقىلدى؛ 1 - ۋە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر مەملىكەتلىك ئىلمىي فانتازىيە رەسىملىرى مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇرۇلدى.

11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بىلەن مائارىپ نازارىتى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكا پائالىيىتىنى بىرقەدەر ياخشى قانات يايدۇرغان 20 مەكتەپكە «ئاپتونوم رايون بويىچە ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكا پائالىيىتى ئۈزگىچە بولغان مەكتەپ» دەپ نام بەردى ھەمدە ۋۇيۇسكا تارقىتىپ بەردى. ئالاقىدار ئىلمىي جەمئىيەت ۋە مەكتەپلەر جەمئىيەت بىلەن مەكتەپ ھەمكارلىشىپ پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئېيى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

يازلىق تەتىل مەزگىلىدە شىنجاڭ بويىچە 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىن كەلگەن، 8 مىللەتتىن تەركىب تاپقان 240 ياش، ئۆسمۈر ۋە پەن - تېخنىكا يېتەكچىلىرى بېيجىڭ، شاڭخەيگە بېرىپ، پەن - تېخنىكا يازلىق لاگېرى پائالىيىتىگە قاتناشتى. «1 - ئۆكتەبىر» بايرىمى مەزگىلىدە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 170 ھەر مىللەت ياش - ئۆسمۈرلەردىن تەركىب تاپقان بىئولوگىيە ھەۋەسكارلىرى قۇربان تۇڭغۇت قۇملۇقىغا بېرىپ بىئولوگىيە پەنلىرى بويىچە ئەمەلىيەت ئۆتكۈزۈش، تەكشۈرۈش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. 7 - ئايدا ئاي تولۇق تۇتۇلغان ئاسترونومىيىلىك ھادىسە كۆرۈلگەندە، تەكلىپ بويىچە شىنجاڭغا كەلگەن ئاتاقلىق ئاسترونوم، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى ۋاڭ شۈگۈەن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، 100 دىن كۆپرەك ياش - ئۆسمۈر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. 2000 - يىلى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش دوكلات يىغىنى، لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتى 126 قېتىم ئۇيۇشتۇرۇلدى، «چوڭلار بىلەن كىچىكلەر قول تۇتۇشۇپ يېڭى ئەسىرگە يۈرۈش قىلىش» تېمىسىدىكى يۈرۈشلۈك پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش دوكلات يىغىنىغا 10 مىڭغا يېقىن ئوقۇغۇچى قاتناشتى. دۇنيا يەر شارى كۈنىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىدە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر 15 خىل 20 نەچچە مىڭ نۇسخا ماتېرىيال تارقىتىلدى.

ۋاڭ چاڭفۇ

## ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلىرى مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتلاندى

2000 - يىلى ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ خېفېي شەھىرىدە

ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 10 - نۆۋەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مۇسابىقىسىدە، شىنجاڭ كورلا شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 5 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى كې چياڭ كەشىپ قىلغان «كۆپ ئىقتىدارلىق ئاپتوماتىك ئوغۇتلاش ئەسۋابى» كىچىك كەشپىيات مۇكاپاتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، شىخەنزە شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق ئوتتۇرا 1 - يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىسى فەن جىڭ كەشىپ قىلغان «رادىئولۇق يىراقتىن تىزگىنلىنىدىغان تىك ئۇچار ئايروپىلان مەشىق جازىسى» 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 5 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتكا ئېرىشتى؛ بىڭتۇەن 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇقسىز 3 - يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى ياڭ زۇڭزۇڭ يازغان «ئېلىمىزدە تۇنجى قېتىم بايقالغان ئۇششاق گۈللۈك پاڭگىسمان گۈل» پەن - تېخنىكىغا دائىر قىسقا ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاتقا، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 7 - شى 125 - تۇەن - مەيدانى كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى سۇي تاۋ يازغان «ئىشلىتىش مىقدارى ئوخشاش بولمىغان K ئوغۇتىنىڭ كېۋەزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ھوسۇلىغا بولغان تەسىرى ئۈستىدە تەتقىقات» 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 2 ئىلمىي ماقالە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ لايىھىلەشتە يېڭىلىق يارىتىش بويىچە بىر تۈر 2 - دەرىجىلىك، بىر تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ بىر كەشپىيات ئەسىرى پەن - تېخنىكا بويىچە يېڭى مايسا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

دۆلەت ماتارىپ كومىتېتى بىلەن لى جياچېڭ فوندى جەمئىيىتى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن «چاڭجياڭدىكى كىچىك ئالىملار» پائالىيىتىدە، ياڭ زۇڭزۇڭ يازغان «ئېلىمىزدە تۇنجى بايقالغان ئۇششاق گۈللۈك پاڭگىسمان گۈل» بىردىنبىر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، ياڭ زۇڭزۇڭ 50 مىڭ يۈەن ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا، مەكتەپ 200 مىڭ يۈەن مۇكاپاتقا ئېرىشتى، پەن جىڭ كەشىپ قىلغان «رادىئولۇق يىراقتىن تىزگىنلىنىدىغان تىك ئۇچار ئايروپىلان مەشىق جازىسى» 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، پەن جىڭ 50 مىڭ يۈەن ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا، مەكتەپ 30 مىڭ يۈەن مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ ئۇنىڭدىن باشقا 5 پارچە ئەسەر ئىسمىنى ئاتاش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

مەملىكەت بويىچە ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش پىلانى لايىھىسىنى توپلاش پائالىيىتىدە، ئاپتونوم رايوندىن 3 تۈرلۈك پائالىيەت پىلانى لايىھىسى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 8 تۈر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 9 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىلمىي فانتازىيە رەسىملىرى مۇسابىقىسىدە شىنجاڭدىن تاللاپ ئەۋەتىلگەن 60 پارچە نادىر ئەسەر مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلۇپ، خېلى ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى.

شيې شۈيەن

## شەھەرلەرنىڭ پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك نەق مەيدان يىغىنى

بۇ يىغىن ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا 2000 - يىل 10 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېچىلدى. نەق مەيدان يىغىنىدا ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەرقايسى كوچا، رايون ۋە قىسمەن شەھەرلەرنىڭ پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش نەتىجىلىرى خۇلاسىلاندى، تەجرىبە ئالماشتۇرۇلدى. ئۈرۈمچى، شىخەنزە، كورلا، قاراماي، سانجى شەھەرلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيەتلىرى پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە ئۈلگە شەھەر رايونى ۋە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە مەدەنىي ئائىلە بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، ھەرقايسى ئاساسلىق مەھەللە، رايونلارنىڭ يوللىرىغا پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش رەسىملىرى ئورناتتى. «ئىلىم - پەن ۋە سالامەتلىك» تېمىسىدىكى پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش كۆرگەزمىسى ئاچتى، ئۇنىڭ تەسىرى زور، ئۈنۈمى ياخشى بولۇپ، شەھەرلەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى.

ژاڭ چاڭفۇ

## ئىلىم - پەن - مەدەنىيلىككە ھۆرمەت قىلىپ، نادانلىق، خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇش كۆرگەزمىسى

ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك يېتەكچىلىك كومىتېتى بىرلىكتە 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ باشلىرىدىن 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سارىيىدا «ئىلىم - پەن - مەدەنىيلىككە ھۆرمەت قىلىپ، نادانلىق، خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇش» تېمىسىدا چوڭ تىپتىكى پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش كۆرگەزمىسى ئېچىپ، «فالۇن گۇڭپىسى» نىڭ بىدئەتلىك ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلاپ، ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى جانلىق، ئوبرازلىق نامايان قىلىپ، جەمئىيەتتە خېلى زور ئىنكاس پەيدا قىلدى. 12 - ئايدا شىخەنزە، كۈيتۇن شەھەرلىرىدە سەييارە كۆرگەزمە قىلدى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، كۆرگەزمە كۆرگۈچىلەر 100 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئېشىپ كەتكەن.

ژاڭ چاڭفۇ

## پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئوقۇشلۇقلىرى

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر ئۇيغۇرچە «پەن ۋە تۇرمۇش»، «بىلىم كۈچ» ژۇرنىلىدىن 104 مىڭ نۇسخا نەشر قىلىپ تارقاتتى. «غەربىي رايون زېمىنىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈش» تېمىسىدىكى (ئۇيغۇرچە - قازاقچە) پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر تەشۋىقات قوللانمىسىدىن 8000 نۇسخا تۈزۈپ ۋە تەرجىمە قىلدۇردى، «شىنجاڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش» ژۇرنىلىدىن 1400 نۇسخا تۈزۈپ بېسىپ تارقاتتى، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر (ئۇيغۇرچە ۋە قازاقچە) 300 پارچىدىن كۆپرەك ئاسما رەسىمنى تەرجىمە قىلدى ۋە ئىشلەپ چىقتى. ئالتاي ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر ژۇرنال — «پەن ۋە تېخنىكا» ژۇرنىلىدىن 15 مىڭ نۇسخا تۈزۈپ نەشر قىلدۇردى؛ بورتالا ئوبلاستلىق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۇچۇرلىرى» دىن 8000 نۇسخا تۈزۈپ، تەرجىمە قىلىپ، نەشردىن چىقاردى، شىخەنزە شەھەرلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى «بوستانلىق ئىلىم - پەن سودا ئۇچۇرلىرى» دىن 12 سان جەمئىي 7200 نۇسخا تۈزۈپ، نەشر قىلدۇردى، ئىلى ئوبلاستلىق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى «ئىلى پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش» (خەنزۇچە، قازاقچە، ئۇيغۇرچە) ژۇرنىلىدىن 30 سان جەمئىي 30 مىڭ نۇسخا تۈزۈپ نەشر قىلدۇردى.

ۋاڭ چاڭفۇ

## ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى

ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىگە قاراشلىق ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلمىي جەمئىيەتلەر مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا 128 قېتىم ئىلمىي يىغىن ئاچتى، بۇنىڭغا 10 مىڭدىن كۆپرەك كىشى قاتناشتى، 3000 غا يېقىن ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇرۇلدى، پەن - تېخنىكا جەھەتتىن تەدبىر بەلگىلەشكە دائىر 48 تۈرلۈك تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇنىڭ بىلەن ئىلىم - پەننى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە پەن - تېخنىكا ئۇچۇرلىرىنى تارقىتىش ئىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

ۋاڭ چاڭفۇ

## خەلقئارا خەلق ئارىسىدىكى پەن - تېخنىكا ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى چەت ئەللەردىن زىيارەتكە كەلگەن پەن - تېخنىكا ئۆمەك گۇرۇپپىسىدىن 11 تۈركۈم 226 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى، 50 ئادەم (قېتىم) قاتناشقان 6 تۈركۈم ئۆمەك - گۇرۇپپىنى چەت ئەلگە زىيارەتكە ئەۋەتتى. ئەنئەنىۋى ئالاقىسى بار دۆلەتلەر بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، گېرمانىيە، ياپونىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بولغان پەن - تېخنىكا ئالماشتۇرۇشنى كېڭەيتتى. يېشىل ئىنقىلاب ئاتىسى — نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن نومان بىلوگ باشچىلىقىدىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يېزا ئىگىلىك مۇتەخەسسىسلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى كۈتۈۋالدى. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ باشلىقلىرى ۋە نېفىت پەن - تېخنىكا ۋەكىللەر ئۆمىكىنى روسىيىدە زىيارەتتە بولۇشقا ئۇيۇشتۇردى، پەن - تېخنىكا، داۋالاش، نېفىت ئېلىش قاتارلىق ساھەلەردە 15 تۈرلۈك ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى.

شىي شۈيەن

ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى قارمىقىدىكى ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ 2000 - يىلدىكى مۇھىم ئىلمىي پائالىيەتلىرى

| پائالىيەت نامى | ۋاقتى (ئاي) | ئورنى | ئۇيۇشتۇرغان، ھەمكارلاشقان ئورۇن | ئاساسىي مەزمۇنى |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭنىڭ 2000 - يىللىق تەبىئىي ئاپەت يۈزلىنىشى توغرىسىدىكى مەسلىھەت يىغىنى | 1 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش جەمئىيىتى | «2000 - يىللىق قىسمەن تەبىئىي ئاپەت يۈزلىنىشىنى مۆلچەرلەش ۋە تەدبىر توغرىسىدا تەكلىپ»، «شىنجاڭنىڭ 1999 - يىللىق تەبىئىي ئاپەت ئەھۋالى ۋە شىنجاڭنىڭ 2000 - يىللىق تەبىئىي ئاپەت يۈزلىنىشىنى مۆلچەرلەش ھەققىدە پىكىر» يېزىپ چىقىلدى |
| چوت جەمئىيىتىنىڭ 6 - قۇرۇلتىيى | 1 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ چوت جەمئىيىتى | 6 - نۆۋەتلىك دائىمىي كېڭەش سايلاندى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| پاختىچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيى ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى | 2 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ پاختىچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | 4 - نۆۋەتلىك دائىمىي كېڭەش سايلاندى |
| «تەكلىماكان گېئودىنامىكىسى 4 - قېتىملىق يىغىنى» نى تونۇشتۇرۇش ۋە ئامېرىكىدىكى تەكشۈرۈشتىن دوكلات بېرىش يىغىنى | 3 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىلمىي جەمئىيىتى | شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسىدىكى تەتقىقاتچى جۇلىڭرېن ئىلمىي دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلىندى، 60 كىشى قاتناشتى |
| «324» دۇنيا تۇبېركۇليوز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كۈنى | 3 | شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا | شىنجاڭ تۇبېركۇليوز كېسىلىدىن مۇداپىئەلىنىش جەمئىيىتى | تەشۋىقات، مەسلىھەت بېرىش نۇقتىسىدىن 140 ى قۇرۇلدى، كېسەل كۆرسىتىشكە كەلگەن 8500 كىشى كۈتۈۋېلىندى، 32 مىڭدىن كۆپرەك ئامما تەشۋىقاتنى ئاڭلىدى، «تۇبېركۇليوز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەشۋىقات گېزىتى» دىن 200 مىڭ باستۇرۇلدى، 30 تەشۋىقات ماشىنىسى ئىشقا سېلىندى |
| «تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى كۈچەيتىپ، تېخنىكىنىڭ ھالقىش خاراكتېرلىك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش» دوكلات يىغىنى | 3 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ پەن - تېخنىكا كومىتېتى، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، شىنجاڭ مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى | «مۇتەخەسسىس - دوكتورلار دوكلات ئۆمىكى» نىڭ ئەزاسى، دۆلەت پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات ۋە كەسىپلەشتۈرۈش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى لى جيەن تەكلىپ بويىچە شىنجاڭغا كېلىپ ئىلمىي دوكلات بەردى |
| شىنجاڭ بويىچە ھەر خىل تىپتىكى ئاممىۋى، ئالىي مەكتەپ، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ كۇتۇپخانا باشلىقلىرى مۇھاكىمە يىغىنى | 4 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ كۇتۇپخانا ئىلمىي جەمئىيىتى | نۇقتىلىق ھالدا «كۇتۇپخانا باشقۇرۇش ۋە ئىسلاھ قىلىش» مەسىلىسى ئۈستىدە بىر قەدەر چوڭقۇر مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى |
| مەملىكەتلىك ئەمەلىي فىزىكا مۇسابىقىسىنىڭ شىنجاڭ مۇسابىقە رايونىدىكى مۇسابىقە | 4 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ فىزىكا ئىلمىي جەمئىيىتى | شىنجاڭ بويىچە 10 مىڭغا يېقىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 3 - يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى قاتناشتى |
| شىنجاڭنىڭ 1999 - يىللىق كەلكۈن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى | 4 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ سۇچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | ئىلىم ئالماشتۇرۇلدى، 400 دىن كۆپرەك كىشى قاتناشتى |
| شىنجاڭنىڭ پەيزاۋاتتىكى كۈچلۈك يەر تەۋرەش توپلاشقان يەر پوستى چوڭقۇر قاتلىمىنىڭ تۈزۈلمىسىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلات يىغىنى | 5 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىلمىي جەمئىيىتى | جۇڭگو يەر تەۋرەش ئىدارىسىنىڭ گېئوفىزىكىلىق تەكشۈرۈش مەركىزىنىڭ مۇدىرى، تەتقىقاتچى لى شيەنكاڭ ئىلمىي دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلىندى، 50 كىشى قاتناشتى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ ئىشىكنى ئېچىۋېتىش كۈنى | 5 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ فىزىكا ئىلمىي جەمئىيىتى | مۇشۇ بىر يىلدا 5 قېتىم ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن 8000 ئادەم (قېتىم) پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا ئويۇشتۇرۇلدى |
| 4 - نۆۋەتلىك تەڭرىتاغ گېئولوگىيە، كان مەھسۇلاتلىرى، بايلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى | 6 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ گېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ نېفىت ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ مېتاللىچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال ئىلمىي جەمئىيىتى | يىغىنغا 180 ۋەكىل قاتناشتى، چوڭ يىغىندا 15 ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇرۇلدى، يىغىندىن كېيىن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى (1 مىليون 200 مىڭ خەتلىك) نى نەشر قىلدى، ئۇنىڭغا 110 ئىلمىي ماقالە كىرگۈزۈلدى. |
| نېفىت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيى | 6 | قاراماي | شىنجاڭ نېفىت ئىلمىي جەمئىيىتى | 4 - نۆۋەتلىك دائىمىي كېڭەش سايلاندى |
| شىنجاڭنىڭ 2 - نۆۋەتلىك باللار چوت «ئۈمىد مالقىسى» فۇكاڭ تەكلىپ مۇسابىقىسى | 7 | فۇكاڭ | مالىيە نازارىتى، ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى، شىنجاڭ چوت ئىلمىي جەمئىيىتى | 84 ماھىر مۇسابىقىگە قاتناشتى، 14 ئورۇن كوللېكتىپ مۇكاپاتقا، 32 كىشى شەخسى مۇكاپاتقا، 14 كىشى مۇنەۋۋەر تەربىيەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى |
| مەملىكەت بويىچە 2000 - يىللىق ياشلار - ئۆسمۈرلەر مېتېئورولوگىيە يازلىق لاگېرى. | 7 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى، شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى | مەملىكەت بويىچە 18 ئۆلكە (شەھەر، ئاپتونوم رايون) دىن كەلگەن 210 كىشى يازلىق لاگېر پائالىيىتىگە قاتناشتى |
| «جۇڭگودىكى نېفىت - گاز ئويمانلىقىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە چوڭقۇرلۇقتىكى تۈزۈلمە تەسىرى» دوكلات يىغىنى | 7 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسى پەن - تېخنىكا تەرەققىيات باشقارمىسى، شىنجاڭ ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش جەمئىيىتى | جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى مازوڭجىن ئىلمىي دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلىندى، يىغىنغا 50 كىشى قاتناشتى |
| توقۇمىچىلىق ساھەسىدە 9 - نۆۋەتلىك نادىر ئىلمىي ماقالىلەرنى باھالاش | 7 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ توقۇمىچىلىق قۇرۇلۇش ئىلمىي جەمئىيىتى | ھەرقايسى ئىلمىي گۇرۇپپىلار دەسلەپكى قەدەمدە 186 ئىلمىي ماقالىنى تاللاپ چىقتى. نومۇر قويۇش ئارقىلىق 40 ئىلمىي ماقالە توقۇمىچىلىق ساھەسى بويىچە 9 - نۆۋەتلىك نادىر ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 6 سى 1 - دەرىجىلىك، 9 ى 2 - دەرىجىلىك، 25 ى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى |
| تاشيول ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 5 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى | 7 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ تاشيول ئىلمىي جەمئىيىتى | 5 - نۆۋەتلىك كېڭەش سايلاپ چىقىلدى |
| جۇڭيى دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك ئىلمىي ئالماشتۇرۇش يىغىنى | 7 | غۇلجا | شىنجاڭ جۇڭيى دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتى | 24 ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇرۇلدى |
| «زەمىن ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە يېڭى ئەسىردە يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى | 7 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ تۇپراق ئوغۇتچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | مەملىكەت بويىچە 13 ئۆلكە - ئاپتونوم رايون، شەھەردىن كەلگەن 102 مۇتەخەسسىس يىغىنغا قاتناشتى، جەمئىي 46 ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك يۈرەك - مېڭە قان - تومۇرلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مېدىتسىنا كۇرسى | 8 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تېببىي ئىلمىي جەمئىيىتى | ئېلىمىزنىڭ سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مېدىتسىنا مۇتەخەسسىسى پروفېسسور لى جيەنئەن لېكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىندى |
| ئوپتىك كابېل ئالاقىسى ۋە سانلىق مەلۇمات ئالاقىسى يېڭى تېخنىكىسىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ ئالاقە ئىلمىي جەمئىيىتى | جەمئىي 50 كەسپىي كادىر خادىم يىغىنغا قاتناشتى، ئوپتىك كابېل ئالاقىسى ۋە سانلىق مەلۇمات ئالاقىسى يېڭى تېخنىكىسىغا دائىر بىر قىسىم مەسىلىلەر ئالماشتۇرۇلدى ۋە مۇھاكىمە قىلىندى |
| مېتېئورولوگىيە ئىلمىي دوكلات يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى، شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى | 4 ئامېرىكىلىق مۇتەخەسسىس ئىلمىي دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلىندى |
| 2000 - يىللىق چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ تۆمۈريول ئىلمىي جەمئىيىتى | يىغىندا 30 ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇرۇلدى، 56 كىشى قاتناشتى |
| تارىم دەريا ۋادىسىنى تۈزەش ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ئاسراش ھەمدە شىنجاڭنىڭ چوڭ تىپتىكى سۇغىرىش رايونىدا سۇ تېجەشنى ياخشىلاش ئىلمىي دوكلات يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ سۇچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى سۇچىلىق فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى لى جىدۇڭ، ياڭ شىشۇلار ئىلمىي دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلىندى |
| 10 - نۆۋەتلىك سېستىرالار ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى | 9 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ سېستىرالىق ئىلمىي جەمئىيىتى | بىر ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى نەشر قىلىندى، ئۇنىڭغا 129 ئىلمىي ماقالە كىرگۈزۈلدى |
| پسىخولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 7 - قۇرۇلتىيى | 9 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ پسىخولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى | 7 - نۆۋەتلىك دائىمىي كېڭەش سايلاپ چىقىلدى |
| پۈتۈن لىنىيە بويىچە سىگناللارنى تېخنىكا جەھەتتىن قوراللاندۇرۇشنى كۈچەيتىپ، پويىزلارنىڭ بىخەتەر يول يۈرۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى | 9 | ئۈرۈمچى | جۇڭگو تۆمۈريول ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ تۆمۈريول ئىلمىي جەمئىيىتى | 80 دىن كۆپرەك مۇتەخەسسىس - ئالىم يىغىنغا قاتناشتى، يىغىندا 46 ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى |
| «شىنجاڭ يەر تەۋرەشتىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش سىناق مەيدانىنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە ئۇنىڭغا نەزەر»، «غەربىي رايونلاردىكى قۇرغاق رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى ياخشىلاش ئۈستىدە ئويلىنىش» ئىلمىي دوكلات يىغىنى | 9 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئىدارىسى پەن - تېخنىكا تەرەققىيات باشقارمىسى، شىنجاڭ ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈش جەمئىيىتى | جۇڭگو يەر تەۋرەش ئىدارىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى ما جىنرۇڭ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئېكولوگىيە پەنلىرى فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، دوكتور فەن شياۋلىڭ ئىلمىي دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلىندى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| جۇڭگو تاشيول ئىلمىي جەمئىيىتى يول قۇرۇلۇشى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 2000 - يىللىق ئىلمىي يىللىق يىغىنى | 9 | ئۈرۈمچى | جۇڭگو تاشيول ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ تاشيول ئىلمىي جەمئىيىتى | 130 كىشى قاتناشتى، ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇلدى، ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىغا 65 ئىلمىي ماقالە كىرگۈزۈلدى |
| مېتېئورولوگىيە ئىلمىي دوكلات يىغىنى | 9 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى، شىنجاڭ مېتېئورولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى | جۇڭگو مېتېئورولوگىيە پەن تەتقىقات يۇرتىدىن 3 مۇتەخەسسىس دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلىندى |
| مەملىكەتلىك ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە مۇنەۋۋەر خىمىيە ئىختىساس ئىگىلىرىنى تاللاش | 10 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ خىمىيە ئىلمىي جەمئىيىتى | شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىدىن جاڭ لىبى ۋەكىللىكىدىكى 4 ماھىر مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى سۈپىتىدە ئاپتونوم رايوندىن 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئولىمپىك خىمىيە مۇسابىقىسىگە قاتنىشىشقا تاللاندى |
| شىنجاڭ دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 2000 - يىللىق ئىلمىي يىللىق يىغىنى | 10 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتى | 150 ۋەكىل قاتناشتى، 138 ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى، 27 ماقالە يىغىندا ئالماشتۇرۇلدى، 14 نادىر ئىلمىي ماقالە باھالاپ چىقىلىپ، ئاپتورلىرى تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى |
| «غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ۋە ئارخىپ خىزمىتى» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى | 11 | تۇرپان | شىنجاڭ ئارخىپچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | 68 ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى، 43 ئىلمىي ماقالە چوڭ يىغىندا ئالماشتۇرۇلدى، 12 ماقالە ئوقۇپ ئۆتۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 7 ئىلمىي ماقالە ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1 - دەرىجىلىك، 2 - دەرىجىلىك، 3 - دەرىجىلىك نادىر ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى |
| تۇپراق - ئوغۇتچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 8 - قۇرۇلتىيى ۋە مەخسۇس ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى | 11 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ تۇپراق - ئوغۇتچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 92 ۋەكىل قاتناشتى، 46 ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى، 8 - نۆۋەتلىك دائىمىي كېڭەش سايلاپ چىقىلدى |
| باسمىچىلىق تېخنىكىسى جەمئىيىتىنىڭ بېڭى 4 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى | 12 | ئۈرۈمچى | شىنجاڭ باسمىچىلىق تېخنىكىسى ئىلمىي جەمئىيىتى | بېڭى 4 - نۆۋەتلىك دائىمىي كېڭەش سايلاپ چىقىلدى |

جۇ شياۋشيۇاڭ، ياڭ يۇڭكاڭ

# پەن - تېخنىكا خىزمىتى

## مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۇيۇشمىسى بىلەن ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئىقتىساد تەتقىقات مەركىزىنىڭ بىرلىكتە باشقۇرۇشىدا، شىنجاڭنىڭ 2 - قېتىملىق تەدبىر بەلگىلەش - مەسلىھەت بېرىش مۇھاكىمە يىغىنى 2000 - يىل 4 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېچىلدى، يىغىنغا 80 دىن كۆپرەك ۋەكىل قاتناشتى. مۇھاكىمە يىغىنىدا خەلقنى روناق - رايونلارنى قۇدرەت تاپقۇزۇش مەقسەت قىلىنىپ، ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى تەڭشەش ۋە سەرخىللاشتۇرۇش، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، ئۆزگىچە ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن

ھالدا تەدبىر ۋە تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مۇھاكىمە يىغىنىدا شىنجاڭ دائىرىسىدىن جەمئىي 90 پارچە ئىلمىي ماقالە يىغىۋېلىندى، 51 پارچە ئىلمىي ماقالە تاللاپ چىقىلدى، 9 پارچە ئىلمىي ماقالە يىغىندا ئالماشتۇرۇلدى.

5 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۇيۇشمىسى ئىشخانىسى بىلەن ش ئۇ ئا ر شىنجاڭنى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرۇشىدا، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا شىنجاڭنى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتى مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا شىنجاڭنى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشنىڭ يېقىن مەزگىللىك نىشانى، شىنجاڭنى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتىنىڭ يېتەكچى قائىدىسى، ساھەلىرى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشنى كۈچەيتىش ۋە يېزا ئىگىلىكىنى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتە پەن ـ تېخنىكا قاتلىمىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەر دەۋرىي قىلىنىپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شىنجاڭنى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى» نى تەقسىم تۈزۈش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىلدى.

ش ئۇ ئا ر مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۇيۇشمىسى ئىشخانىسىنىڭ ئىلتىماس قىلىشى بىلەن تۈز قىلىپ بېكىتىلگەن، مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ مالىيە ـ ئىقتىساد، سودا گۇرۇپپىسى ئۈستىگە ئالغان «شىنجاڭنىڭ سانائەت كەسىپ قۇرۇلمىسى ۋە مالىيە، باج مۇناسىۋىتى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق يۇمشاق پەن تەتقىقات تېمىسى پەن ـ تېخنىكا نازارىتىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى، بۇ تەتقىقات نەتىجىسى شىنجاڭنىڭ سانائەت كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى ئىلمىي ئاساس ۋە لايىھە بىلەن تەمىنلىدى.

مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر «رەھبەرلەر، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ شىنجاڭنى كەڭ ئېچىش توغرىسىدىكى باياناتلىرى» دېگەن كىتابنى يېزىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى، كىتابقا كىرگۈزۈلگەن 45 پارچە ماقالە ئىچىدە، ئاپتونوم رايوندىكى مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر يازغان 28 ماقالە، كەسپىي گۇرۇپپىلارنىڭ كاتىپلىرى يازغان 2 ماقالە بار، بۇ كىتاب شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

10ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۇيۇشمىسى تەكلىپ بويىچە يېزا ئىگىلىك مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى «پىچان ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش» مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىشقا ئەۋەتتى، يىغىنغا قاتناشقان مۇتەخەسسىسلەر پىچان ناھىيىسىنىڭ ئەۋزەل يېزا ئىگىلىك بايلىقىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۆزگىچە ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا مەسلىھەت پىكىرلىرىنى بەردى، بۇ، پىچان ناھىيىسىنىڭ 10 ـ بەش يىللىق پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

لى كېجيەن

## تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتلىرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندا تارماقلارغا قاراشلىق دۆلەت ئىلكىدىكى مۇستەقىل پەن ـ تېخنىكا ئاپپاراتى 141، كەسپكارى 8822؛ بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي تېخنىكا كادىرى 6597 بولۇپ، كەسپكارلار ئومۇمىي سانىنىڭ %74.8 نى ئىگىلەيدۇ.

1. ناھىيىدىن يۇقىرى تارماقلارغا قاراشلىق پەن ـ تېخنىكا ئاپپاراتلىرى.

1) تەبىئىي پەن ۋە تېخنىكا ساھەسىدىكى تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتلىرى. 2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندا تەبىئىي پەن ۋە تېخنىكا ساھەسىدىكى تەتقىقات ـ تەرەققىيات ئاپپاراتى 120 گە، كەسپكارلار 8063 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پەن ـ تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 5728، ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى (ۋەزىپىسى) بارلار 3930.

يىللىق ئومۇمىي خىراجەت كىرىمى 376 مىليون 20 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل 243 مىليون 191 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %32.12 ئاشتى؛ تېخنىكىلىق كىرىم 87 مىليون 446 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %43.40 ئاشتى؛ ئومۇمىي خىراجەت چىقىمى 332 مىليون 712 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە خادىملارنىڭ خىراجىتى 141 مىليون 213 مىڭ يۈەن، پەن تەتقىقات كەسپىي خىراجىتى 73 مىليون 566 مىڭ يۈەن.

مۇشۇ يىلدا 1145 تېما تەتقىق قىلىندى، بۇنىڭغا 2353 خادىم قاتناشتى، 105 مىليون 683 مىڭ يۈەن خىراجەت سەرپ قىلىندى. تېمىلارغا سەرپ قىلىنغان خىراجەت ئىچىدە ئاساسىي تەتقىقات خىراجىتى %6.58 نى، ئەمەلىي تەتقىقات خىراجىتى %17.92 نى، تەجرىبە تەرەققىيات خىراجىتى %41.37 نى، پەن تەتقىقات ۋە تەجرىبە تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى قوللىنىش خىراجىتى %26.44 نى، پەن ـ تېخنىكا مۇلازىمەت خىراجىتى %7.61 نى، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك پائالىيەت خىراجىتى %0.08 نى ئىگىلىدى.

مۇشۇ يىلدا تېخنىكا توختامى ئىمزالاشتىن كىرگەن ئەمەلىي كىرىم 2 مىليون 582 مىڭ يۈەنگە يەتتى. پەن - تېخنىكىغا دائىر 1221 ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 29 ماقالە چەت ئەلدە ئېلان قىلىندى، 32 خىل مەخسۇس پەن - تېخنىكا ئەسىرى نەشر قىلىندى.

2) ئىجتىمائىي پەن ۋە گۇمانىتار پەن ساھەسىدىكى تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتلىرى. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجتىمائىي پەن ۋە گۇمانىتار پەن ساھەسىدىكى تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتى 8 گە، كەسپكارلار 401 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 342.

ئۇلارنىڭ يىللىق ئومۇمىي خىراجەت كىرىمى 14 مىليون 468 مىڭ يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل 11 مىليون 502 مىڭ يۈەن، ئومۇمىي خىراجەت چىقىمى 12 مىليون 411 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە خادىملارنىڭ خىراجىتى 7 مىليون 226 مىڭ يۈەن، پەن تەتقىقات كەسپىي خىراجىتى 2 مىليون 393 مىڭ يۈەن. مۇشۇ يىلدا 54 تېما تەتقىق قىلىندى. بۇنىڭغا 166 خادىم قاتناشتى. 2 مىليون 200 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىندى، سەرپ قىلىنغان خىراجەت ئىچىدە ئاساسىي تەتقىقات خىراجىتى 79.82% نى، ئەمەلىي تەتقىقات خىراجىتى 19.91% نى، باشقا خىراجەت 0.27% نى ئىگىلىدى.

مۇشۇ يىلدا 347 ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى، 49 خىل پەن - تېخنىكا ئەسىرى نەشر قىلىندى.

3) پەن - تېخنىكا ئاخباراتى ئاپپاراتلىرى. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پەن - تېخنىكا ئاخبارات ئاپپاراتى 8 گە، كەسپكار 267 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا ئاخباراتىغا دائىر ھۆججەت - ماتېرىيال پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 243، ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 7.

ئۇلارنىڭ يىللىق ئومۇمىي خىراجەت كىرىمى 16 مىليون 351 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل 7 مىليون 162 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 27.73% ئاشتى؛ يىللىق خىراجەت چىقىمى 12 مىليون 193 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە خادىملارنىڭ خىراجىتى 4 مىليون 764 مىڭ يۈەن، پەن تەتقىقات كەسپىي خىراجىتى 2 مىليون 441 مىڭ يۈەن.

مۇشۇ يىلدا 10 تېما تەتقىق قىلىندى، بۇنىڭغا 32 كىشى قاتناشتى، 542 مىڭ يۈەن خىراجەت سەرپ قىلىندى. شۇ يىلى تېخنىكا توختامى ئىمزالاشتىن كىرگەن ئەمەلىي كىرىم 1 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى. پەن - تېخنىكىغا دائىر 38 ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى.

بۇ ئاپپاراتلار ئىقتىسادىي گەۋدىدىن 6 نى قۇردى، كەسپكارى 39 غا، يىللىق ئومۇمىي كىرىمى 2 مىليون 497 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي پايدىسى 125 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

2. ناھىيە دەرىجىلىك تارماقلارغا قاراشلىق تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتلىرى.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە دەرىجىلىك تارماقلارغا قاراشلىق تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتى 5 كە، كەسپكار 91 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 76.

ئۇلارنىڭ يىللىق ئومۇمىي خىراجەت كىرىمى 3 مىليون 832 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل 2 مىليون 61 مىڭ يۈەن، تېخنىكا خاراكتېرلىك كىرىم 15 مىڭ يۈەن؛ ئومۇمىي خىراجەت چىقىمى 2 مىليون 382 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە خادىملارنىڭ خىراجىتى 1 مىليون 127 مىڭ يۈەن، پەن تەتقىقات كەسپىي خىراجىتى 243 مىڭ يۈەن.

مۇشۇ يىلدا 16 تەتقىقات تېمىسى قانات يايدۇرۇلدى، بۇ تېمىلارغا 31 خادىم قاتناشتى، 77 مىڭ يۈەن خىراجەت سەرپ قىلىندى.

لىۋ چيەن

## تەبىئىي پەن كەسپىي خىراجەت خام چوتىنىڭ ئىجراسى ۋە پەن - تېخنىكا سېلىنمىسى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن تەبىئىي پەن كەسپىي خىراجىتى ئۈچۈن 66 مىليون 240 مىڭ يۈەن خام چوت چىقىم كۆرسەتكۈچى، پىنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان خادىملارنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن 23 مىليون 230 مىڭ يۈەن خام چوت چىقىمى كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈلدى.

2000 - يىلى ھەردەرىجىلىك پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى مالىيىنى باشقۇرۇش، ھېساباتنى قېلىپلاشتۇرۇش ئىشىنى كۈچەيتىپ، بوغالتىرلىقنى كومپيۇتېرلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇردى. يىللىق ئەمەلىي چىقىمى 211 مىليون 580 مىڭ يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي چىقىم 167 مىليون 180 مىڭ يۈەن، تىجارەت چىقىمى 44 مىليون 10 مىڭ يۈەن. قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ قوشۇمچە چىقىمى 390 مىڭ يۈەن. كەسپىي چىقىم ئىچىدە خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغ چىقىمى 4 مىليون 60 مىڭ يۈەن. يىللىق كىرىم 215 مىليون 630 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە مالىيىدىن بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم كىرىمى 66 مىليون 240 مىڭ يۈەن، كەسپىي كىرىم 79 مىليون 130 مىڭ يۈەن، يۇقىرىدىن بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم كىرىمى 15 مىليون 660 مىڭ

يۈەن، قاراشلىق ئورۇنلار تاپشۇرغان پۇل 440 مىڭ يۈەن. تىجارەت كىرىمى 45 مىليون 180 مىڭ يۈەن، باشقا كىرىم 8 مىليون 980 مىڭ يۈەن. كەسپىي كىرىم ئىچىدە خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغ كىرىمى 5 مىليون 620 مىڭ يۈەن. مۇشۇ بىر يىلدىكى كەسپىي قالدۇق 21 مىليون 780 مىڭ يۈەن.

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئاشىنسازلىق تەتقىقات يۇرتى قاتارلىق 10 كارخانىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىپ كارخانىلاشتۇرۇش لايىھىسىنى تەستىقلىدى. پەن - تېخنىكا نازارىتى ئىسلاھات خىزمىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن ئىلىم - پەن خىراجىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە ئىسلاھ قىلىنغان تەتقىقات يۇرتى، تەتقىقات ئورۇنلىرىغا مەلۇم ياردەم بەردى. كېمەيتىلگەن ئىلىم - پەن كەسپىي خىراجىتىدىن ۋە مالىيىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئەسۋاب - ئۈسكۈنە خىراجىتىدىن پايدىلىنىپ، قىسمەن پەن تەتقىقات يۇرتى ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرىغا مەخسۇس ئۈسكۈنە خىراجىتى ئورۇنلاشتۇردى، مۇشۇ يىلدا 2 مىليون 960 مىڭ يۈەن ئەسۋاب - ئۈسكۈنە خىراجىتى ئورۇنلاشتۇردى. تېخنىكا يارىتىش تېپىدىكى پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىغا ئىلىم - پەن كەسپىي خىراجىتى كېمەيتىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان چېتىلما تۈرلەردە ياخشىلىرىنى تاللاپ نۇقتىلىق ياردەم بېرىش پرىنسىپىنى داۋاملىق قوللىنىپ، بىر يىل ئىچىدە چېتىلما تۈردىن 22 نى ئورۇنلاشتۇردى، بۇنىڭ ئۈچۈن 4 مىليون 210 مىڭ يۈەن خىراجەت ئورۇنلاشتۇردى. ھەممە تۈرلەرنى يولغا قويۇشتا داۋاملىق ئىز قوغلاپ باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى پەن تەتقىقات، كەشپىيات، كېڭەيتىشكە دائىر 200 دىن كۆپرەك تېمىنى ئىشلىدى، خىراجەت مەنبەسى جەمئىي 27 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى تاماملانغان پەن تەتقىقات تۈرلىرى ئىچىدە 92 تۈرلۈك پەن تەتقىقات نەتىجىسى باھالاشتىن ئۆتۈپ مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇپ قوللىنىلدى.

2000 - يىلى مالىيە نازارىتى 1 مىليون يۈەن ياردەم ئۆسۈملۈك پەن - تېخنىكا قەرز پۇل مەبلىغى بېرىدىغان بولغاچقا، ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىغا پەن - تېخنىكا ئوبوروت مەبلىغىنىڭ ھاۋالىلىك بانكا قەرز پۇلى بېرىش تۈرلىرىنى بېجىرىپ بېرىش ئىشى ۋاقتىنچە كېچىكتۈرۈلدى، نەتىجىدە پەن - تېخنىكا ئوبوروت مەبلىغىنىڭ ھاۋالىلىك بانكا قەرز پۇلى 1999 - يىلدىكىدىن بىر ئاز ئازىيىپ كەتتى ھەمدە پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا قەرز پۇلىنى قولغا كەلتۈرۈش جەھەتتىكى ئاكتىپلىقىغا تەسىر يەتتى، بۇنىڭ بىلەن مۇشۇ يىلى پەن - تېخنىكا ئومۇمىي قەرز پۇلى بىر قەدەر زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتتى.

جارقىن

## خەلقئارا پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا سىستېمىسىدىن ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن 32 تۈركۈمدە 112 ئادەم(قېتىم) قاتناشقان ئۆمەك - گۇرۇپپا چەت ئەلگە چىقتى، زىيارەتكە چىققانلار 1999 - يىلدىكىدىن %124 كۆپەيدى. ئۇلار ئامېرىكا، كانادا، ياپونىيىگە، ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە زىيارەتكە چىقتى. زىيارەت مەزمۇنلىرى: پەن - تېخنىكا ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، ھۆكۈمەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرلىرى، كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش ۋە خەلقئارالىق يىغىن قاتارلىقلارغا چېتىلىدۇ. چەت ئەل ئۆمەك - گۇرۇپپىسىدىن 48 تۈركۈمدە 205 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى. زىيارەتكە كەلگەنلەر 1999 - يىلدىكىدىن %50.7 كۆپەيدى. ئۇلار ئاساسەن ئاۋستىرالىيە، كانادا، ئامېرىكا، ياپونىيىدىن ۋە ياۋروپا، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىن شىنجاڭغا كېلىپ، پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇش، پەن - تېخنىكا ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋە خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى.

ۋاڭ يەڭ

## پەن - تېخنىكا ئاخبارات خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنى دۆلەت پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى چۈشۈرگەن «شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا ئۇچۇر تورىنى بارلىققا كەلتۈرۈش» تۈرىدىكى ۋەزىپە پىلانىغا ئاساسەن، تۈرلەرنىڭ ئالدىنقى باسقۇچتىكى يۇمشاق دېتاللىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشىنى تاماملىدى، «شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ئۇچۇر تورى» نىڭ باش بېتىنى بېكىتتى ۋە ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزدى، 12 ئىستون تەسىس قىلدى، «شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكا ئۇچۇر تورى»، «شەرق بىلەن غەرب ئۇلانغان ماشىنا تورى»، «مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا ئۇچۇرلىرىنى ئالماشتۇرۇش ۋە تېز يەتكۈزۈش ھەمكارلىق تورى» ئۈچۈن 5000 دىن كۆپرەك ئۇچۇرنى توپلاپ، پىششىقلاپ ئىشلەپ تورغا كىرگۈزدى.

پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا پەن - تېخنىكا - ئىقتىساد ئۇچۇر مەركىزى 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى رەسمىي قۇرۇلۇپ ۋىۋىسكا ئاستى.

فۇ جيايى

## ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتى

2000 - يىلى ئۇچۇرچىلىق مىنىستىرلىكى شىنجاڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىشخانىسىغا «كومپيۇتېر 2000 - يىلى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا مەملىكەت بويىچە ئىلغار ئورۇن»

دەپ نام بەردى، سۇگوپىڭ، جاڭ دېشېن، دۇ يۇجۇلار كومپيۇتېر 2000 - يىلى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا مەملىكەت بويىچە ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. شۇ يىلى جۇڭگونىڭ غەربىي رايوننى ئۇچۇرلارشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بويىچە يۇقىرى قاتلاملار مۇنبىرى ۋە 2000' جۇڭگو ئۈرۈمچى (خەلقئارا) ئۇچۇر تېخنىكىسى ۋە مەھسۇلات كۆرگەزمىسى ئېچىلدى. دۇنيا بويىچە داڭلىق IBM، مىكرو يۇمشاق دېتال، سىكې، كاڭبا قاتارلىق 8 IT كارخانىسىنىڭ لېدېرى ۋە ئامېرىكا يۇتا شتاتى ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو سودا ۋەكىللەر باشقارمىسى تەكلىپ بويىچە كۆرگەزمىگە قاتناشتى. بۇ 8 كارخانا يەنە شىنجاڭنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن خەلقئارادىكى داڭلىق IT كارخانا بىرلەشمىسى تەشكىل قىلدى ھەمدە شىنجاڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىشخانىسى بىلەن ھەمكارلىق رامكا كېلىشىمى ئىمزالاپ، شىنجاڭنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەھەتتە كەڭ كۆلەمدە ھەمكارلىقنى قانات يايدۇردى. كۆرگەزمىگە 87 سودا ئورنى قاتناشتى، 200 كۆرگەزمە ئورنى تەسىس قىلىندى، ئېكسكۇرسىيە قىلغان ئادەم 50 مىڭدىن ئاشتى، پۈتۈشۈش سوممىسى 4 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى.

2000 - يىلى شىنجاڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىشخانىسى كومپيۇتېر تېخنىكىسى بويىچە ئىجتىمائىيلاشقان تەربىيىلەش ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىمتىھان ئېلىش نۇقتىسىنى قۇرۇش خىزمىتىنى ۋە كومپيۇتېر تېخنىكىسىدىن ئىمتىھان ئېلىش تور سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. بىر يىل ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىمتىھان ئېلىش - تەربىيىلەش نۇقتىسىدىن جەمئىي 70 ى يېڭىدىن قۇرۇلدى، شىنجاڭ بويىچە كومپيۇتېر تېخنىكىسى جەھەتتىن ئىجتىمائىيلاشقان تەربىيىلەشكە ۋە تۆۋەن - ئوتتۇرا دەرىجىلىك بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىشقا 10 قېتىم ئۇيۇشتۇرۇلدى، جەمئىي 70 مىڭ ئادەم (قېتىم) ئىمتىھان بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە، كومپيۇتېر تېخنىكىسى بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىمتىھانغا قاتناشقانلار 27 مىڭ، مىللىي تىل - يېزىقتا ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچى 7000.

دۆلەت كارخانىلىرىنى ئۆزگەرتىشكە بىرلەشتۈرۈپ، چوڭ - ئوتتۇرا كارخانىلار، پاي چېكى بازارغا سېلىنىدىغان كارخانىلار ھەمدە تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە كارخانىلارنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشىغا نۇقتىلىق ياردەم بېرىلدى، ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىشخانىسى مۇتەخەسسىسلەرنى كارخانىلارغا بېرىپ نەق مەيداندا مەسلىھەت بېرىشكە، نەزەرىيە جەھەتتىن دەلىللەشكە قاتنىشىشقا ئۆتكەلنى ئىگىلەشكە ئۇيۇشتۇردى. 2000 - يىلى 32 تۈرلۈك نۇقتىلىق ئېلېكترونلۇق ئۇچۇرنى قوللىنىشقا قەرز پۇل بېرىش تۈرى بېكىتىلدى، ئۇنىڭغا 209 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، 139 مىليون 800 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بېرىلدى، 69 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغنى ئۆزلىرى توپلىدى.

2000 - يىلى ئۇچۇر قۇرۇلۇشىنى لايىھىلەيدىغان - قۇرۇلۇش قىلىدىغان مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى 124 ئورۇن ئۇچۇر قۇرۇلۇشى سالاھىيىتىگە گۇۋاھلىق بېرىش توغرىسىدا ئىلتىماس سۇندى، باھالاش ئارقىلىق 45 كارخانا سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 6 ئورۇن «ئا» دەرىجىلىك سالاھىيەتكە، 17 ئورۇن «ب» دەرىجىلىك سالاھىيەتكە، 22 ئورۇن «س» دەرىجىلىك سالاھىيەتكە ئېرىشتى.

جاڭ دېشېن

## بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتى

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر پاتېنت ئىدارىسى «بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى ھەمدە 10 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى پاتېنت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئورگانلىرىغا 23 مىڭ يۈەن تەشۋىقات خىراجىتى ئاجرىتىپ بەردى. پاتېنت قانۇنىنىڭ ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 15 يىللىقىنى تەبرىكلەش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى ۋە باشقۇرۇش خادىملىرى ئۈچۈن 4 قارار كۇرس ئاچتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 20 كارخانا مەسئۇلى ۋە پاتېنت ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى خادىمنى دۆلەت بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسى شىمەندە ئاچقان كارخانىلارنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش كۇرسىغا قاتناشتۇردى. دۆلەت بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسى بىلەن مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ شىنجاڭدا «غەربىي رايوننى ئېچىشتا پاتېنت ھەققىدە سۆز» (شىنجاڭ قىسمى) تېلېۋىزىيە فىلىمىنى سۈرەتكە ئېلىشىغا ماسلىشىپ، شىنجاڭ ئىقتىساد تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىكتە نەق مەيداندا زىيارەت ئېلىپ باردى. ش ئۇ ئا ر نەشر ھوقۇقى ئىدارىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا - سانائەت ئىدارىسىدىكى بازار باشقۇرۇش خادىملىرىغا نەشر قىلىنغان تۈرلۈك ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقىنى پەرقلەندۈرۈش توغرىسىدا چۈشەنچە بەردى. ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، پەن - تېخنىكا - سەھىيە نەشرىياتىغا نەشر ھوقۇقىنى باشقۇرۇش ۋە نەشر ھوقۇقى سودىسى توغرىسىدا مەخسۇس دەرس ئۆتتى، مىللىي تىل ئۈن - سىن بازارلىرىدىكى تىجارەتچىلەرگە ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىنى ئۇيغۇرچە چۈشەندۈردى. 400 دىن ئارتۇق كىشى دەرس ئاڭلىدى. ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ئاساسىي قاتلامدىكى 114 نەپەر تاۋار ماركىسىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرغۇچى خادىمنى تەشكىللەپ، كونىنىڭ، شىئەن،

كۆزگەزمىدە ئېرىشكەن مۇكاپاتلار ئىچىدە مەملىكەت بويىچە ئاساسىي قاتلامدىكى تاۋار ماركىسى دېلولىرىنى بىجىرگۈچى خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتناشتۇردى. شىنجاڭ بويىچە تاۋار ماركىسىنى بېسىش كەسپىنى باشقۇرغۇچى خادىملارنى سالاھىيەت جەھەتتىن تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، باسمىچىلىقنى باشقۇرۇش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 338 خادىم تەربىيىلەشكە قاتناشتى.

ش ئۇ ئا ر پاتېنت ئىدارىسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە باش زاۋۇتى، شىنجاڭ «شەرق» گۇسا گىرىم بۇيۇملىرى شىركىتى ھەمدە شىخەنزە شەھىرىدىكى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. مۇشۇ بىر يىلدا پاتېنتقا دائىر 18 دېلو، قېپقالغان 6 دېلونى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭدىن 19 دېلونى ئاياغلاشتۇردى. نەشر ھوقۇقى ئىدارىسى كىتاب - ژۇرنال، ئۈن - سىن بازارلىرىدا قانۇننىڭ ئىجراسى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈشنى داۋاملىق كۈچەيتتى ھەمدە نەشر ھوقۇقى ئوغرىلانغان 400 دىن كۆپرەك VCD پلاستىنكىسى، 400 خىلدىن كۆپرەك DVD پىلاستىنكىسى، نەشر ھوقۇقى ئوغرىلانغان 4000 دىن كۆپرەك كىتاب - ژۇرنال، قانۇنسىز كۆپەيتىپ بېسىلغان 60 مىڭ باغاق، نەشر ھوقۇقى ئوغرىلانغان 100 قاپتىن كۆپرەك ئۇنئالغۇ لېنتىسى، بىر كۆپەيتىپ كۆچۈرۈش ماشىنىسى، 50 مىڭ تالدىن كۆپرەك مۇقاۋا ۋە AB ئېلان رەسىمنى تەكشۈرۈپ يىغىۋالدى، نەشر ھوقۇقى ئوغرىلانغان تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ 260 دىن كۆپرەك ساندۇققا قاچىلانغان ئاز كەم 80 مىڭ قاپ ئېنگلىز تىلى ئۇنئالغۇ لېنتىسىنى تەكشۈرۈپ يىغىۋالدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئاپتورلۇق ھوقۇقى ماجىراسىغا دائىر 13 دېلو، قېپقالغان 11 دېلو قوبۇل قىلىنىدى، بۇنىڭدىن 8 دېلو ئاياغلاشتۇرۇلدى. مۇشۇ بىر يىلدا چەت ئەللەرنىڭ كىتابلىرىنى نەشر قىلىش ھوقۇقى بېرىشكە دائىر 15 توختام، چەت ئەللەرنىڭ ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى كۆپەيتىپ ئىشلەش ھوقۇقى بېرىشكە دائىر 8 توختام تەكشۈرۈلدى، 17 پارچە ئەسەر ئۆز ئىختىيارى بىلەن تىزىمغا ئېلىنىدى، جۇڭگو نەشر ھوقۇقىنى قوغداش مەركىزىگە 7600 يۈەن قەلەم ھەققى ئەۋەتىپ بېرىلدى. شىنجاڭ بويىچە ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى تاۋار ماركىسى جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن جەمئىي 426 (ئادەتتىكى قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسى 110، ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش، ساختا تاۋار ماركىسى دېلوسى 316) نى دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدىن 2 دېلونى سوت ئورگانلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى، 647 مىڭ 100 يۈەن جەرىمانە قويدى، قانۇنغا خىلاپ تاۋار ماركىسىدىن 3 مىليون 388 مىڭ 500 نۇسخا يىغىۋالدى ۋە كۆيدۈرۈۋەتتى، ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلغان 103.5 توننا بۇيۇمنى كۆيدۈرۈۋەتتى. باسمىچىلىق كارخانىسى پاكى باسمىچى يەككە تىجارەتچىدىن 1267 سى (بۇنىڭ ئىچىدە تاۋار ماركىسىنى باسقۇچى 69 ئورۇن ئاربلاپ تەكشۈرۈلدى) تەكشۈرۈلۈپ، قىرغىزىستاننىڭ روپىخەتكە ئالدۇرغان تاۋار ماركىسىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش قىلمىشىغا قاتتىق زەربە بېرىلدى، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا يۆتكەشكە تەييارلاپ قويۇلغان 2 مىليون جۈپتىن كۆپرەك ساختا - ناچار پايپاق تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرۈلدى، بۇ دېلودىكى مال قىممىتى تەخمىنەن 1 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ. مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى رايونلارغا يۆتكەشكە تەييارلاپ قويۇلغان، رۇسچە تاۋار ماركا بەلگىسى ئىشلىتىلگەن 100 مىڭ جۈپ پايپاق تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن ئېلىمىزنىڭ خەلقئارادىكى ئابرويى ساقلاپ قېلىنىدى. ش ئۇ ئا ر پاتېنت ئىدارىسىنىڭ پاتېنت ئۇچۇر تورى پونكىتى 400 ئادەم (قېتىم) دىن كۆپرەك مەسلىھەت بەردى. پاتېنت ئوپتىك دىسكىسىنى ئىزدەپ تېپىش بويىچە 36 ئادەم (قېتىم) مۇلازىمەت قىلدى. شىنجاڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى تەتقىقات جەمئىيىتى بىلەن جۇڭگو بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى تەتقىقات جەمئىيىتى بىرلىشىپ «غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ۋە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش مۇھاكىمە يىغىنى» ئاچتى. ش ئۇ ئا ر نەشر ھوقۇقى ئىدارىسى بىلەن ئۈرۈمچى سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى جەمئىي 8000 خىلدىن كۆپرەك VCD، CD پلاستىنكىسى، 100 خىلدىن كۆپرەك يۇمشاق دېتال، 600 خىلدىن كۆپرەك كىتاب - ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى ئوغرىلانغانلىقىنى باھالاپ بېكىتتى. ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدى، ئۆزگىچە بولغان پاختا، گۈرۈچ، ئالما، قوغۇن - تاۋۇز، كىشمىش ئۆرۈك، دورىلىق ئۈجمە قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھەمدە داڭلىق مەنزىرىلىك ساياھەت نۇقتىلىرىنىڭ تاۋار ماركىسىنى روپىخەتكە ئېلىش ئىلتىماسىنى بېجىرىپ بەردى، «شىنجاڭنىڭ داڭلىق تاۋار ماركىسى» نى ئېتىراپ قىلىش خىزمىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇردى، شىنجاڭ بويىچە 30 كارخانا 30 خىل تاۋار ماركىسىنى روپىخەتكە ئېلىپ ئېتىراپ قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى.

يۇ جىي

## تېخنىكا بازارلىرى

2000 - يىلى پەن - تېخنىكا نازارىتى «تېخنىكا سودىسى كىرىمىنىڭ تىجارەت بېجىنى كەچۈرۈم قىلىشنى ئىلتىماس

قىلىشقا ئالاقىدار ئىشلار توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» ۋە «تېخنىكا توختامىنى ئېتىراپ قىلىپ تىزىملاش ئاپپاراتلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى» دېگەن ئىبارەت ھۆججەت تارقاتتى، «شىنجاڭ تېخنىكا سودىسى تورى» (WWW. Xitm. com. cn) نى ئىشقا كىرىشتۈردى.

2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 1118 تۈرلۈك ھەرخىل تېخنىكا توختامى ئېتىراپ قىلىش ئارقىلىق تىزىمغا ئېلىندى، توختامدىكى پۇتۇشۇش سوممىسى 662 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، تېخنىكا تەرەققىيات توختامى 117 بولۇپ، توختامدىكى پۇتۇشۇش سوممىسى 392 مىليون يۈەن، تېخنىكا كۆچۈرۈپ بېرىش توختامى 115 بولۇپ، توختامدىكى پۇتۇشۇش سوممىسى 33 مىليون يۈەن، تېخنىكا مەسلىھەتچىلىكى توختامى 285 بولۇپ، توختامدىكى پۇتۇشۇش سوممىسى 61 مىليون يۈەن، تېخنىكا مۇلازىمەت توختامى 541 بولۇپ، توختامدىكى پۇتۇشۇش سوممىسى 176 مىليون يۈەن. 8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر باج تارماقلىرى بىلەن بىرلىشىپ قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق تېخنىكا توختامىنى ئېتىراپ قىلىپ تىزىملايدىغان 54 ئاپپارات ئېتىراپ قىلىندى.

كورلا شەھىرى دۆلەت پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى تېخنىكا بازارلىرىنى باشقۇرۇش مەركىزى ئۈنجى تۈركۈمدە ئېتىراپ قىلغان مەملىكەت بويىچە 7 كەنت تېخنىكا بازارلىرىنىڭ ھەمكەسىپ سىناق نۇقتىسى قىلىنغان ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن 2000 - يىلى ھەمكەسىپ سىناق نۇقتىلىرىنىڭ ئۈلگە كۆرسىتىش خىزمىتىنى يولغا قويۇش جەريانىدا، 10 ئۈلكە، شەھەر ئالىي مەكتەپ، پەن تەتقىقات يۇرتى، تەتقىقات ئورنى، كارخانىلار بىلەن ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى، 55 تۈر بويىچە تېخنىكا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى، 420 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى.

جاۋ پېڭ

## خەلق باشقۇرغان پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە خەلق باشقۇرغان پەن - تېخنىكا كارخانىسى 991 گە يەتتى. يۇقىرىغا يوللانغان خەلق باشقۇرغان پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنىڭ ستاتىستىكا جەدۋىلىدىكى 422 خەلق باشقۇرغان پەن - تېخنىكا كارخانىسىنىڭ ستاتىستىكا ئەھۋالى مۇنداق: دۆلەت كارخانىسى 39، كوللېكتىپ كارخانا 29، پاي ھەمكارلىق كارخانىسى 11، چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 240، چەكلىك پاي شىركىتى 16، خۇسۇسىي كارخانا 74، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن ۋە چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا 5، باشقا ئىقتىسادىي كارخانا 8.

2000 - يىلى كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 428 مىليون 982 مىڭ يۈەن، تېخنىكا، سانائەت، سودا ئومۇمىي كىرىمى 3 مىليارد 127 مىليون 306 مىڭ يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىكا خاراكتېرلىك كىرىم 215 مىليون 120 مىڭ يۈەن، سېتىلغان مەھسۇلات كىرىمى 2 مىليارد 372 مىليون 244 مىڭ يۈەن، سېتىلغان تاۋار كىرىمى 446 مىليون 461 مىڭ يۈەن، باشقا كىرىم 93 مىليون 481 مىڭ يۈەن. مۇشۇ يىلدا كارخانىلارنىڭ يۇقىرىغا تاپشۇرغان بېجى 141 مىليون 955 مىڭ يۈەن، ئالغان پايدىسى 496 مىليون 521 مىڭ يۈەن، ياراتقان تاشقى پېرېۋوتى 55 مىليون 104 مىڭ دوللار، يىل ئاخىرىدىكى كارخانا ئىگىدارلىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتى 4 مىليارد 224 مىليون 126 مىڭ يۈەن، كارخانىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئاكتىپ - پاسسىپ نىسبىتى %41.

كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي مۈلكى 7 مىليارد 158 مىليون 388 مىڭ يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە، مۈلۈك سوممىسى 1 مىليون يۈەنگە يەتمەيدىغان كارخانا 219، 1 مىليون يۈەندىن 10 مىليون يۈەنگىچە بولغان كارخانا 149، 10 مىليون يۈەندىن 50 مىليون يۈەنگىچە بولغان كارخانا 37، 50 مىليون يۈەندىن 100 مىليون يۈەنگىچە بولغان كارخانا 5، 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانا 12. كارخانىلارنى ئىقتىسادىي تىپى بويىچە ئايرىغاندا، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مۈلۈك سوممىسى 363 مىليون 543 مىڭ يۈەن، كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ مۈلۈك سوممىسى 352 مىليون 46 مىڭ يۈەن، چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرىنىڭ 2 مىليارد 174 مىليون 820 مىڭ يۈەن، چەكلىك پاي شىركەتلىرىنىڭ 3 مىليارد 638 مىليون 994 مىڭ يۈەن، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ 403 مىليون 29 مىڭ يۈەن، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن ۋە چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ 186 مىليون 623 مىڭ يۈەن، باشقا كارخانىلارنىڭ 39 مىليون 333 مىڭ يۈەن.

كارخانىلاردىكى كەسپكارلار 15 مىڭ 690. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي ئۇنۋانلىقلار 1047، ئوتتۇرا ئۇنۋانلىقلار 2145، ئاسپىرانت 206، ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەنلەر 2476، ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر 3972، مۇقىم ئىشچى - خىزمەتچىسى 50 كە يەتمەيدىغان كارخانا 379، ئىشچى - خىزمەتچىسى 50 تىن 100 گىچە بولغان كارخانا 21، 100 دىن ئاشىدىغان كارخانا 22.

تېخنىكا سانائەت - سودا ئومۇمىي كىرىمى 10 مىليون يۈەندىن 20 مىليون يۈەنگىچە بولغان كارخانا 26، 20 مىليون يۈەندىن 100 مىليون يۈەنگىچە بولغان كارخانا 18، 100

مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانىدىن شىنجاڭ گۇاڭخۇي تاش ماتېرىيال چەكلىك پاي شىركىتى، «مېيىڭ» ئۈزۈم جاھىزلىرى چەكلىك پاي شىركىتى، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور سانائىتى چەكلىك پاي شىركىتى، شىنجاڭ «تيەنسەي» پەن - تېخنىكا چەكلىك پاي شىركىتى قاتارلىق 4 كارخانا بار.

كارخانىلارنىڭ يىللىق ئومۇمىي چىقىمى 2 مىليارد 748 مىليون 571 مىڭ يۈەن، تېخنىكا تەرەققىيات خىراجىتى 175 مىليون 822 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە تەتقىقات ۋە تەرەققىيات خىراجىتى 33 مىليون 35 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئايرىم ئايرىم ھالدا يىللىق تېخنىكا - سانائەت سودا ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 5.62% ىنى ۋە 1.05% ىنى ئىگىلىدى. تېخنىكا تەرەققىيات خىراجىتىنى كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي خاراكتېرى بويىچە ئايرىغاندا، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ سېلىنمىسى 11 مىليون 84 مىڭ يۈەن، كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ سېلىنمىسى 20 مىليون 76 مىڭ يۈەن، چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرىنىڭ سېلىنمىسى 95 مىليون 188 مىڭ يۈەن، چەكلىك پاي شىركەتلىرىنىڭ سېلىنمىسى 30 مىليون 525 مىڭ يۈەن. خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ سېلىنمىسى 15 مىليون 727 مىڭ يۈەن، باشقا كارخانىلارنىڭ سېلىنمىسى 3 مىليون 222 مىڭ يۈەن.

كارخانىلارنىڭ 70 تۈرلۈك پاتېنت ئىلتىماسى قوبۇل قىلىندى، 57 تۈر پاتېنت ھوقۇقى بېرىشكە ئىلتىماس قىلىندى، 67 تۈرلۈك پاتېنت يولغا قويۇلدى.

شۈ فۇرۇڭ

## شىنجاڭ شەرقىتىكى 10 ئۆلكە، شەھەر بىلەن بىرلەشمە يىغىن تۈزۈمى ئورناتتى

پەن - تېخنىكا نازارىتى 2000 - يىل 9 - ئايدا بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي، لياۋنىڭ، شەندۇڭ، جياڭسۇ، جېجياڭ، فۇجيەن، گۇاڭدۇڭ، خەينەندىن ئىبارەت شەرقىتىكى 10 ئۆلكە، شەھەرنىڭ پەن - تېخنىكا كومىتېتى (پەن - تېخنىكا نازارىتى) بىلەن بىرلىشىپ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش بويىچە شىنجاڭ بىلەن شەرقىتىكى 10 ئۆلكە، شەھەرنىڭ پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى بىرلەشمە يىغىن تۈزۈمى ئورناتتى. بۇ — شىنجاڭ بىلەن شەرقىتىكى 10 ئۆلكە، شەھەرنى پەن - تېخنىكا جەھەتتە ھەمكارلاشتۇرىدىغان تەشكىلىي ئاپپارات بولۇپ، شىنجاڭ بىلەن شەرقىتىكى 10 ئۆلكە - شەھەرنى پەن - تېخنىكا جەھەتتە ھەمكارلاشتۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ، شىنجاڭ بىلەن شەرقىتىكى 10 ئۆلكە، شەھەرنىڭ پەن - تېخنىكا كومىتېتلىرى (پەن - تېخنىكا نازارەتلىرى) بىرلەشمە يىغىنغا ئەزا ئورۇن قىلىندى، بۇنىڭدا 2 رەئىس رىياسەتچىلىك قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ، پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ ۋەكىلى بىر رەئىس بولىدۇ، يەنە بىر رەئىس شەرقىتىكى 10 ئۆلكە، شەھەردىن ئاللاپ كۆرسىتىلىدۇ ياكى نۆۋەت بىلەن ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. بىرلەشمە يىغىن قەرەللىك يىغىن بولۇپ، پرىنسىپ جەھەتتە ھەر يىلى شىنجاڭدا بىر قېتىم ئېچىلىدۇ. بىرلەشمە يىغىن ئىشخانىسى پەن - تېخنىكا نازارىتىدە تەسىس قىلىندى. بىرلەشمە يىغىنغا ئەزا بولغان ئورۇنلار غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش جەھەتتە تۈزۈپ چىقىلغان مەخسۇس ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىدىن ئۆز ئارا مەنپەئەت ئالىدۇ، ئۆز ئارا پايدىلىنىدۇ، ئۇچۇر بايلىقىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولىدۇ.

جاڭ شىنتاۋ

## نامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەشتە مەملىكەت بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر

پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى، جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بىرلىكتە 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا 1986 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە نامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش خىزمىتىنى خۇلاسىلاش، ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، نامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش بويىچە 60 ئىلغار كوللېكتىپ، 20 ئالاھىدە تۆھپىكار، 320 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى نامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەشتە 2 مىليارد يۈەندىن كۆپرەك بىۋاسىتە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتقانلىقى ئۈچۈن مەملىكەت بويىچە نامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى، بۇ تەتقىقات ئورنىدىكى تەتقىقاتچى جاڭ شىنيەن «نامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش بويىچە ئالاھىدە تۆھپىكار» دېگەن نامغا ئېرىشتى، ليۇ مىڭتىڭ، تيەن چاڭيەندىن ئىبارەت 2 تەتقىقاتچى «نامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش بويىچە ئىلغار شەخس» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

جۇڭگو نامراتلارنى يۆلەش فوندى جەمئىيىتى بىلەن «شىنخۇا» ئاگېنتلىقى «يېرىم ئايلىق سۆھبەت» تەھرىراتى قانات يايدۇرغان «شيايەن لوڭقىسى» بويىچە نامراتلارنى يۆلەشتىكى مەملىكەت بويىچە 10 ئىلغارنى باھالاش پائالىيىتىدە 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى جاڭ بىن «نامراتلارنى يۆلەش تۆھپە مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى.

خۇ ۋېنكاڭ

# تەبىئىي پەن

## ئېكولوگىيە. بايلىق

### زەئىپلەشكەن ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە يېڭى ئەسىردە يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىننى جۇڭگو تۇپراق ئۇنۇمدارلىقى ۋە ئېكولوگىيە كەسپىي ھەيئىتى، شىنجاڭ تۇپراق - ئوغۇتچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرۇشىدا، 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېچىلدى، مەملىكەت بويىچە 21 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن 102 مۇتەخەسسىس يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا 46 ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىندى، 17 ماقالە ئالماشتۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى شۇ پېڭ «شىنجاڭنى ئېچىش جەھەتتىكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىت مەسىلىسى» دېگەن تېمىدا ئىلمىي دوكلات بەردى. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى جاڭ شىنشى قاتارلىق داڭلىق مۇتەخەسسىسلەرمۇ يىغىندا دوكلات بەردى.

خۇ ۋېنكاڭ

### چىرىيە ناھىيىسىدە پاختىدىن دۇنيا بويىچە 3 خىل رېكورت يارىتىلدى

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىك تۈر ئىشخانىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شىنجاڭنىڭ پاختىچىلىق تۈرىگە ئالاھىدە ياردەم بەرگەن چىرىيە ئۆلگە كۆرسىتىش رايونىدىكى مەخسۇس تېمىسى 2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. مەھسۇلاتنى ھېسابلاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىغا دېھقانچىلىق نازارىتى پاختىچىلىق تۈرى ئىشخانىسى بىلەن شىنجاڭ دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش باش پونكىتىنىڭ مەسئۇللىرى باشچىلىق قىلدى، ئۇلار ئالىي دەرىجىلىك 8 ئاگرونومنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. مەھسۇلاتنى ھېسابلاش گۇرۇپپىسى كۆلىمى 11.25 گېكتار كېلىدىغان 7 ئۆلكە نۇقتىسىنى تاللاپ مەھسۇلاتنى ھېسابلاپ چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدە 3750 كىلوگرام/گېكتار يەر ئۆرنەك قىلىنغان 2 نۇقتىنىڭ ساپ پاختا بىرلىك ھوسۇلى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 3838.65 كىلوگرام/گېكتار (0.75 گېكتار) ۋە 3271.65 كىلوگرام/گېكتار (0.37 گېكتار) غا يەتكەن؛ 3000 كىلوگرام/گېكتار يەر ئۆرنەك قىلىنغان 3 نۇقتىنىڭ ساپ پاختا بىرلىك ھوسۇلى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 3530.4 كىلوگرام/گېكتار (0.35 گېكتار)، 3056.1 كىلوگرام/گېكتار (0.77 گېكتار) ۋە 2896.05 كىلوگرام/گېكتار (0.37 گېكتار) غا يەتكەن؛ 2250 كىلوگرام / گېكتار يەر ئۆرنەك قىلىنغان 2 نۇقتىنىڭ ساپ پاختا بىرلىك ھوسۇلى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 2620.9 كىلوگرام/گېكتار (5 گېكتار) ۋە 2263.5 كىلوگرام/گېكتار (3.65 گېكتار) غا يەتكەن. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ چىرىيە پونكىتىدىكى 6 - نومۇرلۇق ھەربىر گېكتار ئۆلگە يەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى بىرلىك ھوسۇلى 3838.65 كىلوگرامغا، ھەر گېكتار يەردىن ئەمەلىي يىغىۋېلىنغان ساپ پاختا 3946.65 كىلوگرامغا يەتتى. ئۇدا 3 يىل ئوخشاش بىر پارچە يەردە دۇنيا بويىچە پاختىنىڭ ئەڭ يۇقىرى بىرلىك مەھسۇلات رېكورتى يارىتىلدى، بۇنىڭدا كېڭەز تۇپلىرىنى كۆپەيتىش تېخنىكىسى قوللىنىلدى. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ چىرىيە ئۆلگە كۆرسىتىش رايونىدا ياراتقان كېڭەز تۇپلىرىنى كۆپەيتىشنى ئاساس قىلىپ كېڭەزدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش تېخنىكىلىنىيىسى كەڭ كۆلەمدە قوبۇل قىلىندى. يۇقىرى دەرىجىدە قويۇق تېرىش تېخنىكىسى شىنجاڭ پاختىچىلىقىدىكى 3 - قېتىملىق ئىنقىلابنىڭ ئاساسىي تېخنىكىسى بولۇپ قالغۇسى.

خۇ ۋېنكاڭ

### شىنجاڭنىڭ پاختىچىلىق تۈرىدىكى 3 ئۆلگە رايون تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى دېھقانچىلىق تۈر ئىشخانىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئالاھىدە ياردەم بەرگەن تۈر — «شىنجاڭدا كېڭەزنى ئىزچىل توردە ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق قىلىپ ئۆستۈرۈش ئۇنىۋېرسال تېخنىكىسى مۇجەسسەملەشكەن ئۆلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى» بولغا قويۇلغان بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 8 - شى 148 - تۇەن - مەيدانى، ئۆگەن دەرياسى سۇغىرىش رايونى، چىرا ناھىيىسىدىن ئىبارەت 3 ئۆلگە رايون 2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش نەتىجىسى شۇنى كۆرسەتتىكى، 3 ئۆلگە رايوندا چىلگە كېڭەز رايونى، ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق كېڭەز رايونى، قۇملۇق تۇپراق كېڭەز رايونىدا كېڭەزنى سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق قىلىپ ئۆستۈرۈش

سىستېمىسى بەرپا قىلىنىپ، يېتەكلەپ كېۋەز تېرىش يېڭى تېخنىكىسى ئارقىلىق، تېخنىكىلارنى ئۇنىۋېرسال مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، زور كۆلەمدە يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش لىشقا ئاشۇرۇلغان ھەمدە كېۋەزدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش جەھەتتە دۇنيا بويىچە يېڭى رېكورت يارىتىلغان. ئۈلگە رايونى قىلىنغان جايلاردىكى تۇقسۇ، كۇچا، چىرىيىدىن ئىبارەت 3 ناھىيە ۋە 148 - تۇەن دېھقانچىلىق مەيدانىدا جەمئىي 16 مىڭ گېكتار يەرگە كېڭەيتىلگەن. مەھسۇلاتنىڭ ئېشىش دەرىجىسى: چىلگە كېۋەز تېرىلغان رايون (148 - تۇەن - مەيدان) نىڭ %16.7كە، ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق كېۋەز رايونى (تۇقسۇ، كۇچا ناھىيىسى) نىڭ %51.5كە، قۇملۇق تۇپراق كېۋەز رايونى (چىرىيە ناھىيىسى) نىڭ %90كە يەتكەن، ھەر قايسى ناھىيە، تۇەن - مەيدانلاردا ھەر گېكتار يەرنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك ھوسۇلى 1500 كىلوگرامدىن كۆپرەككە يەتكەن. ئومۇمىي ئاشقان پاختا 57 مىليون 712 مىڭ كىلوگرامغا، ئومۇمىي ئاشقان مەھسۇلات قىممىتى 564 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە، يىللىق ئوتتۇرىچە ئاشقان مەھسۇلات قىممىتى 188 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. ئۈلگە رايون قىلىنغان جايلاردىكى 3 ناھىيە، بىر تۇەن - مەيداننىڭ ئومۇمىي نوپۇسىنى 656 مىڭ دەپ ھېسابلىغاندا، ئاشقان كىرىم كىشى بېشىغا 860 يۈەندىن توغرا كېلىدۇ. 3 ئۈلگە رايوندىكى چىرىيە ئۈلگە رايونىدا يارىتىلغان كېۋەز تۇپلىرىنى كۆپەيتىش تېخنىكا لىنىيىسى ۋە «قوش توپ، قوش قەۋەت»لىك قىلىپ ئۆستۈرۈش يېڭى ئەندىزىسى، ئۆگەن دەرياسى سۇغىرىش رايونىنىڭ ئۈلگە رايونىدا يارىتىلغان كېۋەزلىكتىكى ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ بىئولوگىيىلىك ئالدىنى ئېلىش ئەندىزىسى، 148 - تۇەن - مەيدانى ئۈلگە رايونىنىڭ مەخسۇس تېخنىكىنى ئۇنىۋېرسال مۇجەسسەملەشتۈرۈش ئاساسىدا، چىلگە كېۋەز تېرىلىدىغان رايونلاردا كېۋەزنى سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق قىلىپ ئۆستۈرۈش سىستېمىسىنىڭ يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشى شىنجاڭنىڭ پاختىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا زور ئۈلگە كۆرسىتىش ئەھمىيىتىگە ۋە ئومۇملاشتۇرۇش قىممىتىگە ئىگە.

خۇ ۋېنكاڭ

## ئاق لەيلەك بىلەن قارا لەيلەكنىڭ كۆپىيىش ئېكولوگىيىسى ۋە تور بايلىقى ئەھۋالى ھەمدە ئۇنى قوغداش تەدبىرلىرى

بۇ، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ تەبىئىي پەن فوندى تۈرى بولۇپ، ئۇنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. 2000 - يىل 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

تەتقىقات نەتىجىسىدە، مەملىكەت ئىچىدىكى قۇشقۇناسلىق ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئاق لەيلەكنىڭ شىنجاڭدا تارقالغان رايونلىرىنى بايقىماي قالغانلىقى تۈزىتىلدى. جۇڭگونىڭ قوش تۈرىدىن بىر يېڭى تۈر — قىزىل لەيلەك بايقالدى، ئۇنىڭ جۇڭگودا تۇنجى قېتىم بايقىلىشى. بۇنىڭدا شىنجاڭدىكى لەيلەكلەرنى قوغداشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. باھالاشتا، بۇ تەتقىقات لەيلەك تۈرلىرىنى تەتقىق قىلىش ساھەسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرغان، دەپ قارالدى.

يىن جىڭيۈەن

## ئالتاي ۋىلايىتىدىكى 1 مىليون مو (667 مىڭ گېكتار) ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى ھەمدە ئۇنىڭ تەدبىرلىرى

بۇ تەتقىقاتقا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە ئۇنى ئۈستىگە ئالدى، ئالتاي ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن تاماملاندى. 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان يىغىندا باھالاشتىن ئۆتتى.

مۇتەخەسسىسلەر باھالاشتا شۇنداق دەپ ھېسابلىدىكى، تەتقىقات نەتىجىسىدە رايونلار بىرلىك قىلىنىپ، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنى ئانالىز قىلىش ئىشى قانات يايدۇرۇلۇپ، ھەر تەرەپلىمە ۋە يەككە ئامىللاردىن پايدىلىنىپ، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبى ئانالىز قىلىنغان ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىش سىستېمىسى تۇرغۇزۇلغان، 1:100000 ماسشتابلىق ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز تىپلىرىنىڭ خەرىتىسى تۇنجى قېتىم تۈزۈپ چىقىلغان، بۇ، ئالتاي ۋىلايىتىدىكى ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى ياخشىلاشتا ئەمەلىي يېتەكچىلىك رولىنى ئوينايدۇ، تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكەت بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن.

يىن جىڭيۈەن

## كېۋەزلىكلەردىكى ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ بىئولوگىيىلىك ئالدىنى ئېلىش - تۈگىتىش يېڭى ئەندىزىسى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2000 - يىل 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 31 - كۈنىگىچە توقسۇ ناھىيىسىدە «بىيدە تېرىش بەلۋاغلىرىنى كېڭەيتىپ، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا

چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش نەق مەيدان يىغىنى» ئاچتى، يىغىنغا جەنۇبىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭدىكى 7 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى، چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرى ۋە ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى.

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىيە باشلىقى فوندى ئالاھىدە ياردەم بەرگەن «شىنجاڭدا كېۋەزنى ئىنچىل تۇردە ئەلا سوپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق قىلىپ ئۆستۈرۈش ئۇنىۋېرسال تېخنىكىسىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى» تۈرى ئۆگەن دەرياسى سۇغىرىش رايونىنىڭ ئۈلگە رايونىدىكى توقسۇ ناھىيىسىدە يولغا قويۇلۇپ، كېۋەزلىك چۆرىسىدە بېدىلىك بەلۋاغ ھاسىل قىلىپ كېۋەز پىتىنىڭ بىئولوگىيىلىك ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۈنۈملۈك يوقىتىش ئەندىزىسى يارىتىلدى. بۇ ئەندىزىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، ئۇنىڭدا دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتا يەم - خەشەك يېتىشمەسلىك مەسىلىسى ھەل قىلىنىپ، ئوت - چۆپ بىلەن زىرائەتنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، تۇپراقنىڭ ئۇنۇمدارلىقى ئۆستۈرۈلۈپ، تۇپراقنىڭ بۇلغىنىشى ئازايتىلىپ، چارۋىچىلىقنىڭ راۋاجلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. بۇ ئەندىزىدە سېلىنما تەننەرخىنى كۆپەيتمىگەن تەقدىردىمۇ ھاسىلاتنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغىلى، كېۋەزنىڭ بىرلىك ھوسۇلىنى ئۆستۈرگىلى، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بۇ ئەندىزە كېڭەيتىلگەندىن كېيىن، توقسۇ ناھىيىسىدە ھەر يىلى كېۋەز پىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشقا كەتكەن دېھقانچىلىق دورىسى 15 توننىدىن ئازىيىپ 20 — 200 كىلوگرامغا چۈشۈپ قالغان، ھەر گېكتار يەردىن 600 يۈەن ھاشارات يوقىتىش دورا پۇلى ۋە ئىش ھەققى تېجەپ قېلىنغان، ھەر گېكتار يەردىكى بېدىنىڭ يىللىق كىرىمى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9000 يۈەنگە يەتكەن. توقسۇ ناھىيىسىدە بېدە تېرىلغان بەلۋاغ 2000 گېكتارغا كېڭەيتىلگەن. بېدىدىن كىرگەن كىرىم يىلىغا 18 مىليون يۈەن ئاشقان، ناھىيە بويىچە 16 مىڭ 700 گېكتار كېۋەزلىكتىن بىر يىلدا دېھقانچىلىق دورا پۇلى ۋە ئىش ھەققىدىن 10 مىليون يۈەن تېجەپ قېلىنغان، بۇ ئىككىسىنى قوشقاندا 28 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ. 2000 - يىلغا قەدەر بۇ ئەندىزە 133 مىڭ 300 گېكتار كېۋەزلىكتە كېڭەيتىلگەن، بېدە تېرىلغان بەلۋاغ كۆلىمى تەخمىنەن 13 مىڭ 300 گېكتارغا يەتكەن. ئومۇملاشتۇرۇش ئۈنۈمى 200 مىليون يۈەندىن ئاشقان.

خۇ ۋېنكاڭ

## بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ ساياھەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۇنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئومۇمىي پىلانى

بۇنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. 2000 - يىل 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ساياھەت ئىدارىسى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنى خەت - ئالاقە شەكلى بىلەن باھالاشقا ئۇيۇشتۇردى ھەمدە تەتقىقات نەتىجىسى باھالاشتىن ئۆتتى. مۇتەخەسسىسلەر بۇ پىلاندا بايلىقلارنى ئېچىش بىلەن مۇھىت ئاسراشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلگەن، ئۇنىڭ ئىقتىسادنىڭ يېڭىدىن ئېشىش نۇقتىسىنى يېتىلدۈرۈش، ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە بولغان ئەھمىيىتى زور، تەتقىقات نەتىجىسى ئومۇمىي جەھەتتىن مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن دەپ قارىدى.

يىن جىڭيۈەن

## بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ساياھەتچىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش پىلانى

بۇنى بورتالا ئوبلاستلىق ساياھەت ئىدارىسىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملاندى. 2000 - يىل 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ساياھەت ئىدارىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. مۇتەخەسسىسلەر بۇ تەتقىقات نەتىجىسىدە يېڭى ئەسىردە بورتالا ئوبلاستى ساياھەتچىلىكىنىڭ تەرەققىيات يۆزلىنىشى ئومۇمىي جەھەتتىن گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، مەلۇم يېڭى ئەھمىيەتكە ئىگە، دەپ قارىدى.

يىن جىڭيۈەن

## «جۇڭگودىكى تارىم دەرياسىنىڭ سۇ بايلىقى ۋە ئېكولوگىيە مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات»

بۇ مەخسۇس ئەسەر دۆلەتنىڭ 9- بەش يىللىق پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىنىڭ «غەربىي شىمال رايونىنىڭ سۇ بايلىقىنى مۇۋاپىق ئېچىپ پايدىلىنىش ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش تەتقىقات» تۈرى تەركىبىدە تەسىس قىلىنغان «تارىم دەريا ۋادىسىنى تۈزەش ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق مەخسۇس تېمىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنىڭ بىرى. بۇنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى سۇچىلىق - سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشى فاكۇلتېتى ۋە سۇچىلىق نازارىتىنىڭ تارىم

دەرياسى ۋادىسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. بۇ كىتابنى تەتقىقاتچى سۇلاڭ يۈدۇڭ، فەن زىلى، پروفېسسور لې جىدۇڭ، ئالىي ئىنژېنېر جاڭ فاۋاڭ يېزىپ چىققان، 2000 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. پۈتۈن كىتاب جەمئىي ئومۇمىي ۋۇشەنچە، 3 قىسىم، 12 باب، 49 پاراگرافتىن تەركىب تاپقان، 600 مىڭ خەتلىك بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى تارىم دەرياسى ۋادىسىنى پىلانلاش، تۈزەش، ئېكولوگىيىسىنى قوغداش، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم قوللىنىش قىممىتىگە ئىگە.

يىن جىڭيۈەن

## «ھازىرقى زاماندا قۇملۇقلارنىڭ ھاۋا كىلىماتى ئۆزگىرىشىگە بولغان تەسىرى ۋە قايتما ئىنكاسى»

بۇ مەخسۇس ئەسەرنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى ۋېي ۋېنشۇ يېزىپ چىقتى، 2000 - يىل 8 - ئايدا جۇڭگو مۇھىت پەنلىرى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، پۈتۈن كىتاب 211 مىڭ خەتلىك. بۇ مەخسۇس ئەسەردە قۇملىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ قارشى تەدبىرلىرى ۋە تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان، قۇملۇق خۇسۇسىيىتىگە ۋە رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بەزى دەسلەپكى يەكۈن چىقىرىلغان، بەزى تەتقىقات خىزمەتلىرى قۇربان تۇڭغۇت قۇملۇقىدا تۇنجى قېتىم قانات يايدۇرۇلغان.

يىن جىڭيۈەن

## «يېڭى ئەسىردە جۇڭگو شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك ئومۇمىي خەرىتىسى»

بۇ — جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ ئالىي ئىنژېنېرى ليۇ لىن تۈزگەن. خەنزۇچە، ئىنگلىزچە، ياپونچە 3 خىل يېزىقتا ئىشلەنگەن شىنجاڭنىڭ ساياھەت خەرىتىسى توپلىمى، 2000 - يىل 6 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئۇ، شىنجاڭنىڭ ساياھەت، قاتناش، مال سېتىۋېلىش، مەنزىرە، ساياھەت يېتەكچىلىكى ئەھۋالى ئومۇميۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن خەرىتە توپلىمى ھېسابلىنىدۇ.

يىن جىڭيۈەن

## ئۈچ ئالىم شياڭگاڭنىڭ «ئىزدىنىش» پەن - تېخنىكا فوندى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

شياڭگاڭ «ئىزدىنىش» پەن - تېخنىكا فوندى جەمئىيىتى 2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى شىئەن قاتناش ئونىۋېرسىتېتىدا مۇكاپاتلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، پەن - تېخنىكا جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقانلارنى كوللېكتىپ مۇكاپاتلاش بويىچە تارىم گويماندىكى قۇملىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلەش جەريانىدا جەمئىيەتكە ۋە دۆلەت بايلىقىنى ئېچىشقا ناھايىتى زور ئىجادىيەت ۋە تۆھپە قوشقان بەش ئالىمنىڭ ھەربىرىگە 200 مىڭ يۈەندىن مۇكاپات بەردى. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىدىن جاڭ خېنىيەن، جۇ شىنجيا، فەن زىلىدىن ئىبارەت 3 تەتقىقاتچى بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇ شىنجاڭنىڭ بۇ مۇكاپاتقا تۇنجى قېتىم ئېرىشىشى. «ئىزدىنىش» فوندى مۇكاپاتىنى شياڭگاڭلىق مەشھۇر زات چا جىمىن ئەپەندى جۇڭگونىڭ پەن - تېخنىكا تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، پەن - تېخنىكا ساھەسىدە نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان جۇڭگولۇق ئالىملارنى مۇكاپاتلاش مەقسىتىدە 1994 - يىلى تەسىس قىلغان. بۇ فوندى چاجىمىن ۋە ئۇنىڭ جەمەتى ئىئانە قىلغان، ئومۇمىي سوممىسى 20 مىليون دوللار.

خۇ ۋېنكاڭ

# فىزىكا

## بوشلۇقتىكى قۇياش باتارېيىسىنىڭ ئىشلىتىشتىن پەيدا بولىدىغان رادىئاتسىيىلىك زەخىملىنىش مېخانىزمى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ — جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى رېن دىجۈەن، يەن رۇڭلياڭ، جاڭ گوچياڭ قاتارلىقلار ئۈستىگە ئالغان «2 - 863» ساھەسى بوشلۇق پونكىتىنىڭ مەخسۇس تېما تۈرى. بۇ تۈر 2000 - يىل 8 - ئايدا دۆلەت «2 — 863» مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى.

مۇتەخەسسىسلەر باھالاشتا مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: بۇ تۈردە ئېلىمىزدە ئىشلەنگەن TDI كرىسنىيلىق ئەكس نۇر قۇياش باتارېيىسى ۋە MOCVD ھۈنەر - سەنئىتى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان گېرمانىيلىق قىستۇرما تەگلىك ئارسېنلىق گاللىي (GaAs/Ge) قۇياش باتارېيىسى ئۈستىدە ئېلېكترونلۇق رادىئاتسىيە سىنىقى ئېلىپ بېرىلىپ، ئېلېكتر پارامېتىرىنىڭ رادىئاتسىيىلىك زەخىملىنىش قانۇنىيىتى ئېنىقلىۋېلىنغان، رادىئاتسىيىلىنىشتىن ئىلگىرى ۋە رادىئاتسىيىلەنگەندىن كېيىنكى 2 خىل تىپتىكى باتارېيىنىڭ سپېكترلىق ماسلىشىشچانلىقى ئۆزگىرىشى ئۆلچەپ چىقىلغان؛ سىرتقى يۈزىنىڭ فوتوئېلېكتر بېسىمى ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ

ئېلېكترونلۇق رادىئاتسىيىدىن پەيدا بولغان كىرىشىملىق قۇياش باتارېيىسىنىڭ ئاساسىي دائىرىسىدىكى ئاز ساندىكى زەرەت توشۇغۇچىنىڭ كېڭىيىش ئۇزۇنلۇقىنىڭ چېكىنىشى تەتقىق قىلىنغان ھەمدە قۇياش باتارېيىسىنىڭ رادىئاتسىيىلىك زەخىملىنىش مېخانىزمى ئۈستىدە دەسلەپكى مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغان. ئۇنىڭ رادىئاتسىيىلىك زەخىملىنىشكە دائىر سانلىق مەلۇماتلارنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشى بوشلۇقتىكى توك مەنبەسى سىستېمىسىنىڭ ئۆمرى ۋە ئىشەنچلىكلىكىنى لايىھىلەش ئۈچۈن بىۋاستە لايىھە ئاساسى بىلەن تەمىنلىگەن.

GaAs/Ge باتارېيىسى بوشلۇقتا ئىشلىتىشتە ئەڭ ياخشى ئىستىقبالغا ئىگە. تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەن تەجرىبە سانلىق مەلۇماتلىرى ۋە ئانالىز نەتىجىسى ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىنىڭ ئۇنى ئىشلەش ھۈنەر - سەنئىتىنى ئۆزگەرتىش، GaAs/Ge باتارېيىسىنىڭ رادىئاتسىيىلىشىشكە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش تېخنىكا يولىنى تېپىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ بوشلۇق ساھەسىدىكى قوللىنىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم، ئەھمىيەتكە ئىگە.

سۈي پىڭ، چېن يەن

## تۆۋەن بېسىملىق كۆپ قەۋەتلىك دەستىلەنمە پلاستىنكا شەكىللىك ئۆرگىغان توكنى تىزگىنلەيدىغان بېسىمغا سەزگۈر رېزىستور تەتقىق قىلىنىپ ياسالدى

بۇ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنى بىلەن چېگدۇ خۇڭچۈەن ئېلېكترون تېخنىكا تەرەققىيات شىركىتى بىرلىكتە تەتقىق قىلىپ بارلىققا كەلتۈرۈلگەن چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ ھاۋالە تۈرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ، 2000 - يىل 6 - ئايدا چېگدۇ خۇڭشىڭ ئېلېكترون كەسپىي باش شىركىتى ئۇيۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. باھالاشتا شۇنداق دەپ ھېسابلاندىكى، MYG تىپلىق كۆپ قەۋەت پلاستىنكىلىق ئۆرگىغان توك سىنىك ئوكسىدلىق تىزگىنلىنىدىغان بېسىمغا سەزگۈر رېزىستور ھەجىمى كىچىك، توك ئېقىمىنى ئۆتكۈزۈش سىغىمچانلىقى چوڭ، ماسلىشىش سۈرئىتى تېز، سىرتقى يۈزىنىڭ قوراشتۇرۇلۇشى ياخشى ۋە تۆۋەن بېسىمنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئاسان بولۇشتەك ئارتۇقچىلىققا ئىگە. مەھسۇلاتنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى ۋە ماددىي بۇيۇم سۈپىتىنىڭ سەۋىيىسى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىدە تۇرىدۇ.

سۈي پىڭ، چېن يەن

## سىنىك ئوكسىدلىق بېسىمغا سەزگۈر فارفور ماتېرىياللارنىڭ كرىستال فازىلىرىنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش

بۇ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئالغان، پەن - تېخنىكا نازارىتى چۈشۈرگەن تەبىئىي پەن فوندى تۈرى. بۇ تۈر 2000 - يىل 8 - ئايدا پەن - تېخنىكا نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. باھالاشتا شۇنداق دەپ ھېسابلاندىكى، بۇ تېمىدا كرىستال فازىسىنىڭ ئۆزگىرىش مېخانىزمى، 8 كرىستال فازىسى سېلىشتۇرمىسى، β كرىستال فازىسىنىڭ تۇراقلىنىش سەۋەبلىرى ئېنىقلاپ چىقىلىپ، مەملىكەت ئىچى - سىرتىدا بۇ مەسىلىگە تۈنجى قېتىم بىر قەدەر ئېنىق ئىزاھ بېرىلگەن. تەتقىقات نەتىجىسى توغرىسىدا 2 پارچە تەتقىقات ماقالىسى چەت ئەلدە ئېلان قىلىندى ھەمدە ئىنتېرنېت تورىغا كىرگۈزۈلدى؛ مەملىكەت ئىچىدىكى 1 - دەرىجىلىك ژۇرنالدا 2 پارچە تەتقىقات ماقالىسى ئېلان قىلىندى. تەتقىق قىلىش ئاساسىدا مۇناسىپ قىزدۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش ھۈنەر - سەنئىتى بېكىتىلدى، مىكرو تىپلىق بېسىمغا سەزگۈر ئۆزەك ياپراقچىنىڭ تۇراقلىنىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. 2 تۈرلۈك ئالاقىدار تېخنىكا پاتېنت ھوقۇقى بېرىشكە يوللاندى.

سۈي پىڭ، چېن يەن

## دېڭىزنىڭ چوڭقۇرلۇقتىكى تېمپېراتۇرىسىنى يۇقىرى نازۇكلۇق بىلەن تېز ئۆلچەيدىغان ئىسسىقلىققا سەزگۈر رېزىستور تەتقىق قىلىپ ياسالدى

بۇ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى تۇۋەنلۇ قاتارلىقلار ئۈستىگە ئالغان دۆلەتنىڭ «863 پىلانى» دىكى دېڭىز - ئوكيان تېخنىكا تۈرىدىكى تېمپېراتۇرىغا سەزگۈر يۈرۈشلەشكەن ئېلېمېنتلارنى تەتقىق قىلىپ ياساش تۈرى. 2000 - يىل 11 - ئايدا دۆلەت دېڭىز - ئوكيان ئىدارىسى (تيەنجىن) دېڭىز - ئوكيان تېخنىكا تەتقىقات ئورنى ئۇيۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. «دېڭىزنىڭ چوڭقۇرلۇقتىكى تېمپېراتۇرىسىنى يۇقىرى نازۇكلۇق بىلەن تېز ئۆلچەيدىغان ئىسسىقلىققا سەزگۈر رېزىستور» نىڭ تۈرلۈك تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچى تەلەپكە يەتكەن بولۇپ، ئۇ، دېڭىز - ئوكيانلارنى ئۆلچەشكە ئىشلىتىلىدىغان يۈرۈشلۈك ئەسۋاب. «863 پىلانى» مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا، ئۇنىڭ تېخنىكىلىق ئىقتىدارى دۇنيا بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن بولۇپ، چەت ئەللەرنىڭ شۇ خىلدىكى مەھسۇلاتى ئورنىغا تامامەن دەسسىتىشكە بولىدۇ، دەپ قارىدى.

سۈي پىڭ، چېن يەن

## سۇنئىي ھەمراھنىڭ ئىچكى ۋە سىرتقى رادىئاتسىيىلىك مۇھىتى ۋە ئۇنى ئۆلچەش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ — جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ فىزىكا

تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى ۋېيجېن قاتارلىقلار ئۈستىگە ئالغان دۆلەت مۇداپىئەسى تەييارلىق تەتقىقات فوندى تۈرى، بۇ، 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئالاقىدار تارماقلار ئۇيۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. بۇ تۈردە يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا ۋاكۇئۇمنى قوزغىتىش، تەڭ تىنىچ بېسىم بىلەن شەكىلگە كەلتۈرۈش، ئىسسىقلىق بېسىمى بىلەن كۆيدۈرۈش، ئىچكى ئايلانمىسىنى يالپاقلاپ كېسىش، پلاستىنكىنى ئايرىش قاتارلىق يېڭى تېخنىكىلىق ھۈنەر - سەنئەت قوللىنىلىپ، مەملىكەت ئىچىدە تۇنجى قېتىم 2×2×0.2 مىللىمېتىرلىق پەۋقۇلئاددە نېپىز كرىستاللىق ئىسسىقتا نۇر چىقىرىدىغان دوزا مىقدارلىق ئۆلچىمىنى تەتقىق قىلىپ ياسىغان ھەمدە ئۇنىڭ نۇر چېچىش خۇسۇسىيىتى، دوزا مىقدارى ئۈنۈمىنىڭ بېسىمغا تەسىر قىلىش خۇسۇسىيىتى، ئىسسىقتا نۇر چىقىرىدىغان سىگناللارنىڭ ئاجىزلىشىش خۇسۇسىيىتى، ئېنېرگىيە مىقدارىنىڭ ماسلىشىش خۇسۇسىيىتى قاتارلىق تېخنىكا خۇسۇسىيەتلىرى تەتقىق قىلىنغان، ھەرخىل تېخنىكىلىق خۇسۇسىيىتى پوسولوگىيىنى قوللىنىش تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكەت ئىچىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى، مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكەن. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى بومبا، سۈنئىي ھەمراھنىڭ ئىچكى - سىرتقى رادىئاتسىيىلىك مۇھىتىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئېلېكترونلۇق ماتېرىياللارغا ئوخشاش ئۈنۈم بېرىدىغان دوزا مىقدارىنى ئۆلچەش ۋاستىسى بىلەن تەمىن ئەتتى.

سۈي يىڭ، چېن يەن

## خىمىيە

### «BW—90» تىپلىق سۇ تېگىشى بىلەن كېڭىيىپ سۇ ئۆتۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تاسمىسى

بۇنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ خىمىيە تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى، 2000 - يىل 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

بۇ تۈردە تېما توغرا تاللانغان بولۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ سۇدىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىغا بىر يېڭى تۈر قوشۇلدى، بۇ ماتېرىيال مۇھىتنى بۇلغىمايدۇ، قۇرۇلۇش تەننەرخى تۆۋەن، سۇ سىڭىپ كېتىش، سۇ ئۆتۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارى ياخشى، ئۇ سۇ ئۆتۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان يېڭى تىپتىكى ئەڭ ياخشى ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

زاڭ بىڭ

### ئانئورگانىك تۇزنىڭ ئېمۇلسىيە بۇزۇش ئاگېنتىنىڭ نېفىت بىلەن سۇدىن ئىبارەت ئىككى فازا سىستېمىسىغا تەقسىملىنىشى ۋە ماددا ئۆتكۈزۈشكە بولغان تەسىرى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ خىمىيە تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى، 2000 - يىل 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

تەتقىقات تۈرىدە ئىزوتوپ ئارقىلىق ئاتومنىڭ ئىزىدىن قوغلاش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئېمۇلسىيە بۇزۇش ئاگېنتىغا بەلگە قويۇلۇپ، ئېمۇلسىيە بۇزۇش ئاگېنتىنىڭ بىر فازىدىن يەنە بىر فازىغا دىنامىك مىقدار بويىچە ماددا يۆتكەش قانۇنىيىتىنى مىقدارلىق تەتقىق قىلىش مەسىلىسى ھەل قىلىنغان، ئاتومنىڭ ئېمۇلسىيە بۇزۇش مېخانىزمىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىيىن مەسىلىلەر ھەل قىلىنغان، بۇ بىر يېڭىلىق بولۇپ، نېفىت ئېمۇلسىيىسى نەزەرىيىسى بىلەن ئېمۇلسىيە بۇزۇش ئاگېنتىنى سىنتېزلاپ قوللىنىش تەتقىقاتىدا رېئال يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

دۆلەتنىڭ 8 - بەش يىللىق نۇقتىلىق پەن - تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش پىلانى ۋە دۆلەتنىڭ «يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەش» پىلانى بولغان (B) تۈردىكى يۈز - ئاكتىپ ئاگېنتىنىڭ نېفىت - سۇيۇقلۇق چېگرا يۈزىدىكى ماددىلارنى يۆتكەش ئۈستىدە ئىزدىنىش تەتقىقاتىنىڭ مەزمۇنى دۆلەتنىڭ باھالىشىدىن ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

زاڭ بىڭ

## ئاسترونومىيە

### ئىمپۇلس يۇلتۇزىنى كۆزىتىش ۋە تەتقىق قىلىش بويىچە قاناس ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتىنىڭ باشچىلىقىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان بولۇپ، 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ قاناس تەبىئىي قوغداش رايونىدا ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئىلمىي ھەيئەت رەئىسى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى ۋاڭ شۇگۇەن مۇھاكىمە يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى، سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن رادىئو ئاسترونومىيە تەتقىقات تەجرىبىخانىسى ئىلمىي ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى



شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى تەتقىق قىلىپ ياسىغان، دۆلەتنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن 4MZ—3 تىپلىق پاختا تېرىش ماشىنىسى

پەن - تېخنىكا نازارىتى تەمىنلىگەن

بې شۇخۇا بىلەن يۇقىرى ئېنېرگىيە ئاسترو فىزىكا ئالىمى، ئاكادېمىك لى تىبېي يىغىنغا قاتناشتى. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىئەن ئېلېكترون پەن - تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى يۇقىرى ئېنېرگىيە فىزىكا تەتقىقات ئورنى، سېيسموگرافىيە تەتقىقات ئورنى، بېيجىڭ رەسەتخانىسى، شاڭخەي رەسەتخانىسى، شەنشى رەسەتخانىسى، ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتىنىڭ مۇتەخەسسىس - ئالىملىرىدىن بولۇپ 40 قا يېقىن كىشى يىغىنغا قاتناشتى. مۇھاكىمە يىغىنىدا 25 ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇرۇلدى، مەملىكەت ئىچىدىكى ئىمپۇلس يۇلتۇزى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ساھەلەرنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى تەتقىقات نەتىجىسى ۋە سەۋىيىسى تولۇق نامايان قىلىندى. بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئىمپۇلس يۇلتۇزىنى كۆزىتىش تەتقىقاتى مۇھىم مەزمۇن قىلىنغان جۇڭگونىڭ تۇنجى قېتىملىق ئىلمىي يىغىنى ھېسابلىنىدۇ.

جاڭ جىن، ما لۇ

## ئاينىڭ تولۇق تۇتۇلۇشىنى كۆزىتىش پائالىيىتى

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئاسترونومىيە ئىلمىي جەمئىيىتى باشقۇرغان ئاينىڭ تولۇق تۇتۇلۇشىنى كۆزىتىش پائالىيىتى 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۈرۈمچى ئاسترونومىيە پونكىتىنىڭ نەنشەن كۆزىتىش پونكىتىدا ئۆتكۈزۈلدى. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 10 مەكتەپنىڭ 50 تىن كۆپرەك ئوقۇتقۇچىسى، ئوقۇغۇچىسى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى، ياۋروپا - ئاسىيا پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى، بېيجىڭ رەسەتخانىسىنىڭ پەخرىي باشلىقى، جۇڭگو ئاسترونومىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي كېڭەش باشلىقى ۋاڭ شۇگۇەن، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ۋۇ شىنجى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ باشلىقى، تەتقىقاتچى جو جۇنلىن قاتارلىقلار «ۋەتەننى سۆيۈش، ئىلىم - پەننى سۆيۈش» سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

ئۈرۈمچى ياشلار - ئۆسمۈرلەر سارىيى ئالدىدا 100گە يېقىن ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى ئاسترونومىيە تېلېسكوپى بىلەن كۆزەتتى، ئاينىڭ تولۇق تۇتۇلۇشىنى كۆزىتىش نۇقتىسى تەسىس قىلىندى ھەمدە 8 تەشۋىقات نۇقتىسىدا ئىلىم - پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ماتېرىياللىرى تارقىتىلدى. شىنجاڭ ئاسترونومىيە ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن ئالتاي شەھەرلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان ئىلىم - پەننى ئومۇملاشتۇرغۇچى خادىملار خەنزۇچە، قازاقچە 2 خىل تىلدا ئاينىڭ تولۇق تۇتۇلۇشىغا دائىر ئاسترونومىيە ئىلىم - پەنلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش توغرىسىدا دوكلات بەردى ھەمدە ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئاينىڭ تولۇق تۇتۇلۇشىنى كۆزىتىشكە يېتەكچىلىك قىلدى، قاتناشقان ئادەم 300 دىن كۆپرەككە يەتتى.

جاڭ جىن، ما لۇ

# دېھقانچىلىق

## جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۆرۈك، ئانار بايلىقىنى ئېچىش - كەسىپلەشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىلدى ۋە كېڭەيتىلدى

بۇ، مالىيە نازارىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسال تەرەققىيات ئىشخانىسى چۈشۈرگەن، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى باغۋەنچىلىك - زىرائەت تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملانغان، كىرگۈزۈلگەن سورتلارنى كېڭەيتىش تۈرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسال تەرەققىيات ئىشخانىسى ئۇيۇشتۇرغان باھالاشتىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاساسلىق نەتىجىلەر

مۇنۇلار: بىرىنچى، ئۈرۈك، ئانارنىڭ يېڭى سورتلىرىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش، ئانار كۆچىتى يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسىنى ياخشىلاش، ئۈرۈكنىڭ پىشقاندا مەھسۇلاتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش، ئۈرۈكنى ئۇلاپ سۈپىتىنى ياخشىلاش - ئەي بولۇش نىسبىتىنى ئۈستۈرۈش، كىچىك تىپتىكى ئېنېرگىيە تېجەشلىك سوغۇق ساقلاش ئامبارلىرىنى ياساش قاتارلىقلارغا ئوخشاش تەتقىقات خىزمەتلىرى قانات يايدۇرۇلۇپ، چىلگە، ئارا پىشار، سۈپەتلىك 6 خىل ئۈرۈك سورت لىنىيىسى، سۈپەتلىك، مېۋىسى چوڭ 2 خىل ئانار سورت لىنىيىسى تاللاپ چىقىلدى ۋە كىرگۈزۈلدى. ئىككىنچى، تېما گۇرۇپپىسى 3 يىل ئىچىدە قەشقەر، خوتەن ۋىلايىتىدىكى 6 ناھىيىدە جەمئىي 2 مىليون 678 مىڭ 600 تۈپ (7993.33 گېكتار) ھوسۇلى تۆۋەن، سۈپىتى ناچار ئۈرۈك دەرەخلىرىنى سۈپەتلىك قىلىپ ئۆزگەرتىش، 293.33 گېكتار يەردە ئۈرۈك، ئانار كۆچىتى يېتىشتۈرۈش، ھەرخىل كۆچەتلەردىن 12 مىليون 700 مىڭ تۈپ يېتىشتۈرۈش، 9333.33 گېكتار يەرگە ئۈرۈك، ئانار كۆچىتى تىكىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى.

دىڭ جيەنگو

## 3WKG—800 تىپلىق ئاسما شەكىللىك كەڭ ئەنلىك پۈركۈش ماشىنىسى

بۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. 2000 - يىل 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان باھالاشتىن ئۆتتى.

تېما گۇرۇپپىسى مەملىكەت ئىچىدىكى پۈركۈش ماشىنىسىنىڭ ئەڭ ئىلغار تېخنىكىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەش، يوقىتىش، ئاجرىتىشتەك كۆپ خىل مەشغۇلاتقا ماس كېلىدىغان كەڭ ئەنلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك پۈركۈش ماشىنا - سايمىنىنى تەتقىق قىلىپ بارلىققا كەلتۈردى. بۇ ماشىنا - سايمان مەشغۇلات دائىرىسىنى تەڭشىگىلى بولۇش، پۈركۈش دەستىسى جازىسىنىڭ ئېگىزلىكىنى تەڭشىگىلى بولۇش، 5 دەرىجە بويىچە سوزۇش، پۈركۈش ئېغىزىدىن سۇيۇقلۇق ئېقىپ كېتىشتىن ساقلىنىش، سۇيۇقلۇق يوللىرىدىكى تىزگىنلەش سىستېمىسىنىڭ بېسىمى، پۈركۈش مىقدارىنى ھەر ۋاقىت تەڭشىگىلى بولۇش، سىكلېتلىق سول بۆلگۈچ ۋە بىخەتەرلىك مۇھاپىزەت قۇرۇلمىسى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

دىڭ جيەنگو

## گۆش يېمەكلىكلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش يېڭى تېخنىكىسى كېڭەيتىلدى

بۇنى ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى چۈشۈرگەن بولۇپ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. 2000 - يىل 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە باھالاشتىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاساسلىق نەتىجىلەر مۇنۇلار: بىرىنچى، ئات، كالا، قوي قاتارلىق چارۋىلارنى بوغۇزلاش، گۆشلىرىنى تۈرلەرگە ئايرىش، تەييار مەھسۇلات ۋە يېرىم تەييار مەھسۇلات ئىشلەش - قاچىلاشنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەشغۇلاتى ھۈنەر - سەنئىتى ھەمدە ئۈسكۈنە تىپلىرىنى تاللاش ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى؛ سۆڭەك، قان، ئىچكى ئەزا قاتارلىقلارنى قوشۇمچە مەھسۇلات قىلىپ پىششىقلاپ پايدىلىنىش ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ، يېڭىچە پىششىقلاش ھۈنەر - سەنئىتى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئىككىنچى، تازىلىق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولغان غەربچە سۈرلەنگەن قېيزا مەھسۇلاتلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىقىلدى، بۇ شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەنئەنىۋى ئات گۆشى يېمەكلىكلىرىگە بىر يېڭى تۈر قوشتى. ئۈچىنچى، 2 يىلدا جەمئىي 15 مىليون 850 مىڭ يۈەن مەھسۇلات قىممىتى، 1 مىليون 700 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىلدى.

دىڭ جيەنگو

## قۇرۇلۇش زەمبۇرۇغىنى تۇراقلاندۇرۇپ ھۆججەيرە يېتىشتۈرۈشنى — L مېتىئونىندا سىناق قىلىش ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىكروبىئولوگىيە ئەمەلىي تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئالغان دۆلەتنىڭ «863» تەتقىقات تۈرى بولۇپ، 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان باھالاشتىن ئۆتتى. باھالاشتا بۇ تەتقىقات نەتىجىسى خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن، دەپ قارالدى.

بۇ تۈردە ئاساسەن تۆۋەندىكى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى ۋە يېڭىلىق يارىتىلدى: بىرىنچى، يۇقىرى ھوسۇللۇق شتامما يېتىشتۈرۈلۈپ، ئېچىتىش ھۈنەر - سەنئىتى سەرخىللاشتۇرۇلۇپ، ئاكتىۋ فېرمېنت 4000 بىرلىك/گرام نەم زەمبۇرۇغدىن 20000 بىرلىك/گرامغا ئۆستۈرۈلگەن. ئىككىنچى، راتسېمىزاتسىيە بىلەن پارچىلاش ھۈنەر - سەنئىتى بىرلەشتۈرۈلۈپ، DL ئامىنوكىسلاتاسى ئاتسېتىللاشتۇرۇلغان، زەمبۇرۇغ تۈرلىرىنىڭ ئوسموتىك خۇسۇسىيىتى ئۆزگەرتىلگەن ھەمدە تۇراقلاندۇرۇلغان ھۆججەيرە تېخنىكىسى ئارقىلىق —L

مېتىئونىنى پارچىلانغان، تېخنىكا جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىلغان. ئۈچىنچى، ھۆنەر - سەنئەتنى كۆلىمى 3000 لىتىرلىق ئېچىتىش كوزا كۆلىمىگە كېڭەيتىلگەن بولۇپ 46 تۈركۈم (قېتىم) ئىشلەپچىقىرىش سىنىقى ئېلىپ بېرىلغان، دورىلارنى تەكشۈرۈشتە، مەھسۇلات سۈپىتى ئامېرىكا، ياپونىيە ۋە جۇڭگونىڭ دورىگەرلىك قامۇسىدىكى ئۆلچەمگە يەتكەن. تۆتىنچى، يىلىغا 200 توننا L— مېتىئونىن ئىشلەپچىقىرىش ھۆنەر - سەنئىتىنىڭ تېخنىكا لىنىيىسى، ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەرنى يۈرۈشلەشتۈرۈش ۋە ھېساباتىنى باھالاش ئۇسۇللىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

دىڭ جيەنگو

## شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە ئېكولوگىيىلىك شارائىتى ئاستىدىكى قۇرغاقلىق كېۋىزىنىڭ سانى، جىنسىي خۇسۇسىيىتى ئېرسىيەت پارامېتىرى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىسادىي زىرائەت تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. 2000 - يىل 9 - ئايدا پەن - تېخنىكا نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان باھالاشتىن ئۆتتى. باھالاشتا بۇ تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكەت بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن بولۇپ، ئەسلىدىكى تېخنىكىلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۇ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇلغان ۋە يېڭىلىق يارىتىلغان، شىنجاڭنىڭ شۇ ساھەدىكى بوشلۇقىنى تولدۇرغان، دەپ قارالدى.

بۇ تۈردە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاساسلىق نەتىجىلەر تۆۋەندىكىچە: بىرىنچى، ئېلىمىزدىكى قۇرغاقلىق كېۋىزىنىڭ سانى، جىنسىي خۇسۇسىيىتى ئىرسىيەت پارامېتىرىنى تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى بېيىتقان. ئىككىنچى، بۇ، نۆۋەتتە ۋە كەلگۈسىدە شىنجاڭ كېۋىزىنىڭ سورتىنى ئۇنىۋېرسال يېتىشتۈرۈشتە يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۈچىنچى، ھەرخىل سورتلارنىڭ ئېرسىيەت پەرقى ئانالىز قىلىنىپ، شىنجاڭ ئۆزى يېتىشتۈرگەن سورتلارنىڭ ھەرخىل جىنسىي خۇسۇسىيىتىنىڭ ئېرسىيەت پارامېتىرى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن، مەھسۇلاتى، سورتى، ئۇرۇق سۈپىتىنىڭ شەكلىگە ئالاقىدار ھەرخىل خۇسۇسىيىتى ۋە ئۇرۇقلىرىنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى ئانالىز قىلىنىپ، شىنجاڭدا كېۋەز سورتىنى يېتىشتۈرۈش ئىلمىي ئاساسى بىلەن تەمىن ئېتىلگەن.

دىڭ جيەنگو

## شىنجاڭدا يېزا ئىگىلىكنى سىجىل، مۇقىم، ماس قەدەمدە راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا تەتقىقات

بۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىك ئىقتىساد - پەن - تېخنىكا ئۇچۇر تەتقىقات ئورنى رىياسەتچىلىك قىلىپ تاماملىدى. 2000 - يىل 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان باھالاشتىن ئۆتتى. باھالاشتا، بۇ تېما تەتقىقاتى مەملىكەت بويىچە شۇ خىلدىكى تەتقىقات ئىچىدە ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن، دەپ قارالدى.

بۇ تۈردە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاساسلىق نەتىجىلەر تۆۋەندىكىچە: بىرىنچى، يېڭى ۋەزىيەتتە شىنجاڭنىڭ يېزا ۋە يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش - سەرخىللاشتۇرۇش، غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىشتا شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن ئىلمىي تەدبىر ئاساسى بىلەن تەمىنلىگەن. ئىككىنچى، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى سىجىل، مۇقىم، ماس قەدەمدە راۋاجلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنىڭ تەسەۋۋۇرى ۋە 10 مۇھىم تەدبىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

دىڭ جيەنگو

## سۈپەتلىك شال سورتلىرى كىرگۈزۈپ كېڭەيتىلدى ۋە كەسپلەشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىلدى

بۇ، ش ئۇ ئا ر شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسى چۈشۈرگەن، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يادرو تېخنىكىسى - بىئو تېخنىكىسى تەتقىقات ئورنى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا مەركىزى، مىچۈەن ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىغان شىنجاڭنىڭ نۇقتىلىق پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى كېڭەيتىش تۈرى ھېسابلىنىدۇ. 2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ۋە باھالاشتىن ئۆتتى.

بىرىنچى، تۆت گۇرۇپپىسى سۈپەتلىك سورتلارنىڭ كۆزدە ئېتىزلىرىنى بەلگىلەشنى ئاساس قىلىپ، ئونسۇ ناھىيىسى، مىچۈەن ناھىيىسىنى نۇقتا قىلىپ، شالچىلىق پەن - تېخنىكىسىنى كېڭەيتتى، 2000 - يىلغا قەدەر 37 مىڭ 600 گېكتار يەرگە كېڭەيتتى، ھەر گېكتار يەردىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9000 — 11 مىڭ 250 كىلوگرام شال ئالدى، سۈپەتلىك گۈرۈچنىڭ يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلاتىنى 50 مىڭ توننىدىن ئاشۇردى، تەخمىنەن 800 مىليون يۈەن مەھسۇلات قىممىتى، 420 مىليون پايدا يارىتىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى 128 مىليون يۈەن ئاشۇردى. ئىككىنچى، قۇرغاق يەرلەردە مايسا ئۆستۈرۈش - سۇ تېجەش تېخنىكىسى ۋە تەشتەكتە مايسا ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىپ، فوسفورنى كۆپەيتىش،

سىڭكى تولۇقلاش، ئازوتنى ئازايتىش قاتارلىق تېخنىكىلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، قالدۇق زىيىنى بولغان خىمىيىلىك دورىلارنى ئىشلىتىشنى مەنئى قىلىپ، گۈرۈچ مەھسۇلاتىنىڭ ئازلىق ئۆلچىمىنى يېشىل يېمەكلىك ئۆلچىمىگە ئۇيغۇنلاشتۇردى. ئۈچىنچى، شىنجاڭ بويىچە سۈپەتلىك شال سورتىنى 33 مىڭ 300 گېكتار يەرگە كېڭەيتىشكە تۈرتكە بولدى، بۇ شىنجاڭ بويىچە شال تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ %50نى ئىگىلەيدۇ.

دىڭ جيەنگو

## دېھقانچىلىق ئۇنىۋېرسال تېخنىكا تەتقىقاتى بويىچە يېشىل، يۇقىرى ئۈنۈملۈك مۇئەسسەسە ئۈلگە قۇرۇلۇشى

بۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۆسۈملۈك ئاسراش تەتقىقات ئورنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كۆكتاتچىلىق تەتقىقات ئورنى، يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى، يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۇپراق - ئوغۇتچىلىق تەتقىقات ئورنى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى باغۋەنچىلىك فاكۇلتېتى بىرلىكتە تاماملىدى. 2000 - يىل 7 - ئايدا پەن - تېخنىكا نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان باھالاشتىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە ئاساسەن تۆۋەندىكى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى ۋە تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىلدى: بىرىنچى، شىنجاڭنىڭ يۇقىرى پاراللېللىق رايونلىرىغا ماس كېلىدىغان بوران، قار ئاپىتىگە تاقابىل تۇرالايدىغان 4 خىل كۈن نۇرى پارنىك قۇرۇلما مودېلى لايىھىلەنگەن ۋە تۇرغۇزۇلغان. ئىككىنچى، شىنجاڭ رايونىغا ماس كېلىدىغان، ئىجتىمائىي ئاپەت كۆرۈلمەيدىغان قوغۇن قاتارلىق 5 خىل مېۋە - چېۋە، كۆكتاتلارنى ئىجتىمائىي ئاپەتتىن ساقلاپ مۇھاپىزەت قىلىدىغان مۇئەسسەسەلەردە تېرىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنىڭ قائىدىسى تۈنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۈچىنچى، مەملىكەت ئىچىدە تۈنجى قېتىم چىپار چۈمكەك چىۋىنىنىڭ 2 يېڭى پارازىت ئىگىسى بايقالغان ھەمدە 3 خىل چىپار چىۋىنىنىڭ پەيدا بولۇش ۋە ئالدىنى ئېلىش ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ، شىنجاڭ رايونىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان چىپار چۈمكەك چىۋىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تېخنىكىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. تۆتىنچى، شوخلىنىڭ كۆلرەڭ پاختىلىشىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش جەھەتتە تۈنجى قېتىم «نىشانلىق ئورۇندا ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش»تىن ئىبارەت يېڭى ئاتالغۇ قوللىنىلغان بولۇپ، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ «جوزىشى 2 - باسقۇچلۇق بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش» تېخنىكىسى شىنجاڭدا قوللىنىلغان. بەشىنچى، تەرخەمەكنىڭ قىراۋسىمان پاختىلىشىش كېسىلىنىڭ پەيدا بولۇش قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇش يېتىلىپ، شىنجاڭدا كۈن نۇرى پارنىكلىرىدا تەرخەمەكنىڭ قىراۋسىمان پاختىلىشىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قولايلىق، ئۈنۈملۈك بولغان ئىجتىمائىي ئاپەتسىز تېخنىكىلار تەمىن ئېتىلگەن. ئالتىنچى، پارنىكلاردا ئاق توزان پېتىنىڭ پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى، تۈر توپلىرىنىڭ ھەرىكەت ھالىتى ھەمدە ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش تېخنىكىسى ئۈستىدە تۈنجى قېتىم سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇنى تىزگىنلەش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلگەن. يەتتىنچى، كۆكتاتلارغا ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس ئوغۇت ئۈستىدە تۈنجى قېتىم تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ، خىمىيىۋى ئوغۇت پەيدا قىلغان ئىجتىمائىي ئاپەتنى ئازايتىش ئۈچۈن يولغا قويۇشقا بولىدىغان ئۇسۇل بىلەن تەمىن ئېتىلگەن. سەككىزىنچى، تېما گۇرۇپپىسى 3 يىلدىن بۇيان، ئۈرۈمچى، قۇمۇل قاتارلىق رايونلاردا ئىجتىمائىي ئاپەتسىز كۆكتات ئىشلەپچىقىرىش بويىچە 242.04 گېكتار يەردە ئۈلگە كۆرسىتىپ كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم، ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

دىڭ جيەنگو

## كۆممىقوناق، بۇغداي ئورۇقىنى كۆمۈلاچلاش دورىسى تەتقىق قىلىپ ياسالدى

بۇ شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۆسۈملۈك ئاسراش تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملاندى. 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ۋە باھالاشتىن ئۆتتى. باھالاشتا بۇ تەتقىقات نەتىجىسى ئومۇمىي جەھەتتىن ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن، مەلۇم ساھەلەردە مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن، دەپ قارالدى.

ئاساسلىق نەتىجىلەر مۇنۇلار: بىرىنچى، %20لىك كۆممىقوناق ئورۇقىنى كۆمۈلاچلايدىغان كاربوفۇران دورىسى ۋە %5.5لىك بۇغداي ئورۇقىنى كۆمۈلاچلايدىغان پولىئالكېن دورىسى تەتقىق قىلىپ ياسىلىپ، تەجرىبىخانا شارائىتىدا تەقلىدىي زاۋۇتلاشتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتى بارلىققا كەلتۈرۈلگەن. ئېتىزلاردا سىناق تەرىقىسىدە ئۈلگە كۆرسىتىش نەتىجىسى تەتقىق قىلىپ ياسالغان كۆمۈلاچلاش دورىسىنىڭ زىرائەتلەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە، مۇداپىئە كۆرۈشكە بولغان ئۈنۈمى %80تىن يۇقىرى بولۇپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشتا ئەمەلىي قوللىنىش قىممىتى زور

ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئىككىنچى، تۆر گۇرۇپپىسى دۆلەت بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن بولۇپ، ئېغىز تىزىملىكىدىكى بىكىتىكەن مەھسۇلاتلارنىڭ توكسىكولوگىيە تەجرىبىسى ۋە ئۇرۇقنى كۆمۈلاچلاش دورىسىنىڭ ئېتىزلاردىكى دورا ئۈنۈمى ئۈستىدىكى تەجرىبىنى تاماملاندى. 20%لىك كۆممىقوناق ئۇرۇقىنى كۆمۈلاچلايدىغان كاربوفۇران - دورىسىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات ئۆلچىمىنى تۈزۈپ چىقتى، بۇ تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى ھەمدە ئەنگە ئېلىنىپ يولغا قويۇلدى.

دىڭ جيەنگو

## گۈل چېچەك نەيچىسى ئۆسۈلىدىن پايدىلىنىپ بىدە ئاياقنىڭ DNA سىنى ئادەتتىكى بۇغدايغا يېتەكلەپ كىرگۈزۈش ئۈستىدە تەتقىقات

بۇنى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يادرو تېخنىكىسى - يېڭى تېخنىكا تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. 2000 - يىل 11 - ئايدا پەن - تېخنىكا نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان باھالاشتىن ئۆتتى.

بۇ تۈردە گۈل چېچەك نەيچىسى ئۆسۈلىدىن پايدىلىنىپ بىدە ئاياقنىڭ DNAسى ئادەتتىكى بۇغدايغا ئۇنجى قېتىم يېتەكلەپ كىرگۈزۈلگەن، يازغى بۇغداينىڭ گۈل چېچەك لىنىيىسى بولغان 761 ئاكسىپتور قىلىنىپ، ئۆزگەرگەن كېيىنكى 3 - ئەۋلاد كالونىنا تەركىبىدىن چوڭ باشاقلىق كەنجى پىشار ئۆزگەرگەن بىر تۈپ ۋە قويۇق باشاقلىق تېخىمۇ كەنجى پىشار ئۆزگەرگەن بىر تۈپ بايقالغان. كۆپ يىللىق تېرىپ باھالاش ۋە ئادەتتىكى قائىدە بويىچە تاللاپ يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق، ئۆزگەرگەن كېيىنكى ئەۋلادنىڭ چوڭ باشاقلىق 110 تۈپ لىنىيىسى، گۈل چېچىدىن يېتىلگەن چوڭ باشاقلىق 100 لىنىيىسى، قويۇق باشاقلىق 35 تۈپ لىنىيىسى، 10 پاكار غولluq تۈپ لىنىيىسى قولغا كەلتۈرۈلگەن. ئۆزگەرگەن كېيىنكى ئەۋلاد ئىچىدىكى ئوخشاش بولمىغان تۈپ لىنىيىسىنىڭ مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى، دېھقانچىلىق تېخنىكىسى خۇسۇسىيىتى، سورت سۈپەتى خۇسۇسىيىتى كۆزىتىلگەن ۋە ئۆلچەپ چىقىلغان ھەمدە سانلىق گېنېتىكا ئۆسۈلىدىن پايدىلىنىپ ئۆزگەرگەن كېيىنكى ئەۋلاد چوڭ باشاقلىق تۈپ لىنىيىسى ئۈستىدە شالغۇت ئۇستۇنلۇكى ۋە نەسىل قالدۇرۇش ئىقتىدارى ھەم يېڭى لىنىيىنىڭ مول ھوسۇللۇق خۇسۇسىيىتى ۋە ماسلىشىشچانلىقى جەھەتلەردىن تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان. مۇشۇ ئاساستا، چوڭ باشاقلىق لىنىيە بىلەن شىنجاڭدا ئاساسلىق تېرىلىدىغان بۇغداي سورتلىرىنىڭ شالغۇت بىرىكمىسى ئۈستىدە، گۈل چېچەكى ئارقىلىق يېتىلدۈرۈش، سۇنئىي ئۆسۈلدا يېتىشتۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان ھەمدە ئۇلار سىستېمىلىق ئانالىز قىلىنغان.

لو مىڭيىڭ

# چارۋىچىلىق

## كالىنىڭ تۇبېركۇلىيوز تاياقچە باكتېرىيىسىنىڭ يادرو كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش يىڭنىسى تەتقىق قىلىپ ياسالدى

بۇ، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى مال دوختۇرلۇق تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملىنىپ، 2000 - يىل 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ۋە باھالىشىدىن ئۆتتى ھەمدە بۇ تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكەن، دەپ قارالدى.

تېما گۇرۇپپىدىكى خادىملار نەچچە يىللىق ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئادەم ۋە كالىنىڭ سىل ئاچماق تاياقچە باكتېرىيىسىدىن ئىبارەت ئۆزگىچە بولغان يادرو كىسلاتاسىنى تەكشۈرىدىغان 2 خىل يىڭنىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىقتى. فېرمېنتلىق كېسىك ئاتلاس ئانالىزى ۋە دېئوكسى رىبونۇكلېئىك كىسلاتا (DNA) سىنىڭ تەرتىپىنى ئۆلچەپ بېكىتىش ئارقىلىق، كلوننىڭ يادرو كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش يىڭنىسى گېن تەرتىپىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. 2 خىل يادرو كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش يىڭنىسى بىلەن Dig گە بەلگە قويۇپ، ئايرىم - ئايرىم 11 خىل ئاچماق تاياقچە باكتېرىيىنىڭ DNA سىنى Southern بىلەن چېتىشتۈرۈش ئارقىلىق، پەقەت ئادەم تىپىدىكى مۇرەككەپ ئاچماق تاياقچە باكتېرىيە بىلەن چېتىشتۈرغاندىلا رېئاكسىيە بېرىدىغانلىقىنى، ئىككى خىل يادرو كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش يىڭنىسىنىڭ تەكشۈرۈش سەزگۈرلۈك دەرىجىسى 1.0ng سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى يەنى $2\times10^{5}$ باكتېرىيىگە باراۋەر كېلىدىغانلىقىنى دەلىللەپ چىقتى.

Dig بەلگىسى قويۇلغان 2 خىل يادرو كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش يىڭنىسىدىن پايدىلىنىپ، توقۇلمىلارنى ئەسلى ئورنى بويىچە چېتىشتۈرۈش، داغ نۇقتىسى بويىچە چېتىشتۈرۈش، Southernنى چېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق، 138 ئادەمدىكى تۇبېركۇلىيوز كېسىلىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئەۋرىشكىسى ۋە 17 كالىدىكى تۇبېركۇلىيوز كېسىلىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئەۋرىشكىسى ئۈستىدە ماسلىكولا چېتىشتۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. نەتىجىدە مۇسبەت ئەۋرىشكىدا روشەن شالغۇت لېنتىسىمان بەلۋاغ، داغ نۇقتىسى، داغ پارچىسى پايدا بولغانلىقى نامايان بولدى. مەنپىي ئەۋرىشكىدا ھېچقانداق چېتىشىش سىگنالى كۆرۈلمىدى، بۇ ھال يادرو كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش يىڭنىسىنىڭ تەكشۈرۈشتە ئالاھىدە

خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك، سەزگۈرلۈك خۇسۇسىيىتى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تۇبېركۇليوز تاياقچە باكتېرىيىسىنىڭ سانجىلىش تەرتىپى IS6110 ۋە IS1081 سىنتېزلانغان يېتەكلەنمە ماددىلار ئارقىلىق PCRنى كېڭەيتتى، كېڭەيمە ماددىنىڭ 317pb ۋە 248bp پارچىسىنى ئۆتكۈزگۈچ پروتوپلازما دانىچىسىدا كلونلاشتۇرۇپ، رادىئاتسىيە بەلگىسى بولمىغان Dig بەلگىسى ۋە يالتىراق نۇر بەلگىسىدىن پايدىلىنىپ، كالا تىپىدىكى تۇبېركۇليوز ئاچىماق تاياقچە باكتېرىيىسىنىڭ يادرو كىسلاتاسىنى تەكشۈرىدىغان ئۆزگىچە يىڭنىنى ياساپ چىقتى.

گۈلزار

## توخۇنىڭ كېزىك - ئاق تولغاق سالمونېللا باكتېرىيە ۋاكسىنىسى تەتقىق قىلىپ ياسالدى

بۇ، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى مال دوختۇرلۇق تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملىنىپ، 2000 - يىل 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ۋە باھالىشىدىن ئۆتتى ھەمدە مەملىكەت ئىچىدە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكەن دەپ قارالدى. تاشقى پەردە ئاقسىل (OMP) ۋاكسىنىسى مەملىكەت ئىچىدىكى شۇ ساھەدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى، «11 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كەشپىيات كۆرگەزمىسى» دە ئالتۇن لوڭقا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

توخۇنىڭ كېزىك - ئاق تولغان سالمونېللا باكتېرىيىسى كېسىلى دۇنيا خاراكتېرلىك كەڭ تارقىلىدىغان يۇقۇملۇق كېسەل بولۇپ، گورىزونتاللىق ۋە ۋېرتىكاللىق ھالەتتە تارقىلىدۇ. تۇخۇم ئارقىلىق ۋېرتىكاللىق تارقىلىش ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان تارقىلىش شەكلى بولۇپ، توخۇلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى 80%كە يېتىدۇ. يېتىلگەن توخۇ يۇقۇملانغاندىن كېيىن ئۆلۈش نىسبىتى تۆۋەن بولسىمۇ، لېكىن تۇخۇم تۇغۇش نىسبىتى، ئەي بولۇش نىسبىتى، ئۇرۇقلىنىش نىسبىتى ۋە چۈجە چىقىرىش نىسبىتىنى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ.

تېما گۇرۇپپىسىدىكى خادىملار تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ئىشلىدى: بىرىنچى، شىنجاڭ رايونىدىكى توخۇلارنىڭ كېزىك - ئاق تولغاق سالمونېللا باكتېرىيىسى كېسىلىنى تارقىلىشچان كېسەللىكلەر ئىلمى جەھەتتىن كەڭ دائىرىدە سىستېمىلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئىككىنچى، توخۇنىڭ كېزىك - ئاق تولغاق سالمونېللا باكتېرىيىسىنىڭ ئىممۇنىتېتلىق ئەسلى خۇسۇسىيىتى ۋە بىئولوگىيىلىك ئاكتىپچانلىقىغا ئاساسەن، شىنجاڭدا ئايرىپ چىقىلغان 246 شتاممىنى ئىچىدىن ئىممۇنىتېتلىق خۇسۇسىيىتى ياخشى، ئانتىگېن ئىپادىسى مۇقىم بولغان يۇقىرى ھومولوگلۇق ۋاكسىنا ياسىلىدىغان شتاممىنى تاللاپ چىقتى. ئۈچىنچى، ئۈنۈملۈك ئاسراش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئانتىگېننى ئانالىز قىلدى ۋە ئۇنىڭ ئورنىنى بېكىتتى. توخۇنىڭ كېزىك - ئاق تولغان سالمونېللا باكتېرىيىسى ئۈستىدە قوغداش خاراكتېرلىك تاقابىل تۇرۇش، ئاجرىتىۋېلىش، ساپلاشتۇرۇش، ئانالىز قىلىش، ئۆلچەش ۋە ھايۋانات سىنىقى ئېلىپ بېرىپ، توخۇنىڭ كېزىك - تولغان سالمونېللا باكتېرىيىسىنىڭ سىرتقى پەردە ئاقسىلى (OMP) نىڭ ئەڭ ياخشى ئىممۇنىتېتلىق ئەسلى خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۈنۈملۈك مۇھاپىزەت خاراكتېرلىك ئانتىگېن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. تۆتىنچى، ئۈستۈرگۈچ رېتسېپىنى يېڭىلىق يارىتىش خاراكتېرىدە ياخشىلاپ، ھاۋا ئۆتكۈزۈپ ئارىلاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى ئاساس قىلىپ ۋاكسىنا ياساش ھۈنەر - سەنئىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، باكتېرىيىنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتىنى ۋە ئانتىگېننىڭ ئىپادىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق باكتېرىيە يېتىشتۈرۈشتە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈردى. بەشىنچى، جانسىزلاندۇرۇش ۋاكسىنىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى، يەنە يېڭى تىپتىكى تاشقى پەردە ئاقسىلىنىڭ ئېمۇلسىيىلىك ۋاكسىنىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى. ئالتىنچى، ۋاكسىنىنىڭ ئىممۇنىتېتلىق ئۈنۈمى ۋە ئىممۇنىتېتلىق مېخانىزمىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە، بۇ ۋاكسىنىنىڭ بەدەننى غىدىقلاپ، بەدەندە سۇيۇق ئىممۇنىتېت ۋە ھۈجەيرە ئىممۇنىتېتى ھاسىل قىلىشتەك قوش ئىقتىدارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى. ئۈنۈملۈك ئانتىتېلا سەۋىيىسىنىڭ رول ئويناش ۋاقتىنى 137 كۈنگە، ئىممۇنىتېتنىڭ مۇھاپىزەت قىلىش نىسبىتىنى 95%تىن كۆپرەككە يەتكۈزدى.

گۈلزار

## تۇبېركۇليوز تاياقچە باكتېرىيىسىنىڭ PCR غا دىئاگنوز قويۇش سىناق دورىسىنىڭ سەرخىللىرىنى سېلىشتۇرۇش ئۈستىدە تەتقىقات

بۇ، شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى مال دوختۇرلۇق تەتقىقات ئورنىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تاماملىنىپ، 2000 - يىل 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ۋە باھالىشىدىن ئۆتتى ھەمدە تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكەت ئىچىدىكى ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكەن دەپ قارالدى.

تېما گۇرۇپپىسىدىكى خادىملار ياخشىلانغان PCR — TB سىناق دورىسىدىن 1839 قۇتا ياسىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەمنىڭ تۇبېركۇليوز بەلغەم ئەۋرىشكىسى تەركىبىدىكى

تۇبېركۇليوز ئاچماق تاياقچە باكتېرىيىسىنىڭ دېئوكسى رىبونۇكلېئىك كىسلاتا (DNA) سىنى ئۆلچەشكە ئىشلىتىلىدىغان TB—PCR سىناق دورىسىدىن 1400 قۇتا (8 تۈركۈمگە بۆلۈپ ئايرىم قاچىلانغان) نى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى، شىنجاڭ تۇبېركۇليوز كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىدا 537 ئەۋرىشكىنى تەكشۈرۈشتە، TB—PCR سىناق دورىسىنىڭ سەزگۈرلۈك خۇسۇسىيىتى %93.52كە، ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى %65.97 (PCR نەتىجىسى بەلغەم يېتىشتۈرۈش نەتىجىسى بىلەن سېلىشتۇرۇلدى) كە يەتتى.

گۈلزار

## ئورمانچىلىق

### كورلا شەھىرىنىڭ شىمالىي ئەتراپىدىكى قاقاس تاغدا سۇ تېجەشلىك ئورمان بەرپا قىلىش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات

بۇنى شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەن تەتقىقات يۇرتى ئورمان بەرپا قىلىش - قۇم تىزگىنلەش تەتقىقات ئورنى بىلەن كورلا شەھەرلىك باغۋەنچىلىك - ئورمانچىلىق پەن تەتقىقات ئورنى بىرلىكتە ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى، بۇ تۈر 2000 - يىل 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى پەن - تېخنىكا نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى، تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ سەۋىيىسى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى.

1. ئورمان بەرپا قىلىشتا دەرەخ سورتلىرىنى تاللاش ئۈستىدە تەتقىقات. باغ - ئورمان بەرپا قىلىشقا ياپ كېلىدىغان 12 خىل دەرەخ سورتى، بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈپ قۇمنى تۇراقلاندۇرىدىغان 4 خىل دەرەخ سورتى ۋە ئىقتىسادىي ئورماننىڭ 2 خىل دەرەخ سورتىنى يېتىشتۈرۈش سىنىقى ئارقىلىق يېڭى دەرەخ سورتلىرى مەيدانغا كەلدى. ئۈلار يامان شارائىتقا چىداملىقلىقى ناھايىتى كۈچلۈك، يامان شارائىتقا چىداملىقلىقى كۈچلۈك، يامان شارائىتقا چىداملىقلىقى ئوتتۇراھال، يامان شارائىتقا چىداملىقلىقى ناچار ۋە يامان شارائىتقا چىداملىقلىقى ئەڭ ناچار دېگەن 5 تىپقا ئايرىلىپ، يەر شارائىتى ناچار بولغان يەر بۆلەكلىرىدە ئورمان بەرپا قىلىشقا ياپ كېلىدىغان دەرەخ سورتلىرىنى تاللاشنى ئاساس بىلەن تەمىنلىدى.

2. تامچىلىتىپ سۇغىرىلغان شارائىتتا تۇپراق تەركىبىدىكى سۇ - شورنىڭ ھەرىكەت ھالىتى ۋە نەملىك مودېلى ئۈستىدە تەتقىقات. ئېتىزلاردا ئوخشاش بولمىغان سۇغىرىش مىقدارىنى سىناق قىلىش ۋە تەقلىد قىلىش ئارقىلىق، 5 خىل تەگلىمىدىن تۈزۈلگەن تۇپراقنىڭ سۇ تەركىبى - نەملىك مودېلى ئورنىتىلغان. سۇغىرىش دەرىجىسىنىڭ تۇپراقتىكى شور تەركىبلىرىگە تارقىلىشىغا دائىر 3 خىل قانۇنىيەت، ئېشىپ كېتىش يولى ۋە تۈزسىزلىنىش نىسبىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلىپ، شورلۇقلاردا ئورمان بەرپا قىلىش ئۈچۈن يېڭى يول ئېچىپ بېرىلگەن.

3. تامچىلىتىپ سۇغىرىش تۈزۈمى ئۈستىدە تەتقىقات. ئېتىزلاردا سىناق قىلىش ۋە پېنمان فورمۇلاسى نەزەرىيىسى بىلەن ئىسپاتلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئورمان بەرپا قىلىشقا ياپ 4 ئاساسلىق دەرەخ سورتىنى سۇغىرىش تۈزۈمى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان. توغراق، جىگدە، قارىياغاچ ۋە يۇلغۇندىن ئىبارەت 4 خىل دەرەخ سورتى بىلەن ئورمان بەرپا قىلىنغاندا، يەرنى نورمال سۇغىرىپ ئورمان بەرپا قىلىنغانغا قارىغاندا سۇنى %74 — %77 تېجەپ قالغىلى بولىدىكەن.

4. ئورمان بەرپا قىلىش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات. كۆچەت سۈپىتى، يىلتىز سىستېمىسىنى مۆل يېتى ساقلاش ۋە قورغاق يەرلەردە يىلتىزلارنى نەملەش، كۆچەت تىكىش سۈپىتى، مۇۋاپىق ئوغۇتلاش، چاتاپ شەكىلگە كەلتۈرۈش ۋە كېسەللىك - ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق ئاچقۇچلۇق تېخنىكىلارنى بىرىكتۈرۈپ يۈرۈشلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئورماننىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى %90تىن كۆپرەككە يەتكۈزۈلگەن. ئاللاپ چىققىلغان قارىياغاچ، توغراق، جىگدە قاتارلىقلارنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالى ناھايىتى ياخشى بولغان، دەرەخلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 3.78 مېتىر، يەر ئۈستى دىئامېتىرى 6.09 سانتىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە ئۆسۈشى 0.93 مېتىرغا يەتكەن.

5. ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئۈستىدە تەتقىقات. تەتقىقات ئارقىلىق تامچىلىتىپ سۇغىرىش تېخنىكىسىنى قوللانغاندا ھەر گېكتار يەرگە كېتىدىغان سېلىنمىنى 8820 يۈەن تېجەپ قالغىلى بولىدى؛ باشقۇرۇشقا كېتىدىغان ئەمگەك كۈچىنى ئازايتىپ، ھەر گېكتار يەرنىڭ چىقىمىنى 6814 يۈەن چىقىم تېجەپ قالغىلى بولىدۇ.

لىن شىڭخۇي

### شىنجاڭدىكى بال قارىغاينىڭ جۇغراپىيىلىك ئۇرۇق مەنبەسىنى تاللاش ۋە ئۇنى رايونلارغا ئايرىش ئۈستىدە تەتقىقات

بۇنى شىنجاڭ ئورمانچىلىق پەن تەتقىقات يۇرتى ئورمانچىلىق پەن تەتقىقات ئورنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى، 2000 - يىل 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى، تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال تېخنىكى

مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى.

بۇ تەتقىقاتتا ھازىرقى زامان گېنېتىكا ۋە ئېكولوگىيە گېنېتىكا نەزەرىيىسى يېتەكچى، ئېتىزلارنى سېلىشتۇرۇش سىنىقى ئاساسىي ۋاسىتە، بىئولوگىيىلىك ستاتىستىكا تېخنىكىسى قورال قىلىنىپ، خەلقئارا ئۇرۇق مەنبەسىنىڭ سىناق ئۆلچىمىدىن پايدىلىنىپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ تەجرىبە لايىھىسى تۈزۈپ چىقىلىپ، كۆچەت مەزگىلى ۋە ئورمان مەزگىلىدىن ئىبارەت 2 باسقۇچقا بۆلۈپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان. تەجرىبە رايونىدا شىنجاڭ بال قارىغىيى ئومۇمييۈزلۈك تارقالغان جايدا 15 ئۇرۇق مەنبەسى تەسىس قىلىنغان، تەجرىبىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا شىنجاڭ بال قارىغىيىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت شارائىتى پەرقى ۋە تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، تاغلىق رايوندىكى 4 ئورمانچىلىق مەيدانى ئاساسلىق سىناق نۇقتىسى قىلىپ تاللانغان. سىناق ۋە تەتقىقات ئارقىلىق بال قارىغىيىنىڭ ئۇرۇق مەنبەسىنى رايونلارغا ئايرىش لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بىرىنچى، شىنجاڭ بال قارىغىيىنىڭ ئۇرۇق مەنبەسى ئوتتۇرىسىدىكى ئىرسىيەت پەرقى زور بولۇپ، ئۇنى تاللاش ئۆلچىمىدە ماسلىشىشچانلىق ئالدىنقى شەرت، ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئاساس قىلىنىدۇ. ئىككىنچى، شىنجاڭ بال قارىغىيىنىڭ ئىرسىيەت ئۆزگىرىشى مول، ئېكولوگىيىلىك ماسلىشىشچانلىقى كەڭ بولۇپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ ئېكولوگىيىسى روشەن ھالدا پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، ئۇرۇق مەنبەسى بىلەن نۇقتىلارنىڭ ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. ئۈچىنچى، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى يۇقىرى، ئىرسىيىتى مۇقىم ۋە ماسلىشىشچانلىقى ياخشى بولغان كۈچلۈك سۈپەتلىك ئۇرۇق مەنبەسى بايقالغان، ئۇنىڭ كۆچەتلىرىنىڭ ئۆسۈش ئېگىزلىكى باشقا ئۇرۇق مەنبەسىدىكى كۆچەتلەرنىڭ ئېگىزلىكىدىن 1.1 ھەسسىدىن 2.7 ھەسسىگىچە يۇقىرى. تۆتىنچى، شىنجاڭ بال قارىغىيىنىڭ ئۇرۇق مەنبەسى ئارىسىدىكى خۇسۇسىيەتلىك ئىرسىيەت ئۆزگىرىشى ئىختىيارىي مودېل ھالىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

لىن شىڭخۇي

# ئىجتىمائىي پەن

## ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ 2000 - يىلدىكى ئاساسلىق پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى

ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى پەن تەتقىقات خادىملىرى 2000 - يىلى 12 مەخسۇس ئەسەرنى نەشر قىلدۇردى. بۇلار: «يېڭى ۋەزىيەتتە شىنجاڭدىكى مىللەت، دىن مەسىلىسىنى توغرا تونۇش ۋە ھەل قىلايلى»، «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈستىدە ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش. قاراقاش تومى»، «پانتۈركىزم مەدەنىيىتىنىڭ ماھىيىتى»، «جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى ئىسلام دىنى تارىخى»، «ئاتېئىزم ۋە دىن بىلىملىرى توغرىسىدا سوئال - جاۋابلار»، ««مەدەنىيەتتىكى تىپ ئۆزگىرىش» توغرىسىدا»، «يېڭى ئەسىرگە يۈزلەنگەن مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەر»، «قازاقىستان»، «ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشقا ئائىت ھۆججەتلەر»، «قەدىمكى تۈرك ئابىدىلىرىدىكى ھۆججەتلەردىن تاللانما»، «ئاباينىڭ تەرجىمىھالى»، «بەيشەن بويى»؛ بىرلىشىپ يېزىلغان ئەسەر 6، بۇلار: «شىنجاڭ گۇاڭخۇي كارخانا گۇرۇھىنىڭ باش كۆتۈرۈشى توغرىسىدىكى ئەقلىي تەپەككۇر»، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 5 دۆلەت تارىخى تېزىسى»، «غەربىي شىمالنىڭ ئومۇمىي تارىخى. ھازىرقى زامان تومى»، «غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىپ، يېڭى ئەسىرگە يۈزلىنىشتىكى زور تاللاش»، «بوستانلىق، بوستانلىق ئىقتىسادى ۋە غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش»، «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم، قۇرۇشقا ئائىت مىللەت، دىن نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش تېزىسى»؛ تەرجىمە ئەسەر بىر: «100 ياشقا كىرىشنىڭ سىرى»؛ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى بىر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈستىدىكى تەنقىدچىلىك توغرىسىدا». ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچى - سىرتىدا ھەرخىل كەسپىي ئىلمىي ماقالە ۋە تەتقىقات دوكلاتىدىن 370 نەچچىسى ئېلان قىلىندى، بۇلارنىڭ ھەجمى 4 مىليون 600 مىڭ خەت كېلىدۇ.

ۋاڭ ۋېنجۇ

## «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» روھى ئارقىلىق ئاساسىي قاتلامنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش توغرىسىدا نەزەرىيە تەتقىقات - مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىننى ش ئۇ ئا ر پارتىيە قۇرۇلۇشى تەتقىقات جەمئىيىتى باشقۇردى، يىغىن 2000 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 -، 26 - كۈنلىرى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە ئۆتكۈزۈلدى. 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق 20 نەچچە ئورۇندىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ۋەكىللىرى ۋە ئىلمىي ماقالە ئاپتورلىرى بولۇپ 40 تىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر مۇنداق دەپ قارىدى: يولداش جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» تەلىپىدە پارتىيىنىڭ ئىلغارلىقىنىڭ ماھىيىتى ۋە مەزمۇنى كۆرسىتىپ بېرىلگەن، بۇ، يېڭى ۋەزىيەتتە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى ھەرىكەت پروگراممىسى.

ۋەكىللەر مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» تەلىپى بويىچە تامامەن يېڭىچە تەپەككۇر ئارقىلىق پىكىر يۈرگۈزۈش ھەم مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى ۋە يولىنى ئاللاش، ئىسلاھات روھى ئارقىلىق يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىش، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش لازىم؛ پارتىيە قۇرۇلۇشى داۋامىدا ساقلانغان ۋە يېڭىدىن كېلىپ چىققان رېئال مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەرخىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش، ھەرخىل خەۋپ - خەتەرلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، ئەسىر ھالقىغان ئۇلۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى مۇستەھكەم ۋە كۈچلۈك تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىش لازىم.

يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر ھەرخىل نۇقتا ۋە ھەر جەھەتتىن ئاساسىي قاتلامنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى تەجرىبە، تەسىراتلىرىنى ئالماشتۇردى، ساقلانغان مەسىلىلەرنى تەھلىل ۋە مۇھاكىمە قىلدى، خىزمەتنى ياخشىلاش توغرىسىدا پىكىر ۋە تەكلىپ بەردى.

فالڭ ۋېنجيې

## غايە، ئېتىقاد مەسىلىسى توغرىسىدا تەتقىقات - مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىننى ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى بىلەن «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى بىرلىكتە باشقۇردى، يىغىن 2000 - يىل 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملار، ئالاقىدار تارماقلار ۋە كارخانىلارنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ 50 تىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى، يىغىن 30 نەچچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋالدى.

يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر مۇنداق دەپ قارىدى: ھازىر خەلقئارا ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى سىياسىي خىزمەتنىڭ ئاساسىي ئوبيېكتى ۋە مۇھىتى ئىلگىرىكىگە خېلى جەھەتلەردە ئوخشىمايدۇ، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشى خىلمۇخىللىشىپ كېتىش مەسىلىسىنى قانداق قىلىپ يېتەكچى ئىدىيىنى بىر مەنبەلەشتۈرۈش ئارقىلىق بىر تۇتاش چۈشىنىشتە چىڭ تۇرۇش — سىياسىي، ئىدىيىۋى خىزمەتتىكى زور تەتقىقات تېمىسى. يېڭى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەر ئالدىدا غايە، ئېتىقاد توغرىسىدىكى تەربىيىنى كۈچەيتىش كېرەك، ئىدىيىۋى، سىياسىي خىزمەتتە يېڭىلىق يارىتىش لازىم، يۈرگۈزۈشكە بولىدىغان تامامەن يېڭىچە خىزمەت مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، ئىدىيىۋى، سىياسىي خىزمەتنى يېپىق ھالەتتىن ئوچۇق ھالەتكە، ۋاكىنزلىق قىلىش تىپىدىن يېتەكلەش تىپىغا بىر قىلىپقا كىرىپ قېلىشتىن، خاسلىقتا ئىگە قىلىشقا ئۆزگەرتىپ، ھەرخىل قاتلاملارنى پەرقلەندۈرۈپ، ھەرخىل ئوبيېكتلارنى كۆزدە تۇتۇپ ئايرىم - ئايرىم ئېلىپ بېرىپ، ئىدىيىۋى، سىياسىي خىزمەتنىڭ دەۋەت كۈچى ۋە سىڭىش كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش لازىم. غايە، ئېتىقاد تەربىيىسىنى كۈچەيتىشتە ماركسىزم نەزەرىيىسىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق خىزمەت ئەمەلىيىتىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش سالىقىنى ئاشۇرۇپ، پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئۈلگىلىك رولىنى كۈچەيتىپ، ئاممىنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرى ۋە مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئاممىنىڭ ئىشەنچى ۋە ئىززەت - ھۆرمىتىگە ئېرىشىش كېرەك. ئىقتىسادنى قەتئىي تەۋرەنمەي راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، غايە، ئېتىقادنى چىڭىتىشقا مۇستەھكەم ئاساس تۇرغۇزۇپ، كوممۇنىستىك ئۇلۇغ غايىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئەمەلىيىتى بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلىككە كەلتۈرۈش لازىم.

فالڭ ۋېنجيې

## غەربنى كەڭ ئېچىش ۋە قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش توغرىسىدا نەزەرىيە تەتقىقات مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىننى ش ئۇ ئا ر قانۇن ئىلمىي جەمئىيىتى باشقۇردى، غەربىي قىسىمدىكى 9 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەردىكى قانۇن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى ھەمكارلاشتى، يىغىن 2000 - يىل 8 - ئاينىڭ 17 -، 18- كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. غەربىي قىسىمدىكى 9 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەردىن كەلگەن ۋەكىللەر ۋە ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلار، ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرى، ئالىي مەكتەپلەر ھەم شىنجاڭنىڭ جاي - جايلىرىدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ 90 دىن ئارتۇق كىشى تەتقىقات - مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.

يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر «غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ۋە قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش» تىن ئىبارەت

بۇ ئاساسىي ئېڭىنى چۆرىدەپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، قانۇن چىقىرىش، قانۇننى ئىجرا قىلىش، ئەدلىيە، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، قانۇن نازارەتچىلىكى، قانۇن مۇلازىمىتى، قانۇن كاپالىتى قاتارلىق ھالقىلاردىن تەتقىقات ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىپ، ھەقىقىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان بەزى تەدبىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يىغىندا قاتناشقان ۋەكىللەر مۇنداق دەپ قارىدى: قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشتا ياخشى مۇھىت يارىتىش — غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنىڭ زۆرۈر ئالدىنقى شەرتى، قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتى بولسا، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنىڭ يول باشلىغۇچىسى. قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيىسى تەتقىقاتىدا پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى چۆرىدەپ، ئومۇمىي ۋەزىيەت خاراكتېرىدىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈپ، قىزىق نۇقتىنى تۇتۇپ، قىيىن نۇقتىغا ھۇجۇم قىلىپ، قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتى خىزمىتىنىڭ ئىزچىللىقى ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش نۇقتىسىدىن نەزەرىيىۋى مەدەت بىلەن تەمىن ئېتىش لازىم.

تەتقىقات - مۇھاكىمە يىغىنى 80 ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋالدى. باھالاش ئارقىلىق شىنجاڭدىكى 26 ئاپتور شەرەپ مۇكاپاتىغا، 1 - دەرىجىلىك، 2 - دەرىجىلىك، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ۋە مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

فاڭ ۋېنجيې، جاڭ يىڭخۇا

## غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ۋە جۇڭگونىڭ ئاشلىق ئىقتىسادى تەتقىقات - مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىننى «جۇڭگو ئاشلىق ئىقتىسادى» ژۇرنىلى تەھرىراتى بىلەن «شىنجاڭ ئاشلىقى» تەھرىر بۆلۈمى باشقۇردى، يىغىن 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. مەملىكىتىمىزدىكى ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىلىرى، ئاشلىق ئىقتىسادىي ئىلمىي جەمئىيەتلىرىدىن كەلگەن رەھبەرلەر، ۋەكىللەر، مەملىكىتىمىزدىكى ئاشلىق گېزىت - ژۇرناللىرىنىڭ باش مۇھەررىرلىرى، بىر قىسىم ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ھەم ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر، ئىلمىي ماقالە ئاپتورلىرى بولۇپ 120 دىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى. يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى، دۆلەت ئاشلىق ئىدارىسى، جۇڭگو ئاشلىق ئىقتىسادىي ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ رەھبەرلىرى تەكلىپ بويىچە يىغىنغا قاتناشتى. تەتقىقات - مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى قانداق قىلىپ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، شەرقىي قىسىم بىلەن غەربىي قىسىمنىڭ بىرلىشىشى ۋە ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئاشلىق ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش تەدبىرلىرى ۋە چارىلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە مۇھاكىمە قىلىشتىن ئىبارەت. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر «غەربىي قىسىمدىكى رايونلار ئاشلىق بازارلىرىدىكى تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياجنىڭ ھازىرقى ھالىتى ۋە تەرەققىيات، ئۆزگىرىش يۈزلىنىشى ئۈستىدە تەھلىل»، «دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىشنىڭ غەربىي قىسىمدىكى رايونلار ئاشلىق ئىقتىسادىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى»، «غەربىي قىسىمدىكى رايونلارنىڭ ئاساسلىق ئاشلىق مەنبەسىنى تونۇشتۇرۇش ۋە بازاردىكى يوشۇرۇن كۈچ ئۈستىدە تەھلىل»، «چېكىنگەن تېرىلغۇ يەرلەردە ئورمان، ئوتلاق بەرپا قىلىش»، «ئاشلىق ئارقىلىق بىلەن ياردەم بېرىش»، «شەرقىي قىسىم بىلەن غەربىي قىسىم ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش»، «دۆلەتنىڭ زاپاس ئاشلىق تۈزۈمى ئىسلاھاتى»، «غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش بويىچە شىنجاڭ ئاشلىق ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات تەسەۋۋۇرى» قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە تەتقىقات ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى.

لى جيەن

## مىللەت، دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئۇنى غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا خىزمەت قىلدۇرۇش تەتقىقات - مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىننى ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى، ش ئۇ ئا ر ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە «شىنجاڭ گېزىتى» نەزەرىيە، ئەدەبىيات - سەنئەت بۆلۈمى باشقۇردى، يىغىن 2000 - يىل 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايوندىن يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەشكە قاتناشقان بىر قىسىم ۋەكىللەر ۋە مىللەت، دىن مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىس، ئالىملار بولۇپ 40 تىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا 30 ئىلمىي ماقالە تاللاپ چىقىلدى.

يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: شىنجاڭدا مۇرەككەپ ۋە ئۆزگىرىشچان خەلقئارا مۇھىت نەزەردە تۇتۇلۇپ، غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش شارائىتىدا

مىللىي مەسىلىدىكى يېڭى ئالاھىدىلىك، يېڭى ئەھۋاللار چىڭ تۇتۇلۇپ، مىللىي سىياسەت ئەستايىدىل يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسەتلىرى توغرا ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە چېكىدىن ئاشقان دىنىي كۈچلەرگە قەتئىي زەربە بېرىلىشى؛ پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلىي قۇرۇلۇشى، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش يەنىمۇ كۈچەيتىلىشى؛ ماركسىزملىق مىللەت قارىشى توغرىسىدىكى تەربىيە كۈچەيتىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چىڭىتىلىشى، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە كۆڭۈل بۆلۈنۈپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىن ئىبارەت ئاساسىي لىنىيە بوشاشماي چىڭ تۇتۇلۇشى؛ دىن سوتسىيالىزمغا ماسلىشىشقا يېتەكلىنىپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار تەربىيىلىنىپ، مىللەت، دىن مەسىلىسى نۇپەيلىدىن ياكى مىللەت، دىن مەسىلىسى باھانە قىلىنىپ كېلىپ چىققان ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلىش سەۋىيىسى ئاشۇرۇلۇشى لازىم.

فاڭ ۋېنجيې

## 3 تېما باھالاشتىن ئۆتتى

ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى مايىنىيەن مەسئۇل بولغان ئاپتونوم رايوننىڭ تېمىسى «شىنجاڭدىكى دىن مەسىلىسى ۋە بۇ جەھەتتىكى تەدبىر ئۈستىدە تەتقىقات» 2000 - يىل 5 - ئايدا مۇتەخەسسىلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. تېمىنىڭ ئاخىرقى نەتىجە شەكلى بىر ئومۇمىي دوكلات ۋە 3 تارماق دوكلاتتىن ئىبارەت بولدى. تېمىدا ھازىر شىنجاڭدىكى دىن مەسىلىسىدىكى بەزى مۇھىم نۇقتىلار، قىيىن نۇقتىلار ۋە قىزىق نۇقتىلار ئۈستىدە چوڭقۇر تەھلىل ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان، تەدبىر ۋە تەكلىپلەر يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ نەتىجە خېلى يۇقىرى نەزەرىيىۋى سەۋىيىگە ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى جاڭ شۆلى مەسئۇل بولغان ئاپتونوم رايوننىڭ تېمىسى «يېڭى ۋەزىيەتتە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا ئائىت بىر قانچە مەسىلە ئۈستىدە تەتقىقات» 7 - ئايدا مۇتەخەسسىلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى. تېمىنىڭ ئاخىرقى نەتىجە شەكلى بىر ئومۇمىي تەتقىقات دوكلاتى، 12 مەخسۇس تېمىدىكى تەتقىقاتتىن ئىبارەت بولۇپ، ھەجمى 234 مىڭ 600 خەت كېلىدۇ.

ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىساد تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، تەتقىقاتچى خۇاڭ جۈن مەسئۇل بولغان ئاپتونوم رايوننىڭ تېمىسى «شىنجاڭدىكى ئارىلاشما ئىقتىساد تەرەققىيات نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات» 12 - ئايدا مۇتەخەسسىلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى، تېما تەتقىقات نەتىجىسى بىر ئومۇمىي دوكلات ۋە 3 تارماق دوكلاتتىن ئىبارەت. بۇ نەتىجە شىنجاڭدىكى ئارىلاشما ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە تېزلىتىش، شىنجاڭدا رايونلار ئىقتىسادىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇلۇش جەريانىنى ماسلاشتۇرۇشتا مۇھىم نەزەرىيىۋى ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

ۋاڭ شياۋبې

## جۇڭگو «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىن 2000 - يىل 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى، يىغىننى ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتى ۋە ش ئۇ ئا ر تارىخ ئىلمىي جەمئىيىتى بىرلىكتە باشقۇردى. يىغىنغا ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچى - سىرتىدىكى ھەر مىللەت ئالىملىرىدىن 130 كىشى قاتناشتى، يىغىنغا 70 تىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇلدى.

تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئالىملار «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا كىرگۈزۈلگەن تىلغا دائىر ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈش ئاساسىنىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈردى ھەمدە ھازىرقى زامان تۈركىي تىللار تارماق تىللىرى بىلەن سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ باردى؛ ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىدىكى ئالىملار «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا كىرگۈزۈلگەن نۇرغۇن قەدىمكى قوشاقلار، ماقال - تەمسىللەرنىڭ ژانىر ئالاھىدىلىكى، تىل ئۇسلۇبىنى ھەم ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنى ۋە قىممىتى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزدى؛ تارىخ ئالىملىرى بولسا، «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا كىرگۈزۈلگەن نۇرغۇن تارىخ ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ، XI ئەسىردە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەرنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى، قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ نامى، ئېتنىك مەنبەسى ھەم يۇندىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى بايان قىلدى.

ۋاڭ ۋېنجۇ

## 9 - نۆۋەتلىك ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىنىڭ ئىقتىساد مۇنبىرى

بۇ مۇنبەر ئۈرۈمچى تاشقى ئىقتىساد - سودا يەرمەنكىسى رەھبەرلىك كومىتېتى ۋە ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن بىرلىكتە باشقۇرۇلدى. مۇنبەرگە تەكلىپ قىلىنغان چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور يېتەكچىسى ۋېي

جېي، تاشقى ئىقتىساد - سودا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور يېتەكچىسى شۈ رۇڭجيۇ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىساد تەتقىقات ئورنىنىڭ پەخرىي باشلىقى دۇڭ فۇرېڭ، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى يۇل مۇئامىلە ۋە ئاكسىيە تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى، پروفېسسور، دوكتور يېتەكچىسى ساۋ فېڭچى قاتارلىق مەملىكەت ئىچىدىكى مەشھۇر ئىقتىسادشۇناسلىق مۇتەخەسسىسلىرى «جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئېچىلىشى ۋە شىنجاڭ» دېگەن ئاساسىي تېمىنى چۆرىدەپ مەخسۇس دوكلاتلارنى بەردى. ئاپتونوم رايوندىكى بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەر ۋە ئالاقىدار جەھەتلەردىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملاردىن 10 مىڭغا يېقىن كىشى دوكلات يىغىنىغا قاتناشتى.

بۇ قېتىمقى ئىقتىساد مۇنبىرى — ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى ئۆتكۈزۈلگەندىن بېرى كۆرگەزمە بىلەن يىغىننى تۇنجى قېتىم بىرلەشتۈرگەن بىر قېتىملىق پائالىيەت، شۇنداقلا يېقىنقى يىللاردىن بېرى شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن كۆلىمى ھەممىدىن زور، دوكلات مەزمۇنى ھەممىدىن مول بولغان بىر قېتىملىق مەخسۇس ئىقتىساد سۆزلەنگەن دوكلات يىغىنى.

ۋاڭ شياۋمېي

## ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى: تارىخ، ھازىرقى ھالەت ۋە كېلەچەك

بۇ، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، تەتقىقاتچى پەن جىپىڭ ئۈستىگە ئالغان ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ 1999 - يىللىق نۇقتىلىق ئىلمىي تەتقىقات تۈرى. بۇ تەتقىقات 2000 - يىل 5 - ئايدا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى، تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ ئاخىرقى شەكلى مەخسۇس تېمىدىكى دوكلات بولدى. بۇنىڭدا، ئاساسلىقى، ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ يۈزلىنىشى، ئاساسەن، خەلقئارا مۇھىتتىكى يەر سىياسىتى ۋە يەر ئىقتىسادىدىكى ئامىللارغا باغلىق ئىكەنلىكى، ئۇ مەلۇم دەرىجىدە تارىخىي، كۆمانتارلىق جۇغراپىيە ئامىللىرى، يەر مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭمۇ تەسىرىگە ئۇچرايدىغانلىقى؛ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ تارىخى (يەر مەدەنىيەت نۇقتىسى)، ھادىسىلەر (يەر سىياسىتى، يەر ئىقتىسادى) ۋە كېلەچىكىنىڭ ھازىرقى شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتى، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى قاتارلىق كۆز قاراشلار بايان قىلىنغان.

ۋاڭ ۋېنجۇ

## ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، تەشۋىقات پائالىيەتلىرى

ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى، دىن تەتقىقات ئورنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە 2000 - يىل 7 - ئايدا شىنجاڭنىڭ جاي - جايلىرىدىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا بېرىپ، مىللەت، دىن مەسىلىسىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. شىنجاڭ بويىچە ھەر جەھەتتىكى زاتلار قاتناشقان سۆھبەت يىغىنى 55 قېتىم ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، 800 مىڭ خەتلىكتىن كۆپرەك بىۋاسىتە توپلانغان ماتېرىيال رەتلەپ چىقىلدى.

ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى 9 - ئايدا ھەر قايسى كەسپىي پەنلەردىكى ئىلمىي تەتقىقات خادىملىرىنى 2 گۇرۇپپىغا بۆلۈپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئۈچۈن شىمالىي شىنجاڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتتى، مۇھىم نۇقتا ئىلى، قەشقەر، ئاقسۇ، بورتالادىن ئىبارەت 4 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى دېھقان، چارۋىچىلار، شەھەر - بازار ئاھالىلىرى (ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاساس قىلىندى) نىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر ھەم ئىدىيىۋى ھالەت بولدى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش مىللەتلەر مۇناسىۋىتى، دىن ئەھۋالى، يېزىلارنىڭ تەرەققىياتى، شەھەر - بازار قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە تۆرگە ئايرىلىپ ئېلىپ بېرىلدى، ئاساسىي مەزمۇنى 8 تۈرگە ئايرىلدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسى شەكلى، ئاساسەن، تەكشۈرۈش دوكلاتى بولدى ھەمدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىسى رەھبەرلىكنىڭ تەدبىر بەلگىلەش ئاساسىغا ئايلاندۇرۇلدى.

ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ دىن تەتقىقات ئورنى 9 - ئايدا ئاپتونوم رايوندىكى بەزى نازارەت، ئىدارىلەر، ئالىي مەكتەپلەر، بىرلىك سەپ بۆلۈمى ئۆتكۈزگەن دىن خىزمىتى كادىرلىرى كۇرسىغا ماركسىزملىق دىن قارىشى، شىنجاڭدا دىنلارنىڭ ئۆزگىرىش تارىخى، شىنجاڭدىكى ھازىرقى دىن مەسىلىسى ۋە ئۇنىڭغا قارشى تەدبىرلەر توغرىسىدا 10 نەچچە قېتىم دوكلات بېرىپ، ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنى 10 - ئايدا «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، «خەلقئارا ۋەزىيەت ھەققىدە تەھلىل ۋە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى» قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا سەييارە دوكلات بەردى، ئاڭلىغۇچىلار 10 مىڭغا يەتتى.

ۋاڭ ۋېنجۇ

ئاپتونوم رايوندىكى ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى، تەتقىقات جەمئىيەتلىرى، جەمئىيەتلەرنىڭ 2000 - يىلدىكى ئاساسلىق ئىلمىي پائالىيەتلىرى

| ئىلمىي پائالىيەت نامى | ۋاقتى (ئاي) | ئورنى | باشقۇرغان، ھەمكارلاشقان ئورۇن | ئاساسىي مەزمۇنى |
|---|---|---|---|---|
| ش ئۇ ئا ر ئالىي مەكتەپلەر ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 2 - قۇرۇلتىيى، ش ئۇ ئا ر ئالىي مەكتەپلەر سىياسىي نەزەرىيە دەرسىنى ئوقۇتۇش تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 3 - قۇرۇلتىيى ھەم 2000 - يىللىق يىغىنى | 1 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر ئالىي مەكتەپلەر ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە تەتقىقات جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر ئالىي مەكتەپلەر سىياسىي نەزەرىيە دەرسى ئوقۇتۇش تەتقىقات جەمئىيىتى | يېڭى دەۋردىكى ئالىي مەكتەپلەر ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىدىكى يېڭى ئالاھىدىلىكلەر، يېڭى تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى؛ ھازىرقى ئالىي مەكتەپلەر ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىدىكى يېڭى تەسەۋۋۇر، يېڭى ئۇسۇللار مۇھاكىمە قىلىندى. ئىلمىي جەمئىيەت رەھبەرلىك ئاپپاراتى سايلاپ چىقىلدى. 2000 - يىللىق يىللىق يىغىنغا تاپشۇرۇلغان مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ ئاپتورلىرى تەقدىرلەندى. |
| شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە كەسپى بويىچە غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا مەدەت بېرىش مۇتەخەسسىسلەر سۆھبەت يىغىنى | 1 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتى، جۇڭگو خەلق بانكىسى ئۈرۈمچى مەركىزىي تارماق بانكىسى | شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە كەسپىدە قانداق قىلىپ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا پىكىر يولى ئېچىپ بېرىش، چارە - تەدبىر كۆرسىتىش چۆرىدەلگەن ھالدا مۇزاكىرە قانات يايدۇرۇلدى، سۆھبەت يىغىنىغا 20 نەچچە مۇتەخەسسىس، ئالىم قاتناشتى. |
| ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتى 3 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ 3 - يىغىنى | 1 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتى | 1999 - يىللىق خىزمەتلەر خۇلاسىلاندى، 2000 - يىللىق خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. |
| ش ئۇ ئا ر ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئىلمىي جەمئىيىتى 3 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى | 1 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئىلمىي جەمئىيىتى | 1999 - يىللىق خىزمەتلەر خۇلاسىلاندى، 2000 - يىللىق خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ كېڭەش ئەزالىرى، دائىمىي كېڭەش ئەزالىرى تولۇقلاندى. |
| ش ئۇ ئا ر مالىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 6 - نۆۋەتلىك ئەزالار قۇرۇلتىيى | 2 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر مالىيە ئىلمىي جەمئىيىتى | 5 - نۆۋەتلىك كېڭەش خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلات قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى، ئىلمىي جەمئىيەت نىزامنامىسى قاراپ چىقىلىپ، تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى، 6 - نۆۋەتلىك كېڭەش، دائىمىي كېڭەش ۋە ئىلمىي جەمئىيەت رەھبەرلىك ئاپپاراتى سايلاپ چىقىلدى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ پەخرىي ۋەزىپىلىرىگە خادىم تەكلىپ قىلىندى. شىنجاڭنىڭ مالىيە ساھەسىدىكى 1999 - يىللىق مۇنەۋۋەر ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى تەقدىرلەندى. |
| ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىلمىي جەمئىيىتى 3 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ 2 - يىغىنى | 2 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىلمىي جەمئىيىتى | ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ 1999 - يىللىق خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلات قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى، شىنجاڭ بويىچە سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى مەركىزىي ۋەزىپىلەر ۋە شىنجاڭ ئىقتىسادىنى پۈتۈن مەملىكەت بازىرىغا، يەر شارى ئىقتىسادىنىڭ بىر گەۋدىلەشكەن ئورنىغا قويۇپ تەتقىق قىلىش مەسىلىسى چۆرىدىلىپ مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى. |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭدىكى كارخانىلاردا ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنى تېزلىتىش تەتقىقات مۇھاكىمە يىغىنى | 3 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر كارخانا باشقۇرۇش جەمئىيىتى | كارخانىلاردا غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش پۇرسىتىنى قانداق قىلىپ چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىياتنى تېزلىتىش، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ ئۈنۈملۈك ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەم ھازىرقى كارخانا ئىسلاھاتىدىكى قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرى چۆرىدىلىپ مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى. |
| غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى تەتقىق قىلىش سۆھبەت يىغىنى | 4 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر يېزا پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبە بانكىسى | يىغىنغا قاتناشقان مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار بانكا سىستېمىسىدا قانداق قىلىپ كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىپ، جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تىرىشىپ مەدەت بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۈنۈمگە ئېرىشىپ، ئۆزىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەسىلىسىنى چۆرىدەپ، پۇل مۇئامىلە تارماقلىرىنىڭ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا قانداق قاتنىشىشى ۋە مەدەت بېرىشى ھەم بانكىنىڭ مەبلەغ سېلىش ئاچقۇچى، پۇل مۇئامىلىنىڭ يېشائىلىق رولى، ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇزاكىرىنى قانات يايدۇردى. |
| پەن جەبھىسىنىڭ خەلقئارا قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرى ئۈستىدە دوكلات بېرىش يىغىنى | 4 | ئۈرۈمچى | «شىنجاڭ گېزىتى» نەزەرىيە، ئەدەبىيات - سەنئەت بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنى، ش ئۇ ئا ر ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى | دۆلەتنىڭ بەلسەيە، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات تۈرى «كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتىكى مىللەت نەزەرىيىسى ئۈستىدە، ھازىرقى زاماندىكى تەپەككۇر» نىڭ نەتىجىسى «مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشىمۇ ياكى مىللىي بۆلگۈنچىلىكمۇ» دېگەن ئەسەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەدە ۋە ئىلىم، نەزەرىيە ساھەسىدە قوزغىغان كۈچلۈك دىققەت - ئېتىبارى چۆرىدىلىپ، بۇ نەتىجىنىڭ ئېلىمىزنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىدىكى رېئال رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش مەقسىتىدە بۇ قېتىمقى پائالىيەت تەشكىللەندى. دوكلات يىغىنىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: مىللەت دېگەن نىمە؟ مىللىي توقۇنۇش يەر شارىنىڭ جاي - جايلىرىدا قانداق پەيدا بولدى؛ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇش داۋامىدا شىنجاڭغا قوشنا دۆلەتلەرنىڭ مۇھىمتىنى قانداق ئىگىلەش كېرەك؛ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ مىللىي مەسىلىنى سىنچىلاپ كۆزىتىش ۋە ئىگىلەشتىكى ئاساسى ۋە پايدىلىنىدىغان جەھەتلىرى؛ غەربتىكى مىللىي دۆلەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى؛ غەربنىڭ «بىر دۆلەتتە بىر مىللەت بولۇش» دېگەن ئاتالمىش ئاكسىئومىسىنىڭ ئالدامچىلىقى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى. |
| غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ۋە ئاخبارات تەشۋىقاتى تەتقىقات - مۇھاكىمە يىغىنى | 4 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر مۇخبىرلار جەمئىيىتى | غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا جامائەت پىكرى باشلامچى بولۇشى كېرەك، تەشۋىقاتتا تەشەببۇسكارلىق بىلەن جەڭ قىلىش كېرەك، شىنجاڭ خەۋەرلىرىنى قانداق تەشۋىق، خەۋەر قىلىش كېرەك، دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەر چۆرىدىلىپ تەتقىقات ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. |
| «تاڭجارىق شېئىرلىرىدىن تاللانما» (خەنزۇچە نەشرى) نى تارقىتىش مۇراسىمى | 4 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر تاڭجارىق تەتقىقات جەمئىيىتى | ئاتاقلىق قازاق شائىرى تاڭجارىق جولدى (1903 - 1947) جۇڭگو ھازىرقى زامان قازاق ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغۇچىلاردىن بىرى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ھەققانىيەت مەدھىيىلەنگەن، رەزىللىك پاش قىلىنغان، خەلق ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا چاقىرىلغان. بۇ، شائىرنىڭ خەنزۇچە نەشر قىلىنغان تۇنجى شېئىرلار توپلىمى. |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايوننىڭ 2000 - يىللىق مەملەكەتلىك كارخانىچىلار پائالىيىتى كۈنى | 4 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر كارخانىچىلار جەمئىيىتى | شىنجاڭنىڭ جاي - جايلىرىدىن كەلگەن كارخانا ساھەسى، ئىقتىساد ساھەسىدىكى 100 دىن ئارتۇق كارخانىچى ۋە مۇتەخەسسىس، ئالىم پائالىيەت كۈنىگە قاتناشتى. |
| ئاپتونوم رايوندىكى ئاخباراتچىلارنىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش مۇھاكىمە يىغىنى | 5 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر مۇخبىرلار جەمئىيىتى | يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر بىر ئېغىزدىن مۇنداق دەپ قارىدى: «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىدا مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، ئىدېئولوگىيە خىزمىتىنىڭمۇ ھەرىكەت پروگراممىسى، ئاخبارات خادىملىرى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ مول مەزمۇنىنى چوڭقۇر چۈشىنىشى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ سادىق ئەمەلىيەتچىلىرىدىن بولۇشى لازىم. |
| ش ئۇ ئا ر دۆلەت تارىخى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك ئەزالار قۇرۇلتىيى | 6 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر دۆلەت تارىخى ئىلمىي جەمئىيىتى | 1 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلات ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر توغرىسىدىكى تەكلىپ قاراپ چىقىلدى ۋە ماقۇللاندى؛ ئىلمىي جەمئىيەت نىزامنامىسىنىڭ تۈزىتىلگەن لايىھىسى ماقۇللاندى، 2 - نۆۋەتلىك كېڭەش ۋە ئىلمىي جەمئىيەت رەھبەرلىك ئاپپاراتى سايلاپ چىقىلدى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ خىزمەت پىلانى ۋە تېما ئومۇمىي پىلانى تۈزۈلدى ۋە ماقۇللاندى. |
| «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسىنى ئۆگىنىپ، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش سۆھبەت يىغىنى | 6 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش مەمۇرىي تەپتىشلىك ئىلمىي جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، «شىنجاڭ گېزىتى» نەزەرىيە، ئەدەبىيات - سەنئەت بۆلۈمى | يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر مۇنداق دەپ قارىدى: «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» توغرىسىدىكى مۇھىم بايان — يېڭى تارىخىي شارائىتتا پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىشتىكى ئۇلۇغ پروگرامما، پارتىيىنىڭ يېڭى دەۋردىكى تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ ھەرىكەت قىبلىنامىسى، شۇنداقلا ئۇ پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى ئېنىق يېتەكچى ئىدىيە بىلەن تەمىن ئەتتى؛ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك ئورگانلىرى پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىدىكى فۇنكسىيىلىك تارماق بولۇش سۈپىتى بىلەن يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ۋە جىددىي، ئەستايىدىل پوزىتسىيە بىلەن «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئۆگىنىشنى ھەقىقىي چىڭ تۇتۇپ، ھازىر قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى لازىم. |
| شىنجاڭ ۋە غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش نەزەرىيە تەتقىقات مۇھاكىمە يىغىنى | 6 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر ئىلمىي سوتسىيالىزم ئىلمىي جەمئىيىتى | باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئاساسىي مېلودىيىسىنى ياڭرىتىش چۆرىدىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى تەدبىرلەر قاتارلىق جەھەتلەردە مۇزاكىرە قانات يايدۇرۇلدى. شىنجاڭنىڭ جاي - جايلىرىدىن كەلگەن 80 دىن ئارتۇق ۋەكىل تەتقىقات - مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى، يىغىن 60 تىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋالدى، يىغىندا 20 نەچچە ئىلمىي ماقالە ئالماشتۇرۇلدى، 40 نەچچە ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتلاندى. |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستىراتېگىيىسى ۋە ئەمگەك كاپالىتى خىزمىتى نەزەرىيە تەتقىقات مۇھاكىمە يىغىنى | 7 | كورلا | بىڭتۇەن ئەمگەك ئىلمىي جەمئىيىتى | يېزا ئىگىلىك ئىشچىلىرى بىلەن دېھقانلارنىڭ پەرقى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك ئىشچىلىرىنىڭ «بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش، چېگرا رايوننى قوغداش» بۇرچى، بىڭتۇەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىدىكى دەسلەپكى تەقسىمات ۋە قايتا تەقسىمات، ئىجتىمائىي سۇغۇرتىنىڭ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىكى رولى، ئىختىساسلىقلار بايلىق مەنبەسىنى ئېچىش ۋە ئۇنى كىرگۈزۈش، مائاش تەقسىماتى قاتارلىق جەھەتلەر چۆرىدىلىپ تەتقىقات ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. |
| ش ئۇ ئا ر ئالىي مەكتەپلەر گېزىتلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 13 - نۆۋەتلىك يىللىق يىغىنى | 7 | قەشقەر | ش ئۇ ئا ر ئالىي مەكتەپلەر گېزىتلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى | ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ 1999 - يىللىق خىزمىتى خۇلاسىلاندى، ئالىي مەكتەپلەر گېزىتلىرىنى ياخشى چىقىرىش تەجرىبىلىرى ئالماشتۇرۇلدى، ئالىي مەكتەپلەر گېزىتلىرىگە بېرىلگەن خەۋەرلەر، ئەدەبىي خەۋەرلەر ۋە ئوبزورلار قاتارلىقلار ئۈستىدە مەخسۇس لېكسىيە ئۇيۇشتۇرۇلدى. «ياخشى ئاخبارات» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن 363 ئاپتور ۋە مەكتەپ گېزىتلىرىنىڭ 13 مۇنەۋۋەر خادىمى تەقدىرلەندى. |
| شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك تارىخىي پۇللار كۆرگەزمىسى | 7 | ئۈرۈمچى | ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر پۇل ئىلمىي جەمئىيىتى | كۆرگەزمىگە قويۇلغان تارىخىي پۇللار خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن مىنگونىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئىشلىتىلگەن ھەم قەدىمكى يىپەك يولىدىكى ھەرقايسى ئەللەردە ئىشلىتىلگەن ئالتۇن، كۈمۈش، مىس پۇللاردىن ئاز كەم 2000 نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. |
| شىنجاڭ بويىچە ئاشلىق نەزەرىيىسى تەتقىقات مۇھاكىمە يىغىنى | 7 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىقتىسادى ئىلمىي جەمئىيىتى | غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش پۇرسىتىنى قانداق قىلىپ چىڭ تۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئېلىمىزدىكى ئومۇمىي ئاشلىقنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش، ماكرولۇق تەڭشەش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ئىستراتېگىيە جەھەتتىن قايتا تەشكىللەش قاتارلىق مەسىلىلەر چۆرىدىلىپ، تەتقىقات ۋە مۇھاكىمە قانات يايدۇرۇلدى. |
| ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ساھەسى جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنى | 7 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ساھەسى جەمئىيىتى | «ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ساھەسى جەمئىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات» ئاڭلاپ ئۆتۈلدى؛ «ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ساھەسى جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى، 1 - نۆۋەتلىك كېڭەش ۋە جەمئىيەت رەھبەرلىك ئاپپاراتى سايلاپ چىقىلدى. |
| جۇڭگو كىتاب - ژۇرنال تارقىتىش ساھەسى جەمئىيىتىنىڭ 2000 - يىللىق يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى | جۇڭگو كىتاب - ژۇرنال تارقىتىش ساھەسى جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر كىتاب، گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش ساھەسى جەمئىيىتى | ئۆتكەن نۆۋەتلىك جەمئىيەتنىڭ خىزمىتى يەكۈنلەندى، جۇڭگو WTO غا كىرگەندىن كېيىن، يېڭى ۋەزىيەتكە قانداق ماسلىشىپ، جەمئىيەت ساھەسىنى كېڭەيتىش ھەم ئۇنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى مەسىلىلىرى چۆرىدىلىپ تەتقىقات ۋە مۇھاكىمە قانات يايدۇرۇلدى، ساھەنىڭ تەلەپچان بولۇشىنى كۈچەيتىشتىكى كونكرېت تەدبىرلەر تەتقىق قىلىندى. |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ش ئۇ ئا ر قانۇن ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر قانۇن ئىلمىي جەمئىيىتى | ئىلمىي جەمئىيەت قۇرۇلغان 20 يىلدىن بۇيانقى تەرەققىيات جەريانى، خىزمەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر ۋە تەجرىبە - ساۋاقلار ئەسلەپ ئۆتۈلدى، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت تۈزۈلمىسىدىكى تەسەۋۋۇر ۋە ئومۇمىي پىلان ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ سىياسىي - قانۇن خىزمىتى بىلەن ئۇزاق مۇددەت شۇغۇللىنىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتىنى بەرپا قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا تۆھپە قوشقان پېشقەدەم يولداشلار ۋە جان پىدالىق بىلەن ئىشلەپ، مۇنەۋۋەر نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن ئوتتۇرا ياش، ياش قانۇنشۇناسلىق تەتقىقات خادىملىرى تەقدىرلەندى. |
| 2000 - يىللىق جۇڭگو ئوتتۇرا ياش، ياش يېزا ئىگىلىك ئىقتىساد ئالىملىرىنىڭ يىللىق يىغىنى | 8 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد - سودا ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ «چاپراس» ياي چەكلىك شىركىتى | «بازار ئىگىلىكى ۋە غەربىي قىسىم يېزىلىرىنىڭ تەرەققىياتى» دېگەن ئاساسىي تېما چۆرىدىلىپ، تەرەققىي تاپمىغان رايونلار يېزا ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە سىياسىتى، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا غەربىي قىسىم يېزا ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسى، يېزىلاردىكى قۇرۇلمىنى تەڭشەش ۋە دېھقانلار كىرىمى مەسىلىسى، بايلىق مەنبەسى، نوپۇس، ئېكولوگىيە ۋە غەربىي قىسىم يېزىلىرىنى ئىزچىل راۋاجلاندۇرۇش، تەرەققىي تاپمىغان رايونلاردا نامراتلارنى يۆلەش ۋە نامراتلىققا قارشى تۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. |
| ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە مەكتىپى سىستېمىسى بويىچە 3 - نۆۋەتلىك نەزەرىيە تەتقىقات - مۇھاكىمە يىغىنى | 9 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپى، ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپى سىستېمىسى بويىچە ئوقۇتۇش تەتقىقات جەمئىيىتى | يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ۋە غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ھەم پارتىيە مەكتەپلىرىدىكى ھەرخىل ئىسلاھاتلار قاتارلىق بىر نەچچە مۇھىم نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىنى چۆرىدەپ مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. |
| شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي پەن ژۇرناللىرى بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك «مۇنەۋۋەر ماقالە مۇھەررىرى مۇكاپاتى»، «مۇنەۋۋەر باش مۇھەررىر، تەھرىرات باشلىقى مۇكاپاتى» باھالاندى | 9 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر نەشرىيات خادىملىرى جەمئىيىتى | باھالاشقا شىنجاڭ بويىچە 68 ئىجتىمائىي پەن ژۇرنىلى قاتناشتى. 60 ماقالىنىڭ مۇھەررىرى «مۇنەۋۋەر ماقالە مۇھەررىرى مۇكاپاتى»غا، 15 ژۇرنال «شىرازىلاش - لايىھەلەش مۇكاپاتى»غا، 14 ژۇرنال «تەھرىرلىك - كوررېكتورلۇق سۈپىتى مۇكاپاتى»غا، 12 باش مۇھەررىر، تەھرىرات باشلىقى «مۇنەۋۋەر باش مۇھەررىر، تەھرىرات باشلىقى مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. |
| «XXI ئەسىر بىلىم ئىگىلىكى شىنجاڭ مۇنبىرى» كۈيتۇڭ يۇقىرى پەللە يىغىنى | 9 | كۈيتۇن | ش ئۇ ئا ر كارخانىچىلار جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتى، ش ئۇ ئا ر ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش تەتقىقات مەركىزى | ئاپتونوم رايوندىكى كەسىپلەر نىسبىي ھالەتتە ئارقىدا قالغان، جايلىشىشى چېچىلاڭغۇ، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەندىزىسى كونا، كارخانىلار ئارا ئۇچۇر توسۇلۇپ قالغان، كارخانىچىلار ئارىسىدا چوڭقۇر قاتلاملىق ئالماشتۇرۇش كەمچىل بولغان ھازىرقى ھالەت كۆزدە تۇتۇلۇپ، «نەزەر دائىرە كەڭ بولۇش، قاتلىمى يۇقىرى بولۇش، كۆلىمى كىچىك بولۇش» پرىنسىپى بويىچە، كارخانىچىلارغا بايلىق مەنبەسىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش، باراۋەرلىكتە ئالماشتۇرۇش، سەپانى ئۆستۈرۈش مۇھىتى يارىتىپ بېرىلدى. |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ISO9000 ئۆلچىمىنى شىنجاڭ بويىچە سەييارە تەشۋىق قىلىش - ئىز چىللاشتۇرۇش يىغىنى | 9 | شىنجاڭ بويىچە 12 ۋىلايەت | ش ئۇ ئا ر بىناكارلىق ساھەسى جەمئىيىتى | يىغىنغا تەخمىنەن 500 كارخانىنىڭ 1000 دىن ئارتۇق دىرېكتورى، باش ئىنژېنېرى قاتناشتى، شۇنىڭدەك «ISO9000 ئۆلچىمى بىزدىن قانچىلىك يىراقلىقتا» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇزاكىرە قانات يايدۇرۇلدى. |
| ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 3 - قېتىملىق ئەزالار قۇرۇلتىيى | 9 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى | 2 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلات قاراپ چىقىلدى ۋە ماقۇللاندى، ئىلمىي جەمئىيەت نىزامنامىسى مۇزاكىرە قىلىنىپ تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى، 3 - نۆۋەتلىك كېڭەش ۋە ئىلمىي جەمئىيەت رەھبەرلىك ئاپپاراتى سايلاپ چىقىلدى. |
| ش ئۇ ئا ر خەنزۇ تىلى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 2000 - يىللىق ئىلمىي تەتقىقات - مۇھاكىمە يىغىنى | 10 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر خەنزۇ تىلى ئىلمىي جەمئىيىتى | خەنزۇ ئەدەبىي تىلىنى ئومۇملاشتۇرۇش، جەمئىيەتتە قوللىنىلىۋاتقان بېزەكلەرنى قېلىپلاشتۇرۇش ھەم خەنزۇ تىلى، قوش تىللىق ئوقۇتۇش قاتارلىق مەسىلىلەر چۆرىدىلىپ، ئالماشتۇرۇش ۋە تەتقىقات - مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. يىغىنغا 100 دىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشتى، يىغىن 80 نەچچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋالدى. |
| «ھازىرقى زامان غەربىي يۇرت شېئىرلىرىدىن تاللانما»نى نەشر قىلىش - تارقىتىش سۆھبەت يىغىنى | 10 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر شېئىرىيەت ئىلمىي جەمئىيىتى | چوڭ تىپتىكى ۋەزىنلىك شېئىرلاردىن تاللانما «ھازىرقى زامان غەربىي يۇرت شېئىرلىرىدىن تاللانما» ش ئۇ ئا ر شېئىرىيەت ئىلمىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر «ھازىرقى زامان غەربىي يۇرت شېئىرلىرىدىن تاللانما»نىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى، بەدىئىي ئالاھىدىلىكى، نەشر قىلىنىشىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۆرىدەپ سۆھبەت ئۆتكۈزدى. |
| ش ئۇ ئا ر كارخانىچىلار جەمئىيىتى ئالاقىچىلەرنىڭ خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى | 11 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر كارخانىچىلار جەمئىيىتى | مەملىكىتىمىزدىكى كارخانىچىلار جەمئىيىتى سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى، فونكسىيىسى ئۆزگەرتىشى داۋامىدا كارخانىچىلار جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللەش رولىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر چۆرىدىلىپ تەتقىقات ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. يىغىندا مۇنەۋۋەر ئالاقىچىلەر تەقدىرلەندى. |
| غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ۋە ئارخىپ خىزمىتى ئىلمىي تەتقىقات - مۇھاكىمە يىغىنى | 11 | تۇرپان | ش ئۇ ئا ر ئارخىپ ئىلمىي جەمئىيىتى | «يۈرۈشلۈك چوڭ تۇتۇپ،ⁱ مەۋقەنى توغرىلاپ، غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى» دېگەن ئاساسىي تېما چۆرىدىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئارخىپ خىزمىتىنى قانداق قىلىپ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە، تەتقىقات ۋە مۇھاكىمە قانات يايدۇرۇلدى. يىغىن 68 ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋالدى، 43 ئىلمىي ماقالە يىغىندا ئالماشتۇرۇلدى، 12 ئىلمىي ماقالە يىغىندا ئوقۇلدى؛ بىر ئىلمىي ماقالە 1 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتىغا، 2 ماقالە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 4 ماقالە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ش ئۇ ئا ر بوغالتىرلىق ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى ۋە 2000 - يىللىق ئىلمىي تەتقىقات - مۇھاكىمە يىغىنى | 11 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر بوغالتىرلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | خىزمەت دوكلاتى مۇزاكىرە قىلىندى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ 20 يىلدىن بۇياقى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئەسلەپ ئۆتۈلدى، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر ئۈستىدە تەسەۋۋۇر ۋە تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. «بوغالتىرلىق قانۇنى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە يولغا قويۇش، بوغالتىرلىقتا تەيىنلەش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، بوغالتىرلىق ئۇچۇر سۈپىتىنى ئۈستۈرۈش ۋە بوغالتىرلىق نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش ھەم بوغالتىرلىق باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر چۆرىدىلىپ تەتقىقات ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. يىغىن 50 تىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋالدى، 20 ئىلمىي ماقالە يىغىندا ئالماشتۇرۇلدى. |
| ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 3 - نۆۋەتلىك ئەزالار قۇرۇلتىيى | 11 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتى | 2 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلات قاراپ چىقىلدى ۋە ماقۇللاندى، ئىلمىي جەمئىيەت نىزامنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى؛ 3 - نۆۋەتلىك كېڭەش ۋە ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتى سايلاپ چىقىلدى. ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ 2001 - يىللىق خىزمەت پىلانى قاراپ چىقىلدى ۋە ماقۇللاندى. |
| ش ئۇ ئا ر پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 5 - قېتىملىق ئەزالار قۇرۇلتىيى | 12 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتى | 4 - نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلات قاراپ چىقىلدى ۋە ماقۇللاندى، ئىلمىي جەمئىيەت نىزامنامىسى مۇزاكىرە قىلىندى ۋە ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ 5 - نۆۋەتلىك كېڭىشى ۋە رەھبەرلىك ئاپپاراتى سايلاپ چىقىلدى. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر پۇل مۇئامىلە ساھەسىنىڭ ئومۇمىي ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ۋە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشقا چارە - تەدبىر كۆرسىتىش، پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ تەتقىقات ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. |
| ش ئۇ ئا ر مالىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ نەزەرىيە تەتقىقات - مۇھاكىمە يىغىنى | 12 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر مالىيە ئىلمىي جەمئىيىتى | غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ ئاپتونوم رايون مالىيە خىزمىتىگە قويغان يېڭى تەلىپى، ئاپتونوم رايون مالىيىسىنىڭ غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا قانداق مەدەت بېرىشى، ئاممىۋى مالىيە قۇرۇلۇشىنى قانداق ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق نۆۋەتتە ھەل قىلىش جىددىي زۆرۈر بولۇۋاتقان نەزەرىيە مەسىلىلىرى چۆرىدىلىپ مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. |
| ش ئۇ ئا ر دۆلەت تارىخى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 2000 - يىللىق يىللىق يىغىنى | 12 | ئۈرۈمچى | ش ئۇ ئا ر دۆلەت تارىخى ئىلمىي جەمئىيىتى | مەملىكەتلىك دۆلەت تارىخى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئالاقىدار يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، جەمئىيەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دائىمىي كېڭەش ئەزالىرى، كېڭەش ئەزالىرى تولۇقلاندى. |

لى جيەن

# مائارىپ

## مائارىپ خىزمىتى

### ئاپتونوم رايونلۇق مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيۋى - سىياسىي قۇرۇلۇشى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى 2000 - يىل 6 - ئاينىڭ 5 - 6 - كۈنلىرى قەشقەردە ئاپتونوم رايونلۇق مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيۋى - سىياسىي قۇرۇلۇشى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. يىغىننىڭ باش تېمىسى — ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيۋى - سىياسىي قۇرۇلۇشىنىڭ تەجرىبە، ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش، مائارىپ سېپىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ۋەزىيىتى ۋە ۋەزىپىلىرىنى تەھلىل قىلىش، مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيۋى - سىياسىي قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈنۈملۈك يولى ۋە ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدىنىش، مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيۋى - سىياسىي خىزمىتىنىڭ قاراتمىلىقى ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمچانلىقىنى ئۆستۈرۈش، ساپا مائارىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، مەكتەپلەرنى ھەقىقىي يوسۇندا سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئۈچۈن لاياقەتلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قارشى تۇرىدىغان قۇدرەتلىك بازىغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قېيۇم باقى (?) ھاۋۇدۇن مۇھىم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ۋە ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ھەممە مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ رەھبەرلىرى، قىسمەن ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مەسئۇللىرىدىن بولۇپ 200 دىن كۆپرەك كىشى يىغىنغا قاتناشتى.

ۋاڭ جيەندې

### ئاپتونوم رايونلۇق «ئىككى ئاساسەن» بويىچە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش يىغىنى

بۇ يىغىن 2000 - يىل 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىننىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى — مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ يىغىنلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنىڭ مۇھىم خىزمەتلەر ئىچىدىكى مۇھىم خىزمەتلىك ئورنىدا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش، «پائال ئىلگىرىلەش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، «بارلىق ئاكتىپ كۈچلەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ»، «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنىڭ پرىنسىپلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇپ، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ 2000 - يىللىق «ئىككى ئاساسەن» خىزمەت پىلانىدىكى نىشاننىڭ ئىشقا ئېشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ۋە نىشانغا يەتكەندىن كېيىنكى مۇستەھكەملەش، ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى.

ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار ۋە 25 ناھىيە (شەھەر) نىڭ 90 نەچچە ۋەكىلى يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا 1999 - يىللىق «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشتا لاياقەتلىك بولغان 12 ناھىيە (شەھەر) نىڭ ھاكىم (شەھەر باشلىقى) لىرى تەقدىرلەندى، مۇكاپاتلاندى.

ۋاڭ جيەندې

### كادىرلارنى تەربىيىلەش ئەھۋالى

مائارىپ نازارىتى 2000 - يىلى مائارىپ سىستېمىسىدىكى كادىرلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. باللار باغچىسى باشلىقلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، 16 ئادەمنى؛ ناھىيە (شەھەر) لىك مائارىپ ئىدارىسى باشلىقلىرى كۇرسى ئېچىپ 57 ئادەمنى؛ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ فاكۇلتېت، باشقارما دەرىجىلىك كادىرلىرى، مائارىپ نازارىتى ئورگىنى ۋە ئۇنىڭغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى باشقارما دەرىجىلىك كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ 65 ئادەمنى؛ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرلىرىنى ئىش ئورنىدا تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ 90 ئادەمنى تەربىيىلىدى. مائارىپ نازارىتى يەنە ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست،

شەھەرلەردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەكتەپ مۇدىرلىرىدىن 30نى تاللاپ ئۈرۈمچى رايونىدىكى نۇقتىلىق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتىپ تەربىيىلىدى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 20 مۇدىرىنى مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 1000 تايانچ مۇدىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتناشتۇردى. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ باشقارما دەرىجىلىك 25 كادىرىنى تاللاپ بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق جايلاردىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتىپ تەربىيىلىدى.

تەشكىلات ـ كادىرلار باشقارمىسى

## ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنى باھالاش

2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى (بىۋاسىتە قاراشلىق كەسپىي ئورۇنلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنى باھالاش خىزمىتى ئۆز قەدەمدە تاماملاندى. باھالاش ئارقىلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلەر 261. ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئېرىشكەنلەر 81 (باكلاۋېرلىق ئۇنۋانى بېرىش ھوقۇقىنى ھازىرلىمىغان تېخنىكوملار ۋە چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرى بىلەنلا چەكلەندى)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدىكى ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانغا ئېرىشكەنلەر 219، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئېرىشكەنلەر 189 (ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە قاراشلىق مەكتەپلەرنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا)؛ ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلەر 272 (ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق كەسپىي ـ كارخانا ئورۇنلىرىدىكى مەكتەپلەر بىلەن چەكلەندى)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ (بالىلار باغچىلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) لەردىكى ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلەر 147 (ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق كەسپىي ـ كارخانا ئورۇنلىرىدىكى مەكتەپلەر بىلەن چەكلەندى).

تەشكىلات ـ كادىرلار باشقارمىسى

## ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى قالايمىقان ھەق ئېلىشنى تۈزەش خىزمىتى

2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايون ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى قالايمىقان ھەق ئېلىشنى تۈزەش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇردى. بىر يىلدا ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ قالايمىقان ھەق ئېلىشنى تۈزەش خىزمىتىگە دائىر ھۆججەت ۋە ئىستىلنى تۈزەشكە دائىر خەت ـ چەكتىن 37 پارچىنى بېسىپ تارقاتتى. ئىچكى قىسىمدا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان تېلېگراممىدىن 2نى تارقاتتى، ۋىلايەتلىك ئوبلاستلىق، شەھەرلىك مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ شۇ جايدىكى ئىستىلنى تۈزەش، مال باھا تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ قالايمىقان ھەق ئېلىش ئەھۋالىنى 2 قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزلىرى تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلدى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ئۆز ـ ئۆزىنى تەكشۈرۈشكە بىر قېتىم ئۇيۇشتۇردى. مائارىپ نازارىتى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ قالايمىقان ھەق ئېلىش ئەھۋالىنى چوڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش ۋە ئارىلاپ تەكشۈرۈشنى 3 قېتىم ئۇيۇشتۇردى. 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى 55 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى 72 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ تەكشۈرۈلدى ۋە ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى. يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ قالايمىقان ھەق ئېلىشنى ئۆزلىرى تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈش، ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق قالايمىقان ھەق ئېلىش تۈرىدىن 11ى بىكار قىلىندى، قالايمىقان ئېلىنغان 12 مىليون 263 مىڭ 500 يۈەن ھەق ئېنىقلاپ قايتۇرۇلدى.

ئىنتىزام تەكشۈرۈش باشقارمىسى

## ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى

2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بېرىشكە تىزىملاتقانلار 66 مىڭ 694 كە يەتتى، پىلان بويىچە 44 مىڭ 353 يېڭى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى؛ چوڭلار ئالىي مائارىپى بويىچە ئىمتىھان بېرىشكە تىزىملاتقانلار 95 مىڭغا يېتىپ، پىلان بويىچە 54 مىڭ 855 يېڭى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى؛ ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بېرىشكە تىزىملاتقانلار 3521گە يېتىپ، پىلان بويىچە 449 يېڭى ئاسپىرانت قوبۇل قىلىندى.

ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى

## ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەردىن ئىمتىھان ئېلىش خىزمىتى

2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندا ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەردىن ئىمتىھان ئېلىشقا تەسىس قىلىنغان كەسىپ 72، ئىمتىھان بەرگەن پەن 1382. ئىمتىھان بېرىشكە تىزىملاتقانلار 214 مىڭ 400، ھەرخىل كەسىپلەر بويىچە ئىمتىھانغا قاتناشقانلار 501 مىڭ 400 ئادەم (قېتىم)، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى (ئىمتىھانغا ئەمەلىي قاتناشقان ئادەم سانى بويىچە ھېسابلاندى) ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %53.5

كە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 17 - ئورۇندا تۇردى. بىر يىلدا تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرسنى پۈتتۈرگەنلەر 10 مىڭغا يېقىنلاشتى.

ئۈزلۈكسىز ئۆگەنگۈچىلەردىن ئىمتىھان ئېلىش ئىشخانىسى

## ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىملەش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوندا ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكومىلارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 43 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئاسپىرانت 224؛ تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرسنى پۈتتۈرگەنلەر 17 مىڭ 800 دىن ئارتۇق (پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەنلەر 4180)، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر 25 مىڭدىن ئارتۇق (پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەنلەر 6500)؛ دۆلەت ۋەزىپە پىلانى بويىچە قوبۇل قىلىنىپ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 25 مىڭ 800 دىن ئارتۇق (تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرسنى پۈتتۈرگەنلەر 13 مىڭ 30، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر 12 مىڭ 770). پىلان ئىچىدە ئۆزى ھەق تۆلەپ ئوقۇش پۈتتۈرگىنى 16 مىڭ 300 (تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرسنى پۈتتۈرگەنلەر 4230، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر 12 مىڭ 70). 2000 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدە ئاپتونوم رايونىمىز ئېھتىياجغا كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئوخشاشمىغان مەكتەپ، ئوخشاشمىغان كەسىپ، ئوخشاشمىغان ئوقۇش تارىخى، ئوخشاشمىغان ساپادىكى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تۈرگە ئايرىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكلەش چارىسى يولغا قويۇلۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار مۇۋاپىق تەقسىملەندى. دۆلەتنىڭ ۋەزىپە پىلانى بويىچە قوبۇل قىلىنىپ ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئاساسلىقى ئاساسىي قاتلامدىكى ئىشلەپچىقىرىشقا، يەن تەتقىقاتىغا، ئوقۇتۇشنىڭ 1 - سىپىگە يۈزلەندۈرۈلۈپ، پىلانلىق تەقسىملەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ ئاپتونوم رايوندىكى ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال باھالىشى بويىچە ئالدىنقى %3نى ئىگىلىگەن تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگەن مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، پۈتۈن شىنجاڭغا يۈزلەندۈرۈلۈپ، ئەلالىرى تاللىنىپ تەقسىملىنىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. دۆلەتنىڭ ۋەزىپە پىلانى بويىچە قوبۇل قىلىنىپ، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئاساسەن ئۆز كەسپى، ئۆز رايونىدىكى ئاساسىي قاتلامغا پىلانلىق تەقسىملىنىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1998 - يىلى مەكتەپكە كىرگەن، دۆلەتنىڭ ۋەزىپە پىلانى بويىچە قوبۇل قىلىنىپ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئېھتىياجغا ئاساسەن يۈز كۆرۈشۈش ۋە قوش يۆنىلىشلىك تاللاش ئارقىلىق، مۇئەييەن دائىرىدە ئۇلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئورۇن ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. دۆلەت پىلانى ئىچىدە قوبۇل قىلىنغان ھەق تۆلەپ ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ كۆرسەتكەن پاكى شەخس ئۆزى ئۆزىنى كۆرسىتىش، ئىدارىلەر بىلەن ئۆزى ئالاقىلىشىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار يېزا ئاساسىي قاتلاملىرىغا بېرىپ تۆھپە يارىتىپ، ئىگىلىك تىكلەشكە، غەيرىي ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىكى ئورۇنلارغا بېرىپ ئىشقا ئورۇنلىشىپ، ئىگىلىك يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈلدى. ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق غەيرىي پېداگوگىكا تۈرىدىكى ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 14 مىڭ 520، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە ئىشقا ئورۇنلاشقىنى 7831، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارغا ئىشقا ئورۇنلاشقىنى 1923، مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىدا ئىشقا ئورۇنلاشقىنى 2077، بىڭتۇەندە ئىشقا ئورۇنلاشقىنى 1866، خەلق باشقۇرغان ئەمەلىي گەۋدىلەردە ئىشقا ئورۇنلاشقىنى 233. ئىچكى جايلاردا ئىشقا ئورۇنلاشقىنى 278. شۇ يىلى ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلىنغىنى ھەمدە مەخسۇس كۇرستىن تولۇق كۇرسقا ئۆستۈرۈلگىنى 112.

پېلىڭ كېچىڭ

## شەندۇڭ ئۆلكىسىدىن 160 ئوقۇتقۇچى شىنجاڭغا كېلىپ مائارىپقا ياردەم بەردى

شەندۇڭ ئۆلكىسىدىن 160 نەپەر مائارىپقا ياردەم بەرگۈچى ئوقۇتقۇچى 2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ 2 يىللىق مائارىپقا ياردەم بېرىش ھاياتىنى باشلىدى. ئاپتونوم رايونىمىز مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ خۇەيېڭ 1998 - يىل 5 - ئايدا شەندۇڭدا تەكشۈرۈشتە بولغان مەزگىلدە، شەندۇڭ ئۆلكىسى بىلەن «شەندۇڭ ئۆلكىسى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مائارىپتا ساھەلەر بويىچە ياردەم بېرىش تۈرلىرى مۇددىئانامىسى» ئىمزالاپ، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ 7 ۋىلايەت، شەھىرىدىكى 15 ناھىيە، شەھەرنىڭ شىنجاڭنىڭ 7 ۋىلايەت، ئوبلاستىدىكى 15 ناھىيە، شەھىرىگە ساھەلەر بويىچە ياردەم بېرىشنى بەلگىلىدى، شەندۇڭ ئادەم، مالىيە، ماددىي جەھەتلەردىن شىنجاڭنىڭ مائارىپ خىزمىتىگە ياردەم بېرىدىغان بولدى. نۆۋەتتە، شەندۇڭ ئۆلكىسى شىنجاڭنى 16 مىليون 630 مىڭ

يۈەن ياردەم مەبلىغى بىلەن تەمىن ئەتتى. ساھەلەر بويىچە ياردەم بېرىلگەن مەكتەپ 80گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە نامرات رايونلار ياردەم بېرىش ئوبيېكتى، مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئىجرا قىلىدىغان ئاجىز مەكتەپلەر مۇھىم نۇقتا قىلىندى.

ۋاڭ جيەندې

## غەربىي قىسمىنى ئېچىش - ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى

مەركەزنىڭ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، غەربىي رايونلارنىڭ پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، غەربىي رايونلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، مەركەز مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى يېتەكچىلىك كومىتېتى «غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش - ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى»نى تەشكىللەپ يولغا قويۇپ، 2000 - يىلدىن ئېتىبارەن ھەر يىلى ئۆگىنىشتە ئەلا، لېكىن ئائىلىسى نامرات 1000 نەپەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا مەبلەغ جەھەتتىن ياردەم بېرىشنى قارار قىلدى. 2000 - يىللىق 1000 كۆرسەتكۈچ ئىچىدە شىنجاڭغا تەقسىملەنگىنى 100، بىڭتۈەنگە تەقسىملەنگىنى 80. «غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش - ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى»دا ياردەم بېرىلىدۇ دەپ بېكىتىلگەن ئوقۇغۇچىلارغا مەركەز مەدەنىيلىك كومىتېتى 4 يىلغا بۆلۈپ ياردەم بېرىدۇ، ھەر يىلى ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا 5000 يۈەن ياردەم بېرىدۇ ھەمدە ياردەم بېرىش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىدۇ. مائارىپ مىنىستىرلىكى ياردەمدىن بەھرىمەن بولىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش بەدەل پۇلىنىڭ %50نى ئازايتىش، كەچۈرۈم قىلىش ھەققىدە ئۆزىگە قاراشلىق ئالىي مەكتەپلەرگە ئۇقتۇرۇش قىلىدۇ. بۇ تۈردىكى ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى 2000 - يىلدىن ئېتىبارەن يولغا قويۇلۇپ، 5 ~ 10 يىل داۋاملاشتۇرۇلىدۇ.

ۋاڭ جيەندې

## دەرسلىك قۇرۇلۇشى

مائارىپ نازارىتى 2000 - يىلى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 40 خىل دەرسلىكىنى تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچە دەرسلىك 7 خىل، خەنزۇچە دەرسلىك 19 خىل، قازاقچە دەرسلىك 3 خىل، قىرغىزچە دەرسلىك 9 خىل، قوش تىل دەرسلىكى 2 خىل. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى مۇشۇ يىلدا ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئوقۇتۇش ماتېرىيالىدىن 1712 خىلنى نەشر قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇچىسى 501 خىل، ئۇيغۇرچىسى 460 خىل، قازاقچىسى 416 خىل، قىرغىزچىسى 205 خىل، موڭغۇلچىسى 130 خىل. بىر يىلدا 51 مىليون 242 مىڭ 500 نۇسخا كىتاب نەشر قىلىنىپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇشتا پايدىلىنىدىغان كىتابلىرىغا ئاساسىي جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىندى. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ 26 خىل دەرسلىك ماتېرىيالى تەرجىمە قىلىش، تەھرىرلەش، تەكشۈرۈش، نەشر قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە «ئىككى دەرس»تىكى تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرسلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى دەرسلىكى 14 خىل.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 33 خىل ئوقۇتۇش ماتېرىيالى، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنىڭ 29 خىل ئوقۇتۇش ماتېرىيالى مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى مۇنەۋۋەر ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ۋاڭ جيەندې

## مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىدا 1 مىليارد 66 مىليون يۈەن مەبلەغ ئىشلىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت خام چوتى ئىچىدە سېلىنغان مەبلەغ 184 مىليون يۈەن، يەرلىك چىقارغىنى، مەكتەپلەر ئۆزلىرى ھازىرلىغىنى، جەمئىيەت ئىئانە قىلغىنى ۋە شەخسلەردىن توپلىغان مەبلەغ جەمئىي 882 مىليون يۈەن. بىر يىلدا قۇرۇلۇش باشلانغان كۆلەم 1 مىليون 487 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر، پۈتكەن كۆلەم 1 مىليون 77 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر.

ئالىي مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە ئەمەلىي ئىشلىتىلگەن مەبلەغ 314 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا قۇرۇلۇش باشلانغان كۆلەم 327 مىڭ 300 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن كۆلەم 205 مىڭ 300 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە ئەمەلىي ئىشلىتىلگەن مەبلەغ 30 مىليون 545 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا قۇرۇلۇش باشلانغان كۆلەم 57 مىڭ 249 كۋادرات مېتىر ئىدى، ئۇنىڭ 35 مىڭ 841 كۋادرات مېتىرى پۈتكۈزۈلدى.

ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە ئەمەلىي ئىشلىتىلگەن مەبلەغ 361 مىليون يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا قۇرۇلۇش باشلانغان كۆلەم 531 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر بولۇپ، پۈتكۈزۈلگىنى 384 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر بولدى.

كەمىيى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە ئەمەلىي ئىشلىتىلگەن مەبلەغ 12 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا قۇرۇلۇش باشلانغان كۆلەم 17 مىڭ 924 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 17 مىڭ 924 كۋادرات مېتىرى پۈتكۈزۈلدى.

باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە ئەمەلىي ئىشلىتىلگەن مەبلەغ 304 مىليون يۈەن بولدى. بىر يىلدا قۇرۇلۇش باشلانغان كۆلەم 471 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ 384 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرى پۈتكۈزۈلدى.

ئالاھىدە مائارىپ، بالىلار باغچىسى ۋە باشقا قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە ئىشلىتىلگەن مەبلەغ 43 مىليون 510 مىڭ يۈەن بولدى. بىر يىلدا قۇرۇلۇش باشلانغان كۆلەم 58 مىڭ 708 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ 37 مىڭ 451 كۋادرات مېتىرى پۈتكۈزۈلدى.

2000 - يىللىق مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇش خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

1. مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىش كۆلىمى 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئەڭ زور بولغان بىر يىل بولدى. سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 68 .22% ئېشىپ كەتتى. ئاساسلىقى، مەركەزنىڭ مەخسۇس تۈردىكى مەبلەغ ياردىمىنىڭ ۋە ۋىلايەت، ناھىيە ھەمدە جەمئىيەت سالغان مەبلەغنىڭ سالمىقى زورايدى، بولۇپمۇ ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 1999 - يىلدىكىدىن 250 .21% ئېشىپ، 314 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

2. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ بىلەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ياتىقى، ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسى قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ ھەجىمى بىر قەدەر زور بولدى. ئومۇمىي مەبلەغ ئىچىدە ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 239 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئومۇمىي مەبلەغنىڭ تەخمىنەن 22.42% نى ئىگىلىدى. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 293 مىڭ 100 كۋادرات مېتىرلىق تۇرالغۇ ئۆيى پۈتكۈزۈلدى. 2000 - يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسىدە كىشى بېشىغا 57 .9 كۋادرات مېتىردىن، ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسىدە كىشى بېشىغا 9 .7 كۋادرات مېتىردىن، شەھەر - بازارلاردىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسىدە كىشى بېشىغا 8 .61 كۋادرات مېتىردىن تۇرالغۇ ئۆي توغرا كېلىپ، مەملىكەت بويىچە شەھەر - بازارلاردىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسىدە كىشى بېشىغا 10 .46 كۋادرات مېتىردىن تۇرالغۇ ئۆي توغرا كېلىش سەۋىيىسىگە يېقىنلاشتى، لېكىن ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەرلىرىدىكى ئائىلىلەردە كىشى بېشىغا 14 كۋادرات مېتىردىن تۇرالغۇ ئۆي توغرا كېلىش سەۋىيىسىگە يېتىشتىن تېخى تۆۋەن تۇرماقتا. ئالىي مەكتەپلەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، مەكتەپلەر ئۆزلىرى مەبلەغ ھازىرلاپ ياكى بانكىدىن قەرز ئېلىپ، يېڭىدىن 85 مىڭ 695 كۋادرات مېتىرلىق ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسى، ياتىقى سالدى، بۇنىڭغا 78 مىليون 580 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

3. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئوڭۇشلۇق بولدى. 2000 - يىللىق دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلى بىلەن نامرات رايونلارغا 2 - تۈركۈمدە ياردەم بېرىش تۈرى، دۆلەت مائارىپتا نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش قۇرۇلۇشى، مەجبۇرىيەت مائارىپى قۇرۇلۇشى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى 8دە يۇرۇشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ھەمدە شاۋيىفۇ ئەپەندى پۇل ئىئانە قىلغان تۈر، شەندۈڭنىڭ مەكتەپ قۇرۇشقا ياردەم بېرىش تۈرى قاتارلىقلارنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىجرا قىلىنىشى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتىنى يەنىمۇ ياخشىلىدى.

ما خېپىڭ

## تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇش

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 98% تولۇق، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ھەرخىل شەكىلدىكى تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇش بويىچە مەكتەپ باشقۇرغان كەسىپلەرنى يولغا قويۇش پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى، 277 مىليون يۈەن ساپ كىرىم قىلىندى، 223 مىليون يۈەنلىك مائارىپ خىراجىتى تولۇقلاندى، ھەربىر ئوقۇغۇچىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىم 74 يۈەنگە يەتتى.

مائارىپ نازارىتى مالىيە نازارىتى، سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى بىلەن بىرلىكتە تولۇق، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇشى ئۈچۈن ئۆسۈمى قوشۇپ بېرىلىدىغان قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىدىن 39 مىليون 150 مىڭ يۈەن، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرغان كەسىپلىرىگە ئۆسۈمى قوشۇپ بېرىلىدىغان قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىدىن 5 مىليون يۈەن چۈشۈرۈپ بەردى.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 670 مىڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى پاختا تېرىش ئەمگىكىگە قاتناشتۇرۇلدى، 110 مىڭ توننا پاختا تېرىۋېلىنىپ، 45 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى.

چېن جېنمىن

## ئوقۇتۇش سايمانلىرى ۋە ئوقۇتۇش قوراللىرى بىلەن تەمىنلەش خىزمىتى

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئوقۇتۇش سايمانلىرى تەتقىقات - ياساش مەركىزى ياسىغان ۋە يەتكۈزۈپ بەرگەن ۋاسكېتبول گارى 627 جۈپ، پوت دوسكا 655، ياسالغان ھەرخىل ئوقۇتۇش سايمانلىرى، ئوقۇتۇش قورالى ۋە ئەسلىھەلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئوقۇتۇش سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەش باش پونكىتى ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى، شىمىگو رايونى ۋە سىچۈەن شەھىرىنىڭ «تەجرىبە ئوقۇتۇشىنى ئومۇملاشتۇرغان نامىيە بولۇش» خىزمىتىنى قايتا تەكشۈردى. ئادەم كۈچى تەشكىللەپ «دۆلەتنىڭ نامرات رايونلاردىكى مەجبۇرىيەت مائارىپى قۇرۇلۇشى» دىكى خېرىدار چاقىرىلغان 18 مىليون يۈەنلىكتىن كۆپرەك مالنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش، ئۇنى يۆتكەش، تەربىيىلەش، سېتىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەت قاتارلىق خىزمەتلەرگە قاتناشتۇردى. بىر يىلدا سۈپىتى تەكشۈرۈلگەن سايمان 80 تىپقا يەتتى، توشۇپ بېرىلگەن سايمان - ئەسلىھە 149 ئاپتوموبىلغا، زاكاز قىلىنغىنى 1000 تونىغا، يۈەنگە ئالاقىدار نامىيە، شەھەر 30غا يەتتى.

ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئادەتتىكى مەكتەپلەرنىڭ 2000 - يىلدىكى ئاساسىي ئەھۋالى

بىرلىكى: نەپەر

| مەكتەپ تۈرى | مەكتەپ سانى | ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى | قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: مەخسۇس ئوقۇتقۇچى |
| جەمئىي | 9587 | 845864 | 1005971 | 4077433 | 302690 | 237876 |
| 1. ئاسپىرانت | 10 | 235 | 544 | 1196 | | |
| 1) ئالىي مەكتەپ | 7 | 217 | 509 | 1119 | | |
| 2) پەن تەتقىقات ئاپپاراتى | 3 | 18 | 35 | 77 | | |
| 2. ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر | 20 | 10985 | 30689 | 72867 | 17892 | 7924 |
| تولۇق كۇرس مەكتەپلىرى | | 6331 | 16809 | 47309 | | |
| مەخسۇس كۇرس مەكتەپلىرى | | 4654 | 13880 | 25558 | | |
| شۆبە مەكتەپ، ئالىي تېخنىكوم سىنىپلىرى | | | 1431 | 1431 | | |
| قىسقا مۇددەتلىك كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېت | | 748 | 2174 | 3943 | | |
| 3. ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى | 2000 | 363503 | 486763 | 1311845 | 118071 | 89211 |
| 1) ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى | 112 | 25879 | 38866 | 105255 | 12793 | 6786 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى | 91 | 19504 | 28434 | 79092 | 9724 | 4876 |
| ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرى | 21 | 6375 | 10432 | 26163 | 3069 | 1910 |
| 2) تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرى | 65 | 12058 | 9080 | 22408 | 6206 | 3426 |
| 3) ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر | 1711 | 308225 | 418790 | 1132912 | 94502 | 75895 |
| تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ | 484 | 54985 | 76744 | 198639 | | 16069 |
| تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ | 1227 | 253240 | 342046 | 934273 | | 59826 |
| 4) كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەر | 112 | 17341 | 20027 | 51270 | 4570 | 3104 |
| تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ | 107 | 10889 | 7628 | 23511 | | 2702 |
| تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ | 5 | 6452 | 12399 | 27759 | | 402 |
| 4. باشلانغۇچ مەكتەپلەر | 6718 | 371758 | 364193 | 2477413 | 149686 | 131259 |
| 5. ئالاھىدە مائارىپ مەكتەپلىرى | 7 | 70 | 177 | 674 | 301 | 183 |
| 6. باللار باغچىسى | 832 | 99313 | 123605 | 213438 | 16740 | 9299 |

ئىزاھ: ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلىرى سانى ئاسپىرانتلارنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

جاڭ شۇجياڭ، نىڭ شياۋجۇ

ئالاقىدار ئورۇنلار مەملىكەتلىك 5 - نۆۋەتلىك ئۆزلىرى ياسىغان ئوقۇتۇش سايمانلىرىنى باھالاش خىزمىتىگە قاتنىشىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى. 4 تۈردە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپات قولغا كەلتۈرۈلدى.

ئوقۇتۇش سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەش باش پونكىتى

## مائارىپ فوندى ئەھۋالى

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر مائارىپ فوندى جەمئىيىتى مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنى تەقدىرلەش ۋە مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇردى. 1) فوندى جەمئىيىتى مائارىپ نازارىتى بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايون بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدىكى خەنزۇتىلى ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە خەنزۇتىلى ئوقۇتۇشى تەتقىقاتچىلىرىنى باھالاش، تەقدىرلەش خىزمىتىنى تاماملاپ، مۇھەممەت قۇربان ئەيسا، ۋاڭ مىڭيى قاتارلىق 100 كىشىگە ئاپتونوم رايوننىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدىكى خەنزۇتىلى مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىسى ۋە مۇنەۋۋەر خەنزۇتىلى ئوقۇتۇشى تەتقىقاتچىسى، دېگەن نام بەردى ھەمدە گۇۋاھنامە ۋە مۇكاپات پۇلى تارقىتىپ بەردى. 2) سەيپىدىن قاتارلىق 92 ئوقۇتقۇچى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر يېزا ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ باھالاندى ھەمدە ئۇلارغا گۇۋاھنامە ۋە مۇكاپات پۇلى بېرىلدى. 3) جۇڭگو ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ، باللار باغچىسى ئوقۇتقۇچىلىرىنى مۇكاپاتلاش فوندى جەمئىيىتىگە ھەمكارلىشىپ، شىنجاڭ «چېن شياڭمېي مائارىپ فوندىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار مۇكاپاتى»نى باھالاش خىزمىتى ئورۇندالدى، ئاپتونوم رايوندىكى 15 مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى بۇ شەرەپكە ئېرىشتى. 4) ئاساسىي قاتلاملاردىكى مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار ئۈرۈمچى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ تەكشۈرۈش، ئۆگىنىش، ئېكسكۇرسىيە قىلىش، داۋالىنىش - دەم ئېلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى. مۇشۇ يىلى ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەردىن 19 مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى، مۇنەۋۋەر مائارىپ خىزمەتچىسى نەنجىڭ، سۇجۇ، خاڭجۇ، شاڭخەي قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ۋە داۋالىنىش - دەم ئېلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى. 5) مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا داۋاملىق مەدەت بېرىلدى. بىر يىل ئىچىدە 40 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلىپ ئاپەت رايونلىرىدىكى ئوقۇتقۇچىلاردىن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك گاس - گازچىلار مەكتىپىدىن ھال سورالدى.

ۋاڭ جيەندي



«دۆلەت نامرات رايونلار مەجبۇرىيەت مائارىپى قۇرۇلۇشى»نىڭ يولغا قويۇلۇشى تۆردىكى چەت - يىراق، نامرات ناھىيىلەرنىڭ ئوقۇش شارائىتىنى ياخشىلىدى. سۈرەتتە: كىرىيە ناھىيىلىك 3 - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى رادىئو گىمناستىكىسى ئويناشقا تەييارلانماقتا.

لىي شىخۇڭ فوتوسى

# ئاساس مائارىپى

## «ئىككى ئاساسەن»نى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتى

ئاپتونوم رايوننىڭ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىدە 1995 - يىلدىن ئېتىبارەن باھالاش، تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىش باشلانغانىدى. 2000 - يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىككى ئاساسەن»نى ئىشقا ئاشۇرغان 65 ناھىيە (شەھەر، رايون) دىكى 10 مىليون 460 مىڭ نوپۇسنىڭ خىزمىتى تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىندى. «ئىككى ئاساسەن»نىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %69كە يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىككى ئاساسەن» ئومۇملاشتۇرۇلىدىغان پىلاندىكى 21 ناھىيىدىكى 4 مىليون 275 مىڭ ئاھالە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «ئومۇملاشتۇرۇش» بويىچە قايتا تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشتىن ئۆتۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %5.23نى ئىگىلىدى.

مۇپەتتىشلىك باشقارمىسى

## «دۆلەت نامرات رايونلار مەجبۇرىيەت مائارىپى قۇرۇلۇشى»نىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى

دۆلەت 1998 - يىلدىن ئېتىبارەن 9 يىللىق تۈزۈمدىكى مەجبۇرىيەت مائارىپى ئومۇملاشتۇرۇلىدىغان ئۈچ بۆلەك رايوندا دۆلەتنىڭ نامرات رايونلار مەجبۇرىيەت مائارىپى قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشقا باشلىغانىدى (تۆۋەندە ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ «قۇرۇلۇش» دەپ ئاتالدى). دۆلەت تەستىقلىغان «قۇرۇلۇش» پىلانىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايوندىكى 30 نامرات ناھىيىنىڭ ھەممىسى تۈر پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت يار - يۆلەكتە بولىدىغان نامرات ناھىيە 25، ئاپتونوم رايون يار - يۆلەكتە بولىدىغان نامرات ناھىيە 5. تۈرگە كىرگۈزۈلگەن 30 ناھىيىنىڭ زېمىن كۆلىمى ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي زېمىن كۆلىمىنىڭ %70نى ئىگىلەيدۇ؛ نوپۇسى 4 مىليون 400 مىڭ بولۇپ، ئاپتونوم رايون ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %24نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 3 مىليون 940 مىڭ.

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە «قۇرۇلۇش» ۋەزىپىسى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى. «قۇرۇلۇش»قا جەمئىي 650 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1998 — 2000 - يىلغىچە «قۇرۇلۇش»تا يېڭىدىن قۇرۇلغان ۋە ئۆزگەرتىپ، كېڭەيتىپ قۇرۇلغان ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ 964، يېڭىدىن قۇرۇلغان ۋە يېڭىلانغان مەكتەپ ئۆيى 698 مىڭ 320 كۋادرات مېتىر، 195 مىڭ 251 يۈرۈش تاق كىشىلىك پارتا - ئورۇندۇق سېتىۋېلىندى، 25 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىپ، تۆردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ئۆلچەم بويىچە ئوقۇتۇش سايمان - ئەسلىھەلىرى سەپلەپ بېرىلدى، 23 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە كۆپ خىل بېزەكتىكى كىتابلار سەپلەپ بېرىلدى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مۇدىر، ئوقۇتقۇچىلىرىدىن 31 مىڭ 605 كىشى تەربىيىلەپ بېرىلدى.

شېڭ دۇنجۈەن، جۇ شياۋچياڭ

## ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردىن خۇلاسە ئىمتىھان ئېلىش ئەھۋالى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 51 مىڭ 976 ئوقۇغۇچى جۇغراپىيە، فىزىكا، خىمىيە، بىئولوگىيە، تارىخ، خەنزۇتىلى (چەت ئەل تىلى)، سىياسەت، تىل - ئەدەبىيات، ماتېماتىكىدىن ئىبارەت 9 پەندىن ئېلىنغان خۇلاسە ئىمتىھانىغا، تولۇقلاپ ئېلىنىدىغان ئىمتىھانغا ھەمدە فىزىكا، خىمىيە، بىئولوگىيە دىن ئىبارەت 3 پەندىن ئېلىنىدىغان تەجرىبە

ئىستىھانغا قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ تىلى بويىچە ئىمتىھان بەرگەنلەر 31 مىڭ 287، قاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىدا ئىمتىھان بەرگەنلەر 20 مىڭ 689. ئومۇمىي لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %1 .96 بولدى.

ئاپتونوم رايون ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، 2000 - يىلدىن ئېتىبارەن ئىلگىرىكى يىلدا 2 قېتىم رەسمىي ئىمتىھان، 2 قېتىم تولۇقلىما ئىمتىھان ئېلىشنى 2 قېتىم رەسمىي ئىمتىھان، بىر قېتىم تولۇقلىما ئىمتىھان ئېلىشقا، 2 قېتىملىق تولۇقلىما ئىمتىھاننى قوشۇپ بىر قېتىم ئېلىشقا ئۆزگەرتتى، ۋاقتىنى ھەر يىلى 3 - ئاي قىلىپ بېكىتتى. ئىنگلىز تىلى خۇلاسە ئىمتىھانىغا ئاڭلاش ئىقتىدارىنى سىناش ئىمتىھانى قوشۇلدى. تىل - ئەدەبىيات ئىمتىھانىدىن ئوبيېكتىپ ئىمتىھان قەغىزى چىقىرىپ تاشلاندى. ئۇيغۇرچە خۇلاسە ئىمتىھان نەتىجىسىدە 60 نومۇرنى لاياقەتلىك بولۇشنىڭ چېكى قىلىش يولغا قويۇلۇپ، بۇرۇنقى ئۇيغۇرچە ئىمتىھانلاردىكى ئۆتۈش نىسبىتى لاياقەتلىك بولۇش چېكىنى بەلگىلەيدىغان ئۇسۇل ئۆزگەرتىلدى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى بېرىشتە «ئۈچ گۇۋاھنامىنى بىرلەشتۈرۈش» يولغا قويۇلۇپ، ئىدىيە - ئەخلاق ئىپادىسى (ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) لاياقەتلىك بولغان، خۇلاسە ئىمتىھان نەتىجىسى لاياقەتلىك بولغان، تەنتەربىيەدە لاياقەتلىك ئۆلچەمگە يەتكەن ئوقۇغۇچىلارغا ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلىك گۇۋاھنامىسى بېرىلدى.

خۇلاسە ئىمتىھان باشقارمىسى

## مائارىپ پەن تەتقىقاتى

2000 - يىلى مائارىپ پەن تەتقىقاتى ئورنى 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق تېمىلاردىن زىممىگە ئېلىپ، ئورۇندىغان ۋە ئورۇنداش ئالدىدا تۇرغان تېمىلاردىن مۇنۇلار بار: شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى تارىخى، ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭغا ناقابىل تۇرۇش ھەققىدە تەتقىقات، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ئۆسمۈرلەرنىڭ قايتا ئوقۇشى ۋە ئوقۇشتىن توختاپ قېلىشى ئۈستىدە تەتقىقات، ئاپتونوم رايوننىڭ نىشانلىق ئوقۇتۇشى ئۈستىدە تەتقىقات، ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى ساپاسىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ھەمدە ئۇلارنى تەربىيىلەش نىشانى، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تەبىئىي ساپا مائارىپىنىڭ نىشانى، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى تەن ساغلاملىقىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ئۇنى ياخشىلاش تەدبىرى ئۈستىدە تەتقىقات، ئەمگەك دەرسى شەكلى ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئۈستىدە تەتقىقات، غەربىي قىسىمدىكى نامرات رايونلاردىكى قىز ئۆسمۈرلەر مائارىپىنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى ئۈستىدە تەتقىقات قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ تېمىلار ئۈستىدىكى تەتقىقات مائارىپ سىنىپتىرلىكى، مائارىپ نازارىتىنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىنى ئاساسلار بىلەن تەمىن ئەتتى.

«يۈزتۈن گەۋدە قۇرۇلمىلىق مەكتەپلەرنىڭ ئەخلاق تەربىيە سىستېمىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات ۋە تەجرىبە» دىن ئىبارەت نۇقتىلىق تېما بويىچە 6 تەجرىبە رايونى بېكىتىلدى ھەمدە بۇ جەھەتتە زور مىقداردا تەشكىللەش، تەربىيىلەش خىزمەتلىرى ئىشلەندى؛ «ئاپتونوم رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە خەنزۇتىلى يېڭى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى سىستېمىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە تەجرىبە»، «ھازىرقى زامان تەلىم - تەربىيە تېخنىكىسىنى قوللىنىش ئۈستىدىكى تەجرىبە»، «پائالىيەت ئوقۇتۇشى ۋە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ساپاسى ئۈستىدىكى تەجرىبە تەتقىقاتى»، گۈزەل سەنئەت پېنىدىكى «خەت يېزىش ئوقۇتۇشى ئۈستىدە تەجرىبە»، مۇزىكا پېنىدىكى «مۇزىكا ئوقۇتۇشى ئۈستىدە تەجرىبە» قاتارلىق تېمىلار چوڭقۇر تەتقىق قىلىنماقتا.

ئاپتونوم رايون مائارىپىدا ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ پەن تەتقىقات ئورنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش ئاساسىدا نىشانلىق ئوقۇتۇش قوللانمىسى (يېڭى تۈزۈلگەن)، ئوتتۇرا مەكتەپ ئىمتىھانى ھەققىدە ئىزاھات، خۇلاسە ئىمتىھان ئۆلچىمى ۋە مەۋسۇم ئاخىرىدىكى ئىمتىھان سوئالى قاتارلىقلارنى تۈزۈپ چىقتى. تەبىئىي پەنلەر ئىشخانىسى مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدىكى تولۇق ئوتتۇرا قىسىمنىڭ دۆلەت ماتېماتىكا دەرس ئۆلچىمى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ۋە ئۇنى تۈزۈش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالدى؛ ئەخلاق تەربىيىسى ئىشخانىسى ئەخلاق تەربىيىسى تېما ماتېرىيالىدىن 4نى تۈزۈپ چىقتى؛ ئۇنىۋېرسال ئىشخانا «شىنجاڭدىكى ياۋايى ھايۋان ۋە ياۋا ئۆسۈملۈكلەر» ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ «جەمئىيەت» پەرلىك دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى تۈزۈپ چىقتى؛ خەنزۇ تىلى ئىشخانىسى «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ خەنزۇتىلىدا تەجرىبە ئوقۇتۇش ماتېرىيالى» دىن 12نى تۈزۈپ چىقتى. بۇ ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى، كىتابلارنىڭ تۈزۈلۈشى ئاپتونوم رايون مائارىپىدىكى بەزى جەھەتلەردىكى ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى بوشلۇقىنى تولدۇردى.

ئوقۇتۇش تەتقىقات باشقارمىسى

# كەسپىي مائارىپ

## ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مائارىپ

2000 - يىلى مائارىپ نازارىتى ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي

مەكتەپ تەسىس قىلىشنى باھالاپ مۆلچەرلەش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، ئالىي دەرىجىلىك كەسىپلەرنى تەسىس قىلىشنى ئىلتىماس قىلغان شىنجاڭ يىپەك سانائەت ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ قۇرۇلۇش - بىناكارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ نېفىت مەكتىپى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك مەكتىپى، سانجى ئوبلاستلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنى باھالاپ مۆلچەرلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ تارقىلىشى ھەققىدە پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئاپتونوم رايوندىكى نۆۋەتلىك ئوتتۇرا دەرىجىلىك سەنئەت مەكتەپلىرى باھالاپ مۆلچەرلەندى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئىلى ئوبلاستلىق مەدەنىيەت - سەنئەت مەكتىپى ئاپتونوم رايوندىكى نۆۋەتلىك ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپ قىلىپ بېكىتىلدى. مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ئېلىپ بارغان دۆلەت دەرىجىلىك نۆۋەتلىك ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەر بويىچە زاپاس مەكتەپلەرنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە شىنجاڭ نېفىت مەكتىپى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ترانسپورت مەكتىپى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك مەكتىپى، شىنجاڭ ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى مەكتىپى، شىنجاڭ يىپەك سانائەت مەكتىپى، شىنجاڭ سودا مەكتىپى، شىنجاڭ مالىيە مەكتىپى، شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى مەكتىپى، شىنجاڭ قاتناش مەكتىپى، شىنجاڭ ماھارەت تەنتەربىيە ھەرىكىتى مەكتىپىدىن ئىبارەت ئادەتتىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك 10 مەكتەپنى ۋە قاراماي شەھەرلىك كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم، ئۈرۈمچى كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم، فۇكاڭ شەھەرلىك كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم، چۆچەك شەھەرلىك كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكومدىن ئىبارەت 4 كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تۇنجى تۈركۈمدىكى دۆلەت دەرىجىلىك نۆۋەتلىك ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپ، دەپ بېكىتتى.

كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوملارنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش چارىسىنى يەنىمۇ ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن «2000 - يىلى كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا ئائىت مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلىپ، 2000 - يىلدىن ئېتىبارەن، كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوملار تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلىك گۇۋاھنامىسى ياكى تەڭ دەرىجىلىك ئوقۇش تارىخى ئىسپاتنامىسى بولسىلا، ئىمتىھانسىز قوبۇل قىلىش چارىسىنى قوللىنىپ، يېڭى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش قارار قىلىندى.

كەسپىي مائارىپ باشقارمىسى

## تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرى قاتارلىق كەسپىي تەربىيىلەش ئاپپاراتلىرىنى تەڭشەش ۋە ئىسلاھ قىلىش سالمىقىنى زورايتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 56 تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى ئىچىدە 2 تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملار بىلەن بىرلىكتە كەسپىي، تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش ئىنستىتۇتى قۇردى، 11 تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەر بىلەن قوشۇۋېتىلدى، 14 تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى تەربىيىلەش مۇھىم نۇقتىسىنى خىزمەتتىكىلەرنى تەربىيىلەش ۋە جەمئىيەتتىكىلەرنى تەربىيىلەشكە بۇرىدى. 2000 - يىلى تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا مەدەنىيەت پەنلىرىدىن بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىشنى بىكار قىلىپ، قوبۇل قىلىش ۋاقتىنى ئۇزارتىش، مەكتەپكە كىرىش يېشىنى كەڭ قويۇپ بېرىش، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ئوقۇش تۈزۈمىنى مۇۋاپىق قىسقارتىش ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئىشچىلار سىنىپىغا قوبۇل قىلىنىدىغانلارنى كېڭەيتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىگە 7000 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. دۆلەت دەرىجىلىك نۆۋەتلىك 5 تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئالىي دەرىجىلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى، دەپ تەستىقلاندى، 2 تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئالىي دەرىجىلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى، دەپ تەستىقلاندى. بىر يىلدا تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرى 32 مىڭ 500 كىشىنى تەربىيىلىدى، بۇ، ئاپتونوم رايون بويىچە تەربىيىلەنگەنلەر سانىنىڭ %22نى ئىگىلەيدۇ؛ تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرى ئومۇميۈزلۈك 2 خىل گۇۋاھنامە تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئوقۇش پۈتتۈرگەن 5677 ئوقۇغۇچى كەسپىي سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى. بىڭتۈەن تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى، كۈتكۈچىلىك مۇلازىمىتى تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى قاتارلىق مەكتەپلەر زاۋۇتلار بىلەن ئالاقە باغلاش، ئىشچى ئىشلىتىدىغان ئورۇنلارنى مەكتەپنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەكلىپ قىلىش، سۆھبەتلىشىش، ئادەم ئىشلىتىدىغان ئورۇنلارغا ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى كۆرسىتىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كېڭەيتتى. 6 - ئايدا ئۈرۈمچى رايونىدا تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سۆھبەت

## ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك چوڭلار مەكتەپلىرىنىڭ 2000 - يىلىدىكى ئاساسىي ئەھۋالى

بىرلىكى: نەپەر

| مەكتەپ تۈرى | مەكتەپ سانى | ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى | قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: مەخسۇس ئوقۇتقۇچى |
| 1. چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرى | 23 | 17033 | 43355 | 92147 | 6311 | 3342 |
| 1) رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى | 2 | 5024 | 6570 | 19828 | 2348 | 1231 |
| 2) ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئالىي مەكتىپى | 11 | 2065 | 4436 | 9955 | 1408 | 828 |
| 3) ئىگىلىك باشقۇرۇش كادىرلىرى ئىنستىتۇتى | 2 | 1036 | 2813 | 5400 | 547 | 229 |
| 4) مائارىپ ئىنستىتۇتى | 8 | 2627 | 7238 | 13937 | 2008 | 1054 |
| 5) ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر باشقۇرغىنى | | 6281 | 21298 | 43027 | | |
| ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتۇش | | 2349 | 12928 | 26147 | | |
| ئىشتىن سىرتقى ئۇنىۋېرسىتېت | | 1054 | 4977 | 9225 | | |
| چوڭلارنىڭ ئىشتىن توختاپ ئوقۇش كۇرسلىرى | | 2878 | 3393 | 7655 | | |
| بۇنىڭ ئىچىدە تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئادەتتىكى مەخسۇس كۇرسى | | 2789 | 2591 | 8176 | | |
| 2. چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى | | | | | | |
| 1) چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوم مائارىپى | 76 | 13667 | 8889 | 23478 | 4059 | 2172 |
| چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوم كەسپىي مەكتەپلىرى | 76 | 13667 | 8889 | 23478 | 4059 | 2172 |
| رادىئو - تېلېۋىزىيە ئوتتۇرا تېخنىكوم كەسپىي مەكتەپلىرى | 4 | 6970 | 5732 | 15474 | 1394 | 683 |
| ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا تېخنىكوم كەسپىي مەكتەپلىرى | 23 | 3622 | 1189 | 4403 | 937 | 525 |
| ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپلىرى | 49 | 3075 | 1968 | 3601 | 1728 | 964 |

خىزمىتىگە مەدەت بېرىلدى. ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۈەن رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ ئېچىۋېتىلگەن مائارىپىدىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنىڭ سالاھىيىتى تەكشۈرۈلدى. تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ جوڭلار ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدىكى باشقۇرغۇچى كادىرلارنىڭ ساپاسى ئۆستۈرۈلدى. مۇشۇ يىلدا ھەر دەرىجىلىك جوڭلار ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدىن كەلگەن 71 باشقۇرغۇچى كادىر تەربىيىلەش كۇرسىدىكى ئۆگىنىشكە قاتناشتى.

جوڭلار مائارىپى باشقارمىسى

## ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇشى

2000 - يىلى ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى، ئوقۇتۇش سۈپىتى ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بۇرۇنقى يىللارنىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى ۋە ياخشى بولدى.

1. ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇشىغا بولغان باشقۇرۇش سالمىقى كۈچەيتىلدى. يىل بېشىدا «2000 - يىلى ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى» بېسىپ تارقىتىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجتىمائىي كۈچلەر قۇرغان 600 دىن ئارتۇق مائارىپ ئاپپاراتى مۇيەببەتلىك قىلىندى ۋە يىللىق تەكشۈرۈلدى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 80%تىن يۇقىرىراق بولدى. ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشىغا مەسلىھەت بېرىش نۇقتىسى تەسىس قىلىنىپ ۋە بىر تۇتاش باشقۇرۇلۇپ، بىر تۈركۈم قانۇنسىز ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش نۇقتىلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، نورمال ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تەرتىپى قوغداپ قېلىندى. مەركەزنىڭ 5 - نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ سىستېمىسىدىكى ھەرخىل يەل گۈمپىسى تورىدىكى مەكتەپلەرنى ئىنقىلاپ تەرتىپكە سېلىش خىزمەت ئۇسۇلى توغرىسىدا» دېگەن ھۆججەتتىكى تەلەپكە ئاساسەن، ھەرخىل زىيانلىق يەل گۈمپىسى بويىچە تەربىيىلەش پائالىيەتلىرى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ تەرتىپكە سېلىندى ھەمدە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە ئىنقىلاپ تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە ھەرخىل يەل گۈمپىسى بويىچە تەربىيىلەش نۇقتىلىرى (سىنىپلىرى) نىڭ ھەممىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى ياكى توختىتىۋېتىلدى، بۇنىڭدىن كېيىن يەل گۈمپىسى بويىچە تەربىيىلەش سىنىپلىرىنى ئېچىشتا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايوننىڭ تەستىقىيە، سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرى تەكشۈرۈشى، مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى زۆرۈر دەپ بەلگىلەندى، شۇ ئارقىلىق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، مائارىپ مۇھىتىنى پاكلاشتۇرۇش مەقسىتىگە يېتىلدى.

2. ئىجتىمائىي كۈچلەر باشقۇرغان مەكتەپلەردىكى خادىملارنى ئىش ئورنىغا چىقىش بويىچە تەربىيىلەش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. ئىجتىمائىي كۈچلەر باشقۇرغان مەكتەپلەردىكى خادىملار ئارىسىدا ماركسىزملىق دۆلەت قارىشى، مىللەت قارىشى، دىن قارىشى، تارىخ قارىشى، مەدەنىيەت قارىشى تەربىيىسى كەڭ قانات يايدۇرۇلۇپ، ئۇلاردا بىر ئېتىقاد، بىر توپ مەقسەت، بىر خىل روھ تىكلىنىپ، ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇشى ھەققىي يوسۇندا ئىلمىيلىشىش، قانۇن - تۈزۈملىشىش يولىغا سېلىندى. ئېكىسكۇرسىيە، تەكشۈرۈشكە ئويۇشتۇرۇش، تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىش شەكلى ئارقىلىق مەكتەپ باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ ساپاسى ۋە باشقۇرۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى. بىر يىلدا 6 قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى، 160 قا يېقىن ئادەم ئۆگىنىشكە قاتناشتى.

جاۋ يۈڭچىڭ

# پېداگوگىكا مائارىپى

## پېداگوگىكا مائارىپى

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايوندىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش تارىخىدا لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 99.48%كە يېتىپ، 1995 - يىلدىكىدىن 6.98 پىرسەنت يۇقىرىلىدى؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش تارىخىدا لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 89.16%كە يېتىپ، 18.91 پىرسەنت يۇقىرىلىدى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش تارىخىدا لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 58.46%كە يېتىپ، 19.24 پىرسەنت يۇقىرىلىدى. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىچىدە مەخسۇس كۇرس ئوقۇش تارىخىغا ئىگىلەر 28.39%نى ئىگىلەپ، 1995 - يىلدىكىدىن 17.69 پىرسەنت يۇقىرىلىدى؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىچىدە تولۇق كۇرس ئوقۇش تارىخىغا ئىگىلەر 19.44%نى ئىگىلەپ، 1995 - يىلدىكىدىن 7.44 پىرسەنت يۇقىرىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقى ئېتىراپ قىلىنغان بالىلار باغچىسى ئوقۇتقۇچىسى 8089، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 119 مىڭ 679، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 49 مىڭ

168، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 11 مىڭ 976، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم ئوقۇتقۇچىسى 6067، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 6346.

مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ 1996 ~ 2000 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى «جۇڭگو — ب د ت بالىلار فوندى جەمئىيىتىنىڭ نامرات ناھىيىلەر باشلانغۇچ مائارىپىنى ئىلگىرى سۈرۈش تۈرى» ھەرىكەت پىلانىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون دۆلەت دەرىجىلىك 6 نامرات ناھىيە ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 3 نامرات ناھىيىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. 5 يىلدىن بۇيان 80 قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، بىۋاسىتە تەربىيە ئالغان ئوقۇتقۇچى 2500 دىن ئاشتى.

ئوقۇتقۇچىلارنى باشقۇرۇش باشقارمىسى

### «ئەسىر ھالقىيدىغان باغۋەنلەر قۇرۇلۇشى» يولغا قويۇلدى

مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ «21 - ئەسىرگە يۈزلەنگەن مائارىپنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكەت پىلانى» ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ باش تايانچ ئوقۇتقۇچىلىرىنى ‹4، 2، 5› تەربىيىلەش ھەرىكەت لايىھىسى»دىكى تەلەپكە ئاساسەن، 2000 - يىلى مائارىپ نازارىتى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، تەربىيىلىنىدىغان 890 تايانچ ئوقۇتقۇچى ئارىسىدىن ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئىشلەيدىغان 133 ياش، تايانچ ھەر قايسى پەن ئوقۇتقۇچىسىنى تاللاپ تەربىيىلەش ئوبيېكتى قىلدى، ئۇلاردىن 48 نى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى دۆلەت دەرىجىلىك تەربىيىلەشكە ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوتتۇرا ياش، ياش تايانچ ئوقۇتقۇچىلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، مائارىپ نازارىتى دەسلەپكى قەدەمدە تايانچ ئوقۇتقۇچىلار ئۇچۇرىنى باشقۇرۇش ئارخىپى قۇردى. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، مائارىپ نازارىتى «ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا بىر قانچە پىكىر»نى تۈزۈپ چىقتى ۋە شۇ يىلى 6 ئوقۇتقۇچىنى مائارىپ مىنىستىرلىكى ئۇيۇشتۇرغان ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ تايانچ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىغا ئەۋەتتى.

2000 - يىلى مائارىپ نازارىتى ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا كەسپىگە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەت، ئوبلاستتىن 10 مىڭ 432 نىشانلىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا كەسپىنى پۈتتۈرگەن 5759 ئوقۇغۇچىنى تەكشۈردى (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي 3355).

ئاپتونوم رايون بويىچە 8 مائارىپ ئىنىستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن 1941 ئوقۇغۇچىنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈردى ۋە گۇۋاھنامىلارغا تامغا باستى.

ئوقۇتقۇچىلارنى باشقۇرۇش باشقارمىسى

# مىللىي مائارىپ

### ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى ۋە ئوقۇتقۇچى، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش ئەھۋالى

1. مائارىپ نازارىتى 2000 - يىلى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرى 2001 - يىل كۈزدىن ئېتىبارەن يېڭى پروگراماما، يېڭى ئوقۇتۇش ماتېرىيالى بويىچە ئىشلىتىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى 42 خىل دەرسلىك ماتېرىيالىنى تۈزۈش، تەرجىمە قىلىش، تەكشۈرۈش، نەشر قىلىش خىزمىتىنى تاماملىدى.

2. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ «خەنزۇتىلى» ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنى يېڭىدىن تۈزۈش خىزمىتى 1998 - يىلدىن ئېتىبارەن باشلىنىپ، 2000 - يىلى پۈتۈنلەي ئاخىرلاشتى. «خەنزۇتىلى» يېڭى ئوقۇتۇش پروگراممىسى ۋە دەرس ئۆلچىمى تەكشۈرۈپ بېكىتىلىپ، ئىجرا قىلىش ئۈچۈن بېسىپ تارقىتىلدى. ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدىكى 100 مۇنەۋۋەر خەنزۇتىلى ئوقۇتقۇچىسى ۋە ئوقۇتۇش تەتقىقات خادىمى باھالاپ چىقىلىپ تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى. ئاپتونوم رايونلۇق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر خەنزۇتىلى ئوقۇتۇش خىزمەت يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندىن كېيىن «ئاپتونوم رايونىمىزدا قوش تىل مائارىپى ئىسلاھاتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا بىر قانچە پىكىر» تارقىتىلدى.

3. ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپلىرى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە ئىشخانىسى قۇرۇلدى، ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپلىرى خىزمەت يىغىنى چاقىرىلىپ، ئىچكىرىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپلىرىنى ئېچىش لايىھىسى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش بەلگىلىمىسى، ئوقۇتقۇچىلارنى تاللاش، ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇش قاتارلىق قائىدە - تۈزۈملەر تۈزۈپ چىقىلدى، ئىچكىرىدە شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپلىرىنى باشقۇرۇش كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى،

ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپلىرىغا تۆنجى تۈركۈمدە 1000 يېڭى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى ۋە يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنى تاللاپ ئەۋەتىش خىزمىتى تاماملاندى.

ۋاڭ جيەندي

## ئىچكىرىدىكى 12 شەھەردە شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى ئېچىلدى

گوۋۇيۈەننىڭ 2000 - يىل كۈزدىن ئېتىبارەن بېيجىڭ، شاڭخەي، تيەنجىن قاتارلىق 12 شەھەردە شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى ئېچىش ھەققىدىكى قارارى ئاللىقاچان ئۆلكە، شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشىگە ۋە زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتى.

ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپلىرىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش دائىرىسى ئاساسلىقى ئاز سانلىق مىللەت دېھقان، چارۋىچىلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىدىن ئىبارەت بولدى (ئۇلار قوبۇل قىلىنغان ئومۇمىي ساننىڭ 80%نى ئىگىلىدى)، ھەر يىلى 1000 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدىغان، پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى ياتاقلىق مەكتەپ شەكلى قوللىنىلىدىغان، ئوقۇش تۈزۈمى 4 يىل بولىدىغان بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە تەييارلىق پەن ئۆگىنىدىغان ۋاقتى بىر يىل. دۆلەت مالىيىسىدىن ئىچكىرىدە شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپلىرىنى ئېچىشقا بىر قېتىمدا 87 مىليون 500 مىڭ يۈەن خىراجەت ئاجرىتىلدى. ئاپتونوم رايون شۇ يىللىق مالىيە خام چوتى ئىچىدە ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپلىرىنىڭ تۆنجى يىللىق خىراجىتى ئۈچۈن 4 مىليون 500 مىڭ يۈەن تەييارلاپ بەردى.

12 شەھەردىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى ئاچقان مەكتەپلەر مۇنۇلاردىن ئىبارەت: بېيجىڭ شەھەرلىك مۇسۇلمانلار ئوتتۇرا مەكتىپى، شاڭخەي شەھەرلىك مۇسۇلمانلار ئوتتۇرا مەكتىپى، تيەنجىن شەھەرلىك مىللەتلەر ئوتتۇرا مەكتىپى، نەنجىڭ شەھەرلىك يۈخۇاتەي ئوتتۇرا مەكتىپى، خاڭجۇ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قارىمىقىدىكى سەندۈن تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى، نىڭبو شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، گۇاڭجۇ شەھەرلىك گۇاڭيا ئوتتۇرا مەكتىپى ۋە 6 - ئوتتۇرا مەكتەپ، شېنجېن شەھەرلىك سۇڭگاڭ ئوتتۇرا مەكتىپى، داليەن شەھەرلىك 23 - ئوتتۇرا مەكتەپ، چىڭداۋ شەھەرلىك پەن - تېخنىكا، ماتائەت باغچىسى 2 - ئوتتۇرا مەكتىپى، سۇجۇ شەھەرلىك يېڭى رايون 1 - ئوتتۇرا مەكتىپى، ۋۇشى شەھەرلىك چىڭشەن ئوتتۇرا مەكتىپى.

ۋاڭ جيەندي

# تەنتەربىيە، سەھىيە ۋە سەنئەت تەربىيىسى

## تەنتەربىيە مائارىپى

1. مائارىپ مىنىستىرلىكى 2000 - يىل 4 - ئايدا مۇتەخەسسىسلەر باھالاپ مۇلچەرلەش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇپ «مەكتەپلەر تەنتەربىيە مائارىپى نىزامى»دىكى باھالاپ مۆلچەرلەش چارىسىغا ئاساسەن، 12 ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپنىڭ «مەكتەپلەر تەنتەربىيە خىزمىتى نىزامى»نى يولغا قويۇش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالىنى باھالاش - مۆلچەرلەش، ياخشىلىرىنى تاللاش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. كۆپ قىسىم ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى ئۆز قارىمىقىدىكى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق مەكتەپلەرنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىك تەنتەربىيە خىزمىتىنى ئۆزلىرى تەكشۈرۈپ، ئۆزلىرى باھالىدى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى «تەنتەربىيە خىزمەت نىزامى»نى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى مۇنەۋۋەر مەكتەپ بولۇپ مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى؛ شىخەنزە مائارىپ ئىدارىسى چەت، يىراق، نۇقتىلىق مەكتەپلەر ئەھۋالىنى بىرلىشىپ تەكشۈرۈپ، بىرلىشىپ باھالىدى، بۇنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى.

2. مەكتەپلەر تەنتەربىيە خىزمىتى ئاساسەن مەكتەپلەرنىڭ يىللىق خىزمەت پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. كۆپ سانلىق مەكتەپلەر تەنتەربىيە خىزمىتىدە پىلان، تەشكىل، تەكشۈرۈش، باھالاپ سېلىشتۇرۇش بولۇشىنى ئورۇندىدى؛ تەنتەربىيە نەتىجىسى بىلەن ئەلالارنى باھالاش ۋە ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بىر - بىرىگە چېتىلدى، تەنتەربىيىدىكى نەتىجىسى لاياقەتسىز بولسا، ئوقۇش پۈتتۈرەلمىدى. مەكتەپلەر بىردەك مائارىپ مىنىستىرلىكى ۋە ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن تەنتەربىيە ئوقۇتۇش سائەت سانىغا يەتتى ھەمدە «دۆلەتنىڭ تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى»نى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، قەرەللىك سىناپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتىنى يۇقىرى ئۆرلىتىش ۋەزىيىتىنى ياراتتى.

3. ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل مەكتەپلەر ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تولۇقلاش ۋە ئۈستۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى. ئالىي مەكتەپلەردىكى تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش تارىخى سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلەر 3كە، ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئېلىش

ئۆچۈن ئوقۇۋاتقانلار 20 دىن كۆپرەككە يەتتى. يېزا - بازاردىن يۇقىرى مەركىزىي مەكتەپلەردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش تارىخى سەۋىيىسى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، تامامەن ئۆلچەمگە يەتتى. 4 يىل ئىچىدە 200 دىن ئارتۇق كىشى مەخسۇس ئەسەر نەشر قىلدۇردى، ئوقۇتۇش ماتېرىيالى تۈزدى، ئاشكارا ماقالە ئېلان قىلدى ھەمدە مەملىكەتلىك يىغىنلاردا ئىلمىي ماقالە ئوقۇدى.

4. مەكتەپلەرنىڭ تەنتەربىيە ئۇل مۇئەسسەسەلەر شارائىتى ياخشىلاندى. بىر قىسىم ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپلەر تەنتەربىيە سارىيى ۋە ئۆلچەملىك 400 مېتىرلىق سۇلياۋ - كوللوئىدلىق يېنىك ئاتلېتىكا مەيدانى قۇردى، بەزىلىرى مەكتەپ ئاساسىي بىناسىنىڭ يەر ئاستى بۆلىمىنى تەنتەربىيە ئۆيى قىلىپ لايىھىلىدى، يەر ئاستى سۇلياۋ - كوللوئىدلىق يۈگۈرۈش كاردورى قىش پەسلىدە تەنتەربىيە دەرسى ئۆتۈشتىكى سورۇن مەسىلىسىنى ھەل قىلدى؛ شەرت - شارائىتى بار قىسمەن مەكتەپلەر ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش ۋە كومپيۇتېر ئارقىلىق مەكتەپ تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىنىڭ تۈرلۈك نەتىجىلىرىنى بىر تەرەپ قىلدى.

5. مول، كۆپ خىل تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى. شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا 4 - نۆۋەتلىك ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قاتناشقان ساغلاملىق - گۈزەللىك گىمناستىكىسى مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى ۋە ساغلاملىق - گۈزەللىك گىمناستىكىسى بويىچە دەرىجىلىك تېرېنېرلار ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلدى؛ ئەرلەرنىڭ ۋاسكېتبول، ساغلاملىق - گۈزەللىك گىمناستىكىسى، تىكتاك توپ، چامبازلىق، يېنىك ئاتلېتىكا بويىچە 5 كوماندىسى مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتناشتى، نەتىجىسى ئۆتكەنكى قېتىملىقىنىڭكىدىن ياخشى بولدى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى پۇتبول بىرلەشمە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى ۋە تاللاش خىزمىتى ئويۇشتۇرۇلۇپ، مەملىكەتلىك «خۇاچېن» ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى پۇتبول بىرلەشمە مۇسابىقىسىغا كوماندا قاتناشتۇرۇلدى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ۋە ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قاتناشتۇرۇلغان ساغلاملىق - گۈزەللىك گىمناستىكىسى، سۇ ئۈزۈش، تىكتاك توپ قاتارلىق تۈرلەر بويىچە مۇسابىقىلەر ئۆتكۈزۈلدى.

تەنتەربىيە - سەھىيە - سەنئەت باشقارمىسى

## ساغلاملىق تەربىيىسى

مائارىپ نازارىتى 2000 - يىلى ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ ساغلاملىق تەربىيىسى خىزمىتىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتلەردىن تۇتتى: 1. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنىڭ ئەيدىز، جىنسىي كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققىدىكى پىكرى»نى تارقىتىپ، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنىڭ ئەيدىز، جىنسىي كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ئۆزلىرى تەكشۈرۈشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، «ئۈچ بىر» (يەنى بىر دەرس ئاڭلاش، بىر سىنئالغۇ فىلىمى كۆرۈش، بىر رېتسېپ تارقىتىش) پائالىيىتىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈردى. مەكتەپنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ، ئوقۇغۇچىلار ياتىقىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىنى قەدىرلەيدىغان، ئۆزىنى سۆيىدىغان، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزىدىغان، ئۆز كۈچىگە تايىنىدىغان قىلىپ، مەكتەپ ھويلىسىدا ھەر قانداق يامان ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى قەتئىي چەكلىدى. يىل ئاخىرىدا بۇ تۈردىكى خىزمەتنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى بىر قېتىم تەكشۈرۈپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. 2. دۆلەت زەھەر چەكلەش كومىتېتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ج خ نازارىتى، سەھىيە نازارىتى قاتارلىق تارماقلارغا ماسلىشىپ، مەكتەپلەردە زەھەر چەكلەش ھەققىدىكى تەشۋىقات پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، مەكتەپلەرنىڭ زەھەر چەكلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلۈپ ئىگىلەندى ھەمدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «خىروئىن»، «زەھەر چەكلەش ھەققىدە ساۋات»تىن ئىبارەت 2 ئوقۇشلۇقتىن پايدىلىنىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى. ئالاقىدار خادىملار ئويۇشتۇرۇلۇپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىكى يىراقنى كۆرەلمەسلىك كېسىلىنى داۋالاش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆرۈش ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى تۈزۈمگە ئايلاندى. ھەر يىلى كۆرۈش ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈش نۇقتىسى قىلىنغان مەكتەپلەر يوللىغان سالامەتلىك تەكشۈرۈشكە دائىر سانلىق ئاساسلار ئۇنىۋېرسال تەھلىل قىلىنىپ، نەتىجىسى ئېلان قىلىندى ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ يۇقىرىغا مەلۇم قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شەرت - شارائىتى بار ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆرۈش ئىقتىدارىنى تەكشۈرۈش نۇقتىسى

قورۇپ، ئۆز جايىدىكى داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، سانلىق ئاساس ۋە تەجرىبىلەر بىلەن تەمىن ئېتىشنى تەلەپ قىلىندى. 4. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «2000 - يىلى يود كەملىك كېسىلىنى يوقىتىش باسقۇچلۇق نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش توغرىسىدا» دېگەن ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە ۋە 24 ناھىيە، شەھەر، رايوندا يودكەملىك كېسىلىنى يوقىتىش باسقۇچلۇق نىشان خىزمىتى تەكشۈرۈپ ۋە قايتا باھالاپ چىقىلىپ، مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرىدىكى رەھبەرلەرنىڭ ۋە مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ يودكەملىك كېسەللىكىنى يوقىتىشقا ئەھمىيەت بېرىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

مەكتەپلەرنىڭ ساغلاملىق تەربىيىسىنىڭ ئۈنۈمىنى باھالاش خىزمىتى پائال قانات يايدۇرۇلدى. مائارىپ نازارىتى مائارىپ مىنىستىرلىكى تارقاتقان «مەكتەپ ساغلاملىق تەربىيىسىنىڭ ئاساسىي گەۋدە لايىھىسى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، كەسپىي خادىملار قاتناشتۇرۇلغان تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئۈرۈمچى شەھىرىگە قاراشلىق ساغلاملىق تەربىيىسىنىڭ ئۈنۈمى باھالىنىدىغان 14 مەكتەپنىڭ ساغلاملىق تەربىيىسى دەرسىنى تەسىس قىلىش نىسبىتى، ئوقۇتۇش سۈپىتى، ئوقۇتۇش سايمانلىرىنىڭ سەپلىنىشى، ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەش، مەكتەپنىڭ تازىلىق ئۆلچىمى قاتارلىق كۆپ خىل كۆرسەتكۈچلەر ئاساسىدا باھالاش - مۆلچەرلەش ئېلىپ بېرىپ، 14 مەكتەپنىڭ ساغلاملىق تەربىيىسى خىزمىتىدىكى نەتىجىلەر بىلەن ساقلانغان مەسىلىلەرنى خۇلاسىلىدى ۋە تېپىپ چىقتى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلەرنى ئايدىڭلاشتۇردى.

مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايون ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇردى. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەن ساغلاملىقىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، تۇرپان (ئۇيغۇر)، قىزىلسۇ (قىرغىز)، ئۈرۈمچى (خەنزۇ) دىن ئىبارەت 3 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنى ئاز سانلىق مىللەت ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەن ساغلاملىقىنى تەكشۈرۈش 3 نۇقتىسى قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى.

تەنتەربىيە - سەھىيە - سەنئەت باشقارمىسى

## سەنئەت تەربىيىسى

مائارىپ نازارىتى 2000 - يىلى يېزا مەكتەپلىرىنىڭ سەنئەت ئوقۇتۇشى بويىچە تەجرىبە قىلىنىدىغان ناھىيەلەر خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى تۇتتى. ئۈرۈمچى ناھىيىسى بىلەن مەكىت ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە سەنئەت تەربىيىسىدىكى تەجرىبە قىلىنىدىغان ناھىيە قىلىپ كۆرسىتىلدى. 11 - ئايدا ئالاقىدار خادىملار بۇ 2 ناھىيىنىڭ سەنئەت تەربىيىسى بويىچە 2 - باسقۇچلۇق تەجرىبە خىزمىتىنى تەكشۈردى ۋە ئۇنى تەتقىق قىلدى. نەتىجىلەر ئىسپاتلىدىكى، بۇ 2 ناھىيە ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا مەكتەپلىرىدە سەنئەت تەربىيىسى خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى تەجرىبىلەر بىلەن تەمىن ئەتتى.

گۈزەللىك تەربىيىسى كۈچەيتىلىپ «سەنئەت تەربىيىسىنىڭ ئومۇمىي گەۋدە پىلانى» ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ ئالاقىدار تەلىپىگە ئاساسەن، تەربىيىلەش، ئۈستۈرۈش، تاللاش توپ مەقسەت قىلىنىپ، كۆپ قېتىم گۈزەل سەنئەت ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ۋە ئاساسىي ماھارەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، قاتناشقانلار 45كە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ش ئۇ ئا ر مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتى گۈزەل سەنئەت كەسپىي كومىتېتى كۆپ خىل شەكىلدىكى گۈزەل سەنئەت نەزەرىيە تەربىيىسى مۇھاكىمە يىغىنى ھەمدە ئالاقىدار ئىلمىي ماقالىلەرنى باھالاش - تاللاش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى، بۇ پائالىيەتلەرگە 97 كىشى قاتناشتى، بۇ ئارقىلىق ئاپتونوم رايون بويىچە گۈزەل سەنئەت ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇتۇش ماھارىتى ۋە سەنئەت ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىش، ئۇلارنى تەتقىق قىلىش ئىقتىدارى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆستى. مەملىكەتلىك گۈزەل سەنئەت ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئاساسىي ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، 1 -، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشىشتەك ياخشى نەتىجىنى قولغا كەلتۈردى. قاتتىق تاللاش ئارقىلىق يۇقىرىغا يوللانغان مەكتەپ سەنئەت تەربىيىسىدىكى 10 ئىلغار ئورۇن ۋە 10 ئىلغار شەخس مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

تەنتەربىيە - سەھىيە - سەنئەت باشقارمىسى

## مەملىكەت بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەر

«چېن شياڭمېي مائارىپ فوندى»نىڭ 2 - نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەر:

مۇھەممەتئىمىن تۇرسۇن (نىيە ناھىيە ئەندىر چارۋىچىلىق فېرمىسى ئوتتۇرا مەكتىپىدىن)، ھەقىقەت قاۋۇل (ئاقتۇ ناھىيە بۇلۇڭكۆل يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىدىن)، يالڭ شۇۋالڭ (قوبۇقسار ناھىيە قوشتولغاي بازارلىق چاپاتتولغاي مەكتىپىدىن)، مۇسا ئەمەت (چەرچەن ناھىيە چوڭكۆل يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ

مەكتىپىدىن)، زارقانباي (جىمسىنەي ناھىيە شالشىغاي يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتىپىدىن)، ۋاڭ جىلىڭ (ئارشاڭ ناھىيە تاشۇ يېزىلىق تاشۇ باشلانغۇچ مەكتىپىدىن)، ياڭ يى (ئۈرۈمچى شەھىرى سايتوپا گورمانچىلىق مەيدانى مەكتىپىدىن)، ليۇ شۈچېن (مورى ناھىيە ئىنگىنبۇلاق يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىدىن)، ليۇشىنچېڭ (قاغىلىق ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)، گۈلباھار مۇھەممەت (قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 3. باشلانغۇچ مەكتەپتىن)، مەتغازى كېرىم (چىرا ناھىيە بوستان يېزىسىدىن)، ئانارباي (موڭغۇلكۈرە ناھىيە ئاقياز چارۋىچىلىق فېرمىسى مەركىزىي قازاق مەكتىپىدىن)، تالڭ داۋخۇي (نىلقا ناھىيە ئۇلاستاي خەنزۇ مەكتىپىدىن)، لىتىپ نايىپ (كەلپىن ناھىيە ئاچال يېزىلىق ئاچال مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىدىن)، مەخسۇت ھېبامىدىن (توقسۇن ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن).

2000 - يىل 7 - ئايدا ئېچىلغان 9 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپلەر پارتىيە خىزمىتى قۇرۇلۇشى يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئەخلاقىي تەربىيە خىزمەت يىغىنىدا شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىدىن تۇرسۇن ئىبراھىم، قاراماي شەھەرلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن گۇ جىشيا، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدىن خې چىڭجياڭلار ۋە يېڭىسار ناھىيىلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ، ئاقسۇ شەھەرلىك 11 - باشلانغۇچ مەكتەپ، سانجى ئوبلاستلىق 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ، كورلا شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى ھەمدە قەشقەر ۋىلايەتلىك مالىيە - سودا مەكتىپىدىن ئىبارەت 6 مەكتەپ مەملىكەت بويىچە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە ئىدىيىۋى سىياسىي تەربىيىدە ئىلغار خىزمەتچى، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئەخلاقىي تەربىيە خىزمىتىدىكى ئۈلگە ۋە مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئەخلاقىي تەربىيە خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ دەپ قارىلىپ، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، تەشكىلات بۆلۈمى ۋە مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

مەملىكەت بويىچە مەكتەپ سەنئەت تەربىيىسى خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇنلار: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى مۇزىكا ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 2- ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى، مەكىت ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى، مىچۈەن شەھەرلىك 4 - باشلانغۇچ مەكتەپ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 9 - ئوتتۇرا مەكتەپ، تۇرپان شەھەرلىك 3 - باشلانغۇچ مەكتەپ، خوتەن ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ، ئىلى ئوبلاستلىق مەدەنىيەت - سەنئەت مەكتىپى.

مەملىكەت بويىچە مەكتەپلەر سەنئەت تەربىيىسى خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخسلەر: ليۇ شياۋدۇڭ (سانجى ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)، گۈلنار (تارباغاتاي ۋىلايەتلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)، گاۋ لىجۈن (غۇلجا شەھەرلىك 15 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن)، رېن شىنيۇ (ئاقسۇ شەھەرلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)، جياڭ لىجۈن (ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن)، قېيۇم قاسىم (يەكەن ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)، ليۇ جۈيې (قەشقەر شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن)، ئادىلە (قاراماي شەھەرلىك 4 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن)، گوۋېي (ئالتاي ۋىلايەتلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)، يەسپۇلات (بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)، چېن جىڭچۈن (شىخەنزە شەھەرلىك 3 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن).

مائارىپ نازارىتى

# مەدەنىيەت

## ئەدەبىيات - سەنئەت

### ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ خىزمىتىدىكى چوڭ ئىشلار

شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن شىنجاڭ «جاھاننىڭ ئۇ چېتى» نەشرىياتى 2000 - يىل 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى «گۈرجەكنى چۆرىدىگەن دۇنيا — لىيۇلياڭچېڭنىڭ ئىجادىيەت ھادىسىسى توغرىسىدا ئىپتىقانلىرى» مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى. مۇزىكانتلار جەمئىيىتى بىلەن شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى بىرلىكتە 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ مۇزىكىچىلىقىدا يېڭى دەۋر ئاچقان كومپوزىتور شاۋ گۇاڭچېن ئەپەندى ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى. ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى 3 - ئاينىڭ 2 -، 3 - كۈنلىرى 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 4 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنى ئاچتى، يىغىندا لى يى قاتارلىق 7 كىشى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەزالىقىغا تولۇقلاپ سايلاندى. «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) تەھرىر بۆلۈمى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك تېلېۋىزىيىچىلەر جەمئىيىتى بىرلىكتە 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ش ئۇ ئا ر 2 - قېتىملىق مۇنەۋۋەر تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى كۆرسىتىش مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى. شىنجاڭ مۇزىكانتلار جەمئىيىتى بىلەن شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى بىرلىكتە تەشكىللىگەن شىنجاڭ كوماندىسى شياڭگاڭغا بېرىپ، 3 - ئاينىڭ 17 — 28 - كۈنلىرى شياڭگاڭ پىئانىنو ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن ئامېرىكا ئوكراخوما شتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېت ئۆتكۈزگەن 2000 - يىل 2 - نۆۋەتلىك جۇڭگو مۇزىكىسىنى پىئانىنو بىلەن ئورۇنداش مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. 8 شىنجاڭ ماھىرى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە كىردى ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشتى، 5 ئوقۇغۇچى باغۇەن مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شىنجاڭ گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى 3 - ئاينىڭ 24 — 30 - كۈنلىرى مەملىكەتلىك 9 - نۆۋەتلىك گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسىگە ئەۋەتىلىدىغان شىنجاڭ ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى. «شەپەق قۇرۇلۇشى»نىڭ شىخەنزە بازىسىدا 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى رەسمىي ئىش باشلاندى، ئۈرۈمچى كۆچەتخانىسى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن «شەپەق كۆچەت»لىرى كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرگىدەك ئۆسۈپ، 9 - ئايدا ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 3.5 مېتىرغا يەتتى. 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى تۆمۈر داۋامەتنىڭ شېئىرلار توپلىمى — «تۆمۈر ئىزلىرى» ئۈستىدە مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى. شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى 4 - ئاينىڭ 21 — 23 - كۈنلىرى يېڭى ئەسىردىكى شىنجاڭ ياشلىرىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرى ئىلمىي يىغىنى ۋە ش ئۇ ئا ر 3 - نۆۋەتلىك نوپۇسى ئازراق مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيىتى سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ نەزەرىيە تەتقىقات ئىشخانىسى 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۇيغۇر رومانچىلىقى مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى. 4 - ئايدا پېشقەدەم فوتوگراف فەن جياۋجيەن جۇڭگو فوتوگراف ساھەسىدىكى ئەڭ ئالىي مۇكاپات — «ئالتۇن سۈرەت مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. شىنجاڭ فولكلور جەمئىيىتى 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق ئۆرپ - ئادەتلىرىگە دائىر فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى. 16 ياشلىق ئۇيغۇر قىزى گۈزەلنۇر جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى يولغا قويغان «شەپەق قۇرۇلۇشى»دىن بەھىر ئالغان 2000 ئۆسمۈرنىڭ بىرى سۈپىتىدە 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بېيجىڭدا «شەپەق قۇرۇلۇشى» نەتىجىلىرىنى دوكلات قىلىش يىغىنىغا قاتناشتى ھەم يىغىندا ياردەمگە ئېرىشكەن بالىلار نامىدىن سۆز قىلدى. 6 - ئايدا شىنجاڭ گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەۋەررۈك ھۆسن خەتلەر كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى. شىنجاڭ گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى بىلەن ئۈرۈمچى «خېلۇ» ھۆسنخەت سەنئەت مەركىزى 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى گۈزەل سەنئەتنىڭ 21 - ئەسىردە غەربىي شىمالدىكى تەرەققىياتى توغرىسىدا سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى غەربىي قىسىمدا «شەپەق قۇرۇلۇشى»، «شەپەق ئورمىنى قۇرۇلۇشى» ۋە «جۇڭگو مەدەنىيەت - سەنئەت تورى قۇرۇلۇشى»، «ئاخبارات قۇرۇلۇشى» بويىچە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. شىنجاڭ فوتوگرافلار جەمئىيىتى 7 - ئاينىڭ

14 - كۈنى 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك فوتو سۈرەت ئەزەربىيسى مۇھاكىمە يىغىنىنى ئۆتكۈزدى. شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىرلىكتە 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي تەرجىمە مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى. شىنجاڭ گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى بىلەن ياپونىيە ھازىرقى زامان رەسساملىرى جەمئىيىتى 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى 5 - نۆۋەتلىك جۇڭگو - ياپونىيە يىپەك يولى گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى. شىنجاڭ خەتتاتلار جەمئىيىتى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى بېيجىڭ، تەيۋەن، شىنجاڭ ھۆسنخەت سەنئىتى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى. شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ نەزەرىيە تەتقىقات ئىشخانىسى 8 - ئاينىڭ 18- كۈنى شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى تەرەققىياتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. شىنجاڭ فولكلور جەمئىيىتى 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى جەمئىيەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. جۇڭگو ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتى، شەندۇڭ ئۆلكىلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئوتتۇرا، چوڭ ياشلىقلارنىڭ مەيداندا ئۇسسۇل ئويناش مۇسابىقىسى 9 - ئاينىڭ 15 — 21 - كۈنىگىچە ۋېيخەي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئوتتۇرا، چوڭ ياشلىقلارنىڭ كىيىنىش - ياسىنىش سالاپىتى مۇسابىقىسىدە شىنجاڭ ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئوتتۇرا، چوڭ ياشلىقلار سەنئەت ئۆمىكى ئاز كەم 100 ئۆمەك ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتى ۋە 1 - دەرىجىلىك رېژىسسورلۇق مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. جۇڭگوچە ۋە چەت ئەلچە خەلق مىللىي ئۇسسۇللىرى مۇسابىقىسىدە شىنجاڭ ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئوتتۇرا، چوڭ ياشلىقلار سەنئەت ئۆمىكى 1 - دەرىجىلىك رېژىسسورلۇق مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «شەپەق قۇرۇلۇشى»غا بېرىلگەن تۇنجى تۈركۈم يارдەم پۇلى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن ياردەمدىن بەھىر ئالغۇچى 85 رايوندىكى شەھەرلىك (ناھىيىلىك) مائارىپ ئىدارىلىرىغا چۈشۈرۈپ بېرىلدى. شىنجاڭ گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، شىئەن گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلار 10 - ئايدا جۇڭگولۇق داڭلىق خەتتاتلار ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى. ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى، جۇڭگو دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ يىپەك يولى خەتتاتلىق يۇرتى، ئۈرۈمچى پادىشاھلىق ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى، ئۈرۈمچى خوڭخۇېن مەدەنىيەت تارقىتىش مەركىزى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان «پادىشاھلىق لوڭقىسى»نى تالىشىش بويىچە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن پۈتۈن مەملىكەت خەلقى قەلبداش - تۈمەن مىڭلىق ھۆسن خەت مەملىكەتلىك سەييارە كۆرگەزمىسى 10- ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنىگىچە بېيجىڭ، تيەنجىن، دالىيەن، چىڭداۋ، جىنەن، شىئەنلەردە ئۆتكۈزۈلدى، بۇ كۆرگەزمە ئومۇمىيۈزلۈك ياخشى باھاغا ئېرىشتى. شىنجاڭ فوتوگرافلار جەمئىيىتى بىلەن جۇڭگو لېكەي رەڭسىز لېنتا زاۋۇتى، شىنجاڭ لېكەي رەڭلىك سۈرەت يۇيۇش مۇلازىمەت مەركىزى 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى بىرلىكتە «ئەسىر مۇھەببىتى لوڭقىسى»نى تالىشىش بويىچە لېكەي رەڭسىز فوتو سەنئىتى مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسىنىڭ غەربىي شىمال مۇسابىقە رايونى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيەتلىرىنىڭ 12 - ئاينىڭ 12 — 14 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلگەن 3 - قېتىملىق ئوتتۇرا باش، ياش ئەزالىرىنىڭ ئەخلاق بىلەن سەنئەتتە تەڭ يېتىلىش مۇھەببەت يىغىنىدا شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا جەمئىيەتلەردىن 4 ئەزا يۇقىرىقى ئالاھىدە شەرەپكە ئېرىشتى. ئۇلار: شىنجاڭ ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ كۈندىلىك ئىشلارغا مەسئۇل كېڭەش ئەزاسى، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى ئۇسسۇل فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى تەلەت تۇردى، شىنجاڭ تىياتىرچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ 1 - دەرىجىلىك ئارتىسى گۈزەلنۇر قۇربان، جۇڭگو سېرىكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ سېرىكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ سېرىك ئۆمىكىنىڭ 1 - دەرىجىلىك ئارتىسى ئادىل ھوشۇر، شىنجاڭ فوتوگرافلار جەمئىيىتىنىڭ كۈندىلىك ئىشلارغا مەسئۇل كېڭەش ئەزاسى، شىنجاڭ ئۈرۈمچى ئاممىۋى فوتوسۈرەت شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ياڭ ۋېنمىڭ. شىنجاڭ كىنوچىلار جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان شىنجاڭ كىنوچىلار جەمئىيىتىنىڭ يېڭى يىللىق بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش يىغىنى ۋە ئارتىس يېتىشتۈرۈش كۇرسىنىڭ دوكلات ئويۇنى 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئۈرۈمچىدە باشلاندى. شىنجاڭ كىنوچىلار جەمئىيىتى 10 - ئايدىن باشلاپ 3 قارار مىللىي، خەنزۇ ئارتىسلارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىپ، 70 نەچچە كۇرسانت قوبۇل قىلدى، كۇرسانتلارنىڭ بەزىلىرى كىنو، تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدە رول ئالغان. 12 - ئايدا شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلىپ كېلىۋاتقان 3 خەنزۇچە ژۇرنال بازارغا، ئوقۇرمەنلەرگە

يۇزلەندۇرۇلدى. «مىللىي يازغۇچىلار» ژۇرنىلىنىڭ نامى «مىللەتلەر ئەدەبىيات مەجمۇئەسى» گە ئۆزگەرتىلىپ، «ھازىرقى ۋە قەدىمكى زامان رىۋايەتلىرى» ژۇرنىلى بىلەن ھەمكارلىقتا چىقىرىلىدىغان بولدى. «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچىسى) نىڭ نامى «سەنئەت يېتەكچىسى» گە ئۆزگەرتىلدى.

جياڭ لىن

## سەنئەت خىزمىتى

شىنجاڭ بويىچە 2000 - يىلدىكى سەنئەت ئۆمىكى 88، ئارتىس ۋە خىزمەتچى 4007؛ ئويۇن قويۇش سورۇنى 23، ئىشچى - خىزمەتچى 229. بىر يىلدا يېڭىدىن تەييارلىنىپ قويۇلغان ئويۇن 31، بۇ ئويۇن مەملىكەت ئىچىدە 9238 مەيدان (قېتىم) ئوينالدى، كۆرگۈچىلەر 6 مىليون 950 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى؛ مەملىكەت سىرتىدا 360 مەيدان (قېتىم) ئوينالدى، بىر يىلدا ئويۇن قويۇش كىرىمى 7 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە، چىقىمى 70 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي چىقىم 67 مىليون 980 مىڭ يۈەن، تەشكىللەش چىقىمى 26 مىڭ يۈەن، كەسىپكارلارنىڭ ئىش ھەققى 40 مىليون 630 مىڭ يۈەن، رېمونت قىلىش ۋە ياساش چىقىمى 2 مىليون 140 مىڭ يۈەن.

نى يۈشىن، خې جيا

## مەدەنىيەت - سەنئەت ساھەسىنىڭ ئۈچنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش پائالىيىتى

شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى، شىنجاڭ مۇقام ئانسامبلى، شىنجاڭ سىرك ئۆمىكىدىن تەركىب تاپقان ئويۇن قويۇپ ھال سوراش ئۆمىكى تەركىبىدىكى 35 كىشى ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى باش بولۇپ ئۇيۇشتۇرغان ئۈچنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش ھال سوراش ئۆمىكى بىلەن بىللە قەشقەر ۋىلايىتىگە بېرىپ، 2000 - يىل 1 - ئاينىڭ 26- كۈنىدىن 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ھال سوراش يۈزىسىدىن ئويۇن قويدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ جاي - جايلىرىدا قانات يايغان مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا، سەھىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش پائالىيىتى باشلاندى.

تۇرپان ۋىلايىتىدىكى مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا، سەھىيە تارماقلىرى ئۇيۇشتۇرغان ئۈچنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش ھال سوراش ئۆمىكى 1 - ئاينىڭ 13 — 25 - كۈنىگىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا دېھقان - چارۋىچىلارغا پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەتكە دائىر 300 دىن ئارتۇق كىتاب، 11 مىڭ نۇسخا پەننى ئومۇملاشتۇرۇشتىن مەسلىھەت بېرىش تەشۋىقات ماتېرىيالى، 150 پارچە بېيىش ئۈچۈرى تەقدىم قىلدى، ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرىنى 30 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۆردى؛ ۋىلايەتلىك «شىنخۇا» كىتابخانىسى 700 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب ساتتى. ئالتاي ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن ۋىلايەتلىك ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدىكى 20 نەچچە ئارتىس ۋە خىزمەتچى 1 - ئاينىڭ 21 — 24 - كۈنىگىچە قابا، بۇرچىن ناھىيىلىرى ۋە بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ قارامغاي يېزىسىدا 4 مەيدان ئويۇن قويدى، 2400 دىن ئارتۇق دېھقان - چارۋىچى ئويۇن كۆردى. بايىنغولىن ئوبلاستلىق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئوبلاستلىق مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن ئوبلاستتىكى ئويۇن قويۇش ئورۇنلىرى 3 - ئاينىڭ 14 — 24 - كۈنىگىچە تىياتىرخانىلار، ئوستى ئوچۇق سەھنە (مەيدان) لەر، يېزا - كەنتلەردە 15 مەيدان (قېتىم) ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى، تالا مەشرىپى قاتارلىق سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسىتىش، ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە، مەدەنىي مەشغۇلات پائالىيىتى ئۆتكۈزدى، 15 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئويۇن كۆردى ۋە تەنتەربىيە پائالىيىتىگە قاتناشتى. ھەر مىللەت خەلقى قۇربان ھېيتنى خىلمۇخىل شەكىللەر بىلەن تەبرىكلىدى. 2000 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئۇيۇشتۇرغان 30 نەچچە ئۆمەك ۋە ئەترەت 360 مىڭدىن ئارتۇق دېھقان - چارۋىچىغا 600 نەچچە مەيدان (قېتىم) ئويۇن قويۇپ بەردى.

نى يۈشىن

## نوۋرا مۇكاپاتقا ئېرىشتى

ئامېرىكا جەنۇب سۇ بوياق سەنئەتچىلىرى جەمئىيىتى 2000 - يىل 3 - ئايدا ئۆتكۈزگەن 23 - نۆۋەتلىك خەلقئارا سۇ بوياق سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئالماشتۇرۇش كۆرگەزمىسىدە شىنجاڭ رەسساملار يۇرتىدىكى قازاق قىز رەسسام نوۋرا سىزغان «يايلاقتا توي» تاللاندى ھەمدە ئەڭ ياخشى رەسىم مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. دۇنيانىڭ جاي - جايلىرىدىن كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرۇلغان 602 پارچە رەسىم ئىچىدە 11 ئەسەر مۇكاپاتلاندى. نوۋرا يەنە ئامېرىكا خيۇستون خەلقئارا سۇ بوياق رەسساملىرى جەمئىيىتىنىڭ 1999 — 2000 - يىللىق ئەڭ ياخشى ئەزا گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ «رەسساملار مەجمۇئەسى»، «ئاق قۇ» ناملىق ئەسەرلىرى بۇ جەمئىيەت تەرىپىدىن ئەتىۋارلاپ ساقلىنىدىغان ئەسەرلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

نى يۈشىن

## شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي، شىنجاڭ چاڭچىلىكەشلىرى بىرلىكتە چىنچياڭ مۇقامىنى ئورۇندىدى

چىنچياڭ مۇقامىنى ئورۇنداش 2000 - يىل 4 - ئاينىڭ

18 ـ كۈندىن 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئۇيۇشتۇردى. شىنجاڭ، شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەيدىن ئىبارەت 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى تەكلىپ بىلەن ئۇيۇشتۇرۇشقا قاتناشتى. غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ چىنچياڭچىلىرى چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش نەمۇنىچىسى ۋۇ دېگيۈننىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرى ئاساسىدا ئىشلەنگەن هازىرقى زامان چىنجۇ تىياتىرى «ئاق خالاتلىق دانىشمەن»، قايتىدىن تەييارلانغان ئەنئەنىۋى داڭلىق تىياتىر «ئەل تىنچلىقىنى يۇزۇش»، جىنجۇ تىياتىرى «گۈزەلنى كۆرەلمەسلىك دېلوسى»نى ئوينىدى. داڭلىق ئارتىسلار بىرلىكتە «تاشقى دەرۋازا ئالدىدىكى قاتىللىق»نى ھەم چىنجۇ تىياتىرلىرىدىن 54 ئارىيە ئورۇندىدى.

نى يۈشىن

## «ۋۇ دېگيۈن» ناملىق دراما ئۇيغۇر تىلىدا ئوينالدى

غۇلجا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى 2000 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى «ۋۇ دېگيۈن» ناملىق درامىنى ئۇيغۇر تىلىدا ئوينىدى. بۇ ئۆمەك 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىگىچە ئاقسۇ، قىزىلسۇ، قەشقەر، بايىنغولىن قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى 22 ناھىيە، شەھەردە «ۋۇ دېگيۈن» ناملىق درامىنى 95 مەيدان (قېتىم) ئوينىدى، كۆرگۈچىلەر 66 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئېشىپ كەتتى.

نى يۈشىن

## شىنجاڭ سېرىكى «ئالتۇن شىر مۇكاپاتى»نى ئالىشش بويىچە مەملىكەتلىك 5 ـ نۆۋەتلىك سېرىك مۇسابىقىسىنىڭ غەربىي شىمال تاللاش مۇسابىقىسىدە مۇكاپاتلاندى

«ئالتۇن شىر مۇكاپاتى»نى ئالىشش بويىچە مەملىكەتلىك 5 ـ نۆۋەتلىك سېرىك مۇسابىقىسىنىڭ غەربىي شىمال تاللاش مۇسابىقىسى 2000 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئاياغلاشتى. شىنجاڭ سېرىك ئۆمىكىنىڭ «ۋىسال كەپتىرى» ناملىق نومۇرى ئالتۇن مېدالغا؛ قول ماھارىتى «خىش قويۇش» كۈمۈش مېدالغا؛ ۋېلسىپىت ئويۇنى «زىلچا يۆگەش» مىس مېدالغا ئېرىشتى.

نى يۈشىن

## «تاغ ئانا، سۇ ئانا» ئوپېراسى مەملىكەتلىك 9 ـ نۆۋەتلىك «مەدەنىيەت يېڭى سەھنە ئويۇنى مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەسىس قىلغان 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك «مەدەنىيەت مۇكاپاتى»نى باھالاش نەتىجىسى 2000 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چىقتى. شىنجاڭ ئەۋەتكەن قىرغىزچە چوڭ ئوپېرا «تاغ ئانا، سۇ ئانا» «مەدەنىيەت يېڭى سەھنە ئويۇنى مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى.

نى يۈشىن

## ئادىل جىنس رېكورتىنى يېڭىلىدى

شىنجاڭ سېرىك ئۆمىكىنىڭ ئارتىسى ئادىل ھوشۇر جۇڭگونىڭ جەنۇبىدىكى يۇخېڭشەن تېغىغا تارتىلغان پولات سىمدا مېڭىش بويىچە دۇنياۋى مۇسابىقىدە 2000 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى سائەت 15 تىن 18 مىنۇت 30 سېكۇنت ئۆتكەندە خېڭشەن تېغىنىڭ كەڭلىكى 1399.6 مېتىر، يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى 266 مېتىر كېلىدىغان قورۇق — جورۇڭ چوققىلىرى ئارىلىقىغا قىيپاش تارتىلغان پولات سىمدىن 52 مىنۇت 13 سېكۇنتتا ئۆتۈپ، دۇنيا جىنس رېكورتىنى يەنە يېڭىلىدى. جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، جۇڭگو سېرىكچىلەر جەمئىيىتى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى بېيجىڭ خەلق سارىيىدا ئادىل ھوشۇرنىڭ خېڭشەن تېغىدىن غەلىبىلىك ئۆتكەنلىكىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى، جۇڭگو سېرىكچىلەر جەمئىيىتى ئادىل ھوشۇرغا «پەلەك باتۇرى» دەپ نام بەردى.

نى يۈشىن، ليۇ يەن

## «دولان چېچەكلىرى» «مۇنەۋۋەر سەھنە ئەسىرى مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئۇيۇشتۇرغان 6 ـ نۆۋەتلىك سەنئەت بايرىمى 2000 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى نەنجىڭ شەھىرىدە ئاياغلاشتى. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇندىغان چوڭ تىپتىكى ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسسۇلى — «دولان چېچەكلىرى» جۇڭگو سەنئەت بايرىمىنىڭ مۇنەۋۋەر سەھنە ئەسىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

نى يۈشىن

## شىنجاڭ ئۇسسۇللىرى ئورۇنداش بويىچە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ـ كىنو باش ئىدارىسى، جۇڭچىڭ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان مەملىكەتلىك 10 ـ نۆۋەتلىك «تور» مۇكاپاتىنى ئالىشش بويىچە ئاز سانلىق مىللەت ئۇسسۇللىرى مۇسابىقىسى 2000 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى جۇڭچىڭدا ئاياغلاشتى. شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ياش ئۇسسۇلچىسى ئامانگۈل ئورۇندىغان «چۈمبەل تارتقان ئايال» ئورۇنداش ئالتۇن مېدالغا، تېلىمان 2 ـ دەرىجىلىك رېژىسسورلۇق



«شەرق» ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى بىلەن بىر قىسىم شىنجاڭلىق ئارتىسلار 2000 - يىل 7 - ئايدا غۇلجا، سانجى قاتارلىق جايلاردا «شىنجاڭ ئەسىر سەپىرى» سەييارە ئويۇن قويۇش پائالىيىتىدە بولدى.

سۈرەتتە: ئۈرۈمچىدە ئويۇن قويغاندىن كېيىنكى خاتىرە سۈرەت.

ۋاڭ يۈگۈي فوتوسى

مۇكاپاتىغا، ھېكىم 3 - دەرىجىلىك كومپوزىتورلۇق مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ قەشقەر ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ياش ئۇسسۇلچىلىرىدىن ئالىيە، ئامىنە، رەيھانگۈللەر ئورۇندىغان 3 كىشىلىك ئۇسسۇل «ئاتامنىڭ نەغمىسى»، بايىنغولىن ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ياش موڭغۇل ئۇسسۇلچىلىرى ئولان، سەرىن، ئىردىنىلەر ئورۇندىغان 3 كىشىلىك ئۇسسۇل «خوردىنىساۋوردىن» ئورۇنداش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ قەشقەر ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ رېژىسسورى ئابدۇۋېلى، بايىنغولىن ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ موڭغۇل رېژىسسورى بايىندالاي مۇنەۋۋەر رېژىسسورلۇق مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

نى يۈشىن

## 2000 - يىللىق شياۋداۋكاڭيۇ مۇكاپاتى

«شياۋداۋكاڭيۇ شىنجاڭ مەدەنىيەت - ئاسار - ئەتىقە مۇنەۋۋەر مۇكاپاتى»نى تارقىتىش مۇراسىمى 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 19- كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەتتىمىن زاكىر ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەدەنىيەت مەسلىھەتچىسى شياۋداۋكاڭيۇ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن 20 ئورۇن ۋە شەخسكە مۇكاپات پۇل ۋە گۇۋاھنامە تارقىتىپ بەردى. شىنجاڭ سىرك ئۆمىكىنىڭ دارۋازلىق ئەترىتى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ «دولان چېچەكلىرى» سەھنە ئەسىرى گۇرۇپپىسى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ «تاغ ئاتا، سۇ ئانا» سەھنە ئەسىرى گۇرۇپپىسى شياۋداۋكاڭيۇ شىنجاڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى مۇنەۋۋەر كوللېكتىپ مۇكاپاتىغا؛ شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىشلىرى مۇنەۋۋەر كوللېكتىپ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ ئادىل ھوشۇر، كۈرەش رەجەپ، ئامانگۈل سىدىق، نۇۋراجاقان (قازاق)، ياڭ لىنا، رابىيە، گاۋ يەنمىڭلار شياۋداۋكاڭيۇ مەدەنىيەت ئىشلىرى مۇنەۋۋەر شەخس مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ ئەركىن مىجىت، ماھىنۇر، يۈ جىيۈڭ، ماگوپۇ (خۇيزۇ)، چى ۋېنجيې، ئابدۇقادىر تۇرسۇن، لى جىنگو، گۇەن خېڭجېن، ئابابەكرى دانىشلار شياۋداۋكاڭيۇ شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىشلىرى مۇنەۋۋەر شەخس مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

نى يۈشىن

## شېئىرلار توپلىمى «ئۆمۈر ئىزلىرى» مۇھاكىمە يىغىنى

ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان تۆمۈر داۋامەتنىڭ شېئىرلار توپلىمى «ئۆمۈر ئىزلىرى» مۇھاكىمە يىغىنى 2000 - يىل 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. «ئۆمۈر ئىزلىرى» مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەتنىڭ «تەڭرىتاغ كۈيلىرى»، «ۋەتەنگە مۇھەببەت»، «دەۋر چاقىرىقى» «ھايات مەشئىلى»، «بوستانلىقتا مەدھىيە» قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرىدىن كېيىن نەشر قىلىنغان 6 - شېئىرلار توپلىمى. بۇ توپلامغا شائىرنىڭ نەچچە 10 يىللىق ئالدىراش خىزمىتىدىن ۋاقىت چىقىرىپ يازغان 180 نەچچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن، توپلام 500 مىڭ خەتتىن ئاشىدۇ.

جياڭ لىن

## مەملىكەتلىك 3 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەت ئەدەبىي تەرجىمە مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىن 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت «ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي تەرجىمە خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك تېز يۈكسىلىدىغان يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋالايلى» دېگەن تېمىدا مۇھىم سۆز قىلدى.

يىغىنغا قاتناشقان 50 نەچچە ۋەكىل ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھازىرقى ئەدەبىي تەرجىمە خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۇتۇقلار، ساقلانغان مەسىلىلەر، جايلاردىكى تەرجىمانلارنىڭ ئەھۋالى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىلىدىكى ئىجادىيەتلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى ۋە پىكىر

ئالماشتۇردى. مەلۇماتقا قارىغاندا، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچى 678 بولۇپ، جەمئىيەت ئەزاسىنىڭ %11.1 نى ئىگىلىگەن، مەملىكىتىمىزدىكى 55 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ئۆز يازغۇچىلىرى بار، بەزى مىللەتلەرنىڭ ئۆز يازغۇچىلىرى قوشۇنى شەكىللەنگەن بولۇپ، سەۋىيىسى ناھايىتى يۇقىرى ئەسەرلەرنى يارىتىشقا كىرىشتى.

جياڭ لىن

## شىنجاڭ فولكلور جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى

بۇ مۇراسىم 2000 - يىل 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭ فولكلور جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان قىرغىزلارنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسى «ماناس»نى توپلاپ، رەتلەپ، 8 بۆلۈم 18 توم قىلىپ ئېلان قىلدى، «ماناس» توغرىسىدىكى تەتقىقات ئەسەرلىرىنى 5 توپلام قىلىپ نەشر قىلدى؛ «جاڭغىر»غا دائىر ماتېرىياللارنى رەتلەپ، تەھرىرلەپ، 14 توپلام قىلىپ نەشر قىلدى. «جاڭغىر» ئەدەبىي ئوقۇشلۇقىدىن 4 نى نەشر قىلدى. «جاڭغىر»نى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ 4 توم قىلىپ نەشر قىلدى، «جاڭغىرنىڭ مەنبەسى ئۈستىدە ئىزدىنىش» ناملىق تەتقىقات ئەسەرلىرى توپلىمىنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدى. «گېسار» داستانىغا دائىر ماتېرىياللارنى توپلاپ، رەتلەپ، 3 توم قىلىپ نەشر قىلدى. فولكلور جەمئىيىتى ناھىيە دەرىجىلىك فولكلور ماتېرىياللىرى توپلىمىدىن 400 نەچچىنى نەشر قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى. شىنجاڭدىكى 13 مىللەتنىڭ 6 خىل تىل - يېزىقىدىكى 21 توم ئۆلكە دەرىجىلىك توپلامنى تەھرىرلىدى ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتتى. جەمئىيەت چىقىرىپ كېلىۋاتقان، ئاشكارا تارقىتىلىدىغان پەسىللىك ژۇرناللاردىن «مىراس» ژۇرنىلى 60 سان، «مۇرا» ژۇرنىلى 80 سان چىقىرىلدى.

جياڭ لىن

2000 - يىلى شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاساسلىق گۈزەل سەنئەت، ھۆسنخەت، فوتو سۈرەت كۆرگەزمىلىرى

| ۋاقتى (ئاي) | كۆرگەزمە نامى | كۆرگەزمە ئورنى | ئۇيۇشتۇرغان ئورۇن |
|---|---|---|---|
| 3 | مەملىكەتلىك 9 - نۆۋەتلىك گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسىگە شىنجاڭدىن ئەۋەتىلىدىغان ئەسەرلەر كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ كۆرگەزمە زالى | شىنجاڭ گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى |
| 4 | شىنجاڭغا قەدەم تەشرىپ قىلىش — جاۋلىيىنىڭ فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ كۆرگەزمە زالى | شىنجاڭ فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتى، شۈيجۇ شەھەرلىك فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتى، سانجى ئوبلاستلىق فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتى |
| 4 | شىنجاڭ نەپىس رەساملىق تەتقىقاتى - ئەجدىھا يىللىق رەسىملەر كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ كۆرگەزمە زالى | شىنجاڭ گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى، شىنجاڭ نەپىس رەسىم رەساملىرى جەمئىيىتى |
| 5 | شىنجاڭ 1 - نۆۋەتلىك خەلق ئۆرپ - ئادەتلىرى فوتو سۈرەتلىرى كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ كۆرگەزمە زالى | شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، شىنجاڭ فولكلور جەمئىيىتى |
| 6 | شى خۇەيرۇينىڭ ئوتتۇرا دېڭىز رايونىدىكى 4 دۆلەتكە قىلغان سەپىرىدە تارتقان سۈرەتلىرى كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ «ۋاندېفۇ» مېھمانخانىسى | شىنجاڭ پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى |
| 6 | شىنجاڭ 8 - نۆۋەتلىك تەۋەررۈك ھۆسنخەت، ماركا كۆرگەزمىسى | | شىنجاڭ گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 7 | مىن يىننەن، ماۋشۈفېڭلارنىڭ ھۆسنخەت كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى باش ماگىزىنى | شىنجاڭ ھۆسنخەت تەتقىقات يۈرتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونى «داچېڭ» ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى |
| 8 | 5 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو ـ ياپونىيە يىپەك يولى گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى | ئۈرۈمچى شەھەرلىك «خېلو» سەنئەت مەركىزى | شىنجاڭ گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى، ياپونىيە ھازىرقى زامان رەسساملىرى جەمئىيىتى |
| 8 | بېيجىڭ، تەيۋەن، شىنجاڭنىڭ بىرلەشمە خەتتاتلىق بەدىئىي ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ كۆرگەزمە زالى | جۇڭگو خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ مەركەزدىكى دۆلەت ئورگانلىرى شۆبىسى، تەيۋەن ئۆلكىلىك ھۆسنخەت ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ خەتتاتلار جەمئىيىتى، تەيۋەن تەيجۇڭ شەھەرلىك جەنۇبىي رايون دېيى مەھەللە ئىشخانىسى |
| 9 | شىنجاڭ فوتو سۈرەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ كۆرگەزمە زالى | شىنجاڭ فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتى |
| 10 | ئاتاقلىق جۇڭگو رەسساملىرى ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى | ئۈرۈمچى «1 ـ ئاۋغۇست» تىياتىرخانىسى | شىنجاڭ گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، شىئەن گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى، شىئەن چاڭئەن رەسساملار يۈرتى، خې خېيشىيا گۈزەل سەنئەت سارىيى قاتارلىق ئورۇنلار |
| 11 | چۈگۈيېڭ رەسساملىرى كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ كۆرگەزمە زالى | شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى |
| 11 | شى شۈسىيىنىڭ چېگرا رايون ئۆرپ ـ ئادەتلىرى سۈرەتلىرى كۆرگەزمىسى | شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ كۆرگەزمە زالى | شىنجاڭ فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتى مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە جەمئىيىتى |

جياڭ لىن

## 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك فوتو سۈرەتچىلىك نەزەرىيىسى مۇھاكىمە يىغىنى

بۇ يىغىن 2000 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 24 — 29 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا 200 نەچچە فوتوگراف ۋە نەزەرىيىچى قاتناشتى. 15 نەزەرىيىچى فوتو سۈرەتچىلىك نەزەرىيىسى قۇرۇلۇشى، فوتو سۈرەتچىلىكنى سېغىرلاشتۇرۇش ۋە تورلاشتۇرۇش ئىمكانىيىتى، فوتو سۈرەتچىلىكنى بازارلاشتۇرۇش، كەسپلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مەخسۇس سۆز قىلدى ۋە ئىزدەندى. جۇڭگو فوتوگرافلار جەمئىيىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى دىڭ جيەن يىغىنغا قاتناشتى.

جياڭ لىن

## «شىنجاڭ مەدەنىيەت تارىخى ماتېرىياللىرى» «مۇنەۋۋەر مۇۋەپپەقىيەت مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ تارىخ ماتېرىياللارنى توپلاش خىزمىتى كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ ئىنقىلابىي مەدەنىيەت تارىخى ماتېرىياللىرىنى توپلاش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ باھالاش 2000 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئاياغلاشتى. مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى توپلاپ رەتلىگەن، دېي لىنيۇەن باش مۇھەررىر بولغان «شىنجاڭ مەدەنىيەت تارىخى ماتېرىياللىرى» مەملىكەت مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ ئىنقىلابىي مەدەنىيەت تارىخى ماتېرىياللىرىنى توپلاش خىزمىتىدىكى «مۇنەۋۋەر مۇۋەپپەقىيەت مۇكاپاتى»غا، مەدەنىيەت نازارىتى «تەشكىللەش مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. بۇ تارىخ ماتېرىياللار مەخسۇس ئەسەرلەر، ھۆججەتلەر، ئەسلىمىلەر ۋە چوڭ ئىشلار دېگەن 4 قىسىمدىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭغا 160 تىن ئارتۇق ھۆججەت كىرگۈزۈلگەن، ھەجمى ئاز كەم 500 مىڭ خەتكە يېتىدۇ. ئۇنىڭدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلابىي مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى خاتىرىلەنگەن.

نى يۈشىن

## مەدەنىيەت - سەنئەت ئالماشتۇرۇش ئەھۋالى

شىنجاڭ سىرىك ئۆمىكىنىڭ 28 ئادىمى تايلاند خىيەي مۇھاجىرلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن 2000 - يىلى 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە تايلاندتا 2 ئاي ھەقلىق ئويۇن قويدى.

شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىدىكى 35 كىشى شياڭگاڭ ئىلاھى ئۇچۇر ئىشلەش چەكلىك شىركىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن 2 - ئاينىڭ 11 — 21 - كۈنىگىچە شياڭگاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن 2000 - يىللىق شياڭگاڭ سەنئەت بايرىمىدا 12 مۇقامنى ئورۇندىدى.

جۇڭخۇا خەلق سىرىك ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭ شۆبە ئۆمىكى تەركىبىدىكى 27 كىشى 1999 - يىلى 12 - ئايدىن 2000 - يىلى 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنىگىچە تەيۋەندە ئۆتكۈزۈلگەن دېڭىز بوغىزى ئىككى قىرغىقىنىڭ 1999 - يىللىق جۇڭخۇا خەلق سىرىك يەرمەنكىسىگە قاتناشتى ھەمدە 2 ئاي خەلق سىركلىرىنى كۆرسىتىش - ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىدە بولدى.

جۇڭگو شىنجاڭ قازاق مەدەنىيەت - سەنئەتچىلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدىكى 20 كىشى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن مەدەنىيەت - سەنئەت كۆرگەزمە بۇيۇمىدىن 200 نەچچە (بۇنىڭ ئىچىدە رەسىم 40، كىتاب 40، قول ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇمى 80، ئەنئەنىۋى قازاق كىيىم - كېچەكلىرى 30 ۋە باشقىلار) نى ئېلىپ بېرىپ، 2000 - يىلى 11 - ئاينىڭ 23 — 27 - كۈنىگىچە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو قازاق قول ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى، ھۆسنخەت ۋە كىتاب كۆرگەزمىسىگە قاتناشتى.

يىل ئاخىرىغىچە شىنجاڭ 18 دۆلەت ۋە رايونغا بېرىپ مەدەنىيەت - سەنئەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىدە بولۇشقا تەستىقلانغان ۋە ئەۋەتكەن مەدەنىيەت - سەنئەت ئۆمەك - گۇرۇپپىسى 49 (قېتىم) غا، ئادىمى 439 (قېتىم) غا يەتتى، 13 مەملىكەت ۋە رايوندىن شىنجاڭغا مەدەنىيەت - سەنئەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىدە بولۇشقا كەلگەن 22 ئۆمەك - گۇرۇپپا، 268 ئادەم كۈتۈۋېلىندى.

نى يۇشىن، رېن شىنشياڭ

# مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئارخېئولوگىيە خىزمىتى

## مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتى

شىنجاڭ بويىچە 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئاپپاراتى 103، ئىشچى - خىزمەتچىسى 858، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئاپپاراتى 75، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى پەن تەتقىقات ئورنى 2، باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئاپپاراتى بىر، مۇزېي 23، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى دۇكىنى بىر. ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش خادىمى 759، ساقلىنىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقى 94 مىڭ 477، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى 672.

نى يۇشىن، ئەنيا شىرىپ

## جۇڭگو - ياپونىيە نىيە خارابىلىكىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە دوكلات (2 - جىلد) نى تارقىتىش مۇراسىمى

بۇ يىغىن ۋە مۇراسىم 2000 - يىلى 3 - ئاينىڭ 20 -، 21 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇنى مەدەنىيەت نازارىتى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار) ئىشخانىسى ئۇيۇشتۇردى، ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى، ياپونىيە بۇددا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ نىيە خارابىلىكى ئىلمىي تەتقىقات ئاپپاراتى، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى - ئارخېئولوگىيە ئورنى زىممىسىگە ئالدى. مۇھاكىمە يىغىنىدا ئۈچىنچى قېتىم جۇڭگودا جۇڭگو بىلەن ياپونىيىنىڭ نىيە خارابىلىكىنى ئىلمىي مۇھاكىمە قىلىش، ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسى ھەر تەرەپلىمە، ئەتراپلىق تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈلدى. جۇڭگو ئارخېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقى، ئاتاقلىق ئارخېئولوگ، جۇڭگو تارىخ مۇزېيىنىڭ سابىق باشلىقى يۈۋېيچاۋ ۋە بېيجىڭ، ياپونىيە، شىنجاڭدىن كەلگەن ئاز كەم 100 مۇتەخەسسىس، ئالىم مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.

جۇڭگو بىلەن ياپونىيىنىڭ نىيە خارابىلىكىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشى 1988 - يىلى باشلانغان، 9 قېتىم بىرلەشمە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. تەكشۈرۈشكە جۇڭگو ۋە چەت ئەل مۇتەخەسسىس، ئالىملىرىدىن 400 نەچچە ئادەم (قېتىم) قاتناشتى، بۇ ھازىرغىچە جۇڭگودىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ جۇڭگو - چەت ئەل بىرلەشمە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش تۈرى ھېسابلىنىدۇ.

ليۇ شياۋچىڭ

## جەمئىيەتتىن مەبلەغ كىرگۈزۈپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى بىلەن شىنجاڭ «شىنتيەن» خەلقئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق چەكلىك

شىركىتى 2000 - يىلى 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى رەسمىي ئىمزا قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. «شىنتيەن» خەلقئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق چەكلىك شىركىتى دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى بېشبالىق غەربىي چوڭ ئىبادەتخانىسىنى قوغداش ۋە رېمونت قىلىشقا 15 مىليون يۈەن بېرىدىغان بولدى. بۇ شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئۈچۈن تۇنجى قېتىم جەمئىيەتتىن مەبلەغ جەلپ قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

نى يۈشىن

## قۇمۇل ۋاڭى مەخپەرىسىنى رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشى پۈتتى

ئاپتونوم رايون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالغان، بىڭتۈەن 200 مىڭ يۈەن ياردەم قىلغان، قۇمۇل ۋىلايىتى 360 مىڭ يۈەن چىقارغان قۇمۇل ۋاڭى مەخپەرىسىنى رېمونت قىلىش قۇرۇلۇشى 2000 - يىلى 8 - ئاينىڭ 16- كۈنى پۈتتى. دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جىياڭ شىنجېن تەكلىپكە بىنائەن ئالاھىدە كېلىپ لېنتا كېسىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. رېمونت قىلىنغاندىن كېيىنكى قۇمۇل ۋاڭ مەخپەرىسى شىنجاڭ رايونىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مەھەللىلىرىنىڭ بىرى ۋە مۇھىم ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بازىسى بولۇپ قالغۇسى.

نى يۈشىن

## 2 - نۆۋەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئەسىر سەپىرى پائالىيىتى

دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان، «جۇڭگو مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» گېزىتى ئىدارىسى مەسئۇل بولغان، ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى بىلەن گەنسۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى ھەمكارلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان 2 - نۆۋەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئەسىر سەپىرى پائالىيىتى 2000 - يىلى 8 - ئاينىڭ 5 — 28 - كۈنلىگىچە ئۆتكۈزۈلدى.

مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، «خەلق» گېزىتى، «نۇر» گېزىتى، «شىنخۇا» ئاگېنتلىقى قاتارلىق 20 نەچچە ئاخبارات ئورنىدىن 30 نەچچە مۇخبىر زىيارەت قىلىش پائالىيىتىگە قاتناشتى. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئەسىر سەپىرى زىيارەت ئۆمىكى شىنجاڭ تەۋەسىدىكى قۇمۇل ۋاڭ مەخپەرىسى، تۇرپان ۋىلايىتىدىكى پىچان دۆڭبازار چوڭ ئىبادەتخانىسى، قۇمتاغ باغچىسى، تويۇق مىڭئۆيى، ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى، ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقى، يارغول قەدىمكى شەھىرى، سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى، بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى خېجىڭ ۋاڭ ھەرىمى، شىكشىن بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى ۋە مىڭئۆيى، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى سىمسىم مىڭئۆيى، سۇ بېشى بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىلىكى، قۇمتۇرا مىڭئۆيى، قىزىل مىڭئۆيى، قىزىلغاغا تۇراسى، قىزىلغاغا مىڭئۆيى، سانجى ئوبلاستىدىكى بېشبالىق قەدىمكى شەھىرى ۋە غەربىي چوڭ ئىبادەتخانا خارابىلىكلىرى، شىنجاڭ مۇزېيى، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقات ئورنى، 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش باشقارمىسى خاتىرە سارىيى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىق نۇقتىلىرى ۋە ئورۇنلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

نى يۈشىن

## بۇرچىن ناھىيىسىدە يېڭى قىياتاش رەسىملىرى ئىزى بايقالدى

بۇرچىن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىنىڭ خىزمەتچىلىرى 2000 - يىلى 10 - ئايدا بۇرچىن ناھىيىسى چوڭقۇر بېزىسىنىڭ 20 كىلومېتىر غەربىي شىمالىدا يېڭى قىياتاش رەسىملىرى ئىزىنى بايقىدى. قىياتاش رەسىملىرى بۇرچىن دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى تەخمىنەن 1500 مېتىر كېلىدىغان قىياتاشقا ئويۇپ سىزىلغان. دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان قىياتاش رەسىمى 350 تىن ئاشىدۇ. ئويۇشتا ئاساسەن ئويما ئويۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغان، ئاز بىر قىسمى قاپارتما چىقىرىپ ئويۇش ئۇسۇلى بىلەن ئويۇلغان بولۇپ، ئاددىي، جانلىق ئويۇلغان، تېمىسى كەڭ بولۇپ، ئومۇمەن ئادەم، ئات، كالا، قوي، تۆگە، ئىت، بۆرە، تۈلكە، بۇغا قاتارلىقلارنىڭ ئوبرازى ۋە ئادەملەرنىڭ مال بېقىۋاتقان، ئوۋ ئوۋلاۋاتقان، ئاتلىق يۈرگەن كۆرۈنۈشلىرى ئىپادىلەنگەن. رەسىملەرنىڭ مەزمۇنى مول، رەسىمدىكى ئوبرازلار جانلىق. ئويۇش ئۇسۇلى ۋە دەۋرى ئوخشاش ئەمەس، ۋاقىت پەرقى زور، ئويىسلار سىپتىلىق ۋە قوپاللىق جەھەتتىمۇ خېلى پەرقلىنىدۇ. رەسىملەر قويۇق رومانتىك تۈسكە ۋە شىمالدىكى كۆچمە چارۋىچى مىللەتلەرگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە، رەسىملەرنىڭ بىر قىسمىدا ئەينى ۋاقىتتىكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد سىمۋوللىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، يەنە بىر قىسمىنىڭ مەزمۇنىنى يەنىمۇ تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا توغرا كېلىدۇ.

يىن چۈناۋ

## مەملىكەتلىك غەربىي قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتى يىغىنى

بۇ يىغىن 2000 - يىلى 9 - ئاينىڭ 12 — 14 - كۈنلىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ ۋەكىللىرى، مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ غەربىي

قىسمىنى كەلگۈسىدە ئىچىش جەريانىدا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر ھەم غەربىي قىسمىنى كەلگۈسىدە ئېچىش قۇرۇلۇشىغا ماسلىشىپ ئىشلەشكە تېگىشلىك خىزمەتلەر توغرىسىدىكى پىلان، تەكلىپ ۋە پىكىرلىرى ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىت، مۇئاۋىن رەئىسى مەتىمىن زاكىر، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاڭ ۋېنبىنلەر غەربىي قىسىمنى كەلگۈسىدە ئېچىش جەريانىدا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش خىزمىتى توغرىسىدا سۆز قىلدى.

نى يۇشىن

# ئىجتىمائىي مەدەنىيەت

## ئىجتىمائىي مەدەنىيەت (سەنئەت) خىزمىتى

شىنجاڭ بويىچە 2000 - يىلدىكى ئاممىۋى سەنئەت سارىيى 16، مەدەنىيەت سارىيى 92، ئىشچى - خىزمەتچىسى 1498؛ مەدەنىيەت پونكىتى 952، ئىشچى - خىزمەتچىسى 1464، يۇنلۇق ئىچىدە يېزا - بازار مەدەنىيەت پونكىتى 863. بىر يىلدا 2501 قېتىم ھەرخىل كۆرگەزمە، 5589 مەيدان (قېتىم) ئاممىۋى ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى، 2639 قېتىم ھەرخىل ئاممىۋى سەنئەت مەشىق كۇرسى ئېچىلىپ، 133 مىڭ ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى.

نى يۇشىن، خې جيا

## «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى

«غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى» (خەنزۇچە) 2000 - يىل 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئۇنى مەدەنىيەت نازارىتى باشقۇرىدۇ. ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى» ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىيەت خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئورگان ژۇرنىلى. ئۇ، قوش ئايلىق، 16 فورماتلىق ژۇرنال، ئۇنىڭ يەرلىك مەشھۇر ئەدىبلەر، غەربىي يۇرت رىۋايەتلىرى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، مەدەنىيەت فوكۇسى، كىشىلىك تۇرمۇش سەھنىسى، مەدەنىيەت سەيلى - ساياھىتى، مەدەنىيەت يەرمەنكىسى، چەت ئەل مەدەنىيىتى، مەدەنىيەت قىزىل - يېشىل چىراغلىرى، مەدەنىيەت ئۇچۇرى، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى چوڭ ئىشلار قاتارلىق مۇھىم سەھىپىلىرى بار.

نى يۇشىن

## مەدەنىيەت سىستېمىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر

كادىرلار مىنىستىرلىكى بىلەن مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان مەدەنىيەتتە مەملىكەت بويىچە ئىلغار ناھىيىلەر، مەدەنىيەت خىزمىتىدە مەملىكەت بويىچە ئىلغار كوللېكتىپلار، مەدەنىيەت سىستېمىسىدىكى مەملىكەت بويىچە ئىلغار خىزمەتچىلەر، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنى 2000 - يىل 2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. ماناس ناھىيىسى، قەشقەر شەھىرى «مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەتتە ئىلغار ناھىيە (شەھەر)» دېگەن نامغا، شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى، قاراماي شەھەرلىك كۇتۇپخانا، دۆربىلجىن ناھىيىلىك مەدەنىيەت بازىرىنى تەكشۈرۈش چوڭ ئەترىتى «مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەت سىستېمىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن نامغا، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت بازىرىنى باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئادىل مۇھەممەت، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئاممىۋى سەنئەت سارىيىنىڭ باشلىقى قۇربان بىبى (ئايال، قىرغىز)، ئالتاي شەھىرى سارخۇلسۇن يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ باشلىقى رەخمىتۇللا (قازاق)، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يۇ يۈرېن (ئايال)، ئىلى ئوبلاستلىق كىنو فىلىم تارقىتىش - قويۇش شىركىتىنىڭ دىرېكتورى جۇيىبىن «مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەت سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى ۋە ئەمگەك نەمۇنىچىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

نى يۇشىن

## 7 يېزا (بازار) غا «جۇڭگو خەلق سەنئىتى ماكانى» دەپ نام بېرىلدى

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى 2000 - يىل 5 - ئاينىڭ 15 - كۈندىن 17 - كۈنىگىچە جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ كۈنشەن شەھىرىدە جۇڭگو خەلق سەنئىتى ماكانى دەپ نام بېرىش ۋە نەق مەيداندا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزدى، كۇچا ناھىيىسىنىڭ چىمەن يېزىسى (مۇقام)، بارىكۆل يېزىسىنىڭ كۈيسۇ يېزىسى (ناخشا - ئۇسسۇل، خەلق ئويۇنى، ئۆلەڭ ئېيتىش)، چۆچەك شەھىرىنىڭ ئاشلى داغۇر مىللىي يېزىسى (مىللىي ناخشا - ئۇسسۇل)، توقسۇ ناھىيىسىنىڭ تاشئېرىق يېزىسى (مىللىي ناخشا - ئۇسسۇل)، ئاقچى ناھىيىسىنىڭ ساپارباي يېزىسى (قومۇز چېلىپ ناخشا ئېيتىش)، شىخو شەھىرىنىڭ گەنخوزا بازىرى (ناخشا - ئۇسسۇل) ۋە بايانغول چارۋىچىلىق فېرمىسى (مىللىي كەشتىچىلىك)، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 8 - شى 143 - تۇەن - مەيداننىڭ گۈلباغ بازىرى (دۇمباق چېلىش، ياڭگېر ئۇسسۇلى ئويناش) غا «جۇڭگو

خەلق سەنئىتى ماكانى» دەپ نام بېرىلدى. ئاپتونوم رايون 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى يۇقىرىقى 8 يېزا - بازارغا گۇۋاھنامە بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

نى يۇشىن

## 2 - تۈركۈم يېزا - بازار مەدەنىيەت پونكىتلىرى باھالىنىپ، دەرىجىسى بېكىتىلدى

شىنجاڭدىكى 2 - تۈركۈم يېزا - بازار (مەيدان، مەھەللە) مەدەنىيەت پونكىتلىرىنى باھالاپ، دەرىجىسىنى بېكىتىش 2000 - يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاياغلاشتى، ئاپتونوم رايون بويىچە 99 يېزا - بازار (مەيدان، مەھەللە) مەدەنىيەت پونكىتى (مەركىزى) نىڭ دەرىجىسى بېكىتىلىپ، نام بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە دەرىجىلىك مەدەنىيەت پونكىتى 22، 1 - دەرىجىلىك مەدەنىيەت پونكىتى 32، ئۆلچەملىك مەدەنىيەت پونكىتى 45.

نى يۇشىن

## جۇڭگو ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئىمتىھان ئېلىپ دەرىجىسىنى بەلگىلەش كۇرسى تۇنجى قېتىم ئېچىلدى

مەملىكەتلىك ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئىمتىھان ئېلىپ دەرىجىسىنى بەلگىلەش مەركىزىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن شىنجاڭ ئۇسسۇلچىلار - باللار سەنئىتى كومىتېتى، مەدەنىيەت نازارىتى ئۇسسۇلچىلار - باللار ئىشخانىسى ھاۋالە بويىچە 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 18 — 27 - كۈنىگىچە تۇنجى شىنجاڭ 2000 - يىللىق جۇڭگو ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئىمتىھان ئېلىپ، دەرىجىسىنى بەلگىلەش كۇرسى ئاچتى، كۇرستا شىنجاڭنىڭ جاي - جايلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇر، خۇيزۇ، خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن بولغان 32 باللار ئوقۇتقۇچىسى تەربىيىلەندى، 6 كۇرسانت ئەلا نەتىجىگە ئېرىشتى، 19 كۇرسانت لاياقەتلىك بولدى.

نى يۇشىن

## 5 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا خور ئېيتىش بايرىمىدا شىنجاڭ «قىزىل قالقان» خور ئۆمىكىنىڭ ناخشىلىرى كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ سايباغ رايونلۇق شۆبىسى تەشكىللىگەن شىنجاڭ «قىزىل قالقان» خور ئۆمىكى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 23 — 28 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزگەن جۇڭگو خەلقئارا خور ئېيتىش بايرىمىدا ئويۇن كۆرسەتتى. خور ئۆمىكى ئورۇندىغان «گېپىڭ لىتەي» ، «كۆتۈرۈلۈۋاتقان ھىلال ئاي» ، «چۈمبىلىڭنى ئېچىۋەت» ، «يايلاق لىرىكىسى» قاتارلىق ناخشىلار كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى.

نى يۇشىن

## شىنجاڭ ئۇسسۇلچىلىرى ئورۇندىغان سەنئەت نومۇرلىرى مۇكاپاتقا ئېرىشتى

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى 2000 - يىل 8 - ئاينىڭ 6 — 10 - كۈنىگىچە گۇيياڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزگەن «مامكاپ مۇكاپاتى» نى تالىشىش بويىچە مەملىكەتلىك 1 - نۆۋەتلىك ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە ۋە يېڭى مايسا مۇكاپاتىنى تالىشىش بويىچە مەملىكەتلىك 4 -نۆۋەتلىك جىڭجۇ تىياتىرى تەكلىپ مۇسابىقىسىدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ باللار باغچىسى ئىجاد قىلىپ ئورۇندىغان تاجىكچە ئۇسسۇل «پامىر غۇنچىلىرى» ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىدە ئورۇنداش بويىچە ئالتۇن مېدالغا، ئىجادىيەت كۈمۈش مېدالغا؛ شىنجاڭ سۇۋادان تېرەك سەنئەت ئۆمىكى ئىجاد قىلىپ ئورۇندىغان 2 كىشىلىك ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل «ئارزۇ» ، قازاقچە ئۇسسۇل «توختاپ تۇرۇڭ» ئىجادىيەت مىس مېدالغا ئېرىشتى.

نى يۇشىن

## مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى 3 - تۈركۈم ئىلغار ناھىيىلەر

مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا شىنجاڭ بويىچە ئىلغار ناھىيىلەرنى باھالاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى 2000 - يىل 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۈچتۇرپان، بۇرچىن، كۆكتوقاي، بۇرۇلتوقاي، چەرچەن، مورى، چاپچال ناھىيىلىرى، ئالتاي، كۈيتۇڭ، ئاتۇش شەھەرلىرى، قاراماي شەھىرىنىڭ قاراماي ۋە جەرەنبۇلاق رايونى قاتارلىق 12 ناھىيە (شەھەر، رايون) نى ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى 3 - تۈركۈم ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) قىلىپ باھالىدى.

نى يۇشىن

## شىنجاڭ مېيىپلىرىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك دوكلات ئويۇنى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، شىنجاڭ مېيىپلار بىرلەشمىسى، مەدەنىيەت نازارىتى، رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، مائارىپ نازارىتى، خەلق ئىشلىرى نازارىتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان شىنجاڭ مېيىپ سەنئەتچىلىرىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك دوكلات ئويۇنى 2000 - يىل 10 - ئاينىڭ 29 -، 30 - كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە قويۇلدى. دوكلات ئويۇنىغا 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە شىنجاڭ مېيىپلار كەسپىي تېخنىكومى، شىنجاڭ «ئىللىق دۇنيا» سەنئەت ئۆمىكى قاتارلىق 17 كوماندا قاتنىشىپ، 49 نومۇر (ئۇسسۇل 16، ناخشا 25، مۇزىكا 8) ئورۇندىدى، ئۇلاردىن

42 سى مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

نى يۈشەن

## جىڭجۇ تىياتىرلىرى مۇكاپاتقا ئېرىشتى

جۇڭگو تىياتىرچىلار جەمئىيىتى، شەنشى ئۆلكىلىك مەدەنىيەت نازارىتى، شەنشى ئۆلكىلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، شەنشى ئۆلكىلىك تىياتىرچىلار جەمئىيىتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو چىنچياڭ سەنئىتى بايرىمى 2000 - يىل 11 - ئاينىڭ 3 — 15 - كۈنلىرىچە شىئەن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك جىڭجۇ تىياتىرى ئۆمىكى ئەۋەتكەن چوڭ تىپتىكى يېڭى تارىخىي جىڭجۇ تىياتىرى «كۆمەرگە تېگىشلىگەن مۇھەببەت»، چوڭ تىپتىكى ھازىرقى زامان جىڭجۇ تىياتىرى «ئاق خالاتلىق دانىشمەن» ئورۇندالدى. «كۆمەرگە تېگىشلىگەن مۇھەببەت» تىياتىر گۇرۇپپىسى ئېسىل سەھنە ئەسىرى مۇكاپاتى، مۇنەۋۋەر ئورۇنداش مۇكاپاتى قاتارلىق 20 مۇكاپاتقا، «ئاق خالاتلىق دانىشمەن» تىياتىر گۇرۇپپىسى چىنچياڭ مۇقامىنى گۈللەندۈرۈشتىكى شەخسىي تۆھپە يارىتىش مۇكاپاتى قاتارلىق 4 مۇكاپاتقا، مەدەنىيەت نازارىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

نى يۈشەن

## جىڭجۇ تىياتىرى ئارتىس - ھەۋەسكارلىرى مۇكاپاتقا ئېرىشتى

جۇڭگو جىڭجۇ تىياتىرى ئارتىس - ھەۋەسكارلىرىنىڭ «تىنچلىق لوڭقىسى» نى تالىشىش بويىچە تەكلىپ مۇسابىقىسى 2000 - يىل 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تيەنجىندە ئاياغلاشتى. مەدەنىيەت نازارىتى تاللاپ ئەۋەتكەن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كۆز كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىدىكى لى جيەنپىڭ ئورۇندىغان جىڭجۇ تىياتىرى «سۇمۇرۇغ ئۇۋۇسىغا قايتتى» دىن ئارىيە، بىڭتۈەن 1 - بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىركىتىدىن فېڭ چىڭجى ئورۇندىغان «گازارمىنى كۆزەت قىلىش» تىن ئارىيە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپات — «جۇڭگودىكى قوش ئون ياخشى ئارتىس - ھەۋەسكار مۇكاپاتى» غا؛ شىنجاڭ بىناكارلىق ترانسپورت شىركىتىدىكى شۇيالى ئورۇندىغان «دەللال» دىن ئارىيە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپات — «جۇڭگو جىڭجۇ تىياتىرى بويىچە مۇنەۋۋەر ئارتىس - ھەۋەسكار» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

نى يۈشەن

## چېبگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇشتىكى ئىلغار رايون ۋە ئورۇنلار

ش ئۇ ئا ر «يىپەك يولى» چېبگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى 2000 - يىل 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى سانجى ئوبلاستى، ئالتاي، ئىلى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرى، بايىنغولىن ئوبلاستى، تارباغاتاي ۋىلايىتى، بورتالا ئوبلاستى، ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئۈرۈمچى ناھىيىسى، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ چېبگرا مۇداپىئە باش ئەترىتىگە 2000 - يىللىق «چېبگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشىدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار رايون ۋە ئورۇن» دېگەن نام بەردى ۋە ئۇلارنى تەقدىرلىدى.

نى يۈشەن

## شىنجاڭنىڭ ئاممىۋى ئەدەبىيات - سەنئەت ئويۇنلىرى «ئاممىۋى ئەدەبىيات - سەنئەت يۇلتۇز مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئۇيۇشتۇرغان «ئاممىۋى ئەدەبىيات - سەنئەت يۇلتۇز مۇكاپاتى» نى تالىشىش بويىچە مەملىكەتلىك 10 - نۆۋەتلىك نەق مەيدان ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى 2000- يىل 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ تەيجۇ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيىنىڭ ياشانغانلار كوللېكتىپ ئۇسسۇلى «بولۇڭكۆل بويىدىكى كەچكى شەپەق مۇھەببىتى» ئالتۇن مېدالغا؛ ش ئۇ ئا ر ئاممىۋى سەنئەت سارىيىدىن شەمسىيە نىياز ئورۇندىغان يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل «تەڭرىتاغ قىزى» كۈمۈش مېدالغا؛ سانجى ئوبلاستلىق ئاممىۋى سەنئەت سارىيىدىن خاۋ باۋلى (ئايال) ئورۇندىغان يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل «شۇۋرغاندا قالغان مودەنگول»، بورتالا ئوبلاستلىق ئاممىۋى سەنئەت سارىيىدىن دەمە (موڭغۇل)، ساڭلو (موڭغۇل)، ئوينا (موڭغۇل) لار ئورۇندىغان 3 كىشىلىك ئۇسسۇل «يۇرتۇمنىڭ توپشورى»، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيىنىڭ كوللېكتىپ ئۇسسۇللىرى «شاتلىققا چۆمگەن دولانلىقلار» ۋە «باھار پەسلى» كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى. مەدەنىيەت نازارىتى مۇنەۋۋەر تەشكىللەش خىزمىتى مۇكاپاتىغا، ش ئۇ ئا ر ئاممىۋى سەنئەت سارىيى ئەدەبىيات - سەنئەت بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى شۇبېن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيىنىڭ باشلىقى يەن ئېنخۇي مۇنەۋۋەر تەشكىللىگۈچى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

نى يۈشەن

## 3 - تۈركۈم يېزا - بازار مەدەنىيەت پونكىتلىرى باھالىنىپ، دەرىجىسى بېكىتىلدى

2000 - يىل 12 - ئايدا ئۈرۈمچى ناھىيىسى ئەنەنچۈي بازارلىق مەدەنىيەت پونكىتى، ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ مەدەنىيەت پونكىتى ئاپتونوم رايون بويىچە 3 - تۈركۈم ئالاھىدە

دەرىجىلىك مەدەنىيەت پونكىتى بولۇپ؛ ئۈرۈمچى شەھىرى تۇدۇڭخابا رايونى غەربىي ۋوگزال مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ مەدەنىيەت پونكىتى، غۇلجا شەھىرى كېپەكيۈزى يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتى قاتارلىق 9 مەدەنىيەت پونكىتى ئاپتونوم رايون بويىچە 3 - تۈركۈم 1 - دەرىجىلىك مەدەنىيەت پونكىتى بولۇپ؛ ئۈرۈمچى ناھىيىسى چىڭگىداخۇ يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتى، چاپچال ناھىيىسى چولاق بۇغرا يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتى قاتارلىق 17 مەدەنىيەت پونكىتى ئاپتونوم رايون بويىچە 3 - تۈركۈم ئىلغارلىق مەدەنىيەت پونكىتى بولۇپ باھالاندى.

نى يۈشىن

## 2 - قېتىملىق ئومۇمىي خەلق كىتاب ئوقۇش ئېيى پائالىيىتى

ئاپتونوم رايونلۇق 2 - قېتىملىق ئومۇمىي خەلق كىتاب ئوقۇش ئېيى پائالىيىتى ش ئۇ ئا ر بىلىم قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە 2000 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم رايوندا باشلاندى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ھەر ئائىلىدە بىر كىتاب جاھازىسى بولۇش، ھەر ئائىلە 2 گېزىتكە مۇشتەرى بولۇش، ھەر ئائىلىدە 300 ئەتراپىدا كىتاب بولۇش، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەربىرى ياخشى كىتابتىن 4نى ئوقۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش؛ ئوقۇرمەنلەر ياقتۇرىدىغان كۇتۇپخانىنى باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش؛ «1000 كەنت كىتاب ئامبىرى»، «ئۈمىد» كىتاب ئامبىرى قۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. يۇقىرىقى پائالىيەت قانات يايدۇرۇلغان مەزگىلدە ئاپتونوم رايوندىكى ئورۇنلار دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا 17 مىڭ 535 پارچە كىتاب ھەدىيە قىلدى، بۇ كىتابلارنىڭ قىممىتى 100 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ.

نى يۈشىن

# كۇتۇپخانىچىلىق

## ئاممىۋى كۇتۇپخانا

شىنجاڭ بويىچە 2000 - يىلدىكى كۇتۇپخانا 80، كۇتۇپخانا ئىشچى - خىزمەتچىسى 893، كۇتۇپخانىلاردا ساقلىنىۋاتقان كىتاب 5 مىليون 790 مىڭ، بۇنىڭ ئىچىدە قەدىمكى كىتاب 97 مىڭ. كۇتۇپخانىلارنىڭ كىتاب سېتىۋېلىشى ئۈچۈن 1 مىليون 360 مىڭ يۈەن خىراجەت ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بىر يىلدا كۇتۇپخانىلار 66 مىڭ نۇسخا كىتاب سېتىۋالدى.

نى يۈشىن، خې جيا

## 100 كەنتكە 10مىڭ كىتاب ھەدىيە قىلىش پائالىيىتى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، مەدەنىيەت نازارىتى 2000 - يىل 2 - ئايدا قانات يايدۇرغان 100 كەنتكە 10 مىڭ كىتاب ھەدىيە قىلىش پائالىيىتىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا 9000 كىتاب ھەدىيە قىلىندى، يېزا مەدەنىيەت ئۆيى، كىتاب ئامبىرىدىن يەنە 100ى قۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە 100 كەنتتە كىتاب ئامبىرى بولۇش قۇرۇلۇشى 700گە يەتتى.

نى يۈشىن

## ئوقۇرمەنلەر ياقتۇرىدىغان كۇتۇپخانىلار

مەملىكەتلىك بىلىم قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مەملىكەت بويىچە ئوقۇرمەنلەر ياقتۇرىدىغان 150 كۇتۇپخانىنى باھالاپ نام بېرىش پائالىيىتى 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئاياغلاشتى، قاراماي شەھەرلىك كۇتۇپخانا، سانجى ئوبلاستلىق كۇتۇپخانا، غۇلجا شەھەرلىك كۇتۇپخانا، فۇكاڭ شەھەرلىك كۇتۇپخانا شۇ شەرەپكە ئېرىشتى. بۇ پائالىيەتكە شىنجاڭ بويىچە 30 ئاممىۋى كۇتۇپخانا، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇرمەن قاتناشتى.

نى يۈشىن

# مەدەنىيەت بازىرى

## مەدەنىيەت بازىرى ئەھۋالى

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدىكى مەدەنىيەت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن 6409غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ناخشا - ئۇسسۇل زالى 328، تانسىخانا 270، كارا OK زالى 445، ئېلېكترونلۇق ئويۇنچاقخانا 754، بىليارتخانا 145، دومىلاتما توپ مارىيى (زالى) 9، غالتەكلىك كانكى مەيدانى 9، ئومۇمىيۈزلۈك مەدەنىي مەشغۇلات سورۇنى 81، ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى توپ، پارچە سېتىش ئورنى 1025، ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى قويۇش ئورنى 604، ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى ئىجارىگە بېرىش ئورنى 871، گۈزەل سەنئەت شىركىتى، رەسىم دۇكىنى، رەسىم كارىدورى 36، كىتابنى توپ، پارچە سېتىش كارخانىسى 493، مەدەنىيەت - سەنئەت ئىگىلىكىنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش ئورنى 3، باشقا تىجارەت ئورنى 1336، كەسپكار 16 مىڭ 700، دەسمايىسى 356 مىليون 937 مىڭ يۈەن، ئاساسلىق تىجارەت كىرىمى

346 مىليون 40 مىڭ يۈەن، يۆتكىمىگە تاپشۇرغان ئاساسلىق تىجارەت بېجى ۋە قوشۇمچە ھەق 29 مىليون 9000 يۈەن، يۆتكىمىگە تاپشۇرغان مەدەنىيەت بازىرىنى باشقۇرۇش ھەققى 6 مىليون 495 مىڭ يۈەن، پارائقان قوشۇلما قىممەت 181 مىليون 566 مىڭ يۈەن. يۇنىڭدىن باشقا كىيىم - كېچەك مودېللىرى ئەترىتى 10، مودېل 1131.

نى يۈشىن، خۇاڭ جۈنفاڭ

## ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى قويۇشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى

مەدەنىيەت نازارىتى 2000 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايوندىكى ناخشا - ئۇسسۇل مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى ئىشلىتىدىغان ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى قويۇشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى تۈزۈمىنى يولغا قويدى، بۇ تۈزۈم ئۈن - سىن بۇيۇملىرى ئەسلى نۇسخىسىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداشنى مەقسەت قىلىدۇ.

نى يۈشىن

## مەخسۇس تۈزەش خىزمىتى

2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئاپتونوم رايون مىقياسىدا مەدەنىي مەشغۇلات مۇلازىمەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئەپيۇن - نومۇسنى سېتىش، پاھىشىۋازلىق قىلىش، قىمار ئويناش، زەھەر چېكىش، زەھەر سېتىش قاتارلىق رەزىل ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش مەخسۇس ھەرىكىتى ۋە ئېلېكترونلۇق ئويۇن تىجارىتى سورۇنلىرىنى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇشقا باشلىدى.

9 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا مەدەنىيەت بازىرىنى تەكشۈرۈشكە 500 قېتىمدىن ئارتۇق ئادەم چىقىرىلدى، 200 دىن ئارتۇق شوئار، پلاكات ئېسىلدى، 56 قېتىم تەشۋىقات ئاپتوموبىلى چىقىرىلدى، 20 مىڭدىن ئارتۇق تەشۋىقات بۇيۇمى تارقىتىلدى، 80 نەچچە مەسلىھەت سوراش نۇقتىسى تەسىس قىلىندى؛ 1190 ئېلېكترونلۇق ئويۇن تىجارەت سورىنى تەكشۈرۈلۈپ، قانۇنغا خىلاپ تىجارەت قىلغان 487 سورۇن پېچەتلەندى، 207 سورۇن تىجارەتتىن توختىتىلىپ تەرتىپكە سېلىندى، بەلگىلىمىگە خىلاپ تىجارەت قىلغان 213 تىجارەتچىگە ھەرخىل مەمۇرىي جازا بېرىلدى، 555 قىمار سايمىنى يىغىۋېلىندى ۋە پېچەتلەندى، تەقىبنى بۇزغان ئويۇن ئاپپاراتىنىڭ 2000 دىن ئارتۇق ئېلېكتر زەنجىر تاختىسى كۆيدۈرۈپ تاشلاندى، مەخسۇس تۈزەشتىن كېيىن ئاپتونوم رايوندىكى ئېلېكترونلۇق ئويۇن تىجارىتى سورىنى %9.40 ئازايدى.

نى يۈشىن

# تارىخ، تەزكىرە تۈزۈش ئەھۋالى

## پارتىيە تارىخى خىزمىتى

1. شىنجاڭنىڭ يەرلىك پارتىيە تارىخى مەجمۇئەسى يېزىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە تارىخى خىزمىتى 20 يىللىق تەرەققىياتنى باشتىن كەچۈرگەن، بولۇپمۇ 2 ئۈچ يىللىق پىلان يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ھەر دەرىجىلىك يەرلىك پارتىيە تارىخىنى يېزىشنىڭ تۈپ شەرتى ھازىرلاندى. 2 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە تارىخى ئىشخانىلىرى مۇدىرلىرى يىغىنىدا ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تارىخى نۇسخىسىنى يېزىش ۋەزىپىسى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يىغىندىن كېيىن ش ئۇ ئا ر پارتىيە تارىخى خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى «شىنجاڭنىڭ يەرلىك پارتىيە تارىخى مەجمۇئەسىنى يېزىشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا پىكىر»نى تارقىتىپ، پارتىيە تارىخىنى يېزىشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، يېزىش پرىنسىپى، كونكرېت ۋەزىپىسى، تەكشۈرۈپ نەشر قىلىشقا ئوخشاش مەسىلىلەر توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقاردى. 7 - ئايدا كورلا شەھىرىدە ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پارتىيە تارىخى يېزىش خىزمىتى مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، پارتىيە تارىخى نۇسخىسىنى قانداق يېزىش مەسىلىسى ئۈستىدە مەخسۇس سۆھبەت، كونسۇلتاتسىيە ئېلىپ باردى، ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك پارتىيە تارىخى تارماقلىرىدىن يەرلىك پارتىيە تارىخى يېزىش خىزمىتىگە قەدەممۇ قەدەم كىرىشىپ، نادىر ئەسەر قىلىپ يېزىشقا تىرىشىشنى تەلەپ قىلدى. يىل ئاخىرىغىچە مىچۈەن، يوپۇرغا، ئاقسۇ قاتارلىق ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ پارتىيە تارىخىنى تەكشۈرۈپ باھالاپ، بۇ خىزمەتنىڭ بېشىنى خېلى ئوبدان باشلىدى.

ش ئۇ ئا ر پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدىكى بىر تۈركۈم مۇھىم مەخسۇس تېمىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى تۈزۈلۈپ بولدى. «قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش، شىنجاڭ تومى»، «شىنجاڭدا باندىتلارنىڭ تۈپلىگىنى تىنچىتىش»، «جۇڭگو كومپارتىيىسى ھەم مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە راۋاجلىنىشى»، «ج ك پ نىڭ شىنجاڭ تارىخىدىكى چوڭ ئىشلىرى» (2 - قىسمى) قاتارلىقلار كۆپ يىل تۈزۈلۈش، تۈزىتىلىش، تەكشۈرۈپ بېكىتىلىش ئارقىلىق ھازىر نەشرگە تاپشۇرۇلدى.

2. پارتىيە تارىخى خىزمىتى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 2000 - يىلى غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى

ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى. ش ئۇ ئا ر پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەش، تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، تارىخىي شەخسلەرنى تەشۋىق قىلىش، تارىخ يېزىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشتەك خىزمەت تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، 4 ئاي ئىچىدىلا «شىنجاڭنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش قىبلىنامىسى» (220 مىڭ خەتلىك) نى تۈزۈپ نەشر قىلدى. شىنجاڭنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش توغرىسىدىكى تەشۋىقاتقا ماسلىشىش ئۈچۈن، يەنە «شىنجاڭ پارتىيە تارىخى» ژۇرنىلىدا «شىنجاڭنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش تارىخى» سەھىپىسىنى ئېچىپ، شىنجاڭنىڭ ئىلگىرىكى ئېچىلىش تارىخىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم رەھبەرلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ش ئۇ ئا ر پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى بىلەن ش ئۇ ئا ر پارتكوم سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدىكى «شىنجاڭدا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش تەتقىقاتى» ناملىق تېما 2000 - يىل 4 - ئايدا رەسمىي باشلاندى ھەم ئاپتونوم رايوننىڭ 2000 - يىللىق 10 نۇقتىلىق ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات تېمىسى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. يېرىم يىلدىن كۆپرەك تىرىشىش ئارقىلىق، 900 مىڭ خەتلىك تارىخىي ماتېرىيال توپلىنىپ، باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى. «ماركسىزم كلاسسىك يازغۇچىلىرى ۋە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى رەھبەرلىرىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشقا ئائىت بايانلىرىدىن تاللانما» نى يېزىش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى.

2000 - يىلى «ج ك پ نىڭ شىنجاڭدىكى يەرلىك تارىخى ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئوقۇشلۇقى»، «مەڭگۈلۈك ئۇلۇغ ئىش — ۋاڭ جېن ۋە شىنجاڭ»، «تەڭرىتاغقا سادىق قەلب — يولداش لى جىڭچۈەن ھەققىدە يېزىلغان ماقالىلەر توپلىمى»، «كىشىلىك تۇرمۇشتا يالغۇز كىرىش — يولداش ياڭ يىچىڭ ھەققىدە يېزىلغان ماقالىلەر توپلىمى» نەشر قىلىندى، ئۇلار جەمئىيەتتە خېلى ياخشى تەسىر قوزغىدى.

3. ئىلمىي جەمئىيەت خىزمىتى. ج ك پ نىڭ شىنجاڭدىكى تارىخى ئىلمىي جەمئىيىتى 2000 - يىل 11 - ئايدا دائىمىي ئىشلار كېڭىشى يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. دۆلەت تارىخى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، يېڭى كېڭەش سايلاپ چىقىلدى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، 12 - ئاينىڭ 28- كۈنى كېڭەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، مەملىكەتلىك دۆلەت تارىخى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئالاقىدار يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى؛ مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى، دائىمىي كېڭەش ئەزاسى ۋە كېڭەش ئەزالىرى تولۇقلاپ سايلاندى، 2001 - يىللىق خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى.

ش ئۇ ئا ر پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسى 2000 - يىلى «شىنجاڭ پارتىيە تارىخى» نى 4 سان چىقاردى، بۇلار 280 مىڭ خەت كېلىدۇ، «شىنجاڭ پارتىيە تارىخى خىزمىتى خەۋەرلىرى» نى 12 سان چىقاردى.

جاڭ نىڭ

## تەزكىرە خىزمىتى

1. تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى يېڭى ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى. 2000 - يىل 7 - ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت رىياسەتچىلىكىدە رەئىسلەر ئىش بېجىرىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، تەزكىرە خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ئابلەت ئابدۇرېشىت ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرە خىزمىتى توغرىسىدا مۇھىم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى 9 - ئاينىڭ 25 — 27 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا 1996 - يىلدىكى 3 - قېتىملىق خىزمەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەندىن بۇيان ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرە خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ۋە تەجرىبە - ساۋاقلار يەكۈنلەندى، تەزكىرە خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر تەقدىرلەندى. 1996 - يىل 1 - ئايدىن بۇيان يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇنەۋۋەر نەتىجىلەر تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى، كېيىنكى بىر مەزگىللىك خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسىردىن مۇھىم سۆز قىلدى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى فېڭ داجېن خۇلاسە سۆزى قىلدى. يىغىن ئاياغلاشقاندىن كېيىن، جايلار، ئورۇنلار يىغىننىڭ روھىنى ئەستايىدىل يەتكۈزدى ۋە ئىزچىللاشتۇردى، كۆپلىگەن ۋىلايەت، ئوبلاستلار خىزمەت يىغىنى ئۆتكۈزدى.

2. تەزكىرە تۈزۈش ۋە نەشر قىلىش ئەھۋالى. 2000 - يىلى 11 يېڭى تەزكىرە نەشر قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىكى كەسىپلەر تەزكىرىسى 5، ئۇلار: «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. پەن - تېخنىكا تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. تاموژنا تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. خىمىيە سانائىتى تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. تىل - يېزىق تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ئاشلىق تەزكىرىسى»؛ ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەر) تەزكىرىسىدىن 4ى نەشر قىلىندى، ئۇلار: «ئۈرۈمچى

ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «ئاۋات ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «ساۋەن ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «دۆربىلجىن ناھىيىسى تەزكىرىسى»؛ 2 تەزكىرە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىندى، ئۇلار: «قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «كورلا شەھىرى تەزكىرىسى». يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە نەشر قىلىنىپ بولغان «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىكى كەسىپلەر تەزكىرىسى 40 توم بولۇپ، پىلاننىڭ %46.5 نى ئىگىلىدى؛ نەشر قىلىنىپ بولغان ۋىلايەت، ناھىيە تەزكىرىلىرى 54 توم بولۇپ، پىلاننىڭ %48.7 نى ئىگىلىدى.

بېسىلىۋاتقان ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىلىۋاتقان تەزكىرە 16. بۇنىڭ ئىچىدە «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىكى كەسىپلەر تەزكىرىسى 5، ئۇلار: «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ئىجتىمائىي پەن تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ئەدلىيە مەمۇرىيىتى تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. خەلق ئاۋىئاتسىيىسى تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. مېۋە - چېۋە تەزكىرىسى»؛ ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەر) تەزكىرىسى 9، ئۇلار: «قۇكاڭ ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «نىلقا ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «پېچان ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «تولى ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «لوپ ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «قەشقەر شەھىرى تەزكىرىسى»، «ئالتاي شەھىرى تەزكىرىسى»، «تۇرپان شەھىرى تەزكىرىسى»؛ 2 تەزكىرە ئاز سانلىق مىللەت تىلىدا بېسىلدى ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى، ئۇلار: «تارباغاتاي ۋىلايىتى تەزكىرىسى»، «ئاقچى ناھىيىسى تەزكىرىسى». شۇنىڭ بىلەن بىللە «شىمكو رايونى تەزكىرىسى»، «يېڭىشەھەر رايونى تەزكىرىسى»، «تۇدۇڭخابا رايونى تەزكىرىسى» نى تەھرىرلەش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتى مۇددەتتىن بۇرۇن قولغا ئېلىندى. بۇنىڭدىن باشقا «قۇمۇل ۋىلايىتى تارىخى» تەكشۈرۈپ بېكىتىلىۋاتىدۇ.

3. «شىنجاڭ يىلنامىسى» (2000 - يىللىق) نىڭ خەنزۇچىسى 2000 - يىل 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئۇيغۇرچىسى 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى نەشردىن چىقتى.

«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى ئۇيغۇرچە 4 سان، خەنزۇچە 4 سان چىقىرىلدى، ئۇلار ئاساسىي جەھەتتىن ۋاقتىدا نەشردىن چىقتى ۋە تارقىتىلدى. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» نىڭ خەنزۇچىسىدا بىر يىلدا 8 تەزكىرىگە باھا بېرىلدى، تەزكىرىچىلىككە دائىر نەزەرىيە ماقالىسىدىن 19 ى ئېلان قىلىندى. بىر يىلدا «تەزكىرىچىلىك ئۇچۇرى» 27 سان چىقىرىلدى.

4. شىنجاڭ تەزكىرىچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتى. ش ئۇ ئا ر تەزكىرىچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى 2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى يىغىن ئېچىپ، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ يېڭى رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى سايلىدى، ئىلمىي جەمئىيەت نىزامنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزدى، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ كېيىنكى بىر باسقۇچلۇق خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئىلمىي جەمئىيەت 2000 - يىل 8 - ئايدا 1999 - يىلى ئىلمىي ماقالە قوبۇل قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان تاپشۇرۇۋېلىنغان ئىلمىي ماقالىلەرنى سېلىشتۇرۇپ باھالىدى. بۇ ماقالىلەرنىڭ 9 پارچىسى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 15 پارچىسى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇ ماقالىلەر ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق تەزكىرىچىلىك خىزمىتى يىغىنى مەزگىلىدە تەقدىرلەندى.

5. ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنىپ، مەسىلىلەر ھەل قىلىندى. كومىتېت رەھبەرلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرە خىزمىتىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىش، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ۋىلايەت، ئوبلاست ھەم نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرى بىلەن پىكىرلىشىپ، تەزكىرە خىزمىتىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىپ ھەل قىلدى. كومىتېت رەھبەرلىرى 2000 - يىلى ئالتاي ۋىلايىتىگە تەۋە ناھىيە، شەھەرلەر، قاراماي، سانجى شەھەرلىرى، جىمسار ناھىيىسى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى ھەم ئۇنىڭغا تەۋە شىمكو، تۇدۇڭخابا رايونلىرى، ئالاقىدار نازارەت، ئىدارىلەرگە بېرىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. «جىمسار ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «سانجى ئوبلاستى تەزكىرىسى» نىڭ مۇندەرىجىسىنى تۈزۈشكە، «ئۈچتۇرپان ناھىيىسى تەزكىرىسى» ھەمدە «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. خەلق ئاۋىئاتسىيىسى تەزكىرىسى» قاتارلىق كەسىپلەر تەزكىرىلىرىنىڭ ئورىگىنالىنى باھالاش يىغىنلىرىغا قاتناشتى.

زىلاڭ نەنۋېي

## يېڭىدىن نەشر قىلىنغان تەزكىرە كىتابلىرى

«ساۋەن ناھىيىسى تەزكىرىسى» بۇ تەزكىرە كىتابى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ،

2000 - يىلى 1 - ئايدا تارقىتىلدى. باش مۇھەررىرى لى دېلىيەن. بۇ كىتاب 25 قىسىم، 1 مىليون 400 مىڭ خەتلىك، باشلىنىش چېكى شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىن باشلىنىدۇ، ئاخىرقى چېكى 1990 - يىلىدا توختايدۇ، ھازىرنى تەپسىلىي بايان قىلىش ئارقىلىق ئۆتمۈشنى يورۇتۇپ بېرىش، قەدىمقىسىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش پرىنسىپى بويىچە كىتابنىڭ بېشىغا ئومۇمىي بايان، چوڭ ئىشلار، ئوتتۇرىغا كەسىپلەر تەزكىرىلىرى، ئاخىرىغا قوشۇمچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، كىتابتا ساۋەن ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي مۇھىتى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ئېنىق بايان قىلىنغان، ساۋەننىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. كىتابنىڭ قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق، ماتېرىياللىرى تولۇق، ئالاھىدىلىك گەۋدىلەنگەن، تىلى راۋان ۋە گۈزەل. ئۇ رەھبەرىي كادىرلارنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىدە ئاساس، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى ئۇستازى ۋە دوستى.

يىن خۇڭبېي

«ئاۋات ناھىيىسى تەزكىرىسى» بۇ تەزكىرە كىتابى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، 2000 - يىلى 1 - ئايدا تارقىتىلدى. باش مۇھەررىرى جاڭ چۈەن. بۇ كىتاب 26 قىسىم، 700 مىڭ خەت، باشلىنىش چېكى 1930 - يىلى ئاۋات ناھىيە بولۇپ قۇرۇلۇشنىڭ ئالدى - كەينىدىن باشلىنىپ، ئاخىرقى چېكى 1990 - يىلىدا توختايدۇ، تەزكىرىدە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئاۋات ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي مۇھىتى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋالى نۇقتىلىق بايان قىلىنغان، ئاۋات ناھىيىسىنىڭ پاختا ئاساس قىلىنغان يېزا ئىگىلىك ئەھۋالى گەۋدىلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. كىتابتا يېزىق بىلەن بايان قىلىش ئاساس، گراپا، جەدۋەل، خاتىرە، سۈرەتلەر قوشۇمچە قىلىنغان، كىتابنىڭ قۇرۇلمىسى پۇختا، ئەدەبىي ئىستىلى ئاددىي بولۇپ، ئۇ ئاۋاتنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق، ئىلمىي ئەسەردۇر.

يىن خۇڭبېي

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. تاموژنا تەزكىرىسى» بۇ تەزكىرە كىتابى 2000 - يىلى 2 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. باش مۇھەررىرى جاڭ جۇڭمىن. كىتاب 587 مىڭ خەت كېلىدۇ. ئۇ ئومۇمىي بايان، چوڭ ئىشلار، تەشكىلىي ئاپپارات، يۈك ترانسپورتىنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش، يۈك - تاق، پوچتا ئارقىلىق يوللانغان بۇيۇملارنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش، تاموژنا بېجى، ئەتكەسچىلىكنى تەكشۈرۈش، باشقۇرۇش ۋە قوشۇمچە قاتارلىق قىسىملارغا بۆلۈنگەن. كىتابتا ئورغۇن تەپسىلىي ماتېرىياللار ئارقىلىق چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 25 - يىلى (1760 - يىلى) دىن 1987 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى شىنجاڭدا تاموژنا بېجى ۋە تاموژنىنىڭ تەرەققىياتى، ئۆزگىرىش جەريانى، بولۇپمۇ كونا جۇڭگودا شىنجاڭنىڭ تاموژنا بېجى ۋە تاموژنا ئىشلىرى سىستېمىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن باپلار بىلەن يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەت بولغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچرىغان پاجىئەلىك تەقدىرى ئېچىپ بېرىلگەن ۋە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ليۇ شاڭ

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. خىمىيە سانائىتى تەزكىرىسى» بۇ تەزكىرە كىتابى 2000 - يىلى 5 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. باش مۇھەررىرى ۋاڭ جېنخۇا. كىتاب 436 مىڭ خەت كېلىدۇ. كىتاب خىمىيىۋى قېزىلما بايلىقلار، خىمىيىۋى ئوغۇت ۋە دېھقانچىلىق دورىلىرى، ئىنئورگانىك خىمىيە سانائىتى، ئورگانىك خىمىيە سانائىتى ۋە سۇۋالغۇ، تەجرىبە دورىلىرى، ياردەمچى دورىلار، كاۋچۇك، سۇلياۋ پىششىقلاش، خىمىيە سانائىتى ماشىنىلىرى، پارقازان ياساش ۋە ئۈسكۈنىلەرنى قۇراشتۇرۇش، پەن - تېخنىكا، مائارىپ، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى، ئىگىلىك باشقۇرۇش قاتارلىق 9 قىسىمغا بۆلۈنگەن. باشلىنىش چېكى غەربىي خەن سۇلالىسى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 206 - يىلى) دىن باشلىنىپ، ئاخىرقى چېكى 1988 - يىلىدا توختايدۇ. قەلەم تەۋرەتكۈچىلەر ئورغۇن ماتېرىياللار ئارقىلىق شىنجاڭ خىمىيە سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىنى بولۇپمۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دۆلەت ۋە قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون خەلقلىرىنىڭ ياردىمىدە شىنجاڭدا زامانىۋى خىمىيە سانائىتىنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرگەن، كىچىكلىكتىن زورايتقان تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

ليۇ شاڭ

«ئۈرۈمچى ناھىيىسى تەزكىرىسى» بۇ تەزكىرە كىتابى 2000 - يىلى 5 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. باش مۇھەررىرى ياڭ زېخۇا. كىتاب 32 قىسىم، تەخمىنەن 1 مىليون 400 مىڭ خەت كېلىدۇ. باشلىنىش چېكى شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىن باشلىنىپ، ئاخىرقى چېكى 1993 - يىلىدا توختايدۇ، قوشۇمچە قىسمىدا

1994 — 1998 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۈرۈمچى ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن چوڭ ئىشلار، ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلىنغان. كىتابتا ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي مۇھىتى، ئىجتىمائىي-تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق، ئىلمىي شەرھلەنگەن، روشەن دەۋر پۇرىقى، قويۇق مىللىي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىك چىقىپ تۇرىدۇ. يېزىق بىلەن سۈرەت - رەسىملەر كىرىشتۈرۈلگەن بولۇپ، ماتېرىيال مول. ئۇ ئۈرۈمچى ناھىيىسىنى تەتقىق قىلىش، چۈشىنىشتە تېپىلغۇسىز ماتېرىيال خاراكتېرلىك ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

يىن خۇڭبى

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ئاشلىق تەزكىرىسى» بۇ تەزكىرە كىتابى 2000 - يىل 7 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. باش مۇھەررىرى ۋاڭ يىمىن. كىتاب 1 مىليون 200 مىڭ خەت كېلىدۇ. باشلىنىش چېكى شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىن باشلىنىپ، ئاخىرقى چېكى 1990 - يىلنىڭ ئاخىرىدا توختايدۇ. كىتابتا قىسىم، باب، پاراگراف، تارماق تۈپ رامكا قىلىنىپ، 7 قىسىم، 32 باب، 88 پاراگراف تەسىس قىلىنغان. ئومۇمىي بايان، چوڭ ئىشلار باش تەرەپكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، قوشۇمچە قىسمىغا شىنجاڭنىڭ ئاشلىق مەمۇرىيىتى خىزمىتىگە دائىر مۇھىم تارىخىي ھۆججەتلەر ۋە 1991 — 1999 - يىلغىچە بولغان چوڭ ئىشلار كىرگۈزۈلگەن. شىنجاڭ ئاشلىق سودىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چۆرىدىگەن ھالدا مەۋقە ھازىرغا قويۇلۇپ، ئۆتمۈش بىلەن ھازىر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، شىنجاڭنىڭ غەربىي خەن سۇلالىسىدىن بۇيانقى 2000 نەچچە يىللىق ئاشلىق سېتىۋېلىش، سېتىش، ساقلاش، توشۇش، پىششىقلاش تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى نۇرغۇن توغرا، ئىشەنچلىك سانلىق ماتېرىياللار ئارقىلىق ئەتراپلىق، سىستېمىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئۇ شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ئوبوروت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىشقا بولىدىغان ماتېرىيال خاراكتېرلىك ئەسەردۇر.

جاۋ يەنچيۇ

«دۆربىلجىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» بۇ تەزكىرە كىتابى 2000 - يىل 8 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. باش مۇھەررىرى لى رۇڭشىن. كىتاب 33 قىسىم، 1 مىليون 10 مىڭ خەت كېلىدۇ. باشلىنىش چېكى شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىن باشلىنىپ، ئاخىرقى چېكى 1990 - يىلدا توختايدۇ. ئۇنىڭدا دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ئەتراپلىق، ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن دۆربىلجىن ناھىيىسىدىكى ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات تارىخى نۇقتىلىق بايان قىلىنغان، دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتى ئوبيېكتىپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇ دۆربىلجىن خەلقىنىڭ قىممەتلىك مەدەنىي، مەنىۋى بايلىقى.

يىن خۇڭبى

«قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە) بۇ تەزكىرە، كىتابى ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىدى ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى. 2000 - يىل 8 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. باش بېكىتكۈچى ئابدۇرۇپ ئېلى. كىتاب 900 مىڭ خەتتىن ئاشىدۇ. بۇ تەزكىرە ئومۇمىي بايان، چوڭ ئىشلار، كەسىپلەر تەزكىرىلىرى ۋە قوشۇمچىدىن تەركىب تاپقان، بۇنىڭ ئىچىدە كەسىپلەر تەزكىرىلىرى 8 قىسىم، 55 باب، باشلىنىش چېكى شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىن باشلىنىدۇ، ئاخىرقى چېكى ئايرىم قىسىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، 1990 - يىلنىڭ ئاخىرىدا توختايدۇ. قوشۇمچە قىسمىغا 1991 — 1998 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى كىرگۈزۈلگەن. كىتابنىڭ تۈزۈلۈشى مۇۋاپىق، مەزمۇنى مول، ماتېرىيالى ئېنىق بولۇپ، قەشقەركوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئۆزگىرىشلىرى ۋە تەرەققىياتى سىستېمىلىق، ئەتراپلىق، توغرا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. كىتابتا يەرلىك تۈس قويۇق، گۇمانىتارلىق ئالاھىدىلىك ئېنىق بولۇپ، ئوقۇرمەنلەر ئۇنىڭدىن بوستانلىقتىكى يىپەك يولى مەدەنىيىتى، مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەرنى ھەم مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش كۈرەش مۇساپىسىنى كۆرۈۋالالايدۇ.

ئەخمەت روزى

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. تىل - يېزىق تەزكىرىسى» بۇ تەزكىرە، كىتابى 2000 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. باش مۇھەررىرى چېن يۇگۇي. كىتاب 950 مىڭ خەت كېلىدۇ. كىتابتا شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي رايونى تارىخىي جەريانىنى خاتىرىلەش دائىرىسى (قەدىمكى تىل - يېزىق تار مەنىدىكى غەربىي يۇرت تارىخىي جەريانىنى خاتىرىلەش دائىرىسى) قىلىنغان، باشلىنىش چېكى شەيئىلەرنىڭ باشلىنىشىدىن

باشلىنىدۇ، ئاخىرقى چېكى 1992 - يىلدا توختايدۇ. كىتاب قىسىم، باب، پاراگراف، تارماقلاردىن تەركىب تاپقان، ئۇنىڭدا تىل - يېزىق، باشقۇرۇش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش، تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش، يېزىق ئىسلاھاتى، يولغا قويۇش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش، تەرجىمە خىزمىتى ۋە ئۆزئارا تىل ئۆگىنىش، ئاپپارات، قوشۇن قاتارلىق 7 قىسىم، 28 باب، 96 پاراگراف تەسىس قىلىنغان. غەربىي يۇرتنىڭ تىل - يېزىقلار، ئۇيغۇر تىل - يېزىقى، خەنزۇ تىل - يېزىقى، قازاق تىل - يېزىقى، موڭغۇل تىل - يېزىقى، قىرغىز تىل - يېزىقى، شىبە تىل - يېزىقى، مانجۇ تىل - يېزىقى ۋە باشقا مىللەت تىل - يېزىقلىرىنىڭ تارىخى ۋە هازىرقى ئەھۋالى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق بايان قىلىنغان. كىتابتىكى ماتېرىياللار مول ۋە پۇختا، بولۇپمۇ شىنجاڭ تەۋەسىدە ھەر قايسى مىللەتلەر قوللانغان تىللارغا دائىر ماتېرىياللار خېلى تەپسىلىي بايان قىلىنغان، ئۇ شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تىل - يېزىقى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال خاراكتېرلىك رايون ئەھۋالى قوللانمىسى ھېسابلىنىدۇ.

جاڭ يەنچيۇ

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. پەن - تېخنىكا تەزكىرىسى» بۇ تەزكىرە كىتابى 2000 - يىل 10 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. باش مۇھەررىرى ياڭ يىمىن. كىتاب 1 مىليون 500 مىڭ خەت كېلىدۇ. بۇ تەزكىرە كىتابى ئاساس پەنلەر، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى، سانائەت پەن - تېخنىكىسى، ئېنېرگىيە پەن - تېخنىكىسى، قاتناش، پوچتا - تېلېگراف پەن - تېخنىكىسى، شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى ۋە مۇھىت ئاسراش پەن - تېخنىكىسى، تېببىي دورا، سەھىيە ۋە تەنتەربىيە پەن - تېخنىكىسى؛ ئۇنىۋېرسال تەتقىقات ۋە مۇلازىمەت، ئاممىۋى پەن - تېخنىكا تەشكىلاتلىرى، پەن - تېخنىكىنىڭ باشقۇرۇلۇشى ھەم ئومۇمىي بايان، چوڭ ئىشلار، قوشۇمچە قاتارلىق 13 چوڭ تۈرگە بۆلۈنگەن. بېشى ھازىردىن تەخمىنەن 10 مىڭ يىل ئىلگىرىكى كونا تاش قورال دەۋرىدىن باشلىنىپ، ئاخىرى 1985 - يىلدا توختايدۇ. كىتابتا پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئاساسىي لىنىيە، پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى بەلگە قىلىنىپ، شىنجاڭدا پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى مول، ئېنىق ماتېرىياللار بىلەن ئەتراپلىق، سىستېمىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بولۇپمۇ كىتابقا نۇرغۇن قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار كىرگۈزۈلۈپ، شىنجاڭنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى جايلىرى بىلەن بولغان ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئىختىساسلىق خادىم قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئالماشتۇرۇش، قوشۇلۇش ۋە تەرەققىي قىلىش تارىخى سىستېمىلىق بايان قىلىنغان.

لىۇ شىڭ

«كورلا شەھىرى تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە) بۇ تەزكىرە كىتابىنى كورلا شەھەرلىك تارىخ - تەزكىرە كومىتېتى تۈزگەن، ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى تەرجىمە قىلدى ۋە بېكىتتى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2000 - يىل 10 - ئايدا نەشر قىلىپ تارقىتىلدى. باش بېكىتكۈچى قادىر ھاپىز. كىتاب 1 مىليون 320 مىڭ خەت كېلىدۇ. بۇ تەزكىرە كىتابىدا كورلا شەھىرىنىڭ تەبىئىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي جەھەتتىكى تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى بايان قىلىنغان. كورلىنىڭ نەشپۈت يېتىشتۈرۈش، مېتىش ئەھۋالى ۋە نېفىت، تەبىئىي گاز ئۆزلەشتۈرۈشىنىڭ كورلا شەھىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە خەلق ئىگىلىكى قۇرۇلۇشىدىكى رولى گەۋدىلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئەخمەت روزى

# ئارخىپچىلىق

## ئارخىپچىلىقنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1. ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئارخىپچىلىق خىراجىتى 1 مىليون 60 مىڭ يۈەن (بىڭتۇەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) گە، ئارخىپ ئامبارلىرىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 45 مىڭ 407 كۋادرات مېتىرغا، ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل ئارخىپخانىلاردا ئىشلىتىدىغان كومپيۇتېر 526 گە يەتتى، باشقا زامانىۋى ئۈسكۈنىلەرمۇ كۆپەيدى. ئارخىپ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلار، ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل ئارخىپخانىلار ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلار، چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلاردىكى ئارخىپ تارماقلىرىنىڭ كەسپىي خادىملىرىدىن ئالىي مەكتەپ تەربىيىسىنى ئالغانلار ئومۇمىي ئادەمنىڭ %75.4 نى، ئارخىپ كەسپى بويىچە ئالىي مائارىپ تەربىيىسىنى ئالغانلار %20.1 نى ئىگىلىدى. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئارخىپچىلىق سىستېمىسى بويىچە باھالاش كومىتېتىنىڭ باھالىشى ۋە تەكشۈرۈشى ئارقىلىق 56 كىشى ئارخىپچىلىق كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىگە باھالاندى ۋە تەكلىپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە كاندىدات ئارخىپ تەتقىقاتچىسى 15، مەسئۇل باشقۇرغۇچى 33.

2. كەسپىي خىزمەت. ش ئۇ ئا ر ئارخىپچىلىق ئىدارىسى 2000 - يىل 2 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپچىلىق

خىزمىتى ۋە ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ ئارخىپچىلىق سىستېمىسىدىكى 37 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 88 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى. ش ئۇ ئا ر ئارخىپچىلىق ئىدارىسى 2000 - يىلى يېزا ئىگىلىكىدىكى يېزا ئارخىپچىلىق خىزمىتىنى كۈچەيتتى، «ئاپتونوم رايوننىڭ مەمۇرىي كەنتلەر ئارخىپىنى باشقۇرۇش سىناق چارىسى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ يېزىلاردىكى مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش ئارخىپلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى»نى تۈزدى، كۇچا ناھىيىسىدە ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئارخىپچىلىق خىزمىتى نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ، يېزا ئارخىپچىلىق خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل ئارخىپخانىلار ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلار، چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ ئارخىپچىلىق تارماقلىرى 163 مىڭ 687 ئارخىپ، 2045 قاپ ئۈنئالغۇ لېنتىسى، سىنئالغۇ ۋە كىنو فىلىمى ئارخىپى، 14 مىڭ 540 پارچە سۈرەت ئارخىپ، 9007 پارچە نىگاتىۋ، 200 قاپ (پارچە) ئېلېكترون ئارخىپ تاپشۇرۇۋالدى.

3. ئارخىپتىن پايدىلىنىش خىزمىتى. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئارخىپچىلىق تارماقلىرى ئارخىپلاردىن پايدىلىنىپ تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشنى قانات يايدۇردى. مەلۇماتقا قارىغاندا، بىر يىلدا ئاپتونوم رايوننىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرى 119 مىڭ 914 توپلام (قېتىم)، 36 مىڭ 617 ئادەم (قېتىم) ئارخىپ بىلەن، 17 مىڭ 700 توپلام (قېتىم)، 7003 ئادەم (قېتىم) ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەنگەن. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ھەرخىل ئارخىپخانىلار ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى 6831 توپلام (قېتىم)، خىزمەتتە پايدىلىنىشنى 33 مىڭ 715 توپلام (قېتىم)، تارىخ يېزىش، تەزكىرە تۈزۈشنى 20 مىڭ 890 توپلام (قېتىم)، ئىلمىي تەتقىقاتنى 795 توپلام (قېتىم)، تەشۋىقات - تەربىيە خىزمىتىنى 21 توپلام قېتىم، باشقىلارنى 4304 توپلام (قېتىم) ئارخىپ بىلەن تەمىنلىگەن.

يۈ شياۋنەن

## ئارخىپ باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭدا 134 ئورۇن، ئورگاننىڭ ئارخىپچىلىق خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇشى ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلاردىن خەت - ئالاقە، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش، ئارخىپچىلىق خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇشتا 1 - دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يەتكەن ئورۇنلار: ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، مەمۇرىي تەپتىشلىك نازارىتى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بانكىسىدىن ئىبارەت.

2000 - يىلى بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئارخىپخانا ئارخىپخانىنىڭ ئارخىپچىلىق خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇشتا ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك ئارخىپخانا بولدى.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى 5 كارخانا ئارخىپچىلىق خىزمىتىنى نىشانلىق باشقۇرۇشتا دۆلەت ۋە ئۆلكە (مىنىستىرلىك) دەرىجىلىك ئورۇن دەپ بېكىتىلدى، بۇلار ئىچىدە دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك ئورۇن دەپ بېكىتىلگەنلەر: ماناس ئېلېكتر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ تېلېگراف شىركىتىنىڭ بورتالا ئوبلاستلىق شۆبە شىركىتىدىن ئىبارەت؛ ئۆلكە (مىنىستىرلىك) دەرىجىلىك ئورۇن دەپ بېكىتىلگەنلىرى: ئاقسۇ ئېلېكتر قۇۋۋىتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئىش باشقارمىسى، ئۈرۈمچى ساياھەتچىلىك كىرا ئاپتوموبىلى باش شىركىتىدىن ئىبارەت.

يۈ شياۋنەن

# مەتبۇئاتچىلىق، نەشرىياتچىلىق، مەتبەئەچىلىك

## مەتبۇئاتچىلىق

### ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

شىنجاڭ بويىچە 2000 - يىلى نەشر قىلىنغان كىتابلار 3418 خىل بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 718 خىل كۆپەيدى، ئومۇمىي تىراژى 72 مىليون 780 مىڭ بولۇپ، %2 ئازايدى؛ 94 خىل گېزىت نەشر قىلىنىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 4 خىل ئازايدى، تىراژى 290 مىليونغا يېتىپ، %28.8 كۆپەيدى، باسما تاۋىقى 530 مىليون تاۋاققا يېتىپ، %135 كۆپەيدى؛ 174 خىل ژۇرنال نەشر قىلىنىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 19 خىل كۆپەيدى، تىراژى 11 مىليون 240 مىڭ بولۇپ، %1.05 ئازايدى؛ 69 خىل ئۈن - سىن بۇيۇمى، 8 خىل ئېلېكترونلۇق نەشر بۇيۇمى نەشر قىلىندى. شىنجاڭدىكى «شىنخۇا» كىتابخانىلىرى تارقاتقان ھەرخىل كىتاب 213 مىليونغا، تارقىتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 912 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %1.9 ئاشتى. ئىدارىگە بىۋاسىتە قاراشلىق باسمىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 38 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ھەممە كارخانىلارنىڭ پايدىسى 13 مىليون 510 مىڭ يۈەن بولۇپ، %20.1 تۆۋەنلىدى.

2000 - يىلى مەملىكەت خاراكتېرلىك كىتابلارنى باھالاپ مۇكاپاتلاشتا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئازغان روھ»، شىنجاڭ گۈزەل - سەنئەت، فوتو - سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلغان «20 - ئەسىردىكى شىنجاڭنىڭ سۈرەتلىك خاتىرىسى — ئەسىر ساداسى» «جۇڭگو كىتاب مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى؛ شىنجاڭ پەن - تېخنىكا - سەھىيە نەشرىياتى (K) بىلەن شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو - سۈرەت نەشرىياتى دۆلەت ئاخبارات - نەشرىيات مەھكىمىسى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە ياخشى نەشرىيات بولۇپ باھالاندى؛ شىنجاڭ پەن - تېخنىكا - سەھىيە نەشرىيات (K) نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ئابدۇنبىيىم مەملىكەت بويىچە «يۈز ياخشى نەشرىيات خىزمەتچىسى» نىڭ بىرى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى گېزىت - ژۇرناللارنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەش خىزمىتى تاماملاندى. نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ 27 خىل گېزىت - ژۇرنىلى پارتىيە گېزىتىگە ياكى گېزىت، ژۇرنال نەشر قىلىش شارائىتىغا ئىگە ئورۇنلارغا ئاجرىتىپ بېرىلدى، بىر گېزىت نەشر قىلىشتىن توختىتىلدى. شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى بىلەن ئىلى خەلق نەشرىياتىنىڭ كىتاب نومۇرىنى ئېلىپ - سېتىش، قائىدىگە خىلاپ نەشر قىلىش قاتارلىق مەسىلىلىرى قاتتىق بىرتەرەپ قىلىندى. ئاخبارات - نەشرىيات مەھكىمىسىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە بۇ 2 نەشرىيات ئىشتىن توختىتىلىپ تەرتىپكە سېلىندى.

مۇشۇ يىلدا مەملىكەتلىك ئاخبارات - نەشرىيات سىستېمىسى بويىچە 3 - قېتىملىق تەربىيىلەش - يېتىشتۈرۈش خىزمىتى يىغىنى ۋە نەشرىيات ساھەسى بويىچە ئىش ئورنىدا تەربىيىلەش - تەقدىرلەش يىغىنى، غەربىي جەنۇب، غەربىي شىمالدىكى 10 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بويىچە 12 - نۆۋەتلىك كىتاب شىرازىلاشنى كۆرگەزمە قىلىش، باھالاش يىغىنى، غەربىي قىسىمدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار مەتبەئەچىلىك جەمئىيىتى خىزمەت يىغىنى، مەملىكەتلىك تارقىتىش جەمئىيىتى خىزمەت يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلدى ھەمدە ئاخبارات - نەشرىيات مەھكىمىسى گېزىتچىلىك گۇرۇپپىسى تەكشۈرۈش ئۆمىكى بىلەن ئىچكىرىدىكى 6 ئۆلكە، شەھەرنىڭ ئاخبارات - نەشرىيات ئورۇنلىرىدىن شىنجاڭنى تەكشۈرۈشكە ۋە كۆزىتىشكە كەلگەنلەر كۈتۈۋېلىندى؛ ئاپتونوم رايوندىكى نەشرىيات، تارقىتىش ئورۇنلىرى 8 - نۆۋەتلىك بېيجىڭ خەلقئارا كىتاب كۆرگەزمىسى، 2000 - يىللىق شياڭگاڭ خەلقئارا كىتاب كۆرگەزمىسى، نەنجىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كىتاب بازىرى، چاڭشا مەملىكەتلىك كىتاب بازىرى، چېڭدۇ تۇنجى نۆۋەتلىك غەربىي قىسىم كىتاب بازىرى ۋە خەلقئارا سەنئەت كۆرگەزمىسى قاتارلىق دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى.

2000 - يىلى شىنجاڭ ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى تۇنجى نۆۋەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر قەرەللىك ژۇرناللىرى «مۇنەۋۋەر ماقالىلەر تەھرىرلىك مۇكاپاتى» ۋە «مۇنەۋۋەر باش مۇھەررىرلەر (رېداكتور) مۇكاپاتى» نى باھالاش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى، 60 ماقالە مۇكاپاتقا ئېرىشتى، ژۇرنالغا مەسئۇل

12 كىشى «مۇئەۋۋەر باش مۇھەررىر (رېداكتور)» دېگەن نامغا ئېرىشتى. مۇشۇ يىلى 9 نەشرىيات 1999 - يىلى نەشر قىلغان ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، قىرغىزچە 4 خىل يېزىقتىكى 72 خىل ئۇنىۋېرسال كىتابنىڭ كوررېكتورلۇق سۈپىتى تەكشۈرۈلدى. 2000 - يىلى ئىمتىياز ۋە كۆزدە بېسىلغان ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكى ۋە 1881 خىل كىتاب، ژۇرنالنىڭ بېسىلىش، تۈپلىنىش سۈپىتى تەكشۈرۈلدى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك گېزىتلەرنىڭ بېسىلىش سۈپىتى باھالاپ سېلىشتۇرۇلدى.

2000 - يىلى شىنجاڭ ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى كارخانىلارنىڭ ئوتتۇرا قاتلامدىكى باشقۇرۇش خادىملىرىنى ئىش ئورنىدا تەربىيىلەش كۇرسى، كەسپىي تېخنىكا خادىملارنى داۋاملىق تەربىيىلەش كۇرسى، نەشرىياتچىلىق قانۇن - نىزاملىرى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى، ئىشچىلارنى تېخنىكا دەرىجىسى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىدىن 12 قارار ئاچتى، كۇرستا 667 خادىم تەربىيىلەندى؛ 17 ئادەم شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرىدىكى تەربىيىلەش كۇرسىغا تاللاپ ئەۋەتىلدى، 5 ئادەم دۆلەت ئاخبارات - نەشرىيات مەھكىمىسى ئۇيۇشتۇرغان «چەت ئەللەرنىڭ نەشرىياتچىلىق تىجارىتىنى باشقۇرۇشنى مۇھاكىمە قىلىش كۇرسى»غا ئەۋەتىلدى؛ 20 كەسپىي تايانچ شەندۇڭ، جېجياڭ، شاڭخەي قاتارلىق 6 ئۆلكە، شەھەرگە ماس كەسىپلەر بويىچە ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا تەشكىللەندى. مۇشۇ يىلى نەشرىياتچىلىق سىستېمىسىدا كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بويىچە 66 ئادەم ئالىي ئۇنۋان، 57 ئادەم ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋان، 2 ئادەم تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئېرىشتى. ئالىي مەكتەپ، تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، ھەربىيدىن قايتقان ۋە كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەردىن 31ى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

«شىنجاڭ ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى ئىشخانىسى

## «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

### تەشۋىقات، خەۋەر قىلىش

1. غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش تەشۋىقاتىغا زور كۈچ سەرپ قىلىندى. 2000 - يىلىنىڭ بېشىدا «شىنجاڭ گېزىتى»دە غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىشقا دائىر يۈرۈشلۈك مۇلاھىزە ماقالىسىدىن 10 ى ئېلان قىلىنىپ، غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش تەشۋىقاتىنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى. غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىشتا ياخشى تەشۋىقاتچىلىق جامائەت پىكرى مۇھىتى يارىتىلدى، مۇشۇ يىلدا 38 پارچە ئوبزور ئۇيۇشتۇرۇلدى، غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىشقا دائىر مەخسۇس 41 سان گېزىت چىقىرىلدى ھەمدە «غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش ساداسى» قاتارلىق سەھىپىلەر ئېچىلدى. غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش تەشۋىقات پىلانى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. كەيپىيات يارىتىلىپ، چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى، مەزمۇن كەڭ دائىرىگە يېتىلىپ، پارتكوم ئورگىنى گېزىتىنىڭ باشلامچىلىق رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى.

2. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا دائىر خەۋەرلەرنى بېرىشنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىغا دائىر تەشۋىقات ھەم «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ھەققىدىكى تەشۋىقات چىڭ تۇتۇلدى، «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى داۋاملىق چىڭ تۇتۇلدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش «فالۇن گۇمپىسى» بىدئەت تەشكىلاتىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاش، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ۋە «ئاگاھلاندۇرۇش تەربىيىسى»، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارغا دائىر تەشۋىقاتلار چىڭ تۇتۇلدى «شىنجاڭ گېزىتى»دە «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسى، چاغانتوقاي ناھىيىسى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى، تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى، قونجىراپ چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتى قاتارلىق چوڭ تىپلار ئېلان قىلىندى، شىنجاڭ «تۇنخې» پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ ترانسفورماتور پاي چەكلىك شىركىتى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى قاتارلىق چوڭ كارخانىلارنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى بىرلىكتە تۇتۇش ئەھۋالى ھەققىدە يۈرۈشلۈك خەۋەر بېرىلدى؛ خوتەن، ئاقسۇ، سانجى، قۇمۇل، بورتالا، شىخەنزە قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتنى يېزا، ئائىلىلەرگىچە ئىشلەپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان تەجرىبىلىرى ئېلان قىلىندى؛ ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىسى شۆھرەت نەسىرىدىن، يېزا دوختۇرى ياڭ جۈگۈيەن، لوپنۇر ناھىيىسىدىكى چارۋىچى تالىپ، خوتەن ۋىلايەتلىك ئېكتورلار ئۆمىكىدىكى مىجىت باقى قاتارلىق بىر تۈركۈم ئىلغار شەخسلەر تونۇشتۇرۇلدى. بۇ تەشۋىقاتلار جەمئىيەتتە خېلى ياخشى ئىنكاس قوزغىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتكە دائىر چاتما ئوبزور قاتارلىق بىر تۈركۈم ئوبزورچى ماقالىلىرى ۋە نەزەرىيىۋى ماقالىلەر ئېلان قىلىندى.

3. ئامىمىنىڭ تۇرمۇشى جەھەتتىكى تەشۋىقات كۈچەيتىلدى، بولۇپمۇ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش، رەھبەرلىك ئىستىلىنى ئۆزگەرتىش ھەمدە نامراتلارنى يۆلەپ مۇستەھكەم ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلىش،

ئىجتىمائىي كاپالەت، ئۆي ئىسلاھاتى، داۋالىنىش ئىسلاھاتى قاتارلىق ئاممىا كۆڭۈل بۆلىدىغان تېمىلار تەشۋىق قىلىندى. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدىكى خەۋەرلەردە «شىنجاڭ گېزىتى» دە باشتىن - ئاياغ ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئۇنۇملۈك تەشۋىقات يولغا قويۇلدى، تەشكىللىك، پىلانلىق ھالدا ئالاقىدار سىياسەتلەر ئېلان قىلىندى ھەمدە بۇنىڭغا مۇلاھىزە قوشۇپ بېرىلدى، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشەنچ تۇرغۇزۇپ، كەسىپ تاللاش قارىشىنى ئۆزگەرتىشىگە، جاسارەت بىلەن ئىزدىنىپ ئىشلەپ، قايتىدىن شان - شەرەپ يارىتىشىغا تەربىيە ئارقىلىق ئىلھام بېرىلدى. مۇشۇ يىلى مەخسۇس ئىستوندىن 25 ى، خەۋەردىن 278 ى، تەپسىلىي خەۋەردىن 92 سى، رەسىمدىن 51 پارچە، ئەھۋال ھەققىدە مەلۇماتتىن 10 پارچە ئىشلىتىلدى.

گېزىت - ژۇرناللارنى تارقىتىش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالى

ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، موڭغۇلچە 4 خىل يېزىقتىكى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تىراژى 136 مىڭ 900 نۇسخىغا؛ ئۇيغۇرچە، قازاقچە «پايدىلىنىش خەۋىرى» نىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تىراژى 11 مىڭ 300 نۇسخىغا؛ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى» نىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تىراژى 4134 كە يەتتى.

يىللىق ئېلان كىرىمى 33 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %34 ئاشتى؛ باسما زاۋۇتىنىڭ يارالغان پايدىسى 3 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ليۇ ۋېنجېن

## «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ مەملىكەتلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئەھۋالى ۋە ئىلغار شەخسلەر

4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما زاۋۇتىدىكى جاڭ جيەنخۇا مەملىكەت بويىچە گېزىتچىلىكتە ئىلغار ئىگىلىك باشقۇرۇش خىزمەتچىسى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك «يەر شارى» مۇكاپاتىنى تارقىتىش مۇراسىمى 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ مۇخبىرى نەن شياڭخۇڭ ئاخبارات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى جيېجاڭنىڭ لىشۈي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 4 - نۆۋەتلىك جۇڭگو فوتو سۈرەت، گۈزەل سەنئەت بايرىمىدا شىنجاڭ فوتوگرافلار جەمئىيىتى نەزەرىيە تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى فەن چياۋجيەن جۇڭگو فوتو سۈرەت ساھەسىدىكى ئەڭ ئالىي مۇكاپات — ئالتۇن رەسىم مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى خاربىن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «خەلق گېزىتى» ۋە ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوملارنىڭ ئورگان گېزىتلىرى بويىچە 1999 - يىللىق مۇنەۋۋەر ئىچكى پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنى باھالاشتا «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ مۇخبىرى ۋاڭ بىيىنىڭ «خوتەن ۋىلايىتىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش ۋەزىيىتىنىڭ جىددىيلىكى» ناملىق ماقالىسى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ ۋاڭ بىيىنىڭ «سۇنئىي ئۇسسۇلدا يۇلغۇن، سۆزاپ تېرىشتا مەبلەغ كەمچىل» ناملىق ماقالىسى، ۋاڭ نەنجۇنىڭ «يېڭى پاختىنى سېتىۋېلىش مەبلىغىنىڭ ئەمەلىيلەشمەسلىكى توغرىسىدا پاختىكار دېھقانلارنىڭ پىكرى كۆپ» ناملىق ماقالىسى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى خاڭجۇ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 10 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتىنى باھالاشتا، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ مۇخبىرلىرى ليۇ فېڭ بىلەن مېي تاۋنىڭ «ياڭ جۇڭشيەن ئۆزىنىڭ ھاياتى بەدىلىگە شانلىق كىشىلىك ھايات ياراتتى» ناملىق تەپسىلىي خەۋىرى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تەييۈەن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتلىرى ئاخبارات مۇكاپاتىنى باھالاشتا «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ مۇخبىرى ۋاڭ بىيىنىڭ «ساپ قان ئارقىلىق جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش» ناملىق خەۋىرى، زورىكتاينىڭ «خەلق سۆيەر باخشى دوختۇر ۋۇ دېڭيۈن» ناملىق سۈرىتى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ يەن شياۋجۈەننىڭ «ئوغرىلىقچە قانۇنسىز ئوۋ ئوۋلىغانلارغا قاتتىق زەربە بېرىلدى» ناملىق تەپسىلىي خەۋىرى، جۇ بىيىنىڭ «ئۈچ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى چاقىلىقتا سۇ، تۇپراقنى ئىچىشقا ئۆزىنى ئاتىدى» ناملىق خەۋىرى، تيەن يەننىڭ «دېھقان مۇسا ئۆرۈمچى يەرمەنكىسىدە بازار تاپتى» ناملىق سۈرىتى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ ۋاڭ بېي بىلەن چېن فېييۈنىڭ «رېئاللىقتا ئايلانغان يۇلغۇن تېرىش ئارقىلىق بېيىش چۈشى» ناملىق ماقالىسى، جاڭ جيايىننىڭ «غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا شىنجاڭدا نى - نى ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ» ناملىق باش ماقالىسى، لى جىڭمۇڭنىڭ «ئانا دەرياغا يېقىنلىشىش» ناملىق تەپسىلىي خەۋىرى، سۈي خېيننىڭ «دېھقانلار ئېلان تاختىسى چىقاردى» ناملىق سۈرىتى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك فەن چاڭجياڭ ئاخبارات مۇكاپاتى، تاۋ فېن ئاخبارات مۇكاپاتى،

مەملىكەتلىك يۈز ياخشى ئاخبارات خىزمەتچىلىرىنى باھالاپ سايلاش پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى ئېلان قىلىندى، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ ئالىي مۇخبىرى غەيرەت ئابدۇللا قەن چاڭجياڭ ئاخبارات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، مۇدىر مۇخبىر دۇ شىنگو مەملىكەت بويىچە يۈز ياخشى ئاخبارات خىزمەتچىسى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدىكى كوررېكتور تۇرنىسا مۇسا مەملىكەت بويىچە يۈز ياخشى ئاخبارات كوررېكتورى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

ليۇ ۋەنجېن

## كەسپىي گېزىتلەر، كارخانا گېزىتلىرىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى، شىنجاڭ ئاخبارات خىزمەتچىلىرى جەمئىيىتى بىرلىكتە باشقۇرغان، «تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى گېزىتى» ئىدارىسى ئۈستىگە ئالغان كەسپىي گېزىتلەر، كارخانا گېزىتلىرىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى 2000 - يىل 11 - ئاينىڭ 13 — 14 - كۈنلىرى قۇمۇلدا ئېچىلدى. يىغىنغا ئاپتونوم رايون بويىچە 20 نەچچە كەسپىي گېزىت، كارخانا گېزىتلىرىنىڭ ۋە تورمۇش، مەدەنىيەت گېزىتلىرىنىڭ باشلىقلىرى، باش مۇھەررىرلىرى بولۇپ 40 نەچچە كىشى قاتناشتى.

شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى

## ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (شى) گېزىتلىرى خىزمىتى بويىچە 17 - نۆۋەتلىك تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى، شىنجاڭ ئاخبارات خىزمەتچىلىرى جەمئىيىتى بىرلىكتە باشقۇرغان، شىنجاڭ «قۇمۇل گېزىتى» ئىدارىسى ئۈستىگە ئالغان 17 - نۆۋەتلىك ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (شى) گېزىتلىرى خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى 2000 - يىل 11 - ئاينىڭ 10 — 12 - كۈنلىرى قۇمۇل شەھىرىدە ئېچىلدى. يىغىنغا 30 نەچچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ ۋە بىڭتۇەننىڭ شى، ئىدارە گېزىتلىرىنىڭ باشلىقلىرى، باش مۇھەررىرلىرى بولۇپ 60 نەچچە ئادەم قاتناشتى.

شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى

## 10 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە فوتو - سۈرەت ئەسەرلىرىنى باھالاش

شىنجاڭ ئاخبارات خىزمەتچىلىرى جەمئىيىتى بىلەن شىنجاڭ ئاخبارات - فوتو - سۈرەت ئىلمىي جەمئىيىتى بىرلىكتە باشقۇرغان، شىنجاڭ «قانۇنچىلىق گېزىتى» ئۈستىگە ئالغان، ج ك پ بۆرچىن ناھىيىلىك پارتكوم ھەمكارلاشقان 10 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ ئاخبارات - فوتو - سۈرەت ئەسەرلىرى ۋە گېزىتلەردە ئىشلىتىلگەن ئاخبارات سۈرەتلىرىنى باھالاش يىغىنى ۋە ئۈنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ باش مۇھەررىرلەر ئاخبارات - فوتو - سۈرەت مۇھاكىمە يىغىنى 2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 22 — 28 - كۈنىگىچە بۆرچىن ناھىيىسىدە ئېچىلدى.

ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە بىڭتۇەندىكى 43 ئاخبارات ئورنىدىن كەلگەن 100 نەچچە ۋەكىل مۇھاكىمىگە قاتناشتى، 300 نەچچە ئاخبارات - فوتو - سۈرەت ئەسىرى باھالاشقا قاتناشتۇرۇلدى. «خوتەن گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «ئۈزىتىش» ناملىق ئەسەر بىلەن «ئىلى گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ ئۆزىنى قۇتقۇزۇشتا قار ئالۋاستى بىلەن ئېلىشىش» ناملىق ئەسەر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، 6 ئەسەر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 16 ئەسەر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 16 ئەسەر مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا 21 گېزىت ۋە قەرەللىك ژۇرنالدا ئىشلىتىلگەن سۈرەتلەر 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. يۇ ۋېنشېڭ قاتارلىق 6 باش مۇھەررىر باش مۇھەررىرلەر فوتو - سۈرەت مۇكاپاتىغا، جاڭ جۇنگې باش مۇھەررىرلەر ئۆتكۈر كۆز مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى

## 1999 - يىللىق شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتى ئېلان قىلىندى

شىنجاڭ ئاخبارات خىزمەتچىلىرى جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان 1999 - يىللىق شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتىنى باھالاش پائالىيىتىدە گېزىتلەردىكى 582 پارچە ئەسەر تاپشۇرۇۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچە ئەسەر 131، خەنزۇچە ئەسەر 398، قازاقچە ئەسەر 36، موڭغۇلچە ئەسەر 17 باھالاش ئارقىلىق جەمئىي 200 پارچە ئەسەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر پارچىسى ئالاھىدە مۇكاپاتقا، 18 پارچىسى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا (قوشۇمچىغا قاراڭ)، 50 پارچىسى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 131 پارچىسى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

### قوشۇمچە

1999 - يىللىق شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە گېزىتلەردىكى مۇكاپاتلانغان ئەسەرلەر:

ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر:

ۋۇ دېگيۈننىڭ قەلب دۇنياسى (تەپسىلىي خەۋەر)

1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر:

ياڭ جۇڭشيەن ئۆز ھاياتى بەدىلىگە ئۇلۇغۋار كىشىلىك ھايات يارانتى (خەۋەر)، «شىنلىيەن» بىر ئاچچىق مېۋىنى يۇتۇۋېلىپ، بىر ھەقىقىي تەجرىبىگە ئېرىشتى (خەۋەر)، «گەردى» ساقلاپ قېلىندى، «پېشكىمۇ» قولدىن كەتمىدى (خەۋەر)، 2000 قەلب ئاۋمىنىنى قارشى ئالدى، 9 ياشلىق تيەن لۇنىڭ ئالاھىدە ئەسىر ئىجادىيىتى (خەۋەر)، لۇي خۇاڭ قورشاۋدا قېلىشنىڭ ئالدى - كەينىدە (تەپسىلىي خەۋەر)، 3 ئايال ئېسىل كىشىلىك ھايات سەھىپىسىنى نامايان قىلدى (تەپسىلىي خەۋەر)، بېغىشلاش روھىنى ئىزدەش (تەپسىلىي خەۋەر)، بېغىشلاش — ھەقىقىي كىشىلىك ھاياتتۇر (مۇھاكىمە)، شىنجاڭدىكى خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات ستىپىسى ھەققىدە مۇلاھىزە (يورۇتۇشلۇق خەۋەر)، غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەش (قوشۇمچە بەت)، تۈن كېچىدە تونۇش سايىغىزلەرنى كۆردۈم (قوشۇمچە بەت)، بىۋاستە سايلامنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ بىۋاستىلىقىدا (خەۋەر)، چارباغ يېزىسىدىكى دېھقانلار پاي قوشۇش شەكلى ئارقىلىق باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇردى (خەۋەر)، ئالتۇن كۆزدە يېزا - كەنتلەردە كۆرگەنلىرىم (زىيارەت خاتىرىسى)، چارباغ بازىرىدا ئوقۇش خىراجىتى ھەمكارلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، دېھقان پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇش قىيىنچىلىقى ھەل بولدى (خەۋەر)، تۇنجى نۆۋەتلىك «نەسىللىك قوي بايرىمى» بۆرتالا ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلدى (خەۋەر)، تۆدۆنخې ھور بىلەن داۋالاش ساناتورىيىسىدىكى قالايمىقان ئەھۋاللار ئۆزگەرتىلسە (مۇشتەرىلەردىن كەلگەن خەت)، يول پۈتتۈگىنىڭ ئاستىدا (خەۋەر).

شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى

## ئاخبارات ساھەسىنىڭ تەقدىرلەش يىغىنى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى 2000 - يىل 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ساھەسىنىڭ تەقدىرلەش يىغىنى ۋە باھار بايرىمىنى كۈتۈۋېلىش بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش يىغىنى ئاچتى. ۋاڭ خۇاڭ بىلەن جياڭ يىفېڭنىڭ «پامىر ئوغلى — ۋۇ دېگيۇن» ناملىق ئەسىرى 9 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدىكى جاڭ شاۋيەن زىيارەت قىلىپ يازغان «تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى يەنە قانچىلىك يىراققا ئاقالايدۇ؟» ناملىق ماقالىسى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىكى ياڭ شېڭجياڭ قاتارلىقلار يازغان «ئاتۇش شەھىرىدىكى بىر قىسىم سودىگەرلەر سۇ - تۇپراقنى ئاچقۇچىغا ئايلاندى» ناملىق ماقالىسى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ باش مۇھەررىرى خۇاڭ يۈەنسەي يازغان «ئاخبارات خىزمەتچىلىرى چوقۇم سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم» ناملىق ماقالىسى «يېڭى جۇڭگو ئاخبارات ئىشلىرىنىڭ 50 يىللىقى» بويىچە 100 پارچە مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى جياڭ يىفېڭ يازغان «مىللىي رايونلارغا خەۋەر يەتكۈزۈشتىكى بىرقانچە مەسىلە ئۈستىدە ئىزدىنىش» ناملىق ماقالە «جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتى ئاخبارات ئىلمىي ماقالىلەر مۇكاپاتى» بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. يىغىندا تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە مەخسۇس ئىستون مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەر ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك «20 ياخشى ئاخبارات خىزمەتچىسى» نى باھالاشتا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن 20 كىشى تەقدىرلەندى.

شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى

## قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ياخشى يېزىلغان خەۋەرلەرگە تۇنجى نۆۋەتلىك مۇكاپات تارقىتىلدى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتى ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، شىنجاڭ ئاخبارات خىزمەتچىلىرى جەمئىيىتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان ئاپتونوم رايونلۇق قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ياخشى يېزىلغان خەۋەرلەرگە تۇنجى نۆۋەتلىك مۇكاپات تارقىتىش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش - قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بولغا دائىر يېزىلغان خەۋەرلەرنى 3 - نۆۋەتلىك باھالاپ مۇكاپاتلاشقا سەپەرۋەر قىلىش يىغىنى 2000 - يىل 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. 102 پارچە ئەسەر 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى

## تۇنجى نۆۋەتلىك مۇخبىرلار بايرىمى تەبرىكلەندى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر مۇخبىرلار جەمئىيىتى 2000 - يىل 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو مۇخبىرلار بايرىمىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا 600 نەچچە پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش ۋە ياش ئاخبارات خىزمەتچىسى قاتناشتى، يىغىندا ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قېيۇم باۋۇدۇن سۆز قىلدى. مۇخبىرلار بايرىمى مەزگىلىدە ئاپتونوم رايوندىكى 10 مىڭ مۇخبىر «ئەسىر بىلەن تەڭ

مېڭىش» تېلېۋىزىيە ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى، ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرنىڭ رەسىم، فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى، پىشقەدەم، ئوتتۇرا ياش ۋە ياش ئاخباراتچىلارنىڭ «ئەنئەنە شۆزلەش» سۆھبەت يىغىنى ۋە «مۇخبىرلار مۇھەببىتى» تېمىسىدا ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ بايرىمىنى تەبرىكلىدى.

شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى

## 3 - نۆۋەتلىك «قوش ئون ياخشى» گېزىت باھالاندى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، شىنجاڭ ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى ۋە شىنجاڭ ئاخبارات خىزمەتچىلىرى جەمئىيىتى 2000 - يىل 12 - ئايدا «چوڭ قورۇقلۇق كۆۋرۈكى لوگىقىسى» بويىچە گېزىتلەرنىڭ نەشر قىلىنىش سۈپىتىنى باھالاش پائالىيىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك «قوش ئون ياخشى» گېزىتنى باھالاش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. 20 خىل گېزىت «قوش ئون ياخشى» گېزىت بولۇپ باھالاندى.

ئۇلاردىن خەنزۇچە گېزىتلەر: «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»، «بىڭتۈەن گېزىتى»، «ئىلى گېزىتى»، «تۇرپان گېزىتى»، «بايىنغولىن گېزىتى»، «جۇڭغار ۋاقىت گېزىتى»، «شىنجاڭ تۆمۈريول گېزىتى»، «تارىم نېفىت گېزىتى»، «شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە گېزىتى».

ئۇيغۇرچە گېزىتلەر: «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»، «تۇرپان گېزىتى»، «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى»، «قەشقەر گېزىتى»، «يەكەن گېزىتى».

قازاقچە گېزىتلەر: «ئالتاي گېزىتى»، «ئىلى كەچلىك گېزىتى»، «كۈيتۇڭ گېزىتى».

موڭغۇلچە گېزىتلەر: «شىنجاڭ گېزىتى».

«شىنجاڭ ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى گېزىت - ژۇرنال باشقارمىسى

## شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مۇنەۋۋەر مۇخبىرلار پونكىتى باھالاندى

2000 - يىلى شىنجاڭ ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى 1999 — 2000 - يىللىق شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مۇنەۋۋەر مۇخبىرلار پونكىتىدىن 15 نى باھالاپ چىقتى. ئۇلار مۇنۇلار: «خەلق گېزىتى» شىنجاڭ مۇخبىرلار پونكىتى، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى شىنجاڭ مۇخبىرلار پونكىتى، «نۇرلۇق گېزىتى» شىنجاڭ مۇخبىرلار پونكىتى، «قانۇنچىلىق گېزىتى» شىنجاڭ مۇخبىرلار پونكىتى، «جۇڭگو مائارىپ گېزىتى» شىنجاڭ مۇخبىرلار پونكىتى، «جۇڭگو ئاۋئاتسىيە گېزىتى» شىنجاڭ مۇخبىرلار پونكىتى، «پۇل مۇئامىلە ۋاقىت گېزىتى» شىنجاڭ مۇخبىرلار پونكىتى، «جۇڭگو ئۇچۇر گېزىتى» شىنجاڭ مۇخبىرلار پونكىتى، «جۇڭگو سودا گېزىتى» شىنجاڭ مۇخبىرلار پونكىتى، «جۇڭگو نېفىت گېزىتى» شىنجاڭ تۇرپان - قۇمۇل مۇخبىرلار پونكىتى، «خەلق سوت گېزىتى» شىنجاڭ مۇخبىرلار پونكىتى، «جۇڭخۇا سودا - سانائەت ۋاقىت گېزىتى» شىنجاڭ مۇخبىرلار پونكىتى، «جۇڭگو كومبىن ۋاقىت گېزىتى» شىنجاڭ مۇخبىرلار پونكىتى.

شىنجاڭ ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى گېزىت - ژۇرنال باشقارمىسى

## ھىندىستان ئاخباراتچىلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭنى زىيارەت قىلدى

«يېڭى ھىندىستان ۋاقىت گېزىتى»، «ھىندىستان تېز گېزىتى»، «ھىندىستان» ژۇرنىلى قاتارلىق ھىندىستاندىكى ھەرقايسى چوڭ ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنىڭ ئاتاقلىق مۇخبىرلىرىدىن تەشكىللەنگەن ھىندىستان ئاخباراتچىلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 8 كىشى 2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 9 — 14 - كۈنلىرى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت مېھمانلارغا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىگە ئالاقىدار ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى، يەنە مېھمانلار كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرگە جاۋاب بەردى. زىيارەت ئۆمىكىدىكىلەر تۇرپان، بوغدا كۆلى، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور پاي چەكلىك شىركىتى ۋە شىنجاڭ گۇاڭخۇي كارخانا گۇرۇھى تاش ماتېرىياللىرى زاۋۇتىنى زىيارەت قىلدى.

شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى

# نەشرىياتچىلىق

## شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى 720 خىل كىتاب، ژۇرنال نەشر قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كىتاب 580 خىل (ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى كىتاب 350 خىل، خەنزۇچە كىتاب 230 خىل).

2000 - يىلى بىر تۈركۈم مۇھىم كىتابلار ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىندى. مەسىلەن: «دېڭ شياۋپىڭنىڭ

مىللەت نەزەرىيىسى ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭدا ئەمەلىي قوللىنىلىشى»، «20 ـ ئەسىردىكى شىنجاڭنىڭ تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، «جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى ئىسلام دىنى تارىخى»، «پارتىيە ئەزالىرى ئاتېئىزم تەربىيىسى ئوقۇشلۇقى»، «مىللەت ـ دىن نەزەرىيىسى پروگراممىسى» قاتارلىق كىتابلار ھەمدە «ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە سەپىرى»، «ئېكسپېدىتسىيە ۋە بايقاش»، «چېگرا رايون مەدەنىيىتى ھەققىدە ئىزدىنىش» قاتارلىق نەچچە يۈرۈش كىتاب نەشر قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، «غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش — 20 ـ ئەسىرگە يۈزلەنگەن زور تەدبىر»، «غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش قىزغىنلىقى»، «غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش كۆرسەتكۈچى»، «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ۋە غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش» قاتارلىق غەربىي رايوننى ئېچىشقا ئالاقىدار 10 نەچچە خىل كىتاب نەشر قىلىندى. شىنجاڭنى تەشۋىق قىلىش، ساياھەت ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس «شىنجاڭغا ساياھەت»، «غەربىي يۇرتنىڭ دۆلەت گۆھەرلىرى تىزىملىكى»، «شىنجاڭ مەنزىرە تەزكىرىسى»، «شىنجاڭنىڭ داڭلىق ئاسار ـ ئەتىقىلەر ساياھەت كۆرسەتكۈچى»، «شىنجاڭغا سەپەر» قاتارلىق كىتابلار نەشر قىلىندى.

2000 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان 31 خىل كىتاب ئۆلكە ـ مىنىستىرلىك دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كىتابلار مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ۋاڭ لىشياڭ

## نەشر ھوقۇقى خىزمىتى

2000 ـ يىلى شىنجاڭ نەشر ھوقۇقى ئىدارىسى ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنىنى تەشۋىق قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كىتاب ۋە ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرى بازارلىرىنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئۈرۈمچى رايونىدىكى ئوغرىلىقچە نەشر قىلىنغان كىتاب، ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى (ئوقۇتۇشتا قوشۇمچە پايدىلىنىدىغان كىتاب) نى سېتىش ئورۇنلىرى ۋە ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرىنى قانۇنسىز كۆپەيتىپ بېسىش ئورۇنلىرىنى نۇقتىلىق تازىلىدى. بىر يىلدا ئوغرىلىقچە نەشر قىلىنغان كىتاب ۋە ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرىغا چېتىشلىق چوڭراق دېلودىن 8 نى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، ئوغرىلىقچە نەشر قىلىنغان 4000 نەچچە كىتاب ۋە 81 مىڭ 400 دانە ئۈن ـ سىن بۇيۇمىنى يىغىۋالدى. ئوغرىلىقچە نەشر قىلىشقا ئىشلىتىلگەن كۆپەيتىپ بېسىش ئۈسكۈنىسىدىن 3 نى (بۇنىڭ ئىچىدە 2 سى لازېر نۇرلۇق كۆپەيتىپ بېسىش ماشىنىسى) تەكشۈرۈپ يىغىۋالدى. مۇشۇ يىلدا ئاپتورلۇق ھوقۇقى ماجىراسىدىن 13 نى قوبۇل قىلدى. بۇنىڭدىن 8 دېلونى تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇردى. چەت ئەل كىتابلىرىنى نەشر قىلىش ھوقۇقى بېرىلگەن 15 توختامنى، چەت ئەل ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرىنى كۆچۈرۈپ تارقىتىش ھوقۇقى بېرىلگەن 8 توختامنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى. ھۆسنىخەت، ئېلان، تاۋار ماركىسى، ئۆگىنىش ئۇسۇلى قاتارلىقلارغا چېتىشلىق 17 ئەسەرنى ئىختىيارىي تىزىملىدى. مەسلىھەت سوراپ كەلگەن 60 نەچچە ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى. مۇشۇ يىلى گېزىت ـ ژۇرناللارغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان ماقالىلەرنىڭ 8600 يۈەندىن ئارتۇق قەلەم ھەققىنى يىغىۋېلىپ ئەسلى ئورنىغا قايتۇرۇپ بەردى. ئالاقىدار تارماقلارغا ھەمكارلىشىپ ئوغرىلىقچە نەشر قىلىنغان 8000 دىن ئارتۇق ئۈن ـ سىن بۇيۇمى يۇمشاق دېتالىنى بېكىتتى، جۇڭگو نەشر ھوقۇقىنى قوغداش مەركىزىنىڭ يازما ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقىنى كوللېكتىپ باشقۇرۇش تەشكىلاتىنى قۇرۇشقا ماسلىشىپ، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ماسلىشىپ ئاپتونوم رايون بويىچە ئاپتورلۇق ھوقۇقى قانۇنىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

شىنجاڭ ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى ئاپتورلۇق ھوقۇقى باشقارمىسى

## ئاخبارات ـ نەشرىيات ساھەسىدە مەمۇرىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئىشلىرى ئېنىقلاندى

2000 ـ يىلى شىنجاڭ ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى نەشر بۇيۇملىرىنى نەشر قىلىش، بېسىش، تارقىتىشقا چېتىشلىق مەمۇرىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ تەستىقلاشقا ئىجازەت بېرىش ئىشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېنىقلىدى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى ئارقىلىق، 8 تۈر تەكشۈرۈپ تەستىقلاشقا قالدۇرۇلدى، 5 تۈرگە ئىجازەت بېرىلدى، 9 تۈر تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى، 2 تۈر ئەنگە ئېلىندى.

شىنجاڭ ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى ئىشخانىسى

## نەشر بۇيۇملىرىنى تارقىتىش ئىجازەتنامىسى تارقىتىلدى

2000 ـ يىلى شىنجاڭ ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى دۆلەت ئاخبارات ـ نەشرىيات مەھكىمىسى تارقاتقان «نەشر بۇيۇملىرى بازىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» گە ئاساسەن ئاپتونوم رايوندىكى نەشر بۇيۇملىرىنى توپ سېتىش 2 ـ دەرىجىلىك ئورنى ۋە پارچە سېتىش ئورۇنلىرىغا بىر تۇتاش

ئاخبارات ـ نەشرىيات مەھكىمىسى تۈزگەن نەشر بۇيۇملىرىنى تارقىتىش ئىجازەتنامىسىنى يەڭگۈشلەپ تارقاتتى.

شىنجاڭ ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى تارقىتىش باشقارمىسى

## نەشر بۇيۇملىرىنى تەكشۈرۈش

2000 ـ يىلى شىنجاڭ ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى نەشر بۇيۇملىرى نەشر قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئالدىن تەكشۈرۈش، كىتاب سېتىلىشتىن ئىلگىرى ئالدىن تەكشۈرۈش ۋە قائىدىگە خىلاپ كىتاب، قەرەللىك ژۇرناللارنى تەكشۈرۈش ـ بېكىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. مۇشۇ يىلدا ھەرخىل كىتاب، قەرەللىك ژۇرنال ۋە ئۈن ـ سىن بۇيۇمىدىن 450 خىل تەكشۈرۈلدى، 200 خىل نەشر بۇيۇمى مەنئى قىلىندى ۋە قائىدىگە خىلاپ دەپ بېكىتىلدى.

شىنجاڭ ئاخبارات نەشرىيات ئىدارىسى تەكشۈرۈپ ئوقۇش بۆلۈمى

## يەرلىك گېزىتلەرنى باشقۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇنلار

2000 ـ يىلى دۆلەت ئاخبارات ـ نەشرىيات مەھكىمىسى ئۇيۇشتۇرغان 2 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك گېزىت باشقۇرۇشتا ئىلغار ئورۇنلارنى باھالاشتا شىنجاڭدىن «بىڭتۈەن گېزىتى» ئىدارىسى، «يەكەن گېزىتى» ئىدارىسى، «شىنجاڭ تۆمۈريول گېزىتى» ئىدارىسى مەملىكەت بويىچە يەرلىك گېزىتلەرنى باشقۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. «شىنجاڭ بىيتۇن گېزىتى» ئىدارىسى بىلەن «تارىم نېفىت گېزىتى» ئىدارىسى شىنجاڭ بويىچە گېزىت باشقۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

شىنجاڭ ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى ئىشخانىسى

## كىتاب ئىئانە قىلىش ئەھۋالى

2000 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى نەشرىياتلار، «شىنخۇا» كىتابخانىلىرى، كىتاب ـ ژۇرناللارنى توپ سېتىش 2 ـ دەرىجىلىك ئورۇنلىرى «ئۇچنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش» پائالىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا ئاساسەن چېگرا رايوندىكى ئاساسىي قاتلام ئورۇنلار، مەكتەپ ۋە قىسىملارغا 286 مىڭ 900 نەچچە يۈەنلىك 23 مىڭ 985 پارچە كىتاب ئىئانە قىلدى.

شىنجاڭ ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى تارقىتىش بۆلۈمى

## سېرىق، قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرىغا زەربە بېرىش كۈرىشى قانات يايدۇرۇلدى

شىنجاڭ ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى 2000 ـ يىلى قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرىنى ئىشلەپ سېتىشقا دائىر 14 چوڭ دېلونى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. مەركەزلىك ھەرىكەت قىلىش داۋامىدا «قالقون كومپىسى» تۈرىدىكى ۋە باشقا چاكىنا خۇراپاتلىقنى تەشۋىق قىلىدىغان ۋە ساختا ئىلمىي يەل كومپىسى تۈرىدىكى 137 خىل، 600 پارچە قانۇنسىز نەشر بۇيۇمىنى تەكشۈرۈپ يىغىۋالدى؛ سىياسىي خاراكتېرلىك قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرى، دىنغا دائىر قانۇنسىز نەشر بۇيۇملىرى ۋە شەھۋانە نەشر بۇيۇملىرىدىن 11 مىڭ پارچىدىن ئارتۇقى، ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرىدىن 200 مىڭ دېسكىدىن ئارتۇقى يىغىۋېلىندى؛ 4 قانۇنسىز توپ سېتىش نۇقتىسى پاچاقلاندى.

شىنجاڭ ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى ئىشخانىسى

# مەتبەئەچىلىك

## كىتاب ۋە دەرسلىكلەرنىڭ بېسىلىش سۈپىتى تەكشۈرۈلدى

2000 ـ يىلى شىنجاڭ ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى 2000 ـ يىلى ئەتىياز ۋە كۈزدە بېسىلغان ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكى ۋە 1999 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئادەتتىكى كىتابلارنىڭ بېسىلىش سۈپىتىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈشكە سۇنۇلغان 1052 خىل كىتابنىڭ ئىچىدە، 86 خىلى ئەلا سۈپەتلىك كىتاب، 207 خىلى ياخشى كىتاب، 741 خىلى لاياقەتلىك كىتاب، 16 خىلى لاياقەتسىز كىتاب دەپ بېكىتىلدى. ئادەتتىكى 829 خىل كىتابنى تەكشۈرگەندە 51 خىلى ئەلا سۈپەتلىك كىتاب، 110 خىلى ياخشى كىتاب، 625 خىلى لاياقەتلىك كىتاب، 43 خىلى لاياقەتسىز كىتاب دەپ بېكىتىلدى.

شىنجاڭ ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى مەتبەئەچىلىك باشقارمىسى

## گېزىتلەرنىڭ بېسىلىش سۈپىتىنى باھالاش

2000 ـ يىلى شىنجاڭ ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى 26 ئورۇن چىقارغان 44 خىل گېزىتنىڭ بېسىلىش سۈپىتىنى تەكشۈرۈپ باھالىدى. «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» (خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە)، «ئىلى گېزىتى» (خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە)، «ئالتاي گېزىتى» (خەنزۇچە)، «تارىم گېزىتى» (خەنزۇچە)، «تارىم نېفىت گېزىتى» (خەنزۇچە)، «بايىنغولىن گېزىتى» (ئۇيغۇرچە) دىن ئىبارەت 9 خىل گېزىت ئەلا سۈپەتلىك گېزىت بولۇپ باھالاندى.

شىنجاڭ ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى مەتبەئەچىلىك باشقارمىسى

# رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە

## رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

### رادىئو - تېلېۋىزىيە تەشۋىقاتى

2000 - يىلى شىنجاڭ رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك 5 چوڭ تەشۋىقات جېڭىنى تاماملىدى. ئىدىيۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشقا دائىر تەشۋىقات؛ باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ھەققىدىكى تەشۋىقات؛ غەربىي كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىگە دائىر تەشۋىقات؛ پارتىيە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ھەققىدىكى تەشۋىقات؛ «فالۇن گوڭ»نى پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش ۋە پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش بىلىملىرىگە دائىر تەشۋىقات. يەنە خەلق قۇرۇلتىيى ۋە سىياسىي كېڭەش يىغىنلىرى، ئۈرۈمچى سودا يەرمەنكىسى، ساياھەت يەرمەنكىسى، يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋېلىش قاتارلىق چوڭ - چوڭ پائالىيەتلەرگە دائىر تەشۋىقاتنى تاماملىدى.

2000 - يىلى — دۆلەتنىڭ غەربىي كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلغان تۇنجى يىل، غەربىي كەڭ ئېچىشنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئۇنىڭغا سەپەرۋەرلىك قىلىش، غەربىي كەڭ ئېچىشقا يېتەكلەش — شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە تەشۋىقاتىدا مۇھىم ۋەزىپە قىلىندى. تەشۋىقات ئورۇنلىرى ئاخبارات مۇھاكىمىسى، سۆھبەت، مەخسۇس خەۋەر قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، غەربىي كەڭ ئېچىش توغرىسىدا ئەتراپلىق، كۆپ تەرەپلىمە تەشۋىقات ئېلىپ باردى. شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى «غەربىي كەڭ ئېچىش ھەققىدە يۈرۈشلۈك سۆھبەت»، «يېڭى ئەسىرگە يۈزلىنىش»، «تەڭرىتاغنىڭ شىمالىغا سەپەر»، «كەڭ ئېچىشنى ئىلگىرى سۈرۈش»، «باشقا يۇرتلۇقلارنىڭ نەزىرىدىكى شىنجاڭ»، «تارىم دەريا ساداسى ناملىق ماقالە توپلاش»، «تەڭرىتاغ ئوغلى»، «تەڭرىتاغ خىسلىتى» قاتارلىق غەربىي كەڭ ئېچىش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەخسۇس خەۋەرلەرنى ئاڭلاتتى. خەنزۇچە مەخسۇس پروگرامما بۆلۈمى چېڭدۇ، چوڭچىڭ، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى، شاڭخەي «شەرق» تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىكتە 3 قېتىم باشقا جايلاردا بىۋاستە ئاڭلىتىش ئېلىپ باردى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «غەربىي كەڭ ئېچىش شىنجاڭدا»، «غەربىي كەڭ ئېچىش زىيارەت خاتىرىسى»، «غەربىي ئېچىشتا شىنجاڭغا نەزەر»، «شەخسلەر سەپتە»، «يىپەك يولىغا نەزەر»، «شىنجاڭدىكى مەشھۇر شەھەرلەر»، «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» قاتارلىق ئاخبارات مەخسۇس پروگراممىلىرىنى تەسىس قىلدى. ئەدەبىيات - سەنئەت بۆلۈمى كىچىك تىپتىكى مۇزىكىلىق فىلىم — «شىنجاڭنى سۆيىمەن»نى سۈرەتكە ئالدى ھەمدە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئىستانسىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ غەربىي كەڭ ئېچىش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن نۇرغۇن پروگراممىلارنى سۈرەتكە ئالدى.

تەشۋىقات ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، پروگراممىلارنىڭ سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى پروگراممىلاردا نازارەت قىلىش مېخانىزمى بەرپا قىلىش، رىياسەتچىلەرنى رىقابەت ئارقىلىق ئىش ئورنىغا چىقىرىش، مۇخبىر، مۇھەررىر، دىكتورلارنى قوش يۆنىلىشلىك تاللاش چارىسىنى يولغا قويۇپ، بىر تۈركۈم يېڭى سەھىپىلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى. رادىئو ئىستانسىسى خەنزۇچە خەۋەرلەردە «چۈشلۈك خەۋەرلەر» ۋە «يېرىم كېچىلىك خەۋەرلەر»نى كۆپەيتتى. ئۇيغۇرچە خەۋەرلەردە «مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر» بىلەن «يەرلىك ئىستانسا - گېزىت خەۋەرلىرى»نى تەسىس قىلدى. شىنجاڭ رادىئو ئىستانسىسىنىڭ «60 مىنۇتلۇق خەۋەرلەر» پروگراممىسى بىلەن شاڭخەي رادىئو ئىستانسىسىنىڭ «990 خەۋەرلەر» پروگراممىسى 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى باشقا جايدا تەڭ قەدەمدە بىۋاستە ئاڭلىتىلىپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. خەنزۇچە مەخسۇس پروگرامما بۆلۈمى «ئادەم ۋە قانۇن»، «كەچكى شەپەق»، «ئالتۇن ئۇچۇر تورى» قاتارلىق پروگراممىلارنى، ئەدەبىيات - سەنئەت بۆلۈمى «ئۆسمۈرلەر ساداسى»، «چەت ئەل ئەدەبىيات - سەنئىتى» قاتارلىق پروگراممىلارنى كۆپەيتتى. رادىئو ئىستانسىسى كۆپ قىسىم پروگراممىلىرىدا چوڭ بۆلەكلەر بويىچە رىياسەتچىلەر بىۋاستە ئاڭلىتىش شەكلىنى قوللىنىپ، پروگراممىلارنىڭ رېئاللىققا يېقىن بولۇش ئۈنۈمدارلىقىنى ۋە ۋاقىت ئۈنۈمدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈردى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئاخبارات

مەركىزى قۇرۇپ، يېڭى مەشغۇلات شەكلىنى يولغا قويدى. «كەچلىك خەۋەرلەر» پروگراممىسىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، تۇنجى سۆھبەت تۈرىدىكى پروگرامما — «يۇقىرىلار سۆھبىتى» ۋە «30 مىنۇتلۇق شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى»، «تېلېۋىزىيە كۆۋرۈكى» قاتارلىق پروگراممىلار ۋە بۆلەكلەرنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بۇرۇنقى كىنو - تېلېۋىزىيە مەدەنىيىتى قانىلىنى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 4 - قانىلىغا ئۆزگەرتىپ، پروگراممىلارنى ئومۇميۈزلۈك ئۆزگەرتىپ، كۆرۈش نىسبىتىنى زور ھەجىمدە ئۆرلەتتى. بىر يىلدىن بۇيان شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىغا 526 خەۋەر ئەۋەتتى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسى ئۇنىڭ 264نى ئىشلەتتى.

شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسى، شىنجاڭ سىملىق رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسى 2913 قىسىملىق 974 كىنو، تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە ۋە قىرغىزچىغا تەرجىمە قىلىپ ئىشلىدى. شىنجاڭ ئۈن - سىن نەشرىياتى ئۈن - سىن بۇيۇمىدىن 62 قاپ، 320 مىڭ دىسكا ئىشلىدى. «شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە گېزىتى»نىڭ بېتى كۆپەيتىلىپ، ئوقۇشچانلىقى ئاشۇرۇلدى.

2000 - يىلى لى لىنپىڭ، كاكىش قارجان، جۇكۇاڭيىلار مەملىكەت بويىچە يۈز ياخشى ئاخبارات خىزمەتچىسىنىڭ بىرى دېگەن نامغا، ۋاڭ يۇشىن، ئادىل ئوسمان، ئوبۇل قاسىملار يۈز ياخشى تېلېۋىزىيە سەنئىتى خىزمەتچىسى دېگەن نامغا، ئەي شىڭ يۈز ياخشى پېشقەدەم تېلېۋىزىيە سەنئىتى خىزمەتچىسى دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ «631» ئىستانسا مەملىكەت بويىچە رادىئو سىستېمىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى؛ جياشىنپىڭ 1999 - يىللىق مەملىكەتلىك رادىئو - تېلېۋىزىيىنى تېخنىكىلىق ئاسراشتىكى ئىلغار شەخس بولۇپ 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ «841» ئىستانسىدىكى جاڭ شىڭ، «7606» ئىستانسىدىكى يۈ كەيشەن 2000 - يىلى مەملىكەت بويىچە رادىئو - تېلېۋىزىيە تېخنىكا ماھىرى بولۇپ 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى گېزىتىنىڭ 2 ئەسىرى مەملىكەت بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

### كەسپىي قۇرۇلۇش

رادىئو - تېلېۋىزىيە باش ئىدارىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، دۆلەت بايرىمى ئالدىدا شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ئوتتۇرا، قىسقا دولقۇنلۇق ئىستانسىلار، چاستوتىسى تىزگىنلىنىدىغان تارقىتىش ئىستانسىلىرى، ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئىستانسىلىرى ۋە تەجرىبە ئىستانسىلىرى بەلگىلەنگەن پارامېتىر بويىچە مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ رادىئو پروگراممىلىرىنى ۋاقتىنى بوش قويماي تولۇق ئۇلاپ ئاڭلاتتى. 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنىگە كەلگەندە شىنجاڭ بويىچە ئوتتۇرا، قىسقا دولقۇنلۇق تارقىتىش ئاپپاراتى ۋە تەجرىبە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئېچىلىش نىسبىتى 86.5%كە يېتىپ، كۈندىلىك ئاڭلىتىش ۋاقتى 1999 - يىلدىكىدىن 25.78 سائەت كۆپەيدى. شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ كۈندىلىك ئاڭلىتىش ۋاقتى 26 سائەت 10 مىنۇت، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىلارنى كۈندىلىك كۆرسىتىش ۋاقتى 9 سائەت كۆپەيدى.

شىنجاڭدىكى 34 ئوتتۇرا دولقۇنلۇق ئىستانسا ۋە تەجرىبە ئىستانسىسى 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ش ئۇ ئا ر رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلدى. 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئېلېكترون قارشىلىق ئۈسكۈنىسىدىن 40ى ئىشقا سېلىندى، تەجرىبە ئىستانسىدىن 4ى يېڭىدىن قۇرۇلدى. 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئوتتۇرا دولقۇنلۇق تارقىتىش ئاپپاراتىدىن 33ى يېڭىلاپ بولۇندى. 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى 841 تاغ ئۈستى رادىئو ئىستانسىسىنىڭ چاستوتىسى تىزگىنلىنىدىغان بىر رادىئو تارقىتىش ئاپپاراتى ئېچىلىپ، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ 1 - يۈرۈش پروگراممىسى ئۇلاپ ئاڭلىتىشقا ئىشلىتىلدى.

بىر يىلدىن بۇيان شىنجاڭدىكى رادىئو - تېلېۋىزىيە يوق 1685 كەنتكە رادىئو، تېلېۋىزىيە تۇتاشتۇرۇلۇپ، نىشاندىكى ۋەزىپىدىن 27 كەنت ئاشۇرۇلۇپ، 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى شىنجاڭدىكى ھەممە كەنتكە رادىئو، تېلېۋىزىيە يەتكۈزۈش نىشانى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بۇ قۇرۇلۇش ئارقىلىق رادىئو، تېلېۋىزىيە يېڭىدىن قاپلىغان ئاھالىدىن 850 مىڭى كۆپەيدى، رادىئو - تېلېۋىزىيىنىڭ ئاھالىنى قاپلاش نىسبىتى 5 پىرسەنت پوئىنتى كۆپىيىپ، رادىئونىڭ ئاھالىنى قاپلاش نىسبىتى 87.91%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ ئاھالىنى قاپلاش نىسبىتى 90.28%كە يەتتى.

رادىئو - تېلېۋىزىيىنىڭ كەڭ بەلۋاغلىق ئۇچۇر تورى قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك باشلاندى. شىنجاڭ رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى 5 - ئايدىن 11 - ئايغىچە ھەربىي قىسىم، تۆمۈريول، نېفىت قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، دۆلەتنىڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئوپتىكىلىق غول لىنىيە تورىنىڭ شىڭشىڭشيا — ئۈرۈمچى، ئۈرۈمچى — كۈيتۈن، ئۈرۈمچى — كورلا بۆلىكىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىپ، قۇرۇلۇشنىڭ 1686 كىلومېتىر قىسمىنى پۈتتۈردى.

بوشلۇقتىكى دەرىخاندىن پايدىلىنىلىپ، 3 قارار تەشۋىقات كەسپى كۇرسى ۋە رەقەملىك تېخنىكا كۇرسى، بىر

قارار دىكتور، رىياسەتچىلەرنى ئورتاق تەلەپپۇزدا سۆزلەش بويىچە تەربىيىلەش - سىناش كۇرسى ئېچىلىپ، بىر يىلدا 1349 ئادەم تەربىيىلەندى.

رادىئو - تېلېۋىزىيىنى باشقۇرۇش

2000 - يىلى 66 ئاڭلىتىش ئاپپاراتى، 20 رادىئو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى ئىشلەش ئورنى، 864 رادىئو - تېلېۋىزىيە پونكىتى، 10 نەچچە مىڭ سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى قوبۇللاش مۇئەسسەسى ھەمدە قۇۋۋىتى 100 ۋاتتىن يۇقىرى رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئىستانسىسى يىللىق تەكشۈرۈلدى، 28 ئورۇننىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىجازەتنامىسى ۋە كىنو - تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلىش خىزمىتىنى باشقۇرۇش ھەم چېگرا سىرتى سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيىسىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى.

جىن خۇڭلى

## مۇنەۋۋەر رادىئو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى باھالاندى

1999 - يىللىق شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى، رادىئو ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتىنى باھالاش يىغىنى 2000 - يىل 3 - ئاينىڭ 9 — 13 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، 309 مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە رادىئو ئەسىرى 142 (1 - دەرىجىلىك مۇكاپات 21، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپات 43، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپات 78)، تېلېۋىزىيە ئەسىرى 144 (ئالاھىدە مۇكاپات 2، 1 - دەرىجىلىك مۇكاپات 21، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپات 43، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپات 78)، ئۇيغۇرچە، قازاقچە ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسىرى 23 (1 - دەرىجىلىك مۇكاپات 5، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپات 5، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپات 13).

4 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ رادىئو ئەدەبىيات - سەنئىتى مۇكاپاتى (خەنزۇچە) نى باھالاش يىغىنى 6 - ئاينىڭ 5 — 8 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، 41 ئەسەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 4 پارچىسى ئالاھىدە مۇكاپاتقا، 5 پارچىسى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 10 پارچىسى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 22 پارچىسى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

جىن خۇڭلى

## قوشۇمچە (1)

**1999 - يىللىق شىنجاڭ رادىئو ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر**

جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىدا پۈتۈن لىنىيە بويىچە پويىز قاتنىدى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە خەۋەر)، خوتەن دېھقانلىرى تاكسىدا ئولتۇرىدىغان بولدى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە خەۋەر)، دۆلەت ئاتلاپ قىلىنغان غەلىبىلىك جەڭ (قاراماي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە مەخسۇس خەۋەر)، تارىم ۋادىسىدا ياڭرىغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ناخشىسى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە مەخسۇس خەۋەر)، يېڭى ئەسىرگە يۈزلەنگەن زامانىۋى شەھەر (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە يۈرۈشلەك خەۋەر)، يايلاق ئوغلى — ياڭ جۈڭشيەن (قۇمۇل خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە يۈرۈشلۈك خەۋەر)، ھاياتلىق چەكلەنگەن رايوندىكى ئېلىشىش (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە مەخسۇس خەۋەر)، تۇرپان ۋىلايىتى 1 مىليون يۈەن سەرپ قىلىپ دېھقانلار ئۈچۈن مېۋە - چېۋە ئېلانى ئىشلەپ بەردى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە خەۋەر)، ئاق خالاتلىق نىجات يۇلتۇزى ياڭ جۈڭشيەن (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە يۈرۈشلۈك خەۋەر)، ئىنقىلابىي قۇربان جۇيېڭنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ شىكايىتى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە قىسقا خەۋەر)، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىغا چاقچاق قىلماڭ (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە يۈرۈشلۈك خەۋەر)، مەكتەپ ئوقۇشتىن قاچقان ئوقۇغۇچىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۈستىدىن ئەرز قىلدى (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئۇزۇن خەۋەر)، ھەقىقىي مۇھەببەت ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇيىڭىزغا يەتكۈزگەي (فۇكاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە مەخسۇس خەۋەر)، ھاياتنىڭ سۆيۈتى (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئۇنىۋېرسال خەۋەر)، جۇڭگو — بۈگۈن سىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىڭىز (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە، دېھقانلار ئۈچۈن ئاڭلىتىش)، غەربىي پورتتىكى بېيىغان دېھقانلار (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، خەنزۇچە، دېھقانلار ئۈچۈن ئاڭلىتىش)، يېتىم - يېسىر تۇل ئاياللارنىڭ غەمگۇزارى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە مەخسۇس خەۋەر)، دۆلەت بايرىمى بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈلگەن ئالتۇن توي (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە لېنتىلىق خەۋەر)، چۈشلۈك چاي (چۆچەك خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە پروگرامما)، قارا تۇپراقمۇ پۇلغا يارايدۇ (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، موڭغۇلچە مەخسۇس خەۋەر).

## قوشۇمچە (2)

**1999 - يىللىق شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە ئالاھىدە مۇكاپاتقا ۋە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر**

ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر

ئۈنتۈلماس بىرىنچىلەر (رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە نازارىتى باش مۇھەررىر ئىشخانىسى، چاتما فىلىم)، پەرۋاز قىلىۋاتقان شىنجاڭ (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، چاتما فىلىم).

1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر

تارىخىي تاللاش (شىنجاڭ ئىقتىساد تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە چاتما فىلىم)، كەلپىندىكى ئىشلار (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئۇزۇن فىلىم)، جۇڭگونىڭ غەربىي دىيارى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئۇزۇن فىلىم)، جەنۇبىي تەڭرىتاغدىكى ئىشلار (تارىم رادىئو - تېلېۋىزىيە پونكىتى، خەنزۇچە ئۇزۇن فىلىم)، ئاسىيا كىندىكى ۋە چوپان (شىنجاڭ ئۈن - سىن نەشرىياتى مەركىزى، خەنزۇچە ئۇزۇن فىلىم)، كەلپىندىكى ھەر مىللەت خەلقى تارىختىكى تۇنجى مول ھوسۇل يىلىنى تەبرىكلىدى (ئاقسۇ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە خەۋەر)، رېئاللىققا ئايلانغان ئارزۇ (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە مەخسۇس خەۋەر)، نۇرلۇق قەلب (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە مەخسۇس خەۋەر)، ئائىلە ئاۋابىئاتلىرىغا قاتتىق تەلەپ قويىدىغان تۆمۈر داۋامەت (شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە مەخسۇس خەۋەر)، جياڭ زېمىن قاتارلىق مەركەز رەھبەرلىرى «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» ناملىق ناخشا - ئۇسسۇلنى كۆردى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە خەۋەر)، تۇرپان - ئۈرۈمچى ئالىي تاشيولىدا ئاپتوموبىللار زەنجىرسىمان سوقۇلۇشۇپ كېتىشتەك ئېغىر قاتناش ۋەقەسى يۈز بەردى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە قىسقا خەۋەر)، زۇڭلى شىنجاڭ ۋەكىللىرى بىلەن تەرەققىيات پىلانى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئۇزۇن خەۋەر)، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىدا ئومۇميۈزلۈك قاتناش باشلاندى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئۇزۇن خەۋەر)، ياسىر ئوغلانى — ۋۇ دېڭيۈن (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە يۈرۈشلۈك خەۋەر)، تۈرلەرنى كىرگۈزۈشتە بۆلغىنىشلارنى كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئوبزور)، رايون بېكىنمىچىلىكى قاچان ئۆزگىرىدۇ (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئوبزور)، شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇلى نېمە ئۈچۈن زىلزىلە قوزغىدى (شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە ئوبزور)، 24 يىلدا ئاخىرلاشقان مۇھەببەت (شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە مەخسۇس خەۋەر)، جاڭ خېيۈن ۋە ئۇنىڭ قۇرۇتۇلغان كالا گۆشى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، خەنزۇچە مەخسۇس خەۋەر)، باياۋاندىكى سۇ ئىزلىگۈچى (ئالتاي سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە مەخسۇس خەۋەر)، «ئەدەبىيات - سەنئەت مۇنبىرى» (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە پروگرامما).

2000 - يىلى شىنجاڭ رادىئو سىستېمىسىدىن مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر

| ۋاقتى | ئورۇن | مۇكاپات نامى | ئەسەر | مۇكاپات دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|
| 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى | بېيجىڭ | جۇڭگو رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى 99، «جۇڭگو ھەسەن - ھۈسەن مۇكاپاتى» بويىچە رادىئو پروگراممىلىرىنى باھالاش | بىرىم ئەسىر ھەققىدە ئەسلىمە | 3 - دەرىجىلىك |
| 5 - ئاينىڭ 24 — 29 - كۈنىگىچە | بېيجىڭ | جۇڭگو رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە 99، رادىئو ئاخبارات مۇكاپاتىنى باھالاش | چارۋىچىنىڭ ئوغلى — ياڭ جۈكشيەن<br>ئامپىراتلار تەربىيىسىنى قانداقمۇ «پۇرچاق تىرىپى»گە ئايلاندۇرۇپ قويغىلى بولسۇن؟<br>كۆكشىلىدىكى قوغلاپ تۇتۇش<br>دېھقان لى فۇلۇنىنىڭ نەزىرى<br>«تۇرمۇش دۇنياسى» (1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى)<br>ھاياتنىڭ مۇپتى | 3 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 6 - ئاي | خاڭجۇ | 10 - نۆۋەتلىك «جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتى»نى باھالاش | كۆكشىلىدىكى قوغلاپ تۇتۇش<br>تۇرپان ۋىلايىتى 1 مىليون يۈەن سەرپ قىلىپ دېھقانلار ئۈچۈن مىۋە - چېۋە ئېلانى ئىشلەپ بەردى | 2 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك |
| 7 - ئاينىڭ 26 — 31 - كۈنلىرى | ئىچكى موڭغۇلنىڭ چەنلىك شەھىرى | 14 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك موڭغۇلچە مۇنەۋۋەر رادىئو ئاخباراتى مۇكاپاتىنى باھالاش | قارلىق چوققىدا چاقنىغان نۇر (ئەدەبىيات - سەنئەت پروگراممىسى)<br>قارا تۇپراقمۇ پۇلغا يارايدۇ<br>زاگسۇت دەرياسى بويىدىكى بەختىيار چارۋىچى<br>قۇياش نۇرى ئاستىدىكى قەھرىمانلىق قەبرىسى (دىكتورلۇق)<br>بىقىملىق، قىسقا ئۇدارلىق شىنجاڭ خەلق ناخشىلىرى (ئەدەبىيات - سەنئەت پروگراممىسى) | ئالاھىدە<br>1 - دەرىجىلىك<br>1 - دەرىجىلىك<br>1 - دەرىجىلىك<br>1 - دەرىجىلىك |
| 9 - ئاينىڭ 10 — 17 - كۈنلىرى | فۇجۇ | 99' جۇڭگو رادىئو ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتىنى باھالاش | كۆلكە، چاۋاك ۋە كۆلدۈرگە — «باھار شامىلى»<br>ئىجادىيەت سۆھبىتى پۇشايمانسىز ئۆتكەن يىللار | 2 - دەرىجىلىك<br>3 - دەرىجىلىك |
| 9 - ئاينىڭ 16 — 21 - كۈنلىرى | خېبېي | 99' جۇڭگو دىكتورلۇق ۋە رىياسەتچىلىك مۇكاپاتىنى باھالاش | «60 مىنۇتلۇق خەۋەر» (1999 - يىل 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى) | 2 - دەرىجىلىك |
| 9 - ئاي | بېيجىڭ | 1 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە تېخنىكىسى ئىلمىي ماقالىلىرى مۇكاپاتىنى باھالاش | رادىئو ئىستانسىسىنىڭ رەقەملىك ئاۋاز چاستوتا تورى سىستېمىسىنىڭ لايىھىسى | 3 - دەرىجىلىك |
| 10 - ئاينىڭ 9 — 17 - كۈنلىرى | فۇجۇ | 99' جۇڭگو رادىئو دراممىسى مۇكاپاتىنى باھالاش | پامىر ئوغلانى | 3 - دەرىجىلىك |

## قوشۇمچە (3)

1999 - يىللىق شىنجاڭ رادىئو ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتى (ئۇيغۇرچە، قازاقچە) بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر:

9 - نۆۋەتلىك ناخشا مۇسابىقىسىدىكى يېڭى ناخشىلار (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە ئۇنىۋېرسال سەنئەت)، نورۇز ساداسى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە ئۇنىۋېرسال سەنئەت)، ئۇزۇلمەس بەلۋاغ (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە رادىئو دراممىسى)، قارلىق چوققىدا چاقنىغان نۇر — 1999 - يىللىق باھار بايرىمى ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، موڭغۇلچە ئۇنىۋېرسال سەنئەت)، پامىر ئوغلانى — ۋۇ دېيۈن (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قىرغىزچە ئەدەبىي پروگرامما).

## قوشۇمچە (4)

4 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ رادىئو ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتى (خەنزۇچە) بويىچە ئالاھىدە مۇكاپاتقا ۋە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر

ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر

مۇھەببەتكە تولغان پامىر (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، رادىئو دراممىسى)، كوئېنلۇندىكى چاقناق يۇلتۇزلار (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، رادىئو دراممىسى)، تىنىپ قالغان چاڭ - توزان (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، رومان)، پۇشايمانسىز ئۆتكەن يىللار (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، رومان).

1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر

پامىر ئوغلانى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، رادىئو دراممىسى)، ۋەتەنگە مەدھىيە (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇنىۋېرسال سەنئەت كېچىلىكى)، قار ئېلىپ كەلگەن شادلىق روھى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، مۇزىكىلىق مەخسۇس خەۋەر)، چاۋاك، كۆلكە ۋە كۆلدۈرگە (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئەلنەغمە)، تاتلىق «ئۇماچ» (كۈيتۇڭ ئىقتىساد رادىئو ئىستانسىسى، ئەدەبىي پروگرامما).

## مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك ئۇيغۇرچە، قازاقچە مۇنەۋۋەر رادىئو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى باھالاندى

جۇڭگو رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىلمىي جەمئىيىتى ئاز

سانلىق مىللەتلەر رادىئو - تېلېۋىزىيە تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك ئۇيغۇرچە، قازاقچە مۇنەۋۋەر رادىئو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى باھالاش پائالىيىتى 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 10 — 16 - كۈنلىرى غۇلجا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. پائالىيەتتە مەركىزىي رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن يەرلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى ئىلمىي ماقالىلىرىدىن 295 پارچە تاپشۇرۇۋېلىنىپ، باھالاشقا قاتناشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچىسى 188 پارچە، قازاقچىسى 107 پارچە. 209 پارچىسى مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچىسى 132 پارچە، قازاقچىسى 77 پارچە، 32 پارچىسى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 63 - پارچىسى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 114 پارچىسى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

جىن خۇڭلى

شىنجاڭ تېلېۋىزىيە سىستېمىسىنىڭ 2000 - يىلى مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئەھۋالى

| ۋاقتى | ئورۇن | مۇكاپات نامى | ئەسەر | مۇكاپات دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|
| 5 - ئاينىڭ 24 — 29 - كۈنلىرى | بېيجىڭ | جۇڭگو رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتى بويىچە 99' تېلېۋىزىيە ئاخبارات مۇكاپاتىنى باھالاش | پامىر ئوغلانى — ۋۇ دېڭيۇن | 2 - دەرىجىلىك |
| | | | جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىدا ئومۇمىيۈزلۈك قاتناش باشلاندى | 3 - دەرىجىلىك |
| | | | نۇر بىلەن سايىنىڭ بىرىكىشى | 3 - دەرىجىلىك |
| 6 - ئاي | بېيجىڭ | 10 - نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتىنى باھالاش | پامىر ئوغلانى — ۋۇ دېڭيۇن | 2 - دەرىجىلىك |
| 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى | شېنجېن | 17 - نۆۋەتلىك جۇڭگو تېلېۋىزىيە «ئالتۇن بۈركۈت» مۇكاپاتىنى باھالاش | ئىلى دەرياسىغا مۇھەببەت (1999 - يىل) | مۇنەۋۋەر |
| | | | ئۈمىد مۇشۇ يەردىن باشلانغان (1999 - يىل) | مۇنەۋۋەر |
| 9 - ئاي | پولشا | 3 - نۆۋەتلىك خەلقئارالىق ئۆز يۇرتىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى بويىچە مۇنەۋۋەر پروگراممىلارنى باھالاش | تۇل ئېلىش پەسلى (1999 - يىل) | مۇنەۋۋەر |
| 10 - ئاينىڭ 9 — 13 - كۈنلىرى | ئۈرۈمچى | 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تېمىسىدىكى تېلېۋىزىيە سەنئىتى بويىچە «تۇلپار مۇكاپاتى»نى باھالاش (تەرجىمە فىلىم) | قارا يۈز (ئۇيغۇرچە) | مۇنەۋۋەر |
| | | | ئەنسىز يىللار (ئۇيغۇرچە) | مۇنەۋۋەر |
| | | | يىراق يېزا (ئۇيغۇرچە) | مۇنەۋۋەر |
| | | | پەرزەنت مۇھەببىتى (ئۇيغۇرچە) | مۇنەۋۋەر |
| | | | خاربىندىكى ئىشلار (ئۇيغۇرچە) | مۇنەۋۋەر |
| | | | لىيۇ يۈەندىن ئۆتكەندە (ئۇيغۇرچە) | مۇنەۋۋەر |
| | | | جىڭۋۇ سارىيى (ئۇيغۇرچە) | مۇنەۋۋەر |
| | | | كاڭشىنىڭ ئەل ئىچىدىكى خۇپىيانە زىيارىتى (ئۇيغۇرچە) | مۇنەۋۋەر |
| | | | ئادىل ئەمەلدار باۋگوڭ (ئۇيغۇرچە) | مۇنەۋۋەر |
| | | | تۇن يانغاندا (ئۇيغۇرچە) | مۇنەۋۋەر |
| | | | يىللار (ئۇيغۇرچە) | مۇنەۋۋەر |
| | | | شىر پادىشاھ (ئۇيغۇرچە) | مۇنەۋۋەر |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 10 - ئاينىڭ 9 — 13 - كۈنىگىچە | ئۈرۈمچى | 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تېمىسىدىكى تېلېۋىزىيە سەنئىتى بويىچە «تۇلپار مۇكاپاتى»نى باھالاش (تەرجىمە فىلىم) | ھەل قىلغۇچ جەڭ (قازاقچە) | مۇنەۋۋەر |
| | | | چوغلۇق قىز (قازاقچە) | مۇنەۋۋەر |
| | | | سۇ بويىدا (قازاقچە) | مۇنەۋۋەر |
| | | | جۇمھۇرىيەت قۇرغۇچىسى داھىي ماۋزېدۇڭ (قازاقچە) | مۇنەۋۋەر |
| | | | قانغا بويالغان جىلغا (قازاقچە) | مۇنەۋۋەر |
| | | | كۆكتىكى ئەزىمەتلەر (موڭغۇلچە) | مۇنەۋۋەر |
| | | | جەمىلە (قىرغىزچە) | مۇنەۋۋەر |
| | | | تېلېۋىزىيە پروگراممىسى — «ئالتۇن كۆزنەك» (ئۇيغۇرچە) | 3 - دەرىجىلىك |
| | | | تېلېۋىزىيە سەنئەت فىلىمى — ئانىغا بېغىشلانغان مۇھەببەت (6 تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىرلىكتە سۈرەتكە ئالغان) | 1 - دەرىجىلىك |
| | | | تورپانغا مۇھەببەت (ئۇيغۇرچە) | 2 - دەرىجىلىك |
| | | | تەڭرىتاغقا مەدھىيە | 3 - دەرىجىلىك |

2000 - يىلى «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسى ئىشلىگەن كىنو - تېلېۋىزىيە تىياترلىرىنىڭ مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئەھۋالى

| ۋاقتى | ئورۇن | مۇكاپات نامى | ئەسەر | مۇكاپات دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|
| 5 - ئاي | بېيجىڭ | 1999 - يىللىق جۇڭگو كىنو «خۇبياۋ» مۇكاپاتى بويىچە مۇنەۋۋەر ئۆسمۈرلەر فىلىمى مۇكاپاتى | خاسىيەتلىك ياڭيۇ | مۇنەۋۋەر |
| 10 - ئاينىڭ 9 — 13 - كۈنىگىچە | ئۈرۈمچى | 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تېمىسىدىكى تېلېۋىزىيە سەنئىتى بويىچە «تۇلپار مۇكاپاتى»نى باھالاش | قۇملۇقتىكى ئادىل سوتچى (تېلېۋىزىيە تىياترى) | 3 - دەرىجىلىك |
| | | | ئاسماندىكى مۆجىزە (تەرجىمە فىلىم، قازاقچە) | مۇنەۋۋەر |
| | | | مېنىڭ 1919 - يىلىم (تەرجىمە فىلىم، ئۇيغۇرچە) | مۇنەۋۋەر |

جىن خۇڭلى

## قوشۇمچە

**ئۇيغۇرچە، قازاقچە رادىئو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى ۋە ئىلمىي ماقالىلەرنى مەملىكەت بويىچە 2 - نۆۋەتلىك باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر**

جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىدا پۈتۈن لىنىيە بويىچە پويىز قاتنىدى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، يېڭىسار قەغەز بادىمى كۈنىسىنىڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى (يېڭىسار رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، ئۇيغۇرچە)، ئاپتونوم رايونىمىزدا باغۋەنچىلىكنىڭ ئورنىنى قوشۇمچە كەسىپتىن تۈۋرۈك كەسىپكە كۆتۈرۈش كېرەك (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، ئانا تۇپراقتا يېتىلگەن ئەزىمەت (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، يايلاق ئوغلى — ياڭ جۇڭشيەن (قۇمۇل خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، 99' يېڭى يىل ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، دۆلەت بايرىمى بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈلگەن ئالتۇن توي (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە)، ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشى (مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە)، ئۆسمۈرلەر پروگراممىسى (ئىلى خەلق رادىئو

ئىستانسىسى، قازاقچە)، ئۈززۈلمەس بەلۋاغ (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە)، كەلپىن خەلقى تۇنجى مول ھوسۇل يېلىنى تەبرىكلىدى (ئاقسۇ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، خوتەن ۋىلايىتى ساپاھەتچىلىكىنىڭ يېڭى تەرەققىياتى (خوتەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، رېئاللىققا ئايلانغان ئارزۇ (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، ئۈمىدلىك كۆزلەر (ئىلى ۋىلايەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، شادلىققا تولغان بايرام — 1999 - يىللىق قوربان ھېيت ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، شائىر جۇمە دالى (ئىلى ئوبلاستلىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە)، تەبىئەت ئەللەيلىگەن بوۋاق (شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە)، 1999 - يىللىق قوربان ھېيت ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە)، ئەتىگەنلىك خەۋەرلەر (شىنجاڭ خەلق رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە رادىئو دىكتورلۇقى)، يەكشەنبىلىك ئەدەبىي ئاڭلىتىش (قەشقەر خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە رادىئو دىكتورلۇقى)، چارۋا ساداسى — «مالنى قوتاندا ساتماي بازارغا ئاپىرىپ سات» (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە رادىئو دىكتورلۇقى)، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر» پروگراممىسى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە تېلېۋىزىيە دىكتورلۇقى)، تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە (ئىلى ۋىلايەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە تېلېۋىزىيە رىياسەتچىلىكى)، 99 - يىللىق قوربان ھېيت ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى «چاچقۇ» (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە، تېلېۋىزىيە رىياسەتچىلىكى)، لېنتىلىق خەۋەرنىڭ رادىئو ئاخباراتچىلىقىدىكى رولى (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى (ئۇيغۇرچە ئىلمىي ماقالە)، خاسلىق — رىياسەتچىنىڭ جېنى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە ئىلمىي ماقالە)، خەنزۇچە تۇراقلىق ئىبارىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشتىكى ماھارەت (قاراماي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە ئىلمىي ماقالە)، رادىئو پروگراممىلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، پروگرامما قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش — رادىئو ئاڭلىغۇچىلارنى جەلپ قىلىشنىڭ ئاساسى (ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە ئىلمىي ماقالە)، تەرجىمە فىلىملەرنىڭ سۈپەت ئۆتكىلىنى ئىگىلەشتىكى ئاساسىي ئامىللار (شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە ئىلمىي ماقالە)، كىنو - تېلېۋىزىيە مەدەنىيىتىنىڭ دەۋر ۋەزىپىسى (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە ئىلمىي ماقالە)، كىشىلەرنى توغرا جامائەت پىكرى ئارقىلىق يېتەكلەش مەسىلىسى ھەققىدە (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قازاقچە ئىلمىي ماقالە)، تېلېۋىزىيە مۇخبىرلىقى ھەققىدە (شىنجاڭ سىملىق رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە ئىلمىي ماقالە).

ئاز سانلىق مىللەت تىلىدىكى تېلېۋىزىيە تەرجىمە فىلىملىرى بويىچە «ساماۋى كۆۋرۈك» مۇكاپاتى باھالاندى.

شىنجاڭ 4 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەت تىلىدىكى تېلېۋىزىيە تەرجىمە فىلىملىرى بويىچە «ساماۋى كۆۋرۈك» مۇكاپاتىنى باھالاش 2000 - يىل 10 - ئاينىڭ 9 — 13 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. 42 ئەسەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەر 7 (ئۇيغۇرچە، قازاقچە): قارابوز (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، ئەنسىز يىللار (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، كاڭ شىنىڭ ئەل ئىچىدىكى خۇپىيانە زىيارىتى (شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، يىراق يېزا (قاراماي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، پەرزەنت مۇھەببىتى (شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۇيغۇرچە)، ھەل قىلغۇچ جەڭ (ئىلى ئوبلاستلىق رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، قازاقچە)، چوغلۇق قىز (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، قازاقچە)؛ 14 ئەسەر (ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچە) 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ 21 ئەسەر (ئۇيغۇرچە، قازاقچە) 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

جىن خۇڭلى

## كىنو فىلىم ئىشلەش ئەھۋالى

2000 - يىلى «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسى 4 كىنو فىلىمىنى سۈرەتكە ئالدى.

«قان تېمىپ تۇرغان مەخپىيەت» بۇ فىلىمدا جۇڭگودىن ياپونىيىگە بېرىپ ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى لى خاۋنىڭ ۋەتىنىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش يولىدا، ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماي ياپونىيە مىللەتچىلىرىنىڭ 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغان مەزگىلدىكى جىنايى دەلىل - ئىسپاتلىرىنى توپلاپ ۋەتەنگە ئەۋەتىپ بەرگەنلىكى بايان قىلىنغان.

سېنارىست: ئەن يۈ، رېژىسسور: ياڭ ۋۇجيەن، ئەن يۈ، شۈي جۇڭشىن.

«يوچۇنلار مۇھەببىتى» بۇ فىلىمدا مەركىزىي شەھەردىكى ناتونۇش بىر جۇپ قىز - يىگىتنىڭ ئۇچرىشىپ قالغانلىقى، ئۇلارنىڭ قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ۋە ئەتكەسچىلەر گورۇھى بىلەن يەم - پاراسەت ۋە باتۇرلۇق بىلەن ئېلىشىش داۋامىدا بىر - بىرىگە ھەمنەپەس بولغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا، ھەقىقىي ساپ

مۇھەببەت ئورنىتىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

سېنارىست: جېڭ يى، رېژىسسور: گۇاڭ چۈنلەن.

«چىن قەلب» بۇ فىلىمدا نەمۇنىلىك كومپارتىيە ئەزاسى، خەلقنىڭ ياخشى دوختۇرى ۋۇ دېڭيۈنىنىڭ چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىپ، ياشلىق باھارىنى ئارمانسىز ئۆتكۈزۈپ، چىن قەلبىنى ئېگىزلىكتىكى تاغلىق رايونغا بېغىشلىغان ئالىيجاناب روھى ۋە بايغ ئىچكى مۇھەببەت دۇنياسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

سېنارىست: جاڭ يىپىڭ، ۋەن جياجۈن، شى شياڭشېڭ، ليۇ تىڭ، رېژىسسور: گۇاڭ چۈنلەن.

«قېرىنداشلار» بۇ فىلىمدا 4 قېرىنداشنىڭ ھىجران قايغۇسى ۋە ۋىسال شادلىقى ھەم ئۇلارنىڭ جۇمھۇرىيەت بىلەن بىللە ئۆسۈپ يېتىلىش داۋامىدىكى تەسىرلىك ئىشلىرى ھېكايە قىلىنىپ، ئىنسان خاراكتېرىنىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلىدىغان كۆرۈنۈش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

سېنارىست: چېڭ تۇڭ، يۇ جۇڭ، رېژىسسور: يۇ جۇڭ.

چېن يۈگۇا

## كىنو فىلىملىرىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئىشلەش ئەھۋالى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى كىنو فىلىملىرىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئىشلەش تارماقلىرى 16 مىللىمېتىرلىق فىلىمدىن 11نى تەرجىمە قىلىپ ماگنىت بەلتىپ كۆچۈردى، كۆپەيتىسى 10، 35 مىللىمېتىرلىق فىلىمدىن 10نى تەرجىمە قىلدى، كۆپەيتىسى 20، پەننىي تەربىيۋى فىلىمدىن 10نى تەرجىمە قىلدى، كۆپەيتىسى 60.

نى يۈشىن، جىن يىڭ

## تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىشلەش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە سىستېمىسى «پامىردىكى دوختۇر» ناملىق 8 قىسىملىق بىر تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىشلىدى، بۇنى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىرلىكتە سۈرەتكە ئالدى.

جىن خۇڭلى

## كىنو، تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ ئىشلەش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە سىستېمىسى 2913 قىسىملىق 974 كىنو، تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى تەرجىمە قىلىپ ئىشلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرجىمە قىلغىنى 51 فىلىم، 450 قىسىم (ئۇيغۇرچە 36 فىلىم، 300 قىسىم، قازاقچە 15 فىلىم، 150 قىسىم)، شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرجىمە قىلغىنى 750 فىلىم، 1500 قىسىم (ئۇيغۇرچە 390 فىلىم، 780 قىسىم، قازاقچە 360 فىلىم، 720 قىسىم)، ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرجىمە قىلغىنى 10 فىلىم، 149 قىسىم (ئۇيغۇرچە)، ئىلى ئوبلاستلىق رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تەرجىمە قىلغىنى 12 فىلىم، 273 قىسىم (قازاقچە)، قەشقەر ۋىلايەتلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تەرجىمە قىلغىنى 15 فىلىم، 121 قىسىم (ئۇيغۇرچە)، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تەرجىمە قىلغىنى 12 فىلىم، 120 قىسىم (ئۇيغۇرچە)، خوتەن ۋىلايەتلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تەرجىمە قىلغىنى 27 فىلىم، 102 قىسىم (ئۇيغۇرچە)، قاراماي رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تەرجىمە قىلغىنى 27 فىلىم، 58 قىسىم (ئۇيغۇرچە)، «تەڭرىتاغ» كىنو ستۇدىيىسى تەرجىمە قىلغىنى 70 فىلىم، 140 قىسىم (ئۇيغۇرچە 43 فىلىم، 86 قىسىم، قازاقچە 27 فىلىم، 54 قىسىم).

جىن خۇڭلى

## رادىئو دراممىسى ئىشلەش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە سىستېمىسى 10 (24 قىسىم) رادىئو دراممىسى ئىشلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئىشلىگىنى 5 دراما، 13 قىسىم: «قار - شىۋىرغاندىكى چارۋىچىلارنى قۇتقۇزۇۋېلىش تۆھپىسى» (2 قىسىم، موڭغۇلچە)، «ساھىبجامال» (بىر قىسىم، قازاقچە)، «يېشىللىققا تاشلانغان نەزەر» (4 قىسىم، خەنزۇچە)، «ھاياتلىق كۈيى» (2 قىسىم، قازاقچە)، «پامىر ئوغلانى» (4 قىسىم، خەنزۇچە)؛ ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئىشلىگىنى 2 دراما، 5 قىسىم: «چېگرا شەھىرىدىكى ساقچى روھى» (4 قىسىم، خەنزۇچە)، «مۇقەددەس چوقۇنىدۇرۇش مۇراسىمى» (بىر قىسىم، خەنزۇچە)؛ قۇمۇل خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئىشلىگىنى بىر دراما، 4 قىسىم: «يايلاق ئوغلى» (خەنزۇچە)؛ شىخەنزە خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئىشلىگىنى 2 دراما، 2 قىسىم: «دېڭىز بوغۇزىدىن ئۆتۈش» (بىر قىسىم، خەنزۇچە)، «ئۇنتۇلغان كونا سوۋغىسى» (بىر قىسىم، خەنزۇچە).

جىن خۇڭلى

## كىنو فىلىم تارقىتىش - قويۇش ئەھۋالى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئىشلەنگەن 35 مىللىمېتىرلىق يېڭى فىلىمدىن 125ى تارقىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەملىكىتىمىزدە ئىشلەنگەن فىلىم 83، ئىمپورت قىلىنغان چوڭ فىلىم 8. 35 مىللىمېتىرلىق

فىلىم كۆپەيتىشتىن 373ى تارقىتىلدى. ھەر يىلدا 42 مىلاڭ مەيدان كىنو قويۇلدى، كۆرگۈچىلەر 4 مىليون 80 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، كىنو قويۇشتىن قىلىنغان كىرىم 16 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

نى يۈشىن، جىن يىڭ

## كىنو بېلىتى باھاسى چۈشۈرۈلدى

2000 - يىل 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن باشلاپ شىنجاڭ تەۋەسىدە ئىمپورت قىلىنغان ۋە مەملىكىتىمىزدە ئىشلەنگەن يېڭى فىلىملەرنىڭ بېلەت باھاسى ھەردەڭ 5 يۈەنگە چۈشۈرۈلدى. قايتا قويۇلغان فىلىملەرنىڭ بېلەت باھاسى 5 يۈەندىن تۆۋەن بولدى.

نى يۈشىن

## نامرات ناھىيىلەرگە كىنو قويۇش ئۈسكۈنىلىرى ھەدىيە قىلىش مۇراسىمى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش ئىشخانىسى، مەدەنىيەت نازارىتى ۋە ش ئۇ ئا ر رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيىلەرگە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئىشلىتىشكە ماس كېلىدىغان 500 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى قىممىتىدىكى 50 يۈرۈش كىنو قويۇش ئۈسكۈنىسىنى ھەدىيە قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. بۇ ئۈسكۈنىلەر مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، مەركىزىي مەدەنىيلىك ئىشخانىسىنىڭ مەبلەغ چىقىرىشى، دۆلەتلىك رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە باش ئىدارىسىنىڭ مەسئۇل بولۇپ ئىشلەپچىقىرىشى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مەسئۇل بولۇشى بىلەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى دۆلەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيىلەرگە ھەدىيە قىلىندى.

نى يۈشىن

# سەھىيە، تېببىي دورىگەرلىك

## سەھىيە

### سەھىيە ئىشلىرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ھەرخىل سەھىيە ئاپپاراتى 7314كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 528؛ كارىۋات 70 مىڭ 542، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانىلاردىكىسى 52 مىڭ 659، ھەر 1000 ئادەمگە 2.97 دىن كارىۋات توغرا كەلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە سەھىيە خادىمى 122 مىڭ 64، بۇنىڭ ئىچىدە سەھىيە تېخنىكا خادىمى 98 مىڭ 93 بولۇپ، ھەر 1000 ئادەمگە 5.53 تىن توغرا كەلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا، كەنت دوختۇرى 7339، يەككە دوختۇر 5165.

2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سەھىيە ئىشلىرى خىراجىتى ئومۇمىي چىقىمى 634 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %10.9 ئاشتى. سەھىيە ئىشلىرى خىراجىتى چىقىمى ئاپتونوم رايون بويىچە مالىيە چىقىمىنىڭ %75.3نى ئىگىلىدى. ھەر دەرىجىلىك سەھىيە ئاپپاراتلىرى دىئاگنوز قويۇپ داۋالىغانلار 26 مىليون 334 مىڭ ئادەم (قېتىم)غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئامبۇلاتورىيىدە داۋالانغانلار 23 مىليون 914 مىڭ ئادەم (قېتىم)، جىددىي داۋالاش بۆلۈمىدە داۋالانغانلار 1 مىليون 186 مىڭ ئادەم (قېتىم). بالنىستا يېتىپ داۋالانغانلار 979 مىڭ ئادەم (قېتىم)، بالنىستىن چىققانلار 974 مىڭ ئادەم (قېتىم). ئامبۇلاتورىيىدە داۋالانغان ھەربىر ئادەم (قېتىم)نىڭ ئوتتۇرىچە داۋالىنىش ھەققى 39.73 يۈەن، بالنىستىن چىققان ھەربىر بىمارنىڭ داۋالىنىش ھەققى 1099.5 يۈەن بولدى. سەھىيە سىستېمىسىنىڭ تۇراقلىق مۈلكى 4 مىليارد 996 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

لى خۇەيخەي

**قوشۇمچە 1**

ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىدىكى سەھىيە ئاپپاراتلىرى، كارىۋات، خادىملارنىڭ 2000 ـ يىلدىكى سانى

| | ئەمەلىي سانى | | | | نىسبىتى (%) | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئاپپارات | كارىۋات | ئومۇمىي خادىم | سەھىيە تېخنىكا خادىمى | ئاپپارات | كارىۋات | ئومۇمىي خادىم | سەھىيە تېخنىكا خادىمى |
| جەمئىي | 7314 | 70542 | 122064 | 98093 | 100 | 100 | 100 | 100 |
| سەھىيە تارماقلىرى | 448 | 26858 | 49405 | 37436 | 6.13 | 38.08 | 40.47 | 38.16 |
| سانائەت تارماقلىرى ۋە باشقا تارماقلار | 2353 | 29231 | 45184 | 36579 | 32.17 | 41.44 | 37.02 | 37.29 |
| كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكىسى | 854 | 14102 | 21355 | 18044 | 11.68 | 19.99 | 17.49 | 18.40 |
| يەككىلەر ئاچقىنى | 3653 | 221 | 5879 | 5835 | 49.94 | 0.31 | 4.82 | 5.95 |
| باشقىلار | 6 | 130 | 241 | 199 | 0.08 | 0.18 | 0.20 | 0.20 |

**قوشۇمچە 2**

ئاپتونوم رايوننىڭ 2000 - يىلدىكى سەھىيە ئاپپاراتلىرى، كارىۋات، خادىملار

| | ئاپپارات | كارىۋات | ئومۇمىي خادىم | بۇنىڭ ئىچىدە سەھىيە تېخنىكا خادىمى | | | | باشقا تېخنىك خادىملار | باشقۇرغۇچى خادىملار | ئىشچىلار، قاراۋۇل، خىزمەتچىلەر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | كىچىك جەمئىي | ۋراچ، پراۋىزور، سېستىرا، تېخنىك | فېلدشېر، فارماتسېپت، ياردەمچى سېستىرا، ياردەمچى تېخنىك | ئۆگەنگۈچى فارماتسېپت، سانىتار، ئۆگەنگۈچى تېخنىك | | | |
| جەمئىي | 7314 | 70542 | 122064 | 98093 | 62525 | 27538 | 8030 | 2180 | 10394 | 11397 |
| دوختۇرخانا | 528 | 52659 | 73904 | 58680 | 41750 | 12887 | 4043 | 877 | 6244 | 8103 |
| شىپاخانا | 824 | 13257 | 19672 | 16678 | 5453 | 8948 | 2277 | 213 | 1699 | 1082 |
| ساناتورىيە | 8 | 1031 | 582 | 278 | 227 | 36 | 15 | 1 | 141 | 162 |
| ئامبۇلاتورىيە | 154 | 1672 | 2860 | 2486 | 1608 | 640 | 238 | 21 | 239 | 114 |
| مەخسۇس ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ئورنى، پونكىتى | 16 | 420 | 484 | 357 | 288 | 57 | 12 | 10 | 60 | 57 |
| سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى | 210 | 103 | 7130 | 5377 | 3981 | 1046 | 350 | 215 | 733 | 805 |
| ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى | 74 | 231 | 2000 | 1597 | 1007 | 500 | 90 | 48 | 224 | 131 |
| دورا تەكشۈرۈش ئاپپاراتى | 18 | | 376 | 266 | 239 | 20 | 7 | 16 | 58 | 36 |
| تېببىي پەن تەتقىقات ئاپپاراتى | 7 | 160 | 602 | 384 | 308 | 71 | 5 | 65 | 82 | 71 |
| تېببىي ئالىي مائارىپ ئاپپاراتلىرى | 4 | | 1940 | 817 | 687 | 89 | 41 | 285 | 476 | 362 |
| ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېببىي مائارىپ ئاپپاراتلىرى | 23 | | 1597 | 630 | 473 | 103 | 54 | 370 | 316 | 281 |
| باشقا سەھىيە ئاپپاراتلىرى | 44 | 739 | 1042 | 668 | 466 | 131 | 71 | 59 | 122 | 193 |
| ئامبۇلاتورىيە، ساقلىق ساقلاش پونكىتى، تېببىي بۆلۈم | 5404 | | 9875 | 9875 | 6038 | 3010 | 827 | | | |

## قوشۇمچە 3

ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى سەھىيە ئاپپاراتلىرى، كارىۋات، خادىملارنىڭ 2000 - يىلىدىكى سانى

| | ئاپپارات | كارىۋات | ئومۇمىي خادىم | بۇنىڭ ئىچىدە: سەھىيە تېخنىكا خادىمى | | | | باشقا تېخنىك خادىملار | باشقۇرغۇچى خادىملار | ئىشچىلار، قارا خىزمەتچىلەر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | كىچىك جەمئىي | ۋراچ، پراۋىزور، سېستىرا، تېخنىك | فېلدشېر، فارماتسېپ، ياردەمچى سېستىرا، ياردەمچى تېخنىك | ئۈگەنچى فارماتسېپ، سانىتار، ئۈگەنچى تېخنىك | | | |
| جەمئىي | 7314 | 70542 | 122064 | 98093 | 62525 | 27538 | 8030 | 2180 | 10394 | 11397 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 1127 | 14114 | 23968 | 18317 | 14945 | 2947 | 425 | 678 | 2309 | 2664 |
| قاراماي شەھىرى | 54 | 1438 | 2974 | 2215 | 1920 | 266 | 29 | 102 | 170 | 487 |
| شىخەنزە شەھىرى | 298 | 3986 | 7778 | 6231 | 4650 | 1229 | 352 | 181 | 593 | 773 |
| كۈيتۇڭ شەھىرى | 221 | 1854 | 3647 | 3036 | 2104 | 802 | 130 | 16 | 295 | 300 |
| سانجى شەھىرى | 919 | 5001 | 10049 | 8358 | 5306 | 2246 | 806 | 120 | 749 | 822 |
| بورتالا ئوبلاستى | 205 | 1639 | 3228 | 2606 | 1645 | 742 | 219 | 55 | 261 | 306 |
| ئىلى ۋىلايىتى | 1100 | 6229 | 11357 | 9480 | 5152 | 2900 | 1428 | 99 | 850 | 928 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 487 | 3071 | 6005 | 4865 | 2744 | 1634 | 487 | 53 | 469 | 618 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 272 | 2409 | 4760 | 3852 | 2448 | 1092 | 312 | 130 | 443 | 335 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 191 | 1760 | 3284 | 2697 | 1480 | 1159 | 58 | 22 | 259 | 306 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 310 | 2402 | 4458 | 3634 | 2412 | 920 | 302 | 54 | 320 | 450 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 568 | 5093 | 8535 | 6971 | 4543 | 1782 | 646 | 127 | 732 | 705 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 334 | 6950 | 10078 | 8200 | 4514 | 2397 | 1289 | 123 | 919 | 836 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 126 | 1523 | 2908 | 2327 | 1187 | 1046 | 93 | 48 | 203 | 330 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 863 | 8434 | 12912 | 10520 | 5140 | 4355 | 1025 | 74 | 1252 | 1066 |
| خوتەن ۋىلايىتى | | | | | | | | | | |

### سەھىيە ئىسلاھاتى

2000 - يىلى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر - بازارلاردا تېببىي دورا، سەھىيە تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش تونۇرىسىدىكى پىكىرى» ۋە 10 يۈرۈشلەشكەن ھۆججەت ئومۇمىيۈزلۈك ئېلان قىلىنىپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر - بازارلىرىدا تېببىي دورىگەرلىك، سەھىيە تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى. ئۈرۈمچى، غۇلجا، ئاقسۇ شەھەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي رايون سەھىيە مۇلازىمىتى سىناق نۇقتىسى خىزمىتى يەنىمۇ قېلىپلاشتى. ئىجتىمائىي رايون سەھىيە مۇلازىمىتىنى باشقۇرۇش كادىرلىرى ۋە ھەممىباب ۋراچ تەربىيىلەش خىزمىتى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. تېببىي داۋالاش

ئاپپاراتلىرىنى پايدا ئېلىش خاراكتېرىدىكى ۋە غەيرىي پايدا ئېلىش خاراكتېرىدىكى تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇشنى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ تىزىملاش خىزمىتى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. ئاپتونوم رايوندىكى سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرى دوختۇرخانا مالىيە تۈزۈمى، دوختۇرخانا بوغالتىرلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپىنى تۈزۈپ چىقىپ، دورا كىرىمىنىڭ كەسپىي كىرىمدە ئىگىلەيدىغان نىسبىتىنى بېكىتىپ، كىرىمنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، ئاشقىنىنى يۇقىرىغا تاپشۇرۇش بەلگىلىمىسىنى قاتتىق ئىجرا قىلدى. يېڭىچە تېببىي داۋالاش ھەق ئۆلچىمى بارلىققا كېلىپ، تېببىي خادىملارنىڭ ئەمگەك، تېخنىكا قىممىتى گەۋدىلەندۈرۈلدى. خوتەن ۋىلايىتى، قاراماي شەھىرى، ئۈرۈمچى شەھىرى قاتارلىق جايلاردىكى 88 تېببىي داۋالاش ئاپپاراتى دورىلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ، خېرىدار چاقىرىپ سېتىۋېلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كېسەللەر ئۈچۈن 30 مىليون 719 مىڭ 800 يۈەن پايدىنى ئۆتۈنۈپ بەردى. ئاپتونوم رايون بويىچە تېببىي داۋالاش ئاپپاراتلىرى دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ بىر قىسىم دورىلارنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈش توغرىسىدىكى سىياسىتىنى ئىجرا قىلىپ، كېسەللەر ئۈچۈن 16 مىليون 76 مىڭ 700 يۈەنلىك دورا خىراجىتىنى ئازايتىپ بەردى. قەشقەر ۋىلايىتىدىكى كۆپ سانلىق دوختۇرخانىلار ئورنى يوقلار ئىش ئورنىنى كۈتۈپ تۇرۇش تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇپ، جانلىق مائاش ۋە ئۇنۇم مائاشىنى تەقسىملەش ئۇسۇللىرىنى تەتقىق، رىقابەت ۋە ئىلھاملاندۇرۇش مېخانىزمىنى كىرگۈزدى. ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك «دوستلۇق» دوختۇرخانىسى كېسەللەر دوختۇر تاللاش تۈزۈمىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى يولغا قويدى. ئاپتونوم رايون بويىچە كۆپ سانلىق دوختۇرخانىلار بالنىستتا يېتىش خىراجىتىنى كۈندىلىك ھېسابات قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

لى خۇيخەي

## يېزا سەھىيە خىزمىتى

2000 - يىلى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ سەھىيە خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلدى. جايلاردىكى سەھىيە تارماقلىرى دەسلەپكى سەھىيە - ساقلىق ساقلاشنى باشلامچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ سەھىيە خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈردى. سانجى، تۇرپان، قۇمۇلدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە ئۈرۈمچى ناھىيىسى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يېزا سەھىيە تەشكىلاتلىرىنى بىرگەۋدىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇپ، يېزا شىپاخانىلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، كەنت دەرىجىلىك سەھىيە تەشكىلاتلىرىنى مۇستەھكەملىنىش ۋە راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۈچىنچى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش پائالىيىتى ۋە شەھەرلەردىكى تېببىي خادىملار يېزىلارغا بېرىپ مۇلازىمەت قىلىش، شەھەرلەردىكى تېببىي داۋالاش ئاپپاراتلىرى سىستېما بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى سەھىيە ئاپپاراتلىرىغا ياردەم بېرىش خىزمىتى داۋاملىق قانات يايدۇرۇلدى. ئۈرۈمچى رايونى 305 تېببىي خادىم، 2 سەييارە تېببىي داۋالاش ئەترىتى ۋە بىر 3نى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش تېببىي داۋالاش شۆبە ئەترىتىنى تەشكىللەپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرگە دېھقان، چارۋىچىلارنى داۋالاش، ئۇلارغا دورا يەتكۈزۈپ بېرىش، كېسەللىكلەرنى داۋالاش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئەۋەتتى. 40 ناھىيە دەرىجىلىك كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - ئانا - باللار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، ناھىيە دەرىجىلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - ئانا - باللارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتلىرى ئىچىدە چىرا، مەكىت، قەشقەركوناشەھەر ناھىيىلىرىدە قۇرۇلۇش باشلانمىغاندىن تاشقىرى، تۆت تۈرغۇزۇلغان باشقا ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە قۇرۇلۇش پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى سەھىيە ئىشلىرىنىڭ «ئۈچ تۈرلۈك قۇرۇلۇش» خىزمىتى دۆلەتنىڭ 3 مىنىستىرلىك، كومىتېتىنىڭ تەلىپىدىكى نىشانغا %95 يەتتى. 2000 - يىلى 5 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئۇچتۇرپان، كەلپىن، يوپۇرغا، گۇما، بۇرۇلتوقاي، ئاقچىدىن ئىبارەت مەملىكەت بويىچە نامرات 6 ناھىيىدە ناھىيىلىك دوختۇرخانا سېلىندى.

لى خۇيخەي

## كېسەللىكلەرنى تىزگىنلەش خىزمىتى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقۇملۇق كېسەللىككە گىرىپتار بولغان ئادەم 41 مىڭ 785، ئۆلگىنى 17. كېسەل بولغانلار سانى 1999 - يىلدىكىدىن %13.6 ئازايدى، ئۆلگەنلەر سانى %54.05 ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە 2 ئادەم غەيرىي تارقىلۇچان خولېرا كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن %42.5 تۆۋەنلىگەن، كىزىك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلار 1623، ئۆلگىنى بىر بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن %80 تۆۋەنلىگەن؛ تارقىلۇچان مېڭە ياللۇغىغا گىرىپتار بولغانلار 80 ئادەم بولۇپ، %45.2 تۆۋەنلىگەن؛ دىزېنتېرىيىگە گىرىپتار بولغانلار 13 مىڭ 267 ئادەم بولۇپ، ھەرخىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئىچىدە يەنىلا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرماقتا، بۇ كېسەللىك %18 تۆۋەنلىدى. 9 ۋىلايەت، ئوبلاست، 70

ناھىيە، شەھەردە يۇلۇن سۇر مادداا ياللۇغىنى يوقىتىش بويىچە 2 قېتىم «تازىلاش» شەكلىدىكى ۋاكسىنا ئەملەش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، ۋاكسىنا ئەملىنىش نىسبىتى 1 ـ قېتىمدا %99.87، 2 ـ قېتىمدا %99.77 بولدى، قىزىلمۇ ئوبلاستى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر قايسى ناھىيە، شەھەرلەردە يۇلۇن سۇر مادداا ياللۇغىنى يوقىتىش بويىچە 3 ـ قېتىملىق «تازىلاش» شەكلىدىكى ۋاكسىنا ئەملەش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، ۋاكسىنا ئەملىنىش نىسبىتى %99.82 بولدى. باشقا ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى 26 ناھىيە، شەھەردە ئۆتنۈلۈپ قالغانلارنى تەكشۈرۈپ چىقىپ تولۇقلاپ ۋاكسىنا ئەملەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. 3 قېتىملىق ۋاكسىنا ئەملەش نىسبىتى سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ تەلىپىگە يەتتى. 2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 4765 ئادەمنىڭ ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلىقى مەلۇم بولدى، ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولغان 68 ئادەممۇ بۇنىڭ ئىچىدە (ئۆلگىنى 27 ئادەم). ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش تۈرىدىكى ئارىلىشىش سىناق نۇقتىسى خىزمىتى جەھەتتە «قۇمۇل مۇلازىمەتچى خېنىملاردا ئەيدىز كېسىلى ـ جىنسىي كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئارىلىشىش تۈرى»، «ئۈرۈمچى، غۇلجىدىكى 20 ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكومدا ئوقۇغۇچىلارغا ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە ساغلاملىق تەربىيىسى بېرىش تۈرى» ۋە ئۈرۈمچىدىكى 3 ئورۇن (ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش، زەھەر تاشلاتقۇزۇش، يىغىۋېلىش) دىكى قاماقتىكىلەرگە ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە ساغلاملىق تەربىيىسى بېرىش پائالىيىتى ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇلدى، تەكشۈرۈش خىزمىتى تېخىمۇ كۈچەيتىلدى.

لى خۇەيخەي

## تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتى

2000 ـ يىلى سەھىيە نازارىتى ئاپتونوم رايون مىقياسىدا 19 تەكشۈرۈش نۇقتىسىدىن نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈپ، تۇبېركۇليوز كېسىلىنى تارقىلىۋاتقان كېسەللىكلەر ئىلمى بويىچە نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك تارقىلىۋاتقان كېسەللىكلەردىن نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈشتىكى 4 نۇقتا سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك نىشانغا يەتتى. تارقىلىۋاتقان كېسەللىكلەر ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايوندا ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى 1979 ـ يىلدىكى 100000/1570دىن 2000 ـ يىلدىكى 464/100000كە تۆۋەنلىگەن. تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش ھەققىدىكى تەشۋىقات ۋە تەربىيىلەش كۈچەيتىلىپ، 200 مىڭ نۇسخا تەشۋىقات ۋارىقى بېسىپ تارقىتىلدى، «شىنجاڭدا تۇبېركۇليوز كېسىلىنى تىزگىنلەش خەۋىرى» 5 سان نەشر قىلىندى، ھەرخىل تەربىيىلەش كۇرسىدىن 5 قارار ئېچىلىپ، 280 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. ناھىيە دەرىجىلىك 40 ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانىنىڭ تۇبېركۇليوز كېسەللىكىنى سىستېمىلار بويىچە باشقۇرۇش خىزمىتى تەكشۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 2 قېتىمغا بۆلۈپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە تۈر مۇپەتتىشلىك تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىلدى؛ يوپۇغا ناھىيىسىنىڭ ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسەللىكىنى قانۇن ـ تۈزۈم ئارقىلىق باشقۇرۇش چارىسى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئۆپكە تۇبېركۇليوز بىمارلىرىغا قوش يۆنىلىشلىك يۆتكەپ دىئاگنوز قويۇش چارىسىنى تۈزۈشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. مۇشۇ يىل ئىچىدە، 69 مىڭ 869 كىشىگە ھەقسىز دىئاگنوز قويۇلدى، 169 مىڭ 48 كىشىنىڭ كۆكرىكى رېنتگېندا ھەقسىز تەكشۈرۈلدى. 80 مىڭ 740 ئادەم (قېتىم) نىڭ خەپرىزكى ھەقسىز تەكشۈرۈلدى. 21 مىڭ 210 پارچە كۆكرەك سۈرىتى ھەقسىز تارتىلدى. قوزغىلىشچان ئۆپكە تۇبېركۇليوزىغا گىرىپتار بولغان 20 مىڭ 512 بىمار بايقالدى، بۇنىڭ ئىچىدە، مۇسبىي تۇبېركۇليوز كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار 12 مىڭ 205. تۇنجى ۋە تەكرار داۋالىغان مۇسبىي تۇبېركۇليوز كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ ساقىيىش نىسبىتى بىردەك %90 تىن يۇقىرى بولدى.

لى خۇەيخەي

## برۇتسېللىيوز كېسەللىكى، يود كەملىك كېسەللىكى، قاپلىق قۇرت كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنى داۋالاش تەكشۈرۈلدى

2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى جايلار برۇتسېللىيوز كېسەللىكىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى، ئاپتونوم رايون بويىچە زەرداپشۇناسلىق ئارقىلىق تەكشۈرۈلگەنلەر ئومۇمىي سانى 3560، مۇسبىي چىققانلار 271 ئادەم بولۇپ، مۇسبىيلىك نىسبىتى %7.61 بولدى، يېڭىدىن كېسەلگە گىرىپتار بولغان 24 ئادەم تەكشۈرۈپ چىقىلدى؛ ھەرخىل برۇتسېللىيوز كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان 143 بىمار داۋالىتىلدى. 7 ـ نۆۋەتلىك «يود كەملىك كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش كۈنى» 300 مىڭ نۇسخا (پارچە) دىن ئارتۇق تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقىتىلدى، 248 ئورۇندا تەشۋىق

قىلىش، مەسلىھەت بېرىش ئۇقتىسى قۇرۇلدى. تەخمىنەن 100 ئاپتوموبىل (قېتىم) تەشۋىقات ماشىنىسى چىقىرىلدى، ئازكەم 200 قېتىم تېلېۋىزىيە سىنئالغۇ فىلىمى قويۇپ بېرىلدى. خوتەن ۋىلايىتى قىشلىق پەن - تېخنىكا پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلدى، 200 مىڭدەك ئادەم تەربىيىگە ئىگە بولدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش ئىشخانىسى خوتەن ۋىلايىتىگە 158 مىڭ دانە يود پەسەيتكۈچ سايمان تارقىتىپ بەردى، ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمى %87 تىن كۆپرەككە يەتتى. ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، 24 ناھىيە (شەھەر، رايون) نىڭ يود كەملىك كېسەللىكىنى تىزگىنلەش باسقۇچلۇق نىشانىنى قايتا باھالاش خىزمىتى تاماملاندى. 11 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە 61 ناھىيە (شەھەر، رايون) يود كەملىك كېسەللىكىنى تىزگىنلەش باسقۇچلۇق نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى ياكى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇردى، خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇ، ئاقسۇ، تۇرپاندىن ئىبارەت ۋىلايەت، ئوبلاستلار ۋە 35 ناھىيە، شەھەر يود كەملىك كېسەللىكىنى تىزگىنلەش باسقۇچلۇق نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرالمىدى. مەملىكەتلىك يەرلىك فتورنى ئۆلچەش ئۇقتىسى بولغان ئاقسۇ شەھىرى 2 كەنتتە 8 ياشتىن 12 ياشقىچە بولغان 555 ئوقۇغۇچىنى تەكشۈرۈپ، فتوردىن چىش ساغىرىش كېسەلگە گىرىپتار بولغان 487 كىشىنى تېپىپ چىقتى. كېسەلگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى %87.75كە يەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. 12 ناھىيە، شەھەرنىڭ سۇ مەنبەسىدىكى ئارسېن ئۆلچەندى. شىخەنزە، كۈيتۈڭ، شىخودىن ئىبارەت 3 شەھەردە 2057 ئادەم تەكشۈرۈلۈپ، 102 ئادەمنىڭ ئارسېندىن زەھەرلىنىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقى تېپىپ چىقىلدى، كېسەلگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى %96.4كە يەتكەن. 2000 - يىلى بۆرۈلتوقاي ناھىيىسى بىلەن ئۈرۈمچى ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە قاپلىق قۇرت كېسەللىكىنى مۇقىم تەكشۈرۈش ئۇقتىسى قىلىپ بەلگىلەندى. 2 ناھىيىدىكى كىشىلەر تۇيۇنى ئىممۇنولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، كېسەلگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى بۆرۈلتوقاي ناھىيىسىنىڭ %8.02، ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ %0 بولغان.

لى خۇيخەي

## ئۈرۈمچى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئۆلۈش سەۋەبلىرى

ئاپتونوم رايوننىڭ يىللىق سەھىيە ستاتىستىكا مەلۇماتىغا قارىغاندا 2000 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەر رايونىنىڭ ئاھالىسى 1 مىليون 643 مىڭ 760 بولۇپ، كېسەللىك ۋە زەخىملىنىشتىن ئۆلگەنلەر 4938. ئۆلۈش نىسبىتى ‰3 بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئەرلەر 836 مىڭ 399 بولۇپ، كېسەللىك ۋە زەخىملىنىشتىن ئۆلگەنلەر 3109، ئۆلۈش نىسبىتى ‰3.72؛ ئاياللار 807 مىڭ 361 بولۇپ، كېسەللىك ۋە زەخىملىنىشتىن ئۆلگەنلەر 1829، ئۆلۈش نىسبىتى ‰2.27. ئۆلۈشنىڭ ئالدىنقى 10 مۇھىم سەۋەبى يامان سۈپەتلىك ئۆسمە، يۈرەك كېسىلى، مېڭە قان تومۇر كېسىلى، نەپەس سىستېمىسى كېسەللىكلىرى، زەخىملىنىش ۋە زەھەرلىنىش، ھەزىم سىستېمىسى كېسەللىكلىرى، ئىچكى ئاجراتما، ئوزۇقلىنىش، ماددا ئالمىشىش ۋە ئىممۇنىتېت كېسەللىكلىرى، سۈيدۈك ئاجرىتىش، كۆپىيىش سىستېمىسى كېسەللىكلىرى، بوۋاقلار كېسەللىكلىرى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن ئىبارەت.

لى خۇيخەي

**قوشۇمچە 1**

ئۈرۈمچى شەھىرىدە 2000 - يىلى 10 خىل ئاساسلىق كېسەللىك بىلەن ئۆلۈش سەۋەبى ۋە ئۆلۈش مەخسۇس نىسبىتى

| تەرتىپى | جەمئىي | | | ئەر | | | ئايال | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئۆلۈش سەۋەبى | ئۆلۈش مەخسۇس نىسبىتى 1/تۈمەن | ئۆلگەنلەر سانىدا ئىگىلىگىنى (%) | ئۆلۈش سەۋەبى | ئۆلۈش نىسبىتى 1/100000 | ئۆلگەنلەر سانىدا ئىگىلىگىنى (%) | ئۆلۈش سەۋەبى | ئۆلۈش نىسبىتى 1/100000 | ئۆلگەنلەر سانىدا ئىگىلىگىنى (%) |
| 1 | يامان سۈپەتلىك ئۆسمە | 73.82 | 22.27 | يامان سۈپەتلىك ئۆسمە | 93.81 | 22.93 | يامان سۈپەتلىك ئۆسمە | 53.01 | 21.15 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 2 | يۈرەك كېسەللىكى | 63.22 | 19.07 | يۈرەك كېسەللىكى | 78.15 | 19.10 | مېڭە قان - تومۇر كېسەللىكى | 51.64 | 20.61 |
| 3 | مېڭە قان - تومۇر كېسەللىكى | 63.22 | 19.07 | مېڭە قان - تومۇر كېسەللىكى | 74.34 | 18.17 | يۈرەك كېسەللىكى | 47.67 | 19.02 |
| 4 | نەپەس سىستېمىسى كېسەللىكى | 37.38 | 11.27 | نەپەس سىستېمىسى كېسەللىكى | 47.89 | 11.70 | نەپەس سىستېمىسى كېسەللىكى | 26.43 | 10.55 |
| 5 | زەخىملىنىش ۋە زەھەرلىنىش | 30.80 | 9.29 | زەخىملىنىش ۋە زەھەرلىنىش | 45.26 | 11.06 | زەخىملىنىش ۋە زەھەرلىنىش | 15.75 | 6.28 |
| 6 | ھەزىم سىستېمىسى كېسەللىكى | 12.34 | 3.72 | ھەزىم سىستېمىسى كېسەللىكى | 17.10 | 4.18 | ئىچكى ئاجراتما، ئوزۇقلىنىش، ماددا ئالمىشىش، ئىممۇنىتېت كېسەللىكى | 10.41 | 4.15 |
| 7 | ئىچكى ئاجراتما، ئوزۇقلىنىش، ماددا ئالمىشىش، ئىممۇنىتېت كېسەللىكى | 9.46 | 2.85 | ئىچكى ئاجراتما، ئوزۇقلىنىش، ماددا ئالمىشىش، ئىممۇنىتېت كېسەللىكى | 8.55 | 2.09 | ھەزىم سىستېمىسى كېسەللىكى | 7.39 | 2.95 |
| 8 | سۈيدۈك ئاجرىتىش، جىنسىي كېسەللىك | 6.44 | 1.94 | بوۋاقلار كېسەللىكى | 658.22 | 1.67 | سۈيدۈك ئاجرىتىش، تاناسىل كېسەللىكى | 6.16 | 2.46 |
| 9 | بوۋاقلار كېسەللىكى | 560 | 1.70 | سۈيدۈك ئاجرىتىش، تاناسىل كېسەللىكى | 6.71 | 1.64 | بوۋاقلار كېسەللىكى | 421.05 | 1.74 |
| 10 | يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر | 4.06 | 1.25 | يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر | 5.13 | 1.25 | يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر | 3.15 | 1.25 |
| | 10 خىل كېسەللىك بىلەن ئۆلگەنلەر | | 92.48 | | | 93.82 | | | 90.21 |

ئىزاھ: بوۋاقلار كېسەللىكى بىلەن ئۆلگەنلەرنىڭ مەخسۇس نىسبىتىدە تۇغۇلغان 100 مىڭ بوۋاق تۈپ سان قىلىپ ھېسابلاندى.

قوشۇمچە 2

ئۈرۈمچى شەھىرىدە 2000 - يىلى يامان سۈپەتلىك ئۆسمە بىلەن ئۆلۈش نىسبىتى (تۈمەن 1/10)

| | جەمئىي | ئەر | ئايال |
|---|---|---|---|
| جەمئىي | 55.77 | 74.21 | 36.57 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: ئۆپكە راكى | 20.33 | 28.68 | 11.64 |
| جىگەر راكى | 12.01 | 18.42 | 5.34 |
| ئاشقازان راكى | 8.85 | 12.50 | 5.06 |
| قىزىل ئۆڭگەچ راكى | 5.63 | 8.15 | 3.01 |
| ئاق قان كېسىلى | 2.55 | 2.89 | 2.19 |
| بوغما ئۆچەي، تۈز ئۆچەي، مەقئەت راكى | 3.89 | 3.55 | 4.24 |
| ئاياللار ئەمچەك راكى | 2.48 | | 5.06 |

## تامامەن ئۈزۈلۈپ كەتكەن 10 بارماقنى قايتا ئۇلاش مۆجىزىسى

## قايتا ئۇلاش مۆۋەپپەقىيەتلىك بولدى

ئازادلىق ئارمىيە «474» دوختۇرخانىسى 2000 - يىل 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى 2 قولىنىڭ 10 بارمىقى تامامەن ئۈزۈلۈپ كەتكەن بىر كېسەلنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا داۋالاپ ساقايتىپ، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيىسى قىسىملىرى ھەمدە ئاپتونوم رايوندا مۇشۇ تۈر بويىچە تېخنىكا ساھەسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. بۇ ئوپېراتسىيە دۇنيا بويىچە 18 - قېتىملىقى، جۇڭگو بويىچە 14 - قېتىملىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، «نۇر گېزىتى» قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرى بۇ ئوپېراتسىيىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بەردى.

خۇاڭ سۇڭچۈەن

## ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق خىزمىتى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 16 پاكىز شەھەر، 7 پاكىز شەھەر رايونى، 39 پاكىز ناھىيە، تازىلىقتا ئىلغار 5 ۋىلايەت، ئوبلاست، تازىلىقتا نەمۇنىلىك 102 يېزا، بازار، كەنت باھالاپ چىقىلدى. يېزىلاردىكى ھاجەتخانىلارنى ياخشىلاش بويىچە 10 قارار ھەرخىل كۇرس ئېچىلىپ، 700 دىن ئارتۇق خادىم تەربىيىلەندى. 200 مىڭ نۇسخا (پارچە) دىن ئارتۇق تەشۋىقات ماتېرىيالى تارقىتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە پاكىز ھاجەتخانىلارنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %64. 30كە، پاكىز ھاجەتخانىلاردىن پايدىلىنىدىغانلار 3 مىليون 309 مىڭ 100گە يەتتى. يېزىلاردا ياخشىلانغان ئىچىملىك سۇدىن پايدىلىنىدىغانلار 8 مىليون 598 مىڭ 900 گە يېتىپ، يېزا نوپۇسىنىڭ %81نى ئىگىلىدى؛ 8 مىليون 132 مىڭ كىشى تۇرۇبا سۈيى ئىچىدىغان بولدى، بۇلار يېزىلاردىكى ئىچىملىك سۈيى ياخشىلانغان نوپۇسنىڭ %79نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە چاشقان يوقىتىشتا نىشانغا يەتكەن شەھەر 19، نىشانغا يەتكەن ناھىيە بازىرى 45. ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ئېيى مەزگىلىدە ئاپتونوم رايون بويىچە سەپەرۋەر قىلىنغان ھەرخىل سەھىيە خادىمى 88 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، تارقىتىلغان ھەرخىل تەشۋىقات ماتېرىيالى 900 نەچچە مىڭ نۇسخىغا، ساغلاملىق تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغانلار 8 مىليون 895 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى؛ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ساغلاملىق تەربىيىسى دەرس تەسىس قىلىش نىسبىتى چوڭ ئۆستۈلدى، يېزىلاردا «900 مىليون دېھقاننىڭ ساغلاملىق تەربىيىسى پائالىيىتى» قانات يايدۇرۇلدى.

لى خۇيخەي

## سەھىيە قانۇنچىلىقى ۋە نازارەت قىلىش خىزمىتى

2000 - يىلى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەقسىز قان تەقدىم قىلىش قانۇنى»نى يولغا قويۇشتا دائىر بىر قانچە بەلگىلىمىسى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە سەھىيە سىستېمىسىدا مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش گۇۋاھنامىسىنى ئالماشتۇرۇش خىزمىتى تاماملاندى. ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ماسلىشىپ، بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ «يېمەك - ئىچمەك تازىلىق قانۇنى»نى ئىزچىللاشتۇرۇشى نازارەت قىلىنىپ، قانۇن ئىجرا قىلىش نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈلدى. جايلار قانۇنسىز تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ تەرتىپكە سالدى. بازارغا كىرىشكە ئىجازەت بېرىش تۈزۈمىنى قانتىقلاشتۇرۇپ، تىببىي داۋالاش مۇلازىمىتى بازارلىرىنى پاكلاشتۇردى. مەكتەپلەر تازىلىقى ۋە رادىئاتسىيە تازىلىقى خىزمىتىدە قانۇننى ئىجرا قىلىش سالمىقى كۈچەيتىلدى، ئاممىۋى سورۇنلار ۋە يېمەك - ئىچمەك تازىلىقىغا بولغان تەكشۈرۈش سالمىقى كۈچەيتىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە ساقلىق ساقلاش يېمەكلىكلىرى بازارلىرى ئېنىقلىنىپ تەرتىپكە سېلىندى ھەمدە قانۇن ئىجرا قىلىشنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى جەمئىيەتكە ئېلان قىلىندى. ئۈرۈمچى بازارلىرىدىكى 71 خىل ساقلىقنى ساقلاش يېمەكلىكى ۋە 6 تۈردىكى 33 خىل پەرلىك مەھسۇلاتقا تەۋە يېمەكلىك نازارەت قىلىنىپ تەكشۈرۈلدى. دۆلەتتە، ئالاھىدە ئىشلىتىلىدىغان 28 خىل گىرىم بۇيۇمى، ئىمپورت قىلىنغان 29 خىل گىرىم بۇيۇمى، سۇغا چىدىشلىق 65 خىل مەھسۇلات نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈلدى. مۇبالىغىچىلىك تەشۋىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان 6 يېمەكلىك زاۋۇتىغا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ئۇقتۇرۇشى چۈشۈرۈلدى، 3 يېمەكلىك زاۋۇتىنىڭ ئېلان گۇۋاھنامىسى قايتۇرۇۋېلىندى. سۇ تازىلىقىغا چېتىشلىق مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان 30 دىن ئارتۇق زاۋۇتقا تازىلىق جەھەتتە نازارەتچىلىك قىلىندى، گۇۋاھنامە بېجىرىشتىن ئىلگىرىكى خىزمەتلىرى ياخشى ئىشلەندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 48 مەكتەپ 7 جەھەتتىن تەكشۈرۈلدى، مەكتەپلەرنىڭ يېمەكلىك تازىلىقى بىلەن كوللېكتىپ ئوزۇقلىنىشنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %5. 91، مەكتەپلەرنىڭ ئىچىدىكى ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %7. 57، مەكتەپلەرنىڭ 2 - قېتىملىق سۇ بىلەن تەمىنلەش مۇئەسسەسىلىرىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %5. 87، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ قايناقسۇ بىلەن تەمىنلەش نىسبىتى %5. 62 بولغان.

لى خۇيخەي

## ئانا - بالىلار سەھىيە خىزمىتى

2000 - يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئانا -

بوۋاقلار ساغلاملىقىنى ئاسراش قانۇنى» يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 5 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ سەھىيە سىستېمىسىدىكىلەر ئاپتونوم رايون مىقياسىدا تەشۋىق قىلىش، مەسلىھەت بېرىش، خالىس كېسەل كۆرۈش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، 150 تىن ئارتۇق ئاپتوموبىل، 2500 دىن ئارتۇق تىببىي خادىمنى سەپەرۋەر قىلىپ، 50 مىڭ نۇسخىدىن ئارتۇق تەشۋىقات ۋەرىقى تارقاتتى، 20 مىڭ ئايال ۋە بالا ھەقسىز داۋالىنىشتىن ۋە مەسلىھەت مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن بولدى. ئاياللار - باللارنىڭ ساغلاملىق سەۋىيىسى يەنىمۇ ئۆستى. بوۋاقلار، باللارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى تۆۋەنلەپ ‰4. 49كە، تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى تۆۋەنلەپ 100 مىڭ/7. 175گە چۈشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلاردىكى تۇغۇت ئانىلىرىنى سىناش ۋە لاياقىتىنى ئېتىراپ قىلىش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالدى. ھەر قايسى تىببىي داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش ئاپپاراتلىرىدا بوغۇش، ھامىلدارلىقنى توختىتىش، نىكاھلىنىدىغانلارنى تەكشۈرۈش، تۇغۇتقا ياردەم بېرىش مەخسۇس تۈرلىرىدىكى تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار سىناپ كۆرۈلدى ۋە سالاھىيىتى ئېتىراپ قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى تەييارلىق خىزمەتلىرى تەكشۈرۈلۈپ، ئىمتىھان لايىھىسى بېكىتىلدى. «تۇغۇلغانلىق تىببىي ئىسپاتى» ۋە «نىكاھتىن ئىلگىرىكى تىببىي تەكشۈرۈش ئىسپاتى» قاتارلىق قانۇنلۇق گۇۋاھنامىلارنى تارقىتىشتىكى گۇۋاھنامىنى دەرىجىمۇ دەرىجە ئېلىش تۈزۈمى چىڭىتىلىپ، جايلاردا «تۇغۇلغانلىق تىببىي ئىسپاتى»نى ئىشلىتىش داۋامىدا مەيدانغا كەلگەن مەسىلىلەر تۈزىتىلىپ، جايلارنىڭ ئانا - باللار ساقلىقنى ساقلاش مۇلازىمىتىدىكى ھەرىكىتى قېلىپلاشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە «تۇغۇلغانلىق تىببىي ئىسپاتى»نى ئىشلىتىش نىسبىتى شەھەرلەردە %98تىن يۇقىرى، يېزىلاردا %68تىن يۇقىرى بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە «باللارغا كۆيۈنىدىغان دوختۇرخانا» دىن 200ى، «باللارغا كۆيۈنىدىغان شەھەر» دىن بىرى بار. ئاپتونوم رايون بويىچە 3 ياشتىن تۆۋەن باللارغا ۋە بىر ياشتىن تۆۋەن بوۋاقلارغا ۋىتامىن A نى 2 قېتىملاپ ئومۇمىيۈزلۈك يېگۈزۈش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى. تارقىتىلغان ۋىتامىن A كومۇلىچى 206 مىڭ 207 بولۇپ، ئەمەلىي يېگۈزۈلگەن ۋىتامىن A كومۇلىچى 366 مىڭ 921، يېگۈزۈشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %95تىن ئاشتى.

لى خۇيخەي

## تىببىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2000 - يىلى سەھىيە نازارىتى مالىيە نازارىتى ۋە پىلان كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە «ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر - بازارلىرىدىكى تىببىي داۋالاش ئاپپاراتلىرىنى تۈرگە ئايرىپ، تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، شەھەر - بازارلاردىكى تىببىي داۋالاش ئاپپاراتلىرىنى تۈرگە ئايرىپ، تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتىنى رەسمىي باشلىۋەتتى. تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىش، خۇلاسىلاش، باھالاش ئارقىلىق ئۈرۈمچى شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى قاتارلىق 13 دوختۇرخانىغا «ئاپتونوم رايون بويىچە ئون ياخشى دوختۇرخانا» دەپ نام بېرىلدى. تەكشۈرۈپ دەللەش ئارقىلىق ش ئۇ ئا ر يۈرەك - مېڭە قان - تومۇر كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسى ۋە مىچۈەن سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش دوختۇرخانىسىنى قۇرۇش تەستىقلاندى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئارشاڭ ساناتورىيىسى قاتارلىق 3 ساناتورىيە ۋە ش ئۇ ئا ر ئۆپكە كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىنى تەكشۈرۈپ گۇۋاھنامە تارقىتىش خىزمىتى ئورۇندالدى. بايىنغولىن ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئىختىيارىي زەھەر تاشلاش ئاپپاراتى تەسىس قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش دەللەش خىزمىتى ئورۇندالدى.

تىببىي داۋالاش ئېلانلىرىغا گۇۋاھنامە بېرىشنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، تىببىي داۋالاش ئېلان خېرىدارلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش كۈچەيتىلدى، تىببىي ئېلانلارنىڭ مەزمۇنى قاتتىق تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى، «تىببىي داۋالاش ئېلانلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى»غا خىلاپ ئېلانلار تەستىقلانمىدى، شۇنىڭ بىلەن تىببىي داۋالاش ئېلانى بازارلىرى پاكلاشتۇرۇلدى. 74 قېتىملىق تىببىي داۋالاش ماجىراسى قوبۇل قىلىندى، 51ى بېكىتىلدى، 4 قېتىملىق ماجىرا مۇرەسسە قىلىنىپ ھەل قىلىندى. تىببىي داۋالاش ئاپپاراتلىرىدىكى قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىنغان 4 دېلو تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. «ئاپتونوم رايونلۇق × × مەركىزى» دەپ ۋىۋىسكا ئېسىۋالغان تىببىي داۋالاش ئورگانلىرى ئېنىقلىنىپ تەرتىپكە سېلىندى ۋە يېڭىۋاشتىن تىزىملاندى، تۈرلۈك تىببىي پەن تەتقىقات ۋە داۋالاش مەركەزلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى قېلىپلاشتۇرۇلدى.

«ئاپتونوم رايوننىڭ ۋىراچلىق سالاھىيەت ئىمتىھانى ھەققى ئېلىش ئۆلچىمى» تۈزۈپ چىقىلىپ، تۆۋەنگە تارقىتىلىپ، شىنجاڭ ئىمتىھان رايونىدىكى ئىقتىدار ئىمتىھانىدا بىر تۇتاش سوئال چىقىرىپ، ئىمتىھان قەغىزى تەكشۈرۈشكە ئويۇشتۇرۇش تۈنجى قېتىم مۇستەقىل ئورۇندىلىپ، ئىمتىھان ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى قېلىپلاشتۇرۇلدى. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مەملىكەتلىك كەسپكار ۋىراچلىق ۋە ياردەمچى كەسپكار ۋىراچلىق سالاھىيەت ئىمتىھانىغا تىزىملاتقانلار 9764 بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئىقتىدار

ئىمتىھاندىن ئۆتۈش نىسبىتى 76.55% بولدى. 7475 ئادەم ئەمەلىي ئىقتىدار ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ئېلىنغان تىببىي ئۇنىۋېرسال ئىمتىھانغا قاتناشتى. سەھىيە مىنىستىرلىكى بەرگەن ھوقۇققا بىنائەن ئاپتونوم رايوننىڭ ۋراچلىق سالاھىيەت ئىمتىھانىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نومۇر چېكى ئۆلچىمى بېكىتىلدى. 4601 نەپەر ئىمتىھان بەرگۈچى مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ئېلىنغان سىستىرالار كەسپىي ئىمتىھانغا قاتناشتى، ئوتتۇرىچە ئىمتىھاندىن ئۆتۈش نىسبىتى 33.63% بولۇپ، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولدى. مۇشۇ يىلى يېزا - كەنتلەردىكى تىببىي داۋالاش ئاپپاراتلىرى خىزمىتىدىكى رويخەتكە ئېلىنمىغان كۆتۈش خادىملىرىنىڭ ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى.

لى خۇيخەي

## سەھىيە پەن - تېخنىكىسى ۋە مائارىپى ئەھۋالى

2000 - يىلى سەھىيە نازارىتى «تىببىي ئالىي بويىچە مەخسۇس ئىختىساسلىقلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ھەمدە تىببىي مائارىپنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋە پىلانلاش تەتقىقاتى»نىڭ نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، تىببىي مائارىپنىڭ كەسپلىرى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ھەققىدىكى تەڭشەش پىكىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. تىببىي تېخنىكوم (سىستىرا) مەكتەپلىرىدە كەسىپ تەسىس قىلىش ئۆلچىمىنى باھالاش ۋە ئېتىراپ قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئۈرۈمچى تىببىي مەكتىپى، سانجى تىببىي مەكتىپى قاتارلىق 7 تىببىي (سىستىرالار) مەكتەپ بوللىغان 28 (قېتىم) كەسىپتە نىشانغا يېتىش ئەھۋالىنى باھالىدى، بۇنىڭ ئىچىدە لاياقەتلىكى 5، ئاساسىي جەھەتتىن لاياقەتلىكى 16، لاياقەتسىزى بىر، ۋاقىتىنچە ئېتىراپ قىلىنمىغىنى 6 بولدى. تىببىي ئىلىم بويىچە داۋاملىق تەربىيىنى يولغا قويۇش تۈرىدىكى ھەر قايسى ھالقىلارغا بولغان سۈپەت باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، سەھىيە تېخنىكا خادىملىرىنىڭ كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىلگىرى داۋاملىق تەربىيىلەش گۇۋاھنامىسىنى ئالماشتۇرۇشقا دائىر بەلگىلىمە چۈشۈرۈلۈپ، نومۇر تىزىملاش تۈزۈمى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى؛ سەھىيە نازارىتى كادىرلار نازارىتى بىلەن بىرلىشىپ 2 تۈركۈمدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تىببىي ئىلىم بويىچە داۋاملىق تەربىيىلىنىش تۈرىدىن 180 تۈرنى ئېلان قىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە تىببىي ئىلىمدا داۋاملىق تەربىيىلىنىش ئۆگىنىشىگە 22 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

دۆلەتنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانىدىكى پەن - تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئاپشۇرۇۋېلىشىدىن ئۆتۈپ، بىر تۈركۈم ئەمەلىي قوللىنىش قىممىتىگە ئىگە پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە «قاپلىق قۇرت كېسەللىكىنى تېز سۈرئەتتە ئىممۇنىتېتلاپ دىئاگنوز قويۇشتا سىناق قىلىش دورىسى» تۈرى پاتېنتقا ئېرىشىپ، نەتىجىنى بايلىققا ئايلاندۇرۇش باسقۇچىغا كىردى؛ «قاپلىق قۇرت كېسەللىكىنى داۋالاش دورىسى ئالبېندازو ئىمۇلسىيىسىنىڭ ياسىلىشى» تېمىسى ئاياغلىشىپ، پاتېنتقا ئىلتىماس سۇنۇلدى ھەمدە ئۆتۈنۈپ بېرىش يولغا قويۇلدى؛ «پىرى سىلتىسى قۇرت چۈشۈرۈش كېتونىنى پەسەيتكۈچى دورا ئۆكچىسى»گە پاتېنت ھوقۇقى ئېلىش ھەققىدە ئىلتىماس سۇنۇلدى. تەتقىقات تۈرلىرىدىن ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكىنى 6 تۈر، بۇنىڭ ئىچىدە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 2 تۈر، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 3 تۈر، 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى بىر تۈر. يىللىق ياشلار فوندى تۈرىدىكى پىلان بويىچە چۈشۈرۈلگىنى 12 تۈر، ياردەم بېرىلگەن سوممىسى 65 مىڭ يۈەن. 8 تۈرلۈك يېڭى تېخنىكا، يېڭى نەتىجىنى كېڭەيتىش خىزمىتى ئورۇندالدى.

ئاپتونوم رايون تۇنجى قېتىم كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنى ئۆستۈرۈش بىلەن تىببىي ئىلىم بويىچە داۋاملىق تەربىيىلىنىش نومۇرىنى چېتىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىگە ئۆستۈرۈلگەن خادىملارغا 1300 دىن ئارتۇق داۋاملىق تەربىيىلىنىش گۇۋاھنامىسىنى ئالماشتۇرۇپ تارقىتىپ بەردى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تىببىي داۋالاش ئورۇنلىرى 3 -، 4 - خىل رايونلاردىكى كەسپىي تېخنىكا خادىمىدىن 84 ئادەم - قېتىمنى بىلىم ئاشۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەر ھاۋالە قىلغان چوڭلار تىببىي پەن ئالىي تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە 172 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانى ئورۇندالدى. مۇشۇ يىلى دۆلەت ئاپتونوم رايونىمىزنى مەملىكەت بويىچە «قوش سەھىيە تورى» قۇرۇلۇشىدىكى سىناق قىلىنىدىغان ئۆلكە، ئاپتونوم رايون قىلىپ بېكىتتى.

لى خۇيخەي

## جۇڭگو مىللىي تېبابىتى خىزمىتى

2000 - يىلى سەھىيە نازارىتى «ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىلىرىنى دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش قۇرۇلۇش ئۆلچىمى»، «تەكشۈرۈپ نومۇر باھالاش چارىسى ۋە تەپسىلىي پىرىنسىپى» ۋە «ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ كېسەللىك ئالامەتلىرىگە دىئاگنوز قويۇش - داۋالاش ئۇنۇمى ئۆلچىمى»نى پەنىي مۇكەممەللەشتۈردى. «جۇڭگو تېبابىتى دورىلىرىنىڭ غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىكى رولى ئۈستىدە تەتقىقات»

قاتارلىق 2 تېما دۆلەتلىك جۇڭگو تېبابىتى دورىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ 2000 ~ 2001 - يىللىق جۇڭگو تېببىي دورا پەن - تېخنىكا تەتقىقات فوندىنىڭ كلىنىكىلىق تەتقىقات تېما تۈرىگە تاللاندى. ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرى تەتقىقاتىنى راۋاجلاندۇرۇش سالمىقى زورايتىلىپ، يېڭى دورا خىللىرى ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كەلدى. «جۇڭگو تېبابىتى قامۇسى. ئۇيغۇر تېبابىتى تومى»نى تۈزۈش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى.

لى خۇەيخەي

## كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسى كۈچەيتىلدى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ سەھىيە سىستېمىسىدا كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسى ۋە قۇرۇلۇشى داۋاملىق كۈچەيتىلىپ، ۋۇ دېڭيۈەن ۋە ۋۇ دېڭيۈنچە ئىلغار تېببىي خىزمەتچىلەرنىڭ ئۈلگىلىك ئىش ئىزلىرى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىندى، تېببىي ئەخلاق، تېببىي ئىستىل تەربىيىسى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، كەسپىي ئەخلاق سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى. تېببىي داۋالاش ئورگانلىرىنىڭ دورا ئېلىش - سېتىش پائالىيىتىدىكى ناتوغرا ئىستىل دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش سالمىقى زورايتىلىپ، شىرىنكاتە ئارقىلىق سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش قىلمىشلىرى قەتئىي چەكلەندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيىدىن يۇقىرى تېببىي داۋالاش ئورۇنلىرى بىمارلارنى دورا بىلەن تەمىنلەشتە ئۆتتۈنۈپ بەرگەن پايدا 13 مىليون 272 مىڭ 15 يۈەن بولدى، تېببىي داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىشتا جەمئىي 97 تۈرلۈك نامۇۋاپىق ھەق ئېلىش بىكار قىلىندى. دورىدىن ئالغان 732 مىڭ يۈەنلىك شىرىنكاتە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. تېببىي دورا ئېلىش - سېتىشتىكى قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپ دېلودىن 45ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، ئىنتىزام ۋە قائىدىگە خىلاپ 415 ھەرخىل دېلو تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. 92 ئادەمگە پارتىيە، مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى؛ قانۇنسىز تېبابەت بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى 470 سورۇن پېچەتلەندى. مۇشۇ يىلى 6521 ئادەم (قېتىم) تېببىي خادىم كىيمەللەر ۋە ئامما تەرىپىدىن تەقدىرلەندى. 2952 ئادەم (قېتىم) نىڭ سوۋغىتىسى، شىرىنكانىسى ۋە مېھماندارچىلىقى رەت قىلىندى، ئاممىنىڭ رازى بولۇش دەرىجىسى %92تىن يۇقىرى بولدى.

لى خۇەيخەي

## كەسپ ئىستىلىنى تەرتىپكە سېلىش ئېيى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى

2000 - يىلى سەھىيە نازارىتى پارتكوم يىغىنى بۇنىڭدىن كېيىن ھەر يىلى 9 - ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ سەھىيە سىستېمىسىدا «كەسپى ئىستىلنى تەرتىپكە سېلىش ئېيى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى. 7 - ئايدا ئۈرۈمچىدىكى 4 دوختۇرخانىنىڭ كېسەللەرنى قوبۇل قىلماسلىقى قەھە ئىجتىمائىي تەسىر كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىدەك ئېغىر داۋالاش ھادىسىسىگە قارىتا، نازارەت پارتكورۇپىسى 2000 - يىللىق «كەسپ ئىستىلىنى تەرتىپكە سېلىش ئېيى» پائالىيىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىق مەزمۇنىنى مۇنداق بەلگىلىدى: بىر قىسىم تېببىي داۋالاش ئاپپاراتلىرىدا كۆرۈلىۋاتقان ساقلىنىۋاتقان ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ئاجىز بولۇش، باشقۇرۇش تۈزۈمى بوشاڭ بولۇش، خىزمەت ئىستىلى پۇختا بولماسلىق ھەمدە ئايرىم تېببىي خادىملارنىڭ كەسپىي ئەخلاقى ناچار بولۇش، قانۇن ئېڭى سۇس بولۇش، مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت. 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە سەھىيە سىستېمىسىدا «كەسپ ئىستىلىنى تەرتىپكە سېلىش ئېيى» پائالىيىتى تېلېۋىزىيە - تېلېفون سەپەرۋەرلىك يىغىنى چاقىرىلىپ، 4 دوختۇرخانا ھەمدە ئالاقىدار كىشىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى ئېلان قىلىندى، «ئاپتونوم رايوننىڭ سەھىيە سىستېمىسىدا ‹كەسپ ئىستىلىنى تەرتىپكە سېلىش ئېيى› پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار» تارقىتىلدى.

«كەسپ ئىستىلىنى تەرتىپكە سېلىش ئېيى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، كەڭ تېببىي خىزمەتچىلەرنىڭ روھىي قىياپىتىدە، دوختۇرخانىلارنىڭ قىياپىتىدە روشەن ياخشىلىنىشلار بارلىققا كەلدى. ھەر دەرىجىلىك تېببىي داۋالاش ئورۇنلىرى ئۆزلىرىدە ئۆزىنى ئۆزى قاتتىق بىر تەرەپ ئۇرۇپ كەتمەسلىكى يۈزىدىن ھەل بولماي سوزۇلۇپ كېلىۋاتقان بىر تۈركۈم تېببىي داۋالاش ماجىرالىرىنى ھەل قىلىپ، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، ئىلغار تىپلارنى تەقدىرلەپ، كەسپ ئىستىلىدىكى توغرا كەيپىياتلارنى ئەۋج ئالدۇردى.

لى خۇەيخەي

# تېببىي دورىگەرلىك

## تېببىي دورىگەرلىك كەسپىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تېببىي دورىگەرلىك سانائىتى كارخانىلىرى ئورۇندىغان سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) 340 مىليون 890 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن %25.1 تۆۋەنلىدى؛

سانائەت قوشۇلما قىممىتى 117 مىليون 950 مىڭ يۈەن بولۇپ، 21.76% تۆۋەنلىدى؛ مەھسۇلات سېتىش كىرىمى 367 مىليون 170 مىڭ يۈەن بولۇپ، 18.9% تۆۋەنلىدى؛ پارىتسلىغان پايدا (پايدا - زىيان بالانسى قىلىنىدى) 20 مىڭ يۈەن بولدى؛ پارىتسلىغان پايدا بېجى 27 مىليون 860 مىڭ يۈەن بولۇپ، 58.8% ئازايدى.

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تېببىي دورا سېتىشتىن قىلىنغان كىرىم 1 مىليارد 464 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 15.6% ئاشتى؛ سودا كارخانىلىرى ياراتقان پايدا ۋە باج 82 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 19.12%؛ پارىتسلىغان پايدا 25 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 29.73% ئاشتى.

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تېببىي دورىلارنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى قارارىغا ئاساسەن، سابىق ش ئۇ ئا ر تېببىي دورا باشقۇرۇش ئىدارىسى (تېببىي دورىگەرلىك باش شىركىتى) ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىنى ئايرىۋېتىش پرىنسىپىغا بىنائەن، ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە ش ئۇ ئا ر دورىگەرلىك گۇرۇھى قۇرۇلدى، سابىق تېببىي دورا باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ كەسىپ باشقۇرۇش فۇنكسىيىسى ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتىغا تەۋە بولدى.

ۋاڭ كەيشۈن

## ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى

ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى 2000 - يىل 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى رەسمىي قۇرۇلدى. دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگان، ھۆكۈمەت دورىلارنى ئاساسلىق نازارەت قىلىپ باشقۇرىدىغان مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورگان بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە دورا مەھسۇلاتلىرى، تېببىي داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى، ساقلىق ساقلاش ماتېرىياللىرى ۋە تېببىي دورىلارنى ئوراش - قاچىلاش ماتېرىياللىرىنى تەتقىق قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش، ئوبوروت، ئىشلىتىشكە مەمۇرىي ۋە تېخنىكا جەھەتتىن نازارەتچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ.

لى ۋېيدۇڭ

## تېببىي دورىلارنى ئېلىش - سېتىشتىكى ناتوغرا ئىستىللار تۈزىتىلدى

2000 - يىلنىڭ بېشىدا ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى ش ئۇ ئا ر كەسپىتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش ئىشخانىسى ۋە سەھىيە نازارىتى قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىپ تېببىي دورىلارنى ئېلىش - سېتىشتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە تارقىتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. 3 - ئاينىڭ بېشىدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇش خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، تېببىي دورىلارنى ئېلىپ - سېتىشتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىشنى كەسپىتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىدىن بىرى قاتارىغا قويۇپ، تەلەپلەرنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى.

تېببىي دورىلارنى ئېلىش - سېتىشتىكى ناتوغرا ئىستىللارنىڭ يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزىتىش ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى سەھىيە نازارىتى بىلەن بىرلىكتە دۆلەت دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى، سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ «دورىلارغا خېرىدار چاقىرغۇچى ۋاكالەتچى ئورگاننىڭ سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش ھەمدە باشقۇرۇش چارىسىنى بېسىپ تارقاتقانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقىتىپ، دورىلارغا خېرىدار چاقىرغۇچى 2 ۋاكالەتچى ئورگاننى تەكشۈرۈپ بېكىتتى ھەمدە تېببىي داۋالاش ئورگانلىرىنىڭ دورىلارنى خېرىدار چاقىرىپ سېتىۋېلىش، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، دورىلارنى ئاشكارا، ئادىل، ئىللا سېتىۋېلىش رىقابەت مېخانىزمىنى ئورنىتىشقا تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتنىشىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ دورىلارنى خېرىدار چاقىرىپ سېتىۋېلىش خىزمىتىنىڭ تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى.

لى ۋېيدۇڭ، تيەن چۈنخەي

## يېڭى دورىلارنى تەكشۈرۈپ باھالاش ۋە رويخەتكە ئېلىش ئەھۋالى

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى 45 خىل جۇڭگوچە ساقلاملىقنى ئاسراش دورىسىنى ئېنىقلاپ تەرتىپكە سېلىشنىڭ دەسلەپكى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئورۇندىدى. 14 خىل جۇڭگوچە ساقلىقنى ساقلاش دورىسىنىڭ ماتېرىيالىنى يۇقىرىغا يوللىدى، 4 - خىلدىكى 2 يېڭى دورىنى دەسلەپكى تەكشۈرۈش ھەمدە ياساش نەق مەيدانىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قوبۇل قىلدى ھەم ئۇنى ئورۇندىدى؛ 14 خىل دورىنى تەقلىدىي ياساش ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، دەسلەپكى تەكشۈرۈشنى ھەمدە بىر يېڭى دورىنىڭ گۇۋاھنامىسىنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسى ھەققىدىكى ئىلتىماس ۋە

ئۇنى ئۆتتۈزۈپ بېرىشنى قوبۇل قىلىپ، ئاخىرلاشتۇرۇپ يۇقىرىغا يوللىدى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە 54 دورا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسىنىڭ 833 خىل دورا تۈرىنى ھەمدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 8 تېببىي داۋالاش ئورگىنىدىكى تېببىي دورا ياساش ئىشخانىلىرىنىڭ 745 خىل دورا ياسالمىسىنى تىزىملاپ رويخەتكە ئالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە دورا ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلار ئىشلەپچىقارغان تۈنجى تۈركۈمدىكى رېتسېپسىز ئىشلىتىلگەن 148 خىل دورىنىڭ ئورىلىشى، ماركىسى ھەمدە چۈشەندۈرۈشى تەكشۈرۈپ دەلىللەندى؛ دورا ئوراش ماتېرىيالى ئىشلەپچىقىرىدىغان 2 كارخانا ئىشلەپچىقارغان ئەينەك ئوكۇل قۇتىسى، ئىچىملىك دورا قۇتىسىنىڭ ئالىيۇمىن - سۇلياۋ بىرىكمىلىك قاپقىقىنى ئەنگە ئېلىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسى قوبۇل قىلىنىپ، «دورا ئوراش ماتېرىياللىرىنى ئەنگە ئېلىش گۇۋاھنامىسى» تارقىتىپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دورىلارنى ئەنگە ئېلىش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى مىللىي دورىگەرلىك تەتقىقاتىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە، مىللىي دورىگەرلىكنى سانائەتلەشتۈرۈش تەرەققىياتى ئۈستىگە قويۇلدى، 22 ئادەم (قېتىم) دىن تەشكىللەنگەن 5 خىزمەت گۇرۇپپىسى تۆۋەنگە ئەۋەتىلدى، ئۇلار جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭلارغا بېرىپ، مىللىي دورىگەرلىك تەتقىقاتى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە كلىنىكىدا ئىشلىتىش قاتارلىق ئەھۋاللار ۋە ئېفېدرىن، چۈچۈكبۇيا، قار لەيلىسى قاتارلىق ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈك بايلىقىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ «مىللىي دورىگەرلىكنى سانائەتلەشتۈرۈش تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ھەققىدە تەكلىپ» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشكەچكە، ئالاقىدار تارماقلار ئورتاق تەتقىق قىلىپ مىللىي دورىگەرلىكنى سانائەتلەشتۈرۈش تەرەققىياتىنىڭ تەدبىرلىرى ۋە سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ چىقىشقا مەخسۇس ئۇيۇشتۇرۇلدى.

جاڭ شۈنيىڭ

## دورا تىجارىتى ھەرىكەتلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئەھۋالى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر - بازارلىرىدىكى تېببىي داۋالاش سۇغۇرتا تۈزۈمى، تېببىي داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش تۈزۈلمىسى ۋە دورا ئىشلەپچىقىرىش ئوبوروت تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش تەلىپىگە ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ۋاسىتىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، دورا تىجارىتى ھەرىكەتلىرىنى ئۈزلۈكسىز قېلىپلاشتۇرۇپ، دورا ئوبوروت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى پائال ئىلگىرى سۈردى.

1. دورا دۇكانلىرىنى قائىدىگە خىلاپ ھالدا تەكشۈرۈپ تەستىقلاش قەتئىي چەكلەندى. دۆلەتلىك دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ دورا تىجارىتى كارخانىلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى ۋاقىتىنچە توختىتىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، جاپلار 1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن بۇيان ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ، دورا تىجارىتى ئىجازەتنامىسى تارقاتقانلىق مەسىلىسى تەكشۈرۈپ تۈزىتىلدى. تەستىقلاتمىغان ياكى گۇۋاھنامىلىرى تولۇق بولمىغان دورا، تېببىي داۋالاش ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرىنى توپ ۋە پارچە سېتىش كارخانىلىرى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، دورىلارنى پارچە ساتىدىغان 63 كارخانا تاقىۋېتىلدى. 9 - ئايدا ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە دورا، تېببىي داۋالاش ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرى بازارلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقىرىلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئۈچۈن تارقىتىلدى.

2. دورىلارنى تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇش تۈزۈمى ئەستايىدىل تەشكىللىنىپ يولغا قويۇلدى. دۆلەتنىڭ رېتسېپلىق دورىلار بىلەن غەيرىي رېتسېپلىق دورىلارنى ئايرىپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش تۈزۈمىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، «ئاپتونوم رايوننىڭ دورىلارنى ئايرىپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش پىكرى» تۈزۈپ تارقىتىلدى. رادىئو، تېلېۋىزىيە، گېزىت - ژۇرنال قاتارلىق ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە دورىلارنى تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇش تەشۋىقات ھەپتىلىكى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، 10 تىجارەت كارخانىسىدا نۇقتىلىق سىناق ئېلىپ بېرىلىپ، دورىلارنى ئايرىپ باشقۇرۇش تەجرىبىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىلدى ۋە ئۇلار يەكۈنلەندى. 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا دۆلەت دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى بازارنى نازارەت قىلىش مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلىرى ئۈرۈمچىگە كېلىپ تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىشقا تەكلىپ قىلىندى، ئۇلار دورىلارنى تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇش بىلىمى ھەققىدە لېكسىيە سۆزلەپ، 300 دىن ئارتۇق تايانچ يېتىشتۈرۈپ بەردى.

3. دورا تىجارىتى كارخانىلىرىغا ئىجازەتنامە ئالماشتۇرۇپ بېرىش خىزمىتى پائال قانات يايدۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى 8 - ئاينىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن خادىملارنى ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈشكە تەشكىللەپ، ھازىر بار بولغان 2000 دىن ئارتۇق دورا تېببىي داۋالاش ماشىنا -

قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئاساسىي گەۋدىنى بېكىتىش، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن مەمۇرىي تەكشۈرۈپ تەستىقلىغۇچىلارنى تەسىس قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا ھەر قايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەت (مەمۇرىي مەھكىمە) لىرىگە مەخسۇس تېلېگرامما يوللىنىپ، بۇ مەسىلە ئۆز ۋاقتىدا چەكلەندى ۋە تۈزىتىلدى.

جۇڭ شىجيې، تيەن جۇنخەي




2000 - يىل 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى كۆچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ساختىلىققا زەربە بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. سۈرەتتە: قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرگەن ساختا، ناچار دورىلارنى ئۆز جايىدا پېچەتلىمەكتە.

لى جېن فوتوسى

## ساختا، ناچار دورىلارنى ياساش، سېتىشتەك قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىلدى

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر دورا مەھسۇلاتلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئوبوروت بازارلىرىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە ئاساسەن دورا بازىرىنى تۈزەش سالمىقىنى زورايتتى. 4 - ئايدىن 10 - ئايغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى سەھىيە (دورىگەرلىك ئىشلىرى)، تىببىي دورىگەرلىك، دورا تەكشۈرۈش تارماقلىرىنى تەشكىللەپ، 7 قېتىم بىر قەدەر زور كۆلەملىك تەكشۈرۈش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ، قانۇنغا خىلاپ ھالدا تىجارەت قىلغان 52 چوڭ ئورۇننى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، 118 مىڭ 300 يۈەن جەرىمانە قويدى، 1678 خىل دورىنى مۇسادىرە قىلدى، ئۇنىڭ نورمال قىممىتى 9 مىليون 781 مىڭ يۈەن بولدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك شىنفېڭ ساقلىقنى ساقلاش بۇيۇملىرى سودا سارىيى ئىچىدىكى تىجارەتچىلەر قانۇنغا خىلاپ ھالدا دورا ساتقان، بۇنىڭ ئىچىدە خېلى كۆپلىرى ساختا، ناچار دورا بولۇپ، ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بۇ سودا سارىيىنى 4 قېتىم تويۇقسىز تەكشۈرۈپ، 796 خىلدىكى 1033 تۈركۈم (قېتىم) دورىنى قولغا چۈشۈرگەن، ئۇنىڭ نورمال قىممىتى 230 مىڭ يۈەن.

ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 5 -كۈنىگىچە «دورا باشقۇرۇش قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 15 يىللىقى پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنى ساختا، ناچار دورىلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ كۆيدۈرۈشكە تەشكىللىدى، ۋاقتى ئۆتۈپ، كۈچىدىن قالغان ئۈسكۈنىلىرى تىجارەتتى كارخانىسى ۋە دورىلارنى توپ ساتىدىغان 121 كارخانىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەكتىنى ئېنىقلىدى ھەمدە سانلىق ئاساس ئامبىرى قۇردى، دورا تىجارەتتى كارخانىلىرىغا ئىجازەتنامە ئالماشتۇرۇپ تارقىتىشتا نەق مەيداننى تەكشۈرگۈچى خادىمدىن 57نى تەربىيىلەپ، تەكلىپ قىلىپ بەردى. 10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن ئېتىبارەن خادىملارنى تەشكىللەپ ئۈرۈمچى، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق ۋىلايەت، شەھەرلەردىكى 9 دورا تىجارەتتى كارخانىسىدا ئىجازەتنامە ئالماشتۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى ئىشلەندى. 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە يەنە خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللىنىپ، ئۈرۈمچى رايونى ۋە جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭلارغا ئەۋەتىلىپ، دائىرىلەرگە بۆلۈپ، مەركەزلەشتۈرۈپ تەربىيىلەش قانات يايدۇرۇلدى. ئىجازەتنامە ئالماشتۇرۇشنى ئىلتىماس قىلغان دورىلارنى توپ ساتىدىغان 81 كارخانىدىكى 270 تىن ئارتۇق كارخانا مەسئۇلى ۋە تىجارەت باشقۇرغۇچى تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىش ئۆلچىمىنى سىستېمىلىق ئۆگىنىشكە، ئىجازەتنامە ئالماشتۇرۇش شەرتلىرىنى ئىگىلىۋېلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى. 12 - ئايدا تارباغاتاي، قۇمۇل، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەتلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت دورا (سايمان) لىرى تىجارىتىدە قانۇنغا خىلاپ ھالدا


دورا 6228 تۈركۈم (قېتىم) بولۇپ، ئۇنىڭ نورمال قىممىتى 9 مىليون يۈەن.

ئاپتونوم رايوننىڭ ۋە دۆلەت دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 2000 - يىل 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە بىر مەيدان ساختا، ناچار دورا ۋە بىرلا قېتىم ئىشلىتىلىدىغان ئوكۇل (قان بېرىش، ئوكۇل ئۇرۇش) سايمىنىنى ياساپ سېتىشتەك قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش كۈرىشى قانات يايدۇرۇلدى. ساختا، ناچار دورا ياساش، سېتىش دېلوسىدىن 665ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، ئۇلارنىڭ نورمال قىممىتى 13 مىليون 898 مىڭ 500 يۈەن. ئاخىرلاشتۇرۇلغان دېلو 315، مۇسادىرە قىلىنغان دورىلارنىڭ نورمال قىممىتى 2 مىليون 709 مىڭ 100 يۈەن، مۇسادىرە قىلىنغان قانۇنسىز تاپاۋەت 484 مىڭ 300 يۈەن، ئېلىنغان جەرىمانە 778 مىڭ 300 يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان ساختا، ناچار دورا دېلوسى 96، نورمال قىممىتى 942 مىڭ 300 يۈەن، قانۇنغا خىلاپ تىجارەت قىلغان 55 تىجارەتچى ئورۇن چەكلەپ قويۇلدى؛ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان تېببىي داۋالاش ماشىنا - سايمانلىرىغا دائىر دېلو 133 بولۇپ، نورمال قىممىتى 1 مىليون 238 مىڭ 600 يۈەن، ئاخىرلاشتۇرۇلغان دېلو 24؛ ساختا، ناچار تېببىي داۋالاش ماشىنا - سايمىنى ياساش، سېتىش ئۇۋىسىدىن بىرى بىت - چىت قىلىندى، ساختا دورا سېتىش تىجارەت نۇقتىسىدىن 7 سى تاقالدى، بىرلا قېتىم ئىشلىتىلىدىغان ئوكۇل ئۇرۇش سايمىنىدىن 307 مىڭ دانىسى مۇسادىرە قىلىندى. ئۇنىڭ نورمال قىممىتى 160 مىڭ يۈەن، مۇسادىرە قىلىنغان بىرلا قېتىم ئىشلىتىلىدىغان ئاسما ئوكۇل سايمىنى 328 مىڭ يۈرۈش بولۇپ، ئۇنىڭ نورمال قىممىتى 350 مىڭ يۈەن. بۇ قېتىملىق ساختىلىققا زەربە بېرىش جەريانىدا، ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى بىۋاسىتە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغان دېلو 55، نورمال قىممىتى 7 مىليون 606 مىڭ 700 يۈەن، مۇسادىرە قىلىنغان دورا 9630 يەشىكتىن ئارتۇق، بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرگەن ساختا، ناچار دورا دېلوسى 20، نورمال قىممىتى 422 مىڭ 300 يۈەن. ساختىلىققا زەربە بېرىش مەزگىلىدە ئاپتونوم رايون بويىچە ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلگەن مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىم 6643 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

تيەن چۈنخەي، ۋاڭ پىڭشەن

## GMP گۇۋاھلىق بېرىش خىزمىتى پائال ئىلگىرى سۈرۈلدى

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى ئاپتونوم رايون بويىچە GMP گۇۋاھلىق بېرىش خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ھەققىدىكى تەشۋىقات، تەربىيىنى تەشكىللىك، پىلانلىق ھالدا زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، دورا ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارغا گۇۋاھلىق بېرىش خىزمىتىنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى. 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سىغىمچانلىقى زور ئوكۇل سۇيۇقلۇقى GMPغا گۇۋاھلىق بېرىش بويىچە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى چاقىرىپ، 2000 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان، سېتىلىدىغان، ئىشلىتىلىدىغان سىغىمچانلىقى زور ئوكۇل سۇيۇقلۇقى GMPنى چەزمەن گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزۈش زۆرۈر، دەپ ئېلان قىلدى. كۈندىلىك خىزمەتلەردە ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش تۈرلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىشقا، يېڭى مەھسۇلاتلارنى تەتقىق قىلىش، راۋاجلاندۇرۇشقا ئىلھام بېرىشكە، ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلۇپ كېتىش، بىرلىشىش، يېڭىۋاشتىن تەشكىللىنىش يولىغا مېڭىشىغا ياردەم بېرىشكە، دورا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنى GMP نىشانىغا قاراپ ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەشكە ئەھمىيەت بەردى. 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ خۇاشىەن دورىگەرلىك شىركىتى بىلەن شىنجاڭ دورا زاۋۇتىنىڭ سىغىمچانلىقى زور ئوكۇل سۇيۇقلۇقى ئىشلەپچىقىرىش سېخى دۆلەت دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى تارقاتقان GMP گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى. ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى «دورا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى، تېببىي داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ دورا ياساش بۆلۈملىرىدە ‹ئىجازەتنامە›نى ئالماشتۇرۇش - تارقىتىشنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى»نى تۈزۈپ، خىزمەت تەرتىپلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە 65 دورا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى، 91 تېببىي داۋالاش ئاپپاراتىدىكى دورا ياساش بۆلۈمى يۇقىرىغا يوللىغان ئىلتىماس ماتېرىيالىنى بىرمۇ بىر تەكشۈردى، ش ئۇ ئا ر دورىگەرلىك گۇرۇپپىسى ھەمدە ئۇنىڭغا قاراشلىق دورا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىدىكى باشقۇرغۇچىلارنى «ئىجازەتنامە ئالماشتۇرۇشنى تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىش تەپسىلىي پرىنسىپى»نى سىستېمىلىق ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، كەسپىي تايانچىلارنى تەربىيىلىدى. 11 - ئايدا 2 خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئۈرۈمچى رايونى ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى 6 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى دورا ئىشلەپچىقىرىدىغان 14 كارخانىنى ۋە 21 تېببىي داۋالاش ئاپپاراتىنىڭ دورا ياساش بۆلۈمىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، كارخانا ئىشلەپچىقىرىشىدا ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى بايقاپ تۈزەتتى،



ئاپتونوم رايون بويىچە بىرلىكتىن تۇنجى قېتىم دۆلەتنىڭ «دورا ئىشلەپچىقىرىش سۈپىتىنى باشقۇرۇش قائىدىسى» (GMP) بويىچە گۇۋاھلىقتىن ئۆتكەن شىنجاڭ دورا زاۋۇتىنىڭ چوڭ سىغىملىق ئوكۇل سۇيۇقلۇقى سېخىنىڭ قۇتىلارغا قاچىلاش ئاقما لىنىيىسى.

شىنجاڭ دورىگەرلىك گۇرۇھى تەمىنلىگەن

ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ بەزى كونكرېت قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، «ئىجازەتنامە» ئالماشتۇرۇش ـ تارقىتىش خىزمىتىدىكى تەجرىبىلەر ئۈستىدە ئىزدەندى.

جۇڭ شىجيې، لى ۋېيدۇڭ

## تېببىي داۋالاش ماشىنا ـ سايمانلىرىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئەھۋالى

2000 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى مەخسۇس تېببىي داۋالاش ماشىنا ـ سايمانلىرى باشقارمىسى تەسىس قىلىپ، تېببىي داۋالاش ماشىنا ـ سايمانلىرىنى تەتقىق قىلىپ ياساش، ئىشلەپچىقىرىش، ئوبوروت قىلىش، ئىشلىتىشنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى كونكرېت زىممىسىگە ئالدى. مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنى «تېببىي داۋالاش ماشىنا ـ سايمانلىرىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش نىزامى» ۋە تېببىي داۋالاش ماشىنا ـ سايمانلىرىنى ئەنگە ئېلىش، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش چارىسى ھەمدە تېببىي داۋالاش ماشىنا ـ سايمانلىرى ھەققىدىكى ئېلانلارنى تەكشۈرۈش چارىسى ۋە ئۆلچىمىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى. ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە «دورا، تېببىي داۋالاش ماشىنا ـ سايمانلىرى بازارلىرىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» يېزىپ چىقتى. «تېببىي داۋالاش ماشىنا ـ سايمانلىرى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارىتى قىلىش كارخانىلىرىغا ئىجازەتنامە تارقىتىش خىزمىتى لايىھىسى»، «تېببىي داۋالاش ماشىنا ـ سايمانلىرى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلىشتا يولغا قويۇلىدىغان تەپسىلىي پرىنسىپ» ۋە «تېببىي داۋالاش ماشىنا ـ سايمان تىجارىتى قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلىشتا يولغا قويۇلىدىغان تەپسىلىي پرىنسىپ» قاتارلىقلارنى تۈزۈپ تۆۋەنگە تارقاتتى. تېببىي داۋالاش ماشىنا ـ سايمانلىرى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارىتى قىلىش كارخانىلىرىغا ئىجازەتنامە تارقىتىش خىزمىتىنى پىلانلىق، قەدەم ـ باسقۇچلۇق قانات يايدۇرۇپ، بازارغا كىرىشكە رۇخسەت قىلىشنى قاتتىق باشقۇردى. 9 ـ ئايدا دۆلەت دورا نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى تېببىي داۋالاش ماشىنا ـ سايمانلىرى مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلىرىنى ئۈرۈمچىگە كېلىپ لېكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىپ، ئاپتونوم رايون ئۈچۈن تېببىي داۋالاش ماشىنا ـ سايمانلىرىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش تايانچىسىدىن 105نى تەربىيىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تىجارەت كىنىشكىسى ئېلىپ بولغان 1300 تېببىي داۋالاش ماشىنا ـ سايمىنى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارىتى قىلىش كارخانىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ، دەسلەپكى قەدەمدە تاپشۇرۇۋالدى. تېببىي داۋالاش ماشىنا ـ سايمانلىرىنى تەكشۈرۈپ ئەنگە ئېلىش خىزمىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن «تېببىي داۋالاش ماشىنا ـ سايمان مەھسۇلاتلىرىنى ئەنگە ئېلىشتا تۈرگە ئايرىش، چەك ـ چېگرىسىنى بېكىتىش جەدۋىلى»نى تۈزۈپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپىنى ئايدىڭلاشتۇردى. مۇشۇ يىلى قوبۇل قىلىنىپ ئەنگە ئېلىنغان تېببىي داۋالاش ماشىنا ـ سايمىنى 10، تەستىقلىنىپ ئەنگە ئېلىنىپ ئىشلەپچىقىرىلغان تېببىي داۋالاش ماشىنا ـ سايمىنى 5. شۇنىڭ بىلەن بىللە تېببىي داۋالاش ماشىنا ـ سايمانلىرىغا ئائىت ئېلانلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، ساختا ئېلانلارنىڭ ئۇنۇملۇك ئالدى ئېلىندى. 2000 ـ يىلى تېببىي داۋالاش ماشىنا ـ سايمانلىرىغا ئائىت ئېلاندىن 111ى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى، 8 ئېلان قايتا تەكشۈرۈلدى.

ۋاڭ پېڭشەن

## ئالاھىدە دورىلارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئەھۋالى

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى «ئالاھىدە دورىلارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش توغرىسىدا بەلگىلىمە»، «2 - خىلدىكى روھىي دورىلار تىجارىتىنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» ۋە «ئېفېدرىن باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى تۈزۈپ تۆۋەنگە تارقاتتى، ھەمدە خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ ئالتاي ئالتۇنتاغ دورا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قاتارلىق كارخانىلارنى نەق مەيداندا نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈپ، قائىدىگە خىلاپ قىلمىشلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. 2000 - يىلى ئېفېدرىن (ئېفېدرىن تەركىبلىك ئېكستراكت پاراشوكى) سېتىۋېلىش - ئىشلىتىش گۇۋاھنامىسى (دۆلەت سىرتىغا چىقىپ سېتىۋېلىش - ئىشلىتىش گۇۋاھنامىسىز بۇنىڭ ئىچىدە) نى تەكشۈرۈپ بېجىردى. ئاپتونوم رايون بويىچە تارقاق دورىسى تىجارىتى قىلىدىغان 15 كارخانىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى ئورۇنلاندى. يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ نۇقتىلىق بەلگىلەنمەي تۇرۇپ ئېفېدرىن ئىشلەپچىقارغان 4 كارخانىنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى پىكرى دۆلەت دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسىگە يوللاندى. شۇڭداقلا، ج خ تارماقلىرى بىلەن كۆپ قېتىم مەسلىھەتلىشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئېفېدرىن ھەمدە يالغۇز بىر تەرەپ ياسايدىغان دورىلارنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش ۋە ئىشلىتىش ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ قېلىپلاشتۇردى؛ ئاپتونوم رايوننىڭ ئېفېدرىن، چۈچۈكبۇيا بايلىقىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات تۈزۈپ، چاكاندا، چۈچۈكبۇيىلارنى سۈنئىي ئۇسۇلدا ئۆستۈرۈش ھەمدە سۈنئىي ئۇسۇلدا ئېفېدرىن ئېلىش قاتارلىقلارغا دۆلەتنىڭ سىياسەت جەھەتتە ئېتىبار بېرىشى لازىملىقى ھەققىدە پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

جۇاڭ شىجيې

## ئىجراچى پراۋىزورلارنى رويخەتكە ئېلىش خىزمىتى

2000 - يىلى دۆلەت دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ «‹ئىجراچى پراۋىزورلارنى رويخەتكە ئېلىپ باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى›نى تۈزىتىپ بېسىپ تارقاتقانلىق ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇش»نىڭ روھىغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى 1 - ئايدىن 9 - ئايغىچە مەركەزلەشتۈرۈپ 3 ئايلىق مۇددەت بىلەن ئىجراچى پراۋىزورلارنى سالاھىيەت ئىمتىھانىدىن ئىلگىرى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىن مەملىكەتلىك ئىجراچى پراۋىزورلار سالاھىيەت بىر تۇتاش ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ لاياقەتلىك بولغان 103 كىشىنى رويخەتكە ئېلىپ، ئىجراچى پراۋىزورلارنى رويخەتكە ئېلىش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجراچى پراۋىزورلار سالاھىيەت ئىمتىھانىغا قاتناشقان خادىم 802، بۇنىڭ ئىچىدە، ھەممە پەنلەردىن لاياقەتلىك بولغانلار 123 بولۇپ، تارىختا ئىجراچى پراۋىزورلار سالاھىيەت ئىمتىھانىغا قاتناشقان ئادەم سانى ئەڭ كۆپ، لاياقەتلىك نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان بىر يىل بولۇپ قالدى.

چېن مېيەنگۈي

## دورىلار نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈلدى

2000 - يىلىنىڭ بېشىدا ش ئۇ ئا ر دورا تەكشۈرۈش ئورنى 15 شەھەر، ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك دورا تەكشۈرۈش ئورۇنلىرىنىڭ باشلىقلىرى ھەمدە كەسپىي بۆلۈم باشلىقلىرىنى قاتناشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە مەخسۇس دورا تەكشۈرۈش خىزمەت يىغىنى چاقىرىپ، دۆلەت، ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈش پىلانىغا ئاساسەن تەلەپلەرنى ئايدىڭلاشتۇردى. 2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر دورا تەكشۈرۈش ئورنى نۇقتىلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە 2 قېتىم زور كۆلەملىك نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ، 1516 تۈركۈم (قېتىم) دە 262 خىل دورىنى نۇسخا ئېلىپ تەكشۈردى. ھەر قېتىم دورىلارنى نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرگەندىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر دورا نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ بازارنى نازارەت قىلىش باشقارمىسى ئۆز ۋاقتىدا سۈپەت ئاخباراتى ئېلان قىلىپ، لاياقەتسىز دورا ئىشلەپچىقارغان، تىجارەت قىلغان كارخانىلار ۋە ئۇنى ئىشلەتكەن ئورۇنلارنى ئاممىغا جاكارلاپ، جەمئىيەتنى ۋە ھەر مىللەت ئاممىسىنى دورىلارنىڭ سۈپىتىگە نازارەتچىلىك قىلىشقا، ساختا، ناچار دورىلارنى پاش قىلىشقا، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى.

لى ۋېيدۇڭ

# تەنتەربىيە

## تەنتەربىيە خىزمىتى

### نەنمېن تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ پۈتكۈل مۈلكى كىم ئارتۇق سودىسى بويىچە سېتىلدى

ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى 2000 - يىل 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ «تيەنپىڭ» كىم ئارتۇق سودا شىركىتىگە ئۈرۈمچى نەنمېن تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ 101 مىڭ 14. 720 كۋادرات مېتىرلىق يېرىنى ئىشلىتىش هوقۇقىنى قانۇن بويىچە ئاشكارا كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىشنى هاۋالە قىلدى. «خەلقئارا ماكان» ئۆي - زېمىن تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى بىلەن شىنجاڭ «دوستلۇق» گۇرۇھى خېرىدارلىق رىقابىتىگە قاتناشتى، ئاخىرىدا «خەلقئارا ماكان» شىركىتى 451 مىليون يۈەن بىلەن رىقابەتتە ئۇتۇپ چىقتى. بۇ قېتىمقى كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىلغان مۇئەسسەسەلەردىن تەنتەربىيە مەيدانى، تەنتەربىيە سارىيى، تەنتەربىيە ئۇنىۋېرسال مەشىق سارىيى، تەنتەربىيە مېھمانخانىسى قاتارلىقلار بار. كىم ئارتۇق قىلىپ سېتىشتىن كىرگەن مەبلەغنىڭ ھەممىسى يېڭى تەنتەربىيە مەركىزى قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىدۇ.

يۈ جېنخۋا

### «ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئەزىمەتلىرىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي رايونىغا سەپىرى» شىنجاڭ ئۆمىكى

بۇ ئۆمەك 2000 - يىل 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، سانجى، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا دوكلات يىغىنى، تەنھەرىكەت ماھارىتى كۆرسىتىش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزدى. بۇ قېتىمقى پائالىيەتنى دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى تەشكىللىگەن. «ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئەزىمەتلىرىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي رايونىغا سەپىرى» شىنجاڭ ئۆمىكىگە دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى فۇرۇڭ باش بولدى، بۇ ئۆمەك سەي جېنخۋا، گې فېي، گۇجۈن، ياڭ شيا، ۋاڭ نەن، لى شياۋپېڭ، ليۇ گولياڭ، لىڭ جيې، ياڭ ۋېي، خۇاڭ نەنيەن، ليۇ گوجياڭ، بەي ياڭ ۋە ئابدۇراخمانلاردىن تەركىب تاپقان. 9 - ئايدا شىنجاڭ خەلق سارىيىدا «ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئەزىمەتلىرىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي رايونىغا سەپىرى» دوكلات يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، ئۇلار دوكلات يىغىنىدا سىدنېي ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا جۇڭگو ئولىمپىك تەنھەرىكەتچىلىرى قوشۇنىنىڭ تەر تۆكۈپ زەپەر قۇچقان ھاياجانلىق ئىش ئىزلىرىنى بايان قىلىپ، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ جەڭ قىلىپ، خالىس تۆھپە قوشىدىغان روھىنى نامايان قىلىپ، شىنجاڭ خەلقىنى جانلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىگە ئىگە قىلدى. 10 - كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى ئۇلار شىنجاڭ تەنتەربىيە ئىدارىسىغا كېلىپ، شىنجاڭدىكى تەنتەربىيە خىزمەتچىلىرى، تەنھەرىكەتچىلەر بىلەن ئۆز ئارا تەجرىبە ئالماشتۇردى. 11 - كۈنى ئۇلار 2 تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ، بىر تۈركۈمى جۇڭگو - شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتىگە بېرىپ، شىركەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن سۆھبەتلەشتى ۋە بىرلەشمە كۆڭۈل ئاچتى؛ يەنە بىر تۈركۈمى قەشقەرگە بېرىپ، دوكلات يىغىنى ۋە تەنھەرىكەت ماھارىتى كۆرسىتىش پائالىيىتىگە قاتناشتى. 12 - كۈنى ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ بېيجىڭغا قايتتى.

جىن خۋا

### ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر

1. شىنجاڭ ساۋەن ناھىيىسى، مىچۈەن شەھىرى، ئۈچتۇرپان ناھىيىسى، خوشۇت ناھىيىسى ۋە جىمسار ناھىيىسىگە دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە تەنتەربىيىدە ئىلغار ناھىيە» دېگەن نام بېرىلدى.

2. بۈگۈر ناھىيىسى قاراباغ يېزىسى، ئۈرۈمچى ناھىيىسى چىڭگىداخۇ يېزىسى، نىلقا ناھىيىسى كۆكخوتقور موڭغۇل يېزىسى، ماناس ناھىيىسى لوتۇيى بازىرى، يەكەن ناھىيىسى قاراسۇ يېزىسى، كورلا شەھىرى پۇخۇي دېھقانچىلىق مەيدانى، مەكىت ناھىيىسى يانتاق يېزىسى، غۇلجا ناھىيىسى ئاراتۆستەڭ يېزىسى، قۇمۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزىسى، ساۋەن ناھىيىسى قورغاس يېزىسى قاتارلىق 10 يېزا، بازار «مەملىكەت بويىچە 100 مىليون دېھقان تەنتەربىيە پائالىيىتىدىكى ئىلغار يېزا - بازار» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

3. چېن شياڭيۇن، جاڭ ماۋلۇن، جاڭ فۇشېڭ، سايىر ساۋۇت قاتارلىق 4 كىشى «مەملىكەتلىك ناھىيە، شەھەر (رايون) تەنتەربىيىسى بويىچە ئىلغار شەخس» دېگەن نامغا ئېرىشتى. لى جيەنخۇا قاتارلىق 13 كىشىگە «ئاپتونوم رايونلۇق ناھىيە (شەھەر، رايون) تەنتەربىيىسى بويىچە ئىلغار شەخس» دەپ نام بېرىلدى.

4. 2000 - يىللىق ئومۇمىي خەلق سالامەتلىكى تەشۋىقات ھەپتىلىكى پائالىيىتىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئومۇمىي خەلق سالامەتلىكى تەشۋىقات ھەپتىلىكى پائالىيىتىدە مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا؛ قەشقەر ۋىلايىتى، قۇمۇل ۋىلايىتى، ئۈرۈمچى شەھىرى مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا؛ شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» مۇنەۋۋەر خەۋەر قىلىش مۇكاپاتىغا، سانجى ئوبلاستى، ئىلى ۋىلايىتى، كۈيتۇڭ شەھىرى، ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونلۇق مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونى، قاغىلىق ناھىيىسى، چۆچەك شەھەرلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى، تۇرپان تولا ئىدارىسى، بورتالا ئوبلاستلىق پارتكوم ئورگىنى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش باشقارمىسى تەنتەربىيە جەمئىيىتى قاتارلىق 10 ئورۇن ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن نامغا ئېرىشتى.

5. 2000 - يىللىق ئاپتونوم رايونلۇق ئومۇمىي خەلق سالامەتلىكى تەشۋىقات ئېيى پائالىيىتىدە، ئاپتونوم رايوندىن بىر تۈركۈم ئىلغار ئورۇنلار مەيدانغا كەلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەنتەربىيە كومىتېتى قاتارلىق 28 ئورۇن مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا؛ ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىق 17 ئورۇن مۇنەۋۋەر خەۋەر قىلىش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۈرۈمچى شەھىرى شىشگو رايونلۇق مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى قاتارلىق 52 ئورۇن ئىلغار ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى.

يۈ جىنخۇا

# ماھارەت تەنتەربىيىسى

## دۇنياۋى ۋە قىتئەلەر ئارا مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىش ئەھۋالى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇنەۋۋەر كوماندىلىرى ۋە تەنھەرىكەتچىلىرى دۇنياۋى ۋە قىتئەلەر ئارا مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ، 5 تۈردە 1 -، بىر تۈردە 2 -، بىر تۈردە 3 -، 2 تۈردە 4 -، بىر تۈردە 6 - بولدى.

4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى كورېيىدە ئۆتكۈزۈلگەن تاشيولدا مارافونچە كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش خەلقئارا مۇسابىقىسىدە يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەتچىسى چېن فاڭ كوماندىدىكى سەپداشلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ كوللېكتىپ 3 - بولدى.

5 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە ئالمۇتادا ئۆتكۈزۈلگەن قازاقىستان گ. كوساروف خەلقئارا مۇسابىقىسىدە، يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەتچىسى لى ۋېنكۈي ئەرلەرنىڭ چويۇن توپ ئېتىش تۈرىدە 17.09 مېتىرلىق نەتىجە بىلەن چېمپىيون بولدى، چاڭ شىنخۇڭ ئاياللارنىڭ دېسكا ئېتىش تۈرىدە 53.32 مېتىرلىق نەتىجە بىلەن چېمپىيون بولدى؛ شياۋ يۈگۈي 5000 مېتىرغا يۈگۈرۈشتە 17′02″6 نەتىجە بىلەن 2 - بولدى؛ لى شيۇخۇا 400 مېتىرغا توساقتىن ئاتلاپ يۈگۈرۈشتە 1′02″3 نەتىجە بىلەن 4 - بولدى.

7 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە فرانسىيىنىڭ لاندېستا ئۆتكۈزۈلگەن يىپ ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان پلانېر لەۋھە تالىشىش دۇنياۋى مۇسابىقىسىدە پلانېر ئۇچۇرۇش تەنھەرىكەتچىسى خەن شىنپىڭ «F2B» تىپلىق پلانېر ئۇچۇرۇش تۈرىدە 6022 نومۇرلۇق نەتىجە بىلەن چېمپىيون بولدى؛ ئۇ كوماندىدىكى سەپداشلىرى نيۇ ئەنلىن، جاڭ جيې بىلەن بىللە بۇ تۈردە كوللېكتىپ چېمپىيون بولدى.

8 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە ياڭجياڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاسىيا قۇملۇق ۋالىبولى لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە ئايال ۋالىبول تەنھەرىكەتچىسى لەن خۇڭ، فۇ لىڭلى چېمپىيون بولدى.

10 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە چىلىنىڭ سانتىياگو شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا ياشلار يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدا يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەتچىسى چېن فاڭ ئاياللارنىڭ 300 مېتىرغا يۈگۈرۈش تۈرىدە 9′19″42 نەتىجە بىلەن 4 -، 1500 مېتىرغا يۈگۈرۈش تۈرىدە 4′22″81 نەتىجە بىلەن 6 - بولدى.

يۈ جىنخۇا

## مەملىكەتلىك رەسمىي مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىش ئەھۋالى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇنەۋۋەر كوماندىلىرى، مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچىلىرى مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن چوڭلار، ياشلارنىڭ رەسمىي مۇسابىقىلىرى (جۈملىدىن مەملىكەتلىك تەنتەربىيە يىغىنى) دە جەمئىي 14 تۈردە 1 -، 10 تۈردە 2 -، 9 تۈردە 3 -، 9 تۈردە 4 -، 13 تۈردە 5 -، 5 تۈردە 6 -، 4 تۈردە 7 -، 6 تۈردە 8 - بولدى. نۇرمۇھەممەت، سۈي لىلى، ۋاڭ چېڭ، ليۇ جۈنبو، جۇ چىڭگو، ما جۈنيۇ، تۇڭ دې قاتارلىق 7 تەنھەرىكەتچىنىڭ نەتىجىسى دۆلەت دەرىجىلىك تەنھەرىكەت ماھىرى ئۆلچىمىگە

يەتتى، 11 تەنھەرىكەتچى 1 - دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى ئۆلچىمىگە يەتتى. ئۇرمۇھەممەت دېسكا ئېتىشتا مەملىكەت بويىچە ئۆسمۈرلەر رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. 6 تەنھەرىكەتچى، 4 كوماندا 10 تۈردە 15 قېتىم ئاپتونوم رايوننىڭ رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. 2000 - يىلى مەملىكەتلىك رەسمىي مۇسابىقىلەرنىڭ رېيىرلىق خىزمىتىگە (ئاپتونوم رايوندا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك مۇسابىقىلەر بۇنىڭ سىرتىدا) 15 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى؛ ۋالىبول، يېنىك ئاتلېتىكا، بوكسىيورلۇق، تەيچۈەنداۋ قاتارلىق تۈرلەردە مەملىكەت بويىچە رېيىرلار ئۆگىنىشىگە، رېيىرلار كۇرسىغا ۋە دۆلەت دەرىجىلىك رېيىرلار ئىمتىھانىغا 11 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. جىن يىڭ (خەلقئاراچە چېلىشىش)، تۇرسۇنجان (پلانېر ئۇچۇرۇش)، ۋۇ جۈنيې (تېز مۇز تېيىلىش)، سەي چىڭفۇ (تېز مۇز تېيىلىش)، ۋاڭ چېن (سافلاملىق - گۈزەللىك گىمناستىكىسى)، جىن يۈشىڭ (موتسىكلىت چاپتۇرۇش)، دۇ خۇڭۋېي (موتسىكلىت چاپتۇرۇش)، ياڭ جيەنجۇڭ (پۇتبول)، جاۋ نىڭ (يېنىك ئاتلېتىكا)، لىيۇ چۈەنفۇ (يېنىك ئاتلېتىكا) قاتارلىق 10 ئادەم دۆلەت دەرىجىلىك رېيىرلىققا، 127 ئادەم 1 - دەرىجىلىك رېيىرلىققا تەستىقلاندى.

يۇ جىڭخۇا

## 2000 - يىلى شىنجاڭ تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ مەملىكەتلىك چوڭلار ۋە ياشلار رەسمىي مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىپ 1 - لىكتىن 8 - لىككىچە ئېرىشىش ئەھۋالى

| ئىسىم - فامىلىسى | جىنسى | مۇسابىقە نامى | ۋاقتى | ئورنى | مۇسابىقە تۈرى | نەتىجىسى | دەرىجىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| خەن شىنپىڭ | ئەر | مەملىكەتلىك ئاۋىئاتسىيە - ئالەم قاتنىشى مودېلى لەۋھە تاللىشىش مۇسابىقىسى | 5.25—6.5 | نىڭبو | سىم بىلەن باشقۇرۇش ئۇنىۋېرسال تۈرى | 3 نومۇر | 1 |
| شيا شياۋچياڭ | ئەر | | | | | | |
| خې خەيجياڭ | ئەر | مەملىكەتلىك ئاۋىئاتسىيە - ئالەم قاتنىشى مودېلى لەۋھە تاللىشىش مۇسابىقىسى | 5.25—6.5 | نىڭبو | FIB يەككە تۈر | 3696 نومۇر | 1 |
| تيەن يې | ئەر | | | | | | |
| ياڭ فېڭ | ئەر | | | | | | |
| تۇڭ دې | ئەر | مەملىكەتلىك ئاۋىئاتسىيە - ئالەم قاتنىشى مودېلى لەۋھە تاللىشىش مۇسابىقىسى | 5.25—6.5 | نىڭبو | FIA | 1260 نومۇر | 1 |
| تۇڭدې | ئەر | مەملىكەتلىك ئاۋىئاتسىيە - ئالەم قاتنىشى مودېلى لەۋھە تاللىشىش مۇسابىقىسى | 5.25—6.5 | نىڭبو | FI ئۇنىۋېرسال | 7 نومۇر | 1 |
| ۋېن لىجياڭ | ئەر | | | | | | |
| ياڭ فېڭ | ئەر | | | | | | |
| پەرىدە | ئايال | مەملىكەتلىك ئات ئويۇنى لەۋھە تاللىشىش مۇسابىقىسى | 10.11 | گۇاڭجۇ | ئارغىماق ئوينىتىش | 64.86 نومۇر | 1 |
| چېن فاڭ | ئايال | مەملىكەتلىك ياشلار يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تاللىشىش مۇسابىقىسى | 6.15—17 | دې ياڭ | 3000 مېتىر | 9′19″42 | 1 |
| ئابدۇشۇكۇر مىجىت | ئەر | مەملىكەتلىك بوكس چېمپىيونلۇق تاللىشىش مۇسابىقىسى | 11.9—15 | ئۈرۈمچى | 91 كىلوگرامدىن يۇقىرى دەرىجىلىكلەر | | 1 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئەكرەم ئىسھاق | ئەر | مەملىكەتلىك بوكس چېمپىيونلۇق تالىشىش مۇسابىقىسى | 15—11.9 | ئۈرۈمچى | 60 كىلوگراملىقلار | | 1 |
| ئابدۇراخمان ئابلىكىم | ئەر | مەملىكەتلىك بوكس لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 17—7.10 | جاۋچىڭ | 75 كىلوگراملىقلار | | 1 |
| ئابدۇشۇكۇر مىجىت | ئەر | مەملىكەتلىك بوكس لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 17—7.10 | جاۋچىڭ | 91 كىلوگراملىقتىن يۇقىرى دەرىجىلىكلەر | | 1 |
| لەن خۇڭ<br>فۇ لىڭلى | ئايال<br>ئايال | مەملىكەتلىك قۇملۇق ۋالىبولى سەييارە مۇسابىقىسى | 6—9 - ئايغىچە | شاڭخەي | قۇملۇق ۋالىبولى | ئومۇمىي يىغىندا 1 نومۇر | 1 |
| خەن شىنپىڭ | ئەر | مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئاۋىئاتسىيە - ئالەم قاتنىشى مودېلى مۇسابىقىسى | 5.25—6.6 | نىڭبو | F2B | 6640.5 نومۇر | 1 |
| خەن شىنپىڭ<br>شيا شياۋچياڭ | ئەر<br>ئەر | مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئاۋىئاتسىيە - ئالەم قاتنىشى مودېلى مۇسابىقىسى | 5.25—6.6 | نىڭبو | سىم ئارقىلىق باشقۇرۇش ئۇنىۋېرسال تۈرى | 2 نومۇر | 1 |
| تۇڭ دې<br>ۋېن لىجياڭ<br>خې خەيجياڭ | ئەر<br>ئەر<br>ئەر | مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئاۋىئاتسىيە - ئالەم قاتنىشى مودېلى مۇسابىقىسى | 5.25—6.6 | نىڭبو | ئەركىن ئۇچۇش ئۇنىۋېرسال تۈرى | 6 نومۇر | 1 |
| ئەكرەم بارات | ئەر | مەملىكەتلىك ياشلار بوكس لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 16—6.8 | چاڭشا | 57 كىلوگراملىقلار | | 2 |
| پەرىدە<br>ليۇ لىنا<br>جى دېشېڭ | ئايال<br>ئايال<br>ئەر | مەملىكەتلىك ئات ئويۇنى لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 10.11 | گۇاڭجۇ | ئارغىماق ئوينىتىش | 180.6 نومۇر | 2 |
| گو خەيجۇن<br>ئەكبەر | ئەر<br>ئەر | مەملىكەتلىك دالىدا موتسىكلىت چاپتۇرۇش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 26—12.23 | شېنجېن | 250CC ئومۇمىي نەتىجە | 190 نومۇر | 2 |
| خەمىت | ئەر | مەملىكەتلىك دالىدا موتسىكلىت چاپتۇرۇش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 26—12.23 | شېنجېن | 80CC ئومۇمىي نەتىجە | 87 نومۇر | 2 |
| خەمىت<br>زايىر<br>ئەكبەر | ئەر<br>ئەر<br>ئەر | مەملىكەتلىك دالىدا موتسىكلىت چاپتۇرۇش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 26—12.23 | شېنجېن | 80CC كوللېكتىپ ئومۇمىي نەتىجە | 145 نومۇر | 2 |
| چېن فاڭ | ئايال | مەملىكەتلىك ياشلار يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 17—6.15 | دېياڭ | 1500 مېتىر | 4′18″14 | 2 |
| ئابدۇراخمان ئابلىكىم | ئەر | مەملىكەتلىك بوكس ماھىرلىرى مۇسابىقىسى | 25—3.16 | شەندۇڭ | 75 كىلوگراملىقلار | | 2 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئابلىز | ئەر | مەملىكەتلىك بوكس ماھىرلىرى مۇسابىقىسى | 3.16—25 | شىئەن | 81 كىلوگراملىقلار | | 2 |
| شۇ خەيفىڭ<br>جۇ يۇڭ<br>جۇن جۇاڭ | ئەر<br>ئەر<br>ئەر | مەملىكەتلىك ئوقيا ئېتىش چېمپىيونلۇق تالىشىش مۇسابىقىسى | 4.19—23 | دەنىڭ | 9×3 كوللېكتىپ | 229 ھالقا | 2 |
| شياۋ شياۋچياڭ | ئەر | مەملىكەتلىك تەنتەربىيە يىغىنى ئاۋىئاتسىيە - ئالەم قاتنىشى مودېلى مۇسابىقىسى | 5.25—6.6 | نىڭبو | F2D | 4 نومۇر | 2 |
| ئەلنۇر | ئەر | مەملىكەتلىك قەدىمچە چېلىشىش چېمپىيونلۇق تالىشىش مۇسابىقىسى | 6.25—28 | بىشەن | 58 كىلوگراملىقلار | | 3 |
| ۋېن لىجياڭ | ئەر | مەملىكەتلىك تەنتەربىيە يىغىنى ئاۋىئاتسىيە - ئالەم قاتنىشى مودېلى مۇسابىقىسى | 5.25—6.6 | نىڭبو | FIC | 1140 نومۇر | 3 |
| ياڭ فېڭ | ئەر | مەملىكەتلىك تەنتەربىيە يىغىنى ئاۋىئاتسىيە - ئالەم قاتنىشى مودېلى مۇسابىقىسى | 5.25—6.6 | نىڭبو | FIB | 1290 نومۇر | 3 |
| جېڭس<br>دولقۇن<br>جانارگۈل | ئەر<br>ئەر<br>ئايال | مەملىكەتلىك ئات ئويۇنى لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 10.11 | گۇاڭجۇ | توساقتىن ئۆتۈش | 64.25 نومۇر | 3 |
| گو خەيجۈن<br>ئەكبەر | ئەر<br>ئەر | مەملىكەتلىك دالىدا موتسىكلىت چاپتۇرۇش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 12.23—26 | شېنجېن | 125CC | 50 نومۇر | 3 |
| نۇرتايىر زاكىر | ئەر | مەملىكەتلىك بوكس ماھىرلىرى مۇسابىقىسى | 3.16—25 | شىئەن | 71 كىلوگراملىقلار | | 3 |
| لى ۋېنجيې | ئەر | مەملىكەتلىك شەخسلەر بويىچە قارىغا ئېتىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9.12—18 | بېيجىڭ | 60 پاي ئوقنى يېتىپ تۇرۇپ ئېتىش | 695.5 ھالقا | 3 |
| لى ۋېنجيې | ئەر | مەملىكەتلىك قارىغا ئېتىش چېمپىيونلۇق تالىشىش ئومۇمىي ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى | 10.15—20 | شىئەن | ئومۇمىي يىغىندا نومۇر | 1994 | 3 |
| ۋاڭ شىنخۇا<br>دېڭ لىبى<br>ياڭ فېڭ | ئەر<br>ئەر<br>ئەر | مەملىكەتلىك تەنتەربىيە يىغىنى ئاۋىئاتسىيە - ئالەم قاتنىشى مودېلى مۇسابىقىسى | 5.25—6.6 | نىڭبو | ئالەم قاتنىشى مودېلى ئۇنىۋېرسال | 16 نومۇر | 3 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تاۋ جۇن<br>ياڭ فېڭ | ئەر<br>ئەر | مەملىكەتلىك تەنتەربىيە يىغىنى ئاۋىئاتسىيە - ئالەم قاتنىشى مودېلى مۇسابىقىسى | 5.25—6.6 | نىڭبو | S4B يەككە تۈر | 1290 نومۇر | 4 |
| ۋاڭ شىنخۇا<br>دېڭ لىپى<br>تاۋ جۇن | ئەر<br>ئەر<br>ئەر | مەملىكەتلىك تەنتەربىيە يىغىنى ئاۋىئاتسىيە - ئالەم قاتنىشى مودېلى مۇسابىقىسى | 5.25—6.6 | نىڭبو | S6A يەككە تۈر | 880 نومۇر | 4 |
| ليۇ لىنا | ئايال | مەملىكەتلىك ئات ئويۇنى لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 10.11 | گۇاڭجۇ | ئارغىماق ئوينىتىش | 60.34 نومۇر | 4 |
| جى جيەنخۇا | ئەر | مەملىكەتلىك ياشلار تاشيولدا ۋېلسىپىت چاپتۇرۇش چېمپىيونلۇق تالىشىش مۇسابىقىسى | 10.7—11 | تەنشەن | 116.5 كىلومېتىر | 3:09′ 25″64 | 4 |
| شېڭ گۇيرۇڭ | ئايال | مەملىكەتلىك ياشلار يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 6.15—17 | دېيالې | 1500 مېتىر | 4′44″89 | 4 |
| ئابدۇللا | ئەر | مەملىكەتلىك ياشلار يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 6.15—17 | دېيالې | دېسكا | 47.18 مېتىر | 4 |
| ئەنۋەر | ئەر | مەملىكەتلىك تاغ يولىدا ۋېلسىپىت چاپتۇرۇش مۇسابىقىسى | 3—6 ئايغىچە | 5 بېكەت | ئومۇمىي يىغىندا نومۇر | 192 نومۇر | 4 |
| لى ۋېنجيې<br>ما چۇنيۇ<br>خې بى | ئەر<br>ئەر<br>ئەر | مەملىكەتلىك قارىغا ئېتىش كوللېكتىپ لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 5.25—6.6 | نىڭبو | 60 پاي ئوقنى مىلتىق بىلەن يېتىپ تۇرۇپ ئېتىش | 1770 ھالقا | 4 |
| تاۋ جۇن | ئەر | مەملىكەتلىك تەنتەربىيە يىغىنى ئاۋىئاتسىيە - ئالەم قاتنىشى مودېلى لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 5.25—6.6 | نىڭبو | S4B | 653 نومۇر | 4 |
| سۇڭ ۋېي | ئەر | مەملىكەتلىك تاشيولدا ۋېلسىپىت چاپتۇرۇش چېمپىيونلۇق تالىشىش مۇسابىقىسى | 6.15—18 | ۋېيخەي | 180 كىلومېتىر | 4:43′ 23″80 | 5 |
| سۇڭ ۋېي<br>جاۋ لىتاۋ<br>جى جيەنخۇا<br>ۋېي خەي<br>ياڭ جيېنفاڭ<br>ياڭ بىڭگو | ئەر<br>ئەر<br>ئەر<br>ئەر<br>ئەر<br>ئەر | مەملىكەتلىك تاشيولدا ۋېلسىپىت چاپتۇرۇش چېمپىيونلۇق تالىشىش مۇسابىقىسى | 6.15—18 | ۋېيخەي | كوللېكتىپ ئومۇمىي نەتىجە | 14:15′ 52″59 | 5 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جى جيەنخۇا | ئەر | مەملىكەتلىك پاشلار تاشيولدا ۋېلسىپىت چاپتۇرۇش چېمپىيونلۇق تالىشىش مۇسابىقىسى | 10.7—11 | ئەنشەن | 30 كىلومېتىردا ۋاقىت ھېسابلاش | 41'26"98 | 5 |
| ئابدۇنەبى سەيدۇللا | ئەر | مەملىكەتلىك پاشلار بوكس لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 6.8—16 | چاڭشا | 63.5 كىلوگراملىقلار بويىچە | | 5 |
| سەي يۇلڭ | ئەر | مەملىكەتلىك پاشلار يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 6.15—17 | دېيالڭ | چويۈن توپ | 13.67 مېتىر | 5 |
| لەن خۇلڭ<br>فۇ لىڭلى | ئايال<br>ئايال | مەملىكەتلىك قۇملۇق ۋالېبولى چېمپىيونلۇق تالىشىش مۇسابىقىسى | 11.24—26 | جەنجياڭ | قۇملۇق ۋالېبولى | 3 قېتىم ئۇتتى 2 قېتىم يېڭىلدى | 5 |
| لەن خۇلڭ<br>فۇ لىڭلى | ئايال<br>ئايال | مەملىكەتلىك قۇملۇق ۋالېبولى لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 11.18—20 | ماۋمىڭ | قۇملۇق ۋالېبولى | 3 قېتىم ئۇتتى 2 قېتىم يېڭىلدى | 5 |
| ئەنۋەر | ئەر | مەملىكەتلىك تاغ يولىدا ۋېلسىپىت چاپتۇرۇش چېمپىيونلۇق تالىشىش مۇسابىقىسى | 6.25—26 | شەندۇڭ | شەخسلەر مۇسابىقىسىدا ئومۇمىي نەتىجە | 1:37'26"15 | 5 |
| ئەنۋەر | ئەر | مەملىكەتلىك تاغ يولىدا ۋېلسىپىت چاپتۇرۇش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 7.1—2 | شەندۇڭ | شەخسلەر مۇسابىقىسى | 2:30'30"36 | 5 |
| جۇن جۇاڭ | ئەر | مەملىكەتلىك ئوقيا ئېتىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 6.1—7 | بېيجىڭ | 70 مېتىر تاق ئايلانما | 326 ھالقا | 5 |
| نۇر جاۋبېك | ئەر | مەملىكەتلىك ئات بەيگىسى لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 10.11 | گۇاڭجۇ | 5000 مېتىر | 6'48"33 | 5 |
| ياڭ فېڭ | ئەر | مەملىكەتلىك تەنتەربىيە يىغىنى ئاۋىئاتسىيە - ئالەم قاتنىشى مودېلى مۇسابىقىسى | 5.25—6.6 | نىڭبو | S4B | 637 نومۇر | 5 |
| دياۋ جاۋيى | ئەر | مەملىكەتلىك يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 10.19—22 | لوخې | ئۈچ ئاتلاپ يىراققا سەكرەش | 15.87 مېتىر | 5 |
| ئەكبەر | ئەر | مەملىكەتلىك دالىدا موتسىكلىت چاپتۇرۇش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 12.23—26 | شېنجېن | 250CC ئومۇمىي نەتىجە | 51 نومۇر | 6 |
| زايىر | ئەر | مەملىكەتلىك دالىدا موتسىكلىت چاپتۇرۇش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 12.23—26 | شېنجېن | 80CC ئومۇمىي نەتىجە | 58 نومۇر | 6 |
| جيا يۇلڭ | ئەر | مەملىكەتلىك پاشلار يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 6.15—17 | دېيالڭ | دېسكا | 42.57 مېتىر | 6 |
| جۇن جۇاڭ | ئەر | مەملىكەتلىك ئوقيا ئېتىش ئولىمپىك تۈرلىرى بويىچە لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 9.18—26 | شەندۇڭ | شەخسلەر بويىچە رەتكە تۈرغۇزۇلغاندا | | 6 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تۆرلان | ئەر | مەملىكەتلىك ئات بەيگىسى لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 10.11 | گۇاڭجۇ | 5000 مېتىر | 6′50″68 | 6 |
| شېڭ گۈيرۇڭ | ئايال | مەملىكەتلىك ياشلار يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 6.15—17 | دېيالڭ | 800 مېتىر | 2′28″41 | 7 |
| لى ۋېنجيې | ئەر | مەملىكەتلىك قارىغا ئېتىش كوللېكتىپ لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 5.22 | كۈنمىڭ | 60 پاي ئوقنى يەتىپ تۇرۇپ ئېتىش | 696.1 خالقا | 7 |
| لى ۋېنكۈي | ئەر | مەملىكەتلىك يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 10.19—22 | لوخې | چويۈن توپ | 17.67 مېتىر | 7 |
| ۋاڭ جيەن | ئەر | مەملىكەتلىك يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 10.19—22 | لوخې | ئۈچ ئاتلاپ يىراققا سەكرەش | 15.84 مېتىر | 7 |
| ۋاڭ شىنفېي | ئەر | مەملىكەتلىك ياشلار يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 6.15—17 | دېيالڭ | ئۈچ ئاتلاپ يىراققا سەكرەش | 13.92 مېتىر | 8 |
| مەمەت ئاخۇن | ئەر | مەملىكەتلىك ياشلار ئەركىن چېلىشىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 7.16—19 | چېڭدۇ | 85 كىلوگراملىقلار | | 8 |
| شىرزات | ئەر | مەملىكەتلىك قارىغا ئېتىش كوللېكتىپ لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 2.22 | جېڭجۇ | تاپانچا بىلەن 60 پاي ئوق ئېتىش | 1729 خالقا | 8 |
| تيەن جۈگۈېي | ئەر | | | | | | |
| ۋاڭ چاۋ | ئەر | | | | | | |
| جۇن جۇاڭ | ئەر | مەملىكەتلىك ئوقيا ئېتىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 6.1—7 | بېيجىڭ | 50 مېتىر يەككە ئايلانما | 327 خالقا | 8 |
| لى ۋېنكۈي | ئەر | مەملىكەتلىك زال ئىچى يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى | 2.22—23 | بېيجىڭ | چويۈن توپ | 16.53 مېتىر | 8 |
| لى جىنگو | ئەر | مەملىكەتلىك مەيداندا ۋېلسىپېت چاپتۇرۇش چېمپىيونلۇق تالىشىش مۇسابىقىسى | 6.15 | 4 بېكەت | ئومۇمىي يىغىندا نومۇر | 124 نومۇر | 8 |

## ئۈرۈمچى نەنمېن تەنتەربىيە مەيدانى

ماتېرىيال

ئۈرۈمچى نەنمېن تەنتەربىيە مەيدانى تەنتەربىيە مەيدانى، تەنتەربىيە سارىيى، تەنتەربىيە ئۇنىۋېرسال مەشق سارىيىدىن تەركىب تاپقان. ئۇ 1959 - يىلى قۇرۇلغان، كۆلىمى 39 مىڭ 130 كۋادرات مېتىر، خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق. تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ مەركىزىدە چىملىق پۇتبول مەيدانى بولۇپ، ئۇنى ئايلاندۇرۇپ كۆلىمى 8909 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 400 مېتىرلىق يېنىك ئاتلېتىكا يۈگۈرۈش يولىدىن 6 سى بار ئىدى؛ ئەتراپىتىكى كۆرۈش سۇپىسىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 5227 كۋادرات مېتىر بولۇپ، تاماشىبىن ئورنىدىن 30 مىڭى بار ئىدى؛ كۆرۈش سۇپىسىنىڭ ئاستىدا 7375 كۋادرات مېتىر كۆلەمدە ئۆي بار ئىدى. 1995 - يىلى رەڭلىك سەھنىسىنى ئۆزگەرتىشكە، يۈگۈرۈش يولىغا پلاستماسسىلىق مۇلياۋ ياتقۇزۇشقا دۆلەت 6 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان. ئۇ شىنجاڭ بويىچە تۇنجى چوڭ تەنتەربىيە پائالىيەت مەيدانى ئىدى. شىنجاڭنىڭ 2 -، 3 -، 9 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، 3 - نۆۋەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈلگەن. مەملىكەتلىك 3 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىمۇ

1986 - يىلى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈلگەن؛ ئاپتونوم رايون بويىچە چوڭ مەدەنىيەت - تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىمۇ مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈلگەن؛ 40 نەچچە يىلدىن بېرى بۇ جاي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ تەنتەربىيە - مەدەنىيەت پائالىيەت مەركىزى بولۇپ كەلگەن.

تەنتەربىيە سارىيى تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، 1964 - يىلى سېلىنغان، كۆلىمى 11 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر، خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق، ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ تورۇسى 36 مېتىرلىق قوش گىرەلەشمە ئەگمە جازا، ئۈگزىسى 6 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى چوڭ تىپتىكى تورۇس قىسىش تاختىسى بىلەن يېپىلغان. تەنتەربىيە سارىيى مۇسابىقە مەيدانى، مەشىق ئۆيى، كۆرۈرمەنلەر دەم ئېلىش زالىغا ئايرىلغان. مۇسابىقە مەيدانىنىڭ كۆلىمى 32 مېتىر×22 مېتىر، تاماشىبىن ئورنى 2752، قۇرۇلۇش كۆلىمى 780 كۋادرات مېتىر؛ مەشىق ئۆيىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 640 كۋادرات مېتىر، كۆرۈرمەنلەر دەم ئېلىش زالىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 971 كۋادرات مېتىر. بۇ شىنجاڭ بويىچە تۇنجى چوڭ تەنتەربىيە سارىيى بولۇپ، 1986 - يىلدىكى مەملىكەتلىك 3 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ نۇرغۇن تۈرلىرى ۋە ئويۇنلىرى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈلگەن؛ 1987 - يىلى ئامېرىكا چولپانلار كەسپىي ۋاسكېتبول كوماندىسى شىنجاڭغا كېلىپ بۇ سارايدا ماھارەت كۆرسەتكەن؛ مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ۋاسكېتبول، ۋالېبول، تىكتاك توپ، چېلىشىش، بوكسيورلۇق مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلگەن ۋە خىلمۇخىل مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئويۇنلىرى قويۇلغان.

تەنتەربىيە مەشىق سارىيى تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، 1982 - يىلى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن، قۇرۇلۇش كۆلىمى 8400 كۋادرات مېتىر. بۇ مەشىق سارىيى يېنىك ئاتلېتىكا سارىيى، بوكسيورلۇق سارىيى، ۋاسكېتبول سارىيى، ۋالېبول سارىيى، گىمناستىكا سارىيىدىن تەركىب تاپقان. يېنىك ئاتلېتىكا سارىيىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 108.4 مېتىر، كەڭلىكى 38 مېتىر بولۇپ ئەتراپىغا پلاستماسسىلىق سۇلياۋ يۈگۈرۈش يولى ياتقۇزۇلغان، يۈگۈرۈش يولىنىڭ مەركىزىگە خىلمۇخىل يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقە مەيدانى تەسىس قىلىنغان، قۇرۇلۇش كۆلىمى 5000 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق؛ بوكسيورلۇق سارىيىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 853 كۋادرات مېتىر، ئۇنىڭ ئىچىدە 2 بوكسيورلۇق سۇپىسى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، 10 نەچچە قۇم خالتىسى ۋە خىلمۇخىل مەشىق سايمانلىرى بار ئىدى؛ ۋاسكېتبول سارىيى بىلەن ۋالېبول سارىيىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى ئوخشاشلا 30 مېتىر×22 مېتىر بولۇپ، ئۆلچەملىك ۋاسكېتبول ۋە ۋالېبول مەيدانىدىن بىردىن بار ئىدى. گىمناستىكا سارىيىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 36 مېتىر، كەڭلىكى 22 مېتىر بولۇپ، تۈرلۈك گىمناستىكا سايمانلىرى بار ئۆلچەملىك گىمناستىكا مەشىق مەيدانى ئىدى. تەنتەربىيە مەشىق سارىيى ئاپتونوم رايوندىكى مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەت كوماندىلىرى ۋە تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ كەسپىي مەشىق مەيدانى ئىدى. بۇ سارايدا 1991 - يىلدىن 1995 - يىلغىچە يىلدا بىر نۆۋەت ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۈرۈمچى خەلقئارا زال ئىچى يېنىك ئاتلېتىكا دوستلۇق مۇسابىقىسى، ئاپتونوم رايونلۇق تۈرلۈك يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلگەن.

يۈ جىنخۇا

## ئاپتونوم رايونلۇق مۇسابىقىلەرنىڭ ئۆتكۈزۈلۈش ئەھۋالى

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە كومىتېتى 11 تۈر بويىچە رەسمىي مۇسابىقە ئۆتكۈزدى، جەمئىي 1700 دىن ئارتۇق تەنھەرىكەتچى، 330 دىن ئارتۇق رېپىر مۇسابىقىگە قاتناشتى، 2 تەنھەرىكەتچى 2 تۈردە ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆسمۈرلەر رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. 1 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى ئالتاي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى، 21 كوماندىدىن (8 ئەنئەنىۋى تۈر مەكتىپىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 150 تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى. 7 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئوقيا ئېتىش مۇسابىقىسى خوشئۆت ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلدى، 9 ئورۇندىن 53 تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى؛ ئاپتونوم رايونلۇق «قار لەيلىسى تېغى گولوف لوڭقىسى» ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى، 12 كوماندىنىڭ 12 ئەرلەر كوماندىسى، 6 ئاياللار كوماندىسىدىن 214 تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى؛ ئاپتونوم رايونلۇق ياش، ئۆسمۈرلەر بوكس مۇسابىقىسى قىزىلسۇ ئوبلاستىدا ئۆتكۈزۈلدى، 11 كوماندىدىن 124 تەنھەرىكەتچى قاتناشتى؛ ئاپتونوم رايونلۇق «كۇچا مېھمانخانىسى لوڭقىسى» ۋالېبول مۇسابىقىسى كۇچا ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلدى، 6 ئورۇننىڭ 5 ئەرلەر كوماندىسى، 4 ئاياللار كوماندىسىدىن 107 تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى؛ ش ئۇ ئا ر ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ تىكتاك توپ مۇسابىقىسى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى، ئىشتىن سىرتقى 45 تەنتەربىيە مەكتىپىنىڭ 150 تەنھەرىكەتچىسى مۇسابىقىگە قاتناشتى. 8 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئۆسمۈرلەر رۇداۋچە چېلىشىش مۇسابىقىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، 8 كوماندىدىن 119 تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى؛ ش ئۇ ئا ر ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى كۈيتۇڭ

شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى، 14 مەكتەپنىڭ 371 تەنھەرىكەتچىسى مۇسابىقىگە قاتناشتى، 2 ئادەم 2 قېتىم 2 تۈردە ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆسمۈرلەر رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، 12 كوماندىدىن 87 تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى؛ ئاپتونوم رايونلۇق «جىنجياڭ نېفىت خىمىيە سانائىتى لوڭقىسى» خەلقئاراچە چېلىشىش مۇسابىقىسى كۇچا ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلدى، 15 ئورۇندىن 220 دىن ئارتۇق تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى. 9 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق «جۇڭگو كۆچمە ئالاقە لوڭقىسى» تەيچۈەنداۋ كومپىسى مۇسابىقىسى شىخەنزە شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى، 14 كوماندىدىن 164 تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى.

يۈ جىنخۇا

## «كەسپىنى گۈللەندۈرۈش ئېلانى لوڭقىسى» مەملىكەتلىك بوكس چېمپىيونلۇق تالىشىش مۇسابىقىسى

بۇ مۇسابىقە دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك «كەسپىنى گۈللەندۈرۈش ئېلان چەكلىك شىركىتىنىڭ مەسئۇللۇقىدا 2000 - يىل 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى تەڭرىتاغ تەنتەربىيە سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى. بىر قىسىم ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون، كەسپىي تەنتەربىيە جەمئىيەتلىرى ۋە تەنتەربىيە ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ 35 كوماندىسىدىن 111 تەنھەرىكەتچى 12 خىل دەرىجە ئايرىمىسى بويىچە مۇسابىقىگە قاتناشتى. ئۇلار — 2000 - يىللىق مەملىكەتلىك بوكس لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى، مەملىكەتلىك ياشلار بوكس لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىلىرىدا ئالدىنقى 5 - لىككىچە (27 - نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتناشقان تەنھەرىكەتچىلەرمۇ بار) ئېرىشكەن تەنھەرىكەتچىلەر. 5 كۈن مۇسابىقىلىشىش ئارقىلىق خې تيەنشياڭ (شەنشى) 48
كىلوگراملىقلار بويىچە، ليۇ يۈەن (گۇاڭدۇڭ) 51
كىلوگراملىقلار بويىچە، شيۇڭ جاۋزۇڭ (يۈننەن) 54
كىلوگراملىقلار بويىچە، ۋۇ شياۋسۇڭ (شەنشى) 57
كىلوگراملىقلار بويىچە، ئەكرەم (شىنجاڭ) 60
كىلوگراملىقلار بويىچە، ئالمۇس (ئىچكى موڭغۇل) 63.5
كىلوگراملىقلار بويىچە، چى ۋېنسۇڭ (گۇاڭدۇڭ) 67
كىلوگراملىقلار بويىچە، جاڭ جېن (شاڭخەي) 71
كىلوگراملىقلار بويىچە، لى گوجۈن (ئىچكى موڭغۇل) 75
كىلوگراملىقلار بويىچە، نارىسۇ (گۇاڭدۇڭ) 81
كىلوگراملىقلار بويىچە، جياڭ تاۋ (ئەنخۇي) 91
كىلوگراملىقلار بويىچە، ئابدۇشۈكۈر (شىنجاڭ) 91 +
كىلوگراملىقلار بويىچە چېمپىيون بولدى. شىنجاڭ، سىچۈەن، گۇاڭدۇڭ، ئىچكى موڭغۇل كوماندىلىرى «تەنتەربىيە ئەخلاق - پەزىلىتى» مۇكاپاتىغا، 27 تەنھەرىكەتچى ۋە 3 رېپېر «تەنتەربىيە ئەخلاق - پەزىلىتى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

جېڭ خۇا

## «خۇيفېڭ لوڭقىسى» مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مەكتەپلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى ۋە مەملىكەتلىك «يېنىك ئاتلېتىكا ماكانى» ئۆسمۈرلەر يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى

بۇ مۇسابىقىنى دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى يېنىك ئاتلېتىكا باشقۇرۇش مەركىزى، ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى باش بولۇپ، كۈيتۇڭ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەسئۇل بولۇپ، 2000 - يىل 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە شىنجاڭ كۈيتۇڭ تەنتەربىيە مەركىزىدە ئۆتكۈزدى. خۇبېي، جېجياڭ، شەنشى، لياۋنىڭ، فۇجيەن، جياڭسۇ، شاڭخەي، سىچۈەن، گۇاڭدۇڭ، شىنجاڭ، جىلىن، چۇڭچىڭ، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى، خېبېي، يۈننەن، گەنسۇ قاتارلىق ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلاردىكى 28 تەنھەرىكەت مەكتەپلىرىنىڭ كوماندىسىدىن 310 تەنھەرىكەتچى مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مەكتەپلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. مۇسابىقىدە ئەرلەر تۈرىدىن 20 سى، ئاياللار تۈرىدىن 19 ى تەسىس قىلىنغان. شىنجاڭ ماھارەت تەنتەربىيە مەكتىپى كوللېكتىپ 1 -، جىلىن كوماندىسى كوللېكتىپ 2 -، سىچۈەن كوماندىسى كوللېكتىپ 3 - بولدى، نۇرمۇھەممەت تۇراق (قەشقەر تەنتەربىيە مەكتىپىدىن) 67.09 مېتىرلىق نەتىجە بىلەن مەملىكەتلىك دىسكا ئېتىش رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. 4 كوماندا، 29 تەنھەرىكەتچى، 11 رېپېر «تەنتەربىيە ئەخلاق - پەزىلىتى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. مەملىكەتنىڭ 22 «يېنىك ئاتلېتىكا ماكانى» دىن كەلگەن كوماندىنىڭ 186 تەنھەرىكەتچىسى مەملىكەتلىك «يېنىك ئاتلېتىكا ماكانى» ئۆسمۈرلەر يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىغا قاتناشتى. مۇسابىقىدە 6 ئاساسلىق تۈر، 2 قوشۇمچە تۈر تەسىس قىلىندى. چۇڭچىڭ شەھىرى ئاياللار كوماندىسى كوللېكتىپ 1 -، شىنجاڭ كۈيتۇڭ شەھىرى ئاياللار كوماندىسى كوللېكتىپ 2 -، گەنسۇ ئۆلكىسى تۇڭۋېي ناھىيىسى، شاڭخەي شەھىرى پۇدۇڭ يېڭى رايونى 3 - بولدى؛ فۇجيەن ئۆلكىسى پۇتيەن ناھىيىسى، چۇڭچىڭ شەھىرى، شىنجاڭ كۈيتۇڭ شەھىرى ئەرلەر كوماندىسى كوللېكتىپ بويىچە ئالدىنقى 3 -

لىككىچە ئېرىشتى. 2 كوماندا، 26 تەنھەرىكەتچى، 11 رېپېر «تەنتەربىيە ئەخلاق - پەزىلىتى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

خۇ خۇا

## ئۆسمۈرلەرنىڭ ياش ئايرىما گۇرۇپپىلىرى بويىچە مەملىكەتلىك سۇ ئۈزۈش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى

بۇ مۇسابىقىنى دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى سۇ ئۈزۈش ھەرىكىتىنى باشقۇرۇش مەركىزى باش بولۇپ، ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى، جۇڭگو نېفىت ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە باش زاۋۇتى مەسئۇل بولۇپ، 2000 - يىل 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى نېفىت - خىمىيە باش زاۋۇتىنىڭ سۇ ئۈزۈش مەشىق مەركىزىدە ئۆتكۈزدى. مۇسابىقە 12 ياشلىقلار، 13 — 14 ياشلىقلار، 15 — 17 ياشلىقلاردىن ئىبارەت 3 گۇرۇپپىغا ئايرىلىپ، 23 تۈر بويىچە ئۆتكۈزۈلدى. گۇاڭدۇڭ، شەنشى، بېيجىڭ، جياڭشى، يۈننەن، سەنشى، تيەنجىن، خۇبېي، جېجياڭ، ئىچكى موڭغۇل، خۇنەن، خېنەن، ئەنخۇي، فۇجيەن، ۋۇ خەن، لەنجۇ، چېڭدۇ، تيەنجىن 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، تيەنجىن خەيخې، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى، ئۈرۈمچى قاتارلىق 21 كوماندىدىن 191 تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى. جېجياڭ، تيەنجىن، شەنشى ئەرلەر كوماندىسى كوللېكتىپ بويىچە ئالدىنقى 3 - لىككىچە؛ بېيجىڭ، جېجياڭ، يۈننەن ئاياللار كوماندىسى كوللېكتىپ بويىچە ئالدىنقى 3 - لىككىچە ئېرىشتى. 8 ئادەم 11 تۈردە مەملىكەتلىك ئۆسمۈرلەر رېكورتىنى 12 قېتىم بۇزۇپ تاشلىدى.

خۇ خۇا

## «ئالتۇن ساھىل لوڭقىسى» مەملىكەتلىك ئاياللار قۇملۇق ۋالىبولى سەييارە مۇسابىقىسى

بۇ مۇسابىقىنى دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى ۋالىبول ھەرىكىتىنى باشقۇرۇش مەركىزى باش بولۇپ، ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق تەنتەربىيە كومىتېتى، خوشۇت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەسئۇل بولۇپ، 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە ۋە 18 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە سەييارە مۇسابىقىنىڭ 4 -، 5 - بېكىتى بولغان خوشۇت ناھىيىسىنىڭ ئالتۇن ساھىل ساياھەت ئارامگاھ رايونىدا ئۆتكۈزدى. «1 - ئاۋغۇست» كوماندىسى، سەنشى، گۇاڭدۇڭ، جياڭسۇ، تيەنجىن، شەندۇڭ، فۇجيەن، شاڭخەي، شىنجاڭ قاتارلىق ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىن 19 كوماندا، 38 تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى. 4 - بېكەتتىكى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىدا لەن خۇاڭ، فۇ لىڭلىدىن تەشكىللەنگەن شىنجاڭ 1 - كوماندىسى جياڭسۇ 2 - كوماندىسىنى يېڭىپ چېمپىيون بولدى، جياڭسۇ 2 - كوماندىسى 2 - بولدى، 5 - بېكەتتىكى مۇسابىقىدە جياڭسۇ 1 - كوماندىسى چېمپىيون بولدى، جياڭسۇ 2 - كوماندىسى 2 - بولدى، شىنجاڭ 1 - كوماندىسى 3 - بولدى.

جاڭ خۇا

## ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 76 ئەتئەنئۋى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىدە دائىملىق مەشىققە قاتنىشىۋاتقان ئوقۇغۇچى 2665 كە يەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق تېز مۇز تېيىلىش تۈرى بويىچە ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە مەكتەپلىرى مۇسابىقىسىغا 4 ۋىلايەتتىن 8 مەكتەپ، 82 ئوقۇغۇچى قاتناشتى.

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى 6 تەنتەربىيە مەكتىپىگە 1802 ئادەم ئىمتىھان بەردى، مىللىيلار %70 نى ئىگىلەيدۇ، 860 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 4 - كۈنىگىچە باۋدىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ياشلار، ئۆسمۈرلەر يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە قەشقەر تەنتەربىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى نۇرمۇھەممەت 62.34 مېتىرلىق نەتىجە بىلەن ئوغۇللارنىڭ دېسكا ئېتىش تۈرىدە 2 - بولدى. 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە كۇيتۇڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك تەنتەربىيە مەكتەپلىرى يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە، شىنجاڭ ماھارەت تەنتەربىيە مەكتىپى كوللېكتىپ نومۇردا 1 - بولدى؛ قەشقەر تەنتەربىيە مەكتىپىدىن نۇرمۇھەممەت 67.09 مېتىرلىق نەتىجە بىلەن ئوغۇللارنىڭ دېسكا ئېتىش تۈرىدە مەملىكەتلىك ئۆسمۈرلەر رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆسمۈر تەنھەرىكەتچىلىرى 4 تۈردە 1 -، 6 تۈردە 2 -، 5 تۈردە 3 - بولدى. 210 ترېنېر تەربىيىلەندى، بۇ ئاپتونوم رايون بويىچە ترېنېرلارنىڭ %58 ىنى ئىگىلەيدۇ؛ 7 تۈردىن 40 ترېنېر دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ترېنېرلارنى ئىش ئورنى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتناشتى ھەم لاياقەتنامە ئالدى.

فۇ جيەنپىڭ

## زاپاس ئىختىساس ئىگىلىرىنى يىغىپ تەربىيىلەش

فۇكاڭ شەھىرىنىڭ بوغدا كۆلىدە 2000 - يىل 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە شىنجاڭ بويىچە تېز مۇز تېيىلىشتا ئاخىرقى قارارلىق يىغىپ

تەربىيىلەش ئېلىپ بېرىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى تەنتەربىيە مەكتەپلىرى، كەسپىي تەنتەربىيە مەكتەپلىرى، ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ تېز مۇز تېيىلىش تەنھەرىكەتچىلىرى، ترېنېرلاردىن 80 ئادەم يىغىپ تەربىيىلەندى، چېلىشىش - رۇداۋچە چېلىشىشنى باشقۇرۇش مەركىزىدە 120 ئادەم 9 - ئاينىڭ 3- كۈنىدىن 10- ئاينىڭ 13 - كۈنىگىچە چېلىشىش - رۇداۋچە چېلىشىش بويىچە يىغىپ تەربىيىلەنگەندىن كېيىن، 60 تەنھەرىكەتچى تاللىۋېلىندى، 2 قېتىملىق يىغىپ تەربىيىلەش، تاللاش ئارقىلىق مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىدىغان كوماندا تەشكىللەندى. بۇ 2 قېتىملىق يىغىپ تەربىيىلەش شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن كۆلىمى ئەڭ زور، قاتناشقان ئادەم ئەڭ كۆپ بولغان يەككە تۈر بويىچە تەربىيىلەش ھېسابلىنىدۇ.

فۇ جيەنپىڭ

### تۇنجى تۈركۈمدىكى ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەنتەربىيە كۇلۇبلىرى

2000 - يىلى شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەنتەربىيە كۇلۇبلىرىنىڭ سىناق نۇقتىسى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. تۇنجى تۈركۈمدىكى ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەنتەربىيە كۇلۇبلىرىدىن 17 سى بار، ئۇلار: بايىنغولىن ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەنتەربىيە كۇلۇبى، غۇلجا ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەنتەربىيە كۇلۇبى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەنتەربىيە كۇلۇبى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئۇنىۋېرسال تەنتەربىيە كۇلۇبى، چۆچەك ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەنتەربىيە كۇلۇبى، سانجى ئوبلاستلىق «ئۈمىد يۇلتۇزى» ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەنتەربىيە كۇلۇبى، كۈيتۇڭ شەھەرلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەنتەربىيە كۇلۇبى، تۇرپان ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەنتەربىيە كۇلۇبى، شىخەنزە ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەنتەربىيە كۇلۇبى، قەشقەر تەنتەربىيە سارىيى ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەنتەربىيە كۇلۇبى، شىنجاڭ (خاۋسىن) ئاۋىئاتسىيە ماشىنىلىرى مودېلى ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەنتەربىيە كۇلۇبى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك قىزىلتاغ سۇ ئۈزۈش سارىيى ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەنتەربىيە كۇلۇبى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەنتەربىيە سارىيى ياشلار - ئۆسمۈرلەر ۋاسكېتبول تەنتەربىيىسى كۇلۇبى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەنتەربىيە كۇلۇبى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك چامباشچىلىق جەمئىيىتى ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەنتەربىيە كۇلۇبى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر تېكتاك توپ تەنتەربىيىسى كۇلۇبى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەنتەربىيە كۇلۇبى. يىل ئاخىرىدا ھەممىسىگە ۋىۋىسكا ئېسىلىپ، شۇ جايدىكى ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ دەرستىن سىرتقى پائالىيەت سورۇنىغا ئايلاندى.

فۇ جيەنپىڭ

## ئاممىۋى تەنتەربىيە

### ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقى

2000 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى، قەشقەر ۋىلايىتى، ئالتاي ۋىلايىتىدە يۇقىرىلارنىڭ تەن ساپاسىنى كۆزىتىش - ئۆلچەش خىزمىتى يولغا قويۇلدى. 10 مىڭغا يېقىن ئادەم كۆزىتىلدى. ئۈرۈمچى شەھىرى شىمىگو رايونى يېڭەنكۆل يولى قاتارلىق 18 مەھەللە ۋە يېزا، بازاردا شىنجاڭ ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقى قۇرۇلۇش نۇقتىسى قۇرۇلدى، 3 - تۈركۈمدىكى يېڭىچە ساغلاملىق يولى كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشتى. شىنجاڭدىكى 5 ناھىيىگە مەملىكەت بويىچە تەنتەربىيىدە ئىلغار ناھىيە دەپ نام بېرىلدى. 2000 - يىلى 71 ئادەم چامباشچىلىق، گىمناستىكا تۈرلىرىدە دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك ئىجتىمائىي تەنتەربىيە يېتەكچىسى دېگەن نامغا ئېرىشتى. شىنجاڭ بويىچە چامباشچىلىق لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈپ، 10 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىن 96 تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى. 366 ئادەم سىناقتىن ئۆتۈپ، چامباشچىلىق دەرىجىسىگە ئېرىشتى؛ يېڭىدىن تۈزۈلگەن تەيجىچۈەن گۈمپىسى بويىچە تۇنجى قارارلىق كۇرس ئېچىلىپ، 300 ئادەم يېڭى تەيجىچۈەن گۈمپىسىنى ئۆگەندى.

ما شىپىڭ

### مەھەللە تەنتەربىيىسى

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايون بويىچە مەھەللە تەنتەربىيىسى يېتەكچىسى 2888 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىكى 49، 1 - دەرىجىلىكى 463. 2000 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونى شىمالىي ئازادلىق يولى مەھەللە ئىش باشقارمىسى، يېڭىشەھەر رايونى ئەرگۈڭ مەھەللە ئىش باشقارمىسى دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە شەھەر تەنتەربىيىسىدىكى ئىلغار مەھەللە» دەپ نام بېرىلدى ھەم تەقدىرلەندى.

خەي يەن

### مەكتەپ تەنتەربىيىسى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى 4827 مەكتەپتە «مەملىكەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى» يولغا قويۇلدى، بۇ شىنجاڭ بويىچە مەكتەپ ئومۇمىي

سانىنىڭ 73% نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 17، ئوتتۇرا تېخنىكوم 85، ئوتتۇرا مەكتەپ 2159، باشلانغۇچ مەكتەپ 2566. 2 مىليون 433 مىڭ 358 ئادەم چېنىقىشقا قاتنىشىپ، 1 مىليون 987 مىڭ 409 ئوقۇغۇچى لاياقەتلىكتىن يۇقىرى ئۆلچەمگە، 80 مىڭ 395 ئوقۇغۇچى ياخشىدىن يۇقىرى ئۆلچەمگە يەتتى.

جاۋ كۈن

## ياشانغانلار تەنتەربىيىسى

2000 - يىلى شىنجاڭ ياشانغانلار تەنتەربىيىسى جەمئىيىتى ۋاراتا توپ، رەڭدار ساقا، چويلا توپ، تىكتاك توپ، بىليارد، ساغلاملىق توپى ۋە ساغلاملىق گىمناستىكىسى قاتارلىق 7 تۈر (قېتىم) بويىچە مۇسابىقە ئۆتكۈزدى، 2000 دىن ئارتۇق ئادەم مۇسابىقىگە قاتناشتى. 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە كوماندا تەشكىللەپ، شىئەندە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ۋاراتا توپ لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى ۋە مەملىكەتلىك تەنتەربىيە يىغىنى ۋاراتا توپ تاللاش مۇسابىقىسىغا قاتناشتۇردى، شىنجاڭ كوماندىسى مۇسابىقىگە قاتناشقان 36 كوماندا ئىچىدە 4 - بولدى؛ 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە نىڭبودا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك تەنتەربىيە يىغىنىدا شىنجاڭ كوماندىسى تەنتەربىيە ئەخلاق - پەزىلەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە چۇڭچىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن غەربىي رايون بويىچە ياشانغانلار چويلا توپ مۇسابىقىسىدە شىنجاڭ كوماندىسى 2 تۈردە 5 -، بىر تۈردە 6 - بولدى؛ ياشانغانلار تەنتەربىيىسى جەمئىيىتى 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە بايىنغولىن ئوبلاستى، كورلا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىشىپ، 18 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون ۋە جۇڭگو نېفىت خىمىيە سانائىتى قاتارلىق 5 چوڭ كەسپىي تەنتەربىيە جەمئىيىتىنىڭ 42 كوماندىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، 300 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشقان مەملىكەتلىك ياشانغانلار رەڭدار ساقا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، شىنجاڭ ئاياللار كوماندىسى 7 - بولدى؛ 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە كۈنمىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئوتتۇرا ياشلىقلار - ياشانغانلار ساغلاملىق توپى ساغلاملىق گىمناستىكىسى مۇسابىقىسىدە، شىنجاڭ كوماندىسى 2 تۈردە ئەلا مۇكاپاتقا، 3 تۈردە مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلگەن «ئاسىيا لوڭقىسى» 3 - نۆۋەتلىك ئاسىيا ۋاراتا توپ لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىگە دۆلەت ئىچى، سىرتىدىن 143 كوماندا قاتناشتى، شىنجاڭ كوماندىسى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىدە 9 - بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك ساغلام ياشانغانلارنى تاللاش پائالىيىتىدە، 80 ياشتىن يۇقىرى ساغلام ياشانغانلاردىن 51 ى تاللاندى، بۇنىڭ ئىچىدە گاۋ مىڭ، خۇ زىجۇ، بەي زېيىڭ، زۇڭ زىي، ليۇ گوجى، لى چۈەنشيۇ، شەن جۇڭلىن، خالىق قادىر، مياۋ گۇاڭفا قاتارلىق 9 ئادەم 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەت بويىچە ساغلام ياشانغان كىشى بولۇپ باھالاندى. 101 ياشلىق قازاق بوۋاي سادىق كەمىر ھالقىغان ساغلام بوۋاي بولۇپ باھالاندى.

لى گۇاڭخۇي

## تەنتەربىيە باش ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمىتى

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە باش ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈشى، خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، شىنجاڭ تەنتەربىيە ئۇسسۇل جەمئىيىتى قۇرۇلدى. 12 - ئايغا قەدەر ئاپتونوم رايوندا يەككە تۈر تەنھەرىكەت جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىپ 35 كە يەتتى. 12 ئادەم ساغلاملىق - گۈزەللىك گىمناستىكىسى بويىچە دۆلەت دەرىجىلىك ئىجتىمائىي تەنتەربىيە يېتەكچىسى گۇۋاھنامىسىگە، 27 ئادەم 1 - دەرىجىلىك ئىجتىمائىي تەنتەربىيە يېتەكچىسى گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى. ش ئۇ ئا ر يەككە تۈر تەنھەرىكەت جەمئىيىتى 8 قېتىم خەلقئارالىق مۇسابىقىگە، 45 قېتىم مەملىكەتلىك مۇسابىقىگە قاتنىشىپ 50 ئالتۇن مېدال، 83 كۈمۈش مېدال، 117 مىس مېدال ئالدى؛ 10 قېتىم ئاپتونوم رايونلۇق مۇسابىقە ئۆتكۈزدى.

يىڭ خېپىڭ

## 2000 - يىللىق مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىش ئەھۋالى

مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 2000 - يىل 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ نىڭبو شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ — جۇڭگودا تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى تۈرلىرىگە كىرمەيدىغان تۈرلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، مۇسابىقىدا 16 تۈر تەسىس قىلىندى. شىنجاڭ كوماندىسىنىڭ 51 تەنھەرىكەتچىسى ساغلاملىق - گۈزەللىك گىمناستىكىسى، پلانېر ئۇچۇرۇش، بىليارد، تەنتەربىيە ئۇسسۇلى، دومىلىما توپ، ۋاراتا توپ ۋە خەلقئاراچە شاھمات مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىپ، 6 ئالتۇن مېدال، 2 كۈمۈش مېدال، 3 مىس مېدال ئالدى. مەملىكەت بويىچە 44 كوماندا ئىچىدە 8 - بولدى. ۋاڭ شۇفېڭ ئەرلەرنىڭ ساغلاملىق - گۈزەللىك گىمناستىكىسى تۈرىدە 85 كىلوگراملىقلار بويىچە 1 -، ساۋ شىنلى ئاياللارنىڭ ساغلاملىق - گۈزەللىك گىمناستىكىسى تۈرىدە 52 كىلوگراملىقلار بويىچە 1 -، تۇڭ دي «FIA» تىپلىق پلانېر ئۇچۇرۇش تۈرىدە يەككىلەر بويىچە 1 -، تۇڭ

دې، خې خەيجياڭ، ۋېن لىجياڭ «FIA» تىپلىق پلانېر ئۇچۇرۇش تۈرىدە ئۇنىۋېرسال كوللېكتىپ بويىچە 1 - ، خەن شىنپىڭ «F2B» تىپلىق پلانېر ئۇچۇرۇش تۈرىدە يەككىلەر بويىچە 1 - ، خەن شىنپىڭ، شيا شياۋچياڭ «F2B» تىپلىق پلانېر ئۇچۇرۇش تۈرىدە ئۇنىۋېرسال كوللېكتىپ بويىچە 1 - بولدى؛ قاسىم، ئابلاجان، ئوۋياڭ بەيخې (ئايال) سىنوك بىلىيارد كوللېكتىپ مۇسابىقىسىدە 2 - ؛ شيا شياۋچياڭ «F2D» تىپلىق پلانېر ئۇچۇرۇش تۈرىدە 2 - ؛ ياڭ فېڭ «FIB» تىپلىق پلانېر ئۇچۇرۇش تۈرىدە 3 - ؛ ۋېن لىجياڭ «FIC» تىپلىق پلانېر ئۇچۇرۇش تۈرىدە 3 - ؛ ۋاڭ شىنخۇا، ياڭ فېڭ، دېڭ لىبې ئالەم قاتنىشى مودېلى تۈرىدە ئۇنىۋېرسال كوللېكتىپ بويىچە 3 - ؛ نى چياڭ ساغلاملىق - گۈزەللىك گىمناستىكىسى تۈرىدە 70 كىلوگراملىقلار بويىچە 4 - ؛ تاۋ جۈن «S4B» تىپلىق ئالەم قاتنىشى مودېلى تۈرىدە 4 - ؛ نى ۋېيدۇڭ ساغلاملىق - گۈزەللىك گىمناستىكىسى تۈرىدە 80 كىلوگراملىقلار بويىچە 5 - ؛ ياڭ فېڭ «S4B» تىپلىق ئالەم قاتنىشى مودېلى تۈرىدە 5 - بولدى. 3 كوماندا (ۋاراتا توپ كوماندىسى، پلانېر ئۇچۇرۇش كوماندىسى، بىليارد كوماندىسى)، 4 تەنھەرىكەتچى (ۋاڭ شۇفېڭ، قاسىم، تيەن بى، ۋېن لىجياڭ)، تەنتەربىيە ئەخلاق - پەزىلەتتە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ساۋ شىنلى، خەن شىنپىڭ، توگدې، ۋېن لىجياڭ، ياڭ فېڭ دۆلەت يىغىپ تەربىيىلەش كوماندىسىغا كىردى.

خۇ خۇا

## مەملىكەتلىك 5 - نۆۋەتلىك مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىش ئەھۋالى

مەملىكەتلىك 5 - نۆۋەتلىك مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 2000 - يىل 5 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلدى. ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، مانجۇ مىللەتلىرىدىن تەشكىللەنگەن شىنجاڭ كوماندىسىدىن 18 تەنھەرىكەتچى يېنىك ئاتلېتىكا، تىكتاك توپ، ئېغىرلىق كۆتۈرۈش قاتارلىق 3 چوڭ تۈر، 33 كىچىك تۈر بويىچە مۇسابىقىگە قاتناشتى. جياڭ ۋېيخې ئەرلەرنىڭ F56 دەرىجىلىك چويۇن توپ ئېتىش تۈرىدە چېمپىيون بولدى، شۇنداقلا 10.81 مېتىرلىق نەتىجىسى بىلەن دانىيە ماھىرى ياراتقان دۇنيا رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى؛ ئۇ يەنە F56 دەرىجىلىك دىسكا ئېتىش تۈرىدە 2 - ، نەيزە ئېتىشتا 3 - بولدى؛ فۇ گوجياڭ ئەرلەرنىڭ F11 دەرىجىلىك دىسكا ئېتىش تۈرىدە چېمپىيون بولدى ۋە چويۇن توپ ئېتىشتا 3 - بولدى؛ خەن شۈجاۋ ئاياللارنىڭ F60 دەرىجىلىك چويۇن توپ ئېتىش تۈرىدە چېمپىيون بولدى، دىسكا ئېتىشتا 3 - بولدى؛ تۇلۇنگۇل ئاياللارنىڭ T60 يېرىم مۇساپىلىق مارافونچە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە چېمپىيون بولدى؛ 1500 مېتىرغا يۈگۈرۈشتە 5 - بولدى؛ جاڭ تيەنپىڭ ئەرلەرنىڭ F55 دەرىجىلىك دىسكا ئېتىش تۈرىدە، چويۇن توپ ئېتىش تۈرىدە 3 - بولدى؛ جاڭ شىنفېڭ ئەرلەرنىڭ F13 دەرىجىلىك دىسكا ئېتىش، نەيزە ئېتىش تۈرىدە 3 - بولدى؛ سەي ۋېنجۈن ئاياللارنىڭ F55 دەرىجىلىك چويۇن توپ ئېتىش تۈرىدە 3 - بولدى؛ ئوبۇل قاسىم ئەرلەرنىڭ T60 800 مېتىرغا يۈگۈرۈش تۈرىدە 3 - ، 1500 مېتىرغا يۈگۈرۈش تۈرىدە 4 - بولدى. شىنجاڭ كوماندىسى 4 ئالتۇن مېدال، بىر كۈمۈش مېدال، 9 مىس مېدال ئالدى، بىر ئادەم بىر تۈردە دۇنيا رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى، 2 ئادەم (فۇ گوجياڭ، خەن شۈجياۋ) 2 تۈردە مەملىكەت رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئەرلەر يېنىك ئاتلېتىكا كوماندىسى، جىن ۋېيخې، فۇ گوجياڭ، خەن شۈجياۋ، پەن لىشىن «تەنتەربىيە ئەخلاق - پەزىلىتى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. خەن شۈجياۋ دۆلەت كوماندىسىغا تاللىنىپ تەيبېيدە ئۆتكۈزۈلگەن 6 - نۆۋەتلىك ئاسىيا - تىنچ ئوكيان رايونى گاسلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ، بىر ئالتۇن مېدال، بىر كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى.

ۋاڭ گوساڭ، شياۋ يۇ

## مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك دېھقانلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىش ئەھۋالى

مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك دېھقانلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 2000 - يىل 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە مىيەنياڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى، 13 تۈر تەسىس قىلىنغانىدى. شىنجاڭ كوماندىسى ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق، موڭغۇل، خەنزۇ قاتارلىق 10 مىللەت، 37 ئادەمدىن تەشكىللەندى، جۇڭگوچە چېلىشىش، خەلق ئەسكىرى ھەربىي ئىشلار تۈرى (3 تۈر)، چامباشچىلىق، لەگلەك ئۇچۇرۇش قاتارلىق تۈرلەرگە قاتناشتى. خې خەي 23.95 نومۇرلۇق نەتىجە بىلەن لەگلەك ئۇچۇرۇش مۇسابىقىسىدا يۇمشاق قاناتلىق لەگلەكنى چېتىپ ئۇچۇرۇش تۈرىدە چېمپىيون بولۇپ، مەملىكەتلىك دېھقانلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا شىنجاڭ كوماندىسى ئالتۇن مېدال ئالالماي كېلىۋاتقان ھالەتنى ئۆزگەرتتى؛ شې جياۋ جۇڭگوچە چېلىشىشتا 52 كىلوگراملىقلار بويىچە 4 - ، جۇمەخۇن مەمەت 68 كىلوگراملىقلار بويىچە 6 - ، خۇ ئەنجاۋدېن 70 كىلوگراملىقلار بويىچە 8 - ؛ زو جۇنۋاڭ چامباشچىلىقتا ئەرلەرنىڭ قارمۇ قارشى مەشىقى تۈرىدە 5 - ، خۇ خۇي، جاڭ لىپىڭ (ئەر)، ئاياللارنىڭ ئەنئەنىۋى چامباشچىلىق ئويناش تۈرىدە 7 - ؛ ئوسمان غوپۇر ھەربىي ئىشلار بويىچە 3 تۈرنىڭ گرانات ئېتىش يەككە تۈرىدە 8 - بولدى. 3 كوماندا، 5 ئادەم



تەيخۇ كۆۋرۈكىنىڭ 1 - نومۇرلۇق سۇغۇچىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن جىن لياڭ ۋە ئۇ ھەيدىگەن ئايروپىلان.

بەن فۇچياڭ فوتوسى

«تەنتەربىيە ئەخلاق - پەزىلىتى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

كېرىم

## مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىش ئەھۋالى

مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە چېڭدۇ شەھىرىنىڭ تەنتەربىيە مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلدى، يىغىندا 8 مۇسابىقە تۈرى، بىر ماھارەت كۆرسىتىش تۈرى تەسىس قىلىندى. شىنجاڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى كوماندىسى ۋاسكېتبول، يېنىك ئاتلېتىكا، تىكتاڭ توپ، چامباشچىلىق، ساغلاملىق - گۈزەللىك گىمناستىكىسى تۈرلىرى بويىچە مۇسابىقىگە قاتناشتى. چاڭ شىنخۇڭ چويۈن توپ ئېتىشتا ئاياللارنىڭ «B» گۇرۇپپىسى بويىچە كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى؛ دىڭ جاۋيى 3 ئاقلاپ يىراققا سەكرەش تۈرىدە ئەرلەرنىڭ «B» گۇرۇپپىسى بويىچە 5 -، رېن لىن چويۈن توپ ئېتىش تۈرىدە ئاياللارنىڭ «A» گۇرۇپپىسى بويىچە 5 - بولدى؛ جاڭ خېيەن، چويۈن توپ ئېتىشتا ئاياللارنىڭ «B» گۇرۇپپىسى بويىچە، لياۋ شىنخۇي 7 تۈر بويىچە ئومۇمىي ماھارەت كۆرسىتىشتە ئاياللارنىڭ «A» گۇرۇپپىسى بويىچە 6 -؛ ليۇ ۋېيخۇڭ چويۈن توپ ئېتىشتا ئاياللارنىڭ «B» گۇرۇپپىسى بويىچە، لى گوجۇڭ زەنجىرلىك توپ ئېتىش تۈرىدە ئەرلەرنىڭ «A» گۇرۇپپىسى بويىچە 7 - بولدى، شياۋ يۈگۈي 5000 مېتىرغا، 10 مىڭ مېتىرغا يۈگۈرۈش تۈرىدە ئاياللارنىڭ «B» گۇرۇپپىسى بويىچە 7 -، ئاياللارنىڭ 400×4 مېتىرغا كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش تۈرىدە 7 - بولدى؛ چاڭ شىنخۇڭ دىسكا ئېتىشتا ئاياللارنىڭ «B» گۇرۇپپىسى بويىچە، ۋاڭ جۈن نەيزە ئېتىش تۈرىدە ئاياللارنىڭ «A» گۇرۇپپىسى بويىچە، ۋېي چياڭ 20 مىڭ مېتىرغا يورغىلاپ مېڭىشتا 8 - بولدى. شىنجاڭ چامباشچىلىق كوماندىسى «تەنتەربىيە ئەخلاق - پەزىلىتى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

شى چېڭۋېن

## جىن لياڭ تەيخۇ كۆلى كۆۋرۈكىنىڭ سۇغۇچىدىن ئايروپىلان بىلەن مۆۋەپپەقىيەتلىك ئۇچۇپ ئۆتتى

شىنجاڭلىق ئۇچقۇچى جىن لياڭ، گۇاڭشىلىق ئۇچقۇچى ياڭ شياڭبياڭ 2000 - يىل 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 3 تىن 29 مىنۇتتىن 45 مىنۇتقىچە جۇڭگو ئىچكى كۆلىدىكى 1 - چوڭ كۆۋرۈك — تەيخۇ كۆۋرۈكىنىڭ 1 - نومۇرلۇق سۇغۇچىدىن ئايروپىلان بىلەن تۈنجى قېتىم مۆۋەپپەقىيەتلىك ئۇچۇپ ئۆتۈپ، كۆۋرۈك سۇغۇچىدىن ئايروپىلان بىلەن ئۆتۈشتە جۇڭگو رېكورتىنى ياراتتى.

خۇ خۇا

# تەنتەربىيە كەسپى

## تەنتەربىيە لاتارىيە بېلىتىنىڭ سېتىلىشى

2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 14 ناھىيە (شەھەر) لىك تەنتەربىيە تارماقلىرى 382 مىليون 812 مىڭ 460 يۈەنلىك تەنتەربىيە لاتارىيە بېلىتى سېتىپ، 11 مىليون 470 مىڭ يۈەنلىك پاراۋانلىق فوندى توپلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەتكە تاپشۇرغاندىن كېيىن، 4 مىليون 970 مىڭ يۈەن ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسىگە، 5 مىليون 730 مىڭ يۈەن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى سېتىش ئورۇنلىرىغا قالدۇرۇلدى.

ساۋ فېي

## تاغقا چىقىش ساياھىتى ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ تاغقا چىقىش جەمئىيىتى، شىنجاڭ خەلقئارا تەنتەربىيە ساياھەت كوپىراتىپى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە، ئىتالىيە، ئاۋستىرىيە، گوللاندىيە، بېلگىيە، شۋېيتسارىيە، روسىيە، شياڭگاڭ، تەيۋەن قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردىن كەلگەن 34 تاغقا چىقىش ئۆمەك - كوماندىسى ۋە 32 ئالاھىدە ساياھەت

ئۆمەك ـ كوماندىسىدىن 640 ئادەم كۆتۈۋېلىندى، جەمئىي 4 مىليون 970 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى كىرىم قىلىندى.

جىن يىڭجيې

## شىنجاڭ گۇاڭخۇي ئەرلەر ۋاسكېتبول كوماندىسىنىڭ دەرىجىسى مەملىكەتلىك ئەرلەر ۋاسكېتبول كوماندىسىنىڭ «A» تۈرىدىكى B دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى

2000 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى قۇرۇلغىنىغا بىر يىل بولغان شىنجاڭ گۇاڭخۇي ئەرلەر ۋاسكېتبول كۇلۇبى دۆلەت ئاياللار ۋاسكېتبول كوماندىسىنىڭ سابىق ئاساسلىق ترېنېرى چېن داۋخۇڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جېجياڭ يۇخاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئەرلەر ۋاسكېتبول كوماندىلىرىنىڭ «B» دەرىجىلىكلەر بىرلەشمە مۇسابىقىسى ئومۇمىي ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، «B» دەرىجىلىكلەر بىرلەشمە مۇسابىقىسى ئومۇمىي ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىدە ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتۈپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا «A» تۈردىكى B دەرىجىلىكلەر قاتارىغا كىردى. بۇ 20 يىلدىن بۇيانقى شىنجاڭ ۋاسكېتبول تەنھەرىكىتىدىكى تارىخىي بۆسۈشتۇر.

شياۋ يۇ

# مىللەت

## مىللەتلەر ئىشلىرى

### مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

1. ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلىشتىن ئىلگىرى، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) 4 تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، 2 ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇردى. تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ باھالاش ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە 110 نەمۇنىچى كوللېكتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە 210 نەمۇنىچى شەخس بېكىتىلىپ چوڭ يىغىندا تەقدىرلەندى. ھەرخىل ئاخبارات ۋاستىلىرى تەشكىللىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىچىلەرگە ئائىت 251 پارچە ماقالە ئېلان قىلىندى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنىڭ يېڭى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر پارتكومىغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر ۋە تەلەپلەر ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، مۇتەخەسسىس، ئالىملار ۋە ئالاقىدار تارماقلاردىن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى بويىچە نۇتۇق سۆزلەش گۇرۇپپىسى تەشكىللىنىپ، نۇتۇق سۆزلەش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە مىللەتلەر بىلىملىرىگە ئائىت زېھىن سىناش مۇسابىقىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى، ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنى قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۇيۇشتۇرۇلدى.

2. فۇنكسىيىلىك رولى جارى قىلدۇرۇلۇپ، دۈشمەن ئەھۋالى، جەمئىيەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش قانات يايدۇرۇلدى. مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، ھەر مىللەت ئاممىسىغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلەۋنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قارشى تۇرۇش تەشۋىقات - تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇلدى. چىڭخەيگە قايتىدىغان قازاق ئاممىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى گوۋۇيۈەنگە ماسلىشىپ چىڭخەي ئۆلكىسىدە ئولتۇراقلىشىدىغان قازاق ئاممىسىنى كۆچۈرۈش مەسىلىسىنى تەكشۈردى، ئورۇنلاشتۇرۇش لايىھىسىنى ئاپتونوم رايونغا ۋە گوۋۇيۈەنگە سۇندى.

3. «چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى بېيىتىش» سىناق قىلىنىدىغان ناھىيىلەر يۇقىرىغا يوللىنىپ، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىدىن ئۆتتى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە دەلىللەش ئارقىلىق «چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتى» خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى 5 ئاپتونوم ئوبلاست، 4 ئاپتونوم ناھىيە، 42 مىللىي يېزىغا قارىتىش بېكىتىلدى. مىللىي سودا تور - نۇقتىلىرى قۇرۇلۇشى تۈرى ۋە مىللىيلارغا كېرەكلىك بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش تۈرى تەشكىللىنىپ يۇقىرىغا يوللاندى، مىللىي سودا سىياسىتى كۇرسى ئېچىلدى. مالىيە نازارىتىگە ھەمكارلىشىپ ئاز سانلىق مىللەتلەر تەرەققىيات مەبلىغى تۈرى تەشكىللىنىپ يولغا قويۇلدى ھەمدە مەبلەغ تەقسىماتى كۈچەيتىلدى.

4. ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتىغا ھەمكارلىشىپ شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلارنى ساھەلەر بويىچە ياردەملىشىپ تەربىيىلەش لايىھىسى تۈزۈپ چىقىلدى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا ھەمكارلىشىپ ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى ئالىي مەكتەپ ۋە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە خەنزۇ تىلىدا ئىمتىھان بەرگەن مىللىي بالىلارنى قوبۇل قىلىش خىزمىتى تاماملاندى. ئالاقىدار تارماقلارغا ھەمكارلىشىپ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىنى تەشكىللەش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئورۇنلاشتۇرغان نوپۇسى 100 مىڭغا يەتمەيدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشنىڭ شىنجاڭ رايونىنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسى تاماملاندى. تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو مىللىي كىيىم - كېچەك، زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىش خىزمىتى ۋە مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر

خەلق ئاغىنىچىلىرىنىڭ ھەل قىلغۇچ مۇساپىقىسىنى تەشكىللەش خىزمىتى تاماملاندى. 8 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تېما قىلىنغان تېلېۋىزىيە سەنئىتى بويىچە «تۇلپار مۇكاپاتى»غا شىنجاڭدىن ئەسەر تاللاپ كۆرسىتىش خىزمىتى تاماملاندى.

5. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپىدە 2 ـ قارارلىق مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى. كۇرس مۇددىتى 3 ئاي بولۇپ، 40 ئادەم تەربىيىلەندى؛ 10 دىن ئارتۇق كادىر مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى ئۇيۇشتۇرغان ئىگىلىك باشقۇرۇش بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ۋە ئاسپىرانتلار دەرسلىكى بويىچە بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىغا ئەۋەتىلدى؛ مەركەزنىڭ بۆلۈم، كومىتېتلىرىدا ۋەزىپە بىلەن چېنىققان ئاز سانلىق مىللەت ھاكىملىرى، مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقى، مۇئاۋىن ۋالىيلار تەشكىللىنىپ دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى شياڭگاڭدا ئاچقان ئالىي مەمۇرلار ئىگىلىك باشقۇرۇش مۇھاكىمە كۇرسىغا ئەۋەتىلدى؛ ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە چېگرا ناھىيىلەردىكى ئاساسلىق پارتىيە ـ ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىدىن 33 ئادەم 2 قارارغا ئايرىلىپ، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى شېنجېندا ئاچقان چېگرا ناھىيە رەھبىرىي كادىرلىرى ئىگىلىك باشقۇرۇش مۇھاكىمە كۇرسىغا ئەۋەتىلدى. ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە ئاز سانلىق مىللەت كادىرىدىن 40 كىشى تەشكىللىنىپ جۇڭگو ياش كادىرلار ئىنستىتۇتىغا تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتىلدى؛ يېزا ـ بازارلاردىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىدىن 50 كىشى تەشكىللىنىپ دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى شىنجاڭ ئۈچۈن ئاچقان ئىگىلىك باشقۇرۇش بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتناشتۇرۇلدى.

ۋاڭ يىلاڭ

## ئاپتونوم رايونلۇق 3 ـ قېتىملىق مىللەتلەر خىزمەت يىغىنى

ئاپتونوم رايونلۇق 3 ـ قېتىملىق مىللەتلەر خىزمەت يىغىنى 2000 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە داغدۇغىلىق ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىندا يېڭى ۋەزىيەتتە مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى خىزمىتىنى قانداق قىلىپ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا مۇھىم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، بىڭتۇەن، مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى يىغىنغا قاتناشتى.

ماشىنچېڭ

## ئاپتونوم رايون بويىچە تەقدىرلەنگەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى ئورۇن ۋە شەخسلەر

ئاپتونوم رايونلۇق 4 ـ قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى 2000 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. 110 نەمۇنىچى ئورۇن، 203 نەمۇنىچى شەخس تەقدىرلەندى.

نەمۇنىچى ئورۇنلار: ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، كۈيتۇڭ شەھىرلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، غۇلجا ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى، كۈنەس ناھىيىسى، توققۇزتارا ناھىيىسى ئافارسىن يېزىسى، ئىلى ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسى، شىنجاڭ «يىلى» زىغىر توقۇمىچىلىق (گورۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، غۇلجا شەھىرى قارادۆڭ يېزىسى، چۆچەك شەھىرى، شىخو شەھىرى تابلىخت موڭغۇل يېزىسى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسى، ئالتاي ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسى، ئالتاي شەھەرلىك يەرلىك باج ئىدارىسى، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى، قابا ناھىيىسى تۈزلەڭ ئورمانچىلىق مەيدانى، بورتالا ئوبلاستلىق پېداگوگىكا مەكتىپى، جىڭ ناھىيىسى تولى يېزىسى، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريول شىركىتى ئالاتاۋ ئېغىزى پورت ئىستانسىسى، سانجى ئوبلاستلىق ئاشلىق ئىدارىسى، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى، جىمسار ناھىيىلىك يەرلىك باج ئىدارىسى، ماناس ناھىيىسى، قۇتۇبى ناھىيىسى تاشپەلەمپەي قازاق يېزىسى، خوتەن شەھەرلىك ئاپتوبۇس شىركىتى، كېرىيە ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى، لوپ ناھىيىسى بەشتوغراق يېزىسى، خوتەن ناھىيىسى تۇسالla يېزىسى قارچى كەنتى، قاراقاش ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەمگەك ـ ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسى، قونجىراپ تاموژنىسى، يەكەن ناھىيىسى چارباغ يېزىسى، مەكىت ناھىيىسى ياتاق يېزىسى ئارالئىغا كەنتى، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى، قەشقەر شەھەرلىك چاسا مەھەللە ئىش باشقارمىسى پايناپ ئاھالىلەر كومىتېتى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسى، ئاتۇش شەھەرلىك تاغنۇرى باشلانغۇچ مەكتىپى، ئاقتو ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى،

ئۇلۇغچات ناھىيىسى قىزىلئوي يېزىسى، ئاقسۇ شەھەرلىك يېڭىبازار مەھەللە ئىش باشقارمىسى، كۇچا ناھىيىلىك تەڭرىتاغ تاشيول ئوچاستكىسى، كۇچا ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى، ئاۋات ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى، ئۈچتۇرپان ناھىيىسى ئاقيار يېزىلىق ساقچىخانا، توقسۇ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى، خوشۇت ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى، لوپنۇر ناھىيىلىك دوختۇرخانا، بايىنغولىن ئوبلاستلىق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق پېداگوگىكا مەكتىپى، شىنجاڭ لوپنۇر توقۇمىچىلىق (گورۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى كورلا پاختا توقۇمىچىلىق شۆبە شىركىتى، يەنجى ناھىيىسى شىگشىن بازىرى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تىيانشان رايونى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يېڭى شەھەر رايونى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك دارىلئېتام، تۇرپان شەھىرى سىڭگىم يېزىسى، پىچان ناھىيىسى لۈكچۈن بازىرى، توقسۇن ناھىيىسى شاھ يېزىسى سېرىق جىلغا كەنتى، قۇمۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزىسى پالۋانتۇر كەنتى، بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى، قۇمۇل كانچىلىق ئىدارىسىنىڭ ئۈستى ئوچۇق كۆمۈر كېنى، شىخەنزە شەھىرى، شىخەنزە تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسى، شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتى نېفىت ئېلىش 3 - زاۋۇتى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش شىركىتى، بىڭتۇەن ئۈرۈمچى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى سەنپىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 6 - شىسى ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى دېھقانچىلىق مەيدانى، بىڭتۇەن قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى تاشۆيلىق دوختۇرخانىسى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى 1 - تۇەنى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 3 - شىسى 43 - تۇەنى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 5 - شىسى 89 - تۇەنى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى 130 - تۇەنى، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 10 - شىسى 186 - تۇەنى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى «36129» قىسىم، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 3 - شىسى خەلق قوراللىق بۆلۈمى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، «36105» قىسىم، ئازادلىق ئارمىيە 273 - دوختۇرخانىسى، «89800» قىسىم ئاپتوموبىل 36 - تۇەنى، ئازادلىق ئارمىيە 474 - دوختۇرخانىسى، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى ئىلى ۋىلايەتلىك تارماق ئەترىتى، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى 4 - تارماق ئەترىتى 2 - چوڭ ئەترىتى 6 - ئوتتۇرا ئەترىتى، جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى «8661» قىسمى، شىنجاڭ رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، شىنجاڭ يىغىۋېلىش — قايتۇرۇش پونكىتى، ج خ نازارىتى چېگرا مۇداپىئە باش ئەترىتى قۇمۇل چېگرا مۇداپىئە تارماق ئەترىتى ئارالتۇرۇك ناھىيىسى باي چېگرا خىزمىتى پونكىتى، شىنجاڭ تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى يەكەن تاشيول باش ئوچاستكىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى، ج خ نازارىتى 7 -باشقارمىسى، شىنجاڭ كۆمۈرچىلىك ئوت ئۆچۈرۈش قۇرۇلۇش باشقارمىسى، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ «شىنخۇا» باسما زاۋۇتى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنى ۋاقىتلىق باشقۇرۇش باشقارمىسى، سەھىيە نازارىتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى، شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى (گورۇھى) شىركىتى «1 - ئىيۇل» 1 - پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، ئۈرۈمچى تاموژنا تەكشۈرۈش باشقارمىسى، غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى نېفىت ئېلىش چوڭ ئەترىتى، شىنجاڭ گېئولوگىيە قېزىلما بايلىقلار ئىدارىسى 1 - رايون گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش چوڭ ئەترىتى، شىنجاڭ ئۆلچەم بىرلىكلىرىنى سىناش تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى سۇچىلىق ۋە تۇپا - ياغاچ قۇرۇلۇشى ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىئولوگىيە فاكۇلتېتى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گورۇھى) كۆمۈر، كوكس، خىمىيە چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» سېمونتى پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇش (گورۇھى) 1 - بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىركىتى، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى شىركىتى ئاشى ئالتۇن كېنى، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى شىركىتى كۆكتوقاي ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللار كېنى.

نەمۇنىچى شەخسلەر: سالەت (قازاق، ئىلى ئوبلاستلىق ئەدلىيە ئىدارىسىنىڭ كادىرى)، گۈلزىرا (ئايال، قازاق، ئىلى ئوبلاستلىق «دوستلۇق» دوختۇرخانىسىنىڭ سېستىرالار باشلىقى)، ۋاڭ ئاگېن (كۈيتۈن شەھەرلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى)، ئەركىنقان ساتارباي (قازاق، ئىلى ئوبلاستلىق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)، سۇي جۇنجې (ئىلى ۋىلايەتلىك مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ پارتگۇرۇپپا شۇجىسى، پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى)، مالى (ئايال، ئىلى ۋىلايەتلىك قۇشخانا كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)، ئابدۇراخمان (ئىلى ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسى زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش تارماق ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن تارماق ئەترەت باشلىقى)، پەرھات نىياز (ئۆزبېك، غۇلجا شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ

يارەمچى تەپتىشى) ، سۇشاۋچېن (ئايال، خۇيزۇ، غۇلجا شەھەرلىك ئاپتوبۇس شىركىتىنىڭ بىلەتچىسى) ، لونىيوف نىكولاي (رۇس، غۇلجا شەھەرلىك رۇس مەكتىپىنىڭ مۇدىرى) ، مايۇڭگۇي (دۇڭشياڭ مىللىتىدىن، قورغاس ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى لۇساۋگۇ ساقچىخانىسىنىڭ باشلىقى) ، نىياز قارى (كۇنەس ناھىيىسى كۇنەس بازىرىدىكى دىنىي زات) ، نازىگۇل (قازاق، كۇنەس ناھىيىسى كۇنەس بازىرىدىكى يەككە تىجارەتچى) ، ساپارىبېك ئورۇنبېك (قازاق، موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى) ، مۇقاش (قىرغىز، تېكەس ناھىيىلىك ئەمگەك سۇغۇرتىسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ شۇجىسى) ، سەرىندورېنجى (موڭغۇل، نىلقا ناھىيىلىك نەسىللىك ھەسەل ھەرىسى فېرمىسىنىڭ كادىرى) ، دىڭ ۋېنجى (توققۇزتارا ناھىيىسى مۇخۇر يېزىسىدىن، دېھقان) ، يۇڭ دېلىڭ (شىبە، چاپچال ناھىيىسى چاپچال بازىرىنىڭ باشلىقى) ، شۇجياغۇ (رۇس، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىسى) ، ئەي تۇخوا (ئايال، دۇڭگان، چۆچەك شەھىرى ئابدىرا يېزىسى ئەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ مۇدىرى) ، كەكش (ئايال، موڭغۇل، قوبۇقسار ناھىيىسى بۇستۇگىي چارۋىچىلىق مەيدانى چارۋىچىلىق 2 - ئەترىتىدىن، چارۋىچى) ، ھەسەنجان ئىسمايىل (ساۋەن ناھىيىسى قورغاس يېزىسى ئەرداۋان كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى) ، ئېركىن بازارغالى (قازاق، چاغانتوقاي ناھىيىسى چاغانتوقاي چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ باشلىقى) ، ۋۇچىڭخەي (دۆربىلجىن ناھىيىسى ئېمالغۇلىن موڭغۇل يېزىسى قاراغاشكۆرە شەرقىي كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى) ، دۇ شۇنگۇاڭ (شىخو شەھىرى «جىنلىڭ» ئېلېكترون - ماشىنىسازلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى، قوشۇمچە باش دىرېكتورى) ، مۇرات (قازاق، دۆربىلجىن ناھىيىسى شاڭخۇ يېزىسى قۇماق 2 - كەنتىنىڭ كەنت باشلىقى) ، قابدۇش ئىباق (قازاق، ئالتاي شەھىرى ئالاقاغا يېزىسى قاراقۇم كەنتىدىن، چارۋىچى، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى) ، ياڭ زېجى (ئالتاي ۋىلايەتلىك مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى) ، قاتىپا مۇتەللىپ (ئايال، قازاق، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى شىيغانجىيدى يېزىلىق شىپاخانىنىڭ ۋراچى) ، لۇ شىشاڭ (چىڭگىل ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى زاۋۇتىنىڭ باشلىقى) ، ئاسىيە (بۇرچىن ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى) ، دالېل مۇسايېف (قازاق، جىمىنەي ناھىيىسى قارجاۋ يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى رىياستىنىڭ رەئىسى) ، دىلشات (بورتالا ئوبلاستلىق تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى

مەكتىپىنىڭ لېكتورى) ، تېمۇردۇشا (موڭغۇل، جىڭ ناھىيىلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى، قوشۇمچە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى) ، سۇڭ شيا (موڭغۇل، ئارشاڭ ناھىيىسى ئاڭگىلىڭ يېزىسى توسخورتى كەنتىنىڭ پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى) ، شى جىنشياڭ (جىڭ ناھىيىسى داخېيەنزى بازىرى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ سابىق مۇدىرى) ، ئامانتاي (قازاق، بورتالا شەھىرى دالىتۇ بازىرى دالىتۇ چارۋىچىلىق كەنتى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى) ، لى چۇنخۇي (ئايال، بورتالا شەھىرى شوبېڭپەن بازىرى تاۋنىڭالا كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى) ، مافۇ (خۇيزۇ، سانجى شەھەرلىك مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى) ، ياڭ گوۋۇ (مىچۈەن شەھىرى بەيياڭخې قازاق يېزىلىق شىپاخانىنىڭ باشلىقى) ، لىيۇۋېنفاڭ (ماناس ناھىيىلىك شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى) ، ۋاڭ جىنلىن (خۇيزۇ، شىنجاڭ «شىنزاڭ» ھاۋۋانات دورىلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى، باش دىرېكتورى) ، سەيدۇۋاققاس (تاتار، گۇچۇڭ ناھىيىلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى) ، ما جۇڭرېن (فۇكاڭ شەھەرلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى) ، ئىبرايىم ئابدۇل (جىمسار ناھىيىسىدىن، يەككە تىجارەتچى) ، گۈلنۇرە (قازاق، مورى ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ بالىلار ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مەسئۇل ۋراچى) ، ما يۇسەي (خۇيزۇ، فۇكاڭ شەھىرى زىنچۈەنزى بازىرى شورىبۇلاق كەنتىنىڭ پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى) ، قايدۇ (ئۆزبېك، مورى ناھىيىسى دانەنگۇ، ئۆزبېك يېزىسى دۇڭگۇ كەنتىدىن، چارۋىچى) ، گۇلشەن (سانجى پېداگوگىكا مەخسۇس كۇرس مەكتىپى فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى) ، تۆكەش (قازاق، سانجى شەھىرى ئاشلى قازاق يېزىسىنىڭ باشلىقى، پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى) ، دۇ جېنخۇەن (خوتەن ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى) ، ئۇبۇل ھاشىم (خوتەن ۋىلايەتلىك يولۇچى توشۇش بېكىتىنىڭ باشلىقى، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى) ، قېيۇم مەمەتئىمىن (خوتەن ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى) ، ئابدۇراخمان بارات (قاراقاش ناھىيىسى باۋا يېزىسى كۆلەڭ كەنتىدىن، يەككە تىجارەتچى) ، زىلەيخان (قاراقاش ناھىيىسى خوتەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى 47 - تۈەن - مەيدانىنىڭ ئىشچىسى) ، جياڭ خۇڭيەن (ئايال، خوتەن شەھەرلىك بالىلار باغچىسىنىڭ باشلىقى، ئالىي ئوقۇتقۇچى) ، ئابدۇغېنى ئەخمەت (نىيە ناھىيىسى سالغۇزەك يېزىسى قارادۆڭ كەنتىنىڭ باشلىقى) ، تۇرسۇنتوختى ئېزىز (خوتەن ناھىيىسى باغچى بازىرى خانلىق

ۋەھپە كەنتى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)، مەمەتئىمىن نىزامەت (چىرا ناھىيىسى چىرا يېزىسىنىڭ باشلىقى)، بارات سۇلايمان (كېرىيە ناھىيىسى توغراغاز يېزىسىدىن، دېھقان)، مىجىت ئېلى (قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى خانئېرىق بازىرى بوياقچىغىل كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى)، خې يۈڭشياڭ (مەكىت ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى)، يۈسۈپ ئابلا (يەكەن ناھىيىسى باغۋەنچىلىك مەيدانىنىڭ باشلىقى، سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)، زۇڭ يۈخەي (يېڭىسار ناھىيىسى قىزىل يېزىسىنىڭ مۇئاۋىن يېزا باشلىقى، قۇمئېرىق كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى)، ۋاڭ ياجۇ (پوسكام ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا ئەترىتىنىڭ يېتەكچىسى)، ھارۇنخان ھاجى (ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى)، مەمەت ئوسمان (قەشقەر شەھىرى قۇمدەرۋازا مەھەللە باشقارمىسىدىن، يەككە تىجارەتچى)، ئۆبۇل كېرەم (يەكەن ناھىيىسى گۇدانلىق يېزىسى يۇلغۇنباغ كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى)، نازاكەت ماناپ (ئۆزبېك، يەكەن ناھىيىلىك 4 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى)، جۇمەك (تاجىك، تاشقورغان ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى)، ھېمىت ياسىن (پەيزاۋات ناھىيىسى ئۆدەكلىك يېزىسىنىڭ پارتكوم شۇجىسى)، مەمەتيۈسۈپ موسا (قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى بۇلاقسۇ يېزىسىنىڭ باشلىقى)، **خۇدابەردى توختى** (پوسكام ناھىيىسى پوسكام يېزىلىق سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن شۇجىسى، ساقچىخانىسىنىڭ يېتەكچىسى)، ياسىن ئابلا (يوپۇرغا ناھىيە ئاچچىق يېزىسى 9 - كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى)، تۇرغۇن ئەبەيدۇللا (مارالبېشى ناھىيىسى شامال يېزىسى تېرەك كەنتىنىڭ پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى)، ئايزىمگۈل مەمەتئىمىن (قەشقەر ۋىلايەتلىك پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ ئىشچىسى)، تۇراقىز نۇرمۇھەممەت (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق پەن تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى)، ئابدۇراخمان ئىبراھىم (قەشقەر ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى)، ساۋۇت تاھىر (قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى توقۇزاق بازىرى كۆكتاتچىلىق كەنتى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)، ۋۇدېگيۇن (ئۇلۇغچات ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)، ھاجى ھوشۇر (قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ پارتكوم شۇجىسى، مەكتەپ مۇدىرى)، ئامانتۇر (قىرغىز، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، خالىدەم باھاۋۇدۇن (ئاتۇش شەھىرى سۇنتاغ يېزىلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتىنىڭ كادىرى)، يۈسۈپ ئەمەت (قىرغىز، ئاقتۇ ناھىيىسى قىزىلتاۋ يېزىلىق ساقچىخانىنىڭ يېتەكچىسى)، لى كېپىڭ (ئاقتۇ ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)، يى پىڭ (ئايال، ئاقچى ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)، تۇنساخان تۇردى (ئاقسۇ شەھىرى يېڭىبازار مەھەللە باشقارمىسىنىڭ ئاھالىسى)، ئىسىنجان زارى (كۇچا ناھىيىلىك ئورگانلار خىزمىتى كومىتېتى شۇجىسى)، رەيھانگۈل شەيخ (ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرى)، ئابدۇللا ئالماس (ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى)، ھەسەن روزى (ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇتۇش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)، ياڭ زىچياڭ (ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 2 - خەلق دوختۇرخانىسى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ سېستىرالار باشلىقى)، ئەبەي ئەمەت (ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئىقتىساد - سودا كومىتېتىنىڭ پارتگورۇپپا شۇجىسى)، رايىلەم شىكەم (شايار ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى)، ۋاڭ خەنپىڭ (باي ناھىيىسى ياقئېرىق دېھقانچىلىق مەيدانى پارتكوم شۇجىسى)، يۈسۈپ ئابدۇل (توقسۇ ناھىيىسى ئۇچقات يېزىسى بەلكەستى كەنتى پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى)، لى يۈجىن (ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىلىك مائارىپ كومىتېتى مەمۇرىي ئىشخانىنىڭ مۇدىرى)، تۇرغۇن كېرەم (قىرغىز، ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسى بوزدۆڭ قىرغىز يېزىسىنىڭ باشلىقى)، مۇختەر تۇردى (كەلپىن ناھىيىسى گەزلىك يېزىسىنىڭ باشلىقى)، جاۋيۈلەن (ئايال، خۇيزۇ، يەنجى ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)، كۇي كەي (ئايال، موڭغۇل، ئۇلان جېكسىن يېزىسى ئۇتتۇ ئارىل كەنتى پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقاتچىسى)، سادىق مەخسۇت (بۈگۈر ناھىيىلىك يول ئاسراش ئوچاستكىسىنىڭ پېنسىيىگە چىققان ئىشچىسى)، پېڭ يۈلەن (چاقىلىق ناھىيىسى ئوتام يېزىسى خوجا كەنتىدىن، دېھقان)، جاۋجېنچۇن (بايىنغولىن ئوبلاستلىق گېزىتخانىنىڭ باشلىقى، پارتكوم شۇجىسى)، ئابلاھەمزە (بايىنغولىن ئوبلاستى سايدۆڭ باغۋەنچىلىك مەيدانى 3 - شۆبە مەيدانىنىڭ باشلىقى)، ئا. ۋۇلۇمجاپ (موڭغۇل، خېجىڭ ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، ئەمەر جۇمە (چەرچەن ناھىيىسى ئاقتىكەندۆڭ يېزىسى توغراقئېغىل كەنتى 3 - ئەترەتتىدىن، دېھقان)، خې جەنشەن (خۇيزۇ، ئۈرۈمچى ناھىيىسى ئەرگۈڭ يېزىسى باجياخۇ كەنتى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، ئالىي ئىقتىسادچى)، شېرىپجان داموللا ھاجى (ئۈرۈمچى شەھەرلىك

سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شەھەرلىك ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، ياڭخاڭ مەسچىتىنىڭ ئىمامى)، تىلەك مەمەتنىياز (ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى تيانشان رايونلۇق شۆبە ئىدارىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى)، تۇراخۇن ئىبرايىم (ئۈرۈمچى شەھەرلىك سايباغ رايونلۇق يەككە تىجارەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، يەككە تىجارەتچى)، لولى (ئايال، ئۈرۈمچى شەھىرى ج ك پ تۇدۇڭخابا رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)، گۇشياڭخۇڭ (ئايال، شىنجاڭ «دوستلۇق» (گورۇھى) پاي ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى «دوستلۇق» سودا سارىيى ئىلمە توقۇلما بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى، خۇاڭ شن (ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)، ياڭ شۇشىن (ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېت سودا - سانائەت باشقۇرۇش فاكولتېتىنىڭ مۇدىرى)، چى خەيچىڭ (ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونى «بېيجىڭ» يولى مەھەللە باشقارمىسى پارتكوم شۇجىسى، قوشۇمچە مۇدىرى)، شۇ چاڭلىڭ (ئايال، مانجۇ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىر زاۋۇتى ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)، تيەن رۇفېن (ئايال، تۇجيا مىللىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 10 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئالىي ئوقۇتقۇچىسى)، ليۇيىنشىڭ (ئۈرۈمچى شەھەرلىك «بوئەي» دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى)، ما جىنگۈي (خۇيزۇ، تۇرپان ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى)، پاتەمخان ئىبلى (تۇرپان شەھىرى ئۈزۈمچىلىك يېزىسى بۇلاق كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى)، ۋېي جيەنگو (پىچان ناھىيە لەمجىن بازارلىق پارتكوم شۇجىسى)، كېۋىر ھاجى داموللا (توقسۇن ناھىيىسى بوستان يېزىسى ھىدىر مەسچىتىنىڭ خاتىپى)، ياڭ جۇڭشيەن (باركۆل ناھىيە سارچوقغا يېزىلىق شىپاخانىنىڭ باشلىقى)، قاقاشاھ نۇرغازى (قازاق، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى تاغ ئالدى قازاق يېزىسىدىن، چارۋىچى)، ھەمىت ئىسمايىل (قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)، ئايشەم ئادىل (قۇمۇل شەھەر ئەتراپى يېزىسى يۇقىرى ئاقيار كەنتىدىن، يەككە تىجارەتچى)، فاڭ لىنىڭ (ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى قۇمۇل شۆبە ئىدارىسى قۇمۇل پاراۋوز ئوچاستكىسى ئاپتوموبىل ئەترىتىنىڭ باشلىقى)، شۇ شياۋچىن (باركۆل ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى، مەسئۇل ۋراچ)، دۇڭ جىنجى (ئايال، شىخەنزە شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يېنىسىگە چىققان ئالىي ئوقۇتقۇچىسى)، شۇ باۋچۈەن (خۇيزۇ، شىخەنزە شەھەرلىك ئىقتىساد تېخنىكا تەرەققىيات

رايونى ساقچىخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى)، ۋاڭ جىيۇڭ (مايتاغ نېفىت - خىمىيە شىركىتى نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ كاتالىزاتورلاش سېخىنىڭ تېخنىكى)، ئابدۇرۇسۇل ھاجى (قاراماي شەھەرلىك رۇسۇل ھاجى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ دىرېكتورى)، ئابدۇرېھىم ئابدۇللا (شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى بۇرغىلاش شىركىتى پارتىيە، مەمۇرىيەت ئىشخانىسىنىڭ بۆلۈم دەرىجىلىك سىياسىي خىزمەتچىسى)، بارنا (موڭغۇل، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى 223 - تۇەن - مەيدانى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئىشچىسى)، يۈەن شيۇئەي (ئايال، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 - شى دوختۇرخانىسى ئاياللار بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى)، خۇاڭ گويۇ (خۇيزۇ، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 6 - شىسى تۇدۇنزى دېھقانچىلىق مەيدانى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)، ۋاڭ گوجىڭ (بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى 130 - تۇەن - مەيدانى 20 - ليەنىنىڭ ليەنجاڭى)، چېن خۇڭشەن (بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 7 - شى 142 - تۇەن - مەيدانى ساناتورىيىسىنىڭ پېنسىيىگە چىققان ئىشچىسى)، بايتۇر (قازاق، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 4 - شى 67 - تۇەن - مەيدانى 8 - ليەنىنىڭ خىزمەتچىسى)، ئابلەخەت قاسىم (بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 4 - شى 64 - تۇەن - مەيدانى 16 - ليەن خەلق ئەسكەرلىرى بىرلەشمە مۇداپىئە ئەترىتىنىڭ ئەزاسى، ئامانلىق ساقلىغۇچى)، لى جىنلۇڭ (بىڭتۇەن مىللەتلەر پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ پارتكوم شۇجىسى، ئالىي دەرىجىلىك سىياسىي خىزمەتچى)، لىڭ يۈەنفېڭ (بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شى 29 - تۇەن - مەيدانىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، جاڭ جيەنمىن (بىڭتۇەن بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىسى 8 - تۇەن دوختۇرخانىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى)، شۇشيۇجى (ئايال، شىنجاڭ شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى ئىستېپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى)، گاۋدەيۈن (ئايال، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 9 - شى دوختۇرخانىسى ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچ)، ئابلىز سۇلايمان (قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى دۆربىلجىن دېھقانچىلىق مەيدانى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)، قادىر (شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە «87176» قىسمىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى)، مەمەت تاش (شىنجاڭ ھەربىي رايونى «36920» قىسمىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى)، لىخەي (شىنجاڭ ھەربىي رايونى «36326» قىسمىنىڭ تولۇق مەنبەسى تېخنىكى)، ئانارگۈل (ئازادلىق ئارمىيە 12 - دوختۇرخانىسى ئالاھىدە داۋالىنىش قويۇش بۆلۈمىنىڭ مەسئۇل سېستراسى)، ئەنۋەر (قازاق، شىنجاڭ ھەربىي رايونى «36146» قىسىم سىياسىي

باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى) ، لى گۇاڭرېن (شىنجاڭ ھەربىي رايونى «36914» قىسىم ھەربىي ئات پونكىتىنىڭ باشلىقى) ، مۇسا (شىنجاڭ ھەربىي رايونى «36173» قىسىمىنىڭ مۇئاۋىن قىسىم باشلىقى) ، ۋاڭ سۇپىڭ (شىنجاڭ ھەربىي رايونى «36009» قىسىمىنىڭ سىياسىي كومىسسارى) ، مەمەتئىمىن مۇسا (ئۇرۇمچى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ھەربىي تېببىي ئىنستىتۇتىنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىسى) ، خې لياڭ (شىنجاڭ ھەربىي رايونى «36328» قىسىم سىياسىي بۆلۈمىنىڭ كادىرى) ، ئابلەت (قوراللىق ساقچى شىنجاڭ باش ئەترىتى 5 - تارماق ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن تارماق ئەترەت باشلىقى) ، ليۇ شىخۇا (قوراللىق ساقچى شىنجاڭ باش ئەترىتى خوتەن ۋىلايەتلىك تارماق ئەترىتى سەھىيە ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن ئۈچىنچى دەرىجىلىك باشلىقى) ، سۇ خۇيلىن (قوراللىق ساقچى شىنجاڭ باش ئەترىتى ئالتاي ۋىلايەتلىك تارماق ئەترىتى قابا ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ مۇۋەققەت يېتەكچىسى) ، جاڭ شياۋلىڭ (ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى ئىشخانىسىنىڭ كانىدات ئالىي تەرجىمانى) ، سۇي چاڭشياڭ (ش ئۇ ئا ر باھا ئىدارىسى كادىرلار - مائارىپ ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى) ، خې مىڭياڭ (تۇرپان - قۇمۇل نېفىت قىدىرىپ تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى فىزىكىلىق تەكشۈرۈش شىركىتى 2262 يەر تەۋرىتىپ تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ باشلىقى، ئىنژېنېر) ، ۋاڭ لىمىن (ش ئۇ ئا ر ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى پېشقەدەم كادىرلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى) ، فېڭ رۇڭزۇ (ش ئۇ ئا ر مۇپەتتىشلىك نازارىتىنىڭ كانىدات ئالىي تەرجىمانى) ، ليۇ شۇبىن (شىنجاڭ قورغاس چېگرىدىن كىرگەن - چىققان ئاۋارلارنى تەكشۈرۈش، كارانتىن قىلىش ئىدارىسى ھايۋانلارنى كارانتىن قىلىش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) ، جاڭ جۇنفېڭ (تارىم نېفىتلىكى قىدىرىپ تەكشۈرۈش - ئېچىش قوماندانلىق شتابى مۇلازىمەت مەركىزى شىركىتىنىڭ مۇھەببەت ئاسرىش پونكىتىنىڭ باشلىقى) ، شۇجىيې (شىنجاڭ «خۇاگچاۋ» كارخانا گورۇھىنىڭ باش مۇدىرى، باش دېرېكتور) ، ئىبرايىم سەيپۇل (يېچان ناھىيىلىك سودا - ساناھەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى يۈيېز ئىستانسىسى سودا - ساناھەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى) ، ئابلىز ياقۇپ (شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى گورۇھى شىركىتىنىڭ يەن تېخنىكىلىق مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ مۇدىرى) ، توختى ئىساق (ش ئۇ ئا ر تەپتىش مەھكىمىسى پېشقەدەم كادىرلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى) ، تۇراخۇن ئۆمەر (ش ئۇ ئا ر پارتكوم سىياسىي قانۇن كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى) ، مىجىت مېتنىياز (ش ئۇ ئا ر سودا - ساناھەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى) ، شۆھرەت جۇنەيدىن (ش ئۇ ئا ر ئاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار ئىشلىرى) ئىشخانىسى پورت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى) ، قۇرمانباي قېدىرمولدا (قازاق، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ،دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، سىياسىي - قانۇن باشقارمىسىنىڭ باشلىقى) ، ۋېن شيۇچېڭ (شىبە، ئۇرۇمچى يەرلىك باج ئىدارىسى تىيانشان رايونلۇق شۆبە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى) ، جاڭ يۈەنچىڭ (خۇيزۇ، ئورمانچىلىق نازارىتى ئورگان پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى) ، ماھىنۇر بارات (شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ 2 - دەرىجىلىك ئارتىسى) ، مۇقەددەس (ئاپال، قازاق، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى ئىشخانىسىنىڭ خەت - چەك تارقاتقۇچىسى) ، سەۋلى (ئاپال، موڭغۇل، شىنجاڭ بوڭگو ياشلار ساياھەتچىلىك كوپېراتىپىنىڭ مۇئاۋىن باش دېرېكتورى) ، ئوسمانجان ئىمىن (ش ئۇ ئا ر ساياھەت ئىدارىسى كادىرلار — مائارىپ ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ كادىرى) ، لى چاڭ (شىنجاڭ ئىقتىساد - سودا كومىتېتى ئورگان پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى) ، ۋۇ جياشاڭ (دېھقانچىلىق نازارىتى ئورگان مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى) ، لى ۋېيگو ئەدلىيە نازارىتى تۈرمە باشقۇرۇش ئىدارىسى قەشقەر تۈرمىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى) ، شاڭ شاۋجۇڭ (ش ئۇ ئا ر پوچتا - تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىسى سىملىق يەتكۈزۈش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى) ، لى جۇچېڭ (ئاقسۇ ۋىلايەتلىك چېگرا مۇداپىئە تارماق ئەترىتى قورۇل چېگرا مۇداپىئە خىزمىتى پونكىتىنىڭ يىڭ دەرىجىلىك جياۋداۋيۈەنى) ، جاڭ جېنشى (ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە كومىتېتى تەنتەربىيە مەشغۇلاتدۇرۇش 1 - چوڭ ئەترىتىنىڭ ئاياللار ۋالېبول ترېنېرى، ئالىي ترېنېر) ، دېڭ جۈن (شىنجاڭ سانجى «غەربىي ديار» يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى رەخت توقۇش سېخى رەخت توقۇش ئۇچاستكىسى 3 - ئىش رايونىنىڭ ئۇچاستكا باشلىقى) ، مارىيە (شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى مۇلازىمەتچىلەر ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى) ، روزى داۋۇت (شىنجاڭ 1 - ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن پارتكوم شۇجىسى) ، تيەن جى (سودا - ساناھەت بانكىسى بايىنغولىن ئوبلاستلىق شۆبە بانكا تىجارەت بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى) ، ئابلەت ئابلا (ش ئۇ ئا ر يەر تەۋرەش ئىدارىسى كۈچا يەر تەۋرەش پونكىتىنىڭ باشلىقى) ، خې گورۇڭ چارۋىچىلىق نازارىتى كۈنەس نەسىللىك قوي فېرمىسى دېھقانچىلىق 3 - ئەترىتىنىڭ باشلىقى) ، خې بىڭشيەن (شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى 1 - دوختۇرخانىسى كلىنىكىلىق داۋالاش ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، مەسئۇل ۋراچ) ، خۇباۋۇ

(شىنجاڭ ساناەت ئىنستىتۇتى خىمىيە ساناەتى فاكۇلتېتى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن شۇجىسى)، دولقۇنجان تۇرسۇننىياز (خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكوم مەكتىپى سىياسىي - تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، قوشۇمچە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، دوتسېنت)، ئابدۇقېيۇم توختى (شىنجاڭ ساناەت ئالىي تېخنىكوم مەكتىپى بىخەتەرلىك قۇرۇلۇشى فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)، مېھرىگۇل مەمەت (شىنجاڭ نېفىت ئىنستىتۇتى كومپيۇتېر ئىلمى ۋە تېخنىكا فاكۇلتېتىنىڭ ئالىي ئىنژېنېرى)، جاڭ جۈگيەن (شىنجاڭ قۇرۇلۇش «گورۇھى، 4 - بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى، قوشۇمچە جۇجياڭ شۆبە شىركىتىنىڭ دىرېكتورى)، زەينەپ ھاسىل (شىنجاڭ قۇرۇلۇش (گورۇھى) 1 - بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىركىتى 1 - شۆبە شىركىتىنىڭ كەپشەرلەش ئىشچىسى، تېخنىك ئۇستىسى)، جۇرسۇن (قازاق، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئىدارىسى ئالتاي «706» چوڭ ئەترىتىنىڭ پارتكوم شۇجىسى، مەسئۇل سىياسىي خادىم)، گۇەن يۈگدى (شىبە، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گورۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى پولات تاۋلاش زاۋۇتىنىڭ پارتكوم شۇجىسى)، جىڭ جيې (شىنجاڭ بېگى، ئالاھىدە دورا ماتېرىياللىرى مىللىي دورىلار شىركىتىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى).

## چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈش خەلقنى بېيىتىش پائالىيىتى شىنجاڭدا يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى

شىنجاڭدا چېگرىغا جايلاشقان ناھىيە (شەھەر) دىن 32 سى بار بولۇپ، 11 ئاپتونوم ئوبلاست ۋە ۋىلايەتكە تارقالغان. چېگراغا جايلاشقان ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ %40 ىنى، نوپۇسى شىنجاڭدىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %28 نى ئىگىلەيدۇ. چېگرىغا جايلاشقان ناھىيە (شەھەر) لەردىكى خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن تۆۋەن. دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى تەشەببۇس قىلىپ قوزغىغان چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈپ خەلقنى بېيىتىش پائالىيىتىگە ئاۋاز قوشۇش ئۈچۈن، 2000 - يىل 12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ «‹چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى بېيىتىش› نى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى پىكىر»ى تەستىقلاپ تارقىتىلدى، ئالاقىدار تارماقلار ۋە چېگرىغا جايلاشقان ناھىيە (شەھەر) لەردىكى خەلق ھۆكۈمەتلىرىدىن تۈرلەرنى توغرا تاللاپ، چېگرا رايونلارنىڭ نىسپىي ئارقىدا قېلىشتەك قىياپىتىنى پەيدىنپەي ئۆزگەرتىش تەلەپ قىلىندى.

جياڭ گولى

## تۇنجى ئاز سانلىق مىللەتلەر مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرى موزېيى قۇرۇلدى

شىنجاڭدىكى تۇنجى ئاز سانلىق مىللەتلەر مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرى موزېيى 2000 - يىل 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا قۇرۇلدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى تۆمۈر داۋامەت موزېيغا: «مىللىي مەدەنىي مىراسلارنى رەتلەپ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا تۆھپە قوشايلى» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى.

ماشىنچاڭ

## ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى كىتابلىرىنى رەتلەش خىزمىتى

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى كىتابلىرىنى رەتلەش ئىشخانىسى 1999 — 2005 - يىلغىچە شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى كىتابلىرى كاتالوگ تىزىمىنى تۈزۈش پىلانىغا ئاساسەن ئاپتونوم رايون بويىچە كاتالوگ تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە ھەر قايسى جايلار، ھەر قايسى ئورۇنلار بىلەن مەسئۇلىيەت كېلىشىمنامىسى ئىمزالىدى. كەسپىي خادىملارنى تاللاپ چاغاتاي تىلى، پارس تىلى ئۆگىنىش كۇرسىغا ئەۋەتتى، تىزىملاپ خاتىرىلەش خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. شۇ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 1600 پارچە قەدىمكى كىتابنىڭ كاتالوگى تۈزۈلۈپ بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ش ئۇ ئا ر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى 777 پارچە كىتاب، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلار 816 پارچە قەدىمكى كىتابنىڭ كاتالوگىنى تۈزدى. مىللىي تىل - يېزىق تۈرلىرى بويىچە ئايرىغاندا ئۇيغۇر يېزىقىدىكىسى 436، قازاق يېزىقىدىكىسى 460، خەنزۇ يېزىقىدىكىسى 60، موڭغۇل يېزىقىدىكىسى 365، قىرغىز يېزىقىدىكىسى 24، شىبە، مانجۇ يېزىقىدىكىسى 17، ئۆزبېك يېزىقىدىكىسى 35، تاتار يېزىقىدىكىسى 43 پارچە.

ماشىنچاڭ

## تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو مىللىي كىيىم - كېچەك كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىش ئەھۋالى

دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئاساسلىق باشقۇرغان يۈننەن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۈستىگە ئالغان



شىنجاڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋەكىللەر ئۆمىكى 2000 - يىل 4 - ئايدا نەنجىڭ، خاڭجۇ قاتارلىق شەھەرلەردە شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى كۆرگەزمە قىلدى.

لى ياڭ فوتوسى

تۇنجى نۇۋەتلىك جۇڭگو مىللىي كىيىم - كېچەك كۆرگەزمىسى 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە كۇنمىڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭدىن ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، شىبە، تاجىك، ئۆزبېك، تاتار، رۇس، موڭغۇل، خۇيزۇ مىللەتلىرىنىڭ 103 تۈر 504 دانە كىيىم - كېچەك، زىبۇ - زىننەتلىرى يىغىلدى، ئويۇن كۆرسىتىش ئۈچۈن 130 تۈر 600 دانىدىن ئارتۇق كىيىم - كېچەك، زىبۇ - زىننەت تەييارلاندى، 10 مىللەتتىن 56 كىشى مىللىي كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىپ، زىبۇ - زىننەتلەرنى تاقاپ ئويۇن كۆرسىتىش ئۈچۈن مەشىق قىلدۇرۇلدى، 7 كىشى مىللىي كىيىم - كېچەك، زىبۇ - زىننەت لايىھىلەش مۇسابىقىسىگە قاتناشتى؛ دۆلەت ئىلكىدىكى 6 كارخانا، بىر خۇسۇسىي كارخانا كۆرگەزمىنىڭ يەرمەنكە قىلىپ سېتىش پائالىيىتىگە قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئەڭ ياخشى تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ۋە تۆھپە قوشۇش مۇكاپاتىغا، شىنجاڭنىڭ كۆرگەزمىگە قويۇلغان مىللىيچە كىيىم - كېچەك، زىبۇ - زىننەتلىرى كۆرگەزمىگە قويۇلغان ئەڭ ياخشى ئاۋار مۇكاپاتىغا، ئەڭ ياخشى لايىھىلەش مۇكاپاتى ۋە ئەڭ ياخشى كۆرگەزمە تاۋارلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرۇلغان 10 مىللەتنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى كىيىپ زىبۇ - زىننەتلىرىنى تاقاپ ئويۇن كۆرسەتكەنلەر ئەڭ ياخشى ئورۇنداش مۇكاپاتىغا ۋە ئورۇنداش بويىچە مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ماسۇكۇن

## ئەسىردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى، توي - تۆكۈن مۇراسىمى پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئەھۋالى

دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن بېيجىڭ مىللەتلەر مەدەنىيەت سارىيىنىڭ باشچىلىقىدا ئەسىردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەت، توي - تۆكۈن مۇراسىمى 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن 2001 - يىل 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. شىنجاڭدىن تەشكىللەنگەن ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، شىبە، تاجىك، ئۆزبېك، تاتار، رۇس مىللەتلىرىنىڭ يېڭى توي قىلغان ئەر - ئاياللار ۋەكىللىرى بېيجىڭغا بېرىپ باشقا قېرىنداش ئۆلكە، رايونلاردىن كەلگەن يېڭى توي قىلغانلار بىلەن بىللە يېڭى ئەسىر تاڭ نۇرىنى كۈتۈۋالدى.

ماسۇكۇن

## مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى

دۆلەت مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئۇداۋ دوجې ئۆمەك باشلىقلىقىدىكى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ 2000 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 17- كۈنىگىچە ئېكسكۇرسىيە ۋە كۆزدىن كەچۈرۈشتە بولدى. ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى دېڭىز ياقىسىدىكى ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى تەرەققىي قىلغان ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىكى مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرلىرى ۋە مۇنەۋۋەر كارخانىچىلاردىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، 11 مىللەتتىن بولغان 50 تىن ئارتۇق ئادەمدىن تەركىب تاپقان. ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى ئۈرۈمچى، تۇرپان، سانجى، شىخەنزە، ئىلى، بورتالا ۋە بايىنغولىن قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنى، زاۋۇت، كان، كارخانا، ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى ۋە سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن پورتلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، شۇ جايدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى، كارخانىچىلار بىلەن سۆھبەتلەشتى.

ماشىنچياڭ

## مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىچى شەخسلەر تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئىچكى جايلارغا بېرىپ ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشتە بولدى

شىنجاڭ بويىچە 3 - تۈركۈم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىچى شەخسلەر ۋەكىللىرىنىڭ ئىچكىرى جايلارغا ئېكسكۇرسىيىگە، ئۆگىنىشكە بېرىش ئۆمىكى ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مىجىت ناسىرنىڭ باشچىلىقىدا 2000 - يىل 6 - ئاينىڭ 26- كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنىگىچە خېبېي، شەندۇڭ، لياۋنىڭ، بېيجىڭ قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە ئۇ يەرلەردىن ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە بىڭتۇەندىن كەلگەن، 9 مىللەت ۋە 30 ۋەكىلدىن تەشكىللەنگەن ئېكسكۇرسىيە، ئۆگىنىش ئۆمىكىدىكى ئەزالارنىڭ %90تىن كۆپرەكى 1994 - يىلدىن بۇيان گوۋۇيۈەن، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشىپ كەلگەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىچى شەخسلەردىن ئىبارەت.

ماشىنجاڭ

## «چاپچال مەنزىرىلىرى» تور پونكىتى ئېچىلدى

شىنجاڭ چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئاساس قىلىنغان تور پونكىتى — «چاپچال مەنزىرىلىرى» جۇڭگو ئامىۋى كۆپ ۋاسىتىلىك ئالاقە تورى 2000 - يىل 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى مىللىي يېزىلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

| مىللىي يېزا نامى | يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى (ئادەم) | يۇنىلاڭ ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەت نوپۇسى (ئادەم) | سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلاتلىرى قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | يىل ئاخىرىدىكى تېرىلغۇ كۆلىمى (گېكتار) | ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى (توننا) | يەرلىك مالىيە كىرىمى (10 مىڭ يۈەن) | يەرلىك مالىيە چىقىمى (10 مىڭ يۈەن) | ھەر كىشىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| غۇلجا ناھىيىسى ئۇچۇن خۇيزۇ يېزىسى | 44398 | 40036 | 5230 | 100 | 7529 | 7500 | 47652 | 87 | 15 | 2878 |
| قورغاس ناھىيىسى ئىچىگاشەن شىبە يېزىسى | 13181 | 4622 | 1385 | 4274 | 4401 | 3933.33 | 11118 | 61 | 320 | 2819 |
| قورغاس ناھىيىسى سەنگوڭ خۇيزۇ يېزىسى | 13144 | 11093 | 686 | 1361 | 2964 | 1913.33 | 9474 | 24 | 193 | 2093 |
| نىلقا ناھىيىسى كۆكخوتقور موڭغۇل يېزىسى | 14097 | 7569 | 531 | 18 | 2267 | 2166.6 | 403 | 44 | 65 | 1724 |
| موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى خۇسۇمتۇ خارسۇن موڭغۇل يېزىسى | 7854 | 5995 | 180 | 52 | 1158 | 3273.33 | 2781 | 30 | 26 | 2252 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى چاغان ئۇسۇ موڭغۇل يېزىسى | 11057 | 9807 | 298 | 113 | 2293 | 4333.33 | 4609 | 44 | 39 | 1910 |
| موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى شات قىرغىز يېزىسى | 9341 | 7734 | 741 | 80 | 15003 | 4653.33 | 6837 | 54 | 41 | 1986 |
| تېكەس ناھىيىسى كۆكتېرەك قىرغىز يېزىسى | 11216 | 10039 | 388 | 22 | 2216 | 1066.67 | 3515 | 35 | 11 | 1638 |
| تېكەس ناھىيىسى خۇجىرتى موڭغۇل يېزىسى | 3532 | 3332 | 805 | 1 | 111 | 963.33 | 1980 | 18 | 5 | 2002 |
| چاپچال ناھىيىسى سىلەڭچۇەن خۇيزۇ يېزىسى | 4136 | 3800 | 528 | 90 | 697 | 933.33 | 5368 | 12 | 12 | 2150 |
| چۆچەك شەھىرى ئاشىلى داغۇر مىللىي يېزىسى | 9646 | 4223 | 495.4 | | 8587 | 3333.33 | 21310 | 128 | 246 | 2740 |
| شىخو شەھىرى تابىلغات موڭغۇل يېزىسى | 2254 | 1840 | 119 | | 539 | 266.67 | 674 | 15 | 102 | 2241 |
| شىخو شەھىرى جىرگىلتى گولىن موڭغۇل يېزىسى | 5161 | 1805 | 187 | | 1145 | 200 | 445 | 24 | 112 | 2929 |
| دۆربىلجىن ناھىيىسى ئىمالغولىن موڭغۇل يېزىسى | 4300 | 1720 | 540 | | 1702 | 2000 | 7389 | 17 | 117 | 2370 |
| دۆربىلجىن ناھىيىسى خۇجىبرىتى موڭغۇل يېزىسى | 4342 | 3200 | 120 | | 677 | 1933.33 | 2345 | 10 | 138 | 1074 |
| ئالتاي شەھىرى خاندىغاتى موڭغۇل يېزىسى | 4093 | 3110 | 702 | 2355 | 950 | 533.33 | 1600 | 30 | 31 | 1860 |
| بۇرچىن ناھىيىسى قۇمتاناس موڭغۇل يېزىسى | 2161 | 2125 | 2 | 5 | 128 | 213.33 | 224 | 3 | 105 | 1248 |
| سانجى شەھىرى ئاشىلى قازاق يېزىسى | 7402 | 6478 | | 1932 | 6170 | 1169.33 | 5076 | 32 | 368 | 2170 |
| مىچۈەن شەھىرى بەيياڭخې قازاق يېزىسى | 4214 | 3195 | 1948 | 47850 | 839 | 1223 | 972 | 368 | 623 | 2107 |
| فۇكاڭ شەھىرى سەنگۇڭ قازاق يېزىسى | 3556 | 2500 | 1962 | 4277 | 630 | 300 | 678 | 258 | 257 | 3262 |
| فۇكاڭ شەھىرى ئاقچول قازاق يېزىسى | 6067 | 3803 | 800 | 800 | 690 | 1933.33 | 1536 | 306 | 297 | 2910 |
| ماناس ناھىيىسى خەنكازىتەن قازاق يېزىسى | 4463 | 3024 | 695 | 695 | 1530 | 1066.67 | 132 | 29 | 148 | 1714 |
| ماناس ناھىيىسى تاسىرقاي قازاق يېزىسى | 4341 | 4066 | 870 | 1250 | 1692 | 874.87 | 2569 | 20 | 172 | 2201 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ماناس ناھىيىسى چىندىخوزا قازاق يېزىسى | 7859 | 6680 | 357 | 1400 | 1622 | 1200 | 2375 | 19 | 359 | 1812 |
| قۇتۇبى ناھىيىسى تاشپەلەمپەي قازاق يېزىسى | 6284 | 5098 | 699 | 2962 | 3285 | 1927.13 | 7360 | 47 | 17 | 2493 |
| گۇچۇڭ ناھىيىسى داچۇەن تاتار يېزىسى | 4003 | 3012 | 56 | | | 1543 | 4919 | 23 | 140 | 1869 |
| گۇچۇڭ ناھىيىسى ۋۇماچاڭ قازاق يېزىسى | 7300 | 5929 | 2.6 | | | 3400 | 14128 | 45 | 280 | 1955 |
| گۇچۇڭ ناھىيىسى چورىن قازاق يېزىسى | 2962 | 2439 | | | | 933.33 | 4990 | 153 | 153 | 2129 |
| مورى ناھىيىسى دانەنگۇ ئۆزبېك يېزىسى | 2928 | 2908 | 78 | 859 | 781 | 435.33 | 2908 | 14 | 59 | 1711 |
| يېڭان ناھىيىسى دۆڭبازار خۇيزۇ يېزىسى | 3234 | 3173 | 840 | 3439 | | 301.4 | 788 | 68 | 67 | 2809 |
| قۇمۇل شەھىرى دەۋەلدۇرۇك قازاق يېزىسى | 2438 | 2427 | | | 349 | 231.8 | 467 | 13 | 74 | 1415 |
| قۇمۇل شەھىرى ئۇلاتاي قازاق يېزىسى | 688 | 688 | | | 139 | 472.6 | 62 | 5 | 25 | 1386 |
| ئاراتۇرۇك ناھىيىسى نېرىنكىر قازاق يېزىسى | 3274 | 2946 | | 99.4 | 490 | 193.93 | 79 | 8.7 | 117 | 895 |
| خوشۇت ناھىيىسى ئۇششاقتال خۇيزۇ يېزىسى | 8959 | 5798 | 1170 | 0.5 | | 2870 | 4615 | 42 | | 3170 |
| ئونسۇ ناھىيىسى بوزدۆڭ قىرغىز يېزىسى | 4432 | 4425 | 245 | 245 | 1580 | 1240 | 2320 | 40 | 190 | 1450 |
| ئۇچتۇرپان ناھىيىسى يانامسۇ قىرغىز يېزىسى | 7922 | 7884 | 200 | 421 | 1671 | 1426.67 | 6726 | 16 | 9 | 1190 |
| ئاقتۇ ناھىيىسى تارتاجىك يېزىسى | 4065 | 4058 | | | 133 | 73.93 | | | | 329 |
| يەكەن ناھىيىسى زەرەپشان تاجىك يېزىسى | 5968 | 5966 | | | 364 | 1680.6 | 6570 | 24 | 24 | 695 |
| پوسكام ناھىيىسى بۇيلۇق تاجىك يېزىسى | 2606 | 2102 | 21 | 21 | 619 | 680.67 | 2230 | 14 | 17 | 933 |
| تاشقورغان ناھىيىسى كۆكيار قىرغىز يېزىسى | 975 | 962 | | | 30 | 134.53 | 8 | 24 | 14 | 600 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| گۇما ناھىيىسى كەڭقىر قىرغىز يېزىسى | 842 | 842 | | | 160.4 | 145.7 | 13.6 | 5.9 | 7.7 | 976 |
| گۇما ناھىيىسى دەۋ ئابات تاجىك يېزىسى | 1590 | 1590 | | | 250.1 | 143.9 | 52.7 | 3.8 | 5.3 | 689 |

ئىزاھ: قۇتۇبى ناھىيىسى قاراتۈپە قازاق يېزىسىنىڭ ماتېرىيالى كەمچىل.

ئېچىلدى. تور پونكىتىدا ئاساسلىقى چاپچال ناھىيىسىنىڭ ئەھۋالى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، ئېتىبار بېرىش سىياسىتى شۇنداقلا مىللىي ئۆرپ - ئادەت مەدەنىيىتى تونۇشتۇرۇلدى، نەچچە ئون مىڭ خەتلىك ۋە 100 دىن كۆپرەك مەنزىرە سۈرىتى سەپلەندى. بۇ — جۇڭگودا مەخسۇس شىبە مىللىتىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى، ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى تەشۋىق قىلىنغان تۇنجى تور پونكىتىدۇر.

## ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرى

**قۇربان ھېيت** «قۇربان» دېگەن سۆز ئەرەبچە سۆز بولۇپ، مەنىسى «قۇربانلىق قىلىش»، «نەزىر قىلىش» دېگەن مەنالارنى بىلدۈرىدۇ. قەدىمكى زاماندا «قۇربانلىق قىلىش بايرىمى» دەپمۇ ئاتىلاتتى. يەنە «قۇربان ھېيت» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ھېيت «روزى ھېيت»، «مەۋلۇت»لەر بىلەن قوشۇلۇپ، ئىسلام دىنىدىكى 3 چوڭ ئايەم كۈنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە ھەر يىلى ھىجرىيە 12 - ئاينىڭ باشلىرىدا مۇسۇلمانلار مەككىگە بېرىپ تاۋاپ قىلىدۇ. ئاخىرقى بىر كۈنى (ئىسلام كالېندارى بويىچە 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى) كالا، قوي، تۆگە سويۇپ بىرلىكتە يېيىشىپ تەبرىكلىشىدۇ. بۇ دەل روزى ھېيت كىرگەندىن كېيىنكى 70 - كۈنگە توغرا كېلىدۇ. بۇ ئادەتتە قەدىمكى ئەرەب رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلىشىچە: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام چۈشىدە ئاللاھ بىلەن كۆرۈشكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئوغلى ئىسمايىلنى قۇربانلىق قىلىشنى بۇيرۇپ ئۇنىڭ ساداقىتىنى سىنىماقچى بولغان، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلىنى بوغۇزلايدىغان چاغدا ئاللاھ يەنە پەرىشتىلەردىن بىر قارا قوينى چۈشۈرۈپ ئوغلىنىڭ ئورنىدا قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرىغان. شۇنىڭدىن تارتىپ ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مال سويۇپ قۇربانلىق قىلىش ئادەتكە ئايلانغان. ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرى دەپ ئېتىراپ قىلىنىپ، قۇربان ھېيت بىر ئايەم قىلىپ بېكىتىلگەن. ھازىر دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلار تىلاۋەت قىلىپ، مال سويۇپ قۇربانلىق قىلىدىغان بولغان. شىنجاڭدا ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، تاجىك، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق مىللەتلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ دىنىي بايرام كۈنى بارا - بارا مۇشۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى بولۇپ قالغان. قۇربان ھېيتتا ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى يۇيۇنۇپ، تارىنىپ مەسچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇپ، ئىمام - مەزىنلەرنىڭ ۋەز - نەسىھىتىنى ئاڭلايدۇ. بارلىق ئائىلىلەردە ئۆي پاكىز تازىلىنىدۇ، بايراملىق كىيىملەر كىيىلىدۇ، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەر ئۆز ئارا ھېيتلىشىدۇ. شارائىتى بار ئائىلىلەر كالا، قوي، تۆگە سويۇپ مېھمانلارنى كۈتۈۋالىدۇ ياكى سوۋغا تەقدىم قىلىشىپ خاتىرىلەيدۇ. قازاق، قىرغىز، تاجىك قاتارلىق چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەتلەر يەنە ئوغلاق تارتىشىش، ئات بەيگىسى، چېلىشىش قاتارلىق مەدەنىي پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ ھېيتنى قىزغىن تەبرىكلەيدۇ. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئادەت بويىچە ئەنئەنىۋى ھېيت ئۆتكۈزىدىغان ھەر مىللەت كادىر - ئاممىسىنى 3 كۈنلۈك دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىدۇ.

**روزى ھېيت** «روزى تۇتۇش»نىڭ باشقىچە ئاتىلىشى. «روزى» پارسچە سۆز بولۇپ، مەنىۋى «پەرھىز تۇتۇش» دېگەنلىك بولىدۇ. رامزان تۈگىگەن كۈننى خاتىرىلەش ئۈچۈن روزى ھېيت ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئىسلام دىنى قائىدىلىرىدە ھەربىر قۇرامىغا يەتكەن مۇسۇلمان ھىجرىيە 9 - ئايدا روزى تۇتۇشى، تولۇق بىر ئاي توشقاندا ئېغىز ئېچىش كېرەكلىكى بەلگىلەنگەن. ئېغىز ئاچقان بۇ كۈن ھېيت كۈنى بولۇپ، تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلىدۇ، كىشىلەر بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ ئۆز ئارا ھېيتلىشىدۇ، سوۋغا تەقدىم قىلىشىدۇ، مەسچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇيدۇ. ھازىر روزى ھېيت دىنىي بايرامدىن ئۆزگىرىپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كاتتا بايرىمىغا ئايلاندى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئادەت بويىچە بۇ ئەنئەنىۋى بايرامنى ئۆتكۈزىدىغان ھەر مىللەت كادىر - ئاممىسىنى بىر كۈنلۈك دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىدۇ.

**نورۇز بايرىمى** قىرغىز مىللىتىنىڭ يېڭى يىلى. ھەر يىلى ئاسماندا ھەمەل يۇلتۇز تۈركۈمى كۆرۈنگەن 1 - كۈنى (مىلادىيە كالېندارى بويىچە 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئەتراپىدا) بايرام ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ چاغدا چارۋىچىلىق رايونلىرىدا تۆل ئېلىش ئاياقلىشىدۇ، كىشىلەر ماللىرىنىڭ سانىنى ۋە باشقا مۈلۈكلىرىنىڭ سانىنى ئالىدۇ. يېڭى يىللىق ئىشلەپچىقىرىش،

تۈرمۈشىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بايراملىق كىيىملەرنى كىيىشىپ بىر - بىرىنى ئۆز ئارا تەبرىكلىشىپ ھېيتلىشىدۇ، بۇغداي، كالا، قوي گۆشى، سۇئېپىياز قاتارلىق 7 خىلدىن يېمەكلىك بىلەن كۆجە قاينىتىپ ئىچىدۇ. چارۋىچىلىق رايونىدا گۈلخان يېقىلىپ ئادەم، چارۋىلار گۈلخاننىڭ ئۈستىدىن ئاتلاپ ئۆتىدۇ، بۇ ئالدىنقى يىلدىكى نەسلىك، كېسەللىك، ئاپەتنى قوغلاپ يېڭى يىلنى خاتىرجەم، خۇشال - خورام، مول - ھوسۇل بىلەن كۈتۈۋېلىش ئۈچۈندۇر. كۆپچىلىك خۇشال - خورام ھالدا نورۇز قوشاقلىرىنى ئېيتىشىپ تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزىدۇ.

تېكس (نادام يىغىلىشى) بايرىمى

بۇ بايرامدا موڭغۇل مىللىتى ئاتا - بوۋىلىرىغا، ئاسمان - زېمىنغا، ئاي - كۈنگە، تەبىئەتكە ئاتاپ نەزىر چىراغ ئۆتكۈزىدۇ. ئادەتتە ھەر يىلى 7 -، 8 - ئايلاردا ئوتلاقتا ھەرخىل گۈللەر ئېچىلغان، ئات، كالىلار تازا سەمىرگەن ئالتۇن پەسلىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. بايرام ئۆتكۈزۈلىدىغان جايغا ئوتلار بولۇق ئۆسكەن، سۇلار شارقىراپ ئېقىپ تۇرىدىغان گۈزەل تاغ، ئېدىرلىق جايلار تاللىنىدۇ. چارۋىچىلار بالا - چاقىلىرىنى ئېلىۋالىدۇ. چېدىر تىكىپ بايرامنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزىدۇ. ئاۋۋال نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئات بەيگىسى، چېلىشىش، قارىغا ئېتىش قاتارلىق ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈشكە باشلايدۇ، ھەم قوي سويۇپ گۆش پىشۇرۇپ كاتتا ھاراق زىياپىتى ئۆتكۈزىدۇ. كىشىلەر خۇشال - خۇراملىق بىلەن يىغىلىشىپ ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ، سورۇن ناھايىتى ھەيۋەتلىك، كەيپىيات قىزغىن بولىدۇ. ھازىر كۆپىنچە كىشىلەر «تېكس» بايرىمىنى «نادام يىغىلىشى» دەپ ئاتىشىدىغان بولۇپ قالدى. «نادام»نىڭ خەنزۇچە مەنىسى ئويۇن - تاماشا قىلىش دېگەن مەنىدا.

غەربكە كۆچۈش بايرىمى بۇ شىنجاڭدىكى شىبە مىللىتىنىڭ ئۆزگىچە بايرىمى. 1764 - يىلى قەمەرىيە 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ھازىر شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان شىبە مىللىتى لياۋنىڭدىن غەربكە كۆچۈپ شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىدا مۇداپىئەدە تۇرغاندا يۇرتداشلار، ئۇرۇق - تۇغقانلار يىغىلىپ تاماق يېيىشىپ ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلىشەتتى. ھەر يىلى مۇشۇ كۈندە شىبە مىللىتى كاتتا يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، دالىلاردا خىلمۇخىل شەكىلدىكى مەدەنىي پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزىدۇ، يىغىلىپ تاماق يەپ، بۇ ئۆزگىچە بايرامنى خاتىرىلەيدۇ.

بارات بايرىمى تاجىك مىللىتىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىغا ئاتاپ نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزىدىغان بايرام. بايرام كۈنى كەچتە ئائىلىلەردە قوي يېغى ئىشلىتىلگەن جىن چىراغ يېقىلىدۇ، شۇڭا بۇ بايرام قەدىمدە چىراغ بايرىمى دەپ ئاتالغان. بايرام ھىجرىيە يىلى بويىچە بارات ئېيىنىڭ باشتىكى 2 كۈندە ئۆتكۈزۈلىدۇ. بايرامنىڭ 1 - كۈنى كەچتە پۈتۈن ئائىلە كىشىلىرى بىر يەرگە يىغىلىدۇ. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا توپا تۆكىدۇ، ئائىلە باشلىقى ئەۋلاد ۋە ياشنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ، ئۆيدىكى ھەربىر ئادەمنىڭ ئىسمىنى چاقىرىدۇ، بىر ئادەمنىڭ ئىسمىنى تولۇقلىغاندا قوي يېغىدىن ياسالغان 2 تال شام يېقىپ توپىغا سانچىپ قويىدۇ. ھەربىر ئادەمنىڭ شامىنى ياندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەر قايسى 2 قولىنى چىقىرىپ ئۆزىنىڭ ئىسمى چاقىرىلغاندا سانچىلغان شامنىڭ ئۈستىدىن قولىنى ئۇياققا بۇياققا تەۋرىتىدۇ. ئاندىن ئائىلە باشلىقىغا ئەگىشىپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىدۇ، ئاللادىن ئامان - ئېسەنلىك، ئائىلىسىگە بەخت تىلەيدۇ. شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە ھەر قايسى ئۆيدىكىلەر قوي يېغىدىن ياسالغان چوڭ بىر تال شامنى ياندۇرۇپ ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە قاداپ ساۋابلىق تىلەيدۇ. 2 - كۈنى كەچتە ھەر قايسى ئۆيدىكىلەر شام ۋە پىششىق قوي گۆشى، مايلىق نان ئېلىپ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ قەبرە بېشىنى يوقلايدۇ. ئائىلە باشلىقى ھەربىر قەبرىنىڭ بېشىغا بىر تال شام يېقىپ، ئەرۋاھلارغا دۇئا قىلىدۇ. ئاتا - بوۋىلارغا ئاتاپ نەزىر - چىراغ قىلىش تاماملانغاندىن كېيىن، كۆپچىلىك قەبرە بېشىدا كەچلىك تاماق يەيدۇ، بارات بايرىمى تاجىك مىللىتىنىڭ ئادىتىدە ئەڭ مۇھىم بىلىدىغان بايرام ھېسابلىنىدۇ.

ساپان بايرىمى «ساپان» تاتار مىللىتى ناھايىتى ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى يەر ئاغدۇرۇشقا ئىشلەتكەن بىر خىل دېھقانچىلىق سايمىنى. ئۇ تاتار مىللىتىنىڭ ئىلگىرى قالاق جوتۇ بىلەن بوزيەر ئاچقان ئۇزۇن تارىخىغا خاتىمە بەرگەن. تاتار خەلقى ساپاندىن ئىبارەت بۇ يېڭىچە سوقىنىڭ كەشىپ قىلىنغانلىقىنى خاتىرىلەپ ھەر يىلى 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە بولغان دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىلىدە بايرامنى تەبرىكلەپ بۇ تارىخىي ۋەقەنى خاتىرىلەيدۇ. شۇڭلاشقا بۇ بايرام «ساپان چىشى بايرىمى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بايراملىق پائالىيەت قىلىدىغان جاي ئوچۇق كۆپىنچە مەنزىرىسى گۈزەل چىملىقلار تاللىنىدۇ. چىملىققا گىلەم سېلىنىدۇ، ئۈستىگە ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن مېۋە - چېۋە، تاتلىق - تۈرۈملەر تىزىلىدۇ. كىشىلەر ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناش، ئات بەيگىسى، چېلىشىش قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى قىلغاندىن سىرت، يەنە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئاتنوشكا، خادىغا يامىشىش قاتارلىق ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت - تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ.

پاسخا بايرىمى بۇ رۇس مىللىتىنىڭ ئەڭ كاتتا ئۆتكۈزۈلىدىغان بايرىمى بولۇپ، ئەيسانىڭ قايتا تىرىلگەنلىكىنى خاتىرىلەيدىغان بايرام. پاسخا بايرىمىنىڭ مۇقىم كۈنى

بولمايدۇ، ئەتىيازدا كۈن - تۈن تەڭلەشكەن، تۈنجى ئاي تولغان 1 - يەكشەنبە كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئادەتتە بالدۇر بولغاندا 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، كېيىن بولغاندا 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بايرام كۈنى ھەربىر ئائىلىدە مول نازۇ- نېمەتلەر تەييارلىنىدۇ، كىشىلەر بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ، بىر - بىرىنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ ئۆز ئارا مۇبارەكلىشىدۇ. ئۆز ئارا كۆرۈشكەندە ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن «ئەيسا تىرىلدى» دەيدۇ، قارشى تەرەپمۇ ناھايىتى خۇشال بولۇپ «ئۇ ھەقىقەتەن تىرىلدى» دەيدۇ. ھەر قايسى ئۆيلەردە رەڭلىك تۇخۇملار تەييارلىنىدۇ، ئۆيگە مېھمان كەلگەندە ساھىبخان بىر تال تۇخۇم بېرىپ، مېھماننىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنى تىلەيدۇ. بايرام مەزگىلىدە كىشىلەر ئائىلىدە يىغىلىش ئۆتكۈزىدۇ ياكى كوللېكتىپ تائام كېچىلىكىگە قاتنىشىدۇ، پۇخادىن چىققىچە ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئويناپ تەبرىكلەيدۇ. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى رۇس مىللىتىنى پاسخا بايرىمىدا بىر كۈن دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىشنى بەلگىلىدى.

ژاڭ پىڭ

# مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى

## پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ 2 خىل يېزىقتا ئالاقە يۈرگۈزۈش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى 2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، بۆرتالا، بايىنغولىن، قىزىلسۇ، ئۈرۈمچى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئالاقىلارنىڭ مىللىيچە، خەنزۇچە 2 خىل يېزىقتا يۈرگۈزۈلۈش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈشتە بايقىلىشىچە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئالاقىلارنىڭ مىللىيچە، خەنزۇچە 2 خىل يېزىقتا يۈرگۈزۈلۈش نىسبىتى يىلمۇ يىل تۆۋەنلەشكە قاراپ يۈزلەنگەن، نۇرغۇن تارماقلار دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا پەقەت خەنزۇچىدىن ئىبارەت بىرلا يېزىقتا ھۆججەت تارقاتقان. 17 نازارەت، ئىدارىنى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا دۆلەت باج ئىدارىسى، خەلق ئىشلىرى نازارىتى، ج خ نازارىتى قاتارلىق ئورۇنلار ئاساسىي قاتلامغا ھۆججەت تارقاتقاندا كۆپ ھاللاردا ئاز سانلىق مىللەت يېزىقى، خەنزۇ يېزىقىنى قوللانغاندىن سىرت، باشقا نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ 2000 - يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ھۆججەتلەرنى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقىدا تارقىتىش نىسبىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن مۇشۇ بىر يىلدا تارقاتقان ھۆججەت سانىنىڭ 12.3%نى ئىگىلىگەن. ئەڭ ئازلىرىنىڭ 2.8%نى ئىگىلىگەن. بۇ خىل ئەھۋاللار ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى چۈشىنىشىگە ۋە ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئاساسىي قاتلام خىزمىتىگە مەلۇم دەرىجىدە قىيىنچىلىقلارغا تۇغدۇرغان.

چى جيەنجۈن

## مىللىي تىل - ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتى ئەھۋالى

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر تىل - يېزىق كومىتېتى مىللىي تىل - ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىش سالمىقىنى زورايتىپ، دائىم قوللىنىلىدىغان بىر تۈركۈم ئاتالغۇلارنى ۋە پەن - تېخنىكا ئاتالغۇلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ ئېلان قىلدى. ئۇيغۇر تىلىدىكى غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش، قاتناش بەلگىلىرى، ئارخىپ باشقۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك 440 ئاتالغۇ، قازاق تىلىدىكى دائىم قوللىنىلىدىغان 200 ئاتالغۇ، قىرغىز تىلىدىكى غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش، «فالۇن گۇڭ»غا ئائىت 290 ئاتالغۇ تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى، شىبە تىلىدىكى دائىم قوللىنىلىدىغان 300 ئاتالغۇ تەكشۈرۈپ بېكىتىلىپ ئېلان قىلىندى. ھەر قايسى تىل گۇرۇپپىلىرى يەنە زور مىقداردىكى پەن - تېخنىكا ئاتالغۇلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر تىلىدا تەكشۈرۈپ بېكىتىلگىنى «بوتانىكا ئىلمى ئاتالغۇلىرى» (3300 ئاتالغۇ)؛ قازاق تىلىدا تەكشۈرۈپ بېكىتىلگىنى «ئېلېكترون ئىلمى ئاتالغۇلىرى» (5400 ئاتالغۇ) نىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالى، «فىزىكا ئىلمى ئاتالغۇلىرى» (250 ئاتالغۇ) نىڭ 2 - قېتىملىق تەكشۈرۈلۈشى، «خەنزۇچە، ئىنگلىزچە، قازاقچە پەن - تېخنىكا ئاتالغۇلىرى لۇغىتى» (6500 ئاتالغۇ) نىڭ 1 - تومىنىڭ ئاتالغۇلىرىنى كىرگۈزۈش، تىزىش، كوررېكتور قىلىش خىزمىتى ئىشلەندى؛ قىرغىز تىلىدىكى «دائىم قوللىنىلىدىغان كومپيۇتېر ئاتالغۇلىرى» (10 مىڭ 168 ئاتالغۇ) نى دەسلەپكى تەكشۈرۈش، «كومپيۇتېر ئىلمىغا ئائىت ئاتالغۇلار» (2907 ئاتالغۇ)، «جۇغراپىيە ئىلمى ئاتالغۇلىرى» (1150 ئاتالغۇ) نى دەسلەپكى تەكشۈرۈش، 2 - قېتىملىق تەكشۈرۈش خىزمىتى ئىشلەندى.

چى جيەنجۈن

كەلتۈرۈشنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

چى جيەنجۈن

## شىبە تىل - يېزىقىنى قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنى

شىنجاڭ شىبە تىل يېزىقىنى قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنى 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 27 — 28 - كۈنلىرى غۇلجا شەھىرىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى شىبە تىل - يېزىق مۇتەخەسسىسلىرى، تىل - يېزىق خىزمەتچىلىرىدىن 40 تىن ئارتۇق ئادەم يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا شىبە تىل - يېزىقىنى قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىدە ساقلانغان مەسىلىلەر تەتقىق قىلىنىپ ھەل قىلىندى. تونۇش بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، «ھازىرقى زامان شىبە ئەدەبىي تىلى تەلەپپۇز قائىدىلىرى» ۋە ھازىرقى زامان شىبە ئاتالغۇلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش پرىنسىپى مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللاندى. بىر تۈركۈم يېڭى ئاتالغۇلار تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى.

چى جيەنجۈن

## ئورتاق تەلەپپۇز سەۋىيىسىنى سىناش خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 12 — 26 - كۈنلىرى 10 - قارارلىق ئۆلكە دەرىجىلىك ئورتاق تەلەپپۇز سەۋىيىسى بويىچە لاياقەتلىك بولۇش كۇرسى ئاچتى. قەشقەر، قۇمۇل، تارباغاتاي، بورتالا، سانجى، ئىلى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى ھەر دەرىجىلىك تۈرلۈك مەكتەپلەردىن ۋە بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەردىن 60 ئوقۇتقۇچى كۇرسقا قاتناشتى. 38 ئوقۇتقۇچى ئۆلكە دەرىجىلىك ئورتاق تەلەپپۇز سەۋىيىسى بويىچە سىناش خادىمى لاياقەتنامىسىغا ئېرىشتى. ئىلى ۋىلايىتى، ئالتاي ۋىلايىتى، سانجى ئوبلاستى ۋە شىخەنزە شەھىرى شۇنداقلا شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى، ئۈرۈمچى پېداگوگىكا مەكتىپىدىكى 9198 ئوقۇتقۇچى، پېداگوگىكا مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن 1953 ئوقۇغۇچى، 69 مەمۇرىي خادىمدىن ئورتاق تەلەپپۇز سەۋىيىسى ئىمتىھانى ئېلىندى.

لى فاڭ




2000 - يىل 8 - ئايدا جۇڭگو تىل - يېزىق كومىتېتى جۇڭگو تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئىشخانىسى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشتە 2 - قارارلىق سانلىق ئاساسلارنى بىر تەرەپ قىلىش بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى.

فۇرقەت فوتوسى

## قازاق تىلى ئاتالغۇلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنى

شىنجاڭ قازاق تىلى ئاتالغۇلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنى 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى بىلەن شىنجاڭدىكى نەشرىيات، رادىئو - تېلېۋىزىيە، مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلاردىكى قازاق مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملاردىن 70 تىن ئارتۇق ئادەم يىغىنغا قاتناشتى. دۆلەت تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بۇيۇڭخې، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جانابىل، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەسقەت كەرىمباي، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسىردىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

بۇ قېتىملىق يىغىننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، قازاقچە ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇشتا «ئۆزىنى ئاساس قىلىش، مۇۋاپىق تەركىبلەرنى قوبۇل قىلىش، ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» ئومۇمىي پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، قازاقچە ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىش ھەمدە بىر قىسىم ئاتالغۇلارنى تەكشۈرۈپ بىرلىككە

## جۇڭگودا تىل - يېزىقنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى

جۇڭگو شىنجاڭدا تىل - يېزىقنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى 2000 - يىل 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى قۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ ۋېنيۆ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. ئىشخانا ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىدا تەسىس قىلىندى.

8 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە جۇڭگو شىنجاڭدا تىل -يېزىقنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئىشخانىسى (قىسقارتىلىپ تەكشۈرۈش ئىشخانىسى دەپ ئېلىندى) 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى ۋە قەشقەردە ئائىلىلەرگە بېرىپ تەكشۈرگۈچى تايانچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، شىنجاڭ بويىچە ئەۋرىشكە قىلىنغان ناھىيىلەر (شەھەر، رايون)گە 130 دىن كۆپرەك تەكشۈرۈش خادىمى تەربىيىلەپ بەردى. 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۈرۈمچىدە، 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى غۇلجىدا مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈش خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى، مەمۇرلار، ئوقۇتقۇچى، سودىگەر، تىببىي خادىم، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، دېكتور، ئاخبارات خىزمەتچىلىرىدىن ئىبارەت 8 كەسىپ مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈلدى. تەكشۈرۈش ئىشخانىسى 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ئەۋرىشكە قىلىنغان ناھىيە، شەھەرلەرگە تېلېگراما ئارقىلىق يېزا دەرىجىلىك نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈش جەدۋىلىنى يوللىدى، تىل -يېزىقنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىشنى تەكشۈرۈشنى شىنجاڭ بويىچە ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرگىچە ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردى. 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە ھەر قايسى ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ يېزا دەرىجىلىك نۇسخا ئېلىپ ئائىلىلەرگە بېرىپ تەكشۈرۈش خىزمىتى كەينى - كەينىدىن ئاياقلاشتى. تەكشۈرۈش ئىشخانىسى شىنجاڭ بويىچە 69 ناھىيە، شەھەرگە تارقالغان 8860 ئائىلىلىك ھەر مىللەت ئاھالىسىنىڭ تىل - يېزىق ئىشلىتىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى؛ ئۈرۈمچى رايونى ۋە ئىلى ۋىلايىتىدە 8 كەسىپكە ئالاقىدار 1100گە يېقىن ئادەم مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈلۈپ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. قايتا تەكشۈرۈش، نومۇر قويۇش ئارقىلىق تەكشۈرۈلگەن سانلىق ئاساسلارنى كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈش، ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ستاتىستىكىلاپ تەھلىل قىلىش خىزمىتى باسقۇچىغا كىردى.

شيې شىن

## ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىق تەرجىمانلىرىنىڭ كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىنى باھالاپ بېكىتىش ئەھۋالى

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر تىل - يېزىق كومىتېتى 2000 - يىللىق ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىق تەرجىمانلىرىنىڭ كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىنى باھالاش خىزمىتىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام تەرجىمانلىرىغا سىياسەت جەھەتتە بەلگىلىك ئېتىبار بەردى. ئاپتونوم رايون بويىچە 56 تەرجىماننىڭ كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى باھالاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي تەرجىمان 4، كاندىدات ئالىي تەرجىمان 34، تەرجىمان 18.

ئىبرايىم ئىسھاق

## مىللىي تىل - يېزىق تەرجىمانلىرىنى تەربىيىلەش ئەھۋالى

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر تىل - يېزىق كومىتېتى 3 قارار ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىق تەرجىمانلىقى كەسپىي بويىچە ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىكلەرنى ئۈزلۈكسىز تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، تەربىيىلەشكە قاتناشقان 148 ئادەم ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ كەسپىي تېخنىكا خادىملارنى داۋاملىق تەربىيىلەش بويىچە ئىش ئورنىدا تەربىيىلەش گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى. ئالتاي شەھىرىدە قازاق تىلىنىڭ ئىملا، تەلەپپۇز قائىدىسى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، تەرجىمان، دېكتور، ماشىنىست قاتارلىقلاردىن 49 ئادەمنى تەربىيىلىدى.

چى جيەنجۈن

# ئىجتىمائىيەت

## نوپۇس، پىلانلىق تۇغۇت

### نوپۇس پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى

مەملىكەت بويىچە نوپۇسنى 5 - قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە (2000 - يىل 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت نۆلگىچە)، شىنجاڭدا تىزىمغا ئېلىنغان نوپۇس 19 مىليون 250 مىڭغا يەتكەن (سىرتتىن كەلگەن نوپۇس شۇنىڭ ئىچىدە، سىرتقا چىقىپ كەتكەن نوپۇس بۇنىڭ سىرتىدا). بۇنىڭ ئىچىدە دائىملىق نوپۇس 18 مىليون 462 مىڭ 600. تىزىمغا ئېلىنغان نوپۇسنى نوپۇسنى 4 -قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش (1990 - يىل 7- ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت نۆلگىچە) بىلەن سېلىشتۇرغاندا، دائىملىق نوپۇستىن 4 مىليون 90 مىڭى يەنى %26.98 كۆپەيگەن. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 395 مىڭ 800 نوپۇس كۆپەيگەن؛ يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۆپىيىش نىسبىتى %2.34 بولغان.

شىنجاڭنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ستاتىستىكا نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 249 مىڭ 200 بوۋاق تۇغۇلغان، نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰14.14 بولۇپ، دۆلەت چۈشۈرۈپ بەرگەن كۆرسەتكۈچتىن 8.46 پىرو پىرسەنت پوئىنتى، 1999 - يىلدىكىدىن 4.62 پىرو پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىگەن؛ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰9.61 بولۇپ، دۆلەت چۈشۈرۈپ بەرگەن كۆرسەتكۈچتىن 5.79 پىرو پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىگەن. تۇغۇلغان بوۋاقلار ئىچىدە بىر پەرزەنتلىك بولۇش نىسبىتى %57.32نى، 2 پەرزەنتلىك بولۇش نىسبىتى %27.01نى، كۆپ پەرزەنتلىك بولۇش نىسبىتى%15.67نى ئىگىلىگەن، 1999 - يىلدىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىر پەرزەنتلىك بولۇش نىسبىتى 0.78 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىگەن، 2 پەرزەنتلىك بولۇش نىسبىتى 0.06 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىگەن، كۆپ پەرزەنتلىك بولۇش نىسبىتى 0.72 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىگەن. پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى %98.61 بولۇپ، 0.68 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىگەن؛ كېچىكىپ توي قىلغانلارنىڭ نىسبىتى %83.94 بولۇپ، 1.28 پىرسەنت پوئىنتى ئۆسكەن.

جاڭ يىشۈن

### پىلانلىق تۇغۇت جەھەتتىكى تەشكىلىي رەھبەرلىك خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2000 - يىل 1 - ئاينىڭ 17 -، 18 - كۈنلىرى پىلانلىق تۇغۇت خىزمەت يىغىنى ئۆتكۈزدى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قېيۇم باھاۋۇدۇن، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەمتىمىن زاكىر يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى ھەمدە 1999 - يىللىق نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت بويىچە نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى كۆرسەتكۈچىنى ئورۇندىغان ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ۋە «ئۈچنى ئاساس قىلىش»نى ئاساسەن ئەمەلگە ئاشۇرغان 34 ناھىيە (شەھەر) گە مۇكاپات بەردى. مەمتىمىن زاكىر ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى نامىدىن 2000 - يىلنى «ئاپتونوم رايون بويىچە پىلانلىق تۇغۇتتا ئەلا مۇلازىمەت يىلى» دەپ جاكارلىدى.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى نوپۇس، بايلىق، مۇھىت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن، ئاپتونوم رايون رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى. ۋاڭ لېچۇەن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: نوپۇس مەسىلىسى — سىجىل تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئاشۇرالماسلىقتا مۇناسىۋەتلىك ئاچقۇچلۇق مەسىلە، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلە. خىزمەتنىڭ سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، تەشۋىقات - تەربىيىنى ئاساس قىلىش، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىشنى ئاساس قىلىش، دائىملىق خىزمەتنى ئاساس قىلىش فاڭجېنىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىش لازىم. ئابلەت ئابدۇرېشىت سۆزىدە مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى كۈچەيتىشكىلا بولىدۇكى، ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى ھەرخىل قىيىنچىلىقلارنى، بولۇپمۇ خادىملار شتاتى، خىراجەت سېلىنمىسى، پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمەت تورى قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى

قىيىنچىلىقلارنى ھەقىقىي ھەل قىلىش لازىم.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ «نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، تۆۋەن تۇغۇت سەۋىيىسىنى مۇقىملاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قارار»نى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا ئەزا ئورۇنلار ۋە پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان ئورۇنلاردىكى ئالاقىدار خادىملار سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئاتۇش شەھىرىدە مەركەزنىڭ قارارىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە «نىكاھ - تۇغۇت يېڭى ئىستىلىنى ھەممە ئائىلىلەرگە ئېلىپ كىرىش» پائالىيىتىدىكى تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزدى. ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبەرلىرى ۋە تەشۋىقات بۆلۈملىرىنىڭ باشلىقلىرى، پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرلىرى يىغىنغا قاتناشتى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قېيۇم باھاۋۇدۇن يىغىنغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى. قىزىلسۇ ئوبلاستى، ئاتۇش شەھىرى، قەشقەر ۋىلايىتى، سانجى ئوبلاستى، بايىنغولىن ئوبلاستى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يېڭىشەھەر رايونى، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ۋەكىللىرى يىغىندا سۆزگە چىقىپ، «نىكاھ - تۇغۇت يېڭى ئىستىلىنى ھەممە ئائىلىلەرگە ئېلىپ كىرىش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتىكى تەجرىبىلىرى ۋە ئۇسۇللىرىنى تونۇشتۇردى.

ئاپتونوم رايون 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تۇنجى قېتىملىق پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 10 - ئايدا 10 سىناپ كۆرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، «ئۈچنى ئاساس قىلىش»تىكى ئىلغار ناھىيە، ئۆلچەمگە يەتكەن ناھىيە بولۇشقا ئۆزىنى مەلۇم قىلغان 64 ناھىيە (شەھەر) گە سىناپ كۆرۈپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ئەۋەتتى.

جاڭ يىشۈن

## تەشۋىقات، تەربىيە خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات، تەربىيە خىزمىتىدە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى مۇھىم نۇقتا چۆرىدىلىپ، «نىكاھ - تۇغۇت يېڭى ئىستىلىنى ھەممە ئائىلىلەرگە ئېلىپ كىرىش» ۋە «ئەلا مۇلازىمەتنى ھەممە كەنتلەرگە ئېلىپ كىرىش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.

ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى 6 - ئايدا مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى، پەن ئىدارىسى، گېئولوگىيە ۋە قېزىلما بايلىقلار ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايون بويىچە نوپۇس، بايلىق، مۇھىت جەھەتتە كىتاب ئوقۇش مۇسابىقە پائالىيىتى ئۆتكۈزدى، «شىنجاڭ گېزىتى»گە نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت بىلىملىرى بويىچە سىناش سوئالىدىن 30ى بېسىلدى، شىنجاڭ بويىچە ئوقۇرمەنلەرنىڭ 1126 نۇسخا جاۋابى تاپشۇرۇۋېلىندى.

ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى 2000 - يىلى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، جۇڭگو پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات - تەربىيە مەركىزى ۋە قىسمەن ئۆلكە، شەھەرلەردىكى ئاخبارات ئورۇنلىرى تەشكىللىگەن شىنجاڭغا كېلىپ خەۋەر ئېلىش پائالىيىتىگە ياردەملىشىپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى نەتىجىلەر ۋە تەجرىبىلەرنى تەشۋىق ۋە خەۋەر قىلدى، مەخسۇس فىلىم، ئۈنئالغۇ لېنتىسى ئىشلىدى. «شىنجاڭ نوپۇس گېزىتى» «ئاپتونوم رايون بويىچە پىلانلىق تۇغۇتتا ئەلا مۇلازىمەت يىلى» دىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا «ئەلا مۇلازىمەتنى سەييارە تەكشۈرۈش ئەھۋالى»، «نىكاھ - تۇغۇت قىسقا خەۋەرلىرى»، «پەن - تېخنىكا قىسقا خەۋەرلىرى»، «ئەرلەرنىڭ ساغلاملىقى»، «تۇغۇت ۋە تەربىيىلەش ئەھۋالى» قاتارلىق سەھىپىلەرنى ئاچتى. پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ تەشۋىقات - تەربىيە مەركىزى «نىكاھ - تۇغۇت يېڭى ئىستىلىنى ھەممە ئائىلىلەرگە ئېلىپ كىرىش» پائالىيىتىگە ماسلاشقان ھالدا «نىكاھ - تۇغۇت يېڭى ئىستىلىنى تۇرغۇزۇشنى ھەممە ئائىلىلەرگە ئېلىپ كىرەيلى» دېگەن ئاسما خەرىتىنى ئىشلەپ چىقتى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۇيغۇرچە «ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش، تۇغۇت چەكلەش بىلىملىرىدىن تاللانما» ناملىق پەننى ئومۇملاشتۇرۇش فىلىمى ۋە «نىكاھ - تۇغۇت بويىچە زۆرۈر ئۇقۇشلۇق»، «سۈپەتلىك ھامىلدار بولۇشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى»، «تۇغۇت ۋە ھامىلدارلىق مەزگىلىدە بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئىشلار»، «بالا تەربىيىلەش دەستۇرى» قاتارلىق پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت سىنئالغۇ، ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنى تەرجىمە قىلىپ ئىشلىدى. «ساجىمخان» ناملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى سۈرەتكە ئېلىش ئالدىدىكى تەييارلىق ئىشلىرى تاماملاندى.

جاڭ يىشۈن

## پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا مۇلازىمىتى

ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى 2000 - يىلنىڭ بېشىدا «پىلانلىق تۇغۇتتا ئەلا مۇلازىمەتنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى، جايلار بىر قاتار ئەلا مۇلازىمەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ۋە تۇغۇت چەكلەش، سۈپەتلىك پەرزەنت كۆرۈش ۋە سۈپەتلىك تەربىيىلەش، جىنسىي ئەزا ساغلاملىقى،

تەشۋىقات ـ تەربىيە قاتارلىق جەھەتلەردە تۇغۇت يېشىدىكى ھەر مىللەت ئاممىغا ئەلا مۇلازىمەت قىلىندى، تۇغۇت، تۇغۇت چەكلەش، پەرزەنت كۆرەلمەسلىك چۆرىدەلگەن ھالدا پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمەت ساھەسى كېڭەيتىلىپ، تۇغۇت يېشىدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كۈنسېرى ئېشىۋاتقان جىنسىي ئەزا ساغلاملىقىغا بولغان ئېھتىياجى قاندۇرۇلدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ھەرخىل تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىسىدىن 239 مىڭ 363ى ئىشلەندى، بۇ 1999 ـ يىلدىكىدىن 10 مىڭ 92 قېتىم ئاۋايدى، ئۇنىۋېرسال تۇغۇت چەكلەش نىسبىتى %71.82كە يېتىپ، 0.16 پىرسەنت پوئىنتى ئۆستى. ئاپتونوم رايون بويىچە دورا ـ ئەسۋاب ئىشلىتىپ ھامىلدارلىقتىن ساقلانغان ئادەم 375 مىڭ 311گە يەتتى، دورا ئىشلەتكەن ئومۇمىي ئادەم ئىچىدە ئىچىدىغان دورا ئىشلەتكەنلەر ۋە ئوكۇل سالدۇرغانلار %21.31نى، سىرتقا ئىشلىتىلىدىغان دورا ئىشلەتكەنلەر %9.7نى، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش قېپى ئىشلەتكەنلەر %89.60نى ئىگىلىدى. دورا ـ ئەسۋاب ئارقىلىق ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ئۇنىۋېرسال تۇغۇت چەكلەش تەدبىرىنىڭ %83.13نى ئىگىلىدى.

جاڭ يىشۈن

## ئاپتوموبىل تەقدىم قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى

ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى 2000 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئاپتوموبىل تەقدىم قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت دەرىجىلىك 23 نامرات ناھىيىگە پىلانلىق تۇغۇت سەييارە مۇلازىمەت ئاپتوموبىلى تەقدىم قىلدى. بۇ، دۆلەت يولغا قويغان پىلانلىق تۇغۇت سەييارە مۇلازىمەت ئاپتوموبىلى تۈرىدە شىنجاڭغا تۇنجى تۈركۈمدە تەقسىم قىلىنغان پىلانلىق تۇغۇت سەييارە مۇلازىمەت ئاپتوموبىلى ھېسابلىنىدۇ.

جاڭ يىشۈن

## پىلانلىق تۇغۇتتا «ئۈچنى ئاساس قىلىش»تىكى ئىلغار، لاياقەتلىك ناھىيىلەر

2000 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ جاي ـ جايلىرىدا 9 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە «جۇڭگو پىلانلىق تۇغۇت ئاساسىي مەزمۇنى» دىكى تەلەپلەر بويىچە پىلانلىق تۇغۇتتا «ئۈچنى ئاساس قىلىش»تىكى ئىلغار ناھىيىلەر، «ئۈچنى ئاساس قىلىش»تىكى لاياقەتلىك ناھىيىلەرنى بەرپا قىلىش پائالىيىتى پائال قانات يايدۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى سىناپ كۆرۈپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئارقىلىق تۇرپان شەھىرى، پىچان ناھىيىسى، سانجى، مىچۈەن، فۇكاڭ شەھەرلىرى، جىمسار، گۇچۇڭ، ماناس ناھىيىلىرى، بورتالا شەھىرى، جىڭ ناھىيىسى، كورلا شەھىرى، يەنجى، باغراش، لوپنۇر، بۈگۈر، چاقىلىق، چەرچەن ناھىيىلىرى، قەشقەر شەھىرى، يوپۇرغا، يەكەن، چىرا، غۇلجا، قورغاس، چاپچال، توققۇزتارا، نىلقا، موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىرى، ئالتاي، شىخو شەھەرلىرى، ساۋەن ۋە كەلپىن ناھىيىلىرىدىن ئىبارەت 31 ناھىيە (شەھەر) گە «2000 ـ يىللىق پىلانلىق تۇغۇتتا «ئۈچنى ئاساس قىلىش»تىكى ئىلغار ناھىيە» دېگەن نام بېرىشنى؛ توقسۇن، قەشقەر كوناشەھەر، قاغىلىق، مارالبېشى، مەكىت، پەيزاۋات ناھىيىلىرى، خوتەن شەھىرى، گۇما ناھىيىسى، غۇلجا شەھىرى، دۆربىلجىن، تولى، قۇنەس، شايار ۋە توقسۇ ناھىيىلىرىدىن ئىبارەت 14 ناھىيە (شەھەر) گە «2000 ـ يىللىق پىلانلىق تۇغۇتتا «ئۈچنى ئاساس قىلىش»تىكى لاياقەتلىك ناھىيە» دېگەن نام بېرىشنى قارار قىلدى.

جاڭ يىشۈن

## دۆلەتنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن ئاساسىي قاتلام پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپلار ۋە ئىلغار شەخسلەر

2000 ـ يىلى شىنجاڭدىن دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن ئاساسىي قاتلام پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپلار ۋە ئىلغار شەخسلەر مۇنۇلار:

مەملىكەت بويىچە ناھىيە دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇتتا «ئۈچنى ئاساس قىلىش»تىكى ئىلغار ئورۇنلار: ئاتۇش شەھىرى، قۇتۇبى ناھىيىسى.

مەملىكەت بويىچە پىلانلىق تۇغۇت سىستېمىسىدىكى يېڭى دەۋردىكى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشى: زىننەتخان قۇربان (چىرا ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھەم پىلانلىق تۇغۇت يېتەكچىلىك پونكىتىنىڭ باشلىقى).

مەملىكەت بويىچە يېزا (بازار، مەھەللە) لاردىكى مۇنەۋۋەر پىلانلىق تۇغۇت خادىملىرى: دۈيشاقان (ئايال، تېكەس ناھىيىسى چىلۆزەك يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)، ھەسەن (ئۇلۇغچات ناھىيىسى بايقۇرۇت يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ كادىرى)، ئەنۋەر ئۆمەر (گۇما ناھىيىسى موكۇيلا يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ مەخسۇس كادىرى)، گۈلبەھرەم ھاجى (قەشقەر شەھىرى نەزەرباغ يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)، چۇسۇلىڭ (ئايال، لوپنۇر ناھىيىسى شىڭپىڭ يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)، زورەم مەمتىلى (ئاقسۇ شەھىرى بەشتوغمەن يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ مەخسۇس كادىرى)، ئورال (كۆكتوقاي ناھىيىسى كۆرتى يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت

ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)، لەن خۇيچىن (ئايال، قوبۇقسار ناھىيىسى يۇستۇڭگى چارۋىچىلىق فېرمىسى پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)، شياڭ يۇلىڭ (ئايال، مورى ناھىيىسى جاۋبېشەن يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ ياردەمچى خادىمى)، چېن فېڭيىڭ (ئايال، ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ رايونى «تىنچلىق» كوچىسى مەھەللە ئىش باشقارمىسى پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى).

مەملىكەت بويىچە كەنت ئاھالىلەر (شەھەر ئاھالە) كومىتېتلىرىدىكى مۇنەۋۋەر پىلانلىق تۇغۇت خادىملىرى:
دىڭ شيۇيىڭ (ئايال، كۈيتۇڭ شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسى كاتىبات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ھەم پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)، ۋاڭ شيىڭ (ئايال، باغراش ناھىيىسى چېكىننۇر يېزىسى چېكىننۇر كەنتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)، شى شىنيەن (ئايال، شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتى نېفىت ئېلىش 2 - زاۋۇتى پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)، ليۇگۈيىڭ (ئايال، ئارشاڭ ناھىيىسى چاغانتوڭگې يېزىسى مودىتىن خوتخور كەنتىنىڭ مۇدىرى)، نۇسرەت ئىمىن (يېڭىسار ناھىيىسى شەھەر يېزىسى 8 - كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ تەشۋىقات خادىمى)، جاڭ جىنفېن (ئايال، شىخەنزە شەھىرى دۇڭچېڭ مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى)، رۇقىيە رېقىپ (توقسۇن ناھىيىسى بوستان يېزىسى بوزيۇلغۇن كەنتىنىڭ مۇدىرى)، تاجىنىسا قۇربان (گۇما ناھىيىسى زاڭگۇي يېزىسى تاتىراڭ كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھەم تەشۋىقات خادىمى)، ۋېي شيۇخۇڭ (ئايال، قۇمۇل شەھىرى تاشۋېلىق يېزىسى ئاردىم كەنتىنىڭ تەشۋىقات خادىمى)، ۋېي شۇخۇا (ئايال، ئۈرۈمچى شەھىرى تۇدۇڭخابا رايونى غەربىي پويىز ئىستانسىسى مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى).

مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر پىلانلىق تۇغۇت مەركىزىي ئائىلە - گۇرۇپپا باشلىقلىرى: ۋاڭ سەيشيا (ئايال، باركۆل ناھىيىسى كۆيمۇ يېزىسى ئەرشىلى گۇەنزى كەنتىنىڭ تەشۋىقات خادىمى)، جى شيۇفېن (ئايال، مىچۇەن شەھىرى گۇمۇدى بازىرى شياساغې كەنتىنىڭ تەشۋىقات خادىمى)، رەيھانەم سەيپى (كۇچا ناھىيىسى دۆڭقوتان يېزىسى ياقاشۇتۇت كەنتى 2 - كىچىك ئەترەتنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى)، تۇرسۇنخان (ئايال، نىلقا ناھىيىسى قاراسۇ يېزىسى 3 - كەنتىنىڭ تەشۋىقات خادىمى ھەم مەركىزىي ئائىلە باشلىقى)، تۇرسۇنئاي (جىڭ ناھىيىسى ماندانبۇلاق يېزىسى خۇاڭگۇڭ شىمالىي كەنتىنىڭ تەشۋىقات خادىمى)، مەرىگۈل مەنسۇر (مارالبېشى ناھىيىسى ئاناركۆل يېزىسى 8 - كەنتىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى، مەركىزىي ئائىلە باشلىقى)، يۇشىڭلاڭ (ئايال، شىخو شەھىرى چېيپەيزە بازىرى قاراياغاچ كەنتىنىڭ تەشۋىقات خادىمى)، جاڭ خۇڭچىڭ (ئايال، جېمىنەي ناھىيىسى توپتېرەك بازىرى 4 - ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)، پاتەمخان رەمەت (ئاقتو ناھىيىسى ئاقتو بازىرى 7 - كەنتىنىڭ دورا بەرگۈچىسى)، پاتىگۈل نىياز (پىچان ناھىيىسى لەمجىن بازىرى ئاقدۆڭ 2 - گۇرۇپپىسىنىڭ مۇدىرى).

2000 - يىلى مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، دۆلەت مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتى تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپلار ۋە ئىلغار شەخسلەر:

ئىلغار كوللېكتىپلار: باينغولىن ئوبلاستلىق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، پەكەن ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت ئىدارىسى، چىڭگىل ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، ئۇلۇغچات ناھىيىسى قىزىلئۇي يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى، چۆچەك شەھىرى ئاشلى داغۇر مىللىي يېزىسى.

ئىلغار شەخسلەر: سۇي جۇنجېي (ئىلى ۋىلايەتلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى)، ئازادگۈل (ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىشەھەر رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)، باھارگۈل (قاراماي شەھىرى قاراماي رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ كادىرى)، لى جىڭ (ئايال، كۈيتۇڭ شەھەرلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ كادىرى)، خالىق توختىنىياز (تۇرپان شەھىرى سىڭگىم يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)، مەھەممەت ياقۇپ (قۇمۇل ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى كەسپىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، خەن جۈن (سانجى شەھەرلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)، ئويىن چېڭ (ئايال، ئارشاڭ ناھىيىسى تاشۇ يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)، جاۋ يۇلەن (ئايال، يەنجى ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)، ئارزۇگۈل تۇنىياز (ئاۋات ناھىيىسى ئايباغ يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)، دىڭ يۇچىڭ (ئايال، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)، ليۇ يىي (ئايال، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، بۇۋئايشەمخان (چىرا ناھىيىسى چىرا يېزىسى توپا كەنتىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات خادىمى)، سافىش (ئايال، ساۋەن ناھىيىسى شىگوبى بازارلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)، مايىرا (ئايال، ئالتاي شەھىرى ئاۋىيتان بازارلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)، كامۇنا مەمەتېك (ش ئۇ ئا ر پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات - تەربىيە مەركىزىنىڭ كادىرى).

جاڭ يېشۇن

# كادىرلار ئىشلىرى

## ئىختىساسلىقلار بازىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ ئىختىساسلىقلار بازىرىدا 156 قېتىم قەرەللىك بازار ئېچىلدى، 15 قېتىم ھەرخىل مەخسۇس تەكلىپ قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، 1500 ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن (قېتىم) بازارغا كىرىپ خادىم تەكلىپ قىلدى، 85 ئېھتىياجلىق كەسىپ، 10 مىڭ 34 ئىش ئورنى بىلەن تەمىن ئېتىلدى، بازارغا كىرىپ خىزمەت ئىزدىگەن ھەرخىل ئىختىساسلىق خادىم 35 مىڭ 500 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى، كۆڭگە ئادەم ئىشلەتمەيدىغان ئورۇندىن 480ى، خىزمەت ئىزدەيدىغانلاردىن 6000 دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى. ئەزا ئورۇندىن 12 سى قوبۇل قىلىندى. شىنجاڭ ئىختىساسلىقلار بازىرىنىڭ تور - پونكىتلىرى 530 ئورۇنغا 700 نۇسخىدىن ئارتۇق تەكلىپ قىلىش ئۇچۇرى تارقاتتى، 1510 نۇسخا خىزمەت ئىزدەش ئۇچۇرىنى تورغا كىرگۈزدى، شىنجاڭ ئىختىساسلىقلار ئۇچۇر تور - پونكىتلىرىغا 47 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئارتۇق ئادەم كىردى. 4 - ئاينىڭ 22 -، 23 - كۈنلىرى ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى ئوبلاستى، ئالتاي، تۇرپان، قۇمۇل ۋىلايەتلىرى، شىخەنزە شەھىرى ۋە بىڭتۇەندىكى 143 كارخانا، كەسپىي ئورۇن 2000 - يىل ئەتىياز پەسىللىك ئۈرۈمچى رايونى بويىچە ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كارخانىسى %8نى، كەسپىي ئورۇنلار %11نى، كوللېكتىپ كارخانىلار %3نى، پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىلار %22نى، شېرىكلەشكەن كارخانىلار %9نى، خۇسۇسىي كارخانىلار ۋە باشقا كارخانىلار %47نى ئىگىلەيدۇ. يىغىندا 62 كەسىپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 2200 ئىش ئورنى بىلەن تەمىن ئېتىلدى، يىغىنغا قاتناشقان ھەرخىل ئىختىساسلىقلاردىن 8000 دىن ئارتۇق ئادەم بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىندى، كېڭەشكە 10 مىڭ 129 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى، 5648 ئادەم (قېتىم) ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ تىزىمغا ئالدۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە شۇ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى 846 ئادەم (قېتىم)، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان كەسپىي تېخنىكا خادىمى، باشقۇرغۇچى خادىم 687 ئادەم (قېتىم)، خىزمەتتىن ئايرىلغان خادىم 320 ئادەم (قېتىم)، خىزمەت ئىشلەۋاتقان خادىم 440 ئادەم (قېتىم). 1041 ئادەم بىلەن دەسلەپكى قەدەمدىكى مۇددىئا كېلىشىمى ھاسىل قىلىندى. 9 - ئاينىڭ 22 -، 23 - كۈنلىرى كۈز پەسىللىك شىنجاڭ ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، يىغىندا 200 كۆرگەزمە ئورنى ھازىرلاندى. 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە بىڭتۇەندىن كەلگەن 298 كارخانا، كەسپىي ئورۇن يىغىنغا قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى كارخانىلار %56.1نى، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار %9نى، كەسپىي ئورۇنلار %20.9نى، كوللېكتىپ كارخانىلار %11نى، باشقا كارخانىلار %3نى ئىگىلەيدۇ. يىغىندا 250 كەسىپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 4859 ئىش ئورنى بىلەن تەمىن ئېتىلدى. يىغىنغا ھەرخىل ئىختىساسلىقلاردىن ئاز كەم 8000 ئادەم، كېڭەشكە 13 مىڭ 698 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە شۇ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنىڭ ئوقۇغۇچىسى 7498 ئادەم (قېتىم)، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان كەسپىي تېخنىكا خادىمى، باشقۇرغۇچى خادىم 1055 ئادەم (قېتىم)، دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققان خادىم 109 ئادەم (قېتىم)، باشقا ئۆلكىلەردىن خىزمەت ئىزدەپ كەلگەن خادىم 553 ئادەم (قېتىم)، شۇ جايدىلا قوبۇل قىلىش رەسمىيىتى بېجىرىلگەن ئادەم 441.

رېن يۈمېي، پېڭ كېچېڭ

## كادىرلار ئىشلىرى بويىچە ۋاكالەتچىلىك خىزمىتى

شىنجاڭ ئىختىساسلىقلار مەركىزى 2000 - يىلى ئامىدىن 8000 دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى، كادىرلار ئىشلىرىغا ئائىت ئارخىپتىن 2090 نۇسخىنى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كادىرلار ئارخىپى 385 نۇسخا، ئىشچىلار ئارخىپى 101 نۇسخا، سالاھىيىتى يوقلارنىڭ ئارخىپى 261 نۇسخا، بوغالتىرلىق ئورنىدىكى كەسپكارلارنىڭ ئارخىپى 74 نۇسخا، ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىدىكى ئەمگەك مۇناسىۋىتى ھەقلىق بىكار قىلىنغان خادىملارنىڭ ئارخىپى 1269 نۇسخا؛ ئارىلىقتىكى ئارخىپ 19 نۇسخا؛ يۆتكەلگەنلەر ئارخىپى 178 نۇسخا. ۋاكالەتچىلىكنى ھاۋالە قىلغان ئورۇندىن 30ى قوشۇلدى. چەت ئەلگە چىقىدىغان خادىملارنى سىياسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈش يۈزىسىدىن كادىرلار ئارخىپىدىن 35 نۇسخا تەكشۈرۈلدى، چەت ئەلگە چىقىدىغان خادىملاردىن 35 ئادەم (قېتىم) نى سىياسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىلدى. 28 بىناكارلىق ئورنىدىكى 456 نەپەر ئىنژېنېر - تېخنىكا خادىمىغا بىناكارلىق قابىلىيىتىنى ئىسپاتلاشقا ئالاقىدار رەسمىيەت بېجىرىپ بېرىلدى. ھەرخىل كارخانىلارغا قوبۇل (تەكلىپ) قىلىنغان 34 كەسپىي تېخنىكا خادىمى، باشقۇرغۇچى خادىمغا

تەكشۈرۈپ دەستىقلاش ۋە توختامغا ئىمزا قويۇش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىلدى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ناھىيە، يېزا كارخانىلىرىدا ئىشلەۋاتقان 616 ئادەمگە قوبۇل (تەكلىپ) قىلىش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىلدى. 60 ئادەمگە كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىش سالاھىيىتىنى باھالاپ بېكىتىشكە يوللاش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىلدى، 68 ئادەمگە كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىش سالاھىيىتى گۇۋاھنامىسى بېجىرىپ بېرىلدى. 2000 ـ يىلْ 1 ـ، 5 ـ، 6 ـ ئايلاردا 110 ئادەمگە كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىگە مۇناسىۋەتلىك چەت ئەل (خەنزۇ) تىلى ئىمتىھانى، سەھىيە كەسپىي تېخنىكا سالاھىيىتى ئىمتىھانى، مەملىكەت بويىچە ئىقتىساد كەسپىي تېخنىكا سالاھىيىتى ئىمتىھانى ۋە مەملىكەت بويىچە كەسپكار پراۋىزورلار ئىمتىھانىغا تىزىملاپ ئالدۇرۇش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىلدى، 73 ئادەمگە پېنسىيە سۇغۇرتىسىنى ۋاكالىتەن تاپشۇرۇش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىلدى، 268 ئادەمگە پېنسىيە سۇغۇرتىسىنى داۋاملىق تاپشۇرۇش تونۇشتۇرۇش خېتى يېزىپ بېرىلدى.

كارخانىلارغا قوبۇل (تەكلىپ) قىلىنغان كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى، باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ 2 قارارلىق تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 145 ئادەم تەربىيىلەندى. ئاپتونوم رايوندىكى زامانىۋى كارخانىلار يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى خادىملىرىنىڭ 2 ـ قارارلىق تەربىيىلەش (مۇھاكىمە) كۇرسى ئېچىلىپ، ئاپتونوم رايوندىكى قىسمەن چوڭ، ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرى، پاي چېكى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەر، پاي تۈزۈمىدىكى دائىلىق كارخانىلارغا 126 يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى خادىم تەربىيىلەپ بېرىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ـ بازار كارخانىلىرى باشقۇرغۇچى خادىملىرىنىڭ 14 ـ قارارلىق تەربىيىلەش (مۇھاكىمە) كۇرسى ئېچىلىپ، 110 ئادەم تەربىيىلەندى. 16 سانائەت كارخانىسىنىڭ مەسئۇلى ئامېرىكىغا بېرىپ تەكشۈرۈش ـ تەربىيىلىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى.

رېن يۈمېي، پېلىڭ كېچېلىڭ

## ئىشچىلارنىڭ تېخنىكا دەرىجىسىنى سىناش خىزمىتى

كادىرلار نازارىتى 2000 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 12 ـ ئايغىچە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلار ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچىلار ئارىسىدىكى سىناپ كۆرۈلىدىغان كەسپىي خادىملارنى ئىش ئورنىدا تەربىيىلەش كۇرسىدىن 13 قارار ئاچتى، 1012 ئادەم تەربىيىلەشكە قاتناشتى، ئۇلار ئىمتىھان بېرىش ئارقىلىق ئىش ئورنىدا تەربىيىلەشتە لاياقەتلىك بولۇش گۇۋاھنامىسى ئالدى.

2000 ـ يىلى ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى تېخنىكلارنى تەربىيىلەش ۋە سىناش خىزمىتى داۋاملىق ئىشلەندى. 5 قارار تېخنىكلار كۇرسى ئېچىلىپ، 248 ئادەم تەربىيىلەندى؛ نەزەرىيە جەھەتتىن مۇستەھكەملەش كۇرسىدىن 4 قارار ئېچىلىپ، 151 ئادەم تەربىيىلەندى؛ 13 تېخنىك قايتا تەكشۈرۈلۈپ ئېتىراپ قىلىندى، 394 تېخنىك ئىشچى سىناش، باھالاشتا لاياقەتلىك بولدى، ئۇلارغا تېخنىكلىق گۇۋاھنامىسى بېرىلدى ۋە مائاشى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

2000 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە 8518 ئادەم ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ دەرىجىلىك تېخنىكا دەرىجىسى بويىچە تەربىيىلەش ـ سىناشقا ھەم ئىشچىلارنىڭ تېخنىكا دەرىجىسىنى سىناش ئىشخانىسى بىر تۇتاش ئۇيۇشتۇرغان «كەسپ ئەخلاقى» ئىمتىھانىغا قاتناشتى. ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلارغا تەقسىم قىلىنغان تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، ھەربىي سەپتىن بوشانغان، ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن جەڭچىلەر ھەم كارخانىلاردىن يۆتكىلىپ كېلىنگەن خادىملارنىڭ قولىدىكى ئەمگەك مىنىستىرلىكى تارقاتقان تېخنىكا دەرىجىسى گۇۋاھنامىسىنى قايتا تەكشۈرۈپ ئېتىراپ قىلىش خىزمىتى داۋاملىق ئىشلەندى، بىر يىلدا 798 ئادەمگە ئەسلىدىكى تېخنىكا دەرىجىسىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە گۇۋاھنامە تارقىتىش خىزمىتى بېجىرىپ بېرىلدى.

رېن يۈمېي، پېلىڭ كېچېلىڭ

## كادىرلار ئىشىدىكى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ۋە مۇكاپاتلاش ـ جازالاش خىزمىتى

كادىرلار نازارىتى 2000 ـ يىلى ھۆكۈمەتنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپىدىن 159نى بېجىرىپ، مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك كادىردىن 406 ئادەم (قېتىم)نى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىشى ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشىغا سۇنۇلىدىغان تەكلىپتىن 2نى بېجىردى، 40 ئورۇندىكى باشقارما دەرىجىلىكتىن تۆۋەن رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ۋە غەيرىي رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش رەسمىيىتىنى بېجىردى. دۆلەتكە 13 ئىلغار كوللېكتىپ، 97 خىزمەت ئىلغارى (ئەمگەك نەمۇنىچىسى) تونۇشتۇردى، 47 ئادەمنىڭ مۇكاپات مائاشىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بەردى.

رېن يۈمېي، پېلىڭ كېچېلىڭ

## كادىرلار ئىشى بويىچە ئىمتىھان ئېلىش خىزمىتى

كادىرلار نازارىتى 2000 ـ يىلى كادىرلار ئىشى بويىچە ھەرخىل ئىمتىھاندىن 30نى تەشكىللەپ يولغا قويدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىكى 21، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى 9. تەشكىللەپ يولغا قويۇلغان ھەرخىل ئىمتىھانلارنىڭ قاتلىمى ئالىي، كاندىدات ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ دەرىجىلەرگە بۆلۈندى، ئىمتىھان خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە ۋە ئىنگلىزچە، ياپونچە، رۇسچە قاتارلىق 12 تىلدىن بېرىلدى، ئىمتىھانغا قاتنىشىشقا تىزىمغا ئالدۇرغان ھەرخىل خادىمدىن 94 مىڭ 882 سى قوبۇل قىلىندى (بوغالتىرلار شۇنىڭ ئىچىدە)؛ 170 يۈرۈش ئىمتىھان قەغىزى قوبۇل قىلىندى ۋە تېما چىقىرىپ بېرىلدى، 40 نۇسخا تەرجىمە ئىمتىھان قەغىزى قوبۇل قىلىندى؛ ھەرخىل ئىمتىھان قەغىزىدىن 54 مىڭ نۇسخا ئىشلەندى؛ 34 مىڭ 200 نۇسخا ئىمتىھان قەغىزى تەكشۈرۈلدى؛ 150 مىڭ كارتوچكا ئوقۇپ چىقىلدى؛ ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئىمتىھان رايونى 2018 ئىمتىھان مەيدانىنى ئىجارىگە ئالدى؛ 560 ئادەم (قېتىم) دىن ئارتۇق ئىمتىھان نازارەتچىسى ئەۋەتىلدى؛ ئىمتىھانغا كېرەكلىك ھەرخىل كىتابتىن 21 مىڭ 694 نۇسخا تارقىتىلدى.

رېن يۈمېي، پېڭ كېچېڭ

## دۆلەت مەمۇرلىرى تۈزۈمىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 2000 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 27ـ كۈنى «ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە دۆلەت مەمۇرلىرى تۈزۈمىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى تېزلىتىش خىزمىتىگە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتقاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى، بايىنغولىن، تۇرپان، سانجى، ئاقسۇ، قەشقەر، ئالتاي قاتارلىق ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)، ناھىيە، يېزىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىدا دۆلەت مەمۇرلىرى تۈزۈمىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى ئاساسەن تاماملاندى ھەمدە ئۆزى تەكشۈرۈش، ئۆزى ئۆزگەرتىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى؛ ش ئۇ ئا ر دۆلەت مەمۇرلىرى تۈزۈمىنى ئومۇملاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، كادىرلار نازارىتى بىلەن بىرلىكتە ئۈرۈمچى، سانجى، بايىنغولىن، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى؛ قۇمۇل، ئىلى، خوتەن، قىزىلسۇ، تارباغاتاي قاتارلىق ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) لەرگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلاردا ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى ئاساسەن تاماملاندى.

رېن يۈمېي، پېڭ كېچېڭ

## كادىرلار ئىشىدىكى ئۇچۇر خىزمىتى

كادىرلار نازارىتى 2000 ـ يىلى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ كادىرلار ئىشىغا ئائىت سىياسەت، قانۇن ـ نىزاملار ئامبىرىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى. «شىنجاڭ كادىرلار ئىشىدىكى ئىختىساسلىقلار ئۇچۇر تورى»نىڭ ئىچكى ـ تاشقى تور ئۇچۇرلىرىنى يېڭىلىدى، كادىرلار نازارىتىنىڭ مەمۇرىي ئىشلارنى ئاشكارىلاش ئۇچۇرى ۋە ئەقلىي كۈچ كىرگۈزۈش نەتىجىلىرى ئۇچۇرىدىن 3000 دىن كۆپرەكىنى، ئىختىساسلىقلارغا بولغان ئېھتىياج ئۇچۇرىدىن 2000 دىن كۆپرەكىنى، كادىرلار ئىشىغا ئائىت باشقا ئۇچۇردىن 2900 دىن كۆپرەكىنى رەتلەپ چىقتى، بۇلارنىڭ خەت سانى 20 مىليوندىن ئاشىدۇ. 1999 ـ يىللىق كادىرلار، مائاش ستاتىستىكىسىنى يىللىق يوللاش، جەملەش، ستاتىستىكا قىلىش خىزمىتى تاماملاندى. ج غ نازارىتى بىلەن بىرلىكتە كومپيۇتېر سىستېمىسىدىكى بىخەتەرلىك خادىملىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، 4 قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 300 دىن ئارتۇق ئادەم تەربىيىلەندى.

رېن يۈمېي، پېڭ كېچېڭ

## دۆلەت سىرتىدىن ئەقلىي كۈچ كىرگۈزۈش خىزمىتى

2000 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىش تۈرىدىن 224ى ئىجرا قىلىندى، چەت ئەللىك مۇتەخەسسىستىن 269 ئادەم (قېتىم) شىنجاڭغا كەلدى. 5 مىليون 214 مىڭ يۈەنلىك يۆنىلىشنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىش خىراجىتى قولغا كەلتۈرۈلدى. مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىشنىڭ ئىجرا قىلىنىش نىسبىتى %92، كېڭەيتىش تۈرلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىش نىسبىتى %36 بولدى. 9 ـ ئاينىڭ 18 — 24 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە 2001 ـ يىللىق چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكلىپ قىلىش ھەم خەلقئارا ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش كېڭەشمىسى ئۆتكۈزۈلدى. دۆلەت چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرى ئىدارىسى شىنجاڭغا چەت ئەلگە چىقىپ تەربىيىلىنىش تۈرىدىن 73 ئادەم (قېتىم) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان 12 تۈرنى تەستىقلاپ چۈشۈرۈپ بەردى. 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بۇنىڭدىن 58 ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 8 تۈر ئىجرا قىلىندى؛ ھازىر تەشكىللىنىپ يولغا قويۇلۇۋاتقان تۈر 2، چەت ئەلگە 9 ئادەم ئەۋەتىش پىلانلاندى؛ 107 ئادەم (قېتىم) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان، كېيىنكى يىلغا يۆتكەلگەن 9 تۈر ئىجرا قىلىندى. شۇ يىلى

دۆلەت چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرى ئىدارىسى غەربنى ئېچىش، چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرى ئىدارىسىدىن ئۇيۇشما تەشكىللەش قاتارلىق تەربىيىلەش تۈرىدىن 100 ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 19 تۈرنى كۆپەيتتى. بىر يىلدا چەت ئەلگە چىقىرىپ تەربىيىلەش يۈزىسىدىن 649 ئادەم (قېتىم) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان 93 تەربىيىلەش تۈرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، ئەنگە ئېلىش ئىجرا قىلىندى. جۇڭگو خەلقئارا ئىختىساسلىقلارنى ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ 75 ئادەم (قېتىم) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان 7 خىل يۆنىلىشنى ئۆزگەرتىپ تەربىيىلەش تۈرى تاماملاندى. 2000 - يىللىق يېزا ئىگىلىكىدە ئەقلىي كۈچ كىرگۈزۈش تۈرىدىن 79 ى قوبۇل قىلىندى، دۆلەت چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرى ئىدارىسى 18 تۈرنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ تەستىقلىدى، بۇ تۈردە 540 مىڭ يۈەن خىراجەت قولغا كەلتۈرۈلدى. يۇقىرىغا يوللىنىدىغان يېزا ئىگىلىكىدە ئەقلىي كۈچ كىرگۈزۈش نەتىجىلىرىنى كېڭەيتىپ ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى تۈرىدىن 15 ى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ دېھقانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ بىئولوگىيىلىك قۇرۇلۇش تۈرى ۋە بىڭتۈەننىڭ يوپۇق ئاستىدىن تېمىتىپ سۇغىرىش تۈرى دۆلەت چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرى ئىدارىسى تەرىپىدىن دۆلەت دەرىجىلىك ئەقلىي كۈچ كىرگۈزۈش نەتىجىلىرى بازىسى بولۇپ باھالاندى.

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى مائارىپ سىستېمىسىدىن سىرت ئورۇنلاردىن دۆلەت (چېگرا) سىرتىغا چىقىپ ئوقۇشقا 37 ئادەم مەلۇم قىلىندى، ئۇلاردىن 17 سى قوبۇل قىلىندى، ئۇلار ئامېرىكا، ياپونىيە، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق 6 دۆلەتكە ئوقۇشقا باردى. مائارىپ مىنىستىرلىكىگە چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىپ مەملىكەتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشقا ياردەم بېرىش تۈرىدىن 7 سى مەلۇم قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 3 تۈر تەستىقلاندى؛ مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش مۇلازىمەت مەركىزىگە چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىپ مەملىكەتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشقا ياردەم بېرىش تۈرىدىن 5 ى مەلۇم قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 تۈر تەستىقلاندى؛ كادىرلار مىنىستىرلىكىگە چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىپ مەملىكەتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشقا ياردەم بېرىش تۈرىدىن 25 ى مەلۇم قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 15 تۈر تەستىقلاندى. كادىرلار مىنىستىرلىكى تەشكىللىگەن ئامېرىكىغا ئوقۇشقا چىققان دوكتورلارنىڭ مەملىكەتكە قايتىپ تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى 6 كىشى كۈتۈۋېلىندى ھەمدە تېببىي پەن ۋە قۇرۇلۇش تېخنىكىسى تەرەققىياتى ھەم يۈزلىنىشى توغرىسىدا 2 قېتىم ئىلمىي دوكلات بېرىلدى. شۇ يىلى چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەر تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇللىرىدىن 4 تۈركۈمدە 6 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى.

رېن يۈمېي، پېڭ كېچېڭ

## يېتىشتۈرۈش ۋە داۋاملىق تەربىيىلەش ئەھۋالى

2000 - يىلى كادىرلار نازارىتى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك كادىرلار نازارىتى بىلەن بىرلىكتە تۇنجى قارارلىق شىنجاڭ - گۇاڭدۇڭ شەرق بىلەن غەربنىڭ سىستېما بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، 45 ياشتىن تۆۋەن، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 30 دۆلەت مەمۇرى تەربىيىلىنىشكە قاتناشتى؛ «چەت، جاپالىق رايونلار ۋە ئاساسىي قاتلاملاردىكى بىر يىللىق تۈزۈمدىكى مەخسۇس تەربىيىلەش كۇرسلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا ‹2+1›، تەربىيىلەشنى يولغا قويۇشقا ئائىت مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»، «ئاسپىرانتلار دەرسىنى ئوقۇيدىغان بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى كۇرسانتلىرىنىڭ ئاسپىرانتلار بىلەن ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولۇشى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىلدى ھەمدە تۈرلۈك تەييارلىق ئىشلىرى ئىشلەندى؛ ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى ساھەلەر، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك كادىرلار تارماقلىرى 6 يېڭى تەربىيىنى مەزمۇن قىلغان ھەرخىل داۋاملىق تەربىيىلەش كۇرسى، بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى، ئالىي دەرىجىلىك تەتقىقات - بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىدىن 345 قارار (قېتىم) ئېچىپ، 13 مىڭ 817 ئادەمنىڭ داۋاملىق تەربىيە ئېلىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى؛ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردە 46 مىڭ ئادەم داۋاملىق تەربىيە ئېلىشقا قاتناشتى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە «بىلىم ئىگىلىكى»، «ئىجادىيەتچانلىق قائىدىلىرى ۋە ئەمەلىيىتى دەرسلىكى» دىن ئىبارەت ئومۇمىي دەرسلىك بويىچە تەربىيىلەش قانات يايدۇرۇلدى، ئۆگىنىشكە 13 مىڭ ئادەم قاتناشتى؛ ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋانى بار كەسپىي تېخنىكا خادىمىدىن 18 ى تاللىنىپ، «ئالىي ۋراچ»، «ماشىنىسازلىق»، «ئېلېكترون سودا ئىشلىرى»، «مۇھەندىس ئاسراش»، «كارخانا رەھبەرلىرىنىڭ تەدبىر بەلگىلەش قاتلىمى»، «غەربنى ئېچىش ۋە شەھەر - يېزىلارنى پىلانلاش» قاتارلىق ئالىي دەرىجىلىك تەتقىقات - بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسلىرىغا قاتناشتۇرۇلدى.

رېن يۈمېي، پېڭ كېچېڭ

## كادىرلارنىڭ زەخىملىنىش، مېيىپ بولۇپ قېلىش ئەھۋالىنى باھالاپ بېكىتىش خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر ئاپپارات - شتات كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن 2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ش ئۇ ئا ر كەسپىي ئورۇنلاردىكى زەخىملىنىش، ئاغرىپ

مېيىپ بولۇپ قېلىش ئەھۋالىنى باھالاپ بېكىتىش مەركىزى قۇرۇلدى ھەم ش ئۇ ئا ر كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىش ئۈستىدە زەخىملىنىش، ئاغرىپ مېيىپ بولۇپ قېلىش ئەھۋالىنى مۇتەخەسسىسلەر باھالاپ بېكىتىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، بۇنىڭغا تىبابەتچىلىك نۇقتىسىدىن باھالاپ بېكىتكۈچى مۇتەخەسسىستىن 20 كىشى تەكلىپ قىلىندى؛ «ئاپتونوم رايوننىڭ كەسپىي ئورۇنلاردىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئىش ئۈستىدە زەخىملىنىش ئەھۋالىنى بىر ياقلىق قىلىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارىسى» ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ ئىش ئۈستىدە زەخىملىنىش، ئاغرىپ مېيىپ بولۇپ قېلىش ئەھۋالىنى باھالاپ بېكىتىشنىڭ كونكرېت يۈرۈشۈش تەرتىپى تۈزۈپ چىقىلدى ۋە قېلىپلاشتۇرۇلدى، 10 - ئايدىن باشلاپ ئاپتونوم رايوندىكى كادىرلار تارماقلىرى زەخىملىنىش، مېيىپ بولۇپ قېلىش ئەھۋالىنى باھالاپ بېكىتىش خىزمىتىنى رەسمىي قانات يايدۇردى.

رېن يۈمېي، يياڭ كېچىياڭ

## كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭدا ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولىدىغان خادىملاردىن 30ى، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خادىمىدىن 130ى باھالاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر 5، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر 10، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر 15. يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا خادىملىقىغا 2975 كىشى باھالىنىپ بېكىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك ۋەزىپىگە باھالىنىپ بېكىتىلگەنلەر 274، كاندىدات ئالىي دەرىجىلىك ۋەزىپىگە باھالىنىپ بېكىتىلگەنلەر 2701. 18 كىشىنىڭ تەمىناتى ئۆستۈرۈلۈپ، ئالىي ئىنژېنېرلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشىشى تەستىقلاندى، 11 كىشىنىڭ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش تەتقىقاتچىلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشىشى تەستىقلاندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىدىكى 22 كىشىنىڭ ئالىي ئىقتىسادچىلىق ۋەزىپىسىگە، 9 كىشىنىڭ ئىقتىسادچىلىق ۋەزىپىسىگە ئېرىشىشى تەكشۈرۈلۈپ ئېنىقلىنىپ تەستىقلاندى. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلاردا 29 كىشى يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپىگە ئېرىشتى (بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك ۋەزىپىگە ئېرىشكىنى بىر). ئالاقىدار مايىللىق سىياسىتى تۈزۈپ چىقىلىپ، دوكتۇرلۇق، پوستدوكتورلۇققا ئېرىشىپ، شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ خىزمەت قىلىۋاتقان ھەمدە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ماگىستىرى، ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقان ئوقۇش تارىخى يۇقىرى ئىختىساسلىقلاردىن 7 كىشىگە يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپە سالاھىيىتى بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 پوستدوكتورغا پروفېسسورلۇق ۋەزىپە سالاھىيىتى بېرىلدى. شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور پاي چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئىبارەت 5 ئورۇن تۇنجى تۈركۈمدە پوستدوكتورلۇققا مەلۇم قىلىش خىزمەت پونكىتى ۋە پوستدوكتورلۇق سەييارە پونكىتى قۇرغۇچى ئورۇنلۇققا تاللىنىپ بېكىتىلدى. شۇ يىلى 2 - تۈركۈمدە ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان 106 پەن - تېخنىكا تايانچىنى ئالاھىدە تەربىيىلەيدىغان ئورۇنلار ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى ۋە ئۇلار ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى.

رېن يۈمېي، يياڭ كېچىياڭ

# ئاپپارات ئىسلاھاتى ۋە شتات باشقۇرۇش خىزمىتى

## «ئاپپارات، شتات باشقۇرۇش كۆۋاھنامىسى» خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر ئاپپارات - شتات كومىتېتى 2000 - يىل 2 - ئاينىڭ ئاخىرىدا «ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئاممىۋى تەشكىلات ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلاردا ‹ئاپپارات، شتات باشقۇرۇش كۆۋاھنامىسى›نى قوللىنىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى. 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئاممىۋى تەشكىلات ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلاردا «ئاپپارات، شتات باشقۇرۇش كۆۋاھنامىسى» بىر تۇتاش قوللىنىلدى. «باشقۇرۇش كۆۋاھنامىسى» ش ئۇ ئا ر ئاپپارات - شتات كومىتېتى ئىشخانىسى تەرىپىدىن ئىمزا قويۇلۇپ تارقىتىلدى، بۇ، شىنجاڭدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئاممىۋى تەشكىلات ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئاپپارات نامى، ئاپپارات خاراكتېرى، ئاپپارات شتاتى، شتات سانى، رەھبەرلىك ۋەزىپە سانى، ھازىر بار ئادەم سانى قاتارلىق ئەھۋاللار توغرىسىدىكى ئىسپات، ئورۇنلارنىڭ تەشكىلات، كادىرلار، ئەمگەك، مالىيە، بانكا، ج خ، ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىق تارماقلارغا خادىم يۆتكەش، ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىم قىلىش، رەھبەرلىك ۋەزىپە سانى، ئەمگەك مائاش پىلانى، خىراجەتنى

تەكشۈرۈپ ئاجرىتىش، قانۇنىي ئىگىسى تىزىمغا ئالدۇرۇش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ماكانلاشتۇرۇش، ئىدارە تامغىسىنى ئويدۇرۇش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تېببىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى بېجىرىش قاتارلىق ئىشلارنى مەلۇم قىلىشىدىكى ئاساس ھېسابلىنىدۇ. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئاممىۋى تەشكىلات ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلاردا 692 تارماق ۋە ئورۇن «ئاپپارات، شتات باشقۇرۇش گۇۋاھنامىسى»نى بېجىردى.

شيې گۇاڭدې، داجيەنمىن

## كەسپىي ئورۇنلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى 2000 - يىل 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «ش ئۇ ئا ر ئاپپارات - شتات كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ ‹كەسپىي ئورۇنلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش خىزمىتىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكىر›ىنى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى. ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: كەسپىي ئورۇنلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش - كەسپىي ئورۇنلارنى باشقۇرۇشنى ئىلمىيلەشتۈرۈش، قانۇن - تۈزۈملەشتۈرۈش، زامانىۋىلىشىشقا يۈزلەندۈرۈشتىكى بىر مۇھىم تەدبىر، بۇ، ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، مەمۇرىي ئورۇن بىلەن كەسپىي ئورۇننى ئايرىپ، مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى يەنىمۇ ئىسلاھ قىلىپ، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئاپپارات ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئېھتىياجىغا پەيدىنپەي ئۇيغۇنلىشىشتا ئىنتايىن مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇقتۇرۇشتا يەنە بۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلدى.

ش ئۇ ئا ر كەسپىي ئورۇنلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش ئىدارىسى 2000 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تۇنجى قېتىم «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»دە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 138 كەسپىي ئورۇندىكى قانۇنىي ئىگىسىنىڭ سالاھىيىتىنى ئېلان قىلدى. «چېگرا ئېنىق بولۇش، ئالدى بىلەن ئاسىنىنى، ئاندىن قىيىنىنى ئىشلەش» تىن ئىبارەت تىزىملاش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ش ئۇ ئا ر ئاپپارات - شتات كومىتېتى ئىشخانىسى باشقۇرىدىغان 830 نەچچە كەسپىي ئورۇن تۈرگە ئايرىلىپ سەپكە تۇرغۇزۇلدى، ئاپپارات ئىسلاھاتىدا ئۆزگىرىش بولىدىغان كەسپىي ئورۇنلارنى تىزىملاش ۋاقىتىنچە بىردەك كېيىنگە قالدۇرۇلدى. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 300 نەچچە كەسپىي ئورۇندىكى قانۇنىي ئىگىسىنىڭ سالاھىيىتى تىزىمغا ئېلىندى.

دا جيەنمىن

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى لايىھىسى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن 2000 - يىل 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ئاپپارات ئىسلاھاتى لايىھىسىنى تەستىقلىدى.

پارتكومنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى 1) فۇنكسىيىلىك مۇناسىۋەت راۋانلاشتۇرۇلىدۇ. ش ئۇ ئا ر پارتكومىدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تارماقلىرى بىلەن بىر سىستېمىدىكى ئاپپارات تەسىس قىلىنمايدۇ. ش ئۇ ئا ر پارتكوم بىلەن ھۆكۈمەت بىرلىكتە زىممىسىگە ئېلىشقا ھەقىقەتەن زۆرۈر بولغان فۇنكسىيىلەردە بىرلىشىپ خىزمەت قىلىش ياكى بىر ئاپپاراتقا 2 ۋىۋىسكا ئېسىش چارىسى قوللىنىلىدۇ. بىر دەرىجە تۆۋەن پارتكوم تارمىقى باشقۇرسا ياكى قول ئاستىدىكى ئورۇن ئۈستىگە ئالسا بولىدىغان بەزى ئىشلار ئىمكانقەدەر تۆۋەنگە چۈشۈرۈلىدۇ ياكى يۆتكىلىدۇ. 2) ئاپپاراتلار تەڭشىلىدۇ. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىكى ئاساسلىق خىزمەت تارماقلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى بىلەن ئومۇمەن ماس كېلىش پرىنسىپى بويىچە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئورگىنى (مەمۇرىي تەپتىش مەھكىمىسى بىلەن بىرلىشىپ خىزمەت قىلىدۇ)، ئىشخانا، تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى، بىرلىك سەپ خىزمىتى بۆلۈمى، سىياسىي - قانۇن كومىتېتى (جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى ئىشخانىسى ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ خىزمەت قىلىدۇ)، سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسى، بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار خىزمەت كومىتېتى ساقلاپ قېلىنىدۇ. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ ۋاكالەت ئورگىنى سۈپىتىدە كارخانىلار خىزمەت كومىتېتى قۇرۇلۇپ، پارتكومنىڭ ئاپپاراتى قاتارىغا كىرگۈزۈلىدۇ. تەشۋىقات بۆلۈمىگە تاشقى تەشۋىقات ئىشخانىسى (ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئاخبارات ئىشخانىسى)، مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش يېتەكچىلىك كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ ۋىۋىسكىسى ئېسىلىدۇ. بىرلىك سەپ خىزمىتى بۆلۈمىگە تەيۋەن خىزمىتى ئىشخانىسى (ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەيۋەن ئىشلىرى ئىشخانىسى) نىڭ ۋىۋىسكىسى ئېسىلىدۇ. ئاپپارات - شتات كومىتېتى ئىشخانىسى ش ئۇ ئا ر ئاپپارات - شتات كومىتېتىنىڭ دائىملىق ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى سۈپىتىدە ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ خىزمەت ئاپپاراتى، شۇنداقلا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت ئاپپاراتى بولىدۇ. مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كومىتېتى ئىشخانىسى (شىنجاڭ دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش ئىدارىسى)، مەخپىيەتلىك ئىدارىسىنى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئىشخانىسى

باشقۇرىدۇ. پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسىنى تەشكىلات بۆلۈمى باشقۇرىدۇ. ئالىي مەكتەپلەر خىزمىتى كومىتېتى مائارىپ نازارىتى بىلەن بىرلىشىپ خىزمەت قىلىدۇ. يۇقىرىقىدەك تەڭشەش ئارقىلىق ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ خىزمەت ئاپپاراتى 9، تارماقلار باشقۇرىدىغان ئاپپارات 3، ئىشلار ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىشنى ماسلاشتۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى بىر، ھۆكۈمەت تارمىقى بىلەن بىرلىشىپ خىزمەت قىلىدىغان ئاپپارات بىر بولىدۇ. 3) شتات ئىخچاملىنىدۇ. ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئورگىنىنىڭ ھازىرقى مەمۇرىي شتاتى 1030 (ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك ئاپپاراتلىرىغا ئەۋەتىلگەن شتات شۇنىڭ ئىچىدە)، %20لىك نىسبەت بويىچە ئىخچاملىنىغاندا، تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن مەمۇرىي شتات 824 بولىدۇ. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تارماقلىرىدىكى رەھبەرلىك ۋەزىپە سانى ئادەتتە 2 دىن 4 كىچە بولىدۇ، تارماق رەھبىرىگە ياردەمچى سەپلەپ بېرىلمەيدۇ. ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرلىقىنى باش كاتىپ قوشۇمچە ئۈستىگە ئالىدۇ، مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى مۇئاۋىن باش كاتىپ قوشۇمچە ئۈستىگە ئالسا بولىدۇ.

ھۆكۈمەتنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى 1) ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسى ئۆزگەرتىلىدۇ. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى رايونلار ئىگىلىكىنى تەڭشەش ۋە ئىجتىمائىي باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى چىڭىتىدۇ، ماددىي مەدەنىيلىك ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانى دۆلەتنىڭ قانۇن، نىزام ۋە فاڭجېن، سىياسەتلىرى بويىچە تۈزۈلىدۇ؛ رايونلار، سىستېمىلار بىلەن جايلارنىڭ ئايرىۋېتىلىشى بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئادىل، خالىس، ئاشكارا رىقابەتلىشىش مۇھىتى يارىتىلىپ، بازار تەرتىپى قوغدىلىدۇ؛ كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ئىسلاھات چوڭقۇرلاشتۇرۇلىدۇ، ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق كارخانىلاردىكى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، تۈزۈمنى ئۆزگەرتىش تېزلىتىلىپ، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىش يولغا قويۇلىدۇ؛ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىك ھەم ئۇنى ماسلاشتۇرۇش كۈچەيتىلىدۇ. بۇنىڭدا، ئاساسلىقى، تۆۋەندىكى تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ: (1) مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىش يولغا قويۇلىدۇ. (2) مەمۇرىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىدۇ. (3) جەمئىيەتتىكى ۋاسىتىچى تەشكىلاتلار راۋاجلاندۇرۇلىدۇ ۋە قېلىپلاشتۇرۇلىدۇ. (4) ئىش ھوقۇقى مۇۋاپىق ئايرىلىدۇ. (5) مەمۇرىي باشقۇرۇشنى تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش، قانۇن - تۈزۈملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپپارات، شتات باشقۇرۇش بىلەن مالىيە خام چوتىنى باشقۇرۇش ئۆز ئارا باغلاشقان ۋە ماسلاشقان چەكلەش مېخانىزمى بەرپا قىلىنىدۇ. 2) ئاپپاراتلار تەڭشىلىدۇ. ئۇنىۋېرسال ئىقتىساد تارماقلىرى ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىشنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تارماقلىرى كۈچەيتىلىدۇ، كەسپىي ئىقتىسادىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ئىخچاملىنىدۇ، ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ ۋە قوشۇۋېتىلىدۇ، ئىجتىمائىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ۋە مەمۇرىيەت تارماقلىرى مۇۋاپىق تەرتىپكە سېلىنىدۇ، گوۋۇيۈەندىكى ئاپپاراتلارنىڭ رامكىسى بىلەن ئومۇمىي جەھەتتىن ماسلاشقان، ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ھۆكۈمەت تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى بەرپا قىلىنىدۇ. (1) ئۇنىۋېرسال ئىقتىساد تارماقلىرى. پىلان كومىتېتىنىڭ نامى تەرەققىيات - پىلان كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلىدۇ. باھا ئىدارىسى تەرەققىيات - پىلان كومىتېتىغا قوشۇۋېتىلىپ، باھا ئىدارىسىنىڭ ۋۇجۇسكىسى ئېلىنىدۇ. مالىيە نازارىتى ساقلاپ قېلىنىدۇ. دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ساقلاپ قېلىنمايدۇ، ئۇنىڭ فۇنكسىيىسى مالىيە نازارىتىگە قوشۇۋېتىلىدۇ. ئىقتىساد - سودا كومىتېتى ساقلاپ قېلىنىپ، دۆلەت مۇداپىئە پەن - تېخنىكا، سانائەت ئىشخانىسىنىڭ ۋۇجۇسكىسى ئېلىنىدۇ. (2) كەسپىي ئىقتىسادىي باشقۇرۇش تارماقلىرى. ئورمانچىلىق نازارىتى ئورمانچىلىق ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلىدۇ، ئۇ خەلق ھۆكۈمىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئاپپارات بولىدۇ. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى كەسپىي ئورۇنغا ئۆزگەرتىلىدۇ. يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى ئالاقىدار تارماققا قوشۇۋېتىلىدۇ. يېنىك سانائەت نازارىتى، توقۇمىچىلىق سانائىتى نازارىتى، خىمىيە سانائىتى نازارىتى، ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى نازارىتى، سودا نازارىتى، كۆمۈر سانائىتى نازارىتى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ئىدارىسى ساقلاپ قېلىنمايدۇ، ئۇلارنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش فۇنكسىيىسى ئالاقىدار تارماقلارغا قوشۇۋېتىلىدۇ. قۇرۇلۇش نازارىتى، قاتناش نازارىتى، سۇچىلىق نازارىتى، دېھقانچىلىق نازارىتى، چارۋىچىلىق نازارىتى، تاشقى سودا - ئىقتىساد ھەمكارلىقى نازارىتى ساقلاپ قېلىنىدۇ. (3) قانۇننى ئىجرا قىلىشنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تارماقلىرى. تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىنىڭ نامى سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلىدۇ، ئۇ ئىدارە ھۆكۈمەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئاپپارات بولىدۇ. ھۆكۈمەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئاپپارات سۈپىتىدە دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلىدۇ. دورا ئىشلىرى، دورىلارنى تەكشۈرۈش ۋە دورا

ئىشلەيچىقىرىش - ئوبوروت قىلىشنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش فۇنكسىيىسى دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. تېببىي دورا ساناسىتى ساھەسىنى باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى ئىقتىساد - سودا كومىتېتى ئۈستىگە ئالىدۇ. يەرلىك باج ئىدارىسى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى ساقلاپ قېلىنىدۇ. يەرلىك باج ئىدارىسى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارماقلىرىدا ئاپتونوم رايوندىن تۆۋەن تىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلىدۇ. ئاپتونوم رايوندىن تۆۋەن مۇھىت ئاسراش تارماقلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە قوش رەھبەرلىك يولغا قويۇلىدۇ، شەھەر (ۋىلايەت، ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق ھۆكۈمىتى ئاساس قىلىنىدۇ. (4) ئىجتىمائىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ۋە مەمۇرىيەت تارماقلىرى. مائارىپ كومىتېتىنىڭ نامى مائارىپ نازارىتىگە، پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ نامى پەن - تېخنىكا نازارىتىگە ئۆزگەرتىلىدۇ. ئەمگەك نازارىتى ئاساسىدا ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى قۇرۇلىدۇ. رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە نازارىتىنىڭ نامى رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىگە، تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ نامى تەنتەربىيە ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلىدۇ، بۇلار ھۆكۈمەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئاپپارات بولىدۇ. مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى ھۆكۈمەت ئىشخانىسىغا قوشۇۋېتىلىدۇ، ئۇنىڭغا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ ۋىۋىسكىسى ئېسىلىدۇ. ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسىگە نەشر ھوقۇقى ئىدارىسىنىڭ ۋىۋىسكىسى ئېسىلىدۇ. پاتېنت ئىدارىسىنىڭ نامى بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلىدۇ، بۇ ئىدارە ھۆكۈمەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق كەسپىي ئورۇن بولىدۇ. گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار نازارىتى، يەر ئىدارىسى ساقلاپ قېلىنمايدۇ، زېمىن - بايلىق نازارىتى قۇرۇلىدۇ. كارتوگرافىيە ئىدارىسى زېمىن - بايلىق نازارىتىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى كەسپىي ئورۇنغا ئۆزگەرتىلىدۇ. خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ئۇنىڭ بىلەن بىر ئاپپارات بولۇپ، 2 ۋىۋىسكا ئېسىلىدۇ)، مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى، ج خ نازارىتى، سەھىيە نازارىتى، پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نازارىتى، ستاتىستىكا ئىدارىسى، ساياھەتچىلىك ئىدارىسى، ئاشلىق ئىدارىسى، خوجىلىق ئىدارىسى، تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى (مۇھاجىرلار خىزمىتى ئىشخانىسى ئۇنىڭ بىلەن بىر ئاپپارات بولۇپ، 2 ۋىۋىسكا ئېسىلىدۇ) ساقلاپ قېلىنىدۇ. ئەرزىيەت ئىدارىسى (پارتكومنىڭ ئەرزىيەت ئىدارىسى بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەرزىيەت ئىدارىسى بىر ئاپپارات بولۇپ، 2 ۋىۋىسكا ئېسىلىدۇ) قۇرۇلىدۇ. ئۇنى ھۆكۈمەت ئىشخانىسى باشقۇرىدۇ؛ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كومىتېتى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئىشخانىسىغا ئۆزگەرتىلىدۇ، ئۇنى ھۆكۈمەت ئىشخانىسى باشقۇرىدۇ؛ قانۇنچىلىق ئىدارىسىنىڭ نامى قانۇنچىلىق ئىشخانىسىغا ئۆزگەرتىلىدۇ، ئۇنى ھۆكۈمەت ئىشخانىسى باشقۇرىدۇ؛ يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسىنى دېھقانچىلىق نازارىتى باشقۇرىدۇ؛ تۈرمە ئىدارىسىنى ئەدلىيە نازارىتى باشقۇرىدۇ. نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسى نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ دائىملىق ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى بولىدۇ؛ خەلق ھاۋا مۇداپىئە كومىتېتى ئىشخانىسى ساقلاپ قېلىنىدۇ، ئۇ ش ئۇ ئا ر دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىك كومىتېتىنىڭ دائىملىق ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى، شۇنداقلا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خەلق ھاۋا مۇداپىئە خىزمىتىگە مەسئۇل تارمىقى بولىدۇ. يۇقىرىقىدەك تەڭشەشلەر ئارقىلىق ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىدە 39 خىزمەت تارمىقى تەسىس قىلىنىدۇ (مەمۇرىي تەپتىشلىك نازارىتى ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئورگىنى بىلەن بىرلىشىپ خىزمەت ئىشلەيدۇ، بۇ، ھۆكۈمەت خىزمەت تارمىقى قاتارىغا كىرگۈزۈلىدۇ، ھۆكۈمەت ئاپپاراتى سانىغا كىرمەيدۇ)، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئىشخانىسى ۋە ئۇنىڭ تەركىبىدىكى تارماقلار 25، بىۋاسىتە قاراشلىق ئاپپارات 14. تارماقلار باشقۇرىدىغان ئاپپاراتتىن 5ى، مۇھاكىمە قىلىش - ماسلاشتۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتىدىن 2 سى تەسىس قىلىنىدۇ. 3) شتات ئىخچاملىنىدۇ. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنىنىڭ مەمۇرىي شتاتى 4535 تىن 2426گە ئازايتىلىپ، 2109 شتات كېمەيتىلىدۇ، شتات %46.5 ئىخچاملىنىدۇ. ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپە سانى ئادەتتە 2دىن 4 كىچە بولىدۇ، تارماق رەھبەرلىرىگە ياردەمچى سەپلەپ بېرىلمەيدۇ. ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرلىقىنى باش كاتىپ قوشۇمچە ئۈستىگە ئالىدۇ، مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى مۇئاۋىن باش كاتىپ قوشۇمچە ئۈستىگە ئالسا بولىدۇ.

شىي گۇاڭدى، دا جيەنمىن

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى سەپەرۋەرلىك يىغىنى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى 2000 - يىل 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىندا ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن

شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ رىياسەتچىلىك قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن «تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ بارايلى» دېگەن تېمىدا مۇھىم سۆز قىلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ئاپتونوم رايون پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى لايىھىسى ھەم ئۇنى يولغا قويۇپ ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا ئىزاھات بەردى، بۇ، ئاپتونوم رايوندا ئاپپارات ئىسلاھاتى خىزمىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇش باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خىزمەتتىكى رەھبەرلىرى، ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىرى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ بۆلۈم، كومىتېتلىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرى، خەلق تەشكىلاتلىرى، ئالىي مەكتەپلەر، مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرى، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى.

شىې گۇاڭدې، دا جيەنمىن

### نامى ئۆزگەرتىلگەن ۋە يېڭىدىن قۇرۇلغان ئاپپاراتلارغا ۋىۋىسكا ئېسىلدى

ش ئۇ ئا ر ئاپپارات ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى 2000 - يىل 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە ئاپپارات ئىسلاھاتىدا نامى ئۆزگەرتىلگەن ۋە يېڭىدىن قۇرۇلغان ئاپپاراتلاردىن ش ئۇ ئا ر تەرەققىيات - پىلان كومىتېتى (باھا ئىدارىسى)، پەن - تېخنىكا نازارىتى، مائارىپ نازارىتى، ئورمانچىلىق ئىدارىسى، زېمىن بايلىقى نازارىتى، رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) قاتارلىق ئورۇنلارغا ۋىۋىسكا ئېسىشنى بىر تۇتاش ئۇيۇشتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ رەھبەرلىرى بۇ ئاپپاراتلارنىڭ ۋىۋىسكا يېپىقى ئېچىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى.

شىې گۇاڭدې، دا جيەنمىن

### 6 ساھە ئىشخانىسىغا ۋىۋىسكا ئېسىلدى

2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاپتونوم رايوندىكى توقۇمىچىلىق، يېنىك سانائەت، ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون، خىمىيە سانائىتى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ۋە سودىدىن ئىبارەت 6 ساھە ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ ۋىۋىسكا ئېسىلدى. بۇ، تەڭشەلگەندىن كېيىنكى ئىقتىساد - سودا كومىتېتى ۋە يېڭىدىن قۇرۇلغان ساھەلەردىكى ئىشخانىلارنىڭ خىزمىتى رەسمىي باشلىنىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىساد - سودا سىستېمىسىدىكى ئاپپارات ئىسلاھاتىنىڭ يولغا قويۇلۇش باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ۋىۋىسكا ئېسىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەمدە يېڭىدىن قۇرۇلغان 6 ساھەنى باشقۇرۇش ئىشخانىسىغا ۋىۋىسكا بەردى. يېڭىدىن قۇرۇلغان 6 ساھەد ئىشخانىسى ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد - سودا كومىتېتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلدى، بۇ 6 ئىشخانا ئۆز ساھەسىنىڭ تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانى، سىياسەت جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ساھەنى باشقۇرۇش خىزمەتلىرىنى زىممىسىگە ئېلىپ ئىشلەيدۇ.

شىې گۇاڭدې، دا جيەنمىن

### كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىسلاھات ئەھۋالى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى ئاپپارات ئىسلاھاتىغا ماسلىشىش يۈزىسىدىن شىنجاڭدا سانائەت، سودىنى باشقۇرۇش تارماقلىرىغا قاراشلىق كەسپىي ئورۇنلار مەمۇرىيەت بىلەن كەسىپنى ئايرىش پرىنسىپى بويىچە تەرتىپكە سېلىندى ھەمدە ئىلمىي تەتقىقات، بىناكارلىق، مائارىپ قاتارلىق كەسپىي ئورۇنلاردا ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خىزمىتى تۈرلەرگە ئايرىلىپ تەدرىجىي ئىلگىرى سۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پەن - تېخنىكا نازارىتى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ قوللىشى بىلەن «ئاپتونوم رايوندىكى كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى ۋە ئاپپارات، شتات باشقۇرۇش تەتقىقاتى» تېمىسى ئىجتىمائىي پەن تۈرلىرى بويىچە ئىلمىي تەتقىقات تۈرى سۈپىتىدە رەسمىي تۇرغۇزۇلدى.

ۋاڭ يىڭ

## ئەمگەك ئىشلىرى

### ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭدا ھەرخىل يوللار ئارقىلىق 320 مىڭ ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە نورمال يول بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 236 مىڭ 800، غەيرىي مۇنتىزىم يول بىلەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 83 مىڭ. نورمال ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار ئىچىدە تىزىمغا ئالدۇرغان ئىشسىزلاردىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 107 مىڭ 600، ئىش ئورنىدىن

قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 54 مىڭ، كارخانىلاردىن ئايرىلىپ چىققان خادىملاردىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 34 مىڭ، تېخنىكا مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 7600، ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوم (5 خىل ئالىي مەكتەپ) نى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 29 مىڭ، ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلار ۋە ھەربىي سەپتىن بوشانغان ھەربىيلەر، كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەردىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 4600؛ غەيرىي مۇنتىزىم يول بىلەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار ئىچىدە مەھەللە مۇلازىمىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 68 مىڭ، ئەمگەك مۇلازىمىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 15 مىڭ.

خې شىڭۋېي

## كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش ئەھۋالى

شىنجاڭدىكى ھەرخىل كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش ئاپپاراتلىرى 2000 - يىلى 279 مىڭ 300 ئادەمنى تەربىيىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە بىڭتۈەن تەربىيىلىگىنى 55 مىڭ، جايلار ۋە ساھەلەر تەربىيىلىگىنى 224 مىڭ 300. جايلار ۋە ساھەلەر تەربىيىلىگەن خادىملار ئىچىدە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچى 33 مىڭ 300، ئىشسىزلار 26 مىڭ 600، ئەمگەك تەييارلىقى تۈزۈمى بويىچە تەربىيىلەنگەن كۈرسانتلار 8300، كارخانىلاردا ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەر 125 مىڭ 900، باشقا خادىملار 30 مىڭ 200. ھەرخىل كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش ئاپپاراتلىرى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن تەربىيىلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرى تەربىيىلىگىنى 32 مىڭ 500، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تەلىم - تەربىيە مەركەزلىرى تەربىيىلىگىنى 29 مىڭ 700، كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپى مەركىزى تەربىيىلىگىنى 123 مىڭ 700، جەمئىيەتتىكى تەلىم - تەربىيە ئاپپاراتلىرى تەربىيىلىگىنى 26 مىڭ 100، باشقا مائارىپ ئاپپاراتلىرى تەربىيىلىگىنى 13 مىڭ.

خې شىڭۋېي

## ئەمگەك تەييارلىقى تۈزۈمى

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭدا قاراماي شەھىرى قاتارلىق 9 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە ئەمگەك تەييارلىقى تۈزۈمى بويىچە تەربىيىلەش قانات يايدۇرۇلدى، تەربىيىلەشكە 8300 ئادەم قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى يېڭىدىن كۆپىيىگەن ئەمگەك كۈچلىرىنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت ئۇل خىزمىتى زورايتىلدى. بىر يىلدا ئاپتونوم رايون ئەمگەك تەييارلىقى تۈزۈمى بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى تەلىم - تەربىيە دەرسلىكلىرىنى تەرجىمە ۋە نەشر قىلىشقا 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەخسۇس مەبلەغ ئاجراتتى. يىل ئاخىرىغىچە 31 خىل دەرسلىك تۈزۈلۈپ ۋە تەرجىمە قىلىنىپ، نەشر قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچىسى 18 خىل، قازاقچىسى 13 خىل.

خې شىڭۋېي

## كەسپىي ماھارىتىنى باھالاپ بېكىتىش ئەھۋالى

2000 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن شىنجاڭدا يېڭى بەلگىلىمە بويىچە كەسپىي سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى بېجىرىش رەسمىي يولغا قويۇلدى. 2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 110 كەسپىي ماھارىتىنى باھالاپ بېكىتىش پونكىتى، 97 كەسپىي ماھارىتىنى باھالاپ بېكىتىش ئورنى، 27 كەسپىي ماھارىتىنى باھالاپ بېكىتىش مەركىزىنى باھالاپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى. 50 كەسىپ (ئىش تۈرى) بويىچە دۆلەت ئىمتىھان سوئالى ئامبىرى بەرلىك شۆبە ئامبىرىنى يۈرۈشتۈرۈش سالاھىيىتى قولغا كەلتۈرۈلدى، 20 ھەممىباب كەسىپ (ئىش تۈرى) بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى ئىمتىھان قەغىزى ئامبىرى قۇرۇلدى. بىر يىلدا 80 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى كەسپىي ماھارىتىنى باھالاپ بېكىتىشكە قاتناشتى، 67 مىڭ 600 كىشى كەسپىي سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 24 مىڭ كىشى باشلانغۇچ دەرىجىلىك گۇۋاھنامىغا، 37 مىڭ كىشى ئوتتۇرا دەرىجىلىك گۇۋاھنامىغا، 5400 كىشى يۇقىرى دەرىجىلىك گۇۋاھنامىغا ئېرىشتى، تېخنىكتىن يۇقىرى سالاھىيەتكە ئېرىشكىنى 1160. ئالىي مەكتەپلەر، تېخنىكوملاردا كەسپىي ماھارىتىنى باھالاپ بېكىتىش خىزمىتى باشلاندى، كاتىپلار، سودا - سېتىق خادىملىرى ۋە كومپيۇتېر، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، كەسپىي يېتەكچىلەر قاتارلىق كەسىپلەر (ئىش تۈرلىرى) دە باھالاپ بېكىتىش قانات يايدۇرۇلدى، كەسپىي ماھارىتىنى باھالاپ بېكىتىشكە 1200 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. 6 ئىش تۈرىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇسابىقە، 47 ئىش تۈرىدىكى ساھەلەردە ۋىلايەت دەرىجىلىك مۇسابىقە ئۇيۇشتۇرۇلدى، مۇسابىقىگە 30 مىڭ ئادەم قاتناشتى، 5 ماھىر «دۆلەت دەرىجىلىك تېخنىكا ماھىرى» دېگەن نامغا، 3 ماھىر «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تېخنىكا ماھىرى» دېگەن نامغا، 47 ماھىر «ۋىلايەت دەرىجىلىك تېخنىكا ماھىرى» دېگەن نامغا، 80 كىشى يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي سالاھىيەتكە ئېرىشتى.

خې شىڭۋېي

## ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى ئەھۋالى

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە 1 مىليون 221 مىڭ ئادەم ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلار 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 105 مىڭ ئادەم كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي ئورۇنلاردا 93 مىڭ 399 ئادەم كۆپەيدى، دۆلەت كارخانىلىرىدا 25 مىڭ 264 ئادەم ئازايدى. ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى، ئالتاي ۋىلايىتىدە ئورۇندىلىش نىسبىتى 90%تىن ئاشتى. بىر يىلدا ئىشسىزلىق سۇغۇرتا فوندىدىن 338 مىليون 803 مىڭ 900 يۈەن كىرىم قىلىندى؛ 163 مىليون 360 مىڭ 900 يۈەن چىقىم قىلىندى، بۇ، يىللىق كىرىمنىڭ 48.22%نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشسىزلىق سۇغۇرتا فوندى چىقىمى ئومۇمىي چىقىمنىڭ 21.9%نى، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزىگە سەرپ قىلىنغان چىقىم ئومۇمىي چىقىمنىڭ 70.2%نى ئىگىلىدى؛ فوندتىن 175 مىليون 443 مىڭ يۈەن قالدۇق قالدى. بىر يىلدا تاپشۇرۇلۇشقا تېگىشلىك سومما 307 مىليون 657 مىڭ 100 يۈەن ئىدى، ئەمەلىيەتتە 251 مىليون 436 مىڭ 200 يۈەن تاپشۇرۇلدى. 60 مىليون 765 مىڭ يۈەن تولۇقلاپ تاپشۇرۇلدى، قەرزنى تۈگىتىش نىسبىتى 64% بولدى. قاراماي شەھىرى، ئىلى ۋىلايىتى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى، قۇمۇل ۋىلايىتى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى، ئاقسۇ ۋىلايىتىدە يىغىۋېلىنىش نىسبىتى 95%كە يەتتى. بىر يىلدا ئىگىلىۋېلىنىپ باشقا ئىشقا ئىشلىتىلگەن پۇلدىن 315 مىڭ يۈەن قايتۇرۇۋېلىندى، ئىنتىزامغا، بەلگىلىمىگە خىلاپ سوممىدىن 50 مىڭ يۈەن قايتۇرۇۋېلىندى.

خې شىڭۋېي

## پېنسىيە سۇغۇرتىسى ئەھۋالى

ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ پېنسىيە سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتە بىر تۇتاش غەملەشكە قاتنىشىشىنى كېڭەيتىش مەخسۇس يىغىنى 2000 - يىل 11 - ئاينىڭ 30 -، 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنلىرى قۇمۇلدا ئۆتكۈزۈلدى. 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن تېلېگراف ئىستېنسىدىن سىرت، شىنجاڭ بويىچە پېنسىيە سۇغۇرتا پۇلىنى تولۇق يىغىۋېلىش ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ پېنسىيە پۇلى بانكا، پوچتا ئىدارىسى تەرىپىدىن ۋاكالىتەن تارقىتىلدى ياكى ئىجتىمائىي سۇغۇرتا باشقۇرۇش ئاپپاراتى تەرىپىدىن بىۋاسىتە تارقىتىلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، شىنجاڭ بويىچە خىزمەتتىكى خادىملاردىن 1 مىليون 53 مىڭ 19 ئادەم پېنسىيە سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتە بىر تۇتاش غەملەشكە قاتناشتى، بىر يىلدا سۇغۇرتىغا قاتناشقانلار 56 مىڭ ئادەم كۆپەيدى؛ سۇغۇرتا پۇلى تاپشۇرغان ئادەم 1 مىليون 15 مىڭ 413 بولۇپ، سۇغۇرتىغا قاتناشقان ئادەمنىڭ 96.43%نى ئىگىلىدى؛ يىغىۋېلىنىشقا تېگىشلىك تولۇق تاپشۇرۇلىدىغان پېنسىيە سۇغۇرتا پۇلى 2 مىليارد 578 مىليون 410 مىڭ يۈەن ئىدى، ئەمەلىيەتتە، 2 مىليارد 513 مىليون 410 مىڭ يۈەن يىغىۋېلىندى، يىغىۋېلىنىش نىسبىتى 97.48% بولدى؛ يىغىۋېلىنىشقا تېگىشلىك ھەرقىلىق تاپشۇرۇلىدىغان پېنسىيە سۇغۇرتا پۇلى 50 مىليون 470 مىڭ يۈەن ئىدى، يىغىۋېلىنىش نىسبىتى 100% بولدى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە بىر تۇتاش غەملەش دائىرىسىگە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملاردىن 347 مىڭ 341 ئادەم كىرگۈزۈلدى، ئۇلارغا تارقىتىشقا تېگىشلىك پېنسىيە پۇلى 2 مىليارد 903 مىليون 580 مىڭ يۈەن، تارقىتىلىش نىسبىتى 100% بولدى؛ دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملاردىن 236 مىڭ 273 ئادەمگە پېنسىيە پۇلىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ تارقىتىش يولغا قويۇلدى، تارقىتىلىش نىسبىتى 68% بولدى.

2000 - يىلى ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى ئاپتونوم رايوندىكى ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىجتىمائىي سۇغۇرتا خىزمەت ئاپپاراتلىرىنى تەكشۈرۈش - ئۆزگەرتىشتە كېلىپ چىققان يېڭى ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ، «ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلاردىكى پېنسىيە ئاساسىي سۇغۇرتىسى خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەشكە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى تۈزۈپ تارقىتىپ، جايلارنىڭ ئۆزلىرى باشقۇرۇۋاتقان كەسپلەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش خىزمىتىنى ئىمكانقەدەر تېز تاماملىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. يىل ئاخىرىدا كەسپنى ئۆتكۈزۈپ بېرىۋاتقان خوتەن ۋىلايىتى ۋە خىزمەتنى تېخى قانات يايدۇرمىغان قىزىلسۇ ئوبلاستىدىن سىرت، باشقا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئۆتكۈزۈپ بېرىش خىزمىتىنى تاماملىدى. 3 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسىدە مەخسۇس ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى تەسىس قىلىندى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايوندىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلاردىن ئىجتىمائىي سۇغۇرتىغا قاتناشقانلار 620 گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 26% كۆپەيدى، سۇغۇرتىغا قاتناشقان ئادەم 45 مىڭ 575كە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 46% كۆپەيدى؛ يىغىۋېلىنغان ئىجتىمائىي

سۇغۇرتا فوندى 58 مىليون 128 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %32 ئاشتى، يىغىۋېلىنىش نىسبىتى %98 بولدى؛ چىقىم قىلىنغان ئىجتىمائىي سۇغۇرتا پۇلى 22 مىليون 172 مىڭ يۈەن بولۇپ، %24.4 ئاشتى، تارقىتىلىش نىسبىتى %100 بولدى؛ كېچىكتۈرۈلگەن پۇلدىن 341 مىڭ يۈەن يىغىۋېلىندى، بىر نەچچە يىلدىن بېرى بېرىش ئارقىغا سۈرۈلۈپ كەلگەن پېنسىيە سۇغۇرتا پۇلىدىن 444 مىڭ 600 يۈەن ئېنىقلىنىپ يىغىۋېلىندى، قەرزنى تۈگىتىش نىسبىتى %83 بولدى.

خې شىڭۋېي

## داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ئەھۋالى

2000 - يىلى 11 - ئايدا ئاپتونوم رايوندا «دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ داۋالىنىش ياردەم پۇلى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارە»، «شەھەر - بازارلاردىكى كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ قوشۇمچە داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى باشقۇرۇشقا ئائىت ۋاقىتلىق چارە» قاتارلىق داۋالىنىش ياردەم پۇلىغا ئائىت 6 ۋاقىتلىق چارە رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى ئاپتونوم رايوندىكى ۋە جايلاردىكى داۋالىنىش ئىسلاھاتى مەمۇرىي ئاپپاراتلىرى، ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە خادىملار شتاتى مەسىلىسى ھەم سۇغۇرتىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ داۋالىنىش سۇغۇرتا پۇلىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىنى ھەل قىلغانىدى. 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى چاقىردى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەمتىمىن زاكىر مۇنداق دەپ جاكارلىدى: 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايوندىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتا تۈزۈمى ئىسلاھاتى يولغا قويۇلۇشقا باشلايدۇ. ئالدى بىلەن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 109 ئورۇن سۇغۇرتىغا قاتنىشىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر - بازارلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتا تۈزۈمى ۋە تېببىي دورا، سەھىيە تۈزۈمى ئىسلاھاتى خىزمەت يىغىنى 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى. 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شىنجاڭ بويىچە داۋالىنىش سۇغۇرتىسى بىر تۇتاش غەملىنىدىغان 15 رايوندا شەھەر - بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتا تۈزۈمى ئىسلاھاتى لايىھىسى يولغا قويۇلدى، سۇغۇرتىغا 882 مىڭ ئادەم قاتناشتى، بۇلار قاتنىشىشقا تېگىشلىك ئادەمنىڭ %45 ىنى ئىگىلىدى.

خې شىڭۋېي

## ئىشتا يارىلىنىش ۋە تۇغۇت سۇغۇرتىسى ئەھۋالى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى 14 ناھىيە، شەھەردە ئىشتا يارىلىنىش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش غەملەش يولغا قويۇلدى، بىر تۇتاش غەملەشكە 268 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى قاتناشتى، بىر يىلدا ئىشتا يارىلىنىش سۇغۇرتا فوندىدىن 17 مىليون 790 مىڭ يۈەن يىغىۋېلىندى، يىغىۋېلىنىش نىسبىتى %99.8 بولدى؛ بىر يىلدا 345 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشتا يارىلىنىش، كەسپىي كېسەل تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولدى. 7 ناھىيە، شەھەردە تۇغۇت سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش غەملەش يولغا قويۇلدى، بىر تۇتاش غەملەشكە 255 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى قاتناشتى، بىر يىلدا تۇغۇت سۇغۇرتا فوندىدىن 17 مىليون 60 مىڭ يۈەن يىغىۋېلىندى، يىغىۋېلىنىش نىسبىتى %99.9 بولدى؛ شۇ يىلى 4211 ئايال ئىشچى - خىزمەتچى تۇغۇت سۇغۇرتا تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولدى.

خې شىڭۋېي

## دۆلەت كارخانىلىرىدا ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى

ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى 2000 - يىلى مالىيە نازارىتى بىلەن بىرلىكتە چىقىم قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ئىشسىزلىق سۇغۇرتا پۇلىنىڭ تەڭشەلگەن پىلانىنى چۈشۈرۈش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق مەبلەغنى ۋاقتىدا ئاجرىتىپ بەردى، ھەر دەرىجىلىك مالىيە ئورۇنلىرى مەبلەغنىڭ مالىيە ئۈستىگە ئالىدىغان قىسمىنى ئالدى بىلەن خام چوتقا كىرگۈزدى، ئىشسىزلىق سۇغۇرتا پۇلىنىڭ تەڭشەلگەن قىسمىنى ۋاقتىدا ئاجرىتىپ بېرىپ نەقلەشتۈردى. ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان قىيىنچىلىقى ئېغىر كارخانىلاردىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتىنى مالىيە مەسئۇل بولۇپ ھەل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزىگە كىرگەنلىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتى خىراجىتىنى %100 ئېلىش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 2000 - يىلى ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، تەربىيىلەنگەن ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن %60 تىن

كۆپەيگەنلىك قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشقا كاپالەتلىك قىلدى. ئاپتونوم رايون بىر قاتار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ۋىلايەت، ئوبلاستلار جايلاشقان شەھەرلەرنى مەھەللە مۇلازىمىتىدە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مالىيە، بانكا قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىكتە 80 مىليون يۈەن ئۆسۈمى قوشۇپ بېرىلىدىغان قەرز پۇل ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇ قەرز پۇل، ئاساسلىقى، مەھەللە مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ۋە ئاز مەبلەغ سېلىنىدىغان، ئۈنۈمى تېز كۆرۈلىدىغان، ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان تۈرلەرگە سەرپ قىلىنىدى. غەربىي كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ پەيدىنپەي يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، قاتناش، ئېنېرگىيە، بىناكارلىق، ساياھەتچىلىك قاتارلىق ساھەلەردىكى كۆپ خىل ئۆل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئىشقا كىرىشىش جەريانىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىش ئورۇنلىرى كۆپىيىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرى كېڭەيدى. شۇ يىلى جايلار ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 98 مىڭ 203 ئىشچى - خىزمەتچىگە 309 مىليون 530 مىڭ يۈەن ئاساسىي تۇرمۇش كاپالەت پۇلىنى ۋاقتىدا ۋە تولۇق بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي تۇرمۇش پۇلى 170 مىليون 350 مىڭ يۈەن، ۋاكالىتەن تاپشۇرۇلغان پېنسىيە سۇغۇرتا پۇلى 126 مىليون 280 مىڭ يۈەن، ئىشسىزلىق سۇغۇرتا پۇلى 12 مىليون 900 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا شىنجاڭدا ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىدىن 81 مىڭ 148ى كۆپەيدى، بۇ، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش پىلانىنىڭ 106%نى ئىگىلىدى؛ ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن 54 مىڭى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن 105 مىڭ 451ى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزىدە قېلىپ قالدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە بەرلىككە قاراشلىق ئورۇندىكىلەر 63 مىڭ 750، بىڭتۇەندىكىلەر 41 مىڭ 701.

خې شىڭۋېي

## كارخانىلارنىڭ مائاش باشقۇرۇش خىزمىتى

ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى 2000 - يىلى «ئاپتونوم رايوندىكى كارخانىلارنىڭ 2000 - يىللىق مائاشى توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر» ۋە «ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ 2000 - يىللىق مائاش ئومۇمىي سوممىسىنى ئىشلىتىش پىلانى»نى تۈزۈپ چىقىپ تارقىتىپ، جايلار، تارماقلارنىڭ مائاش ئۆستۈرۈش ئۆلچەم سىزىقى، يۇقىرى چېكى ۋە تۆۋەن چېكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى ھەمدە بەلگىلىمە بويىچە پەسىلمۇ پەسىل تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ ئىمزا قويۇپ، كارخانىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ۋە كۆتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئاساسەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە مائاش بېرىشكە نازارەتچىلىك قىلدى. ئەمگەك كۈچى بازىرىدىكى مائاش يېتەكچى باھا ئورنى تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈردى، كارخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا تەقسىم قىلىشىنى بازار مېخانىزمىغا كىرگۈزۈپ، ئەمگەك كۈچى بازىرىدىكى مائاش يېتەكچى باھا ئورنى تۈزۈمىنى بەرپا قىلغان شەھەرلەرنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىن كورلا ۋە كۈيتۇڭ شەھەرلىرىگىچە كېڭەيتتى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، ئۈرۈمچى رايونى 11 ساھە، 73 ئىش تۈرى (ئىش ئورنى)نىڭ ئەمگەك كۈچى بازىرىدىكى مائاش يېتەكچى باھا ئورنىنى ئېلان قىلدى؛ كورلا شەھىرى 7 ساھە، 49 ئىش تۈرى (ئىش ئورنى)نىڭ ئەمگەك كۈچى بازىرىدىكى مائاش يېتەكچى باھا ئورنىنى ئېلان قىلدى. 2000 - يىلى شىنجاڭ ماشىنا - ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى، «يۇڭچاڭ» سۇچىلىق، سۇ - ئېلېكتر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى يۈرۈشلەشكەن ئىچكى تەقسىمات تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئېلىپ باردى. پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ كىرىم تەقسىماتى، كارخانىلارنىڭ مائاشىنى كوللېكتىپ مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىش ۋە كارخانا باشقۇرغۇچىلارنىڭ يىللىق مائاش تۈزۈمىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. 130 كارخانىنىڭ يىللىق مائاش تۈزۈمىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشى ئاساسىدا، بايىنغولىن ئوبلاستى يەنە ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق 2 كارخانىنى تاللاپ نۇقتىدا سىناق قىلدى. ئالتاي، ئىلى، قەشقەردىن ئىبارەت 3 ۋىلايەت شەرت - شارائىتى ھازىرلانغان كارخانىلارنى تاللاپ، مائاشنى كوللېكتىپ مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىشنى نۇقتىدا سىناق قىلدى. ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق 154 كارخانىنىڭ مائاش بىلەن ئۈنۈمنى چېتىش لايىھىسى، 179 كارخانىنىڭ مائاش ئومۇمىي سوممىسىنى ھۆددىگە بېرىش لايىھىسى، 18 ئادەمگە مۇناسىۋەتلىك ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ يىللىق مائاش لايىھىسى، 150 ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار كىرىمى لايىھىسى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى ۋە ئېنىقلاندى.

خې شىڭۋېي

### ئەمگەك بىخەتەرلىكى ۋە ئەمگەك گىگىيېنىسىنى ھەر تەرەپلىمە باشقۇرۇش خىزمىتى

1. كەسىپلەر بويىچە بىخەتەرلىك، گىگىيېنا ئىشلىرى ئۈستىدىن مەمۇرىي تەپتىشلىك قىلىندى. 2000 - يىلى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى قۇرۇلۇش قىلىۋاتقان 3 - دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 66 كارخانىنىڭ 118 قۇرۇلۇش ئورنى بىخەتەرلىك يۈزىسىدىن تەكشۈرۈلدى ۋە تەكشۈرۈپ تۈزەتكۈزۈۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 74 قۇرۇلۇش ئورنى تەلەپكە لايىق بولۇپ چىقتى. ئىجازەتنامىسى بار ئورۇنلارنى يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئۆلچەمگە يەتمىگەن 15 ئورۇننىڭ ياساش، قۇراشتۇرۇش، رېمونت قىلىش سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلاندى. بىر يىلدا كران ماشىنىلىرىنى ياسايدىغان، قۇراشتۇرىدىغان، رېمونت قىلىدىغان 85 ئورۇن تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ تەستىقلاندى، 95 ئورۇن يىللىق تەكشۈرۈلدى، 213 ئۈسكۈنىگە چېتىلىدىغان ئىش باشلاش دوكلاتىدىن 50ى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى، ھەرخىل كران ماشىنىسىدىن 1397سى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ، ئىشلىتىشكە ئىجازەت بېرىلدى، ئالاھىدە مەشغۇلات خادىملىرىنىڭ مەشغۇلات گۇۋاھنامىسىدىن 9884ى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ، تارقىتىشقا ئىمزا قويۇلدى. شۇ يىلى 6 قېتىم ھەر تەرەپلىمە بىخەتەرلىكنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇش ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، 52 كارخانا تەكشۈرۈلدى. يەنە كران ماشىنىلىرىنى ياسايدىغان، رېمونت قىلىدىغان ئورۇنلار، لىفت قۇراشتۇرۇش، رېمونت قىلىش ئىش ئورۇنلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى قاتارلىق مەخسۇس تەكشۈرۈشلەر قانات يايدۇرۇلۇپ، 206 كارخانا، ئورۇن تەكشۈرۈلدى. ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى يۇندىنى بىر ياقلىق قىلىش زاۋۇتى، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 70 توننىلىق توك پېچى قاتارلىق شىنجاڭ بويىچە نۇقتىلىق 12 تۈرنىڭ دەسلەپكى لايىھىسى تەكشۈرۈلدى ۋە پۈتكەن قۇرۇلۇشلار تەكشۈرۈپ تۈزەتكۈزۈۋېلىندى. غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش يەر ئۈستى قۇرۇلۇش تۈرى قاتارلىق 11 نۇقتىلىق تۈرنىڭ ئەمگەك بىخەتەرلىكى، تازىلىقىنى ئالدىن باھالاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئىشى تەشكىللەندى. غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسىگە ماسلاشقان ھالدا ئىدارىگە قاراشلىق 13 نۇقتىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئورنىنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە بىخەتەرلىك يۈزىسىدىن باھا بېرىلدى؛ ئاقسۇ، كورلا، قۇمۇل، جاڭ، كۇيتۇڭ، فۇكاڭدىكى مەركەزگە قاراشلىق 6 زاپاس ئامبارنىڭ بىخەتەرلىكى تەكشۈرۈپ تۈزەتكۈزۈۋېلىندى؛ ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك 13 كەسپىي بىخەتەرلىك، تازىلىق ئۆلچەش، تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ ئۆلچەش سالاھىيىتىنى قايتا تەكشۈرۈپ، ئىجازەتنامىسىنى يەڭگۈشلەپ بېرىش خىزمىتى ئۈستىدە ئىش ئورنىدا سىناپ كۆرۈش، قايتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. بىر يىلدا زاۋۇت باشلىقى (دىرېكتور) دىن 1339ى، ئالاھىدە مەشغۇلات خادىمىدىن 27 مىڭ 157 سى تەربىيىلەندى.

2. كان بىخەتەرلىكى ۋە گىگىيېنىسى ئۈستىدىن مەمۇرىي تەپتىشلىك قىلىندى. 2000 - يىلى ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى ئالاقىدار نازارەت (ئىدارە)، ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە پويىز ئىستانسىسى قاتارلىق ئاممىۋى سورۇنلاردا «كان بىخەتەرلىكى قانۇنى»، «ئەمگەك قانۇنى» قاتارلىق ئالاقىدار بىخەتەرلىك قانۇن، نىزاملىرى توغرىسىدىكى تەشۋىقات، تەربىيە ۋە 10 مىڭ كىشى ئىمزا قويۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى ھەمدە ئالتاي، بايىنغولىن، سانجى، ئۈرۈمچى ھەم ئالاقىدار تارماقلارنى ئارىلاپ تەكشۈردى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ھەرخىل كانلاردىكى خېيىمخەتەر كۆرۈلۈش نىسبىتى ۋە ئۆلۈم - يېتىم نىسبىتى 1999 - يىلدىكىدىن كۆرۈنەرلىك ئازايدى. يىل بېشىدا ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى، كۆمۈر سانائىتى نازارىتى، گېئولوگىيە ۋە قېزىلما بايلىقلار نازارىتى قاتارلىق ئالاقىدار ئورۇنلار بىرلىكتە باھار بايرىمىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى تەشكىللەپ قانات يايدۇردى. 4 - ئايدىن 5 - ئايغىچە «بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ھەپتىلىكى» پائالىيىتىدە 2 بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئاقسۇ، كورلا، قۇمۇل، ئىلى ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش سىستېمىسىدىكى كانچىلىق كارخانىلىرىدا بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە بىخەتەرلىكنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى. بىر يىلدا 523 كان باشلىقى ۋە 100 دىن ئارتۇق ئالاھىدە ئىش تۈرىدىكى خادىم قايتىق تەربىيىلەندى ۋە سىناپ كۆرۈلدى، ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ مۇئاۋىن كان باشلىقلىرى، بىخەتەرلىك خادىملىرى ھەم ئالاھىدە مەشغۇلات خادىملىرىنى تەربىيىلەش ۋە سىناپ كۆرۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىش ئورنىغا گۇۋاھنامىسىز چىقىشنى تۈگىتىشكە يېتەكچىلىك ۋە نازارەتچىلىك قىلىندى. 2000 - يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا جېجياڭ ئۆلكىسى ۋېنجۇ 2 - خاڭ قۇرۇلۇش شىركىتى، شىنجاڭ كان تەكشۈرۈش ماشىنىلىرى زاۋۇتىنىڭ سالاھىيىتى تەكشۈرۈلۈپ ئېنىقلاندى ۋە گۇۋاھلىق بېرىلدى؛ ئاشى ئالتۇن كېنى، شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتىنىڭ 4 گەج كېنى، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» بىناكارلىق ماتېرىياللىرى گۇرۇھىنىڭ 4 غەربىي كۆمۈر كېنىنىڭ بىخەتەرلىك شارائىتىغا گۇۋاھلىق بېرىلدى؛

گېئولوگىيە ۋە قېزىلما بايلىقلار نازارىتىگە قاراشلىق پېچان 1 - چوڭ ئەترىتى، گېئولوگىيە 6 - چوڭ ئەترىتىنىڭ ئۆلچەش - تەكشۈرۈش ئاپپاراتى تەكشۈرۈلۈپ ئېنىقلاندى ۋە ئىسپاتلاندى.

3. پارقازان بېسىملىق قاچىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈستىدىن مەمۇرىي تەپتىشلىك قىلىندى. 2000 - يىلى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹پارقازان سۈيىنى بىر ياقلىق قىلىشنى نازارەت قىلىش قائىدىسى› نى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹پارقازاننى خىمىيۋى ئۇسۇل بىلەن تازىلاش قائىدىسى› نى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى» تۈزۈلۈپ تارقىتىلدى. شۇ يىلى 6 قېتىم پارقازان چېرتيوژىنى تەكشۈرۈش يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، 34 يۈرۈش چېرتيوژ تەكشۈرۈلدى، پارقازاننى رېمونت قىلىش، ئۆزگەرتىش لايىھەسىدىن 60ى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى؛ ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى ئۈسكۈنە قۇراشتۇرۇش شىركىتىنىڭ AR1 دەرىجىلىك ۋە شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى نېفىتلىك قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ AR3، AR2 دەرىجىلىك بېسىم قاچىلىرىنى ياساش سالاھىيىتى بويىچە گۇۋاھنامە يەڭگۈشلەش تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىلدى؛ ئۈرۈمچى كازىۇەن قاپقاق زاۋۇتىنىڭ BR1 دەرىجىلىك قاپقاق ياساش سالاھىيىتى بويىچە گۇۋاھنامىگە ئېرىشىش تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىلدى؛ تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىك قۇرۇلۇش شىركىتى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى نېفىتلىك قۇرۇلۇش شىركىتى، مايتاغ نېفىت ئايرىش قۇرۇلۇش (گۇرۇھى) شىركىتىنىڭ GA تىپلىق +GB+GC1 تىپلىق ۋە شىنجاڭ سانائەت ئۈسكۈنىلىرى قۇراشتۇرۇش شىركىتىنىڭ GA2 + GC1 + GB تىپلىق بېسىم تۇرۇبىسىنى قۇراشتۇرۇش سالاھىيىتى بويىچە گۇۋاھنامىگە ئېرىشىش بىرلەشمە تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىلدى؛ 10 سۇيۇقلاشتۇرۇلغان گاز، تەبىئىي گاز قاچىلاش پونكىتىدا گۇۋاھنامىگە ئېرىشىش تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىلىپ، 10 نۇسخا تۈزەش پىكرى ئۇقتۇرۇشنامىسى چۈشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 2 سۇيۇقلاشتۇرۇلغان گاز پونكىتىغا گاز قاچىلاش ئىجازەتنامىسى بېرىلدى، ئۈرۈمچى 2 - پولات زاۋۇتىنىڭ خىمىيە سانائىتى شۆبە زاۋۇتى قاتارلىق 20 ئورۇنغا گاز قاچىلاش ئىجازەتنامىسى يەڭگۈشلەپ بېرىلدى؛ 25 يۈرۈش پارقازان قۇراشتۇرۇش لايىھەسى، 8 يۈرۈش بېسىم قاچىلىرىنى قۇراشتۇرۇش، رېمونت قىلىش، ئۆزگەرتىش لايىھەسى، 18 يۈرۈش سۇيۇقلاشتۇرۇلغان گاز پونكىتى ۋە ئاپتوموبىلغا گاز قاچىلاش پونكىتىنىڭ قۇراشتۇرۇش لايىھەسى، 4 يۈرۈش تېبابەتچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان ئوكسىگېن بۆلمىسىنى قۇراشتۇرۇش، رېمونت قىلىش، ئۆزگەرتىش لايىھەسى، 195 نۇسخا بېسىم تۇرۇبىسىنى قۇراشتۇرۇش يۈزىسىدىن ئىش باشلاش دوكلاتى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى؛ 10 خىمىيۋى ئۇسۇل بىلەن تازىلىغۇچى ئورۇننىڭ سالاھىيىتى تەكشۈرۈلدى، پارقازان قۇراشتۇرغۇچى 30 ئورۇن گۇۋاھنامىگە ئېرىشتۈرۈلدى ۋە گۇۋاھنامىسى يەڭگۈشلەپ بېرىلدى؛ ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى، شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى شىركىتى پارقازان تەكشۈرۈش ئورنىنىڭ پارقازان بېسىم قاچىلىرىنى تەكشۈرۈش سالاھىيىتى بويىچە گۇۋاھنامە يەڭگۈشلەش، گۇۋاھنامىگە ئېرىشىش تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىلدى. بىر يىلدا ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمىدىن 2370ى تەربىيىلەندى.

خې شىڭۋېي

## ئەمگەك بىخەتەرلىكى ھادىسىلىرى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى كانچىلىق كارخانىلىرىدا 229 قېتىم يارىلىنىش ۋە ئۆلۈش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 325 ئادەم ئۆلدى. بىر قېتىمدا 3 تىن ئارتۇق ئادەم ئۆلۈشتەك ئېغىر ھادىسە 24 قېتىم يۈز بېرىپ، 98 ئادەم ئۆلدى، 5 ئادەم ئېغىر يارىلاندى. غەيرىي كۆمۈر كانچىلىق كارخانىلىرىدا 14 قېتىم ھادىسە يۈز بېرىپ، 22 ئادەم ئۆلدى، 3 ئادەم ئېغىر يارىلاندى، 1999 - يىلغا سېلىشتۇرغاندا، ھادىسە 17.65%، ئۆلگەن ئادەم 4.35% ئازايدى، ئېغىر يارىلانغان ئادەم 200% كۆپەيدى. شىنجاڭدىكى غەيرىي كانچىلىق كارخانىلىرىدا 281 قېتىم يارىلىنىش ۋە ئۆلۈش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، 183 ئادەم ئۆلدى. ئۈرۈمچى رايونىدا 4 قېتىم پەرلىك پار قازان پارتلاپ 2 ئادەم ئۆلدى، بىر ئادەم ئېغىر يارىلاندى.

خې شىڭۋېي

## ئەمگەك توختامىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭدا دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك مۇناسىۋىتى خېلى ياخشى ھەل قىلىندى، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزىدىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 44 مىڭ 600 ئىشچى - خىزمەتچى كارخانا بىلەن بولغان ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى 100% ئۈزدى. غەيرىي دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئەمگەك توختامى ئىمزالاش نىسبىتى 38% تىن 60% تىن كۆپرەككە يەتتى. كوللېكتىپ توختامنىڭ ئىمزالىنىش نىسبىتى 68%، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قاپلاش نىسبىتى 81% بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ توختام ئىمزالاش نىسبىتى 74%، غەيرىي دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ توختام ئىمزالاش نىسبىتى 49% بولدى.

خې شىڭۋېي

## ئەمگەك ماجىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتى

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر ئەمگەك ماجىرالىرىنى كېسىم قىلىش كومىتېتى 450 نۇسخا كېسىم قىلىش ئىلتىماسىنى قاراپ چىقىشقا قوبۇل قىلدى، بۇ، 1999 - يىلدىكىدىن %30 كۆپ، تورغۇزۇلغان دېلو 322 بولۇپ، %21 كۆپەيدى، دېلونىڭ ئاياغلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى %95 بولدى. دېلولارنى بىر ياقلىق قىلىش ئارقىلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە يەتكەن 2 مىليون يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىيان تۆلىتىۋېلىندى. شۇ يىلى توپىلىڭ تالاش - تارتىش دېلوسىدىن 3ى، توپلىشىپ قىلىنغان تۇيۇقسىز ۋەقەدىن 10ى بىر ياقلىق قىلىندى.

خې شىگۈيى

## ئەمگەك كاپالىتى مەمۇرىي تەپتىشلىكى خىزمىتى

شىنجاڭدىكى ئەمگەك كاپالىتى مەمۇرىي تەپتىشلىكى ئاپپاراتلىرى 2000 - يىل 9 - ئايدىن 12 - ئايغىچە 500 دىن ئارتۇق مەخسۇس ۋە قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان مەمۇرىي تەپتىشلىك خادىمىنى شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى يىغىش دائىرىسىنى كېڭەيتىشنى مەخسۇس تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇردى، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نازارەت قىلغان ۋە مەمۇرىي تەپتىشلىك قىلغان ئادەم ئىشلەتكۈچى 18 مىڭدىن ئارتۇق ئورۇن ئىچىدە، 8759ى سۇغۇرتا ھەققى يىغىشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى، بۇ ئىش 196 مىڭ ئەمگەكچىگە چېتىلدى، يىغىلغان سۇغۇرتا ھەققىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 45 مىليون 336 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1 - پەسىلدە شىنجاڭ بويىچە ئەمگەك كۈچى بازارلىرىنىڭ تەرتىپىنى ئېنىقلاش ۋە تەرتىپكە سېلىشتىن ئىبارەت مەخسۇس تەكشۈرۈش ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، 157 كەسپىي ۋاستىچى ئاپپارات تەكشۈرۈلدى، 97 قانۇنسىز ئاپپارات ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى ھەمدە 13 ئاپپاراتقا مەمۇرىي چارە كۆرۈلدى ۋە جازا بېرىلدى؛ باشقا جايلاردىن ئۆز ئالدىغا قوبۇل قىلىنغان 6280 ئەمگەك كۈچى قايتۇرۇلدى، 77 مىڭ ئادەمنىڭ سەييارە ئىشقا ئورۇنلىشىش گۇۋاھنامىسى، كارتوچكىسى تولۇقلاپ بېجىرىپ بېرىلدى؛ 10 قېتىملىق بالا ئىشچى قوبۇل قىلىش مەسىلىسى بىر ياقلىق قىلىنىپ، 75 بالا ئىشچى قايتۇرۇلدى؛ ئادەم ئىشلەتكۈچى 583 ئورۇننىڭ كەسپىي سالاھىيەتتى ۋە تەلىم - تەربىيە جەھەتتىكى قائىدىگە خىلاپ ھەرىكىتى تۈزىتىلدى.

ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك كاپالىتى ئۈستىدىن مەمۇرىي تەپتىشلىك قىلىش ئاپپاراتلىرى بىر يىلدا 3459 ئەمگەكچىگە چېتىشلىق كوللېكتىپ ھالدا يۇقىرىغا ھال ئېيتىپ بارغان ۋە تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقەدىن 188نى بىر ياقلىق قىلىشقا قاتناشتى. مەخسۇس تەكشۈرۈش ئارقىلىق 85 مىڭ 800 ئادەم بىلەن بولغان ئەمگەك توختامى تولۇقلاپ ئىمزالاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەم ئىشلەتكۈچى خۇسۇسىي، يەككە ئورۇنلار 29 مىڭ ئادەم بىلەن بولغان ئەمگەك توختامىنى تولۇقلاپ ئىمزالىدى. بىر يىلدا 14 مىڭ 400 ئەمگەكچىگە مائاش، پاراۋانلىق تەمىناتى قاتارلىق ئومۇمىي سوممىسى 3 مىليون 693 مىڭ يۈەن پۇل سۈرۈشتۈرۈپ تارقىتىپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەم ئىشلەتكۈچى يەككە، خۇسۇسىي ئورۇنلاردىن سۈرۈشتۈرۈلگەن قەرز قالغان مائاش سوممىسى 1 مىليون 900 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ؛ 8500 ئەمگەكچىگە 2 مىليون 55 مىڭ يۈەنلىك خەۋپ - خەتەر رەنە پۇلى ئېلىپ بېرىلدى ۋە ئېنىقلىنىپ قايتۇرغۇزۇلدى.

شۇ يىلى مەخسۇس تەكشۈرۈلدىغان پاش قىلىش دېلوسىدىن 1622 سى قاراپ چىقىشقا قوبۇل قىلىندى، دېلو ئاياغلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى %92 بولدى؛ 12 مىڭ 763 ئورۇن ئەمگەك كاپالىتىنى يىللىق تەكشۈردى، بۇ، 872 مىڭ ئەمگەكچىگە چېتىلىدۇ، يىللىق تەكشۈرۈش نىسبىتى %80 بولدى.

خې شىگۈيى

## ئەمگەك ئۇنىۋان ئىسلاھاتى خىزمىتى

ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى 2000 - يىلى شىنجاڭ مىقياسىدا كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى داۋاملىق تەربىيىلەش كۆرسىتىدىن 2 قارار ئېچىپ، ئەمگەك ستېپىندىكى كەسپىي تېخنىكا كادىرىدىن 161نى تەربىيىلىدى. شۇ يىلى ش ئۇ ئا ر تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىش سالاھىيىتىنى باھالاش ماتېرىيالىدىن 116 نۇسخا قوبۇل قىلىنىپ قاراپ چىقىلدى، 93 ئادەم باھالاشتىن ئۆتتى؛ ئەمگەك - ئىقتىساد كەسپى بويىچە يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش سالاھىيىتىنى باھالاش ماتېرىيالىدىن 23 نۇسخا قوبۇل قىلىنىپ قاراپ چىقىلدى، 23 ئادەم باھالاشتىن ئۆتتى.

مائەيلىڭ

# ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەكشۈرۈش ئەھۋالى

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى ئاشتى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي

ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2000 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق ئوتتۇرىچە كىرىمى 5817.28 يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %7.15 ئاشقان. ئېشىش دەرىجىسى 1999 - يىلدىكىدىن 1.35 پىرسەنت پونكىتى يۇقىرى بولغان، باھا ئۆسكەنلىك ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە، %7.04 ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت، كوللېكتىپ كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش خاراكتېرلىك كىرىمى 3730.43 يۈەنگە يېتىپ، %2.92 ئاشقان، بۇ، ئاھالىلەر ئەمەلىي كىرىمىنىڭ %63.8نى ئىگىلەيدۇ؛ ئاھالىلەرنىڭ مائاش خاراكتېرىدە بولمىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى 2116.33 يۈەنگە يېتىپ، %15.19 ئاشقان. بۇ، ئاھالىلەر ئەمەلىي كىرىمىنىڭ %36.2نى ئىگىلەيدۇ. ئاھالىلەرنىڭ يەككە ئەمگەكتىن قىلغان ئوتتۇرىچە كىرىمى 278.23 يۈەنگە يېتىپ، %20.61 ئاشقان، بۇ، ئەمەلىي كىرىمىنىڭ %4.76نى ئىگىلەيدۇ، دەم ئېلىش، پېنسىيە پۇلىدىن قىلغان كىرىمى 1246.12 يۈەنگە يېتىپ، %26.59 ئاشقان، بۇ، ئەمەلىي كىرىمىنىڭ %21.31نى ئىگىلەيدۇ. ئاھالىلەرنىڭ ھەرخىل ئاكسىيەلەرنى سېتىۋېلىش چىقىمى 1.1 ھەسسە ئاشقان، ئوتتۇرىچە ئېرىشكەن مال - مۈلۈك خاراكتېرلىك كىرىمى (ئۆسۈم، پايدا ۋە ئىجارە ھەققى كىرىمى شۇنىڭ ئىچىدە) 46.67 يۈەن بولغان.

تۇرسۇنئاي

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمال ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2000 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىستېمال خاراكتېرلىك چىقىمى 4665.46 يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %8.01 ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يېمەكلىك ئىستېمالى 1701.58 يۈەن بولۇپ، %0.19 ئازايغان؛ ئوتتۇرىچە كىيىم - كېچەك ئىستېمالى 616.26 يۈەنگە يېتىپ، %5.92 ئاشقان؛ ئۆي جاھازلىرى، لازىمەتلىكلەر ۋە مۇلازىمەت چىقىمى 456.65 يۈەنگە يېتىپ، %7.3؛ داۋالىنىش - ساقلىقنى ساقلاش چىقىمى 354.92 يۈەنگە يېتىپ، %39.68؛ ئوتتۇرىچە قاتناش ۋە ئالاقىلىشىش چىقىمى 358.74 يۈەنگە يېتىپ، %26.68؛ ئوتتۇرىچە كۆڭۈل ئېچىش، مائارىپ، مەدەنىيەت، مۇلازىمەت چىقىمى 608.64 يۈەنگە يېتىپ، %7.57؛ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئىستېمال چىقىمى 328.82 يۈەنگە يېتىپ، %10.34؛ ھەرخىل تاۋارلار ۋە مۇلازىمەت چىقىمى 239.85 يۈەنگە يېتىپ، %16.42 ئاشقان.

ئاھالىلەر ئىستېمال چىقىمىنىڭ ئېشىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر: 1) ئاھالىلەر كىرىمى مۇقىم ئاشقان. بازاردىكى باھانىڭ داۋاملىق تۆۋەنلىشى ئاھالىلەر ئىستېمالىنىڭ ئېشىشىغا بەلگىلىك دەرىجىدە تۈرتكە بولغان. 2) دەم ئېلىش كۈنلىرىدىكى ئىقتىسادىي ئىستېمالنىڭ ئېشىشى ئاھالىلەر ئىستېمالىنى ئىلگىرى سۈرگەن. 3) دېبىت - كرېدىت كىرىمىنىڭ ئاشقانلىقى تەسىر كۆرسەتكەن. يېقىنقى يىللاردا دۆلەت ئاھالىلەر ئىستېمالىنى ئىلگىرى سۈرۈش يۈزىسىدىن بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ ئۆسۈمىنى كۆپ قېتىم تۆۋەنلەتكەن ۋە ئۆسۈم بېجى ئېلىشنى يولغا قويغان، شۇنىڭ بىلەن ئاھالىلەرنىڭ بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلى ئۇدا بىر نەچچە يىل قاتتىق ئېشىپ كېتىش ئەھۋالى بېسىلغان. قىسمەن ئاھالىلەر بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلىدىن بىر قىسىم مەبلەغنى ئايرىپ چىقىپ، ئىستېمالغا سەرپ قىلغان، يەنە بىر قىسىم ئائىلىلەر بانكىدىن پۇل قەرز ئېلىپ ئۆي، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، كومپيۇتېر قاتارلىقلارنى سېتىۋالغان.

تۇرسۇنئاي

## ئاھالىلەرنىڭ بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلى ئاشتى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2000 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ بانكىغا ئامانەت قويغان ئوتتۇرىچە پۇلى 950.88 يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %5.06 ئاشقان. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ نەق پۇل ئومۇمىي چىقىمىدا ئەمەلىي چىقىم %80.13نى، پۇل ئامانەت دېبىت - كرېدىت چىقىمى %19.87نى ئىگىلىگەن. 2000 - يىلى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ پۇل ئامانەت خاراكتېرلىك سۇغۇرتا چىقىمى 1999 - يىلدىكىدىن %30.23، ئاكسىيە چىقىمى %55.17، قايتۇرغان تۇرالغۇ ئۆي قەرز پۇلى چىقىمى %82.18 ئاشقان.

پاڭ يەن

## كومپيۇتېر، يانتېلېفون ياقتۇرۇشقا ئېرىشتى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2000 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىدىن ھەر 100 ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كەلگەن كومپيۇتېر 7.09غا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %140؛ ھەر 100 ئائىلىگە توغرا كەلگەن

يانتېلېفون 6.64كە يېتىپ، %243 ئاشقان.

ياڭ يەن

## مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش چىقىمى ئاشتى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2000 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئائىلىلىرىنىڭ مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىشقا سەرپ قىلغان ئوتتۇرىچە چىقىمى 148.13 يۈەندىن توغرا كېلىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %15.63؛ شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىشقا سەرپ قىلغان ئوتتۇرىچە چىقىمى 58.04 يۈەنگە يېتىپ، %35.64؛ ئوتتۇرىچە مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرى چىقىمى 58.89 يۈەنگە يېتىپ، %8.09؛ ئوتتۇرىچە كىتاب، گېزىت، ژۇرنال چىقىمى 31.2 يۈەنگە يېتىپ، %1.17 ئاشقان.

ياڭ يەن

## شەھەرلەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئائىلە تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆستى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2000 - يىلى شىنجاڭدا شەھەرلەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئائىلىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئەمەلىي كىرىمى 4025.62 يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %4.85 ئاشقان؛ ئۇلارنىڭ ئۆزگە تەئەللۇق كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى 4011.4 يۈەنگە يېتىپ، %5.82؛ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئەمەلىي چىقىمى 3935.24 يۈەنگە يېتىپ، %11.28؛ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 3170.24 يۈەنگە يېتىپ، %6.79 ئاشقان. تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2000 - يىلى شىنجاڭدا شەھەرلەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئائىلىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە يېمەكلىك ئىستېمالى 1234.73 يۈەن بولۇپ، %5.71، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە يىللىق كىيىم - كېچەك ئىستېمالى 477.14 يۈەن بولۇپ، %4.39 ئازايغان. كىيىم - كېچەك ئىستېمالىدا تەييار كىيىم - كېچەكلەر يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە كىيىم - كېچەك سېتىۋېلىش چىقىمى 282.32 يۈەنگە يېتىپ، %12.2 ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە ئايالچە كىيىم - كېچەك سېتىۋېلىشقا سەرپ قىلىنغان كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە چىقىم 140.61 يۈەنگە يېتىپ، %12.23؛ ئەرەنچە كىيىم - كېچەك سېتىۋېلىش چىقىمى 99.03 يۈەنگە يېتىپ، %2.43 ئاشقان.

2000 - يىلى شىنجاڭدا شەھەرلەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئائىلىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئۆي جابدۇقلىرى، لازىمەتلىكلەر ۋە مۇلازىمەت چىقىمى 271.24 يۈەنگە يېتىپ، %49.54 ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە كۈندىلىك چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىغا سەرپ قىلىنغان كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە چىقىم 148.24 يۈەنگە يېتىپ، %76.48 ئاشقان. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شەھەرلەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئائىلىلىرىدىن ھەر 100 ئائىلىگە توغرا كەلگەن رەڭلىك تېلېۋىزور 93.02گە يېتىپ، %6.5؛ توڭلاتقۇ 69.19غا يېتىپ، %10.42؛ كىر ئالغۇ 84.3كە يېتىپ، %2.46؛ مۇنچا ئىسسىتقۇ 30.23كە يېتىپ، %40.47؛ فوتو ئاپپارات 27.91گە يېتىپ، %57.5؛ لازېر نۇرلۇق سىنئالغۇ 19.19غا يېتىپ، 1.5 ھەسسە؛ چاڭسۈمۈرگۈ 16.86گە يېتىپ، %48.1 ئاشقان. ھاۋا تەڭشىگۈچ، مىكرو دولقۇنلۇق دوخوپكا، ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان كومپيۇتېر، پىئانىنو قاتارلىق ئالىي دەرىجىلىك چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئائىلىلىرىدىن ئورۇن ئالغان.

2000 - يىلى شەھەرلەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئائىلىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە يىللىق داۋالىنىش، ساقلىقنى ساقلاش چىقىمى 196.09 يۈەنگە يېتىپ، %20.72 ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە دورا خىراجىتى 120.83 يۈەنگە يېتىپ، %32.75 ئاشقان؛ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە داۋالىنىش، ساقلىقنى ساقلاش مۇلازىمەت چىقىمى 67.33 يۈەنگە يېتىپ، %7.71؛ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە قاتناش ۋە ئالاقىلىشىش چىقىمى 207.07 يۈەنگە يېتىپ، %20.04 ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە قاتناش خىراجىتى 99.38 يۈەنگە يېتىپ، %13.58؛ ئالاقىلىشىش خىراجىتى 107.69 يۈەنگە يېتىپ، %26.68 ئاشقان؛ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە تېلېگراف خىراجىتى 92.21 يۈەنگە يېتىپ، %32.83 ئاشقان. شەھەرلەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئائىلىلىرىنىڭ %54.1ىدە تېلېفون بار بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 13.6 پىرسەنت پونكىت ئاشقان. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كۆڭۈل ئېچىش، مەدەنىيەت، مائارىپ، مۇلازىمەت چىقىمى 349.56 يۈەنگە يېتىپ، %18.94 ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش چىقىمى 63.59 يۈەنگە يېتىپ، %59.91؛ مائارىپ خىراجىتى چىقىمى 231.21 يۈەنگە يېتىپ، %25.75 ئاشقان.

2000 ـ يىلى شەھەرلەردىكى گاز سانلىق مىسسالەتلەر ئائىلىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي چىقىمى 290.25 يۈەنگە يېتىپ، %23.45 ئاشقان. تۇرالغۇ ئۆينىڭ پاسونىدىن قارىغاندا، %55.2 ئائىلە سېكسىيە شەكلىدىكى يۈرۈشلۈك تۇرالغۇ ئۆيدە ئولتۇرغان، مۇنداق ئائىلىلەر 1999 ـ يىلدىكىدىن 7.7 پىرسەنت پوئىنتى ئاشقان. گاز سانلىق مىسسالەتلەر ئائىلىلىرىنىڭ %62.8ى سۇيۇقلاشتۇرۇلغان نېفىت گازى ئىشلەتكەن.

2000 ـ يىلى شەھەرلەردىكى گاز سانلىق مىسسالەتلەر ئائىلىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە تۇرلۇك تاۋارلار ۋە مۇلازىمەت چىقىمى 144.16 يۈەنگە يېتىپ، %25.66 ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە، چاچ ياساش، ھۆسن تۈزەش بۇيۇملىرى چىقىمى 29.82 يۈەنگە يېتىپ، %36.86؛ ساياھەت چىقىمى 30.41 يۈەنگە يېتىپ، %27.72 ئاشقان.

يالق لىي

## ئائىلىلەرنىڭ يېمەكلىك ئىستېمال نىسبىتى تۆۋەنلىدى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2000 ـ يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئائىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە يېمەكلىك ئىستېمال چىقىمى 1701.58 يۈەن بولۇپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %0.19 ئازايغان. يېمەكلىك ئىستېمال چىقىمىنىڭ ئائىلىلەر ئىستېمال چىقىمىدا ئىگىلىگەن سالىقى (يەنى ئېنگېر كوئېففىتسېنتى) 1999 ـ يىلدىكى %39.47تىن %36.47كە چۈشۈپ، 3 پىرسەنت پوئىنتى ئازايغان. يېمەكلىك ئىستېمالىدا ئاشلىق، كىراخمال، يۇرچاق، مايلارنىڭ ئىستېمال مىقدارى ئازايغان، گۆش ۋە ئۆي قۇشلىرىدىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار، تۇخۇم، قوغۇن ـ تاۋۇز، قۇرۇق ۋە ھۆل مېۋە ـ چېۋە قاتارلىق يېمەكلىكلەرنىڭ ئىستېمال مىقدارى ئاشقان. تۇرمۇش رېتىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، ھەرخىل تەييار يېمەكلىكلەر ياكى يېرىم تەييار يېمەكلىكلەر ئىستېمالچىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. ئېنگېر كوئېففىتسېنتىنىڭ تۆۋەنلىگەنلىكى شىنجاڭدىكى شەھەر ئائىلىلىرى تۇرمۇشىنىڭ كىيىم يۈتۈن، قورساق توق بولۇشتىن ھاللىق سەۋىيىگە ئىلگىرىلەپ، ئىستېمال تېپىنىڭ ئۆزگىرىش مەزگىلىگە قەدەم قويغانلىقى، تېرىكچىلىك تېپىدىن تەرەققىيات تېپىغا ۋە بەھرىمەن بولۇش تېپىغا ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتكەن.

تۇرسۇنتاي، يالق يەن

## زامانىۋى ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى ئائىلىلەر ئۆيلىرىدىن ئورۇن ئالدى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2000 ـ يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئائىلىلىرىنىڭ ئۆي جاھازلىرى، لازىمەتلىكلەرگە سەرپ قىلغان ئوتتۇرىچە چىقىمى 456.65 يۈەنگە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %7.3 ئاشقان. يىل ئاخىرىدا شەھەر ئائىلىلىرىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 100 ئائىلىگە 102.57 رەڭلىك تېلېۋىزور، 94.51 كىر ئالغۇ، 84.73 توڭلاتقۇ، 7.09 كومپيۇتېر، 33.39 VCD ، 1.41 تېلېكامېرا، 1.14 پىئانىنو، 5.93 مىكرو دولقۇنلۇق دوخوپكا توغرا كەلگەن.

تۇرسۇنتاي

## تۇرالغۇ ئۆي شارائىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2000 ـ يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئائىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بانكىدىن ئۆي سېتىۋېلىشقا قەرز ئالغان پۇلى 1999 ـ يىلدىكى 1.2 يۈەندىن 101.06 يۈەنگە يەتكەن. يىل ئاخىرىدا شەھەر ئائىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 15.27 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %4.52 ئاشقان. تۇرالغۇ ئۆي شارائىتىدىن قارىغاندا، %80تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىغان شەھەر ئائىلىلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆيى سېكسىيە شەكلىدىكى يۈرۈشلۈك تۇرالغۇ ئۆي ئىكەن، %85تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىغان تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى ئۆز ئىلكىدىكى ئۆي ۋە قىسمەن مۈلۈك ھوقۇقىغا ئىگە ئۆز ئىلكىدىكى ئۆي ئىكەن. شۇ يىلى شەھەر ئائىلىلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆيىنى بېزەشكە سەرپ قىلغان چىقىمى 187.53 يۈەن بولۇپ، ئائىلىلەر ئىستېمالىنىڭ %4.02ىنى، ئۆي ئىچىنى بېزەش بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش چىقىمى 20.29 يۈەن بولۇپ، ئائىلىلەر ئىستېمالىنىڭ %0.43ىنى ئىگىلىگەن.

تۇرسۇنتاي

## داۋالىنىش، ساقلىقنى ساقلاش چىقىمى ئاشتى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2000 ـ يىلى شەھەر ئائىلىلىرىنىڭ داۋالىنىش، ساقلىقنى ساقلاش بۇيۇملىرىغا

قىلغان ئوتتۇرىچە چىقىمى 354.92 يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 39.68% ئاشقان، بۇ، ئىستېمال چىقىمىنىڭ 7.6%ىنى ئىگىلىگەن، بۇنىڭ ئىچىدە تېببىي داۋالاش ماتېرىياللىرى چىقىمى 60.42%، تېببىي داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش بۇيۇملىرى چىقىمى 58.72% ئاشقان. شەھەر ئاھالىلىرىدىن ھەر 100 ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3.15 تىن ساقلاملىق سايمىنى توغرا كەلگەن.

تۇرسۇنئاي

## قاتناش ۋە ئالاقىلىشىش چىقىمى ئاشتى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2000 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ قاتناش ۋە ئالاقىلىشىشقا قىلغان ئوتتۇرىچە چىقىمى 358.74 يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 26.68% ئاشقان، بۇ، ئىستېمال چىقىمىنىڭ 7.69%ىنى ئىگىلىگەن، بۇنىڭ ئىچىدە قاتناش چىقىمى (قاتناش سايمانلىرى، يېقىلغۇ سېتىۋېلىش ۋە قاتناش خىراجىتى چىقىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 148.14 يۈەنگە يېتىپ، 9.44%، ئالاقىلىشىش چىقىمى 210.61 يۈەنگە يېتىپ، 42.48% ئاشقان.

تۇرسۇنئاي

## دەم ئېلىش كۈنلىرى ئىقتىسادى ئاھالىلەر ئىستېمالىنى ئىلگىرى سۈردى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2000 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ بايراملىق ئىستېمالىدا باھار بايرىمىدىكىسى 7.27%، «1 - ماي» بايرىمىدىكىسى 8.9%، «1 - ئۆكتەبىر» بايرىمىدىكىسى 8.17% ئاشقان. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساياھەت ئىستېمال چىقىمى 73.12 يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 77.39% ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە قاتناش خىراجىتى 42.58 يۈەنگە يېتىپ، 69.91%؛ ياتاق ۋە تاماق خىراجىتى 21.02 يۈەنگە يېتىپ، 55.01% ئاشقان.

تۇرسۇنئاي

## ئاھالىلەرنىڭ سۇغۇرتا ئېڭى كۈچەيدى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2000 - يىلى شىنجاڭدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ پۇل ئامانەت خاراكتېرلىك سۇغۇرتىغا قىلغان ئوتتۇرىچە چىقىمى 108.44 يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 30.23%، پۇل ئامانەت خاراكتېرىدە بولمىغان سۇغۇرتا چىقىمى 15.1 يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 88.51% ئاشقان.

تۇرسۇنئاي

## مەركىزىي شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ سۈنئىي تېجەپ ئىشلىتىش ئېڭى تەكشۈرۈلدى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى 2000 - يىل 7 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىسىنى ئىختىيارىي ئارىلاپ سوئال قەغىزى تارقىتىش شەكلى ئارقىلىق تەكشۈردى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، مەركىزىي شەھەر ئاھالىسى سۇ ئىشلىتىشتە ئومۇمىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان خېلى كۈچلۈك ئاڭغا ئىگە ئىكەن، تەكشۈرۈلگەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك «سۇنى تېجەپ ئىشلىتىش — ھەربىر پۇقرانىڭ مەسئۇلىيىتى» دېگەن قاراشتا ئىكەن. بىراق «سىز مەركىزىي شەھەرنىڭ خېلى ئېغىر دەرىجىدە سۇ قىس رايون ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلەمسىز - يوق؟» دېگەن سوئال سورالغاندا، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە سۇ قىس رايون ئىكەنلىكىنى شەھەر ئاھالىسىنىڭ 43.57%ىلا ئىنتايىن چۈشىنىدىكەن، يېرىمىغا يېقىن ئادەم (56.43%نى ئىگىلەيدۇ) ئۈرۈمچىنىڭ سۇ قىس رايون ئىكەنلىكىنى ئانچە ئېنىق بىلمەيدىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە 8.33% ئادەم ئۈرۈمچى شەھىرىدە قانداقلارچە سۇ قىس بولىدىغانلىقىنى چۈشىنەلمىگەن. «ئانچە ئېنىق بىلمەيدىغان» ۋە «ئېنىق بىلمەيدىغان» بۇ توپ ئىچىدە 30 ياشتىن تۆۋەن ياشلار 47.03%نى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن تۆۋەن ئوقۇش تارىخىغا ئىگە ئادەملەر 83.49%نى ئىگىلىگەن. دېمەك، شەھەر ئاھالىلىرىگە، بولۇپمۇ ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرگە سۇنى تېجەپ ئىشلىتىش ئېڭىنى كۈچەيتىش ھەققىدە تەربىيە بېرىش ئىنتايىن جىددىي ۋەزىپە بولۇپ قالغان.

ۋالڭ يىلڭ

## مەركىزىي شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئائىلە ئىشلىرى مۇلازىمىتىگە بولغان ئېھتىياجى تەكشۈرۈلدى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى 2000 - يىل 2 - ئاينىڭ بېشىدا ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 313 ئائىلىنى ئائىلە ئىشلىرى مۇلازىمىتى ھەققىدىكى تونۇشى ھەم ئاھالىلەرنىڭ ئائىلە ئىشلىرى مۇلازىمىتىگە بولغان ئېھتىياجى يۈزىسىدىن تەكشۈردى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە،

شەھەر ئائىلىلىرىنىڭ 48.9%ى كۆمۈر گازى يەتكۈزۈپ بېرىش مۇلازىمىتىنى قوبۇل قىلغان، 15.3%ى يۇندا يولىنى راۋانلاشتۇرۇش مۇلازىمىتىنى قوبۇل قىلغان، 13.1%ى ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش مۇلازىمىتىنى قوبۇل قىلغان، 9.9%ى كۆچۈرۈش - توشۇش مۇلازىمىتىنى قوبۇل قىلغان، باشقا مۇلازىمەتلەر رەت تەرتىپى بويىچە مۇنداق بولغان: تاماق يەتكۈزۈپ بېرىش 2.6%نى، مال سېتىۋېلىش 2.2%نى، گېزىت - ژۇرنال يەتكۈزۈپ بېرىش 1.6%نى، ياشانغان كىشىلەر ۋە بالىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش 1.6%نى، ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىقى 1.6%نى، ئۆي رېمونت قىلىش 1.3%نى، ئۆي ئىچىنى تازىلاش 1%نى، بالىلارنى ئاپىرىش - ئەكىلىش 0.3%نى، باشقا ئىشلار 0.6%نى ئىگىلىگەن. ئائىلە ئىشلىرى مۇلازىمىتىنى قوبۇل قىلغان ئائىلىلەرde 35.9% ئادەم ئومۇمىي جەھەتتە بىر قەدەر رازى بولغان، ئادەتتىكىچە دەپ قارىغانلىرى 58.2%نى، رازى بولمىغانلىرى 5.9%نى ئىگىلىگەن. ئائىلە ئىشلىرى مۇلازىمىتىدىن رازى بولمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى سورالغاندا، قىممەتچىلىك ۋاقتىدا ھەل قىلىنىدى (61.3%)؛ مۇلازىمەت پوزىتسىيىسى ياخشى (20%)؛ مۇلازىمەت سۈپىتى ياخشى (12%)؛ ئېلىنغان ھەق مۇۋاپىق (6%)؛ باشقىلار (0.7%)، دەپ جاۋاب بېرىلگەن.

تەكشۈرۈش داۋامىدا 49.5% ئائىلە ئىشلىرى مۇلازىمىتىنى بۈگۈندىن كېيىن داۋاملىق قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، بۇنىڭ ئاساسلىق ئوبيېكتى ياشراق، مەلۇماتى يۇقىرىراق ئائىلە بولغان.

ۋاڭ يىڭ

## مەركىزىي شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمال جەھەتتە زىيانغا ئۇچراش ۋە ئىستېمال جەريانىدا ئۆزىنى قوغداش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى 2000 - يىل 2 - ئاينىڭ بېشىدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمال جەھەتتە زىيانغا ئۇچراش ئەھۋالى ۋە ئىستېمال جەريانىدا ئۆزىنى قوغداش ئەھۋالىنى سوئال قەغىزى تارقىتىش شەكلى ئارقىلىق تەكشۈردى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، 91% شەھەر ئاھالىسى «ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى»دىن خەۋەردار ئىكەن، 86.31% شەھەر ئاھالىسى ئىستېمال ھەرىكىتى زىيانغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، قايسى ئورۇننى ئىزدەپ ھەل قىلىش كېرەكلىكىدىن خەۋەردار ئىكەن، بىراق، ئەمەلىيەتتە، سودا جەھەتتە زىيانغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئالاقىدار تارماقلارنى ئىزدەپ بارغانلار 59.73%نىلا ئىگىلىگەن. 1999 - يىلى 66.77% شەھەر ئاھالىسى سودا جەھەتتە ھەرخىل دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىغان، بۇنىڭ ئىچىدە بىر قېتىمدىن 2 قېتىمغىچە زىيانغا ئۇچرىغانلار 41.9%نى، 3 قېتىمدىن 5 قېتىمغىچە زىيانغا ئۇچرىغانلار 41.43%نى، 6 قېتىمدىن يۇقىرى زىيانغا ئۇچرىغانلار 16.67%نى ئىگىلىگەن. ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەت جەھەتتە زىيانغا ئۇچرىشى، ئاساسەن، مۇنۇ جەھەتلەردە ئىپادىلەنگەن؛ ئارازىدا كەم ئارتىپ بېرىش 29.81%نى، يالغان، ساختا، ناچار ئاۋارلار 25.48%نى، سۈپىتى ناچار بولغىنى 24.52%نى، سۈپىتى باھاسىغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغىنى 12.5%نى ئىگىلىگەن. سودىدا زىيانغا ئۇچرىغان 40.27% ئىستېمالچى «بولدى» قىلىۋەتكەن، سودىگەرلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ھەل قىلغانلار 35.1%نى، باشقۇرغۇچى خادىملار ياكى ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىنى ئىزدەپ بارغانلار 17.79%نى، باشقىلار 6.84%نى ئىگىلىگەن. «سىز تاۋار سېتىۋالغان چاغدا، شۇ تاۋارنىڭ سۈپىتىدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟» دېگەن سوئالغا 60.27% ئىستېمالچى «خەۋىرىم يوق» دەپ جاۋاب بەرگەن. دېمەك، ئىستېمالچىلارنىڭ تاۋارغا ئائىت بىلىملەر ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدىكەن.

ۋاڭ يىڭ

## مەركىزىي شەھەردىكى دوختۇرخانىلارنىڭ مۇلازىمەت سۈپىتى تەكشۈرۈلدى

ش ئۇ ئا ر شەھەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى ش ئۇ ئا ر ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى بىلەن بىرلىكتە 2000 - يىل 4 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 8 چوڭ دوختۇرخانىدىكى بىمارلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە مۇلازىمەت سۈپىتى توغرىسىدىكى قارىشىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈردى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، بىمارلارنىڭ تېببىي خادىملارنىڭ ھەر تەرەپلىمە مۇلازىمەت پوزىتسىيىسىدىن رازى بولۇش دەرىجىسى 78.6% بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 9.6 پىرسەنت پونكىتى ئۆسكەن. ھەر دەرىجىلىك دوختۇرخانىلاردىكى قوشۇمچە داۋالاش بۆلۈملىرىنىڭ مۇلازىمەت سۈپىتى مۇنداق بولغان: نومۇر ئېلىش ئورنىنىڭ 4.4%، كېسەلخانىدا ياتقۇزۇپ تەكشۈرۈش ئورنىنىڭ 0.32%، دورا ئېلىش ئورنىنىڭ 4.96%، لابوراتورىيە بۆلۈمىنىڭ 9.6%، ئوپېراتسىيە بۆلۈمىنىڭ 1.45%، رادىئاتسىيە بۆلۈمىنىڭ 4.92% ئۆسكەن. تەكشۈرۈش داۋامىدا 75.63% بىمار دوختۇرلارنىڭ

تېخنىكا سەۋىيىسىدىن رازى بولغان؛ %15.94 بىمار دوختۇرلارنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئادەتتىكىچە دەپ قارىغان؛ %8.43 بىمار دوختۇرلارنىڭ داۋالاش سەۋىيىسى تۆۋەن، قويغان دىئاگنوزى توغرا ئەمەس، چاتاق كۆرۈلسە تاقابىل تۇرالمايدۇ، دەپ قارىغان. نارازى بولغان بىمارلارنىڭ نىسبىتى يىلدىن يىلغا ئازىيىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئاز ساندىكى نارازى بولغان بىمارلارنىڭ قىسمەن دوختۇرخانىلارنىڭ قوشۇمچە داۋالاش بۆلۈملىرىدە ئىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇش، بولۇپمۇ نومۇر ئېلىش، پۇل تاپشۇرۇش ئورۇنلىرىدا ئۆچىرەتتە تۇرۇپ ساقلاش ۋاقتى ئۇزۇن بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئىنكاسى خېلى كۈچلۈك بولغان.

ۋاڭ يىڭ

## شىنجاڭ يېزىلىرىدا تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش سوممىسى تۇنجى قېتىم 5 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ كەتتى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈش ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 2000 - يىلى شىنجاڭ يېزىلىرىدا تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 5 مىليارد 354 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %7.3 ئاشقان، بۇ، جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغنىڭ تەخمىنەن %8.8نى ئىگىلىگەن. ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، دېھقانلاردىن باشقىلارنىڭ تۇراقلىق مۈلۈككە سالغان مەبلىغى 1 مىليارد 719 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14.1 ئاشقان، ئۇنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى %32.1كە يېتىپ، 1.9 پىرسەنت پوئىنتى ئاشقان؛ دېھقانلارنىڭ سالغان مەبلىغى 3 مىليارد 635 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %4.4 ئاشقان، بۇ، %67.9نى ئىگىلەپ، 1.9 پىرسەنت پوئىنتى ئازايغان. يېزىلاردىكى تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئېشىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب يېزىلاردىكى ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش ئورنى بولغان دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنىڭ شۇ يىلى %9.8 ئاشقانلىقى بولغان.

تۇڭ دېغۇ

## يېزىلاردىكى ئۇۇل مۇئەسسەسەلەر ۋە ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ياخشىلاندى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 2000 - يىلى شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى ئۇۇل مۇئەسسەسەلەر كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغان. بۇنىڭ ئىچىدە تۇرۇبا سۈيىدىن بەھرىمەن بولغان كەنت 5831 بولۇپ، مەمۇرىي كەنتلەرنىڭ %62.2نى، ئاپتوموبىل قاتنىغان كەنت 9113 بولۇپ، %97.2نى، تېلېفون ئورنىتىلغان كەنت 5805 بولۇپ، %61.9نى ئىگىلىگەن، بۇلار 1999 - يىلدىكىدىن ھەرخىل دەرىجىدە ئاشقان. يېزىلاردا سەرپ قىلىنغان توك 2 مىليارد 450 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، %4.7 ئاشقان. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 3 مىليون 94 مىڭ 300 گېكتارغا يېتىپ، %0.9 ئاشقان، بۇ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %90.6نى ئىگىلىگەن. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى 8 مىليون 511 مىڭ 700 كىلوۋاتقا يېتىپ، %4.5 ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە دىزېل ماتورلارنىڭ قۇۋۋىتى 6 مىليون 965 مىڭ 400 كىلوۋاتقا يېتىپ، %6.6؛ گېنېراتورلارنىڭ قۇۋۋىتى 982 مىڭ 500 كىلوۋاتقا يېتىپ، %9.5 ئاشقان.

ئابلىز

## دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېلىنمىسى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ تەكشۈرۈلىدىغان 30 ناھىيىدىكى 1500 ئائىلىلىك دېھقاننى تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2000 - يىلى شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا سالغان ئوتتۇرىچە سېلىنمىسى 1313 يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %1.4 ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە ئائىلە ئىگىلىكى خىراجەت چىقىمى 1198 يۈەن بولۇپ، 60 يۈەن، يەنى %5.2 ئاشقان؛ ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك تۇراقلىق مۈلۈك سېتىۋېلىش چىقىمى 115 يۈەن بولۇپ، 41 يۈەن، يەنى %26.2 ئازايغان.

دېھقانلار ئائىلە ئىگىلىكى خىراجەت چىقىمىنىڭ ئاشقانلىقى، ئاساسەن، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىنىڭ ئېشىشىدا ئىپادىلەنگەن. 2000 - يىلى دېھقانلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلەتكەن ئوتتۇرىچە خىراجىتى 934 يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 31 يۈەن، ئورمانچىلىق خىراجىتى 7 يۈەن بولۇپ، 6 يۈەن، چارۋىچىلىق خىراجىتى 214 يۈەن بولۇپ، 24 يۈەن ئاشقان.

1999 - يىلى پاختا قاتارلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى باھاسىنىڭ چۈشكەنلىكى تۈپەيلىدىن دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېلىنمىسى جىددىي ئازايغان، بۇ، 2000 - يىلى 1 -، 2 - پەسىللەردىكى دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېلىنمىسىغا تەسىر كۆرسەتكەن، 3 - پەسىلدە پاختا ھوسۇلىنىڭ يىغىۋېلىنىشىغا ئەگىشىپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېلىنمىسى ئاشقان.

جۇ شىجۈەن

## ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىنىڭ ھەددىدىن زىيادە يۇقىرى بولۇشى دېھقانلار كىرىمىنىڭ ئېشىشىنى چەكلەپ قويدى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەھلىل قىلىشىغا قارىغاندا، 2000 - يىلى شىنجاڭدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئاساسىي كىرىمىنىڭ 89.9%ى يېزا ئىگىلىكىدىن كەلگەن، 10.1%ى غەيرىي يېزا ئىگىلىكىدىن كەلگەن. شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئىگىلىك باشقۇرۇش خىراجىتى مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە خىراجەتتىن 544 يۈەن يۇقىرى بولۇپ، 83.2%كە يەتكەن. 2000 - يىلدىكىسىنى 1983 - يىلدىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، شىنجاڭدىكى دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كىرىمى 8 ھەسسە يەنى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 13.8%، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 4.3 ھەسسە يەنى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10.3%، ئائىلە ئىگىلىك باشقۇرۇش خىراجىتى بولسا، 17 ھەسسە يەنى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 18.5% ئاشقان. ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىنىڭ ھەددىدىن زىيادە يۇقىرى بولۇشى شىنجاڭدىكى دېھقانلار كىرىمىنىڭ ئېشىشىنى چەكلەيدىغان مۇھىم ئامىل بولۇپ قالغان.

رېن شۇجۇن

## يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىدىكى پەرق كېڭىيىشتىن توختىدى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئولتۇراقلاشقان ئائىلىلەرنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، شىنجاڭدىكى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىدىكى پەرق كېڭىيىش ئەھۋالى مۇقىملىشىشقا قاراپ يۈزلىنىشكە باشلىغان. دېھقانلارنىڭ كىرىمىدىكى پەرق دەرىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان گىنىي كوئېففىتسېنتىدا يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا ئۆرلەش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەن، 2000 - يىلى مۇقىملىشىشقا يۈزلىنىپ، گىنىي كوئېففىتسېنتى 0.3833.2% بولغان. كىرىمى تۆۋەن 20% ئائىلە بىلەن كىرىمى يۇقىرى 20% ئائىلىنىڭ ساپ كىرىم نىسبىتى 1999 - يىلدىكى 1 : 3.61 دىن 1 : 3.5كە چۈشكەن. بۇنىڭ ئىچىدە كىرىمى تۆۋەن 20% ئائىلىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 698.35 يۈەن بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 72.66 يۈەن، يەنى 11.6% ئاشقان، بۇنىڭ ئېشىش سۈرئىتى كىرىمى يۇقىرى 20% ئائىلىنىڭكىدىن سەل يۇقىرى بولغان.

يى بىن

## يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ مەلۇماتى ئۆستى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئولتۇراقلاشقان ئائىلىلەرنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشىدىن مەلۇم بولۇشىچە، يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ۋە ماتارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش خىزمىتىنىڭ كۈچەيتىلىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ مەلۇماتى ئۆسكەن.

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، يېزىلاردىكى ھەر 100 ئەمگەك كۈچى ئىچىدە، ساۋاتسىزلار ياكى چالا ساۋاتلار 1990 - يىلدىكى 25.16 دىن 9.1گە چۈشكەن، باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 43.43تىن 46.19غا، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىدىكىلەر 24.58دىن 35.85كە، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقىرى (ئوتتۇرا تېخنىكوم، ئالىي تېخنىكوم قاتارلىقلار شۇنىڭ ئىچىدە) مەلۇماتتىكىلەر 6.83 تىن 8.86گە يەتكەن. بۇ، ئاپتونوم رايوندا يېزا ماتارىپى خىزمىتىنىڭ كۈچەيتىلىشىگە ئەگىشىپ، يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ساپاسى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

گۈلباھار

## نامرات ناھىيىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك 25 نامرات ناھىيە ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 5 نامرات ناھىيىدىكى 1500 ئائىلىلىك دېھقان، چارۋىچىنىڭ نامراتلىق ئەھۋالىنى كۆزىتىپ ئۆلچەش، تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2000 - يىلى 30 نامرات ناھىيىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1138 يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيىنىڭ 70.33%ىگە توغرا كەلگەن، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 1999 - يىلدىكىدىن 68.2 يۈەن، يەنى 6.38% ئاشقان. 30 نامرات ناھىيىدىكى تاشيول ياسالغان كەنتلەر 89%نى ئىگىلىگەن؛ توك يەتكۈزۈلگەن كەنتلەر 90%نى ئىگىلەپ، بىر پىرسەنت پوئىنتى؛ تېلېفون ئورنىتىلغان كەنتلەر 53%نى ئىگىلەپ، 8 پىرسەنت پوئىنتى؛ پوچتا ئالاقىسى يولغا قويۇلغان كەنتلەر 47%نى ئىگىلەپ، 2 پىرسەنت پوئىنتى ئۆسكەن؛ سىملىق رادىئو بار كەنتلەر 89%نى ئىگىلىگەن؛ تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى قوبۇل قىلالايدىغان كەنتلەر 41%نى ئىگىلەپ، 2 پىرسەنت پوئىنتى؛ بىخەتەر سۇ ئىچىدىغان دېھقانلار ئائىلىسى 69%نى ئىگىلەپ، 3 پىرسەنت پوئىنتى ئۆسكەن؛ دېھقان،

چارۋىچىلاردىن تۇرمۇشقا كېرەكلىك يېقىلغۇدا ئوتۇن ـ پاخالنى ئاساس قىلىدىغانلار %65نى، كۆمۈرنى ئاساس قىلىدىغانلار %29نى ئىگىلىگەن؛ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سىرتقا چىققاندا ئىشلىتىدىغان قاتناش قوراللىرى ئاپتوبۇس، ئات ھارۋىسى ۋە ئات، ۋېلىسىپىت قاتارلىقلارنى ئاساس قىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتوبۇسقا ئولتۇرىدىغانلار %44نى، ئات ھارۋىسىغا چۈشىدىغانلار ۋە ئاتلىق ماڭىدىغانلار %21نى، ۋېلىسىپىت مىنىدىغانلار %19نى، باشقا ماتورلۇق قاتناش قوراللىرىغا ئولتۇرىدىغانلار %15نى، پىيادە ماڭىدىغانلار %1نى ئىگىلىگەن.

ۋاڭ يۇڭيالڭ

## يېزىلاردىكى كەسپكارلارنىڭ قۇرۇلمىسىدا يېڭى ئۆزگىرىش بولدى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 2000 ـ يىلى شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى كەسپكار 4 مىليون 562 مىڭ 700 گە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %2.4 ئاشقان، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 2 مىليون 541 مىڭ 800 بولۇپ، %2.7 ئاشقان، بۇ، ئومۇمىي كەسپكارلارنىڭ %55.7نى ئىگىلىگەن؛ ئايال 2 مىليون 20 مىڭ 900 بولۇپ، %2.2 ئاشقان، بۇ، %44.3نى ئىگىلىگەن.

1 ـ كەسىپتىكى كەسپكار 3 مىليون 860 مىڭ 400 بولۇپ، يېزىلاردىكى كەسپكارلارنىڭ %84.6نى ئىگىلىگەن، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقتىكىسى 3 مىليون 414 مىڭ 500 بولۇپ، 1 ـ كەسىپتىكى كەسپكارلارنىڭ %88.4نى ئىگىلىگەن، چارۋىچىلىقتىكىسى 388 مىڭ 500 بولۇپ، %10.1نى ئىگىلىگەن. 2 ـ كەسىپتىكى كەسپكار 258 مىڭ بولۇپ، %3.7 ئاشقان، بۇ يېزىلاردىكى كەسپكارلارنىڭ %5.7نى ئىگىلىگەن. 3 ـ كەسىپتىكى كەسپكار 444 مىڭ 400 بولۇپ، %4.2 ئاشقان، بۇ، يېزىلاردىكى كەسپكارلارنىڭ %9.7نى ئىگىلىگەن.

ئاپتونوم رايون يېزىلىرىدىكى ئەمگەك كۈچلىرى ئاساسەن 1 ـ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن، 2 ـ، 3 ـ كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا بىر قەدەر ئاجىز ئىكەن.

ئابلىز

## يېزىلاردىكى كۆچمە ئەمگەك كۈچلىرى 908 مىليون يۈەن پۇل تاپتى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ 30 ناھىيە (شەھەر) دىكى 1500 ئائىلىلىك دېھقاننى ئارىلاپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، 2000 ـ يىلى يېزىلاردىكى كۆچمە ئەمگەك كۈچلىرى يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ %4.5نى ئىگىلەپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن بىر پىرسەنت پونكىتى ئاشقان، كۆچمە ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئەۋەتكەن ۋە ئېلىپ قايتقان نەق پۇلى 5363 يۈەنگە يېتىپ، %14.2 ئاشقان. تۈرلۈك ساھەلەرنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، سانائەت، بىناكارلىقتىكى كۆچمە ئەمگەك كۈچلىرى ئەۋەتكەن ۋە ئېلىپ قايتقان نەق پۇل كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5334 يۈەندىن، قاتناش ـ ترانسپورت، سودا، يېمەك ـ ئىچمەك كەسىپلىرىدىكى كۆچمە ئەمگەك كۈچلىرى ئەۋەتكەن ۋە ئېلىپ قايتقان نەق پۇل كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5480 يۈەندىن توغرا كەلگەن. كۆچمە ئەمگەك كۈچلىرى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئەۋەتكەن ۋە ئېلىپ قايتقان 5363 يۈەن نەق پۇل بويىچە ھېسابلىغاندا، 2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايون يېزىلىرىدىكى كۆچمە ئەمگەك كۈچلىرى 908 مىليون يۈەن نەق پۇل ئەۋەتكەن ۋە ئېلىپ قايتقان.

چې تۈگشىن

## كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 2000 يۈەندىن ئاشىدىغان يېزا ئەمگەك كۈچلىرى ئاسان يۆتكىلىدۇ

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ 1999 — 2000 ـ يىللىق شىنجاڭدىكى يېزىلارنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، ئائىلە بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2000 يۈەندىن ئاشىدىغان يېزا ئەمگەك كۈچلىرى ئاسان يۆتكىلىدىكەن (يېزا سىرتىدىكى ساھەلەرگە بېرىپ ئىشقا ئورۇنلاشقان ياكى ئۆز يېزىسىدا يېزا ئىگىلىكىدىن باشقا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن)، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى قانچە تۆۋەن بولسا، شۇنچە ئاسان يۆتكەلمەيدىكەن. 2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلاردىكى كۆچمە ئەمگەك كۈچلىرىدىن ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2000 يۈەن ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولغانلار %54.4نى ئىگىلەپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن 7.7 پىرسەنت پونكىتى ئاشقان؛ 1500 يۈەندىن 2000 يۈەنگىچە بولغانلار %20نى، 1000 يۈەندىن 1500 يۈەنگىچە بولغانلار %15.9نى، 500 يۈەندىن 1000 يۈەنگىچە بولغانلار %9.2نى، 500 يۈەندىن تۆۋەن بولغانلار %0.5نى ئىگىلىگەن. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى يۇقىرى ئائىلىلەردىكى كەسپكارلارنىڭ مەلۇمات، ئىقتىدار قاتارلىق جەھەتلەردىكى ساپاسى مۇناسىپ ھالدا خېلى يۇقىرى ئىكەن.

تۇڭ دېڭۇ، گو ئەنىڭ

## يېزىلاردىكى كۆچمە ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ تەخمىنەن %40ى ئۆز يېرىدە ئىشقا ئورۇنلاشقان

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئارىلاپ تەكشۈرۈش ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 2000 - يىلى شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى كۆچمە ئەمگەك كۈچلىرى ئىچىدە %38.9 ئادەم ئۆز يېزىسىدىن ئايرىلمىغان، بۇ، 1999 - يىلدىكىدىن 18.4 پىرسەنت پوئىنتى ئازايغان. ۋىلايەت دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك شەھەرلەردە ئىشقا ئورۇنلاشقانلار %26.7نى ئىگىلەپ، 2 پىرسەنت پوئىنتى ئازايغان؛ ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلەردە ئىشقا ئورۇنلاشقانلار %22.6نى ئىگىلەپ، 13.9 پىرسەنت پوئىنتى؛ شىتاتلىق بازار، رايونلاردا ئىشقا ئورۇنلاشقانلار %11.8نى ئىگىلەپ، 6.5 پىرسەنت پوئىنتى كۆپەيگەن.

تۇگبىيكېلىن، تۇلۇڭ دىغۇ

## دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2000 - يىلى شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 1237 يۈەن بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 46 يۈەن، يەنى %3.6 ئازايغان. بۇنىڭ ئىچىدە يېمەكلىك ئىستېمال چىقىمى 618 يۈەن، كىيىم - كېچەك ئىستېمال چىقىمى 114 يۈەن، تۇرالغۇ ئىستېمال چىقىمى 171 يۈەن، ئۆي جاھازلىرى، لازىمەتلىكلەر ۋە مۇلازىمەت ئىستېمال چىقىمى 46 يۈەن، داۋالىنىش، ساقلىقنى ساقلاش چىقىمى 74 يۈەن، قاتناش ۋە ئالاقىلىشىش ئىستېمال چىقىمى 61 يۈەن، مەدەنىيەت، مائارىپ، كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرى ۋە مۇلازىمەت ئىستېمال چىقىمى 106 يۈەن، باشقا تاۋارلار ۋە مۇلازىمەت ئىستېمال چىقىمى 47 يۈەن بولغان.

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش ئىستېمال نەق پۇل چىقىمى 871 يۈەن بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 3 يۈەن، يەنى %0.4 ئازايغان. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش باھاسى چۈشۈپ كەتكەچكە، دېھقانلارنىڭ ئۆزى ئىشلەپچىقىرىپ ئۆزى پايدىلىنىدىغان مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى چۈشۈپ كېتىپ، تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى ئازىيىپ كەتكەن.

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ ئېنگېر كوئېففىتسېنتى %49.96 بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 3.55 پىرسەنت پوئىنتى ئازايغان. بۇنىڭدىن شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى سەل ئازايغان بولسىمۇ، ئەمما تۇرمۇش سۈپىتىنىڭ ئۆسكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

جۇ شىچۈەن

## يېزا ئائىلىلىرىنىڭ چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىغا ئىگە بولۇش مىقدارىدا ئېشىش ۋە كېمىيىش بولدى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئولتۇراقلاشقان ئائىلىلەرنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 2000 - يىلى شىنجاڭدىكى يېزا ئائىلىلىرىدىن ھەر 100 ئائىلىگە توغرا كەلگەن رەڭلىك تېلېۋىزور 31.87 بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن %12.7، توڭلاتقۇ 9.93 بولۇپ، %16.4، موتسىكلىت 18.33 بولۇپ، %3.4 كۆپەيگەن، كىرئالغۇ 1999 - يىلدىكى بىلەن ئوخشاش بولغان. ھەر 100 ئائىلىگە توغرا كەلگەن ۋېلىسىپىت 136.6 بولۇپ، %4.7، رادىئولۇق ئۈنئالغۇ 54.87 بولۇپ، %10.2، رەڭسىز تېلېۋىزور 59.33 بولۇپ، %4.6 ئازايغان.

بەزى يېڭى چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرى دېھقانلار ئائىلىلىرىگە پەيدىنپەي كىرمەكتە ئىكەن، 2000 - يىلى ھەر 100 ئائىلىلىك دېھقانغا 15.07 تېلېفون، 3.6 VCD، 1.6 چاقىرغۇ توغرا كەلگەن.

يى بىن

## دېھقانلارنىڭ ئۆي جاھازلىرى، لازىمەتلىكلەر ۋە مۇلازىمەت چىقىمى ئازايدى

ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئاپتونوم رايوندىكى 30 ناھىيە (شەھەر) دىكى 1500 دېھقان ئائىلىسىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2000 - يىلى دېھقانلارنىڭ ئۆي جاھازلىرى، لازىمەتلىكلەر ۋە مۇلازىمەت جەھەتتىكى ئوتتۇرىچە چىقىمى 45.74 يۈەن بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 5.1 يۈەن، يەنى %10 ئازايغان، بۇنىڭ ئىچىدە كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرا كېلىدىغان ئائىلە كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش چىقىمى 21.87 يۈەن بولۇپ، %20.2؛ كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرا كېلىدىغان چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش چىقىمى 15.91 يۈەن بولۇپ، %2.9 ئازايغان؛ كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرا كېلىدىغان كارىۋات لازىمەتلىكلىرى چىقىمى 4.28 يۈەن بولۇپ، %50.7 ئاشقان؛ كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرا كېلىدىغان ئۆي جاھازلىرى، لازىمەتلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش، رېمونت قىلىش خىراجىتى 2.36 يۈەنگە يېتىپ، %32.6 ئاشقان.

ئالىم

## كەنت دەرىجىلىك دېموكراتىك سايلام ئۆتكۈزۈش خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى

ش ئۇ ئا ر يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى شىنجاڭدىكى يېزىلاردا «كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» ۋە «كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ سايلام چارىسى»نىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈش ئەھۋالىنى ئۇقۇش مەقسىتىدە، ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى بىلەن بىرلىكتە سوئال قەغىزى تارقىتىش شەكلى بىلەن تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، 6 ناھىيە، 18 يېزا - بازار، 40 كەنتتىكى 124 كەنت كادىرى ۋە 248 كەنت ئاھالىسى تەكشۈرۈلدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، 95.2% كەنت كادىرى كەنت ئاھالىسىنىڭ بىۋاستە سايلىشى ئارقىلىق سايلاپ چىقىلغان؛ 51.1% كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىدا سايلام خىزمىتى ئوچۇقلۇق ئىشلەنگەن، 47.1% كەنتتە سايلام خىزمىتى ئاساسەن ئوچۇقلۇق بولغان. كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئارزۇسىنى تەكشۈرۈش داۋامىدا، «سىز سايلىغان كەنت كادىرلىرىنىڭ خىزمىتىدىن رازىمۇ - ئەمەسمۇ؟» دېگەن سوئالغا 45.6% كەنت ئاھالىسى «رازى» دەپ جاۋاب بەرگەن، 39.9% كەنت ئاھالىسى «ئاساسەن رازى» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇنىڭدىن كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشى، دېموكراتىك سايلام يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، 80%تىن يۇقىرى كەنت ئاھالىسىنىڭ كەنت كادىرلىرىنىڭ خىزمىتىدىن رازى بولغانلىقى ياكى ئاساسەن رازى بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«سىز تۆۋەندىكى قايسى خىل كادىرنىڭ كەنت رەھبەرلىكىنى ئۈستىگە ئېلىشىنى ئەڭ ئۈمىد قىلىسىز؟» دېگەن سوئالغا زىيارەت قىلىنغان كەنت ئاھالىسىنىڭ 64.2% ى «كاللىسى ئىشلەيدىغان، رەھبەرلىك ئىقتىدارىغا ئىگە، كەنت ئاھالىسىنى بېيىشقا يېتەكلىيەلەيدىغان، كەنت ئاھالىسىنىڭ بېيىشىغا چارە - تەدبىر كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان كادىرلار»نى تاللىغان؛ 22.6%ى «پاك - دىيانەتلىك، ئىشنى ئادىل قىلىدىغان، شەخسىيەتسىز كادىرلار»نى تاللىغان؛ 8.8% كەنت ئاھالىسى «كەنت ئاھالىسىنىڭ ئەمگىكى ۋە تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، كەنت ئاھالىسى ئۈچۈن قىزغىن خىزمەت قىلىدىغان كادىرلار»نى، 4.4% كەنت ئاھالىسى «پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ يېزىلارغا ئائىت سىياسەتلىرىنى ئوبدان ئىزچىل ئىجرا قىلالايدىغان كادىرلار»نى تاللىغان. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ھازىر دېھقانلار ئىقتىسادىي جەھەتتە كاللىسى جايىدا، ئىقتىدارى بار، كۆپچىلىكنى بېيىشقا يېتەكلىيەلەيدىغان «قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم»لەرنىڭ كەنت دەرىجىلىك رەھبەرلىكنى زىممىسىگە ئېلىشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىدىكەن.

تەكشۈرۈلگەن كەنت كادىرلىرى ئىچىدە 72.6% ئادەم ھازىر كەنتلەردىكى كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى بىر قەدەر ياخشى دەپ قارىغان.

چى تۆگشىن

## دېھقانلارنىڭ 97.6%ى كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارا تۇتۇشنى قۇۋۋەتلەيدىكەن

ش ئۇ ئا ر يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى 2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى بىلەن بىرلىكتە سوئال قەغىزى تارقىتىش شەكلى ئارقىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، 6 ناھىيە، 18 يېزا - بازار، 40 كەنتتىكى 124 كەنت كادىرى ۋە 248 دېھقان زىيارەت قىلىندى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، زىيارەت قىلىنغان كەنت ئاھالىسىنىڭ 97.6%ى ۋە كەنت كادىرلىرىنىڭ 99.2%ى كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارا تۇتۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى قۇۋۋەتلەيدىكەن. تەكشۈرۈش داۋامىدا كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارا تۇتۇشقا قاتنىشىش قىزغىنلىقى بىر قەدەر يۇقىرى ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان، زىيارەت قىلىنغان كەنت ئاھالىسىنىڭ 97.3%ى كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارا تۇتۇشقا بىر قەدەر كۆڭۈل بۆلىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك كۆز قارىشى مۇنداق ئىكەن: كەنت ئىشلىرى، مالىيە ئىشلىرىنى ئاشكارا تۇتۇش ئارقىلىق مالىيە باشقۇرۇشنى ئاشكارىلاشنى كۈچەيتىپ، بەزى كەنت كادىرلىرىدىكى چىرىكلىشىش ئەھۋالىنى ئۈنۈملۈك چەكلىگىلى بولىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، كەنت ئاھالىسىنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش، دېموكراتىك نازارەت قىلىشقا قاتنىشىش ئېڭىنى ئۆستۈرگىلى بولىدىكەن؛ كەنت كادىرلىرىنىڭ قارىشىچە، كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارا تۇتۇشنىڭ يولغا قويۇلۇشى كادىرلارنىڭ ئىشنى تىرىشىپ قىلىش ۋە پاك بولۇش ئېڭىنى ئۆستۈرۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرنىڭ ئاممىغا ئاشكارىلىنىشى ئاممىدىكى تەشۋىشلەرنى تۈگىتىپ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپتۇ. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، زىيارەت قىلىنغان كەنت كادىرلىرىنىڭ 76.6%ى كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارا تۇتۇش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، كەنتنىڭ مالىيە باشقۇرۇشى ئىلگىرىكىدىن قېلىپلاشتى، دەپ قارىغان؛ زىيارەت قىلىنغۇچىلارنىڭ 72.6%ى كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، دەپ قارىغان.

چى تۆگشىن

## «يۈكنى يېنىكلىتىش»تە دېھقانلار نېمىنى يېنىكلىتىشنى ھەممىدىن بەك ئۈمىد قىلىدۇ؟

ش ئۇ ئا ر يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى دېھقانلارنىڭ «يۈكنى يېنىكلىتىش» جەھەتتىكى ئارزۇسىنى ئۇقۇش مەقسىتىدە 2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى بىلەن بىرلىكتە «شىنجاڭدىكى يېزىلارنىڭ ئاساسىي قاتلام خىزمەت ئەھۋالى ۋە دېھقانلارنىڭ ئارزۇسى ئۈستىدە سوئال قەغىزى تارقىتىش شەكلى ئارقىلىق تەكشۈرۈش» ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈش 6 ناھىيە، 18 يېزا - بازار، 40 كەنتتە قانات يايدۇرۇلدى. بۇ قېتىم دېھقانلار نۆۋەتتە يېنىكلىتىشنى ھەممىدىن بەك ئۈمىد قىلىدىغان يۈك ئۈستىدە مەخسۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، تەكشۈرۈلگەن 248 دېھقاندىن 38.39%ى يېنىكلىتىشنى ھەممىدىن بەك ئۈمىد قىلىدىغان يۈك «ھەرخىل مەبلەغ توپلاش، سېلىق سېلىش ۋە ئۆلچەمگە يېتىش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش پائالىيىتى (دېھقانلاردىن پۇل، كۈچ چىقىرىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئۆلچەمگە يېتىش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش پائالىيىتى)» ئىكەن، زىيارەت قىلىنغان دېھقانلارنىڭ 33.1%ى يېنىكلىتىشنى ھەممىدىن بەك ئۈمىد قىلىدىغان يۈك «سۇ ھەققى، توك ھەققى، سۇغۇرتا ھەققى قاتارلىق خىراجەتلەر» دەپ جاۋاب بەرگەن، زىيارەت قىلىنغان دېھقانلارنىڭ 19.4% ى «مەكتەپلەرنىڭ كەلسە - كەلمەس ھەق ئېلىشى» دەپ، 8.9%ى «يېزا، كەنتنىڭ ھەرخىل ئەمگەك سېلىقلىرى» دەپ جاۋاب بەرگەن.

چى تۇڭشىن

## يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام خىزمىتىنىڭ قىيىن نۇقتىلىرى تەكشۈرۈلدى

ش ئۇ ئا ر يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى 2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى بىلەن بىرلىكتە «شىنجاڭدىكى يېزا ئاساسىي قاتلام خىزمىتىنىڭ ھازىرقى ھالىتى ۋە دېھقانلارنىڭ ئارزۇسى ئۈستىدە سوئال قەغىزى تارقىتىش شەكلى ئارقىلىق تەكشۈرۈش» ئېلىپ باردى، تەكشۈرۈش 6 ناھىيە، 18 يېزا - بازار، 40 كەنتتە ئېلىپ بېرىلدى، ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك كادىردىن 228ى زىيارەت قىلىندى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش داۋامىدا «يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام خىزمىتىنىڭ قىيىن نۇقتىسى ئۈستىدە تەكشۈرۈش»تە 124 نەپەر كەنت كادىرى زىيارەت قىلىندى، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئىشلەش ھەممىدىن تەس، دەپ قارايدىغان خىزمەتلەرنىڭ رەت تەرتىپى مۇنداق ئىكەن: ھەق يىغىش، كوللېكتىپ ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، يۇقىرى تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئورۇنداش، پىلانلىق تۇغۇت، يەر تەكشۈرۈش، كەنت ئاھالىلىرى ئارىسىدىكى ماجىرالارنى بىر ياقىلىق قىلىش. تەكشۈرۈش داۋامىدا كەنت كادىرلىرىنىڭ 69.4%ى ھەق يىغىشنى يېزىلاردا ئىشلەش تەس بولغان 1 - خىزمەت، دەپ قارىغان، ئۇلارنىڭ ئىنكاس قىلىشىچە، قالدۇرۇق ۋە بىر تۇتاش پىلانلاش ھەققى، سۇ ھەققى، توك ھەققى قاتارلىق خىراجەتلەرنى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ يىغىشىغا توغرا كېلىدىكەن، بۇ ئىشلارنىڭ مىقدارى ۋە قىيىنلىق دەرىجىسى خېلى زور ئىكەن، بىر يىلدىكى كۆپ قىسىم زېھنىي كۈچىنى ھەق يىغىشقا سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدىكەن. كەنت كادىرلىرى يېزىلاردا «باج - ھەق ئىسلاھاتى»نى ئىسكاتقەدەر بالدۇر يولغا قويۇشنى ئۈمىد قىلغان.

چى تۇڭشىن

## شىنجاڭدىكى كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ تەرەققىيات ئالاھىدىلىكلىرى

ش ئۇ ئا ر كارخانىلارنى تەكشۈرۈش ئەترىتى 2000 - يىلى شىنجاڭدىكى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ۋە مەسئۇل تارماقلار، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە مەسئۇل تارماقلار تەكشۈرۈپ تەستىقلىغان ھەم يىل ئاخىرىدىكى مۈلكىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى، يىللىق تىجارەت كىرىمى 500 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتكەن 63 ھەرخىل كارخانا گۇرۇھىنى ئىز قوغلاپ كۆزىتىپ تەكشۈردى، تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، ئاپتونوم رايوندىكى كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەر بارلىققا كەلگەن:

1. كارخانا گۇرۇھلىرى ئاساسەن شەھەرلەرگە جايلاشقان، شىمالدا كۆپ بولۇش، جەنۇبتا ئاز بولۇش ئەھۋالى شەكىللەنگەن. 63 كارخانا گۇرۇھى ئاساسەن شەھەرلەرگە جايلاشقان. بۇلاردىن ئۈرۈمچى شەھىرىدىكىسى 44، سانجى شەھىرىدىكىسى 8، كورلا شەھىرىدىكىسى 6، غۇلجا شەھىرىدىكىسى 2، بورتالا شەھىرىدىكىسى بىر، ئالتاي شەھىرىدىكىسى بىر، ئاقسۇ شەھىرىدىكىسى بىر. شىمالىي شىنجاڭدىكىسى 56، جەنۇبىي شىنجاڭدىكىسى 7، بۇنىڭ ئىچىدە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئىقتىسادىي بەلۋاغقا جايلاشقان كارخانا گۇرۇھى 52 بولۇپ، تەكشۈرۈلگەن كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ 82.54%نى ئىگىلەيدىكەن.

2. كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ پاي ھوقۇقىنى كۆپ مەنبەلىشىش ئەندىزىسى شەكىللەنگەن. تەكشۈرۈلگەن كارخانا

گۇرۇھلىرىدىكى ئانا شىركەتلەر ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى پاي مۇتلەق ئىگىلىنىدىغان ۋە نىسپىي ئىگىلىنىدىغان كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ ئومۇمىي كارخانا گۇرۇھلىرىدا ئىگىلىگەن سالمىقى 1999 - يىلدىكى 78.6%تىن 50.8%كە چۈشۈپ قالغان، گۇرۇھلار مۇتلەق ئىگىلەيدىغان ۋە نىسبىي ئىگىلەيدىغان پاي 7.1%تىن 12.7%كە يەتكەن، باشقا پاي شەكىللىرى 14.3%تىن 36.5%كە يەتكەن.

3. كارخانا گۇرۇھلىرى ئاساسەن ياساش - ئىشلەش كەسپىگە ۋە توپ تارقىتىش، پارچە سېتىش سودىسى يېمەك - ئىچمەك كەسپىگە مەركەزلەشكەن. كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ ئاساسلىق باشقۇرىدىغان ساھەلىرىدىن قارىغاندا، ياساش - ئىشلەش كەسپىنى ئاساس قىلىدىغىنى 24 بولۇپ، 38.1% نى، توپ تارقىتىش، پارچە سېتىش سودىسىدا يېمەك - ئىچمەك كەسپىنى ئاساس قىلىدىغىنى 16 بولۇپ، 25.4% نى؛ بىناكارلىق كەسپىنى ئاساس قىلىدىغىنى 7 بولۇپ، 11.1%نى؛ ئۆي - زېمىن كەسپىنى ئاساس قىلىدىغىنى 4 بولۇپ، 6.3%نى ئىگىلەيدىكەن؛ ترانسپورت، پوچتا - تېلېگراف كەسپىنى ئاساس قىلىدىغىنى 3، يېزىلاردىكى چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق كەسپىنى ئاساس قىلىدىغىنى بىر، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، كۆمۈرگازى ۋە سۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەش كەسپىنى ئاساس قىلىدىغىنى بىر ئىكەن؛ باشقا ساھەلەردىكىسى 7 ئىكەن. 63 كارخانا گۇرۇھى تولۇق مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ۋە 408 بالا شىركەتنىڭ پېيىنى ئىگىلەيدىكەن، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر كارخانا گۇرۇھى 6.5 ئەزا كارخانىغا ئىگە ئىكەن.

4. كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىش ئۇسۇلى خىلمۇ خىللىشىشقا يۈزلەنگەن. شىنجاڭدىكى كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنىڭ كۈچىيىشىگە ۋە كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش تاشقى مۇھىتىنىڭ پەيدىنپەي ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، كارخانا گۇرۇھلىرى خىلمۇخىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش كۆلىمى، مۈلۈك كۆلىمىنى كېڭەيتكەن. كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ 69.84%ى باشقا كارخانىلارنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىش، سېتىۋېلىش تەدبىرىنى قوللانغان، كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ 65.08%ى مۈلۈك ھوقۇقىنى يۆتكەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، مۈلۈكنى يېڭىۋاشتىن تەشكىللىگەن؛ كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ 23.81%ى پاي چېكى، ئاكسىيە شەكىللىرى ئارقىلىق كاپىتال بازىرىغا مەبلەغ يۈرۈشتۈرگەن؛ كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ 12.7%ى دۆلەت سىرتى بىلەن شېرىكلەشكەن، كارخانىنى بىرلىشىپ باشقۇرغان.

لىيۇ جياڭشېڭ

## كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش تۈزۈلمىسى ۋە قېلىپلاشتۇرۇش ھەرىكىتىدە ئۈنۈم كۆرۈلدى

ش ئۇ ئا ر كارخانىلارنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ۋە مەسئۇل تارماقلار، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە مەسئۇل تارماقلار تەكشۈرۈپ تەستىقلىغان ھەم يىل ئاخىرىدىكى مۈلكىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى، يىللىق تىجارەت كىرىمى 500 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتكەن 63 ھەرخىل كارخانا گۇرۇھىنى ئىز قوغلاپ كۆزىتىپ ئۆلچەپ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق تۆۋەندىكى ئەھۋاللار مەلۇم بولدى:

1. ئانا - بالا شىركەتلەر تۈزۈلمىسى پەيدىنپەي شەكىللىنىپ، ئانا شىركەتلەرنىڭ يېتەكچىلىك ئورنى تۇرغۇزۇلغان. 2000 - يىلى ئانا - بالا شىركەتلەر تۈزۈلمىسىنى ئورناتقان كارخانا گۇرۇھى 58 بولۇپ، 92.06%نى ئىگىلىگەن؛ 33.33%نى ئىگىلەيدىغان كارخانا گۇرۇھلىرىدىكى ئانا شىركەتلەرنىڭ فۇنكسىيىسى نوقۇل باشقۇرۇش تىپىدا، 66.67%نىڭ ئارىلاشما تىجارەت تىپىدا بولغان. 98% ئانا شىركەت گۇرۇھنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ئۈستىدە بىر تۇتاش تەدبىر بەلگىلىيەلىگەن، 96% ئانا شىركەت گۇرۇھنىڭ كۆپ مەبلەغ سېلىش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش تۈرىدە بىر تۇتاش تەدبىر بەلگىلىيەلىگەن، 61% ئانا شىركەت گۇرۇھنىڭ سىرتقا چېتىشلىق سودىسى ۋە تېخنىكا ھەمكارلىقى ئۈستىدە بىر تۇتاش تەدبىر بەلگىلىيەلىگەن، 60% ئانا شىركەت گۇرۇھنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى ئۈستىدە بىر تۇتاش تەدبىر بەلگىلىيەلىگەن، 87% ئانا شىركەت گۇرۇھنىڭ مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئۈستىدە بىر تۇتاش تەدبىر بەلگىلىيەلىگەن.

2. 80%تىن ئارتۇق كارخانا گۇرۇھلىرىدىكى ئانا شىركەتلەر «شىركەت قانۇنى» بويىچە تۈزۈمنى ئۆزگەرتكەن. 2000 - يىلى 55 گۇرۇھتىكى ئانا شىركەت شىركەت تۈزۈمنى ئۆزگەرتكەن، تۈزۈمنى ئۆزگەرتىش كۆلىمى 87.3%كە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە، تۈزۈمنى دۆلەت ئىلكىدىكى شېرىكسىز شىركەتكە ئۆزگەرتكەنلەر 33.4%نى، باشقا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرىگە ئۆزگەرتكەنلەر 46%نى، پاي چەكلىك شىركىتىگە ئۆزگەرتكەنلەر 7.9%نى ئىگىلىگەن. 92% كارخانا گۇرۇھلىرىدىكى ئانا شىركەتلەرنىڭ، 79.37% تولۇق بالا شىركەتلەرنىڭ مەبلەغ چىقارغۇچىلىرى ئېنىق بولغان. مەبلەغ چىقارغۇچىلار تۈزۈمى ئورنىتىلغان گۇرۇھلاردىكى ئانا

شىركەتلەر ئىچىدە مەبلەغ چىقارغۇچىلارنىڭ 87%ى كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرغۇچىسىنى تاللاش ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلىگەن، 79%ى كارخانىنىڭ چوڭ - چوڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش تەدبىرىنى بەلگىلەش ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلىگەن، 58%ى مۇلۈكتىن مەنپەئەتدار بولۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلىگەن.

3. كارخانا گۇرۇھلىرىدىكى ئانا شىركەتلەردە قانۇنىي ئىگىلىك ئىدارە قىلىش قۇرۇلمىسى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىنغان. 28 كارخانا گۇرۇھىدىكى ئانا شىركەتتە پايچىلار ھەيئىتى قۇرۇلغان؛ 59 كارخانا گۇرۇھىدىكى ئانا شىركەتتە مۇدىرىيەت قۇرۇلغان، مۇدىرىيەت ئەزالىرىنى مەبلەغ چىقارغۇچىلار بەلگىلىگەنلەر 72.88%نى، مۇدىرىيەت ئەزالىرى باشقا ئۇسۇل بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىرىلغانلار 27.12%نى ئىگىلىگەن؛ 45 ئانا شىركەتتە نازارەتچىلىك ھەيئىتى قۇرۇلغان. كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تىزگىن - ئۆلچەم ۋە چەكلەش مېخانىزمى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىنغان.

4. كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك يۈرۈشلەشكەن سىياسەتلەر پەيدىنپەي ئەمەلىيلەشكەن. 2000 - يىلى كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ 96%ى مەبلەغ سېلىشتا ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىغا، 84%ى سىرتقا قارىتا كېپىللىك ھوقۇقىغا، 68%ى سىرتقا قارىتا قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئېلىش ۋە ئەمگەك ھەمكارلىقى ھوقۇقىغا، 44%ى ئۆزى باشقۇرىدىغان مەھسۇلاتلارنى ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان. 23 كارخانا گۇرۇھىدا تېخنىكا تەتقىقات - تەرەققىيات مەركىزى قۇرۇلغان، بۇ، تەكشۈرۈلگەن كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ 36.5%نى ئىگىلىگەن. كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ 19.05%ى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ باج تاپشۇرۇش ھوقۇقىغا، 12.7%ى چېگرا سىرتىدا مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ھوقۇقىغا، 9.52%ى تاشقى ئىشلاردا تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان.

ليۇ جياڭشېڭ

## كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ قىممەتنى ساقلاش، قىممەتنى ئاشۇرۇش ئىقتىدارى ئۆستى

ش ئۇ ئا ر كارخانىلارنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ۋە مەسئۇل تارماقلار، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە مەسئۇل تارماقلار تەكشۈرۈپ تەستىقلىغان ھەم يىل ئاخىرىدىكى مۈلكىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى، يىللىق تىجارەت كىرىمى 500 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتكەن 63 ھەرخىل كارخانا گۇرۇھىنى ئىز قوغلاپ كۆزىتىپ ئۆلچەپ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق تۆۋەندىكى ئەھۋاللار مەلۇم بولدى:

1. كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ مۈلۈك كۆلىمى كېڭەيگەن، مۈلۈكتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغان. 2000 - يىلى كارخانا گۇرۇھلىرى مۈلكىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 62 مىليارد 266 مىليون يۈەنگە يەتكەن، ھەربىر كارخانا گۇرۇھىنىڭ ئوتتۇرىچە مۈلكى 1 مىليارد 21 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 45.76% ئاشقان؛ ئومۇمىي مۈلۈكنىڭ ھەق نىسبىتى 1999 - يىلدىكى 2.04%تىن 3.78%كە يېتىپ، 1.74 پىرسەنت پوئىنتى ئۆسكەن. مۈلۈك كۆلىمى 1 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن كارخانا گۇرۇھى 16 بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 4ى كۆپەيگەن، ئۇنىڭ ئىگە بولغان ئومۇمىي مۈلۈك سوممىسى 50 مىليارد 357 مىليون يۈەن بولۇپ، تەكشۈرۈلگەن كارخانىلار مۈلۈك سوممىسىنىڭ 80.87%نى ئىگىلىگەن، بۇلار، ئاساسلىقى، توقۇمىچىلىق، پولات - تۆمۈر، خىمىيە سانائىتى، بىناكارلىق قاتارلىق شىنجاڭدىكى ئۈستۈنلۈك ساھەلەر بولغان.

2. كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ ساپ مۈلكى ئاشقان، كاپىتالنىڭ قىممىتىنى ساقلاش، قىممىتىنى ئاشۇرۇش ئىقتىدارى كۈچەيگەن. 2000 - يىلى كارخانا گۇرۇھلىرى مۈلكىنىڭ قەرزدارلىق نىسبىتى 1999 - يىلدىكى 74.76%تىن 68.73%كە چۈشۈپ، 6.04 پىرسەنت پوئىنتى ئازايغان. ئانا شىركەتلەرنىڭ پايىنى تىزگىنلەش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، دۆلەت ئىلكىدىكى پاي مۇتلەق تىزگىنلىنىدىغان كارخانا گۇرۇھلىرى مۈلكىنىڭ قەرزدارلىق نىسبىتى 4.9 پىرسەنت پوئىنتى، كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدىكى پاي مۇتلەق تىزگىنلىنىدىغان كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ 7.2 پىرسەنت پوئىنتى، كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدىكى پاي نىسپىي تىزگىنلىنىدىغان كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ 21.73 پىرسەنت پوئىنتى ئازايغان. كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى پايچىلار (ئىگىدارلار) ھوقۇق مەنپەئەتى 15 مىليارد 180 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 56.1% ئاشقان، ئېشىش دەرىجىسى مۈلۈكنىڭ ئېشىش دەرىجىسىدىن چوڭ بولغان؛ ساپ مۈلۈك پايدا نىسبىتى 6.81%كە يېتىپ، 5.04 پىرسەنت پوئىنتى ئاشقان. مۈلۈكنىڭ قىممىتىنى ساقلاش، قىممىتىنى ئاشۇرۇش ئىقتىدارى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ تىزىملانغان تىپ رەت تەرتىپى مۇنداق بولغان: مۈلۈكنىڭ قىممىتىنى ساقلاش، قىممىتىنى ئاشۇرۇش نىسبىتى باشقا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرىنىڭ 240.34%، دۆلەت ئىلكىدىكى شېرىكسىز شىركەتلەرنىڭ 127.47%، پاي چەكلىك شىركەتلىرىنىڭ 106.23% بولغان.

3. ئاساسلىق تىجارەت كەسپىي كىرىمى ۋە پايدا ئومۇمىي سوممىسى كۆپلەپ ئاشقان. 2000 - يىلى كارخانا

گۈرۈھلىرىنىڭ ئاساسلىق تىجارەت كىرىمى 31 مىليارد 308 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %63.5؛ ئېلىنغان ئومۇمىي پايدا سوممىسى 1 مىليارد 292 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 3.32 ھەسسە ئاشقان. زىيان تارتىش كۆلىمى 1999-يىلدىكى %36.1تىن %27.8كە چۈشكەن، ئومۇمىي زىيان سوممىسى 418 مىليون يۈەندىن 153 مىليون يۈەنگە چۈشكەن. ئېلىنغان پايدا ۋە باج سوممىسى 2 مىليارد 618 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1.51 ھەسسە ئاشقان، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە پايدا ۋە باج 17 مىڭ 400 يۈەنگە يېتىپ، 1.5 ھەسسە ئاشقان.

4. كەسپكارلارنىڭ كۆپىيىش دەرىجىسى ئازايغان، ئەمگەك ھەققىنىڭ ئېشىش ھالىتى ساقلاپ قېلىنغان، خىزمەتتىن ئايرىلغان خادىملار كۆپلەپ ئاشقان. 2000-يىلىنىڭ ئاخىرىدا كارخانا گۇرۇھلىرىدىكى كەسپكار 150 مىڭ 300 بولۇپ، 1999-يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن %0.54 كۆپەيگەن؛ كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە ئەمگەك ھەققى 10 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، %19.8 ئاشقان. كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ ئاساسلىق باشقۇرىدىغان ساھەسىدىن قارىغاندا، توپ تارقىتىش، پارچە سېتىش سودىسى يېمەك-ئىچمەك كەسپىدە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە ئەمگەك ھەققى ھەممىدىن يۇقىرى بولۇپ، 12 مىڭ 156 يۈەنگە يەتكەن. ئۇنىڭدىن قالسا، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، كۆمۈرگازى، سۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەش كەسپى بولۇپ، 11 مىڭ 90 يۈەن بولغان؛ 3-ئورۇندىكىسى بىناكارلىق كەسپى بولۇپ، 10 مىڭ 931 يۈەن بولغان؛ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق كەسپىنىڭ ھەممىدىن تۆۋەن بولۇپ، 6361 يۈەن بولغان. 2000-يىلى كارخانا گۇرۇھلىرىدىكى خىزمەتتىن ئايرىلغان خادىم 15 مىڭ 969 بولۇپ، %43.4؛ خىزمەتتىن ئايرىلغان خادىملارنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى 6942 يۈەن بولۇپ، %97.78 كۆپەيگەن.

ليۇ جياشى

## زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىلغاندىن كېيىن كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي ۋە سودا كومىتېتى كارخانىلارنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ 2000-يىلى شىنجاڭدىكى زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورناتقان 53 كارخانىنى ئىز قوغلاپ كۆزىتىپ ئۆلچەش نەتىجىسى ئارقىلىق تۆۋەندىكى ئەھۋاللار مەلۇم بولدى.

1. كارخانىلارنىڭ %67ىدە دۆلەت ئىلكىدە مەبلەغ چىقارغۇچىلار تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، مۈلۈك ھوقۇقى قۇرۇلمىسى كۆپ مەنبەلىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەن، كارخانىلاردا قانۇنىي ئىگە مال-مۈلكى تۈزۈمى پەيدىنپەي شەكىللەنگەن. تۈزۈم ئۆزگەرتىلگەن كارخانىلاردا يەككە مۈلۈك ھوقۇقى قۇرۇلمىسى بۇزۇپ تاشلانغان، دۆلەت كاپىتالى (%78.6)، قانۇنىي ئىگە كاپىتالى (%19.1)، كوللېكتىپنىڭ كاپىتالى (%0.15)، شەخسلەرنىڭ كاپىتالى (%2.15)نى ئۆز ئىچىگە ئالغان پاي ھوقۇقى كۆپ مەنبەلەشكەن قۇرۇلما شەكىللەنمەكتە ئىكەن. تەكشۈرۈلگەن كارخانىلاردا مۈلۈكنى ئېنىقلاش، مەبلەغنى تەكشۈرۈش، مۈلۈك ھوقۇقى چېگرىسىنى بېكىتىش ئاساسىدا، كاپىتال سومما سانى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ ئېنىقلانغان، كارخانىلاردىكى قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ مال-مۈلۈككە ئىگە بولۇش مىقدارى تۈزۈم ئۆزگەرتىلىشتىن ئىلگىرىكىدىن خېلى زور دەرىجىدە ئاشقان.

2. شىركەت تۈزۈمىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش يولىنى كېڭەيتىپ، كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. 53 كارخانا ئىچىدىكى 16 كارخانىدا بىر قەدەر قېلىپلاشقان شىركەت تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش خېلى بالدۇر يولغا قويۇلۇپ، پاي چېكىنى بازارغا سېلىشتا ۋاقىت ۋە ئۈستۈنلۈك قولغا كەلتۈرۈلگەن. 1995-يىلدىن 2000-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭدىكى 53 شىتاتلىق كارخانىدىن 8ى پاي چېكىنى بازارغا سالغان، پاي چېكىنى بازارغا سالمىغان كارخانىلاردا شىركەت تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش يولغا قويۇلۇپ، سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈلگەنلىكتىن، كارخانىلارنىڭ تەرەققىي قىلىش داۋامىدىكى مەبلەغ قىس بولۇش مەسىلىسى ھەرخىل دەرىجىدە ھەل قىلىنغان.

3. ئىقتىسادىي ئۈنۈم مۇقىم ئېشىپ، ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچ كۈچەيتىلگەن. 2000-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، تەكشۈرۈلگەن 53 كارخانىنىڭ ئومۇمىي مۈلۈك سوممىسى 125 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، 1999-يىلدىكىدىن %64.1 ئاشقان، مۈلۈك ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كارخانا بېشىغا 2 مىليارد 360 مىليون يۈەندىن توغرا كەلگەن؛ ئومۇمىي مۈلۈكتىن پايدىلىنىش نىسبىتى %51.95 بولۇپ، 7.43 پىرسەنت پوئىنتى؛ مۈلۈكنىڭ پايدا ۋە باج نىسبىتى %14.48 بولۇپ، 11.8 پىرسەنت پوئىنتى؛ ساپ مۈلۈكنىڭ پايدا نىسبىتى %9.53 بولۇپ، 15.94 پىرسەنت پوئىنتى؛ ئومۇمىي مۈلۈكنىڭ ھەق نىسبىتى %7.22 بولۇپ، 7.5 پىرسەنت پوئىنتى ئاشقان. مۈلۈكنىڭ قەرزدارلىق نىسبىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %53.4 بولۇپ، 6 پىرسەنت پوئىنتى ئازايغان، بۇ، دۆلەت كارخانىلىرىدىكى مۈلۈك قەرزدارلىق نىسبىتىنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 4 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەن بولغان. كارخانىلارنىڭ سېتىشتىن قىلغان ئومۇمىي

كىرىمى 67 مىليارد 990 مىليون يۈەنگە يەتكەن، 19 مىليارد 960 مىليون يۈەن پايدا ۋە باج يارىتىلغان، كارخانىلارنىڭ سېتىشتىن پايدا ئېلىش نىسبىتى %10.9 بولغان. 53 كارخانا سىرتقا 2 مىليارد 270 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان. بۇنىڭ ئىچىدە 2000 - يىلى سىرتقا سېلىنغان مەبلەغ 670 مىليون يۈەن بولۇپ، 1.37 ھەسسە ئاشقان. مەبلەغ سېلىش ئوبيېكتى، ئاساسەن، قېزىش، ياساش - ئىشلەش قاتارلىق ساھەلەرگە مەركەزلەشكەن، بولۇپمۇ ئالاھىدە چوڭ، چوڭ كارخانىلارغا سېلىنغان مەبلەغ كۆپ بولغان. 2000 - يىلى ئالاھىدە چوڭ، چوڭ كارخانىلارنىڭ تۇراقلىق مۈلۈككە سالغان مەبلىغى 14 مىليارد 570 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 2.34 ھەسسە ئاشقان.

چېن كۈي

## زامانىۋى كارخانىلاردىكى ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ ساپاسى تەكشۈرۈلدى

ش ئۇ ئا ر كارخانىلارنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ شىنجاڭدىكى زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورناتقان 53 كارخانىنىڭ مەسئۇللىرىنى سوئال قەغىزى تارقىتىش شەكلى ئارقىلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى كۆرسىتىلىشىچە، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورناتقان كارخانا مەسئۇللىرىنىڭ ساپاسىدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولغان.

1. كارخانىلاردىكى ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار ياش ۋە غەيرەتلىك، بىلىم ساپاسى يۇقىرى بولغان. 53 كارخانا مەسئۇلىنى تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، كارخانا مەسئۇللىرىنىڭ %50تىن كۆپرەكى ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تولۇق كۇرسىدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە ئىكەن. كارخانىلاردىكى ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ %73ىنىڭ يېشى 31 ياشتىن 50 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا ئىكەن. بۇ، دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ بىلىم ساپاسى، ياش قۇرۇلمىسى زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنىڭ تەلىپىنى ئاساسەن قاندۇرالايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

2. كارخانىلاردىكى ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار كەسىپكە پىششىق، تەجرىبىسى مول ئىكەن. %66 مەسئۇل ئىلگىرى باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان، كارخانىلارنىڭ %24.5 ۋە %9.3 مەسئۇللىرى تېخنولوگىيە خادىمى ۋە پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمەتچىسى ئىكەن.

3. كارخانىلاردىكى باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىش ئۇسۇلىدا ھۆكۈمەت ياكى مەسئۇل تارماق بىۋاسىتە تەيىنلەيدىغان نوقۇل ئەندىزە ئۆزگەرتىلگەن. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلات تارمىقى ۋە مەسئۇل تارماق تەيىنلىگەنلەر %41.5نى، مۇدىرىيەت تەكلىپ قىلىپ تەيىنلىگەنلەر %49.1نى، ھۆكۈمەت نامزات كۆرسىتىپ، مۇدىرىيەت تەيىنلىگەنلەر %5.7نى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىدا سايلانغانلار %1.9نى، باشقا ئۇسۇل بىلەن سايلانغانلار %1.8نى ئىگىلىگەن.

4. كۆپ ساندىكى كارخانىلاردىكى قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ ئىدارە قىلىش قۇرۇلمىسى رولىنى جارى قىلدۇرالايدىغان بولغان. چوڭ، ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرى «شىركەت قانۇنى» بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى شېرىكسىز شىركەتلەر، چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرى ياكى چەكلىك پاي مەسئۇلىيەت شىركەتلىرىگە ئۆزگەرتىلگەن كارخانىلاردا %66 كارخانىنىڭ مۇدىرىيىتى شىركەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشىنى بەلگىلىيەلەيدىكەن، %88.6 كارخانىنىڭ مۇدىرىيىتى شىركەتنىڭ دىرېكتورىنى تەكلىپ قىلالايدىكەن ياكى تەكلىپ قىلىشنى بىكار قىلالايدىكەن، دىرېكتورنىڭ نامزات كۆرسىتىشىگە ئاساسەن، شىركەتنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورىنى، مالىيە مەسئۇلىنى تەكلىپ قىلالايدىكەن ياكى تەكلىپ قىلىشنى بىكار قىلالايدىكەن، ئۇلارنىڭ ھەققى قاتارلىق ئىشلارنى قارار قىلالايدىكەن؛ %56.6 كارخانىنىڭ نازارەتچىلىك ھەيئىتى مۇدىر، دىرېكتورلارنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەن چاغدا قانۇنغا، قانۇن - نىزاملارغا ياكى شىركەتنىڭ نىزامنامىسىگە خىلاپلىق قىلىش ھەرىكىتىنى نازارەت قىلالايدىكەن.

چېن كۈي

## زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش جەريانىدا ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەر

ش ئۇ ئا ر كارخانىلارنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ 2000 - يىلى شىنجاڭدا ئۇدا 3 يىل زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورناتقان 53 چوڭ، ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىسىنى ئىز قوغلاپ كۆزىتىپ ئۆلچەش نەتىجىسىدىن تۆۋەندىكى ئەھۋاللار مەلۇم بولدى:

1. %45.3 كارخانىنىڭ قارىشىچە، ئارتۇق شتات بەك كۆپ بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ يۈكى ئېغىر ئىكەن. ھازىر شىنجاڭدا ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى تېخى مۇكەممەل بولمىغاچقا، كۆپ قىسىم زىيادە خادىملارنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇپ ئايرىۋېتىش، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى يەنىلا كارخانىلار زىممىسىگە ئالغان، شۇنىڭ بىلەن كارخانىلارنىڭ خادىملارنى قىسقارتىشى قىيىن بولۇش، كارخانىلارنىڭ زىيادە خادىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇش تەننەرخى ئۆرلەپ كېتىش ئەھۋالى كېلىپ چىققان.

2. %43.4 كارخانىنىڭ قارىشىچە، مەبلەغ قىس، قەرز يۈكى ھەددىدىن زىيادە ئېغىر ئىكەن. شىركەت تۈزۈمىنى

ئۆزگەرتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بىر قىسىم كارخانىلار پاي چېكىنى بازارغا سېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. ئۇلار پاي چېكى تارقىتىش ئارقىلىق كاپىتال بازىرىدىن بەلگىلىك مەبلەغ توپلىغان، ئەمما يەنىلا خېلى بىر قىسىم كارخانىلار مەبلەغنى بانكا ئارقىلىق ياكى باشقا يوللار ئارقىلىقلا قوبۇل قىلغان ۋە توپلىغان. شۇڭا كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى بولمىغان.

3. %56.6 كارخانىنىڭ قارىشىچە، ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ئاستا بولۇپ، بازار ئىگىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مۈلۈك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى تېخى شەكىللەنمىگەن. بەزى جايلار ۋە تارماقلار تۈزۈمى ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى كارخانىلارنى يەنىلا مەمۇرىي ۋاستە ئارقىلىق باشقۇرغان، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانا ئايرىلمىغان.

4. %60.4 كارخانىنىڭ قارىشىچە، كارخانىلاردىكى ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنى ئىلھاملاندۇرۇش ۋە چەكلەش مېخانىزمى كەمچىل ئىكەن. دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ سىڭدۈرگەن ئەمگىكى بىلەن ئالغان ھەققى ماس كەلمەيدىكەن، ماددىي ھەق بەك تۆۋەن ئىكەن. ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار، كارخانىچىلارنىڭ ئالاھىدە رولىنى ئېتىراپ قىلىشتا، بىر تەرەپتىن، ئۈنۈملۈك تۈزۈم ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئىشقا سېلىش، يەنە بىر تەرەپتىن، «ئىچكى قىسىمدىكى ئادەملەر تىزگىنلىۋېلىش» مەسىلىسىنىڭمۇ ئالدىنى ئېلىش كېرەك ئىكەن.

چېن كۈي

## ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش ئەھۋالى

### ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ جاي - جايلىرىدا پارتكوم، ھۆكۈمەت ھەربىي ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىش، رەھبەرلىك گۇرۇپپا قەرەللىك يىغىن ئۆتكۈزۈش، ئارمىيە بىلەن يەرلىك ئورۇن بىرلەشمە يىغىن ئۆتكۈزۈش، زىيارەت قىلىش - ھال سوراش، ئىش ئورنىدا خىزمەت ئىشلەش، بىر - بىرىگە ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش، تەكشۈرۈش، سېلىشتۇرۇپ باھالاش قاتارلىق ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتى تۈزۈملىرىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتى ۋەزىپىلىرىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە %90 ناھىيە، شەھەر، رايوننىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. بىر يىلدىن بېرى، ئاپتونوم رايوننىڭ جاي - جايلىرىدا ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈشتىكى ئىلغار كوللېكتىپتىن 4000دىن كۆپرەكى، نەمۇنىچى شەخستىن 11 مىڭ 200دىن كۆپرەكى تەقدىرلەندى. 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى مەملىكەتلىك ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنىچى شەھەر (ناھىيە) لەرگە نام بېرىش يىغىنىدا ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، كورلا، سانجى شەھەرلىرى، كۆكتوقاي ناھىيىسى، قاراماي، شىخەنزە، قەشقەر شەھەرلىرى ۋە خوشۇت ناھىيىسىگە «مەملىكەت بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنىچى شەھەر (ناھىيە)» دەپ نام بېرىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئارمىيە (ساقچى) - خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش نۇقتىسى 4900 دىن كۆپرەككە يەتتى. ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش مۇلازىمەت تەشكىلاتىدىن 12 مىڭى، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش گۇرۇپپىسىدىن 3400دىن كۆپرەكى قۇرۇلدى، ئازكەم 200 كىشى ئاساسىي قاتلامدا يىل بويى ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى. جايلار دوكلات بېرىش، ئەنئەنىنى ئەسلەش، قىسىملارنىڭ تارىخ سارىيى ۋە ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش، «دۆلەت مۇداپىئە قانۇنى» توغرىسىدا لېكسىيە ئۇيۇشتۇرۇش، ئارمىيە - خەلق بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش يىغىنى ئۆتكۈزۈش، دۆلەت مۇداپىئەسى بىلىملىرى توغرىسىدا مۇسابىقە ئۆتكۈزۈش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ھەربىيلەر ۋە خەلققە، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار ۋە ياشلار، ئۆسمۈرلەرگە دۆلەت مۇداپىئەسى تەربىيىسى ۋە ئىككىنى ھىمايە قىلىش تەشۋىقاتى ئېلىپ باردى. ئاپتونوم رايوندىكى %90 تىن كۆپرەك ئالىي مەكتەپ ۋە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، %95 تىن كۆپرەك ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە تېخنىكا مەكتەپلىرىدە دۆلەت مۇداپىئەسى تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلدى، %75 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپتە ھەربىي تەلىم - تەربىيە دەرسى تەسىس قىلىندى. ھەرخىل گېزىت - ژۇرناللار، رادىئو (تېلېۋىزىيە) ئىستانسىلىرىدا ئىككىنى ھىمايە قىلىشقا ئائىت ئازكەم 1000 خەۋەر - ماقالە ئېلان قىلىندى، كۆرسىتىلدى ۋە ئاڭلىتىلدى، 5 ناھىيە (شەھەر) نىڭ ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىدىكى ئىش ئىزلىرى

مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا كۆرسىتىلدى. جايلار قىسىملارغا 80 دىن ئارتۇق تېلېۋىزور، 60 تىن ئارتۇق VCD ئاپپاراتى، 30 دىن ئارتۇق كومپيۇتېر، 40 تىن ئارتۇق كىر ئالغۇ، 400 دانە مەدەنىيەت، تەنتەربىيە سايمىنى، 10 مىڭدىن ئارتۇق كىتاب تەقدىم قىلدى. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر، كارخانىلار، كەسپىي ئورۇنلار، يېزا - كەنتلەر ۋە ھەر مىللەت ئاممىسى قىسىملار ۋە نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرىدىن ھال سوراشقا 12 مىليون يۈەندىن ئارتۇق خىراجەت سەرپ قىلدى. خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ئاخبارات تورى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، ئاساسىي قاتلام ئامىۋى خىزمىتىدىكى زور تۈركۈم تايانچلار يېتىشتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايوندىكى 450 تىن ئارتۇق ئارمىيە (ساقچى) - خەلق بىرلەشمە مۇداپىئە تەشكىلاتى مۇقىملىقنى قوغداشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

بىر يىلدىن بېرى، جايلار قىسىملارغا دېھقانچىلىق ۋە قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا 800 گېكتار يەر، ھەربىي تەلىم - تەربىيەدە پايدىلىنىشقا 33. 1333 گېكتار يەر ئاجرىتىپ بەردى، قىسىملارنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا مەدەت بېرىش يۈزىسىدىن 30 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سالدى. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار ۋە قوراللىق ساقچى قىسىملىرى 1 مىليون 400 مىڭدىن ئارتۇق ئەمگەك كۈنى، 32 مىڭدىن ئارتۇق ماشىنا - ئاپتوموبىل (قېتىم) نى سەرپ قىلىپ (ئىشقا سېلىپ)، 70 نەچچە نۇقتىلىق قۇرۇلۇش ۋە 480 دىن ئارتۇق ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى قۇرۇلۇشىغا قاتناشتۇردى. ھەربىي رايونغا قاراشلىق قىسىملار قانات يايدۇرغان «100 كەنتتە نامراتلارنى يۆلەپ ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشىدا دەسلەپكى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى، 670 تىن ئارتۇق نامراتلارنى يۆلەش نۇقتىسىدا 5300 دىن ئارتۇق نامرات ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىدى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تېخنىكا خادىمىدىن 32 مىڭ 700 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەپ بېرىلدى، ھەر مىللەت ئاممىسىدىن 260 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) نىڭ كېسىلى داۋالاندى ۋە كېسەللىكنىڭ ئالدى ئېلىندى، 2 مىليون تۈپتىن ئارتۇق مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىلدى. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار خەۋپ - خەتەردىن ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا 300 نەچچە قېتىم قاتنىشىپ، خەۋپ - خەتەرگە ئۇچرىغان ئاممىدىن 9341 ئادەم (قېتىم) نى قۇتقۇزۇپ قالدى، دۆلەت ۋە خەلق ئاممىسىغا يەتكەن ئازكەم 200 مىليون يۈەن ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇردى؛ «ئۈمىد قۇرۇلۇشى» غا 1 مىليون 650 مىڭ يۈەن پۇل ئىئانە قىلدى، پۇلغا سۇندۇرغاندا 2 مىليون يۈەندىن ئارتۇق ماددىي ئەشيا ياردەم قىلىپ، ئوقۇشتىن توختاپ قالغان 2200 دىن ئارتۇق بالىنى يېڭىۋاشتىن مەكتەپكە قايتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بىر يىلدىن بېرى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملاردىكى تۆۋەندىن يۇقىرى 19 ئورۇن، 28 نەمۇنىچى شەخس ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى؛ 123 ئىلغار كوللېكتىپ، 144 ئىلغار شەخس باش سىياسىي بۆلۈم، باش شتاب، باش ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى، باش قورال - ياراغ بۆلۈمىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى؛ 156 ئىلغار كوللېكتىپ، 265 ئىلغار شەخس لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى؛ 1460 تىن ئارتۇق ئىلغار كوللېكتىپ، 12 مىڭدىن ئارتۇق ئىلغار شەخس شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە قىسىملىرى، قوراللىق ساقچى شىنجاڭ باش ئەترىتى، باش قورال - ياراغ بۆلۈمى 21 - بازىسىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

جاڭ جۇنخۇي

## ئاپتونوم رايونلۇق ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

بۇ يىغىن 2000 - يىل 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىندا قىلغان سۆزىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش — شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىدىن ئىبارەت ئومۇمىي ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىش، جايلار ۋە تارماقلاردىن بەلگىلەنگەن سىياسەت بويىچە ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. يىغىنغا بىر قىسىم پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئورۇنلىرىنىڭ رەھبەرلىرى، ئالاقىدار تارماقلار، ئالىي مەكتەپلەر، خەلق تەشكىلاتلىرى، چوڭ كارخانىلار، مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرى ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ مەسئۇللىرى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ شى، لۈدىن يۇقىرى ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى.

ۋاڭ يۇڭپىڭ

## ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىردىن 1619ى (ئازادلىق ئارمىيىدىن 1321 ئادەم، قوراللىق ساقچى قىسىمدىن 298 ئادەم) قوبۇل قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە تۇەن دەرىجىلىك كادىر 293، يىڭ دەرىجىلىك كادىر 582، لىيەن، پەي دەرىجىلىك كادىر 322، تېخنىك كادىر 422. ئۇلار بىلەن

بىللە يۆتكىلىپ (كۆچۈپ) كەلگەن ئائىلە تاۋابىئاتى 107. هەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان 16 كادىر ئېتىبار بېرىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش ئىشخانىسى ۋە ش ئۇ ئا ر هەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشخانىسى بىرلىكتە «هەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى مەنىۋى مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىشنى سىناپ كۆرۈش مەزمۇنىغا كىرگۈزۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتى ۋە ۋەزىپىسىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلدى؛ ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، كادىرلار نازارىتى، شىنجاڭ هەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمى بىرلىكتە «هەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان مۇنەۋۋەر كادىرلارنى ۋىلايەت، ناهىيە، يېزا دەرىجىلىك رەهبەرلىك بەنزىلىرىدە ۋەزىپە ئۆتەشكە تاللاش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى ئوتتۇرىغا قويدى، هەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان 42 كادىر ناهىيە، يېزا رەهبەرلىك بەنزىلىرىدە ۋەزىپە ئۆتەشكە تاللاندى؛ «ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا تاللاش، تەمىنلىگۈچى تەرەپ بىلەن ئېهتىياجلىق تەرەپنى يۈز كۆرۈشتۈرۈش» ئۇسۇلى ئارقىلىق هەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارنى تەقسىم قىلىش ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، هەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلار ئۆزى ئىش تېپىشقا ياكى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئورۇنلارغا بېرىپ ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 3 يىللىق ئەسكەر قىسقارتىش مەزگىلىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى يەكۈنلەش يىغىنىنى ئۆتكۈزۈش ئۇيۇشتۇرۇلدى.

پىلاڭ كېچىك

## هەربىيلىكتىن چېكىنگەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى

**هەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەپ هەربىيلىكتىن چېكىنگەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى** 1999 - يىلى قىشتىن 2000 - يىلى ئەتىيازغىچە شىنجاڭدا هەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەپ هەربىيلىكتىن چېكىنگەنلەردىن 7792 سى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - بازارلاردىكىسى 4854، يېزىلاردىكىسى 2938. 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە شەھەر - بازارلاردىكى هەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەپ هەربىيلىكتىن چېكىنگەنلەردىن ئورۇنلاشتۇرۇش شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان 3980 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى 82% بولدى. هەربىي قىسىملارغىمۇ، يەرلىك ئورۇنلارغىمۇ يارىملىق ئىختىساسلىقلاردىن 2567 سى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - بازارلاردىكىسى 1669 بولۇپ، 1220 سى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، يېزىلاردىكىسى 898 بولۇپ، 800ى ئىشقا قويۇلدى.

**كەسىپ ئالماشتۇرغان ئەسكەر ئوفىتسېرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى** 2000 - يىلى ئەتىيازدا شىنجاڭدا كەسىپ ئالماشتۇرغان 1294 ئەسكەر ئوفىتسېر قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە هەربىي خىزمەت ئۆتىگىنىگە 10 يىل توشقان، 12 يىلغا توشمىغانلار 518، 13 يىلدىن 15 يىلغىچە بولغانلار 713، 15 يىلدىن يۇقىرىلار 63؛ 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئۇلارنىڭ 1087 سى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى 84% بولدى. دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، كەسىپ ئالماشتۇرغان ئەسكەر ئوفىتسېرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدە بۇيرۇق خاراكتېرىدىكى پىلان بىلەن بازار ئارقىلىق تاللاشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان كارخانىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان سان كۆپەيتىلدى. «يۈكنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش» پرىنسىپى بويىچە، «ئاپتونوم رايوننىڭ هەربىيلىكتىن چېكىنگەن ئەسكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ھەقلىق يۆتكەش ھەققىدىكى ۋاقىتلىق چارىسى» تۈزۈپ چىقىلدى ھەمدە 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى.

**هەربىي سەپتىن بوشانغان كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى** 2000 - يىلى شىنجاڭدا هەربىي سەپتىن بوشانغان كادىردىن 353ى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە پىلان بويىچە قوبۇل قىلىنغىنى 237، كەسىپ ئالماشتۇرۇش هەربىي سەپتىن بوشىنىشقا ئۆزگەرتىلگىنى 116. 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە هەربىي سەپتىن بوشانغان كادىرلارنىڭ 90%ى جايلاردا نوپۇسىنى، ئاشلىق مۇناسىۋىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش رەسمىيىتىنى ئۆتىدى.

**باشقا جايلارغا تاللاپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى** 2000 - يىلى خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇ، ئاقسۇ، ئالتايدىن ئىبارەت 5 ۋىلايەت، ئوبلاستقا هەربىيلىكتىن چېكىنگەن مۇنەۋۋەر ئەسكەردىن 440ى تاللاپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، يېزا - بازار كادىرلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى ۋە يېزا - بازار خەلق قوراللىق خىزمەت بۆلۈمى، ساقچىخانا قوشۇنى تولۇقلاندى. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملاردىن شەرت - شارائىتى جاپالىق بولغان زاۋۇت - كان، كارخانىلارغا كەسپىي تېخنىكا ئالاھىدىلىكى بار هەربىيلىكتىن چېكىنگەن يېزىلىق ئەسكەردىن 100ى تاللاپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

**هەربىي ئەمىنات پونكىتلىرىنىڭ كۈتۈۋېلىش ۋە**

يۈز بەرگەن يۇقۇملۇق كېسەل - تۇشۇش ئەھۋالى 1999 - يىلى قىشتىن 2000 - يىلى ئەتىيازغىچە ئۈرۈمچى، قۇمۇل، تۇرپان، كورلىدىن ئىبارەت 4 ھەربىي تەمىنات پونكىتى يولدىن ئۆتكەن قىسىملاردىن 48 مىڭ 323 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى ۋە ئۇزىتىپ قويدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى، كونا ئەسكەردىن 44 مىڭ 958 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى.

سۇ جيەنگاڭ

## ئارمىيىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلارنى، پېنسىيىگە چىققان ئەسكەر ئوفىتسېرلارنى ۋە پېنسىيىگە چىققان، خىزمەتتىن چېكىنگەن ھەربىي سالاھىيىتى بولمىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى

1. دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، 2000- يىلى شىنجاڭدا شىنجاڭ ھەربىي رايونىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار، پېنسىيىگە چىققان ئەسكەر ئوفىتسېرلاردىن 252 سى قوبۇل قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئارمىيىدىن 2 - تۈركۈمدە پېنسىيىگە چىققان، خىزمەتتىن چېكىنگەن ھەربىي سالاھىيىتى بولمىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن 16 سى قوبۇل قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

2. شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارمىيىدىن 4 -، 5 - تۈركۈمدە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار ئۈچۈن بىر ساناتورىيە سالدۇردى (قۇرۇلۇش كۆلىمى 20 مىڭ 691.4 كۋادرات مېتىر).

3. ئاپتونوم رايوندىن 2000 - يىلى ئارمىيىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار ۋە پېنسىيىگە چىققان، خىزمەتتىن چېكىنگەن ھەربىي سالاھىيىتى بولمىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى ھەم باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن 28 مىليون 710 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى.

4. خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكى ۋە ئازادلىق ئارمىيە باش شتابى، باش سىياسىي بۆلۈمى، باش ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ ھۆججىتىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، 2000 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن ئارمىيىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلارغا دەم ئېلىش، پېنسىيە پۇلى قوشۇپ بېرىلدى.

5. كورلا شەھەرلىك ئارمىيىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار ساناتورىيىسىگە 2000 - يىلى خەلق ئىشلىرى نازارىتى تەرىپىدىن «مەدەنىي ھەربىي ساناتورىيە» دېگەن نام بېرىلدى.

چېن يۈدۇڭ

# پاراۋانلىق ئىشلىرى

## ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدا قۇرۇلغان ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ساناتورىيىسى 27 گە (شەخسلەر ياكى جەمئىيەت تەرىپىدىن قۇرۇلغان 12 ياشانغانلار ياتاق بىناسى شۇنىڭ ئىچىدە)، ئىشچى - خىزمەتچىسى 2460 قا (بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر، سېستىرا 120)، كارىۋات 1860 قا يەتتى؛ بۇ ساناتورىيىلەردە يىل ئاخىرىدىكى ئادەم 1329 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە نەپىقە بېرىش ئوبيېكتى 14، «ئۈچى يوق» ئوبيېكت 850، ئۆزى پۇل تۆلەيدىغىنى 465، كارىۋاتتىن پايدىلىنىش نىسبىتى 87.5% بولدى؛ تۇراقلىق مۈلۈك قىممىتى تەخمىنەن 27 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى. قۇرۇلغان روھىي كېسەللىكلەر پاراۋانلىق ساناتورىيىسى 7، ئىشچى - خىزمەتچىسى 2451 (بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر، سېستىرا 318)، كارىۋات 1175؛ بۇ روھىي كېسەللىكلەر پاراۋانلىق ساناتورىيىلىرىدە يىل ئاخىرىدىكى ئادەم 1061 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە نەپىقە بېرىش ئوبيېكتى 10، «ئۈچى يوق» ئوبيېكت 650، ئۆزى پۇل تۆلەيدىغىنى 401، كارىۋاتتىن پايدىلىنىش نىسبىتى 90% بولدى؛ تۇراقلىق مۈلۈك قىممىتى تەخمىنەن 13 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى. قۇرۇلغان بالىلار ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ساناتورىيىسى 38، كارىۋات 2525، يىل ئاخىرىدىكى يېتىم، مېيىپ بالا 2291 گە يەتتى.

ۋۇ لىن

## ئىجتىمائىي پاراۋانلىق كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى پاراۋانلىق كارخانىسى 278 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىغا بىۋاسىتە قاراشلىق پاراۋانلىق كارخانىسى 162 (ئومۇمىي خەلق

شىنجاڭدىكى باللار ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ساناتورىيىلىرىنىڭ 2000 - يىلدىكى ئەھۋالى

| تۈرى / رايون نامى | پاراۋانلىق ساناتورىيەسى سانى | ئىشچى - خىزمەتچى: دوختۇر، سېستىرا | ئىشچى - خىزمەتچى: باشقا ئىشچى - خىزمەتچىلەر | كارىۋات سانى | ساناتورىيەدىكى يىل ئاخىرىدىكى ئادەم | بۇنىڭ ئىچىدە: «ئۈچى يوق» ئوبيېكتلار | تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئەسلى قىممىتى (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 1 | 25 | 40 | 180 | 194 | 174 | 501 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1 | 6 | 14 | 125 | 48 | 46 | 150 |
| كۇچا ناھىيىسى | 1 | 3 | 14 | 60 | 62 | 60 | 45 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 1 | 1 | 28 | 120 | 118 | 118 | 72 |
| پوسكام ناھىيىسى | 1 | 5 | 4 | 40 | 62 | 30 | 50 |
| قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى | 1 | 2 | 10 | 70 | 80 | 69 | 125 |
| مارالبېشى ناھىيىسى | 1 | 2 | 5 | 50 | 44 | 44 | 41 |
| قاغىلىق ناھىيىسى | 1 | 3 | 6 | 50 | 65 | 65 | 36 |
| قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى | 1 | 11 | 11 | 70 | 41 | 41 | 34 |
| مەكىت ناھىيىسى | 1 | 1 | 8 | 50 | 47 | 47 | 35 |
| پەيزاۋات ناھىيىسى | 1 | 2 | 3 | 40 | 32 | 32 | 100 |
| يوپۇرغا ناھىيىسى | 1 | 4 | 4 | 30 | 62 | 62 | 80 |
| يېڭىسار ناھىيىسى | 1 | 1 | 6 | 60 | 48 | 48 | 30 |
| يەكەن ناھىيىسى | 1 | 3 | 4 | 40 | 50 | 50 | 25 |
| تاشقورغان ناھىيىسى | 1 | 1 | 10 | 50 | 50 | 50 | 20 |
| خوتەن شەھىرى | 1 | 4 | 5 | 80 | 89 | 89 | 210 |
| خوتەن ناھىيىسى | 1 | 8 | 11 | 140 | 135 | 135 | 60 |
| گۇما ناھىيىسى | 1 | 1 | 9 | 100 | 115 | 115 | 110 |
| قاراقاش ناھىيىسى | 1 | 8 | 14 | 180 | 161 | 161 | 70 |
| لوپ ناھىيىسى | 1 | 1 | 6 | 100 | 96 | 96 | 80 |
| چىرا ناھىيىسى | 1 | 2 | 9 | 100 | 115 | 115 | 70 |
| كېرىيە ناھىيىسى | 1 | 6 | 8 | 100 | 79 | 79 | 60 |
| نىيە ناھىيىسى | 1 | 1 | 4 | 50 | 38 | 38 | 35 |
| ئاتۇش شەھىرى | 1 | 4 | 16 | 100 | 80 | 80 | 40 |
| ئاقتۇ ناھىيىسى | 1 | 1 | 9 | 60 | 50 | 50 | 35 |
| ئۇلۇغچات ناھىيىسى | 1 | 2 | 8 | 50 | 45 | 45 | 31 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاقچى ناھىيىسى | 1 | 1 | 6 | 30 | 26 | 26 | 28 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 1 | 2 | 25 | 40 | 36 | 36 | 46 |
| پىچان ناھىيىسى | 1 | 1 | 7 | 50 | 40 | 40 | 85 |
| توقسۇن ناھىيىسى | 1 | 1 | 3 | 30 | 26 | 26 | 44 |
| بورتالا شەھىرى | 1 | 1 | 5 | 40 | 17 | 17 | 51 |
| سانجى شەھىرى | 1 | 1 | 4 | 40 | 24 | 24 | 50 |
| ئىلى ۋىلايىتى | 1 | 2 | 9 | 40 | 41 | 41 | 50 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 1 | 2 | 2 | 30 | 9 | 9 | 108 |
| شىخەنزە شەھىرى | 1 | 1 | 6 | 30 | 34 | 34 | 42 |
| قاراماي شەھىرى | 1 | 2 | 9 | 20 | 10 | 10 | 400 |
| ئالتاي شەھىرى | 1 | 1 | 4 | 20 | 3 | 3 | 65 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 1 | 1 | 4 | 60 | 19 | 19 | 39 |
| جەمئىي | 38 | 124 | 350 | 2525 | 2291 | 2224 | 3153 |

مۇلۇكچىلىكىدىكى بىۋاسىتە قاراشلىق پاراۋانلىق كارخانىسى 65، كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكتىكى ۋە پاي تۈزۈمىدىكى پاراۋانلىق كارخانىسى 97) ، جەمئىيەت باشقۇرغان پاراۋانلىق كارخانىسى 116. بۇ كارخانىلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 7879، بۇنىڭ ئىچىدە مېيىپ ئىشچى - خىزمەتچى 3665. يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 466 مىليون 84 مىڭ 300 يۈەن، سېتىشتىن قىلغان كىرىمى 474 مىليون 625 مىڭ 100 يۈەن، ئالغان باج ۋە پايدىسى 36 مىليون 858 مىڭ 800 يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە باج سوممىسى 17 مىليون 820 مىڭ 200 يۈەن) . پايدا ئالغان كارخانا 125، ئالغان پايدىسى 19 مىليون 38 مىڭ 700 يۈەن، زىيان تارتقان كارخانا 141، تارتقان زىيىنى 22 مىليون 184 مىڭ 300 يۈەن.

ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭىدىن 5 ئىجتىمائىي پاراۋانلىق كارخانىسى قۇرۇلدى، 6 پاراۋانلىق كارخانىسىنىڭ تۈزۈمى ئۆزگەرتىلدى.

سۈن مىنجياڭ

## شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ئەھۋالى

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى 2000 - يىلى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى خىزمىتىنى ئاپتونوم رايون بويىچە بىرلىككە كەلگەن، قېلىپلاشقان، كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ سىرتىدا ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرىدىغان مۇكەممەل ئىجتىمائىي كاپالەت

ۋۇلىن

سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشتىكى مەركىزىي ۋەزىپە سۈپىتىدە ئىشلىدى. 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا 2 - قېتىملىق شەھەر - بازارلاردىكى نامرات ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈش شىنجاڭ بويىچە بىر تۇتاش ئېلىپ بېرىلدى. شەھەر - بازارلاردىكى تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىقى بار 65 مىڭ 217 ئائىلە تەكشۈرۈلۈپ تىزىملاندى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايوندا 28 مىڭدىن ئارتۇق ئائىلىدىكى 85 مىڭ 12 ئادەم ھۆكۈمەت بەرگەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىگە ئېرىشتى، بۇلار ئاپتونوم رايوندىكى غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنىڭ %46.1ىنى ئىگىلىدى، 900 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) گە ياردەم بېرىلدى. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىگە 66 مىليون 480 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى، ئوتتۇرىچە قوغۇزۇش ۋە ياردەم بېرىش ئۆلچىمى ھەربىر ئادەمگە ئېيىغا 2. 129 يۈەندىن توغرا كەلدى.

ۋېي دۇڭ

## يېزىلاردىكى بەشتە كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتى ۋە ياشانغانلار ساناتورىيىسى

شىنجاڭ بويىچە 2000 - يىلدىكى يېزىلاردىكى بەشتە كاپالەتلەندۈرۈش ئوبيېكتى 27 مىڭ 285، بۇنىڭ ئىچىدە تارقاق بېقىلىۋاتقىنى 22 مىڭ 562، مەركەزلەشتۈرۈپ بېقىلىۋاتقىنى 4723. يېزىلاردىكى ياشانغانلار ساناتورىيىسى 435، بۇنىڭ ئىچىدە 10 ياختىي ياشانغانلار ساناتورىيىسى




سۈرەتتە: شىنجاڭنىڭ بالىلار پاراۋانلىق ئىشلىرىغا مەدەت بېرىش يۈزىسىدىن 2000 - يىل 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئەنگلىيە «ئۇيۇل تاش» فوند جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى جاككۈي قاراماي شەھەرلىك بالىلار پاراۋانلىق ساناتورىيىسى بىلەن ھەمكارلىق تۈرلىرى كېلىشىمىنى ئىمزالىماقتا.

سۈرەتنى قاراماي شەھەرلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى تەۋەنكەن.

141، شۇ يىلى ئۆلچەمگە يەتكىنى 20. ساناتورىيىدىكى كارىۋات 6208، ياشانغانلار ساناتورىيىلىرىدە بېقىلىۋاتقانلار 4297، بۇنىڭ ئىچىدە بەشتە كاپالەتلەندۈرۈش ئوبيېكتى 3951، نەپىقە بېرىش ئوبيېكتى 154، باشقىلار 192.

چۇسۇگۈلىن

## يىغىۋېلىپ ئۆز جايىغا قايتۇرۇش خىزمىتى

شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردىكى يىغىۋېلىپ ئۆز جايىغا قايتۇرۇش پونكىتلىرى 2000 - يىلى خالىغانچە ئېقىپ يۈرگەنلەردىن 47 مىڭ 564 ئادەم (قېتىم)نى يىغىۋالدى، بۇ، 1999 - يىلدىكىدىن 4228 ئادەم (قېتىم) كۆپ، 4964 ئادەم (قېتىم) ئۆز جايىغا قايتۇرۇلدى. يىغىۋېلىنىپ ئۆز جايىغا قايتۇرۇلغان ئادەملەر ئىچىدە گۇاڭجۇدىن شىنجاڭغا قايتۇرۇلغان زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچى 144، كېسەللىك ئېغىر ۋە خەتەرلىك بولغانلار 38، روھىي كېسەللەر ۋە ئېغىر دەرىجىدە ئۇششۇگەنلەر تەخمىنەن 251. شىنجاڭدىكى يىغىۋېلىپ ئۆز جايىغا قايتۇرۇش پونكىتلىرى يىغىۋالغان ئادەم ئەڭ كۆپ بولغاندا 16 مىڭ 851 ئادەم (قېتىم)گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆز جايىغا قايتۇرۇلغىنى 1415 ئادەم (قېتىم).

تۇرسۇن لېتىپ

## سەرگەردان ئۆسمۈرلەر، بالىلارنى يىغىۋېلىپ، قۇتقۇزۇش ۋە ياردەم بېرىش خىزمىتى

ئاپتونوم رايوندا 2000 - يىلى 2160 سەرگەردان ئۆسمۈر ۋە بالا يىغىۋېلىنىپ، قۇتقۇزۇلدى ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە سېتىۋېتىلگەن ۋە ئالداپ كېتىلگەن بالا 220. سەرگەردان ئۆسمۈرلەر، بالىلارنى قۇتقۇزۇش، ئۇلارغا ياردەم بېرىش ۋە ئۇلارنى ئاسراش مەركىزى ھەم جايلاردىكى يىغىۋېلىپ ئۆز جايىغا قايتۇرۇش پونكىتلىرى 2000 - يىلى 2135 بالىنى ئائىلىسىگە قايتۇردى. ئائىلىسى تۇرۇشلۇق جايىنى ئايقىلى بولمىغان 25 بالا ئۈرۈمچى شەھەرلىك بالىلار پاراۋانلىق ساناتورىيىسىگە ۋە قەشقەر بالىلار پاراۋانلىق ساناتورىيىسىگە ئەۋەتىپ بېرىلدى. 5 - ئايدا ۋە 11 - ئايدا ئاقسۇ، ئىلى ۋىلايەتلىرىدە 2 قارار سەرگەردان ئۆسمۈرلەر ۋە بالىلار ئاتا - ئانىلىرى كۇرسى ئېچىلدى، سەرگەردان ئۆسمۈرلەر ۋە بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن 60 كىشى، سەرگەردان ئۆسمۈرلەر ۋە بالىلاردىن 14ى تەربىيىلەشكە قاتناشتى. شۇ يىلى جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدىن ياردەم قىلىنغان پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم 280 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەنگلىيە بالىلارنى قۇتقۇزۇش ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىش جەمئىيىتى ئىئانە قىلغان بىر ئاپتوموبىل، 2 كومپيۇتېر بار. سەرگەردان ئۆسمۈرلەر ۋە بالىلارنى قۇتقۇزۇش، ئۇلارغا ياردەم بېرىش ۋە ئۇلارنى ئاسراش مەركىزىنىڭ مەسئۇللىرى، خىزمەتچى خادىملىرى بولۇپ 16 كىشى ئەنگلىيە بالىلارنى قۇتقۇزۇش ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىش جەمئىيىتى كۈنمىڭ، شىنياڭ، چېڭدۇدا ئۆتكۈزگەن سەرگەردان ئۆسمۈرلەر، بالىلار خىزمىتى تورى ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتنىشىپ، تەربىيە ئالدى.

تۇرسۇن لېتىپ

## بېقىۋېلىشنى تىزىملاش خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭدا بېقىۋېلىشنى تىزىملاش رەسمىيىتىدىن 814ى بېجىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەملىكەت ئىچىدىكىسى 780، چەتكە چېتىشلىق بولغىنى 33، شياڭگاڭ، تەيۋەنلىك جۇڭگو مۇھاجىرلىرىغا چېتىشلىق بولغىنى بىر. بېقىۋېلىشنى تىزىملاش كۆپرەك بولغان جاي ئۈرۈمچى شەھىرى بولۇپ، 337سى تىزىملاندى. بېقىۋېلىنغان 814 بالا ئىچىدە

تاشلىۋېتىلگەن بوۋاق 801 (بۇنىڭ ئىچىدە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئاپپاراتلىرى بېقىۋالغان تاشلىۋېتىلگەن بالا 69، جەمئىيەتتىكى تاشلىۋېتىلگەن بوۋاق 732)، يېتىم بالا 11، ئاتا - ئانىسىنىڭ بېقىش ئىقتىدارى يوق بالا بىر، 3 ئەۋلاد ئىچىدىكى قۇرداش شىرەم قان - قېرىنداشلار بېقىۋالغىنى بىر؛ نورمال بالا 736، مېيىپ بالا 78؛ قىز 645، ئوغۇل 169. بېقىۋالغۇچى 1624، بۇنىڭ ئىچىدە ئاتا - ئانا بار ئائىلە 1484، ئاتا ياكى ئانىلا بار ئائىلە 55.

پەن جىې

## خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ ياردىمى

2000 - يىلى ئەنگلىيە «ئۈزۈل تاش» فوند جەمئىيىتى قەشقەر ۋىلايەتلىك بالىلار پاراۋانلىق ساناتورىيىسىدىن ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەرگە كىرگەن 21 يېتىم بالىغا 1 - ئوقۇش يىلىدىكى ئوقۇش خىراجىتى ئۈچۈن 73 مىڭ 52.96 يۈەن پۇل تاپشۇردى ھەمدە كىر ئالغۇ، توڭلاتقۇش ئىشكابى قاتارلىق نەرسىلەرنى تەقدىم قىلدى (قىممىتى خەلق پۇلى ھېسابىدا 9800 يۈەن)؛ 4500 دوللار مەبلەغ سېلىپ، كۈيتۇڭ، قاراماي، سانجى شەھەرلىرىدىكى بالىلار پاراۋانلىق ساناتورىيىلىرىگە سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش - داۋالاش ئۆيى سېلىپ بېرىشنى پىلانلىدى؛ ئۈرۈمچى شەھىرى قاتارلىق جايلاردىكى بىر نەچچە بالىلار پاراۋانلىق ساناتورىيىسىدىكى تاشلىۋېتىلگەن 35 بوۋاققا ئائىلىدە بېقىپ بېرىش خىراجىتى ھېسابىدا 199 مىڭ 240 يۈەن پۇل ياردەم قىلدى.

ئامېرىكا ئائىلىنى قايتا تەشكىللەش خەلقئارا ئاپپاراتى شۇ يىلى ئاقسۇ، ئىلى، ئۈرۈمچى، شىخەنزە قاتارلىق ۋىلايەت، شەھەرلەردىكى بالىلار پاراۋانلىق ساناتورىيىلىرىگە قىممىتى خەلق پۇلى ھېسابىدا 50 مىڭ يۈەن كېلىدىغان ھاۋا تەڭشىگۈچ، توك پارۋاي ئېلىپ بەردى؛ ئىلى ۋىلايەتلىك بالىلار پاراۋانلىق ساناتورىيىسىگە قىممىتى 14 مىڭ 800 يۈەن كېلىدىغان كىر ئالغۇ، توڭلاتقۇش ئىشكابى، ئۆزگىرە كېسىش ماشىنىسى قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ بەردى؛ شىخەنزە شەھەرلىك بالىلار پاراۋانلىق ساناتورىيىسىگە قىممىتى 18 مىڭ 600 يۈەن كېلىدىغان بىر قۇرۇتۇش ماشىنىسى ئېلىپ بەردى.

8 - ئايدا بېقىۋالغۇچى ئائىلىلەر تەشەببۇس قىلغان ئامېرىكا «قەلب» تەشكىلاتى ئىئانە قىلغان 120 مىڭ يۈەن پۇل بىلەن ئۈرۈمچى، شىخەنزە، سانجى شەھەرلىرىدىكى بالىلار پاراۋانلىق ساناتورىيىلىرىدىكى جاۋ كەي، لۇ شياۋمېي، جى رۇڭدىن ئىبارەت تاشلىۋېتىلگەن 3 بالىنىڭ يۈرىكى ئوپېراتسىيە قىلىندى، ئۇلارنىڭ ئوپېراتسىيىدىن كېيىنكى ئەھۋالى ياخشى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە جى رۇڭ ئامېرىكىلىق ئائىلە تەرىپىدىن بېقىۋېلىندى.

11 - ئايدا ئامېرىكا خەلقئارا بالىلار «ئۈمىد» تەشكىلاتىنىڭ 13 ئەزاسى خەلق ئىشلىرى نازارىتى سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەركىزىدىكى تېببىي خادىملارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن توشقان كالپۇك، پۇت - قولى مېيىپ تاشلىۋېتىلگەن بوۋاق، يېتىم بالا ۋە قوغۇزۇش، ياردەمگە مۇھتاج بىمار بولۇپ 39 ئادەمنى ھەقسىز ئوپېراتسىيە قىلدى. ئوپېراتسىيە خىراجىتىگە 215 مىڭ 200 يۈەن سەرپ قىلىندى.

پەن جىې

# مېيىپلار ئىشلىرى

## مېيىپلار مائارىپى

ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى 2000 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىش ئىمتىھانىغا تىزىملاتقان مېيىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ تەكتىنى ئېنىقلىدى، جەملەپ رويخەتكە ئالدى ۋە ش ئۇ ئا ر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى بىلەن ۋاقتىدا ماسلىشىپ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشىغا «ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش نومۇر چېكىگە يەتكەن مېيىپ ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنى ئۇلارنىڭ مېيىپلىقىغا قاراپ قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىشقا بولمايدۇ» دېگەن بەلگىلىمىنى قوشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە قوبۇل قىلىش سىزىقى ئىچىدىكى ئىمتىھان بەرگۈچى 144 مېيىپ ئوقۇغۇچىدىن 141ى ئاپتونوم رايون ئىچى - سىرتىدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىندى، قوبۇل قىلىنىش نىسبىتى %98 بولدى، قوبۇل قىلىنغان ئادەم 1999 - يىلدىكىدىن 59ى كۆپەيدى، بۇ، بىر نەچچە يىلدىن بېرى ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەن مېيىپ ئوقۇغۇچىلار ئەڭ كۆپ بىر يىل بولدى. شىنجاڭ مېيىپلار كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكومىنىڭ 1997 - يىللىق 69 ئوقۇغۇچىسى ئوقۇشنى تاماملاپ جەمئىيەتكە ئاتلاندى، شۇ يىلى ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپىغا مېيىپ ئوقۇغۇچىدىن 90ى قوبۇل قىلىندى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 392گە يەتتى.

ۋاڭ گوساڭ

## مېيىپلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى 2000 - يىلى ئۇقتۇرۇلۇق سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تۈرلىرىگە بولغان تەشكىلىي رەھبەرلىك ۋە كەسپىي تېخنىكا جەھەتتىكى يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، نامرات رايونلار ۋە قىيىنچىلىقى ئېغىر مېيىپلارغا سىياسەت، خىراجەت جەھەتتە ئېتىبار بەردى. شۇ يىلى 4

قارار كۆز كېسەللىكلىرى تېخنىكا خادىملىرى كۇرسى ئېچىپ، 114 كۆز كېسەللىكلىرى ۋراچى، 104 سېستىرا تەربىيىلىدى، 2 ئورۇندا ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ كۆز كېسەللىكلىرى بۆلۈمى قۇردى. 4 تۈركۈمگە بۆلۈپ ئەۋەتكەن كۆزگە چۈشكەن ئاقنى ئوپېراتسىيە قىلىپ كۆزنى روشەنلەشتۈرىدىغان تېببىي داۋالاش ئەترىتى 5 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى 38 ناھىيە، شەھەرگە بېرىپ، كۆزگە چۈشكەن ئاقنى ئوپېراتسىيە قىلىپ كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش ئوپېراتسىيىسىدىن 8700نى تاماملىدى. مېيىپلارنىڭ مەھەللە سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈلگە كۆرسىتىش رايونىدىن 112 سى قۇرۇلۇپ، پۇت - قولى كېسىۋېتىلگەن مېيىپلارغا 60 يالغان پۇت - قول سېلىندى، 195 گاس بالىغا ئاڭلاش ئىقتىدارى ۋە تىلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەشىقى قىلدۇرۇلدى، گاس بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن 120 سى تەربىيىلەندى، مېيىپلار 12 مىڭ 368 پارچە بۇيۇم، سايمان بىلەن تەمىن ئېتىلدى، ئېغىر مېيىپلارغا 2000 چاقلىق ئورۇندۇق ھەقسىز تەقدىم قىلىندى.

ۋاڭ گوساڭ

## مېيىپلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى، مېيىپلار بىرلەشمىلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلار مېيىپلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. بىر يىلدا 11 مىڭ 265 مېيىپ تەربىيىلەندى، 3657 مېيىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە نىسبەت بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 1611، كوللېكتىپ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغىنى 508، يەككە كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغىنى 1538. ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى 4 قارار مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش كۇرسى ئېچىپ، مېيىپلار بىرلەشمىسى سىستېمىسىدىكى 1320 كادىرنى تەربىيىلىدى ھەم مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى. ئاپتونوم رايون بويىچە بىر قارار مېيىپلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇچۇرلىرىنى باشقۇرۇش كۇرسى ئېچىلدى، ئۇچۇر باشقۇرۇش خادىمىدىن 112 سى كومپيۇتېر كەسپى بويىچە تەربىيىلەندى.

ۋاڭ گوساڭ

## نامرات مېيىپلارنى يۆلەش خىزمىتى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوندا نامرات مېيىپلارنى يۆلەش خىزمىتى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ نامراتلارنى يۆلەش، ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە دۆلەت ئاپتونوم رايونغا چۈشۈرۈپ بەرگەن 28 مىليون يۈەن سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش - نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلىدىن 24 مىليون يۈەنى ئائىلىلەر ۋە نامراتلارنى يۆلەش ئەمەلىي گەۋدىلىرىگىچە ئەمەلىيلەشتى، قەرز پۇلنىڭ نەقلىشىش نىسبىتى 85.71% بولدى، بۇنىڭغا 1999 - يىلنىڭ ئاخىرىدا قەرەللىك توشقان قەرز پۇلنى قوشقاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە ئازكەم 30 مىليون يۈەن سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش - نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلى مېيىپلار ئائىلىلىرى ۋە نامراتلارنى يۆلەش ئەمەلىي گەۋدىلىرى تەرىپىدىن پايدىلىنىلدى. قەرز پۇلنىڭ قاپلاش دائىرىسى 1999 - يىلدىكى 18 ناھىيىدىن 60 ناھىيىگە كېڭەيدى؛ ئاز سوممىلىق كرېدىتنىڭ ئومۇملىشىش دائىرىسى 17 ناھىيە (شەھەر)دىن 56 ناھىيە (شەھەر)گە كېڭەيدى، بولۇپمۇ قەشقەر، ئىلى، سانجىدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ بارلىق ناھىيە، شەھەرلىرىدە ئاز سوممىلىق كرېدىت ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، نامراتلار يۆلىنىدىغان ئائىلىلەر، ئادەملەرگىچە بىۋاسىتە ئەمەلىيلەشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە مېيىپلار بىرلەشمىلىرى ھەرخىل كۆلەمدىكى نامراتلارنى يۆلەش بازىسى (ئەمەلىي گەۋدىسى)دىن 13نى قۇردى، بىر ناھىيىدىكى مېيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى سۇ ئاپىتىدە ۋەيران قىلىنغاندىن سىرت، باشقىلىرى نورمال يۈرۈشمەكتە. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 31 مىڭ 400 نامرات مېيىپ كىيىم پۈتۈن، قورساق توق بولۇشنى ئاساسەن ئىشقا ئاشۇردى.

ۋاڭ گوساڭ

## ئەما ئۇۋۇلىغۇچىلار خىزمىتى

2000 - يىل 4 - ئايدا شىنجاڭ ئەما ئۇۋۇلىغۇچىلارنىڭ كەسپىي ماھارىتىنى باھالاپ بېكىتىش كومىتېتى ۋە ئەمالار تېببىي داۋالىشى بويىچە ئۇۋۇلىغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىش سالاھىيىتىنى باھالاپ بېكىتىش كومىتېتى رەسمىي قۇرۇلدى. بۇ، ئاپتونوم رايوندا ئەما ئۇۋۇلىغۇچىلارنىڭ كەسپىي ماھارىتىنى باھالاش ۋە ئەمالار تېببىي داۋالىشى بويىچە ئۇۋۇلىغۇچىلارنىڭ كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىنى باھالاپ بېكىتىش خىزمىتىنىڭ كەسپىيلىشىش، قېلىپلىشىش ئىزىغا چۈشكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىر يىلدىن بېرى، 233 ئەما تەربىيىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە تېببىي داۋالاش بويىچە ئۇۋۇلىغۇچى 30، ساقلىقنى ساقلاش بويىچە ئۇۋۇلىغۇچى 203. شۇ يىلى 217 ئادەم ئەمالارنىڭ كەسپىي سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر ئادەم دۆلەتلىك ئەمالار يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىگە باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتتى.

ۋاڭ گوساڭ

يېتىلدۈرۈش مەكتىپى مېيىپ ئوقۇغۇچىلىرى، ئىناق ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكىگە قاتناشتى. مەملىكەت بويىچە كۆرەككە قاتناشتۇرۇلغان 325 نومۇر ئىچىدە، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەمالار مەكتىپى تاللاپ ئەۋەتكەن ناخشىلىق مۇزىكا «ياشلىق ئۇسسۇلى مۇزىكىسى» ۋە قاراماي شەھەرلىك گاس - گاچىلار مەكتىپى تاللاپ ئەۋەتكەن ئۇسسۇل «شوخ قىزلار» ئورۇنداش ماھارىتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، قاراماي شەھەرلىك گاس - گاچىلار مەكتىپى تاللاپ ئەۋەتكەن ئۇسسۇل «يېقىملىق ناخشىمىز بىلەن مېھمانلارنى كۈتۈۋالىمىز» 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، قاراماي شەھەرلىك گاس - گاچىلار مەكتىپى ئورۇندىغان مۇزىكىلىق ئېيتوت «قىزىل بۆكلۈك قىز»، سانجى ئوبلاستلىق گاس - گاچىلار مەكتىپىنىڭ ئۇسسۇلى «مەكتەپتىن قايتىش يولىدا» مۇنەۋۋەر نومۇر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «شوخ قىزلار» يەنە ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ژاڭ گوساڭ



شىنجاڭلىق ماھىر دەي شىنشىڭ (گاس - گاچا) مەملىكەتلىك مېيىپلار كەسپىي ماھارەت تالاش مۇسابىقىسىدە ئېلان ئىشلەش تۈرى بويىچە ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

باڭ يىلىۋ فوتوسى

## مەملىكەتلىك مېيىپلارنىڭ كەسپىي ماھارەت بويىچە تالاش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئەھۋالى

ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى 2000 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 — 25 - كۈنىگىچە 20 مېيىپنى تاللاپ، جۇڭگو مېيىپلار بىرلەشمىسى، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىكى ئۆتكۈزگەن مەملىكەتلىك مېيىپلارنىڭ كەسپىي ماھارەت بويىچە تالاش مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇردى. 20 ماھىر مۇسابىقىنىڭ 18 تۈرىدىكى ئېلىشىشتا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 2گە، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 2گە، ئالاھىدە مۇكاپاتتىن 2گە ئېرىشىپ، 1 - لىكتىن 10 - لىككىچە ئېرىشكەنلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

ژاڭ گوساڭ

## مەملىكەتلىك 3 - نۆۋەتلىك مېيىپلار ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىش ئەھۋالى

2000 - يىل 3 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەمالار مەكتىپى، قاراماي شەھەرلىك گاس - گاچىلار مەكتىپى، سانجى ئوبلاستلىق گاس - گاچىلار مەكتىپى تاللاپ ئەۋەتكەن 50 مېيىپ ئوقۇغۇچى مائارىپ مىنىستىرلىكى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە باش ئىدارىسى ۋە جۇڭگو مېيىپلار بىرلەشمىسى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن 3 - نۆۋەتلىك ئەمالار مەكتىپى، گاس - گاچىلار مەكتىپى، زېھىن

## شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك مېيىپلار ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ش ئۇ ئا ر مېيىپلار بىرلەشمىسى، مەدەنىيەت نازارىتى، رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، مائارىپ نازارىتى، خەلق ئىشلىرى نازارىتى بىرلىكتە 2000 - يىل 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك مېيىپلار ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزدى، 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىن تاللاپ ئەۋەتىلگەن 17 ۋەكىللەر ئەترىتىدىكى 230 دىن ئارتۇق مېيىپ كۆرەككە قاتناشتى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر تاللاپ ئەۋەتكەن 49 نومۇر ئىچىدە 3 نومۇر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 5 نومۇر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 7 نومۇر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 23 نومۇر مۇنەۋۋەر نومۇر مۇكاپاتىغا، 6 ۋەكىللەر ئەترىتى مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا، 13 ئادەم ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ژاڭ گوساڭ

## «مېيىپلارغا ياردەم بېرىش، كۆيۈنۈش» ئۈلگە توپلاش پائالىيىتى

2000 - يىل 6 - ئايدا ئالاقىدار تارماقلار ۋە

جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايوندىكى شەھەر - بازارلار، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدا «مېيىپلارغا ياردەم بېرىش، كۆيۈنۈش» بويىچە مەخسۇس ئىئانە توپلاش پائالىيىتى قوزغالدى. شەخسلەر ئىئانە قىلغان سومما ساندا كەينى - كەينىدىن يېڭى يۇقىرى پەللە يارىتىلدى. ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى 600 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى؛ تەيۋەندىكى ماۋ جەمەتى فوند جەمئىيىتى 1 مىليون 300 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىپ، 2000 چاقلىق ئورۇندۇق ئېلىپ بەردى. يىل ئاخىرىغىچە 15 ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە شىخەنزە شەھىرى ئىئانە قىلىنغان 38 مىليون يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى تاپشۇرۇۋالدى.

ۋاڭ گوساڭ

# ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتى

## تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

2000 - يىلى شىنجاڭ قار ئاپىتى، سوغۇق ئېقىم، بوران، قۇرغاقچىلىق، كەلكۈن، چېكەتكە، مۆلدۈر قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ ھۇجۇمىغا كەينى - كەينىدىن ئۇچرىدى، بولۇپمۇ 4 - ئايدىن 5 - ئايغىچە شىنجاڭدا كۆرۈلگەن بوران ئاپىتى ۋە 7 - ئايدىن 8 - ئايغىچە كۆرۈلگەن قارا يامغۇر تىپىدىكى كەلكۈن ئاپىتى ھەم 10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا باشلانغان قار يېغىش، تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ كېتىشتەك ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋارايىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش دائىرىسى كەڭ، يەتكۈزگەن زىيىنى ئېغىر بولدى. خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 2000 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ھەرخىل ئاپەتلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 4 مىليارد 551 مىليون يۈەنگە يەتكەن، ئاپەتكە ئۇچرىغان زىرائەت كۆلىمى 932 مىڭ 600 گېكتارغا، ئاپەت بولغان يەر كۆلىمى 709 مىڭ 100 گېكتارغا، ھوسۇل چىقمىغان يەر كۆلىمى 212 مىڭ 600 گېكتارغا، زىيان بولغان ۋە كېمەيگەن ئاشلىق 657 مىڭ 100 توننىغا يەتكەن؛ ئاپەتكە ئۇچرىغان نوپۇس 6 مىليون 469 مىڭ 100 گە، ئاپەت كۆرۈلگەن نوپۇس 4 مىليون 121 مىڭغا، قاپسىلىپ قالغان نوپۇس 99 مىڭ 600 گە، يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان نوپۇس 58 مىڭ 300 گە يەتكەن؛ ئاپەت تۈپەيلىدىن 29 ئادەم ئۆلگەن، 98 مىڭ 300 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، 113 مىڭ 300 ئېغىز ئۆي بۇزۇلۇپ كەتكەن، 333 مىڭ 800 چارۋا ئۆلگەن؛ قىسمەن سۇچىلىق، قاتناش مۇئەسسەسىلىرى ھەرخىل دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىغان.

لى خۇي

## يەۋقۇلئاددە ئېغىر تەبىئىي ئاپەتلەر

1. قار ئاپىتى، سوغۇق ئېقىم 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 2000 - يىل 1 - ئايغىچە شىمالىي شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم جايلاردا ۋە شەرقىي شىنجاڭدىكى قىسمەن جايلاردا ئۇدا 2 قېتىم قېلىن قار يېغىشتەك ھاۋارايى جەريانى كۆرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىمالىي شىنجاڭنىڭ غەربىي - شىمالىي قىسىملىرىدا، شىمالىي شىنجاڭنىڭ تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدىكى قىسمەن جايلىرىدا قار قېلىن ياكى ھەددىدىن زىيادە قېلىن ياغدى. 1 - ئاينىڭ بېشىدا سىبىرىيىدىن جەنۇب تەرەپكە سۈرۈلگەن قاتتىق سوغۇق ھاۋا شىنجاڭغا كىرىپ، شىنجاڭ بويىچە كۆپ قىسىم جايلاردا تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ كېتىش، بورانلىق ھاۋارايى پەيدا بولدى. قار ئاپىتى، سوغۇق ئېقىم، ئاساسەن، 5 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى 20 نەچچە ناھىيە (شەھەر) نى ئاپەتكە ئۇچراتتى. ئاپەتكە ئۇچرىغان نوپۇس 1 مىليون 83 مىڭغا، ئاپەت كۆرۈلگەن نوپۇس 695 مىڭغا يەتتى، ئاپەت تۈپەيلىدىن 11 ئادەم، 172 مىڭ 500 تۇياق چارۋا ئۆلدى، 7800 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 11 مىڭ 700 ئېغىز ئۆي بۇزۇلۇپ كەتتى. نەچچە يۈز كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى توك، ئالاقە لىنىيىسى كاردىن چىقتى، 186 مىڭ تۈپ مېۋىلىك دەرەخ قېلىن قارنىڭ بېسىمى بىلەن سۇنۇپ كەتتى ۋە ئۈششۈپ كەتتى، 94 مىڭ گېكتار يەردىكى قايتا كۆكلىگەن ئورمان زىيانغا ئۇچرىدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 485 مىليون يۈەنگە يەتتى.

2000 - يىل 10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئالتاي، تارباغاتاي، قۇمۇل، ئىلى، سانجى، بايىنغولىندىن ئىبارەت 6 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى 29 ناھىيە (شەھەر) دە ھەرخىل دەرىجىدىكى قار ئاپىتى يۈز بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتاي، تارباغاتاي، قۇمۇل ۋىلايەتلىرىدە ئۇدا قېلىن قار يېغىشتەك ھاۋارايى كۆرۈلۈپ، ئاپەت ئىنتايىن ئېغىر بولدى. ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ناھىيىلىرىدە ياغقان قارنىڭ قېلىنلىقىدا مېتېئورولوگىيە خاتىرىسى بارلىققا كەلگەندىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى قىسمەت بۇزۇپ تاشلاندى، يىغىندى قارنىڭ ئەڭ يۇقىرى قېلىنلىقى بىر نەچچە يىل داۋامىدىكى ئوتتۇرىچە قىممەتتىن 32 سانتىمېتىردىن 39 سانتىمېتىرغىچە قېلىن بولدى، تۈزلەڭ رايونلاردىكى يىغىندى قارنىڭ ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 70 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولدى، تاغ ئىچكىرىسىدىكى يىغىندى قارنىڭ قېلىنلىقى 200 سانتىمېتىردىن ئېشىپ كەتتى، تاغقا يېقىن جايلاردا 100 سانتىمېتىردىن كۆپرەككە يەتتى، 2 مىليون تۇياقتىن ئارتۇق چارۋا مالنى نورمال ئوتلاتقىلى بولماي قالدى. تارباغاتاي

ۋىلايىتىدىكى ئاپەت ئېغىر بولغان ناھىيىلەرنىڭ تۈزلەڭ رايونلىرىدا يىغىندى قارنىڭ ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 60 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولدى، تاغلىق رايونلاردا 100 سانتىمېتىرغا يەتتى. قار ياغقان مەزگىلدە تاغلىق رايونلاردا ھەمىشە 9 بال ئۆپچۆرىسىدە بوران چىقىپ، تېمپېراتۇرا 30℃ — قا چۈشۈپ قالدى. قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى باركۆل، ئاراتۈرۈك ناھىيىلىرىنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ۋە قۇمۇل شەھىرىنىڭ تەڭرىتاغ ئەتراپىدىكى رايونلىرىدا ياغقان قارنىڭ ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 50 سانتىمېتىرغا يەتتى، ئايرىم تاغلىق رايونلاردا 80 سانتىمېتىردىن كۆپرەككە يەتتى. يۇقىرىدىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا كۆرۈلگەن قار ئاپىتى، سوغۇق ئېقىم تۈپەيلىدىن ئاپەتكە ئۇچرىغان نوپۇس 924 مىڭغا، ئاپەت كۆرۈلگەن نوپۇس 647 مىڭغا يەتتى، ئاپەت تۈپەيلىدىن 8 ئادەم ئۆلدى، 254 مىڭ چارۋىچىنىڭ تۇرمۇشىدا ئېغىر قىيىنچىلىق كۆرۈلدى؛ 7 مىليون 300 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق چارۋا قاپسىلىپ قالدى، ئاپەت تۈپەيلىدىن 73 مىڭ 800 تۇياق چارۋا ئۆلدى، 13 مىڭ 700 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 16 مىڭ 700 ئېغىز ئۆي بۇزۇلۇپ كەتتى؛ بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 314 مىليون يۈەنگە يەتتى.

2. بوران 2000 - يىل 4 - ئايدىن 5 - ئايغىچە شىنجاڭ مىقياسىدا ئۇدا 3 قېتىم بوران ئاپىتى يۈز بەردى، قىسمەن جايلاردا كۆپ قېتىم قۇم - توزانلىق ھاۋارايى كۆرۈلدى، شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇ ئاپەتتىن خالىي بولالمىدى، 70 نەچچە ناھىيە (شەھەر) 6 بالدىن يۇقىرى بوراننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، ئاپەت ئېغىر بولغان بەزى جايلاردا بوران 10 بالدىن ئېشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە ئاممىنىڭ مال - مۈلكىگە ئېغىر زىيان يەتتى. بوران ئاپىتىگە ئۇچرىغان نوپۇس 2 مىليون 670 مىڭغا، ئاپەت كۆرۈلگەن نوپۇس 1 مىليون 560 مىڭغا يەتتى؛ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ 16 مىڭ 400 ئېغىز ئۆيى ئۆرۈلۈپ چۈشتى ۋە تۇتاش كۆيۈپ كەتتى، 19 مىڭ 800 ئېغىز ئۆي بۇزۇلۇپ كەتتى؛ ئاپەتكە ئۇچرىغان ئېتىز 573 مىڭ 300 گېكتارغا، ئاپەت شەكىللەنگەن ئېتىز 380 مىڭ 200 گېكتارغا، قايتىدىن تولۇقلاپ تېرىلغان ئېتىز 289 مىڭ 600 گېكتارغا، ھوسۇل چىقمىغان ئېتىز 56 مىڭ 400 گېكتارغا يەتتى؛ 23 مىڭ پارنىكنىڭ سۇلياۋ يوپۇقى كاردىن چىقتى؛ 310 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق ئىھاتە ئورمىنى بوراندا ئۆرۈلۈپ كەتتى، 330 مىڭ تۈپ ئىقتىسادىي ئورمان سۇنۇپ كەتتى، 650 مىڭ تۈپ مېۋىلىك دەرەخنىڭ چېچەكلىرى ۋە غورىسى تۆكۈلۈپ كەتتى؛ 49 مىڭ 100 تۇياق چارۋا ئۆلدى ۋە يوقاپ كەتتى؛ بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 321 مىليون يۈەنگە يەتتى.

3. قۇرغاقچىلىق 2000 - يىلى ئەتىياز كىرگەندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 5 ۋىلايەت، ئوبلاستتا ھەرخىل دەرىجىدە قۇرغاقچىلىق كۆرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كۆپ قىسىم ناھىيىلىرى، ئاقسۇ، خوتەن ۋىلايەتلىرى ھەم بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى 15 ناھىيىدە قۇرغاقچىلىق ھەممىدىن ئېغىر بولدى. قەشقەر ۋىلايىتىدە 1 - ئايدىن 4 - ئايغىچە 5 دەرياغا كەلگەن سۇنىڭ مىقدارى 1999 - يىلدىكىدىن 10.6% ئاز بولدى، 3 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 5 - ئايغىچە ئاساسلىق دەريا بولغان يەكەن دەرياسىغا كەلگەن سۇ مىقدارى 1999 - يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 20% ئاز بولدى، شۇنىڭ بىلەن قەشقەر ۋىلايىتىدە يازلىق بۇغداينى 1 - قېتىملىق سۇغىرىش پىلانىنىڭ 32.9% ىلا ئورۇندالدى. بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى جىلغا ئېقىنلار ۋە تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا كەلگەن سۇ ئازراق بولدى، سۇ ئامبارلىرىغا قاچىلانغان سۇ 1999 - يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 34% ئاز بولدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 5 ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە شەرقىي شىنجاڭ رايونى ھەم شىمالىي شىنجاڭنىڭ قىسمەن رايونلىرىدا قۇرغاقچىلىق بولغان يەر كۆلىمى 500 مىڭ گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرغاقچىلىق ئېغىرراق بولغان يەر كۆلىمى 264 مىڭ 700 گېكتار، ھوسۇل چىقمىغان يەر كۆلىمى 112 مىڭ 500 گېكتار بولدى، تەخمىنەن 316 مىڭ 200 توننا ئاشلىق ھوسۇلى كېمىيىپ كەتتى، ئاپەتكە ئۇچرىغان نوپۇس 1 مىليون 600 مىڭغا، ئاپەت كۆرۈلگەن نوپۇس 1 مىليون 160 مىڭغا يەتتى؛ ئاپەت تۈپەيلىدىن 560 مىڭ 700 ئادەم، 890 مىڭ تۇياق چارۋا ئىچىملىك سۇدىن قىينالدى؛ بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 794 مىليون يۈەنگە يەتتى.

4. چېكەتكە ئاپىتى 2000 - يىلى شىمالىي شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا چېكەتكىنىڭ زىيىنى ئومۇميۈزلۈك كۆرۈلدى، شەرقىي شىنجاڭدىكى قۇمۇل، تۇرپان، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بايىنبۇلاق ھەم ئۈرۈمچى شەھىرى (ناھىيىسى) دە چېكەتكە ئاپىتى ھەرخىل دەرىجىدە يۈز بەردى. ئاپەت ئېغىر بولغان جايلاردىكى كۆپىيىش نۇقتىلىرىدا چېكەتكىنىڭ زىچلىقى ھەر كۋادرات مېتىرغا 15 مىڭدىن 20 مىڭغا يەتتى، مۇنداق ئەھۋال تارىخىي خاتىرىلەردە ئاز كۆرۈلگەن. شىنجاڭ چېكەتكىنى تىزگىنلەش ئىشخانىسىنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، چېكەتكە ئاپىتى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن 6 - ئايدا چېكەتكە پەيدا بولغان يەر كۆلىمى 2 مىليون 533 مىڭ گېكتارغا يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئەھۋال ئېغىر بولغان يەر كۆلىمى 1 مىليون 400 مىڭ گېكتار. بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 100 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن.

5. كەلكۈن قىش پەسلىدىكى يېغىندى قار ئىنتايىن قېلىن بولغاچقا، 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، تېمپېراتۇرا تېز كۆتۈرۈلۈشى بىلەن تاغقا يېقىن يەرلەر ۋە تۆزلەڭلىكلەردىكى يېغىندى قار كۆپلەپ ئېرىشكە باشلىدى. 3 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئىلىنىڭ شەرقىي قىسمىدا يەنە ئوتتۇراھال يامغۇر ياغدى، ياغقان يامغۇر ۋە ئېرىگەن قاردىن كەلكۈن ھاسىل بولۇپ، كۈنەس، موڭغۇلكۈرە، نىلقا قاتارلىق ناھىيىلەر ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. 4 - ئاينىڭ باشلىرىدا قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى 3 ناھىيە، بىر شەھەردە تۇساتتىن قاتتىق يامغۇر يېغىپ، تېمپېراتۇرا بىراقلا چۈشۈپ كەتتى، ئۇدا 2 كۈن ياغقان قېلىن قار تۈپەيلىدىن شۇ جايلاردىكى 19 يېزا - فېرما ئېغىر قار ئاپىتى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىدى. 7 - ئايدىن 8 - ئايغىچە شىنجاڭدا 5 قېتىم خېلى قاتتىق مۇز - يېغىنلىق ھاۋارايى جەريانى پەيدا بولدى، شۇنىڭ بىلەن قاراشەھەر دەرياسى، شار ئۆسان جىلغىسى، چىڭگىسخوزا دەرياسى، جىڭ دەرياسى، كېرىيە دەرياسى، تىزناپ دەرياسى، ئالغۇي جىلغىسى، يەكەن دەرياسى قاتارلىق دەريا - ئېقىنلاردا ئاپەت خاراكتېرلىك ئېقىش مىقدارىدىن ئېشىپ كەتكەن قاتتىق يامغۇر كەلكۈنى پەيدا بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە شار ئۆسان جىلغىسى، چىڭگىسخوزا دەرياسى، تىزناپ دەرياسىغا كەلگەن كەلكۈن يەللىسىنىڭ ئېقىم مىقدارى تارىختا ئەمەلىي ئۆلچىنىشى بويىچە 2 - ئورۇنغا، كېرىيە دەرياسىغا كەلگەن كەلكۈن يەللىسىنىڭ ئېقىم مىقدارى تارىختا ئەمەلىي ئۆلچىنىشى بويىچە 3 - ئورۇنغا ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن بايىنغولىن، قىزىلسۇ، خوتەن، ئاقسۇ، قەشقەر، قۇمۇل، تۇرپان، تارباغاتاي ۋە بورتالا قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلار كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىدى. 5 ۋىلايەت، ئوبلاست، 19 ناھىيە (شەھەر)، 58 يېزا (بازار) نىڭ ئاپەتكە ئۇچرىشى ئېغىر بولدى. ئاپەتكە ئۇچرىغان زىرائەت كۆلىمى 98 مىڭ 400 گېكتارغا، ئاپەت بولغان يەر كۆلىمى 74 مىڭ 600 گېكتارغا، ھوسۇل چىقمىغان يەر كۆلىمى 43 مىڭ 400 گېكتارغا، كېمەيگەن ۋە زىيان بولغان ئاشلىق تەخمىنەن 148 مىڭ 300 تونناغا يەتتى؛ ئاپەتكە ئۇچرىغان نوپۇس 491 مىڭ 700گە، ئاپەت كۆرۈلگەن نوپۇس 412 مىڭ 500 گە يەتتى، ئاپەت تۈپەيلىدىن 10 ئادەم ئۆلدى؛ 60 مىڭ 200 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 63 مىڭ 800 ئېغىز ئۆي بۇزۇلۇپ كەتتى؛ ئاپەت تۈپەيلىدىن 38 مىڭ 400 تۇياق چارۋا ئۆلدى؛ قىسمەن سۇچىلىق، قاتناش مۇئەسسەسىلىرى كاردىن چىقتى؛ بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 675 مىليون يۈەنگە يەتتى.

لى خۇي

2000 - يىلى شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ تەبىئىي ئاپەتنىڭ زىيىنىغا ئۇچراش ئەھۋالى

| تۈرلەر / ۋىلايەت، ئوبلاستلار | ئاپەتكە ئۇچرىغان زىرائەت كۆلىمى (گېكتار) | ئاپەت بولغان زىرائەت كۆلىمى (گېكتار) | ھوسۇل چىقمىغان كۆلىمى (گېكتار) | زىيان بولغان، كېمەيگەن ئاشلىق (تونا) | ئاپەتكە ئۇچرىغان نوپۇس (ئادەم) | ئاپەت كۆرۈلگەن نوپۇس (ئادەم) | ئاپەت تۈپەيلىدىن ئۆلگەن ئادەم | ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئۆي (ئېغىز) | بۇزۇلغان ئۆي (ئېغىز) | ئۆلگەن چارۋا (تۇياق) | بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان (تۈمەن يۈەن) | يېزا ئىگىلىكىگە يەتكەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە | 932545 | 709131 | 212558 | 579396 | 6469070 | 4121016 | 29 | 98274 | 113284 | 333847 | 455072 | 369382 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 33230 | 28460 | 17710 | 2135 | 248567 | 192506 | | 3233 | 7772 | 15088 | 31869 | 27374 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 19558 | 3159 | 1729 | 8046 | 152287 | 85942 | | 2272 | 10430 | 2513 | 13884 | 10946 |
| سانجى ئوبلاستى | 29073 | 28573 | 18450 | 28883 | 269854 | 221749 | | 3830 | 7324 | 17682 | 15752 | 13581 |
| ئىلى ۋىلايىتى | 18260 | 15277 | 6557 | 136415 | 1005480 | 733036 | 19 | 14756 | 13893 | 80754 | 36617 | 33432 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 235467 | 199909 | 35427 | 60600 | 669053 | 460834 | 1 | 9638 | 3613 | 79214 | 151123 | 13276 |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئالتاي ۋىلايىتى | 88494 | 70584 | 34446 | 11735 | 503020 | 182540 | | 2022 | 2187 | 57971 | 48550 | 43263 |
| بورتالا ئوبلاستى | 4266 | 3919 | 1925 | 17941 | 121487 | 70999 | | 3597 | 16914 | 9645 | 14524 | 11457 |
| بايىنغولىن ئوبلاستى | 67368 | 54493 | 36114 | 91037 | 472431 | 351452 | 8 | 18278 | 29765 | 18347 | 49241 | 45528 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 15104 | 11969 | 6359 | 3800 | 542446 | 493546 | | 10707 | 10346 | 5832 | 11548 | 96374 |
| قىزىلسۇ ئوبلاستى | 13287 | 11917 | 7000 | 5791 | 33328 | 22339 | | 9631 | 6683 | 19713 | 9643 | 8917 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 294382 | 216636 | 27202 | 151576 | 1485999 | 972630 | | 11005 | 3265 | 8712 | 40837 | 36952 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 113193 | 63606 | 19539 | 54217 | 955317 | 332201 | 1 | 9065 | 712 | 18376 | 31327 | 26183 |

لى خۇي

## ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ۋە قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇش ئەھۋالى

1. ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى. 2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرى تەبىئىي ئاپەتنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئاپەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئىگىلەش، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىدىن ۋە كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ 1 - سەپىدىكى ھەربىي - خەلقتىن ھال سوراشقا ۋاقتىدا خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى، ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن 30 مىليون يۈەندىن ئارتۇق ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش سوممىسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنى تۇرمۇش قىيىنچىلىقىدىن قۇتقۇزۇش سوممىسى ئاجرىتىلىپ، ئاپەت يۈز بەرگەن رايونلارنىڭ ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ، ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇشىغا ياردەم بېرىلدى. قار ئاپىتى يۈز بەرگەن مەزگىلدە، ئاپتونوم رايون ۋە ئاپەت يۈز بەرگەن رايونلار ئادەم كۈچى، ماشىنا كۈچىنى ۋاقتىدا تەشكىللەپ، يوللارنى راۋانلاشتۇردى، ئاشلىق، كىيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپە، يېقىلغۇ، ئوت - چۆپ، يەم - بوغۇزلارنى جىددىي يەتكۈزدى، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنى مۇۋاپىق يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇردى، چارۋىلارنى بېقىشتا يەم - بوغۇزنى تېجەپ بېرىشنى يولغا قويۇپ، چارۋىلارنى ئوت - چۆپ، يەم - بوغۇزغا تېگىشىپ، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ چارۋىلارنى ساقلاپ قالدى. ئاپەت ئەھۋالى ئېغىر بولغان جايلار سوغۇق ئېقىم، بوران ئاپەتلىرى دېھقانچىلىق ۋاقتىغا دەخلى يەتكۈزگەنلىك ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇرۇقلۇق، سۇلياۋ يوپۇق قاتارلىق دېھقانچىلىققا كېرەكلىك ماددىي ئەشيالارنى، دېھقانلارغا نېسى سېتىپ بەردى ھەمدە دېھقانلارنى دېھقانچىلىق ۋاقتىنى قولدىن بەرمەي، يەرنى قايتا ئاغدۇرۇپ تولۇقلاپ تېرىش، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ ئەملىكىنى ساقلاشقا ئۈيۈشتۇردى. قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتى داۋامىدا 100 مىڭدىن ئارتۇق ئەمگەك كۈچى تەشكىللىنىپ، 1800 دىن ئارتۇق ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇشتا 20 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىندى، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇشتا 1000 دىن ئارتۇق ماتورلۇق ئۈسكۈنە، 1000 توننىدىن ئارتۇق بېنزىن ئىشلىتىلدى، 13 مىليون 580 مىڭ كىلوۋات سائەت توك سەرپ قىلىندى، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش يۈزىسىدىن 86 مىڭ 700 گېكتار يەر سۇغىرىلدى. ئاپتونوم رايون چېكەتكىنى تىزگىنلەش داۋامىدا چولڭ تىپتىكى ئۆزى يۈرىدىغان، تراكتورغا مۇرىتىلىدىغان پۈركۈش ماشىنىسىدىن 35نى، يۈدمە تومانلىتىش ماشىنىسىدىن 14 مىڭ 500 نى ئىشقا سالدى، 160 تونىنا دېھقانچىلىق دورىسى چېچىلدى، 600 توننىدىن ئارتۇق چېكەتكە يوقىتىدىغان يەمچۈك قويۇلدى، چېكەتكە يوقىتىدىغان توخۇ (ئۆردەك) دىن 450 مىڭى ئىشقا سېلىندى. ئاپتونوم رايون كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە سۇ بۇزۇۋەتكەن مۇئەسسەسەلەرنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە 5 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغنى جىددىي ئورۇنلاشتۇردى؛ ئاپەت ھەممىدىن ئېغىر بولغان بايىنغولىن ئوبلاستىدا مەبلەغكە سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا 70 مىليون يۈەندىن ئارتۇق قىممەتتىكى خەۋپ - خەتەردىن قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشياسى، ماشىنا قاتارلىقلار ئىشقا سېلىندى؛ خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى 3200 دىن ئارتۇق ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش چېدىرىنى تەقسىم ئىشلىتىشنى ئورۇنلاشتۇردى.

2. ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇش مەبلىغىنىڭ ئىشقا سېلىنىش ئەھۋالى. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايوندا ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنى تۇرمۇش جەھەتتىن قۇتقۇزۇش يۈزىسىدىن 120 مىليون 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىلدى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەزنىڭ پەۋقۇلئاددە زور تەبىئىي ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ياردەم پۇلى 63 مىليون 600 مىڭ يۈەن، جۇڭگو پاراۋانلىق لاتارىيە بېلەتى

ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا ياردەم بېرىش مەبلىغى 41 مىليون يۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ تەبىئىي ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش كەسپىي خىراجىتى 3 مىليون 80 مىڭ يۈەن، ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلار ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ئىشلىتىشكە ئورۇنلاشتۇرغان ئىئانە پۇل 12 مىليون 970 مىڭ يۈەن. تەبىئىي ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش كەسپىي خىراجىتىدە، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلار ئاجراتقىنى 1 مىليون 150 مىڭ يۈەن، ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك ئورۇنلار ئاجراتقىنى 1 مىليون 930 مىڭ يۈەن.

3. ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا پۇل ئىئانە قىلىش ئەھۋالى. 2000 - يىل 10 - ئايدا شەندۇڭ ئۆلكىسى شىنجاڭدا نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن كىيىم - كېچەك، ئورۇن - كۆرپە ئىئانە قىلىش پائالىيىتىدە، 851 مىڭ 900 قۇر كىيىم - كېچەك، ئورۇن - كۆرپە ئىئانە قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە پاختىلىق كىيىم - كېچەك 663 مىڭ قۇر، يوتقان - كۆرپە 136 مىڭ 200، باشقا كىيىم - كېچەكلەر 52 مىڭ 700 قۇر. قۇمۇل، ئالتاي، تارباغاتاي قاتارلىق ۋىلايەتلەر ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، ئۆز يېرىدە قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا شەپقەت يەتكۈزۈش ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش يۈزىسىدىن ئىئانە قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

4. ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلق تۇرمۇشىغا ياردەم بېرىش ئەھۋالى. 2000 - يىلى ئاپەتكە ئۇچرىغان 1 مىليون 500 مىڭ ئامما، نامرات ئاھالە ئوزۇقلۇق ئاشلىقى جەھەتتىن ياردەمگە ئېرىشتى؛ ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ 38 مىڭ 100 ئېغىز ئۆرۈلگەن ئۆيى قايتىدىن سېلىپ بېرىلدى، 64 مىڭ 700 ئېغىز ئۆي رېمونت قىلىندى؛ ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىدىن 25 مىڭ 600 ئادەم كۆچۈرۈلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ 565 مىڭ 900 ئادەم كىيىم - كېچەك، ئورۇن - كۆرپە ۋە ئىسسىنىش يېقىلغۇسى جەھەتتە ياردەمگە ئېرىشتى. ئاپەت تۈپەيلىدىن يارىلانغان ۋە كېسەلگە گىرىپتار بولغان 17 مىڭ 100 ئادەم قۇتقۇزۇلدى ۋە داۋالاندى.

لى خۇي

## دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ھەمكارلىشىپ ئاشلىق ساقلاش جەمئىيىتى ۋە ھەمكارلىق مەبلەغ كاسسىسىنىڭ ئەھۋالى

شىنجاڭ بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ 2000 - يىلدىكى ھەمكارلىق مەبلەغ كاسسىسى 1041 بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 317 سى ئازايدى، كاسسىغا 599 مىڭ 317 ئائىلىلىك دېھقان ئەزا بولدى. ھەمكارلىق مەبلەغ كاسسىدىكى سومما 40 مىليون 64 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئامما قوشقان پاي 15 مىليون 838 مىڭ 100 يۈەن، كوللېكتىپ قوشقان پاي 15 مىليون 957 مىڭ يۈەن، دۆلەت ياردەم قىلغان مەبلەغ 7 مىليون 220 مىڭ 400 يۈەن، جەمئىيەت ئىئانە قىلغان پۇل 265 مىڭ يۈەن، مەبلەغنىڭ قوشۇلما قىممىتى 784 مىڭ 400 يۈەن. شۇ يىلى 19 مىليون 565 مىڭ 400 يۈەن ئۆتنە بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرمۇشقا ئۆتنە بېرىلگەن پۇل 4 مىليون 988 مىڭ 100 يۈەن، ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆتنە بېرىلگەن پۇل 13 مىليون 504 مىڭ يۈەن، باشقا ئىشلارغا ئۆتنە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 73 مىڭ 300 يۈەن، 114 مىڭ 669 ئائىلىلىك دېھقان، چارۋىچىنىڭ مەبلەغ قىيىنچىلىقى ھەل قىلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ھەمكارلىشىپ ئاشلىق ساقلاش جەمئىيىتىدىن 774ى قۇرۇلدى، جەمئىيەتكە 887 مىڭ 110 ئائىلىلىك دېھقان ئەزا بولدى. يىل ئاخىرىدا ساقلانغان ئاشلىق 18 مىڭ 871.65 تونىنىغا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 214.85 توننا ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ساقلىغان ئاشلىق 2338.96 توننا، ئامما ساقلىغان ئاشلىق 16 مىڭ 532.69 توننا. شۇ يىلى ھەمكارلىشىپ ئاشلىق ساقلاش جەمئىيەتلىرى 8185.12 توننا ئاشلىق ئۆتنە بېرىپ، 83 مىڭ 747 ئۆيلۈك ئاممىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەردى.

چۇ سۇڭلىن

# ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

## خەلق تەشكىلاتلىرىنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

2000 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «خەلق تەشكىلاتلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايون بويىچە خەلق تەشكىلاتلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش يىغىنى ئۆتكۈزدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىجتىمائىي تەشكىلات 1810، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىجتىمائىي تەشكىلات 371، ۋىلايەت دەرىجىلىكى 809، ناھىيە دەرىجىلىكى 630. خەلق ئىشلىرى نازارىتى تەرتىپ بويىچە ئاپتونوم رايون خاراكتېرلىك 58 ئىجتىمائىي تەشكىلاتنى رويخەتتىن ئۆچۈردى ۋە ئەمەلدىن قالدۇردى. شۇ يىلى ھەر دەرىجىلىك خەلق تەشكىلاتلىرى باشقۇرۇش تارماقلىرى تىزىملاش ئىلتىماسىدىن 187نى تاپشۇرۇۋالدى،

بۇلاردىن 138ىنى تىزىملاش تەستىقلاندى.

خەلق باشقۇرغان غەيرىي كارخانا ئورۇنلىرىنى تىزىملاپ باشقۇرۇش خىزمىتى باشلاندى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ «خەلق باشقۇرغان غەيرىي كارخانا ئورۇنلىرىنى قايتا تەكشۈرۈپ تىزىملاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر»نى تارقىتىپ، ئۈرۈمچى، شىخەنزە، سانجى شەھەرلىرى، ماتارىپ نازارىتىنى قايتا تەكشۈرۈپ تىزىملاشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش ئورنى قىلىپ بەلگىلىدى.

يۈەن باۋجيەن

## يېڭىدىن رويخەتكە ئېلىنىپ تىزىملانغان ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار

خەلق ئىشلىرى نازارىتى 2000 ـ يىلى رويخەتكە ئېلىپ تىزىملىغان ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار تۆۋەندىكىچە:

شىنجاڭ تەنتەربىيە ئۇسسۇل ھەرىكىتى جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە ئىدارىسى)

شىنجاڭ ساياھەتچىلىك جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر ساياھەت ئىدارىسى)

شىنجاڭ ھايۋانات ساقلىقىنى ساقلاش بۇيۇملىرى جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: چارۋىچىلىق نازارىتى)

شىنجاڭ ياشانغانلار ساقلىقىنى ساقلاش جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى)

شىنجاڭ ئالىي مەكتەپلەر كومپيۇتېر ئاساس مائارىپى ئىلمىي جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: مائارىپ نازارىتى)

شىنجاڭ قۇرۇلۇش پارتلىتىش جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: ج خ نازارىتى)

شىنجاڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: سۇچىلىق نازارىتى)

شىنجاڭ ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەت ئىدارىسى)

شىنجاڭ ئاشلىق ساھەسى جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر ئاشلىق ئىدارىسى)

شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى مەكتەپداشلار ئۇيۇشمىسى (مەسئۇل ئورۇن: مائارىپ نازارىتى)

شىنجاڭ ئاساسىي قاتلام قانۇن خىزمەتچىلىرى جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: ئەدلىيە نازارىتى)

شىنجاڭ يۇمشاق ماتېرىيال ساھەسى جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: پەن ـ تېخنىكا نازارىتى)

شىنجاڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى تەتقىقات جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: ش ئۇ ئا ر تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئىشخانىسى)

شىنجاڭ ئەلا سۈپەتلىك ئاشلىق زىرائەتلىرى جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: دېھقانچىلىق نازارىتى)

شىنجاڭ سەھىيە ئىقتىسادى ۋە ستاتىستىكا ئىلمىي جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: سەھىيە نازارىتى)

شىنجاڭ پاي چېكى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەر مۇدىرىيىتى كاتىبات جەمئىيىتى (مەسئۇل ئورۇن: جۇڭگو ئاكسىيە نازارەتچىلىك ھەيئىتى ئۈرۈمچى خاس ۋەكىل باشقارمىسى)

يۈەن باۋجيەن

# ياشانغانلار خىزمىتى

## ئومۇمىي ئەھۋالى

تەشۋىقات ـ تەربىيە ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى 2000 ـ يىلى «شىنجاڭ ياشانغانلار خىزمىتى»دىن 4 سانىنى تەھرىرلەپ تارقاتتى. ئاخبارات ۋاستىلىرىدە تەشۋىقات ماتېرىياللىرى ۋە تەشۋىقات خەۋەر ـ ماقالىلىرىدىن 27سى ئېلان قىلىندى. «ياشانغانلار شادلىقى گېزىتى»نىڭ خەنزۇچىسىنىڭ تىراژى 112 مىڭ، ئۇيغۇرچىسىنىڭ تىراژى 10 مىڭ، بۇ گېزىت ئۇدا 6 يىل شىنجاڭدا پوچتا ئارقىلىق تارقىتىلىدىغان گېزىت ـ ژۇرناللار ئىچىدە 1 ـ ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. مەملىكەتلىك 9 ـ نۆۋەتلىك ياشانغانلار گېزىتلىرىنىڭ يىللىق يىغىنىدا بىر ئەسەر 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 3 ئەسەر 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 3 ئەسەر 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شىنجاڭ ياشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتى كۇرسانتلارنى ھەرخىل ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش، ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى تەشكىللىگەن ياشانغانلار ناخشىلىرى رادىئو مۇسابىقىسىگە قاتنىشىشقا ئۇيۇشتۇردى، فوتو سۈرەت سىنىپى، مودا كىيىملەر ماھارەت كۆرسىتىش سىنىپىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلدى، فوتو سۈرەت سىنىپىدىكى كۇرسانتلارنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللارغا بېسىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ياشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتى (مەكتىپى) 104 كە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن 38.67% ئاشتى، كۇرسانت 12 مىڭغا يەتتى.

ياشانغانلارغا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى مەملىكەتلىك ياشانغانلارغا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى ئىشخانىسى 5 ـ ئايدا ئالتاي ۋىلايەتلىك ياشانغانلارغا ياردەم بېرىش جامائەت پاراۋانلىقى دورىخانىسىغا سىچۈەن پۇرۇي دورا ياساش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى تەمىنلىگەن، قىممىتى 101 مىڭ 200 يۈەن كېلىدىغان دورىنى ئىئانە قىلدى. يىل ئاخىرىدا بۇ دورىخانا مەملىكەتلىك ياشانغانلارغا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى



ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلار 2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش يۈزىسىدىن مەسلىھەت بېرىش - مۇلازىمەت قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.
سۈرەتتە: خىزمەتچى خادىملار ياشانغانلارنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمەكتە.

جاڭ خەيرۇڭ فوتوسى

ئىشخانىسى ئىئانە قىلغان، قىممىتى 420 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان دورا ۋە نەق پۇلنى تاپشۇرۇۋالدى.

جى ۋېنشىن

## «ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش تەشۋىقات ئېيى» پائالىيىتى

9 - ئاي — ئاپتونوم رايوننىڭ «ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش تەشۋىقات ئېيى». 2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلار شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىكتە «ئالتۇن كۈزگە مەدھىيە» تېلېۋىزىيە ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ، ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشانغانلارنىڭ تۇرمۇشقا قىزغىن مۇھەببەت باغلاش، پائال تۈردە يۇقىرى ئۆرلەش، ساغلام ۋە مەدەنىي بولۇشتەك مەنىۋى قىياپىتىنى نامايان قىلدى. 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «تەڭرىتاغ» تۇرلۇك ماللار بىناسى، «دوستلۇق» سودا سارىيى ئالدىدا ۋە ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى مەدەنىيەت سارىيى ئالدىدا ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش يۈزىسىدىن مەسلىھەت بېرىش - مۇلازىمەت قىلىش پائالىيىتى بىرلا ۋاقىتتا قانات يايدۇرۇلۇپ، جەمئىيەتكە «ياشانغانلار قانۇنى» قاتارلىق تەشۋىقات ماتېرىياللىرىدىن 14 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى، ج خ نازارىتى، تەپتىش مەھكىمىسى، يۇقىرى سوت مەھكىمىسى، ئەدلىيە نازارىتى، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى قاتارلىق ئورۇنلار ئالاقىدار قانۇن، نىزاملار ۋە ئۆزلىرىنىڭ بۇرچىغا ئاساسەن شۇ جايدا سوئاللارغا جاۋاب بەردى. 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن «قېرىلىشنىڭ ئېغىمىنى كۆچەيتىپ، ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش، ياشانغاندا كۆڭۈللۈك، ياشانغانلارغا ياردەم بېرىشتەك ئىجتىمائىي كەيپىيات يارىتايلى» دېگەن تېمىدا تېلېۋىزىيە نۇتقى سۆزلىدى. شۇ كۈنى ئاساسلىق يىغىن مەيدانى بولغان «خەلق» باغچىسى ۋە شۆبە يىغىن مەيدانى «قىزىل تاغ» باغچىسىدا ئەدەبىيات - سەنئەت ئويۇنلىرىنى كۆرسىتىش، ھۆسنخەت ۋە رەسىم كۆرگەزمىسى، مەسلىھەت بېرىش - مۇلازىمەت قىلىش، خالىسانە كېسەل كۆرۈش مەزمۇن قىلىنغان چوڭ تىپتىكى باغ سەيلىسى پائالىيىتى بىرلا ۋاقىتتا ئۆتكۈزۈلدى، تەخمىنەن 20 مىڭ ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغان كىشى بۇ پائالىيەتكە قاتناشتى. 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى، شىنجاڭ ياشانغانلار فوند جەمئىيىتى بىرلىكتە ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش، ياشانغانلارغا ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن ھال سوراش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇپ، ياشانغانلار ساناتورىيىسى، ياشانغانلار ياتاق بىناسى، 100 ياشلىق بوۋاي - مومايلار ۋە قىيىنچىلىقى ئېغىر كارخانىلاردىكى پېنسىيىگە چىققان بوۋاي - مومايلارغا ساغلاملىق ماتېرىياللىرى قاتارلىق ھال سوراش بۇيۇمى ۋە ھال سوراش پۇلى تەقدىم قىلدى. «ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش تەشۋىقات ئېيى» مەزگىلىدە ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى ئاخبارات ئورۇنلىرىنى قىزىل ئارمىيىنىڭ پېشقەدەم جەڭچىلىرى، پېشقەدەم رەھبەرلەرنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئىگىلەش ۋە خەۋەر قىلىشقا تەشكىللىدى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، بۇ قېتىمقى ش ئۇ ئا ر ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى، پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى، پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسى قانات يايدۇرغان «ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش تەشۋىقات ئېيى» پائالىيىتىگە 30 نەچچە ئورۇن، ئاز كەم 3000 خىزمەتچى خادىم قاتناشقان. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىمۇ ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكى، كەمبەغەللەردىن ھال سوراش،

پاشانغانلارنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلارغا كۆيۈنۈش، باغ سەيلىسى، مەسلىھەت بېرىش، تەنتەربىيە مۇسابىقىسى قاتارلىق خىلمۇ خىل تەشۋىقات - مۇلازىمەت پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى.

جى ۋېنشىن

## مەملىكەتلىك تۇنجى نوۋەتلىك ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشانغانلار مەيدان ئۇسسۇل مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئەھۋالى

شىنجاڭ ياشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇسسۇل ئەترىتى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى ياشانغانلار سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئۇسسۇل ئەترىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيى «ئوسما» ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشانغانلار سەنئەت ئۆمىكى 2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋېيخەي شەھىرىدە، جۇڭگو ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتى، شەندۇڭ ئۆلكىلىك پارتكوم، تەشۋىقات بۆلۈمى، شەندۇڭ ئۆلكىلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى مەسئۇل بولۇپ ئۆتكۈزگەن «يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋالايلى، ھەممىمىز ئۇسسۇل ئوينايلى» ناملىق 2000 - يىللىق مەملىكەتلىك تۇنجى نوۋەتلىك ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشانغانلار مەيدان ئۇسسۇل مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. 27 ئۆلكە، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر، ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن 127 ۋەكىللەر ئەترىتىدىكى 2600 دىن ئارتۇق ئادەم مۇسابىقىگە قاتناشتى. ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى ياشانغانلار سەنئەت ئۆمىكى ئورۇندىغان مىللىيچە ئۇسسۇل «قاينام - تاشقىنلىقتا چۆمگەن تەڭرىتاغ»، شىنجاڭ ياشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇسسۇل ئەترىتى ئورۇندىغان مىللىيچە ئۇسسۇل «13 مىللەتنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى» مىللىيچە خەلق ئۇسسۇلى بويىچە 1 - ۋە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ «ئوسما» ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشانغانلار سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كىيىم - كېچەك ئويۇنى كىيىم - كېچەك ۋە زىننەت بۇيۇملىرى گۈزەللىكى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ شىنجاڭ ياشانغانلار ئۇنىۋېرسىتېتى ئورۇندىغان ساغلاملىق ئۇسسۇلى «گۈزەل ھايات» 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

جى ۋېنشىن

## مەملىكەتلىك ياشانغانلارنىڭ تېلېۋىزىيە خور مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئەھۋالى

ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى ياشانغانلار سەنئەت ئۆمىكىنىڭ خور ئۆمىكىدىكى 60 كىشى 2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇشى شەھىرىدە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، جۇڭگو ياشانغانلار جەمئىيىتى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن «ئەسىر ناخشا ساداسى» 2000 - يىل كەچكى شەپەق ياشانغانلار تېلېۋىزىيە خور مۇسابىقىسى ۋە «مەڭگۈ نۇر چاقنايدۇ» 2 - نوۋەتلىك جۇڭگو ياشانغانلار خور بايرىمىغا قاتناشتى، بۇ ئۆمەك ئورۇندىغان ئومۇمىي خور «بەنلا بىزنىڭ شىنجاڭ ھەممىدىن گۈزەل» 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

جى ۋېنشىن

## ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتى

1. شىنجاڭ ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتى كومىتېتى 2000 - يىل «1 - ئىيۇن» بالىلار بايرىمى مەزگىلىدە ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ھال سوراش ئۆمىكى تەشكىللىدى، ھال سوراش ئۆمىكى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بىر قىسىم بالىلار باغچىلىرى، مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە بالىلارنى يوقلىدى ھەمدە ئۇلارغا بايراملىق سوۋغات تەقدىم قىلدى. جايلاردىكى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتى كومىتېتلىرى مۇتەخەسسىسلەر مەسلىھەت بېرىش، ئۆسمۈرلەر ۋە بالىلار ھۆسنخەت ۋە رەسىم مۇسابىقىسى، ئەدەبىيات - سەنئەت ئويۇنى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇردى. قىيىنچىلىقى ئېغىر كارخانىلاردىكى ئۆسمۈرلەر، بالىلارنى، بالىلار ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ساناتورىيىلىرىدىكى يېتىم بالىلارنى ھەم سەرگەردان بالىلارنى مۇھاپىزەت قىلىش مەركىزىدىكى سەرگەردان ئۆسمۈرلەر ۋە بالىلارنى يوقلىدى، يەنە تۈرمىلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ، كادىر - ساقچىلاردىن ھال سورىدى، ئازغان، زەھەر چېكىشكە بېرىلگەن ئۆسمۈرلەرگە ياردەم ۋە تەربىيە بەردى.

2. شىنجاڭ ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتى كومىتېتى مەكتەپ تەربىيىسى، ئائىلە تەربىيىسى، جەمئىيەت تەربىيىسىدىن ئىبارەت 3 تەربىيىنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش خىزمىتى داۋامىدا «ھازىرقى زاماندىكى ئاتا - ئانىلارنىڭ ساپا جەھەتتە تەربىيىلىنىشى»، «پەرزەنتلەرنى دۆلەت ئۈچۈن تەربىيىلەيلى»، «پەرزەنتلەرنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تەربىيىلەيلى» دېگەندەك مەخسۇس لېكسىيىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، جايلاردىكى كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتى كومىتېتلىرىنىڭ ئۆسمۈرلەر ۋە بالىلارنى جەمئىيەتتىكى خالىسانە ئەمگەكلەر، مۇھىت ئاسراش يازلىق لاگېرى، ياشانغانلار بىلەن كىچىكلەر ئورتاق شادلىنىش تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى قاتارلىق پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا ئۇيۇشتۇرۇشىغا، سۈرەت، ھەجۋىي رەسىم قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرگە قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى ۋە ئەخلاق - پەزىلەت تەربىيىسى بېرىشكە، ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ، ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرگە غايە، ئېتىقاد تەربىيىسى، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت تەربىيىسى ۋە قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسى بېرىشكە يېتەكچىلىك قىلدى. شىنجاڭ ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش

خىزمىتى كومىتېتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك، سانجى ئوبلاستلىق ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتى كومىتېتلىرى بىلەن بىرلىكتە سانجى ئوبلاستلىق ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىغا 10 مىڭ نۇسخا كىتاب تەقدىم قىلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ كۇتۇپخانا قۇرۇشىغا ياردەم بەردى.

3. ئاپتونوم رايوندا 2000 - يىلى 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا مەملىكەت بويىچە ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتىدىكى 6 ئىلغار كوللېكتىپ، 21 مۇنەۋۋەر خىزمەتچى، ئاپتونوم رايون بويىچە 38 ئىلغار كوللېكتىپ، 83 مۇنەۋۋەر خىزمەتچى تەقدىرلەندى ھەمدە ئۇلارغا مۇكاپات تاختىسى ۋە ئوردېن تەقدىم قىلىندى.

شېن چىڭ

# دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى

## دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر مىللەت - دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 2000 - يىلى دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىپ، بەلگىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

1. كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىلىپ، «ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان رەھبىري كادىرلار مەسچىتلەر بىلەن ئالاقە باغلاش»، «ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان رەھبىري كادىرلار دىنىي زاتلار بىلەن سۆزلىشىپ دوست بولۇش» ۋە «ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار شاگىرتلارنى يېتەكلەش» تۈزۈمىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك خىزمەت تورى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، بەلگىلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

2. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى تۈزۈمى قۇرۇلۇشى ۋە دىنىي پائالىيەتلەرنى قېلىپلاشتۇرۇش قانۇن بويىچە كۈچەيتىلدى. «دىنىي زاتلارنى سىناش جەدۋىلى»، «مەسچىتلەرنى رېمونت قىلىشنى تىزىملاش جەدۋىلى» لايىھىلىنىپ، بېسىپ تارقىتىلىپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تىزىملاش خىزمىتى ۋاقتىدا تاماملاندى. يېڭىۋاشتىن ياسالغان، يېڭىدىن سېلىنغان مەسچىتلەرگە قارىتا «دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش، قاتتىق تەكشۈرۈپ تەستىقلاش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، مەسچىتلەرنى كەلسە - كەلمەس سېلىش ئەھۋالى تۈگىتىلدى. «ۋەز - نەسىھەتلەردىن تاللانما» نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىپ، ۋەز ئېيتىش مەزمۇنىنى قېلىپلاشتۇرۇش يولىدا پايدىلىق ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلدى. 2 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللىنىپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭغا ئەۋەتىلىپ، ۋەز ئېيتىش مەزمۇنى تەكشۈرۈلدى.

3. دىن جەھەتتىكى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت مۇۋاپىق ھەل قىلىنىپ، قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرى ئوبدان ھەل قىلىنىپ، ئاممىنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش كۈچۈرۈشىگە ئېغىر دەرىجىدە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزىدىغان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى دىنغا ئىشەنگۈچى ئاممىنىڭ ئۇدام مازىرىنى تاۋاپ قىلىش پائالىيىتى ئۈنۈملۈك چەكلەندى. ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىلىپ، قانۇنسىز دىنىي كىتاب - ژۇرناللار، ئۈن - سىن بۇيۇملىرى ۋاقتىدا يىغىۋېلىندى ۋە تەكشۈرۈلۈپ مەنئى قىلىندى. بەزى جايلاردا پەيدا بولغان قانۇنغا خىلاپ دىنىي پائالىيەتلەر قاتتىق تەكشۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىندى ۋە قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. قەشقەر، ئىلى، تۇرپان، سانجى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئېلىپ بېرىلدى. دىنىي زاتلار سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، «فالۇن گۇمپىسى» بىدئەت تەشكىلاتى چوڭقۇر تەنقىد قىلىندى.

4. كاتولىك دىنى، خرىستىئان دىنىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش قانات يايدۇرۇلدى. يەر ئاستى دىنىي كۈچلەرنىڭ پائالىيەتلىرىگە قەتئىي زەربە بېرىلىپ، 2 دىن جەھەتتىكى سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

5. ھەج قىلغۇچىلارنى باشقۇرۇش خىزمىتى. ج خ، تاشقى ئىشلار، تاموژنا، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئۆتكەل قاتتىق ئىگىلىنىپ، ھەج قىلغۇچى خادىملارنىڭ ھەج تاۋاپ ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق تاماملىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. ھەج قىلىش پائالىيىتىنى ھەرخىل يوللار ئارقىلىق قانۇنسىز تەشكىللەشكە قاتتىق زەربە بېرىلدى.

6. دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. 2000 - يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە 40 قارار كۇرس ئېچىلىپ، 2100 دىن ئارتۇق ئادەم تەربىيىلەندى. ئاپتونوم رايون بىر قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسى شىنجاڭغا بىر قارار كۇرس ئېچىپ بېرىپ، 70 تىن ئارتۇق دىنىي زاتنى تەربىيىلەپ بەردى.

ۋاڭ پىڭ

## ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتى

ش ئۇ ئا ر ئىسلام دىنى جەمئىيىتى 2000 - يىلى

«ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق، تەرەققىيات»تىن ئىبارەت ئاساسىي تېمىنى چۆرىدەپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ «كۆۋرۈك»لۈك، «ۋاستە»لىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىپ، دىنىي سوتسىيالىزمغا ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەپ، دىن ساھەسىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلدى. شىنجاڭ بويىچە ئوتتۇرا ياش ۋە ياش دىنىي ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلەرنى تەربىيىلەش كۇرسى 2 قارار ئېچىلدى. ھەج قىلغۇچى خادىملارنى چەت ئەلگە چىقىشتىن ئىلگىرى تەربىيىلەش ياخشى ئىشلەندى ۋە ھەج ئىشلىرىنى تەشكىللەش - باشقۇرۇش خىزمىتىگە قاتنىشىلدى. «ۋەز - نەسىھەتلەردىن تاللانما»نى نەشر قىلىش، تارقىتىش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ، ۋەز ئېيتىش مەزمۇنى قېلىپلاشتۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ 50 ۋەكىلى 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى جۇڭگو ئىسلام دىنىي جەمئىيىتى 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

ما شىنچىڭ

## ئوتتۇرا ياش، ياش دىنىي ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلەرنى تەربىيىلەش خىزمىتى

شىنجاڭ بويىچە 4 - نۆۋەتلىك ئوتتۇرا ياش، ياش دىنىي ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلەرنى تەربىيىلەش كۇرسى 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، 40 تىن ئارتۇق كۇرسانت باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزىنى، ئالاقىدار سىياسەت، قانۇن، نىزام ۋە پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈردى. ئۇلار دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنى غەربنى كەڭ ئېچىش قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىشقا تەربىيىلەپ ۋە يېتەكلەپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا يېڭى تۆھپە قوشقۇسى.

مۇيەسسەر تۇردى

## 6 - تۈركۈم ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ئىچكىرىگە ئېكىسكۇرسىيە قىلىش - تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىلدى

شىنجاڭدىكى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ 6 - تۈركۈم ئېكىسكۇرسىيە قىلىش - تەكشۈرۈش ئۆمىكى 2000 - يىل 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە بېيجىڭ، شاڭخەي، جياڭسۇلارغا ئېكىسكۇرسىيە قىلىش - تەكشۈرۈشكە باردى. تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل، دۇڭشياڭدىن ئىبارەت ئىسلام دىنىغا، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان 6 مىللەتتىن 20 نەپەر ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتتىن تەشكىل قىلىندى.

غالىپ

## جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 4 ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلەر ئۈرۈمچىگە ئېكىسكۇرسىيە - تەكشۈرۈشكە كەلدى

ش ئۇ ئا ر پارتكوم 2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇ، ئاقسۇدىن ئىبارەت 4 ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ يېزا (بازار) لىرىدىكى بىر قىسىم دىنىي ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلەردىن ئېكىسكۇرسىيە - تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەشكىللىدى، ئۇيغۇر، قىرغىز، تاجىكتىن ئىبارەت 3 مىللەتتىن بولغان 47 ئىمام (خاتىپ) تىن تەشكىل قىلىنغان بۇ ئۆمەك ئۈرۈمچىدە ئېكىسكۇرسىيە - تەكشۈرۈشتە بولدى. دىنىي ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلەر ئېكىسكۇرسىيە - تەكشۈرۈش ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىگە ئىگە بولدى.

ۋاڭ فۇرۇڭ

## ھەج - تاۋاپ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى

2000 - يىللىق شىنجاڭ ھەج قىلغۇچىلار ئۆمىكى 1034 ئادەمدىن تەركىب تاپتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 72.5%نى، قازاقلار 0.8%نى، خۇيزۇلار 25.1%نى، قىرغىزلار 0.9%نى، دۇڭشياڭلار 0.2%نى، ئۆزبېكلەر 0.2%نى؛ ئەرلەر 73.3%نى ئىگىلىدى. ھەج قىلغۇچى خادىملار 4 تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ، جۇڭگو شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ھۆددىگە ئالغان ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ، ئۈرۈمچى ئارقىلىق چېگرىدىن چىقىپ، سەئۇدى ئەرەبىستاندا 30 كۈن تۇردى ۋە ھەج - تاۋاپ ئىشلىرىنى تاماملىغاندىن كېيىن، 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە رەتى بىلەن قايتىپ، ھەج قىلىش ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇندىدى.

ما شىنچىڭ

# نىكاھ، دەپنە ئىشلىرى

## نىكاھ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى

شىنجاڭدىكى خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى 2000 - يىلى 207 مىڭ 544 جۈپ ئەر - ئاياللىنىڭ نىكاھ رەسمىيىتىنى بېجىردى، بۇنىڭ ئىچىدە نىكاھلانغانلار 180 مىڭ 242 جۈپ

(يارىشىۋالغان 3734 جۈپ ئەر - ئايالمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، نىكاھتىن ئاجراشقانلار 27 مىڭ 302 جۈپ. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇرەسسە قىلىپ قويۇشى، ھۆكۈم چىقىرىشى بىلەن نىكاھتىن ئاجراشقانلار 26 مىڭ 680 ئىكەن. شىنجاڭ بويىچە 53 مىڭ 982 جۈپ ئەر - ئايال نىكاھتىن ئاجراشقان.

2000 - يىلى 110 جۈپ ئەر - ئايالنىڭ چەت ئەللىك، تەيۋەنلىك، جۇڭگو مۇھاجىرلىرىغا ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونلىرىغا چېتىشلىق نىكاھلىنىش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىلدى، 4 جۈپ ئەر - ئايالنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىلدى.

شىنجاڭ بويىچە 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاش ئورگىنى 898، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە، شەھەر (رايون) دىكىسى 96، يېزا، بازاردىكىسى 649، بىڭتۈەننىڭ تۇەن - مەيدانلىرىدىكىسى 153. نىكاھ تىزىملىغۇچىلار 972.

يەن جيې

## دەپنە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى

2000 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى 6 دەپنىخانىدا 14 مىڭ 523 جەسەت كۆيدۈرۈلدى، 1999 - يىلدىكىدىن 1279 جەسەت كۆپ كۆيدۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرىدە كۆيدۈرۈلگىنى 6664، شىخەنزە شەھىرىدە كۆيدۈرۈلگىنى 3144، كۈيتۇڭ شەھىرىدە كۆيدۈرۈلگىنى 1451، كورلا شەھىرىدە كۆيدۈرۈلگىنى 1487، ئاقسۇ شەھىرىدە كۆيدۈرۈلگىنى 1050، قۇمۇل شەھىرىدە كۆيدۈرۈلگىنى 727.

2000 - يىلى ئاقسۇ شەھەرلىك دەپنىخانا خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ باھالاپ بېكىتىشى ئارقىلىق دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك دەپنىخانا دەپ ئېتىراپ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك دەپنىخانا 2 گە يەتتى.

سۇ زىشۇ

# ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ناھىيىلەرنىڭ قۇرۇلۇشى

## ئۈرۈمچى شەھىرى

### ئاساسىي ئەھۋالى

ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى، شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى. 2000 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق رايون 7، ناھىيە بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 1 مىليون 643 مىڭ 760 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 444 مىڭ)، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 193 مىڭ 833؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰11.06، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰5.58. يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي تېرىلغۇ يەر 53 مىڭ 110 گېكتار بولۇپ، 40 مىڭ 610 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى 18 مىڭ 240 گېكتار، ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 17 مىڭ 530 گېكتار. كىلىماتى ئوتتۇراھال مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئۈرۈمچى شەھەرلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ياڭ گاڭ؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: نۇربەكرى (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، شۆھرەت زاكىر (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، چېن شۈيچىن (ئايال)، ليۇجېنزې، رىشات ئەنەيتۇللا، گو لىيەنشەن.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابلىز پەيزۇللا؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: نيۇ يۈنرۇڭ، ۋاڭ شۈيۈەن (ئايال)، جاڭ رۇي (خۇيزۇ)، مۇرات يۇنۇس، ئەبەي سەكەي (قازاق)، يۇ داۋخۇ.

شەھەر باشلىقى: نۇربەكرى (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، شۆھرەت زاكىر (12 - ئايدا مۇۋەققەت شەھەرباشلىقى بولدى)؛ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىرى: جۇ ئېنلياڭ، ۋاڭ جۇڭشياۋ (خۇيزۇ)، رىن گۇاڭخۇا، سۇي جىپىڭ، گوبېكۈن، سۇن ۋېنچى، دۇچېنرۇي.

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋاڭ يۈنخې؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ماناپقان نۇرقوجا (قازاق)، جياۋ سۈيچىڭ، زەينەپ مەخمۇت، لى جۈنفاڭ، ۋۇجېنشۈن (خۇيزۇ)، تەلئەت مۇيدىن، شېرىپجان داموللا، جاڭ كەيخۇا، ليۇ جۈەن.

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 790 مىليون 718 مىڭ 500 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 423 مىليون 423 مىڭ 700 يۈەن) بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن %12.39 (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىكى شۇنداق) ئاشتى. مۇشۇ يىلى 82 مىڭ 727 توننا ئاشلىق، 8014 توننا ياغلىق دان، 10 مىڭ 198 توننا قىزىلچا، 593 مىڭ 76 توننا كۆكتات ئېلىندى. 694 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. بىر يىلدا 15 مىڭ 382 توننا گۆش، 23 مىڭ 841 توننا سۈت، 2659 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. يېزىلاردا 95 مىليون 40 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 6666 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇتقا سۇندۇرۇلدى)، 962 توننا سۇلياۋ يوپۇق ئىشلىتىلدى. مۇشۇ يىلى 13 مىڭ 610 گېكتار يەرگە كۆكتات (ياڭيۇ تىپىدىكىلەر) تېرىلىپ، 593 مىڭ توننا كۆكتات ئېلىندى. مۇشۇ يىلى ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 42 مىليون 256 مىڭ 700 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 60 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 408 كىلومېتىر ئېرىق - ئۆستەڭ يېڭىدىن ياسالدى، 859 كىلومېتىر ئېرىق - ئۆستەڭ ئادالاندى. 189 يۈرۈشلەشكەن ئىنشائات ياسالدى، 157 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، تېجەشلىك سۇغىرىش كۆلىمى 5.955 گېكتارغا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 25 مىليارد 983 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 15 مىليارد 994 مىليون يۈەن)گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %7.87 ئاشتى. شەھەر بويىچە مۇئەييەن كۆلەمدىن ئېشىپ كەتكەن كارخانا 337 بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 22 مىليارد 373 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 275 | 8.5 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 3.8 | 2 |
| | 2 -كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 101.6 | 6.5 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 169.6 | 10.2 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تونna) | | 82727 | 9.8 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 62.15 | 5.88 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 411236 | 5.46 |
| دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 227531 | 3.73 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 109180 | 6.44 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 1228466 | 11.05 |
| شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى ئامانەت پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 2548648 | 7.74 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 280488 | 10.05 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 213794 | 1.79 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 14 مىليارد يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ 197 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ 5 مىليارد 722 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ 8 مىليارد 81 مىليون يۈەن.

ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 13 مىليارد 417 مىليون يۈەن) گە، مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %98.05كە يەتتى. بىر يىلدا 5 مىليارد 102 مىليون كىلوۋات سائەت توك (ماناتتە ئىشلىتىلگەن توك 2 مىليارد 743 مىليون كىلوۋات سائەت)، 6 مىليون 580 مىڭ 700 توننا كۆمۈر، 2 مىليون 536 مىڭ 900 توننا سېمونت، 1 مىليون 291 مىڭ 500 توننا پولات ماتېرىيال، 850 مىڭ توننا سىنتېتىك ئاممىياك، 260 مىڭ يەشىك سەرەڭگە، 47 مىڭ 998 توننا سۇلياۋ ياسالما، 69 مىليون 817 مىڭ 800 مېتىر رەخت، 10 مىڭ 108 توننا سىر، 79 مىڭ 914 توننا ئىچىملىك - ھاراق، 5619 كومبايىن ئىشلەپچىقىرىلدى، 63 مىڭ توننا يىپ ئېگىرىلدى. ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ھەربىر ئادەم بويىچە 37 مىڭ 300 يۈەن بولدى. يىللىق ئېكسپورت سودا سوممىسى 794 مىليون 220 مىڭ دوللار (شەھەرگە تەۋەسى 174 مىليون 620 مىڭ دوللار)، ئىمپورت سودا سوممىسى 297 مىليون 580 مىڭ دوللار (شەھەرگە تەۋەسى 31 مىليون 660 مىڭ دوللار) غا يەتتى. بىر يىلدا ئورۇنلاشقان ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى 144، بۇنىڭ ئىچىدە يۆلەك قىلىنغان داڭلىق مەھسۇلات تۈرى 16. شەھەر بويىچە يېڭىدىن تەكشۈرۈپ تەستىقلانغان، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا 23. 2000 - يىللىق ئۈرۈمچى تاشقى ئىقتىساد - سودا يەرمەنكىسىدە ئۈرۈمچى شەھىرى 23 تۈردە تاشقى سودا ۋە تاشقى ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى ئۈستىدە پۈتۈشتى. پۈتۈشۈش سوممىسى 74 مىليون 919 مىڭ دوللارغا يەتتى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا ئۆمىكى ئىشلەپچىقىرىش ھوقۇقى سودىسى تۈرىدىن 51نى بازارغا سېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ھوقۇقى سودىسى تۈرىدىن 20نى ئىمزالىدى، پۈتۈشۈش سوممىسى 580 مىليون يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 1344 مىڭ 400 ساياھەتچى كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 319 مىليون 620 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. شەھەر بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 12 مىليارد 77 مىليون 590 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 6 مىليارد 86 مىليون 50 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 1 مىليارد

388 مىليون 40 مىڭ يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 4 مىليارد 259 مىليون 40 مىڭ يۈەن، باشقا تۈرلەرگە سېلىنغىنى 344 مىليون 460 مىڭ يۈەن. قۇرۇلۇش باشلانغان 10 مىليون 164 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر ئۆي - ئىمارەت (تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 6 مىليون 880 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر) نىڭ 4 مىليون 477 مىڭ 100 كۋادرات مېتىرى (تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 3 مىليون 302 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر) پۈتتى. شۇ يىلى 2 مىليون 9700 كۋادرات مېتىر تاۋار ئۆي پۈتتى، ئۇنىڭ 1 مىليون 458 مىڭ 200 كۋادرات مېتىرى سېتىلدى. شۇ يىلى 10 مىليارد 768 مىليون 690 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك كۆپەيدى. بىر يىلدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 16 مىليارد 244 مىليون توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 8 مىليارد 410 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 93 مىليون يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليارد 819 مىليون يۈەنگە يەتتى. پوچتا ئىدارىسى (ئورنى) 128گە يەتتى. ئىدارە ئىشلىتىدىغان تېلېفون كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمچانلىقى 666 مىڭ 476 توچكىغا، يىل ئاخىرىدىكى تېلېفون ئابونېنتى 429 مىڭ 700گە، يان تېلېفون ئابونېنتى 301 مىڭ 600 گە، ئاممىۋى تېلېفون 17 مىڭ 158 توچكىغا يەتتى، شەھەر تېلېفونىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى ھەر 100 ئادەمگە 64. 38 دانە بولدى. بىر يىلدا تاۋارلارنىڭ سېتىۋېلىنىش سوممىسى 16 مىليارد 794 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە، سېتىلىش سوممىسى 19 مىليارد 781 مىليون 520 مىڭ يۈەن (توپ سېتىلىش سوممىسى 15 مىليارد 697 مىليون 790 مىڭ يۈەن) گە يەتتى. ئاساسىي قۇرۇلۇش خىراجىتىگە 227 مىليون 680 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى. سۇغۇرتا خىراجىتى كىرىمى 757 مىليون يۈەن (مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ 217 مىليون يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسىنىڭ 540 مىليون يۈەن) گە يەتتى، 223 مىليون يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە پەن - تېخنىكا پائالىيىتى ئاپپاراتىدىن 74ى، پەن تەتقىقات ۋە ئۇنىۋېرسال تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىمدىن 20 نەچچە مىڭى بار. 2000 - يىلى شەھەر بويىچە 129 پەن - تېخنىكا تۈرى يولغا قويۇلدى، سانائەت پەن - تېخنىكا تۈرلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 416 مىليون يۈەن، پايدا - باج 52 مىليون 460 مىڭ يۈەن بولدى؛ يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا تۈرلىرىنىڭ كىرىمى 240 مىليون يۈەن، يېڭىدىن كۆپەيگەن يېزا ئىگىلىك كىرىمى 60 مىليون 150 مىڭ يۈەن بولدى. 27 تۈر ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 5 تۈر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 7 تۈر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 9 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 6 تۈر 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شەھەردىكى ئالىي مەكتەپ 9، ئوقۇغۇچىسى 45 مىڭ 29 (مىللىي 19 مىڭ 804)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 5068؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم 69، ئوقۇغۇچىسى 68 مىڭ 207 (مىللىي 24 مىڭ 745)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 3571؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 164، ئوقۇغۇچىسى 88 مىڭ 330 (مىللىي 30 مىڭ 173)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 6488؛ يېزا ئىگىلىك كەسپىي ئوتتۇرا مەكتىپى 14، ئوقۇغۇچىسى 3040 (مىللىي 845)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 350؛ ئەما، گاس - گاچىلار مەكتىپى 2، ئوقۇغۇچىسى 225 (مىللىي 46)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 84؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 215، ئوقۇغۇچىسى 148 مىڭ 357 (مىللىي 42 مىڭ 147)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 8604؛ بالىلار باغچىسى 176، باغچىدىكى بالا 43 مىڭ 584 (مىللىي 6658)، ئوقۇتقۇچىسى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 2177. بىر يىلدا كۆلىمى 68 مىڭ كۋادرات مېتىر مەكتەپ ئۆيى، 20 مىڭ كۋادرات مېتىر تۇرالغۇ ئۆي پۈتتى، مەكتەپلەرنىڭ زامانىۋىلاشقان ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى سېتىۋېلىشى ئۈچۈن 16 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدىكى كىنو قويۇش ئورنى 65 (كىنو - تىياتىرخانا 16)، مەدەنىيەت كەسپىي ئاپپاراتى 104 (سەنئەت ئۆمىكى 9)، ئاممىۋى كۇتۇپخانا 2، ساقلانغان كىتاب 1 مىليون 159 مىڭ. 2000 - يىلى تۇنجى نۆۋەتلىك چىنجياڭ سەنئەت بايرىمىدا شەھەرلىك چىڭجياڭ تىياتىر ئۆمىكى ئورۇندىغان تارىخىي دراما «گۈزەرگە تېگىشلىك مۇھەببەت» مۇنەۋۋەر تىياتىر مۇكاپاتى بويىچە كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شەھەر بويىچە تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 1127 (دوختۇرخانا 71)، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 18 مىڭ 317 (دوختۇر 8330)، سەھىيە ئاپپاراتلىرىدا بار كارىۋات 14 مىڭ 114. ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ساناتورىيىسىدىن 4ى بولۇپ، ئۇلاردا 587 كارىۋات بار. 2000 - يىلى شەھەر بويىچە 386 مەكتەپتىن 188 مىڭ 594 ئوقۇغۇچى «دۆلەتنىڭ تەنتەربىيەدە چېنىقىش ئۆلچىمى» بويىچە سىناققا قاتنىشىپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 91.41%، ئەلا بولۇش نىسبىتى 10.5% بولدى. 2000 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ كوماندىسى يېنىك ئاتلېتىكا، چېلىشىش، سۇ ئۈزۈشتىن ئىبارەت 3 تۈردىكى مەملىكەتلىك مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، 2 ئالتۇن مېدال، 4 كۈمۈش مېدال، 3 مىس مېدال ئالدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى شەھەر بويىچە ئاھالىلەرنىڭ كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە كىرىمى 7252 يۈەنگە، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3398 يۈەنگە يەتتى. كىشى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 598 يۈەن بولدى. يىل ئاخىرىدا ئوتتۇرىچە ئولتۇراقلىشىش كۆلىمى 9.92 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، تۇرۇبا سۈيىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 100%كە، سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 99.85%كە، مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش كۆلىمى 21 مىليون كۋادرات مېتىرغا يەتتى. يىل ئاخىرىدا ترانسپورت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كوچا ئاپتوبۇسى 3067 (ئاربىوسىز شۇنىڭ ئىچىدە)گە، يول ئۇزۇنلۇقى 484 كىلومېتىرغا، ھەر 10 مىڭ ئادەمگە توغرا كېلىدىغان ئامىسۋى قاتناش ئاپتوموبىلى 18.66گە يەتتى؛ تەق بار تاكسى 6381. بىر يىلدا ئورمان بەرپا قىلىپ كۆكەرتىلگەن كۆلەم 18.888 گېكتار كۆپەيدى. بەرپا قىلىنغان كۆكۈلمەيدان نىسبىتى 17.55%كە، شەھەرنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 20.48%كە، كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرا كېلىدىغان ئامىسۋى كۆكۈلمەيدان 13.4 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ئەخلەتنى خالتىغا قاچىلاپ يىغىش ئورنىدىن 200ى قۇرۇلدى. سۇ بىلەن يۇيۇلىدىغان 3 ھاجەتخانا، بىر ئەخلەت يۆتكەش پونكىتى يېڭىدىن قۇرۇلدى، 2 - خىلدىكى 10 ھاجەتخانا ئۆزگەرتىپ ياسالدى.

بىر يىلدا 5 يول (خەلق يولى، تىنچلىق يولى، ئەدەبىيات - سەنئەت يولى، قىزىلتاغ بازىرى يولى، غەربىي قىزىلتاغ يولى) يېڭىدىن ياسالدى ۋە ئۆزگەرتىپ ياسالدى، بۇ يوللارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5.4 كىلومېتىر، كۆلىمى 151 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر. پىيادىلەر كۆتۈرمە كۆۋرۈكىدىن بىرى، يەر ئاستى يولىدىن بىرى ياسالدى. شىدۇنزى تېغىدىكى كۈنىگە 200 مىڭ توننا سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان سۇ زاۋۇتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشىغا 150 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 20 مىڭ كۇب مېتىرلىق سۇزۇك سۇ كۆلچىكىدىن بىرى، 10 مىڭ كۇب مېتىرلىق سۇزۇك سۇ كۆلچىكىدىن 2 سى پۈتكۈزۈلدى؛ 7.54 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سۇ يەتكۈزۈش تۇرۇبا لىنىيىسى، 1.78 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سۇ چىقىرىۋېتىش تۇرۇبا لىنىيىسى پۈتكۈزۈلدى ھەمدە مۇئەسسەسىلەر قۇرۇلۇشى ۋە ئۈسكۈنىلەرنى قۇراشتۇرۇش ئىشى تاماملاندى. بىر ئۆتاش ئىسسىتىش نۇقتىسىدىن 30ى يېڭىدىن قۇرۇلدى ۋە سىغىمچانلىقى كېڭەيتىلدى. بىر يىلدا 8 مىليون كۋادرات مېتىرلىق مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش ئىقتىدارى شەكىللەندۈرۈلدى؛ 381 پار قازىنى چۇۋۇۋېتىلىپ ۋە قوشۇۋېتىلىپ، 8 مىليون 653 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرلىق كۆلەمنى بىر ئۆتاش ئىسسىتىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. گاز چىقىرىشى لاياقەتلىك بولمىغان 5046 ئاپتوموبىل تۈگىتىلدى. ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزاننى كۆزىتىش - ئۆلچەشنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 88.2%كە، گۈڭگۈرت ئوكسىدىنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 96.1%كە، سانائەت يۇندىسىنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 100%كە يەتتى. ھەرخىل تۈرلەردە «ئۈچنى تەلەپ ئىشلەش» تەلىپىنىڭ لاياقەتلىك ئىجرا قىلىنىش نىسبىتى 100%كە يەتتى. بىر يىلدا ھاۋانىڭ بۇلغىنىش كۆرسەتكۈچىنىڭ 3 - دەرىجىلىكتىن تۆۋەن بولغان كۈن سانى پۈتۈن يىلنىڭ 75.68%ىنى ئىگىلىدى.

ئايشەم

## ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كەسپىي تەرەققىيات رايونى

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كەسپىي تەرەققىيات رايونىنىڭ تېخنىكا، سانائەت، سودىدىن قىلىنغان كىرىمى 3 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 42.6% ئاشتى. سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 850 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 16.8% ئاشتى سانائەت قوشۇلما قىممىتى 280 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 21.7% ئاشتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 88 مىليون دوللارغا يېتىپ، 22.5%، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورتتا يارىتىلغان پېرېۋوت 40 مىليون دوللارغا يېتىپ، 54.1% ئاشتى. مالىيە كىرىمى 105 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 43.11% ئاشتى. باج كىرىمى 182 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 44% ئاشتى. ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كەسپىي تەرەققىيات رايونىدىكى قانۇنىي ئىگە كارخانا 679غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كارخانىسى 143، 3 مەبلەغ كارخانىسى 51. سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانا 28، 10 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانا 21، 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانا بىر. بىر يىلدا يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كەسپىي تەرەققىيات رايونىدا يېڭىدىن قۇرۇلۇش باشلانغان كۆلەم 219 مىڭ كۋادرات مېتىر، پۈتكەن كۆلەم 112 مىڭ كۋادرات مېتىر. تۇراقلىق مۈلۈككە 287 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

2000 - يىلى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كەسپىي تەرەققىيات رايونى ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىدىن 12نى ئىمزالىدى، پۈتۈشۈش سوممىسى 683 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 77.9%، كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 599 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 6.4 ھەسسە ئاشتى.

يەن جىجۈن

## ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى

2000 - يىلى ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى 2 - قېتىملىق ئىگىلىك يارىتىشنى باشلىغان يىل بولدى، شۇنداقلا ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سالغان مەبلىغى ئەڭ كۆپ، ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى ئەڭ تېز، تەرەققىيات رايونىغا كىرگەن يەن - تېخنىكا تۈرى ئەڭ كۆپ بولغان بىر يىل بولدى. بىر يىلدا تەرەققىيات رايونى «شەرقتىن كىرگۈزۈش، غەربكە چىقىرىش، سانائەتنى ئاساس قىلىش، ئېكسپورتنى تۈرتكە قىلىش، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىنى ئۈستۈرۈش» تىن ئىبارەت پىكىر يولىدا چىڭ تۇرۇپ، بىر تۈركۈم يېڭى يەن - تېخنىكىلىق كارخانىلارنى كىرگۈزدى. يۇقىرى، يېڭى يەن - تېخنىكا باغچىسى رايونلىرىنى پىلانلاپ، 2 - قارارلىق تەرەققىيات ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يەرنى قولغا كەلتۈردى. تەرەققىيات رايونىغا كىرىدىغان تۈردىن شۇ يىلى 80ى تەستىقلاندى، بۇ تۈرلەرگە 1 مىليارد 740 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەللىك سودىگەرلەر مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانا 6، سېلىنغان مەبلەغ 39 مىليون 290 مىڭ دوللار. بىر يىلدا سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 820 مىليون يۈەنگە، ئېكسپورتتا يارىتىلغان پېرېۋوت 57 مىليون 230 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار ياراتقان پېرېۋوت 33 مىليون 530 مىڭ دوللار. تەرەققىيات رايونىنىڭ پۈتۈن ئىستېمال بويىچە مالىيە كىرىمى 167 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە، شۇ دەرىجىلىك مالىيە كىرىمى 117 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يەتتى. پورتتىن ئۆتكۈزۈلگەن مال 2837 تونىنىغا، مال قىممىتى 11 مىليون 740 مىڭ دوللارغا يەتتى. بىر يىلدا شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» تاش ماتېرىيال چەكلىك پاي شىركىتى بىلەن ماركور خەلقئارا ئائىلە سايمانلىرى چەكلىك پاي شىركىتى ئۆز پېيىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بازارغا سالدى.

☆ 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە جۇڭگو ئىچكى ساياھەت يەرمەنكىسى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى.

☆ 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئۈرۈمچى — كۈيتۇڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولىدا ئومۇمىيۈزلۈك قاتناش باشلاندى.

ئايشەم

# تيانشان رايونى

## ئاساسىي ئەھۋالى

تيانشان رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان. 2000 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 14، يېزا بىر (8 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن ئېتىبارەن ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ داۋان يېزىسىنى تيانشان رايونى ۋاكالىتەن باشقۇرىدىغان بولدى)، ئاھالە كومىتېتى 235، كەنت ئاھالە كومىتېتى 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 422 مىڭ 539 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 129 مىڭ 243)؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 8.8‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 5.6‰. كىلىماتى ئوتتۇراھال مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

تيانشان رايونى تەۋەسىدىكى قارلىغاچلىق ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە ئۆزگىچە بۇيان مەشھۇر بولۇپ كېلىۋاتقان مەنزىرە رايونىدۇر. ئۇنىڭ كۆلىمى 200 گېكتاردىن ئاشىدۇ. دەل - دەرەخلەر باراقسان ئۆسكەن، 100 ياشتىن ئاشىدىغان دەرەخ 400 تۈپتىن ئاشىدۇ. 2000 - يىلى ساي بويىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى چىملىق 26.7 گېكتار كۆپەيتىلدى. تېرەكنى ئاساس قىلىپ 20 مىڭ تۈپكە يېقىن دەل - دەرەخ تىكىلدى. چىمەن بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %83كە يەتتى، 200 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىپ، 1999 - يىلى ئورۇندالغان ئۆسۈملۈك بىلەن مەنزىرە بەرپا قىلىش ۋە ئارام ئېلىپ، سەيلە قىلىش مۇئەسسەسەلىرى ياسالدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. تۇزكۆل شىنجاڭدىكى مەشھۇر تۇز - شور ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇپ، كۆلىمى 37.8 كۋادرات كىلومېتىر، ئۇنىڭ 12 مىليون توننا تۇز زاپىسى، 120 مىليون توننا شور زاپىسى بار. 2000 - يىلى 84 مىڭ 394 توننا تۇز، تۇز بايلىقىدىن پايدىلىنىپ 7629 توننا يودلۇق تۇز، 14 مىڭ 532 توننا ئەلا سۈپەتلىك تۇز، 42 توننا سافلاملىق تۇزى، 80 توننا شور، شور بايلىقىدىن پايدىلىنىپ ئىجاد قىلىنغان «لىنجيا»، «بەيجيەن» ماركىلىق 477 توننا سوپۇن پاراشوكى ئىشلەپچىقىرىلدى. شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇلانباي - سايئوپا - داۋانچىڭلار مەشھۇر بورانلىق بولۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى 9 بورانلىقنىڭ بىرى. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بورانلىقتىكى شامال كۈچى گېنېراتورى 143كە، ھاسىل قىلغان يىللىق توك مىقدارى 172 مىليون 390 مىڭ كىلوۋات سائەتكە يەتتى.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تيانشان رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جۇ شۈن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەمتىمىن سادىق.

رايون باشلىقى: ئەخمەتجان ئالنىياز.

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋاڭ ياۋشياڭ.

## ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى تىياناشان رايونىنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 33 مىليون 17 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %16.3 (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليون 586 مىڭ 900 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 348 مىڭ 400 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 14 مىليون 673 مىڭ 100 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 6 مىليون 468 مىڭ 700 يۈەن. ھەر خىل دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 2310 گېكتار بولۇپ، 1973 توننا ئاشلىق، 2494 توننا كۆكتات، 89 توننا كالا - قوي گۆشى، 698 توننا سۈت مەھسۇلاتى ئېلىندى.

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 52.6 | 8.8 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 0.1 | 0.2 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 11.1 | 7.58 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 41.4 | 9.37 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 1973 | 8.23 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 4440 | |
| تاشقى سودا ئىمپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 8410 | —45.5 |
| تاشقى سودا ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 22873 | —33.4 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | | 45.2 | 11.9 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 20096 | 8.41 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 16557 | 1.9 |

ئىزاھ: جەدۋەلدىكى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى.

بىر يىلدا دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا ھەمدە سېتىش كىرىمى 5 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان غەيرىي دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا 51 بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 570 مىليون 249 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 3 خىل مەبلەغ كارخانىسى 23 بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 448 مىليون 899 مىڭ يۈەنگە يەتتى. روېخەتكە ئېلىنغان خۇسۇسىي كارخانا 2040 قا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە روېخەتكە ئېلىنغان مەبلىغى 1 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان كارخانا 432. رايون بويىچە سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 830 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %9.96 ئاشتى. ئىقتىسادىي تىپىدىن قارىغاندا، دۆلەت ئىلكىدىكى سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 940 مىليون يۈەن بولۇپ، %27.4 تۆۋەنلەپ كەتتى؛ خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ 60 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %86.18 ئاشتى؛ شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىك سودىگەرلەر مەبلەغ سېلىپ قۇرغان كارخانىلارنىڭ 10 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %64.5 ئاشتى. يېنىك، ئېغىر سانائەت جەھەتتىن قارىغاندا، يېنىك سانائەتنىڭ 540 مىليون يۈەنگە، ئېغىر سانائەتنىڭ 1 مىليارد 260 مىليون يۈەنگە يەتتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 560 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.6 ئاشتى. بىر يىلدا 2 مىليارد 507 مىليون 710 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 84 مىڭ 394 توننا تۇز، 5943 توننا يىپ، 42 توننا جۇڭيىچە تەييار دورا، 13.6 توننا سىنتېتىك ئامىياك ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كەسپىدە يارىتىلغان مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 982 مىليون يۈەن، ئۆي - بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلانغان كۆلەم 2 مىليون 411

مىڭ 600 كۋادرات مېتىر، پۈتكۈزۈلگەن كۆلەم 1 مىليون 345 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر بولدى. شۇ يىلى رايون بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 5 مىليارد 150 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 960 مىليون يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 40 مىليون يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغان مەبلەغ 3 مىليارد 20 مىليون يۈەن، باشقىلارغا سېلىنغان مەبلەغ 130 مىليون يۈەن. رايون بويىچە تاشيولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 71 مىليون 695 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، توشۇلغان يۈك 444 مىڭ 300 توننىغا يەتتى. تىيانشان رايونىدىكى مۇغۇرتا شىركىتى 13، تاكسىيە تىجارىتى ئاپپاراتى 10، قەرەللىك مال ۋاستىچىلىكى شىركىتى 2، ھاۋالە مەبلەغ شىركىتى 3، كۆرۈكەشلىك ئورنى 11، تېلېگراف ئالاقىسىنى باشقۇرۇش تور - نۇقتىسى 7، تېلېفون ھەققى يىغىش تىجارەت زالى 7، بانكىلار ۋاكالىتەن تېلېفون ھەققى يىغىش تور - نۇقتىسى 19، پوچتا ئىدارىسى (ئورنى) 22، يەرلىك باج ئىدارىسى باج يىغىش تور - نۇقتىسى 16، سودا - سانائەت ئىدارىسى (ئورنى) 27. بىر يىلدا تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 990 مىليون يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا تېلېفون ئابونېنتى 430 مىڭ (يېڭىدىن كۆپەيگىنى 100 مىڭ) غا يەتتى. 128 مىڭ ساياھەتچى كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 180 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

2000 - يىلى رايون بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 1350كە يەتتى. پەن - تېخنىكا پائالىيىتى ئاپپاراتى 17 بولۇپ، ھەرخىل پەن - تېخنىكا پىلانىدىن 10 تۈر تەشكىللەپ يولغا قويۇلدى. ئوتتۇرا مەكتەپ 27 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر)، باشلانغۇچ مەكتەپ 42 (بۇنىڭ ئىچىدە رايونغا قاراشلىقى 27، مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 7، مىللىي، خەنزۇلار بىرلىكتە ئوقۇيدىغان مەكتەپ 5)؛ ئوقۇغۇچىسى 39 مىڭ 450، بۇنىڭ ئىچىدە رايونغا قاراشلىقى 28 مىڭ 561. 2000 - يىلى تىيانشان رايونى 22 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، يېڭىدىن يەنئەن يولى باشلانغۇچ مەكتىپى، 38 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش - تەجرىبە بىناسى، 31 - باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە 23 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسىنى سالدى. بىر يىلدا مائارىپ كەسپىي خىراجىتى چىقىمى 49 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەنتەربىيەدە ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %94.6كە يەتتى. چوڭلارنىڭ بەدەن سۈپىتىنى سىناش نىشانىنىڭ ۋەزىپىلىرى ئورۇندالدى، 17 مىڭ 530 ئادەم سىنالدى. «دۆلەتلىك تەنتەربىيەدە چېنىقىش ئۆلچىمى» دىكى «تۆت ئۆلچەم» گە يېتىشنىڭ يولغا قويۇلۇش كۆلىمى %100كە يەتتى. يىل ئاخىرىدا رايون تەۋەسىدىكى ئاشكارا گېزىت تارقىتىدىغان گېزىتخانا 25، قەرەللىك ژۇرنال رىداكسىيىسى 51، نەشرىيات 7، دۆلەت ئىلكىدىكى شىنخۇا كىتابخانىسى 7، كىتاب، گېزىت - ژۇرنال باسىدىغان كارخانا 20، مۇخبىرلار پونكىتى 48، ئاممىۋى مەدەنىيەت - كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى 17. رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن 13 تۈر بويىچە 5 ئاي يۈرۈشلۈك پائالىيەت ئۆتكۈزۈلدى. يىل ئاخىرىدا رايون بويىچە مەدەنىيەت پونكىتى 14كە يەتتى. 2 مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىكى 3 مەدەنىيەت ئۆيى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 1 - دەرىجىلىك مەدەنىيەت ئۆيى ئۆلچىمىگە يەتتى. 3 مەھەللە ئىش باشقارمىسىدىكى 6 مەدەنىيەت ئۆيى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئالاھىدە دەرىجىلىك مەدەنىيەت ئۆيى ئۆلچىمىگە يەتتى. شىمالىي ئازادلىق يولى ئىش باشقارمىسىنىڭ مەدەنىيەت پونكىتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئالاھىدە دەرىجىلىك مەدەنىيەت پونكىتى بولدى. 2000 - يىلى تەكشۈرۈلگەن مەدەنىيەت تىجارىتى ئورنى 568، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈن - سىن بۇيۇمى ئىجارىگە بەرگۈچى ئورۇن 94، پارچە ساتىدىغىنى 71، سىنئالغۇ قويۇش ئورنى 25، مەتبە كەسپىي بويىچە خەت ئۇرۇش، نۇسخا كۆپەيتىش ئورنى 133، ھۈنەر - سەنئەت، گۈزەل سەنئەت ئورنى 27، ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق زالى 71، كىتاب ئارىيەت بەرگۈچى، پارچە ساتقۇچى ئورۇن 90، تانسا، كاراۋۇك زالى 20، بىلياردخانا 29، باشقا تۈرلەر 8. يېڭىدىن 181 نۇسخا مەدەنىيەت تىجارىتى ئىجازەتنامىسى بېجىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر، مېيىپلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ئېتىبار بېرىش يۈزىسىدىن بېجىرىپ بېرىلگەن مەدەنىيەت تىجارىتى ئىجازەتنامىسى 120 نۇسخا. 2000 - يىلى تىيانشان رايونلۇق مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي خەلق سالاملىقى تەشۋىقاتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن، ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇشتا مۇنەۋۋەر ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 6 ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىنىپ، «ئۈرۈمچى شەھىرىدە جەمئىيەتتە يېزىق قوللىنىشنى قېلىپلاشتۇرغان رايون» بەرپا قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، «ئىتتىپاق» يولى، «غالىبىيەت» يولى، «دېموكراتىيە» يولىغا «ئۈرۈمچى شەھىرىدە جەمئىيەتتە يېزىق قوللىنىشنى قېلىپلاشتۇرغان كوچا» دەپ، تىيانشان رايونىغا «ئۈرۈمچى شەھىرىدە جەمئىيەتتە يېزىق قوللىنىشنى

قېلىپلاشتۇرغان رايون» دەپ نام بېرىلدى. يىل ئاخىرىدا رايون بويىچە دوختۇرخانا 23كە، ئامبۇلاتورىيە 10غا، شىپاخانا 95كە، يەككىلەر، خۇسۇسىيلار ئىلكىدىكى داۋالاش ئورنى 61گە، ھەرخىل كەسپىي سەھىيە خادىمى 910غا، 100 دىن ئارتۇق كارىۋىتى بار دوختۇرخانا (ئاپتونوم رايونلۇق، شەھەرلىك دوختۇرخانىلار بۇنىڭ سىرتىدا) 10 غا يەتتى. يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلار ۋە ھەرخىل ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ تازىلىقىغا نازارەت قىلىشنىڭ قاپلاش نىسبىتى %99كە يەتتى. بىر يىلدا تەكشۈرۈپ تەستىقلانغان يېمەكلىك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 4477 ئائىلە، 1117 كەسىپكارنىڭ، 460 ئائىلىلىك ئاممىۋى سورۇن تىجارەتچىسى ۋە 2571 كەسىپكارنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرىنىڭ ھەممىسى رەتلىنىپ ئارخىپلاشتۇرۇلدى. يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تازىلىقتا قىزىل بايراقدار 5 ئورۇن، شەھەر دەرىجىلىك تازىلىق ئۈلگىسىگە يەتكەن 17 ئورۇن، تىيانشان رايونى دەرىجىلىك تازىلىقتا ئۈلگىگە يەتكەن 47 ئورۇن بەرپا قىلىندى.

### خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا رايون بويىچە ئىشچى - خىزمەتچى 167 مىڭ 300گە، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 10 مىڭ 5. 477 يۈەنگە يەتتى. ئاھالە ئائىلىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمى 7252 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 5644 يۈەنگە يەتتى. ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ئوبيېكتىدىن 21 مىڭ 530 ئادەم (قېتىم) ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئۇلارغا 2 مىليون 355 مىڭ 800 يۈەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى تارقىتىلدى. يىل ئاخىرىدا ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇلازىمەت پونكىتى 20گە، ئائىلە ئىشلىرى مۇلازىمەت ئاپپاراتى 6گە، سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز پونكىتى 7گە، ياشانغانلار تۇرالغۇسى 3كە يەتتى.

بىر يىلدا 47 مىڭ 862 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى 11 يول - كوچا يېڭىدىن ياسالدى ۋە ئۆزگەرتىلدى. 11 مىڭ 571 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى 49 يول تۈزەشتۈرۈلدى. شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن ھەمكارلىشىپ، «خەلق» يولى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزگەرتىلدى، رايونغا قاراشلىق 255 چوڭ - كىچىك كوچىنىڭ 245نگە ئاسفالت ياتقۇزۇلدى، قاقاس تاغنى كۆكەرتىش كۆلىمى 59. 41 گېكتارغا يېتىپ، 65 مىڭ 543 تۈپ كۆچەت تىكىلدى، ئۇلارنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى %95تىن كۆپرەككە يەتتى. يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن ئورمان كۆلىمى 13. 70 گېكتارغا، يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن كۆكۆلەيدان 6. 28 گېكتارغا يەتتى، ئۈزۈمزارلىق، ئايكۆل، گۈلئېرىق قاتارلىق مەنزىرە نۇقتىلىرى دەسلەپكى قەدەمدە قۇرۇلدى. 20 باغچىسىمان ئورۇن بەرپا قىلىندى، كۆكەرتىشتە لاياقەتلىك ئورۇن 5كە يەتتى. 42. 18 كۋادرات كىلومېتىر ئىس - توزان تىزگىنلەنگەن رايون ۋە 5. 13 كۋادرات مېتىر شاۋقۇن تىزگىنلەنگەن رايون مۇستەھكەملەندى. پاكىز يېقىلغۇنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمى %95كە يەتتى. مۇشۇ يىلى خالتىلىق ئەخلەتخانىدىن 118ى يېڭىدىن ياسالدى، ئاساسلىق كوچىلارغا مېۋە شۆپىكى ساندۇقىدىن 301ى سەپلەندى، يۇيۇلىدىغان ھاجەتخانىدىن 3ى يېڭىدىن ياسالدى، 2 - خىلدىكى يۇيۇلىدىغان ھاجەتخانىدىن 2سى ئۆزگەرتىپ ياسالدى.

يۇ شىنخۇا

## سايباغ رايونى

### ئاساسىي ئەھۋالى

سايباغ رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. 2000 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 10، ئاھالە كومىتېتى 71، ئائىلە كومىتېتى 134. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 389 مىڭ 614 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 85 مىڭ 470)، بۇنىڭ ئىچىدە غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 338 مىڭ 923، دائىملىق نوپۇستا تېلىنمىغانلار 31 مىڭ 744؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰94. 9، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰44. 4. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ سايباغ رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋېي يى.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: چېن يۈجۇ (ئايال).

رايون باشلىقى: ئابدۇسالام ئىمىر باقى.

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: لىي كېيۇن.

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى سايباغ رايونىنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 43 مىليون 540 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 17 مىليون 900 مىڭ يۈەن)گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %25. 11 (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى.

يىل ئاخىرىدىكى نەق بار تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2864 گېكتار، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلغۇ كۆلىمى 1603 گېكتار. 679 توننا ئاشلىق، 22 مىڭ 17 توننا كۆكتات ئېلىنىدى. مۇشۇ يىلى 15 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 1552 توننا گۆش، 1290 توننا سۈت، 44 توننا تۇخۇم ئېلىندى. رايون بويىچە 252 سانائەت كارخانىسى بار. يىللىق سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 962 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 1 مىليارد 347 مىليون

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
| --- | --- | --- | --- |
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 49.43 | 8.54 |
| يۈنىلىش ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 0.22 | 3.99 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 16.46 | 4.23 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 32.75 | 10.85 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تونن) | | 679 | —51.95 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 7.8 | 4.49 |
| دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 3719 | 9.9 |
| ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 4021 | 37.19 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | | 35.77 | 3.38 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (100 مىليون يۈەن) | | 1.75 | 4.52 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (100 مىليون يۈەن) | | 1.55 | —4.84 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 2 مىليارد 464 مىليون يۈەن بولدى. يەرلىك مالىيە كىرىمىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى مال باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىنكى ئەمەلىي ئېشىش سۈرئىتىنى كۆرسىتىدۇ.

يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %5.29 ئاشتى. رايون بويىچە مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 511 مىليون يۈەن بولۇپ، %4.82 ئازايدى. بىر يىلدا 294 مىليون 630 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 276 مىڭ 600 توننا كۆمۈر، 1 مىليون 293 مىڭ 600 توننا سېمونت، 13 مىڭ 472 كىچىك تراكتور ئىشلەپچىقىرىلدى، 134 مىليون 830 مىڭ توننا تۇرمۇش سۈيى بىلەن تەمىنلەندى. 74 بىناكارلىق كارخانىسى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 58 مىليون يۈەنگە، بىناكارلىق قوشۇلما قىممىتى 588 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئىش باشلانغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 560 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ 716 مىڭ 300 كۋادرات مېتىرى پۈتتى. بىر يىلدا توشۇلغان يولۇچى 4 مىليون 370 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 815 مىليون 540 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، توشۇلغان يۈك 3 مىليون 450 مىڭ تونناغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 276 مىليون 90 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. ئېكسپورت سودا سوممىسى 32 مىليون 490 مىڭ دوللارغا، ئىمپورت سودا سوممىسى 7 مىليون 720 مىڭ دوللارغا يەتتى. بىر يىلدا خەلقئارا ساياھەتچىدىن 20 مىڭ 720 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 12 مىليون 850 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

2000 - يىلى رايون بويىچە چوڭ، كىچىك بازار 77گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كەسىپلەشكەن بازار 20. يىل ئاخىرىدا شەھەر - يېزىلاردىكى خۇسۇسىي كارخانا 281 گە يېتىپ، 21ى يېڭىدىن كۆپەيدى، مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەككە سودا - سانائەت ئائىلىسى 15 مىڭ 963كە يېتىپ، 2706سى كۆپەيدى، ئۇلارنىڭ رويخەتكە ئالدۇرغان مەبلىغى 268 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

رايون بويىچە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا

ۋەزىپىسى بار خادىم 22 (بۇنىڭ ئىچىدە مائارىپ تارمىقىدىكىسى 16)، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 610 (بۇنىڭ ئىچىدە مائارىپ تارمىقىدىكىسى 545). 2000 - يىلى پەن - تېخنىكا 3 خىل خىراجىتىگە 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىندى. پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا 110 مىڭ يۈەن، پەن - تېخنىكا كەسپىي خىراجىتى ئۈچۈن 230 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىندى. رايون بويىچە 6 مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا ئاساسىي قاتلام پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى قۇرۇلدى، 10 مەھەللە ئىش باشقارمىسىغا پەن -تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىر قويۇلدى. مۇھىت ئاسراش، ئېنېرگىيە تېجەشكە ئائىت 3 تۈرلۈك يېڭى تېخنىكا مەھسۇلاتى يارىتىلىپ، كېڭەيتىلدى، ئۇلار: يەڭگىل توساق تام تاختىيى، ئاۋاز دولقۇنى ئارقىلىق كۆل - توزان تازىلىغۇچ، ئاۋاز بىلەن ئىزگىنلىنىدىغان ئېلېكترونلۇق قۇلۇپتىن ئىبارەت. سايباغ رايونى 2000 - يىلى مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكىدا ئىلغار رايونلارنى قايتا تەكشۈرۈشتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى. رايون بويىچە مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 5، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 9، ئوقۇغۇچىسى 2943، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1101، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 374؛ 8 مەكتەپتە كومپيۇتېر دەرسخانىسى بار بولۇپ، ئۇلارغا 258 كومپيۇتېر سەپلەپ بېرىلدى. مۇكەممەل باشلانغۇچ مەكتەپ 35 (مىللىي تىلدىكى مەكتەپ 5)، ئوقۇتۇش نۇقتىسى 35، ئوقۇغۇچىسى 27 مىڭ 740، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1468؛ 16 مەكتەپتە كومپيۇتېر دەرسخانىسى بار بولۇپ، ئۇلارغا 589 كومپيۇتېر سەپلەپ بېرىلدى. بالىلار باغچىسى 37، باغچىدىكى بالا 12 مىڭ 236، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 917. 2000 - يىلى ھۆكۈمەت مائارىپقا سالغان مالىيە مەبلىغى 51 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، مالىيە چىقىمىنىڭ %32نى ئىگىلىدى. مەدەنىيەت خىزمىتىگە 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 50 قېتىم تۈرلۈك مەدەنىيەت پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈپ، 760 نومۇر ئورۇندالدى، ئورۇنداشقا 5000 نەچچە سەنئەتچى قاتناشتى. مۇشۇ يىل ئىچىدە بالىلار ئەلنەغمىسى، ئېنگلىز تىلى، ئۇسسۇل، مىللىي مۇزىكا قاتارلىق مەزمۇنلاردا 6 قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى. 2 - نۆۋەتلىك مەھەللە تەنھەرىكەت يىغىنى ۋە 13 قېتىم تۈرلۈك مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلدى، قاتناشقانلار 10 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. تۇنجى قېتىم مۇستەقىل كوماندا تەشكىللەپ، ئاپتونوم رايونلۇق چېلىشىش، رۇداۋچە چېلىشىش مۇسابىقىلىرىگە قاتناشتۇرۇپ، 5 ئالتۇن مېدال، بىر كۈمۈش مېدال، 4 مىس مېدال ئېلىندى. «دۆلەتنىڭ تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يېتىش خىزمىتى پائال ئىلگىرى سۈرۈلدى، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە تەنتەربىيىدە ئۆلچەمگە يەتكەنلەر سانى 45 مىڭ 498 گە، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %88.8كە يەتتى. بىر يىلدا سەھىيە خىزمىتىگە 6 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 0 ياشتىن 7 ياشقىچە بولغان بالىلارغا پىلانلىق ئىممۇنىتېت كارتىسى تۇرغۇزۇش نىسبىتى %98كە، «تۆت ۋاكسىنا» (كالمېت - گۇېرىن ۋاكسىنىسى، بوغما، كۆكيۆتەل، قاتما) سېلىشنىڭ قاپلاش نىسبىتى %95تىن كۆپرەككە يەتتى.

## خەلق تۇرمۇشى

رايون بويىچە يىل ئاخىرىدىكى جەمئىيەتتىكى كەسپكار 124 مىڭ 400، بۇنىڭ ئىچىدە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 123 مىڭ 800 بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 9698 يۈەن. ئائىلىلەرنىڭ ئىلكىدىكى يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 7257 يۈەنگە، يىللىق ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 5644 يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا تەكشۈرۈپ تەستىقلانغان ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ئوبيېكتى 13 مىڭ 200 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، ئۇلارغا 1 مىليون 10 مىڭ يۈەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى بېرىلدى. شەھەر قۇرۇلۇشىغا 15 مىليون 730 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بىر يىلدا كۆلىمى 31 مىڭ 677 كۋادرات مېتىرلىق 5 يول يېڭىدىن ياسالدى ۋە ئۆزگەرتىپ ياسالدى، 26 مىڭ 736 كۋادرات مېتىرلىق يول يۈزى تۈزەشتۇرۇلۇپ ئاسرالدى. 95.53 گېكتار يەر يېڭىدىن كۆكەرتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يامالىق ئىچىدا يېڭىدىن كۆكەرتىلگەن يەر كۆلىمى 67.87 گېكتار. چيەنتاڭجياڭ يولى قاتارلىق 10 ئاساسىي يول بۆلىكى گۈزەللەشتۈرۈلدى. يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن باغچىسىمان ئورۇن 12، كۆكەرتىشتە لاياقەتلىك ئورۇن 18. رايون بويىچە پاكىزە ئېنېرگىيە ئىشلىتىش نىسبىتى %98كە، چاڭ - توزان ۋە شاۋقۇننى ئىزگىنلەشتە ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %100كە يەتتى. كۆمۈر قالايدىغان 202 پار قازىنى پېچەتلەندى. 45 پار قازىنى يېڭىلاندى ۋە ئۆزگەرتىلدى. كۆلىمى بىر قەدەر زور بولغان 324 يېمەك - ئىچمەك كەسپى ئۈچۈن مۇھىتقا بولغان تەسىرىنى باھالاش رەسمىيىتى بېجىرىلدى. 278 ئاساسىي قۇرۇلۇش ئىش ئورنىنىڭ شاۋقۇن بىلەن بۇلغاش ئەھۋالى كۆزىتىپ ئۆلچەندى. 2000 - يىل 3 - ئايدا دۆلەت مۇھىت ئاسراش باش ئىدارىسى سايباغ رايونىغا دۆلەت دەرىجىلىك ئېكولوگىيىدە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى دەپ نام بەردى. شۇ يىلى مۇھىت ئاسراش خىزمىتىگە 6 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يامالىق ئىچىنى كۆكەرتىش ۋە يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتى نۇقتىلىق قانات يايدۇرۇلدى، يىل ئاخىرىغىچە 250 مىڭ كۇب مېتىر توپا - تاش قېزىپ

توشۇلدى. 1 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، خالتىلىق ئەخلەتخانىدىن 70ى، يۇيۇلىدىغان ھاجەتخانىدىن 5ى سېلىندى.

ئىزاھ: ساناۋەت ئىقتىسادىي ئۇنۇم كۆرسەتكۈچىنى ستاتىستىكىلاشتا يۈتۈنلەي مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان دۆلەت ساناۋىتى بىلەن يىللىق سېتىش كىرىمى 5 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان غەيرىي دۆلەت ساناۋىتى ئۆلچەم قىلىندى.

## كۆچمە نوپۇس پەرزەنتلىرى مائارىپى

يامالىق تېغى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى كۆچمە نوپۇسلار بىر قەدەر مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. كۆچمە نوپۇس سانى تەخمىنەن 26 مىڭغا يېتىدۇ. كۆچمە نوپۇس پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، سايباغ رايونى 1994 ـ، 1996 ـ يىللىرى يېڭىدىن خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە 2 مەكتەپ — 56 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن «قار لەيلىسى» باشلانغۇچ مەكتىپىنى قۇردى.

2000 ـ يىلغا كەلگەندە، 56 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 12 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، كۆلىمى 3000 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 4 قەۋەتلىك ئوقۇتۇش بىناسى سېلىندى. 56 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتە ھازىر 28 سىنىپ (مىللىي سىنىپ 6، خەنزۇ سىنىپ 22)، 1332 ئوقۇغۇچى، 82 ئوقۇتقۇچى بار. «قار لەيلىسى» باشلانغۇچ مەكتىپى ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 17 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 1999 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئوقۇتۇش بىناسى قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2679 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 2000 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى پۈتتى. «قار لەيلىسى» باشلانغۇچ مەكتىپىدە ھازىر 19 سىنىپ، 745 ئوقۇغۇچى، 58 ئوقۇتقۇچى بار. 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى «قار لەيلىسى» باشلانغۇچ مەكتىپى پۈتتۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. ھازىر بۇ 2 مەكتەپتە كومپيۇتېرخانا، تەجرىبىخانا، فونېتىكا دەرسخانىسى، بەدەن دەرسخانىسى، گۈزەل سەنئەت دەرسخانىسى، ئەمگەك بازىسى قاتارلىقلار بار.

رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى يەنە قىيىنچىلىقى بار كۆچمە نوپۇس پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇش پۇلىنى ئازايتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىشنى قارار قىلىپ، 2 مەكتەپتىكى 1208 ئوقۇغۇچىنىڭ 810 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك رايون ئاتلاپ ئوقۇش پۇلى ۋە ئوقۇش بەدەل پۇلىنى ئازايتتى ۋە كەچۈرۈم قىلىۋەتتى. يەنە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا دەرسلىك كىتاب تەقدىم قىلدى، پۇل، كىيىم ـ كېچەك ئىئانە قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇراقلىشىش نىسبىتى %100كە يەتتى. ب د ت مائارىپ ـ پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى كۆچمە ئاھالە مۇتەخەسسىسى روبېن، جۇڭگو ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋۇ بېيچيۇ قاتارلىقلار بۇ 2 مەكتەپنى تەكشۈردى، ئۇلار بۇ 2 مەكتەپنى مەملىكەت بويىچە كۆچمە نوپۇس پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەمەلىي ئۈلگە تىكلەپ بەرگەن، كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشكەن دەپ ماختىدى. مەملىكەت بويىچە 17 ئۆلكە، شەھەرنىڭ مائارىپقا مەسئۇل رەھبەرلىرى بۇ 2 مەكتەپنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

لۈيۈگۇاڭ

# تۇدۇڭخابا رايونى

## ئاساسىي ئەھۋالى

تۇدۇڭخابا رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ شەھەر مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى 26 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 ـ يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 4، ئاھالە كومىتېتى 39، ئائىلە تاۋابىئاتى خىزمەت كومىتېتى 8. يىل ئاخىرىدىكى دائىملىق نوپۇس 108 مىڭ 968، كۆچمە نوپۇس 12 مىڭ 56، ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدىكى غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 81 مىڭ 627، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 30 مىڭ 619؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰8.56، ئۆلۈش نىسبىتى ‰0.66، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.9. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تۇدۇڭخابا رايونلۇق 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شاڭ بېيەنجياڭ.

12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: سۇلۇچياڭ.

رايون باشلىقى: لۇ خەيلياڭ.

سىياسىي كېڭەش 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدۇراخمان قادىر.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 ـ يىلى تۇدۇڭخابا رايونىنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 181 مىليون يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 132 مىليون يۈەن) گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقنىڭ 137 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 6 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 38 مىليون يۈەن. بىر يىلدا 17 مىڭ 787 توننا ئاشلىق (بۇغداي 14 مىڭ 2 توننا)، 4300 توننا مېۋە ـ چېۋە، 2582 توننا گۆش، 3948 توننا سۈت ئېلىندى. دېھقانچىلىققا 17 مىليون

### خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 22.64 | 8.56 |
| يۇناك ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 0.81 | 4.17 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 13.59 | 8.48 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 8.24 | 9.28 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 17787 | —30.43 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 3.64 | 20.53 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چوشقا (تۈمەن تۇياق) | | 1.23 | 6.03 |
| رايون - مەھەللە كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 4.29 | 64.85 |
| دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 2.22 | 13.85 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | | 4.13 | 9.25 |
| شەھەر - يېزا ئاھالىسىنىڭ ئامانەت پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | | 11.5 | 7.58 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 5445 | 33.72 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 4556 | 35.72 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 1 مىليارد 204 مىليون يۈەن بولدى. رايون مەھەللە كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى، يەرلىك مالىيە كىرىمى، يەرلىك مالىيە چىقىمىدىن ئىبارەت 3 تۈردىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى رايون تەۋەسىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلارنىڭكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

80 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 3031 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇتقا سۇندۇرۇلدى) ئىشلىتىلدى.

رايون بويىچە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 95 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 2 مىليارد 682 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 28.14% ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 32 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 9.49% ئاشتى. 1 مىليون 94 مىڭ 900 توننا پولات، 1 مىليون 189 مىڭ توننا پولات ماتېرىيال، 490 مىڭ توننا سېمونت، 125 مىڭ 900 ساندۇق تاختا ئەينەك، 785 توننا سۇ يېغى، 4324 توننا سىلىقلاش مېيى ئىشلەپچىقىرىلدى. مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 102.7%كە يېتىپ، 6.7 پىرسەنت پوئىنتى ئۆرلىدى. بىناكارلىقنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 273 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 4.94% ئاشتى. بىناكارلىقنىڭ قوشۇلما قىممىتى 314 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 4.41% ئاشتى. تۇراقلىق مۈلۈككە 305 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 116 مىليون 10 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 158 مىليون 960 مىڭ يۈەن، باشقىلارغا سېلىنغىنى 30 مىليون 30 مىڭ يۈەن. شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 194 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، سىم ماتېرىيالنى ئورۇن يۆتكەپ تېز سۈرئەتتە ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ باردى، بۇ مەبلەغنىڭ 66 مىليون يۈەنى ئورۇنلاندى، يىلىغا 340 مىڭ توننا سىم ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى كۆپەيتىلدى. شۇ يىلى تاشيولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 167 مىليون 60 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 12 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يەتتى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ قالدۇقى 2 مىليارد 76 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 16.3% ئاشتى؛ ھەر خىل قەرز پۇلنىڭ قالدۇقى 2 مىليارد 76 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 16.3% ئاشتى؛ ھەرخىل قەرز پۇلنىڭ قالدۇقى 2 مىليارد 317 مىليون يۈەن بولۇپ، 41.6% تۆۋەنلىدى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

رايون بويىچە 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى پەن - تېخنىكا پائالىيىتى ئاپپاراتى 5، كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3780. 9 - ئايدا ئۇدۇنخابا رايونىغا پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا خىزمىتىدىكى ئىلغار رايون دەپ نام بېرىلدى. شۇ يىلى رايون بويىچە ئاپتونوم رايوننىڭ 1 - دەرىجىلىك ئارخىپ ئۆلچىمىگە ئۆستۈرۈلگەن ئورۇن بىر، 2 - دەرىجىلىك ئارخىپ ئۆلچىمىگە يەتكەن ئورۇن بىر. رايون بويىچە مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 4، باشلانغۇچ مەكتەپ 10، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1186 (مىللىي 552)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 4299 (مىللىي 892)، بالىلارنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %100. رايون بويىچە تېلېۋىزىيە ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى 7، رايونغا قاراشلىق مەدەنىيەت يۇرتى بىر، مەدەنىيەت پونكىتى 4. رايون بويىچە سەھىيە، تىببىي داۋالاش ئاپپاراتى 45، كارىۋات 748 (دوختۇرخانىلاردىكىسى 527)، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 1071 (بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 493، مەسئۇل سېستىرا، سېستىرا 390). رايون بويىچە 3 دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن رايوندىكى ئورۇنلار ئومۇمىي سانىنىڭ %85نى ئىگىلەيدۇ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن 35، شەھەر دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن 26، رايون (ناھىيە) دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن 27، شۇ يىلى ئۇدۇنخابا رايونىغا ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئىلغار مەدەنىي شەھەر رايونى، دەپ نام بېرىلدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 210 يۈەنگە يەتتى. 2961 كىشى ئەمگەك ئىشلىرى بازىرى ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتى (مۇشۇ شەھەرلىكلەر 1101). 1812 ئادەم (قېتىم) 230 مىڭ يۈەنلىك شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى پۇلىدىن بەھرىمەن بولدى. شۇ يىلى سۇغۇرتا سىستېمىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 33 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %6.7 ئاشتى.

## خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش

2000 - يىلى 870 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، رايوندا تۇرۇشلۇق بىر قىسىم مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتى ياخشىلاندى. 26 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ (بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەتنىڭ سالغىنى 4 مىليون 110 مىڭ يۈەن) 39 مىڭ 700 كۋادرات مېتىرلىق يول ئۆزگەرتىپ ياسالدى ۋە رېمونت قىلىندى، يېڭىدىن خالتىلىق ئەخلەت پونكىتىدىن 10ى قۇرۇلدى ۋە يول چىرىغى، پىيادىلەر يولى، يېپىق ئەخلەت ساندۇقى، ئاممىۋى ھاجەتخانىلارنىڭ قوشۇمچە مۇئەسسەسلىرى كۆپەيتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 18 مىليون يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سېلىنىپ، ئۈرۈمچى غەربىي ۋوگزال رايونىدىكى يۆندىنى بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلۈپ، دۆلەتنىڭ 1 - دەرىجىلىك بىر تەرەپ قىلىش ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈلدى. 39 ئاھالە كومىتېتىغا مۇنەۋۋەر ياش كادىرلار سەپلەپ بېرىلدى. شەھەر ئەتراپى تېپىدىكى باغچىسىمان مەنزىرىلىك ئورمانلىق — پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش بېغىدىكى 20 گېكتار ئۈزۈمزارلىق ۋە 6670 كۋادرات مېتىرلىق مىللىي ئۆرپ - ئادەت باغچىسى ئاساسەن پۈتكۈزۈلدى، يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن باغچىسىمان كۆكلەمەيدان كۆلىمى 56 گېكتار، باغچىسىمان ئورۇن 5، كۆكەرتىشتە لاياقەتلىك بولغان ئورۇن 2؛ 58 يېتىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

## سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش

2000 - يىلى رايون بويىچە كىرگۈزۈلگەن سانائەت ھەمدە پىششىقلاش سانائىتى تۈرى 25 بولۇپ، كېلىشىمدىكى مەبلەغ سېلىش ئومۇمىي سوممىسى 555 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 240 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، يىلىغا 400 مىڭ توننا يۇقىرى سۈرئەتلىك سىم ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىش تۈرى قۇرۇلۇشقا باشلاندى؛ 92 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، يىلىغا 24 مىڭ توننا شوخلا پىششىقلاش تۈرى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ 40 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئاز ئۇچرايدىغان مېتال ياسالمىلار تۈرى، سىلىقلاش مېيى ئىشلەپچىقىرىش تۈرى ۋە ئاليۇمىن قېتىشمىسى، ئاليۇمىن تېپلىق ماتېرىيال قاتارلىق ئوتتۇرا، كىچىك تۈرلەر مۇۋەپپەقىيەتلىك كىرگۈزۈلدى.

جياڭ جۈنبىڭ

# شىمىگو رايونى

## ئاساسىي ئەھۋالى

شىمىگو رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. 2000 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 6، ئاھالە كومىتېتى 23، ئائىلە تاۋابىئاتلار كومىتېتى 38. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 130 مىڭ 628 (ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 28 مىڭ 883)، دائىملىق نوپۇس 122 مىڭ 788؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰9.45، ئۆلۈش نىسبىتى ‰4.6، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰4.85. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى

پىرىم قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

شىمكو رايونىنىڭ تەبىئىي بايلىقى مول بولۇپ، كۆمۈر، ئوتقا چىدامىلىق توپا، مايلىق سلانېتس قاتارلىق قېزىلما بايلىقلىرى بار. شىمكو دەرياسىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 40 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. شىمكو رايونىدا ساياھەت مەنزىرە نۇقتىسى كۆپ، بۇنىڭ ئىچىدە قار لەيلىسى تېغىدىكى گولف توپ مەيدانى نۆۋەتتە غەربىي شىمال رايونىدىكى بىردىنبىر گولف توپ مەيدانى بولۇپ، 2000 - يىل 6 - ئايدا 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلۈپ، سىناق تەرىقىسىدە ئىشلىتىلىشكە باشلىدى ھەمدە 2000 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 10 ياخشى ساياھەت مەنزىرە نۇقتىسىنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى. كۆپ يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق، شىمكودىكى مەنزىرە رايونىنىڭ كۆلىمى 7 كۋادرات كىلومېتىردىن كېڭىيىپ 20 كۋادرات كىلومېتىردىن كۆپرەككە يەتتى. مەنزىرە رايونىنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشىمۇ كۈنسايىن مۇكەممەللەشتى.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ شىمكو رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: گاۋ شاڭجېڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: لى رۇڭزۇڭ

رايون باشلىقى: ۋاڭ گۈيلىن

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: شاۋ مىڭ (ئايال).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى رايون بويىچە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 580 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 1 مىليارد 100 مىليون يۈەن) بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن %6.5 تۆۋەنلەپ كەتتى. رايونغا قاراشلىق ئىقتىسادنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت قىممىتى 416 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %23.96 ئاشتى. قوشۇلما قىممەت 103 مىليون 819 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، %20.52 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 79 مىليون 420 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، %14.72 ئاشتى؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 24 مىليون 398 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، %44.26 ئاشتى. بىر يىلدا 1 مىليارد 130 مىليون 710 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 310 مىڭ توننا كۆمۈر، 40 مىڭ 874 توننا پاختا يىپ، 65 مىليون 390 مىڭ مېتىر رەخت، 6720 توننا سىر، 2 مىليون 630 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى ئىشلەپچىقىرىلدى. رايون بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 641 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %48.96 ئاشتى. بىر يىللىق سودا - سانائەت باج كىرىمى 75 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %12.25 ئاشتى. «قىزىلتاغ» ماشىنىسازلىق زاۋۇتى قاتارلىق رايونغا قاراشلىق 10 كارخانىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتى تاماملاندى، رايون بويىچە كارخانىلارنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش دائىرىسى %84كە يەتتى. شىنجاڭ شەرق شامىلى يۈرۈشلەشكەن ماشىنىسازلىق ئۈسكۈنىلىرى باش شىركىتى سابىق ئېلېكتر كابېل زاۋۇتىنىڭ پۈتكۈل مۇئەسسەسەلىرىنى سېتىۋېلىپ، مال - مۈلۈكنى يېڭىۋاشتىن تەشكىللەشنى ئىشقا ئاشۇردى. «خۇالىڭ» خەلقئارا سودا شەھەرچىسى قۇرۇلۇشىدا شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئالدىنقى قاتارلىق خىزمەتلەر يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى؛ يېكەنكۆلدىكى فارفور بۇيۇملار بازىرى «سۇجۇ» يولىدىكى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى توپ سېتىش بازىرى پۈتۈپ تىجارەت باشلىدى؛ يېڭىدىن قۇرۇلغان «خۇالىڭ» خەلقئارا ئاپتوموبىل شەھەرچىسى، چاڭئەن ئاپتوموبىل سېتىش شىركىتى، ئۈرۈمچى ئاپتوموبىل سېتىش مەركىزىدە تىجارەت باشلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە «خۇالىڭ» ئاپتوموبىل شەھەرچىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ چوڭ خەلقئارا ئاپتوموبىل سودا بازىرى بولۇپ قالدى. «خۇالىڭ» گۇرۇھى 2000 - يىللىق جۇڭگو غەربىي رايون خەلقئارا بىناكارلىق - بېزەكچىلىك يەرمەنكىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزدى. پۈتۈشۈش سوممىسى 4 مىليارد 326 مىليون يۈەنگە يەتتى. 2000 - يىللىق ئىچكى ساياھەت يەرمەنكىسى، ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى ۋە شىشەن مەبلەغ سېلىش - سودا يەرمەنكىلىرىدە شىمكو رايونى 3 تۈرلۈك ساياھەت ھەمكارلىقى توختامى، 17 تۈرلۈك ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق توختامى ئىمزالاپ، 340 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى. تۈرلەردە توختامغا ئەمەل قىلىش نىسبىتى %95كە يەتتى. 26 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ مەھەللە مۇلازىمەت بىناسى پۈتتى. بىر يىلدا رايون بويىچە سودا بازىرى 12گە، يەككە سودا - سانائەتچى ئائىلە 5140 (يېڭىدىن كۆپەيگىنى 236) قا يەتتى، كەسپكارى 9662 (يېڭىدىن كۆپەيگىنى 1662) گە يەتتى؛ خۇسۇسىي كارخانا 235 (مۇستەقىل مەبلەغ سېلىنغان كارخانىلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، يېڭىدىن كۆپەيگىنى 41). بازارلاردا پۈتۈشۈلگەن سودا سوممىسى 2 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يەتتى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ھۆكۈمەت شىمكو رايونىغا «يەككە - خۇسۇسىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئىلغار رايون» دېگەن نام بەردى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 9 مىليون 54 مىڭ يۈەنگە، كەسپىي تىجارەت كىرىمى 3 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1999 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 12.76 | 11.2 |
| 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 6.14 | 13.93 |
| 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 6.62 | 8.67 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | 19 | 12 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 8830 | 23.68 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 8596 | 20.39 |

ئىزاھ: يۇقىرىدىكى تۈرلۈك سانلار ئىچىدە يەرلىك مالىيە كىرىمى ۋە چىقىمىدىن باشقىلىرى بىردەك رايونغا تەۋە سانلار. ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 556 مىليون يۈەن.

پروگراممىلىق تېلېفوندىن 13 مىڭ 212 سى كۆپەيدى، ھەر 100 كىشىگە 33 تىن تېلېفون توغرا كەلدى. شىمگو مەتبەرە رايونى 1 مىليون 233 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

2000 ـ يىلى رايون بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 159 (پېنسىيىگە چىققانلار بۇنىڭ سىرتىدا)، بۇنىڭ ئىچىدە، كاندىدات ئالىي دەرىجىلىكى 7. بىر يىلدا ئىلىم ـ پەن ئىشلىرى ئۈچۈن 180 مىڭ يۈەن، 3 خىل پەن ـ تېخنىكا خىراجىتى ئۈچۈن 1 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى سۇلياۋ ـ پولات ئىشىك ـ دېرىزە، H تىپلىق پولات، يېپىشقاق كوللوئىد قاتارلىق مەھسۇلات تۈرلىرى نۇقتىلىق بەرپا قىلىندى. شىمگو رايونى «پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار رايون» دېگەن نامغا ئېرىشتى. رايون بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ 11 (رايونغا قاراشلىقى 2)، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 844 (مىللىي 454)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 2839 (مىللىي 1109)، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 92 (مىللىي 37)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 265 (مىللىي 101)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 9 (رايونغا قاراشلىقى 5)، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 570 (مىللىي 2425)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 662 (مىللىي 177)؛ بالىلار باغچىسى 21 (رايونغا قاراشلىقى بىر)، باغچىدىكى بالا 2936 (تەييارلىق سىنىپ بالىلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 335 (مىللىي 52). بىر يىلدا مائارىپ كەسپىي خىراجىتى ئۈچۈن 8 مىليون 270 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىندى. مۇشۇ يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 50 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ يۇتۇپ، شىمگو رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇلدى. رادىئو ـ تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە يەتتى. رايون بويىچە 107 تىببىي داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 6 (بىر ساناتورىيىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 1111 كارىۋات بار؛ كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 1657. شۇ يىلى 680 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، بىر مەھەللە تەنتەربىيە پائالىيىتى مەركىزى قۇرۇلدى، يېڭىدىن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك بىر مەدەنىيەت پونكىتى قۇرۇلدى. بىر يىلدا 46 قېتىم ھەرخىل مەدەنىيەت پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. رايون بويىچە %70تىن يۇقىرى مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا مەھەللە مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇلدى، 6 مەھەللە مۇلازىمەت تور ـ نۇقتىسى كۆپەيتىلدى. «يېڭى دېموكراتىيە» يولى مەھەللە مېيىپلار مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇلدى. رايون بويىچە مەدەنىيەت بازارلىرىنى پاكلاشتۇرۇش نىسبىتى %90تىن يۇقىرى بولدى. ئوقۇغۇچىلاردىن تەنتەربىيە ئۆلچىمىگە يەتكەنلەر 13 مىڭ 733 بولۇپ، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %95 بولدى. 2000 ـ يىلى شىمگو رايونى ئۈرۈمچى شەھىرى دەرىجىلىك «ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنىلىك رايون (ناھىيە)» دېگەن نامغا ئېرىشتى ھەمدە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 ـ يىلى رايون بويىچە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ

يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9534 يۈەنگە يەتتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 12 مىليون يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 10 مىليون 970 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى؛ مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىغا 5 مىليون 20 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتا بويىچە 2 مىليون 40 مىڭ 200 يۈەن تۆلەم تۆلەندى. بىر يىلدا 1592 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 586 نامرات ئائىلىگە 1 مىليون 260 مىڭ يۈەن ئەلڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. غەربىي «قىزىلتاغ» يولىدىكى غول لىنىيىنىڭ 1000 مېتىرى پۈتتى، غەربىي «بەشيۈلتۈز» يولىدىكى ئاپتوموبىل كوچىسى قاتارلىق 29 مىڭ 963 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى 9 كوچا يولى يېڭىدىن ياسالدى ۋە ئۆزگەرتىپ ياسالدى. سۇ مۇنارى تېغى باغچىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى 2000 كۋادرات مېتىرلىق يول يۈزى ئۆزگەرتىپ ياسالدى. 6417 مېتىرلىق كۆكەرتىشكە ئىشلىتىلىدىغان سۇ تورۇبا لىنىيىسى يېڭىدىن ياسالدى، 30 دىن ئارتۇق كوچا چىرىغى ئورنىتىلدى، يۇيۇلىدىغان 2 ئاممىۋى ھاجەتخانا يېڭىدىن سېلىندى، خالتىلىق ئەخلەت ئۇقتىسىدىن 30ى قۇرۇلدى، داتلاشماس پولاتتىن ياسالغان مېۋە شۆپىكى ساندۇقىدىن 70ى قويۇلدى. جامائەت پاراۋانلىقى چىراغلىق ئېلان تاختىسىدىن 80 نەچچىسى كۆپەيتىلدى. غەربىي ئارشاڭ يولىدىكى «تۆتتە ئەلا» ئۈلگە كوچىسى پۈتكۈزۈلدى. يېڭەنكۆل يولى، شەرقىي قاراماي يولى قاتارلىق كىچىك رايونلاردا 1.33 گېكتار يەر كۆكەرتىلدى. بىر يىلدا 63.07 گېكتار قاقاس تاغ كۆكەرتىلدى، 21.8 گېكتار ھويلا - ئارام كۆكەرتىلدى، 64 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، تۇتۇش ئۈنۈمى %90تىن يۇقىرى بولدى. يېڭىدىن كۆپەيگەن باغچىمان ئورۇن 6، كۆكەرتىشتە لاياقەتلىك بولغان ئورۇن 10، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى شىمگو رايونىغا «شەھەرنى باغۇارانلاشتۇرۇش - كۆكەرتىشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ نام بەردى. كۆمۈر قالىنىدىغان نورمال بېسىملىق قايناقسۇ پارقازىنىدىن 52 سى يېپەتلىنىپ چۇۋۇۋېتىلدى. ئىچىملىك مۇلازىمىتى قازىنىدىن 396 سى ئۆزگەرتىلدى، پاكىزە ئېنېرگىيە ئىشلىتىش نىسبىتى %90.6كە يەتتى؛ بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ئىش ئورنىنىڭ پاكىزە ئېنېرگىيە ئىشلىتىش نىسبىتى %98.4كە يەتتى. ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايون كۆلىمى 12.84 كۋادرات كىلومېتىرغا، شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايون كۆلىمى 10.14 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى. ھەممە ئۇدا 3 يىل شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشىدىن ئۆتتى. بىر يىلدا 7 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، شىنجاڭ قار فور زاۋۇتىنى شىمگو مەنزىرىلىك رايونىدىن كۆچۈرۈش ئىشى ئورۇندالدى. 182 مىليون يۈەن مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈلۈپ، شىمگو رايونلۇق كۆنىگە 100 مىڭ كۇب مېتىر يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش قۇرۇلۇشى — خۇڭجياۋ يۇندا بىر تەرەپ قىلىش پونكىتى قۇرۇلۇشىدا رەسمىي ئىش باشلاندى.

★ 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەت شىمگو مەنزىرە رايونىغا شەھەر دەرىجىلىك مەشھۇر مەنزىرە رايونى دەپ نام بەردى.

جۇ جىڭ

# يېڭىشەھەر رايونى

## ئاساسىي ئەھۋالى

يېڭىشەھەر رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. 2000 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 7 (يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونى بىلەن ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى بىرىنىڭ سىرتىدا)، يېزا 2 (3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ ئەرگۈڭ يېزىسى بىلەن دۇۋيۈ يېزىسىنى يېڭىشەھەر رايونى ۋاكالىتەن باشقۇرىدىغان بولدى)، ئاھالە (ئائىلە) كومىتېتى 93. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 316 مىڭ 419 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 64 مىڭ 265)، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 286 مىڭ 458؛ خەنزۇلارنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰8.77، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰5.97؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰9.81، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.93 بولدى. تېرىلغۇ يەر 1890 گېكتار بولۇپ، ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 580 گېكتار. ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 550 گېكتار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ يېڭىشەھەر رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ خۇڭ.

10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: جاۋ شىنجى (ئايال).

رايون باشلىقى: ۋاڭ فېڭلىن (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدۇرازاق.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى يېڭىشەھەر رايونىنىڭ دېھقانچىلىق،

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 407645.74 | 8.73 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 774 | 155.19 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 247715.79 | 23.9 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 159155.95 | 11.06 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تونىنا) | | 2868 | —60.71 |
| دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 4298 | 16.45 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 7586 | 10 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | | 19.72 | 4.81 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 11287 | 20.45 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 9989 | 12.58 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 21 تىرىللىئون 691 مىليارد 78 مىليون يۈەن.

ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 19 مىليون 874 مىڭ 300 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %17. 65 ئاشتى. 2868 تونىنا ئاشلىق، 262 تونىنا ياغلىق دان، 6937 تونىنا قىزىلچا، 375 تونىنا كۆكتات، 337 تونىنا گۆش، 35 تونىنا سۈت ئېلىنىدى. بىر يىلدا 154.4 تونىنا (ساپ ئوغۇتقا سۇندۇرۇلدى) خىمىيىۋى ئوغۇت، 18. 7 تونىنا سۇلياۋ يوپۇق ئىشلىتىلدى، دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك سۇغىرىلىش كۆلىمى 1250 گېكتارغا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 917 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %82. 23 ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 422 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8. 37 ئاشتى. بىر يىلدا 2516 تونىنا پاختا يىپ، 260 مىڭ يەشىك سەرەڭگە، 183 تونىنا خىمىيىۋى تېببىي دورا، 5273 تونىنا خىمىيىۋى تالا، 7248 تونىنا سۇلياۋ ياسالما، 87 مىڭ 896 يەشىك تاختا ئەينەك، 24 مىڭ 531 تونىنا ئالىيۇمىن، 5619 دانە يىغىم ماشىنىسى، 1241 ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىلدى، 343 ئاپتوموبىل ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلدى. شۇ يىلى جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 350 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپكە سېلىنغىنى 2 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپكە سېلىنغىنى 223 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپكە سېلىنغىنى 1 مىليارد 125 مىليون يۈەن. پۈتكەن ئاساسلىق تۈرلەر مۇنۇلار: 83 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئاپتوموبىل، ماشىنا - ئېلېكترون شەھەرچىسى، 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان «جياڭلىڭ» ئاپتوموبىل سېتىش مەركىزى، 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان «چىڭلىڭ» ئاپتوموبىل سېتىش مەركىزى، 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان يېڭى تېپتىكى گەج زاۋۇتى، 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان يادرو سانائىتى ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش پونكىتى، 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان 1 - ئاپتوموبىل زاۋۇتى ئاممىۋى ئاسراش - رېمونت قىلىش مەركىزى، 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان يۇقىرى يەن - تېخنىكىلىق يەڭگىل پولات قۇرۇلمىلىق ماتېرىيال، 26 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان يەم - خەشەك پىششىقلاش تۈرى، 15 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان «يۈەنتەي» ئالىيۇمىنچىلىقى، 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان كەچكى قۇياش «فۇكاڭلى» شىركىتى. قۇرۇلۇۋاتقان ئاساسلىق تۈرلەر مۇنۇلار: 86 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان يېڭىشەھەر رايونلۇق سودا شەھەرچىسى، 14 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان شىنجاڭ ماشىنا - ئېلېكترون بازىرى، 14

مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان «غەربىي رايون» بىناكارلىق ماتېرىياللىرى بازىرى. بىر يىلدا سودىگەر چاقىرىپ، مەبلەغ كىرگۈزۈلگەن تۈر 46، كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 565 مىليون 450 مىڭ يۈەن. بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 960 مىليون يۈەن، بىناكارلىق كارخانىلىرى ئىش باشلىغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 3 مىليون 787 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1 مىليون 911 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر. خەلق ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 3 مىليارد 718 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 98 مىليون توننا - كىلومېتىرغا؛ تاشيول يۈك ئوبوروت مىقدارى 760 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 11 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 74 مىليون 854 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. تېلېفون كوممۇتاتورىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سىغىمى 179 مىڭ 879 توچكىغا، تېلېفون ئابونىنتى 91 مىڭ 932 گە يەتتى. بازار سودىسىدىن قىلىنغان كىرىم 362 مىليون 299 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى. ساياھەتچىلىكتىن 32 مىليون 710 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

رايون بويىچە كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىمدىن 1270ى بار. بىر يىلدا يېڭى پەن - تېخنىكا تۈرىدىن 27 تۈر (ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى) يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە «بىڭكېلەي» يۇقىرى ئوكسىگېنلىق مۇزلۇق سۈيى دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىيات تۈرىگە كىرگۈزۈلدى، 4 تۈر دۆلەتنىڭ «مەشئەل» پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، 5 تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ «مەشئەل» پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. رايون بويىچە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 2، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 2414؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 25، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 790 (مىللىي 2451)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1096 (مىللىي 157)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 29، ئوقۇغۇچىسى 24 مىڭ 54 (مىللىي 3834)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1404 (مىللىي 223). مائارىپ مىنىستىرلىكى يېڭىشەھەر رايونىغا 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى «9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ياشلار - ئوتتۇرا ياشلىقلار ئارىسىدا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشتىكى ئىلغار رايون» دەپ نام بەردى. شىنجاڭ كومپايىن گورۇھىنىڭ ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلىرى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يېڭىشەھەر رايونىنىڭ باشقۇرۇشىغا رەسمىي ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ نامى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 47 - ئوتتۇرا مەكتەپكە، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ نامى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 61 - باشلانغۇچ مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى. رايون بويىچە مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا بىر يىلدا 4 مىليون 860 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رايون بويىچە مەدەنىيەت تىجارەتچىسى 332 ئائىلىگە يەتتى. يېڭىشەھەر رايونلۇق ساغلاملىق تەربىيىسى مەركىزى، مەدەنىيەت مەركىزى يېڭىدىن قۇرۇلدى، يېڭىشەھەر رايونلۇق پېشقەدەملەر ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلدى، يىل ئاخىرىدا يېڭىشەھەر رايونلۇق دۆلەت مۇداپىئە تەربىيىسى مەركىزى قۇرۇلدى. رايونغا قاراشلىق چوڭ دوختۇرخانا (رايوندا تۇرۇشلۇق ئورۇنلارنىڭ 100 دىن ئارتۇق كارىۋىتى بار دوختۇرخانىلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 10، كارىۋات 3305، كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3631، يەككە تېببىي داۋالاش نۇقتىسى 48. دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى ئەرگۈلۈڭ مەھەللە ئىش باشقارمىسى مەھەللە رايونىغا «ئىلغار تەنتەربىيە مەھەللىسى» دەپ نام بەردى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى رايون بويىچە جەمئىيەتتىكى كەسپكار 123 مىڭ 808گە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 9485 يۈەنگە يەتتى. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 7252 يۈەنگە، ئىستېمال خاراكتېرلىك ئوتتۇرىچە چىقىمى 5644 يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 450 مىڭ يۈەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت سوممىسى تارقىتىلدى. مۇشۇ يىلى 6 مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا مەھەللە مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇلدى. رايون بويىچە ئىس - تۈتەك، چاڭ-توزان تىزگىنلەنگەن رايون 48.36 كۋادرات مېتىرغا، شاۋقۇننى تىزگىنلەشتە ئۆلچەمگە يەتكەن رايون 74.10 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. بىر يىلدا كۆپەيتىلگەن كۆكلەمەيدان 85.13 گېكتارغا، شەھەر رايونىنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %3.31كە يەتتى. يېڭىشەھەر رايونى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈدا 4 يىل تازىلىقتا قىزىل بايراقدار شەھەر رايونى دېگەن نامغا ئېرىشىپ كەلدى. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقە پائالىيىتىدە ئۇتقان ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

لى زومىن

# نەنسەن كان رايونى

## ئاساسىي ئەھۋالى

نەنسەن كان رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ دەل جەنۇبىغا جايلاشقان، شەھەر مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى 240

كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 3، ئاھالە كومىتېتى 11. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 16 مىڭ 209 (مىللىي 1334)؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 8.64‰، ئۆلۈش نىسبىتى 2.96‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 5.68‰. كىلىماتى ئىچكى قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

رايون تەۋەسىدە قېزىلما بايلىق مول، كۆمۈر (كوكسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ سانائەت زاپىسى 530 مىليون توننىغا يېتىدۇ؛ ھاك تېشىنىڭ تارقىلىشى كەڭ، سۈپىتى يۇقىرى، زاپىسى كۆپ بولۇپ، شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتى بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايون سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئاساسلىق كان مەنبەسىدۇر؛ يەنە كۆمۈر، مىس، مانگان، ئوتقا چىدامىلىق توپا، مىنېرال سۇ قاتارلىق بايلىقلار بار. رايوندا 20 كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق ھازىرقى زامان مۇزلۇقى بار. ئالغۇي دەرياسىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 114مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. جىلغىلارغا تاغ تېرىكى، دەريا سۆگىتى، قەدىمكى قارىياغاچ، جىگدە قاتارلىق ئىككىلەمچى ئورمانلار كىرىلىشىپ تارقالغان، جىلغىدىكى ئىككىلەمچى ئورمان كۆلىمى 1333 گېكتارغا، ھەرخىل ياغاچ ماتېرىيال زاپىسى تەخمىنەن 20 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 2000 مېتىر ئېگىز جايلاردىن قار سىزىقىغىچە بولغان جايلار ئىككىلەمچى سوغۇق چىملىق بەلۋاغ بولۇپ، سۈپەتلىك تەبىئىي ئوتلاق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ نەنسەن كان رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شۇ بىن.

7- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ۋاڭ جىنفاڭ.

رايون باشلىقى: شۇ بىن.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى رايون بويىچە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى

نەنسەن كان رايونى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
| --- | --- | --- | --- |
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 5669 | —13.5 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 84 | —14.3 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 5217 | —17.2 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 368 | 135.9 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 0.15 | —25 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 1200 | —2.9 |
| رايون بويىچە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 8600 | —12 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 365 | 8.93 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 505.7 | —12.17 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 32 مىليون 310 مىڭ يۈەن.

102 مىليون 430 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 13.5% تۆۋەنلەپ كەتتى. سېتىش قىممىتى 101 مىليون 450 مىڭ يۈەن بولۇپ، 11.3% تۆۋەنلەپ كەتتى. 556 مىڭ توننا كۆمۈر، 52 مىڭ توننا كوكس، 575 مىڭ توننا ھاك تېشى، 2203 توننا خروملۇق تۆمۈر ئېلىنىندى، 35 مىليون 70 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى. 1 - كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە، 3 - كەسىپنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرى سۈرۈلدى. رايونلۇق سودا شىركىتى، كۆكتات شىركىتى تۈزۈلمە ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىدى. 2000 - يىلى نەنسەن كان رايونى 20 كىلومېتىردىن ئارتۇق تاشيولنىڭ يۈزىنى تۈزەشتۈردى، 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، رايونلۇق ھۆكۈمەت ئورگىنىنىڭ بورۇنقى ئورنىدىكى پۇختا كەلكۈن توسمىسى (ئۇزۇنلۇقى 935 مېتىر) پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. رايون بويىچە پۈچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 480 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف

كەسىپنىڭ تىجارەت سوممىسى 740 مىڭ يۈەنگە يەتتى، يېڭىدىن 2 چاقىرغۇ تور - نۇقتىسى قۇرۇلدى. روبىخەتكە ئېلىنغان يەككە سودا - سانائەتچى، خەلق باشقۇرۇشىدىكى كارخانا 176گە، كەسپكار 521گە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

2000 - يىلى رايون بويىچە ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 1500 دىن ئاشتى. رايوندىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 780، ئوقۇتقۇچىسى 66؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 404، ئوقۇتقۇچىسى 45. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە كىرىش نىسبىتى %100كە، تەنتەربىيىدە ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %94كە، رادىئو ۋە تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە يەتتى. كىنوخانا 7، ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە سارىيى بىر، ۋاسكېتبول مەيدانى 23، ئۆلچەملىك سۇ ئۈزۈش كۆلى 2، چېنىقىش ئۆيى 6، ئىشچى - خىزمەتچىلەر پائالىيەت - كۆڭۈل ئېچىش مەركىزى 17. ھەرخىل تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 8، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 110، كارىۋات 120. تازىلىق باشقۇرۇش ۋە كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمەتلىرى نورمال قانات يايدۇرۇلدى، 0 ياشتىن 7 ياشقىچە بولغان باللارغا كارتا تۇرغۇزۇش نىسبىتى %100كە، «بەش ۋاكسىنا» بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %100كە يەتتى.

### خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى رايون بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 7240 يۈەنگە يەتتى. رايون بويىچە دۆلەت، كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا بىلەن قاپلىنىش دائىرىسى %100كە يەتتى. 181 كىشى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلىدىن بەھرىمەن بولدى، جەمئىي 60 مىڭ يۈەن كاپالەت پۇلى، 40 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش ۋە نەپىقە پۇلى تارقىتىلدى. ئەمگەك كۈچلىرى بازىرى 56 كىشىنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. شۇ يىلى كۆپەيتىلگەن كۆكەرتىش كۆلىمى 10 گېكتارغا يەتتى، تاشيولنى كۆكەرتىش كارىدورى داۋاملىق ئۆزارتىلماقتا.

## دۇڭشەن رايونى

### ئاساسىي ئەھۋالى

دۇڭشەن رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. 2000 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 3، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق يېزىسى بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 93 مىڭ 176 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 18 مىڭ 677) . بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 73 مىڭ 607، ۋاقىتلىق نوپۇس 8960. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 10.16‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 4.9‰. تېرىلغۇ يەر 2453.3 گېكتار بولۇپ، شۇ يىلى 1291.6 گېكتار يەر تېرىلدى (ئېگىز تېرىلغۇسى 114.5 گېكتار) . بۇنىڭ ئىچىدە 651.6 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 205.8 گېكتار يەرگە ياغلىق دان زىرائىتى تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

دۇڭشەن رايونى ئۈرۈمچىدىكى مۇھىم سانائەت رايونى بولۇپ، سانائەت تۈرى نېفىت خىمىيە سانائىتى، كۆمۈر، بىناكارلىق ماتېرىيالى، پولات - تۆمۈر، كۆن - خۇرۇمنى ئاساس قىلىدۇ. رايون تەۋەسىدە ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن قان تېپەر، سوغىگۈل، قار لەيلىسى، مامىرانچىن، رەۋەن قاتارلىقلار، ياۋايى ھايۋانلاردىن تايغان بۆرە، تۈلكە، ئېيىق، بۆرە قاتارلىقلار، قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، ھاك تېشى، گەج، لاتقا جىنىسلار، مايلىق سلانتس، تۆمۈر رۇدىسى، ياپىلاق تاش قاتارلىقلار بار. ھازىر ئېچىپ پايدىلىنىۋاتقان ساياھەت مەنزىرە نۇقتىسى 34كە يەتتى.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ دۇڭشەن رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: چېڭ لىشيەن (ئايال) .

4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: بەكرى قادىر.

رايون باشلىقى: چېن گوچياڭ.

سىياسىي كېڭەش 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جۇجىگو.

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 22 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 13 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 8.33% ئاشتى. يېزا ئىگىلىك قوشۇلما قىممىتى 16 مىليون 10 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 11 مىليون 200 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 28.29% ئاشتى. 2808.6 توننا ئاشلىق، 320.8 توننا ياغلىق دان، 15 مىڭ 708 توننا كۆكتات، 146 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. دېھقانچىلىق رايونلىرىدا 7.33 گېكتار ئورمان بەرپا قىلىندى. 1.67 گېكتار ئىھاتە ئورمىنى ئۆزگەرتىلدى، 1.33 گېكتار كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى؛ شەھەر رايونىدىكى قاقاس تاغدا

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 11.25 | —34.66 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 0.16 | 22.22 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 10.23 | —28.12 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 0.86 | —36.36 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 2808.6 | 2.99 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 2.74 | 4.58 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 16625 | 20.28 |
| يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 33472 | 0.75 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 10224 | 29.63 |
| شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 118904 | 18.37 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 3691 | 61.11 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 4327 | 30.21 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 458 مىليون يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ 11 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ 405 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ 42 مىليون يۈەن.

66.67 گېكتار ئورمان بەرپا قىلىندى، 7.8 گېكتار هويلا - ئارام كۆكەرتىلدى، 186.7 گېكتار يەرگە ئوت - چۆپ تېرىلدى. 598 توننا گۆش، 304 توننا سۈت، 1.33 توننا قوي يۇڭى، 2.82 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 48 توننا تۇخۇم ئېلىندى. يېزا ئىگىلىكىدە 2 مىليون 400 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 200 توننا دىزېل، 112 توننا خىمىيۋى ئوغۇت، (ساپ ئوغۇتقا سۇندۇرۇلدى) 11 توننا سۇلياۋ يوپۇق (بۇنىڭ ئىچىدە يەرگە ئىشلىتىلگەن سۇلياۋ يوپۇق 2 توننا) ئىشلىتىلدى. لوساۋگۇ يېزىسىنىڭ سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 827 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ ئىشلىتىلدى. يېزا - بازار كارخانىسى 627 (بۇنىڭ ئىچىدە، سانائەت كارخانىسى 64)، كەسپكار 2239) گە، كىرىمى 149 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە، تىجارەت كىرىمى 94 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

رايون بويىچە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليارد 547 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 4 مىليارد 11 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %12.51 ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 843 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 391 مىليون يۈەن) بولۇپ، %33.73 تۆۋەنلەپ كەتتى. رايون بويىچە يېزا دەرىجىلىك ۋە يېزا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سانائەت كارخانىسى 81، ئۇلارنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليارد 782 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 3 مىليارد 652 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، %2.72 ئاشتى. چەكلىك نورمىدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىسى 11، ئۇلارنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليارد 659 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 3 مىليارد 547 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، %2.44 ئاشتى. 2000 - يىلى ئۈستۈنلۈككە ئىگە كەسىپلەر ۋە مۇئەييەن تېخنىكا تەركىبىگە ئىگە داڭلىق، ئەلا مەھسۇلاتلار پائال يارىتىلدى. ئەسلىدىكى كۆمۈر، خىش كەسىپلىرىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى %70تىن %16كە چۈشۈرۈلدى، يېڭى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، نېفىت خىمىيە سانائىتى ئىگىلىگەن نىسبەت %10تىن %60كە ئۆرلىدى. سىرتتىن كىرگۈزۈش، ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىشكە دائىر ئىقتىسادىي ھەمكارلىق توختامىدىن 27سى ئىمزالاندى، توختامدىكى مەبلەغ 170 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يەتتى، رايوندا تۇرۇشلۇق كارخانىلاردا ساقلىنىۋاتقان 80

مىليون يۈەنلىكتىن ئارتۇق مال - مۈلۈك جانلاندۇرۇلدى. 800 دىن ئارتۇق ئادەم قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 816 مىليون 810 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئارقىتىلدى، 3 مىليون 210 مىڭ توننا كۆمۈر، 74 مىڭ 200 توننا سېمونت، 22 مىڭ 157 توننا خىمىيىۋى تالا، 572 مىڭ 850 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، 713 مىڭ 54 توننا پىرىكمە ئاممىياك، 8873 توننا سۇلياۋ ياسالما، 2739 توننا سىر ئىشلەپچىقىرىلدى، 3 مىليون 472 مىڭ 700 توننا نېفىت، 732 مىڭ 500 توننا بېنزىن پىششىقلاپ ئىشلەندى، بىناكارلىقتا ئىشلىتىلىدىغان 2183 توننا مېتال ياسالما، 163 مىليون 120 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. بىر يىلدا دۆڭشەن رايونىدا يېڭىدىن سېلىنغان، سېلىنىۋاتقان ياكى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن، 3 مىليون يۈەندىن يۇقىرى مەبلەغ سېلىنغان مۇھىم سانائەت تۈرى 9. 2000 - يىلى دۆڭشەن رايونىدا قۇرۇلغان مەھەللە مۇلازىمەت تور - نۇقتىسى 67 بولۇپ، قىلغان كىرىمى 4 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ. رايونغا قاراشلىق قاتناش - ترانسپورت كىرىمى 18 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يەتتى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 343 مىليون 910 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 250 مىليون 320 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك يېڭىدىن كۆپەيتىلدى. ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمى 145 مىڭ 786 كۋادرات مېتىر (ئولتۇراق ئۆي 122 مىڭ 383 كۋادرات مېتىر) غا، پۈتكەن كۆلەم 102 مىڭ 134 كۋادرات مېتىر (ئولتۇراق ئۆي 90 مىڭ 535 كۋادرات مېتىر) غا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون يۈەنگە يەتتى. تېلېفون كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمى 28 مىڭ 500 توچكىغا، ئەمەلىي ئورنىتىلغان تېلېفون 24 مىڭ 241 توچكىغا يەتتى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تېلېگراف تارمىقى تېلېگراف ئالاقە نۇر كابېلىنى لۇساۋگۇ يېزىسىغا ئۇلاشتۇرۇپ، يېڭىدىن 1500 شەھەر تېلېفونى ئورناتتى ھەمدە مەركىزى بازار رايونىدىكى ئاساسلىق كوچىلارغا 12 دانە IC كارتوچكىلىق تېلېفون ئورنىتىپ، لۇساۋگۇ يېزىسىدىكى دېھقان - چارۋىچىلار بۇرۇن ئۈرۈمچىگە شەھەر تېلېفونى ئۇرسا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون بويىچە ھەق ھېسابلىنىدىغان تارىخقا خاتىمە بەردى. بىر يىلدا ساياھەتچىلىكتىن 2 مىليون 960 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

دۆڭشەن رايونىدىكى پەن تەتقىقات ئاپپاراتى 16، پەن - تېخنىكا خادىمى 6000، خىزمەتتىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 3200. يىل ئاخىرىدىكى ھەرخىل مەكتەپ 25 (چوڭلار مەكتەپلىرى بۇنىڭ سىرتىدا). بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 3644، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 158؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 2، ئوقۇغۇچىسى 2782، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 140؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 10، ئوقۇغۇچىسى 3464، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 326؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 12، ئوقۇغۇچىسى 6376، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 462؛ بالىلار باغچىسى 11، باغچىدىكى بالا 1205، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 140. بىر يىلدا مائارىپقا 16 مىليون 484 مىڭ يۈەن (رايونغا قاراشلىق مائارىپقا سېلىنغىنى 3 مىليون 129 مىڭ يۈەن) مەبلەغ سېلىندى. تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 55، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 7، شىپاخانا بىر، ساقلىق ساقلاش ئۆيى 3. كېسەل كارىۋىتى 709، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 667.

### خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى رايون بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 49 يۈەنگە، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 3202 يۈەنگە يەتتى.

### لۇساۋگۇ يېزىسى يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى

2000 - يىل 12 - ئايدا لۇساۋگۇ يېزىسى 3 مىليون 500 مىڭ يۈەنلىك قۇرۇلۇش مىقدارىغا ئىگە يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى. خەلق جاڭزا كەنتى، گېجاگۇ كەنتلىرىدىكى 800 ئائىلىلىكتىن ئارتۇق دېھقان - چارۋىچى تورغا كىردى، لۇساۋگۇ كەنتىنىڭ 3 - ئەترىتى، شىرىنزىگو ئېغىزى، سېنتاش كەنتى 3 - ئەترىتىنىڭ سىرتقى لىنىيىسىنى قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشى پۈتتى. 6.3 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى، 23.9 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا تۆۋەن بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى، 17 ترانسفورماتور قۇراشتۇرۇلدى، 2 - ئورۇندىكى 36.3 كىلومېتىرلىق يۇقىرى بېسىملىق سىم يولى كۆچۈرۈلدى. يېزا ئېلېكتر تورىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى بىلەن يېزىلاردىكى ھەربىر كىلوۋات سائەت توكنىڭ باھاسى 1 يۈەندىن 0.61 يۈەنگە چۈشۈپ، مۇشۇ بىر تۈردىلا دېھقانلارنىڭ 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق سېلىقى يېنىكلىدى.

### شىرىنزى جىلغىسى (بالباللىق)

دۆڭشەن رايونى لۇساۋگۇ يېزىسىدىكى شىرىنزى جىلغىسى يايلاق كۆچمە چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى بىلەن بوستانلىق

دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ بىرلىشىش نۇقتىسى. تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن يايلاقتىكى تاش ئادەم (كىچىك بالىنى قۇچاقلاپ تۇرغان ئايال تاش ئادەم خېلى قىسمەتلىك) قۇمتاشقا ئويۇلۇپ، جىلغىدا توختىتىپ قويۇلغان، ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىر، ئېگىزلىكى 20 مېتىر كېلىدىغان، قەدىمكى زامان كىشىلىرىنىڭ چارۋا بېقىپ، ئوۋ ئوۋلاۋاتقان مەنزىرىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان قەدىمكى قىياتاش رەسىملىرى بار. جىلغا ئېغىزىدا قەدىمكى قارىياغاچلار سايە تاشلاپ تۇرىدۇ، ئېرىق سۇلىرى ئايلىنىپ ئاقىدۇ، زىرائەتلەر باراقسان ئۆسىدۇ؛ ئەتراپتىكى تاغلار قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ياپ - يېشىل ئوت - چۆپلەر يېيىلىپ ياتىدۇ، «نەپىس» يەر تۈزۈلۈشىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. نۇرغۇنلىغان «تاش ئادەملەر توپى»، «سېپىل»، «قەدىمىي قورغان»، «تۆچار قانات، ھايۋانات، جىن - ئالۋاستىلار» قاتارلىق شەكىللەردىكى غەلىتە تاشلار ئادەمنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ.

ليۇ مۇيخۇا

# ئۈرۈمچى ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئۈرۈمچى ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 18، دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىسى 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 158 مىڭ 521 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 87 مىڭ 556)، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 133 مىڭ 268؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰98. 14، ئۆلۈش نىسبىتى ‰88. 6، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰1. 8. ناھىيە بويىچە 26 مىڭ 300 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 22 مىڭ 100 گېكتار يەرگە زىرائەت تېرىلدى (ئېگىز يېرىگە تېرىلغىنى 1800 گېكتار)، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغان كۆلەم 12 مىڭ 900 گېكتار، ياغلىق دان تېرىلغان كۆلەم 1100 گېكتار، كۆكتات تېرىلغان كۆلەم 6700 گېكتار. كىلىماتى ئوتتۇراھال مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئۈرۈمچى ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لىۋ دېشياڭ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: بايمۇرات مۇقان (قازاق).

ھاكىم: خەن شۇ (خۇيزۇ).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: خەن فۇشىن.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 388 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 208 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %2. 9 (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى. 55 مىڭ توننا ئاشلىق، 1900 توننا ياغلىق دان، 325 مىڭ 400 توننا كۆكتات ئېلىندى. يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى سىناق قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىش ۋە كېڭەيتىش ھۆددە ئېلىنغان تور 31 (قوبۇل قىلىپ ئۆتۈنۈپ بېرىلگەن تورمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، قاپلاش كۆلىمى 16 مىڭ 700 گېكتار. بىر يىلدا 9627 توننا گۆش، 6551 توننا سۈت، 503 توننا يۇڭ، 53 مىڭ 800 پارچە تېرە ئېلىندى. 268 مىڭ گۆش توخۇسى قولدىن چىقىرىلىپ، 925 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىلدى. 1139 توننا تۇخۇم بىلەن تەمىن ئېتىلدى، 1815 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. بىر يىلدا 606 ئىسسىق قوتان، 204 سىلوسلاش ئورىسى، 600 توننا يەم - خەشەك ياسالدى. ناھىيە بويىچە 35 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 350 كىلومېتىر ئېرىق - ئۆستەڭ رېمونت قىلىندى، 520 كىلومېتىر ئېرىق - ئۆستەڭ ئادالاندى، 184 ئىنشائات يۈرۈشلەشتۈرۈلدى. دەريالاردا تىنىپ قالغان تاش - توپىلارنى ئېلىپ تەرەپكە ئىتتىرىش ئارقىلىق 2.5 كىلومېتىر دەريا راۋانلاشتۇرۇلدى، پۈتكۈل قۇرۇلۇشقا 22 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بىر يىلدا 5.5 كىلومېتىرلىق، 10 مىڭ ۋولتلۇق توك سىمى تارتىلدى، 15 ترانسفورماتور قۇراشتۇرۇلدى، ئۇنىڭ سىغىمى 750 مىڭ ۋولت - ئامپېر. 90 كىلومېتىرلىق يۇقىرى - تۆۋەن بېسىملىق توك لىنىيىسى، 120 ترانسفورماتور رېمونت قىلىندى، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان 65 كىلومېتىر توك يولى ئۆزگەرتىلدى. بىر يىلدا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشكە 2 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 802 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 1 مىليارد 438 مىليون يۈەن) بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن %6. 8 تۆۋەنلەپ كەتتى. 1 مىليون 594 مىڭ 400 توننا كۆمۈر، 712 مىليون

940 مىڭ دانە خىش، 170 مىڭ 300 توننا سېمونت، 2026 توننا پولات، 85 مىڭ 700 توننا تەييار پولات ماتېرىيال، 3115 توننا سۇلياۋ ياسالما، 23 مىڭ 700 توننا فابرىكا قەغىزى، 367 مىڭ 800 ئۆي جاھازىسى، 4794 توننا يىپ، 2 مىليون 677 مىڭ مېتىر رەخت، 669 توننا ئىچىملىك - هاراق، 1020 توننا جياڭيۇ، 485 توننا سۇ

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
| --- | --- | --- | --- |
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 174708 | 5.94 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 24603 | 8.11 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 50158 | —3.36 |
| | 3 -كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 99947 | 9.9 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 55191 | 2.78 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 37.9 | 2.95 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 379598 | 0.58 |
| دېھقانچىلىق چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 135913 | —6.99 |
| شەھەر - يېزا ئاھالىسىنىڭ ئامانەت پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 84071 | —1.39 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 13057 | 1.41 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 15380 | 10.19 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 855 مىليون 250 مىڭ يۈەن.

يىغى، 12 مىڭ 300 توننا ئۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. ناھىيە بويىچە بىناكارلىق كەسپىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 206 مىليون 377 مىڭ يۈەنگە، پۈتكەن قۇرۇلۇشلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 155 مىليون 874 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئۇرۇمچى پەرمەنكىسى مەزگىلىدە ئاپتونوم رايون ئىچى -سىرتىدىكى سودىگەرلەر بىلەن 26 تۈردە تېخنىكا ھەمكارلىقى توختامى ئىمزالاندى. مەبلەغ سوممىسى 707 مىليون يۈەن. يىل ئاخىرىدا پوچتا -تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 278 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 20 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىپ، گەنەنچۇ، داۋانچىڭ، شۈيشىگۇ، بەنفاڭگۇ، يۈگفېگدىن ئىبارەت 5 تېلېگراف شۆبە ئىدارىسى يېڭىدىن قۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە تېلېفون ئۇلاشتۇرۇلغان مەمۇرىي كەنت 82گە يېتىپ، كەنت ئومۇمىي سانىنىڭ %80نى ئىگىلىدى. بىر يىلدا سېتىۋېلىپ كىرگۈزۈلگەن تاۋار سوممىسى 590 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە، سېتىلغان تاۋار سوممىسى 655 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن -تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 1324. پەن -تېخنىكا پىلانى تۈرىدىن 52 سى يولغا قويۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە «ئۇچقۇن» پىلانى تۈرى 11، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا تۈرى 41؛ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تۈر 10، شەھەر دەرىجىلىك تۈر 7، ناھىيە دەرىجىلىك تۈر 35. مۇشۇ يىلى مېۋە - چېۋە - كۆكتاتچىلىق، يېمەكلىك زەمبۇرۇغى، سۇ مەھسۇلاتلىرى، چارۋىچىلىقتىن ئىبارەت 4 تەتقىقات ئورنى قۇرۇلدى. بىر يىلدا جەنۇبىي شەھەر ئەتراپىدا پەسىلسىز، ئوچۇقچىلىقتا (پارنىكسىز) 278.9 گېكتار يەرگە كۆكتات تېرىلدى. 47.5 گېكتار كۆلەمدىكى 1424 پارنىك - لاپاس يېڭىدىن ياسالدى، يېڭىلاندى ۋە ئۆزگەرتىپ ياسالدى. ئۈزۈم، دادۇر قاتارلىق مېۋە - چېۋە ۋە كۆكتاتلارنى

ساقلاشنى ئاساس قىلغان، ئېنېرگىيە تېجەيدىغان كىچىك تىپتىكى 35 سوغۇق ئامبار ياسالدى. بىر يىلدا يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى بويىچە 433 قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 28 مىڭ 200 دېھقان - چارۋىچى (قېتىم) تەربىيىلەندى. 2 قېتىم «ئۈچنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش» پەننى ئومۇملاشتۇرۇش بازىرى پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى، 2 قېتىم چوڭ پەن - تېخنىكا دوكلات يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، بىر قېتىم ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا يازلىق لاگېرى پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ قىشلىق پەن - تېخنىكا پائالىيىتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا ئۈرۈمچى ناھىيىسىگە ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ، دەپ شەرەپلىك نام بېرىلدى. چىڭگىداڭزۇ يېزىسى بىلەن شۈيشىگۇ يېزىسى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا ئارقىلىق ناھىيىنى گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار يېزا - بازار، دېگەن نامغا ئېرىشتى. ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 75 (مىللىي مەكتەپ 13، مىللىيلار بىلەن خەنزۇلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپ 25)، ئوقۇغۇچىسى 18 مىڭ 879 (مىللىي 9004)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 15 (مىللىي مەكتەپ 6، مىللىيلار بىلەن خەنزۇلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپ 3)، ئوقۇغۇچىسى 7602 (مىللىي 4713)؛ تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 68 (مىللىي 28)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 53 (مىللىي 23)؛ بالىلار باغچىسى 4، باغچىدىكى بالا 1139 (مىللىي 287). ھەرخىل مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 2045 (مىللىي 1126). بىر يىلدا 4 مىليون 715 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ 5360 كۋادرات مېتىرلىق مەكتەپ ئۆيى يېڭىدىن سېلىندى ۋە رېمونت قىلىندى. بىر يىلدا تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇتۇشتىن 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن ساپ كىرىم قىلىندى. ناھىيە بويىچە «دۆلەتنىڭ تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى»نى يولغا قويغان مەكتەپ 87 گە، ئۆلچەمگە يەتكەنلەر 16 مىڭ 495 كە، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %84.3 كە يەتتى. بىر يىلدا 2 ئورۇن ئارخىپ باشقۇرۇشتا ئاپتونوم رايوننىڭ 2 - دەرىجىلىك ئۆلچىمىگە، 2 ئورۇن شەھەر دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يەتتى. 8 - ئايدا «ئۈرۈمچى ناھىيىسى تەزكىرىسى» رەسمىي نەشر قىلىندى ۋە دۆلەت ئىچى - سىرتىغا ئاشكارا تارقىتىلدى. ناھىيە بويىچە 25 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 508 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 240 كارىۋات بار. 6 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق تەكشۈرۈپ باھالاش ئۆمىكىنىڭ باھالىشى بىلەن ئۈرۈمچى ناھىيىسى دۆلەت بەلگىلىگەن يود كەملىك كېسەللىكىنى يوقىتىشتا باسقۇچ خاراكتېرلىك نىشان ئۆلچىمىنى ئىشقا ئاشۇرغان دەپ قارالدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچى 13 مىڭ 84 بولۇپ، 116 مىليون 822 مىڭ يۈەن مائاش تارقىتىلدى. دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3398 يۈەنگە يەتتى. سوغۇرتا شىركىتىنىڭ ھەرخىل مال - مۈلۈك سوغۇرتىسىدا سوغۇرتىلاش سوممىسى 1 مىليارد 644 مىليون 434 مىڭ يۈەنگە، سوغۇرتا ھەققى كىرىمى 17 مىليون 492 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى. ھەرخىل تۆلەم دېلوسىدىن 2785 ى بىر تەرەپ قىلىندى، 8 مىليون 613 مىڭ 700 يۈەن تۆلەم تۆلەندى. بىر يىلدا ئۈرۈمچى ناھىيىسى 9 تاشيول قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى، قۇرۇلۇش قىلىنغان مۇساپە 21.3 كىلومېتىرغا، ئاسرالغان مۇساپە 47 كىلومېتىرغا، سېلىنغان مەبلەغ 12 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى گەنگۇ، ئاقسۇ يېزىسى، تولى يېزىسى ۋە سارچوققا چارۋىچىلىق فېرمىسى بازارلىرىنىڭ پىلانىنى تۈزۈش خىزمىتى تاماملاندى.

## يېزا ئىگىلىكىنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ باشقۇرۇش

2000 - يىلى ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ باشقۇرۇش خىزمىتى 9 - يىلىغا قەدەم قويدى، ناھىيە بويىچە ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى ئۆلچەملىك سىستېما بويىچە باشقۇرۇش ئاساسەن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. يېزا ئىگىلىك ئۆلچىمىنى ئۆلچەش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى تەدرىجىي قانات يايدۇرۇلدى. 1998 - يىلى ئۈرۈمچى ناھىيىسى دۆلەت سۈپەت تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى تەرىپىدىن دۆلەت بويىچە كۆكتاتچىلىقنى ئۆلچەملەشتۈرۈشتە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى تەرىپىدىن 9 - بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدىكى يېزا ئىگىلىكىنى ئۆلچەملەشتۈرۈشتە 1 - تۈركۈم ئۈلگە كۆرسىتىش ناھىيىلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، تۈرنى نىشانلىق باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. تەلەپكە ئاساسەن، ناھىيە بويىچە تۈرنى يولغا قويۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، تۈرنى يولغا قويۇشنىڭ پىلان - ۋەزىپىنامىسى تۈزۈلدى ھەمدە يىللارغا بۆلۈپ ھەر قايسى يېزا، بازار ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا چۈشۈرۈلدى، تۈر خىزمەت يىغىنى چاقىرىلدى، كەسپىي تارماقلار بىلەن بىرلىكتە تۈرنى تەشكىللەپ يولغا قويۇش

ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى.

2000 - يىل ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە 32 تۈرلۈك ئۆلچەم ئەشۇنىق قىلىنىپ ئىزچىللاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون، ئۈرۈمچى شەھىرى دەرىجىلىك ئۆلچەم 5، ناھىيە دەرىجىلىك يەرلىك ئۆلچەم 27. ئۆلگە كۆرسىتىش كۆلىمى 14 مىڭ 300 گېكتار بولۇپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق قاتارلىق كەسىپلەرنى قاپلايدۇ. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆلچەملەشتۈرۈشنىڭ قاپلاش نىسبىتى دېھقانچىلىقتا %95، ئورمانچىلىقتا %98، چارۋىچىلىقتا %96، بېلىقچىلىقتا %100 بولدى. 2000 - يىل 8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى، ئۇنىۋېرسال نومۇرى 89.4 بولدى. بۇ ئور ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

يۇ شىنخۇا

# قاراماي شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قاراماي شەھىرى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە جايلاشقان، غەربىي - شىمالىي تەرىپى جايىر تېغىنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە، جەنۇب تەرىپى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، شەرق تەرىپى قۇربان تۈڭگۈت چۆلىنىڭ شىمالىي قىسمىغا تۇتىشىدۇ. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 313 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق رايون 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ ۋە باشقا ئورۇنلارنىڭ شەھەر تەۋەسىدىكى نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 276 مىڭ 262 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 59 مىڭ 247)، يېزا نوپۇسى 2191؛ نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰6.84، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 15 مىڭ 480 گېكتار بولۇپ، 3950 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلدى. كىلىماتى تىپىك قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتقا كىرىدۇ.

نېفىت بىلەن تەبىئىي گاز قارامايىنىڭ ئاساسلىق قېزىلما بايلىقى بولۇپ، زاپىسى كۆپ، ماي قاتلىمى تېيىز، سۈپىتى ياخشى. ئاۋئاتسىيەدە ئىشلىتىلىدىغان كۆپ خىل ماي، تۆۋەن تېمپېراتۇرىغا ئەڭ چىداملىق سەلىياركا قاتارلىق ھەممە كۆپ خىل سىلىقلاش مېيى، سۈپەتلىك ئاسفالت قاتارلىقلارنى چەككىلىكلى بولىدۇ. بۇلاردىن باشقا تەبىئىي ئاسفالت، كۆمۈر، گەچ، ھاك تېشى، شور، خرۇستال ۋە بىناكارلىق ماتېرىيالى سېرىق توپىسى، قۇم - شېغىل قاتارلىق قېزىلما بايلىقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئاسفالتنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى تەخمىنەن 250 مىليون توننا، ھاك تېشى زاپىسى تەخمىنەن 400 مىليون توننا كېلىدۇ. شەھەر تەۋەسىدە ئاساسلىق باۋايى ھايۋانلاردىن جەرەن، ياۋا توشقان، ياۋا تۆگىقوز، تۈلكە، قىرغاۋۇل قاتارلىقلار بار. قارامايىنىڭ يەر ئۈستى سۈيى ئاساسلىقى ئاق تېرەك دەرياسى، قاراسۇ دەرياسى ۋە ئەلكە كۆلىدىن كېلىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 163 مىليون كۇب مېتىر؛ يەر ئاستى سۇ بايلىقى زاپىسى تەخمىنەن 1 مىليارد 720 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. يىلىغا 17 مىليون 620 مىڭ كۇب مېتىر سۇ تارتىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قاراماي شەھىرى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شيې جېچياڭ؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: تاڭ جيەن، ۋاڭ يىلىن، ئەزىم ئابدۇلىم، سەي جىشەن.

10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: لى جاۋجى؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: نىياز ئابدۇللا، ۋاڭ جىيۇەن، شاۋ چاڭتەن، دىڭ يۇچۇ، چېن جۈەن (ئايال).

شەھەر باشلىقى: تاڭ جيەن (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىرى: ۋاڭ شىنمىڭ، لىن شياڭيۇ، يۈسۈپجان ئابدۇرېشىت، لىي خۇڭشيا (ئايال).

سىياسىي كېڭەش 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئىسمائىل توختى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى: يۇ چاڭيۈەن، ليۇ شىنرۇڭ، ماجېڭرۇڭ (خۇيزۇ)، ۋاڭ باۋيۇ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى قاراماي شەھىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 89 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %50.4 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 2517 توننا ئاشلىق، 4046 توننا پاختا، 3527 توننا گۆش، 1648 توننا سۈت، 546 توننا تۇخۇم ئېلىندى.

بىر يىلدا يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 320 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %13.6 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 80 مىليون يۈەن بولۇپ،

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 138.59 | 6.87 |
| يۇنىلاڭ ئىچىدە: | 1 ـ كەسپنىڭ ئاشقان قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 0.52 | 68 |
| | 2 ـ كەسپنىڭ ئاشقان قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 116.59 | 6.4 |
| | 3 ـ كەسپنىڭ ئاشقان قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 21.48 | 7.8 |
| ئىلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 2517 | —14.1 |
| يىل ئاخىرىدىكى قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 5.51 | 18.5 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | | 12.72 | 8 |
| شەھەر، يېزا ئاھالىسىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئامانەت پۇل قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | | 62.3 | 11.6 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (100 مىليون يۈەن) | | 9.55 | 34.8 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (100 مىليون يۈەن) | | 9.87 | 25.2 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 4 مىليارد 890 مىليون يۈەن.

%13.6 تۆۋەنلىدى؛ كوللېكتىپ ۋە باشقا سانائەت كارخانىلىرىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 236 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %15.7 ئاشتى. بىر يىلدا 10 مىڭ 700 توننا ئۇن، 243 مىڭ 182 توننا سۇلياۋ، سىمولا ۋە پولىمېرلا، 148 مىڭ 207 يۈگەم مايقەغەز، 88 مىڭ 400 قۇر كىيىم ـ كېچەك، 2376 توننا سۇ يېغى، 16 مىڭ 127 توننا قۇتىلىق ئىچىملىك سۇ ئىشلەپچىقىرىلدى. يەرلىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %99.3 كە، يەرلىك سانائەت كارخانىلىرىنىڭ يىللىق پايدا سوممىسى 152 مىليون يۈەنگە، يارىتىلغان پايدا ـ باج 248 مىليون يۈەنگە يەتتى.

نېفىت ـ گازنى تەكشۈرۈشتە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، بېكىدىن تەكشۈرۈپ تېپىلغان نېفىتنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى 91 مىليون 200 مىڭ تونىنغا يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %13.4، كونترول قىلىنغان نېفىتنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى 82 مىليون 790 مىڭ تونىنغا يېتىپ، %12.4 ئاشتى. بىر يىلدا 9 مىليون 200مىڭ توننا خام نېفىت، 1 مىليارد 620 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئېلىندى، تەبىئىي گازنىڭ سەپلىنىش مىقدارى 1 مىليارد 120 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى. 5 مىليون 940 مىڭ توننا نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەندى. يۇقىرى قوشۇمچە قىممەتكە ئىگە مەھسۇلاتتىن ئاز كەم 20 سى تەتقىق قىلىپ ئىشلەپچىقىرىلدى، 4 چوڭ تۈردىكى مەھسۇلاتنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش مىقدارى 3 مىليون 910 مىڭ تونىنغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بېنزىن %5.8، سولياركا %3، كىرسىن %8.3 ئاشتى. سىلىقلاش مېيى %15 تۆۋەنلەپ كەتتى، 162 مىڭ توننا ئېتىلېن ئىشلەپچىقىرىلدى.

بىر يىلدا جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 8 مىليارد 790 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت سانائىتىگە (شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى، شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتى، مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتى) سېلىنغان مەبلەغ 8 مىليارد 247 مىليون يۈەنگە، شەھەرگە قاراشلىق ئورۇنلار ۋە باشقا ئورۇنلار سالغان مەبلەغ 543 مىليون يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 365 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %50 ئاشتى؛ بىناكارلىق قۇشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 410 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %15.8 ئاشتى. سۇ ئۆمىتى تەنھەرىكەت مەركىزى، مەدەنىيەت كوچىسى «دوستلۇق» يولىنى ئۆزگەرتىپ ياساش، شەھەر رايونىنى يېشىللاشتۇرۇش تورۇبا تورى، شەھەرنى كېسىپ ئۆتىدىغان دەريا ۋە يورۇشلەشكەن يېشىللاشتۇرۇش قاتارلىق نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى يولدا بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى، شىنخۇا كىتابخانا بىناسى قاتارلىق تۈرلەر ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىدى. بىر يىلدا شەھەر رايونى — شوگەي نوركابېل قۇرۇلۇشى، ۋەيتەن رايونى، مايتاغ رايونى ۋە «55» يېڭى

بازىرى قاتارلىق جايلارنىڭ پروگراممىلىق كوممۇتاتور سىغىمىنى كېڭەيتىش ۋە تورنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. بىر يىلدا پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 11 مىليون 445 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 75 مىليون 162 مىڭ يۈەنگە، كۆچمە خەۋەرلىشىش كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 112 مىليون 452 مىڭ يۈەنگە، چاقىرىش كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 411 مىڭ يۈەنگە؛ شەھەر بويىچە مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 125 مىڭ 100گە، سىمسىز چاقىرغۇ ئابونىتى 55 مىڭغا، يانتېلېفون ئابونىتى 30 مىڭدىن كۆپرەككە، ئىنتېرنېت ئابونىتى 8000 دىن كۆپرەككە يەتتى.

پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ھەرخىل ئامانەت پۇل قالدۇقى 14 مىليارد 110 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلنىڭ بېشىدىكىدىن %31.8 ئاشتى؛ ھەرخىل قەرز پۇل قالدۇقى 2 مىليارد 440 مىليون يۈەن بولۇپ، %72.8 تۆۋەنلىدى. ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال قەرز پۇلى زور دەرىجىدە ئاشتى، تارقىتىلغان ئىستېمال قەرز پۇلى 318 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %50.2 ئاشتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

بىر يىلدا 138 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا نەتىجىسى مۇكاپاتلاندى، 12 تۈر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەت مۇكاپاتىغا، 3 تۈر باش شىركەت دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەرگە قاراشلىق سىستېمىلاردىن 2 تۈر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەت مۇكاپاتىغا، 5 تۈر شەھەر، ئىدارە دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتىنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتى %90تىن يۇقىرى بولدى. بىر يىلدا 23 تۈر بويىچە پاتېنت ھوقۇقى ئىلتىماس قىلىندى، 13 تۈرگە پاتېنت ھوقۇقى بېرىلدى. يېزىلاردا پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى بويىچە 309 (مىللىي 262) دېھقان - چارۋىچى (قېتىم) تەربىيىلەندى. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شەھەر، ئىدارە بويىچە خەلق باشقۇرۇشىدىكى پەن - تېخنىكا كارخانىسى 46گە، تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 29 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە، كەسپكار 1880گە، ئۇلار ئۈستىگە ئالغان تەتقىقات تېمىسى 175 تۈرگە يەتتى. بىر يىلدا خەلق باشقۇرۇشىدىكى پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 110 مىليون يۈەنگە، ياراتقان ساپ پايدىسى 6 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرغان باج سوممىسى 2 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى. يىل ئاخىرىدا شەھەر، ئىدارىدىكى ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم 6، ئوقۇغۇچىسى 4257؛ كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم بىر، گاس - گاچىلار مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 1085؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 20، ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 475؛ ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 30، ئوقۇغۇچىسى 23 مىڭ 175؛ باللار باغچىسى 31، باغچىدىكى بالا 8703. بىر يىلدا 26 مىڭ 733 ئادەم ئىش ئورنىدا تەربىيىلەشكە، 9414 ئادەم ماسلىشىش خاراكتېرىدىكى تەربىيىلەشكە، 3449 ئادەم داۋاملىق تەربىيىلەشكە، 7526 ئادەم ئوتتۇرا، ئالىي دەرىجىلىك تەربىيىلەشكە قاتناشتى. مەكتەپلەردە ژۇرنال ئارقىلىق ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچى 100 مىڭدىن ئاشتى، ئۆزلۈكىدىن ئىمتىھان بېرىدىغانلار ئاز كەم 3000 غا يەتتى. 22 قېتىم كۆلىمى بىر قەدەر كەڭرەك بولغان ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيىتى ھەم ئەدەبىيات - سەنئەت ئويۇن قويۇش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، 12 قارار خەتتاتلىق، فوتو سۈرەتچىلىك قاتارلىق مەدەنىيەت كۆرگەزمىسى ئېچىلدى، 18 قېتىم مەدەنىيەت مۇلازىمەت ئەترىتى تەشكىللىنىپ نېفىتلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ 1 - سېپى ۋە قىسىملارغا بېرىپ مەدەنىيەت مۇلازىمىتى قىلىپ، ئويۇن قويۇپ بەردى. 43 تۈردىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسىرى ۋە نومۇر دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون ئۇيۇشتۇرغان مۇسابىقىلەردە مۇكاپاتلاندى. جۇڭگونىڭ 2 - نۆۋەتلىك «كىچىك نىلۇپەرلەر خىسلىتى» باللار ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدە شەھەر، ئىدارە تاللاپ ئەۋەتكەن 5 ئەسەرنىڭ ھەممىسى مۇكاپاتلاندى؛ شەھەر، ئىدارە دۆلەتلىك 2001 - يىللىق خەلقئارا باللار ئۇسسۇل مۇسابىقىسىنىڭ تاللاش مۇسابىقىسىگە تاللاپ ئەۋەتكەن ئەسەرلەر تاللاندى ھەمدە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى ئارقىلىق، قاراماي شەھىرى مۇشۇ يىلدا ئالاھىدە دەرىجىلىك 5، 1 - دەرىجىلىك 6، ئۈلگىلىك 3 يېزا، مەھەللە ۋە مەدەنىيەت پونكىتىغا رەسمىي نام بەردى. يىل ئاخىرىدا شەھەر بويىچە ھەرخىل مەدەنىيەت بۇيۇملىرى تىجارەت سورۇنى 800 دىن ئاشتى. رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98.8كە يەتتى، 16 پارچە رادىئو - تېلېۋىزىيە ئەسىرى ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مۇكاپاتقا ئېرىشتى. كۇتۇپخانىغا 100 مىڭ پارچە يېڭى كىتاب كىرگۈزۈلدى، 1400 خىلدىن ئارتۇق گېزىت - ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇندى، كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب 198 مىڭ پارچىگە يەتتى، يەنە كۆپ ۋاستىلىك كۆرۈش - ئاڭلاش قىرائەتخانىسى ئېچىلدى ھەم تېلېگراف تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە «169» تور قىرائەتخانا مەركىزى قۇرۇلۇپ، سىرتقا مۇلازىمەت قىلىش كۆزنىكى كۆپەيتىلدى. پوچتا ئىدارىسى 12 مىليون 195 مىڭ نۇسخا گېزىت، شىنخۇا كىتابخانىسى 2

مىليون 594 مىڭ پارچە كىتاب تارقاتتى، كىشى بېشىغا سېتىۋېلىنغان كىتاب شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى. يىل ئاخىرىدا شەھەر بويىچە 4 ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانا، 24 يېزا دەرىجىلىك شىپاخانا، 3 سەھىيە - يۇقۇملىنىش ساقلىنىش ئاپپاراتى، 1418 كارىۋات، 2146 كەسپىي سەھىيە - تېخنىكا خادىمى (دوختۇر 959) بار. سەھىيە ئاپپاراتلىرى بىر يىلدا 1 مىليون 572 مىڭ كىشى (قېتىم) كۆردى ۋە داۋالىدى، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋاتنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتى 83.7% بولدى. شەھەر بويىچە 34 پىلانلىق ئىممۇنىتېتلاش - ۋاكسىنا ئەملەش ئۇقتىسىنى كومپيۇتېر ئارقىلىق باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى، بالىلارنى پىلانلىق ئىممۇنىتېتلاش - ۋاكسىنا ئەملەش نىسبىتى 95%تىن يۇقىرى بولدى. شەھەر بويىچە 4 ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانا ب د ت بالىلار فوندى جەمئىيىتى ۋە سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ «بوۋاقلارغا كۆيۈنۈش دوختۇرخانىسى» نى باھالىشىدىن ئۆتتى. سەھىيە تارماقلىرىنى ئاساس قىلغان ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ساقلىقنى ساقلاش، سالامەتلىك تەربىيىسى، پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكىسى جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىش بىر گەۋدە قىلىنغان مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە بارلىققا كەلتۈرۈلدى. شەھەر بويىچە 11 مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت مەركىزى ۋە 20 مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت پونكىتى بار. مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە باش شىركەت ئۆتكۈزگەن ھەرخىل مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ، 12 ئالتۇن مېدال، 6 كۈمۈش مېدال، 9 مىس مېدال قولغا كەلتۈرۈلدى.

### خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 801.4 يۈەن، ئايلىق ئوتتۇرىچە ئىستېمال خاراكتېرلىك چىقىمى 633 يۈەن، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 3610.8 يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا شەھەر، ئىدارىدا كۆلىمى 399 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 5000 يۈرۈش تۇرالغۇ ئۆي سېلىندى. سۇغۇرتا كەسپى بويىچە سۇغۇرتىلاش سوممىسى 19 مىليارد 392 مىليون يۈەنگە، ئۆمۈر سۇغۇرتىسىنىڭ ھەرخىل سۇغۇرتا تۈرىگە قاتناشقانلار 170 مىڭ 300 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. 10 مىڭ 104 ئائىلە، 133 كارخانا، ئورۇن ۋە 11 مىڭ 795 ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىسى مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىغا قاتناشتۇرۇلدى. بىر يىلدا سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 175 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 47.9%، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى كىرىمى 29.8%، مال - مۈلۈك سۇغۇرتا كىرىمى 71.8% ئاشتى. ھەرخىل تۆلەم دېلوسىدىن 8107سى بىر تەرەپ قىلىندى، 27 مىليون 280 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

ئۇقتىسلىق ساناھەت بۆلەكلىرىنى تۈزەش خىزمىتىدە باسقۇچ خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش بولۇپ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ساناھەت كارخانىلىرىدىكى بۆلەكلەرنى ئۆلچەم بويىچە چەكلىك مۇددەتتە تۈزەش تىزىملىكىدىكى 7 ئورۇننىڭ 6 سى مۇددەتتىن ئىلگىرى تۈزەش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. 10 ئورۇننىڭ 20 كىچىك پار قازىنى ئىشتىن توختىتىۋېتىلدى. شەھەر مۇھىتى خىزمەت سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان شەھەر مۇھىتىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش، تەرتىپكە سېلىشنى مىقدارلاشتۇرۇپ سىناشتا قاراماي شىنجاڭدىكى 19 شەھەر ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇردى. شەھەر 2000 - يىلى مەملىكەت بويىچە شەھەر مۇھىتىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش، تەرتىپكە سېلىشتىكى مۇنەۋۋەر شەھەر ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدە ئىلغار شەھەر دېگەن نامغا ئېرىشتى.

☆ 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قايتا تەشكىللەنگەن شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى بىلەن شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتى رەسمىي ئايرىلىپ مەشغۇلات باشلىدى.

☆ 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى شىمالىي شىنجاڭ سۇ باشلاش قۇرۇلۇشىنىڭ دېڭىزدىن — شىجياۋ سۇ ئامبىرى بۆلىكىگە غەلىبىلىك سۇ قويۇپ بېرىلدى. دېڭىزدىن — شىجياۋ سۇ ئامبىرى بۆلىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 329 كىلومېتىر، بۇ قۇرۇلۇشقا قاراماي شەھىرى ۋە شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى 3 مىليارد 660 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى.

ياڭ يۈەنجىن، چېن پېڭ

## مايتاغ رايونى

### ئاساسىي ئەھۋالى

مايتاغ رايونى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. قاراماي شەھىرىگىچە بولغان ئارىلىقى 150 كىلومېتىر، ئىككى شەھەرنى كۈيتۇن شەھىرى بىلەن بىڭتۇەن 7 - شىنىڭ تۇەن - مەيدانلىرى ئايرىپ تۇرىدۇ، ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 250 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 3، ئاھالىلەر كومىتېتى 11. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 50 مىڭدىن ئاشىدۇ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 13 مىڭ)؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.27%، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.41%، كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ مايتاغ رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: فۇدېشىن (1999 - يىل 12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: سۇلتان ئەسقەر.

رايون باشلىقى: شۇ فۇگۇي (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋاڭ جىگاڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى مايتاغ رايونى بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليون يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى تېرىلغۇ يەر 133.3 گېكتار بولۇپ، 80 گېكتار يەرگە كېۋەز، 66.6 گېكتار يەرگە كۆكتات تېرىلدى.

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 11.5 | 7.1 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 0.06 | |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 9.5 | |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 1.94 | |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | | 2.3 | |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 79500 | 3 |
| يەرلىك مالىيىنىڭ شۇ دەرىجىلىك كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 6681 | 1.6 |
| يەرلىك مالىيىنىڭ شۇ دەرىجىلىك چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 7362 | 12.5 |

ئىزاھ: جەدۋەلدىكى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 235 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 2 مىليارد 766 مىليون يۈەن) گە يەتتى. يەرلىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 277 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 27 مىليون يۈەن، كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 55 مىليون يۈەن، پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 192 مىليون يۈەن، باشقا ئىقتىسادىي تۈردىكى كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون يۈەن. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 43 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 3 مىليون 435 مىڭ توننا نېفىت پىششىقلاندى، 162 مىڭ توننا ئېتىلېن، 5713 توننا سۇلياۋ ياسالما، 61 مىڭ 813 توننا ئاسفالت، 124 مىڭ 480 يۈگەم ماي قەغەز، 4300 توننا بۇغداي ئۇنى ئىشلەپچىقىرىلدى. يىل بېشىدا، نېفىت - خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى جۇڭگو نېفىتى مايتاغ نېفىت - خىمىيە سانائىتى شىركىتى بىلەن شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى مايتاغ نېفىت - خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىغا ئايرىلىپ بېكىتىلگەن ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى. 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى يىلىغا 220 مىڭ توننا ئېتىلېن ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى ھەققىدىكى دوكلات گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن تەستىقلاندى. 12 - ئاينىڭ 6- كۈنى قاراماي شەھىرى بويىچە تۇنجى بولۇپ پېيىنى بازارغا سالغان شىركەت — مايتاغ «تيەنلى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىسى» شىركىتى قۇرۇلۇپ، پېيىنى بازارغا سالدى. 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شاڭخەي ئاكسىيە سودا ئورنىدا ۋېۋىسكا ئېسىپ سودا قىلىپ، شىنجاڭ يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كەسپى ۋە نېفىت - خىمىيە سانائىتى ساھەسىدىكى پاي تارقاتقان تۇنجى شىركەت بولۇپ، پېيىنى بازارغا سالغان شىركەتلەرنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىدە «يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا» ۋە «نېفىت - خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى» دىن ئىبارەت 2 تۈردىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. رايونغا قاراشلىق ئورۇنلار تۇراقلىق مۈلۈككە سالغان مەبلەغ 26 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە

يەتتى. كۆيخې يولى، چاڭلىق يولىنى ئۆزگەرتىش ۋە داچىلىق شەرقىي يولىنى شەرققە ئۇزارتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى، داچىلىق يولىنىڭ چىراغلىرى ئالماشتۇرۇلدى؛ مىڭجۇ بازىرى، خۇيمىن بازىرى قۇرۇلۇشى پۈتتۈرۈلدى؛ 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى پۈتتۈرۈلدى؛ چىملىق پۇتبول مەيدانى، چىراغلىق ۋاليبول مەيدانى، چويلا توپ مەيدانى قاتارلىق بىر تۈركۈم تەنتەربىيە مۇئەسسەسلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. خۇسۇسىي كارخانا 101 گە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 29ى كۆپەيدى؛ يەككە سودا - سانائەتچى 2472 گە يېتىپ، 321ى كۆپەيدى، بازاردىكى پۈتۈشۈش سوممىسى 56 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

2000 - يىلى 138 تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى يولغا قويۇلدى. 21 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا نەتىجىسى قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 3 تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ پەن -تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش بويىچە 76 مىليون 10 مىڭ يۈەنلىك ئۈنۈم يارىتىلدى. بېسىمىنى كېمەيتىپ دىستىللەش سىستېمىسى بويىچە پار - مېخانىكىنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ۋاكىئوم چىقىرىش تېخنىكىسى دۆلەتنىڭ پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى. ئوكسىدلىنىشقا قارشى رېئاكتىۋ، ئىسسىقلىقنى تۇراقلاشتۇرغۇچى رېئاكتىۋ، سوقۇلۇشقا كۈچلۈك تاقابىل تۇرغۇچى كاتالىزاتور دورىسى ئارقا - ئارقىدىن دۆلىتىمىزدە ئىشلىنىدىغان بولدى. ئاپتونوم رايون مايتاغ رايونىغا «مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكىدا ئىلغار شەھەر رايونى» دەپ نام بەردى. رايوندىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 2، باشلانغۇچ مەكتەپ 6 (9 - ئايدا بىرلەشتۈرۈلۈپ 5 قىلىندى)، بالىلار باغچىسى 7، تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى بىر، ئىشتىن سىرتقى ئۇنىۋېرسىتېت بىر. خەلق باشقۇرۇشىدىكى تۇنجى مەكتەپ (يېڭىلىق يارىتىش مەكتىپى) رەسمىي قۇرۇلدى. ئەسلىدىكى شىنجاڭ نېفىت مەكتىپىنىڭ دەرىجىسى قاراماي كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتىغا ئۆستۈرۈلدى. 2000 - يىلى رايون بويىچە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا خەنزۇ تىلىدا ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوبۇل قىلىنىش نىسبىتى 91% بولۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە قوبۇل قىلىنىش نىسبىتىدىن 30 پىرسەنت پوئىنتى، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدا ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوبۇل قىلىنىش نىسبىتى 100% بولۇپ، 40 پىرسەنت پوئىنتى يۇقىرى بولدى. رايون بويىچە بىر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، بىر چاستوتىسى تەڭشىلىدىغان رادىئو ئىستانسىسى بار، تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەردە ئومۇملىشىش نىسبىتى 100%كە يەتتى. بىر ئۇنىۋېرسال ئىشچى - خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسى ( AA دەرىجىلىك دوختۇرخانا) ، 7 ساقلىقنى ساقلاش پونكىتى، 400 دىن ئارتۇق تېببىي داۋالاش - سەھىيە كەسپىي تېخنىكا خادىمى، 300 دىن ئارتۇق كارىۋات، بىر يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى بار. شۇ يىلى ئىشچى - خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسىنىڭ 4800 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئامبۇلاتورىيە بىناسى پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. 6 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىنغان يادرو ماگنىتلىق رېزونانس ئۆسكۈنىسى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. بىر يىلدا «مايتاغلىقلار ئەسىر فوتو - سۈرەت كۆرگەزمىسى» ، «5 - نۆۋەتلىك كىتاب كۆرگەزمىسى» قاتارلىق مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇلدى. قازاقىستان بالېت ئۆمىكى مايتاغقا كېلىپ ئويۇن قويۇشقا تەكلىپ قىلىندى. مايتاغ رايونى كۈيتۇڭ، شىخو شەھەرلىرى بىلەن بىرلىكتە «ئالتۇن ئۈچبۇرجەك» رايونى بويىچە 3 - نۆۋەتلىك ئىشتىن سىرت ناخشىچىلار مۇكاپاتلىق ناخشا مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى. مايتاغ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئىشلىگەن «تاللاش» ناملىق تېلېۋىزىيە نەسرى ۋە «گۈللى» ناملىق مۇزىكىلىق فىلىم جۇڭگو تېلېۋىزىيە سەنئىتى جەمئىيىتىنىڭ تېلېۋىزىيىنى باھالاش - مۇكاپاتلاش يىغىنىدا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، تېلېۋىزىيە مەخسۇس فىلىمى «پادىچى ناخشىسى» جۇڭگو تېلېۋىزىيە «ئالتۇن بۈركۈت مۇكاپاتى»نىڭ مۇنەۋۋەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 6 - ئايدا، مايتاغ رايونى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي رايون دېگەن نامغا ئېرىشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى رايوندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق پۇل مائاشى 14 مىڭ 826 يۈەنگە يەتتى. نېشۇي تېغىنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، كۆكەرتىش كۆلىمى 730 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆپەيتىلدى. كۆكەرتىش كۆلىمى كىشى بېشىغا 6.7 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلدى، رايوننىڭ يېشىللىشىش نىسبىتى 33.3%كە يەتتى. 12 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئەلا ياخشى پاكىز شەھەر - رايون دېگەن نامغا ئېرىشتى ھەم ئاپتونوم رايون بويىچە «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدا مۇنەۋۋەر شەھەر - رايون دېگەن نامغا ئېرىشتى.

ۋېي شيەنخۇا

# قاراماي رايونى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قاراماي رايونى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە، قاراماي شەھىرى تەۋەلىكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. 2000 - يىلى رايونغا قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 6، يېزا بىر، دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىسى بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 144 مىڭ 308 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 31 مىڭ 26)؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 8.3‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 6.15‰. كىلىماتى قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتقا كىرىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قاراماي رايونلۇق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاۋ ۋېيدۇڭ (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ما ۋېنخۇ.

رايون باشلىقى: تيەن چىڭشىڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى قاراماي رايونى شوگەي يېزىسىنىڭ تۈرلۈك دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلغۇ كۆلىمى 722.87 گېكتارغا يەتتى. 447.53 تونىنا ئاشلىق، 868.18 تونىنا ساپ پاختا ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا 12 مىڭ 500 چارۋا قالدى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئوتلاقنى ھەقلىق ھۆددىگە بېرىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. شوگەي يېزىسىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك بازار قۇرۇلۇشى يېرىك پىلانى باھالاشتىن ئۆتۈپ، يولغا قويۇش باسقۇچىغا كىردى، 4 مەمۇرىي كەنت ۋە بىر دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىسىدا «بەشنى تۇتاشتۇرۇش» (تۇرۇبا سۈيى، توك، ماي يول، يېپىق يوللۇق تېلېۋىزىيە، تېلېفون) پۈتۈنلەي ئەمەلگە ئاشتى.

رايون بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 6 مىليارد 430 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 6.8% (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى. بىرلىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 640 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 12% ئاشتى. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 780 مىليون يۈەنگە يەتتى. مالىيە كىرىمى 205 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 26.7% ئاشتى. 3 - كەسىپنىڭ تەرەققىياتى تېزلەشتى، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 325 مىليون يۈەنگە يەتتى. رايون بويىچە يەككە سودا - سانائەتچى 6404كە يېتىپ، 37.3%؛ خۇسۇسىي كارخانا 319غا يېتىپ، 13.5% كۆپەيدى. رايونغا قاراشلىق 12 كارخانا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى خىزمىتىنى تاماملىدى، كارخانىنىڭ 10 نەچچە مىليون يۈەن قەرزىنى ئېنىقلاپ چىقتى.

شەھەر رايونى قۇرۇلۇشىدا رايونلۇق مەھەللە مۇلازىمەت مەركىزى، 4 مەھەللە مۇلازىمەت مەركىزى ۋە 12 مەھەللە مۇلازىمەت پونكىتىنىڭ قۇرۇلۇشى تاماملاندى، بۇلارنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 19 مىڭ 909.2 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. قىزىلتاغ مەخسۇسلاشقان ئېلېكتر سايمانلىرى بازىرى قۇرۇلدى، بېلىق، قوش، گۈل - گىياھ بازىرى قۇرۇلدى. ئۆي قۇشلىرى، چارۋا باقمىچىلىق بازىرىنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى تاماملاندى، 150 باقمىچى ئائىلە بازىغا كىردى. مەدەنىيەت كوچىسى قۇرۇلۇشى، قاراماي دەرياسى مەركىزىي مەنزىرە رايونى قۇرۇلۇشى تاماملاندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

رايوندىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 15، بالىلار باغچىسى 14. شەھەر رايونىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئېنگلىز تىلى ئوقۇتۇشنى ئومۇملاشتۇرۇش نىشانىنى مۇددەتتىن بىر يىل بۇرۇن ئورۇندىدى. باشلانغۇچ مەكتەپ ئېنگلىز تىلى پائالىيەت دەرسى ئوقۇتۇش ئەندىزىسى جەھەتتە، شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك باشلانغۇچ مەكتەپ سۈپەتلىك ئېنگلىز تىلى دەرسى مۇسابىقىسىدا قاراماي رايونىدىن تاللاپ ئەۋەتىلگەن 3 ئېنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇلارنىڭ بىرسى شىنجاڭنىڭ بىردىنبىر ۋەكىلى بولۇپ مەملىكەت بويىچە ئېنگلىز تىلى ئوقۇتۇشى مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 2000 - يىلى قاراماي رايونىدىكى مەكتەپ، بالىلار باغچىسى 7 تۈردە دۆلەت، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كوللېكتىپ مۇكاپاتقا، 54 كىشى دۆلەت دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 70 كىشى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شۇ يىلى شوگەي يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى سېلىندى، سەنئەت بالىلار باغچىسىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. قاراماي رايونلۇق مەھەللە مەدەنىيىتى كەسپىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن شەھەر، كارخانىلار قۇرغان مەدەنىيەت يۇرتى (مۇرۇنى)، مەھەللە قۇرغان مەھەللە مەدەنىيەت پونكىتى ۋە مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتلىرى قۇرغان مەھەللە مەدەنىيەت پائالىيەت ئۆيىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك مەھەللە مەدەنىيەت تورى شەكىللەندى. بىر يىلدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 12 مەدەنىي ئورۇن قۇرۇلدى،

شەھەر رايونىغا ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن «مەدەنىي شەھەر رايونى» دېگەن نام بېرىلدى. مەھەللە داۋالاش مۇلازىمەت سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، مەھەللە سەھىيە مۇلازىمىتى 100% ئومۇملاشتى.

### خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى شوگېي يېزىسىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 4002 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 14 مىڭ 750 يۈەنگە يەتتى. رايون بويىچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆزگە تەئەللۇق كىرىمى 9617 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئامانەت پۇلى 18 مىڭ 800 يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 16.85 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. مەھەللە ئاپتونومىيە تەشكىلىي قۇرۇلۇشى جەھەتتە، ئەسلىدىكى 57 ئاھالىلەر كومىتېتى تەڭشىلىپ ۋە بىرلەشتۈرۈلۈپ، 49 ئاھالىلەر كومىتېتى قىلىندى، مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈشى ۋە نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمى تاماملاندى. مەھەللە مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، مەھەللە پىدائىيلىرىدىن 2700 نەچچە ئادەم تىزىملاندى، مەملىكەت بويىچە ئەڭ ئاۋۋال مەھەللە خىزمەتچىلىرىنى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلدى ھەم مەھەللە مۇلازىمىتىنى تورلاشتۇرۇش ۋە ھۆكۈمەت تورغا كىرىش قۇرۇلۇشى باشلاندى. شۇ يىلى مېيىپلار پائالىيەت - سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇلدى، 5 مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا مېيىپلارنىڭ سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پونكىتى تەسىس قىلىندى. بىر يىلدا رايون بويىچە كۆكەرتىش كۆلىمى 10 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر كۆپەيدى. دۆڭگو ئەخلەت مەيدانىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتتى.

جاڭ شىنخۇي

## جەرەنبۇلاق رايونى

### ئاساسىي ئەھۋالى

جەرەنبۇلاق رايونى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە، قاراماي شەھىرىنىڭ قىيپاش شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. رايونلۇق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 360 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى رايونغا قاراشلىق بازار 2، ئۇلار جەرەنبۇلاق، سەنپىڭ. مەھەللە ئىش باشقارمىسى 2، ئاھالىلەر كومىتېتى 26. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (دائىم تۇرمايدىغان نوپۇس بۇنىڭ سىرتىدا) 63 مىڭ 476 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 15 مىڭ 234)؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 8.76‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.23‰. كىلىماتى تىپىك مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتقا كىرىدۇ.

جەرەنبۇلاق رايونىدا قېزىلما بايلىق مول بولۇپ، ئاساسلىقى نېفىت، تەبىئىي گاز، ئۇنىڭدىن باشقا قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، ئاشتۇزى، ياپىلاق تاش، قۇم - شېغىل، خرۇستال تاش قاتارلىقلار، ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن جەرەن، ياۋا ئات، قۇلان قاتارلىقلار، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن توشقان زەدىكى، چۇچۇكبۇيا، شىقىلداق، ئىگىر، بۇدۇشقاق قاتارلىقلار بار.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ جەرەنبۇلاق رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شۈي نەيخۋا.

4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: خۇاڭ رۇيپىڭ.

رايون باشلىقى: سۇن جېنجياڭ.

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى جەرەنبۇلاق رايونى بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 4 مىليارد 980 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 2 مىليارد 589 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 9.01% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا). رايون بويىچە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليارد 160 مىليون يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 2 مىليون 310 مىڭ توننا نېفىت ئېلىندى، 858 مىليون كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى. تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەن كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە 5 مىليون 600 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىندى، يىل ئاخىرىدا رايون بويىچە 9 كارخانىنىڭ تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلدى. بىر يىلدا ئاز كەم 8 مىليون يۈەن يەرلىك باج يارىتىلدى. رايونغا بىۋاستە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 38 مىليون يۈەندىن ئاشتى، ئۇلار 1 مىليون 800 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى، يۇقىرىغا 2 مىليون 260 مىڭ يۈەن باج تاپشۇردى، مۈلكىنىڭ قىممىتى 33 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا رايون بويىچە يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانىلار دۆلەتكە 10 مىليون يۈەندىن ئارتۇق باج تاپشۇردى، بۇ، رايون بويىچە تاپشۇرۇلغان باجنىڭ ئاز كەم 30% نى ئىگىلىدى. بىر يىلدا يەرلىك ئىقتىسادنىڭ تىجارەت مەھسۇلات قىممىتى 715 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 22%، جەمئىيەت بويىچە تاۋارلارنىڭ

پارچە سېتىلىش سوممىسى 240 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9 ئاشتى. رايوننىڭ يەرلىك مالىيە كىرىمى 97 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %11 ئاشتى؛ يەرلىك مالىيە چىقىمى 90 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %15 ئاشتى.

رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 2000 - يىلى شەھەر رايونى قۇرۇلۇشىغا 20 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سالدى. ئۇزۇنلۇقى 1300 مېتىر كېلىدىغان «جۇڭشاڭ» يولىنىڭ شەرقىي بۆلىكىنى كېڭەيتىش، ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئورۇنلاندى؛ 217 - دۆلەت يولىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى يۈەندىنى بىر تەرەپ قىلىش 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلۇپ، يۈەندا چىقىرىش ئىقتىدارى كېڭەيتىلدى، بۇلغىنىش مەنبەسى كىچىكلىتىلدى؛ مەدەنىيەت مەيدانىنى يۇرۇشلەشتۈرۈش ۋە كۆكەرتىش خىزمىتى ئورۇنلاندى، شەھەر رايونىنىڭ مەدەنىيەت ئاساس مۇئەسسەسەلىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى؛ قاتناش ئازارتىشقا ماسلىشىپ 217 - دۆلەت يولى كېڭەيتىلدى ھەم شەھەر رايونىدىكى يول بۆلىكىگە چىراغ ئورنىتىلدى؛ «يىنچۈەن» يولىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1400 مېتىر كېلىدۇ، يەنە، «ئېرلىيەن» يولى، «باغچا» يولى، «نىلۇپەر» يولى ئۆزگەرتىلدى؛ «مىنخۇ» يولى سودا كوچىسىنىڭ 1 - بۆلىكى پۈتتى ھەمدە سودا باشلاندى؛ سەنپىڭ يولىدىكى سودا كوچىسى پۈتۈپ سودا باشلاندى؛ مەدەنىيەت بىناسىنىڭ ئالدىنقى قارارلىق چېقىش، كۆچۈرۈش، ئورنىنى تۈزلەش قاتارلىق تەييارلىق خىزمەتلىرى ياخشى ئىشلەندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

جەرەنبۇلاق رايونى 2000 - يىلى پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە 5 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سالدى. رايون بويىچە پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى %90تىن، ئۇنى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش نىسبىتى %65تىن يۇقىرى بولدى، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا قوشقان تۆھپىسى %50تىن يۇقىرى بولدى. بۇ رايون «مەملىكەتلىك پەن - تېخنىكا خىزمىتىدىكى ئىلغار شەھەر رايونى» بويىچە ئاپتونوم رايوننىڭ قايتا تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. رايون بويىچە مىللىي، خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا كىرىش نىسبىتى، مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى، ئوقۇش پۈتتۈرۈش نىسبىتى، ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى %100كە، ئومۇملىشىش نىسبىتى %100كە يەتتى. رايون بويىچە 11 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ھەممىسى 1 - خىل ئۆلچەمگە يەتتى؛ 6 بالىلار باغچىسىدىن بىرى قېلىپلاشقان بالىلار باغچىسى ئۆلچىمىگە، 4ى 1 - خىل ئۆلچەمگە يەتتى. شۇ يىلى رايون مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار رايون نامىنى داۋاملىق ساقلاپ قالدى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، جەرەنبۇلاق رايونىدىكى كۆتۈپخانا 5كە، قىرائەتخانا 39غا، ساقلانغان كىتاب 340 نەچچە مىڭغا يەتتى؛ قۇرۇلۇش كۆلىمى 5600 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 2 تەنتەربىيە سارىيى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 5000 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 3 كۇلۇب، 3 كىنو - تىياتىرخانا، 3 مەھەللە مەدەنىيەت مەركىزى، 12 مەدەنىيەت ئۆيى بار؛ غەربىي شىمال رايونى بويىچە 1 - دەرىجىلىك سۇپەتلىك سۇ ئۈزۈش سارىيى بار، كۆلىمى 5400 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. رايون بويىچە 7 رادىئو ئۆزېلى، 7 يېپىق يوللۇق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بار. يىل ئاخىرىدىكى دوختۇرخانا 2، شىپاخانا، ساقلىق ساقلاش پونكىتى 7، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 736، كارىۋات 390.

## خەلق تۇرمۇشى

جەرەنبۇلاق رايونىدىكى ئاھالىلەرنىڭ 2000 - يىلدىكى ئوتتۇرىچە ئۆزىگە تەئەللۇق كىرىمى 9616 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئەمەلىي چىقىمى 7596 يۈەنگە يەتتى، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى، مېيىپلارنى نىسبەت بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى يولغا قويۇلدى، رايون بويىچە 484 مېيىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئىشقا ئورۇنلاشقانلار مېيىپلارنىڭ %76.66نى ئىگىلىدى، رايونغا قاراشلىق 2 مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا مەھەللە مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇلدى، ئىجتىمائىي كاپالەت، مېيىپلارغا يار - يۆلەك بولۇش، ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش، قېرىلارغا ياردەم بېرىش - ھۆرمەتلەش، نامراتلارنى يۆلەش - قىيىنچىلىقتا قالغانلارنى قۇتقۇزۇش، ئائىلە مۇلازىمىتى قاتارلىق 6 چوڭ تۈر بويىچە 40 نەچچە مەھەللە مۇلازىمەت تۈرى تەسىس قىلىندى. رايون بويىچە يېشىللىق كۆلىمى 281.08 گېكتارغا، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش كۆلىمى 320.52 گېكتارغا يەتتى، رايون بويىچە يېشىللىق بەرپا قىلىش نىسبىتى %32.85كە، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %37.45كە، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يېشىللىق كۆلىمى 41 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. رايون شۇ يىلى ئاپتونوم رايون ئۇيۇشتۇرغان شەھەرلەر ئارا «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدا «باغ - ئورمانلاشتۇرۇش لوڭقىسى» ئالدى.

شى جيەن

# ئورقۇ رايونى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئورقۇ رايونى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە، قاراماي شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 390 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورقۇ، ئاقبۇلاقتىن ئىبارەت 2 ئاھالىلەر كومىتېتى ۋە ئورقۇ يېزىسى بار. يىل ئاخىرىدىكى رايونغا قاراشلىق دائىملىق نوپۇس 7432 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 2292) ، يېزا نوپۇسى 1432؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 14.4‰، ئۆلۈش نىسبىتى 1.5‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 12.9‰. رايون بويىچە نوپۇس 14 مىڭ 820 (بىڭتۇەن 137 - تۇەن - مەيدانىنىڭ رايون تەۋەسىدىكى نوپۇسىنى شۇنىڭ ئىچىدە، كۆچمە نوپۇس ۋە باشقا ناھىيىگە قاراشلىق نوپۇسلار بۇنىڭ سىرتىدا) . رايون بويىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3 .333 گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى 3 .193 گېكتار، ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 140 گېكتار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

رايون تەۋەسىدە سۇ بايلىقى مول، ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان ئاق تېرەك دەرياسى، جەرەنبۇلاق سۇ ئامبىرىدىن باشقا، 8 - ئايدا شىمالىي شىنجاڭ سۇ يەلەن تەسلەش ئۇقتىلىق قۇرۇلۇشى — شەيتانكەرىش ئېگىزلىك سۇ ئامبىرى پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. رايون تەۋەسىدە 6 .212 كۋادرات كىلومېتىر تەبىئىي ئوتلاق، 3 .66 كۋادرات كىلومېتىر تەبىئىي ئورمان بار. ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن نېفىت، گەج، تەبىئىي گاز، شور، كۆمۈر، چىرىستال قاتارلىقلار، ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن جەرەن، بۆغا، بۈركۈت قاتارلىقلار بار، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن توشقان زەدىكى، چۈچۈكبۇيا، ئالقات، چاكاندا قاتارلىقلار بار. داڭلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىسىدىن يار داڭلىق — شەيتانكەرىش، ئاق تېرەك دەرياسى جىلغىسى، تەبىئىي ئاسفالت كانى، مايلىق قۇم تاغ، رەڭدار تاش ساھىلى، ئىپتىدائىي توغراقلىق بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئورقۇ رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: چيەن خەيجياڭ.

4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئىبراھىم مۇقىيت.

رايون باشلىقى: جىن ۋۇلىن.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ئورقۇ رايونىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 155 مىڭ يۈەنگە،

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى ( % ) |
|---|---|---|
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | 826 | —42 .12 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۇياق) | 3484 | —54 .59 |
| رايون تەۋەسىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 700 | —13 .37 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 2000 | 66 .67 |
| بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | 14700 | 40 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 1737 | 22 .58 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 1751 | 23 .57 |

137 - تۇەن - مەيدانىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 19 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 826 توننا ئاشلىق، 249 توننا پاختا ئېلىندى. رايون بويىچە نېفىت گازىدىن 1 مىليارد 70 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 199 مىليون يۈەن) ، ئاقبۇلاق نېفىت ئېلىش زاۋۇتى 647 مىڭ

700 توننا خام نېفىت، 135 مىليون 600 مىڭ كۇب مېتىر تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقاردى. پەرلىسىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 50 مىليون 388 مىڭ يۈەنگە، 137 ـ تۇەن ـ مەيداننىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يەتتى، رايون بويىچە يەككە سودىگەر 700 ئائىلە، خۇسۇسىي كارخانا 3كە، كەسىپكار 1537 گە، تىزىملاتقان مەبلىغى 21 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا تاۋار سودىسىدا يۈرگۈزۈلگەن سوممىسى 8 مىليون 560 نەچچە مىڭ يۈەنگە يەتتى، يەككە سودىگەرلەر ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار دۆلەتكە تاپشۇرغان پايدا ـ باج 2 مىليون يۈەندىن ئاشتى، بۇ پەرلىڭ مالىيە كىرىمىنىڭ تەخمىنەن %22نى ئىگىلىدى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 158 مىڭ 100 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 831 مىڭ 600 يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون 2500 تۇچكىغا، 169 ئىنتېرنېت ئابونىتى 80گە يەتتى.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ئورقۇ رايونى 2000 ـ يىلى 5 مىليون 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ قوللىنىش ۋە سانائەت تېخنىكىسىنى يېڭىلاشنى تېزلەتتى. يىل ئاخىرىدا، رايون بويىچە تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 157گە يەتتى (ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرىلار 42). رايوندىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 855، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 56؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 282، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 54؛ باللار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 318، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 39. بىر يىلدا تۈرلۈك مائارىپ ئىشلىرى خىراجىتى چىقىمى 7 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى «ئورقۇ رايونى تەزكىرىسى»نى تۈزۈش تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. رايون بويىچە تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90تىن يۇقىرى بولدى. 3 تېببىي داۋالاش، سەھىيە ئاپپاراتى (سەھىيە، يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 140 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 100 كارىۋات بار. بىر يىلدا سەھىيە نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش كۆلىمى، مۇلازىمەت كەسىپلىرىگە دېزىنفېكسىيە ئۆلچەملىرىنى سەپلەش نىسبىتى، بالىلارنى پىلانلىق ئەممۇنىتېتلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %100كە يەتتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 ـ يىلى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمى 8122 يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3218.67 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 11 مىڭ 200 يۈەنگە، 137 ـ تۇەن ـ مەيدان ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2864 يۈەنگە، يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3700 يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 85 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 3200 كۋادرات مېتىر يەردە گۈل ـ گىياھ، كۆچەتخانا بەرپا قىلىندى، رايوننىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %32.7كە يەتتى.

جياڭ كېۋېن

# شىخەنزە شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

شىخەنزە شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، ماناس دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 150 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 145 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 ـ يىلى شەھەرگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا بىر، مەھەللە ئىش باشقارمىسى 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 284 مىڭ 800 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 21 مىڭ 100)، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 64 مىڭ 100. يىل ئاخىرىدىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 34 مىڭ 700 گېكتار بولۇپ، 28 مىڭ 200 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى 5600 گېكتار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ شىخەنزە شەھەرلىك 4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: مارۇڭ.

6 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مارۇڭ.

شەھەر باشلىقى: دىڭ شىندۇەن.

سىياسىي كېڭەش 6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: قېدىرقان ئاقمەت (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 601 مىليون يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 358 مىليون يۈەن)گە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %11.3 ئاشتى. (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) يېزا ئىگىلىك

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| | تۈرلەر | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| | ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 25.12 | 12 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 3.29 | 10.9 |
| | 2 - كەسپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 10.17 | 14.3 |
| | 3 - كەسپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 11.66 | 9.9 |
| | ئېلىنغان ئاشلىق (تۈمەن يۈەن) | 3.41 | 41.1— |
| | يىل ئاخىرىدىكى قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن يۈەن) | 7.2 | 6.1— |
| | تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | 5497 | 43.6 |
| | ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | 10.65 | 0.9 |
| | يېزا - بازارلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | 45.66 | 9.1 |
| | يەرلىك مالىيە كىرىمى (100 مىليون يۈەن) | 1.91 | 8.4 |
| | يەرلىك مالىيە چىقىمى (100 مىليون يۈەن) | 2.14 | 10.2 |

قوشۇلما قىممىتى 329 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10.9 ئاشتى. 34 مىڭ 100 توننا ئاشلىق، 27 مىڭ 300 توننا پاختا، 189 مىڭ 300 توننا كۆكتات، 5265 توننا گۆش، 2064 توننا سۇ مەھسۇلاتى، 2162 توننا تۇخۇم، 5433 توننا سۈت ئېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 81 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 769 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 2 مىليارد 21 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %13.2 ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 749 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14.6 ئاشتى، بىر يىلدا 858 مىليون 530 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 30 مىڭ 320 توننا يىپ، 70 مىليون 90 مىڭ مېتىر رەخت، 3901 توننا تېتىتقۇ، 1125 توننا ئىسپىرت، 43 مىڭ 277 توننا شوخلا قىيامى، 24 مىڭ 773 توننا ئىچىملىك، هاراق، 22 مىڭ 471 توننا سۇ يېغى، 34 مىڭ 575 توننا فابرىكا قەغىزى ۋە قەغەز پەنەركە، 28 مىڭ 450 توننا سۇلياۋ ياسالما ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 268 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.2 ئاشتى. جەمئىيەت بويىچە مۇقىم مۈلۈككە 1 مىليارد 493 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شەھەر - يېزىلارنىڭ ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، «تيەنيې» گۇرۇھىنىڭ 10 مىڭ توننىلىق سۇ تېجەش سايمانلىرى قۇرۇلۇشى، 12 مىڭ توننىلىق سۇسىز لىمون كىسلاتاسى ۋە 20 مىڭ توننىلىق شوخلا قىيامى ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، «جۇڭفا» خىمىيە سانائىتى شىركىتىنىڭ 25 مىڭ توننىلىق پولى ۋىنىل خلورىدنى بىۋاسىتە سىقىپ چىقىرىش ۋە بىر توننىلىق ئېتون پەردىلىك كۆيدۈرگۈچ ئىشقار ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، ئۈزۈم - باغ زاۋۇتىنىڭ دادۇر ئاقسىلىنى ئۈنۈمىرسال پىششىقلاش 1 - قارارلىق تۈرى، قەغەز زاۋۇتىنىڭ پاختا بوتقىسى تۈرى، «1 - ئاۋغۇست» پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، «1 - ئاۋغۇست» يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ مەھسۇلاتىنىڭ دەرىجىسىنى ئۈستۈرۈش تۈرى، تەرەققىيات رايونىنىڭ «مېھمان كۈتۈش» چوڭ يولى، تەرەققىيات رايونى ئەتىرگۈل باغچىسى كىچىك ئولتۇراق رايونى، ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيى، مۇزىكا مەيدانى، «بېيزىۋۇ» يولى يەر ئاستى كوچىسى، كۆكتات، مېۋە توپ سېتىش بازىرىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۈرلەر ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بىر يىلدا يېڭىدىن 19 تۈر بويىچە توختام، كېلىشىم ئىمزالاندى، كىرگۈزۈلۈپ نەقلەشكەن مەبلەغ 96 مىليون 615 مىڭ يۈەن. ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە سىرتىدىكى 4 شەھەر، ناھىيە بىلەن دوستلۇق ئورنىتىلدى. 7 مىليون 270 مىڭ توننا يۈك، 5 مىليون 110 مىڭ يولۇچى توشۇلدى. شۇ يىلى پوچتا تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 127 مىليون

750 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 3 مىليون 217 مىڭ 100 دانە خەت ئالاقە يەتكۈزۈلدى. يىل ئاخىرىدا ئۆز جايىنىڭ تورىدىن پايدىلانغان مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 108 مىڭ 992گە، سىمسىز چاقىرغۇ ئابونىتى 73 مىڭغا، يانتېلېفون ئابونىتى 23 مىڭ 800گە يەتتى. بىر يىلدا دۆلەت ئىچىدىن كەلگەن 1 مىليون 197 مىڭ 900 ساياھەتچى (قېتىم)، خەلقئارادىن كەلگەن 454 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 65 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمىدىن 21 مىڭ 200ى بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 8000. 20 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 4 تۈر دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە، 5 تۈر ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى، 90 تۈر دۆلەتنىڭ پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى. 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى دۆلەتنىڭ پەن - تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى «مىليون مو كېۋەزنىڭ ساپ پاختا بېرىشلىك ھوسۇلىنى 100 كىلوگرامغا يەتكۈزۈش ئۈنىۋېرسال تېرىقچىلىق تېخنىكىسى شۇنىڭدەك، تېرىقچىلىق ئەندىزىسىنى ئەلالاشتۇرۇش تەتقىقاتى ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرى» پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى 100 مىليون يۈەنگە يەتتى. شەھەردىكى ئالىي مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 966، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 972؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 9، ئوقۇغۇچىسى 4495، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 320؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 17، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 700، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1056؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 13، ئوقۇغۇچىسى 23 مىڭ 300، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1207. رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە يەتتى. بىر يىلدا ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەسەر 18، بۇنىڭ ئىچىدە «شىخەنزە — ئەڭ گۈزەل بىر ناخشا» مەملىكەتلىك شەھەرلەر بويىچە ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسىدا بىر ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا، «گېنېرالنىڭ مىس ھەيكىلى ئالدىدا» ئەڭ ياخشى ناخشا ئېيتىش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. يېڭىدىن تەييارلانغان يۈجۈي تىياتىرى «بىر ئۆيدە ياشىغان 3 ئەۋلاد» بېيجىڭدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينالدى. ئاممىۋى كۇتۇپخانىدا ساقلانغان كىتاب 114 مىڭ 500 نۇسخىغا يەتتى. «شىخەنزە گېزىتى» 4 مىليون 320 مىڭ نۇسخا، «شىخەنزە رادىئو - تېلېۋىزىيە گېزىتى» بىر يىلدا 295 مىڭ 500 نۇسخا، «شىخەنزە نوپۇس ۋە ئائىلە گېزىتى» 336 مىڭ نۇسخا، «يېشىل شامال شېئىرىيەت ژۇرنىلى» 18 مىڭ نۇسخا، «شىخەنزە پەن - تېخنىكىسى» 29 مىڭ 800 نۇسخا تارقىتىلدى. يىل ئاخىرىدىكى تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 204 (دوختۇرخانا 13)، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 3287 (دوختۇر1445)، كارىۋات 2491. بىر يىلدا 31 قېتىم ھەرخىل چوڭ تىپتىكى ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى، 200 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۆپ خىل شەكىلدىكى تەنتەربىيە پائالىيىتىگە قاتناشتى. بىڭتۈەننىڭ 2 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەمكارلاشتى ھەمدە كوللېكتىپ نومۇردا 1 - لىك قولغا كەلتۈرۈلدى. دۆلەت، ئاپتونوم رايون، بىڭتۈەن ئۆتكۈزگەن تۈرلۈك مۇسابىقىلاردا 41 ئالتۇن مېدال، 29 كۈمۈش مېدال، 23 مىس مېدال قولغا كەلتۈرۈلدى. 31 ئادەم دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى تېخنىكا ئۆلچىمىگە، 19 ئادەم دۆلەتلىك 3 - دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى تېخنىكا ئۆلچىمىگە يەتتى.

## خەلق تۇرمۇشى

بىر يىلدا كىشى ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8687 يۈەنگە، شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 5804 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 34. 11 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. سۇغۇرتا كەسپىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 16 مىليارد 719 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 120 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى كىرىمى 42 مىليون 270 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 51 مىليون 190 مىڭ يۈەن؛ مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەم سوممىسى 15 مىليون 840 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتا بويىچە تۆلەم سوممىسى ۋە بېرىلگەن پۇل 43مىليون 390 مىڭ يۈەن بولدى. بۇ يىلدا بىر قىسىم بۇلغىغۇچى كارخانىلار ۋە موگۇ كۆلى سۇ ئامبىرى نۇقتىلىق تۈزەلدى، «بەش كىچىك» كارخانىدىن 12سى تاقالدى. شەھەر رايونىدىكى گۈڭگۈرت (Ⅳ) ئوكسىدى، ئازوت ئوكسىدلىرى، دانىچە ماددىلار، تەبىئىي توزاندىن ئىبارەت 4 چوڭ كۆرسەتكۈچ ۋە مۇھىت شاۋقۇنىنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتى، قاتناش شاۋقۇنىنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتى دۆلەتنىڭ ئۆلچىمىگە لايىقلاشتى. بىر يىلدا 142 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر يول يېڭىدىن ياسالدى ۋە ئۆزگەرتىپ ياسالدى، 275 چىراغ يېڭىدىن ئورنىتىلدى ۋە ئۆزگەرتىلدى. 500 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆكۆلمەيدان يېڭىدىن ياسالدى ۋە ئۆزگەرتىلدى. 118 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 800 نەچچە مېتىر غول يۇندا تۇرۇبىسى يېڭىدىن ياتقۇزۇلدى ۋە ئۆزگەرتىلدى. ئىسسىتىش كۆلىمى 550 مىڭ

كۆلەم ئىگىلەپ، ئۈچ قېتىم ئاپتونوم رايونلۇق «قىزىل بايراقدار پاكىز شەھەر»نى ۋە «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىنىڭ ئۆتكۈزۈلگەن يىللىرى بويىچە 1 - بولدى، ب د ت شىخەنزە شەھىرىگە «2000 - يىللىق دۇبەي خەلقئارا تۇرالغۇ ئۆي مۇھىتىنى ياخشىلاشتىكى ئەڭ نادىر ئۈلگە مۇكاپاتى بويىچە ياخشى ئۈلگە» دەپ نام بەردى.

## شىخەنزە ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى قۇرۇلۇشى

2000 - يىلى تەرەققىيات رايونىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 302 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 91.1% ئاشتى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 627 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 260.9% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاساس مۇئەسسەسەلىرىگە سېلىنغان مەبلەغ 146 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 522.9% ئاشتى، سودىگەر چاقىرىپ، مەبلەغ كىرگۈزۈش تۈرى بويىچە كېلىشىم تۈزۈپ سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 860 مىليون يۈەن، قۇرۇلۇۋاتقان 26 تۈر ئىچىدە، 20 تۈر مۇشۇ يىل ئىچىدە پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. شۇ يىلى يېڭىدىن تىزىمغا ئېلىنغان كارخانا 93، تىزىمغا ئېلىنغان مەبلىغى 405 مىليون يۈەن؛

☆ 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى گوۋۇيۈەن شىخەنزە ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنىڭ دەرىجىسىنى دۆلەت دەرىجىلىك تەرەققىيات رايونى قىلىپ ئۆستۈرۈشنى تەستىقلىدى.

☆ 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، شىخەنزە خەلق ھۆكۈمىتى رىياسەتچىلىك قىلغان، جۇڭخۇا مەدەنىيەت تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى ئۈستىگە ئالغان 2 - نۆۋەتلىك خەلقئارا ھاراق مەدەنىيىتى بايرىمى شىخەنزىدە ئۆتكۈزۈلدى.

جۈمپىلىڭ

# ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت غۇلجا شەھىرىدە. 2000 - يىلى ئوبلاستقا قاراشلىق ۋىلايەت 3، ناھىيە (شەھەر) 24. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 3 مىليون 891 مىڭ 500 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 2 مىليون 154 مىڭ 800)، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 2 مىليون 476 مىڭ 700؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 13.44‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.6‰. ئوبلاست بويىچە 720 مىڭ 800 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 307 مىڭ 600 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ تاغلىرى ئېگىز، دەريالىرى كۆپ، ئورمىنى قويۇق، تاغ ئارىسىدىكى ئويمانلىق ۋە دەريا ۋادىسىدىكى قىسپاق ئويمانلىق ھەممىلا جايدا كۆزگە چېلىقىدۇ، ئوبلاست تەۋەسى تىپىك بوستانلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە. 20 مىليون گېكتار تەبىئىي يايلاق بار، ئۇ شىنجاڭدىكى پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاقنىڭ 42%ىنى ئىگىلەيدۇ. ئوبلاست تەۋەسىدە كەڭ كۆلەملىك ياۋا ئالمىلىق، ياۋا باداملىق، ياۋا ياڭاقلىق، ياۋا قىزىلگۈللۈكلەر بار، بۇلاردىن باشقا يەنە، جەلپكار، سىرلىق ھەم غەلىتە تەبىئىي مەنزىرىلەر، مىڭ يىللىق تارىخ، مەدەنىيەت مۇجەسسەملەنگەن گۈمانىستارلىق مەنزىرىلەر، قويۇق، رەڭدار مىللىي ئۆرپ - ئادەت، بىر - بىرىگە ئۇلاشقان، گۈزەل ھەم ئۆزگىچە ساياھەت بايلىقى بار؛ يەنە مول ھايۋانات بايلىقى، قېزىلما بايلىق، سۇ بايلىقى بولۇپ، كەڭ، ياخشى تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە. ئاپتونوم ئوبلاست قازاقىستان، روسىيە، موڭغۇلىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئوبلاست تەۋەسىدە 8 پورت بار، بۇنىڭ ئىچىدە قورغاس پورتى ئاپتونوم رايوننىڭ تاشقى سودىسىدىكى مۇھىم پورتلاردىن بىرى.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لىن تيەنشى؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: ئالپىسباي راقىم (قازاق)، توقتار ئەلباتىر (قازاق)، شاۋكەت ئىمىن (9 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، يۈگوجى (5 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: زاقان ئومار (قازاق)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: زېڭ لىڭفېڭ، ئايدار ئاقان (قازاق)، بايغوجا مىركىتباي (قازاق)، ساۋ خۇڭبې، گۇەن يىمبې (ئايال، شىبە)، ما گودېن (خۇيزۇ)، قادىر ئىسلام، ئىلىۋالدى نۇرە.

ئوبلاست باشلىقى: ئالپىسباي راقىم (قازاق)؛ مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقلىرى: لىپى يىلياڭ، گۇ يىندې، سەۋىردىن ئۆمەر، ئورالقان ئىماش (قازاق)، ئىلەبالدى ئابدۇرەشىت (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى:

لىن تېيەنشى؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: لى شىشۇ، ئۇلسقان سۇلتان (ئاپال، قازاق)، ئابدۇۋەلى ئىبراھىم، قاجىيەكبەر قوقىر (قازاق)، ئابدۇكېرىم ئەيسايوف، چىن ئىڭ خۇمبىجاپ (موڭغۇل)، لى شىڭخۇا.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ئىلى ئوبلاستىنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليارد 514 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 5 مىليارد 883 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 7% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، ئۆسۈش سۈرئىتى بويىچە ھېسابلاندى) . 1 مىليون 614 مىڭ 900 توننا ئاشلىق، 282 مىڭ 100 توننا ياغلىق دان، 91 مىڭ 300 توننا پاختا، 1 مىليون 189 مىڭ 800 توننا قىزىلچا، 107 مىڭ 500 توننا مېۋە ئېلىندى. 9803 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 5 مىليون 310 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 269 مىڭ 800 توننا گۆش، 373 مىڭ 500 توننا سۈت، 24 مىڭ 400 توننا قوي يۇڭى، 5 مىليون 601 مىڭ 600 پارچە قوي تېرىسى، 613 مىڭ 100 پارچە كالا تېرىسى، 66 مىڭ 400 توننا تۇخۇم، 15 مىڭ 700 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. سۇچىلىق، سۇ ئېلېكتر ئاساسىي قۇرۇلۇشىدىن 37سى قىلىندى، ئۇلارغا 145 مىليون 754 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. سۇغىرىش كۆلىمى 8400 گېكتار كۆپەيتىلدى، 4800 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى. ئوبلاست بويىچە چوڭ، ئوتتۇرا تراكتوردىن 13 مىڭ 625ى، كىچىك تراكتوردىن 56 مىڭ 103ى بار. 103 مىڭ 300 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇتقا سۇندۇرۇلدى) ئىشلىتىلدى، يېزىلاردا 226 مىليون 208 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى. 5493 ئۆيلۈك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى، ئولتۇراقلاشقان چارۋىچىلار بارلىق چارۋىچىلارنىڭ 89%ىنى ئىگىلىدى. يېزا - بازار كارخانىلىرى 84 مىڭ 556گە، كىرىمى 9 مىليارد 494 مىليون يۈەنگە، تاپشۇرغان باج سوممىسى 249 مىليون يۈەنگە، ئالغان پايدىسى 574 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليارد 496 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999- يىلدىكىدىن 5.6% ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 207 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 4.37% ئاشتى. دۆلەت سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ۋە يىللىق مەھسۇلات سېتىشتىن قىلىدىغان كىرىمى 5 مىليون

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
| --- | --- | --- | --- |
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 200.2 | 8.2 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 74.5 | 5.9 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 59.3 | 8.5 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 66.4 | 11.1 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تۈمەن توننا) | | 161.49 | —14.7 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 1364.65 | 4.2 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 95.99 | 17.1 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 182.13 | 6.9 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 28612 | 32.7 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | | 56.86 | 9.2 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | | 139.87 | 9.15 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (100 مىليون يۈەن) | | 8.6 | 7.4 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (100 مىليون يۈەن) | | 25.57 | 15.5 |

يۈەندىن ئاشىدىغان غەيرىي دۆلەت سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 131 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 465 مىليون يۈەن، يېنىك سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 666 مىليون يۈەن. مۇشۇ يىلى 1 مىليارد 301 مىليون 660 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 5 مىليون 674 مىڭ توننا كۆمۈر، 1 مىليون 60 مىڭ توننا سېمونت، 20 مىڭ 200 توننا چويۇن، 2563 كىلوگرام ئالتۇن، 2 مىليون 210 مىڭ مېتىر يۇڭ رەخت، 16 مىڭ توننا يىپ، 127 مىڭ 400 توننا شېكەر، 88 مىڭ 600 توننا ئىچىملىك - ھاراق، 105 مىڭ يەشىك تاماكا ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 4 مىليارد 235 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 2 مىليارد 170 مىليون يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 696 مىليون يۈەن، ئۆي - زېمىنغا سېلىنغىنى 365 مىليون يۈەن. يېڭىدىن قۇرۇلغان ۋە قۇرۇلۇۋاتقان تۈردىن 697 سى بار، ئۇلاردىن 505ىدە شۇ يىلى ئىش باشلاندى. ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە ئۆزگەرتىش - يېڭىلاش قۇرۇلۇشلىرىدا يېڭىدىن ئاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارلىرى مۇنۇلار: كۆمۈر قېزىش 300 مىڭ توننا، گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنىڭ سىغىمچانلىقى 12 مىڭ كىلوۋات، توك يەتكۈزۈش لىنىيىسى 43 كىلومېتىر، بېسىم ئۆزگەرتىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئىقتىدارى 30 مىڭ كىلوۋولت ئامپېر، سېمونت 410 مىڭ توننا، شېكەر 55 مىڭ توننا، ئالتۇن 500 كىلوگرام، ئۆزگەرتىپ ياسالغان تاشيول 168.4 كىلومېتىر، ئۇزارتىلغان ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كابېلى 60 كىلومېتىر، شەھەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى كۈنىگە 303 مىڭ 200 توننا. چېگرا ئاھالىسىنىڭ ئۆز ئارا سودىسى بويىچە ئېكسپورت سوممىسى 335 مىليون يۈەنگە، ساياھەت قىلغاچ مال سېتىۋالغۇچىلار ئارقىلىق چېگرىدىن چىقىرىلغان تاۋارلارنىڭ قىممىتى 722 مىليون يۈەنگە يەتتى. تاشقى ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈردىن 9ى تەستىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە چەتنىڭ مەبلىغىدىن پايدىلىنىلغان تۈر 6، توختامدىكى سومما 14 مىليون 680 مىڭ دوللار، توختام بويىچە پايدىلىنىلغان چەتنىڭ مەبلىغى 10 مىليون 830 مىڭ دوللار. چېگرا سىرتىغا مەبلەغ سېلىنغان تۈر 3، توختامدىكى سومما 930 مىڭ دوللار. توشۇلغان يۈك 21 مىليون 310 مىڭ تونىنغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 3 مىليارد 355 مىليون توننا - كىلومېتىرغا، توشۇلغان يولۇچى 39 مىليون 360 مىڭغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 4 مىليارد 23 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 726 مىليون يۈەنگە يەتتى. تېلېفون ئابونىتىدىن 59 مىڭ 800ى، يانتېلېفون ئابونىتىدىن 14 مىڭ 385ى، سىمسىز چاقىرغۇ ئابونىتىدىن 23 مىڭى كۆپەيدى. ئوبلاست بويىچە تېلېفون ھەر 100 ئادەمگە 11.2دىن توغرا كېلىدىغان بولدى. ئوبلاست بويىچە 327 بازار بولۇپ، بۇ يىل پۈتتۈشۈلگەن سومما 2 مىليارد 917 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 5 مىليارد 686 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەردىكىسى 2 مىليارد 295 مىليون يۈەن، يېزىدىكىسى 3 مىليارد 391 مىليون يۈەن. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن 2 مىليون 330 مىڭ ساياھەتچى كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 187 مىليون 880 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تاشقى پېرېۋوت كىرىمى 4 مىليون 120 مىڭ دوللار.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

بىر يىلدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا پىلانى تۈرىدىن 11ى، ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا پىلانى تۈرىدىن 66سى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، پەن - تېخنىكا پائالىيەتلىرىگە 4 مىليون 630 مىڭ يۈەن خىراجەت ئاجرىتىلدى. 14 پەن - تېخنىكا نەتىجىسى ئەنگە ئېلىندى، 49 پەن - تېخنىكا نەتىجىسى ۋىلايەت - ئوبلاست دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا، 2 نەتىجە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ 13 كەشپىيات پاتېنتقا ئىلتىماس قىلىندى، 7 سى دۆلەتنىڭ پاتېنتىغا تەستىقلاندى. يىل ئاخىرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 1451، ئوقۇغۇچىسى 439 مىڭ 300 (مىللىي 303 مىڭ 100)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 380، ئوقۇغۇچىسى 227 مىڭ 200 (مىللىي 140 مىڭ)؛ ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 4126 (مىللىي 2121)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم 17، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 502 (مىللىي 8318)؛ چوڭلار ئالىي مەكتىپى 4، ئوقۇغۇچىسى 5952 (مىللىي 886)؛ چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى 13، ئوقۇغۇچىسى 412 (مىللىي 292)؛ چوڭلار كەسپىي تېخنىكا مەكتىپى 741، ئوقۇغۇچىسى 252 مىڭ 900 (مىللىي 109 مىڭ 200). ئوبلاست بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 30 مىڭ 221 (مىللىي 19 مىڭ 776)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 13 مىڭ 615 (مىللىي 8019)، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 3526 (مىللىي 2089). 1719 ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ ساۋاتى چىقىرىلدى. يىل ئاخىرىدىكى سەنئەت ئۆمىكى 20، مەدەنىيەت يۇرتى 24، ئاممىۋى كۇتۇپخانا 18. رادىئونىڭ نوپۇسنى

قاپلاش نىسبىتى 87.56%، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 89.9% بولدى. تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 850، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 17 مىڭ 795 (دوختۇر 7891)، كارىۋات 12 مىڭ 798. ئوبلاست تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدە 42 ئالتۇن مېدال، 45 كۈمۈش مېدال، 42 مىس مېدال ئالدى. 539 قېتىم ھەرخىل تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، بۇلارغا 241 مىڭ 300 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى ئوبلاست بويىچە شەھەر ئاھالىسى ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم 4870 يۈەن، ئوتتۇرىچە ئىستېمال چىقىمى 3959 يۈەن، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2360 يۈەن، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 6964 يۈەن بولدى. سوغۇرتىدىن 349 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سوغۇرتا كىرىمى 101 مىليون يۈەن، جىسمانىي سوغۇرتا كىرىمى 246 مىليون يۈەن؛ 64 مىليون يۈەن تۆلەم تۆلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سوغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگىنى 47 مىليون يۈەن. مۇھەببەت بۆلۈمىنى مۇھەببەت ئىچىدە تۈزۈش تۈرىدىن 35ى تاماملاندى، بۇ تۈرلەرگە 61 مىليون 560 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شەھەرلەردە گاز - تۈتەك، چاڭ-توزان تىزگىنلەنگەن رايوندىن 13ى بەرپا قىلىندى، كۆلىمى 30.7 كۋادرات كىلومېتىر؛ مۇھىتتىكى شاۋقۇن - سۈرەننى تىزگىنلەشتە ئۆلچەمگە يەتكەن ئورۇن 13، كۆلىمى 30.09 كۋادرات كىلومېتىر.

ليۇ ئەيچۈن

# كۈيتۇڭ شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

كۈيتۇڭ شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 253 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 247 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق يېزا بىر، مەھەللە ئىش باشقارمىسى 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 114 مىڭ 800 (مىللىي 8025)، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 15 مىڭ 400؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.42‰، ئۆلۈش نىسبىتى 3.25‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.17‰. شەھەر بويىچە 9292 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

كۈيتۇڭ شەھىرى — ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەلا سۈپەتلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىدىن بىرى. قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە تۈرلىرى كۆپ، سۈپىتى ياخشى. شەھەر تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 3 مىليارد 900 مىليون كۇب مېتىر، يەر ئاستى سۈيىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە زاپىسى 120 مىليون كۇب مېتىردىن 140 مىليون كۇب مېتىرغىچە.

## پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كۈيتۇڭ شەھەرلىك 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ شىنچىاڭ.

5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: يۈ گاۋ.

شەھەر باشلىقى: ئېركىن مەيسەنباي (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: گەن شيەنۋېن.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى شەھەر بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 160 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 11.3% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 7662 توننا ئاشلىق، 7539 توننا پاختا ئېلىندى. 138.87 گېكتار يەرگە كۆچەت تىكىلدى. 1140 توننا گۆش، 3564 توننا سۈت، 999 توننا تاۋار تۇخۇم ئېلىندى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 50 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن تەڭلەشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 360 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2.1% ئاشتى. 829 مىليون 210 مىڭ كىلوۋات سائەت توك سېتىلدى، 22 مىڭ 64 توننا پاختا يىپ، 105 مىڭ يەشىك تاماكا، 25 مىڭ 523 توننا پەمىدۇر قىيامى، 1748 توننا سۇ ئۆتمەيدىغان سۇلياۋ يوپۇق ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 566 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. «شاياڭ» خۇسۇسىيلار مەكتىپىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ بۆلۈمى بىلەن شەھەرلىك 4 - ئوتتۇرا مەكتەپ قوشۇمچە باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلدى. يېڭىدىن سېلىنغان كۈيتۇڭ شەھەرلىك يولۇچى ئاپتوموبىل بېكىتى ئىشلىتىلدى، شەھەر تەۋەسىدىكى 160 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئۈرۈمچى - كۈيتۇڭ تېز سۈرئەتلىك تاشيولى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى.

### خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 11.34 | 6.6 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 0.9 | 6.9 |
| | 2 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 4.99 | 6 |
| | 3. كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 5.45 | 7.3 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 7662 | 32.1 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 3.44 | 7.84 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | | 5.52 | 6.3 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | | 13.8 | 6.24 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (100 مىليون يۈەن) | | 1.17 | 11.43 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 8487 | 12.53 |

ئۇنىڭ ياندىشتۇرما قۇرۇلۇشى — جەنۇبىي ماناس كوچىسى ئالىي دەرىجىلىك تاشيولنى ئۆزگەرتىپ ياساش تۈرى پۈتتى. 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، شەھەر يولى 10.24 كىلومېتىر ئۇزارتىلدى. مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش قۇرۇلۇشىنىڭ تۈنجى قارارلىق قۇرۇلۇشىغا 43 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىلغان كۆلەم 960 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. پاسكىنا سۇنى چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشىدا تۈنجى قاراردا 14.7 كىلومېتىر تۇرۇبا ياتقۇزۇلدى، بۇنىڭغا 13 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىدا 3 سۇ ئېلىش - تەكشۈرۈش قۇدۇقى قېزىلدى، 5000 كۇب مېتىرلىق كۆلچەك پۈتكۈزۈلدى، تۈنجى قارارلىق قۇرۇلۇشقا 7 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 202 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان كۆيتۇڭ تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 28 مىليون ئادەم - كىلومېتىر (تاشيولدا توشۇلغىنى 665 مىليون ئادەم - كىلومېتىر، تۆمۈريولدا توشۇلغىنى 363 مىليون ئادەم - كىلومېتىر) غا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 131 مىليون توننا - كىلومېتىر (تاشيولدا توشۇلغىنى 498 مىليون توننا - كىلومېتىر، تۆمۈر يولدا توشۇلغىنى 633 مىليون توننا - كىلومېتىر) غا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 8 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 52 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆچمە ئالاقە كەسپىنىڭ 41 مىليون 190 مىڭ يۈەن. پروگراممىلىق تېلېفون ئابونىتى 44 مىڭ 200گە، تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 38.5%كە، يانتېلېفون ئابونىتى 10 مىڭ 763كە يەتتى. بازاردىكى سودىدا پۈتتۈشۈلگەن سوممىسى 71 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 2655، 10 پەن - تېخنىكا تۈرى يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك «ئۇچقۇن پىلانى» تۈرى بىر، ئاپتونوم رايوننىڭ «ئۇچقۇن پىلانى» تۈرى 2، ئاپتونوم رايوننىڭ «پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش» تۈرى بىر، پاتېنت يولغا قويۇش تۈرى بىر. «شىنلۇڭ» قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى چەكلىك شىركىتى ئاپتونوم رايون دەرىجىدىن يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كارخانىسى قىلىپ ئەستىقلاندى، شەھەرلىك ۋېكلىيۇچاتىل زاۋۇتى بىلەن «يېڭى قۇرۇلۇق» خىمىيە شىركىتىگە ئاپتونوم رايون دەرىجىدىن «ئۇچقۇن پىلانى بويىچە پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كارخانا» دەپ نام بېرىلدى. شەھەر بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 16، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 673؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 10، ئوقۇغۇچىسى 7720، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 626؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 8، ئوقۇغۇچىسى 1387، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى

192؛ ئالىي مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 1030، ئوقۇتقۇچىسى 190. رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە يەتتى. تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 61 (دوختۇرخانا 10)، كارىۋات 1089، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 1687. 2000 - يىللىق مەملىكەتلىك تەنتەربىيە مەكتەپلىرى ئارا يېنىك ئاتلېتىكا لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى، مەملىكەتلىك «يېنىك ئاتلېتىكا ماكانى» ئۆسمۈرلەر يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. شەھەر تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدە 11 ئالتۇن مېدال، 12 كۈمۈش مېدال، 12 مىس مېدال ئالدى؛ مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدە 8 نۇرگە قاتنىشىپ، بىر ئالتۇن مېدال، 3 كۈمۈش مېدال، 3 مىس مېدال ئالدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئىلغار شەھەر بەرپا قىلىش بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن شۇنداقلا ئاپتونوم رايوننىڭ 4 - قېتىملىق مەدەنىي شەھەرلەرنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

### خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم 5539 يۈەنگە، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1000 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7621 يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كەسپىدىن 71 مىليون 900 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى، سۇغۇرتىلاش سوممىسى 9 مىليارد 360 مىليون يۈەنگە يەتتى، 28 مىليون 560 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەش قارار قىلىندى. كۆكەرتىلگەن كۆلەم 2. 17 گېكتار كۆپەيتىلدى، ئاممىۋى كۆكۈلمەيدان كىشى بېشىغا 10.99 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلدى. شەھەر رايونىدا ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن كۆلەم 16. 23 كۋادرات كىلومېتىرغا، شاۋقۇننى تىزگىنلەشتە ئۆلچەمگە يەتكەن رايوننىڭ كۆلىمى 32. 17 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى.

### كۆيتۇڭ ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى

2000 - يىلى تەرەققىيات رايونىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 270 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %35 ئاشتى؛ باج كىرىمى 9 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %26 ئاشتى. 40 كارخانىنى رويخەتكە ئېلىش تەستىقلاندى، رويخەتكە ئېلىنغان مەبلەغ 63 مىليون 230 مىڭ يۈەن؛ تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇشقا 22 تۈر تەستىقلاندى. بۇ تۈرلەرگە سېلىش پىلانلانغان مەبلەغ 203 مىليون 280 مىڭ يۈەن؛ 13 تۈرنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى، تۇراقلىق مۈلۈككە 130 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

★ 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئۈرۈمچى - كۆيتۇڭ تېز سۈرئەتلىك تاشيولىدا ئومۇمىي لىنىيە بويىچە قاتناش باشلاندى.

★ 2000 - يىلى 100 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان شىنجاڭ غەربىي رايون خەلقئارا سودا مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇشىدا تۇنجى قاراردا 50 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ئۆي جاھازىلىرى بازىرى پۈتكۈزۈلدى، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت كۆلىمى 60 مىڭ كۋادرات مېتىر.

چيەن شياۋچىن

# ئىلى ۋىلايىتى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئىلى ۋىلايىتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ غەربىي قىسمىغا، ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا جايلاشقان. مەمۇرىي مەھكىمە غۇلجا شەھىرىدە. 2000 - يىلى ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 2 مىليون 115 مىڭ 400 (مىللىي 1 مىليون 420 مىڭ 300)، يېزا نوپۇسى 1 مىليون 395 مىڭ 500؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰73. 14، ئۆلۈش نىسبىتى ‰28. 3، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰45. 11. ۋىلايەت بويىچە 287 مىڭ 800 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 169 مىڭ 600 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 34 مىڭ 700 گېكتار)، 117 مىڭ 200 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ، قىسمەن جايلاردا كىلىمات پەرقى روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

ئىلى ۋىلايىتى — شىنجاڭنىڭ ئاشلىق، ياغلىق دان، شېكەر ماتېرىياللىرى، چارۋا مەھسۇلاتلىرى چىقىدىغان مۇھىم بازىسى. «قىزىل يەر شارى» ئۈزۈمى، ئىلى قىزىل ئالمىسى، ئەلا سۈپەتلىك شال، پۇراقلىق تاماكا، كۆكسۇلتان، ياۋا ئازغان، كەندىر قاتارلىق ئۆزگىچە دېھقانچىلىق تېرىقچىلىقى رايونىدىن 10ى شەكىللەندى. ئىلى ۋىلايىتىنىڭ تەبىئىي بايلىقى مول، قارلىق چوققا شەمشادى، ياۋا مېۋە، تەڭرىتاغ بۇغىسى، يىلپىز، ئاتسىپېنىبېر بېلىقى، تۆت پەنجىلىك تاشپاقا، ئالتۇن، كۆمۈر قاتارلىقلار بار. ۋىلايەت تەۋەسىدە قورغاس، دولاتا، مۇزارتتىن ئىبارەت دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك 3 پورت، غۇلجا، باياندايدىن ئىبارەت يەرلىك 2 - دەرىجىلىك 2 پورت بار. مۇھىم ساياھەت نۇقتىلىرىدىن ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى خارابىسى، گېدىڭ تېغىدىكى تۆھپە تېشى، شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى،

كۆلدىنىڭ دۆلەتلىك ئورمان باغچىسى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئىلى ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ گولياڭ؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: قۇربانجان مەممەت، قايسار جايدار (قازاق، 7 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، زوردۇن غوجا، خۇاڭ جيەنجۇاڭ، لى شۇجۇاڭ (8 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە ئىلى ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىلى ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئايدار ئاقان (قازاق)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ئەلى سېيىت، ئەنۋەربېك بېكتارىس (قازاق)، تۇڭ ليەنچىڭ.

ۋالىي: قۇربانجان مۇھەممەت؛ مۇئاۋىن ۋالىيلار: ئاقمېتبېك ئەنۋەربېك (قازاق، 7 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ياڭ يۇجۇن، جاڭ جىنخۇا.

ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: يى شيەنجيا؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: يۇسۇپ مېھرۇللا، ئەزىمباي مىرزاقۇل (قازاق)، فېڭ جۇڭيى (2 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە دېھقانچىلىق،

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
| --- | --- | --- | --- |
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 73.82 | 8.5 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 30.64 | 5.4 |
| | 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 19.95 | 10.8 |
| | 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 23.23 | 11.6 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تۈمەن توننا) | | 92.36 | —14.27 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 632.23 | 4.71 |
| يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 48 | 25.13 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈۋەن كىلوۋات) | | 59.11 | 2.09 |
| تاشقى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 3348 | —2.42 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | | 20.85 | 6.05 |
| شەھەر ـ يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | | 79.84 | 6.98 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (100 مىليون يۈەن) | | 3.54 | 6.1 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (100 مىليون يۈەن) | | 9.98 | 12.9 |

ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 253 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن 7.1% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە، تۆۋەندىكى شۇنداق). 923 مىڭ 600 توننا ئاشلىق، 146 مىڭ 600 توننا ياغلىق دان، 30 مىڭ 500 توننا چىگە، 937 مىڭ 100 توننا قىزىلچا، 2596 توننا پاختا، 565 مىڭ 800 توننا كۆكتات، 100 مىڭ 300 توننا مېۋە ـ چېۋە ئېلىندى. 2123 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىھاتە ئورمان 1615 گېكتار. 128 مىڭ توننا گۆش، 12 مىڭ 800 توننا قوي يۇڭى، 243 مىڭ 600 توننا سۈت، 49 مىڭ 400 توننا تۇخۇم، 8334 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 187 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1953 ئېقىم مىقدارى ـ كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق ـ ئۆستەڭ ياسالدى. ۋىلايەت بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 232 مىڭ گېكتارغا يەتتى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونىدىكى 78 مىڭ 600 ئادەم، 288 مىڭ 700 چارۋىنىڭ

ئىچىملىك سۇيى مەسىلىسى ھەل قىلىندى. چاپچىغاي ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىلىدىغان سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلدى. ئىلى دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، يۇقىرى ئېقىنىدىكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى تۈزەش 1-، 2-قارارلىق قۇرۇلۇشلىرى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى. يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، غۇلجا دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئامبىرى، چاپچال ناھىيىسىدىكى تۈمەن مولۇق (666.7 گېكتار) يۇراقلىق ئاماكا بازىسى قاتارلىق تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق بولماقتا. يېزا - بازار كارخانىلىرىنى قۇرۇش، كېڭەيتىش، ئۆزگەرتىش تۈرىدىن 250ى پۈتتى، بۇلارغا 205 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت كىرىمى 5 مىليارد 23 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 350 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1998 - يىلدىكىدىن %18.2 ئاشتى. يېنىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 539 مىليون يۈەنگە، ئېغىر سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 811 مىليون يۈەنگە يەتتى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %96.1كە يەتتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 734 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12.7 ئاشتى. 115 مىليون 887 مىڭ 700 كىلوۋات سائەت توك، 2 مىليون 80 مىڭ توننا كۆمۈر، 298 مىڭ 700 توننا سېمونت، 121 مىڭ 500 دانە خىش، 30 مىڭ 970 توننا ئىچىملىك - ھاراق، 40 مىڭ 535 توننا شېكەر، 2476 توننا سۈت ياسالمىلىرى، 386 مىڭ 400 توننا ئۇن، 66 مىڭ 400 توننا سۇ يېغى، 160 مىڭ 100 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىلدى. يىل ئاخىرىدا تەييار مەھسۇلاتلارنىڭ ئامبار زاپىسىنىڭ قىممىتى 139 مىليون 958 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1999 - يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 31 مىليون 402 مىڭ يۈەن ئازايدى. بىناكارلىق قوشۇلما قىممىتى 74 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە، قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 931 مىڭ 100 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 354 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. تېخنىكا ئۆزگەرتىش بويىچە يېڭىدىن ئىش باشلانغان ياكى داۋاملاشتۇرۇلۇۋاتقان تۈرلەردىن 196 سى پۈتتى، بۇلارغا 130 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 229 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 10 غول تاشيول ئۆزگەرتىپ ياسالدى. ۋىلايەت تەۋەسىدىكى غول تاشيوللارنىڭ قاتناش مۇساپىسى 1628 كىلومېتىرغا، ناھىيە، يېزا يوللىرىنىڭ قاتناش مۇساپىسى 3467 كىلومېتىرغا يەتتى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 290 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 660 مىليون يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 116 مىليون يۈەن. ئىچكى جەھەتتە يېرىلىشىش توختامىدىن 90ى ئىمزالاندى، 71 توختام ئەمەلىيلەشتى. 605 مىليون يۈەن مەبلەغ نەقلەشتى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 388 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 504 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 225 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا مۇقىم تېلېفون ئابونىتى 180 مىڭ 700 (بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى كۆپەيگىنى 37 مىڭ 500) گە، يانتېلېفون ئابونىتى 29 مىڭ 174كە، سىمسىز چاقىرغۇ ئابونىتى 72 مىڭ 271 گە، تېلېگراف تۈپ سانلىق مەلۇمات ئالاقە ئابونىتى 465 كە، كومپيۇتېر ئىنتېرنېت تورىنىڭ «169» ئابونىتى 5630 غا يەتتى. بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 954 مىليون 317 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. تاشقى سودا ئېكسپورت سوممىسى 20 مىليون 50 مىڭ دوللارغا، ئىمپورت سوممىسى 13 مىليون 430 مىڭ دوللارغا يەتتى. ساياھەتچىلەردىن 1 مىليون 111 مىڭ 700 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە خەلقئارا ساياھەتچى 3593 ئادەم (قېتىم)؛ ساياھەتچىلىكتىن 42 مىليون 69 مىڭ 700 يۈەن كىرىم قىلىندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ۋىلايەت بويىچە يىل ئاخىرىدا دۆلەتنىڭ كارخانا، كەسپىي ئورۇنلىرىدىكى ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 42 مىڭ 514. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى دۆلەت ئىلكىدىكى مۇستەقىل تەتقىقات - تەرەققىيات ئاپپاراتى 56، خەلق باشقۇرغان پەن - تېخنىكا كارخانىسى 21. ۋىلايەت بويىچە 8 پەن - تېخنىكا نەتىجىسى باھالىنىپ تىزىملاندى، ئۇلاردىن بىرى ئاپتونوم رايون بويىچە 3 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا، 7 سى ۋىلايەتنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «ئۇچقۇن پىلانى» تۈرىدىن 2 سى تەشكىللىنىپ يولغا قويۇلدى، بۇلارغا 8 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. باشلانغۇچ مەكتەپ 724 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 505)، ئوقۇغۇچىسى 261 مىڭ 100 (مىللىي 202 مىڭ)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 156 (تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 61)، مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 102)، ئوقۇغۇچىسى 126 مىڭ 800 (تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 23 مىڭ 200، مىللىي 88 مىڭ 500)؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا مەكتىپى 7 (بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا تېخنىكوم 4)، ئوقۇغۇچىسى 5589 (بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى 3100، مىللىي 2135). رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %85كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %91كە يەتتى. 5 مىليون 527 مىڭ 600 نۇسخا گېزىت چىقىرىلدى، بۇنىڭ

ئىچىدە خەنزۇچىسى 4 مىليون 600 نۇسخا، ئۇيغۇرچىسى 714 مىڭ 500 نۇسخا، قازاقچىسى 812 مىڭ 500 نۇسخا. تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 199، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 51، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى 12، ئاياللار - بالىلار ساقلىقنى ساقلاش ئاپپاراتى 9؛ كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 8156 (مىللىي 4039)، كارىۋات 6229. ۋىلايەت تەنھەرىكەتچىلىرى 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدا 11 ئالتۇن مېدال، 17 كۈمۈش مېدال، 13 مىس مېدال ئالدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمى 4300 يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2135 يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە 100 مىڭ 600 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا، 40 مىڭ 500 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا، 35 مىڭ 500 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 18 مىڭ 800 كىشى دەم ئېلىش - پېنسىيە خىراجىتىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش غەملەشكە قاتناشتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 34 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 118 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 26 مىليون 10 مىڭ يۈەن تۆلەم ۋە ھەق تۆلەندى. ۋىلايەت بويىچە 2 پاراۋانلىق ساناتورىيىسى بار، ئۇلاردا 100 كارىۋات بار، 150 كىشى بېقىلىۋاتىدۇ. 13 مىڭ 390 كىشى دۆلەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى بويىچە قۇتقۇزۇشقا ئېرىشتى، دۆلەت 5696 غەمخورلۇق ۋە نەپىقە ئوبيېكتىغا نەپىقە ۋە ياردەم بەردى. ۋىلايەت بويىچە مۇھىتنى كۆزىتىش - ئۆلچەش پونكىتىدىن 10ى، مۇھىتنى كۆزىتىش - ئۆلچەش خادىمىدىن 99ى بار. تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىن 6 سى بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىكى بىر، ئۆلكە دەرىجىلىكى 5. ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايوندىن 2 سى بەرپا قىلىندى، كۆلىمى 16.7 كۋادرات كىلومېتىر. مۇھىتنىكى شاۋقۇننى تىزگىنلەشتە 2 رايون ئۆلچەمگە يەتتى، كۆلىمى 9.52 كۋادرات كىلومېتىر.

جاڭ سەيخۇڭ

# غۇلجا شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

غۇلجا شەھىرى ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان، جەنۇب تەرىپى ئىلى دەرياسىغا يېقىن، شىمال تەرىپى غەربىي تەڭرىتاغ تارمىقىدىكى كۆكسىرچىن تېغىغا تۇتىشىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 702 كىلومېتىر. 2000 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 6، دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانى بىر، چارۋىچىلىق فېرمىسى بىر، مەھەللە ئىش باشقارمىسى 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 342 مىڭ 733 (مىللىي 210 مىڭ 995)، بۇنىڭ ئىچىدە غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 241 مىڭ 388؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 16.1‰، ئۆلۈش نىسبىتى 2.8‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 13.3‰. شەھەر بويىچە 10 مىڭ 280.87 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 3979.73 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 3266.67 گېكتار)، 6307.8 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتقا كىرىدۇ.

غۇلجا شەھىرى تەۋەسىدە 50 مىڭ 794 گېكتار تۈزلەڭ ئورمانلىق، 66 مىڭ 900 گېكتار يايلاق بار. موي - تېرە ھايۋانلىرىدىن سۇ بۆلىنى، ئۇزۇن موبلۇق توشقان، دورىلىق ھايۋانلاردىن تەڭرىتاغ بۇغىسى بار. ئىلى دەرياسىدا سازان بېلىق كۆپ. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى ھەڭ، چۈچۈكبۇيا، ئەڭلىكئوت قاتارلىقلار بار. كۆمۈر بايلىقى مول. داڭلىق سەيلىگاھلاردىن ئىلى دەرياسى كۆۋرۈكى، خەنبىڭ يېزىسىدىكى شىپاڭ، تاشكۆۋرۈك يېزىسىدىكى شىپاڭ، مىللىيچە ئۆي كوچىسى، لىن زېشۇ خاتىرە سارىيى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ غۇلجا شەھەرلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى شۇجۇاڭ (8 - ئايدا ۋەزىپىدىن يۆتكەلدى)، جياۋ باۋخۇا (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھەسەن ئىبراھىم.

شەھەر باشلىقى: تۇرغان پىدا.

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: لىن سۇڭنيەن.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى شەھەر بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 209 مىليون 736 مىڭ 100 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| | تۈرلەر | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| | ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 10.22 | 8.2 |
| يۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 1.96 | 6.2 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 3.58 | 8 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 4.68 | 9.5 |
| | ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | 39780 | —13.39 |
| | يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 18.78 | 5.98 |
| | دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | 3.14 | 0.64 |
| | تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | 1169 | 34.83 |
| | ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 69855 | 5.99 |
| | شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | 51.82 | 88.3 |
| | يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 14082 | 1.44 |
| | يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 16115 | 6.62 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى.

%6.85 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، بۇنىڭ ئىچىدە، تېرىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 137 مىليون 222 مىڭ 300 يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 3 مىليون 304 مىڭ 900 يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 60 مىليون 313 مىڭ 300 يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 8 مىليون 895 مىڭ 600 يۈەن. 39 مىڭ 780 توننا ئاشلىق، 4122 توننا ياغلىق دان، 68 مىڭ 991 توننا قىزىلچا، 180 مىڭ 927 توننا كۆكتات، 16 مىڭ 12 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. شەھەر بويىچە 55 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 5633 توننا گۆش (قوي، كالا گۆشى 4847 توننا)، 21 مىڭ 600 توننا سۈت، 478 توننا قوي يۇڭى، 1282 توننا تۇخۇم ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 483 مىڭ 700 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى 3864كە، كىرىمى 1 مىليارد 237 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يەتتى (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا).

شەھەرگە تەۋە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 597 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %12.72 ئاشتى. 264 مىڭ 100 توننا كۆمۈر، 72 مىڭ توننا سېمونت، 274 مىليون 970 مىڭ دانە خىش، 16 مىڭ 187 توننا ئىچىملىك - ھاراق (پىۋا 15 مىڭ 795 توننا)، 297 توننا فابرىكا قەغىزى ۋە قەغەز پەنەركە، 124 مىڭ 600 قۇر كىيىم، 51 مىڭ 600 توننا ئۇن، 215 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىلدى، 273 مىڭ 500 جوئۇل كالورىيە ئىسسىقلىق، 16 مىليون 988 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەندى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 197 مىليون 890 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 10 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىپ، ئازادلىق يولى، ئايرودروم يولى، غەربىي شىنخۇا يولى، ستالىن كوچىسىنى كېڭەيتىش، ئۆزگەرتىش ۋە يېڭىۋاشتىن ياساش قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلدى؛ 3 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىپ، يول چىراغلىرى ئۆزگەرتىلدى؛ 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، «دۆڭلىيالىڭ» سۇ زاۋۇتى كېڭەيتىپ ياسالدى، شىنخۇا يولى ۋە ئازادلىق يولىدىكى سۇ تۇرۇبا تورى يېڭىلاندى ۋە ئۆزگەرتىپ ياسالدى؛ 3 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 60 كوچا ئاپتوبۇسى كۆپەيتىلدى، 40 ئاپتوبۇس بېكىتى ياسالدى، ئۆلاردىن 8 ى داتلاشماس پولاتتىن ياسالدى؛ 800 مىڭ يۈەن ئىجتىمائىي مەبلەغدىن پايدىلىنىلىپ، ئايرودروم يولىغا بىر كۆتۈرمە كۆۋرۈك سېلىندى. شەھەردىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونىغا 30 تۈر، 250 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى، بۇ رايوننىڭ ئىچكى سودا سېتىش سوممىسى 36 مىليون 130

مىڭ يۈەنگە يەتتى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 694 مىليون 190 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 751 مىليون 910 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 8 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 73 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تېلېفون 53 مىڭ 894 توچكىغا، كوممۇتاتور سىغىمچانلىقى 108 مىڭ 87 توچكىغا يەتتى. بازار سودىسىدا پۇتتۇشۇلگەن سومما 402 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ساياھەتچىلىكتىن 330 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە ئىش ئورنىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 1294. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «ئۈچقۇن پىلانى» تۈرىدىن بىرى تاماملاندى. شەھەردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ 74، بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ 55، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 12، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 6، كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر؛ ئوقۇغۇچىسى 56 مىڭ 557 (مىللىي 34 مىڭ 498)، بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 35 مىڭ 861 (مىللىي 19 مىڭ 792)؛ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1948 (مىللىي 1476)، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1378 (مىللىي 967). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 8 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 14 مىڭ 157 كۋادرات مېتىر مەكتەپ ئۆي - ئىمارىتى سېلىندى ۋە ئۆزگەرتىپ ياسالدى. رادىئو ۋە تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100%كە يەتتى. غۇلجا شەھەرلىك كۇتۇپخانا مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «ئوقۇرمەنلەر ئامراق كۇتۇپخانا» بولۇپ باھالاندى. شەھەر بويىچە 56 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 4، يېزا - بازار شىپاخانىسى 7، كەنت شىپاخانىسى 36، مەھەللە ئىش باشقارمىسى يۇقۇمدىن ساقلىنىش - ساقلىق ساقلاش پونكىتى 8. سەھىيە تېخنىكا خادىمى 843، كارىۋات 342.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى شەھەر - بازار ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمى 4299.5 يۈەنگە، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2542 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7418 يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا تارماقلىرىنىڭ ھەرخىل سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 72 مىليون يۈەنگە يەتتى.

★ 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى غۇلجا شەھىرى 2000 - يىللىق ئىلى «قورۇل سىرتىدىكى جياڭنەن» يازلىق ساياھەت يەرمەنكىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزدى.

خۇ خۇيىسەن، يەن شۇرۇي

# غۇلجا ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

غۇلجا ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 730 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 18، دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانى 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 387 مىڭ 703 (بىڭتۇەننىڭ ناھىيە تەۋەسىدە تۇرۇشلۇق نوپۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي 315 مىڭ 548، يېزا نوپۇسى 350 مىڭ 486؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 15.3‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.25‰. ناھىيە بويىچە 67 مىڭ 750 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 46 مىڭ 560 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 30 مىڭ 730 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى، ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 12 مىڭ 480 گېكتار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

غۇلجا ناھىيىسىنىڭ «ئۆرۈك ماكانى» دېيىلگەن نامى بار. ناھىيە تەۋەسىدە ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، ئالىيۇمىن، ئالتۇن، ھاك تېشى، بارىت، كاۋلىن تېشى قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن بۇغا، تاغ ئۆچكىسى قاتارلىقلار بار؛ توشقان قۇلاق، يۇمىلاق يوپۇرماقلىق بۆۋانە، چاكاندا، سېرىق ھېمىڭ قاتارلىق 521 خىل (101 ئائىلە، 326 ئۇرۇقداش) دورىلىق ئۆسۈملۈك بار. سېرىق ھېمىڭ قاش يېزىسىنىڭ چوڭبۇلاق ئەتراپىدا ئۆسىدۇ، كۆلىمى 1984 گېكتار كېلىدۇ، ئۇ مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ھېمىڭلىقنىڭ بىرى. قاش دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى دېلتا رايونىدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك گەرمۇدۇن ئورمانلىقى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى بار، كۆلىمى 4 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇ مەملىكەت بويىچە ياۋا گەرمۇدۇن مەركەزلىك تارقالغان بىردىنبىر جاي، بۇ يەرگە ئىلى ۋىلايىتى «قاتتىق دۇب ئورمانلىقى ئىستىراھەت كەنتى» دەپ نام بەردى. سەيلىگاھلاردىن يەنە ئايىرۇق شەھىرى خارابىسى، سۇلتان ئۇۋەيسخان مازىرى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ غۇلجا ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ

شۇجىسى: چېن جيەنخۇا.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: لوسمانجان ئاۋاكرى (8 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن ئۆتكەلدى)، ئالىمجان ماخمۇت (8 - ئايدا مۇۋەققەت مۇدىر بولدى).

هاكىم: دىلشات روزى (8 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن ئۆتكەلدى)، نۇرمەمەت ئىبراھىم (8 - ئايدا مۇۋەققەت ھاكىم بولدى).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: توختەم ئىيمىپ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 955 مىليون 260 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 751 مىليون 230 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %9.37 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 307 مىڭ 748 توننا ئاشلىق، 30 مىڭ 579 توننا ياغلىق دان، 41 توننا پاختا، 250 مىڭ 862 توننا قىزىلچا، 13 مىڭ 906 توننا كەندىر، 2355 توننا كۆك تاماكا، 20 مىڭ 840 توننا پاخيۇ، 29 مىڭ 291 توننا مېۋە - چېۋە، 203 مىڭ 476 توننا كۆكتات ئېلىندى. چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 338 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %45.7 ىنى ئىگىلىدى. كالا، قوي بورداقچىلىق كەنتى 30 غا، بورداقچىلىق ئائىلىسى 8134 كە يەتتى. 24 مىڭ 700 توننا گۆش، 41 مىڭ 460 توننا سۈت، 1650 توننا يۇڭ، 498 مىڭ 432 پارچە تېرە، 33 مىڭ توننا تۇخۇم، 4102 توننا بېلىق ئېلىندى. 309 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 720 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، ئىقتىسادىي ئورمان كۆلىمى 554 گېكتار كۆپەيتىلدى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 33 مىليون 356 مىڭ 100 يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 19 سۇ ئىنشائاتى پۈتكۈزۈلدى. تەبىئىي ئۇزۇنلۇقى 61.6 كىلومېتىر (ھەرلىك ئۇزۇنلۇقى 119.85 كىلومېتىر) كېلىدىغان 3 - دەرىجىلىك سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ پۈتكۈزۈلدى، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى يۇرۇشلەشتۈرۈش ئىنشائاتىدىن 156 سى ياسالدى، 1174 ئىنشائات ئوڭشالدى، 913 گېكتار ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 12.2 | 8.46 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 5.8 | 5.4 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 3.1 | 11.1 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 3.27 | 12.7 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 307748 | —12.09 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 97.72 | 6.06 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 6.1 | 39.91 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 13.82 | -1.22 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 4228 | —49.15 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | | 2.1 | 4.48 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 25874 | 8 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 4154 | 8.97 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 12920 | 21.33 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 930 مىليون يۈەن.

ئېتىز ئۆزگەرتىلدى، 4000 گېكتار يەرنىڭ سۇغىرىلىش شارائىتى ياخشىلاندى. 7.15 كىلومېتىر مەزمۇت كەلكۈن توسمىسى، 10.72 كىلومېتىر ۋاقىتلىق توسما ياسالدى، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇشقا 7 مىليون 451 مىڭ 800 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 3 مىليون 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىدىن 6 سى پۈتكۈزۈلدى، بۇ ئارقىلىق 24 مىڭ 800 ئادەم ۋە 52 مىڭ 200 چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۈيى مەسىلىسى ھەل قىلىندى. ناھىيە ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى بويىچە «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدە ئىلى ۋىلايىتى بويىچە 1 -، ئاپتونوم رايون بويىچە 2 - بولدى. ناھىيە بويىچە 278 مىڭ گېكتار ئوتلاق بار، 5940 گېكتار ئوتلاق سۇغىرىلىدۇ. يېزا - بازار كارخانىسى 5926گە، يىللىق كىرىمى 655 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىدا 27 تۈر يېڭىدىن يولغا قويۇلدى، بۇ تۈرلەرگە 24 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 274 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 215 مىليون 760 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 18.6% ئاشتى. 430 مىڭ 800 توننا كۆمۈر، 24 مىڭ 400 توننا سېمونت، 718 توننا ئاق ھاراق، 187 توننا سۈت ياسالمىسى، 65 مىڭ 200 توننا بۇغداي ئۇنى، 31 مىڭ 486 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 7929 توننا سۇ يېغى، 38 مىڭ 900 قۇر كىيىم، 5000 جۈپ خۇرۇم ئاياغ كىيىم، 37 مىڭ 860 كۇب مېتىر تاختاي، 256 مىليون دانە خىش، 8200 ياغاچ ئۆي جاھازىسى، 33 كىلوگرام ئالتۇن، 1670 توننا سېمونت يۈندا تۇرۇبىسى، 600 توننا سىدام ياسما بۇيۇم، 2310 كۇب مېتىر سۇنئىي تاختاي، 50 توننا قەنت - گېزەك ئىشلەپچىقىرىلدى، 870 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەندى. 500 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ كىرگۈزۈلگەن ھەمكارلىشىپ ئېچىش تۈرى 17گە يەتتى، بۇلارغا 312 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. تۇراقلىق مۈلۈككە 120 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. سەيلىگاھلارنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىندى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 61 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 5 مىليون 409 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 15 مىليون 418 مىڭ 100 يۈەنگە، بازار، يېزا تېلېفون ئابونېنتى 18 مىڭ 403كە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 1718. 2000 - يىلى بۇ ناھىيە «مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا خىزمىتىدە ئىلغار ناھىيە» دېگەن نامغا ئېرىشتى. باشلانغۇچ مەكتەپ 143 (مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپ 69)، ئوقۇغۇچىسى 49 مىڭ 200 (مىللىي 43 مىڭ 374)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 29 (مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپ 9)، ئوقۇغۇچىسى 23 مىڭ 452 (مىللىي 20 مىڭ 320)؛ ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى (كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە قوشۇۋېتىلدى) بىر، كۇرسانتى 165 (مىللىي 125)؛ ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 387 (مىللىي 178). ناھىيە بويىچە ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 6009، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 4851، مىللىي ئوقۇتقۇچى 3562. مائارىپ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 770 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 10 مىڭ 749 كۋادرات مېتىر مەكتەپ ئۆي - ئىمارىتى كۆپەيدى. يىل ئاخىرىدا رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100%كە يەتتى. ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 135 (دوختۇرخانا ۋە شىپاخانا27)، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 853 (ناھىيە، يېزا سەھىيە ئاپپاراتلىرىدىكىسى 714)، كارىۋات 450. ناھىيە ئاپتونوم رايون بويىچە يىلانلىق تۇغۇتتا «ئۈچنى ئاساس قىلىش»تا ئىلغار ناھىيە دېگەن نامغا ئېرىشتى. دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى ئارا ئۆستەڭ يېزىسىغا «يۈز مىليونلىغان دېھقانىنىڭ ساغلاملىق پائالىيىتىدە ئىلغار يېزا» دەپ نام بەردى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى ناھىيىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2290 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى (ناھىيىگە قاراشلىق ئورۇنلاردىكىسى) 23 مىڭ 326 بولۇپ، ئۇلارغا 126 مىليون 748 مىڭ يۈەن پۇل مائاش تارقىتىلدى. جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 4 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1 مىليون 550 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى؛ مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 2 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1 مىليون 360 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. ناھىيە بويىچە خەلق ئىشلىرى خىزمىتى ئوبيېكتىدىن 11 مىڭ 521ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ئوبيېكتى 5763. بازار ئاھالىلىرىگە 602 مىڭ يۈەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى خىراجىتى، 829 مىڭ يۈەن ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىلدى. ناھىيە بويىچە 2317 ئائىلىلىك 13 مىڭ 209 نامرات كىشى

بار ئىدى، ئۇلاردىن 1276 ئائىلىدىكى 7081 كىشى ئامراتلىقتىن قۇتۇلدى. 17 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 19 شەھەر قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلدى، 5.4 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 7 يول ياسالدى، 75 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر يولغا سېمونت ۋە ئاسفالت ياتقۇزۇلدى. ناھىيە بازىرىدا 77 مىڭ كۋادرات مېتىر يەر كۆكەرتىلدى. بازاردا 29 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر ئەرزان، ئەپلىك ئۆي سېلىندى، يېزىلاردا 118 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر ئۆي سېلىندى. ناھىيە ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەر ئارا «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدە ئىلغار ناھىيە دېگەن نامغا ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەر ئارا «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدە شەھەرلەرنى باغۋارانلاشتۇرۇش، كۆكەرتىش لوڭقىسىغا ئېرىشتى.

★ 2000 - يىلى ج خ مىنىستىرلىكى غۇلجا ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىگە «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ج خ ئىدارىسى» دەپ، يېڭىتام يېزىلىق ساقچىخانىسىغا «خەلق رازى بولغان ساقچىخانا» دەپ نام بەردى.

فەن فۇشۇەن

# قورغاس ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قورغاس ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ غەربىي بۆلىكىگە، ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 655 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 7 (2 مىللىي يېزىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسى 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 253 مىڭ 515 (مىللىي 167 مىڭ 876)، يېزا نوپۇسى 204 مىڭ 428؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 10.54‰، ئۆلۈش نىسبىتى 2.48‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.06‰. ناھىيە بويىچە 35 مىڭ 200 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 19 مىڭ 900 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 15 مىڭ 300 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى، ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 6900 گېكتار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

قورغاس ناھىيىسى تەۋەسىدە تۆت پەنجىلىك تاشپاقا، شىنجاڭ سالاماندىراسى، كۆك - سېرىق بېلىق قاتارلىق ئەتىۋارلىق ھايۋانلار بار. ياۋا كۆكسۇلتان، ئۇستىقۇددۇس قاتارلىق قىممەتلىك ئۆسۈملۈكلەر، سوفىگۇل قاتارلىق داڭلىق ئەلا مەھسۇلاتلار كەڭ كۆلەمدە ئۆسىدۇ. مەشھۇر سەيلىگاھلاردىن ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى، كۈرەدىكى قوڭغۇراق راۋىقى، سايرام كۆلى، كەڭساي مەنزىرىلىك رايونى، تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى، ئالمىلىق شەھىرى خارابىسى، داشكۇر ئىبادەتخانىسى، سەنگۈڭ سۇ ئامبىرى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قورغاس ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ زورەن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئەخەت ماخمۇت.

ھاكىم: راشىدىن زىكرىيا.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مىڭ شيەندۇڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 632 مىليون 960 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 438 مىليون 50 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 6.91% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 125 مىڭ 792 توننا ئاشلىق، 18 مىڭ 73 توننا ياغلىق دان، 1980 توننا پاختا، 272 مىڭ 71 توننا قىزىلچا، 83 مىڭ 200 توننا كۆكتات، 21 مىڭ 7 توننا مېۋە - چېۋە (ئۈزۈم 3455 توننا) ئېلىندى. 1657.9 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ئورمان 1400.5 گېكتار. 17 مىڭ 5 توننا گۆش، 25 مىڭ 200 توننا سۈت، 1806 توننا قوي يۇڭى، 38 مىڭ پارچە كالا تېرىسى، 263 مىڭ 400 پارچە قوي تېرىسى، 2 مىليون 479 مىڭ 800 ئۆي قۇشى، 6623 توننا تۇخۇم، 962 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 25 مىليون 70 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، سۇغىرىش كۆلىمى 120 گېكتار كۆپەيتىلدى، 243.2 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت كىرىمى 1 مىليارد 69 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 326 مىليون 570 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 264 مىليون 100 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 20% ئاشتى. 8 مىليون 869 مىڭ 700 كىلوۋات سائەت توك، 365 مىڭ 300 توننا كۆمۈر، 70 مىڭ 600 توننا سېمونت، 206 مىليون 600 مىڭ دانە خىش، 57 مىڭ 700 توننا ئۇن، 10

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 76761 | 12.5 |
| يۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 42412 | 7.5 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 15463 | 19.2 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 18886 | 23.1 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 125792 | -7.09 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 74.26 | 3.07 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 104745 | 25.7 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 10 | 0.8 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 29917 | -9.11 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 25107 | 6.42 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 64470 | 10.2 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 4941 | -7.42 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 10079 | 5.55 |

**ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ناھىيىدە تۈرۈشلۇق بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 4 - شىسىنىڭكىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 493 مىليون 860 مىڭ يۈەن.**

مىڭ 510 توننا سۇ بېغى، 9317 توننا پىۋا، 31 مىڭ 405 توننا يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىلدى، 978 مىڭ 900 توننا تۆرۈۋا سۈيى بىلەن تەمىنلەندى. تۈراقلىق مۈلۈككە 94 مىليون 970 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. قورغاس چېگرا ئاھالىسىنىڭ ئۆز ئارا سودا قىلىش بازىرىدا بىر يىلدا 229 كۈن بازار بولدى، ئېكسپورت سوممىسى 299 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1 مىليون 730 مىڭ يولۇچى توشۇلدى، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 37 مىليون 500 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى؛ 500 مىڭ توننا يۈك توشۇلدى، يۈك ئوبوروت مىقدارى 35 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 24 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تېلېفون كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمچانلىقى 49 مىڭ 276 توچكىغا، يىل ئاخىرىدا تېلېفون ئابونېنتى 32 مىڭ 977گە يەتتى، تېلېفون ھەر 100 ئادەمگە 14 تىن توغرا كەلدى، 67 مەمۇرىي كەنتكە تېلېفون ئۇلاشتۇرۇلدى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 46 مىليون يۈەنگە يەتتى. ساياھەتچىلىكتىن 4 مىليون 300 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 921 (مىللىي 458). ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئىلمىي تەتقىقات تۈرىدىن 2سى تاماملاندى. باشلانغۇچ مەكتەپ 106 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 30، چارۋىچىلىق رايونىدىكى ياتاقلىق مەكتەپ 10)، ئوقۇغۇچىسى 30 مىڭ 822 (مىللىي 22 مىڭ 67)، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 2086 (مىللىي 1058)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 24 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 6، مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان ئوتتۇرا مەكتەپ بىر)، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 620 (مىللىي 10 مىڭ 206)، ئوقۇتقۇچىسى 1076 (مىللىي 495). رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %85كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە يەتتى. تىببىي داۋالاش -

سەھىيە ئاپپاراتى 124 (دوختۇرخانا 18)، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 492، كارىۋات 495.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2162 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى (بىڭتۇەننىڭ ناھىيە تەۋەسىدە تۇرۇشلۇق تۈەن - مەيدانلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر بۇنىڭ سىرتىدا) 10 مىڭ 934، ئۇلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 6670 يۈەن. سۇغۇرتا كەسپىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 34 مىليون 330 مىڭ يۈەن، تۆلەنگەن تۆلەم 3 مىليون 920 مىڭ يۈەن. ناھىيە بازىرىنىڭ كۆكەرتىلىش نىسبىتى %37.28كە يەتتى.

★ 12 - ئايدا قورغاس ناھىيىسىدىكى چېگرا ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنىڭ دەرىجىسى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەرەققىيات رايونىغا كۆتۈرۈلدى.

★ يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلات ئىقتىسادىي كومىتېتى 2000 - يىلى قورغاس ناھىيىسىگە «جۇڭگو ‹قىزىل يەر شارى، ئۈزۈمى ماكانى›» دەپ نام بەردى.

# نىلقا ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

نىلقا ناھىيىسى ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا، ئوتتۇرا تەڭرىتاغنىڭ غەربىدىكى قاش دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 559 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 10، چارۋىچىلىق فېرمىسى بىر، ئورمانچىلىق مەيدانى بىر، سورتلۇق ھەسەلچىلىك فېرمىسى بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى تۈەن - مەيدانلىرىنىڭ نوپۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 147 مىڭ 537 (مىللىي 105 مىڭ 461)، يېزا نوپۇسى 121 مىڭ 980؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰53.12، ئۆلۈش نىسبىتى ‰23.3، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰3.9. ناھىيە بويىچە 20 مىڭ 900 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار، 12 مىڭ 500 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى، سوغىگۈل، قار لەيلىسى، ئۈلار نىلقىنىڭ 4 چوڭ قىممەتلىك ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتىدۇر. ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، تۆمۈر، مىس، ئالتۇن، قوغۇشۇن، سىنك، ۋولفرام قاتارلىق 30 نەچچە خىلى بار؛ كۆمۈرنىڭ كەلگۈسى زاپىسى 4 مىليارد توننا، ھازىرقى زاپىسى 1 مىليارد 100 مىليون توننا، يىللىق مەھسۇلاتى 200 مىڭ توننا. ناھىيىنىڭ سۇ ئېنېرگىيە زاپىسى 2 مىليون كىلوۋاتقا يېتىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە تاڭبالى، ئاقتاس، بۇلۇڭ ئارشىڭى، كېلەڭ ئىككىلەمچى ئورمان باغچىسى قاتارلىق 10 نەچچە سەيلىگاھ بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ نىلقا ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: دىڭ جۇنشياڭ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: نۇرالى مۇساقان (قازاق).

ھاكىم: ئابدۇمەجىت جۇنۇسئاقىن (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: كەرىمبېك جۇمابېك (قازاق).

## يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 201 مىليون 630 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %8.75 ئاشتى. يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا 3 مىليون 175 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرىدىن 6 سى تاماملاندى، 2200 گېكتار ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى. 34 مىڭ 609 توننا ئاشلىق، 14 مىڭ 659 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 119 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %39.17 ئاشتى. 335 ئائىلىلىك چارۋىچى يېڭىدىن ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى. 1140 ئېغىل - قوتان سېلىندى. 3000 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى، 1000 گېكتار ئوتلاق سۇغىرىلدى، 700 گېكتار يەم - خەشەك بازىسى بەرپا قىلىندى. 419 سىمېنتال كالىسى ۋە نەسىللىك ئالا كالا كىرگۈزۈلدى، بوردالغان چارۋا 152 مىڭغا يېتىپ، %21 كۆپەيدى. 219 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 34.35 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، 226 گېكتار تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ، ئورمان بەرپا قىلىندى، دەريا ۋادىسىدىكى 1300 گېكتار ئىككىلەمچى ئورمان توسۇۋېتىلدى. 13 مىڭ 173 توننا گۆش، 33 مىڭ 510 توننا سۈت، 1547 توننا يۇڭ، 288 مىڭ 100 پارچە تېرە ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 13 مىليون 955 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 6 چوڭ قۇرۇلۇش پۈتكۈزۈلدى، 667 گېكتار بوز يەر ئېچىلدى. سۇغىرىش كۆلىمى 800 گېكتار كۆپەيتىلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت كىرىمى 353 مىليون 120 مىڭ

### خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 38707 | 8 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 19673 | 3.5 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 6724 | 15.9 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 12310 | 14.9 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 34609 | —35.45 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 80.03 | 9.61 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 26287 | 17.87 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 51591 | 2.99 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 9025 | 8.08 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 24896 | 12.8 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 1321 | 13.1 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 7604 | 10.01 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 243 مىليون 690 مىڭ يۈەن.

يۈەنگە يېتىپ، %44 ئاشتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 82 مىليون 350 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %16.84 ئاشتى. 3 مىليون 620 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى، 176 مىڭ توننا كۆمۈر، 11 مىڭ 800 توننا سېمونت، 1590 توننا پارتلاتقۇچ دورا، 1140 توننا سۈت پاسالمىسى، 27 مىڭ توننا ئۇن، 1989 توننا سۇ يېغى، 41 مىليون 260 مىڭ دانە خىش، 22.4 كىلوگرام ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 68 مىليون 170 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 92 مىليون 840 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 11 مىليون 600 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 77 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 7 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە، ناھىيە بويىچە پروگراممىلىق تېلېفون 10 مىڭ 200گە يەتتى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 4 مىليون 589 مىڭ يۈەنگە، بازار سودىسىدا پۈتتۈرۈشۈلگەن سوممىسى 29 مىليون 929 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 2 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %146.36 ئاشتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 979. ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى بىر ئىلمىي تەتقىقات تۈرى تاماملاندى. باشلانغۇچ مەكتەپ 78 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 49، مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان باشلانغۇچ مەكتەپ 23)، ئوقۇغۇچىسى 22 مىڭ 750 (مىللىي 18 مىڭ 195)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1421 (مىللىي 974)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 6 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 3، مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان ئوتتۇرا مەكتەپ بىر)، 9 يىللىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ 28، ئوقۇغۇچىسى 9625 (مىللىي 6478)، ئوتتۇرا مەكتەپ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 786 (مىللىي 470). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 370 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %88.5كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە يەتتى. ناھىيە بويىچە تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 19

(دوختۇرخانا بىر، شىپاخانا 18)، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 346 (مىللىي 229)، كارىۋات 311. دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى كۆكخوتخور موڭغۇل يېزىسىغا «يۈز مىليونلىغان دېھقاننىڭ ساغلاملىق پائالىيىتىدە ئىلغار يېزا» دېگەن نام بەردى.

### خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1943 يۈەنگە، بازار ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمى 2300 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8400 يۈەنگە يەتتى. 69 ئائىلىدىكى 362 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، نامرات دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1194 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە 6202 ئائىلىدىكى 36 مىڭ 324 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلغان بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش جەھەتتىكى نىشان ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 4 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 24 مىڭ 44 كۋادرات مېتىر بازار ئاھالىسى تۇرالغۇ ئۆيى سېلىندى، تاڭبالى بولىغا يۇقىرى ئۆلچەملىك 290 چىراغ ئورنىتىلدى. ناھىيە بازىرىنى كۆكەرتىش ئۈچۈن 969 تۈپ دەرەخ تىكىلدى، 40 خىل 100 نەچچە مىڭ تۈپ گۈل ئۆستۈرۈلدى، 2.5 كۋادرات كىلومېتىر ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايون بەرپا قىلىندى.

★ 2000 - يىلى جىرىنتاي چارۋىچىلىق فېرمىسى كۆكخوتخور موڭغۇل يېزىسىغا، چونجى چارۋىچىلىق فېرمىسى كېلەڭ يېزىسىغا، كۆكباي چارۋىچىلىق فېرمىسى جاقا ئۆلاستاي يېزىسىغا قوشۇۋېتىلدى.

خۇاڭ چىجۈن

## موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى بولغان تېكەس دەرياسى ھاۋزىسىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 879 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 9، دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىسى 2. يىل ئاخىرىدىكى ناھىيىگە تەۋە نوپۇس 111 مىڭ 77 (مىللىي 88 مىڭ 515)، يېزا نوپۇسى 78 مىڭ 819؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 14.72‰، ئۆلۈش نىسبىتى 3.28‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11.44‰. ناھىيە بويىچە 35 مىڭ 460 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 14 مىڭ 677 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 19 مىڭ 281 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى قۇرغاقلىق تىپىدىكى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ تاغلىق رايون قۇرغاق، يېرىم نەم، سوغۇق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 512.2 مىللىمېتىر بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە ئەڭ كۆپ. ئوتلاق بايلىقى مول، ئوت - چۆپىنىڭ سۈپىتى ياخشى، بۇ جەھەتتە مەملىكەت بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە بۇغا، قوڭغۇر ئېيىق، يىلپىز قاتارلىق ئەتىۋارلىق ھايۋانلار، سوغىگۈل، پەربۇن، قار لەيلىسى، يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى قاتارلىق قىممەتلىك دورا ماتېرىيالى بار. ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، مانگان، قوغۇشۇن، چىرىستال، گەج، ياقۇت قاتارلىقلار بار. سەيلىگاھلاردىن شوتا ئارشىڭى، شوتا قەدىمىي شەھىرى، ئۇسۇن قەدىمكى قەبرىلىرى، شىنيۇلاما ئىبادەتخانىسى، كىچىك خونىقايدىكى بالبال، ئاغرىياز قىياتاش رەسىملىرى قاتارلىقلار بار.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ليۇ شۇساڭ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئالىمجان ئۈۋەن (قازاق، 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى).

ھاكىم: باقتىيوق ئىنايات (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جاپپار تۆلەندى (قازاق).

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 255 مىليون 112 مىڭ 800 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 198 مىليون 125 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 3.05% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 53 مىڭ 423 توننا ئاشلىق، 30 مىڭ 812 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. 426 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 10 مىڭ 688 توننا گۆش، 18 مىڭ 334 توننا سۈت، 1146 توننا يۇڭ، 29 مىڭ 92 پارچە كالا تېرىسى، 27 مىڭ 471 پارچە قوي تېرىسى، 6401 پارچە ئۆچكە تېرىسى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 7 مىليون

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 49356 | 6.5 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 27792 | —2.65 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 6163 | 15.72 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 15401 | 25.01 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 53423 | —5.58 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 81.3 | 7.11 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 16512 | 22.01 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 4.43 | 8.85 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 13735.3 | 2.45 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 24192 | 6.61 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 1457 | 13.39 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 6554 | 21.51 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 310 مىليون 670 مىڭ يۈەن.

674 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى 2303كە، كىرىمى 231 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 113 مىليون 620 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 77 مىليون 520 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %15.63 ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 35 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %6.08 ئاشتى. 21 مىليون 780 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 84 مىڭ 879 توننا كۆمۈر، 15 مىڭ توننا سېمونت، 34 مىليون 520 مىڭ دانە خىش، 46 مىڭ توننا ئۇن، 7737 توننا سۇ يېغى ئىشلەپچىقىرىلدى، 943 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەندى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 19 مىليون 940 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 226 مىليون 700 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 13 مىليون 370 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 8 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا بازاردىكى مۇقىم تېلېفون 17 مىڭ 630 توچكىغا، يانتېلېفون ئابونىتى 310غا يەتتى. ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 27 مىليون يۈەنگە، بازار سودىسىدا پۈتتۈشۈلگەن سودا 75 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 347. 2000 - يىلى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى ئىلى ۋىلايىتى بويىچە «پەن - تېخنىكا ئارقىلىق ناھىيىنى گۈللەندۈرۈشتە ئىلغار ناھىيە» دېگەن نامغا ئېرىشتى. ئوتتۇرا مەكتەپ 10 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 8)، ئوقۇغۇچىسى 9198 (مىللىي 7051)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 54 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 41)، ئوقۇغۇچىسى 19 مىڭ 232 (مىللىي 15 مىڭ 923). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1795، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 679، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 1062. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە يەتتى. تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 19 (دوختۇرخانا 2، شىپاخانا 17)، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 311، كارىۋات 338. ئاپتونوم رايون ناھىيىگە «پىلانلىق تۇغۇت بويىچە ‹ئۈچنى ئاساس قىلىش› تا ئىلغار

ناھىيە» دەپ نام بەردى. ناھىيە تەنتەربىيەچىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق ئات بەيگىسى مۇسابىقىسىنىڭ لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە كوللېكتىپ 1-، ئىلى ۋىلايەتلىك ئات بەيگىسى مۇسابىقىسىدە كوللېكتىپ 1-، ۋىلايەت بويىچە ئوغلاق تارتىشىشتا چېمپىيون بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000-يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2058 يۈەنگە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 5523 يۈەنگە يەتتى. شەھەر قۇرۇلۇشىغا 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئۇسسۇل مەيدانى ئۆزگەرتىپ ياسالدى؛ 70 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 3000 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 7 ئاساسلىق كوچا رېمونت قىلىندى. ناھىيە بويىچە كۆكەرتىلگەن كۆلەم 13 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆپەيتىلدى.

★ 2000-يىلى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى 4 دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتتى ياكى قوشۇۋەتتى.

لى شۈلىڭ

# تېكەس ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

تېكەس ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تېكەس-موڭغۇلكۈرە ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي بۆلىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 852 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000-يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 7، دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسى 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (ناھىيىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلارنىڭ نوپۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 148 مىڭ 337 (مىللىي 112 مىڭ 328)، يېزا نوپۇسى 113 مىڭ 94؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.3‰، ئۆلۈش نىسبىتى 2.6‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.7‰. ناھىيە بويىچە 17 مىڭ 900 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 7850 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 8450 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى قۇرغاقلۇق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

تېكەس دەرياسى ناھىيە تەۋەسىنى غەربتىن شەرققە توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ، ئۇنىڭ چوڭ-كىچىك 17 تارماق ئېقىنى بار، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىم مىقدار 6 مىليارد كۇب مېتىر. ئورمان كۆلىمى 89 مىڭ 120.8 گېكتار، ئوتلاق 502 مىڭ 800 گېكتار. ياۋايى ھايۋانلاردىن بۇغا، يىلپىز، ئېيىق، ئارقار قاتارلىقلار، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن سوغىگۈل، قانتېپەر، كىرەش، پەربۇن قاتارلىقلار بار. تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن ئالتۇن، مىس، نىكېل، مال تېشى قاتارلىق 20 نەچچە خىلى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تېكەس ناھىيىلىك 8-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ شىنلى.

13-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابلاي قادىر قوجا (قازاق).

ھاكىم: ئورۇنتاي تۇرسۇنباي (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 11-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئەمەت مەمەت.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000-يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 308 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999-يىلدىكىدىن 1.6% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 42 مىڭ 797 توننا ئاشلىق، 17 مىڭ 545 توننا ياغلىق دان، 6867 توننا قىزىلچا ئېلىندى. 628.2 گېكتار پەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 237 گېكتار تۆۋەن ھوسۇللۇق باغ ئۆزگەرتىلىپ، 4550 توننا مېۋە ئېلىندى (ئىلى قىزىل ئالمىسى 4000 توننا). 13 مىڭ 423 توننا گۆش، 18 مىڭ 563 توننا سۈت، 1548 توننا قوي يۇڭى ئېلىندى، 400 مىڭ ئۆردەك، غاز بېقىلدى. 45 گېكتار يەرگە 195 يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئېنېرگىيە تېجەيدىغان كۆكتات پارنىكى سېلىندى. شىنجاڭ چارۋىچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، 10 مىڭ ئىنەك توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇلدى، 1000 ئىنەككە تۆرەلمە كۆچۈرۈلدى. 300 مىڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قوينىڭ نەسلى ياخشىلاندى. 4320 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى، 5040 گېكتار ئوتلاق سۇغىرىلدى. 4465 ئۆيلۈك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يۈرۈشلەك ئولتۇراقلاشتۇرۇلغىنى 2999 ئائىلە. 568 ئىللىق ئېغىل-قوتان سېلىندى (يۇقىرى ئۆلچەملىكى 197). سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 24 مىليون 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 117.6 كۇب مېتىر توپا-تاش قېزىلدى ۋە توشۇلدى، 76.8 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق-ئۆستەڭ ياسالدى، 1600 گېكتار سالا ئېتىز يۈرۈشلەشتۈرۈلدى، سۇغىرىش كۆلىمى 1200 گېكتار كۆپەيتىلدى، سۇغىرىلىدىغان رايونلاردا 126 ئىنشائات ياسالدى، 92 كىلومېتىر سۇ تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلۇپ،

### خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 39320 | 6.9 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 21879 | 0.1 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 6183 | 23.2 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 11268 | 11.3 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 42797 | —29.05 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 70.1 | 0.95 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 24240 | 19.8 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 39700 | 6.15 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 11592 | 19.27 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 13708 | 9.62 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 1006 | 12.91 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 7597 | 16.89 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 226 مىليون 990 مىڭ يۈەن.

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى 44 مىڭ 400 ئادەم، 268 مىڭ چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۇيى مەسىلىسى ھەل قىلىندى. 2600 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىلدى، يېزىلاردا 3 مىليون 590 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى. يېزا - بازار كارخانىسى 2197گە، تىجارەت كىرىمى 270 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 108 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %7.9 ئاشتى. 11 مىليون 450 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 3400 توننا سېمونت، 19 مىليون 550 مىڭ دانە خىش، 42 توننا سۈت پاراشوكى، 2000 توننا ئۇن، 3200 توننا سۇ يېغى، 4535 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 80 مىليون 880 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 16 تۈرگە مەبلەغ سېلىندى، 5000 كۋادرات مېتىر ئۆي پۈتتى. تاشيولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 241 مىليون 80 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 87 مىليون 840 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسىپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 760 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسىپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يەتتى (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا). يىل ئاخىرىدا پروگراممىلىق تېلېفون 9004 تۇچكىغا يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 475 (ئالىي دەرىجىلىكى 19). باشلانغۇچ مەكتەپ 79 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 53)، ئوقۇغۇچىسى 20 مىڭ 909 (مىللىي 12 مىڭ 179)، ئوقۇتقۇچىسى 1556 (مىللىي 1197)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 12 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 8)، ئوقۇغۇچىسى 8632 (مىللىي 6117)، ئوقۇتقۇچىسى 836 (مىللىي 571)؛ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 150 (ھەممىسى مىللىي). ئوقۇتقۇچىسى 49 (مىللىي 46)؛ بالىلار باغچىسى 8 (يەككىلەر ئاچقىنى 7)، باغچىدىكى بالا 938 (مىللىي 621)، ئوقۇتقۇچىسى (يەككىلەرنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) 29 (مىللىي 5). مائارىپ خىراجىتىگە 25 مىليون 280 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %89كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %88كە يەتتى. تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 19 (دوختۇرخانا 11)، كەسپىي سەھىيە

تېبابەتكە خادىمى 519 (دوختۇر 276)، كارىۋات 200. 9 قېتىم ھەرخىل تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، بۇ مۇسابىقىلەرگە 2344 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى 7 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن ئىلى ۋىلايەتلىك ئات بەيگىسى مۇسابىقىسىدە كوللېكتىپ 2 - بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 2004 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 14 مىڭ 952 بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 5358 يۈەنگە يەتتى. ھەرخىل سوغۇرتىنىڭ سوغۇرتىلاش سوممىسى 291 مىليون يۈەن، تۆلەم سوممىسى 11 مىليون 500 مىڭ يۈەن بولدى. يىل ئاخىرىغىچە 442 ئائىلىدىكى 2327 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. ناھىيە بازىرىدىكى ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا 16 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، باغۇا مەيدانى ياسالدى، ئاقچى كوچىسىنىڭ 2 - ئايلانمىسىنىڭ 300 مېتىر بۆلىكى كېڭەيتىلدى ۋە چىراغ ئورنىتىلدى.

جۇ دىڭمىڭ

# توققۇزتارا ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

توققۇزتارا ناھىيىسى ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا، تېكەس دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىم ھاۋزىسىدا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 816 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 7، دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسى 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 154 مىڭ 371 (مىللىي 105 مىڭ 448)، يېزا نوپۇسى 125 مىڭ 99؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰1. 18، ئۆلۈش نىسبىتى ‰82. 2، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰28. 15. ناھىيە بويىچە 25 مىڭ 26 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 25 مىڭ 833 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلدى (ئېگىز تېرىلغۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تېيىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

توققۇزتارا ناھىيىسىدە مەملىكەت بويىچە بىردىنبىر ياۋا ياڭاقلىق بار، شەرقىي قىسمىدا شىنجاڭ قارىلىق چوققا شەمشادى مۇھاپىزەت رايونى بار. ئىقتىسادىي ئۆسۈملۈكلەر ۋە دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چىغىرتماق، ياۋا ئازغان، ياۋا قۇلماق ۋە قارىلىمسى، سوغىگۈل قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، تۆمۈر، مىس، قوغۇشۇن، كېپەك ئالتۇن، تاشپاختا، بارىت، بېرىل قاتارلىقلار بار، سېمونتقا خام ئەشيا قىلىنىدىغان قېزىلما بايلىق ھەممىدىن مول.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ توققۇزتارا ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: گاۋ جياڭخۇەي.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئوقاس قاناستان (قازاق).

ھاكىم: سامالقان ئوسمان (قازاق، 7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)؛ ساپاربېك ئورانبېك (قازاق، 9 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: زەينەپ ئۆمەرجان.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 245 مىليون 470 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %1. 10 ئاشتى. 112 مىڭ 597 توننا ئاشلىق، 7475 توننا ياغلىق دان، 52 مىڭ 130 توننا قىزىلچا، 10 مىڭ 709 توننا كۆكتات ئېلىندى. كۆنگە 60 توننا گۆرۈچنى ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان لىنىيىدىن 2 سى قۇرۇلدى. 3. 43 گېكتار كېلىدىغان 257 كۆكتات لاپسى ۋە پارنىكى، كۆكتاتنى يېڭى ساقلاش ئامبىرىدىن 4 ى ياسالدى. 840 گېكتار يەرگە كۆچەت تىكىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 7. 461 گېكتار يەرگە ئەلا سورتلۇق ئالما، 3. 111 گېكتار يەرگە كىچىك شېرىنلىك مېۋە كۆچىتى تىكىلدى. ناھىيە ئاپتونوم رايوننىڭ ئېتىز - ئېرىقنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە «ئۈچ شىمال» ئىھاتە ئورمىنى قۇرۇلۇشى بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. 12 مىڭ 43 توننا گۆش، 23 مىڭ 591 توننا سۈت، 1372 توننا قوي يۇڭى، 1968 توننا تۇخۇم، 251 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 39 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 6 سۇچىلىق قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلدى. 336 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 5. 188 كىلومېتىر شېغىل يول ياسالدى ۋە رېمونت قىلىندى، 1780 گېكتار يەر تەكشىلەندى، 760 مېتىر كەلكۈن توسمىسى رېمونت قىلىندى، 206 كىلومېتىر سۇغىرىش ئېرىق - ئۆستىڭى چېپىلدى، 7. 48 كىلومېتىر سۇغىرىش ئېرىق - ئۆستىڭى، 145 كىلومېتىر زەيكەش رېمونت قىلىندى، 928 كۆۋرۈك، سۇڭگۈچ ۋە سۇچىلىق مۇئەسسەسلىرى ياسالدى ۋە رېمونت قىلىندى، سۇغىرىش كۆلىمى 3000 گېكتار كۆپەيتىلدى، 733 گېكتار

## خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 46152 | 8.8 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 22651 | 7.6 |
| | 2 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 10681 | 10.8 |
| | 3 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 12820 | 10.1 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 112597 | —14.46 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 59.12 | 6.1 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 26712 | 31.02 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 65774 | 5.54 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 12701 | 5.67 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 16687 | —3.16 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 1205 | 17.45 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 7439 | 14.66 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 275 مىليون 190 مىڭ يۈەن. ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىدىن باشقىلىرى بىڭتۈەن بىلەن دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرى - چارۋىچىلىق فېرمىلىرىنىڭكىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

يەرنىڭ سۇغىرىش شارائىتى ياخشىلاندى. 3333 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى، 9080 گېكتار ئوتلاقنىڭ سۈپىتى ياخشىلاندى. 420 ئۆيلۈك چارۋىچى يېڭىدىن ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى، چارۋىچىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش نىسبىتى 93%كە يەتتى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى كىشىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىدا سۇنى ياخشىلاش بويىچە 21 تۈر پۈتكۈزۈلۈپ، 59 مىڭ ئادەم، 328 مىڭ چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۇيى مەسىلىسى ھەل قىلىندى. ناھىيە سۇچىلىق قۇرۇلۇشىدا ئىلى ۋىلايىتى بويىچە «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. يېزا - بازار كارخانىسى 4800 گە، ئۇلارنىڭ كىرىمى 253 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

- سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 90 مىليون 950 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 15.04% ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 34 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 15.69% ئاشتى. 17 مىليون 300 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 103 مىڭ توننا كۆمۈر، 39 مىڭ 100 توننا سېمونت، 25 مىڭ توننا ئۇن، 4218 توننا سۇ يېغى، 4300 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 56 مىليون دانە خىش، 300 توننا ئېغىر ئېلېمېنت ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە مۇقىم مۈلۈككە 77 مىليون 230 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 15 مىليون 395 مىڭ 200 يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، دەريا ساھىلىدىكى قۇملاشقان، شورلاشقان، چېكىنگەن ئوتلاقنىڭ ئېكولوگىيەسىنى ئۈنۈملۈك تۈزەش جەھەتتىكى 1 -، 2 - قارارلىق قۇرۇلۇش تاماملاندى؛ 32 مىليون 298 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 7733.33 گېكتار ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزنى ئۆزگەرتىش ۋە سۈنئىي ئوتلاق بەرپا قىلىش قاتارلىق يېزا ئىگىلىكىنى ئۈنۈملۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرلىرى تاماملاندى. تاشقى سودا ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تۈرىدىن 14ى ئىمزالاندى، بۇنىڭ سوممىسى 144 مىليون 870 مىڭ يۈەن. 1 مىليون 390 مىڭ يولۇچى توشۇلدى، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 99 مىليون 460 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 840 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 6 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا پروگراممىلىق تېلېفون 9126

تۈپكىدا يەتتى. بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سودا 25 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ساياھەتچىلىكتىن 4 مىليون 800 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن - تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 625. ئوتتۇرا مەكتەپ 11 (مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان ئوتتۇرا مەكتەپ 6)، ئوقۇتقۇچىسى 732 (مىللىي 446)، ئوقۇغۇچىسى 9080 (مىللىي 5778)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 54 (مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان باشلانغۇچ مەكتەپ 30)، ئوقۇتقۇچىسى 1199 (مىللىي 864)، ئوقۇغۇچىسى 21 مىڭ 505 (مىللىي 16 مىڭ 496)؛ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇتقۇچىسى 31 (مىللىي 18)، ئوقۇغۇچىسى 344 (مىللىي 173)؛ بالىلار باغچىسى بىر، ئوقۇتقۇچىسى 17 (مىللىي 4)، باغچىدىكى بالا 260 (مىللىي 101). رادىئو ۋە تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە يەتتى. تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 113 (ناھىيە دەرىجىلىك دوختۇرخانا 3، يېزا شىپاخانىسى 13)، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 397، كارىۋات 302. 4 قېتىم ھەرخىل تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 680 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2085 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 5899 يۈەنگە يەتتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 52 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 5 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە 746 مىڭ يۈەن تۆلەم، جىسمانىي سۇغۇرتا بويىچە 540 مىڭ يۈەن تۆلەم ۋە ھەق بېرىلدى. 31 كارخانىدىن 858 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا، 175 كارخانا، كەسپىي ئورۇندىن 4576 كىشى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 207 ئورۇندىن 6205 كىشى داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. نامراتلارنى يۆلەشكە 5 مىليون 758 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىندى، 1193 ئائىلىدىكى 6504 كىشى يۆلەندى، 246 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. ناھىيە ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەر ئارا «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدە ئىلغار ناھىيە بولدى.

★ 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى 5 مىليون 860 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، كۆلىمى 5.31 گېكتار كېلىدىغان توقسۇزتارا ناھىيىلىك خەلق مەيدانى پۈتۈپ ئىشلىتىلدى.

★ 2000 - يىلى توقسۇزتارا ناھىيىسى «ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدە ئىلغار ناھىيە»، «يەرلىك كالىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتىدە ئىلغار ناھىيە»، «مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا ئىلغار ناھىيە» دېگەن ناملارغا ئېرىشتى.

دىڭ گۇاڭيەن، ليۇ شىڭيىڭ

# كۈنەس ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

كۈنەس ناھىيىسى شىنجاڭنىڭ غەربىگە، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى غەربىي لىنىيىنىڭ 900 كىلومېتىر، شەرقىي لىنىيىنىڭ 500 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 5، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 284 مىڭ 881 (مىللىي 171 مىڭ 277)، يېزا نوپۇسى 195 مىڭ 718؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 14.55‰، ئۆلۈش نىسبىتى 4.28‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.27‰. ناھىيە بويىچە 53 مىڭ 933.4 گېكتار يەر بولۇپ، 18 مىڭ 453.33 گېكتار يەرگە (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 293.33 گېكتار) ئاشلىق زىرائىتى تېرىلدى (بىڭتۇەن تۇەن - مەيدانلىرىنىڭ يۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، 18 مىڭ 666.67 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 2073.33 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

كۈنەس ناھىيىسىدە كەڭ كۆلەملىك تەتۈر مۆتىدىل بەلۋاغ ئالىملىقى ۋە ھەرخىل مېۋە - چېۋىلەر بار. يەنە كەڭ كۆلەملىك ئېيتىدائىي ياۋا ئالما ئورمانلىقى ۋە ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر بار. قېزىلما بايلىق خېلى مول، تەركىبىدىكى تۆمۈر مىقدارى %55تىن يۇقىرى بولغان ھوسۇللۇق تۆمۈر رۇدىسى ۋە مەرمەر تاش، ھاك تېشى، مىس، ئالتۇن قاتارلىقلار بار. ياڭيۇ — كۈنەسنىڭ ئەڭ چوڭ يەرلىك مەھسۇلاتى ھېسابلىنىدۇ، يىللىق مەھسۇلاتى 40 مىڭ توننىدىن ئاشىدۇ، بولۇپمۇ نارات بازىرىنى ئاساس قىلغان شەرقىي قىسىم ياڭيۇچىلىق رايونىدا كۆلەملەشكەن ئىشلەپچىقىرىش شەكىللەندى. كۈنەس يەنە كېلىپ داڭلىق ھاراق ماكانى، بۇ يەردىن بىر يۈرۈش، داڭلىق ئىلى ئالاھىدە ئاق ھارىقى، شور بۇلاق ھارىقى، كۈنەس ھارىقى چىقىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە كەڭ

كۆلىمىلىك ئىپتىدائىي ئورمانلىق ۋە گۈزەل كۈنەس يايلىقى، مەشھۇر نارات سەيلىگاھى، ياۋا ئالمىلىق سەيلىگاھى، جەنۇبىي تاغ ساياھەت رايونى، تالدى، قارابۇرا ساياھەت رايونى (سەيلىگاھى) بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كۈنەس ناھىيىلىك 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لىيۇ جۈەنشىن.

13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قۇرمان دەۋكېن (قازاق).

ھاكىم: پولاتبېك ئەنۋەربېك (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 11 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: گۈلزىرە نۇرادىل (ئايال، قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 ـ يىلى ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 761 مىليون 597 مىڭ 400 يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 459 مىليون 368 مىڭ 900 يۈەن) گە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن 8.32% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 88 مىڭ 269 توننا ئاشلىق، 18 مىڭ 775 توننا ياغلىق دان، 245 مىڭ 63 توننا قىزىلچا، 15 مىڭ 666 توننا چىگە، 80 مىڭ 262 توننا ياڭيۇ، 31 مىڭ 346 توننا كۆكتات ئېلىندى. 873.33 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ئورمان 600 گېكتار، ئىھاتە ئورمان 69.2 گېكتار. 22 مىڭ 244 توننا گۆش، 44 مىڭ 215 توننا كالا سۈتى، 1797 توننا ئۆچكە سۈتى، 2225 توننا يۇڭ، 52 مىڭ 947 پارچە كالا تېرىسى، 384 مىڭ 179 پارچە قوي تېرىسى ئېلىندى. 2000 ـ يىلى ناھىيە بويىچە سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 16 مىليون 580 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 271 كىلومېتىر (بىرلىكى ئېقىم ئۇزۇنلۇقىغا سۇندۇرۇپ ھېسابلاندى) سۇ سىڭمەس ئېرىق ـ ئۆستەڭ، 215 سۇ ئىنشائاتى ياسالدى، 416 كىلومېتىر يولغا شېغىل ياتقۇزۇلدى، 1426.67 گېكتار بوزيەر تۈزلەندى، سۇغىرىش رايونىدىكى 540 كىلومېتىر غول، تارماق ئېرىق ـ ئۆستەڭ ئادالاندى، 3166.7 گېكتار سالا ئېتىز يۈرۈشلەشتۈرۈلدى ياكى تولۇقلاپ يۈرۈشلەشتۈرۈلدى. كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى بويىچە 820 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 2 كۆلچەك ياسالدى، 24.32 كىلومېتىر سۇ تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى. ناھىيە ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىدا ئىلى ۋىلايىتى بويىچە «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ناھىيە بويىچە قاشالانغان ئوتلاق 38 مىڭ 33.333 گېكتارغا يەتتى، مۇشۇ يىلى 600 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. «يول، توك، سۈيى راۋان بولۇش، ئۆيى، ئېغىل ـ قوتىنى، مەكتەپ، دوختۇرخانا ۋە مال دوختۇرخانىسى بولۇش، مۇلازىمەت سىستېمىسى، مائارىپ مۇئەسسەسەلىرى، مەدەنىيەت ـ كۆڭۈل ئېچىش مۇئەسسەسەلىرى، پوچتا ـ تېلېگراف ئىشلىرى ۋە بازار قۇرۇلۇشى يۈرۈشلەشكەن بولۇش» ئۆلچىمى بويىچە ئولتۇراقلاشتۇرۇلغان چارۋىچىلار 4788 ئائىلە بولۇپ، ئۇلار ناھىيىدىكى بارلىق ئائىلىنىڭ 78%نى ئىگىلەيدۇ. 348 ئىللىق ئېغىل ـ قوتان، 449 چارۋىچى ئۆيى سېلىندى، چارۋىچىلىق ئۈچۈن 126 كۆۋرۈك، سۇئىچكۈچ، توما ياسالدى، 164 كىلومېتىر ئېرىق چېپىلدى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت كىرىمى 210 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 456 مىليون 252 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 346 مىليون 859 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن 32.27% ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 127 مىليون 686 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 66.48% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن (بىڭتۇەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) 54 مىليون 130 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 26 مىڭ توننا سېمونت، 153 مىليون دانە خىش، 4778 توننا ئاق ھاراق، 16 مىڭ 550 توننا سۇ يېغى، 45 مىڭ 700 توننا ئۇن، 31 مىڭ 740 توننا ئارىلاشما يەم ـ خەشەك، 40 مىڭ 535 توننا ئاق شېكەر، 3254 توننا ئىسپىرت، 7201 توننا دانىچە تىرىپ، 36 مىڭ 800 قۇر يۇڭ پوپايكا، 10 مىڭ 8 كۇب مېتىر پىرىسلانغان تاختا، 1278 توننا پاختا ـ چىگە، 1649 توننا چەتمە چىگە، 30 مىڭ توننا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 111 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. سودا، ئىقتىساد ـ تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىگە دائىر 40 توختام ئىمزالاندى، توختام سوممىسى 563 مىليارد 500 مىليون يۈەن. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 234 مىليون 810 مىڭ ئادەم ـ كىلومېتىرغا، توشۇلغان يولۇچى 3 مىليون 670 مىڭغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى (بىڭتۇەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) 92 مىليون 780 مىڭ توننا ـ كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 146 مىڭ 900 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 18 مىليون 324 مىڭ 800 يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون 25 مىڭ 387 (ناھىيە بازىرىدىكىسى 9370) تۇتقۇچقا، يانفون ئابونېنتى 2278گە، سىمسىز چاقىرغۇ ئابونېنتى 5662گە يەتتى. بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سوما 123 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ساياھەتچىلىكتىن 2 مىليون 600 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

### خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 98392 | 11.97 |
| يۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 50736 | 5.48 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 16459 | 63.14 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 31197 | 5.09 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 88269 | -27.08 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 104.94 | 2.31 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 62152 | 20.69 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 55606 | 0.01 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 30259 | 5.66 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 38423 | 13.58 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 12599 | 23.43 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 11000 | 16.33 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 609 مىليون 50 مىڭ يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 840 (ئالىي دەرىجىلىكى 58). تېخنىكوم، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ 135 (مىللىي مەكتەپ 90)، ئوقۇغۇچىسى 56 مىڭ 582 (مىللىي 29 مىڭ 919)، ئوقۇتقۇچىسى 3730 (مىللىي 2008). بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ 79 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 55)، ئوقۇغۇچىسى 38 مىڭ 280 (مىللىي 21 مىڭ 522)، ئوقۇتقۇچىسى 2192 (مىللىي 1359)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 54 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 34)؛ ئوقۇغۇچىسى 17 مىڭ 587 (مىللىي 8080)، ئوقۇتقۇچىسى 1393 (مىللىي 557)؛ مىللىي ئوتتۇرا تېخنىكوم بىر، ئوقۇغۇچىسى 76، ئوقۇتقۇچىسى 45 (مىللىي 32)؛ باللار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 458 (مىللىي 173)، ئوقۇتقۇچىسى 60 (مىللىي 31)؛ شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلى ئوبلاستلىق شۆبىسى كۇنەس خىزمەت پونكىتىنىڭ كۇرسى 9 (مىللىي كۇرس 3)، ئوقۇغۇچىسى 181 (مىللىي 68)، ئوقۇتقۇچىسى 40 (مىللىي 29). رادىئو ۋە تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 96.4%كە يەتتى. تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 25 (ناھىيە دەرىجىلىك دوختۇرخانا 3، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى بىر، يېزا شىپاخانىسى 9، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى داۋالاش ئۆتۈقى 6)، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 540، دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 435؛ خۇسۇسىي، يەككە تېببىي داۋالاش ئامبۇلاتورىيە - شىپاخانىسى 103، دوختۇر 113. 21 قېتىم ھەرخىل تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىلەرگە 8150 كىشى قاتناشتى، مۇسابىقىلەردىن ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى 5 قېتىم، شاھمات مۇسابىقىسى 4 قېتىم، ئات بەيگىسى 10 قېتىم، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى 2 قېتىم ئۆتكۈزۈلدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 2232.29 يۈەنگە، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1808.15 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمى 3618 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 6683 يۈەنگە يەتتى. شەھەرنى باغۋارانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا 15 مىليون 790 مىڭ يۈەن

مەبلەغ سېلىندى، 47 مىڭ كۋادرات مېتىر يول يۈزى سېمونتلۇق بېتون بىلەن، 62 مىڭ كۋادرات مېتىر يول يۈزى ئاسفالتلىق بېتون بىلەن قاتۇرۇلدى، 235 يول چىرىغى يەڭگۈشلەندى، 13 مىڭ 997 تۈپ مەنزىرە دەرىخى، 100 مىڭ تۈپ ئەرمۇدۇن تىكىلدى، 20 مىڭ تۈپتىن ئوشۇق گۈل تەشتىكى قويۇلدى، 110 مىڭ كۋادرات مېتىر چىملىق بەرپا قىلىندى، 3000 كۋادرات مېتىر چىملىق يۆركۈپ سۇغىرىلدى.

★ 2000 - يىلى كۈنەس ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا خىزمىتىدە ئىلغار ناھىيە، مەملىكەتلىك 3 - قېتىملىق شەھەر مۇھىتىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەشتە مۇنەۋۋەر ناھىيە بازىرى، مەملىكەت بويىچە ئورمان بەرپا قىلىش - كۆكەرتىشتە ياخشى 100 ناھىيىنىڭ بىرى، ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىي ناھىيە، ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئىلغار كوللېكتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدە مۇنەۋۋەر ناھىيە بازىرى، ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتە ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى. ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى شىنجاڭ بويىچە كەسپىي تەكشۈرۈشتە «بىردە مۇۋاپىق، تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ساقلاش بويىچە 1 - بولدى.

★ 2000 - يىلى كۈنەس ناھىيىسىدىكى 6 دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسى ئارقا - ئارقىدىن يېزا - بازارلارغا قوشۇۋېتىلدى.

پاڭ شېيزۇڭ

# چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا، دىلوك تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاشيول مۇساپىسى 695 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 11، مەيدان 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 127 مىڭ 800 (مىللىي 97 مىڭ 300)، يېزا نوپۇسى 98 مىڭ 600؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.95‰، ئۆلۈش نىسبىتى 5.56‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 6.39‰. ناھىيە بويىچە 29 مىڭ 100 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 16 مىڭ گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 12 مىڭ 700 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى (ئېگىز تېرىلغۇسىنى شۇنىڭ ئىچىدە). كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

چاپچال ناھىيىسىنىڭ «شەنىيىن خادا» بۇغا مۈڭگۈزى مەھسۇلاتلىرى، «ئىلى ئۈنچىسى» ماركىلىق گۈرۈچى ئىلى ۋىلايىتىدە داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلات بولۇپ قالدى. قىزىلمۇچى كۈنىنىڭ دۇنيا بازىرىدا بەرمەنكىسىدە كۈمۈش مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ناھىيە تەۋەسىدە كۆمۈر زاپىسى ناھايىتى كۆپ، ئەلا سۈپەتلىك كۆمۈر قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىگە ئېكسپورت قىلىنىدۇ. سەيلىگاھلاردىن چولڭ بۇغرا ئورمان باغچىسى، ئىلى دەرياسى ئورمان باغچىسى، چىڭيۈەن ئىبادەتخانىسى، نۇراخۇنبۇلاق چاڭغا تېيىلىش مەيدانى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جياۋباۋخۇا (8 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، خىۇ شىڭخۇي (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: گۈەن شۇشېڭ (شىبە).

ھاكىم: ئەن ۋېن (شىبە).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: توپباي ئاسلىبېك (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 251 مىليون 690 مىڭ 600 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 188 مىليون 964 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 1.69% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىكى شۇنداق). 97 مىڭ 913 توننا ئاشلىق، 4300 توننا ياغلىق دان، 34 مىڭ 510 توننا قىزىلچا، 565 توننا پاختا، 377 توننا كۆك ئاماكا، 8385 توننا مېۋە - چېۋە، 31 مىڭ 733 توننا كۆكتات ئېلىندى. يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئېنېرگىيە تېجەلىدىغان پارنىكتىن 162 سى ياسالدى، ئۆز پېتى ساقلاش ئامبىرىدىن 10 ى سېلىنىپ، 450 توننا كۆكتات، مېۋە - چېۋە ئۆز پېتى ساقلاندى. 326 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 310 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 7295 توننا گۆش، 16 مىڭ 368 توننا سۈت، 780 توننا تۇخۇم، 4218 كىلوگرام يۇمران بۇغا مۈڭگۈزى، 533 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 15 مىليون 816 مىڭ 200 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 73.2 كىلومېتىر قول، تارماق ۋە ئوق ئېرىق سۇ

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 33819 | 7.2 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 17486 | 4.5 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 6218 | 11.7 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 10115 | 9.9 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 97913 | —7.27 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 40 | 2.56 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 24542 | 21.08 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 55612 | 14.5 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 130 | 30 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 9364.9 | 0.71 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 15687 | 8.6 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 1337 | 21.99 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 8609 | 23.62 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 196 مىليون 880 مىڭ يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ 108 مىليون 750 مىڭ يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ 37 مىليون 850 مىڭ يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ 50 مىليون 280 مىڭ يۈەن.

سىڭمەس قىلىندى، 198.6 كىلومېتىر ئېتىز يولىغا شېغىل ياتقۇزۇلدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونىدىكى ئادەم ۋە چارۋىلار ئۈچۈن كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - مۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 510 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 404.67 گېكتار يەردە ئوتلاق بەرپا قىلىندى، 82 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى، 296 گېكتار ئوتلاقنىڭ سۈپىتى ياخشىلاندى. يەرلىك كالىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاشقا 8 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 240 نەسىللىك كالا كىرگۈزۈلدى، 431 ئىنەككە تۆرەلمە كۆچۈرۈلدى، ناھىيە بويىچە نەسلى ياخشىلانغان كالا 15 مىڭ 62گە يەتتى. نەسىللىك كالا بېقىش مىكرو رايونى 8گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى قۇرۇلغىنى 3. نەسىللىك كالا بېقىش مىكرو رايونىغا كىرگۈزۈلگەن كالا 1420 گە، 5 تىن ئارتۇق كالا باققان ئۈلگە ئائىلە 172 گە يەتتى. شاخ - سامان بىلەن چارۋا بېقىشتا ئۈلگە يېزىدىن 6 سى، ئۈلگە كەنتتىن 16 سى، ئۈلگە ئائىلىدىن 450ى بار بولدى. ناھىيە 2000 - يىلى دۆلەت دەرىجىلىك شاخ - سامان بىلەن كالا بېقىشتا ئۈلگە ناھىيە قاتارىغا كىردى.

ناھىيە بويىچە يېزا - بازار كارخانىسى 3580گە، ئۇلارنىڭ كىرىمى 293 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 135 مىليون 198 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 103 مىليون 970 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %12.2 ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 43 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %9.5 ئاشتى. 623 مىڭ توننا كۆمۈر، 2000 توننا سېمونت، 93 مىليون 830 مىڭ دانە خىش، 1633 توننا مۇ يېغى، 27 مىڭ 600 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 505 توننا فورفورول، 31 توننا ئولىگو ساخارىد، 117 توننا ساپ پاختا، 20 مىڭ توننا ئىنچىكە پىششىقلانغان گۈرۈچ، بىر توننا بۇغا مۈڭگۈزى ياپراقچىسى، 5.4 توننا بۇغا قېنى چىلانغان ھاراق ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 72 مىليون 460 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 30 مىليون 710 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 28 مىليون 800 مىڭ يۈەن، باشقا قۇرۇلۇشلارغا سېلىنغىنى 12 مىليون 950 مىڭ يۈەن. ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تۈرىدىن 7 سى تاماملاندى.

بۇلارغا 11 مىليون 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 14 مىليون 148 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 47 مىليون 193 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 361 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 9 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمچانلىقى 24 مىڭ 964 توچكىغا، پروگراممىلىق تېلېفون ئابونېنتى 13 مىڭ 841 گە يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي تېلېفون ئابونېنتى 12 مىڭ 461). تېلېفون ھەر 100 كىشىگە 8.7 دىن توغرا كېلىدۇ. بازار سودىسىدا پۈتتۈشۈلگەن سومما 13 مىليون 768 مىڭ يۈەنگە، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 19 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ساياھەتچىلەردىن 58 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 1 مىليون 260 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم (پېنسىيىگە چىققانلار بۇنىڭ سىرتىدا) 648. باللار باغچىسى 6، باغچىدىكى بالا 1519 (مىللىي 947)، ئوقۇتقۇچىسى 59 (مىللىي 41)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 66 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 53)، ئوقۇغۇچىسى 21 مىڭ 599 (مىللىي 15 مىڭ 914)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1455؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 12 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 11)، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 193 (مىللىي 8322)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 909. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 85%كە يەتتى. شىبەچە گېزىت 130 مىڭ نۇسخا نەشر قىلىندى. ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى 163 مەيدان (قېتىم) ھەرخىل ئويۇنلارنى كۆرسەتتى. ناھىيە بويىچە 20 ھەرخىل تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 289 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 279 كارىۋات بار. ناھىيە بويىچە 73 قېتىم ھەرخىل تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 7100 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. ھەرخىل تەنھەرىكەت مەكتەپلىرىگە 19 ئىقتىساس ئىگىسى ماگدۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپكە ماگدۇرۇلغىنى 3. ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى ئىلى ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىدە 6 ئالتۇن مېدال، 10 كۈمۈش مېدال، 5 مىس مېدال ئالدى. ئىشتىن سىرتقى ئوقيا ئېتىش كوماندىسى ئاپتونوم رايونلۇق ئوقيا ئېتىش مۇسابىقىسىدە 5 ئالتۇن مېدال، 9 كۈمۈش مېدال، 8 مىس مېدال ئالدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1640 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانلارنىڭ 1644 يۈەن، چارۋىچىلارنىڭ 1574 يۈەن. ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە 65 مىليون 612 مىڭ يۈەن مائاش تارقىتىلدى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 6850.3 يۈەنگە يەتتى. ھەرخىل مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 75 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 442 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى؛ ئۆمۈر سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 2 مىليون 160 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى، 328 مىڭ 300 يۈەن تۆلەم تۆلەندى. ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى پۇلىدىن 2 مىليون 321 مىڭ 600 يۈەن يىغىۋېلىندى، 2 مىليون 755 مىڭ 800 يۈەن چىقىم قىلىندى، پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان 542 كىشى پېنسىيە پۇلىنى ۋاقتىدا، تولۇق ئالدى. 2 مىليون 307 مىڭ 700 يۈەن تېببىي داۋالاش سۇغۇرتىسى فوندى، 562 مىڭ 300 يۈەن ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى فوندى يىغىلدى. «مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش، مېيىپلارغا ياردەم بېرىش» بويىچە 142 مىڭ يۈەن ئىئانە توپلاندى. 60 ئائىلىدىكى 366 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

★ 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىگە «دۆلەت دەرىجىلىك يۇراقلىق تاماكا بازىسى» دەپ نام بېرىلدى.

ۋۇ يۇلى

# تارباغاتاي ۋىلايىتى

## ئاساسىي ئەھۋالى

تارباغاتاي ۋىلايىتى شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. مەمۇرىي مەھكىمىسى چۆچەك شەھىرىدە، 2000 - يىلى ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر 2، ناھىيە 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 843 مىڭ 500 (مىللىي 382 مىڭ 800)، يېزا نوپۇسى 371 مىڭ 600؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.15‰، ئۆلۈش نىسبىتى 4.06‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.09‰. ۋىلايەت بويىچە 308 مىڭ 900 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 89 مىڭ 700 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى 186 مىڭ 300 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق، يېرىم قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

تارباغاتاي ۋىلايىتىدە چوڭ - كىچىك 107 دەريا - ئېقىن بار بولۇپ، يىللىق ئومۇمىي ئېقىم مىقدارى 5 مىليارد 279 مىليون كۇب مېتىرغا، ئىچىشقا بولىدىغان يەر ئاستى سۇ مىقدارى 1 مىليارد 235 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. چاغانتوقاي سوغىگۈلى، ياۋا بادام، باسباي قويى، زاراڭزا يېغى، شىخو يېۋىسى، شىخو سۈت پاراشوكى، تولى گرانىت تېشى، جۇچەڭ ئاق قوسى قاتارلىق داڭلىق ماددىي بايلىقلىرى بار. ۋىلايەت تەۋەسىدە شىخو شەھىرى بىلەن جىڭ ناھىيىسى تۇتىشىدىغان يەردىكى گەنجاخۇ سۆكسۆك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى بىلەن چاغانتوقاي ناھىيىسىدىكى ياۋا بادام تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىن ئىبارەت ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 2 تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى بار. ۋىلايەت بويىچە ئوتلاق كۆلىمى 7 مىليون 33 مىڭ 300 گېكتار، پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلەم 5 مىليون 720 مىڭ گېكتار. ئاساسلىق ياۋا دورا ماتېرىياللىرىدىن سوغىگۈل، قانتېپەر، توشقان زەدىكى، چۈچۈكبۇيا، كەتىرا، ئاق چوغلۇق، رەۋەن قاتارلىقلار بار. دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، سايگاق بۆكىنى، ياۋا ئېشەك، ئاق لەيلەك، قارا لەيلەك، سېرىق بۈركۈت، ئالا قۇيرۇق بۈركۈت، چوڭ دوغداق، شىنجاڭ سالاماندراسى قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن تۆمۈر، خروم، ئالتۇن، كۆمۈر، ھاك تېشى، كۆل تۇزى، تاش پاختا، بىنتونىت، سېغىز قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋۇچىلىن (5 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، تاڭ دىڭبالىڭ (5 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى). مۇئاۋىن شۇجىلىرى: قىزايجان سېرقوجا (قازاق)، گوپىڭخۇي (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى). ئالىم كەرىمەت (قازاق)، لىيۇگۇاڭجيې، لۇ يۇڭمىن (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، لياۋ يۇنجيەن (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ئىلى ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: بايغوجا سىرقەتباي (قازاق)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: شۇ جيابىن، ۋاڭ شىزې (7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، نى بوشياڭ.

ۋالىي: قىزايجان سېرقوجا (قازاق)؛ مۇئاۋىن ۋالىيلار: جاڭ شياۋۋېي، ئابلاجان ئىمىن، جۇڭگو دورجالا (موڭغۇل)، لى پىڭ.

سىياسىي كېڭەش ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تاڭ دىڭبالىڭ (قوشۇمچە)، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: كۆلەن مامۇربېك (ئاپال، قازاق)، زۇدېشى، ۋاڭ ياجۇن.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ۋىلايەت بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 877 مىليون 700 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 2 مىليارد 98 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %8.8 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 479 مىڭ 500 توننا ئاشلىق، 102 مىڭ 400 توننا ياغلىق دان، 88 مىڭ 600 توننا پاختا، 36 مىڭ 500 توننا قاراگازىر، 345 مىڭ 500 توننا پەمىدۇر ئېلىندى. 5900 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 75 مىڭ 400 توننا گۆش، 7200 توننا قوي يۇڭى، 63 مىڭ 600 توننا كالا سۈتى، 14 مىڭ 900 توننا تۇخۇم ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 143 مىليون 913 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. چوڭ قۇرۇلۇش تۈرىدىن: 38 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان كاڭگۇ سۇ ئامبىرى بار بولۇپ، 19 مىليون 10 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ بولدى. 7000 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى، 8900 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. يېزا - بازار كارخانىلىرى 23 مىڭ 490غا، ئومۇمىي كىرىمى 2 مىليارد 607 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 830 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 2 مىليارد 30 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %16 ئاشتى. سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 861 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %15.9 ئاشتى. 313 مىليون 460 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 3 مىليون 62 مىڭ توننا كۆمۈر، 485 مىڭ توننا سېمونت، 1 مىليارد 169 مىليون دانە خىش، 51 مىڭ 900 توننا يىۋا، 178 مىڭ 600 توننا ئۇن، 143 مىڭ توننا تۇز، 2100 توننا زاراڭزا يېغى، 88 مىڭ 900 توننا ساپ پاختا، 27 مىڭ توننا پەمىدۇر قىيامى، 11 مىڭ توننا شېكەر، 2700 توننا سۈلياۋ ياسالمىلىرى ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 405 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 2000 - يىلى قىسمەن مەبلەغ سېلىنغان چوڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىن 65 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان غەربىي قوبۇقسار يېزا ئېگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرىگە 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ بولدى، 44 مىليون 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان تارباغاتاي ئويمانلىقىنىڭ ئېكولوگىيىسىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش تۈرىگە 26 مىليون 320 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ بولدى. 44 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان تارباغاتاينىڭ زاراڭزا كەسپى تۈرىگە 16 مىليون

يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ بولدى. قۇرۇلۇۋاتقان چوڭ تۈرلەردىن: تېيچاڭگو - قاراماي تاش يولى تۈرىگە 17 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، تېيچاڭگو ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشنى كېڭەيتىپ قۇرۇش تۈرىگە 58 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. تولى - چۆچەك ئاچال تاش يولى تۈرىگە 17 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، قاراغۇ سۇ ئامبىرى تۈرىگە 17 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، شىنجاڭ تۇنخې گۇرۇھى ساۋەن ۋۇگوڭ سېمونت زاۋۇتى، شىنجاڭ تۇنخې گۇرۇھى ساۋەن پەمدۇر قىيامى زاۋۇتى، شىنجاڭ تۇنخې گۇرۇھى شىخو پەمدۇر قىيامى زاۋۇتى، شىنجاڭ تۇنخې گۇرۇھى دۆربىلجىن شۆبە سېمونت زاۋۇتى قاتارلىقلارغا 340 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ۋىلايەت بويىچە ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى تۈرىدىن 75 ى يولغا قويۇلدى، توختام سوممىسى 1 مىليارد 712 مىليون يۈەنگە، كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 1 مىليارد 560 مىليون يۈەنگە يەتتى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 894 مىليون 420 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 710 مىليون 560 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 12 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 116 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يەتتى. پروگراممىلىق تېلېفون 163 مىڭ توچكىغا يەتتى. ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ كىرىمى 52 مىليون 868 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى.

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 59.04 | 13.19 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: 1 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 23.42 | 9.09 |
| 2 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 14.99 | 19.43 |
| 3 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 20.63 | 13.41 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تۈمەن توننا) | 47.95 | —18.12 |
| يىل ئاخىرىدا قولغا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 408.63 | 7.72 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 28.78 | 14.52 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | 89.47 | 0.9 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | 15923 | 47.57 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | 19.05 | 9.03 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | 39.59 | 6.68 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (100 مىليون يۈەن) | 2.77 | 12.6 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (100 مىليون يۈەن) | 7.22 | 24.48 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 3 مىليارد 201 مىليون يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ۋىلايەت بويىچە 34 تۈرلۈك ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتى باھالاپ چىقىلدى. ۋىلايەت بويىچە بالىلار باغچىسى 24، باغچىدىكى بالا 9300، ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىسى 700 (مىللىي 200)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 459، ئوقۇغۇچىسى 100 مىڭ 700 (مىللىي 50 مىڭ 700)، ئوقۇتقۇچىسى 8400 (مىللىي 4500)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 115، ئوقۇغۇچىسى 56 مىڭ 300 (مىللىي 25 مىڭ)، ئوقۇتقۇچىسى 4600 (مىللىي 2200)؛ ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئوتتۇرا تېخنىكوم 4، ئوقۇغۇچىسى 2200 (مىللىي 1100)، ئوقۇتقۇچىسى 200 (مىللىي 100). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليارد 66 مىليون 499 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئو ئىستانسىسى 3 بولۇپ،



ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش بۇيۇملىرى لىق قاچىلانغان ئاپتوموبىللار جايلاردىكى خەلقنىڭ چوڭقۇر مېھرى - مۇھەببىتىنى ئېلىپ ئاپەت رايونىغا ماڭماقتا.
گو ۋېيدۇڭ فوتوسى

رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 85%كە، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 3 بولۇپ، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 82%كە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە 473 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 29، سەھىيە، ئالدىنى ئېلىش ئاپپاراتى 11. ئانا - بالىلار ساقلىق ساقلاش ئاپپاراتى 7؛ كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 5476 (مىللىي 1454)، كارىۋات 3071. 2000 - يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىپ 8 ئالتۇن مېدال (يېنىك ئاتلېتىكىدىن 2، ئاياللار رۇداۋچە چېلىشىشتىن 2، چېلىشىشتىن 4)، 6 كۈمۈش مېدال (چېلىشىشتىن بىر، رۇداۋچە چېلىشىشتىن 3، تېز مۇز تېيىلىشتىن 2)، 9 مىس مېدال (چېلىشىشتىن 3، بوكستىن 3، يېنىك ئاتلېتىكىدىن 2، مۇز تېيىلىشتىن بىر) ئالدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى، يېزا - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمى 5551 يۈەنگە، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3076 يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق مائاشى 821 مىليون 799 مىڭ يۈەنگە، ھەربىر ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 6481 يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە سۇغۇرتا كەسپىنىڭ يىللىق سۇغۇرتىلاش سوممىسى 4 مىليارد 949 مىليون يۈەنگە، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ 3 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ سۇغۇرتىدا 17 مىليون 354 مىڭ يۈەن تۆلەم بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ 14 مىليون 600 مىڭ يۈەن. باغۋارانلاشتۇرۇش، كۆكەرتىش كۆلىمى 600 گېكتارغا، كۆچەتخانا 100 گېكتارغا يەتتى.

## تارباغاتاي ۋىلايىتىدە زور قار ئاپىتى يۈز بەردى

2000 - يىل قىش كىرگەندە تارباغاتاي ۋىلايىتى 50 يىلدىن بۇيان كۆرۈلمىگەن زور قار ئاپىتىگە ئۇچرىدى.

2000 - يىل 11 - ئايدىن 2001 - يىل 2 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 70 نەچچە كۈن 50 نەچچە قېتىم قار ياغدى. تۈزلەڭلىكتىكى قارنىڭ قېلىنلىقى بىر مېتىردىن ئاشتى، تاغلىق رايونلاردىكى قارنىڭ قېلىنلىقى 1.5 مېتىرغا، بىر قىسىم رايونلاردا 2.5 - 2 مېتىرغا يەتتى. تارباغاتاي ئويمانلىقىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى 37.5℃ - قا چۈشتى. لاۋفېڭكۇدا بوران كۈچى ئەڭ چوڭ بولغاندا 8 - 9 بالغا يەتتى. ۋىلايەت بويىچە 2 مىليون 667 مىڭ گېكتار يەر، 60 يېزا - مەيدان، 34 مىڭ چارۋىچى ئائىلىسىدىكى 174 مىڭ ئادەم، 1 مىليون 900 مىڭ تۇياق چارۋا ئاپەتكە ئۇچرىدى. 12 مىڭ قوتان ۋە ئۆي قارنى كۆتۈرەلمەي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، 15 مىڭ تۇياق چارۋا ئۆلدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 20 مىليون يۈەنگە يەتتى. 43 مىڭ 970 كۋادرات مېتىر مەكتەپ ئۆيى قار ئاپىتىنىڭ زىيىنىغا ئۇچراپ، 16 مىليون 560 مىڭ يۈەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى. 115 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ۋاقتىدا دەرس باشلىيالمىدى، نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 24 مىڭ 149 غا يەتتى.

ئاپەت يۈز بەرگەندە، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە 5 قېتىم جىددىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، 8 قېتىم جىددىي يىغىن ئېچىپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. ۋىلايەت بويىچە 40 نەچچە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەندى، ئۇلار ئاپەت رايونىدىكى بىرىنچى سەپكە بېرىپ، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن كىرىشتى. تارباغاتاي شۆبە ھەربىي رايوننىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى «بىر تەرەپ قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا، ھەممە تەرەپ ياردەم قىلىش» روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ياردەم بەردى. 580 نەچچە كىلومېتىر يولنى ئېچىپ، قاپسىلىپ قالغان 670 نەچچە ئاپتوموبىلنى، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى قۇتقۇلدۇردى،

ئامىنىڭ قارىغا كۆمۈلۈپ قالغان 50 نەچچە ئۆينى تازىلاپ بەردى، 5000 توننىدىن ئارتۇق ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشيالىرىنى توشۇدى. ۋىلايەت دائىرىسىدە سىستېمىلار بويىچە ياردەم بېرىپ، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، جەنۇبتىكى 2 ناھىيە (شەھەر) شىمالدىكى 5 ناھىيە (شەھەر) گە، ئاپەتكە ئۇچرىمىغان رايونلار ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارغا، باي ناھىيىلەر نامرات ناھىيىلەرگە دېھقانچىلىق رايونلىرى چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ياردەم بېرىدىغان ھالەت شەكىللەندى.

ۋىلايەت بويىچە ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇشقا 72 مىليون 800 مىڭ يۈەن سېلىنما سېلىندى، 17 مىڭ ئادەم (قېتىم) 5428 ئاپتوموبىل (قېتىم) ئىشقا سېلىندى، ئاپەت رايونىغا 50 مىڭ توننا يەم - خەشەك توشۇلدى، 980 كىلومېتىر يول (قېتىم) راۋانلاشتۇرۇلدى.

قار ئاپىتىگە ئۇچرىغان تارباغاتاي ۋىلايىتى مەركەز، ئاپتونوم رايون ۋە ئىلى ئوبلاستىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ياردىمىگە ئېرىشتى. 2001 - يىل 3 - ئايغا قەدەر ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك غەلىبىگە ئېرىشتى، قار ئاپىتىنىڭ چارۋىچىلىق، قاتناش، مائارىپ ۋە خەلق تۇرمۇشىغا كەلتۈرگەن ئېغىر تەسىرى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈلدى.

☆ 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك جىڭتا بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ISO9002 خەلقئارا سۈپەت سىستېمىسى ئېتىراپنامىسىغا ئېرىشتى. بۇ تارباغاتاي ۋىلايىتى بويىچە بىناكارلىق ساھەسىدىكى خەلقئارا سۈپەت سىستېمىسى گۇۋاھلىقىغا ئېرىشكەن تۇنجى كارخانا.

گۈلزار نىياز

## چۆچەك شەھىرى

### ئاساسىي ئەھۋالى

چۆچەك شەھىرى چۆچەك ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە، تارباغاتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 637 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 5، دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسى 6، مەھەللە ئىش باشقارمىسى 3، ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئەسلىلىك كالا فېرمىسى بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ شەھەردە تۇرۇشلۇق نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 134 مىڭ 151 (مىللىي 54 مىڭ 263)، يېزا نوپۇسى 74 مىڭ 641؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.57‰، ئۆلۈش نىسبىتى 4.24‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.33‰. شەھەر بويىچە 70 مىڭ 936 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 24 مىڭ 493.3 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 34 مىڭ 906.7 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

شەھەر تەۋەسىدە چوڭ - كىچىك 14 دەريا - ئېقىن بار. يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 755 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ زاپىسى 385 مىليون كۇب مېتىرغا، ئارتىشقا بولىدىغىنى 146 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ئورمان كۆلىمى 4700 گېكتار، ئوتلاق كۆلىمى 239 مىڭ گېكتار بولۇپ، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ياخشى شارائىتقا ئىگە. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن سوفىگۇل، چاكاندا، ئاق چوغلۇق، ياۋا گۈلسامساق قاتارلىقلار، قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى ھاك تېشى، گرانىت تاش، كۆمۈر، تۆمۈر، ئالتۇن قاتارلىقلار بار.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ چۆچەك شەھەرلىك 4 -نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شۇجىڭيۈەن.

5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: سارساقان قالىم (قازاق).

شەھەرباشلىقى: ئادىلبېك قالقابېك (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ياڭ ۋېيچاڭ.

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى، چۆچەك شەھىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 550 مىليون 922 مىڭ 900 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 310 مىليون 143 مىڭ 800 يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 9.16% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 116 مىڭ 437 توننا ئاشلىق، 32 مىڭ 637 توننا ياغلىق دان، 67 مىڭ 784 توننا قىزىلچا، 14 مىڭ 588 توننا قاراگازىر ئېلىندى. 1680 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 400 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 94 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. 6884 توننا گۆش، 9858 توننا كالا سۈتى، 1088 توننا قوي يۇڭى، 132 مىڭ 100 پارچە تېرە، 580 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 48 مىليون 390 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 102 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى. 76 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، سۇغىرىلىدىغان يەر 1290

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى ( % ) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 105417 | 10.8 |
| يۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 29769 | 9.5 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 25747 | 10.1 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 49901 | 12 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 116437 | —10.91 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 61.67 | 13.28 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 8330.5 | 13.3 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 180126 | تەڭلەشتى |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 15923 | 47.57 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 40056 | 5.59 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 81004 | 5.49 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 5204 | 12.28 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 10028 | 36.83 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 553 مىليون 610 مىڭ يۈەن.

ئېكتار كۆپەيتىلدى. يېزا - بازار كارخانىسى 4923 بولۇپ، كىرىمى 303 مىليون 300 يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 279 مىليون 940 مىڭ يۈەن (ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭكىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 167 مىليون 85 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %5.02 ئاشتى. 154 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 28 مىڭ توننا سېمونت، 69 مىليون 600 مىڭ دانە خىش، 30 مىڭ 659 توننا ئۇن، 7100 توننا سۇ يېغى، 974 توننا ئاق هاراق، 20 مىڭ 200 قۇر كىيىم - كېچەك ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 189 مىليون 560 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 95 مىليون 710 مىڭ يۈەن (تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىغا 25 مىليون 520 مىڭ يۈەن) مەبلەغ سېلىندى. قىلىنغان ئاساسىي قۇرۇلۇشنىڭ كۆلىمى 166 مىڭ 789 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 3 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان شەھەر رايونىدىكى مەدەنىيەت يولىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى پۈتتى. 47 مىليون 680 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ قاراڭغۇر سۇ ئامبىرىنىڭ قۇرۇلۇشى داۋاملاشتۇرۇلدى. 10 تۈرلۈك ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق توختىمى ئىمزالاندى، سوممىسى 29 مىليون 700 مىڭ يۈەن. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 291 مىليون 950 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 139 مىليون 160 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 12 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 32 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا پروگراممىلىق تېلېفون ئابونتى 23 مىڭ 38 گە، يانتېلېفون ئابونتى 3216گە يەتتى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 12 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە، بازار سودىسىدا پۈتتۈشۈلگەن سوما 51 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ كىرىمى 3 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 801. ۋىلايەت دەرىجىلىك پەن

تەتقىقات تۈرىدىن 8ى ئورۇندالدى. ئاساسلىق يەن تەتقىقات تۈرلىرى مۇنۇلار: تارباغاتاي ۋىلايىتى بويىچە ئاشلىقتىن يۇقىرى مەھسۇلات، يۇقىرى ئۈنۈمگە ئېرىشىش ئۈنۈۋېرسال تېخنىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات ۋە تەرەققىيات، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي پىلانى، چۆچەك شەھىرىنىڭ كالا گۆشىنى ئۈنۈۋېرسال يۈرۈشلەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىش ۋە كېڭەيتىش.

شەھەر بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 82 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 23)، ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 33 (مىللىي 6321)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1304؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 21 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 7)، ئوقۇغۇچىسى 7229 (مىللىي 3442)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1021؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 5، ئوقۇغۇچىسى 1765، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 301. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 86%، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 92%. يېزا - كەنت مەدەنىيەت ئۆيىدىن يېڭىدىن 23ى قۇرۇلدى. 6 - ئاينىڭ بېشىدا، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى چاقىرغان «خەلق سەنئىتى يېزىسى»غا نام بېرىش ۋە نەق مەيدان تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا، ئاشلى داغۇر مىللىي يېزىسى (ناخشا - ئۇسسۇل) شەرەپ تاختىسىدىن ئورۇن ئالدى. 184 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 3، شىپاخانا 8)، 956 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 593 كارىۋات بار. 25 قېتىم چوڭ مەدەنىيەت پائالىيىتى، 64 قېتىم يېزىلىق ۋە مەيدانلىق مەدەنىيەت - تەنتەربىيە پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى، شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمى 5551 يۈەنگە، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2639.49 يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە ئىشچى - خىزمەتچى 23 مىڭ 358، ئۇلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8509 يۈەن. جىسمانىي سۇغۇرتىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 17 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 5 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يەتتى. جىسمانىي سۇغۇرتىدا 1 مىليون 534 مىڭ يۈەن تۆلەم، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىدا 2 مىليون 750 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. شەھەر بويىچە 13.53 كۋادرات كىلومېتىرلىق ئىس - تۈتەك؛ چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايون بەرپا قىلىندى. ئاممىۋى كۆكلۈمەيدان كۆلىمى 111 گېكتار، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كۆكلۈمەيدان كۆلىمى 18.7 كۋادرات مېتىر.

جياۋ زېخەن

## چۆچەك چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى قۇرۇلۇشى

2000 - يىلى ھەمكارلىق رايونى تۈرلەرنى داۋاملىق كىرگۈزدى ھەم تۈرلۈك ئۇسۇل ۋە يوللار ئارقىلىق ھەمكارلىق رايونىنىڭ تونۇلۇش دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى، كېلىشىم ھاسىل قىلىنغان مەبلەغ سېلىش تۈرلىرىنى ئىز قوغلاپ ئەمەلىيلەشتۈردى. مەبلەغ سېلىش تۈرىدىن 5نى كىرگۈزدى، رويخەتكە ئالدۇرۇلغان مەبلەغ 1 مىليون 860 مىڭ يۈەن، سېلىنماقچى بولغان ئومۇمىي مەبلەغ 21 مىليون يۈەن، ئەمەلىيەتتە 4 مىليون 180 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

ھەمكارلىق رايونىنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 72 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە، تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 48 مىليون 460 مىڭ دوللارغا يەتتى.

ياۋجيەنشې

# شىخو شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

شىخو شەھىرى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. شەھەردىن ئۈرۈمچىگە بولغان تاشيول مۇساپىسى 268 كىلومېتىر، شىخو ۋوكزالى بىلەن ئۈرۈمچى جەنۇبىي ۋوكزالىغىچە بولغان تۆمۈريول مۇساپىسى 236 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى، شەھەرگە قاراشلىق مەھەللە ئىش باشقارمىسى 5، بازار 10، يېزا 7، دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە چارۋىچىلىق فېرمىسى 4، ئورمانچىلىق مەيدانى بىر، باغۋەنچىلىك مەيدانى بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 306 مىڭ (بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 7 - شىسىنىڭ شەھەردە تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ نوپۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەرگە تەۋە نوپۇس 197 مىڭ (مىللىي 74 مىڭ)، يېزا نوپۇسى 134 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 10.24‰، ئۆلۈش نىسبىتى 1.84‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.4‰. شەھەر بويىچە 166 مىڭ گېكتار (شەھەرگە تەۋەسى 46 مىڭ 200 گېكتار) تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 11 مىڭ 700 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 1600 گېكتار)، 34 مىڭ 400 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

شىخو شەھىرىنىڭ يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 1 مىليارد 664 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 200 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. شەھەر تەۋەسىدىكى كۈيتۈن، چىگىشۇر، گۈرت

دەريالىرىنىڭ سۇيىدە 62 مىڭ 200 كىلوۋات توك ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. نۆۋەتتە پايدىلىنىلغىنى 9700 كىلوۋات. شەھەر بويىچە 776 مىڭ 700 گېكتار يەيشىپ ئوتلاق بار، بۇنىڭ ئىچىدە 719 مىڭ 900 گېكتار ئوتلاقتىن پايدىلانغىلى بولىدۇ. 396 مىڭ 400 گېكتار ئورمان بار. ئاساسلىق دەرەخلەردىن شەمشاد، ئاق سۆگەت بار. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن سوغىگۈل، توشقان زەدىكى، قار لەيلىسى، يەر مەدىكى، قانتېپەر، كەتىرا قاتارلىقلار بار. كەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، ئارقار، بۇلغۇن، بۆغا، ئاق قۇ، لاچىن قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، كېپەك ئالتۇن، مىس، تۆمۈر، ئالىيۇمىن، خرومىت، نىكېل، سۈرمە، ھاك تېشى، نېفىت قاتارلىقلار بار. 67 كان نۇقتىسى بار. داڭلىق مەنزىرىلىك ساياھەت نۇقتىلىرىدىن ئارشاڭ ساناتورىيىسى، شارسۇم لامابۇتخانىسى خارابىلىكى، گەنجاغۇ دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىكى ئىپتىدائىي ئورمانلىق قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ شىخو شەھەرلىك 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋۇ چىڭيەن.

شىخو شەھەرلىك 1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۇرسۇن ئىمىن.

شەھەر باشلىقى: توققۇزقامەت ئىسرايىل (قازاق).

شىخو شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋاڭ ۋۇشۇ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى شەھەر بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 989 مىليون 100 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 15.17 | 15.7 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 6.52 | 5.7 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 4.13 | 28.7 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 4.52 | 19.1 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تۈمەن توننا) | | 9.45 | —29.37 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 68.44 | 8.34 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 20.57 | 10.53 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 52465 | 11.1 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 94538 | 23.67 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 8516 | 3 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 9958 | 0.32 |

ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 528 مىليون 220 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %2. 9 ئاشتى. (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 94 مىڭ توننا ئاشلىق، 44 مىڭ 500 توننا پاختا، 9000 توننا ياغلىق دان، 15 مىڭ توننا كۆكتات، 8200 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 800 توننا قىزىلچا، 146 مىڭ 200 توننا يەمدۇر ئېلىندى. 1700 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، خاتۇبۇغ بازارلىق ئورمانچىلىق پونكىتى مەملىكەت بويىچە ئىلغار ئورمانچىلىق پونكىتى بولۇپ باھالاندى. 14 مىڭ 500 توننا گۆش، 4278 توننا سۈت، 284 مىڭ 600 پارچە تېرە، 1254 توننا يۇڭ ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق، سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 61 مىليون 978 مىڭ 900 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 433 سۇ ئىنشائاتى ياسالدى، 78 قۇدۇق قېزىلدى، 103.65 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ، 285.38 كىلومېتىر سۇغىرىش - سۇ چىقىرىش ئېرىق - ئۆستىڭى، 25.32 كىلومېتىر توسما (بۇنىڭ ئىچىدە مۇستەھكەم كەلكۈن توسمىسى 12.09

كىلومېتىر) ياسالدى. 16 مىڭ گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى، 156 مىڭ گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەرنىڭ شارائىتى ياخشىلاندى. 12 مىڭ گېكتار شورلۇق يەر ياخشىلاندى. كۆپەيتىلگەن سۇ مىقدارى 22 مىليون 858 مىڭ 900 كۇب مېتىرغا، تېجەلگەن سۇ مىقدارى 10 مىليون 364 مىڭ كۇب مېتىرغا يەتتى. 9 مىليون 233 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، لاما جىلغىسى غول ئۆستەڭنىڭ سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى ئۆزگەرتىپ ياسالدى؛ 13 مىليون 240 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، چىگىشور دەرياسى سۇ باشلاش تۇگۈنى قۇرۇلۇشى ئىشلەندى. 710 ئىسسىق قوتان ياسالدى، 2300 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. شەھەر بويىچە يېزا - بازار كارخانىسى 31گە، كىرىمى 681 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 790 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 512 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %29.1 ئاشتى. 117 مىليون 240 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 719 مىڭ توننا كۆمۈر، 51 مىڭ 900 توننا پىۋات، 16 مىڭ 405 توننا پەمىدۇر قىيامى، 36 مىڭ 900 توننا ئۇن، 12 مىڭ 200 توننا سۇ يېغى، 153 توننا سۈت پاراشوكى، 393 توننا سۇلياۋ ياسالما، 30 مىڭ 400 توننا ساپ پاختا، 1951 توننا پاختا يىپ، 74 مىڭ 787 يەشىك تاختا ئەينەك، 21 مىڭ 776 توننا سېمونت قۇيۇلما، 159 مىليون 300 دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. شەھەر بويىچە يېڭىدىن كۆپەيگەن، داۋاملىق قۇرۇلۇۋاتقان ۋە تېخنىكىسى ئۆزگەرتىلىۋاتقان تۈر 11 بولۇپ، بۇلارغا 97 مىليون 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. تۇنجى پەمىدۇر ياسالمىلىرى شىركىتى 85 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، پەمىدۇر پىششىقلاش ئۈسكۈنىلىرىنى كېڭەيتىپ قۇرۇپ، ئىشقا كىرىشتۈردى. شەھەر بويىچە ئۇراقلىق مۈلۈككە 490 مىليون 540 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 9 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان غەربىي بېيجىڭ يولى ۋە جاۋيالڭ يولىنى كېڭەيتىش - ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى پۈتتى، ئۇزۇنلۇقى 3.54 كىلومېتىر. 8 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 2 - تۇرۇبا سۈيى زاۋۇتىنىڭ 18.74 كىلومېتىر سۇ تۇرۇبىسى ۋە 4 كىلومېتىر يۇندا تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى. 86 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 108 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق ئاھالىلەر ئولتۇراق بىناسى پۈتكۈزۈلدى. سودىگەرلەر ۋە شەخسلەر 46 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، سودىغا ئىشلىتىدىغان 50 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق ئىمارەت سالدى. شەھەر بويىچە خۇسۇسىي كارخانا 115، كەسپكارى 8248. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 271 مىليون 327 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 130 مىليون 442 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى.

پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 26 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە پروگراممىلىق تېلېفون كوممۇتاتورىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 40 مىڭ توچكىغا، يېڭىدىن كۆپەيگەن پروگراممىلىق تېلېفون 306 توچكىغا، شەھەر رايونىغا ئورنىتىلغان IC تېلېفونى 180گە، يانتېلېفون ئابونېنتى 2600گە يەتتى. بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 175 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 77 مىڭ 400 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 10 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 1127 (ئالىي دەرىجىلىك 123). 26 پەن تەتقىقات تۈرى ئورۇندالدى، بۇنىڭ ئىچىدە 14 تۈر ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شەھەر بويىچە يېزا ئىگىلىك كەسپىي تېخنىكا جەمئىيىتىدىن 60ى قۇرۇلدى. شىخو شەھەرلىك جۇڭگوچە داۋالاش دوختۇرخانىسىدىكى ليۇ زىجاڭ مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تارقاتقان «ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىختىساسلىق بولۇش مۇكاپاتى» ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا ئىختىساس ئىگىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى مىجىت تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇنىۋېرسال قەلەم ياساپ چىقتى ھەم دۆلەت پاتېنتىغا ئېرىشتى. شەھەر بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 71 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 12)، ئوقۇغۇچىسى 21 مىڭ 879 (مىللىي 3347)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 25 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 14)، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 803 (مىللىي 3458)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم بىر، ئوقۇغۇچىسى 856 (مىللىي 82)؛ بالىلار باغچىسى 6، باغچىدىكى بالا 1273 (مىللىي 180). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 3085 (مىللىي 1059). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 61 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە يەتتى. 6 - ئاينىڭ بېشىدا، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى چاقىرغان «خەلق سەنئىتى يېزىسى»غا نام بېرىش ۋە نەق مەيدان تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا، گەنخوزا يېزىسى (ناخشا - ئۇسسۇل بويىچە)، بايانغۇ چارۋىچىلىق فېرمىسى (خەلق كەشتىچىلىكى) بويىچە شەرەپ تاختىسىدىن ئورۇن ئالدى. شەھەر بويىچە تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 82، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 966،

كارۋات 611. شەھەر كوماندىسى ئىلى ئوبلاستلىق ئومۇمىي خەلق ساقلاملىقى تىكتاڭ توپ مۇسابىقىسىدە، ئاياللار كوللېكتىپى بويىچە 1 ـ، ئاياللار يەككە ئويناش بويىچە 1 ـ بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 ـ يىلى، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 6303 يۈەنگە، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2550 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 6334 يۈەنگە يەتتى. شەھەر ـ بازارلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ياشانغاندا كۆتۈنۈش سۇغۇرتا ھەققىنى ھەر تۆلاش ئەمەلدە دۆلەت كارخانىلىرىدا %100، كوللېكتىپ كارخانىلاردا %85 ئومۇملاشتى. 1 مىليون 70 مىڭ يۈەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى تارقىتىلدى. يۇندا تۇرۇۋا تورىغا 2 مىليون 560 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. چاڭ ـ توزان تىزگىنلەش تۈرىدىن 2 سى شاۋقۇن تىزگىنلەش تۈرىدىن 3 ى تاماملاندى. 7 مىليون 380 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ باغچا ياسالدى ۋە 74.1 گېكتار كۆكلەممەيدان بەرپا قىلىندى. شەھەر بويىچە يەرلەرنىڭ كۆكەرتىلىش نىسبىتى %24.2كە، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %29.21كە يەتتى. شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 10 مىڭ مو (666.7 گېكتار) يەرنى ئېكولوگىيىلىك كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى رەسمىي باشلاندى.

☆ 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى شىمالىي شىنجاڭنىڭ ساياھەت پويىزى لىنىيىسى شىخوغىچە ئۇزارتىلدى، ساياھەت تېز پويىزى رەسمىي قاتنىدى.

يالڭ جۈن

# دۆربىلجىن ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

دۆربىلجىن ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە، چۆچەك ـ دۆربىلجىن ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىغا، دۆربىلجىن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاش يول مۇساپىسى 580 كىلومېتىر. 2000 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 10، دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە چارۋىچىلىق فېرمىسى 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 135 مىڭ 719 (سىلىي 81 مىڭ 550)، بۇنىڭ ئىچىدە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ نوپۇسى 106 مىڭ 59؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰11.2، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.8؛ ناھىيە بويىچە 61 مىڭ 10 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 18 مىڭ 40 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 39 مىڭ 100 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. زاراڭزا ۋە ياۋا ئازغان دۆربىلجىننىڭ ئۆزگىچە كەسپى قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلۇۋاتىدۇ. كېلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تېپىدىكى قۇرغاق كېلىماتىغا كىرىدۇ.

## پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ دۆربىلجىن ناھىيىلىك 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: چېن جيەنگو.

12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: كەڭكەن قالىم (قازاق).

ھاكىم: ئابدەش تورقوس (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 11 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: بازارغالى ئايتان (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 ـ يىلى ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 632 مىليون 890 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 333 مىليون 756 مىڭ 900 يۈەن) گە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %4.4 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 70 مىڭ 697 توننا ئاشلىق، 22 مىڭ 492 توننا ياغلىق دان (زاراڭزا 2888 توننا)، 113 مىڭ 217 توننا قىزىلچا ئېلىندى. 570.6 گېكتار يەردە كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىندى. 16 مىڭ 392 توننا گۆش، 17 مىڭ 800 توننا سۈت، 3800 توننا تۇخۇم، 1825 توننا قوي يۇڭى، 285 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 41 مىليون 240 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 85.7 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق ـ ئۆستەڭ ياسالدى، 93 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى. 70 سۇ ئىنشائاتى ياسالدى، 15 مىڭ 266.7 گېكتار يەرنىڭ سۇغىرىش شارائىتى ياخشىلاندى. يېزا ـ بازار كارخانىسى 3607 گە، كىرىمى 302 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 276 مىليون 120 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 206 مىليون 250 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %11 تۆۋەنلەپ كەتتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 77 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %27 ئاشتى. 125 مىڭ توننا كۆمۈر، 33 مىڭ توننا سېمونت، 24 مىڭ توننا ئۇن، 10 مىڭ توننا ئۆسۈملۈك يېغى، 390 توننا ئاق ھاراق، 65 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 209

### خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 81045 | 9 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 36804 | 4.5 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 14258 | 19.4 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 29983 | 5.2 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 70697 | —7.22 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 69.2 | 6.13 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 30994 | 14.79 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 13.78 | 15 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 31700 | 11.06 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 98000 | 13.67 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 3589 | 7.55 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 9240 | 29.83 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 426 مىليون 260 مىڭ يۈەن.

مىليون 280 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 8 مىليون 10 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ناھىيە بازىرىدىن ئۈچ قاراسۇ يېزىسىغىچە بولغان تاشيولنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. 50 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، شەھەر رايونىنىڭ ئېلېكتر تورى ۋە بىر قىسىم دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. شىنجاڭ تۆمۈر يول شىركىتىدىن 130 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈپ، يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 200 مىڭ تونىلىق بىر سېمونت زاۋۇتى قۇرۇپ، 8 - ئايدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ سودىگەر چاقىرىش تۈرى — 12 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان شائىخۇ يولى ئۆتنۆھېرسال بازىرى 10 - ئايداپۈتتى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 79 مىليون 706 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 74 مىليون 600 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 287 مىڭ 600 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 18 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى مۇقىم تېلېفون 19 مىڭ 994 تۇچكىغا، يانتېلېفون ئابونىتى 2673 گە يەتتى. بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سوما 67 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 809. ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 5 پەن تەتقىقات تۈرى ئورۇندالدى. ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 83 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 45)، ئوقۇغۇچىسى 18 مىڭ 589 (مىللىي 11 مىڭ 734)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1658 (مىللىي 1158)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 25 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 13). ئوقۇغۇچىسى 9345 (مىللىي 5591)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 718 (مىللىي 455)؛ مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 10 مىليون 802 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %75كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %76كە يەتتى. 9 - ئايدا، «دۆربىلجىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. ناھىيە بويىچە تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 73 (كېسەل كۆرۈش ئورۇنلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 705، كارىۋات 220.

8 قېتىم ناھىيە - يېزا دەرىجىلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆيۈشتۇرۇلدى، 400 دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) مۇسابىقىگە قاتناشتى. 3660 ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى تەنتەربىيە ئۆلچىمىگە يەتتى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 96%كە، ئەلا بولۇش نىسبىتى 12%كە يەتتى.

### خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2170 يۈەنگە، ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمى 7089.5 يۈەنگە يەتتى. تۈرلۈك سۇغۇرتىلارنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 13 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ 2 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتىنىڭ 11 مىليون يۈەنگە يەتتى. چىقىم قىلىنغان تۈرلۈك تۆلەم سوممىسى 3 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 28 مىڭ يۈەن ئىجتىمائىي پاراۋانلىق مەبلىغى يىغىلدى، يىل ئاخىرىدا بەخت ساناتورىيىسىدىكى كارىۋات 20، ئىگە - چاقىسىز بوۋاي - موماي 7. 980 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى، 200 توننا ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈنى، 349 مىڭ يۈەن ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش - ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش پۇلى تارقىتىلدى.

لى رۇڭشىن

## چاغانتوقاي ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

چاغانتوقاي ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە، چۆچەك - دۆربىلجىن ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. داڭلىق بارلىق تېغى چاغانتوقاي ناھىيىسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 589 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 5، مەيدان 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 45 مىڭ 700 (مىللىي 20 مىڭ 302)، يېزا نوپۇسى 31 مىڭ 489؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.8‰، ئۆلۈش نىسبىتى 2.6‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.2‰. ناھىيە بويىچە 30 مىڭ 158 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 7452 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 19 مىڭ 980 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت، 2726 گېكتار يەرگە باشقا زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

چاغانتوقاي ناھىيىسىنىڭ باسپاي چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى (ئاپتونوم رايوننىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىكى 4 چوڭ ئۆچقۇن تۈرىنىڭ بىرى)، چاغانتوقاي تىكەنسىز زاراڭزىسى ۋە كەترەن، سوغىكۆلى قاتارلىق ئۆزگىچە ئالاھىدە ماددىي بايلىقلىرى بار. ئورمان كۆلىمى 19 مىڭ 704.6 گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدە تەبىئىي ئورمان كۆلىمى 15 مىڭ 37.93 گېكتار. چاغانتوقاي ناھىيىسىدىكى ياۋا باداملىق تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى جۇڭگو - قازاقىستان چېگرىسىدىكى شورشىت - بورغان دەريا ۋادىسىغا جايلاشقان، بۇ يەردە دۇنيادا جانلىق تاشقاتما دەپ ئاتىلىدىغان ئەتىۋارلىق ئۆسۈملۈك ياۋا بادام كەڭ دائىرىدە ئۆسىدىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭ ياۋا باداملىق كۆلىمى 267 گېكتار بولۇپ، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ باداملىق. تاستى مەنزىرىلىك رايونىدىن ئىبارەت داڭلىق ساياھەت نۇقتىسى بار.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ چاغانتوقاي ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: چېن گۇاڭمىڭ.

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ۋۇ زۇنشىن.

ھاكىم: مۇختار قاسىقان (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: باتىربېك قوسبېك (قازاق).

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى، ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 169 مىليون 125 مىڭ 500 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 93 مىليون 439 مىڭ 500 يۈەن) بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 7.99% تۆۋەنلەپ كەتتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 30 مىڭ 326 توننا ئاشلىق، 8035 توننا ياغلىق دان، 5136 توننا قاراقازىر ئېلىندى، 340 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 4357 توننا گۆش، 4048 توننا قوي - كالا سۈتى، 708 توننا يۇڭ، 110 مىڭ 714 پارچە تېرە (بۇنىڭ ئىچىدە كالا تېرىسى 9868 پارچە) ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 730 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، چوڭ سۇچىلىق تۈرىدىن قارابۇرا سۇ ئامبىرىنىڭ دەسلەپكى قارارلىق قۇرۇلۇشى تاماملاندى. 108.66 گېكتار سۇغىرىش كۆلىمى كۆپەيدى، ناھىيە بويىچە يېزا - بازار كارخانىسى 1132گە، كىرىمى 85 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 49 مىليون 40 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 39 مىليون 722 مىڭ 400 يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 41.4%

### خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 17205.86 | -1.2 |
| يۇنىڭ ئىچىدە: 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 8590.26 | -13.5 |
| 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 2877.9 | -27 |
| 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 5737.7 | 10.1 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | 30326 | -7.7 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 37.78 | 4.7 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 8560 | 29.12 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | 7.64 | 10.4 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 6551 | 8.14 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | 13497 | 12.6 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 787 | 21.8 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 5997 | 36.91 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 95 مىليون 60 مىڭ يۈەن.

ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 10 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 16 مىڭ 96 توننا سېمونت، 28 مىليون 330 مىڭ دانە خىش، 1811 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 14 مىڭ 501 توننا ئۇن، 2736 توننا ئۆسۈملۈك يېغى، 150 توننا ئارىلاشما يەم - بوغۇز، 325 توننا كەسمە چۆپ، 3.2 توننا ئېغىبدرىن، 312 توننا كېسىلگەن چۆچۈكبۇيا ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 36 مىليون 360 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. چاغانتوقاي ناھىيىسى تەۋەسىدىكى دۆلەت مۇداپىئە تاشيولىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئىش باشلاندى، يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 101 كىلومېتىر، كەڭلىكى 8.5 مېتىر، 11 - ئايدا يولغا شېغىل ياتقۇزۇلۇپ، 3 چېگرا مۇداپىئە پونكىتىنىڭ قىشتا ئاپتوموبىل قاتنىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 58 مىليون 430 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 82 مىليون 170 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 487 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 229 مىڭ يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون 4414 تۇچكىغا يەتتى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 33 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە، بازار سودىسىدا پۇتتۇشۇلگەن سومما 8 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە، ساياھەتچىلىك كىرىمى 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

#### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا خادىمى 278. ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى بىر پەن تەتقىقات تۈرى ئورۇندالدى. ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ 9 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 2)، ئوقۇغۇچىسى 3422 (مىللىي 1377)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 37 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 17)، ئوقۇغۇچىسى 5342 (مىللىي 2981). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1364 (مىللىي 305)، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1024. مائارىپ خىراجىتى ئۈچۈن 16 مىليون 50 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى. رادىئو - تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %87كە يەتتى. تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 48 (دوختۇرخانا 8)، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 259 (مىللىي 119)، كارىۋات 118. ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خەلقئاراچە چېلىشىش مۇسابىقىسىدە كوللېكتىپ 3 -، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پۇتبول مۇسابىقىسىدە كوللېكتىپ 1 - بولدى.

#### چاغانتوقاي تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى تەمىنلىگەن

#### خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە



تاستى مەنزىرىلىك ساياھەت رايونى

سۈرەتنى چاغانتوقاي ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى ئەۋەتكەن.

تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمى 2350.9 يۈەنگە، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1294.98 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 5083 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە سۇغۇرتا كەسپىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 85 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 2 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە، چىقىم قىلىنغان تۆلەم پۇلى 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 99.3 كىلومېتىر يول ياسالدى، 13 مىڭ 820 مېتىر يول يۈزى قاتتىقلاشتۇرۇلدى. 12 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆكەرتىش بەلۋىغىغا ئوت - چۆپ ۋە گۈل تېرىلدى. 8.73 گېكتارلىق، 1 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، «خەلق قەلبىدىكى قۇرۇلۇش» دەپ ئاتالغان چاغانتوقاي ناھىيىلىك خەلق باغچىسى دۆلەت بايرىمى مەزگىلىدە ئېچىۋېتىلدى.

## چاغانتوقاي ناھىيىسىنىڭ ئالتۇن ساياھەت لىنىيىسى

چاغانتوقاي ناھىيىسىدىكى بارلىق تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكى ھاۋاسى ياخشى، مەنزىرىسى گۈزەل، ساياھەت بايلىقى مول جاي، ناھىيە بازىرىدىن چىقىپ، غەربىي جەنۇبقا قاراپ ماڭغاندا، يولنىڭ ئىككى يېقى تەبىئىي مەنزىرىلىك ساياھەت نۇقتىلىرىغا تولغان بولۇپ، ئەڭ ياخشى تەبىئىي ساياھەت لىنىيىسىنى شەكىللەندۈرگەن.

ناھىيە بازىرىدىن 8 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا داڭلىق ۋەتەنپەرۋەر زات باسباينىڭ قەبرىسى بار، 18 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا 3600 يىل ئىلگىرىكى 100 نەچچە پارچە قەدىمىي قىياتاش رەسىملىرى بار 20 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا، يۈەن دەۋرىدىكى 63 قەدىمىي قەبرە بار، 23 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا «گۈگۈمدىكى مۇھەببەت تېشى» بار، 28 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا تەبىئىي بۇغا مەيدانى بار، 30 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا جۇڭجۇرىڭ يازلىق چارۋىچىلىق فېرمىسى بار، 32 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا تاستى مەنزىرىلىك رايونى بار، 37 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا، ئىنقىلابىي قۇربان سۇن لۇڭجېننىڭ قەبرىسى بار؛ 42 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا ئەتىۋارلىق ئۆسۈملۈك ياۋا بادام تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى بار. يول بويى ھەممىلا يەردە مەنزىرىلىك نۇقتىلار، خىلۋەت جايلار بار. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا، نۇرغۇن ساياھەتچى مۇشۇ لىنىيىنى بويلاپ سەيلە - ساياھەت قىلدى.

☆ 8 - ئاينىڭ 7 - 8 - كۈنلىرى چاغانتوقاي ناھىيىسى قازاقىستاندىن يوپۇرۇلۇپ كەلگەن چوڭ ئوت ئاپىتىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. مەلۇماتقا قارىغاندا، بۇ قېتىملىق چوڭ ئوت 9596 گېكتار يەرنى كۆيدۈرۈپ ئۆتكەن، كەڭ دائىرىدىكى ئوتلاق ۋە ئورماننى كۆيدۈرۈپ ۋەيران قىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە ۋەيران بولغان ئەتىۋارلىق ئۆسۈملۈك ياۋا بادام ئورمىنى 840 گېكتار. ئاساسلىق ئورمانچىلىق رايونىنى بىراقلا ۋەيران قىلىپ، ئېغىر ئىقتىسادىي زىيان كەلتۈرۈپ چىقارغان.

لى مىن

# تولى ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

تولى ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي تەرىپىگە، چۆچەك - دۆربىلجىن ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 516 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 41، دېھقانچىلىق مەيدانى بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى (بىڭتۇەننىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى تۇەن - مەيدانلىرىنىڭ نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 82 مىڭ 364 (مىللىي 60 مىڭ 896)، يېزا نوپۇسى 53 مىڭ 115؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 15.1‰، ئۆلۈش نىسبىتى 5.1‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10‰. ناھىيە بويىچە 18 مىڭ 690 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 7030 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 5699.6 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق تىپىدىكى چۆللۈك كىلىماتىغا كىرىدۇ.

تولى ناھىيىسىدە 1 مىليون 666 مىڭ 700 گېكتار يايلاق ۋە ئوتلاق بار. بارلىق تېغى ئەتراپىغا جايلاشقان تەبىئىي ياۋا مېۋە ئورمىنىنىڭ كۆلىمى 13.300 گېكتار (ياۋا بادامىلىق 13.104 گېكتار) كېلىدۇ. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، ئېيىق، ياۋئاتات، بۇغا، ئارقار، بۆكەن، ئاق قۇ، قىزىل لاچىن قاتارلىقلار بار. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن سوغىگۈل، چۈچۈكبۇيا، پەرمەدىكى، چاكاندا قاتارلىق 20 نەچچە تۈرگە تەۋە 100 نەچچە خىل ئۆسۈملۈك بار. 29 خىل قېزىلما بايلىق تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتۇن، گرانىت تاش، خروم، تۆمۈر، ھاك تېشى، كۆمۈر قاتارلىقلار نۇقتىلىق ئېچىلىدىغان قېزىلما بايلىقلار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، 75 كان نۇقتىسى بار. ناھىيە تەۋەسىدىكى خاتۇ ئالتۇن كېنىدا يىلىغا 20 مىڭ سەر ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

تېبچاڭگۇ بازارلىق كۆمۈر كانىنىڭ زاپىسى 300 مىليون توننىدىن ئاشىدۇ. گرانىت تاش زاپىسى 180 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، ئاساسلىق خىللىرىدىن «قىزىل تولى»، «سېرىق جۇخۇا»، «كۆك سەپكۈن گۈل» قاتارلىقلار بار. مەنزىرىلىك ساياھەت نۇقتىلىرىدىن لاۋفېڭگۇ ياۋا مېۋىزارلىق، سۇلاشا، تاستى سەيلىگاھى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تولى ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ليۇيۇپىڭ.

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مۇساتاي زەكەن (قازاق).

ھاكىم: ئاللابېرگېن قىزات (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: زاغىپار قۇتباي (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 136 مىليون 818 مىڭ 300 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 93 مىليون 84 مىڭ 600 يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 5.46% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 22 مىڭ 152 توننا ئاشلىق، 3110 توننا ياغلىق دان، 1676 توننا قاراگازىر ئېلىندى. 5.341 گېكتار يەردە كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىندى. 7398 توننا گۆش، 8102 توننا كالا سۈتى، 538

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 25275.07 | 10.3 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 7890.03 | 4.9 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 6341.9 | 18.3 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 11043.14 | 10.4 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 22152 | -1.04 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۇياق) | | 544662 | 4.47 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 12242 | 25.28 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 43043 | -1.2 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 9798 | 4.22 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 23360 | 10.72 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 1065 | 11.4 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 74360 | |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 149 مىليون 699 مىڭ 500 يۈەن.

توننا قوي يۇڭى، 243 مىڭ پارچە تېرە ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق، سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 19 مىليون 695 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يۇركۈپ سۇغىرىلىدىغان كۆلەم 6.666 گېكتار كۆپەيدى، 1200 گېكتار بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈلدى، 8000 گېكتار يەرنىڭ سۇغىرىلىش شارائىتى ياخشىلاندى. 49.1 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 19 قۇدۇق قېزىلدى، 50 سۇ ئىنشائاتى ياسالدى، 2800 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. يىل ئاخىرىدا يېزا - بازار كارخانىسى 1286گە، كىرىمى 86 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 94 مىليون 801 مىڭ 900 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 61 مىليون 971 مىڭ 500 يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 12.02% ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 42 مىليون 950 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 29 مىليون 760 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 12.4% ئاشتى. 189 مىڭ توننا كۆمۈر، 109.25 كىلوگرام ئالتۇن، 3344 توننا سېمونت، 2615 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 10 مىليون 800 مىڭ دانە خىش، 2416.3 كۇب مېتىر گرانىت تاش ماتېرىيال، 33 مىڭ كۋادرات مېتىر گرانىت تاش تاختا، 5350 توننا خروم رۇدىسى، 9800 توننا ھاك تاش، 5900 توننا تۆمۈر رۇدىسى، 4500 كۇب مېتىر تاش ماتېرىيال، 8476 توننا ئۇن، 520 توننا ئۆسۈملۈك يېغى، 300 توننا ئاق ھاراق ئىشلەپچىقىرىلدى. ئۇراقلىق مۇلۇككە 68 مىليون 230 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 4 مىليون 725 مىڭ 800 يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، قاراغاي باستاۋ يولى، «مەدەنىيەت» يولىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى؛ 25 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئاھالىلار ئولتۇراق بىناسى، خىزمەت بىناسى ۋە سودا بىناسى سېلىندى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 36 مىڭ كۋادرات مېتىر. تولى ناھىيىسى بېيجىڭ «گويۇەن» قېزىلما بايلىق پەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى بىلەن تولى ناھىيىسى سارتوقاي كانچىلىق رايونىدىكى 26 خروم كېنىنى ئېچىش توغرىسىدا 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى توختام ئىمزالىدى، 11 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلاندى. 2000 - يىلى 6 تۈرلۈك ئىقتىساد - تېخنىكا توختىمى ئىمزالاندى، سوممىسى 69 مىليون 480 مىڭ يۈەن، كىرگۈزۈلۈپ ئەمەلىيلەشكەن مەبلەغ 21 مىليون 500 مىڭ يۈەن؛ 7 مىليون 156 مىڭ يۈەنلىك بىر ئىچكى سودا توختىمى ئىمزالاندى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 27 مىليون 1000 ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 58 مىليون 290 مىڭ 300 توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 739 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون 5024 توچكىغا، يانتېلېفون ئابونېنتى 700گە يەتتى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 290 مىڭ يۈەنگە، بازار سودىسىدا پۇتتۈشۈلگەن سوممىسى 11 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە، ساياھەتچىلىك كىرىمى 108 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 992 (ئالىي دەرىجىلىكى 73). باللار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 230 (مىللىي 138)، ئوقۇتقۇچىسى 40 (مىللىي 28)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 71 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 65)، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 171 (مىللىي 9043)، ئوقۇتقۇچىسى 1130 (مىللىي 916)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 8 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 4)، ئوقۇغۇچىسى 4756 (مىللىي 2992)، ئوقۇتقۇچىسى 437 (مىللىي 332)؛ ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر، كۇرسانت 18 (مىللىي). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 834 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئو - تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 75%كە يەتتى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدا 11 تېببىي داۋالاش، سەھىيە ئاپپاراتى (داۋالاش ئورنى 3، يېزىلىق شىپاخانا 8)، 273 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 199)، 169 كارىۋات بار. ناھىيە ۋەكىللىرى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك 14 - نۆۋەتلىك ئاقسىنلار ئېيتىشىشىغا قاتنىشىپ كوللېكتىپ 1 - بولدى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك خەلقئاراچە شاھمات ۋە جۇڭگوچە شاھمات مۇسابىقىسىدا كوللېكتىپ 1 - بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلارنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمى 2935.7 يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1243 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 6605 يۈەنگە يەتتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىدا تۆلەنگەن پۇل 478 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتىدا تۆلەنگەن پۇل 36 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن 4ى ئورۇنلاندى، ئۇنىڭغا 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بازىرىدا 23.4 گېكتار ئاممىۋى كۆكلەمزارلىق بەرپا قىلىندى، 2000 تۈپ مەنزىرە كۆچىتى تىكىلدى.

☆ 5 ـ ئايدا ئۈت بازىرىدىكى ئاقماش زىكىرباي (قازاق) مەملىكەت بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

☆ 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تولى ناھىيىسىنىڭ سۇلاشا سەيلىگاھىنى ئېچىش قۇرۇلۇشى رەسمىي باشلاندى.

☆12 ـ ئايدا تولى ناھىيىسىدىكى 4 چارۋىچىلىق فېرمىسى يېزا ـ بازارغا قوشۇۋېتىلدى.

لياڭ شياۋيەن

# ساۋەن ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ساۋەن ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. جەنۇبىتا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكى بىلەن، شىمالدا قۇربان تۇڭغۇت قۇملۇقى بىلەن تۇتىشىدۇ. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 185 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 9، يېزا 3، دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە چارۋىچىلىق فېرمىسى 3، شىخەنزە كونا بازار باشقارمىسى بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 196 مىڭ 820 (مىللىي 59 مىڭ 79)، يېزا نوپۇسى 132 مىڭ 839؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.33‰، ئۆلۈش نىسبىتى 5.13‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.2‰. ناھىيە بويىچە 65 مىڭ 451 گېكتار يەرگە زىرائەت تېرىلدى (ئېگىز تېرىلغۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، بۇنىڭ ئىچىدە 12 مىڭ 629.4 گېكتار يەرگە ئاشلىق (ئېگىز تېرىلغۇسى 124 گېكتار)، 50 مىڭ 105 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇسى 25 مىڭ 462 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ساۋەن ناھىيىسىدە يەر سۈيىگە ئىشلىتىلىدىغان چوڭ، كىچىك دەريا ـ ئېقىندىن 6 سى بار، ئۇلارنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 2 مىليار 58 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۇ زاپىسى تەخمىنەن 140 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ناھىيە بويىچە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشلى بولىدىغان ئوتلاق 553 مىڭ 300 گېكتار، سۇ مەنبەسىنى ساقلايدىغان شەمشاد ئورمىنى 14 مىڭ 300 گېكتار. ناھىيە تەۋەسىدە دۆلەت بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن قارا لەيلەك بىلەن يىلپىز، 2 ـ دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن ئاق قۇ، قوڭغۇر ئېيىق، بۇغا قاتارلىق 17 خىل ھايۋان بار. 100 خىلدىن ئارتۇق ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈك بار. تەخمىنەن 50 خىل قېزىلما بايلىق دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلاندى، خوڭگو كۆمۈر كېنىنىڭ كۆمۈر زاپىسى 700 مىليون توننىدىن ئاشىدۇ. قىممەتلىك مېتال رۇدىلىرىدىن ئاساسلىقى ئالتۇن بىلەن پلاتىنا بار. زۇمرەت بولسا گۈزەل سەنئەت خام ئەشياسى ھېسابلىنىدۇ. مەنزىرىلىك ساياھەت نۇقتىلىرىدىن ئىسسىق سۇ ئارشىڭى، بۇغا مۈڭگۈز قولتۇقى، شۇاڭلۇڭگو جىلغىسى، تېرەكساي، چيەنچۈەنخۇ كۆلى، شەرقىي چوڭ كۆل قاتارلىق جايلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ساۋەن ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۈي جىچياڭ.

12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھامۇت ساۋۇت.

ھاكىم: تۇردىقان تۇرسىبېك (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 11 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: چېن كېدىڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 ـ يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 684 مىليون 414 مىڭ 300 يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يېتىپ 1999 ـ يىلدىكىدىن 15.9% ئاشتى. 133 مىڭ 714 توننا ئاشلىق (بۇغداي 68 مىڭ 324 توننا)، 45 مىڭ 783 توننا پاختا، 25 مىڭ 626 توننا ياغلىق دان، 70 مىڭ 791 توننا قىزىلچا، 105 مىڭ 799 توننا كۆكتات ئېلىندى. 375.79 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 20 مىڭ 161 توننا گۆش، 15 مىڭ 582 توننا كالا سۈتى، 5044 توننا تۇخۇم، 1486 توننا قوي يۇڭى، 2050 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. سۇچىلىق سىستېمىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 31 مىليون 340 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يۈركۈپ سۇغىرىلىدىغان 391.3 گېكتار يەر، تامچىلىتىپ سۇغىرىلىدىغان 7.5 گېكتار يەر كۆپەيتىلدى، 74 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى. 32 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 1167.9 گېكتار يەرنىڭ تېجەشلىك سۇغىرىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى، يېزا ـ بازار، كەنت ـ ئەترەتلەرنىڭ 266 كىلومېتىر يولىغا شېغىل ياتقۇزۇلدى، 39.5 كىلومېتىر يولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى. ليۇشۇگۇ سۇ ئامبىرىنىڭ 43.87 كىلومېتىرلىق كەلكۈن توسمىسى قۇرۇلۇشى، دوڭزىچۈ ئۆستىڭىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، سەنگېچۈەنزە بازىرىغا سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى ۋە 1999 ـ يىلى كەلكۈن ئاپىتىدە بۇزۇلۇپ ۋەيران بولغان 17 چوڭ قۇرۇلۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قايتا ياساش خىزمىتى تاماملاندى. 2000 ـ يىلى 120 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 104306 | 20.9 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 41300 | 11.9 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 34183 | 36.3 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 28823 | 18.5 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 133714 | -22.02 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 65.34 | 9.43 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 120089 | 36.46 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 24.4 | -8.61 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 330 | 47.32 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 45416 | 15.95 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (يۈەن) | | 115240 | 11.39 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 6380 | 15.52 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 11863 | 40.64 |

ئىزاھ: جەدۋەلدىكى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى.

يېزا ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى ۋە ناھىيە بازىرىنىڭ ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئاساسەن پۈتتى. 73.7 گېكتارلىق ئېكولوگىيىلىك كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى ئىشلەندى، 118 كىلومېتىرلىق يېشىل كارىدور بەرپا قىلىندى. ناھىيە ۋە يېزىنىڭ 1500 گېكتاردىن ئارتۇق كۆلەمدىكى ئېكولوگىيىلىك كۆكەرتىش 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى تاماملاندى، 2400 گېكتاردىن ئارتۇق كۆلەمدىكى 2 - قارارلىق قۇرۇلۇش ئومۇميۈزلۈك باشلاندى. يىل ئاخىرىدا يېزا - بازار كارخانىسى 5798گە، كىرىمى 1 مىليارد 45 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 924 مىليون 120 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 20.8% ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 297 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 29.5% ئاشتى. 42 مىليون 470 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 880 مىڭ توننا كۆمۈر، 63 مىڭ 910 توننا ئۇن، 30 مىڭ 12 توننا ئۆسۈملۈك يېغى، 202 توننا ئاق ھاراق، 8914 توننا پاختا يىپ، 11 مىليون 192 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 1780 توننا سۇلياۋ بۇيۇم، 5855 توننا پاختا، 742 مىڭ A مېتىر ئۈچ قىرلىق كاۋچۇك تاسما، 63 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر پولات ئىشىك - دېرىزە، 28 مىڭ 500 كۇب مېتىر سېمونت قويۇلما، 33 مىڭ 400 كۇب مېتىر ساپال شاخىرى ئىشلەپچىقىرىلدى. تۇراقلىق مۈلۈككە 660 مىليون 120 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 195 مىليون 730 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 96 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 300 مىڭ توننىلىق سېمونت تۈگمىنى قۇرۇلۇشى ۋە قالدۇق ئىسسىقلىق بىلەن توك چىقىرىدىغان 6000 كىلوۋاتلىق ئېلېكتر ئىستانسىسىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلدى؛ 89 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 15 مىڭ توننىلىق پەمىدۇر قىيامى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى ۋە «تيەنباۋ» يېشىل يېمەكلىك شىركىتىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك سۈ يېغى ئىشلەش لىنىيىسى پۈتكۈزۈلۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ شەندۇڭ «تيەنجۇ» گۇرۇھى بىلەن 12 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈپ، 30 مىڭ ئۆرچۈقلۇق سېپتا ئىگىرىش ئىشلەپچىقىرىش تورىنى قۇرۇش توختىمى ئىمزالاندى. 35

مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 7.5 كىلومېتىر كېلىدىغان ئەسىر يولى قاتارلىق 9 يولنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلدى. 145 مىليون 930 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك كۆپەيدى. بىناكارلىق كارخانىلىرى قىلغان قۇرۇلۇش تۈرى 80گە، قۇرۇلۇش قىلغان ئۆي كۆلىمى 237 مىڭ 873 كۋادرات مېتىرغا، پۈتتۈرگەن ئۆي كۆلىمى 62 مىڭ 188 كۋادرات مېتىرغا، بۇنىڭ ئىچىدە پۈتتۈرگەن ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 40 مىڭ 283 كۋادرات مېتىرغا، ياراتقان پايدىسى 4 مىليون 998 مىڭ يۈەنگە، باج سوممىسى 1 مىليون 588 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئومۇمىي سوممىسى 960 مىليون يۈەنلىك ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىدىن 7 سى، ئومۇمىي سوممىسى 560 مىليون يۈەنلىك ئىچكى سودا توختامىدىن 3ى ئىمزالاندى. جېجياڭلىق سودىگەر لۈيىبىننىڭ 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان ساۋەن ناھىيىسى يەنسخەي بازىرىدىكى يىپ ئىگىرىش° فابرىكىسىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىدە 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئىش باشلاندى. يولۇچى ئوبوروت مىقدار 133 مىليون 140 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 222 مىليون 340 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 166 مىڭ 200 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 16 مىليون 396 مىڭ 500 يۈەنگە، تېلېفون كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمى 34 مىڭ 432 توچكىغا يەتتى، 4893 پروگراممىلىق تېلېفون، 2611 يانتېلېفون كۆپەيدى. ناھىيە بويىچە تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى ھەر 100 ئادەمگە 14 تىن توغرا كەلدى. بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سوما 211 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ساياھەت رايونلىرى كۈتۈۋالغان ساياھەتچى 150 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم)گە، ساياھەتچىلىك كىرىمى 15 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئىش ئورنىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 607 (كارخانىلار ۋە كىرىم - چىقىمغا ئۆزى ئىگە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا). 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ساۋەن ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيىلەرنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. ناھىيىدىكى باللار باغچىسى 14، باغچىدىكى بالا 3806؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 76، ئوقۇغۇچىسى 19 مىڭ 895 (مىللىي 7359)؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 17، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 720 (مىللىي 3082)؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 2850 (مىللىي 536)؛ ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر، مۇشۇ يىلى تەربىيىلەنگەن ئوقۇتقۇچى 442. باللار باغچىسىدىكى ئوقۇتقۇچى 193، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 2304. مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 21 مىليون 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 8 - ئايدا ساۋەن ناھىيىلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك مەدەنىيەت تورى ئاساسەن قۇرۇلۇپ بولدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، يېزا - بازارلىق مەدەنىيەت پونكىتى 14كە، كەنت مەدەنىيەت ئۆيى 241گە يەتتى. ناھىيە 2000 - يىللىق مەملىكەت دەرىجىلىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيىلەرنى قايتا تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى. تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 27 تىببىي داۋالاش، سەھىيە ئاپپاراتى، 614 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 296، سېستىرا 227)، 519 كارىۋات بار. 60 قېتىم تۈرلۈك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى (ناھىيە دەرىجىلىكى 17 قېتىم). ناھىيە 6 - ئايدا، مەملىكەت بويىچە تەنتەربىيىدىكى ئىلغار ناھىيە خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. قورغاس بازىرى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى، تەنتەربىيە باش ئىدارىسى، جۇڭگو دېھقانلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى تەرىپىدىن يۈز مىليونلىغان دېھقانىنىڭ ساغلاملىق پائالىيىتىدىكى ئىلغار يېزا - بازار بولۇپ باھالاندى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4426 يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 17 مىڭ 148گە، ئۇلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7125 يۈەنگە يەتتى. 6296 ئىشچى - خىزمەتچى ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، 10 مىڭ 70 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، پېنسىيىگە چىققان 1203 ئىشچى - خىزمەتچى پېنسىيە كۈتۈنۈش پۇلىنى جەمئىيەت بويىچە بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشقا قاتناشتى. ناھىيە بويىچە 3 ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئاپپاراتى بار، كارىۋىتى 80، بېقىلىۋاتقان قېرى - چۆرى 18. تارقاق ئولتۇراقلاشقان 132 ئىگە - چاقىسىز بوۋاي - موماي، مېيىپ ۋە يېتىم بالا بېقىلدى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 9 مىليون 159 مىڭ 700 يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 14 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇھىتنى كۆزىتىش - ئۆلچەش پونكىتىدىن بىرى، 4 خادىمى بار. مۇھىت بۇلغىنىشنى چەكلەش مۇددەتتە تۈزەش تۈرىدىن 8ى ئورۇندالدى، ئۇلارغا 7 مىليون 20 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، شاۋقۇنى كۈچلۈك كارخانىدىن بىرى تاقالدى.

ناھىيىنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 35.9%كە يەتتى. ناھىيە ئاپتونوم رايون بويىچە باغ - ئورمانلاشقان ناھىيە بازىرى دېگەن نامغا ۋە شەھەر قۇرۇلۇشى بويىچە «تەڭرىتاغ لوڭقىسى»نى ئېلىش مۇسابىقىسىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

☆ 5 - ئايدا مەملىكەت بويىچە ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇشى يىغىنىدا، ساۋەن ناھىيىسى «مەملىكەت بويىچە ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

☆ «تيەنباۋ» يېشىل يېمەكلىكلەر تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى رەسمىي قۇرۇلدى.

☆ 15 يېزا، بازار (مەيدان) دىن كەلگەن 31 جۈپ ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرى 7 - ئاينىڭ 19. كۈنى مەنزىرىلىك ساياھەت نۇقتىسى بۇغا مۈڭگۈزى قولتۇقىدا داغدۇغىلىق كوللېكتىپ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

☆ «تۇنخې» گۈرۈچى ساۋەن پەمىدۇر مەھسۇلاتلىرى شىركىتى 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى قۇرۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

☆ 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ساۋەن ناھىيىسىنىڭ قورغاس يېزىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ بازار قىلىپ قۇرۇلدى.

ئەن جىنخۇا

# قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىغا، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 495 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 5، چارۋىچىلىق فېرمىسى 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 48 مىڭ 87 (مىللىي 32 مىڭ 391)، يېزا نوپۇسى 25 مىڭ 687؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 10.4‰، ئۆلۈش نىسبىتى 4.26‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 6.14‰. ناھىيە بويىچە 33.5333 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 2980 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 1000 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

قوبۇقسار ناھىيىسىدە پايدىلىنىشقا بولىدىغان سۇ مەنبەسىدىن ناممىغول دەرياسى بىلەن قوبۇق دەرياسى بار.

تەبىئىي ئوتلاق 1 مىليون 583 مىڭ 400 گېكتارغا، پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق 1 مىليون 434 مىڭ 400 گېكتارغا، ئەمەلىي ئورمان كۆلىمى 131 مىڭ 900 گېكتارغا، بۇنىڭ ئىچىدە شىمالدىكى تاغلىق رايونغا تارقالغان سىبىرىيە بال قارىغايلىقى 18.1736 گېكتارغا، غەربىي شىمالدىكى ناممىغول دەريا ۋادىسىغا تارقالغان توغراقلىق 8860 گېكتارغا يېتىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە ئەتىۋارلىق، كەم ئۇچرايدىغان ھايۋانلاردىن قارا تۈلكە ۋە ئاق ئاغمىخان، دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن بۈركۈت، دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن ئاق بوغۇز بۆكەن، ئاق تۇش بۆلغىنى، قار توشقىنى، ئۈلار بار. ناھىيە بويىچە 200 نەچچە خىل دورا ماتېرىيالى بار، بۇنىڭ ئىچىدە چاكاندا، سوغىگۈل، يەرمەدىكى، توشقان زەدىكى، كەتىرا، پەربۇن، تاغ دېنى قاتارلىقلار بىر قەدەر كەڭ تارقالغان. قېزىلما بايلىقى مول بولۇپ، كۆمۈر، تاشتۇز، بېنتونىت، ھاك تېشى، كۋارتس قۇمى، نېفىت، خروم، تۆمۈر قاتارلىق 8 خىلى ئېچىپ پايدىلىنىلىۋاتىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شيا گۋاڭتەي (11 - ئايدا ۋەزىپىدىن يۆتكەلدى).

10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ج. بادىرىخ (موڭغۇل، 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن ۋاپات بولدى). سامۇتۇڭ (موڭغۇل، 10 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ھاكىم: پ. تۇغجىجاب (موڭغۇل).

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئىسلامجان ماشېل (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى، ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 132 مىليون 630 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 66 مىليون 310 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 8.3% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىكى شۇنداق). بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 45مىليون 740 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا). 11 مىڭ 897 توننا ئاشلىق، 1689 توننا ياغلىق دان، 381 توننا پاختا، 130 توننا زاراڭزا ئېلىندى. 160 گېكتار يەردە سۈنئىي ئورمان بەرپا قىلىندى. 5767 توننا گۆش، 6930 توننا سۈت، 641 توننا قوي يۇڭى،

### خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 12448 | 14.41 |
| يۇنىڭ ئىچىدە: | 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 3854 | 15.56 |
| | 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 5417 | 24.53 |
| | 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 3177 | -0.56 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 11897 | -17.36 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 47.38 | 7.07 |
| يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 15878 | 8.18 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 16017 | 10.19 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 5377 | -15.51 |
| شەھەر ـ يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 14268 | 12.82 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 3977 | 24.83 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 7869 | 10.63 |

ئىزاھ: جەدۋەلدىكى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى.

28 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 153 مىڭ 24 پارچە كالا ـ قوي تېرىسى ئېلىندى. ئېتىز ـ ئېرىق، سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 12 مىليون 930 مىڭ 600 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 45.65 كىلومېتىر ھەر دەرىجىلىك سۇ سىڭمەس ئېرىق ـ ئۆستەڭ، يۈرۈشلەشكەن 46 ئىنشائات ياسالدى. سۇغىرىلىدىغان، سۇ سىڭىپ كېتەيدىغان كۆلەم 91 مىڭ 469 كۋادرات مېتىر كۆپەيتىلدى، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا بىلەن تېجەشلىك پۈركۈپ سۇغىرىلىدىغان كۆلەم 142 گېكتار كۆپەيدى، ماشىنىلاشقان ۋە ئېلېكترلەشكەن 4 قۇدۇق قېزىلدى، سۇغىرىلىدىغان كۆلەم يېڭىدىن 666.67 گېكتار كۆپەيتىلدى، 1906.67 گېكتار يەرنىڭ سۇغىرىش شارائىتى ياخشىلاندى. 1600 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى، 530 گېكتار سۈنئىي ئوت ـ چۆپ بازىسى كۆپەيتىلدى، 4000 گېكتار ئوتلاق ياخشىلاندى، يېزا ـ بازار كارخانىلىرى 1976 گە يەتتى، تىجارەت كىرىمى 118 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %9.72 ئاشتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 160 مىليون 680 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 98 مىليون 80 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %6.32 ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 56 مىليون 280 مىڭ يۈەن بولۇپ، %4.14 تۆۋەنلەپ كەتتى. 890 مىڭ توننا كۆمۈر، 143 مىڭ توننا تۇز، 108 مىڭ توننا سېمونت، 199 مىڭ توننا ھاك تېشى، 3446 توننا ئويغۇچى ناترىي، 1966 توننا تۆمۈر رۇدىسى پاراشوكى، 5711 توننا تۇز كىسلاتاسى، 1133 توننا سۇيۇقلاندۇرۇلغان خلور، 5534 توننا سېمونت لاي ئىشلەپچىقىرىلدى. ترانسپورت كەسىپىنىڭ كىرىمى 2 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 42 مىليون 870 مىڭ ئادەم ـ كىلومېتىرغا، يولۇچى توشۇش مىقدارى 1 مىليون 230 مىڭ ئادەمگە يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 6 مىليون 806 مىڭ 100 يۈەنگە، تېلېفون كوممۇتاتورىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سىغىمچانلىقى 16 مىڭ 600 توچكىغا، تېلېفون ئابونېنتى 7279 غا، يانتېلېفون ئابونېنتى 785 كە يەتتى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليون 92 مىڭ يۈەنگە، ساياھەتچىلىك كىرىمى 2 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 358 (مىللىي 260)، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچى 296 (ئالىي دەرىجىلىكى 17). ناھىيە

بويىچە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 5 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 3)، ئوقۇغۇچىسى 3623 (مىللىي 2746)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 26 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 17)، ئوقۇغۇچىسى 6320 (مىللىي 4459)؛ ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر، كۇرسانتى 74 (موڭغۇل)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 373 (مىللىي 232). ناھىيە بويىچە 1298 ئوقۇتقۇچى (مىللىي 1123) بولۇپ، ئۇلارغا 13 مىليون 798 مىڭ 100 يۈەن مائاش تارقىتىلدى. 2000 - يىلى «مەملىكەت بويىچە نامرات رايونلارنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى قۇرۇلۇشى» تۈرىگە 4 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %91كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %92كە يەتتى. 7 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 315 كىلومېتىر سىملىق تېلېۋىزىيە كابېلى ياتقۇزۇلدى. ناھىيە بويىچە ناھىيە ۋە يېزىلىق تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 28 (دوختۇرخانا 4، شىپاخانا 10)، 344 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 208 كارىۋات بار. ناھىيە مۇشۇ يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە دېگەن نامغا ئېرىشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1750 يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 11 مىڭ 992گە، ئۇلارغا تارقىتىلغان مائاش 59 مىليون 664 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كەسپىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 71 مىليون 257 مىڭ يۈەنگە، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ 68 مىليون 677 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 784 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 2 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىدا تۆلەنگەن پۇل 842 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتىدا تۆلەنگەن پۇل 440 مىڭ يۈەنگە يەتتى. نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە 12 مىليون 862 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 864 ئائىلىدىكى 4391 ئادەمنىڭ تويۇنۇش - كىيىنىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى، 13 ئائىلىدىكى 67 ئادەمنىڭ مۇشۇ خىل مەسىلىسى مۇستەھكەملەندى.

ئۇرۇمسەن باتىر

# ئالتاي ۋىلايىتى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئالتاي ۋىلايىتى ئالتاي تاغ تىزمىسى ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، شىنجاڭنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. مەمۇرىي مەركىزى ئالتاي شەھىرىدە. 2000 - يىلى ئالتاي ۋىلايىتىگە قاراشلىق ناھىيە 6، شەھەر بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 594 مىڭ 456 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 335 مىڭ 559)، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 350 مىڭ 195؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.7‰، ئۆلۈش نىسبىتى 5.11‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.59‰. ۋىلايەت بويىچە 176 مىڭ 200 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 48 مىڭ 200 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 56 مىڭ 800 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغ سوغۇق رايوننىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ئالتاي ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى ئالتاي تېغى ئالتۇنغا بايلىقى بىلەن مەشھۇر، يەنە رەڭلىك مېتال، ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللار قاتارلىق ئاساسلىق كان بەلۋاغلىرى بار، 84 خىل قېزىلما بايلىق بايقالدى ۋە قېزىلدى. ئالتايدا چوڭ، كىچىك 56 ئېقىن بار، جۇڭگو بويىچە 2. چوڭ ئىچكى كۆل — ئۇلۇڭغۇر كۆلى، شۇنىڭدەك يەنە قاناس كۆلى، ئاق كۆل، تاۋچاغانغول كۆلى قاتارلىق ئېگىز تاغ كۆللىرى بار. تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرىدىن قاناس تەبىئىي مەنزىرىلىك مۇھاپىزەت رايونى، بۆلغىن قۇندۇز تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، سىنتاس ئوتلىقى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، قارامايلى تېغى تۇياقلىق ھايۋانلار تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قاتارلىقلار بار. ئالتاي ۋىلايىتىدىكى تاغلىق رايونلاردا زور مىقداردا تاش ئويما، تاش سىزما، ئۆڭكۈر رەڭلىك رەسىملىرى، بالبال قاتارلىق مەدەنىيەت مىراسلىرى بار. داڭلىق سەيلىگاھلاردىن قاناس كۆلى تەبىئىي مەنزىرىلىك مۇھاپىزەت رايونى، سەندىخوزا تاش قەبرىستانلىقى، ئۆسەيۈەن، كۆكتوقايدىكى يەر تەۋرەش ئۆزۈلمە بەلۋېغى، سايقىن بۇلاق يايلىقى، ئۇلۇڭغۇر كۆلى، دولات قىياتاش رەسىملىرى، شەمىرشەك مېتېئورىت تاشلار توپى ۋە قەدىمىي قەبرىستانلىقى، قۇم كۆل، قابادىكى ئاۋازلىق قۇم تاغ، لاستى دەرياسى ۋادىسى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئالتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ليۇ چۈەنجېن (3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ جىشۇن (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: مۇقاتبېك ئادىلبېك (قازاق)، لياۋ باڭچىڭ (7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، يۈەن زىمىڭ (7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، چېن يۇمىڭ (5 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، قۇبايدۇللا قۇسايىن (قازاق).

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئالتاي

ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قاشرەت نىقىش (قازاق)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: لى بېنرۇي (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، يۈ جياخې، چوقۇرقان مامۇرقان (قازاق)، ئاقان قابۇسەمەت (قازاق، 12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ۋالىي: مۇقاتېبەك ئادىلبېك (قازاق)؛ مۇئاۋىن ۋالىيلىرى: يۈەن زىمىڭ (7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لى بېنرۇي (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لى جىدۇڭ (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ماۋكېن سېيىتقامزا (قازاق)، جۇمابېك باتال (قازاق)، جاۋگومىن (مانجۇ، 5 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قادىر ئاراپات (قازاق)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جاڭ دېشېڭ، ئابىقان قاجىكەي (قازاق)، ياڭ ۋېنلياڭ (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ۋىلايەت بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى

### خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 315030 | 7.5 |
| يۈنىلىك ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 118233 | 6.5 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 93065 | 6.2 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 103732 | 10.6 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 211610 | −7.67 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 323.42 | −0.92 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 188076 | 3.79 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 245451 | 3 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 6309.64 | 117 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 100035.4 | 6.18 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 204285 | 12.45 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 12093 | 8.84 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 59248 | 14.5 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 1 مىليارد 745 مىليون 440 مىڭ يۈەن.

1 مىليارد 488 مىليون 428 مىڭ 500 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 862 مىليون 215 مىڭ 300 يۈەن)گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 2.43% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 211 مىڭ 610 توننا ئاشلىق، 32 مىڭ 67 توننا ياغلىق دان، 60 توننا قىزىلچا، 40 مىڭ 400 توننا پۇرچاق ئېلىندى. 1710 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 680 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 66 مىڭ 371 توننا گۆش، 66 مىڭ 250 توننا سۈت، 4433 توننا قوي يۇڭى، 147 مىڭ 900 پارچە كالا تېرىسى، 1 مىليون 504 مىڭ 800 پارچە قوي تېرىسى ئېلىندى. ۋىلايەت بويىچە ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 69 مىليون 673 مىڭ 700 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1910 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى، 1130 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى، 10 مىڭ گېكتار ئوتلاق ياخشىلاندى. يېزا - بازار كارخانىسى 19 مىڭ 121گە، تىجارەت كىرىمى 1 مىليارد 863 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 93 مىليون 10 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە

776 مىليون 640 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن %35.15 تۆۋەنلىدى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 216 مىليون 247 مىڭ يۈەن بولۇپ، %17.6 تۆۋەنلىدى. 213 مىليون 369 مىڭ 300 كىلوۋات - سائەت توك، 110 مىڭ 500 توننا كۆمۈر، 231 مىڭ 700 توننا سېمونت، 443 توننا فابرىكا قەغىزى، 36.545 كىلوگرام ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. 2000 - يىلى يېڭىدىن قۇرۇلغان، قۇرۇلۇۋاتقان، ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن چوڭ - چوڭ تۈرلەر مۇنۇلار: چىڭگىل دەرياسىدىكى سارتوقاي سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى، سېلىنغان مەبلەغ 17 مىليون 430 مىڭ يۈەن؛ ئالتاي شەھىرىدىكى چىبىسلىڭ سۇ ئامبىرى، سېلىنغان مەبلەغ 18 مىليون 630 مىڭ يۈەن؛ كۆكتوقايدىكى شاكۇ سۇ ئامبىرى، سېلىنغان مەبلەغ 33 مىليون 330 مىڭ يۈەن؛ «635» بويىدا يەر ئېچىش، سېلىنغان مەبلەغ 24 مىليون 260 مىڭ يۈەن؛ قابا ناھىيىسىدىكى چوڭ تېپۇغىرىش رايونىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، سېلىنغان مەبلەغ 25 مىليون 640 مىڭ يۈەن؛ يېزا ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، سېلىنغان مەبلەغ 213 مىليون 900 مىڭ يۈەن؛ بۇرچىن - جېمىنەي 110 كىلوۋولتلۇق ئۆزگەرتىش توك لىنىيىسى، سېلىنغان مەبلەغ 27 مىليون يۈەن؛ ئالتاي خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئايرودرومىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، سېلىنغان مەبلەغ 28 مىليون 390 مىڭ يۈەن؛ ئاشىل مىس كېنى، سېلىنغان مەبلەغ 756 مىليون 450 مىڭ يۈەن؛ بۇرچىن — قاناس يولى، سېلىنغان مەبلەغ 230 مىليون يۈەن؛ ھېيتۇن — بۇرچىن — جېمىنەي يولى، سېلىنغان مەبلەغ 380 مىليون يۈەن؛ قاناس ساياھەت مەنزىرىلىك رايونى قۇرۇلۇشى، سېلىنغان مەبلەغ 89 مىليون يۈەن. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 645 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ۋىلايەت بويىچە سودىگەر چاقىرىپ، مەبلەغ كىرگۈزۈشتە 29 تۈردە رەسمىي توختام ئىمزالاندى، توختام سوممىسى 295 مىليون 40 مىڭ يۈەن، نەقلەشكەن مەبلەغ 224 مىليون 890 مىڭ يۈەن، ماددىي ئەشيا ھەمكارلىق سوممىسى 200 مىليون 930 مىڭ يۈەن بولدى. بۇ بىر يىلدا يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 408 مىليون 550 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، تاشيولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 577 مىليون 360 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 8 مىليون 101 مىڭ 600 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 64 مىليون 568 مىڭ 300 يۈەنگە، تۇراقلىق تېلېفون 53 مىڭ 436 گە، يانتېلېفون ئابونىتى 10 مىڭ 848 گە، بازار سودىسىدا پۇتۈشۈلگەن سومما 170 مىليون 656 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ساياھەتچىلىكتىن 60 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ۋىلايەت بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 5566. بۇ بىر يىلدا قاناس كۆلى رايونىنىڭ ئېكولوگىيىسىنى قوغداش ۋە ساياھەت رايونىنىڭ سىغدۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش، چاكاندىنى ھۆججەر، ئارقىلىق يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 2 ئىلمىي تەتقىقات تۈرى، سۇلياۋ لاپاستا قوي بېقىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت ئاپتونوم رايوننىڭ پەن -تېخنىكا نەتىجىلىرىنى كېڭەيتىش تۈرى تاماملاندى. ۋىلايەت بويىچە تېلېۋىزىيە شۆبە ئۇنىۋېرسىتېتى بىر، ئوقۇغۇچىسى 1342؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 3، ئوقۇغۇچىسى 1441؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 19 (مىللىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 11)، ئوقۇغۇچىسى 7068 (مىللىي 3933)؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 89 (مىللىي تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 52، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ياتاقلىق مەكتەپ 33)، ئوقۇغۇچىسى 31 مىڭ 677 (مىللىي 21 مىڭ 514، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ياتاقلىق مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 628)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 258 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 167، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ياتاقلىق باشلانغۇچ مەكتەپ 17)، ئوقۇغۇچىسى 68 مىڭ 705 (مىللىي 49 مىڭ 654، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ياتاقلىق مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 335)؛ باللار باغچىسى 17، باغچىدىكى بالا 5997 (مىللىي 2381). ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنىڭ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 168 (مىللىي 114)، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 5862 (مىللىي 4131)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 2393 (مىللىي 1455)، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 606 (مىللىي 355). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 22 مىليون 792 مىڭ 900 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95.34كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %92.87كە يەتتى. مۇشۇ يىلى ئىشلىتىلىشكە باشلىغان مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرى: كۆكتوقاي ناھىيىلىك كىنو - تىياتىرخانا، بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك مەدەنىيەت مەركىزى. 6 يېزا دەرىجىلىك مەدەنىيەت پونكىتى قايتا قۇرۇلدى، 15 كەنت دەرىجىلىك مەدەنىيەت ئۆيى يېڭىدىن قۇرۇلدى. ۋىلايەت بويىچە 30 دوختۇرخانا، 52 شىپاخانا، 3626 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 2409 كارىۋات بار. 2000 - يىلى ئاپتونوم

رايونلۇق تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسىدە ئالتاي ۋىلايىتى تەنھەرىكەتچىلىرى 9 ئالتۇن مېدال، بىر كۈمۈش مېدال، 5 مىس مېدال ئالدى؛ چېلىشىش مۇسابىقىسىدە بىر ئالتۇن مېدال، 2 كۈمۈش مېدال، 3 مىس مېدال ئالدى؛ قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسىدە 2 ئالتۇن مېدال، بىر كۈمۈش مېدال ئالدى؛ بوكس مۇسابىقىسىدە 2 ئالتۇن مېدال، 4 كۈمۈش مېدال، بىر مىس مېدال ئالدى؛ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىدە 4 ئالتۇن مېدال، 5 كۈمۈش مېدال، بىر مىس مېدال ئالدى؛ پۇتبول مۇسابىقىسىدە كوللېكتىپ 2 - لىككە ئېرىشىپ، بىر كۈمۈش مېدال ئالدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2165 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7592 يۈەنگە يەتتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 17 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 44 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە 10 مىليون 484 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى، جىسمانىي سۇغۇرتا بويىچە 3 مىليون 346 مىڭ 700 يۈەن تۆلەم تۆلەندى ۋە چىقىم قىلىندى. ۋىلايەت بويىچە يېشىللىق بىلەن قاپلانغان كۆلەم 1139 گېكتارغا، كۆكەرتىلگەن رايون 622 گېكتارغا، باغ - ئورمان كۆلىمى 974 گېكتارغا، باغ - ئورمانلاشقان رايون 435 گېكتارغا، ئاممىۋى كۆكلەمەيدان كۆلىمى 78.82 گېكتارغا؛ باغ 12گە، كۆلىمى 55.16 گېكتارغا؛ كۆچەتزارلىق 54.29 گېكتارغا يەتتى (يۇقىرىدىكى سانلار ئالتاي شەھىرىنىڭ باغ - ئورمانلىشىش ئەھۋالىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ). ئىس - تۇزان تىزگىنلەنگەن رايون كۆلىمى 15.2 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى.

## ئالتاي ۋىلايىتى زور قار ئاپىتىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى

ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ قىش پەسلى قاتتىق سوغۇق ھەم ئۇزۇن، كىلىماتى ناچار، كۆپ ھەم ئاسان ئاپەت كۆرۈلىدىغان رايون. ئالتاي ۋىلايىتى 1966 - يىلى ۋە 1977 - يىلى زور قار ئاپىتىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانىدى. 2000 - يىلى يەنە بىر قېتىم زور قار ئاپىتىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى.

2000 - يىلى قىش كىرگەندىن كېيىن، ئالتاي ۋىلايىتى تەۋەسىدە كىلىمات نورمالسىز، ئۆزگىرىشچان بولدى، كۆپ قېتىم قاتتىق قار يېغىپ، تېمپېراتۇرا قاتتىق تۆۋەنلىدى، بالدۇر قار چۈشتى، دائىرىسى كەڭ، خەۋپى زور بولدى، بۇ خىل ئەھۋال تارىختا ئاز كۆرۈلىدۇ. بۇ، ۋىلايەتنىڭ قىش پەسلىدىكى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى، قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرىغا ھەمدە شەھەر، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ئىنتايىن زور قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. ۋىلايەت بويىچە ئاپەت يۈز بەرگەن رايوندىكى نوپۇس 155 مىڭغا، ئاپەتكە ئۇچرىغان نوپۇس 95 مىڭغا يەتتى. 3 چارۋىچى قار ئاپىتىدە ئۆلدى، 2122 چارۋىچى ئۈششۈپ قالدى؛ 12 مىڭ 300 چوڭ - كىچىك چارۋا زىيان بولدى، بۇ بېقىلىۋاتقان چارۋىنىڭ %38.0نى ئىگىلەيدۇ؛ چارۋىچىلارنىڭ 98 مىڭ 192 ئېغىز ئۆيى ۋە 17 مىڭ 424 قوتىنى زىيانغا ئۇچرىدى؛ 59 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى مەكتەپ ئۆي - ئىمارىتى خەتەرلىك بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ۋىلايەت تەۋەسىدىكى دۆلەت، ئۆلكە تاشيوللىرى ۋە ناھىيە - يېزا يوللىرى كۆپ قېتىم ئۈزۈلۈپ قالدى، 62 مىڭ 342 كىلومېتىر مۇساپە توسۇلۇپ قالدى. قار ئاپىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 90 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

ۋىلايەت بويىچە خەتەر ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا 10 مىڭچە ئادەم (قېتىم) سەپەرۋەر قىلىنىپ، 6380دىن ئارتۇق ھەرخىل ماشىنا (قېتىم) ئىشلىتىلىپ، 36 مىڭ 400 كىلومېتىر ئۆلكە يولى ھەمدە ناھىيە ،يېزا، يېزا - كەنت يوللىرى راۋانلاشتۇرۇلدى، يولدىكى 15 مىليون 300 مىڭ كۇب مېتىردىن كۆپرەك قار تازىلاندى، يولدا توسۇلۇپ قالغان 8000 نەچچە ماشىنا، 43 مىڭ 500 ئادەم (قېتىم) قۇتقۇزۇلدى. ۋىلايەت بويىچە 174 تېببىي داۋالاش كىچىك شۆبە ئەترىتى تەشكىللىنىپ، سەييارە داۋالاشقا ئەۋەتىلدى. ۋىلايەت بويىچە 384 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ۋاقتىدا ئوقۇش باشلىدى.

ۋىلايەت بويىچە ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا 95 مىليون 690 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) مالىيىسىدىن جۇغلانغىنى 10 مىليون 125 مىڭ يۈەن، يېزىلار جۇغلىغىنى 3 مىليون 240 مىڭ يۈەن. ۋىلايەت ناھىيە (شەھەر)لەرگە 10 مىڭ 270 توننا زاپاس كۆممىقوناق، 22 مىڭ 885 توننا كونا بۇغداي بۆلۈپ بەردى. ۋىلايەت بويىچە 7 مىليون 757 مىڭ كۇب مېتىر ئوت - سامان، 37 مىڭ توننا يەم - خەشەك يۆتكەپ كېلىندى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن دېھقانچىلىق رايونلىرىغا، تاغلىق جايلاردىن يىراق چارۋىچىلىق فېرمىلىرىغا 427 مىڭ چارۋا يۆتكەلدى، دېھقانچىلىق رايونلىرىدىن چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ياردەم بېرىشكە 74 مىڭ توننا يەم - خەشەك يۆتكەپ كېلىندى. ۋىلايەت بويىچە پارتىيىلىك ئائىلىلەر ۋە باي ئائىلىلەر نامرات ئائىلىلەرگە 24 مىڭ توننا يەم - خەشەك ياردەم قىلدى، 180 مىڭ تۇياق چارۋىنى ۋاكالىتەن بېقىپ بەردى.

زور قار ئاپىتى يەنە ۋىلايەت تەۋەسىدىكى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ھاياتىغا ئېغىر تەھدىت سالدى. قارامايلى تېغىدىكى ئۆپاقلىق ھايۋانلار تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىلا 3000 دىن ئارتۇق ئاق بوغۇز بۆكەن ئۆلدى، ئاپەتكە ئۇچرىغان كۆلەم ئومۇمىي كۆلەمنىڭ %65نى ئىگىلىدى. ئالتاي ۋىلايىتىدە ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ چارۋىلارنى قوغداش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياۋايى ھايۋانلارمۇ ئۈنۈملۈك قۇتقۇزۇلدى ۋە قوغدالدى، ۋىلايەت بويىچە 1 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىنىپ، بۇغا، ئارقار، تاغ ئۆچكىسى، قۇلان، جەرەن قاتارلىق 3200 دىن كۆپرەك ياۋايى ھايۋان قۇتقۇزۇۋېلىندى.

ئالتاي ۋىلايىتىدە قار ئاپىتى يۈز بەرگەندىن كېيىن، مەركەز، ئاپتونوم رايون، ئىلى ئوبلاستى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تەشكىلات ۋە قاتلاملارنىڭ غەمخورلۇقىغا ۋە ياردىمىگە ئېرىشتى. ۋىلايەت بويىچە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە ئىئانە قىلغان 21 مىليون 800 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ماددىي بۇيۇم تاپشۇرۇۋېلىندى. گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ۋېن جياباۋ باش شۇجى جياڭ زېمىن بىلەن زۇڭلى جۇ رۇڭجىنىڭ ئاپەت رايونىدىكى ھەر مىللەت كادىرلار ئاممىسىغا يوللىغان ھال سوراش سالىمىنى يەتكۈزدى. باھار بايرىمى مەزگىلىدە، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جانابىل ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شيۇڭ خۇيىىنلار ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىنى باشلاپ، ئاپەت رايونىغا كېلىپ ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىدىن ھال سورىدى، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى.

☆ 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى بۇرچىن ناھىيىلىك قاناس يولى توقۇمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇلۇپ ۋىۋىسكىسى ئېسىلدى.

☆ جۇڭگو، روسىيە، قازاقىستان، موڭغۇلىيىلەرنىڭ ئالتاي رايونى پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە ئىقتىسادىي - تەرەققىيات خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنى 7 - ئاينىڭ 19 - 21 - كۈنىگىچە ئالتاي شەھىرىدە ئېچىلدى.

☆ 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئالتاي ئايرودرومىنىڭ ئۇچۇش رايونىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، ئۈرۈمچى — ئالتاي لىنىيىسىدە قاتناش ئەسلىگە كەلدى.

مارات قىنانىيات

## ئالتاي شەھىرى

### ئاساسىي ئەھۋالى

ئالتاي شەھىرى ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، ئېرتىش دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 216 - لىنىيىنىڭ 666 كىلومېتىر، 217 - لىنىيىنىڭ 705 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 9، مەھەللە ئىش باشقارمىسى 3. شەھەر تەۋەسىدىكى رايونلارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 187 مىڭ 220 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 83 مىڭ 54)، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 89 مىڭ 174؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰11.54، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰5.72. شەھەر بويىچە 18 مىڭ 180 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 7312 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 4256 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلۇق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ئالتاي شەھىرى تەۋەسىدە ئېرتىش دەرياسى، سۇمدايرىق دەرياسى، قىران دەرياسىدىن ئىبارەت 3 چوڭ سۇ سىستېمىسى بولۇپ، يىللىق ئېقىن مىقدارى 6 مىليارد كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. شەھەر بويىچە پايدىلانغىلى بولىدىغان ئوتلاق كۆلىمى 648 مىڭ گېكتار. تاغلىق جايلاردىكى تەبىئىي ئورمان 28 مىڭ گېكتار، قىممەتلىك دەرەخلەردىن سىبىرىيە شەمشادى ۋە ئاق قارىغاي بار؛ دەريا ۋادىلىرىدا 7740 گېكتار ئىككىلەمچى ئورمان بولۇپ، ئاساسلىق تېرەك، سۆگەت ۋە ئاق قېيىن بار. شەھەر تەۋەسىدە 30 نەچچە خىل قېزىلما بايلىق بار، گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق تۆمۈر، مىس، قوغۇشۇن، سىنىك، ئالتۇن (كېپەك ئالتۇن ۋە ئۇيۇل ئالتۇن)، ئاق چىرىستال، كۋارتس قۇمى قاتارلىق 17 خىلنىڭ زاپىسى ئېنىقلاندى، ئالتۇن، ياقۇت ئەۋزەللىككە ئىگە قېزىلما بايلىق ھېسابلىنىدۇ. 12 مىڭ 62.13 گېكتار قۇمۇشلۇق بولۇپ، ھەر يىلى 140 مىڭ توننا قۇرۇق قومۇش ئېلىنىدۇ. سەيلىگاھلاردىن قىيىنزار باغچا، كىچىك شەرقىي جىلغا، بەش بۇلاق، تاڭبا كۆلى، ئاۋېيتان كۆلى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئالتاي شەھەرلىك 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ليۇ شىنمىن (7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)؛ سۇن جيەنگو (7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: خوجىكەن سۇلتان (قازاق).

شەھەر باشلىقى: زاكىش قادىرقان (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: بازان ساغاتقان (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى شەھەر بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
| --- | --- | --- | --- |
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 54819 | 6.29 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 16868 | 3.83 |
| | 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 16892 | —1.81 |
| | 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 21059 | 16.17 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تۈمەن تونىنا) | | 3.42 | —7.67 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 52.2 | —6.8 |
| يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 23911 | —3.71 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 44252 | 0.79 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 34800.2 | 5.45 |
| شەھەر ـ يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 72324 | 17.91 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 3240 | 6.37 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 12086 | 14.79 |

قىممىتى 163 مىليون 780 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %0.41 ئاشتى. 34 مىڭ 170 تونىنا ئاشلىق، 9035 تونىنا ياغلىق دان، 60 تونىنا قىزىلچا ئېلىندى. 261 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (ئەي بولۇش نىسبىتى %85تىن يۇقىرى بولدى). بۇ بىر يىلدا شەھەرگە قاراشلىق رايونلاردا 12 مىڭ 978 تونىنا گۆش، 22 مىڭ 823 تونىنا سۈت، 790 تونىنا قوي يۇڭى ئېلىندى. شەھەرنىڭ نۇقتىلىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشى ـ چىبىيلىنىڭ سۇ ئامبىرىغا مۇشۇ يىلى 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئېتىز ـ ئېرىق، ئوتلاق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 13 مىليون 970 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېڭىدىن 666.67 گېكتار يەر ئېچىلدى، 1333.33 گېكتار ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى، 300 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. شەھەرگە تەۋە يېزا ـ بازار كارخانىسى 4778 گە، تىجارەت كىرىمى 480 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 142 مىليون 690 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) بولۇپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %12.57 تۆۋەنلىدى، 2 مىليون 250 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 58.5 كىلوگرام ئالتۇن، 37 مىڭ تونىنا سېمونت، 47 مىليون 640 مىڭ دانە خىش، 400 تونىنا سۈت مەھسۇلاتى، 30 مىڭ 400 تونىنا تۆمۈر رۇدىسى ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 133 مىليون 90 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شەھەر تەۋەسىدە يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 104 مىليون 750 مىڭ ئادەم ـ كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 70 مىليون 60 مىڭ تونىنا كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 880 مىڭ 200 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 19 مىليون 492 مىڭ 900 يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون (بېيتۈن بازىرىدىكى تېلېفونمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 31 مىڭ 350 كە، كۆچمە تېلېفون ئابونېنتى 4244كە يەتتى. بازار سودىسىدا پۇتتۇشۇلگەن سومما 67 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن 139 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 9 مىليون 720 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 630. 2000 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئالتاي شەھىرى ئاپتونوم رايون بويىچە پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىدا ئىلغار شەھەر بولۇپ باھالاندى، مۇشۇ يىلى 12 ـ ئايدا خۇڭدۇڭ يېزىسى ئاپتونوم رايون بويىچە پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار يېزا بولۇپ باھالاندى. شەھەرگە قاراشلىق ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 25 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 14)، ئوقۇغۇچىسى 8025 (مىللىي 4904)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 666 (مىللىي 388)؛ باشلانغۇچ



زور ئاپەتتىن كېيىن ئالتاي شەھىرىدىكى چارۋىچىلار ئات چانىسى بىلەن ئوغۇت توشۇپ، تېرىلغۇغا ئالدىن تەييارلىق كۆرمەكتە.

جېڭىسفان فوتوسى

مەكتەپ 70 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 52)، ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 880 (مىللىي 10 مىڭ 6)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1640 (مىللىي 1123)؛ ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر، كۇرسانتى 101 (مىللىي)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 11 (مىللىي 8). 10- ئاينىڭ 14 - كۈنى ئالتاي شەھىرىنىڭ ھەممە كەنتلەرگە رادىئو - تېلېۋىزىيىنى ئوتاشتۇرۇش خىزمىتى ش ئۇ ئا ر رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. رادىئو - تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %89.99كە يەتتى. شەھەرگە قاراشلىق 15 تېببىي داۋالاش سەھىيە ئاپپاراتى، 511 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 371)، 230 كېمەل كارىۋىتى بار. ئالتاي شەھىرىنىڭ تەنھەرىكەتچىسى خۇئەن 2000 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك دېھقانلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە 90 كىلوگراملىقلار بويىچە چېلىشىشتا 3 - بولدى؛ ئابدۇراخمان ئاسىيا بوكس لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى (ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە تاللاش مۇسابىقىسى) دە 1 - بولدى؛ شەھەر تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسىدە بىر 1 - لىككە، ئۈچ 3 - لىككە ئېرىشتى.

### خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 2176 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئەمگەك ھەققى 6720 يۈەنگە يەتتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 19 مىليون 950 مىڭ يۈەن (يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسىنىڭ 2 مىليون 620 مىڭ يۈەن) گە، جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 13 مىليون 549 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى؛ مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە 12 مىليون 530 مىڭ يۈەن (يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسىنىڭ 2 مىليون 50 مىڭ يۈەن) تۆلەم تۆلەندى، جىسمانىي سۇغۇرتا بويىچە 801 مىڭ 300 يۈەن تۆلەم تۆلەندى، 5 مىليون 297 مىڭ 500 يۈەن چىقىم قىلىندى. ئالتاي شەھىرىدە 8.57 كۋادرات مېتىر چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايون بەرپا قىلىندى. شەھەر بويىچە يېشىللىق بىلەن قاپلانغان كۆلەم 367 گېكتارغا، كۆكەرتىلگەن رايون 292 گېكتارغا، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %3. 34كە، قۇرۇلۇۋاتقان رايوننىڭ كۆكەرتىلىش نىسبىتى %05.32كە يەتتى.

☆ 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 12 دە ئالتاي شەھىرىدىكى قار - مۇز بايرىمى ئاساسلىق ئۆتكۈزۈلىدىغان جاي — «بىنخې» مەيدانىدا داغدۇغىلىق ھالدا يېڭى ئەسىر كوللېكتىپ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ئۈرۈمچى، سانجى، كۈيتۇڭ ۋە ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر)، دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسى ۋە تۈەن - مەيدانلىرىدىن كەلگەن يېڭى توي قىلىدىغان 170 جۈپ قىز - يىگىت، ئالتۇن توي قىلىدىغان 47 جۈپ ئەر - ئايال، كۈمۈش توي قىلىدىغان 44 جۈپ ئەر - ئايال توي مۇراسىمىغا قاتناشتى.

گو سۈگيى

## قابا ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

قابا ناھىيىسى ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 673 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى قابا ناھىيىسىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 77 مىڭ 52 (ناھىيە تەۋەسىدە تۇرۇشلۇق بىڭتۈەن 185 - تۈەن - مەيدانىنىڭ 3280 نوپۇسمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 55 مىڭ 625، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 54 مىڭ 143؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰35.13، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰19.8. ناھىيە بويىچە 20 مىڭ 700 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 10 مىڭ 300 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ

كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 9600 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تېپىدىكى قۇرغاق سوغۇق كىلىماتقا كىرىدۇ.

قابا ناھىيىسى تەۋەسىدە ئاساسلىق 4 دەريا بار. ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ئېقىنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 433 كىلومېتىر كېلىدۇ، يىللىق ئېقىم مىقدارى 10 مىليارد 3 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، سۇ ئېنېرگىيىسىنىڭ نەزەرىيىۋى زاپىسى 535 مىڭ كىلوۋات. دۆلەت مەبلەغ سېلىپ قۇرغان تاغ ئېغىزى ئېلېكتىر ئىستانسىسى پۈتكۈل ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە. قابا ناھىيىسى ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ بىرى. ناھىيە بويىچە ئورمانلاردىكى ياغاچ زاپىسى 11 مىليون 852 مىڭ كۇب مېتىر، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 6.2%. ئاساسلىق دەرەخلەردىن سىبىرىيە شەمشادى، ئاق قارىغاي، سىبىرىيە قىزىل قارىغىيى ۋە ئاق قېيىن قاتارلىقلار بار. ناھىيە تەۋەسىدە دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئەتىۋارلىق ھايۋانلاردىن قوڭغۇر ئېيىق، بۇغا، قارا بۆلغۈن، ئىسپار چاشقان، قانداغاي، قۇندۇز قاتارلىقلار بار؛ ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن قار لەيلىسى، قۇرت ئوت، سوغىگۈل، قانتېپەر، چۈچۈكبۇيا قاتارلىق 200 نەچچە خىلى بار. تەبىئىي بېلىقلار 20 خىلدىن ئاشىدۇ. ئۇلاردىن سىبىرىيە ئوستېر بېلىقى (سېرىق بېلىق)، تايمېن بېلىقى (چوڭ قىزىل بېلىق)، چوڭ ئاق بېلىق، ئىدۇس بېلىقى مەملىكەت بويىچە 4 چوڭ ئەتىۋارلىق بېلىق بايلىقى قاتارىغا كىرىدۇ. ئاشلى مىس كېنىنىڭ مىس زاپىسى 1 مىليون 80 مىڭ توننا، مىس - سىنىك 430 مىڭ توننا، بىللە ھاسىل بولغان ئالتۇن 26 توننا ئىكەنلىكى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاندى. قابا ناھىيىسى تەۋەسىدە مەيلىگاھلاردىن ئۇزۇنلۇقى 28 كىلومېتىر، كەڭلىكى 1.5 كىلومېتىر كېلىدىغان ئېپتىدائىي ئاق قېيىن ئورمان بەلۋېغى ۋە قۇم كۆل، ئاۋازلىق قۇم تاغ، ئاق قابا كەنتى، نارىن يايلىقى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قابا ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ جىنيۇ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: نۇغمار سانسىزباي (قازاق).

ھاكىم: مۆۋلېتبېك ئالىمباي (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: قايسا ئورازبېك (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 28178 | 12.48 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 15043 | 8.32 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 5297 | 14.77 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 7838 | 9.8 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 41203 | —19.05 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 43 | —1.6 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 15739 | 17.53 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 32624 | —9.2 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 9258 | 2.78 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 12181 | 4.08 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 1273 | 10.5 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 6330 | 20.27 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 203 مىليون 620 مىڭ يۈەن.

قىممىتى 201 مىليون 367 مىڭ 200 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 146 مىليون 725 مىڭ 600 يۈەن) بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 0.55% تۆۋەنلىدى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 41 مىڭ 203 توننا ئاشلىق، 9603 توننا ياغلىق دان، 3390 توننا چىپار سەي پۇرچىقى ئېلىندى. شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قېتىم ماشىنا بىلەن پۇرچاق ئورۇش سىناق قىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى. ناھىيە بويىچە 270 گېكتار پەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 620 مىڭ تۈپ مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىلدى. 10 مىڭ 767 توننا گۆش، 8900 توننا سۈت، 620 توننا يۇڭ، 243 مىڭ 200 پارچە تېرە، 15.2 توننا ئۆچكە تىۋىتى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 16 مىليون 13 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 70.1 كىلومېتىر ھەرخىل سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى. 81.2 كىلومېتىر ئۆستەڭ رېمونت قىلىندى، 242 كۆۋرۈك، سۇڭگۈچ، تۇغان ياسالدى، 145 سۇچىلىق ئىنشائاتى رېمونت قىلىندى، 8.95 كىلومېتىر زەيكەش چېپىلدى. 1466.67 گېكتار تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى، سۇغىرىلىدىغان كۆلەم 326.67 گېكتار كۆپەيتىلدى، 1000 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. سۇلياۋ يېپىلغان 7000 ئىسسىق قوتان ياسالدى، 367 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى. تۈلكىلى 1 -، 2 - تارماق ئۆستەڭ يەم - خەشەك بازىسى قۇرۇلۇشىدا 2 يىلدا 1330 گېكتار يەر ئېچىلدى، بۇنىڭغا 9 مىليون 938 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. قابا ناھىيىسى شىنجاڭ كوئېنلۇن چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ قابا «ئالتۇن كالا» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇردى، بۇ شىركەت كالا تۆرەلمىسىنى كۆچۈرۈپ نەسىل ياخشىلاش بويىچە ئۈلگە كۆرسەتمەكتە. شىركەتنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسەلىرىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى، بۇنىڭغا 6 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە مۇشۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كالا نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتىدە ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى. يېزا - بازار كارخانىسى 3623 كە، كىرىمى 157 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 66 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 9 - ئايدا قابا ناھىيىسىدىكى يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشى بىلەن قۇرۇلغان، كۆلىمى 7000 كۋادرات مېتىرلىق چوڭ ئۈنىۋېرسال بازار — دۇڭچۈەن بازىرىدا تىجارەت باشلاندى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 119 مىليون 721 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 76 مىليون 961 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 4.37% ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 34 مىليون 540 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 21 مىليون 680 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 17.34% تۆۋەنلىدى. 5 مىليون 134 مىڭ كىلوۋات - سائەت توك، 292.6 كىلوگرام ئالتۇن، 18 مىليون 500 مىڭ دانە خىش، 9900 توننا سېمونت، 6 مىليون 910 مىڭ توننا ئاق ھاراق، 1100 قۇر كىيىم - كېچەك ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 44 مىليون 870 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شەندۇڭ «جاۋيۈەن چاڭلىن» ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشى بىلەن دولانئاي 2 - نومۇرلۇق كانىنى چوڭقۇر قېزىش تۈرىدە شۇ يىلى 157 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى تىك قۇدۇق قېزىلدى، كۆتۈرۈش ئىقتىدارى كۈنىگە 400 توننىغا يەتتى؛ زاۋۇت ئورنىنى تاللاپ قۇرۇلۇشنى ئۆزگەرتىش جەھەتتىكى ھۈنەر - سەنئەت تەرتىپى، ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەرنى قۇراشتۇرۇش ئىشى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى. شۇ يىلى 975 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، سار بۇلاق يېزىسىدىن دولانئاي ئالتۇن كېنىغا 19.96 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 10 كىلوۋولتلۇق توك سىمى تارتىلدى، قابا تاغ ئاغزى ئېلېكتر ئىستانسىسىدىن ساربۇلاق يېزىسىغا تارتىلغان 42 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى 10 كىلوۋولتلۇق توك سىمى ئالماشتۇرۇلدى. 1 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يېزا ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتىشتە ھەربىر ئائىلىدە بىردىن توك سائىتى بولۇش قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ، 1582 ئائىلىگە توك يەتكۈزۈلدى. يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك تاماملاندى، بۇنىڭغا 31 مىليون 110 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 13 مىليون 940 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 12 مىليون 590 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 950 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون 4916 گە، يانتېلېفون ئابونىتى 569 غا، يىل ئاخىرىدىكى خەلقئارا ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 20 گە يەتتى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 6 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ساياھەتچىلىكتىن 6 مىليون 756 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەردىن 56 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 584. ئوتتۇرا مەكتەپ 18

(مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 12)، ئوقۇغۇچىسى 5471 (مىللىي 3427)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 51 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 31)، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 66 (مىللىي 7485)؛ بالىلار باغچىسى 6، باغچىدىكى بالا 729 (مىللىي 301). ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 399، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 831، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 50. مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 210 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش - تەجرىبە بىناسى ۋە ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە سارىيى پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. يىل ئاخىرىدا رادىئو - تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە يەتتى، رادىئو - تېلېۋىزىيىنى ھەممە كەنتلەرگە ئۇلاش خىزمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. ناھىيە بويىچە 9 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 399 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 155 كارىۋات بار. ناھىيىلىك ئىشتىن سىرتقى بوكس كوماندىسى ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بوكس مۇسابىقىسىدا 2 ئالتۇن مېدال، 4 كۈمۈش مېدال، 2 مىس مېدال ئالدى، كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا 2 - بولدى. قايرات ئىسلام مەملىكەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر بوكس مۇسابىقىسىدە چېمپىيون بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2272 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7974 يۈەنگە يەتتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 790 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 3 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە 600 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتا بويىچە 260 مىڭ يۈەن تۆلەم بېرىلدى. مۇشۇ يىلى ناھىيە بازىرىدىكى 8473 ئادەم (قېتىم) دۆلەتنىڭ قۇتقۇزۇشىغا ئېرىشتى. 450 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىلدى. ناھىيە بويىچە دېھقان - چارۋىچىلاردىن 29 ئائىلىدىكى 401 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. ناھىيە بازىرىنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %32 بولدى. 2000 - يىلى قابا ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەر ئارا «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدە مۇنەۋۋەر ناھىيە بازىرى بولۇپ باھالاندى.

## دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىپ ئاساسىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرى تاماملاندى

1995 - يىلى قابا ناھىيىسى دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلى بىلەن نامرات رايونلارنىڭ ئاساسىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرىدىكى 2 - تۈركۈم ناھىيىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، بۇ تۈر 1995 - يىل 4 - ئايدا باشلىنىپ 2000 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى پۈتتى، بۇنىڭغا 16 مىليون 455 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەت بانكىسىدىن بېرىلگەن قەرز پۇل 6 مىليون 478 مىڭ 300 يۈەن، دۆلەت ئىچىدىن ياندىشتۇرۇلغان مەبلەغ 9 مىليون 977 مىڭ 200 يۈەن. بۇ تۈردە ئاساسلىقى 6 جەھەتتە قۇرۇلۇش قىلىندى، ئۇلار: توپا - تاش قۇرۇلۇشى، سېلىنغان مەبلەغ 13 مىليون 185 مىڭ 600 يۈەن، ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەر قۇرۇلۇشى، سېلىنغان مەبلەغ 838 مىڭ 300 يۈەن، كىتاب، سېلىنغان مەبلەغ 469 مىڭ 300 يۈەن، دەرسخانا پارتا - ئورۇندۇقى، سېلىنغان مەبلەغ 723 مىڭ 300 يۈەن، خادىملارنى تەربىيىلەش، سېلىنغان مەبلەغ 469 مىڭ يۈەن، ئۈچۈرلارنى باشقۇرۇش سىستېمىسى، سېلىنغان مەبلەغ 69 مىڭ 900 يۈەن.

## «زاكاز دېھقانچىلىق»

2000 - يىلى قابا ناھىيىسى «زاكاز دېھقانچىلىق» شەكلىنى قوللىنىش ئارقىلىق، قوغۇن، گازىر تاۋۇزى ۋە چۈچۈكبۇيا قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تۈنجى قېتىم سىناق قىلىپ تېرىپ، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش ئۇسۇلى ئۈستىدە پائال ئىزدەندى. سارتام يېزىسى سىرتتىن كەلگەن سودىگەرلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ زاكاز تۈزدى، ئىشلەپچىقىرىلغان قوغۇننىڭ ھەممىسىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى رايونلارغا سېتىپ، 5 مىليون 900 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى. يەرلىك دېھقانلارنىڭ ھەر بىر گېكتار يەردىن ئالغان ئوتتۇرىچە پايدىسى 900 يۈەندىن ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ۋاسىتىچى خادىملار قوشۇنى يېتىشتۈرۈلدى، قابا ناھىيىسىدە يېزىلاردىكى ۋاسىتىچى 48گە يەتتى.

☆ 9 - ئايدا قابا ناھىيىسى سارىبۇلاق يېزا مەسچىتى مەملىكەت بويىچە ئۈلگە مەسچىت بولۇپ باھالاندى.

لى چىڭ

# بۇرچىن ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

بۇرچىن ناھىيىسى ئالتاي تاغ تىزمىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 620 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس

63 مىڭ 82 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 43 مىڭ 315)، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 44 مىڭ 278؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 13.86‰، ئۆلۈش نىسبىتى 5.32‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.54‰. ناھىيە بويىچە 20 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 9193.3 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 2093.3 گېكتار يەرگە ياغلىق دان زىرائىتى تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى سوغۇق كىلىماتقا كىرىدۇ.

بۇرچىن ناھىيىسىنىڭ سۇ بايلىقى مول، ئېرتىش دەرياسى ۋە ئۇنىڭ تارماق ئېقىنى بولغان بۇرچىن دەرياسى ناھىيە تەۋەسىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. ئۇلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىم مىقدارى 7 مىليارد 472 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. بۇرچىن ناھىيىسى شىنجاڭدىكى نۇقتىلىق ئورمانچىلىق رايونىنىڭ بىرى، ناھىيە بويىچە ئورمان كۆلىمى 147 مىڭ 900 گېكتار كېلىدۇ، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 14.4%. ناھىيە تەۋەسىدە ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن قوڭۇر ئېيىق، سۆلەيسۇن، قارا بۆلۈن، يىلپىز، تاغ تېكىسى، ئاققۇ، ئاق يەلكەنلىك بۈركۈت قاتارلىقلار بار. ئۆستىبىر بېلىق (سىبىرىق بېلىق)، يوغان ئاق بېلىق، براخىمىستاكىس بېلىقى (كىچىك قىزىل بېلىق)، تايمىن بېلىقى (چوڭ قىزىل بېلىق) قاتارلىق 20 نەچچە خىل تەبىئىي بېلىق بار. داڭلىق سەيلىگاھلاردىن قاناس تەبىئىي مەنزىرىلىك رايونى، ياردانلىق، چوڭقۇر ئويلىقىدىكى بالبالار، قىياتاش رەسىملىرى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ بۇرچىن ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ يۇچېڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تالاپقان ئەخمەتباي (قازاق).

ھاكىم: جوماش شاخىدات (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ماخىپىر خاتچان (قازاق، 2 - ئايدا ۋەزىپىدىن يۆتكەلدى)، تۇرسىنبېك سادىقان (قازاق، 2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق،

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 19940 | 8.02 |
| يۈنىلىش ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 6979 | 5 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 6950 | 1.08 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 6011 | 21.75 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 34853 | −3.85 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 36.09 | −7.34 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 18632 | −7.74 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 38281 | 10.33 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 15.6 | 27.14 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 13600 | 10.02 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 14554 | −12 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 1421 | 10.24 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 6868 | 17.18 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى.

چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 187 مىليون 141 مىڭ 100 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 112 مىليون 359 مىڭ 900 يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 4.95% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 34 مىڭ 853 توننا ئاشلىق (يۇرچاق 17 مىڭ 5 توننا)، 4878 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. 300 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 9.33 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، 915 مىڭ 400 تۈپ مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىلدى، تۈت ئەتراپىغا 145 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. ئالاھىدە باقمىچىلىق ئائىلىسى 583 كە يەتتى، ئۇلار باققان توخۇ 125 مىڭ 600، ئۆردەك 13 مىڭ 200، گۆش كەپتىرى 7800، ھەسەل ھەرىسى 1176 ساندۇق، بۇغا 166، بېلىق 650 مىڭ. 8819 توننا گۆش، 7565 توننا سۈت، 247 مىڭ 800 پارچە تېرە، 14 توننا تۆگە يۇڭى، 553 توننا قوي يۇڭى، 6 توننا چۇپۇر، 276 توننا تۇخۇم، 0.72 توننا بۇغا مۈڭگۈزى، 18 توننا ھەسەل ئېلىندى، 204 توننا بېلىق تۇتۇلدى. ئېتىز - ئېرىق، ئوتلاق - سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 12 مىليون 203 مىڭ 300 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 96.8 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 80 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ رېمونت قىلىندى، 97.93 كىلومېتىر زەيكەش چېپىلدى، 18 يۈرۈشلەشكەن سۇچىلىق ئىنشائاتى ياسالدى، 1660 گېكتار ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى، 216 گېكتار يەر رەتلەندى، ناھىيە بويىچە 2060 گېكتار ئۆلچەملىك ئېتىز بەرپا قىلىندى. 860 گېكتار يەردە دائىرە بويىچە مەركەزلىك ئوت - سامان بازىسى بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات بولۇپ 487 گېكتار يەرگە ئوتلاق بەرپا قىلىندى، سۇلياۋ يېپىلغان 271 ئىسسىق قوتان ياسالدى، سۇلياۋ يېپىلغان 225 ئىسسىق قوتان ئۆزگەرتىلدى. «ئۈچنى سىلوسلاش، بىرنى ئاممىياكلاشتۇرۇش» بويىچە 35 مىڭ 200 توننا يەم - خەشەك تەييارلاندى، ئوتلاق سۇغىرىشقا كەلكۈن سۈيى باشلىنىدىغان بىر توما كېڭەيتىپ ياسالدى، بىر ئوتلاق سۇغىرىش ئۆستىڭى ئۆزگەرتىلدى، كەلكۈن سۈيى بىلەن سۇغىرىش ۋە قاشالاش ئارقىلىق 2130 گېكتار ئوتلاق ياخشىلاندى، 30 نەچچە كىلومېتىرلىق 2 كۆچ يولى راۋانلاشتۇرۇلدى، 25 مىڭ 559 جىرەنىنىڭ نەسلى ياخشىلاندى، 9265 نەسىللىك چارۋا تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى، 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى بۇرچىن ناھىيىسىدە 2 - نۆۋەتلىك چارۋا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. يېزا - بازار كارخانىسى 1519 غا، كىرىمى 176 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 149 مىليون 700 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 95 مىليون 560 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 20.47% تۆۋەنلىدى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 42 مىليون 600 مىڭ يۈەن بولۇپ، 21.8% تۆۋەنلىدى. 39 مىليون 954 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 59 مىليون 860 مىڭ دانە خىش، 3900 توننا ئۆلچەملىك ئۇن، 500 توننا سۇ يېغى، 3763 توننا تاللا پاراشوكى، 1854 توننا ئاق ھاراق، 126 مىڭ 800 مېتىر سوكنو، 1109 توننا يۇمشاق ئىچىملىك، 7900 جۈپ خۇرۇم ئاياغ، 56 مىڭ 800 توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىلدى، 248 مىڭ 500 توننا تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەندى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 129 مىليون 910 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. قۇرۇلۇۋاتقان تۈر 64، بۇنىڭ ئىچىدە نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى 16. چوڭقۇر - قاناس ساياھەت يولىنىڭ ئۇلى ۋە كۆۋرۈك، سۇڭگۈچ قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى. تۇغۇنتاي 10 مىڭ كىلوۋاتلىق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 480 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 5318گە، كۆچمە تېلېفون ئابونىتى 638 گە يەتتى. قاناس كۆلى رايونىدا 32 - يول سۈنئىي ھەمراھ ئالاقە لىنىيىسى ئېچىلدى. 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جۇڭگو چاقىرىش ئىستانسىسىنىڭ قاناس پونكىتى قۇرۇلۇپ، قاناس كۆلى رايونىدا چاقىرىش كەسپى بولماسلىقتەك بوشلۇق تولدۇرۇلدى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 20 مىليون 365 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ساياھەتچىلىكتىن 45 مىليون 100 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 512. كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم بىر (خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن قازاق ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپ)، مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 2 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 11 (مىللىي تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 7)، مۇكەممەل باشلانغۇچ مەكتەپ 22 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 12)؛ كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى 80 (مىللىي 60)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 4441 (مىللىي 3252)، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 845 (مىللىي 439)، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 8289 (مىللىي 6343)؛ كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 19 (مىللىي 16)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەخسۇس

ئوقۇغۇچىسى 305 (مىللىي 185)، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەخسۇس ئوقۇغۇچىسى 64 (مىللىي 37)، باشلانغۇچ مەكتەپ مەخسۇس ئوقۇغۇچىسى 604 (مىللىي 425). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 204 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 4892.5 كۋادرات مېتىر، پۈتكەن كۆلەم 3103.5 كۋادرات مېتىر، مۇشۇ يىلى ناھىيە بويىچە ھەممە كەنتلەرگە رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇلاشتۇرۇش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى، رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە يەتتى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن قاناس خەلقئارا ساياھەتچىلىك كوپېراتىپى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان «ئىنسانلارنىڭ پاك دۇنياسى — قاناس» مەنزىرىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھۆججەتلىك فىلىمنىڭ شىنجاڭدىكى تۇنجى قويۇش مۇراسىمى ۋە قاناس مەنزىرىسى فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ناھىيە بويىچە 10 تېببىي داۋالاش مەھكىمە ئاپپاراتى (بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىلىك دوختۇرخانا بىر، يېزىلىق شىپاخانا 7)، 255 كەسپىي تېخنىكا خادىمى، 189 كارىۋات بار. 2000 - يىلى بۇرچىن ناھىيىلىك تەنتەربىيە كوماندىسى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇز تېيىلىش، يېنىك ئاتلېتىكا، چېلىشىش مۇسابىقىلىرىدە 8 ئالتۇن مېدال، 12 كۈمۈش مېدال، 10 مىس مېدال ئالدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2255 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 6975 يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى پېنسىيە سۇغۇرتىسىنى بىر تۇتاش ئەمەللەشكە قاتناشقان دۆلەت كارخانىسى 25، سۇغۇرتىلانغان ئىشچى - خىزمەتچى 1223، يىغىپ تاپشۇرۇلغان پۇل 2 مىليون 646 مىڭ يۈەن؛ دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچى 453، ئۇلارغا 2 مىليون 920 مىڭ يۈەن دەم ئېلىش، پېنسىيە پۇلى بېرىلدى. پېنسىيە سۇغۇرتىسىنى بىر تۇتاش ئەمەللەشكە قاتناشقان كوللېكتىپ كارخانا 14، سۇغۇرتىلانغان ئىشچى - خىزمەتچى 514، يىغىپ تاپشۇرۇلغان پۇل 1 مىليون 410 مىڭ يۈەن؛ دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچى 225، ئۇلارغا 1 مىليون 240 مىڭ يۈەن دەم ئېلىش، پېنسىيە پۇلى بېرىلدى. ناھىيە بويىچە 147 ئورۇندىن 5135 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. يىل ئاخىرىغىچە بازاردىكى قۇرۇلۇۋاتقان رايونلاردىن كۆكەرتىلگەن كۆلەم 142.86 گېكتارغا، بازارنىڭ كۆكەرتىلىش نىسبىتى %29.46كە، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %32.45كە يەتتى. شۇ يىلى 34 مىڭ 301 كۋادرات مېتىر يەر كۆكەرتىلدى، كىشى بېشىغا 7.9 كۋادرات مېتىردىن ئاممىۋى كۆكلەمەيدان توغرا كەلدى. باغچىلاشقان 16 ئورۇن بىلەن كۆكەرتىشتە لاياقەتلىك بولغان 24 ئورۇن ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. 8 - ئايدا بۇرچىن ناھىيىسى ئاپتونوم رايوننىڭ باغۋارانلاشقان شەھەرلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

☆ 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىنجاڭ «تۇنخې» پاي چەكلىك شىركىتى مەبلەغ چىقىرىپ قەرز ئېلىش شەكلى بىلەن بۇرچىن ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتىنى سېتىۋالدى.

☆ 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى بۇرچىن ناھىيىسىدىكى قۇستىق مەسچىتىگە جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتى «مەملىكەت بويىچە ئۈلگىلىك مەسچىت» دەپ نام بەردى.

☆ 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى بۇرچىن ناھىيىسىدىكى چوڭقۇر يېزىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا 20 كىلومېتىر كېلىدىغان بۇرچىن دەرياسى جىلغىسىدىكى قىيالىقتا قىياتاش رەسىملەر توپى بايقالدى. بۇ قىياتاش رەسىملەر توپى 1.5 كىلومېتىر دائىرىگە سوزۇلغان، 300 نەچچە پارچە رەسىمدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئەڭ چوڭى 17 × 15 مېتىر، ئەڭ كىچىكى 20 × 30 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

ۋاڭ جىڭجيې

# جىمىنەي ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

جىمىنەي ناھىيىسى ساۋىر تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، ئېرتىش دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاشيول مۇساپىسى 628 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 5. بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك 10 - شى 186 - تۇەن - مەيدانى ناھىيىنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (186 - تۇەن - مەيداننىڭ نوپۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 36 مىڭ 100 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 22 مىڭ 808)، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 20 مىڭ 44؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰14.32، ئۆلۈش نىسبىتى ‰5.04، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰9.28. ناھىيە بويىچە 13 مىڭ 200 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 3150 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 610 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى سوغۇق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

جىمىنەي ناھىيىسىدە 674 مىڭ 378 گېكتار ئوتلاق بار، ئەلا نەسىللىك چارۋىلاردىن ئاساسلىقى ئالتاي چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى، شىنجاڭ قوڭغۇر قويى، ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي، قازاق ئېتى قاتارلىقلار بار. چوچۇكبويا، سوغۇگۈل، توشقان زەدىكى، چاكاندا، زەمبۇرۇغ قاتارلىق 100گە يېقىن دورىلىق ئۆسۈملۈك بار. قېزىلما بايلىقى 10 تۈر، 28 خىلغا يېتىدۇ، 107 ئورۇندىن چىقىدۇ. ھازىر كۆمۈر، ئالتۇن، تەبىئىي شۇلتا، مەرمەر، سېغىز، شور، گەج قاتارلىقلار ئېچىلىپ پايدىلىنىلىۋاتىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە 10 نەچچە تەبىئىي مەنزىرىلىك جاي، گۇمانىتارلىق ئاسار - ئەتىقە مەنزىرە رايونى (نۇقتىسى) بار، يەنى توقاي قوراس قىياتاش سۈرەتلىرى، سىنتاس كۆلى، قىزىلقايىڭ ئورمانلىقى، لاستى دەريا ۋادىسى سالقىن ساياھەت رايونى، مۇزتاۋ دېگەندەك. چېگرا رايوندا دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك پورت — جىمىنەي پورتى قۇرۇلدى.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ جىمىنەي ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: دەي جيەنشىن.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۆلەمقان جاپپارباي (قازاق).

ھاكىم: پولات بېكدۇللا (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مىڭقالى ئۆمار (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 100 مىليون 262 مىڭ 600 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 53 مىليون 30 مىڭ 900 يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %12. 8 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 18 مىڭ 641 توننا ئاشلىق، 1779 توننا ياغلىق دان، 120 توننا كۆكتات ئېلىندى. 133.3 گېكتار يەرگە سىناق تەرىقىسىدە تاۋۇز گازىرى تېرىلدى، 66.7 گېكتار يەرگە قوغۇن تېرىلدى. 116 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. سىرتقا 59 مىڭ چارۋا سېتىلدى. 4515 توننا گۆش، 2717 توننا سۈت، 332 توننا

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 24375 | 16.46 |
| يۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 7515 | 10.14 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 6093 | 69.3 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 10767 | 2.46 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 18641 | —11.49 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 27 | 4.09 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 5600 | 11.84 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 12278 | 1.73 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 2002 | 314 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 5656 | 13.46 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 8213 | —0.5 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 520 | 17.65 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 5413 | 17.24 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى.

يۈەن، 151 مىڭ 900 پارچە تېرە، 176 توننا تۇخۇم ئېلىندى، 14 توننا بېلىق تۇتۇلدى. ئېتىز - ئېرىق سۇچېلىق قۇرۇلۇشىغا 8 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 18 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 60 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ رېمونت قىلىندى، 5 كىلومېتىر زەيكەش قېزىلدى، يۇقىرى ئۈنۈملۈك 70 سۇچېلىق قۇرۇلۇشى ياسالدى، 2666.67 گېكتار يەرنىڭ سۇغىرىلىش شارائىتى ياخشىلاندى. 666.7 گېكتار يەرنى يۈرۈش سۇغىرىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى، ناھىيە بويىچە يۈرۈش سۇغىرىلىدىغان يەر 3106.7 گېكتارغا يەتتى. 333.3 گېكتار يەردە يازغى يۇغداي ئۆرۈۋقى بازىسى، 200 گېكتار يەردە ئەلا سۈپەتلىك مەخسۇس يۇغداي ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلدى. 2140 گېكتار يەرگە ئوت تېرىلدى، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئۆگزىلىك قوتاندىن 31نى، 34 كىلومېتىر چارۋا يولى ياسالدى. 201 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى ۋە يېرىم ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى. يېزا - بازار كارخانىسى 673كە، تىجارەت كىرىمى 93 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 64 مىليون 230 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 36 مىليون 200 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 9.64% ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 12 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 15.26% ئاشتى. 16 مىليون 910 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 62 مىڭ 216.6 توننا كۆمۈر (نوخاي كۆمۈر كېنىنىڭ كۆمۈرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 37 مىڭ توننا سېمونت، 9 مىليون 800 مىڭ دانە خىش، 40 توننا ئاق هاراق، 2046 توننا ئۇن، 39 توننا سۇ يېغى ئىشلەپچىقىرىلدى، 410 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەندى. تۇراقلىق مۈلۈككە 30 مىليون 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئىش باشلانغان قۇرۇلۇش 41، يېڭىدىن ۋە داۋاملاشتۇرۇپ سېلىنىۋاتقان بىنا 20، ئۇنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 43 مىڭ 962 كۋادرات مېتىر. ناھىيە بازىرىدا 9400 كۋادرات مېتىر يول قاتتىقلاشتۇرۇلدى، 10 كىلومېتىر پىيادىلەر يولى ئاسفالتلاشتۇرۇلدى، 402 دانە يول چىرىغى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ مۇئەسسەسى ياخشىلاندى، 30 مىڭ كۋادرات مېتىر تار كوچا يولى كېڭەيتىلدى ۋە ئاسفالتلاشتۇرۇلدى، كۆكەرتىلگەن يەر 30 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى، 4590 تۈپ كۆچەت تىكىلدى، بۇلارغا 2 مىليون 794 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە يېزا - بازارلاردا 23.2 كىلومېتىر يول يېڭىدىن ياسالدى. 74 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بەستىرەك يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سۈنى ياخشىلاش - كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، 3300 ئادەم ۋە 58 مىڭ چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۈيى مەسىلىسى ھەل قىلىندى. 17 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى. 138 كىلومېتىر توك سىمى تارتىلدى، 134 كىلومېتىر توك سىمى ئۆزگەرتىلدى، 36 ترانسفورماتور يەڭگۈشلەندى. ناھىيە بويىچە 41 مەمۇرىي كەنتتە يول، توك، سۇ راۋانلاشتى. بۇ بىر يىلدا جىمىنەي پورتىدىن ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مال 117 مىڭ توننىغا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 45%، ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 132 مىليون 40 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 59% ئاشتى. ناھىيىلىك چېگرا سودا كارخانىلىرى ئىمپورت - ئېكسپورت قىلغان مال 18 مىڭ 707 توننىغا يېتىپ، 298% ئاشتى؛ ئىمپورت - ئېكسپورت سودا سوممىسى 20 مىليون 20 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 314% ئاشتى. جىمىنەي ناھىيىسى جياڭسۇلۇق سودىگەرلەر بىلەن 15 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ چېگرا سودا بازىرى قۇرۇش توغرىسىدا ھەمكارلىق تۈزدى، بۇ تۈردە قۇرۇلۇش قىلىنماقتا. تاشيولدا توشۇلغان يۈك 91 مىڭ 372.5 توننىغا، تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى 46 مىڭ 243 كە يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 6 مىليون 25 مىڭ يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون 4094كە، يانتېلېفون ئابونېنتى 955كە يەتتى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 8 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە، بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سوممىسى 11 مىليون 77 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى. ساياھەتچىلىكتىن 1 مىليون 620 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 339. ئوتتۇرا مەكتەپ 9 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 7)، ئوقۇغۇچىسى 2819 (مىللىي 1863)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 10 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 6)، ئوقۇغۇچىسى 4323 (مىللىي 3267)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 185. خىزمەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 285 (مىللىي 204). خىزمەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 451 (مىللىي 325). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 550 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، دۆلەتنىڭ نامرات رايونلاردىكى مەجبۇرىيەت مائارىپى قۇرۇلۇشى بويىچە بۇ بىر يىلدا 9 تۈردە ئىش باشلاندى، بۇنىڭغا 4 مىليون 550 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 5554 كۋادرات مېتىر مەكتەپ ئۆي - ئىمارىتى سېلىندى، 3 يىلدا جەمئىي 18 مىليون 880 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانى ئومۇميۈزلۈك ئورۇندالدى. رادىئو — تېلېۋىزىيىنىڭ

نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95%كە يەتتى، يىل ئاخىرىدا ھەممە كەنتلەرگە رادىئو - تېلېۋىزىيىسىنى يەتكۈزۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. يېزا - بازارلىق مەدەنىيەت پونكىتىدىن 3ى، كەنت مەدەنىيەت ئۆيىدىن 6 سى يېڭىدىن سېلىندى ۋە ئۆزگەرتىپ سېلىندى. ناھىيە بويىچە 10 تېببىي داۋالاش سەھىيە ئاپپاراتى، 216 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 165)، 100 كارىۋات بار. 6642 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى «دۆلەتلىك تەنتەربىيەدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 93% بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1670 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 5641 يۈەنگە يەتتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 95 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 2 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە 551 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتا بويىچە 195 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. مۇشۇ يىلى 231 ئائىلىدىكى 1309 نامرات نوپۇسنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسى، ئىش كۈتۈپ تۇرغان 731 ياش ۋە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. ناھىيە بازىرىدا چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايون كۆلىمى 10.8 كۋادرات كىلومېتىرغا، باغۋارانلاشتۇرۇلغان كۆلەم 89 گېكتارغا يەتتى.

ليۇشۇشيا، ۋاڭ لىجى

# بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە، ئالتاي پايلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 637 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 5. يىل ئاخىرىدا ناھىيىگە تەۋە نوپۇس 51 مىڭ 911 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 26 مىڭ 498)، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 32 مىڭ 96؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 13.12‰، ئۆلۈش نىسبىتى 2.93‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.19‰. ناھىيە بويىچە 15 مىڭ 870 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 3530.2 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 2722 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. تۈزلەڭلىك رايونلارنىڭ كىلىماتى قۇرغاقلىق تىپىدىكى ئوتتۇراھال مۆتىدىل بەلۋاغ كىلىماتىغا كىرىدۇ.

بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىدە مەملىكەتكە داڭلىق ئالتاي چوڭ قۇيرۇقلۇق قوي (بۇرۇلتوقاي چوڭ قۇيرۇقلۇق قوي) بار. سۇ يۈزى كۆلىمى 100 نەچچە مىڭ گېكتار كېلىدىغان ئۇلۇنگۇر كۆلى بار، ئۇنىڭدىن بايقال لوككا بېلىقى، شەرق ياپىلاق بېلىقى قاتارلىق 20 نەچچە خىل بازارلىق بېلىق چىقىدۇ. كېپەك ئالتۇن، ياقۇت، چىرىستال، كۋارتىس، لىتىي رۇدىسى، بېرىللىي رۇدىسى، ئاقسىل توپىسى قاتارلىق مول قېزىلما بايلىق بار. ئۇلۇنگۇر كۆلى، ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى «كېپىنەك جىلغىسى»، ئالاشەن ئارشاڭلىرى داڭلىق سەيلىگاھ ھېسابلىنىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: خۇ جىدۇڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئىسلامقان ئابلاق (قازاق).

ھاكىم: مىزامقان سانسىزباي (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: قايشا ئابدۇماجىن (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 208 مىليون 957 مىڭ 700 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 120 مىليون 478 مىڭ 200 يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 4.95% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 19 مىڭ 329 توننا ئاشلىق، 2854 توننا ياغلىق دان، 43 مىڭ 907 توننا بېدە ئېلىندى. 349 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 8136 توننا گۆش، 3884 توننا سۈت، 756 توننا قوي يۇڭى، 80 توننا تۆگە يۇڭى، 12.9 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 27 مىڭ 84 پارچە ئۆچكە تېرىسى، 124 مىڭ 281 پارچە قوي تېرىسى ئېلىندى، 3215 توننا بېلىق تۇتۇلدى. ناھىيە بويىچە ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 11 مىليون 370 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 101.05 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى. 90.5 كىلومېتىر زەيكەش، 77.22 كىلومېتىر ئۆستەڭ چېپىلدى، 258 سۇچىلىق ئىنشائاتى قۇرۇلدى، 37 چوڭ ئېغىزلىق قۇدۇق، 41 چارۋىچىلىق قۇدۇقى قېزىلدى. 2000 گېكتار بوز يەر ئېچىلدى، سۇغىرىلىدىغان كۆلەم 666.67 گېكتار كۆپەيتىلدى. 333.33 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى، 1250 گېكتار ئوتلاق

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 39096 | 4.5 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 15502 | 3 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 8027 | 5.9 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 15567 | 5.4 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 18296 | -3.92 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 39.6 | 2.86 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 39925 | 12.05 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 43233 | —54.91 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 22.9 | —71.92 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 18288.1 | 6.52 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 17755 | 15.81 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 1612 | 18.36 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 6400 | 14.22 |

ياخشىلاندى، 1005.33 گېكتار يەرگە ئوت - چۆپ تېرىلدى. يېزا - بازار كارخانىسى 2510 غا، كىرىمى 375 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 103 مىليون 961 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 63 مىليون 920 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 47.39% تۆۋەنلىدى. 9 مىليون 970 مىڭ كىلوۋات - سائەت توك، 35 مىڭ 300 توننا سېمونت، 1362 توننا تۇز، 21 مىليون 900 مىڭ دانە خىش، 45.6 كىلوگرام ئالتۇن، 230 توننا ئىسپىرت، 2100 توننا ئۇن، 19 مىڭ 80 قۇر كىيىم (خۇرۇم كىيىم 573 قۇر)، 3496 كۇب مېتىر سۇنئىي تاختاي ئىشلەپچىقىرىلدى. خاكۇ يەم - خەشەك بازىسى قۇرۇشقا 1 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇرۇلتوقاي ئېلېكتر ئىستانسىسى ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىشكە 31 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى. ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە 9852 كۋادرات مېتىرلىق سىنىپ ۋە تەجرىبىخانا، 2720 پارتا - ئورۇندۇق كۆپەيتىلدى. مۇشۇ يىلى بۇرۇلتوقاي كانچىلىق ئىدارىسى جېجياڭدىكى يەككە تىجارەتچىلەر بىلەن بىرلىشىپ ئالتۇن كان ئاچتى، بۇنىڭغا 6 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى؛ بۇرۇلتوقاي كانچىلىق چەكلىك شىركىتى جېجياڭدىكى يەككە تىجارەتچىلەر بىلەن بىرلىكتە مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇپ، ھەمكارلىشىپ تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى، بۇنىڭغا 6 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى؛ بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات شىركىتى ۋېيخەي «خەيلى» شىركىتى بىلەن بىرلىكتە ھايۋانات خوندروئىتىنى ئىشلەپچىقاردى، بۇنىڭغا 5 مىليون 190 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى؛ بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك كانچىلىق چەكلىك شىركىتى شېنجېندىكى يەككە تىجارەتچىلەر بىلەن بىرلىكتە ئۈنچە - مەرۋايىت پىششىقلاش زاۋۇتى قۇردى، بۇنىڭغا كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 18 مىليون يۈەن؛ بۇرۇلتوقاي كانچىلىق ئىدارىسى «ياۋا ئات» ھەسسىدارلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بىلەن بىرلىكتە قىزىلتاغ ئاغزى 1 - نومۇرلۇق ئالتۇن كانىنى ئاچتى. بۇنىڭغا 8 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى؛ بۇرۇلتوقاي سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى بېيجىڭ «گۇەنسەنيالۇ» چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بىلەن بىرلىكتە چوڭ كۆمۈش بېلىقنى كۆپەيتتى، بۇنىڭغا 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى، بۇرۇلتوقاي سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى

خىبىي «تيەنلۇڭ» سۇ مەھسۇلاتلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بىلەن بىرلىكتە سازلىق ئېركەك بېلىقىنى پەشقەلاپ سانتى، بۇنىڭغا 6 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى؛ بۇرۇلتوقاي ناھىيىلىك ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئىشخانىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك «نىيۇتۇ» شىركىتى بىلەن بىرلىكتە قۇم - تاش ماتېرىياللىرىنى قېزىپ تاسقىدى، بۇنىڭغا 6 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 51 مىليون 60 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 29 مىليون 400 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 5 مىليون 770 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 578 مىڭ 600 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 479 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 7416 (يېزا - كەنتلەرنىڭمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) گە يەتتى، بازار سودىسىدا پۇتتۈشۈلگەن سوما 27 مىليون 482 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ساياھەتچىلىكتىن 15 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى، ساياھەتچى 100 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 491. بۇ بىر يىلدا ۋىلايەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسى 2 سى تاماملاندى، ئۇلار: 990A كېسەللىككە قارشى تۇرۇش دورىسى ۋە 902 بىئولوگىيىلىك قۇرت ئۆلتۈرۈش دورىسى (ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك). ئالتاي چوڭ قۇيرۇقلۇق قويىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش (دۆلەت دەرىجىلىك). مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 2 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر)، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر (مىللىي ۋە خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ)، 9 يىللىق تولۇقسىز مەكتەپ 10 (مىللىي مەكتەپ 4)، مۇكەممەل باشلانغۇچ مەكتەپ 30 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 13)، ئوقۇتۇش نۇقتىسى 41؛ ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ743 (مىللىي 5407)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 328 (مىللىي 149)، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 53 (مىللىي 36)، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 730 (مىللىي 430). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە يەتتى. يېزا - بازار مەدەنىيەت مەركىزى 3، شۇ يىلى قۇرۇلغىنى 2. ناھىيە بويىچە 11 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (ئۇلارنىڭ 4ى ناھىيە بازىرىدىكى دوختۇرخانا، شىپاخانا، 7 سى يېزا، مەيدان شىپاخانىسى)، 328 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 188 كارىۋات بار. مەملىكەتلىك تەنتەربىيە مەكتەپلىرى ئارا «خۇيفېڭ لوڭقىسى» نى تالىشىش بېيىنىڭ ئالىيتكا مۇسابىقىسىدە، بۇرۇلتوقاي كوماندىسى 400 × 4 مېتىرلىق كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە كوللېكتىپ كۈمۈش مېدال ئالدى، تەنھەرىكەتچى گۈمىڭ 800، 1500 مېتىرغا يۈگۈرۈشتە بىردىن ئالتۇن مېدال ئالدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسىدە تەنھەرىكەتچى مىراش 5 ئالتۇن مېدال ئالدى، 2 تۈردە ئاپتونوم رايوننىڭ رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى سەۋىيىسىگە يەتتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2671 يۈەنگە، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1978 يۈەنگە يەتتى. دۆلەت ئورۇنلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 8250 يۈەنگە، كوللېكتىپ ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 6757 يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كەسپىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 1 مىليارد 119 مىليون يۈەنگە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 305 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 6 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە 723 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى، جىسمانىي سۇغۇرتا بويىچە 1 مىليون 900 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى ۋە چىقىم قىلىندى. ناھىيە بويىچە ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئورۇن 67 (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئورنى 48، كوللېكتىپ ئورۇن 19)، ياشانغانداكۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى پۇلىدىن بىر تۇتاش يىغىلغىنى 4 مىليون 590 مىڭ يۈەن، چىقىم قىلىنغان پېنسىيە پۇلى 3 مىليون 920 مىڭ يۈەن. 123 نامرات ئائىلىدىكى 693 كىشى يۆلىنىپ، ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە باغۋارانلاشتۇرۇلغان كۆلەم 8.146 گېكتارغا يەتتى.

☆ 1 - ئايدا قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىگە «3 - قېتىملىق مەملىكەتلىك شەھەر مۇھىتىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەشتىكى ئىلغار ناھىيە» دەپ، گاۋبىڭ، چېڭ يىڭشياڭلارغا «3 - قېتىملىق مەملىكەتلىك شەھەر مۇھىتىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەشتىكى ئىلغار شەخس» دەپ نام بەردى؛ 5 - ئايدا قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى قۇرمانبېككە «مەملىكەت بويىچە كەنت - بازارلار قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار خىزمەتچى» دەپ نام بەردى.

☆ 2 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىگە 1999 - يىللىق ئاپتونوم رايون بويىچە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا ئىلغار ناھىيە دەپ نام بەردى؛

11 - ئايدا بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئىلغار ناھىيە بولۇپ، 12 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىدا ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى.

شۈي جيەن

# كۆكتوقاي ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

كۆكتوقاي ناھىيىسى ئالتاي تېغىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 480 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 81 مىڭ 982 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 60 مىڭ 775)، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 53 مىڭ 799؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9.27‰، ئۆلۈش نىسبىتى 3.57‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.53‰. ناھىيە بويىچە 14 مىڭ 465.4 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 6990 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 932 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى قۇرغاقلىق تىپىدىكى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ سوغۇق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

كۆكتوقاي ناھىيىسى تەۋەسىدە ئاساسلىق دەريا - ئېقىنلاردىن ئېرتىش دەرياسى بىلەن ئۇلۇنغۇر دەرياسى بار. يىللىق ئېقىن مىقدارى 4 مىليارد 350 مىليون كۇب مېتىرغا، سۇ ئېنېرگىيىسى زاپىسى 938 مىڭ كىلوۋاتقا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ يىللىق ھەرىكەتچان زاپىسى 4 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ئورمان كۆلىمى 103 مىڭ 700 گېكتار، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 3.07%. ئاساسلىق دەرەخلەردىن: شىنجاڭ بال قارىغىيى، شىنجاڭ شەمشادى، ئاق قېيىن قاتارلىقلار بار. پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق 4 مىليون 799 مىڭ گېكتارغا يېتىدۇ. دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن موڭغۇلىيە ياۋا ئېتى، موڭغۇلىيە - شىنجاڭ قۇلانى، قاغشارلىق بۆكەن؛ 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن ئارقار، جەرەن قاتارلىقلار بار. دورىلىق ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن قار لەيلىسى، قانتېپەر، چۈچۈكبۇيا، گۈلسامساق، قۇرتئوت، ھەمىڭ قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئالتۇن، ياقۇت، خرۇستال، مىس، نىكېل، چىرىمتال قاتارلىقلار بار. سەيلىگاھلاردىن قاراماي تېغى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، ئېرەكساي يەر تەۋرەش ئۆزۈلمە بەلۋېغى — «رەڭدار شەھەر» قاتارلىقلار بار. كۆكتوقاي ناھىيىسىدە دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ئاچاتوياقلىق دىنازاۋۇر — «قاراماي دىنازاۋۇرى»نىڭ تاشقاتمىسى تۇنجى قېتىم بايقالدى.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

جكپ كۆكتوقاي ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاۋ گومىڭ (8 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، شۈي چېڭجى (8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: دائىستان تاتاي (قازاق).

ھاكىم: مانىڭ زەينىل (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: كورتباي ماناڭ (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 267 مىليون 898 مىڭ 600 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 146 مىليون 447 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 1.12% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 30 مىڭ 998 توننا ئاشلىق، 1389 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. 168 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 12 مىڭ 973 توننا گۆش، 16 مىڭ 464 توننا سۈت، 20.14 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 76 توننا تۆگە يۇڭى، 369 مىڭ 100 پارچە قوي تېرىسى، 21 مىڭ 600 پارچە كالا تېرىسى ئېلىندى. 30 توننا بېلىق تۇتۇلدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 10 مىليون 256 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 133.33 گېكتار ئوتلاق بەرپا قىلىندى، 513 ئىسسىق ئېغىل - قوتان ياسالدى، 482 چارۋىچىلار ئولتۇراق ئۆي سېلىندى، 482 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە يېزا - بازار كارخانىسى 3192 گە، خادىمى 7488 گە، كىرىمى 234 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 221 مىليون 124 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 200 مىليون 828 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 9.2% تۆۋەنلىدى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 97 مىليون 865 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، 19.23% ئاشتى. 116 مىليون 654 مىڭ 900 كىلوۋات سائەت توك، 44 مىڭ 700 توننا سېمونت، 20 مىليون 450 مىڭ دانە خىش، 83.5 كىلوگرام ئالتۇن، 230 مىڭ 250 توننا تۆمۈر رۇدىسى، 13 مىڭ 793.6 كۋادرات مېتىر كۆن - خۇرۇم، 1350 قۇر خۇرۇم كىيىم،

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 28456 | 2.85 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 11460 | 4 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 10848 | —2.6 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 6148 | 11.5 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 30998 | —12.74 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 70.02 | 2.67 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 21656 | —24.26 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 33136 | 10.63 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 11597.1 | 7.04 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 20998 | 10.52 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 1855 | —7.48 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 6451 | 16.82 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، شۇ يىللىق باھا بويىچە 501 مىليون 880 مىڭ يۈەن.

0.15 توننا ئۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 64 مىليون 870 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىغىچە مۇڭكۇ تۆمۈر كېنىدا 107 مىڭ توننا رۇدا قېزىلدى. شاكۇ سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىغا 26 مىليون 510 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىندى. يېڭى قۇرۇلغان تۈرلەر: يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش، سېلىنغان مەبلەغ 28 مىليون 207 مىڭ يۈەن، ئىشخانا بىناسى ۋە سودا بىناسىنى سېلىش، سېلىنغان مەبلەغ 13 مىليون يۈەن. قۇرۇلۇۋاتقان تۈرلەر: كۆكتوقاي ناھىيىسى بىلەن «1. ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ھەمكارلىشىپ مەبلەغ سالغان كارخانا — مېڭكۇ تۆمۈر كېنى، سېلىنغان مەبلەغ 17 مىليون 100 مىڭ يۈەن؛ سىرتنىڭ مۇستەقىل ھېساباتى قىلىدىغان كارخانىسى كۆكتال قوغۇشۇن - سىنىك كېنىنى ئېچىش، سېلىنغان مەبلەغ 10 مىليون يۈەن؛ كۆكتال رۇدا تاللاش كېنىنىڭ قۇرۇلۇشى، سېلىنغان مەبلەغ 7 مىليون يۈەن. بۇ بىر يىلدا ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىدىن 12سى ئىمزالاندى، بۇنىڭغا 60 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 30 مىليون 400 مىڭ يۈەن.

يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 29 مىليون 900 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى، 160 مىڭ يولۇچى توشۇلدى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 6 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفوننىڭ ئەمەلىي كوممۇتاتور سىغىمى 6853 توچكىغا، يانتېلېفون ئابونىتى 900گە يەتتى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 3 مىليون 430 مىڭ يۈەن (دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ 1 مىليون 880 مىڭ يۈەن، خىمىيىۋى ئوغۇتنىڭ 1 مىليون 550 مىڭ يۈەن) گە، دېھقانچىلىق بازىرىدا يۈرۈشلەشكەن سومما 49 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ساياھەتچىلىكتىن 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى، ساياھەتچى 35 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 517. 5 - ئايدا كۆكتوقاي ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون) لەرنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن

ئۆتتى. باشلانغۇچ مەكتەپ 37 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 28)، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 446 (مىللىي 9501)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 13 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 7)، ئوقۇغۇچىسى 4471 (مىللىي 2979)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 250 (مىللىي 115)؛ ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر، كۇرسانتى 20. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 419، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 1064، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 60. مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 783 مىڭ 900 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە 11 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 300 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 207)، 164 كارىۋات بار. ئالتاي ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن چېلىشىش مۇسابىقىسىدە كۆكتوقاي ناھىيىسى تەنھەرىكەتچىلىرى بىر ئالتۇن مېدال، بىر كۈمۈش مېدال، 3 مىس مېدال ئالدى؛ قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسىدە كوللېكتىپ 1 - بولدى، 6 ئالتۇن مېدال، 4 كۈمۈش مېدال، 2 مىس مېدال ئالدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 2224 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 6947 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە سۇغۇرتا كەسپىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 100 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 2 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە 700 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتا بويىچە 830 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. ناھىيە بويىچە 2756 كىشى پاشانغاندا كۈتۈنۈش ئىجتىمائىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. بۇ بىر يىلدا 950 ئائىلىدىكى 5716 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇلدى. 10 كورپۇس، 24 مىڭ 155 كۋادرات مېتىرلىق ئاھالىلەر تۇرالغۇ بىناسى سېلىندى، بۇنىڭغا 15 مىليون 540 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇ بىر يىلدا مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى چەكلىك مۇددەتتە تۈزەش تۈرىدىن 5ى تاماملاندى، بۇنىڭغا 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1235.9 مېتىر يۇندا تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى. ناھىيە بويىچە باغۋارانلاشتۇرۇلغان كۆلەم 153 گېكتارغا، ناھىيە بازىرىنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 30.6%كە يەتتى.

☆ 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى كۆكتوقاي ناھىيىسىگە گوۋۇيۈەن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى «مەملىكەت بويىچە «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» تا ئۈلگە ناھىيە» دەپ نام بەردى.

توقان سېيتباتال

# چىڭگىل ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

چىڭگىل ناھىيىسى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىي چېتىگە، ئالتاي تېغىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 530 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق يېزا 5، بازار 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 53 مىڭ 823 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 43 مىڭ 920)، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 41 مىڭ 56؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 14.73‰، ئۆلۈش نىسبىتى 5.35‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.38‰. ناھىيە بويىچە 11 مىڭ 926.67 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 6240 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 413.33 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تېپىدىكى سوغۇق قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

چىڭگىل ناھىيىسىدە 39 مىڭ 674 گېكتار تەبىئىي ئورمان بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن قۇندۇز دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان ھېسابلىنىدۇ، قۇندۇز تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى تەسىس قىلىندى. بەيتىك تېغى ئەتراپىدا تۇياقلىق ھايۋانلار تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر 100 خىلدىن ئاشىدۇ، ئاساسلىقى زەمبۇرۇغ، چاكاندا، قار لەيلىسى، گۈلسامساق، ھەڭ قاتارلىقلاردۇر، قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى كۆمۈر، چىرىستال، كېپەك ئالتۇن، ياقۇت، ھاك تېشى، مەرمەر، گرانىت تاش، سېرپېنتىن قاتارلىقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە سېرپېنتىن رۇدىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان زاپىسى شىنجاڭ بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرىدۇ. سەيلىگاھلاردىن سەندۇقەيزى قەدىمىي قەبرىستانلىقى، ئەرتەي يەر تەۋرەش ئۆزۈلمە بەلۋېغى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ چىڭگىل ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ يۈن (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ياڭ يۇچىڭ (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئوڭغاربېك قاشلەن (قازاق).

ھاكىم: پاتىقان مالىكجىدار (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: قۇرمانبېك نايمانبېك (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 149 مىليون 191 مىڭ 200 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 86 مىليون 969 مىڭ 200 يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %5.03 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 25 مىڭ 851 توننا ئاشلىق، 788 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. 143 گېكتار پەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 6219 توننا گۆش، 4120 توننا سۈت، 443 توننا يۇڭ، 164 مىڭ 560 پارچە تېرە، 43.95 توننا ئۆچكە تىۋىتى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 13 مىليون 821 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. سۇغىرىلىدىغان كۆلەم 133 گېكتار كۆپەيتىلدى، 586.67 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى، 325 سۇلياۋ يېپىلغان قوتان ياسالدى، 10 نەسىللەندۈرۈش پونكىتى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 360 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى ۋە يېرىم ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى. يېزا - بازار كارخانىسى 2275كە، كىرىمى 120 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 49 مىليون 860 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 34 مىليون 100 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %46.21 ئاشتى. يېزىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 16 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %52.4 ئاشتى. 9 مىليون 640 مىڭ 700 كىلوۋات سائەت توك، 10 مىڭ 200 توننا كۆمۈر، 8600 توننا سېمونت، 500 توننا كوكس، 2100 توننا ئۇن، 21.77 كىلوگرام ئالتۇن، 800 مىڭ دانە خىش، 10 مىڭ 807 كۇۋادرات مېتىر تاش ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىلدى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 20 مىليون 990 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 18مىليون 327 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى (ناھىيە تەۋەسىدىكىسىنى كۆرسىتىدۇ). پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 513 مىڭ 200 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 947 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 3747 گە، يانتېلېفون ئابونېنتى 613كە يەتتى، بازار سودىسىدا پۇتتۇشۇلگەن سوما 16 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ساياھەتچىلىكتىن 3 مىليون 560 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 23369 | 7.57 |
| يۈنىلىش ئىچىدە: | 1 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 11938 | 6.23 |
| | 2 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 3556 | 5 |
| | 3 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى(تۈمەن يۈەن) | 7875 | 11.72 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 25851 | 16.24 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 41.16 | 0.73 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 9388 | −6.78 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 23068 | −3.88 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 171.78 | 1.46 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 6836.2 | 0.53 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 8112 | 11.43 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 560 | 8.95 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 5653 | 18.24 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 130 مىليون 170 مىڭ يۈەن.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 470. بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 150 (مىللىي 75)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 24 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 15)، ئوقۇغۇچىسى 8902 (مىللىي 7746). باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 618 (مىللىي 453)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 14 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 10)، ئوقۇغۇچىسى 4654 (مىللىي 3425)، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 302 (مىللىي 216). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 574 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئو ۋە تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %92.5كە يەتتى. 11 - ئايدا ھەممە كەنتلەرگە رادىئو، تېلېۋىزىيىسىنى يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. ناھىيە بويىچە 10 تىببىي داۋالاش سەھىيە ئاپپاراتى (دوختۇرخانا بىر، شىپاخانا 7)، 228 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 160 كارىۋات بار. 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چىڭگىل ناھىيىسى دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى. شۇ يىلى ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى بىر ئالتۇن مېدال، بىر كۈمۈش مېدال ئالدى.

### خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1944.22 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 3566 بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 6500 يۈەنگە يەتتى. تۇرلۇك مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 58 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 482 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى؛ جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 3 مىليون 6000 يۈەنگە يەتتى، 365 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. 318 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر يەر باغۋارانلاشتۇرۇلدى، 2 ئاممىۋى ھاجەتخانا سېلىندى، 20 مىڭ 889.94 كۋادرات مېتىر ئەرزان، ئەپلىك ئۆي قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى. بۇ بىر يىلدا 19 مىڭ 910 ئادەم (قېتىم) دۆلەتنىڭ قۇتقۇزۇشىغا ئېرىشتى، ئۇلارغا 1 مىليون 370 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىلدى.

لى خۇي

# بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى

### ئاساسىي ئەھۋالى

بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەڭرىتاغنىڭ غەربىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان. ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت بورتالا شەھىرىدە. شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولى ئوبلاستنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 140 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ئوبلاستقا قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (ھەڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 5 - شىسىنىڭ ئوبلاست تەۋەسىدىكى نوپۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 413 مىڭ 700 (ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 137 مىڭ 500)، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 281 مىڭ 600؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰13.07، ئۆلۈش نىسبىتى ‰4.08، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰8.99. ئوبلاست بويىچە 71 مىڭ 500 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 22 مىڭ 400 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 45 مىڭ 700 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى شىمالىي مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

ئوبلاست تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ مىقدارى 2 مىليارد 353 مىليون كۇب مېتىر، تۇزلەڭلىكلەردىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ مىقدارى 1 مىليارد 75 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. ئوبلاست بويىچە ئورمان كۆلىمى 202 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %7.48كە يېتىدۇ. ئاساسلىق دەرەخلەردىن تەڭرىتاغ شەمشادى، قارلىق چوققا شەمشادى، تەڭرىتاغ قېيىنى، موڭغۇلىيە قارىغىيى قاتارلىقلار بار. 1 مىليون 697 مىڭ 300 گېكتار تەبىئىي ئېسىل ئوتلاق بار. ئوبلاست تەۋەسىدە 39 خىل ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋان بار، بۇلارنىڭ ئىچىدە دۆلەت تەرىپىدىن 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلار قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنلىرى قارا بۆكەن، يىلپىز، تاغ ئۆچكىسى، قۇندۇز، بۈركۈت، چوڭ دوغداق قاتارلىق 9 خىل، 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلار قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنلىرى قوڭۇر ئېيىق، سۆسەر، قاما، بۇغا، ئاققۇ، ئېگىز تاغ ئۆلارى قاتارلىق 26 خىل. شىنجاڭ سالاماندىراسى دۇنيادىكى يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان ھايۋانلار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. ئوبلاست تەۋەسىدىكى دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر 413 خىل بولۇپ،

ئاساسلىقى چۇچۇكبۇيا، چاكاندا، قىرىقسىز، جىغان، توشقان زەدىكى، يەرمەدىكى، ئالقات، لوپنۇر كەندىرى، سوغىسگۈل قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن تۇز، فوسفور، پېرلىيىت، مەرمەر، گرانىت تاش، ھاك تېشى، گەج، ۋولفرام، مىس، قوغۇشۇن، سىنىك قاتارلىقلار بار. ئوبلاست تەۋەسىدە گەنجىياخۇ ئاق سۆكسۆك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، شىنجاڭ سالاماندىراسى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ۋە ئېبىنۇر كۆلى سازلىق تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇلدى، بۇ مۇھاپىزەت رايونلىرىنىڭ كۆلىمى 30 مىڭ 700 گېكتار كېلىدۇ. ئاساسلىق سەيلىگاھلاردىن سايرام كۆلى، خاپتوغاي غارايىپ تاش غارى، خارتوراگ ئورمانچىلىق رايونى، بۆگدۆر ئارشىڭى، مىلىچكا پايلىقى قاتارلىقلار بار. ئوبلاست تەۋەسىدە مەملىكەت بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرىدىغان قۇرۇقلۇق پورتى — ئالاتاۋ ئېغىزى پورتى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ ۋېي؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: ۋۇلىدى (موڭغۇل)، شېن شۇچىڭ، لىتىپ ئىمىن (4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئەركىن ئابدۇقادىر (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، شاۋ خەنشېڭ، چاۋجىپ (موڭغۇل، 4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: سەرە (موڭغۇل)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: شېن شۇچىڭ، نۇرئاباس شىرىپ (قازاق)، ب. سانجى (موڭغۇل)، شى گۇاڭفۇ، شى ئېندې، ئابدۇراخمان ھەسەن.

ئوبلاست باشلىقى: ۋۇلىدى (موڭغۇل، 5 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)؛ مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقلىرى: چاۋجىپ (موڭغۇل، 5 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى، مۇۋەققەت ئوبلاست باشلىقى)، يۇ شىڭدې، ئەركىن ئابدۇقادىر (5 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ماغاۋ سەيىتقامزا (قازاق)، بايىنخولىن (موڭغۇل)، خۇاڭ سەنپىڭ، ئىنام نەسىردىن.

سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: گو چىلىيۇ؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: مايۇگۈي، ئابلىكىم مۇسەيىن، پۇ داپىڭ، چىندىل (موڭغۇل)، چېن گوفاڭ (ئايال).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ئوبلاست بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 153 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 723 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 11.1% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۈۋەندىمۇ شۇنداق). 158 مىڭ 754 توننا ئاشلىق، 45 مىڭ 159 توننا پاختا، 32 مىڭ 25 توننا ياغلىق دان، 51 مىڭ 991 توننا قىزىلچا، 7910 توننا ئالقات، 19 مىڭ 468 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. 1093 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 17 مىڭ 325 توننا گۆش، 18 مىڭ 359 توننا سۈت، 2049 توننا قوي يۇڭى، 8767 توننا تۇخۇم، 809 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 1735 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇتقا سۇندۇرۇلدى) ئىشلىتىلدى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 49 مىليون 624 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئۈنۈملۈك سۇغىرىلىدىغان يەر 71 مىڭ 440 گېكتارغا يەتتى، 84 .129 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ، 1222 يۈرۈشلەشكەن ئىنشائات ياسالدى، 41 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 51.67 كىلومېتىر كەلكۈن توسمىسى ياسالدى، 7.95 كىلومېتىر غول سۇ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى پۈتكەلاندى ۋە ئۆزگەرتىلدى، 1800 گېكتار يەردە يۈركۈپ سۇغىرىش ئومۇملاشتۇرۇلدى. ئوبلاست بويىچە سۇ تېجەپ سۇغىرىشتا 15 مىليون 360 مىڭ كۇب مېتىر سۇ تېجەلدى، 10 كۋادرات كىلومېتىر يەردە سۇ - تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى تىزگىنلەندى. كىيىملىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىدىن 25ى پۈتتۈرۈلۈپ، 25 مىڭ 600 ئادەم ۋە 106 مىڭ 500 چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۇيى مەسىلىسى ھەل قىلىندى. ئوبلاست بويىچە 3540 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى، سۇلىياۋ يېپىلغان 143 مەزمۇت، ئىسسىق ئېغىل - قوتان سېلىندى، 1 .40 كىلومېتىر كۆچ يولى، 66 دورىلاش كۆلچىكى ياسالدى. شۇ يىلى 175 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى، ئولتۇراقلاشتۇرۇلغان چارۋىچى ئائىلىسى 2484كە يېتىپ، چارۋىچى ئائىلىلىرىنىڭ 97.75%نى ئىگىلىدى. چارۋىچىلار مەھەللىسىدىن 52سى بەرپا قىلىندى، 245 مىڭ كۋادرات مېتىر ئۆي سېلىندى، 2447 مەزمۇت ئېغىل - قوتان (سۇلىياۋ يېپىلغان ئىسسىق ئېغىل - قوتان 1184) ياسالدى، بۇلارغا 120 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇشتا «3نى تۇتاشتۇرۇش، 4 بولۇش، 5نى يۈرۈشلەشتۈرۈش» (يول، سۇ، توكنى تۇتاشتۇرۇش؛ تۇرالغۇ ئۆي، ئېغىل - قوتان، يەم - بوغۇز يېرى، باغ - ئورمىنى بولۇش؛ ماگىزىن، دوختۇرخانا، مەكتەپ، مەدەنىيەت ئۆيى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى يەن - تېخنىكا مۇلازىمەت پونكىتلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش) ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى، نەتىجىدە بورتالا ئوبلاستى شىنجاڭ بويىچە چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغان تۇنجى ئوبلاست بولۇپ قالدى. ھەرخىل باقمىچىلىق ئائىلىسى 3165

### خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 157203 | 8.9 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 63759 | 7.5 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 34497 | 10.5 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 58947 | 9.8 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 158754 | —7.36 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 106.02 | 4.7 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 87786 | 15.9 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 228400 | 2.03 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 7056 | 2.16 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 60204 | 7.33 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 188555 | —0.95 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 12521 | 12.84 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 32581 | 22.48 |

**ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 5 - شىسىنىڭكىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 1 مىليارد 184 مىليون 850 مىڭ يۈەن.**

بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە باقمىچىلىق ئائىلىسى 305. يېزا - بازار كارخانىسى 7926، كەسىپكارى 19 مىڭ 673، تىجارەت كىرىمى 839 مىليون 130 مىڭ يۈەن.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 808 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 536 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 12.39% ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 178 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 12.3% ئاشتى. 149 مىليون 560 مىڭ كىلوۋات سائەت توك بىلەن تەمىنلەندى، 147 مىليون 40 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 10 مىڭ 602 توننا پاختا يىپ، 1 مىليون 350 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 40 مىڭ 504 توننا ساپ پاختا، 16 مىڭ 682 توننا ئاق شېكەر، 1792 توننا ئىچىملىك - ھاراق، 41 مىڭ 200 توننا ئۇن، 20 مىڭ 740 توننا مز يېغى، 2061 توننا ئىسپىرت، 79 مىڭ 200 توننا سېمونت، 265 مىليون 420 مىڭ دانە خىش، 27 توننا ئېفېدرىن، 1917 توننا دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سولياۋ يوپۇق، 2 مىليون 70 مىڭ توننا خام تۇز ئىشلەپچىقىرىلدى.

دۆلەت ۋە كوللېكتىپ ئىلكىدىكى 141 كارخانىنىڭ تۈزۈلمىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزگەرتىپ بولۇندى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 420 مىليون 570 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 89 تۈردە ئىش باشلاندى، 85 تۈر پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. تۇراقلىق مۈلۈك 303 مىليون 340 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. بورتالا شەھىرىنىڭ يېزا ئېلېكتر تورىنى قۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى، بۇ قۇرۇلۇشقا شۇ يىلى شەھەر بويىچە 49 مىليون 460 مىڭ يۈەن، ئوبلاست بويىچە 102 مىليون 190 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شەھەر قۇرۇلۇشى تۈرلىرىگە 59 مىليون 140 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 34 مىليون 190 مىڭ يۈەن شەھەر يوللىرىنى كېڭەيتىشكە سېلىنىپ، 158 مىڭ 800 كۋادرات مېتىرلىق كۆلەم كېڭەيتىلدى. سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ، تۈر كىرگۈزۈش بويىچە 36 تۈر، 152 مىليون 170 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى. 321 مىليون 700 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ماددىي ئەشيا ھەمكارلىق كېلىشىمى پۈتتۈرۈلدى. ئوبلاستلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى 8 - ئايدا

«ھەمكارلىشىپ مەبلەغ سېلىپ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى ئېتىبار بېرىش چارىسى»نى تۈزۈپ ئېلان قىلدى. ئالاتاۋ ئېغىزى پورتىدىن 4 مىليون 370 مىڭ توننا مال ئۆتكۈزۈلدى، يۇقىرىغا تاموژنا بېجى، ۋاكالىتەن يىغىلىدىغان باجنى تاپشۇرۇش جەھەتتە 1 تىرىليون يۈەنلىك ئۆتكەل بۆسۈپ تاشلاندى، پورتنىڭ يەرلىك باج كىرىمى 13 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئوبلاست بويىچە توشۇلغان يولۇچى 4 مىليون 804 مىڭ 200گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 34 مىليون 397 مىڭ 300 ئادەم - كىلومېتىرغا؛ توشۇلغان يۈك 5 مىليون 53 مىڭ 900 تونىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 434 مىليون 329 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 7 مىليون 261 مىڭ 400 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 90 مىليون 137 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا 63 مىڭ 634 تېلېفون ئابونىتى (يېزىدىن كۆپەيگىنى 19 مىڭ 283)، 11 مىڭ 36 يانتېلېفون ئابونىتى، 21 مىڭ 277 سىمسىز چاقىرغۇ ئابونىتى، 1587 كومپيۇتېر ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى بار بولدى. ئوبلاست بويىچە 46 شەھەر - يېزا سودا بازىرى بار، بۇ بازارلاردا پۈتۈشۈلگەن سوممىسى 165 مىليون يۈەنگە يەتتى. ساياھەتچىلەردىن 325 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 20 مىليون 500 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. 8 - ئايدا شىنجاڭ ئالاتاۋ ئېغىزى خەلقئارا ساياھەتچىلىك كوپېراتىپى قۇرۇلدى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ئوبلاست بويىچە ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 12 مىڭ 895. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 233، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 2217. ئىلمىي تەتقىقات ئاپپاراتىدىن 14ى بار، ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم 180. خەلق باشقۇرۇشىدىكى پەن - تېخنىكا كارخانىسى 17، پەن - تېخنىكا خادىمى 21. 9 پەن - تېخنىكا نەتىجىسى ئوبلاستنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، «جىڭ ناھىيىسىدە ئالقاتنى يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، سۈپەتلىك، ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش» تۈرى ئاپتونوم رايوننىڭ 3 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئوبلاست بويىچە پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە يېزا (بازار) دىن 7سى، ئۈلگە كەنتتىن 107سى، ئۈلگە ئائىلىدىن 8226سى بارلىققا كەلدى. ئوبلاستتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 121، ئوقۇغۇچىسى 39 مىڭ 437 (مىللىي 17 مىڭ 13)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 3380 (مىللىي 1842)؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 29، ئوقۇغۇچىسى 17 مىڭ 370 (مىللىي 7188)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1439 (مىللىي 629)؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 12، ئوقۇغۇچىسى 5692 (مىللىي 2187)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 486 (مىللىي 243)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 3، ئوقۇغۇچىسى 1317 (مىللىي 854)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 118 (مىللىي 67)؛ ئادەتتىكى ئالىي مائارىپ مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 1352 (مىللىي 545)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 32 (مىللىي 14)؛ بالىلار باغچىسى 14، باغچىدىكى بالا 4783 (مىللىي 1437)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 265 (مىللىي 97)؛ ئىجتىمائىي كۈچلەر ئاچقان ئوقۇتۇش ئاپپاراتى 17. ئوبلاستتىكى يېزا (بازار) مەدەنىيەت پونكىتى 17 بولۇپ، ئومۇملىشىش نىسبىتى 87%كە، كەنت دەرىجىلىك مەدەنىيەت ئۆيى 293 بولۇپ، ئومۇملىشىش نىسبىتى 91%كە يەتتى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 85%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 88%كە يەتتى، «ھەممە كەنتلەردە رادىئو - تېلېۋىزىيە بولۇش» ئىشقا ئاشتى. مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئۆتكۈزگەن مەملىكەتلىك 10 - نۆۋەتلىك «چولپانلار مۇكاپاتى» ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدە موڭغۇلچە ئۇسسۇل «يۇرتۇمنىڭ توبشۇرى» مىس مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. مەملىكەتلىك 9 - نۆۋەتلىك «چولپانلار مۇكاپاتى» مۇزىكا مۇسابىقىسىدا «قارا بوز تورغاي» مىس مېدال مۇكاپاتىغا، «ئاتىغا بېغىشلانغان ناخشا» مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى. يىل ئاخىرىدا ئوبلاست بويىچە 5 دوختۇرخانا، 14 يېزا - بازار شىپاخانىسى، 245 كەنت داۋالاش ئۆيى، 71 ئامبۇلاتورىيە، 1452 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 789)، 898 كارىۋات بار بولدى. 36 كەنت ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتناشتى. ئوبلاست تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىپ، 8 ئالتۇن مېدال، 3 كۈمۈش مېدال، 9 مىس مېدال ئالدى. بۇنىڭ ئىچىدە مەملىكەتلىك 5 - نۆۋەتلىك مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە، تولۇنگۇل ئاياللارنىڭ يېرىم مۇساپىلىق مارافونچە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە 1 - بولدى، ئوبۇلقاسىم يېنىك ئاتلېتىكىدا 400 مېتىر، 800 مېتىر بويىچە 3 - بولدى. ئوبلاست بويىچە 48 مىڭ 300 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يېتىپ، ئوقۇغۇچى سانىنىڭ 94.4%نى ئىگىلىدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى ئوبلاست بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2819 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 49 مىڭ 472 بولۇپ، ئىشچى -

خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 6842 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بازار ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 12.64 كۋادرات مېتىرغا، يېزا ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 12.25 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 14 ھەرخىل ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ساناتورىيىسى، 220 كارىۋات بار بولۇپ، 134 يېتىم - يېسىر، بوۋاي - موماي، مېيىپ، بالا بېقىلدى، جەمئىيەتتە تارقاق ئولتۇراقلاشقان 311 يېتىم - يېسىر، بوۋاي - موماي، مېيىپ، بالا قۇتقۇزۇلدى. 7697 ھەرخىل ئېتىبار بېرىش ئوبيېكتىغا دۆلەت تەرىپىدىن نەپىقە ۋە تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىلدى. 8246 كىشىگە شەھەر - بازار ئاھالىسىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى بويىچە 920 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى بېرىلدى، 19 مىڭ 508 كىشى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. 21 مىڭ 813 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، 14 مىليون 320 مىڭ يۈەن ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى پۇلى يىغىۋېلىندى، يىغىۋېلىنىش نىسبىتى 97%كە يەتتى. شەھەر - بازار ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى 1 - ئايدا رەسمىي يولغا قويۇلدى، 92 ئورۇن بۇ سۇغۇرتىغا قاتناشتى، سۇغۇرتىنىڭ قاپلاش دائىرىسى 92%كە، سۇغۇرتىغا قاتناشقان ئادەم 33 مىڭغا يەتتى، 17 مىڭ 510 يۈەن داۋالىنىش سۇغۇرتىسى پۇلى يىغىۋېلىندى، 6 مىليون 640 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى. 651 ئورۇندىكى 27 مىڭ 881 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى كوللېكتىپ تولۇقلاپ بېجىردى، ئۇلاردىن 1 مىليون 660 مىڭ يۈەن سۇغۇرتا پۇلى يىغىۋېلىندى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 19 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە، تۆلەم سوممىسى 9 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 32 مىليون 470 مىڭ يۈەن بولدى، ھەرخىل تۆلەم ۋە بېرىلگەن سومما 3 مىليون 340 مىڭ يۈەن. ئوبلاستتا بىر مۇھىتنى كۆزىتىش - ئۆلچەش پونكىتى، 14 مۇھىتنى كۆزىتىش - ئۆلچەش خادىمى بار. سانائەت بۇلغىمىسى چىقىرىدىغان 25 كارخانا تۈزەش، تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 100%كە يەتتى. باغۋارانلاشتۇرۇش - كۆكەرتىشتە 24.8 گېكتار يەر كۆكەرتىلدى. ئوبلاست 7 - ئايدا ئالاتاۋ ئېغىزى پورتىنىڭ مۇھىتنى ياخشىلاش - كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى، ئېبىنۇر كۆلىدىكى ئاساسلىق شامال يولىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى، 3 دەريا (بورتالا، جىڭ، داخېيەنزە دەريالىرى) نىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدا سۇنى تېجەپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشى، كىچىك ئېقىنلارنى تۈزەش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت مۇھىتنى ياخشىلاشتىكى 4 چوڭ قۇرۇلۇش تۈرىنى رەسمىي يولغا قويدى.

## 6 چوڭ ئالاھىدە كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش

بورتالا ئوبلاستى ئالاھىدە كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئوبلاست ئېبىنۇر كۆلىدىكى ئالوگىنلىق قۇرت ياپلىقىنى ئېچىش بىلەن بىرگە يورت ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ، ئېكسپورت قىلىنىغان ياغاچ ماتېرىيال، ئالوگىنلىق قۇرت تۇخۇملىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويدى؛ سايرام كۆلىدە ئېگىز تاغدىكى سوغۇق كۆل سۈيىدە بېلىق بېقىپ كۆپەيتىش سىنىقى ئېلىپ باردى، 2 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىپ سوغۇق سۇدا بېلىق بېقىش ئىلمىي تەتقىقات مەيدانى قۇردى؛ 4480 گېكتار يەرگە ئالقات تېرىلىپ، 8500 توننا ئالقات ئېلىندى، مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ئالقات توپ سېتىش بازىرى قۇرۇلۇپ، ئالقات خام ئەشيا قىلىنىدىغان «ئالتۇن كۆلا»، «قىزىل كۆلا» ئىچىملىكى قاتارلىق ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار يارىتىلدى ۋە ئىشلەپچىقىرىلدى؛ ئەلا سۈپەتلىك ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي يېتىشتۈرۈش بازىسى قۇرۇلۇپ «سافالى» ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلۇپ، 24 مىليون 588 مىڭ يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى يارىتىلدى؛ تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئورمان، ئوتلاق بەرپا قىلىش پائال يولغا قويۇلۇپ، 790.4 گېكتار ئېتىز ئورمانغا، 1527.4 گېكتار ئېتىز ئوتلاققا ئايلاندۇرۇلدى. چۇچۇكبۇيا ۋە چاكاندا تېرىش تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، 400 نەچچە گېكتار يەرگە چۇچۇكبۇيا تېرىلدى، 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، چاكاندا مايىسى بازىسى قۇرۇلدى؛ ئالاتاۋ ئېغىزىدا ياغاچ ماتېرىياللارنى پىششىقلاش سانائىتى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى؛ پورت ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىلىپ، ئالاتاۋ پورتى بىلەن قارشى تەرەپتىكى پورتقا بىر كۈنلۈك ساياھەت، ئالاتاۋ پورتىدىن سايرام كۆلىگە 2 كۈنلۈك ساياھەت، ئالاتاۋ پورتى — غارايىپ تاش غارى — ئارشاڭ — سايرام كۆلىگە 3 كۈنلۈك ساياھەت ۋە ئېبىنۇر كۆلى ئېكولوگىيە ساياھىتى قاتارلىق ساياھەت تۈرلىرى يولغا قويۇلدى.

☆ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 6 - ئايدا شىنجاڭ ئېبىنۇر كۆلى سازلىقى تەبىئىي قوغداش رايونى قۇرۇشنى تەستىقلىدى. قوغداش رايونىنىڭ دائىرىسى ئېبىنۇر كۆلى سازلىقى، كۆل بويىدىكى كۆلچەكلەر ۋە ئەتراپىدىكى جايلار بولۇپ، كۆلىمى 2670.85 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇ يەردە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان 42 خىل ياۋايى ھايۋان، 12 خىل ياۋا ئۆسۈملۈك بار.

☆ ئوبلاست بويىچە يېزىلارنى ئېلېكترلەشتۈرۈش

قۇرۇلۇشى 10 ـ ئايدا تاماملاندى.

لو ۋېنلى

# بورتالا شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

بورتالا شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ غەربىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 524 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرىدىن ئالاتاۋ ئېغىزىغا بارىدىغان شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولى شەھەر تەۋەسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. 2000 ـ يىلى شەھەرگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 2، مەيدان 2، مەھەللە ئىش باشقارمىسى 4. شەھەرگە قاراشلىق رايون (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 5 ـ شىسىنىڭ شتابى ۋە 6 تۇەن ـ مەيدانىنىڭ شۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 220 مىڭ 507 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 72 مىڭ 213)، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 151 مىڭ 374؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.89‰، ئۆلۈش نىسبىتى 3.36‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.53‰. شەھەر بويىچە 27 مىڭ 888 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 8999.07 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 1762.93 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى.

بورتالا شەھىرىنىڭ سۇ بايلىقى مول، يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 1 مىليارد 212 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 289 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ؛ سۇ ئېنېرگىيىسىنىڭ نەزەرىيىۋى زاپىسى 137 مىڭ 900 كىلوۋات، ئېچىشقا بولىدىغىنى 48 مىڭ 300 كىلوۋات. شەھەرگە قاراشلىق رايونلارنىڭ ئورمان كۆلىمى 65 مىڭ 201 گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدە تاغ ئورمىنى 37 مىڭ 488 گېكتار. 567 مىڭ 500 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق بار. دورىلىق ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن سوغىگۈل، چۇچۇكبۇيا، چاكاندا، قار لەيلىسى، قانتېپەر، بۇغا مۈڭگۈزى قاتارلىقلار بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋان 38 خىلغا يېتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتلىك 1 ـ دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن قارا بۆلغۈن، يىلپىز، تاغ ئۆچكىسى قاتارلىق 9 خىلى بار. ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن ھاك تېشى، مەرمەر، گرانىت تاش، پېرلىيىت قاتارلىقلار بار، مەرمەر، گرانىت تاش تاختىلارنىڭ سۈپىتى ياخشى. دۆلەتنىڭ 1 ـ قاتاردىكى پورتلىرىدىن ئالاتاۋ پورتى بورتالا شەھىرى تەۋەسىدە. بورتالا شەھىرىدە گوۋزۇيۇەن ئالاھىدە رايونلار ئىشخانىسىنىڭ تەستىقى بىلەن قۇرۇلغان چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى بار. شەھەر تەۋەسىدە يەنە دۆلەت دەرىجىلىك داڭلىق سەيلىگاھلاردىن سايرام كۆلى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك سەيلىگاھلاردىن غارايىپ تاش غارى ۋە خارتوراگ مەنزىرىلىك رايونى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ بورتالا شەھەرلىك 3 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ جۈن.

5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابلىز ئەمەت.

شەھەر باشلىقى: بادمارا (موڭغۇل).

سىياسىي كېڭەش 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: نۇغاي جۇماقان (قازاق)..

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 ـ يىلى شەھەر بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 482 مىليون 140 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 318 مىليون 90 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %20.12 ئاشتى. 71 مىڭ 94 توننا ئاشلىق، 8892 توننا ياغلىق دان، 21 مىڭ 254 توننا پاختا، 32 مىڭ 656 توننا قىزىلچا ئېلىندى. 615 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 8099 توننا گۆش، 7860 توننا سۈت، 860 توننا يۇڭ، 193 مىڭ 134 پارچە تېرە، 478 توننا بېلىق ئېلىندى. ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 12 مىليون 716 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە جايلار ئۆزى تەييارلىغىنى 5 مىليون 585 مىڭ يۈەن. 41.42 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، 620.3 كىلومېتىر ئېرىقنىڭ لاي ـ لاتقىسى ئادالاندى، سۇغىرىش رايونىدا 350 يۈرۈشلەشكەن ئىنشائات سېلىندى، 23 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 96 ماشىنىلاشقان قۇدۇق رېمونت قىلىندى، 336.66 گېكتار يەردە يۇركۈپ سۇغىرىش يولغا قويۇلدى، 18.63 كىلومېتىر كەلكۈن توسمىسى ياسالدى، 3000 مېتىر غول سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى يېڭىلاندى، ئۆزگەرتىلدى. سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمى 946.67 گېكتار كۆپەيتىلدى، 2222 گېكتار ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى. 20 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى، 125.2 گېكتار يەردە يەم ـ خەشەك بازىسى قۇرۇلدى، 57 ئىسسىق ئېغىل ـ قوتان ياسالدى. يېزا ـ بازار كارخانىسى 2815 كە، خادىمى 9800 گە، كىرىمى 472 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 14 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛

## خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 60041 | 8.4 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 26616 | 9.56 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 11453 | 5.9 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 21972 | 8.3 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 71094 | 8.99 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 422417 | 5.3 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 34500 | 9.5 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 89593 | -0.01 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 142 | -35.41 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 34815 | 10.93 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 144722 | 13.9 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 6516 | 9.04 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 10573 | 19.16 |

ئىزاھ: شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 5 - شىنىڭكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شەھەر بويىچە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 351 مىليون 600 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 230 مىليون 950 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 17.8% ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 41 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 27.67% ئاشتى. 5 مىليون 960 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 77 مىڭ 600 توننا سېمونت، 1006 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 1825 توننا سېمونت ستولبا، 187 مىليون 350 مىڭ دانە خىش، 11 مىڭ 71 كۇب مېتىر كۆپتۈرمە پېرلىيت، 7044 توننا پېرلىيت رۇدىسى، 28 مىڭ توننا ھاك، 3 مىليون 870 مىڭ توننا ئورۇبا سۇيى، 1789 توننا ئاق ھاراق، 10 مىڭ 186 توننا سۇ يېغى، 4000 توننا گۈرۈچ، 21 مىڭ 645 توننا ئۇن، 19 مىڭ 371 توننا ساپ پاختا، 2180 توننا قىسقا پاختا تىۋىتى، 7265 توننا پاختا يىپ، 74 مىڭ 400 قۇر كىيىم - كېچەك، 6600 جۈپ خۇرۇم ئاياغ كىيىم، 1837 توننا سۇلياۋ ياسالما، 717 توننا قەغەز ياسالما، 14 مىڭ 28 دانە ئۆي جاھازى، 2.58 توننا خىمىيىلىك خام ئەشيادىن ياسالغان دورا - دەرمەك، 1.15 توننا جۇڭگو تېبابىتى تەييار دورىسى ئىشلەپچىقىرىلدى. 150 مىڭ جوئۇل كىلوكالورىيە ئىسسىقلىق، 1005 توننا سۈيۇقلۇندۇرۇلغان گاز بىلەن تەمىنلەندى. يولغا قويۇلغان تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرى مۇنۇلار: بورتالا پاختا توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ سېپتا ئېگىرىش تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى، سېلىنغان مەبلەغ 22 مىليون يۈەن، بۇ تۈر تاماملانسا 40 ئۆرچۆقتا يىلىغا 2500 توننا ئىنچىكە يىپنى كۆپ ئېگىرگىلى بولىدۇ؛ «بولەن» سېمونت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئايلانما خۇمدىنىنى تېخنىكىلىق ئۆزگەرتىش تۈرى، سېلىنغان مەبلەغ 10 مىليون يۈەن، بۇ تۈر تاماملانسا يىلىغا 250 مىڭ توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ؛ چىگىت تىجارىتى شىركىتىنىڭ چىگىت ئايرىش قوشۇمچە ئەسلىھەلىرىنى ئۆزگەرتىش تۈرى، سېلىنغان مەبلەغ 300 مىڭ يۈەن؛ «يىنچىڭ» قەغەز زاۋۇتىنىڭ ئەسلىدىكى ئەسلىھەلىرىنى يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش تۈرى، سېلىنغان مەبلەغ 600 مىڭ يۈەن. شۇ يىلى كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ سېلىش

تۈرلىرى مۇنۇلار: جېجياڭ ئۆلكىسى لەنشى شەھىرىدىكى يەككە تىجارەتچى 12 مىليون يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ، بورتالا شەھەرلىك سېمونت زاۋۇتىنى سېتىۋالدى ھەمدە 17 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ تېخنىكىلىق ئۆزگەرتتى؛ جېجياڭ ئۆلكىسى ۋېنجۇ شەھىرىدىكى يەككە تىجارەتچى 3 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئەسلىدىكى بورتالا شەھەرلىك سېمونت زاۋۇتىنىڭ خالتا توقۇش زاۋۇتىنى سېتىۋېلىپ، «بوفېڭ» خالتا توقۇش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇردى؛ جېجياڭ ئۆلكىسى يۈڭجيا ناھىيىسىدىكى يەككە تىجارەتچى 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، «يۈڭلي» كىيىم تىكىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنى قۇردى؛ سانجى «شىيۇڭفېڭ» ئاشلىق - ياغ چەكلىك شىركىتى 1 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، «شىيۇڭفېڭ» ئاشلىق - ياغ سانائەت - سودا شىركىتىنى قۇردى؛ سانجى ئوبلاستىنىڭ سىچۇەن شەھىرى 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، بورتالا شەھەرلىك «يېنچېڭ» قەغەز زاۋۇتىنى قۇردى؛ «جۇڭجى» پاي چەكلىك شىركىتى 35 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، پەمىدۇر قىيامى زاۋۇتى قۇردى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 134 مىليون 990 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شەھەر ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا 38 مىليون 460 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ 30مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ چىندېل كوچىسى بىلەن بېيجىڭ يولى ھەممە جەھەتتىن ئۆزگەرتىلدى؛ 5.2 كىلومېتىر سۇ تورۇبىسى، 1.1 كىلومېتىر يۇندا تورۇبىسى ئورنىتىلدى. شەھەرگە قاراشلىق رايونلارنىڭ يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 207 مىليون 579 مىڭ 700 ئادەم - كىلومېتىرغا، توشۇلغان يولۇچى 2 مىليون 882 مىڭ 600 گە؛ يۈك ئوبوروت مىقدارى 277 مىليون 235 مىڭ 600 توننا - كىلومېتىرغا، توشۇلغان يۈك 3 مىليون 73 مىڭ 900 تونىنغا يەتتى. شەھەرگە قاراشلىق رايونلار پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 505 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 42 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون ئابونېنتى 31 مىڭ 470 كە، يانتېلېفون ئابونېنتى 10 مىڭ 396 گە يەتتى. شەھەر بويىچە بازار سودىسىدا پۈتتۈشۈلگەن سومما 90 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ساياھەتچىلىكتىن 11 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 898 (ئالىي دەرىجىلىكى 61). مۇشۇ يىلى 38 پەن - تېخنىكا تۈرى يولغا قويۇلۇپ، 61 مىليون 124 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىلدى. شىيېڭخېن بازىرى ئۈستىگە ئالغان ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «ئۇچقۇن» پىلانى تۈرى «يېزا ئىگىلىك رايونىدا چارۋىچىلىقنى تۈجۈپلەپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەندىزىسى»، بىلەن خارمۇدۇن يېزىسى ئۈستىگە ئالغان ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۇرۇش تۈرى «تۈمەن مو (666.67 گېكتار) يەردە دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە ئۈلگە قۇرۇلۇشى» ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. شەھەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 52 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 20)، ئوقۇغۇچىسى 18 مىڭ 278 (مىللىي 8441)، ئوقۇتقۇچىسى 1583 (مىللىي 937)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 15 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 8)، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 137 (مىللىي 4860)، ئوقۇتقۇچىسى 797 (مىللىي 410)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 168 (مىللىي 37)، ئوقۇتقۇچىسى 20؛ بالىلار باغچىسى 7، باغچىدىكى بالا 2762 (مىللىي 866)، ئوقۇتقۇچىسى 137 (مىللىي 57). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 7 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ مەبلەغنىڭ ھەممىسىنى جايلار ئۆزى تەييارلىغان. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە، سىمسىز تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە ئۇلىنىش نىسبىتى %78كە يەتتى. شەھەر بويىچە 180 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 652 سەھىيە كەسپىي خادىمى (ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلىرى 70)، 180 كارىۋات بار. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئۆسمۈرلەر يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە شەھەر تەنھەرىكەتچىلىرىدىن بىر كىشى قىزلار «B» گۇرۇپپىسى بويىچە چويۇن توپ ئېتىشتا 3 - بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 3064 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 6785 يۈەنگە يەتتى. شەھەرگە قاراشلىق رايونلاردا جەمئىي سۇغۇرتىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 23 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1 مىليون 560 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى؛ جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 11 مىليون 500 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 2 مىليون 970 مىڭ يۈەن) گە يەتتى، 4 مىليون 800 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى (بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگىنى 860 مىڭ يۈەن). شەھەر بويىچە 323 ئورۇن، 6997 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا

قاتناشتى، 9 مىليون 401 مىڭ يۈەن سۇغۇرتا ھەققى يىغىۋېلىندى، يىغىۋېلىنىش نىسبىتى 95.8%كە يەتتى. 322 ئورۇن، 6974 ئادەم ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، 1 مىليون 338 مىڭ يۈەن سۇغۇرتا ھەققى يىغىۋېلىندى، ئىشسىزلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن 65 مىڭ يۈەن، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلارنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى ئۈچۈن 241 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىندى. 335 ئورۇن، 14 مىڭ 325 ئادەم داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، 7 مىليون 490 مىڭ يۈەن سۇغۇرتا ھەققى يىغىۋېلىندى، يىغىۋېلىنىش نىسبىتى 94.8%كە يەتتى، 4 مىليون 690 مىڭ يۈەن داۋالىنىش پۇلى تۆلەندى. شۇ يىلى 1625 خىزمەت ئىزدىگۈچى تىزىمغا ئېلىندى، 927 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شەھەر رايونىنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 27.1%كە، كۆكەرتىلىش نىسبىتى 25.57%كە يەتتى. 260 مىڭ كۋادرات مېتىر دائىرە مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىلىدىغان بولدى. يىلىغا 3 مىليون 610 مىڭ كۇب مېتىر يۇندا چىقىرىلىدۇ، كۈنلۈك يۇندا بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى 9000 كۇب مېتىرغا، يىللىق يۇندا بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى 2 مىليون 950 مىڭ كۇب مېتىرغا يەتتى.

### بورتالا شەھىرى چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى

2000 - يىلى ھەمكارلىق رايونىدا سۇ بىلەن تەمىنلەش، يۇندا چىقىرىۋېتىش، ئىسسىتىش، توك بىلەن تەمىنلەش، خەۋەرلىشىش، يول راۋان بولۇش، يەر تەكشى بولۇشتىن ئىبارەت «ئالتىدە راۋان، بىر تەكشى» بولۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشتى. 5 يولنى ياساشقا ۋە مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىشتا سىغىم ئاشۇرۇشقا 4 مىليون 370 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش ئارقىلىق 22 قۇرۇلۇش كېڭەيتىپ ياسالدى ۋە يېڭىدىن ياسالدى، بۇلارغا 63 مىليون 310 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش - پىششىقلاش تۈرى 6، سېلىنغان مەبلەغ 40 مىليون يۈەن. مەبلەغ سېلىش، مۇھىتىنى ياخشىلاش ۋە سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش سالمىقىنى زورايتىش ئۈچۈن، شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى «مەبلەغ سېلىپ يۇمشاق مۇھىت قۇرۇلۇشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا قارار»، «ھەمكارلىق رايونىنىڭ ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى» قاتارلىق ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرنى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلدى.

جاڭ جۇڭشيۇ

## جىڭ ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

جىڭ ناھىيىسى شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمالىغا، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىگە، تەڭرىتاغنىڭ تارماق تىزمىسى بولغان بولخىنۇر تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 423 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 412 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 3، مەيدان - فېرما 3، رايونلۇق مەھكىمە بىر، ناھىيىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى (بىڭتۇەننىڭ ناھىيە تەۋەسىدە تۇرۇشلۇق تۈەن - مەيدانلىرىنىڭ نوپۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 120 مىڭ 905 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 36 مىڭ 975)، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 60 مىڭ 540؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 15.54‰، ئۆلۈش نىسبىتى 5.53‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.01‰. ناھىيە بويىچە 23 مىڭ 100 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 3300 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 925.2 گېكتار)، 14 مىڭ 600 گېكتار يەرگە كېۋەز، 4300 مو يەرگە ئالقات تېرىلدى. كىلىماتى تىپىك قۇرۇقلۇق خاراكتېرلىك قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

جىڭ ناھىيىسىنىڭ ئەۋزەل بايلىقلىرىدىن تۇز، ئالوگىنلىق قۇرت، ئالقات، پاختا قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئالتۇن، كۋارتس قۇمى، مولىبدېن، فوسفور قاتارلىقلار بار، مولىبدېن رۇدىسىنىڭ زاپىسى شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. سەيلىگاھلاردىن گەنجاخۇ كۆلى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، ئېبىنۇر كۆلى، شياۋخەيزى قاتارلىقلار بار.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ جىڭ ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: گو شياڭيى.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ن. جاۋا (موڭغۇل).

ھاكىمى: تىلەۋئەبىن (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: رۇستەم ئەمەت.

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات

### خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 27247 | 10.5 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 14203 | 11.4 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 4277 | 6.4 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 8767 | 11 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 36056 | —5.12 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 271185 | 8.57 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 19001 | 11.12 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 77053 | 0.88 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 13022.1 | 8.3 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 58065 | 6.54 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 3193 | 10.23 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 7399 | 27.07 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى.

قىممىتى 449 مىليون 340 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 283 مىليون 180 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %39. 14 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۈۋەندىمۇ شۇنداق). 36 مىڭ 56 توننا ئاشلىق، 23 مىڭ 900 توننا پاختا، 7389 توننا ئالقات ئېلىندى. 8. 170 گېكتار يەردە لاياقەتلىك ئورمان بەرپا قىلىندى. 4282 توننا گۆش، 530 توننا يۇڭ، 8100 پارچە كالا تېرىسى، 76 مىڭ 206 پارچە قوي تېرىسى، 11 مىڭ 288 پارچە ئۆچكە تېرىسى، 18. 6 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 1175 توننا تۇخۇم، 365 توننا تاتلىق سۇ بېلىقى، 98 توننا گالوگىنلىق قۇرت ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 17 مىليون 980 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 43.75 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ، 496 يۇرۇشلەشكەن ئىنشائات ياسالدى، 16 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 7. 26 كىلومېتىر زەيكەش چېپىلدى، 2. 27 كىلومېتىر كەلكۈن توسمىسى ياسالدى، يۇركۇپ سۇغىرىلىدىغان كۆلەم 604 گېكتارغا يەتتى. شياخېجى سۇ ئامبىرىغا 45 مىليون 449 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى 3865 كە، كەسىپكارى 7912 گە، كىرىمى 251 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 13 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 247 مىليون 700 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 164 مىليون 570 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %78. 11 ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 50 مىليون 370 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 26 مىليون 140 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، %8. 13 ئاشتى. 23 مىليون 760 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 3337 توننا پاختا يىپ، 5153 توننا سۇ يېغى، 1370 توننا بىرىكمە ئوغۇت، 27 مىڭ توننا خام تۇز ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 86 مىليون 540 مىڭ يۈەن بولۇپ، %17. 12 ئازايدى. 119 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق ماكانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئەرزان، ئەپلىك ئۆي پۈتتى. 2. 7 كىلومېتىر ناھىيە بازىرى تاشيولى، 5. 79 كىلومېتىر يېزا - كەنت تاشيولى ياسالدى. نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلاردىن پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، ناھىيىلىك مەركىزىي بېسىم ئۆزگەرتىش پونكىتى، تۆدوگ يېزىلىق توك يەتكۈزۈش - بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، ئالقات توپ سېتىش بازىرى، جەنۇبىي قول ئۆستەڭنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، «خەلق» باغچىسىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى پۈتتى. ئېبىنۇر كۆلىدىكى ئاساسلىق بوران بولىدىغان ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى.

يولۇچى ئوبوروت مىقدارى (دۆلەت، كوللېكتىپ، يەككىلەرنىڭمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 80 مىليون 820 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، توشۇلغان يولۇچى 1 مىليون 140 مىڭغا؛ يۈك ئوبوروت مىقدارى 84 مىليون 50 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، توشۇلغان يۈك 1 مىليون 10 مىڭ توننىغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 13 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە، تېلېفون ئابونېنتى 16 مىڭ 983كە يەتتى. بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 32 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 648. ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 5 ئىلمىي تەتقىقات تۈرى تاماملاندى. جىڭ ناھىيىسى «مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدا ئىلغار ناھىيە» دېگەن نامغا ئېرىشتى. ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 45 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 8)، ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ 929 (مىللىي 4940)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1115 (مىللىي 528)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 14 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 6)، ئوقۇغۇچىسى 6938 (مىللىي 2276)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 593 (مىللىي 224)؛ كەسپىي تېخنىكوم بىر، ئوقۇغۇچىسى 596، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 50 (مىللىي 3). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 6 مىليون 430 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ 1 - ۋە 2 - قېتىملىق تەكشۈرۈشىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى. رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 11 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (دوختۇرخانا بىر، شىپاخانا 7)، 380 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 248 كارىۋات بار. جىڭ ناھىيىسى ئۈدا 4 يىل ئاپتونوم رايون بويىچە مەنىۋى مەدەنىيلىكتە ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى.

### خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2858 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق پۇل مائاشى 6058 يۈەنگە يەتتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە 3 مىليون 48 مىڭ 200 يۈەن كىرىم قىلىندى، 1 مىليون 160 مىڭ 900 يۈەن تۆلەم تۆلەندى؛ جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 7 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 593 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلارنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى %95تىن ئاشتى. 2599 ئىشچى - خىزمەتچى پاشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، سۇغۇرتا ھەققىنىڭ يىغىۋېلىنىش نىسبىتى %84كە يەتتى. 5852 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، سۇغۇرتا ھەققىنىڭ يىغىۋېلىنىش نىسبىتى %72كە يەتتى. مۇھىت بۇلغىنىشنى چەكلەش مۇددەتتە تۈزەش تۈرىدىن 5ى تاماملاندى. 1 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 300 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق ئىس - تۈتەك تىزگىنلەنگەن كۆلەم بەرپا قىلىندى. ناھىيە بازىرىدا 3013 گېكتار باغۋارانلاشتۇرۇلغان ۋە كۆكەرتىلگەن كۆلەم بەرپا قىلىندى، ئاممىۋى كۆكلەمەيدان 29.9 گېكتارغا يەتتى، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %16كە يەتتى.

جۇ دېشىن

## ئارشاڭ ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

ئارشاڭ ناھىيىسى بورتالا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 625 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 4، فېرما 3. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى نوپۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 72 مىڭ 301 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 28 مىڭ 340)، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 53 مىڭ 539؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰11.15، ئۆلۈش نىسبىتى ‰3.06، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰8.09. ناھىيە بويىچە 20 مىڭ 318 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 10 مىڭ 68 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 8823 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كېلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق كېلىماتىغا كىرىدۇ.

ئارشاڭ ناھىيىسى تەۋەسىدە بورتالا دەرياسى، ئورتاساي دەرياسى ۋە 75 جىلغا سۈيى بار. 3 ئورۇندا ئارشاڭ بار، سۈيىنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 45℃ ئەتراپىدا، ئارشاڭ سۈيىدە تېرە كېسەللىكلىرى، بوغۇم ياللۇغى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالىغىلى بولىدۇ. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن بۇغا، جەرەن، تاغ ئۆچكىسى، سۇغۇر، ئېيىق، يىلپىز قاتارلىقلار بار. ناھىيە تەۋەسىدە يەنە دۇنيا بويىچە ئەتىۋارلىق ھايۋان — شىنجاڭ سالاماندىراسى بار. دورىلىق ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن سوغىگۈل، چوڭ يوپۇرماقلىق جىنتىيانا، ئەڭلىكئوت، چاكاندا، قانتېپەر، قار لەيلىسى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ۋولفرام، تۆمۈر، مىس، تۇزتاش، گەج،

ئالتۇن، كۆمۈر قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

جكپ ئارشاڭ ناھىيىلىك 10 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ ۋېي.

12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئومارغازى (قازاق).

ھاكىم: ئى. نومىڭدالا (موڭغۇل).

سىياسىي كېڭەش 10 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: شېڭ ماۋلۇ.

## يېقىنقى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 ـ يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 306 مىليون 310 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن 16.8% ئاشتى. 51 مىڭ 604 توننا ئاشلىق، 19 مىڭ 335 توننا قىزىلچا، 22 مىڭ 348 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. 47 گېكتار يەرگە كۆك تاماكا تېرىلىپ، 23 توننا تاماكا ئېلىندى. 252 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 4945 توننا گۆش، 5501 توننا سۈت، 683 توننا يۇڭ، 5.63 توننا ئۆچكە تىۋىتى ئېلىندى. 9 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 41 مىليون 65 مىڭ 300 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 5600 گېكتار ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى، سۇغىرىلىدىغان كۆلەم 2640 گېكتار كۆپەيدى. 13.33 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى، 116 سۇلياۋ يېپىلغان ئىسسىق ئېغىل ـ قوتان ياسالدى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 58 مىليون 450 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن 19.3% ئاشتى. 13 مىليون 170 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 1600 توننا سېمونت، 17 مىڭ 300 توننا ئۇن، 5401 توننا سۇ يېغى، 27.01 توننا ئېفېدرىن ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 29 مىليون 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. پۈتتۈرۈلگەن ئاساسلىق تۈرلەر 26 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغىنى 2 مىليون يۈەن) خاربۇغ بازىرى ـ مەملىكەت بويىچە ئىقتىسادنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئۈلگە بازارنىڭ 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى، 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان تېلېۋىزىيە مۇنارىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ناھىيە بازىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش 2 ـ

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
| --- | --- | --- | --- |
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 2.29 | 4 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 1.09 | —3.8 |
| | 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 0.47 | 11 |
| | 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 0.73 | 12.9 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 51604 | —6.58 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 36.6 | 1.3 |
| يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 7810 | 10.27 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 6.2 | 7.08 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 7649 | 0.7 |
| شەھەر ـ يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | | 2.32 | 9.43 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 1031 | 13.42 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 5442 | 20.32 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 135 مىليون يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ 72 مىليون يۈەن، 2 ـ كەسىپنىڭ 25 مىليون يۈەن، 3 ـ كەسىپنىڭ 38 مىليون يۈەن.

قارارلىق قۇرۇلۇشى، 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئورمان باغچىسىنىڭ ئۆل مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشى، 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان غەربىي بوغدار يولىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت. ناھىيە بويىچە يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 7 مىليون 200 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 20 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 937 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 6 مىليون 645 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى ئۆي تېلېفونىدىن 2500ى كۆپەيتىلدى، ھەر 100 ئائىلىگە 46 دىن تېلېفون توغرا كەلدى. ساياھەتچىلەردىن 40 نەچچە مىڭ ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 1 مىليون 950 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 370. شۇ يىلى ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 7 ئىلمىي تەتقىقات تۈرى تاماملاندى. باشلانغۇچ مەكتەپ 24 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 12)، ئوقۇغۇچىسى 7230 (مىللىي 2436)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 7 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 2)، ئوقۇغۇچىسى 3952 (مىللىي 1071)؛ ئوقۇتۇش نۇقتىسى 20. ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1340. مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 390 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلار ئارىسىدا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشتىن ئىبارەت «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتى 6 - ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. ھەممە كەنتلەردە رادىئو - تېلېۋىزىيە بولۇش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلدى، يىل ئاخىرىدا رادىئو - تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %83كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئائىلىلەرگە ئۇلىنىش نىسبىتى %93كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 74 شىپاخانا (خۇسۇسىي داۋالاش ئورۇنلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 224 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 147)، 124 كارىۋات بار. پىلانلىق تۇغۇتتا «ئۈچنى ئاساس قىلىش» خىزمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ قايتا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. مەملىكەتلىك 5 - نۆۋەتلىك مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ئارشاڭ ناھىيىسىنىڭ تەنھەرىكەتچىسى تولۇنگۇل بىر ئالتۇن مېدال، بىر مىس مېدال ئالدى.

## خەلق تۇرمۇشى

• 2000 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سېلىقتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 113 يۈەندىن تۆۋەنلىتىلدى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2154 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە يۆل مائاشى 5345 يۈەنگە يەتتى. ئەمگەك كۈچلىرى بازىرى ئالماشتۇرۇش مەركىزى قۇرۇلدى، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نىسبىتى %93.3كە يەتتى، ناھىيە بويىچە 258 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، پاشانغاندا كۈتۈنۈش، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىلىرىنىڭ كارخانىلارنى قاپلاش نىسبىتى %100كە يەتتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1 مىليون 100 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

☆ 2000 - يىلى ئارشاڭ ناھىيىسى زالمۇت يېزىسى بۇر كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى كۈرلا «مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

☆ ئارشاڭ ناھىيىسىدىكى 400 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، قۇرۇلۇش كۆلىمى 186 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان شىنجاڭ سالاماندىراخانىسى 7 - ئايدا پۈتتى.

ۋاڭ پىڭ، لى شىجيې

# سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى

## ئاساسىي ئەھۋالى

سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى سانجى شەھىرىدە. 2000 - يىلى ئوبلاستقا قاراشلىق شەھەر 3، ناھىيە 5. ئوبلاستنىڭ يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى (بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 6 - شىنىڭ نوپۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 1 مىليون 493 مىڭ 300 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 375 مىڭ 900)، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 705 مىڭ 400؛ نوپۇسىنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.88‰، ئۆلۈش نىسبىتى 4.78‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.1‰. ئوبلاست بويىچە 305 مىڭ 400 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 299 مىڭ 800 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائىتى 145 مىڭ 100 گېكتار، ئىقتىسادىي زىرائەت 154 مىڭ 700 گېكتار. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

سانجى ئوبلاستى تەۋەسىدە 1319 مۇزلۇق، 57 ئىچكى ئېقىن بار، بۇلارنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 2 مىليارد 510 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ؛ ئېچىشقا بولىدىغان يەر ئاستى سۈيى تەخمىنەن 1 مىليارد كۇب مېتىر كېلىدۇ. ئورمان

كۆلىمى 141 مىڭ 560 گېكتار. پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق 5 مىليون 780 مىڭ 100 گېكتار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، ياۋا ئات، ياۋا ئېشەك، بۇغا، ئارقار، ئۆلار، دوغداق قاتارلىقلار بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن زاراڭزا، قار لەيلىسى، سوغىسگۈل، ئالقات، چۈچۈكبۇيا قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، نېفىت، مايلىق سېلانتس، تۆمۈر، خروم، مىس، سىنىك، ئالتۇن، ھاك تېشى، قاش تېشى، كۆل تۇزى قاتارلىق 37 خىلى بار، كۆمۈر زاپىسى 16 مىليارد 300 مىليون توننىغا، ھاك تېشىنىڭ زاپىسى 20 مىليارد توننىغا، مىس زاپىسى 174 مىليون توننىغا، كۆل تۇزىنىڭ زاپىسى 10 مىليون 864 مىڭ توننىغا يېتىدۇ. بېشبالىق قەدىمىي شەھىرى، كاڭجيا شىمبىگزا قىياتاش رەسىملىرى، ئاۋازلىق قۇم تاغ، ئىپتىدائىي توغراقلىق، نوم شەيتانكەرىشى، بوغدا كۆلى مەنزىرىلىك رايونى قاتارلىق 118 سەيلىگاھ بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جېن شېڭخۇي؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: لى فۇيۈەن (خۇيزۇ)، چېن چىڭيۇڭ (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ جىخباڭ، لى جى (7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: جۇجيەنخۇا (خۇيزۇ)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ياڭ دېتەي، بەيسارا (ئايال، قازاق)، ۋاڭ پېيخۇا (ئايال، خۇيزۇ)، جاڭ پىڭ، روزى ناسىر، جۇ ۋېنكۈي (خۇيزۇ).

ئوبلاست باشلىقى: لى فۇيۈەن (خۇيزۇ)؛ مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقلىرى: جاڭ جىخباڭ، قانىدات (قازاق)، مىڭ جاۋتىڭ، مەھەممەت داۋۇت، مادېڭقىباڭ (خۇيزۇ)، ياڭ جۇنفېڭ.

سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ليۇ سۇگۈلىن؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: چېن چىڭيۇڭ (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، لۇ خېگزۇ، يۇ شاڭجى، ئابدۇرېشىت، لى يۇگۈلىن، رۇڭ چىڭشۈەن، سەلىم (قازاق)، خەي چېڭزۇ (خۇيزۇ)، لى چېڭيۈەن (خۇيزۇ).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ئوبلاست بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 544 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 3 مىليارد 32 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 7.67% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 587 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 75 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 1 مىليارد 804 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 78 مىليون يۈەن. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىقنىڭ قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 60 مىليون يۈەنگە يەتتى. 863 مىڭ 800 توننا ئاشلىق، 90 مىڭ 900 توننا پاختا، 61 مىڭ 800 توننا ياغلىق دان، 362 مىڭ 900 توننا قىزىلچا، 1 مىليون 296 مىڭ 700 توننا كۆكتات ئېلىندى. 7807 گېكتار يەردە لاياقەتلىك ئورمان بەرپا قىلىندى. 2813 گېكتار يەردە ھاراق چىقىرىلىدىغان ئۈزۈم ئۆستۈرۈلدى. 138 مىڭ 700 توننا گۆش، 6560 توننا قوي يۇڭى، 96 مىڭ توننا سۈت، 27 مىڭ 600 توننا تۇخۇم، 13 مىڭ 200 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 59 مىڭ 600 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇتقا سۇندۇرۇلدى) ئىشلىتىلدى، ئۈنۈملۈك سۇغىرىلىدىغان يەر 267 مىڭ 600 گېكتارغا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرى 42 مىڭ 914 كە، مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليارد 31 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 774 مىليون يۈەنگە، پايدىسى 503 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليارد 429 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 6 مىليارد 427 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 16.29% ئاشتى. ئوبلاستقا قاراشلىق سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليارد 506 مىليون يۈەنگە يەتتى. يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليارد 274 مىليون يۈەن (يېنىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 153 مىليون يۈەن) گە، بارلىق سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 281 مىليون يۈەنگە يەتتى. 4 مىليارد 211 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 5 مىليون 286 مىڭ 700 توننا كۆمۈر، 34 مىڭ 122 توننا پاختا يىپ، 7616 توننا فابرىكا قەنىتى، 40 مىڭ 697 توننا قەغەز پەنەركە، 31 مىڭ 96 توننا شېكەر، 16 مىڭ 938 توننا ئىچىملىك - ھاراق (ئاق ھاراق 5986 توننا)، 82 مىڭ 926 توننا پەمىدۇر قىيامى، 86 مىڭ 236 توننا سۇ يېغى، 135 مىڭ 505 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 1 مىليون 820 مىڭ 900 توننا سېمونت، 6 مىليون 155 مىڭ 300 كىلوۋولت - ئامپېرلىق ترانسفورماتور، 136 مىڭ كىلوۋاتلىق ئۆزگىرىشچان توك دىۋىگاتېلى ئىشلەپچىقىرىلدى. خادىملارنىڭ ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى 46 مىڭ 399 يۈەن/ئادەمگە،

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 119.82 | 9.76 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 43.24 | 7.5 |
| | 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 41.83 | 13.6 |
| | 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 34.75 | 7.4 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تۈمەن توننا) | | 86.38 | —14.21 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 368.13 | 3.53 |
| يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 71.53 | 3.8 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 122.17 | 4.56 |
| تاشقى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 5908.3 | 24.8 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | | 29.77 | 7.14 |
| شەھەر ـ يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | | 79.96 | 12.33 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (100 مىليون يۈەن) | | 5.56 | 16.4 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (100 مىليون يۈەن) | | 8.83 | 14.24 |

مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 91.88% كە يەتتى. ئوبلاست بويىچە مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 269 مىليون يۈەنگە يەتتى. بىناكارلىق كارخانىلىرى بىر يىلدا 765 قۇرۇلۇشنى ئىشلىدى، سېلىۋاتقان ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 1 مىليون 642 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن ئىش باشلانغىنى 1 مىليون 159 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر، پۈتكەن ئۆي ـ ئىمارەت 1 مىليون 8500 كۋادرات مېتىر، پۈتكەن تۇرالغۇ ئۆي 654 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 2 مىليارد 898 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك تۈرلەرگە سېلىنغىنى 2 مىليارد 588 مىليون يۈەن، مەركەزنىڭ تۈرلىرىگە سېلىنغىنى 310 مىليون يۈەن. مەبلەغ سېلىش يولىدىن قارىغاندا ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 1 مىليارد 367 مىليون يۈەن، يېڭىلاش ـ ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 678 مىليون يۈەن، ئۆي ـ زېمىن كەسپىگە سېلىنغىنى 200 مىليون يۈەن. ئىگىلىك تىپى جەھەتتىن قارىغاندا دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىكنىڭ 1 مىليارد 224 مىليون يۈەن، بازار ـ يېزىلاردىكى شەخسلەرنىڭ 161 مىليون يۈەن. 10 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنغان نۇقتىلىق تۈر 66، جەمئىي سېلىنغىنى 1 مىليارد 825 مىليون يۈەن، بۇ جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغنىڭ 62.97% نى ئىگىلەيدۇ. شىنجاڭ «بۈيۈك بوغدا» يېمەكلىكلەر چەكلىك شىركىتى 56 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، شىنجاڭ بويىچە تېخنىكا، ئۈسكۈنىلىرى ئەڭ ئىلغار بولغان UHT سۈتچىلىك تۈرىنى قۇردى. شەھەر ـ يېزىلاردا 100 تاۋار سودا نۇقتىسى بار، سودىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 1 مىليارد 860 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئوبلاست بويىچە چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش تۈرىدىن 5 ى تەستىقلاندى، توختام بويىچە كىرگۈزۈلىدىغان مەبلەغ 13 مىليون دوللار بولۇپ، ئەمەلىيەتتە 560 مىڭ دوللار نەقلەشتى. ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش ھەمكارلىق تۈرىدىن 187 سى ئىمزالاندى، بۇنىڭ ئىچىدە توختاملاشقان تۈر 108، توختام بويىچە كىرگۈزۈلىدىغان سومما 1 مىليارد 510 مىليون يۈەن. يىل ئاخىرىغا قەدەر توختام تۈرلىرىدىن 100 ى ئەمەلىيلىشىپ ئىجرا قىلىندى. كىرگۈزۈلىدىغان مەبلەغدىن 977 مىليون يۈەن نەقلەشتى، توختامدىكى تۈرلەرگە ئەمەل قىلىنىش نىسبىتى 92.6% كە، توختام بويىچە كىرگۈزۈلىدىغان

مەبلەغنىڭ نەقلىنىش نىسبىتى 34.9%كە يەتتى. 2000 - يىللىق ئۆرۈمچى يەرمەنكىسىدە سانجى ئوبلاستى 201 توختام ئىمزالىدى، پۈتتۈشۈلگەن سوممىسى 4 مىليارد 152 مىليون يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ تالاھەدە ترانسفورماتور پاي چەكلىك شىركىتى گەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى بىلەن 200 دانە ترانسفورماتورنى ئېكسپورت قىلىش بويىچە ئىمزالىغان تاشقى سودا توختامى بار، ئۇنىڭ سوممىسى 4 مىليون دوللار. جەمئىيەت بويىچە توشۇلغان يولۇچى 29 مىليونغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 200 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا؛ توشۇلغان يۈك 18 مىليون توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 990 توننا - كىلومېتىرغا يەتتى، پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 353 مىليون يۈەنگە يەتتى. تېلېفون ئابونىتىدىن 41 مىڭ 500ى كۆپەيدى، ھەر 100 ئادەمگە 15.51دىن تېلېفون توغرا كەلدى؛ يىل ئاخىرىدا يانتېلېفون ئابونىتى 57 مىڭغا يەتتى. شۇ يىلى مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىن كەلگەن 3 مىليون 28 مىڭ 300 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مەملىكەت سىرتىدىن كەلگىنى 81 مىڭ ئادەم (قېتىم)، ساياھەتچىلىكتىن 149 مىليون 663 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. 2000 - يىللىق مەملىكەت ئىچى ساياھەت يەرمەنكىسىدە سانجى ئوبلاستى 13 تۈردە توختام ئىمزالىدى، بۇ توختاملارنىڭ سوممىسى 92 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە «شىنتيەن» خەلقئارا ئىقتىساد - سودا پاي شىركىتىنىڭ 1 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، بوغدا كۆلى ساياھەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرى بار.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ئوبلاست بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 10 مىڭ 43 (مىللىي 2242). چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلار قۇرغان تېخنىكا تەرەققىيات ئاپپاراتى 8، بۇ ئاپپاراتلاردا ئىشلەيدىغان پەن - تېخنىكا خادىمى 194. 86 ئىلمىي تەتقىقات تۈرى (1999 - يىلدىن قالغان تۈرلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تاماملاندى، بۇنىڭ ئىچىدە 24 ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسى دۆلەتنىڭ مىنىستىرلىك، كومىتېتلىرىنىڭ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، 13 ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسى سانجى ئوبلاستىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، 6 ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسى دۆلەت، ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ جەھەتتىكى بوشلۇقىنى تولدۇردى. پەن - تېخنىكا نەتىجىسىدىن 2 مىليارد 100 مىليون يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى يارىتىلدى. بىر يىلدا پەن - تېخنىكا پائالىيىتىگە 11 مىليون 383 مىڭ يۈەن

خىراجەت چىقىم قىلىندى. 1999 - يىل 10 - ئايدىن 2000 - يىل 3 - ئايغىچە ئەسقاتىدىغان تېخنىكا بويىچە 5279 قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 444 مىڭ 300 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. ئوبلاستتىكى ئالىي مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 3932 (مىللىي 922)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 8، ئوقۇغۇچىسى 3697 (مىللىي 1521)؛ تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 781 (مىللىي 96)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 129، ئوقۇغۇچىسى 74 مىڭ 429 (مىللىي 22 مىڭ 258)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 7، ئوقۇغۇچىسى 2288 (مىللىي 353)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 409، ئوقۇغۇچىسى 119 مىڭ 193 (مىللىي 41 مىڭ 479)؛ بالىلار باغچىسى 89 (شەخسلەر قۇرغان باغچا 59)، باغچىدىكى بالا 18 مىڭ 739 (مىللىي 3319)؛ گاس - گاچىلار مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 103؛ دېھقانلار مەدەنىيەت - تېخنىكا مەكتىپى 79، ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ 668 (مىللىي 1688). 230 مىڭ 818 كىشى ئەسقاتىدىغان تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەش ۋە ئىش ئورنىدا تەربىيىلەشكە قاتناشتى. ئوبلاست بويىچە ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل مەكتەپلەردە 20 مىڭ 370 ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى بار. ئاپتونوم رايون، ئوبلاست، ناھىيە (شەھەر) دىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك مەدەنىيەت مەكتىپىدىن 358ى قۇرۇلدى (ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكى 27، ئوبلاست دەرىجىلىكى 108، ناھىيە دەرىجىلىكى 223). سانجى ئوبلاستلىق 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى مەركىزىي مائارىپ ئىلمىي تەتقىقات يۇرتى تەرىپىدىن مەكتەپلەر ئەخلاق تەربىيىسى تۈزۈلمىسىنى ئومۇمىي جەھەتتىن بەرپا قىلىشتىكى دۆلەت دەرىجىلىك تەجرىبە مەكتەپ دەپ بېكىتىلدى. 2000 - يىلى ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەر قۇرۇلۇشىغا 138 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 132 مىڭ 60.78 كۋادرات مېتىر مەكتەپ ئۆي - ئىمارىتى پۈتتۈرۈلدى. يىل ئاخىرىدىكى سەنئەت ئۆمىكى 3، كىنو قويۇش ئورنى 64، مەدەنىيەت يۇرتى 8، ئامما كۈتۈپخانا 8، مۇزېي 3، يېزا - بازارلىق مەدەنىيەت پونكىتى (مەركىزى) 71، كەنت دەرىجىلىك مەدەنىيەت ئۆيى 643. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 96%كە يەتتى. سانجى ئوبلاستىنىڭ رادىئو - تېلېۋىزىيىنى ھەممە كەنتلەرگە ئۇلاشتۇرۇش خىزمىتى 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. ئوبلاست بويىچە ئارخىپنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورنى 9، ئارخىپخانا 10، ساقلىنىۋاتقان ئارخىپ 210 مىڭ 394 نۇسخا. ئوبلاستتا 919 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو تېبابىتى دوختۇرخانىسى 120، سەھىيە

يۇقىرىدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى 30، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى 5؛ 5001 كارىۋات، 8358 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 1398) بار. مىجىۋەن شەھىرى، جىمسار ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە تەنتەربىيىدە ئىلغار ناھىيە (شەھەر) بولدى. 2000 - يىلى ئوبلاست بويىچە 1685 قېتىم تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىلەرگە 205 مىڭ 600 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. دۆلەت دەرىجىلىك 2 تەنھەرىكەتچى يېتىشتۈرۈلدى. 16 ياشلار - ئۆسمۈرلەر كوماندىسى تەركىبىدىكى 154 تەنھەرىكەتچى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن يېنىك ئاتلېتىكا، تېز مۇز تېيىلىش، بوكسىيورلۇق، قارىغا ئېتىش، چېلىشىش، تەيچۈەنداۋ، تىكتاك توپ، ۋاسكېتبول، پۇتبول قاتارلىق 12 تۈردىكى مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، 24 ئالتۇن مېدال، 15 كۈمۈش مېدال، 20 مىس مېدال ئالدى. 5 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان سانجى ئوبلاستلىق تەنتەربىيە سارىيى 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى پۈتۈپ ئىشلىتىلدى، بۇ سارايىنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى 3600 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3160 يۈەنگە يەتتى. ئوبلاست بويىچە خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچى 125 مىڭ 347 بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8139 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى ئوبلاستتىكى ھەرخىل ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئاپپاراتى 20. بىر يىلدا شەھەر - بازارلاردا 14 مىڭ 397 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، يىل ئاخىرىدا 9500 كىشى ئۆزىنى ئىشسىز دەپ تىزىملاتتى. 31 پاشانغانلار ساناتورىيىسى قۇرۇلدى، تۇرمۇشى بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان پاشانغانلارنىڭ يىللىق بېقىلىش ئۆلچىمى 1500 — 2000 يۈەن بولدى. شەھەرلەردىكى 2264 نامرات ئائىلىنىڭ تۇرمۇشى ئاساسىي جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ مال مۈلۈك سۇغۇرتا سوممىسى 5 مىليارد 760 مىليون يۈەنگە، يىللىق سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 56 مىليون 921 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 32 مىليون 809 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. جۇڭگو سۇغۇرتىسى ئۆمۈر سۇغۇرتا شىركىتىگە بىر يىلدا 270 مىڭ كىشى قاتناشتى، سۇغۇرتا ھەققىدىن 64 مىليون 150 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى، 22 مىليون 310 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. قەرەلى توشۇپ بېرىلگەن پۇل 18 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئوبلاست بويىچە 8 ناھىيە، شەھەردە 6 نىكاھ مۇلازىمەت مەركىزى، 11 ئاممىۋى مىللىي قەبرىستانلىق، 3 جەمەت كۆلى قەبرىستانلىقى، بىر يىغىۋېلىش - قايتۇرۇش پونكىتى، بىر «ئۆمىد» بالىلار پاراۋانلىق ساناتورىيىسى بار. ئوبلاست بويىچە 9 مۇھىت ئاسراش ئاپپاراتى، 5 مۇھىت ئاسراش - كۆزىتىش - ئۆلچەش پونكىتى، 10 نازارەت قىلىش پونكىتى بار. شۇ يىلى سانائەتنىڭ بۇلغىنىشنى تۈزەش قۇرۇلۇشىدىن 25 ى ئىشلەندى، يۇنىڭ ئىچىدە يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىش تۈرى 7، كېرەكسىز گازنى بىر تەرەپ قىلىش تۈرى 16. تۈزەش تۈرلىرىگە 22 مىليون 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، پۈتكەن تۈرلەرنىڭ يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى كۈنىگە 12 مىڭ 330 توننا، كېرەكسىز گازنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى سائىتىگە 8717 ئۆلچەملىك كۇب مېتىر، كېرەكسىز قاتتىق جىسىملارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى يىلىغا 5000 توننا كۆپەيدى.

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى، نوپۇس، سەھىيە كۆرسەتكۈچى بىكتۇەن، شەرقىي جۇڭغار نېفىت بازىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، باشقا كۆرسەتكۈچلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

## تاسىرقاي دەرياسى شىمېخزا سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى پۈتتى

ماناس ناھىيىسىدىكى تاسىرقاي دەرياسى شىمېخزا سۇ ئامبىرىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى 28 ئايدا پۈتۈپ، 2000 - يىل 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تاقاق چۈشۈرۈلۈپ سۇ قاچىلاندى.

شىمېخزا سۇ ئامبىرىنىڭ قۇرۇلۇشى 1998 - يىل 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى رەسمىي باشلانغانىدى. سۇ ئامبىرىنىڭ لايىھەدىكى سىغىمى 50 مىليون 100 مىڭ كۇب مېتىر، 198 مىليون 880 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان. توسمىنىڭ لايىھەدىكى ئېگىزلىكى 109 مېتىر، 1 - قارارلىق قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن سۇغىرىش كۆلىمىنى 12 مىڭ گېكتار كېڭەيتكىلى، 20 مىڭ گېكتار يەرنىڭ سۇغىرىش شارائىتىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ. ھازىر توسمىنىڭ ئېگىزلىكى 83 مېتىرغا يەتتى، نازارەت قىلغۇچى ئورۇننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى بىلەن تاقاقنى چۈشۈرۈپ سۇ قاچىلاش شەرتىنى ھازىرلىغانلىقى ئىسپاتلاندى. بۇ سۇ ئامبىرىدا سۇغىرىش ئاساس، كەلكۈننىڭ ئالدىنى ئېلىش، توك ھاسىل قىلىش، ساياھەتچىلىك قاتارلىقلار قوشۇمچە قىلىنىدۇ. بۇ سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى ئېلىمىز سۇچىلىق قۇرۇلۇشى تارىخىدا كۆپ تۈردە رېكورت ياراتتى، بۇ نۆۋەتتە ئېلىمىز بويىچە ئەڭ سوغۇق، يەر تەۋرەش دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان جايغا سېلىنغان ئەڭ ئېگىز بېتون قۇرۇلمىلىق توسما ھېسابلىنىدۇ.

☆ سانجى ئوبلاستلىق ئالىي تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى قۇرۇلۇپ 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى رەسمىي ۋۇيۇسكا ئېسىلدى. بۇ مەكتەپنى ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىكى دۆلەت دەرىجىلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى دەپ

ئەستىقلىدى.

☆ 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە سانجى ئوبلاستىدىن 5 ناھىيە - شەھەرنىڭ يېزا ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى شىنجاڭدىكى ناھىيە - شەھەرلەرنىڭ رەت تەرتىپى جەھەتتە ئالدىنقى 10 ئورۇننى ئىگىلىدى.

☆ 2000 - يىلى «گۇاڭخۇا» خۇسۇسىي مەكتىپى 50 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 30 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق بېغى ئوقۇتۇش بىناسى سالدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ مەكتەپ شىنجاڭ بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ، تەسىرى ئەڭ زور خۇسۇسىي مەكتەپ بولۇپ قالدى.

خۇاڭ مېي

# سانجى شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

سانجى شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 35 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 7، مەھەللە ئىش باشقارمىسى 4، مەيدان - فېرما 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (يەتتۈەن يېزا ئىگىلىك 6 - شىسىنىڭ نوپۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 352 مىڭ 357 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 81 مىڭ 87)، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 99 مىڭ 424؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.95‰، ئۆلۈش نىسبىتى 5.04‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 6.91‰. شەھەر بويىچە 42 مىڭ 500 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 11 مىڭ 300 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 31 مىڭ 200 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

سانجى شەھىرى تەۋەسىدىكى تاغلىقلاردا 158 چوڭ - كىچىك مۇزلۇق بار، كۆلىمى 60 نەچچە كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، مۇزلۇقلارنىڭ سۇ زاپىسى 1 مىليارد 988 مىليون كۇب مېتىر. شەھەرنىڭ ئورمان بايلىقى 30 مىڭ 747 گېكتار، ئۆرە ياغاچ زاپىسى 3 مىليون 817 مىڭ كۇب مېتىر. تەبىئىي ئوتلاق 546 مىڭ 100 گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدە پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق 484 مىڭ 100 گېكتار. شەھەر تەۋەسىدە يىلپىز، موڭغۇلىيە ياۋا ئېشىكى، تاغ ئۆچكىسى قاتارلىق دۆلەت تەرىپىدىن 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان 12 خىل هايۋان ۋە قوڭۇر ئېيىق، سۆسەر، يوغانباش ئارقار قاتارلىق دۆلەت تەرىپىدىن 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ياۋايى هايۋان بار. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن سوغىگۈل، قانتېپەر، قار لەيلىسى، چۈچۈكبۇيا، ھىڭ، يەر مەدىكى، توشقان زەدىكى، چاكاندا، ئالقات، بۇدۇشقاق قاتارلىق 100 نەچچە خىلى بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى كۆمۈر، تۆمۈر، كېپەك ئالتۇن، گۈڭگۈرت، زەمچە، شور، ھاك تېشى، ساپال توپىسى قاتارلىقلار بار. كۆمۈرنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى تەخمىنەن 5 مىليارد توننىغا، ھاك تېشىنىڭ زاپىسى 22 مىليون 310 مىڭ توننىغا يېتىدۇ. تەۋەسىدە 10 نەچچە ئارشاڭ بار. سۇر باستاۋ ئوتلىقى، ئالتۇن كۆل، نۇرجا، مياۋئېرگۇ، چىڭگىدا كۆلى قاتارلىق سەيلىگاھلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ سانجى شەھەرلىك 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ شۇگېن.

5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: خەن شېڭلۇ (خۇيزۇ).

شەھەر باشلىقى: ماجۇچىڭ (خۇيزۇ).

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: فېڭ خەيىڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 150 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 620 مىليون 720 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 4.89% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 75 مىڭ 43 توننا ئاشلىق، 112 مىڭ توننا قىزىلچا، 7510 توننا ياغلىق دان، 12 مىڭ 762 توننا پاختا، 1916 توننا قۇلماق، 252 مىڭ 860 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 450 مىڭ 627 توننا كۆكتات (قىيام پەمىدۇرى 260 مىڭ 451 توننا)، 9473 توننا مېۋە - چېۋە (ئۈزۈم 8389 توننا)، 1637 توننا تاۋۇز گازىرى، 10 مىڭ 540 توننا پاكىز ئېلىندى. 2306.7 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 2 مىليون تۈپ مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىلدى، تۆت ئەتراپقا 600 نەچچە مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 23 مىڭ 98 توننا گۆش، 27 مىڭ 428 توننا سۈت، 2631 توننا تۇخۇم، 850 توننا قوي يۇڭى، 11.78 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 10 مىڭ 940 پارچە كالا تېرىسى، 95 مىڭ 100 پارچە قوي تېرىسى، 16 مىڭ 800 پارچە ئۆچكە تېرىسى، 34 كىلوگرام بۇغرا بۇغا مۈڭگۈزى، 8 توننا تۆگە يۇڭى، 7100 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 30 مىليون 510 مىڭ

يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 64.64 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ، 430 يۈرۈشلەشكەن ئىنشائات ياسالدى، 69 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 69 قۇدۇق يۈرۈشلەشتۈرۈلدى. 1 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، سەنتۈن دەرياسىنىڭ لاي يۇركۇپ قىرغاقنى قوغداش قۇرۇلۇشى تاماملاندى، يۇركۇپ قوغدىلىدىغان كۆلەم 9300 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 10 مىليون 540 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، سەنتۈن دەرياسى سۇغىرىش رايونىدىكى سۇ تېجەپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشى ئۆزگەرتىلدى. سانجى شەھىرىنىڭ سۇ تېجەپ سۇغىرىشتىكى ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرى بولغان باغۋەنچىلىكتە تامچىلىتىپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشىدا سۇ بېشى مۇئەسسەسىلىرى قۇرۇلۇشى ۋە 40 گېكتار يەردىكى قولاقنى تامچىلىتىپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى، بۇ قۇرۇلۇشلارغا 2 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان. 1 مىليون 420 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 4 يەردە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىپ، 2500 ئادەم ۋە 29 مىڭ چارۋىنىڭ ئىچىدىغان سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى. يۇركۇپ، تامچىلىتىپ سۇغىرىلىدىغان كۆلەم 7.466 گېكتار كۆپەيتىلدى. شەھەر بويىچە قاشالانغان ئوتلاق 14 مىڭ 700 گېكتارغا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىسى 5319 غا، كەسىپكارى 21 مىڭ 474 كە، تىجارەت كىرىمى 1 مىليارد 189 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 79 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شەھەرگە تەۋە سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 589 مىليون 650 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 1 مىليارد 271 مىليون 230 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 15.73% ئاشتى. 834 مىليون 300 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 739 مىڭ 100 توننا كۆمۈر، 784 توننا فابرىكا قەغىزى، 9847 توننا گۈڭگۈرت كىسلاتاسى (ساپقا سۇندۇرۇلدى)، 3305 توننا فوسفورلۇق ئوغۇت، 1546 توننا سىر، 37 مىڭ 629 توننا سۇلياۋ ياسالما، 77 مىڭ 6 ساندۇق تاختا ئەينەك، 4084 دانە ۋىكلىيۇچاتېل تاختىسى، 17 مىڭ 314 توننا شېكەر، 6 مىليون 155 مىڭ 300 كىلوۋولت - ئامپېرلىق ترانسفورماتور، 76 مىڭ 300 توننا ئۇن، 12 مىڭ 679 توننا پاختا يىپ، 219 دانە كومپيۇتېر، 136 مىڭ كىلوۋاتلىق ئۆزگىرىشچان توك دۋىگاتېلى، 37 مىڭ 710 كىلومېتىر ئېلېكتر سىمى، 28 مىڭ 986 توننا سۇ يېغى، 77 مىڭ 312 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 42 مىڭ 400 دانە ئۆي جاھازىسى، 16 مىڭ 653 توننا قېتىمغا پولات سىم ئېلىنغان ئاليۇمىن سىم، 181 مىڭ 400 كىلوۋولت - ئامپېرلىق ئاليۇمىن كىسلاتالىق باتارېيە ئىشلەپچىقىرىلدى. 6 تۈردە ئىچكى ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق توختامى ئىمزالاندى، توختامدىكى تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغ 51 مىليون 200 مىڭ يۈەن. 2000 - يىللىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە 29 توختام ئىمزالاندى، سوممىسى 29 مىليون يۈەنگە يەتتى. 226 مىليون 360 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 52 تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى تاماملاندى. 9 خىل يېڭى مەھسۇلات يارىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ ۋىكلىيۇچاتېل ئېلېكتر سايمانلىرى شىركىتىنىڭ CHC—IC تىپلىق بىر يۈرۈش ئوتقا چىداملىق، سانجىشقا - چېتىشقا بولىدىغان ئانا سىم ئوقۇرى، 10—$2BW^3$ تىپلىق ساندۇقسىمان يېپىق ئۆزگەرتكۈچ ئىشكاپى، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور شىركىتىنىڭ SZ10—5000KVA/110KVلىق تولۇق ھىملەنگەن ئۆزلۈكىدىن سوزۇيدىغان ترانسفورماتورى، 10 تىپلىق 35KVلىق توك سەپلەنگەن ئېلېكتر يېپىق ئۆزگەرتكۈچ، غەيرى كىرىستال قېتىشمىلىق ترانسفورماتور، پولىۋىنىل خلورد كېڭەيتىش قېلىپىنىڭ ماتېرىيالى CH — 70 قاتارلىق مەھسۇلاتلار باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتۈپ بازارغا سېلىندى. ئالاھىدە ترانسفورماتور شىركىتىنىڭ كارخانا تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى دۆلەت دەرىجىلىك كارخانا تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى دەپ ئېتىراپ قىلىندى. «كېمەنلىك»، «يېشىل تۇغ»، ئالاھىدە ترانسفورماتور يېپى شىركەتلىرى ISO9002 خەلقئارالىق سۈپەت دەلىللىشىدىن ئۆتتى. MAIQUR يېمەكلىرى، «رۇيشياڭ» ماركىلىق ئىشخانا بۇيۇملىرى شىنجاڭنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتى بولۇپ باھالاندى، شەھەر بويىچە داڭلىق مەھسۇلات 6گە يەتتى، داڭلىق مەھسۇلاتلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى شەھەر سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 60%تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. يەككە، خۇسۇسىيلار كارخانىسى 8714 بولۇپ، يۇقىرىغا 30 مىليون 590 مىڭ يۈەن باج تاپشۇردى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 130 مىليون 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شەھەر ئۇل مۇئەسسەسەلىرىگە 64 مىليون 540 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 58 مىليون 570 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان 2 - يۈندا بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ توپا - تاش قۇرۇلۇشى پۈتتى. باغۋارانلاشتۇرۇش - كۆكەرتىش، يول، سۇ بىلەن تەمىنلەش، مۇھىت تازىلىقى ۋە ئاممىۋى ئېلان ھەمدە باشقا قۇرۇلۇشلارغا 36 مىليون 114 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شىمالىي «بوستان» يولى، شەرقىي «نىڭبيەن» يولى، جەنۇبىي «يەنئەن» يولى قاتارلىق يوللارنى ئۆزگەرتىش - كېڭەيتىش ۋە كۆكەرتىش، يورۇتۇش قۇرۇلۇشلىرى پۈتتۈپ، ئاپتونوم رايون بويىچە «تەڭرىتاغ» لوڭقىسى شەھەر قۇرۇلۇشى مۇسابىقىسىدە ئەلا شەھەر دېگەن نامغا ئېرىشتى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 402 مىليون 530 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 484 مىليون 950 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى.

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 282631 | 10.5 |
| يۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 70039 | 9.2 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 115022 | 11.5 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 97570 | 9.8 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تونا) | | 75043 | —25.27 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 50.7 | 4.49 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 104544 | 7.54 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 14.3 | 3.47 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 1363 | 55.33 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 73749 | 8.26 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 219456 | 12.04 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 14744 | 18.67 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 13677 | 20.77 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (پۈتكۈل يېزا ئىگىلىك 6 - شى ھەمدە ئاپتونوم رايون، سانجى ئوبلاستىنىڭ شەھەردە تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 1 مىليارد 642 مىليون 630 مىڭ يۈەن.

پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 123 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە، شەھەر بويىچە تېلېفون كوممۇتاتور سىغىمچانلىقى 63 مىڭ 725 توچكىغا، يېڭىدىن كۆپەيگەن تېلېفون ئابونېنتى 8373كە يەتتى، تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى جەھەتتە ھەر 100 ئادەمگە 21 دىن تېلېفون توغرا كەلدى، سىمسىز چاقىرغۇ ئابونېنتى 34 مىڭغا، يانتېلېفون ئابونېنتى 19 مىڭ 370 كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 3100 نەچچىگە يەتتى. ساياھەتچىلىكتىن 78 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 1185. شۇ يىلى شەھەر بويىچە 58 پەن - تېخنىكا تۈرى، 1 مىليون 590 مىڭ يۈەن 3 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا خىراجىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شىنجاڭنىڭ «ئۇچقۇن» پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن تۈرلەردىن «تەڭرىتاغ» ئۈن گۇرۇھى شىركىتى 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان مەخسۇس ئۈن مەھسۇلاتلىرىنى يارىتىش تۈرى، «بۇيۇك بوغدا» يېمەكلىكلەر شىركىتى 44 مىليون 260 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالغان UHT—MAIQUR سۈت مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى كەسپلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرى بار. شەھەر بويىچە 131 پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كەنت بار. پەن - تېخنىكىدىكى ئۈلگىلىك ئائىلە 4183' كە يەتتى. ئەمسقاتىدىغان تېخنىكا ۋە پەن - تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن تەربىيىلەش كۆرسىدىن 678 قارار ئېچىلىپ، 37 مىڭ 661 كىشى تەربىيىلەندى. شەھەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپ (ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار ۋە شەھەردە تۇرۇشلۇق ئورۇنلارنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) 61 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 20)، ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 670 (مىللىي 6167)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 13 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 6)، ئوقۇغۇچىسى 7023 (مىللىي 2326)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 820 (مىللىي 226)؛ بالىلار باغچىسى 9، باغچىدىكى بالا 2651 (مىللىي 671). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 2216 (مىللىي 667). مائارىپ ئاساسىي

قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 703 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %99كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە يەتتى. سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتىدىن 3800ى كۆپەيدى. شەھەر بويىچە يۇقىرى ئۆلچەملىك كەنت (كوزۇپيا) مەدەنىيەت ئۆيىدىن 47 سى قۇرۇلدى. شەھەردىكى تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (شەھەرگە تەۋەسى) 298 (جۇڭگو تېبابىتى دوختۇرخانىسى 2، يېزا - بازار شىپاخانىسى 10)، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 463، كارىۋات 325. 2000 - يىلى سانجى شەھىرى تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايوندىكى ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە مەكتەپلىرى ئارا تېز تېيىلىش مۇسابىقىسىدە كوللېكتىپ 1 - بولۇپ، 23 مېدال ئالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتۇن مېدال 8. سانجى شەھىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «ئومۇمىي خەلق سافلاملىقى تەشۋىقات ئېيى پائالىيىتىدە ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 3795 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8883 يۈەنگە يەتتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 22 مىليون 981 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 4770 تۆلەم دېلوسى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىلىپ، 15 مىليون 78 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى؛ 90 مىڭ 919 كىشى ئۆمۈر سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 27 مىليون 745 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 820 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، سانجى ئوبلاستى بويىچە تۇنجى «ئۈمىد» باللار پاراۋانلىق ساناتورىيىسى قۇرۇلدى. بىر يىلدا 486 مىڭ 300 يۈەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى پۇلى، كارخانىلاردىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلارغا 10 مىليون 520 مىڭ يۈەن ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلى، 6 مىليون 726 مىڭ يۈەن داۋالىنىش سۇغۇرتىسى پۇلى، 35 مىڭ يۈەن ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى پۇلى تارقىتىلدى. قىيىنچىلىقتىن چېكىنگەن 96 ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، قەرەللىك، نورمىلىق قوشۇمچە ياردەم پۇلى ھېسابىدا 190 مىڭ يۈەن تارقىتىپ بېرىلدى. 2 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 26 نۇقتىلىق سانائەت كارخانىسىنىڭ بۇلغاش مەنبەسىنى تۈزەش ۋەزىپىسى تاماملاندى. 50 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىنىپ، 2 - قارارلىق مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش قۇرۇلۇشى پۈتتۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن ئىسسىتىش ئىقتىدارى 3 مىليون كۋادرات مېتىرغا يەتتى؛ 96 پارقازان بىكار قىلىندى ۋە ئىشتىن توختىتىلدى. بىر يىلدا 16 قۇرۇلۇش تۈرى مۇھىتقا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى باھالاش بويىچە تەكشۈرۈپ تەستىقلاشتىن ئۆتتى، مۇھىت ئاسراشقا 137 مىليون 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شاۋقۇن تىزگىنلەنگەن كۆلەم 6.72 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %39.1 بولدى؛ چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن كۆلەم 11.76 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %68.37 بولدى. شەھەرلەردە سانائەت كېرەكسىز قاتتىق جىسىملىرىنى ئۈنۈمىيەرسال تۈزەش نىسبىتى %98كە، شەھەر ئەخلەتلىرىنىڭ زىيانسىزلاندۇرۇلۇپ بىر تەرەپ قىلىنىش نىسبىتى %100كە، شەھەرنىڭ رايونلار بويىچە يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %35.3كە يەتتى.

☆ خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى، ئازادلىق ئارمىيە باش سىياسىي بۆلۈمى 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سانجى شەھىرىگە «مەملىكەت بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنىچى شەھەر» دەپ شەرەپلىك نام بەردى.

☆ شىنجاڭ «ياجۇڭ» سودا شەھەرچىسى گورۇھى چەكلىك شىركىتى 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى قۇرۇلدى.

☆ شىنجاڭ «تەڭرىتاغ» ئۈن گورۇھى 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قۇرۇلدى.

دۇ خۇيبىن، ۋاڭ جىجيەڭ

# مىچۈەن شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

مىچۈەن شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 17 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق بازار 5، يېزا بىر، مەھەللە ئىش باشقارمىسى 3. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 173 مىڭ 158 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 64 مىڭ 330)، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 94 مىڭ 65؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰13.51، ئۆلۈش نىسبىتى ‰4.76، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰8.75. شەھەر بويىچە 21 مىڭ 198 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 8918 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 5927 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تېپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

مىچۈەن شەھىرى شىنجاڭ بويىچە ئاساسلىق شال چىقىدىغان جايلارنىڭ بىرى. شەھەر بويىچە يەر ئۈستى سۇ بايلىقى 125 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. تاغلىق رايونلاردا 3188 گېكتار ئورمانلىق بار. ئوتلاق كۆلىمى 360 مىڭ 900 گېكتار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىلىۋاتقان

ئوتلاق كۆلىمى 284 مىڭ 900 گېكتار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن جەرەن، سۇغۇر، تۈلكە، بۆرە قاتارلىقلار، ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن سوغىگۈل، قانتېپەر، ھەسەلگە، مەرزەنجۇش، قار لەيلىسى، چۈچۈكبۇيا، ئالقات، گۈلبۇغۇن، توشقان زەدىكى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى كۆمۈر، ھاك تېشى، تۆمۈر رۇدىسى، ساپال توپىسى، شور قاتارلىقلار بار. ھاك تېشىنىڭ زاپىسى تەخمىنەن 500 مىليون توننىغا، كۆمۈرنىڭ زاپىسى 1 مىليارد 800 مىليون توننىغا يېتىدۇ، بۇ شەھەر مەملىكەت بويىچە كۆمۈر چىقىدىغان نۇقتىلىق ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. شەھەر تەۋەسىدە خاشيۈگۈ مەنزىرىلىك ساياھەت رايونى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ مىچۈەن شەھەرلىك 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى فېڭچىڭ.

2 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ما جۈن (خۇيزۇ).

شەھەر باشلىقى: ماشيۇڭچىڭ (خۇيزۇ).

سىياسىي كېڭەش 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ليۇ چۈسەي.

## يېقىنقى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى شەھەر بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 435 مىليون 750 مىڭ 300 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 222 مىليون 304 مىڭ 400 يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 8.5% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۈزىتىلمىگەن سان). 74 مىڭ 391 توننا ئاشلىق (گۈرۈچ 63 مىڭ 794 توننا)، 2142 توننا ياغلىق دان (ئاپتاپپەرەس 1855 توننا)، 639 توننا پاختا، 8077 توننا قىزىلچا، 86 مىڭ 500 توننا كۆكتات، 710 توننا ياڭيۇ، 9138 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 1119 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. 199 گېكتار پەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 21 مىڭ 7 گېكتار تاغ قاشاغا ئېلىنىپ ئورمان يېتىشتۈرۈلدى. 31 گېكتار يەردە كۆچەتخانا بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 450 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 15 مىڭ 604 توننا گۆش، 5090 توننا كالا سۈتى، 410 توننا ئۆچكە سۈتى، 287 توننا قوي يۇڭى، 41 توننا چۈپۈر، 10.8 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 2.18 توننا تۆگە يۇڭى، 1473 پارچە كالا تېرىسى،

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 72850 | 7.99 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 12952 | 4.84 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 40595 | 9.75 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 19303 | 1.8 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 74391 | —1.35 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 21.38 | 0.14 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 163.764 | 10.75 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 10.74 | —9.69 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | | 5.75 | 7.08 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | | 15.11 | 56.26 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 7024 | 15.58 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 9131 | 1.06 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى.

11 مىڭ 488 پارچە قوي تېرىسى، 4500 توننا تۇخۇم، 1508 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇغىرىش قۇرۇلۇشىغا 8 مىليون 326 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 28 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى ۋە يۇرۇشلەشتۈرۈلدى. 26 ماشىنىلاشقان قۇدۇق چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ ئۆزگەرتىلدى، 362 ماشىنىلاشقان قۇدۇق ئوڭشالدى، شاللىقلاردا 82.1 كىلومېتىر زەيكەش چېپىلدى، 17 كىلومېتىر زەيكەشنىڭ لېيى تارتىلدى، 152 كۆۋرۈك، سۇغىرىش پاسالدى، ئېتىزلىقلار ئارىسىدا 5.55 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، 382 كىلومېتىر ئوقۇل، تارماق، ئوق ئېرىقنىڭ لاي - لاتقىسى ئادالاندى. دەريادىكى خەتەرلىك ئىنشائاتلار خەتەرلىك بولۇپ قالغان دامبىنىڭ 8 يېرى پۇختىلاندى، بۇلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. يېزا ئىگىلىك ئوتلاق پونكىتىنىڭ يەم - خەشەك بازىسىدا 67.66 گېكتار يېرىم مۇقىم شەكىلدىكى يۆركۈپ سۇغىرىش كۆلىمى بەرپا قىلىندى. يېڭىدىن كۆپەيگەن تېرىلغۇ يەر 121.6 گېكتار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى ئېچىلغان بوز يەر 24.2 گېكتار. يېزىلاردا 55 مىليون 820 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 9651 توننا (ئەمەلىي مىقدارى) خىمىيىۋى ئوغۇت، 49.24 توننا دېھقانچىلىق دورىسى، 418 توننا دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق، 1434 توننا دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان دىزېل سەرپ قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى كىرىمى 2 مىليارد 808 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 948 مىليون 650 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 1 مىليارد 660 مىليون 280 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 15.05% ئاشتى. 2 مىليون 24 مىڭ 900 توننا كۆمۈر، 14 مىڭ 910 توننا كوكس، 110 مىڭ توننا سېمونت، 21 مىڭ 319 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 11 مىڭ 892 توننا پولات ماتېرىيال، 204 مىليون 120 مىڭ دانە خىش، 1190 كۋادرات مېتىر گىلەم، 22 توننا ئىسپىرتسىز ئىچىملىك، 145 توننا ئىچىملىك - ھاراق، 41 مىڭ 756 توننا تەڭشەلگەن ئارىلاشما يەم - بوغۇز، 4910 توننا گۈرۈچ، 726 توننا بىرىكمە كىر يۇيۇش سۇيۇقلۇقى، 15 مىڭ 800 توننا ئۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. تۇراقلىق مۈلۈككە 426 مىليون 960 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 125 مىليون 800 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 71 مىليون 90 مىڭ يۈەن، شەھەر - بازارلاردىكى زاۋۇت كان رايونلىرىدا شەخسلەرنىڭ ئۆي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 70 مىليون 240 مىڭ يۈەن. شەھەر بويىچە سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش تۈرىدىن 54ى ئەمەلىيلەشتى، توختامدىكى تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغ 783 مىليون 860 مىڭ يۈەن. بۇ تۈرلەرنىڭ ئىچىدە، 300 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان «گۇاڭخۇي» سانائەت باغچىسى، 50 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان شىنجاڭ «كاڭفۇ» دوختۇرخانىسى، 48 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان تەبىئىي گازنى ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى، 89 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان قۇيما پولات كەينەك ئىشلەپچىقىرىش تۈرى، 15 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان «چىڭچى» ماركىلىق موتسىكلىتنى قۇراشتۇرۇش تۈرى قاتارلىقلار بار. تاشيولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 67 مىليون 200 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 113 مىليون 200 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 694 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 29 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە كەسپىي ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 1213، ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 164. شۇ يىلى شەھەر بويىچە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تۈرىدىن 4ى، ۋىلايەت - ئوبلاست دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تۈرىدىن 3ى، شەھەر دەرىجىلىك تۈردىن 34ى، 1 مىليون يۈەن 3 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا خىراجىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شەھەر بويىچە ئەمەلىيەتتە تېخنىكا، پەن - تېخنىكا بىلىملىرى، داۋاملىق تەربىيىلەش ئاساس قىلىنغان تۈرلۈك تەربىيىلەش كۇرسىدىن 670 قارار ئېچىلىپ، 43 مىڭ 444 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى، 28 قېتىم بېيىش ماھىرلىرى نۇتۇق سۆزلەش يىغىنى ئېچىلدى، ئاڭلىغۇچىلار 2466 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى؛ 23 مەيدان پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش ئەدەبىيات - سەنئەت تەشۋىقات پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى، كۆرگۈچىلەر 4393 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى؛ پەن - تېخنىكىنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، 5000 ئادەم (قېتىم) دىن كۆپرەك ئامىمىغا پەن - تېخنىكىدىن مەسلىھەت بېرىلدى؛ شەھەردىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 222 (مىللىي 46)، ئوقۇتقۇچىسى 84 (مىللىي 17)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 10، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 361 (مىللىي 4570)، ئوقۇتقۇچىسى 942 (مىللىي 251)؛ ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 58، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 840 (مىللىي 7168)، ئوقۇتقۇچىسى 1316 (مىللىي 536)؛ بالىلار باغچىسى 23، باغچىدىكى بالا 2701. مىچۈەن شەھىرى

10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى گوۋۇيۈەن ئاياللار - باللار خىزمىتى كومىتېتى تەرىپىدىن «ئىككى پروگراما» (يەنى «90 - يىللاردىكى جۇڭگو باللار تەرەققىيات پىلانى پروگراممىسى» ۋە «ئايالالار تەرەققىيات پروگراممىسى») نى يولغا قويۇشتىكى ئۈلگە ناھىيە (شەھەر) بولۇپ باھالاندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96كە يەتتى. شەھەردە 190 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 812 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 296 كارىۋات بار. 8 قېتىم جۇڭگو، ئوتتۇراھال مەدەنىيەت - تەنتەربىيە پائالىيىتى، كەسپلەر سىستېمىسىدا 23 قېتىم تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، يېزا - بازارلاردا 6 قېتىم تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، 2 قېتىم ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. مىچۈەن شەھرى مەملىكەت بويىچە تەنتەربىيىدە ئىلغار ناھىيە (شەھەر) بولۇپ باھالاندى.

### خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 3560 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق پۇل مائاشى 7582 يۈەنگە يەتتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 7 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 4 مىليون 660 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى؛ جىسمانىي سۇغۇرتىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 16 مىليون يۈەنگە يەتتى، 3 مىليون 800 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. شەھەر رايونىنىڭ سۇ تۇرۇبىلىرى بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %95كە، يوندا تۇرۇبىلىرى بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %73.9كە، گازلىشىش نىسبىتى %87كە، يوللارنىڭ ساق تۇرۇش نىسبىتى %98كە يەتتى. شەھەر رايونىدا كۆكەرتىلگەن كۆلەم 183.8 گېكتار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يېشىلدىن كۆپەيگىنى 44.7 گېكتار. شەھەر رايونىنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %21كە يەتتى.

☆ مىچۈەننىڭ «مىچۈەن» ماركىلىق گۈرۈچى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتى دەپ رەسمىي بېكىتىلدى.

لىۋ يىڭ، جاڭ دېڭخۇا

## فۇكاڭ شەھرى

### ئاساسىي ئەھۋالى

فۇكاڭ شەھرى تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن ئۈرۈمچى شەھرىگىچە بولغان ئاشيول مۇساپىسى 57 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق بازار 4، يېزا 3، مەيدان 2، مەھەللە ئىش باشقارمىسى 3. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 153 مىڭ 260 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 40 مىڭ 291)، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 79 مىڭ 41؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰12.45، ئۆلۈش نىسبىتى ‰5.46، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰6.99. شەھەر بويىچە 20 مىڭ 200 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 9700 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 10 مىڭ گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

فۇكاڭ شەھرىدىكى ئېگىز تاغلىق رايوندا 54 مۇزلۇق بار بولۇپ، كۆلىمى 55 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. شەھەر تەۋەسىدىكى نېفىتنىڭ نەزەرىيىۋى زاپىسى نەچچە 10 مىليارد توننىغا، تەبىئىي گاز زاپىسى نەچچە 100 مىليارد كۇب مېتىرغا، كۆمۈر زاپىسى 6 مىليارد 900 مىليون توننىغا يېتىدۇ. يىلپىز، ئۈلار، سۈلەيسۇن، بۇغا قاتارلىق 70 نەچچە خىل ياۋايى ھايۋان بار. ياۋا ئۆسۈملۈكلەر 200 خىلدىن ئاشىدۇ، ئاساسلىقى قار لەيلىسى، كىرەش، قانتېپەر، سوغىگول، ھىلىڭ، يەرمەدىكى قاتارلىقلار بار. بوغدا كۆلى مەنزىرىلىك ساياھەت رايونىنىڭ كۆلىمى 185 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، دۆلەت دەرىجىلىك ساياھەت رايونى ھېسابلىنىدۇ.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ فۇكاڭ شەھەرلىك 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ گوشىن.

2 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: شى جۇنيىڭ (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

شەھەر باشلىقى: يىن گۇاڭلىڭ.

سىياسىي كېڭەش 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: شى جۇنيىڭ (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، گو چىڭخۇا (ئايال، 2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى شەھەر بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 367 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 190 مىليون يۈەن)گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %2.18 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، 72 مىڭ 500 توننا ئاشلىق، 6603 توننا ياغلىق دان، 2189 توننا پاختا، 2490 توننا قىزىلچا، 80 مىڭ توننا كۆكتات، 11 مىڭ 800 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 1500 توننا

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 63025 | 7.3 |
| يۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 21526 | 13.9 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 17090 | —4.5 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 24409 | 11.2 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 72480 | —7.2 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 34.47 | 4.1 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 104216 | 7.1 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | | 4.62 | 7.2 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 55.392 | 10.9 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 7817 | 20.7 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 7140 | 7.7 |

ئىزاھ: جەدۋەلدىكى تۈرلەر شەھەرگە تەۋە قىسىمنى كۆرسىتىدۇ، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 353 مىليون 90 مىڭ يۈەن.

مېۋە - چېۋە ئېلىنىدى. شۇ يىلى 2. 367 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - يۇرات يەرلەرگە 100 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 1837 توننا كالا گۆشى، 4000 توننا چوشقا گۆشى، 4961 توننا قوي گۆشى، 1268 توننا ئۆي قۇشلىرى گۆشى، 345 توننا بېلىق، 8. 528 توننا قوي يۇڭى، 2. 30 توننا چۇپۇر، 4076 توننا كالا سۈتى، 155 توننا ئۆچكە سۈتى، 1960 توننا تۇخۇم ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، 127 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، 50 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، ئىبرىلغۇ يەر 67. 166 گېكتار كۆپەيدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ كىرىمى 680 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 421 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 329 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %3 .1 ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 94 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %02 .1 ئاشتى. 58 مىليون 110 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 1 مىليون 220 مىڭ توننا كۆمۈر، 1 مىليون 560 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 46 مىڭ 600 توننا بۇغداي ئۇنى، 10 مىڭ 535 توننا سۇ يېغى، 4628 توننا يەمدۈر قىيامى، 3834 توننا تەڭشەلگەن ئارلاشما يەم - خەشەك، 35 مىڭ كۆپ مېتىر ياغاچ تاختا، 60 مىڭ 700 ئۆي جاھازىسى، 65 مىڭ قۇر كىيىم - كېچەك، 31 توننا سۇلياۋ تۇرۇبا ماتېرىيال، 41مىڭ دانە كۆندىلىك قارفور بۇيۇم، 84 توننا خىمىيۋى سۈيۈق دورا، 23 مىڭ توننا سېمونت، 107 مىڭ توننا كوكس، 132 مىليون 500 مىڭ دانە خىش، 7 توننا ئاق هاراق، 705 توننا جياڭيۇ، 2064 توننا ساپ پاختا، 1200 توننا فابرىكا قەغىزى ۋە قەغەز پەنەركە، 1297 توننا سۇلياۋ بۇيۇم، 1800 توننا تەييار پولات ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 101 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى. شۇ يىلى ئاساسلىقى شىكۇ كۆمۈر كېنىنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى 150 مىڭ توننىلىق كان قۇدۇقىدا كۆمۈر قېزىش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىش قۇرۇلۇشى، «شېنفۇسالڭ» دورىگەرلىك شىركىتىنىڭ قار لەيلىسى گۈلى ئىچىملىكى 2 - قارارلىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، «جىنلىڭ» ئاشلىق - ياغ چەكلىك شىركىتىنىڭ چىگىت تىۋىتى ئايرىش تېخنىكىسىنى ئىسلاھ قىلىش قۇرۇلۇشى، «لىنلى» ياغاچ چەكلىك شىركىتىنىڭ كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى قاتارلىقلاردا ئىش باشلاندى. شەھەرلەردىكى يۇندا چىقىرىۋېتىش

قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىپ قۇرۇشتا شۇ يىلى 10 مىليون يۈەن مەبلەغ نەقلەشتى، 3800 مېتىر يوندا تۇرۇبىسى تۇرى ئورنىتىلدى، يوندىنى بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى. 20 ھەمكارلىق تۈرى يولغا قويۇلدى، 259 مىليون 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ نەقلەشتى. 2000 - يىللىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە 21 توختام ئىمزالاندى، 18 توختام ئەمەلىيلەشتى، بۇلاردا سېلىنغان مەبلەغ 34 مىليون 980 مىڭ يۈەن. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 94 مىليون 990 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 170 مىليون 70 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 23 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا 40 مىڭ تېلېفون ئابونتى بار بولدى. يېڭىدىن ئىش باشلانغان ساياھەتچىلىك قۇرۇلۇشلىرىغا بىر يىلدا 14 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى بوغدا كۆلى مەنزىرىلىك رايونى مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر مەنزىرىلىك رايون بولۇپ باھالىنىپ، دۆلەت ساياھەتچىلىك ئىدارىسىنىڭ AAAA دەرىجىلىك مەنزىرىلىك رايونلارنى باھالاپ بېكىتىش بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى. بىر يىلدا مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچىدىن 500 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 80 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 75.6% ئاشتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 1050 (ئالىي دەرىجىلىكلەر 102). شۇ يىلى 43 ئىلمىي تەتقىقات تۈرى تاماملاندى، 3 تۈر سانجى ئوبلاستىنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شەھەر - يېزا دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتلىرى كومپيۇتېر پەن - تېخنىكا ئۇچۇر تورى قۇردى، ئۇچۇر تورى ئارقىلىق چەت ئەللەرنىڭ يېڭى دېھقانچىلىق سورتلىرىدىن 20 نەچچىسى كىرگۈزۈلۈپ، 600 گېكتار يەردە كېڭەيتىلدى، دېھقانلار بۇ تۈرلەردىن 10 مىليون يۈەندىن ئارتۇق نەپ ئالدى. شەھەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 42، ئوقۇتۇش نۇقتىسى 19، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 91 (مىللىي 3569)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 12، ئوقۇغۇچىسى 5436 (مىللىي 1735)؛ بالىلار باغچىسى 7، باغچىدىكى بالا 1222 (مىللىي 177)؛ كەسپىي تېخنىكوم مەكتىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 526 (مىللىي 22). تورلۇق مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 2093 (مىللىي 499). رادىئو - تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100%كە يەتتى. فۇكاڭ شەھىرى ئاپتونوم رايوننىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر) لەرنى قايتا تەكشۈرۈشىدە تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى. شەھەر بويىچە 118 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەرگە بىۋاستە قاراشلىق 3، يېزا - بازار شىپاخانىسى 7، كەنت دەرىجىلىك داۋالاش ئورنى (ئۆيى) 31، زاۋۇت - كان - مەكتەپ داۋالاش ئۆيى 11، يەككە ئامبۇلاتورىيە 52؛ 479 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 300 كارىۋات بار؛ «ئا» دەرىجىلىك داۋالاش ئورۇنلىرىنىڭ قاپلاش نىسبىتى 92%كە يەتتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى شەھەر بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 3249 يۈەنگە، شەھەر - بازار ئاھالىسىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 4096 يۈەنگە يەتتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 3 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 12 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە 1 مىليون 550 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتا بويىچە 1 مىليون 60 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى ۋە پۇل بېرىلدى. بۇ يىل 2529 ئىشچى - خىزمەتچى جەمئىيەتنىڭ باشقاندا كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، 6 مىليون 380 مىڭ يۈەن باشقاندا كۆتۈنۈش پۇلىنى بىر تۇتاش تەييارلاش فوندى يىغىۋېلىندى. پېنسىيىگە چىققان 1313 ئىشچى - خىزمەتچىگە 7 مىليون 917 مىڭ 400 يۈەن باشقاندا كۆتۈنۈش پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. 7310 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، بۇ سۇغۇرتىغا قاتنىشىش نىسبىتى 90%كە يەتتى، 1 مىليون 250 مىڭ يۈەن ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى پۇلى يىغىۋېلىندى، 620 مىڭ يۈەن ئىشسىزلارنى قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىلدى. بىر يىلدا 1995 ئادەم (قېتىم) گە 159 مىڭ يۈەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. 6567 ئىشچى - خىزمەتچى داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، 2 مىليون 575 مىڭ 200 يۈەن داۋالىنىش سۇغۇرتىسى پۇلى يىغىۋېلىنىپ، يىغىۋېلىنىش نىسبىتى 95%كە يەتتى، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى بويىچە 780 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى. 49 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تۈزەش تۈرىدىن 5ى پۈتتۈرۈلدى، ئىس - تۈتەك تىزگىنلەنگەن كۆلەم 62.4 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى. 19 مىڭ 284 كۋادرات مېتىر يەردە يېشىللىق بەرپا قىلىندى، باغۋاران ۋە يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 26.7%كە

يەتتى.

### فۇكاڭ شەھىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرى تاماملاندى

فۇكاڭ شەھىرىنىڭ دۆلەتنىڭ 1997 — 1999 - يىللىق پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرى (333.33 گېكتار بوزيەر ئېچىش، 1000 گېكتار ئوتلاق بەرپا قىلىش، 1333 گېكتار ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزنى ئۆزگەرتىش) گە 17 مىليون 939 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بىلگەدىن 1333 گېكتار تېرىلغۇ يەر، 133.33 گېكتار ئورمان يېرى كۆپەيدى، 1333 گېكتار ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى، 43 كىلومېتىر ئېلېكتر سىمى تارتىلدى، 48 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 3.46 كىلومېتىر ئېرىق چېپىلدى، 2680 گېكتار يەر تۈزلەندى ۋە تۇپراق سۈپىتى ياخشىلاندى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىسىدىن 32 سى سېتىۋېلىندى. 2809.5 توننا ئاشلىق، 505 توننا پاختا، 273 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. يېڭى كۆپەيگەن مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 637 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1997 - يىلدىكىگە قارىغاندا 338 يۈەن ئاشتى. 2000 - يىلى فۇكاڭ شەھىرى ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا شىنجاڭ بويىچە 1 - بولدى.

☆ شىنجاڭ بويىچە تۇنجى ئوقۇردا ئېلېكترولىزلىق چۆكتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئايرىپ چىقىلغان مىس 1 - ئايدا شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى شىركىتىنىڭ فۇكاڭ مېتال تاۋلاش زاۋۇتىدا مەيدانغا كەلدى. بۇنىڭدا تولۇق ئوكسىدلىق كۆيدۈرۈش - چىلاش - ئېلىش ئېلېكترولىزلىق چۆكتۈرۈش ھۈنەر - سەنئىتى قوللىنىلغان بولۇپ، مىس داشقىلىدىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىشتىكى تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىدۇر. بۇ ھۈنەر - سەنئەت ئېلىمىزدە تۇنجى قېتىم قوللىنىلغان، خەلقئارادىمۇ ئاز ساندىكى دۆلەتلەرلا بۇ خىل تېخنىكىنى بىلىدۇ.

☆ شىنجاڭ تەڭرىتاغ بوغدا كۆلى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 5 - ئاينىڭ 18- كۈنى قۇرۇلدى.

☆ دۆلەت تور قىلىپ تۇرغۇزغان ھەمدە مەبلەغ سالغان فۇكاڭ دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئامبىرىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى 8 - ئايدا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇ شىنجاڭدا ھازىر بار بولغان دۆلەت زاپاس ئاشلىق ئامبارلىرى ئىچىدە ئەڭ زور ئامباردۇر. بۇ قۇرۇلۇشتا 1998 - يىلى ئىش باشلانغان، 50 مىليون 490 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، سىغىمچانلىقى 160 مىڭ توننا بولۇپ، دۆلەتنىڭ چوڭ ئاشلىق ئامبىرىدۇر.

جۇ جيەننەن، دۇەن جيافېن

## ماناس ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

ماناس ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاشيول مۇساپىسى 134 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 6، يېزا 6، مەيدان 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 129 مىڭ 930 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 29 مىڭ 350)، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 88 مىڭ 403؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى %13.69، ئۆلۈش نىسبىتى %3.88، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى %9.81. ناھىيە بويىچە 45 مىڭ 440 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 8760 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 36 مىڭ 680 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ماناس ناھىيىسى دۆلەتنىڭ ئاشلىق - پاختا بازا ناھىيىسى ھېسابلىنىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدىكى سۇ بايلىقى 501 مىليون 530 مىڭ 400 كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، ھازىرغىچە 471 مىليون 939 مىڭ 300 كۇب مېتىر سۇدىن پايدىلىنىلدى. 167 مىڭ 800 گېكتار تەبىئىي ئورمان، 3 مىليون 307 مىڭ 400 كۇب مېتىر ئۆرە ياغاچ بار. پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق 534 مىڭ گېكتارغا يېتىدۇ. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن ئۆلار، شۇڭقار، بۇغا، قوڭۇر ئېيىق قاتارلىقلار، ئاساسلىق دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن قار لەيلىسى، رەۋەن، قانتېپەر، كەتىرا، پەربۇن، سوغىگۈل، چۆچۈكبۇيا قاتارلىق 280 نەچچە خىلى، قېزىلما بايلىقلاردىن ھازىرغىچە ئېنىقلانغان، سانائەتتە ئېچىپ پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولغانلىرىدىن پىرىت، مىس، ئالتۇن، قاشتېشى، كۆمۈر قاتارلىقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە كۆمۈرنىڭ زاپىسى 1 مىليارد 600 مىليون توننىدىن ئاشىدۇ. سەيلىگاھلاردىن ئاساسلىقى تاسىرقاي دەرياسى شىمبەگزا سۇلۇقسايدىكى قىياتاش رەسىملىرى، سارچوققا قىياتاش رەسىملىرى، كىرىمنىيلىق ياغاچ ساياھەت نۇقتىسى، تاسىرقاي دەرياسى شاقىراتمىسى، تاسىرقاي دەرياسى دۈمۈلاق تۆبە قەدىمكى قەبرىستانلىقى (ساكلار دەۋرىگە مەنسۇپ يادىكارلىق)، ئون تۆتتۈن گەمىسى مەنزىرە رايونى، چىلۇگۇ مەنزىرە رايونى، بېيۇۋچا قۇملۇق

مەنزىرە رايونى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ماناس ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: پېڭ جيارۇي (5 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋاڭ ۋېي (7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: پېڭ جيارۇي (5 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ېي جىنجى (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ھاكىم: ۋاڭ ۋېي (7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جۇ بىڭۋېن (7 - ئايدا مۇۋەققەت ھاكىم بولدى).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: فېي خۇيمىڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 224 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 640 مىليون يۈەن) گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تېرىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 930 مىليون 40 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 470 مىليون 620 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 5.93% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)؛ ئورمانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 13 مىليون 660 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 8 مىليون 510 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 5.58% ئاشتى؛ چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 270 مىليون 240 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 154 مىليون 830 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 8.42% ئاشتى؛ بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون 60 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 6 مىليون 40 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 3.07% ئاشتى. 61 مىڭ 244 توننا ئاشلىق، 2838 توننا ياغلىق دان، 50 مىڭ 500 توننا ساپ پاختا ئېلىندى. 873 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 18 مىڭ 671 توننا گۆش، 831 توننا قوي يۇڭى، 10 مىڭ 292 توننا سۈت، 12 مىڭ 6 توننا تۇخۇم، 1600 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 24 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 78.4 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى،

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 15 | 11.1 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 7.21 | 10.5 |
| 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى(100 مىليون يۈەن) | 3.41 | 17 |
| 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 4.4 | 17.2 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | 61250 | —34.67 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 43 | 5.42 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 83811 | 5.52 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | 169858 | —2.58 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 32900 | 6.82 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | 89537 | 14.3 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 7312 | 9.92 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 8964 | 10.31 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 779 مىليون 100 مىڭ يۈەن بولىدۇ.

8 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 1131 كۆۋرۈك، سۇئۆتكۈزگۈچ، چۈشۈرگە ياسالدى، 1333 گېكتار يەردىكى ئېتىز يۇقىرى ئۆلچەمدە سالالاشتۇرۇلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ يىللىق كىرىمى 1 مىليارد 120 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 600 مىليون 900 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 487 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 19.4% ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 145 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 19% ئاشتى. 13 مىليون 633 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 560 مىڭ توننا كۆمۈر، 50 مىڭ 500 توننا ساپ پاختا، 5327 توننا پاختا يىپ، 11 مىڭ توننا پاختا بوتقىسى ئارزىنى، 1227 توننا فابرىكا قەغىزى، 26 مىڭ 189 توننا پەمىدۇر قىيامى، 20 مىڭ 800 توننا ئۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. شۇ يىلى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن، 5 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنغان مۇھىم تۈرلەر مۇنۇلار: ماناس ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى، سېلىنغان مەبلەغ 13 مىليون 960 مىڭ يۈەن؛ تۇنجى شىركىتىنىڭ ماناس شۆبە شىركىتى كىرگۈزگەن، كۈنىگە 14 مىڭ توننا پەمىدۇرنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان پەمىدۇر قىيامى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، سېلىنغان مەبلەغ 61 مىليون 710 مىڭ يۈەن؛ «شىنتيەن» خەلقئارا ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەش چەكلىك شىركىتىنىڭ ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى 20 مىڭ توننىغا كېڭەيتىش تۈرى، سېلىنغان مەبلەغ 103 مىليون 900 مىڭ يۈەن. ئاسىرقاي دەرياسى شىمبېگزا مۇز ئامبىرى قۇرۇلۇشىغا 144 مىليون 790 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، قۇرۇلۇش مىقدارىنىڭ 73%ى پۈتتۈرۈلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 385 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 15.6% ئاشتى. بىر يىلدا ھەرخىل ھەمكارلىق تۈرىدىن 9ى كىرگۈزۈلدى، سوممىسى 92 مىليون 520 مىڭ يۈەن. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 111 مىليون 460 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 207 مىليون 190 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 29 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 29 مىڭ 832 تېلېفون ئورنىتىلىپ، ھەر 100 ئائىلىگە 63.2 دىن تېلېفون توغرا كەلدى، يانتېلېفون ئابونىتى 5300 گە يەتتى. بازار سودىسىدا پۈتتۈشۈلگەن سوما 75 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 951 (بۇنىڭ ئىچىدە مائارىپچىلار 731). 11 - ئايدا ماناس ناھىيىسىگە پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكى پەن - تېخنىكا خىزمىتىدە دۆلەت دەرىجىلىك ئىلغار ناھىيە دەپ نام بەردى. شۇ يىلى ئوبلاست دەرىجىلىك ئىلمىي تەتقىقات تۈرىدىن 2 سى تاماملاندى. ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 37 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 14)، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 500 (مىللىي 3435)، ئوقۇتقۇچىسى 937 (مىللىي 325)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 20 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 6)، ئوقۇغۇچىسى 7329 (مىللىي 1876)، ئوقۇتقۇچىسى 712 (مىللىي 216)؛ بالىلار باغچىسى 8، باغچىدىكى بالا 1457، ئوقۇتقۇچىسى 127؛ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇتقۇچىسى 29. مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 10 مىليون 480 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 2 - ئايدا ماناس ناھىيىسى مەدەنىيەت خىزمىتىدە دۆلەت دەرىجىلىك ئىلغار ناھىيە ۋە رادىئو، تېلېۋىزىيە خىزمىتىدە ئىلغار ناھىيە بولدى. رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100%كە يەتتى. 16 تېببىي داۋالاش ئاپپاراتى، 516 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 228 كارىۋات بار. سانجى ئوبلاستى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدە ماناس تەنھەرىكەتچىلىرى 12 ئالتۇن مېدال، 9 كۈمۈش مېدال، 7 مىس مېدال ئالدى.

### خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4506 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق پۇل مائاشى 7471 يۈەنگە يەتتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 6 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 4 مىليون 200 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى؛ ئۆمۈر سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 14 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يەتتى، جىسمانىي سۇغۇرتا بويىچە 1 مىليون 960 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى ۋە پۇل بېرىلدى. ناھىيە بازىرىدا كۆكەرتىلگەن كۆلەم 44 گېكتارغا يەتتى.

يەن يىڭچۈن

## قۇتۇبى ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

قۇتۇبى ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 76 كىلومېتىر. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 4، يېزا 3، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق

مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسى 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 205 مىڭ 229 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 44 مىڭ 526)، ناھىيىگە قاراشلىق يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 82 مىڭ 454؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى %10.27، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى %5.63. ناھىيە بويىچە 39 مىڭ 200 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 10 مىڭ 500 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 23 مىڭ 900 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلۇق تېپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

قۇتۇبى ناھىيىسىدە ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن پاختا، زاراڭزا، كۆك تاماكا، چۈچۈكبۇيا، بىنەپشەرەڭ بېدە ئاساس قىلىنىدۇ. ھازىرغىچە ئېنىقلانغان ۋە ئېچىپ پايدىلىنىلىۋاتقان ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن تەبىئىي گاز، نېفىت، كۆمۈر قاتارلىقلار بار. داڭلىق سەيلىگاھلاردىن كاڭجىيا تاش رەسىملىرى، تاشقەلئە، قىزىلتاغ ساياھەت ئارامگاھى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قۇتۇبى ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: يۈەن جۈن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: يۈەن جۈن.

ھاكىم: لى تيېنلىڭ (7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، سۇ بياۋ (7 - ئايدا مۇۋەققەت ھاكىم بولدى).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ياۋ ۋېيبىڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 743 مىليون 770 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 437 مىليون 600 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %7.9 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىكى شۇنداق). 96 مىڭ توننا ئاشلىق، 3030 توننا ياغلىق دان، 24 مىڭ 200 توننا پاختا، 69 مىڭ 500 توننا قىزىلچا، 1810 توننا كۆك تاماكا ئېلىندى. 860 گېكتار يەردە لاياقەتلىك ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېتىز - ئېرىق ئىھاتە ئورمىنى 462.1 گېكتار. 15 مىڭ 500 توننا گۆش، 36 مىڭ 600 توننا سۈت، 988 توننا قوي يۇڭى ئېلىندى. 333.3 گېكتار يەردىكى سۇدا بېلىق بېقىلىپ، 2500 توننا بېلىق تۇتۇلدى. ناھىيە بويىچە ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 18 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىندى. يېزىلاردىكى تۆۋەن بېسىملىق توك سىمىدىن 261 كىلومېتىر ئۆزگەرتىلدى ۋە يېڭىدىن تارتىلدى، 77 ترانسفورماتور يېڭىلاندى، يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىشنىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى تاماملاندى. 8 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىنىپ، ھەر تۈرلۈك دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى سېتىۋېلىندى. 1 مىليون 200 نەچچە مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 15.8 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى. 3 مىليون 700 نەچچە مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، قۇتۇبى دەرياسىدا 3.8 كىلومېتىر پۇختا توسما ياسالدى، 1.5 كىلومېتىر ۋاقىتلىق توسما پۇختىلاندى. يېڭىدىن بىر ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، بىر سۇ مۇنارى ياسالدى، بۇنىڭ بىلەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونىدىكى 765 ئادەم، 2670 تۇياق چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى. ناھىيە بويىچە قاشالانغان ئوتلاق 9500 گېكتار بولۇپ، بۇ يىل يېڭىدىن كۆپەيگىنى 300 گېكتار. يېزا - بازار كارخانىسى 5296 بولۇپ، تىجارەت كىرىمى 1 مىليارد 120 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 680 مىليون 8000 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 437 مىليون 619 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %7.34 ئاشتى. 714 مىڭ توننا كۆمۈر، 1952.5 توننا ئاق ھاراق، 16 مىڭ توننا پاختا يىپ، مىڭ جۈپ خۇرۇم ئاياغ كىيىم، 44 مىڭ 400 قۇر كىيىم - كېچەك، 5860 دانە ياغاچ ئۆي جاھازىسى، 1575 توننا قەغەز بۇيۇم ئىشلەپچىقىرىلدى. شۇ يىلى قۇرۇلغان، قۇرۇلۇۋاتقان ياكى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن تۈر 14، سېلىنغان مەبلەغ 198 مىليون 600 مىڭ يۈەن، ئۇلار ئاساسلىقى مۇنۇلار: دافېڭ بازىرىنىڭ كىچىك بازارلارنىڭ ئىگىلىكىنى ئۇنۇم بىر سال تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرى، سېلىنغان مەبلەغ 24 مىليون يۈەن؛ تەبىئىي گاز قاچىلاش پونكىتى، سېلىنغان مەبلەغ 5 مىليون 400 مىڭ يۈەن؛ شىنجاڭ باش سۇلياۋ زاۋۇتى قۇتۇبى سۇلياۋ خىمىيە سانائىتى باغچىسىنىڭ قۇرۇلۇشى، سېلىنغان مەبلەغ 5 مىليون 400 مىڭ يۈەن؛ «تەڭرىتاغ» پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ 20 مىڭ ئۇرچۇقلۇق ئىنچىكە ئېگىرىش لىنىيىسىنى ئۆزگەرتىش تۈرى، شۇ يىلى سېلىنغان مەبلەغ 37 مىليون 140 مىڭ يۈەن؛ «تەڭرىتاغ» پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ گاز ئۇرچۇقلۇق توقۇش لىنىيىسىنى ئۆزگەرتىش تۈرى، شۇ يىلى سېلىنغان مەبلەغ 59 مىليون 200 مىڭ يۈەن؛ 88 يەردە يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى توپ سېتىش ئۇنۇم بىر سال بازىرى قۇرۇلدى، سېلىنغان مەبلەغ 11 مىليون يۈەن؛ شىمالىي شىنجاڭ ئۇن زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 155122 | 11.2 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 74638 | 13.4 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 32292 | 10.3 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 47192 | 7.1 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تۈمەن توننا) | | 9.6 | -4.2 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 46.02 | 3.95 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 104628 | -4.9 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 153564 | -7.9 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 31324 | 5.8 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | | 74438 | 15.7 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 4919 | 19.63 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 7099 | 18.22 |

لىنىيىسىنى ئۆزگەرتىش تۈرى، سېلىنغان مەبلەغ 6 مىليون 500 مىڭ يۈەن، يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش تۈرى، شۇ يىلى سېلىنغان مەبلەغ 34 مىليون 360 مىڭ يۈەن. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 241 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 68 مىليون 570 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 117 مىليون 990 مىڭ يۈەن، ئۆي - زېمىن قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 2 مىليون 380 مىڭ يۈەن. شۇ يىلى ئاساسلىقى 8 ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تۈرى ئىمزالاندى، كىرگۈزۈلىدىغان مەبلەغدىن 32 مىليون 480 مىڭ يۈەن نەقلەشتى. ناھىيىگە قاراشلىق قاتناش - ترانسپورت سىستېمىسىنىڭ يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 21 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 7 مىليون 800 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 963 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 21 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 29 مىڭ 476گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا تېلېفونى 17 مىڭ 728. يانفون ئابونىتى 6000غا يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 1060. شۇ يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئىلمىي تەتقىقات تۈرىدىن 2 سى تاماملاندى. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 13، ئوقۇغۇچىسى 6680 (مىللىي 2529)، ئوقۇتقۇچىسى 764 (مىللىي 220)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 43، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 860 (مىللىي 5274)، ئوقۇتقۇچىسى 1088 (مىللىي 455). شۇ يىلى 5 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىپ، ناھىيىلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى پۈتتۈرۈلدى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 98.5%كە يەتتى. شۇ يىلى ناھىيە بازىرى بىلەن يېزىلاردىكى قىسمەن كەنتلەر ئوتتۇرىسىدا سىملىق تېلېۋىزىيە تورى تۇتاشتۇرۇلدى، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتىدىن 1500ى كۆپەيدى. بىر يىلدا 5 مەدەنىي پائالىيەت پونكىتى (ئۆيى) قۇرۇلدى. ناھىيىدە 133 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (ئىجتىمائىي كۈچلەر ئاچقان شىپاخانا ۋە ناھىيىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلار ئاچقان شىپاخانىلار شۇنىڭ ئىچىدە، ناھىيىدە تۇرۇشلۇق تۈەن - مەيدانلارنىڭ شىپاخانىلىرى بۇنىڭ سىرتىدا)، 584 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 516 كارىۋات بار. 3 مىليون 200 نەچچە مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ ئامبۇلاتورىيە بىناسى پۈتتۈرۈلدى. قۇتۇبى

ناھىيىسىنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە «ئۈچنى ئاساس قىلىش»تىكى ئىلغار ناھىيە دېگەن نامى داۋاملىق ساقلاپ قېلىندى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 ـ يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 4009 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق پۇل مائاشى 7790 يۈەنگە يەتتى. 12 مىليون 260 مىڭ يۈەن پاشانغاندا كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسى ھەققى يىغىۋېلىندى، يىغىۋېلىنىش نىسبىتى %97كە يەتتى. 730 مىڭ يۈەن ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى ھەققى يىغىۋېلىندى، يىغىۋېلىنىش نىسبىتى %98كە يەتتى. پېنسىيىگە چىققان 2723 ئىشچى ـ خىزمەتچىگە 16 مىليون 560 مىڭ يۈەن پاشانغاندا كۆتۈنۈش سوممىسى، ئىشسىز قالغان 167 ئىشچى ـ خىزمەتچىگە 470 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى، بازارلاردىكى 136 ئائىلىدىكى 278 كىشىگە 165 مىڭ يۈەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى پۇلى، يېزىلاردا پاشانغاندا كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان، يېشى 60 تىن ئاشقان 276 كىشىگە 41 مىڭ 400 يۈەن پاشانغاندا كۆتۈنۈش پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. يىل بېشىدا 172 نامرات ئائىلىنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش ھۆددە ئېلىنغانىدى، يىل ئاخىرىدا 73 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. 1 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ناھىيە بازىرىدا 8.5 كىلومېتىر سۇ تورۇبىسى ياتقۇزۇلدى، بىر كىلومېتىر تورۇبا ئۆزگەرتىلدى، 12.5 كىلومېتىر يېزا ـ كەنت يوللىرى ئاسفالتلاشتۇرۇلدى. تەبىئىي گاز ئابونېنتىدىن 3000ى كۆپەيدى.

## تەبىئىي گاز بايلىقى ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ ئالاھىدە كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش

2000 ـ يىلى قۇتۇبى ناھىيىسى بايلىق ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىشتا، تەبىئىي گاز بايلىقىنى ئۈنىۋېرسال ئېچىپ، ئۇنى پايدىلىنىدىغان تۈرگە ئايلاندۇرۇشقا تۇتۇش قىلىپ، ئالاھىدە كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇردى. 1. ناھىيىلىك 2 ـ بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى خىمىيە تەتقىقات ئورنى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە 40 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، يېنىك نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەشكە تۇتۇش قىلدى. 2. سىچۈەن «مېيجېن» شىركىتى تەبىئىي گازنى ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىغا 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى. يىل ئاخىرىدا 4100 ئائىلىگە تەبىئىي گاز يەتكۈزۈلدى. 3. «مېيجېن» شىركىتى ئاپتوموبىللار بېنزىن ئورنىدا ئىشلىتىدىغان يېقىلغۇ قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى گاز قاچىلاش پونكىتى 9 ـ ئايدا پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 4. ئۈرۈمچى شەھىرى «لىدا» شىركىتى تەبىئىي گازنى قىسىش تۈرىگە 15 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى. 5. شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتى نېفىت ئېلىش 3 ـ زاۋۇتى قۇتۇبى گازلىقى گاز ئېلىش مەشغۇلات رايونى ھەمدە ناھىيىلىك پاختا ـ چىگە شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلار تەبىئىي گازنى قىسىش ـ مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش تۈرىگە 15 مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى. يۇقىرىدىكى تۈرلەردىن 4ى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى. 5 تۈر پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن ھەر يىلى 73 مىليون يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى يارىتالايدۇ، بۇنىڭ بىلەن ھەم ناھىيە ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى، ھەم ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشىنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

☆ قۇتۇبى ناھىيىسى تەۋەسىدىكى تاشلىق جىلغىدا بىر شارقىراتما بايقالدى، شارقىراتما ئېگىزلىكى 30 مېتىردىن ئاشىدۇ.

☆ 3 ـ ئايدا قۇتۇبى ناھىيىسىدە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى يېڭى پېتى ساقلاش تېخنىكىسى جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

جاڭ لى

# جىمسار ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

جىمسار ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 165 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەن ۋە ناھىيىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلارنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) 115 مىڭ 152 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 35 مىڭ 635)، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 89 مىڭ 503؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰8.74، ئۆلۈش نىسبىتى ‰3.31، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰5.43. ناھىيە بويىچە 32 مىڭ 400 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 15 مىڭ 500 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 15 مىڭ 600 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

جىمسار ناھىيىسىدە يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلاردىن سامساق، زارائىزا، بۆلجۈرگەن، ياڭيۇلار بار. پاۋا ئېشەك،

جەرەن، ئۇلار قاتارلىق كەتتۈارلىق ياۋايى ھايۋانلار، سوغىگۈل، قار لەيلىسى، توشقان زەدىكى قاتارلىق 170 نەچچە خىل قىممەتلىك جۇڭيى دورا ماتېرىيالى، كۆمۈر، ئالتۇن، مىس، قوغۇشۇن، پىروفىللىت، پېرلىيت قاتارلىق قېزىلما بايلىقلار بار. داڭلىق سەيلىگاھلاردىن ۋۇسەيۋەندىكى شامال يالاپ كەتكەن ئالاھىدە قىياپەتتىكى يەرلەر، دۆلەت دەرىجىلىك قارىمايلى تېغى ياۋايى ھايۋانات تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، جۇڭگو پىرژىۋالسكى ياۋا ئېتىنى كۆپەيتىپ بېقىش مەركىزى، تاڭ دەۋرىدىكى بېشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قەدىمىي خارابىسى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ جىمسار ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ فېڭشەن (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: لىن دېكۇي.

ھاكىم: ۋاڭ ۋېنخۇي (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: لى خۆبىن.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 265 مىليون 848 مىڭ 100 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 10.2% ئاشتى. 88 مىڭ 702 توننا ئاشلىق، 1105 توننا ياغلىق ئاپتاپپەرەس، 78 مىڭ 225 توننا ياڭيۇ، 110.5 توننا قىچا، 16 مىڭ 394 توننا قىزىلچا ئېلىندى. 622 گېكتار يەردە لاياقەتلىك ئورمان بەرپا قىلىندى. 321 مىڭ تۈپ مەجبۇرىيەت كۆچىتى تىكىلدى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 140 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 14 مىڭ 38 توننا گۆش، 5280 توننا سۈت، 137 مىڭ 771 پارچە تېرە، 350 توننا يېلىق، 2871 توننا تۇخۇم ئېلىندى، 1 مىليون 80 مىڭ دانە يەرلىك توخۇ بېقىلدى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 7 مىليون 6900 يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 5 خەتەرلىك سۇ ئامبىرى پۇختىلاندى، 42.76 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، يۆتكىلىشچان يوركوپ سۇغىرىش ئۈسكۈنىسىدىن 24ى ئورنىتىلىپ، تېزگىنلىنىدىغان سۇغىرىش كۆلىمى 160 گېكتار كېڭەيتىلدى. 15 قۇدۇق قېزىلدى، 15 قۇدۇق يورۇشلەشتۈرۈلدى، ئېگىز جايغا مال سۇغىرىش كۆلچىكىدىن بىرى ياسالدى، سۇ زاۋۇتىدىن 2سى قۇرۇلدى، 29.1 كىلومېتىر سۇ تورۇبىسى ئورنىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن 4000 ئادەم ۋە 26 مىڭ 200 چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۈيى مەسىلىسى ھەل قىلىندى. سۇغىرىلىدىغان كۆلەم 587 گېكتار كۆپەيدى، يىل ئاخىرىدىكى ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 26 مىڭ 300

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 29706 | 6.2 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 14714 | 5.2 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 7088 | 9.9 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 7904 | 5.2 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 88702 | -22.3 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 44.02 | 4.12 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 26008 | 5.63 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 120223 | 7.2 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 21000 | 10.24 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 35000 | 10.23 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 3738 | 17.4 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 6374 | 14.97 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى.

گېكتارغا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 203 مىليون 100 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %32 .12 ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 97 مىليون 880 مىڭ يۈەن بولۇپ، %5 .2 ئازىيىپ كەتتى. 7 مىليون 140 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 252 مىڭ توننا كۆمۈر، 1184 توننا ئاق ھاراق، 235 توننا فابرىكا قەنتى ۋە قەغەز پەنىركە، 7919 توننا كۆندىلىك ئېيىنەك بۇيۇم، 307 مىڭ توننا تاغار، 4770 كۇب مېتىر بېتون قۇيۇلما، 34 مىڭ 100 توننا ئۇن، 5745 توننا سۇ يېغى، 6000 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىلدى. 2000 - يىلى جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 235 مىليون 950 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 125 مىڭ 17 كۋادرات مېتىر ئۆي - ئىمارەت سېلىنىۋاتىدۇ، يېڭى ئىش باشلانغىنى 59 مىڭ 780 كۋادرات مېتىر؛ پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 84 مىڭ 180 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 22 مىڭ 12 كۋادرات مېتىر. تاشقى ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقى بويىچە 7 تۈر كىرگۈزۈلۈپ، 135 مىليون 200 مىڭ يۈەن مۇقىم مەبلەغ ھاسىل قىلىندى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 49 مىليون 800 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، توشۇلغان يولۇچى 570 مىڭغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 14 مىليون 500 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 456 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 7 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە، تېلېفون 12 مىڭ 564 كە، يېڭى ئورنىتىلغان تېلېفون 2674 كە، يانتېلېفون ئابونتىنتى 2000 غا، IC كارتوچكىلىق تېلېفون 250 كە يەتتى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 42 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە، بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سوما 75 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 118 مىڭ 856 ساياھەتچى كۈتۈۋېلىنىپ، ساياھەتچىلىكتىن 9 مىليون 308 مىڭ 500 يۈەن كىرىم قىلىندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 750. ئەمەلىي تېخنىكا بويىچە 787 قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 56 مىڭ 883 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 13 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر)، ئوقۇغۇچىسى 5151؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 50 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 11)، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 80؛ بالىلار باغچىسى 2 (ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق)؛ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى بىر؛ مەركىزىي يېزا ئىگىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە مەكتىپىنىڭ جىمسار شۆبىسى بىر، ئوقۇغۇچىسى 215. ناھىيىدىكى ھەرخىل مەخسۇس ئوقۇغۇچى 1485 (مىللىي 464). بىر يىلدا تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇشتىن 3 مىليون 600 مىڭ 200 يۈەن كىرىم قىلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %92 كە يەتتى. ناھىيىدە بىر مەدەنىيەت يۇرتى، 9 يېزا (بازار) لىق مەدەنىيەت پونكىتى، 215 كەنت مەدەنىيەت ئۆيى بار. تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 13، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 364، كارىۋات 136. 2000 - يىلى 13 مىڭ 389 كىشى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى» گە يەتتى. جىمسار ناھىيىسىگە «ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت بويىچە تەنتەربىيە خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق پۇل مائاشى 7753 يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2281 يۈەنگە يەتتى. مال مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 2 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1 مىليون 260 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى؛ جىسمانىي سۇغۇرتىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 6 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 270 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. 33 كارخانا، 1413 ئىشچى - خىزمەتچى سۇغۇرتا ھەققىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تەييارلاشقا قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلار 786. 5 مىليون 400 مىڭ يۈەن ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى پۇلى، 333 مىڭ يۈەن ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى پۇلى يىغىۋېلىندى. يېتىم - يېسىر، بوۋاي - موماي، ئاغرىق، مېيىپلارنىڭ بېقىلىش ئۆلچىمى 1322 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى. بىر يىلدا 64 ئائىلىدىكى 208 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇلدى. ئىس - تۈتەك تىزگىنلەنگەن كۆلەم 3.5 كۋادرات كىلومېتىرغا، باغۋارانلاشتۇرۇلغان - كۆكەرتىلگەن كۆلەم 6.12 گېكتارغا يەتتى.

☆ شىنجاڭ «تۇنخې» گۇرۇھى بېشبالىق پەمىدۇر قىيامى ئىشلەش شۆبە شىركىتىنىڭ قۇرۇلۇشى 2000 - يىل 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى باشلانغانىدى، بۇ قۇرۇلۇشقا 110 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بولۇپ، شۇ يىلى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، شۇ يىلى 4974 توننا پارچە پەمىدۇر، پەمىدۇر قىيامى، سەۋزە سافلاملىق يېمەكلىكى ئىشلەپچىقىرىلدى.

نىڭ گوڧۇ، ياڭ يۇشيۇ

# كۈچۈڭ ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

كۈچۈڭ ناھىيىسى تەڭرىتاغدىكى بوغدا تېغى تىزمىسىنىڭ شەرقىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 207 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 6، يېزا 9. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەننىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 193 مىڭ 713 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 43 مىڭ 443)، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 144 مىڭ 14؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.15‰، ئۆلۈش نىسبىتى 2.7‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.45‰. ناھىيە بويىچە 73 مىڭ 630 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 49 مىڭ 750 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 11 مىڭ 890 گېكتار يەرگە ياغلىق دان زىرائىتى تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق، يېرىم قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

كۈچۈڭ ناھىيىسى تەۋەسىدە كەيكىن دەرياسى قاتارلىق دەريا - ئېقىنلار بار بولۇپ، يىللىق ئېقىن مىقدارى 500 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 860 مىڭ گېكتار تەبىئىي ئوتلاق، 37 مىڭ 300 گېكتار ئورمان يېرى بار. ياۋا ئات، ياۋا ئېشەك، سايگا بۆكىنى، يىلپىز قاتارلىق 40 نەچچە ئەتىۋارلىق ھايۋان، سوغىكۆل، چۈچۈكبۇيا قاتارلىق 300 نەچچە خىل دورا ماتېرىيالى بار. ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، تۇز، ھاك تېشى، ئالتۇن، سۈرمە تاش قاتارلىقلار بار. سەيلىگاھلاردىن ناھىيىنىڭ شىمالىدىكى جياڭجۈن سېيىغا جايلاشقان توم شەھىرى (شەيتانكەرىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، ئاسىيا بويىچە ئەڭ چوڭ دىنازاۋۇر تاش ئىسكىلىتى — كۈچۈڭ تەڭرىتاغ دىنازاۋۇرى ھەمدە تاشقا ئايلانغان قەدىمىي ئورمانلارنىڭ كىرىمنىيلىق دەرەخ تۈپى بار. ناھىيە تەۋەسىدە خەن دەۋرىگە ئائىت سۇلى قەلئەسى خارابىسى، تالڭ قەلئەسى خارابىسى ۋە شەرقىي يەردىكى چيەنلۇڭ بۇتخانىسى قاتارلىق ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى بار، ئۇندىن باشقا ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقىدىن 20 نەچچىسى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كۈچۈڭ ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ يۈەنچاۋ (7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لى تيېمىڭ (7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: شاڭ شياڭجى (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جىن ۋەنچاۋ (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ھاكىم: جاڭ جېندې.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جىن ۋەنچاۋ (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ماجىلى (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 736 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 464 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 11.27% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 301 مىڭ 700 توننا ئاشلىق، 23 مىڭ 600 توننا ياغلىق دان، 155 مىڭ 800 توننا قىزىلچا ئېلىندى. 852 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 23 مىڭ 400 توننا گۆش، 7697 توننا سۈت، 1118 توننا يۇڭ، 85 مىڭ 491 پارچە تېرە ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 18 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 147.11 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، 901.47 گېكتار يەردىكى يۇرۇكۇپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشى پۈتتى. ناھىيە بويىچە ئۈنۈملۈك سۇغىرىلىدىغان يەر 62 مىڭ 990 گېكتارغا، قاشالانغان ئوتلاق 16 مىڭ 667 گېكتارغا يەتتى. ناھىيىدىكى يېزا - بازار كارخانىسى 5869 بولۇپ، كىرىمى 660 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 373 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 266 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 0.33% ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 64 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 8.9% ئاشتى. 151 مىڭ 54 توننا كۆمۈر، 8390 توننا بۇغداي ئۇندۇرمىسى، 59 مىڭ 400 توننا ئۇن، 6233 توننا سۇ يېغى، 943 توننا ئاق ھاراق، 2848 توننا يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 108 مىليون 860 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 2000 - يىللىق ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە 40 تۈردە توختام ئىمزالاندى، سوممىسى 280 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ. ئىقتىسادىي ھەمكارلىق - بىرلەشمە دوستلۇق ئورنىتىش يىغىنى ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسى ئېچىلىپ، 6 توختام، كېلىشىم ئىمزالاندى، پۈتتۈشۈلگەن توختام سوممىسى 20 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ. سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش بويىچە 4 مىليون 560

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 76900 | 7.7 |
| يۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 39013 | 13.7 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى(تۈمەن يۈەن) | 13099 | 9.8 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 24788 | —1.4 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تۈمەن توننا) | | 30.17 | —9.94 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 69.71 | 4.98 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 5.6 | 3.7 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 30.04 | 11.26 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 1496.53 | 5.17 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 23100 | 5.54 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 71315 | 9.4 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 3712 | 28.8 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 8613 | 20.04 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 420 مىليون 990 مىڭ يۈەن.

مىڭ يۈەن مەبلەغ نەقلەشتى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 218 مىليون 700 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 301 مىليون توننا - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 549 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 14 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون 32 مىڭغا، يانتېلېفون ئابونىتى 3001 گە يەتتى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 9 مىليون 823 مىڭ يۈەنگە، بازار سودىسىدا پۇتۈشۈلگەن سومما 186 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ساياھەتچىلىكتىن 10 مىليون 200 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 107، ئوتتۇرا دەرىجىلىكى 1182. ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 70 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 23)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1745 (مىللىي 54)، ئوقۇغۇچىسى 19 مىڭ 632 (مىللىي 4262)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 21 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 6). مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1287 (مىللىي 325)، ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ 409 (مىللىي 2845). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 11 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %97كە يەتتى، ھەممە كەنتلەردە رادىئو - تېلېۋىزىيە بولۇش شىنجاڭ بويىچە ھەممىدىن بۇرۇن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ناھىيىدىكى تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 19 (دوختۇرخانا 5، شىپاخانا 14)، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 597، كارىۋات 343.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2397 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق پۇل مائاشى 7885 يۈەنگە يەتتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 3 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 18 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە 1 مىليون 860 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتا بويىچە 3 مىليون 680 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. بازاردا كۆكەرتىلگەن

كۆلەم 10.79 گېكتارغا، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %4.26كە، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاممىۋى كۆكلەممەيداندىن 4 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. بازاردا مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش يولغا قويۇلدى، ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن كۆلەم 8.86 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى.

☆ گۇچۇڭ ناھىيىسى بىلەن شىنجاڭ «تۈنخې» ھاي پەكلىك شىركىتى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كېلىشىم ھاسىل قىلدى، كېلىشىم بويىچە «تۈنخې» شىركىتى 52 مىليون يۈەنلىك باھا بويىچە گۇچۇڭ شېكەر زاۋۇتى ۋە گۇچۇڭ ناھىيىلىك يەم - بوغۇز زاۋۇتىنى سېتىۋالدى.

☆ 4 - ئايدا گۇچۇڭ ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ، ئورمان بەرپا قىلىش سىناق قىلىنىدىغان 174 ئۆلكە ناھىيە قاتارىغا كىردى ۋە دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى رەھبەرلىرى ئالاقىلىشىدىغان 6 يەن - تېخنىكىغا تايىنىش - ئۆلكە كۆرسىتىش نۇقتىسىنىڭ بىرى بولدى، 1067 گېكتار تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ، ئورمانلىق، ئوتلاق بەرپا قىلىش تەلەپ قىلىندى. يىل ئاخىرىغا قەدەر 980 گېكتار تېرىلغۇ يەر بوشىتىلىپ ئورمانلىق، ئوتلاق بەرپا قىلىندى.

شۆ ۋېيلىڭ

# مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىنىڭ شەرقىي بۆلىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 270 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 8، فېرما 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 86 مىڭ 839 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 26 مىڭ 524)، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 69 مىڭ 33؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.27‰، ئۆلۈش نىسبىتى 4.16‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.11‰. ناھىيە بويىچە 33 مىڭ 892.7 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 30 مىڭ 50 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 24 مىڭ 122 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىدە 1 مىليون 179 مىڭ 300 گېكتار ئوتلاق بار، پايدىلىنىلىۋاتقىنى 1 مىليون 65 مىڭ 400 گېكتار. ئورمان كۆلىمى 98 مىڭ گېكتار. ناھىيە تەۋەسىدە 6 كىچىك دەريا - ئېقىن بار، يەر ئۈستى سۈيىنىڭ ئېقىن مىقدارى 84 مىليون 420 مىڭ كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ يىللىق ھەرىكەتچان زاپىسى 45 مىليون 150 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ناھىيىنىڭ ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن ھەسەل موگۈسى بار، يىللىق مەھسۇلاتى 39 تونىغا يېتىدۇ، شىياڭگاڭ قاتارلىق جايلارغا سېتىلىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە دۆلەت تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋانلاردىن ياۋا ئېشەك (موڭغۇل ئېشىكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، يىلپىز، بۇغا، قوڭۇر ئېيىق، ئاق بوغۇز بۆكەن، ئۇلار قاتارلىقلار، قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، تۆمۈر، رومبا تۆمۈر، ۋولفرام، سېئولىت، تۇز، مىس، سىنىك، كېپەك ئالتۇن قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شۈفۇچياڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: جاناس (قازاق).

ھاكىم: قابىل (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: شۇ يۈكچۈەن.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 385 مىليون 693 مىڭ 800 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 181 مىليون 688 مىڭ 400 يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %9.8 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 115 مىڭ 292 توننا ئاشلىق، 3235 توننا ياغلىق دان ئېلىنىدى، 309 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 100 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 14 مىڭ 404 توننا گۆش، 1239 توننا قوي يۇڭى، 88 توننا چۇپۇر، 18 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 6606 پارچە كالا تېرىسى، 118 مىڭ 960 پارچە قوي تېرىسى، 18 مىڭ 582 پارچە ئۆچكە تېرىسى ئېلىنىدى. يېزا ئىگىلىك ئۇل مۇئەسسەسەلىرىگە 18 مىليون 790 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى. 3.46 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، 16 ماشىنىلاشقان قۇدۇق يۈرۈشلەشتۈرۈلدى، 1453.33 گېكتار يەر تۈزلەندى، 99.5 كىلومېتىر يولغا شېغىل يېيىتىلدى، 23 كىلومېتىر يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى، كېمەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىدىن 3ى پۈتتۈرۈلدى. قاشالانغان ئوتلاق 7330

گېكتار بولۇپ، شۇ يىلى قاشالانغىنى 150 گېكتار. ناھىيىدىكى يېزا - بازار كارخانىسى 1980گە، كەسپكارى 3805كە، تىجارەت كىرىمى 149 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 84 مىليون 730 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 61 مىليون 160 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %59 .5 ئاشتى. 17 مىليون 300 مىڭ كىلوۋات سائەت توك (يېزىلاردا ئىشلىتىلگەن توك 7 مىليون 530 مىڭ كىلوۋات سائەت)، 107 مىڭ 500 توننا كۆمۈر، 800 توننا تۇز، 322 توننا يود قوشۇلغان ئوزۇق تۇز، 27 مىڭ 200 توننا ئۇن، 200 توننا سۇ يېغى، 2421 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 22 مىڭ دانە قوي يۇڭى يوپايكىسى ئىشلەپچىقىرىلدى. 900 مىڭ يولۇچى توشۇلدى، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 88 مىليون

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 37917 | 9.6 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | 115292 | 4.97 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 59.09 | 0.41 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 11371 | 14.97 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | 97050 | —2.07 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 11805.5 | 2.63 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | 19414 | 15.78 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 1007 | 42.84 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 6483 | 18.13 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 193 مىليون 880 مىڭ يۈەن.

80 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا؛ توشۇلغان يۈك 560 مىڭ تونىنغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 213 مىليون 670 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 570 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 7695 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا تېلېفونى 2813.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 71 (مىللىي 18)، ئوتتۇرا دەرىجىلىكلەر 761 (مىللىي 48)، شۇ يىلى بۇ ناھىيىدىن 3 تۈر ۋىلايەت - ئوبلاست دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 100 مىڭ مو (6666.67 گېكتار) بەردە سۇنى تېجەپ پۈركۈپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشى تۈرى سانجى ئوبلاستى بويىچە 1 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، قالغان 2 تۈر 3 - ۋە 4 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 39 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 16)، ئوقۇغۇچىسى 9667 (مىللىي 3919)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 12 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 5)، ئوقۇغۇچىسى 5847 (مىللىي 2162)؛ بالىلار باغچىسى 6، باغچىدىكى بالا 542. ھەرخىل ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 1662 (مىللىي 644). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 239 مىڭ 900 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇشتىن 1 مىليون 660 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە يەتتى. ناھىيىدە 13 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 260 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 63)، 140 كارىۋات بار. سانجى ئوبلاستلىق ئۆسمۈر بالىلار يېڭىنىڭ ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە مورى ناھىيىسى كوماندىسى كوللېكتىپ ئومۇمىي

ئومۇزردا 3 ـ بولدى.

### خەلق تۇرمۇشى

2000 ـ يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 2046 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە دۆلەت كارخانىلىرى ۋە كەسىپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 6320 بولۇپ، ئۇلارغا 48 مىليون 749 مىڭ يۈەن مائاش تارقىتىلدى، ئۇلارنىڭ يىللىق، ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7947 يۈەنگە يەتتى. مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 2 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 979 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى؛ جىسمانىي سۇغۇرتىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 298 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. بىر يىلدا 1640 كىشى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتا ھەققىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش غەملەشكە قاتناشتى، 3 مىليون 130 مىڭ يۈەن ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى پۇلى يىغىۋېلىندى. شۇ يىلى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون 3 مىليون 680 مىڭ يۈەن نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش پۇلى بىلەن تەمىنلىدى. ناھىيە بويىچە كوللېكتىپ تەرىپىدىن بېقىلىۋاتقان تارقاق ئولتۇراقلاشقان يېتىم ـ يېسىر، بوۋاي ـ موماي، مېيىپ، بالا 86 (81 ئائىلە)، ياشانغانلار ساناتورىيىلىرىدە يىغىپ بېقىلىۋاتقانلار 12، بازاردا ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەتلىك پۇلى ئېلىۋاتقانلار 320 ئائىلە 1304 كىشى.

☆ 2000 ـ يىلى ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى شۇ فۇچىڭغا يەن ـ تېخنىكا مىنىستىرلىكى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى، جۇڭگو پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشكە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقانلار مۇكاپاتى بېرىلدى.

چېن ئەيچىن، ۋاڭ شېڭبىڭ

## تۇرپان ۋىلايىتى

### ئاساسىي ئەھۋالى

تۇرپان ۋىلايىتى شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىغا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. مەمۇرىي مەھكىمە تۇرپان شەھىرىدە. 2000 ـ يىلدىكى ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 550 مىڭ 900 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 424 مىڭ 700)، يېزا نوپۇسى 337 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰13.42، ئۆلۈش نىسبىتى ‰4.18، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰9.24. ۋىلايەت بويىچە 39 مىڭ 500 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 50 مىڭ 400 گېكتار يەر تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 27 مىڭ گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلدى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمىنى شۇنىڭ ئىچىدە). كىلىماتى قۇرغاقلىق تىپىدىكى چۆللۈك كىلىماتىغا كىرىدۇ.

تۇرپان ۋىلايىتىدە 76 مىڭ 440 گېكتار ئورمان، 768 مىڭ 200 گېكتار ئوتلاق بار. يەر ئۈستى سۇ بايلىقى 483 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۇ بايلىقى 737 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ئىشلىتىدىغان ھايۋانلاردىن ئۇلار، يىلپىز، جەرەن، ياۋا تۆگە قاتارلىقلار، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى كىرەش، چاكاندا، چۈچۈكبۇيا، قار لەيلىسى، يانتاق شېكىرى، غۇنچە ئۈززۈم قاتارلىقلار، ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز، تۇز، شور، ئالتۇن، مىس قاتارلىقلار بار. ئۇلاردىن كالتسىي سېلىتىرا بىلەن ناترىي سېلىتىرانىڭ زاپىسى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. داڭلىق سەيلىگاھلاردىن يارغول قەدىمىي شەھىرى، ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى، بېزەكلىك مىڭئۆيى، سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى، بۈيلۈق، يالقۇنتاغ، كارىز، ئاستانە قەدىمىي قەبرىستانلىقى قاتارلىقلار بار.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تۇرپان ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇڭ ئەيرۇڭ (ئايال)؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: مۇھەممەت رەجەپ (5 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئابلا قاسىم (5 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، سۇن چاڭخۇا، خاۋ چاڭشۇن (11 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لى مىڭ (11 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تۇرپان ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابلا يۈسۈپ؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جاڭ فا (8 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، مۇھەممەت روزى.

ۋالىي: مۇھەممەت رەجەپ (5 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئابلا قاسىم (5 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن ۋالىيلار: سەي بىڭخۇا (11 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لى مىڭ (11 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، نىجات ماخمۇت (9 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ليۇ شىنمىن (5 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ليۇ لۇنسې، خۇاڭ جىجۈڭ (11 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ۋاڭ تيەنۋېن (11 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، خاۋ چاڭشۇن (11 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ئارىز ھاشىت (6 ـ ئايدا

ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، مۆمىن رۇستەم (6 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ياسىن روزى (6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، شىين دۇيشاڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 306 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 1 مىليارد 204 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %4.88 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). بۇنىڭ ئىچىدە تېرىقچىلىقنىڭ 1 مىليارد 98 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %4.62 ئاشتى؛ ئورمانچىلىقنىڭ 4 مىليون 344 مىڭ 400 يۈەن بولۇپ، %38.66 تۆۋەنلىدى؛ چارۋىچىلىقنىڭ 205 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.99 ئاشتى؛ بېلىقچىلىقنىڭ 1 مىليون 984 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %1.39 ئاشتى. 94 مىڭ 200 توننا ئاشلىق، 1813 توننا ياغلىق دان، 402 مىڭ 100 توننا ئۈزۈم، 119 مىڭ 400 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 16 مىڭ 900 توننا پاختا، 88 مىڭ 400 توننا كۆكتات ئېلىندى. 826.7 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 19 مىڭ 600 توننا گۆش، 1806 توننا قوي يۇڭى، 12 مىڭ 101 توننا سۈت، 332 توننا تۇخۇم، 260 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 302 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە دۆلەت كارخانىسى 87 بولۇپ، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليارد 441 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 1 مىليارد 933 مىليون 80 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %6.27 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 مىليارد 320 مىليون يۈەن يەرلىككە تەۋە (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 998 مىليون 670 مىڭ يۈەن) بولۇپ، %11.54 ئاشتى. 672 مىليون 40 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ھاسىل قىلىندى. 2 مىليون 782 مىڭ 300 توننا نېفىت ئېلىندى، 104 مىڭ 800 توننا نېفىت پىششىقلاندى، 920 مىليون 80 مىڭ كۇب مېتىر تەبىئىي

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 598400 | 8.1 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 74689 | 4 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 396458 | 8.9 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 127253 | 10.7 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تۈمەن توننا) | | 9.42 | −18.86 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 99.45 | 3.8 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 11.18 | 8.86 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 48.49 | 0.29 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 1049.54 | −23.26 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | | 8.73 | 6.59 |
| شەھەر، يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | | 23.53 | 15.23 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (100 مىليون يۈەن) | | 3.83 | 19.69 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (100 مىليون يۈەن) | | 5.24 | 12.69 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 3 مىليارد 123 مىليون 940 مىڭ يۈەن. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى ئۆلچەم بويىچە تەكشۈرگەندە 1999 - يىلدىكى 887 مىليون يۈەن 819 مىليون يۈەن بولۇشى كېرەك.

گاز، 8586 توننا پاختا يىپ، 224 مىڭ 900 توننا سېمونت، 1044 كىلوگرام ئالتۇن، 4244 توننا ئۈزۈم ھارىقى، 417 توننا مەرگىمۇش، 1 مىليون 35 مىڭ 900 توننا كۆمۈر، 328 مىڭ توننا تۆمۈر رۇدىسى ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 171 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 377 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكىنى 229 مىڭ 700 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. جەمئىيەت بويىچە ئوراقلىق مۈلۈككە 2 مىليارد 650 مىليون يۈەن (يەرلىكنىڭ سالغىنى 983 مىليون يۈەن) مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 2 مىليارد 475 مىليون يۈەن. تۇرپان شەھىرىنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىش - كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىغا سېلىش پىلانلانغان مەبلەغنىڭ 84.6%ى خىراجەت قىلىنىپ بولدى. پارچە ساقالدىن توقسۇن ناھىيىسىگە ۋە تۇرپان شەھىرىگە بارىدىغان تېز سۈرئەتلىك تاشيول قۇرۇلۇشلىرىدا ئىش باشلاندى. يىلدىن كۆپەيگەن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى مۇنۇلار: ئېلىنغان نېفىت 560 مىڭ توننا، قېزىلغان مىس رۇدىسى 45 مىڭ توننا، قېزىلغان ئالتۇن رۇدىسى 100 مىڭ توننا، سېمونت 135 مىڭ توننا، پاختا يىپ 20 مىڭ ئۆرچۈق، يېڭى ياسالغان تاشيول 52 كىلومېتىر، ئۆزگەرتىپ ياسالغان تاشيول 38.5 كىلومېتىر، شەھەرلەردىكى كېڭەيتىلگەن يول 5.4 كىلومېتىر، ئۇزارتىلغان ئۇزۇن يوللۇق كابېل 120 كىلومېتىر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەردىكى مەكتەپ ئۆي - ئىمارەتلىرىنىڭ كېڭەيتىلگەن كۆلىمى 9980 كۋادرات مېتىر، ئوقۇغۇچى ئورنى 496، كېسەل كارىۋىتى 50، كوچا ئاپتوبۇسى 28. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 468 مىليون 830 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 478 مىليون 510 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. ۋىلايەت بويىچە پوچتا - تېلېگراف ئاپپاراتى 71 بولۇپ، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 14 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 122 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا تېلېفون كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمى 98 مىڭ 539 توچكىغا، تېلېفون ئابونىتى 58 مىڭ 2گە، يانتېلېفون ئابونىتى 9101گە يەتتى. تاشقى سودا ئىمپورت سوممىسى 399 مىڭ 100 دوللارغا، ئېكسپورت سوممىسى 10 مىليون 96 مىڭ 300 دوللارغا يەتتى. يىل ئاخىرىدا ۋىلايەت بويىچە چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا 11گە يەتتى. 10 - نۆۋەتلىك ئۈزۈم سەيلىسىدە پۈتۈشۈلگەن سودا سوممىسى 569 مىليون 839 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن 1 مىليون ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەللەردىن كەلگەن ساياھەتچى 130 مىڭ ئادەم (قېتىم)گە يەتتى، ساياھەتچىلىكتىن 250 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ۋىلايەت بويىچە 2 پەن تەتقىقات ئاپپاراتى، 56 پەن تەتقىقات خادىمى بار (بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 28). ۋىلايەت بويىچە ئۈزۈم، قوغۇن - تاۋۇز، كېۋەز، كۆكتات ۋە چارۋىلارنى ئاساس قىلغان 20 پەن تەتقىقات تۈرى بار، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى تۇرغۇزۇلغان تۈر 11. ۋىلايەت بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ 56، ئوقۇغۇچىسى 42 مىڭ 325 (مىللىي 37 مىڭ 393)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 194، ئوقۇغۇچىسى 68 مىڭ 380 (مىللىي 55 مىڭ 425)؛ تېخنىكوم 7، ئوقۇغۇچىسى 2658، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 260 (مىللىي 211). سەنئەت ئۆمىكى بىر، مەدەنىيەت يۇرتى 3، ئارخىپخانا 5، كىنو قويىدىغان ئورۇن 138، ئاممىۋى كۇتۇپخانا 3، كۇتۇپخانىلاردا ساقلىنىۋاتقان كىتاب 231 مىڭ 300. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 85%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 90%كە يەتتى. «تۇرپان گېزىتى» 1 مىليون 545 مىڭ 100 نۇسخا، ئۇيغۇرچە «تۇرپان» ژۇرنىلى 4 سان، 22 مىڭ نۇسخا، خەنزۇچە «تۇرپان» ژۇرنىلى 4 سان، 6000 نۇسخا نەشر قىلىندى. ۋىلايەت بويىچە 191 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (دوختۇرخانا ۋە ئامبۇلاتورىيە 38، يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى ۋە ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى 7)، 2697 سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 1760 كارىۋات بار. ۋىلايەت بويىچە 91 مىڭ 149 ئوقۇغۇچى «دۆلەتنىڭ تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى. تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىدە 4 ئالتۇن مېدال، 5 كۈمۈش مېدال ئالدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى ۋىلايەت بويىچە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2355 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 12 مىڭ 942 يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىككە تەۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 8409 يۈەن. ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ۋە داۋالاشنى بىر تۇتاش غەملەشكە قاتناشقانلار 67 مىڭ 100گە يەتتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 5 مىليارد 673 مىليون يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 1 مىليارد 879 مىليون يۈەنگە،

مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 47 مىليون يۈەنگە، بۇنىڭ ئىچىدە ئىگىلىك سۇغۇرتا كىرىمى 4 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتا كىرىمى 33 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

☆ 10 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو يىپەك يولى تۇرپان ئۈزۈم سەيلىسى 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى باشلاندى. ئۇنىڭ ئەسلىدىكى «مەدەنىيەت ئارقىلىق سورۇن ھازىرلاپ، ئىقتىساد ـ سودا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش» دېگەن يېتەكچى ئىدىيىسى «مەدەنىيەت ئارقىلىق سورۇن ھازىرلاپ، ساياھەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش»قا ئۆزگەرتىلدى.

ما لۇلى

# تۇرپان شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

تۇرپان شەھىرى شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىغا، تەڭرىتاغنىڭ تارماق تىزمىسىدىكى بوغدا چوققىسىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 182 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 ـ يىلى شەھەرگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 7، مەيدان 2، مەھەللە ئىش باشقارمىسى 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 243 مىڭ 800 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 193 مىڭ 200)، يېزا نوپۇسى 171 مىڭ 500؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.9‰، ئۆلۈش نىسبىتى 3.9‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9‰. شەھەر بويىچە 12 مىڭ 870 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 6380 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئاق يەرگە ۋە ئېگىز ئورنىغا تېرىلغىنى)، 8790 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاق چۆللۈك كىلىماتىغا كىرىدۇ.

تۇرپان شەھىرى شىنجاڭ بويىچە ئۈزۈم چىققىدىغان ئاساسلىق رايون، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە داڭلىق بولغان ئۈزۈم سورتلىرى 120 نەچچە خىلغا يېتىدۇ. ئۇ يەنە مەملىكەت بويىچە ئۇزۇن تالالىق پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنىڭ بىرى. يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 357 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 97 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 6966.67 گېكتار ئورمان بار، ئۆسۈۋاتقان ياغاچ زاپىسى 439 مىڭ 300 كۇب مېتىر، تۇرلۇك ئوتلاق 210 مىڭ 700 گېكتارغا يېتىدۇ. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، ئارقار، ئۆلار قاتارلىقلار، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن يانتاق، چۈچۈكبۇيا، قار لەيلىسى، ئۈجمە، قۇنچە ئۈزۈم قاتارلىق 180 نەچچە خىلى بار. تۇز، كۆمۈر، نېفىت، ھاك تاش، گەج، كۋارتىس قۇمى، تۆمۈر، مانگان، بور، شۈلتا، شور، سېغىز قاتارلىق قېزىلما بايلىقلار بار. كۆمۈر زاپىسى 4 مىليارد توننىغا، نېفىتنىڭ كەلگۈسى زاپىسى 3 مىليارد توننىغا يېتىدۇ. تۇرپان قەدىمكى يىپەك يولىغا جايلاشقان مۇھىم قورغان، يەنە كېلىپ گۈمانىتارلىق مەنزىرە بىلەن تەبىئىي مەنزىرە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتى، كۆپ مىللەتنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرى مۇجەسسەملەشكەن ساياھەت شەھىرى. سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن سەيلىگاھلاردىن ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى، يارغول قەدىمىي شەھىرى، ئاستانە قەدىمىي قەبرىستانلىقى، بېزەكلىك مىڭئۆيى، سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى، مەسچىت، تۇيۇق مىڭئۆيى، يالقۇنتاغ، ئايدىڭكۆل، كارىز، بۈيلۈق، قۇملۇق ئۆسۈملۈكلىرى باغچىسى قاتارلىقلار بار. دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىدىن 5ى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىدىن 14ى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تۇرپان شەھەرلىك 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋۇ ۋېنۋۇ (12 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋاڭ جيەنيۇڭ (12 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: نۇرىدىن نىياز.

شەھەر باشلىقى: جاپپار ئىبراھىم.

سىياسىي كېڭەش 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: باھايىدىن تۆمۈر.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 ـ يىلى تۇرپان شەھىرىنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 533 مىليون 175 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن 3.2% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۈۋەندىمۇ شۇنداق). 24 مىڭ 600 توننا ئاشلىق، 203 مىڭ توننا ئۈزۈم، 5695 توننا پاختا، 28 مىڭ 21 توننا قوغۇن ـ تاۋۇز، 49 مىڭ 121 توننا كۆكتات ئېلىندى. 589.94 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىھاتە ئورمىنى 154.7 گېكتار. قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش ئورمىنى 371 گېكتار، ئىقتىسادىي ئورمان 36 گېكتار. پارچە ـ پۇرات يەرلەرگە 1 مىليون 680 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 10 مىڭ 200 توننا

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1999 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 12.1 | 8 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تۈمەن توننا) | 2.46 | —2 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 31.9 | 1.59 |
| يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 2.8 | 11.1 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | 138265 | 7.24 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | 4.6 | —11.2 |
| شەھەر، يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | 9 | تەڭلەشتى |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 9015 | 0.23 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 13976 | 2.28 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 804 مىليون 550 مىڭ يۈەن.

گۆش، 461 توننا قوي يۇڭى، 13.32 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 4800 توننا سۈت، 1.48 توننا تۇخۇم، 134 توننا سۇ مەھسۇلاتى، 41 توننا ھەسەل ئېلىندى. 42 مىڭ توننا ھۆل ئۈزۈم سىرتقا سېتىلدى، ئۈزۈمنى يىگى پىتى ساقلاش ئامبىرىدىن 27 سى سېلىندى. شەھەر بويىچە سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 34 مىليون 896 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا، كەنتلەر ۋە دېھقانلار چىقارغان مەبلەغ 19 مىليون 99 مىڭ يۈەن، پۇلغا سۇندۇرۇلغان ئەمگەك قىلىش مەبلىغى 4 مىليون 992 مىڭ 800 يۈەن. 122.56 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق ـ ئۆستەڭ ياسالدى، 194 كارىزنىڭ 231.26 كىلومېتىر تەشىسى رېمونت قىلىندى، 59 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى ۋە يورۇشلەشتۇرۇلدى. يېزىلارغا 129.03 كىلومېتىر توك سىمى تارتىلدى. 2321 كۆۋرۈك، سۇڭگۈچ، توما ياسالدى، 67.1 كىلومېتىر پۇختا كەلكۈن توسمىسى ياسالدى. 5 ئورۇننىڭ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى پۈتتۈرۈلۈپ، 5700 ئادەم ۋە 15 مىڭ 800 چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۈيى ھەل قىلىندى. شەھەر بويىچە 87.5% غول، تارماق ئېرىق ـ ئۆستەڭ سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈلدى، شەھەر ئۆتنجى بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى سۇ سىڭمەسلەشتۈرگەن (ناھىيە) شەھەر قاتارىغا كىردى. سۇغىرىش كۆلىمى 13 مىڭ گېكتار كۆپەيتىلدى. قارا يۈزىدىكى چوڭ سۇغىرىش رايونى قۇرۇلۇشىنىڭ داۋامى ۋە ئۇنى يورۇشلەشتۈرۈش، تېجەشلىك سۇغىرىش قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتىش تۈرى پۈتتى. چارۋىچىلىقتىن 51 مىليون 400 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. 320 مىڭ تۇياق قوي ـ كالا بوردالدى، 1500 يەرلىك كالىنىڭ، 140 مىڭ قويىنىڭ، 27 مىڭ ئۆچكىنىڭ نەسلى ياخشىلاندى. 2700 توننا سىلوسلانغان يەم ـ خەشەك تەييارلاندى. 119 مىڭ توننا شاخ ـ شۇمبا چانالدى. 800 گېكتار ئوتلاق ياخشىلاندى، 58 قوتان، 45 ئىسسىق قوتان، 155 سىلوسلاش ئورىسى ياسالدى. 129 گېكتار ئوتلاق بەرپا قىلىندى. ئولتۇراقلاشقان چارۋىچىلارغا 33 گېكتار تېرىلغۇ يەر، 10 گېكتار ئوت سالىدىغان يەر ھەل قىلىپ بېرىلدى. شەھەر بويىچە يېزا ـ بازار كارخانىسى 9229غا، ئۇلارنىڭ تىجارەت كىرىمى 290 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 89 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 524 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن 10.1% ئاشتى. 10 مىليون 930 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىلدى، 672 مىليون 40 مىڭ كىلوۋات سائەت توك بىلەن تەمىنلەندى. 441 مىڭ توننا كۆمۈر، 136 مىڭ 900 توننا سېمونت، 3484 توننا ئۈزۈم ھارىقى، 15 مىڭ 253 توننا قۇرۇق ئۈزۈم، 491 مىڭ توننا كونسېرۋا، 134 توننا سۇ يېغى، 3018 توننا ساپ پاختا، 3755 توننا پاختا يىپ، 417 توننا مەرگىمۇش، 9754 توننا ئىشقارىي سۇلفىد، 95 مىليون 520 مىڭ دانە خىش، 7685 توننا ئەينەك، 8765 كۋادرات مېتىر گرانىت تاش تاختا، 778

تونىنا مىس ئىشلەپچىقىرىلدى، شەھەر 9 مىليون 400 مىڭ تونىنا سۇ بىلەن تەمىنلەندى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۇلۈككە 625 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 14 مىليون 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بۇيلۇقتىكى 1000 مو (67. 66 گېكتار) لۇق باغچا، 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان كارىز مىللىي ئۇرپ - ئادەت كەتتىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى، 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان 20 مىڭ كۇب مېتىرلىق ئاق مەرمەر تاش بايلىقىنى ئېچىش تۈرى، 28 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان تۇرپان ئۇنىۋېرسال توپ، پارچە سېتىش بازىرى — شىنتو بازىرى قاتارلىق ئاساسلىق تۈرلەر پۈتتى. شەھەرنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىدا 5 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، جەمئىي ئۇزۇنلۇقى 2.03 كىلومېتىر كېلىدىغان غەربىي بوستان يولى بىلەن چۈلۈك دەرىخى يولى كېڭەيتىلدى. كېڭەيتىش ئارقىلىق 15 تۈردىكى توختام ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، توختامدىكى تۈرلەرگە سېلىنىدىغان مەبلەغ 364 مىليون 300 مىڭ يۈەن، كىرگۈزۈلگىنى 326 مىليون 550 مىڭ يۈەن. تاشيولدا 8 مىليون 4000 يولۇچى توشۇلۇپ، 3 مىليون 138 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى؛ تۆمۈريولدا 502 مىڭ يولۇچى، 403 مىڭ تونىنا يۈك توشۇلدى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى (داخىيەنىڭمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 7 مىليون 584 مىڭ 600 يۈەنگە، كىرىمى 12 مىليون 758 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى 35 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، 8000 كۋادرات مېتىرلىق پوچتا ئىشلەپچىقىرىش تۈگۈنى بىناسى پۈتتى. تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 31 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە، شەھەر تېلېفونى 17 مىڭ 550 (كۆپەيگىنى 4818) كە، يېزا تېلېفونى 6753 (كۆپەيگىنى 1515) كە، يانتېلېفون ئابونېنتى 9101 (كۆپەيگىنى 3500) گە، چاقىرغۇ ئابونېنتى 16 مىڭ 516 (كۆپەيگىنى 7917) گە يەتتى. شەھەر بويىچە توپ ۋە پارچە سېتىش سودا سوممىسى 463 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 50 كىلومېتىرلىق 6 ساياھەت مەخسۇس لىنىيىسى بار. ھەرخىل مېھمانخانىدىن 30 نەچچىسى بار، ئۇنىڭ ئىچىدە يۇلتۇز دەرىجىلىكى 5 (كۆپەيگىنى 2). تۇرپانغا ساياھەتكە كەلگەنلەر 1 مىليون 100 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، ساياھەتچىلىك كىرىمى 250 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەرگە تەۋە ساياھەتچىلىك كىرىمى 88 مىليون يۈەن.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 1039 (ئالىي دەرىجىلىكى 88). شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا «پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيە» دىن ئىبارەت «ئۈچنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 23 پەن تەتقىقات تۈرى بېكىتىلىپ، 3 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغانىدى، ئۇلاردىن 9ى ئورۇندالدى، پەن - تېخنىكىنىڭ 3 تۈرلۈك خىراجىتىگە 900 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى. شەھەر بويىچە 5480 پەن - تېخنىكا خادىمى بار، يېزىلىق ۋە كەنتلىك كەسپىي تېخنىكا ئىلمىي جەمئىيىتى، ئۇيۇشمىسى ۋە تەتقىقات جەمئىيىتىدىن 10ى قۇرۇلدى، 230 دېھقان تېخنىك تەكلىپ قىلىنىپ، پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يول باشلايدىغان كارخانىچىلار ئائىلىسى قۇرۇلدى. شەھەر بويىچە تېخنىكوم 2، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 230 (مىللىي 166)، ئوقۇغۇچىسى 1994 (مىللىي 1722)؛ بالىلار باغچىسى بىر، ئوقۇتقۇچىسى 11 (مىللىي 4)، باغچىدىكى بالا 148 (مىللىي 67)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 21، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1377 (مىللىي 1136)، ئوقۇغۇچىسى 18 مىڭ 2 (مىللىي 16 مىڭ 239)، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 161 (مىللىي 13 مىڭ 648)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 84، ئوقۇتۇش نۇقتىسى 117، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1811 (مىللىي 836)، ئوقۇغۇچىسى 32 مىڭ 229 (مىللىي 27 مىڭ 726). مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن 35 مىليون 590 مىڭ يۈەن خىراجەت قىلىندى. 5 - ئايدا مەملىكەتلىك «ئۈمىد لوڭقىسى» ماتېماتىكا مۇسابىقىسىدا بىر ئوقۇغۇچى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 13 ئوقۇغۇچى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 18 ئوقۇتقۇچى «مۇنەۋۋەر باغۋەن» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %85كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە يەتتى. 50 نەچچە مەيدان ئاممىۋى ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى. شەھەر بويىچە سەھىيە ئاپپاراتى 25، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا (يېزىلىق، بازارلىق شىپاخانىلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 17، كارىۋات 1017 (ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات 769)، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 1684. 20 قېتىم ھەرخىل ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى، پائالىيەتكە 950 تەنھەرىكەتچى (قېتىم) قاتناشتى. 2 - ئايدا شەھەرلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى تەرىپىدىن ئومۇمىي خەلق سالامەتلىكى تەشۋىقات ئېيىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. شەھەر تەنھەرىكەتچىلىرى 7 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسىنىڭ شەخسلەر يەككە تۈرىدە 1 -، 2 -، 3 -، مەملىكەتلىك تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى تۈرلەر بويىچە يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىدە 2 -

بولدى. 10 - ئايدا 13 - نۆۋەتلىك دېھقان - چارۋىچىلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، 5 يېزا، بازاردىن 170 تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى. شەھەر بويىچە بىر تەنھەرىكەتچى دۆلەتنىڭ 2 - دەرىجىلىك چېنىقىش ئۆلچىمىگە، 13 تەنھەرىكەتچى 3 - دەرىجىلىك چېنىقىش ئۆلچىمىگە يەتتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2353 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8870 يۈەنگە يەتتى. دېھقانلارنىڭ 8 مىليون 208 مىڭ يۈەنلىك، ھەربىر دېھقاننىڭ 50.8 يۈەنلىك سېلىقى يېنىكلىتىلدى. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ كۆلىمى 15.6 كۋادرات مېتىر، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ كۆلىمى 24.5 كۋادرات مېتىر بولدى. سۇغۇرتا كەسپىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 14 مىليارد 570 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 84 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ 51 مىليون 30 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسىنىڭ 33 مىليون 440 مىڭ يۈەن)، سۇغۇرتا كەسپى بويىچە 39 مىليون 850 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى (بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ 35 مىليون يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتىسىنىڭ 4 مىليون 856 مىڭ يۈەن)، جىسمانىي سۇغۇرتىدىكى ھەر قايسى تۈرلەردە مۇددىتى توشقانلارغا 1 مىليون 434 مىڭ 700 يۈەن چىقىم قىلىندى. 677 ئادەم (قېتىم) ئاساسىي تۇرمۇش كاپالەت پۇلى ئالدى. ئۇلارغا 250 مىڭ يۈەن پۇل تارقىتىلدى. 2 تۈرۈبا سۇيى زاۋۇتى ۋە ئۇنى يۆرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى پۈتتى، 26 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، شەھەر رايونىغا 13 كىلومېتىر سۇ تۇرۇبىسى ئورنىتىلدى، سۇ ئىشلىتىدىغان ئورۇندىن 220سى كۆپەيدى، شەھەردە سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە يۇندا چىقىرىشنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %100كە يەتتى. ئىسسىتىش كۆلىمى 36 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆپەيدى. سۈيۇقلاندۇرۇلغان گاز ئىشلىتىدىغان 600 ئائىلە كۆپەيدى. 43 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر يەر كۆكەرتىلدى. شەھەر رايونىدىكى كىرا ئاپتوموبىلى 600 نەچچىگە يەتتى. 18 چوڭ، ئوتتۇرا يولۇچىلار ئاپتوبۇسى كۆپەيتىلدى، ئاممىۋى قاتناش ئاپتوموبىللىرى 70كە يەتتى، قاتنايدىغان لىنىيە 6 بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 32.2 كىلومېتىر كېلىدۇ.

## يالقۇنتاغ ساياھەت يېزا ئىگىلىك رايونىنى بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى

بۇ رايون تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى چاتقال يېزىسىنىڭ چىگىبۇلاق باشقۇرۇش رايونىغا، 312 - دۆلەت يولىنىڭ بويىدىكى چوڭگە جايلاشقان، شەھەرگە 20 كىلومېتىرچە كېلىدۇ. بۇ رايون ئۈزۈمچىلىك رايونى، ئاھالىلەر رايونى ۋە مىللىي ئۆرپ - ئادەت، مەدەنىيەت رايونىغا ئايرىلدى، 42 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى. بۇ ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان تۈر بولۇپ، دۆلەت مەبلەغ چىقىرىدۇ ۋە پىلانلايدۇ، شەخسلەر ئېچىپ، تىرىشچانلىق قىلىپ نەپكە ئېرىشىدۇ. 2000 - يىلى 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشقا 6 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئۈزۈمچىلىك رايونىدا تامچىلىتىپ سۇغىرىلىدىغان 513.2 گېكتار يەر ئېچىلدى، 600 نەچچە گېكتار يەر تەكشىلەندى، ئاھالىلەر ئۈچۈن 38 كىلومېتىر سۇ تۇرۇبىسى ئورنىتىلدى، يۇقىرى، تۆۋەن بېسىملىق 24 كىلومېتىر ئېلېكتر سىمى تارتىلدى، 23 كىلومېتىر ئۆستەڭ ياسالدى، 4100 كۆچمەن ۋە 8000 چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۈيى ھەل قىلىندى. كۆچۈپ كەلگەن ھەربىر دېھقان ئائىلىسىگە 10 مو (0.67 گېكتار) ئۈزۈملۈك يەر ھۆددە بېرىلدى، ئولتۇراق ئۆي سېلىشقا 2 مو (0.13 گېكتار) يەر بۆلۈپ بېرىلدى. ئاھالىلەر رايونىغا 827 ئائىلىلىك دېھقان كۆچۈپ كىرىشكە بولىدۇ. ئېچىلىدىغان يەر 666.7 گېكتار كېلىدۇ، ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشى بىر تۇتاش پىلانلاندى، ئۆي سالغۇچىلار قويۇق ئۇيغۇر ئۇسلۇبىدىكى 20 خىل لايىھە ئىچىدىن تاللىۋالىدۇ. نۆۋەتتە 200 دىن ئارتۇق ئائىلە بۇ رايونغا ئۆي سېلىپ ئىگىلىك تىكلىمەكتە. مىللىي ئۆرپ - ئادەت، مەدەنىيەت رايونى قۇرۇلۇشىدا تېخىمۇ كۆپ جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى ساياھەت قىلىش ۋە يەرلىكلەرنىڭ تۇرمۇشىنى بىلىشكە جەلپ قىلىش ئۈچۈن، ئاساسلىقى تۇرپاندىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزگىچە، ئالاھىدە بولغان مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە تارىخ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى پائالىيەتلىرى قايتا گەۋدىلەندۈرۈلدى. يالقۇنتاغ ساياھەت، يېزا ئىگىلىك رايونىنى بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى تۇرى ئاپتونوم رايوننىڭ تاغ - دەريالارنى گۈزەللەشتۈرۈش تۈرىگە كىرگۈزۈلدى.

## تۇرپان ئۈزۈم سەيلىسى

10 - نۆۋەتلىك جۇڭگو يىپەك يولى تۇرپان ئۈزۈم سەيلىسى 2000 - يىل 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى داغدۇغىلىق باشلىنىپ، 20 كۈن داۋام قىلدى. بۇ نۆۋەتلىك ئۈزۈم سەيلىسىدە «ئىتتىپاقلىشىش، دوستلىشىش، ھەمكارلىشىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش» دېگەن تېمىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، ئۈزۈم سەيلىسىنى ئۆيۈشتۇرۇشتىكى «مەدەنىيەت ئارقىلىق سورۇن ھازىرلاپ، ساياھەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش» تىن ئىبارەت ئاساسىي مەقسەت گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ساياھەتچىلىكنىڭ يەرلىكتىكى مۇھىم ئورنى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. سەيلە

مەزگىلىدە مەدەنىيەت، تەنتەربىيە تەشۋىقات پائالىيەتلىرى مول ۋە سەرخىل بولدى. بولۇپمۇ ۋىلايەتلىك ساياھەتچىلىك ئارماقلىرىنىڭ تات يولىنى ئارخېئولوگىيىلىك كېسىپ ئۆتۈش، تەڭرىتاغدىكى قوش قەدىمىي يولىنى پىيادە بېسىپ ئۆتۈش، ئەپسانىۋى خەتەرلىك ساياھەت، قۇچۇ ساياھىتى، مەنزىرىلىك جايلارغا ساياھەت ۋە يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت — تۇرپاننىڭ تەبىئىي شارائىت ۋە ئۆرپ - ئادىتىنى ساياھەت قىلىش پائالىيەتلىرى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن نۇرغۇن ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى. ئۈزۈم سەيلىسىدە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن 365 ئۆمەك كۈتۈۋېلىندى، چوڭ سەيلىگاھلاردا 320 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى. ئىقتىساد - سودا جەھەتتىكى پۈتۈشۈش سوممىسى 560 مىليون يۈەنگە، كېڭىشىش ئارقىلىق پۈتۈشۈلگەن ھەمكارلىق تۈرى 18گە، پۈتۈشۈش سوممىسى 496 مىليون يۈەنگە، تاۋار سودا سوممىسى 42 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

☆ شەھەر، يېزا، بازارلاردا 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى «148» قانۇن مۇلازىمەت تېلېفونى يولغا قويۇلدى.

☆ 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى كارىز مۇزېيى پۈتتى.

ياڭ لىخۇا

# توقسۇن ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

توقسۇن ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 162 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 4، مەيدان 3. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 104 مىڭ 176 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 87 مىڭ 632)، يېزا نوپۇسى 81 مىڭ 239؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 16.24‰، ئۆلۈش نىسبىتى 4.38‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11.86‰. ناھىيە بويىچە 13 مىڭ 670 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 11 مىڭ 970 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائەتتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 6340 گېكتار)، 5430 گېكتار يەرگە كېۋەز، 1246.67 گېكتار يەرگە ئۈزۈم، 1070 گېكتار يەرگە قوغۇن - تاۋۇز، 300 گېكتار يەرگە كۆكتات تېرىلدى. كىلىماتى ئىنتايىن قۇرغاق بولغان ئىچكى قۇرۇقلۇق چۆللۈك كىلىماتىغا كىرىدۇ.

توقسۇن ناھىيىسىدە 6 ئېقىن بولۇپ، يىللىق ئېقىن مىقدارى 364 مىليون كۇب مېتىر، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 426 مىليون كۇب مېتىر. ناھىيە بويىچە ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 21.2%كە يەتتى.

ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن قاپلان، سۇغۇر، جەرەن قاتارلىقلار، ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاسالىقى كىرەش، سوغىگۈل، قانتېپەر، چۈچۈكبۇيا قاتارلىقلار بار. 35 خىل قېزىلما بايلىق تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، سۈپەتلىك قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، بېنتونىت، سېپىكتىت، مەرمەرتاش، گرانىت تاش، كالتسىي سىلىترا قاتارلىقلار بار. بۇلار ئىچىدە كۆمۈرنىڭ زاپىسى 5 مىليارد توننىدىن ئاشىدۇ؛ بېنتونىت زاپىسى 115 مىليون توننا بولۇپ، نۆۋەتتە مەملىكەت ئىچىدە بايقالغان 2 - چوڭ بېنتونىت كېنى ھېسابلىنىدۇ. سېپىكتىت كېنى مەملىكەت بويىچە تۇنجى بايقالغان كان بولۇپ، زاپىسى 1 مىليون 700 مىڭ توننىغا يېتىدۇ. سەيلىگاھلاردىن غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى بولغان قورۇقتاغ ئېلى خارابىسى، ئالغۇيدىكى تۇنجى قېزىلىپ ياغاچ بىلەن جاھازلانغان قەدىمىي قەبرە، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت تۇر، ياردائىلىق قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ توقسۇن ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سەمەت ئەيسا (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋۇ ۋېنۋۇ (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابلىمىت خوجابدۇللا.

ھاكىم: ئەخمەت رازاق.

سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: كۇجىيې (خۇيزۇ).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 250 مىليون 267 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 155 مىليون 358 مىڭ 100 يۈەن)گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 6.4% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 38 مىڭ 661 توننا ئاشلىق، 6586 توننا ساپ پاختا، 8640 توننا ئۈزۈم، 25 مىڭ 120 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 9655 توننا مېۋە، 1253 توننا خاسىڭ، 6311 توننا كۆكتات ئېلىندى. 197 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 300 تۈپ كۆچەت تىكىلدى؛ 9 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. بورداقچى ئائىلە 672 گە يېتىپ، 290 مىڭ كالا - قوي بوردالدى. 7200 توننا گۆش، 650 توننا قوي يۇڭى، 8.8 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 15 توننا تۆگە يۇڭى، 21 مىڭ 500 پارچە قوي تېرىسى، 11 مىڭ پارچە

## خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1999 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 50833 | 7.3 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 14086 | 6.1 |
| 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 16589 | 9.4 |
| 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 20158 | 6.2 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | 38661 | —13.94 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 33.46 | 7 |
| يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 19483 | 7.14 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | 109412 | —0.14 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 16233 | 4.17 |
| شەھەر، يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | 33238 | 27.5 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 2010 | 15.25 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 7749 | 9.96 |

**ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 309 مىليون 780 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ 105 مىليون 200 مىڭ يۈەن، 2 ـ كەسىپنىڭ 112 مىليون 440 مىڭ يۈەن، 3 ـ كەسىپنىڭ 92 مىليون 140 مىڭ يۈەن.**

ئۆچكە تېرىسى، 9100 پارچە كالا تېرىسى، 60 توننا سۈت مەھسۇلاتى، 119 توننا تۇخۇم، 17 توننا ھەسەل، 12 توننا گۆش توخۇسى ئېلىندى. ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 10 مىليون 240 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 600 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيدى، 26 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، ئۆستەڭلەرنى يورۇشلەشتۈرۈش ئىنشائاتىدىن 150ى سېلىندى، 26 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق ـ ئۆستەڭ، 1.3 كىلومېتىر كەلكۈن توسمىسى ياسالدى، 2 تۇرۇبا سۇيى زاۋۇتى سېلىندى. 1800 ئادەم، 3000 چارۋىنىڭ ئىچىدىغان سۇيى ھەل قىلىندى. 701 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. 4495 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، يېزىلاردا 30 مىليون 560 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى. يېزا ـ بازار كارخانىسى 4007 (بۇنىڭ ئىچىدە شەخسىي كارخانا 3950) گە، كەسىپكارى 7198 (شەخسىي كارخانىلارنىڭ 5108) گە، پايدىسى 23 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 218 مىليون 837 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 205 مىليون 19 مىڭ 200 يۈەن) گە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %9.47 ئاشتى. 28 مىليون 810 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 3788 توننا پاختا، 245 توننا قىسقا پاختا تىۋىتى، 2885 توننا پاختا يىپ، 443 مىڭ 174 توننا كۆمۈر، 165 مىليون 750 مىڭ پارچە خىش، 123 توننا پولات شارەك، 26 مىڭ 205 توننا گۈڭگۈرتلۈك مىس رۇدىسى، 20 مىڭ 962 توننا سۇلفات كىسلاتاسى، 20 مىڭ 300 توننا تۆمۈر ئۆۋۈندىسى، 1000 توننا ئاكتىپ ئاق تۇپا، 64 مىڭ 800 توننا گەج، 1954 توننا گەج پاراشوكى، 4910 توننا شور، 82 توننا گىل، 45 توننا ئېفېدرىن، 1112 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 2117 توننا ئاق ھاراق، 271 توننا مىنېرال سۇ، 97 توننا ئىچىملىك، 5050 توننا ئۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 116 مىليون 210 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 12 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە، ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 35 مىڭ 768 كۋادرات مېتىر (پۈتكىنى 16 مىڭ 443 كۋادرات مېتىر) غا يەتتى. ئۆي ـ زېمىن كەسپىگە 4 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شەھەرنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 542 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەرنىڭ يول قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ

1 مىليون 780 مىڭ يۈەن. 3.37 كىلومېتىر يولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى. 314 - دۆلەت يولىنىڭ 5.2 كىلومېتىر بۆلىكىگە يول چىرىغى ئورنىتىلدى، 0.62 كىلومېتىرلىق سۇ چىقىرىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى، 5.2 كىلومېتىر كۆكەرتىشكە ئىشلىتىلىدىغان سۇ تورۇبىسى ئورنىتىلدى. 2000 - يىللىق ئورۇمچى پەرمەنكىسى ۋە ئۈززۈم سەيلىسىدە ئىقتىساد - سودىدىكى پۈتۈشۈش سوممىسى 194 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 8 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە، كۆچمە ئالاقە كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 860 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا تېلېفون ئابونىتى 8274 (يېڭىدىن كۆپەيگىنى 2056) كە، يانتېلېفون ئابونىتى 730 غا، چاقىرغۇ ئابونىتى 2040 قا، كومپيۇتېر ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 36 گە يەتتى. يېزا - بازارلارنىڭ ھەممىسىدە پروگراممىلىق تېلېفون بار بولدى، تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى ھەر 100 ئادەمگە 8.27 دىن توغرا كەلدى. ناھىيە بويىچە ئىستېمال بازارلىرىدا پۈتۈشۈلگەن سودا سوممىسى 49 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 46 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 668. 73 قارار يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى كۇرسى ئۆيۈشتۇرۇلدى، 19 مىڭ 223 دېھقان - چارۋىچى (قېتىم)، 556 پەن - تېخنىكا ئائىلىسى تەربىيىلەندى، 3 قېتىم پەن - تېخنىكىنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش پائالىيىتى تەشكىللەندى. پەن - تېخنىكا تەجرىبە تۈرىدىن 16 سى ئورۇنلاندى. ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 44، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1040 (مىللىي 854)، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 355 (مىللىي 9669)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 8، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 785 (مىللىي 676)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 6496 (مىللىي 5792)، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 2097 (مىللىي 1912)؛ بالىلار باغچىسى 3، ئوقۇتقۇچىسى 59 (مىللىي 34)، باغچىدىكى بالا 630 (مىللىي 210)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 32 (مىللىي 25)، ئوقۇغۇچىسى 94 (مىللىي)؛ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتۇش ئورنى بىر، كۇرسانتى 329 (مىللىي 46)؛ چوڭلار ئوتتۇرا دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك رادىئو مەكتىپى بىر، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 6 (مىللىي 5)، ئوقۇغۇچىسى 74 (مىللىي 52)؛ پارتىيە مەكتىپى بىر، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 11 (مىللىي 9)، بىر يىلدا 11 قارار كۇرس ئېچىلدى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 98%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 90%كە يەتتى. 10 ناھىيە بويىچە تېببىي داۋالاش سەھىيە ئاپپاراتى، 425 كەسپىي تېخنىكا خادىمى، 318 كارىۋات بار. ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى 2000 - يىللىق ئاپتونوم رايونلۇق يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىدە، ئەرلەرنىڭ 100 ۋە 200 مېتىرغا يۈگۈرۈش تۈرىدە 2 ئالتۇن مېدال، ئەرلەرنىڭ 1500 مېتىرغا يۈگۈرۈش تۈرىدە بىر ئالتۇن مېدال، 800 مېتىرغا يۈگۈرۈش تۈرىدە بىر كۈمۈش مېدال، ئەرلەر 400 × 4 مېتىرغا يۈگۈرۈش تۈرىدە بىر كۈمۈش مېدال، 200 مېتىرغا يۈگۈرۈش تۈرىدە بىر مىس مېدال ئالدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1970 يۈەنگە يەتتى، مىلىقى 1999 - يىلدىكىدىن 23.6 يۈەن تۆۋەنلىدى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 8240 بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7683 يۈەنگە يەتتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 4 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 7 مىليون 438 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە 993 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتا بويىچە 1 مىليون 247 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. يىل ئاخىرىغىچە 2620 ئىشچى - خىزمەتچى پاشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا، 4778 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا، 4700 ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. 1 مىليون 50 مىڭ يۈەن تۇرلۇك قۇتقۇزۇش پۇلى، 161 مىڭ يۈەن ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش - ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش پۇلى تارقىتىلدى. 1999 -، 2000 - يىللىرى ماكانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بويىچە 8 كورپۇس ئولتۇراق ئۆي بىناسى پۈتتى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 18 مىڭ 458 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 15 مىليون 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

☆ توقسۇن ناھىيىسىنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلىق رايونلاردا 7 - ئاينىڭ 17 — 18 - كۈنلىرى ئومۇميۈزلۈك قارا يامغۇر يېغىپ، كەلكۈن پەيدا قىلىپ، 2 مىليون 500 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىيان كەلتۈرۈپ چىقاردى.

☆ 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى توقسۇن ناھىيىسىدە 7 — 8 بال بوران چىقىپ، تېمپېراتۇرا 0℃ قا چۈشۈپ قالدى، 11 - كۈنى سەھەردە قىرو چۈشتى، قىرو چۈشۈش

ئېلگىرىكى يىللاردىكىدىن 15 — 20 كۈنچە بۇرۇن بولدى، بۇ تۇقسۇن ناھىيىسىدە يېقىنقى 30 يىلدىن بۇيان ئاز كۆرۈلگەن بىنورمال ئەھۋال بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا 10 مىليون 310 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىيان كەلتۈرۈپ چىقاردى.

با جىيىڭ

# پىچان ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

پىچان ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى بوغدا چوققىسىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 287 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 283.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 5، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 202 مىڭ 892 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 143 مىڭ 808)، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 76 مىڭ 545؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.5‰، ئۆلۈش نىسبىتى 4.36‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.14‰. ناھىيە بويىچە 13 مىڭ 220 گېكتار يەر بولۇپ، 8340 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 3450 گېكتار يەرگە كېۋەز، 10 مىڭ 866.67 گېكتار يەرگە ئۈزۈم، 2666.67 گېكتار يەرگە قوغۇن - تاۋۇز تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

پىچان ناھىيىسى ئۈزۈم، كېۋەز ۋە قوغۇننى ئاساس قىلغان ئالاھىدە ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى راۋاجلاندۇرۇش رايونىدۇر. يەرئۈستى سۈيىنىڭ ئېقىن مىقدارى 271 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ زاپىسى 120 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ناھىيە بويىچە 30 مىڭ گېكتار ئورمان بار، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 0.4% كە يېتىدۇ، بوستانلىق 4.86% نى ئىگىلەيدۇ. ئەتىۋارلىق ھايۋانلاردىن ئۇلار، ياۋاكۆك كەپتەر، يىلپىز، ئېيىق، ئارقار، ياۋا تۆگە قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن نېفىت، تەبىئىي گاز، ئالتۇن، تۆمۈر، كۆمۈر، بېنتونىت، ناترىي سېلىتىرا، گرانىت تاش، شور قاتارلىقلار بار. مەملىكەت بويىچە قېزىلما بايلىقى مول 10 چوڭ ناھىيىنىڭ بىرى ۋە دۇنيا بويىچە ناترىي سېلىتىرا بايلىقى مول 2 - ئورۇن ھېسابلىنىدۇ. «چوغلۇق پىچان» گرانىت تېشى دۆلەتنىڭ داڭلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولۇپ باھالاندى. سەيلىگاھلاردىن قۇمتاغ باغچىسى، كۆكيار سۇ ئامبىرى، تۇيۇق مىڭئۆيى، چىقتىم خارابىسى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ پىچان ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: خۇاڭ جىجۈڭ (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، سۇ يۇ (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇرېھىم سەيپۇل.

ھاكىم: باھادىر ئابدۇلھېلىم.

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدۇرېشىت ئەخمەت.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 527 مىليون 240 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 510 مىليون 506 مىڭ 900 يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 3.32% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 30 مىڭ 917 توننا ئاشلىق، 4617 توننا پاختا، 192 مىڭ 400 توننا ئۈزۈم، 66 مىڭ 200 توننا قوغۇن - تاۋۇز ئېلىندى. 236.6 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 4489 توننا گۆش (قوي گۆشى 3410 توننا)، 101 توننا كالا سۈتى، 705 توننا قوي يۇڭى، 7 توننا تۆگە يۇڭى، 107 مىڭ 500 پارچە قوي تېرىسى، 3200 پارچە كالا تېرىسى، 69 توننا بېلىق ئېلىندى. ناھىيە بويىچە ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا 31 مىليون 840 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 124.19 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 14.24 كىلومېتىر تۆۋەن بېسىملىق تۇرۇبا ئورنىتىلدى، 124.82 كىلومېتىر ئېرىق - ئۆستەڭ رېمونت قىلىندى. كارىز 610 مېتىر ئۇزارتىلدى، 69 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 55 ماشىنىلاشقان قۇدۇق يېڭىلاندى، 69 ماشىنىلاشقان قۇدۇق يۈرۈشلەشتۈرۈلدى، 368 كۆۋرۈك، 1203 تۇما ياسالدى، يېزىلاردا 125.73 كىلومېتىر توك سىمى تارتىلدى، 129.23 كىلومېتىر يېزا - كەنت يولى ياسالدى، 3240 گېكتار ئوتتۇرا - تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى، 853.33 گېكتار بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈلدى، 1220 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى، 3647 گېكتار يەرنىڭ سۇغىرىش شارائىتى ياخشىلاندى، 4 دەرىجىلىك ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ سۇچىلىقتىكى پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتى 51.5% بولدى. كەرچى سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشىنىڭ 81% ى پۈتتى، ئۇنىڭغا 34 مىليون 410 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى 7642 گە، كىرىمى 686 مىليون يۈەنگە، باجدىن

# پىچان ناھىيىسىنى شىنجاڭ بويىچە ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي كۈچى كۈچلۈك ناھىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقايلى

ج ك پ پىچان ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇ يۇ
پىچان ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى: باھادىر ئابدۇلھېلىم



سۇ يۇ



باھادىر ئابدىلىم

پىچان ناھىيىسى تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان، ئۇنىڭغا 5 بازار، 5 يېزا قارايدۇ. ناھىيىدە تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈپ ئېچىش قوماندانلىق شتابى، جوڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى شۆبىسى، شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىق ئىدارىسى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش 1 - ئەترىتى، شىنجاڭ ئۈزۈم مېۋە - چېۋە تەتقىقات ئورنى قاتارلىق 10 نەچچە ئورۇن بار. ناھىيە شىنجاڭدىكى 3 چوڭ نېفىتلىكنىڭ بىرى بولغان تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنىڭ ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونى ھېسابلىنىدۇ. لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولى، 312 - دۆلەت يولى، ئاسىيا - ياۋروپا نۇر كابېلى ناھىيىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ.

كېيىنكى پايدىسى 51 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 669 مىليون 507 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 1 مىليارد 329 مىليون 170 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %2.69 ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 2 مىليارد 725 مىليون 550 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنىڭ 2 مىليارد 550 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، %6.45 ئاشتى. 2 مىليون 782 مىڭ توننا نېفىت، 252 مىڭ 100 توننا كۆمۈر، 1094 كىلوگرام ئالتۇن، 88 مىڭ توننا سېمونت، 328 مىڭ توننا تۆمۈر رۇدىسى، 205 مىڭ 500 توننا تۆمۈر ئۇۋۇندىسى، 1025 توننا ناترىي نىترات، 17 مىڭ 463 توننا ئادالانغان قۇرۇق ئۈزۈم، 1159 توننا ئۈزۈم ھارىقى، 1946 توننا پاختا يىپ، 16 مىڭ 479 كۇب مېتىر گرانت تاش ماتېرىيال، 45 مىڭ 608 كۋادرات مېتىر گرانت تاش تاختا، 4611 توننا پاختا، 13 مىڭ 900 توننا ئۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارلىرى مۇنۇلار: ئوقۇغۇچى ئورنى 1315، تاشيول 52 كىلومېتىر، يىلىغا قېزىلىدىغان ئالتۇن رۇدىسى 100 مىڭ توننا. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 923 مىليون 420 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىگە سېلىنغىنى 1 مىليارد 667 مىليون 340 مىڭ يۈەن. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 66 مىليون 250 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىشكە 18 مىليون 400 مىڭ يۈەن، سودا مەركىزى قۇرۇلۇشىغا 23 مىليون يۈەن، گەرزان، قولايلىق ئۆي قۇرۇلۇشىغا 15 مىليون يۈەن، شەھەر ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا 40 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 32 مىليون 882 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە،

پىچان ناھىيىسى ئەنئەنىۋى ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلىدىغان رايون، كىشمىش ئۈزۈم، قوغۇن، ئۈزۈن تالالىق پاختا كۆپ چىقىدۇ، مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ كىشمىش ئۈزۈم بازىسى. ناھىيىدە ئىشلەپچىقىرىلغان «كروران» ماركىلىق شېكەرسىز قىزىل ۋە ئاق ئۈزۈم ھارىقلىرى 1997 - يىللىق شياڭگاڭ خەلقئارالىق ھاراق ياھالاش يىغىنىدا جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقى بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن بىردىنبىر مەھسۇلاتتۇر. دۆلەت 1998 - يىلى پىچان ناھىيىسىگە «جۇڭگونىڭ قوغۇن ماكانى» دەپ رەسمىي نام بەردى. بۇ يەردىن چىقىدىغان ئۈزۈن تالالىق پاختا ئېگىرىلىشچانلىقى ياخشى، يىپ بولۇش كۆرسەتكۈچى يۇقىرى بولۇش بىلەن جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا مۇيەسسەر بولدى. پىچان ناھىيىسىنىڭ قېزىلما بايلىقلىرىنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، ئەزەلدىنلا «تەبىئىي گۆھەر ئويمانلىق» دېگەن نامى بار. ھازىرغىچە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىق 50 نەچچە خىلغا يېتىدۇ. دۆلەت ۋە يەرلىكنىڭ ئاچقانلىرىدىن نېفىت، تەبىئىي گاز، ئالتۇن، گرانىت تاش، تۆمۈر رۇدىسى، كۆمۈر، كۆل تۇزى، ناترىي سېلىترا، كالتسىي سېلىترا قاتارلىقلار بار. بۇلار ئىچىدە كۆمۈر، بېنتونىت ۋە ناترىي سېلىترانىڭ زاپىسى مەملىكەت بويىچە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە پىچان ناھىيىسى ئەۋزەل بايلىققا تايىنىپ، دۆلەت سىياسىتىنىڭ ئوتتۇرا، غەربىي قىسىملارغا ماي ئېچىلىشىش پۇرسىتىنى ۋە نېفىت ئېچىشتەك پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىقتىسادنىكى يېڭى ئېشىش نۇقتىسىنى ئۈزلۈكسىز يېتىشتۈرۈپ، يوشۇرۇن بايلىق ئەۋزەللىكىنى مەھسۇلات ئەۋزەللىكى ۋە ئىقتىساد ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇرۇپ، ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىنى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدۇردى. 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ناھىيە بويىچە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 4 مىليارد 158 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1995 - يىلدىكىدىن 42.48% ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7.3% ئاشتى، ھەر ئادەمگە 20 مىڭ 600 يۈەندىن توغرا كەلدى. ناھىيىگە تەۋە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 102 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1995 - يىلدىكىدىن 44.45%، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7.7% ئاشتى. سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 539 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 527 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 2576 يۈەنگە، ناھىيىنىڭ شۇ دەرىجىلىك مالىيە كىرىمى 156 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يەتتى. پىچان ناھىيىسى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى، ھەربىر ئادەمگە توغرا كېلىدىغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى، مالىيە كىرىملىرى جەھەتتە ئاپتونوم رايوندىكى ناھىيىلەر ئارىسىدا 1 - ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئىقتىسادنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى بىلەن، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، مائارىپ، تېببىي داۋالاش - سەھىيە، شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى كۈنسېرى راۋاجلاندى، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىمۇ مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى،

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 415815 | 7.8 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 29688 | 5.6 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 343019 | 7.6 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 43108 | 12.8 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 30917 | —23.35 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 34.37 | 2.9 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 64442 | 5 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 24674 | 6.7 |
| شەھەر، يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 278046 | 17.1 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 20136 | 28.7 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 20104 | 26.2 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 1 مىليارد 975 مىليون 910 مىڭ يۈەن.

پىچان ناھىيىسى ب د ت نىڭ باشلانغۇچ پاكىز، ساغلاملىق بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش ناھىيىسى، ب د ت نىڭ ساغلاملىق تەربىيىسى تۈرى بولغا قويۇلغان ناھىيە قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. «مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىدىكى ئۈلگىلىك ناھىيە»، «مەملىكەت بويىچە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە»، «مەملىكەت بويىچە 2 - بەش يىللىق قانۇن ئومۇملاشتۇرۇلىدىغان يۈز ناھىيە ئىچىدىكى ئىلغار ناھىيە»، «مەملىكەت بويىچە مېۋە مەھسۇلاتى ئەڭ كۆپ يۈز ناھىيىنىڭ بىرى»، «مەملىكەت بويىچە پاكىز ناھىيە بازىرى»، «ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىي ناھىيە» دېگەن ناملارغا ئېرىشتى.

10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىنىڭ باشلىنىشى بىلەنلا پىچان ناھىيىسى ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋالدۇ. ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلمىنى تەڭشەش سالمىقىنى كۈچەيتىش، ئالاھىدە ئىگىلىكنى گەۋدىلىك راۋاجلاندۇرۇش، نورمىدىن ئاشۇرۇپ ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق سەكرەپ تەرەققىي قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت تەرەققىيات تەپەككۇر يولىنى ۋە زامانىۋى ئالاھىدىلىككە ئىگە يېڭىچە نېفىت شەھىرىنى قۇرۇپ، پىچاننى شەرقىي شىنجاڭ رايونىدىكى ئىقتىسادىي مەركەز قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت تەرەققىيات نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى، 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىنىڭ پىلان كۆرسەتكۈچلىرى ۋە تەرەققىيات تەدبىرلىرىنى تۈزدى. 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىنىڭ ئاخىرىغىچە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنى 7 مىليارد 6 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈش، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %11تىن ئاشۇرۇش (نېفىتنىڭمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). ناھىيىگە تەۋە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنى 1 مىليارد 830 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈش، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %12 تىن ئاشۇرۇش، ناھىيىگە تەۋە سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنى 1 مىليارد 156 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈش، يىلىغا %14تىن ئاشۇرۇش، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنى 718 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈش، يىلىغا %5.6تىن ئاشۇرۇش، مالىيە كىرىمىنى 258 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈش، يىلىغا %10تىن ئاشۇرۇش، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىنى 3820 يۈەنگە يەتكۈزۈش، يىلىغا %2.8تىن ئاشۇرۇش پىلانلاندى.

1. ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، قاراشنى ئۆزگەرتىش، تونۇشنى ئۆستۈرۈش، نىشاننى ئېنىق بەلگىلەش لازىم. كادىرلار ۋە ئامما ئازراق ئىلگىرىلەپلا قانائەتلىنىش، ئازراق ھاللىنىپلا شۈكرى قىلىش ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇشقا ئۇرۇنۇشى، تەرەققىياتنى تېزلىتىشتەك تەقەززالىق تۇيغۇسىنى تىكلىشى لازىم؛ ئۇتۇق قازىنالماسلىقتەك قورقۇنچاق ئىدىيىنى ئۆزگەرتىپ، جۈرئەتلىك بولۇش، ئېچىشقا جۈرئەت قىلىش، جاسارەت بىلەن ئىزدىنىپ ئىشلەش قارىشىنى تىكلىشى لازىم؛ ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەشتەك بوستانلىق ئىگىلىكى ۋە ناتۇرال ئىگىلىك ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئېچىۋېتىش قارىشىنى تىكلىشى لازىم؛

---

تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 34 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون ئابونېنتى 20 مىڭ 991 (يېزىلاردىكىسى 11 مىڭ 181) گە، يانتېلېفون ئابونېنتى 6884كە، ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 678گە يەتتى. ناھىيە بويىچە بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 87 مىليون يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 756. مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 21، ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 875 (مىللىي 13 مىڭ 86)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1187 (مىللىي 937)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 557 (مىللىي 477)، ئوقۇتقۇچىسى 41؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 66، ئوقۇغۇچىسى 26 مىڭ 586 (مىللىي 19 مىڭ 833)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1576 (مىللىي 1147)؛ مەركىزىي بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 510 (مىللىي 229)، ئوقۇتقۇچىسى 35 (مىللىي 12). قۇرۇلۇش كۆلىمى 11 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق بىر مەكتەپ سېلىندى. ھۆكۈمەت مائارىپ ئىشلىرىغا 34 مىليون 110 مىڭ يۈەن خىراجەت سەرپ قىلدى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە يەتتى. 3 - ئايدا پىچان ناھىيىسى دۆلەت رادىئو - تېلېۋىزىيە باش ئىدارىسى تەرىپىدىن 1999 - يىللىق مەملىكەت بويىچە رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىشلىرىدا ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى. ناھىيە بويىچە تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 19، خۇسۇسىيلار ۋە يەككىلەرنىڭ ئامبۇلاتورىيىسى 66، سەھىيە خادىمى 878 (دوختۇر 426)، كارىۋات 365. 2000 - يىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىنىڭ 100 ۋە 200 مېتىرلىق تۈرلىرىدە ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرىدىن 2 ئادەم چېمپىيون بولدى، ئەرلەر ئېگىزگە سەكرەش تۈرىدە بىر ئادەم 3 - بولدى (تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ئېگىزگە سەكرەش رېكورتىنى بۇزدى). شۇ يىلى پىچان ناھىيىسى بويىچە 10 ئادەم تەنتەربىيە

مۇئەسسەسىلەك قىلىش، قانائەتچانلىقنى تەكىتلەپ ئىنتىلىشتىن قورقۇش ئىدىيىسىنى تۈگىتىپ، ئىسلاھات بىردىنبىر چىقىش يولى، تەرەققىيات چىڭ قائىدە، دېگەن قاراشنى تىكلىشى لازىم؛ كۈتۈش، تايىنىش، تەلەپ قىلىش ئىدىيىسىنى تۈگىتىپ، كۈچلۈك رىقابەت قارىشىنى تىكلىشى لازىم؛ ئەنئەنىۋى پىلان ئىگىلىكى ئىدىيىسىنى تۈگىتىپ، بازار ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ، دېگەن قاراشنى تىكلىشى لازىم؛ توققۇزى تەل بولۇشنى تەلەپ قىلىش، بايلىقىغا قاراپ رەتكە تۇرغۇزۇش، ئورۇنسىز ئېتىبار بېرىشتەك ئادەم ئىشلىتىش ئىدىيىسىنى تۈگىتىپ، ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ئىختىساسلىقلارنى تاللاش قارىشىنى تىكلىشى لازىم. ئىدىيىنى يۈكسەك دەرىجىدە ئازاد قىلىپ، قاراشنى تۈپتىن يېڭىلاپ، تونۇشنى زور دەرىجىدە چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئوي - پىكىرنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىش، ئىقتىسادنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم.

2. ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى داۋاملىق ئاشۇرۇشنى نىشان قىلىپ، ئۈزۈمنى كەسپىلەشتۈرۈپ تىجارەت قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، پەن - تېخنىكىلىق يېزا ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش، يېزا ئىگىلىك رايونلىرىدىكى چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش يوللىرىنى ھەرخىل ئاماللار بىلەن كېڭەيتىش لازىم. قۇرۇلمىنى تەڭشەش ئارقىلىق ئۈزۈم ۋە قوغۇن ئاساس قىلىنغان ئالاھىدە يېزا ئىگىلىكىنى گەۋدىلىك راۋاجلاندۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسپىلىشىش سەۋىيىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم؛ پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، پەن - تېخنىكىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە بولغان زور تۈرتكىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم؛ كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەش ئارقىلىق نۇقتىلىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى ۋە يېزا ئىگىلىكىدىكى سۇ تېجەپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشلىرىنى چىڭ تۇتۇش، يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش، يېزا - كەنت يوللىرىنى ياساش، يېزا - كەنت ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، يېزا - كەنتلەرنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش لازىم؛ پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلارنى يۆلەش، دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىنى داۋاملىق كۈچەيتىش، قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىش، يېزىلارنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭ مۇھىت ھازىرلاپ بېرىش لازىم.

3. ئەۋزەل بايلىقلارنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە

---

مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىندى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2576 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8552 يۈەنگە يەتتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 36 مىليون 770 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنىڭ 20 مىليون 280 مىڭ يۈەن) گە، جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 10 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە 3 مىليون 730 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتا بويىچە 623 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. 494 كارخانا، كەسپىي ئورۇن ۋە يەككە سودا - سانائەت ئورنىدىكى 4228 ئادەم ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى بىر تۇتاش غەملەشكە، 193 ئورۇندىكى 11 مىڭ 149 ئادەم ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا، 211 كارخانا، كەسپىي ئورۇندىكى 6794 ئادەم ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى 95.1% كە يەتتى. بازار - يېزىدىكى 621 ئادەمگە (بۇنىڭ ئىچىدە شەھەردىكىسى 337، يېزىدىكىسى 284) 672 مىڭ 700 يۈەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى تارقىتىلدى. قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 227 مىڭ 774 كۋادرات مېتىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە پۈتكەن ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 99 مىڭ 287 كۋادرات مېتىر. 11 زاۋۇت، كان، كارخانا قويۇپ بېرىلگەن بۇلغىمىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش بويىچە تەكشۈرۈلدى، بىر كارخانا تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى، 2 كارخانا ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىتىپ ۋەيران قىلىندى، 8 كارخانىغا ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىپ تۈزەش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلدى؛ مۇھىت بۇلغاشقا دائىر 6 ماجىرا تەكشۈرۈلۈپ، 5 ى بىر تەرەپ قىلىندى. ناھىيە بويىچە قۇرۇلۇۋاتقان رايونلاردا 885 مىڭ 755 كۋادرات مېتىر يەر كۆكەرتىلىپ بولدى، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 32.2% كە يەتتى.

☆ پىچان ناھىيىسىدىكى 40 مىليون يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سېلىنغان مەدەنىيەت ساياھەت مەيدانىدا 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئىش باشلاندى. مەيدانىنىڭ كۆلىمى 23.94 گېكتار بولۇپ، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 669.76 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 357.69 مېتىر كېلىدۇ. 3 يىلدا پۈتكۈزۈش پىلانلاندى.

☆ پىچان ناھىيىسىنىڭ 1 - قارارلىق تەبىئىي گاز

ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنى نىشان، بايلىقنى ئەۋزەللىك ئىستراتېگىيىسىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، بايلىقلارنى ئېچىش خاراكتېرىدىكى سىياسەتلەرنى يۈرگۈزۈپ، ئەۋزەل بايلىقلارنىڭ ئەۋزەل كارخانىلارغا توپلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. مۈلۈك ھوقۇقى ۋاستىسى ئارقىلىق كارخانىلار ئارا قايتا تەشكىللىنىش، بىرلىشىشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. ئىچكى جەھەتتە ئۆز ئارا ھەمكارلىشىش، سىرتتىكىلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىش، كۈچلۈكلەر بىلەن بىرلىشىش ئارقىلىق تۈر خىزمىتى سالمىقىنى كۈچەيتىش، تۈر قۇرۇلۇشى ئارقىلىق يېتەكچى كەسىپنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىقتىسادتىكى يېڭى ئېشىش نۇقتىسىنى يېتىشتۈرۈش، ساناەت دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

4. زامانىۋى ئالاھىدىلىككە ئىگە يېڭىدىن گۈللەنگەن نېفىت شەھىرى قۇرۇشنى نىشان قىلىپ، يېڭى شەھەر رايونىنى كېڭەيتىش ۋە كونا شەھەرنى ئۆزگەرتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، مەركىزىي ناھىيە بازىرىنىڭ باشلامچىلىق بىلەن ئېتراپقا تەسىر كۆرسىتىشتەك ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، شەھەر - بازارلىشىش قۇرۇلۇشى ۋە ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. تىجارەت شەھىرى قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، خەلقنى شەھەر قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ۋە جەلپ قىلىش لازىم. ئەرزان، قۇلايلىق ئولتۇراق ئۆيلەرنى سېلىش ئارقىلىق، ئىقتىدارى بار دېھقان ۋە سىرتتىن كەلگەنلەرنىڭ غەيرىي يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۈچۈن ئۇلارنى زۆرۈر بولغان شارائىت ۋە ئاساس بىلەن تەمىنلەپ، شەھەر ئىستېمالىنى يېتەكلەپ، شەھەر كۆلىمىنى كېڭەيتىش لازىم.

5. يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش، ئوبوروت قىلىش ۋە نېفىت مۇلازىمىتىنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، نوپۇسنىڭ غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسىغا ئالمىشىش سالمىقىنى كۈچەيتىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، 2 - ۋە 3 - كەسىپلەرنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ ئەنئەنىۋى يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتى، سودا ئوبوروتى قاتارلىقلاردىن ساناەت، بىناكارلىق، مەھەللە مۇلازىمىتى، ئالاھىدە باقمىچىلىق ساھەلىرىگە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىدىكى ئىگىلىگەن نىسبىتىنى %50تىن ئاشۇرۇشقا تىرىشىش لازىم.

6. شەھەر - يېزىلارنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى ۋە خەلقنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى نىشان، پەن - تېخنىكا، مائارىپنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ زاپاس كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىساد بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ماسلىشىپ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

تارىختا پىچاندىن ئىبارەت قەدىمىي يىپەك يولىدىكى بۇ مەرۋايىت قالتىس نۇر چاچقان، تارىخ يەنە ئوخشاشلا پىچانغا تېپىلغۇسىز تەرەققىيات پۇرسىتى ئېلىپ كەلدى، بىز ناھىيىنىڭ بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، پىچان ناھىيىسىنى چوقۇم شىنجاڭ بويىچە ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي كۈچى كۈچلۈك ناھىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز.

يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تاماملاندى. ناھىيە بويىچە 1000دىن ئارتۇق ئائىلە ۋە بىر قىسىم ئورۇنلار تەبىئىي گاز ئىشلىتىشكە باشلىدى.

جياڭ يۈمېي

# قۇمۇل ۋىلايىتى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قۇمۇل ۋىلايىتى شىنجاڭنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. مەمۇرىي مەھكىمە قۇمۇل شەھىرىدە. 2000 - يىلى ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 2 (ئاپتونوم ناھىيە بىر). ۋىلايەتنىڭ يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 496 مىڭ 700 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 159 مىڭ 600)، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 248 مىڭ 500؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.03‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.33‰. ۋىلايەت بويىچە 49 مىڭ 160 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 18 مىڭ 293 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 5800 گېكتار يەرگە كېۋەز، 2300 گېكتار يەرگە قوغۇن - تاۋۇز تېرىلدى، مېۋىلىك دەرەخ كۆلىمى 4313 گېكتار. كىلىماتى تىپىك مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلۇق تىپىدىكى كىلىماتقا كىرىدۇ.

قۇمۇل ۋىلايىتىدىن قوغۇن، تاۋۇز، ئۈزۈم، چىلان قاتارلىقلار كۆپ چىقىدۇ. ۋىلايەت بويىچە 2000 - يىلدىكى ئەمەلىي ئورمان كۆلىمى 10 مىڭ 700 گېكتار بولۇپ، ئاساسلىق دەرەخلەردىن شەمشاد، قىزىل قارىغاي، سۆگەت قاتارلىقلار بار. تەڭرىتاغدىن ئېقىپ چۈشكەن قار - مۇز سۇلىرى ۋە يەر ئاستى سۈيى ئاساسلىق مەنبە قىلىنىدۇ. پايدىلانغىلى بولىدىغان سۇ بايلىقى 1 مىليارد 696 مىليون كۇب



قۇمۇل شەھىرىدىكى دەۋر مەيدانى

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى تەمىنلىگەن.

ھېتىر. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن ياۋا تۆگە، قۇلان، بۇغا، يىلپىز، جەرەن، ئارقار قاتارلىقلار بار. دورىلىق ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، قانتېپەر، پەربۇن، قار لەيلىسى قاتارلىقلار بار. ۋىلايەت تەۋەسىدە 76 خىل قېزىلما بايلىق بارلىقى ئېنىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز، تۆمۈر، مىس، نىكېل، ئالتۇن، تاش ماتېرىيال، شور، كالىي تۇزى، چىرىندى كىسلاتاسى قاتارلىق ئەۋزەللىككە ئىگە بايلىقلار بار. كۆمۈرنىڭ ئېنىقلانغان زاپىسى 38 مىليارد 870 مىليون توننا بولۇپ، تارانچىدا غەربىي شىمال بويىچە ئەڭ چوڭ ئۈستى ئوچۇق كۆمۈركان بار. چىرىندى كىسلاتاسىنىڭ زاپىسى 370 مىليون توننا بولۇپ، 3 خىل مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆلەملەشكىنى كۆپ ئىقتىدارلىق قۇرغاقچىلىققا چىداملىق بوي ئۆستۈرگۈچى دورا — «FA قۇرۇقلۇق ئەجدىھاسى» دۇر. تۆمۈر زاپىسى 278 مىليون توننا بولۇپ، يىلىغا 600 مىڭ توننا تۆمۈر رۇدىسى ئالىدىغان يامانسۇ تۆمۈر كېنى شىنجاڭدىكى ئاساسلىق پولات - تۆمۈر خام ئەشيا بازىسى ھېسابلىنىدۇ. قۇمۇل ۋىلايىتى يەنە مەملىكەت بويىچە كۆك گرانت تېشى — تەڭرىتاغ كۆك گرانت تېشى، شىڭشىڭشيا كۆك گرانت تېشى قاتارلىق قىممەتلىك تاش ماتېرىياللىرى چىقىدىغان رايوندۇر. سەيلىگاھلىرىدىن قۇمۇل ۋاڭلىرى قەبرىستانلىقى، قەيس خوجامازىرى، مۇزېي، غەربىي يۈرۈش ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىك خاتىرە باغچىسى، ئاقتاش مەنزىرە رايونى، ئاراتام، ئاۋازلىق قۇمتاغ، تاشۋىلىق قىياتاش رەسىملىرى ئالۋاستى شەھىرى، تاشار بۇددا خارابىلىكى، قارادۆۋە، قەدىمكى قەبرىستانلىق قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قۇمۇل ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: چيەن جى؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: ئابدۇراخمان كېرەم (4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، كۇرەش مەخسۇت (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، فېڭ شىجۇن، چېن كاڭتۇەن، بەي جىجيې (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئايۇپ قۇربان؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: شۆ مېيجيې، بەكرى ئىلياس، چېن پېيرۇڭ (6 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ۋالىي: ئابدۇراخمان كېرەم (4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، كۇرەش مەخسۇت (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن ۋالىيلار: جاڭ شېڭدى، زەكەن قايسا (قازاق)، لى شۇشەن، يې يۇشىن، چېن پېيرۇڭ (4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، يۇسۇپ ياقۇپ (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: جاڭ بىڭجيا؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: توختىخان ئىسمائىل، تۇرسۇن سۇلتاي (قازاق)، قادىر ياقۇپ، نى پېيفەن (6 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ۋىلايەت بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق كەسىپلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 700 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 386 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 6.7% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 85 مىڭ 300 توننا ئاشلىق، 6903 توننا پاختا، 47 مىڭ 70 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 104 مىڭ 100 توننا كۆكتات، 3378 توننا ياغلىق دان، 26 مىڭ 500 توننا مېۋە - چېۋە (ئۈزۈم 20 مىڭ توننا، چىلان 867 توننا) ئېلىندى. 1153 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 19 مىڭ 800 توننا گۆش، 10 مىڭ 200 توننا سۈت، 933 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 79 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

## خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 33.82 | 8.25 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 6.66 | 6.7 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 12.12 | 7.87 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 15.04 | 9.44 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تۈمەن توننا) | | 8.53 | —5.75 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 115.3 | 1.62 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 4.83 | 7.5 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 22.3 | 10 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 1033 | —4 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | | 40.6 | 14.34 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 18323 | 10.49 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 38285 | 11.01 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 1 مىليارد 822 مىليون يۈەن.

1920 گېكتار يەرنى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا بويىچە تېجەشلىك سۇغىرىش تۈرى تاماملاندى، 26 كۆلچەك قۇرۇلۇشى پۈتتى، 639 كىلومېتىر ئۆستەڭ رېمونت قىلىندى، 115 قۇدۇق قېزىلدى، توشقۇل سۇ ئامبىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى مۇددەتتىن بۇرۇن تاماملاندى. سۇغىرىش كۆلىمى 1486.67 گېكتار كۆپەيدى، 4160 گېكتار سۇغىرىش كۆلىمى ياخشىلاندى. 3666.67 گېكتار قاشالانغان ئوتلاق كۆپەيتىلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت كىرىمى 479 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 951 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 1 مىليارد 397 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 16.3% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 346 مىليون يۈەنگە، يېنىك سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 605 مىليون يۈەنگە يەتتى. 687 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 1 مىليون 68 مىڭ توننا تۆمۈر رۇدىسى، 13 مىڭ توننا پاختا يىپ، 2 مىليون 616 مىڭ توننا كۆمۈر، 323 مىڭ توننا سېمونت، 38 مىڭ كۇب مېتىر گرانىت تاش تاختا ماتېرىيال، 1 مىليون 243 مىڭ 500 تال ئۆچەي، 73 مىڭ 500 توننا ساپ شۈلتا ئىشلەپچىقىرىلدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 94.4% كە يەتتى. 2000 - يىلى ۋىلايەت بويىچە بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 496 مىليون يۈەنگە يەتتى. 344 تۈرلۈك قۇرۇلۇش تاماملاندى. 2000 - يىلى ۋىلايەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 724 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 443 مىليون يۈەن، تېخنىكا يېڭىلاش، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 199 مىليون يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 147 مىليون يۈەن. 129 تۈردە ئىش باشلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن ئىش باشلانغان تۈر 91، شۇ يىلى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن تۈر 87. يىل ئاخىرىدا تۇراقلىق مۈلۈك 710 مىليون يۈەن كۆپەيدى. يېڭىدىن كۆپەيگەن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى جەھەتتە، پروگراممىلىق كوممۇتاتور يىلىغا 19 مىڭ 600 لىنىيە ئۆزاردى، كۆمۈر رۇدىسىنىڭ يىللىق قېزىلىش مىقدارى 150 مىڭ توننا، شارىسمان تۆمۈر رۇدىسىنىڭ يىللىق قېزىلىش مىقدارى 300 مىڭ توننا كۆپەيدى، 4 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى شەھەر يولى كېڭەيتىپ ياسالدى. گۇاڭدۇڭنىڭ ئۆلكىسى ئىئانە قىلىپ ياساتقان «گۇاڭدۇڭ يولى» پۈتتى. ۋىلايەت بويىچە ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرىدىن 27 سى ئىمزالاندى. خەرخىل قاتناش قوراللىرىنىڭ يۈك ئوبوروت

مىقدارى 17 مىليارد 740 مىليون توننا ـ كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 4 مىليارد 574 مىليون ئادەم ـ كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 142 مىليون يۈەنگە يەتتى. تېلېفون كوممۇتاتور سىغىمچانلىقى 108 مىڭ توچكىغا، مۇقىم تېلېفون ئابونېنتى 69 مىڭ 500 گە يېتىپ، ھەر مىڭ ئادەمگە 142 دىن تېلېفون توغرا كەلدى. يىل ئاخىرىدىكى يانتېلېفون ئابونېنتى 20 مىڭ 600 گە يەتتى. يېزىلاردا ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 74 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 178 مىليون 73 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 202 مىليون 52 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. ساياھەتچىلىك كىرىمى 158 مىليون يۈەنگە يەتتى.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

2000 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا خادىمى 11 مىڭ 86. مۇستەقىل تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتى 4. ئورۇنلاشتۇرۇلغان پەن ـ تېخنىكا تەتقىقات تۈرى 12، پەن ـ تېخنىكىغا سېلىنغان 3 خىل خىراجەت 500 مىڭ يۈەن. ۋىلايەتتىكى تۈرلۈك مەكتەپلەر 337. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپ 2، ئوتتۇرا تېخنىكوم 6، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 37، ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 88، ئوقۇغۇچى 109 مىڭ 400 (مىللىي 49 مىڭ)؛ يىل ئاخىرىدىكى تۈرلۈك مەكتەپلەردىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 6476 (مىللىي 3262). ۋىلايەت بويىچە 3 سەنئەت ئۆمىكى، 2 ئاممىۋى كۇتۇپخانا، 7 كىنوخانا، 33 مەدەنىيەت پونكىتى، 3 مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كەسپىي ئاپپاراتى بار. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا نەشر قىلىنغان تۈرلۈك گېزىت ـ ژۇرنال 338 سان، تارقىتىلغان تۈرلۈك ژۇرنال 3000 نەچچە نۇسخا. ۋىلايەتتىكى سەھىيە ئاپپاراتى 74 (دوختۇرخانا ۋە شىپاخانا 49)، كېسەل كارىۋىتى 2402، تۈرلۈك سەھىيە تېخنىكا خادىمى 3177 (دوختۇر 1411).

2000 ـ يىلى ۋىلايەت تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا بىر ئالتۇن مېدال، بىر مىس مېدال، مەملىكەتلىك مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا بىر ئالتۇن مېدال، بىر مىس مېدال، ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونى مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا بىر ئالتۇن مېدال، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۈرلۈك مۇسابىقىلەردە 7 ئالتۇن مېدال، 3 كۈمۈش مېدال ئالدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 ـ يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1838 يۈەنگە، شەھەر، بازارلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8982 يۈەنگە يەتتى. شەھەر، بازارلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 11.7 كۋادرات مېتىر. ۋىلايەت بويىچە ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 27 مىڭ 700، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى ـ خىزمەتچى 48 مىڭ 500، داۋالىنىش خىراجىتىنى بىر تۇتاش ئەملەشكە قاتناشقان دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىم 12 مىڭ 300. 3 خىل ئىجتىمائىي سۇغۇرتىنىڭ ئوتتۇرىچە يىغىۋېلىنىش نىسبىتى %99كە يەتتى. ۋىلايەتنىڭ مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتا كىرىمى 20 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يەتتى، چىقىم قىلىنغان تۆلەم پۇلى 12 مىليون 280 مىڭ يۈەن بولدى. ئۆمۈر سۇغۇرتىسى كىرىمى 52 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1 مىليون 974 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. ۋىلايەت بويىچە 812 ئائىلىدىكى 3461 ئادەمگە 3 مىليون 207 مىڭ يۈەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت سوممىسى بېرىلدى. پاراۋانلىق كارخانىلىرىغا 257 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مېيىپ ئىشچى ـ خىزمەتچى 102. 2000 ـ يىلى جەمئىي 3 مىليون 810 مىڭ يۈەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىلدى. 2000 ـ يىلى ۋىلايەتلىك مۇھىت ئاسراش ـ كۆزىتىش پونكىتى دۆلەتلىك ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشىنى تىزگىنلەش تور ـ پونكىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاتموسفېرا، سۇنىڭ سۈپىتى، شاۋقۇن ـ سۇرەن قاتارلىقلارنى دائىملىق كۆزىتىش، ئۆلچەش ۋەزىپىسىنى ئۈستۈشلۈق تاماملىدى. مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تىزگىنلەش تۈرىدىن 9نى تاماملىدى، بۇ تۈرلەرگە 4 مىليون 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئىس ـ تۈتەكنى تىزگىنلەش رايونىدىن بىرى ۋە شاۋقۇن ـ سۇرەندە ئۆلچەمگە يەتكەن رايوندىن بىرى بەرپا قىلىندى. تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىن بىرى قۇرۇلۇپ، قوغدىلىدىغان رايون كۆلىمى 60 مىڭ 600 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى، نوپۇس، تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ ھەمدە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى بىكىتۈەن قۇمۇل بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ سانلىق مەلۇماتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

★ 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى قۇمۇل سۇگۈچتام ئېگىز تاغ چاتقىغا تېيىلىش مەيدانى رەسمىي تىجارەت باشلىدى.

★ 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە

مەمۇرىي مەھكىمە ۋاڭ شۈخۇا، ئايشەم ئىمىن، جياڭ گۈيفاڭ، لى خۇا، زۇلپىيە قاھار، سەي يۈلەن، لى شۈلىڭ، گاۋ خۇڭشيا، سۇلاڭ گۈيلەن، سۇي فېڭلىيەندىن ئىبارەت 10 ئايالغا قۇمۇل بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك «ئون مەشھۇر ئايال» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەردى.

★ 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى قۇمۇل شەھىرى بوغاز يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى شەھەرگە 100 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا پەۋقۇلئاددە چوڭ مىس كان قاتلىمى — 100 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق يوشۇرۇن ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە يەندۇڭ مىس كېنى بايقالدى. مىس كانىنىڭ كۆلىمى چوڭ، دەرىجىسى يۇقىرى بولۇپ، كان گەۋدىسىنىڭ قېلىنلىقى 300 مېتىردىن 500 مېتىرغىچە كېلىدۇ. بايلىقىنىڭ تىزگىنلەنگەن زاپىسى 7 مىليون توننىدىن ئارتۇق بولۇپ، ئومۇمىي زاپىسى 10 مىليون توننىدىن ئاشىدۇ. بۇ كان پورفىرى تىپىدىكى مىس كېنىغا تەۋە بولۇپ، يەنە ئالتۇن، كۈمۈش، مانگان، تۆمۈر، سۇرمىتاش قاتارلىق كۆپ خىل كان زاپىسىمۇ بار.

سۇ كۈيجۈن

# قۇمۇل شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قۇمۇل شەھىرى شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىغا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 595 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 574 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق بازار 4، يېزا 15 (مىللىي يېزا 2)، مەھەللە ئىش باشقارمىسى 3. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (تېررىتورىيىلىك سان) 375 مىڭ 368 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 113 مىڭ 874)، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 152 مىڭ 993؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.07‰، ئۆلۈش نىسبىتى 4.79‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.28‰. تېرىلغۇ كۆلىمى 15 مىڭ 450 گېكتار، ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 5590 گېكتار (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 860 گېكتار)، ئىقتىسادىي زىرائەت كۆلىمى 10 مىڭ 210 گېكتار (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 1660 گېكتار). كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

قۇمۇل شەھىرى تەۋەسىدە بايقالغان ۋە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلار 76 خىل بولۇپ، ئاساسلىقى كۆمۈر، تۆمۈر، مىس، نىكېل، ئالتۇن، تۇز، گرانىت تاش، مەرمەر قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. قۇمۇل داڭلىق قوغۇن ماكانى بولۇپ، قوغۇن سورتى 31 خىلدىن ئاشىدۇ. قۇمۇل چىلىنى چوڭ، پوستى نېپىز، گۆشى قېلىن، تاتلىق، ئۇزۇققا كېچىك بولۇش بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا داڭلىق. داڭلىق سەيلىگاھلاردىن قۇمۇل تەڭرىتاغ مەنزىرىلىك رايونى (تەڭرىتاغ بوتخانىسى، خۇەنسەيكۇ، خەنزۇچە يېزىق پۈتۈلگەن ئابىدە، سۇڭگۇچتام سەيلىگاھى، ئاۋازلىق قۇمتاغ سەيلىگاھى، ئاقتاش سەيلىگاھى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، قۇمۇل ۋاڭلىرى قەبرىستانلىقى، ئالۋاستى شەھىرى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قۇمۇل شەھەرلىك 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: مىي داچۈەن.

6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئەن شىشيەن.

شەھەر باشلىقى: ئابدۇرېھىم ئابلىز.

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئەخمەت پەيزۇللا.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 382 مىليون 634 مىڭ 700 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 225 مىليون 192 مىڭ 700 يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 1.35% ئاشتى. 28 مىڭ 858 توننا ئاشلىق، 2890 توننا ياغلىق دان، 6776 توننا پاختا، 100 مىڭ 908 توننا كۆكتات، 26 مىڭ 40 توننا قوغۇن - تاۋۇز ئېلىندى. 1026 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 10 مىڭ 184 توننا گۆش، 3042 توننا سۈت، 504 توننا يۇڭ، 313 مىڭ 200 پارچە تېرە ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 20 مىليون 285 مىڭ 200 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 7.586 گېكتار يەر يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەپ سۇغىرىلىدىغان بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە، پۈركۈپ سۇغىرىلىدىغان ئوتلاق 460 گېكتار، تېمىتىپ سۇغىرىلىدىغان ئوتلاق 7.126 گېكتار. 460 مىڭ كۇب مېتىرلىق 11 كۆلچەك، 34.88 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، 88 قۇدۇق قېزىلىپ، 53 قۇدۇق يۈرۈشلەشتۈرۈلدى، 880 مېتىرلىق بىر كارىز چېپىلدى، 500 مېتىرلىق 2 كارىز كۆپەيتىلدى. 50 كۇب مېتىرلىق سۇ مۇنارىدىن 2 سى، 30 كۇب مېتىرلىق سۇ مۇنارىدىن بىرى ياسالدى، چاستوتا ئۆزگەرتىپ سۈرئەت تەڭشەش ئەسلىھەسىدىن 2 سى يۈرۈشلەشتۈرۈپ ئورنىتىلىپ، 8456 ئادەم ۋە 50 مىڭ 835 تۇياق چارۋىنىڭ ئىچىدىغان سۈيى ھەل قىلىندى. سۇغىرىش كۆلىمى 1000 گېكتار

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 294917 | 8.22 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 42651 | 4 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 110012 | 5.4 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 142254 | 12.7 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 28858 | —10.64 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 44.78 | 0.79 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 31479 | 7.77 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 94509 | —2.49 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 46267.3 | 4.53 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 375545 | 14.33 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 13228 | 13.01 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 14778 | 16.69 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 1 مىليارد 570 مىليون 910 مىڭ يۈەن.

كۆپەيدى، 1613.3 گېكتار سۇغىرىش كۆلىمى ياخشىلاندى. قاشالانغان ئوتلاق كۆلىمى 17 مىڭ 300 گېكتارغا يەتتى. شەھەر بويىچە يېزا - بازار كارخانىسى 7233 بولۇپ، تىجارەت كىرىمى 324 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 544 مىليون 130 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 420 مىليون 130 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %21.66 ئاشتى. 43 مىڭ 600 توننا كۆمۈر، 25 مىڭ توننا تۇز، 858 توننا سۇلياۋ ياسالما، 32 مىڭ توننا سېمونت، 3998 توننا تۆمۈر قېزىشمىسى، 183 توننا بىناكارلىق مېتال بۇيۇمى، 5388 توننا پىۋا، 7400 قۇر كىيىم - كېچەك، 1493 كىلوگرام ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. تۆمۈريولدا توشۇلغان يولۇچى 919 مىڭغا، تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى 2 مىليون 692 مىڭ 200گە، تۆمۈريولدا توشۇلغان يۈك 5 مىليون 790 مىڭ توننىغا، تاشيولدا توشۇلغان يۈك 4 مىليون 20 مىڭ توننىغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 132 مىليون يۈەنگە يەتتى (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا). پروگراممىلىق تېلېفون ئابونېنتى 58 مىڭ 200گە، يانتېلېفون ئابونېنتى 20 مىڭ 584 كە يەتتى.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار تۈرلۈك پەن - تېخنىكا خادىمى 1809. كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 282 (مىللىي 38)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 63 (مىللىي 5)، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 18، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 409 (مىللىي 5530)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 887 (مىللىي 532)، باشلانغۇچ مەكتەپ 30، ئوقۇغۇچىسى 17 مىڭ 639 (مىللىي 8513)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1912 (مىللىي 1238). يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە يەتتى. شەھەر بويىچە 26 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 672 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 407)، 292 كارىۋات بار.

### خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى شەھەر بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2120 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8476 يۈەنگە يەتتى.

ئايشەم ياقۇپ

## ئاراتۈرۈك ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

ئاراتۈرۈك ناھىيىسى شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي

ئېتىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 761 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 19 مىڭ 365 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 12 مىڭ 993)، يېزا نوپۇسى 14 مىڭ 156؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰12.1، ئۆلۈش نىسبىتى ‰4.2، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.9. مۇشۇ يىلى 990 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 1540 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بولۇشىنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

«نوم» ماركىلىق كەنجى قوغۇن ئاراتۇرۇكنىڭ داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتى ھېسابلىنىدۇ. نوم يېزىسىنىڭ غەربىي كارىز 1 - كەنتىگە جۇڭگو يېزا مەھەللىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش قۇرۇلۇشى تەشكىلىي ھەيئىتى «جۇڭگو يېزا ئىگىلىكىدىكى داڭدار مەھسۇلات كەنتى» دەپ نام بەردى. «تۇركۆل» ماركىلىق ئەلا سۈپەتلىك تۇركۆل قويىنىڭ گۆشى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ «شىمالىي چارۋىچىلىقى» قۇرۇلۇشىنىڭ نۇقتىلىق تۈرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. ناھىيە بويىچە يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 117 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ زاپىسى 2 مىليارد 220 مىليون كۇب مېتىرغا، تەبىئىي تولۇقلىنىدىغىنى 51 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ناھىيە بويىچە 558 مىڭ 300 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق (ئاراتۇرۇك ھەربىي ئات فېرمىسىنىڭ يېرى بۇنىڭ سىرتىدا)، 506 مىڭ گېكتار تەبىئىي ئورمانلىق بار. ناھىيە تەۋەسىدە ياۋا تۆگە، قۇلان، يىلپىز، شۇڭقار، سۈلەيسۇن قاتارلىق ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار. ناھىيىدىن ئالتۇن، مىس، تۆمۈر، كۆمۈر، مولىبدېن، شور، نېفىت قاتارلىق 20 نەچچە خىل كان بايلىقى چىقىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە داڭلىق سەيلىگاھتىن ئاراتۇرۇك ئاۋازلىق قۇمتېغى، نېرىنكىر دىكى يىجىغول، ئارا تۇرۇك «40 كۆنلۈك مۇداپىئە جېڭى» ئىزناسى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: يەن جياسىڭ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئايمۇھەممەت ھېيتنىياز.

ھاكىم: ھەسەن نىياز.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: يۇنۇس بەھرىم.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك

### خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 8384 | 8.09 |
| يۈنىلىش ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 4188 | 0.5 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 709 | 25.1 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 3487 | 13.6 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 3444 | 10 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 18 | 2.86 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (يۈەن) | | 1696 | 8.03 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 8863 | —3.53 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 3643 | 91.74 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 5790.7 | 21.68 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 97 | 7.78 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 3983 | 27.01 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 43 مىليون 640 مىڭ يۈەن.

مەھسۇلات قىممىتى 56 مىليون 239 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %0.56 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۈزۈەتمىسۇ شۇنداق). 3444 توننا ئاشلىق، 302 توننا ياغلىق دان، 50 توننا پاختا، 18 مىڭ 54 توننا قوغۇن (تاۋار قوغۇن، دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ يۇنىڭ سىرتىدا) ئېلىندى. 53 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 1507 توننا گۆش، 700 توننا سۈت، 243 توننا يۇڭ، 57 مىڭ 900 پارچە تېرە، 9.5 توننا تۇۋىت ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 862 مىڭ 100 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 193.3 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى. سۇغىرىش كۆلىمى 200 گېكتار كۆپەيدى، 2000 گېكتار ئوتلاق يېڭىدىن قاشالاندى، 54 قوتان يېڭىدىن ياسالدى ۋە رېمونت قىلىندى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %3.2 ئاشتى. 2 مىليون 400 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 4561 توننا كۆمۈر، 42 مىڭ 365 توننا تۆمۈر رۇدىسى، 500 توننا ئۇن (يەككە)، 260 توننا يەم - خەشەك (يەككە)، 1 مىليون 200 مىڭ پارچە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 10 مىليون 570 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 240 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئۈنۈملۈك ئىشلىتىلگەن پروگراممىلىق تېلېفون 2300 توچكىغا يېتىپ، ھەر يۈز ئادەمگە 11.8 دىن تېلېفون توغرا كەلدى. يانتېلېفون ئابونېنتى 270كە يەتتى. بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 1 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

يىل ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 222 (مىللىي 142). باللار باغچىسى بىر، تەربىيىچى 12، باغچىدىكى بالا 91. ئوتتۇرا مەكتەپ 2 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 112 (مىللىي 92)، باشلانغۇچ مەكتەپ 9 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 6، باشلانغۇچ مەكتەپ ئىچىدە قۇرۇلغان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 221 (مىللىي 181)، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 2972 (مىللىي 2338). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 920 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96كە، رادىئونىڭ (سىمسىزمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە يەتتى. ناھىيىدىكى تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 8 (شىپاخانا 6)، كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 114، كارىۋات 150.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1492 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8156 يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي سۇغۇرتا كىرىمى 168 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 20 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

دۇ ياۋگۇاڭ، يالڭ يۇنلۇڭ

# باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، شەرقىي شىنجاڭنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 570 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 10، مەيدان بىر. ناھىيىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى (بىڭتۇەننىڭ ناھىيىدە تۇرۇشلۇق تۈەن - مەيدانلىرىنىڭ نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) 90 مىڭ 949 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 30 مىڭ 484)، يېزا نوپۇسى 71 مىڭ 953؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰11.83، ئۆلۈش نىسبىتى ‰4.44، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.39. ناھىيە بويىچە 28 مىڭ 470 گېكتار تېرىلغۇ يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 5127 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

باركۆل ناھىيىسىدە 1 مىليون 331 مىڭ 900 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق بار، چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنىدۇ، «تۇمەن تۆگىلىك ناھىيە» دېگەن نامى بار. باركۆل قازاق تىلىنىڭ نامى يىراق - يىراقلارغا داڭ كەتكەن. باركۆل ئېتى شىنجاڭدىكى 3 خىل مەشھۇر ئاتنىڭ بىرى. تاغلىق رايوندىكى ئورمان كۆلىمى 18 مىڭ 300 گېكتار، ئورمان زاپىسى 3 مىليون 748 مىڭ 500 كۇب مېتىر. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن ئارقار، تاغ تېكىسى، بۇغا، يىلپىز، ئۆلار، قۇملۇق تۆلكىسى قاتارلىقلار بار. دورىلىق ياۋايى ئۆسۈملۈكلەر 100 خىلدىن ئاشىدۇ. چاكاندا، توشقان زەدىكى، قار لەيلىسى، چۈچۈكبۇيا قاتارلىقلار كۆپ چىقىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە ئالتۇن، مىس، تۆمۈر، كۋارتس، كۆمۈر، نېفىت، شور قاتارلىق 30 نەچچە خىل قېزىلما بايلىق بارلىقى ئېنىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە كوكس كۆمۈرى زاپىسى 500

مىليون توننىدىن ئارتۇق، نېفىتنىڭ ئېنىقلىنىپ تىزگىنلەنگەن زاپىسى 23 مىليون توننىدىن ئارتۇق. يۇقىرى سۈپەتلىك شورنىڭ زاپىسى 52 مىليون 290 مىڭ توننا. بارىكۆل كۆلىدىن مول يۇقىرى سۈپەتلىك شور چىقىدۇ، كۆلدىكى ئالگىلوگېن قۇرتى راك قاتارلىقلارنى بېقىشتىكى ياخشى ئوزۇقلۇق بولۇپ، ھەر يىلى بۇ قۇرتتىن 200 توننىدىن ئارتۇق ئالغىلى بولىدۇ. بارىكۆلنىڭ تەبىئىي سەيلىگاھىدىن جۇڭگودىكى 4 چوڭ ئاۋازلىق قۇمتاغنىڭ بىرى بولغان بارىكۆل قۇمتېغى ۋە بارىكۆل كۆلى قاتارلىقلار بار. گۇمانىتارلىق سەيلىگاھتىن نىسبەتەن مۇكەممەل ساقلانغان بارىكۆل خەنزۇ، مانجۇ شەھەرلىرىنىڭ سېپىللىرى، رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن دىسالىڭ ئىبادەتخانىسى، پەرىشتە بۇتخانىسى ھەمدە ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى قەدىمكى خارابە ئىزلىرى، قەدىمكى قەبرە، قەدىمىي قورغان، تۇرا، تاش ئابىدە، تاش ئويمان، تام رەسىملىرى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋېي تيەنجى.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: توختىمەمەت ئالىمقان (قازاق).

ھاكىم: نۇرشارىپ (قازاق).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سادىقول بىلال (قازاق).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 135 مىليون 656 مىڭ 400 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %18.47 ئاشتى. 52 مىڭ 200 توننا ئاشلىق، 432 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. 71 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 8141 توننا گۆش، 11 مىڭ 608 توننا سۈت، 25 توننا تۆگە يۇڭى، 537 توننا قوي يۇڭى، 41 توننا چۇپۇر، 40 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 9303 پارچە كالا تېرىسى، 12 مىڭ 267 پارچە قوي تېرىسى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 20 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. مۇشۇ يىلى سۇغىرىش كۆلىمى 13 گېكتار كۆپەيدى. 16 مىڭ 700 گېكتار ئوتلاق يېڭىدىن قاشالاندى. 520 ئىسسىق قوتان سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى 2402 گە، كىرىمى 143 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 34589 | 6.49 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 16745 | 8.77 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 7623 | 6.22 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 10221 | 3.09 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 52200 | —5.18 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 52.52 | 1.92 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 15224 | 7.98 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 119525 | 23.77 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 93.07 | —84.16 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 8355 | 5.43 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 26138 | 10.21 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 823 | 14.46 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 7085 | 5.2 |

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 1064. بارىكۆل كۆلىدىكى كاللوگېن قۇرتى بايلىقىنى تەكشۈرۈش ھەمدە ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈپ پايدىلىنىش تەتقىقاتى، ئىسسىق سۇلياۋ قوتاندا چارۋا بېقىش قاتارلىق پەن تەتقىقات تۈرلىرى تاماملىنىپ، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 ـ، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئوتتۇرا تېخنىكوم بىر، ئوتتۇرا مەكتەپ 9 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 2)، ئوقۇغۇچىسى 5988 (مىللىي 2562)، باشلانغۇچ مەكتەپ 40 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 16)، ئوقۇغۇچىسى 9988 (مىللىي 5007). ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 4، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 482. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 1101، پارتىيە مەكتىپى، كادىرلار مەكتىپى ئوقۇتقۇچىسى 14. ناھىيە بويىچە مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 7 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 83 تېببىي داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتى، 334 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 178 كارىۋات بار. 2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدە بارىكۆل ناھىيىسىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى 500 مېتىرلىق، 1000 مېتىرلىق، 1500 مېتىرلىق، 3000 مېتىرلىق ۋە 5000 مېتىرلىق تېز مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسىدە 6 ئالتۇن مېدال، 3 كۈمۈش مېدال، 6 مىس مېدال ئالدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 ـ يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1498 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 6266 يۈەنگە يەتتى. مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 600 مىڭ يۈەن، مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسىدىن بېرىلگەن تۆلەم 920 مىڭ يۈەن. جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 4 مىليون 410 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتىدىن بېرىلگەن تۆلەم 2 مىليون 30 مىڭ يۈەن بولدى. پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان 690 كىشىنىڭ پېنسىيە پۇلى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ تارقىتىلدى، بۇنىڭغا 3 مىليون 312 مىڭ يۈەن تارقىتىلدى.

نى زېلۇن

# بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى

## ئاساسىي ئەھۋالى

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ئاپتونوم رايوننىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان. ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي كورلا شەھىرىدە. 2000 ـ يىلى ئوبلاستقا قاراشلىق ناھىيە 8، شەھەر بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 1 مىليون 37 مىڭ 900 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 455 مىڭ 400). يېزا نوپۇسى 628 مىڭ 500؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.5‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.3‰. ئوبلاست بويىچە 139 مىڭ 500 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار (يەرلىكنىڭ) بولۇپ، 45 مىڭ 600 گېكتار (يەرلىكنىڭ) يەرگە ئاشلىق زىرائەتتى تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغ ۋە ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

بايىنغولىن ئوبلاستى تەۋەسىدە يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 10 مىليارد 600 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. تەبىئىي ئوتلاق كۆلىمى 11 مىليون گېكتار. 261 خىل ياۋايى ھايۋان بار. دۆلەتلىك 1 ـ دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان 11 خىل، 2 ـ دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان 12 خىل، 3 ـ دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان 4 خىل. ئوبلاست بويىچە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىن 4ى قۇرۇلدى، كۆلىمى 117 مىڭ 400 كۋادرات كىلومېتىر (ئالتۇنتاغ ياۋا تۆگە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى تۇرپان ۋىلايىتى ۋە قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى بىر قىسىم جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). 477 خىل دورىلىق ئۆسۈملۈك بار. بۇنىڭ ئىچىدە چۈچۈكبۇيا، بۆمران بۇغا مۈڭگۈزى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. 29 خىل قېزىلما بايلىق تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، بۇلاردىن نېفىت، تەبىئىي گاز، ۋېرمىكۇت، تاشپاختا، مانگان، ماگنېزىت، دولومىت، گەج، ساپال تۇپىسى، ھالىڭ تېشى، قاشتېشى قاتارلىقلارنىڭ زاپىسى كۆپرەك. سەيلىگاھلىرىدىن باغراش كۆلى، بايىنبۇلاق يايلىقى، تەكلىماكان قۇملۇقى، ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، باشئەگىم، كروران قەدىمكى شەھىرى، شىكشىن مىڭئۆيى، مىرەن خارابىسى، بالغۇنتاي ئىبادەتخانىسى، مانجۇ خان قەسرى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق 6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى فېڭ جىيىڭ؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: بادەي (موڭغۇل)، ئەخمەت قاسىم، (4 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، شەن گوجۇ (4 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، مو جۈەن (ئايال)، ياۋ جيەنشىن (1 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، دۇڭ جاۋگو (4 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ئوبۇلقاسىم زۇنۇن (4 ـ ئايدا ۋەزىپىگە

تەيىنلەندى) .

10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: بۇلگا (ئايال، موڭغۇل) ؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: لى جۈيىڭ، داۋۇت موسا، موسا كېرىم، خۇاڭ چىلۇڭ، خې لىشياۋ، شاردى (موڭغۇل) ، ياڭ فاگۇاڭ (خۇيزۇ) .

ئوبلاست باشلىقى: بادەي (موڭغۇل) ؛ مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقلىرى: جۇ جياڭجيې، مەھەممەت ئېزىز، ياۋ جيەنشىن (1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى) ، ليۇ جيىۋلىڭ (خۇيزۇ) ، ۋېي شەنبىڭ (7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى) ، جاڭ خەندۇڭ (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى) ، باۋرې (موڭغۇل) ، لى جيەنفاڭ (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى) .

سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جاڭ زوڭچاڭ؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: سۇن يۇنشۈەن، ئوسمان ئۆمەر، داسىڭچاڭ (خۇيزۇ) ، ۋاڭ چۈەن، گەنجەن لىكشىت (موڭغۇل، 1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى) ، بارات داموللا، لى زوڭتاڭ، باتەي (موڭغۇل) .

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ئوبلاست بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 156 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 2 مىليارد 502 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 8.1% (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىكىمۇ شۇنداق) ئاشتى. 354 مىڭ 100 توننا ئاشلىق، 119 مىڭ 600 توننا پاختا، 15 مىڭ 700 توننا ياغلىق دان، 599 مىڭ 900 توننا قىزىلچا، 125 مىڭ 700 توننا مېۋە - چېۋە (91 مىڭ 600 توننا نەشپۈت) ئېلىندى. 69 مىڭ 322 توننا گۆش، 20 مىڭ 113 توننا سۈت، 4445 توننا قوي يۇڭى، 11 مىڭ 26 توننا تۇخۇم، 5959 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 128 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 450 كىلومېتىر سۇ سىڭەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى؛ سۇغىرىش كۆلىمى 199 مىڭ گېكتار كۆپەيتىلدى، ئېلېكتر كۈچى ئارقىلىق سۇ چىقىرىۋېتىلىدىغان - سۇغىرىلىدىغان كۆلەم 36 مىڭ 200 گېكتارغا، يۇقىرى ئۆلچەملىك تېجەشلىك سۇغىرىش كۆلىمى 400 گېكتارغا يەتتى؛ 6 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 133 ماشىنىلاشقان قۇدۇق، 118 يۇرۇشلەشمە ماشىنا - ئېلېكترلەشكەن قۇدۇق قېزىلدى. قۇرغاقچىلىق، ھۆلچىلىك بولغاندىمۇ ھوسۇلغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىغان كۆلەم 171 مىڭ 200 گېكتارغا يەتتى. قاشالانغان ئوتلاق كۆلىمى 20 مىڭ 500 گېكتارغا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 920 گېكتار كۆپەيدى. مۇشۇ يىر يىلدا يېزا - بازار كارخانىلىرى دۆلەتكە 98 مىليون يۈەن باج تاپشۇردى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليارد 386 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 4 مىليارد 321 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 7.6% ئاشتى. 1 مىليارد 382 مىليون 280 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 4 مىليون 563 مىڭ توننا نېفىت، 619 مىڭ 800 توننا كۆمۈر، 593 مىڭ 500 توننا سېمونت، 81 مىڭ 200 توننا ئاشپاختا، 42 مىڭ 500 توننا پاختا يىپ، 56 مىليون 20 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 35 مىڭ 500 توننا فابرىكا قەنتى ۋە قەغەز پەنەركە، 64 مىڭ توننا شېكەر، 78 مىڭ توننا كونسېرۋا، 4079 توننا ئىچىملىك، ھاراق ئىشلەپچىقىرىلدى. شۇ يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن تۈرلەر: تارىم كاربون قارىسى قۇرۇلۇشى، چەرچەن - نىيە - چاقىلىق نۇر كابېل قۇرۇلۇشى، چەرچەن ئايرودرومىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار. يېڭىدىن ئىش باشلانغان تۈرلەردىن كورلا شەھىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشى، شىنىر سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى، ئۈرۈمچى — كورلا ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنى تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى قاتارلىق 20 دىن ئارتۇق تۈر بار. يېڭىدىن كۆپەيگەن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى مۇنۇلار: تەبىئىي نېفىت يىلىغا 840 مىڭ توننا، كۆمۈر تاياقچىسى يىلىغا 15 مىڭ توننا، پاختا توقۇمىچىلىق ئۇرچۇقى 10 مىڭ 800، سودا ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان سوغۇق ساقلاش ئامبىرىنىڭ سىغىمى 12 مىڭ توننا، يېڭىدىن ياسالغان تاشيول 194 كىلومېتىر، ئۆزگەرتىلگەن تاشيول 252.25 كىلومېتىر، پروگراممىلىق كومپيۇتاتور يىلىغا 23 مىڭ لىنىيە، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار ئورنى 5309، قۇرۇلۇش كۆلىمى 23 مىڭ كۋادرات مېتىر، شەھەردىكى سۇ چىقىرىۋېتىش تورۇبىسى 6 كىلومېتىر، شەھەرنى ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى يىلىغا 590 مىڭ توننا، شەھەر كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى 194 كىلومېتىر. جەمئىيەت بويىچە ئوراقلىق مۇلۇككە 7 مىليارد 139 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تۈرىدىن 104ى ئىمزالاندى، سوممىسى 4 مىليارد 5 مىليون 620 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە توختام سوممىسى 255 مىليون 100 مىڭ يۈەن؛ ئىجرا قىلىنغان توختام 54 تۈر، سوممىسى 1 مىليارد 128 مىليون 590 مىڭ يۈەن، باشقا ئۆلكىلەردىن نەقلەشكەن مەبلەغ 194 مىليون 170 مىڭ يۈەن. تۆمۈريولدا توشۇلغان يۈك (غەربكە ئۆزارتىلغان لىنىيەمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) 6 مىليون 891 مىڭ توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 2 مىليارد 455 مىليون توننا - كىلومېتىرغا، تۆمۈريولدا توشۇلغان يولۇچى 2

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 125 | 8.3 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 22 | 6.2 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 75 | 9.2 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 28 | 7.2 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تۈمەن توننا) | | 35.41 | —19.47 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 317.28 | 2.01 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 27.28 | 12.26 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 65.11 | 0.35 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 4157.31 | 113 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | | 31.14 | 3.42 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | | 68.69 | 12.4 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (100 مىليون يۈەن) | | 6.84 | 10.68 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (100 مىليون يۈەن) | | 11.85 | 5.9 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 4 مىليارد 80 مىليون يۈەن.

مىليون 776 مىڭ ئادەمگە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 104 مىليارد 900 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا؛ تاشيولدا توشۇلغان يۈك 12 مىليون 540 مىڭ توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 155 مىليارد 600 مىليون توننا - كىلومېتىرغا، تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى 8 مىليون 200 مىڭ ئادەمگە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 807 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 23 مىليون 145 مىڭ يۈەنگە، ئوبلاست بويىچە پوچتا تۇتاشقان مۇساپە (يەككە مۇساپە) 4811 كىلومېتىرغا، پوچتا پونكىتى 103كە يەتتى. تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 193 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون ئابونېنتى 163 مىڭغا، يېڭىدىن كۆپەيگىنى 41 مىڭ 700گە يەتتى؛ ئوبلاست بويىچە تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى ھەر 100 ئادەمگە 14.18تىن، شەھەردە تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى ھەر 100 ئادەمگە 31.06 دىن، يېزىلاردا تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى ھەر 100 ئادەمگە 10.01 دىن توغرا كەلدى. ئۆي - زېمىن قۇرۇلۇشىغا 329 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، پۈتكۈل ئىجتىمائىي مۇقىم مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغنىڭ %6.4نى ئىگىلىدى؛ ئۆي - زېمىن قۇرۇلۇش كۆلىمى 448 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن كۆلىمى 154 مىڭ كۋادرات مېتىرغا؛ ئۆي - زېمىن كارخانىلىرى ساتقان تاۋار ئۆي 126 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سېتىلغان تاۋار تۇرالغۇ ئۆي 97 مىڭ كۋادرات مېتىر. ئوبلاست بويىچە تۈرلۈك تاۋار سودا بازىرىدىن 110ى بار، ئىستېمال بازىرىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 1 مىليارد 385 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بازىرى 12گە، بۇ بازارلاردا پۈتۈشۈلگەن سومما 216 مىليون يۈەنگە، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان تاشقى پروۋوت كىرىمى 1 مىليون 155 مىڭ 500 دوللارغا يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ئوبلاست بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 28 مىڭ 400. پەن - تېخنىكا ئاپپاراتى 3. ئاماللانغان پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى 27 تۈر. دۆلەت پەن - تېخنىكا كارخانىسى 34، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇچقۇن پىلانى تۈرىدىن 5 تۈر يولغا قويۇلدى، پاتېنت ۋاكالەت ئاپپاراتى بىر، 23 تۈرلۈك پاتېنت ئىلتىماسى قوبۇل قىلىندى، 83 تۈرگە پاتېنت ھوقۇقى

بېرىلدى. تۈرلۈك تېخنىكا توختامىدىن 36 تۈر ئىمزالاندى، توختام سوممىسى 2 مىليون 200 مىڭ يۈەن بولدى. چوڭلار ئالىي تېخنىكومى 2، ئوتتۇرا تېخنىكوم 6، تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى 3، ئالاھىدە تەربىيىلەش مەكتىپى بىر، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 119، باشلانغۇچ مەكتەپ 355. ئوقۇۋاتقان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 600 (مىللىي 6267)، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 55 مىڭ 900 (مىللىي 29 مىڭ)، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 128 مىڭ 600 (مىللىي 58 مىڭ)، باغچىدىكى بالا (تەييارلىق سىنىپىدىكىلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 14 مىڭ 400. ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 12 مىڭ 750 (مىللىي 3118). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 80 مىليون 40 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %97.35كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98.07كە يەتتى. ئاپتونوم ئوبلاست بويىچە يەرلىكتىكى 6 سەنئەت ئۆمىكى 481 مەيدان ئويۇن قويدى، تاماشىبىن 145 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. 10 ئاممىۋى سەنئەت سارىيى، مەدەنىيەت سارىيى 41 مەيدان كۆرگەزمە ئۆتكۈزدى، 240 قېتىم ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتى ئۇيۇشتۇردى. 167 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 6197 سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 5093 كارىۋات بار. 2000 - يىلى ئوبلاست تەنھەرىكەتچىلىرى 5 قېتىم ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، 15 ئالتۇن مېدال، 9 كۈمۈش مېدال، 17 مىس مېدال ئالدى، ئومۇمىي نومۇردا 3 - بولدى؛ 20 ئادەم (كوماندا) 17 قېتىم 4 تۈردە ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆسمۈرلەر «B» گۇرۇپپىسىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

### خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2572 يۈەنگە يەتتى. ئوبلاست بويىچە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى (يەككە، خۇسۇسىي تىجارەتچى، يېزا - بازار كارخانا سىستېمىسى، تۆمۈريول سىستېمىسىدىكىلەر بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) 198 مىڭ 500 بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 4600 ئادەم ئازايدى، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي مائاش سوممىسى 1 مىليارد 574 مىليون يۈەن، يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 7669 يۈەن بولدى. ئوبلاست بويىچە 10 مىڭ 326 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئىشسىزلىق نىسبىتى %3 بولدى. ئوبلاست بويىچە سۇغۇرتا كەسپىدىن 222 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى، 88 مىليون يۈەن چىقىم قىلىندى. ئوبلاست بويىچە ھەر دەرىجىلىك مۇھىت كۆزىتىش - ئۆلچەش پونكىتىدىن 4ى، خىزمەتچى خادىمدىن 57سى بار. ئوبلاستنىڭ مۇھىت ئاسراش خىزمىتىدە «بىرنى تىزگىنلەش، ئىككىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش» باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى. 15 كىچىك كارخانا تاقىۋېتىلدى، سانائەت كارخانىلىرىنى تۈزەشنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %98.75كە يەتتى، نۇقتىلىق بۇلغىغۇچى 16 كارخانىنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %93.75كە يەتتى. كورلا شەھىرىنىڭ ئاتموسفېرا مۇھىت سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ھاۋا سۈپىتى 2 - دەرىجە بولغان كۈن سانى 1999 - يىلى 2 ھەپتە ئىدى، 2000 - يىلى 6 ھەپتىگە يەتتى. باغراش كۆلىنىڭ سۇ سۈپىتىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى يىلمۇ يىل تۆۋەنلەپ، 1999 - يىلدىكى 1.249 گرام/لىتىردىن 1.189 گرام/لىتىرغا چۈشتى.

لى شىتاڭ

# كورلا شەھىرى

### ئاساسىي ئەھۋالى

كورلا شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. كورلا شەھەر رايونىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 471 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 603.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق يېزا 10، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسى 6، مەھەللە ئىش باشقارمىسى 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 357 مىڭ 682 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 117 مىڭ 816)، يېزا نوپۇسى 141 مىڭ 813؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰13.88، ئۆلۈش نىسبىتى ‰4.2، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰9.68. شەھەر بويىچە 28 مىڭ 971.47 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 9419.93 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز ئورنى تېرىلغۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 16 مىڭ 19.2 گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغ ۋە ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

كورلا شەھىرىدىن پاختا كۆپ چىقىدۇ، مېۋە - چېۋىلەردىن نەشپۈت بىلەن ئاق ئۈزۈم داڭلىق. شەھەر تەۋەسىدە ئاساسلىق دەريا - ئېقىنلاردىن تارىم، كۆنچى دەريالىرى بار. تاغلىق رايونلاردا 71 مىڭ 200 گېكتار، تۈزلەڭلىكتە 216 مىڭ 800 گېكتار ئوتلاق بار. بۇغا، جەرەن، تارىم توشقىنى قاتارلىق ئەتىۋارلىق ھايۋانلار بار. 80 نەچچە خىل قۇش بار، دائىم ئۇچرايدىغانلىرىدىن ئاق قۇ، قىرغاۋۇل، ياۋا ئۆردەك بار. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چۈچۈكبۇيا، لوپنۇر كەندىرى، ئالقات، چاكاندا قاتارلىقلار

بار، ئېچىپ پايدىلىنىۋاتقان قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، گرانىت تاش، مەرمەر، گەج، سىلانتىس، تالك، دولومىت، نېفىت، تەبىئىي گاز، ساپال توپىسى، ھالق تېشى قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق سەيلىگاھلاردىن باشئەگىم، لەنخۇا كۆلى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كورلا شەھەرلىك 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇن جيەنشىن.

6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابلىز ھەسەن.

شەھەر باشلىقى: راخمان كېرەم.

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋاڭ لىياۋ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى كورلا شەھىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 850 مىليون 53 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 418 مىليون 40 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %13.10 (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىكى شۇنداق) ئاشتى. 48 مىڭ 358 توننا ئاشلىق، 735 توننا ياغلىق دان، 24 مىڭ 24 توننا پاختا، 85 مىڭ 883 توننا كۆكتات، 10 مىڭ 140 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 31 مىڭ 22 توننا مېۋە - چېۋە (نەشپۈت 29 مىڭ 434 توننا) ئېلىندى. 4346.67 گېكتار يەردە (بۇنىڭ ئىچىدە نەشپۈت كۆچىتى تىكىلگەن يەر 3333.87 گېكتار) ئورمان بەرپا قىلىندى، 224.47 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. شۇ يىلى كورلا شەھىرى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن دۆلەتنىڭ تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىشتا ئۈلگە ناھىيە (شەھەر) قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. يىل ئاخىرىدا دۆلەتنىڭ 1266.67 گېكتار تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. بىر يىلدا 19 مىڭ 70 توننا گۆش، 4300 توننا سۈت، 771 توننا قوي يۇڭى، 4.7 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 343 مىڭ 800 پارچە كالا، قوي تېرىسى، 5150 توننا تۇخۇم، 44 توننا ھەسەل، 38 كىلوگرام بۇغا مۈڭگۈزى، 700 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 29 مىليون 288 . مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 27.3 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 2152.4 كىلومېتىر زەيكەش ۋە سۇغىرىش ئېرىق - ئۆستەڭلىرى چېپىلدى ۋە كېڭەيتىلدى. 3333.73 گېكتار شورلۇق تۇپراق ئۆزگەرتىلدى، يوروشلەشكەن ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئىنشائاتىدىن 505ى ياسالدى. 38 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى. 87.67 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىدا 336.4 كىلومېتىرلىق 10 كىلوۋولتلۇق يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى، 322.4 كىلومېتىرلىق تۆۋەن بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى. شەھەر بويىچە يېزا - بازار كارخانىسى 3800 بولۇپ، قوشۇلما قىممىتى 190 مىليون يۈەنگە، پايدا - بېجى 70 مىليون يۈەنگە يەتتى.

شەھەرگە تەۋە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 281 مىليون 300 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 183 مىليون 200 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن %99.6 تۆۋەنلەپ كەتتى. بىر يىلدا كورلا رايونىدا 1 مىليارد 332 مىليون 160 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 476 مىڭ 699 توننا كۆمۈر، 1 مىليون 550 مىڭ مېگاكالو جوئۇل ئىسسىقلىق مىقدارى، 12 مىليون 470 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 349 مىڭ 400 توننا سېمونت، 10 مىڭ 716 توننا سېمونتتىن ياسالغان يۇندا تۇرۇبىسى، 24 مىڭ 202 كۇب مېتىر سېمونت ياسالما، 4 مىليون 350 مىڭ 200 توننا نېفىت، 750 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گاز، 7458 توننا سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز، 139 مىليون 710 مىڭ دانە خىش، 15 مىڭ پار ئاياغ كىيىم، 239 مىڭ 300 قۇر كىيىم - كېچەك، 1000 قۇر خۇرۇم كىيىم - كېچەك، 41 مىڭ 252 توننا قەغەز بوتقىسى، 20 مىڭ 197 توننا فابرىكا قەغىزى، 9278 توننا قەغەز پەنەركە، 5000 كۋادرات مېتىر تىلىنغان ياغاچ ماتېرىيال، 23 مىڭ 498 دانە ئۆي جاھازىسى، 24 مىڭ 821 توننا ساپ پاختا، 4199 توننا سۇ يېغى، 4123 توننا تەڭشەلگەن ئارىلاشما يەم - خەشەك، 3239 توننا پىۋا، 2720 توننا پۇرچاق سۈتى پاراشوكى، 604 توننا ئاق ھاراق، 67 توننا جىياڭيۇ، 2626 توننا كونسېرۋا، 518 توننا توڭلىتىلغان ئىچىملىك، 1402 توننا قۇتىلىق سۇ، 3514 توننا سۇلياۋ ياسالما ئىشلەپچىقىرىلدى. 2000 - يىلى ئۈرۈمچى يەرمەنكىسىدە 21 تۈردە كېلىشىم ۋە توختام ئىمزالاندى. سوممىسى 1 مىليارد 917 مىليون يۈەن. شۇ يىلى يېڭىدىن كۆپەيگەن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى مۇنۇلار: تەبىئىي گاز يەتكۈزۈش غول تۇرۇبىسى 19.4 كىلومېتىر، ھويلا - ئارام تۇرۇبىسى 56.4 كىلومېتىر، ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلغان پار قازىنى 31، يېڭىدىن كۆپەيگەن تېرىلغۇ يەر 87.84 گېكتار، كۆكتات پارنىكى ۋە لاپاس 52.53 گېكتار، ئۆزگەرتىلگەن كونا پارنىك 66.67 گېكتار، سودىدا ئىشلىتىلىدىغان سوغۇق ساقلاش ئامبىرىنىڭ سىغىمى 12 مىڭ توننا، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار پارتىسى 3600، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار پارتىسى 2712،

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 101.01 | 8.5 |
| يۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 6.65 | 8 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 77.65 | 8.1 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 16.71 | 10.7 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 48358 | -8.44 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 30.04 | 3.69 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 58000 | 9.23 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 99964 | -9.18 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 3526.1 | 120.6 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 201689 | 3.94 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | | 42.39 | 3.92 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 38697 | -3.41 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 40135 | 3.13 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 3 مىليارد 650 مىليون يۈەن. ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى، تاشقى سودا ئىمپورت، ئېكسپورت سوممىسى، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى، بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى قاتارلىق 4 تۈر كورلا شەھىرىدە تۇرۇشلۇق بارلىق ئىدارە - ئورۇنلار ۋە بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىنىڭ 28 -، 29 -، 30 - تۇەن - مەيدانلىرىنىڭكىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شەھەرگە سېتىۋېلىنغان ئاممىۋى قاتناش ئاپتوبۇسى 40، يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش كۆلىمى 370 مىڭ كۋادرات مېتىر، شەھەردە ئىسسىتىش ئۈچۈن تارقىتىلغان پار 54 توننا/سائەت، ئىسسىق سۇ 40.6 مېگاۋات/سائەت. شەھەرگە تەۋە مۇقىم مۈلۈككە 1 مىليارد 228 مىليون 620 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئىش باشلانغان تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 240 مىڭ كۋادرات مېتىر، شۇ يىلى 114 مىڭ 100 كۋادرات مېتىرلىق 1402 يۈرۈش ئۆي پۈتكۈزۈلدى. شەھەردىكى 8.65 كىلومېتىر يول كېڭەيتىلدى، كۆلىمى 370 مىڭ كۋادرات مېتىر. شەھەردىكى يېڭىدىن قۇرۇلغان كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى 150 كىلومېتىر. 575 مىليون 610 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى — كورلا شەھىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىغا 181 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 2295 مېتىر تونېل قۇرۇلۇشى تاماملاندى، 39.77 مېتىر تۇرۇبا ياتقۇزۇلدى. 80 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان كورلا كونا شەھەر رايونىنىڭ 2 - قارارلىق يۇندا چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشىغا 49 مىليون 110 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئوكسىدلاش كۆلچىكىنىڭ تۇپا قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى، 9.49 كىلومېتىر تۇرۇبا تورى ياتقۇزۇلدى. 87 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان كونچى دەرياسى مەنزىرىلىك ساياھەت رايونىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشىغا 27 مىليون 960 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، شەھەر مەركىزىي رايونىنىڭ شىمالىدىكى ئۆستەڭنىڭ 2.9 كىلومېتىرلىق بۆلىكىنى تۈزەش قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى. شۇ يىلى تۆمۈريولدا توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 2 مىليارد 328 مىليون 950 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 331 مىليون 130 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا؛ تاشيولدا توشۇلغان يۈك 690 مىڭ تونىغا، توشۇلغان يولۇچى 640 مىڭ ئادەمگە يەتتى؛ ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىدىن 3ى بولۇپ، 22 مىڭ 340 ئادەم (قېتىم) توشۇلۇپ، 26 مىليون 890 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 136 مىليون 710 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە، پروگراممىلىق تېلېفون ئابونېنتى 77 مىڭ 600 مىڭغا يەتتى. 12 - ئايدا سىغىمى 400 مىڭ توچكىلىق كۆچمە ئالاقە ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش بازىسى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ھەرخىل پەن - تېخنىكا خادىمى 6371، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 107. ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 1446. شۇ يىلى 106 پەن - تېخنىكا تۈرى ئىلتىماس قىلىندى، 65 تۈر باھالاشتىن ئۆتتى. «ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى» باشلاندى، «ساپا قۇرۇلۇشى»، قىشلىق پەن - تېخنىكا پائالىيىتى قاتارلىق پائالىيەتلەر قانات يايدۇرۇلدى. بىر يىلدا پەن - تېخنىكا خىزمىتىگە 2 مىليون 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئەلا سورتلىرى كىرگۈزۈلدى، سۈپەتلىك ئۇرۇقنىڭ قاپلاش كۆلىمى %100كە يەتتى. شەھەرگە قاراشلىق باشلانغۇچ مەكتەپ 79، ئوقۇغۇچىسى 29 مىڭ 213 (مىللىي 12 مىڭ 937)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 22، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 503 (مىللىي 6471)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 581 (مىللىي 141)؛ باللار باغچىسى 8، باغچىدىكى بالا 3713 (مىللىي 662). ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 3339، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 236. شەھەر بويىچە ئىجتىمائىي كۈچلەر ئاچقان مەكتەپ 56. بىر يىلدا شەھەرلىك ھۆكۈمەت مائارىپ ئىشلىرىغا 73 مىليون 40 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. كورلا شەھىرىدە 2 مەدەنىيەت يۇرتى، بىر ئاممىۋى سەنئەت سارىيى، 3 ئاممىۋى كۇتۇپخانا (150 مىڭدىن ئارتۇق كىتاب ساقلانماقتا)، 2 سەنئەت ئۆمىكى، 4 كىنوخانا، 2 رادىئو ئىستانسىسى، 5 تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بار. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە يەتتى. 51 دوختۇرخانا، شىپاخانا (تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا)، 2811 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 755)، 2265 كارىۋات بار. شەھەر بويىچە يېتەكلەش، ئۈلگە كۆرسىتىش خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت - سەنئەت پائالىيىتىدىن 17 قېتىم ئۇيۇشتۇرۇلدى، ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكى 4 يېزىغا بېرىپ سەييارە ئويۇن قويۇشقا تەشكىللەندى، قارا يۇلغۇن يېزىسىدا تۇنجى نۆۋەتلىك دېھقان - چارۋىچىلار ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزۈلدى، 10 يېزىدا مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا، سەھىيەنى يېزىغا يۈزلەندۈرۈش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى. يېزا مەدەنىيەت پونكىتلىرى 80 قېتىم پائالىيەت ئۆتكۈزدى. شەھەر 2000 - يىلى مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇشتا ئوبلاست دەرىجىلىك ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 12 قېتىم ئاممىۋى تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، شەھەرلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا كوماندىسى بايىنغولىن ئوبلاستى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىدە كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا 1 - بولدى، 4 تۈردە ئوبلاست رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى، 4 يەككە تۈردە 1 -، 6 يەككە تۈردە 2 -، 5 يەككە تۈردە 3 - بولدى. شەھەر بويىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «دۆلەتلىك تەنتەربىيەدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يېتىش نىسبىتى %4 . 92كە يەتتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى شەھەر تەۋەسىدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1 . 3024 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8264 يۈەنگە يەتتى. شەھەر - يېزىلاردا 4 ياشانغانلار ساناتورىيىسى بولۇپ، 40 بوۋاي - موماي بېقىلدى. نەپىقە ئوبيېكتى 934، شۇ يىلى 2 مىليون 100 مىڭ يۈەنلىك ھال سوراش بۇيۇمى، 122 مىڭ 600 يۈەن نەپىقە، 73 مىڭ 200 يۈەن مېيىپلىق پۇلى تارقىتىلدى. بىر يىلدا 723 مىڭ 900 يۈەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى، 580 مىڭ يۈەنلىك قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىلدى. يېڭىدىن كۆپەيگەن يېشىللىق 53 . 192 گېكتارغا، شەھەر بويىچە كۆكلەملەيدان كۆلىمى 33 . 1193 گېكتارغا، كۆكلەملەيدان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %41 . 31كە، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %24 . 33كە يەتتى.

☆ 2000 - يىلى كورلا شەھىرى بىلەن بايىنغولىن ئوبلاستى بىرلىكتە ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى قۇرۇشنى بەلگىلىدى. تەرەققىيات رايونى كورلا شەھەر مەركىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 18 كۋادرات كىلومېتىر. تەرەققىيات رايونى «ۋېيۋېي» ماركىلىق پۇرچاق سۈتى پاراشوكى ئىشلەپچىقىرىش تۈرى، نەشپۈت شىرنىسى تۈرى، پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش تۈرى، ئىسرائىلىيىنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەش ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش تۈرى قاتارلىق 18 تۈرنى دەسلەپكى قەدەمدە ئەمەلىيلەشتۈردى. بىر قارارلىق قوزغىتىش مەبلىغى 30 مىليون يۈەن، ئەمەلىيلەشكەن كۆلەم 2 كۋادرات كىلومېتىر. پۈتكۈل پىلانلانغان رايون 20 يىلدا قۇرۇپ بولۇنىدۇ، 5 يىل ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك تەرەققىيات رايونى

قاتارىغا كىرگۈزۈلىدۇ.

☆ دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ تەستىقلاپ تۇرغۇزۇشى بىلەن، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ بىرى بولغان، 575 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، شەھەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىغا سۇ باشلاش قۇرۇلۇشىدا 4 - ئايدا ئىش باشلاندى. بۇ تۈردە ئاساسلىقى كۈنىگە 104 × 20 كۇب مېتىرلىق سۇ بىلەن تەمىنلەش مەنبەسىدىن بىرى، چوڭقۇر قۇدۇق پومپىخانىسىدىن 30ى، 41.3 كىلومېتىر تۇرۇبا لىنىيىسى، 17.7 كىلومېتىر سۇ يەتكۈزۈش تونىلى، سۇ سەپلەش زاۋۇتىدىن بىرى قۇرۇلىدۇ، قۇرۇلۇشنى 3 يىلدا پۈتكۈزۈش پىلانلاندى.

تيەن فاشياڭ

# خېجىڭ ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

خېجىڭ ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، قاراشەھەر ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 456 كىلومېتىر، خېجىڭ پويىز ئىستانسىسىدىن ئۈرۈمچى پويىز ئىستانسىسىنىڭ جەنۇبىي ۋوگزالىغىچە بولغان تۆمۈريول مۇساپىسى 512 كىلومېتىر. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق رايونلۇق مەھكىمە بىر، بازار 3، يېزا 9، دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىسى 5، ئۇرۇقچىلىق مەيدانى بىر، تۇزلەڭلىك ئورمانچىلىق مەيدانى بىر، ناھىيە تەۋەسىدە بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىنىڭ 4 تۈەن - مەيدانى بار. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 170 مىڭ 498 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 75 مىڭ 988)، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 114 مىڭ 381؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.05‰، ئۆلۈش نىسبىتى 5.53‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 6.52‰. ناھىيە بويىچە 6023.46 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز ئورنى 63.33 گېكتار)، 6084.02 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز ئورنى 2372.93 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

خېجىڭ ناھىيىسىدە بايىنبۇلاق ئوتلىقى بار. ناھىيە تاغ - دەريا، كۆل، ئورمان بىلەن قاپلانغان، ھاۋا موگۇ، قار لەيلىسى، ھەسەل ياسالمىلىرى، كىرەش، چاكاندا قاتارلىق ئوزۇقلۇق ۋە دورىلىق قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى ئۆسۈملۈكلەر مول. دۆلەت دەرىجىلىك ئاق قۇ كۆلى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى دايۇلتۇز ئويمانلىقىغا جايلاشقان، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە كۆنەس ئارشىڭى ھەر قايسى جايلاردىن كەلگەن كىشىلەرنى جەلپ قىلىپ تۇرىدۇ. خېجىڭ ناھىيىسىدىكى ھاك تاش كېنىنىڭ سۈپىتى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇنىڭ زاپىسى كۆپ، ئېچىشقا قولايلىق، يېقىنقى يىللاردىن بېرى خېجىڭ ناھىيىسى بايىنغولىن ئوبلاستى بويىچە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى تەرەققىيات بازىسى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، بەلگىلىك كۆلەم شەكىللەندى.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ خېجىڭ ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇن جيەنفاڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: بيەك پۈرۋەي (موڭغۇل).

ھاكىم: سالڭ ئالاش (موڭغۇل).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ما شىڭچۈەن.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 424 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 252 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 2.9% (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى. 41 مىڭ 693 توننا ئاشلىق، 787 توننا ياغلىق دان، 816.95 توننا پاختا، 49 مىڭ 500 توننا قىزىلچا، 38 مىڭ 800 توننا ساناھەتتە ئىشلىتىلىدىغان پەمىدۇر، 3545 توننا گازىر تاۋۇزى، 1737 توننا ئۈچلۈق لازا ئېلىندى. 473.2 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. ناھىيە بويىچە ئۈزۈم بازىسىنىڭ كۆلىمى 866.67 گېكتار بولۇپ، 200 گېكتاردىن ئارتۇق ئۈزۈم مېۋىگە كىردى. 18 مىڭ 100 توننا گۆش، 5140 توننا سۈت، 1120 توننا قوي يۇڭى، 985 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 3205 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتى ۋە يېرىم ئولتۇراقلاشتى، بۇ چارۋىچىلارنىڭ 79%نى ئىگىلەيدۇ. 2492.33 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 10 مىليون 948 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە 49.2 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىلدى، يوروشلەشكەن سۇچىلىق ئىنشائاتىدىن 608ى، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسىدىن 63.84 كىلومېتىر ياسالدى، سۇ ئېلىش توسمىسىدىن 128ى رېمونت قىلىندى، يېڭىدىن ياسالدى. سۇنى

يامشلاش - كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش قۇرۇلۇشىدىن 12سى تاماملاندى، 1700 ئادەم، 27 مىڭ 700 چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى. سۇغىرىش كۆلىمى 1053.33 گېكتار كۆپەيتىلدى. يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە تىزىمغا ئالدۇرغان يەككە سودا - سانائەتچى ئائىلە 4115، كەسىپكارى 6395، رويخەتكە ئالدۇرغان مەبلىغى 97 مىليون 480 مىڭ يۈەن، يەككە، خۇسۇسىي كارخانىلار تاپشۇرغان يەرلىك باج ئومۇمىي باجنىڭ 52.8%نى ئىگىلىدى.

ناھىيە بويىچە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 159 مىليون 631 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 138 مىليون 333 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 3.29% ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 40 مىليون 260 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 34 مىليون 890 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 18.42% ئاشتى. بىر يىلدا 178 مىڭ توننا سېمونت، 37 مىڭ توننا پىششىقلانغان سېمونت ماتېرىيالى سېتىلدى، 3601 توننا پەمدۇر قىيامى، 2000 مىڭ توننا يەم - بوغۇز، 1 مىليون 200 مىڭ پارچە پار ياپراقچىسى، 676 توننا قۇدۇق بۇرغىلاش خورۇچى، 300 توننا نېفت ئېلىش خورۇچى (مەھسۇلات قىممىتى 14 مىليون يۈەن) ئىشلەپچىقىرىلدى. يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى بويىچە 130.88 كىلومېتىر يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى، 85.95 كىلومېتىر تۆۋەن بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى، 54 ترانسفورماتور ئورنىتىلدى. نەمسىنمودۇن، شەلسىربوغ يېزىلىرىنىڭ ئاساسلىق قۇرۇلۇشلىرى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى. 218 - دۆلەت يولىنىڭ بالغۇنتايدىن شارئۇسان گىدرولوگىيە پونكىتىغىچە بولغان بۆلىكىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، بايىنبۇلاق ئاق قۇ كۆلىنىڭ ساياھەت تاشيولى قۇرۇلۇشىدا كەينى - كەينىدىن ئىش باشلاندى. 6.5 كىلومېتىر ناھىيە بازىرى يولى ئۆزگەرتىپ، كېڭەيتىپ ياسالدى، بۇنىڭغا 23 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ ئارشات يولىنىڭ 2170 مېتىر يۈزىگە بېتون ياتقۇزۇلدى، 6 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە يېڭىدىن ئىش باشلىغان بىناكارلىق قۇرۇلۇش تۈرى 25، قۇرۇلۇش كۆلىمى 51 مىڭ 41 كۋادرات مېتىر، مەھسۇلات قىممىتى 41 مىليون 536 مىڭ يۈەن. تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى 460 مىڭ، يۈك ئوبوروت مىقدارى 49 مىليون 470 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 83427 | 13.04 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 41470 | 20.9 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 14334 | 7.7 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 27623 | 5.4 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 42396 | −27.93 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 94.99 | 0.01 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 1.3 | 4 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 60943.33 | 2.17 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 15513.9 | −17.25 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 58838 | 32.82 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 2940 | 5.11 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 9203 | 10.8 |

**ئىزاھ:** ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 562 مىليون 910 مىڭ يۈەن.

مىليون 70 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 11 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 20 مىڭ توچكىلىق رەقەملىك پروگراممىلىق تېلېفون مەملىكەت بويىچە ئاپتوماتىك تېلېفون تورىغا كىردى، ھەممە كەنتتە تېلېفون بولۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى، بايىنبۇلاقنىڭ چەت - ياقا چارۋىچىلىق رايونلىرىدا سۈنئىي ھەمراھ ئالاقىسى ۋە سىمسىز چاقىرغۇ يولغا قويۇلدى. ناھىيە بويىچە تېلېفون ئورناتقان ئائىلە 15 مىڭ 279 غا يەتتى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 8 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بازار سودىسىدا پۈتتۈشۈلگەن سوممىسى 82 مىليون 550 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە شەھەرنىڭ 35مىليون 700 مىڭ يۈەن) گە يەتتى. ساياھەتچىلىكتىن كىرگەن كىرىم 3 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەل ساياھەتچىلىرىدىن 70 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم كۈتۈۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەللىك ساياھەتچى 563.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

يىل ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 796 (پېنسىيىگە چىققانلار بۇنىڭ سىرتىدا). 2000 - يىلى ناھىيە مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا خىزمىتىدە ئىلغار ناھىيە دېگەن نامغا ئېرىشتى. ھەرخىل مەكتەپ 58، بۇنىڭ ئىچىدە مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 2، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 11، باشلانغۇچ مەكتەپ 40، بالىلار باغچىسى 5؛ ئوقۇتۇش سىنىپى 904، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 24، تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ 180، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 665، بالىلار باغچىسىنىڭ 35؛ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 2718 (مىللىي ئوقۇتقۇچى 1699)، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 2294. ناھىيە بويىچە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 25 مىڭ 307 (مىللىي 14 مىڭ 783)، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكىسى 1173، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكىسى 6740، باشلانغۇچ مەكتەپتىكىسى 16 مىڭ 262، بالىلار باغچىسىدىكى بالا 1132. خېجىڭ ناھىيىسى شۇ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ «ئىككى ئاساس» خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى. «سەككىزنى يۈرۈشلەشتۈرۈش» بويىچە 16 مىليون 456 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، يېڭىدىن 21 مىڭ 784 كۋادرات مېتىر خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق مەكتەپ ئۆيى سېلىنىدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 98%كە يېتىپ، «رادىئو - تېلېۋىزىيىنى ھەممە كەنتلەرگە يەتكۈزۈش» ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە 16 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قاتلامدىكى شىپاخانا 13)، 246 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 280 كارىۋات بار.

### خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 6074 يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 2430 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 6074 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 4 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 3 مىليون 440 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى؛ ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 12 مىليون 408 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1 مىليون 580 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. شەھەر رايونىنىڭ كۆكۈلەيدان كۆلىمى 67.213 گېكتارغا، كۆكۈلەيدان نىسبىتى 26.8%كە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئولتۇراق رايونلارنىڭ يېشىللىق كۆلىمى 808 مىڭ 354 كۋادرات مېتىرغا، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 27.4%كە يەتتى. 18 ئورۇن ئوبلاست دەرىجىلىك «باغچىسان ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى. 18 ئورۇن ئوبلاست دەرىجىلىك لاياقەتلىك يېشىللاشقان ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

☆ 2000 - يىلىنىڭ بېشىدا خېجىڭ ناھىيىسى دۆلەت تەرىپىدىن 2000 - يىللىق ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى بويىچە ئۈنۈۋېرسال تۈزەش قۇرۇلۇشىدىكى نۇقتىلىق ناھىيە قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بېكىتكەن خېجىڭ ناھىيىسىدە ئېكولوگىيىلىك ئىھاتە ئورمىنى، ئىقتىسادىي ئورمان بەرپا قىلىش 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشىدا 11 - ئايدا ئىش باشلاندى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 67.786 گېكتار (بۇنىڭ ئىچىدە ئېكولوگىيىلىك ئىقتىسادىي ئورمان 460 گېكتار) بولۇپ، 9 مىليون 250 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ.

ياڭ يۇفېڭ

# خوشۇت ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

خوشۇت ناھىيىسى ئوتتۇرا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، قاراشەھەر ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 384 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 5، چارۋىچىلىق فېرمىسى بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 39 مىڭ 172 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 17 مىڭ 524)، يېزا نوپۇسى 25 مىڭ

131؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰11.1، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.27. ناھىيە بويىچە 10 مىڭ 907 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 2253.3 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 633.3 گېكتار يەرگە ياغلىق دان، 4380 گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدە 28 مىڭ 840 گېكتار تەبىئىي ئورمان، 459 مىڭ 820 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق (ناھىيىگە تەۋە پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق 285 مىڭ 727 گېكتار) بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن تاغ ئۆچكىسى، يىلپىز، ئارقار، بۇغا، ئۈلار، ئاق بوغۇز بۆكەن قاتارلىقلار، ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن قار لەيلىسى، چاكاندا، قانتبېرەر، چۈچۈكبۇيا قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن زاپىسى بىر قەدەر كۆپلىرىدىن مەرمەر، گرانت تاش، تۇز، شور، تاشپاختا قاتارلىقلار بار. داڭلىق سەيلىگاھلاردىن ئالتۇن ساھىل ئىستىراھەت رايونى، جىنسىتى ئىستىراھەت جاڭزىسى، قىزىل كېپىنەك جىلغىسى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ خوشۇت ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى چۈن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: لېكشىت (موڭغۇل).

ھاكىم: چۆجە (موڭغۇل).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: شياۋ جېنجۇڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 228 مىليون 628 مىڭ 500 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 134 مىليون 781 مىڭ 600 يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 13.6% (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى. يېزا ئىگىلىك قوشۇلما قىممىتى 113 مىليون 750 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 71 مىليون 900 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 10.6% ئاشتى. 17 مىڭ 231 توننا ئاشلىق، 5719 توننا پاختا، 825 توننا ياغلىق دان، 7752 توننا قىزىلچا، 46 مىڭ 208 توننا سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان پەمىدۇر، 30 مىڭ 818 توننا سەي - كۆكتات، 17 مىڭ 202 توننا قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە ئېلىندى. 4849 مۇقىم كۆكتات لاپاسى ياسالدى، كۆكتات تۈرى 20 خىلدىن ئارتۇق بولۇپ، مەھسۇلات مىقدارى

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 18085 | 11 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 7190 | 10.6 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 4105 | 10.1 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 6790 | 12.1 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 17231 | -45.4 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 17.3 | 0.06 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 16090 | 6.19 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 43854 | -4.71 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 7618.2 | -10.48 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 18136 | 14.7 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 1450 | 13.1 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 5672 | 35.08 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى.

11 مىڭ 9 .360 توننىغا، مەھسۇلات قىممىتى 20 مىليون 400 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. 86 .500 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىھاتە ئورمىنى 73 .68 گېكتار، ئىقتىسادىي ئورمان 13 .432 گېكتار. يېڭىدىن 48 ئائىلىنىڭ چارۋىچى ئولتۇراقلاشتى. 2286 توننا گۆش ئېلىندى، ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 25 مىليون 510 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1400 گېكتار ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى، 35 كىلومېتىر كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى رېمونت قىلىنىپ مۇستەھكەملەندى، 9 .19 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 11 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، سۇغىرىش كۆلىمى 33 .933 گېكتار كۆپەيتىلدى، ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 9780 گېكتارغا يەتتى، 2330 گېكتار يەر تۈزلەندى، 282 يۇرۇشلەشكەن ئىنشائات ياسالدى. يېزا - بازار كارخانىسى 2135 كە، كەسپكارى 7354 كە، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ كىرىمى 171 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە، پايدا ۋە بېجى 10 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 120 مىليون 383 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 125 مىليون 746 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %11 .22 ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 34 مىليون 840 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 31 مىليون 960 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، %1 .1 ئاشتى. 54 توننا ئېفېدرىن، 64 مىڭ 541 كۋادرات مېتىر گرانىت تاختا ماتېرىيال، 23 مىليون دانە خىش، 9021 توننا پەمىدۇر قىيامى، 1600 توننا قىزىلمۇچ قىيامى، 1270 توننا ئاق ھاراق، 517 توننا چۈچۈكبۇيا پاسالمىسى، 300 توننا گۈرۈچ، 7200 توننا بۇغداي ئۇنى، 4321 توننا ساپ پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 123 مىليون 730 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %3 .37 ئاشۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 13 مىليون 400 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 15 مىليون 900 مىڭ يۈەن. ئالتۇن ساھىل ساياھەت رايونىنىڭ ساياھەت مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشىغا 30 مىليون 790 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 115 مىليون 820 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك يېڭىدىن كۆپەيدى. ترانسپورتنىڭ يۈك ئوبوروت مىقدارى 59 مىليون 630 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 67 مىليون 630 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، جەمئىيەت بويىچە توشۇلغان يولۇچى 590 مىڭغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 9 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە كوممۇتاتور سىغىمى 13 مىڭ 624 تۇچكىغا يەتتى. ناھىيە بويىچە تېلېفون 8902 (شەھەر تېلېفونى 3588، يېزا تېلېفونى 5314) كە يېتىپ، تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى ھەر 100 ئادەمگە 7 .22 دىن توغرا كەلدى. ناھىيە بويىچە يەككە سودا - سانائەتچى 2183، كەسپكارى 3287، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى ئورۇنلار تاپشۇرغان باج 3 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى ساياھەتچى 240 مىڭ 300 ئادەم (قېتىم) گە، ساياھەتچىلىكتىن كىرگەن كىرىم 20 مىليون 2400 يۈەنگە يەتتى. ناھىيىدە شىنجاڭ ئالتۇن ساھىل ساياھەت بايرىمى، مەملىكەتلىك ئەجدىھا شەكىللىك قولۋاق تەكلىپ مۇسابىقىسى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئەرلەر قومۇلۇق ۋالېبول مۇسابىقىسى ۋە ناھىيە دەرىجىلىك سۇ ئۈستى تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى غەلىبىلىك ئۆتكۈزۈلدى؛ 2000 - يىللىق ئالتۇن ساھىل مەملىكەتلىك ئاياللار قومۇلۇق ۋالېبول مۇسابىقىسى (4 .، 5 . بېكىتى) ئۆتكۈزۈلدى؛ مەملىكەتلىك ساياھەتچىلىك يەرمەنكىسىنىڭ شۆبە يەرمەنكىسى ئالتۇن ساھىلدا تەسىس قىلىندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 349 (ئالىي دەرىجىلىكى 28، يېنىسىگە چىقانلار بۇنىڭ سىرتىدا). شۇ يىلى ئورگانىك ئېكولوگىيە تىپىدىكى تۇپراقسىز ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى، ئەگمە لاپاسلىق تېرىقچىلىق تېخنىكىسى ۋە مېۋە - سەي - كۆكتاتنىڭ كۆپ خىل يېڭى سورتلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك كىرگۈزۈلدى. باشلانغۇچ مەكتەپ 18 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 6)، ئوقۇغۇچىسى 5661 (مىللىي 2290)، ئوقۇتقۇچىسى 557 (مىللىي 333)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 7 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 3)، ئوقۇغۇچىسى 2393 (مىللىي 1070)، ئوقۇتقۇچىسى 233 (مىللىي 97). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 400 مىڭ يۈەن (مالىيىدىن ئاجرىتىپ بېرىلگەن) مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە ئاپتونوم رايون بويىچە ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا مائارىپى خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. ناھىيە بويىچە 9 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا بىر، شىپاخانا 5)، 12 «A» دەرىجىلىك شىپاخانا، 105 كارىۋات، 157 كەسپىي تېخنىكا خادىمى بار. 1 مىليون 550 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش دوختۇرخانىسىنىڭ خىزمەت بىناسى پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى

%90كە يەتتى. شۇ يىلى موڭغۇلچە قانال ۋە ئوبلاست سىملىق تېلېۋىزىيە قانىلى ئېچىلدى. بىر يىلدا 25 مەيدان ھەرخىل ئەدەبىيات - سەنئەت ئويۇنى قويۇلدى. 14 قېتىم ناھىيە - يېزا تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 1232 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى؛ بىر قېتىم دۆلەت دەرىجىلىك مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلدى. 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ناھىيە مەملىكەتنىڭ تەنتەربىيەدە ئىلغار ناھىيە بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

### خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2942 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7656 يۈەنگە يەتتى. ھەرخىل سۇغۇرتىلار بويىچە سۇغۇرتىلاش سوممىسى 912 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بىر يىلدا مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 2 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 5 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە، ھەرخىل تۆلەم سوممىسى 1 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇش كۆلىمى 29 مىڭ 133 كۋادرات مېتىر، پۈتكەن كۆلەم 18 مىڭ 546 كۋادرات مېتىر بولدى، 218 ئۆيلۈك ئائىلە يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردى.

ئىزاھات: يۇقىرىدىكى نۇرلۇق ستاتىستىكىلىق سانلار ناھىيىگە تەۋە ستاتىستىكا دائىرىسىنى كۆرسىتىدۇ.

☆ 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تاڭ سەھەردىن 23 - كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى 8 گىچە خوشۇت ناھىيىسىدە قاتتىق قېلىن قار ياغدى. شىمالىي تاغلىق رايوندا ياغقان قارنىڭ قېلىنلىقى 60 سانتىمېتىرغا يەتتى، تۈزلەڭلىكتە 20 سانتىمېتىردىن ئاشتى. بۇ خوشۇت ناھىيىسىدە 40 نەچچە يىلدىن بېرى ياغقان پەۋقۇلئاددە قېلىن قار بولدى، قار ئاپىتى كەلتۈرگەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 2 مىليون 937 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى.

شۈي خەيفاڭ

## باغراش ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

باغراش ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، قاراشەھەر ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا، قاراشەھەر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 430 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 6، يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) 47 مىڭ 800 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 17 مىڭ 900)؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰12، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰8.5. ناھىيە بويىچە 9830 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 2813.33 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 5940 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

باغراش ناھىيىسى بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ مەشھۇر بېلىقچىلىق، گۈرۈچ ماكانى، ھەم داڭلىق ساياھەت ئورنى. ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن يېسىۋىلەك، پەمىدۇر، قىزىلمۇچ قاتارلىق داڭلىق مەھسۇلاتلار بار. مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق تاتلىق سۇلۇق كۆل — باغراش كۆلى بار. بۇ كۆلنىڭ سۇ كۆلىمى 120 مىڭ گېكتار كېلىدۇ، ئۇ شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ بېلىقچىلىق بازىسىدۇر. كۆل ئەتراپىدىكى قومۇشلۇقنىڭ كۆلىمى 26 مىڭ 700 گېكتار، قومۇشنىڭ يىللىق زاپىسى 200 مىڭ توننىدىن ئاشىدۇ، بۇ قومۇشلۇق مەملىكىتىمىز بويىچە 4 چوڭ قومۇش بازىسىنىڭ بىرى. باغراش كۆلىنىڭ مەنزىرىسى گۈزەل بولۇپ، كۆلنى بويلاپ ئاقتوقان ساھىلى، ئاخۇن ئېغىزى، لەنخۇا كۆلى، داخېكۇ قاتارلىق سەيلىگاھلىرى بار. قېزىلما بايلىقلاردىن تۇز، شور، تورف قاتارلىقلار بار؛ تورفنىڭ زاپىسى 290 مىليون توننا، ئۇ مەملىكىتىمىز بويىچە ئاساسلىق تورفلۇق بولۇپ، ئېچىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ؛ بۇنىڭدىن باشقا يەنە نېفىت، تەبىئىي گاز زاپىسىمۇ مول.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ باغراش ناھىيىلىك 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: فەن شياڭپىڭ.

7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: چا. ئاراش (موڭغۇل).

ھاكىم: ئەرىنچارا (موڭغۇل).

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: فاڭ جۈنگوي.

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 138 مىليون 990 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %0.27 (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىسۇ شۇنداق) ئاشتى. 16 مىڭ 940 توننا ئاشلىق، 3030 توننا ياغلىق دان، 151 مىڭ 540 توننا سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان پەمىدۇر، 450 توننا پاختا، 50 مىڭ توننا قومۇش (ناھىيىگە تەۋە قىسمى) ئېلىندى. 500 گېكتار

### خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 26865 | 9.5 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 10800 | 3.7 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 5142 | 2.4 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 10923 | 8.3 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) · | | 16940 | —28.88 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 10.2 | 2 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 12692 | —5.42 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 58932 | 9.08 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 7824 | 8.22 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 8195 | —47.82 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 1594 | 13.29 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 5342 | 25.49 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 197 مىليون 670 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا باغراش ناھىيىلىك سودا - سانائەت بانكىسى يەنجى ناھىيىسىگە قوشۇۋېتىلگەنلىكتىن شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى كۆپلەپ كېمىيىپ كەتتى.

پەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، لاياقەتلىك بولغان كۆلەم 160.6 گېكتارغا يەتتى. 2021 توننا گۆش، 190 توننا يۇڭ، 335 توننا سۈت، 3200 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى، 46 توننا بېلىق ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەندى، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 13 مىليون 318 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى. يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى، ھەم ئەلا سۈپەتلىك قۇرۇلۇش بولۇپ باھالاندى. قايدۇ دەريا توسمىسىنىڭ خەتەرلىك ئاسىللىرىنى تۈگىتىپ مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشى، كۆل بويلاپ توسما ياساش قۇرۇلۇشى ۋە غوردۇڭ سۇ چىقىرىش پونكىتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. قىزىلتاغدىن چاغانسالاغىچە بولغان چارۋا يولى قۇرۇلۇشى تاماملاندى. ناھىيە بويىچە يېزا - بازار كارخانىسى 1579 غا، كىرىمى 123 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 4 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 161 مىليون 896 مىڭ يۈەنگە (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %2.39 ئاشتى. 33 مىڭ توننا پەمدۇر قىيامى (ناھىيىگە تەۋە قىسمى)، 611 توننا قىزىلمۇچ پاسالمىلىرى، 15 مىڭ 257 كۇب مېتىر پەنەركە، 1260 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما، 3402 توننا ئۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. «كەيزې» شىركىتىنىڭ كۈنىگە 1500 توننا سانائەت پەمىدۇرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان 6 - ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى تۈرى تاماملاندى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 76 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى يېڭىدىن كۆپەيگەن تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 19 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 15 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، ئۇزۇنلۇقى 23.6 كىلومېتىر كېلىدىغان ئاقتوتان مەنزىرە رايونى تاشيولى پۈتۈپ، 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قاتناش باشلاندى. 2 مىليون 920 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، ئۇزۇنلۇقى 1.95 كىلومېتىر كېلىدىغان بۈمبۈت يېزا بازىرىنىڭ غول يولىغا ئاسفالت ياتقۇزۇپ كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى 15 ئاي ئىشلەش ئارقىلىق 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى پۈتكۈزۈلدى. يىل ئاخىرىدا تېلېفون ئابونىتى 6837 گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ترانسپورت ئاپتوموبىلى 3548 بولۇپ، توشۇلغان يۈك مىقدارى 69 مىليون 500 مىڭ توننىغا،

توشۇلغان بولۇپ، 420 مىڭغا يەتتى. ناھىيە بويىچە 330 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن كىرگەن كىرىم 8 مىليون 366 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 420 (ئالىي دەرىجىلىكى 31). باشلانغۇچ مەكتەپ 27 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 5)، ئوقۇغۇچىسى 6021 (مىللىي 1320)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 7 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 2)، ئوقۇغۇچىسى 3817 (مىللىي 721)؛ باللار باغچىسى 3، باغچىدىكى بالا 414. ناھىيە بويىچە ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 1069 (مىللىي 410). ناھىيىنىڭ مائارىپ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ قايتا تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى، ناھىيە «ئومۇملاشتۇرۇش تەجرىبە ناھىيىسى» بولدى. يىل ئاخىرىدا رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100%كە يەتتى. ناھىيە بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى سەھىيە ئاپپاراتى 9، كېسەل كارىۋىتى 102، سەھىيە خادىمى 215 (بۇنىڭ ئىچىدە سەھىيە - تېخنىكا خادىمى 171)؛ يېزىدا 32 داۋالاش نۇقتىسى تەسىس قىلىندى، يېزا - كەنت دوختۇرلىرى 27، يېزىلاردىكى تۇغۇت ئانىسى 7؛ ناھىيە بازىرىدىكى يەككە ئامبۇلاتورىيە 10. ناھىيە ئاپتونوم رايون بويىچە پىلانلىق تۇغۇتتا «ئۈچنى ئاساس قىلىش» خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى. ناھىيىدە 2000 - يىللىق شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئوقيا ئېتىش مۇسابىقىسى غەلىبىلىك ئۆتكۈزۈلدى، ناھىيىلىك ئوقيا ئېتىش كوماندىسى بايىنغولىن ئوبلاستىدا ۋاكالىتەن مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، ئەرلەر كوللېكتىپى بويىچە 3 -، ئاياللار كوللېكتىپى بويىچە 2 - بولدى. 4 ئالتۇن مېدال ئالدى. بۇ مەۋسۇت يېزىسى دۆلەت دەرىجىلىك ئومۇمىي خەلق ساغلاملىق قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار يېزا بولۇپ باھالاندى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2433 يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سېلىقى يېنىكلىتىلگەچكە، ئوتتۇرىچە كىرىمى 161.56 يۈەن كۆپەيدى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 4211، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 8881 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بازىرىدا ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى، ئىشسىزلىق سۇغۇرتا ھەققىنى ئېلىش ۋە تاپشۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى، ناھىيە ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجتىمائىي سۇغۇرتىنى كەڭ كۆلەمدە يىغىش ۋە تاپشۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە دېگەن نامغا ئېرىشتى.

★ 2000 - يىلى ياز كىرگەندىن بېرى كەڭ كۆلەمدە يامغۇر ياغقانلىقتىن باغراش كۆلىنىڭ سۇ ئورنى ئىنچىكە تېز ئۆرلەپ، بىردىنلا 1049.2 مېتىر (سېرىق دەريانىڭ ئېگىزلىكى بىلەن ئوخشاش) غا چىقتى، كۆل بويىدىكى 5 يېزا، 4 بېلىقچىلىق مەيدانى ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىدى، 1230 ئۆيلۈك 5438 دېھقان، چارۋىچى ئاپەتكە ئۇچرىدى. ئاپەت يۈز بەرگەندىن كېيىن باغراش ناھىيىسى خەلقى ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ ئۆز - ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا پائال ئاتلىنىپ، تېخىمۇ ئېغىر زىيان كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى.

خەن خۇڭۋېي

# بۆگۈر ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

بۆگۈر ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 633 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 645 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 4 (شۇ يىلى چۆمباغ يېزىسى چۆمباغ بازىرىغا، يېڭىسار يېزىسى يېڭىسار بازىرىغا ئۆزگەرتىلدى)، يېزا 8، مەيدان 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 110 مىڭ 968 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 76 مىڭ 117)، يېزا نوپۇسى 60 مىڭ 54. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 14.01‰، ئۆلۈش نىسبىتى 6.13‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.88‰. ناھىيە بويىچە 15 مىڭ 460 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 7726.7 گېكتار يەرگە (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 1749.7 گېكتار) ئاشلىق زىرائىتى، 8800 گېكتار يەرگە كېۋەز، 373.3 گېكتار يەرگە ياغلىق دان تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

بۆگۈر ناھىيىسى دۆلەتنىڭ ئاشلىق، پاختا بازىسى ناھىيىسى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. ناھىيىدىن چىقىدىغان مەھسۇلاتلاردىن نەشپۈت، ئۆرۈك، ئۈزۈم، شاپتۇل قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ سۈپىتى ياخشى. تارىم دەرياسىنىڭ ناھىيە تەۋەسىدىن ئۆتىدىغان قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 85 كىلومېتىر كېلىدۇ، يەر ئاستى سۇ بايلىقى 292 مىليارد كۇب مېتىر. 1 مىليون 5000 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق، 24 مىڭ گېكتار تەبىئىي توغراقلىق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن قوڭۇر ئېيىق، يىلپىز، سۇلەيسۇن، ئارقار، بۇغا، ئۆلار، ئاق قۇ

قاتارلىقلار، دورىلىق ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن چۈچۈكبۇيا، قانتېپەر، كىرەش، قار لەيلىسى، چاكاندا قاتارلىقلار؛ ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، كرىستال تۇز، نېفىت، چىرىمتال، گەج، مىس، ئالتۇن قاتارلىقلار بار. كۆمۈر زاپىسى 643 مىليون توننىغا، كرىستال تۇز زاپىسى 4 مىليون توننىغا يېتىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە قۇملۇق توغراقلىق باغچىسى، تارىم قۇملۇق تاشيولى قاتارلىق سەيلىگاھلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ يۈگۈر ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى بولىن.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھوشۇر ئەمەت.

ھاكىم: توختى نۇر.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋاڭ يۇشۇ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 355 مىليون 490 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 200 مىليون 240 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %5.33 (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى. 46 مىڭ 582 توننا ئاشلىق، 501 توننا ياغلىق دان، 13 مىڭ 320 توننا پاختا، 14 مىڭ 609 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. 1702 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 5120 توننا گۆش، 392 توننا قوي يۇڭى، 19.98 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 215 مىڭ 490 پارچە قوي تېرىسى، 4110 پارچە كالا تېرىسى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق تۇراقلىق مۈلۈككە 46 مىليون 329 مىڭ 700 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيە بويىچە يېزا - بازار كارخانىسى 1760 بولۇپ، كىرىمى 62 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 61 مىليون 780 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 42 مىليون 510 مىڭ يۈەن، نېفىتنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %1.9 ئاشتى. 125 مىڭ 700 توننا كۆمۈر، 11 مىڭ 315 توننا خام تۇز، 6454 توننا ئىنچىكە ئىشلەنگەن تۇز، 2700 توننا قورۇم، 141 توننا بېنزىن، 12 مىڭ 394 توننا ئۇن، 329 توننا ئۆسۈملۈك يېغى، 155 توننا بالقاق، 7096 توننا ساپ پاختا ئېلىندى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 218 مىليون 830 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 2 مىليون 967 مىڭ 100

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 22207 | 8.3 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 12940 | 8 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 3503 | 7.6 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 5764 | 9.4 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 46582 | −10.37 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 31.6 | 0.93 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 8878 | 8.31 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 6.4 | 3.06 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 17854 | 5.22 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 50327 | 33.6 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 11781 | 45.23 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 18955 | 58.42 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى. نېفىتنىڭكىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 29 مىڭ 900 توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 9 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا پروگراممىلىق تېلېفون 4384كە يەتتى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 11 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە، بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سودا 126 مىليون يۈەنگە يەتتى.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 646 (ئوقۇتقۇچىسى 520)، باشلانغۇچ مەكتەپ 56، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 619، ئوقۇتقۇچىسى 736؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 12، ئوقۇغۇچىسى 7179، ئوقۇتقۇچىسى 546. بىر يىلدا مائارىپ كەسپىي خىراجىتىگە 18 مىليون 220 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %99كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە يەتتى. ناھىيىدە 13 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 330 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 298 كارىۋات بار. ناھىيە بويىچە يېزا - بازارلاردا 92 قېتىم تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 49 مىڭ ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

### خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 2286 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8475 يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا كەسپىنىڭ تۈرلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 7 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 2 مىليون 940 مىڭ يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 4 مىليون 840 مىڭ يۈەن؛ سۇغۇرتا بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم سوممىسى 1 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى 103 مىڭ 953 كۋادرات مېتىرلىق ئۆي - ئىمارەت پۈتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر تۇرالغۇ ئۆيى كۆلىمى 63 مىڭ 112 كۋادرات مېتىر. ناھىيە بازىرىنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %29كە يەتتى، كىشى بېشىغا 8.1 كۋادرات مېتىردىن كۆكلەمەيدان توغرا كەلدى.

جاۋ شىنچېڭ، يۈ چۇنخۇا

## لوپنۇر ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

لوپنۇر ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 530 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 7، مەيدان 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 56 مىڭ 490 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 28 مىڭ 98)، يېزا نوپۇسى 38 مىڭ 805؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰12.9، ئۆلۈش نىسبىتى ‰4.02، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰8.88 (ئاخىرقى چەك 2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى). ناھىيە بويىچە 24 مىڭ 380 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 2810 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى شۇنىڭ ئىچىدە)، 18 مىڭ 580 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى چۆللۈك كىلىماتىغا كىرىدۇ.

لوپنۇر ناھىيىسىدە 156 مىڭ 200 گېكتار ئورمان، پايدىلىنىشقا بولىدىغان 405 مىڭ گېكتار ئوتلاق بار. ناھىيىدە مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ۋېرمىكۇلىت كېنى بار. ئاساسلىق سەيلىگاھتىن قەدىمكى لوپنۇرلۇقلارنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ - ئادىتىنى نامايان قىلىدىغان لوپنۇرلۇقلار كەنتى بار.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ لوپنۇر ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ليۇ كېيى.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: نىياز ئابلا.

ھاكىم: جېلىل ناسىر.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: لى ۋېي (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 332 مىليون 570 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 229 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %5.69 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 13 مىڭ 544 توننا ئاشلىق، 40 مىڭ 149 توننا ياغلىق دان، 27 مىڭ 744 توننا پاختا، 6897 توننا قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە ئېلىندى. 2113 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 192 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 3235 توننا گۆش، 574 توننا سۈت، 164 توننا يۇڭ، 2.18 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 112 مىڭ 48 پارچە تېرە ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 10 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 9.2 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى، سۇغىرىش كۆلىمى يېڭىدىن 1330

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 65578 | 8.1 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 35077 | 9.3 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 9926 | 4.3 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 20575 | 6.7 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 13544 | —25.52 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 26.31 | 3.54 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 17952 | 35.23 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 60821 | 15.01 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 5474 | 7.19 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 26766 | 25.21 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 2466 | 12.24 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 6543 | 66.36 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 402 مىليون 870 مىڭ يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ 265 مىليون 700 مىڭ يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ 48 مىليون 650 مىڭ يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ 88 مىليون 520 مىڭ يۈەن.

گېكتار كۆپەيتىلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرى 1930نى، كىرىمى 263 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 44 مىليون 570 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 32 مىليون 900 مىڭ يۈەن، تەيچاڭ سانائەت شىركىتىنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن %40 تۆۋەنلەپ كەتتى. 10 مىڭ 70 توننا ۋېرمىكۆتست، 21 مىڭ 480 توننا ساپ پاختا، 3865 توننا سۇ يېغى، 103 توننا چۈچۈكبۇيا مەلھىمى، 179 توننا چۈچۈكبۇيا كىسلاتاسى پاراشوكى، 38 توننا لوپنۇر كەندىرى، 6 توننا لوپنۇر كەندىرى چېيى، 21 مىليون 500 مىڭ دانە خىش، 2100 توننا ئوتۇن، 52 توننا سۇلياۋ ياسالما ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 54 مىليون 310 مىڭ يۈەن (يەرلىكنىڭ) مەبلەغ سېلىندى. ئىچكى ۋە تاشقى سودا توختامى ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تۈرىدىن 26 سى ئىمزالاندى، بۇ تۈرلەرنىڭ سوممىسى 549 مىليون 420 مىڭ يۈەن. توشۇلغان يولۇچى 380 مىڭ ئادەمگە، توشۇلغان يۈك 510 مىڭ توننىغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 408 مىڭ 900 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 10 مىليون 328 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى. بازار، يېزىلاردىكى پروگراممىلىق تېلېفون 7176 (بىگتۈەننىڭ ناھىيىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭكى بۇنىڭ سىرتىدا) گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكىسى 2280. يانفون ئابونىتى 1500گە يەتتى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 8 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە، بازار سودىسىدا پۈتتۈشۈلگەن سومما 37 مىليون 376 مىڭ 200 يۈەنگە، ساياھەتچىلىكتىن كىرگەن كىرىم 2 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 381. ئوتتۇرا مەكتەپ 3 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 2)، ئوقۇغۇچىسى 4240 (مىللىي 3556)، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 332 (مىللىي 203)؛ مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ 15، ئوقۇغۇچىسى 7305 (مىللىي 3868)، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى -

خىزمەتچىسى 583 (مىللىي 360). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %85كە يەتتى. 1 مىليون 500 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنغان، قۇرۇلۇش كۆلىمى 830 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ناھىيىلىك مۇزېي پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. بۇ — بايىنغولىن ئوبلاستى بويىچە تۇنجى مۇزېي. بىر ناھىيىلىك دوختۇرخانا، بىر ناھىيىلىك يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، 8 يېزا - بازارلىق شىپاخانا، 2 داۋالاش ئورنى، 229 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 195 كارىۋات بار.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2676 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8580 يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا مال-مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 5 مىليون 994 مىڭ يۈەنگە، تۆلەم سوممىسى 578 مىڭ يۈەنگە؛ جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 5 مىليون يۈەنگە، تۆلەم سوممىسى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ۋاڭ جيەنچياڭ

# چاقىلىق ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

چاقىلىق ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 894 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق رايونلۇق مەھكىمە بىر، بازار 2، يېزا 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 20 مىڭ 182 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 11 مىڭ 677)، يېزا نوپۇسى 12 مىڭ 167؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰13.63، ئۆلۈش نىسبىتى ‰5.2، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰8.43. ناھىيە بويىچە 2440 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 1506.3 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 1550 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى چۆللۈك - قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

چاقىلىق ناھىيىسى تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ ئېقىم مىقدارى 2 مىليارد 310 مىليون كۇب مېتىرغا، ئېچىپ پايدىلانغىلى بولىدىغىنى 280 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ زاپىسى 307 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ناھىيە بويىچە 56 مىڭ 200 گېكتار ئورمان، 1 مىليون 133 مىڭ گېكتار ئېچىپ پايدىلانغىلى بولىدىغان ئوتلاق بار. ناھىيە تەۋەسىدە دۆلەت دەرىجىلىك ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ۋە ئالتۇنتاغ ياۋا تۆگە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، كىروران قەدىمكى شەھىرى، مىدۇن قەدىمكى شەھىرى، ۋاشىرى قەدىمكى شەھىرى خارابىسى قاتارلىقلار بار. تاشپاختا، قاشتېشى، ئالتۇن، كالىيلىق تۇز، كۆمۈر قاتارلىق 40 نەچچە خىل قېزىلما بايلىق بايقالدى، تاشپاختىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان زاپىسى 27 مىليون توننىدىن ئاشىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ چاقىلىق ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جۇڭ يۈن (4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ ياپىڭ (4 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: گايىت ئەخمەت.

ھاكىم: جېلىل ئابدۇرېھىم.

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جۇڭ يۈن (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، سۇن شۇدۇڭ (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 53 مىليون 237 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %5.1 (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى. 7503 توننا ئاشلىق، 2102 توننا پاختا ئېلىندى. 38 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (25 گېكتار ئىقتىسادىي ئورمان، 13 گېكتار ئېھاتە ئورمىنى) 9 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. 1200 توننا گۆش، 90 توننا سۈت، 120 توننا يۇڭ، 4 توننا تۆگە تىۋىتى، 47 مىڭ پارچە تېرە، 90 توننا تۇخۇم، 6 توننا ھەسەل ئېلىندى، 400 تۇياق بۇغا بېقىلدى. 372 توننا مېۋە - چېۋە (چىلان 12 توننا)، 5339 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 1036 توننا سەي - كۆكتات ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 810 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 4 كىلومېتىر يۇقىرى ئۆلچەملىك سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ، 102 يۇرۇشلەشكەن ئىنشائات ياسالدى، سۇغىرىش كۆلىمى 10 گېكتار كۆپەيتىلدى، 7 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى. 35 ئىسسىق ئېغىل - قوتان رېمونت قىلىندى. 260 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى، يېرىم ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى، 13 مىڭ 330 گېكتار ئوتلاق

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 13617 | 6.8 |
| يۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 3217 | 3.7 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 6549 | 9.1 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 3851 | 5.6 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 7503 | -23.35 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 11.81 | 0.94 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 8733 | -0.59 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 16573.3 | 6.45 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 4587.7 | 33.12 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 9940 | 8.4 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 758 | 2.16 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 4303 | 1.99 |

ياخشىلاندى. 450 سىلوس ئورىسى ياسىلىپ، 5633 توننا يەم - خەشەم سىلوسلاندى. 54 مىڭ 100 تۇياق تۆل ئېلىندى، تۆللەرنىڭ ئەپ بولۇش نىسبىتى %52.76كە يەتتى. 240 گېكتار يەردە سۈنئىي ئوتلاق بەرپا قىلىندى. 13 مىڭ 300 گېكتار ئوتلاق كەلكۈن سۈيىدە سۇغىرىلدى، 16 مىڭ 700 گېكتار ئوتلاق ياخشىلاندى. سۇلياۋ يېپىلغان 30 ئىسسىق قوتان ياسالدى. يېزا - بازار كارخانىسى 613 (يەككە كارخانا 593) بولۇپ، پايدىسى 6 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ يەككە سودا - سانائەتچى 741 بولۇپ، رويخەتكە ئالدۇرغان مەبلىغى 7 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 66 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %1.1 ئاشتى. 32 مىڭ 900 توننا تاشپاختا ئېلىندى، سېتىلىش قىممىتى 41 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ تاشپاختىدىن ئىشلەنگەن چىگەن رەخت 25 تونىنغا، مەھسۇلات قىممىتى 460 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 4 مىليون 260 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ھاسىل قىلىندى، ناھىيە بازىرى 860 مىڭ كۇب مېتىر سۇ بىلەن تەمىنلەندى، 5000 توننا كۆمۈر، 2 مىليون 500 مىڭ دانە خىش، 50 توننا قاشتېشى (مەھسۇلات قىممىتى 830 مىڭ توننا)، 39 كىلوگرام ئالتۇن (سانائەتتە سېتىلىش مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 730 مىڭ يۈەن) ئېلىندى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 31 مىليون 680 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 20 مىليون 600 مىڭ يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈك كۆپەيدى، 18 مىڭ 602 كۋادرات مېتىر ئۆي پۈتتى. توشۇلغان يولۇچى مىقدارى 49 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يۈك ئوبوروت مىقدارى 56 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 494 مىڭ 600 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %60كە يەتتى. بازار سودىسىدا پۈتتۈشۈلگەن سومما 16 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە، تاۋارلارنىڭ سېتىلىش سوممىسى 14 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ساياھەتچىلىكتىن كىرگەن كىرىم 1 مىليون 500 مىڭ يۈەندىن ئاشتى. 60 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان ئالتۇنتاغ ئالاھىدە ساياھەت تەرەققىيات پىلانى ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 161 (ئالىي دەرىجىلىكى 10). ئوتتۇرا مەكتەپ 3 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر)، ئوقۇغۇچىسى 1580 (مىللىي 942)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 13

(مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 4، مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپ 5)، ئوقۇغۇچىسى 2498 (مىللىي 1365)؛ باللار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 277 (مىللىي 122)، ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 390 (مىللىي 229). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 96.3%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى ئىگىلىشى قاپلاش نىسبىتى 99.8%كە يەتتى. سىملىق تېلېۋىزىيىدە 19 يۈرۈش پروگرامما ئىچىلدى. 19 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (يېزا - بازارلاردىكى شىپاخانا 6)، 135 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 65 كارىۋات بار.

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە 26 قېتىم تۈرلۈك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، 4235 ئادەم (قېتىم) مۇسابىقىگە قاتناشتى. 3781 ئادەم «دۆلەتلىك تەنتەربىيەدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 92.4%كە يەتتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2074.48 يۈەنگە يەتتى، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە سېلىقى 20 يۈەن كېمەيدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9521 يۈەنگە يەتتى. 245 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ھەر خىل مال - مۈلۈك سۇغۇرتا سوممىسى 90 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى 1 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1 مىليون 230 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. بازار - يېزىلاردا 2693 ئادەم دۆلەتنىڭ قۇتقۇزۇشىغا ئېرىشتى، 132 ئادەم قەرەللىك قۇتقۇزۇلدى، 69 يېتىم - يېسىر، بوۋاي - موماي، مېيىپ، بالا كوللېكتىپ تەربىيەدىن بېقىلدى. ناھىيە بازىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش (سۇ چىقىرىۋېتىش) تورۋبا تورىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا 477 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى ھەمدە 2 - سۇ زاۋۇتى بىلەن ئەسلىدىكى سۇ زاۋۇتىنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش تورۋبا تورى ئۇلاندى. سۇ بىلەن تەمىنلەش تورۋبىسى 400 مېتىر ئۇزارتىلدى. 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يېزىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش تورۋبا تورى ئۆزگەرتىلدى. 35 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ پاكىز سۇ زاۋۇتى قۇرۇلدى.

جۇڭ يەنچيۇ

# چەرچەن ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

چەرچەن ناھىيىسى كونلۇن تېغى، ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1270 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 11، چارۋىچىلىق فېرمىسى 2، ئۆرۈكچىلىق مەيدانى بىر. ناھىيە تەۋەسىدە يىغىنچاق يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ چەرچەن ناھىيىسىدىكى بىناكارلىق تارماق ئەترىتى بار. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 55 مىڭ 500 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 41 مىڭ 600)، يېزا نوپۇسى 40 مىڭ 800؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 14.26‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.13‰. ناھىيە بويىچە 4.9428 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 8.5023 گېكتار يەرگە (ئىككىنچى تېرىلغۇ كۆلىمى 4.1062 گېكتار) ئاشلىق زىرائىتى، 5.5719 گېكتار يەرگە (ئىككىنچى تېرىلغۇ كۆلىمى 6.411 گېكتار) ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى ئىنتايىن قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

چەرچەن ناھىيىسىنىڭ يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 1 مىليارد 650 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ زاپىسى 1 مىليارد 391 مىليون كۇب مېتىرغا، سۇ ئېنېرگىيىسىنىڭ نەزەرىيىۋى زاپىسى 560 مىڭ كىلوۋاتقا يېتىدۇ. ناھىيە بويىچە 2 مىليون 328 مىڭ 700 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق، 94 مىڭ 400 گېكتار ئورمان بار. تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن نېفىت، تاشپاختا، قاشتېشى، ئالتۇن، تۆمۈر، مىس، كۆمۈر، گەج، تاش تۇز قاتارلىقلار بار، بولۇپمۇ نېفىت، تاش پاختا، قاشتېشى، ئالتۇن كۆپ چىقىدۇ. ئاساسلىق ئىتتىپاقلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن ئاق بوغۇز بۆكەن، جەرەن، قىزىل تۈلكە، ياۋا تۆگە، ئۇلار قاتارلىقلار، دورىلىق ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن توشقان زەدىكى، چۈچۈكبۇيا، يەرمەدىكى، زاراڭزا، چاكاندا قاتارلىقلار بار. ناھىيىدە مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ياۋايى ھايۋانات تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى — ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى رەسمىي تەستىقلانغان مۇنتىزىم ياۋايى ھايۋان ئوۋلاش مەيدانى — ئالتۇنتاغ ئوۋچىلىق رايونىنىڭ چەرچەن ئوۋچىلىق مەيدانى بار. يەنە مۆلچەر دەرياسى جىلغىسىدىكى قىياتاش رەسىملىرى، لەللىلىك - غازلىق قەدىمكى شەھەر خارابىلىكى، زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى قاتارلىق مەنزىرىلەر بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ چەرچەن ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ شياۋپىڭ.

# غەربىي رايوننى ئېچىشنى كۈتۈۋېلىپ، چەرچەن ناھىيىسىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتەيلى

ج ك پ چەرچەن ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ شياۋپىڭ




جاڭ شياۋپىڭ (سولدا) ھازىرقى ھاكىم بىلەن مۇھاكىمە ئۈستىدە

غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىشنى كۈتۈۋېلىپ، چەرچەن ناھىيىسىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ناھىيىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ شەھەر قۇرۇش، چەرچەن ناھىيىسىنى شەرقىي جەنۇبىي تارىم رايونىدىكى مەركىزىي شەھەرگە ئايلاندۇرۇش — چەرچەن ناھىيىسىنىڭ ئۇلۇغۋار تەرەققىيات نىشانى. چەرچەن ناھىيىسى نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە، ئۇ قەدىمكى غەربىي دىياردىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى، شۇنداقلا «قاشتېشى يولى»، «يىپەك يولى» دىن ئىبارەت پارلاق نامايەندىلىرى بىلەن تارىخ سەھنىسىدىن ئورۇن ئالغان، چەرچەن ناھىيىسى تارىختا شەرقىي جەنۇبىي تارىم رايونىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ تارىم ئويمانلىقىنى ئوراپ تۇرغان ئىقتىسادىي چەمبىرەكتىكى نۇرلۇق مەرۋايىت، شەرقىي جەنۇبىي تارىم رايونىدىكى يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بازار بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئۇچۇر مەركىزى بولۇش رولى بارغانسېرى روشەنلىشىپ بارماقتا.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: توختى ئىمىن.

ھاكىم: ساتتار مۇتەللىپ.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: چېن شياۋئەن (خۇيزۇ).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 168 مىليون 589 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 108 مىليون 260 مىڭ 300 يۈەن) بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 0.69% تۆۋەنلەپ كەتتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 25 مىڭ 897 توننا ئاشلىق، 444 توننا ياغلىق دان، 7000 توننا پاختا ئېلىندى. 537 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 4535 توننا گۆش، 800 توننا سۈت، 360 توننا يۇڭ، 48 مىڭ پارچە تېرە ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 6 مىليون 696 مىڭ 200 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 64.5 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ، 98 كىلومېتىر زەيكەش چېپىلدى، 12 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 132 يۇرۇشلەشكەن ئىنشائات ياسالدى، 10 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى، سۇغىرىش كۆلىمى 300 گېكتار كۆپەيتىلدى. يېزا - بازار كارخانىسى 1193كە، تىجارەت كىرىمى 25 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 47 مىليون 427 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 26 مىليون 839 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 17.9% تۆۋەنلەپ كەتتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 14 مىليون 666 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 27.2% تۆۋەنلەپ كەتتى. 14 مىڭ 93 كىلوۋات سائەت توك، 7733 توننا سېمونت، 9489 توننا كۆمۈر، 80 توننا قاشتېشى، 830 توننا بۇغداي ئۇنى، 659 توننا چىگىت يېغى، 7490 توننا ساپ پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 125 مىليون 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېڭىدىن قۇرۇلغان ھەم ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن چوڭ تۈرلەر: چەرچەن ئايرودرومىنىڭ ئۇچۇش يولىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى (سېلىنغان مەبلەغ 13 مىليون 370 مىڭ يۈەن)، كوئېنلۇن مەيدانى قۇرۇلۇشى (سېلىنغان مەبلەغ 15 مىليون يۈەن)، مىللىي - خەنزۇ ئارىلاش ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلۇشى

## چەرچەن ناھىيىسىنى مەركىزىي شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىكى ئوبيېكتىپ شەرتلەر

غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىشتا شىنجاڭ مۇھىم نۇقتا، چەرچەن ئالدىنقى بازار. بۇنى چەرچەننىڭ ياخشى جۇغراپىيىلىك ئورۇن ئۈستۈنلۈكى، مول تەبىئىي بايلىق ئۈستۈنلۈكى، كۈچلۈك ئىقتىساد - مالىيە ئۈستۈنلۈكى ۋە مۇكەممەل ئاساسىي ئەسلىھە ئۈستۈنلۈكى بەلگىلىگەن. دۆلەت غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىشتا شىنجاڭغا سالىدىغان مەبلەغ تۈرلىرىدىن قارىغاندا، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ 7 تۈرى ئىچىدە چەرچەننىڭ 2 تۈرنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ بىرى، چەرچەن ئايرودرومىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى، يەنە بىر چەرچەندىن ئوتتۇرا تارىم نېفىتلىكىگىچە بولغان قۇملۇق تاشيولى قۇرۇلۇشى.

ياخشى جۇغراپىيىلىك ئورۇن ئۈستۈنلۈكى كورلا شەھىرىدىن 218 - دۆلەت يولى بىلەن جەنۇبقا مېڭىپ چاقىلىقتا ئاندىن 315 - دۆلەت يولى بىلەن غەربكە مېڭىپ خوتەن شەھىرىگە كەلگىچە بولغان بۆلەك شەرقىي جەنۇبىي تارىم بولۇپ، بۇ بۆلەككە لوپنۇر ناھىيىسى، بەگتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ 31 - تۇەن - مەيدانى، 36 - تۇەن - مەيدانى، چاقىلىق ناھىيىسى، چەرچەن ناھىيىسى، يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ چەرچەندە تۇرۇشلۇق بىناكارلىق تارماق ئەترىتى، نىيە ناھىيىسى، كېرىيە ناھىيىسى، چىرا ناھىيىسى، لوپ ناھىيىسى قاتارلىق 11ناھىيە (تۇەن) دەرىجىلىك ئورۇن يەنە ۋاششەرى، تاشساي، جاڭگالساي، شورتاڭ، ئىندىر قاتارلىق نىسپىي مۇستەقىل بوستانلىق ئىقتىسادىي رايونى جايلاشقان. بۇلار شەرقىي جەنۇبىي تارىم ئىقتىسادىي بەلۋېغىنى شەكىللەندۈرگەن، چەرچەن ناھىيىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى مۇشۇ بەلۋاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا.

مول تەبىئىي بايلىق ئۈستۈنلۈكى چەرچەن ناھىيىسى تەۋەسىدە يىلىغا 2 مىليون توننا خام نېفىت ئېلىنىدۇ، نېفىتنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى 2 مىليون 500 مىڭ توننا، زاپىسى 100 مىليون توننىدىن ئاشىدىغان يۇتۇن نېفىتلىكتىن ئوتتۇرا تارىم 4 - نېفىتلىكى بار. يەنە شەرقىي كۇئېنلۇن تېغى بىلەن غەربىي ئالتۇنتاغنىڭ گېئولوگىيىلىك كان ھاسىل بولۇش بەلۋېغىدىن نېفىت، قاشتېشى، ئالتۇن، كۆمۈر، مىس، تاشپاختا قاتارلىق قېزىلما بايلىقلار ئېلىنىۋاتىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدىكى ئوتلاق كۆلىمى 2 مىليون 328 مىڭ 700 گېكتار، ئورمان كۆلىمى 94 مىڭ 400 گېكتار، ئېچىشقا بولىدىغان سۇيەتلىك بوز يەر 166 مىڭ 500 گېكتار، تېرىلغۇ يەر 13 مىڭ 300 گېكتار كېلىدۇ. ناھىيىدە 7 چوڭ دەريا بار، يىللىق ئېقىم مىقدارى 1 مىليارد 650 مىليون كۇب مېتىر. يەر ئاستى سۈيى زاپىسى 1 مىليارد 391 مىليون كۇب مېتىر، سۇ ئېنېرگىيىسىنىڭ نەزەرىيىۋى زاپىسى 560 مىڭ كىلوۋات، ھازىر چەرچەن دەرياسىلا ئېچىپ پايدىلىنىلىۋاتىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە يەنە مول ساياھەت بايلىقى بار.

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 23429 | 6.3 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 11268 | 4.6 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 4175 | —6.4 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 7986 | 15.5 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 25897 | 8.62 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 32.54 | 0.68 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 2700 | 14 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 3.05 | 8.54 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي (تۈمەن يۈەن) | | 6237.3 | 5 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 23175 | 12.45 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 9926 | 49.29 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 11815 | 9.58 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 138 مىليون 650 مىڭ يۈەن.

كۈچلۈك ئىقتىساد - مالىيە ئۈستۈنلۈكى نېفىت بىلەن پاختا كەسپىنىڭ تۈرتكىسىدە چەرچەن ناھىيىسى بىر نەچچە يىل ئىچىدىلا تەرەققىي قىلىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە بايىنغولىن ئوبلاستى بويىچە كۈچلۈك ناھىيىگە ئايلاندى. 2000 - يىلى ناھىيىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 234 مىليون 290 مىڭ يۈەن (ئوتتۇرا تارىمدىكى 4 - نېفىتلىكنىڭ شۇنىڭ ئىچىدە، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) گە يەتتى، 1 -، 2 -، 3 - كەسىپنىڭ نىسبىتى 6:85:9 بولدى. ناھىيىنىڭ مالىيە كىرىمى 99 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، شەرقىي جەنۇبىي تارىم رايونىدىكى ناھىيىلەرنىڭ مالىيە كىرىمىنىڭ يىغىندىسىغا تەڭلىشىپ قالدى.

بىرقەدەر مۇكەممەل ئاساسىي مۇئەسسەسە ئۈستۈنلۈكى

315 - دۆلەت يولى بىلەن ئوتتۇرا تارىم قۇملۇق تاشيولى ناھىيىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، قۇرۇقلۇق قاتنىشىنىڭ چوڭ تومۇرى بولۇپ قالدى. چەرچەن - كورلا - ئۈرۈمچى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئايروپىلانلار ئۈزۈلمەي قاتناپ تۇرىدىغان بوشلۇق كارىدورى. 126 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان چەرچەن - ئوتتۇرا تارىم نېفىتلىكى قۇملۇق تاشيولى يېقىندا پۈتۈپ قاتناش باشلىنىدۇ. 5000 توچكىلىق پروگراممىلىق تېلېفون كوممۇتاتورى ۋە دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى 8 يېزىدىكى ئوپتىكىلىق كابېل ئالاقىسى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتى، چاقىلىق - چەرچەن - خوتەن ئالاقە ئوپتىكىلىق كابېلى 2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 1 -، 2 - دەرىجىلىك ئېلېكتر ئىستانسىلىرى گېنېراتور گۇرۇپپىسىنىڭ سىغىمى 6000 كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. ناھىيە - يېزا ئېلېكتر تورى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى. شەھەر قۇرۇلۇشى جەھەتتە، چەرچەن ناھىيىسىنىڭ پىلانلانغان شەھەر رايونى كۆلىمى 18 كۋادرات كىلومېتىر، قۇرۇلۇش رايونى 6 كۋادرات كىلومېتىر، قۇرۇلۇپ بولغان رايون 2.5 كۋادرات كىلومېتىر، بۇ رايوندا يول، سۇ بىلەن تەمىنلەش، پاسكىنا سۇ چىقىرىش، ئېلېكتر، ئالاقە قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرى بىر قېتىمدىلا تاماملاندى، تۇرالغۇ رايونى، ئۇيغۇرلار، خەنزۇلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان باشلانغۇچ مەكتەپ، ناھىيە بازىرىدىكى مەركىزىي مەيدان، مەركىزىي دوختۇرخانا، مىللىي شىپاخانا پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتى. ئۇيغۇرلار، خەنزۇلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە كوچىلارنىڭ ئىككى تەرىپىنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى پۈتۈش ئالدىدا. 3 - نومۇرلۇق مەھەللىدە قۇرۇلۇش باشلاندى. چەرچەن ئاپتونوم رايون بويىچە 2 ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى سىناق قىلىنىدىغان ناھىيىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

چەرچەن ناھىيىسىنىڭ پەن - مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، رادىئو - تېلېۋىزىيە قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىشلىرى كۆرۈنەرلىك تەرەققىياتقا ئېرىشتى. ئۇنىڭدىكى «قاتتىق

(سېلىنغان مەبلەغ 16 مىليون يۈەن)، 3 - نومۇرلۇق مەھەللە تۇرالغۇ قۇرۇلۇشى (سېلىنغان مەبلەغ 50 مىليون يۈەن). يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى: يېڭىدىن ئۇزارتىلغان ئۇزۇن يوللۇق كابېل 378 كىلومېتىر، ئۆزگەرتىپ ياسالغان تاشيول 118 كىلومېتىر، ئايرودرومنىڭ ئۇچۇش - چۈشۈش يولى 1700 مېتىر، ئوقۇغۇچىلار پارتىسى 2700. توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 38 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 66 مىليون 990 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 380 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يەتتى. پروگراممىلىق تېلېفون ئىشلەتكەن ئائىلە 6198 گە يەتتى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 12 مىليون 272 مىڭ يۈەنگە، ساياھەتچىلىكتىن كىرگەن كىرىم 2 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 247. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ 56، ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ 159 (مىللىي 10 مىڭ 191)، ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 901، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 595 (ئۇيغۇر (469)، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 306 (ئۇيغۇر 240). يىل ئاخىرىدا رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 87.5%كە يەتتى. 72 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 2، شىپاخانا 11)، 348 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 274 كارىۋات بار.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى 4034 يۈەنگە، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2003 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7789 يۈەنگە يەتتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 460 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. چەرچەن ناھىيىسى دۆلەت دەرىجىلىك پاكىز ناھىيە

دېتال» ۋە «يۇمشاق دېتال» مۇئەسسەسىلىرى مەركىزىي شەھەر تەرەققىياتىنىڭ كۆتۈرۈش ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇرالايدۇ. ناھىيە 1999 - يىلى مەملىكەت بويىچە ناھىيىنى يەن - ئېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار ناھىيە، ئاپتونوم رايون بويىچە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە، ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە ۋە دۆلەت دەرىجىلىك پاكىز ناھىيە بازىرى بولۇپ باھالاندى. باشلانغۇچ سەھىيە - ساقلىقنى ساقلاش بويىچە دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. ھەممە يېزا - كەنتلەرگە رادىئو - تېلېۋىزىيە يەتكۈزۈش ئاساسەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

چەرچەن ناھىيىسىنى مەركىزىي شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىكى تەسەۋۋۇر: «دۆلەت يولغا قويغان غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تارىمنى ئوراپ تۇرغان ئىقتىسادىي چەمبىرەكنى گۈللەندۈرۈش تەدبىرىنى پۇرسەت بىلىپ، نېفىت، مىس - تۇمراق، قىزىلما بايلىق، ساياھەتچىلىكتىن ئىبارەت 4 چوڭ سۈپەتلىك بايلىقنى ئېچىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ، چەرچەننى مەركەز، چاقىلىق بىلەن نىيىنى قانات قىلىپ، شەرقىي جەنۇبىي تارىم رايونىدا مەركىزىي شەھەر بەرپا قىلىش» تىن ئىبارەت. بۇ تەسەۋۋۇر غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىشتا ئاپتونوم رايون ئوتتۇرىغا قويغان تارىمنى ئوراپ تۇرغان ئىقتىسادىي چەمبىرەك قۇرۇلۇشى ئىستراتېگىيىسىگە، ئۈستۈنلۈككە ئىگە رايونلارنى ئالدى بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسىگە، يۇغۇرۇلما ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسىگە، ئەلا ۋە كۈچلۈكلەرنى يۆلەش ئىستراتېگىيىسىگە، كەڭ ئېچىش ئارقىلىق چوڭ تەرەققىياتنى، چوڭ مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىستراتېگىيىسىگە تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ.

## چەرچەن ناھىيىسىنى شەرقىي جەنۇبىي تارىمدىكى مەركىزىي شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرى

يېزىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ بازار قۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساس خىزمەتنى تېزلىتىپ، شورتاڭ، تاتىراڭ، چاۋالدۇڭ ۋە ئوتتۇرا تارىم بازارلىرىنى قۇرۇش نىشانىنى بالدۇرراق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىمىز. ناھىيە بازىرىغا قوشنا بولغان توغراق يېزىسى، چوڭكۆل يېزىسى، ئارال يېزىسى، باغئېرىق يېزىسىنى قوشۇپ بازار قىلىش خىزمىتىنى تاماملايمىز. بازار نوپۇسىنى كۆپەيتىپ، بازار نوپۇسىنىڭ ناھىيە نوپۇسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىمىز.

كۆمۈر، سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز قاتارلىق ئېنېرگىيە چەرچەن ناھىيىسىنىڭ كەلگۈسى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئېھتىياجىنى پۈتۈنلەي قاندۇرالايدۇ. چەرچەن - تارىم قۇملۇق تاشيولى پۈتۈپ قاتناش باشلانغاندىن كېيىن، ئېلېكتر قاتارلىق ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەشتە چوڭ بۆسۈش بولىدۇ. تەبىئىي گازنى يېزا، كەنتلەرگە كىرگۈزۈش تۈرى قۇرۇلۇشى باشلىنىش ئالدىدا.

103 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان، كۆلىمى 5966 گېكتار كېلىدىغان، چەرچەن ناھىيىسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئىقتىساد تېپىدىكى ئىھاتە ئورمان سىستېمىسى قۇرۇلۇشى تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلدى. بىر قىسىم بالا تۈرلەر يولغا قويۇلۇشقا

بازىرى بەرپا قىلىشتا 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن شەھەرلەر ئارا «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» نى ئېلىشىش مۇسابىقىسىدە مۇنەۋۋەر ناھىيە بازىرى دېگەن نامغا ئېرىشتى، يەنە بايىنغولىن ئوبلاستى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «ئاق قۇ لوڭقىسى» ناھىيە بازارلىرى ئارا باغۋارانلاشتۇرۇش - يېشىللاشتۇرۇش مۇسابىقىسىدە ئەلا مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

☆ 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن باشلاپ 8 - ئاينىڭ ئالدىنقى 10 كۈنىگىچە بولغان مەزگىلدە چەرچەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى تاغلىق رايوندا ئوتتۇرا ھال ۋە قاتتىق يامغۇر ياغدى، تاغ ئېغىزىدا كەلكۈن پەللىسى سېكۇنتىغا 800 كۇب مېتىرغا يېتىپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى قىممەتتىن ئېشىپ كەتتى ۋە داۋاملاشقان ۋاقتى ئۇزۇن بولدى. ناھىيىدىكى 315 - دۆلەت يولىنىڭ نۇرغۇن يولىكى ۋەيران بولدى، زور بىر تۈركۈم سۇچىلىق مۇئەسسەسىلىرى زىيانغا ئۇچرىدى، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 15 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

☆ 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى چەرچەن - ئوتتۇرا تارىم نېفتلىكى قۇملۇق تاشيولىدا ئىش باشلاندى، قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 118.48 كىلومېتىر بولۇپ 126 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. بۇ تاشيول پۈتسە چەرچەندىن كورلىغىچە بولغان ئارىلىق 676 كىلومېتىرغا قىسقىرايدۇ.

☆ يىل ئاخىرىدا 15 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان چەرچەن ناھىيىسىدىكى چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى پۈتتى ھەمدە ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. ئولتۇراقلاشتۇرۇش رايونىدا 448 گېكتار بوز يەر ئېچىلدى، 312 يۈرۈش ئۆي سېلىندى، 312 قوتان ياسالدى، 33 كىلومېتىر زەيكەش چېپىلدى، 22.5 كىلومېتىر يول ياسالدى، 8.3 كىلومېتىر يۇقىرى بېسىملىق سىم تارتىلدى، 2000 - يىلى 246 ئائىلىلىك چارۋىچى كۆچۈرۈلدى.

شىي مەيشيۇ

باشلىدى، 2010 - يىلغىچە قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك تاماملاش مۆلچەرلەندى.

شەھەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەش، يۇندا چىقىرىش، مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىتىش 2 - قاتارلىق قۇرۇلۇشى بىلەن «يىپەك» يولى، «مەدەنىيەت» يولى، «ئىتتىپاق» يولىنى كېڭەيتىش ۋە «يىڭخې» يولىدىكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئاسراش باغچىسى، چۆگىلىمە يار تەبىئىي جىلغىسىنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى قاتارلىق شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشلىرىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىمىز ۋە تاماملايمىز. قۇرۇلىدىغان شەھەر رايونىنىڭ كۆلىمىنى ھازىرقى 2.5 كۋادرات كىلومېتىردىن 6 كۋادرات كىلومېتىرغا كېڭەيتىپ، ناھىيە شەھىرىنى 150 مىڭ كىشىلىك كۆتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىمىز.

ئېكولوگىيىنى ۋە سۇ، تۇپراقنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى قوغداش شەرتى ئاستىدا، سۇ، تۇپراقنى ھەر تەرەپلىمە ئېچىش قەدىمىنى تېزلىتىمىز. چەرچەن دەرياسى ۋادىسىدا چاۋالدۆڭ بىلەن يوغاندۆڭ تەرەققىيات رايونىنى باشلامچى قىلىپ، يەنە 6667 گېكتار تېرىلغۇ يەر ئاچىمىز. مۆلچەر دەرياسى بىلەن قارامىرەن دەرياسى ۋادىسىغا بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىنىڭ مەبلىغى ۋە خادىملىرىنى كىرگۈزۈپ، 13 مىڭ 300 گېكتار تېرىلغۇ يەر ئاچىمىز. 50 مىڭ ئادەم سىغىدىغان شورتاڭ بازىرىنى قۇرىمىز. شۇنىڭ بىلەن چەرچەن، مۆلچەر، قارامىرەن دەريا ۋادىلىرى تەڭ ئىلگىرىلىگەن تەرەققىيات ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرىمىز.

ھازىر قېزىلما بايلىقلارنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى ئىشلىنىۋاتىدۇ، 11 تارماق ئەترەت چەرچەندە خىزمەت باشلىۋەتتى. مىس - سىنىك كېنىنىڭ تەستىقلانغان زاپىسىدا، D+E دەرىجىلىك جەدۋەلدىكى مىس - سىنىك رۇدىسىنىڭ مىقدارى 1 مىليون 222 مىڭ 200 توننىغا، مىس، مېتاللىنىڭ مىقدارى 26 مىڭ 823 توننىغا، سىنىك مېتاللىنىڭ مىقدارى 29 مىڭ 708 توننىغا يېتىدۇ. دېمەك بۇ بىر قەدەر يۇقىرى ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە ئوتتۇرا تىپتىكى كان مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ.

غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، چەرچەن ناھىيىسى 2 تاغ (ئالتۇنتاغ، كۇئېنلۇن تېغى) 2 يول (قاشتېشى يولى، يىپەك يولى) ۋە قۇملۇق (تەكلىماكان قۇملۇقى) دىن ئىبارەت بايلىق ئۈستۈنلۈكىگە تايىنىپ، «نۇقتا ئىنىيە، ئۈچ مەنزىرە، ئىككى بازار، بىر مەركەز» پىلانىدىن ئىبارەت «4321» تەرەققىيات يىرىك پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. نۆۋەتتە تەرەققىيات پىلانى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. ئالاھىدە ساياھەتچىلىك كەسپى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

چەرچەن ناھىيىسىنى مەركىزىي شەھەر قىلىپ قۇرۇش پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇشى پۈتكۈل شەرقىي جەنۇبىي تارىم رايونىدا ئادەم، ماددىي ئەشيا، مەبلەغ ۋە ئۇچۇرنىڭ يۈرۈشۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پۈتكۈل ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، چەرچەن ناھىيىسىنىڭ ئادەتتىكى قائىدىلەردىن ھالقىپ، سەكرىمە تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇۋاتقان كۈچلۈك ھالىتى ئەتراپتىكى ناھىيە (رايون) لەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتتى ۋە ئۈلگە بولدى. ئىشىنىمىزكى، چەرچەن ناھىيىسىنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، بۇ رول تېخىمۇ گەۋدىلىنىدۇ.

# يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى تاغ ئارىسىدىكى ئويمانلىق — قاراشەھەر ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 423 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 543 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 5، دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانى 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (رايون تەۋەسىدىكى نوپۇس سانى) 120 مىڭ 468 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 64 مىڭ 787)، يېزا نوپۇسى 79 مىڭ 564؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.53‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.54‰. ناھىيە بويىچە 16 مىڭ 800 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 5470 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئاق يەر ۋە ئېگىز ئورنى)، 14 مىڭ 14 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

يەنجى ناھىيىسى قىزىلمۇچ، پەمىدۇر، زىرە، قىزىلچا قاتارلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى تېرىشقا باب كېلىدۇ. ناھىيە تەۋەسىگە قىزىل پوستلۇق ياۋا چۈچۈكبۇيا كەڭ تارقالغان، كۆلىمى تەخمىنەن 4000 گېكتار كېلىدۇ. قاراشەھەر ئويمانلىقىدا نېفىت، تەبىئىي گاز زاپىسى مول،

«گۈمەر دولقۇن» نېفىتلىكىنىڭ يىللىق نېفىت مەھسۇلاتى 210 مىڭ توننىدىن 230 مىڭ تونىغىچە.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ بەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى مىڭخۇي.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ما گولىن (خۇيزۇ).

ھاكىم: ما چاڭچىڭ (خۇيزۇ).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: لېيزىز سايىت.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 364 مىليون 710 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 233 مىليون 200 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 6.4% (ئۆزگەرمەس باھا، تۈۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى. 32 مىڭ 534 توننا ئاشلىق، 4062 توننا ياغلىق دان، 213 توننا پاختا، 158 مىڭ 83 توننا قىزىلچا ئېلىندى. 710 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 6004 توننا گۆش، 4500 توننا سۈت، 668 توننا قوي يۇڭى، 71 مىڭ 655 پارچە تېرە ئېلىندى. 9 - ئايدا ناھىيە ئاپتونوم رايون بويىچە يەرلىك كالىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 16 مىليون 730 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 134.25 كىلومېتىر سۇغىرىش ئۆستىڭى، 69.38 كىلومېتىر زەيلىك چېپىلدى ۋە كېڭەيتىلدى، 310 ئىنشائات سېلىندى. يېڭىدىن يۇقىرى ئۈنۈملۈك تېجەشلىك سۇغىرىش كۆلىمى 200 گېكتار كۆپەيتىلدى، ئۆزگەرتىلگەن سۇغىرىش كۆلىمى 1000 گېكتارغا يەتتى. ناھىيە 10 - ئايدا 2000 - يىللىق ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى بويىچە «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» نى تالىشىش مۇسابىقىسىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ناھىيە تەۋەسىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ كىرىمى 350 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيىگە تەۋە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 177 مىليون 590 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 155 مىليون 360 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 14.65% تۆۋەنلەپ كەتتى. ناھىيىگە تەۋە سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 71 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 23 مىڭ 681 توننا شېكەر، 2719 توننا ئىسپىرت، 544 توننا سۈت

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 69694 | 8.3 |
| يۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 24139 | 5.9 |
| | 2 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 28771 | 4.1 |
| | 3 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 16784 | 17.9 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 32534 | -25.37 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 27.01 | 12.21 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 34484 | 21.86 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 6.9 | -5.48 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 17724 | 3.76 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 64390 | 22.75 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 3563 | 10.41 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 8158 | 7.05 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 407 مىليون 180 مىڭ يۈەن.

پاراشوكى، 9 مىليون 670 مىڭ دانە باتارېيە، 174 توننا يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 279 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 254 مىليون يۈەن. يېڭىدىن قۇرۇلغان، كېڭەيتىپ قۇرۇلغان ناھىيە بازىرى يولى 12 كىلومېتىر، مەھەللە يولى 5.1 كىلومېتىر، ناھىيە ـ يېزا تاشيولى 15.1 كىلومېتىر. 2000 ـ يىللىق ئۇرۇمچى يەرمەنكىسىدە ئىچكى سودا توختامىدىن 19ى ئىمزالاندى، سوممىسى 137 مىليون يۈەن؛ ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش توختامىدىن 12سى ئىمزالاندى، سوممىسى 261 مىليون يۈەن؛ تاشقى سودا كېلىشىمىدىن 4ى ئىمزالاندى، سوممىسى 78 مىليون 150 مىڭ يۈەن. توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 90 مىليون ئادەم ـ كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 17 مىليون يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 20 مىڭ 780گە، بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 68 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 735. ئوتتۇرا مەكتەپ 12 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 3)، ئوقۇغۇچىسى 7031 (مىللىي 4933)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 70 (مىللىي 33)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 43 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 2)، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 809 (مىللىي 8158)؛ بالىلار باغچىسى 2، باغچىدىكى بالا 664 (مىللىي 323)، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى 1916، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1821. 6 ـ ئايدا ناھىيىگە گوۋۇيۈەن ئاياللار ـ بالىلار خىزمىتى كومىتېتى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە بالىلار خىزمىتىدە ئىلغار ناھىيە» دەپ نام بېرىلدى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە يەتتى. بىر دوختۇرخانا، 7 شىپاخانا، يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتىدىن بىرى، ئانا ـ بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش دوختۇرخانىسىدىن بىرى، 274 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 170 كارىۋات بار. 2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندا ۋە مەملىكەت بويىچە غەربىي شىمال ھەمكارلىق رايونىدا ئۆتكۈزۈلگەن قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسىدە ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى بىر تۈردە 2 ـ، بىر تۈردە 3 ـ بولدى. ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى باينغولىن ئوبلاستى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ۋاسكېتبول ۋە يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىدە، 3 تۈردە كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا 1 ـ، 8 تۈردە يەككىلەر بويىچە 1 ـ، 4 تۈردە يەككىلەر بويىچە 2 ـ، 6 تۈردە يەككىلەر بويىچە 3 ـ بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 ـ يىلى ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى 5175 يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2889 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8415 يۈەنگە يەتتى. مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 6 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 15 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى، مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە 3 مىليون 730 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتا بويىچە 2 مىليون 80 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى ۋە پۇل بېرىلدى. ناھىيە بازىرىدىكى يەككە ئەمگەكچىلەردىن 107 ئائىلە ياشانغاندا كۆتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، 419 مىڭ 300 يۈەن ياشانغاندا كۆتۈنۈش ھەققى يىغىۋېلىندى. ناھىيىگە 2000 ـ يىلى قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە شەھەر مۇھىتىنى 3 ـ قېتىملىق ئۈنۈملۈك تۈزەشتە ئىلغار ناھىيە دەپ نام بېرىلدى.

لى چېنخۇي

# ئاقسۇ ۋىلايىتى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئاقسۇ ۋىلايىتى شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىغا، تەڭرىتاغ تىزمىسى ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. مەمۇرىي مەھكىمە ئاقسۇ شەھىرىدە. 2000 ـ يىلى ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 8. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 1 ـ شىنىنىڭ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى نوپۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 2 مىليون 50 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 1 مىليون 550 مىڭ)، يېزا نوپۇسى 1 مىليون 200 مىڭ 500)؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى %16.02، ئۆلۈش نىسبىتى %5.16، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى %10.86. يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي تېرىلغۇ يېرى 353 مىڭ 900 گېكتار (يېزا ئىگىلىك 1 ـ شىنىنىڭ تېرىلغۇ يېرى بۇنىڭ سىرتىدا). دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى 177 مىڭ 180 گېكتار (ئېكىن تېرىلغۇ كۆلىمى 33 مىڭ 980 گېكتار). كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ئاقسۇ ۋىلايىتىدە داڭلىق يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلاردىن كۈچا كىشمىش ئۈزۈمى، قىزىل كەتلىك ئالما، مۇناقى ئۈزۈم، بېشىل ئۈزۈم، ئونسۇ ئىپار گۈرۈچى، قەغەز ياڭاق، قۇم ئامۇت قاتارلىقلار چىقىدۇ. ۋىلايەت بويىچە كۆلىمى 4098 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان 1293 مۇزلۇق بار، سۇ زاپىسى تەخمىنەن 215 مىليارد 400 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. بۇ سۇ چوڭ، كىچىك 16 دەريا ئېقىنغا قويۇلىدۇ. ئاقسۇ، ئۆگەن، تارىم ۋە تېرەن، كۈچا دەرياسى قاتارلىق ئاساسلىق دەريا - ئېقىنلار بار. ۋىلايەت تەۋەسىدىكى كۆل كۆلىمى 6815 گېكتارغا يېتىدۇ. يەر ئۈستى سۇيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 12 مىليارد 900 مىليون كۇب مېتىرغا، تۈزلەڭ رايونلارنىڭ يەر ئاستى سۇيىنىڭ ئۇنىۋېرسال تولۇقلىنىش مىقدارى 7 مىليارد 281 مىليون كۇب مېتىرغا، ئېچىشقا بولىدىغان سۇ مىقدارى 5 مىليارد 121 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 3 مىليون 539 مىڭ 100 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق بولۇپ، 3 مىليون 335 مىڭ 400 گېكتار ئوتلاقتىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. 581 مىڭ 900 گېكتار ئورمان بار. ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 4.4%. ئاساسلىق دەرەخلەردىن شىنجاڭ تېرىكى، مىرزا تېرەك، تەڭرىتاغ شەمشادى، جىگدە، سۆگەت، توغراق قاتارلىقلار بار. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر 100 خىلدىن ئاشىدۇ، ئاساسلىقلىرىدىن ئاچچىق پۇرچاق، چاكاندا، پەربۇن، ئاق چوغلۇق، قانتېپەر، كىرەش، پىچەكگۈل، ئالقات، چۈچۈكبۇيا، كەمترا، لوپنۇر كەندىرى، سوغىگۈل، زاراڭزا، قار لەيلىسى قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلار 300 خىلدىن ئاشىدۇ. قىممەتلىك ياۋايى ھايۋانلاردىن قوڭۇر ئېيىق، يىلپىز، جەرەن، قاپلان، بۇغا، ئاق لەيلەك، قارا لەيلەك، ئاق توقام بۈركۈت، ئاق قۇ، ئۇلار قاتارلىقلار بار. تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىق 55 خىل بولۇپ، ھازىر قېزىپ پايدىلىنىۋاتقانلىرىدىن تۆمۈر، مانگان، مىس، فوسفور، بائوكسىت، قوغۇشۇنلۇق سىنك رۇدىسى، كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز، تۇز، گەج، ھاك تاش، گۈڭگۈرت، زەمچە، كۋارتسلىق قۇم، گرانىت تاش، مەرمەر قاتارلىقلار بار. 80 نەچچە سەيلىگاھ بار. ۋىلايەت بويىچە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىن 3 ى بەرپا قىلىندى. تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ كۆلىمى 205 مىڭ 400 گېكتار، ئونسۇ ناھىيىسىدىكى تۆمۈر چوققىسى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ھېسابلىنىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: خۇ چاڭشەن؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: مەمتىمىن ياسىن (7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئۆمەرجان مىرزا ئەخمەت، جى شيۇڭنەن، شېن چيۇيۇ (1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋۇ ياۋشىن، لۇ جياچۇەن، ئېزىز قېيۇم (7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۆنىياز مەممەت؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ۋاڭ جېنشەن، جاڭ لياڭجيې (7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لى گۇاڭيۇ (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، خۇ ۋەندې (10 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى: مەمتىمىن ياسىن (7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئۆمەرجان مىرزا ئەخمەت (7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن ۋالىيلار: گاۋ ليېچىن، جاڭ جۇنجېڭ (1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، دىلبەر رېشىت، ۋاڭ شېڭلى، ئابلىز ئابدۇرېھىم، لۇ فاجېڭ، جۇ جېڭ (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابلا ئاپپاق؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: تيەن شىجېڭ، راخمان ۋاخاپ (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، چېن گوچۇەن (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ۋىلايەت بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 247 مىليون 592 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 3 مىليارد 502 مىليون 57 مىڭ 400 يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 12.31% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىكىسى ئوخشاش). بۇنىڭ ئىچىدە تېرىقچىلىقنىڭ 4 مىليارد 271 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 133 مىليون يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 809 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 34 مىليون يۈەن. 1 مىليون 106 مىڭ 767 توننا ئاشلىق، 32 مىڭ 729 توننا ياغلىق دان، 230 مىڭ 767 توننا پاختا، 245 مىڭ 377 توننا كۆكتات، 131 مىڭ 350 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 204 مىڭ 11 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. 7311 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 76 مىڭ 752 توننا گۆش، 18 مىڭ 646 توننا سۈت، 4679 توننا قوي يۇڭى، 523 توننا چۈپۈر، 95 مىڭ 570 پارچە كالا تېرىسى، 1 مىليون 400 مىڭ پارچە قوي تېرىسى، 10 مىڭ 944 توننا تۇخۇم، 187 توننا پىلە غوزىسى، 4096 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، سۇچىلىق كەسىپلىرىگە 259

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 72.04 | 9.26 |
| يۈنىلىش ئىچىدە: | 1 ـ كەسپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 31.25 | 9.29 |
| | 2 ـ كەسپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 15.16 | 10.36 |
| | 3 ـ كەسپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 25.63 | 8.5 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تۈمەن تونna) | | 110.68 | 5.34 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 474.18 | 3.82 |
| يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 14.3 | 9.08 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 79.7 | 3.86 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | | 18.2 | 8.89 |
| شەھەر ـ يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | | 74.43 | 11.37 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 40954 | 25.38 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 104870 | 24.1 |

مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 86 مىڭ 886 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ)، 11 مىڭ 409 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 667 توننا دېھقانچىلىق دورىسى، 104 مىليون 457 مىڭ 500 كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 459 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %1.4 ئاشتى؛ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 787 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %43.6 ئاشتى. يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 127 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %35.4 ئاشتى؛ قوشۇلما قىممىتى 681 مىليون يۈەن بولدى. يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتىدە دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار ۋە دۆلەت ئىلكىدىكى پاي كونترول كارخانىلىرىنىڭ 1 مىليارد 384 مىليون يۈەن، كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكىلەرنىڭ 597 مىليون يۈەن، باشقا ئىگىلىك تىپىدىكىلەرنىڭ 146 مىليون يۈەن، ئېغىر سانائەتنىڭ 1 مىليارد 154 مىليون يۈەن، يېنىك سانائەتنىڭ 973 مىليون يۈەن بولدى. 686 مىليون 40 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 2 مىليون 159 مىڭ 100 توننا كۆمۈر، 29 مىڭ 600 توننا كوكس، 40 مىڭ 900 توننا سۇ يېغى، 248 مىڭ 700 توننا ئۇن، 5400 توننا ئارىلاشما يەم ـ خەشەك، 15 مىڭ 200 توننا ئىچىملىك ھاراق، 2 مىليون 322 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 19 مىڭ 100 توننا پاختا يىپ، 222 مىڭ 600 توننا پىششىقلانغان پاختا، 135 مىڭ 100 توننا پىششىقلانغان نېفت، 502 مىڭ 900 توننا سېمونت، 65 مىڭ 300 كۇب مېتىر سېمونت پاسالما، 659 مىليون دانە خىش، 12 مىڭ 800 توننا سۇلياۋ پاسالما (يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق 10 مىڭ 200 توننا) ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق كەسپىدە ساپاسى 4 ـ دەرىجىدىن يۇقىرى بولغان، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان بىناكارلىق كارخانىلىرى ئورۇندىغان بىناكارلىق قوشۇلما قىممىتى 159 مىليون يۈەن بولدى، تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 518 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يۈنىلىش ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 1 مىليارد 192 مىليون يۈەن، يېڭىلاش ـ ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 108 مىليون يۈەن، ئۆي ـ زېمىن تەرەققىيات قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 25 مىليون يۈەن، باشقا قۇرۇلۇشلارغا سېلىنغىنى 193 مىليون يۈەن. تارىم 2 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى، كۇچا ئايرودرومى، يېزىلاردا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىش، تېلېگراف تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش، ئاقسۇ مەدەنىيەت ـ سەنئەت مەركىزى ۋە ئاقسۇ شەھىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە يۆتكەش قۇرۇلۇشى قاتارلىق قۇرۇلۇشلار ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى، ھەر قىسىم تۈرلەر ئىشقا كىرىشتى. ۋىلايەتلىك جىددىي قۇتقۇزۇش

مەركىزى، ئۆسمۈرلەر سارىيى ۋە ئەرزان، ئەپلىك تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. يېڭىدىن ئاشۇرۇلغان ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارلىرىدىن: يىلىغا 10 مىڭ تونىنا كۆمۈر قېزىلدى، 274 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا توك يەتكۈزۈش لىنىيىسى (110 مىڭ ۋولت ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى) ياسالدى، 11.3 كىلومېتىر تاشيول ياسالدى، 137 كىلومېتىر تاشيول ئۆزگەرتىلدى، 3733 گېكتار بوز يەر ئېچىلدى، 46 مىڭ 500 گېكتار يەر ئۈنۈملۈك سۇغىرىلدى، شەھەرنى تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 90 مىڭ 800 تونىنا/كۈنگە يەتكۈزۈلدى، شەھەردە يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى 60 مىڭ تونىنا/كۈنگە يەتكۈزۈلدى. ۋىلايەت بويىچە تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى 6 مىليون 750 مىڭ ئادەمگە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 1 مىليون 153 مىڭ 450 ئادەم ـ كىلومېتىرغا، توشۇلغان يۈك 2 مىليون 350 مىڭ توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 811 مىليون 730 مىڭ تونىنا/كىلومېتىرغا يەتتى. تۆمۈريولدا توشۇلغان يولۇچى 459 مىڭ ئادەمگە، يوللانغان مال 4765 ۋاگونغا، يەتكۈزۈلگەن مال 6388 ۋاگونغا، يوللانغان ۋە يەتكۈزۈلگەن مال 588 مىڭ توننىغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 23 مىليون 350 مىڭ 400 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 149 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يەتتى، يېڭىدىن 182 كىلومېتىر ئوپتىك كابېل ئىشقا سېلىندى، ۋىلايەت بويىچە كوممۇتاتور سىغىمى 202 مىڭ تۇچكىغا، تۇراقلىق تېلېفون ئابونىتى 137 مىڭ 474 (ئائىلە تېلېفونى 68 مىڭ 692) كە، يانتېلېفون ئابونىتى 32 مىڭ 563 كە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە 143 بازارنىڭ يىللىق سودىدا پۈتۈشۈش سوممىسى 924 مىليون يۈەن بولدى. 75 تۈردە ئىقتىساد ـ سودا توختامى ئىمزالاندى، سوممىسى 5 مىليارد 865 مىليون يۈەن بولدى. تاشقى سودا ئېكسپورت سوممىسى 526 مىڭ دوللار بولدى. مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىن كەلگەن 460 مىڭ 200 ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 37 مىليون 670 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

### پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ۋىلايەت بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي، تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 8072 (ئالىي دەرىجىلىكى 614)، پەن تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئاپپاراتى 5. شۇ يىلى بىر پەن تەتقىقات تۈرى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا، 26 تۈر ۋىلايەتنىڭ پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ۋىلايەت بويىچە ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل مەكتەپ 1229، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپ 2، ئادەتتىكى چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى 16، كەسپىي مائارىپ مەكتىپى 5، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 132، ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 1055؛ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 442 مىڭ 952، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى 24 مىڭ 233، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 21 مىڭ 343. ۋىلايەت بويىچە 10 سەنئەت ئۆمىكى، 10 سەنئەت سارىيى، مەدەنىيەت يۇرتى، ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر مۇزېي، 7 مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى بار. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى (بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 ـ شىسى شۇنىڭ ئىچىدە) %95.42 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ %93 كە يەتتى. 334 تېببىي داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتى (دوختۇرخانا 44)، 6980 كارىۋات، 8200 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (دوختۇر 3301) بار. 2000 ـ يىلى ۋىلايەتتىن 147 تەنھەرىكەتچى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىنىڭ 7 تۈرىگە قاتنىشىپ، 4 ئالتۇن مېدال، 8 كۈمۈش مېدال، 24 مىس مېدال ئالدى، 131 قېتىم ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە 24 مىڭ 253 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى؛ 912 قېتىم يېزا دەرىجىلىك مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە 39 مىڭ 945 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

### خەلق تۇرمۇشى

2000 ـ يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1678 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىغىچە ۋىلايەت بويىچە ئىدارە ئورۇنلاردىكى كەسپكارلار 124 مىڭ 200 بولۇپ، ئىدارە، ئورگانلاردا ئىشلەۋاتقان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 7637 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ھەر دەرىجىلىك مۇھىت كۆزىتىش ـ ئۆلچەش پونكىتى 3، مۇھىت كۆزىتىش ـ ئۆلچەش خادىمى 40؛ ھەر دەرىجىلىك نازارەتچىلىك ئاپپاراتى 6، خادىمى 35. مۇھىت بۇلغىنىشنى تۈزەش تۈرىدىن 84 ى تاماملاندى، بۇ تۈرگە 19 مىليون 40 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى

## ئاقسۇ شەھىرى

### ئاساسىي ئەھۋالى

ئاقسۇ شەھىرى ئاپتونوم رايوننىڭ غەربىي جەنۇبىغا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تۆمۈريول مۇساپىسى 1126

كىلومېتىر، ئاشىيول مۇساپىسى 1010 كىلومېتىر. 2000 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 5، مەيدان بىر، مەھەللە ئىش باشقارمىسى 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 519 مىڭ 200 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 214 مىڭ 300)؛ يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 227 مىڭ 300؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.27‰، ئۆلۈش نىسبىتى 3.94‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.33‰. شەھەر بويىچە 37 مىڭ 600 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتى تېرىلغان كۆلەم (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 48 مىڭ 500 گېكتار، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 20 مىڭ 200 گېكتار، كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 21 مىڭ گېكتار، باشقا زىرائەتلەر 7300 گېكتار. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ئاقسۇ شەھىرىدە بۇغداي، كۆممىقوناق، شال، كېۋەز يەتىشىدۇ. ئۈزۈن ئالالىق پاختا مەھسۇلاتى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاقسۇنىڭ قەغەز ياڭىقى مەملىكەت بويىچە 19 ئۆلكە، شەھەر ئۈستۈرۈشكە باشلىدى. سورتلۇق ئالما، نەشپۈت ئاپتونوم رايون بويىچە بازار تاپتى.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئاقسۇ شەھەرلىك 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: بۈ شىيۇچېڭ.

5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: پالقۇن ھەلىمىدىن.

شەھەر باشلىقى: ئەكبەر غوپۇر.

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: دەي زوڭكې.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 869 مىليون 310 مىڭ يۈەن

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
| --- | --- | --- | --- |
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 87887 | 24.36 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 37251 | 40.2 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 17379 | 11.1 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 33257 | 16.2 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 123098 | 11.42 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 46.63 | 7.57 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 30120.2 | 9.44 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 113795 | 6.28 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 42552 | 5.4 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 16060 | 18.51 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 16306 | 24.85 |

ئىزاھ: جەدۋەلدىكى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 519 مىليون 370 مىڭ يۈەن.

(1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 542 مىليون 450 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 23.19% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 123 مىڭ 98 توننا ئاشلىق، 1703 توننا ياغلىق دان، 37 مىڭ 259 توننا پاختا، 139 مىڭ 688 توننا كۆكتات، 36 مىڭ 199 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 34 مىڭ 604 توننا مېۋە - چېۋە، 439 توننا ياڭاق ئېلىندى، 1074 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 320 مىڭ

تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 1380 گېكتار يەردە باغ بەرپا قىلىندى، 1000 گېكتار كۆلەمدىكى تۈۋەن ھوسۇللۇق باغ ئۆزگەرتىلدى. 15 مىڭ 451 توننا گۆش، 2048 توننا سۈت، 2959 توننا تۇخۇم، 491 توننا قوي يۇڭى، 50 توننا يىلە قوزىسى، 1520 توننا بېلىق مەھسۇلاتى ئېلىندى. 27.78 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 764 كىلومېتىر سۇغىرىش - سۇ چىقىرىۋېتىش ئېرىق - ئۆستەڭلى رېمونت قىلىندى، 3167 گېكتار ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى. 4567 گېكتار سۇغىرىش - سۇ چىقىرىۋېتىش كۆلىمى كۆپەيتىلدى ۋە ياخشىلاندى، 154 ئورۇندا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى ياسالدى، 219 يەردىكى كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش دامبىسى رېمونت قىلىنىپ مۇستەھكەملەندى، سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 37 مىليون 458 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 7710، سېتىش كىرىمى 299 مىليون 842 مىڭ يۈەن، پايدا 30 مىليون 704 مىڭ يۈەن.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 488 مىليون 700 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 378 مىليون 410 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %1.8 ئاشتى. 2487 توننا سۇ يېغى، 26 مىڭ 500 توننا ئۇن، 383 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 47 مىڭ 419 توننا ساپ پاختا، 7228 توننا پاختا يىپ، 137 مىليون 30 مىڭ دانە خىش، 330 مىڭ توننا سېمونت، 5966 توننا سۇلياۋ ياسالما (بۇنىڭ ئىچىدە سۇلياۋ يوپۇق 3858 توننا)، 68 مىڭ 647 كۋادرات مېتىر تالالىق گەج تاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. قىلىنغان قۇرۇلۇشلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 103 مىليون 240 مىڭ يۈەن، پۈتكەن ئۆي كۆلىمى 112 مىڭ 869 كۋادرات مېتىر. مۇشۇ يىلى پۈتكۈزۈلگەن نۇقتىلىق تۈرلەر: 8 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ «يېڭى يۇلتۇز» نەسىللىك قۇش فېرمىسى قۇرۇلدى، كۆلىمى 13.34 گېكتار، يىلىغا 3 مىليوندىن ئوشۇق ئۆرۈقلۇق تۇخۇم ئىشلەپچىقىرىدۇ؛ 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يەسلىگە ياقمايدىغان كۆكتات ئىشلەپچىقىرىش ئۆلگە بازىسى قۇرۇلدى، 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ «دوڭشىڭ» سەنجىيالىڭ چوشقىچىلىق فېرمىسى قۇرۇلدى، بۇ فېرما يىلىغا 13 مىڭ چوشقىنى بازارغا سالىدۇ. 4 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈپ، شەھەرلىك دولان كالا - قوي قۇشخانا مەركىزى قۇرۇلدى، قۇشخانىدا يىلىغا 50 مىڭ كالا، 200 مىڭ تۇياق قوي سويۇلىدۇ، 300 مىڭ تۇياق كالا، قوي سېتىلىدۇ. 5 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، شەھەر رايونىدىكى غەربىي «مەدەنىيەت» يولى قاتارلىق كوچا مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلدى؛ 22 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، سۇ بىلەن تەمىنلەش، سۇ چىقىرىۋېتىش تورۇبىسى ياتقۇزۇلدى ھەمدە ئوكسىدلاش كۆلچىكى قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلدى، شەھەرنى كۈندىگە سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 100 مىڭ تونىغا، يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى 60 مىڭ تونىغا يەتتى؛ 28 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىنىپ، ئاقسۇ مەدەنىيەت - سەنئەت مەركىزى، ۋوگزال مەيدانى قۇرۇلدى ۋە دولان باغچىسىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلدى. ئۇراقلىق مۇلۇككە 248 مىليون 940 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شەھەر ئىچكى ئۈلكىلەر بىلەن 13 تۈردە ئىقتىساد - تېخنىكا توختامى ئىمزالىدى، توختام سوممىسى 407 مىليون يۈەن بولۇپ، 367 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى. شەھەردىكى قاتناش، ترانسپورت كارخانىلىرىنىڭ يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 10 مىليون 350 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 11 مىليون 262 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 97 مىليون 728 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەھەر تېلېفونىنىڭ سىغىمچانلىقى 78 مىڭ توچكىغا، يىل ئاخىرىدىكى تېلېفون 57 مىڭ 670 توچكىغا، ئاھالە ئۆي تېلېفونى 44 مىڭ 944 توچكىغا يەتتى. شەھەر بويىچە پەكلىك سوممىدىن يۇقىرى توپ، پارچە سېتىش سودا كەسپىدە سېتىلغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى سوممىسى 50 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 802 (بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچى 474). ۋىلايەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرىدىن 9 ى ئورۇندالدى. بۇنىڭ ئىچىدە بىر تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 4 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، 3 تۈر ۋىلايەتنىڭ 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، 3 تۈر ۋىلايەتنىڭ 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شەھەردىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 9 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 8)، ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 407 (مىللىي 12 مىڭ 645)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 105 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 96)، ئوقۇغۇچىسى 38 مىڭ 366 (مىللىي 31 مىڭ 685). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 2345، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 605، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1706، بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىنىڭ 9، بالىلار باغچىسىنىڭ 25. مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 233 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. كەنت دەرىجىلىك «تۆت ئۆي، بىر مەيدان» (قىرائەتخانا، ئويۇنخانا، مەدەنىيەت پائالىيەت ئۆيى، رادىئو

ئاغىلىتىش ئۆيى، ۋاسكېتبول مەيدانى) نىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %97.7 كە يەتتى. شەھەر بويىچە يېزىلارنى تەڭشەلمە چاستوتىلىق سىمسىز رادىئو بىلەن قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، شەھەردە سىمسىز رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %92 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96 كە يەتتى. «ئاقسۇ شەھىرى يىلنامىسى ماتېرىياللار توپلىمى (1985 — 1999)» 11 - ئايدا نەشىردىن چىقتى. شەھەر بويىچە 12 داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 500 كارىۋات، 640 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 124 يېزا شىپاخانىسى، 226 يېزا دوختۇرى، 29 مەھەللە سەھىيە پونكىتى بار. شەھەر تەنھەرىكەتچىلىرى ۋىلايەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە چېلىشىش تۈرىدە كوللېكتىپ 1 -، ۋالىبولدا 1 -، ۋاسكېتبولدا 2 -، يېنىك ئاتلېتىكىدا كوللېكتىپ 2 - بولدى.

### خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى شەھەر بويىچە ئىشچى - خىزمەتچى 11 مىڭ 733، يىللىق ئومۇمىي مائاش 120 مىليون 130 مىڭ يۈەن، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق مائاش 8037 يۈەن. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق ساپ كىرىمى 1892 يۈەن. شەھەر بويىچە 25 مىڭ دېھقان ئائىلىسىنىڭ %79.5 ى هويلا - ئارامىلىرىنى ئۆزگەرتتى، ئۆزگەرتىلگەن كۆلەم 1029 گېكتار، هويلىلاردا ئۈزۈم، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋىلىك دەرەخ ئۆستۈرۈلدى. كالا، قوي، توخۇ، كەپتەرلەر بېقىلدى. مۇشۇ بىر تۈردىلا دېھقانلارنىڭ يىللىق كىرىمى 385 يۈەن ئاشۇرۇلدى. مۇشۇ يىلى سۇغۇرتا كەسپىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 721 مىليون 320 مىڭ يۈەن، بېرىلگەن تۆلەم 9 مىليون 330 مىڭ يۈەن. شەھەر بويىچە 608 نامرات ئائىلىنىڭ 426 سى نامراتلىقتىن تولۇق قۇتۇلدى. 588 شەھەر ئاھالىسى ئىجتىمائىي كاپالەت كۈيىكتى قىلىنىپ، ئۇلارغا ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلىدىن 1 مىليون 163 مىڭ 700 يۈەن تارقىتىلدى. شەھەر بويىچە باغچىسىمان ئورۇندىن 10 ى بەرپا قىلىندى. 352.63 گېكتار كۆكەرتىلگەن كۆلەم كۆپەيتىلدى، شەھەر بويىچە ئاممىۋى كۆكلەمەيدان كىشى بېشىغا 8.47 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلدى. شەھەرنىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %39.1 كە يەتتى. شەھەر ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈدا 3 قېتىم مەدەنىي شەھەر بولۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى ھەمدە دۆلەتنىڭ پاكىز شەھەرلەرنى باھالاش بويىچە ئېلىپ بارغان دەسلەپكى تەكشۈرۈشىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى. ئاقسۇ شەھىرى 6 - ئايدا مەملىكەت بويىچە ئورمان بەرپا قىلىش - كۆكەرتىشتىكى 100 ياخشى ناھىيە قاتارىغا كىردى.

★ ئاقسۇ شەھىرى 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى سەھەردە قارا يامغۇرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، يامغۇر 18.4 مىللىمېتىرغا يېتىپ، 63 ئېغىز ئۆي، 84 ئېغىل - قوتان، 2516 مېتىر قورۇقتام، بىر كۆۋرۈك ئۆرۈلۈپ چۈشتى. 2731.93 گېكتار يەردىكى زىرائەت ئوخشىمىغان دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىدى، 125 تۇياق چارۋا ئۆلدى، بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان 9 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

★ ئاقسۇ شەھىرى مەبلەغ توپلاپ قۇرۇپ چىققان يېزا، بازار، مەيدانلارنىڭ فاكىس ئالاقە لىنىيىسى 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

ياڭ جېپىڭ

# ئونسۇ ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئونسۇ ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىدىكى تۆمۈر چوققىسىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1019 كىلومېتىر. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 8، دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانى 6، دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىسى 5، دۆلەت ئورمانچىلىق مەيدانى 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى (بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 - شىسىنىڭ 5 - تۇەن - مەيدانى، 6 - تۇەن - مەيدانى ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تەجرىبە ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ نوپۇسىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) 208 مىڭ 891 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 162 مىڭ 627)، يېزا نوپۇسى 165 مىڭ 384؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰11.77، ئۆلۈش نىسبىتى ‰5.75، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰6.02. ناھىيە بويىچە 46 مىڭ 580 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 21 مىڭ 980 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئاق يەر ۋە ئېگىز)، 25 مىڭ 130 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئاق يەر ۋە ئېگىز) تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ئونسۇ ناھىيىسى شىنجاڭنىڭ تاۋار ئاشلىق بازىلىرىنىڭ بىرى، ئۇنىڭغا «جۇڭگو ئونسۇ گۈرۈچ ماكانى» دەپ نام بېرىلدى. ناھىيىنىڭ شالچىلىق مەيدانى مەملىكەت بويىچە «يېشىل يېمەكلىك» (سورتلۇق گۈرۈچ) بازىلىرىنىڭ بىرى، ناھىيىلىك شال ئۇرۇقچىلىق مەيدانىنىڭ «قارا مەرۋايىت» گۈرۈچى، ئىسپار گۈرۈچى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ناھايىتى بازار تاپقان. ناھىيە تەۋەسىدە سۇ بايلىقى مول، شىمالىي قىسمىدىكى تاغلىق رايوندا 197 قار - مۇزلۇق بولۇپ، سۇ زاپىسى 158 مىليارد 202 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ؛

43 چوڭ، كىچىك دەريا ئېقىنى بار. تەبىئىي سۇ بايلىقى 9 مىليارد 640 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 1 مىليارد 618 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 29 مىڭ 317.3 گېكتار ئورمان يېرى (يەرنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەكشۈرۈشكە دائىر سان) بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئورمانلىق 15 مىڭ 397.6 گېكتار. تەبىئىي ئوتلاق 533 مىڭ 980 گېكتار، پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق 507 مىڭ 433 گېكتار. دۆلەت تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن بۇغا، يىلپىز، قۇندۇز، قارا لەيلەك، ئاق قۇ قاتارلىقلار بار. دورىلىق ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن قوچاقتۇلى، قانتېپەر، كەتىرا، چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، چاچراتقۇ، كىرەش، قارلەيلىسى قاتارلىق 200 خىلدىن ئارتۇقى بار. تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ۋە ئېچىپ پايدىلىنىۋاتقان كان مەھسۇلاتلىرىدىن كۆمۈر، گەج، ئاشتۇزى، فوسفور، تۆمۈر، ئۇران، سۇرمە تاش، سېغىز توپا قاتارلىق 20 خىلدىن ئارتۇقى بار. كۆمۈرنىڭ زاپىسى 1 مىليارد توننىدىن ئاشىدۇ، كۆمۈر قاتلىمى مۇقىم، قېزىش ئاسان؛ ناھىيە تەۋەسىدە 10 تۇز تاغ 30 كىلومېتىر يەرگىچە ئېگىز - پەس سوزۇلۇپ ياتىدۇ. ئوتتۇرىچە ناترىي خلورىد تەركىبى %90 تىن ئاشىدۇ، زاپىسى 40 مىليارد توننىدىن ئاشىدۇ، ئۇ كەم ئۇچرايدىغان كان يالىسى ھېساپلىنىدۇ. دائىلىق سەيلىگاھلىرىدىن تەڭرىتاغ سىرلىق ئورمان باغچىسى ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى — تۆمۈر چوققىسى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى تەۋەسىدىكى تەڭرىتاغ ئورمان باغچىلىرى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئۈرۈمچى ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: فۇ جىنكۈي.

9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: كەنجى ھاپىز.

ھاكىم: ئەكبەر غوپۇر (1 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئەخمەت مۇھەممەت (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: تۇردى سادىق.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 688 مىليون 622 مىڭ 200 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 464 مىليون 544 مىڭ 700

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 73291 | 12.1 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 39283 | 10.1 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 18074 | 16.2 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 15934 | 12.6 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 116700 | 16.56 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 62.2 | 5.04 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 13526 | 0.93 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 122038 | 6.74 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 20953.8 | |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 47544 | 17.75 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 2426 | 5.11 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 9005 | 19.84 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 423 مىليون 420 مىڭ يۈەن.

يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 30.16% (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى. 161 مىڭ 700 توننا ئاشلىق، 1200 توننا ياغلىق دان، 3500 توننا پاختا ئېلىندى. 1435 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 84 مىليون 940 مىڭ 800 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 1580 گېكتار سۇغىرىش كۆلىمى كۆپەيتىلدى، 800 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. يېزا، بازار كارخانىسى 3621 گە، يېزا، بازار كارخانىلىرىنىڭ كىرىمى 129 مىليون 692 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 412 مىليون 760 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 315 مىليون 650 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 20.47% ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 139 مىليون 340 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 78 مىليون 130 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 17.88% ئاشتى. شۇ يىلى قۇرۇلۇۋاتقان چوڭ تۈرلەردىن 55 مىليون 370 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان تېرەك دەريا غول ئۆستىڭىنى سۇ سىڭمەس قىلىش - كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىغا 35 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 89 مىليون 490 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. تاشقى سودا ۋە ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق تۈردىن 7 سى ئىمزالاندى. توختام سوممىسى 80 مىليون يۈەن. جەمئىيەت بويىچە يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 535 مىليون 260 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 145 مىليون 330 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 983 مىڭ 400 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 6 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون 12 مىڭ دانىگە، يانتېلېفون ئابونىتى 1162 گە يەتتى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ سېتىلىش سوممىسى (پارچە، توپ، ۋاكالىتەن سېتىشمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 27 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ساياھەتچىلىك كىرىمى 501 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، ماائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 607. 2000 - يىلى ئونسۇ ناھىيىسىدىن 4 تۈر ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 2 تۈر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بالىلار باغچىسى 6 (باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تەييارلىق سىنىپىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، باغچىدىكى بالا 980 (مىللىي 113)، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 64 (مىللىي 34)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 113 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 102)، ئوقۇغۇچىسى 30 مىڭ 633 (مىللىي 27 مىڭ 186)، ئوقۇتقۇچىسى 1430 (مىللىي 1272)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 18 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 17)، ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 897 (مىللىي 13 مىڭ 514)، ئوقۇتقۇچىسى 633 (مىللىي 544)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ)، ئوقۇغۇچىسى 86، ئوقۇتقۇچىسى 12؛ ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر (مىللىي مەكتەپ)، كۇرسانتى 312، ئوقۇتقۇچىسى 43. مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 280 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 99.2% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 99.1% كە يەتتى. ئونسۇ ناھىيىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «تۆمۈر چوققىسى مەرۋايىتى» ئىقتىساد رادىئوسى پروگراممىسىنى يولغا قويدى. «تېلېۋىزىيىنى ھەممە كەنتكە يەتكۈزۈش» خىزمىتى 12 - ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. ناھىيە بويىچە 41 داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 463 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 327 كارىۋات بار. 178 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، كۆلىمى 2800 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان، 4000 تاماشىبىن سىغىدىغان بالىلار چىملىق پۇتبول مەيدانى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى پۈتتى. ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ چېلىشىش ۋە يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىدە، ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا 3 - بولدى؛ باشقا تۈرلۈك مۇسابىقىلەردە 10 تۈردە 1 -، 7 تۈردە 2 - بولدى ھەمدە ۋىلايەت بويىچە ئۆسمۈرلەر ب گۇرۇپپىسىنىڭ ئېگىزگە سەكرەش رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. 14 قېتىم تۈرلۈك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 52 مىڭ ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى ناھىيە بازىرى ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمى 1442 يۈەنگە، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2008 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 6000 يۈەنگە يەتتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 2 مىليون 200 يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 4 مىليون 11 مىڭ يۈەن، مال - مۈلۈك سۇغۇرتا تۆلىمى 1 مىليون 70 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتا تۆلىمى 412 مىڭ يۈەن بولدى. ناھىيە بازىرىدىكى كۆكەرتىلگەن كۆلەم 96.76 گېكتارغا، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 19.6% كە، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كۆكۈلمەيدان كۆلىمى 2.03 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. بىر كۋادرات كىلومېتىر كۆلەمدە

ئىس - تۇتۇش كونترول رايونى بەرپا قىلىندى. ئونسۇ ناھىيىسى 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئونسۇ ناھىيىسىگە «ئاپتونوم رايون بويىچە ئازلىقتا قىزىل بايراقدار ناھىيە بازىرى» دەپ نام بېرىلدى.

★1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئونسۇ ناھىيىلىك مىڭچۈەن دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى.

★ئونسۇ ناھىيىلىك ئورمان كېسەللىك - ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش خىزمىتى پونكىتى 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى دۆلەت دەرىجىلىك ئورمان كېسەللىك - ھاشارات زىيانداشلىقىنى كۆزىتىش ۋە مەلۇم قىلىش مەركىزى قىلىپ بېكىتىلدى.

★خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن تۇمشۇق يېزىسى 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تۇمشۇق بازىرىغا ئۆزگەرتىلدى.

لو چىڭپىڭ، بى يۇخې، يۈ جياڭ

# باي ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

باي ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، چۆلتاغنىڭ شىمالىي چېتىدىكى تاغ ئارىسى ئويمانلىقىغا، ئۆگەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ۋادىسىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 860 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 11، دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانى بىر، دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىسى بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 196 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 170 مىڭ 700)، يېزا نوپۇسى 150 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 13.91‰، ئۆلۈش نىسبىتى 6‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.91‰. ناھىيە بويىچە 48 مىڭ 670 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 29 مىڭ 120 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 1150 گېكتار)، 14 مىڭ 190 گېكتار (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 1700 گېكتار) يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

باي ناھىيىسى — ئاپتونوم رايوننىڭ ياغلىق دان بازىسى. ناھىيە تەۋەسىدە مۇزئارت، قاپسالاڭ، تەلۋىچۇق، قاراسۇ، قىزىلدىن ئىبارەت 5 ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى بار. ئۇلارنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 2 مىليارد 792 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ زاپىسى 2 مىليارد 700 مىليون كۇب مېتىرغا، ئىشلىتىشكە بولىدىغان مىقدارى 1 مىليارد كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 84 مىڭ گېكتار تەبىئىي ئورمانلىق، 690 مىڭ گېكتار تەبىئىي ئوتلاق، 9000 گېكتار سۈنئىي ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، قوڭغۇر ئېيىق، تاغ ئۆچكىسى، ئارقار قاتارلىقلار، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن قانتېپەر، سوغىگۈل، كىرەڭ، چۈچۈكبۇيا، كىمتىرا قاتارلىقلار، قېزىلما بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، مىس، مانگان رۇدىسى، تۆمۈر، نېفىت، تاشتۇز، گەج، تەبىئىي گاز قاتارلىق 40 نەچچە خىلى بار. قاپسالاڭ دەريا (ھازىرقى نامى تېرەك) ئارشىڭ ۋە داڭلىق باي قىزىل بۇددا مىڭئۆيى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ باي ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاۋ مىڭلىن (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جياڭ خۇي (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھېكىم ئانايەت.

ھاكىم: ئەمەت يۈسۈپ.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدۇرۇسۇل گايىت.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 437 مىليون 259 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 297 مىليون 853 مىڭ 600 يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 6% (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىكى شۇنداق) ئاشتى. 186 مىڭ 300 توننا ئاشلىق، 16 مىڭ 798 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. باي ناھىيىسىنىڭ ئىمانە ئورمىنى قۇرۇلۇشى 5 - ئايدا دۆلەت تەرىپىدىن تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇلدى، بۇ قۇرۇلۇشقا 2 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ، كۆلىمى 2100 گېكتار بولىدۇ. 744 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەجبۇرىيەت كۆچىتى 144 مىڭ تۈپ. 9200 توننا گۆش، 960 توننا سۈت، 1020 توننا قوي يۇڭى، 21 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 109 مىڭ 600 پارچە كالا، قوي، ئۆچكە تېرىسى، 390 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 8 - ئايدا باي ناھىيىلىك ئۆي قۇشلىرى باقمىچىلىق جەمئىيىتى قۇرۇلدى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 188 مىليون 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 24.5 تەبىئىي كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى. 189 كىلومېتىر ئۆستەڭ رېمونت قىلىنىپ

## خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 5.69 | 6.4 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 2.71 | 2.3 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 1.3 | 5.6 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 1.68 | 13.3 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تۈمەن توننا) | | 18.63 | —14.15 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 75.8 | 2.63 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 2.61 | 1.16 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 95121 | —2.37 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 16169 | 5.27 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 40822 | 11.53 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 2492 | 19.35 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 9771 | 17.12 |

ئىزاھ: يېزا، بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى يەككە كارخانىلارنىڭكىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مۇستەھكەملەندى، 6 يۈرۈشلەشكەن سۇغىرىش مۇئەسسەسەسى ياسالدى، 373.3 گېكتار يەر تۈزلەندى، 54.4 كىلومېتىر كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى ياسالدى، 496.67 گېكتار ئورمان بەلۋېغى ياسالدى، 21 مىڭ 500 گېكتار تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى، 29 مىڭ 500 گېكتار يەرنىڭ سۇغىرىش شارائىتى ياخشىلاندى، 5900 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى. 2000 - يىللىق يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرىنىڭ كۆلىمى 2666.67 گېكتارغا يەتتى، ئۇنىڭغا 3 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ بىلەن ناھىيىلىك تەرەققىيات رايونىدا 333.33 گېكتار سۈنئىي ئوتلاق بەرپا قىلىندى، 2666.67 گېكتار تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى، 1073.3 گېكتار يەر بوشىتىلىپ ئوتلاق بەرپا قىلىندى. 152 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشتۇرۇلۇپ، ناھىيە بويىچە چارۋىچىلارنىڭ ئولتۇراقلاشتۇرۇلۇش نىسبىتى 71% كە يەتتى. يېزا، بازار كارخانىسى 4779 غا، كەسپكارى 15 مىڭ 100 گە، يېزا، بازار كارخانىلىرىنىڭ كىرىمى 251 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (ئېلېكتر ئىستانسىسى بۇنىڭ سىرتىدا) 242 مىليون 680 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 172 مىليون 250 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 40.9% ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 86 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 8% ئاشتى. 111 مىليون 460 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 1 مىليون 354 مىڭ 500 توننا كۆمۈر، 6600 توننا كوكس، 1942 توننا ئاشتۇزى، ماشىنىدا قويۇلغان 32 مىليون دانە خىش، 1080 توننا ئاق ھاراق، 38 مىڭ 400 توننا ئۇن، 4840 توننا سۇ يېغى، 4553 توننا تۆمۈر قېتىشمىسى، 1500 توننا پىششىقلانغان ساپ پاختا، 1817 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 468 كۇب مېتىر پەنەركە، 621 توننا مانگان رۇدىسى، 1077 كۇب مېتىر سېمونت پاسالمىسى ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 77 مىليون 590 مىڭ يۈەن (ۋىلايەتنىڭ ناھىيىدە ئورۇنلاشقان ئورۇنلىرىنىڭكىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) مەبلەغ سېلىندى. كۆلىمى 66 مىڭ 13 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 22 كورپۇس تۇرالغۇ بىناسى سېلىندى. ناھىيە بويىچە 6 تۈرگە سىرتتىن مەبلەغ سېلىندى، بۇ تۈر مەبلىغىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 80 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان باي ناھىيىسى قۇملۇق كۆمۈرچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 8 - ئايدا تىجارەت باشلىدى؛ شىخەنزە

تېپەئەن كىمىيە - كېمىك زاۋۇتى 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇرۇپ چىققان باي ناھىيىلىك «تېپەئەن» كىمىيە - كېمىك زاۋۇتى 8 - ئايدا تىجارەت باشلىدى؛ شىنجاڭ «لۈجيا» قۇلماق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بىلەن 60 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان، 667 گېكتار كۆلەمدىكى قۇلماق بازىسى ۋە قۇلماق پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇش تۈرى ئىمزالاندى. بۇنىڭ ئىچىدىكى 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان قۇلماق پىششىقلاش زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى 9 - ئايدا باشلاندى. شى ئۇ ئا ر ئېلېكتر ئېنېرگىيە شىركىتى 3 يىلدا باي ناھىيىسىگە ئېلېكتر تورى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ۋە يېزا ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 68 مىليون 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىشنى پىلانلىغانىدى. شۇ يىلى 27 مىليون 871 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. 2 مىليون 220 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ناھىيىلىك مۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز پونكىتى قۇرۇلدى. مۇشۇ يىلى ئىمزالانغان ئاساسلىق تۈرلەر: شىنجاڭ «گۇاڭخۇي» تاش ماتېرىيال پاي چەكلىك شىركىتى باي ناھىيىسى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، باي ناھىيىسىگە 7 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ مەرمەر تاش كېنىنى بىللە ئېچىشقا پۈتۈشتى. باي ناھىيىسى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شىنەي ناھىيىسى بىلەن 15 تۈردە ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىق كېلىشىمى ۋە دوستلۇق كېلىشىمى ئىمزالىدى؛ شىنجاڭ «زوڭخېڭ» پاي چەكلىك شىركىتى بىلەن 3330 گېكتار كۆلەمدە قىزىلچا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇش كېلىشىمى ئىمزالىدى.

يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 85 مىليون 270 مىڭ ئادەم- كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 98 مىليون 560 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 724 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 8 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى كوممۇتاتور سىغىمچانلىقى 11 مىڭ 932 توچكىغا، پروگراممىلىق تېلېفون 8176 گە، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ سېتىلىش سوممىسى 11 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە، بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سودا 34 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 120 گېكتار يەردە يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات رايونى قۇرۇش پىلانلاندى. ناھىيە بويىچە يەككە سودا - سانائەتچى 3400 گە يەتتى. 43 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىك كىرىمى 1 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە كەسپىي تېخنىكا خادىمىدىن 4777 سى (تەكلىپ قىلىنىنغان 1430 كىشىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 39، ئوتتۇرا دەرىجىلىكى 677. باي ناھىيىسى 12 - ئايدا مەملىكەت بويىچە پەن - تېخنىكا خىزمىتىدە ئىلغار ناھىيە دېگەن نامغا ئېرىشتى. ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 183 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 159)، ئوقۇغۇچىسى 34 مىڭ 566 (مىللىي 30 مىڭ 635)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1655 (مىللىي 1426)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 21 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 17)، ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 855 (مىللىي 14 مىڭ 397)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 705 (مىللىي 591)؛ بالىلار باغچىسى 3، باغچىدىكى بالا 287. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %84 كە، سىملىق تېلېۋىزىيە تورىغا كىرگەن ئائىلە 2800 گە يەتتى. ناھىيە بويىچە 17 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 562 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 455 كارىۋات بار. ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىدە ناھىيە تەنتەربىيەچىلىرىدىن 7 كىشى 1 -، 11 كىشى 2 -، 9 كىشى 3 - بولدى. ۋىلايەت ئۇيۇشتۇرغان قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسىدە ناھىيە كوماندىسى ئومۇمىي نەتىجىدە 1 - بولدى. ناھىيە بويىچە 257 قېتىم چوڭ پائالىيەت ئۆتكۈزۈلدى، پائالىيەتكە 30 مىڭ 497 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1759 يۈەنگە يەتتى. شەھەر - بازاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 14 مىڭ 818 (ۋىلايەتنىڭ ناھىيىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بولۇپ، ئۇلارغا 110 مىليون 239 مىڭ يۈەن مائاش تارقىتىلدى. ناھىيە بويىچە سۇغۇرتا كەسپىلىرىنىڭ سۇغۇرتىلاش سوممىسى 353 مىليون 196 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا كىرىمى 9 مىليون 965 مىڭ يۈەنگە (بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ 4 مىليون 25 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتىنىڭ 5 مىليون 940 مىڭ يۈەن) يەتتى، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىدا 2 مىليون 180 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتىدا 480 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. 830 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىنىدى، 1160 ئائىلىدىكى 4784 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. ناھىيە بويىچە يۇندا چىقىرىۋېتىش ئىجازەتنامىسىدىن 230 ى تارقىتىلدى. 370 مىڭ يۈەن يۇندا چىقىرىۋېتىش خىراجىتى يىغىۋېلىندى.

☆ 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى باي ناھىيىسىدە بوغالتىرلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى ھەمدە بوغالتىر ئەۋەتىش تۈزۈمى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى.

☆دۆلەت ئاق چۈشكەن كۆزنى ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالاش ئەترىتىنىڭ تيەنجىن شۆبە ئەترىتى 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە باي ناھىيىسىدە كۆزگە ئاق چۈشكەنلەرنى ئوپېراتسىيە قىلدى، ناھىيە بويىچە 145 بىمار ئوپېراتسىيە قىلىنىپ، قايتا يورۇقلۇقنى كۆردى.

☆باي ناھىيىسى تىبرەك كۆمۈرچىلىك (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قۇرۇلۇپ ۋۇجۇدقا ئاشتى. بۇ شىركەت باي ناھىيىسىدىكى بىرنەچچە تايانچ كۆمۈر كېنى ۋە كۆمۈر بىرلەشمە سېتىش شىركىتى، خەلق باشقۇرۇشىدىكى پارتلىتىش شىركىتىنىڭ بىرلىشىشىدىن قۇرۇلغان بولۇپ، قارمىقىدا 23 شۆبە، تارماق كارخانا، 3000 دىن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچى بار، ئومۇمىي مەبلىغى 120 مىليون يۈەن بولۇپ، يىلىغا 1 مىليون 200 مىڭ توننىدىن 1 مىليون 500 مىڭ توننىغىچە كۆمۈر ئالىدۇ.

☆ خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن باي ناھىيىلىك چارچى دېھقانچىلىق مەيدانى 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى بازار قىلىپ قۇرۇلدى.

يالڭ شۈەن، خې شىن

# كۇچا ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

كۇچا ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 750 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 13، دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسى 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 380 مىڭ 887 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 342 مىڭ 363)، يېزا نوپۇسى 284 مىڭ 201؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰20.27، ئۆلۈش نىسبىتى ‰5.95، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰14.32. ناھىيە بويىچە 57 مىڭ 227 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 31 مىڭ 473 گېكتار يەرگە (ئېتىز تېرىلغۇ كۆلىمىنى شۇنىڭ ئىچىدە) ئاشلىق زىرائىتى، 28 مىڭ 400 گېكتار يەرگە (ئېتىز تېرىلغۇ كۆلىمى شۇنىڭ ئىچىدە) ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

كۇچا ناھىيىسىنىڭ دوپپا، گىلەم، قەلەمتىراش، كۆرپە قۇلاقچا، مىس چۆگۈن قاتارلىق مەشھۇر يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى بار. ناھىيە بويىچە يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 1 مىليارد 450 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 899 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 341 مىڭ 166 گېكتار ئورمان بار. بۇنىڭ ئىچىدە تەبىئىي ئورمانلىق 303 مىڭ 162 گېكتار. سۇ بېشى قەدىمكى شەھىرى، مىڭ - مىڭ مىڭئۆيى، قۇمتۇرا مىڭئۆيى، قىزىلقاغا مىڭئۆيى، قىزىلقاغا تۇراسى، كۇچا خانىقاسى، كۈسەن قەدىمكى شەھىرى، مەۋلانە ئەرشىدىن مازىرى، سىرلىق تيانشان جىلغىسى قاتارلىق مەشھۇر سەيلىگاھلىرى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كۇچا ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى گېڭشېڭ (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، لى گاڭ (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: موشۇر ۋاھاپ.

ھاكىم: مەتنىياز ئىمامنىياز.

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: تو شېڭفۇ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 988 مىليون 325 مىڭ 700 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 592 مىليون 439 مىڭ 100 يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %8.59 (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۈۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى. 194 مىڭ 110 توننا ئاشلىق، 1168 توننا ياغلىق دان، 39 مىڭ 180 توننا پاختا، 2625 توننا ياڭيۇ تۈرىدىكىلەر، 46 مىڭ 200 توننا كۆكتات، 12 مىڭ 302 توننا تاۋۇز، 2760 توننا قوغۇن، 375 توننا ياڭاق، 27 توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى. 1158 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. پارچە - پۇرات يەرلەرگە 390 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 20 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. يېڭىدىن 1058 گېكتار مېۋىزارلىق بەرپا قىلىنىپ، 59 مىڭ 522 توننا مەھسۇلات ئېلىندى. 17 مىڭ 770 توننا گۆش، 3690 توننا سۈت، 959 توننا قوي يۇڭى، 64 توننا ئۆچكە چۈپۈرى، 33.14 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 42 مىڭ 100 پارچە كالا تېرىسى، 640 مىڭ 800 پارچە قوي تېرىسى، 2713 توننا تۇخۇم، 200 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 34 مىليون 95 مىڭ 600 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 4.157

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 168071 | 9.09 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 54958 | 6.35 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 48565 | 32.65 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 64548 | 18.4 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 194110 | 7.51 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 86 | 4.24 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 22400 | 10.53 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 107975 | 8.03 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 32789.3 | 31.94 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 95807 | 10.63 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 9252 | 37.11 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 16876 | 21.73 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 1 مىليارد 272 مىليون 90 مىڭ يۈەن.

كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى ۋە رېمونت قىلىندى. 15.16 كىلومېتىر U شەكىللىك سۇ سىڭمەس تارماق ئۆستەڭ رېمونت قىلىندى. 41.4 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس توپا ئۆستەڭ چېپىلدى، 124 كىلومېتىر زەيكەش رېمونت قىلىندى. 84.19 كىلومېتىر زەيكەش چېپىلدى، 6533 گېكتار تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى. 8000 گېكتار شورلۇق يەر ياخشىلاندى. 156 يورۇشلەشكەن سۇچىلىق مۇئەسسەسەسى ياسالدى. كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرىدىغان مۇستەھكەم توسمىدىن 10 كىلومېتىر، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرىدىغان ۋاقىتلىق توسمىدىن 65.4 كىلومېتىر ياسالدى. 5267 گېكتار سۇغىرىش كۆلىمى كۆپەيتىلدى، 2109 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. يېزا - بازار كارخانىسى 9275 كە، كىرىمى 217 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 578 مىليون 166 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 329 مىليون 789 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 20.67% ئاشتى. سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 167 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 32.3% ئاشتى. چىقىرىلغان توك مىقدارى 3 مىليون 300 مىڭ كىلوۋات سائەتكە يەتتى. 495 مىڭ 700 توننا كۆمۈر، 1432 توننا تۇز، 61 مىڭ توننا ئۇن، 4040 توننا سۇ يېغى، 475 توننا ئارىلاشما يەم - خەشەك، 299 توننا ئاق ھاراق، 275 توننا ئىچىملىك، 32 مىڭ 560 توننا ساپ ياختا، 35 مىڭ پار ئاياغ كىيىم، 23 مىڭ 38 توننا كوكس، 51 مىڭ 500 توننا سېمونت، 215 مىليون 500 مىڭ دانە خىش، 1031 توننا سۇلياۋ ياسالمىسى ئىشلەپچىقىرىلدى. 27 مىليون 990 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان خەلق ئاۋئاتسىيىسى ئايرودرومىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا 22 مىليون 430 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 15 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان شەرقىي شەھەر سۇ زاۋۇتىغا 8 مىليون 550 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 21 مىليون 380 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان گەرزان، قۇلايلىق ئۆيلەرنىڭ 45 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرى پۈتتى ھەمدە ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. ئۇزۇنلۇقى 9.6 كىلومېتىر كېلىدىغان ئاۋئاتسىيە يولى، يېڭىئاۋات يولى، شىمالىي تارىم يولى، پويىز ئىستانسىسى شىمالىي بۆلىكى، جەنۇبىي ئايلانما يول قاتارلىق 9 شەھەر يولىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ۋە 11.3 كىلومېتىرلىق يېزا - كەنت يولىنى ياساش قۇرۇلۇشى پۈتتى. 2000 - يىللىق «ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى» دە 8 تۈردە توختام ئىمزالاندى، پۈتۈشۈش سوممىسى 3 مىليارد 221 مىليون 970 مىڭ يۈەن. جىبجيالىڭ ئۆلكىسى يۈگاڭ شەھەرلىك ياختا

توقۇمىچىلىق فابرىكىسى 60 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغاندىن، يىلىغا 30 مىڭ ئۆرۈچۈق يىپ ئىگىرىدىغان كۇچا چىلۇڭ پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۇل سېلىندى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 141 مىليون 470 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتى يولۇچى ئوبوروت مىقدارىنى 70 مىليون 400 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتكۈزدى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 103 مىڭ 400 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 23 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇقىم تېلېفون 19 مىڭ 445 توچكىغا يەتتى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 27 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە، بازار سودىسىدا پۈتتۈشۈلگەن سومما 150 مىليون يۈەنگە يەتتى. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن بولۇپ 150 مىڭ ساياھەتچى (قېتىم) (بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەللىك مېھمان 5770 ئادەم - قېتىم) كۈتۈۋېلىندى. ساياھەتچىلىكتىن 7 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 7417 (پېنسىيىگە چىققانلار بۇنىڭ سىرتىدا)، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 67. باللار باغچىسى 3 (مىللىي باغچا 2)، باغچىدىكى بالا (تەييارلىق سىنىپمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 853 (مىللىي 365). باغچا ئوقۇتقۇچىسى 38 (مىللىي 31)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 199 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 192)، ئوقۇغۇچىسى 61 مىڭ 593 (مىللىي 57 مىڭ 428)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 3099 (مىللىي 2833)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 20 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 18)، ئوقۇغۇچىسى 27 مىڭ 239 (مىللىي 23 مىڭ 140)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1324 (مىللىي 1166)، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر (مىللىي كەسپىي ئوتتۇرا)، ئوقۇغۇچىسى 120 (مىللىي)، ئوقۇتقۇچىسى 8 (مىللىي)؛ ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر (مىللىي)، ئوقۇتقۇچىسى 29 (مىللىي). 5 - ئايدا چىمەن يېزىسىغا مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى «جۇڭگو خەلق سەنئىتى ماكانى» دەپ نام بەردى. ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى 7 - ئايدا لىن جىلۇ خاتىرە سارىيىغا ئاپتونوم رايوننىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بازىسى دەپ نام بەردى. كۇچا ناھىيىسى 1999 — 2000 - يىللىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 98% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 96% كە يەتتى. 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كۇچا ناھىيىسىنىڭ ھەممە كەنتكە رادىئو - تېلېۋىزىيە يەتكۈزۈش خىزمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. ناھىيە بويىچە 19 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (دوختۇرخانا 3، شىپاخانا 13)، 779 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 787 كارىۋات بار. 4 - ئايدا كۇچا ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى ئاپتونوم رايون بويىچە «ئون ياخشى دوختۇرخانا» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1706.58 يۈەنگە، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7235 يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى مال - مۈلۈك سۇغۇرتا كىرىمى 5 مىليون 600 مىڭ يۈەن، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىدا تۆلەنگەن تۆلەم 1 مىليون 632 مىڭ يۈەن؛ جىسمانىي سۇغۇرتا كىرىمى 9 مىليون 471 مىڭ يۈەن، تۆلەنگەن تۆلەم 654 مىڭ يۈەن، بېرىلگەن سومما 2 مىليون 110 مىڭ 700 يۈەن بولدى. ناھىيە بويىچە كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىدىن 12 مىڭ ئادەم پاشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، سۇغۇرتىغا قاتنىشىش نىسبىتى 100% كە يەتتى. 14 مىڭ 192 كىشى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - سۇنى ياخشىلاشقا 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 800 ئادەم ۋە 15 مىڭ چارۋىنىڭ سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى. ناھىيىدىكى 3045 نامرات ئائىلىنىڭ 1745 ى نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلدى. نامرات ئائىلىلەرنىڭ قايتا نامراتلىشىش نىسبىتى 3% ئىچىدە كونترول قىلىندى.

☆ كۇچا ناھىيىسى ئۈزۈن يېزا ئۈزۈن 1 - كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاياللار مۇدىرى خەيرىنساخان غازى 5 - ئايدا مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

☆ 961 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ياقا يېڭىلىك گازلىقى 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئومۇميۈزلۈك ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

☆ ج خ مىنىستىرلىكى 12 - ئايدا كۇچا ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ ساقچىسى تۇرغۇن داۋۇتقا «مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىسى» دەپ شەرەپلىك نام بەردى ھەم 1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئالدى.

فېڭ رۇيلەن

# توقسۇ ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

توقسۇ ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم

ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە، ئۆگەن دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغا تاشيول مۇساپىسى 794 كىلومېتىر، تۆمۈر يول مۇساپىسى 779 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 6، مەيدان 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 136 مىڭ 449 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 129 مىڭ 448)، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا نوپۇسى 105 مىڭ 274؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰18.4، ئۆلۈش نىسبىتى ‰5.88، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰12.52. ناھىيە بويىچە 32 مىڭ 120 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 13 مىڭ 266.7 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 3600 گېكتار)، 16 مىڭ 700 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

توقسۇ ناھىيىسى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنىڭ بىرى، ئىقتىسادىي زىرائەتلىرى كېۋەز بىلەن ياغلىق داننى ئاساس قىلىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئۈستى سۈيى ئاساسەن ئۆگەن دەرياسىدىن كېلىدۇ، يەر ئاستى سۇ زاپىسى 290 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 27 مىڭ 200 گېكتار ئورمان، 116 مىڭ 200 گېكتار ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن جەرەن، ئىپار چاشقىنى، بۆغا قاتارلىقلار، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن زاراڭزا، چۈچۈكبويا، قىياق قاتارلىقلار، ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن نېفىت، تەبىئىي گاز، تاش تۇز، گەج، تۆمۈر قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

جكپ توقسۇ ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ جىنلىڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۇردى نىياز.

ھاكىم: مەمەت ھۈسەن.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋاڭ چۈنشىڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 389 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 255 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %6.42 (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 43644 | 11.41 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 28028 | 9.61 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 9283 | 15.27 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 6333 | 14.32 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تۈمەن توننا) | | 8.05 | 3.89 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 27.83 | 4.04 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 9426 | 11.71 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 5.3 | 9.4 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 10776.8 | 19.97 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 25711 | 13.45 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 1510 | 13.28 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 6848 | 19.28 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 280 مىليون 360 مىڭ يۈەن.

ئاشتى. 80 مىڭ 500 توننا ئاشلىق، 604 توننا ياغلىق دان، 22 مىڭ 500 توننا پاختا، 12 مىڭ 763 توننا قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات، 450 توننا بېدە، 15 مىڭ 904 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىدىغان 708.67 گېكتار ئېتىز بەرپا قىلىندى. ئورمانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 352 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى. 933.3 گېكتار پەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 66.77 گېكتار پەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. ناھىيىنىڭ تېرىلغۇ يەرلەرنى بوشىتىپ ئورمان، ئوتلاق بەرپا قىلىش ۋە تاغ - دەريالارنى گۈزەللەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى. تۆمۈر يول لىنىيىسى يېشىل كارىدورى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى. يېڭىدىن 793.33 گېكتار مېۋىزارلىق بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە نەشپۈتزارلىق 506.67 گېكتار. 4200 توننا گۆش، 820 توننا تۇخۇم، 1645 توننا سۈت، 324 توننا قوي يۇڭى، 4 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 982 پارچە كالا تېرىسى، 28 مىڭ 700 پارچە قوي تېرىسى ئېلىندى. 100 توننا بېلىق تۇتۇلدى، 32 توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى. يىل ئاخىرىدىكى كەپتەر سانى 284 مىڭ 500، شۇ يىلى سېتىلغان كەپتەر 509 مىڭ 700. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 42 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 6.8 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 58 كىلومېتىر زەيكەش چېپىلدى، 733.3 گېكتار يەر تۈزلەندى، 2000 گېكتار تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى، 23 قۇدۇق قېزىلدى، 800 گېكتار سۇغىرىش كۆلىمى كۆپەيتىلدى، 48.5 كىلومېتىر يېزا يولى ياسالدى. يېزا - بازار كارخانىسى 2630 قا، كىرىمى 90 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممەت 24 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە، ئەمەلىي پايدىسى 8 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 80 مىليون 256 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 53 مىليون 670 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %11.3 ئاشتى. سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 22 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 7200 توننا ئۇن، 3607 توننا سۇ يېغى، 405.9 توننا سۇلياۋ ياسالمىسى، 15 مىڭ 100 توننا پىششىقلانغان ساپ پاختا، 21 مىليون 228 مىڭ 900 دانە خىش، 800 كۋادرات مېتىر گەج تاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. 467 مىڭ 700 نۇسخا باسما بۇيۇمى نەشر قىلىندى. 810 مىڭ 200 كۇب مېتىر تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەندى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 95 مىليون 140 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 62 مىليون 150 مىڭ يۈەن، تۇرۇبا سۈيى زاۋۇتىنىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى، بۇنىڭغا 9 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 15 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ناھىيە بازىرىدىكى 4.25 كىلومېتىر يولنى ئۆزگەرتىش ۋە يورۇتۇشلەشكەن مۇكەممەل قۇرۇلۇشى تاماملاندى. ئولتۇراق رايون 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 160 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىشكە 3 مىليون 790 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 509.5 كىلومېتىر سىم تارتىلىپ، 20 كەنت، 20 مىڭغا يېقىن ئادەمنىڭ توك مەسىلىسى ھەل قىلىندى. توشۇلغان يولۇچى 344 مىڭ 200 ئادەم (قېتىم) گە، يۈك 44 مىڭ 500 تونناغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 440 مىڭ يۈەنگە، كەسپىي كىرىمى 1 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 6 مىليون يۈەنگە، كەسپىي كىرىمى 5 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بازار - يېزىلاردا پروگراممىلىق تېلېفون ئابونىتى 5775 كە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ھەرخىل تېخنىكا خادىمىدىن 3772 (مىللىي 2704) سى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارى 388 (ئالىي دەرىجىلىكى 15). باشلانغۇچ مەكتەپ 84 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 80)، ئوقۇغۇچىسى 22 مىڭ 303 (مىللىي 21 مىڭ 33)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 1305 (مىللىي 1198)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 10 (مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 3، مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 9)، ئوقۇغۇچىسى 9984 (تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 797، مىللىي 692)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 567 (تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 77، مىللىي 66)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 240 (مىللىي 96)، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 19 (مىللىي 5). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 172 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 7510 كۋادرات مېتىر كۆلەمدە مەكتەپ ئۆيى سېلىندى. «جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ توقسۇ ناھىيىسى تارىخىدىكى چوڭ ئىشلىرى» 6 - ئايدا نەشر قىلىندى. يىل ئاخىرىدا تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90 كە، رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90 كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 10 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 486 سەھىيە خادىمى (تېخنىكا خادىمى 413، مىللىي 311)، 329 كارىۋات بار.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1275.12 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق

ئوتتۇرىچە يۇل ماڭاشى 7646 يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ يىلى 693 ھەق بەخش تۈرى ئېنىقلاپ چىقىلىپ، 25 تۈرنىڭ ئۆلچىمى ئازايتىلدى، 43 تۈر بىكار قىلىندى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتا كىرىمى 1 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتا كىرىمى 2 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىدا 510 مىڭ يۈەن، جىسمانىي سۇغۇرتىدا 407 مىڭ يۈەن تۆلەم بېرىلدى. داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىش نىسبىتى %91 كە، فوند تاپشۇرۇش نىسبىتى %96 كە يەتتى. كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىش نىسبىتى %90 كە، فوند تاپشۇرۇش نىسبىتى %90 كە يەتتى.

☆ جۇڭگو - بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بالىلار فوندى جەمئىيىتىنىڭ (WES) سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە مۇھىت ھەمكارلىق تۈرى ئارقىلىق ناھىيە بويىچە سۇ كەمچىل بىر دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە 40 كەنتتىكى 35 مىڭ 295 ئادەم پاكىز چوڭقۇر قۇدۇق سۈيى ئىچەلەيدىغان بولدى.

لو شىنلىڭ، شيا دېيۈن

# شايار ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

شايار ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىغا، تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىغا، ئۆگەن دەرياسىنىڭ ئۆۋەن ۋادىسىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 832 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 7، دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسى 3. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 196 مىڭ 847 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 167 مىڭ 575)، يېزا نوپۇسى 162 مىڭ 964؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰18.1، ئۆلۈش نىسبىتى ‰3.9، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰14.2. ناھىيە بويىچە 50 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 20 مىڭ گېكتار يەرگە (ئېگىز ئورنى 8100 گېكتار) ئاشلىق زىرائىتى، 32 مىڭ 400 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

شايار ناھىيىسى شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە سۇپەتلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنىڭ بىرى. يەر ئۈستى سۈيى ئاساسلىقى تارىم دەرياسى بىلەن ئۆگەن دەرياسىدىن كېلىدۇ. يەر ئاستى سۇ زاپىسى نىسبەتەن كەمچىل. تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا 52 مىڭ 400 گېكتار توغراقلىق بار، تارقاق ئۆسكەن توغراقلىق 14 مىڭ 300 گېكتارغا يېتىدۇ. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن بۇغا، ياۋا تۆگە، ساقا ئۆردەك، سۇرتۇرنا، لەيلەك قاتارلىقلار، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چۈچۈكبۇيا، لوپنۇر كەندىرى قاتارلىقلار بار، ناھىيە تەۋەسىدە نېفىت زاپىسى بىر قەدەر مول، باشقا قېزىلما بايلىق زاپىسى ئازراق.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ شايار ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۈن شىڭجيې.

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مىجىت مۆمىن.

ھاكىم: توختى بەكرى.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئوسمان ساساق.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 721 مىليون 625 مىڭ 800 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 501 مىليون 771 مىڭ 800 يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %8.75 (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە، ئۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى. 116 مىڭ 399 توننا ئاشلىق، 44 مىڭ 600 توننا پاختا، 5520 توننا ياغلىق دان، 7935 توننا كۆكتات ئېلىندى. 352 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 500 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 113 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. باغ كۆلىمى 3356 گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى بەرپا قىلىنغان باغ كۆلىمى 1016 گېكتار، 22 مىڭ 100 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى، 6920 توننا گۆش، 395 توننا يۇڭ، 42.66 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 169 مىڭ 600 دانە تېرە، 525 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 10 مىليون 830 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ كىرىمى 194 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 142 مىليون 7000 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 118 مىليون 102 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %9.1 ئاشتى. 5128 توننا ئۇن، 6290 توننا سۇ يېغى، 485 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 3611 توننا پاختا يىپ، 226 توننا چۈچۈكبۇيا، 100 مىڭ تال تۆمۈر دېھقانچىلىق سايمىنى ئىشلەپچىقىرىلدى، 1 مىليون 50 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەندى. تۇراقلىق مۈلۈككە 100 مىليون 720 مىڭ يۈەن مەبلەغ

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 73314 | 8.4 |
| يۇنىڭ ئىچىدە: 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 44459 | 6.5 |
| يۇنىڭ ئىچىدە: 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 7267 | 10.9 |
| يۇنىڭ ئىچىدە: 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 21588 | 12.9 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | 116399 | 6.29 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 61.72 | 3.99 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 19402 | 16 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | 100805 | 0.13 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | 40576 | 9.29 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 2743 | 10.53 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 8825 | 25.18 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 473 مىليون 213 مىڭ 400 يۈەن.

ئېلىندى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 57 مىليون 600 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 38 مىليون 400 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 8 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە كوممۇتاتورنىڭ سىغىمچانلىقى 12 مىڭ 840 توچكىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر تېلېفونى سىغىمچانلىقى 9000 توچكىغا، يېزا تېلېفونى سىغىمچانلىقى 3840 توچكىغا، شەھەر تېلېفون ئابونتى 6144 كە، يېزا تېلېفون ئابونتى 2743 كە يەتتى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 360 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 2776، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 431 (ئالىي دەرىجىلىكى 23). ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 139 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 116)، ئوقۇغۇچىسى 32 مىڭ 597 (مىللىي 28 مىڭ 285)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 14 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 12)، ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ 74 (مىللىي 10 مىڭ 986)؛ بالىلار باغچىسى 2 (مىللىي باغچا يوق)، باغچىدىكى بالا 430 (مىللىي 210). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 1932 (مىللىي 1522). رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 98.4% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 97.4% كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 15 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (دوختۇرخانا 13)، 686 سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 425 كارىۋات بار.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1705 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق پۇل مائاشى 7867 يۈەنگە يەتتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتا كىرىمى 2 مىليون 168 مىڭ يۈەن بولۇپ، 923 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. 12 - ئايدا شايار ناھىيىسى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن گەلە پاكىز ناھىيە بازىرى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

ۋاڭ يۈنپىڭ

# ئۇچتۇرپان ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئۇچتۇرپان ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، توشقان دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىن زونىسىغا جايلاشقان، ناھىيە

بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1111 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 8، مەيدان 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 178 مىڭ 20 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 160 مىڭ 983)، يېزا نوپۇسى 146 مىڭ 141؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.13‰، ئۆلۈش نىسبىتى 7.44‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 13.69‰. ناھىيە بويىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 28 مىڭ 820 گېكتار. ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 23 مىڭ 20 گېكتار (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 2400 گېكتار)، ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 6367 گېكتار. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ مەنزىرىسى گۈزەل بولۇپ، توققۇز بۇلاق باغچىسى، مۆلجەرتاغ، قوڭغۇراق - دۈمباق راۋىقى (ئىنقىلابىي قۇربان لىن جىلۇ بوزۇن ئىش بېجىرگەن جاي)، سوۋۇتقا بۇلاق، يېڭى ئايماق قەلئەسى، يەتتە قىزلىرىم مەقبەرىسى، شىمالىي تۆپىلىك قىياتاش سىزمىلىرى، مەككىز دۆڭ تۇراسى قاتارلىق سەيلىگاھلىرى بار. يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىم مىقدارى 3 مىليارد 221 مىليون كۇب مېتىر، يەر ئاستى سۇ زاپىسى 1 مىليارد 875 مىليون كۇب مېتىر؛ سۇ يۈزى كۆلىمى 733.33 گېكتار، پايدىلىنىلغىنى 105 گېكتار. پايدىلانغىلى بولىدىغان 474 مىڭ 700 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق، ئۆزگەرتكىلى بولىدىغان 225 مىڭ 700 گېكتار ئوتلاق بار. 117 مىڭ 100 گېكتار ئورمان بار. بۇنىڭ ئىچىدە تەبىئىي ئورمان 103 مىڭ 700 گېكتار، ناھىيىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 13.9% (سۇغىرىلىدىغان دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 32.7%). ناھىيە تەۋەسىدە ياۋايى ھايۋانلاردىن ئارقار، كىيىك، سۇغۇر، قىرغاۋۇل، قاپلان، ياۋا تۆگە قاتارلىق 25 خىل ھايۋان، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چوچۇكبويا، قارلەيلىسى، قانتېپەر قاتارلىق 13 خىل ئۆسۈملۈك بار. ناھىيە تەۋەسىدە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن فوسفور، ھاك تېشى، قوشۇغۇن، سىنك رۇدىسى، مەرمەر، ئاليۇمىن رۇدىسى، گەج، ئېغىر كرىستال، ئالتۇن، ئىسلاندىيە تېشى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئۇچتۇرپان ناھىيىلىك 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سۇن جېندا (3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، شۇ مىڭ (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۇرسۇن مامۇت.

ھاكىم: ئابلىز تۇنىياز.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ۋۇ چىڭخەي.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 393 مىليون 906 مىڭ 200 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 248 مىليون 92 مىڭ 100 يۈەن) گە يەتتى. 132 مىڭ 922 توننا ئاشلىق، 14 مىڭ 355 توننا ياغلىق دان، 4462 توننا پاختا (ساپ پاختا) ئېلىندى. 1747 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 420 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 53 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى؛ 980 گېكتار باغ يېڭىدىن بەرپا قىلىندى، 19 مىڭ 996 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى ناھىيىگە مەملىكەت بويىچە ئورمانچىلىق ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە دەپ نام بەردى. 7261 توننا گۆش، 2310 توننا سۈت، 406 توننا يۇڭ، 189 مىڭ پارچە تېرە، 285 توننا تۇخۇم، 20 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 1134 گېكتار يەر تۈزلەندى، 150 يۈرۈشلەشكەن سۇغىرىش مۇئەسسەسەسى ياسالدى، 3.30 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، 206 كىلومېتىر سۇغىرىش - زەي چىقىرىش ئۆستىڭى رېمونت قىلىندى، 27 كىلومېتىر كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توغىنى رېمونت قىلىنىپ مۇستەھكەملەندى، 2600 گېكتار سۇغىرىش كۆلىمى كۆپەيتىلدى ۋە ياخشىلاندى، 600 گېكتار ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك ئېتىز ئۆزگەرتىلدى. ناھىيە بويىچە 27 يېزا - بازار كارخانىسى، 253 يەككە تىجارەتچى بار، ئۇلارنىڭ ياراتقان پايدىسى 9 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 29 مىليون 360 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 16 مىليون 240 مىڭ يۈەن) گە يەتتى. 7 مىليون 440 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ھاسىل قىلىندى. 19 مىليون دانە خىش پىشۇرۇلدى، 2900 توننا فوسفور رۇدىسى قېزىلدى، 4400 توننا ساپ پاختا، 37 مىڭ 200 توننا ئۇن، 1206 توننا سۇ يېغى، 312 توننا ئاق ھاراق، 72 توننا مىنېرال سۇ ئىشلەپچىقىرىلدى. ناھىيە بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 30 مىليون 740 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىللىق يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 48 مىليون 640 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 32 مىليون 280 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 5537 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە بازىرىدىكى شەخسىي

### خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 33780 | 12.5 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 23924 | 6 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 2686 | 26.4 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 7170 | 33.3 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 132922 | 2.9 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 49.68 | 0.81 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 7028 | 15.59 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 53016 | 7.85 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 5834 | 10.39 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 21718 | 10.9 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 790 | 8.97 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 6227 | 22.29 |

تېلېفون 2609، يېزىلاردىكى شەخسىي تېلېفون 2107. ناھىيە بويىچە بازار سودىسىدا پۈتتۈشۈلگەن سومما 83 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىن كەلگەن 123 مىڭ ئادەم (قېتىم) ساياھەتچى كۈتۈۋېلىندى، ساياھەتچىلىكتىن 258 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 477 (مىللىي 448). باشلانغۇچ مەكتەپ 102 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 100)، ئوقۇغۇچىسى 28 مىڭ 521؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 11 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 10)، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 918؛ بالىلار باغچىسى 2 (مىللىي باغچا بىر)، باغچىدىكى بالا 287. مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1796 (مىللىي 1704). ناھىيە بويىچە رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %97 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96 كە يەتتى. 957 مەيدان - قېتىم (يېزىلاردا 769 مەيدان - قېتىم) كىنو قويۇلۇپ، 115 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. ناھىيە بويىچە 13 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (بەككە ئاپپارات 6)، 319 كەسپىي تېخنىكا خادىمى (مىللىي 283)، 268 كارىۋات بار.

2000 - يىلى ناھىيىگە دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى مەملىكەت بويىچە تەنتەربىيە خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە دېگەن نامنى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە دېگەن نامنى بەردى.

### خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1190 يۈەنگە، ناھىيە بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7987 يۈەنگە يەتتى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتا كىرىمى 1 مىليون 538 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 856 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى؛ جىسمانىي سۇغۇرتا كىرىمى 1 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 470 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. 2000 - يىلى 1 مىليون 98 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى ۋە بۇيۇمى تارقىتىلدى. 709 ئائىلىدىكى 2887 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

ۋاڭ خەنچىڭ

## ئاۋات ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

ئاۋات ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە،

دەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شىمالىي چېتىگە، ئاقسۇ، يەكەن، خوتەن دەريالىرىنىڭ تىنما تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاشيول مۇساپىسى 1077 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 5، مەيدان 3. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى (بىڭتۇەن ۋە باشقا جايلارنىڭ ناھىيىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ نوپۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 209 مىڭ 700 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 160 مىڭ 800، بىڭتۇەن ۋە باشقا جايلارنىڭ ناھىيىدە تۇرۇشلۇق نوپۇسى 21 مىڭ)، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق نوپۇسى 145 مىڭ 100؛ نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 13.2‰. ناھىيە بويىچە 46 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 16 مىڭ گېكتار يەرگە (ئېكىنز تېرىلغۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئاشلىق زىرائىتى، 30 مىڭ گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىلدى. كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ئاقسۇ كونا دەرياسى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىدە ئاۋات ناھىيىسى سۇغىرىش رايونىنىڭ شىمالىي قىسمىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ئۇ ناھىيىنى سۇغىرىدىغان بىردىنبىر دەريادۇر. يىللىق باشلىنىدىغان سۇ مىقدارى 1 مىليارد 387 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 703 مىليون كۇب مېتىرغا، ناھىيە تەۋەسىدىكى سۇ يۈزى 2000 گېكتارغا يېتىدۇ. كۆل ۋە سازلىقلاردا زور مىقداردا قومۇش ئۆسىدۇ، شورلۇق چۆللەردە مول ئاش تۇزى، شور بار. ناھىيىدە 27 مىڭ 867 گېكتار تەبىئىي توغراقلىق، 164 مىڭ 400 گېكتار تەبىئىي بىنەم ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن بۇغا، ياۋا ئېشەك، بۆكەن، ئاق قۇ، كېپار چاشقىنى، ئاق لەيلەك قاتارلىقلار، دورىلىق ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن چۈچۈكبۇيا، توشقان زەدىكى، كىرەش، سوغىگۇل، يەرمەدىكى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئاۋات ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جۇ جىاڭ (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ليۇ بىن (11 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئاۋۇت داۋۇت.

ھاكىم: مەمەتجان ئابلا (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابلەت ياقۇپ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 697 مىليون 322 مىڭ 100 يۈەن (1990 - يىلدىكى

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 50300 | 8.8 |
| يۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 33300 | 8.5 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 7400 | 5.7 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 9600 | 7.8 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 96000 | 0.94 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 46.15 | 1.36 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 12938 | 0.2 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 112950 | —2.75 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 13164 | 0.1 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 33784 | —8.7 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 2300 | —1.11 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 8200 | 17.68 |

ئىزاھ: جەدۋەلدىكى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى.

ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 560 مىليون 162 مىڭ 100 يۈەن) گە يەتتى. 96 مىڭ توننا ئاشلىق، 44 مىڭ 898 توننا پاختا، 29 مىڭ 277 توننا قوغۇن - تاۋۇز - مېۋە - چېۋە ئېلىندى. 935 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 1600 گېكتار تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان بەرپا قىلىش تۈرى يولغا قويۇلدى. 6935 توننا گۆش، 2560 توننا سۈت، 1130 توننا تۇخۇم، 485 توننا قوي يۇڭى، 90 مىڭ 758 پارچە كالا - قوي تېرىسى، 147 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 36 مىڭ 562 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، 2165 توننا سۇلياۋ يوپۇق، يېزا - كەنتلەردە 16 مىليون 580 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى. يېزا - بازار كارخانىسى 3804 بولۇپ، پايدىسى 4 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 3443 يەككە سودا - سانائەتچى بار.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 164 مىليون 180 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 102 مىليون 70 مىڭ يۈەن) گە يەتتى. مۇشۇ يىلى 4 مىليون 400 مىڭ كىلوۋات سائەت توك چىقىرىلدى، 2700 توننا پاختا يىپ، 6100 توننا سۇ يېغى، 32 مىڭ توننا ئۇن، 37 مىڭ توننا پىششىقلانغان ساپ پاختا، 1300 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 13 مىليون دانە خىش، 748 دانە سۇلياۋ يوپۇق يېيىش ماشىنىسى ئىشلەپچىقىرىلدى، 1 مىليون 108 مىڭ كۇب مېتىر تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەندى. تۇراقلىق مۈلۈككە 137 مىليون 770 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئاۋات ناھىيىسى «مول ھوسۇل» ئۆستىڭى يۇقىرى بۆلىكىدىكى سۇ سىڭىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە كونا دەريا ئوتتۇرا بۆلىكىنى تۈزەش قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇپ، يىل ئاخىرىدا قۇرۇلۇشنىڭ %80 ى تاماملاندى. ناھىيە بازىرىدا ئولتۇراق رايونىنىڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشىدا 6 كورپۇس بىنا پۈتتى. بازارنىڭ 2 - قارارلىق سۇ بىلەن تەمىنلەشنى ئۆزگەرتىش تۈرىگە 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان «ئاق كۆمۈش» پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ توقۇش تۈرى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 1 - پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى يېڭىدىن 10 مىڭ ئۇرچۇق كۆپەيتىپ، يىل ئاخىرىدا ئىشقا كىرىشتۈردى، بۇنىڭ بىلەن ناھىيىنىڭ پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى كۆلەملەشكەن ئىشلەپچىقىرىشقا قاراپ يۈزلەندى.

### پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 668. ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 119، ئوقۇغۇچىسى 33 مىڭ 118، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 1644؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 12، ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 68، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 757. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100 كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 9 كىنو ئەترىتى، بىر سەنئەت ئۆمىكى، 21 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 676 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (دوختۇر 211)، 445 كارىۋات بار. ناھىيە بويىچە يېزا، كەنتلەردە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشنىڭ يولغا قويۇلۇش نىسبىتى %100 كە يەتتى.

### خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمى 1960 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 6552 يۈەنگە يەتتى.

☆ پاختىكارلارنىڭ كەلگۈسى مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، بازار داۋالغۇشىنىڭ پاختىكارلارنىڭ كىرىمىگە ۋە كارخانىلارنىڭ نورمال ئىشلىشىگە يەتكۈزىدىغان تەسىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئاۋات ناھىيىسى 2000 - يىلدىن باشلاپ پاختا خېيىمخەتەر فوندى تۈزۈمىنى ئورناتتى.

# كەلپىن ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

كەلپىن ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىگە، قورۇقتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1146 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 40 مىڭ 132 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 39 مىڭ 46)؛ يېزا نوپۇسى 32 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰13.16، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰13.12. ناھىيە بويىچە 3850 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 2640 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 1080 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى، كىلىماتى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

كەلپىن ناھىيىسىدە 52 مىڭ 248 گېكتار ئورمان رايونى، 275 مىڭ 200 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق بار، ئۇنىڭ تولىسى چۆللۈك ئوتلاق، ئەتىۋارلىق ھايۋانلاردىن ئارقار، جەرەن، ئۆلار، تاغ كەكلىكى، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چاكاندا، توشقان زەدىكى، يەر مەدىكى، قار لەيلىسى قاتارلىقلار بار. ناھىيە تەۋەسىدە گۈڭگۈرت، سۇلفونلۇق تۆمۈر، گەچ، ھاك تېشى، ئىسلاندىيە تېشى، بازالت قاتارلىق 18 خىل

قېزىلما بايلىق بارلىقى دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلاندى.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كەلپىن ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ليۇ خەنشىن.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: توختى ئىسمايىل.

ھاكىم: مۇتەللىپ نىياز.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: لىڭ شىيىڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 38 مىليون 414 مىڭ 700 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %9.3 ئاشتى. 24 مىڭ 89 توننا ئاشلىق، 303 توننا ياغلىق دان، 913 توننا پاختا ئېلىندى. ئاچال يېزىسىنىڭ چامغۇرىغا «ئاچال شادلىقى» دېگەن ماركا رويخەتكە ئالدۇرۇلۇپ، ماركا يارىتىلدى. 2000 - يىلى 10 مىڭ توننا چامغۇر ئىشلەپچىقىرىلدى. 336 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 60 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 503 گېكتار باغ بار، 2764 توننا ئۈزۈم ئېلىندى. 1750 توننا گۆش، 80 توننا سۈت، 116 توننا يۇڭ، 13 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 56 توننا تۇخۇم ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 9 مىليون 670 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 70 گېكتار ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى كۆپەيتىلدى، 1259 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىلدى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 559 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %7.7 ئاشتى. 1 مىليون 650 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى، 1380 توننا ئۈزۈم قېقى، 691 توننا مېغىز سېتىلدى. تۇراقلىق مۈلۈككە 26 مىليون 520 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 2000 - يىلى تاماملانغان ئاساسلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى: چىلان يېزىسىنى ئېچىش قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 960 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 4 مىليون 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 4683 كۋادرات مېتىرلىق 1 - تۈركۈم ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ ئولتۇراق بىناسى پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان 1336 كۋادرات مېتىرلىق يولۇچىلار بېكىتى

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 5122 | 7.19 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 2554 | 5.18 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 367 | 12.58 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 2201 | 8.75 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 24089 | 8.65 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 16 | 3.23 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 2033 | 8 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 16468 | 6.69 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 3371.9 | 34.66 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 3430 | 17 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 145 | 20.83 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 3839 | 14.29 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى.

ۋە 570 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان 590 كۋادرات مېتىرلىق ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيى پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە تاپشۇرۇلدى. 990 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان سۇ بېشى ئۆستىڭىنىڭ ئېلىش بېشىدىكى 700 مېتىرلىق كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش مۇستەھكەم توسمىسى پۈتتى؛ 5 مىليون 80 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان 26 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۆستىڭى؛ 590 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان توڭگۇز بۇرۇن تۇرۇبا سۇيى قۇرۇلۇشى تاماملاندى. يىللىق يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 1 مىليون 227 مىڭ 300 ئادەم ـ كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 4 مىليون 931 مىڭ تونا ـ كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 129 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 453 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 1420 گە يەتتى. ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 33 مىليون 779 مىڭ يۈەنگە، بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 7 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2215 پەن ـ تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا ۋەزىپىسى بارى 275. ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 6 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 5)، ئوقۇغۇچىسى 3165 (مىللىي 3130)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 243 (مىللىي 232)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 24 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 23)، ئوقۇغۇچىسى 7130 (مىللىي 7044)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 533 (مىللىي 513)؛ باللار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 78 (مىللىي 65). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 11 مىليون 470 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يېڭىدىن 5 مەكتەپ قۇرۇلدى، كۆلىمى 5230 كۋادرات مېتىر، 16 مىڭ كۋادرات مېتىر مەكتەپ ئۆيلىرى ئۆزگەرتىپ قۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە 5 سەھىيە ـ داۋالاش ئاپپاراتى، 99 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 88 كارىۋات بار. مۇشۇ يىلى ناھىيە ئاپتونوم رايون بويىچە پىلانلىق تۇغۇت بويىچە «ئۈچنى ئاساس قىلىش»، «ئۈچنى نەقلەشتۈرۈش» خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 ـ يىلى يېزىلاردا ئوتتۇرىچە كىرىم 1379.56 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 3183 بولۇپ، ئۇلارغا 26 مىليون 363 مىڭ يۈەن مائاش تارقىتىلدى. دۆلەت ئامراتلارنى يۆلەش پۇلىدىن (ياردەم ئۆسۈملۈك) 17 مىليون 339 مىڭ يۈەن بەردى. مۇشۇ يىلى 205 ئائىلىدىكى 1328 ئادەم ئامراتلىقتىن قۇتۇلدى. 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 66.67 گېكتار يەر كۆكەرتىلدى.

ئابدۇساتتار ھامىدىن

# قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت ئاتۇش شەھىرىدە. 2000 ـ يىلى ئوبلاستقا قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 3. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 436 مىڭ 975 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 412 مىڭ 911)، يېزا نوپۇسى 343 مىڭ 245. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 17.7‰، ئۆلۈش نىسبىتى 4.6‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 13.1‰. ئوبلاست بويىچە 41 مىڭ 200 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 45 مىڭ 800 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 6200 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى كىلىماتىغا كىرىدۇ.

قىزىلسۇ ئوبلاستى شىنجاڭدىكى داڭلىق مېۋە ـ چېۋە ماكانى بولۇپ، ئەنجۈر، ئانار، مۇناقى ئۈزۈم، بارىن گۈلىسى ۋە ئۆستۈن ئاتۇشنىڭ خۇۋەينى ئۆرۈكى بار. ئوبلاست بويىچە يەر ئۈستى سۈيىنىڭ ئېقىم مىقدارى 7 مىليارد 963 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، لېكىن دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ كۆپىنچىسى تاغلىق رايونلارغا تارقالغان بولۇپ، سۇ باشلاش قىيىن، پايدىلىنىش ئۈنۈمى تۆۋەن. ئوبلاست بويىچە تەبىئىي ئورمانلىق كۆلىمى 37 مىڭ 800 گېكتار بولۇپ، ئاساسلىق دەرەخ تۈرلىرىدىن شەمشاد، ياپىلاق ئارچا، ئاق قېيىن قاتارلىقلار بار، دەريا ساھىللىرىدىكى ئىككىلەمچى ئورمانلارنىڭ كۆپىنچىسى يۇلغۇن، جىغان، قىرچىنتال قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئوتلاق كۆلىمى 3 مىليون 300 مىڭ گېكتاردىن ئاشىدۇ. ئوبلاستتا ئەۋرىدە 17 تۈر، 42 ئائىلىگە مەنسۇپ 244 خىل قۇش بار بولۇپ، شىنجاڭدىكى قۇش تۈرىنىڭ 60%ىنى ئىگىلەيدۇ. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلار ئىچىدە دۆلەت تەرىپىدىن 1 ـ دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن قارا لەيلەك، ئاق لەيلەك، 2 ـ دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن يىلپىز، ئارقار، ئۇلار قاتارلىق 9 خىلى، 3 ـ

دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن 14 خىلى بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر ئىچىدە ئورگىنالپ ئېچىپ پايدىلىنىش قىممىتى بارلىرىدىن چۈچۈكبۇيا، ئەگىلىكئوت، ھەسەل، چاكاندا، بەرمەدىكى، قومۇش يىلتىزى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن ئالتۇن، كۆمۈش، مىس، تۆمۈر، مانگان، خروم، قوغۇشۇن، سىنك قاتارلىق 30 خىلى بار. قوغۇشۇن بىلەن سىنكنىڭ زاپىسى شىنجاڭ بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرىدۇ. قاراجول قوغۇشۇن - سىنك كان رايونى ئېچىلدى. بۇ كان 14 يىلدىن ئارتۇق ئېچىپ پايدىلىنىش ئىستىقبالىغا ئىگە.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جۇ ۋېنجى (7- ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋاڭ شىنخۇەي (7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: ئاسانبەك تۇردى (قىرغىز)، مەمەت ھەسەن توختالى (قىرغىز)، لىيۇ جىنچياڭ (7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، شېن رۇڭشيەن، مەمەت نۇر، لىيۇ باۋجيەن (7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئاسانبەك تۇردى (قىرغىز)، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ۋاڭ چېڭشيەن، ياۋ پېيجى (ئاپال)، ئەلى ئىسمائىل، سادىر روزى (قىرغىز)، ئىمام ھەسەن.

ئوبلاست باشلىقى: مەمەت ھەسەن توختالى (قىرغىز)، مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقلىرى: ۋاڭ شىنخۇەي (7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، شېن رۇڭشيەن (7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، مەمەت مۇسا سارىق (قىرغىز)، ۋاڭ شيەنپېي، ئىمام نامەت، سۈن شياۋشەن (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، دۇڭ شياڭجۇن (7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مامۇت ياقۇپ؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: جۇ شىنمىڭ، ئامىنە ئابدۇراخمان، شيا باۋچىڭ، ئابدۇكېرىم ئابلا (قىرغىز)، نىياز قارى (قىرغىز).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ئوبلاست بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 8.22 | 4.8 |
| يۇنىڭ ئىچىدە: 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 3.28 | 5.1 |
| 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 1.83 | 4.8 |
| 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 3.11 | 8.1 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | 176003 | 1.89 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 143.45 | 0.86 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 20511 | 4.45 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | 106894 | 7.41 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | 2332 | —52.92 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 23223 | 3.1 |
| شەھەر، يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | 7.13 | 15.75 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 4228 | 6.2 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 42165 | 23.57 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 565 مىليون يۈەن.

قىممىتى 622 مىليون 710 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 401 مىليون 540 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999- يىلدىكىدىن 4.42% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 176 مىڭ 3 توننا ئاشلىق، 3798 توننا ياغلىق دان، 4906 توننا پاختا ئېلىندى. شۇ يىلى 375 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. پارچە - پۇرات يەرلەرگە 1 مىليون 260 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 125 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. بىر يىلدا 19 مىڭ 253 توننا گۆش، 1415 توننا قوي يۇڭى، 58.9 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 716 مىڭ 400 پارچە قوي تېرىسى، 60 مىڭ 200 پارچە كالا تېرىسى، 150 توننا سۈت مەھسۇلاتى، 586 توننا تۇخۇم ئېلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت كىرىمى 218 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (يېڭى بەلگىلىمە بويىچە) 209 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 7% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوبلاست قارمىقىدىكى سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 174 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 7.9% ئاشتى. بارلىق سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدە دۆلەت ساناىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 95 مىليون يۈەن بولۇپ، 12% تۆۋەنلىدى. دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان ساناەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 114 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 20.1%. يېنىك ساناەتنىڭ 75 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 30.4% ئاشتى. ئېغىر ساناەتنىڭ 134 مىليون 430 مىڭ يۈەن بولۇپ، 3.1% تۆۋەنلىدى. دۆلەت كارخانىلىرى مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش نىسبىتى 93.3%كە يەتتى. بىر يىلدا 88 مىليون 990 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 98 مىڭ 600 توننا كۆمۈر، 118 مىڭ 700 توننا سېمونت، 710 توننا ئىلغانغان مىس رۇدىسى، 40.77 كىلوگرام ئالتۇن، 91 مىليون 700 مىڭ پارچە خىش، 10 مىڭ 73 توننا ئىنچىكە پىششىقلانغان تۇز، 1749 توننا سۈت يېغى، 217 توننا ئارىلاشما يەم - بوغۇز، 4906 توننا ساپ پاختا ئېلىندى. ئوبلاست بويىچە دۆلەت، كوللېكتىپ بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 85 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يەتتى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 246 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئاساسلىق ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تۈرلىرىگە 34 مىليون 590 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. مۇشۇ يىلدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 412 مىليون 400 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 672 مىليون 290 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 37 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، تېلېفون كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمچانلىقى 32 مىڭ 944 توچكىغا، شەھەردىكى تۇراقلىق تېلېفون ئابونتى 17 مىڭ 804كە، يېزىلاردىكى تۇراقلىق تېلېفون ئابونتى 6334كە، يانتېلېفون ئابونتى 2930 غا يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ئوبلاستتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 235 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 230)، ئوقۇغۇچىسى 78 مىڭ 672 (مىللىي 75 مىڭ 401)، ئوتتۇرا مەكتەپ 55 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 51)، ئوقۇغۇچىسى 30 مىڭ 468 (مىللىي 28 مىڭ 839)، چارۋىچىلىق رايونىدىكى ياتاقلىق مەكتەپ 39، ئوقۇغۇچىسى 9585، ھەر خىل ئوتتۇرا تېخنىكوم 3، ئوقۇغۇچىسى 4521 (مىللىي 1580)، باللار باغچىسى 4، باغچىدىكى بالا 2257 (مىللىي 1580). ھەر خىل ئوقۇتقۇچى 7379. سەنئەت ئۆمىكى 5 بولۇپ، بىر يىلدا 481 مەيدان ئويۇن قويۇلدى، تاماشىبىن 70 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكى تەييارلىغان چوڭ تىپتىكى ئوپېرا «تاغ ئانا - سۇ ئانا» مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ «ۋېنخۇا مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى. كۈتۈپخانا 3، ساقلىنىۋاتقان كىتاب 140 مىڭ نۇسخا. ئوبلاست بويىچە بىر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، 34 سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى قوبۇللاش پونكىتى، بىر سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بار. رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 85.1%كە يەتتى. «قىزىلسۇ گېزىتى» قىرغىز، ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا نەشر قىلىنىپ، 1 مىليون نۇسخىدىن ئارتۇق تارقىتىلدى. قىرغىز نەشرىياتى بىر يىلدا 9 خىل كىتاب نەشر قىلىپ، 9758 نۇسخا تارقاتتى. ناھىيە بويىچە 92 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (دوختۇرخانا 43)، 2248 سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 1523 كارىۋات بار. 2000 - يىلى ئوبلاست تەنھەرىكەتچىلىرى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۈرلۈك مۇسابىقىلەردە 14 ئالتۇن مېدال، 13 كۈمۈش مېدال، 10 مىس مېدال ئالدى. ئوبلاست بويىچە 49 قېتىم ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە قاتناشقانلار 30 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى ئوبلاست بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1000 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 36 مىڭ 799 (دۆلەت ئورۇنلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 35 مىڭ 194)، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8871 يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا ئىش كۈتۈپ تۇرغان، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ھەمدە

باشقىلاردىن بولۇپ 1206 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بىر يىلدا سىرتقا ئېكسپورت قىلىش سوممىسى 17 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1427 ئائىلىلىك دېھقان، چارۋىچى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

مۇ جىڭبو

## ئاتۇش شەھىرى

### ئاساسىي ئەھۋالى

ئاتۇش شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن ئۆزۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1430 كىلومېتىر، تۆمۈريول مۇساپىسى 1553 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق يېزا 7، دېھقانچىلىق مەيدانى 3، چارۋىچىلىق فېرمىسى بىر، مەھەللە ئىش باشقارمىسى 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 194 مىڭ 200 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 179 مىڭ 800)، يېزا نوپۇسى 146 مىڭ. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 15.55‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11.75‰. شەھەر بويىچە 14 مىڭ 766 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 13 مىڭ 40 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 953 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇق قىلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

ئاتۇش شەھىرىدە داڭلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتلاردىن ئەنجۈر، مۇناقى ئۈزۈم قاتارلىقلار بار. ناھىيە تەۋەسىدە ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن قوڭغۇر ئېيىق، يىلپىز، ئۆلار قاتارلىقلار بار. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى چۈچۈكبۇيا، قانتېپەر، مەرزەنجۇش قاتارلىقلار، قېزىلما بايلىقلاردىن ئالتۇن، مىس، قوغۇشۇن، كۆمۈر، تۆمۈر، گەج قاتارلىقلار بار. داڭلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى، ئۈچ بۇرخان مىڭئۆيى بار.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئاتۇش شەھەرلىك 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: دۇڭ شياڭجۇن (7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جيا لىشىن (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇراخمان ھاجى.

شەھەر باشلىقى: ئەنۋەر تۇردى.

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سوبۇر ئابىت.

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى شەھەر بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 250 مىليون 277 مىڭ 300 يۈەن (1990 - يىلدىكى

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 37413 | 0.87 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 14221 | 1.18 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 6990 | 3.62 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 16202 | 0.53 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 63337.8 | 0.13 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 38.85 | 2.67 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 13665 | 3.05 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 13563 | 3.8 |
| شەھەر، يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 51199 | 7.28 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 1969 | —2.09 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 10823 | 26.94 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 277 مىليون 770 مىڭ يۈەن.

ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 158 مىليون 94 مىڭ 800 يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 4.23% (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىسۇ شۇنداق) ئاشتى. بىر يىلدا 63 مىڭ 340 توننا ئاشلىق، 669.3 توننا ياغلىق دان، 1234.3 توننا ساپ پاختا ئېلىندى. 1081.3 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. شۇ يىلى 833.33 گېكتار يەرگە مۇناقى ئۈزۈم كۆچىتى تىكىلدى. بىر يىلدا 5436 توننا گۆش، 230 مىڭ 900 پارچە تېرە، 7753 توننا سۈت ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 18 مىليون 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 85 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 830 گېكتار يەر تۈزلەندى، 70 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى. شەھەردىكى يېزا - بازار كارخانىسى 47، خۇسۇسىي كارخانا 8303 بولۇپ، كىرىمى 142 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 53 مىليون 20 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 37 مىليون 450 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 1.4% تۆۋەنلىدى. بىر يىلدا 3 مىليون 483 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 9473 توننا تۇز، 9100 توننا ئۇن، 515 توننا سۇ يېغى، 40 مىليون 700 مىڭ پارچە خىش، 1379 توننا پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى، 3 مىليون 230 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەندى، 72.3 توننا بال قاق ئىشلەپچىقىرىلدى. بىر يىلدا جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 129 مىليون 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 108 مىليون 370 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 580 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 17 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە، ناھىيىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 15 مىڭ 400 توچكىغا، يانتېلېفون ئابونىتى 2500 گە، ناھىيە بويىچە بازارلاردا پۇتتۇشۇلگەن سودا سوممىسى 58 مىليون يۈەنگە يەتتى. ساياھەتچىلىكتىن 2 مىليون 240 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 675 (مىللىي 634). شەھەرگە قاراشلىق باللار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 320 (مىللىي 200). باشلانغۇچ مەكتەپ 83، ئوقۇغۇچىسى 31 مىڭ 991 (مىللىي 30 مىڭ 865)، ئوتتۇرا مەكتەپ 19 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ)، ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ 488. شەھەر قارمىقىدىكى ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1102، (مىللىي 1014). رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 90%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 87%كە يەتتى. شەھەردىكى تىببىي داۋالاش، سەھىيە ئاپپاراتى 11، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 663 (مىللىي 561)، كارىۋات 307.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1179 يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 10 مىڭ 102 بولۇپ، بىر يىلدا ئۇلارغا 95 مىليون 410 مىڭ يۈەن مائاش تارقىتىلدى. شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجەت كىرىمى 3900 يۈەنگە يەتتى.

دېڭ لى، چۇ چياڭ

# ئاقچى ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئاقچى ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، توشقان دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1180 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 5، مەيدان 3. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 34 مىڭ 311 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 31 مىڭ 104)، يېزا نوپۇسى 22 مىڭ 202. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 20.45‰، ئۆلۈش نىسبىتى 6.06‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 14.39‰. ناھىيە بويىچە 4075.8 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 2530 گېكتار يەرگە (ئېگىز تېرىلغۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) ئاشلىق زىرائىتى، 810 گېكتار يەرگە (ئېگىز تېرىلغۇسى بۇنىڭ سىرتىدا) ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ئاقچى ناھىيىسى تەۋەسىدە توشقان دەرياسى، ھۇسەنتۇش دەرياسى قاتارلىق 25 دەريا - ئېقىن بار، يىللىق ئەڭ يۇقىرى ئېقىن مىقدارى 3 مىليارد 740 مىليون كۇب مېتىرغا، ئەڭ تۆۋەن ئېقىم مىقدارى 73 مىليون 70 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. تەبىئىي ئوتلاق كۆلىمى 845 مىڭ گېكتار، تاغلىق رايونلاردىكى تەبىئىي ئورمان كۆلىمى 4853.33 گېكتار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر 23 خىل بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چۈچۈكبۇيا، قىل بويۇرماقلىق ئەمەن، ئارپىبەدىيان قاتارلىقلار كۆپ چىقىدۇ، دورىلىق قىممىتىمۇ يۇقىرى. ناھىيە تەۋەسىدە 25 خىل ياۋايى ھايۋان بار بولۇپ، قوغدىلىدىغان ئەتىۋارلىق ھايۋانلاردىن ئارقار، جەرەن، سۇغۇر، ئۇلار قاتارلىقلار بار. تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىق 10 خىل بولۇپ،

ئاساسلىقى سېرىپىنتىن، گەج، مەرمەر، ئىسلاندىيە شىپاتى، مانگانلىق تۆمۈر، تۆمۈر، ئالتۇن قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئاقچى ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: يىلىڭ ئەيمىن (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ياۋ گىۋاڭتۇ (2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەمەتتۇرسۇن قۇرمانباي (قىرغىز، 2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، توقان ئىگەمبەردى (قىرغىز، 2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: تۇرسۇنجان مەمەت ئاخۇن (قىرغىز، 2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، مەمەتتۇرسۇن قۇرمانباي (قىرغىز، 2 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 54 مىليون 604 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 38 مىليون 535 مىڭ 300 يۈەن) بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن %2.63 تۆۋەنلىدى. 8554 توننا ئاشلىق، 953 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. ناھىيە بويىچە بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 1361 گېكتار بولۇپ، شۇ يىلى 76 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 3372 توننا گۆش، 4700 توننا سۈت، 317 توننا يۇڭ، 128 مىڭ 283 پارچە تېرە، 16 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 200 توننا تۇخۇم ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 502 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى پۈتكەن چوڭ تۈرلەردىن ساپارباي بېزىسىدىكى ئۇزۇنلۇقى 10.47 كىلومېتىر كېلىدىغان سۇ باشلاش ئۆستىڭى؛ قاراچى يېزىسىدىكى 2000 گېكتارلىق ئوت - چۆپ بازىسىنى ئېرىق - ئۆستەڭلەر بىلەن يۈرۈشلەشتۈرۈش 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى؛ مۇسەتقۇش ئېلىبكتىر ئىستانسىسىنىڭ چۈشۈرگە ئۆستىڭى قۇرۇلۇشى؛ كەلكۈننىڭ ئالدىنى ئېلىش - ئېقىن ئۆزگەرتىش ئۈچۈن 300 مېتىر يەر كولىنىپ، 8300 كۇب مېتىر توپا قېزىلدى. 200 گېكتار يەر تۈزلەندى، 67 كىلومېتىر ئۆستەڭ، 2 ئېلىش بېشى، 7 توغان، 3 كۆۋرۈك - سۇڭگۈچ رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى؛ 4.5 كىلومېتىر ئۆستەڭنىڭ لاتقىسى ئادالاندى. 125.6 گېكتار يەرگە ئوت - چۆپ تېرىلدى. ناھىيە بويىچە يېزا - بازار كارخانىسى 37 بولۇپ، تىجارەت كىرىمى

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
| --- | --- | --- | --- |
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 6947.23 | 3.69 |
| يۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 3372.23 | 3.76 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 812 | 8 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 2763 | 2.41 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 8554 | -25.72 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 22.42 | -6.97 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 1317 | 10.67 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 6252 | 8.3 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 2365 | 4.58 |
| شەھەر، يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 6185 | 135.62 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 240 | -5.51 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 4027 | 48.38 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 40 مىليون 295 مىڭ يۈەن.

14 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 1 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 720 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 4 مىليون 192 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 10.78% ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 2 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 12.88% ئاشتى. بىر يىلدا 1 مىليون 780 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 6830 توننا ئۇن، 367.8 توننا سۇ يېغى، 3800 توننا بارىت، 200 توننا كۋارتس تېشى، 2.5 كىلوگرام ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. شۇ يىلى قۇرۇلۇۋاتقان تۈر 27 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن قۇرۇلغىنى 25، داۋاملاشتۇرۇلغىنى 2، پۈتكىنى 13، كۆلىمى 10 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر، سېلىنغان مەبلەغ 25 مىليون 310 مىڭ يۈەن. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 26 مىليون 559 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 22 مىليون 210 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 4 مىليون 240 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 9 مىليون 50 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 240 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە، تېلېفون كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمچانلىقى 2500 توچكىغا، پروگراممىلىق تېلېفون 1440 توچكىغا، (يېزا تېلېفونى 140 توچكا)، يانتېلېفون ئابونېنتى 281گە، بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 1 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى (پېنسىيىگە چىققانلار بۇنىڭ سىرتىدا) 130. ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 24، ئوقۇغۇچىسى 5885 (مىللىي 5536)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 454 (مىللىي 417)، ئوتتۇرا مەكتەپ 7، ئوقۇغۇچىسى 2087 (مىللىي 1949)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 163 (مىللىي 143). شۇ يىلى 10 مەكتەپ رېمونت قىلىندى ۋە ئۆزگەرتىپ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر مەكتەپ يېڭىدىن سېلىندى، 9 مەكتەپ كېڭەيتىپ سېلىندى، بۇلارنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 7274 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 5 مىليون 314 مىڭ 800 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى 542 ئوقۇتقۇچى، 18 مەكتەپ مۇدىرى رايونلۇق (ۋىلايەتلىك)، ئوبلاستلىق ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئوقۇتقۇچى ۋە مەكتەپ مۇدىرلىرىنى ئۈزلۈكسىز تەربىيىلەش كۇرسلىرىغا ئەۋەتىلدى. سەنئەت ئۆمىكى بىر بولۇپ، بىر يىلدا 20 مەيدان ئويۇن قويۇلدى. مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ساپارباي يېزىسىغا «قومۇزچىلار يېزىسى» دەپ نام بەردى. كۈتۈپخانا بىر، ساقلىنىۋاتقان كىتاب 5500 نۇسخا. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 45%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 86.76%كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 13 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 281 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 145 كارىۋات بار. 2000 - يىلى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن چېلىشىش مۇسابىقىسىدە ئاقچى ناھىيىسى تەنھەرىكەتچىلىرىدىن ئىككەيلەن 1 - لىككە، تۆتەيلەن 2 - لىككە، ئۈچەيلەن 3 - لىككە ئېرىشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 860 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 7874.82 يۈەنگە، شۇ يىللىق مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىدا 230 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. شۇ يىلى 3703 ئادەم داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا، 645 ئادەم ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا قاتناشتى. يىل بېشىدا ناھىيە بويىچە 528 ئائىلىدىكى 2536 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. 559 ئائىلىدىكى 2638 ئادەم ئاپەت تۈپەيلىدىن قايتا نامراتلىشىپ كەتتى. ئاقچى ناھىيە بازىرىدا كۆكەرتىلگەن كۆلەم 10 مىڭ 310 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ناھىيە بازىرىدىن 9 كىلومېتىر يىراقلىقتا بىر ئەخلەت مەيدانى ياسالدى، 1 -، 2 - قارارلىق زەي ئاققۇزۇش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ناھىيە بازىرى تەۋەسىدىكى ئالتۇن كان، ھاراق زاۋۇتى، كۆن - خۇرۇم زاۋۇتلىرىدىن كېلىۋاتقان بۇلغاش مەنبەسىنى تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىش يولغا قويۇلدى.

☆ 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 9 دىن 18 مىنۇت ئۆتكەندە ئاقچى ناھىيىسى تەۋەسىدە 4 بال يەر تەۋرەپ، 1 مىليون 156 مىڭ يۈەنلىك بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

☆ 7 - ئايدا ئاقچى ناھىيىسىنىڭ سۇمتاش ۋە قاراچى يېزىلىرى پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن ئاپىتىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، شۇ ئايدا يەنە قارابۇلاق يېزىسى قار ئاپىتىگە ئۇچرىدى، ئاپەت تۈپەيلىدىن 3 يېزىنىڭ بۇغدايلىرى پۈتۈنلەي قۇرۇپ ياكى ئۈششۈپ كەتتى، 305 مىڭ 600 يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىيان بولدى، 516 ئائىلىدىكى 3196 دېھقان، چارۋىچى ئاشلىق بولمىغاچقا قىشنى ئۆتكۈزۈشكە ئامالسىز قالدى.

☆ 2000 - يىلى ئاقچى ناھىيىسى جەمئىيەتتە ئورۇننى تاپالمايۋاتقان 2 مىليون يۈەندىن ئارتۇق پارچە - پۇرات مەبلەغنى جەلپ قىلىپ، ناھىيىلىك ئۇششاق تاۋارلار بازىرى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرى ۋە ئاقچى بازارلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرىنى قۇرۇپ چىقتى، بازارلارنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى 19 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، قۇرۇلۇش كۆلىمى 3278 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

پېڭ جۈن

# ئۇلۇغچات ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئۇلۇغچات ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي بۆلىكى بىلەن كۇئېنلۇن تېغىنىڭ تۇتىشىدىغان يېرىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1500 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 9، مەيدان بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 43 مىڭ 545 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 39 مىڭ 714)، يېزا نوپۇسى 25 مىڭ 712. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 17.68‰، ئۆلۈش نىسبىتى 5.12‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 12.56‰. ناھىيە بويىچە 3428.47 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 2188 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 191.8 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ئۇلۇغچات ناھىيىسىدە قېزىلما بايلىق مەنبەسى مول بولۇپ، ئاساسلىقى كۆمۈر، نېفىت، مايلىق سلانېتس، تۆمۈر، مىس، قوغۇشۇن، سىنىك، كېپەك ئالتۇن، ئالتۇن رۇدىسى، سېرىق تۆمۈر رۇدىسى قاتارلىقلار بار. ناھىيە تەۋەسىدە ياۋايى ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەر نىسبەتەن كۆپ بولۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك ھاڭ، چاكاندا، چۈچۈكبۇيا قاتارلىق نەچچە 10 خىل جۇڭيى دورا ئۆسۈملۈكى، ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن ئۇلار، جەرەن قاتارلىقلار بار. ئۇلۇغچات ناھىيىسىدە ئۈچتاش يايلىقى، «جالغۇزدۆڭ» يازلىق ئارامگاھى، سىمخانا تاغلىق سەيلىگاھى، باقچات ئارامگاھى قاتارلىقلار بار. دۆلەتلىك 1- دەرىجىلىك پورتتىن ئىككىسى — تورۇغات پورتى بىلەن ئېركەشتام پورتى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

جكپ ئۇلۇغچات ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: خې جيەنجۈن.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: توختى مەمەت ماتەن (قىرغىز).

ھاكىم: پەرھات تۇلىش (قىرغىز).

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: چېن جيەنشىن.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 61 مىليون 158 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 2.1% (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئاشتى. 7482 توننا ئاشلىق، 332 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. شۇ يىلى 91.75 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 200 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 10.47 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. 3389 توننا گۆش، 4128 توننا سۈت، 3620 توننا يۇڭ، 162 مىڭ 323 پارچە تېرە ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 780 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى تاماملانغان چوڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىن تېرەك سۇ سىغىمى ئۆستىڭى، قىزغۇن غول ئۆستىڭىنىڭ سۇ ئېلىپ كېتىدىغان يېرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى، كانسۇ پولات كۆچۈرمە قۇرۇلۇشى بار. 26.59 كىلومېتىر سۇ سىغىمى ئېرىق - ئۆستەڭ، 6.15 كىلومېتىر كەلكۈن توسمىسى ياسالدى. سۇغىرىش كۆلىمى 473.33 گېكتار كۆپەيدى، 902.13 گېكتار ئوتلاق يېڭىدىن قاشالاندى. ناھىيىدىكى يېزا - بازار كارخانىسى 1014كە، تىجارەت كىرىمى 22 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 57 مىليون 432 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 16.5% ئاشتى. بىر يىلدا 2 مىليون 440 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىلدى. 2 مىليون 100 مىڭ كىلوۋات سائەت توك بىلەن تەمىنلەندى. 70 مىڭ 218 توننا كۆمۈر، 107 مىڭ 990 توننا سېمونت، 36.4 كىلوگرام ئالتۇن، 4806 توننا قوغۇشۇن - سىنىك رۇدىسى، 35 مىڭ توننا گەج، 4230 توننا قىزىل تۇپا، 24 مىڭ 300 توننا تۆمۈر رۇدىسى، 3000 دانە تۆگە تىۋىتلىك يوتقان ئىشلەپچىقىرىلدى. يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 70 مىليون 49 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 314 مىڭ 500 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى، پروگراممىلىق تېلېفون 3012 تۈچكىغا، يانتېلېفون ئابونېنتى 236گە، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 26 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە، بازار سودىسىدا پۇتتۇشۇش سوممىسى 6 مىليون

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 11061 | 7 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 3812 | 8 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 2790 | —6 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 4459 | 16 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 7482 | —8.82 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۇياق) | | 284467 | 1.26 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 833 | —48.71 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 9968 | —2.90 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 1196 | —55.39 |
| شەھەر، يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 4337 | 15.56 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 478 | 6.46 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 5124 | 21.62 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 72 مىليون 450 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ 23 مىليون 730 مىڭ يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ 11 مىليون 200 مىڭ يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ 37 مىليون 520 مىڭ يۈەن.

300 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمى 178. ئۈلۈغچات ناھىيىسى قىشلىق پەن - تېخنىكا پائالىيىتىدە تۈرلۈك تەربىيىلەش كۇرسىدىن 20 نەچچە قارار ئېچىپ، 3000 دىن ئارتۇق خادىمنى تەربىيىلىدى. شۇ يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات تۈرلىرىدىن ئۇرۇقلاندۇرۇش پونكىتى قۇرۇلۇشى، دورىلاش كۆلچىكى قۇرۇلۇشى، چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، كۆممىقوناقنى سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ ئۆستۈرۈپ يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش تېخنىكىسىدىن ئىبارەت 4 تۈر تاماملاندى. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 9 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 7)، ئوقۇغۇچىسى 3124 (مىللىي 2480)، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 290 (مىللىي 250)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 23 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 21)، ئوقۇغۇچىسى 6740 (مىللىي 6324)، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 757 (مىللىي 650)؛ باللار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 105 (مىللىي 75)، تەربىيىچى 10 (مىللىي 5). ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆي بىناسىدىن 2 سى سېلىندى، بۇنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 3607.2 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 2 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 2000 - يىلى ئۈلۈغچات ناھىيىسىنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 670 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يېڭىدىن 6432 كۋادرات مېتىرلىق سىنىپ سېلىندى ۋە كېڭەيتىپ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %80كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە يەتتى. ناھىيە بويىچە18 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (دوختۇرخانا 2)، 179 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 297 كارىۋات بار.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى ئۈلۈغچات ناھىيە بازىرى ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمى 8831 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9080.22 يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ

ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1115 يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى 606 ئائىلىدىكى 3000 چارۋىچى ئولتۇراقلاشتۇرۇلدى، 207 ئائىلىدىكى 1104 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون يۈەنگە يەتتى، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىدا 650 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

☆ 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، لياۋنىڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە خۇنەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۇلۇغچات ناھىيە جىغىن يېزىسىنىڭ سىمخانا كەنتىدە 20 - ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىركۈنىدىكى قۇياش نۇرىنى ئۇزىتىشتەك چوڭ تىپتىكى پائالىيەتنى ئۆتكۈزدى.

ياڭ ئەيخۇا

# ئاقتۇ ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

ئاقتۇ ناھىيىسى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي شىمالىغا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان ئاشيول مۇساپىسى 1545 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 11، دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسى 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 165 مىڭ 460 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 161 مىڭ 738)، يېزا نوپۇسى 136 مىڭ 670؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰17.74، ئۆلۈش نىسبىتى ‰5.16، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰12.58. ناھىيە بويىچە 18 مىڭ 249.33 گېكتار تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، 17 مىڭ 707.87 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائەتى، 3833.3 گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ. ئاقتۇ ناھىيىسى يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق ناھىيىسى. ناھىيە تەۋەسىدە گەز دەرياسى، كۈسەن دەرياسى قاتارلىق دەريا - ئېقىنلار، 66 چوڭ - كىچىك مۇزلۇق ۋە قارلىق چوققا بار، مۇزلۇق كۆلىمى 600 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ. دورىلىق ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن چاكاندا، ئالىقات، قانتېپەر، چۈچۈكبۇيا قاتارلىق 16 خىلى، ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن قوڭۇر ئېيىق، يىلپىز، ئارقار، جەرەن، ئۆلار، ئاق قۇ قاتارلىقلار، قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى تۆمۈر، قوغۇشۇن، سىنك، مىس، ئالتۇن قاتارلىق 15 خىل مېتال كېنى ۋە كۆمۈر، خرۇستال قاتارلىق 18 خىل غەيرىي مېتال كېنى بار. داڭلىق سەيلىگاھلاردىن مۇزتاغ چوققىسى، قوڭۇر چوققىسى، قوڭۇر تۆپە چوققىسى ھەمدە تاغ تۆۋىدىكى قاراكۆل كۆلى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ ئاقتۇ ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ليۇ جۇنخەي (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، خۇ فېڭدې (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەمەت پالتا.

ھاكىم: ئەزىمجان ئابدۇللا (قىرغىز).

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: تۇرسۇن قۇربان.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 255 مىليون 390 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 164 مىليون 600 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %6.89 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 90 مىڭ 944 توننا ئاشلىق، 1856.3 توننا ياغلىق دان، 3660 توننا پاختا ئېلىندى. شۇ يىلى 7056 توننا گۆش، 4896 توننا سۈت، 385 توننا يۇڭ، 271 مىڭ 92 پارچە تېرە ئېلىندى. 611.92 گېكتار يەردە لاياقەتلىك ئورمان بەرپا قىلىندى. 5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 39 سۇ سىڭەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 2400 گېكتار بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلدى. 200 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيدى، 966.67 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. ناھىيىدىكى يېزا - بازار كارخانىسى 2557گە، كىرىمى 38 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 42 مىليون 366 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 27 مىليون 112 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %6.85 ئاشتى. بىر يىلدا 19 مىليون 420 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى، 20 مىليون 750 مىڭ كىلوۋات سائەت توك بىلەن تەمىنلەندى. 29 مىڭ 276 توننا كۆمۈر، 10 مىڭ 700 توننا سېمونت، 30 مىليون 500 مىڭ دانە خىش، 4500 توننا تۇز، 2000 توننا ئۇن، 450 توننا ئارىلاشما يەم - بوغۇز، 45 توننا بال قاق، 1000 كۋادرات مېتىر گىلەم، 2900 توننا ساپ پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 46 مىليون 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بىر يىلدا يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 260 مىليون 500 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 10 مىليون 600

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى .

| تۈرلەر | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 20665 | 5.1 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 10770 | 4.8 |
| 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 3209 | 4.5 |
| 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 6686 | 6.22 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تۈمەن توننا) | 9.09 | 4.5 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 52.7 | 1 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 3850 | 8.52 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | 46877 | 9.44 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 4581 | 1.46 |
| شەھەر، يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | 17.8 | 42.13 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 1009 | 2.75 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 7394 | 20.62 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 166 مىليون 430 مىڭ يۈەن

مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 234 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 4049 پروگراممىلىق تېلېفون ئورنىتىلدى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 20 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە، بازار سودىسىدا پۈتتۈشۈلگەن سومما 16 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاغقا چىقىش جەمئىيىتى ساياھەتچىلىكتىن 1 مىليون يۈەن كىرىم قىلدى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار پەن - تېخنىكا خادىمىدىن 160 (مىللىي 147)ى بار. شۇ يىلى ئوبلاست دەرىجىلىك پەن تەتقىقات تۈرىدىن 2 سى تاماملاندى. ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 97 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 96)، ئوقۇغۇچىسى 32 مىڭ 541 (مىللىي 31 مىڭ 974)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 19 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 18)، ئوقۇغۇچىسى 6693 (مىللىي 6470). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1434 (مىللىي 1390)، بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 1238 (مىللىي 1220). 2000 - يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 35 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %81كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %80كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 19 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 416 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 276). 319 كارىۋات بار. ئوبلاست بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن چېلىشىش مۇسابىقىسىدە، ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى 4 ئالتۇن مېدال، 2 كۈمۈش مېدال ئالدى، كوللېكتىپ 1 - لىككە ئېرىشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن چېلىشىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ بىر كۈمۈش مېدال ئالدى. ئوبلاستلىق يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىدە 4 ئالتۇن مېدال، 5 كۈمۈش مېدال ئالدى، كوللېكتىپ 2 - لىككە ئېرىشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 811.38 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى 6027.8 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 6090 يۈەنگە، سۇغۇرتا كەسپىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى 22 مىليون 200 مىڭ يۈەن نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى ئەمەلىيلەشتى، نامراتلارنى يۆلەش تۈرى 72 بولۇپ، 1500 نامرات ئائىلىدىكى 3800 كىشى يۆلەندى، 1593 ئائىلىدىكى 8271 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

گۈلھەسەل قادىر

# قەشقەر ۋىلايىتى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قەشقەر ۋىلايىتى شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان. مەمۇرىي مەھكىمە قەشقەر شەھىرىدە. 2000 - يىلدىكى ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 11. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 3 مىليون 365 مىڭ 600 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 3 مىليون 52 مىڭ 100)، يېزا نوپۇسى 2 مىليون 697 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 17.55‰، ئۆلۈش نىسبىتى 6.25‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11.3‰. ۋىلايەت بويىچە 631 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 289 مىڭ 700 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 341 مىڭ 200 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

قەشقەر ۋىلايىتىدە يىللىق ئېقىم مىقدارى 600 مىليون كۇب مېتىردىن ئاشىدىغان دەريا - ئېقىندىن 5ى بار، ۋىلايەت بويىچە دەريا - ئېقىنلارنىڭ سۇ بايلىقى 12 مىليارد 217 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۇ بايلىقى 8 مىليارد 681 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 438 مىڭ 500 گېكتار ئورمان بار. دۆلەتنىڭ 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋانلاردىن 16 خىلى، دۆلەتنىڭ 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ياۋايى ھايۋانلاردىن 53 خىلى بار. چۈچۈكبۇيا، يەرمەدىكى، توشقان زەدىكى، زاراڭزا، سېرىق يۇگەي قاتارلىق دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر، تۆمۈر، چىرىمتال، تاشپاختا، قاشتېشى، ئالماس، كۆمۈر، فوسفور، بارىي، تىتان، مىس قاتارلىق 38 خىل قېزىلما بايلىق بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ياۋ يۈگىنىڭ؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: كامىل ئابدۇللا، مەھەممەت ئەخلەت (3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ليۇ چاڭمىڭ (9 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ خۇڭتاۋ (4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، زىننەت ئۆمەر، شى داگاڭ، ياۋ يىجيەن (1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قەشقەر ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەھەممەت ئەخلەت؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: خۇ چېشىن (3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ياسىن ياقۇپ، ئابدۇكېرىم سەلەي، تيەن ۋېيگو.

مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى: كامىل ئابدۇللا؛ مۇئاۋىن ۋالىيلىرى: شى شاۋلىن، جيۇ شياڭمىن (3 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، بەي شياۋ (4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جەرۇللا ھېسامىدىن، مەمتىمىن ئوسمان، شىڭ تيېلوڭ (4 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، مەمتىمىن پىردەۋس، يەن فېنشىن (3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: (ئورنى بوش)؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: زىننەت ئۆمەر، مەمتىمىن ھەلىمىدىن، ئوسمان قاسىم، جياڭ باۋخېڭ، روزى كېرىم، ئابدۇكېرىم ئابدۇرېھىم، ۋۇجياچىڭ (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ۋىلايەت بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليارد 316 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 9.26% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 1 مىليون 532 مىڭ توننا ئاشلىق، 218 مىڭ 100 توننا پاختا، 12 مىڭ 800 توننا ياغلىق دان، 470 مىڭ 400 توننا قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە ئېلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە مېۋە - چېۋە 237 مىڭ 800 توننا). بىر يىلدا 13 مىڭ 410 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 3 مىليون 974 مىڭ 600 تۇياق چارۋا قولدىن چىقىرىلدى، 122 مىڭ 100 توننا گۆش، 51 مىڭ 200 توننا سۈت، 6484 توننا قوي يۇڭى، 20 مىڭ 800 توننا تۇخۇم، 4070 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. 110 مىڭ توننا خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇتقا سۇندۇرۇلدى)، يېزىلاردا 79 مىليون 380 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى. يىل ئاخىرىدا ئۈنۈملۈك سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمى 386 مىڭ 800 گېكتارغا يەتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت كىرىمى 1 مىليارد 462 مىليون يۈەنگە يەتتى، يۇقىرىغا 635 مىليون يۈەن باج تاپشۇرۇلدى، 162 مىليون يۈەن پايدا يارىتىلدى.

ۋىلايەت بويىچە يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 466 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 2.42% ئاشتى. ئىقتىسادىي تىپ بويىچە ئايرىغاندا، دۆلەت ئىلكىدىكى سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 197 مىليون يۈەن بولۇپ، 25.38% تۆۋەنلەپ كەتتى؛ كوللېكتىپ سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 135 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 7.14%، باشقا ئىقتىسادىي تىپتىكى سانائەتنىڭ 134 مىليون يۈەنگە يېتىپ، بىر ھەسسە ئاشتى. يېنىك سانائەت ۋە ئېغىر سانائەت بويىچە ئايرىپ قارىغاندا، يېنىك سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 276 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2.98%،

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 75.39 | 8 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 43.26 | 7.3 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 9.72 | 6.5 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 22.41 | 10 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تۈمەن توننا) | | 153.12 | 3.46 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 652.4 | 1.65 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 15.09 | 9.11 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 76.75 | 1.89 |
| تاشقى سودا ئىمپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 2831 | 104 |
| تاشقى سودا ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | | 2826 | —32.39 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | | 17 | —1.93 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | | 70.66 | 10.11 |
| تولۇق ئۆلچەملىك يەرلىك مالىيە كىرىمى (100 مىليون يۈەن) | | 6.19 | 13.74 |
| تولۇق ئۆلچەملىك يەرلىك مالىيە چىقىمى (100 مىليون يۈەن) | | 13.5 | 20.64 |

ئىزاھ: مالىيە چىقىمى فوند چىقىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئېغىر سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 190 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1.6% ئاشتى. بىر يىلدا 749 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 352 مىڭ 400 توننا سېمونت، 140 مىڭ 600 توننا كۆمۈر، 6305 توننا سۇلىياۋ ياسالما، 25 مىڭ 400 توننا پاختا يىپ، 26 مىليون 720 مىڭ مېتىر پاختا رەخت ئىشلەپچىقىرىلدى. ۋىلايەت بويىچە مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 165 مىليون يۈەنگە يەتتى. 803 قۇرۇلۇشتا ئىش باشلاندى، 1 مىليون 156 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر ئۆينىڭ قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، 584 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرى پۈتكۈزۈلدى؛ بىر يىلدا 24 مىليون 583 مىڭ يۈەن باج، 4 مىليون 177 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 533 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ تۈرىگە سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 455 مىليون يۈەن. ئىقتىسادىي تىپ بويىچە ئايرىپ قارىغاندا، دۆلەت ئىگىلىكىگە سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 244 مىليون يۈەن، كوللېكتىپ ئىگىلىككە سېلىنغان مەبلەغ 61 مىليون يۈەن، شەھەر - يېزىلاردىكى شەخسلەر سالغان مەبلەغ 89 مىليون يۈەن، باشقىلارغا سېلىنغان مەبلەغ 139 مىليون يۈەن. تۈر خىلى بويىچە ئايرىپ قارىغاندا، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 199 مىليون يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 48 مىليون يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغان مەبلەغ 75 مىليون يۈەن، باشقىلارغا سېلىنغان مەبلەغ 211 مىليون يۈەن. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تۈرىگە دائىر كېلىشىمدىن 102 سى ئىمزالاندى، 339 مىليون يۈەن مەبلەغ نەقلەشتى، بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈلىدىغان ئەڭ چوڭ تۈر — شياڭگاڭ «شىنيىفا» مەبلەغ سېلىش گورۇھى قۇرىدىغان قەشقەر 2 - خىل پورت خەلقئارا سودا شەھەرچىسىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلىنىپ سودىگەر چاقىرىلدى؛ شىنجاڭ «تۇنخې» گورۇھى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە مەبلەغ سېلىپ 10 مىڭ توننىلىق ئۆرۈك مۇرابباسى ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇشنى قارار قىلدى؛ تيەنجىن «جىنكەي»

كەسپىي چەكلىك شىركىتى قەشقەردە ئالىي ئېلېكتر سايمانلىرى سانائىتىنى يولغا قويۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سانائىتىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇردى. بىر يىلدا قاتناش - ترانسپورتتا توشۇلغان يۈك 5 مىليون 27 مىڭ 900 توننا (بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈر يولدا توشۇلغىنى 407 مىڭ 900 توننا) غا، توشۇلغان يولۇچى 11 مىليون 536 مىڭ 600 (بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريولدا توشۇلغىنى 506 مىڭ 600) گە، پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 165 مىليون يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ۋىلايەتتىكى تېلېفون ئابونىتى 123 مىڭغا، 100 ئادەم بويىچە تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 3.88گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەرلەردە 100 ئادەمگە 14.44تىن توغرا كەلدى. ۋىلايەت بويىچە ئىنتېرنېت تورى ئابونىتى 1969غا يەتتى. سايامەتچىلىكتىن 90 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ۋىلايەت بويىچە كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىمدىن 56 مىڭ 152 سى بار، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇلۇش تېخنىكا خادىمى 4121، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 10 مىڭ 520، يېزا ئىگىلىك تېخنىكا خادىمى 3174، پەن تەتقىقات خادىمى 114، ئوقۇتقۇچى 38 مىڭ 223. ۋىلايەت بويىچە پەن تەتقىقات تەرەققىيات ئاپپاراتىدىن 4ى بولۇپ، زور پەن - تېخنىكا نەتىجىسىدىن 16سى قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تۈر 12. خەلق باشقۇرۇشىدىكى پەن - تېخنىكا كارخانىسىدىن 12 سى ئېتىراپ قىلىندى (شۇ يىلى 10ى ئېتىراپ قىلىندى). بىر يىلدا 7 پاتېنت قوبۇل قىلىندى. ۋىلايەتتىكى ئالىي مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 2686 (مىللىي 1427)؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 17، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 526 (مىللىي 9985)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 225، ئوقۇغۇچىسى 215 مىڭ 900 (مىللىي 186 مىڭ 200)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 1245، ئوقۇغۇچىسى 576 مىڭ 500 (مىللىي 531 مىڭ 300)؛ بالىلار باغچىسى 37، باغچىدىكى بالا 8342. ۋىلايەت بويىچە 12 سەنئەت ئۆمىكى، 12 مەدەنىيەت يۇرتى، 8 ئاممىۋى كۇتۇپخانا، بىر مۇزېي، 13 ئارخىپخانا بار. ئوتتۇرا، قىسقا دولقۇنلۇق رادىئو تارقىتىش ۋە كۆچەيتىش ئىستانسىسىدىن بىرى بار، رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 90.9%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 92.4%كە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە ھەرخىل كىنو قويۇش ئورنىدىن 17 سى بار، كىنو، تېلېۋىزىيە فىلىمىدىن 14 ى ئاز سانلىق مىللەت تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. 61 خىل، 410 مىڭ نۇسخا كىتاب نەشر قىلىندى. ۋىلايەت بويىچە 863 سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 211، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش - داۋالاش ئاپپاراتىدىن 17 سى، ئاياللار - بالىلار سەھىيە ئاپپاراتىدىن 11ى، ساناتورىيىدىن 2 سى، ئامبۇلاتورىيىدىن 9ى، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتىدىن 16 سى، دورا تەكشۈرۈش ئاپپاراتىدىن 2 سى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېببىي دورا تەربىيىسى ئاپپاراتىدىن 2 سى، باشقا سەھىيە ئىشلىرى ئاپپاراتىدىن 4ى؛ دوختۇرخانىلاردا 8434 كارىۋات، 10 مىڭ 520 سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 4761، سېستىرا، سانىتار 3466؛ 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون ئۆتكۈزگەن يېنىك ئاتلېتىكا، چېلىشىش، رۇداۋچە چېلىشىش، بوكسيورلۇق، ئوقيا ئېتىش، قارىغا ئېتىش، تەيچۈەنداۋ، پۇتبول، ۋالىبول، ۋاسكېتبول قاتارلىق 10 تۈردىكى مۇسابىقىدە 28 ئالتۇن مېدال، 25 كۈمۈش مېدال، 16 مىس مېدال، ۋالىبول (ئەر، ئاياللارنىڭ)، رۇداۋچە چېلىشىشتا كوللېكتىپ 1 - لىك قولغا كەلتۈرۈلدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى ۋىلايەت بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1010 يۈەنگە، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8199 يۈەنگە، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆزىگە تەئەللۇق كىرىمى 3910.2 يۈەنگە، ئوتتۇرىچە ئىستېمال خاراكتېرلىك چىقىمى 3409.5 يۈەنگە؛ مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى (بىكىتۈەننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) 84 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە، تۆلەم سوممىسى 52 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە؛ ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 64 مىليون 303 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتا بويىچە بېرىلگەن پۇل 7 مىليون 199 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى ھەرخىل ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ساناتورىيىسى 14، ساناتورىيىدىكى كارىۋات 1120، بېقىلىۋاتقان ئادەم 800. ۋىلايەتتە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىن بىرى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ كۆلىمى 1 مىليون 500 مىڭ گېكتار. بىر يىلدا مۇھىت بۇلغىنىشىنى چەكلەش مۇددەتتە تۈزەش تۈرىدىن 8 ى تاماملاندى، بۇ تۈرلەرگە 4 مىليون 280 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. كۆلىمى 10.56 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئىس - تۈتەك تىزگىنلەنگەن رايوندىن 14ى قۇرۇلدى؛ مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايوندىن 16 سى بار بولۇپ، كۆلىمى 12.4 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى، نوپۇس، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدا ئامانەت قويۇلغان پۇل بىكتۈەن 3 - شىنىڭكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، باشقا ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەر بىكتۈەن 3 - شىنىڭكىنى ئۆز ئىچىگە

ئالمايدۇ.

يالڭ جىنجۇن

## «شىنىيفا» قەشقەر 2 - خىل پورت خەلقئارا سودا شەھەرچىسىنىڭ تۈنجى قارارلىق قۇرۇلۇشى رەسمىي باشلاندى

شياڭگاڭ «شىنىيفا» (گۇرۇھى) چەكلىك شىركىتى 840 مىلىيون يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇرىدىغان قەشقەر 2 - خىل پورت خەلقئارا سودا شەھەرچىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى داغدۇغىلىق ئۇل سېلىندى. سودا شەھەرچىسى 315 - دۆلەت يولىنىڭ قەشقەر شەھىرى تەۋەسىدىن ئۆتىدىغان قىسمىنىڭ غەربىگە، «ئەسىر» يولىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان، ئىگىلىگەن يېرى 26.67 گېكتار. سودا شەھەرچىسىنىڭ تۈنجى قارارلىق قۇرۇلۇشى 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى رەسمىي باشلاندى. تۈنجى قارارلىق قۇرۇلۇشنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 12.93 گېكتار، قۇرۇلۇش كۆلىمى 119 مىڭ كۋادرات مېتىر، سېلىنىدىغان مۆلچەرىي مەبلەغ 150 مىليون يۈەن. بۇ قۇرۇلۇش پورت - تاموژنا بىرلەشمە تەكشۈرۈش بىناسى، تاموژنىنىڭ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئامبىرى، كۆرگەزمە مەركىزى، شۇنىڭدەك بېزەك ماتېرىياللىرى، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، كۈندىلىك تۈرلۈكماللار، يېزا ئىگىلىك، ۋشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق 4 چوڭ كەسىپ بويىچە توپ سېتىش بازىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يەنە پۇل مۇئامىلە كوچىسى، خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنە ماتېرىياللىرى بازىرى، يېمەكلىك كارىدورى، ئېسىل بۇيۇملار كوچىسى قاتارلىقلار بار.

☆ قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئەڭ زور بېزەك، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى بازىرى — «غەربىي يۇرت» سودىگەر چاقىرىش گۇرۇھى «شەنلۇلىن» بېزەك، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى بازىرىنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات مېتىر، سېلىنىدىغان مەبلەغ 20 مىليون يۈەن، بازاردا 200 دۇكان تەسىس قىلىنىدۇ، 3 قارارغا بۆلۈپ تاماملىنىدۇ. تۈنجى قارارلىق قۇرۇلۇشنىڭ 60 دۇكىنىغا سودىگەر چاقىرىش ئىشى تاماملىنىپ، ئومۇميۈزلۈك ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

☆ 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى دۆلەت بىۋاسىتە قاراشلىق ئاشلىق ئامبىرى — قەشقەر دۆلەت ئاشلىق ئامبىرىنىڭ قۇرۇلۇشى قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىي شەھەر ئەتراپىدا باشلاندى. ئامبارنىڭ لايىھەدىكى ساقلاش ئىقتىدارى 53 مىليون كىلوگرام بولۇپ، ئاز كەم 30 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ.

☆ 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى 315 - دۆلەت يولىنىڭ قەشقەردىن ئۆتىدىغان قىسمى ۋە قىزىل دەرياسىغا سېلىنغان جەنۇبىي كۆۋرۈك يۇتۇپ قاتناش باشلاندى. قەشقەر شەھىرى تەۋەسىدىن ئۆتىدىغان يول قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي شەھەر ئەتراپىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 7.098 مېتىر، كەڭلىكى 25.5 مېتىر بولۇپ، قوش يۆنىلىشلىك، 4 ئاپتوموبىل قاتنىيالايدىغان يول، ئۇ 1 - دەرىجىلىك يول بولۇپ، يول يۈزى بېتوندىن قۇيۇلغان، 59 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان. جەنۇبىي كۆۋرۈك 11 تۆشۈكلۈك بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 226 مېتىر، كەڭلىكى 25.5 مېتىر، ئۇ قىزىل دەرياسىغا سېلىنغان، 8 بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، كەلكۈن ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارى 1800 كۇب مېتىر/سېكۇنتقا، يۈك كۆتۈرۈش ئىقتىدارى 120 تونىغا يېتىدۇ، ئۇنىڭغا 23 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان.

رېشىتهاجى

☆ 10 - ئايدا شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتى بىلەن قەشقەر ۋىلايىتى بىرلىكتە مەبلەغ سېلىپ قۇرىدىغان قەشقەر 350 مىڭ كىلوۋاتلىق ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى، ئىستانسا قۇرۇلۇشىغا 504 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى قەشقەر شەھىرى قوغان يېزىسى تۆۋەنكى قازىرىق كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 20 گېكتار.

☆ 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى جۇڭگو «ليەنتۇڭ» شىركىتىنىڭ قەشقەر شۆبىسى قۇرۇلدى ھەمدە شىركەت قۇرۇلۇش ۋە 130 دۆلەت ئامىۋى يانفونى قەشقەر تورىنىڭ ئېچىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن يۇقىرى ئېچىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

لياڭ مىڭ

# قەشقەر شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قەشقەر شەھىرى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي - شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان. شەھەر رايونىنىڭ 314 - دۆلەت يولى ئارقىلىق ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 1473 كىلومېتىر، ئۈرۈمچى جەنۇبىي ۋوگزالىغىچە بولغان تۆمۈريول مۇساپىسى 1588 كىلومېتىر كېلىدۇ، شەھەرنىڭ شىمالىي قىسمىدا قەشقەر ئايرودرومى بار. 2000 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق يېزا 4، مەھەللە ئىش باشقارمىسى 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 324 مىڭ 500 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 259 مىڭ 600)، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 97 مىڭ 700؛ نوپۇسنىڭ

تۇغۇلۇش نىسبىتى 18.32‰، ئۆلۈش نىسبىتى 4.81‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 13.51‰. شەھەر بويىچە 6560 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 6026.6 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائەتلىرى (ئېگىز تېرىلغۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 2285.8 گېكتار يەرگە كۆكتات (ئېگىز تېرىلغۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، بۇنىڭ ئىچىدە كۆكتات بازىسى 800 گېكتار)، 933.3 گېكتار يەرگە مېۋە - چېۋە، 240 گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بولۇپ، قۇرغاق ئىقلىمدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قەشقەر شەھەرلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جۇ خەيلۇن.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇللا ھاموت.

شەھەر باشلىقى: پەرھات خالىق.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: لى چىاڭ.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى شەھەر بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 174 مىليون يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 123 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 6.03% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 44 مىڭ 400 توننا ئاشلىق، 371 توننا پاختا، 102 مىڭ 900 توننا كۆكتات ئېلىندى، 478.7 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 37.4 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 176 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 5412 توننا گۆش، 2236 توننا سۈت،

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 11.8 | 10.59 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 1 | —3.8 |
| 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 3.09 | 14 |
| 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 7.71 | 11.4 |
| شەھەرگە تەۋە ئېلىنغان ئاشلىق (تۈمەن توننا) | 4.44 | —7.11 |
| شەھەرگە تەۋە يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 16.59 | 2.6 |
| شەھەرگە تەۋە يېزا - بازاركارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 5.41 | 5.66 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | 20025 | 5.32 |
| تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن دوللار) | 4959 | 1.45 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (100 مىليون يۈەن) | 7.01 | 3.39 |
| شەھەر - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (100 مىليون يۈەن) | 39.1 | 29.9 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 14453 | 68.94 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 16650 | 34.75 |

2850 توننا تۇخۇم، 546 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. شەھەر رايونىنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 690 مىليون يۈەن (شەھەرگە تەۋەسى 360 مىليون يۈەن)، ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 516 مىليون يۈەن (شەھەرگە تەۋەسى 308 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 4.7% (شەھەرگە تەۋەسى 9.2%) ئاشتى. بىر يىلدا 326 مىليون 440 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 166 مىڭ توننا سېمونت (شەھەرلىك سېمونت زاۋۇتىنىڭ 11 مىڭ 900 توننا)، 11 مىڭ 22 توننا پاختا يىپ، 25 مىليون 510 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 11 مىليون 460 مىڭ توننا

تۆرۋىيا سۈيى، 579 توننا سۇلياۋ ياسالما (يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان نېپىز سۇلياۋ يوپۇق 313 توننا) ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىقتا قۇرۇلۇش قىلىش بويىچە مەھسۇلات قىممىتى 422 مىليون يۈەن (شەھەرگە تەۋەسى 183 مىليون يۈەن) گە، پۈتكەن قۇرۇلۇشنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 350 مىليون يۈەن (شەھەرگە تەۋەسى 185 مىليون يۈەن) گە، ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇشىنىڭ قۇرۇلۇش قىلىنغان كۆلىمى 738 مىڭ كۋادرات مېتىر (شەھەرگە تەۋەسى 407 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر) غا يەتتى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 651 مىليون يۈەن (شەھەرگە تەۋەسى 343 مىليون يۈەن) مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 499 مىليون يۈەن (شەھەرگە تەۋەسى 264 مىليون يۈەن)، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 22 مىليون يۈەن، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتىغا سېلىنغان مەبلەغ 75 مىليون يۈەن، باشقا تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغ 55 مىليون يۈەن. بىر يىلدا تاشيولدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 16 مىليون 850 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 21 مىليون 10 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، تۆمۈريولدا توشۇلغان يولۇچى 530 مىڭغا، يۈك 405 مىڭ تونناغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 666 مىڭ 400 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 53 مىليون 483 مىڭ 600 يۈەنگە، تېلېفون كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمى 58 مىڭ تۇچكىغا، تېلېفون ئورناتقان ئائىلە 39 مىڭ 800گە، ئۆزلۈكىدىن يوللۇق ئاپتوماتىك تېلېفون كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمى 14 مىڭ 400 تۇچكىغا يەتتى. شۇ يىلدىكى خۇسۇسىي كارخانا 129 (سانائەت كارخانىسى 44)، كەسىپكار 1378 (سانائەت كارخانىسىنىڭ كەسىپكارى 523)؛ يەككە كارخانا 11 مىڭ 600 (سانائەت كارخانىسى 836)، كەسىپكار 13 مىڭ 600 (سانائەت كارخانىسىنىڭ كەسىپكارى 1087). بىر يىلدا قەشقەر شەھىرىگە سەيلە - ساياھەتكە كەلگەنلەر ئاز كەم 320 مىڭغا (چەت ئەللىك 38 مىڭ)، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 280 مىليون يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە تاشقى پېرېۋوت 18 مىليون دوللار) گە، ساياھەت تاۋارلىرى كىرىمى 73 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خىزمەتتىكى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىمدىن 1448ى بار. شەھەردىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 4551؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا مەكتىپى 9، ئوقۇغۇچىسى 6610؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 22، ئوقۇغۇچىسى 19 مىڭ 728؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 73، ئوقۇغۇچىسى 45 مىڭ 221. 3 سەنئەت ئۆمىكى، بىر ئاممىۋى سەنئەت سارىيى، 2 مەدەنىيەت يۇرتى، 3 ئاممىۋى كۇتۇپخانا، 8 كىنو قويۇش ئورنى، بىر رادىئو تارقىتىش ئىستانسىسى، بىر تېلېۋىزىيە تارقىتىش ئىستانسىسى، بىر سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيە يەر يۈزى قوبۇللاش پونكىتى بار. رادىئو ۋە تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 100%كە يەتتى. 33 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 2589 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (يەككە تېۋىپلار بۇنىڭ سىرتىدا)، 2065 كارىۋات (يەككە تېۋىپلارنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) بار.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئەمەلىي كىرىمى 3922 يۈەن، چىقىمى 3933 يۈەن؛ دېھقانلارنىڭ يىللىق ساپ كىرىمى 1741 يۈەن بولدى. شۇ يىلى شەھەر بويىچە 151 ئورۇندىكى 31 مىڭ 800 ئىشچى - خىزمەتچى پېنسىيە سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تۆلاشقا، 324 ئورۇندىكى 35 مىڭ 400 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قەشقەر شەھىرى «مەملىكەتلىك ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنە شەھەر» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

## قوغان يېزىسىنىڭ پەسىلسىز، سۇ تېجىلىدىغان مېۋە - چېۋە، گۈل - گىياھ ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلۇشى

2000 - يىلى ئەتىيازدا قەشقەر شەھىرى قوغان يېزىسىنىڭ پەسىلسىز، سۇ تېجىلىدىغان مېۋە - چېۋە، گۈل - گىياھ ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى. بۇ بازا قوغان يېزىسىنىڭ 1 - كەنتى تەۋەسىدە بولۇپ، 10 مىڭ كۋادرات مېتىر يەرنى ئىگىلىگەن، ئۇنىڭغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1 - قارارلىق قۇرۇلۇش ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 8000 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، پەسىلسىز، سۇ تېجىلىدىغان مېۋە - چېۋە پارنىكىدىن 10ى بار، بۇ قۇرۇلۇش 9 - ئاينىڭ بېشىدا پۈتكۈزۈلدى. 2 - قارارلىق قۇرۇلۇش ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 3000 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، كومپيۇتېر ئارقىلىق تىزگىنلىنىدىغان بىر زامانىۋى پارنىك بار، ئۇ گۈل - گىياھ ئۆستۈرۈپ شەھەر رايونىنى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، بۇ قۇرۇلۇش 9- ئاينىڭ ئاخىرى پۈتتى.

☆ قەشقەر شەھىرىدىكى «تيەنئەن» سودا كوچىسى دۆلەت سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق 2000 - يىلى مەملىكەت بويىچە بەرپا قىلىنغان 100

«مال سېتىۋېلىشتا خاتىرجەم بولۇش كوچىسى»نىڭ بىرى بولدى.

رېشىتجان

# قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي - شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1482 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 16. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 346 مىڭ 659 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 331 مىڭ 734)، يېزا نوپۇسى 332 مىڭ 501؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰22.29، ئۆلۈش نىسبىتى ‰7.24، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰15.05. ناھىيە بويىچە 38 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر بار، ئاق يەرگە تېرىلغان زىرائەت كۆلىمى 37 مىڭ 400 گېكتار، ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 18 مىڭ 400 گېكتار. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدە قىزىل، گەج، چاقماق دەريالىرى بار، بۇلارغا بۇلاق سۈيىنى قوشقاندا، نورمال ئەھۋالدا يىللىق ئېقىم مىقدارى 1 مىليارد 90 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. باۋاي مايۋانلاردىن تۈلكە، جەرەن قاتارلىقلار، قېزىلما بايلىقلاردىن ئالتۇن، نېفىت، گەج، ھاك تاش، كۆمۈر، تاشتۇز قاتارلىقلار بار. مەشھۇر ساياھەت مەنزىرە نۇقتىسىدىن مەھمۇت قەشقەرى مەقبەرىسى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لۇ جىڭجياڭ (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاۋ شىنۋېي (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قۇربان سۇلايمان.

ھاكىم: پەرھات سەيدى.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مەھەممەت ئابدۇللا.

## يېزا ئىگىلىكى

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 629 مىليون 510 مىڭ 700 يۈەن (1990 -

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
| --- | --- | --- | --- |
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 50620 | 7.11 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 31467 | 9.68 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 5841 | -0.27 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 13312 | 4.58 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 169089 | 6.71 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 74.24 | 5.95 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 7091 | 10.71 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 90052 | 9.12 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 3473.1 | -41.35 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 19203 | |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 1664 | -10.05 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 11205 | 26.57 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 333 مىليون 590 مىڭ يۈەن.

يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 402 مىليون 46 مىڭ 900 يۈەن) گە يەتتى. 169 مىڭ 100 توننا ئاشلىق، 13 مىڭ توننا پاختا، 1300 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. 6529 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. بىر يىلدا 15 مىڭ 275 توننا گۆش، 3334 توننا سۈت، 650 توننا قوي يۇڭى، 4024 توننا تۇخۇم ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 777 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېڭىدىن 1167 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى، 550 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى، ناھىيە بويىچە 5804 يېزا - بازار كارخانىسى بار.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 63 مىليون 390 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 39 مىليون 220 مىڭ يۈەن) گە يەتتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 20 مىليون 200 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 12 مىليون 760 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %1.07 ئاشتى. بىر يىلدا 10 توننا بالقاق، 341 قۇر كىيىم - كېچەك، 53 دانە چالغۇ ئەسۋابى، 3420 دانە قاڭالتىر بۇيۇم، 464 تۆمۈر دېھقانچىلىق سايمىنى، 350 تۆمۈر كارىۋات، 463 ئۆي جاھازىسى، 203 توننا سۇلياۋ بويۇق، 1185 توننا پاختا يىپ، 830 مىڭ مېتىر پاختا رەخت، 19 توننا ئىچىملىك، هاراق، 2.4 توننا جىغان يېغى، 81 توننا مېۋە شىرنىسى ئىچىملىكى ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 32 مىليون 630 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. مۇشۇ يىلى ناھىيە بازىرىدىكى «خەلق» يولىنى ئۆزگەرتىش - كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىغا 18 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2500 مېتىر، ئاساسلىق ئاپتوموبىل يولىنىڭ كەڭلىكى 24 مېتىر، ئىككى تەرەپتىكى پىيادىلەر يولىنىڭ كەڭلىكى 7 مېتىر، كۆكەرتىش بەلۋېغىنىڭ كەڭلىكى 3 مېتىر. 1426 مېتىر سۇ تورۇبىسى ياتقۇزۇلدى. ناھىيە بويىچە 332 يۈك ئاپتوموبىلى، 168 ئاپتوبۇس، 122 كىرا ئاپتوموبىلى بار. توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 1 مىليون 520 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 578 مىڭ 700 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون 6305 تۇچكىغا، ساياھەتچىلىكتىن قىلىنغان كىرىم 880 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىمدىن 851 ى بار. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 23، باشلانغۇچ مەكتەپ 177، ئوقۇغۇچىسى 88 مىڭ 832، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 2637 (مىللىي 2597)، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 1291 (مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1194)، بىر يىلدا مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 8 مىليون 986 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىل ئاخىرىدا رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %90كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %78كە يەتتى. ناھىيە بويىچە بىر دوختۇرخانا، بىر ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى، بىر سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، 16 شىپاخانا، 568 سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 553 كارىۋات بار.

### خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 926 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 13 مىڭ 601 بولۇپ، ئوتتۇرىچە مائاشى 6613 يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى 3543 ئائىلىدىكى 17 مىڭ 335 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

لىيۇ چۈن

# قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە، قەشقەر لاتقا تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1484 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 12، دۆلەت ئىلكىدىكى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىق مەيدانى ۋە چارۋىچىلىق فېرمىسى 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 279 مىڭ 253 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 259 مىڭ 367)، يېزا نوپۇسى 237 مىڭ 733؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰21.52، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰13. ناھىيە بويىچە 36 مىڭ 200 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 24 مىڭ 400 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇسى 8700 گېكتار)، 20 مىڭ 900 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇسى 800 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى تەۋەسىدە ئاساسلىقى قىزىل، گەز، كۆسەن قاتارلىق دەريا - ئېقىنلار بار، يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 541 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ زاپاس مىقدارى 313 مىليون

كۆپ مېتىرغا يېتىدۇ. ناھىيىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %18.7كە يەتتى. ئاساسلىق دەرەخلەردىن تېرەك، سۆگەت، تۇخۇمەك، قارىياغاچ، ئۈجمە، چىلان، يۇلغۇن، ئاق موم دەرىخى قاتارلىقلار بار. ئالما، ئۈزۈم، چىلان، ئۆرۈك، ئامۇت، ياڭاق قاتارلىق مېۋىلەر چىقىدۇ. ھەرخىل ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر 100 خىلدىن ئاشىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك 9- نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ جيەن.

11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئىممەت بارات.

ھاكىم: ئەختەر سېيىت.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سېيىت سادىر.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 347 مىليون 380 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %5 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 123 مىڭ توننا ئاشلىق، 20 مىڭ توننا كۆكتات، 20 مىڭ توننا قوغۇن - تاۋۇز، 11 مىڭ توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. 1115 گېكتار بەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (يۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ئورمان 1023 گېكتار)، بىر يىلدا 11 مىڭ 600 توننا گۆش، 6940 توننا سۈت، 725 توننا يۇڭ، 260 مىڭ 900 پارچە تېرە، 2660 توننا تۇخۇم، 251 توننا بېلىق، 4 توننا ھەسەل ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 173 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى. 1086.7 گېكتار تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى. يېڭىدىن 82.7 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، 91 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 16 ناسوس ئۆيى سېلىندى. 2 سۇ زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، 15 مىڭ 500 ئادەم ۋە 36 مىڭ 200 تۇياق چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۈيى ھەل قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىسى 1985 بولۇپ، كىرىمى 60 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 30408 | 7.3 |
| يۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 22660 | 1.1 |
| | 2 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 3329 | 16.7 |
| | 3 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 4419 | 44.4 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تۈمەن توننا) | | 12.3 | —4 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 64.3 | 5 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 7093 | |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 105490 | 8 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 11281 | —7 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 41880 | 6.08 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 1761 | 8 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 8650 | 27 |

ئىزاھ: جەدۋەلدىكى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 107 مىليون 530 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %5 ئاشتى، يۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەتنىڭ 83 مىليون 410 مىڭ يۈەن، ئېغىر سانائەتنىڭ 24 مىليون 120 مىڭ يۈەن؛ دۆلەت ئىلكىدىكى سانائەتنىڭ 22 مىليون 420

مىڭ يۈەن، كوللېكتىپ سانائەتنىڭ 85 مىليون 110 مىڭ يۈەن. بىر يىلدا 2 مىليون 390 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 1981 توننا ئاق ھاراق، 97 مىڭ 400 توننا سېمونت، 2580 توننا سېمونت ستولبا، 47 مىليون 260 مىڭ دانە خىش، 870 مىڭ توننا تۆرۈبا سۇيى، 5400 توننا ئۇن، 2787 توننا سۈ يېغى، 1672 توننا پاختا يىپ، 19 مىڭ 420 توننا ساپ پاختا، 632 كىلوۋولت ئامپېرلىق ترانسفورماتور، 300 توننا مىس ئۆزەكلىك ئالىيۇمىن سىم ئىشلەپچىقىرىلدى. توشۇلغان يولۇچى 2 مىليون 880 مىڭغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 4 مىليون 480 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 148 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 7 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە؛ ئورنىتىلغان پروگراممىلىق تېلېفون 7204 توچكىغا (يۇنىڭ ئىچىدە يېزا تېلېفونى 1813 توچكا)، يانتېلېفون ئابونېنتى 3517 گە، يىل ئاخىرىدا خەلقئارا ئىنتېرنېت تورى ئابونېنتى 168 گە يەتتى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 45 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 31% ئاشتى. بىر يىلدا ھەرخىل ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقى تۈرىدىن 8 ى ئۈستىدە سۆھبەتلىشىلدى، 180 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى؛ 28 سودا توختىمى ئىمزالاندى، سودا سوممىسى 490 مىليون يۈەنگە يەتتى. 2000 - يىلى ئۇرۇمچى يەرمەنكىسىدە ئىمزالانغان تۈرلەرنىڭ سوممىسى 204 مىليون يۈەنگە يەتتى، 162 مىليون يۈەنلىك توختامغا ئەمەل قىلىندى. شائخەي «شفالڭ» ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى بىلەن قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك پاختا - چىگە شىركىتى ھەمكارلىشىپ تىجارەت قىلىدىغان قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك «يۈئدا» توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى تۈرىگە 52 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنماقچى ئىدى، ھازىر 35 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 35 مىڭ ئۇرچۇقلۇق ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى شەكىللەندۈرۈلدى. قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك «ئالتۇن كوئېنلۇن» ھاراقچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ تۈرىگە 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنماقچى ئىدى، بۇ مەبلەغ پۈتۈنلەي سېلىنىپ بولدى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىمدىن 753 ى بار. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى بىر، يىل ئاخىرىدىكى ئوقۇغۇچىسى 196 (ھەممىسى مىللىي)؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 19 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 18)، ئوقۇغۇچىسى 18 مىڭ 455 (مىللىي 17 مىڭ 821)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 93 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 92)، ئوقۇغۇچىسى 47 مىڭ 269 (مىللىي 45 مىڭ 537)؛ مەركىزىي بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 118 (مىللىي 51). ناھىيىدىكى ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 3206. بىر يىلدا مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن 34 مىليون 520 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 90%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 77%كە يەتتى. ناھىيە بويىچە بازار - يېزىلاردا 18 تېببىي داۋالاش ئاپپاراتى، 470 كارىۋات، 449 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 1036 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 6860 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە 2300 ئىشچى - خىزمەتچى پېنسىيە سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلار 3855كە يەتتى. بىر يىلدا مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 5 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 5 مىليون 151 مىڭ يۈەنگە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەم سوممىسى 4 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتا بويىچە تۆلەم سوممىسى 1 مىليون 843 مىڭ يۈەنگە، ناھىيە بازىرىنىڭ كۆكەرتىلىش كۆلىمى 72 مىڭ 513 كۋادرات مېتىرغا، يۈتكۈزۈلگەن ئىس - تۈتەك تىزگىنلەنگەن رايوننىڭ كۆلىمى 6.7 گېكتارغا يەتتى.

گۈلباھار خېلىل

# مارالبېشى ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

مارالبېشى ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقى بىلەن تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي - شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1255 كىلومېتىر كېلىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى ناھىيە بازىرىدىن ئۆتىدۇ، تۆمۈريولنىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى ئۇزۇنلۇقى 108 كىلومېتىر. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 4، يېزا 8، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسى 5. يىل ئاخىرىدىكى ناھىيىگە تەۋە نوپۇس 252 مىڭ 518 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 237 مىڭ 915)، يېزا نوپۇسى 194 مىڭ 360؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 17.72‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 12.96‰. ناھىيە

# ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى تېزلىتىپ، ناھىيە ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەيلى

ج ك پ مارالبېشى ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ مىڭگۇڭ



## ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، كۆز قاراشنى يېڭىلاپ، ئىلمىي ھالدا ئورۇن بەلگىلەش كېرەك

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى مۇنداق: يېزا ئىگىلىكى بولۇپمۇ ئاشلىق، پاختا يەنىلا ئاساسلىق يېتەكچى كەسىپ بولۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى ئاساسلىق مەنبە بولۇپ كەلمەكتە، سانائەت ئاساسى ئاجىز، 3 - كەسىپنىڭ تەرەققىياتى ئارقىدا. ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتە تەرەققىي قىلغان رايونلار بىلەن بولغان پەرق تېخىمۇ زورىيىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە. شۇڭا مارالبېشى ناھىيىسى بىر مەركەزنى يەنى خەلقنى بېيىتىش، ناھىيىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتىن ئىبارەت مەركەزنى چۆرىدەش، 2 رايوننى يەنى مارالبېشى بازىرى، سېرىقبۇيا بازىرى مەركەز قىلىنغان 2 رايون ئىقتىسادىي بەلۋاغنى بەرپا قىلىش، 3 لىنىيە يەنى جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى، دۆلەت يولى 314 - لىنىيىسى، ئۆلكە يولى 215 - لىنىيىسىدىن ئىبارەت 3 ئاساسىي قاتناش غول لىنىيىسىگە تايىنىش، 4 كەسىپنى يەنى ئاشلىق، پاختا، ئورمان، چارۋىدىن ئىبارەت 4 چوڭ تۈۋرۈك كەسىپنى بەرپا قىلىش، ئىقتىسادنىڭ بەش ئېشىش نۇقتىسىنى يەنى پاختىچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمان مېۋىچىلىك، پىششىقلاپ ئىشلەش، سودا ۋە بازار ئېچىشنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى تەرەققىيات تەسەۋۋۇرىنى يېڭىۋاشتىن تەڭشىدى.

## ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى تېزلىتىش كېرەك

مارالبېشى 1 - كەسىپنى كۈچەيتىش، 2 - كەسىپنى زورايتىش، 3 - كەسىپنى جانلاندۇرۇش، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش قاتارلىق ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىقتىسادنىڭ بىر پۈتۈن تەسەۋۋۇرىغا ئاساسەن، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەشتىن ئىبارەت بۇ زور ئىشنى ئەستايىدىل ئىشلىدى. بىز مارالبېشىنى دۆلەتنىڭ سۈپەتلىك پاختا بازىسى ۋە ئورمان مېۋىچىلىك بازىسى، چۈچۈكبۇيا تېرىش بازىسى، چارۋىچىلىق بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز؛ ئالدى بىلەن ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان پىششىقلاش، ئالاھىدە مېۋە مەھسۇلاتى پىششىقلاش، چارۋا

بويىچە 48 مىڭ 110 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 26 مىڭ 580 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 30 مىڭ 670 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

مارالبېشى ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە كېۋەز تېرىلىدىغان چوڭ ناھىيە. ناھىيە بويىچە 50 مىڭ گېكتاردىن ئارتۇق توغراقلىق بار بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئاز ئۇچرايدىغان زور كۆلەمدە توغراق ئۆسىدىغان رايون. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن لوپنۇر كەندىرى، چۈچۈكبۇيا، مارالبېشى موگۇسى قاتارلىقلار؛ قېزىلما بايلىقلاردىن نېفىت، تەبىئىي گاز، تۆمۈر، مىس، قوغۇشۇن، فوسفور، ئالماس، تاشتۇز قاتارلىقلار بار. تەبىئىي گاز ئېلېكتر ئىستانسىسى (25 × 2 مېگاۋات) ناھىيە بازىرى ئەتراپىغا جايلاشقان. ئۆزگىچە سەيلە - ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن ئاساسلىقى تاڭ دەۋرىگە ئائىت توققۇز ساراي، چالماتار بەگ قەدىمكى قەبرىستانلىقى، ئات تۇيىقى تاغ، شاقۇ ئىپتىدائىي

مەھسۇلاتلىرىنى يېتىشتۈرۈش، چۈچۈكبۇيا ياسالمىلىرىنى پىششىقلاش، لوپنۇر كەندىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاشنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز؛ مارالبېشى بازىرى، سېرىقبۇيا بازىرىدىن ئىبارەت بىرلىككە كەلگەن 2 مەركىزىي بازارنى شەكىللەندۈرىمىز؛ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان بولۇپمۇ يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئۇلارنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى سالمىقىنى ئىمكانقەدەر تېز ئۆستۈرىمىز؛ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت مۇۋازىنىتىنى تىرىشىپ ياخشىلاپ، ئىقتىسادنىڭ ئۇزۇن مۇددەت راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرىمىز.

بىرىنچى، 1 - كەسىپنى كۈچەيتىش

9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكى، يېزا ئىقتىسادى يېتەرلىك تەرەققىي قىلدى. ئاشلىق، پاختا ھوسۇلى زور دەرىجىدە ئۆستى، ئاساسىي يېتەكچى كەسىپ پاختىنىڭ ھوسۇلى 55 مىڭ توننىغا يەتتى. لېكىن بىر تەرەپلىمە ھالدا ھوسۇل قوغلىشىلغاچقا، تېرىلغۇ كۆلىمى قارىغۇلارچە كېڭەيتىلىپ، كۆپ تېرىلىپ، ئاز ھوسۇل ئېلىنىپ، ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىك ئەندىزىسى تۈپتىن ئۆزگەرمىدى، بۇ ھال يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسى بىرلا خىل بولۇش، بازاردىكى خېيىمخەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ناچار بولۇش، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنىڭ ئۆرلەش ۋە چۈششى زور بولۇش، ئېشىشى ئاستا بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 2000 - يىلى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى ئاران 875 يۈەن بولدى. ناھىيە بويىچە كوللېكتىپنىڭ ۋە دېھقانلارنىڭ قەرزى 150 مىليون يۈەنگە يەتتى، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادى قىيىنچىلىق ئىچىدە ئىلگىرىلىدى. مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىقتىسادى بىلەن شىمالىي شىنجاڭدىكى تەرەققىي قىلغان ناھىيە - شەھەرلەرنىڭ ھەتتا ئەتراپتىكى ناھىيە - شەھەرلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بەنىمۇ زورىيىپ كەتتى. ئاپتونوم رايون ئوتتۇرىغا قويغان شىنجاڭ بويىچە دېھقانلارنىڭ ساپ كىرىمىنى 10 - بەش يىللىق پىلاننىڭ ئاخىرىدا 2700 يۈەنگە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت كۆرەش نىشانى بىلەن بولغان پەرق ئىنتايىن زور بولدى. كىرىمنى كۆتۈرۈش، تەرەققىياتنى تېزلىتىش ناھىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى، كەڭ كادىرلارنىڭ تارىخىي مەسئۇلىيىتى بولۇپ قالدى.

مارالبېشى ناھىيىسى يەكەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان، قۇرغاقچىلىق ۋە سۇ كەمچىل بولۇش باشتىن ئاخىر يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ كەلگەن «بوتۇلكا بويىنى» بولۇپ كەلدى. يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، سۇ بىلەن تۇپراقنىڭ تەڭپۇڭ بولۇش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىپ، يۇقىرى ھوسۇللۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، سۇ تېجەش تىپىدىكى زامانىۋىلاشقان يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.

«ئاشلىقنى مۇقىملاشتۇرۇش، پاختىغا ھۇجۇم قىلىش، ئورمانچىلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، چارۋىچىلىققا ئۇتۇش قىلىش» دىن ئىبارەت يېزا خىزمىتىنىڭ يېتەكچى فاكچىنىدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدا، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشىلاش، پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى تۇغراقلىق، سېرىقبۇيا بازىرى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ مارالبېشى ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ مىڭگۇاڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەمتىمىن توختى.

ھاكىم: تۇرغۇن ئىمىن.

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مۇسا تۇردى.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 681 مىليون 160 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 441 مىليون 180 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن %94 . 2 تۆۋەنلەپ كەتتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 12 مىڭ 118 توننا ئاشلىق، 38 مىڭ 200 توننا پاختا، 25 مىڭ 647 توننا مېۋە - چېۋە، 16 مىڭ 264 توننا قوغۇن - تاۋۇز، 8975 توننا كۆكتات ئېلىندى. 609 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 90 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، 33 گېكتار ئورمان ئىزى يېپىلاندى، 90 گېكتار يەردىكى ئورمان پەرۋىش قىلىندى. 7373 توننا گۆش، 3598 توننا سۈت، 1037 توننا تۇخۇم، 105 توننا بېلىق ئېلىندى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 86 مىليون 40 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 54 مىليون 390 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن %64 . 24 تۆۋەنلەپ كەتتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 6 مىليون 60 مىڭ يۈەن بولۇپ، %3 . 21 تۆۋەنلەپ كەتتى. 1 مىليون 800 مىڭ كۇب مېتىر تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەندى، 38 مىڭ 600 توننا

كۆچەيتىش، چارۋىچىلىقنى زورايتىش، ئورمان مېۋىچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت بىر پۈتۈن تەسەۋۋۇرغا ئاساسەن، يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش قەدىمىنى تېزلىتىمىز. تەننەرخى تۆۋەن، سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، سۇ تېجەش تىپىدىكى يېزا ئىگىلىكىنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، يېزىلارنىڭ كەسىپلىشىش سۈرئىتىنى، ئاۋار پاختا، ئورمان مېۋىچىلىك - قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات، چارۋىچىلىق، چۈچۈكبۇيا بازىسىدىن ئىبارەت 4 تۈرلۈك بازا قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىمىز. تەڭشەش ئارقىلىق، يېزا ئىگىلىكىنىڭ بىر پۈتۈن ساپاسى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئاساسىدا ئۇدا، ساغلام، مۇقىم راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىمىز. 2005 - يىلغا بارغاندا ئومۇمىي ئاشلىقنى 150 مىڭ توننىغا يەتكۈزىمىز، پاختا ھوسۇلىنى 50 مىڭ توننىدا مۇقىملاشتۇرىمىز، قولدا قالغان چارۋىنى 800 مىڭ تۇياققا يەتكۈزىمىز، باغ ۋە ئورمان، مېۋە - چېۋە كۆلىمىنى 27 مىڭ گېكتارغا، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنى 780 مىليون يۈەنگە، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنى 875 يۈەندىن 2700 يۈەنگە يەتكۈزىمىز، 3000 يۈەنگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشىمىز.

1) ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشىلاش. ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىشنى ئىشقا ئاشۇرغان ئاساستا، 2 چىلگە سورتىنى كىرگۈزۈپ تېرىشتا چىڭ تۇرۇپ، مۇۋاپىق ۋاقىتتا تېرىپ، يېزا ئىگىلىك تېرىقچىلىق مەشغۇلاتىنىڭ يېڭى ئەندىزىسى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، بىر يىلدا كۆپ قېتىم پىشۇرۇشتىن ئىبارەت ئۆستۈرۈش ئەندىزىسىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ، بىر يىلدا 3 قېتىم ۋە 4 قېتىم پىشۇرۇش تۈزۈمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئېگىز تېرىلغۇسى كۆپەيتىش ئىقتىدارىنى زورايتىپ، چىلگە تاۋۇز، قوغۇننى كىرگۈزۈپ تېرىش، كۆزلۈك قوغۇن، يۇرچاق تۈرىدىكى زىرائەت، تاتلىق پاقىيۇ تىپىدىكى زىرائەت قاتارلىق ئاما تۇرمۇشتا ئېھتىياجلىق بولغان بازاردا سېتىلىشى ياخشى ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى كىرگۈزۈپ ۋە ئاق يەرگە تېرىيمىز. سورتنى ياخشىلاپ، بىرلىك ھوسۇلغا ھۇجۇم قىلىپ، ئومۇمىي ھوسۇلنى ئاشۇرۇپ، كىرىمنى كۆپەيتىمىز.

2) پاختىچىلىقنى كۈچەيتىش. پاختا مارالبېشى ناھىيىسى خەلق ئىگىلىكىنىڭ تۈۋرۈك كەسپى، دېھقانلار كىرىمىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى. «يۇقىرى ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئوتتۇراھال ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى تەڭشەش، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى چېكىندۈرۈش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، كىرىمنى كۆپەيتىمىز. بىرىنچىدىن، زىچ تېرىش ئەندىزىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، پاختىنىڭ بىرلىك ھوسۇل مىقدارىنى جەھەتتە بۆسۈش ھاسىل قىلىمىز. ئىككىنچىدىن، كېۋەزنىڭ يېڭى سورتلىرىنى تەجرىبە قىلىش، ئۆلگە كۆرسىتىش، كېڭەيتىشكە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، كېۋەزنىڭ ئىچكى سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئەلا سۈپەت، يۇقىرى ھوسۇل، تۆۋەن تەننەرخ، يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن بازار رىقابىتىگە قاتنىشىپ، بازارنى ئىگىلەپ، پاختىنىڭ مارالبېشى «قار لەيلىسى» ناملىق داڭلىق ماركىسىنى

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 82249 | 1.9 |
| يۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 58265 | 1.9 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 9956 | —2.6 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 14028 | 56.1 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 121182 | 6.71 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 47.37 | 2.09 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 9587 | 9.04 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 75209 | 24.57 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 15945 | 7.77 |
| بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 55935 | 6.44 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 2832 | 14.19 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 10353 | 33.45 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 389 مىليون 800 مىڭ يۈەن.

يارىتىمىز. ئۈچىنچىدىن، رەڭلىك ياختا قاتارلىق قوشۇمچە قىممىتى يۇقىرى سورتلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، رەڭلىك ياختىنى تەدرىجىي كېڭەيتىمىز. تۆتىنچىدىن، كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمىنى تەدرىجىي ئازايتىپ، ياختىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىمىز.

3) چارۋىچىلىقنى زورايتىش. چوڭ ئائىلىلەر ئارقىلىق چارۋىچىلىقنىڭ كەسىپلىشىش جەھەتتىكى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت بىر پۈتۈن تەسەۋۋۇردا چىڭ تۇرۇپ، ياخشىلىرىنى، كۈچلۈكلىرىنى يۆلەپ، بازار ئارقىلىق باشلامچىلارنى يېتەكلەش، باشلامچىلار بىلەن بازىنى، بازا بىلەن دېھقان ئائىلىلىرىنى تۇتاشتۇرۇش، دېھقان ئائىلىلىرى دېھقان ئائىلىلىرىنى يېتەكلەشتىن ئىبارەت چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سىستېمىسىنى ئىمكانقەدەر تېز شەكىللەندۈرىمىز. نەسىللىك كالا كۆپەيتىش بازا مەركىزى قۇرۇپ، كۆپەيتىش چوڭ ئائىلىسى، كۆپەيتىش كەسپىي ئائىلىسى، باقمىچىلىق چوڭ ئائىلىسى، باقمىچىلىق كەسپىي ئائىلىسىدىن ئىبارەت 4 دەرىجىلىك ئائىلىنى بىرلىكتە ئىشقا سېلىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، چارۋىچىلىقنى كەسىپلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش، كۆلەملەشتۈرۈپ ئىگىلىك باشقۇرۇش يېڭى ئەندىزىسىگە قاراپ ئىلگىرىلىتىمىز. كەپتەر، تىۋىت ئۆچكىسى، پول ئۆچكىسى، بۇغا، گۆھنجۈك ئېشىكى قاتارلىق ئۆزگىچە باقمىچىلىقتا ئىلھام بېرىمىز ۋە يېتەكلەيمىز. 530 گېكتار يەم - بوغۇز بازىسى قۇرىمىز، ئارىلاشما يەم - بوغۇز، تەڭشەلمە يەم - بوغۇزنى پائال كەشىپ قىلىپ ۋە كىرگۈزۈپ، ئۆزۈن ئوت - چۆپلەرنى توغراپ بېرىش، ئۈچنى سىلوسلاش، بىرنى ئاممىباپلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى يېتەرلىك ئوت - چۆپ، يەم - بوغۇز بىلەن تەمىنلەيمىز. شۇ ئارقىلىق چارۋىچىلىقنى ھەقىقىي تۈردە ناھىيە بويىچە يېزا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى تۈۋرۈكلۈك كەسىپكە ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىغا ئايلاندۇرىمىز.

4) ئورمان مېۋىچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش. تۇتاش يەرلەرگە كۆچەت تىكىش ۋە دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ھويلا - ئاراملىرىنى ئۆزگەرتىشتە چىڭ تۇرۇپ، قوشۇمچە ئورمان بەلۋاغلىرىنى ئۆزگەرتىپ، سالا ئېتىز، سۇغىرىش ئېرىقى بويلىرىغا كۆچەت تىكىشنى قوشۇمچە، كۆچەت يېتىشتۈرۈشنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، بازا قۇرۇلۇشى، رايونلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، سورتلارنى ياخشىلاش پرىنسىپىغا ئاساسەن، داڭلىق، سۈپەتلىك، ئالاھىدە، يېڭى ئورمان مېۋىچىلىكىنى يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسىدا تەرەققىي قىلدۇرىمىز. سىرتقى قورشىما تايانچ ئىھاتە ئورمىنى ۋە سالا ئېتىز ئىھاتە ئورمىنى قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ياخشى قىلىپ، تارىم دەرياسى ۋادىسىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش تۈرىدىن پىلانلىق پايدىلىنىپ، ناھىيە بازىرىدىن ئاچال بازىرىغىچە بولغان يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا كەڭلىكى 80 مېتىر، كۆلىمى 240 گېكتار كېلىدىغان تايانچ ئىھاتە ئورمان بەلۋېغى بەرپا قىلىمىز. 1300 گېكتار سىرتقى قورشىما ئورمان بەلۋېغىنىڭ ئەتراپىدىكى چېكىنگەن تېرىلغۇ يەرلەردە ئورمان ۋە ئوتلاق بەرپا قىلىش، پارچە - پۇرات يەرلەردە ئورمان ۋە ئوت - چۆپ ئۆستۈرۈشنى يولغا قويۇپ، غەربىي شىمال تايانچ ئىھاتە ئورمان بەلۋېغى رامكىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرىمىز.

---

ياختا چىقىرىلدى، 55 مىليون 480 مىڭ دانە خىش، 3995 توننا سۇ يېغى، 101 مىڭ 700 توننا ئۇن ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 80 مىليون 510 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بىر يىلدا بىناكارلىق مەھسۇلات قىممىتى 16 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 28 مىڭ 954 كۋادرات مېتىر ئۆي - ئىمارەت پۈتكۈزۈلدى. تۆمۈريولدا توشۇلغان يۈك مىقدارى 80 مىڭ 315 تونىنغا، يولۇچى 41 مىڭ 949 غا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 367 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 15 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، كۆچمە خەۋەرلىشىش كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون يۈەنگە؛ يىل ئاخىرىدىكى مۇقىم تېلېفون 19 مىڭ 712 توچكىغا (بۇنىڭ ئىچىدە يېزا تېلېفونى 9471 توچكا)، يانتېلېفون ئابونىتى 2650 كە، سىمسىز چاقىرغۇ ئابونىتى 4536گە، خەلقئارا ئىنتېرنېت ئابونىتى 150 يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىمدىن 775ى بار، ئالىي دەرىجىلىكى 49. ناھىيە بويىچە پەن - تېخنىكىغا 700 مىڭ يۈەن سېلىنما سېلىندى. بىر تەربىيىلەش نۇقتىسى كۆپەيتىلدى، تەربىيىلەش مۇئەسسەسىلىرىنى سەپلەش ئۈچۈن 340 مىڭ يۈەن سېلىنما سېلىندى. ناھىيىدىكى مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 3 (مىللىي مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 2)، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر (مىللىي مەكتەپ)، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1173 (مىللىي 918)؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 12 (ھەممىسى مىللىي مەكتەپ)، ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 139 (مىللىي 14مىڭ 361)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 112 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 107)، ئوقۇغۇچىسى 50 مىڭ 524

5) قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات ئىشلەپچىقىرىشنى پائال، مۇۋاپىق راۋاجلاندۇرۇش. سېرىقبۇيا بازىرىنى مەركەز قىلىپ، ئاق يەرگە ۋە ئېگىز ئورۇنغا تاۋۇز، قوغۇن، كوزلۇك قوغۇن تېرىشنى كېڭەيتىمىز. ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى يېزا - بازار (مەيدان) لارنى باشلامچى قىلىپ، پارنىك، لاپاستا كۆكتات ئۆستۈرۈشنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كۆپ قېتىم پىشۇرۇش تۈزۈمى بويىچە قالدۇق قۇرلاردىن، كېۋەزلىكلەردىكى بوش قۇرلاردىن، كېۋەزنىڭ مايسا مەزگىلىدىكى بوشلۇقلاردىن پايدىلىنىپ، 2667 گېكتار يەرگە تۇناش كۆكتات ئۆستۈرۈپ، كۆكتات مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، بازارنى ئىگىلەپ، كىرىمنى ئاشۇرىمىز.

6) چۈچۈكبۇيا تېرىش بازىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش. 2000 - يىلى سەنشى يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر تەتقىقات ئورنى بىلەن ھەمكارلىشىپ، تۇنجى قارار‌دا 7 .66 گېكتار كۆچەت يېتىشتۈرۈش بازىسى قۇرۇپ، بىر يىلدا چۈچۈكبۇيا تېرىلغان كۆلەمنى 7 .666 گېكتارغا يەتكۈزىمىز، كۆلەمنى يىلمۇ يىل كېڭەيتىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە لوپنۇر كەندىرى، دورىلىق ئۆسۈملۈك، توشقان زەدىكىنى تېرىپ ئۆستۈرۈش قاتارلىق ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكىنى پائال تەتقىق قىلىپ كەشىپ قىلىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمنى كۆپەيتىمىز.

ئىككىنچى، 2 - كەسىپنى زورايتىش.

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ سانائەت ئاساسى ئاجىز، باشلىنىش نۇقتىسى بىرقەدەر تۆۋەن. 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە بىز «تېخنىكا كىرگۈزۈش، كۆلەمگە ئۇيۇش قىلىش، ئۇنۇمنى ئۆستۈرۈش، سىرتقا يۈزلىنىش» پرىنسىپىنى ئاساس قىلىپ، سانائەت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەيمىز. بۇ جەھەتتىكى ئاساسىي تەسەۋۋۇر مۇنداق: رايون چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ھازىر بار كارخانىلارنى ئاساس قىلىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن سودىگەر چاقىرىپ ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىن مەبلەغ، ئىلغار تېخنىكا، باشقۇرۇش ئۇسۇلى، داڭلىق ماركا كىرگۈزۈپ، ھازىر بار كارخانىلارنى ئۆزگەرتىپ، مەھسۇلات ۋە تېخنىكىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ سانائەت ئىقتىسادىدىكى تۈۋرۈك كارخانىلارنى يېتىلدۈرۈپ، ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان، يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى، ئېنېرگىيە قېزىلما بايلىقلىرى ۋە چۈچۈكبۇيا، لوپنۇر كەندىرى پىششىقلاشتىن ئىبارەت كۆلىمى بىر قەدەر زور بولغان 4 كەسىپنى شەكىللەندۈرۈپ، 2 - كەسىپنى تېز تەرەققىي قىلدۇرىمىز.

ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش، سىرتتىن كىرگۈزۈشنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەشنى گەۋدىلىك تەرەققىي قىلدۇرىمىز. پاختىغا تايىنىپ قوشۇلما قىممىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان يەل كۈچى بىلەن توقۇش فابرىكىسى، پاختا ئاقسىلى پىششىقلاش زاۋۇتى، ئۇرا توقۇش فابرىكىسىنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز؛ ئاشلىققا تايىنىپ يەم - بوغۇز پىششىقلاش زاۋۇتى، ئالىي دەرىجىلىك ئۇن، كۆممىقوناق يېغى، يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا دۇملەپ ياغ ئېلىش زاۋۇتىنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز؛ چارۋىچىلىققا تايىنىپ چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش زاۋۇتى، گىلەم زاۋۇتى، گۆش ياسالمىلىرى زاۋۇتى، كۆن - خۇرۇم بۇيۇملىرى زاۋۇتىنى

(مىللىي 48 مىڭ 261) ، باشلانغۇچ مەكتەپ يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 97% .99كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 18 مەدەنىيەت پونكىتى، 210 مەدەنىي پائالىيەت ئۆيى، بىر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى سارىيى، بىر كۇتۇپخانا، بىر كىنوخانا بار. ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى بىر يىلدا 45 مەيدان (قېتىم) ئويۇن قويدى، ئويۇننى 100 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۆردى. رادىئو ۋە تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا 100%كە يەتتى. 4 ناھىيە دەرىجىلىك تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 12 يېزا - بازار سەھىيە ئاپپاراتى، ناھىيە بويىچە سەھىيە سىستېمىسىدا 917 ئىشچى - خىزمەتچى، 610 كارىۋات، 57 يەككە ئامبۇلاتورىيە بار.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 875 يۈەنگە يەتتى. بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچى 11 مىڭ 179 بولۇپ، يىللىق كىرىمى 8050 يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا جەمئىيەت سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 3 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، تۆلەم سوممىسى ۋە بېرىلگەن پۇل 1 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە؛ مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 5 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە تۇرۇبا سۈيىدىن مەنپەئەتدار بولغان كەنت 140قا، تېلېفون تۇتاشتۇرۇلغان كەنت 38گە، توك يەتكۈزۈلگەن كەنت 186گە يەتتى.

ئىزاھ: 1999 - يىلى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 622 مىليون 810 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 454 مىليون 530 مىڭ يۈەن) ، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 117 مىليون 580 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 72 مىليون 170 مىڭ يۈەن) بولۇشى كېرەك.

ياڭ يىدۇڭ

تەرەققىي قىلدۇرىمىز؛ ئورمان مېۋىچىلىكىگە تايىنىپ مېۋە - چېۋە پىششىقلاش زاۋۇتى، مېۋىنى يېڭى پېتى ساقلاش ئامبىرى، مېۋە شىرنىسى ئىچىملىكى زاۋۇتى، ئەقلىيلەشتۈرۈلگەن كۆچەت يېتىشتۈرۈش بازىسى، سېرىق كارتون قەغەز زاۋۇتىنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز. تۆمۈريول، تاشيولنى تايانچ قىلىپ يوپېز ئىستانسىسى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى توپ سېتىش بازىرى، ئۇششاق تاۋارلار توپ سېتىش بازىرى، سېرىقبۇيا يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى توپ سېتىش بازىرى، چارۋا مال بازىرى قۇرىمىز؛ تەبىئىي بايلىققا تايىنىپ چۈچۈكبۇيا تېرىش، چۈچۈكبۇيا توغرالمىسى زاۋۇتى، لوپنۇر كەندىرى چاي زاۋۇتى، لوپنۇر كەندىرى تالاسى زاۋۇتى، چىگىنى ئىنچىكە پىششىقلاش زاۋۇتى، لوپنۇر كەندىرى ئېلمە توقۇلما زاۋۇتىنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز؛ يىرىك يېزا ئىگىلىكىگە تايىنىپ BP ئوغۇت زاۋۇتى، سۇلياۋ ياسالمىلىرى زاۋۇتىنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز؛ بىناكارلىققا تايىنىپ قەغەز بېزەك تاختا زاۋۇتى، كالتسىي سۇلياۋ بېزەك تاختا زاۋۇتى، سۇ تېجەش ماتېرىياللىرى زاۋۇتى، يۇقىرى ئۆلچەملىك تەييار دېتاللار زاۋۇتى، ئوتتۇراھال زىچلىقتىكى تاختا ماتېرىيال زاۋۇتى، قىرىندا تاختا زاۋۇتى، گەج بېزەك تاختا زاۋۇتىنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز؛ قېزىلما بايلىققا تايىنىپ ۋانادىي تىتان ماگنىت زاۋۇتى، گۈڭگۈرت كىسلاتاسى زاۋۇتى، شىپات پىششىقلاش زاۋۇتىنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز. ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش، سىرتتىن كىرگۈزۈش ئارقىلىق، بىر نەچچە تۈۋرۈك كارخانا ئارقىلىق ناھىيىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، 2 - كەسىپنى كونا پەددىن ھالقىپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى كۆپەيتىپ، ئىچكى ئېھتىياجنى ئىلگىرى سۈرۈپ، 3 - كەسىپنى جانلاندۇرىمىز.

ئۈچىنچى، 3 - كەسىپنى جانلاندۇرۇش

جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى بىلەن تاشيول قاتناش تۈگۈنى، ماددىي ئەشيا توپلىنىدىغان ۋە تارقىلىدىغان جاي، خادىملارنىڭ يۈرۈشۈش مەركىزى بولۇشتىن ئىبارەت فۇنكسىيىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئومۇمىي مىقدارنى كېڭەيتىپ، قۇرۇلمىنى ئەلالاشتۇرۇپ، مۇلازىمەت ساھەسىنى كېڭەيتىپ، مۇلازىمەت فۇنكسىيىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كۆپ خىل شەكىل قوللىنىپ، سودا ئوبوروت كەسپىنى، ئىجتىمائىي مۇلازىمەت كەسپى، ئۆي - زېمىن كەسپى، ساياھەت كەسپى، پۇل مۇئامىلە - سۇغۇرتا كەسپى ۋە تېلېگراف كەسپى قاتارلىقلارنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىنى زور كۈچ بىلەن يۆلەپ، 3 - كەسىپنىڭ ناھىيە ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىدىكى تۆھپە نىسبىتىنى ئۆستۈرىمىز. كىچىك بازار قۇرۇلۇشى ۋە مارالبېشى بازىرى، سېرىقبۇيا بازىرىدىن ئىبارەت 2 رايون ئىقتىسادىي بەلۋېغىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشنى چۆرىدەپ، ھازىر بار بازارلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شەھەرنىڭ تەسىر كۆرسىتىش فۇنكسىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ ۋە كېڭەيتىپ، 3 - كەسىپنىڭ تەرەققىياتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرىمىز.

مەھەللە مۇلازىمىتى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش سىناق نۇقتىلىرىنى زورايتىپ، داڭلىق سودا كارخانىلىرىنىڭ مارالبېشىغا كېلىپ زەنجىرسىمان سودا كارخانىلىرىنى قۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، مەركەزلەشتۈرۈپ ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش، مۈلۈك باشقۇرۇش، بازار ئېچىش، ساياھەتچىلىكنى

# پەيزاۋات ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

پەيزاۋات ناھىيىسى قەشقەر لاتقا تۈزلەڭلىكىنىڭ تۆۋەن قىسمىغا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1338 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 11، مەيدان 2. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 299 مىڭ 850، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 295 مىڭ 681، يېزا نوپۇسى 274 مىڭ 189؛ نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.54‰. ناھىيە بويىچە 40 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 26 مىڭ گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (كېيىن تېرىلغۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 26 مىڭ 700 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

پەيزاۋات ناھىيىسى تەۋەسىدە قار سۈيىدىن ھاسىل بولغان دەريا - ئېقىندىن 7 سى بار بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 800 مىليون كۇب مېتىردىن 1 مىليارد كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ناھىيە قەشقەر لاتقا تۈزلەڭلىكىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدىكى يەر ئاستى سۈيى، يەر ئۈستى سۈيى يىغىلىدىغان جاي ھېسابلىنىدۇ. ناھىيە بويىچە 240 مىڭ 700 گېكتار ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدىغان يەر، 96 مىڭ 700 گېكتار پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق بار. پاختىچىلىق پەيزاۋاتنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئاساسلىق يېتەكچى كەسپى ھېسابلىنىدۇ. پەيزاۋات قوغۇنىنىڭ «جۇڭگو قوغۇن پادىشاھى»، «غەربىي

تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق ئىجتىمائىي مۇلازىمەت كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز. ھازىر بار بولغان ناھىيىگە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇندايمىز. ئەتراپتىكى ناھىيە، شەھەر، بىڭتۇەننىڭ تۇەن - مەيدانلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، رايون خاراكتېرلىك سىڭىشمە ئىقتىساد ۋە تۆمۈريول ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مارالبېشىنى مەركەز قىلغان ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىرلەشمە بەلۋېغىنى شەكىللەندۈرىمىز. سېرىقبۇيا بازىرىدا چوڭ بازار شەكىللەنگەن ئۈستۈنلۈككە تايىنىپ، يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى توپ سېتىش بازىرى، چارۋا مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرى قۇرۇشقا يار يۆلەك بولىمىز. پويىز ئىستانسىسىنىڭ يول بويىدا بولۇشتەك ئۈستۈنلۈككە ۋە زېمىن بايلىقىغا تايىنىپ، يەرنى ھەقسىز بۆلۈپ بېرىش ۋە يەرنى سېلىنما قىلىپ سېلىش بويىچە ھەمكارلىشىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈپ، پويىز ئىستانسىسى ئىقتىسادىي رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ئۆتىشاق تاۋارلار توپ سېتىش بازىرى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى توپ سېتىش بازىرى، چارۋا مال بازىرى قۇرۇشنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سودا ئوبوروت كەسپى ۋە يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىك قاتارلىق ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىمىز. ئۆي - زېمىن تەرەققىيات سودىگەرلىرىنى كىرگۈزۈپ، 1 -، 2 - كەسىپنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىدەك پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆي - زېمىن كەسپى ۋە بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، سودا بازىرى ۋە توپ سېتىش بازىرىنى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرىمىز. ساياھەتچىلىكنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۆرپ - ئادەت مەدەنىيىتى، تاڭ پادىشاھى قەلئەسى، قۇملۇق مەنزىرىسى، سۇ ئۈستى باغچىسى، شاقۇ توغراق ئورمان مەيدانى قاتارلىق مەنزىرە نۇقتىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ساياھەت بازىرى ئېچىپ، ساياھەت ئىستېمالىغا تەسىر كۆرسىتىمىز.

ئۈچىنچى، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىقتىسادنى بولۇپمۇ يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش.

ئىلگىرىلەشمۇ بولۇش، چېكىنىشمۇ بولۇش، بولىدىغىنىنى قىلىش، بولمايدىغىنىنى قىلماسلىق پرىنسىپىغا ئاساسەن، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىك قاتارلىق ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىقتىسادنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مەبلەغ سېلىش ساھەسىنى كەڭ ئېچىپ، ئۇنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى سالمىقىنى ئىمكانقەدەر تېز ئۆستۈرىمىز.

«سەن قۇرساڭ مەن مۇلازىمەت قىلىمەن، سەن پۇل تاپساڭ مەن تەرەققىي قىلىمەن» دېگەن يېڭى كۆز قاراشنى ئاساس قىلىپ، سىياسەت جەھەتتە يار يۆلەك بولۇش، ئىجتىمائىي مۇھىت جەھەتتە مەدەت بېرىش، قىبلىپلاشقان يېتەكلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش، باقمىچىلىق، ئەسلىلىك چارۋىنى كۆپەيتىش، ئورمان مېۋىچىلىكى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، مېۋە - چېۋە پىششىقلاش، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، يولۇچى توشۇش، زور كۆلەملىك سودا ئوبوروتى، چوچۇكبۇيا ۋە لوپنۇر كەندىرى بايلىقىنى ئېچىش، ئۆي - زېمىن تەرەققىياتى، ساياھەت بايلىقىنى ئېچىش قاتارلىق ساھەلەرگە

يۇرتنىڭ ئېسىل مەھسۇلاتى» دېگەندەك گۈزەل نامى بار.

ناھىيە تەۋەسىدە دورا ماتېرىياللىرى بايلىقىدىن ئاساسلىقى چوچۇكبۇيا، زاراڭزا قاتارلىقلار، تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن مىس، قوغۇشۇن، سىنىك، مانگان، نىكېل، ھاك تېشى، ئىسلاندىيە شپاتى، شپات، بارىت، تاشپاختا، نېفىت، تەبىئىي گاز قاتارلىق 24 خىلى بار، مىسنىڭ زاپىسى 100 مىڭ توننىدىن ئاشىدۇ، دەرىجىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %3 — %8 كىچە.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ پەيزاۋات ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ياڭ جىسىڭ.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مامۇت ئىسمائىل.

ھاكىم: مۇتەللىپ ئۇبۇل.

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سەلەي ئابدۇللا.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 691 مىليون 730 مىڭ 500 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 467 مىليون 185 مىڭ 800 يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %12.2 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 161 مىڭ 900 توننا ئاشلىق، 17 مىڭ توننا ساپ پاختا ئېلىندى. دېھقانلارنىڭ ساپ كىرىمىدە چارۋىچىلىقنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى %13.36، مېۋە - چېۋە، باغۋەنچىلىكنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى %14.58

تەرەققىي قىلدۇرىمىز. ھەر يىلى تىجارەت كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ بولغان 10 يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىك خوجايىنىنى يېتىشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ كارخانا، زاۋۇت قۇرۇشىنى، پىششىقلاش، مەھەللە مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، يېزىلاردىكى بىر تۈركۈم ئارتۇق ئەمگەك كۈچىنى قوبۇل قىلىشىنى قولغا كەلتۈرىمىز.

## ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرىمىز

تارىم دەرياسى ۋادىسىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش پۈرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، سۇچىلىق مەركەز قىلىنغان يېزا ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىمىز. بىرىنچىدىن، بۇنىڭدىن كېيىنكى 5 يىلدا 477 مىليون يۈەن مەبلەغنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلىتىپ، تۈرنىڭ ئالدىنقى قارارلىق تەييارلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، 53 قول، تارماق ئېرىق - ئۆستەڭنى سىڭگەس قىلىش، ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى ياخشى قىلىپ، 6000 گېكتار دائىرىدە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق سۇ تېجەش قۇرۇلۇشى قىلىمىز، يۈرۈشلەشكەن ماشىنىلاشقان قۇدۇقتىن 100نى قازىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە چوڭ سۇغىرىش رايونىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش تۈرى، ياپونىيىنىڭ ھەمكارلىق فوند تۈرىنى پاتال قولغا كەلتۈرىمىز، ئاناركۆل سۇ ئامبىرىنى پۇختىلاش، ساۋلۇڭ سۇ ئامبىرىنى كېڭەيتىش قاتارلىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرىنى داۋاملىق ئېلىپ بارىمىز. ئىككىنچىدىن، ھەقىقىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان ماشىنىلاشقان قۇدۇقلارنى باشقۇرۇش ھەرىكەت ئۇسۇلىنى تۈزۈپ چىقىپ، ھازىر بار 1800 قۇدۇقنىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈش بويىچە ساق تۇرۇش نىسبىتىنى 98%تىن كۆپرەككە، قۇدۇقلارنىڭ ئىچىلىش نىسبىتىنى 90%تىن كۆپرەككە، قۇدۇقلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئىچىلىش ۋاقتىنى 50 كۈندىن كۆپرەككە، تارتىلىدىغان يەر ئاستى سۈيىنى 150 مىليون كۇب مېتىرغا يەتكۈزىمىز. ئۈچىنچىدىن، سۇنى ئائىلىلەرگە تەقسىملەشنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇپ، سۇ مەمۇرىيىتىنى كۈچەيتىپ، سۇ باھاسىنىڭ تاۋارلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سۇدىن پايدىلىنىش نىسبىتىنى ھازىرقى 34%تىن 44%كە يەتكۈزۈپ، تېجىلىدىغان سۇنى 100 مىليون كۇب مېتىرغا، كۆپەيگەن سۇنى 130 مىليون كۇب مېتىرغا يەتكۈزۈش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سۇغىرىش شارائىتىنى ياخشىلاپ، ئۈنۈملۈك سۇغىرىش نىسبىتىنى ئۆستۈرىمىز. تۆتىنچىدىن، دېھقانلار ئاممىسىنى ئەنئەنىۋى ئىستېمال كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىشكە يېتەكلەيمىز، ئۆلچەملەشكەن يېزا ئاھالىلەر ئولتۇراق قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىمىز. بەشىنچىدىن، ئۆلچەملىك سالا ئېتىز پىلانلاش قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەيمىز.

سۇ، توك، يول، خەۋەرلىشىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقىنى زورايتىمىز. ناھىيە بازىرىنىڭ يوللىرى جەھەتتە يول تورلىرىنىڭ زىچلىقىنى ئۆستۈرۈشنى ئاساس قىلىپ، رايونلار ئارا قاتناش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىمىز. ناھىيە - يېزا تاشيولى جەھەتتە ئىككىلىت شەكلىدىن يول تورى شەكلىگە ئۆتۈپ، يېزا - كەنت يولى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىمىز. 2005 - يىلغا بارغاندا يېزا - كەنت يوللىرىنىڭ قاتتىقلاشتۇرۇلۇش نىسبىتىنى 50%كە، شېغىل يولنى 95%كە يەتكۈزىمىز. ئۈچچۇر ئاساسىي تور قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، خەۋەرلىشىش ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىمىز، ھەممە مەمۇرىي كەنتتە توك بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرىمىز. ئۆز يېرىمىزنىڭ تور رايونى ئىچىدە كابېل ئارقىلىق يەتكۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېزىلاردا پروگراممىلىق يەتكۈزۈش تورىنى ئومۇملاشتۇرىمىز. مارالبېشى بازىرى بىلەن سېرىقبۇيا بازىرىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، كىچىك بازار قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىمىز.

بولدى. بىر يىلدا 2200 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 4 مىليون تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 9000 توننا گۆش، 5380 توننا سۈت، 1100 توننا يۇڭ، 185 مىڭ 300 پارچە تېرە ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 21 مىليون 80 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 134.8 كىلومېتىر سۇ سىڭگەس ئۆستەڭ ياسالدى، يېڭىدىن 800 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى. 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى 6 مىليون 991 مىڭ 600 يۈەن مەبلەغ سېلىنغان دۇنيا بانكىسى قەرز پۇل بەرگەن تۈر — ئاتۇش - پەيزاۋات غول زەيكەش قۇرۇلۇشى پۈتتى، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئۇزۇنلۇقى 881 كىلومېتىر، بۇ قۇرۇلۇش ئارقىلىق 6667 گېكتار تۈزەن ھوسۇللۇق يەرنى سۇ بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ. ناھىيە بويىچە يېزا - بازار كارخانىسىدىن 1921ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە كوللېكتىپ كارخانا 27، خۇسۇسىي كارخانا 8، يەككە سودا - سانائەت ئائىلىسى 1886، بۇ كارخانىلارنىڭ يىللىق كىرىمى 92 مىليون يۈەن.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 46 مىليون 35 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 31 مىليون 92 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 20.83% ئۆرلەپ كەتتى. بىر يىلدا ئۇراقلىق مۈلۈككە 84 مىليون 40 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 10 - ئايدا 25 مىليون 370 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، ئۇرۇۋا تورىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 16.46

**خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى**

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 43200 | 7.1 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 29711 | 5.5 |
| | 2 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 3196 | 4.3 |
| | 3 - كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 10293 | 13.2 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 161900 | 6.4 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 79 | 5.33 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 9200 | 2.23 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 60900 | 1.5 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 9221 | 6.3 |
| بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 27960 | 2.5 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 1616 | —5 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 9162.1 | 12.09 |

كىلومېتىر كېلىدىغان، كۈنىگە 6600 توننا سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بىر يىلدا پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون 5000 توچكىغا يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار تېخنىكا خادىمىدىن 781ى بار. 2000 - يىل 6 - ئايدا پەيزاۋات ناھىيىسى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار ناھىيە دېگەن نامغا ئېرىشتى. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 15 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 14)، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 708 (مىللىي 16 مىڭ 529)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 121، ئوقۇغۇچىسى 55 مىڭ 871 (مىللىي 55 مىڭ 360)؛ باللار باغچىسىغا كىرگەن بالا 180 (مىللىي بالا 80). 30 مىليون 470 مىڭ يۈەن (يۇقىرى بۆلۈپ بەرگەن پۇل 21 مىليون 780 مىڭ يۈەن، ناھىيە ئۆزى غەملىگەن پۇل 8 مىليون 690 مىڭ يۈەن) مەبلەغ سېلىنغان مەجبۇرىيەت مائارىپى قۇرۇلۇشى 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدا لاياقەتلىك بولدى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە يەتتى. ناھىيىدە 15 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 590 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 520)، 557 كارىۋات بار.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 939 يۈەن بولدى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 10 مىڭ 490 (توختام تۈزۈمىدىكى 356 ئىشچى - خىزمەتچىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بولۇپ، بىر يىلدا 81 مىليون 71 مىڭ يۈەن مائاش تارقىتىلدى. بىر يىلدا 335 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە پېنسىيە سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 2111گە يەتتى، قاپلاش دائىرىسى %100كە يەتتى. 6322 ئادەم ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، قاپلاش دائىرىسى %100كە يەتتى.

لى جىجېن

# يوپۇرغا ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

يوپۇرغا ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم

ئويمانلىقنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1560 كىلومېتىر. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 8، دۆلەت دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسى 5. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۇەن 42 - تۇەننىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى نوپۇسى بۇنىڭ سىرتىدا، تۇۋەندىمۇ شۇنداق) 126 مىڭ 426 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 123 مىڭ 784)، يېزا نوپۇسى 105 مىڭ 817؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰95 .15، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰48 .10. ناھىيە بويىچە 20 مىڭ 2 .640 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 12 مىڭ 7 .666 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 7 .4666 گېكتار)، 12 مىڭ 9 .68 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (كېۋەز 11 مىڭ گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى تىپىك قۇرۇقلۇق تىپىدىكى كىلىماتقا كىرىدۇ.

يوپۇرغا ناھىيىسى دۆلەتنىڭ مۇھىم پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى. يوپۇرغىدىن قوغۇن، سەيلى ئۆرۈك، مۇناقى ئۈزۈم، ئانار قاتارلىق مېۋە - چېۋىلەر چىقىدۇ. ئاساسلىق چارۋا نەسلىدىن شىنجاڭ يوپۇرغا ئېچكىسى بار. ناھىيىنىڭ يەرلىرى يەكەن، گەز، قىزىل دەريالىرىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ. بۇ ناھىيە قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە يېرى 3 دەريانىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان بىردىنبىر ناھىيە. يەر ئاستى سۇ زاپىسى 236 مىليون كۇب مېتىردىن 250 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدىغان يەر 100 مىڭ گېكتارغا يېتىدۇ. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چۈچۈكبۇيا، توشقان زەدىكى، ئالىقات قاتارلىقلار بار. يېقىندىن ساياھەت مەنزىرە نۇقتىسى داۋاقۇم قۇملۇق ساياھەت مەنزىرە رايونى ئېچىلدى.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ يوپۇرغا ناھىيىلىك 9- نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: خې خېيۈەن.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەخمۇت گەخمەت.

ھاكىم: غۇلامجان ئابدۇرۇسۇل.

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدۇرېشىت ناسىر.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 251 مىليون 889 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %89 .3 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 61 مىڭ 356 توننا ئاشلىق (بۇغداي 38 مىڭ 400 توننا)، 800 توننا ياغلىق دان، 15 مىڭ توننا پاختا (مېتىرۋېلىنغان سان) ئېلىندى. 4 .270 گېكتار بەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 823 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. بىر يىلدا 3889 توننا گۆش، 1950 توننا سۈت، 445 توننا قوي يۇڭى، 3 .2 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 105 مىڭ 600 پارچە كالا، قوي تېرىسى ئېلىندى. ناھىيە بويىچە يوپۇرغا سۇ باشلاش باش ئۇل ئۆستىڭى، تېرىم ئۇل ئۆستىڭى، كونا كانا ئۆستىڭى، ئاخۇنلۇقۇمغا يەكەن دەرياسىنىڭ سۈيىنى باشلاش ئۇل ئۆستىڭى، قىزىل دەرياسىنىڭ سۈيىنى يوپۇرغىغا باشلاش ئۇل ئۆستىڭى قاتارلىق سۇ باشلاش ئۆستەڭلىرىنىڭ قېشىنى پۇختىلاش، لاتقىسىنى ئادالاش ۋە سېمونت تاختا يېپىپ سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشلىرى تاماملاندى. ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك 38 كىلومېتىرلىق ئۇل زەيكەش، يېزا دەرىجىلىك 43 كىلومېتىرلىق تارماق زەيكەش چېپىلدى، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش قۇدۇقىدىن 12سى قېزىلدى، 400 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى، 3 .1333 گېكتار ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى، 3 .1733 گېكتار ئۆلچەملىك سالا ئېتىز بەرپا قىلىندى. يېزىلاردا سۇنى ياخشىلاش - كېمەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 779 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 3 سۇ زاۋۇتى قۇرۇلدى، 3 قۇدۇق قېزىلدى، 60 كىلومېتىر ئۆزۈنلۇقتا سۇ بىلەن تەمىنلەش ئۇل تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى، بۇ ئارقىلىق 10 مىڭ 170 ئادەم، 26مىڭ 260 تۇياق چارۋىنىڭ سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 33 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %47 .4 ئاشتى. بىر يىلدا 12 مىليون 290 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 4500 توننا ئۇن، 1222 توننا سۇ يېغى، 8365 توننا پاختا، 833 توننا چىگىت تىۋىتى ئىشلەپچىقىرىلدى. 560 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەندى، 12 مىليون دانە ماشىنىدا قۇيۇلغان خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. تۇراقلىق مۈلۈككە 111 مىليون 640 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرىدىن 34ى تاماملاندى. ئاخۇنلۇقۇم يېزىسىنىڭ 1 .16 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يولىغا ئاسفالت ياتقۇزۇش قۇرۇلۇشى يۇقىرى ئۆلچەم، يۇقىرى سۈپەت بىلەن تاماملاندى؛ تازغۇن - مەكىت تاشيولىدىن داۋاقۇم قۇملۇق ساياھەت مەنزىرە رايونىغا بارىدىغان 6 كىلومېتىر يولنىڭ توپا، شېغىل ياتقۇزۇش

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 26188 | 2.8 |
| يۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 11952 | 6.44 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 4929 | 66.7 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 9307 | -17.56 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 61356 | 4.94 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 25.5 | 2 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 3933 | 5.7 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 35527 | -19.62 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 7442.5 | 6.56 |
| بازار - يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 14815 | 6.02 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 807 | -27.3 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 6492 | 10.63 |

قۇرۇلۇشى تاماملاندى. 2000 - يىللىق ئۇرۇمچى يەرمەنكىسىدە شەندۇڭ قاتارلىق ئۆلكىلەر بىلەن جۇڭگىي دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى تېرىپ ئۆستۈرۈش، خوندرويتىن سۇلفات، قوي ئۈچەيىنى پىششىقلاش قاتارلىق 7 ھەمكارلىق تۈرى بويىچە كېلىشىم ئىمزالاندى، ھەمكارلىق مەبلىغى 6 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ 2220 توننا پاختا سېتىۋېلىش بويىچە 3 توختام ئىمزالاندى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاخۇنلۇقۇم يېزىسىغا پروگراممىلىق تېلېفون ئۇلاشتۇرۇلدى، 64 كىلومېتىر ئوپتىك كابېل يېتكىلاندى. ناھىيە بويىچە پروگراممىلىق تېلېفون 3448 توچكىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن كۆپەيگىنى 630 توچكا. بازار سودىسى بويىچە پۇتۇشۇلگەن سوما 6 مىليون 253 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىمدىن 417 سى بار (ئالىي دەرىجىلىكى 18). ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 78 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 76)، ئوقۇغۇچىسى 22 مىڭ 497 (مىللىي 21 مىڭ 976)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 11 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 10)، ئوقۇغۇچىسى 7234 (مىللىي 6952). باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 819، ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 497. مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 28 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ ئوقۇتۇش ئۈسكۈنە - ماتېرىياللىرى سېتىۋېلىندى. «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى. ناھىيە، يېزا، كەنت، گۇرۇپپا دەرىجىلىك كادىرلار پەن - تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەندى، بىر يىلدا 68 مىڭ ئادەم (قېتىم)، 56 مىڭ دېھقان (قېتىم) تەربىيىلەندى. ناھىيە بويىچە رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلاش نىسبىتى %100كە يەتتى. 12 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى بىر)، 115 سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 305 كارىۋات (ناھىيە دەرىجىلىك دوختۇرخانىدىكىسى 165) بار. 2000 - يىلى يوپۇرغا ناھىيىسى جۇڭگو پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتى تەرىپىدىن «مەملىكەتلىك پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيەتلىرى بويىچە ناھىيە دەرىجىلىك ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن پىلانلىق تۇغۇتتا «ئۈچنى ئاساس قىلىش» خىزمىتىدىكى ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار

ناھىيە بولۇپ باھالاندى.

### خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 930.14 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە 6729 ئىشچى - خىزمەتچى (مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلاردىكىلەر 5579) بولۇپ، بىر يىلدا 55 مىليون 726 مىڭ يۈەن مائاش تارقىتىلدى (مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلاردىكىگە تارقىتىلغىنى 51 مىليون 26 مىڭ يۈەن). ھەرخىل سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 3 مىليون 437 مىڭ 900 يۈەن (مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى2 مىليون 100 مىڭ يۈەن) گە يەتتى، 1 مىليون 820 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى (مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەنگەن تۆلەم 950 مىڭ يۈەن). ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، كۆپ تەرەپ ياردەم بېرىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئۆيى يوق 226 ئائىلىگە ئۆي سېلىپ بېرىلدى. 2 مىليون 60 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ 2675 كۋادرات مېتىرلىق ماكانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بىناسى سېلىندى. 494 ئادەمگە 370 مىڭ يۈەن شەھەرلەردىكى ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى تارقىتىلدى. بىر يىلدا تەبىئىي ئاپەت يۈزىسىدىن 110 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىلدى. 259 ئائىلىدىكى 1169 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

### داۋاقۇم قۇملۇق ساياھەت مەنزىرە رايونى

بۇ ساياھەت مەنزىرە رايونى يوپۇرغا ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان، شىمال تەرىپى 310 - ئۆلكە يولىغا تۇتىشىدۇ. مەنزىرە رايونى پايانسىز قۇملۇق بولۇپ، ئېگىز - پەس قۇم دۆۋىلىرى تۇتىشىپ كەتكەن. قۇملۇقنىڭ شىمال تەرىپىدە زۇمرەتتەك دولقۇنلار داۋالغۇپ تۇرغان كۆل بار، كۆل ئەتراپىنىڭ مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل، ئۆزگىچە بولۇپ، كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ. مەنزىرە رايونىدا سۇ، توك، يول، خەۋەرلىشىش قاتارلىق ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر مۇكەممەل ھەم يۈرۈشلەشكەن، بۇ جايدا 4 فۇنكسىيىلىك رايون يەنى ئەنئەنىۋى خەلق مەدەنىيىتى رايونى، كۆلنى تاماشا قىلىش رايونى، ئومۇمىي مۇلازىمەت رايونى، قۇملۇق ئېكسپېدىتسىيىسى ۋە قۇم بىلەن داۋالاش رايونى پىلانلانغان. داۋاقۇم قۇملۇق ساياھەت مەنزىرە رايونىدا يۈرۈشلەشكەن مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن ئاغۇنلۇقۇم يېزىسىغا جايلاشقان مىڭ يىللىق توغراق، قورۇق جەسەت ۋە سېھىرلىك قۇرۇماس كۆل، ئاچچىق يېزىسىغا جايلاشقان قەدىمىي جەڭگاھ خارابىلىكى، بايئاۋات يېزىسىغا جايلاشقان مىڭ يىللىق سۆگەت پادىشاھى قاتارلىقلار بار.

يۇ جىبىن

## يېڭىسار ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

يېڭىسار ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە، كوئېنلۇن تاغ تىزمىسىدىكى قوڭۇر چوققىسىنىڭ شەرقىي - شىمالىي ئېتىكىگە، كوئېنلۇن كۆنگەي ئېدىرلىقى بىلەن قەشقەر تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1541 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 13. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 217 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 208 مىڭ 400)، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا نوپۇسى 168 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 20.29‰، ئۆلۈش نىسبىتى 7.05‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 13.24‰. ناھىيە بويىچە 24 مىڭ 970 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 18 مىڭ 370 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 8810 گېكتار)، 7330 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. ناھىيىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 5.5%. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ يېڭىسار ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: گو يىڭ (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ۋاڭ تيېمىن (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: گۈلخان كەنجى.

ھاكىم: ياسىن تۇرسۇن.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: مەھەممەت جۇرۇپ.

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 317 مىليون 990 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى. 108 مىڭ 3 توننا ئاشلىق، 3500 توننا پاخلىق دان، 7600 توننا پاختا ئېلىندى. 1991.9 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 6400 توننا گۆش ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 38 مىليون 334 مىڭ 600 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 70 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 1866.67 گېكتار تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى، 533.34 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى، 940 گېكتار شورلۇق يەر ئۆزگەرتىلدى، 38 ماشىنىلاشقان قۇدۇق

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 42786 | 19 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 24674 | 4.8 |
| | 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 8819 | 108.8 |
| | 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 9293 | 14.4 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 108803 | 5.4 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 37 | 1.2 |
| يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 6313 | 2.9 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 43066 | —16.8 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 7084 | 3.6 |
| بازار ـ يېزىلاردا ئاھالىلەرنىڭ بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 26422 | 16 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 1188 | 3.9 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 6888 | 18.7 |

**ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 305 مىليون 580 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ كەسىپنىڭ 172 مىليون 660 مىڭ يۈەن، 2 ـ كەسىپنىڭ 61 مىليون 120 مىڭ يۈەن، 3 ـ كەسىپنىڭ 71 مىليون 800 مىڭ يۈەن.**

قىزىلدى، 1800 گېكتار يەرنىڭ سۇغىرىش شارائىتى ياخشىلاندى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 44 مىليون 194 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %4.6 تۆۋەنلەپ كەتتى. بىر يىلدا 24 مىليون 400 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 22 مىڭ 700 توننا كۆمۈر، 34 مىڭ 200 توننا سېمونت، 150 مىڭ دانە پىچاق ئىشلەپچىقىرىلدى، 187 توننا ئۆرۈك پىششىقلاندى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 17 مىليون 910 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بىر يىلدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 20 مىليون 769 مىڭ 600 ئادەم ـ كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 9 مىليون 781 مىڭ 200 توننا ـ كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 940 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون 5000 دىن كۆپرەككە، يانتېلېفون ئابونېنتى 515كە، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 14 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە، بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 58 مىليون 76 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى.

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىمدىن 327 سى بار. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 14 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 13)، ئوقۇغۇچىسى 14 مىڭ 893 (مىللىي 14 مىڭ 745)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 70 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 69)، ئوقۇغۇچىسى 42 مىڭ 720 (مىللىي 42 مىڭ 230). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1818 (مىللىي 1757). بىر يىلدا مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 6 مىليون 510 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە، رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە يەتتى. 18 تېببىي داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتى، 371 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 493 كارىۋات بار. 2000 ـ يىلى 9 تەنھەرىكەتچى مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ھەرخىل مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ 3 ئالتۇن مېدال، 4 كۈمۈش مېدال،

بىر مىس مېدال ئالدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 817 يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ئىشچى - خىزمەتچى 8245 بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 5700 يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 3 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 258 ئائىلىدىكى 1378 ئادەم يۆلەندى.

☆ 7 - ئايدا جۇڭگو يېزا ئىگىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى، جۇڭگو ئالاھىدە مەھسۇلات كومىتېتى، جۇڭگو ئالاھىدە مەھسۇلات ماكانىنى كۆرسىتىش تەشكىلىي ھەيئىتى يېڭىسار ناھىيىسىگە «جۇڭگو سەمەت ئۆرۈكى ماكانى» دەپ نام بەردى، دۆلەت تاۋار ماركىسى ئىدارىسى سەمەت ئۆرۈكى دېگەن ماركىنى ئەنگە ئالدى.

جۇڭ چاڭپىڭ

# مەكىت ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

مەكىت ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىگە، يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىمى بىلەن تىزناپ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1410 كىلومېتىر. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 9. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (بىڭتۈەننىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى نوپۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 195 مىڭ 710 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 161 مىڭ 367)، يېزا نوپۇسى 158 مىڭ 759؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰72. 14، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰83. 9. ناھىيە بويىچە 41 مىڭ 6. 921 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 16 مىڭ 6. 666 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 6. 6666 گېكتار)، 24 مىڭ 6. 485 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى (كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 24 مىڭ 6. 466 گېكتار). كىلىماتى تېپىك قۇرۇقلۇق تېپىدىكى كىلىماتقا كىرىدۇ.

مەكىت ناھىيىسى دۆلەت، ئاپتونوم رايوننىڭ كېۋەز تېرىش بازىسى. ئۆرۈك، ياڭاق، ئۈزۈم، نەشپۈت، ئالما، چىلان ئۆستۈرۈلگەن يەر كۆلىمى 5. 738 گېكتارغا يېتىدۇ. چارۋا مال جەھەتتە دولان قويى داڭلىق. ئورمانلىق كۆلىمى 29 مىڭ 600 گېكتارغا، ناھىيىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %2كە، دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ %38. 26كە يېتىدۇ. 27 مىڭ 200 گېكتار تەبىئىي ئوتلۇق يەر بار. ئەتىۋارلىق قۇشلاردىن قىزىل لاچىن، كىچىك بايقۇش بار بولۇپ، ئۇلار دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان قۇشلار قاتارىغا كىرىدۇ. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چۇچۇكبۇيا، توشقان زەدىكى ئاساس قىلىنىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ مەكىت ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: گاۋ جيەنجۈن.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئەكبەر ئەدىر (ئۆزبېك).

ھاكىم: ئابدۇقېييۇم مەھەممەت.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: قاۋۇل توختى.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 496 مىليون 372 مىڭ 600 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 364 مىليون 135 مىڭ 500 يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %28. 19 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 95 مىڭ 9. 820 توننا ئاشلىق، 265 توننا ياغلىق دان، 31 مىڭ 750 توننا پاختا ئېلىندى. 5. 810 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 4. 28 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، 5. 554 مو يەردىكى 149 مىڭ 700 تۈپ ئىقتىسادىي ئورمان ئۆزگەرتىلدى. 12 - ئايدا «1 - ماي» ئورمانچىلىق مەيدانى ئاپتونوم رايونلۇق كۆكەرتىش - ئورمان بەرپا قىلىشتا ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. بىر يىلدا 8002 توننا گۆش، 3003 توننا سۈت، 488 توننا تۇۋىت - يۇڭ، 305 مىڭ 700 پارچە تېرە، 850 توننا تۇخۇم ئېلىندى، 180 توننا بېلىق تۇتۇلدى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 55 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 28 ئورۇندا ئېتىز - ئېرىقلارنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ياسالدى، 8. 1821 كىلومېتىر ئېرىق - ئۆستەڭ ۋە زەيكەش رېمونت قىلىندى. 55. 27 كىلومېتىر دامبا پۇختىلاندى ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 3. 533 گېكتار شورلۇق يەر ئۆزگەرتىلدى، 2160 گېكتار يەر تۈزلەندى، 53 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈلدى. 35 كىلومېتىر يۇقىرى بېسىملىق سىم تارتىلدى ۋە ئېلېكتر قۇۋۋىتى ئۈسكۈنىلىرى يۈرۈشلەشتۈرۈلدى. 3670 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى، 7 گېكتار ئوتلاق كۆپەيتىلدى. يېزا - بازار كارخانىسى 2420 بولۇپ، تىجارەت كىرىمى 36 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 61 مىليون 690 مىڭ يۈەن

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 59152 | 11.06 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 39569 | 12.79 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 5991 | 12.07 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 13592 | 5.94 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 95820.9 | 2.82 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 52 | 1.96 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 3883 | 13.14 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 52406 | 3.87 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 10166 | —6.91 |
| يېزا بازارلاردا بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 33133 | —4.72 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 2480 | —4.8 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 7956 | 22.31 |

(1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 34 مىليون 560 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن %41 .18 ئۆۋۈنلەپ كەتتى. بىر يىلدا 35 مىليون 690 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 3500 توننا كۆمۈر، 4483 دانە ياغاچ ئۆي جاھازىسى، 5600 قۇر كىيىم - كېچەك، 1350 توننا سۇلياۋ يوپۇق ۋە سۇلياۋ ياسالما، 29 مىڭ 200 توننا ساپ پاختا، 1179 توننا سۇ يېغى، 1400 توننا ئۇن، 910 مىڭ توننا ئۆرۈۋا سۇيى ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە ئۇراقلىق مۈلۈككە 24 مىليون 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 2000 - يىللىق ئورۇمچى. يەرمەنكىسىدە مەكىتنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى چۈچۈكبۇيا، توغراق موگۈسى بويىچە 9 تۈرلۈك كېلىشىم ئىمزالاندى، پۈتۈشۈش سوممىسى 425 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 24 مىليون 920 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 64 مىليون 350 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 6 مىليون 456 مىڭ يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون 8320 توچكىغا، يانتېلېفون ئابونتى 203كە، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 81 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە، بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 24 مىليون 144 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىمدىن 782 سى بار (مىللىي 568) . ناھىيىدىكى ئوتتۇرا.مەكتەپ 17 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 15) ، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 108 (مىللىي 8984) ؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 83 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 74) ، ئوقۇغۇچىسى 30 مىڭ 668 (مىللىي 27 مىڭ 663) . ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1740 (مىللىي 1523) . مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 1 مىليون 290 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 9 - ئايدا مەكىت ناھىيىسى «ئىككى ئاساسەن» ئىشىنى ئاپتونوم رايوننىڭ قايتا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. 11 - ئايدا مائارىپ مىنىستىرلىكى مەكىت ناھىيىسىنى مەملىكەت بويىچە 58 يېزا مەكتەپ مەنئىتى مائارىپىنى سىناق قىلىدىغان ناھىيىلەر قاتارىغا كىرگۈزدى. مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى 2000 - يىلى ئۇيۇشتۇرغان جۇڭگو دېھقانلار رەسىملىرى بىرلەشمە كۆرگەزمىسى ۋە شائخەي «جىنشەن» 3 - نۆۋەتلىك ماياھەت بايرىمىغا قاتناشتۇرۇلغان ئەسەرلەر ئىچىدە مەكىت

ناھىيىسىنىڭ 5 ئەسىرى تاللاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەركىن سېيىتنىڭ سىرلىق ئويۇنى «مايۋان كۆندۈرۈش» مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى. رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە يەتتى. ناھىيە بويىچە كەنت دەرىجىلىك داۋالاش ئۆيىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %86.6كە يەتتى. 31 تېببىي داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتى (بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا ۋە شىپاخانا 11)، 376 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 312)، 367 كارىۋات بار.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 ـ يىلى بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمى 1380 يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1381 يۈەنگە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 9784 يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە سۇغۇرتىلاش خىراجىتى كىرىمى 2 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1 مىليون 300 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى؛ جىسمانىي سۇغۇرتا بويىچە سۇغۇرتىلاش خىراجىتى كىرىمى 5 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1 مىليون 740 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. بىر يىلدا 25 دۆلەت كارخانىسى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ پېنسىيە سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش توپلاشقا، 2144 ئادەم پېنسىيە سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، بىر يىلدا 5 مىليون 320 مىڭ يۈەن ئاساسىي پېنسىيە سۇغۇرتىسى فوندى يىغىلدى، 4 مىليون 670 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى. بىر يىلدا ناھىيە بويىچە 171 ئۆيلۈك 773 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. 9365 ئادەم قۇتقۇزۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە 377، 502 ئادەم. ناھىيە بويىچە 9 ياشانغانلار ساناتورىيىسى بار. بازاردا 38 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر يەر كۆكەرتىلدى، كۆكەرتىلگەن يەرنىڭ قاپلاش نىسبىتى %13 بولدى. 9 مىليون 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 11 مىڭ 360 كۋادرات مېتىر تۇرالغۇ ئۆي پۈتكۈزۈلۈپ، 580 ئادەمنىڭ ئۆي مەسىلىسى ھەل قىلىندى. تۇمەنتال، غازكۆل يېزىلىرىدا تورۋىا سۈيىنى ئائىلىلەرگە كىرگۈزۈش يۈزىسىدىن 23 كىلومېتىر تورۋىا ياتقۇزۇلۇپ، 1550 ئادەمنىڭ سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

خۇەن جاۋمىڭ

# يەكەن ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

يەكەن ناھىيىسى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ باغرىدا، تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن بوگرى قۇملۇقى ئوتتۇرىسىدىكى يەكەن دەرياسىنىڭ بويلىرى، ئوتتۇرا ئېقىملىرىدىكى لاتقا توزلەڭلىكتە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1666 كىلومېتىر. 2000 ـ يىلى ناھىيىگە قاراشلىق رايونلۇق مەھكىمە 7، بازار 7، يېزا 22، دۆلەت دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسى 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 622 مىڭ 305 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 605 مىڭ 183)، يېزا نوپۇسى 470 مىڭ 54؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰17.36، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰9.81. ناھىيە بويىچە 81 مىڭ 710 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 65 مىڭ 430 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 31 مىڭ 350 گېكتار)، 43 مىڭ 230 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (بۇنىڭ ئىچىدە كېۋەز 42 مىڭ 570 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلۇق تېپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

يەكەن ناھىيىسىنىڭ بادىمى شىنجاڭغا داڭلىق. «يەكەن» ماركىلىق ياغىچىنىڭ يىللىق ھوسۇلى 60 مىڭ توننىغا يېتىدۇ، قول ھۈنىرى ئارقىلىق ياسالغان قەلەمتىراچنى ئىزچىل تۈردە ساياھەتچىلەر تالىشىپ سېتىۋېلىپ كەلمەكتە. ناھىيە بويىچە يەر ئۈستى سۈيىنىڭ ئېقىم مىقدارى 7 مىليارد 221 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 48 مىڭ 37.504 گېكتار ئورمانلىق بار بولۇپ، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %6كە يېتىدۇ. پايدىلىنىشقا بولىدىغان 48 مىڭ 700 گېكتار ئوتلاق بار. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چۈچۈكبۇيا، چاكاندا، سوغىگۈل، قانتېپەر قاتارلىقلار بار، بۇنىڭ ئىچىدە چۈچۈكبۇينىڭ مەھسۇلات مىقدارى كۆپرەك. ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن مىس، تۆمۈر، سىنىك، فوسفور، گۈڭگۈرت، گەچ، تاشپاختا، كۆك قاشتېشى، چىرىستال، كۆمۈر قاتارلىقلار بار، بۇنىڭ ئىچىدە كۆمۈر كۆپلەپ ئېچىلىۋاتىدۇ. مەشھۇر ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن قاراسۇ يېزىسىدىكى قۇملۇق مەنزىرىسى، داموس يېزىسىدىكى ئېپتىدائىي ئورمانلىق، شۇنىڭدەك ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مۇزىكانتى ئامانىساخاننىڭ مەقبەرىسى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ يەكەن ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ شياۋنىڭ (12 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، شۈي يۈەنجى (12 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تۇرسۇن ئوسمان.

ھاكىم: ئابدىغېنى ئىگەمبەردى.

سىياسىي كېڭەش 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سادىق جۇمە.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 ـ يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 157 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن 3.1% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، نۆۋەندىسۇ شۇنداق). 331 مىڭ 600 توننا ئاشلىق ئېلىندى، 60 مىڭ توننا پاختا سېتىۋېلىندى. بىر يىلدا 18 مىڭ 640 توننا گۆش، 15 مىڭ 100 توننا سۈت، 1250 توننا قوي يۇڭى، 2810 توننا تۇخۇم ئېلىندى. 3013 گېكتار بەردە ئورمان بەرپا قىلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ئورمان 2520 گېكتار)، 4733 گېكتار كونا باغ ئۆزگەرتىلدى. 100 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 85.5 كىلومېتىر ھەر دەرىجىلىك سۇ سىڭمەس ئېرىق ـ ئۆستەڭ ياسالدى، 723.5 كىلومېتىر ئېرىق ـ ئۆستەڭ، زەيكەش رېمونت قىلىندى، يېڭىدىن 345 كىلومېتىر ئېرىق ـ ئۆستەڭ چېپىلدى، سۇغىرىش رايونىدا 188 يۇرۇشلەشكەن ئىنشائات ياسالدى، 111 كىلومېتىر كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى پۈختىلاندى، 5330 گېكتار يەر تۈزلەندى، 2600 گېكتار تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى، ناھىيە دەرىجىلىك 3 سۇ ئامبىرىنىڭ 31.5 كىلومېتىر دامبىسى پۈختىلاندى. ناھىيە بويىچە 81 مىڭ 767 گېكتار يەر تراكتور بىلەن تېرىلدى، ماشىنىلىشىش دەرىجىسى 98.6%كە يەتتى. يەر ھەيدىگەرلىك توختىمىدىن 101 مىڭ 809ى ئىمزالاندى، مۇكەممەللىك نىسبىتى 100%كە يەتتى.

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1999 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 96965 | 5 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | 331601 | —4.38 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 109.93 | —8.76 |
| يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 20383 | 4 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | 118901 | —5.5 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 13164 | 1.81 |
| بازار ـ يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | 94362 | 12.26 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 4777 | —19.02 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 15666 | 17.4 |

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 163 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن 6.76% ، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 39 مىليون 192 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 17.25% ئاشتى. بىر يىلدا 150 مىليون 220 مىڭ يۈەن كىلوۋات سائەت توك، 81 مىڭ 505 توننا كۆمۈر، 65 مىڭ 193 توننا پاختا، 3569 توننا پاختا يېغى، 2563 توننا سۇ يېغى، 10 مىڭ 500 توننا بۇغداي ئۇنى، 800 توننا سۇلياۋ يوپۇق ئىشلەپچىقىرىلدى. بىر يىلدا جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 96 مىليون 390 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بازار قۇرۇلۇشى كۈنسايىن مۇكەممەللەشتى، ئاز كەم 6 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ خانئېرىق يولىنىڭ 1.5 كىلومېتىر قىسمى ياسالدى، 1 مىليون 320 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 3.3 كىلومېتىر يولدا تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 47.5 كىلومېتىر كېلىدىغان ناھىيە ـ يېزا شېغىل يولىدىن 6 سى ئۆزگەرتىلدى؛ ئېلىشقۇ بازىرى، چارباغ يېزىسى قاتارلىق 9 يېزا ـ بازارنىڭ ئومۇمىي گەۋدە يىرىك پىلانىنى تۈزۈش خىزمىتى تاماملاندى. كاچۇڭ 2 ـ دەرىجىلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى پۈتۈپ تورلاشتۇرۇلۇپ توك تارقىتىشقا باشلىدى. بىر يىلدا ناھىيە بويىچە قاتناش سىستېمىسى توشۇغان يولۇچى 6 مىليون 603 مىڭ 900گە، توشۇغان يۈك 1 مىليون 180

سىڭ تونىنغا، پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 10 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى تېلېفون كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمى 18 مىڭ 248 توچكىغا، ئورنىتىلغان تېلېفون 14 مىڭ 44 توچكىغا، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا تېلېفونى 3004كە، شەھەر تېلېفونى 11 مىڭ 40 قا يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە 2000 - يىلدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 1240، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىكى 72. باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 117 مىڭ 548، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 30 مىڭ 585، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 1693، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 3452، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 2188. بىر يىلدا مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 470 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يەكەن ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئۇنىۋېرسال ئوقۇتۇش بىناسى پۈتتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. 14 يېزا - بازاردا چاستوتىسى تىزگىنلىنىدىغان سىمسىز رادىئو ئىستانسىسى ۋە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، 9 يېزىنىڭ 15 كەنتىدە سىملىق تېلېۋىزىيە پونكىتى قۇرۇلدى. رادىئو، تېلېۋىزىيە جەھەتتە ھەممە يېزا ۋە ھەممە كەنتتە رادىئو، تېلېۋىزىيە بولۇش ئىشقا ئاشتى. يىل ئاخىرىدا رادىئو، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 99%كە يەتتى. ناھىيە بويىچە بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر كۇتۇپخانا، 26 يېزا دەرىجىلىك مەدەنىيەت پونكىتى، 13 تېلېۋىزىيە چاستوتا ئۆزگەرتىش ئىستانسىسى، بىر سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ناھىيە بازىرىدا 8 تېببىي داۋالاش ئاپپاراتى، يېزا - بازارلاردا 29 تېببىي داۋالاش ئاپپاراتى، 1172 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 1220 كارىۋات بار. 2000 - يىلى يەكەن ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيە، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت بويىچە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە «ئۈچنى ئاساس قىلىش» تىكى ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 1262.59 يۈەنگە يەتتى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 6974 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 7182 يۈەن، كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 5872 يۈەن، باشقا ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 4160 يۈەن.

ياڭ پىڭخاڭ

# پوسكام ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

پوسكام ناھىيىسى كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە، يەكەن دەرياسىدىن ھاسىل بولغان لاتقا قاناتىنىڭ ئوتتۇرا، يۇقىرى قىسمىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1692 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق رايونلۇق مەھكىمە بىر، بازار 2، يېزا 10. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 171 مىڭ 118 (غەربىي، جەنۇبىي تارىم نېفىت تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈش شىركىتىنىڭ 15 مىڭ 729 ئادىمىنى شۇنىڭ ئىچىدە)، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 135 مىڭ 513، يېزا نوپۇسى 123 مىڭ 860، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 97 مىڭ 962؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 17.29‰، ئۆلۈش نىسبىتى 6.91‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.38‰. ناھىيە بويىچە 37 مىڭ 463 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 15 مىڭ 880 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇسىنى شۇنىڭ ئىچىدە)، 13 مىڭ 400 گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تېپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

پوسكام ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنىڭ بىرى. ئاقتام يېزىسىدىن چىقىدىغان چوڭ چىلان يىراق - يېقىنغا داڭلىق. يەكەن دەرياسىدىن يىلىغا پايدىلىنىشقا بولىدىغان سۇ بايلىقى 550 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۇ زاپىسى 370 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ناھىيە بويىچە 5200.5 گېكتار ئوتلاق بار. دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن توشقان زەدىكى، چۈچۈكبۇيا، لوپنۇر كەندىرى، زاراڭزا، چاكاندا، ئالقات، ياۋا ياپيۇز قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ پوسكام ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: شۈي يۈەنجى (12 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، زېڭ سۈن (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: قادىر سايىت.

ھاكىم: يالقۇن مەخمۇت.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى:

ئابلەت سايىت.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 ـ يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 300 مىليون 432 مىڭ 700 يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن 7.26% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 119 مىڭ 96 توننا ئاشلىق، 21 مىڭ 39 توننا پاختا، 52.6 توننا ياغلىق دان، 22 مىڭ 483 توننا كۆكتات، 5500 توننا مېۋە ـ چېۋە، 2750 توننا قوغۇن ـ تاۋۇز ئېلىندى. 1092.6 گېكتار يەرگە تىكىلگەن كۆچەت تۇتتى. 95 گېكتار يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، پارچە ـ پۇرات يەرلەرگە 1 مىليون تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 274.4 گېكتار كونا باغ ئۆزگەرتىلدى. 7564 توننا گۆش، 3620 توننا سۈت، 258.2 توننا قوي يۇڭى، 3.8 توننا چۈپۈر، 0.61 توننا ئۆچكە تىۋىتى، 146 مىڭ 400 پارچە قوي تېرىسى، 4200 پارچە ئۆچكە تېرىسى، 7600 پارچە كالا تېرىسى، 1680 توننا تۇخۇم، 480 توننا بېلىق، 16 توننا ھەسەل ئېلىندى. ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 6 مىليون 892 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 14.35 كىلومېتىر يۇقىرى ئۆلچەملىك سۇ سىڭمەس ئېرىق ـ ئۆستەڭ ياسالدى، 180.4 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق ـ ئۆستەڭ رېمونت قىلىندى، 66.7 گېكتار بوز يەر ئېچىلدى، 7298 گېكتار سالا ئېتىز تۈزلەندى، 1800 گېكتار تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى، 14 يۇرۇشلەشكەن ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 1853 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى، 10 مىڭ 246.7 گېكتار يەرنىڭ سۇغىرىش شارائىتى ياخشىلاندى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 115 مىليون 746 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) گە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن 12.57% ئاشتى. بىر يىلدا 58 مىليون 90 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 23 مىڭ 493 توننا كۆمۈر، 54 مىڭ 855 توننا سېمونت، 4341 توننا پاختا يىپ، 138 مىليون 740 مىڭ دانە خىش، 17 مىڭ 505 توننا پاختا، 2167 توننا سۇلياۋ ياسالما، 259 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما ئىشلەپچىقىرىلدى، 51 ئاپتوموبىل چوڭ رېمونت قىلىندى، 3715 توننا ئۇن، 1002 توننا سۇ يېغى، 10 توننا پېچىنە ـ پىرەنىك، 1 مىليون 585 مىڭ كۇب مېتىر تۇرۇبا سۈيى ئىشلەپچىقىرىلدى، جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 56 مىليون 770 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 12 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 40 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق خەلق مەيدانى

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 48977 | 14.59 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 21255 | 6.45 |
| | 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 10446 | −2.09 |
| | 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 17276 | 42.74 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 119096 | 2.67 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 32.02 | 2.63 |
| يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 19507 | 31.02 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 54070 | −0.66 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 11387 | 6.05 |
| بازار ـ يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 57552 | 26.06 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 5407 | 10.46 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 7836 | 7.3 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 355 مىليون 240 مىڭ يۈەن.

ياسالدى. ئاساسىي قۇرۇلۇش بويىچە 10 تۈردە ئىش باشلاندى، بۇ تۈرلەرگە 20 مىليون 180 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 110 مىڭ كۋادرات مېتىر. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 6 مىليون 282 مىڭ 300 يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمى 6000 توچكىغا، يانتېلېفون ئابونېنتى 630غا، توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 8 مىليون 511 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 5 مىليون 105 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، تاۋار سېتىۋېلىش سوممىسى 317 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە، سېتىش سوممىسى 435 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە، بازار سودىسىدا پۈتتۈرۈلگەن سوممىسى 61 مىليون يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە يەككە سودا - سانائەتچى 3090 بولۇپ، تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 25 مىليون 955 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

2000 - يىلى ناھىيىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 533 (ئالىي دەرىجىلىكى 26). باشلانغۇچ مەكتەپ 48 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 41)، ئوقۇغۇچىسى 30 مىڭ 120 (مىللىي 26 مىڭ 434)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 17 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 15)، ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 898 (مىللىي 9300)؛ بالىلار باغچىسى 2 (مىللىي بالىلار باغچىسى بىر)، باغچىدىكى بالا 398 (مىللىي 150). مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 2177 (مىللىي 1808). شۇ يىلى مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 616 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %85كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە، سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ ئاخىرقى ئۆي ئابونېنتى 2100 گە يەتتى. ناھىيە بويىچە 16 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 444 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 335)، 393 كارىۋات بار. يېزا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش قاپلانغان كەنت 124 كە يېتىپ، ئومۇمىي مەمۇرىي كەنتنىڭ %91نى؛ ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتناشقانلار 102 مىڭ 163 كە يېتىپ، يېزا نوپۇسىنىڭ %5 .82نى ئىگىلىدى. شۇ يىلى ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى يېزىلارغا چۈشۈپ 155 مەيدان ئويۇن قويدى، بىر يىلدا 142 مەيدان كىنو قويۇلدى. بىر قېتىم دېھقانلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، بىر قېتىم ئىشچى - خىزمەتچىلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 600 ئادەم قاتناشتى. ناھىيە بويىچە 18 مىڭ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى. 1 مىليون 130 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ناھىيىلىك تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1500 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە 11 مىڭ 45 ئىشچى - خىزمەتچى بار بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 7792.92 يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى ئىش كۈتۈپ تۇرغان 358 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە ھەرخىل سۇغۇرتا كىرىمى 5 مىليون يۈەنگە يەتتى، 2 مىليون 400 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. پېنسىيە سۇغۇرتىسىنىڭ قاپلاش نىسبىتى %100كە، داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنىڭ قاپلاش نىسبىتى %65كە، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىنىڭ قاپلاش نىسبىتى %84كە يەتتى. شۇ يىلى يېزا ئاھالىلەر ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىغا 42 مىليون 640 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 1854 ئائىلىلىك ئۈچۈن خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق تۇرالغۇ ئۆي سېلىندى. يىل ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 12 مىڭ 671 ئائىلىلىك دېھقاننىڭ ئۆيى خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق قىلىپ سېلىندى، بۇ ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ %50نى ئىگىلەيدۇ.

ۋاڭ فىڭشى

# قاغىلىق ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

قاغىلىق ناھىيىسى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىگە، تىزناپ، ئۆلۈغئۆستەڭ ۋە كۆكيار ئۆستەڭ دەريالىرىدىن ھاسىل بولغان تىنما قاناتقا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1745 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 3، يېزا 17، دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسى 6. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 360 مىڭ 453 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 338 مىڭ 579)، يېزا نوپۇسى 298 مىڭ 579؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰16، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰23 .12. ناھىيە بويىچە 48 مىڭ گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 34 مىڭ گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 14 مىڭ گېكتار)، 17 مىڭ گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

قاغىلىق ناھىيىسى تەۋەسىدە 590 مىڭ گېكتار ئورمان، 8 مىليون گېكتار پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق بار.

ئاساسلىق دەريالاردىن يەكەن دەرياسى، تىزناپ دەرياسى قاتارلىق 3 دەريا بار بولۇپ، يىللىق ئېقىم مىقدارى 1 مىليارد 160 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ؛ 100 مىليون كۇب مېتىر بۇلاق سۈيىدىن پايدىلىنىلىدۇ. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چوڭ يوپۇرماقلىق جىنتىيانا، چۈچۈكبۇيا، قانتېپەر قاتارلىقلار؛ ياۋايى هايۋانلاردىن جەرەن، ئېيىق، قىرغاۋۇل قاتارلىقلار؛ قېزىلما بايلىقلاردىن مىس، ئالتۇن، كۈمۈش، قاشتېشى، مەرمەر، خورۇستال، چىرىستال، تاشپاختا، گەج، گۈڭگۈرت، كۆمۈر، نېفىت قاتارلىقلار بار، بۇنىڭ ئىچىدە قاشتېشى كۆپلەپ ئېچىلىۋاتىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قاغىلىق ناھىيىلىك 8- نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: گۇئاڭ شىن (12 - ئايدا ۋەزىپىدىن يۆتكەلدى) ، ليۇ كېشېڭ (12 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى) .

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: خۇدابەردى ئىسمائىل.

ھاكىم: كۈرەش تۇرسۇن.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدۇرېشىت توختى.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 785 مىليون 935 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %19 .2 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۈۋەندىمۇ شۇنداق) . 206 مىڭ 840 توننا ئاشلىق، 2894 توننا ياغلىق دان، 21 مىڭ 240 توننا پاختا ئېلىندى. 2554 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 2 مىليون 920 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 16 مىڭ 740 گېكتار يەرگە مېۋە - چېۋە، كۆكتات تېرىلدى. 20 مىڭ 126 توننا مېۋە - چېۋە، 14 مىڭ 834 توننا كۆكتات، 20 مىڭ بىر توننا گۆش، 21 مىڭ 689 توننا سۈت، 1025 توننا يۇڭ، 469 مىڭ 700 پارچە تېرە ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 3 مىليون 464 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى 48 كىلومېتىر ئېرىق - ئۆستەڭ سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈلدى، 20 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى. 42 مىڭ گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر تەييارلاندى. ناھىيە بويىچە يۇقىرى، يېڭى سۇ تېجەش تېخنىكىسى كېڭەيتىلىپ، 600 نەچچە گېكتار تامچىلىتىپ سۇغىرىش قۇرۇلۇشى بەرپا قىلىندى، 2200 كىلومېتىر ئېرىق - ئۆستەڭ رېمونت قىلىندى، 30 تونا،

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| | تۈرلەر | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 60207 | 3.12 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 43630 | 4.6 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 4321 | —1.5 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 12256 | 2.6 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 206840 | 4.1 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 98.24 | 7.62 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 5728 | —19.62 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 83209.3 | 17.59 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 9190 | —7.04 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 49390 | 14.71 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 2607 | 0.12 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 11703 | 43.61 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 369 مىليون 478 مىڭ 200 يۈەن.

سۇڭگۇچ، كۆۋرۈك ياسالدى. ناھىيە بويىچە 1084 يېزا - بازار كارخانىسى (خۇسۇسىي كارخانىلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بار بولۇپ، كىرىمى 56 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەككە سودا - سانائەت ئورنى 3608 بولۇپ، كەسىپكارى 5765، تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 30 مىليون 556 مىڭ يۈەن.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 101 مىليون 878 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 61.7% ئاشتى. بىر يىلدا 58 مىليون 640 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 989 توننا مۇز يېغى، 4400 توننا ئۇن، 69 مىليون 940 مىڭ دانە خىش، 100 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 491 توننا پاختا يىپ، 19 مىڭ 56 توننا ساپ پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 30 مىليون 870 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى قاغىلىق ناھىيىسى شوتا ئۆستىڭىگە سېلىنغان يۇقىرىقى بەشتېرەك كۆۋرۈكى، شوتا كۆۋرۈكى پۈتتۈپ قاتناش باشلاندى. بۇنىڭغا 1 مىليون 940 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى قاغىلىق ناھىيىلىك ئاقتاش دېھقانچىلىق مەيدانى خېنەن ئۆلكىسى شىنشياڭ شەھىرى ئۈچقات پاي چەكلىك شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئۈچقات تېرىش تۈرىنى ئىمزالىدى. قاغىلىق ناھىيىسى ئىسرائىلىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى بىلەن ئاقتاشتىكى 666.67 گېكتار ئانار بازىسىنى تامچىلىتىپ سۇغىرىش 2 - قارارلىق قۇرۇلۇش تۈرى بويىچە كېلىشىم ئىمزالىدى. بىر يىلدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 3 مىليون 500 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 195 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 161 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 9 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمى 15 مىڭ 178 توچكىغا، يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 9499 توچكىغا، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 18 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىمدىن 810ى بار (ئالىي دەرىجىلىكى 46). 2000 - يىلى قاغىلىق ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتىكى ئىلغار ناھىيىلەر قاتارىغا كىردى. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 27، باشلانغۇچ مەكتەپ 147، ئوقۇغۇچىلىرى 91 مىڭ 991 (مىللىي 86 مىڭ 153)؛ باللار باغچىسى 2، باغچىدىكى بالا 478 (مىللىي 152)، ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 2910. ئەسىر ھالقىيدىغان ئۆسمۈر - باللارنىڭ ۋەتەننى، يۇرتىنى، ئىلىم - پەننى سۆيۈشى بويىچە تۈنجى قېتىملىق يازلىق لاگېر پائالىيىتى 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى، ئۆسمۈر - باللار بېيجىڭ، تەيجىن، چىڭداۋ، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ پائالىيەت ئۆتكۈزدى. ناھىيە بويىچە رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا 85% بولدى. يىل ئاخىرىدا ناھىيىدە 38 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 692 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 440 كارىۋات بار.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 989 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 11 مىڭ 502 (مىللىي 8020) بولۇپ، بىر يىلدا 99 مىليون 50 مىڭ يۈەن مائاش تارقىتىلدى. بىر يىلدا مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى كەسپىي كىرىمى 3 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1 مىليون 750 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى؛ جىسمانىي سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 4 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1 مىليون 780 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. ناھىيە بويىچە پېنسىيە سۇغۇرتىسىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قاپلاش نىسبىتى 95%كە، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىنىڭ قاپلاش نىسبىتى 60.4%كە يەتتى. بىر يىلدا 3110 ئائىلىلىك تەبىئىي گاز ئىشلەتتى. 11 - ئايدا ناھىيە ئاپتونوم رايوننىڭ ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى نەمۇنە ناھىيىلەرنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى.

گاۋ شياۋمېي

# تاشقۇرغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1765 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە بىر بازار، 11 يېزا، 2 مەيدان (فېرما) قارىدى. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 32 مىڭ 4 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 29 مىڭ 971). بۇنىڭ ئىچىدە تاجىكلار 26 مىڭ 133؛ يېزا نوپۇسى 23 مىڭ 395؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 16.39‰، ئۆلۈش نىسبىتى 4.77‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11.62‰. ناھىيە بويىچە 3587 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 2886.7 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى

تېرىلدى. كىلىماتى سوغۇق، مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

تاشقورغان ناھىيىسىدە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ئاساسلىق قېزىلما بايلىقلاردىن مىنېرال سۇ، قاشتېشى، گۈڭگۈرتلۈك تۆمۈر، ۋولفرام، چىرىستال، دۆڭلەڭ تېشى، گۈڭگۈرت، خرۇستال، مىس، نىكېل، ئالتۇن قاتارلىق 10 نەچچە خىلى بار بولۇپ، زاپىسى كۆپ. ناھىيە تەۋەسىدە شامبابادىكى تەبىئىي سۇيەتلىك مىنېرال سۇ گۈزەل بايلىق مەنبەسى ئاپلاندى، مىنېرال سۇ مەھسۇلاتىدىن «پامىر» ماركىلىق مىنېرال سۇ بىلەن «يىراق» ماركىلىق مىنېرال سۇ بار. ناھىيە بويىچە 9133 گېكتار ئورمانلىق بار. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى قار لەيلىسى، ئەگلەك ئوت، قانتېپەر، قۇچاقتول، مەرزەنجۇش قاتارلىقلار بار. مەشھۇر ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن يېگى تاش قورااللار دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى — شامبابا قەبرىستانلىقى، قىرپانە تاش شەھىرى خارابىلىكى، ئېگىزلىك ئىمارىتى — مەلىكە قورغىنى، قەدىمكى راباتى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: يىن جۇنجيې (5 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن بوشىتىلدى)، گۇ جيەنۋېي (5 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مۇنى تابىلدى (تاجىك).

ھاكىم: روزى گۈلباي (تاجىك).

سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ساجاق ۋازىر.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 38 مىليون 124 مىڭ 700 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 18 مىليون 394 مىڭ 300 يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 5.28% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 4524 توننا ئاشلىق، 23 توننا ياغلىق دان، 116 توننا كۆكتات ئېلىندى. 3.133 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. بىر يىلدا 2348 توننا گۆش، 2160 توننا سۈت، 170 توننا يۇڭ، 17 مىڭ 482 پارچە تېرە ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 180 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 133 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى، 2000 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. يېزا - بازار كارخانىسىدىن 9ى بار بولۇپ، كىرىمى 10 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 5077.3 | 10.01 |
| يۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 2741 | 17.26 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 217 | 19.49 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 2119.3 | 1.09 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 4524 | 4.72 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 16.17 | 2.99 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 1122 | 33.73 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 857.3 | |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 1568 | 19.59— |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 158 | 33.9 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 4763 | 2.63 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 42 مىليون 600 مىڭ يۈەن.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون 230 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 3 مىليون 380 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %37.2 ئاشتى. بىر يىلدا سۇدىن پايدىلىنىپ 5 مىليون 150 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 60 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 45 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما ئىشلەپچىقىرىلدى، 125 توننا قاشتېشى قېزىلدى، 1250 توننا مىنېرال سۇ ئىشلەپچىقىرىلدى، 280 توننا گۈڭگۈرتلۈك تۆمۈر قېزىلدى. بىر يىلدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 6 مىليون 437 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا (جۇڭگو قەشقەر - پاكىستاننىڭ شەرقىدىكى شەھەر سوست ئارىلىقىدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارىنى شۇنىڭ ئىچىدە)، يۈك ئوبوروت مىقدارى 1 مىليون 935 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 258 مىڭ 500 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 3 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون 1338 توچكىغا يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىمدىن 137 سى بار (ئوتتۇرا دەرىجىلىكى 124). ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، باشلانغۇچ مەكتەپ 15، ئوقۇتۇش نۇقتىسى 61، ئوقۇغۇچىلىرى 5333، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 894، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 201؛ ھەرخىل ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 528، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 415. 2000 - يىلى مەجبۇرىيەت مائارىپ قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. پاكىستان مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى شىنجاڭ سەنئەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بىرى سۈپىتىدە 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە پاكىستان گىلگىتنىڭ خۇنزاھ ۋىلايىتىدە ئۆتكۈزگەن ئەنئەنىۋى سەنئەت بايرىمىغا قاتناشتى. رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى ئوخشاشلا %75كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 16 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىلىك دوختۇرخانا بىر، ناھىيىلىك سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى بىر، تاغسان ئارشاڭ ساناتورىيىسى بىر، يېزىلىق شىپاخانا 13؛ ھەرخىل كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى 201، كارىۋات 170.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى چىقىمى 853 يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 578 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 10 مىڭ 416 يۈەنگە يەتتى.

ۋاڭ سۇڭشىي

# خوتەن ۋىلايىتى

## ئاساسىي ئەھۋالى

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىي قىسمى قاراقۇرۇم، كۇئېنلۇن تاغلىرى بىلەن، شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي جەنۇب تەرىپى ھىندىستان، پاكىستان ئەمەلىي تىزگىنلەپ تۇرغان كەشمىر رايونى بىلەن قوشنا، شىمالىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە ئىچكىرىلەپ كىرىدۇ. مەمۇرىي مەھكىمە خوتەن شەھىرىدە. 2000 - يىلى ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەر بىر، ناھىيە 7، ۋىلايەت تەۋەسىدە بىڭتۇەن خوتەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق 47 - تۇەن - مەيدان، نۇر چارۋىچىلىق 1 - فېرمىسى، گۇما دېھقانچىلىق مەيدانى بار. ۋىلايەت بويىچە يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 1 مىليون 664 مىڭ 527 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 1 مىليون 610 مىڭ 590)، يېزا نوپۇسى 1 مىليون 443 مىڭ 539؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰19.09، ئۆلۈش نىسبىتى ‰6.61، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰12.48. ۋىلايەت بويىچە 172 مىڭ 900 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 142 مىڭ 500 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (گېكسىز تېرىلغۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 62 مىڭ 900 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

خوتەن ۋىلايىتىدىن ياڭاق، ئۈرۈك، ئانار قاتارلىق مېۋىلەر كۆپ چىقىدۇ. ۋىلايەت بويىچە دەريا - ئېقىنلارنىڭ ئېقىم مىقدارى 8 مىليارد 820 مىليون كۇب مېتىرغا، بوستانلىقلاردىكى ئېچىشقا بولىدىغان يەر ئاستى سۈيى مىقدارى 2 مىليارد 363 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 43 مىڭ 900 گېكتار تەبىئىي ئورمان، 103 مىڭ 600 گېكتار بەرپا قىلىنغان ئورمان، 2 مىليون 501 مىڭ 900 گېكتار تەبىئىي ئوتلاق، 1 مىليون 967 مىڭ 300 گېكتار پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق بار. ئەتىۋارلىق ھايۋانلاردىن ياۋا قوتاز، تىبەت قۇلانى، تىبەت بۆكىنى، كۆكمەت، ئۇلار قاتارلىقلار؛ دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى توشقان زەدىكى، قار لەيلىسى، چاكاندا، چۈچۈكبۇيا، بەر مەدىكى، ئالىقات

قاتارلىقلار؛ قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى قاشتېشى، كۆمۈر، تۇز، نېفىت، گەج، چىرىستال، مەرمەر قاتارلىقلار بار، بۇنىڭ ئىچىدە قاشتېشى ئەڭ داڭلىق.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ جىڭخېيەن؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: جۇرئەت مەمتىمىن (4 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئۆمەر ئابدۇللا (4 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ليۇ لىنتىڭ، باۋ جيېدۇڭ (1 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، دېڭ فېي، ئابدۇراخمان قۇربان، ليۇ شىنشېڭ.

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خوتەن ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇقادىر توختى؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: لى گۇاڭچيەن (4 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ياڭ گۇاڭخياۋ، جاپپار مەھەممەت، لى شىڭجېڭ (11 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ھەمدۇللا مامۇت (12 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى: جۇرئەت مەمتىمىن (4 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئۆمەر ئابدۇللا (5 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن ۋالىيلىرى: لى سۇنتيەن، ۋاڭ جيەنژۈن (1 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ياقۇپ قادىر، شۈي جيازېڭ، ۋاڭ شياۋژۈن، مەھەممەت ئىمىن.

سىياسىي كېڭەش ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: جاۋ شۇمىڭ؛ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: گاۋ لىمىن (11 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئەبەيدۇللا ھاشىم، تۇرسۇنتوختى باھبىيت (12 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، زى شىليەن (11 ـ ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 169 مىليون يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 1 مىليارد 852 مىليون يۈەن) گە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن 2.35% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىكى شۇنداق). 807 مىڭ 91 توننا ئاشلىق، 5053 توننا ياغلىق دان، 40 مىڭ توننا پاختا، 2564 توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى. 6643 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، 4 مىليون 534 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. بىر

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
| --- | --- | --- | --- |
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | | 27.12 | 5.3 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 14.96 | -0.34 |
| | 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (100 مىليون يۈەن) | 4.03 | 1.11 |
| | 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 8.13 | 23.03 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 807091 | 3.3 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 380.45 | -2.66 |
| يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 79708 | 12.55 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (تۈمەن كىلوۋات) | | 33.36 | 0.94 |
| تاشقى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 1373 | -19.84 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 49962 | 6.42 |
| شەھەر ـ يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 175692 | 10.98 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 10951 | -7.94 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 75677 | 21.47 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 1 مىليارد 442 مىليون يۈەن.

يىلدا 52 مىڭ توننا گۆش، 11 مىڭ 70 توننا سۈت، 4816 توننا يۇڭ، 3 مىليون پارچە تېرە ئىشلەندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 162 مىليون 10 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 467 قۇدۇق قېزىلدى، ئۈنۈملۈك سۇغىرىلىدىغان ئېتىز كۆلىمى 160 مىڭ 790 گېكتارغا يەتتى، 43 مىڭ 69 قوتان سېلىندى. يېزا - بازار كارخانىسىدىن 24 مىڭ 621ى بار بولۇپ، كىرىمى 776 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 564 مىليون 330 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 391 مىليون 620 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %27.0 ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 133 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %46.1 ئاشتى. بىر يىلدا 23 مىليون 667 مىڭ كىلوۋاتت سائەت توك، 64 مىڭ 700 توننا كۆمۈر، 5513 توننا پاختا يىپ، 14 مىڭ 300 توننا سېمونت، 190 توننا ئىچىملىك - هاراق، 220 مىڭ مېتىر يىپەك توقۇلما ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 591 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 68 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %64.39 ئاشتى. بىر يىلدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 755 مىليون 640 مىڭ 600 ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 421 مىليون 311 مىڭ 200 توننا - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 8 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 86 مىليون 954 مىڭ 400 يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 69 مىڭ 704 توچكىغا، چوڭ، ئوتتۇرا سودا كارخانىلىرىنىڭ دېھقانلارغا ساتقان ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ سوممىسى 340 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە 97 سودا بازىرى بار بولۇپ، يىللىق يۈتۈشۈش سوممىسى 291 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە، ساياھەتچىلىك كىرىمى 12 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ۋىلايەت بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىمدىن 5256 سى بار (ئالىي دەرىجىلىكى 491) . ۋىلايەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 895 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 880) ، ئوقۇغۇچىسى 256 مىڭ 970 (مىللىي 256 مىڭ 824) ؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 140 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 128) ، ئوقۇغۇچىسى 96 مىڭ 5 (مىللىي 92 مىڭ 866) ؛ ئالىي مەكتەپ 2 (ئىككىلىسى مىللىي مەكتەپ) ، ئوقۇغۇچىسى 2615 (مىللىي 2582) ؛ باللار باغچىسى 13 (مىللىي باللار باغچىسى بىر) ، باغچىدىكى بالا 5475 (مىللىي 3664) . ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 15 مىڭ 973 (مىللىي 15 مىڭ 246) . مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 44 مىليون 160 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96.52كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95.41كە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە 145 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 4502 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (ئالىي دەرىجىلىكى 114) ، 4639 كارىۋات بار. بىر يىلدا 60 قېتىم يېزا - بازار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 12 مىڭ 185 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. 8 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ چېلىشىش مۇسابىقىسىدا خوتەن ۋىلايىتى بىر ئالتۇن مېدال، 2 كۈمۈش مېدال، 3 مىس مېدال ئالدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 794.27 يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 52 مىڭ 942 بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8227 يۈەنگە يەتتى. ھەرخىل مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە سۇغۇرتىلاش سوممىسى 20 مىليون 768 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى، بىر يىلدا مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى تۆلەم دېلوسىدىن 4201ى بىر تەرەپ قىلىندى، 30 مىليون يۈەندىن ئارتۇق تۆلەم تۆلەندى. شەھەر - يېزىلاردا 134 مىڭ 400 ئادەم (قېتىم) دۆلەتنىڭ قۇتقۇزۇشىغا ئېرىشتى، 5640 تارقاق ئولتۇراقلاشقان يېتىم - يېسىر، قېرى، مېيىپ، بالا كوللېكتىپ تەرىپىدىن بېقىلدى. بىر يىلدا كۆلىمى 2.64 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئىس - تۈتەك تىزگىنلەنگەن رايون، كۆلىمى 9 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان مۇھىتتىكى شاۋقۇن ئۆلچەمگە يەتكەن رايوندىن 2 سى بەرپا قىلىندى.

☆ 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئۆلۈغئاتا سۇچىلىق تۈگۈن قۇرۇلۇشى تورلار بويىچە توك تارقىتىشقا باشلىدى.

گۈلباھار ياسىن

# خوتەن شەھىرى

## ئاساسىي ئەھۋالى

خوتەن شەھىرى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە، يۇرۇڭقاش دەرياسى بىلەن قاراقاش دەرياسىدىن ھاسىل بولغان تىنىما قانات

تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. شەھەر رايونىدىن ئۆزۈمچىگىچە بولغان ئاشيول مۇساپىسى 1513 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى شەھەرگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 3، باشقۇرۇش رايونى بىر، مەھەللە ئىش باشقارمىسى 4. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 170 مىڭ (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 141 مىڭ 200)، يېزا نوپۇسى 78 مىڭ 500؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 17.17‰، ئۆلۈش نىسبىتى 5.2‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11.97‰. شەھەر بويىچە 5120 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 4467 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بولۇۋاتقىنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

خوتەن شەھىرىنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىدىن گىلەم، خوتەن قاشتېشى، ئەتلەس بار. بۇ يەردىن چىققان قىزىلگۈل ھارىقى، ئانار ھارىقى مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىگە سېتىلىدۇ. مەشھۇر ئاسارىئەتىقىلەردىن راۋاق بۇددا مۇنارى، ئىمام ئاسىم قەدىمىي قەبرىستانلىقى، يوتقان خارابىلىكى، ياغاق پادىشاھى، كۆك مارىم تاش غارى، مەلىكئاۋات قەدىمىي شەھىرى قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ خوتەن شەھەرلىك 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى بىن.

5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەھەممەت توختى تۇرسۇن توختى.

شەھەر باشلىقى: ئۆتكۈر ئالىم.

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: تۇرسۇن سەيدى.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى شەھەر بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 138 مىليون 20 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 82 مىليون 430 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 11.56% تۆۋەنلەپ كەتتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 33 مىڭ 279 توننا ئاشلىق، 216 توننا پاختا ئېلىندى. 388 گېكتار ئورمان بار، شۇ يىلى 177 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. بىر يىلدا 3203 توننا گۆش، 2022 توننا سۈت، 130 توننا يۇڭ، 104 مىڭ 700 پارچە

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 43294 | 4.71 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 6794 | —2.97 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 12434 | —3.47 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 24066 | 12.78 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 33279 | 3.97 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 11.46 | 2.23 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 60980 | 11.3 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 22054 | 3.66 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 14076 | 588 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 53399 | 80.41 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 4512 | 4.86 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 19789 | 10.65 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 227 مىليون 650 مىڭ يۈەن. يەرلىك مالىيە كىرىمى بىلەن مالىيە چىقىمى ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تېرە ئىشلىنىدۇ. 8500 گېكتار يەر سۇغىرىلىدۇ. يېزا - بازار كارخانىسىدىن 743ى بار بولۇپ، تىجارەت كىرىمى 109 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 221 مىليون 470 مىڭ يۈەن (ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 155 مىليون 650 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %1.3 ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 51 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا 5503 توننا يىپ، 8 مىليون 170 مىڭ مېتىر رەخت، 2 مىليون 116 مىڭ 200 مېتىر يىپەك توقۇلما، 72.8 توننا خام يىپەك، 845 توننا سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى، 2091 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 2328 توننا سۇلياۋ ياسالما، 5 مىليون 590 مىڭ توننا تۆرۈۋا سۇيى ئىشلەپچىقىرىلدى. شۇ يىلى 12 مىليون 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ سۇ سىڭگەن ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى. ۋىلايەتلىك قىزىل گۈل ھارىقى ھاراقچىلىق شىركىتى زاۋۇت ئۆيىنى كېڭەيتىشكە 12 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى، ۋىلايەتلىك پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ ئىنچىكە تاراش تۈرىنى ئۆزگەرتىشكە 13 مىليون 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ۋىلايەتلىك ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 5 - نومۇرلۇق گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنى كېڭەيتىشكە 25 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، مىللىي شىپاخانىنىڭ ئۈنۋېرسال بىناسىغا 5 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىنىڭ ئۈنۋېرسال بىناسىغا 12 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلى كۆپەيگەن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى: پاختا توقۇمىچىلىق ئۇرچۇقى 3000، ماددىي ئەشيا زاپاس ساقلاش، نېفىت ئامبىرى 6400 كۇب مېتىر. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئورنى 150 (قۇرۇلۇش كۆلىمى 1361 كۋادرات مېتىر)، شەھەرنى كۆكلىتىدىغان تۆرۈۋا سۇيى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى 20 مىڭ توننا، شەھەردىكى سۇ تورۇبىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 16 كىلومېتىر، شەھەر كوچا ئاپتوبۇسىدىن 15ى مېتىۋېلىندى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 152 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بىر يىلدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 472 مىليون 83 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 46 مىليون 532 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە (پەقەت تېلېگراف شىركىتىنىڭلا تىجارەت سوممىسى، باشقا ئالاقە كەسپى بۇنىڭ سىرتىدا)، پروگراممىلىق تېلېفون 21 مىڭ 600 توچكىغا، يانتېلېفون ئابونىتى 7319غا، بازار سودىسىدا پۇتتۇشۇلگەن سومما 20 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە، ساياھەتچىلىك كىرىمى 1 مىليون 550 مىڭ دوللارغا يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

شەھەر بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىمدىن 540ى بار. شەھەردە خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى بىلەن خوتەن ئۆيخۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى بار، ئۇلارنىڭ ئوقۇتقۇچىسى 269، ئوقۇغۇچىسى 2496؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 4، ئوقۇتقۇچىسى 262، ئوقۇغۇچىسى 3648؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 9، شەھەرگە قاراشلىقى 7 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 5)، ئوقۇتقۇچىسى 727، ئوقۇغۇچىسى 7400؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 52، شەھەرگە قاراشلىقى 47 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 44)، ئوقۇتقۇچىسى 1315، ئوقۇغۇچىسى 20 مىڭ 400. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %80كە يەتتى. شەھەر بويىچە 13 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا ۋە شىپاخانا 9)، 358 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 990 كارىۋات بار. شۇ يىلى خوتەن شەھىرىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى ئاپتونوم رايونغا ۋاكالىتەن مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ، 62 ۋە 74 كىلوگراملىقلار چېلىشىش مۇسابىقىسىدا 3 - بولدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق مۇسابىقىدا 62 ۋە 74 كىلوگراملىقلار بويىچە 1 - بولدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجىتى كىرىمى 4714 يۈەنگە، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1159 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8429 يۈەنگە، مال - مۈلۈك، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 22 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بىلەن ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەم سوممىسى 4 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يەتتى. كۆكەرتىلگەن يەر كۆلىمى 220 گېكتارغا، ئاممىۋى كۆكلەمزارلىق كۆلىمى 97.5 گېكتارغا، قۇرۇلۇش قىلىنغان رايوننىڭ يېشىللىق بىلەن قاپلانغان كۆلىمى 409 گېكتارغا يەتتى.

مياۋ يۈنبو

# خوتەن ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

خوتەن ناھىيىسى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە،

تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيەنىڭ ھۆكۈمەت خوتەن شەھىرىدە. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1513 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 11، مەيدان بىر. يىل ئاخىرىدىكى يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 256 مىڭ 810 (شەھەر نوپۇسى خوتەن شەھىرىگە تەۋە)، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 255 مىڭ 221؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 20.55‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 13.51‰. ناھىيە بويىچە 26 مىڭ 48.1 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 23 مىڭ 541.8 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 8516.9 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلۇق تېپىدىكى چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

خوتەن ناھىيىسىدىن مېۋە - چېۋە كۆپ چىقىدۇ، سۈپىتى ياخشى، بۇ يەردىن چىقىدىغان ياڭاقنىڭ دانىسى چوڭ، پوستى نېپىز، ماي نىسبىتى يۇقىرى. ناھىيە تەۋەسىدە يورۇڭقاش، قاراقاش دەريالىرى بار بولۇپ، يىللىق ئېقىم مىقدارى 4 مىليارد 600 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن چۈچۈكبۇيا، ئالىقات، يەرمەدىكى، توشقان زەدىكى قاتارلىقلار؛ ياۋايى ھايۋانلاردىن جەرەن، ئۆلار، تۈلكە قاتارلىقلار؛ قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، ھاك تېشى، چىرىستال، ئالتۇن، قاشتېشى قاتارلىقلار بار. قوي مېيى رەڭگىدىكى داغلىق ئاق قاشتېشى يورۇڭقاش دەرياسىدىن چىقىدۇ.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ خوتەن ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ يانەن.

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇرېھىم ساۋۇت.

ھاكىم: ئېزىز قۇربان.

سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: جۇمەر ئىسمائىل.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 615 مىليون 21 مىڭ 900 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 378 مىليون 898 مىڭ يۈەن) كە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 0.3% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 145 مىڭ 317 تونna

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 25262 | 4.67 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 19824 | 2.12 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 1788 | 11.82 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 3650 | 16.91 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (تونna) | | 145317 | 4.85 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 75.39 | 0.1 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 14400 | 8.52 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 64666 | —4.31 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 4639 | —6.89 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 33812 | 3.32 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 966 | —25.67 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 8892 | 29.73 |

ئىزاھ: جەدۋەلدىكى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى.

ئاشلىق، 5839.7 توننا پاختا، 493 توننا پىلە غوزىسى، 19 مىڭ 137 توننا كۆكتات، 1746 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىنىدى. بىر يىلدا 1911 گېكتار ئىھاتە ئورمىنى، 1572.5 گېكتار ئىقتىسادىي ئورمان، 1184.7 گېكتار ياڭاقلىق، 58.3 گېكتار ئۆرۈكلۈك، شاپتۇللۇق بەرپا قىلىندى. 132.2 گېكتار يەردە ھەرخىل كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، 197.6 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى 446 قوشۇمچە ئورمان بەلۋېغى، 334.1 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۈزۈم كارىدورى ئۆزگەرتىلدى، 116 گېكتار يەرگە قىزىل گۈل تىكىلدى. ئۆرۈك، شاپتۇل، ئۈزۈم، ياڭاق قاتارلىقلارنى ئاساسلىق مورت قىلىپ ھويلا ئاراملىرىنى ئۆزگەرتكەن دېھقان ئائىلىسى 16 مىڭ 436گە يەتتى، بۇ ناھىيىدىكى دېھقان ئائىلىسىنىڭ 30%نى ئىگىلەيدۇ. 9200 توننا گۆش، 2172.7 توننا سۈت، 776.2 توننا قوي يۇڭى، 11 مىڭ 606 پارچە كالا تېرىسى، 330 مىڭ 356 پارچە قوي تېرىسى ئېلىنىدى. بىر يىلدا يېڭىدىن 46.92 كىلومېتىر ھەر دەرىجىلىك ئېرىق - ئۆستەڭ ۋە زەيكەش چېپىلدى، 54.21 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس نول، تارماق ئېرىق - ئۆستەڭ ۋە ئوق ئېرىق ياسالدى، سۇغىرىش رايونىدا 381 يۇرۇشلەشكەن ئىنشائات ياسالدى، 1753 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى ۋە سۇغىرىش شارائىتى ياخشىلاندى، 280 كىلومېتىر 10 كىلوۋولتلۇق توك يولىلاش - بېسىم ئۆزگەرتىش توك سىمى تارتىلدى، يېڭىدىن 286 گېكتار ئوتلاق قاشالاندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ كىرىمى 149 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 11.4% ئاشتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 100 مىليون 620 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 60 مىليون 136 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 17.8% ئاشتى. بىر يىلدا 41 مىليون 250 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 108 مىڭ توننا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىلدى. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ سېتىۋېلىنىش سوممىسى 271 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، سېتىلىش سوممىسى 133 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە، ناھىيىنىڭ قاتناش - ترانسپورتى بويىچە توشۇلغان يۈك 14 مىليون 520 مىڭ تونىنغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 450 مىليون 360 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، پىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 18 مىڭ 22 توچكىغا، يېزا - بازار سودىسى بويىچە پۇتتۇشۇش سوممىسى 9 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىمدىن 734ى بار. ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 164 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 160)، ئوقۇغۇچىسى 49 مىڭ 212 (مىللىي 48 مىڭ 377)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 21 (ھەممىسى مىللىي مەكتەپ)، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 685؛ دارىلمۇئەللىمىن بىر (مىللىي دارىلمۇئەللىمىن)، ئوقۇغۇچىسى 110. ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 2852. بىر يىلدا 5 مىليون 680 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 10 مىڭ 200 كۋادرات مېتىرلىق مەكتەپ ئۆيى سېلىنىدى، 3026 پارتا تولۇقلاندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 96%كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 95%كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 17 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 576 سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 503 كارىۋات بار. بىر يىلدا 5 قېتىم تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 13 مىڭ ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

### خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 869.7 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 6268.5 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈن 16 تۈرلۈك، 14 مىليون 800 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى؛ مالىيەدىن نامراتلارنى يۆلەش تۈرى 12 بولۇپ، مەبلىغى 8 مىليون 840 مىڭ يۈەن؛ ئىش تېپىپ بېرىش يولى بىلەن ياردەم قىلىش تۈرى 23، نەقلەشكەن مەبلەغ 14 مىليون 150 مىڭ يۈەن. 2069 ئۆيلۈك، 9104 ئادەمنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

☆ 2000 - يىلى قۇملۇق بەرگە 7.6 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا، 100 مېتىر كەڭلىكتە كۆچەت تىكىلىپ شامالدىن مۇداپىئە كۆرۈش - قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش ئورمان بەلۋېغى بەرپا قىلىنىپ، قاراقاش دەرياسى بىلەن يورۇڭقاش دەرياسى تۇتاشتۇرۇلدى. خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە بۇ قۇرۇلۇشقا «قۇملۇق ئېكولوگىيىسى تېمى قۇرۇلۇشى» دەپ نام بەردى.

خۇالىڭ يۈگېيې

# گۇما ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

گۇما ناھىيىسى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە، قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1811.6 كىلومېتىر. ناھىيىگە 2000 - يىلى 2 بازار، 13 يېزا، 2



گۇما ناھىيىسى بىيالما يېزىسى يېقىدىن قۇرغان ئانار بازىسى
لىۇ شىنشىڭ فوتوسى

مەيدان (فېرما) قارىدى. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 197 مىڭ 113 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 194 مىڭ 938)، يېزا نوپۇسى 156 مىڭ 835؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 17.58‰، ئۆلۈش نىسبىتى 7.86‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.72‰. ناھىيە بويىچە 30 مىڭ 430.73 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 19 مىڭ 428.87 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى، 4823.73 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (بۇنىڭ ئىچىدە، كېۋەز 4673.33 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

گۇما ناھىيىسىدە قوشتاغ، ساڭجۇ، دۇۋا دەريالىرى بار. يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 739 مىليون كۇب مېتىرغا (92 مىليون كۇب مېتىر بۇلاق سۈيىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ھەرىكەتچان زاپىسى 250 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. ناھىيە بويىچە ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 31%. پايدىلىنىشقا بولىدىغان 509 مىليون 300 مىڭ گېكتار ئوتلاق بار. ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى توشقان زەدىكى، چۈچۈكبۇيا، زاراڭزا، كىرەش، قانتېپەر قاتارلىقلار؛ ياۋايى ھايۋانلاردىن ئۆلار، تاغ ئۆچكىسى قاتارلىقلار؛ قېزىلما بايلىقلاردىن ئاساسلىقى كۆمۈر، چىرىمتال، گەج، لىتىي، بېرىللىي، قاشتېشى، سىنك، مانگان قاتارلىقلار بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ گۇما ناھىيىلىك 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى شىڭجياڭ.

13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تاش ئوسمان.

ھاكىم: سادىر نۇرمەھەممەت.

سىياسىي كېڭەش 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: غالىپ ياقۇپ.

## ئىقتىسادىي يېڭى تەرەققىيات

2000 ـ يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 325 مىليون 105 مىڭ 400 يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 164 مىليون 973 مىڭ 200 يۈەن) بولۇپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن 2.83% تۆۋەنلەپ كەتتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 104 مىڭ 725.72 توننا ئاشلىق، 492.11 توننا ياغلىق دان، 4549.25 توننا پاختا ئېلىندى. بىر يىلدا 942 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە سۈپەتلىك ئىقتىسادىي ئورمان 831 گېكتار. ئىقتىسادىي ئورمان ئىچىدە ياڭاق 3.196 گېكتار، ئۈرۈك 3.204 گېكتار، ئانار 2.299 گېكتار، ئۈزۈم 67.121 گېكتار، باشقا ئورمان 53.9 گېكتار. ھويلا ئارام ئىگىلىكى بويىچە 2.955 گېكتار يەردىكى ئىقتىسادىي ئورمان ئۆزگەرتىلدى، 13.1688 گېكتار يەردىكى تۆۋەن ھوسۇللۇق ياپىسا ئىقتىسادىي ئورمان ئۆلاندى. 576 گېكتار چېكىنگەن تېرىلغۇ يەردە ئورمان ۋە ئوتلاق بەرپا قىلىندى. بىر يىلدا 162 مىڭ 376 تۇياق چارۋا تاۋارغا ئايلاندى، 69.2037 توننا گۆش، 78.314 توننا قوي يۇڭى ئېلىندى، 5.9 توننا بېلىق تۇتۇلدى. سۇ ئېلېكترى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 10 مىليون 644 مىڭ 300 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 69.25 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، سېمونت لاي ئارىلاشتۇرۇپ تاشتىن قوپۇرۇلغان 13.55 كىلومېتىر كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى ياسالدى، 235 ئورۇندىكى T شەكىللىك توسما، 47 ئورۇندىكى سېمونت لاي ئارىلاشتۇرۇپ تاشتىن قوپۇرۇلغان T شەكىللىك توسما رېمونت قىلىندى، 307 ئورۇندىكى T شەكىللىك توسما پۇختىلاندى، 67.586 گېكتار يەر تۈزلەندى، 56.07 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى. 35 كىلوۋولتلۇق ترانسفورماتور پونكىتىدىن 2 سى قۇرۇلدى، ساڭجۇ يېزىسىدىن مۇجى يېزىسىغىچە 40 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 35 كىلوۋولتلۇق يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى، 5.72 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى 10 كىلوۋولتلۇق توك سىمى، 119 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى 0.4 كىلوۋولتلۇق توك سىمى يېڭىدىن تارتىلدى ۋە ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى 2 مىليون 775

مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 26 قۇدۇق قېزىلدى، 17 مىليون 176 مىڭ كۇب مېتىر يەر ئاستى سۈيى تارتىلدى، سۇغىرىلىدىغان يەر 19 مىڭ 100 گېكتارغا يەتكۈزۈلۈپ، سۇ قىس بولۇش ۋەزىيىتى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىندى. ش ئۇ ئا ر تەرەققىيات ـ پىلان كومىتېتى چېگىرا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قۇياش ئېنېرگىيىسى فوتو ئېلېكتر تەتقىقات مۇۋەپپەقىيىتىنى كىرگۈزۈپ، باشلەڭگەر يېزا ئويتوغراق كەنتىدە بۇ تۈرنى يولغا قويدى. بۇ تۈرگە 2 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇ تۈرنىڭ يولغا قويۇلۇشى نەتىجىسىدە كەنتتىكى 1349 ئادەمنىڭ ئىشلىتىدىغان توكى، 4300 تۇياق چارۋىنىڭ ئىچىدىغان سۈيى ھەل بولدى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 25 مىليون 982 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 16 مىليون 938 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن 1.59% تۆۋەنلەپ كەتتى. بىر يىلدا 16 مىليون 150 مىڭ كىلوۋات سائەت توك (سۇ ئېلېكترى 13 مىليون 120 مىڭ كىلوۋات سائەت)، 1363 كۋادرات مېتىر گىلەم، 1066 توننا سۇ يېغى، 5 مىليون دانە خىش، 5193 توننا ساپ پاختا، 4400 توننا ئۇن، 83 مىڭ 101 توننا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىلدى. بىر يىلدا ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتى توشۇغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 200 مىليون توننا كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 2 مىليون 400 مىڭ ئادەم ـ كىلومېتىرغا، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 852 مىڭ يۈەنگە، شۇ يىلى يېڭىدىن كۆپەيگەن پروگراممىلىق تېلېفون 997 توچكىغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 23306 | -0.08 |
| يۇنىڭ ئىچىدە: | 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 12535 | -0.01 |
| | 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 3680 | -0.39 |
| | 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 7091 | 0.09 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 104725.72 | 1.64 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 39.9 | -0.1 |
| يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 4818 | 25.4 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 33433 | 3.2 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 4097 | -6.25 |
| بازار ـ يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 23766 | 18.83 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 915.6 | -24.49 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 7932.9 | 20.41 |

## پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىمدىن 576 سى بار. ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 140 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 139)، ئوقۇغۇچىسى 29 مىڭ 965 (مىللىي 24 مىڭ 763)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 17 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 16)، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 383 (مىللىي 12 مىڭ 79)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 240 (ھەممىسى مىللىي)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 65. بىر يىلدا دۆلەتكە 732 ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى يەتكۈزۈپ بېرىلدى (ئالىي تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى 311). ناھىيە بويىچە 16 تېببىي داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتى (يېزا ـ بازار شىپاخانىسى 15)، 404 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (بۇنىڭ ئىچىدە كاندىدات

ئالىي مۇھەررىر 6، ئوتتۇرا دەرىجىلىكى 35)، 490 كارۋات بار. ھەر يىلدا 121 مەيدان (قېتىم) ھەرخىل تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 46 مىڭ 300 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

### خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 755 يۈەنگە يەتتى، كىشى بېشىغا 674 كىلوگرامدىن ئاشلىق توغرا كەلدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8058 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە تۇرمۇشى كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئوبيېكتتىن 154 ئائىلىدىكى 294 ئادەم تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى (بۇنىڭ ئىچىدە، تولۇق سوممىلىق كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئوبيېكت 95 ئۆيلۈك 156 ئادەم، پەرقلىق سوممىلىق كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئوبيېكت 59 ئۆيلۈك 138 ئادەم)، ئۇلارغا ئايدا تارقىتىپ بېرىلىدىغان سومما ئۆلچىمى 110 يۈەن. 14 ياشانغانلار ساناتورىيىسىنىڭ يىللىق تەمىنلەش ئۆلچىمى 1229 يۈەن، دارىلئېيتامنىڭ يىللىق تەمىنلەش ئۆلچىمى 1140 يۈەن. 2000 - يىلى ناھىيە بويىچە 4888 ئۆيلۈك، 22 مىڭ 163 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. ناھىيە بازىرىنىڭ كۆكەرتىلىشى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى، ناھىيە بازىرى كۆكەرتىلىپ مەنزىرە ھاسىل قىلىندى، كۆكەرتىلگەن كۆلەم بىر گېكتارغا يەتتى.

☆ 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە گۇما ناھىيىسى يەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىدى. كەلكۈن 1045 گېكتار يەردىكى زىرائەتنى ۋەيران قىلىۋەتتى، 100 نەچچە كىلومېتىر يولنى بۇزۇۋەتتى، 40 بېتون كۆۋرۈكنى، 210 ياغاچ كۆۋرۈكنى ۋەيران قىلىۋەتتى. بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 21 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

☆ 8 - ئايدا ئۇدا 6 يىل 15 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ساڭجۇ سۇ ئامبىرى ئېلېكتر ئىستانسىسى توك تارقاتتى.

جىن كېخۇا

## قاراقاش ناھىيىسى

### ئاساسىي ئەھۋالى

قاراقاش ناھىيىسى كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي قىسمىغا، قاراقاش دەرياسىنىڭ غەربىي قاسنىقىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1535 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 15. ناھىيە تەۋەسىدە بىڭتۇەن خوتەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ 47 - تۇەن - مەيدانى بار. ناھىيىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى نوپۇسى 406 مىڭ 214، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 400 مىڭ 804، 47 - تۇەن - مەيدانىنىڭ نوپۇسى 4038، يېزا نوپۇسى 381 مىڭ 516؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 22.62‰، ئۆلۈش نىسبىتى 7.72‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 14.9‰. ناھىيە بويىچە 36 مىڭ 852.67 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 36 مىڭ 166.67 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 16 مىڭ 666.67 گېكتار)، 8000 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

قاراقاش ناھىيىسىدە ئاساسلىق ماددىي بايلىقلاردىن چۈچۈكبۇيا، پىلە غوزىسى، ياڭاق، ئۆرۈك، شاپتۇل، لوپنۇر كەندىرى، نېفىت، تەبىئىي گاز بار. ناھىيە بويىچە 52 مىڭ 31 گېكتار ئورمان بار، بۇنىڭ ئىچىدە بەرپا قىلىنغان ئورمان 6159.9 گېكتار. مەشھۇر ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن مازارتاغ قەدىمكى قەلئەسى، ئۇلۇغئاتا سۇ ئامبىرى رايونى، ئاقساراي يېزىسىدىكى قەدىمىي چىنارلىق باغ، شاخلىق فېئودال پومېشچىكلار قورۇقى (ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى) بار.

### پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ قاراقاش ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋاڭ شىنشېڭ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: تالىپ قاسىم.

ھاكىم: ئۇبۇلقاسىم سىراجى.

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابدۇۋاقى ئېلىمەتشاھ.

### يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 790 مىليون 858 مىڭ 700 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 405 مىليون 546 مىڭ 200 يۈەن) بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 0.77% تۆۋەنلەپ كەتتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 208 مىڭ 26 تونا ئاشلىق، 2983 تونا ياغلىق دان (چىگىت بۇنىڭ سىرتىدا)، 5601 تونا ساپ پاختا، 690 تونا پىلە غوزىسى، 21 مىڭ 575

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 53655 | 7 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 39343 | 6.03 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 3140 | 21.24 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 11172 | 10.82 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 208026 | 3.43 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۇياق) | | 761452 | -9.51 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 16756 | 10.39 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 75563 | -0.7 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 9523 | 14.83 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 25804 | -10.42 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 1147 | -26.05 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 11602 | 20.53 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 297 مىليون يۈەن.

توننا كۆكتات، 4148 توننا قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە، 22 مىڭ 613 توننا يېدە ئېلىندى. مېۋىلىك دەرەخ بار يەر كۆلىمى 3158.1 گېكتارغا يەتتى. بىر يىلدا 894 توننا ئالما، 517.8 توننا ياڭاق، 9351.3 توننا ئۈزۈم، 3226 توننا شاپتۇل، 3960 توننا ئۆرۈك، 32 توننا چىلان، 66 توننا باشقا مېۋە - چېۋە، 10 مىڭ 987 توننا گۆش ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 57 مىليون 970 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە جاھانباغ سۇ ئەمبىرىدە 24 قۇدۇق قېزىش ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ 6 مىليون 37 مىڭ 600 يۈەن، چاسكۆل سۇ ئەمبىرىدە 30 قۇدۇق قېزىشقا سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليون 700 يۈەن، ماكۇيياغول ئۆستىڭىنىڭ 10.8 كىلومېتىر قىسمىنى سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈشكە سېلىنغان مەبلەغ 4 مىليون 96 مىڭ 300 يۈەن، بالامسۇ غول ئۆستىڭىنىڭ 3.2 كىلومېتىر قىسمىنى سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈشكە سېلىنغان مەبلەغ 3 مىليون 600 مىڭ يۈەن، كەلكۈن باشلاش غول ئۆستىڭىنىڭ 5.5 كىلومېتىر قىسمىنى سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈشكە سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليون 300 مىڭ يۈەن. 114.87 گېكتار بوز يەر ئېچىلدى، 1326.67 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى. سۈنئىي ياخشىلاش قۇرۇلۇشىغا 17 مىليون 40 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغانىدى، شۇ يىلى 3 مىليون 470 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ 22 مىڭ 200 ئادەم ۋە 30 مىڭ 600 تۇياق چارۋىنىڭ سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىسىدىن 6311ى بار بولۇپ، تىجارەت كىرىمى 145 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 52 مىليون 253 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 39 مىليون 119 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %10.74 ئاشتى. بىر يىلدا 14 مىليون 320 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 15 مىليون 430 مىڭ توننا تۇرۇبا سۈيى، 1623 توننا بۇغداي ئۇنى، 1765 توننا سۇ يېغى (چىگىت يېغىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 2305 توننا ئارىلاشما يەم - بوغۇز، 3770 توننا ساپ پاختا، 221 مىليون 80 مىڭ دانە خىش، 5449 قۇر كىيىم - كېچەك، 5901 پار خۇرۇم ئاياغ كىيىم ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 70 مىليون 330 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 9 - ئايدا قاراقاش ناھىيىسىنىڭ يېڭىيەر يېزىسىدىن يۇبېي تەرەققىيات رايونىغا بارىدىغان تاشيول پۈتۈپ قاتناش باشلاندى، بۇ يول 3 - دەرىجىلىك ئاسفالت يول بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 10 كىلومېتىر. بىر يىلدا ناھىيە ۋە رايون ھالقىپ توشۇلغان يولۇچى 450 مىڭ

151 گە، يۈك 93 مىڭ 755 توننىغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 8 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون 5713 تۇتقىغا، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ سېتىلىش سوممىسى 32 مىليون 407 مىڭ يۈەنگە، بازار سودىسىدا يۈزتۇتۇلگەن سوما 92 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم 668 (دەم ئېلىشتا، پېنسىيىگە چىققانلار بۇنىڭ سىرتىدا). ناھىيىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 1280 (ھەممىسى مىللىي)، ئوقۇتقۇچىسى 92؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 23، ئوقۇغۇچىسى 21 مىڭ 302 (مىللىي 21 مىڭ 178)، ئوقۇتقۇچىسى 1001؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 185، ئوقۇغۇچىسى 59 مىڭ 931 (مىللىي 59 مىڭ 585)، ئوقۇتقۇچىسى 2275؛ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 550 (ھەممىسى مىللىي)، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 31؛ ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىر، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 12. بىر يىلدا مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 8 مىليون 688 مىڭ 900 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 21 تىببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى (بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 2، شىپاخانا 16)، 637 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 755 كارىۋات بار. بىر يىلدا ناھىيە بويىچە 157 مەيدان ھەرخىل تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2.666 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8122 يۈەنگە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 2 مىليون 529 مىڭ يۈەنگە، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 1 مىليون 716 مىڭ يۈەنگە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەم سوممىسى 907 مىڭ يۈەنگە، جىسمانىي سۇغۇرتا بويىچە تۆلەم سوممىسى 145 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

☆ خالىبىيەت نېفىت ئىدارىسى خوتەن قۇدۇق بۇرغىلاش شىركىتى 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ئاقلەڭگەر دېگەن يېرىدە قۇدۇق بۇرغىلاشنى باشلاپ، قاراقاش ناھىيىسىدە نېفىت تەكشۈرۈش - ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى.

جاڭ يۈ

# لوپ ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

لوپ ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي چېتىگە، كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1489 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 8، مەيدان (فېرما) 4، بىۋاسىتە قاراشلىق باشقۇرۇش رايونى بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 231 مىڭ 157 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 226 مىڭ 838)، يېزا نوپۇسى 205 مىڭ 297؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 19.94‰، ئۆلۈش نىسبىتى 7.47‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 12.47‰. ناھىيە بويىچە 36 مىڭ 353 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 24 مىڭ 120 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 10 مىڭ 570 گېكتار)، 14 مىڭ 416.67 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق ئىچىدىكى قۇرغاق چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

لوپ ناھىيىسىنىڭ «مېۋە - چېۋە ماكانى» دېگەن چىرايلىق نامى بار، بۇ يەردىن ئۈرۈك، شاپتۇل، نەشپۈت، چىلان، ياڭاق قاتارلىقلار كۆپ چىقىدۇ، مېۋىنىڭ سۈپىتى ياخشى. لوپتا قولدا توقۇلغان گىلەم دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا سېتىلىدۇ. جىيا يېزىسىدا توقۇلغان ئەتلەسنىڭ ھۈنەر - سەنئىتى ئۆزگىچە، ئېگى ياخشى بولۇپ، تارىخى ئۇزۇن. ناھىيە تەۋەسىدە ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن جەرەن، ئۆلار قاتارلىقلار؛ ياۋا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن قانتېپەر، كەتىرا، ھىندى پەرەڭگۈلى، قىل يوپۇرماقلىق ئەمەن، رەۋەن، مەرزەنجۇش قاتارلىقلار؛ قېزىلما بايلىقلاردىن قاشتېشى، ھاك تېشى، گەج، قىزىل قۇمتاش، قىزىل سېغىز توپا، قوغۇشۇن، سىنك، مىس، ئالتۇن، كۆمۈر، مەرمەر، چىرىمتال قاتارلىقلار بار، بۇلارنىڭ زاپىسى مول. لوپ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان ئاقسىپىل قەدىمىي شەھىرى ۋە دول يېزىسى سېرىق كەنتىگە جايلاشقان باغدات مازار ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى ھېسابلىنىدۇ. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 4000 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 1000 مېتىر كېلىدىغان سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىدا چوڭ - كىچىك 20 قەبرە قېزىلىپ، ئاز كەم 1000 دانە مەدەنىيەت

يادىكارلىقى تېپىلدى، بۇ قەبرىستانلىق دەسلەپكى قەدەمدە خەن دەۋرىگە ئائىت خارابىلىك دەپ بېكىتىلدى.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ لوپ ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لۇ پىڭ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئەخمەتتوختى مەتتوختى.

ھاكىم: ئوسمان بۇرھان.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئابلا تۇردى.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 476 مىليون 290 مىڭ 800 يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 265 مىليون 781 مىڭ 300 يۈەن) بولۇپ،

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 19047 | 9.9 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 11408 | 8.8 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 2221 | —3.4 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 5418 | 19.3 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 131242 | 7.24 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 47.01 | 1.69 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 13773 | 13.46 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 56828 | 10.34 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 6509.7 | 19.26 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 20086 | 59.44 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 1381 | 3.14 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 9350 | 40.98 |

ئىزاھ: جەدۋەلدىكى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا.

1999 - يىلدىكىدىن 10.52% تۆۋەنلەپ كەتتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 131 مىڭ 242 توننا ئاشلىق، 439 توننا ياغلىق دان، 9550 توننا ساپ پاختا ئېلىندى. شۇ يىلى 833.33 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مېۋىلىك باغ 440 گېكتار، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 569 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. بىر يىلدا 7967 توننا گۆش، 1680 توننا سۈت، 566 توننا قوي يۇڭى، 632 توننا تۇخۇم، 123 توننا بېلىق، 971 توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 35 مىليون 514 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 50.5 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ ياسالدى، 648 كىلومېتىر 4 دەرىجىلىك ئېرىق - ئۆستەڭ رېمونت قىلىندى، 1013 يۇرۇشلەشكەن ئىنشائات كۆپەيتىلدى، 54 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 28 ماشىنىلاشقان قۇدۇق يۇرۇشلەشتۈرۈلدى، 51 ئېغىز قۇدۇق ئۆيى سېلىندى، 147.23 كىلومېتىر يۇقىرى بېسىملىق توك يوللاش سىمى، 115.85 كىلومېتىر تۆۋەن بېسىملىق توك يوللاش سىمى تارتىلدى، 82 ترانسفورماتور ئورنىتىلدى، 580.73 گېكتار بوز يەر ئېچىلدى، 1594 گېكتار ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى، 154 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر، 1383.33 گېكتار ئوتلاق كۆپەيتىلدى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىدا خوتەن ۋىلايىتى بويىچە

«تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپات قولغا كەلتۈرۈلدى. 6 سۇ زاۋۇتى قۇرۇلدى، 247.76 كىلومېتىر سۇ تورۇبىسى ياتقۇزۇلۇپ، 20 مىڭ 500 ئادەم ۋە 41 مىڭ تۇياق چارۋىنىڭ ئىچىدىغان سۈيى ھەل قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىسىدىن 4860ى بار بولۇپ، كەسپكارى 11 مىڭ 525 كە، كىرىمى 131 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 67 مىليون 929 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 48 مىليون 197 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن %20.4 تۆۋەنلەپ كەتتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 10 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %11.41 ئاشتى. بىر يىلدا 12 مىليون 330 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 63 مىڭ 117 توننا سېمونت، 32 مىليون دانە خىش، 3119 توننا ئۇن، 11 مىڭ 409 توننا ساپ پاختا، 3166 كۋادرات مېتىر گىلەم، 52 توننا زاۋۇت يېپىكى ئىشلەپچىقىرىلدى. ناھىيىلىك يېپەكچىلىك فابرىكىسى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى 2 گورۇپپا ئاپتوماتىك يېپەك تارتىش ئۈسكۈنىسىنى قۇراشتۇرۇپ سىناق تەرىقىسىدە ئىشقا كىرىشتۈردى. 1 مىليون 910 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان جىيا يېزىسىنىڭ يېزا ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى تورى 9 - ئايدا پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 12 مىليون 930 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بىر يىلدا پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 103 مىڭ يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 4 مىليون 400 يۈەنگە، پروگراممىلىق تېلېفون 4917 تۇچكىغا، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 32 مىليون 819 مىڭ يۈەنگە، بازار سودىسىدا پۈتۈشۈش سوممىسى 14 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىمدىن 523ى، پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كەنتتىن 74ى، پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە ئائىلىدىن 7343ى بار. بىر يىلدا ھەرخىل تەربىيىلەش كۇرسىدىن 294 قارار ئېچىلىپ، 72 مىڭ 100 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 139 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 138)، ئوقۇغۇچىسى 38 مىڭ 502 (مىللىي 38مىڭ 126)، ئوقۇتقۇچىسى 1358 (مىللىي 1330)؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 20 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 19)، ئوقۇغۇچىسى 17 مىڭ 811 (مىللىي 17 مىڭ 688)، ئوقۇتقۇچىسى 668 (مىللىي 847)؛ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر (مىللىي مەكتەپ)، ئوقۇغۇچىسى 351 (ھەممىسى مىللىي)، ئوقۇتقۇچىسى 37 (ھەممىسى مىللىي)؛ بالىلار باغچىسى 2، باغچىدىكى بالا 352 (مىللىي 222)، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 22 (مىللىي 3). مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 504 مىڭ 100 يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 4608 كۋادرات مېتىرلىق 6 مەكتەپ ئۆيى ئۆزگەرتىلدى ۋە رېمونت قىلىندى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 341 مىڭ 100 كۋادرات مېتىرلىق مەيدانى چىڭدالدى. بىر يىلدا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش كۇرسىدىن 106 قارار ئېچىلدى، كۇرسقا 1167 ئادەم قاتناشتى، 372 ئادەمنىڭ ساۋاتى چىقتى. چاستوتىسى تېزگىنلەنگەن رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە يەتتى، سىملىق تېلېۋىزىيە ناھىيە بازىرىنى قاپلىدى، ھەممە يېزىدا رادىئو، تېلېۋىزىيە بار بولدى. ناھىيە بويىچە 11 شىپاخانا، 2 دوختۇرخانا، بىر ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى، بىر پىلانلىق تۇغۇت يېتەكچىلىك پونكىتى، 512 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 448 كارىۋات بار. بىر يىلدا 438 قېتىم ھەرخىل تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 10 مىڭ 800 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 841 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8052 يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە بېيىغان ئائىلىلەردىن 2585 ئادەم (قېتىم) نامرات ئائىلىلەرنى ھۆددىگە ئېلىشقا قاتناشتى، 10 مىڭ 161 ئائىلىدىكى 48 مىڭ 808 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، 52 مىڭ نامرات ئائىلىنىڭ 11 مىليون 99 مىڭ يۈەن ھەرخىل باج - سېلىقى كېمەيتىلدى ۋە كەچۈرۈم قىلىندى، 2364 نامرات ئائىلىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي مەسىلىسى ھەل قىلىندى، نامرات ئائىلىلەر ئۈچۈن خەلق پۇلى ھېسابىدا 1 مىليون يۈەن ئىئانە ۋە ماددىي بۇيۇم توپلاندى. «ياشلار» باغچىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا 600 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 8 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنغان خەلق مەيدانى 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى رەسمىي ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق شەھەر قۇرۇلۇشى «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدا ناھىيە مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

☆ 2000 - يىلى لوپ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتى شەرەپ بىلەن كوللېكتىپ 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى؛ ياڭ لىگۇڭ شەرەپ بىلەن 1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى؛ بۇ خۇگجيەن، ئەمەت نۇر، مەمتىمىن ئابلا، تۇرسۇنجان مەھەممەت، توڭ لىبىنلار شەرەپ بىلەن 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى.

☆ 2000 - يىلى لوپ ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسىگە ئالىي تەپتىش مەھكىمىسى تەرىپىدىن مەملىكەتلىك «خەلق رازى بولغان تەپتىش مەھكىمىسى» دېگەن نام بېرىلدى ھەمدە بۇ مەھكىمە 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى.

☆ 2000 - يىلى لوپ ناھىيىسى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن غەيرىي ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى.

شى جىنجى

# كېرىيە ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

كېرىيە ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقتە نىيە ناھىيىسىدىن چىقىپ قۇملۇق تاشيولى ئارقىلىق ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى 1300 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار 2، يېزا 13، مەيدان (فىرما) 3، كوناشەھەر رايونلۇق مەھەللە ئىش باشقارمىسى بار. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس (ناھىيە تەۋەسىدە تۇرۇشلۇق باشقا نوپۇس بۇنىڭ سىرتىدا) 209 مىڭ 900 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 207 مىڭ 500)، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 191 مىڭ؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 16.36‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 8.99‰. يىل ئاخىرىدىكى تېرىلغۇ يەر 24 مىڭ 900 گېكتار بولۇپ، 20 مىڭ گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 12 مىڭ 800 گېكتار)، 7500 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئېگىز تېرىلغۇ كۆلىمى 100 گېكتار) تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

كېرىيە ناھىيىسى تەۋەسىدە كېرىيە دەرياسى، تومىيا دەرياسى قاتارلىق 11 دەريا - ئېقىن بار، يىللىق ئېقىن مىقدارى 997 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. چوڭ، كىچىك مۇزلۇقتىن 425ى بار. زاپاس سۇ مىقدارى تەخمىنەن 49 مىليارد كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. تۈزلەڭلىكتە چوڭراق بۇلاق سۈيى ئېرىقىدىن 8 ى بار بولۇپ، يىللىق ئېقىم مىقدارى 304 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە پايدىلىنىشقا بولىدىغىنى 6 بولۇپ، يىللىق ئېقىم مىقدارى 124 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. يەر ئاستى سۇ زاپىسى 288 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان مىقدارى 240 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 724 مىڭ 200 گېكتار ھەرخىل ئوتلاق بار، پايدىلانغىلى بولىدىغىنى 715 مىڭ 300 گېكتار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن بۆكەن، يىلپىز قاتارلىقلار؛ دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن توشقان زەدىكى، چۈچۈكبۇيا قاتارلىقلار بار. ئېچىلىۋاتقان قېزىلما بايلىقتىن ئاساسلىقى ئاق قاشتېشى بىلەن كۆل تۇزى بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ كېرىيە ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ شيۇچياڭ.

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەھەممەتجان غوپۇر.

ھاكىم: ئابدۇللا قۇربان.

سىياسىي كېڭەش 11 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ئەيسا توختى.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 457 مىليون 117 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 287 مىليون 194 مىڭ 700 يۈەن) گە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 3.1% ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 111 مىڭ 61 توننا ئاشلىق، 489 توننا ياغلىق دان، 7809 توننا پاختا، 6297 توننا قۇرۇق ئۈزۈم، 151.3 توننا پىلە غوزىسى ئېلىندى. شۇ يىلى 800 گېكتار يەردە ياپسا ئورمان بەرپا قىلىندى، 4492 گېكتار يەردە تەبىئىي ئورمان يېتىشتۈرۈلدى، 453.33 گېكتار مېۋىلىك باغ ئۆزگەرتىلدى. 43.67 گېكتار توشقان زەدىكى يېتىشتۈرۈش بازىسى قۇرۇلدى. ئويتوغراق، توغراغاز يېزىلىرىدا 1300 گېكتار يەرگە ئانار كۆچىتى تىكىلدى. چېكىنگەن تېرىلغۇ يەرلەردە ئورمان بەرپا قىلىش پائال تەكىتلەندى، 820 گېكتار يەرگە بېدە تېرىلدى. بىر يىلدا 7457.1 توننا گۆش، 1410 توننا سۈت، 768.8 توننا يۇڭ، 9 توننا تىۋىت، 324 مىڭ 800 پارچە تېرە ئېلىندى، 415 مىڭ 200 ئۆي قۇشى بېقىلدى، 1184 توننا تۇخۇم ئېلىندى. يېزا ئىگىلىك ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا 26 مىليون 890 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 700 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى، 73 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلدى، 2 قۇدۇق يۈرۈشلەشتۈرۈلدى، 107.8 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئول، تارماق، ئوق ئېرىق - ئۆستەڭ سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈلدى، 345.33 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى، 533.53 گېكتار شورلۇق يەر ئۆزگەرتىلدى، 1100 گېكتار سالا ئېتىز تۈزلەندى، 706.67 گېكتار ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى، 83.3 كىلومېتىر توك يوللاش - بېسىم ئۆزگەرتىش سىمى تارتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. يېزىلاردا كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - سۈنئى

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 33816 | 7 |
| يۈنىلىك ئىچىدە: | 1 - كەسپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 22024 | —4.5 |
| | 2 - كەسپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 2615 | —12 |
| | 3 - كەسپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 9177 | 81 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 111061 | 2.6 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 652988 | 2.82 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 7570 | 26.36 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 37868 | 8.1 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 2749 | 5.6 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 885 | —22.5 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 8181 | 25.19 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 176 مىليون 750 مىڭ يۈەن.

ياخشىلاش قۇرۇلۇشى بويىچە 22 مىڭ 307 ئائىلىدىكى 150 مىڭ ئادەم ۋە 487 مىڭ چارۋىنىڭ ئىچىدىغان سۈيى ھەل قىلىندى. كوئېنلۇن ئۆستەڭگە قۇرۇلغان ئېلېكتر ئىستانسىسى يۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. 2000 - يىللىق ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدا ناھىيە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. دۆلەت خەلق ئاۋئاتسىيىسى باش ئىدارىسى 7 - ئايدا كىرىيە ناھىيىسىگە يەنە بىر قېتىم قىممىتى 5 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىئانە قىلدى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 14 مىليون 992 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) غا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %32.5 ئاشتى. سانائەت قوشۇلما قىممىتى 5 مىليون 516 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %31.7 ئاشتى. بىر يىلدا 15 مىليون 400 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 441 توننا تۇز، 20 توننا قاشتېشى، 7651 توننا ساپ پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئاشلىق - ياغ سودا باش شىركىتى 1558 توننا بۇغداي ئۇنى، 990 توننا سۇ يېغى ئىشلەپچىقاردى. بىر يىلدا تۇراقلىق مۈلۈككە 21 مىليون 890 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 707 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، %20.7، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 5 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %18.7 ئاشتى. پروگراممىلىق تېلېفون كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمى 8560 توچكىغا، يىل ئاخىرىغىچە ئورنىتىلغان تېلېفون 5179 توچكىغا يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىمدىن 602 سى بار. ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 16 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 15)، ئوقۇغۇچىسى 8223 (مىللىي 8117)؛ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر (مىللىي مەكتەپ)، ئوقۇغۇچىسى 290؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 103 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 102)، ئوقۇغۇچىسى 31 مىڭ 800 (مىللىي 31 مىڭ 502)؛ بالىلار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 347 (مىللىي 146). ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 648 (مىللىي 632)، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 1695 (مىللىي 1663)، باغچا ئوقۇتقۇچىسى 14 (مىللىي 4). بىر يىلدا مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 5 مىليون 854 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. نامرات رايونلارنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى قۇرۇلۇشى بويىچە 5 مەكتەپنىڭ 3490 كۋادرات مېتىرلىق ئۆيى پۈتكۈزۈلدى، قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈش باھاسى 2 مىليون 270 مىڭ يۈەن، 4

مەكتەپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. بىر يىلدا 3 مىليون 584 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، مەكتەپلەرگە كىتاب، ئېلېكترونلۇق ئوقۇتۇش مۇئەسسەسەسى، پارتا - ئورۇندۇق ۋە ئوقۇتۇش سايمانلىرى سېتىۋېلىندى. ناھىيە بويىچە 19 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 580 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 328 كارىۋات بار. 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تۇنجى نۆۋەتلىك دورىلارغا خېرىدار چاقىرىپ مەركەزلىك سېتىۋېلىش خىزمىتى ئىشلەندى. ناھىيە بويىچە 14 يېزا (بازار) دا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشنىڭ قاپلاش نىسبىتى %60كە يەتتى. بىر يىلدا بىر قېتىم دېھقان، چارۋىچىلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 450 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى؛ 6 قېتىم ئىشچى - خىزمەتچىلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 1200 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2.748 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8209 يۈەنگە يەتتى. ماكانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى باشلاندى، بىر يىلدا 12 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش پۈتكۈزۈلۈپ، 132 ئائىلىلىك ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي مەسىلىسى ھەل قىلىندى. بىر يىلدا نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈن 31 مىليون 490 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىش ئىچىپ بېرىش يولى بىلەن قىلىنغان ياردەم سوممىسى 4 مىليون 600 مىڭ يۈەن، مالىيىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى 11 مىليون 890 مىڭ يۈەن، نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇل مەبلىغى 15 مىليون يۈەن. بىر يىلدا 4690 ئائىلىدىكى 20 مىڭ 92 ئادەمنىڭ كىيىم يۈتۈن، قورساق توق بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. 25 مىڭ 396 نامرات ئائىلىنىڭ 6 مىليون 777 مىڭ 500 يۈەن يېزا ئىگىلىك 3 خىل بېجى كېمەيتىلدى ۋە كەچۈرۈم قىلىندى. شۇ يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ 10 مىليون 153 مىڭ 700 يۈەن سېلىقى يېنىكلىتىلدى، دېھقان كىشى بېشىغا 56 يۈەندىن سېلىق يېنىكلىتىلدى.

☆ 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە كېرىيە ناھىيىسى 20 يىلدىن بۇيان ئۇچراپ باقمىغان پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، كەلكۈن 9260 تۇسمىنى، 205 ئېغىز ئۆينى، 588 گېكتار زىرائەتنى ۋەيران قىلىۋەتتى، 2000 تۇياق چارۋا ئۆلدى ياكى يوقاپ كەتتى، 7707 گېكتار ئوتلاق ۋەيران بولدى. 5667 ئائىلىدىكى 23 مىڭ 400 ئادەم ئاپەتكە ئۇچرىدى، دېھقانچىلىق رايونىدىكى بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان 16 مىليون 131 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى.

فەن ۋېيدۇڭ

# چىرا ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

چىرا ناھىيىسى كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى (قۇملۇق تاشيولى ئارقىلىق) 1415 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 7. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 132 مىڭ 491 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 130 مىڭ 551)، يېزا نوپۇسى 116 مىڭ 365؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰15.82، ئۆلۈش نىسبىتى ‰8.07، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰7.75. ناھىيە بويىچە 16 مىڭ 598.4 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 11 مىڭ 861.07 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 3516.67 گېكتار يەرگە كېۋەز تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتقا كىرىدۇ.

چىرا ناھىيىسى تەۋەسىدە چىرا، نۇرى قاتارلىق بىر قەدەر چوڭ پەسىللىك دەريادىن 9ى بار، يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى 642 مىليون كۇب مېتىرغا (كۆپ قىسمى 6 -، 7 -، 8 - ئايلارغا مەركەزلەشكەن) يېتىدۇ. ناھىيە بويىچە 7283.87 گېكتار ئورمان، 397 مىڭ 400 گېكتار ئوتلاق بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن ئاساسلىقى جەرەن، تۈلكە، سۇغۇر، ياۋا تۆگىگۇز، بۆرە قاتارلىقلار؛ دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاساسلىقى قار لەيلىسى، چاكاندا، چۈچۈكبۇيا، توشقان زەدىكى، زاراڭزا، ئالقات، يەرمەدىكى قاتارلىقلار بار. مۇئەييەن زاپىسى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن تۆمۈر رۇدىسى، ھاك تېشى، چىرمىتال، تاشپاختا، گەج، گۈڭگۈرت، ئاش تۇزى ۋە ئالتۇن بار.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ چىرا ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ۋۇ مېڭلىن (5 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، رەن چىڭگاڭ (5 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: مەتنىياز رەجەپ.

ھاكىم: تۇرغۇن زاكىر (2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، ئابلا قۇربان (5 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

سىياسىي كېڭەش 10 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى:

مەھەممەتتۇر ئەخمەت.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 282 مىليون 100 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 163 مىليون 656 مىڭ 200 يۈەن) بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن %5.34 تۆۋەنلەپ كەتتى (ئۆزگەرمەس باھا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 65 مىڭ 291 توننا ئاشلىق، 4484 توننا ساپ پاختا، 470 توننا ياغلىق دان، 119 توننا پىلە قوزىسى ئېلىندى. شۇ يىلى 1302.33 گېكتار پەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ئورمان 1175.73 گېكتار. 144 مىڭ 123 تۈپ مېۋىلىك دەرەخ ئۇلاپ ياخشىلاندى، 208.73 گېكتار كونا باغ ئۆزگەرتىلدى، 647.79 گېكتار باغ كۆپەيتىلدى، 182.93 گېكتار ئانار بازىسى، 192.1 گېكتار ئۆرۈك بازىسى، 101 كىلومېتىر ياغاق كارىدورى بەرپا قىلىندى. ئومۇمىي كۆلىمى 50 مىڭ 66.8 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 2500 چارۋا قوتىنى ئۆزگەرتىلدى، 860.53 گېكتار ئوتلاق بەرپا قىلىندى، بىر يىلدا 6454 توننا گۆش ئېلىندى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 21 مىليون 702 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 36.27 كىلومېتىر غول، تارماق، ئوق ئېرىق - ئۆستەڭ سۈزۈك سىڭمەسلەشتۈرۈلدى، 69 يورۇشلەشكەن ئىنشائات ياسالدى، 500 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭ رېمونت قىلىندى، 2303 كىلومېتىر مۇستەھكەم كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى، 16.69 كىلومېتىر ۋاقىتلىق كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسى ياسالدى. «غالىبىيەت» سۇ ئامبىرىغا 5

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | | جەمئىي | 1999 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 13612 | 7.9 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: | 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 7961 | —2.25 |
| | 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 1774 | 6.35 |
| | 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 3877 | 56.07 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | | 65291 | 3.65 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | | 44.2 | —12.39 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | 7350 | 13.78 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | | 30999 | —5.2 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | 3279 | —11.54 |
| بازار - يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | | 10597 | 5.06 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | | 743 | —10.27 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | | 6146 | 20.89 |

ئىزاھ: جەدۋەلدىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى.

مىليون 346 مىڭ 500 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، دۆلەت خەلق ئاۋئاتسىيىسى باش ئىدارىسىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش تۈرى خەلق ئاۋئاتسىيىسى ئۆستەڭگە 7 مىليون 290 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. ئىشلىتىلگەن قۇدۇق سۈيى 1999 - يىلدىكىدىن 15 مىليون كۇب مېتىر ئازايدى، پەقەت مۇشۇ بىر تۈردىلا دېھقانلارنىڭ 3 مىليون 290 مىڭ يۈەن سېلىقى يېنىكلىتىلدى. 17.33 گېكتار بوزيەر ئېچىلدى. 5019 كىلومېتىر توك سىمى تارتىلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرى ياراتقان پايدا 5 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 16 مىليون 870 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 10 مىليون 698 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن %30.67 تۆۋەنلەپ كەتتى. بىر يىلدا 3 مىليون 170 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 9000 توننا ئۈن، 884 توننا سۇ يېغى، 5750 توننا پاختا

ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۇلۇككە 58 مىليون 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بىر يىلدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 45 مىليون 765 مىڭ 300 ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 10 مىليون 940 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، پوچتا كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 636 مىڭ 100 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 3700 تۇچكىغا يەتتى. 8 يېزا - بازاردىكى 56 كەنتكە تېلېفون ئۇلاشتۇرۇلدى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىمدىن 460ى بار. 2000 - يىلى «پەن - تېخنىكا قىشى» پائالىيىتى بويىچە 48 قارار تۈرلۈك كۇرس ئېچىلدى، كۇرسقا 12 مىڭ 243 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. ناھىيىدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 17 (مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ 16)، ئوقۇغۇچىسى 31 مىڭ 796 (مىللىي 31 مىڭ 414)؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 89، ئوقۇغۇچىسى 22 مىڭ 344 (مىللىي 22 مىڭ 137)؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 3، ئوقۇغۇچىسى 294 (ھەممىسى مىللىي)؛ باللار باغچىسى بىر، باغچىدىكى بالا 226 (مىللىي 170). ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 1602 (مىللىي 1524). دۆلەتنىڭ نامرات رايونلارنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى قۇرۇلۇشى بويىچە مەجبۇرىيەت مائارىپىغا 5 مىليون 201 مىڭ 300 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، كۆلىمى 4518 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان قۇرۇلۇش باشلاندى، 3737.69 كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش پۈتكۈزۈلۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ ناھىيىنىڭ سىملىق تېلېۋىزىيە كابېلى قۇرۇلۇشى تاماملاندى. ناھىيە بويىچە رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %98كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %96.3كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 12 تېببىي داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 322 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 271)، 310 كارىۋات بار. بىر يىلدا بىرقېتىم دېھقان، چارۋىچىلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 567 ئادەم قاتناشتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 895.53 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8308.5 يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ 1 مىليون 478 مىڭ يۈەن ھەرخىل سېلىقى يېنىكلىتىلدى ۋە كەچۈرۈم قىلىندى.

ناھىيە بويىچە دۆلەت كارخانىلىرى ۋە ئورگان، كەسپىي ئورۇنلاردىن 895 ئادەم سۇغۇرتىغا قاتناشتى، سۇغۇرتىغا قاتنىشىش نىسبىتى %100كە يەتتى. 4 مىليون 890 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، «قۇياش نۇرى» تۇرالغۇ كۆپ قۇرۇلۇشى تاماملاندى.

سۇن شىنماۋ، پاڭ زېشۇن

# نىيە ناھىيىسى

## ئاساسىي ئەھۋالى

نىيە ناھىيىسى كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە بولغان تاشيول مۇساپىسى (قۇملۇق تاشيولى ئارقىلىق) 1230 كىلومېتىر كېلىدۇ. 2000 - يىلى ناھىيىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 5، دۆلەت چارۋىچىلىق فېرمىسى بىر. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 33 مىڭ 699 (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 30 مىڭ 411)، يېزا نوپۇسى 24 مىڭ 779؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰13.23، ئۆلۈش نىسبىتى ‰4.88، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰8.35. ناھىيە بويىچە 4875 گېكتار تېرىلغۇ يەر بولۇپ، 2875 گېكتار يەرگە ئاشلىق زىرائىتى (ئېگىز تېرىلغۇسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 1040 گېكتار يەرگە ئىقتىسادىي زىرائەت (ئاساسلىقى پاختا) تېرىلدى. كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاقلىق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ.

نىيە ناھىيىسى تەۋەسىدە نىيە، چىچىغان، يېيىق، يار توڭگۇز، ئەندىردىن ئىبارەت 5 پەسىللىك دەريا - ئېقىن بار. توغراق، يۇلغۇن قاتارلىق تەبىئىي ئورمان كۆلىمى 97 مىڭ 85.3 گېكتارغا يېتىدۇ. ناھىيە بويىچە 513 مىڭ 350 گېكتار ئوتلاق بار (ئورمانلىقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، جەرەن، تاغ ئۆچكىسى قاتارلىقلار؛ دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردىن توشقان زەدىكى، چۈچۈكبۇيا قاتارلىقلار؛ قېزىلما بايلىقلاردىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغانلىرىدىن ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، قوغۇشۇن، ئاليۇمىن، سىنىك، خرۇستال، ھاك تېشى، چىرىستال ۋە ئىسلاندىيە شپاتى قاتارلىقلار بار. مەشھۇر ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن نىيە خارابىلىكى بىلەن خەن، تاڭ دەۋرلىرىگە ئائىت شاپانتاق، ئاق قوچقىراق قاتارلىق 2 قەلئە بار، قەلئە ھازىرغىچە مۇكەممەل ساقلانغان.

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى

ج ك پ نىيە ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ

شۇجىسى: تولىق ۋەيدۇلىق.

12 ـ ئۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئادىل ئېلى.

ھاكىم: ئالىمجان مەتتىمىن.

سىياسىي كېڭەش 9 ـ ئۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: سۇلايمان تۇردى.

## يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىيات

2000 ـ يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 89 مىليون 578 مىڭ 300 يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 47 مىليون 919 مىڭ 100 يۈەن) گە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %5.4 ئاشتى (ئۆزگەرمەس باھا، ئۆۋەندىمۇ شۇنداق). 17 مىڭ 679 توننا ئاشلىق، 143 توننا ياغلىق دان، 1593 توننا ساپ پاختا، 1927 توننا گۆش، 180 توننا سۈت، 233 توننا يۇڭ ـ تىۋىت، 77 مىڭ 700 پارچە ھەرخىل تېرە ئېلىندى. شۇ يىلى 281 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 2814 ئائىلىنىڭ ھويلا ـ ئاراملىرى ئۆزگەرتىلىپ، بىر كەنتتە بىر مەھسۇلات بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 14 پارنىك ياسالدى. ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 9 مىليون 475 مىڭ 700 يۈەن مەبلەغ سېلىندى، شۇ يىلى 629 گېكتار سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى. نىيە يېزىسىنىڭ 3 كەنتىنىڭ سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى تاماملاندى. ناھىيە بويىچە يېزا ـ بازار كارخانىسى 1193 (يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) كە، كەسىپكار 2062گە، كىرىمى 39 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | 1999 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 7683 | 1.7 |
| يۈنىلىك ئىچىدە: 1 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 3856 | 6.3 |
| 2 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 1023 | -11.6 |
| 3 ـ كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 2804 | 17.4 |
| ئېلىنغان ئاشلىق (توننا) | 17697 | -0.41 |
| يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا (تۈمەن تۇياق) | 20.3 | 4.6 |
| يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | 4079 | 21.1 |
| دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | 11970 | 8.9 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | 2635.85 | 6.45 |
| بازار ـ يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (تۈمەن يۈەن) | 6346.42 | 22.39 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | 402 | 26.02 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (تۈمەن يۈەن) | 3785 | 21.6 |

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 38 مىليون 270 مىڭ يۈەن.

يۇقىرىغا تاپشۇرغان پايدا ۋە بېجى 3 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليون 728 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە 3 مىليون 657 مىڭ يۈەن) بولۇپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن %5.7 تۆۋەنلەپ كەتتى. بىر يىلدا 3 مىليون 836 مىڭ كىلوۋات سائەت توك (بۇنىڭ ئىچىدە سۇ ئېلېكترى 2 مىليون 277 مىڭ كىلوۋات سائەت، ئوت ئېلېكترى 1 مىليون 559 مىڭ كىلوۋات سائەت)، 7 توننا بىرىكمە يەم ـ بوغۇز، 2 مىليون 770 مىڭ دانە خىش، 1593 توننا پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 18 مىليون 260 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. تارىم قۇملۇق تاشيولىدىن يار تونگۇزغىچە 18 كىلومېتىر قۇملۇق تاشيولى ياسالدى. بىر يىلدا توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 918 مىڭ ئادەم ـ كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 6 مىليون 729 مىڭ 300 توننا ـ كىلومېتىرغا (ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە)، پوچتا

كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 430 مىڭ 500 يۈەنگە، تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى پروگراممىلىق تېلېفون 2162 توچكىغا، يانتېلېفون ئابونىتى 190گە، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 5 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە، ساياھەتچىلىك كىرىمى 960 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىمدىن 266 سى بار. 2000 - يىللىق «پەن - تېخنىكا قىشى» پائالىيىتىدە ناھىيە بويىچە 192 قارار كۇرس ئېچىلىپ، 10 مىڭ 600 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 24 (مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ 22)، ئوقۇغۇچىسى 4828 (مىللىي 4375)؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 7 (مىللىي تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 6)، ئوقۇغۇچىسى 2314 (مىللىي 2121)؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2 (كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر)، ئوقۇغۇچىسى 362؛ چەت، يىراق تاغلىق رايوندا 4 باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇش نۇقتىسى، 4 تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتۇش نۇقتىسى تەسىس قىلىندى. ناھىيىدىكى ھەرخىل ئوقۇتقۇچى 756، بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 473، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 283. مائارىپقا 3 مىليون 991 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. رادىئو بىلەن تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %95كە يەتتى. ناھىيە بويىچە بىر مەدەنىيەت يۇرتى (ھەممە يېزىدا مەدەنىيەت پونكىتى بار)، بىر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى، بىر كىنو - تىياتىرخانا، بىر دۆلەت ئىلكىدىكى كىنو قويۇش ئەترىتى، بىر سەنئەت ئۆمىكى، 2 سىنئالغۇ قويۇش زالى، 9 سەھىيە - تېبابەت داۋالاش ئاپپاراتى، 241 سەھىيە تېخنىكا خادىمى (مىللىي 199)، 145 كارىۋات بار. 2000 - يىلى ناھىيە ۋە يېزىلار 29 قېتىم ھەرخىل تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، مۇسابىقىگە 1450 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. تۇنجى قېتىم ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقىگە 260 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. ناھىيە بويىچە 4016 ئوقۇغۇچى «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتتى.

## خەلق تۇرمۇشى

2000 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1045.48 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8973 يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدا دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ 510 مىڭ يۈەن سېلىقى كېمەيتىلدى. بۇ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 21 يۈەندىن توغرا كەلدى. بىر يىلدا سۇغۇرتا كەسپى بويىچە سۇغۇرتىلاش سوممىسى 1 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەم سوممىسى 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىغىچە 351 ئادەم پېنسىيە سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، 456 مىڭ يۈەن پېنسىيە پۇلى تارقىتىلدى. 76 ئائىلىدىكى 408 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

مۇجىئابدۇللا تۇرسۇن

# شەرەپ تاختىسى

## ئىلغار شەخسلەر

**ۋاڭ شياۋمىڭ** كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە. چىڭگىل ناھىيىلىك سۇچىلىق



ئىدارىسىنىڭ باشلىقى.

ئۇ 1988 - يىلى ۋۇخەن سۇچىلىق - سۇ ئېلېكتر ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ سۇچىلىق ئۇل مۇئەسسەسەلىرىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە ئارقىدا قالغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىككىلەنمەستىنلا يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. سارتوقايغا سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى، يېزىلارنى ئېلېكترلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى، بەيشاڭ ئېلېكتر ئىستانسىسىنى تېخنىكىلىق ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، بۇلغىن سۇ باشلاش توغىنى قۇرۇلۇشى، ئالدىنقى قارارلىق كېچەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى، قايىڭدىبۇلاق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشى، كۆرمەلتەدىكى يەرلەرنى ئېچىش، ئاقدالا سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى، ئېتىز - ئېرىق، ئوتلاق سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۈرلەرنى تۇرغۇزۇش، يولغا قويۇش جەھەتلەردە شۇنداقلا كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە، ھەم ئىدارە باشلىقى، ھەم تېخنىك بولدى. مەيلى قايسىلا ئىش ئورنىدا بولسۇن، ھەر كۈنى 1 - بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەڭ كەچ ياتتى؛ ئىش ئورنى قانچىلىك جاپالىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يېتىپ - قوپۇشتا ۋە تاماقتا ھەمىشە تېخنىكلار بىلەن بىللە بولدى. 1996 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 3 يىل راسا ئىشلەپ، بارلىق غول، ئارماق ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى سۇ سىڭمەس قىلىش كۆرەش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ تېخنىكلار بىلەن بىللە دېھقان، چارۋىچىلارغا باشلامچىلىق قىلىپ، جايلارنىڭ ئەھۋالىغا يارىشا ئىش كۆرۈپ، ماتېرىيالنى شۇ جاينىڭ ئۆزىدىن ئېلىپ، رەت - رەت كەتكەن، ئۆزگىچە گىلەمسىمان سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى ياساپ چىقتى، نەتىجىدە ۋىلايەت بويىچە سۇچىلىق قۇرۇلۇشىدا گۈزەل مەنزىرە شەكىللەندى. 1999 - يىلى ۋاڭ شياۋمىڭ يەنە سۇچىلىق ئىدارىسىدىكى بارلىق كادىر ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە باشلامچىلىق قىلىپ، 8 چوڭ ماشىنىلاشقان سۇغىرىش پونكىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئىشلىدى ۋە 8 پارچە تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزنى ئۆزگەرتتى، پەقەت شۇ يىلىلا 3400 گېكتار تېرىلغۇ يەرنى كۆپەيتتى، 1265 ئائىلىلىك چارۋىچىنى ئولتۇراقلاشتۇردى. چىڭگىل ناھىيىسى 1998-، 1999 - يىللىرى ئالتاي ۋىلايىتى بويىچە «ئالتاي لوڭقىسى» سۇچىلىق قۇرۇلۇشىدا 1 - بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىدا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ۋاڭ شياۋمىڭ ئۇدا بىر نەچچە يىل مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى. 2000 - يىلى «ئىلى ئوبلاستى، ئىلى ۋىلايىتى بويىچە 10كۆزگە كۆرۈنگەن ياشنىڭ بىرى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

### مۇقىيات زۇقاسىن

قازاق، كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە. چىڭگىل



ناھىيىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، قوشۇمچە مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، تەھرىر.

ئۇ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان 10 نەچچە يىلدىن بېرى، 10 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ماقالە تەھرىرلىدى، ۋىلايەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت گېزىت - ژۇرناللىرىدا 300 نەچچە پارچە خەۋەر ۋە ماقالىسى ئېلان قىلىندى. 1990 — 1996 - يىلغىچە ئۇدا 5 يىل ئالتاي ۋىلايەتلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر ئاخبارات

مۇخبىرى بولۇپ باھالاندى، 30 نەچچە پارچە ماقالىسى ۋىلايەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مۇنەۋۋەر ماقالە مۇكاپاتىغا ۋە تۈرلۈك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1991 - يىلى ئۇنىڭ «چىڭگىل ناھىيىسى نامراتلارنى يۆلەشتە يېڭى نەتىجە ياراتتى» دېگەن ماقالىسى ئاپتونوم رايون بويىچە رادىئو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى باھالاشتا 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1992 - يىلى ئۇنىڭ بىر نەچچە ماقالىسى ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، «ئالتاي گېزىتى» ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار تەرىپىدىن 1 -، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1993 - يىلى «قازاق دېھقان، چارۋىچىلار بازار ئىگىلىكىگە قەدەم قويدى» دېگەن ماقالىسى ش ئۇ ئا ر رادىئو - تېلېۋىزىيە جەمئىيىتى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر رادىئو پروگراممىلىرى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «يېڭىلانما رەھبەرلىك، روناق تاپار كارخانا» دېگەن ماقالىسى «ئىلى گېزىتى» ئىدارىسى تەرىپىدىن 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا باھالاندى. 2000 - يىلى ئۇ باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ يازغان «كۆزگە ئىلىنغان مەھسۇلات ئالاھىدە مەھسۇلاتقا ئايلاندى» دېگەن تېلېۋىزىيە خەۋىرى مەملىكەت بويىچە ئۇيغۇرچە، قازاقچە رادىئو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 2000 - يىل 10 - ئايدا چىڭگىل ناھىيىسىدە، ھەممە كەنتتە رادىئو، تېلېۋىزىيە بولۇش قۇرۇلۇشى باشلاندى، مۇقىيات تېخنىكا خادىملىرىنى باشلاپ، ناھىيىدىكى 2 بازار، 5 يېزا، 51 مەمۇرىي كەنتكە بېرىپ، تۈرلۈك قولايسىزلىقنى يېڭىپ، شۇ يىلى 11 - ئايدا قۇراشتۇرۇش، تەڭشەش، سىناش ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق تۈگەتتى، بۇ قۇرۇلۇش ئاپتونوم رايون، ۋىلايەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ لايىھىلىشى بىلەن قۇراشتۇرۇلغان 18 مېتىر ئېگىزلىكتىكى بىر پۈتۈن تۆمۈر مۇنار تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆمىكىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. نەتىجىدە ئۇ ئاپتونوم رايون بويىچە ھەممە كەنتتە رادىئو - تېلېۋىزىيە بولۇش قۇرۇلۇشىدا ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. مۇقىيات زۇقاسىن 2000 -، 2001 - يىللىرى ناھىيە دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر پارتىيە خىزمەتچىسى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالاندى ھەمدە چىڭگىل بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلاندى.

**لى خۇيلەن** ئايال، 1955 - يىلى تۇغۇلغان، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە.



ئۇ چىڭگىل ناھىيىسى چاغانغول يېزىسىنىڭ كۆكتۈي كەنتىدە ۋە ئارال يېزىسىنىڭ قويۇ كەنتىدە دېھقانچىلىق قىلغان، ھازىر «خۇيخۇا» سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى.

لى خۇيلەن پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، كەنتتە كىچىك بىر ماگىزىن ئاچتى، كېيىن ناھىيە بازىرىغا بېرىپ ماگىزىن ئېچىپ، ئۇششاق تاۋار تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى. 1994 - يىل 3 - ئايدا «خۇيخۇا» سودا چەكلىك شىركىتىنى قۇردى. بۇ شىركەت يىلسېرى تەرەققىي قىلىپ زورايدى، باش دىرېكتور لى خۇيلەن بېيىغاندا دۆلەتنى ئۇنتۇپ قالمىدى، ئاكتىپلىق ھالدا بەلگىلىمە بويىچە باج تاپشۇردى، پەقەت 3 يىلدىلا 150 مىڭ يۈەن باج تاپشۇرۇپ، ناھىيە بويىچە كۆپ باج تاپشۇرغۇچىلاردىن بولۇپ قالدى. شىركەت كۆپ يىللاردىن بۇيان چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ «ئىككى مەدەنىيلىك» قۇرۇلۇشىغا پائال قاتناشتى، ئوقۇشسىز قالغان بالىلارغا ياردەم بېرىش، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا، ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەنلەر فوندىغا ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىغا 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلدى. لى خۇيلەن تىجارەتچى دېھقان، چارۋىچىلارغا 180 مىڭ يۈەنلىك مالنى نېسى بەردى، بۇنىڭ بىلەن دېھقان، چارۋىچىلار بىر مۇنچە ۋاكالىتەن سېتىش نۇقتىلىرىنى قۇرۇپ، بارا - بارا نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. «خۇيخۇا» شىركىتى 1999 - يىلى ئىش كۈتۈپ تۇرغان 8 ياشنى، 2001 - يىلى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان 9 ئىشچى - خىزمەتچىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

«خۇيخۇا» شىركىتى يېمەكلىك، ھاراق - تاماكا، يەرلىك مەھسۇلات، مىلىچمال، ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى، كىيىم - كېچەكلەرنى توپ ساتىدۇ، ئۇنىڭ يەنە پورت ماگىزىنى، «خۇيخۇا» سودا سارىيى قاتارلىق تارماق كارخانىسى بار، تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 500 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ، 20 نەچچە ئىشچى - خىزمەتچىسى بار. بۇ شىركەت چىڭگىل ناھىيىسى بويىچە باھادا، ئۆلچەمدە ئىشەنچلىك ئورۇن، ساختا مال يوق سودا سارىيى، توختامغا ئەمەل قىلىپ ئىناۋەتنى ساقلىغان كارخانا، ئالتاي ۋىلايىتى بويىچە باھادا، ئۆلچەمدە ئەڭ ئىشەنچلىك ئورۇن، ئالتاي ۋىلايىتى بويىچە سەممىي، ئىشەنچلىك ئورۇن، مەدەنىي تىجارەت ئورنى بولۇپ باھالاندى. لى خۇيلەن، چىڭگىل ناھىيىلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، چىڭگىل ناھىيىلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن

باشلىقى، چىڭگىل ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى ۋە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئالتاي ۋىلايەتلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى (سودىگەرلەر بىرلەشمىسى) 1 - نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ ۋەكىلى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولدى ھەم كۆپ قېتىم ئىلغار يەككە تىجارەتچى بولۇپ باھالاندى.

## ۋۇ شياڭرۇن

1947 - يىلى تۇغۇلغان، كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە. بارىكۆل ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى.



ئۇ ئىلگىرى يېزا چارۋىچىلىق فېرمىسى، يېزا كارخانىلىرى ئىشخانىسى، يېزىلىق مالىيە پونكىتى، يېزىلىق پارتكوم قاتارلىق تارماقلاردا رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلىگەن، 1994 - يىلدىن بۇيان ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ كەلمەكتە.

ئۇ خىزمەتنى تىرىشىپ ئىشلەپ، قىتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، كەسىپكە چوڭقۇرلاپ كىرىپ، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، مالىيە باشقۇرۇشتا دائىر تەدبىر، تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقىپ، بارىكۆل ناھىيىسىنىڭ مالىيە ئىشلىرىغا تۆھپە قوشتى. ئۇ كۆپ قېتىم مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، مۇنەۋۋەر بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر بولۇپ باھالاندى، «ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ئىلغارى»، «پېشقەدەم كادىرلارغا غەمخورلۇق قىلىش ئىلغارى» دېگەن ناملارغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ناھىيىنىڭ مالىيە سىستېمىسىدىكى بارلىق كادىر، ئىشچى - خىزمەتچى ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە تىرىشىپ ئىشلەپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىپ، مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، ئىدارە رەھبەرلىك بەنزىسى قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە مۇنەۋۋەر رەھبەرلىك بەنزىسى بولۇپ باھالاندى. 1998 - يىلى ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى مالىيە نازارىتى، كادىرلار نازارىتى تەرىپىدىن مالىيە سىستېمىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى؛ بۇ ئىدارىگە قۇمۇل ۋىلايىتى، بارىكۆل ناھىيىسى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنە ئورۇن»، «مەدەنىي ئورۇن»، «ئارمىيىنى ھىمايە قىلىشتا نەمۇنە ئورۇن» دەپ نام بەردى.

## جاڭ يىڭگۋي


1958 - يىلى تۇغۇلغان، كومپارتىيە ئەزاسى. بارىكۆل ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى.



جاڭ يىڭگۋي 1975 - يىلى بارىكۆل ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىگە كەلگەندىن باشلاپلا بارىكۆل ناھىيىسى يېزا ئىگىلىكىنىڭ ماشىنىلىشىش جەھەتتىكى قالاق ھالىتىنى ئۆزگەرتىشكە بەل باغلىغانىدى. ئۇ كەسپىي بىلىملەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، كەسپىي ماھارىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى ھەمدە نەزەرىيىۋى بىلىم بىلەن ئەمەلىي خىزمەتنى ئورگانىك بىرلەشتۈردى، 1985 - يىلى ئۇ تاماملىغان ئىلمىي تەتقىقات تېمىسى ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش جەھەتتىكى تەشۋىقات خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەردى، 1990 - يىلى «جۇڭگو يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش گېزىتى» تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر خەۋەرچى بولۇپ باھالاندى. 1997 - يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولدى. ئۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىدىكى بىر گۇرۇپپا ئادەمگە باشچىلىق قىلىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، يېڭىلىق يارىتىپ، بارىكۆل ناھىيىسى يېزا ئىگىلىكىنىڭ ماشىنىلىشىش جەھەتتىكى تەرەققىيات سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش، يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۇ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشقا دائىر تېخنىكىلارنى كېڭەيتىش، ئومۇملاشتۇرۇشنى ۋە تەربىيىلەش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، تېخنىكىنىڭ يېڭىلىنىپ تۇرۇشىنى تېزلەتتى. يېقىنقى 2 يىلدا چوڭ كومباين كىرگۈزۈپ، بارىكۆل ناھىيىسىدە بۇغداي كومباينى بولماسلىقتەك بوشلۇقنى تولدۇردى. ھازىر ناھىيىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ماشىنىلىشىش سەۋىيىسى %70تىن ئېشىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئېشىشىغا قوشقان تۆھپە نىسبىتى %25كە يەتتى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى كەسپىي جەھەتتە تەرەققىي قىلىش بىلەن بىرگە، مەنىۋى

مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىمۇ نەتىجىگە ئېرىشتى. بۇ ئىدارە ئۇدا بىر نەچچە يىل باركۆل ناھىيىسى بويىچە مۇنەۋۋەر پارتىيە ياچېيكىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنە ئورۇن ھەم ۋىلايەت دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن بولۇپ باھالاندى. ناھىيىلىك پارتكوم جاڭ يىڭۇيغا كۆپ قېتىم «بۆلۈم دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر كادىر»، «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى» دەپ نام بەردى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى جاڭ يىڭۇينى كۆپ قېتىم تەقدىرلىدى ۋە مۇكاپاتلىدى. ئۇ پارتىيە قۇرۇلغىنىغا 80 يىل بولغان مەزگىلدە قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالاندى.

**چېن خۇڭبىن** 1964 - يىلى تۇغۇلغان، كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە. ئۇ باركۆل ناھىيىلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش - يۇندا چىقىرىۋېتىش شىركىتى ۋە شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشى شىركىتىنىڭ دىرېكتورى، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى.



چېن خۇڭبىن باركۆل ناھىيىلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش - يۇندا چىقىرىۋېتىش شىركىتى ۋە شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشى شىركىتىنىڭ دىرېكتورى، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغاندىن بۇيان، ئىجتىھات بىلەن ئەمەلىي ئىشلەپ، باركۆل ناھىيىسىنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش - يۇندا چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتىش - كېڭەيتىش ۋە شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كۈچ چىقاردى. كۆپ تەرەپتىن مەبلەغ توپلاپ، ھەر قايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرۇپ، 6 مىليون 370 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتىش - كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنى، 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئارمىيە - خەلق ئىتتىپاقلىق يولىنى ئۆزگەرتىش - كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنى تەشكىللەپ يولغا قويدى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تارماقلاردا ئىشتاتلىق، مەسئۇلىيەت بويىچە ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇشنى يولغا قويدى، قىزىل كارتا بىلەن ئىش كۈتۈش، يېشىل كارتا بىلەن ئىش ئورنىغا چىقىشتەك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورناتتى، شۇ ئارقىلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى. ناھىيىلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش - يۇندا چىقىرىۋېتىش شىركىتى ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە ۋىلايەت دەرىجىلىك «باغچىلاشقان ئورۇن»، ۋىلايەت دەرىجىلىك، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «مەدەنىي ئورۇن»، «تازىلىقتا قىزىل بايراقلىق ئورۇن» دېگەن ناملارغا ئېرىشتى. چېن خۇڭبىن ئۇدا نەچچە يىل ناھىيە بويىچە مۇنەۋۋەر بۆلۈم دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىر ۋە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالاندى، ئاپتونوم رايونلۇق 1999 -، 2000 - يىللىق شەھەرلەر ئارا «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدە ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

**مياۋ فېڭچۈن** 1956 - يىلى تۇغۇلغان، كومپارتىيە ئەزاسى، ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالىي ئوقۇتقۇچىسى.

باركۆل ناھىيىسىدىكى شاڭخېي - بېيىر شىنجاڭ پوچتا - تېلېگراف «ئۈمىد» باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى.

مياۋ فېڭچۈن 1977 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان، باركۆل ناھىيىسىنىڭ داخې يېزىسىدىكى داخې ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئىلمىي مۇدىر، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، مەكتەپ مۇدىرى بولغان. 1998 - يىلى جۇڭگو -



موڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى تاغلىق رايونغا جايلاشقان سەنتاڭخۇ مەكتىپىگە مۇدىر بولۇپ يۆتكەلدى، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىدا ئارقىدا قالغان بۇ تاغلىق رايون مەكتىپى ناھىيە بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى مەكتەپكە ئايلاندى. 2001 - يىلى ئۇ باركۆل ناھىيىسىدىكى شىنجاڭ پوچتا - تېلېگراف «ئۈمىد» باشلانغۇچ مەكتىپىگە مۇدىر بولۇپ كەلدى. ئۇ مەيلى نەدىلا ئىشلىسۇن، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، مائارىپ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئېرىلىپ ئۆگىنىپ، تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ۋە ئۆزىنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى. ئۇنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش جەھەتتىكى خىزمەت تەجرىبىلىرى پۈتۈن ناھىيىدە كېڭەيتىلدى. ئۇ يەنە ھەمىشە ئۆزىنىڭ مائاشى ئارقىلىق نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشىغا ياردەم بەردى ھەم ئوقۇتۇش شارائىتىنى تىرىشىپ ياخشىلىدى. ئۇنىڭ ئىش - ئىزلىرى شۇ جايدا كەڭ تارقالماقتا ۋە مەدھىيىلەنمەكتە. مياۋ فېڭچۈن يىراق يېزا، چەت، تاغلىق رايونلاردا مائارىپ ئىشلىرىغا تۆھپە قوشتى، ئۇ 13 قېتىم ناھىيە، يېزا، مەكتەپ دەرىجىلىك ئىلغار مائارىپ

خىزمەتچىسى، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشتا ئىلغار شەخس، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالاندى.

## توختىروزى سالى

1943 - يىلى تۇغۇلغان، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، كومپارتىيە ئەزاسى. 1962 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان، 1993 - يىلى چىرا ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولدى.



ئۇ ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە، يېزىلاردىكى ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش، يېتىم - يېسىر، بوۋاي، موماي ۋە بالىلارغا ياردەم بېرىش، ئامراتلارنى يۆلەش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، نەپىقە بېرىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. ناھىيىدىكى بىر بازار، 7 يېزىدا ھەمكارلىق كاسسىدىن 8نى قۇرۇپ، 64 تونna ئاشلىق، 890 مىڭ يۈەن پۇل ساقلىدى. بازار - يېزىلاردا 8 ياشانغانلار ساناتورىيىسى قۇرۇلدى، ساناتورىيە زاۋۇت قۇرۇش، زاۋۇت ئارقىلىق ساناتورىيىنى بېقىش تەدبىرى يولغا قويۇپ، بىر يېزىدا بىر ساناتورىيە، بىر ساناتورىيىدە بىر زاۋۇت، 10 مو (0.67 گېكتار) مېۋىلىك باغ بولۇش ئۆلچىمىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ناھىيە بويىچە 4 ياشانغانلار ساناتورىيىسى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 10 ياخشى ياشانغانلار ساناتورىيىسى بولۇپ، 6 سى ۋىلايەت دەرىجىلىك «بەش بىر قۇرۇلۇشى» دا لاياقەتلىك ياشانغانلار ساناتورىيىسى بولۇپ باھالاندى. ناھىيە بويىچە 11 پاراۋانلىق كارخانىسى قۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ يىللىق ساپ كىرىمى 70 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ. ناھىيىلىك بالىلار پاراۋانلىق مەركىزىدە 180دىن ئارتۇق يېتىم، مېيىپ بالىنىڭ تورمۇش ۋە ئۆگىنىشىدىن خەۋەر ئالدى. بۇ مەركەز ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى بالىلار پاراۋانلىق مەركىزى بولۇپ باھالاندى ھەم خەلقئارا دۇنيا تەشۋىقات جەمئىيىتى ۋە خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ يۈكسەك باھاسىغا مۇيەسسەر بولدى. خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى جەمئىيەتتە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشنى يولغا قويۇش ئۈچۈن، 63 مىڭ يۈەن مەبلەغ ۋە ئىئانە توپلاپ، ئولتۇراق ئۆيى جەھەتتە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلار ياكى خەتەرلىك ئۆيدە تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ئۆي سېلىۋېلىشى ئۈچۈن 2 مىليون 360 مىڭ يۈەن سېلىنما سالدى؛ «يورۇق ئۆي» قۇرۇلۇشىدا قاراڭغۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتقان 924 ئائىلىنىڭ ئۆيىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن 4 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە 50 مىڭ 838 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 2539 ئېغىز ئولتۇراق ئۆي، 8043 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 352 ئېغىز ئېغىل - قوتان، 17 مىڭ 481 كۋادرات مېتىر لاپاس سالدى، 2000 - يىلى يارىلانغانلار، مېيىپلار ۋە قىسىمدىن قايتقان ھەربىيلەر ئۈچۈن 37 مىڭ 380 يۈەن تولۇقلىما ياردەم پۇلى تارقىتىپ بەردى.

چىرا ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى 1993 - يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ئىشلىرى سىستېمىسى بويىچە ئۇدا 8 يىل ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. توختىروزى سالىمۇ ئۇدا 8 يىل ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى.

## ئابدۇللا ئابلاجان

1952 - يىلى تۇغۇلغان، كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە. 1976 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان. 1992 - يىلى چىرا ناھىيىلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 1994 - يىلى ئىدارە



باشلىقى، ئىدارە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغان. چىرا ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، مۇھىتى بىكىنمە ھالەتتە، يەرلىرى ئىزچىل قالايمىقان ئىشلىتىش، قالايمىقان ئىگىلىۋېلىشتەك ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتىدە ئىدى. ئابدۇللا ئابلاجان ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئۇ ئىشنى كەڭ دېھقان، چارۋىچىلار ۋە كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە يەر باشقۇرۇشقا دائىر قانۇن - نىزاملارنى تەشۋىق قىلىشتىن باشلاپ، پەيدىنپەي ھەر مىللەت كادىر ئاممىنىڭ يەرنى قانۇن بويىچە ئىشلىتىش ئېڭىنى كۈچەيتتى ھەمدە قالايمىقان يەر ئىگىلىۋېلىش، قالايمىقان يەر ئىشلىتىشتەك ناچار ھادىسىلەرنى ۋە يەرگە دائىر قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرىنى قاتتىق جازالىدى. مۇشۇ ئاساستا ناھىيىنىڭ ئاساسىي ئېتىز - ئېرىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە يەر تەپتىشلىكى خىزمىتىنى

نۇقتىلىق تۇتۇپ، قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان يەرلەرنى، يەر تەۋەلىكىنى، يەر ئارخىپىنى باشقۇرۇش، يەرنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى تىزىملاش، دۆلەت يەرلىرىنى ھەقلىق ئىشلىتىش، يەر ئىشلىتىشكە گۇۋاھنامە بېرىشنى ئەستىقلاش قاتارلىق بىر يۈرۈش خىزمەتلەرنى قانۇن بويىچە قېلىپلاشتۇرۇپ، ناھىيىنىڭ يەر باشقۇرۇش خىزمىتىنى مۇنتىزىملىشىش، قانۇنلىشىش يولىغا سالدى.

1996 - يىلى كادىرلار نازارىتى بىلەن ش ئۇ ئا ر يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى ئابدۇللا ئابلاجانغا «ئاپتونوم رايون بويىچە يەر باشقۇرۇش سىستېمىسىدىكى ئىلغار شەخس» دەپ نام بەردى. 1999 - يىلى ئۇنىڭ ئىش - ئىزلىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ھاياتلىق چاقىرماقتا» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلدى. 2000 - يىلى خەلقئارا مەشھۇر شەخسلەر ئىلىم ئالماشتۇرۇش مەركىزى ئۇنىڭغا «خەلقئارا ئەسىر ھالقىغان ئىختىساس ئىگىسى» دەپ نام بەردى، شۇ يىلى 10 - ئايدا نەنىڭدا ئېچىلغان خەلقئارا ئەسىر ھالقىغان ئىقتىساد ئىگىلىرىگە مېدال بېرىش يىغىنىدا بىر ئالتۇن لەۋھە ئالدى.

**قاسىم غازى** 1952 - يىلى تۇغۇلغان، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە. 1971 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان، 1976 - يىلى شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن، 1979 - يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 1990 - يىلى چىرا ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى، كاندىدات مۇدىر ۋراچ بولغان، ھەمدە 8 — 12 - نۆۋەتلىك ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي ئەزاسى بولغان.

قاسىم غازى ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن بۇيان، دوختۇرخانىنىڭ تۈرلۈك باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى كۈچەيتىپ، 1 ئاساسلىق رەھبەر مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويدى ۋە «دوختۇرخانىنىڭ گۈللىنىشى مەن ئۈچۈن شەرەپ، دوختۇرخانىنىڭ خارابلىشىشى مەن ئۈچۈن نومۇس» دېگەن شوئارنى




ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ھەممە يەردە ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، بىر قانچە يىلدىن بۇيان يېرىم سائەت بالدۇر ئىشقا كېلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى، دائىم بۆلۈم - ئىشخانىلارغا كىرىپ، داۋالاش قىيىن بولغان كېسەللەرگە دىئاگنوز قويۇش ۋە داۋالاش ئىشلىرىنى تەشكىللىدى ۋە چوڭ ئوپېراتسىيەلەرنى ئۆزى باش بولۇپ قىلدى، نەچچە قېتىم ئۆزۈن ئىشلەپ قاتتىق چارچاپ كەتكەنلىكتىن ھوشىدىن كېتى ۋە شوك بولۇپ قالدى، ئوپېراتسىيىدە 20 سائەتلەپ پىچاق تۇتۇپ ئىشلىگەنلىكتىن، ئاشقازىنىدىن كۆپلەپ قان چىقىپ كېتىپ ھوشسىزلانغان چاغلىرىمۇ بولدى. ئۇ داۋالاش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، يېزا - كەنتلەرگە بېرىپ سەييارە كېسەل كۆردى، ئارام كۈنلىرىدىن پايدىلىنىپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا سەييارە داۋالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ئۇ دوختۇرخانىدىكى بارلىق تېببىي خادىملارنى نامراتلارنى يۆلەشكە، قىيىنچىلىقى بارلارغا يار - يۆلەك بولۇشقا دەۋەت قىلدى، ناھىيىلىك دوختۇرخانا بىر نەچچە يىلدىن بېرى 200 نەچچە نامرات ئادەم (قېتىم) نى خالىسانە داۋالىدى، يالغۇز قالغان بوۋاي - مومايلارغا 3500 نەچچە يۈەن قىممىتىدە پۇل ۋە نەرسە، نامرات كېسەلمەنلەرگە 4572 يۈەن پۇل، نامرات ئائىلىلەرگە 1725 كىلوگرام ئاشلىق، ئۇن، 430 نەچچە قۇر كىيىم، 4000 يۈەندىن ئارتۇق نەق پۇل، ئاپەتكە ئۇچرىغان كىشىلەرگە 6750 يۈەن پۇل ئىئانە قىلدى، چەت، ئاغلىق كەنتكە بىر قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى بەردى، يەنە قىممىتى 4000 يۈەندىن ئاشىدىغان ھەرخىل دورىنى ھەقسىز ئىئانە قىلدى. ئۇ ناھىيىلىك دوختۇرخانىنى باغچىلاشقان ئورۇن قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە باشلامچىلىق قىلىپ، ئۆز قولى بىلەن گۈل - گىياھ تېرىپ يېشىللىق بەرپا قىلدى.

1997 - يىلى چىرا ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن بولۇپ باھالاندى، 1998 - يىلى، 2000 - يىلى قايتا تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولدى. قاسىم غازى 1993 -، 1998 - يىللىرى ناھىيە بويىچە پەن - تېخنىكىدا سەرخىل ئىختىساس ئىگىسى، 1996 - يىلى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ سەھىيە سىستېمىسى بويىچە مەدەنىي دوختۇرخانا بەرپا قىلىشتا ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى.

## مەتتوختى تۇردى

1942 - يىلى تۇغۇلغان، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي يېزا ئىقتىسادچىسى. 1960 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان، 1986 - يىلى چىرا ناھىيىلىك يېزا ئىقتىساد پونكىتىنىڭ باشلىقى، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغان.



مەتتوختى تۇردى ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، چىرا ناھىيىسى ئۈچۈن بىر تۈركۈم يېزا ئىقتىسادىنى باشقۇرغۇچى ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. ئۇ ھەر يىلى يېزا - بازارلارغا بېرىپ، يېزا ئىقتىسادى كەسپىگە دائىر بىلىملەردىن دەرس ئۆتتى. ئۇ يەنە قوشۇمچە خوتەن ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك مەكتىپى بوغالتىرلىق سىنىپىنىڭ لېكتورلۇقىنى ئۈستىگە ئالدى. 1998 - يىلدىن بۇيان ئۇ ناھىيە بويىچە كەنت دەرىجىلىك يېزا ئىقتىساد ئورۇنلىرىنىڭ مالىيىسىنى ئىقتىسادىي مۇيەتتىش قىلىشنى تەشكىللەپ، ئىقتىسادىي مەسىلىسى بارلارنى ئادىل بىر تەرەپ قىلدى، كوللېكتىپنىڭ 182 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىيىنىنى قايتۇرغۇزۇپ بەردى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە كوللېكتىپنىڭ شەخسلەر ئىگىلىۋالغان 131 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى مال - مۈلكىنى ئېنىقلاپ قايتۇرغۇزۇپ بەردى. چىرا ناھىيىسى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى نازارەت قىلىش نۇقتىلىرىنىڭ بىرى. مەتتوختى تۇردى سېلىقنى يەڭگىللىتىش خىزمىتىنى پائال ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، دائىم يېزىلارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تۇردى. بىر نەچچە يىلدىن بېرى، ئۇ دېھقانلاردىن قالايمىقان يىغىلغان، ئۇلارغا قالايمىقان چېچىلغان، قالايمىقان جەرىمانە قويۇلغان، قالايمىقان توپلانغان 155 مىڭ يۈەن پۇلنى بايقاپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى ھەمدە ھەممىسىنى دېھقانلارغا قايتۇرۇپ بەردى.

1983 - يىلى مەتتوختى تۇردىغا دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق - بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى «دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق - بېلىقچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش بويىچە ئىلغار شەخس» دەپ نام بەردى؛ 1988 - يىلى ئۇ يەنە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق - بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن يېزا ئىقتىسادى ستاتىستىكىسى بويىچە ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى؛ 1992 - يىلى دېھقانچىلىق نازارىتى تەرىپىدىن يېزا ھەمكارلىق ئىقتىسادى بويىچە ئىلغار ئىگىلىك باشقۇرغۇچى بولۇپ باھالاندى؛ 1995 - يىلى دۆلەتنىڭ 6 مىنىستىرلىك ۋە كومىتېتى ئۇنىڭغا «مەملىكەت بويىچە يېزا پەن - تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشتە ئىلغار خىزمەتچى» دەپ نام بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ خوتەن ۋىلايىتى ۋە چىرا ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن كۆپ قېتىم مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالاندى. 1993 - يىلى ناھىيە بويىچە پەن - تېخنىكا جەھەتتە سەرخىل ئىختىساس ئىگىسى بولدى.

## چېن باۋجۇن

1968 - يىلى تۇغۇلغان، كومپارتىيە ئەزاسى. 1991 - يىلى شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باغ - ئورمان فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن، 1995 - يىلى چىرا ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 1996 - يىلى ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە ناھىيىلىك ئورمانچىلىق پونكىتىنىڭ باشلىقى، 1998 - يىلى ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان.



چىرا ناھىيىسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ئىنتايىن ناچار بولغاچقا، قۇم - بوران، قۇرغاقچىلىق ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسلىق تەبىئىي ئاپەت ھېسابلىنىدۇ. ناھىيىلىك ئورمانچىلىق تارماقلىرى كوللېكتىپ ئورمان بەرپا قىلىشنى ئاساس قىلىشقا تايىنىش، دۆلەت ئورۇنلىرىنىڭ ئورمان بەرپا قىلىشىنى پائال راۋاجلاندۇرۇش، شەخسلەرنىڭ كۆچەت تىكىشكە ئىلھام بېرىش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، زور كۈچ بىلەن ئېتىز - ئېرىق ئىھاتە ئورمىنى، جىگدە، جىغان، جۇزغۇن قاتارلىق يېقىلغۇ ئورمىنى بەرپا قىلدى. ئورمانچىلىققا دائىر يېڭى تېخنىكىلارنى كېڭەيتىپ ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ، ئورمانچىلىقنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈپ، قانۇن بويىچە تۈزەپ، ئېتىز - ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى مۇھىم نۇقتا قىلىنغان «ئۈچ شىمال» ئىھاتە ئورمان سىستېمىسى قۇرۇلۇشى، تۈزلەڭلىكنى كۆكەرتىش، چۆللىشىپ كەتكەن يەرلەرنى تىزگىنلەش قاتارلىق ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇش ۋە چۆل يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىنى ئاسراش، كۆپەيتىش، ئىقتىسادىي ئورمان بەرپا قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى، بۇ ئارقىلىق ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ياخشىلاندى. 2000 - يىلى ناھىيە بويىچە بەرپا قىلىنغان ئورماندىن 11 مىڭ 300 گېكتار، چۆللۈك ئورمىدىن 64 مىڭ 700 گېكتار ساقلىنىپ قالدى. ناھىيە 1996 - يىلى شەرەپ بىلەن ب د ت مۇھىت پىلانلاش مەھكىمىسىنىڭ يەر شارىدىكى يەرلەرنىڭ چېكىنىپ كېتىشى ۋە چۆللىشىپ كېتىشىنى تىزگىنلەشتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىق تۆھپە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، شۇ يىلى ناھىيە مەملىكەت بويىچە تۈزلەڭلىكنى كۆكەرتىشتە ئۆلچەمگە يەتكەن ناھىيىلەرنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى، دېمەك ناھىيە بويىچە ئېتىز - ئېرىقنى

ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشتى. 1997 - يىلى مەملىكەت بويىچە يېزىلىق (بازارلىق) ئورمانچىلىق پونكىتلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش جەھەتتە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. 1999 - يىلى دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى تەرىپىدىن دەل - دەرەخلەردىكى ھاشارات، چاشقاننىڭ زىيىنىنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ كۆزىتىپ مەلۇم قىلىش نۇقتىسى قىلىپ بېكىتىلدى.

چېن باۋجۇن 1997 - يىلدىن بۇيان چىرا ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۇدا ئىلغار خىزمەتچى، ئىلغار پارتىيە خىزمەتچىسى بولۇپ باھالىنىپ كەلدى.

**ئابلىز سەپەر** كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، ئىقتىسادچى. 1964 - يىلى پۇل مۇئامىلە خىزمىتىگە قاتناشقان، 1996 - يىل 3 - ئايدا چىرا ناھىيىلىك يېزا قەرز ئامانەت - كوپېراتىپىنىڭ مۇدىرى بولغان.



ئۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن بۇيان، مۇقىملىقنى قوغداش، ئىش ئورنىنى سۆيۈش، كەسپنى قەدىرلەش، قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش ئاساسى مەزمۇن قىلىنغان كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، جەمئىيەتتە ياخشى كەسپىي مۇلازىمەت ئوبرازىنى تىكلىدى. 1999 - يىلى ئامانەت قەرز - كوپېراتىپىنىڭ ئامانەت توپلاش ۋەزىپىسى ئالدىنقى يىلدىكىدىن بىر قاتلاندى، يىل ئاخىرىدا ئامانەت پۇل قالدۇقى 59 مىليون 103 مىڭ يۈەنگە يەتتى، يىل ئاخىرىدا قەرز پۇل قالدۇقى 25 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە چۈشۈپ، ناچار قەرز پۇل قالدۇقى ئالدىنقى يىلدىكىدىن زور نىسبەتتە چۈشتى.

2000 - يىلى چىرا ناھىيىسى دېھقانچىلىقتىن ئوبدان ھوسۇل ئالدى، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى دېھقانلارغا 63 مىليون 740 مىڭ يۈەن نەق پۇل تارقاتتى. ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى جان - دىل بىلەن دېھقانلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلغاچقا، 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئامانەت پۇل 47 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 9 مىليون 90 مىڭ يۈەن ساپ ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تىجارەت بۆلۈمىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئامانەت پۇل قالدۇقى 10 مىليون 888 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. بىر يىلدا 30 مىليون 717 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى، 6 مىليون 917 مىڭ يۈەن ناچار قەرز پۇل يىغىۋېلىندى، ناچار قەرز پۇل قالدۇقى 1999 - يىلدىكىدىن %60 ئازايدى. 2000 - يىلى ئومۇمىي پايدا سوممىسى 2 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى، شۇ يىلى ئېلىنغان پايدا 308 مىڭ 600 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %79 ئاشتى. كوپېراتىپنىڭ يىللاردىن بۇيانقى زىيان سوممىسى 1 مىليون 100 مىڭ يۈەن ئىدى، 2000 - يىلى 366 مىڭ 400 يۈەنگە چۈشتى.

ئابلىز سەپەر 1999 -، 2000 - يىللىرى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى سىستېمىسى بويىچە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ناھىيىلىك پارتكوم ئۇنىڭغا «مۇنەۋۋەر پارتىيە خىزمەتچىسى» دەپ نام بەردى.

**مەمەتجان يۈسۈپ**

1952 - يىلى تۇغۇلغان، يەككە تىجارەتچى.




ئۇ 1979 - يىلى يەككە تىجارەتكە كىرىشكەن بولۇپ، ھازىرغىچە 22 يىل بولدى. تىجارىتىنى 10 نەچچە يۈەن دەسمايە بىلەن ناۋايلىقتىن باشلىغان، پارتىيىنىڭ دېھقانلارنى بېيىتىش سىياسىتىگە تايىنىپ، ھالال ئەمگىكى بىلەن بېيىغان، ھازىر ئۇ شۇ جايدىكى تونۇلغان يەككە يېمەك - ئىچمەك تىجارەتچىسى بولۇپ قالدى. ئۇ تىجارەتكە ماھىر بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلغانلىقى، ئىناۋەتكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ تىجارىتى كۈندىن كۈنگە روناق تاپتى. 22 يىلدىن بۇيان ئۇ دۆلەتكە 60 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق باج تاپشۇردى. بېيىغاندا كوللېكتىپنى، يۇرتداشلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىدى، ھەر يىلى كەنت كوللېكتىپىغا 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ چىقىرىپ، كوللېكتىپنىڭ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇردى، ئوزۇق - تۈلۈكى يېتىشمەيدىغان ئائىلىلەرگە 10 توننىدىن ئارتۇق ئاشلىق بەردى. ئۇ جەمئىيەتتىكى ئومۇمغا پايدىلىق ئىشلارنى ئاكتىپلىق بىلەن قوللىدى، جەمئىيەتتىن ئىئانە توپلاش پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشتى، گۇلاخما يېزىسىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى ۋە يېتىم بالىلارنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرىنى قوللاش يۈزىسىدىن 20 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق نەق پۇل ئىئانە قىلدى؛ نامرات ئائىلىلەرنىڭ بالدۇرراق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن، نامرات ئائىلىلەردىكى 20

ئەچچە بالىغا ئاشپەزلىك ھۈنىرىنى ھەقسىز ئۆگىتىپ، ئۇلارنى ھېيىش يولىغا سالدى؛ ئۇ ئۆز رازىلىقى بىلەن دارىلئېتامدىن بىر يېتىم بالىنى بېقىۋېلىپ چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشتى ھەم ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپ قويدى.

مەمەتجان يۈسۈپ ئۇدا 8 يىل ناھىيە دەرىجىلىك ئىلغار يەككە سودا سانائەتچى، 2 قېتىم خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئىلغار يەككە تىجارەتچى بولۇپ باھالاندى. 1999 - يىلى چىرا ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا «ئون يۇلتۇزلۇق مەدەنىي سودا - سانائەتچى» دەپ نام بەردى. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلغار يەككە سودا سانائەتچى بولۇپ باھالاندى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشتى.

**خۇجيەنچىن** 1951 - يىلى تۇغۇلغان، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، كومپارتىيە ئەزاسى، ئىنژېنېر. 1975 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان، چىرا ناھىيىلىك بىناكارلىق شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى، قوشۇمچە باش تېخنىكا مەسئۇلى.



ئۇ خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان، خىزمەتنى ھاردىم - تالدىم دېمەي ئەستايىدىل ئىشلىدى، ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىپ ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقتى، ئادەتتە باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلدى. ئۇ 1992 - يىلى بىناكارلىق شىركىتىگە مۇئاۋىن دىرېكتور، قوشۇمچە باش تېخنىكا مەسئۇلى بولغاندىن كېيىن، قائىدە - نىزاملارنى ئورناتتى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى، باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، قۇرۇلۇشتا سۈپەت بىلەن ئۈنۈمنى تەكىتلىدى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش ۋە شىركەتنىڭ پايدىسىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىرگە، جەمئىيەتتىكى ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار جەھەتتە تىرىشىپ ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلدى. 1992 - يىلى چىرا ناھىيىسى مائارىپ سىستېمىسى بويىچە «ئۈچتىن خالى» خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشنى كۈتۈۋېلىش ئالدىدا، خەتەرلىك ئۆي - ئىمارەتلەرنى ئۆزگەرتىپ سېلىش ئۈچۈن مەخسۇس پۇل ئاجراتتى. ناھىيىلىك بىناكارلىق شىركىتى بۇ قۇرۇلۇشنى خۇ جيەنچىنغا تاپشۇردى، خۇ جيەنچىن بۇ قۇرۇلۇشنى سان ۋە سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا ۋاقتىدا پۈتتۈردى. ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا «مائارىپ سىستېمىسىدىكى خەتەرلىك ئۆي - ئىمارەتلىرىنى ئۆزگەرتىش بويىچە ئىلغار شەخس» دەپ نام بەردى. 1994 - يىلى يېزا (بازار) شىپاخانىلىرىنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىدا ئۇ سۈپەت ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتقاچقا، بۇ قۇرۇلۇشلار ئاپتونوم رايونلۇق شىپاخانا قۇرۇلۇشىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش بويىچە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا «يېزا (بازار) شىپاخانىلىرى قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگە» دەپ نام بەردى. 1998 - يىلى ناھىيىلىك ج خ سىستېمىسىنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىدا قۇرۇلۇش مۇددىتىگە، سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن ئۇ كۆپ كۈچ چىقاردى، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا «جامائەت خەۋپسىزلىك خىزمىتىنى قوللاشتىكى ئىلغار شەخس» دەپ نام بەردى.

## ئىلغار كوللېكتىپلار

### بارىكۆل ناھىيىلىك دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى

بۇ ئىدارە بارىكۆل ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى ياساش، سېتىش، رېمونت قىلىش، خادىم تەربىيىلەش، تېخنىكا كېڭەيتىش، بىخەتەرلىكنى نازارەت قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى فۇنكسىيىلىك باشقۇرۇشقا مەسئۇل تارمىقى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىدارە رەھبەرلىك بەنزىسى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئومۇمىي خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بىرلەشتۈرۈپ، ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش بىلەن دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت «ئىككى چوڭ نىشان»نى زىچ چۆرىدەپ، ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سېپىدىكى كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە باشلامچىلىق قىلىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمىتى جەھەتتە يېڭى ۋەزىيەت ياراتتى.

9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئىدارە رەھبەرلىك بەنزىسى سىستېما ئىچىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ۋە جەڭگىۋارلىق كۈچىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى، بەنزىدىكىلەر ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىپ، ئۆزىگە ئۆزى بېسىم پەيدا قىلىپ، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى ماكرولۇق باشقۇرۇش سالمىقىنى كۈچەيتتى. ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن قوراللىنىش قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ ھەم

ئەللاشتۇرۇپ، ناھىيىنىڭ ئۇنىۋېرسال ماشىنىلىشىش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى. ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان يېڭى تېخنىكا، يېڭى ماشىنا - سايمانلارنى كىرگۈزۈپ ھەم ئۇلارنى كېڭەيتىپ، ئومۇملاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكى بىلەن يېزا ئىگىلىك مەشىنىلىرى خىزمىتىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئامىلغا ئايلاندۇردى. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىنىڭ ئۇنىۋېرسال ماشىنىلىشىش سەۋىيىسى %70تىن ئاشتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىدىكى تۆھپە ئۈلۈشى %25كە يەتتى. ئىدارە رەھبەرلىك بەنزىسى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، خىزمەت ئىستىلىنى ئۆزگەرتىپ، ئىدارە مىقياسىدا ئىقتىسادىي ئۈنۈم قارىشىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش جەھەتتىكى خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خىزمىتىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى يېڭى يول ئۈستىدە پائال ئىزدەندى. ئىدارىنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا، 1999 - يىلى ۋىلايەت دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن، ناھىيە دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنە ئورۇن بولۇپ ھەم ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئۇدا 3 يىل مۇنەۋۋەر ئورۇن بولۇپ باھالاندى، رەھبەرلىك بەنزىسى كۆپ قېتىم ناھىيە بويىچە مۇنەۋۋەر بۆلۈم دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسى، ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى بولۇپ باھالاندى.

## بارىكۆل ناھىيىلىك قۇرۇلۇش - مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى

بۇ ئىدارە بارىكۆل ناھىيىسىدىكى شەھەر قۇرۇلۇشى، قۇرۇلۇش سۈپىتىنى نازارەت قىلىش، مۇھىت ئاسراش، باغۋارانلاشتۇرۇش - كۆكەرتىش ئىشلىرىغا دائىر فۇنكسىيىلىك تارماق. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىدارە رەھبەرلىك بەنزىسى كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە باشلامچىلىق قىلىپ، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ، يۇقىرى تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ئورۇندىدى. مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ چارۋىچىلىق ئارقىلىق كىشىلەرنى بېيىتىش، كانچىلىقتا كۈچلۈك ناھىيە بولۇش، ساياھەتچىلىكتە باشلامچى بولۇش دېگەن تەرەققىيات فاڭجېنىغا ئاساسەن، ناھىيىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، «مۇھىتنى ئوبدان ئاسراپ، بازارنى ئوبدان قۇرۇپ، ساياھەتچىلىك ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلايلى» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى. تەشۋىقات سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ مۇھىت ئاسراش ئېڭىنى ئۆستۈردى. تەشكىلىي رەھبەرلىك ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، شەھەر قۇرۇلۇشى مەمۇرىي تەپتىشلىك ئورۇنلىرىنىڭ مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى ھەمدە مەبلەغ كەمچىل بولۇشتەك قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئۈچۈن، ناھىيە بازىرىدىكى ئورگان، مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلاردىن 10 مىڭ ئادەم (قېتىم) نى خالىس ئەمگەك قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، پاتقاق كوچىلارنى ئوڭشىدى، پىيادىلەر يولىنى قاتتىقلاشتۇردى، نەتىجىدە ناھىيە بازىرىنىڭ مەينەت، قالايمىقان، ناچار ھالىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كەنت - بازارلار قۇرۇلۇشىنى پىلانلاشنى كۈچەيتىپ، داخې، كۆيسۇ يېزىلىرىدا كەنت - بازار قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش ئىشخانىسى قۇردى. مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ۋە سىياسىي نەزەرىيىۋى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى، سىرتقا قارىتا ئوبراز تىكلەش، ئىچكى جەھەتتە ئەلا مۇلازىمەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، خىزمەت ئىستىلىنى ئۆزگەرتتى، «ئىدارە گۈللەنسە مەن روناق تاپىمەن، ئىدارە خاراپلاشسا مەنمۇ تۈگىشىمەن» دەيدىغان كوللېكتىۋىزملىق ئىدىيىنى كۈچەيتتى. بارىكۆل ناھىيىسى 2000 - يىلى «ئاپتونوم رايونلۇق شەھەرلەر ئارا ‹تەڭرىتاغ لوڭقىسى› مۇسابىقىسىدە ئىلغار ناھىيە» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ قۇرۇلۇش - مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ما گوچياڭ 1999 -، 2000 - يىللىق ئاپتونوم رايونلۇق شەھەرلەر ئارا «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسى بويىچە ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. ئىدارە قارىمىقىدىكى يۇندا چىقىرىۋېتىش شىركىتى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن، ۋىلايەت دەرىجىلىك باغۋارانلاشتۇرۇش - كۆكەرتىشتە «باغچىلاشقان ئورۇن» بولدى.

# شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ مەسئۇللىرى

پارتكومنىڭ 1 - شۇجىسى: ژاڭ لىچۈەن (قوشۇمچە).

شۇجىسى: چېن دېمىن.

مۇئاۋىن شۇجىسى: جاڭ چىڭلى.

دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى: ژاڭ لىچۈەن، چېن دېمىن، جاڭ چىڭلى، جۇ جيەنفەن، خۇ جاۋجاڭ، ژاڭ گۈيجېن، كاڭ كېجيەن، ژاڭ جيەنچىن، مەمتىمىن ئابدۇرېھىم، خۇا شىفېي، جياڭ شەن (ئايال)، خۇا شى.

قوماندانى: جاڭ چىڭلى.

1 - سىياسىي كومىسسارى: ژاڭ لىچۈەن (قوشۇمچە)

سىياسىي كومىسسار: چېن دېمىن.

مۇئاۋىن قوماندانلىرى: فاڭ دېڭخۇا، جۇ جيەنفەن، خۇ جاۋجاڭ، كاڭ كېجيەن، ژاڭ جيەنچىن، خۇا شى.

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلىرى: ژاڭ گۈيجېن، مەمتىمىن ئابدۇرېھىم.

ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى بىڭتۈەن شۆبە مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: سۈن شۈچى (رۇس).

مۇئاۋىن باشلىقلىرى: يۈ يۈتاڭ، ژاڭ دوڭخاڭ، ئىسمايىل قۇربان، لى چىڭ.

بىڭتۈەن خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: لۇ ژېندې.

مۇئاۋىن باش تەپتىشلىرى: ئورازغالى (قازاق)، گاۋ جىلياڭ، چاڭ جيەنگو.

ئىزاھ: 2001 - يىلى 2 - ۋە 3 - ئايلاردا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قۇربان ئەرشىدىننى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا، پارتكومنىڭ ئەزالىقىغا، دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىغا تەيىنلەشنى قارار قىلدى.

2001 - يىل 6 - ئايدا گوۋۇيۈەن ئالپىسباي رەخىم (قازاق)، لىۇ شىنچىلارنى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا، خۇا شىفېي، جياڭ شەن (ئايال) لەرنى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلىقىغا تەيىنلەشنى قارار قىلدى. 6 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئالپىسباي رەخىم (قازاق)، لىۇ شىنچىلارنى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى پارتكومىنىڭ ئەزالىقىغا، دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا؛ جەي شياۋخېڭنى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى پارتكومىنىڭ ئەزالىقىغا، دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىغا، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىغا؛ ژاڭ جۇفىيۇ، مارۇفلارنى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى پارتكومىنىڭ ئەزالىقىغا، دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىغا تەيىنلەشنى قارار قىلدى.

## ئومۇمىي ئەھۋالى

2000 - يىلى بىڭتۈەن بويىچە تۇغۇلغان بوۋاق 22 مىڭ 700 بولۇپ، تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰9.4؛ ئۆلگەنلەر 12 مىڭ 500 بولۇپ، ئۆلۈش نىسبىتى ‰5.2؛ نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰4.2 بولدى. يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس 2 مىليون 427 مىڭ 900 گە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 702 مىڭ 300 بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 52 مىڭ 100 ئادەم ئازىيىپ، %6.7 كېمەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇنلاردا ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 684 مىڭ 900 بولۇپ، %7.6 كېمەيدى. يىل ئاخىرىدا ئىش ئورنىدىن ئايرىلغان، ئەمما ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى يەنىلا ساقلاپ قالغان ئىشچى - خىزمەتچى 98 مىڭ 300. شەھەر - بازارلاردا تىزىملانغان ئىشسىزلار نىسبىتى %1.9.

2000 - يىلى بىڭتۈەننىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 18 مىليارد 68 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %11.7 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 7 مىليارد 163 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12.8؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 5 مىليارد 134 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %15؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 5 مىليارد 771 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %6.8 ئاشتى. ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى %39.7، 2 - كەسىپنىڭ %28.4، 3 - كەسىپنىڭ %31.9 بولدى.

1. يېزا ئىگىلىكى مۇشۇ بىر يىلدا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 14 مىليارد 374 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11 ئاشتى.

بىڭتۈەن بويىچە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 909 مىڭ 800 گېكتار بولۇپ، %0.5 كېمەيدى.

بۇنىڭ ئىچىدە، ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 219 مىڭ گېكتار بولۇپ، %10.1 كېمەيدى؛ كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 410 مىڭ 700 گېكتار بولۇپ، %7.7 ئاشتى؛ ياغلىق دان تېرىلغۇ كۆلىمى 83 مىڭ 800 گېكتار بولۇپ، %17.5 كېمەيدى؛ قىزىلچا تېرىلغۇ كۆلىمى 18 مىڭ 600 گېكتار بولۇپ، %51 كېمەيدى.

تېرىقچىلىق قۇرۇلمىنى تەڭشەش سالمىقى كۆرۈنەرلىك زورايتىلدى، ئاشلىق، ياغلىق دان، قىزىلچا قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە كېمەيدى، پاختىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى داۋاملىق زور دەرىجىدە ئېشىپ، مەھسۇلات مىقدارى جەھەتتە تارىختا يەنە بىر قېتىم يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى، پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇتتى. مۇشۇ بىر يىلدا ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى 1 مىليون 175 مىڭ 700 توننا بولۇپ، %11.9 كېمەيدى؛ پاختا 693 مىڭ 900 تونىنىغا يېتىپ، %13.3 ئاشتى؛ ياغلىق دان 149 مىڭ 700 توننا بولۇپ، %16؛ قىزىلچا 1 مىليون 60 مىڭ 700 توننا بولۇپ، %33.9 كېمەيدى.

ئورمانچىلىق بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 13 مىڭ 400 گېكتارغا يېتىپ، %16.4 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئورمانلىققا ئايلاندۇرۇلغان تېرىلغۇ يەر 1980 گېكتارغا يېتىپ، 8.2 ھەسسە ئاشتى. ئېلىنغان مېۋە - چېۋە 284 مىڭ 600 تونىنىغا يېتىپ، %21.4 ئاشتى.

چارۋىچىلىق يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 4 مىليون 770 مىڭ 100 تۇياققا يېتىپ، %4.1؛ گۆش 125 مىڭ 200 تونىنىغا يېتىپ، %13.2؛ قوي يۇڭى 9600 تونىنىغا يېتىپ، %4.4؛ سۈت 89 مىڭ 900 تونىنىغا يېتىپ، %7.1؛ تۇخۇم 27 مىڭ 500 تونىنىغا يېتىپ، %2.1 ئاشتى.

بېلىقچىلىق يىل بويى تۇتۇلغان سۇ مەھسۇلاتلىرى 12 مىڭ 900 تونىنىغا يېتىپ، %7.2 ئاشتى.

يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 1 مىليون 800 مىڭ 200 كىلوۋاتقا يېتىپ، %6.2 ئاشتى. چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور 17 مىڭ 100گە يېتىپ، %4.4؛ كىچىك تراكتور 22 مىڭ 300 گە يېتىپ، %7.9 ئاشتى؛ يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان يۈك ئاپتوموبىلى 1843 بولۇپ، %9.7 كېمەيدى؛ ئىشلىتىلگەن خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇت ھېسابىدا) 290 مىڭ 100 تونىنىغا يېتىپ، %6.5 ئاشتى؛ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئىشلىتىلگەن توك 1 مىليارد 78 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، %3.3 ئاشتى. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلگەنلىكتىن، يىل ئاخىرىدىكى ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 999 مىڭ 500 گېكتارغا يېتىپ، %1.4 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، تېجەپ سۇغىرىش كۆلىمى 62 مىڭ 900 گېكتار، يۇركۆپ سۇغىرىش كۆلىمى 15 مىڭ 600 گېكتار.

بىڭتۈەنگە قاراشلىق شىنجاڭ ھەممىباب ئاۋىئاتسىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ 32 ئايروپىلانى بولۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا 5180 سائەت ئۇچۇش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىلىپ، %1.4 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن مەشغۇلات ئېلىپ بارغان ۋاقتى 3952 سائەتكە يېتىپ، %22.2 ئاشتى؛ ئۇچۇش - قونۇش قېتىم سانى 39 مىڭ 400 بولۇپ، مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش كۆلىمى 250 مىڭ 800 گېكتارغا يەتتى.

سۇچىلىق سۇچىلىق، سۇ - ئېلېكتىر قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 518 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2359 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆلچەملىك ئېرىق - ئۆستەڭ ياسىلىپ، يېڭىدىن 656 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلىپ، 478 مىليون كۇب مېتىر سۇ كۆپەيتىلدى ۋە تېجەلدى (بۇنىڭ ئىچىدە كۆپەيتىلگەن سۇ 192 مىليون كۇب مېتىر، تېجەلگەن سۇ 286 كۇب مېتىر). دەريا - ئېقىنلاردىن تەمىنلەنگەن سۇ 6 مىليارد 97 مىليون كۇب مېتىرغا، سۇ ئامبارلىرىدىن تەمىنلەنگەن سۇ 4 مىليارد 436 مىليون كۇب مېتىرغا، يەر ئاستى سۈيىدىن پايدىلىنىلغىنى 1 مىليارد 187 مىليون كۇب مېتىرغا، باشلاپ كېلىنىپ تەمىنلەنگەن سۇ 11 مىليارد 794 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى.

2. سانائەت سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارد 329 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %18.7 ئاشتى. جەمئىيەت بويىچە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليارد 769 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.3 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەتنىڭ 6 مىليارد 620 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.3، ئېغىر سانائەتنىڭ 3 مىليارد 149 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.2 ئاشتى؛ دۆلەت ئىلكىدىكىسىنىڭ 7 مىليارد 73 مىليون يۈەن بولۇپ، %3.5؛ كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكىسىنىڭ 487 مىليون يۈەن بولۇپ، %9.7 كېمەيدى، باشقا ئىگىلىك تىپىدىكىلەرنىڭ 2 مىليارد 209 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %56.1 ئاشتى.

ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى 3 مىليون 359 مىڭ 200 توننا كۆمۈر قېزىلىپ، %6.1 كېمەيدى؛ تارقىتىلغان توك 1 مىليارد 787 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، %5.2 ئاشتى؛ ئىگىرىلگەن يىپ 121 مىڭ 400 تونىنىغا

يېتىپ، %9.7 ئاشتى؛ توقۇلغان رەخت 127 مىليون مېتىرغا يېتىپ، %11.8 ئاشتى؛ شېكەر 106 مىڭ 400 توننا بولۇپ، %44.7 كېمەيدى؛ كونسېرۋا 118 مىڭ 100 تونىنغا يېتىپ، %84.2 ئاشتى؛ ساپ پاختا 697 مىڭ 400 تونىنغا يېتىپ، %13.8 ئاشتى؛ ئىچىملىك ۋە هاراق 56 مىڭ تونىنغا يېتىپ، %10.9 ئاشتى؛ كىيىم - كېچەك 3 مىليون 370 مىڭ 100 دانە بولۇپ، %1.5 كېمەيدى؛ يۇڭ يىپ 243 توننا بولۇپ، %43.8 كېمەيدى؛ تارتىلغان بۇغداي ئۇنى 202 مىڭ 600 تونىنغا يېتىپ، %14 ئاشتى؛ سۇ يېغى 188 مىڭ 300 تونىنغا يېتىپ، %7.5 ئاشتى؛ ئارىلاشما بوغۇز 230 مىڭ 700 تونىنغا يېتىپ، %12.5 ئاشتى؛ فابرىكا قەغىزى 37 مىڭ 700 تونىنغا يېتىپ، %4.7 ئاشتى؛ سۇلياۋ ياسالمىلىرى 67 مىڭ 700 تونىنغا يېتىپ، %42.2 ئاشتى؛ سېمونت 1 مىليون 690 مىڭ تونىنغا يېتىپ، %6.6 ئاشتى؛ خىش 1 مىليارد 885 مىليون دانىگە يېتىپ، %5.3 ئاشتى.

يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى ئورۇنلاردىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ساتقان مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليارد 882 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.9 ئاشتى، مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش نىسبىتى %95 بولدى.

يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 208 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14.4 ئاشتى؛ تىجارەت كىرىمى 3 مىليارد 317 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12.6 ئاشتى؛ قوشۇلما قىممىتى 962 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %12.6 ئاشتى؛ پايدا - باج سوممىسى 481 مىليون يۈەنگە يەتتى.

3. قاتناش - ترانسپورت 2000 - يىلى توشۇلغان يولۇچى 52 مىليون 55 مىڭغا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %23.6 ئاشتى، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 2 مىليارد 371 مىليون كىلومېتىرغا يېتىپ، %16.1 ئاشتى؛ توشۇلغان يۈك 46 مىليون 370 مىڭ تونىنغا يېتىپ، %3.6 ئاشتى، يۈك ئوبوروت مىقدارى 312 مىڭ 800 توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %0.9 ئاشتى. كىرا ھەققى كىرىمى 1 مىليارد 430 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %2.5 ئاشتى. ئاھالىلەرگە كىرەكلىك ئاپتوموبىل 31 مىڭ 925كە يېتىپ، %5.2 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يولۇچى توشۇش ئاپتوموبىلى 13 مىڭ 278 گە يېتىپ، %12؛ يۈك توشۇش ئاپتوموبىلى 16 مىڭ 218 گە يېتىپ، %2.7 ئاشتى.

يەككە ترانسپورت كەسپىنىڭ بازارنى ئىگىلەش سالمىقى تەدرىجىي ئاشتى. ئۇلارنىڭ يولۇچى ئوبوروت مىقدارى بىڭتۈەن بويىچە %59.1 نى ئىگىلەپ، 1999 - يىلدىكىدىن 1.3 پىرسەنت پوئىنتى، يۈك ئوبوروت مىقدارى %73.2 نى ئىگىلەپ، 11.3 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى. ئۇلارنىڭ مۇشۇ يىلدىكى يولۇچى توشۇش مىقدارى 38 مىليون 220 مىڭغا يېتىپ، %30.5 ئاشتى؛ يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 399 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، %18.6 ئاشتى. يۈك توشۇش مىقدارى 35 مىليون 450 مىڭ تونىنغا يېتىپ، %27.2 ئاشتى؛ يۈك ئوبوروت مىقدارى 229 مىڭ 500 توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %19.7 ئاشتى. كىرا ھەققى كىرىمى 1 مىليارد 70 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %17.1 ئاشتى. يەككە ترانسپورت كەسپىنىڭ ساپ كىرىمى 390 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14.2 ئاشتى.

4. مۇقىم مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى ۋە بىناكارلىق ئىشلىرى مۇقىم مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 7 مىليارد 360 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %23.7 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇنلار سالغان مەبلەغ 6 مىليارد 550 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %23.7 ئاشتى. دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇنلار سالغان مەبلەغ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 4 مىليارد 520 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %15.1 ئاشتى؛ يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 1 مىليارد 680 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %25.9 ئاشتى؛ ئۆي - زېمىن ئىشلىرىغا سېلىنغىنى 287 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1.4 ھەسسە ئاشتى. كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلار سالغان مەبلەغ 10 مىليون يۈەن بولۇپ، %28.8 كېمىيىپ كەتتى. شەھەر - بازارلاردا خۇسۇسىيلار سالغان مەبلەغ 260 مىليون يۈەن بولۇپ، %6.5 كېمىيىپ كەتتى. باشقا ھەرخىل ئىگىلىك تۈرلىرى بويىچە سېلىنغان مەبلەغ 550 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1.9 ھەسسە ئاشتى.

مائارىپ قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 250 مىليون يۈەن بولۇپ، %8.6 ئاشتى؛ تاشيول قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 447 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.8 ئاشتى؛ سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 639 مىليون يۈەن بولۇپ، %1.6 كېمىيىپ كەتتى. يېزا ئىلىكتىر تورىنى ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ ئازكەم 700 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2.5 ھەسسە ئاشتى. مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسىدىن قارىغاندا، دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىش سالمىقى كۆرۈنەرلىك زورايدى، شۇنداقتىمۇ كارخانىلار ئۆزلىرى جۇغلىغان مەبلەغ يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇردى. 2000 - يىلى مۇقىم مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئەمەلىيلەشكىنى 7 مىليارد 350 مىليون يۈەن بولۇپ، مەبلەغنىڭ ئەمەلىيلىشىش نىسبىتى %99.9كە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت خام چوتى ئىچىدىكى مەبلەغ 1 مىليارد 90 مىليون يۈەن، ئىچكى قەرز پۇل 1 مىليارد 380 مىليون يۈەن. ئۆزلىرى تەييارلىغان مەبلەغ 2 مىليارد 950 مىليون يۈەن، باشقا مەبلەغ 1 مىليارد 930 مىليون يۈەن.

مەبلەغ قۇرۇلمىسى داۋاملىق ياخشىلاندى. 1 - كەسىپكە 1 مىليارد 630 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %0.2 ئاشتى؛ 2 -كەسىپكە 1 مىليارد 990 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، %84.7 ئاشتى؛ 3 - كەسىپكە 3 مىليارد 740 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، %15.2 ئاشتى.

2000 - يىلى يولغا قويۇلغان نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئىلگىرىلىشى ئوڭۇشلۇق بولدى. بۇلار ئاساسلىقى يېڭى ئىگىلىك تۈرلىرىدىن 500 مىڭ توننىلىق ئەلا سۈپەتلىك تاۋار پاختا بازىسى قۇرۇلۇشى، ئاشلىق، ياغ، شېكەر بازىسى قۇرۇلۇشى، ئۈلۈغئاتا سۇ ئىنشائاتى تۇگۈن قۇرۇلۇشى ۋە شىمالىي شىنجاڭ سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى (قاتنىشىپ ئېلىپ بېرىلغان تۈر)، يۇرۇڭقاش سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى، چوڭ سۇغىرىش رايونىنى ئۆزگەرتىش بويىچە داۋاملاشتۇرۇپ يۇرۇشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى، سۇ ئامبىرىنى مۇستەھكەملەپ خەتىرىنى تۈگىتىش قۇرۇلۇشى، سۇ تېجەشتە ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى، نۇقتىلىق ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى بويىچە ئۇنىۋېرسال تۈزەش قۇرۇلۇشى، نۇقتىلىق ئىھاتە ئورمان قۇرۇلۇشى، تېرىلغۇ يەرنى ئورمانلىققا ۋە ئوتلاققا ئايلاندۇرۇش قۇرۇلۇشى، چارۋىچىلىق بويىچە «101031» قۇرۇلۇشى ۋە ئوت - چۆپ ئۇرۇق بازىسى قۇرۇلۇشى، سانائەت جەھەتتە نۇقتىلىق ھالدا يېزا ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى ۋە ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرىنىڭ ئۈرچۈق قىسقارتىش - ئۆزگەرتىش ئىشلىرى، كۇيتۇڭ تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسى، خۇتۇگو كۆمۈر كېنى، بوزىيەر ئۆزلەشتۈرۈش سۇتچىلىك گۇرۇھىنىڭ ئوغۇز سۈت پىششىقلاپ ئىشلەش قۇرۇلۇشى، تيەنيې گۇرۇھى شىركىتىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان سۇ تېجەش ئۈسكۈنىسى ئىشلەش قۇرۇلۇشى، بوزىيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرىدىكى 5 غول ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى ۋە نامرات تۈەن - مەيدانلاردىكى 6 يولنى ئۆتاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى قاتارلىق نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلار يولغا قويۇلدى، دەرىجىگە توشىدىغان 463 كىلومېتىر تاشيول يېڭىدىن ياسالدى. ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە پەن - تېخنىكا جەھەتتە ۋۇجياچۈ، بېيتۈن شەھەرلىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە يول قۇرۇلۇشى، شى شتابى تۇرۇشلۇق جايلار ۋە كىچىك بازارلارنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى، چېگرا بويلىرىغا جايلاشقان تۈەن - مەيدانلاردىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى، چىڭخۇ، بېيخۇ نۇقتىلىق ساياھەت قۇرۇلۇشى، تيەنكې يېمەكلىكلەر تەرەققىياتى قاتارلىقلارنى يۇقىرى تېخنىكىلىق كەسىپلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى، تارىم يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇغۇچى كۆپەيتىپ قوبۇل قىلىش قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى مۇنۇلار: كۆمۈر قېزىش ئىقتىدارى 80 مىڭ توننا، گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 4000 كىلوۋات سائەت، توك يەتكۈزۈش لىنىيىسى (110 مىڭ ۋولتتىن يۇقىرى) 349 كىلومېتىر، ترانسفورماتور ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئىقتىدارى (110 مىڭ ۋولتتىن يۇقىرى) 112 مىڭ 867 ۋولت/دانە، دوختۇرخانىلارنىڭ كارىۋىتى 949 دانە/21 مىڭ كۋادرات مېتىر، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار پارتىسى 45 مىڭ 339، يېڭىدىن ياسالغان تاشيول 116 كىلومېتىر، يېڭىدىن سېلىنغان ئولتۇراق ئۆي 3 مىليون 360 مىڭ كۋادرات مېتىر، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 24 مىڭ 700 گېكتار، ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 40 مىڭ 200 گېكتار.

2000 - يىلى بىڭتۈەن بويىچە بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 805 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %6.8 ئاشتى؛ بىناكارلىق - قۇرۇلۇشنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 720 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.2 ئاشتى. دۆلەت ئىلكىدىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 280 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14.6 ئاشتى. ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىشلىنىۋاتقان كۆلەم 7 مىليون 35 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، 50 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆپىيىپ، %0.72 ئاشتى. مۇشۇ يىلى يېڭىدىن ئىش باشلانغان كۆلەم 5 مىليون 461 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، %4.5 ئاشتى. پۈتكەن كۆلەم 5 مىليون 10 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، %5.7 كېمىيىپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ پۈتكەن كۆلىمى 3 مىليون 415 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، %20.8 كېمىيىپ كەتتى. خېرىدار چاقىرىپ ھۆددە بېرىش نىسبىتى %34.2كە يەتتى، قۇرۇلۇش ھۆددە ئالغۇچى ئورۇنلارنىڭ قىلغان قۇرۇلۇش سانى 1999- يىلدىكىدىن 131 ى كۆپىيىپ، %8.5 ئاشتى؛ خېرىدار چاقىرىپ ھۆددە بېرىش نىسبىتى %34.2 كە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 8.8 پوئىنتى ئۆستى. 2000 - يىلى پۈتكەن قۇرۇلۇش 4073 بولۇپ، %18.6 كېمەيدى، پۈتكەن قۇرۇلۇشلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14.8 ئاشتى؛ ئەلا سۈپەتلىك قۇرۇلۇش كۆلىمى 1 مىليون 501 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى، قۇرۇلۇشلارنىڭ پۈتۈش نىسبىتى %71.2كە، قۇرۇلۇش سۈپىتىنىڭ ئەلا بولۇش نىسبىتى %30كە يەتتى.

6. سودا، تاشقى سودا ۋە جەت ئەل مەبلىغىدىن

پايدىلىنىش ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 5 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 8.2% ئاشتى، مال باھاسىنىڭ تۆۋەنلەش ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىي ئاشقىنى 10.1% بولدى. شەھەر ۋە يېزىلار بويىچە ئايرىغاندا، شەھەرلەرنىڭ 2 مىليارد 466 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 7.7% ئاشتى؛ ناھىيىلەرنىڭ 346 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 5% كېمەيدى؛ ناھىيىدىن تۆۋەن ئورۇنلارنىڭ 2 مىليارد 588 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 10.8% ئاشتى. ساھەلەر بويىچە ئايرىغاندا، توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسىنىڭ 3 مىليارد 118 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 11.7% ئاشتى؛ يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ 512 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 15.7% ئاشتى؛ ياساش كەسپىنىڭ 546 مىليون يۈەن بولۇپ، 2.6% ئازايدى؛ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 857 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2% ئاشتى؛ باشقا ساھەلەرنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 367 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 3.2% ئاشتى. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 18 مىليارد 544 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 5.9% ئاشتى. نورمىدىن ئارتۇق توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسىدا تاۋار سېتىۋېلىش سوممىسى 13 مىليارد 573 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 22.9% ئاشتى؛ تاۋار سېتىش سوممىسى 14 مىليارد 511 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 5.6% ئاشتى؛ ئامباردىكى تاۋارلارنىڭ سوممىسى 4 مىليارد 211 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 5.4% ئاشتى.

ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى جەھەتتە سېتىۋېلىش بازىرى شەكىللەندى. دۆلەت ئىلكىدىكى ۋە پاي چېكى ھوقۇقىنى دۆلەت كونترول قىلىدىغان سودا، ماددىي ئەشيا ئوبوروت قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ سېتىۋېلىش سوممىسى 2 مىليارد 719 مىليون يۈەن بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 2% كېمىيىپ كەتتى؛ سېتىش سوممىسى 2 مىليارد 868 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2.2% ئاشتى. تەمىنات - سودا كوپېراتىپى كارخانىلىرىنىڭ سېتىۋېلىش سوممىسى 6 مىليارد 629 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2.6% ئاشتى؛ سېتىش سوممىسى 6 مىليارد 489 مىليون يۈەن بولۇپ، 17.5% كېمەيدى؛ ئىسكىلاتتىكى تاۋارلارنىڭ سوممىسى 1 مىليارد 924 مىليون يۈەن بولۇپ، 45.1% كېمەيدى.

ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى ۋە پايدا سوممىسى جەھەتتە ئىككى خانىلىق يۇقىرى ئېشىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 752 مىليون 802 مىڭ 200 دوللارغا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 84% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 449 مىليون 905 مىڭ 400 دوللارغا يېتىپ، 85.5% ئاشتى؛ ئىمپورت سوممىسى 302 مىليون 896 مىڭ 800 دوللارغا يېتىپ، 81.8% ئاشتى؛ سودا ئاكتىپ بالانسى 147 مىليون 8600 دوللارغا يەتتى. ئادەتتىكى سودا ۋە چېگرا سودىسى تەڭ قەدەمدە يۇقىرى سۈرئەتتە ئاشتى، ئادەتتىكى سودىنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 263 مىليون 250 مىڭ 900 دوللارغا يېتىپ، 64.2% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 189 مىليون 80 مىڭ 300 دوللارغا يېتىپ، 51.8% ئاشتى. ئېكسپورت سوممىسى ئىچىدە پاختىنىڭ 144 مىليون 74 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 89.5% ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە پاختا ئېكسپورت قىلىدىغان 3 كارخانا ئىچىدە 1 - ئورۇنغا ئۆتتى. ئىمپورت سوممىسى ئىچىدە ماشىنا - ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرى سوممىسى 60 مىليون 795 مىڭ 700 دوللارغا يېتىپ، 202.7% ئاشتى. چېگرا سودىسىنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 489 مىليون 551 مىڭ 300 دوللارغا يېتىپ، 96.8% ئاشتى. ئېكسپورت سوممىسى ئىچىدە ساياھەت سودىسىنىڭ 248 مىليون 520 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 130.2% ئاشتى. ئىمپورت سوممىسى ئىچىدە ئاساسلىقى پولات ماتېرىياللىرىنىڭ 55.1%، رەڭلىك مېتالنىڭ 189.9% ئاشتى. پۈتۈن ساھەنىڭ پايدا سوممىسى 72 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 65.4% ئاشتى.

2000 - يىلى بىڭتۈەن بويىچە ئىمزالانغان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تۈرى 54، سوممىسى 1 مىليارد 593 مىليون يۈەن بولۇپ، باشقا ئۆلكىلەردىن 417 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى. شۇ يىلى ئەمەلىي ئىجرا قىلىنغىنى 61 تۈر بولۇپ، سوممىسى 1 مىليارد 655 مىليون يۈەنگە يەتتى. 38 ئىقتىسادىي ھەمكارلىق توختامى ئىمزالاندى، بۇ توختاملارنىڭ سوممىسى 1 مىليارد 76 مىليون يۈەن؛ 41 توختام ئىجرا قىلىندى، سوممىسى 1 مىليارد 125 مىليون يۈەنگە يەتتى. بىر مىليون يۈەندىن يۇقىرى مەبلەغ سېلىنىدىغان تۈرلەر 35 بولۇپ، جەمئىي 810 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، 752 مىليون يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى.

2000 - يىلى بىڭتۈەن بويىچە 57 ساياھەتچىلىك كارخانىسى بولۇپ، كىرىمى 419 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 49.9% ئاشتى، تۇراقلىق مۈلكى 1 مىليارد 63 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە، بار بولغان كەسپكارلىرى 4493 كە يەتتى. ساياھەت ئورۇنلىرىنىڭ كۆلىمى ئۈزلۈكسىز زورايدى، ئۇلارنىڭ سانى 1999 - يىلدىكى 9 دىن 24 كە كۆپەيدى، ئۆمەك - گورۇپپا بويىچە كۈتۈۋېلىنغان مەملىكەت ئىچىدىكى ساياھەتچىلەر 20 مىڭ 938 ئادەم (قېتىم) غا يېتىپ، 103.3%، 85 مىڭ 649 ئادەم (كۈن) گە يېتىپ، 139.6% ئاشتى؛ كۈتۈۋېلىنغان چەت ئەللىك ساياھەتچى 47 مىڭ 656 ئادەم (قېتىم) غا يېتىپ، 70.2%، 147 مىڭ

865 ئادەم (كۆن) گە يېتىپ، %56.6 ئاشتى. يارىتىلغان تاشقى پېرېۋوت 22 مىليون 250 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %292.4 ئاشتى. يېمەك - ئىچمەك ساھەسى تېز تەرەققىي قىلدى، شۇ يىلى يۇلتۇزلۇق مېھمانخانىدىن 7 سى يېڭىدىن قۇرۇلۇپ، 1999 - يىلدىكى 13 تىن 20گە يەتتى، مېھمانخانىلاردىكى ياتاق 3151 گە، كارىۋات 7381گە، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 147 مىليون 138 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

6. يەن - تېخنىكا 2000 - يىلى 45 تۈرلۈك نەتىجە بىڭتۈەن بويىچە يەن - تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە بىڭتۈەننىڭ 1 - دەرىجىلىك يەن - تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكىنى 3، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 16، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 26.

2000 - يىلى بىڭتۈەن بويىچە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا خادىملار 136 مىڭغا يەتتى. تۈەن (زاۋۇت) تىن يۇقىرى يەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى 120گە، ئالىي مەكتەپلەر قۇرغان يەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى 4كە، چوڭ، ئوتتۇرا سانائەت كارخانىلىرى قۇرغان يەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى 17گە، يەن - تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار 4500 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىم ۋە ئىنژېنېرلار 2250.

يەن - تېخنىكا خىراجىتى كۆپەيتىلدى، يەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش - قوللىنىش خىزمىتىدە نەتىجىلەر كۆرۈنەرلىك بولدى. 2000 - يىلى بىڭتۈەننىڭ يەن - تېخنىكا خىراجىتى 67 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %14.1 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە بىڭتۈەن دەرىجىلىك تەتقىقات تېمىسىنىڭ ھەربىر تۈرىگە 38 مىڭ يۈەندىن مەبلەغ سېلىندى. سانائەت يەن - تېخنىكا تەرەققىياتى قەرز پۇلى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بىڭتۈەن دەرىجىلىك يەن تەتقىقات تۈرى 33 بولۇپ، بۇلارغا 145 مىليون 220 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە قەرز پۇل مەبلىغى 82 مىليون 450 مىڭ يۈەن. بۇ ئارقىلىق ئومۇملاشتۇرۇلغان يېڭى مەھسۇلات تۈرى ۋە يېڭى تېخنىكا 19 تۈرلۈك بولۇپ، قوشۇلغان مەھسۇلات قىممىتى 880 مىليون يۈەنگە يەتتى.

يەن - تېخنىكا جەھەتتە ئۈلگە كۆرسىتىدىغان تۈەن - مەيدانلارنىڭ قۇرۇلۇشى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. بىڭتۈەن ۋە شى دەرىجىلىك يەن - تېخنىكا جەھەتتە ئۈلگە كۆرسىتىش تۈەن - مەيدانلىرى كۆپىيىپ 60قا، ليەندۈي 510 غا، گۇرۇپپا - ئائىلە 13 مىڭغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىڭتۈەن تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋالغان «بىڭتۈەن بويىچە يەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىشتىكى ئىلغار تۈەن - مەيدان» دېگەن نامغا ئېرىشكىنى 20.

7. مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە ۋە تەنتەربىيە

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىڭتۈەندە بار بولغان ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 2، چوڭلار ئالىي مەكتىپى 3، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم 8، چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى 23، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 293، باشلانغۇچ مەكتەپ 463. ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرس سىنىپلىرىغا 3700 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، %63.9 ئاشتى، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 2101 بولۇپ، %19.4 ئازايدى، ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 11 مىڭ 735كە يېتىپ، %13.2 ئاشتى؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا 2458 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، %9.8 كېمەيدى، ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر 2178 گە يېتىپ، %37.9 ئاشتى؛ ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 7820 گە يېتىپ، %3.9 ئاشتى؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 52 مىڭ 218گە يېتىپ، %15.1 ئاشتى، ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر 30 مىڭ 380 بولۇپ، %0.1 كېمەيدى، ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 129 مىڭ 812گە يېتىپ، %13 ئاشتى؛ ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 45 مىڭ 671 بولۇپ، %2.2 كېمەيدى، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 41 مىڭ 124 كە يېتىپ، %16.2 ئاشتى، ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 288 مىڭ 707گە يېتىپ، %0.3 ئاشتى. 2000 - يىلى 11 دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۈەن - مەيداننىڭ «ئىككى ئاساسەن» جەھەتتىكى ئومۇمىي پىلان ۋەزىپىسى ۋە 23 دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۈەن - مەيداننى قايتا مۇپەتتىش قىلىش خىزمىتى تاماملاندى. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر بىڭتۈەندىكى 174 دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۈەن - مەيداندىن 123ى «ئىككى ئاساسەن» ئۆلچىمىگە يېتىپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىنىڭ «ئىككى ئاساسەن» بويىچە ئاھالىنى قاپلاش نىسبىتى %81كە يەتتى. باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %99.07 بولۇپ، ئوقۇشتىن توختاش نىسبىتى %0.2كە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىش ئومۇمىي نىسبىتى %102.7 بولۇپ، ئوقۇشتىن توختاپ قېلىش نىسبىتى %1 كە چۈشۈپ قالدى؛ مېيىپ بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %82.6 كە يەتتى؛ ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى %98تىن يۇقىرى بولۇپ، قايتا ساۋاتسىزلىنىش نىسبىتى %5 ئىچىدە كونترول قىلىندى.

يىل ئاخىرىدا بىڭتۈەندىكى سەنئەت ئۆمىكى 9، ئارخىپ سارىيى 2. بىڭتۈەنگە بىۋاسىتە قاراشلىق تىياتىر ئۆمىكى 500 مەيدان ئويۇن قويدى، تاماشىبىنلار 450 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى. بىڭتۈەن دەرىجىلىك سىنىلىق تېلېۋىزىيە

ئىستانسىدىن بىرى، شى دەرىجىلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىدىن 4ى، رادىئو ئىستانسىدىن 2سى، شى (ئىدارە) سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىدىن 10ى، تۇەن دەرىجىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىدىن 188ى، بېيجىڭ يوللۇق تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىدىن 94ى، چاستوتىسى تېزگىنلىنىدىغان رادىئو ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئىستانسىدىن 99ى بار. بىڭتۇەن بويىچە رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %1. 87 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %9. 90كە، سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونىتلىرى 300 مىڭغا يەتتى. 29 مىليون 400 مىڭ نۇسخا ھەرخىل گېزىت، 1 مىليون 20 مىڭ دانە ھەرخىل ژۇرنال نەشر قىلىندى.

2000 - يىلى بىڭتۇەن بويىچە 665 ھەرخىل سەھىيە ئاپپاراتى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 221، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش —ئانا - باللار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى 77، 17 مىڭ 253 كارىۋات بار. سەھىيە خادىملىرى 27 مىڭ 636 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە سەھىيە تېخنىك خادىملىرى 22 مىڭ 664. ھەر مىڭ كىشىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7 كارىۋات، 9 سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 4 دوختۇر توغرا كېلىدۇ. داۋالاشقا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ قاپلاش نىسبىتى %80دىن ئاشتى. يۇقۇملۇق كېسەللىك ھەققىدىكى يىللىق دوكلاتقا قارىغاندا ھەر 100 مىڭ ئاھالە ئىچىدە كېسەللىك تارقىلىش نىسبىتى 78. 216 ئادەم بولغان، بوۋاق باللارنىڭ ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى ‰57. 15كە چۈشكەن، ھەر 100 مىڭ ھامىلىدار ۋە تۇغۇتلۇق ئايال ئىچىدە ئۆلگەنلەرنىڭ نىسبىتى 45. 45 ئادەم بولغان.

2000 - يىلى بىڭتۇەن بويىچە 2 - قېتىملىق تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزدى، مۇسابىقىگە قاتناشقان ماھىرلار 291 ئالتۇن مېدال، 291 كۈمۈش مېدال، 263 مىس مېدال ئالدى، ئومۇمىي مېدال سانى 2050 كە يەتتى. 166 ئادەم (قېتىم) 27 تۈردە بىڭتۇەن رېكورتىنى بۇزۇۋەتتى. 50 تەنھەرىكەتچى يېنىك ئاتلېتىكىدا دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى ئۆلچىمىگە يەتتى، 7 تەنھەرىكەتچى دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى ئۆلچىمىگە يەتتى، 2 تەنھەرىكەتچى يېنىك ئاتلېتىكىدا دۆلەت ماھىرى دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى ئۆلچىمىگە يەتتى. بىڭتۇەن تۇنجى قېتىم كوماندا تەشكىللەپ شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلگەن 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك مېيىپلار تەنتەربىيە مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇردى، مۇسابىقىگە قاتناشقان ماھىرلار بىر ئالتۇن مېدال، 2 كۈمۈش مېدال، 3 مىس مېدال ئالدى. مەملىكەتلىك بوكس لەۋھە تالىشىش ۋە چېمپىيونلۇق تالىشىش مۇسابىقىسىدە بىڭتۇەندىن بىر كىشى 5 -، بىر كىشى 3 - بولدى. مەملىكەتلىك تېيخۇەنداۋ لەۋھە ۋە چېمپىيونلۇق تالىشىش مۇسابىقىسىدە بىڭتۇەندىن بىر كىشى 5 -، بىر كىشى 7 - بولدى. كۆيتۇڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق تەنتەربىيە مەكتەپلىرى ئارا يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىدە بىڭتۇەن بىر قەدەر ياخشى نەتىجە ھاسىل قىلدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەر تەنتەربىيە پائالىيىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، ئومۇمىي خەلق سالامەتلىك پىلانى پائال يولغا قويۇلدى.

8. مۇھىت ئاسراش بىڭتۇەننىڭ مۇھىت ئاسراش خىزمىتىدە مۇھىت سۈپىتىنى ياخشىلاشنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش خىزمىتى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىش يۈزلىنىشى ئومۇمىي گەۋدە جەھەتتە ئاساسەن كونترول قىلىندى، مۇھىت سۈپىتى ياخشىلاندى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش تەدرىجىي كۈچەيتىلدى، تۈرلۈك خىزمەتلەردە روشەن ئىلگىرىلەشلەر بولدى.

سانائەتنىڭ بۇلغاش مەنبەسى جەھەتتە ئاساسلىق بۇلغىما ماددىلارنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈپ چىقىرىش خىزمىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاندى. 2000 - يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە بىڭتۇەن بويىچە سانائەتنىڭ بۇلغاش مەنبەسى قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، 2000 - يىلى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈلمەكچى بولغان 129 كارخانا ئۆلچەمگە يەتكۈزۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۈزەپ ئۆلچەمگە يەتكۈزۈلگىنى 77، ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىپ تۈزەلگىنى 9، ۋەيران بولغان ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن تەبىئىي توختىغىنى 38، ئىشلەپچىقىرىشقا چەك قويۇش ئارقىلىق ئۆلچەمگە يەتكۈزۈلگىنى بىر، ئۆلچەمگە يەتكەنلىكى ئېتىراپ قىلىنغىنى 4 بولۇپ، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %100 بولدى.

2000 - يىلى بىڭتۇەن چوڭ، ئوتتۇرا قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇھىتقا بولغان تەسىرىنى باھالاشتا %100 لىك ئىجرا قىلىش نىسبىتىنى داۋاملىق مۇستەھكەملەش ئاساسىدا، قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئۈستىدە ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈشكە ئوخشاش ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، ئۆزگەرتىش - كېڭەيتىپ قۇرۇشقا دائىر كىچىك تۈرلەرنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئومۇمىي جەھەتتە ئىجرا قىلىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، سېلىنغان مەبلىغى 10 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان 43 تۈرنىڭ مۇھىتقا بولغان تەسىرىنى باھالاش دوكلاتى ۋە مەلۇمات جەدۋىلىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى، سېلىنغان مەبلىغى 10 مىليون يۈەنگە يەتمەيدىغان 10 تۈرنى، مۇھىت ئاسراشقا دائىر ئىمكانىيەت تەتقىقاتى ۋە دەسلەپكى لايىھە ھۆججەتلىرىدىن 30نى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى، 3 مۇھىت ئاسراش تۈرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، مۇھىتقا بولغان تەسىرىنى باھالاش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىش نىسبىتى %90كە يەتتى.

ستاتىستىكىلىق تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا، بىڭتۈەندە بەرپا قىلىنغان بوستانلىقلارنىڭ كۆلىمى كېڭەيمەكتە، شورلۇق يەرلەرنىڭ كۆلىمى ئازايماقتا، ئوتلاقلارنىڭ كۆلىمى چوڭايماقتا.

**9. پۇل مۇئامىلە ۋە سۇغۇرتا ئىشلىرى** 2000 - يىلى بىڭتۈەن بويىچە تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 17 مىليارد 354 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.2 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە كارخانىلارنىڭ ئامانەت پۇلى 3 مىليارد 405 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %23؛ ئاھالىلەرنىڭ ئامانەت پۇلى 9 مىليارد 76 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %7.6 ئاشتى. تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 11 مىليارد 769 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %6.3 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل 6 مىليارد 217 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %14.9 ئاشتى؛ ئوتتۇرا، ئۇزۇن مۇددەتلىك قەرز پۇل 1 مىليارد 929 مىليون يۈەن بولۇپ، %23.6 ئازايدى.

2000 - يىلى بىڭتۈەننىڭ سۇغۇرتا سوممىسى 53 مىليارد 315 مىليون يۈەنگە يەتتى، سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 383 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %11.9 ئاشتى، سۇغۇرتا كىرىمىنى 1995 - يىلدىكىدىن بىر قاتلاشتىن ئىبارەت كۆرەش نىشانى ئىشقا ئېشىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كەلگەن سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 630 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسىنىڭ كەسپىي كىرىمى 164 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %0.6 ئاشتى؛ مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى كەسپىي كىرىمى 148 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %40.1 ئاشتى؛ ئۆمۈر سۇغۇرتىسىنىڭ كەسپىي كىرىمى 71 مىليون يۈەن بولۇپ، %3.6 كېمەيدى. 3 چوڭ سۇغۇرتا تۈرىنىڭ سۇغۇرتا كەسپىي كىرىم قۇرۇلمىسىنىڭ نىسبىتى 18: 39: 43 بولدى. تۈرلۈك سۇغۇرتا تۆلەم سوممىسى 188 مىليون يۈەن بولدى، ئۇنىۋېرسال تۆلەم نىسبىتى %49 بولۇپ، %20 تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى كەسپىنىڭ تۆلەم سوممىسى 54 مىليون يۈەن، تۆلەم نىسبىتى %36 بولۇپ، 6 پىرسەنت پوئىنت تۆۋەنلىدى؛ ئۆمۈر سۇغۇرتىسى كەسپىنىڭ تۆلەم سوممىسى 21 مىليون يۈەن، تۆلەم نىسبىتى %30 بولۇپ، 5 پىرسەنت پوئىنت تۆۋەنلىدى؛ يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسى كەسپىنىڭ تۆلەم سوممىسى 112 مىليون يۈەن، تۆلەم نىسبىتى %68 بولۇپ، 33 پىرسەنت پوئىنت تۆۋەنلىدى.

**10. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشى** 2000 - يىلى ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش سوممىسى 5 مىليارد 169 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %19.2 ئېشىپ، يېقىنقى 5 يىلدىن بېرى ئېشىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان بىر يىل بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇندىكىلەرنىڭ 5 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، %18 ئاشتى. ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 6763 يۈەن بولۇپ، %24.7 ئاشتى. مال باھاسىنىڭ تۆۋەنلەش ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىي ئاشقىنى %25.4 بولدى.

ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتى ئۈمۈميۈزلۈك تەرەققىي قىلدى. دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلاردىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتى ۋە ئۇلارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدە باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر بىڭتۈەن بويىچە ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىسى بار كارخانا 398، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچى 98 مىڭ 200. باشقۇرۇش كېلىشىمى ئىمزالىغانلىرى 96 مىڭ 100 بولۇپ، 829 مىليون يۈەن تۇرمۇش خىراجىتى تولۇق تارقىتىپ بېرىلدى، تۇرمۇش خىراجىتىنى تولۇق تارقىتىپ بېرىش نىسبىتى %89.2كە يەتتى. پائال ھەم ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىلگىرى سۈرۈلدى. بىڭتۈەن ۋە شىلارغا قاراشلىق كارخانىلاردىكى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەركىزىدىن چىققىنى 19 مىڭ 600 بولۇپ، 12 مىڭ 900 ئادەم قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتى. ئىجتىمائىي كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىدە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش بولدى. 2000 - يىلى سۇغۇرتىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 701 مىڭ، دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققانلاردىن سۇغۇرتىغا قاتناشقانلار 403 مىڭ 600گە يەتتى، يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى پۇلى 117 مىليون 800 مىڭ يۈەن ئىدى، ئەمەلىيەتتە يىغىۋېلىنغىنى 115 مىليون 800 مىڭ يۈەن بولۇپ، يىغىۋېلىنىش نىسبىتى %98.3كە يەتتى. ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى فوندىنى كەينىگە سوزماي ۋاقتىدا تارقىتىپ بېرىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى فوندىنى ۋاقتىدا تولۇق تارقىتىپ بېرىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنىپ، تارقىتىپ بېرىش نىسبىتى %100كە يەتكۈزۈلدى. ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى فوندى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ تارقىتىپ بېرىلىدىغان ئادەم سانى 403 مىڭ 600 بولۇپ، ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ تارقىتىپ بېرىش نىسبىتى %100كە يېتىپ، مەملىكەت بويىچە 3 - ئورۇنغا ئۆتتى. ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىنى ئىسلاھ قىلىش قەدىمى يەنىمۇ تېزلىتىلدى، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىنى يىغىش سالمىقى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. 2000 - يىلى ئىشسىزلىق

سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئادەم سانى 645 مىڭغا يېتىپ، سۇغۇرتىغا قاتنىشىش نىسبىتى 87.6% بولدى.

## يېزا ئىگىلىك 1 - شىسى

1 . سىياسىي كومىسسارى: خۇ چاڭئەن (قوشۇمچە) ؛ شىجاڭى: ۋاڭ خۇڭنيەن؛ سىياسىي كومىسسارى: جاڭ گۇاڭيۇڭ؛ مۇئاۋىن شىجاڭلىرى: لى زېكاڭ، ياڭ خەيخەن، ليۇ دېفاڭ، شېن شياۋۋېن؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلىرى: ئابدۇراخمان روسۇل، جاڭ شىنرۇڭ (ئاپال) ، ۋاڭ پىڭخەي.

شىنىڭ 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 267 مىڭ 600 بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 2.96% كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپال 12 مىڭ 900، خەنزۇ 252 مىڭ. ئاز سانلىق مىللەت 15 مىڭ 600. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 6.53%، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 2.81%. شىغا قاراشلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۇەن - مەيدانى 16، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سانائەت، قاتناش، بىناكارلىق، سودا كارخانىسى 20، يىل ئاخىرىدا ئىش ئورنىدىكى ئەمگەك كۈچى 116 مىڭ 800.

2000 - يىلى شىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 2 مىليارد 236 مىليون يۈەنگە يېتىپ (شۇ يىلدىكى باھا بويىچە، تۈۋەندىمۇ شۇنداق) ، 1999 - يىلدىكىدىن 10.5% ئاشتى (1999 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) . بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 209 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 484 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 543 مىليون يۈەن. شىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 523 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 390 مىليون يۈەن، ئورمانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 12 مىليون 880 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 116 مىليون يۈەن، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون 300 مىڭ يۈەن. بۇ يىلدا دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 124 مىڭ 900 گېكتار بولدى. 165 مىڭ توننا ئاشلىق، 163 مىڭ 986 توننا پاختا، 562 توننا قوغۇن - تاۋۇز ئېلىندى. بۇ يىلى 1363 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 1 مىليون 233 مىڭ 700 تۈپ كۆچەت تىكىلدى. ئەمەلىي بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 124 مىڭ 900 گېكتارغا يەتتى. يىل ئاخىرىدا قولدا 370 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى، 11 مىڭ 232 توننا گۆش، 701 توننا قوي يۇڭى، 1817 توننا سۈت، 1636 توننا تۇخۇم، 652 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. شى بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى 208 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى، 57 مىڭ 500 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، 119 مىليون 230 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى. ئوتتۇرا - تۆۋەن ھوسۇللۇق يەرلەرنى ئۆزگەرتىش ۋە سۇ تېجەشكە 103 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

شىنىڭ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 355 مىليون يۈەنگە يەتتى. سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 30 مىليون يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 905 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى مىقدارى جەھەتتە 180 مىڭ 794 توننا ساپ پاختا، 51 مىڭ 32 توننا گۇرۇچ، 4300 توننا ئاق ئۇن، 24 مىڭ 946 توننا سۇ يېغى، 534 توننا ئاق ھاراق، 30 مىڭ 45 توننا يەم - خەشەك، 18 مىڭ 900 توننا پاختا يىپ، 6 مىليون 190 مىڭ مېتىر رەخت، 95 مىڭ 92 توننا كۆمۈر، 233 مىليون 960 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 10 مىڭ 497 توننا سۇلفات كىسلاتاسى، 3688 توننا يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان خىمىيىۋى ئوغۇت، 8444 توننا سۇلياۋ ياسالمىلىرى، 573 مىڭ توننا سېمونت، 185 مىليون 540 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى.

بىناكارلىق - قۇرۇلۇشنىڭ قوشۇلما قىممىتى 129 مىليون يۈەنگە يەتتى. قۇرۇلۇش قىلىش قىممىتى 601 مىليون يۈەنگە، پۈتكەن قۇرۇلۇش قىممىتى 400 مىليون يۈەنگە يەتتى. سېلىنغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 640 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى، پۈتكەن كۆلىمى 597 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، 24.4% ئازلاپ كەتتى. مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ يىللىق پايدىسى 5 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

تۇراقلىق مۇلۈككە 805 مىليون 510 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 161 مىليون 800 مىڭ يۈەن، يېزا ئىگىلىكى ۋە سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 182 مىليون 750 مىڭ يۈەن، تاشيول قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 45 مىليون 380 مىڭ يۈەن، ئوبوروت ۋە باشقا ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە سېلىنغىنى 28 مىليون 460 مىڭ يۈەن، ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 242 مىليون 150 مىڭ يۈەن، مەدەنىيەت، سەھىيە قاتارلىق ئىجتىمائىي تەرەققىيات قۇرۇلۇشىغا سېلىنغىنى 44 مىليون 530 مىڭ يۈەن.

ترانسپورت كەسپىنىڭ 2000 - يىللىق قوشۇلما قىممىتى 50 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە، يۈك ئوبوروت مىقدارى 357 مىليون 261 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت

مىقدارى 180 مىليون 953 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى.

شى بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 469 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇنلارنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 188 مىليون يۈەن، يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكىلەرنىڭ 281 مىليون يۈەن. تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 13 مىليون 200 مىڭ دوللارغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 12 مىليون 990 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 210 مىڭ دوللار.

2000 - يىلى شى بويىچە ئامانەت پۇل قالدۇقى 301 مىليون يۈەنگە يەتتى. جەلپ قىلىنغان مۇغۇرتا سوممىسى 6 مىليارد 214 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 46 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا تۆلەم سوممىسى 14 مىليون 700 مىڭ يۈەن بولدى.

2000 - يىلى شى بويىچە پەن - تېخنىكا تەتقىقات تېمىسىدىن 40ى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك تۈرى 23 بولۇپ، 1 مىليون 232 مىڭ يۈەن خىراجەت ئاجرىتىلدى. بىڭتۈەننىڭ تۈر پىلانىغا كىرگۈزۈش ئىلتىماس قىلىنغان تۈر 7، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ تېمىسى 2. شىنىڭ باھالىشىدىن ئۆتكەن پەن تەتقىقات مۇۋەپپەقىيىتى 7؛ بىڭتۈەننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى بىر، 3 - رىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 2.

شى بويىچە تۈرلۈك مەكتەپ 80 بولۇپ، ئوقۇغۇچىسى 59 مىڭ 262. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ 26، ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 922؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 50، ئوقۇغۇچىسى 42 مىڭ 709؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم 3، ئوقۇغۇچىسى 328. مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 2354. ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %99.7. 1 - تۈەن - مەيدان بىلەن 12 - تۈەن - مەيدانىنىڭ ئۇسسۇرلەر مەدەنىيەت باغچىسى دۆلەت دەرىجىلىك «مۇنەۋۋەر ئۇسسۇرلەر مەدەنىيەت باغچىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى. تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى تارقىتىش ئىستانسىسىدىن بىرى، ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسىدىن 9ى بار بولۇپ، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە يەتتى؛ رادىئو ئىستانسىسىدىن بىرى، چاستوتىسى تىزگىنلىنىدىغان رادىئو ئىستانسىسىدىن 14 ى؛ سىملىق رادىئو ئىستانسىسىدىن 17 سى بار. 2000 - يىلى «تارىم گېزىتى» ھەر ھەپتىدە 4 سان چىقىشقا ئۆزگەرتىلدى، شۇ يىلى 115 سان چىقىرىلىپ، 1 مىليون 150 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى؛ «تارىم خوجايىنلىرى گېزىتى» 36 سان چىقىرىلىپ، 175 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى. شى بويىچە 40 ھەرخىل سەھىيە ئاپپاراتى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 21 دوختۇرخانا، 19 سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش - ساقلىقنى ساقلاش پونكىتى، 2602 سەھىيە تېخنىك خادىمى، 2254 كارىۋات بار. پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى %99.7كە، كېچىكىپ توي قىلىش نىسبىتى %80.9كە يەتتى.

2000 - يىلى شى بويىچە ئەمگەكچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 9937 يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 5478 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق مائاش خاراكتېرلىك پۇل كىرىمى 8575 يۈەنگە يەتتى. شى بويىچە سۇغۇرتا فوندىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تەييارلاشقا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 70 مىڭ 700گە، پېنسىيىگە چىققانلار 44 مىڭ 800گە يەتتى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پاشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلى، خىزمەت ئۈستىدە يارىلانغانلارنىڭ تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش پۇلىنىڭ يىغىلىش نىسبىتى %100، ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلىنى تارقىتىش - ئوبوروت قىلىش نىسبىتى %100 بولدى.

نيۇ خەيجۈن

## يېزا ئىگىلىك 2 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسارى: فېڭ جىمىڭ (قوشۇمچە)؛ شىجاڭى: سوڭ جيەنيې؛ سىياسىي كومىسسارى: گې جېڭفا؛ مۇئاۋىن شىجاڭلىرى: دېڭ سۇڭگو، جاڭ فېڭ (موڭغول)، گۇشاڭگۇڭ، جاڭ شيۇلىڭ (ئايال)؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلىرى: ئابلەت ياقۇپ، سۈي يۈشىن (8 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جو دېچېن، راخمان كېرەم (10 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى).

شىنىڭ 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 195 مىڭ 600، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 91 مىڭ 500؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر 6250. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰7.93، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰2.97 بولدى. يىل ئاخىرىدا ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 59 مىڭ 800. شىغا قاراشلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانى 17، دۆلەت ئىلكىدىكى مۇستەقىل ھېساب قىلىدىغان سانائەت كارخانىسى 11، بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش كارخانىسى 4، ترانسپورت كارخانىسى بىر، سودا كارخانىسى 5.

2000 - يىلى شى بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 466 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 543 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 419 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 504 مىليون يۈەن.

شى بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد

93 مىليون يۈەنگە يەتتى. 64 مىڭ گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلىپ، 91 مىڭ 400 توننا ئاشلىق، 36 مىڭ توننا پاختا، 345 مىڭ 600 توننا قىزىلچا، 215 مىڭ 800 توننا يەمدۇر ئېلىندى. 788 گېكتار ئورمان بەرپا قىلىندى. شى بويىچە مېۋىلىك باغ كۆلىمى 7855 گېكتارغا يەتتى، شۇ يىلى يېڭىدىن كۆپەيگىنى 793 گېكتار، مېۋە - چېۋە مەھسۇلاتى 46 مىڭ 800 تونىغا، باغۋەنچىلىك مەھسۇلات قىممىتى 93 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا قولدا 282 مىڭ 900 تۇياق چارۋا قالدى. 7678 توننا گۆش، 2629 توننا سۈت، 529 توننا قوي يۇڭى، 1092 توننا تۇخۇم، 1431 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 118 مىليون يۈەنگە يەتتى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى 131 مىڭ 900 كىلوۋاتقا يەتتى. دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا 22 مىڭ 900 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇت ھېسابىدا)، 92 مىڭ 180 كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى. سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا 214 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 30 مىليون كۇب مېتىر سۇ كۆپەيتىلدى ۋە تېجەلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 357 مىليون يۈەنگە، تىجارەت كىرىمى 323 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 138 مىليون يۈەنگە، ئالغان پايدىسى 50 مىليون يۈەنگە، تاپشۇرغان بېجى 14 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 289 مىليون يۈەنگە يەتتى. 318 مىڭ 100 توننا كۆمۈر، 48 مىڭ 300 توننا تاش پاختا، 96 مىڭ 100 توننا سېمونت، 946 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 14 مىڭ 443 توننا پاختا يىپ، 16 مىليون 471 مىڭ 90 مېتىر پاختا رەخت، 4000 توننا فابرىكا قەغىزى ۋە تاختا قەغەز، 23 مىڭ 100 توننا يەمدۇر قىيامى، 7274 توننا سۇ يېغى، 39 مىڭ 900 توننا شېكەر، 2706 توننا ئىسپىرت ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق - قۇرۇلۇشنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 306 مىليون يۈەنگە، پۈتكەن قۇرۇلۇشلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 301 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 360 مىڭ 800 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 277 مىڭ 400 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

ترانسپورت ساھەسىدىكى يۈك ئوبوروت مىقدارى 261 مىليون توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 85 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى.

شۇ يىلى ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 489 مىليون يۈەنگە يەتتى. شى بويىچە توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسىدىكى تاۋار سېتىش سوممىسى 467 مىليون يۈەنگە يەتتى.

يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ بايىنغولىن ئوبلاستلىق بېگىتۈەن تارماق بانكىسىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 502 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇلى 964 مىليون يۈەن، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئامانەت پۇلى 228 مىليون يۈەن، باشقا ئامانەت پۇل 310 مىليون يۈەن، يىل ئاخىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 101 مىليون يۈەن.

شى بويىچە سۇغۇرتا سوممىسى 2 مىليارد 298 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 38 مىليون يۈەنگە يەتتى، 19 مىليون يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

شى بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 616 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇنلارنىڭ سالغىنى 595 مىليون يۈەن، خۇسۇسىيلارنىڭ سالغىنى 19 مىليون يۈەن.

شى بويىچە ھەرخىل پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە ئاپپاراتلىرى 36، ھەرخىل كەسپىي تېخنىك خادىم 11 مىڭ 100 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار 783. 55 تۈر بويىچە تۈرلۈك تەتقىقات، تەرەققىيات ۋە كېڭەيتىش ئىشلىرى قانات يايدۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 4-تۈردىكى پەن - تېخنىكا نەتىجىسى بېگىتۈەننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا، 13 تۈر شىنىڭ پەن -تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شى بويىچە پەن تەتقىقات نەتىجىسىدىن 13ى كېڭەيتىلىپ، 20 مىليون يۈەنلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. شى بويىچە پەن - تېخنىكا خىراجىتىگە 16 مىليون 604 مىڭ 100 يۈەن ئاجرىتىلدى.

شى بويىچە چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومىدىن 2سى، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكومىدىن بىرى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن 4ى، شىغا بىۋاستە قاراشلىق كەسپىي تولۇق ئوتتۇرىدىن بىرى، باشلانغۇچ مەكتەپتىن 40ى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن 22سى بار، ئوقۇۋاتقان باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 26 مىڭ 397، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 45، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 2977. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر 2867. بالىلار باغچىلىرىدىكى بالىلار ۋە ئۆسمۈرلەر (تەييارلىق سىنىپىدىكىلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 5011. 13 - تۈەن - مەيدان «ئىككى ئاساسەن» بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى، 4 تۈەن - مەيداننىڭ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتى بويىچە قايتا تەكشۈرۈپ مۇپەتتىش قىلىش ۋە قايتا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتى تاماملاندى. 3 ئورۇن ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىيەتلىك ئورۇن دېگەن نامغا، 9 ئورۇن ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بېگىتۈەنى بويىچە مەدەنىيەتلىك ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى. دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىغا «مەملىكەت بويىچە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىدىكى

ۋىلايەت دەرىجىلىك ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامنى بەردى، مەملىكەتلىك ئىقتىسادىي ئورمان جەمئىيىتى يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىغا «كورلا نەشپۈتى ماكانى» دەپ نام بەردى. شى بويىچە 153 پارچە ماقالە مەركەز دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللاردا، 1926 پارچە ماقالە ئۆلكە دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. «بوستان گېزىتى» 101 سان نەشر قىلىندى، 1 مىليون 36 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى. شى بويىچە تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى ئۇلاپ تارقىتىش تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن 11ى، سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن 9ى، كۈچەيتىش ئىستانسىسىدىن 20سى، سىملىق رادىئو ئۈزەلىدىن 23ى، چاستوتىسى تېزگىنلىنىدىغان رادىئو ئىستانسىسىدىن 26سى بار. شى بويىچە تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 98.3%كە، رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 92.2%كە يەتتى. شى بويىچە 43 ھەرخىل سەھىيە ئاپپاراتى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 25 دوختۇرخانا، 16 ساقلىقنى ساقلاش ئورنى، بىر يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، 1713 كارىۋات بار. سەھىيە خادىمى 2611، بۇنىڭ ئىچىدە سەھىيە تېخنىك خادىمى 2274.

2000 - يىلى ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش سوممىسى 380 مىليون يۈەن، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 6067 يۈەن بولدى. پۈتۈن شى دائىرىسىدە پاشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تەييارلاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، 56 مىڭ 900 ئىشچى - خىزمەتچى بىر تۇتاش تەييارلاشقا قاتناشتۇرۇلدى.

سەي چىشۇ

## يېزا ئىگىلىك 3 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسارى: ياۋ يۇڭفېڭ (قوشۇمچە)؛ شىجاڭى: ليۇ شىنچى؛ سىياسىي كومىسسارى: ماۋ خېن؛ مۇئاۋىن شىجاڭلىرى: قادىر بەكرى، يەن شيۇيې، خې ۋېي، كوڭ شىگلۇڭ؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلىرى: ھامۇتجان ئۆكتەم، لى چۈەنشيۇ (ئاپال).

شىنىڭ 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 179 مىڭ 311. بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 97 مىڭ 429، ئاپال 81 مىڭ 882؛ خەنزۇ 90 مىڭ 362، ئۇيغۇر 86 مىڭ 718، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر 2231. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9.6‰، ئۆلۈش نىسبىتى 3.4‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 6.2‰ بولدى. دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار 91، يىل ئاخىرىدىكى كەسپكارلار 70 مىڭ 248.

2000 - يىلى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 851 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 434 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 189 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 228 مىليون يۈەن.

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 18 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقنىڭ 854 مىليون 30 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 9 مىليون 650 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 143 مىليون 100 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 4 مىليون 50 مىڭ يۈەن. 64 مىڭ 700 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 70 مىڭ 895 توننا ئاشلىق، 58 مىڭ 889 توننا پاختا، 3497 توننا ياغلىق دان، 42 مىڭ 414 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. شۇ يىلى 1410 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، پارچە - پۇرات يەرلەرگە 490 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. يىل ئاخىرىدا قولدا 565 مىڭ 400 تۇياق چارۋا قالدى، 11 مىڭ 420 توننا گۆش، 545 توننا قوي يۇڭى، 4227 توننا سۈت، 1625 توننا تۇخۇم، 12 توننا ھەسەل، 115 كىلوگرام بۇغا مۈڭگۈزى ئېلىندى، 598 توننا بېلىق تۇتۇلدى. يىل ئاخىرىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى قۇۋۋىتى 104 مىڭ 700 كىلوۋاتقا يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا يېزا ئىگىلىكىدە 41 مىڭ 600 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت (ئەمەلىي سان)، 2887 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 6142 توننا دىزېلىن، 619 توننا دېھقانچىلىق دورىسى ئىشلىتىلدى.

شى بويىچە 2133 يېزا - بازار كارخانىسى بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 94 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە، پايدا ۋە بېجى 10 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شى بويىچە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 223 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەتنىڭ 134 مىليون 820 مىڭ يۈەن، ئېغىر سانائەتنىڭ 89 مىليون 130 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى مىقدارى جەھەتتە 13 مىڭ 670 توننا كۆمۈر، 1 مىليون 656 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 2900 توننا ئۇن، 8769.7 توننا سۇ يېغى، 55 مىڭ 903.6 توننا ساپ پاختا، 219 توننا ئىچىملىك ۋە ھاراق، 108 مىليون 40 مىڭ دانە خىش، 41 مىڭ توننا سېمونت، 2812 توننا سۇلياۋ پاسالمىلىرى، 584 توننا چۈچۈكبۇيا مەلھىمى ئىشلەپچىقىرىلدى.

شى بويىچە بىناكارلىق - قۇرۇلۇش قىممىتى 268 مىليون 8000 يۈەنگە، پۈتكەن قۇرۇلۇش قىممىتى 231 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

تاشيول ترانسپورت كارخانىلىرىنىڭ مۇشۇ بىر يىلدىكى يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 47 مىليون 872 مىڭ ئادەم -

كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 159 مىليون 521 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، ترانسپورت تىجارىتى كىرىمى 65 مىليون 755 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

تۇراقلىق مۈلۈككە 471 مىليون 820 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 332 مىليون 930 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 110 مىليون 780 مىڭ يۈەن.

ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 250 مىليون يۈەنگە، يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ پارچە سېتىش سودىسى ۋە يېمەك - ئىچمەك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تور - نۇقتىلىرى 1437گە، كەسپكارلار 2278گە يەتتى. تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 10 مىليون 150 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 5 مىليون 119 مىڭ 500 دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 5 مىليون 30 مىڭ 400 دوللار.

شى بويىچە سۇغۇرتا سوممىسى 258 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 19 مىليون 986 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى. تۈرلۈك سۇغۇرتا تۆلەم دېلوسىدىن 2035ى بىر تەرەپ قىلىنىپ، 8 مىليون 122 مىڭ 100 يۈەن تۆلەم بېرىلدى.

شى بويىچە چۈشۈرۈلگەن پەن تەتقىقات تېمىسى 78 تۈرلۈك بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ تەتقىقات تېمىسى 2، بىڭتۈەننىڭ تەتقىقات تېمىسى 9. 2 تۈر بىڭتۈەن پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتۈپ، بىر تۈر بىڭتۈەن پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. مۇشۇ يىلدا ھەرخىل تېخنىكىلىق تەربىيىلەش كۇرسىدىن 358 قارار ئېچىلىپ، 45 مىڭ 320 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى؛ «پەن - تېخنىكا ئۈچۈرى» دىن 12 سان چىقىرىلدى. پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى، يېڭى تېخنىكىلارنى كېڭەيتىش، پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش باغچىسى قۇرۇلۇشىدىمۇ مەلۇم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

شى بويىچە 104 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ 73، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 24، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2، مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 5. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 2751 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 2208 (باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 1539، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 515). ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 40 مىڭ 957. باللار باغچىسى 15 بولۇپ، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 141، باللار باغچىسىدىكى بالا 2932.

«يەكەن گېزىتى» بىر يىلدا 100 سان نەشر قىلىنىپ، 500 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى. ھەر قايسى تۈەن - مەيدانلاردا 195 مەيدان - قېتىم ئويۇن كۆرسىتىلىپ، تاماشىبىنلار سانى 155 مىڭغا يېقىنلاشتى. شى بويىچە 52 كۇتۇپخانا بولۇپ، ساقلانغان كىتابلار 180 مىڭ دانىگە يېتىدۇ. ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەدەنىي پائالىيەت مەركىزى 14 كە، ليەن - دۈيلەرنىڭ مەدەنىي پائالىيەت ئۆيى 110غا يەتتى. 114 مەيدان (قېتىم) كىنو قويۇلدى، ئۇنى كۆرگۈچىلەر 20 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى، سۇنئىي ھەمراھ يەر يۈزى ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسىدىن 10ى بار.

شى بويىچە 24 تېببىي داۋالاش ئاپپاراتى، 976 كارىۋات، 1071 سەھىيە تېخنىك خادىمى بار.

شىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش سوممىسى 197 مىليون 277 مىڭ يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 5562 يۈەنگە يەتتى. شى بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 6158 يۈەن بولدى.

يەن شىلىن

## يېڭى ئېگىلىك 4 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسارى: جاڭ گۇلياڭ (قوشۇمچە)؛ شىجاڭى: رېن شۇدۇڭ؛ سىياسىي كومىسسارى: ۋاڭ جوڭۋېي (شىبە، 10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، خۇاڭ چىلۇڭ (10 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن شىجاڭلىرى: ۋېي پاڭ (10 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، رېن مىنمىن، جاڭ يوڭ، لۇ شياۋفىڭ (10 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، جاڭ ۋېيمىن؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى: باي دۆلەت (قازاق).

شىنىڭ 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 214 مىڭ 233، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 110 مىڭ 860، ئايال 103 مىڭ 373؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر 38 مىڭ 562. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 10.46‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 6.16‰ بولدى. يىل ئاخىرىدا دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇنلارنىڭ ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 73 مىڭ 836. شى بويىچە 21 دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانى، 20 مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كارخانا بار (مانائەت كارخانىسى 9، ترانسپورت كارخانىسى 2، بىناكارلىق كارخانىسى بىر، سودا كارخانىسى 5، مۇلازىمەت كارخانىسى 3).

شىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 495 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 11.3% ئاشتى،

1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 563 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 464 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 468 مىليون يۈەن.

يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 40 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى 106 مىڭ گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى (ئېگىزگە تېرىلىدىغانلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تېرىلىپ، 255 مىڭ 208 توننا ئاشلىق، 3240 توننا پاختا، 48 مىڭ 834 توننا ياغلىق دان، 287 مىڭ 284 توننا قىزىلچا، 56 مىڭ 837 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. سۇ مەھسۇلاتى 1971 توننىغا يەتتى. يىل ئاخىرىدا 682 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قولدا قالدى. 13 مىڭ 969 توننا گۆش، 15 مىڭ 720 توننا سۈت، 1802 توننا قوي يۇڭى، 4555 توننا تۇخۇم ئېلىندى.

يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مەھسۇلات قىممىتى 423 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يەتتى بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 208 مىليون 260 مىڭ يۈەن، قوشۇلما قىممىتى 136 مىليون 920 مىڭ يۈەن.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 777 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەتنىڭ 577 مىليون 300 مىڭ يۈەن، ئېغىر سانائەتنىڭ 199 مىليون 810 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلات مىقدارى جەمئىي 427 مىڭ 900 توننا كۆمۈر، 99 مىليون 720 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 217 مىڭ 600 توننا سېمونت، 43 مىڭ توننا كوكس، 2 مىليون 881 مىڭ دانە كۆندىلىك فارفور بۇيۇم، 9600 جۈپ ئاياغ، 527 مىڭ 941 مېتىر خۇرۇم، 9958 توننا شېكەر، 19 مىڭ 711 توننا ئىچىملىك، هاراق، 14 مىڭ 62 توننا سۇ يېغى، 1. 560 توننا سۈت ياساملىرى، 2397 توننا كراخمال، 30 مىڭ 300 توننا ئۇن، 3300 توننا ئىسپىرت ئىشلەپچىقىرىلدى.

بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ساھەسىدە، تۇراقلىق مۈلۈككە 436 مىليون 140 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. شۇ يىلىچە سېلىنغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 577 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 452 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى. پۈتكەن قۇرۇلۇشلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 194 مىليون 810 مىڭ يۈەن بولدى. ئۆي - ئىمارەت بىناكارلىق قۇرۇلۇش كۆلىمى 402 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 259 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

شۇ يىلىچە تۈرلۈك ئاپتوموبىللار 2649 غا يەتتى. يۈك توشۇش مىقدارى 308 مىليون 650 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى توشۇش مىقدارى 244 مىليون 280 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، ترانسپورت ساھەسىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 74 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شۇ يىلىچە توپ ۋە پارچە سېتىش سودا تور - نۇقتىلىرى 2833كە يەتتى. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 490 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ سېتىلىش سوممىسى 545 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىكنىڭ 351 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە، يەككە ئىگىلىكنىڭ 194 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يەتتى. توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسى، يېمەك - ئىچمەك كەسىپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 79 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 12 مىليون 700 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 11 مىليون 190 مىڭ دوللار، ئېكسپورت سوممىسى 1 مىليون 510 مىڭ دوللار، ئېكسپورتتىن 386 مىڭ 100 يۈەن باج قايتۇرۇلدى.

شۇ يىلىچە ئىجتىمائىي كاپالەتلەندۈرۈش فوندىنى يىغىۋېلىش نىسبىتى %100، ئىش ئورنىدا يارىلانغانلارنىڭ تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش فوندىنى يىغىۋېلىش نىسبىتى %100، تۇغۇتنى كاپالەتلەندۈرۈش فوندىنى يىغىۋېلىش نىسبىتى %100 بولدى. شۇ يىلىچە خىيىمخەتەرگە كاپالەتلىك قىلىشنى ھۆددىگە ئېلىش فوندى 5 مىليارد 923 مىليون يۈەنگە يەتتى. ھەر خىل مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە ھۆددىگە ئېلىش فوندى 875 مىليون يۈەنگە، ھەرخىل ئۆمۈر سۇغۇرتىسى بويىچە ھۆددىگە ئېلىش فوندى 488 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىللىق سۇغۇرتا كەسىپىي كىرىمى 32 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بىر تەرەپ قىلىنغان تۆلەم دېلوسى 4459 بولۇپ، ئۇنىڭغا 18 مىليون 340 مىڭ يۈەن تۆلەم بېرىلدى.

شىنجاڭ بىڭتۈەنىدە ئۆتكەن پەن - تېخنىكا نەتىجىسى 2 بولۇپ، شۇ يىلىچە پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتىگە قاتناشقان تېخنىك خادىم 1713 كە يەتتى. پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىلگەن لىيەن 84كە، پەن - گۇرۇپپا 257 گە، ئائىلە 5100 گە يەتتى. پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش كۇرسىدىن 660 قارار ئېچىلىپ، 72 مىڭ 966 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى؛ پەن - تېخنىكا بىلىملىرىدىن زىيەن سىناش مۇسابىقىسى 82 قېتىم ئۆتكۈزۈلۈپ، 6734 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى؛ پەن - تېخنىكا جەمئىيەتكە سىنئالغۇ لېنتىسى 530 قېتىم قويۇلۇپ، ئۇنى كۆرگەن ئادەم 198 مىڭ 683 ئادەم (قېتىم) غا يەتتى. «ئىلىم بوزبەر ئۆزلەشتۈرۈش پەن - تېخنىكىسى» گېزىتى بىر يىلدا 25 مىڭ 158 نۇسخا تارقىتىلدى.

شۇ يىلىچە 33 ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ، 45 باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، 2966 ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 2151. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 24 مىڭ 673، ئوتتۇرا مەكتەپ

ئوقۇغۇچىسى 13 مىڭ 286. ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %95تىن ئاشتى. 2 كەسپىي تېخنىكوم مەكتىپى بار، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى 725كە، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 484 كە، رادىئو - تېلېۋىزىيە تېخنىكومىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 527 گە، يېزا ئىگىلىك رادىئو مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 830غا يەتتى. 737 ئادەم (قېتىم) ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەنلەردىن ئىمتىھان ئېلىشقا تىزىملىتىپ، 147 ئادەم (قېتىم) يەككە پەنلەر بويىچە لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى. 1216 ئوقۇغۇچى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بېرىپ، 816 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، شى بويىچە 19 دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۇەن - مەيدانى 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى، 14 تۇەن - مەيدان بىڭتۇەن تەرىپىدىن لاياقەتلىك بولۇپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. شى بويىچە 91 سەھىيە ئاپپاراتى بار، 23 دوختۇرخانا، بىر يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، بىر شىپاخانا، بىر ساقلىقنى ساقلاش ئورنى، 49 خۇسۇسىي ئامبۇلاتورىيە، 1407 كارىۋات، 1883 سەھىيە تېخنىكا خادىمى شۇنىڭ ئىچىدە (ئاز سانلىق مىللەت سەھىيە تېخنىكا خادىمى 170). شى بويىچە 27 تۇەن دەرىجىلىك ئائىلە مەكتىپى بار، پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى %100، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش نىسبىتى %91كە يەتتى. 17 ئەسەر بىڭتۇەن بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «غەربىي دىيار مەنزىرىسى» فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسىگە تاللاندى. شى سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «يېزا ئىگىلىك 4 - شىسى خەۋەرلىرى» بويىچە 232 قېتىم مەخسۇس پروگرامما ئىشلەپ، 3400 پارچە كۆرۈنۈش بەردى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا 4 - شىغا دائىر 5 خەۋەر ئاڭلىتىلىپ، ھېچقانداق خەۋىرى بولماسلىق ھالىتى بۇزۇپ تاشلاندى؛ 4 - شى ھەققىدە بىڭتۇەن سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا 260، شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا 40 خەۋەر بېرىلدى. «بىڭتۇەن كوممۇنىستلىرى» ناملىق تېلېۋىزىيە مەخسۇس فىلىمى مۇسابىقىسىدە شى سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئەۋەتكەن «چاكارلارنىڭ يۈرەك سۆزى» قاتارلىق 3 ئەسەر 1 -، 2 - ۋە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شى سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ نەق مەيداندىن بىۋاسىتە كۆرسىتىش ۋە نەق مەيداندىن كۆرسىتىشنى كونترول قىلىش سىستېمىسى يىل ئاخىرىدا ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، 1 - قاتارلىق مىكرو دولقۇنلۇق تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى، 5 تۇەن - مەيدان تورلاشتۇرۇلدى، ئۇنىڭ قاپلاش رادىئۇسى 50 كىلومېتىر بولۇپ، پروگراممىلارنىڭ سۈپىتى دۆلەتنىڭ 4 - دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۆلچىمىگە يەتتى. «ئىلى بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى گېزىتى» دىن 149 سان چىقىرىلدى، ھەر سان گېزىت ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9400 نۇسخا تارقىتىلدى، 7 ئەسەر مەملىكەت، ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەننىڭ ياخشى خەۋەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. سىرتقى ئورۇنلاردىكى گېزىت - ژۇرناللاردا 12 مىڭ 231 پارچە ماقالە ئېلان قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدىن 3425 پارچە ماقالە ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى گېزىت - ژۇرناللاردا، 423 پارچىسى مەركەز دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ، بىر قانچە يىلدىن بۇيانقى ئەڭ ياخشى نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى.

كىتاب نامىنى لى تىيېيىڭ يېزىپ بەرگەن، 1 مىليون 200 مىڭ خەتلىك «بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 4 - شىسى تەزكىرىسى» ۋە 5 تۇەن - مەيداننىڭ تەزكىرىسى نەشردىن چىقىپ تارقىتىلدى.

2000 - يىلى شى بويىچە 5 لىيەندۈيگە بىڭتۇەن تەرىپىدىن نام بېرىلدى، ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەن لىيەندۈي 10غا يەتتى، 68 - تۇەن - مەيداننىڭ 8 - لىيەنى، 63 - تۇەن - مەيداننىڭ 11 - لىيەنى مەملىكەت بويىچە 100 نامەيدىكى يېزا - بازارنى تەشۋىق قىلىش مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، مەركەزنىڭ مەبلەغ جەھەتتىن قوللىشىغا ئېرىشتى. 15 ئوقۇغۇچى غەربنى ئېچىش بويىچە ئوقۇشقا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى ياردەم پۇلىغا ئېرىشتى. شى بويىچە نامرات ئائىلارغا ياردەم بېرىش پائالىيەت كۈنى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، 88 ئورۇن ۋە تارماق 140 مىڭ 183 يۈەن پۇل ئىئانە قىلدى، بىڭتۇەن تەرىپىدىن 18 ياشلار كوللېكتىپىغا «مەدەنىي ياشلار كوللېكتىپى» دېگەن نام بېرىلدى، 5 ياش بىڭتۇەن بويىچە «خىزمەت ئورنىدىكى ماھىر ياش» دېگەن نامغا ئېرىشتى، 10 مۇنەۋۋەر شەخس ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەننىڭ تەقدىرلىشى ۋە مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى، 3 ئوقۇغۇچى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» دېگەن نامغا ئېرىشتى، بىر ئىتتىپاق كادىرى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق كادىرى» دېگەن نامغا ئېرىشتى. 64 - تۇەن - مەيداننىڭ 16 - لىيەندىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى مېھرىنىسا خالمۇرات جۇڭگو يېڭى ئۆسمۈرلىرىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى.

2000 - يىلى ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاش خاراكتېرلىك كىرىمى 5224 يۈەنگە، شى بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى (ھويلا - ئارام ئىگىلىكى كىرىمىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) 6185 يۈەنگە يەتتى.

شياۋ يىڭماڭ

## يېزا ئىگىلىك 5 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسارى: ۋاڭ ۋېي (قوشۇمچە)؛

شىجاڭى: يۈ جىجى؛ سىياسىي كومىسسارى: جياڭ جيەنشۈن؛ مۇئاۋىن شىجاڭلىرى: چېرنا (موڭغۇل)، فۇ داچياڭ، ۋاڭ زىدۇ (موڭغۇل)، گو چاۋشۈن؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلىرى: جاڭ شۈنباڭ، جاۋ شىنپىڭ.

شىنىڭ 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 103 مىڭ 800. بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 53 مىڭ 400، ئاپال 49 مىڭ 500، ئاز سانلىق مىللەتلەر 11 مىڭ 500، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 63 مىڭ 400. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9.84‰، ئۆلۈش نىسبىتى 3.42‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 6.42‰.

شىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 719 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 77 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 142 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 200 مىليون يۈەن. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 825 مىليون يۈەن. 49 مىڭ 300 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 58 مىڭ 759 توننا ئاشلىق، 46 مىڭ 297 توننا پاختا، 7036 توننا ياغلىق دان، 91 مىڭ 413 توننا قىزىلچا، 1729 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدىكى بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 7439 گېكتارغا يەتتى، شۇ يىلى يېڭىدىن بەرپا قىلىنغىنى 649 گېكتار. يىل ئاخىرىدا قولدا 280 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى، 5261 توننا گۆش، 722 توننا قوي يۇڭى، 382 توننا بېلىق ئېلىندى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى 111 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 293 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر سانائەتنىڭ 141 مىليون 630 مىڭ يۈەن، يېنىك سانائەتنىڭ 151 مىليون 910 مىڭ يۈەن. 50 مىڭ 200 توننا سېمونت، 157 مىليون 330 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 48 مىڭ 349 توننا پاختا، 3270 توننا پاختا يىپ، 12 مىڭ 958 توننا مۇز يېغى، 12 مىڭ 938 توننا بۇغداي ئۇنى، 2116 توننا سۇلياۋ يوپۇق ئىشلەپچىقىرىلدى.

تاشيول ترانسپورتىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 20 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يۈك ئوبوروت مىقدارى 97 مىليون 890 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 97 مىليون 710 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى.

شى بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 310 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپكە سېلىنغىنى 82 مىليون 910 مىڭ يۈەن، 2 - كەسىپكە سېلىنغىنى 83 مىليون 530 مىڭ يۈەن، 3 -كەسىپكە سېلىنغىنى 57 مىليون 280 مىڭ يۈەن.

بىناكارلىق - قۇرۇلۇشنىڭ قوشۇلما قىممىتى 43 مىليون 950 مىڭ يۈەن، ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمى 194 مىڭ كۋادرات مېتىر بولدى.

ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 205 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تاشقى سودا ئىمپورت قىممىتى 20 مىليون 56 مىڭ دوللار بولدى.

سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 27 مىليون 464 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى، شۇ يىلى 2908 تۆلەم دېلوسى بىر تەرەپ قىلىنىپ، 13 مىليون 341 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

بىر يىلدا 167 تۈر (قېتىم) تەتقىقات تېمىسى ئىشلەندى. PHA گېنىدىن پايدىلىنىپ يېتىشتۈرۈلگەن «9456D» ناملىق پاختا سورتى كېسەللىككە تاقابىلچان، يۇقىرى ھوسۇللۇق، ئەلا سۈپەتلىك بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقلارنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئەلا سورت بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى. جىددىي خاراكتېرلىك يۈرەك تىقىلمىسىنى بايقاپ داۋالاشقا ئوخشاش تېخنىكىلار بىڭتۈەن بويىچە 3 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شىدا 2 ئوتتۇرا تېخنىكوم، 14 ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ، 12 باشلانغۇچ مەكتەپ، 11 باللار باغچىسى بار. ئوقۇغۇچىسى 23 مىڭ 261 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 20، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 7241. ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا 450 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. شىدا 196 سەھىيە ئاپپاراتى، 930 سەھىيە خادىمى، 726 كارىۋات بار. شى بويىچە دەرىجىگە توشقان دوختۇرخانىلارنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 100% بولۇپ، بىڭتۈەن بويىچە «دەسلەپكى سەھىيە ساقلىقنى ساقلاشتىكى ئىلغار شى» دېگەن نامغا ئېرىشتى. شىدا رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن 12سى، سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى قوبۇللاش ئۈسكۈنىسىدىن 47 يۈرۈش، تېلېۋىزىيە ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسىدىن 2 سى بار بولۇپ، 29 قانالدا تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى تارقىتىلىدىغان بولدى. «بورتالا بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش گېزىتى» ھەر ھەپتىدە 2 ساندىن چىقىرىلدى. 89 - تۈەن - مەيداننىڭ باللار باغچىسى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە مامكاپ پىلانىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 3 - قېتىملىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزۈلدى.

78 ئورۇن ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تەييارلاشقا قاتناشتى، سۇغۇرتىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 31 مىڭ 353 كە يەتتى، دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ پېنسىيە سۇغۇرتىسىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تەييارلاشقا قاتناشقانلار 15 مىڭ 730 غا يەتتى. 59 ئورۇن ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، بۇ خىل سۇغۇرتىغا

قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچى 30 مىڭ 654 كە يەتتى. ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى 224 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئومۇمىي خەلق پۇل ئامانىتى 369 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 12% ئاشتى.

شۈ فۇلەي

## يېزا ئىگىلىك 6 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسارى: جېن شېڭخۇي (قوشۇمچە)؛ شىجاڭى: لى يۈڭشيەن؛ سىياسىي كومىسسارى: جۇ جىڭچۈن؛ مۇئاۋىن شىجاڭلىرى: چېن پىڭ (ئايال)، يۈ شاڭجى، شۇ شۈدۇڭ، جاڭ لىنزې؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلىرى: شۇ يىڭجۇ، جاڭ يۈڭ.

شىنىڭ 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 276 مىڭ 300. بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 144 مىڭ 200، ئايال 132 مىڭ 100، خەنزۇ 255 مىڭ 800، ئاز سانلىق مىللەتلەر 20 مىڭ 500؛ يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 176 مىڭ 300. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9.02‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 4.47‰. مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كارخانا، كەسپىي ئورۇن 116، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ئورۇنلىرى 24 (دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانى 19). كەسپكار 99 مىڭ 900.

شىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 723 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 -كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 903 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 320 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 500 مىليون يۈەن.

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 741 مىليون يۈەنگە يەتتى. 160 مىڭ 531 توننا ئاشلىق، 84 مىڭ 13 توننا پاختا، 14 مىڭ 815 توننا ياغلىق دان، 30 مىڭ 471 توننا قىزىلچا، 1330 توننا قۇلماق، 5444 توننا تاۋۇز گازىرى، 73 مىڭ 951 توننا قوغۇن -تاۋۇز، 265 مىڭ 150 توننا كۆكتات (قىيام ئىشلىنىدىغان پەمىدۇرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 2168 توننا مېۋە - چېۋە ئىشلەپچىقىرىلدى. 1560 گېكتار پەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. پارچە - پۇرات يەرلەرگە 704 مىڭ 200 تۈپ كۆچەت تىكىلدى. شۇ يىلى ئېلىنغان كۆچەت 20 مىليون 80 مىڭ تۈپكە، كېسىلگەن ياغاچ 1473 كۇب مېتىرغا يەتتى. يىل ئاخىرىدا قولدا 501 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى. 16 مىڭ 765 توننا گۆش، 4437 توننا سۈت، 847 توننا قوي يۇڭى، 1719 توننا تۇخۇم، 1010 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى 296 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى، يېزا ئىگىلىككە 5884 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 35 مىڭ 903 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇت ھېسابىدا)، 17 مىڭ 492 توننا دىزېلىن، 27.883 توننا دېھقانچىلىق دورىسى (ناتۇرال مىقدار)، 236 مىليون 900 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى.

سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 210 مىليون يۈەنگە يەتتى. سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 723 مىليون يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ 652 مىليون يۈەن، كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى ئورۇنلارنىڭ 8 مىليون يۈەن، يەككە ئىگىلىكتىكىلەرنىڭ 63 مىليون يۈەن. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى جەمئىي 898 مىڭ 700 توننا كۆمۈر، 87 مىڭ 400 توننا كوكس، 114 توننا ئىچىملىك ھاراق، 31 مىڭ 100 توننا بۇغداي ئۇنى، 28 مىڭ 600 توننا سۇ يېغى، 11 مىڭ 500 توننا پەمىدۇر قىيامى، 1 مىليون 910 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 81 مىڭ 700 توننا ساپ پاختا، 12 مىڭ 100 توننا پاختا يىپ، 4438 توننا يېرىكمە كىر يۇيۇش سۇيۇقلۇقى، 7533 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 10 مىڭ 200 توننا سېمونت، 409 مىڭ يۈگەم ماي قەغەز، 3288 توننا يەم - خەشەك، 1 مىليون 480 مىڭ مېتىر رەخت، 2599 توننا فابرىكا قەغىزى ۋە قەغەز پەنەركە، 1344 دانە سۇ پومپىسى ئىشلەپچىقىرىلدى.

شى بويىچە بىناكارلىق - قۇرۇلۇشنىڭ قوشۇلما قىممىتى 110 مىليون يۈەنگە يەتتى. بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ ئۆزلىرى قىلغان قۇرۇلۇشنىڭ قىممىتى 240 مىليون يۈەنگە، پۈتكەن قۇرۇلۇشنىڭ قىممىتى 206 مىليون يۈەنگە؛ ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمى 289 مىڭ 800 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 148 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا يەتتى؛ يەككە قۇرۇلۇش 354 كە، پۈتكەن قۇرۇلۇش 324 كە يەتتى.

شى بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 633 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 265 مىليون يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 307 مىليون يۈەن، باشقىلارغا سېلىنغىنى 19 مىليون يۈەن، خۇسۇسىيلار سالغىنى 43 مىليون يۈەن.

شى بويىچە يىل ئاخىرىدىكى ھەرخىل ئاپتوموبىل 2822 بولۇپ، ترانسپورت قوشۇلما قىممىتى 62 مىليون يۈەنگە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 736 مىليون 650 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 266 مىليون 260 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا يەتتى. غەيرىي دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئىگىلىكنىڭ قوشۇلما قىممىتى 132 مىليون يۈەنگە يەتتى. شى

بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 583 مىليون يۈەنگە، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 483 مىليون يۈەنگە يەتتى.

تۆر تۈرگۈزۈلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۈرلۈك پەن - تېخنىكا تۈرى 75 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى بىر، بىڭتۇەننىڭ ھەرخىل پەن تەتقىقات تېمىسى ۋە تەتقىقات تۈرى 12. پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىكىنىڭ ئۆتكەلگە نۇقتىلىق ھۇجۇم قىلىش تۈرى بولغان «1 مىليون مو (66 مىڭ 700 گېكتار) كېۋەزلىكتىن 100 كىلوگرامدىن ھوسۇل ئېلىشنى ئومۇملاشتۇرۇش تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش» تۈرى ۋە بىڭتۇەننىڭ نۇقتىلىق تەتقىقات تېمىسى بولغان «قوغۇندا كۆرۈلىدىغان كېسەللىك - زىيانداشلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش»، «قىزىلبايراق دېھقانچىلىق مەيدانىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش»، «قوغۇن - تاۋۇزنىڭ يېڭى سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش»، «كارخانىلاردىكى پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنىڭ ئۈنۈم بېرىش ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش»، «تۇپراقنى ئۆلچەپ تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ ئوغۇتلاش»، «تەدبىرلەشتۈرۈلگەن يېزا ئىگىلىك ستېپمىسى»، «يېڭى پاختا سورتىنى كىرگۈزۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش» قاتارلىق تۈرلەردە مەلۇم ئىلگىرىلەشلەر بولدى. شىدىكى تۈرلۈك چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى 2، ئوقۇغۇچىسى 422؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 7، ئوقۇغۇچىسى 1810؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 36، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 1731، ئوقۇغۇچىسى 4116؛ ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 11 مىڭ 521؛ ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 64، ئوقۇتۇش نۇقتىسى 39، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 2016، ئوقۇغۇچىسى 33 مىڭ 595؛ بالىلار باغچىسى 23، باغچىدىكى بالا 5213، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 308. 22 ئورۇندا سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، 15 ئورۇندا چاستوتىسى تىزگىنلىنىدىغان رادىئو ئىستانسىسى قۇرۇلدى، 12 ئورۇندا ئوپتىكىلىق كابېل ئارقىلىق قويۇلىدىغان سىملىق تېلېۋىزىيە ئىشقا سېلىندى، شى بويىچە سىملىق تېلېۋىزىيە ئابونېنتلىرى 30 مىڭدىن ئاشتى، تېلېۋىزىيە ئومۇمىيۈزلۈك قاپلىغان ئائىلە 430 مىڭدىن ئاشتى. 5 تۇەن - مەيداندا مەدەنىيەت پائالىيەت مەركىزى قۇرۇلدى. %50تىن يۇقىرى لىيەندۇيلەردە پارتىيە ئەزالىرى ئۆچۈن ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش سىنىپى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەدەنىي پائالىيەت ئۆيى قۇرۇلدى. ھەر قايسى تۇەن - مەيدانلار ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا دېھقانچىلىقنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئاممىۋى مەدەنىيەت - تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرىدىغان بولدى. 47 داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 1602 كارىۋات، 2215 سەھىيە تېخنىكا خادىمى بار.

شى بويىچە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى 528 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە، ئۆز ئورنىدىن ئايرىلىپ ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى 18 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 6341 يۈەندىن توغرا كەلدى. شى بويىچە جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش تەييارلىنىدىغان ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنىڭ قاپلاش نىسبىتى %98كە يەتتى، دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ كۈتۈنۈش سۇغۇرتا فوندى جەمئىيەتتىن يىغىپ تارقىتىلىدىغان بولدى. 1885 ئائىلىلىك دېھقان، چارۋىچى، ئىشچى - خىزمەتچىنى خەتەرلىك، كونا ئۆيلىرى ئۆزگەرتىپ بېرىلدى، پۈتكەن ئۆيلەرنىڭ كۆلىمى 176 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. بۇنىڭغا 74 مىليون 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

گۇاڭ چېڭشۈەن

## يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى

شىجاڭى: لى جىنگۇاڭ؛ سىياسىي كومىسسارى: ۋاڭ جىلياڭ؛ مۇئاۋىن شىجاڭلىرى: شېن باۋشياڭ، چۇ كەيپىڭ، گو جۇڭلىن، ۋاڭ يىلۇ؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلىرى: دېڭ خېيالىڭ، دۇيسەن توققوجا (قازاق)، ليۇ گېيۇ (ئايال).

شىنىڭ 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 209 مىڭ 12. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر 6764. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى %29.4، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى %32.4. شى بويىچە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 58 مىڭ 709.

شى بويىچە 2000 - يىللىق ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليارد 788 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 868 مىليون 910 مىڭ يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 489 مىليون 910 مىڭ يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 429 مىليون 300 مىڭ يۈەن.

شى بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 589 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقنىڭ 1 مىليارد

400 مىليون 830 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 9 مىليون 490 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 173 مىليون 640 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 5 مىليون 770 مىڭ يۈەن. شى بويىچە 83 مىڭ 400 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلىپ، 49 مىڭ 622 توننا ئاشلىق، 101 مىڭ 339 توننا پاختا، 12 مىڭ 384 توننا قىزىلچا، 47 مىڭ 950 توننا سانائەت پەمىدۇرى، 17 مىڭ 465 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 359 مىڭ 200 تۇياق چارۋا قالدى. 11 مىڭ 455 توننا گۆش، 1114 توننا قوي يۇڭى، 20 مىڭ 692 توننا سۈت، 3602 توننا تۇخۇم ئېلىندى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قۇۋۋىتى 165 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى. سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 853 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە، سانائەت قوشۇلما قىممىتى 308 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن 23 مىڭ 39 توننا پاختا يىپ، 24 مىليون 440 مىڭ مېتىر رەخت، 17 مىڭ 779 توننا پەمىدۇر قىيامى، 10 مىڭ 939 توننا بېرىكمە يەم - خەشەك، 197 توننا سۈت ياسالمىسى، 103 مىڭ 180 توننا ساپ پاختا، 13 مىڭ 294 توننا سۇ يېغى، 153 مىڭ 346 توننا كۆمۈر، 248 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 139 مىليون 110 مىڭ دانە خىش، 12 مىڭ 365 توننا سۇلفات كىسلاتاسى ئىشلەپچىقىرىلدى. شى بويىچە ھەرخىل ئاپتوموبىل 2217گە، ترانسپورت مەھسۇلات قىممىتى 125 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 58 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

تۇراقلىق مۈلۈككە 536 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 443 مىليون 220 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 93 مىليون 580 مىڭ يۈەن. بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ساھەسىنىڭ يىللىق قۇرۇلۇش قىلىش مەھسۇلات قىممىتى 543 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 181 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ يىلدا قىلىنغان ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمى 470 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 390 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

شى بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 309 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 3 مىليون 650 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 2 مىليون 660 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 990 مىڭ دوللار.

شى بويىچە 13 ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ، 32 باشلانغۇچ مەكتەپ بار، ئۇلارنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 2264، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 2052، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 21 مىڭ 874. 16 بالىلار باغچىسى بولۇپ، باغچىدىكى بالا 6115. شى بويىچە ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى گېزىت - ژۇرنال، رادىئو ئىستانسىسى ۋە تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىدا 3337 پارچە ماقالە ئىشلىتىلدى. 4 ئورۇن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن دېگەن نامغا، 4 ئورۇن بىڭتۇەن دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى.

شى بويىچە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 2000 - يىللىق مائاشى 432 مىليون 932 مىڭ يۈەنگە، ئوتتۇرىچە مائاشى 7064 يۈەنگە يەتتى.

سۈن شەنشى

## يېزا ئىگىلىك 8 - شىسى

شىجاڭى: دېڭ شىڭدۇەن؛ سىياسىي كومىسسارى: ما رۇڭ؛ مۇئاۋىن شىجاڭلىرى: جوڭ جيۇشى، لى شۇشيەن (9 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى)، جاڭ شيەنفۇ، ساۋ شەنسىن، لو يۇڭجى، ماشىنپىڭ (9 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلىرى: چېن دېجۇن (ئايال)، جاڭ زۇشۇ، ليۇ جيەنشىن.

شىنىڭ 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 530 مىڭ 954. بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 305 مىڭ 300، ئاز سانلىق مىللەتلەر 32 مىڭ 100. پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى 100% بولدى. يىل ئاخىرىدىكى ئەمگەكچى 183 مىڭ 900. شىغا قاراشلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانى 18.

شىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 4 مىليارد 301 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 526 مىليون يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 428 مىليون يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 347 مىليون يۈەن.

يېزا ئىگىلىكنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 526 مىليون يۈەنگە، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليارد 905 مىليون يۈەنگە يەتتى. 143 مىڭ 600 توننا ئاشلىق، 179 مىڭ 400 توننا پاختا، 6134 توننا ياغلىق دان، 256 مىڭ 400 توننا كۆكتات ئېلىندى. 1926 گېكتار ئورمان يېڭىدىن بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 505 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى، 22 مىڭ 507 توننا گۆش، 20 مىڭ 65 توننا سۈت، 1058 توننا قوي يۇڭى، 6108 توننا تۇخۇم، 3207 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدا قۇۋۋىتى 326 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا ئىگىلىككە 8673 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 1035.9 توننا

دېھقانچىلىق دورىسى، 55 مىڭ 880 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇت ھېسابىدا) ئىشلىتىلدى. ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 184 مىڭ گېكتارغا يەتتى. تۈمەن - مەيدان ۋە يېزىلاردا 221 مىليون 50 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلىتىلدى.

يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 625 مىليون يۈەنگە، پايدا ۋە بېجى 121 مىليون يۈەنگە يەتتى.

سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارد 140 مىليون يۈەنگە، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارد 330 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار ۋە يېيى دۆلەت تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدىغان كارخانىلارنىڭ 2 مىليارد 690 مىليون يۈەن. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن 546 مىڭ توننا كۆمۈر، 900 مىليون كىلوۋات سائەت توك، 39 مىڭ توننا يىپ، 75 مىليون 620 مىڭ مېتىر رەخت، 3901 توننا ئېتىستىقۇ، 985 توننا ئىنىپىرىت، 22 مىڭ 644 توننا پەمىدۇر قىيامى، 25 مىڭ 190 توننا ھاراق، 59 مىڭ 809 توننا سۇ يېغى، 41 مىڭ توننا بۇغداي ئۇنى، 30 مىڭ 576 توننا يەم - خەشەك، 39 مىڭ توننا فابرىكا قەنىزى ۋە قەغەز پەنەركە، 36 مىڭ توننا مۇلياۋ ياسالمىسى، 230 مىڭ توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىلدى.

بىناكارلىق - قۇرۇلۇش كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 288 مىليون يۈەنگە، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 993 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، دۆلەت ئىلكىدىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ پايدا سوممىسى 2 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شى بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 1 مىليارد 950 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 966 مىليون يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 660 مىليون يۈەن، ئۆي - مۈلۈك تەرەققىياتىغا سېلىنغىنى 237 مىليون يۈەن. 269 تۈرلۈك ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە يېڭىلاش - ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىدا يېڭىدىن ئىش باشلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە سېلىنغان مەبلەغ 5 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغىنى 58. 278 تۈر پۈتتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە سېلىنغان مەبلەغ 5 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغىنى 50. شۇ يىلى يېڭىدىن كۆپەيگەن تۇراقلىق مۈلۈك قىممىتى 1 مىليارد 765 مىليون يۈەن.

شى ۋە شەھەرگە قاراشلىق ترانسپورت ساھەسىنىڭ 2000 - يىلدىكى قوشۇلما قىممىتى 157 مىليون يۈەنگە، تاشيول يۈك توشۇش مىقدارى 560 مىليون توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى توشۇش مىقدارى 580 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى تېلېفون ئابونىتى 108 مىڭ 992گە، سىمسىز چاقىرغۇ ئابونىتى 73 مىڭغا، يانتېلېفون ئابونىتى 23 مىڭ 800گە، تارقىتىلغان پوچتا يوللانمىسى 3 مىليون 217 مىڭ 100گە يەتتى. پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت سوممىسى 127 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شى بويىچە ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 416 مىليون يۈەنگە، ئۇلگۈرجى سودا كارخانىلىرىنىڭ تاۋار سېتىۋېلىش سوممىسى 2 مىليارد 189 مىليون يۈەنگە، تاۋار سېتىش سوممىسى 2 مىليارد 10 مىليون يۈەنگە، يىل ئاخىرىدا ئىسكىلاتتا قالغان تاۋار زاپىسى 1 مىليارد 438 مىليون يۈەنگە، ئالغان پايدا 9 مىليون 755 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 54 مىليون 970 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 19 مىليون 500 مىڭ دوللار، ئىمپورت سوممىسى 35 مىليون 470 مىڭ دوللار. 15 كېلىشىم ۋە توختام ئىمزالاندى، 20 توختام ئىجرا قىلىندى، سېلىنغان مەبلەغ 713 مىليون يۈەنگە يەتتى. 1 مىليون 197 مىڭ 900 ئادەم (قېتىم) ئىچكى ساياھەتچى، 454 ئادەم (قېتىم) خەلقئارا ساياھەتچى كۈتۈۋېلىنىپ، ساياھەتچىلىكتىن 65 مىليون يۈەن كىرىم قىلىندى.

شىخەنزە ئىقتىساد - تەرەققىيات رايونىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 302 مىليون يۈەنگە يەتتى، تۇراقلىق مۈلۈككە 627 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ كىرگۈزۈش تۈرلىرى بويىچە كېلىشىملەردىكى مەبلەغ سوممىسى 1 مىليارد 860 مىليون يۈەنگە يەتتى، قۇرۇلۇۋاتقان 26 قۇرۇلۇش تۈرىدىن 20 سى مۇشۇ يىل ئىچىدە پۈتتۈرۈلۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى. 2000 - يىلى يېڭىدىن رويخەتكە ئېلىنغان كارخانا 93 بولۇپ، رويخەتكە ئالدۇرۇلغان مەبلەغ 405 مىليون يۈەنگە يەتتى.

شىنىڭ مالىيە كىرىمى 190 مىليون 640 مىڭ يۈەن، مالىيە چىقىمى 214 مىليون 720 مىڭ يۈەن بولدى. يىل ئاخىرىدا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىدىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 7 مىليارد 162 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت پۇلى 4 مىليارد 666 مىليون يۈەن، تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 3 مىليارد 583 مىليون يۈەن بولدى. سۇغۇرتا سوممىسى 16 مىليارد 719 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا كىرىمى 120 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە، مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى تۆلۈم پۇلى 15 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى تۆلەم پۇلى ۋە چىقىم قىلىنغان سوما 43 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

يىل ئاخىرىدا شى ۋە شەھەر بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا - كەسپىي ئورۇنلاردىكى كەسپىي تېخنىكا خادىم 36

مىڭ 300 گە يەتتى. 20 تۈردىكى يەن - تېخنىكا نەتىجىسى بېكىتىشتىن ئۆتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 4 تۈر مەملىكەت ئىچىدە ئىلغار سەۋىيىگە، 5 تۈر ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى، 90 تۈر دۆلەت پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى. ھەرخىل مەكتەپلەر 107 گە، ئادەتتىكى مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچى 95 مىڭ 917 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 9859، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى 4495، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 25 مىڭ 993، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 919، تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇغۇچى 824، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 53 مىڭ 827؛ باللار باغچىسى 72 بولۇپ، باغچىدىكى بالا 15 مىڭ 977. چوڭلار ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملىرىدىكى ئوقۇغۇچى 5871، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 3598. مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۈرلۈك زېھىن سىناش مۇسابىقىسى پائالىيەتلىرىدە ھەر دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىلار 92 تۈردە، ئوقۇغۇچىلار 528 تۈردە مۇكاپات ئالدى. 18 ئەسەر ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئورۇنلار تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر ئەسەر بولۇپ مۇكاپاتلاندى؛ 210 مەيدان - قېتىم ھەرخىل شەكىلدىكى سەنئەت نومۇرلىرى كۆرسىتىلىپ، تاماشىبىنلىرى 325 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا، 5900 قېتىم كىنو قويۇلۇپ، تاماشىبىنلىرى 650 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا يەتتى. تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %93 كە، رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %100كە يەتتى. ئاممىۋى كۇتۇپخانىلاردا 114 مىڭ 500 پارچە كىتاب ساقلاندى؛ «شىخەنزە گېزىتى» 4 مىليون 320 مىڭ نۇسخا، «شىخەنزە رادىئو - تېلېۋىزىيە گېزىتى» 295 مىڭ 500 نۇسخا تارقىتىلدى، «شىخەنزە نوپۇس ۋە ئائىلە گېزىتى» 336 مىڭ نۇسخا، «بوستان شېئىرىيىتى » 18 مىڭ پارچە، «شىخەنزە يەن - تېخنىكىسى» 29 مىڭ 800 پارچە تارقىتىلدى. شى بويىچە يىل ئاخىرىدا 51 سەھىيە ئاپپاراتى (خۇسۇسىيلار ئاچقىنى بۇنىڭ سىرتىدا) بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 33، ئامبۇلاتورىيە 10؛ 122 ئاساسىي قاتلام ساقلىقنى ساقلاش ئورنى، 125 خۇسۇسىي ئامبۇلاتورىيە، 3996 كارىۋات بار؛ بۇ ئورۇنلاردا 5656 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىمى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 2683، مەسئۇل سېستىرا ۋە سېستىرا 1813. ئاممىۋى خاراكتېرلىك ھەرخىل تەنتەربىيە پائالىيىتى 31 قېتىم ئېلىپ بېرىلدى، ھەرخىل شەكىلدىكى تەنتەربىيە - سالامەتلىك پائالىيىتىگە قاتناشقانلار 200 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا يەتتى. 2000 - يىلى مەملىكەت، ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۈەن بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۈرلۈك مۇسابىقىلاردا 8 - شى تەنھەرىكەتچىلىرى 41 ئالتۇن مېدال، 29 كۈمۈش مېدال، 23 مىس مېدال ئالدى؛ 31 ئادەم دۆلەت بويىچە 2 - دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى ئۆلچىمىگە، 19 ئادەم دۆلەت بويىچە 3 - دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچى ئۆلچىمىگە، 24 مىڭ 61 ئوقۇغۇچى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۆلچىمىگە يەتتى.

شى ۋە شەھەر بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 7703 يۈەنگە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىدىكى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 3745 يۈەنگە يەتتى. شەھەر - يېزىلاردىكى ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ پۈتكەن كۆلىمى 616 مىڭ 800 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. يىل ئاخىرىدا 149 مىڭ 400 ئىشچى - خىزمەتچى، 85 مىڭ 800 دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچى، 3684 يەككە تىجارەتچى باشانغاندا كۆتۈنۈش ئاساسىي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى، يىغىۋېلىنغان باشانغاندا كۆتۈنۈش سۇغۇرتا سوممىسى 247 مىليون يۈەنگە يەتتى، 505 مىليون يۈەن تۆلەم تۆلەندى. قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ئىشسىز قالغان 1016 ئىشچى - خىزمەتچى ۋە كارخانىلاردىكى ئارتۇق خادىملارنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىلدى. قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە ئىش ئورنى ئالماشتۇرۇلۇپ تەربىيىلەنگەنلەر 8922گە يەتتى.

جۇ مېيلىڭ

## يېزا ئىگىلىك 9 - شىسى

شىجاڭى: جەي شياۋخېڭ؛ سىياسىي كومىسسارى: چېڭ جياجۇ؛ مۇئاۋىن شىجاڭلىرى: ياڭ خېڭ، جاڭ لىگۈي، ليۇمىڭخۇ، ۋۇ شىجۈەن، يەن فېي (ئايال)؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلىرى: جاڭ ئېيمىن، تۇرسۇنبېك كەنجىبېك (قازاق).

شىنىڭ 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 67 مىڭ 628. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰10.38، ئۆلۈش نىسبىتى ‰3.65، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰6.73 بولدى. ئىشچى - خىزمەتچى 23 مىڭ 782.

شىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 439 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 160 مىليون 420 مىڭ يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 93 مىليون 110 مىڭ يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 185 مىليون 510 مىڭ يۈەن.

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 339 مىليون 260

مىڭ يۈەنگە يەتتى. 57 مىڭ 700 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلىپ 55 مىڭ 127 تونna ئاشلىق، 18 مىڭ 17 توننا ياغلىق دان، 278 مىڭ 474 توننا قىزىلچا ئېلىندى. 830 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا ئەمەلىي بار بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 5183 گېكتارغا يەتتى. يىل ئاخىرىدا قولدا 333 مىڭ 500 تۇياق چارۋا قالدى، 6449 توننا گۆش، 845 توننا قوي يۇڭى، 2641 توننا سۈت، 948 توننا تۇخۇم ئېلىندى.

يىل ئاخىرىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى 98 مىڭ 300 كىلوۋاتقا، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلگەن خىمىيۋى ئوغۇت 12 مىڭ 800 توننىغا، دېھقانچىلىق دورىسى 128 توننىغا، توك 28 مىليون 163 مىڭ 500 كىلوۋات سائەتكە يەتتى.

يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 101 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 56 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە، كىرىمى 142 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە، پايدا - باج سوممىسى 8 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شى بويىچە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 218 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە، سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 58 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن 36 مىڭ 433 توننا شېكەر، 53 مىليون 140 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 16 مىڭ 888 توننا بۇغداي ئۇنى، 3927 توننا سۇ يېغى ئىشلەپچىقىرىلدى.

بىناكارلىق - قۇرۇلۇش كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 34 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە، بىناكارلىق - قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 102 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە، پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 118 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

تۇراقلىق مۈلۈككە 326 مىليون 820 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 215 مىليون 910 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 95 مىليون 720 مىڭ يۈەن.

ترانسپورت ساھەسىنىڭ يۈك توشۇش مىقدارى 111 مىليون 240 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى توشۇش مىقدارى 104 مىليون 40 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. قوشۇلما قىممىتى 32 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 220 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە، شى بويىچە توپ ۋە پارچە ساتىدىغان سودا ئورۇنلىرىنىڭ سېتىش سوممىسى 272 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تاشقى سودا ئىمپورت سوممىسى 2 مىليون 50 مىڭ دوللار بولدى.

شى بويىچە سۇغۇرتا سوممىسى 803 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا كەسپىي كىرىمى 16 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 11 مىليون 980 مىڭ يۈەن تۆلەم بېرىلدى.

2000 - يىلى يېزا ئىگىلىك 9 - شىسىنىڭ مۇلياۋ بويۇق يېيىپ قىزىلچا تېرىش جەھەتتىكى پانداشما تېخنىكىسى قوللىنىش تۈرى بىڭتۇەننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 4 پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش تۈەنى، 41 ئۈلگە كۆرسىتىش لىەنى، 1781 ئۈلگە كۆرسىتىش ئائىلە (گورۇپپا) سى بارلىققا كەلدى.

شىدىكى چوڭلار ئالىي تېخنىكوم شۆبە مەكتىپى بىر، چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى 4، يېزا ئىگىلىك رادىئو مەكتىپى بىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا مەكتىپى بىر، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 16، باشلانغۇچ مەكتەپ 19، ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇيدىغان ئالىي تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى 472، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى 110، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1498، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 5446، ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 7902. «غەربىي چېگرا ۋاقىت گېزىتى» بىر يىلدا 250 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى. شى بويىچە 7 - نۆۋەتلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزۈلدى، كۆرەككە 22 ۋەكىللەر ئەترىتى قاتنىشىپ 10 مەيدان ئويۇن كۆرسەتتى، ئۇنى كۆرگۈچىلەر 10 مىڭدىن ئاشتى. شى بويىچە 16 تەزكىرە كىتابى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى، بۇ كىتابلارنىڭ خەت سانى 8 مىليوندىن ئاشىدۇ. يېزا ئىگىلىك 9 - شىسىنىڭ تەزكىرە ئىشخانىسى ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەن تەزكىرە كومىتېتى تەرىپىدىن ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن نامغا ئېرىشتى. رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن بىرى، سىملىق تېلېۋىزىيە پونكىتىدىن 11ى بار. شى بويىچە 32 سەھىيە ئاپپاراتى، 632 كارىۋات، 810 كەسپىي سەھىيە تېخنىكا خادىم بار. شى بويىچە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش سوممىسى 96 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە، ئوتتۇرىچە مائاشى 5083 يۈەنگە يەتتى. شى بويىچە 46 كارخانا، كەسپىي ئورۇندىكى 22 مىڭ 986 ئىشچى - خىزمەتچى پاشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى فوندىنى بىر تۇتاش تەييارلاشقا، 23 مىڭ 898 ئادەم ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. پاشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى بويىچە بىر تۇتاش يىغىۋېلىنغان پۇل 69 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە، چىقىم قىلىنغان پۇل 115 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە (مائاش ئۈستۈرۈش بويىچە تولۇقلاپ تارقىتىلغان 38 مىليون 850 مىڭ يۈەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) گە يەتتى.

چېن مىڭجاڭ

## يېزا ئىگىلىك 10 - شىسى

1 - سىياسىي كومىسسارى: لىيۇ چۈەنجېن (قوشۇمچە)؛ شىجاڭى: ۋاڭ چۈەنشېڭ؛ سىياسىي كومىسسارى: ۋۇخۇيجۈەن؛ مۇئاۋىن شىجاڭلىرى: لى

ۋېيىڭ، شى شىنمىن، نىي يۇيچىڭ، جۇ ۋېيباۋ؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلىرى: جۇمەفان (قازاق)، تيەن جۇنشى (ئايال).

شىنجاڭ 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 72 مىڭ 10، نوپۇسنىڭ ئۆسۈش نىسبىتى 7.46‰، ئۆلۈش نىسبىتى 3.56‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 3.9‰. يىل ئاخىرىدىكى كەسپكار 27 مىڭ 767، بۇنىڭ ئىچىدە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 23 مىڭ 884، يەككە ئەمگەكچى 3883. شىغا قاراشلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۇەن - مەيدانى 11، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سانائەت، قاتناش، بىناكارلىق، سودا ۋە مۇلازىمەت كارخانىسى 20.

شى بويىچە 2000 - يىلى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 349 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 117 مىليون 390 مىڭ يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 108 مىليون 960 مىڭ يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 123 مىليون 630 مىڭ يۈەن.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 364 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقنىڭ 258 مىليون 450 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 10 مىليون 790 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 88 مىليون 340 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 7 مىليون 320 مىڭ يۈەن. 42 مىڭ 100 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلىپ، 56 مىڭ 523 توننا ئاشلىق، 39 مىڭ 832 توننا ياغلىق دان، 3476 توننا مېۋە - چېۋە، 1100 توننا پاختا ئېلىندى. 1622 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 274 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى، 5917 توننا گۆش، 518 توننا قوي يۇڭى، 1581 توننا سۈت، 1951 توننا تۇخۇم، 1930 توننا سۇ مەھسۇلاتى ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى 71 مىڭ كىلوۋاتقا، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلگەن خىمىيىۋى ئوغۇت 7774 تونناغا (ساپ مىقدارى بويىچە)، سۇلياۋ يوپۇق 278 تونناغا، توك 19 مىليون 670 مىڭ كىلوۋات سائەتكە يەتتى.

سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 68 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە، سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 222 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن 338 مىڭ توننا كۆمۈر، 56 مىليون 470 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 58 مىڭ 200 توننا سېمونت، 460 توننا فابرىكا قەغىزى ۋە قەغەز پەنەركە، 70 توننا سانائەتكە خام ئەشيا قىلىنىدىغان چىرىمتال، 64 مىليون 200 مىڭ دانە خىش، 16 مىڭ 433 توننا لاي توپىسى، 11 مىڭ 400 توننا ئاكتىپ بور توپىسى، 503 توننا ئىچىملىك - ھاراق، 20 مىڭ توننا ئۇن، 12 مىڭ 200 توننا سۇ بېغى، 188 توننا گىزرىچ ئىشلەپچىقىرىلدى.

شى بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 445 مىليون 220 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇنلارنىڭ سالغىنى 437 مىليون 600 مىڭ يۈەن، شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ سالغىنى 7 مىليون 620 مىڭ يۈەن. بىناكارلىق - قۇرۇلۇش كەسپىنىڭ قۇرۇلۇش قىلىش قىممىتى 213 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە، پۈتكەن قۇرۇلۇش قىممىتى 193 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە، ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمى 250 مىڭ 300 كۋادرات مېتىرغا، پۈتكەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 193 مىڭ 700 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

ترانسپورت ساھەسىنىڭ يۈك ئوبوروت مىقدارى 142 مىليون 634 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 61 مىليون 526 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا، ترانسپورت كىرىمى 56 مىليون 148 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 193 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە توپ ۋە پارچە سېتىش سودىسىنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 66 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە، يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 15 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە، ياساش كەسپىنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 80 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە، باشقا كەسپلەرنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 31 مىليون 810 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 13 مىليون 624 مىڭ دوللارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت سوممىسى 13 مىليون 490 مىڭ دوللار.

مۇشۇ يىلدا چۈشۈرۈلگەن پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تۈرى 31، تەتقىقات تېمىسى 36، پەن - تېخنىكىغا دائىر 3 تۈرلۈك خىراجەت ئۈچۈن 200 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش بويىچە ئېچىش تۈرى 2، بۇنىڭغا 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى؛ سانائەت پەن - تېخنىكىسى تەرەققىياتى جەھەتتە قەرز پۇل ئارقىلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۈر 2، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتنىڭ «ئۇچقۇن» پىلانىغا كىرگۈزۈلگىنى بىر، ئۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 4 مىليون 460 مىڭ يۈەن، بىڭتۇەننىڭ «ئۇچقۇن» پىلانىغا كىرگۈزۈلگىنى بىر، ئۇنىڭغا سېلىنغان مەبلەغ 6 مىليون 100 مىڭ يۈەن. ھەرخىل تېخنىكا تەربىيىلەش كۇرسلىرىدىن 245 قارار ئېچىلىپ، 28 مىڭ 954 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى، ھەرخىل پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش ماتېرىياللىرىدىن 6832 نۇسخا بېسىپ تارقىتىلدى. بىڭتۇەن ۋە شى دەرىجىلىك پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش تۇەن - مەيدانىدىن 4ى، ليەندىن 46 سى، ئائىلىدىن 1350ى بەرپا قىلىندى. ھەرخىل مەكتەپلەردە

ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 15 مىڭ 592، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 4486، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 9692، كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى 1414. ئوقۇش يېشىغا توشقان باللاردىن 3397سى باللار باغچىسىغا كىردى. 2000 - يىلى 380 ئوقۇغۇچى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ نومۇر چېكىگە يېتىش نىسبىتى 74.7%كە يەتتى. شى بويىچە 38 داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 923 سەھىيە خادىمى بولۇپ، ئۇلار دىئاگنوز قويغان ۋە داۋالىغانلار 246 مىڭ ئادەم (قېتىم) غا يەتتى. «شىنجاڭ بىڭتۇەن گېزىتى» 162 سان نەشر قىلىنىپ، 950 نۇسخا تارقىتىلدى، شى بويىچە 9 تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، 23 سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى قوبۇللاش پونكىتى بار، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 85.67%كە يەتتى. «بىڭتۇەن ئوتتۇرا مەكتىپى تەزكىرىسى»، «181 - تۇەن تەزكىرىسى»، «190 - تۇەن تەزكىرىسى» نەشردىن چىقتى.

شى بويىچە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئەمەلىي بېرىلگەن مائاش 134 مىليون 935 مىڭ يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى 5559 يۈەنگە يەتتى.

لى جياڭبو

# بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىسى

شىجاڭى: لى شياۋمىن؛ سىياسىي كومىسسارى: فۇ يۈەنجاۋ؛ مۇئاۋىن شىجاڭلىرى: جياڭ جىنمىن، جۇ نىڭشىڭ، گۇ جىجياڭ، ۋاڭ ۋېيجۈن؛ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلىرى: خاۋ لېيخۇ، جاۋ چۈنتيەن (11 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن يۆتكەلدى).

شىنىڭ 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 57 مىڭ 857. بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 30 مىڭ 512، ئاز سانلىق مىللەتلەر 1984؛ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 8.2‰، ئۆلۈش نىسبىتى 4.12‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 4.08‰. شىغا قاراشلىق مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان 11 بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش كارخانىسى، بىر سانائەت كارخانىسى، بىر ترانسپورت كارخانىسى، 3 سودا - ئوبوروت كارخانىسى، 5 تۇەن دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇن بار. يىل ئاخىرىدىكى كەسپكار 31 مىڭ 852.

شى بويىچە بۇ يىللىق ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 600 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسپىنىڭ 33 مىليون 850 مىڭ يۈەن، 2 - كەسپىنىڭ 526 مىليون 400 مىڭ يۈەن، 3 - كەسپىنىڭ 4 مىليون 60 مىڭ يۈەن.

شى بويىچە بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ساھەسىنىڭ قۇرۇلۇش قىلىش قىممىتى ئازكەم 1 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمى 16 مىليون 930 مىڭ كۋادرات مېتىر، پۈتكەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 987 مىڭ كۋادرات مېتىر بولدى.

شى بويىچە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 141 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن 3484.96 توننا پاختا يىپ، 159 مىڭ 500 كۇب مېتىر تاۋار بېتون ئىشلەپچىقىرىلدى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 75 مىليون 687 مىڭ يۈەنگە، پايدا - باج سوممىسى 5 مىليون 383 مىڭ 200 يۈەنگە، كىرىم 6396 يۈەنگە يەتتى. 5700 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلىپ، 3045 توننا ئاشلىق، 4008 توننا پاختا، 4730 توننا قىزىلچا، 660 توننا ياغلىق دان، 11 مىڭ 250 توننا پەمىدۇر، 258 توننا تاۋۇز گازىرى، 304 توننا قۇلاق ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 26 مىڭ 606 تۇياق چارۋا قالدى، 291 توننا گۆش ئېلىندى. 105.63 گېكتار يەرگە ئورمان بەرپا قىلىندى، 478 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى.

دۆلەت ئىلكىدىكى ترانسپورت كەسپىنىڭ ترانسپورت قىممىتى 10 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يەتتى، دۆلەت ئىلكىدىكى سودا - ئوبوروت كارخانىلىرىنىڭ تاۋارلارنى پارچە سېتىش سوممىسى 143 مىليون يۈەن بولدى.

2000 - يىلى شىغا قاراشلىق پەن تەتقىقات ئورنى كىرگۈزگەن، ئاچقان پەن - تېخنىكا يېڭى مەھسۇلاتى 4، كېڭەيتىلگەن، قوللانغان پەن - تېخنىكا نەتىجىسى، يېڭى تېخنىكا ۋە يېڭى مەھسۇلات 8 بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئورۇندالغان ئىجتىمائىي مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شىغا قاراشلىق قىدىرىپ تەكشۈرۈش - لايىھىلەش ئورنى ئورۇندىغان لايىھىلەش تۈرى 126 بولۇپ، تىجارەت كىرىمى 4 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شىدىكى ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ 17، ئوقۇغۇچىسى 9997. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 3318، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 6679. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 653، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 602.

«بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىسى 2 - تۇەننىڭ تەزكىرىسى»، «بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىسى 1 - تۇەننىڭ تەزكىرىسى» نەشر قىلىنىپ رەسمىي تارقىتىلدى. ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى گېزىت - ژۇرنال، رادىئو ئىستانسىلىرىدا 638 پارچە ماقالە ئېلان قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز دەرىجىلىك ئاخبارات ۋاستىلىرىدە ئېلان

قىلىنغىنى 35. «تەڭرىتاغ قۇرۇلۇش گېزىتى» مەملىكەت ئىچىدە ئاشكارا تارقىتىلىدىغان گېزىت بولۇپ، ھەر يىلدا 48 سان نەشر قىلىنىپ، 120 مىڭ نۇسخا تارقىتىلدى. شى بويىچە 9 دوختۇرخانا، ھەر ئامبۇلاتورىيە، 8 يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، 4 پىلانلىق تۇغۇت يېتەكچىلىك پونكىتى، 418 سەھىيە - تېخنىكا خادىمى بار. 2000 - يىلى شى بويىچە 103 مىليون يۈەن ياشانغاندا كۈتۈنۈش پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. ئىش ئورنىدىن قالغان 3352 كىشىگە 15 مىليون 750 مىڭ يۈەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت تۈزۈمى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، كاپالەتلەندۈرۈشتىن بەھرىمەن بولىدىغان قىيىنچىلىقى بار ئىشچى - خىزمەتچى 990 ئائىلىلىك بولۇپ، ئۇلارغا 1 مىليون 320 مىڭ يۈەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. شى بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 6819 يۈەن بولدى.

جاڭ زوڭمىڭ

# ئۈرۈمچى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى

ئىدارە باشلىقى: ۋۇ شىلىڭ؛ پارتكوم شۇجىسى: جياڭ چېڭفا.

ئىدارە بويىچە 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇس 58 مىڭ 600، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 30 مىڭ 400. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 9‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 3.79‰. ئىدارە قارمىقىدا 6 دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۇەن - مەيدانى ۋە 11 بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانا - كەسپىي ئورۇن بار.

ئىدارىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 355 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ 118 مىليون 740 مىڭ يۈەن، 2- كەسىپنىڭ 102 مىليون 630 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە سانائەتنىڭ 77 مىليون 860 مىڭ يۈەن، بىناكارلىقنىڭ 24 مىليون 770 مىڭ يۈەن)، 3 - كەسىپنىڭ 134 مىليون 20 مىڭ يۈەن.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى (1990 - يىلدىكى باھا بويىچە) 170 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقنىڭ 124 مىليون 830 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 1 مىليون 850 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 43 مىليون 260 مىڭ يۈەن، بېلىقچىلىقنىڭ 670 مىڭ يۈەن. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىقنىڭ قوشۇلما قىممىتى 118 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 135 مىڭ گېكتار بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكى بىلەن ئوخشاش بولدى. 19 مىڭ 59 توننا ئاشلىق، 5353 توننا ياغلىق دان، 844 توننا قىزىلچا، 230 مىڭ 850 توننا كۆكتات (ياڭيۇمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئېلىندى. 68 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، كېسىلگەن ياغاچ 456 كۇب مېتىر بولدى، يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي بار بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 2320 گېكتار بولدى. ئەمەلىي بار مېۋىلىك باغ كۆلىمى 934 گېكتار بولۇپ، 4561 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا 147 مىڭ 700 تۇياق چارۋا قولدا قالدى. 5383 توننا گۆش، 12 مىڭ 135 توننا سۈت، 2184 توننا تۇخۇم، 132 توننا قوي يۇڭى ئېلىندى. بېلىق بېقىش كۆلىمى 41 گېكتارغا، تۇتۇلغان بېلىق 152 تونىغا يەتتى. يىل ئاخىرىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى 34 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى. يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلگەن توك 30 مىليون 1000 كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، 1990 - يىلدىكى بىلەن تەڭلەشتى. 3881 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت (ساپ ئوغۇت ھېسابىدا)، 1.72 توننا دېھقانچىلىق دورىسى، 317 توننا سۇلياۋ يوپۇق ئىشلىتىلدى.

سانائەت مەھسۇلات قىممىتى (1990 - يىلدىكى باھا بويىچە) 218 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى سانائەتنىڭ 148 مىليون 760 مىڭ يۈەن، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ (يەككە ئىگىلىكتىكىلەرنىڭكىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 69 مىليون 560 مىڭ يۈەن. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن 433 مىڭ 600 توننا كۆمۈر، 1855 توننا ئۇن، 415 توننا سۇ يېغى، 4508 توننا بىرىكمە يەم - خەشەك، 5507 توننا پاختا يىپ، 1429 توننا سۇلياۋ ياسالمىسى، 94 مىليون 820 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى. ئىدارە بويىچە سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات سېتىش قىممىتى 259 مىليون يۈەنگە يەتتى.

بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ساھەسىنىڭ قۇرۇلۇش قىلىش قىممىتى 86 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ 58 مىليون 190 مىڭ يۈەن، بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ساھەسىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 24 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تاشيول ترانسپورت ساھەسىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 51 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە، يۈك ئوبوروت مىقدارى 166 مىليون 930 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، ترانسپورت ئومۇمىي كىرىمى 111 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى تۈرلۈك ماتورلۇق ماشىنىلىرى 4464 كە يەتتى. توپ ۋە پارچە سېتىش كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 31 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە،

بويىچە ئۆزلەشتۈرۈش رايونى بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 217 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ئىدارە بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 95 مىليون 360 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى ئورۇنلارنىڭ سالغىنى 49 مىليون 220 مىڭ يۈەن. ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 14 مىليون 490 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 34 مىليون 730 مىڭ يۈەن.

ئىدارە بويىچە 3 پەن تەتقىقات ئورنى، 51 پەن تەتقىقات خادىمى بار، شۇ يىلى قولغا كەلتۈرۈلگەن پەن تەتقىقات نەتىجىسى 9. ئىدارە بويىچە 107 داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى، 330 كارىۋات بار بولۇپ، ھەر 10 مىڭ ئادەمگە 59دىن كارىۋات توغرا كېلىدۇ. 22 مەكتەپ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭلار مەكتىپى بىر ، ئوتتۇرا مەكتەپ 9، باشلانغۇچ مەكتەپ 7، باللار باغچىسى 5. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر 776 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچى 612. ئوقۇغۇچى 10 مىڭ 255، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 3602، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 6653. شۇ يىلى 2081 ئوقۇغۇچى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈردى. ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 99.9%كە، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 70.74%كە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 88.9%كە يەتتى. سىنىپ ۋە ياتاقلارنىڭ كۆلىمى 53 مىڭ 638 كۋادرات مېتىر.

ئىدارە بويىچە يىل ئاخىرىدا ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 13 مىڭ 681، ئۇلارغا ئەمەلىي تارقىتىلغان مائاش 75 مىليون 790 مىڭ يۈەن، ھويلا - ئارام ئىگىلىكى كىرىمى 15 مىليون 130 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 6659 يۈەنگە يەتتى.

چېڭ ۋېنجۇڭ

## قۇمۇل دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى

پارتكومنىڭ 1 - شۇجىسى: چيەن جى (قوشۇمچە)؛ ئىدارە باشلىقى: لىن گوياڭ؛ پارتكوم شۇجىسى: ليۇ جىنشياڭ.

ئىدارە بويىچە 2000 - يىلنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇس 76 مىڭ 680، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 39 مىڭ 430، ئايال 37 مىڭ 250. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 11.7‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 6.9‰. يىل ئاخىرىدىكى كەسپكار 28 مىڭ 816.

2000 - يىلى ئىدارە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 439 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 22 مىليون 600 يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 11 مىڭ 600 يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 9700 يۈەن.

2000 - يىلى ئىدارە بويىچە يېزا ئىگىلىك قوشۇلما قىممىتى 226 مىليون يۈەنگە يەتتى. 20 مىڭ 600 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلىپ، 316 مىليون 890 مىڭ تونىنا ئاشلىق، 113 مىليون 360 مىڭ تونىنا پاختا، 51 مىڭ 486 تونىنا مېۋە - چېۋە، 1852 تونىنا ياغلىق دان ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 333 مىڭ 100 تۇياق چارۋا قالدى، 4700 تونىنا گۆش ئېلىندى، 1300 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى.

2000 - يىلى ئىدارە بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 134 مىليون يۈەنگە، قوشۇلما قىممىتى 41 مىليون 46 مىڭ يۈەنگە يەتتى. قاتناش - ترانسپورت كەسپىنىڭ يۈك توشۇش مىقدارى 77 مىليون 237 مىڭ تونىنا - كىلومېتىرغا يەتتى. قۇرۇلۇش قىلىش قىممىتى 123 مىليون يۈەنگە، پايدىسى 1 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 116 مىليون يۈەنگە، تاشقى سودا ئېكسپورت سوممىسى 67 مىڭ 900 دوللارغا يەتتى.

ئىدارە بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە 19 مىڭ 400 يۈەن مەبلەغ سېلىندى. تۈەن - مەيدانلارنىڭ كىچىك بازارلار قۇرۇلۇشىدا 22 تۈردە ئىش باشلىنىپ، 38 مىليون 940 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

ئىدارە بويىچە 2000 - يىلدىكى پەن تەتقىقات ئاپپاراتى 5 بولۇپ، پەن - تېخنىكا تەرەققىيات تۈرى 14كە يەتتى. ئىدارە بويىچە 50 مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 211 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 13، ئوقۇغۇچىسى 4537، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 385؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 23، ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 674؛ باغچا ئوقۇتقۇچىسى 67. تەربىيىلەش مەركىزى بىر، پارتىيە مەكتىپى بىر، يېزا ئىگىلىك رادىئو ئۇنىۋېرسىتېتى بىر، تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى بىر، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىر، سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى قوبۇللاش پونكىتى بىر. ئىدارە بويىچە 87 داۋالاش ئاپپاراتى، 803 تېببىي خادىم، 780 كارىۋات بار.

2000 - يىلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمى 6084 يۈەنگە، ئەمگەك ساپ كىرىمى

6384 يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمى 2600 يۈەنگە يەتتى. خويلا - ئارام ئىگىلىكىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 108 مىليون 445 مىڭ 500 يۈەنگە، ئائىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 3066.8 يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 1037.7 يۈەنگە يەتتى.

ۋۇ چېن

## خوتەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى

پارتكومنىڭ 1 - شۇجىسى: ۋاڭ جىڭچېن (قوشۇمچە) ؛ ئىدارە باشلىقى: خې جيەنمىڭ؛ پارتكوم شۇجىسى: زەن شىدې.

ئىدارە بويىچە 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇس 24 مىڭ 658، بۇنىڭ ئىچىدە ئائىلە 12 مىڭ 193. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 16.91‰، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 11.3‰. ئىدارە تەۋەسىدىكى مىللەت 6 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 21 مىڭ 82. ئىدارە قارمىقىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۇەن - مەيدانى 3، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سانائەت، قاتناش، سودا، بىناكارلىق ۋە مۇلازىمەت كارخانىسى 10. يىل ئاخىرىدىكى كەسپكار 7599.

2000 - يىلى ئىدارە بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 93 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ 37 مىليون 900 مىڭ يۈەن، 2 - كەسىپنىڭ 9 مىليون 870 مىڭ يۈەن، 3 - كەسىپنىڭ 45 مىليون 740 مىڭ يۈەن. ئىدارە بويىچە ئۇنىۋېرسال پايدا 1 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق كارخانىلىرى 6 مىليون 20 مىڭ يۈەن، سانائەت كارخانىلىرى 860 مىڭ يۈەن زىيان تارتتى، قاتناش - ترانسپورت كارخانىلىرى 150 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى، بىناكارلىق - قۇرۇلۇش كارخانىلىرى 1 مىليون 560 مىڭ يۈەن زىيان تارتتى، سودا - ئوبوروت كارخانىلىرى 10 مىليون 40 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى.

يېزا ئىگىلىكىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 37 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقنىڭ 26 مىليون 700 مىڭ يۈەن، ئورمانچىلىقنىڭ 570 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىقنىڭ 10 مىليون 630 مىڭ يۈەن. 4800 گېكتار يەرگە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلىپ، 2406 توننا ئاشلىق، 1400 توننا پاختا ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا ئەمەلىي بار بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 3140 گېكتارغا، شۇ يىلى بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 67 مىڭ گېكتارغا، پارچە - يۇرات يەرلەرگە تىكىلگەن كۆچەت 24 مىڭ تۈپكە يەتتى. يىل ئاخىرىدا بار بولغان باغ كۆلىمى 1273 گېكتارغا، شۇ يىلى يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن باغ كۆلىمى 1109 گېكتارغا يەتتى. 7281 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى. يىل ئاخىرىدا قولدا 106 مىڭ 100 تۇياق چارۋا ساقلىنىپ قالدى، 1393 توننا گۆش، 172 توننا قوي يۇڭى، 394 توننا تۇخۇم ئېلىندى.

سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 2 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن 1403 توننا ساپ پاختا، 1381 توننا بۇغداي ئۇنى، 102 توننا سۇ يېغى، 850 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 179 توننا توڭلىتىلغان ئىچىملىك ئىشلەپچىقىرىلدى. بىناكارلىق - قۇرۇلۇش كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 7 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە، ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتكەن كۆلىمى 10 مىڭ 789 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. قاتناش - ترانسپورت كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 1 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە، يۈك ئوبوروت مىقدارى 7 مىليون 213 مىڭ توننا - كىلومېتىرغا، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 4 مىليون 819 مىڭ ئادەم - كىلومېتىرغا يەتتى. 39 يۈك ئاپتوموبىلى بولۇپ، يىللىق ترانسپورت كىرىمى 13 مىليون 275 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ئىدارە بويىچە سودىدا پۇتۇنلەي سوممىسى 30 مىليون 810 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە تاشقى سودىنىڭ 25 مىليون 560 مىڭ يۈەن، يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ 600 مىڭ يۈەن، چېگرا سودىسى شىركىتىنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت سوممىسى 172 مىڭ دوللار.

تۇراقلىق مۈلۈككە 18 مىليون 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغىنى 16 مىليون 270 مىڭ يۈەن، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغىنى 2 مىليون 180 مىڭ يۈەن. شۇ يىلى يېڭىدىن كۆپەيگەن تۇراقلىق مۈلۈك 17 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سۇغۇرتا كەسپىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 460 مىڭ يۈەنگە، كەسپىي كىرىمى 1 مىليون 335 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا تۆلەم دېلوسىدىن 76 سى بىر تەرەپ قىلىنىپ، 542 مىڭ 900 يۈەن تۆلەم بېرىلدى.

ئىدارە بويىچە 12 مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇغۇچىسى 4636. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ 2، ئوقۇغۇچىسى 1200؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 10، ئوقۇغۇچىسى 3436. ئىدارە بويىچە 3 ئىشچى - خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسى، 3 يۇقۇمدىن ساقلىنىش پونكىتى، 156 كارىۋات، 100 سەھىيە تېخنىكا خادىمى، 22 ئاساسىي قاتلام لىيەندۈي شىپاخانىسى بار.

ئىدارە بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق مائاشى 28 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە، ئوتتۇرىچە مائاشى 3900 يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم 1150 يۈەنگە يەتتى.

جاڭ لياڭخۇا

# شەخسلەر

## ئىلغار - نەمۇنىچىلەر

**2000 - يىللىق مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنىڭ قىسقىچە ئىش - ئىزلىرى**

**جېڭ شۇگۇاڭ** 42 ياش، كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم



مەلۇماتىغا ئىگە، قەشقەر ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچى تارماق ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى. ئۇ ساقچى بولغان 20 يىلدىن بۇيان، پىداكارلىق بىلەن ئۆلۈم خەۋپىدىن باش تارتماسلىقتەك قەھرىمانلىق جاسارىتى، مۇكەممەل، كۈچلۈك بولغان، سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قابىلىيىتى، باش چۆكۈرۈپ ئېتىرقىنىپ ئىشلەيدىغان، كەسپىنى قەدىرلەيدىغان روھى ئارقىلىق خەلق ساقچىسىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەيدىغان مۇددىئاسىنى نەمۇنىلىك بىلەن ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، 2 قېتىم 2 - دەرىجىلىك، 3 قېتىم 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىسى، شىنجاڭ بويىچە مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىلىك ئۈلگە قاتارلىقناملارغا ئېرىشتى. 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**ۋاڭ لىبي** 45 ياش، كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، شىنجاڭ گېئولوگىيە - قېزىلما



بايلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئېچىش ئىدارىسى 1 - گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتىنىڭ باش ئىنژېنېرى. ئۇ 1984 - يىلى شىئەن گېئولوگىيە ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭ گېئولوگىيە ئىدارىسىنىڭ 1 - گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتىگە تەقسىم قىلىنغان. ئۇ 16 يىلدىن بۇيان ئىزچىل ھالدا پىچان ناھىيىسىدىكى قوڭغۇر تاغ ئەتراپىدا ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، گۈڭگۈرت قاتارلىق كان بايلىقىنى ئىزدەش بىلەن شۇغۇللانغان، گېئولوگىيە تېخنىكى، گېئولوگىيە گۇرۇپپىسى باشلىقى، مۇئاۋىن تېخنىكا مەسئۇلى، شۆبە ئەترەت باشلىقى، چوڭ ئەترەتنىڭ مۇئاۋىن باش ئىنژېنېرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. پىچان ناھىيىسىنى بايلىققا نامرات ناھىيىدىن بايلىقى مول ناھىيىگە ئەرەققىي قىلدۇرۇشتا، تۇرپان - قۇمۇل رايونىنى ئالتۇن چىقمايدىغان رايوندىن ئالتۇن كۆپ چىقىدىغان رايونغا ئايلاندۇرۇشتا، 1 - گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتىنى كانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئاساس قىلغان ھالدا يىللىق مەھسۇلات قىممىتىنى 120 مىليون يۈەندىن ئاشۇرىدىغان قىلىشتا مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇ، 3 قېتىم شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ گېئولوگىيىلىك كان تېپىشتا گەۋدىلىك تۆھپە قوشقانلار بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، 1997 - يىلى جۇڭگو كۆمۈركان - گېئولوگىيە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۇنىڭغا «تۆھپە يارىتىپ ئىگىلىك تىكلەشتە ئىلغار شەخس» دەپ نام بەرگەن، 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**ليۇ چىن** ئايال، 40 ياش، كاندىدات كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي



تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى «بەخت» يولى تارماق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى. ئۇ ئىشلەۋاتقان پوچتا ئىدارىسىنى 1996 - يىلى مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات

بۆلۈمى بىلەن گوۋۇيۈەن كەسىپتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش ئىشخانىسى بىرلىكتە مەملىكەت بويىچە پوچتا - تېلېگراف سىستېمىسىدىكى مەدەنىي مۇلازىمەت قىلىدىغان 33 ئۈلگىلىك كۆزنەكنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتتى، بۇ ئىدارە 1997 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە كەسىپ ئەخلاقىدىكى 10 ياخشى كارخانا بولۇپ باھالاندى. بۇ ئىدارىگە 1998 - يىلى مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى «مەملىكەت بويىچە كەسىپ ئەخلاقىدىكى ئىلغار ئورۇن» دەپ نام بەردى، 1999 - يىلى يەنە مەركىزىي مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى يېتەكچىلىك كومىتېتى ۋە ئۇچۇر سانائىتى مىنىستىرلىكى «مەملىكەت بويىچە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى پائالىيىتىدىكى ئۈلگىلىك نۇقتا» دەپ نام بەردى. ليۇ چېن 1998 - يىلى «مەملىكەت بويىچە پوچتا - تېلېگراف سىستېمىسىدىكى ئەلا مۇلازىمەت ئۈلگىسى» دېگەن نامغا ۋە مەملىكەتلىك «1 - ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشتى. 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**چېن جۈن** كومپارتىيە



ئەزاسى، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، ماناس توك تارقىتىش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى رېلېلىك قوغداش ئىسمېنىسىنىڭ باشلىقى. 1994 - يىلى ئۇ تەتقىق قىلىپ ياساشقا قاتناشقان DY—33 تىپلىق تۆۋەن بېسىملىق رېلې شىنجاڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتى ئىدارىسى بويىچە 3 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، شۇ يىلى شىنجاڭ بويىچە رېلېلىك قوغداش تېخنىكىسى مۇسابىقىسىدە 2 - بولدى؛ 1996 - يىلى «شىنجاڭ بويىچە رېلېلىك قوغداشتا ئون ياخشى ئۈلگە» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ 1997 - يىلى رېلېلىك قوغداش ئىسمېنىسى غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە - ئاپتونوم رايوننىڭ رېلېلىك قوغداشنى ئۆز ئارا تەكشۈرۈش خىزمىتىدە ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلىدى. 1998 - يىلى ئۇ دۆلەت ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتى تەرىپىدىن ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى. 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**گاۋ چىيىڭ** ئايال، خۇيزۇ، 43 ياش، كومپارتىيە ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى



سايباغ رايونلۇق شۆبىسى «جېڭشىڭ» يولى ئاشلىق دۇكىنىنىڭ مۇدىرى. 1993 - يىلى ئاشلىق باھاسى قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، ئاشلىق، ياغنىڭ سېتىلىشى زور ھەجىمدە ئازىيىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئېغىر دەرىجىدە ئازلاپ كەتتى. مۇشۇنداق قىيىن شارائىتتا، ئۇ ئاشلىق دۇكىنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە باشچىلىق قىلىپ، ئاھالىلەرنى ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ھورنان پىشۇرۇش تىجارىتىنى يولغا قويۇپ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى، ئاشلىق دۇكىنىمۇ شۇ ئىش سەۋەبلىك ۋەزىيىتىنى يىلمۇ يىل ئاشۇرۇپ گۈرۈندىدى. ئۇ 1995 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىسى، 1997 - يىلى شەھەر بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس، 1997 — 1999 - يىلغىچە ئۇدا 3 يىل شەھەر بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالاندى. 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**ئوسمان ئىسمائىل** 36 ياش، كومپارتىيە ئەزاسى، شىنجاڭ



«1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر (گۇرۇ- ھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى 2 - پروكاتلاش زاۋۇتىنىڭ ئۇچاستكا باشلىقى. 1981 - يىلى ئۇ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر زاۋۇتى پولات پروكاتلاش زاۋۇتىنىڭ پولات پروكاتلاش ۋاقىتلىق ئىشچىسى بولغان. ئۇ ئۇستىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ناھايىتى تېزلا پولات ئۆرۈش، پولات تاللاش، پولات سۆرەش قاتارلىق ئەڭ ئاساسلىق مەشغۇلات تېخنىكىسىنى ئىگىلىۋالغان. كېيىن ئۇ سېخ قايچىلاش گۇرۇپپىسىغا يۆتكىلىپ قايچىلاش ئىشچىسى بولغان. ئىش ئورنىنىڭ ئالمىشىشى ئۇنىڭ تېخنىكا جەھەتتىكى ئىزدىنىش ئارزۇسىغا تەسىر كۆرسەتمىدى. 1985 - يىلى ئۇنىڭ خىزمەت ئىپادىسى ناھايىتى ياخشى بولغاچقا، زاۋۇت ئۇنى تاللاپ رەسمىي ئىشچى قىلدى. 1986 — 1999 - يىلغىچە ئۇدا مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزاسى، ئىلغار ئىشچى - خىزمەتچى، يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى بولۇپ باھالاندى؛

1996 ـ 1998 ـ يىللىرى ئۇدا 3 يىل شىركەت تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى؛ 1997 ـ يىلى شىركەتتىكى ئۈلگە بولۇپ باھالاندى؛ 1998 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش مېدالىغا ئېرىشتى. 2000 ـ يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**دولقۇن جانى** ئەر، تاجىك، 35 ياش، كومپارتىيە ئەزاسى،



قەشقەر تاشيول باش ئۆچاستكىسى خۇنجىراپ داۋىنىنىڭ باشلىقى، خۇنجىراپ داۋىنى — جۇڭگو ـ پاكىستان خەلقئارا تاشيولىنىڭ دۆلەت ئىچىگە كىرگەن بۆلىكىدىكى 1 ـ داۋان بولۇپ، بۇ يەردە يىلبويى ياز بولمايدۇ، 8 ـ ئايدا قار ياغىدۇ، ئوكسىگېن تۈزلىگۈلىكتىكىنىڭ %60 ىگە يەتمەيدۇ. مانا مۇشۇنداق يىلبويى قار ـ مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان، دېڭىز يۈزىدىن 4753 مېتىر ئېگىز بولغان داۋاندا مەملىكەتلىك «1 ـ ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشكەن دولقۇن جانى 15 يىل ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى ئېگىزلىكتىكى تاشيولغا تەقدىم قىلدى. 1999 ـ يىلى دولقۇن جانى يەنە مەملىكەت بويىچە تاشيول ئاسراش سىستېمىسىدىكى «ئون ياخشى تاشيول ئىشچىسى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن. 2000 ـ يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**سۇن خاۋ** 38 ياش، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، كومپارتىيە ئەزاسى، جۇڭگو نېفىت ـ تەبىئىي گاز گۇرۇھى شىركىتى تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىت تەكشۈرۈش ـ ئېچىش قوماندانلىق شىتابى يەر شارى فىزىكىسى تەتقىقات ئورنىنىڭ باش گېئولوگى، ئالىي ئىنژېنېر. ئۇ يۇقىرىدىن چۈشۈرۈلگەن ئىلمىي تەتقىقات ۋەزىپىسىنى كۆپ يىل ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ، 10 نەچچە خىل



ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسىنى قولغا كەلتۈردى، قۇدۇق ئورنى توغرىسىدىكى 10 نەچچە نەزەرىيىۋى ئىسپاتنى ئوتتۇرىغا قويدى، تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىكىگە 30 مىليون توننىدىن كۆپ يېڭى نېفىت گېئولوگىيىلىك زاپىسى تېپىپ بېرىپ ۋە 3 مىليون توننا مەھسۇلاتنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ، خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدە ئالدىنقى سەۋىيىدىكى نېفىتلىك قۇرۇشقا كۈچ چىقاردى. ئۇ كۆپ قېتىم نېفىتلىك بويىچە ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىكتىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى، 1995 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ، 2000 ـ يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.


## ئابدۇمىجىت ھىمىت

27 ياش، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، خوتەن ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسىدا مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى. ئۇ 1991 ـ يىلى ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ خوتەن ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسى زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش چولۇق ئەترىتىگە قوبۇل قىلىنغان. خىزمەت نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغاچقا، 2 قېتىم مۇنەۋۋەر دۆلەت مەمۇرى، ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالانغان. 1998 ـ يىل 10 ـ ئايدا «22 سېنتەبىر» مەخسۇس دېلوسىدىكى باش جىنايەتچى، شىنجاڭدىكى زوراۋان



تېرورلۇق جىنايەتچىلىرىنىڭ غوللۇق ئۇنسۇرى ئابدۇسالام قاتارلىق 3 توپىلاڭچىنى تۇتۇش جەريانىدا قارا نىيەتلەرنىڭ قوراللىق تەھدىتىگە پىسەنت قىلماي، پىداكارلىق بىلەن قارا نىيەتلەرگە ئېتىلغان، بەدىنىنىڭ 3 يېرىگە ئوق تەگكەن ئەھۋالدا، ھايات ـ ماماتى بىلەن ھېسابلاشماي، قۇربان بېرىشتىن قورقماي، جىنايەتچىلەر بىلەن ھەققانىيەت يولىدا باتۇرانە كۈرەش قىلدى. 2000 ـ يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**تۇغلۇق** 55 ياش، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە،



كومپارتىيە ئەزاسى، ھازىر غۇلجا شەھەرلىك مۇھىت تازىلىقى 1 ـ ئەترىتىدە گۇرۇپپا باشلىقى. ئۇ ئەسلىدە باج خادىمى ئىدى، 1995 ـ يىلى ئەۋزەل خىزمەت شارائىتىدىن ۋاز كېچىپ، خىزمىتىدىن ئۆزلۈكىدىن ئىستېپا بېرىپ، مۇھىت

تازىلىقنىڭ 1 - سىپىدە تازىلىق ئىشچىسى بولۇشنى تەلەپ قىلغان. تازىلىق خىزمىتىگە قاتناشقان 5 يىلدىن بۇيان، جاپادىن، پاسكىنىچىلىقتىن ۋە ھېرىپ - چارچاشتىن قورقماي، رەھبەرلىك تەقسىم قىلغان خىزمەتنى تولۇق ئورۇندىدى. مەيلى تومۇز ئىسسىق، زىمىستان سوغۇقتا بولسۇن، بوران چىققان، يامغۇر ياغقان كۈنلەردە بولسۇن، مەيلى كۈندۈزى ياكى كېچىسى بولسۇن، تازىلىقنىڭ 1 - سىپىدە باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ كەلدى. 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**جۇ شياۋچىن** ئايال، 34 ياش، كومپارتىيە ئەزاسى، ئالىي تېخنى-



كوم مەلۇماتىغا ئىگە، يېزا ئىگىلىك بانكىسى كۈيتۇڭ تارماق بانكىسى مەركىزىي خەلق پۇل ئامانىتى پونكىتىنىڭ مۇدىرى. ئۇ خەلق پۇل ئامانىتى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان 13 يىلدىن بۇيان، ئىش ئورنىنى سۆيۈپ، كەسپىنى قەدىرلەش، شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشۇشنى باشتىن - ئاخىر كىشىلىك تۇرمۇش مىزانى قىلىپ، ئاددىي ئىش ئورنىدا ئاجايىپ تۆھپىلەرنى ياراتتى، 1998 - يىلى ئۇنىڭغا جۇڭخۇا مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى «1 - ماي» ئەمگەك مېدالى بەردى. 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**خالىدىن ئەبەيدۇللا** 48 ياش، كومپارتىيە ئەزاسى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، شىنجاڭ تۇزكۆل خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى نېتروتلاش سېخىنىڭ توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى شوپۇرى. ئۇ ئۇدا كۆپ يىل زاۋۇت دەرىجىلىك، نازارەت دەرىجىلىك ئىلغار شەخس بولۇپ باھالانغان، 1996 -



يىلى مەملىكەتلىك يېنىك سانائەت ساھەسى بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولغان. 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**جاڭ شىن** 38 ياش، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، كومپارتىيە



ئەزاسى، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى، باش دىرېكتورى. 1988 - يىلى 26 ياشلىق جاڭ شىن تاقىلىپ قېلىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان سانجى شەھەرلىك ترانسفورماتور زاۋۇتىنى ھۆددە ئالغان. ئىلگىرىكى مەھەللە كىچىك زاۋۇتى زورىيىپ ھازىر ئاپتونوم رايوننىڭ ماشىنا - ئېلېكتر ساھەسىدە تۇنجى بولۇپ پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەت بولۇپ قالدى، ئالاھىدە ترانسفورماتور مەھسۇلاتى جۇڭگونىڭ تەڭدىن تولىسىغا يۈزلەندى ھەمدە ئىلغار تېخنىكىسى ۋە سىناقتىن ئۆتكەن سۈپىتى ئارقىلىق ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، مالايسىيا، فىلىپپىن قاتارلىق 10 نەچچە دۆلەتنىڭ بازىرىغا كىردى. ئۇ 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**ما جۈنلەن** ئايال، خۇيزۇ، 47 ياش، كومپارتىيە ئەزاسى، سانجى شەھىرى داشىجۇي يېزىسى سەنسا-



كۇ كەنتىنىڭ ئاياللار مۇدىرى. ئۇ سەنساكۇ كەنتىدە 15 يىل ئاياللار مۇدىرى بولغان. 1994 - يىلى قوشۇمچە سەنساكۇ كەنتى 3 - گۇرۇپپىسىنىڭ پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى، 1995 - يىل 2 - ئايدىن باشلاپ كەنت پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولدى. 1992 - يىل 2 - ئايدا يەنە قىيىنچىلىقى بىر قەدەر ئېغىر بولغان ئىلگىرىكى 2 - گۇرۇپپىغا بېرىپ، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. ئۇ كەسپىنى يۈكسەك دەرىجىدە قەدىرلىگەچكە، سانجى ئوبلاستى تەرىپىدىن «8 - مارت» قىزىل بايراقدارى، بېيىش ماھىرى بولۇپ باھالاندى. 1995 - يىلى سانجى ئوبلاستلىق ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىسى، 1996 - يىلى سانجى ئوبلاستى بويىچە 10 ياخشى ئايال ئۈلگە، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالانغان. 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**جاڭ جۇڭيەن** 58 ياش،



تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، كومپارتىيە ئەزاسى، شىنجاڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇش گورۇھى 4 - بىناكارلىق - قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى، قوشۇمچە جيۇجياڭ شۆبە شىركىتىنىڭ دىرېكتورى. ئۇ دۆلەت قۇرۇلۇشى بويىچە «ماتارىپقا ياردەم بېرىشتە تۆھپە قوشقان كارخانىچى»، «مەملىكەت بويىچە بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئىستېمالچىلىرى ئىشەنچلىك دوستى»، ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىسى قاتارلىق ناملارغا ھەمدە مەملىكەتلىك «1 - ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشكەن. 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

## چۇ شۆجۇڭ 45 ياش،



ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، ئۇ ئىلگىرى ئۈرۈمچى 1 - دارىلمۇئەللىمىندە ۋە شەھەرلىك چوڭلار مائارىپى ئىنستىتۇتىدا فىزىكا ۋە سىياسىي - نەزەرىيە كەسپىنى ئۆگەنگەن. 1994 - يىلى شىنجاڭ «دېلۇڭ» گورۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باشقۇرۇش قاتلىمىغا كىرگەن ھەمدە لىدىر ياردەمچىسى بولۇپ، يېڭى ئىگىلىك تۈرلىرىنى پىلانلاش، يولغا قويۇش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىگە ئومۇميۈزلۈك مەسئۇل بولغان . 5 يىل تىرىشىش ئارقىلىق، شىركەت يېڭى ئىگىلىكنى كەسپلەشتۈرۈش جەھەتتە بولۇپمۇ پەمىدۇر، زارائىزا، ئۈزۈم، ئالقات قاتارلىقلار باشلامچى قىلىنغان «قىزىل كەسىپ»نى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا «ئىلمىي تەتقىقاتنى ئىستېمالاشتۇرۇش، خام ئەشيانى بازىلاشتۇرۇش، پىششىقلاپ ئىشلەشنى كەسپلەشتۈرۈش، بازارنى تورلاشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇشنى خەلقئارالاشتۇرۇش»تىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىيەتنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈردى. ئۇ 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

## لىيۇ جيەنجۈن 40 ياش،



ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، كومپارتىيە ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى كۆزىتىش - ئۆلچەش مەركىزىنىڭ ئالىي ئىنژېنېرى. ئۇ مۇھىت ئاسراش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان 10 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئىلمىي تەتقىقاتنى ئاكتىپ قانات يايدۇردى، مەلۇم ساھەدىكى تەتقىقاتى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتتى. 1990 - يىلى ئۇنىڭغا ئاپتونوم رايون بويىچە «80 - يىللاردىكى مۇنەۋۋەر ستۇدېنت» دېگەن نام بېرىلدى، 1995 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى. 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

## سۇڭ شۇلىڭ ئايال، 41



ياش، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، كومپارتىيە ئەزاسى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى ۋاقىتلىق باشقارمىسى كورلا توك ئىشلىرى ئۇچاستكىسىنىڭ باشلىقى، مەسئۇل تېخنىك. ئۇ 10 نەچچە قېتىم ئىدارە بويىچە «بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئۈلگىسى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن ھەمدە مەملىكەت بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىختىساسلىشىش ئىلغارى بولۇپ باھالانغان. 1998 - يىلى شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش مېدالىغا ئېرىشكەن ھەمدە تۆمۈريول مىنىستىرلىكى بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالانغان، 1999 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشكەن. 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

## ئەي چيۇخخۇا ئايال، 55

ياش، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، كومپارتىيە ئەزاسى، غۇلجا شەھەرلىك تېببىي مەكتەپ مېدىتسىنا - ئېرسىيەت تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى، ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە ياردىمىدىن بەھرىمەن بولىدىغان، ئاپتونوم رايوندا گەۋدىلىك تۆھپىسى بار مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس. 1984 -، 1986 -

يىللىرى 2 قېتىم ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خىزمەتچىسى



بولۇپ باھالانغان. «ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر مائارىپ خىزمەتچىسى» دېگەن نامغا ۋە شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش مېدالىغا ئېرىشكەن، 1995 - يىلى شىنجاڭدىكى ئون مەشھۇر ئايالنىڭ بىرى بولۇپ باھالانغان؛ 2000 — 2004 - يىلغىچە بولغان باشقۇرۇش مەزگىلىدىكى ئاپتونوم رايون بويىچە گەۋدىلىك تۆھپىسى بار مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس، 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

## سۇلتان قادىر

قىرغىز، 40 ياش، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ



مەلۇماتىغا ئىگە، كومپارتىيە ئەزاسى، ئاقچى ناھىيە قۇلانساراق يېزا ئاقتېكەتېر كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى. بۇ يېزا دېڭىز يۈزىدىن 1730 — 5958 مېتىرغىچە ئېگىز جايدا، قىروسىز مەزگىلى 160 كۈن ئەتراپىدا بولۇپ، تىپىك يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق رايونى ھېسابلىنىدۇ. 1990 - يىلى يېزا بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم ئارانلا 372.27 يۈەن ئىدى. 1989 - يىلى ئۇ ئاقتېكەتېر كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولدى. 10 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇ كەنتتىكى ئاممىنى جاپالىق كۈرەش قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشقا يېتەكلىدى. 1999 - يىلغا كەلگەندە، كەنت بويىچە ئاشلىق مەھسۇلاتى 847 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1033 كىلوگرامدىن ئاشلىق توغرا كەلدى؛ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا 1000 يۈەن كىرىم كۆپەيدى. كەنت پارتىيە ياچېيكىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىسى بولۇپ باھالاندى، ئۇ ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى. 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

## ھەبىبۇل ھەمدۇللا

52 ياش، كومپارتىيە ئەزاسى، ئورمان



چىلىق نازارىتى گۈچۈڭ ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ ئاپتوموبىل شوپۇرى. 1995 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىسى، 1997 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، 1998 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەر كەسپىي ئەخلاقىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالانغان. 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

## مۇھەممەت قۇربان

44 ياش، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، قۇمۇل شەھىرى قارادۆۋە يېزا 4 - كەنت سۈچىلىق پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى. ئۇ ھەر يىلى ئائىلە كىرىمىنىڭ %20نى بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەرنى قۇتقۇزۇشقا، %10نى يول - كۆۋرۈك ياساشقا ۋە مائارىپقا ياردەم بېرىشكە



ئىشلىتىدۇ. ئۇ ھەر يىلى مائارىپنى قوللاش، يېزا - كەنت يوللىرىنى قاتتىقلاشتۇرۇش، سۈچىلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارغا 5000 يۈەندىن 10 مىڭ يۈەنگىچە ئىئانە قىلدى، ئىئانە پۇلى 8 يىلدا 64 مىڭ يۈەن بولدى. ھەر يىلى بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە، نامرات ئائىلىلەرگە 5 - 6 توننا ئۇن ئېلىپ بەردى، ئېلىپ بەرگەن ئۇن 8 يىلدا 27.5 توننا بولدى، بۇنىڭغا خەجلەنگەن پۇل 60 مىڭ 500 يۈەن. سۈچىلىق پونكىتىنىڭ بېغىنى ھۆددە ئالغاندا، توختامنامىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، ئۇنىڭغا ھەر ئايدا 500 يۈەن مائاش بېرىلىشى كېرەك ئىدى، 8 يىلدىن بۇيان ئۇ يۇقىرىغا 800 مىڭ يۈەن ھۆددە پۇلى تاپشۇردى، ئەمما بىر پۇڭمۇ مائاش ئالمىدى. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇ نامرات ئائىلىلەرگە 200 مىڭ يۈەن ئۆسۈمسىز قەرز بەردى ھەمدە ئۇلارنىڭ باغۋەنچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، قۇرۇق ئۈزۈم، چىلانلىرىنى سېتىشقا ياردەم بېرىپ، بېيىش قەدىمىنى تېزلەتتى. 2000 - يىلى

مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**ۋاڭ شيۇيىڭ** ئايال، 34 ياش، ئالىي تېخنىكوم مەلۇما-



تىغا ئىگە، كومپارتىيە ئەزاسى، شىنجاڭ ئاۋئاتسىيە شىركىتى ئۈچۈش بۆلۈمى مۇلازىمەتچىلەر 1 - ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى. ئۇ 1998 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەر كەسىپ ئەخلاقىدىكى 10 ياخشى ئۈلگە بولۇپ باھالانغان، 1999 - يىلى يەنە مەملىكەت بويىچە ئاۋئاتسىيە ساھەسىدىكى مەدەنىي ئائىلە بولۇپ باھالاندى. ئۇ ئۇچۇشتا يېتەكچىلىك قىلغان گۇرۇپپا 1996 - يىلدىكى مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش پائالىيىتىدە دۆلەت ئاۋئاتسىيە باش ئىدارىسىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. 1997 - يىلى ئۇنىڭ ۋە گۇرۇپپىدىكى بارلىق خادىملارنىڭ تىرىشىشى ئارقىسىدا، «9101» مەدەنىي ئىشىبىنىسى شىركەتكە پەزىلەت جەھەتتە ئۈلگە يارىتىپ بەردى. ئۇ 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**لۇ خەيچۈەن** 49 ياش، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، كومپارتىيە ئەزاسى، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى قۇدۇق بۇرغىلاش شىركىتىنىڭ باش ئىنژېنېرى. ئۇ 1994 - يىلدىن بۇيان ئۇدا 4 يىل قاراماي شەھىرى - شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى؛ 2 قېتىم ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالاندى؛ 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە شىنجاڭدىكى تۆمۈر ئادەم پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى بويىچە مىس مېدالىغا ئېرىشتى؛ 1997 - يىلى



ئاپتونوم رايوننىڭ شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش مېدالىغا ئېرىشتى؛ 1999 - يىلى يەنە جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز گۇرۇھى باش شىركىتى بويىچە ئالاھىدە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى. 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**جاڭ چىڭخۇا** ئايال، 56 ياش، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ



مەلۇماتىغا ئىگە، كومپارتىيە ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كۆكتات، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر باش شىركىتى 2 - شۆبە شىركىتىنىڭ دىرېكتورى. 1999 - يىلى ئۇ مەسئۇلاتىنىڭ سېتىلىش قىممىتىنى 3 مىليون 321 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، ئۇدا 8 قېتىم شەھەر دەرىجىلىك ئىلغار بولغان. 1997 - يىلى شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش مېدالىغا، 1998 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشكەن. 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**خۇ چىڭمىڭ** 51 ياش، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇما-



تىغا ئىگە، كومپارتىيە ئەزاسى، شىنجاڭ ناسوس زاۋۇتى قۇيمىچىلىق شۆبە زاۋۇتىنىڭ پېچ رېمونتچىسى. ئۇ 8 ئىشچىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، سىغىمى 3 توننا تۆمۈر ئېرىتىدىغان 2 پېچنى رېمونت قىلىش ۋە پېچنىڭ تۈرلۈك ماتېرىياللىرىنى تەقلەش خىزمىتىنى زىممىسىگە ئالغان. ئۇ يۇقىرى ھارارەتلىك ئىسسىقتا 20 نەچچە يىل ئىشلىگەن بولسىمۇ، زادىلا ھېچقانداق سۈپەت مەسىلىسى سادىر قىلمىدى. كۆپ يىل زاۋۇت، ئىدارە دەرىجىلىك ئىلغار خىزمەتچى، 1995 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالانغان. 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**ئېرشات مالىك**

ئۆزبېك، 56 ياش، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، كومپارتىيە ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تىۋتلىك ئۈچكە تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، تەتقىقاتچى. ئۇ ئۇستىگە ئالغان تەتقىقات تۈرىدىن 13ى دۆلەت، ئۆلكە، مىنىستىرلىك ۋە شەھەر دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشتى، ئۇ يازغان 16 پارچە ئىلمىي ماقالە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇ ئۇدا 3 قېتىم «ئۈرۈمچىدىكى گەۋدىلىك تۆھپە

قوشقان كەسپىي تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ سەرخىل ئەختىساس ئىگىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى. 1992 - يىلى مەملىكەت بويىچە



تۆھپىسى گەۋدىلىك مۇتەخەسسىس بولۇپ باھالاندى ھەمدە ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولدى. 1998 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 50 مىڭ يۈەن پەن - تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1995 - يىلى ۋە 2000 - يىلى 2 قېتىم ئاپتونوم رايون بويىچە تۆھپىسى گەۋدىلىك مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس بولۇپ، 1995 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى. 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**غوپۇر قۇربان** 48 ياش، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇ -



ماتىغا ئىگە، كومپارتىيە ئەزاسى، شىنجاڭ لىنتېلىق تۆز زاۋۇتى ئاپتوموبىل كالوننىسىنىڭ ئالىي رېمونتچىسى. ئۇ 1995 — 1998 - يىلغىچە ئۇدا 4 يىل زاۋۇت ئۈلگىسى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، رەڭلىك مېتال سانائىتى شىركىتى بويىچە ئۈلگە بولۇپ باھالاندى، 1995 - يىلى شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش مېدالىغا ئېرىشتى. 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**خەيرىنىساخان غازى** 50 ياش، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە،



كومپارتىيە ئەزاسى، كۇچا ناھىيە ئۆزۈن يېزا ئۆزۈن 1 - كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، قوشۇمچە ئاياللار مۇدىرى. ئۇنىڭغا ئاقسۇ ۋىلايىتى، كۇچا ناھىيىسى تەرىپىدىن 18 قېتىم «ئىلغار خىزمەتچى»، «8 - مارت» قىزىل بايراقدارى، «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» دېگەن نام بېرىلگەن. 1995 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالانغان. 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**لۇ شىنجياڭ** 47 ياش، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە،



ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ئورگان پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى. ئورگان پارتكومى ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار خىزمىتى كومىتېتى تەرىپىدىن ئۇدا ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى بولۇپ باھالىنىپ كەلدى، 1998 - يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. 1997 - يىلى ئۇ ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە، شىنجاڭغا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلگەن باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ سەممىي قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**ئېردۆلەت سىلاۋبېك**

قازاق، 59 ياش، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، كومپارتىيە ئەزاسى،



بايىنبۇلاق ئوتلاق تەجرىبە پونكىتىنىڭ باشلىقى، تەتقىقاتچى. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ جۇكېجېن دالا ئىلمى خىزمىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى بويىچە ئىلغار دالا خىزمەتچىسى، مەملىكەت بويىچە گەۋدىلىك تۆھپىسى بار مۇتەخەسسىس بولۇپ باھالانغان، ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولغان. 1997 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس ھەمدە مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا خىزمەتچىسى بولۇپ باھالانغان. 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**ما چى** 44 ياش، ئالىي

مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، كومپارتىيە ئەزاسى. شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۆسۈملۈك ئاسراش ئورنىنىڭ باشلىقى، تەتقىقاتچى. ئۇ ئۇدا كۆپ يىل مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خادىمى بولۇپ باھالانغان، 1996 - يىلى



گوۋيۈەن تەرىپىدىن ئۇنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولۇشى تەستىقلانغان، 1997 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە گەۋدىلىك تۆھپىسى بار مۇتەخەسسىس بولۇپ باھالانغان. ئۇ رىياسەتچىلىك قىلغان ۋە قاتناشقان دۆلەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ئىلمىي تەتقىقات تۈرى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەرنى كېڭەيتىش تۈرى 16 بولۇپ، بۇنىڭدىن 9ى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

## ئەرشى شەرىپىدىن 48

ياش، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ



مەلۇماتىغا ئىگە، كومپارتىيە ئەزاسى، ئۈرۈمچى كانچىلىق ئىدارىسى ۋېيخۇلياڭ كۆمۈركېنى كۆمۈر قېزىش ئەترىتىدە ئىش باشلىقى. ئۇ 25 يىلدىن بۇيان كۆپ قېتىم ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى، ئىشلەپچىقىرىش ئۈلگىسى بولۇپ باھالانغان. 1999 - يىلى مەملىكەتلىك «1 - ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشكەن؛ 1995 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالانغان. 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

## ئىبراھىم ئارۇپ 57

ياش، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ



مەلۇماتىغا ئىگە، تۇرپان شەھىرى يار يېزىسى كوناشەھەر شەرقىي قوۋۇق كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى. 1999 - يىلى كەنت بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 2483 يۈەنگە، كەنت بويىچە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 15 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتكەن، دېھقانلارنىڭ تەگدىن تولىسى تېلېفون ئورناتقان، %95تىن كۆپ دېھقان ئائىلىسى رەڭلىك تېلېۋىزور ۋە توڭلاتقۇ سېتىۋالغان، شەرقىي قوۋۇق كەنتىمۇ شۇ سەۋەبتىن شەھەر بويىچە ھاللىق كەنت بولغان. ئۇ 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

## كۆرلا

ئەر، موڭغۇل، 45 ياش، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، ئارشاڭ ناھىيە زالمۇت يېزا بۆرە كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى. ئۇ ئاساسىي قاتلامدا خىزمەت قىلغان 18 يىل جەريانىدا بۆرە كەنتىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ناھايىتى زور تۆھپىلەرنى قوشتى. 131 ئائىلىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىمى ئاپتونوم رايون بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە سەۋىيە 400 يۈەندىن ئېشىپ كەتتى، 10 يۇلتۇزلۇق مەدەنىي ئائىلە %80 تىن



ئاشتى. 1998 - يىلى بۆرە كەنتى بورتالا ئوبلاستى بويىچە مەدەنىي ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 1995 - يىلى ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالانغان. 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

## ئابدۇشۈكۈر مىجىت

29 ياش، شىنجاڭ پېداگوگىكا



ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەنتەربىيە فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن، ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە كومىتېتى بوكسچىلىقنى باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ بوكسيورچىسى. 1996 - يىلى جۇڭگو بوكس پادىشاھلىقىنى تالىشىش مۇسابىقىسىدە، شۇ يىلدىكى مەملىكەتلىك بوكسيورلۇق تەييارلىق مۇسابىقىسى، چېمپىيونلۇقنى تالىشىش

مۇسابىقىسىنىڭ 3 تۇردە چېمپىيون بولغان؛ 1997 - يىلى مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ئۇ يەنە بوكس چېمپىيونى بولغان؛ 1998 - يىلى ئۇ 11 : 10 نومۇر بىلەن 8 - نۆۋەتلىك دۇنيا لوڭقىسىنى تالىشىش بوكسىيورلۇق مۇسابىقىسىدە 91 + كىلوگراملىقلار بويىچە 2 - بولغان، بۇ نەتىجە جۇڭگونىڭ دۇنيا بوكس سەھنىسىدە ھازىرغىچە ياراتقان ئەڭ ياخشى نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

## شۈي يۈچېڭ 44

ياش، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، كومپارتىيە ئەزاسى، شىنجاڭ باغ-



راش قومۇشچىلىق (گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قەغەز ياساش سېخىنىڭ ئۇچاستىكا باشلىقى. 1992 - يىلى شىنجاڭ قومۇشچىلىق گۇرۇھى شىركىتى شىنجاڭنىڭ قەغەز ئىشلەپچىقىرىش تارىخىدا تۇنجى تۇركۇم ئوفسېتلىق باسما كىتاب - ژۇرنال قەغىزىنى ئىشلەپچىقاردى، بۇ قەغەز شىنجاڭنىڭ بۇ تۈردىكى بوشلۇقىنى تولدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى مەملىكەت ئىچى - سىرتىدا بازىرى ئىتتىك كوزىر مەھسۇلات بولۇپ قالدى، ئۇ بۇ مەھسۇلاتنى يارىتىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا غايەت زور يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئۈلگىسى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى دېگەنناملارغا ۋە شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش مېدالىغا ئېرىشتى. 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

## ئۆمەر ئىمىن 42 ياش،

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتى-



غا ئىگە، بۈگۈر ناھىيە قارىباغ يېزا ئۇششاقتېرەك كەنت پارتىيە ياچېيكىسى-نىڭ شۇجىسى. ئۇ 1996 - يىلى بۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئىشنى تۈزۈم قۇرۇلۇشىدىن باشلاپ، تەرەققىيات پىلانى تۈزۈپ چىقىپ، كەنت ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كوللېكتىپ ئىگىلىكنى ئۈزلۈكسىز زورايتتى. 3 يىل تىرىشچان-لىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، كەنتنىڭ كونا قىياپىتى تۈپتىن ئۆزگىرىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. ئۇ 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

## چېن رېنچۈەن 35 ياش،

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە،



ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى شىركىتى ماي ئايرىش زاۋۇتى كاتالىزلاش سېخىدا ئىسمېنا باشلىقى، مەسئۇل ئېخنىك. ئۇ 16 يىلدىن بۇيان مەۋقەنى ئىش ئورنىغا قويۇپ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلىدى، 166 تۈرلۈك مۇۋاپىق تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇنىڭ قوبۇل قىلىنىش نىسبىتى %90تىن ئاشتى. ئۇ 176 قېتىم كاشىلا ۋە يوشۇرۇن ئاپەتنى بايقىدى ۋە تۈگەتتى. 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

## ئادىل ھوشۇر 30 ياش،

شىنجاڭ سېرىك ئۆمىكى دارۋازلىق



ئەترىتىنىڭ باشلىقى، دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك ئارتىس. ئۇ 3 -، 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە دارۋازلىقتا 1 - دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 1995 - يىل 9 - ئايدا 4 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سېرىك مۇسابىقىسىدە «ئالتۇن شىر مۇكاپاتى» ۋە «ۋېنخۇا» كاتتا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 1996 - يىل 12 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خىزمەت-چىسى، 1997 - يىلى 3 - نۆۋەتلىك شىنجاڭدىكى 10 مەشھۇر ياش بولۇپ باھالانغان. 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

## ۋۇ مېيگۈەن 53 ياش،

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، كومپارتىيە ئەزاسى، بېگتۈەن يېزا ئىگىلىك 1 - شى ماددىي ئەشيا باش

شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى. ئۇ 1996 - يىلى باش دىرېكتور بولغاندىن بۇيان، باش شىركەت بويىچە كىشى بېشىغا 20 مىڭ يۈەندىن پايدا يارىتىپ، دۆلەتكە



23 مىليون 500 مىڭ يۈەن پايدا - باج تاپشۇردى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمى ھەر يىلى 1000 يۈەنلىك سۈرئەت بىلەن ئېشىپ باردى. ئاپتونوم رايون، بىڭتۈەن تەرىپىدىن باش شىركەتكە ئۇدا 5 يىل «مەدەنىي ئورۇن» دېگەن نام بېرىلدى. 1998 - يىلى بۇ ئورۇن مەملىكەت بويىچە ماددىي ئەشيا ئىستېمالىدىكى 100 داڭدار كارخانىنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى، ئۇنىڭ قارمىقىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتى ئۇدا 3 يىل مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىستېمالىدىكى 100 كۈچلۈك كارخانا بولۇپ باھالاندى. ۋۇ مېيگۈەن 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**ياڭ چۈنرۇڭ** ئايال، 30 ياش، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، كومپارتىيە ئەزاسى، شىخەنزە «1 - ئاۋغۇست» پاختا توقۇمىچىلىق گۇرۇھى توقۇش - بوياش زاۋۇتى ئېگىرىش شۆبە زاۋۇتى پىششىقلاپ ئىشلەش سېخىنىڭ غالتەك نازارەتچىسى. 1992 — 1999 - يىلىغىچە شەخسىي مەھسۇلاتىدا ۋەزىپىنى %130تىن ئاشۇرۇپ ئورۇندىغان، 1993 — 1999 - يىلىغىچە ئورۇندىغان مەھسۇلاتى 3335.505 توننا بولۇپ، پىلاندىكىدىن 91.24 توننا ئېشىپ، ئارتۇق ياراتقان مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 234 مىڭ 600 يۈەنگە يەتكەن.



ئۇ زاۋۇتقا كىرگەن 9 يىلدا ئىشقا چىقىش نۆۋىتىنى %100كە يەتكۈزگەن، مەشغۇلات جەھەتتە ھەر يىلى ئەلا دەرىجىگە يەتكەن، 9 يىلدا 12 يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغان. 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**نۇر ئەخمەت** 34 ياش، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، كومپارتىيە ئەزاسى، شىنجاڭ تۇمشۇق بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى ج خ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە جىنايى ئىشلار ساقچى چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى. ئۇ ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، بىڭتۈەن بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، باشقۇرۇش رايونى بويىچە 10 ياخشى خەلق ساقچىسىنىڭ بىرى، ج خ ساھەسىدىكى



ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ئىلغارى، يېزا ئىگىلىك 3 - شى بويىچە 10 ياخشى پارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالانغان. 1998 - يىلى ئۇ شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك 10 مەشھۇر باش قاراۋۇل، شۇ يىلى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىلىك شەخس، 1999 - يىلى ج خ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىسى بولۇپ باھالانغان. 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**لياۋ يۈڭيۈەن** 38 ياش، جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتى تارىم شۆبە شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى. 1987 - يىلى ئۇ ئەترەتكە باشلامچىلىق قىلىپ ئېلىمىز بويىچە خۇاڭخېنى كېسىپ ئۆتىدىغان، قىيىنلىق



دەرىجىسى يۇقىرى بولغان يۆنىلىشلىك تۇنجى قۇدۇقنى قېزىپ، ئېلىمىزدىكى يۆنىلىشلىك قۇدۇق بۇرغىلاش قۇرۇلۇشىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. 1989 - يىلى ئۇ رەھبەرلىك قىلغان قۇدۇق قېزىش ئەترىتى مەملىكەت بويىچە نېفىتلىكلەر ئىچىدە تۇنجى قېتىم يۇقىرى بېسىملىق پۈركۈگۈچ جۈمەكلىك بۇرغا تېخنىكىسىنى قوللىنىپ ھەمدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، قۇدۇق بۇرغىلاش ۋاقتىنى 2 ھەسسە قىسقارتتى. 1990 - يىلى يەنە چوڭ ھەم يالىڭاچ كۆزلۈك قۇدۇق بۇرغىلاش تېخنىكىسىنى تۇنجى قېتىم سىناق قىلىپ، 30 مىليون يۈەندىن كۆپ مەبلەغنى تېجەپ قالدى. ئۇ 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**مەتتۇرسۇن ھەسەن** 24

ياش، چىرا ناھىيە چىرا يېزا ئاقكۆل كەنتىدىكى يېزىغا قايتقان زىيالىي ياش. ئۇ توخۇ فېرمىسى قۇرۇپ ئىلمىي ئۇسۇلدا توخۇ بېقىش تېخنىكىسىنى



قوللىنىپ، پەقەت بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىلا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشىپ، كەنت بويىچە پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىشنىڭ باشلامچىسى بولۇپ قالدى. 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**چېن جىڭ** ئايال، 37 ياش، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە،



كومپارتىيە ئەزاسى، نىلقا ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى. 1994 - يىلى ئىلى ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت يېتەكچىلىك پونكىتى ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت يېتەكچىلىك پونكىتىغا «قېلىپلاشتۇرۇپ، ئۆلچەملەشتۇرۇپ باشقۇرۇشتا ئىلغار پونكىت» دەپ نام بەردى، 1998 - يىلى نىلقا ناھىيىسى ئاپتونوم رايوننىڭ پىلانلىق تۇغۇتتا «ئۇچىنى ئاساس قىلغان» ناھىيىلەرنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى ھەمدە «مەملىكەت بويىچە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە ئىلغار ناھىيە» دېگەن نامغا ئېرىشتى. 1996 - يىلى چىن جىڭ مەملىكەت بويىچە پىلانلىق تۇغۇت پەن - تېخنىكىسى جەھەتتىكى ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ، 1998 - يىلى ئىلى ۋىلايىتى بويىچە پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى سەرخىل ئىختىساس ئىگىسى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالانغان. 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**لى يۈك** 31 ياش، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، بىڭتۇەن



بىناكارلىق - قۇرۇلۇش 1 - شىسى ترانسفورت شىركىتىنىڭ شوپۇرى. 1998 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىدا قۇرۇلۇش قىلغاندا، ئۇ مەھسۇلات قىممىتىنى 330 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، 55 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى، شىركەتكە 2.1 توننا يېقىلغۇ تېجەپ بەردى، ئاپتوموبىلنىڭ ساق تۇرۇش نىسبىتىنى 95.42% كە يەتكۈزدى، ئۇرلۇك ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەرنى ئورۇنداشتا شىركەت بويىچە 1 - بولدى. 1999 - يىلى ئۇنىڭغا شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش مېدالى بېرىلگەن. 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**يى فېيخۇ** 46 ياش، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، كومپارتىيە ئەزاسى، شىنجاڭ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىك يېڭى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ مۇدىرى. ئۇ كۆپ قېتىم ئاكادېمىيە، بىڭتۇەن بويىچە ئىلغار خىزمەتچى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالانغان. 1998 - يىلى بىڭتۇەن



بويىچە كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىدىكى 10 ياخشى ئۈلگە، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ياش پەن - تېخنىكا خىزمەتچىسى بولۇپ باھالاندى. 1999 - يىلى ئۇ رەھبەرلىك قىلغان مۇلازىمەت مەركىزى بىڭتۇەن بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەر كەسپىي ئەخلاقى قۇرۇلۇشىدىكى 10 ياخشى ئورۇن بولۇپ باھالانغان. 2000 - يىلى يى فېيخۇ مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**گو شۆەنجۈك** بويىزۇ، 52 ياش، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ



مەلۇماتىغا ئىگە، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 10 - شى 181 - تۇەن - مەيدانى نەسىللىك قوي فېرمىسىنىڭ مالچىسى. ئۇ 1998 - يىلى بىڭتۇەن بويىچە 10 داڭلىق مالچىنىڭ بىرى بولۇپ باھالانغان، 1996 - يىلى ئۇنىڭغا «مەملىكەت بويىچە بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش سېستىمىسىدىكى ئىشچى -

خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى بىۋاستە سېتىش ئىگىلىكىدە «ئىلغار شەخس» دەپ نام بېرىلگەن. 2000 - يىلى ئۇ مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**ۋۇ يۈەنشيۇ** ئايال، 43 ياش، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، كومپارتىيە ئەزاسى،



بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 2 - شى 30 - تۈەن - مەيدانى 12 - ليەننىڭ دېھقانچىلىق ئىشچىسى. ئۇ يەر ھۆددە ئالغان 14 يىلدا 187 توننا ئاشلىق، 178 توننا پاختا ئالغان. 1996 — 1999 - يىلغىچە ئۇنىڭغا يېزا ئىگىلىك 2 - شى تەرىپىدىن «بوستانلىق چولپىنى»، «ئەمگەك نەمۇنىچىسى»، «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى»، بىڭتۈەن تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر - لاياقەتلىك خوجايىن» دېگەن نام ۋە بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈپ چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش ئەمگەك مېدالى، شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش مېدالى بېرىلگەن، 1999 - يىلى ئۇ بىڭتۈەن تەرىپىدىن ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالانغان. 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**رازاق مەتنىياز** 57 ياش، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، كومپارتىيە ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت تىل - ئەدەبىيات كەسپى بويىچە ئاسپىرانت يېتەكچىسى. ئۇ پارتىيە كۆپ يىل تەربىيىلىگەن ئالىي دەرىجىلىك زىيالىي بولۇش سۈپىتى بىلەن پارتىيىگە، خەلققە سادىق بولۇپ،



ئىزچىل ھالدا ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىدە چىڭ تۇردى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىدى، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇردى، سىياسىي مەيداندا قەتئىي تەۋرەنمىدى. ئۇ 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**لۇ گۇيىڭ** ئايال، 58



ياش، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، كومپارتىيە ئەزاسى، شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى جۇڭيى دوختۇرخانىسىدا بۆلۈم مۇدىرى، مۇدىر ۋراچ. ئۇ كۆپ قېتىم ئىلغار خىزمەتچى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، 100 ياخشى دوختۇر بولۇپ باھالانغان. 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**جاقىپ بەدۆللا** قازاق، 51 ياش، كۆكتوقاي ناھىيە تۇرغۇن يېزا



كۆشەساي كەنتىدىكى مالچى. ئۇ كىچىك چېغىدىلا ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ، تۇرمۇشنىڭ ئېغىر يۈكىنى بالدۇرلا ئۈستىگە ئالغان. 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا ئۇ بېيىش يولىغا مېڭىپ، ئۆزىنىڭ يۈك ئاپتوموبىلى، تراكتورى، گېنېراتورى، 1000 تۇياقتىن ئارتۇق ئەلا نەسىللىك چارۋىسى بار بولغان، يىللىق كىرىمى 100 نەچچە مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن. 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**جۇ گوشىڭ** 38 ياش،



ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، قۇمۇل شەھەرلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى. ئۇ قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئۆزىگە خاس بايلىق ئەۋزەللىكىگە ۋە كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئاساسەن، كىرىمنى كۆپەيتىش، چىقىمنى تېجەشنى چىڭ تۇتۇپ، تۈزۈلمىگە تايىنىپ بايلىق

توپلاش، سىياسەتكە تايىنىپ بايلىق يارىتىشتىن ئىبارەت يېڭىچە مالىيە باشقۇرۇش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**ئابدۇۋېلى مۇھەممەت**

52 ياش، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، كومپارتىيە ئەزاسى. ئىلگىرى ئۇ مەكىت ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ



مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى، مەكتەپ مۇدىرى، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، ئۇنىڭ باشلامچىلىقى ۋە تەسىرىدە ئوقۇتقۇچىلاردىن 12 سى ۋىلايەتتىن يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلارنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن. ئۇلاردىن مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى بولغىنى 3، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى بولغىنى 2، ئاپتونوم رايون بويىچە ئالاھىدە ئوقۇتقۇچى بولغىنى 2، ۋىلايەت دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى، مۇنەۋۋەر پىئونېرلار ئەترىتى يېتەكچىسى ۋە مۇنەۋۋەر سىنىپ مۇدىرى بولغىنى 5. ئۇ 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**مىجىت ئەلى** 48 ياش، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، كومپارتىيە ئەزاسى. ئۇ 1978 - يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى خانئېرىق بازىرى بوياقچىغىل كەنتىنىڭ باشلىقى، 1994 - يىلى كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغان. ئۇ 1996 - يىلى مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر



كومپارتىيە ئەزاسى، 1998 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىلىك شەخس، 1999 - يىلى مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىلىك شەخس بولۇپ باھالانغان. 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**مەلىكەم** 36 ياش، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، خۇنجېراپ تاموژنىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى. ئۇ



دېڭىز يۈزىدىن 4700 مېتىر ئېگىز بولغان «ھالاكەت جىلغىسى» دەپ ئاتالغان خۇنجېراپتا 15 يىل خىزمەت قىلغان. ئۇ 1995 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىسى؛ 1999 - يىلى ئۈرۈمچى تاموژنىسى بويىچە 10 ياخشى ياش تاموژنا خادىمىنىڭ بىرى، شۇ يىلى 10 - ئايدا مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىلىك شەخس بولۇپ باھالانغان. 2000 - يىل 2 - ئايدا كادىرلار مىنىستىرلىكى، تاموژنا باش مەھكىمىسى ئۇنىڭغا «مەملىكەت بويىچە تاموژنا ساھەسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى» دەپ نام بەرگەن. 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**ۋۇ دېخيۇن** 60 ياش، ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە، كومپارتىيە ئەزاسى، ئۇلۇغچات ناھىيە-



لىك دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى، مۇدىر ۋراچ، پامىر ئېگىزلىكىدىكى ئۇلۇغچات ناھىيىسىدە قىرغىزلارنى ئاساس قىلغان 40 مىڭدىن كۆپ ھەر مىللەت خەلقى ياشايدۇ. ئۇ 36 يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، قەتئىي ئىرادە بىلەن ئۇ يەردىكى ھەر مىللەت ئاممىسىغا خىزمەت قىلدى. كېسەللەرگە كۆپ قېتىم ئۆز تېنىدىن تېرە كۆچۈردى، كۆپ قېتىم قان بەردى. ئۇنىڭ بەرگەن قېنى 7000 لىتىر بولۇپ، قۇرامىغا يەتكەن بىر ئادەمنىڭ تېنىدىكى قاننىڭ ئومۇمىي مىقدارىغا تەڭ كېلىدۇ. ئۇ 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**ئاقماش زىكباي** قازاق، 37 ياش، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، تولى ناھىيە كۆپ يېزىسى سارقامۇز كەنتىدىكى مالچى. ئۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ خەلقنى بېيىتىش سىياسىتىدىن تولۇق پايدىلاندى، گېزىت - ژۇرنال، رادىئولاردىن ئىلمىي ئۇسۇلدا مال بېقىشقا ئائىت بىلىملەرنى تەشنالىق

بىلەن ئۆگەندى، ئۇ مالچىلىق قىلغان.



دىن سىرت، يەنە چىغدىن ئىشىك پەردىسى ۋە سېلىنچا توقۇش، دورا ماتېرىياللىرى قېزىش، ئوتۇن تېرىش، قومۇش ئورۇش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق بېيىش يولىغا ماڭدى. 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**مەخدۇمخان باۋۇدۇن**

29 ياش، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، كومپارتىيە ئەزاسى، كورلا پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ ئارقاق قاچىلاش ئىشچىسى. ئۇ فابرىكىغا كىرگەن 11 يىلدىن بۇيان، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان توقۇش ماشىنىسى بېشىدا ئۆزىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش



قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇردى. 2000 - يىلى ئۇ مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

**شياۋ ليەنشىن** 44 ياش، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە،



كومپارتىيە ئەزاسى، شىنجاڭ سۇچىلىق - سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى 1 - قۇرۇلۇش باشقارمىسىنىڭ ئىشچىسى. ئۇ خىزمەتكە قاتناشقان 20 يىلدا 14 قېتىم باشقارما، نازارەت دەرىجىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىلغارى ۋە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالانغان. 2000 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

## ئىنقىلابىي قۇربانلار

**جاڭ شىنپىڭ** قۇمۇل



شەھىرىدىن، 1959 - يىلى تۇغۇلغان، 1977 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان. ئۇ ھايات ۋاقتىدا بېكىتۈەن يېزا ئىگىلىك 5 - شى ماددىي ئەشيالار شىركىتىدە باش دىرېكتور ياردەمچىسى، قوشۇمچە مېتال شىركىتىنىڭ دىرېكتورى ئىدى. 1996 - يىلى ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالمۇتا شەھىرىگە بېرىپ سودا كەسپى ئۈستىدە كېڭەشكەن، شۇ ئاينىڭ 27 - كۈنى 3 قوراللىق قاراقچى جاڭ شىنپىڭ ياتقان ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ بۇلاڭچىلىق قىلغان. ئۇ، دۆلەتنىڭ غورۇرىنى ساقلاش، دۆلەت مال - مۈلكى ۋە سودا ئۇچۇرىنى قوغداش، شۇنداقلا ئىمزالانغان ئىقتىساد - سودا توختامىنى زىيانغا ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن، قاراقچىلار بىلەن ئېلىشىش جەريانىدا قۇربان بولغان. 2000 - يىل 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

**خې لىپىڭ** قۇتۇبى

ناھىيىسىدىن، 1961 - يىل 12 - ئايدا تۇغۇلغان، 1977 - يىل 10 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، ئۇ ھايات ۋاقتىدا قۇتۇبى ناھىيە «تاڭنۇرى» سودا سارىيى-



نىڭ مۇھاپىزەتچىسى ئىدى. 1997 - يىل 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى سەھەردە نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقاندا، سودا سارىيىنىڭ مال - مۈلكىنى ئوغرىلىماقچى بولغان جىنايەت گۇماندارىنى نەق مەيداندا تۇتۇۋالغان ھەمدە ئۇنى مۇھاپىزەتچىلەر

ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىرگەن، جىنايەت گۇماندارى بىر نەچچە قېتىم قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، رەت قىلىنغاندىن كېيىن، ئارقىسىغا يوشۇرۇۋالغان خەنجەرنى چىقىرىپ، خې لىپىڭنىڭ 5 يېرىگە تىقىپ قېچىپ كېتىشكە ئۇرۇنغان، خې لىپاڭ ئېغىر يارىلانغان بولسىمۇ ئۇنى زادىلا قويۇۋەتمىگەن، يارىسى ئېغىرلاپ، قېنى بەك كۆپ ئېقىپ كەتكەنلىكتىن باتۇرلارچە قۇربان بولغان. 2000 - يىل 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

## تاش رازاق

يەكەن ناھىيىسىدىن، 1966 - يىلى 5 - ئايدا



تۇغۇلغان، 1982 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان، 1991 - يىلى پارتىيىگە كىرگەن، ئۇ ھايات ۋاقتىدا يەكەن ناھىيە ئىگەرچى بازارلىق سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ئىدى. 1998 - يىل 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چۈشتىن كېيىن زوراۋان تېرورچىلار گۇرۇھىدىكى باش جىنايەتچىنى تۇتقاندا، قاراقچىلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئارقا - ئارقىدىن 9 يېرىگە پىچاق سېلىنغاچقا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. 2000 - يىل 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

## مەھەممەتجان سادىق

ئاقسۇ شەھرىدىن، 1942 - يىل 12 - ئايدا تۇغۇلغان، 1962 - يىل 8 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1981 - يىل 9 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. ئۇ ھايات ۋاقتىدا بىكتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 - شى مىللىي دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ پارتكوم شۇجىسى ئىدى. ئۇ 1989 - يىلدىن باشلاپلا ئاساسىي قاتلام رەھبىرىي كادىرى بولغان بولۇپ، كۆپ قېتىم ج خ ئورگانلىرىغا ماسلىشىپ مىللىي بۆلگۈنچىلەر، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر ۋە زوراۋان تېرورچىلارنىڭ جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى تەكشۈرگەن ۋە پاش قىلغان. 1997 - يىل 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئاخشىمى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە زوراۋان تېرورچىلارنىڭ ئۆچ ئېلىشى يۈزىسىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، باتۇرلۇق بىلەن قۇربان بولغان. 2000 - يىل 2 - ئاينىڭ 18- كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

## شۈي يۈڭشىن

ئۈرۈمچى شەھرىدىن، 1974 - يىل 3 - ئايدا



تۇغۇلغان، 1989 - يىلى ئەتتىپاققا كىرگەن، 1993 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان. ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا بانكىسى ئالتۇنتاغ تارماق بانكىسى ئۇنىۋېرسال كەسىپ بۆلۈمىنىڭ مۇپەتتىشى ئىدى. 1998 - يىل 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى سائەت 21 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەن چاغلاردا، ئۇ ئۈرۈمچى شەھىرى شياۋشىمىندىكى ئالتۇنتاغ تارماق بانكىسىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنىدا خىزمەتداشلىرى بىلەن شۇ كۈندىكى تىجارەت پۇللىرىنى پۇل توشۇش ئاپتوموبىلىغا قاچىلىماقچى بولۇۋاتقاندا، تۇيۇقسىزلا قوراللىق جىنايەت گۇماندارلىرى ئۇلارنى بۇلىغان، قاراقچىلار ئوق چىقىرىپ ئۇنىڭ خىزمەتدىشىنى يارىلاندۇرۇپ، پۇل قاچىلانغان بىر چامادانني بۇلاپ قاچقاندا، شۈي يۈڭشىن پۇل چامادانى بىلەن قاراقچىنى ئۇرغان، شۇ چاغدا قاراقچىنىڭ ئوقى ئۇنىڭ يۈرىكىگە تېگىپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. 2000 - يىل 2 - ئاينىڭ 18- كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

## يۇ شىچياڭ

ئۈرۈمچى شەھرىدىن، 1952 - يىل 9 - ئايدا



تۇغۇلغان، 1971- يىلى خىزمەتكە قاتناشقان. ئۇ ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭ ياغاچ ماتېرىيال زاۋۇتى ئېنېرگىيە شۆبە زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى ئىدى (ماشىنىنى توختىتىپ، شتاتىنى ساقلاپ قېلىپ، كورلىنىڭ تېكچى يېزىسىدىكى كېرەكسىز مايلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش پونكىتىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ئىدى). 1997 - يىل 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى سائەت 12لەردە تېكچى يېزىسىدىكى كېرەكسىز مايلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش پونكىتىدا باك تازىلاۋاتقاندا، 2 ئىشچى زەھەرلىنىپ باك ئىچىدە ھوشىدىن كەتكەن، يۇ شىچياڭ باك ئىچىگە سەكرەپ چۈشۈپ بىر ئىشچىنى قۇتقۇزۇپ چىققاندىن كېيىن، يەنە بىر ئىشچىنى قۇتقۇزماقچى بولۇۋاتقاندا، بېشى قېيىپ باك ئىچىدە يېقىلىپ چۈشكەن، ئۇ ئېغىر

زەھەرلەنگەن بولغاچقا قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي قۇربان بولغان. 2000 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

## ما باۋشەن گەنسۇنىڭ



گەنگۇ ناھىيىسىدىن، 1944 ـ يىل 8 ـ ئايدا تۇغۇلغان، 1963 ـ يىلى خىزمەتكە قاتناشقان، 1979 ـ يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. ئۇ ھايات ۋاقتىدا جىمسار ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، قوشۇمچە يېڭىيەر شۆبە سېتىش دۇكىنى تىجارەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئىدى. 1985 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئاخشىمى سائەت 20 لەردە، ئۇ شۆبە سېتىش دۇكىنىدا كېچىلىك نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقاندا، 2 جىنايەت گۇماندارىنىڭ دۇكاندىكى مالنى ئوغرىلاۋاتقانلىقىنى بايقىغان. ئۇ قاراقچىلار بىلەن ئېلىشىش جەريانىدا قۇربان بولغان. 2000 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 18ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

## ۋۇ زۇڭلىن سىچۇەننىڭ

يىلۇڭ ناھىيىسىدىن، 1956 ـ يىل 4ـ ئايدا تۇغۇلغان، 1976 ـ يىل 9 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1991 ـ يىل 11 ـ ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. ئۇ ھايات ۋاقتىدا بېكتۇەن يېزا ئىگىلىك 7 ـشى 130 ـ تۇەن ـ مەيدانى 3 ـ لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى، قوشۇمچە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئىدى. ئۇ 3 ـ لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى، سىياسىي يېتەكچىسى، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغان مەزگىللەردە لىيەندۇي سانىتارىيە ئومۇمىنىڭ پۇلى ھېسابىغا يەپ ئىچكەنلىكى، لىيەندۇينىڭ تېببىي دورا پۇلىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانلىقى، قىمار ئوينىغانلىقى قاتارلىق قەبىھ ئىشلىرى يۈزىسىدىن كۆپ قېتىم تەنقىد قىلغان. 1995 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى جىنايەت گۇماندارى ئۆچ ئالماقچى بولۇپ ئۇنى لىيەن شتابى ئىشخانىسىدا ئۆلتۈرۈۋەتكەن. 2000 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

## ئەزىز ئابباس شايار

ناھىيىسىدىن، 1940 ـ يىل 8 ـ ئايدا تۇغۇلغان. ئۇ ھايات ۋاقتىدا شايار ناھىيە قىزىلبايراق يېزا يېڭى مەھەللە كەنتىدىكى مەسچىتنىڭ ئىمامى، قوشۇمچە كەنت كومىتېتىنىڭ بوغالتىرى ئىدى. يېڭى مەھەللە مەسچىتى كۆپ قېتىم ناھىيە، يېزا تەرىپىدىن بەشتە ياخشى مەسچىت بولۇپ، ئەزىز ئابباس بەشتە ياخشى ئىمام بولۇپ باھالانغان. ئۇ ج خ ئورگانلىرىغا ياردەملىشىپ شايار ناھىيىسىدىكى 500 مىڭ يۈەن پۇل بۇلاش دېلوسى ۋە ئۈرۈمچى «5 ـ فېۋرال» ئاپتوبۇس پارتلىتىش دېلوسىدىكى باش جىنايەتچىنى تۇتۇشتا چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن. 1997 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە زوراۋان تېرورچىلارنىڭ ئۆچ ئېلىشى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن. 2000 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

## ئابلەت تايىپ ئاۋات

ناھىيىسىدىن، 1944 ـ يىل 6 ـ ئايدا تۇغۇلغان، 1995 ـ يىلى پارتىيىگە كىرگەن. ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئاۋات ناھىيە تامتوغراق يېزا ئۆستەڭ ئارال كەنت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىدى. 1998 ـ



يىل 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئۇ كەنتىدىكى بىر ئائىلىدە، سىرتتىن كەلگەن بىر نەچچە ئادەمنىڭ بارلىقىنى بايقاپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىدىن گۇمانلىنىپ، ساقچىخانىغا دېلو مەلۇم قىلغان ھەمدە ج خ كادىر ساقچىلىرىغا ھەمكارلىشىپ، زوراۋانلىق، تېرورلۇق قىلىشقا پۇرسەت كۈتۈۋاتقان جىنايەتچىلەر گۇرۇھى دېلوسىنى پاش قىلىۋاتقاندا زوراۋانلار بىلەن كەسكىن ئېلىشىپ باتۇرلارچە قۇربان بولغان. 2000 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

## ئوسمان ئاۋۇت كۇچا

ناھىيىسىدىن، 1976 ـ يىل 2 ـ ئايدا



تۇغۇلغان، 1997 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئىتتىپاققا كىرگەن. ئۇ ھايات ۋاقتىدا كۇچا ناھىيە ئاقئۆستەڭ يېزا ئاقئۆستەڭ كەنتىنىڭ ئاھالىسى ئىدى. 1998 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى سەھەر سائەت 2 لەردە توساق قۇرۇپ چارلاۋاتقاندا بىر

گۇمانلىق ئادەم ئۇچراپ قالغان، ئۇنى سوراق قىلىش جەريانىدا ئۇنىڭ ئوغرىلىق قىلغان جىنايەت گۇماندارى ئىكەنلىكىنى بايقىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىش جەريانىدا باتۇرلارچە قۇربان بولغان. 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

**ئابدۇراخمان ھامۇت**

خېجىڭ ناھىيىسىدىن، 1966 - يىل



6 - ئايدا تۇغۇلغان، 1985 - يىل 9 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1997 - يىل 6 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. ئۇ ھايات ۋاقتىدا خېجىڭ ناھىيە خارمۇدۇن يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. 1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قاراشەھەر دەرياسىغا ناھايىتى زور كەلكۈن كەلگەندە، ئابدۇراخمان ھامۇت ئۆزلۈكىدىن باتۇرلۇق بىلەن دەريا ئېقىنىدىكى توسالغۇلارنى تازىلاش زەربىدارلار ئەترىتىگە قاتناشقان. 6 كۈن كەلكۈنگە قارشى تۇرۇپ خەتەردىن قۇتقۇزۇشقا قاتناشقاندىن كېيىن، 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى سائەت 12 دە يەنە بىر قېتىم توسالغۇنى تازىلاپ خەۋپ - خەتەرنى يوقىتىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋاتقاندا، كەلكۈن ئېقىتىپ كېتىپ قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

**ياڭ شۇنچۇەن**

شەندۇڭنىڭ يىڭجىاڭ ناھىيىسىدىن، 1958 - يىل 5 - ئايدا تۇغۇلغان، 1978 - يىل 9 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1981 - يىل 7- ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. ئۇ ھايات ۋاقتىدا بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شى كەينەن تۈرمىسى 2 - نازارەت رايونىنىڭ باشقۇرۇش - تەربىيىلەش ساقچىسى ئىدى. 1998 - يىل 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى كەينەن تۈرمىسى 2 - نازارەت رايونىدىكى 2 ئېغىر جىنايەتچى نۆۋەتچى ساقچىنى ئۆلتۈرۈپ تۈرمىدىن قېچىپ كېتىشنى پىلانلاپ، كالتەك، توك سىمى، تانا قاتارلىق دېلو تۇغدۇرۇش قوراللىرىنى ئالدىن تەييارلاپ، شۇ كۈنى سائەت 21 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، گۈلخانىدا ياڭ شۇنچۇەننى ئۇرۇپ ھوشىدىن كەتكۈزۈۋەتكەندىن كېيىن، دەرھال ئۇنىڭ ساقچى كىيىمىنى سالدۇرۇۋالغان، ئۇ ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن بېشىدىكى جاراھەتتىن قان ئېقىۋاتقىنىغا قارىماي جىنايەتچىلەر بىلەن ئېلىشقان، شۇ جەرياندا ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلۈپ، باتۇرلارچە قۇربان بولغان. 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

**شۇ شيۇلى**

ئايال، چۆچەك شەھرىدىن، 1974 - يىل 4 -



ئايدا تۇغۇلغان، 1991 - يىل 5 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن، 1995 - يىل 4 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان. ئۇ ھايات ۋاقتىدا چۆچەك شەھەرلىك يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى ئىمىل يېزا سەنگۇڭ شۆبە كوپېراتىپىنىڭ ۋاكالىتەن ئىش بېجىرگۈچىسى ئىدى. 1995 - يىل 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چۈشتىن كېيىن شۇ شيۇلى ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىدا ئىشلەۋاتقاندا قولىغا خەنجەر ئېلىۋالغان 3 جىنايەت گۇماندارى ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىغا تۇيۇقسىزلا بېسىپ كىرىپ، شۇ شيۇلىغا بىخەتەر ئىشكاپنىڭ ئاچقۇچىنى تاپشۇرۇش توغرىسىدا تەھدىت سالغان، ئۇ قىلچىمۇ قورقماستىن قاراقچىلار بىلەن ئېلىشىپ باتۇرلارچە قۇربان بولغان. 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

**جياڭ مياۋشىن**

چۆچەك شەھرىدىن، 1965 - يىل 4 - ئايدا



تۇغۇلغان، 1985 - يىل 8 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، ئۇ ھايات ۋاقتىدا ساۋەن ناھىيىلىك ئۇن - ياغ زاۋۇتى لابوراتورىيە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ئىدى. 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ساۋەن ناھىيىسىگە پەۋقۇلئاددە كەلكۈن كەلگەندە، كاماندىروپكىدىن قايتىپ كەلگەن جياڭ مياۋشىن كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ، خەۋپتىن قۇتقۇزۇش زەربىدارلار ئەترىتىگە قاتناشقان. خەتەرلىك ئەھۋاللارنى تۈگىتىش بىلەن بولۇۋاتقاندا، كەلكۈن ئېقىتىپ كېتىپ قۇربان بولغان. 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

## تۇرسۇنتوختى ئەخمەت

خوتەن ناھىيىسىدىن، 1968 - يىلى



2 - ئايدا تۇغۇلغان، 1989 - يىلى 8 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان. ئۇ ھايات ۋاقتىدا خوتەن ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسىدە بۆلۈم ئەزاسى، 2 - دەرىجىلىك مەسئۇل ساقچى ئىدى. 1999 - يىلى 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى سەھەردە، بۇيرۇققا بىنائەن كۆرەش زوراۋان - تېرورچىلار جىنايەت گۇرۇھىنى قورشاپ يوقىتىش كۆرىشى جەريانىدا، 15 مىنۇت جىددىي سوقۇش بولۇپ، تېرورچىلار كاتتىبېشى كۆرەش ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈپ تۇتقۇنلار مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قۇتقۇلدۇرۇلدۇ. تۇرسۇنتوختى ئەخمەت ھەممىنىڭ ئالدىدا ئېتىلىپ ماڭغان بولغاچقا، ئېغىر يارىلىنىپ باتۇرلارچە قۇربان بولدۇ. 2000 - يىلى 12 -ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

## سەيدىمەممەت سەيدىئەخمەت

لوپ ناھىيىسىدىن، 1960 - يىلى 4 - ئايدا تۇغۇلغان، 1977 -



يىلى خىزمەتكە قاتناشقان. ئۇ ھايات ۋاقتىدا لوپ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى مەمۇرىي جەھەتتىن تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىنىڭ توختام تۈزۈمىدىكى ئامانلىق ساقلىغۇچىسى ئىدى. 1998- يىلى 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى سەھەر سائەت 3 تە 3 جىنايەت گۇماندارى قولىغا ئۆتكۈر پالتا ئېلىپ، تامدىن ئارتىلىپ تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىغا چۈشۈپ، ئۆزىنىڭ شېرىكلىرىنى بۇلاپ كېتىشكە ئۇرۇنغان. دەل شۇ چاغدا نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان سەيدىمەممەت سەيدىئەخمەت شەپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تۇتۇپ تۇرۇلغانلارنى تەكشۈرۈۋاتقاندا، قاراقچىلار ئۇنى تۇتۇۋېلىپ تۈرمە دەرۋازىسىنى ئېچىپ بېرىشكە قىستىغان، ئۇ قەتئىي رەت قىلغاندىن كېيىن، قاراقچىلار تەرىپىدىن ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلۈپ، باتۇرلارچە قۇربان بولغان. 2000 - يىلى 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

## پەن جياڭ

سىجۇەننىڭ يەن-



تىڭ ناھىيىسىدىن، 1967 - يىلى 12 - ئايدا تۇغۇلغان، 1988 - يىلى 8 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1994 - يىلى 6 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. ئۇ ھايات ۋاقتىدا قاراقاش ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى قاتناش ساقچىسى چوڭ ئەترىتىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى ئىدى. 1999 - يىلى 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى سائەت 12 دە، پەن جياڭ سەپداشلىرى بىلەن جىنايەت گۇماندارلىرىنى مۇتىسكلىتتا ج خ ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈشى ئۈچۈن ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، جىنايەت گۇماندارى تۇساتتىن يوشۇرۇپ قويغان خەنجىرىنى چىقىرىپ غالجىرلىق بىلەن پەن جياڭنىڭ بېشى ۋە بويىنىغا 3 يېرىگە تىققان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. 2000 - يىلى 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

## ئابدۇقەييۇم جۇمەنىياز

خوتەن ناھىيىسىدىن، 1971 - يىلى 2 - ئايدا تۇغۇلغان، 1989 - يىلى 3 - ئايدا قىسىمغا كىرگەن، 1991 - يىلى



5 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. ئۇ ھايات ۋاقتىدا خوتەن ناھىيە باغچى بازىرىنىڭ خەلق قوراللىق بۆلۈم خادىمى ئىدى. 1999 - يىلى 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى سائەت 11 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە بۇيرۇققا بىنائەن، كۆرەش زوراۋان - تېرورچىلار جىنايەت گۇرۇھىنىڭ 4 ئەزاسىغا قوغلاپ زەربە بېرىش ھەرىكىتىدە، قاراقچىلار بىلەن تۇتۇشقاندا، ئارقا - ئارقىدىن 10 يېرىگە پىچاق تىقىلىپ، باتۇرلارچە قۇربان بولغان. 2000 - يىلى 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

## شيې سۇڭلۇڭ

سىچۇەن شەھىرىدىن، 1975 - يىلى 5 - ئايدا تۇغۇلغان، 1998 - يىلى 12 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. ئۇ ھايات ۋاقتىدا سىچۇەن شەھىرى گومىدى

بازىرى دۇڭگۇاڭ كەنتىنىڭ ئاھالىسى ئىدى. 1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى مىچۇەن شەھىرىدە قارا يامغۇر يېغىپ كەلكۈن كەلگەندە، شىي سۇڭلۇڭ كەلكۈنگە ئاقابىل تۇرۇپ، توسمىنى قوغداش جەريانىدا، باشتىن - ئاخىر چوڭ توسمىنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرغان، ئۇ كەلكۈن بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقاندا، كەلكۈن ئېقىتىپ كېتىپ قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

## ئابدۇقادىر غۇلام

ئاتۇش شەھىرىدىن، 1946 - يىلى تۇغۇلغان،



1967 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان، 1981 - يىل 1 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. ئۇ ھايات ۋاقتىدا قىزىلسۇ ئوبلاستلىق تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ئىدى. 2000 - يىل 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى قىرغىزىستاننىڭ بىشكەك شەھىرىدىكى تۇر بازىرىدا ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، جۇڭگولۇق سودىگەرلەرگە 1 مىليون 800 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق زىيان يېتىپ، جۇڭگولۇق سودىگەرلەر بازار تاشلىغان. ش ئۇ ئا ر تاشقى ئىشلار (مۇھاجىرلار ئىشلىرى) ئىشخانىسى ۋە ج خ نازارىتى قاتارلىق ئالاقىدار ئورۇنلار تەشكىللىگەن خىزمەت ئەترىتى ئوت ئاپىتىگە دائىر ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، قىرغىزىستانغا بارغان. شۇ يەر ۋاقتى 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى سائەت 23 تىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، خىزمەت ئەترىتىنىڭ 3 ئەزاسى قەشقەرنىڭ بىشكەكتىكى ۋاكالەتخانىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا چەت ئەللىك تېرورچىلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان، ئابدۇقادىر غۇلامنىڭ كۆكرىكىگە ئارقا - ئارقىدىن 3 پاي ئوق تېگىپ، نەق مەيداندا قۇربان بولغان. 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

## مىن جيەنشياڭ

شەنشىنىڭ شاڭجۇ شەھىرىدىن، 1972 -



يىلى تۇغۇلغان، 1988 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن، 1990 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان. ئۇ ھايات ۋاقتىدا قاغىلىق ناھىيىلىك سۇيۇقلاشتۇرۇلغان گاز پونكىتىنىڭ ئىشچىسى، مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەزاسى ئىدى. 2000 - يىل 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئاخشىمى سائەت 22 دە، مىن جيەنشياڭ مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەش خىزمەت ئەترىتىنىڭ باشقا ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە چاسا مەسچىت يېزىسىنىڭ 11 - كەنتىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، نازارەت قىلىش ئوبيېكتىنىڭ ئائىلىسىدە 5 گۇمانلىق ئادەمنىڭ بارلىقىنى بايقاپ ئۇلارنى دەرھال تىزگىنلىگەن ھەمدە ئەترەتدىشىنى ئەۋەتىپ ساقچىخانىغا مەلۇم قىلغان، شۇ چاغدا قولىغا ئۆتكۈر قورال ئالغان قورو سىرتىدىكى 2 جىنايەت گۇماندارى بىلەن قورو ئىچىدىكى قاراقچىلار ئىچى - تېشىدىن ماسلىشىپ خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەزالىرىغا ھۇجۇم قىلغان، مىن جيەنشياڭ قاراقچىلار بىلەن ئېلىشىش جەريانىدا باتۇرلارچە قۇربان بولغان. 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

## خۇدابەردى توختى

پوسكام ناھىيىسىدىن، 1945 - يىل 5 - ئايدا تۇغۇلغان، 1962 - يىل 9 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1966 - يىل 7 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. ئۇ ھايات ۋاقتىدا پوسكام ناھىيە پوسكام يېزىلىق سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ساقچىخانىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى ئىدى. ئۇ ئۇزاق مۇددەت ج خ سېپىدە خىزمەت قىلغان بولۇپ، بايرىقى روشەن ھالدا، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتكە قارشى تۇرۇشنىڭ 1 - سېپىدە تۇرۇپ، جىنايەتچىلەر بىلەن كۈرەش قىلىپ كەلگەن. 1999- يىل 8- ئاينىڭ 23 - كۈنى سەھەردە ئۇ زوراۋان تېرورچىلارنىڭ ئۆچ ئېلىشى بىلەن باتۇرلارچە قۇربان بولغان. 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 -كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى. ج خ مىنىستىرلىكى ئۇنىڭغا «1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» دەپ نام بەردى.

## دۇڭ چاڭبىن

خۇبېينىڭ خۇاڭشى شەھىرىدىن، 1973 - يىل 2 - ئايدا تۇغۇلغان، 1990 - يىل 12 - ئايدا قىسىمغا كىرگەن، 1991 - يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. ئۇ ھايات ۋاقتىدا غۇلجا ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى بازارلىق ساقچىخانىنىڭ ساقچىسى ئىدى. 2000 - يىل 7- ئاينىڭ 1 - كۈنى سەھەر سائەت 5 تىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، بازارلىق ساقچىخانىدا نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقاندا، ئوغرىلىق جىنايىتى سادىر بولغانلىق ھەققىدىكى مەلۇماتنى

تاپشۇرۇۋېلىپ، دەرھال 2 ساقچىنى ئېلىپ تېزلىكتە نەق مەيدانغا يېتىپ بارغان، جىنايەت گۇماندارلىرى بىلەن ئېلىشىش جەريانىدا، بەدىنىنىڭ 4 يېرىگە پىچاق تىقىلىپ، قان بەك كۆپ ئېقىپ كەتكەچكە، باتۇرلارچە قۇربان بولغان. 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى. ج خ مىنىستىرلىكى ئۇنىڭغا «2 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» دەپ نام بەردى.

## زىلەي ئابدۇرازاق

تېكەس ناھىيىسىدىن، 1943 - يىل 5 - ئايدا تۇغۇلغان، 1961 - يىل 1 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان. ئۇ ھايات ۋاقتىدا بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 - شى قومقۇدۇق (ساجىڭزى) مىللىي دېھقانچىلىق مەيدانى پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ پىنسىيىگە چىققان كادىرى ئىدى. ئۇ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇرغان، كۆپ قېتىم مەيدان پارتكومىغا ماسلىشىپ ئاياللار خىزمىتىنى، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ چۈمبىلىنى ئېچىش ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەن. 1997 - يىل 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى سەھەردە مىللىي بۆلگۈنچىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

## چېن دىجىن

سىچۇەننىڭ لېشەن شەھىرىدىن، 1955 - يىل 3 - ئايدا تۇغۇلغان، 1970 - يىل 5 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1987 - يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. ئۇ ھايات ۋاقتىدا تۇرپان ۋىلايەتلىك كان قۇتقۇزۇش ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئىدى. 2000 - يىل 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى كان قۇتقۇزۇش ئەترىتى قىزىلىيۇلتۇز كۆمۈر كېنىنىڭ قۇدۇق ئاستىدىكى ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەن رايوننى رازۋېدكا قىلىپ، ئاپەت ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ، دۆلەتنىڭ كان مەھسۇلاتلىرى بايلىقىنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى تەلەپ قىلغان دوكلاتنى تاپشۇرۇۋالدى. چېن دىجىن ئەترەت ئەزالىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، قۇدۇق ئاستىدا رازۋېدكا مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، بىر ئەترەتدىشى توساتتىن بېشى قېيىپ يىقىلىپ چۈشتى، ئۇ قۇتقۇزۇشنى تەشكىللەۋاتقاندا، كۆمۈر يېرىقىغا چۈشۈپ كېتىپ، ئوكسىگېن سۈمۈرۈش ماسكىسى ئاجراپ كېتىپ، تېنىگە بوغقۇچى گاز بەك كۆپ كىرىپ كەتكەنلىكتىن، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي، باتۇرلارچە قۇربان بولغان. 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

## شۈي خۋاشىڭ

شەندۇڭنىڭ ۋېيفاڭ شەھىرىدىن،



1963 - يىلى تۇغۇلغان، 1987 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان. ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئالتاي ۋىلايەتلىك ئاياللار - باللار مەركىزىنىڭ خىزمەتچىسى ئىدى. 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 4 تىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، گېئولوگىيە 4 - چوڭ ئەترىتى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ 6 - يىللىق 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى مەنزىرىلىك رايونلارنى تاماشا قىلىۋاتقاندا، قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپ، دەريا سۈيى شىددەت بىلەن ئۇلغىيىپ كېتىدۇ، بىر ئۆزبېك ئوقۇغۇچى ئېھتىياتسىزلىقتىن دەرياغا چۈشۈپ كېتىدۇ، قۇتقۇزۇڭلار دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىغان شۈي خۋاشىڭ پىداكارلىق بىلەن دەرياغا سەكرەپ چۈشۈپ، ئۆزبېك ئوقۇغۇچىنى قۇتقۇزۇش جەريانىدا كەلكۈندە ئېقىپ كېتىپ قەھرىمانلارچە قۇربان بولىدۇ. 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

## يۈسۈپجان موللايوپ

ئونسۇ ناھىيىسىدىن، 1983 - يىل 7 - ئايدا تۇغۇلغان. ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئونسۇ ناھىيىلىك 4 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 5 - يىللىق ئوقۇغۇچىسى ئىدى. 1997 - يىل 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى سائەت 15 ئەتراپىدا قۇمئېرىق دەرياسى ئەتراپىدا ئويناۋاتقاندا، 10 ياشلىق بىر ئوقۇغۇچىنىڭ سۇغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ ئۇنى قۇتقۇزۇشقا كىرىشىپ، سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئوقۇغۇچىنى قۇتقۇزۇۋالغان، يۈسۈپجان بولسا ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەچكە مەرتلەرچە قۇربان بولغان. 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

## يۈنۈس سىدىق

باي ناھىيىسىدىن، 1932 - يىلى تۇغۇلغان. ئۇ ھايات ۋاقتىدا باي ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ناھىيىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئىدى. ئۇ 1961 - يىلدىن بۇيان باي ناھىيە توقسۇن يېزىسىدا كەنت كادىرى ۋە مەسچىتنىڭ ئىمامى، داموللا شۇنداقلا باي ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم

رايونلۇق 6 ـ، 7 ـ، 8 ـ، 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىلى بولغان. ئۇ پارتىيىنىڭ مىللەتلەر ـ دىن سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ۋەتەننى سۆيۈش، ماتارىپنى سۆيۈشتە چىڭ تۇرۇپ، بايرىقى روشەن ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرغاچقا، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئۆچمەنلىكىنى قوزغىغان. 1997 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى سەھەردە سۈيىقەست پىلانلىۋالغان مىللىي بۆلگۈنچىلەر تەرىپىدىن كېتىپ ئۆلتۈرۈلۈپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. 2000 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ ئەستىقلىدى.

ما پېڭشىن

## ۋاپات بولغانلار

**گەنزەن لېكشىت** (1914 — 2000) زاڭزۇ، خوشۇت ناھىيىسىدىن. ئۇ 1921 ـ يىلى خېجىڭ ناھىيىسىدە تېبەت بۇددا دىنى نومىنى ئۆگەنگەن، 1923 ـ يىلى 4 ـ گەنزەن چوڭ لامانىڭ بالا ۋارىسى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان ھەمدە زابىور ۋە شۇنگەنزەن ئىبادەتخانىسىغا ماكانلاشقان، قانۇنىي نامى گەنزەن لېكشىت بولغان. ئۇ خېجىڭدىكى نەمانمودون گەنزەن ئىبادەتخانىسىنىڭ باشقۇرغۇچىسى، سېرىق ئىبادەتخانىنىڭ چوڭ لاماسى بولغان. 1949 ـ يىلى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغان دەسلەپكى مەزگىلدە جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ئىسلاھاتلارغا ۋە دىنىي ئىسلاھاتقا ئاكتىپ قاتناشقان، دىنىي زاتلارغا باشلامچىلىق قىلىپ، ئىجارە، ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، «ئۈچكە قارشى تۇرۇش»، «بەشكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكەتلىرىگە ۋە دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا قاتناشقان، باشلامچىلىق بىلەن پۇل ۋە ماددىي ئەشيا ئىئانە قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇشقا ياردەم بەرگەن. ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ 2 — 6 ـ نۆۋەتلىكچە كومىتېتلىرىنىڭ ئەزاسى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ 2 — 8 ـ نۆۋەتلىكچە كومىتېتلىرىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر بۇددا دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق بۇددا دىنى جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ 2000 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى كېسەل بىلەن كورلا شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**شاۋ شىڭجۇ** (1924 — 2000) شەنشىنىڭ يۇڭشۇ ناھىيىسىدىن. «3 ـ سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، 1987 ـ يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 1951 ـ يىلى غەربىي شىمال تېببىي ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ، بېيجىڭدىكى شېخې تېببىي ئىنستىتۇتىغا بېرىپ بىلىم ئاشۇرغان. 1951 ـ يىل 10 ـ ئايدىن 1955 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە شىنجاڭ تېببىي مەكتىپىدە ئىلمىي مۇدىر بولغان، 1955 ـ يىل 2 ـ ئايدىن باشلاپ شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، ئاسسىستېنت، لېكتور، دوتسېنت، پروفېسسور بولغان. 1989 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تەبىئىي پەنلەر مۇنەۋۋەر مۇكاپاتىغا، 1995 ـ يىلى «ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر تېببىي پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىسى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن. 1987 ـ يىل 7 ـ ئايدا پېنسىيىگە چىققان. 2000 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**لى فاڭ** (1920 — 2000) خېنەننىڭ چىڭفېڭ ناھىيىسى-



دىن. 1938 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. جەڭچى، كۈرسانت، خادىم، يېتەكچى، سىياسىي باشقارمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى، تۈەن سىياسىي كومىسسارى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى 3 ـ ئىدارىسىنىڭ سىياسىي بۆلۈم مۇدىرى، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى (شىنجاڭ دەرىجىلىك) قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. لىنكۇ، داساۋجۇاڭ، خۇاپېڭ، خۇەيخەي، يەنچىڭ ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. 1988 ـ يىلى مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1983 ـ يىل 6 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2000 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى كېسەل بىلەن ياڭجۇ شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**ئابلابېك بەيپولاتوف**

(1921 — 2000)، قازاق، نىلقا



ناھىيىسىدىن. 1945 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان. 1978 - يىل 3 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. «ئىلى گېزىتى»دە مۇھەررىر، مەسئۇل مۇھەررىر، گېزىتخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر، ئالىي تەرجىمان، ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئىلى ئوبلاستلىق 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، سىياسىي كېڭەش ئىلى ئوبلاستلىق 6 -، 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتلىرىنىڭ دائىمىي ئەزاسى بولغان. «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»نى قازاقچىغا تەرجىمە قىلىش ۋە تەرجىمىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە، ماركسىزم - لېنىنىزم ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش، تەرجىمە تەھرىرلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان. ئاپتونوم رايونلۇق ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىختىساسلىشىش مۇكاپاتىغا، ئاپتونوم رايون ۋە ئىلى ئوبلاستى بويىچە «ياشانغاندا كارغا كېلىش» مۇكاپاتىغا، ئىلى ئوبلاستى بويىچە «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش»تىكى مۆنەۋۋەر خىزمەتچى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 2000 - يىل 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى كېسەل بىلەن غۇلجا شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**سادىق ئاروۋپ** (1923 — 2000) غۇلجا ناھىيىسىدىن. 1940 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان، 1954 - يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. غۇلجا ناھىيە تيانشان گۇڭشې مەكتىپىنىڭ



ئوقۇتقۇچىسى، غۇلجا شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئىلمىي مۇدىرى، مەكتەپ مۇدىرى، ئوبلاستلىق پارتىيە مەكتىپى تەشۋىقات بۆلۈمى مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئىلى 1 -، 2 - دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ مۇدىرى، ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 2000 - يىل 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى كېسەل بىلەن غۇلجا شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**رەمقان ھەيدەربېك**

(1938 — 2000) قازاق، دۆربىلجىن ناھىيىسىدىن. 1956 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان، 1962 - يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. دۆربىلجىن ناھىيە 3 - رايونىنىڭ تەشۋىقات خادىمى،



ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ خادىمى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇئاۋىن شۇجىسى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئىلى ئوبلاستلىق مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچى بولغان. 1999 - يىل 2 - ئايدا پېنسىيىگە چىققان. 2000 - يىل 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى كېسەل بىلەن غۇلجا شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**سۇن شىيىڭ** (1919 —



2000) شەنشىنىڭ خەنچېڭ ناھىيىسىدىن. 1938 - يىل 1 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1944 - يىل 5 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، 1944 - يىل 8 - ئايدا قىسىمغا كىرگەن. ئوقۇتقۇچى، مائارىپ مۇدىرى، سىياسىي ئوقۇتقۇچى، ئەترەت باشلىقى، چوڭ ئەترەتنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، تۈەن سىياسىي باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى، تارماق ئەترەتنىڭ سىياسىي كومىسسارى، شى ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، شۆبە ھەربىي رايوننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، ئۈرۈمچى گارنىزونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى بولغان. يۈگفېڭ، لىبېي، خۇتىشەن، فۇمبې ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. ئازادلىق ئوردېنى، مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1981 - يىل 1 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2000 - يىل 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى كېسەل بىلەن شىئەن شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

**سۇ جەنشۇ** (1922 —

2000) سەنشىنىڭ لەنشيەن ناھىيىسىدىن. 1938 - يىل 8 - ئايدا 8 - ئارمىيىگە قاتناشقان، 1939 - يىل 6 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن.



358 - لۈي شتابى ئۆلچەش - سىزىش پەيدە بەنجاڭ، يېڭى ئارمىيە ۋاقىتلىق 1 - شى شتابىدا ئۆرۈش قىلىش بۆلۈمىنىڭ ئۆلچەش - سىزىش خادىمى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇنىۋېرسىتېتى باش مەكتىپىنىڭ 7 - شۆبىسىدە مۇئاۋىن بەنجاڭ، سەنشى - سۈيۈەن ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابى 2 - بۆلۈمىدە رازۋېدكا مەسلىھەتچىسى، 2 - زۇڭدۈي قوماندانلىق شتابى 2 - بۆلۈمى، 1 - بىڭتۇەن قوماندانلىق شتابى 2 - بۆلۈمىدە رازۋېدكا مەسلىھەتچىسى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئاخبارات باشقارمىسى پىيادە ئەسكەرلەر رازۋېدكا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مېتېئورولوگىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى، شۆبە پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، پارتكوم شۇجىسى، پارتگورۇپپا شۇجىسى بولغان. 1986 - يىل 3 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2000 - يىل 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

## چى شېڭشيەن (1936 — 2000)

گەنسۇنىڭ خۇيچۇەن ناھىيىسىدىن. 1949 - يىل 8 - ئايدا قىسىمغا كىرگەن، 1953 - يىل 9 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. كۆرسانت، تېلېگرامما تەرجىمانى، مەخپىيەتلىك ساقلىغۇچى، خادىم، سىياسىي ياردەمچى، يېتەكچى، زاۋۇت سىياسىي كومىسسارى، تۇەن سىياسىي كومىسسارى، ئۈرۈمچى



ھەربىي رايونى ئارقا سەپ بۆلۈمى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىدا تۇرۇشلۇق ھەربىي ئىشلار ۋاكالەتخانىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، لەنجۇ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچى باش دوختۇرخانىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولغان. 1952 -، 1953 - يىللىرى 2 قېتىم 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن، 1991 - يىلى غالىبىيەت تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1991 - يىل 7 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2000 - يىل 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

## ياڭ يىچىڭ (1915 — 2000)



جياڭشىنىڭ ۋەنزەي ناھىيىسىدىن. 1931 - يىلى جۇڭگو ئىشچى - دېھقان قىزىل ئارمىيىسىگە قاتناشقان، 1943 - يىل 12 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. يەر ئىنقىلابى مەزگىلىدە خۇنەن - جياڭشى سوۋېت رايونى قىزىل ئارمىيە 1 - مۇستەقىل شىسى سىياسىي بۆلۈمىدە تەشۋىقاتچى، قىزىل ئارمىيە 6 - جۈنتۇەن 18 - شى 49 - تۇەنىدە كاتىپ بولغان، دۇنياغا مەشھۇر بولغان 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە 8 - ئارمىيە 359 - لۈي 717 - تۇەن 1 - يىڭنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي يېتەكچىسى، تەشكىلات بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى، 2 - يىڭنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى، سىياسىي باشقارمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. نەنىنۋەندىكى چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىگە ۋە جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش - شىمالغا قايتىش ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە قورشاپ يوقىتىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە غەربىي شىمال دالا ئارمىيىسى 2 - زۇڭدۈي 359 - لۈي 717 - تۇەنىنىڭ مۇئاۋىن تۇەنجاڭى، تۇەنجاڭى بولغان. يىۋا ئۇرۇشىدا يارىلىنىپ مېيىپ بولغان. 1 - دالا ئارمىيە 2 - جۈن تەلىم - تەربىيە تۇەنى تەرىپىدىن «بىر يۈتلۈق سىياسىي كومىسسار» دەپ ئاتالغان، غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش ۋە شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشقا باشتىن - ئاخىر قاتناشقان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭ ھەربىي سانائەت ئارقا سەپ بۆلۈمى ھەربىي رايون بۆلۈمىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، پارتكوم شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى سانائەت - قاتناش ئىشخانىسى، قۇرۇلۇش كومىتېتى، پىلان كومىتېتى، مال باھا كومىتېتى، دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى ئىشخانىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر پىلان ئىدارىسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، ش ئۇ ئا ر قۇرۇلۇش

كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى 5 -، 6 - نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان؛ مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان. 1989 - يىل 12 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2000 - يىل 4 - ئاينىڭ 22 -كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

## لۇ لېيەنلۇ (1925 —



2000) شەنشىنىڭ شىڭپىڭ ناھىيىسىدىن. 1944 - يىل 1 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1949 - يىل 3 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. رايون باشلىقى، غەربىي جەنۇبنى ئازاد قىلىش تارماق ئالدىنقى سەپ ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭغا كىرىدىغان كادىرلارنى يۆتكەش گورۇپپىسىنىڭ باشلىقى، جىمىنەي ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىسى، كۆكتوقاي ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى، ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ش ئۇ ئا ر گۇڭشې - ئەترەت كارخانىلىرى ئىدارىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولغان. 1988 - يىل 9 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2000 - يىل 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

## نۇراش بىلال (1935 —



2000) قازاق، شىخو شەھىرىدىن. 1953 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان، 1955 - يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. كۆكتوقاي كانچىلىق ئىدارىسى ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ كادىرى، پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، پەرزەنتلەر مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئىلى ئوبلاستلىق پىلان كومىتېتى ئەمگەك - مائاش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئوبلاستلىق ئەمگەك ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئوبلاستلىق ئەمگەك - كادىرلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ئوبلاستلىق ئەمگەك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان. 1997 - يىل 7 - ئايدا پېنسىيىگە چىققان. 2000 - يىل 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى كېسەل بىلەن غۇلجا شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

## لى شىزۇڭ (1925 —



2000) خېبېينىڭ شىنشيەن ناھىيىسىدىن. 1945 - يىل 5 - ئايدا قىسىمغا كىرگەن، شۇ يىلى 10 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. جەڭچى، بەنجاڭ، پەيجاڭ، مۇئاۋىن لييەنجاڭ، لييەنجاڭ، مۇئاۋىن يىڭجاڭ، مەسلىھەتچى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن تۇەنجاڭ، تۇەنجاڭ، ساپيورلار 1 - قۇرۇلۇش رايونىنىڭ شتاب باشلىقى، مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى بولغان. جاۋشيەن، جىڭدىڭ، ساڭجۇ، شىجيا-جۇاڭ، باۋتۇ، تەييۈەننى ئازاد قىلىشقا ۋە بېيجىڭ - تيەنجىن ئۇرۇشىغا، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. 1955 - يىلى ئازادلىق ئوردېنىغا، 1988 - يىلى مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1984 - يىل 11 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2000 - يىل 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى كېسەل بىلەن لوياڭ شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

## ۋاڭ لىن (1917 —

2000) سەنشىنىڭ يۈەنچۇ ناھىيىسىدىن، 1937 - يىل 1 - ئايدا سەنشىدىكى ئۆزىنى قۇربان قىلىپ ۋەتەننى قۇتقۇزغۇچىلار ئىتتىپاقىغا قاتناشقان ھەمدە ئۇنىڭ سىياسىي ياردەمچىلىكىنى ئۈستىگە ئالغان. 1942 - يىل 2 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 8 - ئارمىيە 115 - شى پىيادە ئەسكەرلەر ئەترىتىنىڭ كۆرسانتى، يەنئەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇنىۋېرسىتېتى 6 - قارار 4 - چوڭ ئەترىتىنىڭ كۆرسانتى، شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونى مۇھاپىزەتچىلەر قوماندانلىق شتابىنىڭ مەسلىھەتچىسى، سەنشى - سۇييۈەن چېگرا رايون مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتچىسى، ئازادلىق ئارمىيە 1- دالا ئارمىيە 2 - جۈن 6 - شى مۇھاپىزەت بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى، مۇھاپىزەت بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قەشقەر

ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتىنىڭ قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىدە تۇرۇشلۇق ھەربىي ۋەكىلى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ج خ نازارىتى سىياسىي - قوغداش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، قاتناش نازارىتى 2 - قۇرۇلۇش ئەترىتى، بالغۇنتاي پولات - تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ كاتىپى، شىنجاڭ ياغاچ ماتېرىياللىرى ترانسپورت شىركىتى، ئۈرۈمچى ترانسپورت شىركىتىنىڭ كادىرى، 1 - ترانسپورت شىركىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان. 1984 - يىل 1 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2000 - يىل 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

## ئابدۇرېھىم لېتىپ

(1923 — 2000) قەشقەر شەھىرىدىن. 1950 - يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 1945 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەسلىھەتچىلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان. 1946 - يىل 11 - ئايدا گومىنداڭ تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان. 1947 - يىل 7 - ئايدا تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئۈچ



ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان، ئىلى ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسى كادىرلار بۆلۈمىدە بۆلۈمچە باشلىقى، نىلقا ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى بولغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى، قەشقەر شەھىرىنىڭ باشلىقى، قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، قوشۇمچە قەشقەر شەھىرىنىڭ باشلىقى، خوتەن ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ 2 - شۇجىسى، شىنجاڭ يېنىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، يېنىك سانائەت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، بىناكارلىق - قۇرۇلۇش باش شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى، بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، قوشۇمچە بەنگۇڭتىڭ مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى، پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى 7 - نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى بولغان؛ ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 1 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق 1 -، 5 -، 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق 2 — 6 - نۆۋەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى كومىتېتلىرىنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلانغان. 2000 - يىل 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

## لى كېچىن

(1915 — 2000) شەنشىنىڭ زىچاڭ ناھىيىسىدىن. 1933 - يىلى ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1936 - يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. يەنئەن ناھىيىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرى، يەنئەن ناھىيە چۈەنكۇ رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى، زىچاڭ ناھىيىلىك ئەدلىيە باشقارمىسىنىڭ سوتچىسى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى غەربىي شىمال شۆبە مەھكىمىسىنىڭ سوتچىسى، ئىلى ئوبلاستلىق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئوبلاستلىق خەلق ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئوبلاستلىق خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى بولغان. 2000 - يىل 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى كېسەل بىلەن شىئەن شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

## لى جېڭتاۋ

(1927 —



2000) بېيجىڭ شەھىرىدىن. 1944 - يىل 4 - ئايدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوراللىق قىسىمغا قاتناشقان، شۇ يىلى 12 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. كاتىپ، مەسلىھەتچى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى، تۇەنجاڭ، سايپۇرلار 1 - قۇرۇلۇش رايونى قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى، مۇئاۋىن مۇدىرى (مۇئاۋىن شىجاڭ دەرىجىلىك) بولغان. جاڭجياكۇ، تەييۈەن قاتارلىق جايلارنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا ۋە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىشنىڭ 3 -، 4 - قېتىملىق ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. 1955 - يىلى ئازادلىق ئوردېنىغا، 1988 - يىلى مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1984 - يىل 9 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2000 - يىل 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى كېسەل سەۋەبىدىن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

## جاڭ ئېرچېڭ

(1925 — 2000) خېبېينىڭ لۇڭياۋ ناھىيىسىدىن. 1937 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1946 - يىل 7 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 8 - ئارمىيە 129 - شى 386 - لۈيىدە

خىزمەتچى، مۇھاپىزەتچى، شەنشى يەنئەن مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئاللاقچىسى، سەنشى ئۆلكىسى زۇچۇەن ساناتورىيىسى-نىڭ باشقۇرغۇچىسى، ج ك پ مەركىزىي



كومىتېتى شىمالىي جۇڭگو بيۇروسىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى، قوبۇقار ناھىيە 1 - رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى، ناھىيىلىك پارتكوم يېزا ئىگىلىك - سانائەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك مەكتىپى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، چۆچەك ناھىيىلىك تراكتور پونكىتىنىڭ باشلىقى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تراكتور باش پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ۋىلايەتلىك «7 - ماي» كادىرلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان. 1985 - يىل 6- ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى كېسەل بىلەن چۆچەك شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

## سۇ چىڭجۇ (1919 — 2000)

خېبېينىڭ ئەنپىڭ ناھىيىسى-دىن. 1938 - يىل 4 - ئايدا 8 - ئارمىيىگە قاتناشقان، شۇ يىلى 10- ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. جەڭچى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇرسانتى، مۇھاپىزەتچىلەر لىيەنىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى، توپچىلار يىڭىنىڭ سىياسىي رەھبىرى، تۇەن سىياسىي كومىسسارى، ئۇرۇمچى شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ



سىياسىي كومىسسارى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابى باشقۇرۇش ئورنىنىڭ باشلىقى، باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى (مۇئاۋىن جۈن دەرىجىلىك) بولغان. يەنئەننى قوغداش، شىئەن، لەنجۇنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشى قاتارلىق چوڭ - چوڭ ئۇرۇشلاردىكى چىڭخۇابيەن، فەنلۇڭ، ۋازىجيې، لوچۇەن، پىڭزىجېن، شىخواچى، فۇمىي، پۇچېڭ ۋە يۇلىننى 2 - قېتىم ئېلىش قاتارلىق مەشھۇر ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. 1980 - يىل 4 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى كېسەل بىلەن شىئەن شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

## لى يۈن (1923 — 2000)



شەنشىنىڭ زىجۇ ناھىيىسىدىن، 1941 - يىل 2 - ئايدا قىسمغا كىرگەن، 1944 - يىل 11 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. كاتىپ، يېزا باشلىقى، سىياسىي يېتەكچى، لىيەنجاڭ، سىياسىي ياردەمچى، يېتەكچى، بۆلۈم باشلىقى، مۇدىر، سىياسىي كومىسسار، تۇەنجاڭ، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى ئارقا سەپ بۆلۈمى گازارما بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. يۈنچېڭ، ۋازىجيې، شىفۇ، يۈئېبېڭجېن، داخاۋيىڭ، مېيشيەن، جىنجۇيجېن، خۇتىشەن ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان، 2 قېتىم 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن، 1955 - يىلى ئازادلىق ئوردېنىغا، 1988 - يىلى مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1981 - يىل 6 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2000 - يىل 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى كېسەل بىلەن شىئەن شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

## ۋاڭ خېشېڭ (1925 — 2000)

سەنشىنىڭ لىچېڭ ناھىيىسىدىن. 1942 - يىل 12 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1946 - يىل 5 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن، جەڭچى، بەنجاڭ، مۇۋەققەت پەيجاڭ، پەيجاڭ، لىيەنجاڭ، يىڭ شتاب باشلىقى، يىڭجاڭ، مۇئاۋىن تۇەنجاڭ، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، چوڭ ئەترەت باشلىقى، شىنجاڭ ھەربىي



رايونى مۇستەقىل شى قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى، تۇرپان شۆبە ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى، مۇئاۋىن قوماندانى بولغان. مىڭ چاقىرىم يول يۈرۈپ دابيېشەنگە كىرىش، خۇەيخەي

ئۇرۇشى، چاڭجياڭدىن ئۆتۈش ئۇرۇشى، ئەنخۇيدىكى خۇيجۇ ئۇرۇشى ۋە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى قاتارلىق ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. ئازادلىق مېدالىغا، ئازادلىق ئوردېنىغا، مۇستەقىللىق - ئەركىنلىك ئوردېنىغا ۋە غالىبىيەت تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1981 - يىل 6 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2000 - يىل 8- ئاينىڭ 21 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**جاڭ مىڭ** (1933 — 2000) سەنشىنىڭ يۈسى شەھىرىدىن. 1949 - يىل 4 - ئايدا قىسىمغا كىرگەن، 1950 - يىل 3 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. ئالاقىچى، كاتىپ، خوجىلىق باشلىقى، پەيجاڭ، ئوقۇتقۇچى، مۇئاۋىن كافېدرا مۇدىرى، مۇدىرى (مۇئاۋىن شىجاڭ دەرىجىلىك) بولغان. لەنجۇنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشى ۋە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 1988 - يىل 6 - ئايدا دەم



ئېلىشقا چىققان. 1989 - يىلى غالىبىيەت تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**سۈي ۋەنجىن** (1923 — 2000) ئىچكى موڭغۇلنىڭ فېڭجېن ناھىيىسىدىن. 1945 - يىل 11 - ئايدا ئارمىيىگە قاتناشقان، 1947 - يىل 3 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. جەڭچى، بەنجاڭ، مۇئاۋىن پەيجاڭ، پەيجاڭ، تەمىنات باشقارمىسىنىڭ بوغالتىرى، سىياسىي باشقارمىنىڭ ستاتىستىكا خادىمى، تەشكىلات خادىمى، تەشكىلات ياردەمچىسى، كادىرلار ياردەمچىسى، تەمىنات بۆلۈم باشلىقى، گازارما بۆلۈم



باشلىقى، تۈەن سىياسىي باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى، تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى، كاتىبات بۆلۈم باشلىقى، شى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، سىياسىي كومىسسارى، شى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە 8 - شىسىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى بولغان. ئازادلىق ئوردېنى، مۇستەقىللىق - ئەركىنلىك ئوردېنى ۋە غالىبىيەت تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1988 - يىلى مۇستەقىللىق تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1978 - يىل 12 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان، 2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**قالىم زىكرىيا** (1940 — 2000) قازاق، جېمىنەي ناھىيىسىدىن. 1964 - يىل 8 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1986 - يىل 8 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. «ئىلى گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى، مۇھەررىرى، ئىلى ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئوبلاستلىق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئوبلاستلىق مەدەنىيەت ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى بولغان.



2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن تالاپەتكە ئۇچرىغان.

**سۇڭ خەنلياڭ** (1934 — 2000) چېجياڭنىڭ شاۋشىڭ شەھىرىدىن. 1952 - يىل 1 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا، 1960 - يىل 1 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 1954 - يىل 6 - ئايدا غەربىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ گېئولوگىيە فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. 1954 - يىل 6 - ئايدىن 1966 - يىل 9 - ئايغىچە



شىنجاڭ جۇڭگو - سوۋېت نېفىت شىركىتى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش باشقارمىسىدا پراكتىكانت، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش باشقارمىسىدا گېئولوگىيە خادىمى، ئەترەت باشلىقى، گېئولوگىيىلىك تەتقىقات ئىشخانىسى مەخسۇس گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، مەسئۇل گېئولوگ، تېررىتورىيىلىك قىدىرىپ

تەكشۈرۈش تەتقىق قىلىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، نېفىتلىك تەتقىقات ئورنى پارتكومىنىڭ مۇۋەققەت شۇجىسى قوشۇمچە سىياسىي باشقارما مۇدىرى بولغان. 1971 - يىل 5 - ئايدىن باشلاپ، شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى نېفىتلىك تەتقىقات ئورنى ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش ئىشخانىسى قىدىرىپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، گېئولوگىيە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى، نېفىت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باش مەسئۇل گېئولوگى بولغان. 1980 - يىل 1 - ئايدىن 1983 - يىل 4 - ئايغىچە شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى پارتكومىنىڭ دائىمىي كومىتېت ئەزاسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولغان. ئۇ «پەن - تېخنىكىنىڭ 1 - ئىشلەپچىقىرىش كۈچى» بولۇش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، نېفىت تەكشۈرۈش دائىرىسىنى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىگە، مەركىزىگە ۋە تارىم ئويمانلىقىغىچە كېڭەيتتى، بولۇپمۇ جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي چېتىدىكى قاراماي - ئۈرۈمچى چوڭ ئۆزۈلمىسى ھاسىل قىلغان ماي تەركىبلىك ئەندىزىنى بايقاش، قويۇق نېفىت بايلىقىنى تەكشۈرۈش ۋە ئېچىش، شەرقىي جۇڭغار نېفىت رايونىنى تەكشۈرۈش، قۇملۇقنىڭ مەركىزىنى يەر شارى فىزىكىسى بويىچە تەكشۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭىلىق يارىتىش روھىغا، ئۆزگىچە نەزەرىيىۋى دەلىلگە ئىگە بولۇپ، قاراماي نېفىتلىكىدىكى نېفىتنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپىسى ۋە خام نېفىت مەھسۇلاتىنىڭ ئۇزاققىچە ئۇدا ئېشىشى، شىنجاڭنىڭ نېفىت سانائىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى. 1983 - يىل 4 - ئايدىن باشلاپ ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، 1985 - يىل 10 - ئايدىن 1995 - يىل 12 - ئايغىچە ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىسى ۋە بىڭتۈەن پارتكومىنىڭ 1 - شۇجىسى، 1 - سىياسىي كومىسسارى بولغان. سۇڭ خەنلياڭ ج ك پ 12 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كاندىدات ئەزاسى، ج ك پ 13 -، 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتلىرىنىڭ ئەزاسى، 6 -، 7 -، 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئىدى. 2000 - يىل 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى كېسەل بىلەن بېيجىڭدا ۋاپات بولدى.

## شىن جۇڭخې (1932 — 2000)

شەنشىنىڭ مىجى ناھىيىسىدىن. 1947 - يىل 2 - ئايدا قىسىمغا كىرگەن، 1957 - يىل 3 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. سانىتار مۇھاپىزەتچى، رازۋېدچىك، سىياسىي يېتەكچى، ليەنجاڭ، ھەربىي رايون كۈيتۇڭ ھەربىي پونكىتىنىڭ باشلىقى، ھەربىي رايون ئارقا سەپ بۆلۈمى ھەربىي لاۋازىمات ئامبىرىنىڭ مۇدىرى (مۇئاۋىن شىجاڭ دەرىجىلىك) بولغان. يەنئەننى قوغداش، يۈلىننى ئىشغال قىلىش، ۋازىجېي، لىبىي، باۋجى، خۇتىشەن، لەنجۇ ئۇرۇشلىرىغا ۋە شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشقا قاتناشقان. 1955 - يىلى ئازادلىق ئوردېنىغا، 1988 - يىلى غالىبىيەت تۆھپىكارى شەرەپ ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1988 - يىل 7 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2000 - يىل 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

## گو سۈخرۈڭ (1912 — 2000)

سەنشىنىڭ چىنشيەن ناھىيىسىدىن. 1932 - يىلى ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1936 - يىل 10 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئىتتىپاقداشلار ئارمىيىسىدە پەيجاڭ، سەنشى ئۆزىنى قۇربان قىلىپ ۋەتەننى قۇتقۇزغۇچىلار ئىتتىپاقى باش قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ ئالاھىدە خادىمى، 8 - ئارمىيىنىڭ يىڭ سىياسىي رەھبىرى،



بېگى 4 - ئارمىيە خۇبېي ھەربىي رايونى ئۇرۇش قىلىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئازادلىق ئارمىيە 4 - دالا ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن تۈەنجاڭى، ئازادلىق ئارمىيە شى مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە تۈەنجاڭ، پىدائىي قىسىم 50 - جۈن ئۇرۇش قىلىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى يەر شارى فىزىكىسى ئورنى تېخنىكا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، ج ك پ سانجى ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ج ك پ سانجى ئوبلاستلىق مالىيە - سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، ئوبلاستلىق خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قوشۇمچە مۇئاۋىن ئىشخانا مۇدىرى بولغان. 1986 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كېسەل بىلەن سانجى شەھىرىدە ۋاپات بولدى.

## جۇ مىڭ (1928 — 2000)

سەنشىنىڭ خېچۇ ناھىيىسىدىن. 1945 - يىل 4 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، 1945 - يىل 5 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان. مەخپىي تېلېگرامما تەرجىمانى، مەخپىي ئىشلار بۆلۈمىدە بۆلۈمچە باشلىقى، مەخپىي ئىشلار باشقارمىسىدا مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، مەخپىي ئىشلار بۆلۈم باشلىقى، تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى، كاتىبات بۆلۈم باشلىقى، تەشۋىقات باشقارمىسى باشلىقى، شىمالىي

شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ سىياسىي كومىسسارى،



تارباغاتاي شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى بولغان. شىمالىي سەنشى ئۇرۇشى، گەنچۇەن ئۇرۇشى، چىڭخۇابىيەن ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 1955 - يىلى ئازادلىق ئوردېنىغا ئېرىشكەن. 1984 - يىل 9 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**جاڭ يەن** (1918 — 1996) فۇجيەننىڭ نىڭخۇا ناھىيىسىدىن. 1932 - يىل 8 - ئايدا جۇڭگو ئىشچى - دېھقان قىزىل ئارمىيىسىگە كىرگەن، 25



مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان، 1933 - يىلى جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقىغا، 1935 - يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 1944 - يىلى سەنشى - سۈيىيۈەن - شەندۇڭ - خېنەن تېببىي مەكتىپىنى، 1946 - يىلى يەنئەن مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن. سېستىرالار باشلىقى، يۈتكەش - توشۇش ئورنىنىڭ باشلىقى، شى سەھىيە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى بولغان. 1952 - يىلى يەرلىككە ئالماشقان، جۇڭگو - سوۋېت نېفىت شىركىتى سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، مايتاغ كانچىلىق ئىدارىسى پارتكومىنىڭ ئەزاسى قوشۇمچە ئىدارە دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى، ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى، سەھىيە نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن نازىرى قوشۇمچە ش ئۇ ئا ر خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ پارتكوم شۇجىسى بولغان. ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلانغان. 1996 - يىل 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى كېسەل بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

**ئىزاھ: يولداش جاڭ يەن پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىسى، ئۇنىڭ ماتېرىيالى ۋاقتىدا يىغىلمىغانلىقى ئۈچۈن تولۇقلاپ باستۇق. قىسمەن ئىنقىلابىي قۇربانلار ۋە ۋاپات بولغانلارنىڭ سۈرىتىنى يىغالمىدۇق.**

# قوشۇمچە

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2000 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى توغرىسىدىكى ستاتىستىكىلىق ئاخباراتى

2000 - يىلى دۆلەتنىڭ غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشىغا ۋە ئىچكى - تاشقى ئىقتىسادىي مۇھىتنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ تېپىلغۇسىز تارىخىي تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلق ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، دۆلەتنىڭ ئىجابىي مالىيە سىياسىتىنى ۋە ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولۇشتا دائىر سىياسەت، تەدبىرلەرنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، يول ئېچىپ، يېڭىلىق يارىتىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئېلىشىپ ئىقتىسادىي تەرەققىيات، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلاردا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

### 1. ئومۇمىي ئەھۋال

خەلق ئىگىلىكى مۇقىم راۋاجلاندى، پۈتۈن يىللىق ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش بويىچە كۆزلەنگەن مەقسەتلەر خېلى ياخشى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. دەسلەپكى ھېساباتقا قارىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 136 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %8.2 ئاشقان، ئېشىش نىسبىتى 1999 - يىلدىكىدىن 1.1 پىرسەنت پوئىنتى تېز بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 28 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %4.8؛ 2 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 58 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9؛ 3 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى 48 مىليارد 900 مىليون يۈەن بولۇپ، %10.3 ئاشقان. كەسىپ قۇرۇلمىسى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى، 2 - كەسىپنىڭ ئۈستۈنلۈكى كۈچەيدى. ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى %21.1 نى، 2 - كەسىپنىڭ %43 نى، 3 - كەسىپنىڭ %35.9 نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 1.9 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلەپ كەتتى، 2 - كەسىپنىڭ 3.6 پىرسەنت پوئىنتى ئۆستى، 3 - كەسىپنىڭ 1.7 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلەپ كەتتى. بازارلاردا باھا تۆۋەنلەشتىن توختاپ مۇقىملاشتى، لېكىن باھا تۆۋەن بولۇش ھالىتى يەنىلا ئاياغلاشمىدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئاھالىلەر ئىستېمال باھاسىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى %0.6، تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھا ئومۇمىي سەۋىيىسى %1.7 تۆۋەنلىدى.

ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كۈچەيتىلدى. يىل ئاخىرىدا ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 2 مىليون 557 مىڭ 500 بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن %5.6 ئازايدى؛ شەھەر - بازارلاردىكى خۇسۇسىي ۋە يەككە تىجارەت خادىمى 581 مىڭ بولۇپ، %12.3 كۆپەيدى. ھەرخىل ئىش تونۇشتۇرۇش ئاپپاراتى 305 كە يەتتى، مۇشۇ بىر يىلدا شەھەر - بازارلاردا 320 مىڭ كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، ئىش ئورنىدىن قالغان 62 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىلدى، قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى %50.8 كە يەتتى. يىل ئاخىرىدا تىزىمغا ئېلىنغان ئەمەلىي ئىشسىز 110 مىڭ، شەھەر - بازارلاردا تىزىمغا ئېلىنغان ئىشسىزلىق نىسبىتى %3.8 بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 0.1 پىرسەنت پوئىنتى ئاشتى.

ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا ساقلانغان ئاساسىي مەسىلە شۇكى، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى چەكلەپ تۇرىدىغان قۇرۇلما،

تۈزۈلمە، مېخانىزىم قاتارلىق چوڭقۇر قاتلاملىق مەسىلىلەر تېخى تۈپتىن ھەل قىلىنمىدى. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچى يېتەرلىك بولمىدى. سانائەتنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغان بولمىدى، بۇ ئاساسىي جەھەتتىن نېفىت سانائىتىنىڭ تۆرتكىسى بىلەن بولدى، خېلى بىر قىسىم ساھە، كارخانىلارنىڭ زىيان تارتىشى يەنىلا بەك ئېغىر بولماقتا. ئۈنۈملۈك ئېھتىياج تېخى كۈچەيمىدى، خەلق ئىچىدە مەبلەغ سېلىش ئاكتىپلىقى تېخى تولۇق قوزغىتىلمىدى، ئىستېمال بازىرىدا قىزىق نۇقتا تېخى كەمچىل، يېزا بازارلىرىنى ئېچىش خېلى قىيىن بولماقتا؛ يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى يەنىلا ئاجىز، بازارلىشىش دەرىجىسى بىرقەدەر تۆۋەن.

## 2. يېزا ئىگىلىكى

ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 48 مىليارد 720 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 5.3% ئاشتى. تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسى يەنىمۇ ياخشىلاندى، ئاشلىق، ياغلىق دان، قىزىلچا قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلغۇ كۆلىمى داۋاملىق ئازايتىلدى، پاختا، كۆكتات، قوغۇن - تاۋۇز، ياڭيۇ، دورا ماتېرىياللىرى، كەندىر، تاماكا قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەر كۆلىمى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە كېڭەيدى. مۇشۇ بىر يىلدا كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 1 مىليون 12 مىڭ 300 گېكتار بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 1.6% كېڭەيدى؛ ئاشلىق زىرائەتلىرى تېرىلغۇ كۆلىمى 1 مىليون 445 مىڭ 600 گېكتار بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 5% ؛ ياغلىق دان زىرائەتلىرى تېرىلغۇ كۆلىمى 310 مىڭ گېكتار بولۇپ، 5.3%؛ قىزىلچا تېرىلغۇ كۆلىمى 55 مىڭ 700 گېكتار بولۇپ، 29.1% ئازايدى. مۇشۇ بىر يىلدا پاختا مەھسۇلاتى 1 مىليون 500 مىڭ توننىغا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 6.6%؛ قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە مەھسۇلاتى 3 مىليون 29 مىڭ توننىغا يېتىپ، 8.2% ئاشتى؛ ئاشلىق ھوسۇلى 8 مىليون 86 مىڭ توننا بولۇپ، 3.6%؛ قىزىلچا ھوسۇلى 2 مىليون 927 مىڭ توننا بولۇپ، 17.4%؛ ياغلىق دان ھوسۇلى 601 مىڭ توننا بولۇپ، 0.5% ئازايدى. يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 45 مىليون 247 مىڭ تۇياققا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 2.9% كۆپەيدى؛ مۇشۇ بىر يىلدا قولدىن چىققان چارۋا 24 مىليون 560 مىڭ تۇياققا يېتىپ، 10.4%؛ گۆش 900 مىڭ توننىغا يېتىپ، 10.6%؛ قوي يۇڭى 67 مىڭ توننىغا يېتىپ، 2.6%؛ سۈت 725 مىڭ توننىغا يېتىپ، 11.9%؛ تۇخۇم 185 مىڭ توننىغا يېتىپ، 11.1% ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا سۇ مەھسۇلاتى 60 مىڭ توننىغا يېتىپ، 7.6% ئاشتى. بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 61 مىڭ 800 گېكتارغا يېتىپ، 5% ئاشتى.

يېزا - بازار كارخانىلىرى مۇقىم راۋاجلاندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 7 مىليارد 460 مىليون يۈەنگە يېتىپ (بىڭتۈەنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، 1999 - يىلدىكىدىن 9.7%؛ يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 30 مىليارد 220 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 10.4%؛ تىجارەت كىرىمى 30 مىليارد 720 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 12%؛ يۇقىرىغا تاپشۇرغان باج سوممىسى 1 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، 7.4%؛ ئالغان پايدىسى 1 مىليارد 920 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 16.3% ئاشتى.

يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شەرت - شارائىتى يەنىمۇ ياخشىلاندى. يىل ئاخىرىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 8 مىليون 512 مىڭ كىلوۋاتقا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 4.5% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان تۇختام سۇ چىقىرىۋېتىش - سۇغىرىش ماشىنىلىرىنىڭ قۇۋۋىتى 834 مىڭ كىلوۋاتقا يېتىپ، 7.4%؛ چوڭ - ئوتتۇرا تراكتور 62 مىڭغا يېتىپ، 1.6%؛ كىچىك تراكتور ۋە قول تراكتورى 261 مىڭغا يېتىپ، 5.2% كۆپەيدى؛ ئىشلىتىلگەن خىمىيۋى ئوغۇت (توننا ھېسابىدا) 791 مىڭ توننا بولۇپ، 1.1%؛ يېزىلاردا ئىشلىتىلگەن توك مىقدارى 2 مىليارد 450 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، 4.3% ئاشتى. ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى، يىل ئاخىرىدا ئۈنۈملۈك سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمى 3 مىليون 94 مىڭ 300 گېكتارغا يېتىپ، 0.9% كۆپەيدى.

## 3. سانائەت ۋە بىناكارلىق

پۈتكۈل ساھەنىڭ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 42 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 9% ئاشتى، ئېشىش نىسبىتى 1999 - يىلدىكىدىن 2.5 پىرسەنت پونكىتى يۇقىرى بولدى؛ بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 7 مىليارد 700 مىليون يۈەن بولۇپ، 5.2%؛ ئېغىر سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 34 مىليارد 500 مىليون يۈەن بولۇپ، 9.9% ئاشتى.

خەلقئارادا نېفىت باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كەتكەنلىكى ۋە پاختا توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىشى ياخشىلانغانلىقىنىڭ

ئەسرى بىلەن، نېفىت سانائىتى مۇقىم يۈكسەلدى، پاختا توقۇمىچىلىقىدا خېلى ياخشى ئېشىش ۋەزىيىتى مەيدانغا كەلدى. مۇشۇ بىر يىلدا نېفىت مەھسۇلاتى 18 مىليون 484 مىڭ توننىغا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %6.3؛ نېفىت چەككىلەش مىقدارى 10 مىليون 13 مىڭ توننىغا يېتىپ، %6.8؛ يىپ 334 مىڭ توننىغا يېتىپ، %13.6؛ رەخت 280 مىليون مېتىرغا يېتىپ، %2.3 ئاشتى. غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، سېلىنمىنى كۆپەيتىش، ئېھتىياجنى كېڭەيتىش، ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش ئارقىلىق، سېلىنما سېلىش تۈرىدىكى سانائەتنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇندى. مۇشۇ بىر يىلدا ھاسىل قىلىنغان توك مىقدارى %8.1، پولات %3.9، پولات ماتېرىيال %11.9، سېمونت %11.2، ترانسفورماتور %52.4 ئاشتى. بۇنىڭدىن باشقا مۇھىم سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە كۆمۈر %0.8، خىمىيىۋى ئوغۇت %10.1، كونېبرۋا %92.6، مۇلياۋ بۇيۇم %41.8، بالون - تاش كامىر %3.9 ئاشتى.

لېكىن بىر قىسىم سانائەت مەھسۇلاتلىرى مىقدارى يەنىلا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەشۈت %44.2، يۇڭ توقۇلما %5.4، شېكەر %33.6، كىچىك تراكتور %21، ئورۇش - يىغىش ماشىنىلىرى %49.5 تۆۋەنلىدى.

ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنىڭ جىپسىلىشىشى ئاساسىي جەھەتتىن نورمال بولدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش - سېتىلىش نىسبىتى %97.6 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر سانائەتنىڭ %94.6، يېنىك سانائەتنىڭ %98.3 بولدى.

سانائەتنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى زور دەرىجىدە ئۆستى. بۇنىڭ ئاساسىي ئىپادىلىرى مۇنداق: 1) سانائەتنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچى تارىختا ئەڭ ياخشى سەۋىيە يارىتىلدى. سانائەتنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچى %145.12 كە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 66.81 پىرسەنت پوئىنت ئۆرلىدى. تەكشۈرۈلگەن 7 تۈرلۈك ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرسەتكۈچىنىڭ ھەممىسى 1999 - يىلدىكىدىن ياخشى بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئوتتۇرىچە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 35 مىڭ 644.79 يۈەن بولۇپ، 11 مىڭ 86.01 يۈەن - ئادەم كۆپەيدى، ئومۇمىي مۈلۈكنىڭ تۆھپە قوشۇش نىسبىتى %11.24 بولۇپ، 5.1 پىرسەنت پوئىنت ئۆستى؛ مۈلۈك قەرز نىسبىتى %62.7 بولۇپ، 1.6 پىرسەنت پوئىنت تۆۋەنلىدى؛ تۇراقسىز مەبلەغنىڭ ئوبوروت نىسبىتى 1.55 قېتىم - يىل بولۇپ، 0.42 قېتىم - يىل تېزلەشتى؛ تەننەرخ چىقىمىنىڭ پايدا نىسبىتى %12.83 بولۇپ، 12.74 پىرسەنت پوئىنت ئۆرلىدى؛ كاپىتالنىڭ قىممىتىنى ساقلاپ قېلىش - قوشۇلما قىممەت نىسبىتى %107.75 بولدى. 2) كارخانىلارنىڭ زىيىنىنى تۈگىتىپ، پايدا ئېلىش خىزمىتىدە، چوڭ ئىلگىرىلەش بولدى، دۆلەت ئىلكىدىكى چوڭ - ئوتتۇرا كارخانىلارنى 3 يىلدا قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نىشانى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا پايدا ئالغان سانائەت كارخانىلىرىنىڭ پايدىسى 11 مىليارد 893 مىليون يۈەن بولۇپ، 3.1 ھەسسە ئاشتى؛ زىيان تارتقان كارخانىلارنىڭ زىيان سوممىسى 2 مىليارد 844 مىليون يۈەن بولۇپ، %1 ئازايدى؛ پايدا بىلەن زىياننى بالانس قىلغاندا، ساپ پايدا 9 مىليارد 49 مىليون يۈەن بولۇپ، 162.6 ھەسسە ئاشتى. سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي پايدىسى 16 مىليارد 227 مىليون يۈەن بولۇپ، 1.7 ھەسسە ئاشتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 7 مىليارد 897 مىليون يۈەنگە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا بىناكارلىق كارخانىلىرى ئىش باشلىغان قۇرۇلۇش 12 مىڭ 610 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، خېرىدارلىققا ئاللىنىپ مۆددىتىدە ئېلىنغان قۇرۇلۇش 7387، خېرىدار بولۇپ مۆددىتىدە ئېلىش كۆلىمى %59.6 بولدى؛ پۈتكەن قۇرۇلۇش 9051، قۇرۇلۇش سۈپىتىنىڭ ياخشى بولۇش نىسبىتى %30.9 كە يەتتى. بىناكارلىق كارخانىلىرى ئىش باشلىغان ئۆي قۇرۇلۇش كۆلىمى 22 مىليون 414 مىڭ 800 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %21.6، پۈتكەن ئۆي قۇرۇلۇش كۆلىمى 12 مىليون 614 مىڭ 200 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، %21 كۆپەيدى.

## 4. تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش

تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ مۇقىم ئاشتى. جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 61 مىليارد 40 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %14.2 ئاشتى. بۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى مۇنداق: 1) يەرلىك ئورۇنلار سالغان مەبلەغنىڭ ئېشىشى مەركەزنىڭكىدىن تېز بولدى. يەرلىك تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغ 31 مىليارد 820 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %17.5؛ مەركەز تۈرلىرىگە سېلىنغان مەبلەغ 29 مىليارد 220 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %10.7 ئاشتى. 2) ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ مۇقىم ئاشتى، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. ئۆي - زېمىن ئېچىشقا مەبلەغ سېلىش ۋەزىيىتى ياخشى بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئاساسىي

قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 39 مىليارد 270 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %18؛ يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 7 مىليارد 750 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %26.9؛ ئۆي - زېمىن ئېچىشقا سېلىنغان مەبلەغ 5 مىليارد 740 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1.4 ھەسسە ئاشتى. 3) ئىگىلىك تۈرى بويىچە قارىغاندا، دۆلەت ئىگىلىكىگە سېلىنغان مەبلەغ 44 مىليارد 820 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %7.2؛ دۆلەت ئىگىلىكىدىن باشقا ئىگىلىككە سېلىنغان مەبلەغ 16 مىليارد 220 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %39.2 ئاشتى. 4) مەبلەغ سېلىش قۇرۇلمىسى سەل - پەل تەڭشەلدى.

نېفىت سانائىتىگە سېلىنغان مەبلەغ 13 مىليارد 450 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %8.1؛ كۆمۈر سانائىتىگە سېلىنغان مەبلەغ 240 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %82.7؛ قاتناش - ترانسپورت ۋە پوچتا - تېلېگرافقا سېلىنغان مەبلەغ 9 مىليارد 90 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %43.1؛ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىققا سېلىنغان مەبلەغ 3 مىليارد 340 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %33.7؛ ئېلېكتر، كۆمۈرگازى ۋە سۇ ئىشلەپچىقىرىش - تەمىنلەشكە سېلىنغان مەبلەغ 4 مىليارد 750 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %6.5 ئاشتى.

ياسىلىۋاتقان قۇرۇلۇشلارنىڭ كۆلىمى كېڭەيدى، نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ ياسىلىشى ئوڭۇشلۇق بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىش باشلانغان ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە يېڭىلاش - ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 204 مىليارد 150 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %35.4 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە مۇشۇ يىلدا ئىش باشلانغان قۇرۇلۇش تۈرى 3575 بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 62 سى ئازايدى. ياسىلىۋاتقان قۇرۇلۇشلارنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتى 1999 - يىلدىكى 32 مىليون 790 مىڭ يۈەندىن 47 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە ئۆستى. ئاپتونوم رايوننىڭ پىلانىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان 27 نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرىگە سېلىنغان مەبلەغ 20 مىليارد 500 مىليون يۈەن بولۇپ، يىللىق پىلان %94 ئورۇندالدى. تولۇق پۈتتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش پىلانلانغان 10 تۈر ئىچىدە داۋانچىڭ شامال ئېلېكتر ئىستانسىسى 2 - ئىستانسىسىنىڭ 3 - قارارلىق كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشى ئىمپورت قىلىنغان ئۈسكۈنىلەر دېڭىز ترانسپورتىدا زىيانغا ئۇچراش تۈپەيلى قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈشى ئېغىر تەسىرگە ئۇچرىغانلىقتىن، مەبلەغ سېلىش نىشانى 2001 - يىلغا سۈرۈلگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۆلۈغچاتا تۈگۈنلۈك سۇچىلىق قۇرۇلۇشى، شىنجاڭ پاختا بازىسى قۇرۇلۇشى، تارىم يېڭى ھۆنەر سەنئەت - كۆمۈر قارىسى تۈرى، ئۈرۈمچى — كۈيتۇڭ تېز سۈرئەتلىك تاشيول قۇرۇلۇشى، قەشقەر تەۋەسىدىن ئۆتىدىغان يول قۇرۇلۇشى، جەنۇبىي شىنجاڭ ئايلانما ئۆپتىك كابېل خول لىنىيىسى قۇرۇلۇشى، شىنجاڭ تارىماق لىنىيە ئايرودروملىرىنىڭ ئۈچۈش رايونلىرىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى (ئالتاي، چەرچەن، كۇچا ئايرودروملىرى)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى «211 قۇرۇلۇشى» قاتارلىق 9 قۇرۇلۇش تۈرىدە تولۇق ئىشقا كىرىشتۈرۈش نىشانى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى، ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئاشقان ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى تۆۋەندىكىچە: تەبىئىي نېفىت ئېلىش مىقدارى 3 مىليون 750 مىڭ توننا، كۆمۈر قېزىش مىقدارى 530 مىڭ توننا، گېنېراتور سىغىمچانلىقى 309 مىڭ كىلوۋات، توك يوللاش لىنىيىسى (110 مىڭ ۋولتلۇق ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى) 38.5 كىلومېتىر، توك بېسىمىنى ئۆزگەرتىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئىقتىدارى (110 مىڭ ۋولتلۇق ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى) 561 مىڭ كىلوۋولت - ئامپېر، يېڭى ياسالغان تاشيول 605 كىلومېتىر (بۇنىڭ ئىچىدە تېز سۈرئەتلىك تاشيول 216 كىلومېتىر)، ئۆزگەرتىپ ياسالغان تاشيول 1524.8 كىلومېتىر، خەۋەرلىشىش ئۆپتىك كابېلى 1056 كىلومېتىر، شەھەرلەرنى تۇرۇبا سۈيى بىلەن كۈندىلىك تەمىنلەش ئىقتىدارى 216 مىڭ توننا، ئېچىلغان بوز يەر 13 مىڭ گېكتار، ئۆزگەرتىلگەن تۆۋەن ھوسۇللۇق يەر 137 مىڭ گېكتار.

گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى: تۆۋۈ — يەندۇڭ مىس كېنىنىڭ دەسلەپكى مۆلچەرى بايلىق مىقدارى 10 مىليون توننىغا يېتىشى مۇمكىن، بۇ ئېلىمىزنىڭ يېقىنقى يىللاردىكى گېئولوگىيىلىك مىس كېنى تېپىش خىزمىتىدىكى چوڭ ئىلگىرىلەش بولۇپ، دۇنيا كانچىلىق ساھەسىدىكىلەرنىڭ كەڭ دائىرىدە دىققىتىنى تارتتى. لوپنۇر - شىمالىي ئويۇلمىسىنىڭ شەرقىي، غەربىي ياقىلىرىدىكى تۆپىلىكلەردىن سۇخورلۇقى بىرقەدەر ياخشى، سانائەتتە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە كالىي تەركىبلىك گالوگېنلىق سۇ كېنى تېپىلدى، بۇنىڭ بىلەن مەزكۇر كاندىكى كالىي تۇزى بايلىقى ئەسلىدىكى 70 مىليون توننىدىن 130 مىليون توننىغا يەتتى. بۇ كان چەكلەنگەندىكى چارغان كالىي تۇزى كېنىدىن قالسىلا، ھازىر ئېلىمىز بويىچە 2 - ئورۇندا تۇرىدىغان چوڭ كالىي تۇزى بايلىقى رايونى بولۇپ قالدى. لوپنۇر ئاچچىق جىلغىسى ۋە لوپنۇر شىمالىي ئويۇلمىسى كالىي تۇزى كېنى رايونىدىن مىقدارى بىرقەدەر كۆپ، سانائەتكە كېرەكلىك يەر ئاستى سۈيى بايلىقى تېپىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا يەنىمۇ تەكشۈرۈش قىممىتىگە ئىگە 22 قېزىلما بايلىق ئورنى

تېپىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆمۈر كېنى بىر، مىس كېنى 6، ئالتۇن كېنى 4، مولىبدېن كېنى بىر، كالىي سېلىتراسى كېنى بىر، يەر ئاستى سۈيى بايلىقى بار جاي 9. يېڭىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىق زاپىسى تۆۋەندىكىچە: نېفىت 166 مىليون 410 مىڭ توننا، تەبىئىي گاز 275 مىليارد 280 مىليون كۇب مېتىر، تۆمۈر 23 مىليون 370 مىڭ توننا، قوغۇشۇن 19 مىڭ توننا، سىنىك 43 مىڭ توننا، ئالتۇن 3500 كىلوگرام، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئېچىشقا بولىدىغان مىقدارى 96 مىڭ كۇب مېتىر - كۈن.

## 5. ترانسپورت، پوچتا - تېلېگراف

مۇشۇ بىر يىلدا ھەرخىل قاتناش قوراللىرى بىلەن توشۇلغان يۈك ئوبوروت مىقدارى 66 مىليارد 90 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %9.6 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريولنىڭ 35 مىليارد 500 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %16.9؛ تاشيولنىڭ 27 مىليارد 290 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %1؛ ئاۋىئاتسىيىنىڭ 100 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %11.4؛ تۇرۇبىنىڭ 3 مىليارد 200 مىليون توننا - كىلومېتىرغا يېتىپ، %14.3 ئاشتى. توشۇلغان يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 29 مىليارد 280 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، %8.1 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريولنىڭ 9 مىليارد 740 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، %18.9؛ تاشيولنىڭ 15 مىليارد 820 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، %0.7؛ ئاۋىئاتسىيىنىڭ 3 مىليارد 720 مىليون ئادەم - كىلومېتىرغا يېتىپ، %17 ئاشتى.

پوچتا - تېلېگراف كەسپى داۋاملىق تېز راۋاجلاندى. مۇشۇ بىر يىلدا پوچتا تېلېگراف كەسپىنىڭ تىجارەت ئومۇمىي سوممىسى 4 مىليارد 730 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %36.3 ئاشتى.

## 6. ئىچكى سودا

بازاردا سېتىش مۇقىم بولۇش ئاساسىدا جانلىنىشقا باشلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 37 مىليارد 450 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %7.8 ئاشتى. بازارلارنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى مۇنداق بولدى: 1) ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىگىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ ئېشىشى بىرقەدەر تېز بولدى، دۆلەت، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ سودىسى يەنىلا كاسات بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى %4.6، كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى %4.8 ئازىيىپ كەتتى، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى %78.5، يەككە ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى %12.5، باشقا ئىگىلىكنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى %9 ئاشتى. 2) شەھەردىكى بازارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسىنىڭ ئېشىشى خېلى تېز بولدى، يېزا بازارلىرىنىڭ يەنىلا بىرقەدەر تۆۋەن بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەردە ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 23 مىليارد 370 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.2؛ يېزا بازارلىرىدا 14 مىليارد 80 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %5.5 ئاشتى، شەھەرلەردە يېزىلارنىڭكىدىن 3.7 پىرسەنت پوئىنتى يۇقىرى بولدى. 3) يېمەك - ئىچمەك كەسپى ۋە توپ - پارچە سېتىش سودىسىنىڭ ئېشىشى تېز بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېمەك - ئىچمەك كەسپىنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 3 مىليارد 820 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %16.6، توپ - پارچە سېتىش سودىسىنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 24 مىليارد 230 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %8.9؛ يېزا ئىگىلىكىدىكى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى %3.3 ئاشتى، ياساش كەسپىنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى %1.4 تۆۋەنلەپ كەتتى.

ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بازىرىدا سەل - پەل ئۆرلەش ۋەزىيىتى مەيدانغا كەلدى. ئەمما ئومۇمىي تەمىنلەش مىقدارى ئېھتىياجدىن ئېشىپ كېتىش ھالىتى ئۆزگەرمىدى. ماددىي ئەشيا ئوبوروت كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى سېتىۋېلىش ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %17.7؛ ئومۇمىي سېتىش سوممىسى 2 مىليارد 30 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.5 ئاشتى.

بازار سودىسىدا سودا بىرقەدەر جانلاندى. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر - يېزىلاردا ھەرخىل تاۋار سودىسى بازىرى 1322 بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن %5.3 ئازىيىپ كەتتى؛ پۈتۈشۈش سوممىسى 15 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %13.8 ئاشتى.

## 7. تاشقى ئىقتىساد

تاشقى سودىنىڭ ئېشىش ۋەزىيىتى ياخشى بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا تاموژنا ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى



تۇگە مىنىپ قۇملۇقتا ساياھەت قىلىش.
جاۋ جۇنئەن فوتوسى

2 مىليارد 260 مىليون دوللارغا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %28.2 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 200 مىليون دوللارغا يېتىپ، %17.2؛ ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 60 مىليون دوللارغا يېتىپ، %43.6 ئاشتى. خەلقئارا بازاردا پاختا باھاسى تۆۋەنلىگەنلىكىنىڭ تەسىرى بىلەن، پاختا ئېكسپورتىنىڭ ئېشىشى بىرقەدەر تېز بولدى، بۇ ئېكسپورت نىسبىتىنىڭ زور دەرىجىدە ئۆسۈشىدىكى ئاساسىي سەۋەب ھېسابلىنىدۇ. ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى ئىچىدە، ئادەتتىكى سودا ئېكسپورت سوممىسى 550 مىليون دوللارغا يېتىپ، %48.3 ئاشتى؛ پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسى ئېكسپورت سوممىسى 60 مىليون دوللار بولۇپ، %16.4 تۆۋەنلەپ كەتتى؛ چېگرا ئاز مىقدارلىق سودىسى ئېكسپورت سوممىسى 580 مىليون دوللارغا يېتىپ، %1.2 ئاشتى. ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسى ئىچىدە، ئادەتتىكى سودا ئىمپورت سوممىسى 280 مىليون دوللارغا يېتىپ، %8.9؛ پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسى ئىمپورت سوممىسى 40 مىليون دوللارغا يېتىپ، %49.7؛ چېگرا ئاز مىقدارلىق سودىسى ئىمپورت سوممىسى 740 مىليون دوللارغا يېتىپ، %64.4 ئاشتى.

چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ مەبلىغىدىن پايدىلىنىش كۆلىمى تۆۋەنلەپ كەتتى، ئەمەلىي پايدىلىنىلغان چەت ئەللىك سودىگەرلەر بىۋاسىتە سالغان مەبلەغ 19 مىليون 320 مىڭ دوللار بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن %20.5 ئازىيىپ كەتتى.

ساياھەتچىلىك ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندى. مۇشۇ بىر يىلدا كۈتۈۋېلىنغان خەلقئارا ساياھەتچى 256 مىڭ ئادەم - قېتىمغا يېتىپ، %14 كۆپەيدى؛ ساياھەتچىلىك تاشقى پېرېۋوت كىرىمى 94 مىليون 940 مىڭ دوللارغا يېتىپ، %10.6 ئاشتى.

## 8. مالىيە، پۇل مۇئامىلە ۋە سۇغۇرتا ئىشلىرى

مۇشۇ بىر يىلدا يەرلىك مالىيە كىرىمى 9 مىليارد 550 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %28.2، سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان ئامىللارنىڭ تەسىرىنى چىقىرىۋەتكەندە، %12.5 ئاشتى؛ مەركەزگە ئايرىپ بېرىلگەن 2 خىل باج كىرىمى 5 مىليارد 350 مىليون يۈەن. مۇشۇ بىر يىلدىكى مالىيە چىقىمى 20 مىليارد 550 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %21.5، سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان ئامىللارنى چىقىرىۋەتكەندە، %10 ئاشتى.

پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 140 مىليارد 310 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 7 مىليارد 490 مىليون يۈەن، 1999 - يىلدىكىدىن 660 مىليون يۈەن كۆپەيدى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 186 مىليارد 350 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 30 مىليارد 320 مىليون يۈەن، 1999 - يىلدىكىدىن 10 مىليارد 90 مىليون يۈەن ئاشتى. ئىشلەپچىقىرىش، سودا جانلىنىشقا يۈزلەنگەنلىكتىن، كارخانىلارنىڭ قەرەلسىز ئامانەت پۇلى خېلى كۆپ ئاشتى، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى يىغىدىن ئاشقان كارخانا ئامانەت پۇلى 15 مىليارد 510 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 7 مىليارد 220 مىليون يۈەن كۆپەيدى؛ شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئامانەت پۇل قالدۇقى 90 مىليارد 850 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 8 مىلياد 390 مىليون يۈەن، 1999 - يىلدىكىدىن 1 مىليارد 840 مىليون يۈەن كۆپەيدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە سۇغۇرتا كىرىمى 2 مىليارد 820 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن %14.2 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا كىرىمى 1 مىليارد 250 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %9.9؛ ئۆمۈر سۇغۇرتا كىرىمى 1 مىليارد 570 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %17.6 ئاشتى. تۆلەنگەن ھەرخىل سۇغۇرتا تۆلەم سوممىسى 970 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك سۇغۇرتا تۆلەم سوممىسى 600 مىليون يۈەن، ئۆمۈر سۇغۇرتا تۆلەم سوممىسى 370 مىليون يۈەن.

## 9. پەن تېخنىكا ۋە مائارىپ

ئاپتونوم رايون بويىچە ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى

368 مىڭغا يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن 0.3% كۆپەيدى. تېخنىكا بازىرى تېخىمۇ جانلاندى، مۇشۇ بىر يىلدا 1088 تۈرلۈك پاتېنت ئىلتىماسى قوبۇل قىلىندى، 717 تۈرگە پاتېنت ھوقۇقى بېرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئېتىراپ قىلىنىپ تىزىمغا ئېلىنغان تۈرلۈك تېخنىكا توختامى 1118. توختام سوممىسى 660 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 54.5% ئاشتى.

ماارىپ ئىشلىرى مۇقىم راۋاجلاندى. ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرى قوبۇل قىلغان ئاسپىرانت 544 كە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن 40.9% كۆپەيدى؛ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئاسپىرانت 1196 غا يېتىپ، 32.7% كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئاسپىرانت 121 بولۇپ، 10.1% نى ئىگىلىدى. ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغان تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىسى 31 مىڭغا يېتىپ، 57.9% كۆپەيدى؛ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 72 مىڭ 900 گە يېتىپ، 34.7% كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 32 مىڭ بولۇپ، 43.8% نى ئىگىلىدى. ئوتتۇرا تېخنىكوملاردا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 105 مىڭغا يېتىپ، 12.6% ؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 51 مىڭ بولۇپ، 2.8%، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 199 مىڭغا يېتىپ، 5% كۆپەيدى.

ئاساس ماارىپى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى، مەجبۇرىيەت ماارىپىنىڭ ئومۇملىشىش دەرىجىسى سەل - پەل ئۆستى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 934 مىڭغا يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن 6.9% كۆپەيدى؛ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 2 مىليون 477 مىڭ بولۇپ، 1.2% ئازايدى. ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 97% بولۇپ، 0.1 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلەپ كەتتى؛ باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى 92% بولۇپ، 2.3 پىرسەنت پوئىنتى؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى 30.3% بولۇپ، 0.03 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلەپ كەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 9 يىللىق مەجبۇرىيەت ماارىپى ئەمەلگە ئاشقان ناھىيە (شەھەر، رايون) 65 كە يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن 10 ى كۆپەيدى.

ھەرخىل چوڭلار ماارىپى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ تولۇق - مەخسۇس كۇرسلىرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 92 مىڭغا يېتىپ، 1999 ـ يىلدىكىدىن 36.2%؛ چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوملىرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 35 مىڭغا يېتىپ، 4.1%؛ چوڭلار كەسپىي تېخنىكا مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 1 مىليون 151 مىڭغا يېتىپ، 1.3%؛ چوڭلار ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 142 مىڭغا يېتىپ، 6.7% كۆپەيدى. مۇشۇ بىر يىلدا ياش - ئوتتۇرا ياشلاردىن 40 مىڭ كىشى ساۋات چىقاردى.

## 10. مەدەنىيەت، سەھىيە ۋە تەنتەربىيە

ئاپتونوم رايون بويىچە سەنئەت ئۆمىكى 88 گە، مەدەنىيەت يۇرتى 92 گە، ئاممىۋى كۇتۇپخانا 80 گە، مۇزېي 23 كە، ئارخىپخانا 128 گە، رادىئو ئىستانسىسى 6 گە، ئوتتۇرا - قىسقا دولقۇنلۇق رادىئو تارقىتىش ۋە ئۇلاپ ئاڭلىتىش ئىستانسىسى 38 گە، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 18 گە، بىر كىلوۋاتلىقتىن يۇقىرى تېلېۋىزىيە تارقىتىش ئىستانسىسى ۋە ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى 61 گە يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 89.8% كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى 92.2% كە يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ھەرخىل كىنو قويۇش ئورنى 98 گە يەتتى، مۇشۇ بىر يىلدا 4 ھېكايە فىلىم ئىشلەندى، 70 ھېكايە فىلىم ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلىندى، 125 يېڭى فىلىم تارقىتىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا 295 مىليون پارچە ھەرخىل گېزىت، 11 مىليون 246 مىڭ پارچە ھەرخىل ژۇرنال، 72 مىليون 870 مىڭ پارچە كىتاب نەشر قىلىندى.

ئاپتونوم رايون بويىچە سەھىيە ئاپپاراتى 7314 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا، شىپاخانا 1352، سەھىيە - يۇقۇمدىن ساقلىنىش ئاپپاراتى 210، ئاياللار - بالىلارنى ساقلىقنى ساقلاش ئاپپاراتى 74؛ ئاپتونوم رايون بويىچە كېسەل كارىۋىتى 71 مىڭغا يەتتى، كەسپىي سەھىيە - تېخنىكا خادىمى 98 مىڭغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 45 مىڭ، سېستىرا، ياردەمچى سېستىرا 31مىڭ. سەھىيە تېخنىكا خادىمى ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت سەھىيە تېخنىكا خادىمى 34 مىڭ بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 34.6% نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تەنھەرىكەت ئەزىمەتلىرى خەلقئارا مۇسابىقىلەردە 5 تۈردە 1 ـ، بىر تۈردە 2 ـ، بىر تۈردە 3 ـ ئېرىشتى. مەملىكەتلىك رەسمىي مۇسابىقىلەردە 15 تۈردە 1 ـ، 9 تۈردە 2 ـ، 9 تۈردە 3 ـ بولدى. 5 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك مېيىپلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە شىنجاڭ كوماندىسى 4 ئالتۇن مېدال، بىر كۈمۈش مېدال، 9 مىس مېدال ئالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە «دۆلەتلىك تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى» گە يەتكەن



ئوغلاق تارتىشىش

جاۋ جۇنشەن فوتوسى

ئوقۇغۇچى 2 مىليون 146 مىڭ 900 بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن 41.4% كۆپەيدى، ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 93% كە يەتتى.

## 11. خەلق تۇرمۇشى

شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى مۇقىم ئاشتى، تۇرمۇش سەۋىيىسى داۋاملىق ئۆستى. ئارىلاپ تەكشۈرۈشكە ئاساسەن ھېسابلىنىشىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىلكىدىكى كىرىمى 5817.28 يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 7.2%؛ ئوتتۇرىچە ئىستېمال خاراكتېرلىك چىقىمى 4665.46 يۈەنگە يېتىپ، 8% ئاشقان. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1618.08 يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 9.8% ئاشقان؛ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 1236.45 يۈەن بولۇپ، 3.6% تۆۋەنلەپ كەتكەن.

يىل ئاخىرىدا شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆي كۆلىمى 15.3 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 4.5%؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆي كۆلىمى 17.3 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، 2.1% ئاشتى.

ئىجتىمائىي كاپالەت ئىشلىرى داۋاملىق راۋاجلاندى. ئاپتونوم رايون بويىچە 1 مىليون 50 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى ئاساسىي پېنسىيە سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش جۇغلاشقا، 880 مىڭ كىشى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش جۇغلاشقا قاتناشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 2000 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر پېنسىيە سۇغۇرتىسىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش جۇغلاشقا قاتناشقان دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلار 340 مىڭغا يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي مائاش سوممىسى 23 مىليارد 447 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 10.7%؛ مۇشۇ بىر يىلدا ئىش ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە پۇل مائاشى 8717 يۈەنگە يېتىپ، 14.5%، باھا ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە 15.2% ئاشتى.

ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندى. يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە ھەرخىل ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ساناتورىيىسى 67 گە، كارىۋات 4652 گە، بېقىلىۋاتقان ئادەم 4186 گە يەتتى. شەھەر - يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەتلەندۈرۈش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىدا يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى، ئاپتونوم رايون بويىچە 10% يېزا - بازاردا يېزا ئىجتىمائىي كاپالەت تورى بەرپا قىلىندى. شەھەر - بازار ئىجتىمائىي مۇلازىملىق تورىمۇ خېلى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. ھازىرغىچە قۇرۇلغان ھەرخىل شەھەر - بازار مەھەللە مۇلازىملىق مۇئەسسەسى 1213 كە يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە 636 مىڭ كىشى (قېتىم) ئىجتىمائىي كاپالەت قۇتقۇزۇشقا ئېرىشتى.

## 12. مۇھىت ئاسراش

يىل ئاخىرىدا مۇھىت ئاسراش سىستېمىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك مۇھىت كۆزىتىش - ئۆلچەش پونكىتى 31 گە، مۇھىت كۆزىتىش - ئۆلچەش خادىمى 654 كە يەتتى. مۇشۇ بىر يىلدا مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تىزگىنلەش تۈرىدىن 198 ى تاماملاندى، بۇنىڭغا 220 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ئېغىرلىشىپ كېتىش ۋەزىيىتى دەسلەپكى قەدەمدە تىزگىنلەندى. ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەرنىڭ مۇھىت سۈپىتى ئاز - تولا ياخشىلاندى. شەھەرلەرنىڭ ھاۋا سۈپىتى 3 - دەرىجىلىكتىن ياخشى بولغان ۋاقىت 78.4% كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شىمالىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنىڭ 3 - دەرىجىلىكتىن ياخشى بولغان ۋاقتى 90.8% نى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ 28.9% نى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە سانائەت يۇندىسىنىڭ بىرتەرەپ قىلىنىش نىسبىتى 77.2% كە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن 1.1 پىرسەن پوئىنتى؛ قويۇۋېتىلىشىنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 51.6% كە يېتىپ، 8.2 پىرسەنت پوئىنتى؛ سانائەت كېرەكسىز گازىنىڭ بىرتەرەپ قىلىنىش نىسبىتى 95.6% كە يېتىپ، 3.3 پىرسەنت پوئىنتى؛ سانائەت قاتتىق كېرەكسىز ماددىلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال تىزگىنلىنىش نىسبىتى 53.5% كە يېتىپ، 3.4 پىرسەنت

پوئىنتى ئاشتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە 13 شەھەرنىڭ فۇنكسىيىلىك رايونلىرىدا شاۋقۇننى كۆزىتىش - ئۆلچەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، شەھەرلەرنىڭ ھەرقايسى فۇنكسىيىلىك رايونىدا كۈندۈزى شاۋقۇننىڭ ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىش نىسبىتى 32.5% بولۇپ، 1999 - يىلدىكىدىن سەل - پەل تۆرلەپ كەتتى، كېچىسى شاۋقۇننىڭ ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىش نىسبىتى 40% كە يېتىپ، 1999 - يىلدىكىدىن سەل - پەل تۆۋەنلىدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە 23 ھەرخىل تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى 4، مۇھاپىزەت رايونلىرىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 159 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ 9.6% ىنى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە چاڭ - توزان تىزگىنلەنگەن رايوندىن 79 ى قۇرۇلدى، بۇلارنىڭ كۆلىمى 292.4 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى؛ مۇھىت - شاۋقۇن جەھەتتە ئۆلچەمگە يەتكەن رايون 58 بولۇپ، كۆلىمى 193.4 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى.

ئىزاھ: ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى، ھەرقايسى كەسىپلەر قوشۇلما قىممىتى ۋە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ مۇتلەق سانى ھازىرقى باھا بويىچە، ئېشىش سۈرئىتى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ مۇتلەق سانى ۋە ئېشىش سۈرئىتى بىردەك ھازىرقى باھا بويىچە ھېسابلاندى. سانائەتنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرسەتكۈچىنى ستاتىستىكا قىلىشتا مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان دۆلەت سانائەت كارخانىلىرى ۋە يىللىق سېتىش كىرىمى 5 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان سانائەت كارخانىلىرى ئۆلچەم قىلىندى.

# شىنجاڭنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا دائىر ئاساسىي ئەھۋالى

9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىتتىپاقلىشىپ باتۇرلارچە ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ ئالغا بېسىپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، مۇرەككەپ - ئۆزگىرىشچان ئىچكى - تاشقى ئىقتىسادىي مۇھىتنىڭ پايدىسىز تەسىرلىرىنى يېڭىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ سىجىل تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى، تۇرلۇك ئىجتىمائىي ئىشلار ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندى، ئىگىلىك قۇرۇلمىسى ئۈزلۈكسىز تەڭشەلدى ۋە سەرخىللاشتى، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇنۇۋېرسال كۈچى زور دەرىجىدە كۈچەيدى، خەلق تۇرمۇشى ياخشىلاندى.

**خەلق ئىگىلىكى سىجىل ئاشتى، ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچ كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى**

2000 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 136 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، 1995 - يىلدىكىدىن 46.7% ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 8% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - كەسپىنىڭ يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 8.5%، 2 - كەسپىنىڭ 8.9%، 3 - كەسپىنىڭ 9% ئاشتى. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1995 - يىلدىكى 4764 يۈەندىن 7433 يۈەنگە يەتتى. ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 1980 - يىلدىكىدىن 3 قاتلاش، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 1980 - يىلدىكىدىن 2 ھەسسە قاتلاش نىشانى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالدى. يەرلىك مالىيە كىرىمى 9 مىليارد 550 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1995 - يىلدىكىدىن 1.5 ھەسسە، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 16.4% ئاشتى. ئىقتىسادىي ئومۇمىي مىقدار ئۈزلۈكسىز كۆپىيىش بىلەن بىرگە، كەسىپ قۇرۇلمىسىمۇ ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى، خەلق ئىگىلىكىنىڭ 3 قېتىملىق كەسىپ قۇرۇلمىسى 1995 - يىلدىكى 29.2:36.7:34.1 دىن 21.1:43:35.9 گە ئۆزگەردى.

**يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسى دەسلەپكى قەدەمدە تەڭشەلدى، يېزا ئىقتىسادى ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندى**

2000 - يىلى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 48 مىليارد 720 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1995 - يىلدىكىدىن 39.4%، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6.9% ئاشتى. ئاساسىي يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى زور دەرىجىدە ئاشتى، پاختا 1 مىليون 500 مىڭ توننىغا يېتىپ، 1995 - يىلدىكىدىن 60.4% ئاشتى، پاختا مەھسۇلاتى مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇندا تۇردى ۋە مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي پاختا مەھسۇلاتىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلىدى، شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ تاۋار پاختا بازىسى بولۇپ قالدى. ئاشلىق 8 مىليون 200 مىڭ

تۈننىدا بېتىپ، 12.3%، ياغلىق دان 600 مىڭ تۈننىدا بېتىپ، 21.7%، قىزىلچا 2 مىليون 930 مىڭ تۈننىدا بېتىپ، 1.6%، گۆش 900 مىڭ تۈننىدا بېتىپ، 71.8% ئاشتى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق، ياغلىق دان، قىزىلچا، قوي يۇڭى، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە قاتارلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى. ئالاھىدە يېزا ئىگىلىكى تېز تەرەققىي قىلدى. ئۈزۈم، قوغۇن، يەشپۇت، شوخلا قىيامى، ئالقات، زاراڭزا، قۇلماق قاتارلىق ئۆزگىچە بايلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارىمۇ مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلىدى.

بازار ئېھتىياجىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سورتى ۋە سۈپىتى ياخشىلاندى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇنۇمۋېرسال ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى. تېرىقچىلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئاشلىق زىرائەتلىرى كۆلىمىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 1995 - يىلدىكى 52.2% تىن 42.9% كە چۈشتى. ئىقتىسادىي زىرائەتلەر كۆلىمى نىسبىتى 1995 - يىلدىكى 37.8% تىن 44.2% كە ئۆرلىدى. سۈپەتلىك بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكى، زاكاز يېزا ئىگىلىكى ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى، سۈپەتلىك، ئۈنۈملۈك، مۇھىت ئاسراش تىپىدىكى زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى ياخشى تەرەققىيات ئىستىقبالىنى نامايان قىلدى.

سانائەتنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى كۈنسايىن كۈچەيدى، ئاساسىي سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى مۇقىم ئاشتى

9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى سىجىل ئېشىش ۋەزىيىتىنى ساقلاپ قالدى. 2000 - يىلى سانائەتنىڭ قوشۇلما قىممىتى 42 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1995 - يىلدىكىدىن 44.6%، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7.6% ئاشتى. بىر خىللا بولغان ئومۇمىي خەلق ئىگىلىكىدىن پەيدىنپەي كۆپ خىل ئىگىلىك ئورتاق راۋاجلىنىدىغان يۈنىلىشكە قاراپ ئۆزگىرىش ھالىتى شەكىللەندى، پاي تۈزۈمى، پاي ھەمكارلىق تۈزۈمى، بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش، يەككە ئىگىلىك، 3 خىل مەبلەغ تىپىدىكى دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان سانائەت تېز تەرەققىي قىلدى. ئۇنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 27.6% كە يەتتى. 2000 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، 368 پاي تۈزۈمىدىكى كارخانا، 184 پاي ھەمكارلىق تۈزۈمىدىكى كارخانا، 1840 خۇسۇسىي كارخانا، شياڭگاڭ - ئاۋمېن - تەيۋەن سودىگەرلىرى ۋە چەت ئەللىك سودىگەرلەر باشقۇرىدىغان 125 كارخانا قۇرۇلدى، 48 مىڭ 500 يەككە سانائەت ئائىلىسى بارلىققا كەلدى. بايلىق ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە نېفىت ئېچىش، نېفىت خىمىيە سانائىتى، توقۇمىچىلىق قاتارلىق 3 چوڭ تۈۋرۈك كەسىپ خېلى تېز تەرەققىي قىلدى، ئۇلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى پۈتكۈل سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 50% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت، نېفىت خىمىيە سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى تەخمىنەن 40% نى، توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى تەخمىنەن 10% نى ئىگىلىدى. نېفىت مەھسۇلاتى 18 مىليون 480 مىڭ تۈننىدا، تەبىئىي گاز مەھسۇلات مىقدارى 3 مىليارد 500 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىپ، ھەر ئىككىسى مەملىكەت بويىچە 3 - ئورۇننى ئىگىلىدى، شىنجاڭ مەملىكەت بويىچە مۇھىم نېفىت، تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ۋە ئىستراتېگىيىلىك ئىز باسار رايون بولۇپ قالدى. كۆمۈر، توك، پولات ماتېرىيال، سېمونت، پاختا يىپ قاتارلىق ئاساسىي سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى 1995 - يىلدىكىدىن زور دەرىجىدە ئاشتى.

ئۇل كەسىپلەر ۋە ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى كۆرۈنەرلىك تېزلەشتى، قاتناش، پوچتا - تېلېگراف ئىشلىرى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى

1995 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە پۈتكۈل جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 250 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكىدىن 134 مىليارد 200 مىليون يۈەن يەنى 1.2 ھەسسە، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 12.9% ئاشتى. مەبلەغ سېلىش قۇرۇلمىسى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى، يېزا ئىگىلىكى، سۇچىلىق، ئېنېرگىيە مەنبەسى، ترانسپورت، پوچتا - تېلېگراف قاتارلىق ئۇل كەسىپلەر ۋە ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى نۇقتىلىق كۈچەيتىلدى، ئۈستۈنلۈككە ئىگە بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش تېزلىتىلدى. 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە قۇملۇق تاشيولى، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ كورلا - قەشقەر بۆلىكى، ئۈرۈمچى - كۈيتۇڭ تېز سۈرئەتلىك تاشيولى قاتارلىق ئاپتونوم رايوننىڭ بىر تۈركۈم نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى پۈتتۈرۈلدى. 2000 - يىلى تۆمۈريولنىڭ تىجارەت مۇساپىسى 3008 كىلومېتىرغا يەتتى، شەرق بىلەن غەربنى كېسىپ ئۆتىدىغان، جەنۇبىي شىنجاڭغا، ئىچكى جايلارغا ۋە غەربىي ئاسىيا - ياۋروپاغا تۇتىشىدىغان تۆمۈريول غول لىنىيىسى شەكىللەندى. 2000 - يىل 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى لەنجۇ — شىنجاڭ تۆمۈريولىدا پويىز سۈرئىتى ئومۇميۈزلۈك تېزلىتىلدى، بۇ تۆمۈريول ترانسپورتىنىڭ يېڭى دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. تاشيول قاتناش مۇساپىسى 34 مىڭ 600 كىلومېتىرغا يەتتى، ھەممە ناھىيە، شەھەرگە ۋە 98.7% يېزا - كەنتكە تاشيول تۇتاشتى،

ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان، شەرقتە گەنسۇ، چىڭخەيگە، جەنۇبتا شىزاڭغا، غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىياغا تۇتىشىدىغان تايانچ قاتناش تورى شەكىللەندى. 60 قا يېقىن ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلدى، ئايروپىلان قاتنايدىغان مۇساپە 140 مىڭ كىلومېتىردىن ئاشتى. شىنجاڭدا ئۇزۇنلۇقى 2496 كىلومېتىر كېلىدىغان 17 نېفىت - گاز ئاققۇزۇش تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى، 2000 - يىلى بۇ تۇرۇبىلاردا 18 مىليون 400 مىڭ توننا نېفىت - گاز ئاققۇزۇلدى. پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئىقتىدارى جەھەتتە ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەش بولدى، شەھەرلەردىن يېزىلارغىچە، ھاۋا بوشلۇقىدىن يەر ئاستىغىچە ئوپتىك لىنىيە، كابېل، قىسقا دولقۇن، مىكرو دولقۇن، سۈنئىي ھەمراھ قاتارلىق كۆپ خىل ۋاستىلىك سىترېئولۇق، كۆپ ئىقتىدارلىق خەۋەرلىشىش - يەتكۈزۈش سىستېمىسى ۋە ئاپتوماتىك خەۋەرلىشىشنى ئاساس قىلغان خەۋەرلىشىش كوممۇتاتور تورى شەكىللەندى. 2000 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى ھەر 100 ئادەمگە 15 تېلېفون توغرا كەلدى. سىمسىز چاقىرىش ۋە يانتېلېفون كەسپى تېز راۋاجلاندى، سىمسىز چاقىرىش ئابونېنتى 1 مىليون 674 مىڭ 700 گە، يانتېلېفون ئابونېنتى 775 مىڭغا يەتتى.

شەھەر - يېزا خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، سېتىۋالغۇچىلار بازىرى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى

2000 - يىلى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىلكىدىكى كىرىمى 5817 يۈەنگە يېتىپ، 1995 - يىلدىكىدىن %1. 40، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %7؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1618 يۈەنگە يېتىپ، %4. 42، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %3. 7 ؛ شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلى 90 مىليارد 850 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %4. 90 ئاشتى.

ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال قۇرۇلمىسى ياخشىلاندى، يېمەكلىك ئىستېمال چىقىمى نىسبىتى ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلىدى. شەھەرلەردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمالىدا يېمەكلىك ئىستېمال چىقىمى (ئېنگىل كوئېففىتسېنتى) 1995 - يىلدىكى %05. 46 تىن 2000 - يىلى %47. 36 كە چۈشتى يەنى 58. 9 پىرسەنت پونكىتى تۆۋەنلىدى، بۇ ئاھالىلەر ئىستېمال قۇرۇلمىسىنىڭ ياخشىلىنىۋاتقانلىقى ۋە تۇرمۇش سۈپىتىنىڭ ئۆسۈۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئاھالىلەر سېتىۋالغان چىداملىق ئىستېمال بۇيۇملىرى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى ھەم يەيدىنپەي ئالىي دەرىجىلىك بولۇشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە. 2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، شەھەرلەردە 100 ئائىلىگە توغرا كېلىدىغان رەڭلىك تېلېۋىزور 102.57 گە يېتىپ، 1995 - يىلدىكىدىن 19. 61 دانە كۆپەيدى يەنى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيىسىگە يېقىنلاشتى. كىرئالغۇ 94. 51 گە يېتىپ، 7. 84 دانە، توڭلاتقۇ 73. 84 كە يېتىپ، 19. 54 دانە كۆپەيدى. بۇلاردىن باشقا، كۆچمە تېلېفون، ئائىلە كومپيۇتېرى، يېكاپ قاتارلىق ئالىي دەرىجىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىمۇ يەيدىنپەي شەھەر - بازارلاردىكى كىرىمى يۇقىرى ئائىلىلەرگە كىرىشكە ۋە يېڭى ئىستېمال مودىسىغا ئايلىنىشقا باشلىدى. يېزىلاردا ھەر 100 ئائىلىگە توغرا كېلىدىغان تېلېۋىزور 2 .91 گە يېتىپ، 21. 78 دانە، كىر ئالغۇ 9. 20 غا يېتىپ، 51. 4 دانە، توڭلاتقۇ 9. 9 غا يېتىپ، 7. 64 دانە كۆپەيدى.

شەھەر - يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش شارائىتى يەنىمۇ ياخشىلاندى، شەھەر - بازارلاردا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئۆي كۆلىمى 1995 - يىلدىكى 31. 12 كۋادرات مېتىردىن 2000 - يىلى 3. 15 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئۆي كۆلىمى 1995 - يىلدىكى 21. 16 كۋادرات مېتىردىن 2000 - يىلى 3. 17 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، ئۆي زىننەتلەش مودا بولۇپ قالدى، زىننەتلەش سەۋىيىسىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆسمەكتە.

9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە بازاردا باھا ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم بولدى، ئاھالىلەر ئىستېمال بۇيۇملىرى باھاسىنىڭ ئۆرلەش نىسبىتى 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى %1. 15 تىن %1. 2 ئۆپچۆرىسىگە چۈشتى. بازاردا تاۋار مەنبەسى تولۇق، تۈرى كۆپ بولدى، %90 تىن كۆپرەك تاۋاردا تەمىنلەش ئېھتىياجدىن كۆپ بولۇش ياكى تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئاساسەن تەڭپۇڭ بولۇش ئىشقا ئاشتى، «ساتقۇچىلار بازىرى» دىن «سېتىۋالغۇچىلار بازىرى» غا ئۆتۈش دەسلەپكى قەدەمدە ئەمەلگە ئاشتى. 2000 - يىلى ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 37 مىليارد 450 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1995 - يىلدىكىدىن %6. 47، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %1. 8 ئاشتى، ھازىر ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلىپ، پۈتكۈل ئاپتونوم رايونغا، مەملىكەت ئىچىگە، ئوتتۇرا ئاسىياغا ۋە خەلقئارا بازارغا يۈزلەنگەن ھالەت ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى.

## تاشقى سودا سىجىل تەرەققىي قىلدى، ھەر تەرەپلىمە ئېچىۋېتىش ئەندىزىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى

2000 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە 58 ناھىيە (شەھەر) سىرتقا ئېچىۋېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 33 چېگرا ناھىيە (شەھەر) نىڭ ھەممىسى ئېچىۋېتىلدى، 10 شەھەر چېگرا

ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى، ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى، 16 سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن پورت قۇرۇلدى. 2000 ـ يىلى تاشقى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 2 مىليارد 260 مىليون دوللارغا يېتىپ، 1995 ـ يىلدىكىدىن %58، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %9.6 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە چېگرا سودىسى بويىچە ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليارد 320 مىليون دوللار بولۇپ، ئومۇمىي ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسىنىڭ %58 نى ئىگىلىدى. 5 يىلدا ئەمەلىي پايدىلىنىلغان تاشقى مەبلەغ 827 مىليون دوللارغا يەتتى، 2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا «3 خىل مەبلەغ» كارخانىسى 371 گە يەتتى. 1992 ـ يىلدىن باشلاپ ئۈرۈمچى يەرمەنكىسى 9 قېتىم مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى. خەلقئارا ساياھەتچىلىك جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، 2000 ـ يىلى كۈتۈۋېلىنغان چەت ئەللىك ساياھەتچى 256 مىڭ ئادەم ـ قېتىمغا يېتىپ، 1995 ـ يىلدىكىدىن %25.5 كۆپەيدى، يارىتىلغان تاشقى پېرېۋوت 94 مىليون 940 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 1995 ـ يىلدىكىدىن %80.2 ئاشتى. ھازىر شىنجاڭدا يۇلتۇزلۇق مېھمانسارايى 66 گە، تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى 20 گە، نۇقتىلىق مەنزىرە رايونى ۋە ئېكسكۇرسىيە نۇقتىسى تەخمىنەن 300 گە يەتتى.

پەن ـ مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش» جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلار ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدى

9 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە «شىنجاڭنى پەن ـ تېخنىكا ـ مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش» ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا دەسلەپكى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى، بۇ 5 يىلدا 1177 تۈردە چوڭ پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسى قولغا كەلتۈرۈلدى. «ئۇچقۇن» پىلانى، «مەشئەل» پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن، پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا قوشقان تۆھپىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. ھازىر پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە تۆھپە قوشۇش نىسبىتى تەخمىنەن %40 كە، سانائەتكە تۆھپە قوشۇش نىسبىتى تەخمىنەن %30 كە يەتتى.

9 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە مائارىپ تېز راۋاجلاندى. 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، ئالىي مائارىپ بويىچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش سانى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىلدى، 2000 ـ يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچى 72 مىڭ 900 گە يېتىپ، 1995 ـ يىلدىكىدىن 28 مىڭ كىشى كۆپەيدى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ قۇرۇلمىسى بەدەنلەي مۇكەممەللەشتى، باشلانغۇچ مەكتەپ يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %97 كە يەتتى. ھەرخىل چوڭلار مائارىپى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدى، ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجە يارىتىلدى، ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل مەكتەپلەردىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى ئاپتونوم رايون بويىچە مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئومۇمىي ئوقۇغۇچىنىڭ %67.2 ئىگىلىدى.

مەدەنىيەت، سەھىيە ـ تەنتەربىيە ئىشلىرىدىمۇ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. رادىئو ـ تېلېۋىزىيىنى ھەممە يېزىغا يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى چوڭ ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى، رادىئو ـ تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلاش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، 2000 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە رادىئونىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %89.8 كە، تېلېۋىزىيىنىڭ نوپۇسنى قاپلاش نىسبىتى %92.2 كە يېتىپ، ھەر ئىككىسى 1995 ـ يىلدىكىدىن 11 پىرسەنت پوئىنتتى ئۆستى. داۋالاش سۇغۇرتا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ۋە داۋالاش ـ سەھىيە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى خېلى چوڭ ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى، شەھەر ـ بازارلارنىڭ مەھەللە سەھىيە مۇلازىمىتى، يېزىلارنىڭ ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش ۋە باشلانغۇچ سەھىيە ـ ساقلىقنى ساقلاش سىستېمىسى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتى، خەلقنىڭ ساغلاملىق سەۋىيىسى ئۆستى. تەنتەربىيە ئىشلىرىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازىنىلدى، ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرلىرى ھاياتىي كۈچكە تولدى.

ۋۇ جۈن

# شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا دائىر 10 ـ بەش يىللىق پىلاندىكى ئاساسىي نىشان ۋە ۋەزىپىلەر

10 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي نىشانلىرى



ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 265.5 كىلومېتىر كېلىدىغان ئۈرۈمچى — كۈيتۇن تېز سۈرئەتلىك تاشيولىدا 2000 - يىل 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى قاتناش باشلاندى.
جۇۋېنشياڭ فوتوسى

1. خەلق ئىگىلىكىدە بىرقەدەر تېز تەرەققىيات سۈرئىتى ساقلاپ قېلىندى. مۆلچەرلىنىشچە، 2005 - يىلغا بارغاندا ئاپتونوم رايون بويىچە 2000 - يىلدىكى باھا بويىچە ھېسابلانغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 210 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، يىلغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9% ئاشىدۇ، ئېشىش نىسبىتى بۇنىڭدىنمۇ تېزلىتىلىپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنى 10 مىڭ يۈەندىن ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىلىدۇ. 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە شەھەر - بازارلاردا 1 مىليون 250 مىڭ كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، ھەر يىلى يېزا ئىگىلىك ئەمگەك كۈچلىرىدىن 150 مىڭ كىشى باشقا كەسىپلەرگە يۆتكىلىدۇ. شەھەر - بازارلاردا تىزىمغا ئېلىنغان ئىشسىزلار نىسبىتى 4% تىن تۆۋەن دائىرىدە تىزگىنلىنىدۇ. پۈتكۈل جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ تەخمىنەن 420 مىليارد يۈەنگە يەتكۈزۈلىدۇ.

2. ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەشتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ھاسىل قىلىنىدۇ، كەسىپلەر قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش دەرىجىسى ئۆستۈرۈلىدۇ، بازاردىكى رىقابەت كۈچى كۈچەيتىلىدۇ. 2005 - يىلى 3 قېتىملىق كەسىپ قوشۇلما قىممىتى سالمىقى 40:41:19 كە تەڭشىلىدۇ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سالمىقى 35:15:50 كە تەڭشىلىدۇ. ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر بەنىمۇ تولۇقلىنىدۇ. مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئۇچۇرلىشىش دەرىجىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈلىدۇ. شەھەر - يېزا قۇرۇلمىسى دەسلەپكى قەدەمدە ياخشىلىنىدۇ، شەھەر - بازارلىشىش سەۋىيىسى 36% كە يەتكۈزۈلىدۇ. جايلارنىڭ ئىقتىسادىي جايلىشىشى، ئەقىلغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇلىدۇ.

3. پەن - تېخنىكا، مائارىپ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ. 2005 - يىلى پۈتكۈل جەمئىيەت بويىچە تەتقىقات ۋە تەرەققىيات خىراجىتىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 1% تىن ئاشۇرۇلىدۇ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى كۈچەيتىلىدۇ، تېخنىكا تەرەققىياتى تېزلىتىلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل مائارىپ تەرەققىياتى تېزلىتىلىدۇ، 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋەزىيىتى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. 2005 - يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى بويىچە مەكتەپكە كىرىش ئومۇمىي نىسبىتى 90% كە، تولۇق ئوتتۇرا مائارىپ بويىچە مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 61% كە، ئالىي مەكتەپ مائارىپى بويىچە مەكتەپكە كىرىش ئومۇمىي نىسبىتى 15% كە يەتكۈزۈلىدۇ.

4. سىجىل تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇلۇپ، شەھەر - يېزىلارنىڭ مۇھىت سۈپىتى ياخشىلىنىدۇ. نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 15‰ دائىرىسىدە تىزگىنلىنىدۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 2000 - يىلدىكى 1.87% تىن 2005 - يىلى 2.06% كە، شەھەرلەرنىڭ كۆكەرتىلىش نىسبىتى 30% تىن كۆپرەككە، شەھەرلەردە سانائەت كېرەكسىز گازلىرىنىڭ بىرتەرەپ قىلىنىش نىسبىتى 90% تىن كۆپرەككە، سانائەت يۇندىسىنىڭ بىرتەرەپ قىلىنىش نىسبىتى 75% تىن كۆپرەككە يەتكۈزۈلىدۇ. ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش - ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش ئىقتىدارى ئاشۇرۇلىدۇ.

5. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى سىجىل كۆپەيتىلىدۇ، خەلقنىڭ ھاللىق تۇرمۇشى تېخىمۇ بېيىتىلىدۇ. مۆلچەرلىنىشچە، ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئىلگىرىكى يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى تەخمىنەن

%7 كۆپەيدى، دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمى يىلىغا تەخمىنەن 150 يۈەن ئاشتى. ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. 2005 - يىلىغا بارغاندا ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئۆي كۆلىمى 23 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى، ئۆي سەۋىيىسى، تازىلىق شارائىتى خېلى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. شەھەر - يېزىلارنىڭ داۋالاش - سەھىيە مۇلازىملىق مۇئەسسەسەلىرى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتى. شەھەر - يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت، تەنتەربىيە مۇئەسسەسەلىرى كۆپەيدى، مۇلازىملىق سەۋىيىسى ۋە ئومۇملىشىش نىسبىتى ئۆستۈرۈلدى. جەمئىيەت كەيپىياتى، ئىجتىمائىي ئىناۋەت ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپ ياخشىلاندى.

10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىلىرى

بىرىنچى، ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى پائال تەڭشەش ۋە سەرخىللاشتۇرۇش.

1. يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇللۇق ئورنى كۈچەيتىلىدۇ، ئالاھىدە يېزا ئىگىلىك تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ. بازار يېتەكچى قىلىنىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش مەركەز قىلىنىپ، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىلىپ، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسى زور كۈچ بىلەن تەڭشىلىدۇ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ۋە ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تىرىشىپ ئۆستۈرۈلىدۇ، ئالاھىدە يېزا ئىگىلىكى، ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكى، ئۈنۈم يېزا ئىگىلىكى، تاشقى پېرېۋوت يارىتىدىغان يېزا ئىگىلىكى پائال راۋاجلاندۇرۇلۇپ، «يېشىل، داڭلىق، ئالاھىدە بولۇش» كوزىرى ئىشقا سېلىنىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسپىلىشىش سەۋىيىسى ۋە بازار ئىگىلەش نىسبىتى ئۆستۈرۈلۈپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى مۇقىملاشتۇرۇش ئاساسىدا، مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ سۈپەتلىك پاختا بازىسى مۇستەھكەملىنىدۇ، مۇھىم چارۋا مەھسۇلاتلىرى بازىسى، ئورمان - مېۋىلىك باغ بازىسى قۇرۇپ چىقىلىدۇ.

2. سانائەت قۇرۇلمىسى ياخشىلىنىدۇ، سانائەتنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلىدۇ. پائال تۈردە بازار ئېچىلىپ، كارخانىلار سۇبيېكت قىلىنىپ، تېخنىكا تەرەققىياتى تىرەك قىلىنىپ، ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق سانائەتنىڭ ئومۇمىي تېخنىكا سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلۈپ، سانائەتنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى ياخشىلىنىدۇ، بازاردىكى رىقابەت كۈچى ئاشۇرۇلىدۇ. سانائەت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنىڭ يۆنىلىشى مۇنداق: نېفىت ۋە نېفىت - تەبىئىي گاز خىمىيە سانائىتى، توقۇمىچىلىق ۋە يېمەكلىك قاتارلىق تۈۋرۈك ۋە ئالاھىدە سانائەتنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، يۇقىرى تېخنىكىلىق كەسىپلەرنى پائال راۋاجلاندۇرۇش، يېنىك سانائەت، ماشىنىسازلىق، مېتالچىلىق، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، خىمىيە سانائىتى، تېببىي دورىگەرلىك قاتارلىق ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنى تېخنىكا جەھەتتىن ئۆزگەرتىشنى كۈچەيتىش، ئېلىمىزنىڭ غەربىي قىسمى بويىچە مۇھىم نېفىت، تەبىئىي گاز خىمىيە سانائىتى بازىسى ۋە سۈپەتلىك يىپ، سۈپەتلىك رەخت بازىسى قۇرۇپ چىقىش. سانائەتنىڭ جايلىشىشىنى ياخشىلاپ، «قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى قىلىش، قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغانلىرىنى قىلماسلىق» پرىنسىپى بويىچە، ئۈستۈنلۈكنى گەۋدىلەندۈرۈپ، باشلامچى كارخانىلارنى كۈچىنى تۇپلاپ يۆلەش.

3. مۇلازىمەتچىلىك تېز تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ. بازارلاشتۇرۇش، كەسىپلەشتۈرۈش، ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش يۆنىلىش قىلىنىپ، مۇلازىمەتچىلىك تېز راۋاجلاندۇرۇلىدۇ. ئالاھىدە ساياھەتچىلىك نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ. ئوبوروت كەسپى تېز راۋاجلاندۇرۇلىدۇ، ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەتچىلىك ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ، پۇل مۇئامىلە، ئۆي - زېمىن ۋە خوجىلىق كەسىپلىرى پائال راۋاجلاندۇرۇلىدۇ.

4. تەڭرىتاغ شىمالىي ئېتىكى ئىقتىسادىي بەلبېغى ئالدىن راۋاجلاندۇرۇلۇپ، جايلار ئىقتىسادىنىڭ ماس تەرەققىي قىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. مۇھىم نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ياخشىلارغا، كۈچلۈكلەرگە يار - يۆلەك بولۇنىدۇ، ئاساسى كۈچلۈكرەك، ئورنى ئەۋزەل، ئېشىش ئىمكانىيىتى چوڭ تەڭرىتاغ شىمالىي ئېتىكى ئىقتىسادىي بەلبېغىنى ئالدىن راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق، پۈتكۈل ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇنىدۇ. باشقا جايلار ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن پائال ئىلگىرىلەپ، بايلىق مەنبەسىگە، جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىككە ۋە ئاللىقاچان شەكىللەنگەن رىقابەت ئۈستۈنلۈكىگە تايىنىپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە، ھاياتىي كۈچكە تولغان رايون ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشى لازىم.

5. شەھەرلىشىش - بازارلىشىش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، شەھەر - يېزا قۇرۇلمىسى ياخشىلىنىدۇ. بىرتۇتاش پىلانلاش، مۇۋاپىق جايلاشتۇرۇش ۋە شەھەرلەرنىڭ فۇنكسىيىسىنى كۆپ خىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت تەرەققىيات يولىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، شەھەر - بازارلارشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئائىت ئىسلاھاتلار چوڭقۇرلاشتى، شەھەر - يېزا ئايرىلىپ تۇرۇشتەك تۈزۈلمە ھەقىقىي بۇزۇپ تاشلىنىپ، نوپۇس

تەرتىپلىك يۈرۈشۈپ تۇرىدىغان مېخانىزىم ئورنىتىلىدۇ، جايلىشىشى مۇۋاپىق، ئىقتىدارى مۇكەممەل، كۆلىمى مۇۋاپىق، قۇرۇلمىسى ماسلاشقان شەھەر - بازار سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈلىدۇ. بىرقەدەر يۇقىرى ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت ئىقتىدارىغا ئىگە رايونلاردىكى مەركىزىي شەھەرلەرگە پائال مەدەت بېرىلىدۇ ۋە شۇنداق شەھەرلەر يېتىلدۈرۈلىدۇ، ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە كورلا شەھىرى نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ، ھازىرقى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ دىۋىزىيە دەرىجىلىك ئورگانلىرى تۇرۇشلۇق جايلاردىكى شەھەرلەرنىڭ تەرەققىياتى تېزلىتىلىدۇ، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈشنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ مۇۋاپىق يۆتكىلىشىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، تۆمۈريول، تاشيول بويلىرى، چېگرا بويلىرىدىكى بايلىق مەنبەسى مەركەزلەشكەن جايلاردىكى كىچىك شەھەر - بازارلار ھەم قىسمەن يېزىلىق - بازارلىق ھۆكۈمەتلەر، تۈەن - مەيدانلار تۇرۇشلۇق جايلاردىكى شەھەر - بازارلارنىڭ تەرەققىياتى تېزلىتىلىپ، يېڭى شەھەر - بازار تورى شەكىللەندۈرۈلىدۇ. شەھەر - بازارلارنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىدۇ، شەھەر - بازار خەلقىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن زىچ ئالاقىدار بولغان سۇ بىلەن تەمىنلەش، توختام سۇ چىقىرىۋېتىش، مەركەزلەشتۈرۈپ پار بېرىش، گاز بىلەن تەمىنلەش، يول، باغ - ئورمان، كۆكەرتىش ۋە ئەخلەتنى بىرتەرەپ قىلىش قۇرۇلۇشلىرى نۇقتىلىق ياسىلىدۇ، شەھەرلەرنىڭ تاشقى قاتناش ۋە ئۇچۇر قۇرۇلۇشلىرىنى كېڭەيتىپ ياساش، ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، تاشقى ئالاقە ئىقتىدارى كۈچەيتىلىدۇ.

ئىككىنچى، ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش.

1. سۇ بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىش، سۇ بايلىقىنى قوغداش كۈچەيتىلىدۇ. سۇ بايلىقىنى تەقسىملەش ياخشىلىنىدۇ. سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى ئۆستۈرۈلىدۇ، ئاساسىي دەريالارنىڭ سۇ بايلىقىنى مۇۋاپىق ئېچىش، ئۈنۈمىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ۋە بۇ دەريالارنى ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەش تېزلىتىلىدۇ. 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭلاردىكى ئاساسىي دەريالارنىڭ غول، تارماق ئېقىنلىرىدا زور بىر تۈركۈم تىزگىنلەش خاراكتېرىدىكى سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشلىرى ياسىلىدۇ، ئېرتىش دەرياسى ۋادىسىنى ئېچىش قۇرۇلۇشى، چاپچىغاي سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشى ۋە تارىم غول ئېقىنىنى ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەش ۋە قوغداش قۇرۇلۇشى ياسىلىدۇ، شىياھەندى، بۇلۇڭكۆل، داشىيا، ليۇگو 2 - سۇ ئامبىرى، كېنسيۇت سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشى قاتارلىق قۇرۇلۇشلار تېزلىتىلىدۇ. يۇقىرى ئۆلچەملىك، يۇقىرى تېخنىكىلىق تېجەپ سۇغىرىش زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلىدۇ. جايلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، يۈركۈپ سۇغىرىش، تامچىلىتىپ سۇغىرىش، سىڭدۈرۈپ سۇغىرىش قاتارلىق ئىلغار سۇغىرىش تېخنىكىلىرى ئومۇملاشتۇرۇلىدۇ، سۇ تېجەپ سۇغىرىلىدىغان دېھقانچىلىق يەرلىرى كۆلىمى 670 مىڭ گېكتار (بۇنىڭ ئىچىدە بىڭتۇەننىڭ 370 مىڭ گېكتار) غا يەتكۈزۈلىدۇ. يەر ئاستى سۈيىدىن پائال، مۇۋاپىق پايدىلىنىلىدۇ، 15 مىڭ ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلىدۇ ۋە ئۆزگەرتىلىدۇ، يەر ئاستى سۈيىنى قېزىش مىقدارى 3 مىليارد كۇب مېتىر كۆپەيتىلىدۇ. 20 مىڭ كىلومېتىر سۇ سىڭمەيدىغان ئۆستەڭ ياسىلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە غول - تارماق ئۆستەڭ، ئېرىقلارنى سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈش دەسلەپكى قەدەمدە ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ، سۇدىن پايدىلىنىش نىسبىتى ئۆستۈرۈلىدۇ، ئۆستەڭلەردىن پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتى 0.5 تىن 0.55 كە يەتكۈزۈلىدۇ.

2. قاتناش - ترانسپورت تورى مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ. قاتناش - ترانسپورت ئاساسىي جازىسى ۋە غەربىي رايون چوڭ يولى ترانسپورت غول لىنىيىسى قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىدۇ، تاشيولنى ئاساس، تۆمۈريولنى تايانچ قىلغان، ئاۋىئاتسىيە بىلەن تۇرۇبا يولى ئۆزئارا ماسلاشقان راۋان، قولاي، بىخەتەر ستېرېئولۇق قاتناش - ترانسپورت تورى مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ. تاشيول قۇرۇلۇشىدا دۆلەت يولى «312» لىنىيىسى ۋە «314» لىنىيىسىدىن شەكىللەنگەن «Y» شەكىللىك تېز سۈرئەتلىك يولى مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، كۈيتۇڭ — سايرام، پارچە سافال — توقسۇن، خوشۇت — كورلا ئالىي تاشيولى قۇرۇلۇشى ۋە قۇمۇل — بارىكۆل — مورى — ئۈرۈمچى تەڭرىتاغ شىمالىي لىنىيىسى تاشيول قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىدۇ. تۆمۈريول قۇرۇلۇشىدا جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنى غەربكە ئۇزارتىش قۇرۇلۇشى نۇقتا قىلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنى قىرغىزىستان ئارقىلىق ئۆزبېكىستانغا تۇتاشتۇرۇش بالدۇرراق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. جىڭ — غۇلجا — قورغاس تۆمۈريولىنى ياساشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى پائال ئوبدان ئىشلىنىدۇ. ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودرومىنىڭ ئىقتىدارى نۇقتىلىق مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ ۋە بۇ ئايرودروم رايون ئاۋىئاتسىيە يولۇچى - يۈك توشۇش مەركىزىگە ۋە ئاسىيا - ياۋروپا خەلقئارا لىنىيىسىدىكى مۇھىم تۈگۈن پورتقا ئايلاندۇرۇلىدۇ. خوتەن، قۇمۇل ئايرودروملىرى ئۆزگەرتىپ، كېڭەيتىپ ياسىلىدۇ؛ قاراماي، كورلا ئايرودروملىرى باشقا جايغا ياسىلىدۇ، يېڭىدىن نارات، تۇرپان، بورتالا قاتارلىق تارماق لىنىيە ئايرودروملىرى ياسىلىدۇ. ئۈرۈمچى — گۇيياڭ، چاڭجۇن، خېفېي، كوكخوت قاتارلىق

مەملىكەت ئىچى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىلىرى ۋە قەشقەر — غۇلجا، ئالتاي — غۇلجا، قاراماي — كورلا قاتارلىق ئاپتونوم رايون ئىچى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىلىرى كۆپەيتىلدى، خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە لىنىيىلىرى پائال ئېچىلدى. تۇرۇبا يولى قۇرۇلۇشىدا نېفىت، گاز، ئېچىش، پىششىقلاپ ئىشلەش، ئىچكى - تاشقى بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن، «غەربتىكى گازنى شەرققە يەتكۈزۈش» قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش تېزلىتىلدى، جۇڭگو - قازاقىستان نېفىت ئاققۇزۇش تۇرۇبىسى ياتقۇزۇشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى تېزلىتىلدى، ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە تۇرۇبا تورى يۈرۈشلەشتۈرۈلۈپ، 3 چوڭ ئويمانلىقنىڭ تەبىئىي گازنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرىدىغان تور شەكىللەندۈرۈلۈپ، بايلىق بىر تۇتاش، مۇۋاپىق تەقسىم قىلىنىدۇ. شىنجاڭ — لەنجۇ تەييار نېفىت مەھسۇلاتلىرى ئاققۇزۇش تۇرۇبا لىنىيىسى قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىپ، تەييار نېفىت مەھسۇلاتلىرى بازىرىدىكى رىقابەتلىشىش ئىقتىدارى كۈچەيتىلدى، ھازىر بار نېفىت چەككىلەش قۇرۇلمىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى.

3. ئېنېرگىيە مەنبەسى سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى تېزلىتىلدى. شىنجاڭنىڭ كۆمۈر، سۇ بايلىقى مول بولۇش ۋە كۆمۈر، توك ئەرزان بولۇشتەك ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، توك مەنبەسى، توك تورى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى، ئېلېكتر قۇرۇلمىسى تەڭشەلدى ۋە ياخشىلاندى، توك ھاسىل قىلىش تەننەرخى تۆۋەن، توك ئەرزان بولۇشتەك ئۈستۈنلۈكى داۋاملىق ساقلاپ قېلىندى، «كۆمۈر ئورنىغا توكنى دەسسىتىش»، «پار ئورنىغا توكنى دەسسىتىش»، «گاز ئورنىغا توكنى دەسسىتىش» قەدىمى تېزلىتىلدى، ئېنېرگىيە سەرپىياتى يۇقىرى كەسىپلەر جەلپ قىلىندى، ئاھالىلەر تۇرمۇشىنى ئېلېكترلەشتۈرۈش تېزلىتىلدى. ئېلېكتر مەنبەسى قۇرۇلۇشىدا بازىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئاساس قىلىنىپ، كۈچ مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، بىر تۈركۈم چوڭ - ئوتتۇرا تىپتىكى ئېلېكتر مەنبەلىرى قوشۇلدى، ئېلېكتر مەنبەلىرى قۇرۇلمىسى ياخشىلاندى، توك ھاسىل قىلىش تەننەرخى تۆۋەنلىتىلدى. ئوت ئېلېكتر قۇرۇلۇشىدا يۇقىرى پارامېتىرلىق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، چوڭ سىغىملىق گېنېراتور گۇرۇپپىلىرى كۆپەيتىلدى، خوگەيەنچى 2 - ئېلېكتر ئىستانسىسى، قەشقەر، كۇچا، قۇمۇل، ماناس، توقسۇن قاتارلىق چوڭ - ئوتتۇرا ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى بازىلىرى نۇقتىلىق ياسالدى. سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشىدا سۇچىلىق ۋە ئېلېكتر ساھەلىرىنىڭ كۈچى مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، تەڭشەش ئىقتىدارى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان جىرىنتاي 1 - دەرىجىلىك پەلەمپەيسىمان سۇ ئېلېكتر بازىسى قۇرۇلدى، سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشىنىڭ تەننەرخى تۆۋەنلىتىلدى. خوتەن قاتارلىق گاز ئېلېكتر ئىستانسىسى ياسىلىپ، پاكىز ئېلېكترنىڭ ئېلېكتر قۇرۇلمىسىدىكى نىسبىتى ئۆستۈرۈلدى. 2005 - يىلغا بارغاندا ئاپتونوم رايون بويىچە گېنېراتورلارنىڭ سىغىمچانلىقى 6 مىليون 700 مىڭ كىلوۋاتقا، توك ھاسىل قىلىش مىقدارى 29 مىليارد كىلوۋات سائەتكە يەتكۈزۈلدى.

4. ھۆكۈمەتنىڭ كەسىپلەرنىڭ، ئىجتىمائىي جامائەت ئىشلىرى ساھەلىرىنىڭ ئۇچۇرلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش نىشان قىلىنىپ، ئۇچۇر كەسپىنىڭ تەرەققىياتى تېزلىتىلدى. ئۇچۇر ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى ۋە ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ قوللىنىلىشى كۈچەيتىلدى، بىرقەدەر مۇكەممەل ئۇچۇرلاشقان سىستېما ۋە سىفىرلاشقان، تورلاشقان مۇھىت پەيدىنپەي بەرپا قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، پەن - تېخنىكا، مائارىپ پائال ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلى ئۆزگەرتىلدى.

پەن - تېخنىكىدا ئۆزدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش يادرو قىلىنىپ، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇشنى تېزلىتىش، يۇقىرى تېخنىكىلىق كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، كەسىپلەرنىڭ تېخنىكىلىق دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولىدىغان ئورتاق خۇسۇسىيەتلىك تېخنىكا، مۇھىم تېخنىكا ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈش تېخنىكىسى تەتقىقاتى ۋە ئۇلارنى كىرگۈزۈش كۈچەيتىلدى، ئەسقاتىدىغان ئىلغار تېخنىكىلارنى ئومۇملاشتۇرۇش تېزلىتىلىپ، كەسىپلەرنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى ۋە رىقابەت ئىقتىدارى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈلدى. يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىدا سۈپەتلىك، ھوسۇللۇق، ئۈنۈملۈك بولۇش تېخنىكىسى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ئۈنۈۋېرسال پايدىلىنىش تېخنىكىسى، سۇ تېجەپ سۇغىرىش ۋە بايلىقتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش تېخنىكىسى نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇلدى، ئاچقۇچلۇق تېخنىكا تەتقىقاتى، يۈرۈشلەشتۈرۈپ ئېچىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش - قوللىنىش تېزلىتىلدى. زامانىۋى بىئوتېخنىكىنى قوللىنىش بىلەن مۇنتىزىم تېخنىكا ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ، دېھقانچىلىق زىرائىتى، ئورمان، ئوت - چۆپ، چارۋىلارنىڭ ئېسىل سورت، نەسىللىرىنى يېتىشتۈرۈش، كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلار زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش، تېرىقچىلىق ۋە باقمىچىلىقنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە ئائىت ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەر نۇقتىلىق ھەل قىلىنىدۇ. ئۆزگىچە قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋىلەرنى يېڭى پېتى ساقلاش، ئوراش - قاچىلاش ۋە ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسىنى تەتقىق

قىلىش ۋە كىرگۈزۈش كۈچەيتىلدى. ئورۇقلۇق قۇرۇلۇشى، سۇ تېجەپ سۇغىرىش، ئېسىل يېزا ئىگىلىكى، ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلۇپ، ئۇنۇمى يۇقىرى ئالاھىدە يېزا ئىگىلىكى پەن - تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش بازىلىرى ۋە ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇپ چىقىلدى. ساناائەتنىڭ تېخنىكا جەھەتتىن قوراللىنىش سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى، مۇھىم ساھەلەر ۋە نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىن ئىلغار تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنە كىرگۈزۈشى ئىلگىرى سۈرۈلدى، كىرگۈزۈلگەن تېخنىكىلارنى ئۆزلەشتۈرۈش ۋە يېڭىلىق يارىتىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى كۈچەيتىلدى. كارخانىلارنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتى، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشتىكى سۇبيېكت بولۇشىغا تۈرتكە بولۇندى. كارخانىلارنىڭ يېڭى مەھسۇلات لايىھىلەش، ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى، ئىگىلىك باشقۇرۇش سەۋىيىسى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈلدى. ئىلمىي تەتقىقات ئاپپاراتلىرى ۋە ئالىي مەكتەپلەردىكى پەن - تېخنىكا كۈچلىرىنىڭ كارخانىلار بىلەن بىرلىكتە تېخنىكا مەركىزى قۇرۇپ، بازارغا كىرىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، يۇقىرى تېخنىكا ۋە مەھسۇلاتلارنى كۆزلەپ بىرلىشىپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشىغا، ئۈستۈنلۈككە ئىگە يۇقىرى تېخنىكىلىق كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىلھام بېرىلىپ، يېڭى ئىقتىسادىي ئېشىش نۇقتىلىرى شەكىللەندۈرۈلدى.

مىللىي مائارىپنىڭ ئومۇملىشىش دەرىجىسى داۋاملىق ئۆستۈرۈلدى، مائارىپ كۆلىمى كېڭەيتىلدى، مائارىپ سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش داۋاملىق مۇھىم خىزمەتلەر ئىچىدىكى مۇھىم خىزمەت قاتارىدا چىڭ، ياخشى تۇتۇلدى، 2005 - يىل ئاپتونوم رايونىمىزدىكى %85 جايدا 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. مەھەللىلەر ئاساس قىلىنىپ بالىلار مائارىپى راۋاجلاندۇرۇلدى، بالىلارنىڭ يەسلىگە كىرىش نىسبىتى ئۆستۈرۈلدى. ئالاھىدە مائارىپقا يۆلەك بولۇش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. ئادەتتىكى مائارىپ ۋە كەسپىي مائارىپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تولۇق ئوتتۇرا مائارىپى پائال راۋاجلاندۇرۇلدى. ئالىي مائارىپ زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، مۇھىم پەنلەر ۋە نۇقتىلىق تەجرىبىخانىلارنى يۆلەش سالمىقى ئاشۇرۇلدى، نۇقتىلىق ھالدا 20 پەن بەرپا قىلىندى. كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ياخشى باشقۇرۇلدى. كۆپ خىل شەكىلدىكى كەسپىي ئالىي مائارىپ، چوڭلار ئالىي مائارىپى پائال راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ھەر تۈركۈم نۇقتىلىق كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتلىرى قۇرۇلدى. ئاسپىرانتلىق مائارىپىدا، مۇھىمى، دوكتور ۋە باكلاۋر تەربىيىلەش نۇقتىلىرى مۇستەھكەملىنىدۇ ۋە كۆپەيتىلدى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كۆلىمى كېڭەيتىلدى. 2005 - يىلغا بارغاندا ئادەتتىكى ئالىي مائارىپ بويىچە تولۇق - مەخسۇس كۇرستا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 120 مىڭغا يەتكۈزۈلدى، ئاسپىرانتلىق مائارىپىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىنى 5000 غا يەتكۈزۈشكە تىرىشىلدى.

تۆتىنچى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراشنى كۈچەيتىپ، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەش.

يېشىل ئېكولوگىيىلىك توساقلار ئوبدان قوغدىلىپ ۋە بەرپا قىلىنىپ، چۆللىشىپ كېتىش ۋەزىيىتى ئۈنۈملۈك توسۇپ قېلىندى. تاغلىق رايونلاردىكى ئورمانلار ئومۇمىيۈزلۈك قوغدىلىپ، ئۇلارنىڭ سۇ مەنبەسىلىك ئىقتىدارى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى. تەبىئىي چۆل ئورمانلىرى، توغراق ۋە جىلغا ئورمانلىرى مۇھاپىزەت قىلىنىپ، بوراندىن مۇداپىئەلىنىدىغان، قۇمنى تىزگىنلەيدىغان بىرقەدەر مۇكەممەل ئېكولوگىيىلىك توساق شەكىللەندۈرۈلدى. شەھەر - بازار، كەنتلەرنى كۆكەرتىشكە تايىنىپ، تاشيول، تۆمۈريول، دەريا، ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرىنى كۆكەرتىشنى تور قىلىپ، يېشىل كارىدور بەرپا قىلىنىدۇ. 2 چوڭ قۇملۇق ئەتراپى مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، بوستانلىقلار ئەتراپىدا تايانچ ئىھاتە ئورمىنى ۋە ئېتىز - ئېرىق ئىھاتە ئورمىنى سىستېمىسى بەرپا قىلىنىپ، بىرقەدەر مۇكەممەل سۈنئىي ئېكولوگىيىلىك توساق شەكىللەندۈرۈلدى. ئوتلاق قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، چارۋىلارنى ھەددىدىن زىيادە كۆپ بېقىش ۋە ئوتلاقلار چۆللىشىپ كېتىشنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ، قاشالاش، قامال قىلىش ۋە سۇغىرىش، تولۇقلاپ تېرىش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، سۈنئىي ئوت - چۆپ بازىلىرى بەرپا قىلىنىدۇ، ناچارلىشىپ كەتكەن ئوتلاقلار ياخشىلىنىدۇ، چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش ئىلگىرى سۈرۈلدى، ئوتلاقلارنى ھاردۇق ئالدۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، تەبىئىي ئوتلاقلارغا چۈشىدىغان بېسىم يېنىكلىتىلدى. ئۆسۈملۈك بايلىقى تەكرار پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان بازا قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىپ، چۆچەكبۇيا، چاكاندا، لوپنۇر كەندىرى، قۇرت ئوت قاتارلىق ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرى بايلىقى ھەقىقىي تۈردە ئوبدان قوغدىلىدۇ. مۇھىم ئېكولوگىيىلىك رولغا ئىگە كۆل رايونلىرىنىڭ مۇھىتى ئۇنىۋېرسال تىزگىنلىنىدۇ. نامراتلارنى

يۆلەش بويىچە ئىچكى ئىشلىرى ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، نامرات جايلارنىڭ ئىقتىسادى بىلەن نوپۇس، بايلىق ۋە مۇھىت تەرەققىياتى ئارىسىدا ئېغىر تەڭپۇڭسىزلىق بولۇۋاتقانلىقىدەك ئەھۋال تېزدىن ئۆزگەرتىلىدۇ. 10 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، چۆللىشىپ كەتكەن 1 مىليون 500 مىڭ گېكتار يەر، «ئۇچىلىشىپ كەتكەن» 1 مىليون 330 مىڭ گېكتار ئوتلاق، سۇ - تۇپراق توختىمايدىغان 600 مىڭ گېكتار يەر تىزگىنلىنىدۇ.

شەھەرلەر مۇھىتىنىڭ ئومۇمىي بۇلغىنىشىنى تىزگىنلەش ۋە ساناەتتىكى بۇلغاش مەنبەلىرىنىڭ بۇلغىمىلارنى چىقىرىشىنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش بويىچە نازارەتچىلىك، باشقۇرۇش كۈچەيتىلىدۇ. قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇھىتقا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى باھالاش تۈزۈمى ۋە «ئۈچ ئىشنى بىرلا ۋاقىتتا قىلىش» تۈزۈمى داۋاملىق قاتتىق ئىجرا قىلىنىدۇ، ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەردە ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشىنى تىزگىنلەش نۇقتىلىق چىڭ تۇتۇلىدۇ، شەھەرلەردە تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى زىيانسىزلاشتۇرۇش پائال يولغا قويۇلىدۇ، شەھەرلەرنىڭ يۇندىنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلىدۇ. ساناەتنىڭ بۇلغىنىشىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش يەنىمۇ ئوبدان تۇتۇلىدۇ، كەسىپلەر بويىچە تۈزەش ئارقىلىق رايونلار بويىچە تىزگىنلەشكە تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، كېرەكسىز نەرسىلەرنى چىقارمايدىغان ياكى ئاز چىقىرىدىغان، ئېنېرگىيە، ماتېرىيال، سۇنى تېجەيدىغان يېڭى قۇرۇلما، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ھۈنەر - سەنئەتنى قوللىنىشقا ئىلھام بېرىلىدۇ.

5. ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئېچىۋېتىلگەن ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش.

شىنجاڭنىڭ چەت - ياقىغا جايلاشقانلىقىدەك ئەۋزەللىكى جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئەتراپتىكى رايونلار بىلەن ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كۈچەيتىلىدۇ. ئىچكى بازارغا تايىنىش، چېگرا پورتلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش، سىرتتىن كىرگۈزۈش، ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش، شەرق بىلەن بىرلىشىپ غەربكە چىقىرىش يولغا قويۇلىدۇ. تاشقى سودا كېڭەيتىلىدۇ. چەت ئەل مەبلىغىدىن پائال پايدىلىنىپ، شىنجاڭ ئېلىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى خەلقئارا سودا مەركىزى قىلىپ قۇرۇپ چىقىلىدۇ، ئىشىكنىڭ ھەر تەرەپلىمە، كۆپ قاتلام، كەڭ دائىرە بويىچە سىرتقا ئېچىۋېتىلىشى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى، ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرى، يۈرۈشلەشكەن تولۇق بىلەن تەمىنلەش تېخنىكىسى - ئۈسكۈنىلىرى، توقۇمىچىلىق، يېمەكلىك، يېقىلغۇ، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى قاتارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ئېكسپورتى پائال كېڭەيتىلىدۇ، ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىنىڭ تېخنىكا تەركىبى، سۈپىتى ۋە دەرىجىسى ئۆستۈرۈلىدۇ، قوشۇمچە قىممىتى ئاشۇرۇلىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا، ئامېرىكا، ياپونىيە، شەرقىي - جەنۇبىي ئاسىيا، ياۋروپا ۋە شياڭگاڭ قاتارلىق ئەنئەنىۋى بازارلار مۇستەھكەملىنىدۇ، ئوتتۇرا شەرق - پارس قولتۇقى رايونى، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسى ۋە تەيۋەن ئۆلكىسى بازارلىرى ئېچىلىدۇ، روسىيە بىلەن بولغان ئىقتىساد - سودا ئالاقىسى پائال راۋاجلاندۇرۇلىدۇ. غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش پۇرسىتى قىلىنىپ، شەرقىي قىسمىدىكى تەرەققىي قىلغان رايونلاردىكى كارخانا گۇرۇھلىرى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كارخانىلار غەربىي قىسمىدىكى خەلقئارا بازارلارغا يۈزلىنىپ ھەمكارلىشىپ تاشلاش سودىسىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكلىنىدۇ ۋە ئىلھاملاندۇرۇلىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدا قىس بولۇۋاتقان خام ئەشيا ۋە بايلىق خاراكتېرىدىكى مەھسۇلاتلارنى ھەم ئىلغار ئۈسكۈنىلەرنى ئىمپورت قىلىشقا تەشكىللەتچىلىك قىلىنىدۇ.

چەت ئەللەرنىڭ ئېتىبارلىق قەرز پۇلى ۋە ھەدىيە پۇلىدىن پائال پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسىلىرى ۋە ئۇل كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېزلىتىلىدۇ. چەت ئەللىك سودىگەرلەرنى مەبلەغ سېلىشقا ئىلھاملاندۇرىدىغان ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى يولغا قويۇلۇپ، سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ كىرگۈزۈش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، چەت ئەللىك سودىگەرلەر ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىغا ۋە يېزا ئىگىلىكى، نېفىت خىمىيە سانائىتى، توقۇمىچىلىق، يېمەكلىك قاتارلىق ساھەلەرگە مەبلەغ سېلىشقا يېتەكلىنىدۇ. چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىشنى ۋە بازارغا كىرىشكە رۇخسەت قىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق، چەت ئەللەرنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدە بانكا، سودا پارچە سېتىش كارخانىلىرى ۋە تاشقى سودا كارخانىلىرىغا مەبلەغ سېلىشىغا ئىلھام بېرىلىدۇ. چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ ساياھەتچىلىك، تېلېگراف ئىشلىرىغا مەبلەغ سېلىشىغا، ۋاستىچى ئاپپاراتلارنى قۇرۇشىغا ئىلھام بېرىلىدۇ. دۆلەت ئىلھام بېرىدىغان ۋە يول قويىدىغان كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلارنىڭ تىجارەت ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش، پاي ھوقۇقىنى سېتىش، قوشۇۋېلىپ قايتا تەشكىللەش قاتارلىق شەكىللەر بىلەن چەت ئەللىك سودىگەرلەرنى مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلىشقا مەدەت بېرىلىدۇ.

ئاۋار سودا بازىرى سىستېمىسى، سودا ئوبوروت مۇلازىمەت سىستېمىسى ۋە سىياسەت، قانۇن - نىزام سىستېمىسى نۇقتىلىق مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ، بازار سودىسىنىڭ رولى، پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتىنىڭ رولى،

ماددىي ئەشيا ئوبوروتىنىڭ مۇلازىملىق رولى ۋە ئۇچۇر مۇلازىمىتىنىڭ رولى بەرپا قىلىنىپ ۋە جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئۈرۈمچىنى مەركەز، ئاسىيا، ياۋروپا قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۆمۈريول، تاشيول قاتناش لىنىيىلىرىنى ۋاستە، چېگرا ئېغىزلىرىنى تايانچ قىلغان غەربىي قىسىم خەلقئارا سودا مەركىزى پەيدىنپەي شەكىللەندۈرۈلىدۇ. ئۈرۈمچىنىڭ زامانىۋى خەلقئارا سودا مەركىزلىك رولى كۈچەيتىلىدۇ. خەلقئارا سودا، پۇل مۇئامىلە، يىغىن كۆرگەزمە، ئۇچۇر مۇلازىمىتى مەركىزى قۇرۇپ چىقىلىدۇ، سودا، مېھمانخانا، كۆڭۈل ئېچىش مەركىزى مۇئەسسەسەلىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئىقتىدارى تولۇق، جايلىشىشى مەركەزلىك بولغان سودا مۇلازىملىق رايونى شەكىللەندۈرۈلىدۇ. ئىقتىدارى مۇكەممەل، تېخنىكا - ئۈسكۈنىلىرى ئۈنۈملۈك، باشقۇرۇشى ئىلغار زامانىۋى ئوبوروت مەركىزى قۇرۇلۇپ، ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسى ماددىي ئەشيا ئوبوروتى جەھەتتىن مۇلازىملىق بىلەن تەمىن ئېتىلىدۇ. ھەرخىل كارخانىلار ئۈچۈن ئۈنۈملۈك تەقسىملەش - يەتكۈزۈش مۇلازىملىقى قىلىنىدۇ.

كۆپ قاتلاملىق، كۆپ ساھەلىك، كۆپ شەكىللىك ئىچكى توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش ۋە ھەمكارلىق زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلىدۇ، ھەمكارلىق سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلىدۇ. مۇھىم نۇقتا شۇكى، ئېچىۋېتىش ئارقىلىق، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ۋە رىقابەت ئۈستۈنلۈكى شەكىللەندۈرۈشكە كېرەكلىك مەبلەغ، تېخنىكا، ئىختىساس ئىگىلىرى، باشقۇرۇش، ماركا، ماركېتنىڭ تورى قاتارلىق مۇھىم بايلىق كىرگۈزۈلۈپ، مۇھىم ئامىل بايلىقىنىڭ ئۈنۈملۈك تەقسىم قىلىنىشى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. كارخانىلار بازارنى يېتەكچى، بايلىقنى تايانچ، مۈلۈكنى ۋاستە قىلىپ، ئۆزئارا بىرلىشىپ، رايون، كەسىپ - ساھە، مۈلۈكچىلىك دائىرىسىدىن ھالقىپ توغرا لىنىيىلىك بىرلىشىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا، مەملىكەت ئىچىدىن داڭلىق مەھسۇلات ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى كىرگۈزۈشكە ياكى مەملىكەت ئىچىدىكى داڭلىق مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىشقا يېتەكلىنىدۇ. مەبلەغ ۋە تېخنىكا ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە كەسىپلەرنى دېڭىز بويىدىكى رايونلاردىن شىنجاڭغا تەرتىپلىك يۆتكىلىشكە جەلپ قىلىپ، بىرلىكتە چەت ئەل بازارلىرى ئېچىلىدۇ.

6. خەلقنىڭ تۇرمۇش ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، جامائەت مۇلازىمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش.

ئاھالىلەرنىڭ كىرىم سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلىدۇ. ئاشلىق، پاختا قاتارلىق ئاساسىي دېھقانچىلىق - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى قوغداش باھادا سېتىۋېلىش سىياسىتى داۋاملىق يولغا قويۇلىدۇ، يېزىلارنىڭ باج ئىسلاھاتى تېزلىتىلىپ، دېھقانلارنىڭ يۈكى يېنىكلىتىلىدۇ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىشكە پايدىلىق ئىشلار پائال تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىدىغان ساھەلەر كېڭەيتىلىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمى تۈرلۈك يوللار بىلەن كۆپەيتىلىدۇ. ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا ماس كېلىدىغان، ئەڭ تۆۋەن مائاشقا كاپالەتلىك قىلىش تۈزۈمى ۋە ئەڭ تۆۋەن مائاشقا ئۆلچىمىنى تەڭشەش مېخانىزمى ئورنىتىلىدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ، دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ مائاش تەمىناتى ئۆستۈرۈلىدۇ. دارامەت تەقسىماتى تۈزۈمى ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئادىل بولۇشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش ئاساس قىلىنغان، كۆپ خىل تەقسىمات شەكلى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان تەقسىمات تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. كاپىتال، تېخنىكا، ئەقلىي مۈلۈك قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ دارامەت تەقسىماتىغا قاتناشتۇرۇلۇشىغا ئىلھام بېرىلىدۇ، پەن - تېخنىكا خادىملىرى ۋە ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار ئەمگىكىنىڭ قىممىتى گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ.

ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش ساپاسى ياخشىلىنىدۇ. شەھەر - يېزىلارنىڭ سۇ، توك، پار بىلەن تەمىنلەش، ئۇچۇر، مۇھىت قاتارلىق جامائەت ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، شەھەر - يېزىلارنىڭ ئاممىۋى قاتنىشى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، شەھەرلەردە سودا تور - نۇقتىلىرىنىڭ جايلىشىشى ياخشىلىنىپ، شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش ساپاسىنى ياخشىلاش ئۈچۈن شەرت - شارائىت يارىتىلىدۇ. كەنت - بازار قۇرۇلۇشى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىلىدۇ، دېھقانلارنىڭ ئۆي شارائىتىنى ياخشىلىشىغا ئىلھام بېرىلىدۇ. ماكانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋاملىق يولغا قويۇلۇپ، شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئۆي كۆلىمى كۆپەيتىلىدۇ، ئۆي ۋە مۇھىت سۈپىتى ئۆستۈرۈلىدۇ. نامۇۋاپىق ھەقلەر بىكار قىلىنىدۇ، توك ئىشلىتىش، ئۆي - ماشىنا سېتىۋېلىش، خەۋەرلىشىش ئىستېمالىغا ئېتىبار بېرىدىغان سىياسەتلەر تۈزۈپ چىقىلىدۇ. مۇلازىمەت ئىستېمالى راۋاجلاندۇرۇلىدۇ، شەخسلەر كىرېدىت تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. ئىستېمال ئىناۋەتلىك قەرز ساھەسى كېڭەيتىلىدۇ، پىكاپنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىشىگە ئىلھام بېرىلىدۇ. تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى ۋە كومپيۇتېرنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى ئۆستۈرۈلىدۇ، ئىستېمال قۇرۇلمىسى دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. مەدەنىيەت، مائارىپ، تەنتەربىيە، كۆڭۈل ئېچىش، ساياھەتچىلىك، ئائىلە ئىشلىرى مۇلازىمىتى قاتارلىق كەسىپلەر پائال راۋاجلاندۇرۇلۇپ، مۇلازىمەت دائىرىسى كېڭەيتىلىدۇ، مۇلازىمەت باھاسى

تۈزۈلىدۇ، شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئاۋار ئىستېمالى ساھەسىدىن باشقا ساھەلەرگە يۈرۈش قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىنىدۇ.

ئىجتىمائىي ئاممىۋى مۇلازىمەت سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلىدۇ. سەھىيە ئىشلىرى راۋاجلاندۇرۇلىدۇ، تىببىي دورىگەرلىك - سەھىيە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، سەھىيە بايلىقى مۇۋاپىق تەقسىملىنىپ، سەھىيە مۇلازىمىتى، داۋالاش كاپالىتى ۋە سەھىيە نازارەتچىلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سەھىيە سىستېمىسى يەيدىنپەي بەرپا قىلىنىدۇ. يېزىلارنىڭ باشلانغۇچ سەھىيە - ساقلىقنى ساقلاش سىستېمىسى بەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش پائال ھەم سالماق ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. رىقابەت مېخانىزمى كىرگۈزۈلۈپ، داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتلىرىنىڭ تەمىنلەش ئىقتىدارى ۋە مۇلازىمەت سۈپىتى ئۆستۈرۈلۈپ، ھەممە ئادەم سەھىيە - ساقلىقنى ساقلاشتىن بەھرىمەن بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى پائال قانات يايدۇرۇلۇپ، يۇقۇملۇق كېسەل، يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، خەلقنىڭ ساغلاملىق سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلىدۇ، تەنتەربىيە ئىشلىرى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇلۇپ، خەلقنىڭ ساغلاملىقى ئاشۇرۇلىدۇ. ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇشنى ئاساس قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن ئۆستۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش ھەرىكىتى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلىدۇ، ماھارەت تەنتەربىيىسى راۋاجلاندۇرۇلىدۇ، ئاممىۋى تەنتەربىيە مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشى مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ.

7. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى پائال كېڭەيتىپ، ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش

ئەمگەك زىچلىقى تىپىدىكى كەسىپلەر ۋە مۇلازىمەت كەسىپلىرى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلۇپ، يېڭى ئىقتىسادىي ئېشىش نۇقتىلىرى يېتىشتۈرۈلىدۇ، تېخىمۇ كۆپ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتىلىپ، ئىشسىزلار ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشىگە ۋە شەھەر - بازارلىشىش تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلىشىپ، يېزا ئەمگەك كۈچلىرىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشى ياخشى ئىشلىنىپ، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرى مەسىلىسى كۆپ خىل يوللار بىلەن ھەل قىلىنىدۇ.

ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تۈزۈمى ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ. ياشانغانلارنى بېقىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى ۋە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا، شەھەر - بازارلاردىكى ھەرخىل ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، مەبلەغ مەنبەسى كۆپ خىللاشقان، كاپالەتلەندۈرۈش تۈزۈمى قېلىپلاشقان، باشقۇرۇش - مۇلازىمىتى ئىجتىمائىيلاشقان، كارخانا - كەسپىي ئورۇنلاردىن مۇستەقىل تۇرىدىغان ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى تېزدىن مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ. ئىشەنچلىك، مۇقىم ئىجتىمائىي كاپالەت فوندى جۇغلاش مېخانىزمى ۋە ئۈنۈملۈك ۋە قاتتىق باشقۇرۇش مېخانىزمى بەرپا قىلىنىدۇ. شەھەر - بازارلاردىكى ھەرخىل ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار ۋە ئەمگەكچىلەر پۈتۈنلەي قانۇن بويىچە ئىجتىمائىي كاپالەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈپ، ھەرخىل سۇغۇرتا تولۇق ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ھەممىسى ئاساسىي ئىجتىمائىي كاپالەتتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ.

پىلان كومىتېتى

## ش ئۇ ئا ر ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ 5 - قېتىملىق مەملىكەت بويىچە ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشكە دائىر ئاساسىي سانلىق مەلۇماتلار ھەققىدىكى ئاخباراتى

(2001 - يىل 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى)

گوۋۇيۈەننىڭ قارارىغا ئاساسەن، 2000 - يىل 11 - ئايدا مەملىكەت بويىچە 5 - قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش خىزمىتى ئىشلەندى. گوۋۇيۈەن، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللىشى ۋە ماسلىشىشى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايون بويىچە 120 مىڭ نەپەر تەكشۈرۈش خادىمىنىڭ جاپالىق تىرىشىشى ئارقىلىق، نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش بويىچە تىزىملاش ۋەزىپىسى ئۆز قەرەلىدە تاماملاندى. ئاساسىي سانلىق مەلۇماتلارنى تېز جەملەش خىزمىتى ھازىر ئاياغلاشتى، تۆۋەندىكىچە ئېلان قىلىمىز:

### 1. ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي نوپۇس

5 - قېتىملىق مەملىكەت بويىچە ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە 2000 - يىل 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت نۆل

ئۆلچەملىك ۋاقىت قىلىندى، تىزىمغا ئېلىشتا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىگە ئىگە ھەم جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدە دائىمىي تۇرۇشلۇق ئادەملەر ئوبيېكت قىلىندى، ھەر بىر كىشى دائىمىي تۇرۇشلۇق جايىدا تىزىمغا ئېلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە تىزىمغا ئېلىنغان نوپۇس 19 مىليون 250 مىڭ (سىرتتىن كەلگەن نوپۇسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، سىرتقا چىقىپ كەتكەن نوپۇس بۇنىڭ سىرتىدا). 4 - قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈلگەن 1990 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت نۆلدە تىزىمغا ئېلىنغان دائىمىي تۇرۇشلۇق 15 مىليون 160 مىڭ نوپۇسقا سېلىشتۇرغاندا، 10 يىل 4 ئايدا جەمئىي 4 مىليون 90 مىڭ كىشى يەنى %26.98 كۆپەيگەن. يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 395 مىڭ 800 كىشى كۆپەيگەن، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۆپىيىش نىسبىتى %2.34 بولغان.

## 2. نوپۇسنىڭ تارقىلىشى

| جايلار | نوپۇس سانى (تۈمەن ئادەم) |
|---|---|
| جەمئىي | 1846.26 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 208.20 |
| قاراماي شەھىرى | 26.96 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 55.10 |
| قۇمۇل | 49.21 |
| سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى | 150.35 |
| بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | 42.37 |
| بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | 105.64 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 214.11 |
| قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى | 43.97 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 430.63 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 168.15 |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | 382.56 |
| كۈيتۇڭ شەھىرى | 28.54 |
| ئىلى ۋىلايىتى | 208.61 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 89.24 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 56.17 |
| شىخەنزە شەھىرى | 59.01 |

## 3. ئائىلە نوپۇسى

2000 - يىل 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت نۆلدە ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي ئائىلە 4 مىليون 826 مىڭ 500. ئائىلە نوپۇسى 17 مىليون 764 مىڭ 200 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %96.22 نى ئىگىلىدى، ھەر بىر ئائىلىگە توغرا كەلگەن نوپۇس 3.68 بولۇپ، 1990 - يىلدىكىدىن 0.71 كىشى ئازايغان.

## 4. ياش قۇرۇلمىسى

ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە 0 ياشتىن 14 ياشقىچە بولغان نوپۇس 5 مىليون 41 مىڭ 600 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %27.30 نى؛ 15 ياشتىن 64 ياشقىچە بولغان نوپۇس 12 مىليون 585 مىڭ 900 بولۇپ، %68.17 نى؛ 65 ياشتىن يۇقىرى نوپۇس 835 مىڭ بولۇپ، %4.53 نى ئىگىلىدى. 1990 - يىلدىكى 4 - قېتىملىق مەملىكەت بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرگەندىكىگە سېلىشتۇرغاندا، 0 ياشتىن 14 ياشقىچە بولغان نوپۇس نىسبىتى 5.75 پىرسەنت پونكىتى تۆۋەنلىگەن، 65 ياشتىن يۇقىرى نوپۇس نىسبىتى 0.62 پىرسەنت پونكىتى ئۆرلىگەن.

## جىنس قۇرۇلمىسى

ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە ئەر 9 مىليون 554 مىڭ 900 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %51.75 نى، ئايال 8 مىليون 907 مىڭ 700 بولۇپ، %48.25 نى ئىگىلىدى. جىنس نىسبىتى 107 بولدى.

## 6. مىللەت قۇرۇلمىسى

ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە خەنزۇ 7 مىليون 497 مىڭ 700 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %40.61 نى، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 10 مىليون 964 مىڭ 900 بولۇپ، %59.39 نى ئىگىلىدى. 1990 - يىلدىكى 4 - قېتىملىق مەملىكەت بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرگەندىكىگە سېلىشتۇرغاندا، خەنزۇ نوپۇسى 1 مىليون 802 مىڭ 300 كىشى يەنى %31.64؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 1 مىليون 503 مىڭ 400 كىشى يەنى %15.89 كۆپەيگەن.

## 7. نوپۇسنىڭ تەربىيىلىنىش دەرىجىسى

ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە ئالىي مائارىپ (ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى) تەربىيىسى ئالغان كىشى 949 مىڭ 100 بولۇپ، %5.14 نى، تولۇق ئوتتۇرا (تېخنىكومنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) مائارىپ تەربىيىسى ئالغان كىشى 2 مىليون 231 مىڭ 900 بولۇپ، %12.09 نى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مائارىپ تەربىيىسى ئالغان كىشى 5 مىليون 82 مىڭ 500 بولۇپ، %27.53 نى، باشلانغۇچ مائارىپ

تەربىيىسى ئالغان كىشى 7 مىليون 6600 بولۇپ، 37.95% نى ئىگىلىدى.

1990 - يىلدىكى 4 - قېتىملىق مەملىكەت بويىچە ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرگەندىكىگە سېلىشتۇرغاندا، ھەر 100 مىڭ ئادەمگە توغرا كەلگەن ھەرخىل تەربىيىلىنىش دەرىجىسىدىكى ئادەم سانىنىڭ ئۆزگىرىشى مۇنداق بولغان: ئالىي مائارىپ تەربىيىسى ئالغان كىشى 1846 دىن 5141 گە، تولۇق ئوتتۇرا مائارىپ تەربىيىسى ئالغان كىشى 10 مىڭ 386 دىن 12 مىڭ 89 غا، تولۇقسىز ئوتتۇرا مائارىپ تەربىيىسى ئالغان كىشى 20 مىڭ 685 تىن 27 مىڭ 528 گە، باشلانغۇچ مائارىپ تەربىيىسى ئالغان كىشى 36 مىڭ 456 دىن 37 مىڭ 950 كە يەتكەن.

ئاپتونوم رايون ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە ساۋاتسىز نوپۇس 1 مىليون 26 مىڭ 400 بولۇپ، 1990 - يىلدىكى 4 - قېتىملىق مەملىكەت بويىچە ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرگەندىكىگە سېلىشتۇرغاندا ساۋاتسىزلىق نىسبىتى 13.07% تىن 5.56% كە چۈشكەن يەنى 7.51 پىرسەنت پويىنتى تۆۋەنلىگەن.

## 8. شەھەر - يېزا نوپۇسى

ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە شەھەر - بازاردا ئولتۇراقلاشقان نوپۇس 6 مىليون 244 مىڭ 100 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 33.82% ىنى، يېزىدا ئولتۇراقلاشقان نوپۇس 12 مىليون 218 مىڭ 500 بولۇپ، 66.18% نى ئىگىلىدى.

ئىزاھات: 1. ئاپتونوم رايون بويىچە تىزىملانغان نوپۇس دائىمىي تۇرۇشلۇق جايى ئېنىق بولمىغان 790 مىڭ كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2. ھەرخىل كۆرسەتكۈچلەر بىردەك ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى دائىمىي ئولتۇراقلاشقان نوپۇسنىڭ جەمئىي سانى بويىچە ھېسابلاندى.

### شىنجاڭنىڭ تەبىئىي بايلىق ئەھۋالى

| كۆرسەتكۈچلەر | 2000 - يىلى |
|---|---|
| **تەبىئەت ئەھۋالى** | |
| **مېرىدىئان ۋە پاراللېل** | |
| شەرقىي مېرىدىئان | 73°40′— 96°23′ |
| شىمالىي پاراللېل | 34°25′— 49°10′ |
| **كىلىماتى** | |
| يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى (℃) | 9.9 |
| شىمالىي شىنجاڭ | 7.7 |
| جەنۇبىي شىنجاڭ | 12.7 |
| شەرقىي شىنجاڭ | 12.7 |
| يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى (مىللىمېتىر) | 156.4 |
| شىمالىي شىنجاڭ | 247.2 |
| جەنۇبىي شىنجاڭ | 14.6 |
| شەرقىي شىنجاڭ | 34.8 |
| قۇياشنىڭ ئوتتۇرىچە يورۇتۇش ۋاقتى (سائەت) | 2867.9 |
| شىمالىي شىنجاڭ | 2803.5 |
| جەنۇبىي شىنجاڭ | 2798.2 |
| شەرقىي شىنجاڭ | 3002 |

| | |
|---|---|
| **تەبىئىي بايلىقى** | |
| **يەر بايلىقى** ئومۇمىي يەر كۆلىمى (تۈمەن كۋادرات كىلومېتىر) | 166.49 |
| تېرىلغۇ يەر كۆلىمى (گېكتار) | 4164002 |
| باغ كۆلىمى (گېكتار) | 192197 |
| ئورمانلىق كۆلىمى (گېكتار) | 6564061 |
| ئوتلاق كۆلىمى (گېكتار) | 51360485 |
| **ئورمان بايلىقى** | |
| تۆرە دەرەخ ئومۇمىي ياغاچ مىقدارى (100 مىليون كۇب مېتىر) | 3.13 |
| ئورمان كۆلىمى (تۈمەن گېكتار) | 197.8 |
| ئورمان ياغاچ مىقدارى (100 مىليون كۇب مېتىر) | 2.76 |
| ئورماننىڭ قاپلاش نىسبىتى (%) | 1.92 |
| **سۇ بايلىقى** | |
| 1. سۇ بايلىقىنىڭ يىللىق ئېقىم مىقدارى (100 مىليون كۇب مېتىر) | 1000.3 |
| يەر ئۈستى سۈيى (100 مىليون كۇب مېتىر) | 942.2 |
| يەر ئاستى سۈيى (100 مىليون كۇب مېتىر) | 685.94 |
| تەكرار ھېسابلانغان مىقدارى (100 مىليون كۇب مېتىر) | 627.82 |
| 2. ئومۇمىي سۇ (تاتلىق سۇ) يۈزى كۆلىمى (تۈمەن گېكتار) | 71.60 |
| بېلىقچىلىقتا پايدىلىنىشقا باب كېلىدىغان كۆلەم (تۈمەن گېكتار) | 33.65 |
| باقمىچىلىقتا ئىشلىتىلىۋاتقان كۆلەم (تۈمەن گېكتار) | 6.99 |
| 3. سۇ كۈچى بايلىقى زاپىسى (100 مىليون كۇب مېتىر) | 3356 |
| **ئاساسىي قېزىلما بايلىقلار زاپىسى** | |
| تۆمۈر كېنى (رۇدا مىڭ توننا) | 710334 |
| خروم كېنى (رۇدا مىڭ توننا) | 1567 |
| مىس كېنى (مىس توننا) | 2218513 |
| قوغۇشۇن كېنى (قوغۇشۇن توننا) | 659932 |
| سىنىك كېنى (سىنىك توننا) | 1340634 |
| ئاليۇمىن كېنى (رۇدا مىڭ توننا) | 518 |
| نىكىل كېنى (نىكىل توننا) | 891068 |
| كۆمۈر (مىڭ توننا) | 97002746 |
| ئوتقا چىدامىلىق سېغىز (رۇدا، مىڭ توننا) | 6890 |
| ناترىيلىق سېلىترا (رۇدا مىڭ توننا) | 59220 |

| | |
|---|---|
| شور (رۇدا مىڭ توننا) | 337681 |
| تۇز كېنى (ناترىي خلورىد مىڭ توننا) | 1441676 |
| تاشپاختا (تاشپاختا مىڭ توننا) | 5135 |
| چىرىستال (سانائەت خام ئەشياسى چىرىستال توننا) | 48252 |
| ۋېرمىكۇلىت (رۇدا مىڭ توننا) | 10347 |
| سېمونت تاش كۆمۈرى (رۇدا تۈمەن توننا) | 110053 |
| بېنتونىت (رۇدا مىڭ توننا) | 343841 |
| بېزەشكە ئىشلىتىلىدىغان گرانىت تاش (رۇدا تۈمەن كۇب مېتىر) | 5721 |

ئىزاھ: بۇ جەدۋەلدىكى ماتېرىياللار ئىچىدە يەر بايلىقى ۋە قېزىلما بايلىقىغا دائىر مەلۇماتلارنى دۆلەت زېمىن بايلىقى نازارىتى تەمىنلىگەن؛ ئورمان بايلىقىغا ئائىت مەلۇماتلارنى ئورمانچىلىق نازارىتى تەمىنلىگەن؛ سۇ بايلىقىغا دائىر مەلۇماتلارنى سۇچىلىق نازارىتى تەمىنلىگەن.

## شىنجاڭنىڭ نوپۇسىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشكە دائىر ئاساسىي ئەھۋاللار

بىرلىكى: تۈمەن ئادەم

| كۆرسەتكۈچلەر | 2 - قېتىملىق تەكشۈرۈش (1964 - يىل) | 3 - قېتىملىق تەكشۈرۈش (1982 - يىل) | 4 - قېتىملىق تەكشۈرۈش (1990 - يىل) | 5 - قېتىملىق تەكشۈرۈش (2000 - يىل) |
|---|---|---|---|---|
| ئومۇمىي نوپۇس | 727.01 | 1308.15 | 1515.69 | 1846.26 |
| ئەر | 389.47 | 673.22 | 782.32 | 955.49 |
| ئايال | 337.53 | 634.93 | 733.37 | 890.77 |
| ئومۇمىي ئائىلە سانى (تۈمەن ئائىلە) | 178 | 293.79 | 337.41 | 495.09 |
| ئائىلە نوپۇسى | | 292.70 | 334.89 | 482.65 |
| كوللېكتىپ نوپۇس | | 1.09 | 2.52 | 12.43 |
| ھەر قايسى ياش گۇرۇپپىسىدىكى نوپۇس 0 ~ 5 ياش | 121.86 | 186.70 | 218.85 | 164.56 |
| 6 ~ 14 ياش | 146.77 | 330.85 | 282.12 | 339.60 |
| 15 ~ 64 ياش | 428.73 | 742.42 | 955.49 | 1258.60 |
| 65 ياش ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى | 29.65 | 48.18 | 59.23 | 83.50 |
| مىللەتلەر نوپۇسى | | | | |
| خەنزۇ | 232.12 | 528.40 | 569.54 | 749.77 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئاز سانلىق مىللەتلەر | 494.89 | 779.75 | 946.15 | 1096.49 |
| **نوپۇسنىڭ مەلۇماتى** | | | | |
| ئالىي تېخنىكوم ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى | 4.10 | 8.37 | 27.98 | 94.91 |
| تولۇق ئوتتۇرا ۋە تېخنىكوم | 15.51 | 84.28 | 157.42 | 223.19 |
| تولۇقسىز ئوتتۇرا | 50.37 | 228.63 | 313.51 | 508.25 |
| باشلانغۇچ | 197.34 | 442.57 | 552.55 | 700.66 |
| ساۋاتسىز، ئاز ـ تولا خەت تونۇيدىغانلار | 249.03 | 265.39 | 198.11 | 102.64 |

ئىزاھ: ساۋاتسىز ياكى ئاز ـ تولا خەت تونۇيدىغانلار 1964 ـ يىلدىكىسى 12 ياشتىن 14 ياشقىچە بولغان نوپۇسنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن سىرت، قالغانلىرى بىردەك 15 ياشتىن يۇقىرىلاردۇر.

## شىنجاڭ بويىچە 2000 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي نىسبەت مۇناسىۋىتى

بىرلىكى: (%)

| كۆرسەتكۈچلەر | 2000 ـ يىلى |
|---|---|
| كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خادىملار ئىچىدە | |
| 1 ـ كەسىپ | 55.90 |
| 2 ـ كەسىپ | 14.10 |
| 3 ـ كەسىپ | 30 |
| مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ نىسبىتى | |
| 1 ـ كەسىپ | 21.10 |
| 2 ـ كەسىپ | 43 |
| 3 ـ كەسىپ | 35.90 |
| تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسى نىسبىتى | |
| دۆلەت خام چوتى ئىچىدىكى | 8.30 |
| ئىچكى قەرز پۇل | 22.05 |
| ئىشلىتىلگەن چەت ئەل مەبلىغى | 1.64 |
| ئۆزى توپلىغىنى ۋە باشقىلار | 68.01 |
| دۆلەت ئىلكىدىكى ئورۇنلارنىڭ تۇراقلىق مۈلۈك مەبلىغى ئىچىدە | |
| ئېنېرگىيە سانائىتى | 36.30 |
| ترانسپورت، پوچتا ـ تېلېگراف | 27.50 |

| | |
|---|---|
| دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى نىسبىتى | |
| دېھقانچىلىق | 74 |
| ئورمانچىلىق | 1.70 |
| چارۋىچىلىق | 23.50 |
| بېلىقچىلىق | 0.80 |
| سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ نىسبىتى | |
| يېنىك سانائەت | 26.40 |
| ئېغىر سانائەت | 73.60 |
| سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدە | . |
| دۆلەت ئىگىلىكى | 24.40 |
| كوللېكتىپ ئىگىلىك | 6.90 |
| شەھەر - يېزا يەككە ئىگىلىكى ۋە باشقا ئىگىلىك | 68.70 |
| يۈك ئوبوروت مىقدارىنىڭ نىسبىتى | |
| تۆمۈر يول | 53.72 |
| تاشيول | 41.29 |
| ئورۇبا | 4.84 |
| ئاۋىئاتسىيە | 0.15 |
| يولۇچى ئوبوروت مىقدارىنىڭ نىسبىتى | |
| تۆمۈر يول | 33.27 |
| تاشيول | 54.03 |
| ئاۋىئاتسىيە | 12.70 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بويۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى ئىچىدە | |
| دۆلەت ئىگىلىكى | 28.50 |
| كوللېكتىپ ئىگىلىك | 4.60 |
| يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىك ۋە باشقا ئىگىلىك | 66.90 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئىچىدىكى نىسبىتى | 7 |
| مائارىپ، كەسپىي ئىشلار چىقىمىنىڭ مالىيە چىقىمى ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى | 15.30 |
| تەتقىقات ۋە تەرەققىيات چىقىمىنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى | 0.23 |

2000 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر خىل ئىگىلىك تىپىدىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ سانى ۋە سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى

| تۈرى | 2000 ـ يىلى | | 1999 ـ يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) |
|---|---|---|---|
| | سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ سانى | سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | |
| جەمئىي | 70023 | 10612900 | 8.62 |
| تىزىمغا ئېلىنغان تىپى بويىچە ئايرىلىشى | | | |
| ئىچكى مەبلەغ بىلەن قۇرۇلغان كارخانىلار | 69902 | 10464800 | 9.32 |
| دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا | 2080 | 2589300 | —43.17 |
| كوللېكتىپ كارخانا | 4066 | 727800 | —4.1 |
| شەھەر ـ يېزا يەككە سانائىتى | 59698 | 655900 | 11.19 |
| پاي ھەمكارلىق كارخانىلىرى | 231 | 109600 | 58.82 |
| بىرلەشمە كارخانا | 86 | 25700 | —26.19 |
| چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرى | 301 | 1623000 | 74.59 |
| پاي چەكلىك شىركەتلىرى | 23 | 4294000 | 490.2 |
| خۇسۇسىي ئىگىلىك | 2729 | 351900 | 40.16 |
| باشقا ئىگىلىك | 688 | 87600 | 248.35 |
| چەت ئەللىك سودىگەرلەر ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىكلەر مەبلەغ سالغان كارخانا | 121 | 148100 | —17.48 |
| يېنىك، ئېغىر سانائەت بويىچە ئايرىلىشى | | | |
| يېنىك سانائەت | 52934 | 2803200 | 6.2 |
| ئېغىر سانائەت | 17089 | 7809700 | 10.05 |
| كارخانا كۆلىمى بويىچە ئايرىلىشى | | | |
| چوڭ كارخانا | 51 | 5704900 | 2.89 |
| ئوتتۇرا كارخانا | 126 | 1069800 | 8.73 |
| كىچىك كارخانا | 69846 | 3838200 | 13.78 |
| جەمئىي سان ئىچىدە: | | | |
| يېزا سانائىتى | 43943 | 912900 | —0.36 |
| جەمئىي سان ئىچىدە: | | | |

| | | | |
|---|---|---|---|
| دۆلەت ئىلكىدىكى پاي كونترول كارخانىلىرى | 2665 | 8195000 | 2.73 |

## 2000 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە خەلق ئىگىلىكىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاساسىي كۆرسەتكۈچلىرى

| كۆرسەتكۈچلەر | 2000 ـ يىلى |
|---|---|
| ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى (ئادەم/يۈەن) | 7470 |
| سانائەت پېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (ئادەم/يۈەن) | 9447 |
| سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | 6756 |
| دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | 2691 |
| تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ (ئادەم/يۈەن) | 3371.09 |
| دۆلەت ئىلكىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ | 2021.95 |
| يەرلىك مالىيە كىرىمى (ئادەم/يۈەن) | 527.43 |
| يەرلىك مالىيە چىقىمى (ئادەم/يۈەن) | 1134.70 |
| تېرىلغۇ يەر كۆلىمى (ئادەم/گېكتار) | 0.18 |
| ئاشلىق مەھسۇلاتى (ئادەم/كىلوگرام) | 446.60 |
| پاختا مەھسۇلاتى (ئادەم/كىلوگرام) | 82.80 |
| ياغلىق دان مەھسۇلاتى (ئادەم/كىلوگرام) | 33.20 |
| قىزىلچا مەھسۇلاتى (ئادەم/كىلوگرام) | 161.63 |
| چوشقا، كالا، قوي گۆشى (ئادەم/كىلوگرام) | 42.48 |
| سۈت مەھسۇلاتى (ئادەم/كىلوگرام) | 3.32 |
| مېۋە ـ چېۋە (ئادەم/كىلوگرام) | 83.88 |
| قوغۇن ـ تاۋۇز (ئادەم/كىلوگرام) | 83.41 |
| رەخت (ئادەم/مېتىر) | 15.50 |
| فابرىكا قەنىتى ۋە قەغەز پەنىركە (ئادەم/كىلوگرام) | 9.75 |
| يىپ (ئادەم/كىلوگرام) | 18.46 |
| كۆمۈر (ئادەم/كىلوگرام) | 1545.80 |
| نېفىت (ئادەم/كىلوگرام) | 1020.90 |
| توك (ئادەم/كىلوۋات ـ سائەت) | 1010.60 |
| سېمونت (ئادەم/كىلوگرام) | 494.67 |
| ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى (ئادەم/يۈەن) | 2068.34 |

| | |
|---|---|
| تاموژنا ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى (ئادەم/ دوللار) | 66.50 |
| ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچى (تۈمەن ئادەم/ئادەم) | 39.49 |
| ئوتتۇرا تېخنىكوملاردىكى ئوقۇغۇچى (تۈمەن ئادەم/ئادەم) | 57.03 |
| ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچى (تۈمەن ئادەم/ئادەم) | 613.62 |
| دوختۇرخانىلاردىكى كارىۋات (تۈمەن ئادەم/دانە) | 35.70 |
| سەھىيە ـ تېخنىكا خادىمى (تۈمەن ئادەم/ ئادەم) | 53.13 |
| دوختۇر (تۈمەن ئادەم / ئادەم) | 24.59 |
| شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ قالدۇقى (ئادەم/يۈەن) | 4921.01 |

شىنجاڭ بويىچە ئاھالىلەر ئىستېمال بۇيۇملىرى باھاسىنىڭ 2000 ـ يىللىق كۆرسەتكۈچلىرى

(1999 ـ يىلدىكى باھا 100 قىلىندى)

| تۈرلەر | ئاپتونوم رايون بويىچە | شەھەر | يېزا |
|---|---|---|---|
| ئاھالىلەر ئىستېمال بۇيۇملىرى باھاسى ئومۇمىي كۆرسەتكۈچى | 99.4 | 100.1 | 97.6 |
| 1. يېمەكلىك | 95.9 | 96.4 | 94.5 |
| 1) ئاشلىق | 88.5 | 89.2 | 87.4 |
| 2) كراخمال ۋە پاكيۇ | 90.4 | 90.8 | 89.9 |
| 3) قورۇق پۇرچاق ۋە پۇرچاقتىن ئىشلەنگەن يېمەكلىك | 97.4 | 98 | 95.8 |
| 4) ياغ | 84.4 | 85.6 | 81.9 |
| 5) گۆش، ئۆي قۇشلىرى ۋە ئۇلاردىن ئىشلەنگەن يېمەكلىك | 96.1 | 96.3 | 95.6 |
| 6) تۇخۇم | 78.6 | 78.3 | 79.7 |
| 7) سۇ مەھسۇلاتلىرى | 93.4 | 92.8 | 94.9 |
| 8) كۆكتات | 107.1 | 106.9 | 108.1 |
| (1) ھۆل كۆكتات | 107.6 | 107.3 | 109.1 |
| (2) قۇرۇتۇلغان كۆكتات | 99.4 | 100 | 97.1 |
| (3) كۆكتاتتىن ئىشلەنگەن يېمەكلىك | 96 | 96.9 | 94.6 |
| 9) تەم تەڭشىگۈچلەر | 101.1 | 101.1 | 101.3 |
| 10) قەنت ـ شېكەر | 100.5 | 102.4 | 96.3 |
| (1) شېكەر | 102.2 | 106.7 | 93.7 |
| (2) قەنت ـ كەمپۈت | 99.8 | 100.6 | 97.7 |
| 11) تاماكا | 96.3 | 95.9 | 97.9 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 12) ھاراق ۋە ئىچىملىك | 97.8 | 97.6 | 98.4 |
| 13) قۇرۇق - ھۆل مېۋە - چېۋە | 96.9 | 97.3 | 95.6 |
| (1) ھۆل مېۋە - چېۋە | 94.8 | 94.9 | 94.6 |
| (2) قۇرۇق مېۋە - چېۋە | 103.3 | 105.4 | 98.3 |
| 14) پېچىنە - پىرەنىك | 99.1 | 99.4 | 97.8 |
| 15) سۈت ۋە سۈتتىن ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەر | 99.6 | 99.9 | 98.9 |
| 16) باشقا يېمەكلىك | 98.5 | 97.7 | 99.7 |
| 17) يېمەك - ئىچمەك كەسپى | 99.6 | 100.3 | 98.4 |
| 2. كىيىم - كېچەك | 99.7 | 100.1 | 98.5 |
| 3. ئائىلە ئۈسكۈنىلىرى ۋە بۇيۇملىرى | 98.9 | 99.4 | 97.3 |
| 4. تىببىي داۋالاش سايمانلىرى ۋە ساقلىقنى ساقلاش بۇيۇملىرى | 101.1 | 100.7 | 102.1 |
| 5. قاتناش ۋە خەۋەرلىشىش سايمانلىرى | 94.2 | 94.1 | 94.4 |
| 6. كۆڭۈل ئېچىش، مائارىپ، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى | 97.1 | 98.2 | 94 |
| 7. تۇرالغۇ | 103.9 | 104 | 103.5 |
| 8. مۇلازىمەت تۈرى | 113.9 | 117.1 | 105.6 |

شىنجاڭ بويىچە تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ 2000 - يىللىق كۆرسەتكۈچلىرى (1999 - يىلدىكى باھا 100 قىلىندى)

| تۈرلەر | ئاپتونوم رايون بويىچە | شەھەر | يېزا |
|---|---|---|---|
| ئومۇمىي كۆرسەتكۈچ | 98.3 | 98.9 | 97.4 |
| 1. يېمەكلىك | 96.4 | 97.1 | 95 |
| 1) ئاشلىق | 88.9 | 89.9 | 87.6 |
| 2) ياغ | 83.6 | 85.1 | 82.1 |
| 3) گۆش، ئۆي قۇشلىرى، تۇخۇم | 94.5 | 94.2 | 94.6 |
| 4) سۇ مەھسۇلاتلىرى | 95.3 | 95.7 | 94.9 |
| 5) ھۆل كۆكتات | 107.4 | 107.2 | 108 |
| 6) قۇرۇق كۆكتات | 97.6 | 99.6 | 95.4 |
| 7) ھۆل مېۋە - چېۋە | 94.6 | 94.5 | 94.8 |
| 8) قۇرۇق مېۋە - چېۋە | 101.9 | 103.6 | 98.3 |
| 9) باشقا يېمەكلىك | 99.4 | 98.6 | 97.6 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 10) يېمەك ـ ئىچمەك كەسپى | 99.5 | 100.1 | 98.5 |
| **2. ئىچىملىك، تاماكا، هاراق** | 96.9 | 95.6 | 98.2 |
| 3. كىيىم ـ كېچەك، باش ـ ئاياغ كىيىم | 99.8 | 100 | 99.4 |
| 4. توقۇلمىلار | 97.1 | 97.1 | 97.2 |
| 5. جۇڭگو ـ غەرب تېبابىتى دورىلىرى | 102.6 | 103.4 | 101.3 |
| 6. گىرىم بۇيۇملىرى | 97.3 | 97.2 | 97.5 |
| 7. كىتاب، گېزىت، ژۇرنال | 101.3 | 101.1 | 101.6 |
| 8. مەدەنىيەت، تەنتەربىيە بۇيۇملىرى | 99.3 | 98.7 | 100.1 |
| 9. كۈندىلىك بۇيۇملار | 98.5 | 99.3 | 97 |
| 10. ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى | 95 | 97.7 | 91 |
| 11. زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرى | 97.5 | 96 | 98.7 |
| 12. يېقىلغۇ | 109.3 | 109.7 | 108.7 |
| 13. بىناكارلىق، بېزەك ماتېرىياللىرى | 97.2 | 97.7 | 96.6 |
| 14. ماشىنىسازلىق ـ ئېلېكترون مەھسۇلاتى | 96.1 | 97 | 95.1 |

# «2001، شىنجاڭ يىلنامىسى» ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ تەھرىر - تەرجىمىسىگە قاتناشقۇچىلار

تەھرىر - تەرجىمە خادىملىرى: (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى).
ئابدۇرېھىم ياقۇپ، ئابلىز ئۇرخۇن، ئابلىمىت ياقۇپ، ئەخمەت روزى، بېلىقىز مۇھەممەت، پولات ھىمىت، جەمىلە ئابلا، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، غوجائەخمەت يۇنۇس، كېرەم يۇسۇپ، مەرھابا شاۋۇدۇن، مەمتىمىن ھاشىم، مۇھەممەت ھەسەن، ئۆمەر پەيزۇل، ئۆمەر مامۇت، ئىسلام ھۇسەيىن.

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى، خەتتات: مۇرادىل ئابىت

مەسئۇل كوررېكتورلار: جەمىلە ئابلا
مەرھابا شاۋۇدۇن
بېلىقىز مۇھەممەت

# 《新疆年鉴(2001)》维吾尔文版
# 编　译　人　员

**编译人员**:(姓氏以维吾尔文字母为序)阿不都热依木·亚库甫、阿不力孜·鄂尔浑、阿不里米提·亚库甫、艾合买提·肉孜、贝丽克孜·穆罕穆德、甫拉提·依米提、加米拉·阿不拉、吾甫尔·吾守尔·尼亚孜、霍加阿合买提·优努斯、克热木·玉素甫、玛尔哈巴·夏吾东、买买提明·阿西木、买买提·艾山、吾买尔·帕祖力、吾买尔·玛木提、斯拉木·玉赛音

**封面设计**:穆拉丁·阿比提

**责任校对**:加米拉·阿不拉、玛尔哈巴·夏吾东、贝丽克孜·穆罕穆德

نەشر ھوقۇقى توغرىسىدا بايانات:
«2001، شىنجاڭ يىلنامىسى» نىڭ نەشر ھوقۇقى ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىدا، يىلنامىنىڭ بىر قىسىم باب، ماقالىلىرىنى ياكى پۈتۈن مەزمۇنىنى رۇخسىتىمىزنى ئالماي تۇرۇپ قايتا بېسىش، تەرجىمە قىلىش، كۆچۈرۈپ بېسىش ۋە نەشر قىلىشقا بولمايدۇ.

ISSN 1009-072X

9 771009 072008 01

# «2001، شىنجاڭ يىلنامىسى»

(ئومۇمىي 17 - توم)

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى چىقاردى
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى تۈزدى
شىنجاڭ يىلنامىسى تەھرىراتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يىكەنكۆل يولى غەربىي 1 - كوچا 12 - نومۇر)
تېلېفون نومۇرى: 4640715، پوچتا نومۇرى: 830063
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى كومپيۇتېر مەتبەئە شىركىتىدە تىزىلدى
شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئە چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
رەڭلىك بېتى شېنجېن مونتاژ لايىھىلەش - ياساش چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى 1092×787 مىللىمېتىر 1/16
باسما تاۋىقى: 76.75، قىستۇرما ۋارىقى: 4
2001 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
2001 - يىل 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى 1000 — 1

ISSN 1009—072X
CN65—4001/Z—W

دۆلەت ئىچىدىكى باھاسى: 160.00 يۈەن
چەت ئەلگە سېتىلىش باھاسى: 60.00 دوللار

# 新疆年鉴 2001

（总第 17 部）

新疆维吾尔自治区人民政府主办

新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会编

新疆年鉴社

（乌鲁木齐市南湖路西一巷 12 号）

电话：(0991)4640715 邮编：830063

新疆维吾尔自治区地方志编委会激光照排中心照排

新疆金版印务有限公司印刷

彩页印刷：深圳蒙太奇设计制作有限公司

787×1092 毫米 16 开本 76.75 印张 4 插页 1350 千字

2001 年 12 月第 1 版

2001 年 12 月第 1 次印刷

ISSN 1009—072X

CN65—4001/Z—W

国内定价：160.00 元 国外定价：60.00 美元